# شىنجاڭ يىلنامىسى

# 2005

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئىسمائىل تىلىۋالدى
مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇرلان ئەبىلمەجىن، مەمتىمىن زاكىر، سەرجە، فېڭ داجېن، لى شىنگۇاڭ، ۋاڭ چۇڭجيۇ، سۇي شۇجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، دىلمۇرات مۇسا (مەخسۇس)، ليۇ شىڭ (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، تۇرسۇن ئىبراھىم، ۋاڭ ۋېي، جيۇ چيەن، ما چىن، ليۇ يەنلياڭ، لى شۆجۇن، ھاپىز نىياز، چېن تۇڭۇېي، زۇنۇن قۇتلۇق، مەھەممەت ئېلى، ليۇ چاڭمىڭ، خې فۇلىن، چيۇ يۈەنياۋ، لى زېشيەن، لى ۋېيچىڭ، مياۋ پۇشېڭ، خۇاڭ يۈەنسەي

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2005) نىڭ مۇھەررىرلىرى

باش مۇھەررىر: ۋۇ شىڭدۇ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: خۇاڭ جيەنئەن، ليۇ بىڭ
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ۋۇ پېييۇن، جاڭ خۇي، يەن شۇتىڭ، چېن گوگاڭ، جاڭ ۋېي

# شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

تەھرىرات باشلىقى: خۇاڭ جيەنئەن
مۇئاۋىن تەھرىرات باشلىقى: ليۇ بىڭ
مۇھەررىرلەر: ۋۇ پېييۇن، جاڭ خۇي، يەن شۇتىڭ، چېن گوگاڭ، جاڭ ۋېي
خىزمەتچى خادىملار: ليۇ لېي، خەن شۇاڭيۇ

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» 2005، ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

باش مۇھەررىر: دىلمۇرات مۇسا
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: جەمىلە ئابلا، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى).
ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئاسىيە غوجى، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، تۇرسۇنئاي دۆلەتى، جەمىلە ئابلا، خالىدە قادىر، غوجائەخمەت يۇنۇس، سابىر ئەلى، كېرەم يۇسۇپ، مەردان ئەخمەت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، نۇرنىسا مۇقىيىت، ئىسلام ھۇسەيىن، ياقۇپ سالى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات: مۇرادىل ئابىت

مەسئۇل كوررېكتورلار:
جەمىلە ئابلا
بېلىقىز مۇھەممەت
مەرھابا شاۋۇدۇن
خالىدە قادىر

# 《新疆年鉴(2005)》维吾尔文版
# 编　译　人　员

**主　　审**:迪木拉提·木沙

**副 主 审**:阿不都肉甫·艾力

**责任编辑**:加米拉·阿不拉、阿不都热依木·亚库甫

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)

阿不都热依木·亚库甫、阿斯娅·霍加、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、吐尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、哈丽达·卡德尔、霍加阿合买提·优努斯、沙比尔·艾力、克热木·玉素甫、买尔旦·艾合买提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、努尔穆罕穆德·多莱提、努尔尼沙·木克依提、斯拉木·玉赛音、亚库夫·沙力

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

**责任校对**:加米拉·阿不拉、贝丽克孜·穆罕穆德、玛尔哈巴·夏吾东、哈丽达·卡德尔



ج ك پ مەركىزي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 — 27 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋېن جياباۋ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**



ۋېن جياباۋ سانجى شەھىرىدىكى كۆكتاتچى دېھقانلاردىن كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋۇ گۇەنجېڭ 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىن 15 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋۇ گۇەنجېڭ قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىدا چوڭ باقمىچى ئائىلىسى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**



ۋۇ گۇەنجېڭ شىنجاڭ «ئالتۇن بۇغا» دورىگەرلىك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى چاڭچۇن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: لى چاڭچۇن سانجى ئوبلاستىدىكى «شىزاڭ — شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نەق مەيدانىدا قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

**سۇڭ جۇن فوتوسى**




لى چاڭچۇن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

**سۇڭ جۇن فوتوسى**



ج ك پ مەركىزي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن 2004-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈندىن 31-كۈنگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: لو گەن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**




لو گەن بۇرچىن ناھىيىسى قوستىق يېزىسى سارقۇم كەنتىدە قازاق چارۋىچىلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە.

**لى ياڭ فوتوسى**

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گو بوشيۇڭ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14- كۈنىگىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بولدى.

**سۈرەتنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەمىنلىگەن**






ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن لياڭيۇ شاڭخەي شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

سۈرەتتە: چېن لياڭيۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشماقتا.

**ليۇ جيەنجياڭ فوتوسى**




ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەدەنىيەت نازارىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە.

لى يوڭ فوتوسى




ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ نارات ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

لى ياڭ فوتوسى




2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى بىڭتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن شىخەنزە شەھىرىدە ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

**سۈي خې فوتوسى**




غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە - ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە سارىيى — شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە سارىيى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پۈتتى.

**لى پېيفېڭ فوتوسى**



2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گۆچۈڭ سىلتىسىيلاشقان ياغاچ — دىنوزاۋر گېئولوگىيىلىك خارابىسى، بۇرچىن قاناس كۆلى دۆلەتلىك گېئولوگىيە باغچىسى قىلىندى. سۈرەتتە: قاناس كۆلى.

**جاۋ جۇنئەن فوتوسى**



گۆچۈڭ سىلتىسىيلاشقان ياغاچ — دىنوزاۋر گېئولوگىيىلىك خارابىسى.

**جاۋ جۇنئەن فوتوسى**

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە بولۇپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 39 قىسىمغا ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال؛ (2) چوڭ ئىشلار؛ (3) شىنجاڭنى ئېچىش؛ (4) پارتىيە؛ (5) ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش؛ (6) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (7) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (8) تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار؛ (9) ھەربىي ئىشلار؛ (10) يېزا ئىگىلىكى؛ (11) سانائەت؛ (12) ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك؛ (13) قاتناش، ئۇچۇر كەسپى؛ (14) شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى؛ (15) ساياھەتچىلىك؛ (16) سودا؛ (17) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (18) مالىيە، باج؛ (19) بانكا، ئاكسىيە، سۇغۇرتا؛ (20) مۇھىت ئاسراش؛ (21) زېمىن بايلىقى؛ (22) يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (23) پەن - تېخنىكا؛ (24) مائارىپ؛ (25) مەدەنىيەت؛ (26) ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق؛ (27) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە؛ (28) تىببىي داۋالاش، سەھىيە؛ (29) تەنتەربىيە؛ (30) مىللەت، دىن؛ (31) نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت؛ (32) ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى؛ (33) ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت؛ (34) ئىجتىمائىي تۇرمۇش؛ (35) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (36) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى؛ (37) شەخسلەر؛ (38) يەرلىك نىزاملار؛ (39) قوشۇمچە.

«2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 21 - توم، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەرقايسى ساھە ۋە كەسپلەردە غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى»دا «ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار» دېگەن قىسىم «ئومۇمىي ئەھۋال»، «چوڭ ئىشلار»دىن ئىبارەت 2 قىسىمغا ئايرىلدى.

4. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى.

5. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى ئادەتتە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىندى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ نامى قىسقارتىلىپ بىڭتۇەن دەپ ئېلىندى.

6. «2005، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

# مۇندەرىجە

## ئومۇمىي ئەھۋال


شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 1
مەركەز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى
ئوتتۇرىغا قويدى ........ 4
خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ........ 11
سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ........ 18
مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ........ 22
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ........ 43


## چوڭ ئىشلار


چوڭ ئىشلار ........ 48
شىنجاڭدىكى 2004 ـ يىللىق 10 چوڭ خەۋەر ........ 65


## شىنجاڭنى ئېچىش


ئومۇمىي بايان ........ 66
كۆرگەزمە ـ يەرمەنكە ئىقتىسادى ........ 72
تەرەققىيات رايونلىرى ........ 76


## پارتىيە


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 83
تەشكىلات خىزمىتى ........ 96

تەشۋىقات خىزمىتى ........ 98
بىرلىك سەپ خىزمىتى ........ 104
ئەرزىيەت خىزمىتى ........ 108
مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ........ 110
سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ........ 111
باشقا خىزمەتلەر ........ 113
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ........ 119
گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 123
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 124
دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 126
دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 127
دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 129
«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 131

## ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ........ 132
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ........ 142
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 161

## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

جامائەت خەۋپسىزلىكى ........ 174
تەپتىش ........ 181
سوت ........ 184
ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........ 189

## ئاممىۋى تەشكىلاتلار

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........ 195
جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 205
ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ........ 213

ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ...... 221
ش ئۇ ئا ر ۋەتەنگە قايتقان چوڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى ...... 235
ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 235
ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ...... 240
ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ...... 244
ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ...... 260
ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى ...... 262
ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ...... 263
ش ئۇ ئا ر چەت ئەل دوستلۇق بىرلەشمە جەمئىيىتى ...... 264
خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ش ئۇ ئا ر ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ...... 264
ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ...... 265

## تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

تاشقى ئىشلار ...... 269
مۇھاجىرلار ئىشلىرى ...... 281
شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار ...... 281

## ھەربىي ئىشلار

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ...... 283
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى ...... 296
قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ...... 296
قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ...... 297
قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى ...... 300
شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ...... 302
قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ...... 305
قۇراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى ...... 307
خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ...... 309

## يېزا ئىگىلىكى

ئومۇمىي بايان ...... 311
تېرىقچىلىق ...... 338

چارۋىچىلىق ........................................................ 341
ئورمانچىلىق ........................................................ 354
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ........................................ 364
سۇچىلىق ........................................................ 372
يېزا - بازار كارخانىلىرى ........................................................ 385
بېلىقچىلىق ........................................................ 388
نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........................................................ 391

## سانائەت

ئومۇمىي بايان ........................................................ 395
نېفىت خىمىيە سانائىتى ........................................................ 397
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........................................................ 398
شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ........................................................ 403
تارىم نېفىتلىكى ........................................................ 406
تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ........................................................ 411
غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ........................................................ 416
مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ........................................................ 421
مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ........................................................ 422
قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ........................................................ 423
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ........................................................ 424
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ........................................................ 425
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ........................................................ 427
كۆمۈر سانائىتى ........................................................ 427
ئېلېكتر سانائىتى ........................................................ 429
پولات - تۆمۈر سانائىتى ........................................................ 435
رەڭلىك مېتال سانائىتى ........................................................ 437
ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ........................................................ 438
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ........................................................ 442
خىمىيە سانائىتى ........................................................ 443
توقۇمىچىلىق ........................................................ 446
يېنىك سانائەت ........................................................ 448
تۇزچىلىق ........................................................ 449
تىببىي دورا ........................................................ 450
تاماكىچىلىق ........................................................ 452

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........................... 453

## قاتناش، ئۇچۇر كەسپى

تۆمۈر يول ........................................................................ 462
تاشيول ........................................................................ 469
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ........................................................................ 472
ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ........................................................................ 477
پوچتا ........................................................................ 481
تېلېگراف ........................................................................ 484

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................................................ 493
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ........................................................................ 497
ئۆي - زېمىن كەسپى ........................................................................ 498
بىناكارلىق ........................................................................ 501

## ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ........................................................................ 511
ساياھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش ........................................................................ 515
ساياھەت مەنزىرە رايونى ........................................................................ 515

## سودا

ئومۇمىي بايان ........................................................................ 522
بازار يېتىشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ........................................................................ 525

تىببىي دورا سودىسى ........ 533
تاماكا سېتىش ........ 533
تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى ........ 534
ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ........ 539
تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ........ 543

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش ........ 549
دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 559
دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 562
ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ........ 565
ستاتىستىكا ........ 567
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 569
باھا خىزمىتى ........ 571
سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 573
سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ........ 578
پورت خىزمىتى ........ 587
تاموژنا ........ 591
چېگرىدىن چىقىرىلغان ـ كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ........ 593

## مالىيە، باج

مالىيە ........ 601
يەرلىك باج ........ 605
دۆلەت بېجى ........ 608

## بانكا، ئاكسىيە، سۇغۇرتا

بانكا ........ 610
شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 614
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 617

تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 618
سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 619
يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 621
جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 622
قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ........ 626
قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى ........ 627
ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى ........ 628
خۇشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى ........ 630
ئاكسىيە ........ 630
سۇغۇرتا ........ 636

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 642
تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش ........ 645
مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا ........ 648
مۇھىتنى تۈزەش ........ 652

## زېمىن بايلىقى

يەر بايلىقىنى باشقۇرۇش ........ 656
كانچىلىقنى باشقۇرۇش ........ 657
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ........ 659
كارتوگرافىيە ........ 665

## يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

يەر تەۋرەش ........ 670
مېتېئورولوگىيە ........ 678

## پەن - تېخنىكا

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ........ 693

پەن - تېخنىكا پىلانى ........ 699
پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى ........ 717
بىلىم مۇلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ........ 726
پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش ........ 734
پەن - تېخنىكا خىزمىتى ........ 735
تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ........ 743
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 743
فىزىكا ........ 748
ئاسترونومىيە ........ 749
دېھقانچىلىق ........ 750
چارۋىچىلىق ........ 758
ئورمانچىلىق ........ 764
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ........ 766

## مائارىپ

ئومۇمىي بايان ........ 774
ئاساس مائارىپى ........ 781
كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ........ 785
ئالىي مائارىپ ........ 789
مىللىي مائارىپ ........ 794

## مەدەنىيەت

مەدەنىيەت - سەنئەت ........ 797
ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ........ 799
مەدەنىيەت بازىرى ........ 801
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى ........ 802
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېي ئىشلىرى ........ 804
تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ........ 806
ئارخىپچىلىق ........ 812

## ئاخبار اتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

ئومۇمىي بايان ........ 815
مەتبۇئاتچىلىق ........ 818
نەشرىياتچىلىق ........ 828

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 830
كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى ........ 834
كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى ........ 834

## تىببىي داۋالاش، سەھىيە

سەھىيە بايلىقى ........ 840
داۋالاش مۇلازىمىتى ........ 842
سەھىيە نازارەتچىلىكى ........ 846

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتى ........ 847
ماھارەت تەنتەربىيىسى ........ 849
ئاممىۋى تەنتەربىيە ........ 861
تەنتەربىيە كەسپى ........ 866

## مىللەت، دىن

مىللەتلەر ئىشلىرى ........ 868

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ........ 878
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 880

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت

نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 882

## ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش ........ 886
كادىرلار خىزمىتى ........ 890

## ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

ئەمگەك ئىشلىرى ........ 897
ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ........ 901
ئىجتىمائىي كاپالەت ........ 902

## ئىجتىمائىي تۇرمۇش

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 904
پاراۋانلىق ئىشلىرى ........ 914
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ........ 920
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........ 924
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 927
ياشانغانلار خىزمىتى ........ 928
مەھەللە قۇرۇلۇشى ........ 931
نىكاھ، ئائىلە ........ 932
دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 933

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى


ئۈرۈمچى شەھىرى ........ 934
تەڭرىتاغ رايونى ........ 936
سايباغ رايونى ........ 938
يېڭىشەھەر رايونى ........ 939
شىمىگۇ رايونى ........ 941
تۇدۇڭخابا رايونى ........ 943
داۋانچىڭ رايونى ........ 945
دۇڭشەن رايونى ........ 947
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ........ 948
قاراماي شەھىرى ........ 950
مايتاغ رايونى ........ 952
قاراماي رايونى ........ 954
جەرەنبۇلاق رايونى ........ 956
ئورخۇ رايونى ........ 957
تۇرپان ۋىلايىتى ........ 959
تۇرپان شەھىرى ........ 960
پىچان ناھىيىسى ........ 963
توقسۇن ناھىيىسى ........ 965
قۇمۇل ۋىلايىتى ........ 967
قۇمۇل شەھىرى ........ 969
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 970
ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ........ 972
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 974
سانجى شەھىرى ........ 976
فۇكاڭ شەھىرى ........ 978
مىچۈەن شەھىرى ........ 979
قۇتۇبى ناھىيىسى ........ 981
ماناس ناھىيىسى ........ 984
گۇچۇڭ ناھىيىسى ........ 988
جىمسار ناھىيىسى ........ 989
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 991
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 994
بورتالا شەھىرى ........ 996
جىڭ ناھىيىسى ........ 998
ئارىشاڭ ناھىيىسى ........ 1000

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1001
كورلا شەھىرى ...... 1003
بۆگۈر ناھىيىسى ...... 1005
لوپنۇر ناھىيىسى ...... 1007
چاقىلىق ناھىيىسى ...... 1008
چىلان ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ تۇرۇپ، شەرقىي تارىمدا گۈزەل،
مۇھىم بازار قۇرۇپ چىقايلى ...... 1009
چەرچەن ناھىيىسى ...... 1013
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1014
خېجىڭ ناھىيىسى ...... 1017
خوشۇت ناھىيىسى ...... 1019
باغراش ناھىيىسى ...... 1020
ئاقسۇ ۋىلايىتى ...... 1022
ئاقسۇ شەھىرى ...... 1024
ئونسۇ ناھىيىسى ...... 1027
كۇچا ناھىيىسى ...... 1029
شايار ناھىيىسى ...... 1031
توقسۇ ناھىيىسى ...... 1032
باي ناھىيىسى ...... 1034
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ...... 1037
ئاۋات ناھىيىسى ...... 1040
كەلپىن ناھىيىسى ...... 1041
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1044
ئاتۇش شەھىرى ...... 1046
ئاقتو ناھىيىسى ...... 1047
ئاقچى ناھىيىسى ...... 1049
ئۇلۇغچات ناھىيىسى ...... 1051
قەشقەر ۋىلايىتى ...... 1052
قەشقەر شەھىرى ...... 1054
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ...... 1056
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ...... 1057
يېڭىسار ناھىيىسى ...... 1058
پوسكام ناھىيىسى ...... 1060
يەكەن ناھىيىسى ...... 1061
قاغىلىق ناھىيىسى ...... 1063
مەكىت ناھىيىسى ...... 1065
يوپۇرغا ناھىيىسى ...... 1066
پەيزاۋات ناھىيىسى ...... 1068
مارالبېشى ناھىيىسى ...... 1069
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1071
خوتەن ۋىلايىتى ...... 1073

خوتەن شەھىرى ........ 1074
خوتەن ناھىيىسى ........ 1076
قاراقاش ناھىيىسى ........ 1077
گۇما ناھىيىسى ........ 1079
لوپ ناھىيىسى ........ 1081
چىرا ناھىيىسى ........ 1083
كېرىيە ناھىيىسى ........ 1084
نىيە ناھىيىسى ........ 1085
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1087
كۇيتۇڭ شەھىرى ........ 1091
غۇلجا شەھىرى ........ 1093
غۇلجا ناھىيىسى ........ 1095
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1098
قورغاس ناھىيىسى ........ 1100
توققۇزتارا ناھىيىسى ........ 1101
كۈنەس ناھىيىسى ........ 1102
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ........ 1104
تېكەس ناھىيىسى ........ 1107
نىلقا ناھىيىسى ........ 1108
تارباغاتاي ۋىلايىتى ........ 1109
چۆچەك شەھىرى ........ 1112
شىخۇ شەھىرى ........ 1114
دۆربىلجىن ناھىيىسى ........ 1115
ساۋەن ناھىيىسى ........ 1117
تولى ناھىيىسى ........ 1119
چاغانتوقاي ناھىيىسى ........ 1121
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1123
ئالتاي ۋىلايىتى ........ 1125
ئالتاي شەھىرى ........ 1127
بۇرچىن ناھىيىسى ........ 1128
كۆكتوقاي ناھىيىسى ........ 1131
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ........ 1133
قابا ناھىيىسى ........ 1136
چىڭگىل ناھىيىسى ........ 1138
جېمىنەي ناھىيىسى ........ 1140
شىخەنزە شەھىرى ........ 1142
ئارال شەھىرى ........ 1144
تۇمشۇق شەھىرى ........ 1145
ۋۇجياچۇ شەھىرى ........ 1146
ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى
ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى ........ 1147

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

ئومۇمىي بايان ........ 1152
يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ........ 1159
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ........ 1162
يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ........ 1162
يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ........ 1164
يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ........ 1166
يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ........ 1168
يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ........ 1170
يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ........ 1171
يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى ........ 1173
يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى ........ 1175
بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى ........ 1176
يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى ........ 1178
يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى ........ 1180
يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى ........ 1181

## شەخسلەر

### ئىلغار شەخسلەر

ۋاڭ خۇڭ ........ 1183
سۇ لى ........ 1183
ۋاڭ جاۋمىڭ ........ 1183
دىلنار ئابدۇللا ........ 1184
لى چاڭچىڭ ........ 1185
ئابلىكىم ئېزىز ........ 1185
يۈەن جېنگو ........ 1185
چېن يانىڭ ........ 1186
جۇ جۇ ........ 1187
ليۇ شاۋلى ........ 1187
جاڭ لى ........ 1188
ئابلىكىم ئاۋاكرى ........ 1189
جېڭ جيەن ........ 1189
لى گودۇ ........ 1190
ماھىنۇر قاسىم ........ 1190
ۋاڭ شۆجىن ........ 1191
تاڭ جيەن ........ 1191
جۇ جۇنپىڭ ........ 1192
موللا شارىپ ........ 1192

داۋۇت ھاشىم ........ 1193
لو رېنچۈەن ........ 1193
جۇجۇ ........ 1194

## ۋاپات بولغانلار

سۈن شاۋرۇڭ ........ 1194
جاۋ ۋېنلوڭ ........ 1194
لىيۇ شىياۋۋۇ ........ 1195
شۇ يۆۋېن ........ 1196
يۈەن يۈشەن ........ 1196
چېن جۈن ........ 1196
گې مىڭگاڭ ........ 1197
لى چۈنشىيۇ ........ 1197
مېڭ شۇلىن ........ 1197
ۋاڭ باۋگۇاڭ ........ 1198
جۇ ياڭمىن ........ 1198
شۈي بېنجى ........ 1198
سۇ يۇرۇي ........ 1199
لىيۇ جېنجياڭ ........ 1199
ۋاڭ گوچۈەن ........ 1199
خۇ شىنشىڭ ........ 1200
ۋاڭ سۈنجۇ ........ 1200
جيا جۇڭخې ........ 1200
فېڭ ۋېنشۈەن ........ 1201
لۇ سېن ........ 1201
جاڭ يۈلىن ........ 1201
لى شۇاڭشېڭ ........ 1201
ۋاڭ باۋشيەن ........ 1202
جاڭ جيادا ........ 1202
غاپپار كېرەم ........ 1203
پۇ جيەنگو ........ 1203
لى جۇساڭ ........ 1204
گاۋ لىيۇ ........ 1204
تاڭ دوشېڭ ........ 1204
لىيۇ چىڭياڭ ........ 1205
جاڭ فۇسەي ........ 1205
ئىسمائىل توختى ........ 1205
چېن يىنشېڭ ........ 1205
مۇھەممەتئېلى جىلانوف ........ 1206
نيۇ جىچېڭ ........ 1206
گۇ يۈەنخاۋ ........ 1206
لىيۇ لۇجۇڭ ........ 1206
ئايۇپوف ........ 1207
نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى ........ 1207
ۋاڭ چېڭيۇ ........ 1207
لىيۇ زىمۇ ........ 1208

ۋۇ جىشۆ ........................................ 1208
چېن جيەنلياڭ ........................................ 1209
لى چىڭگو ........................................ 1209
ليۇ فېڭلىن ........................................ 1209
فەن گەنجۇڭ ........................................ 1209
نىساخان تۇردى ........................................ 1210
لى شۈتيەن ........................................ 1210
گو جۇنياڭ ........................................ 1210
مۇ شىشەن ........................................ 1210

## يەرلىك نىزاملار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى ........................ 1211
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش - باشقۇرۇش نىزامى ........................ 1214
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىش نىزامى ........................ 1217
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈتچىلىك نىزامى ........................ 1220
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى ........................ 1225
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 1233
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 1238
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 1245
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى هايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 1248
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىلىقچىلىق قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 1255
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى ........................ 1258
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت - ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام چارىسى ........................ 1261
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى نىزامى ........................ 1269
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش نىزامى ........................ 1274
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ........................ 1279
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى ........................ 1283
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش نىزامى ........................ 1285

## قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ........................ 1291
شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى ........................ 1298

# ئومۇمىي ئەھۋال

## شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 96°23′ ـ 73°40′، شىمالىي پاراللېل 49°10′ ـ 34°25′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبىغىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان جۇمھۇرىيىتى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېمەك ئۇ جۇڭگودىكى دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايون دېگەنلىك بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا ـ ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. جاڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيچۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يالۋاچ چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈي سۇلالىسى پىشامشان، چالمادان ۋە ئىۋىرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە ئىۋىرغول، قوجۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا

قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۆچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سەمەرقەندتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، ئۇ ماۋرائۇننەھىردىكى رايونلارنى باشقۇرغان، بۈگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، ئۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان؛ بۈگۈنكى جىمساردا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارىمىقىدا بېشبالىق، قۇجۇ، ئۇدۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، يۇڭلى 4 - يىلى (1406 - يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەت 7، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 20 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 4)، ناھىيە 68 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم ناھىيە 6)، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

## مەركىزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى.

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 2004 - يىللىق ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ 2004 - يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 631 مىڭ 100 ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 10 مىليون 80 مىڭ 200 بولۇپ، %51.3 نى، ئاياللار 9 مىليون 550 مىڭ 900 بولۇپ، %48.7 نى ئىگىلىگەن؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 901 مىڭ 100 بولۇپ، نوپۇسنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئايلىنىش نىسبىتى %35.15 بولغان؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 730 مىڭ بولۇپ، %64.85 نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. 2004- يىلى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى مىللەت 55. 2004- يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 828 مىڭ 700 بولۇپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ %60.25 نى ئىگىلىدى.

13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ 7 مىليون 802 مىڭ 500 بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %39.75 نى،

ئۇيغۇر 8 مىليون 976 مىڭ 700 بولۇپ، %45.73نى ، قازاق 1 مىليون 381 مىڭ 600 بولۇپ، %7.04نى، خۇيزۇ 876 مىڭ 300 بولۇپ، %4.46 نى، قىرغىز 171 مىڭ 200 بولۇپ، %0.87 نى، موڭغۇل 169 مىڭ 600 بولۇپ، %0.86 نى، شىبە 40 مىڭ 800 بولۇپ، %0.21 نى، رۇس 11 مىڭ 300 بولۇپ، %0.06 نى، تاجىك 43 مىڭ 500 بولۇپ، %0.22 نى، ئۆزبېك 14 مىڭ 200 بولۇپ، %0.07 نى، تاتار 4700 بولۇپ، %0.02 نى، مانجۇ 24 مىڭ 100 بولۇپ، %0.12 نى، داغۇر 6700 بولۇپ، %0.03 نى ئىگىلەيدۇ.

## تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇ تىلىنى ئورتاق ئىشلەتكەندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى بار، كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى بار. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تىل ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە. تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىمىز:

ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇر تىل - يېزىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل-يېزىقتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، يېپيېشقاق تىل تىپىغا كىرىدۇ. قەدىمىي تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنبەسى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك تىل — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى شەكىللەندى.

خەنزۇلار جۇڭگودىكى ئاساسلىق مىللەت، خەنزۇ تىل - يېزىقى دۆلەت ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىقتىن ئىبارەت. بىراق شىنجاڭدىكى خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە دىيالېكت يەنى شىنجاڭ خەنزۇ تىلى دىيالېكتى شەكىللەندى. خەنزۇلار قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

قازاقلار قازاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قازاق تىل-يېزىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە مورى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتىن ئىبارەت. قازاق تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمى قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ھازىرقى زامان قازاق تىلى تەدرىجىي شەكىللەندى.

شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى خەنزۇ تىلى شىمالىي دىيالېكتىنىڭ غەربىي شىمال شىۋىسىگە تەۋە. شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ تىلى دىيالېكتى مۇئەييەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، شىنجاڭ خەنزۇلىرىنىڭ تىلى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت. شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى شىمالىي يول خۇيزۇ تىلى ۋە جەنۇبىي يول خۇيزۇ تىلى دەپ ئايرىلىدۇ. خۇيزۇلار قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

قىرغىزلار قىرغىز تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قىرغىز تىل - يېزىقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتىن ئىبارەت. قىرغىز تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە.

موڭغۇل تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى موڭغۇل تىل تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، يېپيېشقاق تىل ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار قوللىنىدىغان ئۇيرات دىيالېكتى تۇرغات شىۋىسى ۋە چاخار شىۋىسىگە ئايرىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى موڭغۇللار ئاساسەن خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللانغاچقا، جۇڭگو موڭغۇللىرىنىڭ يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى موڭغۇللار خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىدىغان قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1982 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلدى. موڭغۇل تىل - يېزىقى بايىنغولىن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

شىبەلەر شىبە تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. شىبە تىل-يېزىقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

تاجىكلار تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ (پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى زىيالىيلار تاجىك يېزىقىنى قوللىنىدۇ). تاجىك تىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ، ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل تۈركۈمىدىكى شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا تەۋە، پامىر تىل تارمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاجىك تىلى سەرىقول تاجىك تىلى ۋە ۋاخان تاجىك تىلىغا ئايرىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى مانجۇلار مانجۇ تىل - يېزىقىنى قوللانمايدۇ (ناھايىتى ئاز ساندىكى ياشقا چوڭلار ئانچە - مۇنچە مانجۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ)، ئۇلار ئاساسەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئەمما مانجۇ تىل-

يېزىقى شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئارىسىدا خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركى تىل تۈركۈمى قارلۇق تىل تارمىقىغا تەۋە، ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى %70 تىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر، قازاقلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاچقا، كۆپ ساندىكىلىرى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى، ئاز ساندىكىلىرى قازاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى رۇسلار قوللىنىدىغان تىل ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى ئىچىدە ۋە ياشانغانلار ئائىلىدە قوللىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپىنچە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى داغۇرلارنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق. ھازىر چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسى داغۇر تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى داغۇرلار خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى قازاق تىلى ياكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى تاتارلار ئادەتتە كۆپىنچە تاتار تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىدىغانلىرىمۇ بار. گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۈەن تاتار يېزىسى مەملىكەت بويىچە تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون شۇڭىدەك تاتار تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە ھېسابلىنىدۇ. تاتار تىلى تۈركى تىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركى تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىن كېلىدۇ.

# مەركەز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايون نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا دائىر ئومۇمىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزدى. ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

## شىنجاڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتا، مەركەز ئالاقىدار تارماقلاردىن شىنجاڭغا سىياسەت جەھەتتە مايىل بولۇشنى تەلەپ قىلدى

مەركەز مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ زېمىنى مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ يەردە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم دەرۋازىسى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بايلىق جەھەتتىكى مۇھىم زاپاس رايونى. مول ئىستراتېگىيىلىك بايلىق ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تىرەك نۇقتىسى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىتىكى رايونلار ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇرەككەپلىشىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. شىنجاڭنىڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. مەركەز مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئالاقىدار تارماقلار شىنجاڭنى غەربنى ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىشى كېرەك، مەركەز شىنجاڭنى يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ، دۆلەت مەبلىغى، مالىيە قوشۇمچە ياردىمى، بايلىقلارنى ئېچىش، يەردىن پايدىلىنىش، قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقى سودا، باج ئېلىش ۋە باج باشقۇرۇش، كادىرلار ۋە ئىختىساسلىق خادىم، تەشۋىقات - مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا - مائارىپ ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە شىنجاڭغا سىياسەت جەھەتتە مايىل بولۇپ، شىنجاڭنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بەزى ئالاھىدە سىياسەتتىن بىۋاسىتە بەھرىمان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە باشتىن ئاخىر تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك

مەركەز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭنىڭ

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان ياپلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

تاغ تىزمىلىرى شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالغا كىرىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارامتى تېغى بار. ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق چوققىسى» نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگو، روسىيە، موڭغۇلىيە دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان، شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئورۇكساي تېغى، سېمىستى تېغى، بارلىق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار، ئەڭ ئېگىز چوققا ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر

تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە باشتىن ئاخىر تۇتۇپ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدا ئىتتىپاقلاشقان، مۇقىم، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنى «شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىپ چېگرانى مۇستەھكەملەش» ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تىرىشىپ قوغداپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

## شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە: شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشقا دائىر ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، تۆمۈر يول ، تاشيول ۋە ئاۋىئاتسىيە تارماق لىنىيە ئايرودرومى قاتارلىق بىر تۈركۈم زور قاتناش ترانسپورت تۇرىنى، شۇنىڭدەك غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش، جۇڭگو - قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى، تايانچ سۇ ئېنېرگىيىسى، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ تېجەش يۈرۈشلۈك قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تارىم دەرياسى ۋادىسى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى تۈزەش ۋە ئېبىنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، نېفىت، گاز، كۆمۈر قاتارلىق بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىككىلەمچى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پاختا، باغ - ئورمان، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى يۆلەپ، رەڭلىك مېتال ۋە كالىي تۇزى ۋەكىللىكىدىكى كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بىرقانچە تۈۋرۈك كەسىپنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئاسىيا - ياۋروپا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى غول لىنىيە قىلىپ، شىنجاڭ رايونى ئىچىدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان تۆمۈريول تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قەدىمىنى، ئۇرۇمچى ۋە چېگرا پورتلىرىدىكى ئەركىن سودا رايونى ھەم ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا،

ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 3 تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارىشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا)، كۆگىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئېرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدە، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، داخېيەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدا) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋىنگېن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكسار تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەرب تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق

غەربىي ئاسىيا ھەتتا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تاۋار ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم بازا ۋە سودا مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇشتەك ھالەتنى ئىمكانقەدەر تېزراق شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

مائارىپ خىزمىتى جەھەتتە: مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دىنىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىغا بولغان كاشىلىسىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە باشقا رايونلاردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە باشقا جايدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىش خىزمىتىنىڭ مۇساپىسىنى تېزلىتىش، ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش كېرەك. شىنجاڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرى ۋە مەكتەپ ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش؛ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت سورۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە ئاز دېگەندە ياشلار - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزىدىن بىرنى قۇرۇش كېرەك. قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوش تىل ئوقۇتۇشى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، كۆپ مىللەت بىللە ئوقۇش ئاساس قىلىنغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، 2007 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى خېلى ياخشى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىللە ئوقۇيدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرنى ئۆزگەرتىش ياكى كېڭەيتىش؛ 2010 - يىلدىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاش كېرەك

تەشۋىقات، مەدەنىيەت خىزمىتى جەھەتتە: تەشۋىقات، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئاپپارات شتاتى، خىراجەت كاپالىتى قاتارلىق جەھەتتىن قوللاپ، شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. «مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. رادىئونىڭ قاپلاش كۆلىمىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە بۇراش كېرەك. شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ھەمدە شىنجاڭنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەرگە يەتكۈزۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مىللەت، دىن خىزمىتى جەھەتتە: پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، تېرىسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتېكە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۇگۇر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خۇرۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۇگۇر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي تارمىقىدا ئالتۇن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دىن باشقۇرۇش قانۇنى ۋە قائىدە - تۈزۈملىرى سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنغا ئىشەنمەسلىك جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك.

كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى جەھەتتە: شىنجاڭنىڭ كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىيلىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، مۇرەككەپ شارائىتتا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ 1 - سېپىدە كادىر تەربىيىلەش، سىناش ۋە تاللاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدا تەربىيىلەشتىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىختىساسلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغان ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى باشقا جايدا ئالماشتۇرۇش ۋە مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، شۇنىڭدەك ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ۋەزىپىلىك چېنىقىش ۋە ۋەزىپە ئۆتەش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش مېخانىزمى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش - كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. كادىرلارنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتى جەھەتتە: «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، دۈشمەنگە ئالدىن قول سېلىش» فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ئاخىر جىددىي ھالەتنى ساقلاپ، تېررورچى زوراۋان كۈچلەر ۋە باشقا ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە توسۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

بىڭتۇەن خىزمىتى جەھەتتە: مەركەز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ بىڭتۇەننىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىڭتۇەنگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش، بىڭتۇەننىڭ شەھەر - بازارلىشىش قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ 4 ئاساسىي كاپالىتى

مەركەز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چوقۇم مۇنۇ 4 جەھەتكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىدىيىۋى كاپالەت: يېڭى تارىخىي دەۋردە چوقۇم باشتىن ئاخىر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇنىڭ

مېتىر)، قوڭغۇر تۆپە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭغۇر چوققىسى (7519 مېتىر) بار.

**ئويمانلىقلىرى** شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانچاق - سانچاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ %42 ىنى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىللىيون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ %21 ىنى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا - ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا - ئېقىن بار (تاغ بۇلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا - ئېقىنلار مۇنۇلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۈر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

---

شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە قارىتا ئالاھىدە مۇھىم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تونۇشنى سىياسىي يۈكسەكلىك، ئومۇمىيەت يۈكسەكلىكى، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىش كېرەك.

سىياسىي كاپالەت: شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر خىزمەت باشتىن ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

قانۇنىي كاپالەت: شىنجاڭدەك كۆپ مىللەت، كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل تىل - يېزىق، كۆپ خىل تۇرمۇش ئادىتى بىللە مەۋجۇت بولغان مىللىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ۋە قانۇننى چوقۇم قەتئىي، ئەتراپلىق، قاتتىق ئىجرا قىلىش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق شەكىل بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ۋە ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاشىلا قىلىشىغا، ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشىغا، ھەرقانداق شەكىل بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر قانۇن ۋە قائىدە - تۈزۈم سىستېمىسىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تايىنىدىغان قانۇن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

سىياسەت كاپالىتى: مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى شىنجاڭنى غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، دۆلەت مەبلىغى قاتارلىق جەھەتتە شىنجاڭغا سىياسەت جەھەتتىن مايىل بولۇشى كېرەك.

**كۆللىرى** شىنجاڭدا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى قاتارلىقلار بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1002.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2-سوغۇق قۇتۇپ — كۆكتوقاي بار (-51.5℃)، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7℃). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا 10℃، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا 5℃ — 7.5℃، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 2.5℃ — 5℃ بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن 10℃ — 12℃ يۇقىرى بولىدۇ؛ 7-ئايدا 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولىدۇ، تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرىنچى ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 30℃ تىن ئاشىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا 35℃ — 40℃ قا چىقىدۇ. ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ — 15℃ بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 20℃ — 30℃ بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل-يېغىن مىقدارى 150 — 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە ھۆل-يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى رايونىدىكى ھۆل-يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايونىدا ھۆل-يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى بىلەن تەڭ؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 — 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 — 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا 140 — 185 كۈنگىچە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى خېلى كۆپ بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۆششۈك، قىرو ئۆششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## تەبىئىي بايلىقى

**يەر بايلىقى** شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 166 مىليون 489 مىڭ 700 گېكتار، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، يەر بايلىقى مول، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل. 2004-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەر 63 مىليون 45 مىڭ 800 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 4 مىليون 25 مىڭ 500 گېكتار، باغ 335 مىڭ 900 گېكتار، ئورمان يېرى 6 مىليون 759 مىڭ 400 گېكتار، ئوتلاق 51 مىليون 215 مىڭ 800 گېكتار، باشقا يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەر 709 مىڭ 200 گېكتار. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر 1 مىليون 210 مىڭ 500 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى ۋە زاۋۇت، كانلارغا ئىشلىتىلگەن يەر 970 مىڭ 200 گېكتار، قاتناش ترانسپورتقا ئىشلىتىلگەن يەر 58 مىڭ 900 گېكتار، سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىگە ئىشلىتىلگەن يەر 181 مىڭ 400 گېكتار، ئىشلىتىلمىگەن يەر 98 مىليون 220 مىڭ 800 گېكتار.

**سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى** شىنجاڭنىڭ تاغلىقلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا-ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان، سۇ بايلىقى تۇراقلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىلىش مىقدارى 5 مىليارد 135 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ %20 نى ئىگىلىدى؛ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، يىلىغا تارقىتىلىدىغان توك 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى يېتەرلىك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 — 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ — 4000℃ قىچە بولىدۇ، بۇ 10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃ — 5390℃ قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 2500℃ — 3600℃ قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر.

**ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى** شىنجاڭدا نەسلىلىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل، قوش ماكانلىق ھايۋانلار 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھايۋالار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ ھايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار) 137 خىل. يەنە قاڭشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قۇش خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قۇش خىللىرىنىڭ %35.8 نى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %33 نى، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %14.2 نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئازكەم 4000 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىڭ، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۈيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

**قېزىلما بايلىقى** مەملىكەت بويىچە نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئاليۇمىن، فوسفور، گۈڭگۈرتتىن ئىبارەت ھالقىلىق قېزىلما بايلىقىنىڭ بىرىكىش ئەھۋالىغا دائىر ئانالىز ۋە ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنى 5 خىل تىپقا ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلارنىڭ بىرىكىشى خېلى ياخشى، ھەرخىل رۇدا تۈرلىرى مول، ئېنېرگىيە (نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر) كاپالىتىگە ئىگە 1 - خىلدىكى ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق 138 خىل بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان رۇدا 80 خىل (كەنجى تۈر 98 خىل)، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە رۇدىسى 6 خىل، مېتال رۇدىسى 27 خىل (كەنجى تۈر 28 خىل)، غەيرىي مېتال رۇدىسى 45 خىل (كەنجى تۈر 63 خىل)، يەر ئاستى سۈيى 2 خىل. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 958 كان ئورنى (نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران، سۇ، گاز، رۇدا مەھسۇلاتى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9ى كۆپەيدى. 2004 - يىلى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسىغا دائىر رۇدىلار ئاساسلىقى مۇنۇلار: كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، نىكېل، ئالتۇن، تۇز، ھاك تېشى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم قېزىلما بايلىق زاپىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن تەبىئىي گاز، بورىي، چىرىمتال، تومۇر كۋارتسى، ساپال توپىسى، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سىلانتىس، بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش، ۋېرمىكۇتىت، ناترىيلىق سېلىترادىن ئىبارەت 9 خىلى؛ 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن نېفىت، نىكېل، خىروم، بىنتونىتتىن ئىبارەت 4 خىلى بار؛ كۆمۈر، شور، كالىي تۇزى، تاشپاختا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساياھەت ئورنى بايلىقى** شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى ۋە گۈمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك

ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي — ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق ئىدىقۇت، يارغول، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بوغدا كۆلى، بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، ھور ئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شاڭ جيەن

# خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

## ئىگىلىكنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ماكرولۇق تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، خەلق ئىگىلىكى خېلى تېز ئاشقان ئاساستا ماس تەرەققىيات ئەمەلگە ئاشتى، ئومۇمىي مىقدار ئېشىش، قۇرۇلما ياخشىلىنىش، ئۈنۈم ئۆسۈش، ھاياتىي كۈچ ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت ساقلاپ قېلىندى.

1. ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۈنۈم، شەھەر - يېزىلارنىڭ كىرىمى، مەبلەغ بىلەن ئىستېمال، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ماس تەرەققىياتى ئەمەلگە ئاشتى.

1) كۆمۈر، ئېلېكتر، نېفىت قاتارلىق ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن خەلق ئىگىلىكى ماس تەرەققىي قىلدى ۋە تەڭ قەدەمدە ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 220 مىليارد 15 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 3.0 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.1 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.3، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.5، بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 26 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 538 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن بىللە كۆمۈر، ئېلېكتر، نېفىت قاتارلىق ئېنېرگىيە ئاساسىي كەسپى ماس ئاشتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 37 مىليون 494 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.7؛ نېفىت 22 مىليون 530 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %5.2؛ پىششىقلانغان نېفىت 12 مىليون 201 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %7.6؛ تارقىتىلغان توك 26 مىليارد 630 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %13.5 ئاشتى. مەملىكەت بويىچە كۆپ ساندىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا كۆمۈر، توك، نېفىت جىددىي بولغان ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىدىكى ئېچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ماس قەدەمدە ئېشىشى نەتىجىسىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى ئەمەلگە ئاشتى.

2) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئۈنۈم ماس تەرەققىي قىلدى ۋە تەڭ قەدەمدە ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى ئورۇندىغان قوشۇلما قىممەت 66 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 نى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ 60 مىليارد 708 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %90.7 نى ئىگىلىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت پاي كونترول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليارد 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %87.5نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.8 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ %91.1، ئېغىر سانائەتنىڭ %99.

كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈنۈۋېرسال كۆرسەتكۈچى 249.08 كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 76.4 نۇقتا ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 3.8 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، مۈلۈكنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 0.9 پىرسەنت پوئېنتى، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 0.3 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز

مۇلۇكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.4 قېتىم تېز بولدى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 2.5 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 93 مىڭ يۈەن ئۆستى. سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 22 مىليارد 632 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 62% ئاشتى.

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ 2004 - يىللىق سېلىشتۇرمىسى

| رايون نامى | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1 - كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 2 - كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 3 - كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 2200.2 | 11.1 | 444.7 | 1010.1 | 745.4 | 20.2 | 45.9 | 33.9 |
| شەنشى | 2883.5 | 12.9 | 395 | 1416.8 | 1071.7 | 13.7 | 49.1 | 37.2 |
| گەنسۇ | 1558.9 | 10.9 | 281.4 | 758.2 | 519.4 | 18.1 | 48.6 | 33.3 |
| نىڭشيا | 460.4 | 11 | 65.1 | 239.4 | 155.8 | 14.2 | 52 | 33.8 |
| چىڭخەي | 465.7 | 12.3 | 57.8 | 227.1 | 180.9 | 12.4 | 48.8 | 38.8 |
| شىزاڭ | 211.5 | 12.2 | | | | | | |
| ئىچكى موڭغۇل | 2712.1 | 19.4 | 506.1 | 1332.5 | 873.5 | 18.7 | 49.1 | 32.2 |
| سىچۈەن | 6556 | 12.7 | 1394.3 | 2690 | 2471.8 | 21.3 | 41 | 37.7 |
| چۇڭچىڭ | 2665.4 | 12.2 | 431.3 | 1181.2 | 1052.8 | 16.2 | 44.3 | 39.5 |
| گۇيجۇ | 1591.9 | 11.4 | 334.1 | 714.7 | 543.1 | 21 | 44.9 | 34.1 |
| يۈننەن | 2959.5 | 11.5 | 604.3 | 1314.2 | 1041 | 20.4 | 44.4 | 35.2 |
| گۇاڭشى | 3320.1 | 11.8 | 811.4 | 1288.3 | 1220.5 | 24.4 | 38.8 | 36.8 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

3) شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ماس كۆپەيدى ۋە تەڭ قەدەمدە ئاشتى.

نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ئائىلە كىرىمى 7503 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.1% كۆپەيگەن. بىر يىلدا ئوتتۇرىچە ماياش 6394 يۈەنگە يېتىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلە كىرىمىنىڭ 77.9% نى ئىگىلىگەن؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە يېتىپ، 6.6% ئاشقان. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئاساسەن ماس قەدەمدە ئېشىپ، ئىلگىرىكى شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئېشىش پەرقى چوڭ بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرگەن.

4) سېلىنغان مەبلەغ ۋە ئىستېمال ماس تەرەققىي قىلدى ۋە تەڭ قەدەمدە ئاشتى.

(1) سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى. 2004 - يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 116 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 106 مىليارد 81 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.1، يېزىلاردا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 71 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.7 ئاشتى.

تۈرلۈك ئىشلارغا سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى. 2004- يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 75 مىليارد 924 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.2، ئۆي- مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد 256 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليارد 107 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.3، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى.

يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى. 2004 - يىلى مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 41 مىليارد 483 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.2 ئېشىپ، جەمئىيەت بويىچە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %35.7 ىنى؛ يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 74 مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.7 ئېشىپ، %64.3 نى ئىگىلىدى، دېمەك، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ سېلىش سۈرئىتى مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ سېلىش سۈرئىتىدىن 7.5 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى.

سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ كۆپەيدى، سۈرئىتى تېز بولدى. 2004 - يىلى 1 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.9 ئېشىپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %10.9 ىنى ئىگىلىدى، 2 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 45 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.6 ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 10.4 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولۇپ، جەمئىيەت بويىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ %38.8 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ 44 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %28.2 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 8.5 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولۇپ، %38.1 نى ئىگىلەپ، 3.7 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى، سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كۆپىيىشىنى 9.7 پىرسەنت پوئىنتى ئىلگىرى سۈردى. سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە قازمىچىلىقتا سېلىنغىنى 23 مىليارد 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.7؛ ياسىمىچىلىقتا سېلىنغىنى 15 مىليارد 83 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %60.8؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 58 مىليارد 359 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى.

(2) ئىچكى بازارلاردىكى ئىستېمال داۋاملىق كېڭەيدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىستېمال بازارلىرى جانلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 56 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33.8 ئېشىپ، مەملىكەتنىڭكىدىن 16.1 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىشى توپ سېتىلىشتىن ياخشى بولدى. نورمىدىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە ساتىدىغان سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 107 مىليارد 872 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %38.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 88 مىليارد 901 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.2؛ تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %42.5 ئاشتى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىشىنىڭ ئېشىشى توپ سېتىلىش ھەجمىدىن 4.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

سودا كارخانىلىرىنىڭ كۆلەم جەھەتتىكى ئۈنۈمى روشەن يۇقىرى بولدى. نورمىدىن يۇقىرى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2003 - يىلدىكىدىن %38.2 ئېشىپ، 14 پىرسەت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە ئېشىش ھەجمى ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليارد 882 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %30 ئاشتى. يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ئېشىش ھەجمى بىلەن باشقا ساھەلەرنىڭ ئېشىش ھەجمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زورىيىپ، سالمىقى %13.9 كە يېتىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

2. ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمى ئاشتى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

1) ئاشلىق ھوسۇلى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئاشتى، ئاشلىقنىڭ بىخەتەرلىك كوئېففىتسېنتى ئۆستى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 378 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %5.6 ئاشتى. ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 285 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %3.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە

يازلىق ئاشلىق 3 مىليون 540 مىڭ توننىغا يېتىپ، %1.1، كۈزلۈك ئاشلىق 4 مىليون 745 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %5.1 ئاشتى.

2) پاختا ھوسۇلى جەھەتتە تارىختا يەنە يېڭى رېكورد يارىتىلدى. 2004 ـ يىلى ئېلىنغان پاختا 1 مىليون 752 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9.5 ئاشتى. بىرىنچىدىن، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيدى، ئۆستۈرۈش تېخنىكا سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 127 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %8.7 كۆپەيدى. ئىككىنچىدىن، ھاۋا كىلىمات شارائىتى كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر ساھەنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سېلىنما سېلىش سالمىقى يېقىنقى يىللاردىكىدىن ئەڭ زور بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىش نىسبىتى 10 پىرسەنت پوئىنتتى يۇقىرى بولدى.

### شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ 2004 ـ يىللىق سېلىشتۇرمىسى

| رايون | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچى | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى (يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى (يۈەن) | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى (يۈەن) | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 563.7 | 14.5 | 102.7 | 14484 | 14477 | 7503 | 5774 |
| شەنشى | 966.5 | 13.3 | 103.1 | 13024 | 13333 | 7492 | 6233 |
| گەنسۇ | 535.8 | 12.9 | 102.3 | 13623 | 14358 | 7377 | 5937 |
| نىڭشيا | 137.8 | 14.1 | 103.7 | 14620 | 15212 | 7218 | 5821 |
| چىڭخەي | 115.6 | 12.6 | 103.2 | 17229 | 18686 | 7320 | 5759 |
| شىزاڭ | 63.7 | 9.3 | 102.7 | 30873 | 30165 | 9167 | 8446 |
| ئىچكى موڭغۇل | 892 | 22.7 | 102.9 | 13324 | 14209 | 8123 | 6219 |
| سىچۈەن | 2384 | 14 | 104.9 | 14063 | 15818 | 7710 | 6371 |
| چۇڭچىڭ | 955 | 14.3 | 103.7 | 14357 | 15847 | 9221 | 7973 |
| گۈيجۇ | 517.6 | 12.8 | 104 | 12431 | 12870 | 7322 | 5494 |
| يۈننەن | 884.9 | 13.1 | 106 | 14581 | 15320 | 8871 | 6837 |
| گۇاڭشى | 973.4 | 13.5 | 104.4 | 13579 | 14141 | 8690 | 6446 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكى ئىدارىسى

3) چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقتا ئۇدا ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان چارۋا 52 مىليون 63 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %3.6؛ بىر يىلدا چىقىم قىلىنغان چارۋا 34 مىليون 375 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، %7.4 كۆپەيدى؛ ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 281 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %11.4، سۈت 1 مىليون 333 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %18، تۇخۇم 249 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %5.8، سۇ مەھسۇلاتى 73 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %8.9 ئاشتى.

3. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى مۇقىم ئۆرلىدى، خەلقئارا ساياھەتچىلىك كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليارد 636 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2003ـ

يىلدىكىدىن %18.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 47 مىليون دوللارغا يېتىپ، %19.9؛ ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 589 مىليون دوللارغا يېتىپ، %16.1 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى سودىنىڭ 502 مىليون دوللار بولۇپ، %29.3 تۆۋەنلىدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 266 مىليون دوللارغا يېتىپ، %36.8؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 2 مىليارد 238 مىليون دوللارغا يېتىپ، %39.5 ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 1 مىليارد 15 مىليون دوللارغا يېتىپ، %40؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 52 مىليون دوللارغا يېتىپ، %67.3؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 471 مىليون دوللارغا يېتىپ، %2.5 ئاشتى. بىر يىلدا ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 377 مىليون دوللارغا يېتىپ، %1.6؛ يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سوممىسى 38 مىليون دوللارغا يېتىپ، %35.5 ئاشتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 316 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %85.9، خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغا تاشقى پېرېۋوت 91 مىليون دوللارغا يېتىپ، %87.5 ئاشتى، شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىك ساياھەتچى %80.7 كۆپەيدى.

4. مالىيە كىرىم - چىقىمى مۇقىم ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاساسەن نورمال ئايلاندى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %110.4 نگە توغرا كېلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 12 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17، فوند كىرىمى 3 مىليارد 558 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.7، مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان 4 خىل باج 13 مىليارد 839 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.7 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى مالىيە خام چوت چىقىمى 42 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %93.3 نگە توغرا كېلىپ، %14.3، فوند خام چوت چىقىمى 3 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %45.5 ئاشتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 295 مىليارد 978 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 29 مىليارد 369 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12 مىليارد 210 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 153 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16 مىليارد 285 مىليون يۈەن ئېشىپ، 7 مىليارد 96 مىليون يۈەن ئاز كۆپەيدى؛ كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 83 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 25 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 741 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 221 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 13 مىليارد 466 مىليون يۈەن ئېشىپ، 2003- يىلدىكىدىن 15 مىليارد 955 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 115 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9 مىليارد 508 مىليون يۈەن ئېشىپ، 1 مىليارد 859 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى. قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇلى 9 مىليارد 480 مىليون يۈەن كۆپ ئاشتى؛ ئوتتۇرا مۇددەتلىك قەرز پۇل 7 مىليارد 921 مىليون يۈەن ئاز كۆپەيدى. ئوتتۇرا مۇددەتلىك قەرز پۇل ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 41 مىليارد 911 مىليون يۈەنگە




ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېڭى پويىز كۈتۈش زالى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ 500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

سۈي خې فوتوسى

يېتىپ، 3 مىليارد 203 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 3 مىليارد 587 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 203 مىليون يۈەن، شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇلى 23 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 900 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى.

5. ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى مۆتىدىل ئازراق ئۆرلىدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى، خام ئەشيا - ماتېرىيال باھاسى ئۇدا يۇقىرى بولۇپ كەلدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى (CPI) 2003 - يىلدىكىدىن 2.7% ئۆرلىدى. بۇنىڭ بىلەن 2003 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ ئۇدا 15 ئاي تۆۋەنلەشتەك يۈزلىنىشكە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇدا 17 يىل مۆتىدىل ئاز ھەجىمدە ئېشىش ھالىتى مەيدانغا كەلدى.

ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسى ئىندېكسىنىڭ 8 چوڭ تۈرى ئىچىدە، 4 ى ئۆرلەش، 4 ى تۆۋەنلەشتەك ھەم ئېشىش، ھەم تۆۋەنلەش ھالىتى مەيدانغا كەلدى، لېكىن ئۆرلەش ئامىلىنىڭ ئىندېكسنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى زور بولدى. ئاشقان تۈرلەر: تۇرالغۇ ئۆي باھاسى 8.3% ئېشىپ، باھا ئومۇمىي ئىندېكسىنىڭ ئۆرلىشىنى 0.92 پىرسەنت پوئېنتى ئىلگىرى سۈردى؛ يېمەكلىك باھاسى 5.8% ئۆرلەپ، شىنجاڭ بويىچە باھا ئومۇمىي ئىندېكسىنىڭ ئۆرلىشىنى 2.03 پىرسەنت پوئېنتى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە گۆش - ئۇي قۇشلىرى ۋە ئۇلاردىن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ ئومۇمىي ئىندېكسنى 0.73 پىرسەنت پوئېنتى، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئومۇمىي ئىندېكسنى 0.62 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىتىۋەتتى؛ تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى ۋە شەخسىي لازىمەتلىكلەرنىڭ باھاسى 1.8%، تاماكا، ھاراق باھاسى 0.3% ئۆرلىدى. باھا ئىندېكسى تۆۋەنلىگەن تۈرلەر: قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش، كىيىم - كېچەك باھاسى 0.6%؛ كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەتچىلىكنىڭ 1.4%، ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە لازىمەتلىكلىرى، رېمونتچىلىقنىڭ 1.6% تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھا ئىندېكسىنىڭ ئۆرلىشى 16.4% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 19.9% ئۆرلىدى، ئېغىر سانائەت ئىچىدە قازمىچىلىقنىڭ 30%، پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ 21.6%، خام ئەشيا كەسپىنىڭ 10.3%؛ يېنىك سانائەتنىڭ 6.6%، يېنىك سانائەت ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى 8.3%، غەيرىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى 3.4% ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە خام ئەشيا - ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 18.2%، 9 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلاتنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى. بۇلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق: قارا مېتالغا تەۋە ماتېرىياللارنىڭ باھاسى 27.8%، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 21.1%، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ 20.6%، توقۇمىچىلىق خام ئەشياسىنىڭ 17.9%، رەڭلىك مېتالغا تەۋە ماتېرىياللارنىڭ 15.5%، باشقا سانائەت خام ئەشياسى ۋە چالا مەھسۇلاتلارنىڭ 12%، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسىنىڭ 6.6%، ياغاچ ماتېرىيال ۋە قەغەز بوتقىسىنىڭ 3.9%، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە غەيرىي مېتال رۇدىلىرىنىڭ 0.1% ئۆرلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ ئىندېكسى 7.3% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆششاق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنىڭ 8.3%، خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ 9.7%، ئىچىملىكنىڭ 16% ئۆرلىدى.

6. ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 7 مىليون 444 مىڭ 900 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3.2% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 3 مىليون 449 مىڭ 300 گە يېتىپ، 3.1% كۆپەيدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بىر يىلدا 369 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 25 مىڭ 500، كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 29 مىڭ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ۋە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىغا ئورۇنلاشقىنى 162 مىڭ 300، باشقا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 152 مىڭ 800. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە ئىشسىزلاردىن 132 مىڭ 700ى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان. يىل ئاخىرىدا دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىشتىن قالدۇرۇلغانلار 18 مىڭ 800، ئەمەلىي تىزىملانغان ئىشسىز 108 مىڭ 700، شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.8% بولغان. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 385 مىڭ 800 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.6% كۆپەيدى؛ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1 مىليون 737 مىڭ 600 گە يېتىپ، 9.9% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 427 مىڭ 600 گە يېتىپ، 12.5% كۆپەيدى؛ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-

خىزمەتچى 1 مىليون 959 مىڭ 700 گە يېتىپ، % 11.3 كۆپەيدى.

7. باياشاتلىق ئىندېكسى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

2004 ـ يىلى كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 1 ـ پەسىلدە 125.6 گە يېتىپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، 2 ـ پەسىلدە 124.5، 3 ـ پەسىلدە 125.2، 4 ـ پەسىلدە 123.4 بولدى؛ كارخانىلارنىڭ باياشاتلىق ئىندېكسى 2003 ـ يىلدىن كېيىن يەنە داۋاملىق يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، بىر يىلدا 1 ـ پەسىلدە 115.7، 2 ـ پەسىلدە 121.1، 3 ـ پەسىلدە 126.9، 4 ـ پەسىلدە 120 بولدى.

جىن جيەنشىن

## ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق مەلۇمات ماتېرىيالىغا ئاساسەن ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكىدىن ئالدىنقى 10 نى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:


ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: قاراماي (66 مىڭ 674 يۈەن)، ئۈرۈمچى (22 مىڭ 820 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (19 مىڭ 620 يۈەن)، تۇرپان ۋىلايىتى (16 مىڭ 887 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (15 مىڭ 16 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (12 مىڭ 910 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (9992 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (9965 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (9492 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (8554 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: كورلا شەھىرى (39 مىڭ 265 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (19 مىڭ 274 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (13 مىڭ 663 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (13 مىڭ 544 يۈەن)، سانجى شەھىرى (13 مىڭ 454 يۈەن)، ئارال شەھىرى (12 مىڭ 7 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (11 مىڭ 174 يۈەن)، شىخو شەھىرى (10 مىڭ 572 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (10 مىڭ 471 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (10 مىڭ 325 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: پىچان ناھىيىسى (32 مىڭ 288 يۈەن)، تولى ناھىيىسى (17 مىڭ 907 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (16 مىڭ 418 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (14 مىڭ 368 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (13 مىڭ 343 يۈەن)، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى (12 مىڭ 959 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (12 مىڭ 895 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (11 مىڭ 470 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (11 مىڭ 410 يۈەن)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى (11 مىڭ 380 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە يەنىلا شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشتەك ۋەزىيەت مەۋجۇت، ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا پەقەت بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىدە يەنىلا روشەن پەرق ۋە ئېنتايىن تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت، 1 ـ ئورۇندا تۇرغان قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاخىرىدا تۇرغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭكىدىن 27.3 ھەسسە يۇقىرى، دېمەك پەرق 2003 ـ يىلدىكىدىن چوڭايغان.

ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىك 6 شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە



**شىنجاڭ تەۋەسىدىكى سايرام كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەتلىك داڭلىق نۇقتىلىق مەنزىرە رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. سايرام كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى بورتالا ئوبلاستىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 1300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سۈرەتتە: مەنزىرە رايونى.**

سۇ خاۋفا فوتوسى

سەۋىيىسىن يۇقىرى بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2 سى ئازايدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى، ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغانلار ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر 80%نى ئىگىلىدى.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرتىپ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى، لېكىن ئومۇمىي مىقدار كۆلىمى كىچىكرەك بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى زور بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلار شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئارقىدا قالدى. ئاپتونوم رايوندىكى 68 ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 33.1% نى ئىگىلىدى، لېكىن ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 39.1% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ 32 مىڭ 288 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغان گۇما ناھىيىسىنىڭ 1982 يۈەن بولدى، ئالدىنقى 10 - لەر قاتارىدا تۇرغانلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭدا بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى 2 ناھىيىلا بار. ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك تۈۋرۈك كەسىپلەر كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولۇش، 2-، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

گۈلنار

# سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قائىدە - نىزام ۋە قائىدە - نىزام خاراكتېرلىك قارار، قارار لايىھىسىدىن 32 نى قاراپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماقۇللانغىنى 19، تەستىقلانغىنى 11، 2 سىنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھاۋالە قىلغان 16 قانۇن لايىھىسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى.

2004 - يىلى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قانۇن چىقىرىشقا كۈچ چىقىرىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ياخشى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش سۈرئىتى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان 216 تەكلىپ لايىھىسىگە ئاساسەن، شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرىغا دائىر ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش نىزامى» نى تۈزۈپ چىقتى. دائىمىي كومىتېت شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۆپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا بولغان تەسىرى چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تۈزۈپ چىقتى. دائىمىي كومىتېت تۈزۈپ چىققان «ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش نىزامى» نى شىنجاڭدا قۇش زۇكمىدىن مۇداپىئەلىنىش - داۋالاشقا دائىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلغا بىرلەشتۈرۈپ، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش جەھەتتە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى، بۇ خەلقنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. دائىمىي كومىتېت ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى» نى يەنىمۇ تۈزەتتى. دائىمىي كومىتېت مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە قويۇپ، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن «ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى» نى تۈزۈپ چىقتى. دۆلەت ھەرخىل تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا دائىر ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى

شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چىقارغان «ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار بىلەن «ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، دائىمىي كومىتېت يەنە «ئاپتونوم رايونىنىڭ (بېلىقچىلىق قانۇنى) يولغا قويۇش چارىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

دائىمىي كومىتېت جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى نىزامى» نى تۈزدى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ سايلام چارىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزدى ھەمدە «ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ، «تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنى قوغداش - باشقۇرۇش نىزامى» نى بېكىتتى.

دائىمىي كومىتېت دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن رۇخسەت قىلىش قانۇنىنىڭ توغرا ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەمۇرىي جەھەتتىن رۇخسەت قىلىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن رۇخسەت قىلىش بەلگىلىمىسىگە چېتىلىدىغان يەرلىك قائىدە - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىكىر بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن، تۈزىتىش لايىھىسى نىسبەتەن پىشقان «ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيە - مۇھىت ئاسراش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈتچىلىك نىزامى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر پىلانى قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش نىزامى» قاتارلىق قائىدە - نىزاملارنى تۈزەتتى.

جاڭ جىشيەن

## ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، %95 ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە %99 يېزا (بازار) دا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە %40تىن ئارتۇق بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت - ئىدارە ۋە ئورۇنلار، مائارىپ سىستېمىسىدىكى 29 ئالىي مەكتەپ ۋە 5193 ئوتتۇرا مەكتەپ ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنى يولغا قويدى، بۇ ئومۇمىي ئورۇننىڭ %95نى ئىگىلەيدۇ. كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان 1981 ئورۇن زاۋۇت، كارخانا ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويدى، بۇ ئومۇمىي ئورۇننىڭ %86نى ئىگىلەيدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاشكارا بولۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى يەنىمۇ قېلىپلاشتى. كۆپلىگەن رايونلار «بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش» ، «بىر زالدا ئىش بېجىرىش» ، «كۆزنەكتە ئىش بېجىرىش» ، «بىر ئورۇندا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» ، «يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت» نى داۋاملىق يولغا قويدى. ئاشكارا بولۇش شەكلى ئىلگىرىكى «تامدىكى ئاشكارىلىق» تىن ھازىرقى «يىغىندىكى، ھۆججەتتىكى ئاشكارىلىق» ، «رادىئو، تېلېۋىزىيىدىكى ئاشكارىلىق» قا تەرەققىي قىلدى. ئاشكارا بولۇش قوللانمىسى، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىش قوللانمىسى تۈزۈپ باستۇرۇلدى. بەزى جايلار يېڭىچە ئاشكارا بولۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئېلېكترون ھۆكۈمەت ئىشىنى قانات يايدۇرۇش، كومپيۇتېر تەسۋىر يېيىش ئېكرانى تەسىس قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش تور بېتى ئېچىش، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى تەسىس قىلىش، توردا سۆز قالدۇرۇش بېتى ئېچىش، ھۆكۈمەت ئۇچۇر تورى بەرپا قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى تور بېكىتى ئىشقا كىرىشتى، 12 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا (بازار) لارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى قېلىپلىشىش ئىزىغا ماڭدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىنىڭ تارماق

ۋە ئورۇنلىرىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تەدرىجىي قانات يايدى. دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پاراۋانلىق ئىشلىرى ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىدىمۇ ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

2004 - يىلى مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، بەزى رايونلار ۋە ئورۇنلار ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان «ئىش ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقى، كادىرلار ھوقۇقى» قاتارلىق نۇقتىلىق ئاشكارا بولۇش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بىر تۈركۈم قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ يەنە بەزى رايون ۋە تارماقلار ئىش بېجىرىش تەرتىپى، ئۇسۇلى، ۋاقتى، نازارەتچىلىك شەكلى، مەسئۇل خادىم ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى قاتارلىقلارغا دائىر تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش مۇلازىمەت ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى.

ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشقا دائىر تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، كادىرلار، ئاما، جامائەت پىكرى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇۋاپىقلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك نازارەتچىلىك ئورگانلىرى ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنى مەمۇرىي مۇپەتتىشلىك ۋە ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سىناش ۋە ئەلالارنى باھالاش ئېلىپ باردى. مالىيە تارماقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مال سېتىۋېلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چۆرىدەپ، مال سېتىۋېلىشقا خېرىدار چاقىرىش ئۇچۇرىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلدى. باج تارماقلىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، باج تاپشۇرغۇچىلار ئارىسىدىن ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنى نازارەت قىلغۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلدى. بەزى رايونلار ۋە تارماقلار ھەرخىل مەخسۇس تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ماتېرىيال كۆرۈش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئاما ئىنكاس قىلغان پىكىرلەرنى ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇردى، مەسىلە بايقالغان ھامان ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى رايونلار ۋە تارماقلار تەسىر دائىرىسى ۋە چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەر توغرىسىدا تەدبىر بەلگىلىگەندە ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشنى يولغا قويدى ھەمدە ئاما ۋەكىلى قاتناشقان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، تەدبىرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى، ئاممىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

چاڭ مىڭ

## ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ھەرىكىتى قېلىپلاشقان، ئايلىنىشى ماسلاشقان، ئادىل، ئېنىق، پاك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

1. «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» ئەستايىدىل، ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ، مەمۇرىي ئىجازەت ئاساسلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 ـ 2003- يىلغىچە بولغان 124 قائىدە - نىزامى ئېنىقلىنىپ، ھۆكۈمەت پەرمانىدىن 10نى ئۆزگەرتىش ئېلان قىلىندى، 4 قائىدە - نىزام بىكار قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1980 ـ 2004 - يىلغىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىغا سۇنغان 99 يەرلىك قانۇن - نىزام ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئىجازەت قىلىش مەزمۇنىغا چېتىلىدىغىنى 58، 153 ماددا، مەمۇرىي ئىجازەت مەزمۇنى تەسىس قىلىنمىغان ۋە بەلگىلەنمىگەن، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغىنى 31، قانۇن تۈرغۇزۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، ۋاقتىنچە بىرتەرەپ قىلىنمايدىغىنى 10. «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى»نىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قېلىپى

تەسىس قىلىش ۋە بەلگىلەشكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، قانۇن تۈرغۇزۇش تەرتىپى بويىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگىنى 23، 38 ماددا. ئېنىقلاش خىزمىتىگە دائىر بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللىنىدۇ.

2. مەمۇرىي ئېتىراپ قىلىش ئىشلىرى ۋە يولغا قويۇلىدىغان ئاساسىي گەۋدىلەر قانۇن بويىچە ئېنىقلاندى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 4 تۈركۈمگە بۆلۈپ 54 ھۆكۈمەت تارمىقى ۋە 7 قانۇن، قانۇن - نىزام ھوقۇقى بېرىلگەن تەشكىلات يولغا قويغان 475 تۈرلۈك ئەسقاتىدىغان ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن - نىزام ۋە گوۋۇيۈەن بېكىتكەن مەمۇرىي ئىجازەت سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى؛ تارماقلار ۋە قانۇن، قانۇن - نىزام ھوقۇقى بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويغان مەمۇرىي ئىجازەتنىڭ ھەق ئېلىشقا چېتىلغانلىرىغا، «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى»نىڭ 58 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بىكار قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 24 ئورۇن يولغا قويغان مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلانغان 98 تۈر بىكار قىلىندى، 10 ئورۇن يولغا قويغان 21 تۈرنىڭ باشقۇرۇش شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانمايدىغان، ساھەدىكى تەشكىلاتلار ياكى ۋاستىچى ئاپپاراتلار ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بولدى.

3. ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشى، جەمئىيەتنى باشقۇرۇشى ۋە جامائەت مۇلازىمىتى فۇنكسىيىسى داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، تەڭ ئېتىبار بېرىش ۋە ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش، ئومۇمىي پىلان تۈزۈش، سىياسەت بەلگىلەش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مۇلازىمىتى نۇقتىلىق ياخشى قىلىنىپ، «ئورۇن كەم قېلىش»، «ئورنىدىن ھالقىپ كېتىش» مەسىلىسى ھەقىقىي ھەل قىلىندى.

4. ئەسلى خىزمەت ئاساسىدا تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ھەر خىل جامائەت ۋەقەلىرىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تېزلىتىلىپ، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان جامائەت ۋەقەلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھۆججەت تارقىتىلىپ، جايلار ۋە تارماقلاردىن تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان جامائەت ۋەقەلىرىنى جىددىي بىرتەرەپ قىلىش لايىھىسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان جامائەت ۋەقەلىرىنى جىددىي بىرتەرەپ قىلىش ئومۇمىي لايىھىسى»نى يېزىپ چىقتى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان جامائەت ۋەقەلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ پىروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى بولۇپ قالدى.

چاڭ مىڭ

## كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش

2004 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپا خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە تەسىس قىلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلارنى قۇردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش چارىسى»نى تۈزدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۆڭتىڭى، ھۆكۈمەت بەنگۆڭتىڭى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «مەركىزىي كومىتېت بەنگۆڭتىڭىنىڭ 17 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنى دىموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنى دىموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورۇنلاشتۇردى.

2004 - يىلى جايلار خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشتا يېڭىلىق يارىتىپ، كەنت ئاھالىلىرى «دىموكراتىيە كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەنتلەردە «بىر دەپتەر، بىر تىزىملىك، بىر ئارخىپ» يەنى كەنت كومىتېتىنىڭ يىغىن خاتىرىسى دەپتىرى، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى (دىموكراتىيە كۈنى) خاتىرە دەپتىرى، دىموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش خاتىرە دەپتىرى، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خاتىرە دەپتىرى، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكى ۋە كەنت ئاھالىلىرى ئارخىپىنى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇپ، كەنت ئىشلىرىنى ئارخىپقا خاتىرىلەپ، تەكشۈرۈشكە قۇلايلىق ياراتتى. يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى جەھەتتە، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشقا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولدى، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ شەكلى جەھەتتە ئادەتتىكى ئاشكارىلاش گىراپىسى، يېرىم يىللىق دىموكراتىيە كۈنى ۋە يىل ئاخىرىدىكى ئاشكارىلاش قەغىزىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈردى. مالىيە كىرىم - چىقىمىنى چوقۇم دىموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەكشۈردى ۋە يېزا، بازارلىق ئىقتىساد باشقۇرۇش پونكىتى ئۆتكەلنى ئىگىلىدى، ئۇنداق بولمىسا ئاشكارا بولغان ھېسابلانمىدى. قاتتىق دېتال جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، يۇمشاق دېتال جەھەتتە

قېلىپلاشتۇرۇشنى تۇتۇپ، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ۋە مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ خوجايىن بولۇش ئارزۇسى قاندۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى قوزغىتىلىپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ياڭ زوچىڭ، لۈ مىڭياڭ

## 6 ـ نۆۋەتلىك كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى

شىنجاڭنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلام خىزمىتى 2004 ـ يىل 10 ـ ئايدا باشلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ۋاقتىدا ھۆججەت تارقىتىپ، نۆۋەت ئالمىشىشنىڭ پىرىنسىپى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچى، مەشغۇلات تەرتىپىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2 قارار كەنت كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى بويىچە تايانچلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى ھەمدە «كەنت كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىنىڭ تەرتىپى»نى تۈزۈپ 10 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ، كەنت كومىتېتلىرىغىچە تارقاتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل سايلام خىزمىتى خادىمىدىن 36 مىڭ 700ى تەربىيىلەنگەن. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردا كەنت كومىتېتى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى، تەپسىلىي خىزمەت لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، رەھبىرىي كادىرلار مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى، يېزا ـ بازارلىق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ بىر مەسئۇل خادىم ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛ ئورگان كادىرلىرى ئاجرىتىلىپ يېزىلارغا چۈشىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىنىپ، يېزا ـ بازار، كەنتلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ماسلىشىلدى؛ يېزا ـ بازار، كەنت رەھبەرلىرى بۆلەكلەر بويىچە ھۆددە ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، نۇقتىلىق كەنت، «قىيىن نۇقتا كەنتى» بىلەن كەنتنى ھۆددە ئالغان رەھبەر نۇقتىلىق ئالاقىلاشتى ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى تەشكىللىدى، يېتەكچىلىك قىلدى ۋە يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تۇتىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار ماسلىشىدىغان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى ئەندىزىسى ھەقىقىي شەكىللەندى. 2004ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىرقىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇردى.

ياڭ زوچىڭ، لۈ مىڭياڭ

## زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە كەسىپلەرگىچە زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى، بىرقىسىم ئورۇنلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈلمىسىدىكى دۆلەت كارخانىسى، كوللېكتىپ كارخانا 2265كە يەتتى، تۈزۈلمە نىسبىتى %95 بولدى. زاۋۇت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان كارخانا 6732 بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلمە نىسبىتى %47، كەسپىي ئورۇن 3414 بولۇپ، تۈزۈلمە نىسبىتى %91، ئورگان 2029 بولۇپ، تۈزۈلمە نىسبىتى %73 بولدى.

سۇ فېڭ

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## 2003 — 2004 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر (رايون، ناھىيە، ناھىيە بازىرى) لەر، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر (ناھىيە) لەر

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى كورلا، قاراماي، سانجى، شىخەنزە، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، بورتالا، قومۇل، قەشقەر، تۇرپان، كۈيتۈڭ، خوتەن شەھەرلىرىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر؛ قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي، مايتاغ، جەرەنبۇلاق، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ، تەڭرىتاغ، يېڭىشەھەر، شىمىگو، تۇدۇڭخابا، دۇڭشەن رايونلىرىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر رايونى؛ قۇتۇبى، ساۋەن، كۇچا، ماناس، پوسكام، كۆكتوقاي، ئۈرۈمچى، پىچان، كۇنەس ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە؛ ئاۋات، لوپ، باي، بۇگۇر، چەرچەن

ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە بازىرى؛ غۇلجا، چۆچەك، فۇكاڭ، ئالتاي، ئاتۇش، شىخۇ شەھەرلىرىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر؛ توققۇزتارا، نىلقا، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، قوبۇقسار، تولى، بۇرچىن، قابا، بۇرۇلتوقاي، جىڭ، گۇچۇڭ، جىمسار، باركۆل، ئاراتۇرۇك، يەنجى، خېجىڭ، چاقىلىق، شايار، توقسۇ، ئونسۇ، يوپۇغا، قەشقەر يېڭىشەھەر، قاغىلىق، ئاقتۇ، ئاقچى، كېرىيە ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى.

رېن جيەندۇڭ

## 100 ناھىيە، 1000 يېزىدا مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى «يۈز ناھىيە، مىڭ يېزىدا مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ تۈنجى قارارلىق پىلانى پۈتۈنلەي ئورۇندالدى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى مەبلەغ ياردەم بېرىپ قۇرغان ناھىيە دەرىجىلىك 10 مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش مەركىزى بىلەن 56 يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش پونكىتى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 2 - قارارلىق 2004 - يىلى قۇرۇش پىلانلانغان ناھىيە دەرىجىلىك 5 مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش مەركىزى ۋە 10 كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە گۇما ناھىيىسىنىڭ چودا يېزىسى بىلەن مۇجى يېزىسىدىكى مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش پونكىتى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى 4 يېزىنىڭ مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش پونكىتلىرى كەينى - كەينىدىن پۈتتى. يېزا - بازارلىق 60 مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش پونكىتىغا 78 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىتاب تەقدىم قىلىندى، يېزا - بازارلىق 4 مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش پونكىتىغا بىر يۈرۈشتىن ئۈسكۈنە (سۈنئىي ھەمراھ سىگنالىنى قوبۇللاش ئۈسكۈنىسى، مۇلازىمەت ئاپپاراتى، پروېكسىيە ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سەپلەپ بېرىلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىشىپ تەشكىللەپ يولغا قويغان «يۈز ناھىيە، مىڭ يېزىدا مەدەنىيەت تەشۋىق قىلىش قۇرۇلۇشى» غا پىدائىي بولۇپ مۇلازىمەت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ 2 - تۈركۈمىدىكى 14 پىدائىيى شىنجاڭغا كېلىپ، بىر يىللىق پىدائىيلىق مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

رېن جيەندۇڭ

## پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى

2004 - يىل 3 - ئاي شىنجاڭنىڭ 3 - قېتىملىق پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى. جايلار، تارماقلار «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزىسى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، سۆھبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، سەپەرۋەرلىك يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، ئۆسمۈرلەر ھېكايە ئېيتىش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق 20 سۆزلۈك ئاساسىي ئەخلاق ئۆلچىمىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى چوڭقۇر ۋە كۆچلۈك بولغان نۇرغۇن تەشۋىقات خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قويۇق جامائەت پىكرى ھاۋاسىنى ياراتتى. جايلار ۋە ساھەلەر سەممىمىي ساھە، سەممىمىي ئورۇن، سەممىمىي مۇلازىمەت كۆزنىكى ۋە «پۈتۈنلەي ساختا مال بولمىغان شەھەر ۋە دۇكان» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى «سەممىمىي شىنجاڭ» قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش پىكرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەت ئىناۋىتى، كارخانا ئىناۋىتى، شەخسلەر ئىناۋىتى بەرپا قىلىپ، ياخشى ئىناۋەت مۇھىتىنى تۈرغۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جايلار ۋە ئورۇنلار لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىي بولۇش، پاكىزە بولۇش، ئىلمىي بولۇش، يېڭىچە ئىستىل تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى شەھەر - يېزا مۇھىتىنى زور كۈچ بىلەن تۈزەش، جەمئىيەتتىكى قالاق ئادەتلەرنى تۈگىتىش، ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇش، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، مول مەزمۇنلۇق ۋە كۆپ خىل شەكىللىك ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلار «مەدەنىي ئورۇنلار مەدەنىيلىكنى تەقدىم قىلىش، خەلق ئۈچۈن نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش» ۋە «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، غەمخورلۇق قىلىش» دېگەندەك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار كوللېكتىپنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايون ۋە جايلاردا پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتە روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار تۇرغۇزۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەكرى قايىر ۋە لى شياڭداڭلاردىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. جايلار يەنە 10 ياخشى مەدەنىي چاكار، 10 ياخشى مەدەنىي شەھەر ئاھالىسى، 10 ياخشى تاكسى شوپۇرى، 10 ياخشى سەممىمىي يەككە سودا - سانائەتچى، 10 ياخشى ئاق خالاتلىق پەرىشتە قاتارلىق ياخشى پۇقرالارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم مېھرىبان،

ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىشەنچلىك، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىلغار شەخسلەرنى تىپ قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلار ئارقىلىق جەمئىيەتنى ياخشى ئەخلاق ۋە ئادەت شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلىدى.

رېن جيەندۇڭ

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن (ساھە) لار

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى 2004 ـ يىل 3 ـ ۋە 12 ـ ئايلاردا 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ 440 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، 13 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە، 28 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي مەھەللە، 53 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە كۆزنەك، 27 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي كەنتكە نام بەردى؛ نۆۋەتتە توشۇپ قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان 1383 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن ۋە 75 مەدەنىي ساھەگە قايتا نام بەردى.

رېن جيەندۇڭ

### قوشۇمچە:

**ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلار**

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يەر سىتىۋېلىش ئىشلىرى مەركىزى، ش ئۇ ئا ر يەرنى رەتكە سېلىش مەركىزى، ش ئۇ ئا ر قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش ـ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 1 ـ باشقارمىسى، سودىگەر چاقىرىش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى ئورگىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى، تۇدۇڭخابا رايونلۇق سانائەت رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى ئورگىنى، تۇدۇڭخابا رايونلۇق سانائەت رايونى يۇندا تازىلاش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نەنگوەن ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى «كېشىن» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاشيول يولۇچى ـ يۈك ترانسپورت مۇلازىمەت مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست قۇتقۇزۇش مەركىزى، ئۈرۈمچى تېلېگراف شۆبە شىركىتى شەرقىي قاراماي يولى شەھەر تېلېفونى ئىدارىسى، شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى، ئۈرۈمچى ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتى 3 ـ ترانسپورت باشقۇرۇش ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارخىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى كۆمۈركان تېخنىكومى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ياردەم بېرىشنى باشقۇرۇش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 36ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 59ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچى تارماق ئەترىتى 4ـ چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچى تارماق ئەترىتى 5ـ چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى تاشيول باش ئۆچاستكىسى خۇشيا تاشيول ئۆچاستكىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 ـ خەلق دوختۇرخانىسى، غۇلجا شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى، غۇلجا ناھىيىلىك سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، غۇلجا ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى، قورغاس ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى، ئىلى تاشيول باش ئۆچاستكىسى زېكتى تاشيول ئۆچاستكىسىنىڭ ئاسراش ـ باشقۇرۇش پونكىتى، چاپچال ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك تاماكا مونوپوللۇق سېتىش ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، تېكەس ئورمانچىلىق مەيدانى، توققۇزتارا ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى كۈيتۇڭ شۆبە شىركىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، ئىلقا قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش ـ تەكشۈرۈش ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى، غۇلجا تاموژنا ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش شۆبە ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك سۈپەتـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش چوڭ ئەترىتى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك قارابۇرا بازىرى ئورگىنى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورتى بازارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، تولى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، تولى ناھىيىلىك شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، سانجى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سانجى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، مىچۈەن شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى، جىمىسار ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، مىچۈەن شەھىرى گۇمۇدى بازىرى شاڭشاخې باشلانغۇچ مەكتىپى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك «فاڭجېڭ» بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش شىركىتى، گۇچۇڭ ناھىيە شىدى بازارلىق ساقچىخانا، مورى قاتناش رەسمىيەت

ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش ئورنى، فۇكاڭ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئالتاي شەھىرى بېيتۇن بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى شىركىتى ئالتاي شۆبىسى، ئالتاي شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك قۇزۇلۇش ئىدارىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، جىڭ ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى، ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، «بولەن» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي باشقۇرۇش ئورنى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى شىخەنزە باشقۇرۇش ئورنىنىڭ شىيىڭ بازارلىق ئاسراش پونكىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى شىچاڭ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ زىنچۈەن ئاسراش پونكىتى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ شىخەنزە بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبىرى، جۇڭگو بانكىسى شىخەنزە شەھەرلىك شۆبىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، پىچان ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك سۇيەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، توقسۇن ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت بېكىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى ترانسپورت شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى تېخنىكا نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى، قۇمۇل شەھىرى خوڭلىيۇخې مېتېئورولوگىيە پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى باركۆل ناھىيىلىك تارمىقى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسى، قوراللىق ساقچى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى، خېجىڭ تاشيول ئۆچاستىكىسى، باغراش ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، لوپنۇر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، چاقىلىق ناھىيىلىك تاشيول ئۆچاستىكىسى، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، چاقىلىق ناھىيىلىك سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، چاقىلىق ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ، چەرچەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، چەرچەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنجى ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى، خوشۇت ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قارايۇلغۇن تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتى، توقسۇ ناھىيە توقسۇ بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى، توقسۇ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، شايار ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، باي ناھىيىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى، كۇچا ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، كۇچا ناھىيىلىك لىن جىلۇ باشلانغۇچ مەكتىپى خەنزۇچە مەكتىپى، كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنى، ئاقسۇ شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ئورگىنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى، تورغات چېگرا پرېيوم - كارانتىن ئىدارىسى ئەركەشتام ئىش باشقارمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش بېكىتى، قەشقەر قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچىلار باش بېكىتى، پوسكام ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، مەكىت ناھىيىلىك مەركىزىي باللار باغچىسى، مەكىت ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، پەيزاۋات ناھىيىلىك قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش ئورنى، يېڭىسار ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى، قاغىلىق ناھىيە جاڭگىلىئەسكى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى، خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراقاش ناھىيىلىك تارمىقى، گۇما ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، چىرا ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش بېكىتى، نىيە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، نىيە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۆچاستىكىلاردا چوڭ رېمونت قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇپ يول ئاسراش ئۆچاستىكىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئۈرۈمچى غەربىي ۋاگون ئۆچاستىكىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى چاق تەكشۈرۈش - رېمونت قىلىش ئۆچاستىكىسى، شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتخانىسى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل ۋوگزالى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل تۆمۈريول پاراۋوز ئىشلىرى ئۆچاستىكىسى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل ئۆچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كورلا ۋوگزالى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كورلا ۋاگون ئۆچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كورلا يولۇچىلار ئۆچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كورلا ج خ باشقارمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى قەشقەر

ئۇچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ئاقسۇ تۆمۈريول پاراۋۇز ئىشلىرى ئۇچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ئاقسۇ توك ئىشلىرى ئۇچاستىكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى خېجىڭ تۆمۈريول پاراۋۇز ئىشلىرى ئۇچاستىكىسى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى شىخەنزە ئۇچاستىكىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى يەنئەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى دوڭمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شوربۇلاق مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى لۈيۈەن كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى شىسەن كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى يامالىق تېغى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى ئەرگۈك مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى تيەنجىن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى خاڭجۇ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى يىنچۈەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى شىمالىي يېكەنكۆل يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى ۋېيخۇلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى - سانجى تاشيولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭكۆرۈك رايونى دىباڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭكۆرۈك رايونى كازىۋەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى داۋانچىڭ رايونى شىگۇ يېزا ئورگىنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگۇ يېزا ئورگىنى، ئۈرۈمچى ناھىيە گەنگۇ يېزا ئورگىنى، ئۈرۈمچى ناھىيە قىرىق تۇتۇن يېزا ئورگىنى، ئۈرۈمچى ناھىيە تولى يېزا ئورگىنى، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتى ئورگىنى (سابىق كارخانىلار خىزمىتى كومىتېتى ئورگىنى)، ش ئۇ ئا ر ماشىنا ساھەسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئورگىنى، تاشقى سودا نازارىتى ئورگىنى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى ئورگىنى، ش ئۇ ئا ر سودا ساھەسى ئىشخانىسى ئورگىنى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئورگىنى، ش ئۇ ئا ر تۇزچىلىق ئىدارىسى (شىركىتى) ئورگىنى، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ كان ئىشلىرى گۇرۇھى مېيگەنشى ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنخۇا خىمىيۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سايباغ شۆبىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت پەنلىرى تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى جۇڭسەن يولى شەھەر تېلېفونى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئاممۋى قاتناش شۆبىسى بېيمېن ساقچىخانىسى، شىنجاڭ مەرھابا مېھمانسارىيى، شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سارىيى شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ بوغالتىر - كادىر تەربىيىلەش مەركىزى، ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى «شىنشېڭ» ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ كۆمۈركان دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23- ئوتتۇرا مەكتەپ، قاتناش نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ «خۇڭفۇ» مېھمانخانىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى ئۆلچەش - سىزىش چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسى شەھەر رايونىغا توك تەقسىملەش ئۇچاستىكىسى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىنى توك بىلەن تەمىنلەش تىجارەت ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئۆي خوجىلىق مۇلازىمەت مەركىزى، شىنجاڭ نەشر قىلىش - بېسىش گۇرۇھى شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خېدۇڭ» يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، شىنجاڭ ئۇچۇر قۇرۇلۇشى مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سەنگۇڭ ساقچىخانىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېكەنكۆل ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاشقى ئايلانما يولى تۇر ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى ئۆلچەش ئورنى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسى غەربىي شەھەر ئەتراپىنى توك بىلەن تەمىنلەش تىجارەت ئورنى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسى شەرقىي شەھەر ئەتراپىنى توك بىلەن تەمىنلەش تىجارەت ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئامباردا ساقلاش شىركىتى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى پېنسىيىگە چىققانلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئۇچاستىكىسى، شىنجاڭ شامال كۈچى بىلەن توك چىقىرىش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك

يەرلىك باج ئىدارىسى داۋانچىڭ رايونى شۆبىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئۈرۈمچى يۇقىرى- يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ 2 كومىتېت ئورگىنى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي شىركىتى، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش ئورنى، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، ئىلى ئوبلاستلىق دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، غۇلجا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، غۇلجا شەھەرلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قورغاس ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قورغاس ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، قورغاس ناھىيىلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى، «گوديەن» شىنجاڭ - جىرىنتاي ئىستانسىسى سۇ - ئېلېكتر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى نىلقا ئورمانچىلىق مەيدانى، نىلقا ناھىيىلىك سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تېكەس ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، تېكەس ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ غۇلجا بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبىرى، شىنجاڭ ئاشى ئالتۇن كېنى، ئىلى ئوبلاستلىق دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى غۇلجا شۆبىسى، شىنجاڭ غۇلجا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورنى، كۈنەس ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى، كۈنەس ناھىيىلىك سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك تاماكا مونوپوللۇق سېتىش ئىدارىسى، قورغاس پورتى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، ئىلى ئوبلاستى كۈيتۇڭ ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى، كۈيتۇڭ تاشيول قاتنىشىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، تارباغاتاي گېزىتخانىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى، چۆچەك شەھىرى ئاشلى يېزا ئورگىنى، شىخۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى شىخۇ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى كۈيتۇڭ باشقارمىسى شىخۇ پەرزەنتلەر مەكتىپى،

ساۋەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى، ساۋەن ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، ساۋەن ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ساۋەن ناھىيىلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، تولى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، تولى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، دۆربىلجىن ناھىيە دۆربىلجىن بازىرى ئورگىنى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، قوبۇقسار ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، قوبۇقسار ناھىيىلىك بازار باشلانغۇچ مەكتىپى، قوبۇقسار ناھىيە قوشتولغاي بازىرى ئورگىنى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تارباغاتاي شۆبىسىنىڭ قوبۇقسار ناھىيىلىك تىجارەت ئورنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالتاي ئېلېكتر قۇۋۋىتى مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتىنىڭ بېيتۈن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، بۇرچىن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى باللار باغچىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، جېمىنەي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، ئالتاي تاموژنىسى جېمىنەي ئىش باشقارمىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، جىڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، قابا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بورتالا ئوبلاستلىق سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بورتالا ئوبلاستلىق شۆبىسى، بورتالا شەھىرى بىلىن خارمۇدۇن يېزا ئورگىنى، بورتالا شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ئارىشاڭ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئالاتاۋ پورتى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، جىڭ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، بورتالا قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش ئورنى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى جىنلۇڭ بازارلىق ئىش باشقارمىسى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قاراماي شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قاراماي شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قاراماي شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاراماي شەھەرلىك شۆبىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر پاي شىركىتى يېزا ئىگىلىك ئېلېكتر شىركىتى، قوراللىق ساقچى شىخەنزە شەھەرلىك تارماق

ئەترىتى، شىخەنزە شەھىرى لاۋجيې مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇلانئۇس ھەق ئېلىش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر موسوۋەن تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، سانجى شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى، سانجى شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك تەرەققىيات ۋە پىلان كومىتېتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، مىچۈەن شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك ئەمگەك - كادىرلار ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، فۇكاڭ شەھىرى بازار باللار باغچىسى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، جىمسار ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، جىمسار ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش بېكىتى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، تۇرپان گېزىتخانىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى تەربىيىلەش مەركىزى، قوراللىق ساقچى پىچان ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى، توقسۇن ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى قۇمۇل سېتىش شۆبە شىركىتى، قۇمۇل دەپىنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، باركۆل ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ئاراتۇرۇك «باۋئەن» باللارنى تەربىيىلەش مەركىزى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەمىنات - سودا شىركىتى، سىياسىي كېڭەش بايىنغولىن ئوبلاستلىق كومىتېتى ئورگىنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق شىنخۇا كىتابخانىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سۇچىلىق باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقارمىسى كورلا توك ئىشلىرى ئۆچاستىكىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقارمىسى كورلا سۇ - ئېلېكتر

ئۆچاستىكىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقارمىسى خېجىڭ ئۆچاستىكىسى، بۇگۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، باغراش ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، چاقىلىق ناھىيىلىك ئىقتىساد - سودا ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېگراف چەكلىك شىركىتى چاقىلىق ئۇزۇن يوللۇق يوللاش ئىدارىسى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، لوپنۇر ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، لوپنۇر ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى، يەنجى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، كورلا شەھەرلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، كورلا شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئىشخانىسى، كورلا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاقسۇ دەريا ۋادىسى باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول ۋاقىتلىق باشقارمىسى ئاقسۇ ئۆچاستىكىسى، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنى، كۇچا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆگەن دەرياسى ۋادىسى باشقارمىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك ج خ چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى، ئونسۇ ناھىيىلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاۋات ناھىيىلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى، ئاۋات ناھىيىلىك ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاقسۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى توقسۇ توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، شايار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى شايار تۈرمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پەن تېخنىكا ئىدارىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسى، تورغات پورتى دۆلەت بېجى شۆبە ئىدارىسى، ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم ئورگىنى، ئاتۇش شەھەرلىك رادىئو ئىدارىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، ئاقتو ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، ئاقتو ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى، ئاقچى ناھىيىلىك ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاقچى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئاقچى ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قەشقەر

شەھەرلىك 9 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قەشقەر شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى، قەشقەر شەھەرلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، پوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، پوسكام ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، مەكىت ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 3 - تارماق ئەترىتى، پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يوپۇغا ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، نىيە ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، خوتەن ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، قاراقاش ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھەلەر

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق تېلېگراف شۆبە شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى، شەرقىي جۇڭغار توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، ئۈرۈمچى ئېلېكتر سانائىتى ئىدارىسى سىستېمىسى، شىنجاڭ تېلېگراف چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى سىستېمىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سىستېمىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سىستېمىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى سىستېمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سىستېمىسى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي مەھەللىلەر

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلۇش يولى مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى «شاتلىق باغچىسى» مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى «1 - ئاۋغۇست» مەھەللە ئىش باشقارمىسى «جىنياڭ» مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى جەنۇبىي دوستلۇق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى نۇرباغ رەڭلىك مېتال مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى خاڭجۇ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى «يۇشىن» مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى خاڭجۇ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى غەربىي خېبېي يولى مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى شىمىگو مەھەللە ئىش باشقارمىسى غەربىي ئارشاڭ يولى مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى شىمىگو مەھەللە ئىش باشقارمىسى «چىڭچۈەن» مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى غەربىي ۋوگزال مەھەللە ئىش باشقارمىسى پاراۋوز ئۆچاستكىسى غەربىي يولى مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭسەن رايونى كازىۋەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى «خۇڭچياۋ» مەھەللىسى، غۇلجا شەھىرى سايبويى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ھەمكارلىق رايونى مەھەللىسى، غۇلجا شەھىرى قازانچى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مەھەللىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خەنيار مەھەللىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك بېيجىڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تۇڭجىلى مەھەللىسى، چۆچەك شەھىرى دۇبەك مەھەللە ئىش باشقارمىسى دۇبەك مەھەللىسى، شىخۇ شەھىرى نەنيۈەن ئىش باشقارمىسى چۆچەك يولى مەھەللىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى كۇئېنلۇن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يۇڭخۇڭ مەھەللىسى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى «جۇڭشىڭ» يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەھەللىسى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى «شىنىڭ» يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 11 - مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى، قاراماي شەھىرى قارىماي رايونى تەڭرىتاغ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى «خۇڭگۇاڭ» مەھەللىسى، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بەخت مەھەللىسى، قۇمۇل شەھىرى لىيۈەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى لىيۈەن مەھەللىسى، كورلا شەھىرى سايباغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى بايىن مەھەللىسى، يەنجى ناھىيىسى يەنجى بازىرى مېھمان كۈتۈش يولى مەھەللىسى، قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شامالباغ مەھەللىسى، قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەدەنىيەت يولى مەھەللىسى، پوسكام غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى نېفىتلىك مەھەللىسى، ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئازادلىق يولى مەھەللىسى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە كۆزنەكلەر

ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى نوپۇس مەمۇرىيىتى بۆلۈمىنىڭ نوپۇس بېجىرگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىش ئۆيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلەت بېجى ئىدارىسى باج ئېلىش بۆلۈمىنىڭ باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى، ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى دۆلەت بېجى

ئىدارىسى باج ئېلىش بۆلۈمىنىڭ باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت چوڭ زالى، ئىلى تاشيول باش ئۆچاستكىسى يول مەمۇرىيىتىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، تىيېتوڭ كۆيتۇڭ شۆبە شىركىتى ۋۇدۇڭ يولى تىجارەت زالى، ئىلى ئوبلاستلىق تېلېگراف شۆبە شىركىتى بازار بۆلۈمىنىڭ ھېسابات ئىسمېنىسى، ئىلى ئوبلاستلىق قاش دەرياسى ۋادىسى باشقارمىسى 1 - سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، شىخۇ شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج ئېلىش زالى، قوبۇقسار ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى، تولى ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج ئېلىش زالى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك يولۇچىلار بېكىتىنىڭ بېلەت سېتىش زالى، ماناس ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى، سانجى شەھىرى ليۇگوڭ بازارلىق مالىيە - باج ئىشلىرى ئورنى، فۇكاڭ شەھىرى شياۋخۇاڭسەن ھەق ئېلىش پونكىتى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت زالى، قاراماي شەھىرى ئورقۇ ترانسپورت باشقۇرۇش بېكىتى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جەرەنبۇلاق ساقچىخانىسى، پىچان ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى شەھەر رايونى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، توقسۇن ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت بېكىتى، قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى پالۋانتۇر مالىيە ئىشلىرى ئورنى، قۇمۇل تاشيول ھەق ئېلىش ئورنى ئاستانە ھەق ئېلىش پونكىتى، كورلا قاتناش رەسمىيەت ھەققى يىغىش - تەكشۈرۈش ئورنى، يەنجى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى شەھەر قۇرۇلۇشى تەپتىش چوڭ ئەترىتى، باغراش ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى، قەشقەر ۋوگزالى يولۇچىلار بۆلۈمى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كىنىشكا بېجىرىش زالى، قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە بازىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ 1 - تىجارەت ئورنى، خوتەن شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج ئېلىش مۇلازىمەت زالى، ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق باج ئېلىش ئىدارىسىنىڭ يوللاش - تاپشۇرۇش زالى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ دۇڭمېن باجخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش يولى باجخانىسى، خوشۇت ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ يوللاش - تاپشۇرۇش زالى، ساۋەن ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ يوللاش - تاپشۇرۇش زالى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ كۆكتوقاي شۆبىسى، سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسى ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغ يولى ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا - سانائەت بانكىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ شىمالىي چوڭ كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا - سانائەت بانكىسى بايىنغولىن شۆبىسىنىڭ ئامانلىق يولى ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا - سانائەت بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ نېفىت تارمىقى تىجارەت بۆلۈمى، سودا - سانائەت بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، سودا - سانائەت بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ شەرقىي ئالغا يولى ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا - سانائەت بانكىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ تىجارەت ئۆيى، سودا- سانائەت بانكىسى فۇكاڭ شەھەرلىك تارمىقىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، سودا - سانائەت بانكىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ياشلار يولى ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا- سانائەت بانكىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرا شىنخۇا يولى ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا- سانائەت بانكىسى دۆربىلجىن ناھىيىلىك تارمىقىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، سادا - سانائەت بانكىسى مالەن 7 - تارمىقىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، بېيتۈن دۆلەت بېجى ئىدارىسى باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي كەنتلەر

ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۇ بازىرى بېيدالۇ كەنتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۇشىگۇ بازىرى زاتەن كەنتى، كۇنەس ناھىيىسى ئارالتۆبە بازىرى ساغائۆتكەل كەنتى، نىلقا ناھىيىسى قۇجۇرتاي يېزىسى قات ئۇزۇر كەنتى، توققۇزتارا ناھىيىسى ئاقتۆبەك يېزىسى ھاللى كەنتى، تېكەس ناھىيىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى خۇجىرتى كەنتى، قورغاس ناھىيە چىڭسخوزا بازىرى 3 - غەربى كەنتى، چۆچەك شەھىرى ئەرگۈك بازىرى تۈگۈك كەنتى، چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسى باش جالغىز ئاغاش كەنتى، ساۋەن ناھىيىسى قورغاس بازىرى شىڭفېڭ كەنتى، دۆربىلجىن ناھىيىسى شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئىيساتام كەنتى، كۆكتوقاي ناھىيىسى تۇرغۇن يېزىسى تۇرغۇن كەنتى، قابا ناھىيىسى چىبار يېزىسى چىبارمايسا كەنتى، ئالتاي شەھىرى بالباغاي يېزىسى بالىۋاستى كەنتى، ماناس ناھىيىسى لوتۇيى بازىرى جېنجياجۇاڭ كەنتى، قۇتۇبى ناھىيىسى يۈەنخۇسۇن بازىرى يۇقىرى سەنگۇڭ كەنتى، مىچۈەن شەھىرى گۇمۇدى بازىرى شاڭشاخې كەنتى، گۇچۇڭ ناھىيىسى جېبكى بازىرى جاڭبا كەنتى، تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى بۇيلۇق كەنتى، باركۆل ناھىيىسى كۈيسۇ بازىرى ئەرشىلى كەنتى، خېجىڭ ناھىيىسى خارمۇدۇن بازىرى جۆلۈن

تۇرگەن كەنتى، لوپنۇر ناھىيىسى شىنفېڭ يېزىسى تۇغچېكە كەنتى، بۈگۈر ناھىيىسى قاراباغ يېزىسى ئۆششاق تېرەك كەنتى، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى يولچى كەنتى، يوپۇرغا ناھىيىسى تېرىم يېزىسى سەيپۇڭكۆۋرۈك كەنتى، مەكىت ناھىيىسى قۇرما يېزىسى چاسا كەنتى، يەكەن ناھىيىسى چارباغ يېزىسى ئايكۆل كەنتى.

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي پويىز

2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى توشۇش شىركىتى چۇڭچىڭ پويىز ئەترىتىنىڭ 1084/1، 1082/3 قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي پويىز دەپ نام بەردى.

رېن جيەندۇڭ

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن (ساھە) دېگەن نامنى بىكار قىلىش (ئېلىپ تاشلاش) ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى 79 ئورۇننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، 2 ساھەنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە دېگەن نامىنى بىكار قىلىپ؛ 25 ئورۇننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، 2 ساھەنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە، 2 كۆزنەكنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە كۆزنەك دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەدەنىي ئورۇنلارنىڭ ئىلغارلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

رېن جيەندۇڭ

### قوشۇمچە:

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگىرىش ـ كۆچۈپ كېتىش، تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى بىكار قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن ياكى مۇستەقىل مەنىۋى مەدەنىيلىك يارىتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامى بىكار قىلىنغان ئورۇنلار:

ش ئۇ ئا ر خەلق ساقچى مەكتىپى، ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى يۆتكەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە خەۋەرلىشىش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 2 ـ ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنى، شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەكتىپى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى، گۆھەر زېمىن مېھمانخانىسى، خاۋشىبۇ مەيخانىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئۆلچەشنى تىزگىنلەش ئورنى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى تاختا پورشېن زاۋۇتى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ «1ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى سۈپەت تىزگىنلەش مەركىزى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولى تارمىقى، سودا ـ سانائەت بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭسەن يولى تارمىقى، سودا ـ سانائەت بانكىسى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى تارمىقى، ئۈرۈمچى بېيىۋەنچۈن گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يۈئېرگۇ دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى، گۆھەر زېمىن گۇرۇھى شىركىتى، بىڭتۇەن ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى ئورگىنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك 1 ـ بىناكارلىق شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى، ئاقسۇ شەھەرلىك تالالىق گەج تاختا زاۋۇتى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خام ئەشيا شۆبە شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچى تارماق ئەترىتى 7 ـ چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف تەربىيىلەش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي ـ زېمىن ئىدارىسى 1 ـ ماي يولى ئۆي باشقۇرۇش ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي ـ زېمىن ئىدارىسى ئىتتىپاق يولى ئۆي باشقۇرۇش ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق تۆرلۈك ماللار پونكىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كۈيتۇڭ يولۇچىلار بېكىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول ساۋەن ناھىيىلىك باشقۇرۇش ئورنى جياخېزى ئاسراش پونكىتى، ساۋەن ناھىيە كونا ساۋەن بازارلىق ج خ ساقچىخانىسى، قوبۇقسار ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى چىندۇڭ چېگرا خىزمىتى پونكىتى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە بازىرى سودا ـ سانائەت پونكىتى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى چاۋياڭ سودا ـ سانائەت پونكىتى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك تاشيول ئۆچاستكىسى قورىمسۇ يول ئاسراش پونكىتى، تولى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە بازىرى سودا ـ سانائەت پونكىتى، شىخۇ شەھەرلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى نەنيۈەن سودا ـ سانائەت پونكىتى، شىخۇ شەھىرى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى خاتۇبۇخ بازارلىق سودا ـ سانائەت پونكىتى، قۇرۇلۇش بانكىسى بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارمىقى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئۇن ـ ياغ زاۋۇتى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك كۆكتوقاي تىببىي دورا شىركىتى، قابا ناھىيىلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى جېمنەي

ناھىيىلىك تارمىقى، جىمىنەي ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالتاي شەھەرلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى، «تۇنخې» سېمونت گۇرۇھى ئالتاي شۆبە شىركىتى، ماناس ناھىيىلىك باھا ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى نەنمېن سودا - سانائەت پونكىتى، مىچۇەن شەھەرلىك داۋشياڭ مېھمانخانىسى، مىچۇەن شەھىرى تېچاڭگۇ كەنتى، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى سېتىش شىركىتى شىخەنزە شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى شەھەر ئەتراپى شۆبىسى، شىخەنزە شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك تېلېگراف ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، پىچان ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى شايار ناھىيىلىك تارمىقى، ئونسۇ ناھىيىلىك ئاق ھاراق زاۋۇتى، ئاۋات ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپىراتىپى، ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، قەشقەر شەھەرلىك تىببىي دورا شىركىتى، قەشقەر ھېيتكار سودا سارىيى، سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر شەھەرلىك تارمىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، سودا - سانائەت بانكىسى پەيزاۋات ناھىيىلىك تارمىقى.

**تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىش، قوشۇۋېتىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە دېگەن نامى بىكار قىلىنغان ساھەلەر:**

جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى سانجى شەھەرلىك تارمىقى.

**ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامى بىكار قىلىنغان ئورۇنلار:**

شىنجاڭ گېئولوگىيە ئۆلچەش - سىزىش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ كۆمۈركان دوختۇرخانىسى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق تارماق شىركىتى، ئۈرۈمچى باجاخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شىسەن تۆمۈريول دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمالىي ۋوگزال ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى، قورغاس ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، كۇچا ناھىيىلىك تىببىي دورا شىركىتى، خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئورگىنى، شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چەكلىك شىركىتى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك مېھمانخانا، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى، شىخۇ شەھەرلىك بالىلار باغچىسى، سانجى ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىخەنزە بىڭتۇەن شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىخەنزە بىڭتۇەن شۆبىسى شىيايېدى تارمىقى، ئاۋات ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاغىلىق ناھىيىلىك تارمىقى.

**ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ساھە دېگەن نامى بىكار قىلىنغان ساھەلەر:**

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى سىستېمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىخەنزە بىڭتۇەن شۆبىسى سىستېمىسى.

**ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە كۆزنەك دېگەن نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ئورۇنلار:**

شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمالىي شەھەر ئەتراپى ساقچىخانىسى، شىخەنزە جۇڭغار مېھمانخانىسى.

## قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى شىنجاڭنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىدىكى تۆرلۈك نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئايرىپ، باشلامچى ئورۇن ۋە مەسئۇل ئورۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايوننىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا دائىر تۆرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدى. جايلار، تارماقلار زىچ ماسلاشقان، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت زىچ بىرلەشكەن تەربىيە تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ تورخانا ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇن تىجارەت سورۇنلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى؛ تۆرلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ھەقسىز ئېچىۋېتىش خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى تېز، بۇ ھەقتىكى ئىنكاس ياخشى بولدى؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆسمۈرلەر قانىلىنىڭ جايلارنى قاپلىشىغا دائىر خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى

ئۆسمۈرلەر قانىلى ئېچىلدى؛ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمى تەدرىجىي تۈرغۇزۇلدى.

رېن جيەندۇڭ

## مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش خىزمىتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، «يېشىل مەھەللە»نى مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش پائالىيىتى تەركىبىگە كىرگۈزدى. تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «تۆتنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش» بويىچە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت ئارقىلىق ساغلاملىنىش تۈرىنى ئويناپ كۆرسىتىش پائالىيىتىدە، شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن «تەڭرىتاغ ساغلاملىق گىمناستىكىسى» مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ سانجى شەھىرى شىمالىي يەنئەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى تەڭرىتاغ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونى جەنۇبىي يىكەنكۆل يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4 ـ تۈركۈمدىكى مەملىكەتلىك شەھەر تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار مەھەللە دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «تۆتنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش» بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى كۆرسىتىش ۋە تۈنجى تۈركۈمدە مەملىكەتلىك مەدەنىيەتتە ئىلغار مەھەللىلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى تەڭرىتاغ مەھەللىسىدىكى يۈنەنخۇڭگۇاڭ مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى جەنۇبىي دوستلۇق يولى مەھەللىسىدىكى نۇرباغ رەڭلىك مېتال مەھەللىسى، سانجى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى مەھەللىسىدىكى گېئولوگىيە كەنتى مەھەللىسى، ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى دولان مەھەللىسى تۈنجى تۈركۈمدە مەملىكەتلىك مەدەنىيەتتە ئىلغار مەھەللە دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆرسەتكەن نومۇرلىرى بىردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مېدالغا، بىر ئادەم تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 2 ئادەم مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

رېن جيەندۇڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش نەق مەيدان كۆرىكى

بۇ كۆرەك 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىن 7- ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست تۈرۈشلۇق شەھەرلەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ۋە بىڭتۇەن مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى قاتارلىق 80 نەچچە ئورۇننىڭ ۋەكىلى كورلا شەھىرىنىڭ كوچا، مەھەللە، ساھە، ئىدارە ۋە شەھەر قىياپىتى قاتارلىقلىرىنى نەق مەيداندا كۆردى. كورلا شەھىرى مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش تەجرىبىسى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى.

رېن جيەندۇڭ

## غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە دەپ بىلىپ، «ئىمتىھاندىن بۇرۇن ئالدىن تاللاش» ۋە «مەشغۇلاتنى قېلىپلاشتۇرۇش» چارىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جايلارنىڭ تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇشى، ئەستايىدىل تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىش ئاساسىدا، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئۆگىنىشتە ئەلا، ئائىلىسى نامرات، ياردەم بېرىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 120سى ۋە «ئىرادىلىكلەر سىنىپى»دا ئوقۇيدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 150ى بېكىتىلدى. ھەر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ھەر يىلى 5000 يۈەن، ھەر بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا 2000 يۈەن ياردەم بېرىلدى. 120 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 90 (ئۇيغۇر 66، قازاق 13، قىرغىز 5، خۇيزۇ 3، موڭغۇل بىر، شىبە بىر، ياۋزۇ بىر)، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى ياكى كەسپى يوق، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى 26، دېھقان ـ چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى 42، جۈرىسىز ئائىلە پەرزەنتى ياكى يېتىم بالا 48. «ئىرادىلىكلەر سىنىپى»دىكى 150 ئوقۇغۇچى ئىچىدە، ئۇيغۇر 100، جۇاڭزۇ بىر. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە «ئىرادىلىكلەر سىنىپى» ئاچقان مەكتەپلەر بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش، تەكشى تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى 2002 ـ ۋە 2003 ـ يىللىق ياردەمگە ئېرىشكەن 230دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەشكىللەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاساسىي تېما قىلغان يازلىق تەتىللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى پروگراممىا گۇرۇپپىسى زىيارەت قىلىش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش تەسىرىنى كېڭەيتتى.

رېن جيەندۇڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىلدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ۋىلايەت 7 | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 20 |
| ناھىيە 68 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم ناھىيە 6) | | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | يېزا 627 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43) |
| مەھەللە ئىش باشقارمىسى 138 | رايونلۇق مەھكىمە 11 | بازار 229 | |
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | قاراشلىق رايون، بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە | | |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭمېن، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، ياشلار كوچىسى، «بەخت» كوچىسى، شور بۇلاق، «يەنئەن» كوچىسى؛ يېزا: داۋان |
| | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «چاڭجياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىسەن، يامالىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى |
| | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، «تيەنجىن» كوچىسى، «يىڭچۈەن» كوچىسى، «خاڭجۇ» كوچىسى، «نەنۋېي» كوچىسى، شەرقىي «شىمالىي پويىز ئىستانسىسى» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يېزىلار: ئەرگۇڭ، دىۋوپۇ |
| | شىمگۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمگۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، يىكەنكۆل جەنۇبىي كوچىسى، يېكەنكۆل شىمالىي كوچىسى؛ يېزا: چىداۋان |
| | تۇدۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى - سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ، غەربىي «شىمالىي ۋوگزال» كوچىسى |
| | داۋانچىڭ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئىشۇرغول، شىڭخو، ئۇلانباي، يۇئېرگۇ؛ بازار: داۋانچىڭ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ |
| | دۇڭسەن رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: ئەنەنچۇ، شۇشگۇ؛ يېزىلار: چىڭگېداخۇ، سىشىخۇ، ليۇشىخۇ، سارداۋان، يۇڭفېڭ، گەنگۇ، بەنفاڭگۇ، تولى |
| قاراماي شەھىرى | مايتاغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت، «جىنشەن» كوچىسى، «شىنىڭ» كوچىسى |
| | قاراماي رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلۇڭ» بازىرى، «كۇئېنلۇن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى؛ يېزا: شۆگەي |
| | جەرەنبۇلاق رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جۇڭشىڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ» كوچىسى |
| | ئورقۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ يېزا: ئورقۇ |
| تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «ئىدىقۇت» كوچىسى؛ بازار: چىچان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك |
| | پىچان ناھىيىسى | بازار: پىچان، لۇكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكارىز، دىغار، تۇيۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| | توقسۇن ناھىيىسى | بازار: توقسۇن، كۇمۇش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، غولبويى، ئىلانلىق، بوستان |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، يېڭى نېفىت شەھىرى، لىيۇەن رايونى؛ بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارايۇلتۇز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشۋېلىق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، ليۇشۇگۇ، دەۋەلدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى |
| | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: باركۆل، بۇرچۇنچى، كۆيسۇ، داخې؛ يېزىلار: سارچۇقا، كۆلياقا، شيالوبا، شىرىنزا، خۇايۈەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاڭزى |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | بازار: ئاراتۈرۈك، نوم؛ يېزىلار: ئاداق، باي، تۈركۆل، توخۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | سانجى شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جەنۇبىي بېيجىڭ» كوچىسى، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، «نىڭبيەن» كوچىسى، «دۆلەت قۇرۇلۇش» كوچىسى، «جۇڭشەن» كوچىسى، «بوستان» كوچىسى، بازار: ليۇخۇاڭگو، يۇشۇگۇ، سەنگۇڭ، ليۇگۇڭ، ئەرليۇگۇڭ، داشىچۇ؛ يېزىلار: دەنبا، بىنخۇ، مياۋئېرگو، ئاشىلى قازاق يېزىسى |
| | فۇكاڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى؛ بازار: گەنخېزا، جيۇيۈنگەي، زىنىچۇەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىمىگۇ، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاققول قازاق يېزىسى |
| | مىچۇەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇمۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇمۇدى» كوچىسى؛ بازار: گۇمۇدى، تيېچاڭگۇ، چاڭسەنزە، سەندوبا، ياڭماۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى |
| | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۆرىگۆل، ئەرشىلىدەن، يۇەنخۇسۇن، ۋۇگۇڭتەي؛ يېزىلار: تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۆپە قازاق يېزىسى |
| | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇبى، باۋجيادەن، لياڭجۇخۇ، ليۇخۇدى، بەيۋۇچا، لەنجوۋەن؛ يېزىلار: گۇاڭدۇڭدى، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگۇ، جىبكى، دۇڭۋەن، شىدى؛ يېزىلار: بىليۇخې، شىبېيۇەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخۇ، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۇەن تاتار يېزىسى |
| | جىمىسار ناھىيىسى | بازار: جىمىسار، سەنتەي، چۇەنزىگەي، بېيتىڭ؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭچېڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبۇلاق، جاۋبىسەن، شىنخۇ، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، بوستان، دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىندېل، گۇلۇمتۇ، كىرگىنزو، سەنتەي؛ بازار: شويىڭپەن، دالتۇ، ئوتبۇلاق؛ يېزىلار: چىندېل، بىلىن خارمۇدۇن |
| | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخىيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبۇلاق، تولى، تودوگ |
| | ئارىشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۇگدۇر، خاربۇخ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىگ، چاغانتۇڭگې، تاشۇ، زالمۇت |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، قۇرۇلۇش، «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، ئىنتىپاق؛ بازار: تاشدەن، شاڭخۇ؛ يېزىلار: يېڭىشەھەر، تېكىچى، چارباغ، پۇخۇي، ئاۋات، توۋۇرچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر، چۇمپاق، يېڭىسار؛ يېزىلار: قاراباغ، ئاقبۇلاق، چېدىر، سوخۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنغا؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسوپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يىتىمبۇلاق، لوپنۇر كۆلى؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۇتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنتاغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، تاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، ئويىيايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، شىكشىن، يۇڭنىڭ، دەنزىل؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، بورقاي، چاغانچېكە |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغۇنتاي، بارۇن خارمۇدۇن، خارمۇدۇن؛ يېزىلار: نەمىنمودۇن، شەلمىربوخ، كىرغۇت، ئالغۇ، ئۇلجېتئۇل، بايانغول، بايانئۇل، كۆنگۆسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋىلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، تاغارچى، سۇخاتۇ، نەرىنكىر، شىنتاران، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش، بۇمبۇت؛ يېزىلار: تابانچۆكۆن، ئۇلانجېكسېن، چاغاننۇر، چېكسىننۇر، باغراش |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر، جەنۇبىي شەھەر؛ بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش |
| | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ، تۇمشۇق، جام، ئارال، قىزىل؛ يېزىلار: توخولا، چاغراق، ئىشلەمچى، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ، قىرغىز يېزىسى |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا، ئۇچا، ئالاقاغا، چىمەن، دۆڭقوتان، ياقا، ئۇزۇن، ئىشخىلا، ياقىلا؛ يېزىلار: ئۇچئۆستەڭ، بېھشباغ، خانىقاتام، ئاقئۆستەڭ، ئاغى، تارىم |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار، تويبولدى، قىزىلبايراق، يېڭىمەھەللە؛ يېزىلار: گۈلباغ، قايلۇر، نۇرباغ، تارىم |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۇلتۇزباغ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، تامتوغراق، ئۆگەن، ئۇچقات |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك، چارچى، سايرام؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئونباش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |

| | | |
|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۇچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامىلىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، غورۇچۆل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال، چىلان |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت» كوچىسى، «نۇر» كوچىسى؛ يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كاتتايلاق، تۇگۇرمىتى، قاراجول |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۆجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتۇ، چارلوڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپارباي، سۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۆي، تويون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا؛ يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان، سەمەن، خانقىدى |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلى، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، ياندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چولپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سىيىتلە، ئېگىزيەر |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۆيلىق تاجىك يېزىسى |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقۇل، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خانقىدى، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقا ئېرىق، ئىشقۇل، مىشا، پەكىچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامسى، زەرەپشات تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۆششارباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تېتىر، چاسا مەسچىت، تۆگىچى، جاڭگىلىئەسكى، جايتېرەك، بارىن، غوجا ئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، سايباغ، يېتىملىقۇم، زۇڭلاڭ، كۆكيار، شىخشۇ |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شىھىتدۆڭ، يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ھاڭغىتلىق، قۇرما |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا، ئەشمە؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سىيەك، يەكشەنبە بازار، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شىبكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك، ئۆردەكلىك |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چاھارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چۇڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان، تاجىكئاۋات؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بۇرۇمسال، داتۇڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۇجانباغ؛ بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۇجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇساللا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، سايباغ، ئۇرچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۇيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، باشلەڭگەر، كېلياڭ، ناۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، ھاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامكۇ، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇغاللا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋۇل، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېيىق، ئەندىر |

| ئوبلاست | ۋىلايەت | نامى | مەزمۇنى |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «بېيجىڭ» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، پويىز ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيگەنچى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | غۇلجا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبويى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى؛ بازار: بايانداي؛ يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، توغراق، يېڭىيەر |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۇرپانيۈزى، خۇدياريۈزى، ۋۇگۇڭ، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۈچچۈن، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارائۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۈچچۈن خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۇنجاچىنىرۇ، ناداچىنىرۇ، جاقۇچىنىرۇ، كان يېزىسى، قوغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي، چوڭ بۇغرا، دۈيچىنىرۇ، چوقۇر، ئاشلىقبۇلاق خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ، كۇرە، ساربۇلاق؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، داشىگۇر، ئىچىگاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرغىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، تىكتېرىق، ئاقتۇبەك |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، تالدى، نارات، شوربۇلاق؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تۇرگىن |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خۇسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلىئۆزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۇلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۇلاستاي، كېلەڭ، قاراتۆپە، قۇجۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تىنچلىق، دۇبېك، يېڭىشەھەر؛ بازار: ئەرگۇڭ؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلى داغۇر يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | شىخۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىچېڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۈيتۇڭ دەرياسى؛ بازار: خاتۇبۇخ، بەيياڭگۇ، خۇاڭگۇڭ، چېپەيزە، گۇرتى، گەنخوزا، بەيچۈەن، شىخۇ، چىگىشور، شىداگۇ؛ يېزىلار: باشسىخۇ، جۇجيەنلۇ، جاخوزا، تۇتەي، تاشكۆۋرۈك، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابىلغات موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى، شاڭخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جىلىئاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كۇرە، ئېمىلغۇلىن موڭغۇل يېزىسى، خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۇخۇزا، يەنسىخەي، ئۇلانئۇس، سىداۋخۇزا، دۇڭۋەن، شىگوبى، كوناساۋەن، ليۇماۋۋەن، قورغاس؛ يېزىلار: داچۈەن، بورتۇڭگى، شاڭخۇدى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئۇت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىۋ، كۇب، ئۇرشۇلت |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭاجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جېڭىس |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوبۇقسار، قوشتولغاي؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆتگې |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى؛ بازار: بېيتۈن، ئاۋيىتان، خۇڭدۈڭ؛ يېزىلار: شىمىرشىك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارخولسۇن، بالباغاي، شېرىكشى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۇۋلايتى، قۇستىق، چوڭقۇر، ئېگىزتۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇئېرتىش، كۆكتوقاي، چاكۇرتۇ؛ يېزىلار: تۇرغۇن، قاراتۇڭكې، كۇرتى، قارابۇلغىن، دۇرى، تېمېكى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتىئارال، كۆكئاغاش، شىخانجىيدە، قارامغاي، ئاردا |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايلما، ساربۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، چېپار |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆپە |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشىقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | شىخەنزە شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، قىزىلتاغ، كونا بازار، شەرقىي شەھەر؛ بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | ئارال شەھىرى | يېزا: توقاي |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | تۇمشۇق شەھىرى | |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | ۋۇجياچۇ شەھىرى | |

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىلدىكى نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى** | 19631100 | 8976741 | 7802451 | 1381622 | 876305 | 171213 | 169608 | 40762 | 11306 | 43445 | 14197 | 4732 | 24099 | 6688 | 107931 |
| **ئۈرۈمچى شەھىرى** | 1859559 | 231853 | 1379385 | 52324 | 161276 | 1378 | 7713 | 4288 | 3057 | 202 | 1688 | 881 | 8911 | 456 | 6147 |
| **قاراماي شەھىرى** | 253864 | 39711 | 189789 | 10817 | 6113 | 124 | 2139 | 808 | 570 | 22 | 238 | 80 | 1000 | 109 | 2344 |
| **تۇرپان ۋىلايىتى** | 579668 | 404560 | 135482 | 252 | 37641 | | 153 | 36 | 61 | | 13 | 1 | 331 | 4 | 829 |
| تۇرپان شەھىرى | 258209 | 182088 | 55634 | 29 | 19593 | | 88 | 27 | 48 | | 9 | | 163 | 4 | 526 |
| پىچان ناھىيىسى | 211986 | 138672 | 62356 | 34 | 10475 | | 54 | 9 | 13 | | 4 | 1 | 136 | | 250 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 109473 | 84105 | 17492 | 189 | 7591 | | 11 | | | | | | 132 | | 53 |
| **قۇمۇل ۋىلايىتى** | 526000 | 97205 | 360514 | 47143 | 15711 | 16 | 2308 | 161 | 110 | | 5 | 31 | 1683 | 9 | 1104 |
| قۇمۇل شەھىرى | 404400 | 88290 | 287074 | 10558 | 14614 | 16 | 626 | 155 | 95 | 0 | 5 | 3 | 1642 | 8 | 1014 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 100900 | 173 | 66293 | 32627 | 289 | | 1373 | 6 | 15 | | | 28 | 32 | 1 | 63 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 20700 | 8742 | 7147 | 3958 | 296808 | | 9 | | | | | | 9 | | 27 |
| **سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** | 1564386 | 62614 | 1167185 | 129564 | 181976 | 162 | 6918 | 628 | 765 | 9 | 2372 | 961 | 3457 | 74 | 7701 |
| سانجى شەھىرى | 393529 | 10866 | 306165 | 17858 | 52395 | 84 | 1466 | 359 | 306 | 7 | 163 | 107 | 1320 | 28 | 2405 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 158543 | 9177 | 115591 | 12941 | 18781 | 12 | 368 | 75 | 106 | | 30 | 49 | 193 | 8 | 1212 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 186396 | 4980 | 118652 | 3663 | 57104 | 22 | 631 | 41 | 81 | 1 | 6 | 5 | 280 | 22 | 908 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 207177 | 5608 | 160786 | 23580 | 15116 | 2 | 278 | 34 | 91 | | | 19 | 180 | 3 | 1480 |
| ماناس ناھىيىسى | 169275 | 5175 | 138368 | 17710 | 6977 | 31 | 98 | 34 | 96 | | 19 | 9 | 173 | 13 | 572 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 228918 | 15900 | 174093 | 22411 | 11955 | 4 | 1690 | 60 | 61 | | 594 | 495 | 1128 | | 527 |
| جىمسار ناھىيىسى | 133564 | 6562 | 94414 | 10093 | 18850 | 6 | 2371 | 17 | 15 | 1 | 481 | 195 | 133 | | 426 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 86984 | 4346 | 59116 | 21308 | 798 | 1 | 16 | 8 | 9 | | 1079 | 82 | 50 | | 171 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 451975 | 56947 | 305309 | 42688 | 16214 | 81 | 26989 | 390 | 166 | 5 | 145 | 14 | 353 | 24 | 2650 |
| بورتالا شەھىرى | 245586 | 37871 | 167986 | 17580 | 8528 | 29 | 11906 | 283 | 138 | 5 | 83 | 9 | 260 | 9 | 899 |
| جىڭ ناھىيىسى | 132989 | 16002 | 93195 | 12351 | 5177 | 20 | 4904 | 54 | 26 | | 30 | 3 | 62 | | 1165 |
| ئارىشاڭ ناھىيىسى | 73400 | 3074 | 44128 | 12757 | 2509 | 32 | 10179 | 53 | 2 | | 32 | 2 | 31 | 15 | 586 |
| **بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 1148467 | 370669 | 661533 | 2066 | 59280 | 141 | 48083 | 170 | 319 | 3 | 104 | 1 | 1043 | 13 | 5042 |
| كورلا شەھىرى | 422272 | 108985 | 292952 | 960 | 11016 | 8 | 5611 | 149 | 281 | 3 | 62 | 1 | 764 | 7 | 1473 |
| بۇگۇر ناھىيىسى | 96941 | 80901 | 15566 | 8 | 326 | | 35 | 7 | 5 | | | | 22 | | 71 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 111055 | 29800 | 80352 | 16 | 544 | | 23 | | 4 | | 14 | | 18 | 6 | 278 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 31635 | 11597 | 18926 | 7 | 747 | 1 | 15 | | | | | | 8 | | 334 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 58065 | 42686 | 15154 | 0 | 165 | | 14 | 2 | | | 4 | | 7 | | 33 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 124689 | 36580 | 56185 | 34 | 28090 | 42 | 3012 | | 2 | | 19 | | 73 | | 652 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 179428 | 42413 | 98248 | 965 | 6558 | 79 | 29778 | 11 | 18 | | 5 | | 95 | | 1258 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 67458 | 9251 | 46246 | 29 | 5981 | | 5436 | 1 | 9 | | | | 37 | | 468 |
| باغراش ناھىيىسى | 56924 | 8456 | 37904 | 47 | 5853 | 11 | 4159 | | | | | | 19 | | 475 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 2227673 | 1618740 | 579063 | 315 | 13562 | 9536 | 796 | 94 | 137 | 32 | 145 | 1 | 491 | 3 | 4758 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 568663 | 217308 | 341187 | 179 | 5441 | 246 | 580 | 63 | 84 | 13 | 44 | 0 | 343 | 1 | 3174 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 227367 | 169012 | 53393 | 3 | 761 | 3649 | 23 | 1 | 2 | | | | 9 | 1 | 513 |
| كۇچا ناھىيىسى | 414060 | 363055 | 48108 | 44 | 2340 | 131 | 62 | 14 | 20 | 1 | 30 | | 72 | | 183 |
| شايار ناھىيىسى | 213174 | 178161 | 33401 | 45 | 1211 | 7 | 38 | 7 | 14 | 18 | 3 | | 30 | 1 | 238 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 145486 | 135788 | 9313 | 10 | 286 | 4 | 6 | 2 | 11 | | | | 10 | | 56 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باي ناھىيىسى | 209385 | 179420 | 27883 | 10 | 872 | 1085 | 18 | 2 | | | | | 16 | | 79 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 191257 | 172619 | 12582 | 3 | 1523 | 4342 | 14 | 2 | 1 | | 54 | 1 | 7 | | 109 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 215430 | 161890 | 51891 | 21 | 1121 | 29 | 53 | 3 | 5 | | 14 | | 4 | | 399 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 42851 | 41487 | 1305 | | 7 | 43 | 2 | | | | | | | | 7 |
| **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** | 468097 | 297273 | 31489 | 140 | 590 | 134126 | 47 | 14 | 3 | 4085 | 95 | 23 | 39 | | 173 |
| ئاتۇش شەھىرى | 211265 | 167823 | 19038 | 75 | 224 | 23904 | 35 | 4 | 3 | 24 | 4 | 0 | 28 | | 103 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 174603 | 120429 | 5001 | 27 | 247 | 44744 | 10 | 1 | 0 | 4061 | 40 | 23 | | | 20 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 36002 | 1101 | 2727 | 24 | 75 | 32057 | 2 | 1 | | | | | | | 15 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 46227 | 7920 | 4723 | 14 | 44 | 33421 | 0 | 8 | | | 51 | | 11 | | 35 |
| **قەشقەر ۋىلايىتى** | 3615397 | 3252470 | 309488 | 941 | 5198 | 4193 | 370 | 79 | 153 | 37192 | 3150 | 21 | 442 | 7 | 1693 |
| قەشقەر شەھىرى | 354479 | 280525 | 70934 | 43 | 1214 | 220 | 87 | 34 | 48 | 148 | 625 | 16 | 180 | 4 | 401 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 370250 | 363654 | 5712 | 41 | 93 | 631 | 10 | 2 | | 4 | 18 | | 10 | 0 | 75 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 302832 | 282169 | 19701 | | 256 | 566 | 41 | 1 | 2 | | 6 | | 15 | | 75 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 233029 | 228281 | 4029 | 2 | 44 | 590 | 2 | | 1 | 19 | 11 | 2 | 20 | | 28 |
| پوسكام ناھىيىسى | 172657 | 134150 | 33876 | 4 | 763 | 102 | 44 | 8 | 15 | 3264 | 51 | 2 | 33 | | 345 |
| يەكەن ناھىيىسى | 666658 | 635516 | 25150 | 54 | 870 | 981 | 58 | 26 | 7 | 2428 | 1446 | 0 | 47 | 3 | 72 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 382490 | 354399 | 23396 | 21 | 696 | 1034 | 19 | 5 | 9 | 1844 | 889 | 0 | 29 | | 149 |
| مەكىت ناھىيىسى | 217666 | 169713 | 47353 | 3 | 407 | 1 | 17 | | 1 | | 26 | | 21 | | 124 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 141261 | 1233062 | 8063 | 1 | 60 | | 17 | | | 3 | | | 6 | | 49 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 338036 | 331201 | 6721 | 7 | 19 | 0 | 16 | | | 2 | 16 | | 27 | | 27 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 402096 | 337820 | 62977 | 6 | 759 | 17 | 51 | 1 | 8 | 2 | 62 | 1 | 51 | | 341 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 33943 | 1980 | 1576 | 759 | 17 | 51 | 8 | 2 | 62 | 29478 | | | 3 | | 7 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **خوتەن ۋىلايىتى** | 1772067 | 1710673 | 57642 | 65 | 1376 | 904 | 79 | 6 | 8 | 890 | 49 | 13 | 77 | | 285 |
| خوتەن شەھىرى | 192473 | 157483 | 33943 | 23 | 744 | 24 | 34 | 3 | 8 | 5 | 20 | 6 | 45 | | 135 |
| خوتەن ناھىيىسى | 278275 | 276538 | 1488 | | 244 | | | | | | | | 3 | | 2 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 436082 | 430450 | 5500 | | 82 | | 3 | 2 | | | 5 | | 8 | | 32 |
| گۇما ناھىيىسى | 225148 | 220117 | 3136 | | 86 | 877 | 4 | | | 885 | 4 | | | | 39 |
| لوپ ناھىيىسى | 243324 | 239266 | 3954 | 24 | 38 | | 17 | 1 | | | | | 6 | | 18 |
| چىرا ناھىيىسى | 137122 | 134793 | 2266 | | 40 | | 1 | | | | 7 | | 1 | | 14 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 224882 | 221103 | 3561 | 18 | 134 | 2 | 13 | | | | 1 | | 14 | | 36 |
| نىيە ناھىيىسى | 34761 | 30923 | 3794 | | 8 | 1 | 7 | | | | 12 | 7 | | | 9 |
| **ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى** | 4145796 | 654922 | 1867761 | 1065273 | 344532 | 17219 | 69814 | 33094 | 5500 | 159 | 5908 | 2611 | 4836 | 5839 | 68328 |
| **ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە - شەھەر** | 2556489 | 602405 | 1036128 | 517989 | 255478 | 15063 | 30223 | 31167 | 1513 | 132 | 5293 | 959 | 3742 | 440 | 55957 |
| كۈيتۇن شەھىرى | 299147 | 1187 | 283693 | 5288 | 6114 | 24 | 992 | 278 | 101 | 3 | 22 | 5 | 422 | 40 | 978 |
| غۇلجا شەھىرى | 430258 | 210228 | 152630 | 19853 | 32456 | 549 | 1160 | 419 | 713 | 65 | 3445 | 421 | 1885 | 52 | 2682 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 362731 | 161926 | 71119 | 43941 | 58753 | 349 | 179 | 196 | 60 | 14 | 320 | 37 | 348 | 5 | 25484 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 167607 | 43000 | 60647 | 33683 | 7151 | 357 | 347 | 20481 | 137 | | 60 | 6 | 87 | 8 | 1643 |
| قورغاس ناھىيىسى | 364429 | 72286 | 167568 | 29774 | 72434 | 314 | 642 | 3098 | 216 | 11 | 155 | 109 | 336 | 301 | 17185 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 162198 | 37167 | 49678 | 49681 | 19373 | 419 | 566 | 1501 | 103 | | 252 | 92 | 272 | 7 | 3087 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 297623 | 27781 | 118704 | 129355 | 18653 | 345 | 141 | 432 | 89 | 5 | 435 | 103 | 166 | | 1404 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 158932 | 15517 | 48253 | 73764 | 4382 | 3533 | 12365 | 77 | 36 | 19 | 221 | 163 | 86 | | 516 |
| تېكەس ناھىيىسى | 156885 | 15841 | 39377 | 63108 | 21552 | 8571 | 5917 | 280 | 1 | | 214 | 19 | 62 | 6 | 1937 |
| نىلقا ناھىيىسى | 156689 | 17472 | 44459 | 69542 | 14610 | 602 | 7914 | 705 | 57 | 15 | 169 | 4 | 78 | 21 | 1041 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **تارباغاتاي ۋىلايىتى** | 966281 | 42231 | 562160 | 237336 | 67847 | 2061 | 33678 | 1843 | 3535 | 25 | 375 | 495 | 739 | 5389 | 8567 |
| چۆچەك شەھىرى | 159475 | 5002 | 102352 | 23916 | 11079 | 1702 | 1718 | 1410 | 2437 | 21 | 155 | 262 | 250 | 5250 | 3901 |
| شىخۇ شەھىرى | 210255 | 18174 | 133780 | 21417 | 27531 | 4 | 8149 | 163 | 154 | 1 | 38 | 11 | 127 | 28 | 678 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 201214 | 7739 | 111282 | 67409 | 5942 | 285 | 5755 | 81 | 570 | | 124 | 57 | 107 | 51 | 1812 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 203002 | 8731 | 139214 | 34180 | 18975 | 13 | 438 | 29 | 110 | 3 | 20 | 41 | 147 | 14 | 1087 |
| تولى ناھىيىسى | 89103 | 1146 | 25307 | 60632 | 1000 | 20 | 636 | 72 | 10 | | 19 | 64 | 56 | 7 | 134 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 53356 | 1204 | 33138 | 15932 | 2862 | 6 | 112 | 38 | 1214 | | | 12 | 21 | 22 | 795 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 49876 | 1215 | 17087 | 13850 | 458 | 31 | 16870 | 50 | 40 | | 19 | 48 | 31 | 17 | 160 |
| **ئالتاي ۋىلايىتى** | 623026 | 10286 | 269473 | 309948 | 21207 | 95 | 5913 | 84 | 452 | 2 | 240 | 1157 | 355 | 10 | 3804 |
| ئالتاي شەھىرى | 226317 | 5030 | 138723 | 71245 | 6480 | 37 | 2647 | 48 | 215 | 1 | 177 | 369 | 202 | 2 | 1141 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 65896 | 1148 | 20985 | 36743 | 3972 | 6 | 1623 | 8 | 139 | 1 | 3 | 355 | 41 | 1 | 871 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 85769 | 2016 | 21523 | 59597 | 1819 | 13 | 285 | 11 | 44 | | 16 | 194 | 44 | 7 | 300 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 71569 | 811 | 39740 | 27875 | 2385 | 1 | 235 | 8 | 35 | | | 42 | 28 | | 409 |
| قابا ناھىيىسى | 79669 | 369 | 25862 | 47367 | 4856 | 6 | 372 | 4 | | | 5 | 68 | 3 | | 757 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 56228 | 609 | 9433 | 43900 | 1055 | 6 | 732 | 4 | 11 | | 25 | 208 | 11 | | 234 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 37578 | 303 | 13207 | 23221 | 640 | 26 | 19 | 1 | 8 | | 14 | 21 | 26 | | 92 |
| شىخەنزە شەھىرى | 642855 | 7187 | 608648 | 3621 | 16083 | 60 | 957 | 215 | 241 | 15 | 14 | 4 | 975 | 22 | 4813 |

ئىزاھ: ئاپتونوم رايونغا دائىر ئومۇمىي سانلىق مەلۇمات 2004 ـ يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە دائىر سانلىق مەلۇمات ج خ ئورۇنلىرىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى يىللىق مەلۇماتىغا ئاساسەن ھېسابلاندى.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

## ۋېن جىاباۋ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جىاباۋ روسىيە، قىرغىزىستانلارغا قىلغان زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بېيجىڭگە قايتىش سەپىرىدە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى مەخسۇس شىنجاڭدا توختاپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى يوقلىدى. ۋېن جىاباۋ ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ يېزىلىرى، كارخانىلىرى ۋە بازارلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇ جايدىكى كادىر، ئامما بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، بازاردىكى تەمىنلەش ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ۋېن جىاباۋ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىگە بولغان ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋېن جىاباۋ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شىنجاڭغا مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، مەركەزنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىڭتۈەننىڭ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، قوغداش، مۇقىم قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ۋېن جىاباۋ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاز سانلىق مىللەت رايونى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ھەر مىللەت خەلقى تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ، باراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ۋۇ گۇەنجېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋۇ گۇەنجېڭ 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋۇ گۇەنجېڭ بايىنغولىن، ئىلى، قەشقەر، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە كادىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ھەر مىللەت كادىر، ئامما بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى ئەھۋالىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىش، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، پۈتۈن نىيەت - جان دىل بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ غېمىنى تۈگىتىپ ۋە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغدىشى كېرەك. ۋۇ گۇەنجېڭ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىڭتۈەننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي قوغداش ئەڭ مۇھىم ئىنتىزام. سىياسىي ئىنتىزامنى داۋاملىق ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرگە ۋە زوراۋان تېررورچى كۈچلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە نىزامنامىسىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئەتراپلىق ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە قانۇن - ئىنتىزام كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن


## لى چاڭچۈن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى چاڭچۈن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. لى چاڭچۈن ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر ئىشلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا ھاراقچىلىق شىركىتى، «تيەنيې» گۇرۇھى قاتارلىق چوڭ كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈردى، رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىغا باردى، شەھەر مەھەللە ئاممىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش پائالىيەت نۇقتىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت رادىئو - تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق - نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلام كادىر، ئاممىسى بىلەن يېقىن دەۋردىكى تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لى چاڭچۈن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىر، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق شىنجاڭدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، غەربنى كەڭ ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. لى چاڭچۈن كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە بىڭتۇەنگە بېرىپ، بىڭتۇەندىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## لو گەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. لو گەن ئالتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى، كارخانىلار، ئاساسىي قاتلام سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ چېگراغا جايلاشقان بىرقىسىم تۇەن - مەيدانلىرىنى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلام سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى،




شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىڭتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. سۈرەتتە: تەبرىكلەش يىغىنى مەيدانى

لى چۈنلىن فوتوسى.

شىنجاڭدىكى سىياسىي - قانۇن كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى. لو گەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ ئۆزگىچە ئورۇن ۋە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ماددىي ئاساسىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىقتىساد سىجىل، تېز، ماس تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىناق، ئادىل بولغان ئاساسقا دەسسىتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ كادىرلار بىرلەشكەن، سىياسىي جەھەتتە قابىل، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك

ۋاڭ لياڭجۇن

## چېن لياڭيۇ شاڭخەي شەھىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن لياڭيۇ شاڭخەي شەھىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى چوڭ بەنزىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ئىككى تەرەپ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا نەپ يەتكۈزۈپ، بىر بىرىنىڭ ئەۋزەللىكى ئارقىلىق كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## خۇا جيەنمىن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى خۇا جيەنمىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىرلىكتە بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن خۇا جيەنمىن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بىڭتۈەننىڭ ئالاقىدار كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر، پېشقەدەم زىيالىيلار ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلىدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## چېن جىلى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت كومىسسارى چېن جىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جۇ جى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇن جياجېڭ، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خەيتاۋ ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئالتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست) لارنىڭ ناھىيە، يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەرگە، ھەممە كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا شۇنىڭدەك ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، شىنجاڭ- شىزاڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت - مۇزېي ئىشلىرىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى. چېن جىلى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: غەربىي قىسىمدىكى چېگرا رايون، مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىسلاھاتنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تاڭ جىڭخۇڭ

## لى تيېيىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى تيېيىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ پاكىستان قاتارلىق 3 دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭدا قىسقا مۇددەت توختىغان مەزگىلدە، 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ 5 ـ كۈنلىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلىرىنى يوقلىدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن سانجى ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى. لى تيېيىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركەز شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بويىچە، ئالدىن بېيىغان رايونلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كونا ئازاد رايون، ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى، ئورتاق زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلق ئۈچۈن قانۇن تۈرغۇزۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈچ مەدەنىيلىكنىڭ ماس تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## شۇ جيالۇ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شۇ جيالۇ 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ جيالۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىر ۋە ئامما پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنى تۈرلۈك ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە قوش تىل ئوقۇتۇشى مائارىپىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

شىڭ جيەن

## شېڭ خۇارېن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېڭ خۇارېن 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ 9 ـ كۈنىگىچە قەشقەر، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. شېڭ خۇارېن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى، كارخانىلارنى زىيارەت قىلدى، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. شېڭ خۇارېن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىڭتۇەن تەرەققىياتنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداشتىكى بىر مۇھىم ئىش قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ۋاڭ لياڭجۇن

## لى گۈيشيەن سەپەر ئۈستىدە شىنجاڭدىن ئۆتتى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004- يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا روسىيىگە زىيارەتكە كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى گۈيشيەن بىلەن كۆرۈشتى. لى گۈيشيەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى ئىنتايىن مول، شىنجاڭ يەنە مەملىكەتنىڭ مۇھىم پاختا بازىسى، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئۈمىد زور.

شىڭ جيەن

## جۇ تيېنۇڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا جەنۇبىنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇلار سانجى، ئالتاي، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. جۇ تيېنۇڭ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سۇ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم شەرت، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شىڭ جيەن

## ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېچىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، قېزىلما بايلىقلار مۇزېيى شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىدىغان كۆزنەك، بۇ جايدىن شىنجاڭنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، لوپنۇر كۆلى غايەت زور كالىي تۇزى رۇدىسى، رەڭلىك مېتال ۋە قىممەتلىك مېتاللارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سالغۇچىنى جەلپ قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار مۇزېيىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## خۇاڭ مېڭفۇ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خۇاڭ مېڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىڭتۇەننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ بىڭتۇەن يېڭىدىن قۇرغان شەھەرلەر ۋە مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. 28 - كۈنى بىڭتۇەن مەملىكەت بويىچە پۇقراۋى كارخانىلار بىڭتۇەنگە سەپەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، خۇاڭ مېڭفۇ سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىڭتۇەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ، بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسىنى ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى، ھەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداشتەك شەرەپلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى شەھەرلەرنى قۇرۇشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خۇاڭ مېڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ش ئۇ ئا ر بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم پۇخراۋى كارخانىچىلار بىلەن سۆبەتلەشتى، خۇاڭ مېڭفۇ شىنجاڭدىكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركەز ئەل ئارا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، پۇقراۋى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ، ماكرولۇق تىزگىنلەش سىياسىتى پۇقراۋى كارخانىلارغا قارىتىلغان ئەمەس، لېكىن بۇ پۇقراۋى كارخانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەم پۇرسەت، ھەم خىرىس. خۇاڭ مېڭفۇ پۇقراۋى كارخانىلار ئاشكارىلىغان مەسىلىلەرگە قارىتا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۇقراۋى كارخانىلاردا مەسىلە كۆرۈلسە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ۋاقتىدا تېپىش، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بۇ جەھەتتە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى؛ پۇقراۋى كارخانىلار ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، قارىغۇلارچە كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە كاپىتال ھەرىكىتىگە ھەددىدىن ئارتۇق تايىنىۋېلىشتىن ساقلىنىشى؛ پۇقراۋى كارخانىلار، ھۆكۈمەت، بانكا كرېدىت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ياخشى ئايلىنىش ھاسىل قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى؛ پۈتكۈل جەمئىيەت پۇقراۋى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئەل ئارا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىدىغان ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك.

شىڭ جيەن

# چوڭ ئىشلار

## 1 ـ ئاي

### 2 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مەملىكەتلىك ئىختىساسلىقلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى.

### 6 ـ كۈندىن 12 ـ كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 7 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ سايرام زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 50 مىليون A پېيى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا بازارغا سېلىندى.

### 8 ـ كۈندىن 14 ـ كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2ـ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئابدۇرېھىم ھامىت ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى.

### 8 ـ كۈندىن 11 ـ كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى چاڭچۇن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. لى چاڭچۇن: سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ماس تەرەققىي قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

### 9 ـ كۈنى

△ داڭلىق يازغۇچى لى سۈۋۇ 91 يېشىدا ۋاپات بولدى. لى سۈۋۇ 1938 ـ يىلى يەنئەنگە بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان، ئۇ ئۇزۇن مەزگىل پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنىڭ رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىسى.

### 10 ـ كۈنى

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «شىنتې ماركىلىق» توك سىمى ـ ئېلېكتر كابېلى دۆلەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدە تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، ئۇ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر مۇشۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن كارخانا بولۇپ قالدى.

### 12 ـ كۈنى

△ شىنخۇا خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق تىجارەت باشلىدى. بۇ كىتاب شەھەرچىسى ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق يولىدىكى شېنجېن شەھەرچىسى بىناسىدا بولۇپ، تۇنجى قارارلىق تىجارەت كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ شەھەرچىدە 150 مىڭ خىل كىتاب، ژۇرنال، ئۈن ـ سىن بۇيۇمى، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى تىجارەت قىلىنىدۇ.

### 13 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن ھال سوراش پائالىيىتىنى باشلىدى.

### 14 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 4 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا، بازار كارخانىچىلىرىنى تەقدىرلەش ھەققىدە قارار چىقاردى.

### 15 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئوبلاست باشلىقى (شەھەر باشلىقى) لىرى، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر يىللىق تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار چاغاننى كۈتۈۋېلىش چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

△ ئاپتونوم رايون نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش

كېرەك.

### 16 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋاڭ لېچۈەن: تىنچ دەۋردە خېيىمخەتەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي، قائىدە ـ تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ۋە ياخشى ئىشلەش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

△ تۇنخې ياغچىلىقى ماناس شىركىتىنىڭ چىگىت يېغى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ تۈرگە جەمئىي 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇ يىلىغا 400 مىڭ تونىنا چىگىتنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، 30 مىڭ تونىنا يېمەكلىك ياغ، 100 مىڭ تونىنا پاختا ئارزىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۇ دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ چىگىت يېغى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدۇر.

△ بىڭتۈەن دۆلەت مەبلىغى شىركىتى قايتا قۇرۇپ چىققان جۇڭگو رەڭلىك پاختا گۇرۇھىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قايتا قۇرۇپ چىقىلغان جۇڭگو رەڭلىك پاختا (گۇرۇھى) پاي شىركىتىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ.

### 18 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمىلىق، قۇربان ھېيتلىق كوللېكتىپ پەتىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ژۇرنىلى «بۇگۈنكى شىنجاڭ» نەشر قىلىندى. «بۇگۈنكى شىنجاڭ» ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ھەر ئاينىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ.

### 19 ـ كۈنى

△ گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇمشۇق، ئارال، ۋۇجياچۇ شەھەرلىرى قۇرۇلدى.

### 21 ـ كۈنى

△ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى 102 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭ «1 ـ ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىدا پەۋقۇلئاددە زور تۆشۈك پەيدا بولدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 7500 دىن ئارتۇق ئاھالە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

△ جۇڭگودىكى تۇنجى يات تەندە كىلونلانغان تاغ ئۆچكىسى شىنجاڭدا دۇنياغا كەلدى.

### 22 ـ كۈنى

△ دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان كادىر ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

### 29 ـ كۈنى

△ مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئۇيغۇرچە يانفون بازارغا سېلىندى.

### 30 — 31 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋاڭ لېچۈەن ئۇنىۋېرسال ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

## 2 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى پېشقەدەم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارغا قۇربان ھېيتلىق سالام يوللىدى، ئۇلارغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

△ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 12 ـ شىسىدا گۇمانىي يۇقۇملۇق قۇش زۇكىمى بايقالدى.

### 2 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن تېز يۇقىدىغان قۇش زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

### 4 ـ كۈنى

△ جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى «جۇڭگو شىنجاڭغا سەپەر» ئالاھىدە پروگراممىسىنى ئاچتى، بۇ پروگراممىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو شىنجاڭ 43 خىل تىلدا دۇنياغا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىندى.

△ گۇچۇڭ سىلىتىسىيلاشقان ياغاچ — دىنوزاۋر گېئولوگىيىلىك خارابىسى، بۇرچىندىكى قاناس كۆلى دۆلەتلىك گېئولوگىيە باغچىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا دۆلەتلىك گېئولوگىيە باغچىسى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

### 13 — 14 ـ كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ۋاڭ لېچۈەن ئەمەلىيەتكە زىچ باغلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ـ پاك

دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

## 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئىسمائىل تىلىۋالدى يازما سۆز قىلدى.

## 18 - كۈنى

△ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە پوستدوكتور خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى.

## 21 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 5 يىلدا مىللىي ۋە خەنزۇ بالىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئۈلگە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 50نى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

## 24 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلاشنى ئېلان قىلدى.

△ شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە جىددىي ياردەم بېرىش ئەترىتى قۇرۇلدى.

## 27 - كۈنى

△ خوتەن ناھىيىسىدىن روزىنىسا روزى مەملىكەت بويىچە 10 چوڭ دېھقان ئايال ئەلىيول ئەلا بولۇپ سايلاندى.

## 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ مائارىپ سۈنئىي ھەمراھ كەڭ بەلۋاغلىق تورى ئېچىلدى.

## 28 — 29 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلار خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئىختىساسلىقلارنى كۈچەيتىش ۋە يېتىلدۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىك تىكلەش، تەرەققىي قىلىش مۇھىتى يارىتىپ، ئىختىساسلىقلار جەھەتتە ئۈستۈنلۈك بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

# 3 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرىدىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يول ئېچىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جو يۈەن خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ لېچۈەن بىلەن ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭدىكى كەسپىي ئورۇنلاردا تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، بۇ پىلاننى 3 يىلدا ئاساسەن ئورۇنداپ بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 4 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «8 - مارت» قىزىل بايراقدار ئۈلگىلەرنى، «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپلارنى ۋە «8 - مارت» قىزىل بايراقدارلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلىدى.

## 11 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لو گەن مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركەز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، شىنجاڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىشى كېرەك.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن بېيجىڭدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ مائارىپ مىنىستىرلىكى غەربىي قىسىمدا يولغا قويغان ئۈلگە بىلەن مىنىستىرلىك ئورتاق قۇرۇدىغان تۇنجى ئالىي مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

## 12 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» مەسىلىسىنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، شەھەر، يېزا تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلايدۇ دەپ كۆرسەتتى.

## 19 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىرلەشمە مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى ئورنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى مۈلۈك ھوقۇقى سودا ئورنىدۇر.

### 21 - كۈنى

△ شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ شامال ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرى — گۇاڭدوڭ خۇيلەي شىبېيشەن شامال ئېلېكترى ئالاھىدە ئىجازەتلىك تۈرىگە خېرىدار بولۇشتا بىردىنبىر خېرىدار بولۇپ، 100 مىڭ كىلوۋاتلىق، شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسىغا ئىگە مۇستەقىل مال، ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇن بولدى، توختامدىكى ئومۇمىي سومما 400 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

### 23 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى «ئاساسىي قانۇن» ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىنى مەركەزلىك ئۆگەندى، 4 - ئاينى «ئاساسىي قانۇن» تەشۋىقات، تەربىيە ئېيى قىلىپ بېكىتتى.

### 24 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى بىلەن كورىيە SK گۇرۇھى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ تۇنجى قاراردا 60 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ SK «تيەندى» تېلېگراف كەسپىي چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، يۇقىرى تېرمىناللىق يانفوننى ئورتاق تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلان قىلدى.

### 25 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى 20 مىليارد 600 مىليون دوللارلىق ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

### 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق خېيىمخەتىرى فوندىدىن 200 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش ئورۇنلىرىغا بۇغداي، گۈرۈچ سېتىپ بېرىدىغان دېھقانلارغا بىۋاسىتە تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇنداق بولغاندا دېھقانلارغا بىر كىلوگرام بۇغداي ئۈچۈن 0.2 يۈەن، بىر كىلوگرام گۈرۈچ ئۈچۈن 0.3 يۈەن تولۇقلىما ياردەم بېرىلىدۇ.

### 30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا مۇنۇلار بېكىتىلدى: 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى تۈرلۈك كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئوتتۇرىچە 40



مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى تۈگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىم 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «2003 - يىللىق جۇڭگودىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرگەن ئون چوڭ شەخس»نى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زوڭلىسى ۋېن جياباۋ بىلەن كۆرۈشتى. سۈرەتتە: داۋۇت ھاشىم ۋېن جياباۋ بىلەن چىڭ قۇچاقلاشماقتا.

لى ياڭ فوتوسى

يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى 9 دەرىجە بولىدۇ، يۇقىرىسىنىڭ 480 يۈەن، تۆۋىنىنىڭ 300 يۈەن، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ 440 يۈەن بولىدۇ.

## 4 - ئاي

### 2 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، يىغىندا جايلاردىن «ئاساسىي قانۇن» نى ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، «ئاساسىي قانۇن»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

### 5 ـ كۈندىن 8 ـ كۈنىگىچە

△ 8 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شەرق، غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 76 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما 9 مىليارد 900 مىليون يۈەن.

### 9 ـ كۈنى

△ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ شوخلا ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولغان شىنجاڭ «جۇڭجى» شىركىتى (شىنجوڭجى) فرانسىيە SCATV شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالغان پۇلىۋانس يىمەكلىك چەكلىك شىركىتى فرانسىيىدە قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ رېخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 15 مىليون 460 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ جۇڭجى شىركىتى چىقارغان مەبلەغ 8 مىليون 500 مىڭ دوللار بولۇپ، %55 پايىنى ئىگىلىدى. بۇ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ فرانسىيىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىدە مەبلەغ سالغان ھەم پاي كونترول قىلغان تۇنجى كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

### 10 ـ كۈنى

△ تارىمدا نېفىت تەكشۈرۈلگەن ـ ئۆزلەشتۈرۈلگەن 15 يىلدا 7 مىليون توننا نېفىت ۋە 20 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېنېرگىيە زاپىسى بايلىقى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئېنېرگىيە، مۇھىت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىناق تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى «شىنتې» تاۋار ماركىسى جۇڭگونىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### 12 ـ كۈنى

△ بۇ كۈن شىنجاڭنىڭ 25 ـ قېتىملىق مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىش كۈنى بولۇپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە مەركىزىي شەھەردىكى 150 مىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

△ گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، تاشقى سودا ھەمكارلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدى ھەمدە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

### 16 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى قاتارلىق 10 ئايرودروم ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئايرودرومى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىقلار بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

### 17 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 22 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نى تارقىتىپ، جايلار، ئورۇنلاردىن تۈرلۈك تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ ئوبدان قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

### 18 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ساياھەت ئىدارىسى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدىكى «جەلپكار شىنجاڭ — سېھىرلىق تۇرپانغا سەپەر» 2004 ـ يىللىق شاڭخەي ساياھەتچىلىك تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى شاڭخەيدە باشلاندى.

### 19 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار مۇزېيى قۇرۇلدى.

### 20 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون تىببىي داۋالاش مۇلازىمەت باھاسى ھەققىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىپ، تىببىي داۋالاش مۇلازىمەت باھاسىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەييارلىق كۆردى.

### 22 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك 100 «ياش ئىگىلىك تىكلەش چولپىنى» تەقدىرلەندى.

### 22 — 23 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مائارىپى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «قوش تىل» ئوقۇتۇشىنى يېزىلاردىكى بالىلار باغچىسىدىن باشلاپ تۇتۇپ، شارائىت يارىتىپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-يىللىقىدىن ئېتىبارەن خەنزۇ تىلى دەرسىنى تەدرىجىي تەسىس قىلىش كېرەك.

### 25 ـ كۈندىن 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ روسىيە، ئاۋستىرىيە، مالتا قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى.

### 25 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — نارات ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

△ ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېڭى پويىز كۈتۈش زالى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

### 26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئەدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئىجتىمائىي كۈچلەرنى، قورامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيىلەشكە قوزغاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

△ ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1 - ماي»نى تەبرىكلەش ۋە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن 9 ئورۇن، مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن 19 شەخس، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن 13 ئىسمىنا - گۇرۇپپا ۋە 44 شەخس تەقدىرلەندى.

△ ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تورخانىلارنى مەخسۇس تۈزەش بىر تۇتاش ھەرىكەت ھەپتىلىكى باشلاندى.

### 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىشۇناسلىق ئاممىۋى تازىلىق ۋە مۇداپىئە تېبابەتچىلىك پوستدوكتور تەتقىقات كۆچمە پونكىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا پوستدوكتور تەتقىقات كۆچمە پونكىتىدىن 3ى بار بولدى.

△ بېيجىڭ، خېبېي، شەندۇڭلاردىن شۇ قاراردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 7306 ئوقۇغۇچى پىدائىي بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا تىزىملاتتى، شىنجاڭدىن شۇ قاراردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 373 ئوقۇغۇچى پىدائىي بولۇپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تىزىملاتتى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى مۇشۇ تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن 745 پىدائىينى تاللىدى.

## 5 - ئاي

### 2 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ تەلپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ 32 شياڭگاڭلىق ئىختىساس ئىگىسى شىنجاڭغا كېلىپ ھەقسىز مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى.

### 9 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم كۆزىتىش ئاپپاراتى قۇردى. بۇ ئاپپاراتتا كۆزىتىش گۇرۇپپىسىدىن 4ى، كۆزىتىش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئىشخانا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا تەسىس قىلىندى.

### 10 - كۈنى

△ 2004 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا نۇقتىلىق تۈر بويىچە خاس تەكشۈرگۈچى ئەۋەتىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

### 11 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ئاپتونوم رايونلۇق 30 نۇقتىلىق پۇقراۋى كارخانىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ پۈرسەتنى تۇتۇپ، قىلىدىغاننى قىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

### 13 - كۈنى

△ جۇڭگو شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قىرغىزىستان دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھ شىركىتى بىلەن رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قىرغىزچە رادىئو پروگراممىلىرى 6 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن قىرغىزچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى 10 - ئايدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاڭلىتىلدى.

### 14 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ھەققىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى يەتكۈزۈلدى ھەمدە ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 15 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

△ ش ئۇ ئا ر سۈتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى «رۇيىيۇەن» سۈتچىلىكى، «گەيرۇي» سۈتچىلىكى، «ۋېيۋېي» تەڭرىتاغ قارى سۈتچىلىكى، «غەربىي دىياردا باھار» سۈتچىلىكى، «خۇايۇەن» سۈتچىلىكى، «لۇچېڭ» سۈتچىلىكى، «تەڭرىتاغ

چارۋىچىلىقى» ، «بىگدى تىيەنيۈەن» سۈتچىلىكىدىن ئىبارەت 8 سۈت ياسالمىسى كارخانىسىغا يېڭى سۈت بەلگە تاختىسى بەردى.

### 17 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى دېلولىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى، پائالىيەت ۋاقتىنىڭ بىر يىل بولىدىغانلىقىنى، بۇ پائالىيەتنىڭ مۇشۇ ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

### 18 - كۈنى

△ سائەت 10 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئەزەربەيجاننىڭ ئىل - 76 تىپلىق بىر يۈك ئايروپىلانى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىغا يېقىن بولغان سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈپ كەتتى، 7 ئايروپىلان خادىمى قازا قىلدى، %80 مال كۆيۈپ كەتتى، يەردىكى كىشىلەر ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. بۇ يۈك ئايروپىلانى تەييۈەندىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق باكۇغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى ئۇچقانىدى، سائەت 10 دىن 48 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن ئۇچۇپ 2 مىنۇتتىن كېيىن ئۈچۈش - قونۇش يولىنىڭ 10 كىلومېتىرچە غەربىدە چۈشۈپ كەتتى.

### 19 - كۈنى

△ قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېف جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭدا بىر كۈنلۈك زىيارەتتە بولدى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنىي ئىگە ئورۇنلار ۋە كەسپىي پائالىيەت ئورۇنلىرى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈندىكى ئۆلچەملىك ۋاقىت بويىچە تىزىمغا ئېلىنىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، يەككە تىجارەتچىلەر 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇددەتتىن بۇرۇن تىزىمغا ئېلىنىپ تەكشۈرۈلدى.

### 21 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىستانسا بىلەن تورنى ئايرىۋەتتى، 9 توك تارقىتىش كارخانىسى جۇڭگو «گودىيەن» ئېلېكتر گۇرۇھىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 25 - كۈنى

△ جۇڭگو، تاجىكىستان قاراسۇ - كۈلمەي پورتىنى ئاچتى. قاراسۇ پورتى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەن دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك قۇرۇقلۇق (تاشيول) پورتى، ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئېچىلىدۇ.

△ مائارىپ مىنىستىرلىكى، بىڭتۈەن شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇشنى قارار قىلدى.

### 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

△ كادىرلار نازارىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئېلان قىلىندى. كەسپىي ئورۇنلاردا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويىلىدۇ. ئوتتۇرا قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلار رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش يولغا قويىلىدۇ، ئادەتتىكى خادىملار پۈتۈنلەي تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ تەقسىماتتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق بۇزۇپ تاشلىنىدۇ، تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ.

### 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭ نېفىتلىك، نېفىت خىمىيە سانائىتى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى دەلىللەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 6 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا كېلىپ، ھەر مىللەت ئۆسمۈر - باللارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى، باللار بىلەن «1-ئىيۇن» خەلقئارا باللار بايرىمىنى بىللە تەبرىكلىدى.

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە 140 نەچچە مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

### 4 — 5 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى تيېيىڭ ئۆمەك باشلاپ پاكىستان قاتارلىق 3 دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ قايتىش سەپىرىدە شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت توختىغاندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى كادىرلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۈرۈمچى، سانجىلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 6 - كۈنى

△ شىنجاڭدا ئايلانما ئىقتىسادنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

### 7 - كۈندىن 9 - كۈنىگىچە

△ تارىم دەرياسى ۋادىسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق «تۆتنى يۇكسەك تونۇش» بويىچە تەربىيىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا جايلار، ئورۇنلاردىن «تۆتنى يۇكسەك تونۇش» (ۋەتەننى يۇكسەك تونۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنى يۇكسەك تونۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يۇكسەك تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى يۇكسەك تونۇش) تەربىيىسىنى ئۈزۈن مۇددەت بوشاشماي تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنىڭ سەۋىيىسى ۋە دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

△ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتى رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى بىلەن كانادا تراۋېرست كان ئىشلىرى شىركىتى ئورتاق قۇرۇپ چىققان جۇڭگو - كانادا ھەمكارلىق تىجارەت كارخانىسى — شىنجاڭ «تېشىن» قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتكە 12 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ شىركەت ئالتۇننى ئاساس قىلىپ ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، ئېچىش نىشانى 100 توننا ئالتۇن بولۇپ، باشقا مېتال قېزىلما بايلىقلارنىمۇ ئاچىدۇ.

### 9 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سۇجىسى ۋۇ گۇەنجېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىدا يۇكلەنگەن تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي پروگراممىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

### 10 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ج خ نازارىتى بىرلەشمە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار، ج خ ساقچىلىرى يولداش رېن چاڭشيادىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

### 12 - كۈنى

△ جۇڭشىن گوئەن شىنتيەن خەلقئارالىق شىركىتىگە مەبلەغ قوشۇپ، پاينى كېڭەيتىشنى يولغا قويدى، قوشقان مەبلەغ سوممىسى 504 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، جۇڭشىن گوئەن پايغا قاتنىشىش نىسبىتى بويىچە شىنتيەن خەلقئارا شىركىتىنىڭ 49% پېيىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قىسىم كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ كارخانىلىرىغا پاي قوشۇش كۆلىمىنىڭ ئەڭ يېڭى رېكورتى يارىتىلدى.

### 15 - كۈنى

△ شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى.

△ دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ بىرى بولغان ئامېرىكا AMD شىركىتى بىلەن سىنگاپور فېڭيى شىركىتى 80% مەبلەغ سېلىپ قۇرماقچى بولغان يىخەي سانجى ئاشلىق-ياغ سانائىتى شىركىتىگە سانجىدا ئۇل سېلىندى. بۇ تۈرنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 160 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىدى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3.33 گېكتار. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 120 مىڭ توننا ئاقسىللىق يەم - خەشەك ۋە 40 نەچچە مىڭ تونىلىق ئالىي سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

### 17 - كۈنى

△ مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۈەنىنىڭ خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنگە ۋەتەننى قوغداپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتىكى نەمۇنە لىيەن دەپ نام بەردى.

### 21 - كۈنى

△ خېبېي ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەي كېمىڭ باشچىلىقىدىكى خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

### 22 - كۈنى

△ دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى بىڭتۈەن بىلەن ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، 8 مىليارد يۈەن قەرز بېرىپ بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىدى.

△ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ياڭ جىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

### 23 - كۈنى

△ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 120 مىڭ

ھەر مىللەت ئاممىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاما ئارىسىدا «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى» نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولۇشىچە شىنجاڭدىكى پۇقرالار ئارىسىدا بىخەتەر ۋە ئاساسىي جەھەتتىن بىخەتەر دەپ قارايدىغانلار %53.96نى ئىگىلىگەن.

### 24 - كۈنى

△ دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ شېڭشېن ئورمانچىلىقتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، 2020 - يىلغا بارغاندا شىنجاڭنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى %4كە، بوستانلىقنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى %34كە يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

### 26 - كۈنى

△ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى شۆجۇ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 29 - كۈنى

△ تۇرپان شەھىرى، تېكەس ناھىيىسىدىكى (سەككىز كوچىلىق ناھىيە بازىرى) گە ئاپتونوم رايوندىكى تارىخىي، مەدەنىيەتلىك داڭلىق شەھەر، ناھىيە بازىرى دەپ نام بېرىلدى.

## 7 - ئاي

### 2 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون يىغىن ئېچىپ ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى داغدۇغىلىق تەقدىرلىدى، يىغىندا 6 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە سەپەرۋەرلىك قىلىندى ۋە بۇ پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 83 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

### 6 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ۋالىيلار، ئوبلاست باشلىقى، (شەھەر) باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەركىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ھەققىدىكى زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دائىر پىكىر يولى ۋە تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى.

### 6 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ جيالۇ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 7 - كۈنى

△ ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتكۈل جەمئىيەتكە پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەكىتلەش بويىچە 6 تۈرلۈك ۋەدە بېرىپ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

### 10 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك سۇ تېپىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى باغراش كۆلىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 8 تارماق كوماندىدىكى 51 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

### 11 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى چېڭخۋا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ يېقىلغۇ گاز (گۇرۇھى) شىركىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. چېڭخۋا توڭفاڭ پاي شىركىتى بۇ تۈرگە 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېقىلغۇ گاز باش شىركىتىنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى.

### 12 - كۈنى

△ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ساۋ بوچۇن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئاياغلاشتى. ساۋ بوچۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 13 - كۈنى

△ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 14 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى رايونىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.6℃قا يېتىپ، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيانقى تارىخىي ئېكستىرېمۇمنى بۇزۇپ تاشلىدى.

### 15 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋەتەننى سۆيۈش - ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش خەلقنى سۆيۈش بويىچە نەمۇنە ئورۇن ۋە نەمۇنە شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، 30 ئورۇن ۋە 30 شەخسنى تەقدىرلىدى.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس ئانژېلىس شۆبە مەكتىپى بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدا سۆڭەك شالاڭلىشىش، رېماتىزىم كېسەللىكە دىئاگنوز قويۇش - داۋالاش مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

### 17 - كۈنى

△ بىر ئايدىن كۆپرەك سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان شىنكۇاڭ گۇرۇھى ئۈرۈمچى لىيۇەن كرېمنىي كاربىد چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كرېمنىي كاربىد ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كرېمنىي كاربىد ماتېرىياللىق خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ئىشلەش، بىلەنمە ماتېرىيال - سايمان ياساش، پولات تاۋلاشتا ئوكسىگېن ئايرىش، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق چوڭ چاستوتىلىق كۈچلۈك ئېلېكترون زاپچاسلىرىنى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ.

### 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە

△ 2004 - يىللىق يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كورىيە، ياپونىيە، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە مەملىكەتىمىزنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىرىدىكى 271 كارخانىنىڭ 506 ماركىلىق مەھسۇلاتى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

### 19 - كۈنى

△ ج خ مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن يولداش ژېن چاڭشيانىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 2 - قېتىم دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، 2000 نەچچە ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىا كۆز يېشى قىلىشىپ دوكلاتنى ئاڭلىدى. دوكلات بېرىش ئۆمىكى 18 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ شۇ كۈنلا شىنجاڭ سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۇنجى مەيدان دوكلات بەرگەنىدى.

△ ۋاڭ لېجۇەن دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې گۇاڭۋېي بىلەن كۆرۈشتى. خې گۇاڭۋېي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك ئىدارىسى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىشقا كەلگەنىدى.

### 20 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 21 - كۈنى

△ شىنجاڭ كوكس كۆمۈرى (گۇرۇھى) شىركىتى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىگە پۈتۈنلەي قوشۇۋېتىلدى.

△ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىدىن ئادىل ھوشۇر، دىلنار ئابدۇللالارغا مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ياش، ياشلار بويىچە ئەخلاق ۋە سەنئەتتە تەڭ يېتىلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى دېگەن نام بېرىلدى.

### 22 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 25 - كۈنى

△ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ چۈنشيەن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 28 — 29 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خۇاڭ مېڭفۇ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 31 - كۈنى

△ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى بىكتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن شىخەنزە شەھىرىدە ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

## 8 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1 - ئاۋغۇست» نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «چېگراغا مەدھىيە» مۇزىكا كېچىلىكى

ئۆتكۈزدى.

### 4 - كۈندىن 7 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن لياڭيۈ باشچىلىقىدىكى شاڭخەي شەھەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە ۋە زىيارەتتە بولدى.

### 4 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىق بېجى نىسبىتىنى تەڭشىدى، دېھقانچىلىق بېجى بىلەن قوشۇمچە ھەقنى قوشقاندا 3.6% بولدى.

### 5 - كۈنى

△ 2004 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 6 - كۈنى

△ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پاكىستان قۇراللىق قىسىم بىلەن شىنجاڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدا تېررورچىلارغا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋېر ئۆتكۈزدى.

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك 10 ياخشى ھەربىي يەڭگە باھالاپ چىقىلدى.

### 7 - كۈندىن 9 - كۈنىگىچە

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېڭ خۇارېن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 9 - كۈنى

△ ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئۇلار نېفىت، گاز تەكشۈرۈش - ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر ئۇلۇغۋار پىلان ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى.

### 8 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە

△ 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي قىسىم (شىنجاڭ . خۇالىڭ) خەلقئارا بىناكارلىق - بېزەكچىلىك يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكىدە جەمئىي 126 سودا توختامى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 283 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 736 مىليون يۈەن خەلق پۇلى.

### 12 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن يۇننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ياڭ چۇڭخۇي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

### 15 - كۈنى

△ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئورمانچىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرىنى تېخمۇ گۈزەللەشتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

### 17 - كۈنى

△ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ 5 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى 5 ئايلىق شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەننى كۆزىتىش خىزمىتىنى باشلىدى.

### 18 - كۈنى

△ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 18 - كۈندىن 23 - كۈنىگىچە

△ جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت ھەپتىلىكى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 19 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

△ ۋاڭ لېچۈەن جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ يۈەنيۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

### 20 — 21 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم باشقۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

### 23 - كۈنى

△ جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى يۈەنچاۋ باشچىلىقىدىكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 25 - كۈنى

△ شىنجاڭ غەربىي يۇرت سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

### 26 - كۈنى

△ ۋاڭ لېچۈەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دۇ چىڭلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىك ئۈلگە باغچا رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 26 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە

△ 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلدى.

### 26 — 27 - كۈنلىرى

△ 2004 - يىللىق يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋۇ يى مۇھاكىمە يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

### 26 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنوڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 27 - كۈندىن 31 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. لو گەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىينەزىرى تەلەپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ رايون ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىزچىل ساقلاپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

### 27 - كۈنى

△ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «جاڭغىر» نىڭ خەنزۇچىسى (5 -، 6 - قىسىملىرى) نەشر قىلىندى. بۇ ئاز كەم 150 مىڭ مىسرالىق داستاننىڭ خەنزۇچىسىنىڭ پۈتۈنلەي نەشردىن چىقىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 30 - كۈنى

△ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جيا شىدۇڭ مەملىكەتلىك 6 - تۈركۈمدىكى خەلق رازى بولغان مەمۇر، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق رازى بولغان مەمۇرىي كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## 9 - ئاي

### 1 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە

△ 13 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 928 كارخانا يەرمەنكىگە قاتناشتى، تاشقى سودا ئىمپورت، ئېكسپورتىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 919 مىليون دوللارغا، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈشكە دائىر سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 50 مىليارد 747 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

### 1 - كۈنى

△ بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 10 دا غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە جەنۇبىي بۇگۇردىكى باش پونكىتتا گاز يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن تارىمنىڭ تەبىئىي گازى شەرققە يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

### 3 - كۈندىن 6 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گو بوشيۇڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 3 - كۈنى

△ ئىسمائىل تىلىۋالدى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى دېشۇي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

### 4 - كۈنى

△ ئىسمائىل تىلىۋالدى جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ باشلىقى ليۇ زىپېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

△ ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ باش مۇھەررىرى نەن جېنجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

### 5 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاما يىغىلىش

ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 6 - كۈنى

△ شەندۇڭ لۇنېڭ گۇرۇھى تەرەققىيات شىركىتى بىلەن فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 4 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 900 مىڭ كىلوۋاتلىق شاختا ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ رامكىسىنى بىرلىكتە قۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمنامىنى ئىمزالىدى.

### 7 - كۈنى

△ جۇڭگو كارخانىلار بىرلەشمىسى جەمئىيىتى، جۇڭگو كارخانىچىلار جەمئىيىتى 2004 - يىللىق جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ تەرتىپىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ كارخانىلىرى 4 ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇلار: «شىنجاڭ گۇاڭخۇي» گۇرۇھى (192 - ئورۇن)، شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىي گۇرۇھى (257 - ئورۇن)، «1 - ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر گۇرۇھى (301 - ئورۇن)، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى (339 - ئورۇن).

### 8 - كۈنى

△ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاما يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ ۋاڭ لېچۈەن جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجېچۇنىڭ 1 - شۇجىسى جاڭ يۈتەي بىلەن كۆرۈشتى.

△ «ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت باھاسى» لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

### 9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە 20 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى، 215 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

### 10 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى.

### 12 - كۈنى

△ 4 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيە ئىسسىقكۆل خەلقئارا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو تەنتەربىيە كوماندىسى 15 ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى، ئالتۇن مېدال ئومۇمىي ساندا مۇسابىقىگە قاتناشقان 23 كوماندا ئىچىدە جۇڭگو كوماندىسى 1 - ئورۇندا تۇردى.

△ ۋاڭ لېچۈەن مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجېچۇنىڭ 1 - شۇجىسى جاڭ جۈنجيۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ جۈنجيۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 14 - كۈنى

△ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە سارىيى — شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىدىكى تەنتەربىيە سارىيى پۈتتى.

### 15 - كۈنى

△ ئاشلى مىس كېنىنىڭ يۈكلۈك بىرلەشمە لىنىيىسىگە ماتېرىيال سېلىش سىنىقى بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ تۈردە كۈنىگە 4000 توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، قۇرۇلۇشقا 548 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

### 16 - كۈنى

△ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ئاما يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 20 - كۈنى

△ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

### 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە

△ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى چېن جىلى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى، چېن جىلى مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

### 21 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش بويىچە كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

△ 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭدىكى 10 كۆزگە كۆرۈنگەن ياش باھالاپ چىقىلدى. ئۇلار: لى شياڭداڭ، غېنى غوپۇر، ليۇ جۈشېن، جۇرئەت ئوبۇل، ۋاڭ گۇاڭچياڭ، ئەركىن ھاشىم، جۇ چيۇڭ، قانات ئىسلام، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، جياڭ ۋېي.

### 24 ـ كۈنى

△ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايوف تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگو شىنجاڭدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.

### 25 ـ كۈنى

△ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن رەڭلىك كەڭ ئېكرانلىق، سترېئو ئاۋازلىق ھېكايە فىلىم — «گۈزەل يۇرتۇم» غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى مەيدان قويۇلدى. بۇ فىلىم 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە قويىلىدۇ.

△ شىنجاڭلىق ماھىر ۋاڭ يەنخۇڭ مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 70 مېتىرلىق(ئۆرە تۇرۇپ) ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالدى.

### 26 — 27 ـ كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جىاباۋ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ رايون ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، چېگرانى مۇستەھكەملەش» ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىقنى، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

### 29 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئىلغار قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە كاتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

### 30 ـ كۈنى

△ «شانلىق مۇساپە — ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر مۇۋەپپەقىيەت رەسىملىرى كۆرگەزمىسى» ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق مەيدانىدا كۆرگەزمە قىلىندى.

## 10 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق مەيدانىدا دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

### 8 ـ كۈنى

△ لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس دۆلەت يولى غول لىنىيىسىدە قاتناش باشلاندى. لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس دۆلەت يولىنىڭ بۇ غول لىنىيىسى شەرقتە لىيەنيۈنگاڭدىن باشلىنىپ غەربتە شىنجاڭنىڭ چېگرا پورتى قورغاسقا بارىدۇ، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4395 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول %41تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ.

### 9 ـ كۈنى

△ بىڭتۇەندىكى كادىر ۋە ئامما داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بىڭتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ كاتىپى خۇا جيەنمىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى مەخسۇس كېلىپ بىڭتۇەن قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

### 10 ـ كۈنى

△ بىڭتۇەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى.

### 15 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى نازارەتچىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

### 16 ـ كۈنى

△ يەر شارىدىكى داڭلىق مالىيە ـ ئىقتىساد نەشر ئەپكارى «فوبس» نىڭ خەنزۇچىسىدا 2004 ـ يىللىق جۇڭگودىكى ئەڭ ياخشى 100 كۆچلۈك سودا شەھەرلىرىنىڭ تەرتىپى ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شەھىرى 60 ـ ئورۇنغا، كورلا شەھىرى 94 ـ ئورۇنغا تىزىلدى. ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە بولغىنى خاڭجو، نىڭبو، دالىيەن شەھەرلىرىدىن ئىبارەت.

### 18 ـ كۈنى

△ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى دۆلەتنىڭ مۇھىت ـ دوستلۇق كارخانىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

△ شىنجاڭ بويىچە ج خ ئورگانلىرىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلدى.

### 19 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە

تۈزەشتىكى «قوش ئىلغارلار» ۋە ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە 216 ئىلغار كوللېكتىپ، 300 شەخس ۋە ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن 61 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

### 19 ـ كۈندىن 27 ـ كۈنگىچە

△ قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ قوماندانى ۋۇ شۋاڭجەن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

### 20 ـ كۈنى

△ 2004 ـ يىللىق دۆلەتلىك ئايروپىلان بولاشقا قارشى ئۇنىۋېرسال مانېۋىر ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ئۆتكۈزۈلدى.

### 21 ـ كۈنى

△ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر پۇقراۋى كارخانىلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتى شېنجېندا ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتتە شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇنەۋۋەر كارخانا قاتارىغا كىردى، بۇ شىنجاڭدىكى شۇ قاتارغا كىرگەن بىردىنبىر كارخانىدۇر.

### 25 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ سابىق ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئامان ھاجى قانۇن، ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ھەمدە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

△ شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئولوگىيە تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئۆسۈملۈك يەم ـ خەشەك خورۇچى «يىلۇسۇ» يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تارقاتقان ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىدىغان يەم ـ خەشەك خورۇچى ئىشلەپچىقىرىش تەستىق ھۆججەت نومۇرىغا ئېرىشتى. «يىلۇسۇ» مەملىكەت بويىچە ئۆسۈملۈكتىن يەم ـ خەشەك خورۇچى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن تۇنجى مەھسۇلات، ئۇ چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ تۇرغان ئانتىبىئوتىكلارنىڭ قالدۇقى مەسىلىسىنى خېلى ياخشى ھەل قىلدى، «يىلۇسۇ» قىسمەن ئانتىبىئوتىك رولىغا ئىگە.

### 28 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى گارنىزونى قۇرۇلدى.

### 30 ـ كۈندىن 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8ـ ئومۇمىي يىغىنى (كېڭەيتىلگەن) ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يىراققا نەزەر تاشلاپ، مەۋقەنى ھازىرقى ئىشلارغا قويۇپ، بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

## 11 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 2005 ـ يىلدىن باشلاپ 30 نامرات ناھىيە ۋە 15 چېگرا ناھىيىسىنىڭ بارلىق دېھقانچىلىق بېجىنى ئالماسلىقنى قارار قىلدى.

△ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كۆمۈرلۈك ئوت رايونى ـ شىنجاڭ ليۇخۇاڭگو ئوت رايونىدىكى كۆمۈرلۈك ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى بىر يىللىق كۆزىتىش باشلاندى.

△ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئوخشاش تىپتىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك — ئۈرۈمچى ئۆمۈچۈك تېغى تونېل ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى پۈتۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاتناش باشلاندى.

### 2 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى ماقۇللاندى.

△ دېلوڭ سىستېمىسىدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 3 شىركەت يەنى ST تۇنخې شىركىتى، ئالىيۇمىن مەبلەغ سېلىش شىركىتى خۇنەن مەشئەل شىركىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە جۇڭگو «خۇاروڭ» مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى، دېلوڭ سىستېمىسىدىكى پېيى بازازغا سېلىنغان شىركەتلەر قاتارىغا مۆۋەپپەقىيەتلىك كىرگەن ھەمدە شىركەت ماھىيەتلىك تىجارەت قىلىشقا تۇتۇش قىلغان.

### 4 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن بايلىقى تۈزۈلمىسى تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ئامان ھاجىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.

**11 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھازىر بار بولغان دۆلەت دەرىجىلىك 5 ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 ناھىيىدە ئۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 40 ناھىيىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قىلىپ، يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش كېرەك.

**13 - كۈنى**

△ جۇڭگودىكى يېتىلىۋاتقان 100 كۈچلۈك كارخانىنى باھالاش بېيجىڭدا ئاخىرلاشتى. شىنجاڭدىكى پۇقراۋى كارخانا شىنجاڭ «تېيەندى» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ يېتىلىش سۈرئىتى %1442 لىك نەتىجە بىلەن شەرەپلىك ھالدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە شىركىتى 4- ئورۇندا تۇردى.

**15 - كۈنى**

△ قەشقەر - ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇنبىرى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

**15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە**

△ ۋاڭ لېچۈەن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولدى.

**18 - كۈنى**

△ قۇمۇل لۈنەن كۆمۈرنى ئېلېكترغا ئايلاندۇرۇش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. قۇمۇل لۈنەن كۆمۈرنى ئېلېكترغا ئايلاندۇرۇش بازىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش پىلانلاندى، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 11 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 300000 × 4 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى سەپلىنىدۇ، ئۇنجى قاراردا 300000 × 2 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشقا سېلىنىدۇ، يىلىغا 3 مىليون تونىنا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان كۆمۈر كان يۇرۇشلەشتۈرۈلىدۇ، ئۇ 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

△ دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە دائىر ئۇقتىلىق زايوم- ياردەم ئۆسۈم تۈرى - باغراش قومۇشچىلىقى 50 مىڭ توننىلىق ئاقارتىلغان بوتقا تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلدى. سۈرەتتە ۋاڭ لېچۈەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئەسقەر ئاقايېۋ بىلەن كۆرۈشمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

**19 - كۈنى**

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتى لوپنۇر كۆلىدە كالىيلىق تۇز ئېچىش، كۆمۈر تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ۋە ئېلېكتر قۇرۇلۇشى شۇنداقلا باي تۆمۈر رۇدىسى رەڭلىك مېتاللىقى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش جەھەتلەردە شىنجاڭ بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. 2004 — 2010 - يىلىغىچە دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتى شىنجاڭ قاتنىشىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سالىدىغان مەبلەغ 20 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ.

△ دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتى شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى شىركىتىگە 358 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئەنگە ئالدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ پاي نىسبىتى %63. 2005- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 1 مىليون 200 مىڭ تونىنا كالىي تۇزى ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ، بۇ تۈر 4 يىلدا تاماملىنىدۇ. يىراق مەزگىللىك كۆلەم جەھەتتە يىلىغا 3 مىليون تونىنا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە سالىدىغان مەبلىغى 8 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ.

**22 - كۈنى**

△ جىڭ — غۇلجا — قورغاس تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تۆمۈر يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 286

كىلومېتىر، ئۇنىڭغا 6 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ يولنى 4 يېرىم يىلدا پۈتتۈرۈش پىلانلاندى.

### 26 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق پارتكومنىڭ تەشكىلات كادىرى ئەمەر ئىمىنغا مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامنى بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارنى ئەمەر ئىمىندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

△ خوتەن شەھىرىدىكى 4000 ئائىلە تۇنجى تۈركۈمدە تەبىئىي گاز ئىشلىتىشكە باشلىدى.

### 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 32 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ناتۇرا ئورنىدا تەقسىم قىلىشنى توختىتىپ، تۇرالغۇ ئۆي تەقسىماتىنى بارا - بارا پۇللاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

### 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ «خۇادىيەن» قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ تۈرنىڭ 500000×2 كىلوۋاتلىق تېرمو ئېلېكتر بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش گېنېراتور گۇرۇپپىسىغا 490 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، 2005 - يىلى توك چىقىرىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىلدى.

### 28 — 29 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىدېئولوگىيە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە جامائەت پىكرى مەدىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

### 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ، چىڭخەي، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، شىزاڭدىن ئىبارەت 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون «يىپەك يولى» ساياھەتچىلىكى داڭلىق ماركا تۈرى بىلەن غەربىي قىسىم ئالاھىدە، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك ئېكسپېدىتسىيىسى تۈرىنى ھەمكارلىشىپ بەرپا قىلدى.

### 30 - كۈنى

△ لى سۇجىنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. لى سۇجى شىزاڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، شاۋجياڭ ئۇنۋانىغا ئىگە. ئۇ شىزاڭدا خىزمەت قىلغان 28 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى، 400 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ سەييارە دىئاگنوز قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى.

## 12 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى لىنىيىسى» تور پونكىتى جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «خەلقئارا لىنىيىسى» تور پونكىتى بىلەن تورلاشتۇرۇلدى ھەمدە 2 تور پونكىتى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە تىللاردا يەر شارى بويىچە ئاڭلىتىش بەردى.

### 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە

△ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇنبىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 2 - كۈنى

△ چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال كىتاب — «دولان مۇقامىنىڭ ئېكولوگىيىسى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «دولان مۇقامى» ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان «دولان رايونى» دا كەڭ تارقالغان.

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 12 - نۆۋەتلىك مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەرنى ۋە ترېنېرلارنى مۇكاپاتلىدى. ئوقيا ئېتىشتا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن ۋاڭ يەنخۇڭنى 220 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

### 6 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى يىلىغا 300 مىڭ توننا قويۇق بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلمىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى.

### 9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەركەزدە ئېچىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

### 13 - كۈنى

△ باي مىليون توننىلىق كۆمۈر كوكسلاشتۇرۇش ئېكسپورت بازىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش 3

قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، 680 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا، مېتال ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كوكس قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ %70 تىن كۆپرەكى ئېكسپورت قىلىنىدۇ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننا.

## 16 - كۈنى

△ بېيجىڭ جۇڭكېن گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئاتۇش خەلقئارا ساياھەت باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، جۇڭكېن گۇرۇھى يەنە 3 يىلدىن 5 يىلغىچە 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

## 19 - كۈنى

△ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭدىن ئىبارەت 3 ئاپتونوم رايوندا «تېلېۋىزىيىنى تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، خوتەن ناھىيىسىدە ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى 25 مىڭ دانە رەڭلىك تېلېۋىزور خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 20 - كۈنى

△ 2004 - يىللىق يىپەك يولى قار - مۇز ئۆرپ - ئادەت بايرىمى باشلاندى.

## 23 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى جاڭ چىڭلىنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، لى يى، خۇ چاڭئەن، شاۋكەت ئىمىنلەرنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى تەستىقلىدى.

## 24 - كۈنى

△ 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 400 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 380 مىڭ توننا ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ كېمىيىپ كېتىش ۋەزىيىتى ئوڭشالدى.

## 25 - كۈنى

△ چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق تىياتىر — «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» قويۇلدى. بۇ تىياتىر «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» ناملىق كىنودىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ئېخمۇ قويۇق، دەۋر تۈيغۇسى ئېخمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

## 26 — 27 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

## 28 — 29 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 30 - كۈنى

△ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن لىنىيىسى غەلىبىلىك پۈتتى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ خەت ئارقىلىق تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى غەربتە شىنجاڭدىكى غەربىي بۇگۇردىن باشلىنىپ، شەرقتە شاڭخەي شەھىرىگە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4000 كىلومېتىر، يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىر گاز شەرققە يەتكۈزۈلىدۇ.

# شىنجاڭدىكى 2004 - يىللىق 10 چوڭ خەۋەر

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئاخبارات تورى — تەڭرىتاغ تورى ئۇيۇشتۇرغان 2004 - يىللىق شىنجاڭدىكى 10 چوڭ خەۋەرنى باھالاش پائالىيىتى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاياغلاشتى، بۇ 10 چوڭ خەۋەر مۇنۇلار:

1. شىنجاڭ بويىچە يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريول جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى؛

2. شىنجاڭ GDPسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە 12 يىل يېڭى، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛

3. زوڭلى ۋېن جياباۋ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى؛

4. جۇڭگو - قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى؛

5. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گازى شاڭخەيگە يەتكۈزۈلدى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى تۇتاشتۇرۇلدى؛

6. «دېلوڭ ۋەقەسى» شىنجاڭدىكى پۇقراۋى ئىگىلىكنى ئويلاندۇردى؛

7. «دولان ناخشىچى ئوبرازى» شىنجاڭ قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى؛

8. جۇڭگودىكى تۇنجى يات تەندە كېلونلانغان «تاغ ئۆچكىسى» شىنجاڭدا دۇنياغا كەلدى؛

9. شىنجاڭ نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، يېشىل «ئېكوسفېرا» نى بەرپا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى؛

10. بىڭتۈەن ۋە ئىلى قاتارلىق 5 ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلەندى.

# شىنجاڭنى ئېچىش

## ئومۇمىي بايان

### شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە فاڭجېن - سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى پۇختا ۋە كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل، تېز، ماس ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 220 مىليارد 15 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى.

1. ئۇل مۇئەسسەسە، ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى زور، چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە غەربىي رايونغا مايىل بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ، سۈرۈلۈق، قاتناشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بىر تۈركۈم ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوبدان ئىشلىدى. بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 116 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 31 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولدى. دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى بولغان غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۈگىتىلدى. سانجى لىيۇخۇاڭگۇ كان رايونى 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقى، ئاشلى مىس كېنىنىڭ رۇدا تاللاش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. سۇپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قۇرۇلۇشى، ناھىيە تاشيوللىرى قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش بىر تۈركۈم چوڭ - چوڭ ئۇل كەسىپ ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ئىشلىنىۋاتىدۇ. قاراماي — مايتاغ — ئۈرۈمچى تەييار نېفىت تۇرۇبا يولى، جىڭ — غۇلجا — قورغاس تۆمۈريولى، دۆلەت 312 - تاشيولىنىڭ قۇمۇل — تۇرپان بۆلىكى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى — لەنجۇ تەييار نېفىت تۇرۇبا يولى، «500» سۇ ئامبىرىنى غەربكە ئۇزارتىش غول ئۆستىڭى قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا كەينى - كەينىدىن ئىش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ ئومۇمىيىتىگە ئالاقىدار زور تۈركۈمدىكى ئۇل كەسىپ ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق چوڭ - چوڭ تۈرلىرىدىمۇ پائال ئىلگىرىلەش بولۇپ، بالدۇرراق ئىش باشلاشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ بەدىلىگە يېڭىدىن ئاشقان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 15 مىڭ 800 گېكتار، ياسالغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 541 كىلومېتىر، تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 137 مىڭ 100 گېكتار بولدى، مەركەزنىڭ مەبلىغى بىلەن ياسالغان 134 خەتەرلىك سۇ ئامبىرىنىڭ 70ى خەتەرنى تۈگىتىش يۈزىسىدىن پۇختىلاندى، ئوتتۇراھال، كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 13 ى ياسالدى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى يېڭىدىن 580 مىليون كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 320 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 220 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، يېڭىدىن 934 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 5275 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ئۇل مۇئەسسەسە، ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تىرەك بولۇش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى، «بوغما ھالەت» نىڭ چەكلىمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە بوشىدى.

2. مۇھىت ئاسراش ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

2004 - يىلى تارىم دەريا ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمان، ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقلىرى ئەتراپىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، ئېبنۇر كۆلى

رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش، ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە ناھىيىلەرنى قۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار داۋاملىق يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا 89 مىڭ 300 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 28 مىڭ گېكتار، ئورمان بىنا قىلىشقا باب قاقاس تاغ ۋە قاقاس يەردە بىنا قىلىنغان ئورمان 61 مىڭ 300 گېكتار. چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇلغان كۆلەم 1 مىليون 231 مىڭ 300 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان كۆلەم 565 مىڭ 300 گېكتار، چارۋا بېقىش توختىتىلغان كۆلەم 538 مىڭ 700 گېكتار، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىشقا ئايرىپ بېرىلگەن كۆلەم 127 مىڭ 300 گېكتار.

3. ئىقتىسادىي قۇرۇلما يەنىمۇ سەرخىللىشىپ، ئۆزگىچە، ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى زور بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.1، 2 - كەسىپنىڭ 101 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.3، 3 - كەسىپنىڭ 74 مىليارد 538 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى، ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسى 20.2:45.9:33.9 قا تەڭشىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى.

يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى يەنىمۇ تېزلەشتى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىش بولدى، تېرىلغۇ كۆلىمى 2003 - يىلدىكىدىن %5.5 ئاشتى. ئاشلىق ھوسۇلى 8 مىليون 285 مىڭ 300 توننا بولدى. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى %8.7 ئېشىپ، كېۋەز ئاساس قىلىنغان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %50 نى ئىگىلىدى، پاختا ھوسۇلى 1 مىليون 752 مىڭ 500 توننا بولدى. قوي - كالا گۆشى، سۈت ۋە ئىنچىكە قوي يۇڭىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يېتەكچى مەھسۇلاتنى چۆرىدەپ، زامانىۋى چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ يېڭى نەتىجە قولغا كەلدى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. بازارلىق ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە ئۆزگىچە ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك بازىلىرى، يېشىل يېمەكلىك بازىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، مېۋە تېرىلغۇ كۆلىمى 458 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى، مېۋە ھوسۇلى 4 مىليون 508 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %10.4 ئاشتى.

بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە تۈۋرۈك كەسىپنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

2004 - يىلى 22 مىليون 530 مىڭ 200 توننا خام نېفىت، 5 مىليارد 748 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى. توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. تايانچلىق كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان كارخانا گۇرۇھلىرى ۋە پەيپى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، يېشىل يېمەكلىكلەر، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتاللچىلىق، مىللىي دورىگەرلىك، قەغەزچىلىك، تاش ماتېرىيال قاتارلىق ئۆزگىچە، ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. رەڭلىك مېتال، قىممەت باھالىق مېتال، كەم ئۇچرايدىغان مېتال ۋە كالىي تۇزىغا ئوخشاش ئەۋزەل بايلىقلارنى ئېچىش سالمىقى پەيدىنپەي ئاشۇرۇلدى.

ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىتىلىشى بىلەن ساياھەتچىلىك يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. 2004 - يىلى چېگرا سىرتىدىن كەلگەن 316 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن %85.9 كۆپەيدى، خەلقئارا ساياھەتچىلىك ئارقىلىق 91 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىندى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن %87.5 ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 12 مىليون 415 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %22.7، ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 10 مىليارد 896 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.9 ئاشتى.

4. ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىلىپ، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

2004 - يىلى غەربنى كەڭ ئېچىشقا ماس كەلمەيدىغان بىر تۈركۈم يەرلىك قائىدە - نىزاملار ۋە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر بىكار قىلىنىپ، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشقا ماس كېلىدىغان سىياسەت، قانۇن - نىزام سىستېمىسى يەنىمۇ تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىچكى - تاشقى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاشتىكى يېڭى تەدبىرلىرى پائال تەشۋىق قىلىنىپ، يېڭى ئوبراز تىكلەندى. ئىش بېجىرىش تەرتىپى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، تەستىقلاش تۈرلىرى ئازايتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەتنى جامائەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش ئىقتىدارى پەيدىنپەي كۈچەيتىلدى.

«ئىشكنى ھەممە تەرەپتىن ئېچىۋېتىش، غەربكە مايىل

بولۇش، سىرتتىن كىرگۈزۈپ، ئىچكىرى بىلەن بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاكجىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تاشقى سودا كېڭەيتىلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 636 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 3 مىليارد 47 مىليون دوللارغا يېتىپ، 19.9% ئاشتى. «سىرتقا چىقىش» ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېچىش ھەمكارلىقىغا قاتنىشىش ئىشىدا يېڭى بۆسۈش بولدى، بولۇپمۇ نېفىت تەكشۈرۈش كارخانىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ نېفىت- گاز بايلىقىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە پائال قاتنىشىپ، نېفىت تەكشۈرۈش ئۈسكۈنە - زاپچاسلىرىنىڭ ئېكسپورتىغا تۈرتكە بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېكسپورت سوممىسى 30 مىليون دوللارغا يەتتى، خېرىدار چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، بىر يىلدا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 31 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 17% ئاشتى، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ 200 مىليون دوللارغا يېتىپ، 12.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 45 مىليون 860 مىڭ دوللار بولدى. دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ساھەسى يەنىمۇ كېڭەيدى.

5. پەن - تېخنىكا، مائارىپنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلدى، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبىنى ئۆستۈردى. ئۇچۇر، بىئوتېخنىكا، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئوخشاش يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇردى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى دەۋرىي قىلغان پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى، ئىلغار، يارامىلىق تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش قەدىمى يەنىمۇ تېزلەشتى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. مائارىپ ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋات چىقىرىش مائارىپىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپلەرنى قۇرۇش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەش خىزمەتلىرى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئۇل مۇئەسسەسىلىرى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مائارىپ بايلىقى ئۈنۈملۈك تەڭشىلىپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مائارىپ سۈپىتىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى.

ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئالغا سۈرۈلۈپ، تەييار ئىختىساسلىقلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئىختىساسلىقلار بازىرى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ياخشى شارائىت زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىنىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىختىساسلىقلار جەلپ قىلىندى.

6. دېھقانلارنىڭ كىرىمى مۇقىم ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى داۋاملىق ئۆستى.

2004 - يىلى شىنجاڭ مەركەزنىڭ يېزا ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلارنىڭ باج ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سۈرۈپ، دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە ۋە شەھەرگە يۆتكىلىشكە يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقانلارنى ئۆز جايىنىڭ سۈچىلىق، يېزا - كەنت يوللىرى، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش ئۇل مۇئەسسەسە ۋە مۇھەت قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىششقا تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 2003 - يىلدىكىدىن ئەمەلىيەتتە 3.1% كۆپەيدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. بىر يىلدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە

كىرىمى 7503 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن ئەمەلىيەتتە 4.9% كۆپەيدى. پائال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرى كۆپەيتىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز خادىملارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلىپ، 369 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ئىككىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» ۋە «بىر تۆۋەن كاپالەت» خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ، شەھەر - بازارلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى، شەھەر ئاھالىسىدىن 588 مىڭ 400 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

لى ئەنچۈەن

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تاماملىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، بۇلارغا 31 مىليارد 216 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

تارىم يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇغىرىش - زەي چىقىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، سانجى ليۇخۇاڭگۇ كان رايونىنىڭ 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)، ئاشلى مىس كېنىنىڭ رۇدا تالالاش قۇرۇلۇشى، دۆلەت تاشيولى 314 - لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن خوشۇتقىچە بولغان بۆلىكىدىن ئىبارەت 5 تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى پۈتۈپ يەككە تۈر بويىچە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن تەنتەربىيە مەيدانىنى پۈتتۈرۈپ ئىشقا سېلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. قاراماي ئايرودرومىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىمۇ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن پۈتمەي قالدى.

شىنجاڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىدا تېجەشلىك سۇغىرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان كۆلەم 66 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن 33 مىڭ 300 گېكتار بەرپا قىلىندى، ئۇرۇقچىلىق بازىسىدىن 5 نى قۇرۇش نىشانى تاماملاندى؛ تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قۇرۇلۇشىدا تېجەشلىك سۇغىرىش ئۈلگە رايونىدىن 4 ى قۇرۇلۇپ بولدى، غول ئېقىن تۇگۈنلۈك قۇرۇلۇشىدىن 3 ى پۈتتۈرۈلدى، مۇداپىئە توسمىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك چۈشۈرگە پۈتتى؛ شىنجاڭنىڭ تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدا 144 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 207 قۇدۇق يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 7500 گېكتار يەر تېجەشلىك سۇغىرىلدى؛ شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا 320 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 220 كىلوۋولتلۇق سىم تارتىلىپ، 300 مىڭ كىلوئامپېرلىق ترانسفورماتور سىغىمى شەكىللەندۈرۈلدى، كۈچادىن ئاقسۇغىچە بولغان لىنىيىدە ئىش تاماملاندى؛ ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا، ئۈرۈمچى دۆڭسەن 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 200 مىڭ كىلوئامپېرلىق ترانسفورماتور سىغىمى شەكىللەندۈرۈلدى؛ 400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 110 كىلوۋولتلۇق سىم تارتىلدى؛ شىنجاڭنىڭ «يورۇقلۇق قۇرۇلۇشى» دا 25 ۋات فوتوۋولتلۇق توك چىقىرىش سىستېمىسىدىن 10 مىڭ يۈرۈش، 50 ۋات فوتوۋولتلۇق توك چىقىرىش سىستېمىسىدىن 55 مىڭ يۈرۈش تاماملاندى؛ ناھىيىلەر ئارا تاشيول قۇرۇلۇشىدا، كۈچادىن بايغا بارىدىغان تاشيول، چىرىدىن كېرىيىگە بارىدىغان تاشيول، بېيتۈندىن بۇرچىنغا بارىدىغان تاشيول قاتارلىق 5 تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى؛ شىنجاڭ نېفىتلىك تەكشۈرۈش- ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى، تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ نېفىتلىك - گازلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىرقەدەر تېز بولدى، نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى يېڭىدىن 2 مىليون 960 مىڭ توننا ئاشتى؛ كۈچا ئوقۇربۇلاق كان رايونىنىڭ 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى نېفىت ئېلىش ئىش دائىرىسىدە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ھازىرلىنىپ، 600 مىڭ تونىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى.

باشقا 11 داۋاملاشتۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى ئىچىدە سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرلۇشىدىن باشقا 10 تۈردە يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى ئاساسەن ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۈچا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا 206 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي زاۋۇت بىناسى سېلىنىۋاتىدۇ؛ تۇرپان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي زاۋۇت بىناسى سېلىنىۋاتىدۇ؛ كۈيتۇڭدىن سايرام كۆلىگىچە بولغان ئالىي تاشيول قۇرۇلۇشىغا 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يول ئۇلى ۋە سۇڭگۈچ قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ دۆلەت تاشيولى 314 - لىنىيىسىنىڭ

خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان بۆلىكىگە 4 مىليارد 449 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يول ئۇلى قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملاندى؛ دۆلەت تاشيولى 314 - لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن خوشۇتقىچە بولغان بۆلىكىگە 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يول ئۇلى قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملاندى؛ كورلا ئايرودرومىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئايرودروم يولىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ۋە بېكەت بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئاساسەن تاماملاندى؛ نارات ئايرودرومىغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئايرودروم يولىنىڭ ئۇلى بىرتەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ؛ ئاقسۇ خۇاجىن خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 300 مىڭ تونىلىق بىرىكمە ئاممىياك، 520 مىڭ تونىلىق ئورېيە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە 214 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان 12 نۇقتىلىق تۈرنىڭ 6 سىدە ئىش باشلاندى، نۇقتىلىق تەييارلىق تۈرىنىڭ 10 ىدا قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر — قاراماي — مايتاغ — ئۈرۈمچى تەييار نېفىت تۇرۇبا قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى، «500» سۇ ئامبىرىنى غەربكە ئۇزارتىش غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلۇشىغا 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جىڭ — غۇلجا — قورغاس تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسى قۇمۇل — تۇرپان بۆلىكى قاتارلىقلاردىمۇ ئىش باشلاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نۇقتىلىق تەييارلىق تۈرلىرىدىن دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى، ئۈرۈمچى تەبىئىي گاز 2 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي رايونىنىڭ ئىسسىقلىق تورى قۇرۇلۇشى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ 1 مىليون تونىلىق كوكسلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ بىرلەشمە خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كۆچادىكى 40 مىڭ تونىلىق پولىستىل ئالدىگىد تۈرى، تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ خەلقئارا كۆمۈر كوكسلاش شىركىتىنىڭ 1 مىليون تونىلىق كوكس ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت تېپىش بازىسى قاتارلىق 10 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىدە يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 15 مىڭ 800 گېكتار، سۇ سىڭمەس قىلىنغان ئۆستەڭ 541 كىلومېتىر، تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى 74 مىڭ 100 گېكتار، يېڭىدىن قۇرۇلغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئۈلگە رايونى 33 مىڭ 300 گېكتار، تاماملانغان ئۇرۇقچىلىق بازىسى 5، 220 كىلوۋولتلۇق سىم 320 كىلومېتىر، 110 كىلوۋولتلۇق سىم 400 كىلومېتىر، 500 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور سىغىمى، 25 ۋات فوتوۋولتلۇق توك چىقىرىش سىستېمىسى 10 مىڭ يۈرۈش، 50 ۋات فوتوۋولتلۇق توك چىقىرىش سىستېمىسى 5500 يۈرۈش، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 91 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 145 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 235 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 166 كىلومېتىر، 6163 ئورۇندۇقلۇق تەنتەربىيە سارىيى بىر.

لى ئەنچۈەن

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ تۇرۇبا يول قۇرۇلۇشى

بۇ تۈر 941 كىلومېتىرلىق تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش غول تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشى، تۇرۇبا لىنىيىسىگە يانداشقان 650 كىلومېتىرلىق تاشيول قۇرۇلۇشى، 3 بېسىم بېرىش پونكىتى ۋە 2 تۇرۇبا تازىلاش پونكىتى قۇرۇلۇشى، 28 كلاپان ئۆيى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۇرۇبا يولى غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشى بۇ لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 941 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ بايىنغولىن تەۋەسىدىكىسى 370 كىلومېتىر، تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكىسى 306 كىلومېتىر، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكىسى 265 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرۇبا دىئامېتىرى 1016 مىللىمېتىر، بۇ لىنىيە 4 ئورۇندا تۆمۈريولنى، 5 ئورۇندا تاشيولنى، بىر ئورۇندا چوڭ دەريا ئېقىنىنى، بىر ئورۇندا تونېلنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 5 نىشان بۆلىكىگە ئايرىلىدۇ: 1 - نىشان بۆلىكى جەنۇبىي بۈگۈر 1 - گاز يەتكۈزۈش پونكىتىدىن كورلا شەھىرىگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 179.82 كىلومېتىر كېلىدۇ، 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 22- كۈنى پاياتلاش باشلىنىپ، 2002 - يىل 7 - ئايدا تاماملاندى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %97.14 بولدى؛ 2 - نىشان بۆلىكى كورلا شەھىرىدىن جەنۇبىي كۆمۈش تېغىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 183.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاماملاندى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %97.7 بولدى؛ 3 - نىشان بۆلىكى جەنۇبىي كۆمۈش تېغىدىن غەربىي كان يولىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 185.16 كىلومېتىر كېلىدۇ، 2003 -

يىل 3 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى ئىش باشلىنىپ، 7 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.93% بولدى؛ 4 ـ نىشان بۆلىكى غەربىي كان يولىدىن ئۆتتۈرا بوغاز چۆلگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 215.93 كىلومېتىر كېلىدۇ، 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىش باشلىنىپ، 10ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى تاماملاندى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.88% بولدى؛ 5 ـ نىشان بۆلىكى ئۆتتۈرا بوغاز چۆلىدىن شىنجاڭ ـ گەنسۇ چېگرىسىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 176.39 كىلومېتىر كېلىدۇ، 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىش باشلىنىپ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تاماملاندى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.7% بولدى. تۈرۈبا يولى غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 83 مىڭ 832 تۈرۈبا ئېغىزى پايانلاپ قۇراشتۇرۇلدى، بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايونلار | يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ | 155.7 | 421 |
| شەنشى | 215 | 516.3 |
| گەنسۇ | 104.2 | 356.9 |
| نىڭشيا | 37.5 | 123 |
| چىڭخەي | 27 | 137.3 |
| شىزاڭ | 10 | 133.8 |
| ئىچكى موڭغۇل | 196.8 | 564.1 |
| سىچۈەن | 385.8 | 895.3 |
| چۇڭچىڭ | 200.6 | 395.7 |
| گۈيجۇ | 149.3 | 418.4 |
| يۈننەن | 263.4 | 663.6 |
| گۇاڭشى | 237.8 | 507.5 |

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاستە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايونلار | ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (100 مىليون دوللار) | ئېكسپورت سوممىسى (100 مىليون دوللار) | چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ (تۈمەن دوللار) |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 56.4 | 30.5 | 4586 |
| شەنشى | 36.4 | 24 | 14132 |
| گەنسۇ | 17.7 | 10 | 3539 |
| نىڭشيا | 9.1 | 6.5 | 6704 |
| چىڭخەي | 5.8 | 4.6 | |
| شىزاڭ | 2 | 1.3 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىچكى موڭغۇل | 37.2 | 13.6 | 34297 |
| سىچۈەن | 68.7 | 39.8 | 36503 |
| چۇڭچىڭ | 38.6 | 20.9 | 25196 |
| گۈيجۇ | 15.1 | 8.7 | 6271 |
| يۈننەن | 37.5 | 22.4 | 14153 |
| گۇاڭشى | 42.8 | 23.9 | 29579 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

97.2% بولدى.

تۇرۇبا لىنىيىسىگە ياندىش تاشيول قۇرۇلۇشى بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 650 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باغراش ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بۆلەك 78 كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئىش باشلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تاماملاندى؛ خوشۇت ناھىيىسى تەۋەسىدىكىسى 74 كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىل 2 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۈگىتىشتۈرۈلدى؛ توقسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىكىسى 44 كىلومېتىر بولۇپ، 2002- يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 6 - ئاينىڭ بېشىدا تۈگىتىشتۈرۈلدى؛ پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىكىسى 192 كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 12 - ئاينىڭ بېشىدا تۈگىتىشتۈرۈلدى؛ قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكىسى 262 كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 10- كۈنى تۈگىتىشتۈرۈلدى.

پونكىت - كلاپان ئۆيى قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن جەنۇبىي بوگۇر بېسىم بېرىش پونكىتى، كۆنچى دەرياسى تۇرۇبا تازىلاش پونكىتى، 4 - داۋبەن بېسىم بېرىش پونكىتى، پىچان تۇرۇبا تازىلاش پونكىتى، قۇمۇل بېسىم بېرىش پونكىتى ۋە تۇرۇبا لىنىيىسىنى ئۈزۈش كلاپان ئۆيى (28 ئېغىز) قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 28 ئېغىز كلاپان ئۆيى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 5 پونكىتنىڭ بىنا قۇرۇلۇشى ۋە ھۈنەر - سەنئەتلىك قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە پۈركۈپ تازىلاش ۋە قۇرۇتۇپ ئۆلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى.

تۇرۇبا لىنىيىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 10 دا جەنۇبىي بوگۇر گاز يەتكۈزۈش باش پونكىتىدا تۇرۇبا لىنىيىسىگە ئازوت گازى بېرىش ئىشى باشلاندى، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 18 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ساپ ئازوت گازى 2 - نومۇرلۇق كلاپان ئۆيىگە يېتىپ باردى؛ 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 0 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە غول تۇرۇبا لىنىيىسىدىكى بېسىم 0.052 مېگاپاسكالغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي بوگۇر باش پونكىتىدىن 2 - نومۇرلۇق كلاپان ئۆيىگىچە بولغان 63 كىلومېتىر غول تۇرۇبا لىنىيىسىگە ئازوت گازى بېرىش ئىشى تاماملاندى، 100.84 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئازوت بېرىلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 9 دىن 58 مىنۇت ئۆتكەندە جەنۇبىي بوگۇر گاز يەتكۈزۈش باش پونكىتى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسىگە تارىم نېفتلىكىنىڭ تەبىئىي گازىنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 7 دە تارىم نېفتلىكىنىڭ تەبىئىي گازى شىنجاڭ بۆلىكىدىكى 941 كىلومېتىرلىق تۇرۇبا لىنىيىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىگە كىردى. 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 14- كۈنى سائەت 8 گە قەدەر تارىم نېفتلىكىدىن شاڭخەي شەھىرىگە 383 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلدى، لىنىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بېسىمى 6.15 مېگاپاسكال بولدى.

ۋاڭ ئەيپىڭ، جىن شياڭخۇڭ

# كۆرگەزمە - يەرمەنكە ئىقتىسادى

## شىنجاڭنىڭ نېفىت - نېفىت خىمىيە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى دەلىللەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى نېفىت - نېفىت خىمىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئاكادېمىك، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە

گۇرۇھى، جۇڭگو خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىرى دەلىللەش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ 2004 — 2010 - يىلغىچە تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» ئىلمىي جەھەتتىن ۋە ئىمكانىيەت جەھەتتىن دەلىللەپ چىقىلدى.

«ئومۇمىي پىلان» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مايتاغ - قاراماي، ئۈرۈمچى، جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان - قۇمۇلدىن ئىبارەت 4 نېفىت خىمىيە بازىسىنى بەرپا قىلىش. 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مايتاغ 1 مىليون توننىلىق ئېتىلىن قۇرۇلۇشى بىلەن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 1 مىليون توننىلىق ئاروماتلار قۇرۇلۇشىنى ھەمدە بىرىكمە ئاممىياك، ئورېيە ۋە مېتانول ئاساس قىلىنغان چوڭ تىپتىكى تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى تۈرى، خلورلۇق ئىشقار خىمىيە سانائىتى تۈرىنى نۇقتىلىق قۇرۇپ چىقىش. 2010 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى 60 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈش. دەلىللەش يىغىنىدا مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىدىكى ئاكادېمىكلار، مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا ئومۇمىي پىلانىنى باھالىدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈردى.

شىن جيەن

## تارىم دەريا ۋادىسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 — 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ دەريا ۋادىلىرىنى باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى، تۈر دىرېكتورلىرى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بىرقانچە چوڭ دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: نۆۋەتتە سۇ بايلىقىنىڭ قىس بولۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى — تارىم دەريا ۋادىسىدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە، ئەگەر ۋادىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش كۈچەيتىلمەيدىكەن، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالىدۇ.

شىن جيەن

## 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي رايون (شىنجاڭ) زامانىۋى ئوبوروت كەسپى ۋە زەنجىرسىمان تىجارەت تەرەققىياتى مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 — 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەردە غەربىي رايوندىكى ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا، ھەمكارلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى؛ غەربىي رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر تەجرىبە ئالماشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 100 گە يېقىن سودا - ئوبوروت كارخانىسىدىن 200 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

پاڭ شياۋخۇا

## 2004 - يىللىق يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى بويىچە خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بويىغا جايلاشقان شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى، ئەمەلدارلىرى، ئالىملىرى، كارخانا ۋەكىللىرى بولۇپ، 350 ئادەم قاتناشتى.

سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋېي جيەنگو ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ يى تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

يىغىندا يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى خەلقئارا ترانسپورتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تېز بەرپا قىلىش، يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ترانسپورت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئۇچۇر راۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلدى. يەنە يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بويىدىكى ساياھەت بايلىقىنى بىرلىشىپ ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ھاۋا يولى ئېچىش، كۆۋرۈك بويىدىكى شەھەرلەرنى ئېچىش دەرىجىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

شىن جيەن

## شىنجاڭ قەشقەر، ئوتتۇرا ئاسىيا - جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر ئىقتىساد ئالىملىرى ۋە پاكىستان،

هىندىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى مۇنبەرگە قاتناشتى.

مۇنبەردە قەشقەر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەشقەر رايونى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلىرى ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تۈرتكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم دېگەن ئورتاق تونۇش هاسىل قىلىندى.

شىن جيەن

## ئاقسۇ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى رايونلار ئىقتىسادىي تەتقىقات بۆلۈمى، دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى مۇنبەرگە قاتناشتى. مۇنبەردە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانى دەلىللەندى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىيات پىكىر يولى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

شىن جيەن

## شىنجاڭ خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە (4 - نۆۋەتلىك) 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۆرگەزمىدە يېزا ئىگىلىككە دائىر خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا ۋە مەهسۇلاتلار ئومۇمىيۈزلۈك نامايەن قىلىندى، كۆرگەزمىدە زال ئىچى كۆرگەزمە ئورنىدىن 140 ى تەسىس قىلىندى، كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، زال سىرتى كۆرگەزمە كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كۆرگەزمىگە 2000 نەچچە سودىگەر قاتناشتى.

پاڭ شياۋخۇا

## جۇڭگو شىنجاڭ سايبوت خەلقئارا ئاپتوموبىل بايرىمى

تۇنجى نۆۋەتلىك بۇ بايرام 2004 - يىل 5- ئاينىڭ 28 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سايبوت خەلقئارا ئاپتوموبىل شەهەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتوموبىل بايرىمىدا زال ئىچى كۆرگەزمە ئورنىدىن 200 ى تەسىس قىلىندى، زال ئىچى كۆرگەزمە كۆلىمى 57 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۆي سىرتى كۆرگەزمە كۆلىمى 48 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كۆرگەزمە كۆرۈشكە جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مېهمان سودىگەردىن 120 نەچچە مىڭى قاتناشتى. كۆرگەزمىگە ئازكەم 1000 خىل شەكىلدىكى ماشىنا تىپى قويۇلدى، ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساتىدىغان، مۇلازىمەت قىلىدىغان 100 دىن ئارتۇق ئورۇن كۆرگەزمىگە قاتناشتى.

پاڭ شياۋخۇا

## شىنجاڭ ئۆي - زېمىن يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە شىنجاڭ خۇالىڭ گۇرۇھىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە زال ئىچى كۆرگەزمە ئورنىدىن 100 ى تەسىس قىلىندى، كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، يەرمەنكىگە 50 نەچچە مىڭ سودىگەر قاتناشتى.

پاڭ شياۋخۇا

## 2004 - يىللىق يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك بايرىمى

بۇ بايرام 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 — 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمە ئورنىدىن 540 ى تەسىس قىلىندى، كۆرگەزمىگە 276 كارخانا قاتناشتى، دۆلەتلەردىن روسىيە، ياپونىيە، كورىيە، مالايسىيا قاتارلىقلار قاتناشتى. بېيجىڭ، ساڭخەي، گۇاڭدۇڭ، شېنجېن، فۇجيەن، خېنەن،




2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 — 22 - كۈنىگىچە 2004 - يىللىق يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: كىيىم - كېچەك بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى.

جىياڭسۇ، جېجىياڭ، خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، شەندۇڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، دالىيەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ داڭلىق كىيىم - كېچەك كارخانىلىرى 509 ماركىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرگەزمىگە قويدى. بۇ مەزگىلدە كېلىشىپ پۈتۈشكەن سومما 5 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن پۈتۈشكەن سومما 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

پاڭ شياۋخۇا

## خوتەن قاشتېشى ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمى

بۇ بايرام 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ بايرامنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە باشقۇردى. بېيجىڭ جۇڭكۇەن مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلار ھەمكارلاشتى. بايرامدا خوتەننىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ساياھەت بۆلىكى بەرپا قىلىش، يىپەك يولىنىڭ مەنزىرىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، شۇ ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خوتەننىڭ قاشتېشى، گىلەم، يىپەك ۋە كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق مول بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ياخشى مەبلەغ سېلىش كەيپىياتى يارىتىش مەقسەت قىلىندى.

ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمىدا ئېسىل قاشتېشى بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ۋە خېرىدار چاقىرىش تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇش - كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شىن جيەن

## خۇالىڭ خەلقئارا ئۆي - ئىمارەت بېزەكچىلىك كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە (7 - نۆۋەتلىك) شىنجاڭ خۇالىڭ گۇرۇھىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 — 11- كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىدە ئۆي ئىچى كۆرگەزمە ئورنىدىن 200 ى تەسىس قىلىندى، كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، ئۆي سىرتى كۆرگەزمە ئورنىدىن 600 ى تەسىس قىلىندى، كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئامېرىكا، كورېيە، روسىيە قاتارلىق 15 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن كارخانا ۋەكىللىرى، گۇاڭدۇڭ، جېجىياڭ، شەندۇڭ قاتارلىق 25 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ 400 نەچچە كارخانىسى كۆرگەزمىگە قاتناشتى، 12 مىڭدىن ئارتۇق مەھسۇلات كۆرگەزمە قىلىندى.

پاڭ شياۋخۇا

## 2004 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد- سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە 46 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ۋە شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن 50 نەچچە مىڭ سودىگەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارى كەلدى. 1 مىليارد 920 مىليون دوللارلىق تاشقى ئىقتىساد- سودا توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 943 مىليون دوللار، ئىمپورت زاكاز سوممىسى 977 مىليون دوللار. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 688 مىليون دوللار بولدى. ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 56 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودا بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 6 مىليارد 70 مىليون يۈەن، ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 50 مىليارد 740 مىليون يۈەن.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## مەملىكەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە (3 - نۆۋەتلىك) شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 — 23 - كۈنلىرى شىنجاڭ خەلقئارا سودا شەھەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىگە ئۈرۈمچى ۋوگزالى سودا چەمبىرىكىدىكى 6 چوڭ بازار كوللېكتىپ قاتناشتى، 2100 يايما ئورنى تەسىس قىلىندى، 30 نەچچە مىڭ سودىگەر قاتناشتى. يەرمەنكىدە نەچچە يۈزمىڭ خىل تۇرمۇش بۇيۇمى كۆرگەزمە قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن ۋە بېنگال، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ھەم شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىرىدىن كەلگەن 300 نەچچە تىجارەت سودىگىرى، ۋاكالەتچى سودىگەر يەرمەنكىگە قاتناشتى.

پاڭ شياۋخۇا

## جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تائام مەدەنىيىتى بايرىمى

بۇ بايرام ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 — 5 - كۈنلىرى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن 119 يېمەك -

ئېچمەك كارخانىسى ۋە 164 ماھىر ئۈزگىچە ئېسىل تائاملىرىنى ئېلىپ بايرامغا قاتناشتى. 5 كۈن ئىچىدە 200 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ تېتىپ كۆرۈشى، 100 نەچچە ئاممىنىڭ بىلەت تاشلاپ باھالىشى، 7 مۇتەخەسسىسنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 30 خىل «داڭلىق كىچىك تائام»، 10 خىل «ئالتۇن ماركىلىق كىچىك تائام» ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

پاك شياۋخۇا

## 2004 - يىللىق شىنۇبىن ۋاستىسى، سايبوت ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش بايرىمى

بۇ بايرام شىنجاڭ سايبوت خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسى چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ شىنۇبىن ۋاستىسى مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ بىرلىشىپ باشقۇرۇشىدا 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 — 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سايبوت خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ بايرامدا زال ئىچى كۆرگەزمە ئورنىدىن 200ى تەسىس قىلىنىدى، كۆلىمى 57 مىڭ كۋادرات مېتىر، زال سىرتى كۆرگەزمە كۆلىمى 48 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئاپتوموبىل سودىسى قىلىدىغان 40 نەچچە ئورۇن، مېھمان سودىگەردىن 150 مىڭى قاتناشتى. 60 نەچچە داڭلىق ماركىلىق ئاپتوموبىل كۆرگەزمىگە قويۇلدى، 246 ئاپتوموبىل سېتىلدى.

پاك شياۋخۇا

## بىشكەك جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەكتىكى بۈيۈك تاڭ جۇڭگو تاۋار تارقىتىش مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - تەرەققىيات ئىدارىسى، قىرغىزىستان - جۇڭگو شېرىكچىلىكى بۈيۈك تاڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىگە 56 كارخانا، 110 ۋەكىل قاتناشتى. كۆرگەزمىگە شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ ئۆي جاھازلىرى، ئاپتوموبىل، تېلېۋىزور، يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك جۈملىدىن باش كىيىم، ئاياغ كىيىم قاتارلىق داڭلىق تاۋارلىرى قويۇلدى، يەرلىك مەھسۇلات %40 — %50 نى ئىگىلىدى. كۆرگەزمىدە پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليون دوللارغا يەتتى.

پاك شياۋخۇا

# تەرەققىيات رايونلىرى

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەرەققىيات رايونىدىكى كارخانا 2087 گە يەتتى. بىر يىلدا تاشقى مەبلەغ تۈرىدىن 9 ى، ئىچكى مەبلەغ تۈرىدىن 31 ى كىرگۈزۈلدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 595 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.7؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.7 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 50 مىليون يۈەن؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 770 مىليون يۈەن؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 245 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 180 مىليون 740 مىڭ دوللار،

شىنجاڭدىكى تەستىقلانغان ھەرخىل باغچە رايونلىرى (تەرەققىيات رايونلىرى) نىڭ ئەھۋالى

| نامى | تەستىقلىغان ئورۇن |
|---|---|
| ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | گوۋۇيۈەن |
| ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | گوۋۇيۈەن |
| شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | گوۋۇيۈەن |
| چۆچەك چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق رايونى | گوۋۇيۈەن ئالاھىدە رايونلار ئىشخانىسى |
| غۇلجا شەھىرى چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق رايونى | گوۋۇيۈەن ئالاھىدە رايونلار ئىشخانىسى |
| بورتالا شەھىرى چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق رايونى | گوۋۇيۈەن ئالاھىدە رايونلار ئىشخانىسى |

| | |
|---|---|
| سانجى دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچىسى | پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى |
| شىخەنزە دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچىسى | پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى |
| كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| قورغاس چېگىسخوزا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| كورلا شەھىرى يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك تەجرىبە باغچىسى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| خوشۇت سانائەت - سودا ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| سانجى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| پىچان خىمىيە سانائىتى باغچىسى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| كۇچا خىمىيە سانائىتى باغچىسى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى باغچىسى | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| مىچۈەن يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا نازارىتى |

ئىمپورت سوممىسى 64 مىليون 360 مىڭ دوللار.

ئايشەم

## ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ تەرەققىيات رايونىدىكى مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە كارخانا 1306 گە، تارماق ئاپپارات 399 غا، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 45 كە يەتتى. بىر يىللىق تىجارەت كىرىمى 16 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4 . 54 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 695 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئېكسپورت ئارقىلىق 651 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىندى. 2004 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 42گە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 6 گە يەتتى.

ئايشەم

## شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلى بۇ تەرەققىيات رايونى ئۆتكەن يىللاردىكى ياخشى ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلىدى. «ۋاخاخا»، «بىڭتۈەن - يەرلىك تيەنيۈەن سۈتچىلىكى، تەيۈەننىڭ «ۋاڭ ۋاڭ» تۈرىنى تېز يۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. «تيەنشىڭ» يىپ ئېگىرمىچىلىكى، «خۇڭشىڭ» ئائىلە توقۇمىچىلىقى، «يۈرۈن» گۆش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. كۈچنى توپلاپ «تيەنيې» خىمىيە سانائىتى شەھەرچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

دېڭ شۈچى

تەرەققىيات رايونى ISO14001 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭ بويىچە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تۇنجى يېشىل مەبلەغ سېلىش رايونى بولۇپ قالدى. يەنە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدە لاياقەتلىك دەپ تەستىقلانغان دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بولۇپ قالدى.

2004 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 541 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %39؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 6 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 140 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37؛ باج كىرىمى 137 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 . 36؛ مالىيە كىرىمى 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 . 20؛ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە ئەمەلىي نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى.

2004 - يىلى تەرەققىيات رايونى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ شىمالىي 3 - يول، شىمالىي 5 - يول، شەرقىي 5 - يوللارنى ۋە تەڭرىتاغ يولىنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنى ياساپ پۈتتۈردى؛ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەرقىي 10 - يول بىلەن شىمالىي 5 - يولنىڭ قىسمەن يۇندا چىقىرىش تۇرۇبا لىنىيىلىرىنى ياسىدى؛ 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كۆكەرتىش، يول چىرىغى ۋە قاتناش بەلگىسى قۇرۇلۇشلىرىنى قىلدى.

شيې پىڭ

## چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2004 ـ يىلى بۇ رايوندىكى كارخانا 30 غا، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 6 گە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 109 مىليون 831 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 273 مىڭ يۈەنگە، 2 ـ كەسىپنىڭ 37 مىليون 723 مىڭ يۈەنگە، 3 ـ كەسىپنىڭ 71 مىليون 835 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چېگرا سودىسى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 95 مىليون 452 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى.

2004 ـ يىلى ھەمكارلىق رايونى سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ۋە تۈر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، سامانيولى بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ چىققان ئۆسۈملۈك بىرىكمە ئامىنو كىسلاتاسى خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، بۇ تۈر جۇڭگودا ئۆسۈملۈكتىن ئامىنو كىسلاتاسى ئاجرىتىۋېلىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ھەمكارلىق رايونى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ تۇرۇبا تورىنى كېڭەيتىش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ خۇڭشېڭ سۈلياۋ تاغار زاۋۇتىنىڭ سۈلياۋ تاغارلىرى پۈتۈنلەي ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولدى. 2004 ـ يىلى چۆچەك خەلقئارا چېگرا سودا شەھەرچىسى ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 8 مىليون 40 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى.

خۇاڭ خۇيىڭ، خۇ شىنلەن

## غۇلجا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2004 ـ يىلى بۇ ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا 212 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 53، بۇ رايوندا سۈتچىلىك، هاراقچىلىق، قەغەزچىلىك، ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، دورىگەرلىك، يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى، سودا ـ مال ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان كارخانا تۈركۈمى بارلىققا كەلدى.

2004 ـ يىلى ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 207 مىليون 876 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %64.5؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 328 مىليون 87 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %84.4؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 712 مىليون 379 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %65.4؛ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 77 مىليون دوللارغا يېتىپ، %36.8؛ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 43 مىليون 167 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %77.4؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.4؛ كەسىپكار 5035 كە يېتىپ، %3.3 ئاشتى.

2004 ـ يىلى ھەمكارلىق رايونى خېرىدار چاقىرىش ـ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 11 (سانائەت تۈرى 9) نى ئىمزالىدى، خېرىدار چاقىرىپ كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 672 مىليون يۈەن بولدى.

ۋاڭ شياڭلىن

## بورتالا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەمكارلىق رايونى دائىرىسىدىكى كارخانا 76 گە، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 192 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ يەككە سودا ـ سانائەتچى 467 ئائىلىگە، كەسىپكار 750 كە، رويخەتتىكى مەبلەغ 5 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەمكارلىق رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 926 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 620 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 150 مىڭ دوللار، باج كىرىمى 178 مىليون يۈەن.

بەي شىنخۇا

## سانجى دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچىسى

بۇ باغچىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 308 كۋادرات كىلومېتىر، باغچا يادرو رايونىنىڭ كۆلىمى 24.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

2004 ـ يىلى باغچە رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 450 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورتتىن يارالتقان تاشقى پېرېۋوتى 1 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى. باغچە رايونى قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ۋە چوڭ ئېتىز زىرائەتلىرىنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقىدىن 10 مىڭ توننا يېتىشتۈرۈپ، سېتىلىش نىسبىتىنى %90 كە يەتكۈزدى. يادرو رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليون يۈەنگە، ئۈلگە رايونىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى 270 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 120 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 76 مىليون يۈەن، 2 ـ ۋە 3 ـ كەسىپنىڭ 74 مىليون يۈەن.

2004 ـ يىلى باغچە رايونى يېڭى تېخنىكا تۈرىدىن 9نى، يېڭى سورتتىن 37نى، يېڭى ئۈسكۈنىدىن 19 يۈرۈشنى كىرگۈزدى، يېڭى تېخنىكىدىن 12نى، يېڭى سورتتىن 38نى

كېڭەيتتى، يېڭى تۈردىن 12نى كىرگۈزدى. غەرب قوغۇنى، قۇلماق ئۆستۈرۈش، سېرىق يېتىشتۈرۈش ۋە باقمىچىلىق ئاساس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى قورۇسى تۈرىنى يولغا قويدى، كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدا نورمال بېسىملىق يۇمشاق نەيچە ئارقىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش يولغا قويۇلغان كۆلەمنى 713.33 گېكتارغا يەتكۈزدى؛ 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 90 تىپلىق دانىچە قۇلماق پىششىقلاش تۈرىنى قۇرۇپ چىقتى؛ 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئېكولوگىيە باغچىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

لىيۇ جيەنچۈن، دۇ خۈييەن

## شىخەنزە دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچىسى

بۇ باغچە 2001 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان. پىلاندىكى ياردو رايونىنىڭ كۆلىمى 440 گېكتار، ئۈلگە رايونىنىڭ كۆلىمى 7000 گېكتار، تەسىر دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 200 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، يېزا ئىگىلىك 8 - شى بىلەن شىخەنزە شەھىرى باشقۇرىدۇ. بۇ باغچىدا كېۋەز، قىزىلچا، پەمىدۇر، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ئېسىل سورتىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، قوي نەسلىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش مەركىزى، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى قۇرۇپ چىقىلدى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلەر قورۇسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىلمىي تەتقىقات، سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ساياھەتچىلىكى بىر گەۋدىلەشكەن يېڭى تىپتىكى كۆپ ئىقتىدارلىق سۇپا بەرپا قىلىندى.

2004 - يىلغا قەدەر بۇ باغچىدا زامانىۋى ھايۋانات — ئۆسۈملۈك گېن قۇرۇلۇشى تەجرىبىخانىسى، قوي ۋە سېرىق تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش تەجرىبىخانىسى، توقۇلما يېتىشتۈرۈش ۋە زاۋۇتلاشتۇرۇپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تەجرىبىخانىسى، كېۋەز ئۇرۇقىنى پىششىقلاش زاۋۇتى ۋە 15 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك قۇرۇپ چىقىلدى. تېجەشلىك سۇغىرىش ئىلغار تېخنىكىسى تەجرىبە ئېتىزىدىن 80 گېكتار بەرپا قىلىندى.

باغچا سۈپەتلىك ئۇرۇق ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش، تېجەشلىك سۇغىرىش، چارۋا - ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى قاتارلىقلارغا دائىر 100 نەچچە تېخنىكىنى تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسەتتى ۋە كېڭەيتتى. داڭلىق، سۈپەتلىك، ئۆزگىچە زىرائەت، كۆكتات، چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى سورتىدىن 40 نەچچىنى كىرگۈزدى. تۈرلۈك پەن - تېخنىكا كۇرسىدىن 60 قارار ئېچىپ، 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 2100 ئائىلىنى تەربىيىلىدى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 20 نەچچە مىڭ نۇسخا ماتېرىيال تۈزۈپ تارقاتتى. باغچىدا ئۈلگە كۆرسىتىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېڭى سورتى شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى رايونى بولۇپ 260 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى؛ پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان پەمىدۇرنىڭ يېڭى سورتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل رايونلىرى بولۇپ 60 مىڭ گېكتار يەرگە؛ سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدا تېجەشلىك سۇغىرىش تېخنىكىسى 200 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى.

شيې پىڭ

## كۇيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلى تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 39.6%، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 38 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 50.2%، باج كىرىمى 72 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 53.8%، تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 63.6% ئاشتى.

2004 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا 42گە، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 88 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 8، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 25 مىليون 260 مىڭ يۈەن، سودا، مۇلازىمەت كارخانىسى ۋە باشقا كارخانا 34، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 63 مىليون 180 مىڭ يۈەن، 15 يېڭى تۈردە ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 13، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 415 مىليون 998 مىڭ يۈەن.

چيەن شياۋچىن

## چېڭسىخوزا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

تەرەققىيات رايونى 2004 - يىلى ھەرخىل سەييارە سودىگەردىن 280 نەچچە ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى، 78 تۈر ئۈستىدە كېڭەشىپ، 22 تۈردە توختام ئىمزالىدى، 123 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. 10 تۈردە ئىش باشلىدى. سانائەت ئومۇمىي قىممىتىنى 210 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسىنى 190 مىليون يۈەنگە، باج كىرىمىنى 10 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

يەن شۇمېي

## كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلى بۇ تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 410 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 128 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەرەققىيات رايونى تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالدى. تەرەققىيات رايونىنىڭ يول قۇرۇلۇشىدىن 60 كىلومېتىرنى پۈتتۈردى، 16.2 كىلومېتىر يولغا چىراغ ئورناتتى، 23.8 كىلومېتىر ئېقىملىق سۇ تورۇبىسى، 21.7 كىلومېتىر يۇندا تورۇبىسى، 15 كىلومېتىر تەبىئىي گاز تورۇبىسى ياتقۇزدى، 33.2 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى، 12 كىلومېتىر تېلېفونىيە سىمى، 53.7 كىلومېتىر تېلېگراف تورۇبا لىنىيىسى تارتتى، «يەتتىنى ئۇتاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىن 8.37 كۋادرات كىلومېتىرنى تاماملىدى. 346.67 گېكتار ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنى ۋە يول كۆكەرتىش بەلبېغى بەرپا قىلدى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلىدى. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 300 مىليون يۈەن بولدى.

2004 - يىلى تەرەققىيات رايونى سەييارە سودىگەرلەرگە تۈرلۈك رەسمىيەتتىن 84 نى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەردى، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 300 نەچچە سودىگەر (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

تەرەققىيات رايونىغا كىرىدىغان قۇرۇلۇش تۈرىدىن 25 نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، كېلىشىمدىكى مەبلەغ سوممىسى 520 مىليون يۈەن، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 450 مىليون يۈەن بولدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەرەققىيات رايونىدا بىر تۈركۈم نېفىت خىمىيە، خىمىيىۋى تالا، يېنىك سانائەت، نېفىت تەكشۈرۈش قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش، يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق باشلامچى، تايانچ كارخانىلىرى پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ كارخانا كۆلىمى، پەن - تېخنىكا تەركىبى، بازارلىشىش دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆرلەش بولدى.

تيەن فاشياڭ

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭدىكى «ئەڭ» لەر

**كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون** شىنجاڭنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 664 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ — جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون.

**چېگرا لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن رايون** شىنجاڭ موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، روسىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ — جۇڭگودىكى چېگرا لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن رايون.

**كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئوبلاست** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 480 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ «جۇڭخۇادىكى 1 - چوڭ ئوبلاست» دەپ نام ئالغان.

**كۆلىمى ئەڭ چوڭ ناھىيە** چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، جۇڭگودىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ.

**دېڭىز ئوكياندىن ئەڭ يىراق شەھەر** ئۈرۈمچى شەھىرى دۇنيادا دېڭىز - ئوكياندىن ئەڭ يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق شەھىرى بولۇپ، دېڭىز قىرغىقى بىلەن بولغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 2250 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس جاي** تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس جاي، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە 2 - پەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

**ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى** شىنجاڭدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2179 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى** شىنجاڭدىكى باغراش كۆلى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى بولۇپ، كۆلىمى 980 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**شىمالىي مۇز ئوكيانىغا ئېقىپ كىرىدىغان بىردىنبىر دەريا** جۇڭگو بويىچە شىمالغا ئەڭ ئۇزاق ئېقىپ بارىدىغان دەريا — شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇ جۇڭگودىكى شىمالىي مۇز ئوكيانىغا ئېقىپ كىرىدىغان بىردىنبىر دەريا.

## كورلا شەھەرلىك يېزا - بازار يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك تەجرىبە رايونى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ تەجرىبە رايونىدا ساقلاش كارخانىسىدىن 11ى، ماي ئامبىرى كارخانىسىدىن 10ى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە بېزەكچىلىك ماتېرىيالى كارخانىسىدىن 20 سى، ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش كارخانىسىدىن 37 سى، باشقا تۈردىكى كارخانىدىن 41 ى بار بولدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 380 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2004 - يىلى تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8؛ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.8؛ تاپشۇرغان بېجى 8 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى؛ كەسىپكارى 1500دىن ئاشتى. بۇ تەجرىبە رايونى ھاۋانى تەڭشەپ يېڭى پىتى ساقلاش ئامبىرى، ماي ئامبىرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، بېزەكچىلىك ماتېرىيالى، ماشىنا رېمونتچىلىق، ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، مەھسۇلاتى خىلمۇخىل، تۈرى كۆپ سانائەت باغچىسى بولۇپ شەكىللەندى.

تيەن فاشياڭ

## خوشۇت ناھىيىسى تۈگمەن سانائەت - سودا ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ تەرەققىيات رايونىدا تۈرلۈك كارخانىدىن 33ى، يەككىلەر مەبلەغ سالغان تىجارەت ئائىلىسىدىن 501 ى بار بولدى، كەسىپكار 3500 گە يەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج 18 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج 9 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 47 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، تاش ماتېرىيال، يېمەكلىك پىششىقلاش، تىببىي دورىگەرلىك كەسىپكارلىرى يېتەكچى قىلىنغان سانائەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

شۇ خەيفاڭ

**سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن تاغ چوققىسى ئەڭ كۆپ رايون** شىنجاڭدىكى 11 تاغ چوققىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، ئۇ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن تاغ چوققىسى ئەڭ كۆپ رايون ھېسابلىنىدۇ.

**ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى** جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقى بولۇپ، كۆلىمى 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**كۆلىمى ئەڭ چوڭ تەبىئىي توغراقلىق** جۇڭگو بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ تەبىئىي توغراقلىق شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى توغراقلىق بولۇپ، كۆلىمى 3800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**ئەڭ ئىسسىق جاي** شىنجاڭدىكى تۇرپان جۇڭگو بويىچە يازدا ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان جاي بولۇپ، «ئوت يۇرتى» دېگەن نامى بار. 1962 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەر يۈزى ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىدا 76.6 سېلسىيە گرادۇسلۇق رېكورت يارىتىلغان.

**ئەڭ بۇرۇنقى تاش غار ئىبادەتخانا** شىنجاڭنىڭ باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆي — جۇڭگو بويىچە ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان تاش غار ئىبادەتخانىسى.

**ئەڭ چوڭ مەسچىت** شىنجاڭ قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى — جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت.

**دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز تاشيول** جۇڭگو بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز تاشيول — شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى، يەنى شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، قۇرۇمتاغ، گاندىس تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا بارىدىغان گارسا تاشيولى. پۈتۈن لىنىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ ئېگىز جايى 6035 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ يەنە دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز تاشيول ھېسابلىنىدۇ.

**بىردىنبىر ۋە ئەڭ ئۇزۇن قۇملۇق تاشيولى** تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇق تاشيولى — دۆلىتىمىزدىكى بىردىنبىر ھەم ئەڭ ئۇزۇن، ئاسفالتلاشتۇرۇلغان قۇملۇق تاشيولى.

**ئەڭ چوڭ قۇملۇق** شىنجاڭدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى — جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە 1 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق، ئۇنىڭ كۆلىمى 230 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**ئەڭ چوڭ تۇراقلىق، يېرىم تۇراقلىق قۇملۇق** جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تۇراقلىق، يېرىم تۇراقلىق قۇملۇق — شىنجاڭ تەۋەسىدىكى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى.

**گالوگېنلىق قۇرت بايلىقى ئەڭ مول تۇزلۇق كۆل** جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئېبىنۇر كۆلىنىڭ يىللىق گالوگېنلىق قۇرت بايلىقى 20 مىڭ توننا ئەتراپىدا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تۇزلۇق كۆللەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**ئەڭ چوڭ سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق مەيدانى** سايرام كۆلىنىڭ سۇ يۈزى 458 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ ھازىر جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىق رايونىغا ئايلاندى.

**ئەڭ چوڭ سۆكسۆك مۇھاپىزەت رايونى** بورتالا ئوبلاستىدىكى كۆلىمى 270 مىڭ گېكتار كېلىدىغان گەنجياخۇ دۆلەتلىك ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

## سانجى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى

2004 - يىلى تەرەققىيات رايونىدىكى تىزىملىك كارخانا 242 گە، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 85 كە يەتتى، سانائەت تۈرلىرى يېمەكلىك، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، بۇ رايوندا ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتىنى باشلامچى قىلغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون كەسپى، تۇنخې گۇرۇھىنى باشلامچى قىلغان قىزىل كەسپ، مەيچۈەرنى باشلامچى قىلغان سۈتچىلىك، خۇاشى، غەربىي يۇرت ئۇرۇقچىلىق گۇرۇھىنى باشلامچى قىلغان سورت يېتىشتۈرۈش، ئۇرۇق ئىشلەش كەسپى شەكىللەندى. بىر يىلدا خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى 18 گە، تۈرلەرنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ليۇ جيەنچۈن، دۇ خۇييەن

## پىچان نېفىت خىمىيە سانائەت باغچىسى

2004 - يىلى سانائەت باغچىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 178 مىليون يۈەنگە (مەركەزنىڭ كارخانىلىرىنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېتىپ، %17.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باغچە ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.7، قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.4 ئاشتى. يېڭىدىن 5 كارخانا كىرگۈزۈلدى، سېلىنغان مەبلەغ 80 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان پايدا- باج 6 مىليون 688 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغىچە سانائەت باغچىسىدا نېفىتلىك، تۆمۈريول قاتارلىق مەركەز كارخانىلىرى ۋە 1400 ھەرخىل ئىقتىسادىي تەشكىلات بار بولدى.

جياڭ يۈمېي

## كۇچا خىمىيە سانائىتى باغچىسى

2004 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نېفىت خىمىيە سانائىتى باغچىسى قىلىپ تەستىقلاندى، 2004 - يىلى 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، سۇ، توك، گاز بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بىرقەدەر مۇكەممەل قاتناش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. باغچىدا سۇ زاۋۇتى، شەھەرگە گاز يەتكۈزۈش پونكىتى، ترانسفورماتور ئورنى ۋە ۋوگزال بار، جۇڭگو نېفىت خىمىيە پاي شىركىتىنىڭ تارىم دەريا شۆبە شىركىتى، لياۋخې خۇاجىن شىركىتىنىڭ كۇچادىكى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ بىرلەشمە خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنىڭ 40 مىڭ تونىلىق پولىمېتىل ئالدېگىد تۈرى، شىمالىي تارىم سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز - نېفىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خۇڭچياۋ مۇم خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تيەنخې خىمىيە زاۋۇتى قاتارلىق نەچچە 10 نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بار.

لى فاڭ

## مىچۈەن يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا سانائەت باغچىسى

بۇ 1996 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا سانائەت باغچىسى، پىلانىدىكى ئومۇمىي كۆلىمى 17.86 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سانائەت باغچىسىغا كىرگۈزۈلگەن كارخانا 44 كە، كەسىپكار 5000 غا يەتتى. مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن 4 ى، 100 مىليون يۈەندىن تۆۋەن 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى كارخانىدىن 8ى، 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى كارخانىدىن 12 سى، 5 مىليون يۈەندىن تۆۋەن كارخانىدىن 20 سى بار. بۇ سانائەت باغچىسىدا ياساش كەسپى، سىم - كابېل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش كارخانىسى، يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ۋە ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت تېپىش كارخانىسى، تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش كەسپى بارلىققا كەلدى.

ليۇ يىن

# پارتىيە

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى**

شۇجى: ۋاڭ لېچۈەن (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، خۇ جىيايەن (ئايال)، ۋاڭ جىنشياڭ (12- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ چىڭلى (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: يۇ لىنشياڭ، چېن دېمىن، ۋۇ دۇنفۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ يۈەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ گاڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇ چياڭ، خەن يۇڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى يى (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇ چاڭئەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شاۋكەت ئىمىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: فۇ چياڭ (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، جىن شېڭخۇي (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، روزى ئىسمائىل، جىڭ خەيىەن (ئايال)، تاڭ دىڭباڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خې شىنلىيەن (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ مىڭلى، گو يۇڭخۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ساۋ مېيشەن، ۋاڭ خۇيلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سۇڭ خاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: لى يى (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ مېيشەن (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان)، سىدىق مەتسېيىت، خې شىنلىيەن (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ ۋېنيۇ (ئايال)، رېن خۇا (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

**ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى**

بۇ يىغىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، يىراقنى كۆزلەش، مەۋقەنى هازىرغا قويۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوندىكى هەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە هەر مىللەت كادىر، ئاممىنى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ،

ئىزاهات: بۇ ماقالە مەتبەئەگە بېرىلىشتىن بۇرۇن 2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تيەن شيۇسىنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى، يۇ لىنشياڭنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن، كومىتېت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىدى؛ 2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى نى ۋېيگونى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، كومىتېت ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى، خۇا شىفېينى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى، چېن دېمىننى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى، كومىتېت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالماسلىقنى تەستىقلىدى.

2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەي جىجېنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشنى؛ لى يىنىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىراقنى كۆزلەپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، 2005 ـ يىللىق خىزمەت يۆنىلىشىنى، نىشانىنى پىلانلاش ۋە بېكىتىش، كادىر، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق تۆت قىسىمغا بۆلۈندى: 1) ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ساغلام، ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇلluق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 2 ـ كەسىپنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 3 ـ كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ تۆتىنچىدىن، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ بەشىنچىدىن، مالىيە ۋە باج ئېلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ ئالتىنچىدىن، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك؛ 2) مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش، بىرىنچىدىن، ھازىرقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى باشتىن ئاخىرىغىچە ئىگىلەش؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۇرلۇك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تۈپتىن تۈزەش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى چىڭ تۇتۇش؛ ئۈچىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپ خاراكتېرلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىشىنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش؛ تۆتىنچىدىن، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاش؛ 3) پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش. بىرىنچىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى قوغداش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ئىدىيىمىزنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004 ـ يىللىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداش، 2005 ـ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 2005 ـ يىلى 3 ـ كەسىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇجيايەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تېزلىتىپ، 2005 ـ يىلدىكى سانائەت ئىقتىسادى ۋە تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش خىزمىتىنى ئەتراپلىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ مۇقىملىق ئارقىلىق

تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىش، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۈيىن 2005 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا 6 تۈرلۈك خىزمەتنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانا ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئىنتىزام، تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىجىل تەرەققىيات قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم، نوپۇسنى تىزگىنلەش، نوپۇسنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئارقىلىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. تېجەشلىك بولۇش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئارقىلىق بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم؛ ئالدى بىلەن ئامممىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئارقىلىق مۇھىت ئاسراش سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشىنى ۋە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلار خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكەتلىك ئىختىساسلىقلار خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر شىنجاڭدا كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ساپا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، كىشىلەر ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان، قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان شارائىت يارىتىپ، تۈرلۈك مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى ۋە ئەقلىي كۈچ مەددىتى بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «قوش تىللىق» ئوقۇتۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالىي مائارىپتا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىشنى، يېزىلاردا ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئىختىساسلىقلارنى ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئىختىساسلىقلار مۇھىتى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇجيايەن يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلات خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تەشكىلات ۋە كادىرلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون سەپەرۋەرلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ «ئاساسىي قانۇن»غا كىرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ، ئىدىيىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىش؛ ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ۋە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ بىرلىك سەپ توغرىسىدىكى باياندا قوشۇلغان «سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى بەرپا قىلغۇچىلار» دېگەن مەزمۇننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ كەڭ، ئەڭ تولۇق ئىشقا سېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىش؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنى قىلچە تەۋرەنمەي تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق خۇسۇسىي مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش تۈزۈمىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمەزگىللىك قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى نۇقتىلىق ئوبيېكت قىلىپ، تەشۋىقات، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، پەن - تېخنىكا، رادىئو - تېلېۋىزىيە، ئاخبارات-نەشرىيات قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، «مەنىۋى ئەخلەتلەر، قىمارۋازلىق، زەھەر چېكىش» قاتارلىق جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى تازىلاشنى قەتئىي تەۋرەنمەي قانات يايدۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا، كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش لازىم، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرۇپ ماسلاشتۇرىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت ئاكتىپ قاتنىشىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۇرۇش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۈەننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتكومىنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى، مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى ئورۇنلار، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايوندا 6 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سەپەرۋەر قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا زېن چاڭشيا قاتارلىق ئىلغار نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارنى تەشۋىق قىلىش، ئىلغارلاردىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش دولقۇنىنى تېزدىن قوزغاپ، ئىلغار نەمۇنىچىلارنىڭ ئالىيجاناپ روھى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش ۋە جەمئىيەتنى يېتەكلەش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ ۋە تېخىمۇ يۈكسەك كۈرەش ئىرادىسى تۇرغۇزۇشقا ئىلھام بېرىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىشنى چاقىرىق قىلدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرىدىن «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، راستچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، خەلق ئۈچۈن پاك - دىيانەتلىك بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چىڭ چۆرىدەپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، پاك - دىيانەتلىك، تىرىشچان بولۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك جامائەت پىكرى كەيپىياتى يارىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە توغرا كەيپىياتنى جارى

قىلدۇرۇپ، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چۆرىدەپ، جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەر ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ مول تۆھپىسىنى ۋە شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە سەمىمىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئەسلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىدىن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەھۋالنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىنى تېزلىتىش، ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىلمىي ماقالىسى تاللانغان ئاپتورلار يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىدېئولوگىيە خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، كادىر، ئامما ئىدىيىۋى تونۇشىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، ياخشى جامائەت پىكرى كەيپىياتى يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش لازىم، زېھنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە قاتارىدا چىڭ تۇتۇش، توغرا سىياسىي نىشاندا، سىياسىي مەيداندا، سىياسىي كۆز قاراشتا باشتىن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سىياسىي كاللا، سىياسىي نەزەر ئارقىلىق كۆزىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇش لازىم. ئىدېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېتەكچى ھوقۇقنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە جامائەت پىكرى مەدەتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى

يېڭىن روھىنى ئەتراپلىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق نازىر، ئىدارە باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەركەزدە ئېچىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مەركەزدە ئېچىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئائىت تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش؛ ئىككىنچى، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش؛ ئۈچىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش؛ بەشىنچى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جايلار، تارماقلاردىن مەركەزدە ئېچىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە ئائىت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماس، سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەندىكى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، بىڭتۈەننىڭ شىلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## قارارلار

**2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چىقارغان قارارلار (بىر قىسمى):**

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «(قوش تىللىق) ئوقۇتۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش بويىچە نەمۇنە ئورۇنلارنى ۋە نەمۇنە شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ (ئىككىنى ھىمايە قىلىش) خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «يولداش ئەمەر ئىمىنگە (مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى) دەپ نام بېرىش ۋە يولداش ئەمەر ئىمىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

**ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان قارارلار (بىر قىسمى):**

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «12 ـ نۆۋەتلىك ئافىنا مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئۇتۇق قازانغان ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلىرى، تربنېرلىرى ۋە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار» نى تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## پىكىرلەر

**2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):**

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «2004 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى› نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىل يولغا قويۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «مەركەزنىڭ ‹شىنجاڭنىڭ كادىرلار ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرى› نى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى.

**ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):**

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈشتىكى «يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكىر» نى تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈشتىكى «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى «يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ ‹بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش› نى يولغا قويۇش پىكىر» نى تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ئۇقتۇرۇشلار

**2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تارقاتقان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):**

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «2004 — 2006 ـ يىلغىچە بولغان تۈزۈلمە شتاتىنى تەڭشەش ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «‹ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىن خاتىرىسىنى ۋە يىغىنغا ئائىت ھۆججەتلەرنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «‹شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس ۋەزىپە ئۆتەش قىسمى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى (سىناق نۇسخا)› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

**ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى تارقاتقان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):**

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈشتىكى «‹ئون ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى «‹ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئۈچ دەرىجىلىك بىرلەشمە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈشتىكى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈشتىكى «كادىرلار نازارىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ‹م ب [2003] 29 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىسمەن كارخانىلاردىكى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ‹2004 - يىللىق تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «بەكرى قايىر، لى شياڭداڭ ۋە ‹شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى› دىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ‹مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ‹22 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى كادىرلار نازارىتىنىڭ «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى قاتارلىق ئالاقىدار ھۆججەتنى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش› پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ‹خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «‹شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسىنى تەڭشەش ۋە تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ھۆججەت - ئالاقە يەتكۈزۈش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ش ئۇ ئا ر ئەرزىيەت ئىدارىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئەرزىيەت خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلار مەقسەت ئېڭىنى، ئومۇمىيلىق ئېڭىنى، مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇپ قوماندانلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زىددىيەتنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىش كېرەك. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ فۇ چياڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋاڭ لېچۇەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ شيۇمىڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ياڭ گاڭ، فۇ چياڭ قاتارلىقلار شىنجاڭ

ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنىستىتۇتى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، كەڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگەش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بايراملىق سالىمىنى يەتكۈزدى ھەممە ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۇەن ۋە ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، خۇ جيايەن، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى چېن دېمىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەننىڭ قوماندانى جاڭ چىڭلى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن، فۇ چياڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوندىكى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارغا بايراملىق سالام يوللىدى، ئۇلارنىڭ يېڭى باھارنى خۇشال ـ خورام ئۆتكۈزۈشىگە، سالامەت، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە، كېيىنكى ئۆمرىنى ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۇەن، فۇ چياڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى 102 ـ تۇەن ـ مەيدانى «1 ـ ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتكەن نەق مەيدانغا، سۇ بېسىپ كەتكەن ليەندۇيلەرگە، خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1 ـ سەپىدىكى قوراللىق ساقچى ۋە ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلىدى. ۋاڭ لېچۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي غەمخورلۇق قىلىپ، بىرەر ئادەمنىمۇ توڭلاپ قالماسلىقىغا، ئاچ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۇەن ياڭ گاڭ، فۇ چياڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۈرۈمچى ناھىيىسى تولى يېزىسىدىكى مودەن گۈل ئۆستۈرۈش بازىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەممە گۈلچى دېھقانلارنى يوقلىدى.

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خۇ جيايەن، نۇربەكرى قاتارلىقلار ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىك زات ئابدۇللا داموللا، ئابدۇرەقىپ داموللا، شېرىپجان داموللا، ما شۇشىن، مائەنتەي قاتارلىقلاردىن ھال سورىدى. ئۇلارنىڭ بايرىمىنى مۇبارەكلىدى. خۇ جيايەن ئۇلارنىڭ يېڭى بىر يىلدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئوبدان خىزمەت ئىشلەشنى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۇەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، خۇ جيايەن، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، يۇ لىنشياڭ، ۋۇ دۇنفۇ، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇچياڭ قاتارلىقلار 5 يولغا بۆلۈنۈپ، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلارنى ۋە ۋاپات بولغان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ جۆرىلىرىنى يوقلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، ئۈرۈمچى شەھىرى «ياخشى ئائىلە» تاللا بازىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ۋۇ دۇنفۇ قاتارلىقلار 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئىقتىسادىي، تەشۋىقات ئىدىيە يېڭى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋۇ دۇنفۇ قاتارلىقلار بۇ 2 ناھىيىنىڭ نەشپۈت، چىلان ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى سۇ قاچىلانغان تېتىما كۆلى، مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ماكانلىشىش قۇرۇلۇشىنى، يېزا، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت پائالىيىتى پونكىتلىرىنى، ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى شەخس، ئىنقىلابىي قۇربان بەكرى قايىرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلىدى.

ۋاڭ لېچۇەن 4 ـ ئاينىڭ 10 — 11 ـ كۈنلىرى بورتالا ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ شيۇمىڭ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى. ۋاڭ لېچۇەن تۆمۈريول ۋوگزال، مەيدانلىرى كېڭەيتىپ ياسالغان قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا، ئالماشتۇرۇپ قۇراشتۇرۇلغان ئامبار ۋە يېڭىدىن پۈتتۈرۈلگەن تۆمۈريول بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالىغا بېرىپ، يولۇچى، يۈك توشۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. پورتتا قۇرۇلغان «ماركور» گۇرۇھىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، «شۇك» خۇرۇم زاۋۇتى ۋە بورتالا ئوبلاستلىق پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق

كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پورتنىڭ سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پورتنىڭ راۋانلىق ئىقتىدارىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. بورتالا شەھىرى، ئارشاڭ ناھىيىسى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 84 -، 88- تۈەن - مەيدانلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جايلار يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىق ھوسۇلى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ھەر خىل چارە - ئاماللار بىلەن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، چېن دېمىن، ۋۇ دۇنفۇ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇ چياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونىدىكى قار لەيلىسى تېغىغا بېرىپ ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلق بىلەن بىللە 25 - قېتىملىق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش كۈنى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

جۇ يۇەن 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. جۇ يۇەن ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئۇجمە، پىلال، بارىن يېزىلىرىغا بېرىپ، يېزىلاردىكى «ئۈچ پېشقەدەم» لەردىن ھال سورىدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت كادىرلارنى يوقلىدى. يېزىلاردا كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ھەر مىللەت كادىر، ئامما بىلەن سۆھبەتلەشتى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى تۇدۇنخابا سانائەت باغچىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئەركىن ئىمىر باقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەركىن ئىمىر باقى ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەپتىش قىلىش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى تەپتىش قىلىش ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ، شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق گۇرۇھى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، شىنجاڭ «قارلىق چوققا» پۇقرالار پارتلىتىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە بېرىپ، بۇ 2 كارخانىنىڭ بايرام مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىك دېجۇرنىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، خۇ جىيايەن، نۇر بەكرى قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىدا «1- ئىيۇن» نى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بايرامنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نۇر بەكرى شىنجاڭ يېڭەنكۆل قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى قەغەز ئىشلەش سېخىدا، 141 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىنى توپلاپ كۆيدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ بىلەن ئەركىن ئىمىر باقى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، پۇل مۇئامىلە، ئاكسىيە نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە «جۇڭخې» شىركىتى ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن، ئېلېكترون ئاليۇمىن پلاتىنا سېخى ۋە ئېلېكتر قۇتۇپ بورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى، تېخنىكا خادىملىرى ۋە سېخ رەھبەرلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى بەرگەن مەلۇمات دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن فۇكاڭ شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ «شىنتيەن» خەلقئارا گۇرۇھى ئوتچىلىق بازىسى، ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى، «شىنتيەن» قۇياش شەھىرى ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ چىڭلى، فۇ چياڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەسقەت كەرىمباي رايىمبېك (شىنجاڭ) يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋۇدۇنفۇ 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى، يېزا مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى نۇر بەكرى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق «1 - ئاۋغۇست» ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جىمسااردا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمىدىن ھال سورىدى.

نۇر بەكرى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە

مائارىپ نازارىتى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنى، قۇمۇل شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دۇ چىڭلىن بىلەن بىللە، شىنجاڭ «تيەنمۇ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنخۇا» بىرلەشمە گۇرۇھى بەنفاڭگۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنى ۋە شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى كۆزلەش كېرەك.

نۇر بەكرى قاتارلىقلار 9 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 18- كۈنىگىچە قاراقاش، لوپ، چىرا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە، كەنت رادىئو پونكىتلىرىغا بېرىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن 3 - كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ خوتەن، لوپ، قاراقاش، چىرا ناھىيىلىرىگە ۋە خوتەن شەھىرىگە بېرىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى 1 - نىشان قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. يۇقىرى پەن - تېخنىكا، يۇقىرى سېلىنما، يۇقىرى ھاسىلاتتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك كەسپى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېزراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو نېفتى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماقتا.

چېڭ خۇەن فوتوسى

فۇ چياڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن جۇڭگو نېفتى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ۋە مىچۈەن شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ تونىنا بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، نېفىت ئايرىش، كوكسلاشتۇرۇش زاۋۇتى، مىچۈەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئېكولوگىيىلىك سانائەت رايونى، مىچۈەن «خۇالىڭ» سانائەت باغچىسى، «گۇاڭخۇي» سانائەت باغچىسى، «يۇڭچاڭ» بىرىكمە ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلارغا بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇ چياڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن قۇمۇل ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئېچىلىش، قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكى، قۇمۇل گۇاڭدۇڭ سانائەت پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى، قۇمۇل چاڭخې گۇرۇھى «چاڭچىڭ» دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى ۋە «لۇنىڭ» ئۈمىد مەكتىپىگە بېرىپ، كۆمۈرلۈكنى

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش سۈرئىتى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈردى ۋە ئىگىلىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرغانلىقىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپلەشكەن باشلامچى كارخانىلارنىڭ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان ئاكتىپ رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرىدىن ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، بازارغا ماسلىشىپ، سەر خىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، ۋۇ دۇنفۇ، فۇ چياڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئەسقەت كەرىمباي، ئەركىن ئىمىر باقى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى تىجارەت بۆلۈمى «خۇاشيا» بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق 12 پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تىجارەت تور ـ نۇقتىسىغا بېرىپ، 1 ـ سەپتە ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

تاڭ جىڭخۇڭ

## قېرىنداش ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

خېبېي ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەي كېمىڭ باشچىلىقىدىكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 17 كىشى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مەدەنىيەت ئالماشتۇردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر تەكلىپكە بىنائەن بايىنغولىن ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە بايىنغولىن ئوبلاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان، خېبېي ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كادىرلارنى يوقلىدى. 21 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن بەي كېمىڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن كۆرۈشتى.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ساۋبوچۈن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى. ساۋ بوچۈن مۇنداق دېدى: شىنجاڭ بىلەن گۇاڭشى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە خېلى كۆپ ئوخشاشلىقى ۋە ئۆز ئارا تولۇقلايدىغان جايلىرى بار، بۇ 2 جاي مول ھەم ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقىغا ئىگە، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بىر ـ بىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بۇ 2 جاينىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. 12 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ساۋ بوچۈن قاتارلىق يولداشلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى تەكشۈردى.

جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى يۈەنچاۋ باشچىلىقىدىكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئىلىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. 23 ـ كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدە 2 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. 2 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھۆكۈمىتى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى شيې شىجيې ۋە سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى چىن يۈچىن، مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خېڭفېڭ بىلەن كۆرۈشتى. شيې شىجيې، چىن يۈچىن شىنجاڭنىڭ تېز، سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشى

كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى، 2 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شاڭ جيەن

# تەشكىلات خىزمىتى

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتى 114كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 6 (بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك پارتكوم 4)، ۋىلايەتلىك پارتكوم 7، ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 16، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەردىكى رايونلۇق پارتكوم 11. پارتىيە تەشكىلاتى 1740 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) دەرىجىلىك ئورگان 62، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك ئورگان 614، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك ئورگان 948. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 274 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك) پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 2، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 28، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 233. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 65 مىڭ 359 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتكوم 3607، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3472، پارتىيە ياچېيكىسى 58 مىڭ 280.

تەن چىڭ

## پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 130 مىڭ 393كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 42 مىڭ 292، ئايال پارتىيە ئەزاسى 266 مىڭ 77، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 438 مىڭ 311؛ 35 ياشتىن تۆۋەن پارتىيە ئەزاسى 272 مىڭ 432، 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 325 مىڭ 92، 46 ياشتىن 54 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 205 مىڭ 253، 55 ياشتىن 59 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 87 مىڭ 51، 60 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى پارتىيە ئەزاسى 240 مىڭ 565، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 251 مىڭ 896، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 387 مىڭ 685، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 167 مىڭ 76، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 142 مىڭ 778، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 432 مىڭ 854.

تەن چىڭ

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل كادىر 656 مىڭ 848 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9358ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىر 311 مىڭ 899، ئاز سانلىق مىللەت كادىر 338 مىڭ 968؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگىنىدىكى كادىر 155 مىڭ 298، دۆلەت كارخانىسى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىر 501 مىڭ 550؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىر 454 مىڭ 346، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىر 171 مىڭ 894، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىر 30 مىڭ 608؛ 35 ياشتىن تۆۋەن كادىر 324 مىڭ 786، 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان كادىر 224 مىڭ 448، 46 ياشتىن 54 ياشقىچە بولغان كادىر 92 مىڭ 20، 55 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى كادىر 15 مىڭ 594.

پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىرلار ئارىسىدىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالمىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1116، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 12 مىڭ 251، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 60 مىڭ 282. دۆلەت كارخانىسى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار ئارىسىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 458 مىڭ 742گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئورۇندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 413 مىڭ 563 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 24 مىڭ 15، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 114 مىڭ 26، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 227 مىڭ 793). كارخانىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 45 مىڭ 179 گە يەتتى (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 2587، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 11 مىڭ 864، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 23 مىڭ 390).

لى يۇڭ

## كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، «ئوبلاست (شەھەر) ئومۇمىي يىغىندا ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ نامزاتىنى ۋە كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنى قارار قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «پارتىيىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەرلىك كومىتېتىغا قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ نامزاتىنى ۋە كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنى قارار قىلىش توغرىسىدىكى چارە (سىناق نۇسخا)» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ «‹پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە›، قاتارلىق بەش قائىدە - نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەتلىك كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە «5+1» ھۆججەتنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بويىچە باشقۇرۇش يىغىنى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»ى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بويىچە باشقۇرۇش يىغىنىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى مۇپەتتىش قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. «پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنى ئەمەلىي خاتىرىلەش تۈزۈمى» تۈزۈپ چىقىلىپ، كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى، ئادەم ئىشلىتىشتە كۆزەتمەسلىك، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

لو يەنلىن

## كادىر تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش

ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە مەكتىپى 2004 - يىل 3-ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، 8 قارار نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامى بويىچە ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 657 ئادەمنى تەربىيىلىدى، 8-ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە مەكتىپى «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاشكارا تاللاش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىق 5 قائىدە - نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە بىر قارار مەخسۇس كۇرس ئاچتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن 176 كىشى تەربىيىلەشكە قاتناشتى. 6 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا، بازار كادىرلىرىدىن 400ى شىمالىي شىنجاڭدىكى 68 نۇقتىغا بىر يىلدىن 2 يىلغىچە ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئەتىيازلىق، كۈزلۈك بىلىم ئاشۇرۇش 1-، 2 - ۋە 3 - سىنىپلىرىغا، ئوتتۇرا ياش، ياشلار سىنىپىغا، غەربىي قىسىم سىنىپىغا، ئوقۇغۇچى تاللاپ يۆتكەش سىنىپىغا، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكلەر شىنجاڭ سىنىپىغا، باشقارما دەرىجىلىكلەر سىنىپىنىڭ 8 سىنىپىغا كۇرسانت يۆتكەپ تەربىيىلەش خىزمىتى ئورۇندالدى، 157 كۇرسانت يۆتكەپ تەربىيىلەندى، دۆلەت مەمۇرىي ئىنستىتۇتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، داليەن تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىپلىرىغا كۇرسانت يۆتكەپ تەربىيىلەش خىزمىتى ئورۇندالدى. شىنجاڭ 1 -، 2 - قارارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك، ئۇزۇن مەزگىللىك چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش سىنىپى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى كارخانا چىڭخۇا «تۇڭفاڭ» گۇرۇھى بىلەن «شىنجاڭ - چىڭخۇا كادىر تەربىيىلەش ھەمكارلىق تۈرى كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاندى. چىڭخۇا «تۇڭفاڭ» گۇرۇھى ھەر يىلى شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆگىنىش، تەربىيىلەشكە ئەۋەتىش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنى 1 مىليون يۈەن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لو يەنلىن

## شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى يەكۈنلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قورغاس، قۇمۇلغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا دائىر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى قەدەمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ناھىيە

(شەھەر) لىك پارتكومنىڭ شۆجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئەۋەتىش خىزمىتى ئۈچۈن ئاساس سالدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىغا پائال ماسلىشىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار خىزمىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيىتىنى تەشۋىق، خەۋەر قىلدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكومنىڭ شۆجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى نۇقتىدا سىناق قىلىنغان ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى، ئىلى ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۆز ئارا تەكشۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ باشلامچى، كۆۋرۈك بولۇشى بىلەن، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئىمزالىغان تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى 180گە يەتتى، ئەمەلىيەتتە 396 مىليون يۈەن تۈر مەبلىغى كىرگۈزۈلدى، 250 مىليون يۈەن مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ھەقسىز ياردەم قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ۋە بىڭتۇەن بىلەن كېڭەشىش، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئىچكىرىدىكى 8 ئۆلكە، شەھەر، دۆلەت ئىلكىدىكى 15 تايانچ كارخانا بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش تەكلىپ لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مائارىپ، سەھىيە، داۋالاش ئاپپاراتلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، سەھىيە، داۋالاش ئاپپاراتلىرى سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش تەكلىپ لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. «شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسىنى تەڭشەش ۋە تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

لو يەنلىن

## تەشۋىقات خىزمىتى

### ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەتتە تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، تىنچ دەۋرىدە خېيىمخەتەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي، خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىگە دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە دىققەت بىلەن قاراپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى تەرەققىيات نەزىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى ئىسلاھات روھى ئارقىلىق ئالغا سۈرۈپ، يېڭى شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

ئىسمائىل تىلىۋالدى يازما سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ 2003 - يىلدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، جامائەت پىكرى مەدەتى ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

شاڭ جيەن

### تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ،

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇملۇق چۆرىدىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاساسىي ھۇجۇم جېڭى ياخشى قىلىنىپ، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىششتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۇرلۇك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. مۇقىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش - نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نى تۈزۈپ چىقىپ، قاتلامغا، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، شەكىل جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق 6 تۈرلۈك 6 تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، ئوبزور شەكلى ئارقىلىق «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىپ، ئۆگىنىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە دېڭ شياۋپىڭ توغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، كادىرلار، ئاممىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشقا، يەنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرۇشقا يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىر تۈركۈم تىپلارنى تەشۋىق قىلدى، يۈز تۈرانە چۈشەندۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېمىلارنى بېكىتتى.

2. مەركىزىي خىزمەت چۆرىدىلىپ، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىپ، ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات ۋاستىلىرىنى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 -، 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ماسلاشقان، سىجىل ئىلمىي تەرەققىيات قارشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە زور تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلدى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ياخشى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىدىيىسىنى مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلىدى. دېڭ شياۋپىڭ توغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشنى پائال ئۇيۇشتۇردى. دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى چۆرىدەپ، بىڭتۈەن ۋە 5 ئوبلاست، 6 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەركەزلىك تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى، يىغىن ۋە رەھبەرلەرنىڭ پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىشنى يەنىمۇ ياخشىلىدى، گېزىت، ژۇرناللارنى تىزگىنلەش، تەرتىپكە سېلىشتا ساقلانغان بەزى مەسىلىلەرنى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

3. ئادەم ئاساس قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىلىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يەنىمۇ كۈچەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى. مەۋقە ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇلۇپ، چىڭ ئەقىدە ئارقىلىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى، ئاساسىي تەجرىبىسى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، چوڭ تىپتىكى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، مەملىكەت بويىچە 2 - قېتىملىق پۇقراقلار ئەخلاق تەشۋىقات كۈنىنى، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - قېتىملىق پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇش ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، لى شياڭداڭ ۋە «شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى»نى، بەكرى قايىر، ئەمەر ئىمىن قاتارلىق ئىلغار تىپلارنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. مەركەزنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، سىلىنما سالمىقىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەر يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ ئۆسمۈرلەر قانىلى شىنجاڭدا تارقىتىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆسمۈرلەر قانىلىنى كۆپەيتتى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆسمۈرلەر مەخسۇس سەھىپىسى ئاچتى. تورخانىلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش ۋە مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تۈزەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەمئىيەت ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى مۇھىت شەكىللەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 22 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇلدى، «تۆتنى تونۇش» (ۋەتەننى تونۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى تونۇش) تەربىيىسى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى قەتئىي ئىشەنچ، ئورتاق غايە ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. «ئاساسىي قانۇن»نى تەشۋىق قىلىش ئېيى پائالىيىتىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان تەشۋىقات ئۆمىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەشۋىق قىلدى. VCD لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىسى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، «تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما، ئورۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىغا تېلېۋىزور ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، جەمئىي 8512 تېلېۋىزور، 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ غەملەندى. ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە، يېزا، كەنت مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە ئەسقاتىدىغان كىتاب، ئۈسكۈنە، ئەسۋاب ئىئانە قىلىندى، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈشنى بىر يىلدا بىر قېتىم مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش بىلەن ئادەتتە يېزىلارغا تارقاق يەتكۈزۈش بىرلەشتۈرۈلدى.

4 . ھەم گۈللەندۈرۈش، ھەم باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات خىزمىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۇكاپاتلاش مېخانىزمى، نادىر ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش مېخانىزمى، ئەدەبىيات- سەنئەت سىر خىل ئەسەرلىرىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئىسپاتلاش تۈزۈمى ۋە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ئىجادىيەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلدى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرىنى مىللىي تىل - يېزىققا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت سوۋغا قىلىش پروگراممىسى ۋە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ئىجادىيىتىنى پىلانلاش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە 2005 - يىلى مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» بويىچە مۇكاپات باھالاش ئۈچۈن ئاساس سالدى. تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» بويىچە تەقدىرلەش ۋە تەۋسىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت سەرخىل ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى كىشىلەر مەيدانغا كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە شىنجاڭ سىنىپى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش قاتارلىق چوڭ پائالىيەتلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇلدى. 100 كۈنلۈك مەدەنىيەت مەيدانى پائالىيىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئەسەر تەكشۈرۈش خىزمىتى تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كىنو، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى، نەشر بۇيۇملىرىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش، كۆرۈپ تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مەنىۋى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش سۈپەت ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سىياسىي خاراكتېرلىك قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا ۋە ئوغرىلىقچە نەشر قىلىش، بېسىشقا زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش»، «قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىدىن 430 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

5 . مەزمۇنى مول، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلگەن مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات

يايدۇرۇلدى. مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي كەنت بازىرى بەرپا قىلىش ئاساس قىلىنغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى 2 يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى باشقۇردى. «يېشىل مەھەللە» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، قانۇن، سەھىيەدىن ئىبارەت «تۆتنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «تەڭرىتاغ ساغلاملىق ئۇسسۇلى» تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «تۆتنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش» بويىچە مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ساغلاملىق تۈرلىرىنى نامايەن قىلىش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر نومۇر بولدى، 4 مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە 4 - تۈركۈمدە شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە دېگەن نامغا ئېرىشتى. «ئىشەنچلىك كەسىپ»، «ئىشەنچلىك ئورۇن»، «ئىشەنچلىك مۇلازىمەت كۆزنىكى» بولۇشنى ۋە «ھەممە شەھەردىكى بارلىق دۇكانلاردا ساختا مال بولماسلىق»نى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. مەدەنىي مەنزىرە ساياھەت رايونى بەرپا قىلىش، «ئارمىيە - خەلق، ساقچى - خەلق 1000 چاقىرىملىق جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا مەدەنىي لىنىيىنى ئورتاق بەرپا قىلىش» ۋە ئامان- ئېسەن داغدام يول بەرپا قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر داۋاملىق ياخشى تۇتۇلدى. «غەربىي ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» ۋە «100 ناھىيە، 1000 يېزا تەشۋىقات- مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» ئەستايىدىل يولغا قويۇلدى.

6. مەۋقە هازىرغا قويۇلۇپ، يىراق كۆزلىنىپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى. تەشۋىقات كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ساپاسى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشى ۋە ماتېرىيالىزملىق تارىخ قارىشى، كەسىپ روھى ۋە كەسىپ ئەخلاقىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «خەلق گېزىتى»، «نۇر گېزىتى» شىنجاڭنىڭ خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى مەخسۇس خەۋەر قىلدى. شىنجاڭ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى چۈشۈرگەن 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى كادىر تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا «تۆت بىر تۈركۈم» ئىختىساسلىقلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى، مېخانىزمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ۋىلايەت، ناھىيە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى كادىر تەربىيىلەش مەركىزى چۈشۈرگەن كادىرلارنى يۆتكەپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

ما يەنجۇ

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1. تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى.

مەدەنىيەت ھەپتىلىكىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو، شىنجاڭ تەشۋىق قىلىندى، 2004 - يىلى مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەملىشىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقاتى تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقتى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ 1 - چوڭ شەھىرى ئالمۇتادا جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 2004 - يىللىق مەدەنىيەت ھەپتىلىكى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. «سېھىرلىك شىنجاڭ» فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت، رەسىم، مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆردى. «شاد - خۇراملىققا چۆمگەن شىنجاڭ» ناملىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلى ئوينالدى. «شىنجاڭنى نايامان قىلىش» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرسىتىلدى ۋە «دوستلۇق كۆۋرۈكى سېلىش، يىپەك يولىنى قايتا شەرەپ قۇچقۇزۇش» تېمىسىدىكى مەخسۇس نۇتۇق سۆزلەش دوكلات يىغىنى ئېچىلدى. قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىقلار مەدەنىيەت ھەپتىلىكى نەق مەيدانىنى بىۋاسىتە ئېكسكۇرسىيە قىلدى. قازاقىستاندىكى چوڭ ئېقىمدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت ھەپتىلىكى»نى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا ۋە ئالتۇن ۋاقىتتا داۋاملىق كۆپلەپ خەۋەر قىلدى.

2. تاشقى تەشۋىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئىجابىي يېتەكلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. بىرىنچى، تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى جەھەتتە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، ئىجابىي تەشۋىقات دائىرىسى كېڭەيتىلدى. تىل تۈرلىرى، مەزمۇنى توغرىلانغان، قاراتمىلىقى كۈچلۈك تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەش،

باشقۇرۇش ۋە تارقىتىش يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇلدى، كۆلەملەشتۇرۇلدى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى «2004 ـ يىلدىكى جۇڭگو شىنجاڭ»، «جۇڭگو شىنجاڭ ساياھەت يول باشلىغۇچىسى»، «جۇڭگو شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش قىبلىنامىسى»، «جۇڭگو شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش سىياسىتى، قانۇن قائىدە ـ نىزاملار توپلىمى»، «جۇڭگو شىنجاڭ خەرىتىسى» قاتارلىق خەنزۇچە، رۇسچە 9 كىتاب تۈزۈلدى، تەرجىمە قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رۇسچە كىتاب يوق بولۇشتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى. گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشىغا ماسلىشىپ، «يىپەك يولىدىكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئىزلىرى» دېگەن خەنزۇچە، ئېنگلىزچە 2 رەسىملىك كىتاب، بىر كىتاب نەشردىن چىقتى. پوچتا تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭ مەنزىرىسى»، «شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ بايلىقى» قاتارلىق يۇرۇشلۇك ھەقلىق پوچتا ئاتكىرىتكىسى ئىشلەندى. ئىككىنچى، رۇسچە قەرەللىك ژۇرنال «قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» ژۇرنىلىنىڭ جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى ۋە رۇس تىلى ئىشلىتىلىدىغان رايونلاردىكى دۆلەتلەردىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورنىنى بېكىتىشنى پۇختا ئىگىلەش ئاساسىدا، چەت ئەل يېزىقىدىكى ژۇرناللارنى ياخشى چىقىرىشنىڭ يېڭى يوللىرى ۋە يېڭى چارىسى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىلدى ۋە بۇ خىزمەت ياخشىلاندى. مەزمۇن جەھەتتە، ئوقۇشلۇقلۇقى، قاراتمىلىقلىقى، قىزىقارلىقلىقى تىرىشىپ كۈچەيتىلدى. سلاۋيان يېزىقىدىكى قازاقچە چېگرا تاشقى تەشۋىقات ژۇرنىلى «قوشنا» مۇ دۆلەت ئاخبارات نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق نەشر قىلىندى. ئۈچىنچى، تاشقى تەشۋىقات ئاساسى كۈچەيتىلدى، تاشقى تەشۋىقات ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى مۇھىم نۇقتا، جەلپكار مەسىلە ۋە گەۋدىلىك ۋەقە قاتارلىقلارغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۆلچەم ئامبىرى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە 2 يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئاپتونوم رايوندا 2 يىغىن ئېچىلغان مەزگىلدە، چەت ئەلنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغان ئۆلچەمدىن 56 سى تۈزۈلدى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭغا ئائىت مەسىلە توغرىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا ماسلىشىپ، چەت ئەلنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغان 50 ئۆلچەم ماتېرىيالى رەتلەپ چىقىلدى، خەت سانى ئاز كەم 20 مىڭ. ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆلچىمىدىن 29ى تاماملاندى. تۆتىنچى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى بېيجىڭدا شىنجاڭغا ئائىت مەسىلە توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىللەت، دىن جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇخبىرلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 60 تىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. بەشىنچى، تاشقى تەشۋىقات ئۈچۈر گۈلزارىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. تورلۇق تاشقى تەشۋىقات سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ سىرتقا ئۇچۇر ئېلان قىلىندى. بىر يىلدىن بۇيان «مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات خەۋەرلىرى» گە شىنجاڭ ئەۋەتكەن ماقالىدىن 6 پارچە بېسىلدى. «شىنجاڭ تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى»، «ئۇچۇر تېز خەۋىرى» گە تاشقى تەشۋىقات ماقالىسىدىن 5 پارچە بېسىلدى. «شىنجاڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمەت خەۋىرى» دىن 5 سان چىقىرىلدى، خەت سانى 150 مىڭدىن ئاشىدۇ. مەملىكەتلىك تاشقى تەشۋىقات سىستېمىسى ئۈنىۋېرسال ئۇچۇر تورىغا 160 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئەۋەتىلدى، خەت سانى 80 مىڭدىن ئاشىدۇ.

3. پايدىلىق پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، تاشقى تەشۋىقاتنىڭ يورۇق نۇقتىسى بەرپا قىلىندى. بىرىنچى، «تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش» سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى، قازاقىستاندىكى 7 ئاخبارات ۋاستىسى، قىرغىزىستاندىكى 3 ئاخبارات ۋاستىسى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى 10 ئاخبارات ۋاستىسى تەكلىپ قىلىندى، 4 تۈركۈمدە يۇقىرى قاتلامنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت قىلدى ۋە خەۋەر قىلدى. چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلار 3 تۈركۈم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 5 قىتئە ئاخبارات مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ سۇمۇرۇغ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى بىرلىكتە 5 قىسىملىق چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىسى «جۇڭگونىڭ ئەھۋالى» نى كۆرسەتتى ھەمدە چەت ئەلگە تارقاتتى. شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك 3 ـ قېتىملىق يىغىننى ھەمكارلىشىپ ئاچتى. جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق 12 ئەلچىخانىسى، مەملىكەتتىكى 17 مىنىستىرلىك، كومىتېت، چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك 10 ئاخبارات ۋاستىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئىككىنچى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش ئىشى ئىلگىرى

سۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون «سىرتقا چىقىرىش» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىسى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆزبېكىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن دولقۇنىدا ھەر كۈنى 30 مىنۇت ئاڭلىتىلىدىغان بولدى. بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ تېلېۋىزىيە قانىلىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن ئۆزبېكچە پروگراممىنى 30 مىنۇت كۆرسەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، قىرغىزىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن قىرغىزچە پروگراممىنى ھەر كۈنى 2 سائەت كۆرسەتتى. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىم ئاخبارات ۋاستىلىرى، تور ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنى ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 5 ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 5 ئوبلاستنىڭ ئەۋەتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوبرازىنى نامايەن قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى.

4. «تەڭرىتاغ تورى» قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى، توردا ئىجابىي جامائەت پىكرىنى تەشۋىق قىلىدىغان كۈچلۈك ھالەت شەكىللەندۈرۈلدى.

1) تەڭرىتاغ تورىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى، تەڭرىتاغ تورىنى شىنجاڭ ئاخبارات ئۇچۇر ئومۇمىي يىغىندىسىغا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر شىنجاڭنى چۈشىنىدىغان مۇھىم كۆزنەككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. 2004 ـ يىلى تەڭرىتاغ تورى باش بەتنى، ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە بەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، رايوننى، يېتەكلەشنى، ئاخبارات ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەت مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى داۋاملىق بېيىتتى. ئاخبارات بايلىقىنى بىرىكتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. تور بېكەتلىرىنىڭ مەخسۇس تېما قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. «قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى»، «13 ـ نۆۋەتلىك تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى»، 5 ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىن 30 نەچچىسى تەسىس قىلىندى. توردا بىۋاسىتە ئاڭلىتىش ۋە ئۆزى خەۋەر ئىشلەش باشلاندى. بۇ يىل كۈچ تەشكىللىنىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، خەلقئارا مۇلازىمەت بايرىمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىۋاسىتە كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تور بېكەتلىرىنىڭ مەزمۇنى بېيىپلا قالماستىن، بەلكى تەسىر كۈچى كېڭەيدى. تەڭرىتاغ تورىغا كىرگەنلەر 800 مىڭ قېتىمدىن ئاشتى، كۈندىلىك كىرىپ كۆرگەنلەر 20 مىڭدىن ئاشتى. بۇ تور شىنجاڭ بويىچە ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە تور بېكىتى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى، ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئاخبارات تەشۋىقات قوشۇنى، تەربىيىلەش ۋە ئۆگىنىش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 4 تور ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ مەسئۇلى ئىچكىرىدىكى 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ تور ۋاستىسىنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ سودا تور بېكىتى، ئاخبارات تور بېكىتىنىڭ مۇھەررىرلىرى 7 تۈركۈم (قېتىم) گە بۆلۈنۈپ بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سىياسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۈچىنچى، ئىلى ئوبلاستى، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، بورتالا ئوبلاستى ئۆزلىرىنىڭ تاشقى تەشۋىقات تور بېكەتلىرىنى قۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىسى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تور تەشۋىقات سۇپىسى قۇردى، تۆتىنچى، ئاپتونوم رايوندىكى تور ۋاستىلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تور ئاخبارات تەشۋىقاتىنى باشقۇرۇشقا ئائىت تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوندا ئاخبارات كەسپىي بەلگىلىمىگە خىلاپ يولغا قويغان تور بېكەتلىرى ئېنىقلىنىپ، تەرتىپكە سېلىندى؛ دۆلەتنىڭ زىيانلىق ئۇچۇر خىزمىتىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشقا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئېنىقلاش خىزمىتى ئىشلەندى؛ تور ئاخبارات تەشۋىقاتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، پىكىر ئېلىندى. خىزمەتلەر ياخشىلاندى، ھەر خىل باسقۇچتىكى تەشۋىقات مۇھىم نۇقتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئىنتېرنېت ئاخبارات تەشۋىقاتىغا ئائىت قانۇن، قائىدە ـ نىزامنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەمۇرىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، كەسىپلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، تېخنىكىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈلدى.

2004 ـ يىلى تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە مۇئەييەن ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، بىراق بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ۋەزىيىتى بىلەن تاشقى تەشۋىقات ئەمەلىي كۈچى بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ؛ شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقاتىنىڭ ئەھۋالى بىلەن دۇچ كەلگەن خەلقئارا جامائەت پىكرى كۈرەش ۋەزىيىتى بىر ـ بىرىگە سىممېترىك بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە دۇچ كەلگەن مۇھىم پۇرسەت بىلەن دۆلەتنىڭ بۇ خىزمەتكە سالغان سېلىنمىسى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات كۆچى بىلەن دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بىزگە قارشى تۈرۈش كۈچى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ۋۇ يۇڭ

## جاۋ چىجېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچىدە تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاۋ چىجېڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. جاۋ چىجېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بارلىققا كەپتۇ. مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ، ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە تېخىمۇ چوڭ نەتىجە قازىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

شاڭ جيەن

# بىرلىك سەپ خىزمىتى

## ش ئۇ ئا ر بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، بىڭتۇەن پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەت، دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ھەمدە مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 2003 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، 2004 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ليۇ كەي

## ش ئۇ ئا ر پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، بىۋاستە قاراشلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار پارتكوم (پارتگورۇپپا) نىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلات، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ 156 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ليۇ كەي

## شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئەت ئەزاسى جۇ جېنجۇڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار 2002 - يىلى نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيان، «شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلۇپ، پەرق ۋە مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلىپ،

بۇنىڭدىن كېيىن ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى ۋەزىپە ۋە نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جاۋ يۇلەن

## پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ دېموكراتىك كېڭەشش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 6 - قېتىملىق پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ كېڭەشش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ دېموكراتىك كېڭەشش يىغىنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن پارتىيە، گۇرۇھ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىگە ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ كادىر ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكلىپ نامزات ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە، گۇرۇھسىز زات خوجىخان ھاكىموف، دۇ چېڭرۈي، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئەت ئەزاسى جۇ جېنجۇڭ، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئەت ئەزاسى شۈي جيەن، دېھقان - ئىشچىلار پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئەت ئەزاسى سۇ شۇۋ قاتارلىقلار سۆزگە چىقتى ھەممە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ نامزاتلىرى مول خىزمەت تەجرىبىسىگە، خېلى كۈچلۈك خىزمەت ئىقتىدارىغا ۋە كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قاراپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى ۋە ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارغا چاي بەردى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە، گۇرۇھسىز زاتلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى خۇشال - خۇرام شىنجاڭ خەلق سارىيىغا جەم بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جىيەن چايغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا رپارتكوم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئورگاندىكى باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلار قاتناشقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نى ئۆگىنىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جىيەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» نى ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە، گۇرۇھسىز زاتلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جىيەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. خەلقئارا، ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، سىياسىينى ئىگىلەش ئىقتىدارىمىزنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىشلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، سودا -

سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا بېرىلگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»قا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر ئېلىندى. ئىسمائىل تىلىۋالدى كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان تەرەققىيات پۇرسىتى شىنجاڭنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، كەڭ دائىرىدە پايدىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھەممەيلەن پىلان، تەدبىر، كۈچ تەقدىم قىلىپ، 2005 - يىلدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 11 - بەش يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە كۈچ چىقىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ۋە سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

جاۋ يۇلەن

## ش ئۇ ئا ر دىن خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ۋالىيلار (ئوبلاست باشلىقلىرى)، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، نۇقتىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىش، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى دىن خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

لىيۇ كەي

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 4110غا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 133 ئەزا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 733كە يېتىپ، 15 ئەزا؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى 1285كە يېتىپ، 16 ئەزا؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 414كە يېتىپ، 16 ئەزا؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 689غا يېتىپ، 52 ئەزا؛ دېھقان، ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 368گە يېتىپ، 13 ئەزا؛ «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 621 گە يېتىپ، 21 ئەزا كۆپەيدى؛ شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا ئالىي ئۇنۋانى بارلار 1686 بولۇپ، %41نى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 1681 بولۇپ، %41نى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 3199 بولۇپ، %78نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرىچە يېشى 55.4 ياش بولدى.

پاڭ جىجياڭ

## دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە «ئاساسىي قانۇن»نى ئۆگىنىش كۇرسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى بىرلىكتە 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ

18 ـ كۈندىن 23 ـ كۈنگىچە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە «ئاساسىي قانۇن» نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار شىنجاڭ كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە شەھەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 48 كىشى كۇرسقا قاتناشتى. كۇرستا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە قىلىش، ئۆزى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى، 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى بىرلىك سەپ ۋە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىشقا ئائىت نەزەرىيە، سىياسەت، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» چوڭقۇر ئۆگىنىلدى. ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، كۇرسانتلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكى كۈچەيدى، شىنجاڭدا كۆپ پارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجۈڭ كۇرس تاماملاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

جاۋ يۈلەن

### بىرلىك سەپ ئۈچ قوشۇننى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپى 15 قارار كۇرس ئېچىپ، 2390 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 10 قارار ئېچىلىپ، 2000 ئادەم تەربىيىلەندى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئوتتۇرا ياش، ياش تايانچلارنى تەربىيىلەش كۇرسى بىر قارار ئېچىلىپ، 50 ئادەم تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلىق، بازارلىق پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 2 قارار ئېچىلىپ، 200 ئادەم تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىك سەپتە دىن خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى بىر قارار ئېچىلىپ، 100 ئادەم تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىك سەپ كادىرلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى بىر قارار ئېچىلىپ، 40 ئادەم تەربىيىلەندى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 4 يىل داۋام قىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش ئاخىرلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش بويىچە 37 قارار كۇرس ئېچىپ، 7560 ئادەمنى تەربىيىلىدى؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئوتتۇرا ياش، ياش تايانچلارنى تەربىيىلەش بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 100 ئادەم تەربىيىلەندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، سىياسىي مەكتەپلەر 21 مىڭ ئادەمنى تەربىيىلىدى.

تاڭ چاۋ

### شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 3 ـ قېتىملىق ئۇيۇشما ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، سايلام ئارقىلىق 17 كېڭەش ئەزاسى بارلىققا كەلدى. شى جىڭيۇ ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

تاڭ چاۋ

### ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك 3 ئاز سانلىق مىللەت كادىر 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىن 24 ـ كۈنگىچە مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ شياڭگاڭ «پېيخۇا» مائارىپ فوندى ئاچقان 18 ـ قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك 2 ئاز سانلىق مىللەت كادىر 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 22 ـ كۈنگىچە، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ شياڭگاڭ «پېيخۇا» مائارىپ فوندى ئاچقان 19 ـ قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىن 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنگىچە ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن 40 ئاز سانلىق مىللەت كادىر مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ سۈجۇ شۆبىسىدە شىنجاڭ ئۈچۈن ئاچقان ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ 10 ـ قارارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

ئەنۋەرجان مەھەممەت

## دىن خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

2004 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مەسئۇللىرى 6 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسىنى ۋە دىن خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى 51 ناھىيە (شەھەر)، 50 نەچچە يېزا (بازار) غا بېرىپ، 180 قېتىمدىن كۆپرەك سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، سۆھبەت يىغىنىغا 1000 نەچچە ئادەم قاتناشتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 105نى تەكشۈردى. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىرلىك سەپ، دىن، سىياسىي - قانۇن، ج خ، تەشۋىقات، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دىنىي زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 10 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، بىر پارچە خۇلاسە دوكلاتى، 20 تىپىك تەجرىبە بارلىققا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى دىن خىزمىتىدىكى ياخشى ئۇسۇل، تەجرىبە ۋە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى، يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەر بېرىلدى.

ۋاڭ فۇرۇڭ

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تەربىيىلەندى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە 10 قارار دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇ ئاخۇنلار كۇرسى بىر قارار)، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىزدىن ئىبارەت 6 مىللەتتىن بولغان 2000 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تەربىيىلەشكە قاتناشتى. تەربىيىلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىرى، ئىماملىرىدىن ئىبارەت بولدى. كۇرستا كۇرسانتلار پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ۋە ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ۋە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساۋاتلىرىنى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، گۇاڭخۇي گۇرۇھى قاتارلىق زامانىۋى سانائەت بازىسىنى ۋە كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

ئابلىز توختى

## ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تايانچلىرى كۇرسى

شىنجاڭ ئىسلام دىنى ۋەكىللىرىنىڭ ئىز باسارلىرى كەم بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە 2 - قارار ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تايانچلىرى كۇرسى ئېچىلدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىكتىن ئىبارەت 4 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 50 ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات كۇرسقا قاتناشتى. كۇرسانتلار پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى، قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى، تارىخ بىلىملىرىنى، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى، «قۇرئان تەپسىرى» غا دائىر ساۋات قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى. كۇرسانتلار 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 27- كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھىرى، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدە 18 كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

ئابلىز توختى

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى

شىنجاڭ ئۇيۇشتۇرغان 12 - ۋە 13 - قارارلىق كۇرستىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ۋە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭشى، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇلدىن ئىبارەت 6 مىللەتتىن بولغان 82 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەركىب تاپتى. بۇ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

ئابلىز توختى

# ئەرزىيەت خىزمىتى

## ئەرزىيەت خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەرزىيەت تارماقلىرى مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەرزىيەت

خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چىڭ چۆرىدەپ، ئاممىنىڭ ئەرزىدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى پائال ھەل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1. ئاممىنىڭ ئەرزىدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر ۋاقتىدا ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى. 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى ئەرزىيەت تارماقلىرى ئاممىدىن كەلگەن 334 مىڭ پارچە (قېتىم) ئەرزنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلغان ئەرز 32 مىڭ پارچە، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 99 مىڭ تۈركۈم (قېتىم) دە 302 مىڭ ئادەمنى كۈتۈۋالدى. ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جايلار، تارماقلار ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش بويىچە خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىدىكى كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى.

2. ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەستايىدىل، ياخشى تۇتۇلدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە كوللېكتىپ ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، جايلار، تارماقلار ئاپپارات قۇردى، لايىھە تۈزدى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە كوللېكتىپ ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە باشقۇرۇش يىغىنى ئىشخانىسى يېزىرىشنى تاپشۇرغان ئەرز دېلولىرىدا «كىم باشقۇرغان بولسا، شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپ قىلىش، ھەل قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش، تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى، دېلو يېزىرىدىغان مەسئۇل ئادەم ئېنىق بېكىتىلدى. «مۇھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش» پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پۇختا، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

3. ئاساسىي قاتلام ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ سالمىقى ھەقىقىي ئاشۇرۇلدى. جايلار، تارماقلار ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ناھىيە (شەھەر، رايون)، يېزا - بازار (مەھەللە)، كەنت (مەھەللە) ۋە كارخانا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا قارىتىپ، ئىشنىڭ مەركىزىنى، مەسئۇلىيەتنى تۆۋەنگە يۆتكەشنى، ئۆتكەلنى ئالدىغا يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولنى راۋانلاشتۇرۇپ، زىددىيەتنى ئەڭ چوڭ دائىرىدە ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىپ، ئاممىنى ئۆز يېرىدە مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلام ئەرزىيەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئەرز قىلىش، دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىش، تەكرار ئەرز قىلىش ئەھۋالى قەرەللىك مەلۇم قىلىپ تۇرۇلدى. مەسىلە كۆپ، ئاممىنىڭ ئەرزى كۆپ، خىزمەت ئاجىزراق بولغان جاي ۋە ئورۇنلارغا بولغان ھەيدەكچىلىك ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. جايلار، تارماقلار شەكلى ھەر خىل قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئاساسىي قانۇن» نى، «ئەرزىيەت نىزامى» نى ۋە ئالاقىدار قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىش، بېجىرىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇردى ۋە چەكلەپ تۇردى؛ ئاممىنىڭ ئەرز قىلىش ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇردى ۋە چەكلەپ تۇردى، ئاممىنى ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىدراكى، قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق ئىنكاس قىلىشقا يېتەكلىدى، ئەرزىيەت تەرتىپىنى قوغداپ، ھەم دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەم قانۇنچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

5. ئەرزىيەت خىزمىتىدە ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزم ئۈستىدە ئىزدىنىلدى ۋە ئۇ ئورنىتىلدى. جايلار، تارماقلار ئىشنى خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاشتىن باشلاپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يېڭى تەپەككۇرى، يېڭى ئۇسۇلى، يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. «ئەرزىيەت دېلولىرىنى دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈش تەرتىپى ۋە چارىسى»، «ئەرزىيەت دېلولىرىنى باھالاش چارىسى»، «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى خاتا دېلولارنى سۈرۈشتە قىلىش چارىسى»، «ئەرزىيەت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «ئەرزىيەت خىزمىتى بويىچە مەلۇم قىلىش تۈزۈمى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇنلاشتۇردى. ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇردى.

ۋاڭ لىشا

# مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشنى تېزلىتىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈردى، بۇنىڭ بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

1. ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنى 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 — 19 ـ كۈنلىرى ئېچىلدى، يىغىندا مەركىزىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2004 ـ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئورگانلاردىكى مۇھىم مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان خادىملار ئارىسىدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت ۋەزىيەت تەربىيىسى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت 28 مەيدان تەربىيە يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 6000 دىن كۆپرەك ئادەم تەربىيە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 200 دىن ئاشىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە «بەش بىر قېتىم» (مەركىزىي گۇرۇپپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بىر قېتىم مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى ئۆگىنىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى بىر قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدا بىر قېتىم دوكلات بېرىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمەت تارمىقى بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان خادىملارنى بىر قېتىم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەربىيىلەش) ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا جايلار، تارماقلار گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە، تور ۋە تاختاي گېزىتى، تەشۋىقات تاختىسى قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىگە ئائىت قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە فاڭجېن، سىياسەت تېخىمۇ ئومۇملاشتى.

ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى 11 ـ ئايدا پارتىيە مەكتەپلىرى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسى بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ «پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ى مۇزاكىرە قىلىندى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كادىرلىرى، مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. 2004 ـ يىلى جايلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كادىرلىرى، مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان خادىملار، قىسمەن كومپيۇتېر تېخنىكا خادىملىرى بولۇپ 653 ئادەم قاتناشقان تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

3. 2004 ـ يىل 3 — 4 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايون 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 11 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) ئىشخانىسى ۋە 19 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) گە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن ئىشخانىسى، 17 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك پارتكوم ئىشخانىسى، 26 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان، ئورۇننىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىك ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش، ئۆلكە، ئارمىيە دەرىجىلىك ھۆججەتلەرنى ۋە مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش، مەخپىي شىفىرلىق تېلېگراممىلارنى باشقۇرۇش ۋە كومپيۇتېر، تور باشقۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2004 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان مۇھىم تارماق، ئورۇن بېكىتكەن نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىنغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ

تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، «ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان مۇھىم تارماق، ئورۇننى بېكىتىش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان مۇھىم تارماق، ئورۇننى بېكىتىش خىزمىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى.

دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تارماقلىرى بىرلىكتە 16 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمتىھان قەغىزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدىغان 56 ئىشخانىنى تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىمتىھان ئېلىنغان مەزگىلدە، ھەر دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرىنىڭ خادىملىرى ئىمتىھان مەيدانىدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

2004 - يىلى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش دېلوسىدىن 6 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى. بارلىق دېلولارنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى، ئالاقىدار ئورۇنلاردىن ۋەقەلەرنى ۋاقتىدا ئېنىقلاش تەلەپ قىلىندى. مەخپىيەتلىك دەرىجىسى باھالىنىدىغان ۋە ماتېرىيالى تەكشۈرۈلىدىغان دېلودىن 5ى قوبۇل قىلىندى. بۇلار دۆلەت ھالقىغان پەن تەتقىقات، تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ئىسپاتىنى بېكىتىش، خەلقئارا دەريا - ئېقىنلارنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلارغا چېتىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرى كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە جايلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان، ئورۇنلارنىڭ كارتوگرافىيە نەتىجىلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرى كومپيۇتېر ۋە تور بىخەتەرلىكى بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى 2 قېتىم تەكشۈردى، 140 نەچچە كومپيۇتېر تورى، 20 مىڭدىن ئارتۇق كومپيۇتېر تەكشۈرۈلدى.

مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان سىستېمىدىكى توپ سالاھىيەتلىك شىركەتلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان سىستېمىدىكى توپ سالاھىيەتلىك كارخانىلارنى يىللىق تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنىدىغان يېڭى مەلۇمات قاتتىق تەكشۈرۈلدى. مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان سىستېمىدىكى توپ سالاھىيەتلىك ئورۇن شىركەتلەرنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئۆلچەمگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلگەن شىركەتلەر نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 4 ئورگان، ئورۇننىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكا خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە جايلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرى ئۇقتۇرۇش تارقىتىش، يىغىن ئېچىش، كۇرس ئېچىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پىشىپ يېتىلگەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسى بويىچە مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەشۋىق قىلدى، مانتور قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇنى ئومۇملاشتۇردى ۋە قوللاندى، جايلار، ئورۇنلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، مۇداپىئە كۆرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ۋىلايەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرى كومپيۇتېر سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش قوراللىرى، يىغىنغا كاشىلا بولۇش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈش، مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەدرىجىي سەپلىدى.

5. ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 40 نەچچە ناھىيە (شەھەر، رايون) ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 66 ئورگان، ئورۇننىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى مۇپەتتىش قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئېي چيەن

# سىياسىي - قانۇن خىزمىتى

## سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچلۈك

قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

1. دۈشمەنگە قارشى كۈرەش كۈچەيتىلىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالدى. ئىچكى، تاشقى «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «فالۇن گۇڭ» قاتارلىق بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىشانى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاخبارات ئۇچۇرى، رازۋېتكا قىلىپ تىزگىنلەش، قوغلاپ تۇتۇش، چوڭقۇر قېزىش ۋە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئورگانلىرى بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان تېررورچىلار گۇرۇھىنى يوقاتتى، تۈرلۈك قورال - ياراغ ۋە پارتلاتقۇچلارنى ياسايدىغان نۇرغۇن ماتېرىيال ۋە سايمانلارنى قولغا چۈشۈردى، مەخسۇس قوشۇن ۋە ئۇل قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، جەمئىيەت، چېگرا بەلۋاغلىرى ۋە نۇقتىلىق رايون، مۇھىم سورۇن، ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنلاردىكى ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى. تېررورچىلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئىچكى، تاشقى «ئۈچ خىل كۈچ» كە ئىنتايىن قاتتىق تەھدىت سېلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالدى.

2. قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئامانلىق ساقلاش ئومۇمىيلىقىنىڭ سىجىل مۇقىملىقى قوغدالدى. قاتتىق زەربە بېرىش ئۇسۇلى ياخشىلاندى، قاتتىق زەربە بېرىش فاكچېنىنى ئىنچىكىلاشتۇرۇشتىكى دائىملىق خىزمەت مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، دېلو پاش قىلىش، قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. قاراتمىلىقى بولغان مەخسۇس ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ ئورگانلىرىنىڭ رازۋېتكا قىلىپ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىنى پاش قىلىش نىسبىتى ئۆستى. تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. تۈرمە، سولاقخانىلارنىڭ بىخەتەر، مۇقىم بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئېغىر جىنايى ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى چەكلەندى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە جەمئىيەتتىن رازى بولۇش دەرىجىسى ئۆستى.

3. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. جايلار «مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، ئاساسنى كۈچەيتىش، مەڭگۈ كەتمەيدىغان خىزمەت ئەترىتى قۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزىلاردا تەڭ يولغا قويۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىيىتى ياخشىلاندى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كۈچەيتىلدى، ئاممىۋى ئاساس يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، شەھەرلەردىكى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە، شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جايلاردىكى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ۋە كوچىمە نوپۇسنى باشقۇرۇش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈچەيتىلدى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت بازارلىرى ئىنقىلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. ئىجتىمائىي مۇھىت يەنىمۇ پاكلاشتۇرۇلدى، ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى مۇستەھكەملەندى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر مۇكاپاتلاندى، تىپلار تۇرغۇزۇلدى، تەجرىبىلەر كېڭەيتىلدى. ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە «تەۋە يەرنى باشقۇرۇش» پرىنسىپى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

4. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپى قوغدالدى. قانۇنغا چېتىلىدىغان، يۇقىرىغا ئەرز قىلىنغان مەسىلىنى مەركەزلىك ھەل قىلىش بۆسۈش ئېغىزى قىلىندى. مەملىكەتلىك قانۇنغا چېتىلىدىغان، يۇقىرىغا ئەرز قىلىنغان دېلولارنى مەركەزلىك ھەل قىلىش يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنغا چېتىلىدىغان، يۇقىرىغا ئەرز قىلىنغان دېلودىن 3135ى ئېنىقلىنىپ رەتكە تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭدىن 2688ى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. بىر تۈركۈم خاتا دېلولار تۈزىتىلدى، «چىگىش» مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. يۇقىرىغا ئەرز قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر ئەرز - شىكايەت قىلمايدىغان بولدى، بىر تۈركۈم كوللېكتىپ ۋەقە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۆتۈۋېلىش، دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى مۇقىم بولغان 8 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

5. سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ كاپالەتلىك قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىي تەرتىپى قوغدالدى. بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا پائال قاتنىشىلدى. بازار ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ۋەزىپە ئۆتەشتە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت خادىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش،

خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى قاتتىق جازالاندى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەق تەلەپ مەمۇرىيىتى ئەدلىيىسىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەڭشەش، قىلىپلاشتۇرۇش جەھەتتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى. زامانىۋى بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىجرا قىلىش تەس بولغان ۋە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇزۇنغىچە ھەل بولماي ئېسىلىپ قالغان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك مەسىلىلەر ئەستايىدىل ھەل قىلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ساھەسىنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ساغلام، تەرتىپلىك، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

6. سىياسىي - قانۇن قوشۇن قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. «قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ ئوبراز تىكلەش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەركەزلىك تەربىيە بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «ئاساسىي قانۇن» نى ئۆگىنىش، رېن چاڭشيا، جياڭ چىڭ قاتارلىق ئىلغار نەمۇنىچىلەردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى ئەۋج ئالدۇرۇلدى. ئىش ئورنىدا چېنىقتۇرۇش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، 7363 سىياسىي - قانۇن كادىر، ساقچىسى تەربىيىلەندى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئىلمىي باشقۇرۇش، دېموكراتىك تەدبىر تۈزۈش ۋە قوشۇن يېتەكلەش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. ئىچكى قىسمدىكى نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. خەلققە قۇلايلىق تۇغدۇرىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. سىياسىي - قانۇن قوشۇنىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، ئەدلىيە ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

ماۋ خېڭ، ۋاڭ بېيتىڭ

# باشقا خىزمەتلەر

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ خىزمەت كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. نەزەرىيە ئۆگىنىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئۆگىنىش مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ياخشىلاندى، ئۆگىنىش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئۆگىنىش، تەربىيىلەش گەۋدىلىك تۇتۇلدى. راستچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئائىت ئۆگىنىش، تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇلدى. ئورگاندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مەركىزىي گۇرۇپپىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولى جارى قىلدۇرۇلدى. خىزمەت كومىتېتى 3 قارار نەزەرىيە تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. 40 تىن ئارتۇق نازارەت، ئىدارىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. قىسمەن ئورۇنلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتتى.

2. ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە داۋاملىق كۈچەيتىلدى. خىزمەت كومىتېتى تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ۋەزىيەتتىن دوكلات بېرىش يىغىنى، مىللەت، دىن مەسىلىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا دائىر مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئاچتى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى جۇڭخۇا يىللىق ئامبىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش، كۆڭۈل ئىزھار قىلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. «تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا 2381 دانە تېلېۋىزور، 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

3. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. خىزمەت كومىتېتى «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» ۋە «بەشتە ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى بېسىپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، تارماقلاردىكى پارتگۇرۇپپا (پارتكوم) دا ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت مېخانىزمى، نىشان

مېخانىزمى، تەكشۈرۈش مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. 2004 - يىلى خىزمەت كومىتېتى 4 ئاساسىي قاتلام پارتكومى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، 6 ئورۇننىڭ نۆۋەت ئالمىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

4. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيىغا بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت كومىتېتى ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىش بويىچە مەخسۇس دوكلات يىغىنى ۋە ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئاگاھلاندۇرۇش تەربىيىسى دوكلات يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز كەم 2000 پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرنى تەربىيىلىدى. پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا ئائىت تۆرلۈك بەلگىلىمىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كادىرلارنىڭ ئۆيى، نېسى قالدۇرغان ھۆكۈمەت پۇلى ئېنىقلاندى. پارتىيىلىك كادىرلار 2 «نىزام» نى ئۆگىنىشكە ۋە «ئاساسىي قانۇن» ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ، «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» دىن ئىمتىھان بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئورگان پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنى پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن، قائىدە- نىزام بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كوماندا تەشكىللىنىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن، قائىدە - نىزاملار بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى 423 ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك كادىرىدىن كەسپىي بىلىم بويىچە ئىمتىھان ئېلىندى. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دېلو بېجىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 12 پارتىيىلىك كادىر بىر تەرەپ قىلىندى.

5. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئورگاندا مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى بەرپا قىلىش، ياخشىلاشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى. 3- قېتىملىق پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى ۋە 2 - قېتىملىق پۇقرالار ئەخلاق تەشۋىقات كۈنى پائالىيىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ لى شياڭداڭدىن ئۆگىنىش ۋە «شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى» نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، تىپلار ئارقىلىق يېتەكلەش ئۇسۇلى، 16 ئورۇننىڭ ئۆگىنىشكە دائىر ئىلغار تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى. نۆۋەتچى توشقان ۋە شۇ نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان مەدەنىي ئورگانلار، مەدەنىي ئورۇنلار جامائەتكە ئېلان قىلىندى ۋە قەرەلسىز يوشۇرۇن زىيارەت قىلىندى. ئامما پاش قىلغان مەسىلىلەر ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىندى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مەدەنىي ئورگان ۋە مەدەنىي ئورۇننىڭ مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. خىزمەت كومىتېتى بىر يىلدا ئاممىنىڭ ئەرزىدىن 8نى قوبۇل قىلدى. ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئېغىر مەسىلە سادىر قىلغان ئورۇنلارنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتتى ۋە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ بىر تەرەپ قىلدى.

6. ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتى جانلاندۇرۇلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى ئاز كەم 10 مىڭغا يەتتى. نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ۋە «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» ، ھال سوراش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۆلچەمنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇش بىر بالداق كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى دۆلەت مەمۇرلىرى خور ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ئورگان تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى ئۆزدا 10 يىل ياشلار مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ياشلار ئىش ئورنى ماھىرلىرى مۇسابىقە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «بىر يۈەن پۇل» ، قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش، ياشلار ئىتتىپاقى شەھەر - يېزىلار ئۆز ئارا ھەرىكەتلىنىپ پەن-تېخنىكا ئۇرۇقىنى چېچىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت تەسىرى كېڭەيتىلدى. ئورگان ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىدا ئاياللار ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئاياللار ھەيئىتى مۇدىرلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ۋە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى قاتارلىق تۈپ دۆلەت سىياسىتى بويىچە دوكلات يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

ياڭ چېبىڭ

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى، مەمۇرىي ئىنستىتۇت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىي ئىنستىتۇت) 2004 - يىلى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا ۋە مەكتەپ (ئىنستىتۇت) نىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى.

1. ئوقۇتۇش خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۇرسانتلارنىڭ ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنىڭ «بەش تۈرلۈك ئىقتىدارى» (ۋەزىيەتكە ئىلمىي ئۇسۇلدا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ئىقتىدارى، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ئىقتىدارى) نى ئۆستۈرۈش زىچ چۆرىدەلدى. نەزەرىيە تەپەككۇرىنى، ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر تۈزۈشنى ۋە باشقۇرۇش ماھارىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. سىنىپ تەسىس قىلىشنى ۋە ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇردى، تۈرگە ئايرىپ، ئېھتىياج بويىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. ئوقۇتۇشنىڭ قاراتمىلىقلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈردى. تەتقىقات شەكلىدىكى ئوقۇتۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كۇرسانتلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بازىسى بەرپا قىلىپ، دەرسخانىدا ئوقۇتۇشنى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى ئوقۇتۇشنىڭ بارلىق جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۇرسانتلارنىڭ پارتىيىۋىلىكنى چېنىقتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىسىنى پائال يولغا قويۇپ، كۆپ ۋاستىلىك، يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇشنى ۋە توردا ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. 2004 - يىلى ئاساسىي سىنىپتا 800 ئادەم (قېتىم) (بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي ئىنستىتۇت كۇرسانتى 110)، قىسقا مۇددەتلىك سىنىپتا 2000 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى.

ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاسپىرانتلار خىزمىتىنىڭ كۆلىمى مۇۋاپىق بولۇش، ماتېرىيال ئارقىلىق تەربىيىلەش مۇستەھكەم ئاساستا سالماق قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار سىنىپىدىكى كۇرسانت 800 دىن كۆپرەككە، مەكتەپتىكى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇۋاتقان كۇرسانت 7000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

2004 - يىل 6 - ئايدا مەكتەپ (ئىنستىتۇت) بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لىك پارتىيە مەكتىپى، مەمۇرىي ئىنستىتۇت (مەكتەپ) لىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كادىرلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى ۋە مەمۇرىي ئىنستىتۇت باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئىنستىتۇت خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

2. كۆپ خىل شەكىلدىكى پەن تەتقىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تەتقىقات تېمىسىدىن 10ى تەسىس قىلىنىپ، 395 يۈەن ياردەم مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى. 7 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسى، مەملىكەت بويىچە مەمۇرىي ئىنستىتۇت سىستېمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىسى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈرلۈك نەتىجە ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە مۇكاپات باھالاشتا 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2004 - يىلى پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 203ى ئورۇندالدى.

3. 2004 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار ئىچكى ئۆلكىدىكى ئىنستىتۇت، مەكتەپلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەربىيىلىنىش، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا ۋە چەت ئەلدە تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. تەربىيىلەنگەنلەر ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ %70نى ئىگىلىدى. ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بار 10 ئوقۇتقۇچى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

4. مەكتەپ قورۇسى تورى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش تورى ۋە شىنجاڭ بويىچە كادىرلار مائارىپى تورى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى. دۇنيا بانكىسى 500 مىڭ دوللار مەبلەغ سالغان شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

5. تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ كەسپكە يېتەكچىلىك قىلىش ئەھۋالى خۇلاسىلىنىپ، «پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ كەسپكە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ تارقىتىلدى.

لۇ پىڭ

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 13 مىڭ 490 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم

قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى 74، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 2231، ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 11 مىڭ 185.

پېشقەدەم كادىرلار ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. پېشقەدەم كادىرلار پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى ئۆگىنىش كۇرسى، پېشقەدەم كادىرلار ۋەزىيەتتىن دوكلات بېرىش يىغىنى، قانۇن ساۋاتلىرى لېكسىيىسى يىغىنى ئېچىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ھەر مىللەت پېشقەدەم كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 16- قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2004 - يىل 10 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىدىن ياڭ كۈن، يېڭىسار ناھىيىسىدىن سېيىت مەتتىمىن، چىڭگىل ناھىيىسىدىن ھەببە ماموت ئېلى، سانجى ئوبلاستىدىن ياڭ چىزېڭدىن ئىبارەت 4 ئىلغار شەخس ۋە توقسۇ ناھىيىسى پېشقەدەم كادىرلار پارتىيە باش ياچېيكىسى 1 - ياچېيكىسى، غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى پېشقەدەم كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايوندا مەملىكەت بويىچە پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى ۋە دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلار ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنى سايلاش پۇرسىتى ئارقىلىق، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ئارىسىدا ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تىرىشىپ تۆھپە قوشۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كۈچەيتىش نۇقتىسى قىلىنىپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تەكشۈرۈلدى ۋە باھالاپ سېلىشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پائالىيەت، ئۆگىنىش سورۇنلىرى يېڭىدىن ياسالدى ۋە كېڭەيتىلدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق پېشقەدەم كادىر ھەر خىل ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت مەركىزى (پونكىت، ئۆي) خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى (ئۆي، پونكىت)نى قېلىپلاشتۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

2. دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار «ئۈچ مېخانىزم» (دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى، تىببىي دورا خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى ۋە مالىيە جەھەتتە مەدەت بېرىش مېخانىزمى) خىزمىتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار «ئۈچ مېخانىزم» قۇرۇلۇشىدىكى بەزى «چىگىش» مەسىلىلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار «ئۈچ مېخانىزم» خىزمىتى ياخشى ئايلىنىش ئىزىغا چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 13 مىڭدىن ئارتۇق دەم ئېلىشقا چىققان كادىرنىڭ دەم ئېلىش خىراجىتى، تىببىي دورا خىراجىتى كاپالەت مېخانىزمىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ دەم ئېلىشقا چىققان ئومۇمىي كادىرنىڭ %98نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، 2 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ كونىراپ كەتكەن مۇئەسسەسىلىرى رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆلكە دەرىجىلىك 40 تىن ئارتۇق پېشقەدەم كادىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، يەنە 1130 پېشقەدەم ھەر مىللەت كادىر ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ داۋالاندى.

3. پېشقەدەم كادىرلار ئەرزىيەت، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى، ئاساسلىق رەھبەر ئۆزى تۇتۇش، بۇنىڭغا مەسئۇل رەھبەر ۋە ئالاقىدار مەسئۇل باشقارما، ئىشخانا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش قاتارلىق خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش، تەكشۈرۈش، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئىدىيە جەھەتتە چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق، زىددىيەت ۋاقتىدا ھەل قىلىندى ۋە پەسەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىلمىي ماقالىسىدىن 60 نەچچە پارچە يېزىپ چىقتى، تۈرلۈك ئۇچۇردىن 800 نەچچىنى يەتكۈزۈپ بەردى. پېشقەدەم كادىرلار ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ستاتىستىكا ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئاز كەم 1000 ئۇنۇملۇك

سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

جاڭ لۇ

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1. پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشتا يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

2004 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. 2003 ـ يىلدىكى مەملىكەتلىك پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى دەۋردە پارتىيە تارىخى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ پىكىر يولى ۋە يېڭى شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى پارتىيە تارىخى دەپتىرىنى ۋاستە، تارىخنىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى ئەينەك قىلىپ، پارتىيە تارىخى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. يىل ھالقىغان تەتقىقات تېمىلىرىنى يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېزلەتتى. «شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» تەتقىقات تېمىسى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن قولدىن چىقتى. مەخسۇس قىسمى يېزىلىۋاتىدۇ. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار» (3ـ قىسىم) نىڭ خەت سانى 350 مىڭ بولۇپ، كۆپىيىسى يېزىلىپ بولدى، 2005 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا نەشردىن چىقىدۇ. «شىنجاڭ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›» مەخسۇس تېمىسىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار توپلىنىپ، قىسىملارغا ئايرىلىپ يېزىلدى، چوڭ ئىشلارنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى قولدىن چىقتى. «توغرا كەيپىيات مەڭگۈ ساقلىنىدۇ — يولداش ۋۇ جيەنچۈننى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى» 7 يىل يېزىلىپ، نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب، شىنجاڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تارىخىنى يېزىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. يۈرۈشلۈك مەجمۇئە «تەڭرىتاغقا پۈتۈلگەن ئابىدە» نىڭ 5 ـ جىلدى 10 نەچچە يىل يېزىلىپ خەلق نەشرىياتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ كىتابقا سۇڭ خەنلياڭ، ۋۇ كەيجاڭ، جاڭ شىچېن قاتارلىق زامانىمىزدىكى شىنجاڭ تارىخىدا بارلىققا كەلگەن، مۇھىم تەسىرگە ئىگە 21 ئەربابنى خاتىرىلەش ماقالىلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇ، شىنجاڭ پارتىيە تارىخى، ئارمىيە تارىخىنى ئىشەنچلىك ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «ئۆلۈپ كەتسەممۇ جەڭگاھتا جەڭ قىلىپ قالىدۇ مېنىڭ سادىق قىزىل قەلبىم — يولداش سۇڭ خەنلياڭنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى» غا ماقالە توپلىنىپ يېزىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئارخىپخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزۈلگەن «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما» (1 ـ جىلد) نىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى قولدىن چىقتى. «شىنجاڭنىڭ ئىش بېجىرىش قىبلىنامىسى» قەرەلىدە نەشر قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن زامانىمىزدىكى شاڭخەي تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ، «شىنجاڭ بىلەن شاڭخەينىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان، تارىخ بىلەن رېئاللىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، شاڭخەينىڭ شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا غايەت زور ياردەم بەرگەنلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ شاڭخەيگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرغانلىقى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى ۋە تارىخنى ئاغزاكى بايان قىلىش شەكلى ئارقىلىق كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈلۈۋاتىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىغا «پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەسىرات» دېگەن ماتېرىيالنى يوللىدى.

2. پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى دېڭ شياۋپىڭ، چېن يۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى (2005 ـ يىلى)، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 55 ـ يىللىقى قاتارلىق چوڭ خاتىرە كۈنلەرنى پۇرسەت قىلىپ پائال ئىلمىي ماقالە يېزىپ، كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. «دېڭ شياۋپىڭنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان سۆزى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئۆتكۈر قورال» دېگەن ماقالە مەملىكەت بويىچە دېڭ شياۋپىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ نىگبودىكى ئەمەلىيىتىگە دائىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئاچقان مەملىكەت بويىچە پارتىيە تارىخى سىستېمىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاللاندى، «دېڭ شياۋپىڭنىڭ

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەپەككۇرى» ۋە «دېڭ شياۋپىڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىق ئىدىيىسى ۋە شىنجاڭ» دېگەن 2 پارچە ئىلمىي ماقالە ئاپتونوم رايوننىڭ دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا تاللاندى. ھەمدە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى. «چېن يۈننىڭ شىنجاڭغا دائىر ئىنقىلابىي ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» دېگەن ماقالە مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئاچقان چېن يۈننىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش بايانى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭدا سۈرەتكە ئېلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك فىلىم «چېن يۈن» نى سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى ھارپىسىدا، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى قانات يايدۇرغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزگىلىدىكى پارتىيە تارىخىغا ئائىت نادىر ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللاش پائالىيىتىدە 5 پارچە ئىلمىي ماقالىنى تەۋسىيە قىلدى. پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەر يازغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 50 ـ يىللاردا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش فاكچېنى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى يازغان ئىلمىي ماقالە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى» دېگەن ماقالە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى يازغان چوڭ تىپتىكى سوۋغات تۈرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەڭ» 86 مىڭ خەتلىك مەخسۇس ماقالە بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى» دېگەن ئاساسىي تېمىنى بېكىتىپ، «شەرەپ قۇچۇش — شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىل» دېگەن ماقالىنى يېزىپ چىقتى. «يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلىش خىزمىتى تاماملاندى.

3. ئاساسىي قاتلامنىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. پارتىيە تارىخى بويىچە كەسپداشلار ئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش، ھەمكارلىق كۈچەيتىلدى.

2004 ـ يىل 9 ـ ئايدا پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 100 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تارىخى كادىرى كەسپىي بىلىم ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى جەھەتتىن تەربىيىلەندى. پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋە كەسپىي تايانچلارنى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بېيجىڭ، چىڭداۋدا ئاچقان مەملىكەتلىك پارتىيە تارىخى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلارنىڭ پارتىيە تارىخى دەپتىرىدىكى ماقالىلەرنى باھالاشقا قاتناشتى ھەمدە باغراش، چاغانتوقاي، تولى، بۇرچىن ۋە ئالتاي قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە تارىخى دەپتىرىنى تەكشۈردى. ماقالىلەردە ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى مەجمۇئەسىنى يېزىش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» گە ئاساسەن ئۆتكەل قاتتىق ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە تارىخى تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2004 ـ يىل 5 ـ ۋە 8 ـ ئايلاردا «زامانىمىزدىكى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن مەجمۇئەنى 2 ـ قېتىم يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، تارىخ پەنلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق جەمئىيەت ئەزالىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىلدى؛ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان ئۆمەكنىڭ ياپونىيىدە ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە، 8ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك پارتىيە تارىخى قەرەللىك ژۇرناللىرى خىزمەت يىغىنىغا ۋە مەملىكەت بويىچە پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىلىرى باشلىقلىرى ئۆگىنىش، تەتقىقات كۇرسىغا قاتنىشىلدى؛ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق جەمئىيەت ئەزالىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىلدى. پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى يەنە خېبېي، خېنەن، جىياڭشى، چاڭشا شەھەرلىرىنىڭ پارتىيە تارىخى تارماقلىرىدىكى كەسپداشلارنى كۈتۈۋېلىپ، ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ پارتىيە تارىخى

تارمىقىدىكى كەسىپداشلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى.

جاڭ نىڭ

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك

### ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى

شۇجى: خۇجىيايەن (ئايال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: گو چىڭتەي، ئابدۇراخمان پولات، گۇ فېڭلەن (ئايال)، دولقۇن ئابدۇرسۇن (قازاق).

باش كاتىپ: ياۋ يىجيەن.

بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى: ما شاۋشىن (خۇيزۇ).

### چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1. رەھبىرىي كادىرلار پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش. 2004 - يىلى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار نازارەتچىلىكنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، پاك- دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا ئائىت تۆرلۈك بەلگىلىمىلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. نەق پۇل، باھالىق ئاكسىيە، چىقىم قىلىش دوكومېنتى قوبۇل قىلىشقا يول قويماسلىق ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۈرىسى، پەرزەنتلىرىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمە يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. چەت ئەل (چېگرا سىرتى) گە چىقىدىغان ئۆمەك - گۇرۇپپىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چىڭىتىلدى. يېڭىدىن خىزمەت بىناسى ۋە تەربىيىلەش مەركىزى سېلىش قاتتىق تىزگىنلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلغان پىكاپتىن 641ى ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۆيىدىن 1648 يۈرۈش ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسمەن تولۇقلاپ تاپشۇرغان ئۆي پۇلى 23 مىليون 408 مىڭ يۈەن؛ ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 136 پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كارخانىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسى ئېنىقلىنىپ تۈزىتىلدى؛ 3990 پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرى نېسى قالدۇرغان 26 مىليون 280 مىڭ يۈەن ھۆكۈمەت پۇلى ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ شەخسى سودا سۇغۇرتىسى سېتىۋالغان 3 مىليون 930 مىڭ يۈەن ھۆكۈمەت پۇلى ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر يۇقىرىغا 200 مىڭ يۈەنلىكتىن كۆپرەك سوۋغات بۇيۇمنى تاپشۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلغان «539» پاكلىق ھېساباتىغا يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پۇلدىن 737 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى.

2. قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولار بىر تەرەپ قىلىندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئامما پاش قىلىپ ئەۋەتكەن خەت - چەكتىن 18 مىڭ 961 پارچە (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە 3315 پارچىسى تەكشۈرۈلدى، 2148 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 2217 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى. 2462 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 7، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 131، 373 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1928 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى چارىسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 2، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 109، بېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 378، ئادەتتىكى كادىر 539، باشقا خادىم 895؛ 577 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 608 ئادەمگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. 106 ئادەمنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 252 ئادەم پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، 385 ئادەم پارتىيىدىن قوغلاندى. 820 ئادەمگە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 5، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 70. يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 244، ئادەتتىكى كادىر 468، باشقا خادىم 32؛ 219 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 135 ئادەمگە گۇناھ يېزىلدى. 140 ئادەمگە چوڭ گۇناھ يېزىلدى، 72 ئادەمنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، 8 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلدى، 144 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 23 ئادەم قوغلاندى قىلىنىپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، 79 ئادەم خىزمەتتىن قوغلاندى، 84 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزى بىجىرگەن دېلودىن دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 4، ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى 4؛ 12 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى.

3. تارماق ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللار

تۈزىتىلدى. ئېسى قالغان قۇرۇلۇش پۇلىنى ۋە دېھقانلارنىڭ ئېسى قالغان ئىش ھەققىنى ئېنىــــقلاپ قايتۇرۇپ بېرىش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، ئېسى قالغان 2 مىليارد 24 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش پۇلى ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ ئېسى قالغان 1 مىليارد 126 مىليون يۈەن ئىش ھەققى ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇلدى، ئېنىقلاپ قايتۇرۇش نىسبىتى 82.6%كە يەتتى. مائارىپتا قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزىتىش داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. مائارىپتا قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسىدىن 177 سى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سومما 5 مىليون 16 مىڭ 800 يۈەن. دورا سېتىۋېلىش، سېتىش جەريانىدىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى. دورىنــــى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، سېتىۋېلىنغان دورا سوممىسى 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاغرىقلارغا 200 مىليون يۈەن پايدا يەتكۈزۈلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 410 مىــــليون يۈەن سېلىـــــقــــى يېنىكلىتىلدى. تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نــى تۈزەش نەتىجىسى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى، تاشيولدا قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قېلىــــپلاشتۇرۇلدى. ئايرىم تارماق ۋە جايلارنىڭ قالايمىقان توساق قۇرۇش، قالايمىقان تەكشۈرۈش، قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسى تۈزىتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسى يەنە 12 ساھەدىكـــى 121 كەسىپتىكى ئىستىل قۇرۇلۇشىدىكى نەمۇنىلىـــك كۆزنەك ئورۇننى ئېلان قىلىپ تەقدىرلىدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ كەسىپ ئىستىلى قىزىق لىنىيىسى» پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا 110 قېتىم ئاڭلاتتى.

4. چىرىكلىكنىڭ ئالدى باشتىلا ئېلىندى ۋە تۈزىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرىدىن 119ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. مالىيە تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تارماقلارنــــىڭ خام چوت ۋە خەزىنە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1281 ئورۇندا غەيرىي باج ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. غەيرىي باجنىڭ تورغا كىرگۈزۈلگەن سوممىسى 5 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش، تىجارەت خاراكتېرلىكــى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى خېرىدار چاقىرىپ، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى ۋە ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش قاتارلىق 4 تۈرلۈك تۈزۈم سالماق يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 تەرەققىيات رايونى تەكشۈرۈپ ئازايتىلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي پىلاندىكى كۆلىمى 6623.62 گېكتار، تاپشۇرۇلغان يەر سېتىش پۇلى 300 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. يەر بازىرىنىڭ تەرتىپى قالايمىقان بولۇش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەندى، تىجارەت خاراكتېرلىكــى يەرلەرنى خېرىدار چاقىرىپ، كىم ئارتۇق قىلىپ، ئېلان چىقىرىپ سېتىشتىن قىلىنغان تاپاۋەت 788 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يــەر سېتىشتىن قىلىنغــان ئــومــۇمىي تــاپاۋەتنىڭ 62%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليارد يۈەنگە يەتتى، 321 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. مەمۇرىي ئىشلاردا، زاۋۇت ئىشلىرىدا، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى.

5. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىــنتىــــزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىــچە سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان دېلودىن 73ى تۇرغۇزۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. 91 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. پاك - دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدا سۆزلىشىش، ۋەزىپە ئۆتەش توغرىسىدا سۆزلىشىش، ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا سۆزلىشىش، ۋەزىپىسىدىن ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇشتىن دوكلات بېرىش قانات يايدۇرۇلدى. كۆزىتىش خىزمىتى ئىشخانىسى، 4 كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىلى، قەشقەر، تارباغاتاي، قۇمۇلدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئىبارەت 4 نازارەت، ئىدارە، ئورۇندا كۆزىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

لىۋ يىڭ

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى

ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 35 ئەزاسى يىغىنغا قاتناشتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى تارماق ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «‹ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتەيلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. يىغىندا خۇ جىنتاۋنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. 2003 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 2004 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

لىيۇ يىڭ

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 28 ئەزاسى يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلارنىڭ ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن بەرگەن «پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتەيلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. يىغىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىدىن «بەش ئىقتىدار قۇرۇلۇشى»نى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

لىيۇ يىڭ

## پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىگە سىڭدۈرۈپ ۋە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. «ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ 2004 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى بويىچە ئىش تەقسىماتى توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، 48 باشلامچى ئورۇننى ۋە 8 تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسى، خىزمەت نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ 2004 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى بويىچە ۋەزىپە تەقسىماتى مەخسۇس سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا يېڭى، قاتتىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلامچىلىقىدا 18 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 92 نازارەت، ئىدارىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. جايلار، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان تونۇشى يەنىمۇ ئۆستى، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپە تەقسىماتى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھالقىلار يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. مەسئۇلىيەت قاتتىق سۈرۈشتە قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 219 پارتىيىلىك كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىپ، 224ىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 15.

لىيۇ يىڭ

## پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى

2004 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1400 دىن ئارتۇق ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرنى خۇ جىنتاۋنىڭ سۆزىنى، ۋۇ گۇەنجېڭنىڭ دوكلاتىنى ۋە «ئاساسىي قانۇن» نى، ئىككى «نىزام» نى، «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» قاتارلىق مۇھىم قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى مەركەزلىك ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. جايلار، تارماقلارمۇ قاتلاملار بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە مەركەزلىك كۇرس ئاچتى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار مەركەزلىك تەربىيىلەشكە قاتناشتى. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە نازارەت، ئىدارىلەر ئىككى «نىزام» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان تەربىيە مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك دىيانەتلىك بولۇشى بويىچە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھەر يىلى رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنى ھېچبولمىغاندا 4 قېتىم پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشقا دائىر مەزمۇنلارنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. 7 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، راستچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، خەلق ئۈچۈن تىرىشچان، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان 6 ـ قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق تەربىيە ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە جامائەت پاراۋانلىق ئېلانى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئاخبارات تەشۋىقات سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا پارتىيە ئىستىلى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشقا ئائىت 72 سەھىپە ئېچىپ، 1100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى؛ «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك گېزىتى» ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋەتكەن ماقالىدىن 122 پارچىنى ئىشلەتتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى ۋە خەۋەر قىلىندى.

لىيۇ يىڭ

## قانۇن ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، مەمۇرىي ئۈنۈمنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە مەمۇرىي ئۈنۈم ئۈستىدە ئەرز قىلىش مەركىزى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈستىدە ئەرز قىلىش مەركىزى، مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. قۇرۇلۇشقا بولۇپمۇ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدىكى قانۇن ئىجراسىنى مەخسۇس تەپتىش قىلىش كۈچەيتىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە «نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى» ، «ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا

ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسى، خوادىيەن تۇرپان ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار بولۇش ھەرىكىتى تەكشۈرۈلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى «يېڭىكې» خەلقئارا مەركىزى قۇرۇلۇش شىركىتى لېيفت يولى ياساشتا يۈز بەرگەن ھادىسە، قۇمۇل كۆمۈر كېنىنىڭ قۇدۇق ئاستىغا سۇ كىرىپ كېتىش ھادىسىسى، فۇكاڭ كۆمۈر كېنىدا گاز پارتلاش ھادىسىسى قاتارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئېغىر ھادىسىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 120سى تۈرگۈزۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 418 مىڭ 400 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، دۆلەت قەرز مەبلىغى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەتلىك مەبلىغى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش، كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۈنۋان باھالاشتا ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان جەلپكار مەسىلىلەرنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

لىيۇ يىڭ

### بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار

**2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى چىقارغان بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):**

1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا ماسلىشىپ ‹شىنگۇاڭ كەسىپ ئىستىلى قىززىق لىنىيىسى›دە بىۋاسىتە ئاڭلىتىلىدىغان پروگراممىلارنى ياخشى باشقۇرۇشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى؛ 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەنە «‹شىنگۇاڭ كەسىپ ئىستىلى قىززىق لىنىيىسى›نى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار 2004 ـ يىلى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان پىكاپلارنى تىزىملاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە كادىرلارنىڭ تۈرلۈك ئۆيىنى ئېنىقلاش، تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ئۆلچىمىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى.

لىيۇ يىڭ

# گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

### جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: شۇ جيەن.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: خۇ شىمېي (ئايال)، ياڭ جيالىن، ۋاڭ زېيچىن.

### گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

بىر يىلدا مۇدىر ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ خىزمەت يىغىنى 17 قېتىم ئېچىلدى. ئاساسلىق مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر

مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش؛ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىش؛ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتى 3 - سانلىق يىغىنىنى ئېچىش؛ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىش.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش** گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان كېڭەش يىغىنىغا، سۆھبەت يىغىنىغا ۋە ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا بىر نەچچە قېتىم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا «دېھقان ئىشچىلار مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» دېگەن سۆز ياخشى باھاغا ئېرىشتى. «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئەمگەك تالاش - تارتىشنى كېسىم قىلىش مېخانىزمىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدىكى مۇنەۋۋەر تەكلىپ لايىھىسى بولۇپ باھالاندى. 2004 - يىلى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ھەر دەرىجىلىك «ئىككى يىغىن»دا تەكلىپ لايىھىسى، مۇھاكىمە لايىھىسىدىن 130نى سۇندى.

7 - ئايدا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېت 3 - قېتىملىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك پۇقراۋى كارخانىلار تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ساقلانغان مەسىلە ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى» دېگەن مۇنەۋۋەر تەكلىپ لايىھىسىنى يېزىپ چىقتى. 8 - ئايدا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىدىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغانلار 12گە، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغانلار 58گە، ھەر دەرىجىلىك رېۋىزورلۇققا، تەپتىشلىككە، مائارىپ مۇپەتتىشلىكىگە ۋە كەسىپ ئىستىلىنى باھالىغۇچىلىققا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلار 9غا يەتتى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش** 2004 - يىلى گومىنداڭغا يېڭىدىن 24 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 23 ئەزا ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق، بىر ئەزا ئالىي ئۇنۋانلىق، 10 ئەزا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولدى. ئوتتۇرىچە يېشى 38.67 ياش. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، گومىنداڭ ئەزاسى 733كە، شەھەر دەرىجىلىك كومىتېت 5كە، ئاساسىي قاتلام ياچېيكا 27گە، گۇرۇپپا 5كە يەتتى.

لى جيې

# دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: جۇ جېنجۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ جېگرۇڭ (ئايال)، دۇڭ يۇڭماۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن چى، جاڭ لىبىن، جىن ماۋچياڭ، شۇ جېڭ.

## دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش** 2004 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. رايونلۇق كومىتېتنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى 76 قېتىم ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئۆگىنىش ۋە سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزاسى 610 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. 150 پارچىدىن ئارتۇق ئۆگىنىش تەسىراتى يازدى. ۋاقتىدا ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، «ئاساسىي قانۇن»نى ئۆگىنىش بويىچە

مەركەزلىك كونسۇلتاتسىيە قىلدى ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، مۇزاكىرە قىلدى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، رايونلۇق كومىتېت ئىتتىپاق ئەزالىرىنى دېڭ شياۋپىڭ خاتىرە سارىيىغا ھۆسنخەت، رەسىم ئىئانە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىتتىپاق ئىچىدىكى مەشھۇر زاتلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى، مۇزاكىرە يىغىنى ئاچتى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتىن كېڭەشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 15 يىللىق ھارپىسىدا، رايونلۇق كومىتېت مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى ئۇيۇشتۇردى، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارمۇ سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، ماقالە يېزىش، لېكسىيە سۆزلەش، ھۆسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كۇيتۇڭ شەھىرىدە شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت (كۇيتۇڭ) مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

2004 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسى ۋە تەكلىپ 129غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ تەكلىپ لايىھىسى 92، يىغىندا سۆزلەنگىنى 4، يىغىندا ئالماشتۇرۇلغان ماتېرىيال 5 پارچە. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر نەچچە تەكلىپ»كە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي كېڭەش يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى سىياسىي كېڭەش 9- نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىنىڭ 19 نۇقتىلىق تەكلىپ لايىھىسىنىڭ «1 - نومۇرلۇق نۇقتىلىق تەكلىپ لايىھىسى» قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى بېجىرىشكە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلدى.

2004 - يىل 7 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى جۈشىيەن يىغىنغا قاتناشتى.

11 - ئايدا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى 2004 - يىللىق ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى بويىچە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئىجتىمائىي مۇلازىمەت 2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگو يېزىسى جۇڭشىياڭ كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىگە 2 دانە كومپيۇتېر تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىك سەپ سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى بولغان قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا 5000 يۈەنلىك گىلەم توقۇش ماشىنىسى تەقدىم قىلدى. «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مەزگىلىدە، رايونلۇق كومىتېت ئاياللار ھەيئىتى شىنجاڭدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا «شىنجاڭدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش» تەشەببۇسنامىسى چىقىرىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ئۆز مېھرىنى ئىزھار قىلىشنى چاقىرىق قىلدى. «1 - ئىيۇل» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە، شۇ يەردىكى بالىلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى بالىلارغا ھال سوراش بۇيۇمى بەردى؛ باھار بايرىمى، «1 - ماي» بايرىمىدا، تاۋۇز چاغىنى مەگىلىدە، نامراتلارغا ياردەم بېرىش ئوبيېكتى قىلىنغانلارغا ھال سوراش بۇيۇمى ۋە ھال سوراش پۇلى بەردى.

2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن پۇل 18 مىڭ 410 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىل 7 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى جۈشىيەن قاتارلىقلار مەخسۇس قابا ناھىيىسىگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا رايوندىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ داۋالاش، سەھىيە شارائىتىنى ۋە ئوقۇتۇش مۇھىتىنى تەكشۈردى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزاسى 1285كە يەتتى. بىر يىلدا يېڭىدىن 37 ئەزا قوبۇل قىلىنىپ، 16 ئەزا كۆپەيدى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ساھەلەر بويىچە تارقىلىشى مۇنداق: مائارىپ ساھەسىدىكىسى 610، پەن -

تېخنىكا، سەھىيە ساھەسىدىكىسى 309، مەدەنىيەت، ئاخبارات ساھەسىدىكىسى 67، قانۇن، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىسى 18، دۆلەت كارخانىلىرىدىكىسى 132. ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 58.5 ياش.

2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ئورگان كادىرلىرىنى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىۋاستە قاراشلىق 28 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى تاماملىدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە، ساقلانغان مەسىلىلەر ھەققىدە خېلى چوڭقۇر تەسىرات ۋە تونۇش ھاسىل قىلدى.

**ئىتتىپاق ئىشلىرى پائالىيىتى** 2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىدا ئاچقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. رايونلۇق كومىتېت ئەزالىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى ئاچقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. رايونلۇق كومىتېت ئورگىنىدىكى قىسمەن مەخسۇس كادىرلار دېموكراتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا ئاچقان دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىكى مەخسۇس كادىرلارنى تەربىيىلەشكە ۋە ئورگان قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى. قىسمەن كادىرلار غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئېچىلغان ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەر دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ 15 - قېتىملىق ئالىي مائارىپ نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە 2004 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قىسمەن ئۆلكە (شەھەر) ئاساسىي مائارىپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى. قابا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى جىن شيۇجى بېيجىڭدا ئېچىلغان دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى.

2004 - يىل 9 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى غەربىي قىسمىدىكى 8 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون مەركىزى (مەركىزىي شەھەر) بويىچە شەھەر ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

ساۋ شياۋيەن

# دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: جيې شېكرۇي.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: دۆڭ شىنگۋاڭ، خەن چياڭ.

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش** 2004 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى جەمئىيەت ئەزالىرىنى ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، «ئاساسىي قانۇن» (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى) نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. رايونلۇق، شەھەرلىك كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئورگان كادىرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاچقان شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارلارنىڭ ئاساسىي قانۇننى ۋە سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىغا، دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىغا ۋە دېموكراتىك گۇرۇھلارنىڭ ئورگان ئىدىيە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئۆگىنىش گۇلزارى بەرپا قىلىپ، ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئېلان قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 9 - ئايدا «دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشقا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش» بويىچە سوئال - جاۋابلىق پائالىيەت ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ رايونلۇق دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش كومىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەشۋىقات ئۇچۇرچىلار كۇرسى ئاچتى.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش     ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى 12 تەكلىپ لايىھىسى سۇندى. بۇنىڭ مەزمۇنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ساياھەتچىلىك ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. يىغىنغا قاتناشقانلار «ئاپتونوم رايون پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا بىر نەچچە تەكلىپ» دېگەن تېمىدا سۆزگە چىقتى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - قېتىملىق تەكلىپ لايىھە يىغىنىدا، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى «ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان پارتىيە فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىپ، تەكلىپ لايىھە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تەكلىپ لايىھە سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزاسى دۇڭ شىنگۇاڭ يازغان «شىنجاڭدىكى شور ئاپتىنى تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە» ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ 2003 - يىلدىكى مۇنەۋۋەر تەكلىپ لايىھە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش     2004 - يىلى جەمئىيەتكە 17 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 43 ياش. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 15كە، ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەربابلار 11 گە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە، جەمئىيەت ئەزاسى 414كە يەتتى. 2004 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىر، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى چېن خەي دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى.

ئىجتىمائىي مۇلازىمەت     2004 - يىل 10 - ئايدا جەمئىيەت ئىچىدىكى قىسمەن كارخانىچىلار دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى كۇنمىڭدا ئاچقان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىساد مۇھاكىمە مۇنبىرى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا جەمئىيەتكە ئەزا قىسمەن كارخانىچىلار بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىچكى جايلاردىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيتىلدى.

2004 - يىلى جەمئىيەتكە ئەزا كارخانا — ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش «پاركسون» كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتى بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 151 - تۇەن - مەيداندىكى مىللىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قىممىتى 40 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان 508 قۇر مەكتەپ فورمىسى ھەدىيە قىلدى.

ساۋ شياۋيەن

# دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: نيۇ رۇجى.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: شى جيەنشىن، تۇڭ جاۋلىڭ (ئايال)، يۇ جېنتيەن.

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش     2004 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى شىخەنزىدە 2 - قېتىم «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، 40 پارچە تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسى تاپشۇرۇۋالدى. 30 ئادەم يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقىدى. بۇنىڭ 6 پارچىسى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى بويىچە مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى، خەلق سىياسىي كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ يەرلىك تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش قاتارلىق چوڭ ئىشلار ۋە پائالىيەت مۇناسىۋىتى بىلەن، دېموكراتىيىنى

ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە شەھەرلىرىدە كومىتېت بىلەن بىللە جەمئىيەت ئەزالىرىنى سۆھبەتلىشىشكە ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا، خاتىرىلەش ماقالىلىرى يېزىشقا، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. «ئۈچنى كۈچەيتىش» ، «تۆتنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «پارتىيىنى ئۇستاز قىلىش، ئومۇم ئۈچۈن جەمئىيەت قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش» ئىدىيىۋى ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ بىرلىك تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى پۇرسەت قىلىنىپ، «تەشكىلات قۇرۇلۇش يىلى» دىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇ چۆرىدىلىپ شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 12 ئىلغار ياچېيكا ۋە 44 مۇنەۋۋەر جەمئىيەت ئەزاسى تەقدىرلەندى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرى، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. خەلقئارا مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى پائالىيىتى مەزگىلىدە، رايونلۇق كومىتېت شىنجاڭ «ئەنكاڭ» بالىلارنىڭ قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر پەننىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە ياردەملىشىپ يېتىم ۋە مېيىپ بالىلارغا 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا تەقدىم قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش بويىچە ساياھەت باغچىسى بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلدى. رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئالدىنقى يىللىق خىزمەت ئەھۋالى ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەت پىكىر يولى مەلۇم قىلىندى. شىنجاڭ بىلەن ئاۋمېننىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، رايونلۇق كومىتېت شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ «جىنبەيخې» تويلۇق فوتو سۈرەت گۇرۇھى ۋە ياشلار خەلقئارا ئالماشتۇرۇش مەركىزى بىلەن بىللە، ئاۋمېن داڭلىق فوتوگرافلار فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش 2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت «تەشكىلىي قۇرۇلۇش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ‹تەشكىلىي قۇرۇلۇش يىلىنى يولغا قويۇش خىزمەت لايىھىسى› نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. «دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى» نى تارقاتتى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، زاپاس كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي تەرەققىيات ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي تېما قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لايىھىسىنى بېكىتتى. رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز قارمىقىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت تەپەككۇرى» ، «رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى» ، «زاپاس كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى» قاتارلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتلىرىنى يېزىپ چىقتى.

رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 42 ئاساسىي قاتلام ياچېيكا ھەيئىتى نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىنى تاماملاپ، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە تولۇقلىدى، ياچېيكا شۇجىسىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر 119 غا يەتتى. ئوتتۇرىچە يېشى 45 ياش؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىگىلەر 101، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانتتىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىگىلەر 6، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 51، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 43. ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھەر بىر ياچېيكىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئوتتۇرىچە 8 قېتىمدىن كۆپرەك ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتقا بىۋاستە قاراشلىق 4 - ياچېيكىنىڭ 19 قېتىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېت تيانشان رايونلۇق 2- ياچېيكىنىڭ 17 قېتىم.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەتكە 55 ئەزا قوبۇل قىلىندى. ئوتتۇرىچە يېشى 38.1 ياش. ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 50كە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 35 كە يەتتى. 2004 - يىلغىچە رايونلۇق كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت ئەزاسى 689 غا يەتتى. ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 573، ئالىي ئۇنۋانى بارلار

196، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 376. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50 ياش. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساھەلەرگە تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: مائارىپ ساھەسىدىكىسى 426، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەسىدىكىسى 58، ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسىدىكىسى 11، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىسى 37، تىببىي دورا، سەھىيە ساھەسىدىكىسى 55، ئىقتىساد ساھەسىدىكىسى 45، قانۇن ساھەسىدىكىسى 16، ئورگان ۋە باشقا ساھەدىكىسى 41.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش** 2004 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ئاچقان ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنى كېڭىشىش يىغىنلىرىغا، سۆھبەت يىغىنلىرىغا، مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنلىرىغا نەچچە 10 قېتىم قاتناشتى. تەكلىپ بەردى، تەدبىر كۆرسەتتى، كۆپلىگەن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا، پارتىيە، گۇرۇھلار نامىدىن سۇنۇلغان تەكلىپ لايىھىسى 20 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپىنى كۈچەيتىش» توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى 19 ئۇقتىلىق تەكلىپ لايىھىسى ئىچىدىكى رەئىسلەر ھەيئەتكىچىلىك قىلىپ بېجىرىدىغان 4 تەكلىپ لايىھىسىنىڭ بىرى قىلىندى. رايونلۇق كومىتېت دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن مەخسۇس خىزمەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

رايونلۇق كومىتېت سۇچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مۇھىت بايلىقى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمۇ شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا يۆتكەش قۇرۇلۇشىدىكى پۈتتۈرۈلگەن تۈرلەرنى، ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈردى. رايونلۇق كومىتېت يەنە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى، ئۇنى تەربىيىلەش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋە چوڭ يىغىندا قىلىنىدىغان سۆز كۆپىيىسىنى يېزىپ چىقتى. رايونلۇق كومىتېت يەنە ئاپتونوم رايوننى سانائەتلەشتۈرۈش مەسىلىسى، مۆزلۈكلەرنى قوغداش مەسىلىسى، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ۋە دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا 20 دىن ئارتۇق تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ليۇ جياۋبىن

# دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: سۇ شۇۋ (مانجۇ).

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ليۇ يەن، تېڭ يۇفېن (ئايال).

## دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش 2004 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى چوڭ - چوڭ نەزەرىيە ۋە فاكچېن، سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشنى داۋاملىق كۈچەيتتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى)» نى، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى)» نى ئۆگەندى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى، مۇھاكىمە كۇرسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. پارتىيە ئەزالىرىنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسەتكەن چوڭ تىپتىكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «بوران - چاپقۇندا بىللە بولۇش» نى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. 2004 -

يىلى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى، دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش» تېمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا دائىر ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، رايونلۇق كومىتېت ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى سۇندى ھەمدە دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە يوللىدى. دېھقان- ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 2004- يىلى، پۈتۈن پارتىيە بويىچە نەزەرىيە قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر نەزەرىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە تەجرىبە، تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇردى. ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەركەز يولىيورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، رايونلۇق كومىتېتىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى تولۇق خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، رايونلۇق كومىتېت «شىنجاڭ دېھقان- ئىشچىلىرى» دېگەن ئۈگىنىش ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقتى. بىر يىلدا رايونلۇق كومىتېت ئېلان قىلغان ئۇچۇر، خەۋەر، سۈرەت قاتارلىقلار 12گە يەتتى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئالغا مۇھاكىمە مۇنبىرى»، «دېھقان - ئىشچىلار ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرى»، «شىنجاڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلدى ۋە كۆرسەتتى.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش** 2004 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ئاچقان كېڭەشش يىغىنى، خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، كادىر ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئىشلاردا دېموكراتىك كېڭەشتى ھەمدە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. رايونلۇق كومىتېت ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا 56 تەكلىپ لايىھىسىنى سۇندى: بۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر مائارىپى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەخلاق تەربىيە مائارىپى، يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. دېھقان - ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 2004 - يىلى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىلى قىلدى. رايونلۇق كومىتېت ساھەلەردىكى ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇردى، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، توقسۇن، ماناس ناھىيىلىرى ۋە سانجى شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش** 2004 - يىلى پارتىيىگە 16 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 5، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 11، ئوتتۇرىچە يېشى 46 ياش. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلىك كومىتېت 3كە، رايونغا قاراشلىق ياچېيكا - گۇرۇپپا 12گە، پارتىيە ئەزاسى 368گە، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 148گە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 185كە يەتتى.

**ئىجتىمائىي مۇلازىمەت** 2004 - يىلى توقسۇن ناھىيىسى ئىلالىق يېزىسى مەركىزىي شىپاخانىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازىرى مەركىزىي شىپاخانىسى دېھقان - ئىشچىلار پارتىيىسى شىنجاڭدا نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەيدىغان شىپاخانا قىلىندى. دەرس ئۆتۈش، لېكسىيە سۆزلەش، مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش شارائىتىنى ئىرىشىپ ياخشىلىدى. رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىم جۇڭگو تۆۋەن دەرىجىلىك سەھىيە، ساقلىق ساقلاش فوندى جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكا «كۆيۈنۈش» فوندى جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى دورا ۋە داۋالاش بويۇملىرى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، توقسۇن ناھىيىسى ئىلالىق يېزىسى مەركىزىي شىپاخانىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازىرى مەركىزىي شىپاخانىسى ۋە گەنگۇ يېزىلىق شىپاخانىغا، قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىدىكى نامرات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ھەدىيە قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، رايونلۇق كومىتېت يەنە قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىغا 5000 يۈەن ياردەم قىلىپ، گىلەم توقۇش ماشىنىسى ئېلىپ بەردى. رايونلۇق كومىتېت يەنە ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازىرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە 5000 يۈەنلىك بالىلار كىتابى ھەدىيە قىلدى. 2004 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى خەلقئارا ئىلىم - پەن ۋە تىنچلىق ھەپتىلىكى جۇڭگو تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن خەلقئارا ئىلىم - پەن ۋە

تىنچلىق ھەيتلىكى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خې جۇاڭ

# «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: يۈ داۋخۇ.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ دىجى، شيۇڭ خېيگاڭ، گاۋ شىفېڭ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى رايونلۇق كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى يىغىندا سۆزگە چىقىش ۋە ئالماشتۇرۇش ماتېرىيالىدىن 2 پارچە، كوللېكتىپ تەكلىپ لايىھىسىدىن 5 پارچە تاپشۇردى. مۇدىر كومىتېت ئەزاسى يۈ داۋخۇ رايونلۇق كومىتېتقا ۋاكالىتەن «ئوتلاق چارۋىچىلىقى بويىچە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسى ۋە تولۇق ئولتۇراقلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەن تېمىدا يىغىندا سۆز قىلدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى 2004 ـ يىلى ئېچىلغان «ئىككى يىغىن» غا مۇھاكىمە لايىھىسى، تەكلىپ لايىھىسى، تەكلىپتىن 16 نى تاپشۇردى. «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا 27 تەكلىپ لايىھىسى تاپشۇردى. يىغىندا قىلىنغان «شىخەنزە شەھىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئائىت ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات توغرىسىدا تەكلىپ» تېمىسىدىكى سۆز سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى قاراماي تارماق جەمئىيىتى قاراماي سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا 8 تەكلىپ لايىھىسى تاپشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئىككى يېزىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش خىزمىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلەيلى» دېگەن تەكلىپ لايىھىسى ئالماشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە تارماق جەمئىيىتى «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ باھالاندى.

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش 2004 ـ يىلى «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ج ك پ 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ۋە ئىلمىي جەمئىيەت مەركىزىي كومىتېتى ھەم ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. 4 ـ ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارماق جەمئىيىتى ئاساسىي قانۇنغا ۋە سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەسىرات ۋە ئالىي مەكتەپ ئىسلاھاتى تەپەككۇرى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارماق جەمئىيىتى جەمئىيەت ئىشلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلمىي جەمئىيەت مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوكتور يېتەكچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ليۇ يىڭمىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي نۇتۇق سۆزلىدى ھەمدە تەكلىپكە بىنائەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشتى. 10 ـ ئايدا رايونلۇق كومىتېت ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ ج ك پ 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تۆت خىل ئىقتىدار (سىياسىينى ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەشكىلىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش ئىقتىدارى) نى ئۆستۈرۈش بويىچە بىر قارار كۇرس ئاچتى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش 2004 ـ يىلى جەمئىيەتكە 21 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا، داۋالاش، سەھىيە ئاساسىي گەۋدە ساھەسىدىكىلەر %80نى، ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنۋانى بارلار %90نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرىچە يېشى 38 ياش، يىل ئاخىرىغىچە جەمئىيەت ئەزاسى 621گە يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

# ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

## ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ئابدۇرېھىم ھامىد، (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋاڭ خۇيبىۇ، خەلچەم ئىسلام، دەلىلقان مامىقان (قازاق)، مۇھەممەت ئىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف، ماجيەنگو (خۇيزۇ)، سۇڭ رۇڭگۇ، ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، دۇ چىنرۇي (ئايال).

باش كاتىپ: مۇھەممەت رەجەپ.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: تيەن جىخەي، چېڭ پېڭ، ۋاڭ جىجۇن.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: چېڭ پېڭ.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ خۇيلىن، ليۇ يانىڭ، ئەركىن رىشىت، ۋېي گاڭ.

## ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ يەنلياڭ بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2004 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۈچۈن بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2004 - يىللىق مالىيە خام چوتى لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى بەرگەن «ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپ بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى. يىغىندا ئابدۇرېھىم ھامىد ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

جاڭ جىشيەن

## ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2004 - يىلى 8 - سانلىقتىن 13 - سانلىقىچە 6 قېتىم يىغىن ئاچتى.

8 - قېتىملىق يىغىن 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 46 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تۇڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمە لايىھە)» نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى نىزامى (لايىھەنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى)» نى قاراپ چىققانلىق توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە يۇقىرىدىكى ئىككى نىزام لايىھىسىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىتىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

تەستىقلىتىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەرلىك نىزاملارنى بېكىتىش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى ئىسلامبېك ئابدۇلقانىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ 2003 - يىللىق قاماش سۈرۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىشنى تۈزىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات مەخمۇت، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ شىجياڭ، سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مەتنىمىن ياسىن، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىقى نازارىتىنىڭ نازىرى چيەن يوڭ، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قاسىم ماموتنىڭ 2003 - يىللىق خىزمىتىگە بېرىلگەن باھا ۋە پىكىرلەرگە قارىتا تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى نىزامى»، «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەرلىك نىزاملارنى بېكىتىش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا لى جيەنشىن (ئايال) ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، نامەت ناسىر ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، سۇڭ دالياڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ بەكرى ئېلياز ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن، ۋاڭ جىنشەن، خۇ ۋەنبىلار ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

9 - قېتىملىق يىغىن 5 - ئاينىڭ 25 — 28- كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ شىجياڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى چۈەنجەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش- سىزىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات، ش ئۇ ئا ر بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ ۋەنلىن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يولۇچى كىرا ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىش قارارى)»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەكشۈرگەنلىك نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىتىشقا سۇنغان «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەككە نىزام چىقىرىش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىتىشقا سۇنغان «كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەكشۈرگەنلىك نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى روزى ئىسمائىلنىڭ يۇقىرىدىكى 4 نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۈڭ خۈيىن بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رەيھان يۈسۈپ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەرھات ئابدۇقادىر بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپ بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 2003 - يىللىق تەگرىتاغ مۇھىت ئاسراش

ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يولۇچى كىرا ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش نىزامى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەككە نىزام چىقىرىش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ۋە «كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش نىزامى» تەستىقلاندى. يىغىندا يۈ شۆجى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، سۇلتان ئوسمان ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاڭ لاڭتاۋ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سۈن باۋپىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. يىغىندا مۇھەممەت مەمتىمىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش، نۇر ئىبراھىمنى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى؛ چېن پېيرۇڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن، ئابدۇكېرەم سەلەي ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن، ياڭ گۇاڭياۋ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن، لۇ چىڧا ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسلىق ۋەزىپىسىدىن، دۇڭ جيەن ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىك، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. سۇلتان ئوسماننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن، ياسىن سادىرنى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى؛ يىغىندا ليۇ شاۋپىڭ، دىڭ يۇڭچىڭ، لى يىڭچۇەن، ما شاۋيۇڭ ۋە پەن جيەنگولارنىڭ سودىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئائىت ئىشلار ماقۇللاندى.

10 - قېتىملىق يىغىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 37 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ئامان ھاجىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى قاراپ چىقىلدى، ئامان ھاجىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىرا ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - سانلىق يىغىنى ئامان ھاجىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

11 - قېتىملىق يىغىن 7 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 23- كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 51 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تۇڭ، جاڭ لياڭلار بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىلىقچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتلار ۋە جاڭ لياڭنىڭ يۇقىرىدىكى 3 نىزام لايىھىسىنىڭ ئۆزگەرتىلدىغان نۇسخىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ يەنلياڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلات، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۇن بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ «ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بېلىق بايلىقىنى قوغداش نىزامى» نى تەكشۈرگەنلىك پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ فۇخېڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش

ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن زېيۇنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت بىرتۇتاش سېتىۋېلىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتىمىن زاكىرنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېتېئورولوگىيە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ - پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت - سەھىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇراخمان كېرەمنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموفنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاساسىي ئېتىزلارنى قوغداش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى› نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلات» نى قاراپ چىققاندا بەرگەن تەكلىپلەرنى بېجىرگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بېلىق بايلىقىنى قوغداش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ماقۇللاندى.

**12** - قېتىملىق يىغىن    9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىلھام سابىرنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىيازنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى جاڭ بىننىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى جيەنشىننىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر جامائەت ئىشلىرى ئىجازەتلىك تىجارەت نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ مېڭسەينىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۈننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىللىق مالىيە ئومۇمىي نەق چوتى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 2004 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ دېڭيۈننىڭ 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىملىرىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ فۇخېڭنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چىنرۇينىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموفنىڭ 2004 - يىلى تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ

رۆگۈنىڭ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باھالاشتا بەرگەن تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى جاپپار ھەبىبۇللا، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى جيەنشىننىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىش ئەھۋالى باھالاپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003-يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا پېڭ جېنخۇا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، دوڭ جيەنگو ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر - دىن - تاشقى ئىشلار - جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئەخمەت ئەيسا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جىن لىمىن ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، ياڭ پىڭ قۇمۇل تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئائىت باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

13 - قېتىملىق يىغىن 11 - ئاينىڭ 22 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 50 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لۇ جياچۇەننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش، باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭنىڭ «نىزام (لايىھە)» نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ شىجياڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم ۋادىسى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى جاڭ لياڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كېيىك مۇھىتىنى ئاسراش نىزامى» قاتارلىق 10 يەرلىك نىزامنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ۋە يۇقىرىدىكى نىزاملارنىڭ تۈزىتىلىدىغان لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى ۋاڭ توڭ، روزى ئىسمائىل ۋە جاڭ لياڭلارنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى سايلام چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» نى تەكشۈرگەنلىك نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى ۋە روزى ئىسمائىلنىڭ يۇقىرىدىكى 3 نىزامنىڭ تۈزىتىش نۇسخىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى. يىغىندا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى جاپپار ھەبىبۇللا، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى جيەنشىننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى قاراپ چىققاندا بەرگەن تەكلىپ - پىكىرلەر بويىچە خىزمىتىنى ياخشىلىغانلىق ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتلىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن زاكىرنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋاناتنى قوغداش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىس ياردەمچىسى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يۆمىڭنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ‹ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى› نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يازما دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ يەنلياڭنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆزدىن كەچۈرۈش

گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يازما دوكلاتى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۇننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق مالىيە ئومۇمىي خام چوتى دوكلاتى» نى قاراپ چىققاندا بەرگەن تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يازما دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيۇپنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىكى ۋەكىللەر تەۋسىيىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت رەجەپنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 76ـ، 283 ـ نومۇرلۇق تەۋسىيىسىنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىكى 970 ـ نومۇرلۇق ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدا قارار، «ئاپتونوم رايوننىڭ گىئومۇھىتىنى ئاسراش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۈ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈتچىلىك نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىق 8 نىزامنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» بىلەن «ئاپتونوم رايوننىڭ دەريا باشقۇرۇش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك قارار قىلىندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى سايلام چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش، باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «‹ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» ى بىلەن «‹ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 76ـ، 283 ـ نومۇرلۇق تەۋسىيىسىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىكى ۋەكىللەر تەۋسىيىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا گېڭ جۇن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جاڭ چۇنخۇا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، لى چيەننەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

جاڭ جىشيەن

## نازارەت قىلىش خىزمىتى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدا كۆرۈلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا نازارەت خىزمىتىنى كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى.

يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسى توغرىسىدا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەققىي

كاپالەتلىك قىلىش، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە ئاشلىقتا بىۋاسىتە ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپ ئۇلاردىن كەسىپلەشتۈرۈشتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى شۇنىڭدەك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش قاتارلىقلارغا ئائىت سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى ۋە تېخىمۇ كۆپ مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلدى.

كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، ھۆكۈمەتتىن تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇنى تۈگىتىپ، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دائىمىي كومىتېت يەنى «ھۆكۈمەت بىرتوتاش سېتىۋېلىش قانۇنى»، «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى» ۋە «ستاتىستىكا قانۇنى» نىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، نېسى قالدۇرۇلغان قۇرۇلۇش ھەققى ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە نازارەت قىلىش داۋامىدا سېزىلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈمەتكە تۈزىتىش تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بەردى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، زىيانسىز يېمەكلىكنى كۆپەيتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر مۇساپىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»، «سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى»، «ئاساسىي ئېتىزلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا سېزىلگەن يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى ھېلىھەم ئېغىر بولۇش، زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە مەھسۇلاتقا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى ئارقىدا قېلىش، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش سىستېمىسى مۇكەممەل بولماسلىق، بازارغا كىرىش تۈزۈمى بولماسلىقتەك مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەتتىن بۇلارنى ئەستايىدىل تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا سېزىلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەتتىن تېخىمۇ چىڭ بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمى ۋە يەر ئىشلىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىدا قانۇنغا خىلاپ بوزيەر ئېچىشنى قەتئىي توسۇشنى، تەرەققىيات رايونىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئىزچىللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان نازارەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى ھەمدە ئەدلىيىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى قاتتىق ئادا قىلىش، ئاممىنىڭ ھال ئېيتىشى، ئەرز قىلىشى تەس بولۇش ۋە دېلو بېجىرىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش، سودىيىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپ، ئۇلاردىن تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى.

جاڭ جىشيەن

## ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە 269 دۆلەت خىزمەتچىسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرى 43، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى 144 (بىڭتۇەننىڭ 45 كادىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى 82 (بىڭتۇەننىڭ 28 كادىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

جاڭ جىشيەن

## ۋەكىللەر خىزمىتى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ۋەكىللەر قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سالدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىش، ۋەكىللەر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى ۋە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى

ئاڭلىدى. ۋەكىللەرنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش، ۋەكىللەرگە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىنى ئۇقتۇرۇش، ۋەكىللەرنى سوت مەھكىمىسى سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتىنى ئاڭلاش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، چىقىرىلماقچى بولغان قانۇنلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خىزمەتتىن دوكلات بېرىش ۋە ئۇنى باھالاشقا تەشكىللەش، گېزىت - ژۇرناللارغا خەتلەندۇرۇش ۋە ماتېرىياللارنى ئەۋەتىپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋاللاردىن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. 7 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ۋەكىللىرى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 110 نەچچە ئادەمنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلاشقا تەشكىللىدى.

10 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 15 ۋەكىلىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ 10 كۈنلۈك كۇرسىغا قاتناشتۇردى. بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

جاڭ شىنشېڭ

## تەۋسىيەلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ قاراپ چىقىشى بىلەن 10 تەۋسىيە (18 تەۋسىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ 10 تەۋسىيە قىلىنغان) ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى تەييارلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى ئۇنىڭ بىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشنى، ئۇنىڭ 8 ىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشنى، بىرىنى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تۇگجاجاپ قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تەييارلاش، دەلىللەش خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېز باشلاش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى بىلەن تۇرسۇن تۇردى قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

2. لۇ شياڭباۋ قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش، كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

3. ۋاڭ جىڭچيەن قاتارلىق 13 ۋەكىلنىڭ نامرات جايلارنىڭ ئۆزى توپلايدىغان تۈر خىراجىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

4. ۋاڭ شۈۋېي قاتارلىق 61 ۋەكىلنىڭ پىكىر يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

5. ليۇ چۈەنشەن قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ چەت، ياقا، نامرات جايلاردىكى يېزىلارنىڭ داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

6. ئابلا ئاپپاق قاتارلىق 24 ۋەكىلنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا نىزامى» نى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

7. ئابلەت مامۇت قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر جامائەت كەسپىي ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت باشقۇرۇش نىزامى» نى ئىمكانقەدەر تېز چىقىرىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

8. جۇڭ يىڭنا قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

9. پاتىگۈل ئابلىمىت قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي مائارىپىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

10. سۈي لىن، گۈلنار ئابلىز قاتارلىق 14 ۋەكىلنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسى دېلولىرىنى بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دېلو ئىجراسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

جاڭ جىشيەن

## ۋەكىللەر تەكلىپلىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى مەزگىلىدە، ۋەكىللەر تەقسىد، پىكىر بولۇپ 924 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - قاتناش، مالىيە-سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلان، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر تەكلىپ 345؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا دائىر تەكلىپ 261؛ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيىگە دائىر تەكلىپ 187؛ ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، مائاش، پاراۋانلىققا دائىر تەكلىپ 51؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە سىياسىي قانۇنغا دائىر تەكلىپ 45؛ ئۇنىۋېرسال تەكلىپ ۋە باشقا تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان تەكلىپ 35. 2004-

يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈتتۈرىغا قويۇلغان تەكلىپلەر بىجىرىلىپ بولدى. بىجىرىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەردىن قوبۇل قىلىنغىنى، ھەل قىلىنغىنى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغىنى 237، ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ تەدرىجىي ھەل قىلىنىۋاتقىنى 395، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ياكى دۆلەتنىڭ سىياسەت - بەلگىلىمىلىرى سەۋەبىدىن كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلغىنى 240، پايدىلىنىشقا قالدۇرۇلغىنى ياكى ئىزاھات بېرىلگىنى 52.

جاڭ جىشيەن

## تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى تەشكىلىي كومىتېتى «ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، زىيانسىز يېمەكلىكنى كۆپەيتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 6 - ئاينىڭ 28- كۈنىدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام بىلەن خوجىخان ھاكىموف قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە مەركەز ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 35 مۇخبىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 6 شەھەر، 10 ناھىيىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»، «سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى» ۋە «ئاساسىي ئېتىزلارنى قوغداش نىزامى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالى شۇنىڭدەك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زىيانسىز يېمەكلىكنى كۆپەيتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە زىيارەت قىلىپ خەۋەر قىلدى. تەكشۈرۈشتە سېزىلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لىرىگە ئاغزاكى ياكى يازما تەرتىپكە سېلىش - تۈزىتىش تەكلىپ-پىكىرلىرىنى بەردى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى (خىزمەت كومىتېتى) دىن ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بىرگە بارغان مۇخبىرلار ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق 205 پارچە ماقالىنى ئېلان قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 7 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جاڭ جىشيەن

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمە-سىنىڭ خىزمىتى باھالاندى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 34 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، مۇئاۋىن مۇدىر سۇڭ رۇگو، باش كاتىپ مۇھەممەت رەجەپ ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 15 ئادەمدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەتلىرىنى باھالاپ چىقتى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - سانلىق يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالىشىنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىق توغرىسىدا دوكلات بەردى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ۋە تۈزىتىلگەندىن كېيىن دائىمىي كومىتېت



ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى ۋە سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە ئابدۇرېھىم ھامىد زىيانسىز باقمىچىلىق بازىسىدا.

ياڭ يې فوتوسى

تەركىبىدىكىلەر ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جاڭ جىشيەن

## ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگۈزۈش ۋە خىزمىتىنى باھالاش خىزمىتى

2004 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - سانلىق يىغىنى مىللىي ئىشلار كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، مەدەنىيەت نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە قۇرۇلۇش نازارىتىدىن ئىبارەت 4 نازارەت (كومىتېت) نىڭ نازىرى (مۇدىرى) نى ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگۈزدى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل باھالىدى ھەم ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. 2004 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - سانلىق يىغىنىدا 4 نازىر (مۇدىر) ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەرگەن تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك ۋە تەرتىپكە سېلىپ تۈزەتكەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ 4 نازىر (مۇدىر) نىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

جاڭ جىشيەن

## «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «گوۋۇيۈەننىڭ ئاساسىي ئېتىزلارنى قوغداش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يەر باشقۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىزچىللىشىش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆلەت زېمىن بايلىقى نازارىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە ۋە 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 7 شەھەر، 9 ناھىيىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 6 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جاڭ جىشيەن

## «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى» ۋە «ھۆكۈمەت بىرتۇتاش سېتىۋېلىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەلىلقان مامىقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ بايىنغولىن ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى ۋە قاراماي شەھىرىگە بېرىپ «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى»، «ھۆكۈمەت بىرتۇتاش سېتىۋېلىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 6 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ھۆكۈمەت بىرتۇتاش سېتىۋېلىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 5 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ جىشەن

## «مېتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ «مېتېئورولوگىيە نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىل 5 -، 6 - ئايلاردا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ «مېتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە نىزامى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 5 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

بىلىقتۇ

## «ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۆيىيۇ، دۇ چىنرۈي گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە ۋە كۈيتۇڭ شەھەرلىرىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى

يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 5 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جاڭ جېشيەن

### «پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۇيىيۇ، دۇ چىنرۇي گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 4 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جاڭ جېشيەن

### «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتتىمىن زاكىر قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بىر قىسىم ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىش ـ كۆپەيتىش بازىلىرىغا بېرىپ «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 4 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

بىلقىتۇ

### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ مىڭزۇ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ «ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى نىزامى» ۋە «چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ليۇ زۇمىڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى خې چۈنلىن باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە مەمۇرىي دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىش، قاماش سۈرۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىشنى تۈزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى، ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىش، توڭلىتىۋېتىلگەن پۇل ـ بۇيۇملارنى تۆتۈۋېلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش، قانۇن بويىچە نارازىلىق ئەرز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى ۋۇ لېيەنيۈەن قاتارلىقلار قەشقەر، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىكى 10 كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

شىن جيەن

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار

رەئىس: ئىسمائىل تىلىۋالدى.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ جېنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، شۇڭ خۇيىيىن، جاڭ جۇ، لىۇ يى، نۇرلان ئەبىلمەنجىن (قازاق)، ئامان ھاجى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، كۈرەش مەخسۇت.

باش كاتىپ: ئايۇپ تېيىپ.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىلى، جاۋ جەنكۈي (11ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). ئارىپ (قازاق)، يۇسۇپ

قاسىم، لىي يىلياڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم، ۋاڭ شاۋنىڭ، لى فۇيۈەن، ما چىن، يۈ جېنگۈي.

بەنگۈڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ياڭ جاۋجى (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئابلىز ھوشۇر، لى چۈنياڭ، يۈ خۇەن، ۋاڭ خۇڭشىن.

تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ يەنلياڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يۈڭمىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: ساتتار ساۋۇت.

پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇ جيايۇ.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاپىز نىياز (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئېلى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: ليۇ ياۋخۇا (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جېڭ.

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ھەببۇللا.

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: قاسىم مامۇت.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لى شۆجۈن.

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: نىجات مەخمۇت.

ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: غەيرەت ھەسەن.

دۆلەت زېمىن بايلىقى نازارىتىنىڭ نازىرى: قانىبات سابكەي (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جيەنشىن.

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇتەللىپ قاسىم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ شىجياڭ.

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئەزىز قېيۇم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قۇبايدۇللا قاسىيىن (قازاق).

تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: چيەن يوڭ.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق.

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مەمتىمىن ياسىن.

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ.

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېكيۈن.

ئىزاھات: 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا جاڭ چىڭلى، چيەن جى، سۇڭ ئەيرۇڭ، جاپپار ھەببۇللا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ 2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنىدا چېن لېي ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ 2005 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - سانلىق يىغىنىدا خۇ ۋېي ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ۋاڭ جىنشياڭ، شيۇ خۇيىنلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بەرگەنلىك توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ 2005 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - سانلىق يىغىنىدا جاڭ جۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي 4 قېتىم ئومۇمىي يىغىن چاقىردى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، 2004 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مۇھاكىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا سۆز قىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 6 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى، يىغىندا ئىقتىسادنىڭ 1 - پەسىلدىكى يۈرۈشۈش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، 2 - پەسىللىك ئىقتىسادىي خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 7 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى، يىغىندا ئىقتىسادنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى يۈرۈشۈش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى، ساقلانغان مەسىلىلەر تەھلىل قىلىندى، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 8 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى، يىغىندا ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنقى 3 پەسىلدىكى خىزمىتى خۇلاسىلەندى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي 6 قېتىم دائىمىي يىغىن ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 4 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت سۇغۇرتىسى چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلارنىڭ سۇغۇرتا نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ چاقماقنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئەلىنىش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز، جىنسىي كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چارىسى» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 5 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى (لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئېلىش بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر تۇرالغۇ رايونى ئۆي - زېمىن خوجىلىقى چارىسى» قاتارلىقلارنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 6 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرى ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش چارىسى» مۇھاكىمە قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 7 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى)»، «ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تۈزۈش تەرتىپلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 8 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھاجىرلار ئىشانە چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 9 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقى ھەققىنى يىغىش - باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ سېلىنما تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر بىرنەچچە ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 12 قېتىم رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 22 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا گوۋۇيۈەن چاقىرغان ئۆي قۇشلىرى يۇقۇملۇق زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش يىغىنىنىڭ روھى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ نېسى قالغان ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بېرىش قاتارلىق بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2004 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» مۇزاكىرە قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ

رىياسەتچىلىكىدە 23 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پاكلىق خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىش، مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» نى يولغا قويۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 24 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش، 2 ـ قارارلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسى، شىنجاڭنىڭ رەقەملىك تېلېۋىزىيە تورىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەردە جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش لايىھىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈركانلاردىكى پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەردە جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش لايىھىسى» توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 25 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى، جىمسار ناھىيىسىنىڭ نامىنى بېيتىڭ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىش، قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن» قاتارىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 26 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەركەز ئاچقان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى مۇزاكىرە قىلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 27 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك ئىستىل تۈزىتىش يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى نىزاملىرى ۋە تارماقلار يولغا قويغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى مەمۇرىي جايلارنىڭ نام تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 28 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق رازى دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە خەلق رازى دۆلەت مەمۇرلىرى كوللېكتىپىنى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى ھەققىنى تاپشۇرۇش نىسبىتىنى تەڭشەشكە ئائىت مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 29 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشىنى قوللاشقا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھەقلىق يۆتكىلىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى باھالاش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 30 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، مەملىكەتلىك يېزىلاردىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، جۇڭگو قىزىل كرېست

جەمئىيىتى مەملىكەتلىك 8- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ساناۋەتكە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى كېلىشىپ ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 31 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى. «هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (دەسلەپكى نۇسخا) مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 32 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تاسادىپىي جامائەت ۋەقەلىرىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئومۇمىي لايىھىسى» مۇزاكىرە قىلىندى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتى، شىنجاڭنىڭ ساياھەت نۇقتىلىرىدا هاجەتخانا سېلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 33 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» مۇزاكىرە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بىلەن ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى. 2004 - يىللىق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە نىشاننى تىرىشىپ ئورۇنداشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## هۆكۈمەت پەرمانلىرى

2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 115 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 116 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت سۇغۇرتىسى چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 117 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز، جىنسىي كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 118 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چاقماقنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئەلىنىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 119 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك هۆججەتلىرىنى ئەنگە ئېلىش بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 120 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر تۇرالغۇ رايونى ئۆي - زېمىن خوجىلىقى چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك بېجىنى يىغىش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجىنى ئېلىش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق بېجىنى ئېلىش چارىسى» نى بىكار قىلغانلىق توغرىسىدا قارار چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 121 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 122 - نومۇرلۇق هۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇراقسىز نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش ۋەزىپىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجازەتنامىسىز تىجارەت قىلغانلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» نى بىكار قىلىش، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىش - باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەرلەردىكى كۆكەرتىش نىزامى› نى يولغا قويۇشتا دائىر بىرنەچچە بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مېھمان - سارايلارنىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەم- خەشەك ۋە يەم - خەشەك خۇرۇچىنى باشقۇرۇش نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 123 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى تۈزۈش تەرتىپلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 124 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 125 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دورا ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارچە سېمونتلارنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋاقىتلىق نوپۇسلارنىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي جامائەت مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 126 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھاجىرلار ئىئانە چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 127 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 128 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ بايلىقى ھەققىنى يىغىش - باشقۇرۇش چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

**ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىلى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):**

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە ‹تەڭرىتاغ لوڭقىسى› غا ئېرىشكەن ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «2003 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ماسائومىكامى قاتارلىق 9 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە 2004 - يىللىق ‹جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى› بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «4 - تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان ۋە تەڭشىلىدىغان مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرلىرى توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

**2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):**

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندا 4 - تۈركۈمدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار بولغان ناھىيە (شەھەر) لەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شىي خېپىڭ قاتارلىق 7 مەسلىھەتچىگە ‹ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن مەسلىھەت بېرىشتىكى ئىلغار شەخس› دېگەن نامنى بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «4 - نۆۋەتلىك ئىسسىق كۆل خەلقئارا تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە گەۋدىلىك نەتىجە ئېرىشكەن تەنھەرىكەتچى، ترېنېرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندا 1 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «3 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى دەپ نام ئالغان جايلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «2004 - يىلى سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداي، گۈرۈچنىڭ باھاسىغا قوشۇمچە ياردەم قوشۇپ بېرىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «‹مەمۇرىيەتنى ئاشكارىلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوت مۇداپىئەسى-بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «‹ئازادلىق ئارمىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتى بەلگىلىمىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەننىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «1 - تۈركۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى تارماقلار ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەردە ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويۇدىغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت مىقياسىدا قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەشمىسى› تارقىتىلغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى تەۋەككۈل سېلىنما توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «2 - تۈركۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى تارماقلار ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەردە ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويىدىغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «3 - تۈركۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى تارماقلار ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەردە ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويىدىغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى، (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلدى) بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياش، قورامىغا يەتكەن ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ باھالاش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «باج ئايرىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت

مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

**ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى 2004 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):**

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىشنى تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داڭلىق قەدىمىي دەرەخلەرنى قوغداش - باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى قۇرۇلۇش پۇلىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «‹زېمىن بايلىق نازارىتىنىڭ زېمىن - بايلىق جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «دۆلەت ئىلكىدىكى گېئولوگىيە- قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازار پار بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ ئېلېكتر بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاۋات ناھىيىسى قاتارلىق ئۈچ ناھىيىگە ‹9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش، ياش، ياش قورامىغا يەتكەنلەر ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشتىكى لاياقەتلىك ناھىيە› دېگەن نامنى بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 11 - بەش يىللىق پىلان خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لايىھىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ ‹ئۇقتۇرۇش› ىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئاپتونوم رايوندا ھۆكۈمەت بىرتۇتاش سېتىۋېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «2003 - يىلى قىش پەسلىدە ھەربىيدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش - ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ يېزىلارنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ ئۆي قۇشلىرى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر بىرنەچچە تەدبىر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى كاتىبات ئىدارىسىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ساياھەت ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى براكقا چىقىرىش چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە قارىتا ھېيدەكچىلىك قىلىش - باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى « ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى قەرزنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «يېزىلارنىڭ باج ئىسلاھاتىدا يېزىلارنىڭ بەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوننىڭ مەھەللە ئوت مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى)› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى « ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇش زۇكىمىغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى « ‹قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى قۇرۇلۇش پۇلىنى نېسى قالدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نېسى پۇلنى قايتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى « ‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ فورمىلارنى تەرتىپكە سېلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، بىلەن ‹مالىيە مىنىستىرلىكى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسىنىڭ فورمىلارنى تەرتىپكە سېلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغىنى قاتتىق باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايوندا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزىتىش ئىشخانىسىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ يىللىق كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىرنەچچە پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ يىللىق گېئوئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش لايىھىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ ئەۋلاد ئاھالە كىملىكىنى ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھىسى، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى « ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «كۆمۈر كانلىرى بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەت خىزمىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى پاي ھوقۇقى جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى)› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى « ‹ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قاتارلىق 7 تارماقنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى داڭلىق تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «‹گېئوئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى›، نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق 9 تارماقنىڭ تورخانا قاتارلىق ئالاقە تورلىرىدا تور مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىپ تۈزەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كۆمۈركانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئىلتىماس قىلىش چارىسى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «‹ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان سورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئەسى، بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەش لايىھىسى›، نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «‹گوۋۇيۈەن شىياڭگاڭ، ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرلىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇشى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزىتىش ئىشخانىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا مەكتەپلەر ‹بىر ھەق تۈزۈمى›، بويىچە ھەق ئېلىش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 ـ يىللىق بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئوئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش يىرىك پىلانى›، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا باج ئىسلاھاتىغا دائىر يانداش ھۆججەتلەر» نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ شەھەر، بازارلاردا چېقىلىدىغان ۋە كۆچۈرۈلىدىغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمىنى كونترول قىلىش، چېقىش، كۆچۈرۈش، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، ئەركىن كەسىپتىكىلەر ۋە جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان ئاساسىي سۇغۇرتا پۇلى نىسبىتى ۋە ئاساسىي سانىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېببىي دورا زاپىسىنى باشقۇرۇش چارىسى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىيدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەقلىق يۆتكەپ بېرىلىدىغان مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «قىرغىزىستاننىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئاۋىئاتسىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ۋاكالىتەن ۋىزا بېجىرىش كەسپىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر بىرنەچچە پىكرى›، نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازاردىن بېرىپ ھەربىيدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇشتا بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرى تارقىتىلغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شىنجاڭ شىخەنزە كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ باج

ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە تىزگىنلەش ۋە باج ئېلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققانلار كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سانىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «〈گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى نېسىي قۇرۇلۇش ھەققى مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى〉نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «〈دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسى〉نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىقىي جاۋابلار

**ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىلى چۈشۈرگەن تەستىقىي جاۋابلار (بىر قىسمى):**

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «تارىم توغراقلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ يوللاشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئورمىنى رايونىنى بېكىتىش مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت تورى بىرتۇتاش سۇپىسىنى قۇرۇش تۈرىگە قوشۇلغانلىق توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «218 - دۆلەت تاشيولىنىڭ كورلىدىن لوپنۇرغىچە بولغان بۆلىكىدە پونكىت قۇرۇپ ئۆتكەن ئاپتوموبىللاردىن ھەق ئېلىش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايون تاشيوللىرىدىكى ھەق ئېلىش ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «2004 - يىلى تەبىئىي ئوتلاقلاردىكى چارۋىچىلىقتىن ئوتلاقتا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش ئەھۋالى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبلەمەنجىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك باللار پاراۋانلىق ئورنىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى مايتاغ، كۈيتۇڭلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 5 - كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھاللىق سەۋىيە قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەكىتلىدى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئەمگەك قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىيۇ يى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى تەكشۈردى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش پىكرىنى بەردى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشىن مېھمانخانىسى، داشىمەن رەخت بازىرى ۋە شىمالىي ۋوگزال تاشقى سودا ئىسكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ئاپتونوم رايون مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى يوشۇرۇن تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەركىن ئىمىر باقى ئىسمائىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ ئىلى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەركىن ئىمىرباقى ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشى تۈرىگە ئۇل سالدى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۆڭ خۈيىن شايار ناھىيىسىدە رىياسەتچىلىك قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تېرىلغۇ پەرۋىشى نەق مەيدان يىغىنىنى ئاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى مۇزېيىنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېنشياڭ 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق يىغىن مەيدانىدا جەمئىيەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەنگەن ئىشقا قوبۇل قىلىش، تەكلىپ قىلىش پائالىيەتلىرىدە پايدىنى كۆزلىمەسلىك كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئاپتونوم رايونلۇق يەر ـ بازار تەرتىپىنى تۈزەش ـ تەرتىپكە سېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ سانجى ئوبلاستىنىڭ يەر ـ بازار تەرتىپىنى تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، جايلارنىڭ دالا ـ قاقاسلىقلار ۋە ئىشلىتىلمىگەن يەردىن پايدىلىنىپ بىر تۇتاش سانائەت تېخنىكا رايونى قۇرۇپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىشنى تەكىتلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ جۇلار كۇنەس ناھىيىسى نارات ئايرودرومىنىڭ ئىش باشلاش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سالدى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كۇرەش مەخسۇت ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تورخانىلارنى مەخسۇس تۈزەش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەتكە كېلىش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى باشلاش مۇراسىمىدا ئىشتىراكچى ئورۇنلارنىڭ زىچ ماسلىشىپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈشى ۋە قانۇننى مەركەزلىك ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شيۆڭ خۈيىن ساۋەن ناھىيىسىدە ئېچىلغان شىمالىي شىنجاڭ رايونى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تېرىلغۇ پەرۋىشى نەق مەيدان يىغىنىدا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا جايلارنىڭ چوقۇم ئومۇملۇق ئېڭى بولۇشىنى، ئاشلىقنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىدىكى ئۆللۈق ئورنىدىن قەتئىي تەۋرەنمەسلىكنى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي تۇردە قوغدىشنى تەكىتلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەردە ئاپتونوم رايوننىڭ 22 ـ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 23 ـ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى تەكشۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋاڭ جېنشياڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 نۇقتىلىق پۇقراۋى كارخانا سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە باغچىلاشقان سانائەت رايونى ئاساسىدا ئۆزلۈكسىز زورىيىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەركىن ئىمىرباقى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ۋەزىيەتتىن دوكلات بەردى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسمائىل تىلىۋالدىنى مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كۇرەش مەخسۇت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تەشۋىقاتى ھەپتىلىكى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا نۇقتىلىق يېمەكلىك ۋە ئاجىز ھالقىلارنى ياخشىلاشنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ساغلاملىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋاڭ جېنشياڭ، كۇرەش مەخسۇت ئىسمائىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە مەركىزىگە بېرىپ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش تېلېگراممىسىنى ئوقۇدى. ھەمدە ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەبرىك لەۋھەسى تەقدىم قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى مەملىكەت بويىچە تۇنجى زەھەر چەكلەش مىس داشقىنى يوپۇقىنى ئاچتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋاڭ جېنشياڭ ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلغان كوچا (يېزا ـ بازار)، مەھەللە ئەمگەك كاپالىتى خىزمىتى سۈپىتى قۇرۇلۇشى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋاڭ جېنشياڭ ئونسۇ ناھىيىسىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇئەسسەسىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بەزى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدا «خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش»نى قوللانسا بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاڭ جېنشياڭ شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا يېڭى تېخنىكا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سانائەتلىشىشنى

تېزلىتىشنى تەكىتلىدى. ئەركىن ئىمىرباقى بىرگە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، كۈرەش مەخسۇتلار غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تېز يامراپ كېتىش ھالىتىنى قەتئىي توسۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جاڭ جۇ شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2004ـ يىللىق جۇڭگو ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مېھمانلارنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر شاڭخەي شەھىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 45 مىليون يۈەن مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدىلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ ئىش باشلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. شىيۇڭ خۈيىن بىرگە بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتناش نازارىتىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرگەندە 2004 ـ يىللىق تاشيول قۇرۇلۇشى مەبلەغ نىشانىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى بىرگە بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىيۇڭ خۈيىن سانجى ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى، ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قىزىلسۇ ئوبلاستىغا بېرىپ ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە ئاتۇش شەھىرىدىكى پېشقەدەم كادىرلار، قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرىدىن ھال سورىدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لىيۇ يى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەنتەربىيە زالىدا ئاپتونوم رايون ئاچقان 20 ـ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۈرەش مەخسۇت ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات خىزمىتى مەخسۇس يىغىنىغا قاتنىشىپ مەملىكەتلىك نەشرىيات خىزمىتى مەخسۇس يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ناتوغرا خاھىشلارنى قەتئىي توسۇش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىيۇڭ خۈيىن يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى باغ سەيلىسىگە قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەكىتلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2004ـ يىللىق دۆلەت ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال مانېۋىرىنى كۆردى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايون چاقىرغان مائارىپ ئىدارىسى شۇجىلىرى، باشلىقلىرى كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرىنى يوقلىغاندا، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان زور تۈركۈم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تەكىتلىدى. لىيۇ يى بىرگە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت تەرەققىيات مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى بىرگە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ سۇچىلىق نازارىتى بىلەن سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ئۇنىۋېرسال ئىشلار ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىدا ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا

ئېرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ تۇنجى ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريولى جىڭ — غۇلجا — قورغاس پورتى تۆمۈريول ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلاردىن ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىقلار بىرگە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ خۇادىيەن قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى 2 ـ قەرەللىك كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۇنى تەبرىكلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باغچىلاشقان كۇچا خىمىيە سانائىتى رايونى نېفىت تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى 11 ـ بەش يىللىق ۋە 2020 ـ يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى دەلىللەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە كۇچانى دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان باغچىلاشقان خىمىيە سانائىتى رايونىغا ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقىلار دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەرەققىيات خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىغىننى تەبرىكلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى 1 ـ قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭدىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىدىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتەك تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

چېن رۇ

## ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

1. 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 23 قانۇن ـ نىزامنى چىقاردى. 1) يەرلىك قانۇن-نىزام لايىھىسى 10، بۇلار «ئاپتونوم رايوننىڭ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمىسى) » ، «ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمىسى) » ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئىشلىرى ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت نىزامى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى نىزامى» ، «يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش نىزامى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ھۆددىگەرلىكى قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» ؛ 2) تاماملانغان بەلگىلىمە ـ نىزام لايىھىلىرى 13، ئۇلار «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت سۇغۇرتىسى چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز، جىنسىي كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ چاقماقنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئەلىنىش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئېلىش بەلگىلىمىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ تەرتىپىنى بېكىتىش بەلگىلىمىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھاجىرلار ئىئانىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش ـ باشقۇرۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقى ھەققى يىغىش ـ باشقۇرۇش چارىسى» ، «ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق 6 نىزام ـ بەلگىلىمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆيلەرنى چېقىش ـ كۆچۈرۈش چارىسى (تۈزىتىلمىسى) » .

2. بېجىرىلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى تەكلىپلىرى، پىكىر ئېلىنغان قانۇن لايىھىلىرى ۋە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر 80، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ قانۇن تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى 5، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى 5؛ گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن، نىزاملار لايىھىسى توغرىسىدا ئالغان پىكىرىگە قايتۇرۇلغان جاۋاب 34؛ ئالاقىدار تارماقلار ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججىتى 36.

3. ئىلمىي مۇھاكىمىلەر پائال قانات يايدۇرۇلدى، قانۇن چىقىرىش كەسپىي تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. يىل بېشى ۋە يىل ئوتتۇرىسىدا 2 قېتىم قانۇن چىقىرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ئەھۋالى دوكلات قىلىندى، قانداق قىلىپ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنشۇناسلىق ئورنى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئۆتكۆزدى. مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. بىر يىلدا 40 نەچچە قېتىم دەلىللەش يىغىنى، مەسلىھەت بېرىش يىغىنى ئېچىپ، كەڭ تۈردە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ پىكىرىنى ئالدى، قانۇن چىقىرىش ئىشتىراكچىلىرى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش شەكلىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسى بار ئورۇنلاردىكى قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى «قانۇن چىقىرىش قانۇنى»، «قانۇن - نىزاملارنى بېكىتىش تەرتىپى نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

جاڭ يۇڭمېي

## مەمۇرىي ئىجازەت بويىچە «ئىككىنى ئېنىقلاش» خىزمىتى

1. مەمۇرىي ئىجازەت ئاساسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مەمۇرىي ئىجازەت ئاساسىنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى. بىرىنچىدىن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 — 2003 - يىلىغىچە بولغان 124 قائىدىسىنى ئېنىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ 122 -، 125 - نومۇرلۇق پەرمانى سۈپىتىدە ئېلان قىلىپ تۈزەتكىنى 10، بىكار قىلغىنى 4. ئىككىنچىدىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 — 2004 - يىلىغىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇلغان 99 پەرلىك قانۇن - نىزامنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئىجازەتكە چېتىلىدىغىنى 58 پارچە 153 تۈر، مەمۇرىي ئىجازەت مەزمۇنى بولمىغان ياكى بەلگىلەنمىگەن، تۈزىتىش ھاجەتسىز بولغىنى 31 پارچە، قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئەمما ۋاقتىنچە بىر تەرەپ قىلىنمايدىغىنى 10 پارچە. «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» نىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە سۇنىدىغان تەكلىپ لايىھە 23 پارچە 38 تۈر، بۇلاردىن سىرت ئېنىقلاش خىزمىتىدىكى بىر تەرەپ قىلىش پىكىرلىرى توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئالاقە يوللاندى.

2. قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى ۋە يولغا قويۇش سوبيېكتى ئېنىقلاندى. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى تارماقلار ۋە قانۇن نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويىدىغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىگە قارىتا بىر تەرەپ قىلىش پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلار يەنى 54 ھۆكۈمەت تارمىقى ۋە 7 قانۇن - نىزامدا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات يولغا قويۇۋاتقان، قانۇننى، مەمۇرىي قائىدە - نىزامنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئاساس قىلغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىشى ئارقىسىدا 4 تۈركۈمگە بۆلۈپ جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى. ئىككىنچىدىن تارماقلار ۋە قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار يولغا قويۇۋاتقان مەمۇرىي ئىجازەتلەردىن ھەق ئېلىشقا چېتىلىدىغانلىرىغا قارىتا، «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» نىڭ 58 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى مالىيە، پىلان (باھا) تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە سېلىشتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى (باھا)، مالىيە نازارىتى 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرى بىرىنچى تۈركۈمدە بىكار قىلىنغان 54 مەمۇرىي كەسپىي ھەق ئېلىش تۈرىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى 24 تارماق يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان 98 مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرى بىكار قىلىندى، 10 تارماق يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان 21 تۈرنىڭ باشقۇرۇش شەكلى ئۆزگىرىپ كەسپىي تەشكىلاتلار ياكى ۋاستىچە ئاپپاراتلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرمايدىغان بولدى.

3. قانۇنچىلىق كەسپىي تەربىيىسى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 5 - ئايدا 3 قارار «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» كۇرسى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 60 نەچچە ناھىيە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 40 نەچچە تارماق، بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتتىكى قانۇنچىلىق خىزمىتى خادىملىرى ۋە مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتى خادىملىرى بولۇپ جەمئىي 750 دىن ئارتۇق ئادەمنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. ھەممە جايلار، تارماقلاردا مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى بويىچە ئاز كەم 50 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. 7- ئايدا 2 قارار «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى» كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە باشقا خىزمەت تارماقلىرىدىن 700 دىن ئارتۇق ئادەم كۇرسقا قاتناشتى. گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرىدىكى 150 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىمنى گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش پروگراممىسى» ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇردى.

جاڭ يۇڭمېي

## مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتى

1. مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش دېلولىرى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت تارماقلىرىدىكى قىسمەن قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش ئورگانلىرى قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىدىن 1380نى تاپشۇرۇۋالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىپ

قوبۇل قىلىنغىنى 1295. قوبۇل قىلىنمىغىنى 70، باشقا ئىلتىماس 15. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرۇۋالغان مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسى 1105. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پۇقرا ئىلتىماس قىلغىنى 1176، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئىلتىماس قىلغىنى 204. يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلغىنى 12، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنۇلغىنى 59. ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرىغا سۇنۇلغىنى 771، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە سۇنۇلغىنى 38، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرىغا سۇنۇلغىنى 407، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرىغا سۇنۇلغىنى 5، باشقا ئورۇنلارغا سۇنۇلغىنى 88. قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىش تۈرىدىن قارىغاندا، مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغىنى 917، مەمۇرىي مەجبۇرىي تەدبىرىگە قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغىنى 163، مەمۇرىي ئىجازەت قارارىغا قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغىنى 43، مەمۇرىي ھەق ئېلىشنى قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغىنى 4، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىشنى جايىدا قىلمىغانلىقى توغرىسىدا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغىنى 9، باشقا ئەھۋالدىكىلىرى 244. قايتا قاراپ چىقىلغان دېلولارنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قوبۇل قىلىنغىنى 1295. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 1085. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان دېلو 671، بىكار قىلىنغىنى 200، ئۆزگىرىش بولغىنى 42، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى قانۇنغا خىلاپ دەپ قارالغىنى 2، ئىلتىماس قىلغۇچى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك دەپ بۇيرۇلغىنى 11، ئىلتىماس قىلغۇچى ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋالغىنى 148، باشقا شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 11.

2. مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دېلولار. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دېلو 392، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلەردە يۈز بەرگەن مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دېلو 355، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دېلو بىر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلىرى مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دېلو 36. مەمۇرىي جاۋاب قايتۇرۇش جاۋابكارى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەت جاۋابكار بولغان دېلو 7، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت جاۋابكار بولغان دېلو 43، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرى جاۋابكار بولغان دېلو 169، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەت جاۋابكار بولغان دېلو 20، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرى جاۋابكار بولغان دېلو 110، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت جاۋابكار بولغان دېلو بىر، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرى جاۋابكار بولغان دېلو 6، باشقا مەمۇرىي ئورگانلار ياكى تەشكىلاتلار جاۋابكار بولغان دېلو 36. خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغىنى 307. ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 185، ھۆكۈمى بىكار قىلىنغىنى 56، ھۆكۈمى ئۆزگەرگىنى 6، ھۆكۈمدە بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئادا قىلىنىدىغىنى بىر، دەۋاگەر دەۋاسىدىن ۋاز كەچكىنى 22، باشقا شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 37، مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب بېرىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق دېلولار ئىچىدە، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلغان دېلو 123، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 97، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 74، ھۆكۈمى بىكار قىلىنغىنى 12. ھۆكۈمى ئۆزگەرگىنى 3، دەۋاگەر دەۋاسىدىن ۋاز كەچكىنى 2، ھۆكۈمدە بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئادا قىلىنىدىغىنى بىر، باشقا شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 5.

جاڭ يۈڭمېي

## مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى

1. ئاما كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 2004-يىلى ئاممىدىن كەلگەن خەت 23 پارچىگە يەتتى، بۇ خەتلەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. ساي يولى، سىرتقى ئايلانما يولدىن ھەق ئېلىش مەسىلىسىگە قارىتا، ئەھۋاللار تەكشۈرۈپ ئىگىلەندى، مەسىلە تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

2. «ئىككى خەت - ئالاقە»نى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خەت - ئالاقىلىرى ۋە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش خەت - ئالاقىلىرى تەكشۈرۈپ باھالاندى، 48 ئورۇننىڭ 400 مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خەت - ئالاقىلىرى ۋە قايتا قاراپ چىقىش خەت - ئالاقىلىرى ئارخىپى تەكشۈرۈپ باھالاندى، 16 مۇنەۋۋەر ئورۇن تەقدىرلەندى.

3. قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئېلىش بەلگىلىمىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنىڭ تەرتىپىنى بېكىتىش بەلگىلىمىسى»نى بېكىتتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 4 يۈرۈش قائىدە خاراكتېرلىك 40 نەچچە ھۆججەتنى ئەنگە ئېلىش مۇنتىزىم خەت - ئالاقىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئەنگە ئېلىش قائىدىسىدىن 10ى، قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 20 نەچچىنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تىزىمغا ئېلىنغىنى 15، كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنىدىغىنى بىر، تىزىمغا ئېلىنمىغىنى 4.

4. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك

79 ئورۇننىڭ كىنىشكىسى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلدى. 2364 مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى، 553 قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 13 مىڭ 814 مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى، 2408 قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

جاڭ يۈگېي

## قىسمەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى تۇدىڭسەيۇاڭ باشچىلىقىدىكى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى زاپاس قىسىم تەشكىللەش خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 9 كىشى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي شەھەرلىرى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭنىڭ زاپاس قىسىم خىزمىتى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. 13 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ياڭ جىڭ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى. ئۆمەكتىكى 10 نەچچە كارخانىنىڭ ۋەكىلى بايلىقنى ئېچىش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتتە شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىشىش مەقسىدە شىنجاڭغا كەلگەن.

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ داگو باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى. 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى خې تۇڭشىن باشچىلىقىدىكى خۇنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا، ساياھەت قاتارلىق جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى، ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئىلى، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە پورتلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى. 18 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇلەن باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ۋۇلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە ئىقتىساد ـ سودا قاتارلىق ساھەلەردە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىلى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى سۇن شۇيۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى، سۇن شۇيۇ سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى قوللايدىغانلىقىنى، كارخانىلارنىڭ شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ قوش پايدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاۋ كېجى بىلەن كۆرۈشتى، جاۋ كېجى قەشقەرگە بېرىپ سەندۇڭدىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنى يوقلىدى، ھەمدە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى. جاۋ كېجى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ 3 يىل ئىچىدە شىنجاڭغا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ ياردەم قىلىپ ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 6 ناھىيە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 4 ناھىيىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىن جيەن

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى. 2004 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قىسمەن مەسلىھەتچىلەر ئالتاي، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزا توك باھاسى، توك پۇلى ۋە مەھەللە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، «خوتەن ۋىلايىتى يېزىلىرىنىڭ توك باھاسى، توك پۇلى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شەھەر مەھەللىرىنى تەدرىجىي ئاھالىلەر ھەقىقىي تۈردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرايلى» ماۋزۇلۇق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىدى. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇلارغا تەستىق سالدى.

بىر يىلدا مەسلىھەتچىلەر تەكلىپىدىن 15ى، جەمئىيەت ئەھۋالىدىن ئىنكاستىن 2 سى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىن 3ى يېزىپ چىقىلدى، بۇلاردىن 13ى تەستىق سېلىنىپ قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 ى نادىر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. 7 مەسلىھەتچىگە خەلق ھۆكۈمىتى

بەنگوڭتىڭى تەرىپىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەت بېرىش بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نام بېرىلدى.

بىر يىلدا 15 مەسلىھەتچى، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتىنىڭ ئەزاسى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سىرتتىن قاتناشتى، ئۇلار كەڭ كۆشادە پىكىر قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت كۆرسەتتى.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قىسمەن مەسلىھەتچىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى رىياسەتچىلىك قىلغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى مۇزاكىرە قىلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. مەسلىھەتچىلەر دوكلاتنى قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا ئاز كەم 30 تۈرلۈك تۈزىتىش پىكىرىنى بەردى، بۇ پىكىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوبۇل قىلىندى.

2. مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتى ۋە ھۆسنخەت، رەسىم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ماقالىلىرى قىس بولۇشتەك ئەھۋالغا قارىتا، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتىدىكىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن چارە - ئاماللارنى قىلىپ، تەتقىقات يۈرتىنىڭ ئەزالىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ، ماقالە مەنبىيىنى قېزىپ، تۈرلۈك ماقالىلەرنى يىغدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرى «شىنجاڭ تارىخ - ماتېرىياللىرى» نەشردىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارقىلىپ كەتكەن بىر قىسىم تارىخ - ماتېرىياللارنى رەتلەپ ئارخىپلاشتۇردى. 2004 - يىلى تەتقىقات يۈرتىنىڭ ئەزاسى مۇھەممەت ئىمىن زۇنۇن خۇنەن ئۆلكىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئاساستا، «ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتى خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسى ۋېيخۆي يېزىسى بىلەن مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالاقىسى ئورنىتىش توغرىسىدا تەكلىپ» نى يېزىپ چىقىپ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىدى، بۇ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، تەتقىقات يۈرتىنىڭ خىزمەت ساھەسىنى كېڭەيتىش ۋە ئەزالارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا مەسلىھەت بېرىشىنى يېڭى يولغا باشلىدى.

يىل بېشىدا، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتى تەكلىپلىك تەتقىقاتچى تۈزۈمىنى ئورناتتى. يىل ئوتتۇرىسىدا، شىنجاڭدا خېلى تەسىرى بار خەتتات، رەسساملار ۋە مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. دەسلەپكى تۈركۈمدە مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتىغا تەكلىپلىك تەتقىقاتچىدىن 20نى تەكلىپ قىلدى.

3. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن «ئۈچ بىر» خىزمىتى يەنى بىر تەبرىكلەش يىغىنىنى ئوبدان ئېچىش، بىر خاتىرە ماقالىسىنى ئېلان قىلىش، بىر سان مەخسۇس تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەش چىڭ تۇتۇلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بەردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «بۈگۈنكى سۆھبەت» پروگراممىسىدا مەخسۇس خەۋەر بەردى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ۋە خەنزۇچىسىدا «دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، مەسلىھەتچىلەر خىزمىتىنىڭ خاسلىق رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا خاتىرە ماقالە ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. 6-ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

بىر يىلدا گوۋ ۋيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، خېيلۇڭجياڭ، شېنياڭ، سەندۇڭ، ئەنخۇي، چېڭدۇ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىلىرى ۋە شەنشى مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۈرتىدىن شىنجاڭغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارنى كۈتۈۋالدى.

لى شەنشەن

## مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىشى

2004 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن، خاڭدى يېزىلىرىنى قەشقەر شەھەرنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ، پەنجىم يېزىلىرىنى غۇلجا شەھەرنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

2004 - يىل 4 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شاۋچۈيزى يېزىسى بىلەن گەنگۇ يېزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ نامىنى «گەنگۇ يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى.

2004 - يىل 6 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىڭگىدا يېزىسى نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى « 青格达湖乡 »غا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى.

2004 - يىل 11 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ توقاي يېزىسىنى ئارال شەھىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئاسىيە

## شىنجاڭدا يېڭىدىن 3 شەھەر كۆپەيدى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان تۇمشۇق، ئارال ۋە ۋۇجياچۇدىن ئىبارەت 3 شەھەرگە ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

تۇمشۇق، ئارال ۋە ۋۇجياچۇدىن ئىبارەت 3 شەھەر بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 3 -، 1 -، 6 - شىلىرىدا قۇرۇلدى. گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىنىڭ تەلپى بويىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ ئۈچ شەھەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولىدۇ، باشقۇرۇش جەھەتتە شىخەنزە شەھىرى بىلەن شىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتەك شەكىل قوللىنىلىدۇ، ئاساسلىقى بىڭتۇەن باشقۇرىدۇ.

تۇمشۇق شەھىرى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغ غەربىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بار، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرى نوپۇسى 113 مىڭ 500گە يەتكەن.

ئارال شەھىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىغا، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرى نوپۇسى 168 مىڭغا يەتكەن.

ۋۇجياچۇ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ شىنجاڭنىڭ مۇھىم تاۋار ئاشلىق، پاختا، قوغۇن - تاۋۇز، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرى نوپۇسى 91 مىڭ 500گە يەتكەن.

شىن جيەن

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقى جايلاردىكى ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لى شىلى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونى سەنلىخې يولى 7 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 100044
تېلېفون: 68332266 (010) (باش ئاپپارات)
فاكس: 68353040 (010)

شاڭخەي ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جاڭ يىڭ
ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى چۈياڭ يولى 775 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 200437
تېلېفون: 65532387 (021)
فاكس: 65541474 (021)
تېلېگراف: 85705

تيەنجىن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جاڭ دېيىڭ
ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى نەنجىڭ يولى 305 - نومۇرلۇق جىڭلىيەن بىناسى 13 - قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 300052
تېلېفون: 27313707، 27313703 (022)
فاكس: 27313890 (022)

شىئەن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: ليۇ لىرۇي
شىئەن شەھىرى شاڭدې يولى قىزىل كرېست جەمئىيىتى كوچىسى 3 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 710004
تېلېفون: 87681616، 876816600 (029)
فاكس: 87681616

شېنجېن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لى خوجۇ
ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ چۈنفېڭ يولى ليەنچېڭ بىناسىنىڭ 7 - قەۋىتى
پوچتا نومۇرى: 518002
تېلېفون: 5104186 (0755)
فاكس: 5104186 (0755)

شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لۇ شيەنچى
ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 27 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 250014
تېلېفون: 8928578 (0531)
فاكس: 8928516 (0531)

گۇاڭجۇ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: ياڭ جوجۇن
ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى شىمالىي تيەنخې يولى 7 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 510620
تېلېفون: 38817788، 38817154 (020)

جېجياڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: چېن بو
ئادرېسى: جېجياڭ خاڭجۇ فۇياڭ شەھىرى شىمالىي خۇاۋۇ يولى 6 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 311400
تېلېفون: 63324811 (0571)
فاكس: 63345640 (0571)

## باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى

سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: چىڭ پېڭ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىڭ يولى 85 - نومۇر.
تېلېفون: 2614062 (0991)
فاكس: 2614112 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830002

گۇيجۇ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لىيۇ دېتۇڭ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 232-نومۇرلۇق يۈشۈ رايونى 1-نومۇر 2-كورپۇس
تېلېفون: 8732115 (0991)
فاكس: 8738164 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830091

شەنشى ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جۇ سىمىڭ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بەش يۇلتۇز يولى 8-نومۇر
تېلېفون: 8852300 2621865 (0991)
فاكس: 2639034 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830063

جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: يۇ شاۋمېي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق يولى شىنجېن شەھىرى بىناسى 8-قەۋەت
تېلېفون: 4828253 4829582 (0991)
فاكس: 4828253 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830000

گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: ۋۇ جىبىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 7-نومۇر گەنسۇ مېھمانخانىسى
تېلېفون: 3816924 (0991)
فاكس: 3821331 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830011

سەنشى ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: تيەن كەي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 263-نومۇرلۇق
تېلېفون: 4810909 4813342 (0991)
فاكس: 4813342 (0991)

شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: سۇن يۈەنچۈەن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 45-نومۇر تاشقى سودا مېھمانخانىسى 16-قەۋەت
تېلېفون: 2881129 (0991)
فاكس: 2882219 (0991)
پوچتا نومۇرى (830001)

تيەنجىن شەھەرلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: سۇن فۇخەي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا ئايلانما يول 198-نومۇر خۇڭدا بەخت باغچىسى 18-بىنا 4-كورپۇس 101-ئۆي
تېلېفون: 2690769 2690944 (0991)
فاكس: 2690944 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830001

شىنجېن شەھەرلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جاڭ چۈەنلىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى 15-نومۇر
تېلېفون: 4614884 4618040 (0991)
4611553 4611182
فاكس: 4637251 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830063

خېنەن ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: گۇ چۇنخۇي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 98-نومۇر خۇاڭچاۋ مېھمانخانىسى 401-ئۆي
تېلېفون: 5890426 (0991)
فاكس: 5890426 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830000

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسملىكى

رەئىس: ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، ياۋ يۈڭفېڭ، جاڭ شىن (ئايال)، ئارۇنخان ئاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، سېرجى (موڭغۇل)، جۇ جېنجۇڭ، جاڭ يۇجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپقان (قازاق).

باش كاتىپ: جۇرئەت مۇھەممەت ئىمىن؛ مۇئاۋىن باش كاتىپلار: يوڭ چېشىن، روزى مامۇت (12-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىلەيسەم رىشىت (ئايال، 12-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ زوزۇ، تۆكەن سۇلايمان (قازاق)؛ بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: يوڭ چېشىن (قوشۇمچە)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساڭ شاۋيوڭ، لەتىپ ھەسەن.

ئىزاھات: 2005-يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-يىغىنىدا، ۋۇدۇنفۇ، شۇڭ خۇيىڭلار سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك ئەزا 475 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 426 ئەزا يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباينىڭ دائىمىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى، سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ئەزالار ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، پىلان، مالىيە، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەزالار يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئاساسىي ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر، دىن ۋە مۇھاجىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى. يىغىندا جەمئىي 946 پارچە ئەزالار تەكلىپى تاپشۇرۇۋېلىنىپ بۇنىڭدىن 922 پارچىسى تۇرغۇزۇلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك بىڭتۈەن رەھبەرلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش، يېپىلىش مۇراسىملىرىغا، گۇرۇپپا يىغىنلىرى ياكى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنلىرىغا قاتناشتى، چوڭ يىغىندا قىلىنغان سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئەسقەت كەرىمباي يىغىن يېپىلغاندا سۆز قىلدى.

نيۇ رۇيا

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئار 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

2004 - يىلى دائىمىي كومىتېت 5 - سانلىقتىن 8 - سانلىقىچە 4 قېتىم يىغىن ئاچتى.

5 - سانلىق يىغىنى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدىكى گۇرۇپپىلارنىڭ مۇزاكىرە ئەھۋالىدىن بېرىلگەن ئومۇمىي دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە)، دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)، 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) ۋە تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭ سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا كۆپەيتىپ تولۇقلىنىدىغان ئەزالار ئىسىملىكى (لايىھە) توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

6 - سانلىق يىغىنى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «ئاساسىي قانۇن» ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسى مەركەزلىك ئۆگىنىلدى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۆڭخۈي ۋە ياۋ يۇڭفېڭلار مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كادىر تەربىيىلەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئەھۋالى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئايرىم - ئايرىم يەتكۈزدى؛ جاڭ يۇجۇڭ سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا كونسۇلتاتسىيە قىلىش دوكلاتى بەردى؛ يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قوغداش ۋە ئۈستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەكلىپ لايىھە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئائىت ئىشلار ماقۇللاندى. ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

7 - سانلىق يىغىنى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى 6 -، 7 - يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى يەتكۈزدى، لى دۇڭخۇي سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى 7- سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

8 - سانلىق يىغىنى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدا قارار، 3 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى ۋە كۈنتەرتىپى قاتارلىقلار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشكە كۆپەيتىپ تولۇقلىنىدىغان ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئائىت ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى. ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

نىيۇ رۇيا

## تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش جەمئىي 1010 تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى، تەكلىپ كومىتېتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 972 تەكلىپنى تۇرغۇزدى، بۇنىڭدىن 962 تەكلىپكە جاۋاب قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت تەكلىپ 432، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيىگە ئائىت تەكلىپ 254، سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمە، ئىجتىمائىي كاپالەت، بىرلىك سەپكە ئائىت تەكلىپ 276. ھەل قىلىنغان ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغان A تىپتىكى تەكلىپ 206، ھەل قىلىنىۋاتقان ياكى پىلانغا كىرگۈزۈپ ھەل قىلماقچى بولغان B تىپتىكى تەكلىپ 484، شارائىت چەكلىمىسى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىن ھەل قىلىنىدىغان C تىپتىكى تەكلىپ 231، پايدىلىنىشقا قالدۇرۇلغان ياكى ھەل قىلىشقا بولمايدىغان D تىپتىكى تەكلىپ 41.

نىيۇ رۇيا

## «ئايالLAR مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شەن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ 8 ئەزاسىنى باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئايالLAR مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق 5 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەھەللە خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەھەللە خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېز قېلىپلىشىش، تەرتىپلىشىش ئىزىغا سېلىش كېرەك.

2. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشى، بولۇپمۇ «ئايالLAR مەھەللە مۇلازىمىتى» خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى كېرەك.

3. ھەر دەرىجىلىك ئايالLAR بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايالLARنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئايالLAR مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن تىپىك شەخسلەر ۋە ئىگىلىك تىكلەش باشلامچىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

4. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئايالLARنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك قوغداش سىياسەتلىرىنى بېكىتىپ، ئايالLARنىڭ ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

5. «ئىگىلىك تىكلەش باشلامچىلىرى»، «ئايالLAR مەھەللە مۇلازىمىتى چولپىنى» تىكلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايالLARنىڭ كەسىپ تاللاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئايالLARنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئارقىلىق ئايالLARنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شۇڭ لىمىڭ

## شىنجاڭنىڭ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ

6 - ئاي ۋە 8 - ئايلاردا، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شەن شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق ۋە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رايون مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە باج سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. (1) چۆل - قاقاسلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك؛ (2) ھەر قايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى جەلپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ نېفىت، گاز، كۆمۈر، ئېلېكتر قاتارلىق بايلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش كېرەك؛ (3) دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىگە ۋە چەت ئەلگە تۇتىشىدىغان تۆمۈريول، تاشيول قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ترانسپورت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىك مەسلىھەتنى كۈچەيتىپ، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ دۆلەت ھالقىغان كۆپ خىل بىرلەشمە ترانسپورتىدىكى توسالغۇسىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈگىتىش كېرەك؛ (4) شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسى ئاستىدىكى رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى قاتلاملارنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەركىن سودا رايونىنىڭ قوزغاتقۇچ رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس چېگرا رايونى ئەركىن سودا رايونى ۋە ئالاقىدار ئېكسپورت، پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك؛ (5) دۆلەتنىڭ تەستىقلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ چېگرا ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدىغان مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزۈش، ئۈرۈمچى - ياۋروپا ئەللىرى بىۋاسىتە ھاۋا قاتنىشىنى ئېچىش، دىپلوماتىيە كېڭىشىش يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىدە چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ ۋىزا بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش؛ (6) كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، سېلىنما سوبيېكتىنى تىرىشىپ كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش كېرەك. (7) مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باج سىياسىتى ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەركەزنىڭ مۇۋاپىق ھالدا شىنجاڭغا بايلىق بېجى مىقدارىنى بېكىتىش ھوقۇقىنى بېرىشىنى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇرۇبا ترانسپورتى تىجارەت بېجىنى قايتۇرۇشنى، تاشقى سودا ئېكسپورتى بېجىنى قايتۇرۇش ۋە ياردەم ئۇسۇلى قاتارلىق مۇناسىپ سىياسەتلەردىن داۋاملىق بەھرىمەن قىلىشنى، شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى بېجى مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى، شىنجاڭنىڭ كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىپ %10 نىسبەت بويىچە يىغىشىنى ھەمدە شىزاڭنىڭ ئۇسۇلى بويىچە شىنجاڭنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى شىنجاڭغا تاپشۇرۇشنى بېكىتىشىنى تەكلىپ قىلىش كېرەك.

2. سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. (1) بازارغا كىرىش چەكلىمىسىنى تېخىمۇ ئازايتىپ، تاشقى ئىقتىسادىي سودا ئىگىلىك باشقۇرۇش سوبيېكتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى تۇتۇش نۇقتىسى قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىكى بىر-بىرىنى تولۇقلاشچانلىقى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پورت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى بازارلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، ھەر تەرەپلىمە، كەڭ ساھەلىك، كۆپ قاتلاملىق تاشقى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ (3) ئاپتونوم رايون سىرتى ۋە چېگرا سىرتىدىكى مەبلەغنى نېفىت ۋە ئۇنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر - ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپى قاتارلىق ساھەلەرگە سېلىشقا يېتەكلەش، دۆلەت ھالقىغان شىركەت كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىپ، ئېكسپورتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئىمپورتقا سەل قاراشتەك قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىمپورت مەھسۇلاتلىرىنى چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چېگرا سىرتىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

3. «مۇلازىمەت 1 - بايلىق» ، «مۇھىتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېسابلىنىدۇ» دەيدىغان قاراشنى كۈچەيتىپ، كرېدىت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش؛ ھەر دەرىجىلىك مەبلەغ مۇھىتى مەلۇم قىلىش مەركەزلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت

بېرىش كېرەك.

4. ئادەمنى ئاساس قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى سىزىقلىق ئىقتىساد تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئايلانما ئىقتىساد تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش كېرەك.

5. بىلىم، ئىقتىدار ۋە تېخنىكا قاتارلىقلارغا ئائىت داۋاملىق تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شۆك لىمىڭ

## جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پورت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا تەكلىپ

2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شەن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش شىياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پورت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش، بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايون تۇر تۇرغۇزۇپ پورت قۇرۇلۇشى خىراجىتىنى يىغىش كېرەك.

2. ئاپتونوم رايوننىڭ پورت باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نۇسخىسى) نى ئىمكانقەدەر تېز چىقىرىپ، پورت كومىتېت (ئىشخانا) لىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

3. چېگرا سودىسى ئىمپورتى قوشۇلما قىممەت بېجى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

4. قەشقەردىن قىرغىزىستاننىڭ ئوش بىشكەك شەھىرىگە، تاجىكىستاننىڭ دۇشەنبە ۋە ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىگە تۇتىشىدىغان خەلقئارا ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى بالدۇرراق ئېچىش كېرەك.

5. ئۇچتۇرپان پورتىنى قۇرۇش ۋە ئېچىش ئىشىنى دۆلەتنىڭ 11 ـ بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

6. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ پورتلىرىدىكى پرىيوم، كارانتىن ئورۇنلىرىنىڭ خادىملار شتاتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك.

شۆك لىمىڭ

## ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى تەس بولۇش مەسىلىسىنى پەسەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ

3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گۈيتىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى تەس بولۇش ۋە خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەزالار مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى تولىمۇ ياخشى ئەمەس، بۇنداق ئەھۋال يەنە ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىششى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئاساسىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكى، ئەڭ ئاچقۇچلۇقى خەنزۇچە ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئىزچىل ئارقىدا قالغانلىقى سەۋەبچى بولغان. بۇنىڭغا قارىتا ئەزالار مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى.

1. مائارىپنى جايلارنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات نۇقتىسى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مائارىپنى ھەقىقىي تۇردە ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

2. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى، قوش تىل ئوقۇتۇشى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

3. مەۋقەنى يېزا ئىگىلىك، يېزا، دېھقانلار مەسىلىگە قويغان ئاساستا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، مۇقىملىقنى كۆزدە تۇتۇپ مائارىپنى تۇتۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى چۆرىدەپ مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

4. نامرات جايلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر تەرەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك.

5. مائارىپ قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، مائارىپتا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك.

سۇن شىنمىن

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ

2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گۈيتىڭ

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تىببىي، دورىگەرلىك، سەھىيە ساھەسىدىكى قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش، سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش ۋە كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشمۇ يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەزالار بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1. تەشۋىق - تەربىيە ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

2. پىلانلىق ھالدا سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، يېزا، كەنتلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

3. نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىۋاتقان ناھىيىلەر نامرات ئاھالىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش مەسىلىسىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق مەبلەغ جۇغلاپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

4. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شەخسلەرنىڭ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا تاپشۇرىدىغان پۇلى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك. نۇقتىدا سىناق قىلغاندا، ھەم ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئومۇمىي فوندىنىڭ قانچىلىكلىكىگە دىققەت قىلىش، ھەم دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. قاتنىشىش نىسبىتى ۋە قاپلاش دائىرىسىنىڭ ئىمكانقەدەر يۇقىرى، كەڭ بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

5. نۇقتىدا سىناق قىلىۋاتقان ناھىيىلەر ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش فوندىغا بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش فوندىنىڭ بىخەتەر ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

سۇن شىنمىن

## مەدەنىيەت ياردىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى 10 ئەزاسى ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى.

1. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىمكانقەدەر تېز راۋانلاشتۇرۇپ، شتات يېتىشمەسلىك، باشقۇرۇش خادىمى كەمچىل بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قوشۇنىنى ئىمكانقەدەر تېز قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

3. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ قەدىمكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى قوغداشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

4. مەيلى قايسى مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسۇن، ھەممىسىگە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قاراش، ھەممىسىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى يېرىك پىلانغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشى كېرەك.

سۇن شىنمىن

## ئەقلىي مەسلىھەت مۇلازىمىتى

مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى ئەزالارنى قۇمۇل، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللىگەندە، ئەزالارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. سەھىيە ساھەسىدىكى ئەزالار شۇ يەردىكى دوختۇر، سېسترالارغا 17 قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ بەردى؛ مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالار 6 قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ بەردى.

شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 قېتىم «ئاپتوموبىل كۆچمە دوختۇرخانىسى» نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرگە ئەۋەتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى 374 نامرات ئاھالە ۋە «ئۈچ پېشقەدەم» نىڭ تەن سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈردى، ئۇلارنى 55 مىڭ يۈەنلىك

دورا بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى.

8 - ئايدا تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەھىيە ساھەسىدىكى ئەزالار ئۇرۇمچى ناھىيىسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، دائىملىق داۋالاش ئەسۋابلىرى ۋە دورا بۇيۇملىرى كەمچىل بولۇۋاتقان يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېزا دوختۇرخانىسىغا 150 مىڭ يۈەنلىك داۋالاش ئەسۋابى ۋە دورا تەقدىم قىلدى.

سۇن شىنمىن

## قەشقەر، خوتەن ۋە قىزىلسۇنىڭ دىن خىزمىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن - ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇغا بېرىپ شۇ يەرنىڭ دىن خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە دىن خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىش، شتاتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بىر تۈركۈم ياش كادىرلارنى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ بىرلىك سەپ، مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا سەپلەش، ئاپتونوم رايون ۋە نۆۋەتلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار (شەھەرلەر) دە پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش، «دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تۈزۈتىشنى تېزلىتىش، «قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنى جازالاش نىزامى» نى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىش، ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى پىلانلىق ھالدا كۆپەيتىش، جايلاردىكى مەسچىتلەرنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە ئايرىپ رېمونت قىلىش، قايتىدىن سېلىش، قانۇن بويىچە كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق 7 جەھەتتە تەكلىپ بەردى.

ما چېنگۈي

## «مېيىپلار مائارىپى نىزامى» نىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن - ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدا «مېيىپلار مائارىپى قانۇنى» نىڭ ئىزچىللىشىش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە 8 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

ما چېنگۈي

## ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن - ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1. جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئادەملىرى قاتناشقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ ئىچكى ئۆلكىلەردە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ماسلىشىپ سەرگەردان ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى ئورتاق ھەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئالداپ كېتىش قىلمىشىغا زور كۈچ بىلەن زەربە بېرىپ، ئالداپ كېتىش خاھىشىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ش ئۇ ئا ر قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش پونكىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى ئىچكىرىدىن 800 سەرگەردان بالىنى ئەكىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يىلىغا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشىنى، ئاپتونوم رايوندا سەرگەردان ئۆسمۈر - بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز.

2. تورخانىلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىپ تۈزەش ۋە مەكتەپ ئەتراپى مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

3. ئاپتونوم رايون يېتىم بالىلار مەسىلىسى گەۋدىلىك بولغان قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، خوتەن ۋە گۇما قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇشقا خىراجەت جەھەتتىن ياردەم بېرىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ ئۇنى يېتىم بالىلارنى بېقىۋالغان ئائىلىلەرنىڭ زۆرۈر چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

4. ئەخلاق تەربىيىسى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسلىق بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بىرگەۋدە بولغان بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مائارىپ تارماقلىرى،

پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە بىر - بىرىنى قوللايدىغان، ئۈنۈملۈك مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان خىزمەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت ئۆلچىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، مۇناسىپ سىناش، باھالاش ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، تۈزۈم ئارقىلىق قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى ئەخلاق خىزمىتى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. ياش قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەر بىلەن ياش قۇرامىغا يەتكەن جىنايەتچىلەرنى بىللە قاماپ قويىدىغان ئەھۋاللاردىن ئىمكانقەدەر تېز ساقلىنىش كېرەك. خەلق ساقچىسى ئوقۇتقۇچىسى شتاتىنى كۆپەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايون ياش قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنىڭ تەربىيە - ئۆزگەرتىش خىراجىتى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىشى كېرەك.

6. پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، تارماقلار ئۆز ئالدىغا مەسئۇل بولىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت ئاكتىپ قاتنىشىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى تېگىشلىك دەرىجىدە مالىيە جەھەتتىن قوللاش ھەمدە قوللاش سالمىقىنى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يىلسېرى كۆپەيتىش كېرەك.

ما چېنگۈي

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ گۆش يېمەكلىكلىرىنىڭ تازىلىقى ۋە بىخەتەرلىكى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قىسمەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، كارانتىن قىلىش تارماقلىرىنىڭ مۇتەخەسسىس ۋە مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بەلگىلەنگەن چوشقا، كالا، قوي قۇشخانىلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەلگىلەنگەن قۇشخانىلاردا تازىلىق، كارانتىن قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، كارانتىن قىلىش ۋاستىلىرىنى ياخشىلاش، خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار ھايۋانلارغا قارىتىلغان ئادەتتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش، كارانتىن قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا گۆش يېمەكلىكلىرى ئارىسىدىكى زىيانلىق قالدۇقلارنى كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

3. گۆش يېمەكلىكلىرىنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ زۆرۈر سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك.

جاڭ ۋېيخۇا

## ئۈرۈمچى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋادىسى مۇھىتى ۋە قاراماي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى سۇدىن مەنپەئەتلىنىش رايونىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدا دوكلات

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق مۇھىت كومىتېتى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋادىسى مۇھىتى ۋە قاراماي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى سۇدىن مەنپەئەتلىنىش رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. «قوش باشلاش» قۇرۇلۇشى سۈيى بىلەن ئۇلۇنگۇر دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، سۇنى قانۇن بويىچە تىزگىنلەش، باشقۇرۇش، مۇۋاپىق سەپلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2. قارامايىنىڭ سۇدىن مەنپەئەتلىنىش رايونلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا سۇغا قاراپ يەرنى بېكىتىشى، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى، يەرنى قالايمىقان ئېچىپ يەرنىڭ يېڭىدىن شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

3. كالا، قويلارنى قورشاۋغا ئېلىپ بېقىش تولۇق ئىشقا ئاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا تەبىئىي ئوتلاقلارنى بۇزۇپ يېڭىدىن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك.

4. يەر ۋە سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش كېرەك.

ۋاڭ شىنجۇاڭ

## شەھەر - يېزىلاردىكى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش توغرىسىدا دوكلات

2 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتى ئەزالار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىغا بېرىپ شەھەر - يېزىلاردىكى

يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. يېزا، بازار دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى يەر تەۋرەش ۋە بىناكارلىق پەن - تېخنىكىسى بىلىملىرى جەھەتتىن تەربىيىلەش كېرەك.

2. مۇناسىۋەتلىك ئاپپارات، قوشۇنلارنى ئىمكانقەدەر تېز تەشكىللەپ تەشۋىق - تەربىيە، پىلانلاش، ئۈلگە كۆرسىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

3. شەھەر - بازارلاردىكى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا قارىتا تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

4. يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش - مەلۇم قىلىش ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىش ۋە يەر تەۋرەشكە ئائىت ساۋاتلارنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش كېرەك.

5. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا تەشكىللەش كېرەك.

لو جيەنجى

## شىنجاڭنىڭ كۆمۈرلۈكتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى سانجى ئوبلاستىنىڭ لىيۇخۇاڭگۇ كۆمۈرلۈكى ۋە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆجەي كۆمۈرلۈكىگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى.

1. شىنجاڭدا كۆمۈرلۈكتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. شىنجاڭنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاشكارا ئوت زىيىنى بىلەن يوشۇرۇن ئوت زىيىنىنىڭ نىسبىتى 1:10 بولۇشى مۇمكىن. ئاپتونوم رايوننىڭ 10 يىل تىرىشىپ ئوت رايونىدىكى چوڭ ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ بولۇش پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمىز.

2. ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە جابدۇقلىنىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئوت ئۆچۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. كۆمۈركانلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، 2005 - يىلى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 90 مىڭ توننىدىن تۆۋەن بولغان كىچىك كۆمۈرلۈكلەرنى تاقاش، يەرلىكنىڭ يېڭىدىن ئاچىدىغان كۆمۈركانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 300 مىڭ توننىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. كۆمۈر بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ، دۆلەت، رايون ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.

3. بايلىقنى مۇۋاپىق قوغداش كېرەك. قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 4 چىقىرىش ئىقتىدارى؛ 2 - چىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش، توك چىقىرىش لىنىيىسىنى كۆپەيتىش، كۆمۈر لايىلىرىنى تۇرۇبا بىلەن چىقىرىش ۋە كۆمۈرنى مايغا ئۆزگەرتىپ چىقىرىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئالىم

## شەھەر، يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇت سىياسەت - نىزاملىرى ۋە مۇكاپاتلاش، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى، سانجى شەھىرى ۋە تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شەھەر، يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇت سىياسەت - نىزاملىرى ۋە مۇكاپاتلاش - ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى بەردى:

1. دېھقان، چارۋىچىلارغا بىراقلا بېرىلىدىغان 2000 يۈەن مۇكاپات پۇلىنى چوقۇم ۋاقتىدا تولۇق بېرىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەرنىڭ بىرى قىلىپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ سىياسىي نەتىجىسى بىلەن باغلاش، بۇ ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

2. يېزىلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسىدا كۆچمە نوپۇسنى باشقۇرۇش دېگەن تۈرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك.

3. شەھەر، بازارلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ساقلىقنى ساقلاش پۇلىنى بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىمۇ مۇناسىپ نازارەت قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، ئۇنى تۈزۈملەشتۈرۈشى ۋە قانۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئالىم

## ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ

6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئەزالارنى تەشكىللەپ، چۆچەك، سىچۈەنگە بېرىپ، قانداق قىلىپ مۇلازىمەت مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگەن تېما توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى ۋە سانجى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ئادىل، ئۈنۈملۈك، پاك يۈرۈشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ۋە مۇلازىمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت ۋەدىسى تۈزۈمى، مۇلازىمەت مۇددىتى تۈزۈمى، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت، ئىش بېجىرىش زالىنى ياخشىلاپ، رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك.

3. نازارەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش كېرەك.

4. ئاپتونوم رايون مۇۋاپىق پەيتتە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈجې

## شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك قوللاش توغرىسىدا تەكلىپ

4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانداق قوللىشى كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە 5 تۈرلۈك تەكلىپنى بەردى.

ۋاڭ جۈجې

## ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا تەكلىپ

3 - ، 4 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى تاپشۇردى. دوكلاتتا نۆۋەتتىكى ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تەمىناتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا بىر قەدەر يېتەرلىك، بازار باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئىزچىل كېمىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاشلىق زاپىسىمۇ يىلدىن يىلغا ئازلاپ كەتتى، بۇ ھال پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قالدى، ئومۇمىي ئاشلىق مىقدارى، ھەربىي ئېھتىياج مىقدارى ۋە خەلق ئېھتىياجى مىقدارى بىخەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىدىن تۆۋەن بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، دەپ قارالدى ھەمدە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 1 مىليون 467 مىڭ گېكتار، ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ 8 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 8 مىليون 600 مىڭ توننىغىچە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئاشلىققا بىۋاستە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك.

3. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەرلىك زاپاس ئاشلىق ۋېرتىكال باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، يەرلىك زاپاس ئاشلىق قۇرۇلمىسى دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

4. ئاشلىققا مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى، ئاشلىق زاپىسىنى تولۇقلاش، ئاشلىق بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئومۇمىي جەھەتتىن مەسئۇل بولۇش كېرەك.

5. ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، ئاشلىق، سودا - سانائەت، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلار ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، ئاشلىق تىجارىتى سالاھىيىتى، ئاشلىق زاپىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىشقا بولغان نازارەت ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈڭجى

## شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قوغداش ۋە ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ لايىھە

بۇ تەكلىپ لايىھە 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنىدا ماقۇللاندى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ئاشلىقى جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش تەڭپۇڭ بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئازراق ئېشىنىش بولۇش، دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2. ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە ئاساسلىق يولدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك.

3. ئاشلىققا مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، زاپاس ئاشلىق تۈزۈمى ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.

4. چوڭ ئاشلىق تېرىش ئائىلىلىرى ۋە ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش، سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق سۇغۇرتىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋە ئاشلىق تۈرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئاشلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق كەسىپلىشىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ۋاڭ جۈڭجى

## يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ لايىھە

بۇ تەكلىپ لايىھە 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنىدا ماقۇللاندى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك.

2. بازارنى يېتەكچى قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش كېرەك.

3. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

4. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

5. شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

6. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەتنى ياخشىلاش كېرەك.

ۋاڭ جۈڭجى

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى جاۋ ۋېي باشچىلىقىدىكى 5 كىشى قەشقەر، ئالتاي، شىخەنزە، تۇرپانلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 8 -، 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ رۇدەي باشچىلىقىدىكى 9 كىشى ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزىلەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات - تەتقىقات مەركىزى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن چىڭتەي، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، داڭلىق ئىقتىسادشۇناس ۋۇ جىڭلىيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى ئالتايغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار جېمىنەي پورتى، ئاشىل مىس كانى، قابا چوڭ سۇغىرىش رايونى، «جىننيۇ» شىركىتى ۋە قاناس ساياھەت تەرەققىيات رايونىغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئۇلار مۇنداق تەكلىپ بەردى: شىنجاڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كۆمۈر بازىسى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سۇ تىزگىنلەش، سۇ

ئىشلىتىش، سۇ تېجەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن باشچىلىقىدىكى 10 كىشى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپانلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ باۋمىڭ باشچىلىقىدىكى 9 كىشى ئۈرۈمچى، ئالتاي، ئىلى، قەشقەر، كورلا ۋە تۇرپانلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جاۋ شىمىڭ باشچىلىقىدىكى 17 كىشى قەشقەر، ئىلى، ئالتاي، كورلا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى 35 ئەزاسى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنوڭ باشچىلىقىدىكى 10 كىشى ئالتاي، تۇرپان، قاراماي ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تەكلىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ باۋرۇي بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ باۋرۇي مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە شىنجاڭنىڭ ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن مۇھىم، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەكلىپ خىزمىتىدە شىنجاڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىدۇ.

خۇ لياڭ

## قىسمەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋېي مىنشۈ باشچىلىقىدىكى 8 كىشى ئىلى، ئالتاي، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ غەربىي رايوننى ئېچىش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن مۇھىت ئاسراش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ئاچا - سىڭىل بوغدا كۆلى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى»گە تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە خېبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن چاۋجېن باشچىلىقىدىكى 5 كىشى ئىلى، كورلا، قەشقەر، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ساياھەت بايلىقىنى بېرىكتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ فۇجېن تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لا مىنجى باشچىلىقىدىكى 7 كىشى ئالتاي، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن شىنجاۋ باشچىلىقىدىكى 10 كىشى ئالتاي، قەشقەر، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە خېنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىن ئېنبىن باشچىلىقىدىكى 12 كىشى قەشقەر، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە جياڭسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىن يۇيىڭ باشچىلىقىدىكى 8 كىشى قەشقەر، ئىلى، كورلا،

شىخەنزە ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى تەكشۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ياڭ چۇڭخۇي باشچىلىقىدىكى 4 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈندىن 21 - كۈنىگىچە فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ياۋخۇا باشچىلىقىدىكى 14 كىشى قەشقەر، كورلا، تۇرپان ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ جياجى باشچىلىقىدىكى 11 كىشى ئىلى، ئالتاي، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە گۇيجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لۇشېڭ باشچىلىقىدىكى 12 كىشى قەشقەر، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 28 - كۈنىگىچە ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەن چۈپىڭ باشچىلىقىدىكى 16 كىشى ئىلى، ئالتاي، قەشقەر، تۇرپان، قاراماي ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 30 - كۈنىگىچە جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى چىڭ باشچىلىقىدىكى 5 كىشى ئىلى، خوتەن، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى چىن يۈچىن باشچىلىقىدىكى 9 كىشى ئىلى، ئالتاي، كورلا، قەشقەر، تۇرپان ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ رۇڭخۇا باشچىلىقىدىكى 13 كىشى كورلا، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى زېڭلىن باشچىلىقىدىكى 8 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە تيەنجىن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ شاۋشى باشچىلىقىدىكى 4 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ شۇپىڭ باشچىلىقىدىكى 8 كىشى قەشقەر، كورلا، تۇرپان، قاراماي قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە خېبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ تيېليەن باشچىلىقىدىكى 11 كىشى تۇرپان، قەشقەر، كورلا، شىخەنزە، ئىلى قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جاۋلىن باشچىلىقىدىكى 19 كىشى ئالتاي، قەشقەر، تۇرپان ۋە كورلا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن شۈنرۇ باشچىلىقىدىكى 6 كىشى ئۈرۈمچى، ئالتاي، شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سىياسىي كېڭەشنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈندىن 7 - كۈنىگىچە داليەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لىن چېڭمىڭ باشچىلىقىدىكى 9 كىشى ئالتاي، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىڭ جېجيې باشچىلىقىدىكى 5 كىشى تۇرپان، شىخەنزە، قەشقەر ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈندىن 28 - كۈنىگىچە يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ليۇ شۇشېڭ باشچىلىقىدىكى 7 كىشى قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مىللەتلەر، دىن خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شېنجېن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى دېچېڭ باشچىلىقىدىكى 5 كىشى ئالتاي، قاراماي، ئىلى، كۇيتۇڭ، كورلا، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋېڭ شىڭدې باشچىلىقىدىكى 7 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

خۇ لياڭ

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### يول قاتنىشىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ يول قاتناش بىخەتەرلىكى ۋەزىيىتى ئېغىر بولدى. ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن قاتناش ھادىسىلىرى زور ھەجىمدە ئۆرلىدى، يۈز بەرگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن نىسپى ھالدا مەركەزلىك بولدى؛ ئىككىنچىدىن، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرى يەنىلا قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسلىق سوبيېكتى بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، ناھىيە - يېزا يوللىرىدا قاتناش ھادىسىلىرى گەۋدىلىك بولدى؛ تۆتىنچىدىن، يەككە ماشىنا ھادىسىلىرى گەۋدىلىك بولدى؛ بەشىنچىدىن، شوپۇر ئەمەسلەر تۇغدۇرغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ھادىسىلىرى گەۋدىلىك بولدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ج خ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى تەدبىر قوللىنىپ، يول قاتنىشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

1. يول يۈزىنى باشقۇرۇش - كونترول قىلىش ھەقىقىي كۈچەيتىلدى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆلگۈچىلەرنىڭ سانىنى ئازايتىش» مەزمۇنىدىكى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2. قاتناش بىخەتەرلىك تەشۋىقاتىنىڭ سالمىقى ھەقىقىي زورايتىلدى. بىرىنچىدىن، يول قاتنىشىدا ئادەم ئۆلگەن تىپىك دېلو مىساللىرىدىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات ئاسما رەسىملىرى، دېلو مىساللىرىدىن تاللانما ۋە تەشۋىقات دىسكىلىرىنى ئىشلەپ، يېزا بازارلىرى، شەھەر مەھەللە رايونلىرى ۋە ئاۋام توپلاشقان سورۇنلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى؛ ئىككىنچىدىن، قاتناش ساقچى تارماقلىرىنىڭ ماشىنا ۋە شوپۇر باشقۇرۇش، قاتناش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى بىرتەرەپ قىلىش، ھادىسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق كۆزنەكلەردە سىن لېنتىلىرىنى سەييارە قويۇش، ماتېرىياللارنى ھەقسىز تارقىتىش يوللىرى بىلەن ئىش بېجىرىشكە كەلگەنلەر تەربىيىگە ئىگە قىلىندى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، يېقىندىن يۈز بەرگەن زور قاتناش ھادىسىلىرىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى بۇنىڭدىن ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

3. شوپۇرلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ماشىنا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ھەقىقىي زورايتىلدى. بىرىنچىدىن، ئىمتىھان ئالغۇچىلار قوشۇنىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، ئىمتىھان ئالغۇچىلارنىڭ سالاھىيەت دەرىجىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - چۈشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، قاتناش نازارىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرلىرى قوشۇنى بىر قېتىم مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىپ چىقىلدى. ئۈچىنچىدىن، يول قاتنىشىدىكى ئادەم ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا، شوپۇرلارنى تەربىيىلەش، ئىمتىھان ئېلىش، كىنىشكا تارقىتىش قاتارلىق ھالقىلارغىچە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ تۆتىنچىدىن، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، چوڭ ئاپتوبۇس، چوڭ يۈك ماشىنىلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ماشىنىلارنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈتكىلى قاتتىق ئىگىلەندى؛ بەشىنچىدىن، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى براكقا چىقىرىشنى باشقۇرۇش تەرتىپى چىڭىتىلىپ، ئۇلارنى پارچىلاش ئىشى كۈچەيتىلدى؛ ئالتىنچىدىن، سۈرئەتنى، يۈكنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالىنى تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئېغىر يۈككە كىچىك بەلگە» قويۇلغان ماشىنىلارنى تۈزىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى.

4. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن قاتناش ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھادىسىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى، قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى تەھلىل - تەتقىق قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يول قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ تەدبىر ۋە چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

5. تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ماشىنىلارنىڭ يول يۈرۈش تەرتىپىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. بىرىنچىدىن، نۇقتىلىق ھالدا ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان ۋاقىت، يول بۆلەكلىرى ۋە رايونلارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش سالمىقى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتتىق چىڭ تۇتۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، ساياھەت ماشىنىلىرى ۋە ئۆزئۆن يوللۇق يولۇچى ئاپتوبۇسلىرىنى يول ئۈستىدە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ يوشۇرۇن خەۋپلىرى ۋاقتىدا بايقالدى ۋە تۈگىتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ھەيدەش، يولۇچىلارنى ئاشۇرۇپ سىلىش، يۈكنى ئاشۇرۇپ قاچىلاش، ماشىنىنى چارچاپ ھەيدەشكە ئوخشاش ئوڭاي زور، پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، قىسمەن قاتناش ساقچى چوڭ ئەترەتلىرىگە تېزلىكنى ئۆلچەش ئەسۋابى سەپلەپ بېرىلىپ، باشقۇرۇش - كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش سالمىقى زورايتىلدى، قاتتىق باشقۇرۇش ھالىتى شەكىللەندۈرۈلدى.

6. قاتناش ھادىسىلىرى كۆپ يۈز بېرىدىغان بۆلەك ۋە خەتەرلىك يول بۆلەكلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، يول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپلەر تۈگىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى 2004 - يىلدىن بۇيان جايلار رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگەن 54 جايدىكى ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان بۆلەكلەرنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى ۋە ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە قاتناش نازارىتى ۋە ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىغا يوللىدى.

خۇ بو

## يول قاتناش ھادىسىلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 8374 قېتىم يول قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 2892 ئادەم ئۆلدى، 8918 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 29 مىليون 741 مىڭ 700 يۈەن بولدى. 2003 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھادىسە قېتىم سانى 45%. 18، يارىلانغان ئادەم سانى 21%. 11، پۇلغا سۇندۇرۇلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 33%. 14 تۆۋەنلىدى، ئۆلگەن ئادەم سانى 34% .9 كۆپەيدى.

2004 - يىلى 306 قېتىم يول سىرتىدا قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 293 ئادەم ئۆلدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىمدا 3 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن يول قاتناش ۋەقەسى 101 قېتىم يۈز بېرىپ 33%. 68، 363 ئادەم ئۆلۈپ 14%. 57، 263 ئادەم يارىلىنىپ 27%. 36، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3 مىليون 840 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 68%. 45 ئۆرلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن 8374 قېتىم يول قاتناش ۋەقەسىدە ئادەم ئۆلگەن قاتناش ۋەقەسى 2441 قېتىم بولۇپ، 2892 ئادەم ئۆلدى، 1556 ئادەم يارىلاندى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 13 مىليون 68 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئادەم يارىلانغان قاتناش ۋەقەسى 5066 قېتىم يۈز بېرىپ، 7362 ئادەم يارىلاندى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 12 مىليون 169 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغان قاتناش ۋەقەسى 867 قېتىم يۈز بېرىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 4 مىليون 503 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

خۇ بو

## ئاخبارات ئېلان قىلىش تۈزۈمى

2004 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى دۆلەت جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش تۈزۈمى (سىناق تەرىقىسىدە)» نى تۈزدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلغۇچىسى بېكىتىلدى. 1-ئاينىڭ 18 - كۈنى ج خ نازارىتى تۇنجى قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. بىر يىلدا جەمئىي 10 قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.

ج خ ئورگىنى ئېلان قىلغان ئاخباراتلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بىرىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى، جۈملىدىن بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ج خ ئورگىنىنىڭ قارشى تەدبىرلىرى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، يۈز بەرگەن ياكى پاش قىلىنغان زور تەسىرگە ئىگە ياكى زور تەسىر پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بار دېلولار. ئىككىنچى، يول قاتناش ۋەقەلىرى، ئوت ئاپىتى ۋەقەلىرى ۋە باشقا ئامانلىقتا ئائىت ئاپەت ۋەقەلىرى، بۇ بىر مەزگىل ئىچىدىكى يول قاتناش، ئوت ئاپىتى ۋەقەلىرىنى ئامانلىققا ئائىت باشقا ئاپەت ۋەقەلىرىنىڭ

ستاتىستىكىلىق سانى، زور تەسىر پەيدا قىلغان ياكى زور تەسىر پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان زور، ئالاھىدە زور قاتناش، ئوت ئاپىتى ۋەقەلىرى ۋە ئامانلىققا ئائىت باشقا ئاپەت ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، ج خ قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى، بۇ ج خ ئورگانلىرىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى زور تەدبىرلىرى، بەزىبىر جايلاردا يۈز بەرگەن ج خ ساقچىلىرىنىڭ زور تەسىر پەيدا قىلغان ياكى زور تەسىر پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچى، ج خ ئورگانلىرى تۈزگەن ج خ قائىدە - نىزاملىرى ج خ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەلگىلىمىلەر، جۈملىدىن خەلققە قولايلىق، پايدىلىق تەدبىرلەر، تۈرلۈك ئىش بېجىرىش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىدار مەزمۇنلار. بەشىنچى، بىر مەزگىل ئىچىدە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئىبرەت، ئەسكەرتىش خاراكتېرىدىكى ئۇچۇرلار، جۈملىدىن قانۇنىيەت خاراكتېرىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايەتلىرى ئامانلىققا ئائىت گەۋدىلىك ئاپەت ۋەقەلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلار. ئالتىنچى، ج خ ئورگانلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، تۈگىتىشكە تېگىشلىك تەسىرى يامان ئىشلار ھەققىدىكى ئاخباراتلار.

خۇ بو

## قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش كۆرىكى

ج خ نازارىتى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10- ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 50 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىكىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى دەرھال تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، خىزمەت لايىھىلىرىنى تۈزۈپ، مۇناسىپ خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش كۆرىكىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 3249 نى پاش قىلدى، پاش قىلىنغان دېلو سانى ئالدىنقى 8 ئايدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە پاش قىلىنغان دېلو سانى بىلەن ئوخشاش بولدى. پاش قىلىنغان دېلو ئىچىدە، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، تارتىۋېلىش، يانچۇقچىلىق قىلىش، كوچىلاردا ئالدامچىلىق قىلىش دېلوسى 863. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، سانجى، ئاقسۇ، بورتالا، ئىلى، خوتەن، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ج خ ئورگانلىرى قاتىللىق دېلوسىدىن 16 نى پاش قىلىپ،

جىنايەتكە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى.

خۇ بو

## «قاتىللىق دېلولىرىنى پاش قىلىش» مەخسۇس ھەرىكىتى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى 2004- يىل 2 - ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە «قاتىللىق دېلولىرىنى پاش قىلىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش، زەھەر سېلىش، ئوت قويۇش، تۇتۇپ كېتىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش يولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە مەركەزلىك زەربە بەردى. مەخسۇس ھەرىكەت جەريانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېلو تۇرغۇزۇلغان قاتىللىق دېلوسى 616 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11، پاش قىلىنغىنى 537 بولۇپ، %7. 23 كۆپەيدى. دېلو پاش قىلىش نىسبىتى %2. 87 كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى؛ دېلو پاش قىلىش نىسبىتى 2003 - يىلدىكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 9 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە يىغىلىپ قالغان قاتىللىق دېلوسىدىن پاش قىلىنغىنى 51، باشقا ئۆلكىلەرگە ھەمكارلىشىپ پاش قىلىنغان قاتىللىق دېلوسى 60، قولغا چۈشكەن جىنايەت گۇماندارى 706. ئالتاي، قىزىلسۇ، قاراماي، قۇمۇلدا قاتىللىق دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى؛ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە %90 تىن يۇقىرى بولدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتىدىن باشقا رايونلاردا دېلو پاش قىلىش نىسبىتى %80 تىن يۇقىرى بولدى.

خۇ بو

## زەھەر چەكلەش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا زەھەر دېلوسىدىن 1400 دىن كۆپرەك پاش قىلىنىپ، 1000 دىن ئارتۇق جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى، 78 كىلوگرام خىروئىن قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭدا يىلمۇيىل كۆپىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە، زېمىنى كەڭ، ئىقتىسادى ئارقىدا بولغاچقا، زەھەر مەسىلىسى تېخى ئۈنۈملۈك چەكلەنمىدى، ئەكسىچە تېز ئەدەش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. ئاساسلىق ئىپادىلىرى: بىرىنچى، زەھەر دېلولىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 2004 - يىل 1 - ئايدىن 3- ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 266 زەھەر دېلوسى پاش قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە 100 گرامدىن يۇقىرى چوڭ دېلو 17)، 993. 14 كىلوگرام خىروئىن، 5. 858 گرام كېتامىن

(«K» تالقىنى) 112.5 گرام باش گىلدىگلىتىش كومۇلچى قولغا چۈشۈرۈلدى، قولغا چۈشۈرۈلگەن خروئىننىڭ مىقدارى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 1.7 ھەسسە ئاشتى. ئىككىنچى، زەھەر چەككۈچىلەر يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان زەھەر چەككۈچى 25 مىڭدىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 1.28‰ ىنى ئىگىلىدى. ئۈچىنچى، زەھەر ئەتكەسچىلىك ئۇسۇللىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تەكشۈرۈپ تۇتۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئادەم تېنىگە يوشۇرۇلغان زەھەر، پوچتا تېز يوللانمىلىرى، تۆمۈريول يۈك - تاقلىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ توشۇلغان زەھەرلەرنى چېلىقتۇردى. تۆتىنچى، يېڭى تىپتىكى زەھەر دېلولىرى روشەن كۆپەيدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 858.5 گرام كېتامىن («K تالقىنى)، 112.5 گرام باش گىلدىگلىتىش كومۇلچى قولغا چۈشۈرۈلدى. بەشىنچى، زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىش يەنە باش كۆتۈردى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز تېرىلغان 230 مىڭ تۈپ زەھەر ئۆسۈملۈكى يۇلۇۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇلۇۋېتىلگەن ئەپيۇن گۈلى 88 مىڭ 150 تۈپ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %197.7 كۆپەيدى. ئالتىنچى، زەھەرنىڭ زىيىنى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئەيدىس ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار كۆپەيدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەلۇم قىلىنغان ئەيدىس ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار 9000 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىس دەپ گۇمان قىلىنغانلار 188، ئۆلگەنلەر 60 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇردى. يەتتىنچى، زەھەرنىڭ «ئالتۇن ھىلال ئاي» ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش يوشۇرۇن خەۋپى بارغانسېرى چوڭايدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ج خ ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ 1 - خىلدىكى 9 پورتىدا 20 دىن ئارتۇق زەھەر دېلوسىنى پاش قىلىپ، چېگرا سىرتىدىن كىرگەن خروئىندىن 11.23 كىلوگرام، ئەپيۇندىن 37 كىلوگرام، نەشىدىن 32.79 كىلوگرامنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە چېگرا سىرتىغا ئېلىپ مېڭىلغان ئوڭاي زەھەر ياساشقا بولىدىغان خىمىيىلىك بۇيۇمدىن 66 توننا، روھىي كېسەل دورىسى ئامفېتامىندىن 806 مىڭ تابلېتكا تۇتۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىككە قاتنىشىش، مەبلەغ توپلاش،



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ باغچىسىدا لىن زېشۇ ھەيكىلىنىڭ يېنىغا قويۇلغان زەھەر چەكلەش داڭقىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

سۇڭ جۈن فوتوسى

زەھەر ئارقىلىق سىياسىي ھەرىكەت چىقىمىنى قامداش مەسىلىسى شىنجاڭدا زەھەر ئەھۋالىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئەۋج ئېلىش خەۋپىنى پەيدا قىلدى.

ئېغىر زەھەر ئەھۋالى ۋەزىيىتى ئالدىدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، بىر تۈركۈم چوڭ زەھەر دېلولىرىنى ئارقا - ئارقىدىن پاش قىلدى. 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭنىڭ يۇننەندە تۇرۇشلۇق زەھەر چەكلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى كۇنمىڭ شەھىرىدە پاتىگۇل زەھەر ئەتكەسچىلىك شايكىسىنى پاش قىلىپ، 9 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 11 مىڭ 629 گرام خروئىننى قولغا چۈشۈردى. 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش باشقارمىسى بىر ئائىلە - جەمەت تۈسىدىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى پاش قىلىپ، 5 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 3663 گرام خروئىننى قولغا چۈشۈردى، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش باشقارمىسى بىر پەۋقۇلئاددە چوڭ قانۇنسىز زەھەر توشۇش دېلوسىنى پاش قىلىپ، 2 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 4156 گرام خروئىننى قولغا چۈشۈردى. 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش باشقارمىسى كۇنمىڭ شەھىرىدە شىنجاڭ تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ

خرومىن ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىپ، 5 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 36.6 كىلوگرام خرومىن، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق هارام پۇل، زەھەر توشۇشقا چېتىشلىق 4 ئاپتوموبىل ۋە ياسىغان بىر دانە تاپانچا، 88 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈردى.

خۇ بو

## نىمكەش يانفون بازىرىنى تۈزەش

2004 - يىلى شىنجاڭدا نىمكەش يانفون بازىرى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، سودا پائالىيەتلىرى كۆپەيدى، ئەتكەس يانفون، يېڭىلانغان يانفون، ساختا يانفون يامراپ، يانفوننىڭ «ئۆچ كود» نى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئېغىرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىمكەش يانفون بازارلىرى ئوغرىلاش، بۇلاش، ئالداش دېلولىرىغا چېتىشلىق يانفونلارنى ساتىدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە نىمكەش يانفون بازىرىدىن 4ى بار، ئۇلارغا ھەر يىلى 200 مىڭغا يېقىن نىمكەش يانفون كىرىدۇ، 2003 - يىلى يانفون ئوغرىلاش، بۇلاش، ئالداش دېلوسىدىن 10 مىڭ 664 قېتىم يۈز بېرىپ، شۇ يىللىق جىنايى ئىشلار دېلوسى ئومۇمىي سانىنىڭ %33 نى ئىگىلىدى. نىمكەش يانفون بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يانفونغا چېتىلىدىغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن 2004 - يىلى خ خ نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئالاقىلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نىمكەش يانفون بازارلىرىنى 3 ئايلىق مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. مەخسۇس تۈزەش ئارقىلىق يانفونغا چېتىشلىق بىر تۈركۈم ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق دېلولىرى پاش قىلىنىپ، يانفونغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئەتكەس يانفونلارنى توشۇش، يانفونلارنى يېڭىلاش، ساختا يانفون ياساش ئۇۋۇلىرى بىتچىت قىلىندى، كوچا - بازارلاردا، يول ئېغىزلىرىدا يايما يېيىپ، قانۇنسىز نىمكەش يانفونلارنى سېتىۋالىدىغانلار تازىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ سېتىش يوللىرى ۋە سورۇنلىرى ئېتىلىپ، نىمكەش يانفون بازارلىرىنىڭ تىجارەت مۇھىتى ساپلاشتۇرۇلدى، نىمكەش يانفون بازارلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

خۇ بو

## بىرتۇتاش كىيىنىشنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2004 - يىلى ج خ نازارىتى مالىيە نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ، بىر قىسىم ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، فورمىلىق كىيىملەرنى ئۆز ئالدىغا لايىھىلەپ ۋە تىككۈزۈپ كىيىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىشنىڭ دائىرىسى: گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي فورما كىيىشنى يولغا قويغان تارماق ۋە فورما كىيگەن خادىملار؛ فورما كىيىشنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تارماقلار ئۆز ئالدىغا فورما كىيىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان خادىملار؛ گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان بىرتۇتاش فورما كىيىملەرنىڭ رەڭگى، پاسونىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ساھە بەلگىسى كىيىملىرىنى ياكى خىزمەت كىيىملىرىنى بىرتۇتاش تارقاتقان ساھەلەر ۋە خادىملار.

14 تارماق ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن بىرتۇتاش فورما كىيىدۇ، ئەمما بىر قىسىم ئورۇن ۋە تارماقلار فورما كىيىم ۋە ساھە بەلگىسىنى ئۆز ئالدىغا لايىھىلىگەن، ئۇلارنىڭ تولىسى خەلق ساقچىلىرى كىيىمىنىڭ رەڭگى، شەكلى، بەلگىسى بىلەن ئىنتايىن ئوخشاش. تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايوندا 30 دىن ئارتۇق ئورۇندىن 9000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ فورمىسىغا ئوخشىتىپ كىيىم تىككۈزۈپ كىيگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ج خ نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ جەمئىيەتتە خەلق ساقچىلىرىنىڭ كىيىمىگە ئوخشاش كىيىم كىيگەن، ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان ئورۇن ۋە خادىملارنى ئېنىقلىدى ھەمدە «خەلق ساقچىلىرى قانۇنى»، «خەلق ساقچىلىرىنىڭ فورما كىيىمى ۋە ئۇنىڭ بەلگىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان قانۇنىي ئىگە ۋە ئالاقىدار خادىملارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى.

خۇ بو

## نېفىتلىكتىن خام نېفىت ئوغرىلاشقا دائىر پەۋقۇلئاددە چوڭ يۈرۈشلۈك دېلولارنى پاش قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 — 31 - كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى پەۋقۇلئاددە چوڭ خام نېفىت ئوغرىلاش دېلوسىنى پاش قىلىپ، دېلوغا چېتىشلىق 9 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى.

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارىم نېفىت - گاز يەتكۈزۈش شىركىتىنىڭ لىنىيە چارلىغۇچى خادىملىرى

247 - نومۇرلۇق قوزۇقنىڭ 840 مېتىرلىق جايىدا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ نېفىت ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىغان، ئىنچىكە چارلاش ئارقىلىق يەنە 2003 - يىل 3 — 11 - ئايغىچە بۇگۇر - كۇچا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى، كۇچا - پىچان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيەلىرىنىڭ 13 جايىدا تۆشۈك ئېچىلىپ نېفىت ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىغان، تۇرۇبا لىنىيىسىدىن 1000 تونىنىغا يېقىن خام نېفىت ئوغرىلىنىپ، 10 مىليون يۈەن زىيان بولۇپ، نېفىت يەتكۈزۈشنىڭ نورمال بولۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. بايىنغولىن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى تارىم نېفىتلىكى ج خ ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، بۇ دېلونى پاش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، تەھلىل - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كۆپىنچە دېلولاردىكى تۆشۈك ئېچىش، پاياتلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى، دېلونى تەدرىجىي رازۋېدكا قىلىش، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق كورلىدىكى ئىككى ئىشسىز خادىمدا زور جىنايەت گۇمانى بارلىقىنى بايقىدى. 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 -، 11 - كۈنلىرى بۇ ئىككى ئادەم تۇتۇلدى. ئىككى جىنايەت گۇماندارىنىڭ تاپشۇرۇشىغا ئاساسەن، 1 - ئاينىڭ 21 — 31- كۈنىگىچە، شەندۇڭدىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، شەندۇڭنىڭ بىنجو قاتارلىق جايلىرىدا دېلوغا چېتىشلىق 6 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى. دەسلەپكى سوراق ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە، 2002 - يىلى بۇ شايكىدىكى باش جىنايەتچى يۇ XX شىنجاڭدا ئوقەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە شىنجاڭدىكى نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىلىرىنىڭ تولىسىنىڭ چەت - ياقا رايونلاردا ئىكەنلىكىنى، خېلى بىر قىسىم لىنىيىلەرنىڭ ئادەم يوق جايدا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭدا تۆشۈك ئېچىپ نېفىت ئوغرىلاش ئويى پەيدا بولغان. شۇ يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ، يۇ XX شەندۇڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەم توپلاپ ماشىنا ھەيدەش، تۆشۈك ئېچىش، قاراش، ئوغرىلاش، سېتىش ھالقىلىرى بويىچە ئىش تەقسىماتى قىلىپ، 2003 - يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ خام نېفىت ئوغرىلاشقا باشلىغان ھەمدە ئوغرىلانغان خام نېفىتنى سىرتقى جايلارغا ئاپىرىپ ساتقان.

خۇ بو

## پىچان ناھىيىسىدىكى «29 - يانۋار» نېفىتلىك ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ج خ ئىدارىسى مۇنداق دېلو مەلۇماتى تاپشۇرۇۋالدى، پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى 3 ئېنگلىز نېفىت تەكشۈرۈش قۇدۇقى پارتلىتىلىپ، ئېغىرلىقى 2 توننا كېلىدىغان نېفىت ئېلىش ئۈسكۈنىسى (نېفىت ئېتىش، نېفىت يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسى) يوقاپ كەتكەن، 250 تال نېفىت تۇرۇبىسى قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، قۇدۇق كېرەكتىن چىققان، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 8 مىليون يۈەندىن ئاشقان. ج خ مىنىستىرلىكى بۇ دېلوغا يۇكسەك ئېتىۋار بېرىپ، تېزدىن پاش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ج خ نازارىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك ج خ ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىرلەشمە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ پاش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تېزلىك بىلەن كۈچ تەشكىللەپ، دېلو يۈز بەرگەن جاي ۋە شۇ ئەتراپتىكى كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنى بىرمۇ بىر رەتكە تۇرغۇزۇپ زىيارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يىللاردىن بۇيان نېفىت ماددىي ئەشيالىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن زەربە بېرىپ بىرتەرەپ قىلىنغان گۇماندارلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ ساقچىلىرى پىچان ناھىيە بازىرىدىكى بىر كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىن ئوغرىلانغان قىسمەن نەرسىلەرنى چېلىقتۇردى، بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى سىرىكىپ ئېغىز كەنتى 4 - گۇرۇپپىسىدىكى ئوسمان تۆمۈر قاتارلىق 6 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، دېلو مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىندى.

خۇ بو

## ج خ مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا ساقچى ماشىنىسى سەپلەپ بەردى

ج خ ساقچىلىرىنىڭ چوڭ مەشىق پائالىيىتىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن ج خ مىنىستىرلىكى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام ج خ ئورگانلىرىغا سەپلەپ بەرگەن ساقچى ماشىنىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ج خ ئورگانلىرىغا 119 ساقچى ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانتانا 3000 تىپلىق ماشىنىدىن 85ى، پارالى دالا ماشىنىسىدىن 34ى بار. بۇنىڭدىن كېيىن ج خ مىنىستىرلىكى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلاردىكى ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىپ،

3 يىلدىن 5 يىلغىچە بۇ جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىماقچى.

خۇ بو

## ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

2004 - يىلى ج خ نازارىتى 3 تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى ئىلتىماس قىلىپ يوللىغان 2004 - يىللىق 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك ج خ ساقچىخانىسىدىن 206 نى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، 1 - دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 21نى، 2 - دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 164نى باھالاپ چىقتى.

1 - دەرىجىلىك ساقچىخانىلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تۇگۇڭ ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نەنزىگو ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېڭى دېموكراتىيە يولى ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ساقچىخانىسى، باركۆل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بې زىۋۇ يولى ساقچىخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى داۋشياڭ يولى ساقچىخانىسى، سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى دۆلەت قۇرۇش يولى ساقچىخانىسى، ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى لېي تۈيى ساقچىخانىسى، ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى لەنجۇۋەن ساقچىخانىسى، چۆچەك شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېڭىشەھەر ساقچىخانىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۈژمە يېزا ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەڭرىتاغ يولى ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قۇرۇلۇش يولى ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بالغۇنتاي بازارلىق ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پويىز ئىستانسىسى ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىسى، يەنجى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى غەربىي شەھەر ساقچىخانىسى، خوشۇت ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۈششاقتال ساقچىخانىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىشلەمچى يېزا ساقچىخانىسى، قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 3 - ئايلانما يول ساقچىخانىسى.

خۇ بو

## شىنجاڭ ج خ مۇقىملىقنى قوغداش دوكلات ئۆمىكىنىڭ سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئەھۋالى

2004 - يىل 7 - ئايدا خ خ نازارىتى شىنجاڭ مۇقىملىقنى قوغداش دوكلات ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك كۆرۈنۈشلۈك ماتېرىيال فىلىمى قويۇش، سۆزلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ كىرىشتۈرۈپ سۆزلەش، دوكلاتچى دوكلات بېرىشكە ئوخشاش شەكىللەر ئارقىلىق ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» كە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ مۇساپىسىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ج خ ساقچىلىرىغا بولغان ساداقەت تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، ئىچكى جايلاردىكى ئۆلكە - شەھەرلىك ج خ ئورگانلىرىنى شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ۋە قوللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ج خ مىنىستىرلىكى «1018» مەخسۇس خىزمەت يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى ۋە ج خ نازارىتى ئورگىنىدىكى ساقچىلار 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دوكلات ئۆمىكىنىڭ تۇنجى مەيدان دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شىنجاڭ ج خ مۇقىملىقنى قوغداش دوكلات ئۆمىكىدىكى 11 ئادەم 12 - ئاينىڭ 13 — 31 - كۈنىگىچە ج خ مىنىستىرلىكى ئورگىنى ۋە بېيجىڭ، خېنەن، جاڭسۇ، شاڭخەي، جېجاڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلىك ج خ نازارەت (ئىدارە) لىرىگە سەييارە 7 مەيدان دوكلات بەردى. دوكلاتنى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاڭلىدى. دوكلات كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

خۇ بو

## ج خ سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپلىرى

2004 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى 7 ياشلار كوللېكتىپىغا مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى 2004- يىللىق مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دەپ نام بەردى. ئۇلار: ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش چارلاش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى شەرقىي شەھەر ئوتتۇرا ئەترىتى، بۇگۇر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى، بىڭتۇەن غۇلجان بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى يىچۈن ساقچىخانىسى، بىڭتۇەن تاسىرقاي بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى ج خ ئىدارىسى جيەنجيەندۈن ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ ئىدارىسى كۈيتۇڭ ج خ شۆبە باشقارمىسى ئالاتاۋ ۋوگزالى ساقچىخانىسى، شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قورغاس چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى نازارەت قىلىش - قوغداش ئوتتۇرا ئەترىتى.

6 ياشلار كوللېكتىپى مەملىكەت بويىچە ج خ

سىستېمىسىدىكى 2004 ـ يىللىق مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دەپ داۋاملىق بېكىتىلدى. ئۇلار: ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شۈيشىگۇ ساقچىخانىسى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتى، بىڭتۇەن كۇيتۇن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى 60 تۇنتۇن ساقچىخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى ج خ باشقارمىسى قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى شەھەر رايونى چوڭ ئەترىتى.

خۇ بو

# تەپتىش

## ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

باش تەپتىش: مۇھەممەت يۇسۇپ

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: لى گۇيماۋ، لى رۇڭ (ئايال)، شاۋ مىڭشېڭ، ئابدۇراخمان مۇھەممەت، ئىسلامبېك ئابدىلقان (قازاق)، نى جيەنخۇا، سۇن باۋپىڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دۇڭ جيەن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تەپتىش مەھكىمىسى 117 (ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەپتىش مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بىر، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى 15 (تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى شۇنىڭ ئىچىدە)، ناھىيە دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى 101 (تۈرمىدە تۇرۇشلۇق تەپتىش مەھكىمىسى 3، تۆمۈريول ترانسپورتى ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىسى 3).

جاڭ يى

## قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا يوللىغان 20 مىڭ 140 ئادەمگە چېتىشلىق 13 مىڭ 857 دېلونى قوبۇل قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 18 مىڭ 77 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 627 دېلونى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 1878 ئادەمگە چېتىشلىق 1098 دېلونى قولغا ئېلىشقا تەستىقلىمىدى.

جاڭ يى

## ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈش تارماقلىرى ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈشكە يوللىغان 26 مىڭ 842 ئادەمگە چېتىشلىق 17 مىڭ 965 دېلونى قوبۇل قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە 20 مىڭ 763 ئادەمگە چېتىشلىق 14 مىڭ 306 دېلو ئۈستىدىن ئەيىبنامە يوللىدى، 901 ئادەمگە چېتىشلىق 604 دېلونى ئەيىبلىدى.

جاڭ يى

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش تارماقلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلو يىپ ئۇچىدىن 1290 نى قوبۇل قىلىپ، 1022 نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى. 493 دېلوغا چېتىشلىق 549 ئادەمگە دېلو تۇرغۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك دېلوسى 250، پارىخورلۇق دېلوسى 119، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش دېلوسى 110، باشقا دېلو 14. دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگەن خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان پۇل 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان ھۆكۈمەت پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى چوڭ دېلو 165، بۇنىڭ ئىچىدە 50 مىڭدىن 100 مىڭ يۈەنگىچە بولغان دېلو 52، 100 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە بولغان دېلو 86، 500 مىڭ يۈەندىن بىر مىليون يۈەنگىچە بولغان دېلو 15، بىر مىليون يۈەندىن يۇقىرى دېلو 12.

جاڭ يى

## مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش تەپتىشلىكى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلو يىپ ئۇچىدىن 419 نى قوبۇل قىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە 384 نى تەكشۈردى، ئىشنى ئاساس قىلىپ 33 دېلونى تۇرغۇزدى؛ 91 دېلوغا چېتىشلىق 104 ئادەمگە دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغان 26 دېلوغا چېتىشلىق 27 ئادەم، خىزمەت ئورنىدا بىپەرۋالىق قىلغان 29 دېلوغا چېتىشلىق 30

ئادەم، خۇسۇسىي غەرەز بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلغان 17 دېلوغا چېتىشلىق 23 ئادەم، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 15 دېلوغا چېتىشلىق 20 ئادەم.

جاڭ يى

## تۇرمە - قاماقخانا تەپتىشلىكى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۇرمە - قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى قانۇنغا خىلاپ قاماپ قويۇش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىجراغا تاپشۇرماسلىق، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قاماقخانىدا جازا ئۆتەشكە قالدۇرۇپ قويۇشقا ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ ئەھۋالى بار 28 ئادەمنى بايقىدى، 18 ئادەم (قېتىم)گە يازما تۈزىتىش پىكرى بەردى، 17 ئادەم (قېتىم) تۈزىتىلدى.

جاڭ يى

## ھەق تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق - تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىش تارماقلىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم - ھۆكۈملىرىگە قايىل بولمىغان ھەق - تەلەپ، ئىقتىساد ۋە مەمۇرىي ئىشلار ئەرز دېلوسىدىن 1310 نى قوبۇل قىلدى. دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 785، ئېتىراز بىلدۈرۈشكە يوللانغىنى 284، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىنغىنى 904، بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلگىنى 212، سوت مەھكىمىسى قايتا سوت قىلغىنى 67.

جاڭ يى

## دېلو پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش تارماقلىرى پاش قىلىنغان خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلو يىپ ئۇچىدىن 3018 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلو يىپ ئۇچى 2335، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلو يىپ ئۇچى 683؛ پاش قىلىنغان ھاكىم-باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 80. باش تەپتىشلەر ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 571 ئادەمنى كۈتۈۋالدى. 490 دېلونى قوبۇل قىلدى، 471 دېلونى بېجىرىشكە تەستىق سالدى، 195 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

جاڭ يى

## ئەرز - شىكايەت تەپتىشلىكى ۋە جىنايى ئىشلار تۆلىمى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت ۋە جىنايى ئىشلار تۆلىمى تارماقلىرى تۈرلۈك ئەرز - شىكايەت دېلوسىدىن 4075 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم شىكايەت قىلىنغىنى 1435، تۇنجى قېتىم ئەرز قىلىنغىنى 2640، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغىنى 3976. جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 274 نى قوبۇل قىلىپ، 226 نى بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 118. قايتا تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى چىققان دېلو 126، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى قارار ئۆزگەرتىلگىنى 7، ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىنغىنى 108، ئېتىراز پىكرى بېرىلگىنى 3، ئېتىراز بىلدۈرۈلمىگىنى 8.

شىنجاڭدىكى تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار بويىچە تۆلەم ئىلتىماس دېلوسىدىن 51 نى قوبۇل قىلدى، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئېتىراپ قىلىنغىنى 27، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغىنى 5، ئېتىراپ قىلىنمىغىنى 18. تۆلەم دېلوسىدىن 24 نى قوبۇل قىلىپ 19 نى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم بېرىلىدىغان دېلو 11، تۆلەم بېرىلمەيدىغىنى 8، تۆلەم سوممىسى 63 مىڭ 900 يۈەن.

جاڭ يى

## ۋەزىپە ئۆستىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆستىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى يەككە دېلو بويىچە ئالدىنى ئېلىشتا 258 تۈرنى قانات يايدۇرۇپ، 24 جىنايەت يىپ ئۇچىنى چېلىقتۇردى ھەمدە ئۆتكۈزۈپ بەردى، قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن 15 نى تۈزەتتى. 292 تەپتىش تەكلىپى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قوبۇل قىلغىنى 35، ساھەلەرنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى قوبۇل قىلغىنى 39، دېلو سادىر بولغان ئورۇنلار قوبۇل قىلغىنى 59. ساھەلەر بويىچە ئالدىنى ئېلىشتا 342 تۈرنى قانات يايدۇرۇپ، 6 دېلو يىپ ئۇچىنى چېلىقتۇردى ۋە ئۆتكۈزۈپ بەردى. قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن 3 نى تۈزەتتى. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن 24 نى تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولدى، قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن 30 نى تۈزەتتى. چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇشلاردا مەخسۇس ئالدىنى ئېلىش تۈرىدىن 215 نى قانات يايدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن 2نى تۈزەتتى.

جاڭ يى

## قانۇن - سىياسەت تەتقىقاتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن - سىياسەت تەتقىقات تارماقلىرى «قانۇن

نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، ئادالەت ـ ھەققانىيەتنى قوغداش» تىن ئىبارەت خىزمەت ئاساسىي تېمىسىنى ۋە شىنجاڭ تەپتىش خىزمىتىنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەندىزىسىنى چۆرىدەپ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەتقىقات ئىشخانىسى شىنجاڭغا چۈشۈرگەن «يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەپتىش كەسپى مېخانىزمى ئىسلاھاتىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەم ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىق 3 مەخسۇس تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش نۇقتىلىق تېمىسىغا ئاساسەن، 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى، مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ماقالىسىدىن 2700 پارچىدىن كۆپرەكنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ قانۇن تۈزۈش ھەققىدە يازما پىكىر ئېلىش ماقالىسى، ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مەمۇرىي قانۇن تۈزۈش ھەققىدە يازما پىكىر ئېلىش ماقالىسىدىن ھەرقايسىسىدىن ئىككى پارچە تەييارلاپ، يازما پىكىر ئوتتۇرىغا قويدى؛ تەپتىش كەسپى خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىزاھاتلىرى، تەستىق جاۋاپلىرى، مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى سوتلاش خىزمىتى يىغىنىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى قاتارلىق 9 ھۆججەتنى ۋاقتىدا بېسىپ تارقاتتى. «شىنجاڭ تەپتىشلىكى» (خەنزۇچە) بىر يىلدا 4 سان چىقىرىلدى. قوبۇل قىلىنغان ماقالە 2600 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، 239 ماقالە ئىشلىتىلدى، 22 سەھىپە ئېچىلدى.

جاڭ يى

## تەپتىشلىك تېخنىكىسى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەپتىشلىك تېخنىكىسى تارماقلىرى باھالايدىغان ۋە تەكشۈرىدىغان دېلودىن 26 نى قوبۇل قىلىپ، 22 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، 21 دېلونى تەكشۈرۈپ باھالىدى، بىر دېلونى تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، 65 پارچە دەلىل ـ ئىسپات ماتېرىيالى چىقىرىپ بەردى.

جاڭ يى

## تەپتىش سىستېمىسىدىكى دۆلەت تەقدىرلىگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر

2004 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىلىك، سانجى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر قاراۋۇل كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق، تۇدۇنخابا رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، شىخەنزە شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى تۇرمە ـ قاماقخانا تەپتىش باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ قاماشنى ئىنقىلاپ تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ توققۇزتارا ناھىيىلىك، شايار ناھىيىلىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، ئىلى ئوبلاستلىق، قورغاس ناھىيىلىك، بورتالا شەھەرلىك، خوتەن ناھىيىلىك، ساۋەن ناھىيىلىك، مورى ناھىيىلىك، يەكەن ناھىيىلىك، سانجى ئوبلاستلىق، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق، لوپنۇر ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت، پاش قىلىش ـ مەلۇم قىلىش قوبۇلخانىلىرى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي قوبۇلخانا بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قابا ناھىيىلىك، جىمسار ناھىيىلىك، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق، تۇرپان شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى، ئاتۇش شەھەرلىك، قاراماي شەھەرلىك، ماناس ناھىيىلىك، قۇمۇل تۆمۈريول ترانسپورت تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت، پاش قىلىش ـ مەلۇم قىلىش قوبۇلخانىلىرى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي قوبۇلخانا ئۈلگە كۆزنىكى بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى مەمۇرىي ئەسلىھەلەر باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئىشخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى ئىشخانىلىرى مەملىكەتلىك تەپتىش سىستېمىسى بويىچە كىيىم ـ كېچەك باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىش باشقارمىسىدىن تەن شيۇلى مەملىكەت بويىچە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى مەمۇرىي ئەسلىھەلەر باشقارمىسىدىكى تۇرسۇن قاتارلىق 5 ئادەم مەملىكەتلىك تەپتىش سىستېمىسى بويىچە كىيىم ـ كېچەك باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تېخنىكا بۆلۈمىدىن ليۇ بو مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

جاڭ يى

## جاڭ گېڭ سەپەر ئۈستىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆتتى

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى جاڭ گېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 ـ يىل 11- ئاينىڭ 26 — 29 ـ كۈنىگىچە قازاقىستانغا زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى بارلىق تەپتىش كادىر ـ ساقچىلىرىنى يوقلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تەپتىش خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلىدى.

جاڭ يى

## خەلق نازارەتچىلىرى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى

2004 ـ يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خەلق نازارەتچىلىرى تۈزۈمى سىناق نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى خەلق نازارەتچىلىرى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭ بويىچە 140 ئادەمنى خەلق نازارەتچىلىككە تاللاپ تەيىنلىدى، نازارەتچىلىك خىزمىتى رەسمىي باشلاندى، نازارەتچىلەر تەرتىپ بويىچە «3 تۈردىكى دېلو» دىن 5 نى نازارەت قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خەلق نازارەتچىلىرى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خەلق نازارەتچىلىرى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى.

جاڭ يى

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

مەھكىمە باشلىقى: مۇھەممەت روزى.

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: جاۋ شياڭۋا، چېن جياڭ (ئايال)، سۇن شۆچى (رۇس)، لۇ چىفا (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خەن دېچىڭ (موڭغۇل)، شاۋكەت ئىدرىس، ۋاڭ لاڭتاۋ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جىن لىمىن (9 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## سوت ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 151 سوت مەھكىمىسى (ھەربىي سوت مەھكىمىسى بۇنىڭ سىرتىدا) تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىر، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبە مەھكىمىسى 2 (ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمە، بىڭتۈەن شۆبە مەھكىمىسى)، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 24 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 13، بىڭتۈەن ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 10، تۆمۈريول ترانسپورت ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىر)، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 124 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 96، بىڭتۈەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 25، تۆمۈريول ترانسپورت ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 3)، 187 خەلق سوتى تەسىس قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك خەلق سوتى 157، بىڭتۈەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوتخانىسى 30).

ۋېي چۈنشيا

## جىنايى ئىشلار سوتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 17 مىڭ 893 نى قوبۇل قىلىپ، 17 مىڭ 208 نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 96.17% كە يەتتى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈشكە ئوخشاش پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 7458 ئادەمگە چېتىشلىق 5746 دېلو؛ بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشاش مال-مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 13 مىڭ 203 ئادەمگە چېتىشلىق 8190 دېلو؛ زەھەر سېتىش، زەھەر ياساش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئوخشاش ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 1762 ئادەمگە چېتىشلىق 1175 دېلو؛ دۆلەت مۇداپىئە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 14 ئادەمگە چېتىشلىق 9 دېلو؛ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 456 ئادەمگە چېتىشلىق 382 دېلو؛ ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىشقا ئوخشاش مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 33 ئادەمگە چېتىشلىق 24 دېلو؛ توختام ئالدامچىلىقى، تالون ـ ھۆججەت ئالدامچىلىقى، يالغان پۇل سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا ئوخشاش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 286 ئادەمگە چېتىشلىق 186 دېلو؛ باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن 1969 ئادەمگە چېتىشلىق 1496 دېلو بار.

ۋېي چۈنشيا

## ھەق تەلەپ سوتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 145 مىڭ 53نى قوبۇل قىلىپ، 136 مىڭ 659نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 94.21%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ، ئائىلە، ۋارىسلىق قىلىش ماجىراسىغا ئائىت 44 مىڭ 700 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 43 مىڭ 146 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى؛ توختام ماجىراسىغا ئائىت 71 مىڭ 141 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 66 مىڭ 463 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى؛ ھوقۇق تەۋەلىكى، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ماجىراسى ۋە باشقا ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 29 مىڭ 212نى قوبۇل قىلىپ، 27 مىڭ 50 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى.

ۋېي چۇڭشيا

## مەمۇرىي سوت

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئىشلار دېلوسىدىن 1003نى قوبۇل قىلىپ (يېڭى قوبۇل قىلىنغان دېلو 930)، 950نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 94.72%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 321، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى، ئۆزگەرتىلگىنى 142، دەۋاگەر ئەرزىنى بىكار قىلغىنى 163، ئەرز رەت قىلىنغىنى 93، باشقىلار 231. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى دۆلەت تۆلەم دېلوسىدىن 87نى قوبۇل قىلىپ، 68نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 78.16%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم بېرىش قارار قىلىنغىنى 25، تۆلەم سوممىسى 535 مىڭ يۈەن، تۆلەم بەرمەسلىك قارار قىلىنغىنى 13، باشقىلار 30.

ۋېي چۇڭشيا

## ھال ـ ئەھۋال ئىگىلەش، ئەرز قىلىش ۋە سوت نازارەتچىلىكى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن 14 مىڭ 777 پارچە خەت (قېتىم)نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال ـ ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەن 115 مىڭ 928 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھال ـ ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەنلەر 52 مىڭ 267 ئادەم، ئەرز قىلغان، قايتا سوت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغانلار 3067 ئادەم، ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغانلار 20 مىڭ 756 ئادەم، ئەرزگە كىرمەيدىغان ئىش بىلەن كەلگەنلەر 6195 ئادەم، باشقا ئىشلار بىلەن كەلگەنلەر 33 مىڭ 643 ئادەم. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت نازارەتچىلىكىگە ئائىت دېلودىن 6205نى قوبۇل قىلىپ، 5614نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 90.48%كە يەتتى.

ۋېي چۇڭشيا

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان دېلودىن 83 مىڭ 12نى قوبۇل قىلدى، ئىجرا قىلىنىدىغان دېلو ئوبيېكتىغا دائىر سومما 7 مىليارد 264 مىليون يۈەن. 65 مىڭ 187 دېلو ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇش ئوبيېكتىغا دائىر سومما 4 مىليارد 453 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 78.53%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلوسى 58 مىڭ 728، جىنايى ئىشلار دېلوسى 1673، مەمۇرىي ئىشلار دېلوسى 337، باشقا دېلو 4449.

ۋېي چۇڭشيا

## باشقا دېلولار

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش دېلوسىدىن 17 مىڭ 871نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جازا كېمەيتىش دېلوسى 17 مىڭ 777، شەرتلىك قويۇپ بېرىش دېلوسى 94. ئالاھىدە تەرتىپ قوللىنىلىدىغان دېلودىن 4917نى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېلان چىقىرىپ ئەرزنى سۈيلەش تەرتىپى قوللىنىلىدىغان دېلودىن 392نى قوبۇل قىلدى، تۆلەش بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان دېلودىن 3713نى قوبۇل قىلدى. ۋەيران بولۇش دېلوسىدىن 282نى قوبۇل قىلدى، ئەدلىيە ياردىمى، كېسىم كۈچىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق دېلودىن 485نى قوبۇل قىلدى، ھەرىكەت ئىقتىدارىنى، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش، يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلگەنلىكىنى جاكالاش قاتارلىقلارغا دائىر 45 دېلونى قوبۇل قىلدى.

ۋېي چۇڭشيا

## قوشۇن قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى «ئادەمنى ئاساس قىلىش» فاكجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، كەسپتە پىششىق، ئىستىلى ياخشى، پاك ـ دىيانەتلىك، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشتى. ش ئۇ

ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرىدە پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 5 - ئايدا يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «چىرىكلىكنى جازالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»نى ۋە چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى 10 ماددىلىق مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى تارقاتتى. 6 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرىدە «ئەدلىيە ئادىللىقىدا ئوبراز تىكلەش» تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئادىل بولۇش، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، پاك، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەشتىن ئىبارەت 5 جەھەتتىن قول سېلىپ، قوشۇننى ئەستايىدىل تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 5 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 378 سودىيىنى تەربىيىلىدى؛ شەندۇڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن سىستېما بويىچە توغرىلاپ تەربىيىلەشنى تەشكىللەپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئىلى ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى 3880 نەپەر سودىيەنى تەربىيىلىدى، 102 مۇنەۋۋەر سودىيەنى ئالىي مەكتەپلەرگە، دۆلەتلىك سودىيىلەر ئىنىستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ۋېي چۈنشيا

## سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە دۆلەت تەقدىرلىگەن ئىلغارلار

2004 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا ئىدارىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا كوللېگىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆسمۈرلەر دېلوسىنى سوتلاش كوللېگىيىسى مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر سوتى ئىلغار كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى ۋۇجياچۈ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي سوت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، يېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر قاراۋۇل بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مەمۇرىي ئەسلىھەلەر باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، بىڭتۇەن 7 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى، كۈنەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، بىڭتۇەن 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى ئىلغار - كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بايانداي خەلق سوتخانىچى، ئاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بەشئېرىق خەلق سوتخانىسى، فاڭ ساۋخۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى شىن خۇ سوتخانىسى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق سوتخانىسى بولۇپ باھالاندى، باياندای خەلق سوتخانىسى، شىن خۇ سوتخانىسى يەنە مەملىكەت بويىچە خەلق سوتخانىسى ئالتۇن تارازىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئىجرا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما يۇچىڭ (خۇيزۇ)، لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مامۇت ھەسەن، كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا كوللېگىيىسى باشلىقى جۇڭ شىنبىڭ مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ بىڭتۇەن 8 -شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ئەن، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆسمۈرلەر سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى يەن شيەنيۇ (ئايال) مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر

سوت كوللېگىيىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى قۇددۇس ئابدۇرازاق، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى جاڭ تاۋ، ۋۇجياچۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇ شىنۋېي مەملىكەت بويىچە مەمۇرىي سوت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆسمۈرلەر دېلولىرى سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى باۋ شۇلەن (ئايال)، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ئەن مەملىكەت بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش مۇنەۋۋەر قاراۋۇلى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما چۈنلۇ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت نازارەتچىلىكى كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى رېن يى (ئايال)، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى فەن خۇيچېن مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى ئىنتىزام - تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 1 - سوت كوللېگىيىسىنىڭ باش سوتچىسى كۇاڭ شياڭخۇا (ئايال)، كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى جىڭ خۇڭ (ئايال) مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئايال سودىيە بولۇپ باھالاندى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ سىياسىي ياردەمچىسى لى يۈنپىڭ (ئايال)، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چېن شياۋيىڭ (ئايال)، كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى ليۇ بىڭ مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سودىيىلەرنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ لېكتورى رەيھانگۈل ئاسىم (ئايال) مەملىكەت بويىچە غەربىي قىسىمدىكى سودىيىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بايانداي خەلق سوتخانىسىنىڭ باشلىقى خەن لىن، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى كونا گۇچۇڭ خەلق سوتخانىسىنىڭ باشلىقى فەن سۇنشياڭ، پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى يىما خەلق سوتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھۇسەيىن روزىلار مەملىكەت بويىچە خەلق سوتخانا مۇنەۋۋەر سودىيىسى بولۇپ باھالاندى.

ۋېي چۈنشيا

## تىپىك دېلولاردىن مىسال

**ياڭ شېڭلى، ۋاڭ ليەنكۈن، چې يۈنزېڭ، ئەن ليەنشەن، گېڭ گۇاڭخەي، جا مىڭپىڭلارنىڭ ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۆسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى**

2003 - يىل 7 - ئايدا چې يۈنزېڭ، ئەن ليەنشەن خېنەندىكى يۇرتىدا شىنجاڭغا بېرىپ خام نېفىت ئوغرىلاشنى مەخپىي پىلانلىغان، ئۇلار ياڭ شېڭلى، ۋاڭ ليەنكۈن ۋە جېن فېڭجۇن (قېچىپ يۈرمەكتە) بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كۈيتۇڭ شەھىرىگە كېلىپ ياڭ شېڭلىنىڭ باشچىلىقىدا بىر جايغا ئورۇنلاشقان ھەمدە جا مىڭپىڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان ماشىنىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، دېلو سادىر قىلىش ئۈچۈن قورال تەييارلاشقا كىرىشكەن. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋە 18 - كۈنى كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ «نۆل كىلومېتىر» تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 200 مېتىر كېلىدىغان چۆللۈكتىكى نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى ۋە «ئۈچ يېرىم كىلومېتىر» تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبىدىن 25 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسىدە كىلاپىنى پاياتلاش، تۇرۇبىدىن تۆشۈك ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خام نېفىت ئوغرىلىماقچى بولغان، تۇرۇبا ئىچىدە نېفىت بولمىغاچقا نېفىت ئوغرىلاش مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. 8- ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە ياڭ شېڭلى، ئەن ليەنشەن، ۋاڭ ليەنكۈن، چې يۈنزېڭ، جا مىڭپىڭلار جېن فېڭجۇن بىلەن شېرىكلىشىپ كۈيتۇڭ شەھرى «ئۈچ يېرىم كىلومېتىر» تۆمۈريولىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 1500 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدىن ئوخشاش ئۇسۇلدا نېفىت ئوغرىلىماقچى بولغان، تۇرۇبىدىن سەنەركە ئېقىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، كىلاپىنى ئېتىپ، نەق مەيداننى ياخشى نىقاپلاپ قويۇپ باشقا بىر كۈننى تاللاپ نېفىت ئوغرىلىماقچى بولغان. ئەتىسى ياڭ شېڭلى ماشىنا ھەيدەيدىغان ۋاڭ خەيجيەن (قېچىپ يۈرمەكتە) گە باڭ زاكاس قىلغان. 8 - ئاينىڭ 26- كۈنى كەچقۇرۇن 6 ئادەم نېفىت ئوغرىلايدىغان نەق مەيدانغا كېلىپ، 1.45 توننا سەنەركە ئوغرىلاپ، 276 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان. كېيىن كۈيتۇڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى سىزىپ، ياڭ شېڭلى، ئەن

لىيەنشەن، ۋاڭ لىيەنكۇن، چې يۇنزېڭ، جا مىڭپىڭلارنى تۇتقان. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە 2003- يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ياڭ شېڭلى، گېڭ گۇاڭخەيلەر لى شاڭچەن، جاڭ يۇنشىن، سوڭ پېيىن (قېچىپ يۈرمەكتە) بىلەن بىرلىكتە دېلو سادىر قىلىش قوراللىرىنى ئېلىپ، مايتاغ - قاراماي تاشيولىنىڭ 138 كىلومېتىر جايىنىڭ شەرقىي دىن 100 مېتىر جايدا، ئۈرۈمچى- ئالاتاۋ تۇمۇريولىنىڭ شىمالىدىن 25 مېتىر جايدا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدىن خام نېفىت ئوغرىلاۋاتقاندا، نېفىت ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەن، 5 ئادەم نەق مەيداندىن ئايرىلغان، 30 تونىنا خام نېفىت ئېقىپ كېتىپ، 207 مىڭ يۈەن زىيان بولغان. گېڭ گۇاڭخەي ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. يۇقۇرىقىلار 2 قېتىملىق جىنايى قىلمىشىدا خام نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ ياڭ شېڭلى، چې يۇنزېڭ، ئەن لىيەنشەن، ۋاڭ لىيەنكۇن، گېڭ گۇاڭخەي، جامىڭپىلار قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نېفىت - يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ نېفىت ئوغرىلاپ، جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، 6 جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن ئاسان ئوت ئالىدىغان ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ، قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك دەپ قارىدى. ياڭ شېڭلىغا ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان - ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن قانۇن قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەن مەھرۇم قىلدى؛ چې يۇنزېڭغا ئاسان ئوت ئالىدىغان ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلدى؛ ئەن لىيەنشەنگە ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 13 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 4 يىل مەھرۇم قىلدى؛ ۋاڭ لىيەنكۇنغا ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 4 يىل مەھرۇم قىلدى؛ گېڭ گۇاڭخەيگە ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 11 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 3 يىل مەھرۇم قىلدى؛ جىيا مىڭپىڭغا ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونى قاراپ چىقىپ، ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىتلار ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتلار راست، تولۇق، خاراكتېرىنىڭ بېكىتىلىشى توغرا، جازا مۇۋاپىق، سوت تەرتىپى قانۇنلۇق دەپ قارىدى. قانۇن بويىچە كېيىنكى ئارقىلىق نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالدى.

**شىنجاڭ خۇاشىدەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسى ساۋشەن ناھىيىلىك كاڭچى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ۋە سودىگەر تيەن شۆ ئوتتۇرىسىدىكى داڭلىق تاۋار ناتوغرا رىقابىتى دېلوسى** شىنجاڭ خۇاشىدەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە خۇاشىدەن شىركىتى دەپ ئاتالدى) 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. 1995- يىل 5 - ئايدا سەھىيە نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان. 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىغا پاتېنت ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغان، 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى» توغرىسىدىكى كەشپىيات پاتېنتىغا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بۇ مەھسۇلاتنى قاچىلاش قېپىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى لايىھىلەش پاتېنتىغا ئېرىشكەن، 2003- يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسى ساۋشەن ناھىيىلىك كاڭچى سودا چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە كاڭچى شىركىتى دەپ ئاتالدى) خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ پاتېنتىنى يولىغا قويۇش رۇخسىتىنى ئالماي، مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئەھۋالدا ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى ئىشلەپچىقارغان ھەمدە شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ ساتقان. ئۇ مەھسۇلات قېپىنىڭ بېزىلىشى دەۋاگەرنىڭ پاتېنتلىق مەھسۇلاتىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان. سودىگەر تيەن شۆ شىنجاڭ ياشىن تىببىي دورا چەكلىك شىركىتىدىن كاڭچى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزى تىجارەت قىلىۋاتقان غەربىي قىسىم چوڭ دورىخانىسىدا ساتقان. خۇاشىدەن شىركىتى: ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسى شىركىتىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلغان كالتىسىي بىلەن قانىنى تەڭ تولۇقلايدىغان قۇۋۋەت - ساغلاملىق بۇيۇمى، شىركىتىمىزگە خاس داڭلىق تاۋار ھەم تاۋارنىڭ خاس نامى، ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەر كاڭچى سودا شىركىتى بىلەن ساتقۇچى سودىگەر تيەن شۆنىڭ

قىلمىشى شىركىتىمىزنىڭ داڭلىق تاۋارى ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنىڭ خاس نام ھوقۇقىغا ۋە پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلغانلىقى، بۇنىڭدىن ناتوغرا رىقابەتنى شەكىللەندۈ دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن خۇاشىدەن شىركىتى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: بىرىنچى، ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنىڭ بازاردىكى تونۇشلۇق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ساغلاملىق بۇيۇملىرى بازىرىدا كەڭ ئىستېمالچىلارغا تونۇش ھەم ئىستېمالچىلار قوبۇل قىلغان ھەمدە ھۆكۈمەت، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان سىلىشتۇرۇپ باھالاشلاردا كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، داڭلىق تاۋار شەرتىگە ئۇيغۇن مەھسۇلات، ئۇنى داڭلىق تاۋار دەپ بېكىتىش كېرەك. ئىككىنچى، خۇاشىدەن شىركىتى كالتىسىي بىلەن قاننى تەڭ تولۇقلايدىغان بىر خىل ساغلاملىق بويۇمنى كەشىپ قىلدى، ئىككى خىل ماددىنىڭ نامىنى بىرىكتۈرۈپ «ئېجاۋگەي» دەپ ئاتىدى ھەمدە ھەممىدىن بۇرۇن بۇ نامنى ئىشلەتتى. بۇنىڭ ئالدىدا بۇ خىل ساغلاملىق بويۇمى يوق ئىدى، «ئېجاۋگەي» دېگەن بۇ ساغلاملىق بۇيۇمىنىڭ ئومۇمىي نامى تېخىمۇ يوق ئىدى. خۇاشىدەن شىركىتى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن يەنە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلغان، بۇ ئارىلىقتا باشقىلارنىڭ بۇ پاتېنتلىق مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىجازەت بەرمىگەن، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى خالىغانچە ئىشلەپچىقىرىشىغا بولمايدۇ، بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي نامىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. «ئېجاۋگەي» خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ داڭلىق تاۋارىنىڭ خاس نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن سودا ماركىسى قىممىتىگە ئىگە، بىلىم مۇلۈك ھوقۇقى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى. كاڭچى شىركىتى خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ پاتېنتلىق مەھسۇلاتىنى تەقلىد قىلىپ ياسىغان، خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ داڭلىق تاۋارىنىڭ خاس نامىنى ئىشلەتكەن ۋە بۇ مەھسۇلاتنىڭكىگە ئوخشىتىپ قاچىلاپ، بىزەپ، خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى، داڭلىق تاۋار نام ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان، بۇنىڭدىن ناتوغرا رىقابەت شەكىللىنىدۇ. تيەن شۆنىڭ گەرچە مال كىرگۈزۈش رەسمىيىتى قانۇنلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان مەھسۇلاتنى سېتىش پاكىتى مەۋجۇت، بۇمۇ باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. تۆتىنچى، خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ زىيىنى گەرچە ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما بۇ زىياننى نۇرغۇن زاۋۇت - سودىگەرنىڭ ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كاڭچى شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخى ئاساسىي جەھەتتىن دۇكان شەكىلدىكى سېخ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىك، ئۇ ئىشلەپچىقارغان ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش مەھسۇلاتى نىسبەتەن ئاز، خۇاشىدەن شىركىتىگە سالغان زىيان بىر قەدەر ئاز.

ھۆكۈم: 1. «ئېجاۋگەي» خۇاشىدەن شىركىتىنىڭ داڭلىق تاۋىرى ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنىڭ خاس نامىغا تەئەللۇق. 2. كاڭچى شىركىتى ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى دەرھال توختاتسۇن ھەمدە ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى قاچىلاش، بېزەش قېپىنىڭ نىگاتىۋى كۆيدۈرۈلسۇن. 3. كاڭچى شىركىتى خۇاشىدەن شىركىتىگە 200 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان تۆلىمى بەرسۇن. 4. تيەن شۆ باشقىلار ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات — ئېجاۋگەي سۇمۇرمىسىنى سېتىشنى دەرھال توختاتسۇن.

ۋېي چۈنشيا

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

## ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگىنى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 114، بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە نازارىتى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ش ئۇ ئا ر تۈرمە خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئىككى 2 - دەرىجىلىك ئىدارە، 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، 96 ناھىيىلىك (شەھەر، رايونلۇق) ئەدلىيە ئىدارىسى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە 986 ئاساسىي قاتلام ئەدلىيە ئورنى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسىدا ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن ۋە تارماقتىن 106سى بار، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرى 501.

ماشاڭكۈن

### تۈرمە خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تۈرمىلەردە جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى كۆرۈلمىدى. تۈرمە ئىچىدە ئالدىن پىلانلانغان دېلودىن 22 سى پاش بولدى، ئالدىنقى

يىللاردا قېچىپ كەتكەن جىنايەتچىلەردىن 13ى تۇتۇپ كېلىندى، %20.1 جىنايەتچى جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە ئېرىشتى، 19 تۈرمىدە «ئۈچتىن خالىي بولۇش» (جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن خالىي بولۇش، بىنورمال ئۆلۈشتىن خالىي بولۇش، چوڭ دېلونىڭ سادىر بولۇشىدىن خالىي بولۇش) ئەمەلگە ئاشتى. جاھىل، خەتەرلىك جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى %50.4كە يەتتى. 2004 - يىلى تۈرمىلەرنىڭ ئىقتىسادىي يەنمۇ تەرەققىي قىلدى، يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 580 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرمىلەرنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. باي تۈرمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قوشۇۋېتىش خىزمىتى تاماملاندى، 5 يېڭى تۈرمە رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم گازارمىلىرى، ئۇسكۇنىلەرنى يۆتكەشلەشتۈرۈش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 34 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سانجى تۈرمىسى، يېڭىدىن كەلگەن جىنايەتچىلەرنى قوبۇل قىلىش تۈرمىسى، 1 - تۈرمىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈچۈن 138 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى.

ما شاڭكۈن

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى ئۇدا 3 يىل «تۆتتە ئالدىنى ئېلىش» (قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىنورمال ئۆلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زور دېلولارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش) ۋەقە سادىر قىلماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىر يىلدا قانۇننى ئىجرا قىلىش دېلوسىدىن 526نى بېجىرىپ، لاياقەتلىك نىسبىتىنى %95تىن ئاشۇردى. تەربىيىلەپ تۈزىتىش سۈپىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈردى. 2004 - يىلى 1 مىليون يۈەنلىك مائارىپ فوندى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 6 كەسپىي ماھارەتنى باھالاش پونكىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسىنىڭ تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇش ئۆلچىمى بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنى تۈزەش نىسبىتى %90دىن يۇقىرى، «3 خىل» ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى %80، «فالون گۇڭپىسى»غا دائىر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ تەربىيە بىلەن ئۆزگىرىش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو - چەت ئەل ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى ھەمكارلىقى كۈچەيتىلدى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ جىنسىي كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى %85كە، زەھەر چەككەنلىكى ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ زەھەر تاشلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ماھارەت ئۆگىتىش - تۈزەش فۇنكسىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بىر يىلدا ئورۇندالغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىللىق پىلاننىڭ %111گە تەڭ كەلدى. يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان 7 تەربىيىلەش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. 2004 - يىلى شىخو ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، بورتالا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 زامانىۋى مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە زامانىۋى مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئومۇمىي سانىنىڭ %63نى ئىگىلىدى، %90كە يېقىن چوڭ ئەترەت مەدەنىي چوڭ ئەترەت بولۇپ قۇرۇلدى.

ما شاڭكۈن

## قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ساھەلىرىدە قانۇن بىلەن تۈزەش قۇرۇلۇشىدا «بىرنى تۇتۇش، ئىككىگە باغلاش» (ئىجابىي، سەلبىي تىپلارنى تۇتۇش، ئورۇن ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى سىناش، تەكشۈرۈشكە باغلاش، مەنىۋى مەدەنىيلىك، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى باھالاشقا باغلاش) تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايوننى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2004 - يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 4 - ئاينى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاساسىي قانۇن» قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش ئېيى قىلىشنى قارار قىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىشى تۈزۈملەشتى، قېلىپلاشتى. قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، يىل بېشىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، يىل ئوتتۇرىسىدا تەكشۈرۈش، يىل ئاخىرىدا سىناش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «4 - دېكابىر» مەملىكەتلىك قانۇنچىلىق تەشۋىقات كۈنى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە رەھبىرىي كادىرلار ۋە دۆلەت خادىملىرىدىن قانۇن ساۋاتلىرىدىن ئىمتىھان

ئېلىندى. «دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىپ، ھوقۇقىنى قوغداشقا دائىر دېلو مىساللىرىدىن تەھلىل» دېگەن ئوقۇشلۇق يېزىلدى، «قانۇننى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام يېزا، بازار، كەنت ۋە مەھەللە رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى، ئاھالىلەرگە 80 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ھەقسىز تەقدىم قىلىندى، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 10 مىڭ پارچە نەشر قىلىندى، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، دېموكراتىيە - قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا ئۈلگە كەنتلىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە قانۇننى مەھەللە رايونلىرىغا كىرگۈزۈش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

ما شاڭكۇن

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنى 241، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مەبلەغ سالغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 84، ھەمكارلاشقان ئادۋوكاتلىق ئورنى 7، شېرىكلەشكەن ئادۋوكاتلىق ئورنى 150؛ ئادۋوكات 2040، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئادۋوكات 1937، قوشۇمچە ۋەزىپىلىك ئادۋوكات 103، 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلار 2733 ئورۇنغا تۇرلۇك قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى؛ 5533 جىنايى ئىشلار دەۋا دېلوسىغا ۋاكالەتچى بولدى، 22 مىڭ 114 ھەق تەلەپ دەۋا دېلوسىغا ۋاكالەتچى بولدى؛ مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 1 مىليارد 739 مىليون 595 مىڭ 500 يۈەن بولدى؛ 5267 ئىقتىسادىي دەۋا دېلوسىغا ۋاكالەتچى بولدى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 199 مىليون 242 مىڭ 800 يۈەن بولدى؛ 745 مەمۇرىي دەۋا دېلوسىغا ۋاكالەتچى بولدى. دەۋاغا ياتمايدىغان 9457 قانۇن ئىشنى بېجىردى. مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىلىدىغان سوممىسى 2 مىليارد 318 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى؛ 33 چەتئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق 33 دېلوغا ۋاكالەتچى بولدى؛ 90 مىڭ 58 ئادەم (قېتىم) گە قانۇندىن مەسلىھەت بەردى؛ 31 مىڭ 785 پارچە قانۇن ئىشلىرى ھۆججىتىنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى. 2004 - يىلى ئادۋوكاتلار قانۇن مۇلازىمىتى بازارلىرى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىنىپ، قائىدىگە خىلاپ ئادۋوكاتلىق قىلىش ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرى تازىلاندى ۋە بىكار قىلىندى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 76 پارچە ئەرزى قوبۇل قىلىنىپ ئادۋوكاتلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشىدىن 30 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 5 ئادۋوكاتقا ئادۋوكاتلىقنى توختىتىش چارىسى كۆرۈلدى. 3 ئادۋوكاتنىڭ ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسى بىكار قىلىندى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلارنى باشقۇرۇش تورى بەرپا قىلىنىپ، ئىش بېجىرىشنى باشقۇرۇشنى تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ما شاڭكۇن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى 126گە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 546گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 417، باشقىلار 129. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 200 مىڭ 910ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەق تەلەپكە دائىر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 60 مىڭ 444، ئىقتىساد تۈرىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 87 مىڭ 592، چەتئەلگە چېتىشلىق گۇۋاھلىقى 52 مىڭ 723، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 151. ھال ئېيتىپ كەلگەن 6747 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 199 پارچە خەت - چەك بىر تەرەپ قىلىندى؛ باشقا جايلار ھاۋالە قىلغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 11ى ئورۇندالدى؛ ئالاقىدار ئورۇنلارغا 204 پارچە ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 141ى قوبۇل قىلىندى؛ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئارقىلىق قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىن 213ى پاش قىلىندى ۋە توسۇپ قېلىندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سوممىسى 21 مىليون 560 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى جەمئىيىتى تەيۋەن دېڭىزى فوندى جەمئىيىتىگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 49 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئەۋەتتى، بۇ فوندى جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 14 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنى نەق مەيداندا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىپ مۇكاپات ئېچىش قاتارلىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىي بويىچە تەربىيىلىدى.

ما شاڭكۇن

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 986 ئەدلىيە ئورنى قۇرۇلۇپ، يېزا - بازار (مەھەللە) تۈزۈلمىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 99%ىنى ئىگىلىدى، 1566 ئەدلىيە ياردەمچىسى بار بولدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدلىيە ئورۇنلىرى خەلق ئىچىدىكى قىيىن، مۇرەككەپ ماجىرالاردىن

7571نى مۇرەسسە قىلىشقا قاتناشتى، قانۇننى 94 مىڭ 585 مەيدان (قېتىم) تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭدىن 11 مىليون 765 مىڭ 699 ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرگە 2388 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 1896سى قوبۇل قىلىندى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتنىڭ 1920 پارچە قېلىپلاشقان ھۆججەتنى تۈزۈشىگە ياردەم بېرىلدى، 286 مىڭ 335 پارچە كەنت قائىدىسى، پۇقرالار ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرنىڭ 6845 ئىجتىمائىي زىددىيەت ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭدىن 6030ى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى؛ 2814 قېتىم زىددىيەت - ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ ئامما توپلىشىپ قىلىدىغان 1200 ئەرزنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ 318 قېتىملىق توپلىشىپ سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى، «قاتتىق زەربە بېرىش»، تۈزەش ۋە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىگە 2829 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 129 ئىلغار كوللېكتىپ، 204 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۇن

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى 16 مىڭ 441گە، مۇرەسسە خادىمى 81 مىڭ 688گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 10 مىڭ 621، يېزا - بازار - مەھەللە مۇرەسسە ھەيئىتى 1172، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 3076، رايون - ساھە خاراكتېرلىك مۇرەسسە ھەيئىتى 87، باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 1485. 2004- يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 79 مىڭ 332 نى مۇرەسسە قىلدى. مۇرەسسە ئادا قىلىنغىنى 62 مىڭ 637 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسى 23 مىڭ 229، قولۇم - قوشنىلار ماجىراسى 14 مىڭ 803، توختام ماجىراسى 4713، تۆلەم ماجىراسى 5686، ئەمگەك ماجىراسى 4841، كەنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ماجىراسى 2103، يەر ھۆددىگەرلىك ماجىراسى 6515، يەر سېتىۋېلىش- چېقىش - كۆچۈرۈش ماجىراسى 1437، پىلانلىق تۇغۇت ماجىراسى 929، قۇرۇلۇش قىلىپ پۇقرالارنى ئاۋارە قىلىش ماجىراسى 671، ئۆي - تۇرالغۇ يەر ماجىراسى 3757، باشقا ماجىرالار 10 مىڭ 648، مۇرەسسە قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 72 مىڭ 645. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى 225 ماجىراغا چېتىشلىق 308 ئادەمنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، 1678 ئادەمگە چېتىشلىق 656 ماجىرانىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 2004 - يىلى 106 مىڭ 362 مۇرەسسە خادىمى تەربىيىلەندى، 5180 مۇرەسسە تەشكىلىي تەرتىپكە سېلىندى، 3527 مۇرەسسە خادىمى ئالماشتۇرۇلدى. بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن 406 ئىلغار كوللېكتىپ، 769 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۇن

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 738گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 582، مەھەللە قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 84، ھاۋالە بويىچە قۇرۇلغان ئادۋوكاتلىق ئورنى بىر، باشقا قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 71، ئاساسىي قاتلامدىكى قانۇن مۇلازىمەتچىلىرى 2390. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرى 2808 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغان ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى 1934، قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغان تۈرلۈك كارخانا 575، قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغان باشقا تەشكىلاتلار 290. بىر يىلدا دەۋا ئىشلىرىدىن 17 مىڭ 896سىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىندى، دەۋاغا ياتمايدىغان 3982 ئىشقا ۋاكالەتچىلىك قىلىندى، ماجىرادىن 13 مىڭ 218ى مۇرەسسە قىلىندى، 6612 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەمكارلىشىپ بېجىرىلدى. 29 مىڭ 745 ئىسپات بېجىرىلدى، 38 مىڭ 814 نۇسخا قانۇن ئىشلىرى ھۆججىتى ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىلدى، 112 مىڭ 13 ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇن جەھەتتە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى، قانۇن ياردىمى بېرىش ئىشىدىن 3482سى بېجىرىلدى، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە 6734 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالار 283 مىليون 300 مىڭ 400 يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. 2004 - يىلى 5 قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، 63 ئىلغار كوللېكتىپ، 110 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 3 ئورۇن، 12 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

ما شاڭكۇن

## ئورۇنلاشتۇرۇش، ياردەم بېرىش - تەربىيىلەش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم بېرىش- تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئاپپارات 248 بولۇپ، خىزمەتچى خادىمى 1523كە يەتتى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون

بويىچە مۇددىتى توشقان 4443 ئادەم قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىقلار 2750. 886 ئادەم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىقلار 508. جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغانلار ئىچىدە 4461 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %7. 83گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 472، مەسئۇلىيەت ئېتىزى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلەر 2944، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلگەنلەر 175، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 859، بازا (5 بازا) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 10. ئىقتىسادىي گەۋدە (بىر) گە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار بىر. بىر يىلدا جازاسى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغانلارغا 5957 ئادەم (قېتىم) ياردەم بېرىلدى ۋە تەربىيە بېرىلدى، ياردەم بېرىلگەن، تەربىيە بېرىلگەنلەر ئىچىدە 13 ئادەم پارتىيىگە، ئىتتىپاققا كىردى، 5 ئادەم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، 4 ئادەم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى، 42 ئادەم يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزدى، 67 ئادەمگە يېڭىۋاشتىن ياردەم، تەربىيە بېرىلدى. بىر يىلدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغان 286 ئادەم باشقۇرۇشتىن ئايرىلىپ قالغان.

ما شياڭكۇن

## قانۇن ياردىمى خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا قانۇن ياردىمى ئاپپاراتىدىن 92 سى قۇرۇلۇپ، قۇرۇشقا تېگىشلىك ئاپپارات سانىنىڭ %83نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىكى 15، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىكى 76. قانۇن ياردىمى خىزمىتى خادىمى 148گە يەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر 1 مىليون 264 مىڭ 400 يۈەن قانۇن ياردىمى كەسپىي خىراجىتى ھەل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك قانۇن ياردىمى ئاپپاراتلىرى قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىلىدىغان تۈرلۈك دېلودىن 3037نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىلگەن ھەق - تەلەپ دېلوسى 1507، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىلگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 1445، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىلگەن مەمۇرىي دېلو 85. ياردەمگە ئېرىشكەنلەر 4283. قانۇن ياردىمى بويىچە مەسلىھەت سورىغان



ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايوننى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2004 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 4 - ئاينى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاساسىي قانۇن»نى تەشۋىق قىلىش ئېيى قىلىشنى قارار قىلدى. سۈرەتتە: ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قاسىم ماموت ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىدا ئامما سورىغان قانۇن مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرمەكتە.

سۈرەتنى ئەدلىيە نازارىتى تەمىنلىگەن

15 مىڭ 598 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

ما شاڭكۇن

## دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى

2004 - يىلى دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىغا شىنجاڭدىن 4522 ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 3329، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 1024، قازاق يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 146، موڭغۇل يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 23؛ سوت مەھكىمىلىرىدىن 1043، تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن 603، ئەدلىيە مەمۇرىيىتىدىن 147، ج خ ئورگانلىرىدىن 142، ئادۋوكاتلىق كەسپىدىن 105، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىدىن 20، باشقا قانۇن مۇلازىمىتى كەسپىدىن 310، باشقا دۆلەت ئورگانلىرىدىن 341، باشقا ساھەلەردىن 1811. ئەمەلىيەتتە ئىمتىھانغا قاتناشقان ئادەم 4238، 265 كىشى لاياقەتلىك نومۇر چېكى (360 نومۇر) دىن ئۆتتى، 256 ئادەم قانۇن كەسپىي سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 205، ئۇيغۇر 44، قازاق 6، موڭغۇل بىر.

ما شاڭكۇن

## ئەدلىيلىك باھالاش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيلىك باھالاش ئاپپاراتى 16گە، رويخەتكە ئالدۇرغان ئەدلىيلىك باھالاش كەسپىي خادىمى 286گە يەتتى، بۇنىڭ

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىسى: مەمەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى جىمىن (ئايال)، ياڭ شېڭپىڭ، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۇن، جىلان ئابدۇللا، قۇرمانباي قېدىرموللا (قازاق)، ۋاڭ چۇنخۇي (قوشۇمچە)، شۇ گوخۇا (قوشۇمچە)، جاڭ لىرۇڭ (قوشۇمچە).

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجىسى: ئىلھام ئوسمان (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: جاڭ ۋېنچۈەن، جاڭ خۇاجۇڭ، سۇي شيا، تۇرسۇنجان ئەلى، كاڭ جىمىن، قارقىن قابدۇكېرىم (قازاق).

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىسى: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تيەن ۋېن، ساتىپقان ساقىتاي (قازاق)، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىسى: ۋاڭ خۇەيىۈ.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاۋ باۋجۇن، جۇرئەت قادىر، جاقىيا ئىسكەندەر (قازاق)، ۋېي شېڭگۇي، ساتتار ساۋۇت (قوشۇمچە)، جۇ جۇنلىن (قوشۇمچە)، گۇجيايۇ (قوشۇمچە)، تاشپولات تېيىپ (قوشۇمچە)، خالمۇرات غوپۇر (قوشۇمچە)، لى شۇشەن (قوشۇمچە)، چېن تۇڭ (قوشۇمچە).

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: لياڭ رىمىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شياڭمىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەسئۇت ۋەلى (تاتار، 4- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئادىلجان، دارىنخان (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابدۇللا ئابباس (تاتار، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، قوشۇمچە)، ئېلشات (ئۆزبېك، 4 -

ئىچىدە 2004 - يىلى تەكشۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنغان شىنجاڭ يۈكشىن ئەدلىيە بوغالتىرلىقى باھالاش ئورنى، شىنجاڭ تيەنيۈەن ئەدلىيە بوغالتىرلىقى باھالاش ئورنى، شىنجاڭ «سەممىيەت» ئۆي - مۈلۈك ئۆلچەش - سىزىش ئەدلىيىلىك باھالاش ئورنى، شىنجاڭ فاڭجېڭ باھانى ئەدلىيىلىك باھالاش ئورنى، شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك لايىھىلەش - تەتقىقات يۇرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەدلىيىلىك باھالاش ئورنىدىن ئىبارەت جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان 5 ئەدلىيىلىك باھالاش ئاپپاراتى بار، ئەدلىيىلىك باھالاش خادىمىدىن 91ى كۆپەيدى. بىر يىلدا جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيىلىك باھالاش ئاپپاراتلىرى تۈرلۈك باھالاش كەسپىدىن 425نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە باھالانغان ئەدلىيە بوغالتىرلىقى 299، ئەدلىيىلىك باھالانغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپى 4، باشقا ئەدلىيىلىك باھالاشتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر 122.

ما شاڭكۇن

## قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى

2004 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسى بىلەن قانۇن ساھەسىدىكى 30 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتناشقان «ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى» توغرىسىدا بىر قاتار سۆھبەت پروگراممىلىرى ئىشلەندى. 4- ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە ئېلىپ بېرىلىپ، 164 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. 4 - نۆۋەتلىك مەشھۇر ياش، ئوتتۇرا ياش قانۇنشۇناسلارنى باھالاپ يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتى تاماملاندى. 2004 - يىلى بىرلىشىپ ئىلتىماس قىلىنغان «شىنجاڭدا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى تۈزەش توغرىسىدىكى قانۇن تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېما جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.

ما شاڭكۇن

ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، قوشۇمچە).

شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىسى: ھېيتەم ھۆسەيىن.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ليۇ بىڭ، شامىس قۇمار (قازاق)، لو يىڭفۇ، جۇ تاۋ، پاتىخە مالىك (قازاق، ئايال)، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، ئادىل جۇمەتۇردى (قىرغىز)، جاۋ يەنلياڭ، دەنبى (موڭغۇل).

شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

ئۇيۇشما باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىن.

مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىرى: ما چاڭفا (خۇيزۇ، 12 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقتى)، جاڭ بىڭكې (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن جيەنخۇا، ئەركىن مۇسا، جاڭ پىڭچۈەن، بى نەيلىڭ (ئايال)، ۋۇ تۇڭجياڭ، ئەسقەربېك دۆمىش (قازاق)، سۇن گۇاڭشىن، تاڭ ۋەنلى، فېڭ دۇڭمىڭ، ياڭ مىندې (ئايال)، مى ئېنخۇا (خۇيزۇ)، يۈ جىرۇڭ، ما يۈڭچۈەن، ئەكرەم ئەيسايوف (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جيەنخۇڭ، جاۋ شياۋلىن، جاڭ شىن (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇاڭ يىنرۇڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، رادىل ئابلا (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىسى: ۋۇ دۇنفۇ.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ياڭ نەيچۇ، گې جىشىن، بەختىيار، جۇماخۇن ئورناقباي (قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

قوشۇمچە ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋۇ فۇخۇەن، جاقىپ مىرزاقان (قازاق)، پەن رېنيۈەن.

شىنجاڭ مېيىپلار بىرلەشمىسى

كېڭەش باشلىقى: ليۇ لىنتىڭ.

مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىرى: چېڭ جۆزى، خۇ جىبىن (خۇيزۇ)، پەرھات جالال.

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: تۇرسۇن ئەلى.

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: قۇربانجان ئالىم (6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇۋەلى ئابلىز (6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنجاڭ چەت ئەل دوستلۇق بىرلەشمە جەمئىيىتى

جەمئىيەت باشلىقى: جاڭ يۇجۇڭ.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىگيۇ.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى

جەمئىيەت باشلىقى: كۇرەش مەخسۇت.

دائىمىي مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى: ۋاڭ جيەنگوڭ.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابدۇللا.

# ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 2 مىليون 350 مىڭ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇن 26 مىڭ 85 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 11 مىڭ 979)، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 245 مىڭ بولۇپ، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 95.5%نى ئىگىلىدى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 193 مىڭ بولۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 97.7%نى ئىگىلىدى.

سۇ فېڭ

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ۋە تۈگۈنلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، مۇتەخەسسىسلەر لېكسىيىسى، ئۆگىنىش كۇرسى، زېھنى سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى كەسپىي جەھەتتە ۋە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە نازارەت ـ ئىدارىلەردىكى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 1 ـ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى جۇڭگو ئەمگەك ـ مۇناسىۋەت ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى، ناھىيە ـ شەھەرلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنى كادىرلىرىنى كەسپىي

جەھەتتىن تەربىيىلىدى. يەنە قىسمەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارغا ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4360 تىن ئارتۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى ھەرخىل شەكىلدىكى تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى.

سۇ فېڭ

## تۆھپە يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تېخنىكا مەشق قىلىش، ماھارەت مۇسابىقىسى، كەشىپ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىش، مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش قاتارلىق ئىقتىساد - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئەمگەك مۇسابىقىسىنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، يەنى غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە گازلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 10 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش دەۋر قىلىنىپ، ئەمگەك مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 6 مۇسابىقە رايوندا 12 ئىش تۈرى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى تەشكىللەندى. ئوخشىمىغان ساھەلەردە «1 - ماي مەدەنىي ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش، كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا «قوش ئون ياخشى» لارنى بەرپا قىلىش، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارا «تۆھپە يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتلەرگە ئاز كەم 1 مىليون ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. بىر تۈركۈم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىشچى كەشپىياتچىلار، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ماھىرلىرى مەيدانغا كەلدى. 2004 - يىلى 70 تۈر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان كارخانا 246 گە، ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 238 مىڭغا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى يەنە «ئەنىكاڭ لوڭئىسى» مۇسابىقىسىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، 400 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى «قوش ئون ياخشى» لارنى باھالاش پائالىيىتى، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى كومپيۇتېر ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

سۇ فېڭ

## ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش خىزمىتىنى ئىزچىل تۈزدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىغا قويۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «كوللېكتىپ توختام نىزامى»، «‹ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى نىزامى» جەھەتتە قانۇن تۇرغۇزۇش ئىشى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، مۇسابىقىگە ئازكەم 200 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. بۇ ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلاردا ئەمگەك ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتى قۇرۇش ۋە بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئەمگەك ماجىراسى دېلولىرىنى ئالدىن مۇرەسسە قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو بېجىرىش داۋامىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى خالىغانچە يۆتكىۋېلىش ھادىسىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «كارخانىلارنىڭ قەرز دېلولىرىنى بېجىرىش داۋامىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى يۆتكىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە 5 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىن ئېچىلىپ، بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە دائىر ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىككى تۈرلۈك مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساس قىلىنغان دېموكراتىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، زاۋۇت ئىشلىرىنى

ئاشكارىلاش تۈزۈمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىكى تۈزۈملىرىنى پائال يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئۈچ تەرەپ كېلىشىش مېخانىزمى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىندى، ئەمگەك ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش ھەيئىتىدىن 3013ى قۇرۇلدى، ئەمگەك مۇرەسسەچىسى 11 مىڭ 783كە يەتتى.

سۇ فېڭ

## ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساس قىلغان دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورناتقىنى 2259 بولۇپ، تۈزۈم ئورنىتىش نىسبىتى %93 بولدى؛ ئومۇمنىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورناتقىنى 7455 بولۇپ، تۈزۈم ئورنىتىش نىسبىتى %51 بولدى. باراۋەر كېڭىشىش، كوللېكتىپ توختاملىشىش يولغا قويۇلغان كارخانا 9444كە، ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 130 مىڭ 900گە يەتتى.

سۇ فېڭ

## مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە ئىشچىلار دوستلۇق پائالىيىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھەرخىل شەكىلدىكى مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھېيت-بايرام مەزگىللىرىدە 19 مىليون 13 مىڭ يۈەن مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش مەبلىغى تەييارلىنىپ (ھۆكۈمەت تەييارلىغىنى 6 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەييارلىغىنى 7 مىليون 475 مىڭ يۈەن، باشقا تەرەپلەر تەييارلىغىنى 4 مىليون 728 مىڭ يۈەن)، قىيىنچىلىقى بار 1453 كارخانا، 42 مىڭ 645 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز قالغانلار ئائىلىسى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىدىن ھال سورالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچىلار دوستلۇق ئورنىتىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يار - يۆلەك بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش داۋامىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشنى دائىملىق مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. بىر يىلدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز قالغان 19 مىڭ 894 كىشى تەربىيىلەندى، 13 مىڭ 213 ئادەمگە كەسىپ تونۇشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 20 مىڭ 398 كىشىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى.

سۇ فېڭ

## «1 - ماي»نى تەبرىكلەش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى

«1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش، ۋە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. يىغىندا «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 9 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئورۇن، «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن 19 ئىلغار شەخس، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 21 ئىلغار ئورۇن، 13 ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپا، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈلەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەن 44 ئىلغار شەخس، جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ كارخانا باشقۇرغان 26 پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرى، «ئىككىنى باھالاش، ئىككىنى سۆيۈش»تىكى 12 ئىلغار ئورۇن، 15 مۇنەۋۋەر ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى، 11 مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچى تەقدىرلەندى.

سۇ فېڭ

## «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش


2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 ئورۇن (ئىسمېنا - گۇرۇپپا) «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى مەزكۇر شىركەتنىڭ ئەسلى نامى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بولۇپ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن 1959 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. شىركەتتە ھازىر 2795 خادىم، 34 يۈرۈش ئاساسىي قۇرۇلما بار، يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 3 مىليون 500 مىڭ توننىغا، مۈلكىنىڭ قىممىتى 5 مىليارد يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 3 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. شىركەت قۇرۇلغان 44

يىلدىن بۇيان، 35 مىليون توننا نېفىت پىششىقلىدى، يۇقىرىغا 4 مىليارد 597 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى. 4974 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇ شىركەت 160 نەچچە خىل نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېتەكچى مەھسۇلات 40 خىلدىن ئاشىدۇ، 28 خىل مەھسۇلات ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەلا مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ L—DRA/A تىپلىق توڭلىتىلغان ئاپتول قاتارلىق 5 خىل مەھسۇلات دۆلەتنىڭ كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «يىلوڭ» ماركىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى داڭلىق ماركا بولۇپ باھالاندى؛ «يىلوڭ» ماركىلىق توڭلىتىلغان ئاپتول بىلەن ترانسفور ماتور مېيى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ «يىلوڭ» ماركىلىق توڭلىتىلغان ئاپتول بىلەن سىكلوئالكىل كاۋچۇك مېيى جۇڭگو سۈپەت باشقۇرۇش جەمئىيىتى تەرىپىدىن خېرىدارلار رازى بولغان مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى؛ «يىلوڭ» ماركىلىق ئاسفالت دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى يىلىغا 400 مىڭ توننا سۈپەتلىك تۆۋەن قېتىشچانلىق سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ سىكلوئالكىل سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. شىركەتنىڭ 25 ـ، 45 ـ نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور مېيى دۆلەت ئىچىدىكى ترانسفورماتور زاۋۇتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە، جۈملىدىن دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور مېيى گېجوبا، شياۋلاڭدىلاردىكى توك يوللاش ترانسفورماتور قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلدى؛ ترانسفورماتور مېيىنىڭ ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %40كە، توڭلىتىلغان ئاپتولنىڭ ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %85كە يەتتى ھەمدە كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى؛ كاۋچۇك تولۇقلاش مېيى مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سىكلوئالكىل كاۋچۇك مېيى ئىشلەپچىقىرالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، مەملىكىتىمىزدىكى كاۋچۇك زاۋۇتلىرىنى شۇ خىل ماي بىلەن بىۋاستە تەمىنلىدى ھەمدە تەيۈەن مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كاۋچۇك كارخانىلىرىغا كىردى؛ سىكلوئالكىل ئوتتۇراھال



2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تارىم نېفىتلىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش گازلىق قۇرۇلۇشى بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. سۈرەتتە: مۇسابىقە مەيدانى.

رېن گولياڭ فوتوسى

مېيى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلىندى؛ شىركەتنىڭ پارقىراق مېيى مەملىكەت ئىچىدە مۇشۇ شىركەتلا ئىشلەپچىقىرالايدىغان مەھسۇلات بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىي تەڭشەلگەن ماي بازىرىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى؛ مۇرەككەپ، كىرىشمە يوللارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاسفالت مەملىكەت بويىچە تۇنجى مەھسۇلات بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان ئاسفالتلاردىن ياخشى، ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىي تاشيوللاردا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە؛ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاسفالت سىنشيا قۇرۇلۇشىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ شىركەت 2003 ـ يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە، دۆلەت سودا ـ سانائەت باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «توختامغا ئەمەل قىلغان، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەن كارخانا» دېگەن نامغا، 2004 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

**بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى 148 ـ تۇەن ـ مەيدانى**

بۇ تۇەن ـ مەيدان 2003 ـ يىلى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇش، تەقسىم قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش فاكچېيىنى زىچ چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، يەرنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇمىي خىراجەت

بويىچە ئۆزى بىرتەرەپ قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى ھەمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىككى ئىشقا يەر ئىشلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. 2003 - يىلى تۆەن - مەيداننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 252 مىلىيون يۈەنگە، شۇ يىللىق تىجارەت كىرىمى 298 مىلىيون يۈەنگە، پايدىسى 20 مىلىيون يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 16 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 10 مىڭ 700 گېكتار كېۋەزدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ 41 مىڭ 300 توننا كېۋەز يىغىۋېلىندى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 58 مىلىيون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىلىيون 900 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 8 مىلىيون يۈەنگە يەتتى. زامانىۋىلاشقان ئىنەك فېرمىسى قۇرۇش باشلامچى، چوشقا، توخو، قوي باقمىچىلىقى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش تەرەققىيات يېڭى يولى قىلىنىپ، تۆەننىڭ چارۋىچىلىقىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ئىلھام بېرىلدى. تۆەن بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشى ۋە چارۋا 163 مىڭغا، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 33 مىلىيون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۆەن 2 دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى بەشتە ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈچتە ياخشى لېدىرىي بەرپا قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بويىچە كۈچەيتتى، بۇ ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچەيدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا مۇقىملىقنى تۇتۇشنى چۆرىدەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىدا ئالدىنى ئېلىش ۋە باشقۇرۇشنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشنى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەچكە، شۇ يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسى 2003 - يىلدىكىدىن %17.8، ئامانلىق ساقلاش دېلوسى %22.8 ئازايدى. تۆەن ھەردەرىجىلىك بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم تۇرغۇزغاچقا، بىر يىلدا ئېغىر ياكى پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسە كۆرۈلمىدى. بۇ تۆەن 2004 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى بۇ شىركەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەسكىن بازار رىقابىتى ئالدىدا ئىچكى جەھەتتە باشقۇرۇشنى، سىرتقا قارىتا ئوبراز تىكلەشنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت مىقدارىنى ھالقىش شەكلىدە ئاشۇرۇپ، يىللىق بۇرغىلاش ئىقتىدارىنى 900 مىڭ مېتىردىن ئاشۇردى. ئىقتىسادنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %20تىن ئاشۇرۇپ، سىجىل، مۇقىم، تېز تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالدى. شىركەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، «ئەنگاك لوڭقىسى»، «بەشتە يېڭىلىق يارىتىش، بىرنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەندەك ئەمگەك مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇردى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى 11 بۇرغىلاش بازىرىدا 507 قۇدۇقنى بۇرغىلاش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، بۇرغىلاش مېتىراژىنى 1 مىلىيون 506 مىڭ 700 مېتىرغا يەتكۈزۈپ، 600 نەچچە تۈردە دۆلەت - ئىچى سىرتىدىكى نېفىت قۇدۇقىنى بۇرغىلاش رېكورتىنى ساقلاپ كەلدى ياكى بۇزۇپ تاشلىدى. 2003 - يىلى قۇدۇق بۇرغىلاش ئومۇمىي مېتىراژى جەھەتتە 600 مىڭ مېتىرلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، تۇرپان - قۇمۇل قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ 64 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى رېكورتىنى ياراتتى.

ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش نەتىجىسىدە شىركەتنىڭ كىرىمى يىلسېرى ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20تىن ئارتۇقراق ئېشىپ باردى. 2003 - يىلى ئىچكى - تاشقى بازارلارنى ئىگىلەش نىسبىتى %101 بولدى، تاشقى بازارلاردىن قىلغان كىرىمى شىركەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %25نى ئىگىلىدى، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 537 مىڭ 600 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە قوشۇلما قىممەت 133 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. كارخانىنىڭ تىجارەت ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستى، مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى %125، تېز ئوبوروت بولۇش نىسبىتى %102، ئومۇمىي مۇلۈكنىڭ نەپ يەتكۈزۈش نىسبىتى %1.3، ساپ مۇلۈكنىڭ نەپ يەتكۈزۈش نىسبىتى %15.5، مۇلۈكنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ ئىقتىدارى %59، ھېسابقا قوندۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ ئوبوروت نىسبىتى %305، ساقلىنىۋاتقان مالنىڭ ئوبوروت نىسبىتى %20، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى %98.4، مۇلۈك قىممىتىنىڭ ساقلىنىش، ئېشىش نىسبىتى %152، پايدا نىسبىتى %2.5 بولدى، كارخانىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 455 مىلىيون يۈەن بولۇپ، يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى ۋە مۇشۇ ساھەدىكىلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، قۇرۇلۇش

قىلىش، قۇدۇق مۇستەھكەملەش، بوتقا تەييارلاش ساھەسىدە قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ پىشقان، يۇرۇشلۇك تېخنىكىسى، ئۆزگىچە تېخنىكا، باشلامچى تېخنىكا يادرو قىلىنغان 3 چوڭ تېخنىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يىللىق ئۈنۈمى 20 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى، 1999 ـ يىلدىن ھازىرغىچە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت قوماندانلىق شتابى ۋە شىركەت بويىچە 104 تۈردە پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى. 2003 ـ يىلى «يېڭى تېپتىكى بۇرمىسىمان باشلىغۇچى بىرىكمە بۇرغىنىڭ يۆنىلىشى مۇقىم قۇدۇقلاردا قوللىنىلىشى» دېگەن تۈر جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ياشلار يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىدىكى يۇز ئەلا تۈر قاتارىغا كىردى. 4 يىلدىن بېرى، قۇدۇق سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%، ئەلالىق نىسبىتى 70 نەچچە پىرسەنت، قۇدۇق مۇستەھكەملەشنىڭ بىر قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.4%، قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%، ئەلالىق نىسبىتى 91.2%، كىرىن ئېلىپ ئۈنۈمگە ئېرىشىش نىسبىتى 94.85% بولدى.

بۇ شىركەتنىڭ چەت ئەلدە قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى خەلقئارا قۇدۇق بۇرغىلاش سودىگەرلىرى جەمئىيىتى تارقاتقان 2 ـ دەرىجىلىك لاياقەتنامىگە ئېرىشتى؛ 14 قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى بىلەن 2 قۇدۇق مۇستەھكەملەش شۆبە ئەترىتى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ A دەرىجىلىك ئەترىتى قاتارىغا كىردى، 22 قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى B دەرىجىلىك ئەترەت سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 12 قۇدۇق بۇرغىلاش ـ رېمونت قىلىش ئەترىتى چەت ئەلگە يۈزلەندى. بۇ شىركەت جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. 1999ـ يىلى ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن، 2000ـ يىلى HSE سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، 2003ـ يىلى EMS مۇھىت سىستېمىسى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى گۇۋاھلىق مەركىزىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. 2004 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ 4 ـ ترانسپورت گۇرۇھى بۇ گۇرۇھ 16 يىلدىن بۇيان يۇقىرىغا جەمئىي 120 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى، دۆلەت مۈلكىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 90 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇ گۇرۇھ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ «بىرمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرماسلىق»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرەر ئىشچى-خىزمەتچىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ئۆياقتا تۇرسۇن، تېخى جەمئىيەتتىن 1000 نەچچە ئادەم قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ كوللېكتىپ توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، 20 نەچچە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا بۇ شىركەتكە كېلىپ، شىركەتنىڭ بۇ خىل تۈزۈمىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە ئۆگەندى. بۇ شىركەت 30 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە دۆلەت كارخانىسىدىن 2نى قوشۇۋالدى. ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مەبلەغ چىقىم قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، كۆتۈش خىراجىتىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى، «4 ـ ترانسفورت شىركىتى گېزىتى» ، قارا تاختا گېزىتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىپ، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە 70 كورپۇس تۇرالغۇ بىنا سېلىپ بەردى ھەم ھەر يىلى 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھويلا-ئاراملارنى كۆكەرتتى ۋە گۈزەللەشتۈردى. شىركەتنىڭ 8 ئاپتوموبىل كالونى، 3 ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، 2 ماي ئىسكىلاتى ۋە كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق 15 تايانچ ئورنى 2000—ISO9001 ئۆلچەملىك سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. 16 يىلدىن بۇيان 3 مىليون 280 مىڭ توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئەشياسىنى توشۇدى.

بۇ شىركەت كۆپ يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق يولۇچى ۋە يۈك توشۇش، ئاپتوموبىل ئىقتىدارىنى ئۆلچەش ـ رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى سېتىش، كىيىم تىكىش، ماشىنا ياساش، تەييار ماي سېتىش، شوپۇر تەربىيىلەش، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى، ئۆي ـ زېمىن تىجارىتى، خوجىلىق باشقۇرۇش قاتارلىقلار بىرگەۋدىلەشكەن، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئۈنۈمۋېرسال گۇرۇھ شىركەتكە ئايلاندى. 2004 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى بۇ شىركەت 1999 ـ يىلى قايتا تەشكىللىنىپ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، نېفىت پىششىقلاش مىقدارى، پايدىسى مۇقىم ئاشتى. شىركەت 2000 — 2003 ـ يىلغىچە پىششىقلىغان نېفىتنى 3 مىليون 530 مىڭ توننىدىن 3 مىليون 800 مىڭ تونىنغا؛ ئىچكى قىسمىدىكى پايدىنى مىنۇس 21 مىليون 330 مىڭ يۈەندىن 320 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمىنى 6 مىليارد 800 مىليون يۈەندىن 8 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزدى. 2000 — 2003 ـ يىلغىچە يۇقىرىغا تاپشۇرغان باجنى 500 مىليون يۈەندىن 860 مىليون يۈەنگە، باجنىڭ يىللىق ئېشىش ھەجمىنى 21%كە

يەتكۈزدى. شىركەت ئۈرۈمچى شەھىرى تەرىپىدىن ئۇدا بىرنەچچە يىل يۇقىرىغا پايدا - باج تاپشۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كارخانا، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كارخانا بولۇپ باھالاندى. شىركەت 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش مۇكاپاتىغا، شىركەت ئىشلەپچىقارغان «بوغدا كۆلى» ماركىلىق يېنىك دىزېلىن شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا، «بوغدا كۆلى» ماركىلىق ئورىيا «جۇڭگو بازارلىرىدىكى خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە ئەڭ كۈچلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە 10 چوڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 2003 - يىلى «مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دېگەن نامغا، 2004 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تارىم نېفىتلىك شىركىتى نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش يۇرتى نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش ئورنى بۇ ئورۇن يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋەزىيەتكە قاراپ خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەڭشەپ، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى، دومىلىما تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش، كونا نېفىتلىكلەرنى ھەر تەرەپلىمە تەڭشەش، قوش تۆۋەن بىرلىكنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۆر گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، زاپاسنى ھەم مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈشنى ۋە نېفىتلىكنى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. كونا نېفىتلىكلەرنى ھەرتەرەپلىمە تەڭشەش تۈرى گۇرۇپپىسى جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكىدە ھەرتەرەپلىمە تۈزەش، قېزىشنى تەڭشەش جەھەتلەردە نېفىت زاپىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش، گېئولوگىيىلىك ئەندىزىنى قايتا تۇرغۇزۇش، سانلىق قىممەت تەقلىدىنى ئەگىشىش ئاساس قىلىنغان ھەرتەرەپلىمە تەڭشەش لايىھىسىنى تەنقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، سۇيۇق نېفىت قۇدۇقى تورى، كۆپ قاتلام سىستېمىسى، كۆپ خىل ھەرىكەت تىپىدىكى قۇم تاش نېفىت زاپىسىدىكى نېفىت، سۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئۈستىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىپ، نېفىتلىكتىكى سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى. 2002 - يىلغا كەلگەندە جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكى 10 يىل مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى نېفىتلىكلەر ئىچىدە نېفىت ئېچىشتا ئەڭ يېڭى رېكورت ياراتتى. دومىلىما تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تۈرى گۇرۇپپىسى خادې 4 - نېفىتلىكنىڭ دومىلىما ھالەتتە زاپىسىنى ئاشۇرۇش ۋە ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنى ۋە گېئولوگىيە قۇرۇلۇشىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش تەتقىقاتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كۆمۈلۈشى چوڭقۇر، ئامپلىتۇدىسى تۆۋەن، نېفىت تىپى مۇرەككەپ، دەرىجىسى ناچارراق بولغان ئالاھىدە شارائىتتا گېئولوگىيىلىك تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تارىم نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈردى. بۇ نېفىتلىكنىڭ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 2003 - يىلى 1999 - يىلدىكى 30 مىليون 680 مىڭ توننىدىن 77 مىليون 590 مىڭ تونناغا يېتىپ، تارىم نېفىتلىكى بويىچە تۇنجى 100 مىليون توننىلىق قۇم تاش نېفىتلىكى بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى، نېفىتلىكنىڭ يىللىق ئېنېرگىيە مىقدارى ئاساسىي لايىھەدىكى 300 مىڭ توننىدىن قەدەممۇقەدەم 1 مىليون 700 مىڭ تونناغا يېتىپ، تارىم نېفىتلىكى بويىچە 3 - مىليون توننىلىق نېفىتلىك بولۇپ قالدى. بۇ ئورۇن ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقات تېمىسى — «تارىم ئويمانلىقىدىكى يۇقىرى بېسىملىق گازلىق، ئۇيۇپ ئاجرىلىپ چىققان گازلىق ۋە ئېلاستىك سەزگۈر گاز كۆلىنى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەم A دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. بۇ ئورۇن تاماملىغان دۆلەتنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەرىپىدىكى بايلىق توغرىسىدىكى مۇمكىنچىلىك دەلىلى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئوخشاش ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. گورىزونتال قۇدۇقنى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى مەملىكىتىمىزنىڭ نېفىت ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئورۇن 2003 - يىلى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن 100 قىزىل بايراقدار ئورۇننىڭ بىرى بولۇپ باھالانغانىدى، 2004 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

ئارىشاڭ ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بۇ پونكىت 1986 - يىلىئىشلىگەن تۇلارېمىيە باكتېرىيىسىنىڭ تەبىئىي يۇقۇم مەنبەسىنى تەكشۈرۈش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا، موڭغۇللاردىكى يۇقىرى قان بېسىمىنى تەكشۈرۈش تۈرى بورتالا ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1995 - يىلى ئىشلىگەن تۆگە قېتىقى ئارقىلىق ئۆپكە تۇبېركۇليوزنى داۋالاش تۈرى ناھىيىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1997 — 2002 - يىلغىچە B تىپلىق جىگەر

ياللۇغى، قاپلىق قۇرت كېسىلى، بىرۇتسېلىيوز باكتېرىيىسى كېسىلى، يەرلىك پوقاق كېسىلى، ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەللىك قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، ئالدىنى ئالدى ۋە داۋالىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل كېسەللىك زور دەرىجىدە ئازىيىپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە 24.80كە چۈشتى. 1988 - يىلى شىنجاڭ بويىچە باشلامچىلىق بىلەن پىلانلىق ئىممۇنېتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بالىلارغا پىلانلىق ئىممۇنېتلاش كارتىسى تۇرغۇزۇش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزدى، 4 خىل ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتىنى 95%تىن ئاشۇردى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان كۆكيۆتەل، بوغما، قاتما، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى، غالجىرلىق كېسەللىكلىرى كۆرۈلمىدى. «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى»، «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قانۇنى»، «ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىشنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتىنى 100%كە، يېمەكلىكلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 97.6%كە، ئىچىملىك سۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزدى. 5 يىلدىن بۇيان، دېھقان - چارۋىچىلارنى 300 نەچچە مىڭ يۈەنلىك دورا ۋە تەكشۈرۈش - داۋالاش خىراجىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، ئاممىنىڭ تۇبېركۇليوز، قاپلىق قۇرت كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە چۈشتى، يەرلىك پوقاق كېسىلى، يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش كېسىلى، بىرۇتسېلىيوز كېسەللىكلىرىنى مۇقىم تىزگىنلەش ناھىيىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. 1997 - يىلى بۇ پونكىت ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەم گۇۋاھلىقى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتلىرى بويىچە تۇنجى ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن ئورۇن بولدى. 1992 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ناھىيە دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش تىبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرناللاردا 12 پارچە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ژۇرناللاردا 30 نەچچە پارچە، ئوبلاست دەرىجىلىك ژۇرناللاردا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بىر نەتىجە ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 2 كىشى ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ، بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى، 4 كىشى «مەملىكەتلىك ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا، 12 كىشى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ پونكىت 2002 — 2004 - يىلغىچە ئالاتاغ رايونىدا تۇنجى قېتىم چۇما يۇقۇم مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھازىر چۇما تاياقچە باكتېرىيىسىنى ئايرىپ چىقىپ، چۇما يۇقۇم مەنبەسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ۋە شىنجاڭنىڭ چۇما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1985 - يىل 3 - ئايدا كۆكتاۋ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى بىلەن ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئورنى بولدى، 17 يىلدىن بۇيان قىسىمغا 26 مىڭ 300 يۈەن قىممىتىدە ھال سوراش بۇيۇمى ھەدىيە قىلدى، 200 نەچچە ئوفىتسېر - ئەسكەرنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈپ قويدى. 5 يىلدىن بۇيان قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 5600 يۈەن، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا 3044 يۈەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 8700 يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن 9026 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. بۇ پونكىتقا 2003-يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بەردى. بۇ پونكىت 2004 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**تاشقورغان تاشيول ئۇچاستكىسى خۇنجىراپ يول ئاسراش پونكىتى** بۇ پونكىت جۇڭگو — پاكىستان خەلقئارا تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز بۆلىكىدىكى تۇنجى يول ئاسراش پونكىتى ھېسابلىنىدۇ، دۆلەت دەرۋازىسىغا 5 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ قىشى ئۇزۇن، 8 - ئايدىمۇ قار ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ، ھاۋادىكى ئوكسىگېنىڭ مىقدارى تۈزلەڭ رايونلاردىكىنىڭ 60%ىگىمۇ يەتمەيدۇ. جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنى ئاسراش ۋەزىپىسى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، بۇ پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپ، يول يۈزىدىكى بۇزۇلغان جايلارنى ئوڭشاپ، يول ئۆلىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەپ، يول گىرۋىكىنى تۈزەشتۈرۈپ، بۇ يولنى ئاسراش ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى. 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بۇ تاشيولىنىڭ پاكىستان بۆلىكىدە قار كۆچكۈن بولغاندا، شىنجاڭنىڭ 3 تاشقى سودا ترانسپورت شىركىتىنىڭ 22 يۈك ئاپتوموبىلى، 32 كىشىدىن تەشكىللەنگەن پاكىستانغا ياردەم بېرىش ئەترىتى كۆچكۈن قارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 5 يۈك ئاپتوموبىلى قار ئاستىدا قالدۇ، 2 شوپۇر نەق مەيداندا ئۆلدۇ، 3 كىشى ئېغىر يارىلىندۇ، قالغان ئاپتوموبىل ۋە خادىملار قامىلىپ قېلىپ ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىلەن پاكىستان تەرەپ بىردىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ. بىز تەرەپتىن خۇنجىراپ داۋبەنى ئۇچاستكىدىن يۆتكەپ كەلگەن قار تازىلاش ماشىنىسى ۋە چوڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن يولنى ئاچماقچى بولىدۇ، بىراق نەنىڭ يول، نەنىڭ غول ئىكەنلىكىنى

بىلگىلى بولمايتتى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ يول ئاسراش پونكىتىدىكى بارلىق خادىملار بەلگىچە قار كېچىپ، يول تېپىشقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گرادۇسقا چۈشكەندى. بۇ چاغدا پاكىستان تەرەپتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىدىكى 6 ھەربىي ۋە ساقچىنىڭ قازا قىلغانلىقى، قۇتقۇزۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ. بارلىق ئۈمىد جۇڭگو تەرەپنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتىدە قالغانىدى. خۇنجىراپ داۋبەنىدىكى بارلىق خادىملار قاتتىق قار ـ شىۋىرغانغا، كۈچلۈك ئىگىزتاغ رېئاكسىيىسىگە بەرداشلىق بېرىپ، قار ئارىسىدا 9 سائەت يول ئېچىپ ئاخىر ۋەقە چىققان جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

1999 ـ يىلى نەچچە ئون يىلدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان قىيان تاشقورغاندىن مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنىــــگە بارىدىغان مەخسۇس تاشيولنى بۇزۇۋېتىدۇ. خۇنجىراپ تاشيول ئاسراش پونكىتىدىكى ئىشچىلار بۇ يولدا بالدۇرراق قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، داۋبەن باشلىقىنىڭ رەھبەرلىــــكىـــدە ئۇچاستىكىدىن تەشكىللىگەن زەربىدارلار ئەترىتى بىلەن بىللە، تاغنى پارتلىتىپ، كەلكۈن يالاپ كەتكەن جايلارنى تىندۇرۇپ، 20 نەچچە كۈن ئىشلەش ئارقىلىق ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندايدۇ.

2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ ئىراققا ياردەم قىلغان نەچچە يۈز چېدىرى بېسىلغان ئاپتومبىل ئەترىتى خۇنجىراپ پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقماقچى بولغاندا تېخى بۇ يول ئېچىلمىغان، تاغ ـ داۋانلارنى قار ـ مۇز قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، مېڭىشقا ئامال بولمايدۇ. يول ئاسراش پونكىتىدىكى خادىملار 4 كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، ئۇچاستكىغا قاراشلىق يولدىكى بارلىق قارنى ئادالاپ بولغاندىن سىرت، پاكىستان تەۋەسىدىكى 40 نەچچە كىلومېتىر يولدىكى قارنىمۇ ئادالاپ، ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىــدۇ. بۇ پونكىت 2003 ـ يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۇرۇش تەقدىرنامىسى»گە، 2004 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتــــى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىك شىركىتى تۇرپان نېفىت ئېلىش زاۋۇتىنىڭ خوڭلىيەن نېفىت ئېلىش ئىسمېنىسى خوڭلىيەن نېفىتلىكى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى بويىچە تەبىئىي ئىقتىداردىن پايدىلىنىــپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن تۇنجى چەت، سۇلۇق نېفىــــتلىــــك. بۇ نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش مەزگىلىدە شۇ يىلى لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، ئىشقا كىرىشتۈرۈش، سېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىشتەك ياخشى نەتىــــجە قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ نېفىتلىكنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى «خوڭلىيەن ئەندىزىسى» دەپ تەرىپلەندى، بۇ نېفىتلىك يەنە

چەت سۇلۇق نېفىــتلىــكنـــى ئۆزلــەشتــۈرۈش جــەھــەتتــە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى. 7 يىلدىن بېرى، 1 مىليون 850 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، يىللىــــق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 956 مىڭ يۈەن بولدى، مەھسۇلاتى مۇقىم ئېشىپ، نېفىت ئېلىش زاۋۇتى چۈشۈرگەن يىللىق ۋەزىپىنى ھەر يىلى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، ھەر توننا نېفىت ئېلىش مەشغۇلاتى تەننەرخىنى 80 يۈەنگە چۈشۈرۈپ، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى بويىچە ئەڭ تۆۋەن چەكنى ياراتتى، نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇش، سۈنى تىزگىنلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، نېفىتلىكنىڭ تەبىئىي تارىيىش نىسبىتىنى %7.78 ئىچىدە تىزگىنلىدى.

خوڭلىيەن ئىسمېنىسى پارتىيە ئەزالىرى ئارقىلىــــق خادىملارنى يېتەكلەپ، پارتىيە ئەزالىرى ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلماسلىق، ھادىسە، دېلو سادىر قىلماسلىق، خىـــزمەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت، ئەمۈنىلىك رولى ئارقىلىق خادىملارنى مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ تىرىشىپ ئىشلەشكە يېتەكلەپ، نېفىت مەھسۇلاتى جەھەتتە يىلمۇ يىل بۆسۈش بولۇشنــــى ئىلگىرى سۈرۈپ، خوڭلىيەن نېفىتلىكنىڭ يىللىق نېفىــت مەھسۇلاتىنى نېفىتلىك قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 113 مىڭ توننا، ئېشىش ھەجىمىنى %75.3 ئاشۇردى. بۇ ئىسمېنا 2003 ـ يىلى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن 100 قىزىل بايراقدار ئورۇننىڭ بىــــرى بولۇپ باھالاندى. 2004 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

سۇ فېڭ

## «مەملىكەتلىــــك ‹1 ـ ماي› ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىن 19 كىشى «مەملىكەتلىك ‹1ـ ماي› ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى (تەپسىلاتىنــــى مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

## «شىنجاڭنــى ئېچىــــش ـ گۈللەندۇرۇش مېدالى»غا ئېرىشكەنلەر

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىن 44 كىشى «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۇرۇش مېدالى»غا ئېرىشتى. ئۇلار: بەي جىنپىڭ، پەن ۋېيدۇڭ، ۋۇ يۇڭچياڭ، ئەنۋەر ياسىن، سۇن لىيەن، چيەن جىننەي، ئېلشات ئابباس (ئۆزبېك)، فېڭ گۇاڭپىڭ، ما فۇگۇي (خۇيزۇ)، ليۇ جيەن (ئايال)، ئامانتاي (قازاق)، لىن شۇاڭشىڭ، لى داشېڭ، تيەن رۇيپىــــڭ (ئايال)، جۇ كېۋەن، ليۇ چىنشى، ئابدۇرېشىت ئاتاۋۇللا،

چياۋ گۇاڭمىڭ، لى شۇگۇاڭ، خۇ لىباۋ، دېڭ جاڭۋۇ، لى شىشياڭ، غوجىمەت مۇسا، ۋاڭ يەنسو، دېڭ مىڭجياڭ، مۇختەر مامۇت، جىن مىڭلياڭ، گۇ جېڭيى، جاڭ جىگاڭ، چېن گوبىن، جاڭ ئەيپىڭ (ئايال)، جياڭ شىمىڭ، لۇ چۈنخېڭ، ليۇ جىمىڭ، دىلبەر توختى، لىي جياڭ، تاۋ گوگۇاڭ، فۇ دېشىن، جاۋ تالىمۇ، ئابلىمىت ئابدۇرېھىم، ياڭ لىڭ (ئايال)، رىزۋانگۈل جامال، گۇەن يۈمىن، سۇ جىجۇڭ.

سۇ فېڭ

## «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلار

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 21 ئورۇن، 13 ئىسمىنا- گۇرۇپپا «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

**ئىلغار كوللېكتىپ** بورتالا ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئېلېكتر قۇۋۋىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىخۇ چېڭشور كۆمۈرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ۋېنمى نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە- قىزىلما بايلىقلار ئىدارىسى گېئولوگىيە 1 - چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - تۇەن- مەيدانى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، ئالتاي شەھىرى جىنشەن سۇ بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇمۇل چاڭخې سودا - سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، كورلا شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، قورغاس ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش مۇلازىمەت مەركىزى، ش ئۇ ئا ر تېلېگراف شىركىتى شىخەنزە شۆبىسى، شىنجاڭ خۇالىڭ سودا - سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ شىركىتى، ئاقسۇ تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى.

**ئىلغار ئىسمىنا - گۇرۇپپىلار** شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتى قاراتۇڭكې مىس - نىكېل كېنى رۇدا قېزىش باش قۇدۇقىنىڭ چىغىرىق ئىسمىنىسى، خوتەن ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى گۇما توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى نېفىت چەككىلەش زاۋۇتى ئېغىر ماي كاتالىزاتورلاش سېخى 3 - ئىسمىنىسى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى تارىم ترانسپورت شىركىتى ئالاھىدە قۇراشتۇرۇش - رېمونتچىلىق مۇلازىمەت ئەترىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قىزىلما بايلىقلار ئىدارىسى فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى 5 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت - گاز ساقلاش - توشۇش شىركىتى 704 - ناسوس پونكىتى، يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيول ئىدارىسى شىخەنزە باشقارمىسى ماناس ھەق ئېلىش پونكىتى، قاراماي شەھىرى مايتاغ غۇنچە بالىلار باغچىسى، ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى ستالىن كوچىسى تىجارەت ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى يۈەندا تارماق بانكىسى، ئالاھىدە ترانسفورماتور - ئېلېكتر سانائىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزى ئوكسىگېن ئايرىش شۆبە زاۋۇتىنىڭ ئوكسىگېن ئايرىش B ئىسمىنىسى، تيەنفۇ ئىېرمو ئېلېكتر پاي شىركىتى ئىېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى خىمىيە سانائىتى شۆبە مەيدانىنىڭ رېمونتچىلىق ئىسمىنىسى.

سۇ فېڭ

## ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 2004 - يىل 4- ئايدا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانات يايدۇرغان «تەشكىللىنىپ، ھوقۇق - مەنپەئەتىمىزنى ھەققىي قوغدايلى» دېگەن كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنىڭ تەلپىگە بىنائەن، 6 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 17 نازارەت - ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە 40 نەچچە ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا بېرىپ، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، سوئال تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بىر ئايدىن كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بۇ ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا دائىر مېخانىزم ۋە تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى تەييارلىدى.

سۇ فېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى «قوش ئون ياخشى»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە

ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسى چياۋيەن پويىز كۈتۈش زالى قاتارلىق 10 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئون ياخشى كوللېكتىپ» دەپ؛ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 1- زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى تيەن جۇڭمىن قاتارلىق 10 كىشىگە «ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئون ياخشى ئۈلگە» دەپ؛ ماناس تۇزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق 24 كوللېكتىپقا «ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ ما لوڭفاڭ قاتارلىق 19 كىشىگە «ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

سۇ فېڭ

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تاشقى ئالاقە خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى مەمەتجان ئەمەت باشچىلىقىدىكى 4 كىشىلىك شىنجاڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆمىكى قازاقىستان ئاقتۆپەنىسكى ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، قىرغىزىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە 2 دۆلەتتە دوستانە زىيارەتتە بولدى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نورۋېگىيە، ياپونىيە، ۋېتنام قاتارلىق ئەللەرنىڭ زىيارەتكە كەلگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

سۇ فېڭ

## جاڭ جۇنجيۇ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇنجيۇ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 — 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بولدى. ئۇ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات- تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈپ



جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇنجيۇ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 — 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: جاڭ جۇنجيۇ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماقتا.

سۈرەتنى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەمىنلىگەن.

تەتقىق قىلدى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىغا دائىر دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كادىرلىرى، نازارەت - ئىدارىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كادىرلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىدىكى كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. 9 - ئاينىڭ 12- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن جاڭ جۇنجيۇ بىلەن كۆرۈشتى.

سۇ فېڭ

# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 14 — 35 ياشقىچە بولغان ياش 3 مىليون 885 مىڭ 264، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 65 مىڭ 548 (قىزلار 505 مىڭ 825 بولۇپ، %47 .47نى، ئاز سانلىق مىللەت 616 مىڭ 701

بولۇپ، %88.57نى ئىگىلەيدۇ) ، ئىتتىپاق ئەزالىرى بىلەن ياشلارنىڭ نىسبىتى %43.27. بىر يىلدا 36 مىڭ 117 ياش ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى، سىرتتىن كەلگەن ئىتتىپاق ئەزاسى 14 مىڭ 645، سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىتتىپاق ئەزاسى 31 مىڭ 590. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلى 2692، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 2885، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 41 مىڭ 440، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتى 141، مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 3115 (قىز 1047، ئازسانلىق مىللەت 1729، پارتىيە ئەزاسى 2001، ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 2122) . بىر يىلدا 44 مىڭ 833 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى بولدى، ئۇلاردىن 15 مىڭ 574ى پارتىيىگە كىردى.

لى جياڭفېڭ

## ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 2 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان ئىتتىپاق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى ۋە ياشلار خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ ۋېنچۈەن ئىتتىپاق كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتە 4 تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن ئۆگىنىش تىپىدىكى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش تىپىدىكى، ئۈنۈم تىپىدىكى ۋە يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى بەنزە بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا تەرتىپ بويىچە مۇرات ئامانتۇر قاتارلىق 6 ۋەكىل تولۇقلاندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا ئىلغار ئورۇن بولغان ئىلى ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا ئىلگىرىلىگەن ئورۇن بولغان بورتالا ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 4 ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولغان كۈنەس ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 11 ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە «4 - ماي» قىزىلبايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بولغان قوبۇقسار ناھىيە بۇستۇڭگى چارۋىچىلىق فېرمىسى ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 11 ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە «4 - ماي» قىزىلبايراقدار ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولغان جىڭ ناھىيە داخىيەنزى بازىرى بەرگىسىن كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى قاتارلىق 9 ئىتتىپاق ياچېيكىسى تەقدىرلەندى؛ 2002 - يىللىق ۋە 2003 - يىللىق ئىتتىپاق بەدىلىنى يىغىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىللىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

لى جياڭفېڭ

## مۇنەۋۋەر ياش تېپلارنى تۇرغۇزۇش

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» ، «ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يۈز ياشلار ئىگىلىك تىكلەش چولپىنى» ، «يېزا ياشلىرى ئىچىدىكى بېيىش ئەليۈلئەلاسى ۋە بېيىش ماھىرى» ، «ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئون ياخشى ھەربىي يەڭگە»نى باھالاش - تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىرتۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش تېپلارنى تۇرغۇزدى.

لى لەنجياڭ 9 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش دېھقان» دېگەن نامغا، جۈرئەت ئوبۇل قاتارلىق 5 كىشى 4 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا، خۇاڭ يۈەنسەي جۇڭگو ياش پىدائىيلار ھەرىكىتىنىڭ 10 يىللىق ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتىغا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى، قاراماي شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى» دېگەن نامغا، جاڭ فېڭ، دەي يۇڭفېن، پۇ گۈيخۇا، نيۇ زېيشىنلەر «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن نامغا، شۇ جيې، خېن جىڭيۇلەر «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## 6 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش»نى باھالاش پائالىيىتى

6 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش»نى تەقدىرلەش يىغىنى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 25-

كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمى «شياڭ داڭ خىزمەت پونكىتى» نىڭ ئومۇملاشتۇرغۇچىسى لى شياڭداڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ـ سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئەنۋەر غوپۇر، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 69315 ـ قىسىم خۇنجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىنىڭ ھەربىي دوختۇرى ليۇ جۇڭيىن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى جۈرئەت ئوبۇل، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى 3 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭ باشلىقى ۋاڭ گۇاڭچياڭ، شىنجاڭ بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئەركىن ھاشىم، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇچە مەخسۇس پروگراممىا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ چيۇڭ، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بوكس مەركىزىنىڭ بوكسچىسى قانات ئىسلام، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، شىنجاڭ رۇيدا ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتىنىڭ لىدىرى جياڭ ۋېيدىن ئىبارەت 10 كىشى 6 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» بولۇپ باھالاندى.

لى جياڭفېڭ

## «100 ياشلار ئىگىلىك تىكلەش چولپىنى» نى باھالاش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك 100 ياشلار ئىگىلىك تىكلەش چولپىنىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىن كەلگەن 22 ساھەدىكى 100 ياشلار ئىگىلىك تىكلەش چولپىنى تەقدىرلەندى.

لى جياڭفېڭ

## «يېزا ياشلىرىنىڭ بېيىش ئەلىيۇلئەلاسى» نى باھالاش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى ۋە ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «دېھقانلار شادلىقى لوڭقىسى» بويىچە يېزا ياشلىرىنىڭ بېيىش ئەلىيۇلئەلالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، بۇ پائالىيەتتە يېزا ياشلىرىدىن 61 بېيىش ئەلىيۇلئەلاسى، 104 بېيىش ماھىرى باھالاپ چىقىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پاتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە باھالانغانلارغا لەۋھە تاختىسى بەردى.

لى جياڭفېڭ

## شەھەر ـ بازار ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، تۇنجى نۆۋەتلىك 100 ياشلار ئىگىلىك تىكلەش چولپىنىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن بىر تۈركۈم تىپلار تۇرغۇزۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ـ ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىدىن دوكلات بېرىشنى ئۇيۇشتۇردى؛ «شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش- ئىگىلىك تىكلەش قوللانمىسى» بىلەن «ئىختىساسلىقلار زاكاز تىزىملىكى — 2004 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆرسىتىلگەنلەر تىزىملىكى» نى تۈزدى؛ شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ـ ئىگىلىك تىكلەش تېلېۋىزىيە مۇنبىرىنى ئۇيۇشتۇردى؛ كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن 45 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تۇنجى تۈركۈمدە يېزا ـ بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مەكتەپ بۆلۈمى «مەملىكەت بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەردەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلار ۋە دېھقان ئىشچىلارغا بولغان كەسپىي يېتەكچىلىك، ئۇلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، كەسىپكە تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردىكى مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ياشلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. بۇ مەركەز بازارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، سىياسەتلەردىن مەسلىھەت بېرىش كەسىپلىرىنى يولغا قويۇپ، توردا ئادەم كۈچى بايلىقى ئەزالىرى ئامبىرى قۇرۇپ، ياشلارنى 800دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

لى جياڭفېڭ

## يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش - قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 - يىل 8 - ئايدا قەشقەردە يېزا ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش - قوللىنىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېزا ياشلىرى ئارا قانات يايدۇرۇلغان پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش - پەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتى بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى شەھەر بىلەن يېزىنىڭ بىربىرىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە بۇ پائالىيەتتە نەتىجىسى ئالاھىدە بولغانلارنى تەقدىرلىدى، بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە ياشلار ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان يېزا ئىگىلىكى تېخنىكىسى پىلاستىنكىسىنى ئىشلىدى. «تۇنخې» لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى 6 ناھىيە - شەھەر ياشلىرى ئارا يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆيۈشتۇردى. يېزا ياشلىرىنىڭ يۆتكىلىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىشىغا بىرلەشتۈرۈپ، 2004 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق مەكتىپىدە يېزا ياشلىرى ئىچىدىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىگە ماھارەت ئۆگىتىش كۇرسى ئۆيۈشتۈرۈپ، تۇنجى تۈركۈمدە يېزا ياشلىرىدىن 53 نى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، موتىسىكلىت رېمونتچىلىقى بويىچە تەربىيىلىدى. بازارلاشقان يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ياشلار يېشىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنى ۋە مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ خۇاجۇڭ كېڭەش باشلىقلىقىغا سايلاندى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى جۇڭگو ياش يېزا - بازار كارخانىچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنى ۋە ياش پۇقراۋى كارخانىچىلار شۆبە جەمئىيىتى، ياش ۋاستىچىلار شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى قۇرۇلۇشى

2004 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 5 تارماق بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ياخشى كىتاب — «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ھېكايىلەر»نى ئوقۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەسەر قوبۇل قىلىش - باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بەك ياخشى» دېگەن تېمىدا ئۆسمۈرلەر ھېكايە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنى سوۋغا قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ئالىي مەكتەپ، نازارەت - ئىدارە، كارخانا، قىسىم ۋە قورallىق ساقچى قاتارلىق ئورۇنلارغا شۇنداقلا ياش - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى، مەدەنىيەت سارىيى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا، كۇتۇپخانىلارغا 10 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب سوۋغا قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 7 — 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈر بالىلار ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «بۇركۇت باچكىسى» مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 31 بالىنى تەقدىرلىدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ» دېگەن نامدا پىئونېرلار ئەترىتى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، 22 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىغا بىرلەشتۈرۈپ، «تۆتنى ئورتاق تونۇش» پائالىيىتى ۋە قىزىل ماي ئېيى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تور مۇنبىرى ئۇيۇشتۇردى.

لى جياڭفېڭ

## ستۇدېنت پېدائىيلارنىڭ غەربىي يۇرتقا مۇلازىمەت قىلىش پىلانى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 — 21 - كۈنىگىچە 2004 - يىلى غەربىي يۇرتقا مۇلازىمەت قىلىش پىلانى بويىچە شىنجاڭغا كەلگەن 720 ستۇدېنت پېدائىينى تەربىيىلىدى. كۇرس باشلاش مۇراسىمىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ئەركىن تۇراخۇن قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ستۇدېنت پېدائىيلارنى قوبۇل قىلدى. سەپەرگە ئاتلىنىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى پېدائىيلارغا لەۋھە تەقدىم قىلدى ھەم پېدائىيلىققا تىزىملاتقانلىق گۇۋاھنامىسى بەردى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭ ستۇدېنت پېدائىيلارنىڭ غەربىي يۇرتقا مۇلازىمەت قىلىش پىلانىنىڭ يەرلىك تۈرىنى يولغا قويۇپ، 100 ستۇدېنت پېدائىينى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتتى. پېدائىيلار خىزمىتى جەھەتتىكى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2003 - يىلدىكى

پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، «غەربىي يۇرتقا مۇلازىمەت قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلغۇچى ستۇدېنت پىدائىيلارنىڭ نەزىرىدىكى غەربىي يۇرت» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. 2003 - يىللىق پىدائىيلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ مېيرى ئىختىساسلىقلار توردا ستۇدېنت پىدائىيلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئارخىپىنى ئېلان قىلىپ، ئازكەم 200 نازارەت - ئىدارە، كارخانىغا 201 پىدائىينى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلاردىن 50ى قوبۇل قىلىندى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار مەركىزى قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ياشلار مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى نەق مەيداندا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى 2004 - يىل 3 - ئايدا مىچۈەن شەھىرىدە ئېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ياشلار مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 7 ناھىيە (شەھەر) نى مەملىكەت بويىچە يېزا ياشلار مەركىزى قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشتىكى ئۈلگا ناھىيە (شەھەر) قىلىپ كۆرسەتتى. 5 يېزا ياشلار مەركىزى «مەملىكەت بويىچە يېزا ياشلار مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىن 100 مىسال» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان يېزا ياشلار مەركىزى 61گە، شەھەر ياشلار مەركىزى 39غا يەتتى.

لى جياڭفېڭ

## ياش ئىشچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش پىلانى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 - يىلى شىنجاڭ ياش ئىشچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ تارقاتتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ياش ئىشچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش پىلانى سىناق قىلىنىدىغان ئورۇندىن 9نى تاللاپ بېكىتىپ، «سايبوت لوڭقىسى» نى تاللىشىش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ياش ئىشچىلارنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. بىر يىلدا 6 مەيدان ماھارەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇلار 15 ئىش تۈرىگە چېتىلىدۇ، 7 كىشى دەرىجە ئاتلاپ دۆلەتنىڭ كەسپىي ئالىي تېخنىك سالاھىيىتىگە، 29 كىشى كەسپىي تېخنىك سالاھىيىتىگە، 107 كىشى كەسپىي ئالىي ئىشچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## ياش پىدائىيلار پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى 2004 - يىلدىكى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش مەزگىلىدە 430 مىڭ ھەرمىللەت ياش پىدائىينى تەشكىللەپ، مەزمۇنى مول، شەكلى ھەرخىل پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. تۇرپان شەھىرى 2004 - يىلى شىنجاڭ مىڭ كىشىلىك كۆچەت تىكىپ ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. «ياشلىق باھار قىزىل لېنتا ھەرىكىتى» — ياش - ئۆسمۈرلەر ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلىرىنىڭ يۈزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەشكىللىگەن دوكتورلار مۇلازىمەت ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مۇلازىمەت قىلىش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 5 - ئايدا شىنجاڭ ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## قۇياش نۇرى ھەرىكىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «مېھىر-شەپقەت، ياردەم، ئۈمىد» ئاساسىي تېما قىلىنغان «قۇياش نۇرى ھەرىكىتى» تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «قۇياش نۇرى ھەرىكىتى، ئىگىلىك تىكلەنگەن 2004 - يىل» ناملىق ئىگىلىك تىكلەش لايىھىسى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ، قىيىنچىلىقى بار ياش ئىشچىلار، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلار ۋە مېيىپلارنى ئۆزىنى كۈچەيتىشكە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلدى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مېيىپلار سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

لى جياڭفېڭ

## ئۈمىد قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «شەرق ئەھۋالى» پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭغا كېلىپ خالىسانە مۇسابىقە ئويناشقا تەكلىپ قىلىندى، خەير - ساخاۋەت پۇلى توپلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونغا بىر «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىپ بېرىلدى؛ ئوقۇشسىز قالغان 100 بالىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش يۈزىسىدىن «ئەسىر - قۇياش نۇرى مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» ئاممىۋى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ «مېھىر -

شەپقەتتىن تۇغۇلغان ئۈمىد»ناملىق قىيىنچىلىقى ئېغىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر 19 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ياردەم قىلىندى. 2004 - يىلى ئۈمىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3 مىليون 426 مىڭ يۈەن پۇل، 540 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي ئەشيا توپلىنىپ، ئوقۇشسىز قالغان 230 بالا مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىندى، 17 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىندى، 40 يۇرۇش قىزىل تۇرنا كىتاب ئامبىرى تەييارلاندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 2318 ئوقۇغۇچى «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى، ئوقۇشسىز قالغان 587 بالا داۋاملىق «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## مەدەنىي ياشلار ئۆرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى

2004 - يىلى جياڭ زېمىننىڭ «مەدەنىي ياشلار ئۆرنى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگىنىگە 10 يىل بولدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 100 نەچچە «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دىكى 3000دىن ئارتۇق ياش ئىتتىپاق ئەزاسىنى تەشكىللەپ، بېغىشلىما يېزىلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، ئازكەم 10 مىڭ ئاممىا ياشلار مەدەنىي ئۆرنىنىڭ پىدائىيلارچە مۇلازىمىتىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «مەدەنىي ياشلار ئۆرنى ھەرىكەتتە» ناملىق مەخسۇس پروگراممىا ئۆيۈشتۇرۇپ، «مەدەنىي ياشلار ئۆرنى» نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كېڭەيتتى. ياشلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە ئىش ئۆرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش يۈزىسىدىن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. بىر يىلدا 8 كوللېكتىپقا مەملىكەت دەرىجىلىك، 109 كوللېكتىپقا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دەپ نام بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر تاشيول ئىدارىسى قەشقەر تاشيول ئۈچاستكىسى خۇنجىراپ يول ئاسراش پونكىتى قاتارلىق 2 ئورۇن «مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنىڭ 10 يىللىق مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتى» غا، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاتارلىق 6 ئورۇن «10 يىللىق مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئۆرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى كوللېكتىپ مۇكاپاتى» غا، ۋاڭ جياڭلوڭ قاتارلىق 6 كىشى «10 يىللىق مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئۆرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەت تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتى» غا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياش ئىشچىلار بۆلۈمى «10 يىللىق مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئۆرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى كوللېكتىپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2004 - يىللىق دۇنيا مۇھىت كۈنىدە «يىپەك يولىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش، بىرلىكتە گۈزەل ماكان بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان يىدا مۇھىت ئاسراش كارتىسىنى تارقىتىش مۇراسىمى ۋە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش مۇنبىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق مۇھىت ئاسراش ۋەدە كارتىسى تارقاتتى، مۇھىت ئاسراش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئورۇنلاشتۇردى ھەم ھەرمىللەت ياش - ئۆسمۈرلەرگە مۇھىت ئاسراش مۇراجىئەتنامىسى چىقاردى. مەملىكەتلىك ئانا دەريانى قوغداش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كورلا شەھىرىدە «ئانا دەريانى قوغداش قۇرۇلۇشى بويىچە Amway ئورمىنى» تۈرىنى يولغا قويۇپ، 35 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى، 5.3 گېكتار يەردىكى يېشىللىقنى ئاشۇردى.

لى جياڭفېڭ

## پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر 3 - نۆۋەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى كاڭ جىمىن خىزمەت دوكلاتى بەردى. كاڭ جىمىن ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى، يەنە 39 ئەزا تولۇقلاپ سايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ياخشى پىئونېر، مۇنەۋۋەر يېتەكچى، مۇنەۋۋەر پىدائىي يېتەكچى ۋە «چولپان مەشئىلى» مېدالىغا ئېرىشكۈچى ئىلغار شەخسلەر شۇنداقلا ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلبايراقدار چوڭ ئەترەت، مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ئەترەت، ئالاھىدە ئوتتۇرا ئەترەت قاتارلىق ئىلغار كوللېكتىپلار تەقدىرلەندى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيىدىن ئىبارەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش، لاياقەتلىك «كىچىك پۇقرا» بولۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى

شىنجاڭدىكى ھەردەرىجىلىك پىئونېرلار ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، «جۇڭگو ئۆسمۈر باللار تىنچلىق ھەرىكىتى» يۇرۇشلۇك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى تيەنجىن تيەنشى گۇرۇھى بىلەن بىرلىكتە نامرات رايونلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئوزۇقلۇق بۇيۇم ئىئانە قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان شاد - خۇرام تەڭرىتاغ — «1 - ئىيۇن» خەلقئارا باللار بايرىمىلىق كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «بۇركۇت باچكىسى» مېدالىغا ئېرىشكەن 31 بالا تەقدىرلەندى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش- ئۆسمۈرلەر سارىيىغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 17 - نۆۋەتلىك ئۆسمۈرلەر «زېمىن» رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتنىشۋاتقان 1600 ئۆسمۈر بالا بىلەن بىرگە «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ ياشلار ساياھەت كوپېراتىپى بىلەن بىرلىكتە « ‹بۇركۇت باچكىسى› ھەرىكىتى — 2004 - يىللىق شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر يازلىق لاگېرى» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى، پائالىيەتكە 1100 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى.

8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە شادىمان باللارنىڭ سەنئەت قابىلىيىتىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پوچتا ئىدارىسى «2008 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يېزىلغان بىر پارچە خەت» ئاساسىي تېما قىلىنغان ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈر باللار خەت يېزىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى ئارا 2004 - يىللىق مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر ھەربىي مەكتىپى ئىچىدە ئۈلگە مەكتەپلىكنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە مىليون پىئونېر يازلىق تەتىللىك ئەخلاق - پەزىلەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە باللار رەسىم سىزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ھەمدە «پىئونېرلار يېتەكچىسى خىزمىتى» ناملىق پىلاستىنكا ئىشلەپ، پىئونېرلار خىزمىتى جەھەتتىكى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇردى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى بىرلىكتە زەھەر چەكلەش - زەھەر چەكلەشكە قاتنىشىش پائالىيىتىنى ۋە مەھەللە پىدائىيلىرى بىلەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەر جۈپ بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر قانۇن ساۋاتلىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغدىدى. 7 - ئايدا شىنجاڭ رايون، ناھىيە، شەھەر ئىتتىپاق كادىرلىرى ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كادىرلىرى كۇرسى (جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قانۇن - ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈرى) ئېچىلىپ، 100 نەچچە خادىم تەربىيىلەندى. 2004 - يىلى كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق 16 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، مىنەۋۋەر سۇلايمان قاتارلىق 8 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قانۇنىي ياردەم بېرىش مەركىزى قاتارلىق 81 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى» دەپ نام بېرىلدى.

لى جياڭفېڭ

## ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى

1. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمى تۇرغۇزۇلدى. 2004 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا «ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلىپىگە ۋە

«ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 — 2007 - يىلغىچە يېزا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتە ‹ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش، پائالىيىتىنى يولغا قويۇش پىكرى» گە ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كەنت دەرىجىلىك «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، يېزا - بازار «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەرلەردىن نۇقتىلىق ئورۇنلارنى بېكىتىپ، «بەشتە ياخشى بولۇش» نىشانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك جانلاندۇرۇپ، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى.

2. ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2004 - يىلى «تەربىيىلەش يىلى» غا دائىر ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق مەكتىپى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، 15 قارار ئىتتىپاق كادىرلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 712 ئىتتىپاق كادىرى (قېتىم) تەربىيىلەندى؛ 170 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىر يىلدا 19 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرىنى ناھىيە، شەھەرلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىغا، شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا ئەۋەتتى.

3. نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىتتىپاق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاساسىي قاتلامدا 30 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈش دائىرىسى 67 ناھىيە (شەھەر)، 169 يېزا - بازار، 14 ئالىي مەكتەپ، 39 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، 47 كارخانىغا چېتىلىدۇ. تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە 16 ئورۇن قاتناشتى، يۇقىرىغا 48 پارچە دوكلات تاپشۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقات سەۋىيىسى ۋە قاتلىمى ئاشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2003 - يىللىق «ئىتتىپاق بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇكاپاتى» نىڭ تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 3 پارچە ماقالە 2003 - يىللىق «ئىتتىپاق بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇكاپاتى» نىڭ 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4. مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرىنى يېزا - كەنتلەرگە يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى باشلاندى. يېزىلاردىكى كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ياخشىلاش، يېزا ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ مەنىۋى، مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى باشلامچى بولۇپ، شىنجاڭ دېخۇي ئوقەتچىلىك گۇرۇھى، شىنجاڭ خۇڭجاڭ گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرىنى يېزا - كەنتلەرگە يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى باشلىدى، بۇ مۇئەسسەسەلەر تۇنجى تۈركۈمدە كېرىيە ناھىيىسىگە 50 يۈرۈش، پوسكام ناھىيىسىگە 15 يۈرۈش، مەكىت ناھىيىسىگە 15 يۈرۈش، خوتەن ناھىيىسىگە 20 يۈرۈش ئىئانە قىلىندى.

لى جياڭفېڭ

## ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3 - قېتىملىق كېڭىشى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا خۇ جيايەن، نۇرلان ئەبلەمجىنلەر بۇ جەمئىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىغا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ ۋېنچۈەن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى.

بۇ جەمئىيەت 2004 - يىلى جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل قائىدە - تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايونلۇق ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە دائىر ۋاقىتلىق نىزامى» بىلەن «ئاپتونوم رايونلۇق ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا ئورۇنلار (كارخانىلار) نىڭ جەمئىيەتتە تۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا» دېگەن بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى، بىر يىلدا جەمئىيەتكە 93 ئەزا قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئارا يولغا قويۇلغان «سامان يولى» قۇرۇلۇشى بويىچە ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلار كۇرسى ئېچىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى باشقۇرغۇچىدىن 120 نەچچىنى تەربىيىلىدى. بىر يىلدا ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ 4 مەيدان لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، 800دىن ئارتۇق كارخانىچىنى تەربىيىلىدى.

لى جياڭفېڭ

# ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

## ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كەنت (ئاھالىلەر كومىتېتى) لەردىكى ئايال ۋەكىللەر ھەيئىتى 9093؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كومىتېتى 6872؛ مەھەللە ۋە يېڭى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى ئاياللار تەشكىلاتلىرى شۇنداقلا ئاياللار كەسپىي جەمئىيىتى، ئايال زىيالىيلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، ئاياللار نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى 863.

ئىدىيىۋى تەربىيە 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دۆلەتنىڭ ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى توپ سىياستىنى تەشۋىق قىلىش يىلىدىن ئىبارەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى قانات يايدۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جىيابەنلەر «خەلق گېزىتى»، «جۇڭگو ئاياللىرى گېزىتى» ۋە «جۇڭگو ئاياللىرى ھەرىكىتى» ژۇرنىلىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىن ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى تىكلەشنى، دۆلەتنىڭ ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت توپ سىياستىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىنى شىنجاڭدا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى دۆلەتنىڭ ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى قاتارلىق توپ سىياسەتلىرى بويىچە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ ياكى مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەپ، دۆلەت سىياستى تەشۋىقاتىنى كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. 3 - ئايدا «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىش، ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق 3 دوختۇرخانا ۋە ئائىلە مۇلازىمەت شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق «(8 - مارت) قىزىل بايراقدارى»، ئايال ئىلغار خىزمەتچىلەر، ئايال ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان قىسمەن ئايال ئىشچىلارنىڭ سالامەتلىكى ھەقسىز تەكشۈرۈپ قويۇلدى ۋە ئۇلار ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. Amway شىركىتى بىلەن بىرلىكتە «8 - مارت» بايرىمى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى. كېچىلىككە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئۈرۈمچى رايونىدىن كەلگەن ئازكەم 100 نازارەت دەرىجىلىك ئايال كادىر، ئايال مۇتەخەسسىس، ئايال كارخانىچى، ئايال ئەمگەك نەمۇنىچىسى، «(8 - مارت) قىزىل بايراقدارى» قاتناشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاياللار تىجارەت قىلماقتا»، «قۇملۇقنىڭ ئېچكىرىسىدىكى ئاچا - سىڭىل مۇھەببىتى»، «گۈل نېمانچە قىزىل» دېگەندەك ئاياللار ھۆججەتلىك فىلىملىرى ئىشلەندى. «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن بىرلىكتە ئاياللار بايرىمىغا ئاتاپ، «سەرخىل ئاياللار، رەڭدار تۇرمۇش» ناملىق مەخسۇس بەت ئىشلىنىپ، بىرتۈركۈم ئىلغار ئايال تىپلار مەركەزلىك تەشۋىق قىلىندى. 7 - ئايدا ج خ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «رىن چاڭشيادىن ئۆگىنىپ، پارتىيە بايرىقىغا شەرەپ كەلتۈرەيلى» ناملىق سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ج خ سىستېمىسىدا رىن چاڭشيادىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگىنىدىكى پارتىيىلىك كادىرلار ئارا ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ئۆگىنىلدى ھەمدە ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر پىكىر، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«يېشىل ئائىلە» بەرپا قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتى 2004 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «يېشىل ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «گۈزەل ئەخلاق دېھقان ئائىلىلىرىدە» پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە»، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر «يېشىل ئائىلە» بەرپا قىلىش تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تەشكىلىي ھەيئىتى تەشكىللەپ، «يېشىل ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 6 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «يېشىل ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە

مەخسۇس تېمىدىكى سۆزلىشىش ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقىگە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىلىرى ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ئاياللار كومىتېتى قاتناشتى، 9 ئورۇن ۋە ۋىلايەت مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 3 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 14 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## «ئىككى پروگراما»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2004 - يىلى «جۇڭگو ئاياللار - بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 3 يىللىقىنى، «شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 2 يىللىقىنى خاتىرىلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ «ئىككى پروگراما»نى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى. 2 — 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلار يىغىنى ئېچىپ، «ئىككى پروگراما» خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا دائىر ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى؛ «ئىككى پروگراما» خىزمىتىگە دائىر كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى مەملىكەتلىك «ئىككى پروگراما» كۇرسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى ۋە ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ مەخسۇس كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى؛ تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىپ، «ئىككى پروگراما»نى تەشۋىق قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كۆرەك ئۆتكۈزدى؛ ئاپتونوم رايوندىن ئاياللار - بالىلار ساغلاملىقى مۇتەخەسسىسلىرىنى، قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە بالىلار مائارىپى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، نەق مەيداندا ئاممىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. سەھىيە نازارىتىگە ماسلىشىپ، 2 - نۆۋەتلىك «ھامىلدار ئاياللار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، بوۋاقلاردىكى قاتما كېسىلىنى تۈگىتىش» تۈرىنى باشلىدى. 8 - ئاينىڭ 9 — 15 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ، قۇتۇبى ناھىيىسىدە 12 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون، تۈر يولغا قويۇلغان 32 ناھىيىنىڭ «ئىككى پروگراما»نى يولغا قويۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش - مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. 8 - ئاينىڭ 13 — 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى چۆچەك شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى پروگراما»نى يولغا قويۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش - مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. 11 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئاياللار - بالىلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش» تۈرى يولغا قويۇلغان ناھىيىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## شەھەر - يېزىلاردىكى ئاياللار خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەردەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، «شەھەر - يېزىلارنى تەڭ پىلانلاش، ئىگىلىك تىكلەش بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭ ئىشلەش، سىرتتىن كىرگۈزۈش بىلەن ئىچكى قىسىمدا ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، تەربىيىلەش بىلەن مۇلازىمەتنى تەڭ تۇتۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى تۇرغۇزدى. يېزىلاردا «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش»، «ئاياللارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىتىش قۇرۇلۇشى» ۋە «‹8 - مارت› يېشىللىق قۇرۇلۇشى» پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، «يېزا ئاياللىرىنى يېڭى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش پىلانى» ۋە «ئاياللارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلدى. سانجى، تارباغاتاي، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 10 ناھىيە، شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن 7350 ئايال تەربىيىلەندى. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىغا ھەمكارلىشىپ، ئايال ئەمگەك كۈچلىرى تەرتىپ بويىچە سىرتقا چىقىرىلىپ، ئاياللارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولى كۆپەيتىلدى. ئاياللار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ھەرخىل بىرلەشمە جەمئىيەتلەر بەرپا قىلىنىپ، «ئاياللار بىرلەشمىسى + جەمئىيەت» خىزمىتىنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، بىر تۈركۈم ئايال باشلامچىلار، قابىل ئاياللار ۋە ئايال ۋاستىچىلار تەربىيىلەندى، يېزا ئاياللىرى بازارلارغا كىرىپ ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇشقا يېتەكلەندى، تۈرلەر ئارقىلىق ئاياللارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، نامرات رايونلاردىكى ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، 20 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاياللار بىرلەشمىسىگە 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 20 كومپيۇتېر، پرىنتېر ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى.

شەھەر، بازارلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ ئاياللارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا دائىر پرىنسىپ، ئۇسۇل ۋە يولىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەپ ھەمدە ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ماھىر بولۇشتەك دەۋر روھىنى جەمئىيەتكە نامايان قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىكتە «ئاياللار مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى» ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئائىلە مۇلازىمەت شىركىتى، ئەمگەكچى ئەۋەتىش مەركىزى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ ياكى قۇرۇشقا يۆلەك بولۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىز قالغان ئاياللارنى تەربىيىلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى «ئۈچ بىر تۈمەن» باسقۇچلۇق نىشاننى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇردى. ئاياللار تەشكىلاتىنىڭ تەربىيىلەش بازىسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپىدىلا شەھەر، يېزىلاردىن كەلگەن 1200 ئايال (قېتىم) نى ماھارەت ۋە ئائىلە مۇلازىمىتى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەربىيىلىدى، ئۇلاردىن 500چە يېزا قىزى ئۈرۈمچىدىكى ئائىلە مۇلازىمەت بازارلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

ليۇ ۋەنجۈن

## ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا 45 مىڭ 164 ئايال كادىر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرنىڭ %29 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئايال كادىر 4؛ نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئايال كادىر 75 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %6.8 نى؛ ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 1227 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %13.4 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئايال كەسپىي تېخنىكا باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىسى 23 مىڭ 116غا يېتىپ، شۇ خىلدىكى خادىملارنىڭ %42.20 نى ئىگىلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئايال كادىر 19، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئايال كادىر 178. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە - شەھەر، يېزا - بازاردىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ھەممىسىگە ئايال كادىر سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئايال پارتىيە ئەزاسى 266 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %54.23 نى ئىگىلىدى.

ليۇ ۋەنجۈن

## ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

**قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات - تەربىيىسى** 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «قانۇننى مەھەللىلەرگە، يېزا، كەنتلەرگە يۈزلەندۈرۈش» تەشۋىقات پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. 3 - ئايدا ھوقۇق - مەنپەئەت قوغداش پىدائىيلىرىنى ۋە پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، قۇمۇل، پىچان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قانۇن ساۋاتلىرى، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاياللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ساۋاتلىرى بويىچە لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. ئەدلىيە نازارىتى، خۇڭجىمىڭ گۇرۇھى بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا چوڭ بازاردا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ۋە قانۇن مۇلازىمىتى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش» مەخسۇس پروگراممىسى ئۇيۇشتۇردى. 4 — 8 - ئايغىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجىلاردىكى مەھەللە، يېزا - بازار، كەنتلەرگە بېرىپ، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاياللارنىڭ «تۆت ئۆز» روھى بويىچە 10 نەچچە مەيدان تەشۋىقات ئېلىپ باردى، بۇ تەشۋىقاتلاردىن 2000دىن ئارتۇق ئايال نەپ ئالدى. شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپى 5 — 12- ئايغىچە ئۇيۇشتۇرغان ئاساسىي قاتلام قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئايال تايانچ كادىرلىرى كۇرسىدىن پايدىلىنىپ، «ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىدىن سوئال - جاۋاب» دېگەن تەشۋىقات قوللانمىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

**ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشقا دائىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى** 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشقا مەنبەدىن تۇتۇش قىلىش، ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، ئەمەلىي ئىشقا ئايلاندۇرۇش، ئايرىم دېلولار بويىچە ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشنى ئاساس قىلىپ، بىر يۈرۈش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 4 — 6 - ئايغىچە ھەر مىللەت - ھەر ساھە ئايال ۋەكىللەرنى، قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە كەسپىي زاتلارنى تەشكىللەپ،

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»غا مۇتەخەسسىسلەردىن پىكىر ئېلىش نۇسخىسى، «شىنجاڭنىڭ قانۇنىي ياردەم تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»گە پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا تۈزىتىش پىكرى بەردى. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىغا «شەھەرلەردىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەسىلىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى ھەمدە ئىلى، سانجى، قارامايلارنىڭ ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ ھەقتە يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى. 7 — 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ باردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قىممىتى بار 59 مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە مۇشۇ تۈردە قانۇن تۈرغۇزۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ئەزاسىغا جاۋاب خەت سۇندى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئايال ۋەكىللەرنىڭ، سىياسىي كېڭەشتىكى ئايال ئەزالارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەشكە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، نامرات قىز بالىلارنى تەربىيىلەش، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئاياللار ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە كۆپ خىل تەكلىپ لايىھىلىرىنى سۇنۇپ، ئاياللار - بالىلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

**جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش ئىشلىرىغا ئارىلىشىش** 2004 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات پىلانى ۋە ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى ھەم مۇشۇ ھەقتە 2 قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىلىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە دائىر ۋەزىپىلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تاللانغان كادىرلار ئوبراز ئەلچىسى قىلىنىپ ئاپتونوم رايوننىڭ زەھەر چەكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ زەھەر چەكلەش كادىر - ساقچىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى مەھەللىلەر ۋە مىچۈەن شەھىرىگە بېرىپ، ئاممىغا زەھەرنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدا قانات يايدۇرۇلغان «زەھەرنى ئۆيۈمگە يولاتمايمەن» پائالىيىتى مەخسۇس خەۋەر قىلىندى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يولغا قويغان 1998 — 2010 - يىللىق ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پىلانىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا كادىر ئەۋەتىلدى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاممىدىن كەلگەن 932 ئەرزنى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 1200 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ %80تىن كۆپرەك ئەرزى خېلى ياخشى ھەل قىلىندى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## بالىلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

**قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشى** 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى»نى تارقىتىپ، كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. 5 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر 4 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىدى. 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە «لاياقەتلىك كىچىك پۇقرا بولىمەن» ناملىق تېلېۋىزىيىدە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 15 كىچىك ماھىر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ بىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئاساسىي تېما قىلىنغان بالىلار بايرىملىق كاتتا كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى.

**ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى** 2004 - يىل 1 -، 2 - ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى

ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايونلۇق ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» تارقىتىلدى. 6 — 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە «لاياقەتلىك ئاتا-ئانا بولۇپ، لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىسى تەربىيىلەيمىز» دېگەن قوش لاياقەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى، شەھەر، يېزىلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئائىلە تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھەللە ئىچى - سىرتىدا ئائىلە تەربىيىسى تايانچ كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلە تەربىيىسى قارىشىنى يېڭىلاش سەييارە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەندى، ئۇلار ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، تۇرپان، كورلا، كۇچالارغا بېرىپ، «دۆلەت ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىلەش، ئەخلاق بىلەن ئادەم تەربىيىلەش» مەزمۇنىدا 14 مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى، بۇنىڭدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىۋاسىتە نەپ ئالدى. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر ئايالالار بىرلەشمىسى بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزىنىڭ مەكتەپ سىرتىدا تەربىيىلەش بازىسى ئۇسسۇل، ئېنگلىز تىلى، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، تەنتەربىيىدىن ئىبارەت 6 تۈردە 8 كەسىپ بويىچە 56 كۇرس ئاچتى، 570 نەچچە بالا كۇرسقا قاتناشتى. 2 تەييارلىق سىنىپ، بىر مايسا سىنىپى ئېچىپ، 70 نەچچە بالىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بالىلار - ئۆسمۈرلەر رەسىم سىزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1300دىن ئارتۇق ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن 11ى ئالاھىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، 46سى ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، 98ى كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، 141ى مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 55 يېتەكچى مۇنەۋۋەر يېتەكچى بولدى، 15 ئورۇن مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزى يەنە ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىدىكى ئاتا، بالىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى خالىسانە تەكشۈرۈپ، بايقالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس لېكسىيە سۆزلىدى، 14 ئانا ۋە 10 خىزمەتچى خادىمنى بالىلارنىڭ ھوقۇقى بويىچە تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارغا «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى»نى چۈشەندۈردى.

غۇنچە پىلانى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن ش ئۇ ئا ر ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە يېتىم قالغان بالىلاردىن، قىيىنچىلىقى ئېغىر بالىلارنىڭ ئائىلىسىدىن ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار ئاچقان غۇنچە قىزلار سىنىپىدىن ھال سوراپ، ئۇلارغا 8000 يۈەن نەق پۇل ۋە 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم، ئوقۇش بۇيۇمى ئىئانە قىلدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قوراللىق ساقچى باش شتابى شىنجاڭدىكى 22 غۇنچە قىزغا 39 مىڭ 600 يۈەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئىئانە قىلدى. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە شياڭگاڭ ئەنگلىيە پادىشاھى نامىدىكى ئەنگلىيە پادىشاھ گېئورگى V مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 24 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، غۇنچە پىلانى خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى غۇنچە قىزلار ئۈچۈن 12 مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلى ياردەم قىلدى. جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى غۇنچە پىلانى خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى باھالاش - تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ 7 - ئاينىڭ 16 — 28 - كۈنىگىچە مورى، بورتالا، كەلپىنلەردە غۇنچە پىلانى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 8 - ئاينىڭ 21 — 30 - كۈنىگىچە ياپونىيە تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى خوتەن ۋىلايىتىدىكى 100 غۇنچە قىزغا 30 مىڭ يۈەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئىئانە قىلدى. مەملىكەتلىك «غۇنچە قىزلار لوڭقىسى» مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىنىپ، ئەلا مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو مەۋرىكەي شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، گۈچۈڭ ناھىيىسىدە بىر غۇنچە قىزلار مەكتىپى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر غۇنچە قىزلار سىنىپى ئېچىلدى، بۇلار ئۈچۈن 219 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا ئېچىلغان غۇنچە قىزلار مەكتىپى 7گە، غۇنچە قىزلار سىنىپى 363 كە يەتتى، بۇلار ئارقىلىق ئازكەم 50 مىڭ غۇنچە قىز (قېتىم) غا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## ئايالالارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 — 18 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئايالالار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئاپتونوم رايون ئايالالىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمبايلار كۆرگەزمە ئۈچۈن لېنتا كەستى ۋە كۆرگەزمىنى كۆردى. كۆرگەزمىخانىدىن 100 نەچچە يايما ئورنى ئىجارە ئېلىنىپ،

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئايال ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ھەقسىز تەمىنلەندى. كۆرگەزمىگە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىڭتۇەندىكى كارخانا ۋە ئايال ئىگىلىك تىكلىگۈچى قاتناشتى. كۆرگەزمىدە ئاياللارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى يېزىق، سۈرەت، نەرسە - كېرەك، مودېللار ئارقىلىق ۋە نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆرگەزمە قىلىندى شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئىگىلىك تىكلەش غايىسى، ئاياللارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەسەۋۋۇرى تەشۋىق قىلىندى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئاساسلىقى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، ئۆي - زېمىن، مۇھىت ئاسراش، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، تىببىي داۋالاش - سەھىيە، بىناكارلىق - بېزەكچىلىك، گۈل - گىياھ، كەشتىچىلىك، قول ھۈنىرى، توقۇمىچىلىق، تۇرلۇك مال، ھۆسن تۈزەش، يېمەكلىك قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلدى. كۆرگەزمە مەزگىلىدە نەق مەيداندا 900 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق مال سېتىلدى، 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

ليۇ ۋەنجۈن

## مەملىكەت بويىچە «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى»، «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» بولغانلار

2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن تىللا مامۇت، تىللاقىز مامۇت، شاھىنۇر سەيدنۇاقاز (قازاق)، ياڭ شياۋخۇڭ، سۇي يۈەنيۇ، مىڭ جيې، سۇ فۇرۇڭ، پېڭ خۇڭيەن، جېڭ سەيشيا، دىلدار كېرىمدىن ئىبارەت 10 كىشىگە «مەملىكەتلىك ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسى ئايرىش بۆلۈمى، جەنۇبىي ئاۋئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى يولۇچىلار بۆلۈمى مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتىنىڭ «كۆك ئاسمان» ئۆلگە مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئاتۇش تاشيول ئۇچاستكىسى ئاتۇش يول ئاسراش پونكىتى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى قوماندانلىق شتابى خەۋەرلىشىش پونكىتىنىڭ سىملىق خەۋەرلىشىش ئوتتۇرا ئەترىتى، قۇمۇل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، پىچان ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى پىلان - بوغالتىرلىق - باج ئېلىش بۆلۈمى، ئىلى ئوبلاستلىق «ئىلى دەرياسى» تېرىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى باغراش مېھمانخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر 1 - بۆلۈمىدىن ئىبارەت 13 ئورۇنغا «مەملىكەتلىك ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

ليۇ ۋەنجۈن

## ئاپتونوم رايون بويىچە «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى»، «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدار ئۈلگىسى»، «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ»ى بولغانلار

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى ھەق تەلەپ 1 - سوت كوللېگىيىسىدىن جاننات كامالقان (قازاق)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدىن شېن شياۋخۇڭ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە ئاردا يېزا گەنخېزا 1 - كەنتىدىن سۇي شيۇچېن قاتارلىق 75 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› قىزىلبايراقدارى» دەپ؛ غۇلجا شەھىرى تاشكۆۋرۈك يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن دىلدار كېرىم (ئۆزبېك)، تولى ناھىيە تولى بازىرىدىن جۇماقاي (قازاق)، ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن شاھىنۇر سەيدىۋاقاز (قازاق)، بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى مەھەللىۋى ئوغۇت پونكىتىدىن لى شيافېي، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئېغىر ماي ئېچىش شىركىتى 2 - نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونى 98 - غەربىي چەت بىرلەشمە پونكىتىدىن لۇ يۇلەن، شىنجاڭ يۇڭشېڭ قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىدىن جاڭ يۈەنچىڭ، شىخەنزە يەرلىك باج ئىدارىسى باج ئېلىش ئىدارىسىدىن پېڭ خۇڭيەن، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى سانجى شۆبىسى دۆلەت قۇرۇش غەربىي يولى شۆبە تىجارەت ئورنىدىن سۇ فۇرۇڭ (خۇيزۇ)، خوشۇت ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدىن مىڭجيې (موڭغۇل)، كۇچا ناھىيە ئالقاغا بازىرى بوسۇت كەنتىدىن نىياسەم قۇت، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدىن تىللاقىز مامۇت، مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 14 - كەنتتىن تىللا مامۇت، خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 2 - توقۇمىچىلىق شىركىتىدىن نۇرنىسا تۇرسۇن، چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى جياڭ شۇچىڭ (بېيجىڭدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇر)، ئۈرۈمچى شەھىرى جېڭتەي ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن جېڭ سەيشيا، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىدىن سۇي يۈەنيۇ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى پىلانلاش

بۆلۈمىدىن لى يانەن، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىدىن فاڭ مىن، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدىن ياڭ شياۋخۇڭ، ئازادلىق ئارمىيە 18 ـ دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن جياڭ يۈنيەندىن ئىبارەت 20 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 ـ مارت› قىزىل بايراقدار ئۈلگىسى» دەپ؛ ئىلى ئوبلاستى «ئىلى دەرياسى» تېرىچىلىك چەكلىك شىركىتى، كۈنەس ناھىيىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، قاراماي شەھەرلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كومىتېتى، شىخەنزە شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، جىمسار ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، قۇمۇل شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى، پىچان ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى پىلان ـ مالىيە ـ باج ئېلىش بۆلۈمى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ئازادلىق يولى تارمىقى، ئاتۇش تاشيول ئۇچاستىكىسى ئاتۇش يول ئاسراش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسى ئايرىش بۆلۈمى، جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى يولۇچىلار بۆلۈمى مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى «كۆك ئاسمان» ئۈلگە مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر كۆكرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى تۇبېركۇليوز 2 ـ بۆلۈمى، شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بالىلار باغچىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 1 ـ سوت كوللېگىيىسى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى قوماندانلىق شتابى خەۋەرلىشىش پونكىتى سىملىق خەۋەرلىشىش ئوتتۇرا ئەترىتىدىن ئىبارەت 18 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 ـ مارت› قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## 5 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى غۇنچە قىز»، «مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر غۇنچە قىز» نامىغا ئېرىشكەنلەر

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئونسۇ ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن گۈلىستان روزىغا «مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى غۇنچە قىز» دەپ، تاجىگۈل سېيىت، مەرھابا تۇردىمەمەت، لى زىيى، سارەمگۈللەرگە «مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر غۇنچە قىز» دەپ نام بەردى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەملىكەتلىك يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خوتەن ناھىيە تۇسالالا يېزا جالالباغ كەنتىدىن روزىنىسا روزىغا «3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ئون ئايال دېھقان ئەلىيۇلئەلا» دەپ نام بەردى؛ تولى ناھىيە ئاقبېلدېۋ يېزىسىدىن چېك گۇيىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش سېپىدىكى 10 ئايال ئەلىيۇلئەلا مۇكاپاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ نىلقا ناھىيە قاراسۇ يېزىسىدىن باقىڭ (قازاق)، چۆچەك شەھىرى ئەرگۈك بازارلىق باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن لىيۇ باۋجيەن، كۆكتوقاي ناھىيە كۆرتى يېزىسىدىن بىساي بايدۇللا (قازاق)، ئارىشاڭ ناھىيە بۆگدۆر بازىرىدىن گۇما (موڭغۇل)، گۇچۈڭ ناھىيە شىبېيۋەن يېزىسىدىن كوڭ يۈلەن، ئۈرۈمچى ناھىيە بەنفاڭگۇ يېزىسىدىن سائادەت، تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىن ئايشەم سەمەت، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن ما سۇيرۇڭ، بۈگۈر ناھىيە قاراباغ يېزىسىدىن مەرىيەم ئېلى، كۇچا ناھىيە ياقا بازىرىدىن ھۆرنىسا ئابدۇل، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزىسىدىن توختىگۈل تۇراپ، خوتەن ناھىيە تۇسالالا يېزىسى جالالباغ كەنتىدىن روزىنىسا روزى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى 102 تۇەن ـ مەيداندىن جاڭ رۇڭخۇادىن ئىبارەت 13 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش› مۇسابىقىسى پائالىيىتىدىكى ئايال ماھىر» دەپ؛ ماناس ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خەن گۇيشيۇ (خۇيزۇ)، كىرىيە ناھىيە ئارىش يېزا ئارىش كەنت ئايال ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى خەيرۇلخان مەتيۇسۇپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 12 ـ شى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خاۋ گۇيشياڭدىن ئىبارەت 3 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش› مۇسابىقىسى پائالىيىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىر قازاق يېزىسى ئاياللار بىرلەشمىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت 3 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش› مۇسابىقىسى پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى؛ تولى ناھىيە ئاقبېلدېۋ يېزىسىدىن چېك گۇيىڭ، پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرىدىن پاتەمخان تاھىر، ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىدىن زورىگۈللەرگە «مەملىكەتلىك ‹8 ـ

مارت، كۆكەرتىش مېدالى» بەردى؛ چاپچال ناھىيە جاقىچىنىرۇ يېزىسىنىڭ توڭچۇنخۇا «8 - مارت» كۆكەرتىش بازىسى، بايىغولىن ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك «‹8 - مارت› كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» بازىسى، ئۇنسۇ ناھىيە توخۇلا يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «8 - مارت» سۈپەتلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى بازىسىدىن ئىبارەت 3 بازىغا «مەملىكەت بويىچە ‹8 - مارت› سۈپەتلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» دەپ نام بەردى.

ليۇ ۋەنجۇن

## 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاياللارنىڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقىنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى بىرلىكتە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان ئالاھىدە تۈر — شىنجاڭ ياخشى مىللىي ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسىنىڭ نومۇرى ئالاھىدە كېڭەيتىش مۇكاپاتى بويىچە 1 - بولدى؛ تەيجىچۈەن گۇمپىسى ماھىرى چېڭ گۇيىڭ B گۇرۇپپىدا 24چە ئويناشتا شەخسلەر بويىچە ئالتۇن مېدال ئالدى؛ تەيجىچۈەن گۇمپىسى كوماندىسى بىلەن ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسى كوللېكتىپ 2 - بولدى؛ 3 كوماندا بىلەن ياڭ جىڭ قاتارلىق 6 تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاممۇۋى تەنتەربىيە باشقارمىسى «مەملىكەت بويىچە ئاياللارنىڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجۇن

## مەملىكەتلىك مەۋرىكەي ئۆزىنى كۈچەيتكۈچى غۇنچە قىزلار مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو باللار-ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى بىلەن مەۋرىكەي (جۇڭگو) گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە 20 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا يۈزلەندۈرگەن مەۋرىكەي ئۆزىنى كۈچەيتكەن غۇنچە قىزلارنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوبۇقسار ناھىيە چېڭگۈەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئالتىن چىمگە (موڭغۇل)، مەكىت ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتىن رۆشەنگۈل تۇرسۇن، ئۇنسۇ ناھىيە ئىشلەمچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن گۈلنىنىڭ مولنىياز، شىخەنزە شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ بۆلۈمىدىن لى رۇڭ، ئارىشاڭ ناھىيە ئاڭگىلىگ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ 6 - يىللىقىدىن لى شياۋلەن، توقسۇن ناھىيە چوڭكۆۋرۈك باشلانغۇچ مەكتەپتىن ما شياۋخۇي، مورى ناھىيە بوستان يېزا ئۇچبۇلاق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ماھىرە، سانجى شەھىرى ئاشلى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن نۇرزات، چىرا ناھىيە نۇر يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن نۇرگۈل مەمتىمىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن رىزۋانگۈل بەكرىدىن ئىبارەت 10 ئوقۇغۇچى «مەۋرىكەي ئۆزىنى كۈچەيتكۈچى غۇنچە قىزلار» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، 3000 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالدى.

ليۇ ۋەنجۇن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى

### ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرى

شىنجاڭ باللار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزى بىلەن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاممۇۋى سەھىيە ئىنستىتۇتى بىرلىكتە 2004 - يىل 1 — 11 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئائىلىلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرىنى قانات يايدۇرۇپ، تۈر باشلاشقا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى، ئاساسىي لىنىيىنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاش ئىشلىرىنى تاماملىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر، 8 ناھىيىدە ۋە بۇگۇر ناھىيىسىدە رەھبەرلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كۇرسى، كۆپ تارماقلار ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۇرسى، ئايال كادىرلار ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۇرسى ئاچتى. كۇچا، بۇگۇر، ئاۋاتتىن ئىبارەت تۈر سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەردە ئايال ھەمراھ تەربىيىلىگۈچىلەر كۇرسى ئاچتى. شىنجاڭ باللار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزىدە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ئائىلىلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرى بويىچە 28 قارار تەربىيىلىگۈچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 958 كىشى تەربىيىلەندى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 1000 ۋاراق تەشۋىقات - تەربىيە ماتېرىيالى، 11 مىڭ پارچە تەشۋىقات قوللانمىسى ئىشلەندى. شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلاردىكى ئائىلىلەردە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. 9 - ئايدا جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە شىنجاڭ رايونىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - غەمخورلۇق قىلىش تۈرى ئىشخانىسىغا يوللانغان «شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ

ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى» تەستىقلاندى. بۇ تۈرگە 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى، تۈر مۇددىتى 2004 -يىل 10 - ئايدىن 2006 - يىل 3 - ئايغىچە بولدى. بۇ تۈر ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلىدۇ، رەھبەرلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش، ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش، ئايال ھەمراھلار تورى قۇرۇش، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش قوللانمىسى تۈزۈش ئاساس قىلىنىدۇ. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىدە قىسمەن رايونلاردىكى ئاياللار ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، تۈر ئىشخانىسى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزىدە تەسىس قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزى ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرى (2003 — 2004 - يىللىق، ئاجرىتىلغان مەبلەغ 580 مىڭ يۈەن) بويىچە خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

**ئاياللار - بالىلار تەرەققىيات تۈرى** ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 2004 - يىل 1 — 11 - ئايغىچە كانادا ئەلچىسى فوندى قاتارلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاياللار تەرەققىيات تۈرىدىن 15نى ئىلتىماس قىلىپ، جۇڭگو ئاياللار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ «زېمىنغا مۇھەببەت . ئانا دەريا» تۈرىنى ۋە 800 مىڭ يۈەن تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن يۆرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنى قوشقاندا جەمئىي مەبلەغ 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولدى، بۇلار قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن ئالتاي شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. 10 - ئايدا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزى ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ بالىلار ساغلاملىق پىسخىكىسى تەربىيىسى تۈرىنى يوللىدى، تۈر مەبلىغى 50 مىڭ يۈەن، مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، بالىلار ساغلاملىق پىسخىكىسى بويىچە «يېشىل لېنتا» كۇلۇبى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بالىلارنىڭ پىسخىكا ساغلاملىقى خىزمىتىگە تۆھپە قوشۇلىدۇ.

لىيۇ ۋەنجۈن

## تيەن ۋېن «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى تيەنجىندە ئاچقان 13 - نۆۋەتلىك «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس تيەن ۋېن مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 53 كىشىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## جېن يەن شىنجاڭغا كەلدى

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جېن يەن قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا «ئىككى پروگراما»نى يولغا قويۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگىنى، شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنى تەكشۈردى.

لىيۇ ۋەنجۈن

# ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەربىيىسى پائالىيىتى

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 — 9 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۆمىكىنى تەشكىللەپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (APEC) ياشلار ئىلىم - پەن فېستىۋالىغا قاتناشتى. فېستىۋالدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەربىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى خاتىرە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

20 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 20 مەكتەپ «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇش — ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تارقىتىش پائالىيىتى» بويىچە بىرقاتار پەننىي بىلىملەرنى

تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى پەننىي بىلىملەر بويىچە 100 مەيداندىن ئوشۇقراق دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى، دوكلات ئاڭلىغۇچى 60 مىڭدىن ئاشتى.

يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئازكەم 300 ھەر مىللەت ياش ۋە ئۆسمۈر بېيجىڭ پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرىغا، ئۈرۈمچى پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرىغا، قاراماي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «گېئولوگىيە، نېفىت» بويىچە ئىلمىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى قاتارلىقلارغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن سەھىيە نازارىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى بويىچە تونۇش، ئالدىنى ئېلىش، غەمخورلۇق قىلىش سەييارە كۆرگەزمە پائالىيىتى داۋامىدا 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 27 ناھىيە - شەھەر، 120 يېزا - بازاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىيلاشقان مەھەللىلەردە كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، ھەر مىللەتتىن بولغان 300 مىڭدىن ئوشۇق ياش ۋە ئۆسمۈر پائالىيەتكە قاتناشتى.

چېڭدۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 19 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىگە كوماندا تەشكىللىنىپ قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭدىن مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا مەلۇم قىلىنغان تۈر 9 بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەلۇم قىلىنغان 7 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئەمەلىيىتى پائالىيىتىدە بىر تۈردە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈردە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆسمۈر باللارنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك رەسىملىرىدىن بىر تۈرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 تۈرى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 4- نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ ئۆسمۈر باللارنىڭ كەشپىياتلىرىنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتى داۋامىدا، شىنجاڭ تەۋسىيە قىلىپ تونۇشتۇرغان ئوقۇغۇچى ۋاڭ يىچىڭ كەشىپ قىلغان «گەپ قالدۇرۇلىدىغان ئىشىك قوڭغۇرىقى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10 ئوقۇغۇچىدىن شىنجاڭ ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر كومپيۇتېر ماشىنا ئادەم مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار مەملىكەت بويىچە كوللېكتىپ مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا، 2 تۈردە (پۇتبول بىلەن ئىجادىيەت تۈرىدە) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 21 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق (كومپيۇتېر) ئولىمپىك مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدا بىرەيلەن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇرپان - قۇمۇل دۆلەت تىلى مەكتىپى NOIP2004 مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق ئولىمپىك بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە مۇسابىقىگە قاتنىشىش بويىچە مۇنەۋۋەر مەكتەپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق (كومپيۇتېر) ئولىمپىك شۆبە رايونى بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ دەسلەپكى مۇسابىقىسىگە 1376 ياش - ئۆسمۈر قاتناشتى، بۇنىڭدىن 210 ياش - ئۆسمۈر تەكرار مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تاللاپ چىقىلدى.

2 - تۈركۈمدە مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن- تېخنىكا تەلىم - تەربىيە بازىسىنى تاللاپ چىقىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۆرنەكخانىسى، نەنسەن رەسەتخانىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىخانىسى، شېڭبېت دېڭىز - ئوكيان سۇ جانلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەنەنچۈي ئۈنېۋېرسال تەجرىبە مەيدانىدىن ئىبارەت 6 دۆلەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيە بازىسى بار.

توققۇزتارا، باركۆل، قەشقەر يېڭىشەھەردىن ئىبارەت 3 ناھىيە ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن غەيرىي مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە تۈرى ناھىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى. تۈر ناھىيىلىرى ۋە قىسمەن نامرات ۋىلايەتلەردىكى مەكتەپ سىرتىدىكى ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى ياشلار- ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرى پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارى تەلىم - تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

شىي شۈيەن

## «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون 15 يىللىق «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتىدىن خۇلاسە چىقىرىش - مۇكاپاتلاش يىغىنىنى ئېچىپ، 15 يىلدىن بۇيان بولۇپمۇ يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن 20 ئىلغار كوللېكتىپ، 78 ئىلغار شەخس ۋە 8 مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇننى مۇكاپاتلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى

بەنگۇڭتىكى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 15 - نۆۋەتلىك «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقىتىپ بەردى. 15 - نۆۋەتلىك «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 790 قارار ھەرخىل تۈردىكى ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 2 مىليون 433 مىڭ چارۋىچى ۋە دېھقان تەربىيىلەندى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 1 مىليون 603 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ماتېرىيال تەھرىرلەپ بېسىپ تارقىتىلدى، 6220 قېتىمدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى، دوكلات يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش - ئويۇن قويۇش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، پەن-تېخنىكا بازىرى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. تەربىيىلەش ۋە سالاھىيەت باھالاش ئارقىلىق 5700 دېھقان - چارۋىچى دېھقان تېخنىك قىلىپ باھالاپ چىقىلدى.

شيې شۇيەن

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىقات، تەربىيىلەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا «مۇنبەت تۇپراق» ، «پەن - تېخنىكا دۇنياسى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، بىرلىكتە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سەھىپىسىنى باشقۇردى، بىر يىلدا 507 قېتىم تەكرارلانغان 117 سان نومۇر كۆرسەتتى. «پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 2 يىللىقىنى خاتىرىلەش، «29 - ئىيۇن» پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنى ۋە پەن - تېخنىكا ھەپتىلىكى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر زامانىۋىلاشقان چارۋىچىلىق ئۈستىدە تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە، سانجى شەھىرى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسىدە دېھقان، چارۋىچىلار ئىچىدىكى تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەش تۈرىنى قانات يايدۇرۇپ، 200 دېھقان تېخنىك تەربىيىلەندى. «ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى» تۈرى قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى ئېكراندا كۆرسىتىش ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇپ، ھەرخىل پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلىملىرى كىرگۈزۈلدى ۋە تاللاپ چىقىلدى، دېھقانچىلىق قانىلىدا بېرىلگەن 350 نەچچە كەسپىي تېخنىكا فىلىمى، 300 نەچچە تېخنىكا دېسكىسى كۆپەيتىپ ئىشلەش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇتۇلىدىغان سۈرەتلىك، ئاۋازلىق ماتېرىيال تەمىن ئېتىلدى. لۈيىۋەن شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك خەۋپكە دۇچ كەلگەن دەرەخ قېيىننى چوڭ ئېتىزلار بويىچە سىناق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئاۋۇتۇش خىزمىتى ئىشلەندى. سانجىنىڭ شورتاڭلىقلىرىدا سىناق قىلىپ تىكىلگەن نەچچە 100 تۈپ يېتىشتۈرۈلگەن قېيىن جىرىملىرىنىڭ ئەي بولۇشى ناھايىتى يۇقىرى بولدى.

شيې شۇيەن

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش - بەرپا قىلىش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن مەلۇم قىلىنغان 329 ئورۇندىن 135 ئورۇننى 1 - تۈركۈمدىكى بىرقاتار پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش - بەرپا قىلىش ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈردى. يىل ئاخىرىدا بەرپا قىلىش مۇددىتى بىر يىل بولغان پائالىيەتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش-باھالاپ چىقىش توغرىسىدىكى 5 تۈرلۈك ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۈلگە ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان ناھىيە، شەھەرلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. جىمىسار ناھىيىسى قاتارلىقلار جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ، 2 - تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۈلگە ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

شيې شۇيەن

## ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قوشۇنى

2004 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تىببىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (لى جياچېڭ فوند جەمئىيىتى) «ئاپتوموبىل دوختۇرخانىسى» نى ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلدى، كەلگەن مۇتەخەسسىس ۋە خىزمەتچى خادىم 21 بولۇپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تىببىي داۋالاش - سەھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش - مۇلازىمەت قىلىش ئۆمىكى قىلىپ تەشكىل

قىلىندى، ئۇلار 6000 كىلومېتىر يول بېسىپ، بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 13 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ بىرقاتار تىببىي داۋالاش ۋە سەھىيە ئىشلىرى بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىن نەپ ئالغان ئاما 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

6 - ئايدا ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 4000 كىلومېتىردىن ئوشۇقراق يول بېسىپ ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، ئىلى ۋە بورتالا ئوبلاستلىرىدىكى 8 ناھىيە - شەھەر، 3 يېزا (بازار) ۋە 4 مەكتەپكە بېرىپ، ئادەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات - مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىن نەپ ئالغان ئاما 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

9 - ئايدا شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھىنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەترىتى، شىنجاڭ يىدا ئىلمە - توقۇلما ماللار چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار 7000 كىلومېتىردىن ئوشۇق يول بېسىپ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ تۆەن - مەيدانلىرى قاتارلىق جايلاردىكى 24 مەكتەپكە بېرىپ يىدا ئۆسمۈرلىرىنىڭ مۇھىتنى ئاسراش بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش 10 مىڭ چاقىرىملىق سەپىرى/ «يىدانىڭ كىچىككىنە سەييارە تەجرىبىخانىسى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 20 مىڭ كىتاب - ماتېرىيال تارقاتتى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 300 نەچچە كۆرگەزمە تاختىسى ۋە نەچچە 10 كۆرگەزمە بۇيۇمىنى كۆرگەزمە قىلدى، 10 مىڭ يۈرۈشتىن ئوشۇق باللار كىيىمى تەقدىم قىلدى، بۇلاردىن نەپ ئالغان ئوقۇغۇچى 20 مىڭغا يەتتى.

شيې شۇيەن

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى

2004 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 100 مىڭ نۇسخا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ماتېرىيال تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ بېسىپ چىقاردى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 3 ئۇيغۇرچە، قازاقچە فىلىم، ئۇيغۇرچە بىر يۈرۈش ئاسما سۈرەت ئىشلىدى. ئاساسىي قاتلامغا 10 مىڭ نۇسخا (يۈرۈش) خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە كىتاب تەقدىم قىلدى، 80 دىن ئوشۇق دىسكا، 1100 دىن ئوشۇق ئاسما سۈرەت تارقاتتى، ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقىدا «يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش» بويىچە ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قوللانمىسىدىن 38 خىل، 120 مىڭ نۇسخا تاللاپ بېسىپ تارقاتتى، «بىلىم- كۈچ» تىن 12 سان، 60 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەكنى، «پەن ۋە تۇرمۇش» تىن 4 سان، 50 نۇسخىدىن كۆپرەكنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

شيې شۇيەن

## مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۈنى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكەت كۈنى، شۇ كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى چوڭ كۆلەملىك تەشۋىقات- خاتىرە پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇەنيۇ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا «پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 2 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى 70 نەچچە ئىلمىي جەمئىيەت، ئالاقىدار ئورۇنلار ئۈرۈمچى شەھرىدە مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۈنى شىنجاڭ چوڭ تىپتىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىق قىلىش - مەسلىھەت سوراش پائالىيىتىنى باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. 300 دىن ئوشۇق پەن - تېخنىكا، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتچىسى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىدائىيى پائالىيەتكە قاتناشتى، پائالىيەت داۋامىدا 700 دىن ئوشۇق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە تاختىسى كۆرگەزمە قىلىندى، 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلىپ، 5000 كىشىنىڭ كېسىلى كۆرۈپ قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جاي - جايلاردا مول مەزمۇنلۇق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پائالىيەتكە 40 نەچچە مىڭ ئاما ئوخشىمىغان شەكىلدىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش

پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، بورتالا ئوبلاستلىق، جىمسار ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى، ش ئۇ ئا ر پېشقەدەم پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۈنى پائالىيىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى.

شيې شۇيەن

## شىنجاڭ 5 - نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي يىللىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 — 29 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 500 نەچچە ھەر مىللەت ياش پەن - تېخنىكا خادىمى ۋە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ 5 - نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي يىللىق يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» نەشر قىلىندى، توپلامغا 507 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەي چۈنلى سۆز قىلدى ۋە يىغىندا ئىلمىي دوكلات بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

يىغىن 4 مەيدانغا يەنى ئۈرۈمچى، ئەنسەن رەسەتخانىسى، تۇرپان ئېكولوگىيىلىك زىرائەتلەر باغچىسى ۋە فۇكاڭ كۆزىتىش پونكىتىغا بۆلۈنۈپ ئېچىلىپ، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىقنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ۋە ئوقەتچىلىك تەرەققىياتى، ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە رايونلار تەرەققىياتى، ئېكولوگىيە پەنلىرى ۋە ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، ئاساس پەنلىرى ۋە يۇقىرى تېخنىكىدىن ئىبارەت 4 تېما بويىچە مۇھاكىمە قىلدى.

يىغىن بۇ قېتىمقى يىللىق يىغىندا باھالاپ چىقىلغان 63 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە (بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 20، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 31) نىڭ ئاپتورىغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى، 12 مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇنغا لەۋھە تارقىتىپ بەردى.

بۇ يىغىندا «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا تەشەببۇسنامە» ماقۇللاندى. يىغىندا شىنجاڭ 6 - نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىنى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى قارار قىلىندى.

شيې شۇيەن

## ش ئۇ ئا ر يېزا كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر يېزا كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى. دېھقانلارنىڭ كەسپىي - تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان، چارۋىچى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە نامىنى باھالاشنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان - چارۋىچى تېخنىكا خادىملارنىڭ ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتىنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ كونكرېت يولغا قويۇدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

شيې شۇيەن

## شىنجاڭ بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە جەمئىيەت قۇرۇش قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 170 كىشى قاتناشتى. يىغىندا جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى. كېڭەش 41 كېڭەش ئەزاسى، 23 دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، بىر باش كاتىپ، بىر كېڭەش باشلىقى، 11 مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقىدىن تەركىب تاپتى. «پەننى ئىززەتلەش، ھاياتلىقنى كۆيۈنۈش» بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيە ئۆمىكى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ۋە تۈر مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» تۈرىنى يولغا قويۇش

بويىچە مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى.

«پەننى ئىززەتلەش، ھاياتلىققا كۆيۈنۈش» بويىچە بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات تەلىم - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 7 قېتىم بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا چوڭ تىپلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 100 دىن ئوشۇق كۆرگەزمە تاختىسى كۆرگەزمە قىلىندى، كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا 10 مىڭدىن ئوشۇق ماتېرىيال تارقىتىلدى، 10 مەيدان دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاياللار تۇرمىسىدە «فالۇن گۇمپىسى» سەۋەبىدىن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان 500 نەچچە خادىمغا پسىخولوگىيىلىك مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، «تاۋۇز چاغىنى تەبرىك كارتىسى» ، بايراملىق ھال سوراش سوۋغىتى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب قاتارلىقلار تارقىتىپ بېرىلدى؛ جازا مۇددىتى ئىجرا قىلىنىۋاتقان 1200 نەچچە كىشى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كۆرگەزمىنى كۆردى.

شيې شۇيەن

## «قۇمۇل چاڭخې لوڭقىسى» شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىققا دائىر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسى پائالىيىتى

بۇ پائالىيەت 2004 - يىل 5 - ئايدا قۇمۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 1 - لىككە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى 2 - لىككە، سانجى ئوبلاستلىق، خوتەن ۋىلايەتلىك، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 3 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مەشھۇر ئوتلاق مۇتەخەسسىسى پروفېسسور شۈي پېڭ ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى جۇ جۇنلىن پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى ئوقۇدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 200 دىن كۆپرەك كۆرگەزمە تاختىسى كۆرگەزمە قىلىندى.

شيې شۇيەن

## 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى

2004 - يىلى «شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىنى يولغا قويۇش چارىسى» بويىچە، 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ چىقىش كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەن، ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەر ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر تونۇشتۇرۇپ تەۋسىيە قىلغان 48 نەپەر ياش پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى نامزاتى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باردى. 19 نەپەر شىنجاڭ ياش پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنى باھالاپ چىقتى. 190 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى.

شيې شۇيەن

## 8 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرى تاللاپ چىقىلدى

2004 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاپ چىقىش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 8 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاپ چىقىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر ۋە ئالىي مەكتەپ پەن تەتقىقات باشقارمىلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ چىقىشى ئارقىلىق 534 ئىلمىي ماقالە ئاخىرقى تەكشۈرۈپ باھالاشقا يوللانغاندى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ چىقىش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 265 ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك قىلىپ باھالاپ چىقىلدى.

شيې شۇيەن

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى

2004 - يىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 41 ناھىيە - شەھەر، 70 نەچچە يېزا - بازار ۋە 54 مەكتەپكە بېرىپ بىرقاتار پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات، مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 120 نەچچە مىڭ كىتاب، ماتېرىيال تارقاتتى، 52 مەيدان ئاسما سۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچتى، 49 مەيدان ئۈنئالغۇ ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇپ بەردى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 41 مەيدان ئۈن، نۇر، ئېلېكتر، ماگنىت كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ گىرەلەشكەن ئويۇنىنى كۆرسەتتى، تېببىي داۋالاش ۋە سەھىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 45

مەيدان دوكلات بەردى ۋە لېكسىيە ئوقۇدى، 71 مەيدان مەسلىھەتچىلىك قىلدى ۋە خالىس كېسەل كۆردى، بۇنىڭدىن نەپ ئالغان ئاما 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) بولدى. بىر يىلدا 23 مىڭ كىلومېتىر يول باستى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى شىنجاڭغا كىرىپ 3 يىلدىن بۇيان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسى شىنجاڭدىكى ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ۋە ئۈچتىن ئىككىدىن كۆپرەك ناھىيە، شەھەرگە يەتتى، بۇنىڭدىن بىۋاسىتە نەپ ئالغان ئاما 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، باسقان ئومۇمىي مۇساپىسى 40 مىڭ كىلومېتىر بولدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاساسىي قاتلاملاردىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە «پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى» تېلېۋىزىيە كۆزنىكىنى ئېچىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالتۇن پەيتىدە كۆرسەتتى ھەمدە 15 ناھىيە دەرىجىلىك، 2 ۋىلايەت دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرسىتىشكە باشلىدى. يىلىغا 51 سان، 153 پەن - تېخنىكا نومۇرى بېرىلدى.

شىي شۈيەن

## پەن - تېخنىكا سارىيى

2004 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىنى ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 60 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا سوۋغا قىلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. يېڭىدىن قۇرۇلغان پەن - تېخنىكا سارىيى «دۆلەت پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى» گە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات مېتىر، كۆرگەزمە زالىنىڭ كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بازىسى ۋە پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلىسىدۇر.

پەن - تېخنىكا سارىيى بالىلار باغچىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىستراھەت باغچىسىنى باشقۇرۇپ، 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تاماشىبىننى كۈتۈۋالدى. «پەرىزات چۈشى — ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرى» ، «قۇياش نۇرىنى باغاشلاش» قاتارلىق 800 نەچچە كۆرگەزمە تاختىسى ۋە قىسمەن «ئاۋازلىق، ئوپتىكىلىق، ئېلېكترلىك، ماگنىتلىق» كۆرگەزمە بۇيۇمىنى ئۆزلىرى ئىشلەپ ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 40 نەچچە كۆن سەييارە كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچى 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

2004 - يىلى پەن - تېخنىكا سارىيى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 15 قارار (قېتىم) سەييارە كۆرگەزمە ۋە ھەرخىل كۇرس ھەم ئىلىم ئالماشتۇرۇش، مەجلىس ئېچىپ كۈتۈۋېلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت ئاممىسى بولۇپ 113 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

شىي شۈيەن

## «پەن - تېخنىكا تەربىيىسىنى ئىجتىمائىيلاشقان مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2004 - يىل 11 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى مەركىزي مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2002 — 2004 - يىللىق مەملىكەت بويىچە «پەن - تېخنىكا تەربىيىسىنى ئىجتىمائىيلاشقان مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، 5 كىشى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

شىي شۈيەن

## ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىلمىي جەمئىيەت ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ 80 ۋەكىلى قاتناشتى. 62 ئىلمىي ماقالە (تەخمىنەن 250 مىڭ خەتلىك) تاپشۇرۇۋېلىنىپ توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

9 - ئاينىڭ 19 — 23 - كۈنلىرىچە ئاقسۇ شەھىرىدە غەربىي ئېچىش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنى ئېچىلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ۋە 6 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى غەربىي ئېچىش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ رامكا لايىھىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا غەربىي ئېچىش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى 2006 - يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئېچىش قارار قىلىندى.

150 پەن - تېخنىكا خادىمى تەشكىللىنىپ جۇڭگو پەن-

تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق يىغىنى، غەرب پەن- تېخنىكىسى ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش پەن - تېخنىكا مۇنبىرى قاتارلىقلارغا قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ ئاچقان نۇقتىلىق ئىلمىي يىغىن 151 قېتىمغا يەتتى. يىغىنغا 8000 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. 5000 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكىغا ئائىت 43 خىل ژۇرنال نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

شيې شۈيەن

## ئەل ئارا خەلقئارالىق پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 — 5 - كۈنىگىچە «يېشىل يەر شارىنى تۈزىتىشتۇرۇش تورى ياپونىيە جەمئىيىتى» نىڭ جىرىم تىكىپ جۇڭگونى زىيارەت قىلغۇچى 7 ئادىمى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا ۋە تۇرپان قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسىغا كېلىپ جىرىم تىكىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭ نېفىت ۋەكىللەر ئۆمىكى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا مائارىپ ئۆمىكىدىن بولۇپ 18كىشى روسىيە، مىسىر، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياۋروپا ئالپىس ساياھەت ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىنسان يوق رايونلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

شيې شۈيەن

## بەي چۈنلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ 5 - نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي يىللىق يىغىنى ئېچىلىش پەيتىدە شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاكادېمىك بەي چۈنلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 500 نەچچە ھەر مىللەت ياش پەن - تېخنىكا خادىمىغا ئىلمىي دوكلات بەردى. بۇ مەزگىلدە ئاكادېمىك بەي چۈنلى يەنە قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈشتە بولدى.

شيې شۈيەن

## قىسمەن ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ يادرو ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2004- يىل 4 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى 4 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 3- نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ماقۇللىدى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش ئاپپاراتىنى قۇرۇپ چىقتى. يېڭىدىن 20 كېڭەش ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى، بۇنىڭ 7 سى دائىمىي كېڭەش ئەزاسى؛ يېڭىدىن 6 كېڭەش ئورنىنى كۆرسەتتى؛ 40 نەچچە ئەزا قوبۇل قىلدى. قۇرۇلتاي ئىلىم ئالماشتۇردى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلدى.

پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە تەلىم - تەربىيە لېكسىيىسى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمىدىن 300 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، 2000 نەچچە ھەرخىل پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقاتتى.

شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ ئاساسلىق مەيدانىغا قاتنىشىپ، ئاسترونومىيە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە تاختىسىنى كۆرگەزمە قىلدى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 2000 دىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى. نەنسەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە بازىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە ھەقسىز ئېچىۋەتتى.

ئاسترونومىيە پونكىتى بىلەن بىرلىكتە بىر قارار پەن - تېخنىكا بويىچە ئېنگلىزچە يېزىقچىلىق كۇرسى ئاچتى. جۇڭگو بويىچە «ئاسترونومىيە كۈنى» مەزگىلىدە، ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 8 مەيدان (خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا) دوكلات ئۆتكۈزدى، شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى پەن - تېخنىكا سەھىپىسى ئۈچۈن «ئالىملارنىڭ ھاياتى» لېكسىيىسى ئىشلەپ بەردى، شەھەرگە قاراشلىق 10 مەكتەپتىكى 1000 دىن ئوشۇق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ نەنسەن بازىسىدا شىنجاڭنىڭ «ئاسمانغا باغلانغان رىشتە» 6 - نۆۋەتلىك ياشلار- ئۆسمۈرلەر ئاسترونومىيە قىشلىق لاگىرى ۋە 11 - نۆۋەتلىك ياشلار- ئۆسمۈرلەر ئاسترونومىيە يازلىق لاگىرىنى تەشكىللىدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 25 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 1500 ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

شىنجاڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيىتى، يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 2004 - يىللىق شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەت ۋەزىيىتى كېڭەش يىغىنىنى ئاچتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش ئاق تاشلىق كىتابى» نى تۈزۈپ چىقتى. پەن - تېخنىكا تەشۋىقات

ھەپتىلىكى، خەلقئارا ئاپەتنى ئازايتىش كۈنى مەزگىلىدە، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش بىلىملىرى توغرىسىدا كۆپ شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

شىنجاڭ مىكروبىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2004- يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش باشلىقى، باش كاتىپ يىغىنىنى ئاچتى. «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى» (41 - توم) نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى، بۇنىڭغا 50 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەر كىرگۈزۈلدى. 2004 - يىلى مىكرو بىئولوگىيە جەھەتتىكى 3 تەتقىقات تېمىسى دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى «863» تۈرگە كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭ خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 1- ئايدا 5 ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى مەملىكەتلىك خىمىيە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 2 سى 2 - دەرىجىلىك، 3 ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 9 - ئايدا مەملىكەتلىك خىمىيە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2500 ئوقۇغۇچىسى خىمىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇلاردىن 177 ئوقۇغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭ 25 ى 1 - دەرىجىلىك، 57 سى 2 - دەرىجىلىك، 95 ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. 7 ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر يىلدا 3 قېتىم ئىلمىي پائالىيەت ئۇيۇشتۇردى، بۇ پائالىيەتكە 150 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 5 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئاچتى.

ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 10 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە دالىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. 4 ئىلمىي ماقالە يىللىق يىغىن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى، 2 ئەزا يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇرۇش بويىچە سۆز قىلدى.

«شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون» ژۇرنىلىدىن 4 سان چىقىرىلىپ، 39 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، ژۇرنالدىن 1100 نۇسخا ئوقۇشقا تەقدىم قىلىندى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلار بىرلىشىپ يېڭى ئەسىردىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 120 دىن ئوشۇقراق كىشى قاتناشتى. 11 مۇتەخەسسىس، ئالىم مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن پىكىر بايان قىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنىگىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش شۆبە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشقا ياردەملەشتى.

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ بىر قوشۇمچە سانىنى يەنى «يېڭى ئەسىردىكى يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلدى، بۇنىڭغا 45 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئالاھەزەل 280 مىڭ خەت چىقىدۇ.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەۋسىيە قىلىنغان لى شۆيۈەن بىلەن گو ۋېنچاۋ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 9 - نۆۋەتلىك ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. جەمئىيەت يەنە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك ياشلار پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ 86 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، باھالاش ئارقىلىق 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 6 ماقالە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 8 ماقالە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 18 ماقالە، تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا 13 ماقالە تاللاپ چىقتى. جۇڭگو سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىگە «دايۇ سۇچىلىق پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى» ئۈچۈن نامزاتلىققا تۈر كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش ۋە ئېكولوگىيىنى ياخشىلاشنى كۆزىتىپ باھالاش تەتقىقاتى» دېگەن تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈپ باھالاپ چىقىلدى.

6 - ئاينىڭ 22 — 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ئاسراش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى. 56 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېزىپ چىقىشنى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى قىسمى. سۇچىلىق تومى» كىتابىغا 60

ئالىمنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى، شىنجاڭدىن ۋاڭ خېتىڭنىڭ تەرجىمىھالى شۇنىڭ ئىچىدە.

«شىنجاڭ سۈچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى بىر يىلدا 12 سان نەشر قىلىندى، بۇنىڭ 6 سى مەخسۇس سان بولۇپ، 19 مىڭ 800 نۇسخا بېسىلدى، ئۇيغۇرچىسى 6 سان بولۇپ، 9000 نۇسخا بېسىلدى.

**شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىلى تەڭرىتاغ گېئولوگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە ماقالە قوبۇل قىلدى، 180 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىپ، «5 - نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ گېئولوگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» نى تۈزۈپ نەشر قىلىپ تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كان مەھسۇلاتلىرى ۋە ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە «كان مەھسۇلاتلىرى ۋە ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات، مەسلىھەت بېرىش توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى.

ئالاقىدار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئۈچۈن «تارىم ئويمانلىقى ۋە ئەتراپىدىكى يەر قاتلاملىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتى ۋە نەشر قىلىپ تارقاتتى.

يۈن لۇ، كۇاڭ جۈن، ۋاڭ سۈجۈڭ ئۈچەيلەننىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى جۇڭگو گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللىشقا قاتنىششقا تونۇشتۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆمۈش بولقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كۆرسىتىش ھەمدە جۇڭگو گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى خۇاڭ شىچىڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالاپ چىقىشى ئارقىلىق سۈن لۇڭدې خۇاڭ شىچىڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 7-نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ، بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى جەمئىيەت ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەسپىي ئىلمىي كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىنى ئاچتى، كەسپىي ئىلمىي كومىتېت مۇدىرلىرى خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلۇش نازارىتى پەن - تېخنىكا باشقارمىسى بىلەن قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتىغا ياردەملىشىپ كارخانىلارنى تەشكىللەپ ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش سۈپىتى نەق مەيدان يىغىنىنىڭ بىناكارلىق يېڭى ماتېرىياللىرى، يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى نامايەن قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 3 سان «شىنجاڭ بىناكارلىقى» نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى، بۇنىڭغا كەسپىي ئىلمىي ماقالىدىن 72 نى باستى، 3000 نۇسخا تارقاتتى.

**شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىلى 2 قېتىم ئاپتونوم رايون مىقياسىدا فىزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 4 - ئايدا مەملىكەتلىك ئەمەلىي فىزىكا مۇسابىقىسى شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا 14 مىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (3 - يىللىق) ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى. 9 — 10 - ئايلاردا جۇڭگو 20 - نۆۋەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا مۇسابىقىسى شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 5600 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى تەييارلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشقانىدى. تاللاش ئارقىلىق ئۆتۈپ چىققان 120 ئوقۇغۇچى تەكرار مۇسابىقىگە ۋە تەجرىبە مۇسابىقىگە قاتناشتى. 10 - ئايدا 5 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ مەملىكەت بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى، بۇلاردىن بىرەيلەن 1 - دەرىجىلىك، بىرەيلەن 2 - دەرىجىلىك، ئۈچەيلەن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ياش فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش كاتتا مۇسابىقىسى شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى.

7 - ۋە 10 - ئايلاردا جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ گۇيياڭدا ئېچىلغان غەربىي قىسىمدىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون فىزىكا ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە كۈنمىڭدا ئېچىلغان شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى فىزىكا ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش - مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا تەجرىبە كۇرسى بىلەن ئىسسىق - تارىيىشچان ماتېرىياللارنىڭ قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت 2 كۇرس پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭغا 360 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. 3 قېتىم مەخسۇس تېمىدا (ياكى پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا) لېكسىيە ئۆتكۈزدى، ئاڭلىغۇچىلار 210 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

**شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 — 26 - كۈنىگىچە چۆچەكتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش سىستېما قۇرۇلۇشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، 49 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن 34 نى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 23 ئىلمىي ماقالە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 5 كىشى چوڭ يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن پىكىر بايان قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان «ئۈچىنى نى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» بويىچە مۇلازىمەت

قىلىش ـ ئۆلگە كۆرسىتىش ئۆمىكىگە قاتناشتى. پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كىتاب، ماتېرىيالدىن 19 خىل، 6000 نۇسخىدىن كۆپرەكىنى تارقاتتى، بۇنىڭدىن تەربىيە ئالغان ئامما 80 مىڭدىن ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى بىر يىلدا 10 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، بۇنىڭدا 350 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى؛ «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى 87 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، بۇنىڭدا 300 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. بىر يىلدا ھەر ئىككىسى 6 ساندىن چىقىرىلدى.

**شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 ـ يىل 5 ـ ئايدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى. 6 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيىغا 150 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 6 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشكە 111 كېڭەش ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 — 27 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 ـ يىللىق ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن 2004 ـ يىللىق تاشيول قاتنىشى ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلدى، بۇنىڭغا 73 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 500 مىڭ خەت چىقىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ بىلەن تەيۋەننىڭ يول قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشى ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «چىدامىلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك سېلىش ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى.

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قوش ئايلىق «شىنجاڭ قاتناش پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى بۇ يىل 10 نەچچە مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

**شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 ـ يىل 13 قېتىم ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇردى، 6 قېتىم چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 1000 دىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالىنى ئالماشتۇردى، ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا 2000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 10 كىشىلىك شىنجاڭ نېفىت شىركىتى نېفىت پەن ـ تېخنىكا ئۆمىكى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە روسىيىدە زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ 3 قېتىم نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تېخنىكىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇردى ھەمدە پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا بويىچە مۇلازىمەت قىلىش ـ ھەمكارلىشىش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ جېئاڭ شىركىتىنىڭ پەردە ئارقىلىق ئازوت ئىشلەش تېخنىكىسىنى قويۇق نېفىتنى ئېچىشقا قوللىنىش ئۈستىدە ئامېرىكىنىڭ نىكسون شىركىتى بىلەن تېخنىكا ئالماشتۇردى. ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شىنخۇاڭ شىركىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ نىكسون شىركىتى ئامېرىكىنىڭ جېئاڭ شىركىتىنىڭ پەردە ئارقىلىق ئازوت ئىشلەش ئۇسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ قويۇق نېفىتنى ئېچىش توغرىسىدا توختام ئىمزالىدى.

ئەزالارنى ئۇيۇشتۇرۇپ شاڭخەيدە ئېچىلغان دۇنيا ئىنژېنېرلار يىغىنىغا قاتناشتى، ئىككى ئىلمىي ماقالە يىغىن ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئەزالارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېيجىڭدا ئېچىلغان دۇنيا نېفىت يىغىنىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار مۇنبىرى، 7 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى مۇتەخەسسىسلەر مۇنبىرى قاتارلىقلارغا قاتناشتۇردى، 13 ئىلمىي ماقالە توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى، تيەنزې دېگىتال مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىلىم ئالماشتۇردى ھەمدە ئېلېكترونلۇق خەرىتە قاتارلىق كۆپ ساھەلەر بويىچە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى.

«يېڭىلىق يارىتىش ۋە كەشپىيات» بويىچە بىلىم ـ ساۋات لېكسىيىسى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا 200 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

«شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» ۋە «شىنجاڭ نېفىت پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرناللىرىنى نەشر قىلدى، بىر يىلدا 10 سان چىقتى، 26 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، بۇنىڭدا 326 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

**شىنجاڭ تۇپراق ـ ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 ـ يىلى «شىنجاڭ تۇپراق ـ ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىسلاھات لايىھىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دائىمىي كېڭەش (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى، كېڭەش باشلىقى، باش كاتىپ بىرلەشمە يىغىنى ۋە باش كاتىپلار يىغىنى ئېچىلدى. بىر يىلدا 4 قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدىن 175 ئادەم (قېتىم) نى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇردى.

ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزا ئورۇنلىرى بىر يىلدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرخىل تەتقىقات، ئۆلگە كۆرسىتىش،

ئومۇملاشتۇرۇش تىمىلىرىدىن 94 خىلنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك («973» پىلانى، «863» پىلانى، دۆلەتنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى، دۆلەت فوندى سەرپ قىلىنىدىغان تېمىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پىلان ئىچىدىكى تېما ۋە مەخسۇس تېما 45 خىل، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك تۈر 21، توغرا لىنىيىلىك تۈر 17، دۆلەت ھەمكارلاشقان تۈر 5، ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 6.

بىر يىلدا ھەرخىل ژۇرناللاردا 187 ئىلمىي ماقالە، 4 مەخسۇس ئەسەر، بىر دەرسلىك ئېلان قىلىندى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2004 - يىلى 12 قارار ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا كۇرسى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، كۇرسقا 1813 كىشى قاتناشتى.

جەمئىيەت مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسىنى، 7- نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى ئورۇندىدى، ئىلتىماس قىلىنغان 4 كەسىپكە دائىر 245 تۈر بولۇپ، ئۇنىڭدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 15 نى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 44 نى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 56 نى، تەقدىرلەشكە 40 نى تاللاپ چىقتى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش كەسپى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 2003 - يىللىق مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش بويىچە بىر تۈردە 1 - دەرىجىلىك، 2 تۈردە 2 - دەرىجىلىك، 4 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. جەمئىيەت مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىدىن 9 نى باھالاپ چىقتى، دۆلەتنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (تەكشۈرۈش - لايىھىلەش) بويىچە 3 گۇرۇپپا مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا دېگەن نامغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش» ژۇرنىلىدىن 6 سان چىقىرىلدى، 6600 نۇسخا بېسىلدى. «شىنجاڭ تەكشۈرۈش-لايىھىلەش ئۇچۇرلىرى» دىن 20 سان چىقىرىلدى، 9000 نۇسخا بېسىلدى، «ئاپتونوم رايون بويىچە 12 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسى، 7 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش - تەكشۈرۈش بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر مەجمۇئەسى» تۈزۈلۈپ، 1000 نۇسخا بېسىلدى، بۇنىڭغا 129 ئىلمىي ماقالە بېسىلدى.

شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەت IT كارخانىلىرىنىڭ سىستېما توپلاشتۇرۇلغان خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئۇيۇشتۇردى، كارخانىلار يىغىنىنى ئاچتى. 10 نەچچە كارخانىنىڭ تۈر دىرېكتورلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش ۋە دۆلەتكە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 63 تۈر دىرېكتورى سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەسىپ ئىچىدىكى كارخانا تېخنىكا مەركەزلىرىنى تەكشۈردى ۋە بېكىتتى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى تېخنىكا مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 5 تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى بولدى.

2 - ئايدا جەمئىيەت مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ماشىنىدا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى كەسپىدە تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 2 تۈر تېخنىكا يېڭىلاش بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 7 تۈر تېخنىكا يېڭىلاش بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، 8 تۈر تېخنىكا يېڭىلاش بويىچە تۆھپە يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 140 نەچچە كىشى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون» ژۇرنىلىدىن 4 سان نەشر قىلىندى، بۇنىڭدا ئازكەم 200 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، «شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتى ئەھۋالىدىن ئومۇمىي خەۋەر» ژۇرنىلىدىن 5 سان نەشر قىلىندى. كەسىپنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق بىلەن شىنجاڭ ئۇچۇرچىلىق چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىپ كەسىپنىڭ «ئېلېكترون ئۇچۇرلىرى تور پونكىتى» نى ئېچىپ، كارخانىلار ئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 200 ۋەكىل قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق-مۇھىت ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى يۈ لېيەنسېڭنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەخسۇس ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە كارتوگرافىيە كەسپى بويىچە مۇنەۋۋەر توپوگرافىيە (تۈر) مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 18 تۈر مەلۇم قىلىنغانىدى، 1 - دەرىجىلىك بىر تۈر، 2 - دەرىجىلىك 2 تۈر، 3 - دەرىجىلىك 5 تۈرنى باھالاپ چىقتى.

بىر يىلدا 48 ئىلمىي ماقالە ئۇيۇشتۇرۇپ ئېلان قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا ئۆلچەش - سىزىشقا دائىر 25 ماقالىمۇ ئېلان قىلىندى، 8 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەن

ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر تاللاشقا يوللانغانىدى، ئۇنىڭدىن 4 ئىلمىي ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىلمىي جەمئىيەت دائىمىي كېڭەش يىغىنى ئېچىپ، ئىسلاھاتنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

3 - ئايدا جەمئىيەت قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، كىلىمات مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيە كەسپىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ياپونىيە مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرقانچە مېتېئورولوگىيە تېمىسى بويىچە بەرگەن دوكلات يىغىنىنى ئاچتى. 5 - ئايدا قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن كىلىمات مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيە كەسپىي كومىتېتى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى دوكتور جاڭ دۇڭچى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر بەرگەن ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنى ئاچتى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى يىللىق يىغىنىنى ئاچتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىلىم ئالماشتۇرۇش شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلدى، مەشھۇر ئاكادېمىكلار، مۇتەخەسسىس - ئالىملار شىنجاڭغا كېلىپ مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى. ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە رايون ئېكولوگىيە مۇھىتى ھەم ئۇ كەلتۈرىدىغان تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللەپ ئاچتى، يىغىنغا 300 ئادەم قاتناشتى، 285 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى ۋە ماقالىلەرنىڭ قىسقارتىلغان توپلىمىنى چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە 1 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىنى ئاچتى.

«شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» نى نەشر قىلدى، بۇنىڭغا 130 ماقالە بېسىلدى، خەت سانى 700 مىڭدىن ئاشتى.

شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 — 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇيغۇر دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدىكى دورا ئىشلەش تەتقىقات ۋە مەلۇم قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە كۇرسىنى ئېچىپ، تىبابەتچىلىك تەلىم - تەربىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئوقۇش نومۇرىنى بەردى. كۇرسقا 65 كەسپىي خادىم قاتناشتى.

6 — 7 - ئايلاردا تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندە 8 قارار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بويىچە داۋالاش ۋە تەتقىق قىلىش كۇرسى ئېچىپ، 200 دىن ئوشۇق كەسپىي خادىمنى تەربىيىلىدى ۋە تىبابەتچىلىك تەلىم - تەربىيىسى ئوقۇش نومۇرى بەردى.

9 - ئاينىڭ 22 — 24 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ش ئۇ ئا ر مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن 215 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 104 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلۇپ، 15 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى ھەمدە قاتناشقۇچىلارغا داۋاملىق تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئوقۇش نومۇرى بېرىلدى.

بىر يىلدا «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» ژۇرنىلىدىن 6 سان تارقىتىلدى.

شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئالاھەزەل 2000 غا، كوللېكتىپ ئەزا ئورۇن 37 گە يەتتى. يېڭىدىن سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىم - تەربىيە كومىتېتى ۋە دىزېنفېكسىيە كەسپىي كومىتېتى قۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كەسپىي كومىتېتى 12 گە يەتتى.

2 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2003-يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى ئېچىلدى. يىللىق يىغىن «شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2003 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى، مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ 124 ئىلمىي ماقالە ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باردى، 1 - دەرىجىلىككە بىر ماقالە، 2 - دەرىجىلىككە 7 ماقالە، 3 - دەرىجىلىككە 11 ماقالىنى باھالاپ چىقتى.

شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 2004 - يىلى جەمئىيەت 42 كىشىنى تاللاپ ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تىببىي ئېكسكۇرسىيە ئۇمىكىگە قاتنىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى تەشۋىقات - مائارىپ پىدائىيلار قوشۇنى قۇرۇلدى.

«سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىلمى» قىنىسقا

خەۋەرلىرىدىن 2 سان تۈزۈلۈپ، خىزمەت ئەھۋالى ئالماشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەت ئاساسىي قاتلامغا، ۋىلايەت، ئوبلاستقا يۈزلەنگەن 7 سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن 1400 ئادەمنى تەربىيىلىدى.

2004 - يىلى جەمئىيەت مەملىكەتلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - كۈتۈش كەسپى بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئۇنى ئاساسلىق باشقۇردى؛ ئارمىيە بويىچە فىزىكا ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە تايانچىلار كۇرسى يىغىنىنى ئېچىشقا ياردەملەشتى؛ شياڭگاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ياردەملەشتى؛ 25 كۈنلۈك ناھىيە دەرىجىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مەھەللىلەرنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۇرسىدىن (شياڭگاڭ 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى) بىرنى ئاچتى؛ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم ئىجتىمائىيلاشقان مەھەللىلەر سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇھاكىمە كۇرسىدىن (شىئەندە) بىرنى بىرلىشىپ ئاچتى.

**شىنجاڭ بوتانىكا ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىل 1- ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى شىنجاڭ بوتانىكا ئىلمىي جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى.

12 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتىدا شىنجاڭ بوتانىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى ۋە 7 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 4 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. 8 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنىگىچە 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو چۇچۇكبۇيا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۆسۈملۈك مەنبەسىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە ئاسراش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا 78 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. يىغىن مەزگىلىدە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى چۇچۇكبۇيا تەتقىقات ئورنىنىڭ، شاڭخەي ئاۋلى چۇچۇكبۇيا بازىسىنىڭ، كۇئېنلۇن شېننۇڭ چۇچۇكبۇيا تەتقىقات - ئېچىش مەركىزىنىڭ يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

8 - ئاينىڭ 17 — 19 - كۈنىگىچە ئىلمىي جەمئىيەت 2004 - يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بوتانىكا بىلىملىرى بويىچە مۇسابىقە يازلىق لاگېرى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى، پائالىيەتكە 40 نەچچە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى قاتناشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 4 مەيدان دوكلات بەردى.

**شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى** 2004 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى شۆبە جەمئىيىتى بىلگىيە ئورمانچىلىق دوكتورلىرى، ياپونىيە ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى، ئاۋستىرالىيە ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى ۋە غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى بولۇپ 30 نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە، ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش ۋە مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىگە، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە 19 ئىلمىي ماقالە سۇندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى مەملىكەتلىك ئورمانچىلىق بويىچە ياشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 2 ئۆمەك- گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار 60 نەچچە ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئەزالارنى ئۇيۇشتۇرۇپ 26 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆگىنىش - ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتى. چەت ئەللەردىكى 26 جۇڭگولۇق مۇھاجىر، مۇتەخەسسىسنى شىنجاڭغا كېلىپ پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش - مۇلازىمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە 25 تۈرلۈك «ئەتىياز جۇلاسى پىلانى» ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇش، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تارقىتىش ھەرىكىتى» گە قاتناشتى.

مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ چىلان، بادام، ياڭاق قاتارلىق 5 خىل ئىقتىسادىي دەرەخنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىق قائىدىسىنى يېزىپ چىقىپ، تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتكۈزدى ھەمدە بۇنى «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» تەربىيىسىنىڭ ئوقۇشلۇقى قىلدى. جىرىم تىكىش بايرىمى، دۇنيا ئۆلچەملەشتۈرۈش كۈنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئورمانچىلىق بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى. 2- تۈركۈمدە مەملىكەتلىك ئورمانچىلىق بويىچە پەن - تېخنىكىنى

ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى بازىسى قۇرۇش ئورنىدىن 5نى تەۋسىيە قىلدى.

شيې شۈيەن

# ش ئۇ ئا ر ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى

## ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن 250 نەچچە ئادەم قۇرۇلتايغا قاتناشتى. جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تاڭ ۋېنشېڭ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇرۇلتايغا كېلىپ تەبرىكلىدى ھەمدە شىنجاڭ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ھەر دەرىجىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرى تەشكىلاتلىرىدىن چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ئالاقە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەت ئەللەردىكى ۋە جۇڭگودىكى مۇھاجىرلارنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ زور دەرىجىدە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

قۇرۇلتاي يېڭى بىر نۆۋەتلىك كومىتېتنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى.

خې چۈەن

## چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئىئانە قىلدى

جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئىقتىساد - مەدەنىيەت فوند جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار سىنگاپور ئالتۇن بۇركۇت گۇرۇھى مۇدىرىيىتىدىكى چېن جياڭخې ئەپەندى ياردەملىشىپ قۇرغان شىنجاڭدىكى 8 - مۇھاجىرلار قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى 2004- يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسى ياقا ئۆستەڭ كەنتىدە قۇرۇلدى.

خې چۈەن

## شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

2004 - يىل 9 — 10 - ئايلاردا تەشكىللەپ ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ۋىلايەتلىرىدە ۋە شەرقىي شىنجاڭدا شۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ئەھۋالى ۋە مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئىگىلەنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بارغانلىكى ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىللىنى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىدىكەن، لېكىن تولاراق ناھىيە، شەھەرلەردىكى مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى تولۇق ئەمەسكەن. شۇڭا ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 2005 - يىلنى ئاساسىي قاتلاملاردىكى تەشكىلاتلارنى قۇرۇش يىلى قىلىپ بېكىتتى

خې چۈەن

## مۇھاجىرلار مەبلەغ سالغان (مۇھاجىرلارغا قاراشلىق بولغان) كارخانىلارنى تەكشۈرۈش

2004 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايوندا مۇھاجىرلار مەبلەغ سالغان (مۇھاجىرلارغا قاراشلىق بولغان) كارخانىلارنى مەخسۇس ئېنىقلىدى ۋە تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر مۇھاجىرلار مەبلەغ سالغان (مۇھاجىرلارغا قاراشلىق بولغان) كارخانىدىن 97 سىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغىنىڭ 121 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقىرىغا يىلىغا 23 مىليون 10 مىڭ يۈەن پايدا - باج تاپشۇرىدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

خې چۈەن

# ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

## ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ مۇزىكانتلار

جەمئىيىتى تەشكىللىگەن شىنجاڭ كىچىك مۇزىكانتلار ۋەكىللەر ئۆمىكى، شياڭگاڭغا بېرىپ TOYAMA ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاسىيا ياش - ئۆسمۈرلەر مۇزىكا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون ماھىرى تيەن شىن ساكس ئاشكارا مۇسابىقىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىكلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 3 - لىككە، لياڭ يىڭ پىئانىنو گۇرۇپپىسىنىڭ 7 - دەرىجىلىكلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 6 - لىككە ئېرىشتى. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى — «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، 10 نەچچە تۈردىكى 157 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن باشقا 6 پېشقەدەم سەنئەتكار تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك قاناس لوڭقىسى مەملىكەتلىك فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق مەنزىرە فوتوگرافى لى شۆلياڭ تارتقان «يېشىللىققا پۈركەنگەن قولتۇق» دېگەن ئەسىرى ئالتۇن مېدالغا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 16 ئادەم 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، سانجى ئوبلاستلىق فوتوگرافلار جەمئىيىتى، سانجى «زېمىن» رەقەملىك سۈرەت شىركىتى ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت لوڭقىسى» بويىچە چىن چىڭيوڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئېچىلدى. 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ بويىچە 9 - نۆۋەتلىك نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، 10 ئادەم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە چېن يەنشېڭنىڭ «شەرققە قايتقان قەھرىمانلار شەجەرىسى» ناملىق شېئىرىي نەسرلەر توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر فوتوگرافلار جەمئىيىتى «ياۋا ئات» چوڭ سۈرەت تارتىش تەتقىقات ئۇيۇشمىسى قۇردى. 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستى بىرلىشىپ «ماناس» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «ماناس» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى. شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ تيەنمەي تور بېكىتى بىرلىشىپ قۇرغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى دېگەن تور بېكىتىنىڭ «ئېپتىدائىي ئېكولوگىيە» دېگەن سەھىپىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جەمئىيەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 9 مەخسۇس تېما، 300 مىڭ خەت، 2000 دىن كۆپرەك سۈرەت بار بولۇپ، ھەجمى ئەڭ چوڭ، چېتىلىدىغان مەزمۇن ئەڭ كەڭ بولغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تەسۋىرلەنگەن تور بېكىتىدىن ئىبارەت. 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى باللار سەھنە ئەسىرى — ھازىرقى زامان يۇجۇ تىياتىرى «گۈما دەرياسى» بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. 5- ئايدا شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتىدىكى يى جيەن سېنارىيەلەشتۈرگەن ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان ھېكايە فىلىم «ئادەم ياخشى نام چىقىرىش كېرەك» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كىنو قانىلىدا ئالتۇن ۋاقىتتا كۆرسىتىلدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «كۆلدەنىڭ» — تەڭرىتاغدا باھار نەزمىلىك كونسېرت غۇلجىدا قويۇلدى. 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە 20 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «شىنجاڭلىق قىز» نى كۆرگەندىن كېيىنكى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا بىلەن دارۋاز ئادىل ھوشۇر مەملىكەت بويىچە «ئەخلاق ۋە سەنئەتتە تەڭ يېتىلگەن» ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 8- ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، ھۆسنىخەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمىگە 200دىن ئارتۇق ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «داۋانچىڭ قىزى» سېئۇل (WORLD CULTURE OPEN 2004) «ئولىمپىك» مۇسابىقىسىدا ئەڭ ئالىي مۇكاپات — دۇنيا تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە شىنجاڭ «جاڭغىر» خىزمىتىنىڭ 25 يىللىق نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى. روسىيە فېدېراتسىيىسى قالماق رېسپۇبلىكىسى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار

بىرلەشمىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىيۇ بىڭ، ئالىي مۇھەررىر ما شوڭفۇ، تەتقىقاتچى جامچا قاتارلىق 6 كىشى 9 - ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە روسىيىنىڭ ئېلىستا شەھىرىدە، تارىخىي داستان «جاڭغىر» نىڭ ياۋروپادا نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى ۋاڭ شياۋيۈن بىلەن ۋاڭ شۆيىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن، ۋاڭ شۆيىڭ ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «باياۋاندىكى باھار» 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت بايرىمىنىڭ «چولپانلار لوڭقىسى» بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. 10- ئايدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن تەپسە ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى تاللىغان، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىشلىگەن ئۇسسۇل «مېتال تاختاي» كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## «ماناس» داستانىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى باشلاندى

2004 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستى بىرلىشىپ «ماناس» داستانىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە باشقا كەسپىي گۇرۇپپىلارنى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار 1996 - يىلى رەتلەپ نەشر قىلىنغان «ماناس» نى ئېيتقۇچى يۈسۈپ مامايىنىڭ 8 بۆلۈم 18 ئاساس نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلدى. «ماناس» داستانى قىرغىزلار ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەھرىمانلىق ئېپوسى بولۇپ، قىرغىزلار تۇرمۇشىدىكى قامۇس دەپ تەرىپلىنىدۇ. «ماناس» داستانى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بايقالغان، ئۇنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان تۇنجى ئاپپارات — «ماناس» خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇردى. 20 نەچچە يىلدىن بېرى 80 نەچچە ماناسچىدىن نەچچە مىليون مىسرالىق ماتېرىيال توپلاندى.

ۋېن جې

## جۇڭگو دراماتورگلىرى غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ يىپەك يولىدىكى كەڭ كۆلەملىك زىيارىتى

بۇ ئۆمەك 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. بۇ قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى جۇڭگو دراما ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ دراماتورگلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئۆمەك بېيجىڭ، خېبېي، لياۋنىڭ، جېجياڭ، فۇجيەن، جياڭشى، خېنەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۈەن، شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىن ئىبارەت 14 ئۆلكىدىن كەلگەن 30 دراماتورگ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىدىن تەركىب تاپتى، ئۇلار ئۈرۈمچى، بورتالا، ئىلى، تۇرپانلارنى زىيارەت قىلدى.

جياڭ لىن

## ھازىرقى زامان يۇجۇ تىياتىرى «گۇما دەرياسى» مۇكاپاتقا ئېرىشتى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بالىلار سەھنە ئەسىرى — ھازىرقى زامان يۇجۇ تىياتىرى «گۇما دەرياسى» 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگو دراما بايرىمىدا بالىلار سەھنە ئەسىرىنى ئورۇنداش بويىچە پەسىللىك باھالاشتا ئويۇن تىزىملىكى، تەشكىللەش، رېژىسسورلۇق، مۇنەۋۋەر ئورۇنداش، ئۇسسۇل - گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا قاتارلىق 12 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «گۇما دەرياسى» مەملىكەت بويىچە تۇنجى يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھازىرقى زامان بالىلار يۇجۇ تىياتىرى ئەسىرى بولۇپ، مۇزىكىسىدا ھەم يۇجۇ تىياتىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاھاڭى بار ھەم قويۇق قازاقچە مۇزىكا تەركىبى بار.

جياڭ لىن

## كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ شىنجاڭغا سەپىرى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتىدىن 25 كىشى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ «جۇڭگو تېلېگرافىنىڭ ئىنتېرنېت تورىغا ئۇلىنىشى بويىچە 2004 - يىللىق كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ شىنجاڭغا سەپىرى» پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ قېتىم ئۆمەك بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن كىنو سەنئەتكارلىرىدىن تيەن خۇا، يۇ ياڭ، ياڭ ياجۇ، پۇ چاۋيىڭ، يۈ خۇڭ قاتارلىقلار بار، ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزىلەرنى زىيارەت قىلدى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى: مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «ئۈچنى يېقىنلاشتۇرۇش» نىڭ ئىجراچىلىرىدىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرايلى، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ قېتىملىق پائالىيەتنى جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كىنو قانىلى پروگرامما مەركىزى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ

ئۇيۇشتۇردى.

يى ۋېن

## «جاڭغىر» خىزمىتىنىڭ 25 يىللىق نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. 1979 - يىلى شىنجاڭدا «جاڭغىر» داستانىنى توپلاش، رەتلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، 100 دىن ئارتۇق سەنئەتكارنى زىيارەت قىلىپ، «جاڭغىر» داستانىنى 200 دىن ئارتۇق ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدى، ئۇ 150 نەچچە باب بولۇپ، 80 نەچچە ۋاريانتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە بايىنغولىن، بورتالا، قوبۇقسارلاردا 3 قېتىم «جاڭغىر» ئېيتىش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. 1980 - يىلدىن بۇيان جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرى توپلاپ، رەتلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ماتېرىيال كىتاب، ئەدەبىي ئوقۇشلۇق، 15 بابلىق خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى ھەمدە تەتقىقات ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1982 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ تۇنجى قېتىم «جاڭغىر» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 1988 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ «جاڭغىر» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ھازىرغىچە 13 توم «جاڭغىر. ماتېرىيال كىتاب»، 6 توم خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 3 توم ئەدەبىي ئوقۇشلۇق، 3 توم مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدۇرۇلدى.

جياڭ لىن

## 13 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتى 1990-يىلى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلدى. بۇ قېتىملىقىنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا سۆز قىلدى، 30 ئادەم مۇكاپاتلاندى.

مۇھاكىمە يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى، يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى رولى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

ۋېي شىن

## شىنجاڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت سۈرەتلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى

«شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» شىنجاڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت سۈرەتلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئېچىلدى. بۇ جەمئىيەت شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە قارايدىغان، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان كەسپىي ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر سۈرەتلەرنى تارتىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىنى مۇستەقىل قانات يايدۇرىدۇ.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ۋەكىللەر مىللىي ئۆرپ - ئادەت سۈرىتى ئۇقۇمى، شىنجاڭنىڭ مول مىللىي ئۆرپ - ئادەت سۈرەت ماتېرىياللىرىدىن قانداق پايدىلىنىش جەھەتلەردىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزدى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى.

شىن يى

## ئاپتونوم رايونلۇق رومان ئىجادىيىتى ۋە ۋاڭ گاڭنىڭ «ئېنىگلىز» ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، «زامانىمىز» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇردى.

يىغىندا ۋەكىللەر مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: يېقىنقى 2 يىلدا شىنجاڭنىڭ ھېكايە يازغۇچىلىرى بىلەن ھېكايىلىرى مەملىكەت ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ «زامانىمىز»، «خەلق ئەدەبىياتى»، «ئۆكتەبىر»، «ھوسۇل»، «شاڭخەي ئەدەبىياتى» قاتارلىق چوڭ ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئەسەر ئېلان قىلىشى شىنجاڭ ھېكايىلىرىنىڭ مەملىكەتكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھېكايە يازغۇچىلىرى بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ، بىر

نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھېكايىچىلىقىنى گۈللەپ ياشنىغان ئالتۇن دەۋرگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. غەربىي قىسىم يازغۇچىلىرى دەۋرگە ماسلىشىپ، ئۆز نەرسىلىرىنى ئىزدەپ، ئۆز قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، نەرسىلەرنى دادىللىق بىلەن يېزىپ ئەسەردە ئىپادىلىگەندىلا، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

ۋاڭ گاڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىخەنزە شەھىرىدە تۇغۇلغان. غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لۇ شۈن ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇغان. 1987 ـ يىلى «مۇزدەك ئاپتاپ» دېگەن ھېكايىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن «بوغدا باللار چۆچەكلىرى»، «قىزىل قول»، «كۆزدىكى ئەر»، «يىراقتىكى ئاپتاپ» دېگەن ھېكايىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ياش ھېكايە يازغۇچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ 1996 ـ يىلى يازغان رومانى «ئاينىڭ ئارقا تەرىپى» يەنە بىر قېتىم «زامانىمىز» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى ۋە خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «A تەرەپ، B تەرەپ»، «دۇنيادا ئوغرى يوق» دېگەن كىنولارنى، «ئاينىڭ ئارقا تەرىپى» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سىنارىيىلەشتۇرگەن.

«ئىنگلىز» ناملىق ئەسەردە ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىلەر كەمچىل بولغان ئاشۇ ئالاھىدە يىللاردا، ئۈرۈمچىدىكى لىۇ ئەي ئىسىملىك 10 نەچچە ياشلىق بىر بالا ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇ قېلىن بىر ئىنگلىزچە لۇغەتكە ئېرىشىشنى، ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. مەدەنىيلىكنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن خىيالىي فانتازىيە ئاشقان چاغدا، چوڭلار مەدەنىيلىككە بولغان تەلپۈنۈشنى تىرىشىپ كۆك بىلەن يېشىلدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن رەڭ دائىرىسىدە چەكلەيدۇ، ئەمما 10 نەچچە ياشلىق بالا قەلبىگە پۈككەن مۇقەددەس گۈزەللىك بىلەن سەممىيلىكنى قەيسەرلىك بىلەن قوغلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىنىمسىز ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېيىقمايدىغان نەزىرىگە يوشۇرۇنغان بىرمۇ بىر ھادىسىلەر، مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە بىر بالىنىڭ نەزەر دائىرىسى ئارقىلىق ئاشۇ غالجىرلاشقان دەۋرنىڭ ئىنسان ماھىيىتىنى بۇرمىلىشى ۋە ئىنسان روھىنى ۋەيران قىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ تىلى گۈزەل، ئىخچام، سالماق ۋە يۇمۇرلۇق، رىتىملىق، مەدەنىيلىك بىلەن زامانىۋىلىشىشقا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەشنىڭ شەكلى بىر ئاز ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى كەم ئۇچرايدىغان رومان ھېسابلىنىدۇ.

شىن يى

شىنجاڭ بويىچە 2004 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى

| ۋاقتى | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | باشقۇرغان ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 2 ـ ئاي | قەلبىمدىكى سۈن ۋۇكوڭ | تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى |
| 2 ـ ئاي | «كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ھالقىش» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى |
| 3 ـ ئاي | 4 ـ نۆۋەتلىك «قاناس» مەملىكەتلىك فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى | شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى | شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، قاناس مۇھىت ۋە ساياھەت ئىدارىسى |
| 4 ـ ئاي | ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك نەق مەيداندا ھۆسنخەت ماھارىتى كۆرسىتىش مۇسابىقىسى | شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 - ئاي | شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر ھۆسنخەت - رەسىم مۇسابىقە كۆرگەزمىسى | ش ئۇ ئا ر باللار تەرەققىيات مەركىزى | ش ئۇ ئا ر باللار تەرەققىيات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى باللار خىزمىتى بۆلۈمى، شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتى |
| 6 - ئاي | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | كورلا شەھىرى شىنخۇا سارىيى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى |
| 6 - ئاي | شائىخەي ھۆسنخەت، ئويما ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى گۈزەل سەنئەت سارىيى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |
| 8 - ئاي | جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت ھەپتىلىكى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | ئالمۇتا | شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى |
| 8 - ئاي | دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ كۆرگەزمە مەركىزى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 8 - ئاي | «خەلقنىڭ ئوغلانى» دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى گۈزەل سەنئەت سارىيى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ رەسساملار يۇرتى |
| 9 - ئاي | دۇنخۇاڭنىڭ تارىخىي مۇساپىسى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇۋەپپەقىيەت سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى |

جياڭ لىن

# ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

## سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2004 - يىلغا قەدەر ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لاردا ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە قۇرۇپ چىققان سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى 103 كە (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 89)، يېزا - بازار، مەھەللە شۆبە جەمئىيەت قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 163 كە، كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى 50 كە، ئومۇمىي ئەزا 20 مىڭ 500 گە يەتكەن.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پۇقراۋى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بويىچە تۈرلەرنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قارايدىغان ئورۇنلار 44 تۈرنى تاللىدى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 80 نەچچە ئەزا كارخانىسى تۈر تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر

بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى. «پىكىر» دە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا نىسبەتەن تونۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، يېتىشتۈرۈش - مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى قاتارلىقلار ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)، بىڭتۈەن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ۋۇجياچۈ، ئارال، تۇمشۇقتىن ئىبارەت 3 شەھەرنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ تۈر تونۇشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى، بۇنىڭدا سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 54 ى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۈر تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جېجياڭ، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانا ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى پۇقراۋى كارخانىلار، بىڭتۈەننىڭ پۇقراۋى كارخانىلىرى بولۇپ 150 كارخانا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) بىلەن ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى بىرلىكتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەل ئارا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش توغرىسىدىكى بىرقانچە چارىسى ئۈستىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار 8 ئورۇن ۋە 11 پۇقراۋى كارخانىدىكى 40 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. سۆھبەت يىغىنى كارخانا، كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەل ئارا مەبلەغ سېلىش توغرىسىدىكى پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ۋە سىياسەتلەر توغرىسىدا دوكلات يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئۈرۈمچى رايوندىكى پۇقراۋى كارخانا ئىگىلىرى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى بولۇپ، ئازكەم 100 كىشى قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك خادىملىرىنىڭ «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى» نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئۈرۈمچى رايونىدىن ئومۇمىي ئىگىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك خادىمىدىن 70 نەچچىسى يىغىنغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 12 — 22 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەخسۇس خىزمەتتىكى 26 كادىرنى تەشكىللەپ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ سەنشيا بازىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كادىرلار كۇرسىغا قاتناشتۇردى. ئۇلار سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى ئۆگەندى، شۇ يەردىكى پۇقراۋى كارخانىلارنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 13 — 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك خادىمىدىن 14 نى ئۇيۇشتۇرۇپ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 44 - قارارلىق پۇقراۋى ئىگىلىك بويىچە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ئالىي كۇرسىغا قاتناشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كانچىلىق، ساياھەتچىلىك، سۇ ئېنېرگىيىسى ۋە شەھەر ئاساس قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىشىنى قانات يايدۇردى.

8 - ئاينىڭ 2 — 3 - كۈنلىرى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) شىنجاڭ پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى كارخانىلار دىرېكتورلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي تەتقىقات ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. كۇرسقا ئۈرۈمچى، ئاقسۇ شەھەرلىرى ۋە ۋۇجياچۈ قاتارلىق جايلاردىكى پۇقراۋى كارخانا ۋەكىلىدىن 100 نەچچىسى قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 21 — 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بېرىپ شۇ يەرلەردىكى ئومۇمىي ئىگىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى بويىچە سۆھبەت، تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

9 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا -

سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، تۇنجى قېتىم شىنجاڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەخسۇس سارىيىنى ئاچتى. 22 كارخانا 28 كۆرگەزمە ئورنىنى سېتىۋالدى، پۈتۈشكەن سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى EMBA كارخانىچى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئاچتى، 119 ئەزا ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى، يىغىن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.

10 - ئاينىڭ 11 — 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 10 - قارار مەخسۇس خىزمەتتىكى كادىرلار كۇرسىنى ئاچتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىدىن 41 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 15 — 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 16 كىشى شاڭخەي شەھىرى، جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىگە تەكشۈرۈشكە بېرىپ، 3 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن قازاقىستان BENT گۇرۇھ شىركىتىنىڭ باش لىدىرى دىلمۇرات قوزىيوف قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا ئۈرۈمچى رايونىدىكى 41 پۇقراۋى كارخانىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر بىختەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش - بىختەرلىك ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى، يىل ئاخىرىدىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىشى توغرىلىق كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دىلاڭ تېيىمېي

## 8 - نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2 - قېتىملىق ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن يىغىندا ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىرلەشمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى چېن جيەنخۇا «راستچىل، ئەمەلىيەتچان بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ما چاڭفا يىغىن ئاخىرلاشقاندىن چاغدا سۆز قىلدى. يىغىندا پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ شىنجاڭ سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىلىپ، 2004 - يىللىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) قاتارلىق 18 ئىلغار سودا - سانائەت بىرلەشمىسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ۋە چۇڭ گاۋمىڭ قاتارلىق 17 ئىلغار سودا- سانائەت بىرلەشمىسى خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى. يىغىن جاڭ شىن، خۇاڭ يىنرۇڭ، رادىل ئابلانى 8 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، شياڭ مىڭچىن قاتارلىق 15 كىشىنى 8 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، قادىر توختى قاتارلىق 12 كىشىنى 8 - نۆۋەتلىك ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلىدى. «ئەكرەم ئەسيايوفنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسلىق، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ماقۇل كۆرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى ۋە «جۇ سۇڭكۇن قاتارلىق 5 كىشىنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسلىق، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇشنى ماقۇل كۆرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى ماقۇللىدى.

دىڭ تىيىمىي

## شىنجاڭنىڭ شەرەپلىك ئىشلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تۈرى

2004 - يىلغا قەدەر شەرەپلىك ئىشلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 246 سى يولغا قويۇلدى، مەبلەغ سېلىشقا پىلانلانغان سوممىسى 9 مىليارد 180 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 6 مىليارد 399 مىليون يۈەن سومما نەقلەشتى. 14 مىڭ 296 كىشى تەربىيىلەندى. 2004 - يىلى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان تەشكىلاتلار قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان 116 مىڭ كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىدا 226 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

دىڭ تىيىمىي

## شەرەپلىك ئىشلار بويىچە شىمالىي شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 — 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ شەرەپلىك ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 26 كىشى كۈيتۇڭ، غۇلجا شەھەرلىرى، غۇلجا، چاپچال، كۈنەس ناھىيىلىرى، قورغاس پورتى، نارات ساياھەتچىلىك رايونى قاتارلىق جايلاردا تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى قورغاس ناھىيىسى ئالتۇنتاغ ئۈزۈمزارلىقى ۋە جيەنجۇڭ ئۈزۈمزارلىقى بىلەن 500 تونىلىق قىزىل ساپاق ئۈزۈم سودىسى مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى، يەنە قورغاس ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 3.1333 گېكتاردىن قىزىل ساپاق ئۈزۈم تېرىش بازىسى قۇرۇش توغرىسىدا ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى. شىنجاڭ خېكچاڭ مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 10 مىڭ تۇياق نەسىللىك كالا بېقىش بازىسى قۇرۇش توغرىسىدا ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى، چاپچال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن گۆش كالىسى بورداش بازىسى قۇرۇش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى. شىنجاڭ «رۇيدا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قورغاس پورت باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن قورغاس پورتى سانائەت رايونىدا ئۆي جاھازلىرى ياساش ۋە تاختاي ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى قۇرۇش توغرىسىدا مۇددىئانامە ئىمزالىدى. ئۈرۈمچى «تيەنلۇڭ» بۇرادەرلەر كىيىم - كېچەك زاۋۇتى قورغاس پورت باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، شەپكە - تۇماق بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى. شىنجاڭ «خۇايۈەن» ئوقەتچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى ئىلى ئوبلاستلىق ياشانغانلار ئىدارىسى بىلەن كۈنەس ناھىيىسىنىڭ نارات مەنزىرە رايونىدا ساناتورىيە قۇرۇش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

دىڭ تىيىمىي

## 2 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى خىزمەتلىرى بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 — 20 - كۈنىگىچە كورلىدا ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا- سانائەتچىلەردىن 120 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا بايىنغولىن ئوبلاستلىق سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، جىمسار ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەجرىبە تونۇشتۇردى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يەنجى ناھىيىلىك كەسپىي بازار سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. باغراش ناھىيىسى بۇمبۇت بازارلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئوبلاستقا قاراشلىق فارفور تاش ماتېرىياللىرى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق 7 سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دىڭ تىيىمىي

# ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

## «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئۇنىۋېرسىتېتلار، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 40 نەچچە كىشى قاتناشتى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى مۇنداق كۆرسەتتى: پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىلىم تارماقلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىلمىي مۇلاھىزە سىستېمىسى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاش، يېتىشتۈرۈش ۋە مۇكاپاتلاش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ پەن تەتقىقات جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

فاڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى» نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئەدلىيە، تەپتىشلىك سىستېمىسىدىن بولۇپ 30 مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى» نى ماقۇللىدى، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، ئاساسىي قانۇندا قەيت قىلىنغان يېڭى ماددىلارنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىزچىل يولغا قويۇش سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى ئىگىلەپ، ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالماستىن، دۆلەتنىڭمۇ ئۇزاق داۋاملاشتۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيىسى. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئاساسىي قانۇننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە تېخىمۇ زامانىۋىلاشتۇردى.

فاڭ ۋېنجيې

## 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك كارخانىچىلار پائالىيەت كۈنى كارخانا تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي تەتقىقات بۆلۈمى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، بىڭتۇەن دۆلەت بايلىقى كومىتېتى، شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى، MBA كارخانىچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق 13 ئورۇننىڭ بىرلىشىشى بىلەن 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 — 24 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، كارخانىچىلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىم بولۇپ 300 نەچچە كىشى قاتناشتى. مۇنبەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى سەمىمىي، تەلەپچان، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك يارىتىش — شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گۇاڭخۇا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور ۋۇچاڭچى، سودا مىنىستىرلىكى خەلقئارا دۆلەت ھالقىغان سودا شىركىتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى خې ماۋچۈنلەر 2 مەيدان مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى، شىنجاڭ «1ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى، قۇرۇلۇش سانائىتى گۇرۇھى، شىنجاڭ قۇلماق گۇرۇھى، ئالاھىدە ترانسفورماتور-

ئېلېكتر سانائىتى، «دېخۇي» ئوقەتچىلىكى قاتارلىق 10 نەچچە كارخانا ۋە ئىقتىساد تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسلىرى پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چۆرىدەپ ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى تەشەببۇسنامە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ كارخانىچىلىرى ئىچىدە «كارخانىلار سەممىي ئوقەت قىلىش، تەلەپچان بولۇشتا رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەر»نى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## 2004 - يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ياش ئالىملار مۇنبىرى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى پۇل مۇئامىلە فاكۇلتېتى بىلەن ستاتىستىكا - ئۇچۇر فاكۇلتېتى قاتارلىق 7 ئورۇننىڭ بىرلىششى بىلەن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار، ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرغان ئاپتورلار بولۇپ 150 نەچچە كىشى قاتناشتى. مۇنبەر ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئالدىنقى سەپ مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلىش، نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن سىستېمىسىدىكى ياش ئالىملار ئۈچۈن بىر يېڭى پەللە، چوڭ دائىرە، كۆپ پەنلەر بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش سۇپىسى يارىتىپ بېرىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزلىرىنى نامايەن قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلدى. مۇنبەردە 21 ياش ئالىم پىكىر بايان قىلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، تارىخ، مىللەت، دىن قاتارلىق كۆپ پەنلەرگە چېتىلغان بولۇپ، ياش ئالىملارنىڭ ئەڭ يېڭى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مۇنبەر 140 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ئالدى، يىغىندىن كېيىن تاللاپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى قىلىپ ئاشكارە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردىكى، پارتىيە مەكتەپلىرى، ئىجتىمائىي پەن بويىچە ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىلمىي تەشكىلاتلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 220 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىللىق يىغىننىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان زىممىسىگە ئالغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى، يىغىندا 21 ۋەكىل پىكىر بايان قىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، ئىجتىمائىي پەن بويىچە ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى، پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار، ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي تەتقىقات تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 200 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئۆزىگە قاراشلىق 29 ئىلمىي تەشكىلاتتىن كۆپىيىپ 101گە يەتتى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئىلىم - پەن تۈرى تولۇق، ئىختىساسلىق خادىملار مۇجەسسەم بولۇشتەك ئۈستۈنلۈك ۋە كۆۋرۈكلۈك ۋاسىتە، تەشكىلىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش، مەسلىھەتچىلىك، مۇلازىمەت قىلىش ۋە تەشۋىقات - ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ئۈچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى»نى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا مۇھىم تۆھپە ياراتتى.

فاڭ ۋېنجيې

## «ئاساسىي قانۇن»نى ئۆگىنىپ، «تۆتنى يۇكسەك دەرىجىدە تونۇش»نى كۈچەيتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلىپ 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 20- كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى، ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى 50 نەچچە مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «ئاساسىي قانۇن»نى ئۆگىنىش بىلەن «تۆتنى يۇكسەك دەرىجىدە تونۇش»نى كۈچەيتىش تەربىيىسىنى شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈمدارلىقنى گەۋدىلەندۈرگەندىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنىڭ نەزەرىيىسىدە يېڭىلىق يارىتىلىپ ۋە سەكرەش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر قانداق قىلىپ «ئاساسىي قانۇن»نى ئۆگىنىشنى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە ئاپتونوم رايوندا ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «تۆتنى تونۇش» تەربىيىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

فاڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايوننىڭ 6 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللەپ يولغا قويۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 6 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاخىرلاشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەتىجىدىن 130ى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 27، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 42، ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 11، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 38 بولدى.

فاڭ ۋېنجيې

**قوشۇمچە:**

**1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر**

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (12 تۈر)**

2020 - يىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: شۈي شىيى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى سانائەتلەشتۈرۈش (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: لى جۈۋېي، لۇ زۇڭيى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرەققىيات تەتقىقاتى مەركىزىدىن.

شىنجاڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى يېزا ئىقتىسادىنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى (مەخسۇس ئەسەر)، ئازات سۇلتان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامان، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

ماۋزېدۇڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: شۈي يۈيىن، گاۋ چاۋمىڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات بۆلۈمىدىن.

«شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» (شىنجاڭ كادىرلىرى ئوقۇشلۇقى)، (ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى)، باش مۇھەررىر: ۋاڭ شۈەنچيەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنىڭ ئايلىنىشى ۋە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى (ماقالە)، سۇڭ لىڭ، ۋېي شيۈلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد مەركەز رەھبەرلىكى كوللېكتىپىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى (ماقالە)، ياڭ فارېن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

ئاپتونوم رايوندىكى قاماقتا تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگۈچى جىنايەتچىلەر تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى (ماقالە)، روزى ئىسمائىل، ئەخمەت، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىدىن.

دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىي رايونىدىن تېپىلغان سۈرىيە يېزىقىدىكى ستورىئان دىنى — قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى قوش تىللىق نوملىرىنىڭ قايتا تەتقىق قىلىنىشى (ماقالە)، نيۇ رۇجى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش مەركىزىدىن.

ئېلىمىزدە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ

قۇرۇلمىسىنى تۈزەش تەسىرى ئۈستىدە تەھلىل (ماقالە)، ياڭ شىگچۈەن، شخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - سودا ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى (قورال كىتاب)، شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى تەھرىراتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئېنسىكلوپېدىيە تەھرىر بۆلۈمىدىن.

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (27 تۈر)

شىنجاڭنىڭ نوپۇسى، بايلىقى، مۇھىتى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، چېن فاڭمىڭ قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، لى جېنيې قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

غەربنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن دوكلات — غەربنى ئېچىش ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىنىش (مەخسۇس ئەسەر)، گو يۈخۇي، ش ئۇ ئا ر پارتكومدىن.

نوپۇس ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات (مەخسۇس ئەسەر)، تۇڭ يۈيفېن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرى (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: پەن جىپىڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھۆكۈمەت تۈزۈمى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، گۈەن شۈشىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىستىلىستىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

21 - ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى — مائارىپ (ئۇيغۇرچە) (مەخسۇس ئەسەر)، ئەنۋەر ئوسمان، مائارىپ نازارىتىدىن.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: گۇڭ شىنشۇ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: يۇ يۈخېي، جاڭ چۈڭۋېن، سەي فۇچىڭ، شخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

تۈركىي تىللار دىۋانى (تەرجىمە ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭنىڭ نوپۇسى، بايلىقى، مۇھىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تاشپولات تېيىپ قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (گۇرۇپپا باشلىقى: ۋۇ مىنشېڭ) ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن.

شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ئىچكى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي كىرىم سەۋىيىسى ۋە قۇرۇلمىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل، (تېما)، تېما گۇرۇپپىسى (گۇرۇپپا باشلىقى، جاڭ لىدې) مالىيە نازارىتىدىن.

شىنجاڭ يىلنامىسى (2002 - يىللىق)، شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن.

كەلگۈسىدىكى شىنجاڭنىڭ ھالقىپ ئۆتىدىغان ئېگىزلىكنى قۇرۇپ چىقايلى (ماقالە)، جى سۇلىن، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىدىن.

يېقىنقى مەزگىلدىكى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەھلىل (ماقالە)، جاڭ لى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 3 ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى (ماقالە)، ئابان مەۋلىتقان (قازاق)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم تەتقىقات ئورنىدىن.

ھوقۇق چېرىكلىكىنىڭ ئىقتىسادىي نەزىرى ئۈستىدە ئويلىنىش (ماقالە)، جاڭ بو، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومىدىن.

ئېلىمىزنىڭ كۆچمە مۈلۈك رەنە تۈزۈمىدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كەمچىللىك ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا (ماقالە)، ۋاڭ لېي، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنچىلىق تەتقىقات ئورنىدىن.

«ئۈچ خىل كۈچ» كە زەربە بېرىش رايونىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى ئورتاق تاللاش (ماقالە)، جاڭ يۈندې، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

«جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى» سۆھبىتىدە شىنجاڭغا چېتىلىپ ئۆتكەن بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا (ماقالە)، چې چىڭشۈن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىن.

تراگېدىيىلىك كىشىلەر توغرىسىدا (ماقالە)، لىيۇجيۇ،

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن.

شىنجاڭدا مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلىرىنى قوشۇۋېتىشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى (ماقالە)، لى شاۋشيا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىن.

غەربنى ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ مالىيە، باج سىياسەتلىرىنىڭ يۈزلىنىشى (ماقالە)، شيې ياشۇ، شيې شۈەن، ليۇ جيەنگو، مالىيە نازارىتىدىن.

يېڭىۋاشتىن قۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش: سودا بانكىسى كەسپىي تىجارىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش (ماقالە)، شۆبە بانكا تېما گۇرۇپپىسى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى (ماقالە)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش داۋامىدىكى مىللىي سىياسەت ھەققىدە (ماقالە)، لى ۋېيچىڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن.

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (42 تۈر)

شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىي ئەمەلىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، ۋۇ يىدىڭ، ماۋ كېجېڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، لى زەيجياڭ، تاڭ يىگەي قاتارلىقلار، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى ئىقتىسادشۇناسلىق فاكۇلتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات بۆلۈمىدىن.

كىرىزىس ۋە يېڭىلىق يارىتىش (مەخسۇس ئەسەر)، ئىسلامجان شېرىپ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن.

پالنامە ئۈستىدە لوگىكىلىق ئىزاھات (مەخسۇس ئەسەر)، جاڭ لىبىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن.

بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ھازىرقى چېگرا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: شاۋ گاڭچېڭ، ئۇرۇمچى پىيادە ئەسكەرلەر ئىنىستىتۇتىدىن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت مەسىلىسىنىڭ 70 يىلى (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: ليۇ گۈەنجاڭ، گاۋ چاۋمىن، گو جېڭلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى، قانۇن ئىنىستىتۇتىدىن.

شىنجاڭ چاخار موڭغۇللىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى (مەخسۇس ئەسەر)؛ ج. ئۇچىربات (موڭغۇل)، تۇنا (موڭغۇل)، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

قازاق مەدەنىيىتى توغرىسىدا (مەخسۇس ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: جاقىپ مىرزاقان)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو (ئۇيغۇرچە) (تۈزۈلگەن ئەسەر)، يۇنۇس ئابلىز قاتارلىقلار، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىن.

ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى ئۈستىدە تەتقىقات — «ئۇستاز ئېركىن» ۋە «مانجۇشىرى شەرھلىگەن ئەڭ كۆپ تارقالغان ھەق نوم بېتىكى)» (تۈزۈلگەن ئەسەر)، دىلدار مەمتىمىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن.

پۇل قىممىتىگە ئىگە قەرەللىك مال سودىسى (تۈزۈلگەن ئەسەر)، خۇاڭ يىچاۋ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىن.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد سىستېمىسى ئۈستىدە تەھلىل (تەكشۈرۈش دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (رىياسەتچى: خې لۈنجى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن.

شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (مەسئۇل كىشى: پۇ چۈنلىڭ)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن.

شىنجاڭنىڭ سانائەت ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، ۋاڭ جىجيەن، شۇ خۇڭ، ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن.

غەربىي رايونلار كارخانىلىرىنىڭ مەدەنىيلىك سالاپىتىنى نامايەن قىلايلى (تەكشۈرۈش دوكلاتى) تېما گۇرۇپپىسى (قەلەمگە ئالغۇچى: جاڭ يۈندې)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

يېقىنقى زاماندىكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدىكى ئارخىپ تارىخىي ماتېرىياللار (تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى)، باش مۇھەررىر: شۇ شىنجياڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تۇڭ لۇ، لى يەن، ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسىدىن.

سەكرەپ ئىلگىرىلەش شەكلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ئەندىزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش يولى (ماقالە)، باۋ گوچۇەن، چېن جىنلياڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

بازاردا سېتىش نەزەرىيىسى تەرەققىياتىدىكى يېڭىلىق (ئۇيغۇرچە) (ماقالە)، قاسىمجان ئەخمىدى، شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى بازار فاكۇلتېتىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈستىدە ئويلانغانلىرىم (ماقالە)، ئابدۇرازاق تۆمۈر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

تەرتىپكە سېلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرايلى — يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ماقالە)، باش مۇھەررىر: يۈ شاۋمىڭ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن.

ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان تەسىرى (ئۇيغۇرچە) (ماقالە)، نىغمەت خوجا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن.

بىدئەت فالۇن گۇڭپىسىغا بېرىلىپ كېتىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك مەنبەسى (ماقالە)، ياۋ ۋېي، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىن.

ۋاستىچىلارنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا (ماقالە)، گاۋ جىڭۋېن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدىن.

كاسپىي دېڭىز نېفتى ۋە خەلقئارا سىياسەت (ماقالە)، ۋۇ فۇخۇەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى (ماقالە)، دۇ خەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىن.

گۇۋاھنامە كەچۈرۈم قىلىنغان ئىمتىيازلىق تۈزۈمنىڭ قانۇن ئاساسى ۋە قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم (ماقالە)، لى شىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن.

ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا پاكىت كۆرسىتىش ۋاقىت چەكلىمىسى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ قىممىتى ۋە ئۇ توغرىلىق ئويلىغانلىرىم (ماقالە)، جياڭ شىنخۇا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن.

تۈرمىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئۈستىدە ھۆكۈم — ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ۋە تۈرمە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى (ماقالە)، جۇ جىجيې، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن.

قازاقىستان: تىل مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىياتى (ماقالە)، ۋاڭ جىجۇەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن.

پۇقرا ئېڭى ۋە مىللىي دىنىي ئاڭ (ماقالە)، دىڭ شۇچېڭ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى سىياسەتشۇناسلىق كافېدراسىدىن.

يېڭى دەۋردىكى مىللىي دىنىي خىزمەتلەردە «بەش بىر» ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك (ماقالە)، دىلشات روزى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن.

يارغۇل مۇنارلىرى ۋە مىجياۋ دىنىنىڭ شەرققە ئېقىشى (ماقالە)، لۇەن رۇي، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن.

قالايمىقان دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئودال سۇلالىلەرنىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇشى (ماقالە)، جاۋ رۇڭجى، سانجى ئىنىستىتۇتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن.

خەنزۇچىدە «把» خەتلىك جۈملە ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەر ئۈستىدە سېمانتىكىلىق تەھلىل (ماقالە)، زۇ خۇڭمىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ئىنىستىتۇتىدىن.

يۈ گۇاڭجۇڭ نەسىرلىرىدىكى ئىستېتىك قوغلىشىش (ماقالە)، گو چېڭ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن.

پاتولوگىيىلىك تاۋۇش چىقىرىش ئۈستىدە تەھلىل — تۆز بايان جۈملىدىكى ئىنتوناتسىيە ئەندىزىسى (ماقالە)، لياڭ جيې، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنىستىتۇتىدىن.

تارىمنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە بايان (ماقالە)، ئابدۇكېرىم راخمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن.

شەكىل ئۆزگەرتىش دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋەزىپىسى توغرىسىدا ماكرو پىكىر (قازاقچە) (ماقالە)، شارىپقان ئابدال، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىن.

سانجى ئوبلاستىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش: مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى (ماقالە). ياڭ ۋېنمىن، چيەن شىنخۇڭ، فۇ لىڭجاڭ، سانجى ئىنىستىتۇتى قانۇن - ئىقتىساد فاكۇلتېتى، سانجى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ مەركىزىدىن.

ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، مەھەممەت سالىھ، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىدىن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىكى قىسقىچە تارىخى، جىڭ ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات بۆلۈمى، جىڭ ناھىيىلىك پارتكومدىن.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر تەۋرەش تەزكىرىسى»، يەر تەۋرەش تەزكىرىسى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر يەر

تەۋرەش ئىدارىسىدىن.

**ياشلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى مۇكاپاتى (11 تۈر)**

ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، رائىلە داۋۇت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى (مەخسۇس ئەسەر)، ئەنۋەر سەمەت، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

پەن - تېخنىكا ۋە ئادەم سۇبيېكتىنىڭ ئازاد بولۇشى (چاتما ماقالىلەر)، چېن يۈيخۇا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىدىن.

كېۋەزنى يوپۇق ئاستىدا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدا تەھلىل (ماقالە)، ۋاڭ شىچېڭ، پەن يىتو، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى مالىيە - سودا ئىنستىتۇتىدىن.

WTO غا كىرىش: شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم (قازاقچە) (ماقالە)، ئەدىلقان يېسقان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىن.

ERP دىن پايدىلىنىپ كارخانىنى ئىچكى جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتەيلى (ماقالە)، خەن لىنجى (شىبە)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ دەۋر قىممىتى (ماقالە)، لېي لىن، تاڭ ۋېنشىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

جىنايى ئىشلار بويىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنى ئېلىمىزدە بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا (ماقالە)، پېڭ چۈنلىيەن، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتىدىن.

«جاڭغىر» دىكى ئەسلى زاڭزۇچە سۆزلەر (موڭغۇلچە) (ماقالە)، گالدون، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن.

TEC ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم (ماقالە)، ۋۇ چىڭخېن، سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ - ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىدىن.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى (ماقالە)، مېڭ فەنلى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىن.

ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | باشقۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| قانۇننى يېزىلارغا يەتكۈزۈش | 1 | شىمالىي شىنجاڭ | جۇڭگو قانۇنچىلىق جەمئىيىتى، شىنجاڭ قانۇنچىلىق جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى | 7 كىشىلىك قانۇننى يېزىلارغا يەتكۈزۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ سانجى، مىچۈەن، تۇرپان، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 15 يېزا، بازىرىغا بېرىپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىپ ھوقۇقىنى قوغدىشىغا ئالاقىدار دېلولار ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن كىتابتىن 30 مىڭنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى |
| 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىن ئىلمىي جەمئىيەت كېڭەش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، 2003 - يىلى تاپشۇرۇپ ئالغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا دائىر مۇنەۋۋەر ماقالە، مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتلىرىنى مۇكاپاتلىدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى 2 ـ قېتىملىق كېڭەش ھەيئىتىنىڭ مەخسۇس نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىن ئىلمىي جەمئىيەت كېڭەش ھەيئىتىنىڭ 2003 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، ئىلمىي جەمئىيەت كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى تولۇقلىدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2003 ـ يىللىق 4 ئىلغار كوللېكتىپىنى ۋە 4 ـ قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش بويىچە 15 مۇنەۋۋەر ماقالىنىڭ ئاپتورىنى مۇكاپاتلىدى. نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى 18 ماقالىنى ئالماشتۇردى |
| شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيى ۋە 1 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، تارماقلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 100 نەچچە كىشى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي «شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. دائىمىي كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلاپ چىقتى |
| شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتى | قۇرۇلتايغا 97 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتاي 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى ماقۇللىدى، دائىمىي كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبىرى خادىملىرىنى سايلاپ چىقتى |
| 4 ـ نۆۋەتلىك ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2ـ قېتىملىق دائىمىي كېڭەش ھەيئىتى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2003 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىنى ۋە 2004 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئاڭلاپ ماقۇللىدى، شىخەنزە شەھەرلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزا ئورنى بولۇشىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، جاۋ شېڭلى قاتارلىق 38 كىشىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشىنى تەستىقلىدى؛ ئەزالىق بەدىلى ئېلىش ئۆلچىمىنى تەڭشەشنى ماقۇللىدى |
| شىنجاڭ پۇل ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالار پائالىيەت كۈنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پۇل ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي جەمئىيەت باش كاتىپلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈلدى، يىپەك يولى پۇل مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تاتار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاتار ئىلمىي جەمئىيىتى | تاتار مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئاساسىي گەۋدە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چۆرىدىلىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| «لاياقەتلىك كىچىك پۇقرا بولۇشنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى تېلېۋىزىيە نۇتقى مۇسابىقىسى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار بۆلۈمى | «لاياقەتلىك كىچىك پۇقرا بولۇشنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېما چۆرىدىلىپ نۇتۇق سۆزلەندى |
| شىنجاڭ كۆسەن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كۆسەن ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە رەھبەرلىك كوللېكتىپى تەركىبىدىكىلەر سايلاپ چىقىلدى، ئەزالار ۋەكىللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىم بولۇپ 100 نەچچە كىشى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. |
| ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شىنجاڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىدىكى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى | ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىلىرى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 100 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى |
| يەم - خەشەك خورۇچلىرى بويىچە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاشلىق كەسپىي جەمئىيىتى | يەم - خەشەككە دائىر كارخانىنىڭ 30 نەچچە ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا نۆۋەتتە يەم - خەشەك خورۇچلىرىنىڭ مىقدارى، بىخەتەرلىكى، ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| دىن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ دىن ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى | يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى دىن مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئالاقىدار كىشىلەر بولۇپ 80 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا «دىن ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى بىلەن تەرەققىياتى»، «دىننىڭ سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشى» قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى |
| جۇڭگو شېئىرىيىتى بويىچە قاپىيە ئىسلاھاتى مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا ئەزالاردىن 40 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا جۇڭخۇا يېڭى قاپىيىسىنىڭ مەنىسى، جۇڭخۇا يېڭى قاپىيىسى بىلەن ئۆز قاپىيىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى ھەم جۇڭخۇا يېڭى قاپىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئەھمىيىتى، نەزەرىيە ئاساسى ۋە قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكترون سانائىتى جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنى ۋە نەزەرىيە تەتقىقات يىغىنى | 6 | ۋۇجياچۇ | شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكترون سانائىتى جەمئىيىتى | شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكترون كەسپىدىكى 110 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 2003 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنىپ جەمئىيەتنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ باشقۇرۇشى ئۆلچەمگە يەتكەن كارخانىلار مۇكاپاتلاندى؛ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ماشىنىسازلىق سانائىتى بىرلەشمىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا يەنە ماشىنا - ئېلېكترون سانائىتى بوغالتىرلىقى ۋە مۇپەتتىشلىكىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە مۇنەۋۋەر ماقالە ئاپتورلىرى مۇكاپاتلاندى |
| شىنجاڭ مۇلازىمەت كەسپى بويىچە كارخانا مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى | يىغىنغا شىنجاڭ مۇلازىمەت كەسپى بويىچە كارخانىلارنىڭ 50 نەچچە ۋەكىلى قاتناشتى، يىغىندا شىنجاڭنىڭ كۆزنەك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا قانداق ماسلىشىش مەسىلىسى قاتارلىقلار مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تېما ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى | 6 | ئۈرۈمچى ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر | شىنجاڭ خام چوت بوغالتىرلىقى تەتقىقات جەمئىيىتى، مالىيە نازارىتى | تېما گۇرۇپپىسىدىكى 8 كىشى شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى بار ناھىيىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئاساس قىلىپ قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە بىر نۇسخا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يوللىدى |
| غەربتىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا غەربتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ 80 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىن دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى مەبلەغ سېلىش تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ خەنيا، جۇڭگو مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى سۇ ۋېنچۈەن قاتارلىقلارنى غەربنى ئېچىش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك پىكىرلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن 60 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئىلمىي جەمئىيەت كېڭەشىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەتلەردىن بەرگەن دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «جۇڭگو تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتى تيەنجىن يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كېڭەش ئەزالىرى ۋە دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاندى |
| پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە لېكسىيە ئوقۇش پائالىيىتى | 6 | بايىنغولىن ئوبلاستى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىدىن ئىبارەت ئومۇمىي پائالىيەتنىڭ بىر قىسمى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» مەسىلىسى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلىپ كورلا شەھىرى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسىدە 6 مەيدان لېكسىيە ئوقۇش يۈزىسىدىن دوكلات بەردى، ئاڭلىغۇچىلار 1600 كىشىدىن ئاشتى |
| جۇڭگو غەربىي رايون ئاشلىق، ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 6 | يۈنەن | غەربتىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق- ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزدى | يىغىنغا غەربتىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 100 دىن ئوشۇق ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىن 32 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر غەربتىكى مىللىي رايونلارنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمىسىنى قانات يايدۇردى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، مۇناسىپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يېزىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يېزىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىن 4 - نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەت كېڭىشىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە مالىيە دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقتى. يىغىن يېزىچىلىق نەزەرىيىسى، يېزىچىلىق ئوقۇتۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| «كىتاب كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو نەشرىيات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، شىنجاڭ نەشرىيات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى | يىغىن جۇڭگو نەشرىيات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان «كىتاب كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى» دىكى ماددىلارنىڭ مەزمۇنىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى |
| كارخانىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىستېراتېگىيىلىك نەزىرى ۋە قالتىس رەھبەرلىك ساپاسى» لېكسىيىسى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ MBA كارخانىچىلار جەمئىيىتى | بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گۇاڭخۇا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور ۋۇچاڭچى بىلەن دۆلەت سودا مىنىستىرلىكى خەلقئارا سودا بويىچە دۆلەت ھالقىغان شىركەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى خې ماۋچۈنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| نىزامنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش نازارىتى، شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىن «پارتىيە ئىچىدىكى نازارەت قىلىش نىزامى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى، روھىي ماھىيىتى ۋە «نىزام» نى قانداق ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى |
| شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ گېزىتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى گېزىتلىرى | شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ گېزىتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | 20 نەچچە ئالىي مەكتەپنىڭ 50 نەچچە تەشۋىقات كادىرى ۋە مەكتەپ گېزىتى تەھرىرى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلىدى، 1 - نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەت دائىمىي كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى؛ 20 مۇنەۋۋەر مەكتەپ گېزىتى خىزمەتچىسى بىلەن 10 ئىلمىي جەمئىيەت مۇنەۋۋەر خىزمەتچىسىنى مۇكاپاتلىدى، گېزىت چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى | يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە ماقالە ئاپتورلىرى بولۇپ 60 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىن 37 ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ۋە ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى كۆپ تەرەپ ۋە كۆپ قاتلاملار بويىچە جىق پاكىتلار ئارقىلىق ياد ئەتتى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئۇلۇغ يېتەكچى ئەھمىيىتى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى |
| پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى | 8 | شىخەنزە | شىنجاڭ پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى، بىڭتۈەن پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى | مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئەينى يىللىرى دېڭ شياۋپىڭنى كۈتۈۋېلىشقا قاتناشقانلار، بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىسى بارلار بولۇپ 40 نەچچە ئادەمنى سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى چوڭقۇر ياد ئەتتى |
| شىنجاڭ ئىچكى مۇپەتتىشلىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | شىنجاڭ ئىچكى مۇپەتتىشلىكى جەمئىيىتى | يىغىنغا جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ 100 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىن ئىچكى مۇپەتتىشلىكنىڭ سۈپەت جەھەتتىن كونترول قىلىنىشى، ئىچكى مۇپەتتىشلىكنىڭ كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدىكى رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| باج ئېلىش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو باج ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ باج ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا 16 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك باج ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ 60 نەچچە ۋەكىلى قاتناشتى، يىغىن باج ئېلىش ۋە باشقۇرۇشنى قانداق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى ھەمدە تەدبىر، تەكلىپلىرىنى بەردى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا ئەزالار ۋەكىللىرى ۋە مۇنەۋۋەر ماقالە ئاپتورلىرىدىن 90 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىن 184 ماقالە قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭدىن 87 ماقالە باھالاپ تاللاندى. يىغىندا 2003 - يىللىق ئىلمىي جەمئىيەت خىزمەتلىرى يەكۈنلىنىپ، 2004 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئىچكى قىسىمدا كونترول قىلىش، بوغالتىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى، بوغالتىرلىق كەسپىي ئەخلاق، بوغالتىرلارنىڭ ساداقىتى، بوغالتىرلىق ئەمەلىيىتى ۋە بوغالتىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 50 نەچچە كىشى قاتناشتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ فۇخۇەن نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت شارائىتىدىكى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا نۇقتىلىق پىكىر بايان قىلدى. ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت شارائىتىدىكى پۈتۈن يەر شارى بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى كېسىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى |
| ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 — 2004 - يىللىق ستاتىستىكا بويىچە پەن تەتقىقات تۈرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ باھالاش | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى | 20 مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىللىق ستاتىستىكا سىستېمىسىنىڭ 13 نۇقتىلىق تېمىسىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى ۋە بېكىتتى ھەمدە تەتقىقات تۈرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى |
| باھا نەزەرىيىسى كۇرسى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ باھا جەمئىيىتى | كۇرسقا ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرىدىن 42 كىشى قاتناشتى، كۇرسنىڭ مەزمۇنى ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ۋە باھا نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئالتۇن كۆز شېئىر جەمئىيىتى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شېئىر ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا شېئىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 45 ئەزاسى قاتناشتى، يىغىندا دېكلاماتسىيە قىلىنغان 67 شېئىردا پارتىيىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 55 يىلدىن بۇيانقى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ۋە چېگرا رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى مەدھىيىلىنىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات نامايەن قىلىندى، چىرىكلىكتەك يامان ئىللەتلەر قامچىلاندى |
| شىنجاڭنىڭ تارىخ مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى | يىغىنغا ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى بولۇپ 50 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىن شىنجاڭنىڭ تارىخ مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى |
| شىنجاڭ «دولان مەشرىپى، دولان مۇقامى» مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئاۋات ناھىيىسى | شىنجاڭ «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | يىغىنغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 80 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىن «دولان» دىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت مىراسىمىزنى قېزىش، رەتلەش ۋە ۋارىسلىق قىلىپ پايدىلىنىشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| شىنجاڭ كارخانىچىلىرىنىڭ ئەقلىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مۇنبىرى يىللىق يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى | يىغىنغا ھەر خىل كارخانىچى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ 300 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىن 2004 - يىللىق شىنجاڭ كارخانىچىلىرىنىڭ ئەقلىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مۇنبىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، 2004 - يىللىق شىنجاڭ كارخانا باشقۇرۇشىدىكى 10 چوڭ ئىشنى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە كارخانىچىلارنى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە باشقۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى | يىغىنغا ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ 50 نەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى پروفېسسور باۋ گوچۈەن بەرگەن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىنى ئىقتىسادشۇناسلىق ھەققىدە 2004 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور ئەنۋەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل تېخنىكىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەسىلىسى توغرىسىدا بەرگەن 2 دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ۋەكىللەر يەنە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى، شىنجاڭنى يېڭى تىپتا سانائەتلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى | يىغىنغا تۇرپانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىدىغان ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن 60 نەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەپ، 2005 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تۇرپانشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئالماشتۇرۇشنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش، تەتقىقات ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| شىنجاڭ خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق كېڭەش ھەيئىتى خىزمەت يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدىكى 40 نەپەر كېڭەش ئەزاسى قاتناشتى. يىغىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەپ، 2005 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تىل - يېزىق خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى |

فاڭ ۋېنجيې

# ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى

## «مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم بېرىش» ئىئانىسى

2004 - يىلى شىنجاڭ مېيىپلار پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى «مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم بېرىش» تۈرى بويىچە ھەر خىل ئىئانە خىزمىتىنى ئورۇندىدى. «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىئانە توپلاش تەشۋىقات ئۇچۇرىدىن 5 سان ئېلان قىلدى، 587 پارچە ئىئانە توپلاش مۇددىئانامىسى يوللىدى، ئىئانە قىلىنغان مەبلەغ 283 مىڭ يۈەن، ئىئانە قىلىنغان كومپيۇتېر 6، ھەر خىل كىتاب 2400 نەچچە، ئىئانە قىممىتى 100 مىڭ يۈەنلىك بالىلارغا خاس قوغۇشۇن ھەيدەش ئوكۇل دورىسى، شۇنىڭدەك 450 يۇرۇش تەنھەرىكەت كىيىمى، 860 پار ئاياغ كىيىم، 56 يوتقان - كۆرپە، 45 پاختىلىق كىيىم 77 رەسىم ئەسىرى بولدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئىئانە قىلغان مەبلەغ 80 مىڭ يۈەن ۋە قىممىتى 140 مىڭ يۈەنلىك دانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان 50 تىڭشىغۇچ، جۇڭگو خەيرى ئېھسان باش جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان قىممىتى 330 مىڭ يۈەنلىك تىببىي داۋالاش ئەسۋاب ئۈسكۈنىسىنى قوبۇل قىلدى. بىر يىلدا 364 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە توپلىدى. ئىئانە قىلىنغان ھەر خىل بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 750 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، يېڭى - كونا كىيىم - كېچەك 30 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 23 مىڭدىن كۆپرەك مېيىپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قۇتقۇزۇش ياردىمىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى يۆلەش، ھوقۇقنى قوغداش ھەرىكىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2004 - يىلى مېيىپلارنى يۆلەش، ھوقۇقنى قوغداش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات مېيىپنى قانۇن مۇلازىمىتىگە ۋە قانۇن ياردىمىگە ئىگە قىلدى. بىر يىلدا مېيىپلارنى 300 نەچچە قېتىم قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىن ئەتتى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ بەيفېڭ ئادۋوكاتلار ئورنى بىلەن قانۇن ياردىمى كېلىشىمى ئىمزالاپ، مۇلازىمەت قىلىشقا ۋەزىپىسى ئاستى. توسالغۇسىز مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىش مۇھىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» ۋە چوڭ ھېيت - بايرام مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرى 16 مىڭدىن ئوشۇق نامرات مېيىپلار ئائىلىسىگە يوقلاپ بېرىپ، ھەر خىل ھال سوراش بۇيۇمى ۋە ھال سوراش پۇلى تارقاتتى. ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 729 مىڭ 400 يۈەن بولدى.

ۋاڭ گوساڭ

## ماخاۋ كېسىلى تۈپەيلىدىن غەلىتە ئۆزگىرىپ مايماق - سايماق بولۇپ قالغانلارنى ئوڭشاش

2004 - يىلى جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى بىلەن سەھىيە مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ماخاۋ كېسىلى تۈپەيلىدىن غەلىتە ئۆزگىرىپ مايماق - سايماق بولۇپ قالغانلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش تۈرى بويىچە 7 مۇتەخەسسىس ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇخبىرلىرىدىن تەركىب تاپقان داۋالاش ئەترىتى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قاراقاش، لوپ، كېرىيە ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ماخاۋ كېسىلى تۈپەيلىدىن مايماق- سايماق بولۇپ قالغان 188 بىمارنى سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە ئوپېراتسىيە قىلدى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ماخاۋ كېسىلى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ مايماق - سايماق بولۇپ قالغان بىمارلارنىڭ تۇرمۇش، ئولتۇراق مۇھىتى ۋە داۋالىنىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

ۋاڭ گوساڭ

## گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ئاساسىي قاتلامدا ھازىر بار بولغان گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 8 قېتىمدا 15 ئادەمنى ئەۋەتىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، گاس بالىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى، تىل جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارى تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتىنى ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتى. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە گاس بالىلارنى

تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئورنى (سىنىپ، نۇقتا) دىن 13ى بولۇپ، 170 گاس بالا تىل مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىر قارار گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى، 18 گاس بالىلارنى تىل جەھەتتىن تەربىيىلەش ئوقۇتقۇچىسى ۋە 120 گاس بالىنىڭ ئائىلە باشلىقى ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ۋە سۆزلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشتى. بىر يىلدا كۇرسنى پۈتتۈرگەن 6 بالىنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى بالىلار باغچىسى ۋە ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ سىنىپتىكىلەر بىلەن بىللە ئوقۇماقتا. سۇنئىي قۇلاق قۇلۇلىسى بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى، 4 گاس بالا سۇنئىي قۇلاق قۇلۇلىسى بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقىگە قاتناشتى. 240 دانە ئاڭلاتقۇچ تەقدىم قىلىندى، 112 قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 150 نەچچە گاس بالىنىڭ ئائىلە باشلىقى تەربىيىلەندى.

ۋاڭ گوساڭ

## روھىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 3 مىليون ئاھالىنى قاپلىغان ئۈرۈمچى، شىخەنزە، غۇلجا، كورلا شەھەرلىرى ۋە يەكەن ناھىيىسىدە روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى «ئىجتىمائىيلاشقان، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولغان، ئاشكارە ھالدا» داۋاملىق يولغا قويۇپ، خىزمەت سىستېمىسىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ياخشىلىدى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مەخسۇس تۈردىكى لاتارىيە جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن نامرات روھىي كېسەل بىمارلىرىنىڭ داۋالىنىشقا قۇتقۇزۇش ياردىمى بېرىش تۈرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەكەن ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى 200 روھىي كېسەل بىمارىنىڭ ھەر بىرىنى يىلىغا قىممىتى 360 يۈەنلىك دورا بىلەن تەمىن ئەتتى، 3000 نەچچە ئېغىر روھىي كېسەل بىمارىنى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

ۋاڭ گوساڭ

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش

2004 - يىلى جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى شىنجاڭدىكى نامرات مېيىپلاردىن 800 ئائىلىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەقسىم قىلىپ بەرگەندى، بۇنىڭدىن ساۋەن، توقسۇزتارا، يەنجى، ئونسۇ، ئۆچتۇرپان، ئۇلۇغچات، پوسكام، لوپ ناھىيىلىرى ۋە سانجى شەھىرىدىن ئىبارەت 9 ناھىيە، شەھەر 1 - تۈركۈمدە خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش تۈرىنى يولغا قويۇدىغان ناھىيە، شەھەر قىلىپ بەلگىلەندى ۋە ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن يۇرۇشلەشكەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈ-رۈلدى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 9 ناھىيە، شەھەر بىلەن خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى. يىل ئاخىرىغىچە 9 ناھىيە، شەھەردىكى 800 ئائىلىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندالدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 25 مىڭ مېيىپ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى، بۇ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئادەمنىڭ %6.5 ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەزى جايلار يېزىلاردىكى ئەمگەك ئىقتىدارى يوق مېيىپلارنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلدى. يېزا، قىشلاقلاردا مېيىپلارغا نىسبەتەن دېھقانچىلىق بېجى، تۇياق بېجى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشقا ئوخشاش سىياسەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان سومما 5 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى يۆلەش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش

2004 - يىلى لاتارىيە جامائەت پاراۋانلىق فوندى ئوقۇشقا ياردەم بېرىش تۈرى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل، دۆلەت شىنجاڭغا مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا مەبلەغ ياردەم بېرىشكە 900 سان تەقسىم قىلىپ بەرگەندى، شىنجاڭ ئەمەلىيەتتە 960 ئوقۇغۇچىغا مەبلەغ ياردەم بەردى. نامرات مېيىپلارنى يۆلەش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش تۈرى 202 بولۇپ، جەمئىي 1162 نامرات، مېيىپ ئوقۇغۇچىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا مەبلەغ بىلەن ياردەم بەردى. ئوقۇشقا ياردەم بېرىش تۈرى بويىچە 4 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇردى، 20 نامرات ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىغا، 32 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا، 36 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا پۇل ياردەم قىلدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشىراق ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى 13 ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومىلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىمتىھان بەرگۈچى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 2004- يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان مېيىپ ئوقۇغۇچى 158، ئىمتىھان نومۇر چېكىگە

يەتكەن ئوقۇغۇچى 136، قوبۇل قىلىنغان مېيىپ ئوقۇغۇچى 117 بولدى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلار لازىمەتلىكلىرى ۋە قورال - سايمانلىرى مۇلازىمىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى لازىمەتلىك ۋە قورال - سايمان بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك لازىمەتلىك ۋە قورال - سايمان بىلەن تەمىنلەش پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى، ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق 8 ناھىيە، بىر شەھەردىكى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بىمارلارنى كۆرۈشكە ياردەم بېرىدىغان 14 خىل سايمان بىلەن تەمىنلىدى، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز 286 بالا، ياش ۋە ئۆسمۈرگە ۋە بىر قىسىم كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز قورامىغا يەتكەن بىمارغا تەكشۈرۈپ كۆز ئەينەك سەپلەپ بەردى. كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز 300 نەچچە بىمارغا سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە يېتەكچىلىك قىلدى. كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بالا ۋە ئاتا - ئانىلار كۇرسى ئېچىپ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بىمار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولۇپ 550 كىشىنى تەربىيىلىدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نۇقتىلىق ئورنى قۇردى. سۈنئىي پۇت - قول سەپلىگۈچى تېخنىك خادىملار 87 ناھىيە، شەھەر، رايونغا بېرىپ، سۈنئىي پۇت-قول سالغان 1000 دىن ئوشۇق مېيىپنى تەكشۈرۈپ، 365 قېلىپ ئۆلگىسىنى ئېلىپ، 365 سۈنئىي پۇت - قول ياساپ سەپلەپ بېرىپ، يىللىق پىلان ۋەزىپىسىنى %18 ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «چاڭجياڭ» ماركىلىق ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى يوتا 100، پاچاق 240، سودا خاراكتېرلىك سۈنئىي پۇت - قول 25. مېيىپلار لازىمەتلىكلىرى، قورال - سايمانلىرىدىن 6100نى پۈتتۈردى، تەمىنلىگەن تۈر 90 خىلدىن ئاشتى، پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە سەپلەپ تارقىتىلغان مېيىپلار لازىمەتلىكلىرى، قورال - سايمانلىرىدىن 888نى ئورۇندىدى. تارباغاتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە 2 سۈنئىي پۇت - قول سەپلەش پونكىتى، تۇرپان ۋىلايىتى، توققۇزتارا، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىدە 3 ئاساسىي قاتلام لازىمەتلىكلەر، قورال- سايمانلار مۇلازىمەت پونكىتى قۇردى. ئاڭلاش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرىغان 540 بىمارغا سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلىملىرى بويىچە مەسلىھەت بەردى، 250 ئادەمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئۆلچەپ بەردى، ئاڭلاش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرىغان بىمارلارغا تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ 102 ئاڭلاتقۇچ سەپلەپ بەردى، ئىجتىمائىيلاشقان 10 مەھەللىگە مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە مەشىق ئەسۋابى تارقىتىپ بەردى.

ۋاڭ گوساڭ

# ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى

## ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتتى، دىنىي ساھەدىكى 24 ياشنى تەشكىللەپ ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلارغا قارىتىلغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىكىرىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا تەشەببۇسنامە تارقاتتى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» دىن 500 نۇسخىدىن ئوشۇقراق يېزىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىپ بەردى. 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو بويىچە 10 مەشھۇر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان جوجۇنپېڭنىڭ ئىش - ئىزلىرى بويىچە 4 مەيدان دوكلات يىغىنى ئاچتى، 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە 10 مەشھۇر ياشنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ، كارخانىلارغا بېرىپ 6 مەيدان سەييارە نۇتۇق سۆزلەپ، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئىچىدە ئىلغارلارنى ئىززەتلەش، مەشھۇرلارنى قوغلىشىش دولقۇنى قوزغىدى.

لى جياڭفېڭ

## ش ئۇ ئا ر 7 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى، ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ۋە فاڭجېننى مۇزاكىرە قىلىپ

بېكىتتى، 7 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى، رەئىسلىرىنى ۋە مۇئاۋىن رەئىسىنى سايلاپ چىقتى. ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، ئابدۇرېھىم هامىد قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇرسۇنجان ئېلى «يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىن تۇرسۇنجان ئېلىنى 7 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 53 ئادەم (قېتىم) نى ياپونىيە، كورىيە، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە پاكىستاننىڭ ئاز سانلىق مىللەت، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت ۋە ياشلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 100 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 14 — 18 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ياپونىيىنىڭ شىمالدىكى زېمىن مەسىلىسى تاقابىل تۇرۇش كېڭىشىنىڭ باشلىقى جىڭشاڭ دافۇ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ياپونىيە ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 30 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى.

لى جياڭفېڭ

# ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

## ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، ئابدۇرېھىم هامىد قاتارلىقلار قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قۇرۇلتايغا تەبرىك سۆزى ئەۋەتتى. ساۋاقداش ئابدۇۋەلى ئابلىز ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قۇرۇلتايغا «ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشلىق ئەقىل - پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلايلى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغ سەپەردە ياشلىق باھارىمىزنىڭ سەھىپىسىنى يېزىپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتاي ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە فاڭجېنىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى، رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى ئابلىز ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

لى جياڭفېڭ

## «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە ساپانى كېڭەيتىش پىلانى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى يېڭى ياشلار توردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يار - يۆلەكتە بولۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئاساسىي تېما قىلغان ئالىي مەكتەپ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مۇنبىرىنى يولغا قويدى. 7-ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىللىق ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيىدىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 500 نەچچە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت مۇلازىمەت ئۆمىكى ۋە ئەترىتىنى قۇردى، ئاز كەم 10 مىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت

پائالىيىتىگە قاتناشتى. سەممىي جەمئىيەت قۇرۇش، «ساختا «گۇۋاھنامە» بازىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش، ھەقىقىي ئۆزىنى ئاشكارا قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەكتەپ ھويلىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇنازىرىلىشىش مۇسابىقىسى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت بايرىمى، مەكتەپ ھويلىسى ناخشىچىلىرى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ، «525» مەملىكەتلىك ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ساغلاملىق تەربىيە كۈنى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقاتتى، «شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ لى گولىن، روشەنگۈل خېلىل، گۈيۇدىن ئىبارەت 3 ئوقۇغۇچىسى تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

# ش ئۇ ئا ر چەت ئەل دوستلۇق بىرلەشمە جەمئىيىتى

## شىنجاڭ چەت ئەل دوستلۇق بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى

2004 ـ يىلى بۇ جەمئىيەت تۈرلۈك يوللاردىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىدىكى چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 4 دۆلەت، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار تەشكىلاتلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تەسىرگە ئىگە بىر تۈركۈم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلاشتى.

3 ـ ئايدا جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما چاڭفا ئۈرۈمچىدە قىرغىزىستاندىن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بەي شى بىلەن كۆرۈشتى.

6 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ «جۇڭگونىڭ تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى»نىڭ مارالبېشى چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى «يېزى» ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپىگە 10 كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بۇيۇملىرىنى ھەدىيە قىلىشقا ياردەملەشتى.

9 ـ ئايدا ماچاڭفا ئۈرۈمچىدە قىرغىزىستان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بەي شى ۋە قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شى زوسەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

زىننەتگۈل

# خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ش ئۇ ئا ر ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

## خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى ۋە ئۇلارنى قۇتلۇقلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان خادىملىرى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ مەھەللە باشقارمىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، قېرى ـ ئاجىز، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق، تۇرمۇشتا خېلى قىيىنچىلىقى بار ليۇ گۈيىڭ موماي بىلەن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتى ئورناتتى، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرىنى يوقلىدى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم

بېرىش ئوبيېكتى قىلدى.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشما) 3- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش؛ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەشنى سايلاپ چىقىش؛ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى بولۇپ 170 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆسنخەت، سۈرەت ۋە رەسىملەر 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆرگەزمە قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىنى ئېچىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىننىڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ساۋاقداشلارنى ج ك پ 16- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى قۇتلۇقلىدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر مىللەت ساۋاقداشلار گوۋۇيۇەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسىنىڭ تەيۋەن رايونىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ «10 - ئۆكتەبىر» مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزى توغرىلىق مۇلاھىزىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ چېن شۈيبيەننىڭ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» توغرىلىق قىلغان گەپلىرىگە قاتتىق رەددىيە بەردى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىشكەك شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدىكى ساۋاقدىشى خو جېنجىننى كۈتۈۋالدى.

جاڭ لىنپېڭ

# ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى

## قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە جەمئىيەت قۇرۇش، قانۇن بويىچە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ قوتقۇزۇش قۇرۇلۇشى،

ھاياتلىق قۇرۇلۇشى ۋە مېھرى - شەپقەت قۇرۇلۇشىنى ياراتتى. بىر يىلدا 1 مىليون 760 مىڭ يۈەنلىك قۇتقۇزۇش ئەشياسى تارقاتتى، قۇتقۇزۇش يولىدا ياردەم بەرگەنلەر 290 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى قىزىل كرېست شەپقىتىنى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى باشلاپ، بىڭتۇەننىڭ 102 تۇەن - مەيدانىغا 210 مىڭ يۈەنلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەشياسى ئىئانە قىلدى. 2- ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. 5 - ئايدا جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە «قوش ئىلغارلار»نى مۇكاپاتلاش يىغىنى ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنىنى ئاچتى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم قىزىل كرېست جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى 3 بولدى. 10 - ئايدا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى. 11 - ئايدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئورگىنىنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكى كادىرلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە سەپلەندى. 12 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى 1 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋانلاشتۇرۇلدى، 52 ناھىيە دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاپپاراتى مۇستەقىل قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلى 1500 دىن، قورامىغا يەتكەن ئەزاسى 360 مىڭدىن، ياش ۋە ئۆسمۈر ئەزاسى 70 مىڭدىن ئاشتى.

2004 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىكى لى يۇن ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلەندى.

نىڭ يىڭسو

## قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ لىجوڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

قۇرۇلتاي «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەققىدىكى قارارى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 2005 — 2009 - يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ پروگراممىسى توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 1994 — 2004 - يىللىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن قۇتقۇزۇش - مالىيە دوكلاتى، ھەققىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەشنى، 117 كېڭەش ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. 3 - نۆۋەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 1 - قېتىملىق كېڭىشى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنى جەمئىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىنى، دۇ چىنرۇي، جاڭ گۈيتىڭنى جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى؛ 18 دائىمىي كېڭەش ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان دائىمىي كېڭەشنى سايلاپ چىقتى؛ كۈرەش مەخسۇتنى جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى. كېڭەش يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەركىبى توغرىسىدىكى قارار» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى كېڭەشنىڭ كېڭەشش ۋەزىپىسى»نى ماقۇللىدى.

نىڭ يىڭسو

## مەبلەغ توپلاش ۋە تەشۋىقات

2004 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى «100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش»نى ئاساسىي تېما قىلىپ ھەر خىل خاتىرىلەش، تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇنيا قىزىل كرېست كۈنى، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مەخسۇس بېتىدە جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى، 1000 دانە خاتىرە پوچتا دەپتىرى، 5000 دانە خاتىرە كونۋېرت ياساتتى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، كادىرلار نازارىتى

بىلەن بىرلىكتە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇ رۇيلىنىڭ ئىلان ژۇرنىلى «مەنزىرە ئۇيۇقى» دا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات ستونىنى ئاچتى. قىزىل كرېست جەمئىيىتى باشقۇرغان 13 قارار ھەر خىل كەسپىي كۇرستا قىزىل كرېست ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى تارقىتىشتا چىڭ تۇردى، 2000 نەچچە كىشى كۇرستا ئوقۇدى. جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇننى تارقىتىشنى باھالاپ تەقدىرلەش يىغىنىدا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قىزىل كرېست قانۇن - نىزاملىرى» كىتابچىسىدىن 2000 نى تارقاتتى. 3 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە جۇڭگوغا قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۆجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرى شىنجاڭ شۆبە ئامبىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى چۈشۈرۈپ بەردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىن جۇڭگو قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۆجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرى شىنجاڭ شۆبە ئامبىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئىئانە قىلىپ يىغىلغان مەبلەغ 580 مىڭ يۈەن بولدى. 9 - ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جۇڭشەن شەھىرى «مۇكەممەل» كۈندىلىك بۇيۇملار چەكلىك شىركىتى جۇڭگو قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۆجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرى ئۈچۈن مېھرى - شەپقەت يۈزىسىدىن ئىئانە قىلغان 100 مىڭ يۈەننى ۋە ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلغان 250 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئوزۇقلۇق ساغلاملىق بۇيۇمىنى قوبۇل قىلدى.

بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسىنىڭ قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۆجەيرە ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن توپلىغان مەخسۇس تۈردىكى ئىئانە مەبلىغى 1 مىليون 134 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

نىڭ يىڭسو

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش

2004 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى 102 - تۇەن - مەيدانىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىدا يار ئېلىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 210 مىڭ يۈەنلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش دورا - دەرمىكى، كىيىم - كېچەك، چېدىر چىقىرىپ دېھقانلارنى قۇتقۇزدى. 7 - ئايدا تۇرپان شەھىرىدە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە 20 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە 80 مىڭ يۈەنلىك دورا - دەرمەك، كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى؛ قابا ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە 240 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە 100 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى ياردەم قىلدى. بىر يىلدا ئالتاي، تۇرپان ۋىلايەتلىرى قاتارلىق ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا 260 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 740 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى قۇتقۇزۇش ئەشياسى ياردەم قىلدى.

نىڭ يىڭسو

## ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوندىكى 13 تارماق بىلەن بىرلىشىپ «قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كەڭ تۈردە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتتى. قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئۈرۈمچى، سانجى، كۇچا، خوتەندە 4 قارار لاتارىيە جامائەت پاراۋانلىقى فوندى بىلەن ساقلىق ساقلاش، قۇتقۇزۇش ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 141 كىشىنى تەربىيىلىدى.

نىڭ يىڭسو

## مەھەللە مۇلازىمىتى

2004 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى قىزىل كرېست مېھرىبانلىقىنى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى داۋامىدا قىيىنچىلىقى بار 3750 ئائىلىدىن ھال سورىدى، ھال سوراش بۇيۇمىنىڭ قىممىتى 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى سانجى شەھىرى جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى مەھەللە مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە شەھەر قىلىپ باھالاندى.

نىڭ يىڭسو

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئەھۋالى

2004 - يىل 4 - ئايدا ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەيدىز كېسىلى تېخنىكا مەسلىھەتچىسىنى دائىم شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىدە تۇرۇپ شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىز كېسىلى - جىنسىي كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەسلىھەت بېرىش - تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تورىنى قانات

يايدۇرۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئەيدىز كېسىلى خىزمىتىنى باشقۇرۇش بويىچە بىر قارار كۇرس ئاچتى. 5 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى كانادا فوند جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مىچۇەن شەھىرىنىڭ يېزىلىرىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەمراھ تەلىم - تەربىيە تۈرىنى قانات يايدۇردى. 6 - ئايدا «شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىز كېسىلى خىزمىتى بويىچە 3 يىللىق ئىستراتېگىيىلىك پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى ۋە خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە 3 خىل يېزىقتا بېسىپ تارقاتتى. ئالدىنى ئېلىش ۋە كۆيۈنۈش بويىچە 100 قارار كۇرس ئېچىپ، 1798 كىشىنى تەربىيىلىدى. يوقتۇرۇۋالغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ، ئۇلارنى ئائىلىدە كۆتۈش، ئۆزىنى ئۆزى كۆتۈش، زەھەرنىڭ زىيىنىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئالاقىدار ساۋات ۋە ماھارەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئەيدىز كېسىلى كۈنىدىن ئىلگىرى «قىزىل كرېست جەمئىيىتى ھەرىكەتتە» ناملىق مەخسۇس فىلىمنى ئىشلىدى ۋە شىنجاڭ سۇنئىي ھەمراھ قانىلىدا تارقاتتى.

نىڭ يىڭسو

## ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقى

2004 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەكلىپكە بىنائەن ئاۋستىرالىيىنىڭ موربېن شەھىرىدە ئېچىلغان 15 - نۆۋەتلىك زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ زىيىنىنى تۆۋەنلىتىش خەلقئارا يىغىنىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى. 9 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابدۇللا جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە گېرمانىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتى، سېرۋىيە ۋە قاراتاغ قىزىل كرېست جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. 2004- يىل 10- ئاينىڭ 25- كۈنى قىرغىزىستان قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىبەيىموۋاخانىم بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى ئۇسموۋ قاتارلىق 3 كىشى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولۇپ، ئاپەتكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش - ھەمكارلىق، تەرەققىيات بويىچە ئالماشتۇرۇشنى تەشكىللەش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىقتا ئوخشاش مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز ئارا زىيارەتتە بولۇش مۇددىئاسىدا كېلىشتى.

12 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن شياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ھەمكارلاشقان «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاممىنىڭ ئاپەتنىڭ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئاپەتكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش تۈرى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلاردىكى قايتا قۇرۇپ چىقىش تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. كانادا قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن 2 - قارارلىق كىچىك تۈر ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

نىڭ يىڭسو

## جۇڭگو قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۇجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرى شىنجاڭ شۆبە ئامبىرى قۇرۇلدى

2004 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۇجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرى دۆلەت باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرۈشى ئارقىلىق شىنجاڭ شۆبە ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. 8 - ئايدا شىنجاڭ شۆبە ئامبىرى جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە 2004- يىللىق مېھرى - شەپقەت قان تەقدىم قىلىش ئېيى ۋە قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۇجەيرە تەقدىم قىلىش ساۋاتلىرىدىن مۇكاپاتلىق سوئال - جاۋاب ۋە قان تېپلىرىنى توپلاش بويىچە تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

2004 - يىلى 528 نۇسخا قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۇجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتى جۇڭگو قان ئىشلەپچىقارغۇچى قۇرۇق ھۇجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار ماتېرىيال ئامبىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يوللاندى.

نىڭ يىڭسو

# ئاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## تاشقى ئىشلار

### قىرغىزىستان نارىن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قىرغىزىستان نارىن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى سالىنجىكوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنىگىچە خۇالىڭ گۇرۇھى ئورۇمچىدە ئۆتكۈزگەن «يېشىل تۇرمۇش بوشلۇقىنى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىش، مۇھىتنى ئاسرايدىغان، ساغلاملىققا پايدىلىق، ئېنېرگىيىنى تېجەيدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىش» ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### تاجىكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تاجىكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى نازالوپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 — 13 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى كاتىبات باشقارمىسى قۇرۇلۇش مۇراسىمى ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ غەيرىي رەسمىي يىغىنىغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئابدىلكىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 — 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى چەت ئەلنى زىيارەت قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ ئامېرىكا، برازىلىيىنى زىيارەت قىلدى.

گو شيۇجۇ

### گوللاندىيە پادىشاھلىقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن گوللاندىيە پادىشاھلىقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق باش ئەلچىسى بېدەنكىلىرىك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 — 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دوكتور ھايمىندا ۋە نايتېفىم شىركىتىنىڭ لىدىرى بولۇپ 8 كىشى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 — 29 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ نايتېفىم جاڭخېڭ شىركىتىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### ئافغانىستان مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئافغانىستان مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر مىنىستىرلىكىنىڭ

مىنىستىرى سەئىد مەيھادوم ھاشىم ئۈمەك باشچىلىقىدىكى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ئۈمىكىدىكى 4 كىشى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، شىئەن ۋە ئۈرۈمچىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. ئۈرۈمچى شەھرىنى زىيارەت قىلغاندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئافغانىستان بۈيۈك جىرگى مەجلىسىنىڭ رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئافغانىستان بۈيۈك جىرگى مەجلىسىنىڭ رەئىسى مۇگادىدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 4- ئاينىڭ 4 — 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ


## قازاقىستان مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بېكتۇرغانوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 — 11 - كۈنىگىچە دۆلەتىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - قازاقىستان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەندە شىنجاڭدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## روسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ سىبىرىيە فېدېراتسىيە رايونىدا تۇرۇشلۇق 1 - مۇئاۋىن ۋەكىلى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

روسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ سىبىرىيە فېدېراتسىيە رايونىدا تۇرۇشلۇق 1 - مۇئاۋىن ۋەكىلى پروسكىياكوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ شىنجاڭ بىلەن سىبىرىيىنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئافغانىستان مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سەئىد مەيھادوم ھاشىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. سۈرەتنى تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ۋاڭ لېچۈەن چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2004- يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ روسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە مالتادا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

گو شيۇجۇ

## گرۇزىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى جاۋشىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگونى رەسمىي زىيارەت قىلىش ھەمدە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت نىڭ 60 - نۆۋەتلىك ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىشلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن گرۇزىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى زۇرابىشۋىلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 — 29 - كۈنلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھاشىم 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈندىن

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، كورلا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### قىرغىزىستان دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھىنىڭ لىدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قىرغىزىستان دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ئايجىكىيۋا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 — 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋۇ دۇنفۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### كەررېفورنىڭ لىدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

فرانسىيە «كەررېفور» گۇرۇھىنىڭ لىدىرى بەي ئېرنا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 10 كىشى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### قازاقىستان زۇڭتۇڭى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگونى زىيارەت قىلىۋاتقان قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەر بايېف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 45 كىشى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭدىكى پائالىيەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ بىر كۈن زىيارەتتە بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ئۇلارغا ھەمراھ بولدى.

گو شيۈجۈ

### قىرغىزىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قىرغىزىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مالىيوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋە 25 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى بىلەن قىرغىزىستان جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىش، ھەمكارلىشىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

جاڭ خۇڭۋېي

### فرانسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

فرانسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لەن فېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ گاڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### ئۆزبېكىستان رادىئو - تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئۆزبېكىستان رادىئو - تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ رەئىسى كوچىموف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋۇ دۇنفۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### تۈركىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن تۈركىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى دوغۇ پېرىنچېك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 — 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، ئىلى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۈجۈ

### جاڭ جۇ چەت ئەلنى زىيارەت قىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 — 25 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 29 كىشىنى باشلاپ روسىيە سىبىرىيە فېدېراتسىيە رايونىنى زىيارەت قىلدى، روسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ سىبىرىيە فېدېراتسىيە رايونىدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دراچېۋسكى، بىرىنچى

مۇئاۋىن ۋەكىلى پروسدياكوف، يېڭى سىبىرىيە شتاتىنىڭ باشلىقى توروكانىسكى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبىسى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى دوبرىستوۋ بىلەن ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

گو شيۆجۇ

## ئافغانىستاننىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ئافغانىستاننىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ئابدۇل رەھىم كەرىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 — 22 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۆجۇ

## قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى مەريەم ئاقايېۋا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2004ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 — 29 ـ كۈنگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. مەريەم ئاقايېۋا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى پەخرىي پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلدى.

گو شيۆجۇ

## ۋېيتنام دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ۋېيتنام دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ شۋاڭشەن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

جانار ئورمانبېك

## قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاكېنوۋ 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 — 9 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئاساسلىقى ئالمۇتا ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئىشىنى كېڭەشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۆجۇ

## پاكىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

پاكىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى سومرو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 21 كىشى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 — 26 ـ كۈنگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۆجۇ

## قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو شىنجاڭ ـ قازاقىستان ئالمۇتا قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىقى مەركىزىنى قۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. سۈرەتتە: ئىمزا قويۇش مۇراسىمى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار ـ مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى كولماخانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كەربوزانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ ئالاتاۋ پورتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى تېد. ستېۋېنس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 24 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## قىرغىزىستاننىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنىگىچە قىرغىزىستاننىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭلىسى جومالىيوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو غەربىي قىسىم (شىنجاڭ خۇالىڭ) خەلقئارا بېزەكچىلىك يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئاۋستىرىيە مائارىپ - ئىلىم - پەن - مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ئاۋستىرىيە مائارىپ - ئىلىم - پەن- مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى گېل خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 — 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ليۇ يى چەت ئەلنى زىيارەت قىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 — 20 - كۈنىگىچە 11 كىشىلىك ئۆمەكنى باشلاپ قازاقىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق جۇڭگو - روسىيە، قازاقىستان - موڭغۇلىيە ئالتاي رايونى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

گو شيۇجۇ

## ئەنگلىيە LNM پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەنگلىيە LNM پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لاكشىن مىتتىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## قىرغىزىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى سومرووۋنىڭ رەپىقىسى زىيارەتكە كەلدى

قىرغىزىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى سومرووۋنىڭ رەپىقىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20- كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىدە زىيارەتتە بولدى ھەمدە شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ مەھەللە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ قىزلار كەسپىي مەكتىپى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات - تەربىيە مەركىزى قاتارلىق ئاياللار، بالىلار تەربىيە بازىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ليۇ ۋېنجۈن

## ئىتالىيە پالامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ئىتالىيە پالامېنتى «جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى، ئىتالىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى لوترۇگوبوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 13 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 21- كۈندىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گوتانبو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى تەكلىپكە بىنائەن 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە غەربىي قىسىم رەڭلىك مېتال تەرەققىيات مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لى جاۋشىڭ چەتكە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭدىن ئۆتتى

دېڭىز قولتۇقى رايونىغا زىيارەتكە ماڭغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لى جاۋشىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭدا توختاپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئۆزبېكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئۆزبېكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نوشىرون يۇسۇپوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ب د ت تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ب د ت تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ماخېلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ياپونىيە «مىتسۇبىشى» سودا مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياپونىيە «مىتسۇبىشى» سودا (جۇڭگو) مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى كاتسۇ توشى تاكېدا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، قېزىلما بايلىقلار ھەمكارلىقى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## روسىيە فېدېراتسىيىسى زۇڭتۇڭىنىڭ سىبىرىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن روسىيە فېدېراتسىيىسى زۇڭتۇڭىنىڭ سىبىرىيىدە تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دراچېۋسكى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 51 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## فىلىپپىننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

فىلىپپىننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كوراسون ئاكىنو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 10 كىشى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كاربىۋرانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېفنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشىغا تەييارلىق كۆردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## قازاقىستان زۇڭتۇڭى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېف 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 — 25 ـ كۈنلىرى غۇلجا شەھىرى، قورغاس

پورتنى كۆزدىن كەچۈردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

گو شيۇجۇ

## ئاۋستراليىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋستراليىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تاۋ ماۋسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە تۇرپان، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەن گاۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004- يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

جاڭ خۇڭۋېي

## ئەرمىنىيىنىڭ زۇڭتۇڭى ئۈرۈمچىدىن ئۆتتى

ئەرمىنىيىنىڭ زۇڭتۇڭى كوچالياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەراھلىرى بولۇپ 19 كىشى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگودىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

گو شيۇجۇ

## ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نارلىن سۇرۋي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 10- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە تۇرپان، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئىسمائىل تىلىۋالدى چەتكە زىيارەتكە چىقتى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004- يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ھىندىستان ۋە پاكىستاننى زىيارەت قىلدى.

گو شيۇجۇ

## پاكىستاننىڭ پارلامېنت باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇ باڭگونىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پاكىستاننىڭ پارلامېنت باشلىقى چائۇدرىي ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 17 كىشى شىنجاڭ، شىزاڭلارنى زىيارەت قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## لى جاۋشىڭ ئۈرۈمچىدىن ئۆتتى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تاشقى ئىشلار



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭغا «ئون ئىككى مۇقام» سەنئىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ب د ت مائارىپ - پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

مىنىستىرى لى جاۋشىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى ئىرانغا زىيارەتكە بېرىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئايرودرومغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ۋاڭ لېچۇەن قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلدى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلدى.

گو شيۇجۇ

## چاۋشيەننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

چاۋشيەننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۆي جېجۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## تاڭ جياشۇەن ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى تاڭ جياشۇەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 — 10 - كۈنلىرى قىرغىزىستانغا زىيارەتكە بېرىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## پاكىستاننىڭ ساياھەت مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پاكىستاننىڭ ساياھەت مىنىستىرى سەھەد جاچ گۇلۇب جامال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە تۇرپان، ئۈرۈمچى خەلقئارا چوڭ بازار ۋە خۇڭجىمك ئالاقە گۇرۇھىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى، جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئىككى تەرەپ ساياھىتى، ئاۋىئاتسىيە، چېگرا ھالقىغان ئاممىۋى قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

## ئىراق ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭدىن ئۆتتى

جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرى لى جاۋشىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىراق ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى زىبال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئايروپىلان ئالمىشىپ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى. ئايروپىلانغا ئالمىشىش ئارىلىقىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

گو شيۇجۇ

## ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ 3970 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 24 مىڭ 375 ئادەم (قېتىم) نىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىردى، 8400 چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش كىنىشكىسىنى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت پاسپورتى 1295، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت پاسپورتى 5971، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونى يول خېتى 1082، جۇڭگو - پاكىستان چېگرا يول خېتى 52، دىپلوماتىيە پاسپورتى 3.

ۋاقتى ئۇزارتىلغان ئىچكى پاسپورت 1463، ۋارىقى كۆپەيتىلگىنى 75، شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا چىقىش ئۈچۈن ئىلاۋە قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرگىنى 1412، تىزىمدىن ئۆچۈرۈلگەن پاسپورت ۋە يول خېتى 3400، ۋاقتى ئۆتۈپ ۋە كۈچىدىن قىلىپ بىكار قىلىنغان پاسپورت، يول خېتى ئاز كەم 10 مىڭ.

1219 ئۆمەك، گۇرۇپپىدىكى 4054 ئادەم (قېتىم) نىڭ چەت ئەلگە چىقىش ۋىزىسى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا چىقىش ئۈچۈن ۋىزا بېجىرگىنى 560 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 1389 ئادەم (قېتىم)؛ قىرغىزىستانغا چىقىش ئۈچۈن ۋىزا بېجىرگىنى 153 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 517 ئادەم (قېتىم)؛ كىنىشكا مىقدارى 2003 - يىلدىكىدىن 19%،

ۋىزا مىقدارى %15 ئاشتى.

جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن ۋىزا (ۋىزا، ئۇقتۇرۇش) 843، تەكلىپكە بىنائەن 18 دۆلەت ۋە رايوندىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىساد ـ سودا، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۇسكۇنە قۇراشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دوستانە زات 3088، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن كەلگىنى 2769 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغان ئومۇمىي خادىمنىڭ %90ىنى ئىگىلەيدۇ.

تەكشۈرۈلگەن بىر قېتىملىق چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش كىنىشكىسى 648، كۆپ قېتىملىق چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش كىنىشكىسى 1192. بېجىرىلگەن چەت، ياقا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تاشقى ئىشلار ئىشخانىلىرىدىن ئەۋەتىلگەن چەتكە چىقىش پاسپورتى 1140. رەتلەپ چىقىلغان پاسپورت كارتىسى ئارخىپى 5000، ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن كونسۇل گۇۋاھلىقى 41.

شېن شۇخۇڭ

## قىرغىزىستان شىنجاڭدا ۋەكالىتەن ۋىزا بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلدى

قىرغىزىستان خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى ۋاكالىتەن ۋىزا بېجىرىش ئورنى 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ پۇقرالىرىنىڭ قىرغىزىستانغا بېرىش ۋىزىسىنى بېجىردى.

شىن شۇخۇڭ

## 6 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» باھالاندى

«تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» نى باھالاش ئىشى 2004 ـ يىل 7ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى، باھالاپ چىقىلغان 7 دۆلەتتىن كەلگەن 9 مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» نى بەردى.

ئۇلار: ماسائۇ مىكامى (ياپونىيە)، جاكوبىس (گېرمانىيە)، جامېس جوسېپخ مىسكېنزې (ئامېرىكا)، خىسايو (ياپونىيە)، چېن ۋېي (ئاۋستىرالىيە)، راجارام (ھىندىستان)، خىن خور سىزيوڭ (مالايسىيا)، خونى سامۇئېل خاتاۋا (ئاۋستىرالىيە)، سەنمۇ جىڭفۇ (ياپونىيە). ماسائو مىكامى، جاكوبىس بىلەن 2003 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دانىس 2004 ـ يىللىق دۆلەت «دوستلۇق مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

گو مېي

## چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئېتىراپ قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئېتىراپنامىسىدىن 11نى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس كېنىشكىسىدىن 121نى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ، مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 110، ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 11. 27 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس كىنىشكىسىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 21، ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 6.

گو مېي

## چەت ئەللىك مۇخبىرلار شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ جەمئىي 29 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 59 تۈركۈم 314 چەت ئەللىك مۇخبىرنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات، غەربىنى كەڭ ئېچىش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت، دىن، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى، يىپەك يولى، تارىخ مەدەنىيەت قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدا زىيارەت ئېلىپ باردى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ NHK سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 4 كىشى ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ، چاقىلىق ۋە نىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىنى سۈرەتكە ئالدى.

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيە KEO كىنو شىركىتىنىڭ كىنوغا ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 7 كىشى تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلمى «ئاخىرقى چەككە سەپەر» نى سۈرەتكە ئېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قۇم ـ بورانغا تاقابىل تۇرۇش، ناچار مۇھىت بىلەن ئېلىشىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيە تېلېۋىزىيىسى 1 ـ قانىلىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 3 مۇخبىرى ئاقسۇغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزىسى مورىقەدەم كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئايشەم سامساقنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۈرەتكە ئېلىش ئارقىلىق دېموكراتىك سىياسىيغا دائىر ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈردى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئۆزبېكىستان

ئەركىن ياۋروپا رادىئو ئىستانسىسى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى شىنجاڭدىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ياپونىيە ئاسىيا ئۇنىۋېرسال خىزمەتخانىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 5 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەخسۇس فىلىمنى ئىشلىدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئاۋستىرالىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 7 - قانىلىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 5 كىشى تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ۋە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ياپونىيە تىموچىن تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 4 كىشى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ كورلا، خېجىڭ، غۇلجا ۋە كۈنەس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى «تەڭرىتاغدىكى ھەرە باققۇچى» نى ئىشلىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئەنگلىيىنىڭ ستوك پورتى پۇتبول كۇلۇبى كوماندىسى شىنجاڭغا مۇسابىقىگە كەلدى، ئەنگلىيە 7 ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ 9 مۇخبىرى كوماندىنىڭ مۇسابىقە ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئىتالىيە «تېز گېزىت» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى جانى پىلالى شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە پاكىستان، ئافغانىستان بىرلەشمە ئاخبارات ئۆمىكىدىكى 15 كىشى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مىللەت، دىنغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ NHK «شەيتانكەرىش» سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 4 كىشى ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى ئىشلەپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەت، گومانتارلىق مەنزىرىلىرىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تونۇشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ۋە 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ياپونىيە ئەتتىگەنلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بوشۇەن شىركىتىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 5 كىشى 2 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ چاتما تېلېۋىزىيە فىلىمى «قۇملۇقتىكى ھاياتلىق مەنبەسى — خوتەن دەرياسى» نى ئىشلىدى، فىلىمدە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ناچار مۇھىت بىلەن كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ NHK «سىرلىق كۆل — جۇڭگو شىنجاڭ قاناس كۆلىنىڭ تەبىئىتى» سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 3 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەپ تۇنجى قېتىم ياپونىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قاناس كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تونۇشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ NHK «تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان يىپەك يولى» سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 5 كىشى تۇرپان، قاراماي، بۆگۈر، باركۆل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئەرەب ئەللىرى تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى بىرلەشمە ئاخبارات ئۆمىكىدىكى 10 كىشى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شىنجاڭدا سىياسىينىڭ مۇقىم بولۇۋاتقانلىقى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ مۇقىم ئېشىۋاتقانلىقى، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئەركىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇردى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە چەت ئەلنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرى ئۆمىكىدىكى 6 كىشى ئۈرۈمچى، قاراماي، ئالتاي، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مۇھىت ئاسراش، مىللەت، دىن، مىللىي ئاپتونومىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە تاجىكىستاننىڭ مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكى 6 كىشى ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

## شىنجاڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان خەلقئارا شەھەر (رايونلار)

| جۇڭگو شىنجاڭ | دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان خەلقئارا شەھەر (رايون) | مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقتى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | روسىيە ئالتاي چېگرا رايونى | 1999.8.22 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | پاكىستان پىشاۋار شەھىرى | 1985.7.12 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | قىرغىزىستان بىشكەك شەھىرى | 1993.3.4 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | قازاقىستان ئالمۇتا شەھىرى | 1993.11.17 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاۋستىرالىيە نارراندېرا شەھىرى | 1996.5.23 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | تاجىكىستان دۇشەنبە شەھىرى | 1999.9.10 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | ئامېرىكا يوتا شتاتى ئائولىم شەھىرى | 2000.9.27 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | كورىيە كىۋان ئوسان شەھىرى | 2004.4.19 |
| قۇمۇل شەھىرى | ياپونىيە تویاما | 1997.6.5 |
| شىخەنزە شەھىرى | كانادا شەرقىي گونبورو شەھىرى | 1998.12.21 |
| چۆچەك شەھىرى | روسىيە رۇبېتسوۋسك شەھىرى | 2000.2.24 |
| تۇرپان شەھىرى | ياپونىيە ياماناشى ناھىيىسى كاتسۇنۇما | 2000.2.24 |

## شىنجاڭدا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 11 تاغ چوققىسى

| نامى | دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى (مېتىر) | تاغ سىستېمىسى | تۇرۇشلۇق ئورنى |
|---|---|---|---|
| چوگىر چوققىسى | 8611 | قاراقۇرۇم تېغى | تاشقورغان ناھىيىسى |
| جارشۇلۇڭ 1 - چوققىسى | 8068 | قاراقۇرۇم تېغى | تاشقورغان ناھىيىسى |
| جارشۇلۇڭ 2 - چوققىسى | 8034 | قاراقۇرۇم تېغى | تاشقورغان ناھىيىسى |
| بۇرغىئارت چوققىسى | 8047 | قاراقۇرۇم تېغى | تاشقورغان ناھىيىسى |
| قوڭۇر چوققا | 7719 | قۇرۇمتاغ | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| قوڭۇر تۆپە چوققىسى | 7595 | قۇرۇمتاغ | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| مۇزتاغ ئاتا چوققىسى | 7546 | قۇرۇمتاغ | ئاقتۇ ناھىيىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇزتاغ چوققىسى | 7723 | قۇرۇمتاغ | چەرچەن ناھىيىسى |
| مۇزتاغ | 7282 | قۇرۇمتاغ | خوتەن ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى |
| تۆمۈر چوققا | 7435 | تەڭرىتاغ | ئونسۇ ناھىيىسى |
| بوغدا چوققىسى | 5445 | تەڭرىتاغ | فۇكاڭ ناھىيىسى |

8 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە قازاقىستان تەشۋىقات ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرى ئۆمىكىدىكى 7 كىشى ئۈرۈمچى، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە قىرغىزىستاننىڭ ئاساسلىق ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرى ئۆمىكىدىكى 6 كىشى ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە 9 دۆلەتنىڭ 10 ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكى 18 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئېنېرگىيە، سودا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، مىللەت، دىن قاتارلىقلارغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكىلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، يېزا ۋە ئاجىز توپلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننى زىيارەت قىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 21 - كۈنىگىچە ياۋروپادىكى خەنزۇچە ئاخبارات ۋاستىلىرى بىرلەشمە زىيارەت ئۆمىكىدىكى 11 كىشى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى، دېڭىز سىرتىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، جۇڭگولۇقلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭنى زىيارەت قىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ NHK سى بىلەن جۇڭگو CCTVسىنىڭ «يېڭى يىپەك يولى» داۋامى «25 يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىش» سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 6 كىشى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەن، كورلا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە كانادا رادىئو شىركىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار باشقارمىسىدىكى 4 كىشى قاراماي نېفىتلىكىگە بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى.

شۇ مىن

## چەت ئەل بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ 12 مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش گۇرۇپپىسىدىكى 182 ئادەمنى كۈتۈۋالدى ۋە ماسلاشتۇرۇپ كۈتۈۋالدى.

بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋ كاڭيۇ ئەپەندى 11 قېتىم ئۆمەك باشلاپ زىيارەتكە كەلدى، جۇڭگو - ياپونىيە «يېڭى يىپەك يولى»نى بىرلىشىپ ئىشلەش ئىشىنى ماسلاشتۇردى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى بىلەن دەندەن ئۆيلۈك تام رەسىملىرىنى قوغداشنى مۇھاكىمە قىلدى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى، قاناس جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۇل ئىئانە قىلىپ قۇردى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» «شاۋداۋكاڭيۇ ئوقۇش مۇكاپاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى — مەدەنىي يادىكارلىقلار مۇكاپاتى» قاتارلىقلارنى تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسىنىڭ بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى 10 كىشى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «ئالمۇتا، جۇڭگو شىنجاڭ

مەدەنىيەت ھەپتىلىكى»گە تەييارلىق كۆردى. 8 - ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە مەدەنىيەت ھەپتىلىكى پائالىيىتى ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ مىن

## مۇھاجىرلار ئىشلىرى

### جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئارگېنتىنا، ئامېرىكا، ياپونىيەدىن ئىبارەت 10 دۆلەتتىن 5 تۈركۈمدە كەلگەن 40 نەچچە جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە جۇڭگولۇقنى كۈتۈۋېلىپ، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

ۋۇ ۋېيجيې

### جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ياپونىيە، فرانسىيىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ۋە شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ئىئانە قىلغان 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى. 4 - ئايدا ياپونىيىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمە باش جەمئىيىتى مارالبېشى چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى «مۇھاجىرلار رىشتى مەكتىپى»نى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، 6 - ئايدا بۇ قۇرۇلۇش تاماملاندى. 7 - ئايدا، فرانسىيىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى بورتالا شەھىرى چىندېل يېزىسى مەركىزىي مەكتەپ ئۇنىۋېرسال بىناسىنى سېلىشقا 200 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، بۇ بىنا 7 - ئايدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 8 - ئايدا شياڭگاڭدىكى جېنتەي گۇرۇھى غۇلجا ناھىيىسى ئەۋلىيا يېزىسى غۇلجا جېنتەي باشلانغۇچ مەكتىپىنى سېلىش ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، 8 - ئايدا بۇ قۇرۇلۇش باشلاندى.

ۋۇ ۋېيجيې

## شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

### ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ باشلىقى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ باشلىقى سۇي شىئەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گو شيۇجۇ

### جۇ ئېنيۇ پۇل ئىئانە قىلىپ مەكتەپ قۇرۇشقا ياردەم بەردى

2004 - يىل 5 - ئايدا، شياڭگاڭ شيەنيۈەن فوند جەمئىيىتىدىكى جۇئېنيۇ ئەپەندى قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى، پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىسى مەركىزىي مەكتىپى ۋە گۆچەك ناھىيىسى بەنزەيگۇ بازىرى ئورگىنى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېڭىدىن ئوقۇغۇچىلار ياتىقى سېلىشى ئۈچۈن ھەر بىر مەكتەپكە 200 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، بۇ قۇرۇلۇش 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

ۋاڭ مىن

### شياڭگاڭ ئاياللار تەرەققىياتى بىرلەشمىسى ئۆمىكى زىيارەتكە كەلدى

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شياڭگاڭ ئاياللار تەرەققىياتى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يې شۈنشاڭ ئۆمەك باشلىقلىقى، مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ ۋۇدى، كۇاڭ يۆشىن مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىكى شياڭگاڭ ئاياللار تەرەققىياتى بىرلەشمىسى زىيارەت ئۆمىكىدىكى 56 كىشى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇپ، ئاياللار خىزمىتى، ئاياللار تەرەققىياتى ئەھۋالىنى ئالماشتۇردى، شىنجاڭ قىزلار كەسپىي مەكتىپى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات تەربىيە مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار باغچىسى قاتارلىق ئاياللار، بالىلار تەربىيە بازىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ليۇ ۋەنجۈن

## تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەيۋەنلىكلەر شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 40قا، سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 105 مىليون 872 مىڭ 400 دوللارغا يەتتى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قۇرغان كارخانا 19غا، سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 3 مىليون 953 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 11گە، سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 71 مىليون 743 مىڭ 200 دوللارغا يەتتى. 30 نەچچە تەيۋەنلىك سودىگەر ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە 20 يايما ئورنىنى سېتىۋالدى، بۇ تەيۋەنلىك سودىگەر ئەڭ كۆپ قاتناشقان يەرمەنكە بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 23 مىڭ 827 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %170 ئاشتى. مەدەنىيەت، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلەر 190 نەچچە ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تەيۋەندىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭدىن تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلار ئاز كەم 110 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تەيۋەن گۈاڭخۇا فوند جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ھەدىيە قىلدى؛ تەيۋەن ساۋ جانابلىرى فوند جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىگە 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدە 500 ھارۋا ھەدىيە قىلدى.

ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن تەيۋەنگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن تەيۋەنگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنى قۇردى. 8 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن فۇجيەن ئۆلكىلىك تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىدىكىلەر مۇقەددەس زېمىنغا سەپەر ئاپتوموبىل رالللى مۇسابىقىسى» قوشۇن بۆلىكىگە يېتىپ كەلگەندە، ئادەملەر يارىلىنىش ۋەقەسى يۈز بەردى، شىنجاڭ دەرھال ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى مېخانىزمىنى ئىشقا سېلىپ، كېيىنكى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. 2004 - يىلى تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ 6 ئەرزى قوبۇل قىلىندى ۋە ھەل قىلىندى.

تەيۋەن سەنلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «نېمە دېگەن چوڭ جۇڭگو» بىلەن «جۇڭگونى كېزىپ چىقىش» سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 13 كىشى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى، بۇ پروگراممىا چوڭ قۇرۇقلۇقتا بېرىلگەندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. تەيۋەن جۇڭتيەن، نيەندەي تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە تەيۋەن «بىرلەشمە گېزىتى»، «جۇڭخۇا ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق ۋاستىلەر شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە دائىر ئەھۋاللارنى زىيارەت قىلدى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، قىسىم ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تەيۋەن ۋەزىيىتى توغرىسىدا 27 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى، 5000 دىن ئارتۇق ئادەم لېكسىيە ئاڭلىدى.

11 - ئايدا 8 - قارارلىق شىنجاڭ تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى مۇدىرلىرى كۇرسى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، ئالىي مەكتەپ، بىڭتۇەندىن بولۇپ ئاز كەم 40 ئادەم كۇرسقا قاتناشتى.

خې شياۋپىڭ

## تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى خىزمىتى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ياڭ گوچىڭ، مۇئاۋىن باشلىقى چېن جيې قاتارلىقلار 2004 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى خىزمىتى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26- كۈنى ش ئۇ ئا ر تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى 5 - نۆۋەتلىك بىرلەشمىنىڭ 4 - قېتىملىق كېڭەش ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

خې شياۋپىڭ

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى

پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

قوماندان: چيۇ يەنخەن (جۇڭجياڭ).

سىياسىي كومىسسار: يۇ لىنشياڭ (جۇڭجياڭ، 12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تيەن شيۇسى (شاۋجياڭ، 12ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن (شاۋجياڭ، 6ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىنگۇاڭ، (شاۋجياڭ)، ليۇ يوڭ (شاۋجياڭ)، لى شىڭ (شاۋجياڭ)، تۇردى قادىر (شاۋجياڭ، 6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ليۇ جۇكۇي (شاۋجياڭ)، مەمەت ھەسەن (شاۋ جياڭ)، ۋاڭ جيەنمىن (شاۋجياڭ).

شتاب باشلىقى: جاڭ شىمىڭ (شاۋجياڭ).

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: چۇ يىمىن (شاۋجياڭ).

بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: جاڭ ۋەنسۇڭ (شاۋجياڭ).

قورال ـ جابدۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: ياڭ فۇشياڭ (شاۋجياڭ).

### ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق شى ـ تۈەنلەرنىڭ مەشىقە تولۇق قاتنىشىش نىسبىتى %100كە، شتاتلىق ليەنلەرنىڭ مەشىقە تولۇق قاتنىشىش نىسبىتى %93كە، ھەر دەرىجىلىك باشلىق ئورگانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەشىقە قاتنىشىش نىسبىتى %2 .85كە، شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەشىقە قاتنىشىش نىسبىتى %5 .86كە يەتتى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قىسىملارنىڭ ھەربىي مەشىق ئەھۋالى تەكشۈرۈپ سىنالدى ھەمدە مەشىق ۋەزىيىتىنى ئانالىز قىلىش تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىگىرمە تۆۋەن شۆبە قىسىملار مۇرەككەپ يەر شارائىتىدا كۆپ تېمىلىق، كۆپ مەزمۇنلۇق، كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال مانېۋىرنى تاماملىدى؛ تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلار بىرلەشمە تاكتىكا مەشىقى ۋە ھەقىقىي ئەسكەرلەر مانېۋىرى ۋەزىپىسىنى خېلى ياخشى تاماملىدى. شى، لۈي، تۈەنلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىنى ئۆرۈش مەشىقى بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى. توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە (شۆبە) قىسىملىرى يىللىق راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرىنى تاماملىدى. 21 ئورۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، «غەرب ـ 04» مانېۋىرىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە تاماملىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئىش ئورنىدا مەشىق قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسى ۋە «چېگرا رايوننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ـ 04»، «دوستلۇق ـ 04» ۋە «غەرب ـ C04» مانېۋىرىنى تاماملىدى. يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىلدى، 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن



2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن پاكىستان ئالاھىدە قىسمى ئۆتكۈزگەن بىرلەشمە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەربىي مانېۋىرىغا قوماندانلىق قىلدى. سۈرەتتە: ھەربىي مانېۋىرنىڭ ئۆي ئىچى مەشىقى.

لى گۈيفېڭ فوتوسى

خىراجەت ئاجرىتىلىپ، چېگرا مۇداپىئە لىيەنلىرىنىڭ مەشق مەيدانى ياخشىلاندى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، توپچى قىسىم قارىغا ئېتىش مەيدانىدا تانكا ئاتار زەمبىرەك بىلەن بىۋاسىتە قارىغا ئېلىش مەيدانى قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشق مەيدانى ئىلمىي پىلانلىنىپ، مەشق كاپالەت بايلىقى يىغىۋېلىشتىن تەقسىملەندى. 40 نەچچە مىڭ دانە سايمان، 8000 دىن ئارتۇق دەرسلىك، سىنئالغۇ فىلىمى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تەييارلاپ قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى. يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ئەمەلىي قارىغا ئېتىش» قاتارلىق 4 ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش فىلىمى لەنجو هەربىي رايونى 8 - نۆۋەتلىك ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش فىلىملىرىنى باھالاش يىغىنىدا 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئەمەلىي قارىغا ئېتىش» فىلىمىگە باش شتاپ تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلدى.

ۋاڭ گۇاڭمىڭ

## ئالاقە خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى قىسىملارغا 43 ئالاقە ئاپتوموبىلى، 2700 دىن ئارتۇق سىملىق، سىمسىز رادىئو ئاپپاراتى، 1000 نەچچە كىلومېتىر كابېل سىم تولۇقلاپ بەردى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىش شۆبە ئەترىتىنى چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ 1 - سېپىگە ئەۋەتىپ، 28 ئورۇننىڭ بۇزۇلغان ئۈسكۈنىسىنى رېمونت قىلدۇردى. «69220» قىسىم، «69240» قىسىمنىڭ شۆبە ئالاقە قىسمى، «69016»، «69029» قىسىملارنى هاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى ھەمدە هاۋا ئارمىيە ئالاقىدار رادار قىسىملىرىنىڭ ئالاقە قىسىملىرى بىلەن بىربىرىنى ئۆزئارا شەرت ۋە رىقابەتچى قىلغان رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق مەشىقىگە تەشكىللىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى، «69026» قىسىم قاتارلىق 6 ئورۇن 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە باش شتاب ئالاقە بۆلۈمى تەشكىللىگەن ئالاقە مەشق تورىدىكى پراكتىكىغا قاتناشتى. بىڭتۇەن هەربىي بۆلۈمى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس ئەسكەرلەر شىسى، ئۈرۈمچى گارنىزون رايونى قاتارلىق ئورۇنلار 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە لەنجۇ هەربىي رايونى تەشكىللىگەن خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملار ئالاقە مەشق تورىدىكى پراكتىكىغا قاتناشتى. ئالاقە (شۆبە) قىسىملىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مەشق مەزمۇنىنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان ئاساستا قىسىملارنى ناتونۇش رايونغا ئاپىرىپ تولۇق، سىستېمىلىق، تولۇق ئامىللىق، تولۇق جەريانلىق باھالاش ئېلىپ باردى، بۇنىڭدا كېچىلىك مەشق ۋە تېررورلۇققا قارشى ئالاقە مەشقىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈردى. قىسىملار لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارى جەھەتتىكى باھالىشىدىن ئۆتۈپ، ياخشىدىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

سۈن چىچاۋ

## جۇڭگو - پاكىستان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە هەربىي مانېۋىرى

شىنجاڭ هەربىي رايونى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە هەربىي رايونى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق چېگرا مۇداپىئە تۇەنىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ پىلال رايونىدا پاكىستان ئالاھىدە قىسمى بىلەن «دوستلۇق - 2004» ناملىق تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە هەربىي مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. مانېۋىردا تېررورلۇققا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما، خەلقئارالىق ئوغرىلىقچە كىرگەن تېررورچىلار ئاساسىي زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئۆي ئىچىدە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇپ تەشكىللەش، ئۆي سىرتىدا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت 2 تېما بويىچە «ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئەھۋالغا هۆكۈم قىلىش، قەتئىي قارارغا كېلىش» ۋە «ھەرىكەتلىك قورشاش، ئوت كۈچى بىلەن زەربە بېرىش، بىرلىكتە يوقىتىش» تىن ئىبارەت 6 مەزمۇندىكى مانېۋىر ۋەزىپىسى نۇقتىلىق ئورۇندالدى.

چياۋ كۈن، شياۋ شياڭ

## «غەرب - 04» مانېۋىرى

بۇ مانېۋىر 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مانېۋىردا مەخسۇس تەتقىقات، ھەقىقىي ئەسكەرلەر مانېۋىرى، باھالاپ دەلىللەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، «بىرلىكتە قوماندانلىق قىلىش، تېز يەتكۈزۈش، ئوت ۋە توپا بىلەن توسۇش، ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش، بىرلىكتە زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت 5 مەشق مەسلىسى نۇقتىلىق مانېۋىر قىلىنىپ، قىسىملارنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

يى ئافېڭ

## قورال - جابدۇق كاپالىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى قورال - جابدۇق خىزمىتىدە مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇردى، ئالتاي شۆبە هەربىي رايونىنىڭ «ئىككىدە چىڭ تۇرۇش، بىرنى ئۆستۈرۈش» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا

ئومۇملاشتۇردى. نۇقتا، لىنىيە، بۆلەكلەر بويىچە رېمونت كاپالىتى تورىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇردى، قورال - جابدۇق كاپالىتىنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قورال - جابدۇق خىراجىتى، ماشىنا - سايمىنى، ئوق - دورىلىرى ۋە سايمانلىرىغا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلدى، نەتىجىدە رېمونت شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ ماشىنا - سايمانلار بىلەن سەپلىنىش نىسبىتىنى %100 كە يەتكۈزدى. چېگرا مۇداپىئە تۆەن، ليەنلىرى، قورال - جابدۇق رېمونت ئاپپاراتلىرىنىڭ «چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قورال - جابدۇق قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قورال - جابدۇق قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ھەل قىلدى. تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ چېگرا مۇداپىئە تۆەنلىرىدە سەييارە رېمونت قىلىش - تەربىيىلەشنى يولغا قويۇپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئاپتوموبىل - كېمە كەسپىي كادىرلىرى، تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۆزىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورال - جابدۇق جىددىي كاپالىتى لۈيى ئورگىنى بىر يىلىك ئەسكەرنى گۇرۇپپىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە 14 مەشىق تۈرى بويىچە ئۈنىۋېرسال مانېۋىر ئۆتكۈزدى. جەنۇبىي شىنجاڭ جىددىي كاپالەت چوڭ ئەترىتىنى تولۇق شتاتى بويىچە گۇرۇپپىلاپ مەشىق قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئاۋۋال نۇقتىدا سىناق قىلىش، قانۇن - نىزام ئۆگىنىش، ئۈلگە كۆرسىتىپ يول باشلاش، ئۇسۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، قورال - جابدۇق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. بىر ئورۇندا بىر ئادەم بولۇش، بىر ئادەمگە بىر كود بەلگىلەش، كود بويىچە مەسئۇلىيەتنى بېكىتىشتىن ئىبارەت ئۈچۈرلاشقان مەسئۇلىيەت- باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. قىزىلبايراقدار رادار پونكىتى، ئۆلچەملىك ئاپتوموبىل (زەمبىرەك) لارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل يولغا قويدى؛ ئارقا سەپ ئامبارلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە بىخەتەر باشقۇرۇش «كۆچمە لوڭقا» نى تاللىشىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى، قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى سىستېمىسىدا يىغىپ تەربىيىلەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى تەشكىللىدى؛ قورال، ئوق، پارتلىتىش سايمانلىرىنى توشۇش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر ئاي ئىچىدە 23 قارار تۈرلۈك كۇرس ئاچتى. ھەربىي سايمانلار بىلەن مەشقلەندۈرۈش ئەترىتى، ئاپتوموبىل تېخنىك ئىشچىلارنى مەشقلەندۈرۈش ئەترىتى، تانكا رېمونت يىغى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا تايىنىپ قىسىملارغا تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۆپ كەسىپلىك، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك تېخنىكىدا بەسلىشىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تېخنىكا ئۇستىلىرىنى تەشكىللەپ ئۈرۈمچىدە 5 چوڭ كەسىپ بويىچە مەركەزلىك بەسلىشىشنى يولغا قويدى. بىۋاسىتە قاراشلىق رېمونت كۈچىنى تەشكىللەش، باش قورال-جابدۇق بۆلۈمىنىڭ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى پراكتىكا قىلدۇرۇش، ھەمدە باش شتاب بىلەن بىرلىكتە يېڭى قورال-جابدۇقلارنى سەييارە رېمونت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قىسىملارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى سەييارە تەكشۈرۈپ، سەييارە رېمونت قىلىپ بەردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى بىر يىلدا لەنجۇ ھەربىي رايونىدىن يۇقىرى مەتبۇئاتلاردا قورال - جابدۇققا ئائىت 60 نەچچە پارچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەتبۇئاتلىرىدا قورال - جابدۇققا ئائىت 160 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئەسكەرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە مەشق قىلدۇرۇش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيەتلىرىگە پائال يېتەكچىلىك قىلدى، قاتناشتى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى چۈشۈرگەن 11 تەتقىقات تېمىسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، 27 تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇۋەپپەقىيىتى ئارمىيىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 130 نەچچە يېڭىلانغان سايمان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىراك قىلىنغان ئوق - دورىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش پونكىتىنىڭ تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش رايونى قۇرۇش تۈرى تاماملاندى، ھەربىي قورال - ياراغ ئامبىرى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئامبىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارغا نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىپ بېرىلدى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۇڭشياۋ

## ئەدلىيە مەمۇرىيىتى قانۇن مۇلازىمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قانۇنغا چېتىشلىق 10 ئىشنى بېجىردى، 15 دېلوغا ۋاكالەتچىلىك قىلدى، قىسىملار ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرگە قانۇندىن 350 نەچچە قېتىم مەسلىھەت بەردى ۋە كۈتۈۋالدى، قانۇنغا چېتىشلىق 15 مەسىلىنى ھەل قىلدى، 30 قانۇن ھۆججىتىنى تۈزدى ۋە تەكشۈرۈپ تۈزەتتى. ھەربىي رايون ئورگىنىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەتلەر، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ۋە قىسىملارغا 15 سائەت قانۇنچىلىق دەرسى ئۆتتى، دەرسنى 1500 ئادەم ئاڭلىدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدىن 300 نەچچە كىشىنى تەشكىللەپ دۆلەت ئەدلىيە ئىمتىھانى ۋە ئارمىيە

بويىچە مەدەنىيەت - مائارىپ - ئەدلىيە كەسپىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى.

لى يىڭ

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى پارتكوم بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 4 قېتىم ئېچىلىدىكى كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى، 5 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرۈپ، قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، 10 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەپ ئالماشتۇردى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا 4 قېتىم بىخەتەرلىكنى ئۆزئارا تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. خىراجەتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىشلىتىش ۋە ئاتچوت قىلىش تۈزۈمىنى چىڭىتتى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 10 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 30 ئاپتوموبىل ئېلىپ بەردى. جىنەن دەم ئېلىش ئورنى، شىئەن 1 - دەم ئېلىش ئورنى ئارمىيە بويىچە ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى 1 -، شىئەن 3 - دەم ئېلىش ئورۇنلىرى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى 2 -، 3 -، 4 - دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ۋە تەييۈەن، لوياڭ دەم ئېلىش ئورۇنلىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن 2004 - يىللىق ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ باھالاندى. جىنەن دەم ئېلىش ئورنىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىر كۇڭ جاۋتيەن مەملىكەت ۋە ئارمىيە بويىچە ئىلغار پېشقەدەم كادىر بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەت بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى، ئارمىيە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدىكى «3 ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىمىڭ كونا ئازاد رايونىدا قاقاس تاغنى ئۆزلەشتۈرۈش، يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا



شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالاھىدە شۆبە ئەترىتى 2004 - يىلى قىشتا قارلىق دالىدا ئاختۇرۇش مەشقى قىلماقتا.
خەن چۈەنجۇ فوتوسى

يېتەكلەش جەھەتتىكى ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۈرۈمچى 2 - دەم ئېلىش ئورنى، تەييۈەن دەم ئېلىش ئورنى «جۇڭگو ياشانغانلار گېزىتى» ئۆتكۈزگەن دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە ئائىت بىلىملەردىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ كۈز - قىش پەسىللىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، پېشقەدەم جەڭچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «چېگرىغا مەدھىيە» ناملىق چوڭ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن «ئۇزۇن ئۆمۈر لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. پېشقەدەم كادىرلار سىستېمىسىدىن 300 پارچە ماقالە ئارمىيە ۋە يەرلىكتىكى بىرمۇنچە ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 73 كادىر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى.

شى شىنيۈەن

## زاپاس قىسىملار خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا بىگتۈەن ھەربىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى، ئىلى، قاراماي، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر ۋە بىگتۈەننىڭ ئالاقىدار يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ ھەربىي، يەرلىك رەھبەرلىرى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس قىسىم پىيادە ئەسكەرلەر شىسى ۋە زاپاس قىسىم تۈەنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە ش ئۇ ئا ر

پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنىدىكى ئالاقىدار كىشىلەردىن بولۇپ 70 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەركەزنىڭ 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئارمىيە زاپاس قىسىملىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون زاپاس قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ئانالىز قىلىندى، زاپاس قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، زاپاس قىسىم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شيۈمىڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قۇربان ئەرشىدىن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

رېن فېڭلې

## خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شيۈمىڭ، ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تۇردى قادىر، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى مەمەت ھەسەن ھەمدە باش شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى، لەنجۇ ھەربىي رايونى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەننىڭ ھەربىي بۆلۈمى ھەمدە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس شىسى، شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە بىڭتۇەننىڭ شىلىرىدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 110 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئەسكەرلەر زاپاس قىسىملىرى قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تەسەۋۋۇرى، تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈلدى، «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. يىغىن ئەھلى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىق مانېۋىرى ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ئۈلگىسىنى كۆردى، تەجرىبە ئالماشتۇردى، يىغىندا ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 156 ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورنى ۋە 156 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

رېن فېڭلې

## ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەن قوماندانى جاڭ چىڭلى قاتارلىق دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى، بارلىق ئەزالىرى، ئىشخانىلارنىڭ مۇدىرلىرى ھەمدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى ۋە زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىنىڭ 2003 - يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى ۋە زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىرقانچە گەۋدىلىك مەسىلە ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ھەربىي رايون دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان بىرقانچە قىيىن مەسىلە مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىنىپ ھەل قىلىندى، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى ئاپپاراتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىكتىن باش نازارەت دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان زاپاس قىسىم توپچىلار تۈەنىنىڭ 10 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى رېمونت قىلىش ئورنىنىڭ 10 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

سوڭ جېڭلى

## يېڭى بېكىتىلگەن چېگرا رايونىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئەھۋالى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مۇددىئانامىسى»

2003- يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى، بۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان تالاشتا قالغان 15 رايوننىڭ دۆلەت چېگرىسى قايتا بېكىتىلدى، 2307.5 كۋادرات مېتىرلىق تالاشتىكى زېمىندىن 1375.6 كۋادرات مېتىرلىق زېمىن جۇڭگوغا تەۋە بولدى. شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى چېۋ يەنخەن، مۇئاۋىن قوماندانى لى شىنگۇاڭ قاتارلىقلار ئورگان كەسپىي تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى ۋە بورتالا، تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنى باشلاپ، 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شارشىل، تاشتى، چاغانئوپ قاتارلىق يېڭى ئايرىلغان جۇڭگو چېگرا رايونىنىڭ يەر شەكلىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈشتە جۇڭگوغا يېڭى ئايرىپ بېرىلگەن چېگرا رايوندا ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش-تىزگىنلەشنى قانداق يولغا قويۇش مەقسەت قىلىنىپ، سىزىق، بۆلەك، نۇقتىلار نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇنىڭدىكى «سىزىق» يېڭى ئايرىلغان چېگرا سىزىقى بولۇپ، بۇ يەردە چېگرا سىزىقىنى بويلاپ مېڭىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق چېگرا بۆلەكلىرىدىكى چېگرا سىزىقىنىڭ يۆنىلىشى، چېگرا بەلگىسىنىڭ سانى، ئورنى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ؛ «بۆلەك» جۇڭگوغا يېڭىدىن ئايرىپ بېرىلگەن رايونلارنىڭ كۆلىمى، يەر شەكلى، يولى، گىدرولوگىيىسى، مېتېئورولوگىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن جۇڭگو تەرەپكە ئايرىپ بېرىلگەن رايونلارنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاشنى كۆرسىتىدۇ؛ «نۇقتا» ئەھۋالنى ئېنىقلىغان ئاساستا جۇڭگوغا يېڭىدىن ئايرىپ بېرىلگەن رايونلاردا ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرى، تىزگىنلەش نۇقتىلىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرى، يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى تاللاپ بېكىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

گو ۋېي

## ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشق قىلدۇرۇش

2004 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەربىي مەشق بازىسىنى قۇردى. بۇ بازىغا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجراتتى، ھەربىي رايون ئۆزىگە قاراشلىق مەلۇم تۈەننىڭ گازارما رايونىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەربىي مەشق بازىسى قىلىپ ئىشلىتىشكە بەردى، 5 ئاي قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق تاماق، ياتاق، مەشق، ئۆگىنىش بىر گەۋدە قىلىنغان، 2500 ئوقۇغۇچىنى سىغدۇرۇلايدىغان ستۇدېنتلار ھەربىي مەشق بازىسى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلدى. 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە 4 تۈركۈمدە 7 ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى سىناق تەرىقىسىدىكى مەشىقە تەشكىللەندى، جەمئىي 6900 ئوقۇغۇچى مەشىقە قاتناشتۇرۇلدى. بىر يىلدا ھەربىي رايون 3204 ئوفىتسېر - ئەسكەر ئاجرىتىپ، 21 ئالىي مەكتەپنىڭ 43 مىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە 410 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (كەسپىي تېخنىكوملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 90 مىڭ ئوقۇغۇچىسىنى ھەربىي مەشق قىلدۇردى. ئالىي مەكتەپلەردىن يىللىق ھەربىي مەشىقە قاتناشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ھەربىي مەشىقە قاتناشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 70% نى ئىگىلىدى.

جۇ جاۋچېيەن

## چوڭ، مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىنتىزامغا خىلاپ دېلوغا ئائىت 74 يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، شى، تۈەن رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 15 خەتنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 3 پارتىيىلىك كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆردى. ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نامۇۋاپىق بېرىش - كېلىش قىلىش، ئەسكەرلەرنىڭ ئىمتىھان ئارخىپىنى يالغاندىن ياساش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، ئالاقىدار جاۋابكارلارغا ئىنتىزام جازاسى بەردى. يالغان پاش قىلىنغان 13 پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر ئۇستىدە ھەق - ناھەق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

شياۋ شىسەي

## «سەككىزنى ئېنىقلاش» ئېلىپ بېرىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۈەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا «كادىر، ئەسكەر، ئاپتوموبىل، ئولتۇراق ئۆيلەر، ئومۇمىنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش ئەھۋالى ھەمدە ھەربىي ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسى، مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىدىكى دۇكان ئۆيلىرى ۋە گازارما رايونىغا سىرتتىن كەلگەنلەر» دىن ئىبارەت 8 تۈرلۈك مەزمۇن بويىچە ئېنىقلاش ئېلىپ باردى. ھەربىي رايون ئارىيەتكە ئېلىنغان 217 كادىر، 515 ئەسكەرنى قايتۇردى، 196 ئاپتوموبىل، 1736 نومۇر تاختىسىنى پېچەتلىدى، يوتكەن، سىرتقا ئارىيەت بېرىلگەن 83 نومۇر تاختىسى، 351 يۈرۈش نامۇۋاپىق ئۆي، 63 ھەر خىل مېھمانخانا، سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەن، كۆلىمى 129 مىڭ 417 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2504 ئېغىز ئۆينى ئېنىقلىدى، گازارما رايونىغا سىرتتىن كەلگەن 129 كىشىنى قايتۇردى.

شياۋ شىسەي

## ئەرزىيەت خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى ئاممىدىن كەلگەن 760 پارچە خەت (تېلېفون) نى تاپشۇرۇۋالدى، هال ئېيتىپ كەلگەن 303 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، 423 پارچە جاۋاب خەت يازدى، 152 ئىشنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە هەربىي رايون ئەرزىيەت ئىشخانىسى بىۋاستە قوبۇل قىلغان خەت (تېلېفون) 340، كۈتۈۋالغان ئادەم 180 (قېتىم)، يازغان جاۋاب خەت 130، نۇقتىلىق سۈيلەپ بېجىرگەن دېلو 10 (8 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى). ئەرزىيەت دىجورنىلىقى ۋە ئەهۋال مەلۇم قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى سەزگۈر ئىشلاردا «تۆتنى ئاشكارىلاش» ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. هەربىي رايون قىسىملىرى پىكىر ساندۇقى، دېموكراتىيە كالېرىيىسى، پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىپ، ئاممىدىن كەڭ پىكىر ئېلىپ، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلدى.

جۇ گۈيشىن

## ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى هەربىي رايون ئورگىنى، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يىللىق خام چوتىنى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ باهالاپ، ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي خوراش چىقىمىدىن 1 مىليون 220 مىڭ يۈەننى قىسقارتتى، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خام چوت تۈرىدىن 11 مىليون 480 مىڭ يۈەننى تەڭشىدى، 13 ئورۇننىڭ 2003 - يىللىق مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى باهالاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى هەل قىلدى. 3 - ئايدا ئۆلچەملىك خىراجەت باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئۆلچەملىك خىراجەت باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى، 2003 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولغان 3 يىلدا «قالدۇق خىراجەت مەسىلىسى بولماسلىق، نورمىدىن ئارتۇق خىراجەت بولماسلىق، نېسى قالغان نورمىدىن ئارتۇق خىراجەت بولماسلىق، هېساب سىرتىدا قەرزى بولماسلىق» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قاتتىق تەدبىرلىرىنى تۈزدى. يىللىق خام چوت خىراجىتىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، %95 شتاتلىق شى، لۈي، تۈەن ۋە %90 تىن ئارتۇق باشقا ئورۇننىڭ كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. 79 ئورۇننىڭ 2003 - يىللىق مالىيە باشقۇرۇش ئەهۋالىنى تەپتىش قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ 38 مىليون 20 مىڭ يۈەن پۇلنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، ئىنتىزامغا خىلاپ 863 مىڭ 200 يۈەن پۇلنى قايتۇرۇۋالدى، قۇرۇلۇش نەق چوتىنى تەپتىش قىلىپ، 72 مىليون 110 مىڭ يۈەن خىراجەتنى قىسقارتتى. هەربىي رايون ئىقتىسادىي تەپتىش باشقارمىسى لەنجۇ هەربىي رايونى تەرىپىدىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىكى ئىلغار تىپ قىلىپ تىكلەندى.

هەربىي رايون ئورگىنىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى ماي بىلەن تەمىنلەشتە IC كارتۇچكىسى ئارقىلىق كۆرسەتكۈچلۈك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ماي بېلىتى ئوبوروتى ئازايتىلىپ، يوچۇقلار ئېتىلدى. قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەهۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىندى. مەلۇم ئاپتوموبىل تۈەنىدە جەنۇبىي شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشى بويىچە نەق مەيدان كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئارقا سەپ تەمىناتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى.

يۈ چاۋ

## چېگرا مۇداپىئە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش

2004 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ هەر دەرىجىلىك ئارقا سەپ تارماقلىرى مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قىسىملارنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈش، ئىچىملىك سۇ، توك ئىشلىتىش، ئىسسىنىش، يول يۈرۈش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى هەل قىلىپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لىيەندۇيلەرگە قۇياش ئېنېرگىيىلىك پارنىك ياساپ بەردى، 6 قوتاننى ئۆزگەرتىپ سېلىپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا بىر قارار دەرىجىلىك ئاشپەزلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بەردى، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 7 تېخنىكا تايانچىنى دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى سەندۇڭنىڭ شۇگۇاڭ دېگەن يېرىدە ئاچقان يېڭى كۆكتاتچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش بازىسىدا ئېچىلغان كۇرسقا ئەۋەتتى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 8 هەربىي لاۋازىمات ئامبىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە 2 - سېپىدىكى لىيەندۇيلەرگە داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان 280 يۈرۈش ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئوچاق ۋە مال جازىسىنى بىر تۇتاش سەپلەپ بەردى؛ شىنجاڭ - شىزاڭ لىنىيىسىدىكى هەربىي پونكىتلارغا ئېگىزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان، داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان يېڭى تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئوچاق ئورنىتىپ بەردى. هەر يىلى 750 نەچچە مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ تەييارلاپ، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى 98 لىيەندۇيگە ئۇدا 15 يىل يېڭى، ئالاھىدە دورىلار ۋە پاشا، قۇرۇت - قوڭغۇز مۇداپىئە دورا - سايمانلىرىنى تارقىتىپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لىيەندۇيلەرگە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك

40 مۇنچا، 69 دىنام، 50 قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىراغ، 17 سۇ تازىلاش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بەردى. 7 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 31 چېگرا مۇداپىئە ئورنىنىڭ پارقازىنىنى يېڭىلاپ بەردى، 28 ئورۇننىڭ پارقازان سۈيىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. 2 چېگرا مۇداپىئە لىيەنىنىڭ بىرىگە 3 كىلوۋاتلىق، بىرىگە 5 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە گازارمىلىرىنى رېمونت قىلىش، تەمىنات ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش مۇلازىمەت ئەترىتى، يوتقان - كۆرپە كىيىم- كېچەك ياماش سەييارە مۇلازىمەت ئەترىتى ۋە ماي بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1 - سەپكە ئەۋەتتى.

نىڭ لاۋ

## ئەمەلىي ئۇرۇشنى كۆزلەپ ئۈچۈر سۇپىسى قۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلەشمە لاۋازىمات قىسىملىرى كەلگۈسىدىكى ئۇچۇرلاشقان ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۆرىدەپ، كاپالەت تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتىپ، تەييار مەبلەغنى جۇغلاپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە تېز كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

بىرىنچىدىن، ئاپتوماتلاشقان قوماندانلىق ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى. ئۇلار ئاز كەم 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئەسلىدىكى تور سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، يۇقىرى - تۆۋەن تورلارنى تۇتاشتۇرۇش، ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش، سان، يېزىق، سۈرەت، باشقۇرۇش ۋە كاپالەت بىر گەۋدە قىلىنغان ئاپتوماتلاشقان قوماندانلىق ئىشخانا ئۇچۇر سۇپىسى قۇرۇپ چىقتى. ئىككىنچىدىن، كاپالەت بۆلەكلىرى بويىچە ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى. ھەربىي جابدۇق ئامبىرى ھەرىكەتلىك سۇيۇقلۇق ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، سىمسىز نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، يىراق مۇساپىلىك نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەپ باشقۇرۇش بۆلىكى ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى. ماي ئامبىرى كەشىپ قىلغان «ئەشيالارنى ساقلاش - توشۇشتىكى تاپشۇرۇۋېلىش - ئەۋەتىش ئۇچۇر سىستېمىسى» ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا ئەشيانىڭ ئۆلچىمى، تاپشۇرۇۋېلىنغان - ئەۋەتىلگەن ۋاقتى قاتارلىق پارامېتىرلارنى بىلگىلى بولىدۇ، ھەممە ئۇنى ئاپتوماتلاشقان قوماندانلىق سىستېمىسى تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق ھېسابات قىلىش، تېز قاچىلاش- چۈشۈرۈش ۋە خاتالىقسىز باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دالا ئۇرۇشى رېمونتچىلىقى بويىچە بىر گەۋدىلەشكەن ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى. رېمونتچىلىق ئورنى 4 چاقلىق لوكاتور، ماتور تەكشۈرۈش ئەسۋابى، ئاپتوموبىللارنى ئېسىپ قويۇپ تەكشۈرۈش ئەسۋابى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، يىراق مۇساپىلىك تېخنىكا ياردەم سىستېمىسىغا ئىگە بولغان دالا ئۇرۇشى رېمونتچىلىق ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كاشىلىلارغا توردا دىئاگنوز قويۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، بۇ سىستېما ئارقىلىق رېمونتچىلار ئاپتوماتىك ئىزدەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قورال - جابدۇقلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ ھەر خىل كاشىلىلارنى تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

جاڭ خۇئېيىڭ

## بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش قىسمىنىڭ 18 ئىشلەپچىقىرىش لىيەنىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيە ئۆيى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، قۇرۇلۇشنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %90كە، لاياقەتلىك نىسبىتى %100كە يەتتى. ھەربىي رايون 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن يېڭى گازارما رايونىغا كىرگەن بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش لىيەندۇيلىرىگە 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى گازارما، ئاشخانا سايمىنى سەپلەپ بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش قىسمىدا 12 ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى بولماسلىقتەك ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «يېڭىدىن قۇرۇلغان بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش قىسىملىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، جىددىي ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاپتونوم رايون 720 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى 4 شەھەرلىك، 8 ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت قىسىملارنىڭ ۋاقىتلىق ئولتۇراق ئۆيىگە جىددىي كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

ساۋ يۇفېڭ

## يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش


2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس خادىملىرىنى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا پائال تەشكىللىدى، ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرى ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، قەشقەر سانائەت باغچىسىنىڭ يول مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق 36 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا

ياردەم بەردى. بىر يىلدا قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلەر زاپاس قىسىملىرىدىن 300 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، 14 مىڭ ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 660 نەچچە كىلومېتىر ئېرىق قازدى، 4 مىليون 200 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 5000 گېكتار يەرنى كۆكەرتتى. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 12- شى 104 - تۇەنى چارۋىچىلىق 2 - فېرمىسىغا بىر «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش سايمانلىرى، ئاشلىق - ماي ۋە ھال سوراش پۇلى تەقدىم قىلدى. بىڭتۇەن ھەربىي بۆلۈمى چېگرا تۇەن - مەيدانلىرى، مىللىي تۇەن - مەيدانلار، نامرات تۇەن - مەيدانلاردا مائارىپنى قوللاش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، 25 مەكتەپكە قىممىتى 2 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى ۋە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى، كادىرلار ئۆز ئالدىغا 560 نەچچە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئوقۇشسىز قالغان 361 نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 5500 نەچچە ئوفىتسېر- ئەسكەر ئاجرىتىپ، 20 نەچچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 6 -، 7 -، 8 - شىلىرى ۋە سانجى قاتارلىق جايلارنىڭ پاختا تېرىشىگە ياردەم بېرىپ، 2400 نەچچە توننا پاختا تەردى. ھەربىي رايون قىسىملىرى ئاپەتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپەتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش شۆبە ئەترىتى قۇردى. قىسىملار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 10 مىڭ 540 دانە يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمىنىنى رېمونت قىلىپ بەردى، ھەر خىل تېخنىكتىن 1932نى تەربىيىلەپ بەردى.

يالقۇن

## خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى 102 - تۇەن- مەيداننىڭ «1 - ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىدا سۇ سىرغىش، چاشقان قورۇق پەيدا بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، 102 - تۇەن - مەيداننىڭ 8 ليەننىنى سۇ بېسىپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم تەخمىنەن 30 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، 10 مىڭغا يېقىن ئاما قاپسىلىپ قالدى، ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن 595 ئادەم، 748 خەلق ئەسكىرى، 2 تىك ئۇچار ئايروپىلان، 99 ھەرخىل ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا سالدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان قىسىملار 100 نەچچە مىڭ تاغار ئاپىرىپ، 140 نەچچە مىڭ تاغار توپا (تەخمىنەن 400 نەچچە توننا) توشۇدى، 2 كىلومېتىر توسمىنى پۇختىلىدى، 3 كىلومېتىر يول ياسىدى، 5200 نەچچە ئادەمنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي قاناس كۆلى بويىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىدىن 56 كىشىلىك ئوت ئۆچۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تېزلىكتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتايغا 2 تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتتى، بۇ ئايروپىلانلار 32 قېتىم ئۇچۇپ، 252 ئوت ئۆچۈرگۈچى، 4.5 توننا ئوت ئۆچۈرۈش ئەشياسى ۋە سايمىنى توشۇدى، 3 كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئوت ئۆچۈرۈۋېلىندى. ئورمانچىلىق نازارىتى باش بولۇپ تەشكىللىگەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تەركىبىدىكى 8 كىشى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئالىي ئېگىزلىكىدىكى لوخمۇسو كۆلىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىدە قاپسىلىپ قالدى. ئالىي شۆبە ھەربىي رايونى 21 كىشىلىك قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ ئەۋەتتى، بۇ ئەترەت كېچىلەپ 420 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا يېتىپ بېرىپ، قاپسىلىپ قالغان 8 ئىلمىي تەكشۈرۈش



2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك تىكىش سەييارە مۇلازىمەت ئەترىتى چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىگە كىيىم - كېچەك تىكىپ بەرمەكتە

جاڭ يىڭشياڭ فوتوسى

خادىمنى قۇتقۇزدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر يىلدا 94 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 280 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم)، 36 تاق ئۇچار ئايروپىلان (قېتىم) ئاجرىتىپ، 118 قېتىم خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان 19 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى، 890 نەچچە توننا ماددىي ئەشيانى قۇتقۇزدى، ئاز كەم 100 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى.

گو ۋېي، جۇ يۈجۈن

## كۆكتاق قۇرۇلۇشى باشلاندى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «شىنجاڭ ھەربىي رايونى كۆكتاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى، يېڭى كۆكتاق قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ئېگىزلىكتە، چېگرا مۇداپىئە سېپىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى %40 ئۆپچۆرسىگە، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئاۋات پەسىلدە %60 ئۆپچۆرسىگە، باشقا پەسىلدە %20 تىن يۇقىرىغا يەتكۈزۈش؛ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىراق قىسىملارنىڭ گۆش - كۆكتات بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى %60 تىن ئاشۇرۇش دەپ بەلگىلەندى. يېڭى كۆكتاق قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 600 مىڭ مەخسۇس قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجرىتىلدى، شەرقىي، شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى قىسىملارغا كۆكتاتنى يېڭى پېتى ساقلايدىغان 6 كۆكتات ئامبىرى سېلىپ بېرىلدى.

چېن يەنجۈن

## پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قورال - جابدۇق پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 24 ى ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەربىي رايون مەخپىي ئىشلار رېمونتچىلىق ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «JJC321 تىپلىق مەخپىي شىفىر ماشىنىسىنىڭ ئەقلىي فۇنكسىيىلىك كاشىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئەسۋابى»، ئوق - دورا رېمونت - تەجرىبە قىلىش پونكىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «تۈتەكسىز دورىنى ئانالىز قىلىشتىكى پروگراممىلىق تەۋرەتكۈچ» ۋە «گازنىڭ ئاقما سۈرئىتىنى ئۆلچەشكە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترونلۇق ئۆلچەش ئەسۋابى» قاتارلىق 3 تۈر باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ، ئارمىيە بويىچە ئىشلىتىلدى.

دۇ سوخېيوڭ، دىڭ شېڭخۇا

## كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش، قىسمىدىن بوشىنىش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قىسمىدىن بوشىنىدىغان كادىرنى 2324 قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شى دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى كادىر 4، تۈەن دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى كادىر 545، يىڭ دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى كادىر 742، ليەن، پەي دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى كادىر 402، تېخنىك كادىر 631؛ بۇلاردىن 1096 كىشى پىلان بويىچە تەقسىم قىلىندى؛ 1132 كىشى ئۆزى كەسىپ تاللىدى، 96 كىشى قىسمىدىن بوشاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 123 كىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئارمىيە بويىچە 1987 كادىر شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1747 كادىر چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي ساننىڭ %75 نى ئىگىلىدى؛ 969 كىشى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تەقسىملەندى، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىدىكى ساننىڭ %4. 88نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ قىسمىدىن ئايرىلىپ تېزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %4. 98كە يەتتى.

ۋاڭ گۇاڭفۇ

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 30 چاقىرىملىق گازارما داۋالاش پونكىتىدىكى سېسترالار باشلىقى جياڭ يۈنيەن، قورغاس، خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لېيەنلىرى، مەلۇم ئاپتوموبىل تۈەنىدىكى سابىق يىڭجاڭ شۇ خۇاڭۋېن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلارنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلدى. پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم تۈەنىنىڭ مىللىي 6 - لېيەنى، مەلۇم تۈەنىنىڭ كومىسسارى لى يىڭفاڭنىڭ ئەسكەرلەرنى سۆيۈش - چۈشىنىشتىكى ئىلغار ئىش پائالىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى.

قورغاس چېگرا مۇداپىئە لېيەنىنىڭ «پولاتتەك ئىنتىزام بىلەن چېگرىنى قوغدايمىز» ناملىق ماقالىسى «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» 1 -، 2 - بەتلىرىنىڭ باش تەرىپىدە ئۇدا ئېلان قىلىندى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ناخشىچىلار ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرىنى قىزىتىۋەتتى» ناملىق ماقالە «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» نىڭ پۈتۈن بېتىدە ئېلان قىلىندى، «شىنجاڭ ھەربىي رايونى پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەنىيەتلىك چېگرا مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلدى» ناملىق ماقالە «خەلق گېزىتى» نىڭ كۆزنەكىدە ئېلان قىلىندى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»، «ھەربىي خەۋەرلەر» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 199 پارچە ماقالىسى ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەييارلىغان «1 - ماي بايرىمىدا كارتوگرافىيە ئەسكەرلىرى قارلىق تاغقا قاراپ يول ئالدى» ناملىق پروگراممىا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ

«مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» ۋە «ھەربىي خەۋەرلەر» سەھىپىلىرىدە بىر كۈندە كۆرسىتىلدى.

جاڭ گۇيخۇا

## خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى يىلبويى قار ئېرىمەيدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 4300 نەچچە مېتىر ئېگىز پامىر ئېگىزلىكىدە تۇرىدۇ. بۇ لىيەن قۇرۇلغاندىن بۇيان بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، جاپالىق مۇھىت، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى، ئۇدا 22 يىل ھادىسە، دېلو، چەت ئەلگە چېتىشلىق چېگرا ۋەقەسى سادىر قىلمىدى، چېگرىدا چارلاش، چېگرىنى قامال قىلىش ۋە يەرلىكتىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشىغا ھەمكارلىشىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىدى؛ 2500 نەچچە ئادەم (قېتىم) خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، 2800 نەچچە دېھقان، چارۋىچىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى؛ كۆپ قېتىم لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار لىيەندۇي، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك، 2 قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 4 قېتىم 3 - دەرىجىلىك كوللېكتىپ خىزمەت كۆرسەتتى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇ لىيەنگە «ۋەتەننى، چېگرىنى قوغداشتىكى نەمۇنەلىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

ساۋ جۇڭشېڭ

## قورغاس چېگرا مۇداپىئە لىيەنى ئۇدا شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

لەنجۇ ھەربىي رايونى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «69348» قىسمىنىڭ قورغاس چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە «دۆلەت دەرۋازىسىنى قوغداشتىكى ئۈلگە لىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. قورغاس چېگرا مۇداپىئە لىيەنى يولداش جياڭ زېمىن يېزىپ بەرگەن «دۆلەت دەرۋازىسىنى ياخشى قوغداپ، مەڭگۈ كۆزنەك بەرپا قىلغۇچىلار» دېگەن بېغىشلىمىنى



مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە «ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى قوغدىغان نەمۇنە لىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. سۈرەتتە: لىيەندۇيدىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر چارلاش سەپىرىدە

چېن شۆخەي فوتوسى

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردە «مەسئۇلىيەتنى تەيشەن تېغىدىن ئېغىر بىلىش، ئوبرازنى ھاياتتىنمۇ ئۈستۈن قويۇش، مەدەنىيلىك، دوستلۇقنى تارقىتىش، دۆلەت دەرۋازىسى، چېگرىنى سادىقلىق بىلەن قوغداش» روھىنى يېتىشتۈردى. لىيەندۇيدىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر دۆلەت دەرۋازىسىنى «كۆزنەك» قىلىپ، ئوبرازىنى ھايات دەپ بىلىپ، دۆلەت دەرۋازىسى قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى ياراتتى. بۇ لىيەندۇي ئۇدا 14 يىل باش شتاب ۋە لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە لىيەندۇي ۋە ئىلغار لىيەندۇي دەپ تەقدىرلەندى، شەرەپ بىلەن 3 قېتىم 1- دەرىجىلىك، 2 قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 6 قېتىم 3 - دەرىجىلىك كوللېكتىپ خىزمەت كۆرسەتتى. لىيەندۇي پارتىيە ياچېيكىسى ئۇدا 13 يىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 1996 - يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، 2003 - يىلى باش سىياسىي بۆلۈم تەرىپىدىن مەملىكەت، ئارمىيە بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

ساۋ جۇڭشېڭ

## جياڭ يۈنيەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

لەنجۇ ھەربىي رايونى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 18 - دوختۇرخانىسى 30 چاقىرىملىق

گازارما داۋالاش پونكىتىنىڭ سېستىرالار باشلىقى جياڭ يۈنيەنگە «قارلىق دالا ئېگىزلىكىدىكى نەمۇنىچى سېستىرالار باشلىقى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. جياڭ يۈنيەن قىسىمغا كىرگەن 11 يىلدىن بۇيان ئارمىيە بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، شارائىتى ئەڭ ناچار، مۇھىتى ئەڭ جاپالىق بولغان داۋالاش پونكىتىدا كۆرەش قىلىپ، 70 نەچچە قېتىم ئېگىزلىك ۋە چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىغا بېرىپ، 7000 دىن ئارتۇق كېسەلنى كۆڭۈل قويۇپ كۆتتى، 30 نەچچە (قېتىم) خەتەرلىك كېسەلنى قۇتقۇزدى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر تەرىپىدىن «هاياتلىق چەكلەنگەن رايوندىكى باشپاناھ» دەپ تەرىپلەندى. ئۇ سېستىرالىق بىلىملىرىنى قېترقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي ماھارەتنى جاپاغا چىداپ مەشق قىلىپ، ئادەتتىكى ئىش ئورنىدا ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. شىنجاڭ هەربىي رايونى تەرەپىدىن لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە «تۆھپىكار ئايال» دەپ تەقدىرلەندى، مەملىكەت بويىچە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى ۋە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارلار ئۈلگىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى، 39ـ نۆۋەتلىك «نەندىڭگېر» مۇكاپاتىغا ۋە شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك «قوش مۇنەۋۋەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك، بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.



لەنجۇ هەربىي رايونى 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 18ـ دوختۇرخانىسى 30 چاقىرىملىق گازارما داۋالاش پونكىتىنىڭ سېستىرالار باشلىقى جياڭ يۈنيەنگە «قارلىق ئېگىزلىكتىكى نەمۇنە سېستىرالار باشلىقى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. سۈرەتتە: جياڭ يۈنيەن چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىغا كېسەل كۆرۈشكە باردى.

جېن چىڭفېڭ فوتوسى

ساۋ جۆڭشېڭ

## گو بوشيۇڭ شىنجاڭ هەربىي رايونى قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەركىزىي هەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گو بوشيۇڭ مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى شۇ چىلياڭ، باش ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈن چياڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنى باشلاپ 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىن 6 ـ كۈنگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەن، سىياسىي كومىسسارى ليۇ يۇڭجى ۋە شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن، سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭلار تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى، گو بوشيۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى مەلۇم پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم كادىرلارنى يوقلىدى، هەربىي رايون ئورگىنىدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى قوبۇل قىلدى، هەربىي رايون ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى هەم پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم شىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

يى ئافېڭ

## لى جىنەي شىنجاڭغا كېلىپ خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە نام بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى

مەركىزىي هەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش قورال ـ جابدۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى جىنەي شىنجاڭغا كېلىپ 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 — 27 ـ كۈنلىرى مەركىزىي هەربىي كومىتېتىنىڭ خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە «ۋەتەننى، چېگرىنى قوغداشتىكى نەمۇنە لىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، هەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى ھەمدە خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە لەۋھە ۋە مۇكاپات بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.

شۇ باۋشېڭ

## لى چيەنيۈەن 2 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2004 ـ يىلى لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەن 2 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. شىنجاڭ هەربىي رايونى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىن

20 - كۈنىگىچە پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئاچتى، لى چيەنيۈەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. لى چيەنيۈەن 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە مەلۇم قىسىمغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

يى ئافېڭ

## ليۇ يۈجى 3 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2004 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇ يۈجى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 3 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، يېتەكچىلىك قىلدى. ليۇ يۈجى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى يوقلىدى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، پاراۋانلىق تەمىناتىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ليۇ يۈجى 6 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لېنىگە «ۋەتەننى، چېگرىنى قوغداشتىكى نەمۇنە ليەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. ليۇ يۈجى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

يى ئافېڭ

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

ئامېرىكىنىڭ قىسىمدىن چېكىنگەن گېنېرالى روبوت سېنفود باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى گېنېراللار سىنىپى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 15 كىشى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەربىي ھەمكارلىق باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاشىپوف باشچىلىقىدىكى 4 كىشى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى، ئارىلىقتا ئۈرۈمچىدە 2 كۈن پائالىيەت ئېلىپ باردى.

پاكىستان ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 7 كىشى ئالاھىدە قىسىم قوماندانى مايور ئاراۋنىڭ باشچىلىقىدا 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى، ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ جۇڭگو - پاكىستان بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان جايلارنى تەكشۈردى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن جۇڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ب . زاكىيېف جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى چېگرا مۇداپىئە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن جۇڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن رەئىسى، چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى نازاروف شاۋجياڭ باشچىلىقىدىكى تاجىكىستان چېگرا مۇداپىئە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 4 كىشى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى.

جۇڭگو - پاكىستان تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرنىڭ پاكىستانلىق كۆرگۈچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشى پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ باش مەشىق نازارەتچىسى سالا ئاكىم جۇڭجياڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا كېلىپ 8 - ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە «دوستلۇق — 2004» ناملىق جۇڭگو- پاكىستان تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرنى كۆردى.

قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى شاۋجياڭ ليۇ يوڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولدى.

ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە ئىنىستىتۇتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 111 كىشى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ئاۋسترىيە فېدېراتسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى رولاند ئەلىت شاۋجياڭ ۋە ئۇنىڭ خانىمى باشچىلىقىدىكى 7 كىشى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ئەنگلىيە خان جەمەتى دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ ئالىي مۇپەتتىشى، دېڭىز ئارمىيە شاۋجياڭى روج روكۇود باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە خان جەمەتى دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقات ئىنىستىتۇتى پراكتىكانتلار ئۆمىكى تەركىبىدىكى 15 كىشى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ما سۇسۇ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرى

باش ئەترەت باشلىقى: پەن چاڭجيې (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ليۇ ياۋخۇا (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: شۇ تيەنيو (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: ئەزىز ھېيىت (داشياۋ)، چى باۋۋېن (داشياۋ)، سۈي شۇلى (داشياۋ)، ئەنۋەر ھۇسەن (داشياۋ)، جياڭ جيەنگو (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: گو جيافا (داشياۋ)، تاڭ ۋەنشۇن (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ جيەنپىڭ (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خو شياۋچېن (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، زېڭ جيەنخۇا (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، «جۇڭگوچە ھەربىي ئىسلاھاتنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش»، «تۆتنى يۇكسەك تونۇش»، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە نىكاھ كۆزقارىشى، ئائىلە كۆزقارىشى، كەسىپ كۆزقارىشى تەربىيىسى قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش ئىدىيىۋى ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى. تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدا ئومۇملاشتۇردى.

باش ئەترەت غەربىي كەڭ ئېچىشقا ياردەم بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، ئارمىيىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا تەجرىبە تونۇشتۇردى. باش ئەترەت كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى دەپ تەقدىرلەندى، باش ئەترەت ئالاقە پونكىتىنىڭ سىملىق ئالاقە ئوتتۇرا ئەترىتىگە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «8 - مارت، قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

چېن جۇڭيۇ

### مەركىزىي ۋەزىپە

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، تەساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى كۈرەش تەييارلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى تۇتتى. بىر يىلدا ھەر خىل ۋاقىتلىق ۋەزىپىدىن ئازكەم 1000 قېتىم ئىجرا قىلدى. ۋۇجياچۇ «1- ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىدا يار ئېلىپ كېتىش، 18 - ماي ئايروپىلان ۋەقەسى قاتارلىق خەتەردىن - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى 13 قېتىم ئىجرا قىلدى، قىسمەن ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ 50 يىللىق تويى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسى ۋە ئېتىش، يالاش، يالاپ توشۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلدى. ئۇدا 7 يىل بىخەتەر ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. يىللىق مەشىق ۋەزىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىدى، قوراللىق ساقچى قىسىملارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قىسمەن ئورۇنلار ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش مەركىزى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەشىق بازىسى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش سۇپىسىنى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە قىلدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈچ سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. دۆلەت ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال مانېۋىرىغا قاتنىشىپ، دۆلەت ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى ۋە ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. زاپاس تارماق ئەترەتنى تەشكىللەپ كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە تور مانېۋىرى ۋە باشلىق ئورگانلارنىڭ ھەقىقىي ئەسكەر مانېۋىرىنى ئۆتكۈزۈپ، قىسىملارنى چېنىقتۇردى. باش ئەترەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەشىق تەجرىبىلىرى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدا ئالماشتۇرۇلدى.

چېن جۇڭيۇ

### ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى شىددىن يۇقىرى رەھبەرلەر يېتەكلىگەن 4 بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى قىسىملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ

تەتقىق قىلدى. ھەر پەسىلدە پارتكوم خىزمىتى توغرىسىدا يولىيورۇق تارقىتىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى.

چوڭ (ئوتتۇرا) ئەترەتلەرنىڭ ئۆستۈرۈلىدىغان مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 2 تۈركۈمدە 270 كىشىنى تەربىيىلىدى. ئارماق ئەترەتلەر پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ 1 -، 2 - شۇجىلىرى، ئىستىتپاق ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ، پروگرامما بويىچە ئەترەت قۇرۇشنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پروگرامما بويىچە قۇرۇلۇشنى تۇتۇش ۋە ئەترەت قۇرۇش تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى. پروگراممىدىن چەتنەپ كېتىدىغان ئەھۋالنى تۈزىتىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى مۇقىم ئۆستۈردى، ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. باش ئەترەت 1000 دىن ئارتۇق كەنجى ئوفىتسېرنى ئادىللىق بىلەن تاللىدى ۋە ئۆزگەرتتى.

چېن جۇڭيۇ

## ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالىتى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ %78 ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئۆل مۇئەسسەسەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. باش ئەترەت ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى شەھەر - بازارلارنى قاپلىغان ساقچى - يەرلىك ئارقا سەپ تەمىناتى بىرلەشمە كاپالىتى سىستېمىسى قۇردى. ئارقا سەپ ئۇرۇش تەييارلىقى بايلىقى، مالىيە ئۆچۈرى قاتارلىق 6 تور ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلدى. «22 - يانۋار» كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش، «8 - ماي» ئايروپىلان ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى جىددىي كاپالەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى. ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالىتى ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىدى، 9 نەتىجە قوراللىق ساقچى قىسىم پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. داۋالاش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى مۇقىم قانات يايدۇردى. 47 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قىسمەن ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىنىڭ گازارمىلىرىنى سېلىش، تولۇقلاش ۋە رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 27 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ مېھرى - شەپقەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ياتاق سېلىپ بەردى، ئائىلىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ بېردى، قىسمەن تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاپ بەردى. باش ئەترەتنىڭ تاماق ئۈستىلى ئىنقىلابى، مالىيىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئىللىقلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ياتاق، ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بېرىش قاتارلىق تەجرىبىلىرى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدا ئالماشتۇرۇلدى، پېشقەدەم كادىرلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش خىزمىتى قوراللىق ساقچى قىسىم تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

چېن جۇڭيۇ

## قوماندان ۋۇ شۇاڭجەن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

قوراللىق ساقچى قىسىم قوماندانى شاڭجياڭ ۋۇ شۇاڭجەن باش شتاب بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا بېرىپ باش ئەترەت پارتكومى ھەمدە قىسىم قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئارودرومىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2004 - يىللىق دۆلەت ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش ئۈنىۋېرسال مانېۋىرىغا قاتنىشىپ، مانېۋىرغا قاتناشقان باش ئەترەت ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

چېن جۇڭيۇ

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر: لى چاڭيۇڭ (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جېنچىڭ (داشياۋ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ)، لى شېڭلى (داشياۋ)، فېڭ دېڭ (داشياۋ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، خاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ)، لى چۈەنفۇ (داشياۋ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى يولغا قويدى، مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى بۆلەكلەر بويىچە تەرتىپكە سالدى، ئادەم مۇھاپىزىتى بىلەن بۇيۇم مۇھاپىزىتى ۋە تېخنىكا مۇھاپىزىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇختا بولماسلىق، ئەسلىھەلەر مۇكەممەل بولماسلىق، ھەمكارلىق زىچ بولماسلىق، تەرتىپ مۇنتىزىم بولماسلىق ۋە قوشۇن تەلەپچان بولماسلىق مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى. قىسىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن «قاراۋۇللۇق ئورنىدىكى بىخەتەر ئوق ساندۇقىنى باشقۇرۇش - ئىشلىتىش چارىسى»، «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى 3 ئىنتىزام»، «ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىدىكى 10 ئاچقۇچلۇق تەدبىر»، «يىراقتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مۇھاپىزەت نىشانلىرىغا سوقۇلۇشتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى ۋە تىرېۋوگا ئەسۋابى ئورناتتى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتىنى %90 كە يەتكۈزدى. 14 قېتىم جىنايەتچىلەر قېچىش ۋەقەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلدى. مەركەز رەھبەرلىرى بىڭتۇەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا نەق مەيدان مۇھاپىزىتى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىدى.

لىيۇ شياۋلىن

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى كىرىشتۈرۈپ تەكشۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭلاردىكى يېڭى ئەسكەر تەربىيىسىگە مەسئۇل رەھبەرلەرنى رايونلار بويىچە ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش پائالىيىتىنى بۇسۇش ئېغىزى قىلىپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى ئىشقا چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى. باش شتابنىڭ يەككە ئەسكەرلەرنى كەسىپ بويىچە سىناش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يەككە ئەسكەرلەرنىڭ كەسىپلەر بويىچە مەشق قىلىش مەزمۇنى ۋە رېتىمىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەڭشىدى، مەشق سۈپىتىنى چىڭ تۇتتى. ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە قىسىمدىكى ساقچى ئوفىتسېرلىرىنىڭ تايانچىلىرىنى گۇرۇپپىلاپ مەشغۇلات قىلدۇرۇش ۋە چوڭ ئەترەتلەرنى رايونلار بويىچە ھەمكارلىشىپ مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشقا مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىپ، تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۇرۇشنى ئايرىۋېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 5 - ئايدا 3 - تارماق ئەترەتتە ئوقۇتۇش ئەترىتى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، ئوقۇتۇش ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. تارماق ئەترەت كوماندىر-ترېنېرلىرىنى قاتلام، تۈركۈملەر بويىچە سەپ تۈزۈش، تولۇق دەرس بويىچە تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىنى ئەترەتلەرگە ئايرىش تاكتىكىسى ۋە قوماندانلىقى بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى، ئۇلار قوماندانلىق نەزەرىيىسى، قوماندانلىق مۇھىم ئاملى، تېما تەتقىقاتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى نۇقتىلىق ئۆگەندى. 2004 - يىلى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قىسىملارغا قوش - يالاڭ تورنىك، مەشق كۆرپىسى، مىشېنا، مىشېنا تاختىسى، لازېر نۇرلۇق قارىغا ئېلىشنى تەكشۈرۈش ئەينىكى سەپلەپ بەردى؛ 800 مىڭ يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، تارماق ئەترەتلەرنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاپ بەردى.

لىيۇ شاۋلىن

## ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالىتى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى «ئارقاسەپ تەمىنات كاپالىتى لايىھىسى»، «تەسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش كۈچىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش ئۆلچىمى» ۋە «ئارقا سەپ ئۇرۇش تەييارلىقى ئەشيالىرىنى باشقۇرۇش - ئىشلىتىش بەلگىلىمىسى» نى تۈزدى. مالىيە باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. خىراجەت باشقۇرۇش، ئاتچوت قىلىش تۈزۈمىنى چىڭىتتى، مەمۇرىي سەرپىيات خىراجىتى، يىغىن خىراجىتىنى 2003 - يىلدىكىدىن %2 تۆۋەنلەتتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يىللىق خام چوت، نەق چوت ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش نەق چوتى قاتارلىقلارنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى %100 كە يەتكۈزدى. بىر يىلدا 4 مىليون 382 مىڭ يۈەنلىك ئەشيا سېتىۋېلىپ، 486 مىڭ يۈەن خىراجەتنى ئازايتتى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، %90 ئاشخانا تاماقنى ئايرىم يېيىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قوماندانلىق شتابى 28 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 24 مىڭ 178 كۋادرات مېتىر گازارمىنى يېڭىدىن سالدى ۋە ئۆزگەرتتى. ترانسپورت

بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئاپتوموبىللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتىنى 96% كە يەتكۈزدى. 9 مىليون 800 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈش جەريانىدا ھادىسە كۆرۈلمىدى. بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

لىيۇ شاۋلىن

## «21 - يانۋار» كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 102 - تۈەن - مەيدانىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىدا توغرا كەسمە كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئالاھىدە زور چاشقان قورۇق پەيدا بولدى، سۇ ئامبىرىدىكى 23 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئامبار رايونىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە خەۋپ يەتكۈزدى. خەتەر يۈز بەرگەندىن كېيىن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 900 ئەسكەر، 55 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ باشقا ياردەمچى قىسىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ 4 كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئىشچى - خىزمەتچى ئاممىدىن 7500 نەچچە كىشىنى جىددىي تارقاقلاشتۇردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 1000 غا يېقىن ئادەمنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى، يارىدارلار ۋە بىتاب ئاممىدىن 570 كىشىنى قۇتقۇزدى، 60 نەچچە مىڭ خالتىغا قۇم قاچىلىدى، 1000 مېتىردىن ئارتۇق توسمىنى پۈتتىلىدى، شۇنىڭ بىلەن خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

دىڭ شاۋجۈن

## «4 - ئىيۇل» چۆللۈكتە ئىشلەمچىنى قۇتقۇزۇش

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سىچۈەنلىك 18 ئىشلەمچى شىنجاڭ قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان قىزىلبايراق داۋنى ئەتراپىدىكى چۆللۈكتە يوقاپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى ۋە 5 - تارماق ئەترەتنىڭ زاپاس ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر يامغۇرغا قارىماي ۋەقە چىققان جايغا بېرىپ شۇ يەردىكى ج خ، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئىشلەمچىلەر يوقاپ كەتكەن دەپ قارالغان جايلارنى تور يېيىش شەكلىدە ئىزدىدى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يوقاپ كەتكەن ئىشلەمچىلەردىن بىر كىشى ئۆلگەندىن باشقا، قالغان 17 كىشى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

دىڭ شاۋجۈن

## بىڭتۈەن تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ بىڭتۈەن تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى 2004- يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىخەنزىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ 7 - تارماق ئەترىتىگە بىڭتۈەن تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى دەپ نام بېرىلدى.

دىڭ شاۋجۈن

## ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ شاۋچۈن

لىيۇ شاۋچۈن ئەر، خەنزۇ، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تيېلى شەھىرىدىن، 1983 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، 2000- يىل 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 2001 - يىل 5- ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 6 - تارماق ئەترىتى 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە 1 - دەرىجىلىك كەنجى ئوفىتسېر ئىدى. لىيۇ شاۋچۈن 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 21- كۈنى سەبداشلىرى بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئاپتوموبىلىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىۋاتقاندا ئويلىمىغان يەردىن ئاپتوموبىل گەۋدىسى تۇيۇقسىز سىيرىلىشقا باشلايدۇ، ئاپتوموبىلنىڭ گازارما تېمىغا سوقۇلۇپ قىسىمنىڭ مال - مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لىيۇ شاۋچۈن سىيرىلىۋاتقان ئاپتوموبىل گەۋدىسىنى بەدىنى بىلەن توسقاندا بەختكە قارشى ئۇنىڭ بېشى ۋە مەيدىسى ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا قۇربان بولىدۇ. 2004 - يىل 5 - ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم سىياسىي بۆلۈمى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

دىڭ شاۋجۈن

## لىيۇ چاۋجى 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى

لىيۇ چاۋجى، ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭشەي ناھىيىسىدىن، 1966 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان، 1984 - يىل 8 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1986 - يىل 9 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 - تارماق ئەترىتى سانىتارلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا، شاۋشياۋ ئۇنۋانىغا ئىگە. ئۇ 2004 - يىل 12 - ئايدا 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كوممۇنىستىك ياشلار

ئىتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئۇنى تەقدىرلىدى.

دېڭ شاۋجۇن

## ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر — سوڭ دېڭلەي

سوڭ دېڭلەي، ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىنئەن ناھىيىسىدىن، 1979 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان، 1997 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 2001 - يىلى 7- ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئۇ قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئورگىنى رېمونتچىلار بەنىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە 2- دەرىجىلىك كەنجى ئوفىتسېر. ئۇ ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن بۇيان «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئۆز بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلدى، ئۆز خىزمىتىگە بېرىلىپ كەسپىنى قىزغىن سۆيدى، ئۇ ئاشپەز، ئامبارچى، رېمونتچى بولدى. ئاشپەزلەر بەنىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە ئۆزلۈكىدىن شۇئار تاختىلىرىنى ياساپ، گازارما سايمانلىرىنى ئوڭشاپ، قىسىمغا 100 نەچچە مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ بەردى. ئۇ بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 2 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 4 قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى، 2004 - يىلى 9 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 4 باش بۆلۈمى بىرلىكتە ئۇنىڭغا ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر دەپ نام بەردى.

دېڭ شاۋجۇن

# قورالLIق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - سىياسىي كومىسسارى: شيۈڭ خۇيىن (قوشۇمچە).

باش ئەترەت باشلىقى: گو شېڭخۇي (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارى: شۇ شۇشۆ (داشياۋ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن شېڭيىڭ (داشياۋ، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: ۋاڭ لىۋېي (داشياۋ)، خۇاڭ توڭيىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن شېڭيىڭ (داشياۋ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما جيەنخۇا (شاڭشياۋ).

## ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ مەڭگۈ سادىق قوغدىغۇچى بولۇش ئىدىيىۋى ئاساسىنى چىڭىتتى، ئۇلارنىڭ «ساقچى روھى» ئېڭىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى. «جۇڭگوچە ھەربىي ئىسلاھاتقا پائال ماسلىشىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان غايە - ئېتىقاد، ئىدىيە - ئەخلاق، كادىرلارنى ھۆرمەتلەش - ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ۋە مەجبۇرىيەت - ۋەزىپە تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى؛ 2 دەرىجىلىك ئورگاندا «ساپا ۋە ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئەلا ئىستىلنى ساقلاش» ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇردى. كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ غايە - ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىدى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سىياسىي نەزەرىيە ئومۇمىي تەكشۈرۈشىدە ئەلا دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. دائىرىلىك توردىن پايدىلىنىپ يىراقتىن دەرس ئۆتۈپ، سىياسىي تەربىيىنىڭ 80% مەزمۇنىنى كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يەتكۈزۈپ، «بىر تور بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇش، بىر دەرسنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش» نى ئىشقا ئاشۇردى. قىسىمنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن قىسىمغا گار، بېليارت تاختىسى، ئائىلىۋى كىنوخانا، ئېلېكترونلۇق پىئانىنو، گىتتار قاتارلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى سەپلەپ بەردى. 10 قىرائەتخانا قۇرۇپ، 160 نەچچە مىڭ يۈەنلىك كىتاب سېتىۋېلىپ، قىسىمنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. باش ئەترەت تۇنجى نۆۋەتلىك «ئورمان قوغدىغۇچىسى» لوڭقىسىنى تالىشىش ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ساقچى گازارمىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. مەبلەغ تەييارلاپ ئۇرۇمچى چوڭ ئەترىتىدە جاز - دۇمباقچىلار ئەترىتى قۇردى. قىسىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ «كىتاب ئوقۇش داۋامىدا ئىختىساسلىق بولۇش، خىزمەت ئورنىدا تۆھپە يارىتىش» بويىچە كىتاب ئوقۇش، نۇتۇق سۆزلەش، ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىي پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاتتى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 100 دانە كومپيۇتېر ۋە 100 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىپ، ھەر بىر چوڭ ئەترەتكە بىردىن

كومپيۇتېرخانا قۇرۇپ بەردى، باش ئەترەتتە ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش سىنىپى ئاچتى، ئورمان قىسىملىرىدا بىرىنچى بولۇپ كومپيۇتېرلارنى تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ باش ئەترەت، تارماق ئەترەت ۋە چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كومپيۇتېر كۆپ مۇھىتلىق ئوقۇتۇش سىنىپى ۋە 3 دەرىجىلىك رازۋېتكا سىستېمىسى قۇردى، قىسىم ماتېرىيالىنى باشقۇرۇش ۋە ئوت مۇداپىئەسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۈچۈر سۇپىسى قۇردى.

ليۇ پېڭشۈن

## هەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى

2004 يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى 184 كۈن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى %85 كە يەتتى. تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقان 375 ئوفىتسېر - ئەسكەر 3 ئايلىق تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق تېزىستا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلارنى تاماملاپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنى تەكشۈرۈشىدە ئومۇمىي نەتىجىسى ياخشى بولدى. 2 دەرىجىلىك ئورگاندا باشلىق ئورگىنىنىڭ 35 كۈنلۈك كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى، ھەممە مەملىكەتلىك كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلارنى بىر تۇتاش تەشكىللىدى، ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى 1 - دەرىجىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتتى، %25 ى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. بىر يىلدا ئورمان، ئوتلاقلاردا يۈز بەرگەن 8 قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈلدى (ئورمان ئوت ئاپىتى 5 قېتىم، ئوتلاق قومۇشلۇق ئوت ئاپىتى 3 قېتىم). بۇنىڭغا 720 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ، 52 ھەر خىل ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلدى. باش ئەترەت 397 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ 11 قېتىم ئوت مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئىجرا قىلدى. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا 28 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 13 قېتىملىق قانۇنسىز ئوۋچىلىق قىلمىشىنى توستى، 242 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 5 قېتىم خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى.

ليۇ پېڭشۈن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى مەركەزگە كاپالەتلىك قىلىش، تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى مۇھىم نۇقتا، ئاساسىي قاتلامنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرۇشتىن باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئورۇنلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئارقا سەپ تەمىناتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئارقا سەپ تەمىناتىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ «ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە كاپالەتلىك قىلىش لايىھىسى» قاتارلىق ھەر خىل ۋەزىپە بويىچە گۇرۇپپىلاش لايىھىلىرىنى تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. خىراجەت باشقۇرۇش، ھەربىي تەمىنات باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى. سەھىيە ئەترىتى قۇردى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن داۋالاش ۋەزىپىسىگە كاپالەتلىك قىلىش شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. ھەربىي قورال تۇشۇش ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاپ، بىخەتەر بولۇش، ھادىسە چىقماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى، گازارما قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈردى. 7 - ئايدا باش ئەترەتنىڭ گازارما قۇرۇلۇشى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى ۋە قوماندانلىق شتاب بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، لاياقەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

ليۇ پېڭشۈن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ پۇختا ئاساس سالدى. «ئاساسىي قاتلام بىرىنچى، ئەسكەرلەر ھەممىدىن ئەلا» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى پۇختا تۇرغۇزدى، باش ئەترەت پارتكومى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىم مۇھاكىمە قىلىپ دائىم تۇتتى. تارماق ئەترەتلەر خىزمەتلەرنى ھەر ئايدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى، ھەر پەسىلدە بۆلەكلەر بويىچە تەكشۈردى، دوكلات ئاڭلىدى، ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلدى، قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى مۇنتىزىم، تەرتىپلىك بولدى. تارماق ئەترەتلەر بىر يىلدا 10 قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرۈپ سىنىدى ۋە نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلدى، بارلىق شتاتلىق ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە 5 كىشىلىكتىن ياچېيكا ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەر تىزىس بويىچە ئەترەت قۇرۇشتا ئەترەت قۇرۇش نىشانىنى ئىلمىي بەلگىلىدى، تېزىس

بويىچە قۇرۇشنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. چوڭ، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ سىناشتىكى نەتىجىسى 2003 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. تارماق ئەترەت، چوڭ ئەترەت ۋە ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرى قاتناشقان «تېزىس» ئۆگىنىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، پارتكوم (ياچېيكا) شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، تايانچىلار ۋە تېخنىكلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، «1 - سەپتىكى ئەسكەر باشلىغۇچىلار» نىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

ليۇ پېڭشۇن

## ساقچى بىلەن ھۆكۈمەت، ساقچى بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتى ۋە ساقچى بىلەن ھۆكۈمەت، ساقچى بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ تاشقى مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. ياچېيكا ۋە مۇستەقىل مۇداپىئە چوڭ ئەترەتلىرىنى بىرلىك قىلىپ، مەكتەپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ساقچى بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسىدىن 26 نى قۇردى. باش ئەترەت 444 ئادەم (قېتىم) ئەسكىري كۈچ، 52 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىپ، خەتەرگە يولۇققان ئاممىدىن 65 كىشىنى قۇتقۇزدى، 64 توننا ھەر خىل ئەشيانى توشۇدى. 580 ئەمگەك كۈنىدىن پايدىلىنىپ، 205 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، شەھەر مەمۇرىيىتىدىكى 15 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا ياردەم بەردى. 171 ئەمگەك كۈنىدىن پايدىلىنىپ، 86 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردا 140 نەچچە مىڭ تۈپ خالىس كۆچەت تىكتى. 2400 ئادەم (قېتىم) ھەر خىل پاراۋانلىق پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 8000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى، 3600 نەچچە مىللىلىتىر خالىس قان تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش، ھەقسىز كېسەل كۆرۈش، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشكە ئوخشاش پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. باش ئەترەتكە قاراشلىق 3 تارماق ئەترەت ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ليۇ پېڭشۇن

# شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

## شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى

باش ئەترەت باشلىقى: جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: سۈي ياجو (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى فېڭخەي (داشياۋ، 10 - ئايدا ۋەسىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ شۆيىن (داشياۋ)، ساۋ شۇچېڭ (داشياۋ)، جېڭ جىڭيۈەن (داشياۋ)، ماخمۇت (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ما شياۋئەن (داشياۋ).

## چېگرا باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، تېررورچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەردىن ئىبارەت 3 خىل كۈچنىڭ يوشۇرۇن كىرىش - چىقىش، ئوغرىلىقچە قورال يۆتكەش ۋە ئۇيۇشتۇرۇلغان قوراللىق ھۇجۇم قىلىشىغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، چېگرىدىكى نۇقتىلىق بۆلەك، نۇقتىلىق جاي، نۇقتىلىق ئادەملەرنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. چېگرا رايونلارنىڭ يەر شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە «ئۈچ خىل ئۇنسۇر» لارنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش لايىھىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، چەت ئەلگە تۇتىشىدىغان نۇقتىلىق تاغ ئېغىزلىرى، مۇھىم يوللاردىكى پەسىل خاراكتېرلىك چېگرا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرىنى تەكشۈردى ۋە تەسىس قىلدى، باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «بارلىق چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدە مۇداپىئە سېپى ھاسىل قىلىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. چېگرىدا بىرلەشمە مۇداپىئەدە تۇرۇش، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى، نۇقتىلىق ئاھالىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، نۇقتىلىق جايلاردا مۇداپىئە تورى ھاسىل قىلىش ئاساس قىلىنغان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش - ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تورى بەرپا قىلىپ، چېگرا باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى، چەت ئەلگە چېتىشلىق ۋەقەلەر ئازايدى، ئادەم سانى 2003 - يىلدىكىدىن 7 سى ئازايدى. باش ئەترەت ساقچىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساقچى كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشىنى

سەرخىللاشتۇردى، ساقچىلارنى ئالدىغا يۆتكەش، تۆۋەنگە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇچۇر ئىگىلەش، نوپۇس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى مۇداپىئە ۋە ئاممىۋى ئامانلىقنى ساقلاشنى يولغا قويۇش، بازا كونتروللۇقنى چىڭىتىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «110» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدەندى، يۇقىرى دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ساقچىخانا قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. 8 ساقچىخانىنى 1 - دەرىجىلىك، 44 ساقچىخانىنى 2 - دەرىجىلىك قىلىپ باھالاپ، كۆزلىگەن نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاساسىي قاتلامدىكى ساقچى ئوفىتسېرلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، 2 قارار ساقچىخانا باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچتى، قىسمەن ساقچىخانا باشلىقلىرىنى ج خ نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ساقچىخانا باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا تاللاپ ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلام ساقچىخانا رەھبەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. ج خ مىنىستىرلىكى، ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى ۋە ج خ نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، چېگرا رايونلاردا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋە ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە قارشى تۇرۇش، زەھەر مەنبەسىنى چەكلەپ، زەھەر جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ۋە قاتتىق زەربە بېرىش، دېلو پاش قىلىش، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش قاتارلىق مەخسۇس ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇردى.

دۇڭ جېنچۈەن

## چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى تەكشۈرۈش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تولۇق تەكشۈرۈش» ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش ۋاستىلىرىنى ياخشىلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر ۋە تېررورچىلارنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىش - چىقىشىنى ئۈنۈملۈك توستى. مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تېز ھەم راۋان بولغان چېگرىدىن ئۆتۈش مۇھىتى ھاسىل قىلدى. چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ ئاپتوموبىل گەۋدىسىنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى سېتىۋالدى، چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ نەقمەيداندا تەكشۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاپ، تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. كەسپىي تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى بويىچە كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تەدرىجىي ئۆستۈردى. قازاقىستانغا مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەتكە چىقتى، قىرغىزىستان، قازاقىستان، موڭغۇلىيەلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئورگانلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، چېگرىدىن ئۆتۈش ھەمكارلىقى، «ئۈچ خىل كۈچ»كە بىرلىكتە زەربە بېرىش، ئۇچۇر مەلۇم قىلىشنى كۈچەيتىش، قورال - ياراغ، زەھەر قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملارنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. قەشقەر ئايرودرومىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئايروپىلانىنى يولغا سېلىش، جۇڭگو - پاكىستان «دوستلۇق - 2004» تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرى، ئامېرىكا پارلامېنت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كېلىشى، قازاقىستان زۇڭتوڭىنىڭ قورغاس پورتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە ئەشيالارنى چېگرىدىن كىرگۈزۈش - چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. قاراسۇ ۋە قەشقەر ئايرودرومى پورتىنى ئېچىۋەتتى. چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلارنىڭ يىللىق سانى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى، چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 900 مىڭغا يېقىن ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى. بىر تۈركۈم چېگرىدا تىزگىنلەش ئوبيېكتىنى قولغا چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ سانى 2003 - يىلدىكىدىن %85 ئاشتى. چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش دېلوسىدىن 65 ئادەمگە چېتىشلىق 54 دېلونى پاش قىلدى. ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسى خونجىراپ، ئۇرۇمچى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى كۆزنەك ئورۇن دەپ، 3 تەكشۈرگۈچىنى خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈلگىسى دەپ باھا بەردى.

دۇڭ جېنچۈەن

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئەسكەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك مەشق قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قىسىملارنىڭ ئاساس تەلىم - تەربىيىسى، تاكتىكىلىق، تېخنىكىلىق تەلىم - تەربىيىسى ۋە چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىش ئەمەلىي ماھارىتى تەلىم - تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى، تەقلىدىي

مانېۋر ئارقىلىق تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش لايىھىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 2004 - يىللىق يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسى ۋەزىپىسىنى «تۇراقلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، ئاساس تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈپ تاماملىدى. يېڭى تېزىسنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساقچىلىق ئەمەلىي ئۇرۇش ماھارىتى بويىچە ترېنېرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، قىسىملارغا بىر تۈركۈم لاياقەتلىك ترېنېر يەتكۈزۈپ بەردى. باش ئەترەت بويىچە ھەربىي كەسپىي بىلىملەردىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن ھەربىي كەسپىي بىلىملەردىن دوكلات بېرىش مانېۋىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

ما ۋېيپىڭ

## قىسىم قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، «سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىش، تىرىشچان - دىيانەتلىك بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش» مەخسۇس تېما قىلىنغان تەربىيىنى قانات يايدۇردى ۋە پارتكوملارنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. تارماق ئەترەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوم مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆگىنىشنى باھالاش، ئۆگىنىشنى بايان قىلىش، ئۆگىنىشتىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى، قاتلام ۋە ئوبيېكتلار-نى پەرقلەندۈرۈپ، قىسىملارنى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 20 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ج خ خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش بويىچە كۆزىتىش تۈزۈمى، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىش - ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزدى. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى پائال، مۇقىم ئىلگىرى سۈردى، مىقدارلىق سىناش - باھالاش نەتىجىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك بىرقىسىم كادىرلارنى تەڭشەپ، قىسمەن تارماق ئەترەت دەرىجىلىك پارتكوم بەنزىلىرىنى تولۇقلىدى. يېڭىدىن تۆۋەن كادىرلارنىڭ ئۈنۈمىۋىرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش بويىچە 4 قارار كۇرس ئاچتى، يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 108 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى. «قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، دائىم چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن 3 يىللىق ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. «خىزمەت كۆرسىتىپ نەمۇنىچى بولۇش» ۋە «10 نادىر چېگرا مۇداپىئە قوغدىغۇچىسى، 10 نادىر چېگرا مۇداپىئە ساقچى يەڭگىسى» نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ما ۋېيپىڭ

## سىياسىي تەربىيە

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى، 16 - قۇرۇلتاينىڭ، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 -، 4- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك 20 - قېتىملىق ج خ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى، دائىملىق ئىدىيۋى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە «ئۈچ ئۆزئارا» پائالىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، «پارتىيىنى خاتىرجەم، خەلقنى رازى قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ۋە مۇنەۋۋەر سىياسىي تەربىيە خىزمەتچىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي تەربىيىگە ماسلاشتۇردى، يېڭى دەۋردىكى ئىدىيۋى، سىياسىي تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. سىياسىي تەربىيىنى تورلاشتۇرۇش، دەرسلەشتۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەربىيە نەتىجىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە پائال ئايلاندۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتتى. ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى ئاچقان دائىملىق ئىدىيۋى خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ۋە «ئۈچ ئۆزئارا» پائالىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملىق ئىدىيۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ تۈزۈملەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. پالى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، رېن چاڭشيا قاتارلىق ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنياقاراش، قىممەت قارىشى تەربىيىسى ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى، ھەربىي ئەخلاق مىزانى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەربىيلەر ئېڭى، بويسۇنۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇم ئۈچۈن ساقچى بولۇش، ساقچىلىق ئېڭىنى 1 - ئورۇنغا قويۇش ئىدىيۋى ئاساسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. يىغىپ تەربىيىلەش، ئىش ئورنىدا مەشق قىلدۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پىسخىك تەربىيە

تايانچىلىرىنى يېتىشتۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئارىسىدا پسىخىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پسىخىك تەكشۈرۈش ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، پسىخىك تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى.

ما ۋېيپىڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ج خ ج بىرگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى مەركەزگە، مۇھىم نۇقتىغا، جىددىي ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە، 1 - سەپكە يۈزلىنىشنى گەۋدىلەندۈردى، خىراجەت باشقۇرۇشنى ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشىدىكى «باشلامچى» قىلىپ، خىراجەت خام چوتىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىشنى چىڭىتتى، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتتى. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش - نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. ھەربىي لاۋازىمات، ماي قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۆۋەنگە يەتكۈزۈشنى يولغا قويدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، قۇش زۇكىمىنىڭ قىسىملاردا پەيدا بولۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى. ساقچى ئوفىتسېرلارنىڭ ئىش ئورنى يوق جۆرىلىرىگە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىچوتى ئېچىپ بەردى. گازارما، لاۋازىمات، سەھىيە، ترانسپورت يارەمچىلىرىنى يىغىپ كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلىدى. شوپۇر، مايچى، ئاشپەز، سانىتارلار كۇرسى ئېچىپ، مۇددەتكە بۆلۈپ تەربىيىلىدى. مەبلەغ سېلىپ بىر قىسىم ئورۇنلارغا گازارما سېلىپ بەردى ۋە گازارما رېمونت قىلىپ بەردى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ئىچىملىك سۇ، يورۇتۇش، ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا كۆپ ئىقتىدارلىق ئوچاق، ئېگىزلىكلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە تەمىنات سايمانلىرىنى سەپلەپ بەردى.

ما ۋېيپىڭ

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى

باش ئەترەت باشلىقى: ليەن يۈ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ شيەنلىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى جىشۈەن (داشياۋ)، ۋاڭ يۈشىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئوسمان سىدىق (داشياۋ).

## ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 4338 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 28 ئادەم ئۆلدى، 95 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 24 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2003-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئوت ئاپىتىنىڭ قېتىم سانى 25.6%، يارىلانغانلار سانى 8%، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 19.7% ئاشتى، ئۆلگەنلەر سانى 44% ئازايدى. يۈنىلىك ئىچىدە پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى بىر قېتىم بولۇپ، ئۆلۈم-يېتىم كۆرۈلمىدى، 4 مىليون 899 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى؛ زور ئوت ئاپىتى 5 قېتىم بولۇپ، 3 ئادەم ئۆلدى، 8 ئادەم يارىلاندى، 3 مىليون 368 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى: ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 1856 قېتىم بولۇپ، 10 ئادەم ئۆلدى، 27 ئادەم يارىلاندى؛ ئېلېكتىردىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 711 قېتىم بولۇپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 9 ئادەم يارىلاندى؛ ئوت قويۇشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 460 قېتىم بولۇپ، 4 ئادەم ئۆلدى، 5 ئادەم يارىلاندى؛ تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 362 قېتىم بولۇپ، 6 ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم يارىلاندى؛ باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 343 قېتىم بولۇپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 22 ئادەم يارىلاندى؛ سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئوت ئاپىتى 214 قېتىم بولۇپ، 2 ئادەم يارىلاندى؛ ئوت قويۇشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 183 قېتىم بولۇپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 4 ئادەم يارىلاندى؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 169 قېتىم بولۇپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 25 ئادەم يارىلاندى؛ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 39 قېتىم؛ چېقىندىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى بىر قېتىم.

جاڭ شىخەي

## ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 2004 - يىللىق ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم

رايوندىكى 18 ئورۇندىن كەلگەن 338 ماھىر جىسمانىي ماھارەت، نەزەرىيە يازما ئىمتىھانى، ھۆججەت يېزىقچىلىقى ۋە كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تۈر بويىچە بەسلەشتى. قاراماي شەھەرلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترەتلىرى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككە ئېرىشتى.

جاڭ شىخەي

## يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى ئېنىقلاش ۋە تۈزەش

2004 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ «يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە تۈزەپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» پائالىيىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى «14 - سېنتەبىر» تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت، سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، سودا - سانائەت، ساياھەتچىلىك، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېنىقلاش - تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى ئېنىقلاش - تۈزەشنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى، ۋاقىت چېكى ۋە تەلىپىنى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ، قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت، خەلق ئىشلىرى، ساياھەتچىلىك، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت تەلىپىنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 178 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلار 2623 ئورۇننى تەكشۈرۈپ، يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى بار ئورۇندىن 2451 نى، ئوت مۇداپىئەدە مەسىلە بار ئورۇندىن 1970 نى بايقىدى، چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش ئۇقتۇرۇشىدىن 507 نى، قايتا تەكشۈرۈش پىكىرنامىسىدىن 441 نى تارقاتتى، 8 ئورۇننى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرىدى، 122 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى، 7 ئورۇننى پېچەتلىدى، 6 ئورۇننى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشىغا ئىلتىماس قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زور يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى مەۋجۇت دەپ بېكىتىلگەن 36 ئورۇندىن 18 ى تۈزىتىلىپ بولدى، 6سى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى توختىتىپ تۈزەتتى، 10ى پىلان بويىچە تۈزىتىۋاتىدۇ، 2 سىنىڭ تۈزىتىشكە مادارى يەتمىدى.

جاڭ شىخەي

## يۇقىرىلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك ساپاسى تەكشۈرۈلدى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ۋە شىنجاڭ شەھەر ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 2004 - يىل 11 - ئايدا 7 شەھەر ۋە يېزىدا شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك ساپاسىنى تۇنجى قېتىم ھەمكارلىشىپ ئايرىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش قەغىزى ئاھالىلەر قەغىزى ۋە ئوقۇغۇچىلار قەغىزى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئاھالىلەرنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك - ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ئەھۋالى، ئوت مۇداپىئە قانۇن - نىزاملىرىنى ئىگىلەش ئەھۋالى، ئوت مەيدانىدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئەھۋالى ۋە دەسلەپكى ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئەھۋالى ھەمدە يۇقىرىلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك ساپاسى تەربىيىسى ئېلىشىدىكى ئۈنۈملۈك يول، ئۇسۇل ۋە تەشۋىقات - تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوت مۇداپىئە تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئايرىلاپ تاللاش ئارقىلىق بېكىتىلدى. تەكشۈرۈلگەن ئاھالە 1000 ئائىلە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىسى 700، يېزىدىكىسى 300. تەكشۈرۈلگەن ئوقۇغۇچى 300 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 60، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 60، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 60، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 60، يېزىلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 30، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 30. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا %80 ئۆپچۆرىسىدىكى ئاھالە ئوت مەيدانىدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ساۋاتلىرىنى بىلىدىكەن، %79 ئوقۇغۇچى ئادەم زىچ سورۇنلارغا بارغاندا بىخەتەر چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ ئورنىغا دىققەت قىلىغانىكەن.

جاڭ شىخەي

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ ئوت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش

ئەترىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ ئوت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ بويىدا بىر جەنۇبىي بۈگۈر باش پونكىتى، 2 بېسىم پونكىتى، 2 تۇرۇبا تازىلاش پونكىتى، 28 لىنىيە كلاپان ئۆيى بار، لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 941.35 كىلومېتىر. ئۇنىڭ ئوت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئوت ئاپىتىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش سىستېمىسى، قارىمۇقارشى رادىئاتسىيىلىك ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق يانغۇچان گازدىن سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى، ئوت ئۆچۈرۈش جۈمىكى سىستېمىسى، گاز ئارقىلىق ئوت ئۆچۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جاڭ شىخەي

## «ھەپتىلىك 119» تېلېۋىزىيە سەھىپىسى ئېچىلدى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرغان «ھەپتىلىك 119» تېلېۋىزىيە سەھىپىسىنىڭ 1 - سانلىق پروگراممىسى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قانۇن قانىلىدا كۆرسىتىلدى. شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر ئوت مۇداپىئە تېلېۋىزىيە سەھىپىسى بولغان «ھەپتىلىك 119» دا ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدىكى قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەر دەۋرىي قىلىنىپ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئوت ئۆچۈرۈش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنىڭ 1 - سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ئوت مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىملىق پروگراممىنىڭ ۋاقتى 20 مىنۇت بولۇپ، ھەپتىدە 6 قېتىم كۆرسىتىلىدۇ.

جاڭ شىخەي

# قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى

باش ئەترەت باشلىقى: خو خەنشېڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: شۇ ماۋ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: چېن يۈگۇ (داشياۋ)، ليۇ لىشەن (داشياۋ)، خې جۇنسەي (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ شىمىڭ (داشياۋ)، يۈەن جەنۋېن (داشياۋ)، ۋېي جيەنخۇا (داشياۋ).

## قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى

قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى (شىنجاڭ كوئېنلۇن يول - پورت قۇرۇلۇشى شىركىتى) ئاساسلىقى تاشيول قۇرۇلۇشى، شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت قۇرۇلۇشى، ئايرودروم يولى قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى، پارتلىتىش ۋە چېقىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ھەمدە شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ شىزاڭ بۆلىكىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. باش ئەترەت قارىمىقىدا 4 تارماق ئەترەت بار، ئۇلار 10 ئۆلكە - ئاپتونوم رايونغا تارقالغان بولۇپ، 30 قۇرۇلۇشنى قىلىش ۋە ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. 2004 - يىلى 9 قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى، پۈتۈش مۇساپىسى 193 كىلومېتىرغا، پۈتۈش مەھسۇلات قىممىتى 495 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2004 - يىلى پۈتتۈرگەن توپا - تاش قۇرۇلۇشى 7 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىرغا، ئىماھەت قۇرۇلۇشى 150 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى، 3598 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 168 سۇڭگۈچ، 3055 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 81 كۆۋرۈك، 105.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالت يول ياسىدى، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇ ئەترەت 2004 - يىلى 25 تۈرگە خېرىدار چىقتى، خېرىدارلىقنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جاڭ سىجۈەن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى تېزىس بويىچە ئەترەت قۇرۇشتا چىڭ تۇردى، ئاساسىي تەربىيىدە ئۈنۈمنى، ئاساسىي قوشۇندا ساپانى، ئاساسىي تۈزۈمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ئاساسىي ئەسلىھەدە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تۇتۇشتەك خىزمەت تەپەككۇرىنى بەرپا قىلدى. «ئۈچ تۈرلۈك تەربىيە» نى گەۋدىلىك چىڭ تۇتتى، 1. كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىچكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى؛ 2. ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇپ، ساقچىلار بىلەن ھۆكۈمەت، ساقچىلار بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى؛ 3. قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇپ، قانۇن- ئىنتىزام ئېڭىنى

كۆچەيتتى. كادىرلار قوشۇنى، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ۋە كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتتى. بىر كۈنلۈك تۇرمۇش تۈزۈمى، 7 تۈرلۈك تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمى ھەمدە ئەسلىدە بار بولغان قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدىكى بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسى قاتارلىق تۈزۈملەرنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈردى. رەھبىرىي ئورگان ئاساسىي تۈزۈمگە ئاساسەن ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساسىي قاتلام ئاساسىي تۈزۈمگە ئاساسەن ئاساسىي قاتلامنى قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ۋە ئۆلچەملىك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ «بەش قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىدى، ھەمدە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلامغا 10 ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 2 دەرىجىلىك ئورگان «تېزىس»، «30 ماددا» غا ئاساسەن ياردەم بېرىش - يۆلەك بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، باش ئەترەت دائىمىي ئەزالار باشلامچى بولغان 3 تۈركۈم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاجراتتى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى بېكىتىلگەن 10 تۈرگە 100 نەچچە كۈن ئىچىدە نۇقتىلىق ياردەم بەردى، ئۇلار ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى چۈشەنمەسلىك، بىلمەسلىككە ئوخشاش گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ۋاڭ مىڭفېي

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ئارقا سەپ تەمىناتىغا دائىر قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، «مالىيە ھېسابات قائىدىسى»، «ماي ماتېرىيال باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىق بەلگىلىمە خاراكتېرلىك 8 ھۆججەتنى تولۇقلاپ تارقاتتى، ئارقا سەپ تەمىنات قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى.

قۇرۇلۇشلارغا خېرىدار چىقىش ۋە ھۆددە ئېلىش ئۈچۈن 56 پارچە ھەر خىل كاپالەت خېتى، 368 پارچە كرېدىت ئىسپاتى بېجىرىپ بەردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى باش ئەترەت ئورگىنىنى باغچىسمان ئورۇن ۋە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ باھالىدى؛ باش ئەترەت شوپۇرلارنى بىرقېتىم يىغىپ تەرتىپكە سالدى ، قىزىلبايراقدار قورال - جابدۇق مۇسابىقىسى باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا 13 مىليون 660 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئۈسكۈنە سەپلەپ بەردى. 2100 توننا ماينى ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىپ، خىراجەتنى تېجەپ قالدى. قورال، ئوق قاتارلىق ساقچى بۇيۇملىرىنى 3 قېتىملىق يۆتكەشتە ھېچقانداق ھادىسە سادىر قىلمىدى؛ 32 تۈرنى تەپتىش قىلدى، تەپتىش قىلىنغان مال - مۈلۈك سوممىسى 1 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى «بەش نىسبەت» كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسىنى بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتكۈزدى.

جاۋ جيەنجۈن

## خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى زور خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 13 قېتىم قاتنىشىپ، 1800 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر - ئەسكەر، 468 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، خەتەرگە يولۇققان ئاممىدىن 234 كىشىنى قۇتقۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە 8 - تارماق ئەترەت شىنجاڭ- شىزاڭ تاشيولىدىكى «21 - يانۋار» خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە قاتنىشىپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قوراللىق ساقچى باش شتابىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جېڭ جىنشۈي، ۋاڭ ۋۇ

## تېررورلۇققا قارشى مانېۋىر

2004 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى تېررورلۇققا قارشى 5 قېتىم مانېۋىر ئۇيۇشتۇرۇپ، 11 قېتىم جىددىي ھەرىكەتلەندى، موھىم نىشان نۇقتىلىق رايونلاردا 17 قېتىم 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇھاپىزەت ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىپ، بىخەتەرلىك جەھەتتە خاتالىق سادىر قىلمىدى. باش ئەترەت ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 100 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ تېررورلۇققا قارشى زەربىدار ئەترەت تەشكىللەپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ج خ ساقچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ، تۇدۇڭخابا رايونىدا شەكىلدە قوراللىق چارلاش ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش بويىچە دوكلات مانېۋىرى ئۆتكۈزدى.

جېڭ جىنشۈي، ۋاڭ ۋۇ

# خەلق هاۋا مۇداپىئەسى

## خەلق هاۋا مۇداپىئەسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق هاۋا مۇداپىئەسى سىستېمىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تاماملىدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق هاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنى قۇرۇلدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى. خەلق هاۋا مۇداپىئە تېرۋۇگاسى ۋە تېرىۋوگىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىۋوگا ئاۋازىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 18 پىرسەنت پوئىنتى ئۇستى، بەزى خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى يېڭىدىن سېلىندى ۋە چالىسى پۈتتۈرۈلدى، خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن تىنچ ۋاقىتتا پايدىلىنىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش نىسبىتى %42.8كە يەتتى. خەلق هاۋا مۇداپىئەسىنىڭ دۆلەت مۈلكى ۋە مۇقىم مۈلكىنى باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خەلق هاۋا مۇداپىئەسى بىلىملىرى تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، تەربىيە ئالغانلارنىڭ سانى 2003 - يىلدىكىدىن %97 ئاشتى. بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ هاياتىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كۈچەيتىلدى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن «ھەربىيلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئىستىلى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئورگان قىياپىتى يەنىمۇ يېڭىلاندى، 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق هاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لۇ جيې

## خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پۈقراۋى بىنالارغا بىرلەشتۈرۈپ هاۋا مۇداپىئەسىگە ئىشلەتكىلى بولىدىغان يەر ئاستى ئۆيلىرىنى سېلىش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى؛ دۆلەت خەلق هاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىنىڭ 6B دەرىجىلىك هاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىنى سېلىش تېخنىكا ئۆلچىمىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 6B دەرىجىلىك هاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيلىرىنى لايىھىلەش قائىدىسى تۈزۈپ تارقىتىلدى. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە هاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيلىرىنى لايىھىلەش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرستا ئاپتونوم رايون بويىچە 30 لايىھىلەش ئورنى، 8 نازارەتچى ئورۇندىن كەلگەن 192 لايىھىچى تەربىيىلەندى. هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ستاتىستىكا ئۆچۈرلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ستاتىستىكىسىنى ئۆچۈرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى شىركەتلەرنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن شىركەتلەرنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك شىركەت بىر، B دەرىجىلىك شىركەت 2، C دەرىجىلىك شىركەت 34. دەسلەپكى هاۋا مۇداپىئە ئالدىن مەلۇمات بېرىش قۇرۇلۇشلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى دەسلەپكى هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىغا تۆمۈريول ئالاقە شىركىتى كابېلى، تور ئالاقە شىركىتى كابېلى، ياۋروپا - ئاسىيا ئوپتىك كابېلى، ھەربىي ئوپتىك كابېل، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوپتىك كابېلى قاتارلىق كابېللاردىن 40 نەچچە كىلومېتىر تارتىلدى. هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن تىنچ ۋاقىتتا پايدىلىنىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈشتىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 158 مىليون يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 9 مىليون نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا-باج 11 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 16 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

لۇ جيې

## قوماندانلىق ئالاقە تېرىۋوگىسى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ هاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لايىھىسىنى تۈزۈش ئاساسىدا، كوچىلارنىڭ هاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لايىھىسىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بايىنغولىن ئوبلاستى هاۋا مۇداپىئە لايىھىسىنى تۈزۈشنى تاماملىدى. ئىلى ئوبلاستلىق، قاراماي شەھەرلىك، قەشقەر ۋىلايەتلىك هاۋا مۇداپىئە ئىشخانىلىرى هاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لايىھىسىنى تۈزۈش رەھبەرلىك ئىشخانىسى قۇرۇپ، لايىھىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق هاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق

ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئورنى 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بىنا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاماملايدۇ. 1:1 نىسبەتلىك مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى بويىچە جايلارنىڭ ئېرىنۋوگا تورى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. بىر يىلدا ئۆزگىرىشچان توك ۋە تۇراقلىق توك ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترلىك ئېرىنۋوگا سايمىنىدىن 137سى، ئاپتوموبىلغا ئورنىتىلىدىغان ئېلېكتر قوڭغۇراقلىق ئېرىنۋوگا سايمىنىدىن 10ى، ئېرىنۋوگا كونترول سىستېمىسىدىن 2 يۈرۈش (45 دانە) كۆپەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېرىنۋوگا سىگنالىنىڭ ئوتتۇرىچە قاپلاش نىسبىتى %83 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، غۇلجا، قاراماي، چۆچەك، قەشقەر، ئاقسۇ شەھەرلىرىنىڭ %90 تىن ئاشتى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كورلا، غۇلجا، قاراماي، چۆچەك شەھەرلىرى ئېرىنۋوگا قويۇپ بېرىشنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

لۇ جيې

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ھاۋا مۇداپىئە قانۇن ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى، قاراماي، تارباغاتاي، بايىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر «پۇقراۋى قۇرۇلۇشلارغا بىرلەشتۈرۈپ يەر ئاستى ھاۋا مۇداپىئە ئۆيلىرىنى سېلىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «پۇقراۋى بىنالارنىڭ ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى»، «خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئېرىنۋوگا قۇرۇلۇشىنى ئاسراش - باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (لايىھە)»، «خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (لايىھە)»، «خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈمى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى 168 كىشىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 كىشىگە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىلدى، يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتناشمىغان 6 كىشىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سالاھىيىتى بىكار قىلىندى، ھاۋا مۇداپىئە قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇپ ھەرىكەتچان باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لۇ جيې

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەشۋىقات - تەربىيىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە شەھەرلىرى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسىگە ئائىت لازىر نۇرلۇق دېسكىدىن 230 نەچچىنى، دەرسلىكتىن 3200 نەچچە نۇسخىنى تارقاتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى 13 ئوتتۇرا مەكتەپتە خەلق ھاۋا مۇداپىئە بىلىملىرى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، چۆچەك شەھىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئە بىلىملىرى تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇردى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى مائارىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوبلاستتىكى 38 مەكتەپنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە بىلىملىرى تەربىيىسى خىزمىتىنى سىناپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، تەربىيە خىزمىتىدىكى 10 ئىلغار ئورۇن، 17 ئىلغار ئوقۇتقۇچى، 16 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنى تەقدىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى بازىسى بولۇش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە بولغان 12 مەكتەپكە نام بېرىپ ۋىۋىسكا ئاستى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 181 مەكتەپ، 1871 سىنىپ، 92 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئارىسىدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 500 دىن ئارتۇق، تەربىيە ئالغانلار سانى 2003 - يىلدىكىدىن %97 ئاشتى.

لۇ جيې

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

### يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىل شىنجاڭدا يېزا ئىسلاھاتى مۇھىم تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بىر يىل بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «1 - نومۇرلۇق ھۆججەت» لىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش نىشانىنى چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا تەرەققىياتىدا ياخشى يۈكسىلىش ۋەزىيىتى ياراتتى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.4؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد 919 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.1 ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2269 يۈەنگە يېتىپ، 163 يۈەن كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىش بارلىققا كەلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەنقىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ «ئىككى يىلدا ئۈچ قەدەم ئېلىش» ئىستراتېگىيىسىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم بۇغداي سېتىپ بەرگەن دېھقانلارغا بۇغداي باھاسىدىن تاشقىرى بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇۋېرسال ئىقتىدارىنى قوغداش ۋە ئۆستۈرۈشنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، سىياسەت ۋە ھوسۇل ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق كۆلىمى، ھوسۇلىنىڭ ئۇدا نەچچە يىل تارىيىپ، تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك ئەھۋالىنى تىزگىنلەپ، ئاشلىق كۆلىمى، ھوسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېردە كېڭەيتىپ ۋە ئاشۇرۇپ، 1 - قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى پۇختا، مەزمۇت ئىشقا ئاشۇردى.

2. يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بازارغا يەنىمۇ لايىقلاشتۇرۇش، ئاشلىقنى ئاشۇرۇش، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشقا كۈچەش، پىششىقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرۇش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. كېۋەزنىڭ ئۈستۈنلۈكى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. پارنىكتا مايسا يېتىشتۈرۈۋېلىپ كۆچۈرۈش ئاساس قىلىنغان مۇئەسسەسە دېھقانچىلىق كۆلىمى 2003 - يىلدىكى 13 مىڭ 300 گېكتاردىن 20 مىڭ گېكتارغا كېڭىيىپ، ئەۋزەل كەسىپ قىسمەن شەكىللەندى. چارۋىچىلىقتا تەرەققىيات يەنىمۇ تېزلىشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كېلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلەندى، ئاساسلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان گۆش، سۈت، يۇڭ داۋاملىق خېلى تېز ئاشتى. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە باغۋەنچىلىكنىڭ كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى، 110 مىڭ 200 گېكتار يېڭى باغ بەرپا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە باغ كۆلىمى 669 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. باغۋەنچىلىك قەدەممۇقەدەم ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يورۇق نۇقتىسىغا ئايلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرى داۋاملىق خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىم قىلىشتا يېڭى بۆسۈش بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 140 يۈەنگە يەتتى.

3. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كەسىپلەشكەن نۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىسى 24كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 16 (مۇشۇ يىل ئىچىدە بارلىققا كەلگىنى 6)؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كەسىپلەشكەن نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىسى 100گە يەتتى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ يۈكسىلىشى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، نەتىجىدە 1 مىليون 500 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىچە

600 — 800 يۈەن ئاشتى.

4. يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىك سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆستى. پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا پەن - تېخنىكىنىڭ تىرەكلىك ۋە تۈرتكىلىك رولى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق زىرائەت سورتلىرى ۋە بىرلىك ھوسۇلى 400 كىلوگرامغا يېتىدىغان بۇغداينى ئۇنىۋېرسال كىرىشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزنى قويۇق تېرىش قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېرىش ئەندىزىسى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىلىپ، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈلدى. چارۋىچىلىقتا چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش-داۋالاش، ئىلمىي بېقىش، ئىلمىي باشقۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چاۋىچىلىققا ئۆتۈش قەدىمى تېزلىتىلدى. باغۋەنچىلىكتە مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، قويۇق ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى، چاتاش تېخنىكىسى قاتارلىق ئەمەلىي تېخنىكىلار، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلىپ، مېۋىلەرنى ئۆز پېتى ساقلاش، ئوراش، قاچىلاش، سوغۇق ساقلاش، توشۇش تېخنىكىلىرىنى قوللىنىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. دېھقانچىلىق، چاۋىچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى، مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىككە مۇلازىمەت قىلىش (بولۇپمۇ ھاۋا رايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش) سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆستى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات قائىدىسى شەكىللەندۈرۈلدى، «يېمەكلىكنى زىيانسىزلاندۇرۇش ھەرىكەت پىلانى» يولغا قويۇلۇپ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، كەشىپ قىلىش ۋە دەلىللەش خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىك سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ 2004 - يىلدىكى سېلىشتۇرمىسى

| رايون | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى (يۈەن) | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى (يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن تونna) | ئېلىنغان پاختا (تۈمەن تونna) | ئېلىنغان ياغلىق دان (تۈمەن تونna) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 2245 | 2945 | 1690 | 750.7 | 6.4 | 828.53 | 175.3 | 44.5 |
| شەنشى | 1867 | 2077 | 1618 | 651.2 | 9.1 | 1040 | 8.2 | 46.1 |
| گەنسۇ | 1852 | 1864 | 1464 | 477.4 | 7 | 805.8 | 11 | 48.5 |
| نىڭشيا | 2320 | 2979 | 1927 | 125.5 | 8.3 | 290.5 | | 13.8 |
| چىڭخەي | 1958 | 1957 | 1676 | 86.7 | 5.1 | 88.5 | | 28.9 |
| شىزاڭ | 1861 | 1564 | 1471 | 62.7 | 7 | 96 | | 5.4 |
| ئىچكى موڭغۇل | 2606 | 3293 | 2083 | 851.3 | 15 | 1505.3 | 0.7 | 103.7 |
| سىچۈەن | 2519 | 2668 | 2016 | 2252.3 | 7.1 | 3146.7 | 3.3 | 226.3 |
| چۇڭچىڭ | 2510 | 2268 | 1854 | 612.8 | 5.2 | 1144.5 | | 41.8 |
| گۈيجۇ | 1722 | 1623 | 1296 | 524.6 | 2.6 | 1149.6 | 0.1 | 82.7 |
| يۈننەن | 1864 | 1860 | 1571 | 965.2 | 6.8 | 1509.5 | | 33.4 |
| گۇاڭشى | 2305 | 2603 | 1929 | 1294.5 | 6.2 | 1398.5 | 0.1 | 58.3 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

5. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، قۇرۇلۇۋاتقان 3 چوڭ دەريا تۇگۈن قۇرۇلۇشى، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، ئۈنۈمپرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى؛ يېزىلاردىكى 6 كىچىك ئىنشائات قۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، سۇنى ئائىلىلەر بويىچە تەقسىملەش تەدبىرى جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 5 چوڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى مەزمۇت قەدەم بىلەن يۈكسەلدى، ئېتىزلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، تۈزلەڭلىكلەرنى كۆكەرتىش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى. تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەبىئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش، ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، چارۋىچىلىق ئۇل قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يېزىلاردا تاشيول، ئېلېكتر، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇرۇلۇشلىرى كۈچەيتىلدى. يېزىلاردا يەرتەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، 185 مىڭ ئۆيلۈك دېھقان يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدى.

6. يېزا ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. جايلار، تارماقلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. يېزىلاردا ھەقنى باجقا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى مۇھىم باسقۇچلۇق ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى زور دەرىجىدە يېنىكلىدى؛ يېزىلاردا يەرنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى؛ يېزىلاردا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى ئىسلاھاتى سىناق قىلىنىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە ئاز سوممىلىق قەرز بېرىش ۋە دېھقان ئائىلىلىرى بىرلىشىپ كېپىل بولۇپ قەرز ئېلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك مەدەت بېرىلدى. ئاشلىق، پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، سۇچىلىقنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە ئورمان باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتى، نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتى، يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىسلاھاتلار پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

ئومۇمەن 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمپرسال ئىقتىدارى ئۆستى، لېكىن ئاشلىقنىڭ پايدىسى نىسپىي تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزم تېخى شەكىللەنمىدى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى بىلەن يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كېڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشى تېخى ئوڭشالمىدى، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى تېخى ئورنىتىلمىدى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارى تېخى كۆرۈنەرلىك كۈچەيگىنى يوق، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇ تېخى تۈگىمىدى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتى يەنىلا مۇشكۈل ئۆرلەش ۋە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

جىن چاڭخۇ

## ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 — 31 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاساسەن مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى، تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، 2004 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمپرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 250تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جايلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئاشلىق بىخەتەرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشى، شەھەر تەرەققىياتى بىلەن يېزا تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى تىزگىنلىشى، تېرىلغۇ يەرنى ساقلاشنى چىڭىتىشى، يېزا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، يېزىلارنىڭ

مۇقىملىقىنى ساقلىشى لازىم.

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش خىزمىتىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇش، ئاشلىق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، مېۋە بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ كەڭ، كەسپلىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى يېڭى تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز شەكىللەندۇرۇش لازىم؛ يېزىدىكى خىلمۇخىل ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، يېزىلاردا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شەھەر تەرەققىياتى بىلەن يېزا تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش لازىم؛ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمۋەرسال ئىقتىدارىنى ھەقىقىي قوغداپ ئۆستۇرۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، سىياسەتنىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مەدەت بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى تۈزۈلمە جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم؛ پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

يىغىندا 2004 - يىلى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك 10 تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى: 1) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ 2) يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىش؛ 3) يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يېزىلاردا 2 -، 3 - كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ تاشقى يوللىرىنى كېڭەيتىش؛ 4) يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمىدىن باشقا كىرىمىنى ئاشۇرۇش؛ 5) پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ھوسۇلىنى، ئۇنۇمىنى، كىرىمنى ئاشۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ 6) يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ 7) يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ 8) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىك ئۆلچىمى سىستېمىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش؛ 9) نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش؛ 10) يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىلى يېھقانلارنى ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى قوللاشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى ئۈستىدە تەھلىل

بىرىنچى، يېزا ئىقتىسادىي كەسپلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى.

1. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى. دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مەلۇماتى (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) غا قارىغاندا، 2004- يىلى شىنجاڭ (يەرلىك، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ يېزا ئىقتىسادىي كىرىمى 53 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپ كىرىمى 35 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.4% ئاشتى (دېھقانچىلىق كىرىمى 23 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.3%، ئورمانچىلىق كىرىمى 1 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12%، چارۋىچىلىق كىرىمى 11 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.4%، بېلىقچىلىق كىرىمى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.3% ئاشتى)؛ 2 - كەسپ كىرىمى 9 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.8% ئاشتى؛ 3 - كەسپ كىرىمى 9 مىليارد 130 مىليون يۈەن بولۇپ، 0.7% تۆۋەنلەپ كەتتى. يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىدە 1 - كەسپ يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇردى، ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1 - كەسپىنىڭ 66.2%، 2 - كەسپىنىڭ 16.8%، 3 - كەسپىنىڭ 17% بولدى.

2. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەرپىياتى ۋە ساپ كىرىمى. 2004 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەرپىياتى 29 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 9.1% ئېشىپ كەتتى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ساپ

كىرىمى 24 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشتى، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى 0.9 : 1 بولدى.

3. دېھقانلارنىڭ سىرتتىكى ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى. 2004 ـ يىلى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان شىنجاڭلىق دېھقان 781 مىڭغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 201 مىڭ كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ سىرتتىكى ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 1 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 410 مىليون يۈەن ئاشتى.

4. دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تاپاۋىتى. 2004ـ يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تاپاۋىتى 24 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 11.1% ئاشتى.

ئىككىنچى، يېزلاردىكى كەسىپلەر بويىچە ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم قۇرۇلمىسى.

1. ئوتتۇرىچە تېرىقچىلىق ساپ كىرىمى 1257 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن ئەمەلىيەتتە 98 يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي، كەممىقوناق، شال، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىدىن ھەم باشقا ئالاھىدە زىرائەتلەردىن قىلىنغان كىرىم كۆپەيدى، پاختا، قىزىلچا، ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن قىلىنغان كىرىم ئازىيىپ كەتتى، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەردىن قىلىنغان كىرىم 2003 ـ يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى.

2. ئوتتۇرىچە ئورمانچىلىق ساپ كىرىمى 82 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 9 يۈەن كۆپەيدى.

3. ئوتتۇرىچە چارۋىچىلىق ساپ كىرىمى 545 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 65 يۈەن كۆپەيدى.

4. ئوتتۇرىچە بېلىقچىلىق ساپ كىرىمى 9 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن بىر يۈەن كۆپەيدى.

5. دېھقانلارنىڭ 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەردىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 510 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 21 يۈەن كۆپەيدى.

6. ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىم 142 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 43 يۈەن كۆپەيدى.

7. كوللېكتىپنىڭ قايتا تەقسىماتىغا دائىر ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 4 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن بىر يۈەن كۆپەيدى.

ئۈچىنچى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىگە تەسىر قىلغان مۇھىم ئامىللار.

1. سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. 2004 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىق زىرائىتى تېرىشقا تولۇقلىما ياردەم بېرىش، ئاشلىق زىرائىتى تېرىغۇچى دېھقانلارغا بىۋاسىتە تولۇقلىما ياردەم بېرىش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋالغانلارغا تولۇقلىما ياردەم بېرىش، ئاشلىق بازىرى سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئاشلىقنى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا ئوخشاش سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، دېھقانچىلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق زىرائىتىدىنلا قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 393 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 83 يۈەن كۆپەيدى.

2. قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى نەتىجىسىدە كەسىپلەر تەرەققىي قىلدى، دېھقانلارنىڭ كىرىم قىلىش يوللىرى كۆپەيدى. 2004 ـ يىلى زىرائەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئۈنۈمى يۇقىرىراق ئاشلىق، كېۋەز، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، سانائەت شوخلىسى، زىرە، بېدە قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيتىلدى، ئۈنۈمى تۆۋەنرەك ۋە بازىرى كاسات ياغلىق دان، قىزىلچا، قارا گازىر قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى 2003ـ يىلدىكىدىن تارايتىلدى. 2004 ـ يىلى قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتاتتىن كىرگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 215 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 8 يۈەن، باشقا ئالاھىدە زىرائەتلەردىن كىرگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 79 يۈەنگە يېتىپ، 15 يۈەن كۆپەيدى.

3. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئېشىپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىگە تەسىر يەتتى. مۆلچەرىي ھېسابلاشقا قارىغاندا، ئالتاي ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، سەرپىيات ۋە سېلىنما ئېشىپ كەتكەچكە، بۇغداينىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكەن، ھەر كىلوگرام بۇغدايغا بېرىلگەن 0.2 يۈەن بىۋاسىتە سېلىنما ئاز دېگەندە 0.14 يۈەن زىيانغا ئۇچراپ، دېھقانلارنىڭ قولىغا ئەمەلىيەتتە ئاران 0.06 يۈەن تەگكەن، باھا ئامىلى تۈپەيلىدىن ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 40.77 يۈەن زىيان كۆرۈلگەن.

4. پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. 2004 ـ يىلى ھەر كىلوگرام چىگىتلىك پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 4.2 — 5.2 يۈەن ئارىلىقىدا بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 1.2 — 2.4 يۈەن چامىسىدا چۈشۈپ كەتتى، لېكىن كېۋەز كۆلىمى كېڭەيتىلگەنلىكى ۋە بىرلىك ھوسۇلى ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 548 يۈەن بولۇپ، پەقەت 2 يۈەنلا ئازىيىپ كەتتى.

## 2004 - يىللىق يېزا ئىقتىسادي كىرىمىنىڭ مۇھىم تەقسىمات كۆرسەتكۈچى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| جەملىگەن ئورۇن | 1. ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىش كىرىمى | 1) دېھقانچىلىق كىرىمى | 2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 5) 2 - كەسىپ كىرىمى | 6) 3 - كەسىپ كىرىمى | 2. ئومۇمىي سەرپىيات | 3. ساپ كىرىم | 4. دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ قىلغان كىرىمى | 5. تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ساپ كىرىم | 1) دۆلەت بېجى | 2) يېزا كوللېكتىپىنىڭ تاپاۋىتى | 3) دېھقانلارغا تەگكىنى | 6. دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي تاپاۋىتى | ئوتتۇرىچە (يۈەن) | ئومۇمىي نوپۇس (تۈمەن ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 5384665 | 3314805 | 2333805 | 106301 | 1115906 | 13079 | 902382 | 913191 | 2918985 | 2465682 | 134757 | 2601634 | 78487 | 46186 | 2389678 | 2412660 | 2549 | 946.35 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 352223 | 167989 | 35036 | 881 | 26953 | 1885 | 125555 | 161914 | 271374 | 80850 | 5617 | 86537 | 12359 | 2329 | 55395 | 57964 | 4356 | 13.31 |
| قاراماي شەھىرى | 4179 | 3127 | 1113 | 0 | 308 | 0 | 1971 | 787 | 2105 | 2074 | 0 | 2074 | 207 | 29 | 980 | 983 | 4682 | 0.21 |
| شىخەنزە شەھىرى | 20559 | 15759 | 10608 | 38 | 512 | 34 | 8272 | 1094 | 10836 | 9723 | 431 | 10154 | 474 | 44 | 9637 | 9675 | 5146 | 1.88 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 261820 | 199687 | 141199 | 1490 | 41405 | 63 | 38065 | 39597 | 129615 | 132205 | 4809 | 137138 | 2952 | 699 | 133216 | 133304 | 3408 | 39.12 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 119854 | 68763 | 42005 | 183 | 25609 | 27 | 18919 | 33111 | 73436 | 46418 | 4559 | 50977 | 1806 | 726 | 46935 | 49060 | 2734 | 17.94 |
| سانجى ئوبلاستى | 1242398 | 819416 | 335602 | 5422 | 288129 | 5043 | 377092 | 231110 | 875363 | 367035 | 25250 | 392297 | 21906 | 7537 | 329687 | 333612 | 4712 | 70.80 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار | 687344 | 365759 | 231661 | 6026 | 155464 | 2402 | 137221 | 154570 | 334826 | 352518 | 20794 | 374213 | 8621 | 3487 | 351788 | 354144 | 2735 | 129.50 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 461148 | 305018 | 233401 | 945 | 88524 | 666 | 56818 | 80794 | 241695 | 219453 | 10848 | 230390 | 8254 | 5426 | 213320 | 214920 | 4309 | 49.87 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 156593 | 75547 | 45450 | 697 | 63106 | 154 | 10659 | 36527 | 63160 | 93434 | 5093 | 98526 | 1190 | 361 | 95905 | 96331 | 3228 | 29.84 |
| بورتالا ئوبلاستى | 168365 | 93508 | 84565 | 651 | 24019 | 117 | 35772 | 23241 | 98206 | 70159 | 3126 | 73285 | 2591 | 968 | 66766 | 67215 | 3904 | 17.21 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 320212 | 217669 | 189692 | 5525 | 59234 | 512 | 30500 | 34749 | 166547 | 153665 | 5715 | 159380 | 3639 | 3368 | 145342 | 147178 | 3866 | 38.07 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 625751 | 429671 | 431549 | 18902 | 116788 | 1940 | 18351 | 38221 | 278460 | 347291 | 14331 | 361622 | 4879 | 8680 | 338161 | 340990 | 2779 | 122.68 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 68904 | 28734 | 33186 | 2195 | 23810 | 8 | 2864 | 6841 | 23257 | 45647 | 2680 | 48327 | 514 | 349 | 47336 | 47590 | 1406 | 33.84 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 629941 | 381665 | 357558 | 52966 | 152740 | 37 | 21238 | 45402 | 240856 | 389085 | 16618 | 405703 | 7085 | 6483 | 392135 | 393583 | 1634 | 240.85 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 265374 | 142493 | 161180 | 10380 | 49305 | 191 | 19085 | 25233 | 109249 | 156125 | 14886 | 171011 | 2010 | 5700 | 163075 | 166111 | 1176 | 141.23 |

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىقتىسادى ئىدارىسى

5. يېزىلاردىكى باج ئىسلاھاتىدىن كېيىن، تېرىقچىلىق قىلغۇچى دېھقانلارنىڭ سېلىقى يېنىكلىگەنلىكى ۋە بىر قىسىم سىياسەت ئامىللىرى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردا 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانلار يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا 2004 - يىلى پاختا باھاسىنىڭ 2003 - يىلدىكىدىن چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە ئوخشاش ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، دېھقانلارنىڭ ئىستېمال چىقىمى ئازىيىپ كەتتى.

غالىپ مەشرەپ

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 85 ناھىيە، شەھەر ئىچىدە ئوتتۇرىچە كىرىم 5000 يۈەندىن ئاشقىنى 6، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشقىنى 48. شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2549 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 238 يۈەن كۆپىيىپ، %3.10 ئاشتى، 2004 - يىل يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل بولدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3563 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 327 يۈەن؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1900 يۈەنگە يېتىپ، 189 يۈەن كۆپەيدى. ئوتتۇرىچە كىرىم جەھەتتە ماناس ناھىيىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن بولدى.

غالىپ مەشرەپ

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتى

1. 2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ، تاللاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىيايۇ» سودا - سانائەت (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «باغراش» قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 6 كارخانا ئاپتونوم رايوندىكى 3 - تۈركۈمدىكى باشلامچى دۆلەت كارخانىسى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى كەسىپلەشكەن نۇقتىلىق، باشلامچى دۆلەت كارخانىسى 16 (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي باشلامچى كارخانىنىڭ %18نى ئىگىلىدى.

2. 2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان 75 كارخانا ئاپتونوم رايوندىكى 3 - تۈركۈمدىكى باشلامچى دۆلەت كارخانىسى بولۇشقا ئىلتىماس قىلدى، 1 - تۈركۈمدىكى 39، 2 - تۈركۈمدىكى 48 باشلامچى كارخانىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

3. 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان 762 كارخانا تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى، 2003- يىلدىكىدىن 261 كارخانا كۆپ تەكشۈرۈلدى. 2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان كارخانىلار خېلى تېز كۆپەيگەن تۇرپان، بورتالا، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆپىيىش مىقدارى پۈتۈن تەكشۈرۈلگەنلىرىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق بولدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ۋە ئوبوروت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تىجارىتى كارخانىلىرى ئىچىدە، 2004 - يىلى ئومۇمىي مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 98، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 59، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 156؛ شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرىدىغان نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا شەرتىگە توشىدىغىنى 87، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرىدىغان نۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىسى شەرتىگە توشىدىغىنى 16.

4. 2004 - يىلى باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغىنى تەييارلاش ئەھۋالى، دېھقانلارغا نېسى قىلىش ئەھۋالى، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. «ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» ناملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى (1 - سانى) تەھرىرلىنىپ ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى.

5. 2004 - يىلى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈن گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كورلا نەشپۈتى» پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 4 باشلامچى دۆلەت كارخانىسى 2004 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈرىگە ئىلتىماس قىلغانىدى، ئۇلاردىن شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈن گۇرۇھى شىركىتى ئىلتىماس قىلغان «1 مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) سۈپەتلىك بۇغداي بازىسى قۇرۇش» تۈرى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ پاختا يىپ ئېگىرىش پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، 2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقان

يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرى تەكشۈرۈلدى.

6. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان 96 كارخانا (ئاپتونوم رايوننىڭ باشلامچى كارخانىسى 44) نىڭ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى سېتىش سوممىسى 500 مىڭ يۈەنگە، توختام ئىمزالانغان تۈرلەرنىڭ سوممىسى 460 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە 6 باشلامچى دۆلەت كارخانىسى شىنجاڭ يەرمەنكە ئۆمىكى تەركىبىدە قاتناشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان 36 كارخانا سېتىش مەيدانىدىكى سودىغا قاتنىشىپ، مۇددىئانامە، كېلىشىم، توختامدىن 41نى ئىمزالىدى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 775 مىليون يۈەنگە يەتتى.

7. 2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا 8 باشلامچى دۆلەت كارخانىسى، 51 ئاپتونوم رايوننىڭ باشلامچى كارخانىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جەمئىيەتكە ئاشكارا ۋەدە بەردى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرىدىغان 2 ـ تۈركۈمدىكى 8 نۇقتىلىق، باشلامچى دۆلەت كارخانىسىنىڭ باشلىقلىرى، دىرېكتورلىرى 2 ـ تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، دىرېكتورلىرى كۇرسىغا قاتناشتى.

نىۋ جىچياڭ

## يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يۆتكەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچى 1 مىليون ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 140 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى:

1. تەشكىللەش، باشقۇرۇش تورى ئاساسەن شەكىللەندى. 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭدا يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جايلاردىمۇ ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك)، ناھىيىلىك، يېزىلىق يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

2. جايلار ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شۇ رايوندا يۆتكىلىپ ئىشلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. جايلار، تارماقلار تاشيول، سۇچىلىق، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى قىلغاندا، يەرلىك دېھقان ئىشلەمچىلەردىن قانچىنى ئىشلىتىشنى قۇرۇلۇش توختامىغا خېرىدار بولۇشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلدى، نەتىجىدە بۇ قۇرۇلۇشلارغا كېرەكلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %45 — %50ى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن قوبۇل قىلىندى.

3. يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى تەكشۈرۈپ تەپسىلىي ستاتىستىكىلاش خىزمىتى ئىشلەندى. جايلار يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يېشى، ئادرېسى، مەلۇماتى، كەسىپ ئالاھىدىكى، ئىشلىگىلى بارىدىغان جايى، ئىش تېپىش ئارزۇ- تەلىپى قاتارلىقلارنى تۈرلەر بويىچە تىزىملاپ، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىش تېپىپ ئىشلىشىنى باشقۇرۇش ئارخىپى تۇرغۇزدى.

4. شەھەر، يېزىلاردىكى ئۇچۇر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى. جايلار ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى قۇرغان ئەمگەك بازىرى سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەمگەك كۈچى ئالماشتۇرۇش يىغىنى، كېڭىشىش يىغىنى، تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شەھەر، يېزىلاردىكى ئۇچۇر بايلىقىدىن تەڭ پايدىلىنىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. سانجى ئوبلاستىدا 26 ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ۋاستىلىك مۇلازىمەت قىلغۇچى تەشكىلات، 120 مەھەللە ئەمگەك كاپالەت پونكىتى يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىش تېپىپ ئىشلىشىگە مۇلازىمەت قىلدى. بورتالا شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىلىرى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىلىرى ئاچقان ئىختىساسلىقلار بايلىقى بازارلىرى ئەمگەك مۇلازىمىتىگە تەكلىپ قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش دائىرىسىنى شەھەر، بازاردىكىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىشتىن يېزا ئەمگەك كۈچلىرىگە مۇلازىمەت قىلىشقا كېڭەيتتى.

5. ئامىمىنىڭ پۇل تېپىپ بېيىش ئېڭى ئۆستى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئاياللاردىن سىرتقا چىقىپ ئىش تېپىپ ئىشلىگۈچىلەر كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. خوتەن ۋىلايىتىدىن ئاز كەم 50 مىڭ دېھقان ئۆز ئىختىيارى بىلەن سىرتقا چىقىپ پاختا تېرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ پۇل تاپتى، ئۇلار يۆتكەلگەن ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاز كەم ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. ئىلى ئوبلاستىدىن 2004 ـ يىلى يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەمگەك كۈچلىرى

%80 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ %50تىن كۆپرەكى ئايال. يېڭىسار ناھىيىسىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن ئاياللار ئومۇمىي ئىشلەمچىنىڭ %41نى ئىگىلىدى.

6. دېھقان ئەمگەك مۇلازىمىتى بىدىكلىرى، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە پائال خىزمەت قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئېتىبار بېرىش سىياستى بەلگىلەپ، دېھقان كەسپكارلار جەمئىيىتى، دېھقان ئەمگەك مۇلازىمىتى بىدىكلىرى، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلىرىنى قوللاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى دېھقان كەسپكارلار جەمئىيىتىدىن 111نى قۇردى، دېھقان بىدىكتىن 592نى يېتىشتۈردى. ئاقسۇ شەھىرى ئىگەرچى يېزىلىق باغۇەنلەر جەمئىيىتى 500 نەچچە ئائىلىلىك دېھقاننى ئالما سېتىشقا ئۇيۇشتۇردى. كۇچا ناھىيىلىك تراكتورچىلار جەمئىيىتى 500دىن ئارتۇق تراكتورچىنى بوش ۋاقىتتا يۈك توشۇپ كىرىم قىلىشقا يېتەكلىدى. خوتەن ۋىلايىتى دېھقان كەسپكارلار جەمئىيىتى ۋە دېھقان بىدىكلەرگە تايىنىپ ئاز كەم 50 مىڭ يېزا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكىدى. قەشقەر ۋىلايىتى ھەر خىل جەمئىيەت ۋە ۋاسىتىچى تەشكىلاتتىن 70 نەچچىنى قۇردى، ئەشۇ جەمئىيەتلەر ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئارقىلىق ھەر كەسىپ، ھەر ساھە ئەمگەكچىسىدىن 75 مىڭنى يۆتكىدى، ئۇلار يۆتكىگەن ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەلگەن ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %3. 24نى ئىگىلىدى.

7. يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى باشلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يۆتكىلىدىغان يېزا ئەمگەك كۈچىدىن 185 مىڭ 500ى تەربىيىلىنىپ، نىشان ۋەزىپىسى %8. 92 ئورۇندالدى. تەربىيىلەش ئارقىلىق، دېھقان ئىشلەمچىلەر «جىسمانىي ئىقتىدار تىپى»دىن تېزلا «ماھارەت تىپى»غا ئۆزگەردى.

8. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر سىياسەتلەر بەلگىلەندى. جايلار شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك ۋە تىجارەت قىلىدىغان، كارخانا قۇرىدىغان يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى كەينى - كەينىدىن بەلگىلەپ، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغۇچى دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى 30 يىلغىچە ساقلاشنى، نوپۇس يۆتكەش رەسمىيىتىنى يۆتكەشكە تەننەرخ ھەققىلا ئېلىشنى، پەرزەنتلىرىنىڭ يەسلىگە قوبۇل قىلىنىشى، ئوقۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە شەھەر ئاھالىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى، شەھەرگە كىرىپ تىجارەت قىلغان، كارخانا قۇرغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئوقۇپ تۇرۇش ھەققى ئالماسلىقنى ئېنىق بەلگىلىدى. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ نېسى قىلىنغان ئىش ھەققىنى ئېنىقلاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل كارخانىلار 2003 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نېسى قىلغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ 1 مىليارد 238 مىليون يۈەن ئىش ھەققىنىڭ 1 مىليارد 165 مىليون يۈەنى 2004 - يىل 12- ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر ئېلىپ بېرىلدى، ئىش ھەققىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش نىسبىتى %1. 94كە يەتتى.

ۋاڭ لەنمىڭ، ھىمىت نىياز

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى سانجى شەھەرلىك، قورغاس ناھىيىلىك، تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىلىرى يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە 3 - تۈركۈمدە مەملىكەتلىك ئۈنۈۋېرسال سىناق نۇقتىسى قىلىندى. شىنجاڭدىن 22 ناھىيە، شەھەر، 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈنۈۋېرسال سىناق نۇقتىسى، 5 ئورۇن دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈنۈۋېرسال سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي ھۆكۈمىگە قايتا قاراپ چىقىش دېلوسىدىن 2سى تۇنجى قېتىم قاراپ چىقىلىپ، بىرى ئۇستىدىن يەكۈن ۋە قايتا قاراپ چىقىش قارارى چىقىرىلدى. 2004 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنۈۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمدىن 8ى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاچقان يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كۇرسىغا قاتناشتى.

2004 - يىلى دۆربىلجىن، توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇننى ئۈنۈۋېرسال ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇننى ئۈنۈۋېرسال ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ دېھقانچىلىق نازارىتىدىن ۋەن جىڭمىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ما چياڭ، سانجى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن خۇ يىڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئەنۋەر، تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن يۈەن جىڭشۈەن، مىچۈەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ليۇ شۆلياڭ، فۇكاڭ شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ياڭ يىشيۇڭ، شىخۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ياڭ مىڭ، دۆربىلجىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن لۇ جۇنلىڭ، كۆكتوقاي ناھىيىلىك

دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن گۇ جيەن، بورتالا شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن يۇ چياڭ، جىڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ۋاڭ ۋېي، يەنجى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ما فۇچۈەن، كۇچا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ۋاڭ لىچۈن، قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئابلىز ھاپىز، ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن تاھىر مەمتىلى، قاغىلىق ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئابلىمىت ئابلەت، پوسكام ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن تۇرسۇن ئېلى قاتارلىق 18 كىشى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ۋەن جىڭمىن

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقى 410 مىليون يۈەن، ھەر بىر دېھقاننىڭ سېلىقى 43 يۈەن يېنىكلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا دائىر 341 پارچە ئەرز، 1548 ئەرز قىلغۇچى (قېتىم) دېھقان قوبۇل قىلىندى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق 86 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 27 كىشىگە چارە كۆرۈلدى. شىنجاڭ بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار دۆلەتكە تاپشۇرغان باج 497 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 40 مىليون 878 مىڭ يۈەن ئازايدى، دۆلەتكە تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە باج 57. 52 يۈەندىن توغرا كەلدى. تاپشۇرۇلغان 3 خىل يېزا ئىگىلىك بېجى قوشۇمچە ھەققى ۋە جۇغلانغان مەبلەغ 95 مىليون 282 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 90 مىليون 179 مىڭ يۈەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 خىل يېزا ئىگىلىك بېجى قوشۇمچە ھەققى 57 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 44 مىليون 744 مىڭ يۈەن ئازايدى. يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەك جەمئىي 53 مىليون 710 مىڭ كۈن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 27 مىليون 860 مىڭ كۈن ئازايدى، ھەر ئەمگەك كۈچىگە 2. 14 كۈندىن توغرا كېلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5. 7 كۈن ئازايدى. ئەمگەك ئورنىغا پۇل تۆلىنىدىغان مەجبۇرىيەت ئەمگىكى 3 مىليون 195 مىڭ كۈن بولدى، ئەمگەك ئورنىغا تۆلەنگەن پۇل 29 مىليون 287 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5 مىليون 623 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق 86 مىليون 975 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 48 مىليون 415 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، يېڭى يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققى كۆپەيدى، 2004- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار 34 مىليون 895 مىڭ يۈەن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققى تاپشۇردى.

سېلىقنى يېنىكلىتىشكە دائىر «تۆت تۈزۈم» يادرو قىلىنغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق باج، باھا ۋە ھەقلەرنى «ئاشكارىلاش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. جايلاردا كۈزدە باشلىنىدىغان يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا دائىر ھەقلەر «بىر ھەق تۈزۈمى» بويىچە ئېلىنىشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 56 ناھىيە، شەھەردە 2 مىليون 50 مىڭ نامرات ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا قارىتا كىتاب، دەپتەر پۇلى ۋە ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش سىياستى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ گېزىت، ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش چېقىمىغا «چەك قويۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كەنتلەرنىڭ گېزىت، ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش سوممىسى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن 500- 1000 يۈەن دائىرىسىدە تىزگىنلەندى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق دېلو (ئىش) لارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق يامان سۈپەتلىك دېلو (ئىش) كۆرۈلمىدى. ئاپتونوم رايون دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ئاشكارىلاش، نازارەت قىلىش كارتىسىنى بىر تۇتاش بېسىپ، دېھقانلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى مەخسۇس تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا تەپتىش قىلىنغان پۇل 5 مىليارد 613 مىليون 683 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىنتىزامغا خىلاپ پۇل 35 مىليون 13 مىڭ يۈەن، خىيانەت سوممىسى 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 928 مىڭ 800 يۈەنى تۆلىتىۋېلىندى؛ 106 خىيانەت دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغىنى 32؛ 254 كىشىگە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 14. يېزىلاردا كەنت ئىشلىرى، كەنت مالىيىسىنى ئاشكارىلاش يەنىمۇ ئۆلچەملەشتۈرۈلدى.

تاماكىدىن باشقا يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجىنى بىكار قىلىش ۋە دېھقانچىلىق بېجىنى بىر پىرسەنت پوئېنتى كېمەيتىش سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاشلىق

تېرىغۇچى دېھقانلارغا بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق تېرىغۇچى دېھقانلارغا 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 270 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىلدى. 2004 ـ يىلى جايلار يېزىلاردا «ئىككى ئەمگەك» سىياسىتىنى 3 يىلدا قەدەممۇقەدەم ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاساسىدا يېزىلاردا «ئىش چىقسا ئۇدۇللۇق مۇزاكىرە قىلىپ» مەبلەغ توپلاشنى يولغا قويدى، ئومۇمەن مەبلەغ توپلىغۇچى كەنتنىڭ مەبلەغ توپلاش ئۆلچىمى 15 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 38 مىليون 2000 يۈەن مەبلەغ توپلاندى.

لىې جۈن

## يېزا ئىگىلىكى ھۆددە توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇلغان يەر 1 مىليون 800 مىڭ گېكتارغا، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغۇچى ئائىلە 1 مىليون 990 مىڭغا، تارقىتىلغان يەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى 1 مىليون 883 مىڭغا يەتتى. كەنت (ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى) ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن يەر 933 مىڭ گېكتار، گۇرۇپپا (ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى) غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن يەر 500 مىڭ گېكتار، باشقا ھوقۇق تەۋەلىكىدىكى تېرىلغۇ يەر 3700 گېكتار. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددە يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى يۆتكەلگىنى 51 مىڭ 200 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەرلىكى يۆتكەلگىنى 31 مىڭ 400 گېكتار، ئۆتنۈپ بېرىلگىنى 5200 گېكتار، ئالماشتۇرۇلغىنى 3500 گېكتار، ئىجارىگە بېرىلگىنى 6300 گېكتار، پاي قىلىپ قوشۇلغىنى 3300 گېكتار، باشقا شەكىلدە يۆتكەلگىنى 1500 گېكتار. زاپاس يەر 130 مىڭ گېكتار.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمزالانغان ھۆددە توختامى 1 مىليون 970 مىڭ بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %1 ئاز بولدى؛ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددە يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى يۆتكىلىشكە دائىر توختام 51 مىڭ 600گە يەتتى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن ھۆددە توختامى ماجىراسى 2554كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %16.4 كۆپىيىپ كەتتى. بۇلاردىن كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 2382گە يېتىپ، %47.1 كۆپەيدى؛ كېسىم چىقىرىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 193 بولۇپ، %66.4 ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددە توختامىنى باشقۇرۇش، توختام ماجىرالىرىنى كېسىپ قويۇش ئاپپاراتى 574كە يەتتى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىنغان، ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ھۆددە يەر 2000 گېكتار بولۇپ، 5300 ئائىلە، 21 مىڭ 500 نوپۇسقا چېتىلدى.

ئەركىن يۈسەن

## دېھقانلارنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە دېھقانلارنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 1287گە، ئەزاسى 169 مىڭ 855كە يەتتى. ئۇلارنىڭ كەسىپلەرگە تارقىلىش ئەھۋالىدىن ئالغاندا، تېرىقچىلىقتا تەۋەسى 487، چارۋىچىلىقتا تەۋەسى 338، بېلىقچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە باشقىلارغا تەۋەسى 462؛ مۇلازىمەت مەزمۇنىدىن ئالغاندا، مەھسۇلات پىششىقلاش، سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 364، يۆتكەپ سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 265، تېخنىكا، ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 237، پىششىقلاپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 91، ساقلاپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 19، باشقا مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 311؛ قۇرۇلۇش شەكلىدىن ئالغاندا، دېھقانلار باش بولغىنى 920، كارخانىلار باش بولغىنى 24، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تارماقلىرى باش بولغىنى 94، باشقىلار باش بولغىنى 249؛ رويخەتكە ئېلىنىش ئەھۋالىدىن ئالغاندا، دېھقانلارنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 511، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا رويخەتكە ئالدۇرۇلغىنى 175، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىغا رويخەتكە ئالدۇرۇلغىنى 172، سودا ـ سانائەت تارمىقىغا رويخەتكە ئالدۇرۇلغىنى 164، رويخەتكە ئالدۇرۇلمىغىنى 776؛ مۇلازىمەت شەكلىدىن ئالغاندا، بۇ كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئاۋۋال، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك مۇلازىمەت قىلىدۇ.

جاڭ شيا

## كەنت مالىيىسىنىڭ ئاشكارىلىنىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا كەنت مالىيىسىنى ئاشكارىلاش مەزمۇنى يەنىمۇ بېيىتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى. يېزىلاردىكى باج ئىسلاھاتىغا، كەنت دائىرىسىدە «ئىش چىقسا ئۇدۇللۇق مۇزاكىرە قىلىپ» مەبلەغ توپلاش ئەھۋالىنى ئاشكارىلاش، دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە

سېلىش خىزمىتىگە، دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان ھەقلەرنى ئاشكارىلاش، يېزا - كەنتلەرنىڭ قەرزىنى ئازايتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، كەنتنىڭ ئېلىم - بېرىمىنى ئاشكارىلاش قاتارلىقلار ئارقىلىق يېزىلاردا ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئاشكارىلاش قەدەممۇ ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى 85 ناھىيە، شەھەردىن مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى يولغا قويغان كەنت ئومۇمىي كەنتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئاشقانلىرى 83كە يەتتى. 9352 كەنتتىن مالىيە ئىشلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاشكارىلاپ تۇرغىنى 315كە، ئومۇمەن ئاشكارىلاپ تۇرغىنى 1853كە، ئاشكارىلاشنى قېلىپلاشتۇرغىنى 7184كە يەتتى. مالىيە ئىشلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتى قۇرغىنى 8481 بولۇپ، ئومۇمىي كەنتنىڭ %91نى ئىگىلىدى.

گۈلپىيە

## يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بويىچە ساختىلىققا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ 9 خىل قىلمىشقا داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بويىچە ساختىلىققا زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس تۈزەپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ھەرىكەتتە ساختا ئۇرۇقلۇق، ساختا دېھقانچىلىق دورىسى، ساختا خىمىيۋى ئوغۇتنى مەخسۇس تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى ساھەسىدىكى 9277 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 420 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 3149 كارخانا تەكشۈرۈلدى، 779 بازار تەرتىپكە سېلىندى، ساختا مەھسۇلات ئىشلەش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 10ى بىتچىت قىلىندى. ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىدىن 8.5 تونna دېھقانچىلىق دورىسى، 1576.18 تونna ئۇرۇق، 403.26 تونna خىمىيۋى ئوغۇت قولغا چۈشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 32 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. پاش قىلىنغان 599 دېلو قوبۇل قىلىندى، ئۇلاردىن 466سى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ بىرتەرەپ قىلىندى، 432سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە قىممىتى (مال قىممىتى ياكى زىيان) 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ دېلو 9. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق 5 مىليون 481 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

چېن شياۋ

## ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 50 نەچچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئاساس قىلىنىپ، پەن-تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە «پەن - تېخنىكىنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. گۇما ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار پىيالما يېزىسىدىكى دېھقانلار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىلمىي پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ھەر گېكتار ئانارلىقتىن 4.5 تونna ئانار ئېلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئانار كىرىمىنى 1656 يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇ مۇشۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ %54نى ئىگىلىدى. پوسكام ناھىيىسىدە پەن - تېخنىكا خادىملىرى يەرلىك تېخنىكلار بىلەن بىللە قوينى تېز بورداشنى سىناق قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىپ، قوينىڭ كۈنلۈك ئېغىرلىقىنى 303 گرامغا يەتكۈزۈپ، قويلارنىڭ پىچاققا ياراش نىسبىتىنى %57كە يەتكۈزدى، ھەر بىر قويدىن قىلىنغان ساپ كىرىمنى 60 يۈەن ئاشۇردى.

2004 - يىلى تۆۋەنگە ئەۋەتىلگەن پەن - تېخنىكا خادىملىرى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 70 نەچچە قارار تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) يېزا، كەنت كادىرى ۋە تېخنىكنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كۇرسى 20 قارار بولۇپ، 50 مىڭ ئادەم (قېتىم)؛ باغۋەنچىلىك كۇرسى 50 قارار بولۇپ، 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

جاڭ چۈن، چېڭ يۈەن

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش كومىتېتى باھالاش، تاللاش ئارقىلىق ئۈنسۇ ناھىيىلىك ياغاچ غوللۇق ئاشلىق، ياغلىق دان ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ «يېشىل قاشتېشى» ماركىلىق ياڭىقى قاتارلىق 7 مەھسۇلاتنى شىنجاڭنىڭ 2004 - يىللىق داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتتى؛ 2001 - يىلى، 2002 - يىلى بېكىتىلگەن، قەرەلى توشقان 2 داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى قايتا باھالاپ، ئۇلارنى يەنە 2004- يىللىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتتى.

چيۇ جيەنمىن

### شىنجاڭنىڭ 2004 ـ يىللىق داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| ئورۇن نامى | تاۋار ماركىسى | مەھسۇلات نامى |
| --- | --- | --- |
| ئونسۇ ناھىيىلىك ياغاچ غوللۇق ئاشلىق ـ ياغلىق دان ئورمانچىلىق مەيدانى | يېشىل قاشتېشى | ياڭاق |
| شىنجاڭ «شىنشى» سورتلۇق ئۇرۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «شىنشى» | كۆممىقوناق ئۇرۇقى |
| «شىنتيەن» كېۋىن بېدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «شىنتيەن» يېشىل ياقۇت | قويۇلدۇرۇلغان بېدە دانىچە يەم ـ خەشىكى |
| شىنجاڭ «خېڭخۇي» كىراخمال چەكلىك شىركىتى | يۈيۈ | كۆممىقوناق كىراخمالى |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن ـ ياغ سانائەت ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | قەشقەر باھارى | بۇغداي ئۇنى |
| شىنجاڭ غەربىي شىمال ھەسەلچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | غەربىي شىمال پەرىسى | ھەسەل مەھسۇلاتلىرى |
| شىنجاڭ «جياشۇەن» هاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ناشىخان | ئالتۇن خانىش قوغۇن ھارىقى |
| شىنجاڭ «كۇنتو» گۆرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | كۇنتو | «غەربىي يۇرت شاھى» گۆرۈچلىرى |
| شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ھەسەل ھەرىسى يېتىشتۈرۈش مەيدانى | تيەنشۇ | ھەرخىل ھەرە |

چيۇ جيەنمىن

## قىزىل كەسىپ

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت شوخلىسى، ئالقات ۋەكىللىكىدىكى قىزىل كەسپى داۋاملىق يۈكسەلدى. 68 مىڭ 500 گېكتار يەرگە شوخلا تېرىلىپ، 4 مىليون 524 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىندى، ھوسۇل 2003 ـ يىلدىكىدىن 37% ئاشتى؛ 754 مىڭ توننا شوخلا مەھسۇلاتى ئىشلىنىپ، 50.8% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىشلەنگەن شوخلا مەھسۇلاتىنىڭ داۋاملىق 90%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ھاراق ئېچىتىلىدىغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 12 مىڭ گېكتارغا، ئۈزۈم ھوسۇلى 90 مىڭ تونىنغا يەتتى، ئېچىتىلغان ئۈزۈم ھارىقى 63 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى بىلەن تەڭلەشتى. ئالقات كۆلىمى 12 مىڭ 700 گېكتارغا، ھوسۇلى 22 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 2000 توننا ئاشتى.

2004 ـ يىلى ئېكسپورت قىلىنغان شوخلا مەھسۇلاتى 343 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىن 1.2%، ئېكسپورت كىرىمى 175 مىليون 180 مىڭ دوللار بولۇپ، 0.3% ئازىيىپ كەتتى.

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھالقىما پىلانىدىكى شىنجاڭنىڭ قىيام شوخلىسىنى زىيانسىزلاندۇرۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سانجى شەھىرى، ماناس، باغراش ناھىيىلىرىدە پىششىقلىنىدىغان شوخلىنى زىيانسىزلاندۇرۇشتىن ئۈلگە كۆرسىتىلدى، ئاساسەن سورتىنى ياخشىلاش، زىيانسىزلاندۇرۇش تېخنىكىسى، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئوغۇتلاش، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن سۇغىرىش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى، پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ «لىيۇەن ـ 8»، «شىنجاڭ شوخلىسى — 4»، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن «98 — 1»، «خۇڭزا — 10» قاتارلىق يېڭى، ئېسىل سورتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى بۇ تۈر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلگەن كۆلەم 466.67 گېكتار بولۇپ، ئۇ 8000 گېكتار كۆلەمگە تۈرتكە بولدى. بۇ تۈر 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

دېڭ كاڭچۇ

## زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كەشىپ قىلىش ئەھۋالى

1. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 1 ـ، 2 ـ تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە بازىسى بولغان ناھىيە (شەھەر) (ئۈرۈمچى ناھىيىسى، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر شەھەرلىرى) قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىش بىلەن بىللە،

خوتەن شەھىرى، قاغىلىق، يەكەن، ئۈچتۇرپان، كۇچا ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مۇھىتى ئەھۋالىنى كۆزىتىش، باھالاش، بېكىتىش ۋە ئالاقىدار ئۆلچەم سىستېمىسى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسى، تېخنىكا مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشلىرىمۇ كۈچەيتىلدى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، خوتەن، سانجى، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە 42 زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئېتىراپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 114 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. 4 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق شىنجاڭدا ئېتىراپ قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى 221 گە، كۆلىمى 728 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، يېزا (بازار، مەيدان) ئاساس قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

2. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، دەلىللەش ۋە باشقۇرۇش. شىنجاڭدا 2004- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۈزۈلگەن ۋە ئېلان قىلىنغان كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ئاساس قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى، ئۆلچىمى 30 خىلدىن ئاشتى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر ئۆز رايونىنىڭ كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز، ئاشلىق، ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇش قائىدىسىنى نۇقتىلىق تۈزۈپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىڭچۇ «لۈكۈن» زىيانسىز كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگۇ «شىنخۋاليەن» ئۈلگىلىك زىيانسىز كۆكتاتخانىسى، ئاقسۇ شەھىرى زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز ئۈلگە بازىسى، ئاقسۇ شەھىرى زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن تاۋۇز ئۈلگە بازىسى، ئاۋات ناھىيىسى زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز ئۈلگە بازىسى، تۇرپان شەھىرى زىيانسىز ئۈزۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئۈلگە ئۈزۈمزارلىقى، پىچان ناھىيىسى زىيانسىز قوغۇن ئۈلگە بازىسى، قاغىلىق ناھىيىسى 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) لۇق زىيانسىز مېۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئۈلگە رايونى، كېرىيە زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە رايونى، سانجى شەھىرى زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش، تەجرىبە قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، كەشىپ قىلىش بازىلىرى قۇرۇلدى. زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى ئۆلچىمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، كەشىپ ئىشىنىڭ ئۆلچەملىشىشى ۋە قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2004- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىراپ قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 63 كە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 46 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى. 4 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق 297 زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئېتىراپ قىلىندى، ئومۇمي ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 409 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات ئاساس قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، كەشىپ قىلىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بەلگىسى چاپلاپ بازارغا سېلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن 20% — 35% يۇقىرى بولدى.

3. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىش تۈزۈمى نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىلدى. زىيانسىز كۆكتاتنىڭ بازارغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىش تۈزۈمى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا سىناق قىلىنىشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرىدە زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز



ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بازىرىدا سېتىلىۋاتقان زىيانسىز كۆكتاتلار.
فەن خاۋ فوتوسى

تەركىپىدىكى دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتىدىن 18نى (نۇقتىسىدىن 32نى) قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل، خوتەن، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىدارىلىرى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلار ۋە بازارلاردا زىيانسىز كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز تەركىپىدىكى دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتى قۇردى، ۋىلايەت (ئوبلاست) لاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش كەسپىي خادىملىرىغا تېخنىكا ئۆگىتىش خىزمىتى تاماملاندى.

4. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش. 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئاقسۇ، تۇرپان، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست) لەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىدارىلىرى دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەسئۇل 15 ئورۇننىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى، تېخنىكا ئۆلچىمى، سۈپەت باشقۇرۇش تەدبىرى قاتارلىقلارنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە يەكۈنلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا زىيانسىز ئۈزۈم ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە ئۈزۈم تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشتەك بەلگىلىمىگە خىلاپ ۋەقە بىرتەرەپ قىلىندى. مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تۈزەش ۋاقتىدا تاماملانغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن مەھسۇلات قايتا تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە يەتكەچكە، ئېتىراپ قىلىنىش سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

5. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى ئورۇندالدى. 2002 - يىلى باشلانغان ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق 10 نۇقتىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە يولغا قويۇلغان «شىنجاڭدا زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. بۇ مەزگىلدە تەتقىق قىلىپ تۈزۈش تاماملانغان ۋە ئاپتونوم رايون ئۆلچىمى شەكلىدە ئېلان قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى ۋە ئۆلچىمى 30غا يەتتى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە بازىسىدىن 40 نەچچىسى قۇرۇلدى، «پىدىگەنسىمان كۆكتات»، «يوپۇرماقسىمان كۆكتات»، «تەرخەمەكسىمان كۆكتات» لارنى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدا ئىلمىي تەربىيە فىلىمى ئىشلەندى. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەخسۇس بازىرى، سېتىش رايونى ياكى پۇكىيىدىن 40 نەچچىسى قۇرۇلدى، تۈرنى يولغا قويۇشتا كۆزلەنگەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمپەرسال ئۈنۈم ئاساسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈلدى.

ياقۇپجان تۇرسۇن

## يېشىل يېمەكلىكلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 18 كارخانىنىڭ 44 مەھسۇلاتى يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، ئۇلاردىن 16 كارخانىنىڭ 34 مەھسۇلاتى A دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا، 2 كارخانىنىڭ 10 مەھسۇلاتى AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېشىل يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 110 تونىنغا يەتتى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تەكشۈرۈلگەن يېشىل يېمەكلىكلەر، ئورگانىك يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يەر (خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يەر) 350 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 156 مىڭ 700 گېكتار، ئوتلاق 116 مىڭ 700 گېكتار، سۇ يۈزى 76 مىڭ 600 گېكتار.

ئابلىكىم

## ئورگانىك يېمەكلىكلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى (جۇڭگو يېشىل خۇاشىيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى) شىنجاڭدىكى 2 كارخانىنىڭ 10 مەھسۇلاتىنى ئورگانىك يېمەكلىك دەپ ئېتىراپ قىلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ھەم يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ جۇڭگو يېشىل خۇاشىيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش مەركىزى (COFCC) گە يوللىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2 كارخانىنىڭ 10 مەھسۇلاتى جۇڭگو يېشىل خۇاشىيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ ئورگانىك يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، كۆلىمى 42 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان سايرام كۆلى ئورگانىك يېمەكلىك بازىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، بۇ جۇڭگو يېشىل خۇاشىيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى.

ئابلىكىم

شىنجاڭدىكى 2004 ـ يىلى ئېتىراپ قىلىنغان، گۇۋاھنامە بېرىلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى

| زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن | ئىشلەپچىقارغان بازا | ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى (گېكتار) |
|---|---|---|
| ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | زىيانسىز قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات بازىسى | 12.30 |
| توقسۇ ناھىيىسى ئۆگەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تۇرۇپ بازىسى | 0.25 |
| توقسۇ ناھىيىسى ئىچىبېرىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بازىسى | 6.30 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | بادام بازىسى | 1 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | شاپتۇل بازىسى | 1.80 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | كۆكتات بازىسى | 0.50 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | چىلان بازىسى | 2.20 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | ئۆرۈك بازىسى | 2.80 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | ياڭاق بازىسى | 13.50 |
| پوسكام ناھىيىسى كۆيباغ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى (يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئۈلگە رايونى) | كۆكتات بازىسى | 0.61 |
| گۇما ناھىيىسى پىيالما يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئانار بازىسى | 19.50 |
| گۇما ناھىيىسى قوشتاغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۆرۈك بازىسى | 2.30 |
| گۇما ناھىيىسى باشلەڭگەر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۆرۈك بازىسى | 1.80 |
| قاراقاش ناھىيىسى كاۋاك يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | ئۈزۈم بازىسى | 4.20 |
| قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | ياڭاق بازىسى | 5.52 |
| قاراقاش ناھىيىسى سايباغ يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | ئۆرۈك بازىسى | 5.52 |
| چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى | ئانار بازىسى | 6.50 |
| چىرا ناھىيىسى چىرا بازارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى | ئانار بازىسى | 4.80 |
| مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات. بازىسى | 0.80 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى ئەرشىلىدەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە بازىسى | 1 |
| جىمسار ناھىيىسى بېيتىڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇچ بازىسى | 0.45 |
| جىمسار ناھىيىسى چۈەنزىگەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئاق سامساق بازىسى | 0.75 |
| جىمسار ناھىيىسى سەنتەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | زاراڭزا بازىسى | 0.75 |
| جىمسار ناھىيىسى دايۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | دورىلىق ئۆسۈملۈك بازىسى | 10 |
| جىمسار ناھىيىسى شىندى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ بازىسى | 1.50 |
| مورى ناھىيىسى شىجىر بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئاشلىق، ياغلىق دان زىرائىتى بازىسى | 8.40 |
| مورى ناھىيىسى دۇڭچېڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئاشلىق، ياغلىق دان زىرائەتلىرى بازىسى | 8.40 |

| | | |
|---|---|---|
| مىچۈەن شەھىرى سەنداۋبا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات بازىسى | 0.99 |
| سانجى شەھىرى دىيەنبا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى | 5.10 |
| سانجى شەھىرى سەنگۈڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى | 11.90 |
| سانجى شەھىرى «يۈتاڭ» ئۈزۈمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات بازىسى | 6.40 |
| سانجى شەھىرى يۈشۈگۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى | 10.80 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق-سۇچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى | كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى | 2.50 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى | ئاشلىق، ياغلىق دان، كۆكتات بازىسى | 3.70 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ رايونلۇق دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق-سۇچىلىق - چارۋىچىلىق بازىسى | كۆكتات بازىسى | 0.61 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن رايونلۇق دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق-سۇچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى | ئاشلىق، ياغلىق دان، كۆكتات بازىسى | 0.61 |
| جىڭ ناھىيىسى داخېيەنزە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۆكتات بازىسى | 0.50 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى خاربۇخ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قوغۇن - تاۋۇز بازىسى | 0.50 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى چاغانتۇڭگې يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ بازىسى | 0.90 |
| شىخۇ شەھىرى باشىسخۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات بازىسى | 1.50 |
| شىخۇ شەھىرى چىگىشور بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى | شال بازىسى | 1.30 |
| شىنجاڭ «بېيجېڭ» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى (خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چۈقۇ يېزىسىدىكى بازا) | كۆكتات بازىسى | 0.25 |

ياقۇپجان تۇرسۇن

## شىنجاڭنىڭ 2004 - يىلى ئېتىراپ قىلىنغان، گۇۋاھنامە بېرىلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن | ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلات | ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى (گېكتار) |
|---|---|---|
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | بادام | 1 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | مۇچ | 0.5 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | شاپتۇل | 0.5 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | شوخلا | 1.30 |
| يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | تەرخەمەك | 0.80 |
| پوسكام ناھىيىسى كۆيباغ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى (دېھقانچىلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى ئۈلگە رايونى) | شوخلا | 0.10 |
| پوسكام ناھىيىسى كۆيباغ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى (دېھقانچىلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى ئۈلگە رايونى) | پىچەكگۈل | 0.25 |

| | | |
|---|---|---|
| پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | چىلان | 0.93 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئۈزۈمچىلىك ئىدارىسى | گۈلە | 2.51 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | ياڭاق | 8.80 |
| گۇما ناھىيىسى پىيالما يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئانار | 2.60 |
| گۇما ناھىيىسى باشلەڭگەر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | گۈلە | 1.80 |
| چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تاخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى | ئانار | 3 |
| قاراقاش ناھىيىسى كاۋاك يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | ياڭاق | 3.42 |
| قاراقاش ناھىيىسى كاۋاك يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | ئۈزۈم | 1.50 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | پىدىگەن | 0.40 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | مۇچ | 0.40 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | كەرەپشى | 0.40 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | ئامېرىكا كاۋىسى | 0.35 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | كۇدە | 0.40 |
| قاراقاش ناھىيىلىك مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | شوخلا | 0.40 |
| لوپ ناھىيىلىك كۆكتاتچىلىق ئىشخانىسى | تەرخەمەك | 0.20 |
| لوپ ناھىيىلىك كۆكتاتچىلىق ئىشخانىسى | مۇچ | 0.25 |
| لوپ ناھىيىلىك كۆكتاتچىلىق ئىشخانىسى | شوخلا | 0.30 |
| لوپ ناھىيىلىك كۆكتاتچىلىق ئىشخانىسى | ئامېرىكا كاۋىسى | 0.15 |
| شىنجاڭ «بېيجېڭ» يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چۆقۇ يېزىسىدىكى بازا) | تەرخەمەك | 0.02 |
| شىنجاڭ «بېيجېڭ» يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چۆقۇ يېزىسىدىكى بازا) | باقىلە | 0.01 |
| شىنجاڭ «بېيجېڭ» يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چۆقۇ يېزىسىدىكى بازا) | ئامېرىكا كاۋىسى | 0.01 |
| كورلا شەھەرلىك قوشۇمچە يېمەكلىك بازا قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى | شوخلا | 0.40 |
| كورلا شەھەرلىك قوشۇمچە يېمەكلىك بازا قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى | تەرخەمەك | 0.40 |
| كورلا شەھەرلىك قوشۇمچە يېمەكلىك بازا قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى | تاۋۇز | 0.50 |
| كورلا شەھەرلىك قوشۇمچە يېمەكلىك بازا قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى | باقىلە | 0.50 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق چىگىسخوزا دېھقانچىلىق مەيدانى | ئالما | 0.35 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق چىگىسخوزا دېھقانچىلىق مەيدانى | ئۈزۈم | 0.20 |
| مىچۈەن شەھىرى بېياڭخې قازاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 0.53 |
| شىنجاڭ «شىنشى» سورتلۇق ئۇرۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (سانجى شەھىرى بىنخۇ يېزىسىدىكى بازا) | تاۋۇز | 1.50 |
| سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۇدە | 0.10 |
| سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 0.10 |

| | | |
|---|---|---|
| سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 0.10 |
| مىچۈەن شەھىرى گۇمۇدى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | باقىلە | 0.50 |
| سانجى شەھەرى ئەرليۇگۇڭ بازىرى چۈەنشۇ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | تاتلىق ياڭيۇ | 0.13 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى ۋۇگۇڭتەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۈزۈم | 0.40 |
| جىمىسار ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | كۆممىقوناق | 10 |
| جىمىسار ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | بۇغداي | 10 |
| جىمىسار ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 10 |
| سانجى شەھىرى «كېيى» بېدە مايسىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | بىخ كۆكتات | 0.01 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىچۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 0.07 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىچۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | پىدىگەن | 0.08 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىچۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇچ | 0.05 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىچۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 0.15 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنىچۈ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كاللەك بەسەي | 0.10 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى لۈيۈەن تېرىقچىلىق بازىسى (بەنفاڭگۇ يېزىسى جيەنشىن كەنتى) | موگۇ | 0.01 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | بۆلجۈرگەن | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | شوخلا | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | باقىلە | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | توقاچ شاپتۇل | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | سۈتباش كۆممىقوناق | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | تاۋۇز | 0.05 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى بازىسى) | كاۋا | 0.05 |
| جىمىسار ناھىيىسى ماندانبۇلاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 0.04 |
| جىمىسار ناھىيىسى ماندانبۇلاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 0.04 |
| ئارشاڭ ناھىيە خاربۇخ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تاۋۇز | 0.36 |
| ئارشاڭ ناھىيە چاغانتوڭگى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ | 0.53 |

ياقۇپجان تۇرسۇن

## 2004 - يىلى شىنجاڭدىن يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى

| كارخانا نامى | تاۋار ماركىسى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| باي ناھىيىسى داۋانچى دېھقانچىلىق مەيدانى | داۋان | قۇلماق |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئۇن (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تەڭرىتاغ | ئاق ئۇن، ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن، لەغمەن ئۇنى، جۇۋاۋا ئۇنى |
| شىنجاڭ بوستانلىق زاراڭزا تەرەققىيات شىركىتى | قىيالىق تۇندۇرا كەكلىكى | زاراڭزا قۇۋۋەت سالات يېغى، ئاپتاپپەرەس سالات يېغى، تەڭشەلگەن زاراڭزا قۇۋۋەت يېغى |
| شىنجاڭ «جيۇجيۇ» قۇلماق تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | تاڭ | قۇلماق دانچىسى |
| شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتى | شەرق خىسلەتلىك مېۋىسى سايدۈڭ | نەشپۈت |
| بۆگۈر ئۆرۈك ئېسىل مېۋىسى سودا - سانائەت شىركىتى | خۇشاللىق | بالقاق |
| شىنجاڭ «پاقلان» چارۋىچىلىق تەرەققىيات شىركىتى | پاقلان | سۆڭەكلىك گۆش، لوق گۆش |
| شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى | يېشىلدالا | ئاق شېكەر |
| شىنجاڭ «ساپالى» تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تەڭرىتاغ پاقلىنى | قوي گۆشى |
| شىنجاڭ باركۆل ناھىيىلىك شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتى | لىكۇن | ياڭيۇ، قوي گۆشى |
| قاراماي شەھەرلىك «پۇلىن» ئېكولوگىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى | پۇلىن | قىزىل مۇچ، شوخلا، تەرخەمەك |
| شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | ئارمان | ياشلار - ئۆسمۈرلەر قۇۋۋەت تالقىنى، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار قۇۋۋەت تالقىنى، قۇۋۋەت تالقىنى، قايماقلىق تۇزسىز سۈت پاراشوكى، قايماقلىق شېكەرلىك سۈت پاراشوكى |
| ساۋەن ناھىيىلىك «تيەنباۋ» يېشىل يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | چىنكاڭ | ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن، جۇۋاۋا ئۇنى، هورنان ئۇنى |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يېمەكلىك زەمبۇرۇغى تەتقىقات ئورنى | تيەنسۇبې | پۇراقلىق موگۇ |
| شىنجاڭ «شياڭدۇ» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى | شياڭدۇ | شياڭدۇ شېكەرسىز قىزىل ھارىقى، شياڭدۇ جيېبەينا ھارىقى، شياڭدۇ ئەندۇڭنى ھارىقى، شياڭدۇ قىزىل ھارىقى، شياڭدۇ مەھلىيا ھارىقى، شياڭدۇ رافىت ھارىقى |
| شىنجاڭ شياڭدۇ ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى | تيەنچۈەن | قىزىل ھاراق |
| شىنجاڭ «تيەنرۇن» سايرام كۆلى بېلىقچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | سايرام كۆلى | ئاق پاقا بېلىق، ئورىكۆزئاق پاقا بېلىق، تەڭرىتاغ ئىتبېلىقى |
| شىنجاڭ «يېشىل ياقۇت» قۇلماق چەكلىك شىركىتى | باتې | 90 تىپلىق قۇلماق دانچىسى |
| شىنجاڭ «كۇنتو» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | كۇنتو | سۈپەتلىك گۈرۈچ |

ئابلىكىم

شىنجاڭ بويىچە 2004 ـ يىلى ئورگانىك يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن
كارخانا ۋە مەھسۇلاتلار

| كارخانا نامى | تاۋار ماركىسى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ «شياڭدۇ» هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى | شياڭدۇ | شياڭدۇ شېكەرسىز قىزىل هارىقى |
| | | شياڭدۇ جىيبېينا هارىقى |
| | | شياڭدۇ ئەندۇڭنى هارىقى |
| | | شياڭدۇ قىزىل هارىقى |
| | | شياڭدۇ مەھلىيا هارىقى |
| | | شياڭدۇ رافىت هارىقى |
| | تيەنچۈەن | قىزىل ئۈزۈم هارىقى |
| شىنجاڭ تيەنرۇڭ سايرام بېلىقچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | سايرام كۆلى | ئاق پاقا بېلىق |
| | | ئورىكۆز ئاق پاقا بېلىق |
| | | تەڭرىتاغ ئىتبېلىقى |

ئابلىكىم

## دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

1. كېۋەزنى قويۇق تېرىش ئەندىزىسى بويىچە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى ۋە كەڭ دائىرىلىك كېۋەزنىڭ مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا هوسۇلى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 645 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق تېرىش ئەندىزىسى بويىچە ئۆستۈرۈلگىنى 80.7% نى ئىگىلىدى. جايلاردا مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا هوسۇلى 200 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 2266.7 گېكتارغا، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا هوسۇلى 180 — 200 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 10 مىڭ 65.3 گېكتارغا، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا هوسۇلى 150 — 180 كىلوگراغغا يەتكەن كۆلەم 96 مىڭ 600 گېكتارغا، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا هوسۇلى 120 — 150 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 328 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى. قويۇق تېرىش ئەندىزىسى بويىچە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كەڭ كۆلەملىك كېۋەزدىن مول هوسۇل ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 2004 ـ يىللىق مول هوسۇل ئېلىش پىلانى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2. ئاپتوماتىك بېسىملىق يۇمشاق نەيچە بىلەن تامچىلىتىپ سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. دېھقانچىلىق نازارىتى 2003 ـ يىلى 10 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى سۈپەتلىك كېۋەز بازىسىنىڭ يۇقىرى هوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كېۋەز ئۆستۈرۈش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسىدىن ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا 8 ناھىيە (شەھەر) نى بۇ تېخنىكىدىن ئۆلگە كۆرسىتىشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئاساستا، 2004 ـ يىلى بۇ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردا كېۋەز ئۆستۈرۈشتە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، شوخلا، ئۈزۈم يېتىشتۈرۈشتىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، 41 مىڭ 300 گېكتار يەردە قوللىنىپ، سۇ تېجەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

3. ئاشلىقتىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش ئۈتكىلىگە هۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، بۇغداي تېرىقچىلىقىنىڭ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى سىستېمىسىدىكى تېخنىكا خادىملىرى بۇغداي پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا هالقىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى سۈپەتلىك ئورۇنداپ، يىللىق ئاشلىق هوسۇلىنىڭ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ياخشى ئاساس سالدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، تارباغاتاي ۋىلايىتى، سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە سۈپەتلىك بۇغدايىنىڭ مو (0.07) بېشى هوسۇلىنى 400 — 500 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئۆتكىلىگە

هۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. «كۈيتۇڭ كۈزگىسى — 5»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 20»، «خېبېي بۇغدىيى — 31»، «شىنجاڭ يازغىسى — 6»، «خېبېي شېنشى بۇغدىيى — 4185» قاتارلىق ئېسىل بۇغداي سورتلىرى ھەم مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 400 — 500 كىلوگىرامغا يېتىدىغان بۇغداي يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى.

4. تۇتاش لاپاستا ئۇلگە كۆرسىتىش كېڭەيتىلدى. تۇتاش لاپاس ئەتىيازنى ئالغا سۈرۈپ، كۈزنى كېچىكتۈرۈپ، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىدىغان بىر خىل يېڭى، يەرنى قوغدايدىغان چوڭ مۇئەسسەسە، شۇنداقلا يەرنى قوغداش مۇئەسسەسى جەھەتتىكى دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى بىر خىل چوڭ يېڭىلىق. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تۇتاش پارنىكنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىم مەشغۇلات نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

5. كۆپ پىشار زىرائەتلەرنى ئۇنۇملۇك يېتىشتۈرۈش تېخنىكا ئەندىزىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 2004 - يىلى جايلار كۆپ پىشار (ئېگىزغا تېرىلىدىغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يەر شارائىتىغا قاراپ ئومۇملاشتۇرۇپ، بۇنداق زىرائەت كۆلىمىنى 333 مىڭ 300 گېكتار يەتكۈزۈپ، تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچىنى ۋە تېرىقچىلىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

6. پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ شوخلا قىيامىنىڭ ئېكسپورت جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى داۋاملىق ساقلاش ئۈچۈن، پىششىقلىنىدىغان شوخلىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، توشۇشقا چىدامىلىق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، شوخلىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق سورتى «98 — 1» كېڭەيتىلىپ، ھوسۇلى ئاشۇرۇلدى، خام ئەشيا ئورنىدا تەمىنلەش دەۋرى ئۇزارتىلدى؛ ئىلغار، ئۈنۈملۈك، يورۇشلۇق، يۇقىرى سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى، خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش، خىمىيۋى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە چەك قويۇش، ئاپتوماتىك بېسىملىق يۇمشاق نەيچە بىلەن تامچىلىتىپ سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق بىرلىك ھوسۇل ئۆستۈرۈلدى.

گې جۈن

## يېڭى سورتلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 8 خىل ئاساسلىق زىرائەتنىڭ 60 يېڭى سورتى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن سورتلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە يېڭى نام بېرىلدى.

بۇغداي: «شىنجاڭ يازغىسى — 17» («6 — 8 — 26»)، «شىنجاڭ يازغىسى — 18» («32 — 93»)، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 27» («يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى — 3214»)، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 28» («1 — 1 — 27 — 94/2091»)، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 29» («94348»).

ئاپتاپپەرەس: «يېڭى كەلتۈرۈلگەن — S47» («S47»)، «شىنجاڭ ئاپتاپپەرىسى — 11» («ARO—21»)، «شىنجاڭ ئاپتاپپەرىسى — 12» («كاڭدى — 115»)، «شىنجاڭ ئاپتاپپەرىسى — 13» («BKZ29808»)، «يېڭى كەلتۈرۈل-گەن GL5665M»، («GL5665M»).

قىچا: «شىنجاڭ قىچىسى — 17» («KHP8C11»)، «شەنشى سورتلۇق قىچىسى — 7».

قىزىلچا: «يېڭى كەلتۈرۈلگەن BETA218» («BETA218»)، «يېڭى كەلتۈرۈلگەن H10135» («H10135»)، «يېڭى كەلتۈرۈلگەن KWS2409» («KWS2409»)، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 16» («شۇفېڭ مول ھوسۇللۇق قىزىلچىسى — 201»)، «يېڭى كەلتۈرۈلگەن BTA807» («BTA807»)، «شىنجاڭ يەم قىزىلچىسى — 1» («JZSL—7»).

كېۋەز: «شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى — 6» («قوڭۇر پاختا — 330»)، «شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى — 7» («يېشىل پاختا — 402»)، «شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى — 8» («بوزلاڭ يېشىل پاختا —1»)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 20» («5 — A01»)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 21» («2 — 98»)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 22» (شىنجاڭ بوزلاڭ كېۋىزى — M07)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 23» («خىللانما كېۋەز — 201»)، «ئارا كېۋەز — 43» («ئارا كېۋەز — 35 — 2230»)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى — 22» («قىزىل قۇياش كېۋىزى — 2»)، «شىنخەي كېۋىزى — 24» («96007»)، «شىنخەي كېۋىزى — 25» («240»)، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى — 23» («4 — 94»).

كۆممىقوناق: «شىنجاڭ كۆممىسى — 20» («ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو كۆممىسى — 9»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 21» («G2178»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 22» («كاڭدى كۆممىسى — 1266»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 23» («شىنجاڭ دانلىق كۆممىسى — 2»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 24» («شەرق كۆممىسى — 213»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 25» («جۇڭگو كۆممىسى — 7»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 26» («جۇڭگو كۆممىسى — 8»)، «يېڭى كەلتۈرۈلگەن كۆممە — Kws2564» («Kws2564»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 27» («E301SX—04»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 28» («شىجياجۇاڭ چىلگىسى — 07»)، «شىنجاڭ كۆممىسى — 29» («XC—1834»)، «شىنجاڭ يەم كۆممىسى — 6» («شىنجاڭ كۆپ دانلىق كۆممىسى — 1»)، «شىنجاڭ يەم كۆممىسى — 7» («شىنجاڭ كۆپ دانلىق كۆممىسى — 3»)، «شىنجاڭ يەم كۆممىسى — 8» («TY30291»)، «شىنجاڭ يەم كۆممىسى — 9» («جۇڭگو كۆممىسى — 2»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 1» («غەرب يۇلتۇزى ئاق كۆممىسى — 1»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 2» («غەرب يۇلتۇزى قىزىل كۆممىسى — 1»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 3» («شىنجاڭ توق دانلىق كۆممىسى — 2»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 4» («دان — 202»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 5» («ئادەتتىن تاشقىرى تاتلىق كۆممە— 1»)، «شىنجاڭ ئۆزگىچە كۆممىسى — 6» («كانادا تاتلىق كۆممىسى — 16»)، «دېڭخەي — 3707» («دېڭخەي — 3707»).

سېرىق پۇرچاق: «شىنجاڭ سېرىق پۇرچىقى — 3» («150 — 99»)، «شىنجاڭ سېرىق پۇرچىقى — 4» («شىمال پۇرچىقى — 9724»)، «شىنجاڭ سېرىق پۇرچىقى — 5» («1 — 88223»)، «شىنجاڭ سېرىق پۇرچىقى — 6» («1271 — 98»).

قوغۇن — تاۋۇز: «شىنجاڭ شېكەرشىنى — 36» («سېرىق ئەجدىها — 01 — 36»)، «شىنجاڭ شېكەرشىنى — 37» («شىنجاڭ ئەتلىك شېكەرشىنى — 3»)، «شىنجاڭ سورتلۇق تاۋۇزى — 31» («ئۇرۇقسىز تاۋۇز — 5»)، «شىنجاڭ سورتلۇق تاۋۇزى — 32» («ئۇرۇقلۇق تاۋۇز — 2»).

چا چۇنخۇڭ

## ئەلا زىرائەت سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش ئەھۋالى

1. ئەلا زىرائەت سورتلىرىنىڭ كېڭەيتىلىش ئەھۋالى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا ھەرخىل ئەلا زىرائەت سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 1 مىليون 697 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 95 مىڭ 900 گېكتار كۆپ كېڭەيتىلدى. ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى (يەرلىكنىڭ) ئىچىدە خاس ئۇرۇقلۇق ئېتىزلىرىنىڭ كۆلىمى 343 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى. ئەلا ئاشلىق زىرائەت سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 731 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ 215 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 107 مىڭ 800 گېكتار؛ كۆممىقوناق (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 259 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 64 مىڭ 500 گېكتار؛ كېۋەزنىڭ 617 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 47 مىڭ 400 گېكتار كۆپ كېڭەيتىلدى؛ ياغلىق داننىڭ 82 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 27 مىڭ 400 گېكتار؛ قىزىلچىنىڭ 32 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 13 مىڭ 300 گېكتار ئاز كېڭەيتىلدى؛ باشقا ئۆزگىچە زىرائەتلەرنىڭ 234 مىڭ 300 گېكتار بولدى.

2. ئەلا سورتلارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈش ئەھۋالى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك ئۇرۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 94 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3987 گېكتار كېڭەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئۇرۇقلۇق ئېتىزى 14 مىڭ 200 گېكتار، كېۋەز ئۇرۇقلۇق ئېتىزى 38 مىڭ 700 گېكتار، شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممىقوناق ئۇرۇقلۇق ئېتىزى 41 مىڭ 200 گېكتار (بۇنىڭ 33 مىڭ 300 گېكتارى باشقا ئۆلكىلەرگە يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى)، ياغلىق دان زىرائىتى ئۇرۇقلۇق ئېتىزى 213.33 گېكتار، قىزىلچا ئۇرۇقلۇق ئېتىزى 533.33 گېكتار. ئۇرۇقلۇق كۆلىمى ئىچىدە 3 خىل ئۇرۇقلۇق ئېتىزىنىڭ كۆلىمى 19 مىڭ 300 گېكتار. ھەر خىل زىرائەت ئۇرۇقىدىن 321 مىڭ 500 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئۆلكىلەرگە يېتىشتۈرۈپ بېرىلگەن كۆممىقوناق ئۇرۇقى 150 مىڭ توننا).

چا چۇنخۇڭ

## سۇپەتلىك پاختا بازىسى ۋە كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدا سۇپەتلىك پاختا بازىسى ۋە كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى 2002 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، 2004 - يىلغا كەلگەندە 323 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغىدىن سېلىنغىنى 142 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە زايوم مەبلىغىدىن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 71%نى ئىگىلىدى.

سۇپەتلىك پاختا بازىسى ۋە كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش

قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقى 2 يىلدا ئاساسەن سورتنى ئەلالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ، يېڭى كېۋەز سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۇرۇقلۇق چىگىت ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەم سۈپەتلىك كېۋەز سورتلىرىنى يېتىلدۈرۈش سىستېمىسى ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 5 رايون ئەسلى ئۇرۇقلۇق بازىسى، 26 تاۋار ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلدى، تاۋار ئۇرۇقلۇق بازىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرىچە 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رايون ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرىچە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون يۈەندىن كەم بولمىدى. قۇرۇلۇش قىلىشتا ئۇرۇق پىششىقلاش، ساقلاش، تەكشۈرۈش، ئۇرۇقلۇق ئېتىزى بەرپا قىلىش ئاساس قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە قاراپ سۈپىتى ياخشى، خىلى كۆپ سۈپەتلىك، يېڭى كېۋەز سورتلىرى ۋە ئەلا سورتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلدى ھەم سورتلارنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپ خىل كېۋەز پائال راۋاجلاندۇرۇلدى، سورتلارنى ئەلالاشتۇرۇش، ئۇرۇقلۇق چىگىتنى توجۇپىلەپ تاللاپ پىششىقلاش، ئوراش ۋە بەلگە قويۇپ قاچىلاش ئىشلىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 31 چىگىت پىششىقلاش زاۋۇتىغا كېرەكلىك چىگىت پىششىقلاش، ساقلاش، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى تەق بولدى، چىگىت پىششىقلاش لىنىيىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇش 2 يىل ئېلىپ بېرىلىش ئارقىلىق مۇنداق 4 جەھەتتىن ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى:

چىگىت پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. يۇرۇشلۇك چىگىت پىششىقلاش لىنىيىسىدىن 28ى قۇرۇلدى، 5ى يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 16 يۇرۇش چىگىت تۈۋىتىنى ئايرىش ئۈسكۈنىسى يېڭىلاندى، پولات قۇرۇلمىلىق، ئاز كەم 8000 كۋادرات مېتىرلىق رەڭلىك پاختا چىگىتىنى پىششىقلاش زاۋۇتى بىناسى سېلىندى. چىگىت پىششىقلاش ئىقتىدارى تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن %30 ئۆستى، چىگىت سۈپىتى ئوتتۇرىچە بىر دەرىجە ئۆستى.

چىگىت ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولماسلىق زىددىيىتى پەسەيدى. بۇ تۈر قۇرۇلۇشىدا 20 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۇرۇقلۇق چىگىت ئامبىرى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاشارات، چاشقان، ئوت، قۇچقاچ، نەملىكتىن مۇداپىئەلەنگەنلى، تېمپېراتۇرىنى بىر خىل ساقلىغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ كۆلىمى 14 مىڭ 73 كۋادرات مېتىر، ئاز كەم 5000 كۋادرات مېتىر ئۇرۇقلۇق چىگىت ئامبىرى رېمونت قىلىندى.

ئۇرۇقلۇق چىگىت پىششىقلاش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ۋاستىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2 يىلدىن بۇيان 5 رايون ئۇرۇقلۇق بازىسىغا ۋە 29 تاۋار ئۇرۇقلۇق بازىسىغا 180 ئۇرۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابى سەپلەندى. ئۇرۇق تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ئىلگىرىكى ئازكەم %30 تىن %70كە ئۆستى، ئۇرۇقلۇق چىگىتنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى ئىلگىرىكى %70 تىن %85كە يەتتى. گېننىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار سايمان سېتىۋېلىندى ھەم شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گېننىڭ ئۆزگىرىشىنى بىئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى قۇرۇلدى.

كېۋەز سورتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پاختا سۈپىتى ياخشىلاندى. 2 يىلدىن بۇيان كېۋەز يېڭى سورتىدىن 17نى بىكىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە تېرىلىۋاتقان كېۋەز سورتى ئىلگىرىكى ئاز كەم 30دىن ئاز كەم 20گە ئازايتىلىپ، شىنجاڭدا كېۋەز سورتى كۆپ، قالايمىقان، ئارىلاش، پاختا سۈپىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋال دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى.

چا چۈنخۇڭ

## يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كارانتىن قىلىنىش ئەھۋالى

1. توشۇلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە توشۇلىدىغان ئۆسۈملۈك كارانتىن گۇۋاھنامىسى 48 مىڭ 789 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 50 مىڭ 387.59 تونىنغا، ئۆسۈملۈك 6 مىليون 247 مىڭ 857 تۈپكە يەتتى.

2. ئۆسۈملۈكنى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىنىڭ ئۆزىدە كارانتىن قىلىش. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېكسپورت ئۈستۈنلۈككە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى ۋە ئۇرۇقلۇق بازىسىدا كارانتىن قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن 3ى قۇرۇلدى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا كارانتىن قىلىنغان كۆلەم 156 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، دۆلەتنىڭ كارانتىن قىلىش تەلىپىگە يەتكەن ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقتىن ئاز كەم 100 مىڭ تونىنا، كېسەل تەگمىگەن، ھاشارات چۈشمىگەن مايسىدىن 800 نەچچە مىڭ تۈپ يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

3. چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇقلارنىڭ كارانتىن قىلىنىشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش. 2004 - يىلى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇقلارنىڭ كارانتىن قىلىنىشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە كېيىنكى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش،

ئۆلچەش خىزمىتى ئىشلەندى. شىنجاڭغا چەت ئەلدىن ئاز مىقداردا كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇقلارنىڭ كاراتىن قىلىنىش ئەھۋالى 32 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، تەكشۈرۈلگەن ئۇرۇق 600 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ؛ كۆپ مىقدارلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىگە 41 تۈركۈم (قېتىم) تەستىقلىتىلدى، مىقدارى 1755 توننىغا يېتىدۇ.

4. كېۋەزنىڭ سارغىيىپ سولىشىش كېسىلى، سولىشىپ قۇرۇش كېسىلىگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى باھالاندى. 2004 - يىلى ئۇرۇقچىلىق تارمىقى كېسەللىككە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى باھالاشقا تېگىشلىك كېۋەز سورتى 30 بولۇپ، ئۇلارنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردىكى كېسەل ئۇرۇقلارنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدا تېرىپ كۆرۈپ باھالىدى. باھالاشتا سولىشىپ قۇرۇش كېسىلىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان 15 خىل كېۋەز سورتى، بۇنداق كېسەللىككە چىداملىق 13 خىل كېۋەز سورتى، سارغىيىپ سولىشىش كېسىلىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان 20 خىل كېۋەز سورتى، بۇ خىل كېسەللىككە چىداملىق 7 خىل كېۋەز سورتى تاللاپ چىقىلدى.

ما دېچېڭ، جاڭ يۈ

## يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پاتقاق گازى ئىشلىتىشتە «بىر كۆلچەك، ئۈچ ئۆزگەرتىش» ئومۇملاشقان يېزا ئائىلىسى 16 مىڭ 810غا يەتتى، يېزىدا پاتقاق گازى ئىشلەپچىقىرىدىغان 548 ئىشچى يېتىشتۈرۈلدى ۋە باھالاندى، 18 مىڭ دېھقان (قېتىم) غا پاتقاق گازى ئىشلىتىش ئۆگىتىلدى. دۆلەتنىڭ 2004 - يىللىق يېزىلاردا پاتقاق گازى قۇرۇلۇشىغا زايوم مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنى ئىلتىماس قىلغان يېڭى ناھىيە 11، قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتقان ناھىيە 13، بۇ تۈرلەرگە مەركەز سالىدىغان 35 مىليون 496 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى.

2004 - يىلى يېزىلاردا زايوم مەبلىغىنى ئىشلىتىپ پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى فۇكاڭ شەھىرى، توققۇزتارا، چاغانتوقاي، ئۈنسۇ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىرى، خوتەن شەھىرى، يەكەن ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، خوتەن، غۇلجا، مارالبېشى، كېرىيە، چاقىلىق ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرىدىكى 55 يېزىنىڭ 166 كەنتىدە باشلاندى. بۇ تۈردە «بىر كۆلچەك، ئۈچ ئۆزگەرتىش» قۇرۇلۇشى قىلىپ پاتقاق گازىنى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئائىلىنى 26 مىڭ 906گە يەتكۈزۈش پىلانلانغاندى، مەركەز بۇ قۇرۇلۇشقا زايوم مەبلىغىدىن 39 مىليون 187 مىڭ 200 يۈەن ئاجراتتى. 2004 - يىل 11 - ئايغا قەدەر «بىر كۆلچەك، ئۈچ ئۆزگەرتىش» قۇرۇلۇشى قىلىپ پاتقاق گازىنى يېقىلغۇ قىلىشقا باشلىغان ئائىلە 15 مىڭ 776گە يەتتى.

2004 - يىلى مارالبېشى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئېنېرگىيە خىزمىتى پونكىتىدىن غوپۇر رېشىت، فۇكاڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن شۇ دېشۇ، خوتەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئابدۇخېلىل مەملىكەت بويىچە يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

جاڭ فۇنيەن

## دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ھەم ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش نىشان قىلىنىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىنىشى، باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى، قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسى، تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرى بازىرىغا سېلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە ماركىسىنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. دېھقانچىلىق دورىسى ماركىسىدىن 242سى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك بولغىنى 158، ئېغىر دەرىجىدە لاياقەتسىز بولغىنى 80، ساختا، يالغان، رويخەتكە ئېلىش گۇۋاھنامىسى يوقلىرى 3، باشقا لاياقەتسىزلىرى بىر. 2003 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا؛ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 9.7 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، ئېغىر دەرىجىدە لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 8.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

2004 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق دورىسى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن 30نى تارقاتتى، دېھقانچىلىق دورىسى ئېلانىدىن 60نى تەستىقلىدى، دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلىدىغان ئېتىزلاردا دورىنىڭ كۈچىنى 55 قېتىم تەجرىبە قىلىپ ئۆلچىدى، 4457 تال كۆكتاتنى ئەۋرىشكە ئېلىپ، تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقىنى تېز تەكشۈردى.

سۈي جيەنجۈڭ

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، هاشارات ئاپىتىنىڭ كۆرۈلۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە ئاساسەن كېسەللىك، هاشارات، ئوت - چۆپ ئاپەتلىرى ئوتتۇراھالدىن ئېغىرراق كۆرۈلدى. كېسەللىك، هاشارات، ئوت - چۆپ ئاپىتى كۆرۈلگەن زىرائەت كۆلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە 4 مىليون 656 مىڭ 600 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەللىك، هاشارات ئاپىتى كۆرۈلگەن ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 944 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، هاشارات ئاپىتى كۆرۈلگەن كېۋەز كۆلىمى 933 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلگەن ئېتىز كۆلىمى 787 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، چاشقان ئاپىتى كۆرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ئوت - چۆپ ئاپىتى كۆرۈلگەن ئېتىز كۆلىمى 1 مىليون 266 مىڭ 700 گېكتار، كېسەللىك، هاشارات ئاپىتى كۆرۈلگەن باشقا زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى 325 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم). كەڭ كۆلەملىك چېكەتكە ئاپىتى ئاساسەن تارباغاتاي، بورتالا، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئېتىزلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونى بىلەن چارۋىچىلىق رايونى تۇتىشىدىغان رايونلارغا مەركەزلەشتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەللىك، هاشارات، ئوت - چۆپ ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن كۆلەم 3 مىليون 32 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەللىك، هاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 551 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، كېۋەز كۆلىمى 533 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، چېكەتكىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ئېتىز كۆلىمى 438 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، چاشقان ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونى كۆلىمى 200 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ئوت - چۆپ ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ئېتىز كۆلىمى 1 مىليون 146 مىڭ 700 گېكتار، كېسەللىك، هاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن باشقا زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى 162 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم). مۇداپىئە كۆرۈش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 1 مىليارد 199 مىليون يۈەنگە يەتتى.

مەختۇمگۈل

## يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 57 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 648 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 202 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 206 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31.1% ئاشتى. 1 -، 2 -، 3- كەسىپلەرنىڭ نىسبىتى 61.2:19.6:19.2 بولدى. 54 مىليون 920 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5198 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 6% ئاشتى. ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3726 يۈەنگە يېتىپ، 366 يۈەن ئاشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7750 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 72 مىڭ 581 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 26 مىڭ 873 گېكتار، كېۋەز كۆلىمى 33 مىڭ 254 گېكتار، شېكەر خام ئەشيا كۆلىمى 1746 گېكتار، ياغلىق دان زىرائىتى كۆلىمى 3094 گېكتار، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 1872 گېكتار، كەندىر تۈرىدىكى زىرائەت كۆلىمى 458 گېكتار، دورا ئۆسۈملۈكلىرى كۆلىمى 296 گېكتار، باشقا زىرائەت كۆلىمى 4988 گېكتار. 200 مىڭ 798 توننا ئاشلىق، 54 مىڭ 869 توننا پاختا، 6559 توننا ياغلىق دان، 70 مىڭ 713 توننا قىزىلچا، 65 مىڭ 920 توننا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، 2202 توننا كەندىر تۈرىدىكى زىرائەت ھوسۇلى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 73 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە نەسىللىك ۋە نەسلى ياخشىلانغان ئىنەك 15 مىڭ 900؛ قوي - ئۆچكە 545 مىڭ 500؛ چوشقا 40 مىڭ 200؛ 12 مىڭ 870 توننا گۆش، 10 مىڭ 818 توننا تۇخۇم، 19 مىڭ 538 توننا سۈت، 1638 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

باغۋەنچىلىك كۆلىمى 16 مىڭ 487 گېكتار بولۇپ، 107 مىڭ 466 توننا مېۋە ئېلىندى. ئورمان كۆلىمى 45 مىڭ 363 گېكتارغا يەتتى، بىر يىلدا 3296 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 4 مىليون 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 283 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

2004 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.7% ئاشتى. 120 مىڭ توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 550 توننا ئۇن، 10 مىڭ 510 توننا شوخلا قىيامى، 8600 توننا سۇ يېغى، 180 مىليون دانە خىش، 200 توننا سۈت ياسالمىسى، 4 توننا ئېفېدرىن، 19 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، يىل ئاخىرىدىكى بىناكارلىق ئورنى 12 بولۇپ، ئۇلار بىر يىلدا 110 مىڭ كۋادرات مېتىر زاۋۇت بىناسى ۋە ئۆي

ئىمارەت سالدى.

2004 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 125 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 91 مىليون 520 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 33 مىليون 880 مىڭ يۈەن. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 39 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40 ئاشتى.

يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرىدىن 6سى باشلامچى كارخانا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، 2004 - يىلى يەنە 5 كارخانا باشلامچى كارخانا سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. 21 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ زىيانسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇش سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى، ئۇلار ئومۇمىي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ %65.45نى ئىگىلىدى، يېرىنىڭ كۆلىمى 657 مىڭ 470 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %98.11نى ئىگىلىدى؛ 45 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 23 مىڭ 360 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %27.28نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېشىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كۆلەم 3987 گېكتار (AA دەرىجىلىكلىرىنىڭ 118 گېكتار)، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 19 مىڭ 373 گېكتار. 16 مىڭ 276 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىدىكى، 64 مىڭ 134 ئادەمنى يېتەكلەندى. يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىچىدە ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى 12 مىڭ 70كە يەتتى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق مەيدانلىرى جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پېنسىيىگە چىققان 15 مىڭ 552 ئىشچى - خىزمەتچىسى پېنسىيە پۇلى تارقىتىش كارتىسى ئالدى، ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن پېنسىيىگە چىققان ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %22.98نى ئىگىلىدى؛ ئىشلەۋاتقان 24 مىڭ 954 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى، بۇ، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %9.51نى ئىگىلەيدۇ.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يەر تەۋرەش، ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك، ھاشارات، ئۇششۇك، بوران، مۆلدۈر قاتارلىق ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، بۇ ئاپەتلەر زىيان يەتكۈزگەن كۆلەم 3916 گېكتارغا، ھوسۇل چىقمىغان كۆلەم 548 گېكتارغا، ئۆلگەن چارۋا 3294كە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي 147 ئېغىزغا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 55 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىدا ساقلانغان مۇھىم مەسىلىلەر شۇكى، 1) بازارغا لايىقلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس، مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىر خىل، سۈپىتى ۋە دەرىجىسى تەكشى ئەمەس. 2) سىياسەت، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ، مەيدان ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى ئاستا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. 3) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان ئەمەس، مەيدانلارنىڭ تەرەققىيات مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيدۇ. 4) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، مەيدانلارنىڭ سېلىقى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر.

سۇن دۇڭ

## دۆ چېڭلىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دۆ چېڭلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئۈرۈمچى، ئىلى رايونى قاتارلىق 7 شەھەر، ناھىيە ۋە بىڭتۇەننىڭ 16 تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بازىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. دۆ چېڭلىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بايلىق ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئەۋزەل ئىقتىسادىي بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە كەسىپنى يۈلەپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ سجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆ چېڭلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدىكى مەزگىلدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە شىنجاڭ «تيەنمۇ» شىركىتى قاتارلىق 4 يۇقىرى تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىك كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شىڭ جيەن

## شۈي يۇفاڭ شىنجاڭدا مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتناشتى

مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈي يۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28-

كۆنگىچە شىنجاڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. 7 ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شۈي يۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شۈي يۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شاڭ جيەن

## يىن چېڭجيې شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يىن چېڭجيې ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئوتلاق خىزمىتى ۋە ئوتلاق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىن چېڭجيې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شاڭ جيەن

## فەن شياۋجيەن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن شياۋجيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە فەن شياۋجيەن شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. فەن شياۋجيەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ بۇ قېتىملىق چېكەتكە يوقىتىش جېڭىگە باشتىن ئاخىر ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شاڭ جيەن

## ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2003 ـ يىلى دېھقانلارنى ئەمگەك مۇلازىمىتىگە تەشكىللەپ كىرىم قىلغان ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىم قىلىشىنى قوللىغان ئىلغار ئورۇنلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاستلار: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى.

ئىلغار ناھىيە، شەھەرلەر: قاراقاش، گۇما، كېرىيە، قاغىلىق، يېڭىسار، قەشقەر كوناشەھەر، يەكەن، ئاقتۇ، توقسۇن ناھىيىلىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، غۇلجا، كۈنەس، جىڭ ناھىيىلىرى، مىچۈەن شەھىرى، بۇرچىن ناھىيىسى.

ئىلغار ئورۇنلار: دېھقانچىلىق نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى.

جىن چاڭخۇ

# تېرىقچىلىق

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 402 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 71 مىڭ 400 گېكتار ئاشتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 8 مىليون 403 مىڭ 500 توننا (ياڭيۇ تۆرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ 118 مىڭ 200 توننا ھوسۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا يېتىپ، 243 مىڭ 500 توننا ئاشتى؛ ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 35. 5990 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن ئازراق كېمەيدى. 2004 ـ يىلى مەركەز ئاشلىق بىختەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جايلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى سىجىل راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەستايىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۈلگىچەملەشتۈرۈپ ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، كۆپ تېرىش كۆلىمىنى 333 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكۈزدى، 333 مىڭ 300 گېكتار ئاشلىق زىرائىتىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈلگىلىكىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق سېتىۋالغۇچى كارخانىلار ئاشلىق سېتىۋالغاندا بازار باھاسى ئاساسىدا ھەر كىلوگرام ئاشلىققا 0.2 يۈەن بىۋاسىتە تولۇقلىما بەردى. ھوسۇلنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەچكە، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى، ئاشلىق ھوسۇلى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدە ئېشىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا «ئۈچ قەدەم ئېلىش» نىڭ 1 ـ قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئورۇندالدى.

رەيقەت ئابلەت

## پاختا ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى

1 مىليون 127 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 90 مىڭ 500 گېكتار كۆپەيدى، ئومۇمىي هوسۇلى 1 مىليون 752 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 9.53% ئاشتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدا كېۋەز هوسۇل يۇقىرى رايونلارغا تېخىمۇ مەركەزلىك تېرىلىپ، كۆلەم ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندۈرۈلدى. كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ پاختا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش هەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قويۇق تېرىش ۋە سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى 2003 ـ يىلدىكىدىن كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق تېرىش يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 520 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، يەرلىكنىڭ كېۋەز كۆلىمىنىڭ 80%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم 40 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. قويۇق تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە يېتىلدى، كېۋەز سورتلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى تېخىمۇ قېلىپلىشىپ، كۆپ، قالايمىقان، ئارىلاش بولۇش هادىسىسى كۆرۈنەرلىك ئوڭشالدى.

رەپقەت ئابلەت

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 59 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 7400 گېكتار ئاز تېرىلدى، ئومۇمىي هوسۇلى 3 مىليون 442 مىڭ 100 تونىنا بولۇپ، 9.8% كېمىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى 3 گۇرۇھنىڭ 14 شېكەر كارخانىسى 2004 — 2005ـ يىللىق شېكەر ئىشلەپچىقىرىش پەسلىدە 2 مىليون 920 مىڭ تونىنا قىزىلچا سېتىۋېلىپ، 346 تونىنا شېكەر ئىشلەپچىقاردى، بۇ 2003 ـ يىلدىكىدىن 33 مىڭ 600 تونىنا ئاز.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشتا زاكازغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى زاكازغا ئاساسەن تەڭشەلدى، بازارغا قاراپ باها قويۇلدى. سورتى ياخشىلانغان قىزىلچىدىن ئاساسەن «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6»، «KWS2404»، «SKW9103»، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 8»، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 10»، «خۇادەن قىزىلچىسى — 2»، «خۇادەن قىزىلچىسى — 1» قاتارلىقلار تېرىلدى.

قەنت تەركىبى، هوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى قىزىلچا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ خام ئەشياغا قويغان تەلىپى قاندۇرۇلدى. 2004ـ يىلى شىنجاڭدا هەر تونىنا قىزىلچىنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسى 220 يۈەن، شېكەر تەركىبى 15% بولدى. جايلار ئەمەلىي ئەهۋالغا قاراپ باهاسىنى 10% تۆراقسىز قىلدى. ئەمەلىي سېتىۋېلىنىش باهاسى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 30 يۈەن يۇقىرى بولدى، خام ئەشيا مەنبەسىنىڭ قىس بولۇشى سېتىۋېلىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سېتىۋېلىش باهاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

رەپقەت ئابلەت

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10 مىڭ 900 گېكتار ئاز تېرىلدى، ئومۇمىي هوسۇلى 445 مىڭ 400 تونىنا بولۇپ، 11.13% ئازىيىپ كەتتى. ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن 67 مىڭ 500 گېكتار يەرگە قىچا تېرىلىپ، 121 مىڭ 600 تونىنا قىچا؛ 85 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاپتاپپەرەس تېرىلىپ، 219 مىڭ تونىنا ئاپتاپپەرەس ئېلىنىدى. قىچا ۋە ئاپتاپپەرەستىن ئىبارەت 2 خىل چوڭ ياغلىق دان زىرائىتىنىڭ كۆلىمى تارىيىپ كەتكەچكە، ئومۇمىي ياغلىق دان هوسۇلى كېمىيىپ كەتتى. بازارنىڭ تەلىپىگە قاراپ، «ئىككى تۆۋەن» قىچا هەم يۇقىرى هوسۇللۇق مايلىق ئاپتاپپەرەس زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى، يەر شارائىتىغا قاراپ زاراڭزا، زىغىر، خاسىڭ، كۈنجۈت قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائىتى ئىشلەپچىقىرىشى مەزمۇت قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

رەپقەت ئابلەت

## كەندىر ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كەندىر تېرىلغۇ كۆلىمى 29 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 1000 گېكتار كۆپ تېرىلدى، ئومۇمىي هوسۇلى 136 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 2.56% ئاشتى، هەر گېكتارنىڭ بىرلىك هوسۇلى 4681 كىلوگرامغا يەتتى. كەندىرنىڭ ئاساسەن فەننىي، ۋېيكىن قاتارلىق سورتلىرى كېڭەيتىلىپ، هەر گېكتاردىن 900 — 1000 كىلوگرام كەندىر ئېلىنىدى. هەر كىلوگرام كەندىر غولىنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسى 1.2 — 1.4 يۈەن، كەندىرنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسى 2.5 يۈەن، هەر گېكتار يەردىكى كەندىرنىڭ ساپ كىرىمى 1800 يۈەن ئەتراپىدا بولدى. كەندىردىن باشقا يەنە ياۋا كەندىر، هەم ياغ، هەم تالا چىقىدىغان زىغىر، ئابدىمىلىك شۇنىڭدەك ئاز مىقداردا دورىلىق كەندىرمۇ تېرىلدى.

رەپقەت ئابلەت

## قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە كۆلىمى 713 مىڭ گېكتارغا، هوسۇلى 4 مىليون 500

مىڭ توننىغا يەتتى، 117 مىڭ گېكتار يەرگە مېۋىلىك كۆچەت تېكىلىپ، ئومۇمىي مېۋىزارلىق 653 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈلدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 270 مىڭ تونىنا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ تىككىنى 107 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي مېۋىزارلىق كۆلىمى 567 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، 240 مىڭ تونىنا ئاشتى. قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمى 60 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3000 گېكتار ئاز تېرىلدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 800 مىڭ تونىنا بولۇپ، 93 مىڭ تونىنا كېمىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن كۆلىمى 31 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 1800 گېكتار ئاز تېرىلدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 700 مىڭ تونىنا بولۇپ، 76 مىڭ تونىنا كېمىيىپ كەتتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلىرىنىڭ سېتىلىشى يامان ئەمەس بولدى، نەشپۈت، ئۈزۈمنىڭ سېتىلىش باھاسى 2003 ـ يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، قوغۇن، ئۆرۈك، ئانارنىڭ سېتىلىش باھاسى 2003ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. 2004 ـ يىلى مېۋىگە كىرگەن باغ كۆلىمى كېڭەيگەچكە، باغۋەنچىلىك دېھقانچىلىقنىڭ ئۇنۇمىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى.

قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 2004ـ يىلىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك داۋاملىق تېز يۈكسەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋىزارلىق كۆلىمى 116 مىڭ 700 گېكتار كېڭىيىپ، 2004 ـ يىلى مېۋىزارلىق كۆلىمى ئەڭ كۆپ كېڭەيگەن يىل بولدى. يېڭى تىكىلگەن مېۋىلىك كۆچەتلەر ئىچىدە ئۆرۈك، ياڭاق، ئانار، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىق مېۋىلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا 800 مىڭ گېكتار زىيانسىز ئېكولوگىيىلىك باغ بەرپا قىلىش نىشانى چۆرىدىلىپ، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش كۈچەيتىلدى.

2. سورتلۇق مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۆزگىچە مېۋىلەردىن كورلا نەشپۈتى، مۇناقى ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم، گۈلە قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى يۇقىرى بولدى. ھاۋا كىلىماتى سەۋەبلىك نەشپۈت ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېھتىياج ئازىيىپ كەتمىدى، ھەر كىلوگرام ئالاھىدە دەرىجىلىك نەشپۈتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 4.5 — 5 يۈەنگە، 1 ـ دەرىجىلىكنىڭ 3.5 يۈەن ئەتراپىغا چىقىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. مۇناقى ئۈزۈمنىڭ

پاكىستان، روسىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى ئېشىپ، 4000 توننىغا يەتتى، ئېكسپورت قىلىنىش نىسبىتى 2003 ـ يىلدىكى %10 تىن %15كە ئۆستى، سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆرلىدى. يۇمىلاق قىزىل ئۈزۈمنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 4 يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

3. قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ھوسۇلىنى، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. جايلار مېۋىلەرنى ئۇلاپ ئۆزگەرتىش، باغ پەرۋىشى، قوغۇن ـ تاۋۇزدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

4. زىيانسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش قائىدىسىدىن 46 سى تۈزۈلدى ھەم ھەممىسى يولغا قويۇلۇپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان زىيانسىز باغ كۆلىمى 351 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ 56 مىڭ گېكتار، مېۋە ـ چېۋىنىڭ 166 مىڭ 300 گېكتار.

خالزات

## كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 184 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %18.4 كېڭەيدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 9 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىپ، %26.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى كۆلىمى 23 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %36.5 كېڭەيدى، پەسىلسىز كۆكتات 1 مىليون 80 مىڭ توننىغا يېتىپ، %29.4 ئاشتى؛ سانائەت شوخلىسى تېرىلغۇ كۆلىمى 68 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %37 كېڭەيدى، ھوسۇلى 4 مىليون 520 مىڭ توننىغا يېتىپ، %50.3 ئاشتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا كۆكتات بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك، تۈرلىرى مول، سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشى، سېتىلىش باھاسى 2003 ـ يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 2003 ـ يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 150 نەچچە خىل يازلىق كۆكتات، 50 نەچچە خىل قىشلىق كۆكتات بازارغا كىردى. مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى ئۆزگىچە كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقتى، يېڭىدىن ياسالغان پارنىك كۆلىمى 6250 گېكتارغا يېتىپ، پەسىلسىز كۆكتات 245 مىڭ 200 تونىنا ئاشتى، 2004 ـ يىل كۆكتاتچىلىق ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان يىل بولدى. ئېتىراپ قىلىنغان زىيانسىز كۆكتات كۆلىمى

126 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى، زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلدى.

ياڭ گۈەنيۇڭ

## تاماكا ئىشلەپچىقىرىشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تاماكا ئىشلەپچىقىرىشتا «كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تارقىلىشىنى، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش» مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى داۋاملىق تارايتىلدى، توختاملىق پەرۋىش قىلىش يولغا قويۇلۇپ، تاماكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ياخشىلاندى. بىر يىلدا پاپىروس تاماكىسى كۆلىمى 433 گېكتار بولدى، 560 توننا تاماكا سېتىۋېلىندى، 1785 توننا پاپىروس سېتىلدى، سېتىش كىرىمى 32 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

جاڭ شۇۋېن

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چارۋا 52 مىليون 63 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3.58%، بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 34 مىليون 375 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 7.36% ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 281 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 11.42%، سۈت 1 مىليون 333 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 17.98%، يۇڭ 84 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 8.27%، ئۆچكە تىۋىتى 1228 توننىغا يېتىپ، 7.45%، تۇخۇم 249 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 5.8% ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.73% ئاشتى، بۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 24.97%نى ئىگىلىدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن كۆپەيگەن كىرىمى 102.3 يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر:

1. چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش سەۋىيىسى تۆۋەن، باشلامچى كارخانىلار تېخى قۇدرەت تاپمىدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئېچىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس، بولۇپمۇ باشلامچى كارخانىلار بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس، شۇڭا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن خام - ئەشيا بازىسى ئايرىلىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇردى.

2. پەن - تېخنىكا مىقدارى يۇقىرى ئەمەس، باقمىچىلىق سەۋىيىسى ۋە تۇجۇپىلەشتۈرۈش دەرىجىسى تۆۋەن، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئىنەك باقمىچىلىق كۆلىمىنىڭ تېز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنەك باقمىچىلىق سەۋىيىسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، ئىنەك باقمىچىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا يەنە ئاپپارات مۇكەممەل بولماسلىق، قوشۇن مۇقىم بولماسلىق، مۇئەسسەسىلەر كونىراپ كېتىش، خادىملارنىڭ ساپاسى تەكشى بولماسلىقتەك مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بولۇپمۇ ئېغىر ئاپەت، ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئىشلىرى ھازىرقى زامان چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە پەقەت ماس كەلمەيدۇ.

ۋاڭ لىجيەن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 160 مىڭ گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى، 200 مىڭ گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 8600 گېكتار يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ تېرىلدى، 1 مىليون 133 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ھەرخىل ئوت-چۆپ ئۇرۇقىدىن 2800 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. 5000 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتى ياخشىلاندى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلدى.

2004 - يىلى 22 ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرىنى پىلانلاش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە تۈرنى يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. دەسلەپتە لايىھەلەنگەن كۆلەم 1 مىليون 333 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن يەر 333 مىڭ گېكتار، چارۋا بېقىش توختىتىلغان يەر 867 مىڭ گېكتار، ئايرىلىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ مال بېقىلىدىغان ئوتلاق 133 مىڭ گېكتار.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 -، 2 - قارارلىق تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش تۈرى يولغا قويۇلغان 14 ناھىيە - شەھەر (باركۆل، غۇلجا، كۆكتوقاي، تاشقورغان، ماناس، قورغاس، قابا، ئاقتۇ، قۇتۇبى، ئالتاي، پىچان، كۇچا، نىيە، ئارشاڭ) ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قابا ناھىيىسىدە يولغا قويۇلغان تۈر ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ، قالغانلىرى لاياقەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. 3 قاراردا تەبىئىي ئوتلاقلارنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش تۈرى يولغا قويۇلغان 4 ناھىيە ـ شەھەر (توققۇزتارا، ئاراتۈرۈك، بۈرچىن ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى) قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى پىلان بويىچە تاماملىدى. 6666.67 گېكتار يەردە ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 20 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ ياخشىلاندى. قاشالاش قۇرۇلۇش تۈرى يولغا قويۇلغان 10 ناھىيە ـ شەھەر (سانجى، فۇكاڭ، مىچۈەن شەھەرلىرى، گۇچۇڭ، جىمىسار، توقسۇن، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، جېمىنەي ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى) نىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى. قاشالانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 302 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دائىرىگە ئايرىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق 96 مىڭ 300 گېكتار، قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئوتلاق 172 مىڭ 500 گېكتار. نازارەت قىلىش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىسىدىن 135 دانە (يۈرۈش) سېتىۋېلىندى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق نازارەت قىلىش ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتلاقتا ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك يىغىش گۇۋاھنامىسىدىن 48ى بېجىرىلدى، 1700 توننا چاكاندا، 3400 توننا چۈچۈكبۇيا قېزىش ئەستىقلاندى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقتا 17 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئاپىتى تىرېۋوگىسى 8 قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى 6 قېتىم، ئېغىر ئوت ئاپىتى 2 قېتىم، پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى بىر قېتىم. 4385 گېكتار ئوتلاق ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 2 مىليون 594 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى دۆلەت شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان سانجى ئوبلاستىنىڭ سۇدان ئوتى، قىلتىرىقسىز ئارپىخان ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش بازىسى، شىنجاڭ 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق يېڭى ئوت- چۆپ ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش بازىسى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىزىل بۇيا ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش بازىسىنىڭ كۆلىمى 1666.67 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭغا 35 مىليون 400 مىڭ يۈەن (مەركەز مەخسۇس سالغان مەبلەغ 28 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يەرلىكتىن يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغ 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. مەبلەغ سەل كېچىكىپ نەقلەشكەچكە، پىلاندىكى قۇرۇلۇش مۇددىتى 2003 ـ ۋە 2004- يىلدىن 2004 ـ يىلى ۋە 2005 ـ يىلغا كېچىكتۈرۈلدى.

جى خۇڭلياڭ

شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى كۆلىمى

| شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئوتلاق | ئومۇمىي كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم (تۈمەن گېكتار) |
|---|---|---|
| جەمئىي | 5725.88 | 4800.68 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تاغلىق رايون ئوتلىقى | 3324.52 | 2901.16 |
| تۈزلەڭلىك ئوتلىقى | 2401.36 | 1899.52 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: چۆل ۋە يېرىم چۆل ئوتلىقى | 2686.79 | 2047.10 |
| ئوتلاق ۋە ئوتلۇق يەر | 1660.42 | 1517.92 |
| چىملىق ئوتلاق | 1352.01 | 1211.22 |
| سازلىق ئوتلاق | 26.22 | 24.44 |

جى خۇڭلياڭ

## ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش ئىشىنى ۋىلايەت (ئوبلاست) لىك، ناھىيە (شەھەر) لىك چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى بېجىردى. بىر يىلدا شىنجاڭ ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش مەركىزى 6666.67 گېكتار يەردىكى شىنجاڭ چوڭ يوپۇرماق بېدىسى، كۆممىقوناق، سۇدان ئوتى قاتارلىق ئۇرۇق ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ھەرخىل ئوت ـ چۆپ ۋە چىملىق ئوت ئۇرۇقىنىڭ 13 خىل سورتىنى، 221 ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈردى، ئۇنىڭ تۈركۈم (قېتىم) سانى 1290گە، ۋەكىللىك مىقدارى 1969 تونناغا، لاياقەتلىك نىسبىتى 87.4%كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ۋاكالىتەن تەكشۈرۈلگىنى 1236 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى

%91.3؛ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلگىنى 54 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى %28.

جى خۇڭلياڭ

## چارۋىچىلىقتىن ئوتلاقثا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 1 ـ قاراردا چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇش تۈرى نۇقتىدا سىناق قىلىنغان 20 ناھىيە (جىمىڭ، ئارىشاڭ، قورغاس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال، توققۇزتارا، تېكەس، قابا، بۇرچىن، جىمسار، بۆرۈلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل، مورى، گۇچۇڭ، تولى، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، قوبۇقسار ناھىيىلىرى) 1 مىليون 225 مىڭ گېكتار يەرنى ئوتلاققا قايتۇرۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ %85نى ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن ئوتلاق 560 مىڭ گېكتار بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ %98ى؛ چارۋا بېقىش توختىتىلغان ئوتلاق 540 مىڭ گېكتار بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ %96ى؛ دائىرىگە ئايرىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق 125 مىڭ گېكتار بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ %52ى ئورۇندالدى. چارۋا بېقىش چەكلەنگەن ئوتلاقلارنىڭ ھەر گېكتارىغا ھەريىلى 82.5 كىلوگرام يەم ـ خەشەك قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، بۇنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا ھەر گېكتار ئوتلاق ئۈچۈن 74.25 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن بولىدۇ؛ چارۋا بېقىش توختىتىلغان ئوتلاقنىڭ ھەر گېكتارىغا ھەر يىلى 20.63 كىلوگرام يەم-خەشەك قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، بۇنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا ھەر گېكتار ئوتلاق ئۈچۈن 18.56 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن بولىدۇ. قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش مۇددىتى 5 يىل. 2003 ـ يىلى بۇ تۈرلەر تېخى تاماملىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنمىغاچقا، يەم ـ خەشەك قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈلمىدى.

2004 ـ يىلى دۆلەت نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسى يېڭىدىن قوشۇلدى. بۇ ناھىيىدە يولغا قويۇلغان تۈرلەرگە 330 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 231 مىليون يۈەن. 1 مىليون 330 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن ئوتلاق 330 مىڭ گېكتار، چارۋا بېقىش توختىتىلغان ئوتلاق 870 مىڭ گېكتار، دائىرىگە ئايرىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق 30 مىڭ گېكتار. قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى 2005 ـ يىلغىچە.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاقتا ھاشارات ـ چاشقان ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 967 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاقتا ھاشارەت ئاپىتى يۈز بەردى، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 937 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 919 مىڭ 200 گېكتار، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 908 مىڭ 100 گېكتار؛ باشقا ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 48 مىڭ گېكتار، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 29 مىڭ گېكتار. ھاشارات ئاپىتى ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىدىكى باركۆل ئويمانلىقىدىن تارتىپ غەربتىكى سانجى، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ۋە تارباغاتاي ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىق رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنبۇلاق ئوتلىقىدا يۈز بەردى، زىيان سالغان ئاساسلىق ھاشارات تۈرلىرى ئاۋستىرالىيە چېكەتكىسى، سىبىرىيە چېكەتكىسى، كىچىك قانات ئەگمەچ بەللىك چېكەتكە، قىزىل ئاياغلىق قاقاشلىق چېكەتكە، ئۇچۇرما بولمىغان چېكەتكە، قىزىل ئاياغ كرائۇس چېكەتكىسى، قارا يوللۇق كىچىك چېكەتكە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئوتلاقلاردا چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 4 مىليون 547 مىڭ 300 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 315 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. چاشقان ئاپىتى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يۈز بەردى، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۆردىكى زىيانلىق چاشقانلار توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان، قىزىل ئىڭەك سېرىق چاشقان، چۆل چاشقىنى، قارا قۇيرۇق چاشقان، ئوتلاق توشقان قۇيرۇق چاشقىنى، قارىغۇ چاشقانسىمان تۈلۈم چاشقاندىن ئىبارەت. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت ـ ئوبلاستلارغا ئاساسلىقى ھىندىستان مۇغىسى، ئۈچ بارماقلىق يالمانتاق، قارا قۇيرۇق چاشقان زىيان سالدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 838 مىڭ 100 گېكتار ئوتلاقتىكى ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستىدە ماشىنا ۋە ئادەم ئارقىلىق خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدى ئېلىنغان ۋە يوقىتىلغان كۆلەم 391 مىڭ 200 گېكتار (جىمسار ناھىيىسىدە سىرتتىن ئۈچۈپ كىرگەن چېكەتكىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە تىزگىنلەنگەن كۆلەم بۇنىڭ سىرتىدا)، 300 مىڭدىن كۆپرەك توخۇ، ئۆردەك قويۇپ بېرىلىپ چېكەتكە ئاپىتى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 87 مىڭ 300 گېكتار، ئۆردەك قويۇپ بېرىلىپ چېكەتكە ئاپىتى

تېزگىنلەنگەن كۆلەم 83 مىڭ 300 گېكتار؛ ئادەم كۈچى ئارقىلىق 1 مىليون 100 مىڭ قىزىل قارىغۇجا جەلپ قىلىنىپ چېكەتكە ئاپىتى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 253 مىڭ 900 گېكتار؛ مېتارزىئوم باكتېرىيىسى ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 22 مىڭ 400 گېكتار. ش ئۇ ئا ر چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى چېكەتكە يوقىتىشقا 69 مىڭ 911 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللىدى، بىر ئايروپىلاننى يۆتكەپ ئىشقا سالدى، 75. 118 تونna دېھقانچىلىق دورىسى، چوڭ تىپتىكى ئۆزى يۈرەر، سىغىمچانلىقى تۆۋەن ئېلېكتىرستاتىك تۇمانلىتىش ئاپتوموبىلىدىن 5نى، باشقا چوڭ تىپتىكى ماشىنىدىن 72نى، يۈدمە تۇمانلىتىش ئۈسكۈنىسىدىن 2337نى ئىشقا سالدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 21 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاقتا چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان ۋە يوقىتىلغان كۆلەم 447 مىڭ 700 گېكتار، ئايروپىلان ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان ۋە يوقىتىلغان كۆلەم 70 مىڭ گېكتار، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان ۋە يوقىتىلغان كۆلەم 503 مىڭ 700 گېكتار. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتلاقنى «چاشقانسىز ئۆلگە رايون» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بويىچە 500 مىڭ گېكتار ئوتلاق تىزگىنلەندى.

2004 - يىلى ماناس ئۆلچەش - تەجرىبە پونكىتىدا چېكەتكىنى خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق يوقىتىش قائىدىسىنى تالالاپ تەجرىبە قىلىش ئىشى تاماملاندى؛ بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە مېتارزىئوم باكتېرىيىسىنى كېڭەيتىپ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەجرىبىسى تاماملاندى؛ ماناس ئۆلچەش - تەجرىبە پونكىتىدا %3.0لىك نىمىنىڭ ئېمولسىيە سۈيۇقلۇقىنى كېڭەيتىپ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەجرىبىسى تاماملاندى. «شىنجاڭدىكى چۆل ۋە يېرىم چۆل ئوتلاقلاردا ئۆردەك قويۇپ بېرىپ چېكەتكە يوقىتىش» تۈرى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.


شيۇڭ لىڭ

## يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى


2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 780 مىڭ 400 يەرلىك كالا ئۆزۋىقلاندۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ، كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئىنەكنىڭ %78.2نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 836 مىڭ 500 ئىنەك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۆزۋىقلاندۇرۇلۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى؛ 65 مىڭ كالا نورمال تېمپېراتۇرىدا ئۆزۋىقلاندۇرۇلدى. تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن يەرلىك كالا 8972گە يېتىپ، %13.6 كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە نەسلى ياخشىلانغان كالا نىسبىتى %54.5كە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى كۆپەيتىش- نەسىل ياخشىلاش باش پونكىتى توڭلىتىلغان لاياقەتلىك ئىسپېرمىدىن 1 مىليون 195 مىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىپ ۋە يۆتكەپ كېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ۋېي شىنپۇ







2004 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى تەشكىللىگەن خادىملار ماناس ناھىيىسىنىڭ داياغىشەن تېغىدىكى چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن نەق مەيداندا دورا چېچىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارماقتا.

1) ئايروپىلان چېكەتكە يوقىتىش مەشغۇلاتى قىلماقتا. 2) ئۆزى يۈرەر تۇمانلىتىش ماشىنىسى دورا چېچىش مەشغۇلاتى قىلماقتا. 3) كەسپىي خادىملار دورا ئۈنۈمىنى تەكشۈرمەكتە.

ئابدۇۋەلى فوتوسى

## قوي ۋە ئۆچكىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 16 مىليون 480 مىڭ تۇياق قوي ئۈزۈۋقلاندۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ، كۆپەيتىشكە بولىدىغان قوينىڭ %1.82نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 3 مىليون 29 مىڭ قوي سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۈزۈۋقلاندۇرۇلدى. 2 مىليون 670 مىڭ تۇياق تىۋىت ئۆچكىسى ئۈزۈۋقلاندۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى. بۇ، كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئۆچكىنىڭ %1.69نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئۈزۈۋقلاندۇرۇلغان ئۆچكە 608 مىڭ تۇياق. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە نەسىللىك قوي نىسبىتى %63كە، نەسىللىك ئۆچكە نىسبىتى %49كە يەتتى.

ۋېي شىنپۇ

## نەسىل ياخشىلاش بويىچە ئۈلگە ناھىيە قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 5 مىليون يۈەن نەسىل ياخشىلاش مەخسۇس مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويغان ئورۇنلار غۇلجا، موڭغۇلكۈرە، چاغانتوقاي، چىڭگىل، جىمىنەي، جىڭ، قۇتۇبى، پىچان، قاغىلىق ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى، قاراقاش ناھىيىسىدىن ئىبارەت نەسىل ياخشىلاشتىكى 10 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) شۇنىڭدەك شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، يەنجى ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، ساۋەن ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسىدىن ئىبارەت 3 نەسىللىك چوشقا فېرمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەسىل ياخشىلاشتىكى ئۈلگە ناھىيە قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا ـ بازارلاردىكى چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە نەسىللەندۈرۈش پونكىتى ـ نۇقتىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشقا كېرەكلىك ئاپتوموبىل، ماشىنا، ئۈسكۈنە قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. نەسىللىك چوشقا فېرمىسى قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسلىقى نەسىللىك چوشقا كەلتۈرۈشكە قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

ۋېي شىنپۇ

## دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى كلون ئارقار دۇنياغا كەلدى

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى كلون ئارقار دۇنياغا كەلدى. بۇ كلون ئارقارنى شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئو تېخنىكا نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى تەمىنلىگەن ياۋا ئارقار ھۈجەيرىسىدىن پايدىلىنىپ غەيرىي نەسىللىك كلون تېخنىكىسىنى قوللىنىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ رېتسېپتورى ئائىلىدە بېقىلىۋاتقان ئادەتتىكى ساغلىقتىن ئىبارەت، كلون ئارقانىڭ تۇغۇلغاندىكى ئېغىرلىقى 5.8 كىلوگرام. بۇنىڭدىن ئىلگىرى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى كلون تاغ ئۆچكىسىنى شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى.

شىن جيەن

## قىشلىق تۆل ئېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 8 مىليون 908 مىڭ تۇياق قىشلىق تۆل ئېلىندى، بۇنىڭدىن 8 مىليون 810 مىڭ تۇياق تۆل ئەي بولدى. قوزا باسقۇچىدا ئەي بولۇش نىسبىتى %9.98كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

ۋېي شىنپۇ

## چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقى ئارقا ـ ئارقىدىن شىۋىرغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق، تاغ سىيرىلىپ چۈشۈشتەك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئاپەت ئېغىر بولغان ئايرىم رايونلاردا ۋەزىيەت بىر مەھەل ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى، چارۋىچىلىق ئۆل مۇئەسسەسىلىرىگە، بولۇپمۇ چارۋا قوتانلىرى ۋە كۆچ يوللىرى قاتارلىقلارغا خېلى ئېغىر زىيان سالدى.

چارۋىچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2004ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قار كۆچكۈنى، تاغ سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 14 چارۋىچى قازا قىلغان؛ 53 مىڭ 800 چارۋىچى ئائىلىسى، 280 مىڭدىن كۆپرەك كىشى شىۋىرغان، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق قاتارلىق ھەرخىل ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان؛ ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان ئوتلاق 13 مىليون 466 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقنىڭ %04.28نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرغاقچىلىق بىر قەدەر ئېغىر بولغان ئوتلاق كۆلىمى 5 مىليون 843 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقنىڭ %22.12نى ئىگىلىگەن؛ قىش ـ ئەتىياز باسقۇچىدا 267 مىڭ تۇياق چوڭ چارۋا ۋە تۆل ئۆلگەن، بۇ، قولدا قالغان چارۋىنىڭ %53.0نى ئىگىلەپ، 2004 ـ يىلدىكىدىن 0.15 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن.

ۋېي شىنپۇ

## چارۋىچىلىقتا قىشتىن ئۆتتۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك تەييارلاش ۋە قوتان قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قىشلاقتا كىرىپ قىشلايدىغان چارۋىلارنىڭ سانىنى ئىلمىي بېكىتىپ، قىشلايدىغان ئوتلاقلارنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، چارۋىلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (بىڭتۇەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەييارلانغان ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك (تاغ باغرى ۋە كۆل بويلىرىدىكى ئوت - چۆپ، زىرائەت شاخ - شۇمبىسى، بېدە قاتارلىقلار) 17 مىليون 61 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 2.90 توننا ئاشتى، تەييارلانغان ئوت - چۆپ ھەربىر چارۋىغا 330 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 1 مىليون 872 مىڭ توننا بوغۇز تەييارلىنىپ، 158 مىڭ توننا ئېشىپ، ھەربىر چارۋىغا 36.2 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، 1.4 كىلوگرام ئاشتى؛ يېڭىدىن 40 مىڭ 259 قوتان سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سولياۋدىن ياسالغان ئىسسىق قوتان 30 مىڭ 520؛ 70 مىڭدىن كۆپرەك قوتان رېمونت قىلىنىپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ 42 مىڭدىن كۆپرەك ھەرخىل ئوت-چۆپ ئورۇش، توشۇش، توغراش ماشىنىسى ۋە باشقا ماشىنا-ئۈسكۈنە ئىشقا سېلىنىدى.

ۋېي شىنپۇ

## قوي يۇڭى، تىۋىت ۋە چارۋا مەھسۇلات ئوبوروتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان يۇڭ 84 مىڭ 907 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.27 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 28 مىڭ 738 توننىغا يېتىپ، %1.6، تىۋىت 1228 توننىغا يېتىپ، %7.45 ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭى بازىرى مۇقىم بولدى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش نورمال بولدى. ھەربىر كىلوگرام ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى 15 — 18 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدىكى باھا سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى «ساپالى» ماركىلىق 840 توننا يۇڭنى نەنجىڭ قوي يۇڭى بازىرىدا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى، ھەربىر كىلوگرامنىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈشۈش باھاسى 51.4 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىلوگرام 70لىك ئىنچىكە يۇڭ (ساپ يۇڭ) نىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈشۈش باھاسى 56.26 يۈەن، 66 لىكنىڭ 51.92 يۈەن، 64 لىكنىڭ 47.2 يۈەن بولدى. 70 لىك ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەندىن سىرت، باشقا تۈردىكى قوي يۇڭىنىڭ پۈتۈشۈش باھاسى 2003 - يىلدىكى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش باھاسىدىن سەل تۆۋەنلىدى. باي نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسى تەمىنلىگەن ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 18.87 مىكرو مېتىر، ساپ يۇڭ نىسبىتى %64تىن يۇقىرى، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 75 مىللىمېتىر بولغان بىر تۈركۈم سۈپەتلىك يۇڭ 38 قېتىم باھا تالاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ھەر كىلوگرامى 59 يۈەندىن پۈتۈشۈلۈپ، 2004-يىلى يۇڭ بازىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى باھا بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ مەملىكىتىمىزدىكى قوي يۇڭى بازىرىدا 10 يىلدىن بۇيان كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىكى ئەڭ يۇقىرى باھا ھېسابلىنىدۇ. تىۋىت ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇقىم بولدى، باھاسى تۆۋەنرەك بولدى، ھەر كىلوگرامىنىڭ 180 — 220 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدىن چىقىرىلغان ھەر خىل چارۋا 34 مىليون 375 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.36، ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 281 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %11.42 ئاشتى. بىر يىلدا چارۋا ۋە گۆش بازىرى ئاۋات، سېتىلىش نورمال، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى. 11 — 12 - ئايلاردا قوي گۆشىنىڭ باھاسى ئازراق تۆۋەنلەپ، ھەر كىلوگرامى 13 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2003 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2 يۈەن ئەتراپىدا تۆۋەن بولدى. 1 مىليون 397 مىڭ 300 توننا سۈت ئىشلەپچىقىرىلىپ، %17.22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈت 1 مىليون 333 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %17.98 ئاشتى. سۈت ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇقىم ھەم نورمال بولدى، ھەر كىلوگرام سۈتنىڭ سېتىلىش باھاسى 1.5 — 2.2 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

تيەن فېڭ

## چوشقا بېقىش ۋە سېتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چوشقا 2 مىليون 230 مىڭ 800گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.03، قولدىن چىقىرىلغان چوشقا 3 مىليون 528 مىڭ 300گە يېتىپ، %14.65، ئېلىنغان چوشقا گۆشى 245 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %9.68 ئاشتى. 2004 - يىلى چوشقا بازىرى جانلاندى، باھاسى ئۆرلىدى. بىر يىلدا چوشقىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 8.6 يۈەن بولۇپ، %50.9 ئۆرلىدى، چوشقىنىڭ باھاسى ئەڭ

يۇقىرى بولغاندا ھەر كىلوگرامى 10 يۈەنگە چىقتى، بۇ باھا ئازكەم بىر ئاي داۋاملاشتى، بۇ، 10 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى باھا ھېسابلىنىدۇ؛ چوشقا كۆچۈكىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 15 يۈەن بولۇپ، 36.3% ئۆرلىدى. يېڭى چوشقا گۆشى (سۆڭەكلىك) نىڭ بازاردا سېتىلىش باھاسى ھەر كىلوگرامى 11 — 13 يۈەن، ئالدى پۇت لوق گۆشى 10 — 12 يۈەن، كەينى پۇت 13 — 15 يۈەن، قوۋۇرغا گۆشى 10 — 12 يۈەن، قارا گۆش 15 — 18 يۈەن بولدى. چوشقا گۆشىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچى، 2003 - يىلى چوشقا باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى چوڭراق بولغاچقا، يىل ئاخىرىدا بېقىلغان چوشقا ئازىيىپ كەتتى. ئىككىنچى، قۇش زۇكىمى بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، شەھەر - يېزىلاردىكى قىسمەن ئاھالىلەر قۇش گۆشى يېيىشتىن چوشقا گۆشى يېيىشكە قاراپ يۈزلەنگەچكە، گۆش ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى؛ ئۈچىنچى، يەم - خەشەك باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى تەسىر كۆرسەتتى.

2002 - يىل 8 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باقمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى، چوشقا ۋە چوشقا كۆچۈكلىرى گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى.

جېن جياڭپىڭ

## نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى پەرۋىش قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 4 تۈركۈم نەسىللىك چارۋا ئىمپورت رەسمىيىتى تەكشۈرۈلدى، بۇلار خېلېستىرون كالىسى، ئاخىركەن نەسىللىك ئېتى، ھانوفېر نەسىللىك ئېتى ۋە سوففولىك نەسىللىك قويى ئىمپورت قىلىش رەسمىيىتىدىن ئىبارەت. شىنجاڭغا نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى كەلتۈرۈلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان 73 تۈركۈم رەسمىيەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نەسىللىك قويدىن بىر تۈركۈمدە 86سى، تۆگىلىك ئۆچكىدىن بىر تۈركۈمدە 30ى، نەسىللىك چوشقىدىن 2 تۈركۈمدە 601ى، ئاتلىق - ئانىلىق نەسىللىك گۆش توخۇسى چۈجىسىدىن 57 تۈركۈمدە 269 مىڭ 900 يۈرۈش، نەسىللىك گۆش توخۇسى تۇخۇمىدىن بىر تۈركۈمدە 100 مىڭ دانە، ئاتىلىق - ئانىلىق نەسىللىك تۇخۇم توخۇسى چۈجىسىدىن 11 تۈركۈمدە 84 مىڭ 900 يۈرۈش كەلتۈرۈلدى.

2004 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك بازىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، ئۈرۈمچى «فۇخاۋ» نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، كورلا «لۈيۈەن» باقمىچىلىق مەيدانى، غۇلجا ناھىيىلىك «ئۈچ دوست» نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، ئاقسۇ «يېڭى يۇلتۇز» نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، ئۈرۈمچى ئالاھىدە نەسىللىك ياۋا غاز باقمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسىنىڭ مۇددىتى توشقان 8 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى قايتىدىن تەكشۈرۈلدى ۋە يېڭى ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر يېقىندىن بۇيان نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش بىلەن يېڭىدىن شۇغۇللانغان سانجى «سەنيۈەن» باقمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، فۇكاڭ شەھەرلىك نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، بىڭتۈەن ئوتلاقچىلىق مەركىزىنىڭ نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، «خۇاشىڭ» شىركىتىدىن ئىبارەت 5 ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

جېن جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرى بېقىش ۋە سېتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشى 56 مىليون 760 مىڭ 800گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.2%، قولدىن چىقىرىلغىنى 83 مىليون 891 مىڭ 800گە يېتىپ، 12.3%، ئېلىنغان ئۆي قۇشى گۆشى 129 مىڭ 400 تونىغا يېتىپ، 15.85%، تۇخۇم 249 مىڭ 900 تونىغا يېتىپ، 5.8% ئاشتى. قۇش زۇكىمىنىڭ تەسىرىدە، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى زور دەرىجىدە پەسىيىش - مۇقىم ئۆرلەشتەك تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 1 - ئايدا ھەربىر گۆش توخۇسى چۈجىسىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرىچە 1.8 يۈەن، ئاق تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگرامى 7 يۈەن، ھەر كىلوگرام يېڭى تۇخۇم 4.5 يۈەن بولدى، توخۇ باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى خېلى يۇقىرى بولدى. 2- ئاي كىرگەندە بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 12 - شىسىدا ئېغىر كېسەل پەيدا قىلىدىغان قۇش زۇكىمى پەيدا بولۇپ، 5 مىليوندىن كۆپرەك چۈجە كۆيدۈرۈۋېتىلدى، توخۇ بازارلىرى تاقىۋېتىلدى، ئاق توخۇنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ ھەر كىلوگرامى 4.5 يۈەنگە چۈشكەن بولسىمۇ، ھېچكىم باھاسىنى سوراپمۇ قويمىدى، تۇخۇمنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ ھەر كىلوگرامى 3.2 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 3 - ئايدا گۆش توخۇسى چۈجىسىنىڭ باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى، ھەربىر چۈجىنىڭ

ئەڭ يۇقىرى باھاسى 3 يۈەن بولدى. 3 - ئايدىن كېيىن ھەربىر چۆجىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە 2.3 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.3 يۈەن يۇقىرى بولدى. توخۇنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە توپ سېتىلىش باھاسى 7.5 يۈەن بولدى، ھەر كىلوگرام توخۇنىڭ بازار باھاسى 8.5 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.5 يۈەن يۇقىرى بولدى. بىر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 5.5 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %14.6، پارچە سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرىچە 6 يۈەن بولۇپ، %13.2 ئۆرلىدى.

باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇ بولدىكى، قۇش زۇكىمىنىڭ تەسىرىدە، بېقىلغان ئۆي قۇشلىرى ئازىيىپ كەتتى، بازار ئېھتىياجى ئېشىپ كېتىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج تەڭپۇڭسىز بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەم - خەشەك باھاسى ئۆرلەپ، تەننەرخى ئېشىپ كەتتى، نەتىجىدە ئۆي قۇشى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى.

جېن جياڭپىڭ

## چارۋىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭنىڭ ئۈچكە تۆۋتى ئۆلچەم سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنىڭ نەسلىنى باھالاپ بېكىتىش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنى باشقۇرۇش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنىڭ تۆۋتىنى تاراش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۈچكىسىنىڭ تۆۋتىنى دەرىجىگە ئايرىش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنى ئىسسىق قوتاندا بېقىش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنىڭ تۆۋتىنى تاراش مەيدانلىرىنى لايىھىلەش تېخنىكا ئۆلچىمى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىنى لايىھىلەش ئۆلچىمى»، «شىنجاڭ تۆۋت ئۈچكىسىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكا قائىدىسى»، «ئوتلاق يېتىشتۈرۈش تېخنىكا ئۆلچىمى»، «شىنجاڭنىڭ يەم - خەشەك يېرى تېخنىكا ئۆلچىمى»، «نەسىللىك قوي بېقىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىش تېخنىكا ئۆلچىمى»، «ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى باھالاپ بېكىتىش تېخنىكا قائىدىسى»، «كالىنىڭ ئىنچىكە نەيچىلىك توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى»، «كالىنى ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكا قائىدىسى» دىن ئىبارەت چارۋىچىلىققا دائىر 16 خىل يەرلىك ئۆلچەم تۈزۈپ چىقىلدى.

بىر يىلدا چارۋىچىلىققا دائىر 31 خىل يەرلىك ئۆلچەم ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇلاردىن ساقلاپ قېلىنغىنى 15 خىل، تۈزىتىشكە تېگىشلىكى 15 خىل، بىكار قىلىنغىنى بىر خىل. 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

شۇ شېڭلى

## نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 2004 - يىلغىچە چارۋىچىلىق نازارىتى نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەخسۇس خادىملارنى ئاجرىتىپ 2 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 29 ناھىيە (شەھەر) دىكى نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باقىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان 68 ئورۇننىڭ نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە قانۇن ئىجراسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش ئاساسىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقتى. تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باقىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان 41 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بەردى ھەمدە 2004- يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى، نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - تىجارەت قىلىشتا لاياقەتسىز بولغان 10 ئورۇندىن مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

چى شىنلىن

## زىيانسىز چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر زىيانسىز چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكى ھەيئىتى زىيانسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى - تەكشۈرگۈچىلەرنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن 3 قارار كۇرس ئېچىپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 72 ناھىيە، شەھەردىكى مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي، كەسپىي خادىملىرى ۋە

كارخانا خادىملىرىدىن 252نى تەربىيىلىدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە زىيانسىز چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان 21 ئورۇننى نەق مەيداندا تەكشۈردى، 19 ئورۇن ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى، مەھسۇلاتقا گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە 4 ئورۇننىڭ ماتېرىيالى تەكشۈرۈلدى ۋە يۇقىرىغا يوللاندى.

تاڭ مىڭ

## ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن 145 مىليون 320 مىڭ تۇياق چارۋا تەكشۈرۈلدى، 3352 نۇسخا سېرولوگىيىلىك، 409 نۇسخا ئېتىئولوگىيىلىك ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى. 47 مىليون 670 مىڭ مىللىلىتىر بىئولوگىيىلىك ياسالما بىلەن تەمىنلەندى. ھەرخىل ھايۋانلارغا دىئاگنوز قويۇلۇپ، 3917 تۇياق (قېتىم) چارۋا داۋالاندى، 1500 ئادەم (قېتىم) گە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىلار ئارىسىدىكى يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئاساسەن تۇراقلىق بولدى.

ئاتلاردىكى يۇقۇملۇق قان ئازلىق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئەھۋالى. ئات ئائىلىسىدىكى ھايۋاندىن 320 مىڭ 517سى كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭدىن 87سى مۇسبەت چىقتى، مۇسبەت نىسبىتى 0.027% بولدى. مۇسبەت چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

بىروتسېللىيوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىش 17 ناھىيە (شەھەر) دە چارۋىلار ئارىسىدىكى بىروتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، ئىممۇنىتېت ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە باكتېرىيە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 3500 نۇسخا كېسەللىك ماتېرىيالى توپلاندى، گۇمانلىق بىروتسېللىيوز باكتېرىيىسىدىن 8ى ئايرىپ چىقىلدى، باكتېرىيە چىقىش نىسبىتى 0.22% بولدى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان 8 تال گۇمانلىق بىروتسېللىيوز باكتېرىيىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ۋە زەھەرنى داۋالاش تەجرىبىسى ئىشلىنىپ، زەھىرى ئاجىز بولغان 5 تال بىروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى، قويىنىڭ (Ⅲ تىپلىق) 3 تال زەھىرى كۈچلۈك بىروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى بېكىتىلدى.

ئاتنىڭ ماڭقا كېسىلىنى كارانتىن قىلىپ تازىلاش. ئاساسلىقى كۆزىتىپ ئۆلچەش خىزمىتى ئىشلىنىپ، رايونلار بويىچە يوقىتىش ئۆلچىمى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

كالىدىكى تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش. 93 مىڭ 880 كالىدىكى تۇبېركۇليوز كېسىلى كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ 366سى مۇسبەت چىقتى.

كالىدىكى غالجىرلىق كېسىلى كالا ۋاباسى، كالىدىكى يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىدىن ئىبارەت سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەكشۈرۈلۈپ ۋە ئۆلچىنىپ، ھايۋانات مېگە توقۇلمىسىنىڭ 272 نۇسخا ئەۋرىشكىسى يىغىۋېلىنىپ، دۆلەت پايدىلىنىش ئىشخانىسىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى، يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەر شىنجاڭدا كۆرۈلمىدى.

كالا سايخاق قۇرۇت كېسىلىنى ئېپىزوئوتىيىلىك تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئەھۋالى. 42 مىڭ 301 كالا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقۇملانغىنى 30 مىڭ 856 بولۇپ، يۇقۇم نىسبىتى 73.1% بولدى.

بىر يىلدا ھەرخىل ھايۋانلاردىكى جاھىل، مۇرەككەپ كېسەلگە دائىر ماتېرىيالدىن 30 قېتىمدا 84 پارچە ئۆلاپ تەكشۈرۈلدى، كېسەل پەيدا قىلغۇچى 10 خىل باكتېرىيە ۋە 4 خىل پارازىت قۇرۇت كېسىلى ئايرىپ چىقىلدى.

سايىغات

## ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 21 مىليون 395 مىڭ دانە ئىممۇنىتېتلاش بەلگىسى يېڭىدىن سېتىۋېلىندى، 19 مىليون 338 مىڭ دانە ئىممۇنىتېتلاش بەلگىسى يېڭىدىن ئېسىلدى. شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن 4259.5 توننا ھايۋانات مەھسۇلاتى 150 تۈركۈم (قېتىم) ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈلدى ۋە ئۆلچەندى. 5 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، جۇغلىنىدىن 4 دېلو ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلىندى. 42 مىڭ 700 توننا ھەرخىل ھايۋانات مەھسۇلاتى، 57 مىڭ 793 تۇياق ھايۋان، 53 مىڭ 400 توننا تۇخۇم، 310 مىڭ تال توڭلىتىلغان ئىسپېرما، 368 مىڭ پارچە تېرە، 38 مىڭ توخۇ چۈجىسى، 480 مىڭ 360 ئۆي قۇشى كارانتىن قىلىندى. 1130 ۋاگون تەكشۈرۈلدى، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن 42 مىڭ 698.4 توننا ھايۋانات مەھسۇلاتى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى.

1998 — 2004 ـ يىلغىچە دۆلەت يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە زايوم مەبلىغى ئارقىلىق ھايۋانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن 118 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن 32 مىليون 590 مىڭ يۈەن سەپلەپ بېرىلدى، جەمئىي 150 مىليون 640 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 7 تۈركۈم بويىچە چېگرا ھايۋانات يۇقۇملۇق

كېسىلنى-ئۆلچەش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسىلنى ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش پونكىتى ۋە سوغۇق ساقلاش زەنجىرسىمان سىستېما قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 122سى بەرپا قىلىندى.

ساياغات

## ھايۋانات دورىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1336 تۈركۈم (قېتىم) (تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئەۋرىشكە 130 تۈركۈم - قېتىم ھايۋانات دورىسى نازارەت قىلىندى ۋە ئايرىلاپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغىنى 957 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 79.4% بولدى. ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگەن ئەۋرىشكە 105 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 71 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 68% بولدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھايۋانات دورىسى تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى مەخسۇس 300 قېتىمدىن كۆپرەك تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 100 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 700 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 621 خىل ساختا، ناچار ھايۋانات دورىسى يىغىۋېلىندى، دېلودىكى مەھسۇلات قىممىتى 700 مىڭ يۈەن. ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن، سانجى ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى ھايۋانات دورىسى سانقۇچى 70 ئورۇن ۋە ئۇلار سانقان ھايۋانات دورىسىنى ئىشلەپچىقارغان 100دىن كۆپرەك كارخانىنىڭ ھايۋانات دورىسى تاۋار بەلگىسى ۋە چۈشەندۈرۈشنامىسى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85%كە يەتتى. شىنجاڭ «تيەنكاڭ» بىئو تېخنىكا پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدىغان 20 خىل بىئولوگىيىلىك مەھسۇلاتقا 100 تۈركۈم (قېتىم) ئىمزا قويۇپ بېرىلدى، ساختىلىقتىن ساقلىنىش تاۋار بەلگىسىدىن 144 مىڭ دانە تارقىتىلدى.

بىر يىلدا شىنجاڭ بويىچە ھايۋانات دورىسىغا دائىر 192 يەرلىك ئۆلچەم تەرتىپكە سېلىندى.

بىر يىلدا توخۇ گۆشى توقۇلمىسىدىكى ئېننوشاشىك — خۇەنبىڭ شياشىڭ دورىسىنىڭ قالدۇقى 50 تۈركۈم (قېتىم)، قوي مۇسكۇلى توقۇلمىسى تەركىبىدىكى سۇلفانىلامىد دورىسى قالدۇقى 50 تۈركۈم (قېتىم) ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، چوشقا جىگىرىدىكى كىسلاتالىق كلونتلو قالدۇقى 56 تۈركۈم (قېتىم) ئۆلچەپ بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈلدى، ھايۋانات دورىسىنىڭ قالدۇقىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە 56 تۈركۈم (قېتىم) ئىز قوغلاپ ئەۋرىشكە ئېلىنغان بولسىمۇ، دورا قالدۇقى بايقالمىدى.

ليۇ ئەيرۇڭ

## يەم - خەشەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ئەھۋالى

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا يەم - خەشەكنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى 270 تۈركۈم (قېتىم) ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمەلىيەتتە 304 نۇسخا ئەۋرىشكە ئېلىنىپ 304 نۇسخا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 282 نۇسخىسى لاياقەتلىك چىقتى. ھايۋانلارنىڭ مەنبە خاراكتېرلىك يەم - خەشىكىدىن 180 تۈركۈم (قېتىم) ئەۋرىشكە ئېلىنىپ، دۆلەت يەم - خەشەك ئۆلچەش - تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈپ بېرىشىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 150 نۇسخىسى (تۈركۈم - قېتىم) لاياقەتلىك چىقتى.

بىر يىلدا تۈرلۈك يەم - خەشەك مەھسۇلاتى 674 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باجنى كەچۈرۈم قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگىنى 220 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 180 تۈركۈم (قېتىم)؛ ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 342 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 317 تۈركۈم (قېتىم)، 83 تۈركۈم (قېتىم) قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە ھەممىسى لاياقەتلىك چىقتى؛ يوللاش ئارقىلىق 25 تۈركۈم (قېتىم) ئايرىلاشما تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 14 تۈركۈم (قېتىم)، 4 تۈركۈم (قېتىم) توختام بويىچە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى بىر تۈركۈم (قېتىم).

ۋاڭ ۋېيگو

## شاخ - شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) تۈرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە شاخ - شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىش بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك 21 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) بارلىققا كەلدى. ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن توقسۇ ناھىيىسى 2004 - يىلى تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلىدىغان ناھىيە قىلىندى، بۇ تۈرگە 6 مىليون 69 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەن، يەرلىك يۈرۈشلەشتۈرگەن مەبلەغ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆزلىرى غەملىگەن مەبلەغ 1 مىليون 869 مىڭ يۈەن.

2004 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىشخانىسى بىرلەشمە

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يوپۇغا ناھىيىسى، شىخۇ شەھىرى، غۇلجا، يەنجى ناھىيىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇلاردىن يوپۇغا ناھىيىسى بىلەن غۇلجا ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، شىخۇ شەھىرى بىلەن يەنجى ناھىيىسى تۇر پىلانىنى مۇددەت ئىچىدە ئورۇندىيالمىغاچقا، كېچىكتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئىلتىماس قىلدى.

2004 ـ يىلى شاخ ـ شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىش تۈرى يولغا قويۇلغان 15 ئۆلكە ناھىيە (شەھەر) دە قولدا قالغان چارۋا 7 مىليون 978 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %1.1 كۆپەيدى. بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 6 مىليون 275 مىڭ 600 تۇياققا يەتتى. ئېلىنغان گۆش 234 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %7.9 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمي گۆشنىڭ %2.20نىنى ئىگىلىدى. شاخ ـ شۇمبىدىن ئىشلەنگەن يەم ـ خەشەك ياسالما تەڭشەلمىسى 1 مىليون 676 مىڭ توننىغا يېتىپ، %73.7 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەنگەن يەم ـ خەشەكنىڭ %6.28نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ ۋېيگو

## يەم ـ خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يەم ـ خەشەك خۇرۇچى ۋە خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى، ئەستىقى ھۆججەتتىن 25ى بېجىرىلدى ۋە قوشۇلدى، 2 كارخانىنىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. 4 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى. ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، قويۇلدۇرۇلغان يەم ـ خەشەك، ساپ تولۇقلىما يەم ـ خەشەك ۋە يەككە كۆپ مىقدارلىق يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 81 كارخانىنىڭ كارخانا قۇرۇش شارائىتى تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى تىزىملاش نومۇرىدىن 670ى ئەنگە ئېلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى يەم ـ خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 111 كارخانىنىڭ يەم ـ خەشەك مەھسۇلات بېجىنى تەكشۈرۈپ كەچۈرۈم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدى ۋە يېڭىدىن بېجىردى. مۇتەخەسسىسلەرنى يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 93 كارخانىنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، 168 خىل يەم ـ خەشەك مەھسۇلات ئۆلچىمى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

ليۇ جۇنجيەن

## يەم ـ خەشەك سانائىتى

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى تۇرلۇك يەم ـ خەشەك كارخانىسى 326كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى 164 (سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 522 توننا)، يانچىش تېپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 162. يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى مەھسۇلات تۈرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىلدى (تەكرار ھېسابلانغانلىرىمۇ بار): بىرىكمە يەم ـ خەشەك كارخانىسى 121، قويۇلدۇرۇلغان يەم ـ خەشەك كارخانىسى 45 (قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىدۇ)، خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 23، يەم ـ خەشەك خۇرۇچى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 19 (بۇنىڭ ئىچىدە 2 كارخانا 2دىن كىنىشكا ئالغان). كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىلدى: دۆلەت كارخانىسى 22، كوللېكتىپ كارخانا 37، خۇسۇسىي كارخانا 109، پاي ھەمكارلىقىدىكى كارخانا 123، جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا 4، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 31.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان تۇرلۇك يەم ـ خەشەك 1 مىليون 263 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %64.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما يەم ـ خەشەك 1 مىليون 166 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %05.8 ئاشتى، قويۇلدۇرۇلغان يەم ـ خەشەك 86 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %02.27 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشقا يەم ـ خەشەك 10 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ؛ %28.14 ئاشتى. تۇرلۇك يەم ـ خەشەك ئىچىدە تاۋار يەم- خەشەك %03.60نى ئىگىلىدى. ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىچىدە چوشقا يەم ـ خەشىكى %25.13نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %69.17نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %33.42نى، بېلىق يېمى %37.9نى، كۆشىگۈچى ھايۋانلار بوغۇزى %07.14نى، باشقا يەم %29.3نى ئىگىلىدى. قويۇلدۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ئىچىدە چوشقا يەم ـ خەشىكى %62.46نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %45.31نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %27.19نى، بېلىق يېمى %89.0نى، كۆشىگۈچى ھايۋانلار بوغۇزى %34.1نى، باشقا يەم %43.0نى ئىگىلىدى. خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىچىدە چوشقا يەم ـ خەشىكى %47.29نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %77.23نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %7.18نى، بېلىق يېمى %54.6نى، كۆشىگۈچى ھايۋانلار بوغۇزى %32.20نى، باشقا يەم %2.1نى ئىگىلىدى. خۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى 13 مىڭ 100 توننا كالتسىي كاربونات، 3000 كىلوگرام مىكرو سىلوس تىرىك تاياقچە باكتېرىيىسى، 8.1 توننا ۋىتامىن C، 200 توننا كالتسىي بىفوسفات، 5600 كىلوگرام

سۆڭەك، گۆش ـ سۆڭەك پاراشوكى، 205 توننا بېلىق پاراشوكى ئىشلەپچىقاردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 7400 توننا پۇرچاق تىرىپى، 72 مىڭ 200 توننا چىگىت تىرىپى، 20 مىڭ 500 توننا قىچا تىرىپى، 100 مىڭ 500 توننا باشقا تىرىپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەم ـ خەشەك سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 409 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 5501گە يەتتى.

ليۇ جۈنجيەن

## سۈتچىلىك مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سۈتچىلىك ئىشخانىسى سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان، سېتىۋالىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قىسمەن نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ سۈتچىلىك جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، سۈت ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ تەكشۈردى. ئىنەك باقمىچىلىق فېرمىسى (100دىن ئارتۇق كالىسى بار) دىن 10نى، سۈت مەھسۇلاتى پىششىقلاش كارخانىسىدىن 26نى، ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى ساتىدىغان يەككە يايمىدىن 11نى تەكشۈردى؛ 144 خىل ئەۋرىشكىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە خام ئەشيا ماتېرىيال سۈتى 112 نۇسخا، تەييار سۈت 32 نۇسخا؛ 6 خىل سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتى ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇلار: خام سۈت، باشى دىزىنفېكسىيىلەنگەن سۈتى، UHT مىكروپسىز سۈت، سۈت كىسلاتالىق زەمبۇرۇغ ئىچىملىكى، سۈتلۈك ئىچىملىك، قېتىقتىن ئىبارەت. تەكشۈرۈش تۈرلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: باكتېرىيە سانى، چوڭ ئۈچەي باكتېرىيە توپى، كېسەل پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە، كوكۇرۇك زەمبۇرۇغ، باكتېرىيىسىز سودا، لىترىت، «666»، «DDT»، خىلودو فېناتوم، ئافلاتوكسىن M1، ئامۇت كىسلاتاسى، بېنزو ئات كىسلاتاسى، سۈت كىسلاتاسى باكتېرىيىسى سانى، ئانتىبىئوتىك قالدۇقى، سىماب، ئارسىن، قوغۇشۇن، مىس، تەن ھۆجەيرە سانى، ماي، ئاقسىل ماددىسى، مايسىز قاتتىق جىسىم، ئېرىشچان قاتتىق ماددا، قويۇقلاشتۇرۇش خورۇچى، ئارىلاشما ماددا قاتارلىق كۆرسەتكۈچتىن ئىبارەت. قىسمەن كۆرسەتكۈچلەر لاياقەتسىز بولغان فېرما (زاۋۇت) لارغا مۆھلەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش چارىسى كۆرۈلدى.

گاۋ چىڭچاۋ

## «سۈت بەلگىسى» نى ئىشلىتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر سۈتچىلىك جەمئىيىتى باشى سۈتى، UHT سۈتى ۋە سۈت ئىچىملىكلىرىدە «سۈت ۋە سۈرەت» چۈشۈرۈلگەن تاۋار ماركىسىنى تەشكىللىك تۈردە كوللېكتىپ ئىشلەتتى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە «سۈت بەلگىسى» ماركىسىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن رايونلاردىن بولۇپ قالدى.

يېڭى سۈت بەلگىسى

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 9 ئورۇن (شىنجاڭ «بىڭدى تيەنيۈەن» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گەيرۇي» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت باھارى» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ۋېيۋېي» تەڭرىتاغ قارى سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۈللۈك» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، قاراماي «يېشىل شەھەر» چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنوڭ» ئالتۇن كالا سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «رۇييۈەن» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى) سۈت بەلگىسىنى ئىشلەپچىقىرىش تەكلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانا بولغانلىقى ئۈچۈن «يېڭى سۈت ۋە سېيما» چۈشۈرۈلگەن تاۋار ماركىسىنى كوللېكتىپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى، 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بۇ توغرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2 ـ بېتىدە ئېلان بېرىلدى. «يېڭى سۈت ۋە سېيما» چۈشۈرۈلگەن تاۋار ماركىسى رەسمىي كوللېكتىپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش مەركىزى تاۋار ماركىسىنى ئىشلەتكەن كارخانىلارنىڭ سۈت سۈپىتىنى پەسىلدە بىر قېتىم ئارىلاپ تەكشۈردى ۋە ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانلىرىنى تەكشۈردى.

گاۋ چىڭچاۋ

## «شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» نەشر قىلىندى

ش ئۇ ئا ر سۈتچىلىك ئىشخانىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ سۈتچىلىك تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ

سۈتچىلىك تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى، بۇ كىتابنى 2004 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

گاۋ چىڭچاۋ

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 122گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسى 15. چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 364 مىڭ 700، كەسپكار 146 مىڭ 200. يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 100 مىڭ 500، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 500.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى 58 كارخانىنىڭ 22 مىڭ 100 ئىشچى - خىزمەتچىسى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۈپلاشقا قاتناشتۇرۇلدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 1 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.94 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 970 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.75 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 105 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.32 تۆۋەنلەپ كەتتى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.6 ئاشتى. بىر يىلدا 205 مىڭ 900 توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، %8.2 ئاشتى، ئېلىنغان ياغلىق دان 21 مىڭ تونىغا يېتىپ، %33.33 تۆۋەنلىدى، ئېلىنغان پاختا 17 مىڭ تونىغا يېتىپ، %13.33 ئاشتى، شېكەر ماتېرىيالى 74 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %11.86 تۆۋەنلىدى، ئېلىنغان گۆش 59 مىڭ تونىغا يېتىپ، %6.88 ئاشتى، سۈت 77 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %9.36 تۆۋەنلىدى، قوي يۇڭى 6483 تونىغا يېتىپ، %21.54 ئاشتى، تېۋىت 149 توننا بولۇپ، %27.32 تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 3 مىليون 920 مىڭ 900 تۇياق بولۇپ، %8.91 ئازايدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.47 ئاشتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 479 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، %40.19 تۆۋەنلىدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 232 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.64 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 71 مىليون 327 مىڭ 700 يۈەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا سېلىنغىنى 106 مىليون 200 مىڭ يۈەن، سانائەت، بىناكارلىققا سېلىنغىنى 62 مىليون 770 مىڭ يۈەن. سودا - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىغا سېلىنغىنى 19 مىليون 90 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 33 مىليون 610 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 10 مىليون 930 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈككە 133 مىليون 566 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 2100 گېكتار ئوتلاق ياخشىلانغان، 147 چوڭ تراكتور، 553 كىچىك تراكتور، 82 دېھقانچىلىق ترانسپورت ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىندى؛ 175.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تېلېفون سىمى تارتىلدى. 349 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆيى يېڭىدىن سېلىندى.

لىيۇ يەن

## چارۋىچىلىق تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ياپونىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە دۇنيا بانكىسى، باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە سودا تەشكىلاتلىرىدىن كەلگەن 10 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 50 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 15 ئۆمەك - گۇرۇپپىدىكى 23 كىشى ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ تەكشۈرۈش ۋە تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

تۆۋەندىكى 2 تۈر بويىچە چارۋىچىلىق تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى قانات يايدۇرۇلدى:

1. ياپونىيە يېشىل بايلىق شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئاسىيا رايونىدا قۇملىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى دەلىللەش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش» تۈرى. 2004 - يىل بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 4 - يىل. خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، ياپونىيە تەرەپ 2 مىليون 124 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، 33 ئائىلىلىك چارۋىچىنى ئولتۇراقلاشتۇردى، 3820 مېتىر ئوق ئېرىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. 18 مىڭ 300 مېتىر سۇغىرىش ئېرىقى، 1200 مېتىر تارماق ئېرىق، 2400 مېتىر زەيكەش چاپتى، 5840 مېتىر يول ياسىدى، 19 كۆۋرۈك سالدى، 161.87 گېكتار

يەر تۈزلىدى، دېھقان، چارۋىچى ۋە يەرلىك تېخنىكا خادىمىدىن 120 كىشىنى تەربىيىلىدى. بىر يىلدا ياپونىيىدىن 13 مۇتەخەسسىس (قېتىم) كېلىپ باغچىلارنى دەللەش خىزمىتىنى ئىشلىدى، قانات يايدۇرۇلغان تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى تۇپراق، مېتېئورولوگىيە، گىدرولوگىيە، تىكىپ ئۆستۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەمدە ئەنئەنىۋى كۆچمە چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىققا ئۆتۈش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈر ئالتاي شەھىرى ۋە قابا ناھىيىسىدە يولغا قويۇلدى، 2006 - يىل 3-ئايدا ئاخىرلىشىدۇ.

2. دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى تۈرى — شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى. بۇ تۈر 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى، 2004 - يىل 4 - ئايدا بۇ تۈرنى ئىجرا قىلىش پىلانى دۇنيا بانكىسى تەپتىش ئۆمىكىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تۈزىتىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بۇ تۈرگە 2004 - يىلى 68 مىليون 753 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 42 مىليون 955 مىڭ 500 يۈەن، مەملىكەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 25 مىليون 793 مىڭ 900 يۈەن. دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ ئىچىدە، دۆلەت يۈرۈشلەشتۈرگىنى 10 مىليون 240 مىڭ 200 يۈەن، ئاپتونوم رايون يۈرۈشلەشتۈرگىنى 4 مىليون 49 مىڭ 600 يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاستلار يۈرۈشلەشتۈرگىنى 2 مىليون 682 مىڭ 600 يۈەن، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى كارخانىلار يۈرۈشلەشتۈرگىنى 6 مىليون 242 مىڭ 100 يۈەن، دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرى يۈرۈشلەشتۈرگىنى 2 مىليون 579 مىڭ 400 يۈەن. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۈرنى يولغا قويغان ئورۇنلار 41 مىليون 764 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلدى، بۇ 2004 - يىللىق پىلاندىكى مەبلەغنىڭ %60.75نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتلاق قۇرۇلۇشى تارماق تۈرىگە 13 مىليون 306 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماق تۈرىگە 15 مىليون 537 مىڭ 900 يۈەن، بازار سىستېمىسى تارماق تۈرىگە 1 مىليون 531 مىڭ 800 يۈەن، تۈر باشقۇرۇش - ئۆلچەپ نازارەت قىلىش تارماق تۈرىگە 11 مىليون 389 مىڭ 100 يۈەن سەرپ قىلىندى.

ئابلەت

# ئورمانچىلىق

## ئورمانچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىقىدا تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى سالمىقىنىڭ زورىيىشى، ئورمان ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىما فوندىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بايلىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئورمان كۆلىمى، دەل - دەرەخ زاپىسى ۋە قاپلاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى تەبىئىي ئورمانلىق 2 مىليون 94 مىڭ 700 گېكتارغا، جىلغا - چۆل ئورمىنى 6 مىليون 572 مىڭ گېكتارغا، بوستانلىقلاردا بىنا قىلىنغان ئورمان 1 مىليون 733 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. ئورمان زاپىسى 2000 - يىلدىكى 276 مىليون كۇب مېتىردىن 2004 - يىلى 310 مىليون كۇب مېتىرغا، ئورمان بىلەن قاپلاش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى %1.2 تىن 2004 - يىلى %2.94 كە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىرى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى). «ئورمانچىلىقتا ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش»، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، «پىكىر» دە يېڭى دەۋردە ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنى: 2010 - يىلغىچە زېمىننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2.3 تىن كۆپرەككە، بوستانلىق ئورمانلىقى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %5.24 كە يەتكۈزۈلىدۇ، قۇم - بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىسى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلىدۇ. بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، مېۋىچىلىك كۆلىمى 800 مىڭ گېكتاردىن ئاشۇرۇلىدۇ؛ 2020 - يىلغا بارغاندا زېمىننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4 تىن كۆپرەككە، بوستانلىق ئورمانلىقى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32 تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ، قۇملىشىش كۆلىمى نۆلدە كونترول قىلىنىدۇ، ئومۇمىي ئېكولوگىيىلىك ئەھۋال ياخشىلىنىدۇ، باغۋەنچىلىك كۆلىمى 10 مىليون گېكتارنىڭ ئۈستىدە مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، مېۋىچىلىك كەسپىي سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىلىدۇ؛ 2050 - يىلغا بارغاندا، زېمىننىڭ بوستانلىق ئورمانلىقى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %35نىڭ ئۈستىدە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، زېمىننى گۈزەللەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرقەدەر مۇكەممەل ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئورمانچىلىق

كەسپىي سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 5 چوڭ نۇقتىلىق رايوننى بېكىتىشتىن ئىبارەت: يەنى تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تېغى تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە يېتىلدۈرۈش؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارباغاتاي ئويمانلىقى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش رايونى؛ ئىلى دەريا جىلغىسى ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە تېز ھەم كۆپ ئۆسىدىغان ماتېرىيال ئورمىنى قۇرۇلۇش رايونى؛ تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئوڭشاش ۋە ئۆزگىچە مېۋىچىلىك تەرەققىيات رايونى؛ خوتەن بوستانلىقى ئەتراپىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش رايونى. 5 چوڭ رايوننى چۆرىدەپ، ئورمانچىلىقتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تۈرتكە قىلىپ، تەبىئىي ئورمانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئاسراش، بوستانلىق ئەتراپىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ۋە مېۋىچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، غوللۇق دەرەخ، چاتقال، ئوت - چۆپ ۋە تور، بۆلەك، بەلۋاغ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، تاغلىق رايون تەبىئىي ئورمانلىقى، جىلغا - چۆل تەبىئىي ئورمانلىقى، تۇزلەڭلىك بەرپا قىلىنغان ئورمانلىقىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئۆزئارا تايانچ قىلىنغان بوستانلىق ئېكولوگىيە كاپالىتى بەرپا قىلىنىدۇ.

«پىكىر» دە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنىڭ تېرىلغۇ يېرىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا %10 تىن يۇقىرى، شىمالىي شىنجاڭدا %8 تىن يۇقىرى، يېڭى ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى %12 تىن يۇقىرى بولۇشى ئېنىق بەلگىلەندى.

«پىكىر» دە مېۋىچىلىكنى ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتىسى قاتارىدا تۇتۇپ، 2010 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋە ھوسۇلىنى 15 مىليون توننىدىن كۆپرەككە، 2020 - يىلغا بارغاندا 20 مىليون توننىدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، مېۋىچىلىكنى ھەقىقىي تۈردە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم مەنبەگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئورمانچىلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «پىكىر» دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئورماننى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى پائال يولغا قويۇپ، ئورمانلىق ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىما فوندى تەسىس قىلىش كېرەك، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پاراۋانلىق ئورمىنى قىلىپ، ئايرىلغان ئورمانغا ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ئورمانلىق ئېكولوگىيە ئۈنۈمى مەبلىغى تولۇقلاپ بېرىش لازىم. ھەر گېكتار پاراۋانلىق ئورمىنىغا 2005 - يىلى 45 يۈەن، 2006 - يىلى 60 يۈەن، 2007 - يىلدىن باشلاپ 75 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئەلئارا كاپىتالىنى جانلاندۇرۇپ، يۇقىراۋى ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «پىكىر» دە ئورمانغا ئىشلىتىلىدىغان يەر، سۇ، توكقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان 4 قاقاس يەرنى (قاقاس تاغ، قاقاس يەر، چۆللۈك، قاقاس ساھىل) ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قولغا كەلتۈرۈپ ئورمان بىنا قىلغانلاردىن يەرنى ئۆتۈنۈش ھەققى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بىنا قىلىشتا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى 70 يىلغىچە ئۇزارتىشقا بولىدۇ. ئىشلەتكەن يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %30 قىسمىنى سودا، ساياھەتچىلىككە ئوخشاش باشقا تىجارەتلەرگە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پىكىر» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، جايلار «پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىش، ئومۇمىي خەلق قول سېلىپ ئىشلەش، پۈتۈن جەمئىيەت ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش» خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىم بولغان بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى ۋە بەرپا قىلدى.

شىنجاڭدىكى 3 چوڭ ئورمان بايلىقىنىڭ كۆلىمى
(تۈمەن گېكتار)

| يىللار / تۈرلەر | 2002 - يىلى | 2004 - يىلى |
|---|---|---|
| تاغلىق رايوندىكى تەبىئىي ئورمان | 212.79 | 209.47 |
| بوستانلىقتىكى بەرپا قىلىنغان ئورمان | 96 | 173.33 |
| دەريا ساھىلى، چۆللۈكتىكى ئورمان | 748.57 | 657.20 |
| جەمئىي | 1057.36 | 1040 |

لېي خۇا

ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوڭ قۇرۇلۇش ئارقىلىق زور تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش بەلگىلىمىسى ۋە ئۆلچىمى چىڭىتىلدى. «ئورماننى كىم

بىنا قىلسا، شۇ باشقۇرۇش؛ مەبلەغنى كىم سالسا شۇ مەنپەئەتلىنىش» سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك ئىگىلىكتىكى ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا قاتنىششقا جەلپ قىلىندى، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى تەقسىماتى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئورمانچىلىق ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى.

لېي خۇا

## كۆچەت يېتىشتۈرۈش

شىنجاڭ بويىچە 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆچەتخانا 4580، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كۆچەتخانا 156، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كۆچەتخانا 595، يەككە ئىگىلىكتىكى ۋە باشقا ئىگىلىك تىپىدىكى كۆچەتخانا 3829. كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان كۆلەم 6092.8 گېكتار (4036.49 گېكتار يەردە يېڭىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى).

2004 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ بويىچە 465 مىليون 585 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، ئۆلكە، رايون ھالقىپ 45 مىليون 60 مىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئورمان كۆچىتى يۆتكەپ كېلىندى، ئېكولوگىيە، باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش ئۈچۈن 12.56 تونىنا كۆچەت ئۇرۇقى تەڭشەلدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ دەل ـ دەرەخ كۆچەت باشقۇرۇش تارماقلىرى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، 32 ناھىيە، شەھەر، 69 كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئورنىنىڭ كۆچەتخانىسىنىڭ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆچەت سۈپىتىنى ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئىككى كىنىشكىگە بىرلا ۋاقىتتا ئىمزا قويۇشنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تېرەك، جىگدە قاتارلىق 23 خىل دەرەخ، 1000 كۆچەت تۈپى، 7446 تۈپ كۆچەت تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.5% بولدى.

لېي خۇا

## ئورمان بىنا قىلىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 305 مىڭ 900 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 215 مىڭ 900 گېكتار، قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان 80 مىڭ گېكتار، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىپ بىنا قىلىنغان ئورمان 10 مىڭ گېكتار. تۈزلەڭلىكلەردىكى 66 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمان، 26 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى ئوتتۇرا ياش، ياش ئورمان كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ پەرۋىش قىلىندى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا ئورمان بىنا قىلىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئورمان بىنا قىلىشقا كېرەكلىك دەرەخ خىلى، ئورمان بىنا قىلىش ئۇسۇلى ۋە سەپلەش قۇرۇلمىسى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېكىتىلىپ، ئورمان بىنا قىلىش سۈپىتى ۋە مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى.

لېي خۇا

## باغۋەنچىلىك

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 110 مىڭ 200 گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى تىكىلىپ، باغۋەنچىلىك كۆلىمى 669 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈلۈپ، 666 مىڭ 700 گېكتار (10 مىليون مو) يەردە ئورمان بىنا قىلىش نىشانى مۇددەتتىن 3 يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ 533 مىڭ 300 گېكتاردىن ئارتۇق باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ھاسىل قىلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان مېۋە 3 مىليون تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن باغۋەنچىلىك كىرىمى 296 يۈەنگە يەتتى. باغۋەنچىلىك يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە تۈرتكە بولىدىغان، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان، يېزا ئىقتىسادىغا مەدەت بېرىدىغان مۇھىم كەسىپكە ئايلاندى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى بەزى كارخانىلار مېۋە پىششىقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال قاتناشتى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا مېۋە پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشلامچى كارخانىلار مەيدانغا كەلدى. ئاپتونوم رايوندا ھەر خىل قۇرۇق-ھۆل مېۋە پىششىقلايدىغان كارخانا 125كە، سوغاق ساقلاش ئامبىرى 517 گە، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساقلاش، پىششىقلاش ئىقتىدارى 428 مىڭ 700 تونىنغا يەتتى.

لېي خۇا

## ئورمان بايلىقىنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا ئورمان بايلىقىنى ۋە ياغاچ كېسىشنى باشقۇرۇش داۋاملىق كۈچەيتىلدى، بۇنىڭدا تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمانلار ۋە چۆل ـ جىلغا ئورمانلىرىنى قوغداش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. ئورماننى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى چۆل ـ ۋادى تەبىئىي ئورمانلىرى ۋە تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمانلار (تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيىلىك پاراۋانلىق ئورمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، تاغلىق رايون ۋە چۆل ـ ۋادى ئورمان بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى يېڭىدىن ئېلان قىلغان ئورماننى تۈرى بويىچە رايونلارغا ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئورمان مەمۇرىيىتى ـ ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئورماننى تۈرى بويىچە

رايونلارغا ئايرىش چېگرىسىنى بېكىتتى. يېڭىدىن تۈرى بويىچە رايونلارغا ئايرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: ئورمانغا ئىشلىتىلىدىغان يەر 10 مىليون 400 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە پاراۋانلىق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 10 مىليون 4400 گېكتار. نۇقتىلىق پاراۋانلىق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 6 مىليون 802 مىڭ 500 گېكتار، ئادەتتىكى پاراۋانلىق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 201 مىڭ 900 گېكتار. نۇقتىلىق پاراۋانلىق ئورمىنى ئىچىدە ئورمان يېرىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 895 مىڭ 500 گېكتار، شالاڭ ئورمان كۆلىمى 592 مىڭ 100 گېكتار. چاتقال ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 4 مىليون 800 مىڭ 700 گېكتار، چاتقاللىق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 300 گېكتار، يېتىلمىگەن ئورمان كۆلىمى 2600 گېكتار، ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان يەر 218 مىڭ گېكتار، كۆچەتخانا كۆلىمى 130 گېكتار.

لىبي خۇا

## ئورمان ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمان ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى (زېمىننى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى) دا چۆللەرنى تۈزەشكە ئېتىبار بېرىلدى، مۇھىم نۇقتا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى ۋە چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا قارىتىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 466 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، 81 ناھىيە، شەھەر ۋە بىڭتۇەننىڭ 134 تۇەن - مەيدانىدا ئېتىز- ئېرىقلار ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى، 3 مىليون 333 مىڭ 400 گېكتار يەرنىڭ 93% ى ئورمان تورى بىلەن ئۈنۈملۈك قوغدالدى، 45 ناھىيە، شەھەر دۆلەتنىڭ تۈزلەڭلىكلەرنى كۆكەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ناھىيە ئۆلچىمىگە يەتتى، 13 شەھەر (ناھىيە بازىرى) گە ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 2.1% تىن ئۆسۈپ 2004 - يىلى 2.94% كە يەتتى، بوستانلىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 12% تىن ئۆسۈپ 2004 - يىلى 14.95% كە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا 177 مىليون تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە 8 مىليون 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش نىسبىتى 73% كە، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بازىسى 903 كە، بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 250 مىڭ 300 گېكتارغا، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 120 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 22 شەھەردە شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31.77% كە، ئوتتۇرىچە ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېشىللىق كۆلىمى 6.32 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

لىبي خۇا

## تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 89 مىڭ 300 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلدى، بۇ پىلاننىڭ 120% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 28 مىڭ گېكتار، ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان قاقاس تاغ، چۆللۈكلەردە بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 61 مىڭ 300 گېكتار. بۇ قۇرۇلۇش 63 ناھىيە، شەھەر (رايون)، 317 يېزا، 1248 كەنت، 27 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە چېتىلىدۇ. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 426 مىڭ 700 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلدى، دېھقانلار بۇ قۇرۇلۇشتىن بىۋاسىتە مەنپەئەتلىنىپ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 42 يۈەن كۆپەيتتى.

قۇرۇلۇش جەريانىدا جايلار تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش بىلەن ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگىچە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېرى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان دېھقانلارنىڭ كەلگۈسى تىرىكچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يەرنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈنۈملۈك مۇستەھكەملىدى.

لىبي خۇا

## «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى بىنا قىلىشنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا «ئۈچ شىمال» (شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال) ئىھاتە ئورمىنى بىنا قىلىشنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 126 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، بۇ پىلاننىڭ 149.7% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قورشاپ بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 80 مىڭ گېكتار، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىپ بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 10 مىڭ گېكتار. بوستانلىقلارنىڭ چېتىگە 1638 كىلومېتىرلىق بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش چوڭ ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلىندى.

2004 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى، گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋە

چەرچەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە 1 - تۈركۈمدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تىزگىنلەش بويىچە ئۈلگە رايون، ناھىيە بولۇپ تەستىقلاندى، كورلا، كېرىيە، فۇكاڭ، ئونسۇ، يوپۇرغىدىن ئىبارەت 5 ناھىيە، شەھەر مەملىكەت بويىچە تۆتىنجى تۈركۈمدە تاغنى قورشاپ ئورمان بىنا قىلىشتىكى ئۈلگە ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

لىيى خۇا

## تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 2 مىليون گېكتاردىن ئارتۇق تاغلىق رايون تەبىئىي ئورمىنى قوغداش قۇرۇلۇشى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلۇش رايونىدىكى ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 73 مىڭ 700 گېكتاردىن كۆپىيىپ 1 مىليون 978 مىڭ گېكتارغا، ئورمان زاپىسىنىڭ مىقدارى 196 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپىيىپ 213 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

2004 - يىلى 1041 ئىشچى - خىزمەتچى بىر قېتىمدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر قېتىمدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 6229 غا يېتىپ، دەل-دەرەخ كېسىشنى توختىتىش ۋە تەگرىتاغ، ئالتاي تېغى باغرىدىكى ئىپتىدائىي ئورمان بەلۋېغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

لىيى خۇا

## ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى «شىنجاڭدا ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانى» ، «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2010 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى نەم يەرلەرنى قوغداش پىلانى»نى تۈزۈش تاماملاندى. 7 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دوكلاتى ۋە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتىنى يېزىش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ ئېبنۇر كۆلى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق سىستېمىسى باشقۇرىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 20 گە، كۆلىمى 9 مىليون 455 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 5.7%نى ئىگىلىدى.

لىيى خۇا

## قەدىمىي، مەشھۇر دەرەخلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا قەدىمىي، مەشھۇر دەرەخلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 5016 تۈپ قەدىمىي، مەشھۇر دەرەخ (قەدىمىي دەرەخ توپىدىكى 3302 تۈپ قەدىمىي دەرەخمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) رويخەتكە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 269 تۈپ، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 76 تۈپ، 3 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 467 تۈپ. 15 يەردە قەدىمىي دەرەخ توپى بار. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئارخىپقا ئېلىنغان قەدىمىي، مەشھۇر دەرەخلەرگە قوغداش، باشقۇرۇش يۈزىسىدىن تاختا ئېسىلدى.

لىيى خۇا

## تېز ئۆسىدىغان مول ھوسۇللۇق ماتېرىيال ئورمىنى بازىسى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تېز ئۆسىدىغان مول ھوسۇللۇق ماتېرىيال ئورمىنى بازىسى قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش تاماملاندى. شۇ يىلى 14 مىڭ 100 گېكتار يەردە تېز ئۆسىدىغان مول ھوسۇللۇق تاۋار ئورمىنى بىنا قىلىندى، تاۋار ماتېرىيال ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 172 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بىر يىلدا تەمىنلەيدىغان تاۋار ماتېرىيال 3 مىليون 20 مىڭ كۇب مېتىردىن ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى 920 مىليون يۈەنگە يەتتى، ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتىدە يىللىق پىششىقلاش مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ياغاچ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە تەبىئىي ئورماننى كېسىشتىن بەرپا قىلىنغان ئورماننى كېسىشكە ئۆتۈشتەك تارىخىي بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لىيى خۇا

## ئورمان ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىمىسى بېرىش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئورمان ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىمىسى بېرىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كۆلەم يېقىندىن 1 مىليون 33 مىڭ 300 گېكتار ئاشتى، سىناق نۇقتىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 33 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، دۆلەتنىڭ بىر يىلدا سالغان مەبلىغى 150 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش، تەدرىجىي يولغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىمىسى بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئورۇن 82 ناھىيە، شەھەر، 11 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كېڭەيتىلدى.

لىيى خۇا

## ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمان جامائەت

خەۋپسىزلىكىدە «پەسىل قۇشى 2 ـ نومۇر»، «ئېگىزلىك 2ـ نومۇر»، «تەبىئەتنى قوغداش 2 ـ نومۇر» قاتارلىق مەخسۇس زەربە بېرىش ـ تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا دائىر 2656 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق جىنايى ئىشلار دېلوسى 33، ئورمان مەمۇرىيىتى دېلوسى 2318، ئامانلىق ساقلاش دېلوسى 305. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەت گۇمانداردىن 2017 سىگە زەربە بېرىلدى. ياغاچ ماتېرىيال بازىرىدىن 94ى، ياغاچ ماتېرىيال پىششىقلاش ئورنىدىن 248ى ئېنىقلاندى، 473.53 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال يىغىۋېلىندى.

لىي خۇا

## ئورمان ئوت مۇداپىئەسى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا ئادەتتىكى ئورمان ئوت تېرۋۇگاسى، ئورمان ئوت ئاپىتى 27 قېتىم يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدا ئورمان ئوت تېرووۇگاسى 17 قېتىم، ئادەتتىكى ئورمان ئوت ئاپىتى 10 قېتىم. زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 139.64 گېكتار، زىيانغا ئۇچرىغان دەل ـ دەرەخ زاپىسى 175 مىڭ كۇب مېتىر، كۆچەت 11 مىڭ 446 تۈپ، ئورماننىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى ‰0.016 بولدى. بۇنى 2003 ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 10.37 گېكتار كۆپ بولدى، زىيانغا ئۇچرىغان دەل ـ دەرەخ زاپىسى 60.7 كۇب مېتىر ئازايدى، زىيانغا ئۇچرىغان كۆچەت 3897 تۈپ كۆپ بولدى.

لىي خۇا

## ئورماندىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 152 مىڭ 300 گېكتار ئورمانلىقتا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى يۈز بەردى، 117 مىڭ 800 گېكتار يەردە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىندى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمان ئوت مۇداپىئە تارمىقى تۇنجى قېتىم بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەرنىڭ 5 ناھىيە، شەھىرىدىكى تەبىئىي توغراقلىقلاردا ئايروپىلان بىلەن زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى، ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى 1055 كە يېتىپ، 24 مىڭ 700 گېكتار يەردە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىندى. كارانتىن قىلىش ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان رايوندا ھاشاراتلارنىڭ زىچلىقىنىڭ ئازىيىش نىسبىتى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ قوغدىلىش نىسبىتى %95 تىن ئاشقانلىقى مەلۇم بولدى.

«دۆلەتنىڭ ئورمانلىقتا چاشقان ئاپىتىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزەش تۈرىدىكى شىنجاڭ تۈزەش رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى» غا ئاساسەن 2004 ـ يىلى سانجى، بورتالا، تارباغاتايلارنىڭ 8 ناھىيە، شەھىرىدىكى 11 مىليون 510 مىڭ گېكتار چۆل ئورمىنى ۋە بەرپا قىلىنغان ئېكولوگىيە ئورمىنى تۈزەش رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. تۈزەشتە بىئولوگىيىلىك دورا چېچىش، كۈشەندە ئارقىلىق تىزگىنلەش ۋە ئورمان بىنا قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئىلى ئوبلاستىنىڭ ياۋا مېۋە ئورمانلىقىدا كىچىك ئالتۇن قوڭغۇز قۇرۇتىنى ئۈنۈمۈرسال تىزگىنلەشتە توققۇزتارا، كۈنەس، نىلقا ناھىيىلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش كۆلىمى 1200 گېكتارغا يەتتى، ئاپەت تىزگىنلەنگەندىن كېيىنكى ياۋا مېۋە ئورمانلىقىدا ھاياتىي كۈچ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

لىي خۇا

## ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ كۆپەيتىش ۋە پايدىلىنىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆندۈرۈپ بېقىلغان بۇغا 40 مىڭدىن ئېشىپ، تەڭرىتاغ بۇغىسى، تارىم بۇغىسى، ئالتاي بۇغىسى قاتارلىقلارنى بېقىش ـ كۆپەيتىش بازىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى. ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىش، كۆندۈرۈش كۆلىمىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، مەھسۇلات پىششىقلاش ئېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، ئىمپورت ـ ئېكسپورت كىرىشكىسى بېجىرىلگەن سودا سوممىسى 220 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لىي خۇا

## ئورمان باغچىسى ۋە ئورمان ساياھەتچىلىكى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچە شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك ئورمان باغچىسىدىن 50 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 10، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 27، ناھىيە دەرىجىلىكى 13. ئورمان مەنزىرىسى ئاساس قىلىنغان ئورمان ئېكولوگىيە ساياھەتچىلىكىدىن قىلىنغان كىرىم ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %60 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، ئىجتىمائىي كىرىم 6 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان باغچىسى ساياھەتچىلىكىدىن قىلىنغان بىۋاسىتە كىرىم 17 مىليون يۈەن، يارىتىلغان پايدا 5 مىليون يۈەن. چارۋىچىلارنىڭ ئورمان باغچىسى ئاساسىدا ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇشتىن قىلغان كىرىمى 30 مىليون

يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلارنىڭ ئورمان ئېكولوگىيە ساياھەتچىلىكىدىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 30 يۈەن بولدى.

2004 - يىلى جۇڭگو ئورمان ساياھەتچىلىكى كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ ئۆمىكى كۆمۈش مېدالغا ۋە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لېي خۇا

## دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئورمان بايلىقىنى نازارەت قىلىش ۋالىي باشقارمىسى

بۇ باشقارما 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلدى، بۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ باشقارما دۆلەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقى، ئورمان مەمۇرىيىتى ۋە ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلىرى، نەم يەر ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەل - دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش، ئورماننى نابۇت قىلىپ بوز يەر ئېچىش، ئورمان يېرىنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىش، نەم يەر ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا دائىر چوڭ - چوڭ دېلولارنى بىجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

لېي خۇا

## لاياقەتلىك ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 87 ناھىيە (شەھەر) دە لاياقەتلىك ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتىدىن 55ى قۇرۇلدى. شۇ يىلى پىچان، گۇچۇڭ، جىمسار، كېرىيە، خوتەن، قاراقاشتىن ئىبارەت 6 ناھىيە ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لېي خۇا

## گۈلچىلىك

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2000 گېكتار يەرگە گۈل تېرىلىپ، يىللىق سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. ئاساسلىق گۈل تۈرلىرىدىن چوڭ گۈللۈك ئازغان، كېپىنەكگۈل، قىزىل كاكتۇس، كاككۇكگۈلى، توشقانگۈل، كۆركۈم گۈل، رەڭلىك تۈياقسىمان نىلۇپەر، ئېۋفوربىيە چاتقىلى، شاھزادىگۈل، مودەنگۈل قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە كېپىنەكگۈل، قىزىل كاكتۇس شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئۆستۈرۈلدى. چوڭ گۈللۈك ئازغاننىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 50 مىڭ تاشتەككە يېتىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، گۈلچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق گۈلنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى. يەرلىك ئەتىرگۈل بازاردا ناھايىتى چوڭ ئۈلۈشنى ئىگىلىدى، بىر قىسمى روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى.

2004 - يىلى شىنجاڭ ئۆزگىچە يەرلىك گۈللەرنى ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنى زورايتىپ، خىمىيە سانائىتى، تىبابەتچىلىك، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان گۈل ئىشلەپچىقىرىش تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى. ئۇستىقۇددۇس، چۆل يالپۇزى، زۇفا قاتارلىق گۈل سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئىلى، سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى. ئۇستىقۇددۇس 330 نەچچە گېكتار يەرگە تېرىلدى. ئۇستىقۇددۇس مېيى ۋە بۇنىڭدىن ئىشلەنگەن يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلار بازاردا ناھايىتى تېز سېتىلدى، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان گۈل سورتلىرىدىن ئەتىرگۈل، زاراڭزا، سەبدەگۈل قاتارلىقلار بار بولۇپ، 1000 گېكتار يەرگە تېرىلدى. تىبابەتچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان گۈللەردىن يېتىشتۈرۈلگەن قار لەيلىسى كۆچىتى ئۆستۈرۈلۈپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

لېي خۇا

## جۇڭگو — كورېيە ھەمكارلىقىدىكى شىنجاڭ تۇرپاندا قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بىنا قىلىش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى بۇ تۈردە 544 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىنىپ، تۇتۇش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى. سۆكسۆككە توشقان زەدىكى ئۇلاش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، 40 گېكتار يەردىكى ياش سۆكسۆكنىڭ يىلتىزىغا 56 مىڭ دانە توشقان زەدىكى مايسىسى ئۇلاندى. 13.3 گېكتار يەردە تۇپراقنى ياخشىلاش دورىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لېي خۇا

## شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك ئارقىلىق قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىسى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت - پىلان مەھكىمىسى چۆللىشىپ كېتىش

ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش دۇنيا كۈنىنى خاتىرىلەش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك چوڭ يىغىندا دۇنيا بويىچە 8 نەتىجىگە يەر شارىدا تۇپراقنىڭ ناچارلىشىشى ۋە چۆللىشىپ كېتىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلەش نەتىجە مۇكاپاتى بېرىلدى، شىنجاڭدىن 2 نەتىجە (چىرا ناھىيىسىدە قۇمنى تىزگىنلەش تەجرىبىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات، كەلكۈن سۈيىدە كەڭ دائىرىنى سۇغىرىپ يۇلغۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات) مۇكاپاتلاندى.

شىنجاڭنىڭ ئۈسۈملۈك ئارقىلىق قۇمنى تىزگىنلەش تەتقىقاتى خىزمىتى ئىزچىل تۈردە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا شىنجاڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوۋېنىيە جىگدىسىنىڭ سورتىنى كىرگۈزگەندى، سورتى ياخشىلانغاندىن كېيىن بۇ دەرەخ بىر يىلدا 2 مېتىر ئۆسىدىغان بولدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ قۇمنى تىزگىنلەشتىكى ئاساسلىق دەرەخ سورتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقى ئىچكىرىدىكى 10 نەچچە ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونغا سېتىلدى.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا تۇرپان ۋىلايىتى ئۈسۈملۈك ئارقىلىق قۇمنى تىزگىنلەشنى كەڭ كۆلەمدە سىناق قىلغانىدى، سىناق نەتىجىسى تېزلىكتە شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىلدى. 2004 - يىلغا كەلگەندە تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى 436 كىلومېتىرلىق يېشىل كارىدوردا 300 كىلومېتىرلىق ئورمان بىنا قىلىندى ۋە قۇملۇقتا ئۆسىدىغان ئۈسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلدى، بۇ يەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۈسۈملۈك ئارقىلىق قۇمنى تىزگىنلەشتىكى مۇھىم بازا بولۇپ قالدى.

شىن لىن

## شىنجاڭدا ياۋا ئاتنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى

2004 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزى گېرمانىيە شىنلوڭ ھايۋانات باغچىسى، ئامېرىكا سىمىنا ھايۋانات باغچىسى بىلەن پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ دالىدا بېقىش ھەمكارلىقى ھەققىدە ئەسلەتمە ئىمزالىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قارامايلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ھەمكارلىشىپ، پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ دالىغا قويۇۋېتىش تۈرىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىش - دالىغا قويۇۋېتىش تېخنىكىسىنىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتى ھازىر دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ياۋا ئات بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئومۇمىي سانى 1000 دىن ئاشمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار دالىدا توپلىشىپ ياشمايدۇ. 2004 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزى پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتىدىن 220نى كۆپەيتتى، بۇ ئاتلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 85% تىن ئاشتى.

2004 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزى قارامايلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ياۋا ئاتلارنى دالىغا قويۇۋېتىش بويىچە 2 - قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، 10 ياۋا ئاتنى دالىغا قويۇپ بەردى، بۇ ئاتلارنىڭ ئەڭ چوڭى 9 ياش، ئەڭ كىچىكى بىر ياش. يېرىم يىلدىن ئارتۇق كۆزىتىش ئارقىلىق ياۋا ئاتلارنىڭ 2 - قېتىم قويۇپ بېرىلىشى پىلان بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ياۋا ئاتلارنى دالىغا قويۇپ بېرىش تۇنجى سىنىقى 2001 - يىل 8 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىپ، 27 ياۋا ئات قويۇپ بېرىلگەن ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغانىدى.

لېي خۇا

## بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا ئېكولوگىيىلىك ئاھالە كۆچۈرۈش يولغا قويۇلدى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدىكى شەيزىدە 666.67 گېكتار كۆلەمدە ئېكولوگىيىلىك ئاھالە كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ 400 گېكتارلىق قىسمى تاماملاندى. بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا 171.3 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار بولۇپ ئەزەلدىن شۇ جايدىكى چارۋىچىلار يايلاق ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەنىدى، بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن چارۋىچىلار بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا مۇھىت بۇلغىنىش، ئېكولوگىيە يامانلىشىش مەسىلىسى كۈنسېرى ياخشىلىنىدۇ.

لىن جى

## ئىلى ياۋا مېۋە ئورمىنىنى قوغداش خىزمىتى باشلاندى

ئىلى ياۋا مېۋە ئورمىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا 61 تۈر، 218 ئۇرۇقداش، 430 خىل ئۈسۈملۈك ئۆسىدۇ. بۇ يەردە ياۋا ئالما، ياۋا شاپتۇل قاتارلىق 20 نەچچە خىل مېۋىلىك دەرەخ، ئەتىرگۈل، مالىنا، كۈركۈم قاتارلىق كۆپ خىل ياۋا ئۈسۈملۈك بار. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىلى ياۋا مېۋە ئورمانلىقىنىڭ كۆلىمى تېز تارىيىپ، بەزى دەرەخ خىللىرى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا كۈنەس ناھىيىسىنىڭ جوتوقاي، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ مۇخۇر ياۋا مېۋە ئورمانلىرىدا ياۋا بادام، ياۋا ياۋروپا نەشپۈتى بار ئىدى، ھازىر

نەسلى قۇرۇپ كەتتى. ياۋا مېۋە ئورمانلىقىنىڭ ساندىكى ياۋا مېۋە ئورمان تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرى تۈپتىن ئۆزگىرىپ ئادەتتىكى چىملىق تاغقا ئايلىنىپ قالدى. ياۋا مېۋە ئورمانلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تېزدىن ياماناشتى.

2004 - يىلى ئىلى ئوبلاستى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ياۋا مېۋە ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىدى. دۆلەت دەرىجىلىك ئىلى ياۋا مېۋە ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1983 - يىلى قۇرۇلغان توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى يادرو قىلىنىپ، مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكىدىن 400 ھەسسە كېڭەيتىلىدۇ، توققۇزتارا، كۈنەس ناھىيىلىرىدىكى تۇتاش ياۋا مېۋە ئورمانلىرى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

لىن جى

## شىنجاڭدا ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك — تۈلكە مايىقى بايقالدى

2004 - يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك خادىملىرى بورتالا ئوبلاستىنىڭ شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا تۈلكە مايىقى بايقىدى.

تۈلكە مايىقى يەردە ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ دۆلەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدۇ، ئاساسلىقى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 700 — 4700 مېتىر كېلىدىغان تاغ قاپتاللىرىدىكى ئورمانلىقتا ۋە ئېگىز تاغلاردىكى چىملىقلاردا ئۆسىدۇ. تۈلكە مايىقى چىرايلىق، ئۆستۈرۈش ئاسان. تۈلكە مايىقىنىڭ بايقىلىشى دۆلەتنىڭ تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر گېن ئامبىرىنى بېيىتتى.

شىن لىن

## گۆچۈڭ سىلتىسىيلاشقان ياغاچ — دىنوزاۋۇر باغچىسى دۆلەت گېئولوگىيە باغچىسى قاتارىغا كىردى

گۆچۈڭ سىلتىسىيلاشقان ياغاچ — دىنوزاۋۇر دۆلەت گېئولوگىيە باغچىسىدا مول سىلتىسىيلاشقان ياغاچ تۈپى، دىنوزاۋۇر تاشقاتمىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردىكى دېڭىز پارزىسى، قۇرۇقلۇق پارزىسى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزگىچە يارداڭلىق يەر تۈزۈلۈشى ھەمدە چۆل تەبىئىي مەنزىرىسى، گۇمانتارلىق مەنزىرە بىر گەۋدە قىلىنغان. بۇ باغچىدىكى سىلتىسىيلاشقان ياغاچ تۈپىنىڭ ئاسىيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور، سانى ئەڭ كۆپ. گۆچۈڭ دىنوزاۋۇر جىلغىسىدىن مۇكەممەل 6 دىنوزاۋۇر ئىسكىلىتى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1987 - يىلى تېپىلغان كەسلەنچۈك پۇتلۇق دىنوزاۋۇر — مامىنشى دىنوزاۋۇرى ئاسىيا قىتئەسىدە ھازىرغىچە بايقالغان 1 - دىنوزاۋۇر تاشقاتمىسى، دۇنيا بويىچە 2 - دىنوزاۋۇر تاشقاتمىسى ھېسابلىنىدۇ.

لىن جى

## لوپنۇر كۆلىدە 140 مىليون يىل ئىلگىرىكى سىلتىسىيلاشقان ياغاچ تۈپى بايقالدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى لوپنۇر كۆلىدە تۇنجى قېتىم 140 مىليون يىل ئىلگىرىكى سىلتىسىيلاشقان ياغاچ تۈپى بايقالدى. بۇ تۈپ ئىچىدە قارىغاي - ئارچا، سىكاس دەرىخى، گىنكو دەرىخى، سارچى، قۇرۇقلۇق سارچىسى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تاشقاتمىلىرى بار. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنوزاۋۇر قاتارلىق ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تاشقاتمىسى بايقالدى.

لىن جى

## 737 يىللىق شەمشاد تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدا بايقالدى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات خادىملىرى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى جىڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا بۇ خىل شەمشادنى بايقىدى.

بۇ شەمشاد دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىيادا ئۆسكەن بولۇپ، دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ يىل ھالقىسى ئىنتايىن زىچ، ئەمما ناھايىتى ئېنىق. بۇ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ تىزمىسىدا بايقالغان يېشى ئەڭ چوڭ تەڭرىتاغ شەمشادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 2002 - يىل 6 - ئايدا پەن تەتقىقات خادىملىرى 651 ياشلىق تەڭرىتاغ شەمشادىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئالغانىدى.

شىن لىن

## بۇرچىندا ياۋا بادامىلىق بايقالدى

2004 - يىل 7 - ئايدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ چوققۇر يېزىسىدىكى شايا تېرەك جىلغىسىدا ياۋا بادامىلىق بايقالدى.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1188 مېتىر كېلىدىغان تاغ جىلغىسىدىكى بۇ ياۋا بادامىلىقنىڭ كۆلىمى 6.67 گېكتار كېلىدۇ. جىلغىدىكى ياۋا بادام ھەر يىلى 5 - ئايدا چېچەكلەيدۇ، مېۋىسى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ.

ياۋا بادام 3 - ئىرا يېڭى ھايات دەۋرىدىن قالغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، دۇنيادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان «ئۆسۈملۈك پادىشاھلىقىدىكى تىرىك تاشقاتما» ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ياۋا بادام ئاساسلىقى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بارلۇق تېغىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 1300 نەچچە گېكتار كېلىدۇ. بۇ يەر ھازىر دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى ئەڭ

چوڭ ياۋا بادامىلىق ھېسابلىنىدۇ.

شىن لىن

## تارىم قۇملۇق تاشيولىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى

تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 446 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق (ئورمانغا باب) بۆلىكى 436 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنى دۆلەت ۋە جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى 250 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كۆكەرتىدۇ. 2004 ـ يىلى يولنى تولۇق كۆكەرتىش ئۈچۈن قۇدۇق قېزىلدى ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 300 كىلومېتىر دائىرىگە قۇملۇق ئۆسۈملۈكى تىكىلىپ ئورمان بىنا قىلىنىدى. تاشيولنىڭ جەنۇبىي ئۈچىدا يەنى نىيە ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ 30 — 40 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى تامچىلىتىپ سۇغىرىش بەلۋېغىدا قومۇشلار بوك ـ باراقسان ئۆسمەكتە، بۇ يەرگە تىكىلگەن سۆكسۆك، يۇلغۇن، جىگدە قاتارلىق قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى ئورمىنى ياپپېشىل تۈسكە كىردى؛ ئوتتۇرا تارىمدا يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەرمۇ باراقسان ئۆسمەكتە. بۇ قۇرۇلۇش 2003 ـ يىل 7 ـ ئايدا باشلانغانىدى.

لېي خۇا

## جۇ شېڭشيەن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ شېڭشەن 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 — 30 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورمانچىلىقتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەبىئىي ئورماننى قوغداش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى تېزگىنلەش، ياۋايى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش، ئورمان ئېكولوگىيە ئۈنۈمى تولۇقلىمىسى بېرىش، ئورمانچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىقىنىڭ ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لېي خۇا

## لى يۈسەي شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى يۈسەي 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى 4 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق 5 نۇقتىلىق ئورمان قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ خوتەن رايونىدا ئورمانچىلىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى مەخسۇس تەكشۈردى. 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن لى يۈسەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە زور مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

لى يۈسەي دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللايدىغانلىقىنى ھەمدە پەن ـ تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا مايىل بولۇش سالمىقىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لېي خۇا

## ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر:

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشكەنلەر

تيەن گوجۇ (ئىلى ئوبلاستلىق كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ليۇ چى (ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى بايلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئابدۇۋەلى مجىت (بورتالا ئوبلاستى ئېبىنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ياۋ شياۋچىن (شىخەنزە شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، سۇن جۈنباڭ (قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئۆي ـ مۈلۈك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ما جېنۋۇ (بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ھەبىبۇل سادىق (تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزا ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى)، لى گۈيخۇا (ماناس تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى)، جاڭ ياپىڭ (چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، گاۋ فاشۈي

(ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، سۇ جىجۇڭ (قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى ياۋايى ھاۋانات - ئۆسۈملۈكلەر، نەم يەر ۋە چوڭ مۇشۇك ئېيىقنى تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى؛ سۈي يىجۇن (ش ئۇ ئا ر ياۋايى ھايۋانات، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش - باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىن)، تۇرسۇنجان مەخمۇت (بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، مىلكىن (ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ شىبىڭ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، دەي جىگاڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن).

مەملىكەت بويىچى ئورماندىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە كارانتىن قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر ش ئۇ ئا ر ئورمان مۇداپىئە باش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە كارانتىن پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك ئورمان مۇداپىئە كارانتىن پونكىتى، جىڭ ناھىيىلىك ئورمان مۇداپىئە كارانتىن پونكىتى، قاراقاش ناھىيىلىك ئورمان مۇداپىئە كارانتىن پونكىتى؛ خۇ ۋېيجياڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىن)، ۋۇ شىمىڭ (سانجى ئوبلاستلىق ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىن)، ئازات ئىبراھىم (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىن)، لى گاڭ (جىڭ ناھىيىلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىن)، خەمىت (دۆربىلجىن ناھىيىلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىن).

مەملىكەت بويىچە سۈپىتى ئىشەنچلىك ياخشى كۆچەت مايىسى بازىسى ش ئۇ ئا ر كۆچەت يېتىشتۈرۈش باش پونكىتى

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئۆچۈرچىلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر

ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش- مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى؛ چى دېگېۋ (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسىدىن).

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق قانۇنچىلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر: ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى سىياسەت - قانۇن - نىزام باشقارمىسى، شىخو شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئورمان رايونى ساقچىخانىسى؛ ليۇ لى (قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، ۋاڭ جۇنۇۋ (بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، دۇ شىنخې (پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، فاڭ جيې (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، نۇرجان (ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن).

لېي خۇا

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8 مىليون 150 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.25% ئاشتى. تراكتور 379 مىڭ 500 گە يېتىپ، 12.61% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 72 مىڭ 700گە يېتىپ، 27.99 %، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى 140 مىڭ 600گە يېتىپ، 12.93% كۆپەيدى. يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1:1.93 بولدى. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور ئىچىدە قۇۋۋىتى 73.55 كىلوۋاتتىن يۇقىرى (73.55 كىلوۋاتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تراكتور 1488گە يېتىپ، 78.63% كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋەت قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇلۇپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. كىچىك تراكتور 306 مىڭ 800گە يېتىپ، 9.49%، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 435 مىڭ 200گە يېتىپ، 11.47% كۆپەيدى، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1:1.42 بولدى. تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 891 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان زەي چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 640 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1.23% ئاشتى. چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مۇقىم بولۇپ، تېز كۆپەيدى. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى 71 مىڭ 800 (چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 74 مىڭ 500 كىلوۋات) گە يېتىپ، 16.36% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت ئورۇش ماشىنىسى 8811، ئوت يىغىش ماشىنىسى 3111؛ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەشغۇلاتى ماشىنىسى 3685 كە يېتىپ، 6.41%؛ ئورمانچىلىق ماشىنىسى 1012گە يېتىپ،

%16.19 كۆپەيدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىقچىلىقتا ئاساسلىق زىرائەتلەر مەشغۇلاتىدا ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى %68.54 كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 0.76 پىرسەنت پونكىت ئاشتى، ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىليون 147 مىڭ 100 گېكتار يەر ماشىنا بىلەن ھەيدەلدى، ماشىنا بىلەن ھەيدىلىش سەۋىيىسى %93.42 بولۇپ، 1.24 پىرسەنت پونكىتى كېمەيدى؛ 2 مىليون 154 مىڭ 600 گېكتار يەر ماشىنا بىلەن تېرىلدى، ماشىنا بىلەن تېرىلىش سەۋىيىسى %83.28كە يېتىپ، 2.53 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى؛ 727 مىڭ 700 گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىندى، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىش سەۋىيىسى %28.92كە يېتىپ، 0.92 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ئورۇلغان بۇغداي كۆلىمى 381 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %14.91 ئاشتى؛ رايون ھالقىپ ماشىنا بىلەن ئورۇلغان بۇغداي كۆلىمى 124 مىڭ 100 گېكتار، شال 4040 گېكتار، كۆممىقوناق 2400 گېكتار. ماشىنا بىلەن سۈلياۋ يوپۇق يېپىلغان كۆلەم 867 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %9.82 كۆپەيدى؛ ماشىنا بىلەن دېنى ئايرىلغان ئاشلىق 6 مىليون 710 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 541 مىڭ 600 توننا كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن كۈلتىۋاتسىيە قىلىنغان كۆلەم 944 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %14.23؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى 1 مىليارد 348 مىليون 56 مىڭ 400 توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.85 ئاشتى؛ يۇڭى ماشىنا بىلەن قىرقىلغان قوي 458 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ %14.15 كۆپەيدى؛ ماشىنا بىلەن چوڭقۇر ھەيدەلگەن يەر 1 مىليون 409 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %13.08؛ تۇجۇپىلەپ ياكى يېرىم تۇجۇپىلەپ تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 265 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %14.37 كۆپەيدى؛ ماشىنا بىلەن سۇ تېجەپ سۇغىرىلغان كۆلەم 608 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 90 مىڭ 700 گېكتار كېمەيدى؛ ھەيدەلمەي تېرىلغان يەر 33 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ (بۇ 3380 گېكتار تېرىلغۇ كۆلىمىنى قاپلىدى)، %11.96 كۆپەيدى؛ شاخ ـ شۇمبىلىرى ماشىنا بىلەن ئېتىزغا يانقۇزۇلغان يەر 284 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 12 مىڭ 400 گېكتار كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى 8 مىليون 894 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 76 مىڭ 100 توننا كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىلغان يەر 108 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %6.55؛ ئوت ـ چۆپى ماشىنا بىلەن ئورۇلغان كۆلەم 310 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %2.17 ئاشتى؛ شاخ ـ شۇمبىسى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىپ سىلوسلانغان كۆلەم 75 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، 1430 گېكتار كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن سىلوسلانغان ئوت ـ چۆپ 10 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %13.6 ئاشتى (ماشىنا بىلەن سىلوسلانغان شاخ ـ شۇمبا 9 مىليون 706 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، %26.79 ئاشتى)؛ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا 390 مىڭ 600 توننا دىزېلىن سەرپ قىلىنىپ، %8.13 ئاشتى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 7 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %8.23؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليارد 531 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.11 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 437 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.39 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى 4 مىليارد 927 مىليون يۈەن، رېمونت كىرىمى 146 مىليون يۈەن، باشقا كىرىم 364 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 1 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.29 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بار ئائىلىلەرنىڭ پايدىسى 1 مىليارد 605 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.79 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا 791 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، %40.24 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگىنى 609 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %44.65؛ دېھقانلار ئۆز ئالدىغا سالغان مەبلەغ 582 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.16 ئاشتى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەربىيىلەنگەن تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 439 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %18.54 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى 10 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم)، تېخنىكا خادىمى 30 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خادىمى 1368 ئادەم (قېتىم)، مەشغۇلاتچى 383 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم). بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ماھارىتى بويىچە باھالانغانلار 3041 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %74.56 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە رېمونتچى 643 ئادەم (قېتىم)، تىجارەت خادىمى 531 ئادەم (قېتىم)، شوپۇر 1159 ئادەم (قېتىم)، مەشغۇلاتچى 687 ئادەم (قېتىم).

خۇاڭ جىبىڭ، ئايقىن

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 868 گە، خىزمەتچى خادىمى 6897 (پەن ـ تېخنىكا خادىمى 4555) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت ـ شەھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 13، ناھىيە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 92، يېزا (بازار) دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 762 (يېزا ـ بازارلاردىكى باشقۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش ئاپپاراتى 708). يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە مائارىپ ـ تەربىيىلەش ئاپپاراتى 81، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 610 (ئوقۇتقۇچى 459). ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش ـ بېكىتىش ئاپپاراتى بىر، خادىمى 41 (پەن ـ تېخنىكا خادىمى 30). يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 91، خادىمى 895 (پەن ـ تېخنىكا خادىمى 640)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپپاراتنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىكى 12، ناھىيە دەرىجىلىكى 78. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 96، خادىمى 1580 (پەن ـ تېخنىكا خادىمى 915)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 13، ناھىيە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 82.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 377 مىڭ 500 (پاي تۈزۈمىدىكىسى 20) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 9.2%، خادىمى 412 مىڭ 200 گە يېتىپ، 7.23% (پەن ـ تېخنىكا خادىمى 1507) كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك (ناھىيە دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مۇلازىمەت تەشكىلاتى 21، خادىمى 227؛ يېزا ـ بازار دەرىجىلىك مۇلازىمەت تەشكىلاتى 171، خادىمى 920؛ كەنت دەرىجىلىك مۇلازىمەت تەشكىلاتى 2214، خادىمى 5266؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار ئائىلە 374 مىڭ 600، بۇ ئائىلىلەردىكى ئادەم 404 مىڭ 900 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى بويىچە مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلە 49 مىڭ 800، ئادەم 61 مىڭ 600)؛ باشقىلار 459، خادىمى 874. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى ۋە رېمونت نۇقتىسى 2593، خادىمى 4533، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 7، 2 ـ دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 89، 3 ـ دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 1837، كەسپىي رېمونت نۇقتىسى 517. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوبوروت كارخانىسى 353، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكىسى 7. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماي بىلەن تەمىنلەش پونكىتى (نۇقتىسى) 234، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 994. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى باشقا كارخانا تەشكىلاتى بىر. يېزا ـ كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 422 مىڭ 800 گە يېتىپ، 6.58% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 327 مىڭغا يېتىپ، 11.19% كۆپەيدى؛ تراكتور شوپۇرى 285 مىڭ 400 بولۇپ، 13.43%، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىل شوپۇرى 32 مىڭ 800گە يېتىپ، 21.48%، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىسى 5958گە يېتىپ، 10.87% كۆپەيدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى جەھەتتىكى مۇلازىمەت تەشكىلاتى جەمئىيتى 144 كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 61ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەر دەرىجىلىكى 2، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى 15، يېزا (بازار) دەرىجىلىكى 99، كەنت دەرىجىلىكى 27.

خۇاڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان ھەر خىل تراكتور، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى ۋە كومباين 389 مىڭ 444 بولۇپ، ئۇلاردىن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 319 مىڭ 502 ئىدى، تەكشۈرۈلگىنى 296 مىڭ 891؛ رويخەتكە ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرى ۋە مەشغۇلات خادىمى 281 مىڭ 944 بولۇپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 236 مىڭ 955 ئىدى، تەكشۈرۈلگىنى 225 مىڭ 423.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىزلىقلار ۋە يوللاردا 1 مىليون 650 مىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى تۈزىتىلدى. 66 قېتىم تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 64

ئادەم ئۆلدى، 24 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 720 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 2003 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ھەر 1000 ماشىنا بويىچە ھادىسە كۆرۈلۈش نىسبىتى %1. 56، ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى %7. 23، ئېغىر يارىلىنىش نىسبىتى %1. 58 تۆۋەنلىدى، ئىقتىسادىي زىيان نىسبىتى %4. 198 ئۆرلىدى.

2004 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشى، بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېشىپ يول يۈرۈشىنى تۈزەش لايىھىسى» تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى.

سۇن يەن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېپالكىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ، ئوت- چۆپ توغراش - يانچىش ماشىنىسىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى باھالاپ بېكىتىشنى تەكشۈرۈش، ھاۋالە ئارقىلىق تەكشۈرۈش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈش، سۈپەت تەكشۈرۈش قاتارلىق تەكشۈرۈش تۈرىدىن 335ى تاماملاندى؛ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلارنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى؛ شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رامكىسىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى يېزىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كارخانا ئۆلچىمىدىن 45ى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 16سى تۈزۈپ چىقىلدى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ساھەلەر ئۆلچىمىدىن 2سى تاماملاندى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى كېڭەيتىشنى قوللىغان ئىلغار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى مۇندەرىجىسى (1 - تۈركۈمدىكىسى) تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى توغرىسىدا شىكايەت قىلىش - ئالاقىلىشىش پونكىتىدىن 12 سى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئەرز قىلىش - نازارەت قىلىش پونكىتىدىن 100 دىن كۆپرەكى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى ئەرز قىلىش - نازارەت قىلىش پونكىتى بىر يىلدا 97 پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلدى، ئەرزگە چېتىشلىق مالنىڭ قىممىتى 20 مىليون يۈەندىن كۆپ بولۇپ، دېھقانلار 4 مىليون 630 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

2004 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پاختا ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - سىناق قىلىش مەركىزىنىڭ سالاھىيەتكە گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى.

باۋ ۋېي

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمى

2004 - يىلى مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمى مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان «ئۈچتە قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئىككىدە كېمەيتىش» تىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىككە ئېتىبار بېرىش ۋە يېزا ئىگىلىكنى قوللاش جەھەتتىكى مۇھىم سىياسەت قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭدا ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. بىر يىلدا شىنجاڭدىكى مۇشۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايونلارغا 7 مىليون 800 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمى مەخسۇس مەبلىغى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 2 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 5 مىليون يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە مالىيەسىدىن سېلىنغىنى 800 مىڭ يۈەن. قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن رايونلار: 8 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 20 ناھىيە (شەھەر) ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزدىن بېرىلگەن مەبلەغ 4 ناھىيىگە، ئاپتونوم رايوندىن بېرىلگەن مەبلەغ 16 ناھىيە (شەھەر) گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنىدىن 904ىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭدىن نەپ ئالغان دېھقان ئائىلىسى 750تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنى 265 بولۇپ، بۇنىڭدىن نەپ ئالغان دېھقان ئائىلىسى 250.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمى بېرىشتە ئاساسلىقى بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، پۈرچاق قاتارلىق 4 چوڭ ئاشلىق زىرائىتىنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان چوڭ، ئوتتۇرا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوبيېكت قىلىنىپ، قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تۈرى

قۇۋۋەت ماشىنىسى، يەر تۈزلەش - يەر ھەيدەش ماشىنىسى، تېرىش ماشىنىسى، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھەر بىر ماشىنىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم سوممىسى ماشىنا باھاسىنىڭ 30%ىدىن، يەنى 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمىدى.

2004 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيەدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 18 مىليون 296 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.73% كۆپەيدى، دېھقانلارنى يېتەكلەپ ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئازكەم 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، قوشۇمچە ياردەم ئارقىلىق سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنىسى 8000 دىن ئاشتى.

خۇاڭ جىبىن

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

**ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى** 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش تارماقلىرى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئۈنۈمۈرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، سۈيۈقلۇق بېسىملىق ئاسما ئايلانما ساپان، ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تىرنا، يەرنى ھەيدىمەي تېرىش ماشىنىسى قاتارلىق يەر رەتلەيدىغان ۋە تېرىيدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماشىنىلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق مەشغۇلات قېتىم سانى ئازايتىلىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمى ۋە مەشغۇلات سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاشلىق ھوسۇلى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 40 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەردە يۇقىرى ئۈنۈملۈك يەر رەتلەش تېخنىكىسى ۋە يەرنى ھەيدىمەي تېرىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، دېھقانلارغا ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 يۈەندىن تېجەپ بېرىلدى، ئاشلىق ھوسۇلى 5% ئاشۇرۇلدى. بىرىكمە مەشغۇلات قىلىش تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلىش بىلەن تەڭ، كۇچا، باي ناھىيىلىرى لازىر نۇرلۇق يەر تەكشىلەش ماشىنىسىنى كەلتۈرۈپ، ئېتىزنى تۈجۈپىلەپ تەكشىلەش مەشغۇلاتىنى سىناق قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار كۆممىقوناق كومباينىنى كەلتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشتا سىناق قىلىنىپ، ئاساسىي ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاشلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەن - تېخنىكا سالمىقىنى ئاشۇردى.

**چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى** 10 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چۆرىدەپ، ئىلغار، قوللىنىشچان چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى كەلتۈرۈش، كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنىڭ ھازىرقى زامان چارۋىچىلىقىغا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 8956سى ئىشلىتىلىپ، 310 مىڭ گېكتار يەردىكى ئوت - چۆپ ماشىنا بىلەن ئورۇلدى؛ سىلوس يىغىشقا 226 ماشىنا ئىشلىتىلىپ، 10 مىليون 496 مىڭ تونىنا سىلوس تەييارلاندى.

**قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى** بۇ، يەرنى ھەيدىمەي تېرىش يادرو قىلىنغان، ئۈنىڭغا ياندىشتۇرۇپ يەرنى چوڭقۇر ھەيدەش، شاخ- شۇمبىلارنى ئۆۋىتىپ ئېتىزغا يېپىتىشنى يولغا قويۇش تېخنىكىسى بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى ئازايتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ بىرى، بۇ تېخنىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان ۋە 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئاساسلىق كېڭەيتىلىدىغان تېخنىكىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 7267 گېكتار يەردە قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تۈرى ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان يېڭىسار، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى ۋە ئالتاي شەھىرىدە قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بويىچە 6333 گېكتار ئۈلگە رايونى قۇرۇلدى، ئۈلگە رايوندىكى زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8% — 10%كىچە ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات تەننەرخى 10% — 15%كىچە تۆۋەنلىدى، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 15% — 20%كىچە ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئېتىزلارنىڭ تۇپراق قۇرۇلمىسى ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىپ، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ئاشتى.

**ئېتىز - ئېرىقلارنى ماشىنىلاشتۇرۇپ تېجەشلىك سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى** سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش، نورمال بېسىم بىلەن ئازراق سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى شىنجاڭنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى يېڭى تەدبىر بىلەن تەمىنلىدى. 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تارماقلىرى

سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن ماشىنا ئارقىلىق تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى بويىچە 6660 گېكتاردىن ئارتۇق ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىپ، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى 44 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىپ قوللاندى. ئۈلگە رايونىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %18 ئاشتى، سۇ %50 تېجەلدى، تۇپراقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %5تىن كۆپرەك ئاشتى. باشقا ماشىنىلاشقان تېجەشلىك سۇغىرىش تېخنىكا تەدبىرلىرى 608 مىڭ 900 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى.

قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى  ئېتىزلارنىڭ قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق بىلەن بۇلغىنىشى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىنى كەلتۈرۈپ، ياساپ تەجرىبە قىلدى ۋە كېڭەيتتى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 67 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق ماشىنا ئارقىلىق يىغىۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى بىلەن سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتىكى تەتقىقاتىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى.

ئالاھىدە زىرائەت جەھەتتىكى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى  شىنجاڭدا ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ رايون خاراكتېرىگە ئىگە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى ۋە كېڭەيتتى. تۇرپان ۋىلايىتى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنى كەلتۈردى ۋە كېڭەيتتى؛ پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم ئاسراش ماشىنىسى بىلەن قۇرۇق ئۈزۈم ئىلغاش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى، بۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى ياخشى بولدى؛ قەشقەر ۋىلايىتى كېۋەز تېرىش ماشىنىسىغا زىرە تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىپ، ماشىنا ئارقىلىق كېۋەز بىلەن زىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، 37 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېۋەز بىلەن زىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىدى؛ ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار، سانجى ئوبلاستى زىغىر يىغىش ماشىنىسىنى كەلتۈردى ۋە كېڭەيتتى، سانجى شەھىرى شوخلىنى مىقدارلاشتۇرۇپ تېرىش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ھۆددىگە ئېلىپ تاماملىغان ئاپتونوم رايوننىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى پەن تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» بويىچە سانائەت شوخلىسىنى ماشىنا ئارقىلىق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ۋە ماشىنا ئارقىلىق ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش تۈرى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جاڭ يۇتېڭ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قانۇن - نىزاملىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى

2004 - يىل 11 - ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى، 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلدى. يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دا ئەسلى نازامدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» غا ۋە نۆۋەتتىكى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە نۇقتىلىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قوشۇمچە ياردىمى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش يۆلەش تەدبىرلىرى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات سۈپىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت سۈپىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇنىي مەسئۇلىيىتى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

دۇ خۇڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى پەن - تېخنىكا تۈرلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن 5نى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشنى تەشكىللىدى.

1. ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇش تۈرى.

بۇ تۇر 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يەن تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، ئۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ، كۇنەس، قابا ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرى، باركۆل ناھىيىسىدە يولغا قويۇشنى تەشكىللىگەنىدى. 2004 - يىلى بۇ تۇر يولغا قويۇلغان رايونلاردا ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى ئىلغاش، تۇپراقنى بوشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش، چىم تۇۋۈنى قىرقىش، چېكەتكە يوقىتىش ۋە ئوت - چۆپ ئورۇش، باغلاش قاتارلىقلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرستىش بازىسى قۇرۇلدى، ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە 3986.67 گېكتار يەردە (بۇنىڭ ئىچىدە قاشالانغان ئوتلاق 1473.33 گېكتار) ئۈلگە كۆرستىلدى. بۇ تۇر يولغا قويۇلغان يەردە ھەر بىر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 750 كىلوگىرام قۇرۇق ئوت - چۆپ ئېلىندى، ھەر بىر گېكتار ئوتلاقتىن قىلىنغان كىرىم 375 يۈەن ئاشتى، ھەر بىر گېكتار ئوتلاقنىڭ ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەشغۇلات تەننەرخى 480 يۈەن ئازايدى.

2. سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش ۋە ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلغان ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى.

بۇ تۇر 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، شىخو شەھىرى، شايار ۋە كەلپىن ناھىيىلىرىدە يولغا قويۇلدى. سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش ۋە ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلغان ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى سۇ تېجەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، ھوسۇلنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىغان يېڭى تېخنىكا. 2004 - يىلى بۇ تۇر يولغا قويۇلغان رايونلاردا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۇرۇق سالىدىغان سېيالكىلار ئۆزگەرتىلىپ، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىشتا تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرستىلدى، ئۈلگە كۆرستىلگەن كۆلەم 1566.67 گېكتارغا يەتتى. سېلىشتۇرما تەجرىبىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن ئىپادىلىنىشىچە، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش ۋە ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلغان ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق %50 سۇنى، %10 دېھقانچىلىق دورىسىنى تېجىگىلى، ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى %20 ئاشۇرغىلى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى %10 تېجىگىلى، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى %5 — %7كىچە ئۆستۈرگىلى بولىدىكەن.

3. كۆپ ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاشلىق زىرائىتى تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرستىپ كېڭەيتىش تۈرى.

بۇ تۇر 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئۈستىگە ئالغان، ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يولغا قويۇلدى ھەمدە جېمىنەي ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرى، جىمسار، كۇچا ۋە ئاقتۇ ناھىيىلىرىدە تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرستىلدى. 2004 - يىلى بۇ تۇر يولغا قويۇلغان رايونلاردا يۇقىرى ئۈنۈملۈك يەر ھەيدەش، رەتلەش ۋە قوغداش خاراكتېرلىك قوغداش تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان كۆپ ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاشلىق زىرائىتى تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 1266.67 گېكتار يەردىكى كۆممىقوناق، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر ئۈستىدە تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرستىلدى، بۇنى ئادەتتىكى تېرىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەر بىر گېكتار يەردىن 585 كىلوگىرام كۆممىقوناق، 450 كىلوگىرام بۇغداي كۆپ ئېلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى تەننەرخى ھەر گېكتاردا 150 يۈەن كېمەيگەن.

4. يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرستىپ كېڭەيتىش تۈرى.

بۇ تۇر 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان، ئىلى، ئالتاي، بورتالا، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يولغا قويۇلدى ۋە ئۈلگە كۆرستىپ كېڭەيتىلدى. 2004 - يىلى بۇ تۇر يولغا قويۇلغان رايونلاردا، تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەبىئىي ئوتلاقنى ياخشىلاش ۋە ئوت-چۆپ يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە ئوت - چۆپ يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ھەمدە سىلوسلايدىغان يەم - خەشەكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۈلگە كۆرستىپ كېڭەيتىلدى، تەبىئىي ئوتلاقنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 3986.67 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرستىپ كېڭەيتىلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر بىر گېكتار يەردىن ئوتتۇرىچە 750 كىلوگرام قۇرۇق ئوت - چۆپ كۆپ ئېلىندى، 375 يۈەن

كۆپ كىرىم قىلىندى، ھەر گېكتار يەردىكى ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات تەننەرخى 480 يۈەن كېمەيدى؛ بېدە تېرىش ۋە ئورۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 9020 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى 25% ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات تەننەرخى 210 يۈەن كېمەيدى؛ سىلوس يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2200 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، بۇ يەرلەردىكى شاخ - شۇمبىلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى 30%تىن كۆپرەك ئاشتى، ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ مەشغۇلات تەننەرخى ئوتتۇرىچە 675 يۈەن كېمەيدى.

5. زىغىر يىغىش، ھەسەل موگۈسى تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى.

بۇ تۈر 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى، گۈچۈڭ، موري ناھىيىلىرىدە تەجرىبە قىلىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىلدى. 2004 - يىلى بۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا زىغىر تېرىش، يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2333 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلىپ، قول مەشغۇلاتىغا قارىغاندا ھەر بىر گېكتار يەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 يۈەن تېرىش ھەققى، 307.5 يۈەن يىغىش ھەققى تېجەلدى، زىيان 90 كىلوگرام ئازايدى، زىغىر تېرىش ماشىنىسى ۋە يىغىش ماشىنىسىدىن 35ى ئىشلىتىلدى. موري ناھىيىسىدە ھەسەل موگۈسى ئىشلەپچىقىرىش لايىسىدىن 30ى قۇرۇلدى، بىر يىلدا 360 مىڭ خالتا ھەسەل موگۈسى زەمبۇرۇغى قاچىلاندى، 900 مىڭ تونىنا يېڭى ھەسەل موگۈسى ئېلىندى، لاياستا ھەسەل موگۈسى ئىشلەپچىقىرىشتا خالتىغا قاچىلاش ماشىنىسىدىن 15ى، ماتېرىيال ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسىدىن 6سى ئىشقا سېلىندى.

بى خۇيىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئاپتونوم رايون مىقياسىدا تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرىدىغان ماشىنىلاشقان تېخنىكىنى قوللىنىشنى، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى، ئاشلىق تېرىيدىغان ماشىنىلارنى ھەيدەيدىغانلارنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا ئاشلىق تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 402 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 61 مىڭ 700 گېكتار ئاشتى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 310 مىڭ 800 گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ھەيدىمەي تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 27 مىڭ 300 گېكتار، تۈجۈپىلەپ، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىش تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 84 مىڭ 300 گېكتار، ماشىنىلاشقان تەكرار مەشغۇلات تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 96 مىڭ 500 گېكتار، ماشىنىلاشقان يىغىۋېلىش تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 46 مىڭ 900 گېكتار، ماشىنىلاشقان بىنەمگە تېرىپ، سۇ تېجەش تېخنىكىسى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان كۆلەم 55 مىڭ 800 گېكتار. چىقىمنى تېجەش ئارقىلىق 75 مىليون 303 مىڭ 900 يۈەن كىرىم ئاشۇرۇلدى، ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 — 300 يۈەنگىچە كېمەيدى. 10 مىڭ 650 چوڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئائىلىسىدىكى 28 مىڭ 12 يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى شوپۇرى تەربىيىلەندى. كۆممىقوناق يىغىدىغان، شال مايسىسى كۆچۈرىدىغان، قوغداش خاراكتېرلىك يەر تېرىيدىغان ماشىنا-سايمانلارنى تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆرەك قىلىش، كېڭەيتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارغا دائىر قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش، تېپىنى تاللاش ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىلغار، قۇلايلىق 242 خىل ماشىنا دېھقانلارغا تەۋسىيە قىلىندى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆھپە قوشتى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا

ئېرىشتى، ئىلهام 2004 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

خۇاڭ جىبىڭ

## ئۆزى يۇرەر، قوش ئورۇش سۇپىسى بار يەم ـ خەشەك يىغىش ماشىنىسى

بۇ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھالقىش پىلانى تۈرى. 2004 ـ يىلى بۇ ئىدارە ئاساسلىقى ئارىلىقتا سىناق قىلىنىدىغان ئەۋرىشكە ماشىنىنىڭ ئەلالاشتۇرۇلغان لايىھىسىنى تاماملىدى، ئاساسلىق زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قايتا ـ قايتا تاللاش ئارقىلىق، مۇقىم تەمىنلەيدىغان 20 نەچچە كارخانىنى بېكىتتى، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، زۆرۈر بولغان ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى، ئىشلەش ـ قۇراشتۇرۇش قېلىپىنى ۋە تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى سەپلەپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. ھەر بىر يەككە ماشىنىنىڭ تەننەرخى 2003-يىلدىكى 350 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى. سانجى، بورتالا، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 2000 گېكتاردىن ئارتۇق يەردىكى كۆممىقوناقنى سىلوسلاش ۋە بېدىنى يىغىش مەشغۇلاتى تاماملىنىپ، ئەۋرىشكە ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئىشەنچلىكلىك كۆرسەتكۈچى باھالاپ چىقىلدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆلچىشى ئارقىلىق، ماشىنىنىڭ تۈرلۈك تېخنىكا، ئىقتىدار كۆرسەتكۈچلىرى بۇ تۈرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە تەلىپىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا سۇدان ئوتى، تاتلىق ئاققوناق، كېۋەز غولىنى يىغىش ۋە سامان يىغىش ـ كەسلەش سۈپىسىنى لايىھىلەش، ياساش ۋە تەجرىبە قىلىش مەشغۇلاتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، مەھسۇلاتنىڭ ئىقتىدارى مۇقىم بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ئۆزى يۇرەر، قوش ئورۇش سۇپىسى بار يەم ـ خەشەك يىغىش ماشىنىسىدىن 36سى ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە سېتىلدى.

بى خۇيىڭ

# سۇچىلىق

## سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا «ئۈچ دەريا، بىر رايون، بىر بەلۋاغ» (ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، تارىم دەرياسى، چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنى داۋاملىق يۇرۇشلەشتۇرۇش ۋە سۇنى تېجەپ ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلى ئىقتىسادىي بەلۋېغى) مۇھىم نۇقتا قىلىنغان سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق تېزلىتىلدى. سۇچىلىق ئومۇمىي پىلانى ۋە ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەر شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدەپ يولغا قويۇلۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەكلىپنامىسى ۋە تەتقىق قىلىشقا بولىدىغان دوكلات قاتارلىقلار پۈتتۈرۈلدى ھەمدە دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. بىر يىلدا تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمۈرسال تۈزەش تۈرىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۆۋەنكى بەلدىر سۇچىلىق تۇگۈنى ئۈستىدىكى تەتقىقات دوكلاتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا يوللاندى، قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى ھەققىدىكى دوكلات سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ قۇمۇل كۆمۈر ـ ئېلېكتر بازىسى، جىڭ ـ ئىلى ـ قورغاس تۆمۈر يولى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ چوڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى دەلىللەش، سۇ ـ تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى قاتارلىقلار پۈتتۈرۈلدى؛ 15 شەھەر ۋە دەريا ـ ئېقىننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تەكشۈرۈش پىكرى يېزىپ چىقىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىدىن ئالاتاۋ پورتىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش دوكلاتى، پىچان ناھىيىسىدىكى ئالغۇي سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش تۈرى ھەققىدىكى تەكلىپنامە، كۇچا مىسچىلىق مەيدانى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى دوكلات تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا يوللاندى ياكى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى خۇاڭخې ۋادىسى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. خەۋپلىك، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى پۇختىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، 2004 ـ يىلى دۆلەت شىنجاڭنىڭ داۋاملىق قۇرۇلىدىغان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان قۇرۇلۇش تۈرىدىن 50 نى تەستىقلىدى، بۇلارغا مەركەزنىڭ 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى قولغا كەلتۈرۈلدى.

2004 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا 5 مىليارد 150 مىليون يۈەن، تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمۈرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى تۈرىگە 3 مىليارد 330 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەرقىي باغراش ناسوس پونكىتى، چارا سۇ ئامبىرى، قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سۇ يەتكۈزۈش باش غول ئۆستىڭىنىڭ ئاساسىي

گەۋدە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، تۈۋەنكى بەلدىر سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ «تۈتتىي راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئىشى تاماملاندى. تارىم دەرياسىنىڭ تۈۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا 6 - قېتىم جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى، جەمئىي باشلانغان سۇ 1 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ سۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۈۋەنكى ئېقىنىدىكى توغراقلىقلارنى قۇتقۇزۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

خەۋپلىك، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى پۇختىلاشقا ئاز كەم 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 263 مىليون كۇب مېتىرغا، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئامبار سىغىمى 535 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاق ساھىلى قاتارلىق 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 4 يەككە تۈردىكى ئېھتىيات قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى، بۇ قۇرۇلۇشلار كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. 2004 - يىلى شىنجاڭدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولۇپ، 333 مىڭ 300 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 88 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشتا كۆرۈلگەن ئۈنۈم 3 مىليارد 364 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا سۇ تېجەش مەركەز قىلىنىپ، سۇ تېجەش تۈرىگە 1 مىليارد 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇ باھاسى ئىسلاھاتى ۋە سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش يولغا قويۇلۇپ، ئائىلىلەر 1 مىليون 905 مىڭ 300 كۇب مېتىردىن ئارتۇق سۇ بىلەن تەمىنلەندى، بىر يىلدا 800 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق سۇ تېجەلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سۇ پۇلى سېلىقى 120 مىليون يۈەن يەڭگىللىتىلدى. بىر يىلدا ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىلى 190 مىڭ 200 كىشىنىڭ سۇ ئىچىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

2004 - يىلى سۇ - ئېلېكتر ۋە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 828 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئېلېكترلەشكەن ناھىيىلەردە ئىشلىتىلگەن ئوتتۇرىچە توك 356 كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليارد 181 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 3 مىليارد 770 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 1 مىليارد 695 مىليون يۈەن، يەرلىك سالغىنى 2 مىليارد 75 مىليون يۈەن. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ئىچىدە سۇ ئامبىرى ۋە تۈگۈن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 596 مىليون يۈەن، سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش، ئۇنى پۇختىلاشقا سېلىنغىنى 227 مىليون يۈەن، سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 465 مىليون يۈەن، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 450 مىليون يۈەن، سۇ-ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 73 مىليون يۈەن، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 891 مىليون يۈەن، ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇش ۋە باشقىلارغا سېلىنغىنى 68 مىليون يۈەن.

ليۇ ۋېنفېن، دۇڭ خېيەن

## سۇ مەمۇرىيىتى خىزمىتى

1. سۇچىلىق بويىچە قانۇن تۈزۈش ئىشلىرى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹سۇچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 9 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ بايلىقى ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇش چارىسى› غە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

2. سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى. 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك قوشۇنى 109 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باش ئەترەت بىر، تارماق ئەترەت 14، چوڭ ئەترەت 88، سۇچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىكى سۇ مەمۇرىيىتى مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش شۆبە ئەترىتى 6، بۇ قوشۇندىن 57 سى قېلىپلاشتۇرۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇ قوشۇندا سۇ مەمۇرىيىتى مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمىدىن 1817 سى بار. سۇچىلىق نازارىتىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى بىلەن سۇ مەمۇرىيىتىنى مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئەترىتى ماناس دەرياسىدىكى قۇم ئېلىشنىڭ

كۆۋرۈكنىڭ بىخەتەرلىكىگە يەتكۈزىدىغان تەسىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ماناس دەرياسىدىكى قۇم ئېلىش تەرتىپىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سۇچىلىق نازارىتىنىڭ سۇ مەمۇرىيىتى خادىملىرى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3. سۇچىلىق ساھەسىدىكى مەمۇرىي ئىجازەتلەر ئېنىقلىنىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» 2004 - يىل 7-ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سۇچىلىق ساھەسىدىكى مەمۇرىي ئىجازەتلەرنى يولغا قويۇش سوبيېكتى ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلار مەركەزلىك ئېنىقلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى نەتىجىسىدە قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە گوۋۇيۈەننىڭ قارارلىرى ئاساس قىلىنغان سۇچىلىق ساھەسىدىكى 30 مەمۇرىي ئىجازەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، مالىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى نەتىجىسىدە سۇچىلىق ساھەسىگە ئائىت 12 مەمۇرىي كەسپىي ھەق ئېلىش تۈرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

باشىن

## سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭدا «كۇچا ناھىيە ئۆگەن دەياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى»، «كۇچا ناھىيە مىسچىلىق مەيدانى سۇ ئامبىرى تۇگۈنى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى»، «مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 4 - سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ گىدرولوگىيىسىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش بويىچە «ب» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە ئورۇندىن 10 ى باھالاپ چىقىلدى.

بىر يىلدا شىنجاڭدا پوسكام، قاراقاش، كۇچا، توقسۇ، شايار، ئونسۇ، چەرچەن ناھىيىلىرىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانى ھەققىدىكى دوكلاتلىرى تەكشۈرۈپ ماقۇللاندى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز كەم 70 كارخانىدا سۇ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تولۇقلاپ تەكشۈرۈشتە يىغىۋېلىنغان ئالاقىدار ئۇل ماتېرىياللارغا ئاساسەن مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا سانائەت ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ نورمىسىنى تەھلىل قىلىپ باھالاشنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى.

2004 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ۋىلايەت بويىچە سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسىنى تۈزدى، بۇ لايىھە سۇچىلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يولغا قويۇلدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 27 مىڭ 257 يۈرۈش سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى، ئىجازەت بويىچە ئېلىنغان سۇنىڭ مىقدارى 32 مىليارد 300 مىليون كۇب مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۈيى 28 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيى 4 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر. سۇچىلىق مىنىستىرلىكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن خەلقئارالىق دەريالاردىن نورمىدىن ئارتۇق سۇ ئېلىش ئېغىزلىرىدىن سۇ ئېلىش ئىجازىتىنى تىزىملاپ گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا تەڭ دەرىجە بويىچە يىغىۋېلىنغان سۇ بايلىقى ھەققى 5 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 2 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئاشتى.

باشىن

## سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلەر تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى بويىچە 73 تۈر تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىكى سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش تۈرى، يەم - بوغۇز، ئوت- چۆپ بازىسى تۈرى ۋە ئادەتتىكى سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 39ى، ياپونىيە ھەمكارلىق بانكىسىنىڭ قەرز تۈرىدىن 16سى تەكشۈرۈلدى. ئاساسلىق تۈرلەر سۇ ئامبىرى، دەريانى توسۇپ سۇ باشلاش ئۆستىڭى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، ئېلېكتر ئىستانسىسى، سۇ مەنبەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۆمۈر ئېلېكتر بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە كالىيلىق تۇز كېنىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرىنى نەق مەيداندا ئۆلچەش ۋە ئۆلچەش دوكلاتى يېزىش ھەمدە شىنجاڭنىڭ 2004 - يىلدىكى نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق پىلانىنى تۈزۈش، دۆلەت زاپاس ئاشلىق بازىسىنىڭ ئومۇمىي پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى تۈزۈش، 2004 - يىللىق مەبلەغ سېلىش تەكلىپ پىلانى ۋە 2005 - يىللىق رامكا پىلانى (ئالدىنقى قارارلىق) نى يوللاش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى.

**سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش** 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاشنىڭ 1 - باسقۇچلۇق خىزمىتى ئاخىرلاشتى ھەمدە «شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالاش دوكلاتى» نى يېزىش دەسلەپكى قەدەمدە پۈتتۈرۈلدى. سۇچىلىق مىنىستىرلىكى سۇچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاشنىڭ 2 - باسقۇچىدىكى ئالاقىدار خىزمەتلەر ئىشلەندى.

**ۋادا ئومۇمىي پىلانى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانى** «تۈدۈڭخابا دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش»، «قاراشەھەر دەرياسى - كۆنچى دەرياسى ۋادىلىرىنى پىلانلاش ۋەزىپىنامىسى» نى تەكشۈرۈش، «تۈدۈڭخابا دەرياسى ۋادىسى ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈش؛ سانجى، كورلا، بورتالا، چۆچەك، ئاتۇش شەھەرلىرى، بۇرچىن، دۆربىلجىن، جېمىنەي، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانىنى ۋە قىزىل دەرياسى، قورغاس دەرياسى، بورتالا دەرياسى، خوتەن دەرياسى، چاقماق دەرياسى، بوغۇز دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تەكشۈرۈش، شۇنىڭدەك «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ سۇ گىدرولوگىيىسى بايلىقىنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش تورىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا ئائىت قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەكلىپنامىسى»، شىنجاڭنىڭ كارىز ئارقىلىق سۇغىرىش رايونلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى.

لى خۇڭبىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش

**تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى** «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش پىلانى ھەققىدىكى دوكلات» 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۆلەتنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. 2004 - يىل 12 - ئايغا قەدەر دۆلەت 178 يەككە تۈردىكى قۇرۇلۇش پىلانى (يەرلىكنىڭ 154، بىڭتۈەننىڭ 24) نى چۈشۈردى، ئۇنىڭغا 4 مىليارد 4 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى، بۇ ئومۇمىي پىلاندىكى مەبلەغنىڭ 37.6% نى ئىگىلەيدۇ، 3 مىليارد 330 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

پۈتكەن، قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىش، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، تۈزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىنى سۇ تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىش، باغراش كۆلى سۇ يەتكۈزۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى تۈزەش قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش، ۋادا تەڭشەش - باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىش باشلانغان تۈرلەرنىڭ ئوبرازلىق سۈرئىتى مۇنداق بولدى: 1145 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 58 سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى؛ 473 مىڭ 700 گېكتار ئادەتتىكى تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى؛ 23 مىڭ گېكتار يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى بەرپا قىلىندى؛ 564 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى؛ 599 كىلومېتىر سۇ يەتكۈزۈش توغىنى ياسالدى؛ 230 كىلومېتىر ئۆستەڭنىڭ لېيى ئادالاندى؛ 115 مىليون 820 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن 596 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجىگىلى بولىدۇ. تۆۋەنكى بەلدىر سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان تاشقورغان دەرياسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ تىزگىنلەنگەن ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر، ئومۇمىي سىرغىم مىقدارى 810 مىليون كۇب مېتىر، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 140 مىڭ كىلوۋات، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 331 مىليون يۈەن بولۇپ، 2004 - يىلى «تۆتنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تۈزەش» ئىشى تاماملاندى.

**قومۇل ئىبدىر سۇ ئامبىرى** بۇ ئامبار قومۇل شەھىرىنىڭ شىمالىغا، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى ئىبدىر دەرياسىغا جايلاشقان. ئامبارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 11 مىليون 120 مىڭ كۇب مېتىر، يىللىق سۇ تەڭشەش مىقدارى تەخمىنەن 48 مىليون كۇب مېتىر. دەريا توسمىسى بېتون بىلەن قاتۇرۇلغان تاش توسما بولۇپ، ئەڭ ئېگىز يېرى 67.7 مېتىر كېلىدۇ. ئامبارنىڭ سول قىرغىقىغا سۇ ئاققۇزۇش ۋە سۇ يەتكۈزۈش بىر گەۋدىلەشكەن يۇملاق شەكىللىك بېسىم نورى ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، دىئامېتىرى 2 مېتىر، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 16.8 كۇب مېتىر/سېكۇنت كېلىدۇ؛ ئامبارنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئارتۇق سۇنى توسمىدىن ھالقىتىپ ئاققۇزۇشتەك يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان، تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن سۇ ئاققۇزۇش ئېقىم مىقدارى 295 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. بۇ ئامبار ئارقىلىق تۇرپان - قومۇل نېفىتلىك بازىسىنى ھەر يىلى 20 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇغىرىش رايونىنى 28 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى، 10 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 2004 - يىل 8 - ئايدا پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

**ماناس ناھىيىسى تاسىرقاي دەرياسى تاشقوۋۇق سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى** بۇ قۇرۇلۇش ماناس ناھىيىسىدىكى تاش

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بۆلىكىگە جايلاشقان، لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 51 مىليون كۇب مېتىر. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ توسمىسى تاشنى بېتون لايغا مىلەپ تىزىش، بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، توسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 110 مېتىر كېلىدۇ. بۇ، سۇغىرىش ئاساس، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوشۇمچە قىلىنغان، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈم بېرىدىغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدۇر. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ھەر يىلى 199 مىليون كۇب مېتىر سۇنى تەڭشەپ ئىشلەتكىلى، 20 مىڭ گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەمنى 9000 گېكتار كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 2004 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لى خۇڭبىڭ

## شىنجاڭدىكى چوڭ ئېلىش بېشى (توما) لار

| دەريا نامى | دەريا جايلاشقان ناھىيە، شەھەر | جايلاشقان دەريا سىستېمىسى | توما شەكلى | قۇرۇلۇش پۈتكەن ۋاقىت | لايىھە بويىچە تاقاقتىن ئۆتىدىغان ئېقىم مىقدارى (كۇب مېتىر/سېكۇنت) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | سۇ كىرىش تاقىقى | كەلكۈن چۈشۈرۈش، قۇم ئېقىتىش تاقىقى | يان توسما |
| قاراقاش دەرياسى | قاراقاش | قاراقاش دەرياسى | كۆتۈرمە تاختاي ئارقىلىق قاتلامغا بۆلۈپ دەريانى توسۇش | 1988 | 200 | 1326 | |
| يۇرۇڭقاش دەرياسى | لوپ | يۇرۇڭقاش دەرياسى | كۆتۈرمە تاختاي ئارقىلىق قاتلامغا بۆلۈپ دەريانى توسۇش تاقىقى | 1991 | 150 | 1599 | |
| كاچۇڭ | يەكەن | يەكەن دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1984 | 340 | 3200 | 2930 |
| ھاياتلىق | مارالبېشى | يەكەن دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1989 | 180 | 520 | 1000 |
| 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | قەشقەر كوناشەھەر | قىزىل دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1980 | 70 | 1635 | 388 |
| چۇگېر | ئۇچتۇرپان | توشقان دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1987 | 54 | 1800 | 200 |
| بىرلەشمە سۇ باشلاش | ئۇچتۇرپان | توشقان دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1998 | 18 | 1600 | |
| ئاقبۇلۇڭ | باي | مۇزارت دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1999 | 45 | 1003 | |
| قىزىلبايراق شىمالىي غول ئۆستىڭى | باي | قابۇسلان دەرياسى | سۇنئىي ئەگىم | 1993 | 30 | 1003 | |
| ئىشخلا | ئونسۇ | قۇمئېرىق دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1999 | 100 | 2913 | |
| ئۆگەن دەرياسى | توقسۇ | ئۆگەن دەرياسى | توسمىسىز باشلاش | 1970 | 150 | 500 | |
| تارىم دەرياسى دەريانى توسۇش تاقىقى | ئاقسۇ | ئاقسۇ دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1972 | 140 | 1690 | |
| چوڭ كۆۋرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئاقسۇ | ئاقسۇ دەرياسى | ئەگمە شەكىللىك | 1985 | 160 | 1600 | |
| قاراشەھەر دەرياسى 1 - سۇ ئايرىش تۈگۈنى | خېجىڭ | قاراشەھەر دەرياسى | توسمىسىز سۇ باشلاش | 1999 | 106 | 1300 | 50 |
| قاش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى | غۇلجا | قاش دەرياسى | دەريانى ئەگمىلىك توسۇش | 1967 | 100 | 1300 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاغ ئاغزى سۇ باش-لاش تۇگۈنى | توققۇزتارا | تېكەس دەرياسى | دەريانى توسۇش توسمىسى | 1997 | 260 | 1660 | |
| «635» سۇ باشلاش تۇگۈنى | بۇرۇلتوقاي | ئېرتىش دەرياسى | دەريانى توسۇش تاقىقى | 1997 | 60 | 767 | 1048 |

ئىزاھ: چوڭ ئېلىش بېشى (توما) لىرىنى ئايرىش ئۆلچىمى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ سۇنىڭ چۈشۈرگىدىن ھەر سېكۇنتلۇق ئۆتۈش مىقدارى 1000 كۇب مېتىردىن ئاشقان بولسا چوڭ ئېلىش بېشى دەپ بېكىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىلدى. كۆپ چۈشۈرگىدىن تەركىپ تاپقان چۈشۈرگە تۇگۈنى بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇ ئۆتكۈزۈش مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان چۈشۈرگە ئېلىش بېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئايرىش ئۆلچىمى قىلىندى، تاق چۈشۈرگىلىك ئېلىش بېشىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە تاق چۈشۈرگىنىڭ ئېقىم مىقدارى ئۆلچەم قىلىندى.

ليۇ ۋېنفېن

## سۇچىلىق قۇرۇلۇش بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1. شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەلگە باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەلگە باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، تەلەپكە ماس كەلمەيدىغان بىرقىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرى بىكار قىلىندى، نۆۋەتتىلىقلىرى 11 مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىغا ئايرىلدى، ھازىر ئۇلاردا 500 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس بار. شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەلگە باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن نۇسخا ئېلىش يۇمشاق دېتالى تۈزۈلدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش- خېرىدار بولۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەلگە باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىنى باشقۇرۇش چارىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقىلدى.

2. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ھەرىكەت ئارخىپىنى تۈزۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ قۇرۇلۇشلارنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ھۆددە ئالغان ۋە كەسپلەر بويىچە ھۆددە ئالغان، سالاھىيىتى 2 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلار ۋە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى باشقا كارخانىلاردىن سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قىلغان، بۇ ھەقتە نازارەتچىلىك قىلغان، مەسلىھەتچىلىك قىلغان، خېرىدار چاقىرىشتا ۋاكالەتچى بولغانلىرى تىزىملىنىپ ئەنگە ئېلىندى، ھازىر ئارخىپقا ئېلىنغان كارخانا 398 گە يەتتى. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە ئۇسكۇنە ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئىز قوغلاپ باشقۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ناچار قىلمىشلىرى خاتىرىلەندى، شۇ ئارقىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

لى خۇڭبىڭ

## دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش ـ زەي چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش بويىچە 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى

بۇ قۇرۇلۇش 1999 ـ يىل 1 ـ ئايدا يولغا قويۇلۇپ، 2004 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. بۇ تۈر رايونى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاست، 22 ناھىيە (شەھەر)، 207 يېزا (بازار، مەيدان)، 2784 كەنت كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈر رايونىدىكى ئومۇمىي ئاھالە 5 مىليون 204 مىڭ 700 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 75.18% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 76.72% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ تۈرگە 2 مىليارد 362 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇل 147 مىليون دوللار، مەملىكەت ئىچىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 139 مىليون يۈەن.

تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 1999 ـ يىلدىن 2004-يىلغىچە بولۇپ، ئورۇندىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

سۇچىلىق قۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا بىر سۇ ئامبىرى، 4 ئېلىش بېشى، بىر ناسوس پونكىتى، 65 سۇ سىڭمەس غول ئۆستەڭ، 41 زەي چىقىرىۋېتىش غول ئۆستىڭى، 9 سۇ مەنبەسى، 572 قۇدۇق، 87.9 كىلومېتىر توك لىنىيىسى، 24 چۈشۈرگە، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ 325 كىلومېتىرلىق دەريا توسمىسى، 29 سۇ بايلىقىنى كۆزىتىش-ئۆلچەش پونكىتى پۈتتۈرۈلدى.

بوزيەر ئېچىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا 41 مىڭ 458.5 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى؛ 973.67 كىلومېتىر ئوق ئېرىق، 225.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئوق ئېرىق، 100.83 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىقى، 315.38

كىلومېتىر سۇ سىڭمەس سۇغىرىش ئېرىقى، 427.26 كىلومېتىر زەي چىقىرىۋېتىش ئوق ئېرىقى، 367.6 كىلومېتىر زەي چىقىرىۋېتىش ئېتىز ئېرىقى، 1489.41 كىلومېتىر ئېتىز يولى، 7838 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات پۈتتۈرۈلدى.

ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش. بۇنىڭدا 123 مىڭ 373.99 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى؛ 1486.95 كىلومېتىر ئوق ئېرىق، 578.35 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئوق ئېرىق، 2029.57 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىقى، 110.67 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس سۇغىرىش ئېرىقى، 1322.71 كىلومېتىر زەي چىقىرىۋېتىش ئوق ئېرىقى، 1270.7 كىلومېتىر زەي چىقىرىۋېتىش ئېتىز ئېرىقى، 731.48 كىلومېتىر ئېتىز يولى، 14 مىڭ 517 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات پۈتتۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش مۇلازىمىتى. بۇنىڭدا 2109.92 گېكتار ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، 2627 گېكتار يەم-خەشەك بازىسى، 4685.05 كۋادرات مېتىر ئۇرۇق تەكشۈرۈش ئۆيى پۈتتۈرۈلدى ھەمدە ھەر خىل ئۈسكۈنە، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى، نەسىللىك چارۋا قاتارلىقلار سېتىۋېلىندى.

مۇھىت ئاسراش ۋە ئورمانچىلىق. بۇنىڭدا سۇنىڭ تۇز تەركىبىنى ئۆلچەش - كۆزىتىش قۇدۇقىدىن 139 ى، يەر ئۈستى سۈيىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتىدىن 12 سى، 11 مىڭ 231 گېكتار ئېھاتە ئورمىنى، 1333.33 گېكتار ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى.

ئاپپارات تەرەققىياتى ۋە ئۇنى قوللاش. بۇنىڭدا سۇ بىلەن تەمىنلەش باش شىركىتىدىن 2 سى، شۆبە شىركەتتىن 6سى، سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتىدىن 244ى قۇرۇلدى؛ باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىدىن 18ى بارلىققا كەلتۈرۈلدى؛ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ 3067 كۋادرات مېتىر بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

تەكشۈرۈش ۋە تەربىيىلىنىش. 64 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت سىرتىدا تەربىيىلىنىش، تەكشۈرۈشكە، 282 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت ئىچىدە تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ مەملىكەت ئىچىدىكى تۈر باشقۇرغۇچىلار، تېخنىكلار، دېھقانلاردىن 568 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

كۆك شياڭۋېي

دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تارىم ئويمانلىقىدا يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - زەي چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر | PIP | | MTR | | ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ | ئورۇندالغان RTM (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | سوممىسى | ئومۇمىي مەبلەغدىكى نىسبىتى (%) | سوممىسى | ئومۇمىي مەبلەغدىكى نىسبىتى (%) | | |
| سۇچىلىق قۇرۇلۇشى | 88329.26 | 37.07 | 99741.97 | 42.23 | 96275.40 | 96.52 |
| بوز يەر ئېچىش | 44397.51 | 18.63 | 29711.31 | 12.58 | 28314.77 | 95.30 |
| ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش | 21059.83 | 8.84 | 48594.02 | 20.57 | 55448.01 | 114.10 |
| يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش مۇلازىمىتى | 12466.77 | 5.23 | 17372.94 | 7.36 | 18947.49 | 109.06 |
| مۇھىت ئاسراش ۋە كۆزىتىش | 7993.36 | 3.35 | 12782.47 | 5.41 | 13495.63 | 105.58 |
| ئاپپارات تەرەققىياتى ۋە ئۇنى قوللاش | 12178.80 | 5.11 | 11380.77 | 4.82 | 9260.55 | 81.37 |
| تارىم دەرياسى تۈرى | 9519.64 | 3.99 | 5944.70 | 2.52 | 10446.30 | 175.72 |
| ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق تۈرلەر | 5396.78 | 2.26 | 2864.67 | 1.21 | 2641.96 | 92.23 |
| يۇقىرقى تۈرلەرنىڭ جەمئىي ئاساسىي خىراجىتى | 201341.95 | 84.48 | 228392.84 | 96.70 | 234830.11 | 102.82 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان خىراجىتى | 11115.57 | 4.67 | 5708.31 | 2.42 | 3.14 | 0.06 |
| مال باھاسىنىڭ لەيلىمە خىراجىتى | 25831.43 | 10.85 | 2088.34 | 0.88 | 0 | 0 |
| تۈرلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ | 238288.95 | 100 | 236189.49 | 100 | 234833.25 | 99.43 |

ئىزاھ: PIP تۈردە يولغا قويۇلغان پىلان سانىنى كۆرسىتىدۇ، RTM تۈرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تەخمىن چوتىنىڭ تەڭشەلمە سانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كۆك شياڭۋېي

## كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

**كەلكۈن ئەھۋالى ۋە ئاپەت ئەھۋالى** 2004 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتى ئاساسلىقى قىسمەن رايونلاردا قارا يامغۇرنىڭ كەلكۈنگە ئايلىنىشى، قارا يامغۇرنىڭ تاغلاردا كەلكۈن پەيدا قىلىشى ۋە تاغلارنىڭ گۈمۈرۈلۈشى، لاي- لاتقا ئېقىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن ئىبارەت. ئەتىيازدا ئىلى دەرياسى ۋادىسى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردە قار ئېرىش، تاغلاردا قارا يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىش ۋە تاغ گۈمۈرۈلۈش ئاپەتلىرى يۈز بەردى. كەلكۈن مەزگىلىدە قىسمەن رايونلاردا قارا يامغۇر يېغىپ تاغ كەلكۈنى كۆپرەك كەلدى. ماناس ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، باغراش، ئاقچى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلدى ھەمدە ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 57 مىڭ 500 ئادەم كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 23 ئادەم ئۆلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 154 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق مۇئەسسەسلىرىدە كۆرۈلگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 58 مىليون يۈەن. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست) لەردە ئاپەت ئەھۋالى سەل ئېغىر بولدى.

**قۇرغاقچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى** 2004 - يىلى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى، قۇرغاقچىلىقنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭ، داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئەتىيازدا جەنۇبىي، شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى، 6 - ئايدىن كېيىن دەريالاردىكى سۇ داۋاملىق ئازلاپ كەتتى، شىنجاڭ بويىچە قۇرغاقچىلىق جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېغىرلاشتى، شىنجاڭ بويىچە 333 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، قىسمەن شەھەرلەردە سۇ بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك كۆرۈلدى، زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق 574 مىڭ تونىنىغا، ئىقتىسادىي زىرائەتتىن كۆرۈلگەن زىيان 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست) لەردە ئەتىيازدىن يازغىچە داۋاملاشقان ئېغىر قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىي قىسمى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، بورتالا ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئېغىر دەرىجىدە تومۇز قۇرغاقچىلىقى كۆرۈلدى.

**كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش** 2004 - يىلدىكى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 800 مىڭ گېكتار يەر قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن سۇغىرىلىپ، 1 مىليون 43 مىڭ تونىنا ئاشلىق قۇتقۇزۇۋېلىندى، ئىقتىسادىي زىرائەت زىيىنى 2 مىليارد 116 مىليون يۈەن ئازايتىلدى. شۇ يىلى كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 5 نۇقتىلىق ئېھتىيات قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، «شىنجاڭدا تاغ كەلكۈنى ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئومۇمىي پىلانى» ۋە «دۆلەت كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسى» نىڭ كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى شىنجاڭ تور مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ئاۋ جىڭاڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا 4349.9 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 106 مىڭ 700 گېكتار، سۇغىرىش كۆلىمى 47 مىڭ گېكتار، بەرپا قىلىنغان يەم - خەشەك بازىسى 54 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى، 1200 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 51 مىڭ گېكتار شورلۇق يەر ياخشىلاندى.

سۇ تېجەشتە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 53 مىڭ گېكتار يەردە سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى شۇنداقلا ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش، چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەپ سۇغىرىدىغان قىلىش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرى، تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنۈمبەرسال تۈزەشتىكى سۇغىرىش رايونىنى سۇ تېجەپ سۇغىرىدىغان قىلىش تۈرى قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتۈرۈلدى.

سۇ تېجەشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ نورمىسىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى، ناھىيە دەرىجىلىك سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ نورمىسىنى بېكىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى؛ سۇ بايلىقىنى ئۈنۈمبەرسال پىلانلاش ئاساسىدا سۇ ھوقۇقىنى ئايرىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا تارىم دەرياسى ۋادىسى سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئومۇمىي مىقدارىنى كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى؛ قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى، بورتالا، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە بورتالا ئوبلاستىدا سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشنىڭ تەييارلىقى پۈتتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 7 ناھىيە - شەھىرى ناھىيە دەرىجىلىك سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى كونترول قىلىش، نورمىلىق باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، «مۇكاپاتلاشنى قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئورنىغا دەسسىتىش»، سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى، «شىنجاڭنىڭ كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىدا مۇكاپاتلاشنى قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئورنىغا دەسسىتىشنى يولغا قويۇش چارىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

سۇغىرىش رايونى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ئەندىزىسى يەكۈنلەندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى ھەمدە «شىنجاڭنىڭ كىچىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى قۇرۇش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، كىچىك مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش - باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پېڭ جۈن

## ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭنىڭ 2004 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسىنى باھالاشتا 41 ناھىيە (شەھەر) مۇكاپاتلاندى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن 10، ئۇلار: يەكەن، ئونسۇ ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى، باركۆل، گۇچۇڭ، غۇلجا، تېكەس ناھىيىلىرى، چۆچەك شەھىرى، چىڭگىل ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى.

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن 13، ئۇلار: قاراقاش، يوپۇرغا، ئاقچى، باي، چەرچەن ناھىيىلىرى، قۇمۇل، تۇرپان شەھەرلىرى، جىمىسار، ماناس، كۇنەس، تولى، قابا، ئارشاڭ ناھىيىلىرى.

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن 18، ئۇلار: گۇما، كېرىيە، يېڭىسار، مارالبېشى ناھىيىلىرى، ئاتۇش شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، خوشۇت، چاقىلىق، ئاراتۇرۇك، پىچان، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى، فۇكاڭ، سانجى شەھەرلىرى، نىلقا، چاپچال، ساۋەن، جىڭ ناھىيىلىرى.

ليۇ ۋېنفېن

## سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قۇرۇلۇشى

1. زايوم تۈرىدىن پايدىلىنىپ، سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە كىچىك ۋادىلاردا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش. شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق مەركەز خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلەغدىن پايدىلىنىپ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تۈرى پۈتۈپ، 2004 - يىل 4 - ئايدا سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ خۇاڭخې دەرياسى سۇچىلىق كومىتېتى يۇقىرى - ئوتتۇرا ئېقىن باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

2002 - يىلى مەركەز خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلەغدىن پايدىلىنىپ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تۈرىگە 22 مىليارد 286 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلەغ 9 مىليون يۈەن، يەرلىك يۈرۈشلەشتۈرگەن مەبلەغ 6 مىليون 261 مىڭ 900 يۈەن، ئامما ئۆزى تەيارلىغان مەبلەغ 7 مىليون 24 مىڭ 700 يۈەن (دېھقانلارنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغان ئىش ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇ ئارقىلىق 212.57 كۋادرات كىلومېتىر يەردىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. نۇقتىلىق ئېچىش - قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنى نازارەت قىلىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق تارماقلىرى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ قارامايدىكى 2 گازلىقنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى، ئالاتاۋ پورتى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، جىڭ - ئىلى - قورغاس تۆمۈريولى، غەربىي قىسىم نېفىت تۇرۇبىسى، 500 سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىنى غەربكە يەتكۈزۈش غول ئۆستىڭى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى ۋە سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىنىڭ خىزمەت پروگراممىسىنى تەكشۈرۈشكە ماسلاشتى، يۇقىرىدىكى تۈرلەر سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. 50 نەچچە چوڭ سۇغىرىش رايوننى سۇ تېجەپ سۇغىرىدىغان قىلىش قۇرۇلۇشى، ياپونىيە ھەمكارلىق فوندى مەبلەغ سالغان سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئىسلاھاتى قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمپرسال تۈزەش تۈرى ۋە سۇ ئامبارلىرىنى پۇختىلاپ خەتىرىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىنى تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا تەستىقىي جاۋاب بېرىلدى. تەستىقىي جاۋاب بېرىلگەن سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىگە ئاساسەن 40 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش مەسئۇلىيەت دائىرىسى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشۇرۇلدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش (شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ يەر قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىنىڭ داۋامىنى تۈزۈش تەلىپى ۋە ياخشىلاش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرىگە 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى ئېلىندى.

يىن يۇنپىڭ

## يەرلىك سۇ - ئېلېكتر ئىشلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. قايتا تەكشۈرۈلگەن 737 دەريا - ئېقىننىڭ نەزەرىيىۋى سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى زاپىسى 40 مىڭ 546.8 مېگاۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە دەريانىڭ نەزەرىيىۋى ئېنېرگىيە زاپىسى 10 مېگاۋاتتىن يۇقىرى بولغان دەريا - ئېقىن 323 بولۇپ، نەزەرىيىۋى ئېنېرگىيە زاپىسى 38 مىڭ 178.7 مېگاۋات؛ يەككە دەريانىڭ نەزەرىيىۋى ئېنېرگىيە زاپىسى 10 مېگاۋاتتىن تۆۋەن بولغان دەريا - ئېقىن 414 بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئېنېرگىيە زاپىسى 2368.1 مېگاۋات.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئېلېكتر كۈچىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمى 929 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 589 مىڭ كىلوۋات؛ يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 2 مىليارد 978 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترىنىڭ 1 مىليارد 994 مىليون كىلوۋات سائەت.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزىلىرى سۇ ئېلېكتر بىلەن ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا 828 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (2004 - يىلى سېلىنغىنى 238 مىليون يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى (مەركەزنىڭ ئېلېكترلەشتۈرۈش مەبلىغى ۋە ئۆلكىلىك مالىيىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 137 مىليون يۈەن (2004 - يىلى سېلىنغىنى 34 مىليون 650 مىڭ يۈەن). بۇ ئارقىلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 246 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 818 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 194 مىڭ كىلوۋات، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 711 مىليون كىلوۋات سائەت. يىللىق ئوتتۇرىچە توك ئىشلىتىش مىقدارى 414 كىلوۋات سائەتكە، ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە توك مىقدارى 369 كىلوۋات سائەتكە يەتتى. يېزىلارغا توك يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى 100% كە، كەنتلەرگە توك يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى 99.49% كە، ئائىلىلەرگە توك يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى 98.49% كە، ئائىلىلەرنىڭ يېقىلغۇ ئورنىغا سۇ - ئېلېكتر توكى ئىشلىتىش نىسبىتى 24.95% كە يەتتى.

خۇ يەن

## شامال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش

1. داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى. 2004 - يىلى شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنى 4 - قېتىم كېڭەيتىپ، «جىنفېڭ» ماركىلىق S43/600 تىپلىق شامال كۈچى ئېلېكتر گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن 16 نى كۆپەيتتى، بۇ گېنېراتور گۇرۇپپىلىرىنىڭ يەككە گېنېراتور سىغىمى 600 كىلوۋات بولۇپ، يېڭى كۆپەيگەن ئومۇمىي سىغىم مىقدارى 9600 كىلوۋاتقا، تورغا كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي توك 25 مىليون 517 مىڭ 400 كىلوۋات سائەتكە يەتتى. يېڭى توكنىڭ تورغا كىرگۈزۈلۈشى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ توك ئىشلىتىشتىكى جىددىيلىكىنى پەسەيتتى.

2. جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى. شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى نازارەت قىلىپ قۇرۇشقا مەسئۇل بولغان جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن دىزېل ئېنېرگىيىسى بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تۈرنىڭ 1 - قارارىدىكى 9 ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 7 سى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇلار ئاراتۇرۇك ناھىيە توخۇلۇ يېزا بۇرۇلغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزا تۈمۈرتى كەنتى ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزا نامداۋان كەنتى، قۇمۇل شەھىرى ئاقتاش يېزا تاشۇ كەنتى ئېلېكتر ئىستانسىسى، لوپنۇر ناھىيە دۆڭقوتان يېزا تاتلىق كەنتى ئېلېكتر ئىستانسىسى، يەنجى ناھىيە شىكشىن بازىرى خوراتاغ كەنتى ئېلېكتر ئىستانسىسى، لوپنۇر ناھىيە قارچۇغا يېزا چوڭمەھەللە كەنتى ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىبارەت 7 ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 85.5 كىلوۋاتقا، زاپاس توك مەنبىيى بولغان دىزېل ماتور توكى 140 كىلوۋاتقا يەتتى.

جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن دىزېل ئېنېرگىيىسى بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش تۈرى چەت - يىراق، نامرات، توكسىز رايونلارنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

3. شامال گېنېراتورىنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەتقىق قىلىپ ياسىلىشى ۋە سېتىلىشى. 2004 - يىلى چوڭ تىپتىكى شامال گېنېراتورىنى يەرلىكنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۆزىمىزدە ئىشلىنىش نىسبىتى 96% كە يەتتى. 2004 - يىلى 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورىدىن 250 نى سېتىش توختامى ئىمزالاندى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرى بىلەن 750 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورىدىن 6نى سېتىش توختامى ئىمزالاندى. شۇ يىلى 112 دانە شامال گېنېراتورى سېتىلدى، سوممىسى 246 مىليون يۈەنگە يەتتى. شامال گېنېراتورلىرى شىنجاڭدىن باشقا يەنە گۇاڭدۇڭ، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، خېبېي، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرگە سېتىلدى.

2004 - يىلى 750 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورى بازارغا سېلىندى، ھازىر 800 كىلوۋاتلىق 1.2 مېگاۋاتلىق شامال گېنېراتورى تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىشقا باشلىدى.

2004 - يىلى دۆلەت بەلگىلىگەن چوڭ شامال گېنېراتورىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك شامال ئېلېكتر قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشتى.

گاۋ جۇرۇڭ، ليۇ ۋېيفېن

## سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە 88 سۇ ئامبىرى دۆلەتنىڭ خەۋپلىك، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەترىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇلارغا دۆلەت 1 مىليارد 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. باشقۇرۇش تارماقلىرى خەترى تۈگىتىلىپ پۇختىلانغان 36 سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تەھلىل قىلدى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەترىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 263 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇغىرىش كۆلىمى 45 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى، 227 مىڭ 900 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئامبار سىغىمى 535 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، گېنېراتور سىغىمى 2378 كىلوۋاتقا، توك تارقىتىش مىقدارى 4120 كىلوۋاتقا، ئاشلىق ھوسۇلى 71 مىڭ 160 توننىغا يەتتى.

جاڭ رۇڭ

## چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىش

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 27 ئورۇندىكى چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ داۋاملىق قۇرۇلىدىغان 105 يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرى بىلەن سۇ تېجەيدىغان قىلىش تۈرى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈرلەرگە 787 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 504 مىليون يۈەن، يەرلىك

يۇرۇشلەشتۈرگەن مەبلەغ 283 مىليون يۈەن، بۇ مەبلەغ بىلەن 502.83 كىلومېتىر غول ۋە تارماق ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىندى، ئۆستەڭلەرنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئۈچۈن 710 ئىنشائات ياسالدى، 27 ئېلىش بېشى ئۆزگەرتىلدى. بۇ جەرياندا 15 مىليون 245 مىڭ 600 كۇب مېتىر توپا - تاش قۇرۇلۇشى، 500 كۇب مېتىر بېتون ۋە پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلۇشى تاماملاندى. سۇ تېجەيدىغان قىلىش ئارقىلىق بىر يىلدا 926 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى، 752 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، 381 مىڭ 700 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 25 مىڭ 400 گېكتار كۆپەيدى.

جاڭ رۇڭ

## سۇغىرىشنى باشقۇرۇش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەمەلىي سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 3 مىليون 120 مىڭ 100 گېكتار (ئېتىز ـ ئېرىق، ئوتلاق، ئورمان، باغ قاتارلىق سۇغىرىش كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 333 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە باشلانغان سۇ 32 مىليارد 692 مىليون كۇب مېتىرغا، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 14 مىليون 82 مىڭ 900 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا سۇغىرىلغان كۆلەم 4 مىليون 644 مىڭ 400 گېكتار (قېتىم)، قىشتا سۇغىرىلغىنى 1 مىليون 508 مىڭ 800 گېكتار (قېتىم). ھەر گېكتار يەرنىڭ ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى 10 مىڭ 485 كۇب مېتىر، زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈم‌ھېرسال گېكتار (قېتىم) ى بويىچە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارى (ئومۇمىي سۇغىرىش سۇ نورمىسى) 2330 كۇب مېتىر بولدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.5 قېتىم سۇغىرىلدى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش يولغا قويۇلۇپ، 1 مىليون 905 مىڭ 300 گېكتار يەر سۇغىرىلدى، ھەر گېكتار يەرنى سۇغىرىشتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 465 كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى، بىر يىلدا تېجەلگەن سۇ 800 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشتى؛ ھەر يىلى ھەر گېكتار يەرنى سۇغىرىشقا كېتىدىغان سۇ چىقىمى ئوتتۇرىچە 67.5 يۈەن ئازايتىلىپ، مەنپەئەتلەنگەن ئاھالە 7 مىليون 800 مىڭ كىشىگە يەتتى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتىدىن 100 ى قۇرۇلدى.

بىر يىلدا سۇچىلىقنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 732 مىليون 56 مىڭ 400 يۈەن سۇ پۇلى يىغدى، سۇ پۇلىدىن قايتۇرۇلغان قۇرۇلۇش رېمونت ھەققى 116 مىليون 433 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 17 مىليون 636 مىڭ 300 يۈەن كۆپەيدى، سۇ پۇلىنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 15.9% بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر 17 مىڭ 313 سۇ باشقۇرغۇچى بار.

جاڭ رۇڭ

## سۇ تېجەپ سۇغىرىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ نەملىكى ساقلانغان كۆلەم 784 مىڭ 200 گېكتارغا، سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىلغان كۆلەم 561 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ نەملىكى ساقلانغان كۆلەم شۇ يىلى ئەمەلىي سۇغىرىلغان 2 مىليون 191 مىڭ 300 گېكتار ئېتىز ـ ئېرىق كۆلىمىنىڭ 35.78% نى ئىگىلىدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چۈنەكلەپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 128 مىڭ 500 گېكتارغا، تاختىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 417 مىڭ 100 گېكتارغا، پۈركۈپ سۇغىرىلغان كۆلەم 92 مىڭ 100 گېكتارغا، تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم 22 مىڭ گېكتارغا، تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلغان كۆلەم 20 مىڭ 600 گېكتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.4969 غا يەتتى، 38 مىڭ 284.9 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە رېمونت قىلىنغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 20 مىڭ 870.3 كىلومېتىر.

جاڭ رۇڭ

## شەھەر ـ يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 36 مىليارد 285 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى تەمىنلەنگەن سۇ 35 مىليارد 165 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت تەمىنلەنگەن سۇ 522 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر ـ بازارلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالى تەمىنلەنگەن سۇ 598 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئېلېكترى تەمىنلەنگەن سۇ 1 مىليارد 405 مىليون كۇب مېتىر (تەكرار ئىشلىتىشكە بولىدۇ).

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلارنىڭ سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 37 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر سەپلىگىنى ۋە ئامما ئۆزى تەيارلىغىنى 12 مىليون 420 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ ئارقىلىق 87 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 67 قۇدۇق قېزىلىپ، 1518 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، 190 مىڭ 200 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ھەل

قىلىندى.

جاڭ رۇڭ، لى فۇشىڭ

## تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى


تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇش، تۆۋەنكى ئېقىن رايونىدىكى يېشىل كارىدورنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاراشەھەر دەرياسىدا سۇ كۆپىيىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 2000 - يىلدىن باشلاپ 2004 - يىل 8 - ئايغا قەدەر تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا 6 قېتىم جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى. داشىكۆل سۇ ئامبىرىدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا 1 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىر سۇ قويۇپ بېرىلدى؛ تېتىما كۆلىگە 5 قېتىم سۇ قويۇپ بېرىلىپ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىن يولىدا ئاز كەم 30 يىل سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

6 قېتىم جىددىي سۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىن يولىنىڭ 2 قىرغىقىدىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىرلىق دائىرىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئومۇمىيۈزلۈك 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 5 مېتىردىن 7 مېتىرغىچە ئۆرلىدى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى ۋە تۆۋەنكى ئېقىن رايونى ئېكولوگىيىلىك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى ۋە ياشاش شارائىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. يىراقتىن سېزىش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئانالىز قىلغاندا، 4 - قېتىم سۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن داشىكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى 18 مىڭ گېكتارلىق دائىرىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئەسلىگە كەلگەن، دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىن رايونىدىكى يېشىل كارىدوردىن ئۆتىدىغان دۆلەت يولى «218» لىنىيىسىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم بوران ئاپىتى بىرئاز يېنىكلىگەن، يولنى قۇم بېسىپ كېتىش ئېغىر بولغان بۆلەكلەر ئازايغان.

ليۇ ۋېنفېن

## پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى 53 «سۇچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تۈرى ئىچىدىكى 5 تۈر سۇچىلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. شۇ يىلى يوللانغان تۇرپان ۋىلايىتىدە تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، تۇرپان



تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا 6 قېتىم جىددىي سۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دەريا ياقىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يەنىمۇ ئەسلىگە كەلدى.

سۈرەتنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن

ۋىلايىتىدە كارىزلارنىڭ تىك قۇدۇقلىرىنىڭ ئاغزىنى پۇختىلاش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر سۇچىلىق مىنىستىرلىكى «948» تۈر باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، تۈر مەبلىغى ئۈچۈن 700 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلدى. سۇچىلىق مىنىستىرلىكى «948» تۈر باشقۇرۇش ئىشخانىسى «سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى بېتون قۇرۇلمىسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە پۇختىلاش تېخنىكىسى» تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېتەكچىلىك يارىتىش تۈرى بولغان «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جىددىي سۇ قويۇپ بېرىش ۋە ئېكولوگىيىنى ياخشىلاشنى كۆزىتىش - مۆلچەرلەش تەتقىقاتى» نى باھالاپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. سۇچىلىق تۇگۈنى توك تارقىتىش سۇئىگۈچى قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىشىنى ماشىنا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى ۋە ئاسراش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، يۇقىرى ئىقتىدارلىق بېتوننى ئۇلۇغچۇر دەرياسىنىڭ نور قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىش ۋە تەتقىق قىلىش، جانلىق ئۆزۈلمە بەلۋاغدىن توسمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزىتىش تېخنىكىسى، سايرام كۆلىدە ئاق كورگونۇس بېلىقى سورتىنى كىرگۈزۈپ كۆپەيتىش سىنىقى ۋە ئۇنى سۇنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى، شىنجاڭنىڭ سۇ ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇر سىستېمىسىدىن ئىبارەت 5 تۈرنى تېخنىكا

جەھەتتىن باھالاش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە ئاپتونوم رايون ۋە سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا يوللاندى.

مۇختار خوجا

## كارىزلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى

2002 - يىلدىن باشلاپ 2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ شىنجاڭدىكى كارىزلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئېلان قىلدى: كارىزلارنىڭ سانى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى 1784 تىن 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 614 كە چۈشۈپ قالغان، 909 كارىز قۇرۇپ كەتكەن، 261 كارىز يوقالغان. جەمئىي ئازايغان كارىز 1170 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 963 ى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ياكى تاشلىۋېتىلگەن كارىز ئىكەن، 207 سىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىكەن. مەلۇماتقا قارىغاندا، شىجاڭدىكى كارىزلار يىلىغا ئوتتۇرىچە 23تىن ئازىيىۋېتىپتۇ.

شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ سانى ۋە سۈيىنىڭ تېزدىن ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، يەرنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر كارىزلارنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ياخشىلىرىنى قوغداش يولىدا مېڭىش، قۇرۇلۇش، تېخنىكا، قانۇن ۋاستىلىرىنى قوللىنىش، مۇھىمى ئىشنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، سۇ تېجەش، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن باشلاش كېرەك دەپ قارىدى.

ليۇ ۋېنفېن

## زەي خاۋخۇي شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى زەي خاۋخۇي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۆقتىلىق دەريا - ئېقىنلار، ئۆقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈردى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

ليۇ ۋېنفېن

## مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

ئىلغار كوللېكتىپ مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ: سۇچىلىق نازارىتى پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى؛ مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ئورۇن: ماناس دەرياسى باشقۇرۇش باشقارمىسى؛ سۇ بايلىقىنى تەڭشەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەت بويىچە ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار ئورۇن: تارىم دەرياسى ۋادىسىنى بشقۇرۇش ئىدارىسى؛ مەملىكەت بويىچە سۇ-تۇپراقنى قوغداشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ: سۇچىلىق نازارىتى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش باشقارمىسى؛ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار: شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش مەركىزىي پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى.

ئىلغار شەخسلەر مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسى ئىشخانا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس: شاڭ ۋېن؛ مەملىكەت بويىچە يېزا سۇ ئېلېكترى ۋە ئېلېكترلەشتۈرۈش ستاتىستىكىسى خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى: خۇ يەن؛ سۇ بايلىقىنى تەڭشەشتىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر: ۋاڭ جيەنجۇڭ، جۇ جۇن، ۋاڭ فۇيۇڭ؛ مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسى پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر: ۋۇ گاڭ، پېڭ لىشىن؛ مەملىكەت بويىچە سۇ - تۇپراقنى ساقلاشتىكى ئىلغار شەخس: ليۇ گوجېڭ؛ مەملىكەت بويىچە سۇ مەمۇرىيىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس: لېي ۋېندۇ؛ سۇچىلىق مىنىستىرلىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر: چېڭ پىڭ، لياۋ جىنخۇي، ليۇ شۇمىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا «جۇڭگو سۇچىلىق قۇرۇلۇشى گېزىتى» ئىدارىسى مۇخبىر ۋاڭ دەڭڭە «2004 - يىل كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇخبىر» دەپ نام بەردى.

ليۇ ۋېنفېن

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى 368 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ؛ كەسىپكارى 933 مىڭ 500 گە يېتىپ، 52 مىڭ 600 ى كۆپەيدى؛ ئومۇمىي مۇلۇك قىممىتى 31 مىليارد 116 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، 20.69% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 22 مىليارد 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.61%؛ تىجارەت كىرىمى 47 مىليارد 578 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.26% ئاشتى؛ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 536 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.57% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 362 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.24%؛ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 312 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.14%، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 1 مىليارد 522 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.45%؛ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 5 مىليارد 403 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.91%؛ ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 297 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.78% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن كېلىدىغان قىسمى 551 يۈەنگە يېتىپ، 43 يۈەن ئاشتى.

ۋاڭ لى

## يېزا - بازارلاردىكى كۆلەملىك كارخانىلار

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى يېزا- بازار كارخانىسى 399 غا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 33 ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 253 كە يېتىپ، 49 ى؛ 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 53 كە يېتىپ، 16سى؛ 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىرى 18 كە يېتىپ، 4ى كۆپەيدى. كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.45% ئېشىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي قوشۇلما قىممىتىنىڭ 28.61% نى، تىجارەت كىرىمى 13 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.97% ئېشىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي قوشۇلما قىممىتىنىڭ 28.16% نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ لى

## يېزا - بازارلاردىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن يېزا - بازار كارخانىسى 90% تىن ئېشىپ كەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان يېزا - بازار كارخانىسى 365 مىڭ 400 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14 مىڭى كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 99%نى؛ كەسپكارى 820 مىڭغا يېتىپ، 60 مىڭدىن كۆپرەك ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي كەسپكارنىڭ 95%نى؛ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 73%نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ۋاڭ لى

شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى ۋە پايدا - بېجى جەھەتتىكى 2004 - يىلدىكى 10 كۈچلۈك كارخانا

| كارخانا نامى | تىجارەت كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | پايدا - باج سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ «جيۇجو» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 8.08 | 8771 |
| شىنجاڭ «چىشىڭ» بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 8.06 | 3738 |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 5 | 3482 |
| شىنجاڭ «خۇاجۇڭ» ئىقتىساد - سودا (گۇرۇھى) ياغچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 4.20 | 193 |
| شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىك باش شىركىتى | 3.85 | 2579 |
| شىنجاڭ كورلا «فۇشىڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 3.67 | 3403 |
| شىنجاڭ «شىنفېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى | 3.6 | 5127 |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى تۆمۈر تۇرۇبىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 2.88 | 1384 |
| شىنجاڭ «تۇنخې» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 2.74 | 3022 |
| شىنجاڭ «كاڭيومېي» ئاشلىق ـ ياغ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 1.98 | 119 |

## كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ نىسبىتى 41 : 56 : 33 گە تەڭشەلدى. 2 ـ كەسىپ يەنىلا ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى، بولۇپمۇ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز، باشلامچىلىق رولى روشەن بولدى، ئۇلارنىڭ 2004 ـ يىلى قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 339 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 30.57٪، تىجارەت كىرىمى 10 مىليارد 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29.52٪ ئاشتى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ قەدىمى تېز بولدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان سانائەت كارخانىسى 11 مىڭ 72 گە يېتىپ، 728ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمدىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان سانائەت كارخانىسى 164 كە، قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 469 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، بايىنغولىن ئۇيلاستىلىق «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىك باش شىركىتى، شىنجاڭ «كاڭيومېي» ئاشلىق ـ ياغ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «سەنۋاڭ» يەم ـ خەشەك چەكلىك شىركىتى، لوپنۇر «جوڭلياڭ» پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۇيشياڭ» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى قاتارلىق تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، شىنجاڭغا ھەتتا دۇنياغا تونۇلغان 18 كارخانا بارلىققا كەلدى.

ۋاڭ لى

## سانائەت باغچا رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇۋاتقان ۋە پۈتكەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر خىل يېزا ـ بازار كارخانىسى سانائەت باغچە رايونى 41گە يەتتى، باغچا رايونىغا كىرگەن كارخانا 10 مىڭ 517گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2550ى

ۋاڭ لى

كۆپەيدى؛ ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 364 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 31.15٪ ئاشتى؛ باغچا رايوندىكى كارخانىلارنىڭ كەسپكارى 81 مىڭ 600گە يېتىپ، 10 مىڭ 100 كىشى كۆپەيدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى سانائەت باغچە رايونى تەرەققىي قىلىپ يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى شۈرۈش بىلەن شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىغا، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان مۇھىم كۆزنەككە ئايلاندى.

ۋاڭ لى

## تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى 649 تۈر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 40، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈر 428، كېڭەيتىلگەن تۈر 122، تېخنىكا ئۆزگەرتىلگەن تۈر 59. بۇ تۈرلەرگە 3 مىليارد 943 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 2 مىليارد 212 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 545 مىليون يۈەن، كېڭەيتىپ قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 94 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 92 مىليون يۈەن. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن ئېلىنغان قەرز 303 مىليون يۈەن، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 312 مىليون يۈەن، ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 2 مىليارد 170 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 158 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى 45 كە، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 800 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ لى

## يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك

ئۇنۇمدارلىقى 50 مىڭ 969 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4202 يۈەن؛ ئوتتۇرىچە پايدا - باج نىسبىتى 5177 يۈەنگە يېتىپ، 608 يۈەن ئاشتى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كاپىتال پايدا نىسبىتى %10.74 كە يېتىپ، 0.56 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى؛ كاپىتالنىڭ قىممىتىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئېشىش نىسبىتى %345.11 كە يېتىپ، 1.83 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تۆھپە نىسبىتى %17.18 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى يېزىلاردىن كەلگەن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىدىن قوبۇل قىلىنغىنى 52 مىڭ 600، شەھەر - بازارلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن قوبۇل قىلىنغىنى 42 مىڭ 700 بولۇپ، جەمئىي 28 مىڭ 500 ئادەم كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش مەبلىغى 9 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ھەققى 5 مىليارد 403 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.91 ئاشتى.

ۋاڭ لى

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ مەھسۇلات مىقدارى 72 مىڭ 239 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 54 مىڭ 599 توننىغا يېتىپ، %8.8، بىڭتۇەننىڭ 17 مىڭ 640 توننىغا يېتىپ، %6.2 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئومۇمىي مىقدارى ئىچىدە باقمىچىلىقنىڭ 59 مىڭ 506 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.7، كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 12 مىڭ 933 توننىغا يېتىپ، %15.9 ئاشتى.

باقمىچىلىق مەھسۇلاتىدا بېلىق كۆلچەكلىرىدە بېقىلغىنى 47 مىڭ 431 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.8، كۆللەردە بېقىلغىنى 610 توننىغا يېتىپ، %8.2، سۇ ئامبارلىرىدا بېقىلغىنى 7701 توننىغا يېتىپ، %9.6 ئاشتى، ئازگال - كۆلچەكلەردە (دەريا جىلغىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بېقىلغىنى 3170 توننا بولۇپ، %6.6 ئازايدى، باشقا ئۇسۇلدا بېقىلغىنى 594 توننىغا يېتىپ، %69 ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىق كۆلىمى 64 مىڭ 711 گېكتارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچىكى 10 مىڭ 610 گېكتارغا يېتىپ، %0.1؛ كۆل 4987 گېكتارغا يېتىپ، %1.4؛ سۇ ئامبىرى 40 مىڭ 609 گېكتارغا يېتىپ، %0.2؛ ئازگال - كۆلچەك (دەريا جىلغىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 8425 گېكتارغا يېتىپ، %0.2؛ باشقىلار 80 گېكتارغا يېتىپ، %51 ئاشتى. ھەر گېكتار باقمىچىلىق سۇ كۆلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 920 كىلوگرامغا يەتتى.

2004 - يىلى 743 مىليون دانە بېلىق بالىسى يېتىشتۈرۈلۈپ، 2003 - يىلدىكىدىن 120 مىليون دانە كۆپەيدى.

يەرلىك سىستېمىدا سۇ مەھسۇلاتىنى پىششىقلاش كارخانىسىدىن 5ى بار، ئۇلار توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى ئاساس قىلىدۇ، ئاز مىقداردىكى قۇرۇتۇلغان مەھسۇلات ۋە كونسېرۋانىمۇ پىششىقلايدۇ.

يەرلىك سىستېمىدىكى بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 4215 كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22 ئائىلە كۆپەيدى. بېلىقچىلىق نوپۇسى 18 مىڭ 471 گە يېتىپ، 44 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنئەنىۋى بېلىقچى 3854 (بېلىقچىلىقتىن قىلىنغان كىرىمنى ئاساس قىلىدۇ). بېلىقچىلىق ئەمگەك كۈچى 13 مىڭ 935 كە يېتىپ، 353 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 8504 كە يېتىپ، 765 كىشى كۆپەيدى، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 5431 بولۇپ، 412 كىشى ئازايدى. بېلىقچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5446 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2059 يۈەن كۆپەيدى.

بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 576 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 186 مىليون يۈەن ئاشتى.

2004 - يىلى بېلىقچىلىقتا ئاپەت يۈز بېرىپ، 3 مىليون 536 مىڭ 400 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئاپەت ئاساسلىقى كېسەللىك زىيانداشلىقى، بۇلغىما، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولدى.

باقمىچىلىق مەھسۇلاتىدا سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 14 مىڭ 162 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3457 توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە راك، قىسقۇچ پاقىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 344 توننىغا يېتىپ، 196 توننا ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا 3.9 كىلوگرامدىن سۇ مەھسۇلاتى توغرا كەلدى.

يەرلىك سىستېمىدا ئومۇمىي سۇ مەھسۇلات مىقدارى 4000 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6: سانجى ئوبلاستىنىڭ 12 مىڭ 601 توننا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 8690 توننا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 8551 توننا، ئاقسۇ

ۋىلايىتىنىڭ 5721 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 5200 توننا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4638 توننا.

مەھسۇلات مىقدارى 2000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە (شەھەر) 8: سانجى شەھىرىنىڭ 7155 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 6500 توننا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 4672 توننا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 3900 توننا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 2650 توننا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 2545 توننا، باي ناھىيىسىنىڭ 2350 توننا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 2320 توننا.

ياڭ شياۋلىي

## سۇ مەھسۇلاتى مىقدارى ۋە باقمىچىلىق كۆلىمى كۆپەيدى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ مەھسۇلاتى مىقدارىنىڭ 2003 - يىلدىكىدىن ئېشىش ھەجمى چوڭراق بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 1784 توننا، ئاقسۇنىڭ 713 توننا، قەشقەرنىڭ 571 توننا، ئالتاينىڭ 489 توننا ئاشتى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ سۇ مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىدا ئاساسلىقى باغراش كۆلىدىن تۇتۇلغان بېلىقنىڭ مىقدارى ئاشقان، چۈنكى باغراش كۆلىدىكى تاپان بېلىقنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى ياخشى، تاپان بېلىقنى تۇتۇش سىجىللىقىنى زورايتىش ئۈچۈن بىر قىسىم كۆللەردە بېلىق تۇتۇش ئاشكارا خېرىدار چاقىرىلىپ ھۆددىگە بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن تاپان بېلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 167%كە يەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە باغراش كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كىچىك كۆل رايونىنىڭ بىر قىسىم سۇ مەھسۇلاتلىرى تۇتۇلىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى باقمىچىلىق تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، بولۇپمۇ باي ناھىيىسىنىڭ باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭىيىپ 433.33 گېكتارغا يەتتى ھەمدە سۇ بايلىقى ئەۋزەللىكى ۋە بېلىق يېمىنىڭ ئەرزان بولۇشىدەك ئەۋزەللىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاساسلىقى ئۇلۇنگۇر كۆلىدىكى تۇتۇلغان ئەركەك بېلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاساسلىقى باقمىچىلىق مەھسۇلاتى ئاشتى.

كۆلچەك باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلگەن رايونلار ئاساسلىقى بىكتۇەن، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى؛ كۆل باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلگەن جايلار ئاساسلىقى بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ؛ سۇ ئامبىرى باقمىچىلىقى كېڭەيتىلگەن جايلاردىن ئاساسلىقى بىكتۇەن؛ ئازگال - كۆلچەك باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلگەنلىرىدىن ئاساسلىقى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى.

ياڭ شياۋلىي

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى ئۆستى

2004 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى سۇ مەھسۇلاتىنىڭ باھاسى ئۆسۈشكە باشلاپ تاكى 6 - ئاينىڭ بېشىغىچە ئىزچىل داۋام قىلدى، بۇ، 1997 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكى ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى، تۈرلۈك تىرىك بېلىقلارنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچىنى مىسالغا ئالساق: تاپان بېلىقنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى ئەسلىدىكى ھەر كىلوگرامى 6 يۈەندىن 10 يۈەنگە، ئوتخور بېلىقنىڭ 8 يۈەندىن 11 يۈەنگە، خاپانباش بېلىقنىڭ 4.5 يۈەندىن 7 يۈەنگە، موزانبىك تىلابىيە بېلىقنىڭ 18 يۈەندىن 26 يۈەنگە، رەڭدار تروت بېلىقنىڭ 20 يۈەندىن 25 يۈەنگە ئۆسكەن. بېلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈشىدە ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، قۇش زۇكىمى تارقالغاندىن كېيىن ئىستېمالچىلارنىڭ سۇ مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجى ئاشتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئېشىشى سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال بازىرىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىغا كېتىدىغان ماددىي ئەشيالار باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تەڭ سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ باھاسى ئۆستى.

ياڭ شياۋلىي

## بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەڭشەلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سۇ باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ياخشى بولدى، جايلار داڭلىق، ئالاھىدە، ئېسىل سورتلار باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بېلىقچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. قۇمۇل شەھىرى بوغاز سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسى ئۆز جايىنىڭ قۇياش نۇرى ئىسسىقلىقى، قاتناش جەھەتتىكى قولايلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، راللى سازلىق راكى، جەنۇبىي ئامېرىكا ئاق پراۋىنى راكى، تېپلوئىد ئەركەك ئاۋن بېلىقى، ئامېرىكا كالفورنىيە ئالابۇغا بېلىقى، ئوكۇن بېلىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل سورتنى كىرگۈزدى؛ قەشقەر ۋىلايىتى سىرتتىن يىلان بېلىق، قىسقۇچ پاقا، ئالابۇغا بېلىق، موزانبىك تلابىيە بېلىقى، كالفورنىيە ئالابۇغا بېلىقى قاتارلىق سورتلارنى كىرگۈزۈپ بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى ئالابۇغا بېلىق، قارا بېلىق، كۆك بېلىق،

روسىيە ئوستېر بېلىقى قاتارلىق 11 خىل سورتنى كىرگۈزدى؛ ئالتاي ۋىلايىتى يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىدىكى ئالاھىدە سورتلاردىن كارپ بېلىقى، لوتسىيوپېركا بېلىقى، ئالا چورتان بېلىق، بايقال لېئوتسىسكوس بېلىقى، شەرقىي ياۋروپا يېسسى بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ بايلىق مەنبىيىنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنى نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىقى سىستېمىسىدا داڭلىق، ئېسىل سورتلارنى بېقىش يەنىلا ئېشىش ھالىتىدە تۇرماقتا.

ياڭ شياۋلېي

## تەبىئىي بېلىقچىلىقنىڭ بايلىق مەنبەسى ئەھۋالى

2004 - يىلى سايرام كۆلىدە 12 مىليون دانە ئاسپىدوسپېرما سالمون بېلىجىنى، 800 مىڭ دانە پاناق بېلىق، 400 مىڭ دانە رەڭدار تروت بېلىقى كۆپەيتىلدى، سايرام كۆلىگە 9 مىليون 200 مىڭ دانە ئاسپىدوسپېرما سالمون بېلىجىنى قويۇپ بېرىلگەندىن باشقا، قالغان بېلىجان سورتلىرى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى تەبىئىي سۇ رايونلىرىغا قويۇپ بېرىلدى. بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى ئۇلۇڭگۇر كۆلىدىكى سۇدا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزىگە ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، 6 مىليون دانە ئالا چورتان بېلىقى، فوكسىن بېلىقى، لوتسىئوپېركا بېلىقىنى كۆپەيتتى، 1 مىليون دانە بېلىجان يېتىشتۈردى، جىبىلى كۆلىگە 752 مىڭ دانە بېلىجان قويۇپ بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن 248 مىڭ بېلىجان يۆتكەپ كېلىنىپ كۆپەيتىلدى. بىگتۈەن سۇ ئامبىرىنىڭ باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، بېلىجان قويۇپ بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن سۇ ئامبىرىدىكى تەبىئىي سۇ مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى تېز بولدى.

ياڭ شياۋلېي

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان مەسىلىلەر

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ساقلاندى:

بىرىنچى، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كېتىدىغان مەبلەغ كەمچىل بولۇپ، بىر قىسىم پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش تەس بولدى.

ئىككىنچىدىن، كۆلچەك قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ كونىرىشى، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى. كۆلچەكلەر ئۇزۇندىچە رېمونت قىلىنمىغاچقا ئېغىر دەرىجىدە تىنىپ كەتتى، بېلىجانلارنى كۆپەيتىش - بېقىش مۇئەسسەسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش بەك تەسكە چۈشتى.

ئۈچىنچى، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى بازار بىلەن ئۈنۈملۈك باغلاش يەنىلا تەس بولماقتا، بولۇپمۇ ياخشى كەسىپلەشكەن تەرەققىيات تۈرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىنى ئاستىلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپىنىڭ باغلىنىشلىق تەرەققىياتىنى كېچىكتۈرۈپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ماس ھالدىكى تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى.

ياڭ شياۋلېي

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لارنىڭ 2003 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە بولغان سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارى

| رايون | مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | | بۇنىڭ ئىچىدە | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | بېقىلغىنى (توننا) | | تۇتۇلغىنى (توننا) | |
| | 2003 - يىل | 2004 - يىل | 2003 - يىل | 2004 - يىل | 2003 - يىل | 2004 - يىل |
| ئۈرۈمچى شەھەرى | 3072 | 3161 | 3072 | 3161 | | |
| قاراماي شەھىرى | 526 | 550 | 374 | 277 | 152 | 273 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 292 | 290 | 292 | 290 | | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1110 | 930 | 810 | 910 | 300 | 20 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | 12100 | 12601 | 12100 | 12601 | | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار | 8480 | 8690 | 8381 | 8575 | 99 | 115 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 2299 | 2221 | 2279 | 2186 | 20 | 35 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 4067 | 4638 | 1879 | 1830 | 2188 | 2808 |
| بورتالا ئوبلاستى | 584 | 864 | 534 | 704 | 50 | 160 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 6803 | 8551 | 2366 | 2263 | 4437 | 6288 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 5008 | 5721 | 4411 | 4612 | 597 | 1109 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 300 | 200 | 100 | 100 | 200 | 100 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 4694 | 5200 | 3983 | 4962 | 711 | 238 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 813 | 982 | 706 | 880 | 107 | 102 |
| بىڭتۈەن | 16608 | 17640 | 14285 | 16155 | 2323 | 1485 |
| جەمئىي | 66756 | 72239 | 55572 | 59506 | 11184 | 12733 |

ياڭ شياۋلېي

# نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

1. نامراتلىقنى ئازايتىش پىلانىدىكى ۋەزىپە ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 70 مىڭ ئائىلىنىڭ 350 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى مۇقىم ھەل بولدى، كىرىمى تۆۋەن 2 مىليون 590 مىڭ نامرات ئاھالە 2 مىليون 240 مىڭغا ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىدىكى 210 مىڭ نامرات ئاھالە تۆۋەن كىرىملىك نامراتلىق سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى، تۆۋەن كىرىملىك نامرات ئاھالە 2003 ـ يىلدىكى 1 مىليون 840 مىڭدىن 1 مىليون 630 مىڭغا ئازايدى.

2. نامرات يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 5 سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 35 مىليون 180 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى، يېڭىدىن 1356 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ چېپىلدى، 141 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 79 مىڭ يۇرۇش تۇرالغۇ ئۆي سېلىنىپ، 8341 كۆچمەن ئاھالە كۆچۈرۈلدى، 2350 كىلومېتىر تاشيول كۆپەيتىلدى. 324 نۇقتىلىق كەنتكە سۇ يەتكۈزۈلۈپ، 240 مىڭ ئادەم ۋە 690 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ 96 نۇقتىلىق كەنتكە توك يەتكۈزۈلۈپ، توك يوق 25 مىڭ 241 ئاھالىنىڭ توك مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ 105 نۇقتىلىق كەنتنىڭ تاشيولى تۇتاشتۇرۇلدى، 81 نۇقتىلىق كەنتكە تېلېفون، 51 نۇقتىلىق كەنتكە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈلدى.

3. نامرات رايونلاردىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. 2004ـ يىلى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %6.28 ئاشتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى 2 مىليارد 780 مىڭ توننىغا، ياغلىق دېنى 145 مىڭ 400 توننىغا، پاختىسى 236 مىڭ 700 توننىغا، يىل ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان چارۋىسى 16 مىليون 500 مىڭ تۇياققا يەتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسى نىسبىتى 2000 ـ يىلدىكى 27:3:70 دىن 2004 ـ يىلدىكى 30:5:65 غا تەڭشىلىپ، كەسپىي قۇرۇلمىسى بارغانسېرى ئەلالاشتى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نامرات رايونلار بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئاساس ۋە شارائىتنى ئاساسىي جەھەتتىن

هازىرلىدى.

4. نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاشتى. 2004 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 نۇقتىلىق ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1498 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلىدىكىدىن %11.62 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 4 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 25 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تېز بولدى، 9 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۇجۈن

## نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تۈرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەشكە 3 تۈردە 1 مىليارد 219 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 295 مىليون يۈەن (40 مىليون يۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېرىلگەن مەبلەغ، 8 مىليون يۈەن نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى 284 مىليون يۈەن (72 مىليون يۈەنلىك زايوممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىنىڭ يېتەكچى پىلان ئىچىدىكىسى 520 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 120 مىليون يۈەن. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىملەش يۆلىنىشىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ۋە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق 30 ناھىيە داۋاملىق رايونلارنىڭ خىزمەت نۇقتىسى قىلىندى. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى جايلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەر سانى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى (رايونلار بويىچە تۈرگە ئايرىلىدۇ)، نۇقتىلىق كەنت سانىغا ئاساسەن، 1:2:2:5 نىسبەت بويىچە ھېسابلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، فورمىلالاشتۇرۇلغان تەقسىملەش بىلەن سىياسەت ئامىللىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىل بولۇنۇپ، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نۇقتىلىق ناھىيە ۋە غەيرىي نۇقتىلىق ناھىيىلەردىكى نۇقتىلىق يېزا - كەنتلەرگە ئېتىبار بېرىلدى. نۇقتىلىق ناھىيىلەرگە ئېتىبار بېرىلىدىغان مەبلەغ نىسبىتى %80، غەيرىي نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ %20 بولدى. تۈرلەرنى قاتتىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، تۈرلەر پىلانغا، نازارەت قىلىش مەبلەغكە، مەبلەغ تۈرگە ئەگەشتۈرۈلۈپ، نامراتلارنىڭ نەپكە ئېرىششى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۇجۈن

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش

2004 - يىلى شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، 1 - نۆۋەتتە نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى 1695 نۇقتىلىق كەنتكە يەتكۈزۈش پىلانىدىكى ۋەزىپىلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ «بەش راۋان بولۇش» (سۇ راۋان بولۇش، توك راۋان بولۇش، يول راۋان بولۇش، تېلېفون راۋان بولۇش، رادىئو - تېلېۋىزىيە راۋان بولۇش)، «بەش بار بولۇش» (ئوقۇيدىغان مەكتەپ بار بولۇش، داۋالىنىش كاپالىتى بار بولۇش، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئۆيى بار بولۇش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى بار بولۇش، كۈچلۈك بولغان كەنت رەھبەرلىك بەنزىسى بار بولۇش)، نامرات ئائىلىلەر «بەش ئىمكانىيەت» كە ئىگە بولۇش (بىخەتەر ئىچىملىك سۇ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، توك ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، مۇقىم كىرىم مەنبەسى بولالايدىغان بىر تۈرلۈكتىن يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، ئەرزان - تېجەشلىك ئۆيلەردە ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، قەرەللىك تەربىيىلىنىش ۋە ئۈچۈر ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش) ئۆلچىمى بويىچە 1 - نۆۋەتتە 540 نۇقتىلىق كەنت تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 30 نۇقتىلىق ناھىيىدىكى كەنت 463، غەيرىي نۇقتىلىق ناھىيىدىكى كەنت 77. بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەشكە 852 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1500 دىن ئارتۇق تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ مەبلەغنى تەقسىملەشتە، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتا 1 - نۆۋەتتە نۇقتا قىلىنغان كەنتلەر ئاساس قىلىنىپ، 2 -، 3 - نۆۋەتتە نۇقتا قىلىنغان كەنتلەرگە ئېتىبار بېرىلدى. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى كەنت، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەخسۇس تۈردىكى 67 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى «يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» غا ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە سېلىنغان بۇنداق ئۆي 100 ئائىلىلىكتىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە

قىيىنچىلىقى بار دېھقان ئائىلىسى 22 مىڭ، تۆۋەن كىرىملىك دېھقان ئائىلىسى 50 مىڭ. 2004 - يىلى جەمئىي 508 نۇقتىلىق كەنت تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۈجۈن

## نامراتلارنى كەسىپلەشتۈرۈپ يۆلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا نامرات رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق مەنبەلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەلا سورتلارنىڭ رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەكشەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم ئالاھىدە مەھسۇلات، ئەۋزەل كەسىپلەر نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە سېلىنغان تۈرلۈك مەبلەغ 434 مىليون يۈەنگە يېتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئومۇمىي مىقدارنىڭ 70% نى ئىگىلىدى. باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇنۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 15 باشلامچى كارخانا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىندى، سېلىنغان مەبلەغ 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، بۇ ئارقىلىق 340 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىلىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۈۋرۈك كەسىپلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلۈپ، «شىركەت + بازا + دېھقان ئائىلىسى» ۋە «شىركەت + دېھقان ۋاستىچى + دېھقان ئائىلىسى» دىن ئىبارەت كەسىپلەشكەن ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۈجۈن

## نامرات رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىشى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە نامرات رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىش نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قاتارىدا تۇتۇلدى، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى سىياسەت ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئىشچى ئىشلىتىش ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، ئەمگەك كۈچى كوللېكتىپ سىرتقا چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەندى. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى 30 نۇقتىلىق ناھىيىدىكى دېھقانلاردىن سىرتقا چىققان ئەمگەك كۈچى 2000 - يىلدىكى 38 مىڭدىن 2004 - يىلى 600 مىڭغا كۆپەيدى، ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 11% ئاشتى، بۇ نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبىيى بولۇپ قالدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۈجۈن

## نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم مەركىزى تۆۋەنگە يۆتكىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىدىغان، يۆلەيدىغان ساھەسى ۋە ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، نامرات دېھقان- چارۋىچىلار بىۋاسىتە نەپكە ئىگە قىلىندى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىدىكى 3000 دىن ئارتۇق ئورۇن نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بېرىش، يۆلەش ۋە كەنتلەردە تۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ۋە باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 1088ى نامرات يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، 4635 كادىر نامرات يېزا، كەنتتە دائىم تۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بېرىدىغان، يۆلەيدىغان ئورۇنلار نامرات يېزا - كەنتكە 61 مىليون 980 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، 32 مىليون 590 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى، 11 مىليون 610 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش تۈرى مەبلىغى كىرگۈزدى، 25 مەكتەپ ئۆيى سېلىپ بەردى، 1205 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا پۇل ياردەم قىلدى، يېزا، كەنت كادىرى ۋە نامرات دېھقان، چارۋىچىدىن 6741 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار «تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش» پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، نامرات رايونلاردىكى 30 ناھىيىدىكى 150 يېزىغا قىممىتى 5 مىليون 860 مىڭ يۈەنلىك 5624 يۈرۈش تېلېۋىزور ئىئانە قىلدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۈجۈن

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرى بويىچە تەربىيىلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا «نامرات رايونلاردىكى مىليون كىشىنى پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش مەبلىغىدىن 18 مىليون يۈەن، 8 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 19 ناھىيىدە نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە 28 ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرىنى يولغا قويۇشقا

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتىكى بىر تۈرلۈك ئاساس خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇلۇپ، 9 مىليون 460 مىڭ يۈەن تەربىيىلەش خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 6 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن، غەيرىي نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش خىراجىتى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تەربىيىلىنىش خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %23 نى ئىگىلىدى. نامرات رايونلاردىكى كادىر، دېھقان - چارۋىچىلارنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىسى ۋە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، مەھسۇلاتنى يېڭى پېتى ساقلاش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ماركىتىڭ بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرى ئارقىلىق، نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئاساسلىق ئەمگەك كۈچلىرى نەق مەيداندا تەربىيىلەندى، بىر يىلدا تەربىيىلەش كۆلىمى 634 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات دېھقان، چارۋىچى 622 مىڭ ئادەم (قېتىم).

شۇ شاۋلى، يۈەن لۇجۈن

## نامراتلارنى چەت ئەل مەبلىغى بىلەن يۆلەش تۈرى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ كانادا تەرەققىيات پىلان مەھكىمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كانادا تەرەققىيات پىلان مەھكىمىسى 500 مىڭ كانادا دوللىرى مەبلەغ سالغان ئاممىۋى سىياسەت بويىچە تاللانغان تەتقىقات تېمىسى «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە، ئالاھىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش سىياستى ئۈستىدىكى تەتقىقات» نى بىرلىكتە تاماملىدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۇجۈن

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى 30 نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەردىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىگە دائىر مەلۇمات

| ناھىيە، شەھەر نامى | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى | ناھىيە، شەھەر نامى | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 2606 | 340 | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 2353 | 321 |
| نىيە ناھىيىسى | 1712 | 300 | چىڭگىل ناھىيىسى | 2745 | 265 |
| نىلقا ناھىيىسى | 2232 | 264 | باركۆل ناھىيىسى | 2231 | 263 |
| چاپچال ناھىيىسى | 2419 | 251 | كەلپىن ناھىيىسى | 1806 | 235 |
| تولى ناھىيىسى | 2064 | 210 | خوتەن ناھىيىسى | 1265 | 178 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1611 | 171 | كېرىيە ناھىيىسى | 1129 | 170 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1501 | 169 | گۇما ناھىيىسى | 1169 | 160 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 1626 | 153 | يەكەن ناھىيىسى | 1701 | 152 |
| لوپ ناھىيىسى | 1235 | 150 | يېڭىسار ناھىيىسى | 1244 | 150 |
| قوبۇقسار ناھىيىسى | 3072 | 145 | چىرا ناھىيىسى | 1045 | 140 |
| يۇپۇغا ناھىيىسى | 1580 | 139 | قاغىلىق ناھىيىسى | 1542 | 139 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1041 | 135 | پەيزاۋات ناھىيىسى | 1431 | 101 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1030 | 100 | ئاقچى ناھىيىسى | 1139 | 93 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1302 | 90 | ئاتۇش شەھىرى | 1622 | 85 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 1236 | 81 | جېمىنەي ناھىيىسى | 2231 | 45 |
| دۆلەت بويىچە 27 نۇقتىلىق ناھىيە | 1480 | 154 | نۇقتىلىق 30 ناھىيە | 1498 | 156 |
| ئاپتونوم رايوننىڭ | 2244 | 139 | | | |

ئىزاھ: ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىش سوممىسى تەرتىپ بويىچە كۆپتىن ئازغا قاراپ كىچىككىچە تىزىلدى.

شۇ شاۋلى، يۈەن لۇجۈن

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدا سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئاشتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 61 مىليارد 685 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.4% ئاشتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك شۇكى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى شۇنىڭدەك شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى تېز ئاشتى، بولۇپمۇ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان سالمىقى 91% بولغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15.1% ئاشتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 784 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.7% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 7.2 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.6%، ئېغىر سانائەتنىڭ 55 مىليارد 377 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.7% ئاشتى. يېنىك سانائەتنىڭ نىسبىتى 1:8.8 بولۇپ، ئېغىر سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى تۈۋرۈكلۈك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى، ئەمما «يېنىك سانائەتنىڭ بەك يېنىكلىك» زىددىيىتى يەنىلا گەۋدىلىك بولدى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 97.6% بولۇپ، 2003 - يىلدىكى سەۋىيىدىن ئازراق تۆۋەن بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 6.6 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 99% بولۇپ، 0.2% پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم زور ھەجىمدە ئۆستى. 2004 - يىلى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتتىن ئېلىنغان پايدا 22 مىليارد 723 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 62% ئاشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچىدىن قارىغاندا، سانائەت كارخانىلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىندېكسى 264.6 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 55.8 پوئېنت ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 2.4 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى (تەتۈر كۆرسەتكۈچ) 0.1 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى 0.4 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 5.2 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، مۈلۈكنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى 4.7 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 40 مىڭ 700 يۈەن ئۆستى.

دېڭ شۇچى

### تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 14 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.6% ئاشتى. نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئىچىدە، كۇچا نېفىت خىمىيە رايونىدىكى 2 مىليون 500 مىڭ توننىلىق نېفىت ئايرىش تۈرى، قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ 5 مىليون توننىلىق قويۇق ماي پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆزگەرتىش تۈرى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ پولات تاختا بەلۋاغ قۇرۇلۇشى تۈرى، «تۇنخې» پاي شىركىتىنىڭ پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. يەرلىك كارخانىلارنىڭ 50 نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئىچىدە 41 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغى ۋە زايوم تۈرى ئەمەلىيلەشتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 80 مىليون يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ ھەممىسى چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، 95 تۈر

ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەم ئۆسۈملۈك تۈر 68، ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ 62 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 78% نى ئىگىلەيدۇ. قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى، شىنجاڭ كوكس گۇرۇھى، شىنجاڭ «جىيايۇ» سانائەت - سودا شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ زايوم قوشۇمچە ياردىمى تۈرى 12 مىليون 650 مىڭ يۈەن زايوم قوشۇمچە ياردىمى مەبلىغىگە ئىگە بولدى؛ كۆمۈر بىخەتەرلىكى بويىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن زايوم قوشۇمچە ياردەم تۈرى 83 بولۇپ، 53 مىليون 200 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

دىڭ شۇچى

## تېخنىكا يېڭىلاش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 287، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتكە مەلۇم قىلىنغان زور كەسىپ تېخنىكا مەخسۇس تۈرى 14، دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى تۈرى بىر. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇلترا يۇقىرى بېسىملىق سىغىمچان ئېلېكتر كۆچى ترانسفورماتورنى تەتقىق قىلىش - كەشىپ قىلىش ئىقتىدارى تۈرى دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى؛ شىنجاڭ «جىنفېڭ» يەن - تېخنىكا شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ 3 نۇقتىلىق كەسىپ تېخنىكا مەخسۇس تۈرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى پىلانىدىكى 25 تۈر چۈشۈرۈلدى («قوشۇمچە» گە قاراڭ)، ئۇنىڭغا مالىيە قوشۇمچە ياردەم مەبلىغىدىن 10 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېڭىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ 6 تېخنىكا مەركىزى ئېتىراپ قىلىندى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانا تېخنىكا مەركىزى 65 كە يەتتى. مېتىل ئالكوگوللۇق بېنزىننى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە داۋاملىق مەدەت بېرىلدى، مېتىل ئالكوگوللۇق بېنزىن ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 4 كارخانا بېكىتىلدى. 140 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلات باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. كارخانىلارنىڭ پاتېنت خىزمىتى خادىمىدىن 200 نەچچىسى تەربىيىلەندى. مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 297 سى تەقدىرلەندى، دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 15ى كۆرسىتىلدى.

دىڭ شۇچى

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاساسلىق سانائەت كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى سېلىشتۇرمىسى

| رايون | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | كۆمۈر (تۈمەن توننا) | نېفت (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 745 | 3749.4 | 2253.02 |
| شەنشى | 870.7 | 8426 | 1528 |
| گەنسۇ | 505.1 | 3083.8 | 76.3 |
| نىڭشيا | 147 | 2354.6 | |
| چىڭخەي | 132.4 | 418.8 | 222 |
| شىزاڭ | 14.4 | 1.6 | |
| ئىچكى موڭغۇل | 776.8 | 17171.4 | |
| سىچۈەن | 1546.5 | 4429.9 | 14.3 |
| چۇڭچىڭ | 579.7 | 1764.2 | |
| گۈيجۇ | 438.4 | 9756.6 | |
| يۈننەن | 881.2 | 1718.6 | |
| گۇاڭشى | 595.6 | 521.3 | 3.6 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

### قوشۇمچە

نۇقتىلىق تېخنىكا يېڭىلاش تۈرلىرى

پروپېئون كىسلاتاسى، كالتسىي پروپېئوناتنى تەتقىق قىلىش - تەرەققىي قىلدۇرۇش، 750 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇراملىق كەڭ دىئامېتىرلىق ئۆتكۈزگۈچ سىم، ئېفېدرىننى يات قۇرۇلمىلاشتۇرۇش ۋە سۈنئىي بىرىكتۈرۈش، بەك يانتۇ كۆمۈر قاتلاملىرىغا تىرەك قويۇشنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش، 1.1 مېگاۋاتلىق شامال كۈچى گېنېراتورى، پەمدۇر قىيامى پەردىسىنى ئالدىن قويۇلدۇرۇش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىش، بىناكارلىقنىڭ قۇراشتۇرما شەكىللىك قۇرۇلما سىستېمىسىنى كەشىپ قىلىش، ساخاروزا ياغ كىسلاتاسىنى كۆپ ئېستېرلىق كەشىپ قىلىش، 100 كىلوۋاتلىق چوڭ تىپتىكى تورلاشتۇرۇلغان نۇرۋولت ئېلېكتر پونكىتى ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش، تۇز كۆلىنىڭ شورلۇق سۇيىدىن كالىي نىترات ئېلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى سەيىن زۇكام تابلېتكىسىنى 2 - قېتىم كەشىپ قىلىش، ئايگۈلنىڭ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سىستېمىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولى ئېتىلېن ماتېرىيالىنى يىغىۋېلىپ ئالىيۇمىن - سۇلياۋ پەنەركە ئىشلەپچىقىرىش، كاتود پەردىلىك يېسى ئۇرچۇق، ئالىيۇمىن - لىتىي قېتىشمىسى، دېزېلنىڭ يۇمشىتىش دورىسى، ئامىنو كىسلاتا مىكرو ئېلېمېنتلىق بوغۇز خۇرۇچى، XJ6123WWH تىپلىق ئالىي كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، قۇدۇق بۇرغىلاش سۈيۈقلۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان كىسلاتا ئېرىتمىسى شەكىلدىكى كۆۋرۈك ئاقمىسىنى توسۇش خۇرۇچى، يۇقىرى سۈپەتلىك گاز ئېقىملىق ئىگىرىلگەن يۇمشاق ئىلمە توقۇلما يىپنى كەشىپ قىلىش، كۆپتۈرمە يەم - خەشەكنى كەشىپ قىلىش، مېتىل ئالكوگوللۇق پاكىز يېقىلغۇنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش، ساپ مېتو تېشىنى ئېچىش، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش - مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسىنى ساغلام كەيپىياتتا كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش، نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش سۈيۈقلۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان نېفىت-گاز قاتلىمىنى قوغداش خۇرۇچى.

### پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە بايلىق تېجەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا مېتاللورگىيە، كۆمۈر، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، تېرمودىنامىكا، ئېلېكتر كۈچى، خىمىيە سانائىتى، قاتناش قاتارلىق ساھەلەر نۇقتا، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى، «تەڭرىتاغ» سېمونت گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلار سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، كارخانىلار پاكىز ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەندى ۋە رىغبەتلەندۈرۈلدى. بۇ بىر يىلدا بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تۈرىدىن (مەھسۇلاتتىن) 357 سى ئېنىقلاندى. 15 كارخانىنىڭ بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان 19 تۈرى يېڭىدىن بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

# نېفىت خىمىيە سانائىتى

## ئومۇمىي بايان

### نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى نېفىتلىكلەر 22 مىليون 530 مىڭ 200 توننا نېفىت (نېفىتلىكلەر جەملىگەن سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئىشلەپچىقاردى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن %5.2 كۆپ، 5 مىليارد 748 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى، بۇ %14.3 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 11 مىليون 110 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 2 مىليارد 550 مىليون كۇب مېتىر؛ جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 5 مىليون 383 مىڭ 600 توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 356 مىليون كۇب مېتىر؛ جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 2 مىليون 250 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىر؛ جۇڭگو نېفىت خىمىيە گۇرۇھى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 3 مىليون 581 مىڭ 700 توننا، تەبىئىي گاز 490 مىليون كۇب مېتىر.

نېفىت

### جۇڭگو — قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 17-كۈنى قازاقىستان دۆلەت نېفىت - گاز پاي شىركىتى بىلەن «قازاقىستاننىڭ ئاتاسۇدىن جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كېلىشىمدە مۇنۇلار مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىلدى: ئىككى تەرەپ

بىرلىكتە غەربتە قازاقىستاننىڭ ئاتاسۇدىن شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىدىكى ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان نېفىت تۇرۇبىسىنى ياتقۇزىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 980 كىلومېتىر، دەسلەپتە يىلىغا 10 مىليون توننا نېفىت يەتكۈزۈلىدۇ.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو — قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئاتاسۇدىن باشلىنىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ 2005 - يىل 12 - ئايدا پۈتىدىغانلىقى پىلانلاندى. جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ، ئالاتاۋ ئېغىزىدىن مايتاغ نېفىت چەككىلەش زاۋۇتىغىچە بولغان نېفىت تۇرۇبىسىنى ياتقۇزىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 246 كىلومېتىر.

شاڭ جيەن

# شىنجاڭ نېفىتلىكى

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭغار ئويمانلىقىدا تۈزۈلمىدىكى نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈش- تەتقىق قىلىشنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتلامدىكى جىنس خۇسۇسىيەتلىك نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بىر يىلدا 52 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، قۇدۇقلارنىڭ مېتىراژى 181 مىڭ مېتىرغا يەتتى، نېفىت سىناش قۇدۇقىدىن 68 قاتلامدا 35 ى بۇرغىلىنىپ، 24 قاتلامدا سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت- گاز ئېقىمىغا ئېرىشىلدى، يېڭىدىن ئېرىشىلگەن سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمى بار قۇدۇق 19، تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 44.2% بولدى. نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە 4 مۇھىم بايقاش، 6 ياخشى بىخ بايقالدى. 4 مۇھىم بايقاش جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى لۇلياڭ كۆتۈرۈلمىسىدىكى جەنۇبىي تىتانت 31 - قۇدۇقى، غەربىي تامچىلاش 10 - قۇدۇقى، موسۇۋەن كۆتۈرۈلمىسىدىكى موسۇۋەن 10 - قۇدۇقى، غەربىي شىمال گىرۋەكنىڭ ئۇشا ئۈزۈلمىسىدىكى 72 - قۇدۇق قاتارلىق 4 قۇدۇقتىن ئېرىشىلگەن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى؛ 6 ياخشى بىخ ماناس كۆلىنىڭ غەربىي يانتۇلۇقىدىكى قاراماي 89 - قۇدۇقى، چېپەيزىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى چېپەيزە 83 - قۇدۇقى، موسۇۋەن كۆتۈرۈلمىسىدىكى موسۇۋەن 13 - قۇدۇقى، جىمسار ئويۇلمىسىنىڭ شەرقىي يانتۇلۇقىدىكى جىمسار 17 - قۇدۇقى، فۇكاڭ ئۈزۈلمىسىدىكى 9 ئايلانمىلىق 1 - قۇدۇق، گۇمۇدىنىڭ ئانتىكلىنال 7 - چارۋا قۇدۇقىدا ياخشى نېفىت، گاز نامايەندىسى بولغانلىقىدىن ئىبارەت. نېفىت ئۇۋىسىغا باھا بېرىشتە مەركىزىي قىسىمدىكى جەنۇبىي تىتانت 21 - قۇدۇق رايونى (چېگرا كېڭەيتىش رايونى)، شىمال موسۇۋەندىكى موسۇۋەن 11 - قۇدۇق رايونى، جەنۇبىي گىرۋەكتىكى قورغاس ئانتىكلىنالىدىكى قورغاس 10 - قۇدۇق رايونى، غەربىي شىمال گىرۋەكتىكى ئاقبۇلاق 31 - ۋە ئۇرقۇ 5 - قۇدۇق رايونى قاتارلىقلاردا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 63 مىليون 857 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا نېفىت رايونى بولغان ئاقبۇلاق 31 - قۇدۇق رايونى ۋە ئۇرقۇ 5 - قۇدۇق رايونى قاتارلىق رايونلاردا دۇمىلىما چارلاش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 23 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتتى.

جۇ ۋېيىيا

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 11 مىليون 110 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 509 مىڭ توننا ئاشتى. نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىتلىكتىكى كونا نېفىت رايونلىرىنىڭ نېفىت ئۇۋىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئاساسىدا، سۇ بېرىش، گاز بېرىش لايىھىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرى جەھەتتىكى خىزمەت مىقدارىنى كۆپەيتىش، 3 قېتىملىق نېفىت ئېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. بىر يىلدا نېفىتلىك بويىچە 42 مىليون 810 مىڭ كۇب مېتىر (توننا) سۇ بېرىلدى (پار بېرىلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىتكە بېرىلگەن سۇ 25 مىليون 940 مىڭ كۇب مېتىر، قويۇق نېفىتكە بېرىلگەن پار 16 مىليون 870 مىڭ توننا؛ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى 22 مىڭ 654 قۇدۇق (قېتىم) ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىتنىڭ 9025 قۇدۇق (قېتىم)، قويۇق نېفىتنىڭ 13 مىڭ 629 قېتىم؛ نېفىتلىك بويىچە 16 مىڭ 472 قۇدۇق (قېتىم) ھەرىكەتلىك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىناق قۇدۇقىنىڭ 14 مىڭ 484 قۇدۇق (قېتىم)، ئىشلەپچىقىرىشنى سىناشنىڭ 1988 قۇدۇق (قېتىم). پۈتۈن نېفىتلىك بويىچە كونا نېفىت رايونلىرىنىڭ نېفىت مىقدارىنىڭ تەبىئىي ئازىيىپ بېرىش نىسبىتى 11.18% بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 0.93 پىرسەنت پۇئېنتى كېمەيدى؛ نېفىت مىقدارىنىڭ ئۇنىۋېرسال كېمىيىپ بېرىش نىسبىتى 7.74% بولۇپ، 2.04 پىرسەنت پۇئېنتى كېمەيدى؛ سۇ تەركىبىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئېشىش نىسبىتى 0.9% ئىچىدە تىزگىنلەندى.


بىر يىلدا 2 مىليارد 550 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا دۆملىما يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، بىر يىلدا تۇرلۇك ئېچىش، تەكشۈرۈش، باھالاش، تىزگىنلەش، نېفىت سىناش، سىناپ قېزىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك لايىھەدىن 205 ى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، بىر يىلدا يېڭىدىن 1692 قۇدۇق بۇرغىلاندى، قۇدۇقلارنىڭ مېترازى 2 مىليون 22 مىڭ 100 مېتىرغا، بۇرغىلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.3 كە يەتتى. بىر يىلدا يېڭىدىن 1744 قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىدىكى كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى 6099 توننىغا يەتتى. يېڭىدىن 2 مىليون 18 مىڭ 300 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، 132 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى. يېڭى قۇدۇقلاردىن شۇ يىلى 1 مىليون 213 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ تۆھپە نىسبىتى %60 بولدى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى 11 مىليون 722 مىڭ 400 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىت 7 مىليون 765 مىڭ 200 توننا، قويۇق نېفىت 3 مىليون 957 مىڭ 200 توننا، تەبىئىي گاز قاتلىمىنىڭ گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليارد 423 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

جۇ ۋېيىيا

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ھەقىقىي كىرىش ئېغىزى قىلىپ، كارخانىنىڭ ئاساس باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى. 2004 - يىلدىكى مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش، ئېچىش، سىستېمىلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە سېلىنىدىغان بىۋاسىتە مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىندى، ئالدىن تەكشۈرۈشكە بىۋاستە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 131 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %15.1 نى؛ باھالاشقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغ 499 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.7 نى؛ ئېچىشقا بىۋاستە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 678 مىليون



2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە موسۇۋەن 10 - قۇدۇقنى تەكشۈرۈپ يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى.
ساڭ شېنجياڭ فوتوسى

يۈەن بولۇپ، %62.5 نى ئىگىلىدى. مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش جەھەتتە قۇرۇلۇش تۈرىگە دىرېكتور مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇش تەننەرخى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۇڭ نېفىت، گازنى بايقاش تەننەرخى 1.59 دوللار بولۇپ، پىلاندىكىدىن 0.04 دوللار تېجەپ قېلىندى، بىر تۇڭ نېفىت، گاز ئېچىش تەننەرخى 3.7 دوللار بولۇپ، 1.7 دوللار تېجەپ قېلىندى؛ قۇدۇق بۇرغىلاش تەننەرخى 2003 - يىلدىكى بىر مېتىرغا 1845 يۈەن سەرپ قىلىشتىن 1726 يۈەنگە تۆۋەنلىدى، يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ تەخمىنچوت ئىچىدە تىزگىنلەندى. خام چوت ۋە مەبلەغ باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەبلەغ كىرىم - چىقىمىنىڭ ئىككى لىنىيىلىك نۇقتىدا سىناق قىلىنىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلگىرىلىدى، بانكىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقى نۇقتىدا سىناق قىلىنىشتىن ئىلگىرىكىدىن %15 تۆۋەنلىدى، مەبلەغ پىلانىنىڭ ئۇيغۇن كېلىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە %87 تىن يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك باج 3 مىليارد 911 مىليون يۈەنگە يەتتى. 3 - ئايدا شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ ئىچكى تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، ئىچكى تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتىكى ۋەزىپە ۋە نىشانى ئورۇنلاندى. نېفىتلىك بازارلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، توختام باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ قانۇنىي خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا

تۇرلۇك توختامدىن 4052 سى ئىمزالاندى، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ توختام ئىمزالاش نىسبىتى، تەكشۈرۈش نىسبىتى، قائىدىگە ئۇيغۇنلىشىش نىسبىتى، ۋەدىنى ئادا قىلىش نىسبىتى %100 بولدى، تۇرلۇك چىقىم توختامى بويىچە خېرىدار چاقىرىش (كېڭىشىش) نىسبىتى %75 تىن ئاشتى، توختام ماجىراسى كۆرۈلمىدى. ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىدا نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، بىر يىلدا تور ئارقىلىق 1 مىليارد 232 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىنىپ، مەبلەغ ۋە تۇرلۇك خىراجەتتىن 200 مىليون يۈەن تېجەپ قېلىندى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە ماددىي ئەشياغا بولغان ئېھتىياج قوغلىشىلىپ، ئالدىن پىلانلاش، ئالدىن تەييارلاش، تاپشۇرۇش - يۆتكەشنى سۆزلەش، ۋاكالىتەن ساقلاش، ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مال بىلەن تەمىنلەش دەۋرىيلىكى قىسقارتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %100، ماددىي ئەشيانىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98< بولدى. نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2004 - يىلى مەمۇرىي تەپتىشلىك، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تارماقلىرى تۇرلۇك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تۈرىدىن 36 نى ئورۇندىدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئارقىلىق 15 مىليون 660 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

جۇ ۋېيىيا

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى «قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش، يوشۇرۇن خەۋپنى تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بارلىق خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك توختامى ئىمزالاش نىسبىتى %100 بولدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كۈندىلىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، توك سوقۇۋېتىشنىڭ، تېيىلىپ كېتىشنىڭ، توڭلاپ قېلىشنىڭ، ئوت ئاپىتى ۋە پارتلاشنىڭ، زەھەرلىنىش - تۇنجۇقۇپ قېلىشنىڭ، قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى قەرەللىك قانات يايدۇرۇلدى. شىركەت دەرىجىلىك 30 مۇھىم ئورۇن ۋە شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش، تەكشۈرۈشىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %100 بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى «خادىملارنىڭ زور، پەۋقۇلئاددە زور ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى، پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھادىسىسى، قۇدۇق فونتانلاش تىزگىنسىز قېلىش ۋە قۇدۇق فونتانلاپ ئوت كېتىش ھادىسىسى، پارقازان بېسىم قاچىسى پارتلاپ كېتىش ھادىسىسى، بىر قېتىملىق ۋەقەدە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان ھادىسە، بىر قېتىمدا ئېقىپ كېتىدىغان نېفىت 10 توننىغا يېتىپ مۇھىتنى بۇلغايدىغان ھادىسە بولماسلىق» تىن ئىبارەت جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشتىكى 7 تۇرلۇك كۆرسەتكۈچ ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئۇدا 4 يىل «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا زور مەسئۇلىيەت ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىك» تىن ئىبارەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

جۇ ۋېيىيا

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى 51 تۈر 238 تېما بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش پەن - تېخنىكىسى تۈرى 13، ئېچىش پەن - تېخنىكىسى تۈرى 10، تەكشۈرۈپ ئېچىش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى تۈرى 13، ئۈچۈر پەن - تېخنىكىسى تۈرى 6، باشقا پەن - تېخنىكا تۈرى 9. بىر يىلدا پەن تەتقىقاتقا سەرپ قىلىنغان خىراجەت 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %41.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگىنى 800 مىڭ يۈەن، پاي شىركىتى ئاجراتقىنى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقاتقا ئىشلىتىلگەن تەكشۈرۈش مەبلىغى 47 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ 44 مىليون 500 مىڭ يۈەن، تونىلىق نېفىت ئايرىش جەھەتتىكى پەن تەتقىقات خىراجىتى 106 مىليون يۈەن. 2004- يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت، جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي شىركىتى دەرىجىلىك تۈر پىلانىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى %100؛ پەن- تېخنىكا ئۈچۈرى تۈرلىرىنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %60 تىن يۇقىرى، پەن - تېخنىكا ئۈچۈرى تۈرلىرى نەتىجىسىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %93 بولدى، پەن - تېخنىكا ئۈچۈرى خىزمىتىدىكى تۇرلۇك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى سىناش كۆرسەتكۈچى جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ سىناش تەلىپىگە يەتتى. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى، «غالىبىيەت» نېفىتلىكى، داچىڭ نېفىت ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان

«چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت، گازلىقنىڭ شەكىللىنىش، ساقلىنىش مىقدارى ئەندىزىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «شىنجاڭ نېفىتلىكىدە قوللىنىلىدىغان سۇ چىقىرىشتا پىرقىرىما ئېقىمنى ئىئونلۇق تەڭشەپ ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسى»، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى جەنۇبىي تىتانت رايونىنىڭ جىنسلىق قورشالمىسىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە جەنۇبىي تىتانت 21 ـ قۇدۇق رايوندىكى جىنسلىق نېفىت ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق ئىككى تۈرنىڭ نەتىجىسى جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ نېفىتلىكىدە قوللىنىلىدىغان سۇ چىقىرىشتا پىرقىرىما ئېقىمنى ئىئونلۇق تەڭشەپ ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسى»، «تەكشۈرۈش ـ ئېچىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى لىيۇلياڭ نېفىتلىكىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە قوللىنىلىشى» قاتارلىق 7 تۈرنىڭ نەتىجىسى جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 تۈر، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر تۈر، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4 تۈر. «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ موسۇۋەن كۆتۈرۈلمىسىدىكى نېفىتنى گېئولوگىيىلىك تەتقىق قىلىش ۋە موسۇۋەن نېفىت، گازلىقىنى بايقاش»، «لىيۇلياڭ نېفىتلىكىدىكى لىيۇلياڭ 9 ـ قۇدۇق رايوندىكى نېفىت ئۇۋىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ۋە قېزىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش» قاتارلىق 11 تۈرنىڭ نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر تۈر، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4 تۈر، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 تۈر. نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىستراتېگىيە بويىچە نېفىت، گاز ئېلىش نۇقتىسىنى بايقاش ۋە سودا زاپىسىنى كۆپ ئېلىش نىشان قىلىنىپ، «جۇڭغارىينىڭ چوڭ تىپلىق پولىمېر ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گازنىڭ مول يىغىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدىكى قارشى تەدبىر» قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق، زاپاس بايقاش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. نېفىت، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلەپچىقىرىشدا داۋاملىق تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش نىشان قىلىنىپ، تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلەپچىقىرىشى تەتقىقاتىغا ئالدى بىلەن كىرىشىش خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى نېفىت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. كونا نېفىتلىكنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ ئۈنۈمىنى ۋە زاپىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە نۇقتىلىق ئىز قوغلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، «شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ دۆملىما تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ يېڭى رايونلاردىكى نېفىت ئۇۋىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «نېفىت ئۇۋىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش، سانلىق قىممەت مودېلى تېخنىكىسىنىڭ نېفىتلىكتە قوللىنىلىشى»، «شىنجاڭ نېفىتلىكىدە مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «قويۇق نېفىت، ئالاھىدە قويۇق نېفىتنى ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «نېفىت ئۇۋىسىدىن نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى»، «شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى كونا نېفىت رايونلىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش تېخنىكىسى تەتقىقاتى» قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تىزگىنلەش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. نېفىت ئۇۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ۋە سانلىق قىممەت مودېلى تېخنىكىسىنى قوللىنىشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى كونا نېفىتلىكلەرنى تەتقىق قىلىش تەكشىلىك، كەسمە يۈزدىكى ئېشىنچا ماي مىقدارىنىڭ جايلىشىشىنى، كونا نېفىت رايونلىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. جەنۇبىي ۋۇسەيۋەن — زاما ئويمانلىقى، غەربىي تىتانت، كۆيۈكتاغ، 619 ـ رايوندىكى قويۇق نېفىت، 8 ـ رايوندىكى تۆۋەن ئۇرخو گۇرۇپپىسىدىكى نېفىت ئۇۋىسى قاتارلىق 5 شىركەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق نېفىتلىكنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئارقىلىق، نېفىتلىكتىكى نېفىت مىقدارىنىڭ تەبىئىي كېمىيىپ بېرىشى تەدرىجىي تۇراقلاشتى، ئۈنۈملۈك كېمىيىپ بېرىشى بىر ئاز تۆۋەنلىدى. جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تەشكىللەپ يولغا قويغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئېنېرگىيە تېجەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ قويۇق نېفىت قېزىشتا پار بېرىدىغان پار قازىنىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنىڭ ئۈنۈملۈك قوللىنىلىشى» 8 ـ ئايدا پاي شىركىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جۇ ۋېيىا

## يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى

يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بەردى. بىر يىلدا تاپشۇرغان تۇرلۇك باج 815 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممەت بېجى 2 مىليارد 287 مىليون يۈەنگە، ئىستېمال بېجى 445 مىليون يۈەنگە، بايلىق مەنبەسى بېجى 190 مىليون يۈەنگە، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى 170 مىليون يۈەنگە، قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى 170 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىتلىك ئەتراپىدىكى ۋىلايەت (ناھىيە، شەھەر)، بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بەردى. 2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشىغا 500 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى. تولى شامالئۆتەڭدىكى 9 كىلومېتىر غول ئۆستەڭنىڭ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا ۋە قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ مۆتىگې يېزىسىدىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا 620 مىڭ يۈەن بەردى؛ تولى ناھىيىسىنىڭ ئۆرشۆلت يېزىسىدىكى مودون ئوبوكەنتى ۋە قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى مۆتىگې يېزىسىنىڭ يېزا - كەنت يوللىرىنى ياسىشىغا 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. كۆيدەگ كەنتى قازاق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يۇرۇشلەشتۇرۇش تۇرى ۋە سارگۇ كەنتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيتى ئىشخانىسىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش مۇئەسسەسەلىرىگە 230 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە 6 نامرات ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە پەن- تېخنىكا باشلامچىلىرىغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بەردى. «تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تولى ۋە قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزا، 2 كەنتكە 250 نەچچە تېلېۋىزور، 110 دانە VCD ئاپپاراتى، 350 يۇرۇش پەن - تېخنىكىغا دائىر لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا، 120 مىڭ يۈەنلىك 2 يۇرۇش كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسى ۋە قىممىتى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان كومپيۇتېر، ئىش ئۈستىلى قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق ئىشخانا سايمىنى تەقدىم قىلدى.

جۇ ۋېييا

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچ نامى | 2003 - يىلى | 2004 - يىلى | 2003 - يىلدىكىدىن ± |
|---|---|---|---|
| نېفىت (تۈمەن توننا) | 1060.1 | 1111 | 50.9 |
| تاۋار نېفىت (تۈمەن توننا) | 1029.3 | 1069 | 39.7 |
| تەبىئىي گاز (100 مىليون كۇب مېتىر) | 22.1 | 25.5 | 3.4 |
| تاۋار تەبىئىي گاز (100 مىليون كۇب مېتىر) | 7.2 | 9.15 | 1.95 |
| نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى (تۈمەن توننا) | 5811 | 6385.7 | |
| نېفىتنىڭ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى (تۈمەن توننا) | 5591 | 7540 | |
| نېفىتنىڭ تىزگىنلەنگەن قېزىشقا بولىدىغان زاپىسى (تۈمەن توننا) | 1398 | 1477.4 | |
| تەبىئىي گازنىڭ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 471 | 101.35 | |
| تەبىئىي گازنىڭ تىزگىنلەنگەن قېزىشقا بولىدىغان زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 235 | 86.16 | |
| ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش (كىلومېتىر) | 1712 | 607 | —1105 |
| ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش (كۋادرات كىلومېتىر) | 1701 | 2692 | 991 |
| تۇرلۇك باج (100 مىليون يۈەن) | | 40.77 | |
| نېفىت، گازنىڭ بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى (دوللار/تۇڭ) | 4.06 | 4.29 | 0.23 |
| نېفىت، گازنىڭ بىرلىك تەكشۈرۈش تەننەرخى (دوللار/تۇڭ) | 1.8 | 1.59 | — 0.21 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| نېفىت، گازنىڭ بىرلىك ئېچىش تەننەرخى (دوللار/تۈڭ) | 2.9 | 3.7 | 0.8 |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (100 مىليون يۈەن) | | 75.35 | |
| يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (تۈمەن توننا/يىل) | 165.6 | 201.83 | |
| يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (100 مىليون كۇب مېتىر/يىل) | 4.45 | 1.32 | |
| سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش نىسبىتى (%) | | 10.92 | |
| شتاتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى | 15552 | 15552 | |

# شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى

## شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ سوممىسى 15 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 10 مىليارد 825 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 6 مىليارد 888 مىليون يۈەن. ساپ سوممىسى 6 مىليارد 128 مىليون يۈەن. ئاساسلىق كەسپىي تېخنىكا جابدۇقلىرى 5000 دانە (يۈرۈش) دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغا 95 دانە (يۈرۈش)، قۇدۇق ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى 57 دانە (يۈرۈش)، ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئۈسكۈنىسى 43 دانە (يۈرۈش)، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات ئۈسكۈنىسى 213 دانە (يۈرۈش)، بىناكارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 446 دانە (يۈرۈش)؛ ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 213 مېگاۋات؛ پروگراممىلىق خەۋەرلىشىش كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 120 مىڭ توچكا؛ 3 سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 113 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر.

ئىدارە ئورگىنىدا 18 باشقارما - ئىشخانا تەسىس قىلىنغان، ئىدارىگە بىۋاستە قارايدىغان، تەۋەلىكتىكى ئورۇن 18. ئىدارىگە تەۋە ئورۇندىن 43 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن بىر (مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى)، مۇئاۋىن ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن بىر (شىنجاڭ نېفىت ئىشلىرى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى)، باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن 37، مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن 4 (گېئولوگىيىلىك قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتى، نۇرباغ ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، يولۇچى توشۇش شىركىتى، پىكاپ مۇلازىمەت شىركىتى). نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا قوشۇنىدىن 309 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغىلاش

جۇ ۋېيىيا

ئەترىتى 83، قۇدۇق خاتىرىلەش ئەترىتى 47، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات ئەترىتى 100، نېفىت سىناش ئەترىتى 22، قۇدۇق ئۆلچەش ئەترىتى 57.

ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 48 مىڭ 798، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 19 مىڭ 681. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 18. تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 17 مىڭ 772، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 1304؛ 4 ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسى، 10 نېفىت ئىدارىسى دەرىجىلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسى، 37 پەنلەر بويىچە تېخنىكا يېتەكچىسى ۋە 195 كەسپىي تېخنىكا تايانچىسى بار.

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلىغان قۇدۇقنىڭ مېتىراژى 2 مىليون 564 مىڭ مېتىرغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26.6 ئاشتى؛ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىدا 3799 ئۆلچەملىك قۇدۇق (قېتىم) چوڭ رېمونت قىلىنىپ، %11.5، 49 مىڭ 431 ئۆلچەملىك قۇدۇق (قېتىم) كىچىك رېمونت قىلىنىپ، %8.2 ئاشتى. 9634 قۇدۇق (قېتىم) ئۆلچىنىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.4، 2064 قۇدۇق خاتىرىلىنىپ %20، 1 مىليارد 70 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلىپ، %5.9، 1 مىليارد 540 مىليون كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلىنىپ، %8.2، 65 مىليون 270 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىنىپ، %8.3، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 850 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11.3، 9 مىليون 40 مىڭ كۇۋادرات مېتىر ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىنىپ، %4.6 ئاشتى. بىر يىلدا ئومۇمىي كىرىم 9 مىليارد 52 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.85، كارخانىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.5، ھەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 73 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاش كىرىمى %7 كۆپەيدى. ئېلىنغان پايدا 51 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىدارىدىكى تىجارەتتى سىناپ كۆرۈلىدىغان 43 ئورۇندىن 42 سى ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت نىشانىنى ئورۇندىدى.

2004 ـ يىلى نېفىت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ھەمكارلىشىپ تۆۋەن ئۈنۈملۈك نېفىت، گاز بايلىقىنى ئاچتى، 153 قۇدۇق بۇرغىلىدى، ئۇنىڭ مېتىراژى 156 مىڭ 800 مېتىر، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 115 مىڭ توننىغا يەتتى، 380 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، كىرىمى 544 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 58% ئاشتى. مايتاغدىكى يىلىغا 30 مىڭ توننا كاربىنول ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلما پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، سېتىش كىرىمى 11 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن پېڭ

## پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىر تۈردە دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 11 تۈردە گۇرۇھ شىركىتىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 40 نەچچە تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلدى، 32 تۈردە پاتېنت ئىلتىماسى قىلدى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى 95% كە يەتتى. ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ياسىغان كالون كلاپانى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلدى، تەخپۇخسىز بۇرغىلاش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى، شا 72- قۇدۇق قۇرۇلۇشى مەشغۇلاتىدا تۇنجى قېتىم دىئامېتىرى 244.5 مىللىمېتىرلىق كالون كلاپانى تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق پۈتكۈل جەرياننىڭ تەخپۇخسىز مەشغۇلاتى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەخپۇخسىز قۇدۇق بۆلىكى 1511 مېتىر بولۇشتەك دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى؛ كۆمۈر گازى قاتلىمىدا ھاۋانى تۈمانلىتىپ بۇرغىلاش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

بىر يىلدا 382 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «5700» تېپلىق سۈرەت ھاسىل قىلىپ قۇدۇق ئۆلچەش جابدۇقى، DQ70BS ماركىلىق ئۈستىگە سۈرگۈچ قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ، ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ يېڭىلىنىش كوئېففىتسېنتى بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتى 100%، قۇدۇق گەۋدىسى سۈپىتى 98.3% بولدى، ھەر بىر بورغىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 3421 مېتىرغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 14.5% ئۆستى.

چېن پېڭ

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ ئېشىش ھەجمى 5% ئىچىدە تىزگىنلەندى.

مەبلەغ باشقۇرۇش. باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىشنى بەلگىلەش، مەبلەغ سېلىشنى پىلانلاش، دەسلەپكى لايىھە، خېرىدار چاقىرىش، باھا چىقىرىشنى باشقۇرۇش، ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش، پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە تۈرلەرنى كېيىن باھالاش قاتارلىق 7 تۈردە مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلدى.

خام چوت باشقۇرۇش. خام چوت ئاساسىي ئۆچۈرۈ ئامبىرى قۇرۇلۇپ، ئىشتىن ئىلگىرى تىزگىنلەش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىش جەريانىدا تەھلىل قىلىش ۋە ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، زىياننى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت خام چوت نىشانى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، زىياننى ئۆزگەرتىش نىشانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ئايمۇئاي ئانالىز قىلىنىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

مالىيە باشقۇرۇش. مەبلەغنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغ مۇۋاپىق ئايلاندۇرۇلۇپ، مالىيە خىراجىتى 2003 ـ يىلدىكىدىن 15 مىليون يۈەن تۆۋەنلىتىلدى. مۇئامىلىدىكى پۇللارنى ئېنىقلاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئېلىم ـ بېرىم ئەھۋالى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ھازىر بار بولغان مال ـ مۈلۈك ئۈزۈل ـ كېسىل ئېنىقلىنىپ، مال- مۈلۈك باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، زاپاس مال ـ مۈلۈك يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلدى. بوغالتىرلار مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ئۇنى ئۆلچەملەشتۈرۈش لايىھىسى ۋە كەسىپ تەرتىپى تۈزۈلۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش، دەسلەپلەشتۈرۈش ۋە بىرلىكتە سىناش خىزمىتى ئورۇندىلىپ، رەسمىي ئىشقا سېلىش شارائىتى ھازىرلاندى. سىرتقا چېتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللىرىدا باج قايتۇرۇش ۋە تېخنىكىسى ئۆزگەرتىلىدىغان دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈسكۈنىلەرگە سېلىنغان مەبلەغنى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى ئورنىغا دەسسىتىش قاتارلىق تۈرلەر تەشكىل قىلىندى.

قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش. قانۇن ئىشلىرىنى

باشقۇرۇش تورى بەرپا قىلىنىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بىر يىلدا بىرقەدەر زور دەۋا دېلوسىدىن 11 ى بىرتەرەپ قىلىندى، دېلو نىشانىغا چېتىلىدىغان پۇل 73 مىليون 160 مىڭ يۈەن. توختام باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، 5 - نۆۋەتلىك دۆلەت دەرىجىلىك توختامغا رىئايە قىلىدىغان ئىناۋەتلىك كارخانا نامىغا ئېرىشىلدى.

چېن پېڭ

## كارخانا ئىسلاھاتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى كارخانىنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئايرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت، سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەتنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىم قاراماي، ئۈرۈمچى، شەرقىي جۇڭغار نېفىت بازىسىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋە قاراماي، مايتاغ، شەرقىي جۇڭغار نېفىت بازىسىدىكى ج خ ئىدارىلىرىگە چېتىلىدۇ.

ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىش، قوشۇمچە كەسىپنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 14 ئورۇننى ئايرىم قۇرۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، كەسىپنى، مال- مۈلۈكنى، خادىملارنى، باشقۇرۇشنى ئايرىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تۈرگە ئايرىپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش داۋاملىق يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 7 كارخانىدا تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنى تاماملاش بويىچە تۈر تۇرغۇزۇش تەستىقلىنىپ، 3 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى. شەھەر رايونىدىكى ئىدارىگە قاراشلىق 54 ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى خوجىلىق باشقۇرۇش ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، خوجىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە راۋانلاشتۇرۇلدى.

چېن پېڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىتلىك رايونى ئىچىدە بازار ئىگىلەش نىسبىتى مۇقىم ئۆرلىدى، سىرتقى بازار كىرىمى مۇقىم ئاشتى.

باغلىنىشلىق سودا بازارلىرىدا بىرلىشىپ تېخنىكا جەھەتتىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ۋەدە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، سىستېما بويىچە مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بىر يىلدا باغلىنىشلىق سودا بازارلىرىنىڭ كىرىمى 6 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2003 - يىلدىكىدىن %88.7 ئاشۇرۇلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق خاتىرىلەشنىڭ ئىچكى بازارلارنى ئىگىلەش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى مۇقىملاشتى، تۆشۈك ئېچىش، بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش، نېفىت سىناش داۋاملىق %100 كە مۇقىملاشتى.

2004 - يىلى سىرتقى بازارلاردىكى كىرىم 1 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنىڭ كىرىمى 806 مىليون يۈەن، چەت ئەلدىكى بازارلارنىڭ كىرىمى 384 مىليون يۈەن. دۆلەت ئىچىدە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بازارلار نۇقتا قىلىنىپ، تارىم، تارىم دەرياسى، چىڭخەي، چاڭچىڭ قاتارلىق نېفىتلىكلەردىكى بازارلار مۇقىم ئېچىلدى، تارىم نېفىتلىكى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ۋە قەرەللىك ئۆزئارا زىيارەت قىلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلدى. چەت ئەلدە قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىش، ئەمگەكچى چىقىرىش قاتارلىق تۈرلەردە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش بولدى، قۇدۇق بۇرغىلاش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش، لايىھىلەش باشلامچى قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردىكى 10 دۆلەتتە تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. چەت ئەل بازارلىرىدا قۇدۇق خاتىرىلەش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش بولماسلىقتەك ھالەتتى بۇزۇپ تاشلاندى. چەت ئەلدە مەشغۇلات قىلىنىۋاتقان بۇرغا 17 گە يېتىپ، گۇرۇھ شىركىتى بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

چېن پېڭ

## بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى نازارەت قىلىش، چەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلام، بىخەتەر مۇھىت سىستېمىسىنى باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى.

نېفىت ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىخەتەرلىك بويىچە تەربىيىلەش ۋە نەق مەيداندا بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، ئۈسكۈنە مەشغۇلاتى قائىدىسىنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۆيۈشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى باشقۇرۇشنى قەتئىي يولغا قويۇپ، قاتلاممۇ قاتلام بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى ۋە بىخەتەرلىك توختامى ئىمزالاپ، بارلىق خادىملارنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە سىناش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

ئۆزاق ئۆنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىدارا بويىچە 20 ئورۇن سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن، 13 ئورۇن HSE باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ۋە كەسىپ بىخەتەرلىكى، ساغلاملىقى سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق رېمونت قىلىش، يەر ئۈستى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇش نەق مەيدانلىرىدا «ئىككى كىتاب، بىر جەدۋەل» لىك ھەرىكەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، قۇرۇلۇش مەشغۇلاتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئىدارە بويىچە 13 ئورۇندا ۋە 289 ئاساسىي قاتلام سېخ - ئەترەتتە «ئىككى كىتاب، بىر جەدۋەل» يولغا قويۇلدى.

باشقۇرۇش ئىدارىسىدە شۇ بىر يىلدا ھېيت - بايرامدىن بۇرۇن، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن، بىخەتەرلىك ئېيى، قۇدۇق كونترول قىلىش، خەتەرلىك گىرىم بۆيۈملىرى، قاتناش بىخەتەرلىكى قاتارلىقلاردا مەخسۇس تۈر بويىچە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى 12 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 3246 مەسىلە تېپىپ چىقىلدى، 3245 مەسىلە يوقىتىلدى؛ بىخەتەر تېخنىكا تەدبىرى پىلانىدىن 92 نى تاماملاش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 7 تۈردىكى يوشۇرۇن ئاپەت تىزگىنلەندى، بۇنىڭغا 19 مىليون 484 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇش، تېخنىكا تەدبىرى پىلانىنى يولغا قويۇش، ئۈسكۈنە - مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھادىسە، يوشۇرۇن خەۋپلەر تۈگىتىلدى.

2004 - يىلى نېفىت ئىدارىسىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن سەھىيە ئارخىپى تۇرغۇزۇش نىسبىتى %100، كەسپىي جەھەتتىكى خەتەرلىك سورۇنلارنى كۆزىتىش نىسبىتى %93.6، كەسپىي كېسەللىك زىيان يەتكۈزىدىغان مەشغۇلات سورۇنلىرىدىكى كەسپكارلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش نىسبىتى %90 بولدى.

2004 - يىلى نېفىت ئىدارىسىدە مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە ئېكولوگىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان زور، ئالاھىدە ھادىسە كۆرۈلمىدى، سانائەت يۇندىسى ۋە كېرەكسىز گاز ئىچىدىكى بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى ئومۇمىي مىقدار كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تىزگىنلەندى، كېرەكسىز گازنىڭ كونترول قىلىنىشىنىڭ نىشانغا يېتىش نىسبىتى %100، مەنبەلىك سانائەت يۇندىسىنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ نىشانغا يېتىش نىسبىتى %100، سانائەت قاتتىق جىسىملىرىدىكى تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىشىنىڭ نىشانغا يېتىش نىسبىتى %100 بولدى. يىلىغا 200 مىڭ توننا كاربىنول ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، يېڭىدىن سېلىنغان پارقازان ئۆيى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ھەممىسى مۇھىتقا بولغان تەسىرى جەھەتتىن باھالاندى، مۇھىتنى باھالاش نىسبىتى %100 بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە ISO14001 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن ئورۇن 12 بولۇپ، كارخانىنىڭ مۇھىتنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىلمىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

2004 - يىلى نېفىت ئىدارىسى زور، ئالاھىدە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇھىت ئاسراشنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭگو نېفىت گورۇھ شىركىتى چۈشۈرگەن تەكشۈرۈش دائىرىسىدە تىزگىنلىنىپ، ئاپتونوم رايون ۋە گورۇھ شىركىتى تەرىپىدىن 2004 - يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە گورۇھ شىركىتى بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇھىت ئاسراشتىكى ئىلغار كارخانا دېگەن نام بېرىلدى.

چېن پېڭ

# تارىم نېفىتلىكى

## تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 5 مىليون 383 مىڭ 600 توننا نېفىت، 1 مىليارد 356 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 64 مىڭ 700 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 351 مىڭ 100 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى. 131 مىڭ 600 توننا بېنزىن، 164 مىڭ 500 توننا دىزېلىن، 466 مىڭ 100 توننا ئورىيا ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليارد 705 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، گاز ئاساسىي تىجارىتى كەسپىنىڭ كىرىمى 10 مىليارد 293 مىليون 190 مىڭ يۈەن، نېفىت ئايرىش ئاساسىي تىجارىتى كەسپىنىڭ كىرىمى 851 مىليون 230 مىڭ يۈەن، خىمىيە سانائىتى ئاساسىي تىجارىتى كەسپىنىڭ كىرىمى 560 مىليون 960 مىڭ يۈەن. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت چىقىمى 3 مىليارد 774 مىليون 640 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا 4 مىليارد 932 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج 1 مىليارد 260 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 793 مىليون 740 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى. يىل

ئاخىرىدىكى مال - مۈلۈك سوممىسى 21 مىليارد 588 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، قەرز 9 مىليارد 876 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىدىن سېلىنغان مەبلەغ ۋە پايچېكلار ھوقۇق - مەنپەئەتى سوممىسى 11 مىليارد 712 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نېفىت، گازنىڭ بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى ھەر تۆننىڭ 2.73 دوللار، نېفىت ئايرىشنىڭ نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش تەننەرخى ھەر تۆننىڭ 234.64 يۈەن بولدى.

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە نېفىت، گاز تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە تاۋلانغان خىمىيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 583 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش-ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 11 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئاممىۋى مۇئەسسەسىلەر ۋە سىستېما قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 226 مىليون 170 مىڭ يۈەن، نېفىت ئايرىش ۋە سېتىشقا سېلىنغىنى 336 مىليون 860 مىڭ يۈەن، خىمىيە سانائىتى ۋە سېتىشقا سېلىنغىنى 9 مىليون 330 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليارد 544 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، ساپ قىممىتى 3 مىليارد 9 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەننەرخى كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 771 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 569 مىليون 310 مىڭ يۈەن.

لى مىڭكۇن

## نېفىت - گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

نېفىت - گاز زاپىسى 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت بار يەر كۆلىمى 130.4 كۋادرات كىلومېتىرغا، نېفىتنىڭ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 41 مىليون 990 مىڭ توننىغا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 7 مىليون 932 مىڭ كۇب مېتىرغا؛ ئېرىگەن گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 6 مىليارد 706 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 1 مىليارد 893 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تىزگىنلىنىدىغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 75 مىليون 490 مىڭ توننا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 14 مىليون 40 مىڭ توننا، ئېرىگەن گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 9 مىليارد 496 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 1 مىليارد 733 مىليون كۇب مېتىر؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن تىزگىنلىنىدىغان تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 22 مىليارد 590 مىليون كۇب مېتىر، تەبىئىي گازنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 13 مىليارد 554 مىليون كۇب مېتىر، قېتىشقان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 6 مىليون 515 مىڭ توننا، قېتىشقان نېفىتنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 1 مىليون 303 مىڭ توننا بولدى. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىتنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 88 مىليون 710 مىڭ توننا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 15 مىليون 108 مىڭ توننا، ئېرىگەن گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 23 مىليارد 941 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 3 مىليارد 959 مىليون كۇب مېتىر بولدى.

فىزىكىلىق تەكشۈرۈش 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 9583 كىلومېتىر 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش، 1380 كۋادرات كىلومېتىر 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ئەترىتىدىن 16 سى ئىشقا سېلىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندا يەر تەۋرىتىش ئەترىتى 9)، 10 مىڭ 154.36 كىلومېتىر 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندا 2 ئۆلچەملىك تەۋرىتىلگەن يەر 3542.12 كىلومېتىر)؛ 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ئەترىتىدىن 2 سى ئىشقا سېلىنىپ، 998.93 كۋادرات كىلومېتىر 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلدى. ئېغىرلىق كۈچى، ماگنىت كۈچى ئەترىتىدىن بىرى ئىشقا سېلىنىپ، 16 مىڭ 538 نۇقتا ئېغىرلىق كۈچى بويىچە، 16 مىڭ 418 نۇقتا ماگنىت كۈچى بويىچە تەكشۈرۈلدى. 3 ئېلېكترىك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىشقا سېلىنىپ، 6658 نۇقتا ئېلېكترىك تەكشۈرۈلدى، بىر خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىشقا سېلىنىپ، 1129 نۇقتا خىمىيىلىك تەكشۈرۈلدى، 19 قۇدۇق VSP لىك ئۆلچەندى، 73 قۇدۇقنىڭ ئورنى ئۆلچەندى. 2 ئۆلچەملىك ماتېرىيال بويىچە 10 مىڭ 154.36 كىلومېتىر يەر بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا ماتېرىيال بويىچە بىرتەرەپ قىلىنغىنى 1382.5 كىلومېتىر، 3 ئۆلچەملىك ماتېرىيال بويىچە بىرتەرەپ قىلىنغىنى 1289.8 كۋادرات كىلومېتىر.

تەكشۈرۈش قۇدۇقى 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 52 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يىل ئاتلىغان قۇدۇق 11، يېڭىدىن بۇرغىلانغان قۇدۇق 41، بۇرغىلىنىپ بولغان قۇدۇق 39، مېترازى 222 مىڭ 135.46 مېتىر. نېفىتنى ئالدىن تەكشۈرۈش ۋە تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش تۈرى بويىچە بۇرغىلاش باشلانغان تەكشۈرۈش قۇدۇقى 30، بۇرغىلىنىپ بولغان قۇدۇق 27، بۇنىڭ ئىچىدە يىل ئاتلىغان قۇدۇق 8، يېڭىدىن بۇرغىلانغان قۇدۇق 19، يىل ئاخىرىدا بۇرغىلىنىۋاتقان قۇدۇق 12، بۇرغىلىنىپ بولغان قۇدۇقلارنىڭ مېترازى 15 مىڭ 631.68 مېتىر. نېفىت ئۆۋىسىنى باھالاش تۈرى بويىچە بۇرغىلاش باشلانغان تەكشۈرۈش قۇدۇقى 11، بۇرغىلىنىپ بولغان قۇدۇق 12، بۇنىڭ ئىچىدە

يىل ئاتلىغان قۇدۇق 2، يېڭىدىن بۇرغىلانغان قۇدۇق 10، يىل ئاخىرىدا بۇرغىلاش باشلانغان قۇدۇق بىر. مېتراژى 65 مىڭ 603.78 مېتىر. تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ كېرىن ئېلىنىش مېتراژى 1959.96 مېتىر، كېرىن ئۇزۇنلۇقى 1815.78 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش نىسبىتى 92.64% بولدى، ئېلىنغان ھەر دەرىجىلىك نېفىت، گاز تەركىبلىك كېرىن 554.56 مېتىر بولۇپ، ئېلىنغان كېرىن مېتراژىنىڭ 28.29% نى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىلى تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 45.95%، ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 40.48% بولدى. بىر يىلدا تەكشۈرۈش قورشالمىسىدىن 23 ى بۇرغىلىنىپ، يېڭىدىن 7 قورشالمىدا سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، قورشالمىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 29.2% بولدى.

**قۇدۇق خاتىرىلەش** 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 12 قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتىنىڭ 25 ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئەترىتى ئىشقا سېلىنىپ، 48 تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى، قۇدۇق خاتىرىلەش مەشغۇلاتى خىزمەت مىقدارى 135 مىڭ 849.3 مېتىر ئورۇندالدى.

**قۇدۇق ئۆلچەش** 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 225 قۇدۇق (قېتىم) قۇدۇق ئۆلچەش قۇرۇلۇشى مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە ئۆلچەنگىنى 66 قۇدۇق (قېتىم)، سېلىشتۇرۇلغىنى 41 قۇدۇق (قېتىم)، مۇستەھكەملەنگەن قۇدۇق 40 قۇدۇق (قېتىم)، يېڭى تېخنىكىلىق ئۆلچەنگىنى 67 قۇدۇق (قېتىم) (سىلىنبېش يېڭى تېخنىكىسى بىلەن ئۆلچەنگىنى 22 قۇدۇق-قېتىم)، باشقا (ياكى يەككە تۈردە) ئۆلچەنگىنى 11 قۇدۇق (قېتىم)، قۇدۇق ئۆلچەشنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى 98.73%، ماتېرىياللىنىڭ ئەلالىق ئۈنۈمى 95.16% بولدى.

**نېفىت سىناش** 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە 36 تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا نېفىت سىناش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىپ، 32 قۇدۇقتا نېفىت سىناش تاماملاندى، نېفىت سىنالغان گېئولوگىيىلىك قاتلام 74 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلىقتا ئۆلچەنگىنى 32 قاتلام، قۇدۇق پۈتتۈرۈپ نېفىت سىنالغىنى 42 قاتلام؛ 4 قۇدۇق، 5 قاتلامدا كىسلاتالاشتۇرۇش مەشغۇلاتى، 20 قۇدۇق، 27 قاتلامدا بېسىم ئارقىلىق يېرىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى. سىناق قىلىنىش ئارقىلىق 17 قۇدۇقتىن سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت - گاز تېپىلدى.

لى مىڭكۇن

## نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش ئەھۋالى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 52 بۇرغا ئىشقا سېلىنىپ، 143 قۇدۇق بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىن تەكشۈرۈش قۇدۇقى 32 (يىل ئاتلىغان قۇدۇق 10)، باھالاش قۇدۇقى 20 (يىل ئاتلىغان قۇدۇق 2)، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 91 (يىل ئاتلىغان قۇدۇق 16). شۇ يىلى بۇرغىلىنىشقا باشلىغان قۇدۇق 115 بولۇپ، بۇرغىلىنىپ بولغىنى 108، بۇرغىلىنىپ بولغان قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 4614.13 مېتىر. بۇرغىلانغان قۇدۇقلارنىڭ ئومۇمىي مېتراژى 500 مىڭ 982 مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مېتراژى 222 مىڭ 135 مېتىر، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مېتراژى 278 مىڭ 847 مېتىر.

لى مىڭكۇن

## نېفىت - گاز ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە نېفىت ئېلىش قۇدۇقىدىن 432 سى بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونلىرىدا بۇرغىلانغىنى 390، سىناق رايونلىرىدا بۇرغىلانغىنى 42، ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 5 مىليون 383 مىڭ 600 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىت 4 مىليون 584 مىڭ 600 توننا، قېتىشقان نېفىت 799 مىڭ توننا. يېڭى قۇدۇقلاردىن 400 مىڭ 800 توننا، كونا قۇدۇقلاردىن 4 مىليون 982 مىڭ 800 توننا نېفىت ئېلىندى. 1 مىليارد 358 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قۇدۇقىدىن چىققان گاز 559 مىليون كۇب مېتىر، گاز قۇدۇقىدىن چىققىنى 796 مىليون كۇب مېتىر.

لى مىڭكۇن

## نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 351 مىڭ 100 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 131 مىڭ 600 توننا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «90» نومۇرلۇق بېنزىن 102 مىڭ 300 توننا، «93» نومۇرلۇق بېنزىن 29 مىڭ 300 توننا. 165 مىڭ 800 توننا دىزېلىن ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «0» نومۇرلۇق دىزېلىن 125 مىڭ 500 توننا، «10-» نومۇرلۇق دىزېلىن 35 مىڭ 700 توننا، «20-» نومۇرلۇق دىزېلىن 3300 توننا. 466 مىڭ 100 توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرىلدى.

لى مىڭكۇن

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەرىپىدىكى گازلىقنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى قارا 2 ـ گازلىقى ئاساسىي گازلىق سۈپىتىدە ئۇسكۈنە قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسلىقى كۈنىگە 36 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىرتەرەپ قىلىدىغان مەركىزىي بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى، قارا 2 ـ گازلىقىدىن غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ جەنۇبىي بۇگۇردىكى باش بېكىتىگىچە بولغان 160 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى گاز تۇرۇبا لىنىيىسى، 1 ـ نۆۋەتتىكى 4 ئېچىش قۇدۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياقا قېتىشقان گازلىقىدىن غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش لىنىيىسىگە گاز بېرىلدى، دەسلەپتە كۈنىگە 3 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر گاز يەتكۈزۈلدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قارا 2 ـ گازلىقىنىڭ مەركىزىي بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ يانداشما قۇرۇلۇشى ئېچىلىپ مەركەزلەشتۈرۈپ يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى، سىرتقى يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى تولۇق پۈتتى، تارىم نېفىتلىكى ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قارا 2 ـ گازلىقى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنى گاز بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى، دەسلەپتە كۈنىگە 5 مىليون 467 مىڭ كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلىدى. قارا 2 ـ گازلىقى 2003 ـ يىل 8ـ ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتتى، قۇرۇلۇش مۇددىتى 15 ئاي بولدى. قارا 2 ـ گازلىقى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىلىغا 10 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 31ـ كۈنىگىچە قارا 2 ـ گازلىقىدا 3 گاز قۇدۇقى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنى 214 مىليون كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلىدى، گاز ئېلىش سۈرئىتى %0.0046 بولدى.

2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە ياقا قېتىشما گازلىقى، قارا 2 ـ گازلىقى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنى 509 مىليون كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلىدى.

لى مىڭكۈن


## نېفىت ـ گاز ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە 4 مىليون 858 مىڭ 500 توننا نېفىت، 758 مىليون 973 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 64 مىڭ 800 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، 757 مىڭ 200 توننا يېنىك نېفىت، 130 مىڭ 800 توننا بېنزىن، 163 مىڭ توننا دىزېلىن، 462 مىڭ 300 توننا ئۇرېيا سېتىلدى، بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 11 مىليارد 771 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لى مىڭكۈن

## نېفىتلىك ـ گازلىق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى نېفىتلىكنىڭ مەھسۇلات ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىشقا 1 مىليارد 157 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى رايونلارنىڭ مەھسۇلات ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 838 مىليون 260 مىڭ يۈەن، كونا رايونلارنىڭكىگە سېلىنغىنى 319 مىليون 560 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى پۈتكەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 770 مىڭ 500 توننا بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 5 مىليون 383 مىڭ 600 تونىغا يەتتى. تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 522 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ،




تارىم نېفىتلىكى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتە ئاساسلىق گاز مەنبەسى بولغان قارا 2 ـ گازلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

دىڭ خېپىڭ فوتوسى

ھەممىسى يېڭى رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىندى، شۇ يىلى پۈتكەن يىللىق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 6 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ يىللىق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليارد 373 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

لى مىڭكۇن

## پەن - تېخنىكا ئەھۋالى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغى 209 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 76 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئاشتى. يولغا قويۇلغان تەتقىقات تۈرى: 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىنىڭ كېيىنكى 2 يىلدىكى داۋاملىما تېمىسى بولغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىتلىك - گازلىقنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى تەتقىقاتى» ئاستىدا تەسىس قىلىنغان 1 - دەرىجىلىك 5 مەخسۇس تېما، 2 - دەرىجىلىك 19 مەخسۇس تېما، 3 - دەرىجىلىك 37 مەخسۇس تېما؛ جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى دەرىجىلىك 3 تۈر؛ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تۈرى 185 تېما، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش تېمىسى 92 (سىرت بىلەن ھەمكارلىشىدىغىنى 42)، نېفىتلىك - گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش تېمىسى 57 (سىرت بىلەن ھەمكارلىشىدىغىنى 20)؛ قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت سىناش بويىچە ئۆلچەش، خاتىرىلەشتە سىرت بىلەن ھەمكارلىشىدىغان مەخسۇس تېما 20؛ ئۇنىۋېرسال مەخسۇس تېما 16 (ھەممىسى سىرت بىلەن ھەمكارلىشىدىغان تۈر). تارىم نېفىتلىكى قارىمىقىدىكى ئورۇنلار ئۆزلىرى تەتقىق قىلىدىغان تېما 26؛ 2004 - يىلى تارىم نېفىتلىكى بىر تۈردە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ بىر تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2 تۈردە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 3 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى مىڭكۇن

## باغلىنىشلىق سودا خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىتلىكتە ساقلىنىپ قالغان كارخانا (تارىم نېفىت تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى) بىلەن باغلىنىشلىق سودا توختامىدىن 22 نى، باغلىنىشلىق سودا باش كېلىشىمىدىن بىرنى ئىمزالىدى، تارىم قوماندانلىق شتابى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت مەخسۇس تۈرىدىكى 22 پارچە توختام بىلەن تەمىنلىدى. بىر يىلدا تارىم قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 1 مىليارد 563 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە دائىر كىرىمى 1 مىليارد 100 مىليون 920 مىڭ يۈەن، تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە دائىر كىرىمى 405 مىليون يۈەن.

لى مىڭكۇن

## «تۆت تارىمنىڭ بىرلىشىشى» ئىشقا ئاشتى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنى باشقۇرۇشنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ھاۋالە قىلدى، كونكرېت خىزمەتلەرنى يولغا قويۇشقا جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتىگە ھوقۇق بەردى. 2004 - يىل 6- ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ تارىم نېفىت خىمىيە سانائىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاپپارات ۋە خادىملىرى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىگە ئايرىپ بېرىلدى، نامى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تارىم نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە تارىم شۆبە شىركىتى قارىمىقىدىكى مۇئاۋىن ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن سۈپىتىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولدى. 1999 - يىلى غەربىي - جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن تارتىپ 2004 - يىلغىچە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى 4 كارخانىسىدا بىرتۇتاش باشقۇرۇش ئىشقا ئاشتى.

لى مىڭكۇن

## نېفىتلىك بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى

2004 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىتلىك بازىرىنى ۋاستە قىلىپ نېفىتلىك بىلەن يەرلىك قوش غەلىبە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى، نېفىتلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بازىرىنى ئېچىۋېتىش، ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش، ترانسپورت مۇلازىمىتى، ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىش، ئىشچى ئىشلىتىش، باج تاپشۇرۇش، ھەقسىز ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نېفىتلىك ئەتراپىدىكى رايونلارغا 2 مىليارد 374 مىليون 250 مىڭ يۈەن بەردى (غەربىي - جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش

شىركىتى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش، نېفىتلىك بىلەن يەرلىك ئورتاق قۇرۇش، ئىئانە قىلىش، خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستقا 14 مىليون 667 مىڭ 200 يۈەن ھەقسىز ياردەم بەردى، يەرلىككە 1 مىليارد 578 مىليون 500 مىڭ يۈەن باج ۋە مەمۇرىي خىراجەت تاپشۇردى.

لى مىڭكۇن

# تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى

## تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 298 مىليون توننا گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى، 91 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر گېئولوگىيىلىك تەبىئىي گاز زاپىسى ئېنىقلىدى. پىچان، ۋېنمى، چيۇلىڭ، خۇڭلىيەن، شىمالىي ئۆزۈمچىلىك قاتارلىق 16 نېفىتلىك، گازلىقنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ پۈتتۈردى، نېفىتلىكتە ھازىر بىرلەشمە پونكىتتىن 5 ى، گاز بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسىدىن 7 يۈرۈش، نېفىتلىك سۇ قۇدۇقىدىن 1791 ى بارلىققا كەلدى. 29 مىليون 930 مىڭ توننا نېفىت، 8 مىليارد 590 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 1 مىليون 220 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىنىشىنى 975.69 كىلومېتىر، 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىنىشنى 546 كۋادرات كىلومېتىر ئورۇندىدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 57 نى بۇرغىلىدى، ئۇلارنىڭ مېتىراژى 140 مىڭ 900 مېتىر. 2004 ـ يىلى 23 قورشالما ئالدىن تەكشۈرۈلدى ۋە باھالاندى. بىر يىلدا نېفىتنى ئالدىن تەكشۈرۈشتە 8 قۇدۇقتا (2 كونا قۇدۇقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سانائەتكە كېرەكلىك گاز ئېقىمىغا ئېرىشىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 33.3%، قورشالمىنى ئالدىن تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 30% بولدى؛ نېفىت ئۈۋىسىنى باھالاشتا يېڭىدىن 26 قۇدۇقتا سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت ـ گاز ئېقىمىغا ئېرىشىلدى. بىر يىلدا نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 20 مىليون 256 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 6 مىليارد 532 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

ئادەتتىكى تەبىئىي گاز تەكشۈرۈشتە جىنس خۇسۇسىيەتلىك نېفىت ـ گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇرى بويىچە، گاز ئۈۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش كۈچەيتىلدى، سىڭىپ تۆۋەنگە ئۆتۈپ كېتىدىغان نېفىت ـ گاز قاتلىمىنى ئۆزگەرتىشتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش زورايتىلدى، خۇڭتەي، گېداتەي رايونلىرىدىكى تەبىئىي گازنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك زاپىسىنىڭ 23 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. گېداتەي رايونى يېڭىدىن بايقالغان تۇنجى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك سورۇن بولۇپ قالدى.

شىمالىي گېداتەي ئويۇلمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نېفىت ـ گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشتە شىمالىي بىسگىم رايونىدىكى تېيىز قاتلامنى چۆرىدەپ يەر تەۋرىنىش ماتېرىياللىرىنى قايتا بىرتەرەپ قىلىش، تۈزۈلمىنى تەپسىلىي ئىزاھلاش ۋە قۇدۇق ئۆلچەشنى تەپسىلىي باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇدۇق بۇرغىلاشتا «جەنۇبىي لەمجىن ـ 1»، «جەنۇبىي خۇڭتەي ـ 9»، «جەنۇبىي خۇڭتەي ـ 11» قۇدۇقلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كونا قۇدۇقلارنى قايتا تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، «جەنۇبىي خۇڭتەي ـ 2»، «جەنۇبىي خۇڭتەي ـ 202» قۇدۇقلىرىنىڭ قارازا گورۇپپىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. ئۇ يەردە يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت زاپىسى 11 مىليون 890 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. خۇڭتەي — لەمجىن رايونى يېڭىدىن بايقالغان ئىككىنچى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك سورۇن بولۇپ قالدى.

شىمالىي تاغ ئالدى بەلۋېغىدىكى نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈشتە تۈزۈلمىلەر تەپسىلىي ئىزاھلاندى ۋە تېگىدىن تۆشۈك ئېچىپ سۇ سىڭدۈرۈلىدىغان قاتلام ئۆزگەرتىلدى، شەنلى 10 ـ قۇدۇقنى بېسىم ئارقىلىق يېرىلغاندىن كېيىن، كۈنىگە ئېلىنىدىغان نېفىت 65 توننىغا، گاز 16 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، مەھسۇلات 10 ھەسسە ئاشتى. شەنلى نېفىتلىكىدىكى نېفىت زاپىسى 10 مىليون توننىغا يەتتى. شەنلى رايونى يېڭىدىن بايقالغان ئۈچىنچى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك سورۇن ھېسابلىنىدۇ.

يالقۇنتاغنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىكى نېفىت ـ گازنى تەكشۈرۈشتە مۇرەككەپ شەكىللىك نېفىت، گاز توپلانما بەلۋېغى تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇرى بويىچە، ئاساسىي ھۇجۇم يالقۇنتاغ مەركىزىدىكى كۆتۈرۈلمە بەلۋاغقا قارىتىلىپ، يەر تەۋرىنىش ماتېرىيالىنى تەكرار بىرتەرەپ قىلىش ۋە تۈزۈلمىنى تەپسىلىي ئىزاھلاش قانات يايدۇرۇلدى، يالقۇنتاغ مەركىزىدىكى كۆتۈرۈلمىنىڭ يۇرا سىستېمىسى ۋە ئالدىنقى يۇرا

سىستېمىسىدىكى زاپىسى 15 مىليون 460 مىڭ توننىغا يەتتى. يالقۇنتاغ رايونى يېڭىدىن بايقالغان تۆتىنچى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك سورۇن بولۇپ قالدى.

تۇيۇقنىڭ تىرئاس سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشتە يەككە قۇدۇق مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش، زاپاسنى ئۈنۈملۈك يۆتكەپ ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىپ، لۇكچۈن قۇرۇلمىسى بەلۋېغىدىكى ئۇلترا چوڭقۇرلۇقتىكى قويۇق نېفىت ئۇۋىسىنى بېسىم ئارقىلىق يېرىشنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىندى، غەربىي يۈمېن ـ 101، غەربىي يۈمېن ـ 1 قۇدۇقلىرىدىكى بېسىم ئارقىلىق يېرىشنى ئۆزگەرتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن قويۇق نېفىتنىڭ تىزگىنلەنگەن زاپىسى 14 مىليون 330 مىڭ توننىغا يەتتى. غەربىي يۈمېن رايونى يېڭىدىن بايقالغان بەشىنچى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك سورۇن بولۇپ قالدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىتلىك ـ گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 2 ـ قېتىملىق قۇدۇق تورىنى تەڭشەشنى يولغا قويۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. يېڭىدىن 75 تەڭشەش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، 72 قۇدۇق ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇلدى 175 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى پۈتتى. پىچان، چيۇلىڭلاردا 5 نۇقتىلىق ئۇسۇل كۆلىمى بويىچە سۇ بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، ۋېنمىدا تەرتىپسىز كۆلەمگە سۇ بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، سۇ بېرىپ نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇق نىسبىتى 0.2 ـ 0.5كە ئۆستى، سۇ بېرىپ نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇق تورىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، سۇ بىلەن ھەيدەش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، يەر قاتلىمىنىڭ بېسىم كۈچى تەدرىجىي يۇقىرىلىدى، يەككە قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپەيگەن ئېلىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 18 مىڭ توننىغا يەتتى، 3 چوڭ ئاساسىي نېفىتلىكتە زاپاس بىلەن ئېلىش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى. 2004ـ يىلى 2 مىليون 250 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

نېفىتلىكلەرنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەشتە تەڭشەش ۋە ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش لايىھىسىدىن 15 ى، 409 قۇدۇق (قېتىم) دا تۈرلۈك تىزگىنلەش تەدبىرى يولغا قويۇلدى، ئېچىش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، كونا قۇدۇقلاردىكى تەدرىجىي كېمىيىش يۈزلىنىشى تىزگىنلەندى، نېفىتلىكنىڭ تەبىئىي تەدرىجىي كېمىيىشى %21.5، ئۇنىۋېرسال تەدرىجىي كېمىيىشى %14.2 ئىچىدە تىزگىنلەندى.

نېفىت ئۇۋىسىغا باھا بېرىشتە نۇقتىلىق ھالدا ۋېنمى، تۇشېنپو ۋە تۇيۇقتىن ئىبارەت 3 نېفىت ـ گاز مول يىغىلىش زونىسى چۆرىدەپ، گېئولوگىيىلىك تونۇش نۇقتىلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇۋا ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىندى، جەنۇبىي خۇڭتەي ـ لەمجىن، ۋېنجىساڭ — 8 قاتارلىق رايون بۆلەكلىرىدە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بولدى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 20 مىليون 250 مىڭ توننىغا يەتتى. مەھسۇلات ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن جەنۇبىي ۋېنجىساڭ — 3، ئۈزۈمچىلىك — 5 قاتارلىق 5 رايون بۆلىكى تاللىنىپ، يېڭىدىن 105 مىڭ توننىلىق مەھسۇلات ئىقتىدارى بەرپا قىلىندى، شۇ يىلى 94 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى.

3 ـ قېتىملىق نېفىت ئېلىش قاتارلىق كان مەيدانى تەجرىبىسىدە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. شىمالىي ئۈزۈمچىلىكتىكى پار بېرىپ ئارىلاشما فازىلىق ھەيدەشنى يولغا قويۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، نېفىتلىك %5لىك نېفىت ئېلىش سۈرئىتى بويىچە 5 يىل تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، نېفىت ئېلىنىش دەرىجىسى %36، ئۇنىۋېرسال سۇ تەركىبى %38 بولدى؛ ۋېنمى نېفىتلىكىدىكى ۋېنمى — 5 تە پار بېرىپ ئارىلاشما فازىسىز ھەيدەش ئالدى بىلەن 5 قۇدۇقتا سىناق قىلىنىپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 11 توننا ئاشتى؛ غەربىي ۋېنجىساڭ — 1 ۋە غەربىي ۋېنجىساڭ — 3 رايون بۆلەكلىرىنىڭ پار بېرىش لايىھىسى پۈتۈپ، پار بېرىش ئارقىلىق نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈلىدىغان سانائەتلىشىشنى كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى ياخشى ئىشلەندى. ئۇچكۆلنىڭ ئالدىنقى قارارلىق سۇ بېرىش سىنىقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، يەر قاتلىمىنىڭ بېسىم كۈچى ئەسلىگە كەلدى، سۆجى كارىز — 103 قۇدۇقىدا بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىلغاندىن كېيىن كۈندىلىك مۇقىم نېفىت مەھسۇلاتى 9.5 توننىغا يېتىپ، ئۇچكۆل تۈزلەڭلىكىنىڭ زاپاس ئېچىش، مەھسۇلات كۆپەيتىشتەك ياخشى ئىستىقبالى نامايان بولدى. تۇيۇقتىكى قويۇق نېفىتكە سۇ بېرىش سىنىقىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى، قۇدۇق گۇرۇپپىسىدىكى ماي قاتلىمىنىڭ بېسىم كۈچى ئەسلىگە كەلدى، ماس نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى پەيدىنپەي ئۆرلىدى.

تەبىئىي گاز ئېچىشتا غەربىي ۋېنجىساڭ — 3، ۋېنجىساڭ — 5 قاتارلىق رايون بۆلەكلىرىدىكى مەھسۇلات ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، يېڭىدىن 300 مىليون كۇب مېتىرلىق مەھسۇلات ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن تەبىئىي گازنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 2 مىليارد 850 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى؛ شەرقىي چيۇلىڭ 2 ـ گاز بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، نېفىت

شىركىتىنىڭ تەبىئىي گاز بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلمەكچى؛ خۇڭتەي، گېداتەي رايونلىرىدىكى تەبىئىي گازنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى.

يەر ئۈستى سىستېمىسىدا كونا نېفىتلىكلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە يېڭى نېفىتلىكلەرنى ئەلالاشتۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش جەريانىنىڭ سۈپىتىنى كونترول قىلىش كۈچەيتىلىپ، 37 يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى تۈرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاندى. ئۈسكۈنىلەرنى نەق مەيداندا باشقۇرۇش ۋە ھالەتنى كۆزىتىش كۈچەيتىلىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈر سىستېمىسى»، ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئۈسكۈنىلەرنى ئۈچۈرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيە داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى، تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش، قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ يېتەكچى تېخنىكىسىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

تەكشۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى نۇقتىلىق ساھەلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. نېفىت - گازنىڭ يوشۇرۇن ئۆۋىسىنى ئېچىش، تەتقىق قىلىشتا يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. خۇڭتەي رايونىدىكى بىرىكمە تىپلىق تەبىئىي گاز ئۆۋىسى ۋە يالقۇنتاغ ئۈستۈنكى قاتىتىدىكى مۇرەككەپ نېفىت - گاز ئۆۋىسىدىكى زاپاس كۆلىمى كېڭەيتىلدى، جەنۇبىي خۇڭتەينىڭ قارازا گۇرۇپپىسىدا 2 - قېتىم ھاسىل بولغان نېفىت - گاز ئۆۋىسى بايقالدى؛ چارلاش قۇدۇقىنى سۈپەتلىك، تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسى، نېفىت قاتلىمىنى قوغداش تېخنىكىسىدا روشەن ئۈنۈم كۆرۈلدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىكى ماشىنىلارنىڭ بۇرغىلاش سۈرئىتى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تەكشۈرۈش مۇساپىسى تېزلىتىلدى؛ پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈلگەن ئازوت بىرىپ چوڭ تىپتىكى بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، غەربىي يۇمېن، گېداتەي ۋە شەنلې قاتارلىقلاردىكى ئوخشاش بولمىغان زاپاس قاتلىمىنى بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىپ ئۆزگەرتىشنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەجمى 10 ھەسسىدىن ئېشىپ، تەكشۈرۈش ساھەسى كېڭەيتىلدى.

نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 2 - قېتىملىق قۇدۇق تورىنى تەڭشەش ۋە نېفىت ئۆۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش تەتقىقاتىدا ئىلگىرىلەش، نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى ياخشىلاندى؛ ۋېنجىساڭ — 5 تىكى پار بىرىپ ئارىلاشما فازىسىز ھەيدەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، نېفىتلىكتىن 3 - قېتىم نېفىت ئېلىشنىڭ ياخشى ئىستىقبالى نامايان بولدى؛ يۇقىرى قۇم نىسبىتىدە بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى. ئوتتۇرىچە قۇم نىسبىتى 40.2%، تەدبىرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى 76% بولدى، يەككە قۇدۇقلاردىن كۆنىگە ئېلىنىدىغان ئوتتۇرىچە نېفىت 8 توننا كۆپەيدى؛ قۇدۇق باسماي مەشغۇلات قىلىش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، مەشغۇلات جەريانىدا زاپاس قاتلىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئازايتىلدى؛ ماشىنا ئارقىلىق سۇ توسۇش تۇرۇبا تۈۋرۈكىنى ئىزدەش تېخنىكىسى خىمىيىلىك سۇ توسۇش تېخنىكىسى ۋە خۇڭلىيەندىكى سۇ ئاستى نېفىت ئۆۋىسىدىكى نېفىت بىلەن سۇنى تەڭ ئېلىشتا كونۇسنى تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى سۇ تەركىبلىك نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئېچىش مەزگىلىدە سۇنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تۈيۈق قويۇق نېفىتتى ۋە ئۇچكۆلدىكى قېزىش قىيىن بولغان زاپاس كان مەيدانىدىكى تەجرىبىدە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى، قېزىش قىيىن بولغان زاپاس كۆلىمىنى ئۈنۈملۈك يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئاساس سېلىندى.

تۆۋەن ئېقىمدىكى خىمىيە سانائىتى تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. سىنتېزلانغان مېتىل ئالكوگول ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى تەتقىقاتتا بۆسۈش بولدى، بۇنىڭدا تەبىئىي گازنىڭ يەككە خورىشى 1370 كۇب مېتىردىن 1260 كۇب مېتىرغا چۈشتى، پاكۇمېتىل ئالكوگولنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 170 توننىدىن 250 تونناغا كۆپەيدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىل تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى باشقۇرۇش تۈزۈم قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلەتتى، باشقۇرۇش تۈزۈمى 195 تۈرگە، تېخنىكا ئۆلچىمى 381 تۈرگە يېتىپ،

مۇكەممەل بولغان قائىدە - تۈزۈم سىستېمىسى شەكىللەندى، كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈملىشىش، ئۆلچەملىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشتى.

بازار باشقۇرۇش يەنىمۇ قېلىپلاشتى. خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مۇلازىمىتى قوشۇننىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ۋە توختام باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى، قۇرۇلۇش قوشۇننىڭ نەتىجىسىنى باھالاش، سىناش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2004 - يىلى 131 قېتىم خېرىدار چاقىرىش ئۇيۇشتۇرۇلدى، خېرىدار چاقىرىش سوممىسى 280 مىليون يۈەن بولۇپ، 22 مىليون 530 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش ۋە سودا ئىشلىرىنى ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش، سۈپىتى، باھانى سېلىشتۇرۇش ۋە بازاردا باھا سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، سېتىۋېلىش تەننەرخى 9 مىليون 980 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىتىلدى، توردا سېتىۋېلىش 220 مىليون يۈەن ئورۇندالدى. باغلىنىشلىق سودا ساغلام، ماس راۋاجلاندى. باغلىنىشلىق سودا سوممىسى نېفىتلىك شىركىتى ئومۇمىي قىممەت سوممىسىنىڭ 3.80%نى ئىگىلىدى.

بازار باشقۇرۇش يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. «ئۈچ ئاساسنى كۈچەيتىش، ئۈچ نىشاننى ئىزچىللاشتۇرۇش، قىزىل بايراق يارىتىش» تىن ئىبارەت ئاساس خىزمىتى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلۈپ، دەرىجىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساس خىزمىتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى، 12 قىزىل بايراقدار ئىسمىنا - گۇرۇپپا بارلىققا كەلدى. ئىش ئورنى ئاساسلىق مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، نەق مەيداننى باشقۇرۇش ئىلمىي ۋە تەرتىپلىك بولدى، 6 چوڭ ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى ساغلاملاشتى ۋە مۇكەممەللەشتى، ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى، نېفىت، گازنىڭ خوراش نىسبىتى، سىرتقا سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى قاتارلىقلاردىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر مەملىكەت بويىچە ئوخشاش تۈردىكى ئامبار، پونكىتلار ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىنى ئىگىلىدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاساسىنى پۇختىلاپ، نەق مەيدان باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە يوشۇرۇن ئاپەتنى تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

بىخەتەرلىك بويىچە سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ۋە بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېيى تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئوت ئۆچۈرۈش، ساغلاملىق لوڭقىسى قاتارلىق بىخەتەرلىك بىلىملىرى بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. ئىش ئورنى مەشغۇلاتى خادىملىرىنى بىخەتەرلىك ئىقتىدارى بويىچە تەربىيىلەش، شوپۇرلارنى قاتناش بىخەتەرلىكى بويىچە تەربىيىلەش ۋە بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خادىملىرىنى كىنىشكا ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك بىلىملىرى سەۋىيىسى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. نېفىتلىك شىركىتىدە ئىككى دەرىجىلىك 13 بىخەتەرلىك باش نازارەتچىسى، 14 بىخەتەرلىك مۇئاۋىن باش نازارەتچىسى، 96 مەخسۇس بىخەتەرلىك خادىمى بار. سىستېمىلار بويىچە مەسئۇل بولۇش، قاتلاملار بويىچە باشقۇرۇش، قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، نېفىتلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قاتلاملىرى قاپلاندى.

2004 - يىلى شىركەتتە قائىدىگە خىلاپ قوماندانلىق قىلىش، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 94 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 156 ئادەم (قېتىم) گە چارە كۆرۈلۈپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى تىزگىنلەندى. 10 نەچچە قېتىم كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، مەسىلە ۋە يوشۇرۇن ئاپەتتىن 1364 ى تېپىپ چىقىلىپ، ھەممىسىگە تۈزىتىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 10 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىركەت دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئاپەتتىن 25 ى تىزگىنلەندى؛ ئورۇنلار 20 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 173 تۈرلۈك يوشۇرۇن ئاپەتنى تىزگىنلەپ، مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈردى.

زەي خۇڭگو، جۇشياۋلۇڭ

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى ئىگە بولغان مۇلۇك سوممىسى 6 مىليارد 143 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليارد 128 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 2 مىليارد 939 مىليون 990 مىڭ يۈەن. ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 518.

2004 ـ يىلى قوماندانلىق شتابى 254 قۇدۇقنى بۇرغىلاشنى باشلاپ، 247 نى بۇرغىلاپ بولدى، بۇلارنىڭ مېتراژى 666 مىڭ 836 مېتىرغا يەتتى؛ 188 قەۋەت نېفىت سىنىدى، 2083 قېتىم قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستىدە بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىلغىنى ۋە كىسلاتالاشتۇرۇلغىنى 552 قۇدۇق (قېتىم)، قۇدۇق خاتىرىلەش 473 قۇدۇق (قېتىم)؛ نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، بىنا، يوللارنىڭ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن خىزمەت مىقدارىنىڭ قىممىتى 470 مىليون 600 مىڭ يۈەن؛ تەمىنلەنگەن توك 349 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت، تەمىنلەنگەن سۇ 22 مىليون 10 مىڭ كۇب مېتىر؛ تەمىنلەنگەن ماددىي ئەشيا قىممىتى 149 مىليون 250 مىڭ يۈەن؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون 430 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 124 مىليون 490 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى؛ ماشىنىسازلىق ۋە رېمونتچىلىقتا ئورۇندالغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، سېتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 12 مىڭ 797 توننا بىرىكمە ئانگىرد ئىشلەپچىقىرىلدى، 13 مىڭ 291 توننا ئانگىرد سېتىلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لەيجۈن

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى باغلىنىشلىق سودىنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە دىققەت قىلىپ، باغلىنىشلىق سودىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت ياراتتى. قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى، قۇدۇق خاتىرىلەش ئورۇنلىرىدا باشقۇرۇش تۇتۇلۇپ، سۈپەت ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ، ئىچكى بازارلار ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇلدى. بۇرغىلاش ـ ئېلىش ئاكادېمىيىسى، گېئولوگىيە ئاكادېمىيىسى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىك شىركىتى بىلەن «بىر گەۋدىلەشكەن» پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ئەندىزىسىنى يولغا قويدى، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى %70 تىن ئاشتى. ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىنىڭ ئىچكى بازارنى تەمىنلەش سوممىسى 2003 ـ يىلدىكىدىن 25 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. تېخنىكا كۆرسىتىش مەركىزى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ۋە باشقۇرۇش كەسپىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن، كۆزىتىش كەسپىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى %98 كە يەتتى. ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ رېمونت قىلىش ـ ئاسراش خىزمەت مىقدارى %85 ئاشتى. قۇمۇل ئۆي خوجىلىقى، پىچان ئۆي خوجىلىقى ئورۇنلىرىنىڭ ئىچكى بازارلىرى بىرئاز كېڭەيدى.

سىرتقى بازارلارنىڭ باشقۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى يېڭىمۇ راۋانلاشتۇرۇلۇپ، سىرتقى بازارلارنى ماس قەدەمدە باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى. غەربىي قىسىم نېفىتلىكىنى نۇقتا قىلىپ، ئەتراپتىكى نېفىتلىك بازارلىرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، يۈمېن نېفىتلىكى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكى ئاساس، باشقا نېفىتلىك قوشۇمچە، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنى باشلامچى قىلىنغان، بۇرغىلاش ـ ئېلىش تېخنىكىسى مۇلازىمىتى، قۇدۇق خاتىرىلەش قۇرۇلۇشى، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، ئالاھىدە ماشىنا مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسپلەر ئومۇميۈزلۈك ئىز بېسىپ ئىلگىرىلىگەن، شەرقىي ـ غەربىي قانات ماس راۋاجلانغان بازار ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

2004 ـ يىلى قوماندانلىق شتابى قازاقىستاندا يېڭىدىن بۇرغىلاشنى ئۆلچەش مۇلازىمىتى قىلىش، شىمالىي قىسىمغا 15 قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى ۋە جۇڭگو ـ قازاقىستان تۇرۇبا يولىغا ماددىي ئەشيا ئەۋەتىش قاتارلىق تۈرلەرنى كۆپەيتتى، گاز بىلەن كۆتۈرۈش قۇدۇقى ۋە يۆنىلىشلىك قۇدۇق مۇلازىمىتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ كومپرېسسورنى ئاسراپ ھەرىكەتلەندۈرۈش تۈرىنىڭ ئايلىنىشىنى مۇقىملاشتۇردى. ئەزەر بەيجاندا كانادا «كالاسۇ» شىركىتىنىڭ 1002 قۇدۇقنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە خېرىدار بولۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، گۇبۇستان نېفىتلىكىنىڭ 3 فازىلىق ئايرىش سايمىنى تېخنىكىسى مۇلازىمىتى ۋە K8K نېفىتلىكىنىڭ بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىش سۈيۈقلۇقىنى تېز چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ۋە تېخنىكىسى مۇلازىمىتىنى قولغا كەلتۈردى. يېڭىدىن سۇدان ۋە ئىران بازارلىرىغا كىردى، سۇدان بازىرىدا پار ماشىنىسى، قۇدۇق ئاستىدا نېفىت يوللىرىغا ئىشلىتىش سايمىنى ۋە مەنپىي بېسىملىق قۇم چايقاش قاتارلىق مۇلازىمەت توختامى ۋە قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكا قاتارلىق ھەمكارلىق مۇددىئانامىسىگە ئېرىشتى. ئىراندىكى «شەرق» نېفىت شىركىتى بىلەن كالون سېلىش، كېرىن ئېلىش، قۇدۇق خاتىرىلەش قاتارلىق مۇلازىمەت توختامى ئىمزالىدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لەيجۈن

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش ـ

ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدىن 8 نى ئۈستىگە ئېلىپ، 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن پەن تەتقىقات خىراجىتىگە ئىگە بولدى. 6 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى، 4 تۈر پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى. پەن تەتقىقاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىنىدىغان تەتقىقات تۈرىدىن 62 سى يولغا قويۇلدى، بىر تۈركۈم يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ قوللىنىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، پەن - تېخنىكىدا 220 مىليون يۈەنلىك ئۈنۈم يارىتىلدى.

گۇرۇھ شىركىتىنىڭ زور ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتا زور بۆسۈش بولدى. «ئىزدىنىش قۇدۇقى قۇرۇلۇشى» سىناش سۈپىتى قىلىنىپ، خاڭ يولى 14 - قۇدۇقنى سىناق قىلىش جەريانىدا ھاۋا ئارقىلىق بۇرغىلاش تېخنىكىسى قاتارلىق 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى سايمان قوللىنىلدى، بۇرغىلانغان قۇدۇق مېتراژى 1312 مېتىرغا يېتىپ، ئوخشاش سۈپىدا تېخنىكا رىقابىتى قىلىدىغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكا كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ھاۋا ئارقىلىق بۇرغىلاشنىڭ ئەڭ يېڭى رېكورتى يارىتىلدى. «كېڭەيتىشكە بولىدىغان كالون ۋە دولقۇنسىمان نەيچىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى تەتقىقات» 71 — L7 قۇدۇقىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ دولقۇنسىمان نەيچىنى توسۇش تېخنىكىسىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، ئېغىر ھالدىكى قۇدۇق ئېقىشنى ھەل قىلىش ۋە مۇرەككەپ قاتلامنى مۇستەھكەم پېچەتلەش يېڭى تېخنىكا ۋاستىسى بىلەن تەمىنلەندى.

مىنخې ئويمانلىقىدىكى 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، بۆلەكلەرنى يانتۇ ئېچىشتىن ساقلىنىش تېخنىكىسى ۋە بېسىمسىز قۇدۇق مەشغۇلاتى قاتارلىق 10 تۈرلۈك چەكلەپ تۇرىدىغان تېخنىكىدا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، فىزىكىلىق تەكشۈرتۈش ماتېرىيالىنى بىرتەرەپ قىلىش، ئىزاھلاشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش تېخنىكىسى، بىرىكمە قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى ۋە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان مىكرو كۆپۈكچىدىن ئىبارەت قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقى قاتارلىق بىر تۈركۈم پىشىپ يېتىلگەن تېخنىكىنى نەق مەيداندا قوللىنىش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم يارىتىلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لەيجۈن

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى تۈرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىدا ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى 2003 - يىلدىكىدىن %62.5، ئېغىر يارىلىنىش ھادىسىسى %54.6 ئازايدى، زور ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى.

قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى مەيدانىدا ساقلانغان ئادەت خاراكتېرلىك قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىسىگە قارىتا، مەسئۇل تارماقلار مەشغۇلات ئىجازىتى تۈزۈمى ۋە نەق مەيداننى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئورۇنلار قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا مەخسۇس نازارەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، پۈتۈن جەرياننى نازارەت قىلدى. قۇدۇق كونترول قىلىش، ئوت ئۆچۈرۈش، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇم قاتارلىقلارنى 6 قېتىم مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىكنى مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلەش كۈچەيتىلىپ، ئادەت خاراكتېرلىك قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئازايتىلدى، نەق مەيداننى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى: «تاسادىپىي يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردە جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دەسلەپكى لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، قۇدۇق فونتانلاش تىزگىنسىز قېلىش، نېفىت - گاز ئېغىر ھالدا ئېقىپ كېتىش ۋە ئاممىۋى توپلانغان سورۇنلاردا جىددىي قۇتقۇزۇش لايىھىسى بويىچە مەشىق قانات يايدۇرۇلدى. قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، 146 پىكاپقا GPS ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى ئورنىتىلدى، سۈرئەتنى چەكلەش، ئۆزلۈكىدىن يول تەكشۈرۈش، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىش، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ئېغىر جازالاش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، زور قاتناش ھادىسىسىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئالاھىدە ئاپتوموبىل قۇرۇلۇش شىركىتى مەملىكەتلىك ساغلاملىق لوڭقىسىدا غالىب كارخانا نامىغا ئېرىشتى.

مۇئامىلىدارلارنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى، كەم - كۈتىلەرنى باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ھالەت باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئۆلچەمسىز ياساش، ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆلچەمسىز قۇرۇلۇش قىلىش چەكلەندى. سۈپەت قەرەللىك زىيارەت قىلىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. 16 قېتىملىق سۈپەت ھادىسىسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، ھادىسە جاۋابكارىدىن 40 ئادەم قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىپ، پەۋقۇلئاددە زور سۈپەت ھادىسىسى توسۇپ قېلىندى، سۈپەت ھادىسىسىگە دائىر زىيان %69 ئازايدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لەيجۈن

# غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى

## ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي

شىمال شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 3 مىليون 581 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 573 مىڭ 100 توننا؛ تەبىئىي گاز 490 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 42 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى. ئومۇمىي كىرىم 4 مىليارد 818 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە باج 2 مىليارد 63 مىليون يۈەنگە، پايدا 1 مىليارد 834 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ كىرىمى 4 مىليارد 406 مىليون يۈەن، پايدىسى 1 مىليارد 783 مىليون يۈەن، پايدا ۋە بېجى 1 مىليارد 972 مىليون يۈەن، ئوتتۇرىچە پايدا ۋە باج 880 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 9 مىليارد 515 مىليون يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 263 مىليون يۈەن؛ غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت كىرىمى 409 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 51 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 91 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە پايدا ۋە بېجى 345 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 147 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن لەنفېڭ، ۋاڭ ئەيمىن

## نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تارىم دەرياسى نېفىت رايونىغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىپ تارىم دەرياسى نېفىت رايونىنىڭ دېڭىز فاتسىيىسى، قۇرۇقلۇق فاتسىيىسىدىكى ئۆۋاق جىنىسلار تەكشۈرۈلىدىغان دائىرىدىكى تەكشۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تەخىرتاغنىڭ جەنۇبىدا چوڭ گازلىق يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، 31 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىدى، 50 قۇدۇق (قېتىم) نى سىنىدى، 16 قۇدۇقتىن سانائەتتە كېرەكلىك گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە S112 قۇدۇقى، S117 قۇدۇقى، YQ4 قۇدۇقى قاتارلىقلاردا نېفىت، گاز جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى تارىم ئويمانلىقىدا 15 رايون بۆلۈپ كەلگەن تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، بۇ رايون بۆلەكلىرىنىڭ تىزىملانغان كۆلىمى 56. 4 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە رايون بۆلىكى 9 بولۇپ، كۆلىمى 1.24 كۋادرات كىلومېتىر. ئۆز ئالدىغا كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە رايون بۆلىكىدىكى ئومۇمىي نېفىت 3 مىليارد 935 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 293 مىليون كۇب مېتىر؛ ئومۇمىي قورشالمىدىكى نېفىت 2 مىليارد 119 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 480 مىليارد كۇب مېتىر.

2004 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈشتە بىر زور تونۇش، بىر زور بۆسۈش، بىر مۇھىم بايقاش، 5 يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

بىر زور تونۇش: تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى 9 ياپسا يەر تەۋرىنىش ماتېرىيالىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە چوڭ كۆلەملىك زاپاس قاتلامنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئارقىلىق، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە شەرقىي گالى دەۋرىدىكى ماگما ئېرىتمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بېكىتىلىشى، زاپاس قاتلىمى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان يېڭى بەلۋاغنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىنىشى، كاربوناتلىق جىنىستىكى ئۆڭكۈر شەكىللىك نېفىت ئۆۋۈسىنىڭ ئۆۋا بولۇپ شەكىللىنىش نەزەرىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەندىكى ئوردوۋىكتىن كېمبىرىي سىستېمىسىغىچە بولغان چوڭ تىپتىكى ئانتىكلىنال تۈزۈلمە ۋە چوڭ تىپتىكى سۇپا قىرغىقىسىمان خادا تاش، ساھىل زاپىسى يىغىلمىسى ئالدىن مۆلچەرلىنىپ ۋە بايقىلىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق تەكشۈرۈشكە ئاساس سېلىندى.

بىر زور بۆسۈش: تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان S112 قۇدۇقىنىڭ ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى لاخايتاغ ـ بىر ئېغىزلىق ئۆي زاپاس قاتلىمىدىن سانائەتتە كېرەكلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، 7 مىللىمېتىرلىق شتوتسېر بىلەن مەھسۇلاتى سىنالغاندا، كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 239 توننا، نېفىتنىڭ زىچلىق دەرىجىسى 81. 0 گرام/كۇب مېتىر بولۇپ، كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈش بولدى، S112—1 قۇدۇقى ۋە S112—2 قۇدۇقى تەخشەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەر ئىككىسىدىن سانائەتتە كېرەكلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، يېڭىدىن 100 مىليون توننا دەرىجىلىك زاپاس كۆلەمگە باھا بېرىلىدىغان رايون بۆلىكى شەكىللەندى. بىر مۇھىم بايقاش: يۈچى رايونىدىكى YQ4 قۇدۇقىنى تىرئاس سىستېمىسى بويىچە ئۆلچەپ سىنىغاندا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، يېڭى رايوندىكى نېفىت، گازنىڭ مۇھىم بايقىلىشى ئىشقا ئاشتى. 5 يېڭى ئىلگىرىلەش: (1) «تۆز ئاستىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش» تا مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە مۇساپىسىگە ئاساسەن، تۆز ئاستىدا تەكشۈرۈلىدىغان بالاتۇر يىل بېشىدىكى 4 ئورۇنلاشتۇرۇش قۇدۇقىدىن 13 قۇدۇققا تەخشەلدى، بۇرغىلاش ئوردوۋىك سىستېمىسى بىلەن ئۇچراشقان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت، گاز قاتلىمى بايقىلىپ تۆز ئاستىدىكى تەخمىنەن 2000 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى قاتلاملىق بايلىق ھالىتى يەنىمۇ ئىسپاتلاندى، 425 مىليون توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىدىكى تىزگىنلەنگەن ۋە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن زاپاس تاپشۇرۇلۇپ، 300 مىليون توننا دەرىجىلىكتىن 500

مىليون توننا دەرىجىلىككىچە بولغان ئوتتۇراھال نېفىت ۋە نېفىت بۇيۇملىرى رايونى شەكىللەندى. (2) تارىم دەرياسى رايونىنىڭ تۆز ئاستى سىلۇر سىستېمىسىدا ھاسىل بولغان ئۆۋۋا بىرىكمىسىدە بۇرغىلاش - تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى نېفىت، گاز قاتلىمى بايقالدى. 5 قۇدۇقتىن نېفىت بار قۇم جىنس ئېلىندى، S117 قۇدۇقنى ئۆلچەپ سىنىغاندا يۆتكەشكە بولىدىغان، زىچلىقى 0.84 گرام/كۇب سانتىمېتىر بولغان نېفىت تېپىلدى؛ قورشالمىدىكى 15 مىليون توننىلىق بايلىق مىقدارى ئالدىن مۆلچەرلىنىپ، سىلۇر دەۋرىدىكى ئۆۋۋاق جىنسلارنى تەكشۈرۈش ساھەسىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. (3) دېۋون سىستېمىسىدىكى شەرقىي دەريا قۇملۇق جىنسنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. T727 قۇدۇقى، T740 قۇدۇقىدا قېلىنلىقى 11 مېتىر، 20 مېتىر كېلىدىغان نېفىت، گاز قاتلىمى بايقالدى، T740 قۇدۇقىنى ئارىلىقتا ئۆلچەشتە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق گاز ئېقىمى تېپىلدى، TP1 قۇدۇقى پۈتكەندە سىناق تەرىقىسىدە نېفىت ئېلىنغاندا كۈنلۈك مەھسۇلاتى 13 توننا بولدى، بۇ دائىرىدە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت زاپىسى 80 مىليون توننا بولۇپ، ئۇ كېيىنكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈش - باھالاشنىڭ مۇھىم ساھەسى بولۇپ قالدى. (4) ترىئاس سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش - باھالاشتا يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى تونۇشقا ئېرىشىلدى. ئېچىلىپ بولغان ترىئاس سىستېمىسىدىكى 3 نېفىت ئۆزىسىدىن باشقا، نېفىت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 8 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە بولغان 8 نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق بايقالدى. YQ3 قۇدۇقىدىكى نېفىت قاتلىمى 16 مېتىر، YQ4 قۇدۇقىدىكى نېفىت قاتلىمى 6 مېتىر ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا S86، T903 ، T114 ۋە YQ4 قۇدۇقلىرىنى ئۆلچىگەندە سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇ قۇدۇقلاردىكى يېڭى بايقاشلار ترىئاس سىستېمىسىدىكى 100 مىليون توننىلىق قورشالمىدىكى بايلىق مىقدارىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مۆلچەرلىنىشىچە زاپاس كۆلىمى 2 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان نۇرغۇن كىچىك نېفىتلىك توپى شەكىللىنىشى مۇمكىن. (5) 6000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كاربونات جىنسلىق زاپاسلىق قاتلامنى كىسلاتالاشتۇرۇپ بېسىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۆزگەرتىشتە بۆسۈش بولدى. T740 قۇدۇق 6260 — 6290 مېتىر ئارىلىقىغا بارغاندا كىسلاتالاشتۇرۇپ قاتلام يېرىلغاندا سانائەتكە كېرەكلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، ئۇنىڭ كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 184 كۇب مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى ئەڭ چوڭقۇر، كىسلاتالاشتۇرۇپ قاتلام يېرىلغان نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق بولۇپ قالدى.

چېن لەنفېڭ

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى 14 نېفىتلىك، گازلىقنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 530 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 59 مىليارد كۇب مېتىر، ئېنىقلانغان نېفىت ئېكۋىۋالېنتى 589 مىليون توننا؛ تىزگىنلەنگەن نېفىت زاپىسى 204 مىليون توننا، نېفىت ئېكۋىۋالېنتى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت زاپىسى 419 مىليون توننا، نېفىت ئېكۋىۋالېنتى 3 دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك زاپاس 1 مىليارد 210 مىليون توننا (بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت 1 مىليارد 77 مىليون توننا). ئۆزلەشتۈرۈلگەن 9 نېفىتلىك - گازلىقتىكى ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قۇدۇق 342 بولۇپ، ئېلىنغان نېفىت 16 مىليون 545 مىڭ 800 توننا، ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 4 مىليارد 246 مىليون كۇب مېتىر.

چېن لەنفېڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

1. پەن - تېخنىكا خىزمىتى كاربونات جىنسلىق زاپاسلىق قاتلامنى تەتقىق قىلىش، باھالاشتا مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

2004 - يىلى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى كاربونات جىنسلىق زاپاسلىق قاتلامنى تەتقىق قىلىشتا ئۆڭكۈر شەكىللىك زاپاسلىق قاتلامنى يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلەپ بىلىش ئەندىزىسى ۋە زاپاسلىق قاتلامنى 5 خىل رەسىم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆلچەش قۇدۇقىنى بىلىش ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلدى، زاپاسلىق قاتلامدىكى ئۆلچەش قۇدۇقىنى باھالاشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇل سىستېمىسى راۋاجلاندۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، زاپاسلىق قاتلامنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ۋە باھالاش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىپ، قاتلامنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئىلمىي ئاساس ۋە تېخنىكا تۈۋرۈكى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

2. دۆلەت ئىچى قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ زور كۆلەمنى 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق ياپسالاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىش تاماملىنىپ، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلىش ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلىدىغان بۆلەك سانى كۆپ بولۇش، كۆپ قېتىملىق

توپلاش، كۆزىتىش سىستېمىسى بىردەك بولماسلىق، ياپسالاشتۇرۇش كۆلىمى چوڭ بولۇش (بىر قېتىملىق قاپلاش كۆلىمى 3791 كۋادرات كىلومېتىر، تولدۇرۇپ بىرىكتۈرۈش كۆلىمى 2925 كۋادرات كىلومېتىر) قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېڭى تېخنىكا تەسەۋۋۇرى قوللىنىلىپ، 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلگەن 9 بۆلەكنىڭ ماتېرىيالىنى «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» بويىچە ياپسالاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلىدىغان بۆلەكنىڭ مارگىنال ئۈنۈم مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئامپلىتۇدا، چاستوتا، دولقۇن گۇرۇپپىسى ئالاھىدىلىكى، سىگنال ـ شاۋقۇن نىسبىتى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە «ئۆلاقسىز» تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، رايون بويىچە زاپاسلىق قاتلامنى ئالدىن مۆلچەرلەشتە بىرلىككە كەلگەن مىقدارلاشتۇرۇلغان ئۆلچەم تۇرغۇزۇلدى، تۇزۇلمىنى توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاساس سېلىندى، زاپاسلىق قاتلامنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە تۈزۈلمىنى ئىزاھلاشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، تارىم نېفتلىكىنى بىلىش ۋە باھالاشنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىندى.

3. قۇدۇقنى ياندىن بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش زورايتىلىپ، كونا قۇدۇقلاردىن قايتا پايدىلىنىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن قۇدۇق ۋە تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقلىرىنى ئۈنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ياندىن بۇرغىلىنىدىغان نىشان نۇقتىسى تاللاندى، ياندىن بۇرغىلاش جەريانىدا قىسقا يېرىم دىئامېتىرلىق يۆنىلىشلىك قۇدۇقتا «تىك ـ كۆپەيمە ـ مۇقىم» كەسمە يۈزلۈك ۋە تەتۈر ئورنىتىلغان بۇرغىلاش سايمانلىرىنى بىرىكتۈرۈش قوللىنىلىپ، كونا قۇدۇقلاردىن قايتا پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2004 ـ يىلى 10 قۇدۇقنى ياندىن بۇرغىلاش يولغا قويۇلدى، 9 قۇدۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يەككە قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك مەھسۇلاتى 56 توننىغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەنپىي بېسىملىق قۇدۇق بۇرغىلاش بىلەن قىسقا يېرىم دىئامېتىرلىق گورىزونتال قۇدۇقنى ياندىن بۇرغىلاش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، TK421CH قۇدۇقنىڭ گورىزونتال ئورۇن يۆتكىشى 617.77 مېتىرغا يېتىپ، تارىم دەرياسى نېفتلىكىدە قىسقا يېرىم دىئامېتىرلىق گورىزونتال قۇدۇقنى ياندىن بۇرغىلاشنىڭ ئەڭ يېڭى رېكورتى يارىتىلدى، بۇ قۇدۇق كىسلاتالىق بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن كۈنىگە مۇقىم 50 توننا نېفت ئېلىنىدى.

4. سۇ كۆچى بىلەن پۈركۈش ناسوسى، قاتلام ئۆزگەرتىپ كىسلاتالاشتۇرۇپ يېرىق يېرىشنى تەكرارلاش قاتارلىقلارنى ئېچىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى.

ئۆڭكۈر شەكىللىك نېفتلىكنى ئېچىشنىڭ ھالەت بەلگىسىدىكى پەرق چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى مەقسەتلىك تاللىنىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى سىنىقى قانات يايدۇرۇلۇپ، سۇ كۆچى بىلەن پۈركۈش ناسوسى، يوشۇرۇن توكلۇق بۇرمىسىمان دەستىلىك ناسوس قاتارلىقلار ئارقىلىق چوڭقۇر شوراپ چىقىرىشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى شەكىللەندۈرۈلدى. سۇ كۆچى بىلەن پۈركۈش ناسوسىنى يېتەكچى قىلىش تەجرىبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. S92 قۇدۇقنىڭ كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى بىر كۇب مېتىردىن 50 كۇب مېتىرغا، TK723 قۇدۇقنىڭ كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى 10 كۇب مېتىردىن 40 كۇب مېتىرغا كۆپەيدى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سۇ كۆچى بىلەن پۈركۈش ناسوسىنىڭ تۆۋەنگە چوڭقۇرلاش دەرىجىسى يەنىمۇ چوڭىيىپ، مۇنتىزىم ناسوسنىڭ ئادەتتىكى چوڭقۇرلىشىشى 3000 مېتىردىن ئاز بولۇش چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلاندى. تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش بېسىم پەرقى ئورنىتىلىپ، سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئاشۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم تۆۋەن ئۈنۈملۈك، تۆۋەن ئىقتىدارلىق قۇدۇقلار ئازاد قىلىندى. 2004 ـ يىلى قاتلام ئۆزگەرتىپ كىسلاتالاشتۇرۇپ قاتلام يېرىش تەدبىرى 16 قۇدۇق (قېتىم) تا قوللىنىلدى، بۇ تەدبىر ئارقىلىق 15 مىڭ 200 توننا نېفت كۆپەيدى.

ۋاڭ ئەيمىن

## كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى

غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى، 27 ـ كۈنى كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى مۇقىم 10 مىڭ 50 توننىغا يېتىپ، تارىم دەرياسى نېفتلىكىنىڭ مەھسۇلاتى ئاشقان نۇقتىلىق رايون ۋە ئىز باسقان رايون بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ۋاڭ ئەيمىن

## تارىم نېفتلىكىدىكى 1 مىليون 410 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

2004 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفت ئىدارىسى، غەربىي

شىمال شۆبە نېفىت شىركىتىدە يېڭىدىن 1 مىليون 430 مىڭ تونىنلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى، تەكشۈرۈش - ئېچىش قۇدۇقىدىن 113 ى بۇرغىلاندى.

ھېساب يۆتكەش، ئۆلچەش پونكىتلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن ھېساب يۆتكەش پونكىتىدىن 6 سى، ئۆلچەش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلدى، تارىم دەرياسى 8 - رايونىدىن تارىم دەرياسى نېفىتلىكى 2 - نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتىغىچە بولغان نېفىت - گازنى سىرتقا يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى، تارىم 9 - رايونىدىن باش پونكىتقىچە بولغان تەبىئىي گازنى توپلاپ يەتكۈزۈش لىنىيىسى ۋە كۈندىلىك بىرتەرەپ قىلىش كۆلىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر بولغان تارىم نېفىتلىكى 2 - نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتىنىڭ تەبىئىي گاز بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى.

ئېلېكتر قۇۋۋىتى، يول قۇرۇلۇشى تۈرى پۈتۈنلەي تاماملاندى. تارىم دەرياسى 6 - رايونىدىكى گاز يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى، تارىم دەرياسى 8 - رايونىدىكى توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى، ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش، توك تەقسىملەش سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتى، نېفىتلىكنىڭ 53.6 كىلومېتىر 3 - دەرىجىلىك ئاساسىي غول يولى، 21 كىلومېتىر 4 - دەرىجىلىك تارماق غول يولى پۈتتى.

ياقىلا — چۆلئاۋات تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى.

چېن لەنفېڭ

## ياقىلا - چۆلئاۋات گازلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چۆلئاۋات K3 قۇدۇقىنى بۇرغىلاش باشلاندى، ياقىلا - چۆلئاۋات گازلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى.


بۇ گازلىق غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ئۆزلەشتۈرگەن تۇنجى قېتىشما گازلىق. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 11 ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، بۇنىڭ 6 سى ياقىلادا، 5 ى چۆلئاۋاتتا، ئۇ پۈتكەندە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 940 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، كوچادىكى چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسىنى ھەر يىلى 450 مىليون كۇب مېتىر خام ئەشيا گازى بىلەن تەمىنلەيدۇ. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۈنىگە 2 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بىرتەرەپ قىلىدىغان ياقىلا گازنى توپلاپ بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 3000 كۇب مېتىرلىق 2 ئوت ئۆچۈرۈش سۇ باكى ۋە 2000 كۇب مېتىرلىق 2 قېتىشما نېفىت باكىنىڭ ئاساسى پۈتتى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۈنىگە 250 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، يىلىغا 80 مىڭ توننا قېتىشما نېفىت بىرتەرەپ قىلىدىغان چۆلئاۋات گازى توپلاپ بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

چېن لەنفېڭ

## مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭقۇر تارماق گورىزونتال قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭقۇر تارماق گورىزونتال قۇدۇق — TK908DH قۇدۇقى تارىم نېفىتلىكىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، 1 - تارماق قۇدۇقنىڭ تىك چوڭقۇرلۇقى 4597.02 مېتىر، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 5234.55 مېتىر، 2 - تارماق قۇدۇقنىڭ تىك چوڭقۇرلۇقى 4597.36 مېتىر، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 5239.64 مېتىر. بۇ قۇرۇلۇشلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندە 6 مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن 2 - تارماق قۇدۇقنى ئۆلچىگەندە، ماي بېسىمىنىڭ 6 مېگاۋات، كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 154.5 توننا، تەبىئىي گازنىڭ 7800 كۇب مېتىرغا يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

چېن لەنفېڭ



**2004 - يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى يۈچى 4 - قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت - گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى.**

پەن سۇڭخۆيېن فوتوسى

## ئېغىر نېفىتنى سىرتقا يەتكۈزۈش سىستېمىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 12 دە تارىم نېفىتلىكى ئېغىر نېفىتنى سىرتقا يەتكۈزۈش سىستېمىسىنىڭ كۆچادىكى ئاخىرقى پونكىتىدا سىرتقا يەتكۈزۈش ناسوسى ئىشقا سېلىنىپ، تارىم دەرياسى شۆبە شىركىتى نېفىت بىلەن تەمىنلەندى، بۇ، تارىم نېفىتلىكىدىكى ئېغىر نېفىتنى سىرتقا يەتكۈزۈش سىستېمىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قېتىمدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تۈرگە 404 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر نېفىتنى ساقلاش ـ توشۇش سىستېمىسىغا سېلىنغىنى 340 مىليون يۈەن، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن 110 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 63 مىليون 288 مىڭ 400 يۈەن.

ۋاڭ ئەيمىن

# مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 12 مىليارد يۈەنگە، خادىمى 5800 دىن كۆپرەككە، نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلمىسى 48 يۈرۈشكە يەتتى. يىلىغا بىر قېتىمدا 6 مىليون تونىنا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە يىلىغا 250 مىڭ تونىنا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. سىستېمىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 135 مىڭ كىلوۋاتقا، پار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سائىتىگە 1400 تونىنىغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 3.3 كۇب مېتىرغا يەتتى. شىركەت ئومۇمىيۈزلۈك ISO9001، ISO14001 ۋە HSE (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت) ئۆلچىمى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. 7 چوڭ تۈردىن 240 خىلدىن ئارتۇق «تەڭرىتاغ» ماركىلىق چەككىلەنگەن ماي مەھسۇلاتى ۋە 14 سىستېمىدىكى 100 خىلدىن ئارتۇق «قارچىغا» ماركىلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى. پاراخوتقا ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلۈك مايلار ئىمپورتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان مەخسۇس مەھسۇلات بولۇپ قالدى. تولۇق پىچەتلەپ مۇزلىتىلغان ئاپتول، 3 ـ نومۇرلۇق رېئاكتىپ يېقىلغۇسى، پولىئاكرىل سىمۇلاسى قاتارلىقلار دۆلەت بويىچە داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. «تەڭرىتاغ» ماركىسىغا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدا ئەڭ زور كۆرسەتكۈچكە ئىگە داڭلىق ماركا دېگەن نام بېرىلدى.

2004 ـ يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ سېتىش كىرىمى 12 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %37.75، پايدا سوممىسى 1 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %139.79، باج 1 مىليارد 77 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.88 ئاشتى. نېفىت چەككىلەش قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىپ، سىناش پايدىسى 453 مىليون يۈەنگە يەتتى، دېمەك، پايدا ئېلىش ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، سىناش پايدىسى 927 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىركەتنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 11 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 700 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مۈلۈكنىڭ ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %32.24 بولۇپ، 0.58 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ ساپ مۈلكنىڭ مەنپەئەت نىسبىتى %23.34 بولۇپ، 11.87 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

لى چۈەنۋېن

## چەككىلەش ۋە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى پىششىقلاپ ئىشلىگەن نېفىت 4 مىليون 320 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %8؛ ئىشلەپچىقارغان ئېتىلېن 250 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، %7.5 ئاشتى. نېفىتنىڭ بىر كۈندە چەككىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 14 مىڭ تونىنىغا، ئەڭ يۇقىرى ئېتىلېن مەھسۇلات مىقدارى 759 تونىنىغا يەتتى. قوش ئالكىن يىغىش نىسبىتى %46.46 كە يېتىپ، 1.36 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، يېنىك ئېتىلېن خام ئەشياسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش %78 كە يېتىپ، 16 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. كۆپ پايدىلىق مەھسۇلات ھېسابلىنىدىغان يۇقىرى نومۇرلۇق بېنزىن %96، تىرى فېنىل %5، ئىككى پۆلى %15 ئاشتى. ئۇنىۋېرسال تاۋار نىسبىتى، خىمىيە سانائىتىگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال نىسبىتى قاتارلىق 21 تۈردىكى ئاساسلىق ئىقتىساد، تېخنىكا كۆرسەتكۈچىدە شۇ ساھەنىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىندى. ماشىنىسازلىق-ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى سىستېمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشى

بىخەتەر بولدى، ئېلېكتر قوزغاتقۇچ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىش نىسبىتى، ئىشقا سېلىنىش نىسبىتى ساھە بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. بىر يىلدا 850 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 6 مىليون 340 مىڭ توننا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىلدى، توك چىقىرىشتىكى كۆمۈر سەرپىياتى نىسبىتى 13% تۆۋەنلىدى.

لى چۈەنۋېن

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 10 مىليون توننىلىق نېفىت چەككىلەش، 1 مىليون 200 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يولغا قويدى. نېفىت چەككىلەش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى — چەككىلەپ ئېلىنغان ماينى ھىدروگېن قوشۇپ پارچىلاش 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىش باشلانغاندا بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 4 - نومۇرلۇق پارتۇربىنىلىق دېڭگاتېل قۇرۇلۇشىنى شۇ يىلى باشلاپ، شۇ يىلى پۈتتۈرۈش ئىشقا ئاشتى. ئىش توختىتىپ چوڭ رېمونت قىلىش ۋاقتى 15 كۈن بولدى، 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، يەل ئارقىلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، تېخنىكىلىق تەدبىر تۈرىدىن 600 دىن كۆپرەكى يولغا قويۇلدى.

لى چۈەنۋېن

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىدە ئىچكى تىزگىنلەش سىستېمىسى ۋە مالىيىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئىچكى قىسمىنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش كۈچەيتىلىپ، تەننەرخ قاتتىق تىزگىنلەندى. 2004 - يىلى ماي چەككىلەشنىڭ بىرلىك خىراجىتى 69.71 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكىدىن 5.8 يۈەن/ توننا، بىر توننا ئېتىلېن مەھسۇلاتىنىڭ نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش ھەققى 1085.81 يۈەن بولۇپ، 79 يۈەن/توننا تۆۋەنلىدى. ماي چەككىلەشتە ئۇنىۋېرسال تاۋار نىسبىتى قاتارلىق 6 تۈر كۆرسەتكۈچتە ساھە بويىچە 1 - لىك ساقلاپ قېلىندى، ئېتىلېن يىغىۋېلىش نىسبىتى، پروپىلېن يەككە سەرپىياتى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق كۆرسەتكۈچلەر ساھە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، شىركەت جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆلچەمگە يەتكەن غالىپ ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لى چۈەنۋېن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى نەملىك، تېپىلىشقا يۇقىرى دەرىجىدە تاقابىل تۇرالايدىغان بىرىكمە كاۋچۇك تەتقىقاتى قاتارلىق دۆلەتنىڭ «863» تۈرىدە بۆسۈش ھاسىل قىلدى، خروم سىستېمىسىدىكى پولى ئېتىلېنغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالنى تەتقىق قىلىش - تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق پاي شىركىتى دەرىجىلىك 18 نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى پۈتۈنلەي تاماملاندى، مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلىدىغان يۇقىرى نومۇرلۇق بېنزىن قاتارلىق 10 نۇقتىلىق تۈردە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پارچىلاش پېچىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق 82 تۈردە تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكىلىق تەدبىر قوللىنىش تۈرى ئوڭۇشلۇق قوللىنىلدى.

2004 - يىلى شىركەت 3 - قېتىم مەملىكەت بويىچە نېفىت خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى ماھارەت مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى، شۇ كۈي ۋە شۇي خېيتاۋلار مەملىكەت بويىچە تېخنىكا ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى چۈەنۋېن

# مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 مىليارد 42 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈككە، 460 مىليون يۈەنلىك تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈككە ئىگە بولدى. تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈك ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ 46% نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. باش زاۋۇتنىڭ تىزىملىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6019 بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۈنۋانى بارلار 25. ھازىر 1 مىليارد كىلوۋات سائەتلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى، سېكۇنتىغا 3 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. زاۋۇت A دەرىجىلىك نازارەت قىلىش، B دەرىجىلىك باھا چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش، B دەرىجىلىك قۇرۇلۇش لايىھەلەش سالاھىيىتى ۋە 2 - دەرىجىلىك بېسىم قاچىسى ياساش، شارسىمان باكنى نەق مەيداندا گۇرۇپپىلار بويىچە كەپشەرلەش سالاھىيىتىگە ئىگە.

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ تۈرلۈك كەسپىي كىرىمى 415 مىليون يۈەنگە،

ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 374 مىليون يۈەنگە يەتتى، پاسسىپ 369 مىليون يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 32.66% بولدى. تىجارەت خاراكتېرلىك 8 ئورۇننىڭ ھەممىسى يىللىق پايدا كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىدى؛ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 4 ئورۇن ئومۇمىي گەۋدە بويىچە پايدا ئالدى؛ باش زاۋۇتتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان كارخانا «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇلكى پېيى بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇنقى 293 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 566 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى.

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىخەتەر ھالدا 30 مىليون 140 مىڭ كۇب مېتىر سۇ، 801 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 654 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىدى.

لى پىڭ

## قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ سانائەت ساھەسىدىكى يىلىغا 30 مىڭ توننا مېتانول ئىشلەش، يىلىغا 40 مىڭ توننا ترى مېتىل بېنزول ئىشلەش تۈرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بىر يىلدا 4029 توننا مېتانول، 854 توننا ترى مېتىل بېنزول ئىشلەپچىقىرىلدى. 125 كىلوگرام سۇزۇك ماسسىلىق كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 13 مىليون 650 مىڭ يۈەن كۆپ كىرىم قىلىندى، يىلىغا 2 توننا سۇزۇك ماسسىلىق كىسلاتا ئىشلەش تۈرىدە ماشىنا 1 - قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈلگەندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. يىلىغا 600 مىڭ كۇب مېتىر تاۋار بېتون لاي ئېتىش پونكىتى، «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا شىركىتىنىڭ 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

لى پىڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. 2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا 1000 ئادەم بويىچە يارىلىنىش نىسبىتى 0.84%، ئېغىر يارىلىنىش نىسبىتى 0.12% بولدى، ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى ۋە ئېغىر قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى.

2. سىستېما باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باش زاۋۇت CPAC ۋە CQC دىن ئىبارەت 2 گۇۋاھلىق بېرىش ئاپپاراتىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە رويخەتكە ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، باش زاۋۇتتا دەسلەپكى قەدەمدە سىستېمىنى ئۆزى بايقاش، ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش مېخانىزمى ئورنىتىلدى.

3. مۇلۇك تىجارىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئورۇن ۋە قانۇنىي ئىگە ئورۇنلارنىڭ مۇلكى ئېنىقلىنىپ، تۈرلەر بويىچە ئامبار سېلىنىپ، مۇلۇك تىجارىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كىرىم يارىتىش ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى.

لى پىڭ

# قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى

## قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى نېفىت ئايرىش - خىمىيە سانائىتى بىر گەۋدىلەشكەن، يىلىغا 5 مىليون توننا يېقىلغۇ ماي - سىلىقلاش مېيى - ئاسفالت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىسى، ھازىر 38 يۈرۈش ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسى، 3 مىليارد 828 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق قويۇق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 3 مىليون توننا، تۈرلۈك نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتىدىن 160 نەچچە خىلنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

2004 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى پىششىقلاپ ئىشلىگەن نېفىت 3 مىليون تونناغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 495 مىڭ 400 توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق نېفىت 1 مىليون 530 مىڭ توننا. تاۋار مىقدارى 2 مىليون 810 مىڭ توننا بولۇپ، 472 مىڭ 400 توننا ئاشتى. تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى 171 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى، 1 مىليون 738 مىڭ 600 توننا پار بىلەن تەمىنلىدى. سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 6 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد يۈەن ئاشتى. تاپشۇرغان بېجى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 100 مىليون يۈەن ئاشتى.

خۇاڭ گوچياڭ

## ئۈسكۈنە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ مۇكەممەللىك نىسبىتى 99.01%، ھەم پېچەتلەنگەن نۇقتىلارنىڭ ئېچىلىپ كېتىش نىسبىتى 0.44%، كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلىرىنىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىش نىسبىتى 96.2%، ئاچقۇچلۇق قايتىش يوللىرىنىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىش نىسبىتى 100% بولدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان چوڭ كوكسلاشتۇرۇش ۋە

ھىدروگېن قوشۇپ ئىشلەش بىرلەشمە قۇرۇلمىسىدىمۇ كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلارنىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىش نىسبىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ‎%95≤ بولدى.

2004 ـ يىلى شىركەتنىڭ يىلىغا 5 مىليون توننا قويۇق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى ۋە ئۇنىڭ يانداشما تۈرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى، يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ توننىلىق كېچىكتۈرۈپ كوكسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، سائىتىگە 12 مىڭ كۇب مېتىر ۋە يىلىغا 900 مىڭ توننا ھىدروگېن قوشۇپ ئىشلەش بىرلەشمە قۇرۇلمىسى، يىلىغا 160 مىڭ توننا قۇرۇق گازنى گۈڭگۈرتسىزلەندۈرۈش ۋە يىلىغا 200 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گازنى ئىشقارلىق يۇيۇش قۇرۇلمىسى، يىلىغا 1500 توننا گۈڭگۈرت قايتۇرۇش، سائىتىگە 500 توننا سۇنى تۇزسىزلاندۇرۇپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلمىسى، ئازوت ئىشلەشكە شامال بېرىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، 1×5 تۈمەن كۇب مېتىرلىق قويۇق نېفىت باكى، 1×2 تۈمەن كۇب مېتىرلىق نافتا ماي باكى پۈتتى.

خۇاڭ گوچياڭ

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ چەككىلەش ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىدا ئۇدا 14 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، زور ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىسى بولماسلىق، قاتناش بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئۇدا 6 يىل بىخەتەر يول يۈرۈش، زور قاتناش ھادىسىسى بولماسلىق، شىركەت بويىچە 5270 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى شىركەتتە زور مۇھىت بۇلغىنىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشنىڭ نىشانغا يېتىش نىسبىتى ‎%96.7، كېرەكسىز سۇنىڭ ئۇنىۋېرسال لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ‎%98.6، كېرەكسىز داشقالنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى ‎%100، زاۋۇت رايونىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ‎%100، مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى ‎%100 بولدى، تۈرلۈك بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى پىلان ئىچىدە تىزگىنلەندى.

خۇاڭ گوچياڭ

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 5 مىليون توننا قويۇق نېفىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 594 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كوكسلاشتۇرۇش، ھىدروگېن قوشۇپ ئىشلەش قاتارلىق 3 يۈرۈش ئاساسىي قۇرۇلمىسىدا 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماشىنىلارنى سىناق قىلىش باسقۇچىغا كىرگۈزۈشكە تاپشۇرۇلدى، 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كوكسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىدىن تۇنجى دەۋر كوكس چىقتى، 12 ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى ھىدروگېن قوشۇپ ئىشلەش بىرلەشمە قۇرۇلمىسى لاياقەتلىك بېنزىن، دىزېلىن ئىشلەپچىقاردى.

خۇاڭ گوچياڭ

## پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى

2004 ـ يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى پاي شىركىتى دەرىجىلىك 13 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ۋىلايەت ـ شىركەت دەرىجىلىك چەككىلەشكە دائىر پەن تەتقىقات تۈرىدىن 17 نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەر ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە يېڭى مەھسۇلات ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارغا چېتىلىدۇ. 2 تۈردە پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. شىركەتتىكى نېفىت چەككىلەش خىمىيە سانائىتى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلغان بىر يۈرۈش يېڭى، ئەلا، ئالاھىدە يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە مەھسۇلات ۋە چەككىلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى تېخنىكىسى، مەسىلەن، يۇرۇشلۇك تار دائىرىلىك چەككىلەنمە نافتىن مېيى، SBS نىڭ خاراكتېرىنى يول ئاسفالتىغا ئۆزگەرتىش، ئايرودروم، كۆۋرۈك قاتارلىق ئالاھىدە يول يۈزىگە ئىشلىتىلىدىغان SBS تەييار مەھسۇلات ياكى نەق مەيداندا خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلىدىغان ئاسفالت، شۇنىڭدەك سوغۇق رايونلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيوللارغا ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلىدىغان SBR ئاسفالت قاتارلىقلاردىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

خۇاڭ گوچياڭ

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ نېفىت ۋە خام ئەشيا نېفىتى پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 4 مىليون تونىنىدىن، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، تارىختا يەنە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەت مۈلكىنىڭ سوممىسى

6 مىليارد 674 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈك سوممىسى 2 مىليارد 447 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنغان مەبلەغ 84 مىليون 640 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 9 مىليارد 447 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 4 مىليارد 404 مىليون يۈەن، كارخانا قەرزى 2 مىليارد 315 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 34.69%، ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 4 مىليارد 359 مىليون 540 مىڭ يۈەن. شىركەتنىڭ ھازىر بار بولغان خادىمى 4544، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 911، نېفت چەككىلەش زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 5 مىليون 500 مىڭ توننا، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 100 مىڭ توننا، خىمىيىۋى تالا زاۋۇتىنىڭ 3 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بار، تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوۋات سائەت، سائەتلىك پار چىقىرىش ئىقتىدارى 850 توننا، شىركەت 9 چوڭ تۈر بويىچە 56 خىل نېفت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى، خىمىيىۋى تالا ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

سۇن جېڭ

## ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنۇم كۆرسەتكۈچى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى زاۋۇتقا 4 مىليون 234 مىڭ توننا نېفت، 460 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز كىرگۈزۈپ، 4 مىليون 146 مىڭ 700 توننا نېفت ۋە خام ئەشيا نېفتى پىششىقلاپ ئىشلىدى. 3 مىليون 30 مىڭ 700 توننا يېنىلغۇ ماي ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 56 مىڭ 600 توننا P - دى مېتىل بېنزول ئىشلەپچىقاردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 1 مىليون 26 مىڭ 400 توننا ئۇرېيە ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغىنى 571 مىڭ 200 توننا بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%، 2- خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغىنى 455 مىڭ 200 توننا بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 80 مىڭ 100 توننا چەككىلەنگەن P - فتالىن كىسلاتاسى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%؛ 37 مىڭ 500 توننا پولى ئېستېر ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%؛ 19 مىڭ 900 توننا قىسقا تالالىق ترىلىن ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى.

بىر يىلدا 815 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 10 مىليون 259 مىڭ توننا پار ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىر يىلدا سېتىلغان بېنزىن، كىرسىن، دىزېلىن 2 مىليون 770 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 458 مىڭ 800 توننا ئاشتى. 1 مىليون 50 مىڭ توننا ئۇرېيە، 85 مىڭ 400 توننا خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتى سېتىلدى.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 146 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا)؛ باج سوممىسى 778 مىليون يۈەنگە، ئىچكى قىسىمدا تەكشۈرۈلگەن پايدا 178 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سۇن جېڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 84 نى، 1 مىليارد 104 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرغاندى، ئەمەلىيەتتە 296 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. شىركەتنىڭ نۇقتىلىق تۈرى بولغان كوكسلىشىشنى كېڭەيتىش ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىش تۈرى تاماملاندى، يىلىغا 300 مىڭ توننا گاز ئايرىش قۇرۇلمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلاندى. شىركەت سۇ ۋە ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېنېرگىيە، سۇ تېجەش تېپىدىكى كارخانا بەرپا قىلدى، بىر يىلدا 20 مىڭ 417 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر، 1 مىليون 630 مىڭ توننا سۇ تېجەلدى. قۇرۇلمىلارنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش قاتتىق باشقۇرۇلدى، پاي شىركىتى دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلىدىغان 11 يۈرۈش قۇرۇلمىنىڭ 4 يۈرۈشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلىدىغان 72 كۆرسەتكۈچنىڭ 59 ى ئۆلچەمگە يەتتى، نېفت ئايرىش كەسپىي ئۆلچەمگە يەتتى.

سۇن جېڭ

# ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

## ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى مۈلكىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 686 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 1 مىليارد 104 مىليون يۈەن، قەرز سوممىسى 582 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى باش زاۋۇت توقۇغان خالتا 28 مىليون 60 مىڭ دانىگە، ئىشلەپچىقارغان سۇلياۋ يوپۇق پاراشوكى 136 توننىغا، فورمالدېگىد 3089 توننىغا، مېلامىن 9218 توننىغا، يېڭى تىپتىكى سۇ 28 مىليون 20 مىڭ توننىغا، ئۆلاپ تەمىنلىگەن توك 194 مىليون 860 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

بىر يىلدا سېتىلغان خالتا 27 مىليون 700 مىڭ دانىگە، فورمالدېگىد 1922 توننىغا، مېلامىن 8343 توننىغا، نېفىت مەھسۇلاتى ۋە تەييار نېفىت 51 مىڭ 682.63 توننىغا يەتتى.

بىر يىلدا تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىشقا دائىر مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.92% ئاشتى.

2004 - يىلى باش زاۋۇتنىڭ ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن قىلغان كىرىمى 683 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.63% ئاشتى. خىراجەتلەشكىنى تولۇقلانغاندىن كېيىن، باش زاۋۇت جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى چۈشۈرگەن پايدا - زىياننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىدى.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكىلىق تەدبىر قوللىنىش تۈرىگە 173 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكىلىق تەدبىر قوللىنىش 200 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈككە ئۆزگەرتىلدى. ئاساسلىق تۈرلەر يىلىغا 300 مىڭ توننا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، يىلىغا 30 مىڭ توننا يۇقىرى بېسىملىق مېلامىن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، ماي قاچىلاش پونكىتى تۈرىدىن ئىبارەت. بىرىكمە ئوغۇت تۈرىگە 132 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پۈتۈپ تاپشۇرۇپ بېرىلدى، 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ماتېرىيال سېلىنىپ سىناق قىلىنغاندا بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، شۇ يىلى باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ يۇقىرى بېسىملىق مېلامىن قۇرۇلمىسى باش زاۋۇتنىڭ 2 - يۈرۈش مېلامىن قۇرۇلمىسى بولۇپ، 7- ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى تەرىپىدىن تەستىقلاندى، بۇ تۈرگە 410 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، دەسلەپكى لايىھىلەش خىزمىتى ۋە ئۈسكۈنە بۇيرۇتۇش ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. ماي قاچىلاش پونكىتى تۈرىگە 24 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىلى ماي قاچىلاش پونكىتىدىن 6 سى پۈتتى.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت كەشىپ قىلىشقا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى ئاجرىتىپ بەرگەن 450 مىڭ يۈەنگە ئېرىشتى. كەشىپ قىلىنىدىغان ئاساسلىق تۈرلەر: يېڭى تىپتىكى مېلامىن تۆزىنىڭ كۆيۈشكە قارشى خۇرۇچىنى كەشىپ قىلىش تەتقىقاتى، سىنامى دەرىجىلىك كالتسىي كاربونات ئۇلترا مىكرو زەررىچىسىنىڭ تولدۇرۇلما سىستېمىسىدىكى تارقىلىشچانلىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات، يەر ئاستى تۇرۇبا لىنىيىسىنى ئاچماي كۆزىتىش ۋە بىخەتەرلىكىنى باھالاش ئۈستىدىكى تەتقىقات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 2003- يىلدىن يۆتكەلگەن تۈرلەر: پولى گىدروكسى فىنولنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتىنى كەشىپ قىلىش ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە سىناق، مېلامىنلىق فورمالدېگىد كۆپۈكچىسىدىن سۇلياۋ ياساش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات قاتارلىق 5 تۈردىن ئىبارەت.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## سۈپەت، بىخەتەرلىك، مۇھىتنى قوغداش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتتى، QHSE سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك بىخەتەرلىك باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈردى. بىر يىلدا تۈرلۈك بىخەتەرلىك، ئوت ئۆچۈرۈش بويىچە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشنى 7 قېتىم ئۇيۇشتۇردى، تەكشۈرۈپ تېپىلغان يوشۇرۇن ئاپەتلەرگە قارىتا 148 پارچە مەسىلە ئۆزگەرتىش قەغىزى، 18 پارچە ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەغىزى، 49 تۈرلۈك ئۆزگەرتىش پىكرى تارقاتتى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى، ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. باش زاۋۇت ۋە 2- دەرىجىلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قۇرۇلما ۋە ئاچقۇچلۇق ئورۇنلارنى كۆزدە تۇتۇپ، 151 چوڭ، ئالاھىدە ۋەقەلەر ئۈستىدە جىددىي قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىشنىڭ تەييارلىق ئارخىپىنى تۈزۈپ چىقتى، 69 قېتىم جىددىي قۇتقۇزۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. 2004 - يىلى باش زاۋۇتتا ئۆلۈم ھادىسىسى، زور ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھادىسىسى، بىر قېتىمدا كۆرۈلگەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 100 مىڭ يۈەندىن

ئاشىدىغان ھادىسە، ئالاھىدە زور قاتناش ھادىسىسى ۋە ئالاھىدە، زور بۇلغىنىش ھادىسىسى كۆرۈلمەي، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن بىختەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ليۇ ۋېنشېڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

## جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى 6736، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققىنى 1815، ئەمگەك توختامىنى ھەقلىق بىكار قىلغىنى 2520. شىركەت ئورگىنىدا 13 باشقارما - ئىشخانا، 31 ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ۋە قوشۇمچە ئورۇن بار. بۇ شىركەت ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىك، 4 چوڭ چەككىلەش زاۋۇتى، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى نېفىت سېتىش كارخانىلىرىنى كەسپىلەشكەن ترانسپورت، تەييار نېفىتنى ئاپىرىپ بېرىش ۋە ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، مايتاغ، كۇچا، جەنۇبىي بۇگۇر، ئوتتۇرا تارىم، كورلا، پىچان قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. خۇنەن، خۇبېي، سىچۇەن، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، شەنشى، دالىيەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە رايونلاردا شۆبە شىركەتلەر قۇرۇلغان. ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2065 ھەرخىل تۈرلۈك ئاپتوموبىلى بار.

2004 - يىلى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

ترانسپورت مەھسۇلات مىقدارى يۈك ئوبوروت مىقدارى 570 مىليون 680 مىڭ توننا - كىلومېتىر.

تىجارەت كىرىمى تۈرلۈك كىرىم 1 مىليارد 693 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

سۈپەت بىختەر قاتنىغان مۇساپە 39 مىليون 220 مىڭ ئاپتوموبىل - كىلومېتىر.

سەرپىيات ھەر 100 ئاپتوموبىلنىڭ ھەر كىلومېتىرغا سەرپ قىلىنغان يېقىلغۇسى 37.33 كىلوگرام، ھەر بىر بالوننىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەش مۇساپىسى 82 مىڭ 492 كىلومېتىر.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 86 مىڭ 200 توننا - كىلومېتىر.

ترانسپورت ئۈنۈمى ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى 91.82%، ئىشلەش ئۈنۈمى 83.67%.

ليۇ شۆ

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆمۈر مەھسۇلاتى 41 مىليون 890 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 27.35% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىنىڭ 10 مىليون 510 مىڭ توننا، يەرلىك كۆمۈركانلارنىڭ 11 مىليون 170 مىڭ توننا، يېزا - بازار كۆمۈركانلىرىنىڭ 20 مىليون 210 مىڭ توننا. سېتىلغان كۆمۈر 40 مىليون 409 مىڭ 300 توننا، قېپقالغان كۆمۈر 1 مىليون 784 مىڭ 900 توننا.

شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھ) شىركىتى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ كوكس كۆمۈرى (گۇرۇھ) شىركىتىدىن ئىبارەت نۇقتىلىق 3 دۆلەت كۆمۈركان كارخانىسىنىڭ پايدىسى 46 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 20.83%، قوشۇلما قىممىتى 858 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.12% ئاشتى، كەسپكار 21 مىڭ 663، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كۈنگە 4.49 توننىغا يېتىپ، 18.47% ئاشتى.

جېڭ جۇن

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ئىچىدىكى كان قۇدۇقلىرىدىن 206 ئورۇندىكىسىگە تۈر تۇرغۇزۇش تەستىقلاندى، 95 ئورۇندىكىسىنىڭ لايىھىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 2004 - يىلى قالاق كىچىك كۆمۈركانلارنى شاللاش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، 2 تۈركۈمدە 25 ئورۇندىكى كان قۇدۇقى تاقالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كان قۇدۇقى 1998- يىلدىكى 1798 دىن 595 كە ئازايتىلدى. 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئومۇمىي پىلانى ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە پەقەت 430 كۆمۈركان ساقلاپ قېلىنىدۇ.

جېڭ جۇن

## كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىختەرلىك ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرخىل كۆمۈركانلاردا 10

دىن ئارتۇق ئادەم تالاپەكتە ئۇچرىغان پەۋقۇلئاددە ھادىسە يۈز بەرمىدى، 101 قېتىم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 7 قېتىم ئازايدى، 131 ئادەم قازا قىلىپ، 7 ئادەم ئازايدى. مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلگەنلەر نىسبىتى 3.16 بولۇپ، 1.13 تۆۋەنلىدى.

جېڭ جۈن

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

1. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئاپپاراتلىرى كان قۇدۇقلىرىنى 735 قېتىم مەمۇرىي تەپتىشلىدى، مەمۇرىي تەپتىشلەشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 100% بولدى، 14 مىڭ 681 قېتىملىق ھادىسە يوشۇرۇن ئاپىتى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭدىن 12 مىڭ 256 سى ئۆزگەرتىلدى، ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى 83% بولدى، تۈرلۈك قانۇن ئىجرا قىلىش ھۆججىتىدىن 3214 نۇسخا مەمۇرىي جازا قارارنامىسىدىن 255 نۇسخا، چۈشۈرۈلدى، 4 مىليون 957 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

2. كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. گازنى تىزگىنلەش ۋە «بىرنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچىنى ئالدىنى ئېلىش» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. C تىپ ۋە D تىپتىكى كان قۇدۇقلىرى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسىنى مۆلچەرلەپ باھالاش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى. كۆمۈركانلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، مەخسۇس تۈر بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلەش نىشانلىق قانات يايدۇرۇلدى. نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈركانلىرى، يۇقىرى گازلىق كان قۇدۇقلىرى، سۇ ئاپىتى ئېغىر بولىدىغان كان قۇدۇقلىرى قەرەلسىز مەخسۇس تۈر بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلەندى. كۆمۈركان بىخەتەرلىكىدە «ئۈچ بىر ۋاقىتتا بولۇش» نى يولغا قويۇش تەلىپى بويىچە بىر يىلدا بىخەتەرلىك جەھەتتىكى 78 پارچە مەخسۇس ماقالە تەكشۈرۈپ كۆرۈلدى، كۆمۈركان قۇرۇلۇشى تۈرىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

3. تۈرلۈك كۆمۈركان ھادىسىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. 2004 ـ يىلى 82 قېتىملىق ھادىسە تەكشۈرۈش دوكلاتىغا تەستىقىي جاۋاپ بېرىلدى، دېلولارنىڭ ئاياقلىشىش نىسبىتى 98.8% بولدى، تۈرلۈك خادىمدىن 380 ى بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مەمۇرى 7، زاۋۇت مەسئۇلى 219. 3 ئادەمنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تەكلىپى بېرىلدى، 4 ئادەمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىندى، 23 ئادەمگە مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ـ نازارەت دەرىجىلىك كارخانا مەسئۇلى 3)، 5 ئادەمگە پارتىيە ئىچىدە چارە كۆرۈلدى، 72 كان باشلىقى، مۇئاۋىن كان باشلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 182 كان باشلىقى، مۇئاۋىن كان باشلىقىغا جەرىمانە قويۇلدى.

جېڭ جۈن

## كۆمۈركانلاردا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كان قۇدۇقلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ھالىتىنى ئۈنۈملۈك باھالايدىغان 14 ئاپپارات خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 22 كۆمۈركان كارخانىسى كۆمۈركاندا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى، بۇ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جېڭ جۈن

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكى تەرەك سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1. كۆمۈركان بىخەتەرلىكى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كۆمۈركان بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى تەربىيىلەش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى، ھازىر بار 2 ـ دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتى بىر، 3 ـ دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتى 13؛ 2004 ـ يىلى تۈرلۈك خادىمدىن 11 مىڭ 800 نەچچىسى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كان (قۇدۇق) باشلىقى سالاھىيىتى بويىچە تەربىيىلەنگىنى 361، بىخەتەرلىك سالاھىيىتى بويىچە تەربىيىلەنگىنى 1685، تەربىيىلەنگەن ئالاھىدە مەشغۇلات خادىمى 9754. ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن كۆمۈركانلارنىڭ باشلىقلىرىنى تىپىك دېلو مىسالىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى، 2 قارار مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 100 دىن ئارتۇق كان باشلىقى قاتناشتى.

2. كاندا جىددىي قۇتقۇزۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. «شىنجاڭ كۆمۈركانلىرىدىكى پەۋقۇلئاددە زور

هادىسىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش لايىھىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك كاندا قۇتقۇزۇش كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، مۇسابىقىگە 13 قۇتقۇزۇش ئەترىتى قاتنىشىپ، قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرىنىڭ ماھارىتى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

3. دۆلەت كاندا قۇتقۇزۇش - داۋالاش مەركىزىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك داۋالاش مەركىزى قۇرۇلدى، شىنجاڭ كۆمۈركان باش دوختۇرخانىسى ۋە قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى دوختۇرخانىسى دۆلەت كاندا داۋالاش - قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك داۋالاش شۆبە مەركىزى بولدى.

جېڭ جۈن

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكى سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا كۆمۈركان بىخەتەرلىكى سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى نىشانغا يەتكۈزۈش ئومۇمىي پىلانى ۋە نىشانى تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەرخىل كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىك سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى، خىزمەت نىشانى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. تارباغاتايدىكى «خاۋيۈەن» كۆمۈر كېنىدا ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈركان بىخەتەرلىكى سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈركان بىخەتەرلىكى سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كۆمۈر چىقىدىغان 15 ناھىيە، شەھىرىدىكى 30 كۆمۈركان تەكشۈرۈلدى، يېقىن ئەتراپتىكىلەرنى يىغىش پرىنسىپى قوللىنىلىپ، ئازكەم 200 كان قۇدۇقىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى چاقىرتىپ كېلىنىپ، بىخەتەرلىك سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە تەشۋىقات، سۆھبەت ۋە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. 2004 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك دۆلەت كۆمۈركېنىدىن 3 كان قۇدۇقى 1 - دەرىجىلىك دۆلەت ئۆلچىمىگە، 5 قۇدۇق 2 - دەرىجىلىك دۆلەت ئۆلچىمىگە، 18 يەرلىك ۋە يېزا - بازار كۆمۈركېنى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 سى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

جېڭ جۈن

## كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 36 سى تاپشۇرۇلدى، ئېنىقلانغان كۆمۈر بايلىقى مىقدارى 5 مىليارد 450 مىليون توننىغا يەتتى. پۇل ھېسابىدىكى خىزمەت ئومۇمىي مىقدارى 156 مىليون يۈەن ئورۇندالدى، يىللىق ئومۇمىي كىرىم 67 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇش مىقدارى 49 مىڭ 656 مېتىر بولۇپ، ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆشۈك نىسبىتى 100% بولدى.

جېڭ جۈن

## كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش سۈرئىتى تېزلەشتى، 8 چوڭ نۇقتىلىق ئوت رايونى ۋە 27 ئادەتتىكى ئوت رايونى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، 2015- يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈرلۈكلەردىكى ئوت رايونىنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان سانجى ليۇخۇاگگو ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئۇ 2005 - يىلى رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ. 8 چوڭ نۇقتىلىق ئوت رايونىدىكى باي تېرەك ئوت رايونى، توقسۇن كۆجەي ئوت رايونىنى تىزگىنلەش باشلاندى.

جېڭ جۈن

## قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇدۇق قېزىش شىركىتىنىڭ 2 - قۇدۇقىدا سۇ ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەردى

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇدۇق قېزىش شىركىتىنىڭ 2 - قۇدۇقىدىكى 890+ مېتىرلىق گورىزونتال W4105 خىزمەت دائىرىسىدە زور سۇ ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 9 ئادەم ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 869 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

جېڭ جۈن

## 104 - تۈەن - مەيدان كوكس كۆمۈرى 1- نومۇرلۇق كان قۇدۇقىدا گاز پارتلىدى

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 12 - شى 104 - تۈەن - مەيدان كوكس كۆمۈرى 1 - نومۇرلۇق كۆمۈر قۇدۇقىدا گاز پارتلاپ 6 ئادەم ئۆلدى.

شىن جيەن

# ئېلېكتر سانائىتى

## ئېلېكترنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالى

1. ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشىدا بىرقەدەر يۇقىرى

ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى. 2004 - يىلى شىنجاڭدا تارقىتىلغان توك 26 مىليارد 640 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ 2003 - يىلدىكىدىن %12.8 ئېشىپ، 2.8 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 22 مىليارد 752 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان توكنىڭ %85.4 نى ئىگىلەيدۇ)، %14.5؛ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 مىليارد 668 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%13.8 نى ئىگىلەيدۇ)، %4.3؛ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 220 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%0.8 نى ئىگىلەيدۇ)، %2.4 ئاشتى. سىستېمىلار بويىچە قارىغاندا شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 8 مىليارد 35 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان توكنىڭ %30.2 نى ئىگىلەيدۇ)، %11.8؛ «خۇادىيەن» گۇرۇھى توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 5 مىليارد 465 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%20.5 نى ئىگىلەيدۇ)، %20.6؛ «گودىيەن» گۇرۇھى توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 3 مىليارد 21 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، (%11.3 نى ئىگىلەيدۇ)، %13.6؛ بىڭتۈەن سىستېمىسىنىڭ 2 مىليارد 331 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%8.8 نى ئىگىلەيدۇ)، %21.9؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ 3 مىليارد 487 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%13.1 نى ئىگىلەيدۇ)، %4.1؛ باشقا ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ 4 مىليارد 301 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%16.1 نى ئىگىلەيدۇ)، %8.1 ئاشتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان توك 22 مىليارد 490 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى سىستېمىسىدىكىلەر ساتقىنى 14 مىليارد 998 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بازار ئۈلۈشىنىڭ %66.7 نى ئىگىلەپ، %14.2؛ بىڭتۈەن ساتقىنى 2 مىليارد 444 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %10.9 نى ئىگىلەپ، %22؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ساتقىنى 3 مىليارد 201 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %14.2 نى ئىگىلەپ، %5.6؛ باشقا كارخانىلار ساتقىنى 1 مىليارد 847 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.2 نى ئىگىلەپ، %4.6 ئاشتى.

2. ئېلېكترگە بولغان ئېھتىياج ئومۇمىيۈزلۈك تەڭپۇڭ ئاشتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر ساھە، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئېلېكتر ئىستېمالى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. توك ئىشلىتىش تىپى بويىچە ئايرىغاندا، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن توك 2003 - يىلدىكىدىن %21.2، چوڭ سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك %13.4، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك %12.6، سودىغا ئىشلىتىلگەن توك %13.7 ئاشتى.

توك ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك ئومۇمىي سېتىلغان توكنىڭ %62.1 نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.1 ئاشتى. سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توكنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب پولات - تۆمۈر، كالتسىي كاربىد، ئويغۇچى ئىشقار، ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن، رەڭلىك مېتال، نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەر تېز تەرەققىي قىلىپ ئېلېكترگە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرغانلىقتىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن توك كىلىمات ۋە دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، %21.2 ئېشىپ، سېتىلغان ئومۇمىي توكنىڭ %12.1 نى ئىگىلىدى. سودىغا، مۇلازىمەت كەسپىگە ئىشلىتىلگەن توك بايرام ئىگىلىكى، ساياھەت ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە سىجىل ھالدا بىرقەدەر تېز كۆپىيىپ، %13.3 ئېشىپ، ئومۇمىي سېتىلغان توكنىڭ %5.5 نى ئىگىلىدى. ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك مۇقىم كۆپىيىپ، %10 ئېشىپ، ئومۇمىي سېتىلغان توكنىڭ %11.6 نى ئىگىلىدى.

رايونلار بويىچە قارىغاندا شىنجاڭ بويىچە ئىشلەتكەن توك بىرقەدەر كۆپ بولغىنى شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ بولۇپ، بۇ بەلۋاغدا ئىشلىتىلگەن توك ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلىتىلگەن توكنىڭ %80 نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.4 ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستنىڭ ئىشلەتكەن توكى ئاران %20 نى ئىگىلەپ، %19.3 ئاشتى، ئۇلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىن يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، تۇرپان، قۇمۇل، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، كۈيتۇڭ (مايتاغ توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق رايونلارنىڭ ئىشلەتكەن توكىنىڭ ئېشىش ھەجمى %10.2 — %49.7 كىچە بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، يەرلىكنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سانائەتنىڭ ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشتا توكقا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە بايىنغولىن ئىشلەتكەن توك %14.7، ئاقسۇنىڭ %25.1، قەشقەرنىڭ %18.6، خوتەننىڭ %25.7 ئاشتى.

3. توك تارقىتىش ئىقتىدارى مۇقىم ئاشتى، توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا

ئىشلىتىلىۋاتقان توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6 مىليون 28 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 9.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 82.3% نى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 973 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 16.1% نى، شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 95 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 1.6% نى ئىگىلىدى. سىستېمىلار بويىچە قارىغاندا شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ تولۇق مەبلەغلىك، پاي كونترول ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 1 مىليون 455 مىڭ 500 كىلوۋات بولۇپ، 24.1% نى؛ «خۇادىيەن» گۇرۇھى توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 1 مىليون 524 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 25.3% نى؛ «گودىيەن» گۇرۇھى توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 547 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 9% نى؛ بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ 521 مىڭ 500 كىلوۋات بولۇپ، 8.7% نى؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 757 مىڭ 500 كىلوۋات بولۇپ، 12.6% نى؛ يەرلىك كارخانىلار ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە يەرلىكنىڭ مۇستەقىل ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 1 مىليون 222 مىڭ 500 كىلوۋات بولۇپ، 20.3% نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلى يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك تارقىتىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىش ھەجمى پۈتۈن جەمئىيەت ئىشلىتىدىغان توك مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولدى، توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستى، بىر يىلدا توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىلغان ۋاقىت 4420 سائەت بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.8% ئاشتى، پايدىلىنىلىنىش نىسبىتى 2.05 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. سىستېمىلار بويىچە قارىغاندا، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى سىستېمىسىدىكى توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىلغان ۋاقىت 5520 سائەت، «خۇادىيەن» گۇرۇھى شىنجاڭ توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 3586 سائەت، «گودىيەن» گۇرۇھى شىنجاڭ توك تارقىتىش كارخانىسىنىڭ 5522 سائەت، بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ 4470 سائەت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ 4603 سائەت، باشقا ئورۇنلارنىڭ 3518 سائەت.

2004 - يىلى يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئاساسىي توردىكى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا مەركەزلەشتى، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك تارقىتىش ئىقتىدارى 16% ئاشتى. تارقاتقان توكى ئاران 14.7% ئاشتى، توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىلغان ۋاقىت 4664 سائەت بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 54 سائەت ئازلاپ كەتتى. ئاساسىي توردىكى كارخانىلار ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىلغان ۋاقىت 5954 سائەت بولۇپ، 152 سائەت ئېشىپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى 2.6% ئۆستى.

2004 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى 519 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ بىلەن 9 توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تورى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتلىنىشكە كىرىشكەن 220 كىلوۋولتلۇق سىم يولى 236 كىلومېتىر بولۇپ، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 390 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 110 كىلوۋولتلۇق سىم يولى 154 كىلومېتىر بولۇپ، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 197 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر. بىڭتۇەن 115 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتلىنىشكە كىرىشكەن 110 كىلوۋولتلۇق سىم يولى 39 كىلومېتىرغا، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 35 مىڭ 600 كىلوۋولت ئامپېرغا، 35 كىلوۋولتلۇق سىم يولى 90 كىلومېتىرغا، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 19 مىڭ 800 كىلوۋولت ئامپېرغا يەتتى.

4. ئېلېكتر تورلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىخەتەر، مۇقىم بولدى. 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئېلېكتر تورلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى، . ئېلېكتر تورى چاستوتىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.97%، توك بېسىمىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.56% بولدى. ئاساسلىق ئېلېكتر تورلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ۋاقتىنىڭ تەكشىسىزلىكى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى، بىر يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى يۈك 2 مىليون 430 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 19.7%، ئەڭ تۆۋەن يۈك 990 كىلوۋاتقا يېتىپ، 5.7%، ئوتتۇرىچە يۈك 1 مىليون 638 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 14.1% ئاشتى، ئوتتۇرىچە يۈك نىسبىتى 65.1% بولۇپ، 13.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ ئەڭ چوڭ چوققا - جىرا پەرقى 950 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 32.7%، ئوتتۇرىچە چوققا - جىرا پەرقى 670 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 22.5% ئاشتى، ئوتتۇرىچە چوققا - جىرانىڭ پەرق نىسبىتى 34.89% بولۇپ، 1.79 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

2004 - يىلى ھەرىكەتلىنىش جەريانىدا بەزى تاسادىپىي ھادىسىلەر كۆرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇرپان توك ئىشلىرى ئىدارىسى خاتا مەشغۇلات قىلغانلىقتىن، توك توختاپ

قىلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پىچان پويىز ئىستانسىسىدىكى 35 كىلوۋولتلۇق كابېلنىڭ ئۇلىنىش ئۇچى يېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، كىرروران ترانسفورماتور پونكىتىدا ئېتىلما ۋېكلىيۇچاتېل ئېتىلىپ كېتىپ توك توختاپ قىلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. قاپچىغاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئىلى ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 110 كىلوۋولتلۇق توك ئۈزىتىش سىم يولىدىن ھالقىپ سىم تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 110 كىلوۋولتلۇق سىم يولى يەرگە تېگىپ قېلىپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى 3 ناھىيىدە ئۇدا 2 قېتىم كەڭ دائىرىلىك توك توختاپ قالدى.

5. كارخانا ئۇنۇمى جەھەتتىكى خۇشاللىق يېرىم ياتا بولدى. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تور قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ كۆپ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا سېتىلغان توك ناھايىتى ئاز بولۇپ، توك بىلەن تەمىنلەش تەننەرخى زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەنلەپ كەتتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مۈلكىنىڭ سوممىسى 17 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە، قەرزدارلىق نىسبىتى %87.5 كە يەتتى، ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇ مەزگىلدىكى زىيان 619 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 112 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى؛ «خۇادىيەن» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى توك تارقىتىش كارخانىسى مۈلكىنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە، قەرزدارلىق نىسبىتى %115 كە، زىيىنى 1 مىليارد 632 مىليون يەنگە يەتتى؛ «گودىيەن» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى توك تارقىتىش كارخانىسى مۈلكىنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 347 مىليون يۈەنگە، قەرزدارلىق نىسبىتى %81.8 كە، پايدىسى 31 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى ئېلېكتر كارخانىلىرى مۈلكىنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە، قەرزدارلىق نىسبىتى %67.6 كە، پايدىسى 39 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئاساسلىق سۇ ـ ئېلېكتر كارخانىلىرى مۈلكىنىڭ سوممىسى 600 مىليون يۈەنگە، قەرزدارلىق نىسبىتى %40 كە، پايدىسى 2 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋۇ دى

## شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى ساتقان توك 14 مىليارد 998 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %14.18 ئاشتى؛ لىنىيىدىكى ئۇنىۋېرسال زىيان %9.7 كە يېتىپ، 0.48 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 173 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.06 ئاشتى؛ زىيان مىنۇس 629 مىليون يۈەن بولۇپ، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىركىتى چۈشۈرۈپ بەرگەن تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىن 51 مىليون 10 مىڭ يۈەن تۆۋەن بولدى؛ ساپ مۈلۈكنىڭ مەنپەئەت نىسبىتى مىنۇس %12.23 بولۇپ، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىن 12.77 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى، ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %79.71 بولۇپ، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىن 6.29 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا زور ئۇسكۈنە، ئاساسىي ئۇسكۈنە بۇزۇلۇش، زور ئوت ئاپىتى، زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرمىدى؛ ئاساسىي ئېلېكتر توردا سىستېما پارچىلىنىش چوڭ دائىرىدە توك توختاش يۈز بەرمىدى، ئادەتتىكى ئۇسكۈنە، ئېلېكتر تورى ۋە قاتناش ھادىسىسى ئازايدى، ئەمما يامان خاراكتېرلىك خاتا مەشغۇلات قىلىش ھادىسىسىنى تۈگەتكىلى بولمىدى، توك كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدە ئۇدا 2351 كۈن بىخەتەر ھەرىكەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىغا 519 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 220 كىلوۋولتلۇق لىنىيە 236 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 390 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر؛ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 110 كىلوۋولتلۇق لىنىيە 154 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 197 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر. شىركەتنىڭ يىللىق نۇقتىلىق تۈرى 220 كىلوۋولتلۇق جىنخۇا، ياۋچى ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە كۇچا ـ ئاقسۇ توك يوللاش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 220 كىلوۋولتلۇق فۇخۇاڭ (جىڭ ناھىيىسىنىڭ خۇاڭگۇڭ كەنتى) — جىرىنتاي، جىرىنتاي — غۇلجا توك يوللاش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. 1 ـ، 2 ـ قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 615 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ %99 ىنى ئىگىلىدى. يېزىلاردىكى بىر ئائىلىدە بىر توك سائىتى بولۇش قۇرۇلۇشى 2 مىليون 90 مىڭ ئائىلىدە تاماملىنىپ، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %87.1 ىنى ئىگىلىدى. شىركەت سىستېمىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش دائىرىسىدىكى 83 ناھىيە ـ شەھەرنىڭ ھەممىسىدە شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە مۇددەتتىن بۇرۇن بىر قىسىم دىرى

قايتۇرۇلۇپ، ئۆسۈمى بېرىلىدىغان توك باھاسىغا ئارىلىشىلدى. ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشكە 373 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىش باشلاش پىلانى چۈشۈرۈلگەنىدى، ھازىر 238 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، كۈيتۇڭ شەھەرلىرىنى ۋە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنى قاپلىدى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## 4 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) تا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن باشلاپ بورتالا ئوبلاستىنىڭ 2 ناھىيە، بىر شەھىرىدە ۋە ئالاتاۋ پورتىدا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.54 يۈەن، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.77 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.38 يۈەن، ئۆلگىچە سېتىلىدىغان توكنىڭ 0.42 يۈەن بولدى. چوڭ سانائەت، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەت ۋە ئېلېكترون پار قازىنىدا توكقا مەزگىلگە قاراپ باھا قويۇش يولغا قويۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەر تۇرمۇشتا يورۇتۇشقا ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.58 يۈەن، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەتتە ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.48 يۈەن، يېزىلاردىكى زەيكەش چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىشقا ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.36 يۈەن، سودىغا ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.73 يۈەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەن پەللە ۋە يۇقىرى پەللە مەزگىلىدىكى توك باھاسى بېكىتىلدى، ئۆلگىچە سېتىلىدىغان توك باھاسى تەڭشەلدى، يەنە «تۆت بىۋاسىتە» يولغا قويۇلمىغان ئائىلىلەرگە قارىتا يېڭى توك باھاسىنى ئەڭ يۇقىرى چەك قىلىش بەلگىلەندى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىخەنزە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.62 يۈەن، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.80 يۈەن، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەت، ئادەتتىكى سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.5423 يۈەن، چوڭ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.4394 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىدە زەي چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.37 يۈەن بولدى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىدا توك ئىشلىتىش باھاسى تەڭشەلدى

ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىدىكى تۇرلۇك توك ئىشلىتىش باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن توك مىقدارىنى تەكشۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇندەرىجىدىكى سېتىلىدىغان توك باھاسى ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېسابتا 0.022 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ ئېلېكتر خېرىدارلىرىنىڭ يەنىمۇ ئېگىزنى يىنۇپ پەسنى تىندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش، يۇقىرى پەللە بىلەن تۆۋەن پەللىدىكى باھا پەرقىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش ئۈچۈن، چوڭ سانائەتنىڭ ئەسلىدىكى 3.4 ھەسسىدىن 5 ھەسسىگە، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەت، سودىنىڭ ئەسلىدىكى 3 ھەسسىدىن 4 ھەسسىگە كېڭەيتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى ۋە باقمىچىلىقتا ئىشلىتىلگەن توكنىڭ باھاسى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن توك باھاسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدى. توك ئارقىلىق قىزىش، ئىسسىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە 0.492 يۈەن، ئادەتتىكى چاغدا 0.322 يۈەن، تۆۋەن پەللە مەزگىلىدە 0.24 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ ئاھالىلەر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان توكنىڭ 3 باسقۇچ شەكلىدىكى ئېتىبار باھاسى مۇنداق تەڭشەلدى: ھەر ئايلىق ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىدا بىر كىلوۋات سائەتتىن 100 كىلوۋات سائەتكىچە بولسا، ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.429 يۈەن، 101 كىلوۋات سائەتتىن 200 كىلوۋات سائەتكىچە بولسا، 0.355 يۈەن، 201 كىلوۋات سائەتتىن يۇقىرى بولسا 0.33 يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. تور ئىچىدە بىرتوتاش يۈتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان دائىرىدىكى يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ (تېرمو ئېلېكتر گېنېراتور

گۇرۇپپىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەر كىلوۋات سائەتنىڭ توردىكى باھاسى: گۆڭگۈرتسىزلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسى قۇراشتۇرۇلمىغانلىرىنىڭ 0.22 يۈەن، گۆڭگۈرتسىزلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسى قۇراشتۇرۇلغانلىرىنىڭ 0.235 يۈەن بولدى، توك تارقىتىش گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىلىدىغان ۋاقىت 4500 سائەت قىلىندى؛ يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.47 يۈەن بولدى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق ساھەدىكى شاللىۋېتىلىش تېپىدىكى كارخانىلاردا پەرقلىق توك باھاسى يولغا قويۇلدى

2004-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق شاللىۋېتىلىش تېپىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى 44 كارخانىدا پەرقلىق توك باھاسى يولغا قويۇلدى. دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى بويىچە قويۇلىدىغان ۋە شاللىۋېتىلىدىغان كارخانىلاردىكى توك باھاسى شۇ يەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان توك باھاسى ئاساسىدا ھەر كىلوۋات سائەتنىڭ باھاسى چەك قويۇلىدىغىنىنىڭ 0.02 يۈەن، شاللىۋېتىلىدىغىنىنىڭ 0.05 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ ساھەدىكىلەر ئۆزلىرى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تارقاتقان توك مىقدارىدىن تورغا كىرگۈزگەن توك مىقدارى ۋە ئىستانسىدا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن سەنشىيا فوندى، يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ قەرز قايتۇرۇش فوندى، شەھەرلەردىكى ئاممىۋى ئىشلار قوشۇمچە ھەققى قاتارلىق ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند ۋە قوشۇمچە ھەقلەر ئۈچۈن ھەر كىلوۋات سائىتى بويىچە 0.035 يۈەن ئېلىنىدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند ئېلىنىدىغان يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق كارخانىلار ئۆزلىرى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى؛ ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن ساھەسىدىكى «جۇڭخې» ئېلېكتر ئىستانسىسى، «تيەنلۇڭ» كانچىلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە كاربىد ساھەسىدىكى شىنجاڭ «خۇەنپېڭ» شىركىتى ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىبارەت 3 ئىستانسىدىن ئېلىنىدىغان فوندنى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى ۋاكالىتەن يىغىدىغان بولدى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## قۇمۇل «لۇنېڭ» كۆمۈر - ئېلېكتر - خىمىيە سانائىتى بازىسى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئۇل سېلىندى

شەندۇڭ «لۇنېڭ» گۇرۇھى، شىنجاڭ «يېڭى ئېنېرگىيە» گۇرۇھى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى ئورتاق مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان «لۇنېڭ» كۆمۈر - ئېلېكتر - خىمىيە سانائىتى بازىسىدا 2004-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىش باشلاندى. بازارنىڭ قۇرۇلۇشى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىستانسىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 11 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1-ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1-قارارىدا 300 مىڭ كىلوۋاتلىق 4 گېنېراتور گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ، دەسلەپكى باسقۇچتا ئىشقا سېلىنىدىغان تۇر 300 مىڭ كىلوۋاتلىق 2 گېنېراتور گۇرۇپپىسى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلۇپ كۆمۈركاندا يىلىغا 3 مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۇ پىلان بويىچە 2006-يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. بازىنىڭ كېيىن داۋاملاشتۇرۇلىدىغان كۆمۈر سۇيۇلدۇرۇش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تەييار ماي 9 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىدۇ، بۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلغان كۆمۈركان پۈتكەندىن كېيىن يىللىق مەھسۇلاتى 75 مىليون توننىغا يېتىدۇ. كۆمۈر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن توك يوللاش لىنىيىسى غەربىي شىمال ئېلېكتر تورىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نىڭ ئىستراتېگىيىلىك يولى بولۇپ قالىدۇ.

كۇاڭ لۇمىڭ

## تۇنجى توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىسى توك سائىتى تەكشۈرۈش شىركىتى قۇرۇلدى

2004-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى كۈيتۈڭ توك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «جىنماۋ» ئېلېكتر ئوقەتچىلىك شىركىتىگە قاراشلىق توك سائىتى شىركىتى قۇرۇلۇپ، كۈيتۈڭ شەھىرىدىكى توك ھەققىنى تەكشۈرۈش، ھېسابلاش، يىغىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. كۈيتۈڭ توك ئىشلىرى ئىدارىسى 1998-يىلدىن بۇيان 70 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، شەھەر رايونىدىكى 15 ئولتۇراق رايوننى تورلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ لايىھىلىدى ھەمدە توك ئىشلىتىدىغان 9800 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ توك سائىتىنى ئۆزگەرتىپ ھەممە ئائىلىدە توك سائىتى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىۋاسىتە توك

سائىتى بار ئائىلە 16 مىڭدىن ئاشتى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## چوقان 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى

ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى چوقان 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى باشلاندى. ئېچىش ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن، ماناس دەرياسى ۋادىسىدا 11 پەلەمپەيسىمان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا بولىدۇ، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 400 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ، پۈتكەن چوقان 2 -، 3 -، 4 -، 5 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ گېنېراتور ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋات، 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ماناس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، پۈتكەن چوقان 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 13.5 كىلومېتىر، شىخەنزە شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر، ئۇنى قۇرۇشنى شىخەنزە «تيەنفۇ» سۇ ئىشلىرى - ئېلېكتر قۇرۇلۇشى شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلۇشقا 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋات، قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل.

كۇاڭ لۇمىڭ

# پولات - تۆمۈر سانائىتى

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قىسقارتىلىپ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى دېيىلىدۇ) نىڭ 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 18 مىڭ 521، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 6665، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچى 4300. مائاش ئومۇمىي سوممىسى 450 مىليون يۈەن. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 8 مىليارد 453 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 5 مىليارد 510 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى شىركەت ئىشلەپچىقارغان كوكس 785 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 36.57% ئاشتى؛ ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى 951 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 15.72% تۆۋەنلىدى؛ ساپ تۆمۈر رۇدىسى 1 مىليون 91 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 12.52%؛ كاللەك رۇدا 899 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 13.69% ئاشتى؛ كۆيدۈرۈپ بىرىكتۈرۈلگەن رۇدا 893 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 5.09% ئازايدى؛ چويۈن 1 مىليون 660 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 19.55%؛ پولات 2 مىليون 217 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 12.39%؛ پولات ماتېرىيال 2 مىليون 144 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 14.43% ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان رېسسور 16 مىڭ تونىنا بولۇپ، 52.38% ئازايدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 5 مىليارد 62 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.9%؛ ھازىرقى باھا بويىچە 11 مىليارد 694 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 68.43%؛ سېتىلغان مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 11 مىليارد 711 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 61.73%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى (ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە) 3 مىليارد 839 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 108.86% ئاشتى. مۈلۈك قىممىتى 12 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25.58% ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ 4 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.38% ئاشتى)؛ ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25.87%؛ تۇراقسىز قەرز 6 مىليارد 487 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 33.86%؛ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 63.97% كە يېتىپ، 5.26% ئاشتى؛ تۇراقسىزلىق نىسبىتى 43.14% بولۇپ، 25.12% تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا سېتىلغان پولات ماتېرىيال 2 مىليون 111 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 5.28% ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 100.14% بولۇپ، 4.16 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ كىرىمى 7 مىليارد 853 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.82%؛ سېتىش خىراجىتى 431 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 31.8%؛ باشقۇرۇش خىراجىتى 857 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 33.49%؛ مالىيە خىراجىتى 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.83% ئاشتى. پايدا - باج 1 مىليارد 599 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 54.79% ئاشتى؛ پايدا 421 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 54.78% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ پايدا 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.42% كۆپەيدى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى

شىركىتىنىڭ تۆراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىدا تۇرغۇزۇلغان تۈر 248 (داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 13 تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، پىلان بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 2 مىليارد 800 مىليون يۈەن (داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرگە سېلىنىدىغان 695 مىليون يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىدى، ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلغان تۈر 240 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 575 مىليون يۈەن. چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت تۈرى 340 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون يۈەن.

ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: تاختايسىمان بەلۋاغ قۇرۇلۇشىدا رەڭلىك پولات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، سىنك يالىتىلغان پولات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، سوغۇق پروكاتلانغان كاربونلۇق پولات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتتى. رەڭلىك پولات لىنىيىسىدە مەھسۇلات شەكىللەندى، رەڭلىك پولات يۆگەلمىسى پروكاتلاپ چىقىلدى. سىنك يالىتىلغان پولات لىنىيىسى ۋە سوغۇق پروكاتلاش لىنىيىسى سىناق قىلىش باسقۇچىغا كىردى. 1750 مىللىمېتىرلىق تاسما پولاتنى قىزىتىپ پروكاتلاش تۈرى يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىغا كىردى، ئاساسىي ئۈسكۈنىلىرى توختام بويىچە ياسىلىشقا باشلىدى. يۇرۇشلەشكەن 100 تونىلىق توك پېچ، 120 تونىلىق ئايلانما پېچ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ قويۇش ماشىنىسىنىڭ مۇكەممەل ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى. يېڭى چەككىلەپ پروكاتلاش رايونىدا بىر قىسىم ئۇنىۋېرسال سىرتقى تور تاماملاندى. تۆمۈر تاۋلاش شۆبە شىركىتىنىڭ 4 - نومۇرلۇق دومنا پېچى، 5 - نومۇرلۇق دومپا پېچى ۋە 3 - نومۇرلۇق كوكس پېچى، 4 - نومۇرلۇق كوكس پېچى ھەمدە كۆمۈر يۇركۇشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ پولات تاۋلاش ئايلانما پېچىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى 40 تونىلىق ئايلانما پېچ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ پولات پروكاتلاش 2 - چىداملىق ماتېرىيال زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى؛ 20 مىڭ كۇب مېتىر ئوكسىگېن ئىشلەش قۇرۇلۇشىدا ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى؛ ئېنېرگىيە مەركىزىدىكى سۇ باشلاش قوش لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ $1350\times2$ كۇب مېتىرلىق دومنا پېچ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق لايىھىسى ۋە مەيدانىنى چېقىش- كۆچۈرۈش - تۈزلەش ئىشى تاماملاندى؛ قۇمۇلدىكى تۆمۈر قېتىشمىسىنىڭ 6000 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ئىسسىق ھالەتتىكى 2 - مىنېراللىق پارقازىنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئالاتاۋ پورتىتىكى شىركەتنىڭ توك پېچىنى كۆچۈرۈشتىكى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 6- نومۇرلۇق دومنا پېچىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ قۇمۇل كاللەك رۇدا قۇرۇلۇشىنىڭ تاش - توپا قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى؛ فۇكاڭ كۆمۈر كوكسلاشتۇرۇش تۈرىدە ئالدىنقى قارارلىق خىزمەت ۋە ئۈچنى ئۇتاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش تاماملاندى؛ مېتال بۇيۇم ئىشلەش شىركىتىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىدىكى تەرەققىيات رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ مېتالچىلىق - توقۇمچىلىق پاي شىركىتى 22 دانە گاز ئېقىملىق توقۇش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. 2004 - يىلى ئاھالىلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشتا 31 كورپۇس، 1036 يۈرۈش ئۆي پۈتتى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 74 مىڭ 432 كۋادرات مېتىر.

لو يىڭپىڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى پەن - تېخنىكا (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش) تۈرىدىن 17 نى ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش تۈرى 7، تۈرلۈك پەن - تېخنىكا (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش) تۈرى 10. 6 تۈردىكى پاتېنت دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى، پاتېنت ئىدارىسىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زور پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «HRB400 قىزىتىپ پروكاتلانغان قوۋۇرغىسىمان پولات چىۋىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» تۈرى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ تۈر «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنى مۇقىم، پىشىپ يېتىلگەن، تۆۋەن تەننەرخلىق HRB400 قىزىتىپ پروكاتلانغان قوۋۇرغىسىمان پولات چىۋىقنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە ئېگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ چىداملىقلىقى يۇقىرى بولغان بىناكارلىق پولات ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. «پاختا تايلاشقا كېرەكلىك پولات سىمدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش»، «تۆمۈريولغا كېرەكلىك Ⅲ تىپلىق ئېلاستىك چىۋىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «‹1 - ئاۋغۇست› پولات -

تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىدىكى دومنا پېچلارنىڭ كۆمۈرنى پۈركۈپ كۆيدۈرۈش نىسبىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى تارتىش جەريانىدا سىلىقلاشتۇرۇش تەتقىقاتى»، «45 ـ نومۇرلۇق پولات مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش»، «LF پېچىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك نازۇك چەككىلەش سىستېمىسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ قوللىنىش» تىن ئىبارەت 6 تۈر شىركەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان پولات 2 مىليون 217 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %39. 12؛ پولات ماتېرىيالى 2 مىليون 214 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %43. 14 ئاشتى. پولات ماتېرىيالىنىڭ يۆتكىلىشى 2 مىليون 192 مىڭ توننىغا يېتىپ، %84. 8 ئاشتى، 2 مىليون 111 مىڭ 400 توننا پولات ماتېرىيال سېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش نىسبىتى %14. 100 بولدى. بىر يىلدا 24 مىليون 418 مىڭ يۈەن تەننەرخ تۆۋەنلىدى، پىلتە پولاتنىڭ ياسىلىش خىراجىتى پىلاندىكىدىن 6 مىليون 435 مىڭ 900 يۈەن تۆۋەنلىدى، پولات ماتېرىيالىنىڭ ياسىلىش خىراجىتى 17 مىليون 982 مىڭ 200 يۈەن تۆۋەنلىدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر پاي شىركىتى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليارد 582 مىليون 81 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %98. 37؛ قەرزى 2 مىليارد 265 مىليون 803 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %68. 68؛ پايچىكلار ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 2 مىليارد 316 مىليون 277 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %13. 17؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 537 مىليون 792 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %45. 37؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ پايدىسى 897 مىليون 197 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %22. 20؛ تىجارەت پايدىسى 540 مىليون 637 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %09. 29؛ ئومۇمىي پايدا 535 مىليون 375 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، %51. 38؛ ساپ پايدا 437 مىليون 51 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %97. 35؛ جەريان خىراجىتى 381 مىليون 757 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %72. 12 ئاشتى؛ تىجارەت پائالىيىتىدە بارلىققا كەلگەن نەق پۇل ئېقىم مىقدارىنىڭ ساپ سوممىسى 99 مىليون 71 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، %26. 91 ئازايدى؛ نەق پۇل ۋە نەق پۇلغا تەڭ باھالىق ماددىي ئەشيانىڭ ساپ قوشۇلغان سوممىسى مىنۇس 62 مىليون 484 مىڭ يۈەن بولۇپ، %22. 119 تۆۋەنلىدى.

لو يىڭپىڭ

# رەڭلىك مېتال سانائىتى

## شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 529 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %29. 72؛ پايدا، باج 216 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49. 201 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 138 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33. 360 ئاشتى. ئېشىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى باھانىڭ ئۆرلىگەنلىكى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن ئىبارەت.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتىنىڭ 10 خىل رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى 20 مىڭ 894 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %09. 39 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترولىزلانغان مىس 3003 توننا، ئېلېكترولىزلانغان نىكېل 2719 توننا، ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن 9450 توننا، ئالتۇن 1916 كىلوگرام، لىتىيلىق تۇز 4239 توننا.

2004 ـ يىلى مىس تاۋلاشتا ئومۇمىي يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %43. 96 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 0. 33 پىرسەنت پوئېنتى؛ نىكېل تاۋلاشتا ئومۇمىي يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %03. 96 بولۇپ، 0. 03 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ ئاليۇمىن تاۋلاشتا ئۇنىۋېرسال ئۆزگىرىشچان توك سەرپىياتى 15 مىڭ 94. 620 كىلوۋات سائەت/توننا بولۇپ، 13. 410 كىلوۋات سائەت/توننا تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 94. 937 كىلوۋات سائەت/توننا، ئاليۇمىننى ئوكسىدلاش يەككە سەرپىياتى 87. 1930 كىلوگرام/توننا بولۇپ، 48. 2 كىلوگرام/توننا تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 13. 2 كىلوگرام/توننا يۇقىرى بولدى. ئېلېكترولىزلانغان مىس ياساش تەننەرخى 14 مىڭ

934 يۈەن/تونىنا بولۇپ، 2003 - يىلدىكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 509 يۈەن/تونىنا؛ ئېلېكترولىزلانغان نىكېلنىڭ 92 مىڭ 693 يۈەن/تونىنا بولۇپ، 2003 - يىلدىكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 49 مىڭ 356 يۈەن/تونىنا؛ ئېلېكترولىزلانغان ئالىيۇمىنىنىڭ 12 مىڭ 370 يۈەن/تونىنا بولۇپ، 2003 - يىلدىكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1677 يۈەن/تونىنا يۇقىرى بولدى.

2004 - يىلى ھەر تونىنا مىسنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 22 مىڭ 669 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %52.71؛ نىكېلنىڭ 114 مىڭ 950 يۈەن بولۇپ، %49.77؛ ئالىيۇمىنىنىڭ 13 مىڭ 367 يۈەن بولۇپ، %8.27؛ ھەر كىلوگرام ئالتۇننىڭ 109 مىڭ 305 يۈەن بولۇپ، %15.26 ئۆستى.

2004 - يىلى گۇرۇھ شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 83 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئورۇندالغان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: ئاشى ئالتۇن كېنىنىڭ 2 - قارارلىق رۇدا تاللاش ھۇنەر - سەنئەتى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى (بىئولوگىيىلىك ئوكسىدلاش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلدۇ)، فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 3000 تونىنا نىكېل تاۋلاش سىستېمىسىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرى، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال شىركىتىنىڭ يىلىغا 6000 تونىنا كىرىمنىي كاربىد ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنىنىڭ 2- قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش - تۈزلەپ تەكشىلەش تۈرى.

راۋ ۋېنتيەن

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ئۈچۈر مەھسۇلاتلىرى ياساش كەسپىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كۆلەمدىن يۇقىرى 150 كارخانىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 5 مىليارد 670 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %29.2؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.1؛ ئالغان پايدىسى 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 240 مىليون يۈەن ئاشتى. ساھە بويىچە پايدا ۋە باج 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 300 مىليون يۈەن ئاشتى. ساھە بويىچە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى %6، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %62.8، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 1.1 قېتىم، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.5، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 52 مىڭ 897 يۈەن بولدى.

جاڭ خەنجىن

شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ياسىمىچىلىقى كەسپىدىكى نۇقتىلىق كۆزىتىلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ 2004 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش ئەھۋالى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى | | سېتىلىش مىقدارى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | 2003 - يىلدىكىدىن ±% | سانى | 2003 - يىلدىكىدىن ±% |
| شامال گېنېراتورى | دانە | 112 | 143.5 | 112 | 1435 |
| سۇ تارتىش ناسوسى | دانە | 1338 | —27.9 | 1637 | —11.7 |
| سانائەت پار قازىنى | پار تونىنا | 752 | 14.5 | 781 | 10 |
| ئۆزگىرىشچان توك دىۋىگاتېلى | تۈمەن كىلوۋات | 5.2 | 67.7 | 5.1 | 34.2 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋولت - ئامپېر | 1120 | —3.4 | 1238.1 | 24.6 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 1317 | 13.7 | 1196 | 3.5 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 22708 | 9 | 22336 | 28.3 |
| پولات ئۆزەكلىك ئەشمە ئالىيۇمىن سىم | تونىنا | 15927 | —19.2 | 16203 | —15.3 |
| ئېلېكتر كابېلى | كىلومېتىر | 20987.7 | 15.6 | 20901.2 | 12.0 |
| شارىك | تۈمەن يۈرۈش | 98.2 | —18.8 | 127.7 | 10.3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 2095 | 29.8 | 2020 | 11.7 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 1923 | 77.9 | 1952 | 101 |
| بۇنىڭ ئىچىدە موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 227 | -41.6 | 332 | 6.8 |
| ئاپتوبۇس (قۇراشتۇرۇلغان) | دانە | 232 | 40.6 | 205 | 19.9 |
| كىچىك تراكتور | دانە | 1272 | 5681.8 | 1275 | 29.7 |
| LNG باكسىمان يۈك ساندۇقى | دانە | 158 | | 130 | |
| كاچالكا | دانە | 1681 | -4.1 | 1632 | 1.2 |
| كەپشەر چوكىسى | توننا | 18963 | 51.8 | 18702 | 36.8 |
| ئاككۇمۇلياتور | تۈمەن كىلوۋات - ئامپېر سائەت | 10.7 | 2.9 | 10.1 | -3.8 |
| ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن فازا | توننا | 6837 | 59.4 | 6365 | 71.4 |
| IC كارتوچكىلىق توك سائىتى | تۈمەن دانە | 14.1 | 24.8 | 13.4 | 18.6 |
| قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى | كىلوۋات | 383 | -77.7 | 216 | -87.4 |

جاڭ خەنجىن

## شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ياسىمىچىلىق كەسپىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ 2004 - يىللىق ئەھۋالى

| نامى | كارخانا سانى | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990- يىلدىكى باھا، تۈمەن يۈەن) | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پايدا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 150 | 503139 | 132517 | 574428 | 25832 |
| بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى | 46 | 42415 | 14437 | 60174 | -529 |
| كوللېكتىپ كارخانا | 9 | 13622 | 6266 | 22872 | 1664 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىسى | 3 | 6917 | 1947 | 6855 | 780 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 46 | 180524 | 49880 | 199277 | -315 |
| پاي چەكلىك شىركىتى | 2 | 183095 | 35771 | 183490 | 17984 |
| خۇسۇسىي كارخانا | 38 | 63170 | 17046 | 80417 | 2379 |
| شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 1 | 5000 | 2166 | 7057 | 529 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 5 | 7896 | 5003 | 14287 | 3340 |
| چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا | 17 | 304467 | 70103 | 232206 | 12840 |
| كىچىك كارخانا | 133 | 198672 | 62414 | 242222 | 12992 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرى | 65 | 162480 | 41840 | 189703 | -2281 |
| بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا | 9 | 90422 | 21046 | 105900 | -5754 |
| ماشىنىسازلىق ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ يىغىندىسى | 142 | 423493 | 105246 | 488153 | 15989 |
| دېھقانچىلىقى ماشىنىسازلىقى كەسپى | 17 | 15300 | 3770 | 19767 | -5987 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىسازلىق كەسپى | 3 | 4906 | 674 | 5515 | -273 |
| ئەسۋاب - پروبورچىلىق كەسپى | 2 | 4549 | 2625 | 6078 | 997 |
| نېفىت خىمىيە ھەممىباب ماشىنىسازلىق كەسپى | 21 | 43226 | 20335 | 54609 | 6768 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېغىر تىپتىكى كان ماشىنىسازلىق كەسپى | 5 | 6943 | 1537 | 7253 | —479 |
| توك ئىشلىرى، ئېلېكتر سايمانلىرى كەسپى | 33 | 222225 | 41940 | 232975 | 15757 |
| ماشىنىسازلىق ئاساس زاپچاسلىرى كەسپى | 11 | 10351 | 3434 | 14892 | —527 |
| يېمەكلىك ۋە ئوراش - قاچىلاش ماشىنىلىرى كەسپى | 3 | 9832 | 3251 | 14624 | 746 |
| ئاپتوموبىل سانائىتى كەسپى | 14 | 64357 | 12044 | 77385 | —1675 |
| باشقا ئۇششاق كەسپلەر يىغىندىسى | 33 | 41804 | 15636 | 55056 | 661 |
| ئېلېكترون ياسىمچىلىقىنىڭ يىغىندىسى | 8 | 79646 | 27271 | 86275 | 9843 |

جاڭ خەنجىن

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى قوشۇۋالغان 12 ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتى ياساش كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى ياخشى ئايلىنىشقا قەدەم قويۇپ، زىيان تارتىش ۋەزىيىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋەيران بولۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ كارخانىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ يۇقىرىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. شىنجاڭ كومپيۇتېر شىركىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قېپقالغان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جاڭ خەنجىن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ كېرەكسىز مىسنى چەككىلەش ئۈزلۈكسىز قويۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆلچەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى «بەيشاڭ» ئېلېكتر سىمى - كابېل شىركىتىنىڭ يېڭى تىپتىكى ئېكسپورت كابېلى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، ئالاھىدە ترانسفورماتور - ئېلېكتر سانائىتى شىركىتىنىڭ ئېلېكتر سىمى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، «چىدا» ئېلېكتر سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئۆلچەم سايمانلىرى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت 4 تۈر بولۇپ، بۇلارغا سېلىنغان مەبلەغ 200 مىلىيون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 6 تۈر مۇنازىرىلىشىشتىن ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈر بويىچە 7 مىلىيون يۈەن تەرەققىيات فوندى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى.

جاڭ خەنجىن

## يېڭى پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى (بىڭتۇەن بۆلىكى سىرتىدا) دىكى 80 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىلىق يارىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. «جۇڭتۇڭ» يولۇچىلار ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئالىي كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس تۈرى»، شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن- تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «1.2 مېگاۋاتلىق شامال كۈچى گېنېراتورى»، شىنجاڭ «يېڭى ئېنېرگىيە» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «100 كىلوۋاتلىق چوڭ تىپتىكى تورغا چېتىلىدىغان گرام ۋولتلۇق تەتۈر ئۆزگىرىشنى كونترول قىلىش سىستېمىسى»، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «كاتورفازىلىق يېسى ئۇرچۇقى»، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «750 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش قۇرۇلۇشىنىڭ توك يوللاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئوراملىق كەڭ دىئامېتىرلىق ئۆتكۈزگۈچ سىمى» دىن ئىبارەت 5 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭىلاش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ «شەرق شامىلى» ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ «‹شەرق شامىلى› 4×8 يۈرۈشلۈك ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل تۈرى»، شىنجاڭ «شېڭشېڭ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «SS404 تىپلىق تراكتور تۈرى»، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ «9QSE—3000 تىپلىق ئۆزى يۈرەر يېشىل ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى»، شىنجاڭ «شىنلىيەن» پەن- تېخنىكا شىركىتىنىڭ «4LEF—4 تىپلىق ئۆزى يۈرەر دانلىق زىرائەت يىغىش كومبايىنى»، ئۈرۈمچى شەھىرى «چيۇئاۋ» پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتىنىڭ «AS150 مەيدان ئېففېكتلىق چاڭ - توزان تازىلاش ئۈسكۈنىسى»،

ئۈرۈمچى شەھىرى «جىنسەي نۇەنتۇڭ» ئۈسكۈنە چەكلىك شىركىتىنىڭ «پولات - ئالیۇمىن بىرىكمىلىك ئىسسىقلىق تارقىتىش ئۈسكۈنىسى»، شىنجاڭ «فۇدې» ئېلېكترون پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ «‹فۇدې› ER تىپلىق ئېلېكترونلۇق ئىسسىقلىق سائىتى» دىن ئىبارەت مەملىكەت بويىچە ئوخشاش ساھەدە ئالدىنقى تېخنىكا سەۋىيىگە ئىگە 7 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 68 تۈرلۈك كارخانا ئۆلچىمى ساھە بويىچە كارخانا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا يوللاندى، 8 مەھسۇلات خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتتى. ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ «چوڭ تىپتىكى ترانسفورماتورى ئورام گۈرۈپپىسىنىڭ قىسقا تۇتىشىشقا چىداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھۈنەر - سەنئەتنى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ «شىنلىيەن» پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ «شىنجاڭ - 4 تىپلىق ئۆزى يۈرەر دانلىق زىرائەت يىغىش كومباينى» دىن ئىبارەت 2 تۈر جۇڭگو ماشىنىسازلىق سانائىتى پەن - تېخنىكىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ ئېلېكتر سىمى، كابېل مەھسۇلاتى جۇڭگونىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى.

2004 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە كەشىپ قىلىنغان يېڭى مەھسۇلاتلار: TSQ9420GYY تىپلىق يىرىم پرىتسېپلىق ماي ئاپتوموبىلى، XJFT3093 تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، XZC9341 تىپلىق يىرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، TSQ9401 تىپلىق يىرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، FQ3114FX3D تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، EQ4172Q5X32D تىپلىق سۆرەش ئاپتوموبىلى، EQ1241GX7ADS تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، TSY5262CLX تىپلىق لاپاس شەكىللىك ترانسپورت ئاپتوموبىلى، TSY9300XXY تىپلىق ساندۇقسىمان يىرىم پرىتسېپلىق ترانسپورت ئاپتوموبىلى، TSQ5260GYY تىپلىق ماي ئاپتوموبىلى، KYN96 — 12(Z) تىپلىق قالپاقلانغان سىلجىما ئېچىلىش شەكىللىك ئۆي ئىچى ئۆزگىرىشچان توكلۇق مېتال توپىسى بىلەن پېچەتلەنگەن ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى، XZC9430TJZ تىپلىق ساندۇقلۇق يىرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، كېۋەزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان يىراق مۇساپىلىك قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق زىيانلىق ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يىراقتىن تىزگىنلەش سىستېمىسى، 3 چاقلىق موتسىكلىت، TSY9431TJZP تىپلىق ساندۇقلۇق تۈز كوزۇپلۇق يىرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، XJ6121W تىپلىق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، KYN28 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئىشكابى، ئېلېكترولىز كوندىنساتوركاتورىغا ئىشلىتىلىدىغان ئالیۇمىن فازا، ئېغىر نەرسىلەرنى ئېرىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ساپ ئالیۇمىن نوكچا، SS404 تىپلىق يۇقىرى ئۆتكۈزۈشچانلىقتا ئىگە تراكتور، پولات - ئالیۇمىن بىرىكتۈرۈلگەن ئىسسىقلىق تارقىتىش ئۈسكۈنىسى، TSY9430TJZP تىپلىق ساندۇقلۇق تۈز كوزۇپلۇق يىرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، XJ6121W—Z تىپلىق كارىۋاتلىق سودا ئاپتوموبىلى، سانائەت يۇندىسىنى ئىچىدىن پۈركۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى، XZC9400GSN تىپلىق پارچە سېمونت قاچىلاش ئاپتوموبىلى، XJ6920 تىپلىق ئاپتوبۇس، بەلگىلەنگەن توك بېسىمى 87/10 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، گالوگېنسىز، تۆۋەن ئىسلىق، ئوتقا چىداملىق ئېلېكتر سىمى ۋە ئېلېكتر كابېلى، بەلگىلەنگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، گالوگېنسىز، تۆۋەن ئىسلىق، ئوتقا چىداملىق ئېلېكتر سىمى ۋە ئېلېكتر كابېلى، بەلگىلەنگەن توك بېسىمى 450/750 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداشلىق، سىلىتسىيلىق رېزىنكا بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن ۋە قاپلانغان يۇمشاق كابېل، بەلگىلەنگەن توك بېسىمى 750/450 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان گالوگېنسىز، تۆۋەن ئىسلىق، پولىۋىنىل خلورىد بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن مەنپىي يېقىنلىغۇلۇق ئېلېكتر سىمى، بەلگىلەنگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان چاستوتا ئۆزگەرتىشنى چېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر سىمى ۋە ئېلېكتر كابېلى، XNY — CNK20/2201 تىپلىق 20 كىلوۋولت. ئامپېرلىق قۇياش نۇرى ئارقىلىق توك تولۇقلىنىدىغان تەتۈر ئۆزگەرتىشنى تىزگىنلەش سىستېمىسى، MJD — 2W تىپلىق ھەرىكەتلىك دېزىنفېكسىيىلەش ماشىنىسى، XNY — TLN70/HI تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك يول چىرىغى (ناترىيلىق چىراغ) سىستېمىسى، XNY — DDY330/2201 تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق باتارېيە، 330 كىلوۋولتلۇق قەغەز ئورالغان بىر يۈرۈش يېپى مىس مەھسۇلاتلىرى، XNY — 2YK50/3801 تىپلىق 50 كىلوۋولت - ئامپېرلىق يورۇتۇش سۇ چىقىرىشنى تىزگىنلەش سىستېمىسى، TSQ3370 يانغا ئۆرۈلىدىغان موللاقچى ئاپتوموبىل، 29 مېگاۋاتلىق، قىرلىق تۇرۇبا ئەندىزىلىك ئىسسىق سۇ تام پار قازىنى، BR — ZB سىستېمىلىق ئاپتوماتىك ئىقتىدار ئۆزگەرتىدىغان دېۋىگاتېل.

جاڭ خەنجىن

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى پۈتۈن سىستېما بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا) 5 مىليارد 703 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە 6 مىليارد 877 مىليون يۈەن) گە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13.5% ئاشتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ بارلىق قانۇنىي ئىگىلىرى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى قوشۇمچە تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 1355 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا 24 بولۇپ، 1.8% نى ئىگىلەيدۇ.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 130 بولۇپ، سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمى 4 مىليارد 833 مىليون يۈەن، ئالغان پايدىسى 322 مىليون يۈەن؛ زىيان تارتقان كارخانا 44، زىيان كۆلىمى 33.8% بولۇپ، زىيان سوممىسى 281 مىليون يۈەن، پايدا ۋە باج 624 مىليون يۈەن.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سېمونت سانائىتىدە شەكىللەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 16 مىليون 440 مىڭ تونىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 11.5% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈنلۈك مەھسۇلاتى 700 تونىغا يەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقان يېڭى تىپتىكى قۇرغاق ئۇسۇل بىلەن سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 26.3% نى، كۈنلۈك مەھسۇلاتى 700 توننىدىن تۆۋەن بولغان تارقاق خۇمدان ۋە خۇمداننىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى ئالدىن قىزدۇرغۇچلۇق ئايلانما خۇمدان، قالدۇق ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش خۇمدىنى، ئوتتۇرىسى كاۋاك خۇمدان 42.9% نى، ماشىنىلاشقان ئۆرە خۇمدان 30.8% نى ئىگىلىدى؛ 2 مىليون 300 مىڭ ساندۇق تاختا ئەينەك، 43 مىليون 280 مىڭ كۋادرات مېتىر تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق؛ 400 مىڭ دانە تازىلىق فارفورلىرى، 50 مىڭ توننا قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك؛ 6 مىليون كۋادرات مېتىر گرانت تاختا، 12 مىليون 310 مىڭ كۇب مېتىر تاۋار بېتون ئىشلەپچىقىرىلدى.

بەي مىڭشى

شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| تاش پاختا | توننا | 84006 |
| سېمونت | تۈمەن توننا | 1213 |
| بېسىملىق تۇرۇبا | كىلومېتىر | 41 |
| بۇنىڭ ئىچىدە PCCP | كىلومېتىر | 17.42 |
| سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى | كىلومېتىر | 759.7 |
| ستولبا | دانە | 117391 |
| بېتون تۇرۇبا قوزۇق | مېتىر | 10000 |
| خىش (ئۆلچەملىك) | يۈز مىليون دانە | 75.82 |
| مەرمەر تاختا | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 11 |
| گرانت تاختا | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 342 |
| گەج تاختا | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 568.65 |
| تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 2350 |
| تازىلىق فارفورلىرى | تۈمەن دانە | 5.67 |

| | | |
|---|---|---|
| تاش پاختا ياسالمىلىرى | توننا | 93 |
| گرافىت ۋە كاربون ياسالمىلىرى | توننا | 27841 |
| تاختا ئەينەك | تۈمەن ساندۇق | 132.65 |
| ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال | توننا | 68670 |
| تاۋار بېتون | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 355 |
| قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك ياسالمىلىرى | توننا | 43756 |
| بىناكارلىق سۇۋالغۇلىرى | توننا | 15984 |

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە تۇرغۇزۇلغان تۈر 10، تەتقىق قىلىنىدىغان تۈر 9 بولۇپ، 1 مىليارد 458 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 178 مىليون يۈەن؛ 2004- يىلى ئالدىنقى قاراردا رەسمىيىتى بېجىرىلگەن سېمونت تۈرى 10، شۇ يىلى ئىش باشلانغىنى 3، ئالدىنقى قاراردا رەسمىيىتى بېجىرىلگەن باشقا تۈر 6، شۇ يىلى ئىش باشلانغىنى 3.

بەي مىڭشى

## بايلىقتىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە بايلىقتىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىشتا ئېتىراپ قىلىنىشتىن ئۆتكەن كارخانا 39، مەھسۇلات 47، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت مەھسۇلاتى 34، تام ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى 7، باشقا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى 6.

بەي مىڭشى

## يېڭى مەھسۇلاتلار باھالاپ بېكىتىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن تۈرلەر: شىنجاڭ «كېيىدا» ئالیۇمىن - سۇلىياۋ ياسىمچىلىقى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالیۇمىن - سۇلىياۋ بىرىكمە تاختىيى، شىنجاڭ «تۇنخې» سېمونتچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇدۇڭخابا سېمونت زاۋۇتىنىڭ S75 دەرىجىلىك داشقال تالقىنى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ دېپەي» فارفورچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مىللىي بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان چاقچۇقلىرى.

بەي مىڭشى

## سۇپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2004 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىن 10 سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتى گۇرۇپپىسى

بەي مىڭشى

مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا نامىغا، 3 ئىسمىنا - گۇرۇپپا مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى ئىشەنچلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپا نامىغا، 3 كارخانا مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانا نامىغا، 4 ئادەم مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى سۇپەت باشقۇرۇش بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر نامىغا ئېرىشتى.

بەي مىڭشى

# خىمىيە سانائىتى

## خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىش، خىمىيۋى مىنېراللارنى تاللاپ قېزىش، نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى ۋە خىمىيە سانائىتى ياسالمىلىرى، كاۋچۇك ياسالمىلىرى ياساش كەسپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 160 قا، كەسپكارى 125 مىڭ 600 گە يەتتى. بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليارد 355 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 46 مىليارد 479 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدىسى 20 مىليارد 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 57.74% ئاشتى؛ پايدا ۋە باج 28 مىليارد 324 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 53.29% ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 32 خىل ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىچىدە 27 خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى 2003 - يىلدىكىدىن ئاشتى؛ سىنتېتىك ئاممىياك، ئازوتلۇق ئوغۇت، ئورېيە، گلىكول ۋە پولى ئېستېردىن ئىبارەت 5 خىل

مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى. شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە سانائىتى پاي شىركىتى ۋە «تيەنيې» گۇرۇھى شىركىتى خلورو ئىشقار قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆيدۈرگەن ئىشقار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 303 مىڭ تونىنغا، پولى ۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 199 مىڭ تونىنغا يەتتى. جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئېتىلېن مىقدارى 253 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، لايىھەدىكى 220 مىڭ تونىلىق ئىقتىداردىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەممىباب سىمۇلا مەھسۇلاتى داۋاملىق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پولى ۋىنىل خلورىد 179 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 69.58% ؛ پولى ئېتىلېن 213 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 12.30% ؛ پولى پروپىلىن 227 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 14.66% ئاشتى. نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى سېتىش جانلاندى، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشتى.

لى شىچۈەن

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مىقدارى | 2003 - يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى (گۈڭگۈرت 35%) | تونىنا | 142234 | 167.67 |
| سۇلفات كىسلاتاسى (100% لىك) | تونىنا | 114046 | 33.67 |
| تۇز كىسلاتاسى (31% تىن يۇقىرى) | تونىنا | 132414 | 51.39 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (100% لىك) | تونىنا | 174445 | 52.87 |
| ساپ ئىشقار | تونىنا | 113178 | 17.99 |
| گۈڭگۈرتلەشكەن ئىشقار | تونىنا | 163547 | 10.72 |
| كالتسىي كاربىد (300 لىتىر/گرام) | تونىنا | 115991 | 41.35 |
| سىنتېتىك ئاممىياك | تونىنا | 1015630 | —6.19 |
| دېھقانچىلىق خىمىيۋى ئوغۇتى جەمئىي (ساپ) | تونىنا | 869795 | 1.79 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت (N100% لىك) | تونىنا | 808500 | —4.41 |
| ئورېيە (N100% لىك) | تونىنا | 776202 | —6.24 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت ($P_2O_5$100%) | تونىنا | 18186 | 10.4 ھەسسە |
| كالىيلىق ئوغۇت ($K_2O$ 100%) | تونىنا | 43109 | 5.1 ھەسسە |
| خىمىيۋى دېھقانچىلىق دورىسى | تونىنا | 1001 | 2.5 ھەسسە |
| ئېتىلېن | تونىنا | 253711 | 7.54 |
| پروپىلىن | تونىنا | 232960 | 9.15 |
| بۇتادىئېن | تونىنا | 23498 | 1.15 |
| ساپ بېنزول | تونىنا | 84786 | 2.52 |
| P - دىمېتىل بېنزول | تونىنا | 56605 | 1.25 |
| چەككىلەنگەن مېتىل ئالكوگول | تونىنا | 73841 | 30.96 |
| مېتىل ئالكوگول | تونىنا | 17988 | 74.56 |
| گلىكول | تونىنا | 57281 | —3.68 |
| مېلامىن | تونىنا | 10389 | 28.31 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چەككىلەنگەن P ـ فتالىن كىسلاتاسى | تونىنا | 80115 | 5.88 |
| سىر | تونىنا | 17925 | 33.61 |
| بىناكارلىق سۇۋالغۇسى | تونىنا | 15985 | 25.01 |
| پولى ۋىنىل خلورىد | تونىنا | 179486 | 69.58 |
| پولى ئېتىلېن | تونىنا | 213745 | 12.3 |
| پولى پروپىلېن | تونىنا | 227549 | 14.66 |
| مالېئاتلىق كاۋچۇك | تونىنا | 32260 | 0.34 |
| پولى ئېستېر | تونىنا | 71311 | —27.78 |
| بالون تاش كامىرى | دانە | 870913 | 25.13 |

لى شۇچۇەن

شىنجاڭدىكى نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئەھۋالى

بىرلىكى: 100 مىليون يۈەن

| ساھە نامى | كارخانا سانى | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (شۇ يىلدىكى باھا) | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (شۇ يىلدىكى باھا) | پايدا | پايدا ـ باج | كەسپكار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپى | 14 | 511.1 | 381.01 | 192.47 | 246.35 | 80965 |
| خىمىيۋى مىنېراللارنى تاللاپ ئېچىش كەسپى | 1 | 0.17 | 0.05 | 0.013 | 0.029 | 89 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس چەككىلەش كەسپى | 43 | 354.54 | 65.92 | 4.97 | 29.48 | 20586 |
| خىمىيە سانائىتى ئەشيالىرى ۋە خىمىيە سانائىتى ياسالمىلىرى كەسپى | 98 | 52.81 | 16.78 | 3.88 | 7.24 | 21380 |
| كاۋچۇك ياسالمىلىرى كەسپى | 4 | 4.93 | 1.03 | 0.022 | 0.25 | 2581 |
| جەمئىي | 160 | 923.55 | 464.79 | 201.355 | 283.349 | 125601 |

## تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %7. 27 ئاشتى. ئاساسلىق تۇرلەردىن شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىكتىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىش ئىقتىدارى؛ جۇڭگو — قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى تۇرىدە ئىش باشلاش قۇرۇلۇشى؛ جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ قويۇق نېفىت ئېلىشنى كېڭەيتىش تۇرى ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى تارىم دەرياسى رايونىدىكى چەككىلەش زاۋۇتىنىڭ ئېغىر نېفىتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى چالىسىنى پۈتتۈرۈش باسقۇچىغا كىردى، مۆلچەرلىنىشىچە 2005 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتىدۇ؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 12 مىڭ تونىنلىق مېلامىن ۋە 300 مىڭ تونىنلىق بىرىكمە ئوغۇت تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى؛ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 500 مىليون كۇب مېتىرلىق تەبىئىي گاز سۇيۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى (LNG) ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى؛ شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى خىمىيۋى ئوغۇت

چەكلىك شىركىتىنىڭ 100 مىڭ توننىلىق بىرىكمە ئوغۇت تۈرى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە پاي شىركىتىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولى ۋىنىل خلورىد جەھەتتىكى «ئالتىنى ئون ئىككىگە ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 100 مىڭ توننىلىق كاربىد تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى؛ شىنجاڭ «لوپنۇر كۆلى» كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ كالىيلىق سۇلفات جەھەتتىكى «ئىككىنى تۆتكە ئۆزگەرتىش» تۈرى ئاياغلىشىپ، 40 مىڭ توننىلىق كالىيلىق سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى؛ ئاقسۇ «خۇاجىن» خىمىيۋى ئوغۇت چەكلىك شىركىتىنىڭ 300 مىڭ توننىلىق سىنتېتىك ئاممىياك، 520 مىڭ توننىلىق ئورېيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش قىلىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى، مۆلچەرلىنىشچە 2005 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ.

لى شىچۈەن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تاماملىغان ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلات ۋە تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرى شىنجاڭ «ماياك - تۇنخې» سۇۋالغۇ چەكلىك شىركىتىنىڭ بىرىكمە تىپلىق ئاكولىل كىسلاتالىق، ساقلاشقا چىداملىق سىرتقى تام سۇۋالغۇ تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پولى ئېستىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كاربونات كىسلاتاسى تۇڭىغا ئىشلىتىلىدىغان PET سىمولاسىنى كەشىپ قىلىش تۈرى، قۇمۇل «يىخې» ئالىيۇمىنلىق تۇز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 3000 توننا ئالىيۇمىن سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش بويىچە يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش تۈرى، شىنجاڭ «مىرەن» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ پولى ئامىنو ئېستېرلىق سۇدىن مۇداپىئەلىنىدىغان سۇۋالغۇ تۈرى، شىنجاڭ «مىڭدا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىزېلىن قېتىشمىسىنى يۇمشىتىش دورىسى تۈرى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى كەشىپ قىلىپ ئىشلەپچىقارغان بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق يېلىم تۇردىن ئىبارەت. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالاقىدار خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان باشقا كارخانىلار 28 كارخانا مەھسۇلاتى ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئۇنىڭ ئاساسلىقى: شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «پولى سۇلفىدلىق خلورىدلانغان ئالىيۇمىن سۇيىنى بىرتەرەپ قىلىش دورىسى»، شىنجاڭ «كەيرۇي» نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ «قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان پارافىن ئېمولسىيىسى SNI — K»، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئارىلاشما ئانتراتسېن مېيى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

لى شىچۈەن

# توقۇمىچىلىق

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 365 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %20.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 5 مىليارد 651 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.12؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ 172 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.27 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 652 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.62 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 1 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.02 ئاشتى. سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليارد 981 مىليون يۈەن بولدى، پايدا مىنۇس 381 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ پايدىسى مىنۇس 314 مىليون يۈەن بولدى. پايدا ۋە باج مىنۇس 133 مىليون يۈەن بولۇپ، %21.3 ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى 371 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 355 مىليون يۈەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 156 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %42.05 نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈم گەۋدىسى بىر ئاز ئۆرلىدى، ئەمما خام ئەشيا، مەھسۇلات بازىرى داۋالغۇش، كارخانىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى كەمچىل بولۇش ۋە ئۆز قۇرۇلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن ساھە يەنىلا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىدى، زىيان ئېغىر بولدى، بۇنىڭ

مەركەزلىك ئىپادىسى شۇكى، مەھسۇلاتنىڭ ئىچكى جەھەتتە سېتىلىشى راۋان بولمىدى، سىرتقا سېتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشنىڭ باشلىنىشى تولۇق بولمىدى، بىرلىك مەھسۇلات تەننەرخى ئۆرلەپ كەتتى، كارخانىنىڭ تىجارىتى قىيىنلاشتى. بولۇپمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تۈپتىن ھەل بولماي، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويدى.

گاۋ جياڭ

2004 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 2004 - يىلى | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە ھازىرقى باھا) | 100 مىليون يۈەن | 73.65 | 20.5 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 16.52 | 19.62 |
| خىمىيىۋى تالا | تونا | 42877 | 84.66 |
| يىپ | تونا | 291435 | — 0.44 |
| رەخت | تۈمەن مېتىر | 13989 | — 8.2 |
| بويالغان رەخت | تۈمەن مېتىر | 311 | — 32.39 |
| يۇڭ توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 206 | تەڭ |
| بۇنىڭ ئىچىدە سىپتا توقۇلغىنى | تۈمەن مېتىر | 206 | تەڭ |
| تىۋىت يىپ | تونا | 1041 | 39.92 |
| مەشۇت | تونا | 39 | — 64.55 |
| يىپەك توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 177 | — 8.29 |
| چىگە يىپ | تونا | 3357 | 340.55 |
| كىيىم - كېچەك | تۈمەن قۇر | 1036 | — 11.3 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 3.71 | — 48.9 |

گاۋجياڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 35.5% ئاشتى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ «جىنفاڭ» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 22 دانە گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى، شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قەشقەر توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان 70 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شىنجاڭ «لۇتەي فېڭشۇ» پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق تولۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، ئاۋات ناھىيىلىك «خېڭفېڭ» يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شايار ناھىيىلىك «جيۇجيۇ» پاختىچىلىق شىركىتىنىڭ پاختا بۆلىكى بويىچە ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «زوڭخېڭ» پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان 35 مىڭ ئۇرچۇقلۇق تۈرى، كۇيتۇڭ «يۇنسېن» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 20 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق «خۇڭتەي» پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «تيەنخۇڭ شىنبا» پاختا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، ماناس «ئاۋياڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ

قۇرۇلىدىغان 50 مىڭ توننىلىق مەلھەم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شىنجاڭ «فۇلۇن» يۇقىرى، يېڭى ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2000 توننىلىق ئارال يىپىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «تۇنخې» سانائەت ـ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ 13 مىڭ توننىلىق پەرقلىق خىمىيۋى تالانى ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارلىقلار.

فەن جىخۇڭ

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىگە 14 تۈر كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەنلىرى شىنجاڭ تۇرپان «يىدا» شىركىتىنىڭ ئىنچىكە تارالغان 170 تال قەۋەتلىك يىپى ۋە 80 تال «ZZ» قەۋەتلىك يىپى، شىنجاڭ «جىنفاڭ» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن كۆپ تالالىق يىپى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ «لۇكاڭ» لوپنۇر كەندىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ لوپنۇر كەندىرى، قوي يۇڭى، يىپەك ئارىلاشما يىپى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ تۇرپان «يىدا» شىركىتىنىڭ ئىنچىكە ئېگىرىلگەن 170 تال قەۋەتلىك يىپى، 50/40 سىپتا ئېگىرىلگەن ئۆزەكلىك يىپى مەملىكەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق، گۈل بېسىش ـ بوياقچىلىق، رەڭلىك توقۇمىچىلىق يىللىق يىغىنىدا مۇنەۋۋەر يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار تېخنىكا مەركىزىنىڭ يىللىق باھالىشىدىن ئۆتكەنلىرى شىنجاڭ «تيەنچۈەن» يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق 3 كارخانا. «جىنفاڭ» پاي شىركىتى، شىنجاڭ «شىيېلى» توقۇمىچىلىق پاي شىركىتى ۋە ماناس «ئاۋياڭ» پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار تېخنىكا مەركىزىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

نەبىيە

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدىن 6 كارخانىنىڭ 13 مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا نامىغا، QC2 گۇرۇپپا سۈپەتتە ئىشەنچلىك گۇرۇپپا نامىغا، بىر كارخانا سۈپەت باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر كارخانا نامىغا ئېرىشتى، لوپنۇر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، لوپنۇر شۆبە شىركىتىنىڭ QC2 گۇرۇپپىسى مەملىكەتلىك توقۇمىچىلىق ساھەسى بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا نامىغا ئېرىشتى.

لوپنۇر چەكلىك شىركىتى لوپنۇر شۆبە شىركىتىنىڭ «كروران» ماركىلىق پاختا يىپى ۋە سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «كۈمۈش قار» ماركىلىق پاختا يىپى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يۇڭ پوپايكا ۋە شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا شىركىتىنىڭ «تيەنسەي» ماركىلىق پاختا يىپى جۇڭگو بويىچە داڭلىق مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى.

نەبىيە

# يېنىك سانائەت

## يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى 363 يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %23.8؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.3 ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىلىش نىسبىتى %102 بولدى. بىر يىلدا ساھە بويىچە ئېلىنغان پايدا 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30؛ پايدا ۋە باج 1 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.8 ئاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## ساھە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يېنىك سانائەت ساھەسى ئىشخانىسى يېنىك سانائەت ساھەسى ۋە نۇقتىلىق نازارەت ـ كونترول قىلىنىدىغان 50 يېنىك سانائەت كارخانىسىنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، 3 دەرىجىلىك يېنىك سانائەتنىڭ (ئاپتونوم رايوندىكى يېنىك سانائەت، 10 نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق نازارەت ـ كونترول قىلىنىدىغان 50 يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ) ئىقتىسادىي ئايلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتتى. ھازىرقى بار دائىرىدىكى يېنىك سانائەت ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىنى ستاتىستىكىلاپ تەھلىل قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ساھەنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىنى تەھلىل قىلىش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئورتاقلىققا ئىگە، ئاچقۇچلۇق، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىدا ساقلانغان ئورتاقلىققا ئىگە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تېپىپ چىقىپ ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى

فۇنكسىيىلىك تارماقلارنى ئالاقىلەشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز ھەل قىلىپ، يېنىك سانائەتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەش ئۇچۇن، ياخشى شەرت ـ شارائىت ياراتتى. بازارلارغا، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ساھەنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننى ئالاقىدار ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەشتە ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

جيا ۋېنخاۋ

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | مىقدارى (تۈمەن توننا) | 2003 ـ يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە | 26.3 | 8.05 |
| زاۋۇت شېكىرى | 37.26 | — 17.93 |
| كونسېرۋا | 66.41 | 39.81 |
| سۈت ياسالمىلىرى | 15.3 | — 3.83 |
| ئاق ھاراق (تۈمەن لىتىر) | 6080 | 8.57 |
| پىۋا (تۈمەن لىتىر) | 24900 | 8.73 |
| سۇلياۋ ياسالمىلار | 38.83 | 23.27 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق | 10.5 | 5.32 |

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى ئاساسلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى تەرتىپى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كارخانا نامى | سېتىش كىرىمى |
|---|---|
| «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى (پەمىدۇر قىيامى، زاۋۇت شېكىرى) | 96255.7 |
| «گېنېرال» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى | 71245.1 |
| «جۇڭجى» پەمىدۇر ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | 60294.3 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارىقى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | 56920.6 |
| شىنجاڭ پىۋا كەسپىي باش شىركىتى | 53847.1 |
| شىنجاڭ «تيەنيې» (گۇرۇھى) سۇلياۋ زاۋۇتى | 43253.3 |
| «ماركور» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى | 30813.4 |
| شىنجاڭ «چوڭ بوغدا كۆلى» يېمەكلىك شىركىتى | 25817.4 |
| شىنجاڭ «باغراش» قومۇشچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى | 23898.4 |
| شىنجاڭ «سىفاڭ» شېكەرچىلىك گۇرۇھى شىركىتى | 22331.3 |

جيا ۋېيخاۋ

# تۇزچىلىق

## تۇزچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 741 مىڭ 400 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 141 مىڭ 300 توننا يودلۇق تۇز پىششىقلاپ ئىشلەندى. 568 مىڭ 100 توننا تۇز سېتىلدى، بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايون ئىچىدە سېتىلغىنى 524 مىڭ 600 توننا (سېتىلغان يېمەكلىك تۇزى 100 مىڭ توننا، باشقا سانائەت تۇزى 82 مىڭ 400 توننا، ئاپتونوم رايوندىكى 2 ئىشقار سانائىتىگە ئىشلىتىلىدىغان تۇز 328 مىڭ 200 توننا)،

ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغىنى 43 مىڭ 500 توننا.

2004 - يىلى شىنجاڭ تۇزچىلىق شىركىتى ۋە پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلات سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 155 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە باج 18 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، پايدا 6 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇزچىلىق ئىدارىسى

### تۇز مەمۇرىيىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇز مەمۇرىيىتىدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار تۇزچىلىق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1693 نى تەكشۈرۈپ، 1629 نى ئاياغلاشتۇردى، شەخسلەر ئىگىلىۋالغان 2760 توننا تۇز قولغا چۈشۈرۈلدى، قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى.

تۇزچىلىق ئىدارىسى

## تېببىي دورا

### تېببىي دورا سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېببىي دورا سانائىتىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 395 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا)، 2003 - يىلدىكىدىن %14.7؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.9 ئاشتى. سېتىش كىرىمى 410 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.3؛ پايدا 25 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.4 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %100.65 كە يېتىپ، 9.15 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. پايدا ۋە باج 61 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %94.8 ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ تېببىي دورا سانائىتىدە ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 12 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %20 تۆۋەنلەپ كەتتى.

2004 - يىلى ئېفېدرىن ۋە چۈچۈكبۇيا ياساملىرىنىڭ ئېكسپورتى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچىدىن، خەلقئارا بازارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئىككىنچىدىن، تېببىي دورا سانائىتى كارخانىلىرى GMP نىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتۈش ئۇچۇن تېخنىكا ئۆزگەرتكەنلىكتىن، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتتى.

ۋاڭ كەيشۈن

قىسقا ماتېرىيال

## سانائەت ستاتىستىكىسىدىكى كۆرسەتكۈچلەرگە ئىزاھات

**دۆلەت كارخانىسى ۋە پېيى تىزگىنلىنىدىغان دۆلەت كارخانىسى** بۇ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىنى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پېيى تىزگىنلىنىدىغان كارخانىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت كارخانىسى (يەنى ئەسلىدىكى ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت ياكى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت) دېگەندە كارخانىنىڭ بارلىق مۈلكى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان غەيرىي شىركەت تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكلىشىپ كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى بىرلەشمە كارخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1957 - يىلدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەت ۋە خۇسۇسىي سانائەت كېيىن پۈتۈنلەي دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتكە، 1992 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتكە ئۆزگەرتىلگەن، بۇ بىر قىسىم سانائەتنىڭ ماتېرىياللىرى مۇستەقىل تۈر قىلىنمىغاندا، ئۇمۇ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىغا مەنسۇپ بولىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى پېيى تىزگىنلىنىدىغان كارخانا ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولغان ئىقتىسادىي بازىستىكى كارخانىلارغا قايتا ئېلىپ بېرىلغان «دۆلەت ئىلكىدە پېيىنى تىزگىنلەش» تۈرگە ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ كارخانىلارنىڭ بارلىق مۈلكى (پېيى) نى باشقا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەر قانداق بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ كۆپ ئىگىلەيدىغان كارخانا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق گۇرۇپپىلاش دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىساد ھېسابىدىكى پاينى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**كوللېكتىپ كارخانا** بۇ، كارخانىنىڭ مۈلكى كوللېكتىپقا مەنسۇپ بولىدىغان ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ، يېزا - بازارلار ئىگىدارلىق

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ «تيەنمۇ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەڭلىكئوت تېرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە يولغا قويۇلدى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن شىنجاڭنىڭ ئەڭلىكئوت بايلىقىنى قوغداپ قېلىشقا پايدىلىق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭلىكئوت بايلىقىنى سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ تۈرگە 26 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس مەبلەغ 1 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورا ساھەسىدە تېخنىكا يېڭىلاش (يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش) تۈرىدىن 13 ى يولغا قويۇلدى، ئۇلار: شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇرەككەپ ئازغان - قىزىلمارال شەربىتىدىن ئىبارەت يېڭى مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش، ئېشەك يېلىمى سۆڭەك چىڭىتىش شۇمۇرمىسىدىن ئىبارەت يېڭى مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش ۋە مۇسكۇلغا ئۇرۇلىدىغان گلىكوزىلىق ناتريي خلورىد ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى سىناق قىلىپ ئىشلەش تۈرى، شىنجاڭ قۇمۇل «چۆل بۇلىقى» دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىشتىن چىققان يۇندىنى تىزگىنلەش تۈرى، شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېفېدرىن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇنئىي بىرىكتۈرۈش تۈرى، شىنجاڭ «دافېڭ» مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بۆغا مۈڭگۈزى يېلىمى شەربىتى ۋە زىغىر كىسلاتاسى شەربىتىدىن ئىبارەت يېڭى مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش، شىنجاڭ «ئالتۇن بۆغا» دورىگەرلىك پەن - تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ توڭلىتىپ يېڭى پېتى ساقلاش ۋە سۇسىزلاندۇرۇپ قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، قۇرۇتۇلغان يۇمران بۆغا مۈڭگۈزى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، شىنجاڭ جۇڭيى دورىسى ۋە مىللىي تىبابەت دورىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ زاراڭزا دورىسىنىڭ ئارىلىق ماددىسىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىش ۋە لوپنۇر كەندىرىنىڭ ئاكتىپ تەركىبىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىش، شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىنەپشە كۇمۇش زۇكام تابلېتىنى 2 - قېتىم كەشىپ قىلىش ۋە چۈچۈكبۇيا-

قىلىدىغان، كوللېكتىپ سالغان مەبلەغدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلغان كارخانىنى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم شەخسلەر مەبلەغ جۇغلاش ئارقىلىق ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاز كەچكەن ھەمدە قانۇن بويىچە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان كارخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاي ھەمكارلىقى كارخانىسى بۇ، ھەمكارلىق تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ پاي قوشقان، مەلۇم نىسبەتتىكى ئىجتىمائىي مۈلۈك مەبلەغ سېلىنىپ تەشكىل قىلىنغان، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلغان، پايدا - زىيىنىغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان، بىرلىكتە ئەمگەك قىلىدىغان، دېموكراتىك باشقۇرۇلىدىغان، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن پېيىغا قاراپ ئىش تەقسىم قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

بىرلەشمە كارخانا بۇ، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىدىكى كارخانا قانۇنىي ئىگىسى ياكى كەسپىي ئورۇن قانۇنىي ئىگىسى ئىختىيارىيلىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ تەشكىل قىلىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەتلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان، 2دىن ئارتۇق، 50تىن ئاز پايچىك ئورتاق مەبلەغ چىقارغان، ھەربىر پايچىك ئۆزى تاپشۇرغان مەبلەغ سوممىسىنى ئاساس قىلىپ شىركەتتە چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شىركەت ئۇنىڭ بارلىق مۈلكى بويىچە ئۇنىڭ قەرزدارلىقىغا قارىتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەت ۋە باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاي چەكلىك شىركىتى بۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان، ئۇنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان بارلىق كاپىتالى تەڭ سومما بويىچە پاي قۇرۇلمىسى قىلىنىدىغان ھەمدە پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق كاپىتال جۇغلىنىدىغان، پايچىكلار ئۆزى سېتىۋالغان پاي چېكىگە ئاساسەن شىركەتتە چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شىركەت ئۇنىڭ بارلىق مۈلكىگە ئاساسەن ئۇنىڭ قەرزدارلىقىغا قارىتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

سىنىڭ دانخورەك داۋالاش كاپسۇلىدىن ئىبارەت يېڭى مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش ئىلى ئوبلاستىلىق «لۇڭخۋا» ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى چەكلىك شىركىتى ئايگۇلدىن پىششىقلاپ ئىشلىگەن بىر يۈرۈش مەھسۇلات تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە 137 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

ۋاڭ كەيشۈن

## كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم تىببىي دورا سودىسى قىلىدىغان كارخانىلار ئۈستىدە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ قايتا تەشكىللەش ئېلىپ بېرىپ، ئۈرۈمچى «ياخشىمۇسىز» تىببىي دورا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بېيفاڭ» دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «لۇڭخەن» داۋالاش سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۋابو» داۋالاش سايمانلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قايتا تەشكىللىدى، ئىلى ئوبلاستىلىق دورا زاۋۇتىنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى. شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا - مىللىيچە دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 36% پاينى خۇبېيدىكى «چيەنجياڭ» دورا ياساش پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا 90 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ زامانىۋى تىببىي دورا ئوبوروت قىلىش - تەقسىملەش مەركىزى قۇردى. 2004 - يىلى شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا- مىللىيچە دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سېتىش كىرىمى (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 20.89%، پايدىسى 42 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.1% ئاشتى. ئۇنىۋېرسال ئۇنۇمى مەملىكەت بويىچە ئوخشاش ساھەلەر ئىچىدە 20 - ئورۇنغا تىزىلدى.

ۋاڭ كەيشۈن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورا ساھەسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 5 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن 3 ى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر، 2 سى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر. داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەر: شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى خوشۇت ئېفېدرىن ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكىسىنى GMP ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىش ۋە خام ئەشيا تېرىپ ئۆستۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇش تۈرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ GMP ئۆلچىمى بويىچە باشقا جايدا ئېلىپ بارىدىغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ بىئو - خىمىيە دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ دورا زاۋۇتىنى GMP ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت. يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈرلەر: شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى خوشۇت ئېفېدرىن ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ نەپىس قۇرۇتۇپ ئوراش ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۆزگەرتىش، پەۋقۇلئاددە ساندىكى گىدروخلورىدلىق ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش تۈرى؛ شىنجاڭ «تيېنفېڭ» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېسترىنغا بىرلەشتۇرۇپ دورا - دەرمەك ۋە بوغاز بايتال بازىسى قۇرۇش تۈرىدىن ئىبارەت، 1 - قارارادا كۆنەس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا بوغاز بايتال بازىسى قۇرۇلدۇ ۋە ھەممە ئېسترىنغا بىرلەشتۇرۇپ دورا خام ئەشياسى ۋە 2 بىرلەشكەن ئېسترىن دورا ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 325 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18% ئازايدى، 5 تۈردىن 3 ى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

ۋاڭ كەيشۈن

# تاماكىچىلىك

## تاماكا سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى مەھسۇلات نامىنى يېڭىلاشنى ۋاستە، قۇرۇلما تەڭشەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى زورايتتى. بىر يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دۆلەت كۆك تاماكا ئىدارىسىنىڭ چوڭ مەھسۇلات نامى ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن، «خۇڭخې» ناملىق پاپىروس ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بازار كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى ۋە ئۈستۈرۈلدى، كارخانىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچى كۈچەيتىلدى. بىر يىلدا 140 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىلدى، سېتىش كىرىمى 712 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 63 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ باج 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 152% ئاشتى، يەككە يەشىكنىڭ ئوتتۇرىچە باج ۋە پايدىسى 28 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 3 - دەرىجىلىك يۇقىرى پاپىروس سېتىلغان ئومۇمىي پاپىروس مىقدارىنىڭ 51% نى ئىگىلەپ، 18% ئاشتى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ تارىختىكى يېڭى سەۋىيىگە يەتتى.

جاڭ شۇۋېن

# ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

1. يەككە سودا - سانائەتچى مۇقىم كۆپەيدى، شەھەر - بازارلارنىڭ تەرەققىياتى يېزىلارنىڭكىدىن تېز بولدى. 2004- يىل 12 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى يەككە سودا - سانائەتچى 466 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.7؛ كەسىپكار 741 مىڭ 800گە يېتىپ %5؛ تىزىملاتقان مەبلىغى 8 مىليارد 684 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.7 ئاشتى. شەھەر - بازارلاردىكى يەككە سودا - سانائەت ئورنى 343 مىڭ 200گە يېتىپ، %4.9؛ كەسىپكار 551 مىڭ 700گە يېتىپ، %6.1؛ تىزىملاتقان مەبلىغى 6 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يېتىپ %6.4 ئاشتى. يېزىلاردىكى يەككە سودا - سانائەت ئورنى 123 مىڭ 400گە يېتىپ %0.6؛ كەسىپكەر 190 مىڭغا يېتىپ %1.8؛ تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ %18.8 ئاشتى.

2. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 1 -، 3 - كەسىپلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 2004 - يىل 12 - ئايغىچە خۇسۇسىي كارخانا 43 مىڭ 100گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.6، كەسىپكار 572 مىڭ 500گە يېتىپ %16.4، تىزىملاتقان مەبلىغى 64 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ %29.4 ئاشتى.

3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇسۇسىي كارخانا 35 مىڭغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.3، كەسىپكار 382 مىڭ 200گە يېتىپ %16.8، تىزىملاتقان مەبلىغى 45 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ %29 ئاشتى، 1 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 941گە يېتىپ %18.8، 2- كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 7128گە يېتىپ %9.7 ئاشتى.

3. كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. 2004 - يىل 12 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تىزىملاتقان خۇسۇسىي كارخانىلار ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 33 مىڭ 900گە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %17.1 كۆپەيدى؛ خۇسۇسىي پاي چەكلىك شىركىتى 7 بولۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يەككە شېرىكسىز كارخانا 8265كە يېتىپ %23.7 كۆپەيدى؛ شېرىك كارخانا 900 بولۇپ، %8.5 ئازايدى.

2004 - يىل 12 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تىزىملاتقان مەبلىغى 1 مىليوندىن 5 مىليون يۈەنگىچە بولغان خۇسۇسىي كارخانا 6976گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26؛ 5 مىليوندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان خۇسۇسىي كارخانا 1287گە يېتىپ %18؛ 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 1053كە يېتىپ %30.8 كۆپەيدى.

4. ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2004 - يىل 12 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى ياراتقان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (GDP) 48 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %21.8نى ئىگىلىدى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 220 مىليون دوللارغا يېتىپ %136 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 330 مىليون دوللارغا يېتىپ %173.4، ئىمپورت سوممىسى 890 مىليون دوللارغا يېتىپ %96؛ تاپشۇرۇلغان باج 2 مىليارد 856 مىليون يۈەنگە يېتىپ %24.1 ئاشتى. 2004 - يىلى 116 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

دىڭ تىيىمىي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خۇسۇسىي، يەككە كارخانا جەمئىيەتلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر قىسىم خۇسۇسىي، يەككە كارخانىلارنى تەشكىللەپ شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ شەرقىي - غەربىي قىسىم سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى، يەرمەنكىگە قاتناشقان كارخانا 143 بولۇپ، ئۇلار 26 يەرمەنكە ئورنى تەسىس قىلدى، 518 تۈرنى يەرمەنكىگە قويدى، ئىمزالىغان مۇددىئانامە سوممىسى 3 مىليارد 99 مىليون يۈەنگە يەتتى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماسلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە جۇڭگو يەككە سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ خۇسۇسىي - يەككە كارخانىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى 140 نەچچە خۇسۇسىي

كارخانا ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ سودا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ 8 كۈنلۈك سودا تەكشۈرۈش، كېڭىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى ھەمدە سانجى، ئىلى، بايىنغولىن، تۇرپاندىن ئىبارەت بىر ۋىلايەت، 3 ئوبلاستتىكى كارخانىلار بىلەن مەبلەغ سېلىش تۈرى توختىمى ئىمزالىدى.

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋۇجياچۇ، ئارال، تۇمشۇق شەھەرلىرى، ئىلى ئوبلاستى، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى بىلەن بىرلىكتە 6 قېتىم مەبلەغ سېلىش تۈرىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى تەشكىللەپ، ھەمكارلىشىش مۇددىئانامىسىدىن 9 نى ئىمزالىدى، ئۇنىڭ سوممىسى ئازكەم 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. جېجياڭ تەۋەلىكىدىكى كارخانىلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ رايونى، تۇرپان شەھىرىنىڭ داخېيەن بازىرىغا 40 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ھاك كېنى ئاچتى.

دېڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىكى خادىملارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇنۇۋانى باھالاندى

2004 - يىلى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودا ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ھۆججىتىدىن 277نى، چاقىرىقتىن 25نى بېجىرىپ بەردى، بۇ ئارقىلىق 577 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى. 18 كەسىپتىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش سالاھىيىتى بويىچە ئىمتىھان بېرىش ئىشىنى، 2004 - يىللىق كەسپىي - تېخنىكا خادىملىق ۋەزىپىسى ئۆتەش ھەققىدىكى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 60 پارچىنى بېجىردى.

دېڭ تيېمېي

## شىنجاڭنىڭ رەڭلىك پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى

2004 - يىلى شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ رەڭلىك پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى، ئېلىنغان رەڭلىك ساپ پاختا 15 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي رەڭلىك پاختىنىڭ 95%نى ئىگىلىدى. دېمەك شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىلمە توقۇلما، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى رەڭلىك پاختا بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئورۇنغا ئايلاندى، رەڭلىك پاختا مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە، كورىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلدى.

دېڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار 6666.7 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار 6666.7 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلدى، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق كارخانىسى 50 نەچچىگە، كاسىپكارى 1800گە، سالغان يىللىق مەبلىغى ئازكەم 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق كارخانىلىرى ئورمان بىنا قىلىشتىكى ئاساسلىق قوشۇنغا ئايلاندى.

دېڭ تيېمېي

## شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شېنياڭ ترانسفورماتور گۇرۇھى خېرىدارلىق رىقابىتىدە غەلىبە قازاندى

بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - گېرمانىيە چوڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىمزالاش مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شېنياڭ ترانسفورماتور گۇرۇھى گۇيجۇدىن گۇاڭجۇغىچە بولغان 2 - قېتىملىق تۇراقلىق توك قۇرۇلۇشىنىڭ 580 مىليون يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش توختىمىنى قولغا كەلتۈردى.

دېڭ تيېمېي

## شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى چاقماق كۆچى ئۆتتۈشتۈرۈش سايمىنىنىڭ ئالاھىدە ئىجازەتلىك ياساش سودىگىرى بولدى

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكا ديۇپونت شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى ئامېرىكا ديۇپونت شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى 4 - ھەمكارلىق شىركىتىگە شۇنداقلا غەربىي شىمال رايونىدىكى بىردىن بىر چاقماق كۆچى ئۆتتۈشتۈرۈش سايمىنىنىڭ ئالاھىدە ئىجازەتلىك ياساش سودىگىرىگە ئايلاندى.

دېڭ تيېمېي

## شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىندى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر

سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان SFSZ10 — 65000/ 330 كىلوۋولتلۇق تۈنجى ئېلېكتر ترانسفورماتور زامبىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئېكسپورت قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — كانسا تاش مىس كېنىنى توك بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى، بۇ، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ چوڭ ئېلېكتر ترانسفورماتورىنىڭ تۈنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا كىرىشى. بۇ ترانسفورماتور جۇڭگو ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى 330 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ھەجمى ئەڭ كىچىك مەھسۇلات بولۇپ، شىنجاڭدا پەۋقۇلاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور ئىشلەپچىقىرىشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

دىڭ تيېمېي

## «شىنتې» ۋە «تەيشەن» ماركىلىق توك سىمى، ئېلېكتر كابېلى جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى

جۇڭگو داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلىگەن «شىنتې» ۋە «تەيشەن» ماركىلىق توك سىمى، ئېلېبتر كابېلىغا جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دەپ نام بەردى.

دىڭ تيېمېي

## تاغ ئۆچكىسى بىلەن ئارقار مۇۋەپپەقىيەتلىك كلونلاندى

شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى كلونلىغان تاغ ئۆچكىسى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۇغۇلدى، بۇ دۇنيا بويىچە تۇنجى كلونلانغان تاغ ئۆچكىسى. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ شىركەت كلونلىغان ئارقار تۇغۇلدى، بۇ جۇڭگودىكى تۇنجى كلونلانغان ئارقار.

دىڭ تيېمېي

## «ئالتۇن كالا» گۇرۇھى گېرمانىيە نەسىللىك چارۋىلىرىنىڭ گېن مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزدى

بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 6- كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جىباۋ بىلەن گېرمانىيە زۇڭتۇڭى شىلودېرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئالتۇن كالا» گۇرۇھى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو نەسىللىك چارۋا ئىمپورت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دېرېكتورى فېڭ لىشې گېرمانىيە «نودېڭ» نەسىللىك چارۋا گېن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋەكىلى بىلەن گېرمانىيە نەسىللىك چارۋىلىرىنىڭ گېن مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش توغرىسىدا مۇددىئانامە ئىمزالىدى.

دىڭ تيېمېي


## «خۇاشىڭ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى مەملىكەت بويىچە ئۆزگىچە دەل - دەرەخ كۆچىتى يېتىشتۈرۈش بازىسى بولۇپ قالدى

شىنجاڭ «خۇاشىڭ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى ئاساسلىقى داڭلىق، ئالاھىدە دەرەخ سورتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سۈپەتلىك دەل - دەرەخ كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىكى ئۈلگە بازا، 2004 - يىلى بۇ بازا مەملىكەت بويىچە سۈپەتتى ئىشەنچلىك دەل - دەرەخ كۆچىتى بازىسى ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆزگىچە دەل - دەرەخ كۆچىتى يېتىشتۈرۈش بازىسغا ئايلاندى.

دىڭ تيېمېي

## شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى بىلەن كورىيە SK گۇرۇھى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ يانفون ئىشلەپچىقاردى

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا كارخانا شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كورىيىنىڭ SK گۇرۇھى بىلەن



شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «شىنيې»، «تەيشەن» ماركىلىق توك سىمى، ئېلېكتر كابىلى 2004 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: مەزكۇر شىركەتنىڭ ئېلېكتر كابىلى سېخى

فەن خاۋ فوتوسى

ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ تۈنجى قاراردا 60 مىليون دوللار چىقىرىپ «SK - تيەندى» تېلېگراف كەسپى چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ئەڭ ئىلغار يانفون ئىشلەپچىقاردى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

دىڭ تيېمېي

## تۇنجى پۇقراۋى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلدى

دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭدا تۇنجى پۇقراۋى خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى — «ئوكەي» ئاۋىئاتسىيە چەكلىك شىركىتى 2004 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلدى.

دىڭ تيېمېي

## تۇنجى تىك ئۇچار ئايروپىلان شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدىن ئورۇن ئالدى

شىنجاڭ «خوڭجىڭ» گۇرۇھى سېتىۋالغان ئامېرىكىنىڭ بېل 206 تىپلىق تىك ئۇچار ئايروپىلانى 2004 - يىل 6- ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ پىڭشىلياڭ يىپەك يولى ئېكولوگىيە باغچىسىدىن ئۇچۇپ، بوشلۇقتا ساياھەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. شىنجاڭ خوڭجىڭ گۇرۇھى C تۈردىكى ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن بوشلۇق ساياھەتچىلىك تۈرىنى يولغا قويغاندىن سىرت يەنە سودا ئۇچۇن ئايروپىلان ھۆددە ئېلىش، بوشلۇقتا سۈرەت تارتىش ۋە ئۇچۇش ماھارىتى كۆرسىتىش ئىشلىرىنىمۇ يولغا قويدى.

دىڭ تيېمېي

## شىنجاڭ «خوڭجىڭ» گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ يىپەك يولى خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى قۇردى

شىنجاڭ «خوڭجىڭ» گۇرۇھى بىلەن «لەندې» مەبلەغ سېلىش (شياڭگاڭ) شىركىتى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 10- كۈنى بىرلىكتە 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىپەك يولى خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى قۇردى. بۇ مەيدان ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگو بازىرىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا قار تېيىلىيالايدۇ، بۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ، خەلقئارا سەۋىيىلىك قار تېيىلىش مەيدانى ھېسابلىنىدۇ.

دىڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى 3 شەخس مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرغۇچى دېگەن نامغا ئېرىشتى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ۋە مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىرلىشىپ مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى مۇنەۋۋەر قۇرغۇچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى 100 شەخسنى تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇلارغا مۇنەۋۋەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغۇچىسى دېگەن مېدالنى بەردى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى سۇن گۇاڭشىن، شىنجاڭ «خۇالىڭ» سانائەت - سودا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى مى ئېنخۇا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خېكيۇشياڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى بەي جىنشېڭلار بۇ مېدالغا ئېرىشتى.

دىڭ تيېمېي

## 10 كارخانا مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا دەپ ئېتىراپ قىلىندى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئالاقە باغلاش يىغىنىدا شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۆەننوڭ گوروڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قومۇل «چاڭلىيەن» ئۇچەي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جيايۇ» سانائەت - سودا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تارىم» دېھقانچىلىق ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تارىم دەرياسى ئۇرۇقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

دىڭ تيېمېي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان 3 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىدىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەمگەك

ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەملىكەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىدىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىگە تۆھپە قوشقان 126 پۇقراۋى كارخانىنى تەقدىرلىدى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى تەقدىرلەندى.

دېڭ تېيمېي

## 3 پۇقراۋى كارخانا مۇنەۋۋەر كارخانا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىچىلىرى جەمئىيىتى بىرلىشىپ 2004 - يىل 11 - ئايدا «جۇڭگو مۇنەۋۋەر پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانا مۇكاپاتى، كارخانىچى مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 3 كارخانا جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسى مۇكاپاتىغا؛ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لېدىر ياردەمچىسى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شياڭ دوڭ، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى فېڭ لىدۇلار جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىچىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## «تيەندى» گۇرۇھى 2004 - يىللىق جۇڭگو بويىچە يېتىلىۋاتقان 100 كۈچلۈك كارخانىنىڭ چېمپىيونى بولدى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو بويىچە يېتىلىۋاتقان 100 كۈچلۈك كارخانىنى باھالاش ۋە 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى يېتىلىۋاتقان كارخانىلارنىڭ CEO (باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى) لىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىدا شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى 2004 - يىللىق جۇڭگو بويىچە يېتىلىۋاتقان 100 كۈچلۈك كارخانىنىڭ چېمپىيونى بولدى. شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى 1995 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2004 - يىلغىچە ئاز كەم 2 مىليارد يۈەنلىك مال - مۈلكى، 5000 دىن ئارتۇق خادىمى بار، ئۆي - مۈلۈك ۋە تېلېگراف سودىسى بىر گەۋدە قىلىنغان چوڭ پۇقراۋى كارخانىغا ئايلاندى.

دېڭ تېيمېي

## «گۇاڭخۇي» پاي شىركىتى جۇڭگو بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ئىچىدىكى ياخشى باشقۇرۇلغان 100 شىركەت قاتارىغا كىردى

2004 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ئىچىدىكى ياخشى باشقۇرۇلغان 100 شىركەتنى باھالاش پائالىيىتىدە «گۇاڭخۇي» پاي شىركىتى 77- ئورۇنغا تىزىلدى.

دېڭ تېيمېي

## «گۇاڭخۇي» پاي شىركىتى جۇڭگو بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 100 كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانا قاتارىغا كىردى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شەرق كارخانىچىلىرى»، «ئىقتىسادىي كۆزىتىش» گېزىتى ۋە «شىنلاڭ» تور بېكىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن پۇقراۋى كارخانىلار ۋە كاپىتال بازىرى بويىچە خەلقئارا مۇنبەر ۋە 2004- يىللىق 100 كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانىنى باھالاش پائالىيىتىدە «گۇاڭخۇي» پاي شىركىتى جۇڭگو بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 100 كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانا قاتارىغا كىرىپ، 22 - ئورۇنغا تىزىلدى.

دېڭ تېيمېي

## «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 500 كۈچلۈك پۇقراۋى ئەزا كارخانىسى قاتارىغا كىردى

مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 2003 - يىللىق كۆلىمى زور بولغان 500 كۈچلۈك پۇقراۋى ئەزا كارخانىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 16 - ئورۇنغا تىزىلدى.

دېڭ تېيمېي

## «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتى جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر پۇقراۋى كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو

كارخانىچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ «چۈاڭتيەن» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قانات يايدۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر پۇقراۋى كارخانىلارنى تاللاش پائالىيىتىدە «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتىگە جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر پۇقراۋى كارخانا دېگەن نام بېرىلدى. بۇ، شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر تاللانغان پۇقراۋى كارخانا.

دېڭ تيېمىي

## «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ تىجارەت كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ تىجارەت كىرىمى 11 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە، تىجارەت پايدىسى 490 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان بېجى 403 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇدا 4 يىل باج تاپشۇرۇشتا تۆھپە يارانقان كارخانا دېگەن نامغا، 2004 - يىلى باج تاپشۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تيېمىي

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان 2 كارخانىنىڭ تۈرلىرى دۆلەت دەرىجىلىك ئۇچقۇن پىلانى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى

2004 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى يارانقان ئارمان يۇرۇشلۇك قۇۋۋەت تاللانلىرى تۈرى بىلەن «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى يارانقان چەرچەن ئېكولوگىيىلىك ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈرى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تارقاتقان دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

دېڭ تيېمىي

## بىر پۇقراۋى كارخانا جۇڭگو بويىچە 100 كۈچلۈك ئىمپورت - ئېكسپورت پۇقراۋى كارخانىسى قاتارىغا كىردى

سودا مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 2003 - يىللىق جۇڭگو بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى ۋە ئېكسپورت سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغان 100 پۇقراۋى كارخانىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ قورغاس تاشقى ئىقتىساد - سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 148 مىليون 270 مىڭ دوللار (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتىنىڭ 148 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئىمپورتىنىڭ 200 مىڭ دوللار) غا يېتىپ، 18 - ئورۇنغا تىزىلدى.

دېڭ تيېمىي

## 23 پۇقراۋى كارخانا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتى، «دېلوڭ» شىركىتى، «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى، «شىنخۇاليەن» گۇرۇھى، «كاڭپۇ» قۇرۇلۇش مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، «خۇالىڭ» سانائەت - سودا گۇرۇھى، «بەيشاڭ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، «چۈاڭتيەن» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى قارىماي «خوڭيې» چەكلىك شىركىتى، ئالتاي «خۇالى» ئۈنچە - مەيۋايىت چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ ئاممىۋى قاتناش چەكلىك شىركىتى، قومۇل «دامىڭ» ئوقەتچىلىكى، ئىلى «تيەنيى» ئوقەتچىلىكى، قەشقەر «جىڭجياڭ» سودا چەكلىك شىركىتى، تۇرپان «تۆگە قوڭغىرىقى» هاراقچىلىقى، تۇرپان «رۇنشياڭ» چەكلىك شىركىتى، خوتەن شەھەرلىك «جوڭخې» ئۈن زاۋۇتى، شىخەنزە «بېيجىشېن» ئىچىملىك چەكلىك شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق «گوۋېي» پەن - تېخنىكا، سودا چەكلىك شىركىتى، چۆچەك «شىنجى» ئاممىۋى ئاپتوبۇس چەكلىك شىركىتى، سانجى «خوڭشىڭ» ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى تەقدىرلەندى.

دېڭ تيېمىي

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان بىر كارخانا جۇڭگو «سەممىيەت داڭقىنى» غا ئېرىشتى

دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى، مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى، دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى قاتارلىق 6 مىنىستىرلىك، كومىتېت بىرلىشىپ 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو سەممىيەت قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ «جىنشىجى» ئاپتوموبىل سېتىش چەكلىك شىركىتى جۇڭگو «سەممىيەت داڭقىنى» غا ئېرىشتى. بۇ شىنجاڭ بويىچە بۇ تۈردىكى شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىن بىر كارخانا.

دېڭ تيېمىي

## 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەربىدىكى خەلقئارالىق ئىمارەت بېزەكچىلىكى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

7 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەربىدىكى (شىنجاڭ. خۇالىڭ) خەلقئارالىق بېزەكچىلىك كۆرگەزمىسى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قازاقىستان مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جۇمەئەلىيوۋ قۇربانچىبېك، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۇەننىڭ قوماندانى جاڭ چىڭلى قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. كۆرگەزمە «ھۆكۈمەت قوللاش، كارخانا ئۇيۇشتۇرۇش» ئەندىزىسى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلدى، 563 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىندى، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ قاتارلىق 23 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 419 كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە تۈرى 12 مىڭغا يەتتى، روسىيە، قازاقىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق سودىگەر كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشقا قاتناشتى. كۆرگەزمىدە 126 پارچە سودا توختامى ئىمزالاندى، پۇتۇشۇش سوممىسى 4 مىليارد 283 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ پۇتۇشۇش سوممىسى 736 مىليون يۈەن بولدى.

دېڭ تيېنمېي

## پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ بىناكارلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «جۇڭجيەن» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش مۇدىر، باش دىرېكتور جاڭ جوڭيەن، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋېي يۇگۈي، شىنجاڭ شوربۇلاق ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ تيەنبىڭلار ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خوڭجاڭ» گۇرۇھى ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چيەن جىننەي جۇڭگو بويىچە 10 مۇنەۋۋەر ياش نامزات مۇكاپاتىغا ۋە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» مېدالىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى «گۈزەل ھايات» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى زەكىيە مۇمىن ئاپتونوم رايوننىڭ غۇنچە پىلانىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تيېنمېي

## جاڭ شىن جۇڭگو بويىچە ئىگىلىك يارىتىشتىكى 10 يېڭى جەڭگىۋار شەخسنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 2004 - يىللىق مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئىگىلىك يارىتقۇچى رەھبەرلەرنىڭ يىللىق يىغىنىدا شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ شىن جۇڭگو بويىچە ئىگىلىك يارىتىشتىكى 10 يېڭى جەڭگىۋار شەخسنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى.

دېڭ تيېنمېي

## چيەن جىننەي مەملىكەت بويىچە ئىگىلىك تىكلەشتىكى مۇنەۋۋەر كارخانىچى دېگەن نامغا ئېرىشتى

جۇڭگو كارخانىچىلار بىرلەشمىسى، جۇڭگو كارخانىچىلار جەمئىيىتى 2004 - يىل 3 - ئايدا بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو بويىچە ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش لىدىرى چيەن جىننەي مەملىكەت بويىچە ئىگىلىك تىكلىگەن مۇنەۋۋەر كارخانىچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تيېنمېي

## رادىل ئابلا جۇڭگو بويىچە شەرەپلىك كەسىپ مېدالىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا 2004 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو بويىچە شەرەپلىك كەسىپ مېدالىغا ئېرىشتى.

دېڭ تيېنمېي

## ئىككى كىشى جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىشتىكى ئاتاقلىق ئەرباب دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقى

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يۇرۇشلۇق پائالىيەتلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا شىنجاڭ «خوڭجىڭ» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى، باش لىدىر لى جيەنخوڭ، شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش لىدىر چيەن جىننەي جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىشتىكى ئاتاقلىق ئەرباب دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ خوڭجىڭ گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭ دېخۇي ئوقەتچىلىك گۇرۇھى جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىش بويىچە شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى مۆنەۋۋەر كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تىيېمېي

## «بوشلۇقتىكى باغچا» تورى 2004 - يىللىق جۇڭگودىكى 100 چوڭ داڭلىق بىنا دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى

«كاڭپۇ» ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ «بوشلۇقتىكى باغچا» تورى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو ئولتۇراق ئۆي سودا يەرمەنكىسى شىنجاڭ رايونى باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 2004 - يىللىق شىنجاڭدىكى ئەڭ زور تەسىر كۆچىگە ئىگە بىنا بولۇپ باھالاندى، شۇنداقلا «2004 - يىللىق جۇڭگودىكى 100 چوڭ داڭلىق بىنا» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. «كاڭپۇ» گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش لىدىرى ۋاڭ دوڭ جۇڭگونىڭ يەر-زېمىن كەسپىدىكى 100 داڭلىق شەخسنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تىيېمېي

## «شاتلىق باغچىسى» مەھەللىسى بىلەن «جياخېيۇەن» مەھەللىسى مەملىكەت بويىچە خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە مەھەللە بولۇپ باھالاندى

داۋەن ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ «شاتلىق باغچىسى» ئەرزان - قولايلىق ئولتۇراق مەھەللىسى 2004 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2003 - يىللىق مەملىكەت بويىچە خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە مەھەللە بولۇپ باھالاندى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ «جياخېيۇەن» مەھەللىسى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە مەھەللە بولۇپ باھالاندى.

دېڭ تىيېمېي



ئۈرۈمچى «شاتلىق باغچىسى» مەھەللىسى 2004 - يىل 3 - ئايدا مەملىكەت بويىچە خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە مەھەللە بولۇپ باھالاندى.

سۈرەتنى دەۋان ئۆي - مۈلۈك شىركىتى تەمىنلىگەن

## مەيچۇئېر ئايتوقچى «دۆلەت بويىچە 10 ياخشى ئايتوقاچ» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى

جۇڭگو يېمەكلىك سانائىتى جەمئىيىتى 2004 - يىل 8-ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگونىڭ داڭلىق ئايتوقاچ ماركىسىنى تەقدىرلەش - ئېلان قىلىش يىغىنىدا شىنجاڭ مەيچۇئېر گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان مەيچۇئېر ئايتوقچى «دۆلەت بويىچە 10 ياخشى ئايتوقاچ» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

دېڭ تىيېمېي

## پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 1200گە يەتتى. پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى يۇقىرىغا يوللانغان 810 پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا دۆلەت كارخانىسى 32، كوللېكتىپ كارخانا 17، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 656، پاي چەكلىك شىركىتى 36، خۇسۇسىي كارخانا 38، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 7، باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانا 24 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 27 مىليارد 397 مىليون 197 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۈلۈك قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 41، 10 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 111، 1 مىليون يۈەندىن 10

مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 327، 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن كارخانا 331. كارخانىلارنى ئىگىلىك تىپى بويىچە ئايرىغاندا دۆلەت كارخانىلىرى مۈلكىنىڭ قىممىتى 135 مىليون 719 مىڭ يۈەن بولۇپ، كارخانىلار ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتىنىڭ 0.5%نى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 199 مىليون 582 مىڭ يۈەن بولۇپ 0.7%نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 13 مىليارد 55 مىليون 651 مىڭ يۈەن بولۇپ، 47.7%سىنى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 13 مىليارد 183 مىليون 15 مىڭ يۈەن بولۇپ، 48.1%نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 193 مىليون 356 مىڭ يۈەن بولۇپ 0.7%نى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 599 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ 2.2%نى، باشقا كارخانىلارنىڭ 30 مىليون 34 مىڭ يۈەن بولۇپ 0.1%نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلى پۈقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ كەسپكارى 39 مىڭ 224كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 19% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 6527، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2303؛ ئالىي ئۇنۋانى بارلار 2005، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 4537، تۆۋەن ئۇنۋانى بارلار 5719؛ دوكتور 95، ماگىستىر 623، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 5805، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 9200، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 9199.

2004 - يىلى پۈقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 961 مىليون 145 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 800 مىليون 665 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي كىرىمى 15 مىليارد 806 مىليون 278 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىدىن قىلىنغان كىرىم 719 مىليون 726 مىڭ يۈەن، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 11 مىليارد 446 مىليون 620 مىڭ يۈەن، تاۋار سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 95 مىليون 693 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 2 مىليارد 544 مىليون 219 مىڭ يۈەن. بۇ كارخانىلار بىر يىلدا 647 مىليون 909 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 1 مىليارد 207 مىليون 726 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، 147 مىليون 123 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. ئىگىدارلار ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قىممىتى 12 مىليارد 586 مىليون 384 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كارخانا مۈلكىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرزدارلىق نىسبىتى 54% بولدى.

تېخنىكا، سودا - سانائەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 28، 10 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 98، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 233، 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن كارخانا 451.

پۈقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ يىللىق چىقىمى 10 مىليارد 143 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، پەن - تېخنىكا پائالىيەت خىراجىتى 509 مىليون 892 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى 95 مىليون 592 مىڭ يۈەن. پەن - تېخنىكا پائالىيىتى خىراجىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 9 مىليون 570 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 1 مىليون 554 مىڭ يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 240 مىليون 792 مىڭ يۈەن، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 245 مىليون 81 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 5 مىليون 122 مىڭ يۈەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 4 مىليون 866 مىڭ يۈەن، باشقا كارخانىلارنىڭ 2 مىليون 907 مىڭ يۈەن.

2004 - يىلى پۈقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ 278 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 126 تۈرلۈك پاتېنتقا ھوقۇق بېرىش ئىلتىماس قىلىندى، 214 تۈرلۈك پاتېنت يولغا قويۇلدى.

ئەكبەر

شىنجاڭدىكى يەككە سودا - سانائەت كەسپىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرى | يەككە سودا - سانائەت ئورنى | كەسپكارلار | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 556847 | 981175 | 6269055 |
| سانائەت | 30252 | 98039 | 495609 |
| بىناكارلىق | 1136 | 13652 | 75820 |
| قاتناش - ترانسپورت | 118743 | 161724 | 961126 |
| توپ سېتىش | 13919 | 27072 | 1171427 |

# قاتناش، ئۇچۇر كەسپى

## تۆمۈريول

### ئومۇمىي بايان

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى سۇلىخې ۋوگزالىدىن باشلىنىپ، غەربتە قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تۇرپان ۋوگزالىدىن قەشقەر ۋوگزالىغىچە بولغان قىسمىنى باشقۇرىدۇ. ئىدارىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە لەنجۇ- شىنجاڭ لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى غول لىنىيە، لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ شەرقى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورنىدىن سۇلېخېغىچە يەنى 914 كىلومېتىر + 497 مېتىرغىچە بولغان جايدا لەنجۇ تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربى ئالاتاۋ پورتىدىن قازاقىستاننىڭ دۇژباغىچە يەنى 2362 كىلومېتىر + 248 مېتىرغىچە بولغان جايدا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ شەرقى تۇرپان - لۇكچۈندىن يەنى 0 كىلومېتىر + 702 مېتىرغىچە بولغان جايدىن باشلىنىدۇ، غەربىي قەشقەر ۋوگزالىنىڭ غەربىي 1446 كىلومېتىر + 371 مېتىرغىچە بولغان جايدا؛ جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىدىكى قەشقەر ۋوگزالى جۇڭگو تۆمۈريولى تورىنىڭ ئەڭ غەربكە جايلاشقان ۋوگزال. چېگرا پورتى ۋوگزالى ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى قازاقىستان پورت ۋوگزالىنىڭ درۇژبا ۋوگزالى بىلەن بولغان ئارىلىقى 12.15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە 5 تىجارەت لىنىيىسى (تارماق لىنىيىسى ۋە لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار، باشقۇرىدىغان لىنىيىنىڭ %95تىن ئارتۇقى شىنجاڭ تەۋەسىدە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5142.8 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي لىنىيە 3979.6 كىلومېتىر)، تىجارەت مۇساپىسى 2998.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوش لىنىيە 979.2 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي تىجارەت مۇساپىسىنىڭ %32.7 نى ئىگىلەيدۇ؛ تىجارەت مۇساپىسىنىڭ گەنسۇ تەۋەسىدىكىسى 235.2 كىلومېتىر، شىنجاڭ تەۋەسىدىكىسى 2763.3 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ پۈتۈن تىجارەت لىنىيىسىدە ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللىق پاراۋوز ئىشلىتىلىدۇ. ئۆلاقسىز لىنىيە 1730.4 كىلومېتىر، كۆۋرۈك 1614 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 59 مىڭ 45 مېتىر، تونېل 57 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 44 مىڭ 716 مېتىر. سەپلەنگەن ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللىق پاراۋوز 539؛ يولۇچىلار ۋاگونى 1262، بۇنىڭ ئىچىدە يۇمشاق، قاتتىق كارۋاتلىق ۋاگون 582؛ يۇمشاق، قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 439. ۋوگزال 161، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ۋوگزال 5، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋوگزال 5، گورۇپپىلاش ۋوگزالى 9. ئېلېكترىك توپلاش ۋوگزالى 161، بلوك ئۇسكۇنىسى 3060 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك بلوك 988 كىلومېتىر، يېرىم ئاپتوماتىك بلوك 1993 كىلومېتىر.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بار ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 53 مىڭ 913، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 49 مىڭ 476.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە توشۇلغان 50 مىليون 832 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %10.5؛ توشۇلغان يولۇچى 10 مىليون 228 مىڭغا يېتىپ، %16.4، توشۇلغان يۈك - تاق 481 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %42.5؛ ئالاتاۋ پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 9 مىليون 307 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %23.7 ئاشتى. كۆپ خىل ئىگىلىك تىجارەت كىرىمى 7 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە، يارائقان پايدا 115 مىليون يۈەنگە يەتتى.

| | | | |
|---|---|---|---|
| پارچە سېتىش | 240952 | 360255 | 2474727 |
| مېھمانخانا كەسپى | 3294 | 8007 | 34682 |
| يېمەك - ئىچمەك | 52975 | 153008 | 573134 |
| ئۆي - مۈلۈك | 5432 | 5779 | 16850 |
| سودا مۇلازىمەتچىلىكى | 5425 | 7863 | 27039 |
| مائارىپ | 579 | 2560 | 6017 |
| سەھىيە ۋە پاراۋانلىق | 6624 | 12435 | 46924 |
| ئاھالە مۇلازىمەتچىلىكى | 42280 | 69916 | 185977 |
| مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش | 6243 | 12189 | 45555 |
| باشقا مۇلازىمەتچىلىك | 28993 | 48676 | 154168 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە 1 مىليارد 628 مىليون 995 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 420 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ـ يېڭىلاشقا 834 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى (تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۈرلەرگە سېلىنغىنى 420 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۈرلەرگە سېلىنغىنى 413 مىليون 354 مىڭ يۈەن) . يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلەغ كۆرسەتكۈچى 374 مىليون 235 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ 135 مىليون 286 مىڭ يۈەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ 75 مىليون 859 مىڭ يۈەن، باشقىلارنىڭ 163 مىليون 90 مىڭ يۈەن) بولدى.

لى شياۋۋېن

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 2004 ـ يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| تۈرلەر | بىرلىكى | ئورۇندالغىنى | 2003 ـ يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|---|
| ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا ـ كىلومېتىر | 679.3 | 15.6 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر | 121.9 | 14.9 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا ـ كىلومېتىر | 548.5 | 15.5 |
| توشۇلغان يولۇچى | تۈمەن ئادەم | 1022.8 | 16.4 |
| توشۇلغان يۈك | تۈمەن تونىا | 5083.2 | 10.5 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە يۈك قاچىلانغان ۋاگون | ۋاگون | 2519 | 10.4 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە يۈك توشۇلغان ۋاگون | ۋاگون | 16976 | 19.03 |
| يۈك پويىزىنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 5.1 | 0.13 |
| يۈك پاراۋوزى كۈنىگە توشۇغان يۈك | تۈمەن تونىا ـ كىلومېتىر | 98.1 | 1.5 |
| يۈك پاراۋوزىنىڭ ئوتتۇرىچە سۆرەش مىقدارى | تونىا | 2354 | 0.5 |
| پاراۋوزغا تۈمەن تونىا ـ كىلومېتىردا سەرپ بولغان ماي | كىلوگرام | 29.5 | -1 |
| ترانسپورت كىرىمى | تۈمەن يۈەن | 756097 | 17.5 |
| ئومۇمىي خادىملارنىڭ ترانسپورت كىرىمى بويىچە ھېسابلانغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | تۈمەن يۈەن/ئادەم ـ يىل | 122.5 | 4 |
| يولۇچى پويىزلىرىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.4 | -0.6 |
| يولۇچى پويىزىنىڭ ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 97.5 | -2 |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 97 | -2.4 |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 91.4 | -5.8 |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 100 مىليون يۈەن | 4.2 | |
| يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ | 100 مىليون يۈەن | 8.3 | |

لى شياۋۋېن

### بوراندىن مۇداپىئەلىنىش - سۇرئەت تېزلىتىش قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى لەنجۇ- شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ 13 ئېغىز ئۆيدىن پارچە ساقالغىچە بولغان بۆلىكىدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - سۇرئەت تېزلىتىش ئەھۋالى بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 548 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2004 - يىلى 48 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ لىنىيىنى ئۆزگەرتىش ۋە پارچە ساقال تونېلى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار تولۇق پۈتتۈرۈلۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ شونا بۇلاق (لىيۇشۇچۈەن) دىن 13 ئېغىز ئۆيگىچە بولغان بۆلىكىدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش- سۇرئەت تېزلىتىش تۈرى بۇ تۈرگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 295 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، لىنىيىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

30 چاقىرىملىق شامال ئېغىزىدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - سۇرئەت تېزلىتىش تۈرى بۇ تۈرگە 2004 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 20 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، لىنىيىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۈچبۇلاق تونېلى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارمۇ تولۇق تاماملاندى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدىن پىچانغىچە بولغان بۆلىكىدە سىگناللارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ تۈرگە 2004 - يىلى 19 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كابېل ياتقۇزۇلۇپ بولدى، ئۈسكۈنىلەر تەقلەندى، قوشۇمچە قۇرۇلۇش تاماملاندى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ شىياكۇدىن شىياۋچۈەندۇڭغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ تۈردىكى ئۆزگەرتىش دائىرىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36.65 كىلومېتىر (قوش لىنىيە)، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى رەسمىي لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35.81 كىلومېتىر بولىدۇ. بۇنىڭدىن 4 كۆۋرۈك، 63 سۇئۆتكۈچ ياسىلىدۇ. ئەسلىدە 10 جايدا ئەگرى لىنىيە بولۇپ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 7 سى قالىدۇ. جەمئىي 204 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ سالىدىغىنى 163 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سالىدىغىنى 40 مىليون 890 مىڭ يۈەن.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ ۋېييادىن ستيەنگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ تۈردىكى ئۆزگەرتىش دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20.3 كىلومېتىر (قوش لىنىيە). ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى رەسمىي لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19.39 كىلومېتىر بولىدۇ. بۇنىڭدىن 2 كۆۋرۈك، 28 سۇئۆتكۈچ ياسىلىدۇ. ئىلگىرى 18 جايدا ئەگرى لىنىيە بولۇپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 3ى قالىدۇ. جەمئىي 132 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ سالىدىغىنى 106 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سالىدىغىنى 26 مىليون 510 مىڭ يۈەن. شىياكۇدىن شىياۋچۈەندۇڭغىچە، ۋېيىادىن ستيەنگىچە بولغان ئىككى بۆلەكنى سۇرئەت تېزلىتىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى باشلاندى، يول ئۇلىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى 50% — 60% تاماملاندى. بۇنىڭغا 2004 - يىلى 87 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ سالغىنى 38 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سالغىنى 49 مىليون يۈەن.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ يالقۇنتاغدىن تۇرپانغىچە بولغان بۆلىكىنى سۇرئەت تېزلىتىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ تۈردىكى ئۆزگەرتىش دائىرىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 78.3 كىلومېتىر (قوش لىنىيە)، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن رەسمىي لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 76.63 كىلومېتىر بولىدۇ، ئەسلىدە 75 جايدا ئەگرى لىنىيەبولۇپ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 36 سى قالىدۇ. 18 كۆۋرۈك، 129 سۇئۆتكۈچ ياسىلىدۇ. 2004- يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلاندى، 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىسمەن قۇرۇلۇش قىلىش خەرىتىسى تەكشۈرۈلدى. يول ئۇلىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى 70% تاماملاندى، بىر قىسىم كۆۋرۈك - سۇئۆتكۈچلەرنىڭ ئۇلى ئىشلەندى. بۇنىڭغا جەمئىي 353 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ سالىدىغىنى 282 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سالىدىغىنى 70 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولىدۇ. 2004 - يىلى 144 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ سالغىنى 75 مىليون يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سالغىنى 69 مىليون يۈەن بولدى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدىن شۈلخېغىچە بولغان بۆلىكىدە تۆت كۆرسەتمىلىك ئاپتوماتىك بلوكنى ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ تۈردىكى ئۇزۇنلۇقى 418.86 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قوش لىنىيلىك بۆلەكتە بېكىتىدىن تۆت كۆرسەتمىلىك ئاپتوماتىك بلوك بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ تۈر قۇمۇلدىن شۈلخېغىچە بولغان ئارىلىقتا ساقلاپ قېلىنىدىغان ۋوگزاللارنى ئېلېكترونلۇق كودلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، سىگناللارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق كۆزىتىش -

ئۆلچەشنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئاپتوماتىك بلوكنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇپەيلىدىن مېخانىزم ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئېلېكتر كۈچىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭغا 184 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. 2004 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ تەڭرىتاغدىن داۋانچىڭغىچە ئۇنىڭدىن تۈز كۆلگىچە بولغان بۆلىكىدىكى تونېللارنى سۈرئەت تېزلىتىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىش تۈرى بۇ بۆلەكنىڭ ئۆزگەرتىش دائىرىسىدىكى رەسمىي لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37.65 كىلومېتىر كېلىدۇ(قوش لىنىيە)، بۇ بۆلەكتە قوش لىنىيىلىك تونېلدىن 3 ى، سۇڭگۈچتىن 84ى ۋە بەيياڭخې كۆۋرۈكى (قوش لىنىيىلىك) ياسىلىدۇ، داۋانچىڭ ۋوگزالى كۆچۈرۈلىدۇ؛ داۋانچىڭدىن تۈز كۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 8 ئەگرى لىنىيە 7 ئەگرى لىنىيىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ تۈرگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 541 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدۇ. 12 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 170 مىليون يۈەن سېلىنىپ بولدى.

لى شياۋۋېن

## جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇ دۇڭفۇ يىغىنغا قاتناشتى.

جىڭ - ئاباۋ، شىمالىي تەڭرىتاغ تونېلى، بۇلۇكەي - ئىلى بۆلەكلىرىدە 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىش باشلاندى، بۇنىڭغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان بولدى. جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالىدىغان ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريول بولۇپ، بورتالا ئوبلاستى بىلەن ئىلى ئوبلاستىنىڭ تەۋەسىدە. ئۇ جىڭ ۋوگزالىدىن باشلىنىپ، نىلقا، شەرقىي غۇلجا، غۇلجا، ئىلى، قورغاس، چىڭسخوزا، قورغاس پورتى قاتارلىق 18 بېكەتتىن ئۆتىدۇ، رەسمىي لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 285.98 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆۋرۈك بىلەن تونېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولى 2 - دەرىجىلىك تۆمۈريول بولۇپ، 6 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 4 يېرىم يىل بولۇپ 2008 - يىلى تاماملىنىدۇ.

جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولىنىڭ جىڭدىن غۇلجىغىچە بۆلىكىنىڭ لايىھەدىكى مال ئوبوروت زىچلىقى يېقىنقى مەزگىلدە يۇقىرىغا توشۇلىدىغىنى 4 مىليون 580 مىڭ توننا، تۆۋەنگە توشۇلىدىغىنى 2 مىليون 300 مىڭ توننا بولىدۇ؛ كەلگۈسىدە يۇقىرىغا 7 مىليون 860 مىڭ توننا، تۆۋەنگە 3 مىليون 520 مىڭ توننا بولىدۇ. غۇلجىدىن قورغاسقىچە بولىكىنىڭ لايىھەدىكى مال ئوبوروت زىچلىقى يېقىنقى مەزگىلدە يۇقىرىغا توشۇلىدىغىنى 1 مىليون 600 مىڭ توننا، تۆۋەنگە توشۇلىدىغىنى 1 مىليون 80 مىڭ توننا بولىدۇ؛ كەلگۈسىدە يۇقىرىغا 2 مىليون 600 مىڭ توننا، تۆۋەنگە 1 مىليون 940 مىڭ توننا بولىدۇ. لايىھەدىكى يولۇچى ئوبوروت مىقدارى جىڭدىن غۇلجىغىچە بۆلىكىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە 1 مىليون 680 مىڭ ئادەم، كەلگۈسىدە 2 مىليون 420 مىڭ ئادەم بولىدۇ؛ غۇلجىدىن قورغاسقىچە بۆلىكىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە 500 مىڭ ئادەم، كەلگۈسىدە 890 مىڭ ئادەم بولىدۇ. جىڭدىن غۇلجىغىچە بۆلىكىدە 5 جۈپ ۋە 8 جۈپ يولۇچى پويىزى، غۇلجىدىن قورغاسقىچە بۆلىكىدە 2 جۈپ ۋە 3 جۈپ يولۇچى پويىزى قاتنايدۇ.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ يېڭى پويىز كۈتۈش بىناسى ئىشقا سېلىندى

ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ 219 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېڭى پويىز كۈتۈش بىناسى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پۈتتى. بىناغا يولۇچىلارغا يول باشلاش، بېلەت باھاسىنى ھەرىكەتلىك كۆرسىتىپ بېرىش، تولۇق ئاپتوماتىك ئاۋۇشلۇق ئۇنىۋېرسال رادىئو، ئاپتوماتىك ئىش سوراش قاتارلىق زامانىۋى ئېلېكترون سىستېمىسى ئىشلىتىلدى، قايناقسۇ بىلەن 24 سائەت تەمىنلىنىدىغان بولدى، مېيىپلار ئۈچۈن توسالغۇسىز يول ۋە ھاجەتخانا تەسىس قىلىندى. پويىز كۈتۈش بىناسى يۈزىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىنا قىش پەسلى يەر يۈزى ئارقىلىق ئىسسىتىش سىستېمىسى بىلەن ئىسسىتىلىدۇ، ياز پەسلى مەركىزىي ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريولدا 5 - قېتىملىق سۈرئەت تېزلىتىش

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەملىكەتنىڭ تۆمۈريوللىرىدا 5 - قېتىم سۈرئەت تېزلىتىلدى، ئۈرۈمچى - ليەنيۈنگاڭ ئارىلىقىدا 1086/7-، 1088/5 - قېتىملىق بىۋاستە تېز پويىز كۆپەيتىلدى. ئۈرۈمچى بىلەن كۈيتۇڭ ئارىلىقىدا 5803/4 - قېتىملىق ئادەتتىكى يولۇچى پويىزى كۆپەيتىلدى. ئۈرۈمچى بېيجىڭ غەربىي ۋوگزالى 07/96T - قېتىملىق پويىز

توختاش لىنىيىسىدىكى توختاش ۋوگزالغا لوياك توختاش ۋوگزالى قوشۇلدى. ئۈرۈمچى — شاڭخەي 53T/54 - قېتىملىق پويىز توختاش لىنىيىسىدىكى ۋوگزالغا شۇيجۇ توختاش ۋوگزالى قوشۇلدى. خۇاڭسۇن بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا X83/4 - قېتىملىق بىر جۈپ پوچتا پويىزى كۆپەيتىلدى. ئۈرۈمچى - جىنەن T189/190 - قېتىملىق پويىز ئۈرۈمچى - جىنەن 1085/6 - قېتىملىق پويىزغا، ئۈرۈمچى — شەرقىي لىيەنيۈنگاڭ 1086/7، 1088/5 - قېتىملىق پويىز بىۋاستە تېز پويىزغا ئۆزگەرتىلدى. جىنەن، شەرقىي لىيەنيۈنگاڭ ۋوگزالىدا كۈن ئارىلاپ قاتنىلىدۇ.

لى شياۋۋېن

## يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدىكى دالدا تام قاتتىق بوراننىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدا 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قاتتىق بوران چىقتى، دابۇدىن خۇڭسىڭ ۋوگزالىغىچە بولغان ئارىلىقتا بوراننىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 35.8 مېتىرغا يېتىپ، 12 بالدىن ئاشتى، كېيىن قىسقا ۋاقىتلىق شامال كۈچى 13 — 14 بالغا يەتتى، 12 بالدىن يۇقىرى بوران 9 سائەت 54 مىنۇت داۋام قىلدى. ئۈرۈمچىدىن چىققان 26010 - قېتىملىق يۈك پويىزى سائەت 13 تىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭچېڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان 1083 - قېتىملىق يولۇچى پويىزى سائەت 14 تىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە بوران ئەڭ قاتتىق چىقىۋاتقان دابۇدىن 13 ئېغىز ئۆي ۋوگزالىغىچە بولغان ئارىلىقتىن بىخەتەر ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كېلىۋاتقان ۋە كېتىۋاتقان 8 يولۇچىلار پويىزى، 28 يۈك پويىزى ۋە ماي پويىزى (قۇرۇق ماي پويىزىدىن 3ى بار) سائىتىگە 70 كىلومېتىر سۈرئەتتە يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدىن بىخەتەر ئۆتتى. لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدىكى دالدا تام ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە ترانسپورت باھاسى تەڭشەلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ترانسپورت باھاسى ئومۇميۈزلۈك تەڭشىلىپ، %10 — %40گىچە چۈشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەڭشەش ئارقىسىدا بۇ بۆلەكنىڭ تىجارەت كىرىمى بىۋاستە %40 ئازىيىپ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىگە سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان كەلتۈردى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريولىنىڭ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - سۈرئەت تېزلىتىش بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇلاقسىز پولات رېلىس ياتقۇزۇلدى

2004 - يىلى يۈز چاقىرىملىق بوران رايونى ۋە 30 چاقىرىملىق شامال ئېغىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 310 كىلومېتىرلىق لىنىيىگە ئۇلاقسىز پولات رېلىس ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش تارمىقىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى %50 ئازايدى، ئۇلاقسىز رېلىس ياتقۇزۇلغان لىنىيىدە پويىزنىڭ لايىھەدىكى سۈرئىتى سائىتىگە 200 كىلومېتىر بولىدۇ.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا يولۇچى - يۈك بىرلەشمە ترانسپورتى

2004 - يىلى ئالاتاۋ پورتىدىن كىرگۈزۈلگەن يۈك 137 مىڭ 729 ۋاگونغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.8، ئېغىرلىقى 7 مىليون 917 مىڭ توننىغا يېتىپ، %20.7 ئاشتى. كىرگۈزۈلگەن ئاساسلىق مەھسۇلاتلار: پولات 3 مىليون 588 مىڭ توننىغا يېتىپ، 202 مىڭ توننا؛ نېفىت 1 مىليون 970 مىڭ توننىغا يېتىپ، 473 مىڭ توننا؛ مېتال رۇدىسى 1 مىليون 222 مىڭ توننىغا يېتىپ، 217 مىڭ توننا؛ خىمىيىۋى ئوغۇت 355 مىڭ توننىغا يېتىپ، 212 مىڭ توننا ئاشتى؛ ياغاچ ماتېرىيال 93 مىڭ توننا بولۇپ، 6000 توننا؛ غەيرىي مېتال رۇدىسى 106 مىڭ توننا بولۇپ، 8000 توننا ئازايدى. كىرگۈزۈلگەن ئۆلچەملىك كونتېينېر 13 مىڭ 291 (بۇنىڭ ئىچىدە يۈك قاچىلانغىنى 2708، يۈك قاچىلانمىغىنى 10 مىڭ 583). قازاقىستاندىن جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن مال 7 مىليون 220 مىڭ توننا بولۇپ، كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي مال مىقدارىنىڭ %91.2نى، ئۈچىنچى دۆلەتتىن قازاقىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن مال 697 مىڭ توننا بولۇپ، %8.8 نى ئىگىلىدى. چاق ئالماشتۇرۇلغان پويىز ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن مال 1 مىليون 607 مىڭ توننا بولۇپ، %20.3 نى ئىگىلەپ، %21.9 ئاشتى.

2004 - يىلى ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چىقىرىلغان مال 39 مىڭ 214 ۋاگونغا يېتىپ، %56.5، ئېغىرلىقى 1 مىليون 390 مىڭ توننىغا يېتىپ، %48 ئاشتى. چىقىرىلغان ماللار: كوكس 472 مىڭ توننىغا يېتىپ، 76 مىڭ توننا؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 110 مىڭ توننىغا يېتىپ، 31 مىڭ توننا ئاشتى؛ سانائەت - ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى 510 مىڭ توننا بولۇپ، 15 مىڭ توننا ئازايدى. چىقىرىلغان ئۆلچەملىك كونتېينېر 32 مىڭ 122 (ھەممىسىگە يۈك قاچىلانغان) گە يېتىپ، 15 مىڭ 481 كونتېينېر كۆپەيدى.

چىقىرىلغان مال ئىچىدە جۇڭگودىن قازاقىستانغا چىقىرىلغىنى 833 مىڭ تونىنا بولۇپ، ئومۇمىي چىقىرىلغان مال مىقدارىنىڭ 59.9%نى؛ قازاقىستان ئارقىلىق ئۈچىنچى دۆلەتكە چىقىرىلغىنى 557 مىڭ تونىنا بولۇپ، 40.1%نى ئىگىلىدى.

ئالاتاۋ پورتى ترانسپورت مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول پورتلىرى ئىچىدە ئۇدا 9 يىل 2 - ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 2004 - يىلى پورتتىن 208 نۆۋەت خەلقئارا يولۇچى پويىزى ئۆتتى، توشۇلغان يولۇچى 33 مىڭ 124 ئادەم- قېتىمغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22.7% ئاشتى. مال كىرگۈزۈلۈش جەھەتتە خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتى ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 275 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 165 مىليون يۈەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ كىرىمى 535 مىليون يۈەن بولدى. خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتى قىممەت كاپالىتى كىرىمى 17 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان تۆمۈريول سۆھبىتى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ خۇڭرۇ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قازاقىستان تۆمۈريول باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لېدىرى كۆكلەكبايېف باشچىلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى ۋە دوستلۇق ۋوگزالىدا پورتتا خەلقئارابىرلەشمە ترانسپورت مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 2004 - يىلى پورتتىن مال ئۆتكۈزۈشنىڭ ئايلىق ۋەزىپىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. سۆھبەتتە 5 - ئايدىن 12 - ئايغىچە جۇڭگو تەرەپنىڭ 5 مىليون 806 مىڭ 400 تونىنا مال كىرگۈزۈدىغانلىقى، 1 مىليون 100 مىڭ تونىنا مال چىقىرىدىغانلىقى، قازاقىستان ئاپتوموبىللىرىنىڭ جۇڭگو تەرەپتىكى كاپالەت مىقدارى 1650 بولىدىغانلىقى، رېلىس ئالماشتۇرۇش جازىسىنىڭ 900 جۈپ بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئىككى تەرەپ 2004 - يىلى جۇڭگو- قازاقىستان چېگرا تۆمۈريولىدا خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىغا ئىمزا قويدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى تۆمۈريولى بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 13 - قېتىملىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11- كۈنگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىگو باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قازاقىستان دۆلەت تۆمۈريول پاي شىركىتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باش لېدىرى سامبەتوف باشچىلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى «جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريولى پۈتۈمنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئىمزا قويدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول مەكتەپلىرى، دوختۇرخانىلىرى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قارىمىقىدىكى 28 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، 2336 ئادەم، 2 كەسپىي مەكتەپ، 408 ئادەم، 9 يەسلى، 431 ئادەم، 13 دوختۇرخانا، 2661 ئادەم، جەمئىي 52 ئورۇن، 5836 ئادەم يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ تاماملاندى. ئەمەلىيەتتە 5750 ئادەم ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۆتكۈزۈلگەن ئورۇنلارنىڭ 2004 - يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 52 مىليون 212 مىڭ يۈەن بولدى.

سۇڭ لىجېن

## تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغارلار

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ئۆچاستىكىسىنىڭ تەڭرىتاغ يول ئاسراش ئىش رايونى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى؛ كۈيتۇڭ پويىز ئۆچاستىكىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى جياڭ ۋۇشياڭ مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى، ليۇيۈەن پاراۋوز ئۆچاستىكىسىنىڭ ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېللىق پاراۋوز شوپۇرى جاڭ جېنچياڭ، ئۈرۈمچى ۋوگزالى يولۇچى توشۇش سېخىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى ئۇۋياڭ چياۋيەن، كورلا پاراۋوز ئۆچاستىكىسىنىڭ ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېللىق پاراۋوز شوپۇرى جاڭ دېيۇن، كۈيتۇڭ ئۆچاستىكىسى توتو يول ئاسراش ئىش رايونىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جاڭ جىنباۋ، ئىدارە پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى جاڭ شياۋيۇڭ، يولۇچى تەكشۈرۈش مەركىزى ئامبار تەكشۈرۈش سېخىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شىنگاڭ، قۇمۇل پاراۋوز ئۆچاستىكىسىنىڭ باشلىقى يې دېجۇڭلارغا كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بەردى؛ يولۇچى توشۇش شىركىتى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى بىلەن پىچان ئۆچاستىكىسى قىزىلبايراق كارىزى يول ئاسراش ئىش رايونىغا كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول

ئىلغار كوللېكتىپى دەپ نام بەردى. قۇمۇل ئۇچاستىكىسى بىلەن ئاقسۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى ئۇچاستىكىسى جىنيىنچۇەن ئىش رايونى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ «پاراۋوز لوڭقىسى» غا ئېرىشتى؛ خېجىڭ پويىز ئۇچاستىكىسى توشۇش - يۆتكەش پويىزىنىڭ باشلىقى جاڭ تيەنجۈڭ، ئۈرۈمچى ئۇچاستىكىسى سەنگېجۇاڭ باشلامچى ئىش رايونىنىڭ ئىش باشلامچىسى لى ۋېي، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى شىڭخۇا، كورلا پاراۋوز ئۇچاستىكىسىنىڭ پاراۋوز مۇلازىمى لى جىخۇا، شىخەنزە ئۇچاستىكىسى ئوتتۇراھال رېمونت ئەترىتىنىڭ ئىش باشلامچىسى لى جۇنچىڭ، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالى يۈك توشۇش سېخىنىڭ مۇدىرى گو ۋېيپىڭ، قۇمۇل ئۇچاستىكىسىنىڭ باشلىقى يې دېجۇڭ، كورلا پويىز ئۇچاستىكىسى ئېۋىرغول پويىز تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى ليۇ شۈنيۇ، يولۇچى توشۇش شىركىتى چېڭدۇ 1 - گۇرۇپپىنىڭ پويىز باشلىقى چېن مېيجىڭ، يولۇچى تەكشۈرۈش مەركىزى بىخەتەرلىك ئىشخانىسىنىڭ سۈپەت تەكشۈرگۈچىسى جاڭ گوجۇلار تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ «پاراۋوز مېدالى» غا ئېرىشتى. ئالاتاۋ پورتى پويىز تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ مۇدىرى لى چۈڭۋېن تۆمۈريول «4 - ماي ياشلار مېدالى» غا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

### 13 كوللېكتىپ ياشلار مەدەنىي ئورنى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىلى پىچان ئۇچاستىكىسىنىڭ ئوتتۇراھال رېمونت ئەترىتىگە ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ياشلار مەدەنىي ئورنى دەپ نام بېرىلدى. تۇرپان ۋوگزالى توشۇش - يۆتكەش سېخىنىڭ 2 - ئىسمېنا 1 - گۇرۇپپىسى، قۇمۇل ئۇچاستىكىسى قىزىلنۇر يول ئاسراش ئىش رايونى، كۈيتۈڭ پويىز ئۇچاستىكىسىنىڭ ئالاتاۋ پورتى تەكشۈرۈش ئورنى، قۇمۇل ئۇچاستىكىسى ليۇيۇەن پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، خېجىڭ پويىز ئىشلىرى ئۇچاستىكىسىنىڭ يۇقىرى يېڭىنۇر بېكىتى، كورلا يولۇچى توشۇش ئۇچاستىكىسىنىڭ ساياھەت پويىزى ئەترىتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى ئالاتاۋ پورتى يۆتكەپ قاچىلاش مەشغۇلاتى كىران ئىسمېنىسى، قۇمۇل پاراۋوز ئۇچاستىكىسى رېمونت سېخىنىڭ كۆتۈرە رېمونت 1 - گۇرۇپپىسى، يولۇچى توشۇش شىركىتى 53/54 - قېتىملىق پەۋقۇلئاددە تېز پويىزىنىڭ 8 - مۇلازىملار گۇرۇپپىسى ۋە 69/70- قېتىملىق پەۋقۇلئاددە تېز پويىزىنىڭ 3 - مۇلازىملار گۇرۇپپىسى، كۈيتۈڭ پاراۋوز ئۇچاستىكىسى 9475 - پاراۋوز ھۆددە گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى ج خ باشقارمىسى پويىز ساقچى ئەترىتى، كورلا ج خ باشقارمىسى كورلا ج خ ئورنى قاتارلىقلارنىڭ مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى دېگەن نامى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىندى.

لى شياۋۋېن

### 69T/70 - قېتىملىق پويىز «قىزىلبايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بېيجىڭ، شاڭخەيگە كىرىدىغان بىۋاسىتە يولۇچى پويىزلىرى ئارا يولغا قويغان 2003 - يىللىق مۇسابىقە - سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى — غەربىي بېيجىڭ 69T/70 - قېتىملىق پويىزى 17 - قېتىم مەملىكەتلىك تۆمۈريول «قىزىلبايراقدار پويىزى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

### 53/54 (52/51) - قېتىملىق پويىز «قىزىلبايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بېيجىڭ، شاڭخەيگە كىرىدىغان بىۋاسىتە يولۇچى پويىزلىرى ئارا يولغا قويغان 2003 - يىللىق مۇسابىقە - سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى — شاڭخەي 53T/54 (52/51) - قېتىملىق پويىز 9 - قېتىم مەملىكەتلىك «قىزىلبايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

### ۋاڭ جاۋچېڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ جاۋچېڭ 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىلى ۋوگزالى، قورغاس ۋوگزالى ئورنىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم ئۈرۈمچى ۋوگزالى، ئەرگۈڭ ۋوگزالىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

### لۇ دۇڭفۇ جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇ دۇڭفۇ 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، جىڭ - غۇلجا - قورغاس تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق

خىزمەتلىرىنى ۋە يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

# تاشيول

## تاشيول ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسى قاتناش تۇراقلىق مۈلكىگە 10 مىليارد 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 1410 كىلومېتىر تاشيول (يېزا تاشيولى بۇنىڭ سىرتىدا) يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول مۇساپىسى 86 مىڭ 823 كىلومېتىرغا (بىڭتۇەننىڭ 24 مىڭ 492 كىلومېتىر تاشيول مۇساپىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 431 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 437 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 6630 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 15 مىڭ 752 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 24 مىڭ 674 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 14 مىڭ 406 كىلومېتىر. كۆۋرۈك 4520 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 119 مىڭ 111 مېتىر. دۆلەت، ئۆلكە يولى غول لىنىيىسىنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %80.25 بولدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يولۇچى ترانسپورت بېكىتى 236 گە (قۇرۇلۇۋاتقان بېكەتلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى. تىجارەت خاراكتېرلىك يولۇچى - يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 21 مىڭى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول ترانسپورت تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇندىن 88 مىڭ 138ى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپى 195. بىر يىلدا تىجارەت خاراكتېرلىك يول ترانسپورتىدا يولۇچى توشۇش مىقدارى 210 مىليون ئادەم - قېتىم ئورۇندىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.5، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليارد 700 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %15.9؛ يۈك توشۇش مىقدارى 240 مىليون تونناغا يېتىپ، %4.3، يۈك ئوبوروت مىقدارى 28 مىليارد 150 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %10.9 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول ئارقىلىق چېگرىدىن توشۇپ چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن يولۇچى مىقدارى 186 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، %70.1، تاشيول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك مىقدارى 1 مىليون 432 مىڭ تونناغا يېتىپ، %29.4 ئاشتى.


2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليارد 949 مىليون يۈەن قاتناش قائىدىسى پۇلى يىغىلدى.

جاڭ پىڭ

## يېزا تاشيوللىرى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا ستاتىستىكا قىلىنىدىغان تاشيول مۇساپىسىگە كىرگۈزۈلگەن يېزا تاشيولى 42 مىڭ 499 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 32 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 382 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 6832 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 22 مىڭ 825 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 12 مىڭ 428 كىلومېتىر. ئالىي يول يۈزى مۇساپىسى 628 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك ئالىي يول يۈزى مۇساپىسى 14 مىڭ 802 كىلومېتىر، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك يول يۈزى مۇساپىسى ۋە يول يۈزى يوق مۇساپە 27 مىڭ 69 كىلومېتىر. كۆۋرۈك 1408 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 مىڭ 136 مېتىر، سىڭگۈچ 49 مىڭ 833.

ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول ئۆتاشقان يېزا - بازار ئومۇمىي يېزا - بازارنىڭ %99.65نى ئىگىلىدى، تاشيول ئۆتاشمىغان يېزا - بازاردىن 3ى قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە



شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تۇتاشما ئۆتۈشمە كۆۋرۈك — ئۆمۈچۈك تېغى تونېلى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدە 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

فەن خاۋ فوتوسى

9438 مەمۇرىي كەنتنىڭ 8499ىغا تاشيول تۇتاشتى، بۇ ئومۇمىي مەمۇرىي كەنتنىڭ %90.1 نى، تاشيول تۇتاشمىغان مەمۇرىي كەنت 939 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %9.9 نى ئىگىلەيدۇ.

2004 - يىلى شىنجاڭدا 6500 يېزا - كەنت تاشيولى يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

يۈەن لىشىن

## كورلا - ئاقسۇ بۆلىكىدىكى 2 - قارارلىق ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

314 - دۆلەت يولىنىڭ كورلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان 183.7 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى 2 - قارارلىق ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى 2004 - يىل 11 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

جاڭ پىڭ

## كورلا - لوپنۇر تاشيولى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

218 - دۆلەت يولىنىڭ كورلىدىن لوپنۇرغىچە بولغان 49.46 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى 2004- يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

جاڭ پىڭ

## داخۇاڭشەندىن بوغدا كۆلىگىچە بولغان تاشيول بۆلىكىدە ئىش باشلاندى

216 - دۆلەت يولىنىڭ داخۇاڭشەندىن بوغدا كۆلىگىچە بولغان 54.4 كىلومېتىرلىق تاشيول بۆلىكىدە 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىش باشلاندى. بۇ تاشيول دۆلەت پىلانلىغان نۇقتىلىق تاشيوللارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 2 يىل قىلىپ بەلگىلەندى.

جاڭ پىڭ

## ئىلى دەرياسى 2 - كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

جۇڭگو 12 - تۆمۈريول ئىدارىسى خېرىدار بولۇپ ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — ئىلى دەرياسى 2 - كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشىدا 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش باشلاندى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1608 مېتىر، كەڭلىكى 27 مېتىر بولۇپ، ئىككى يۆنىلىشتە 4 ئاپتوموبىل يولى بولىدۇ، ئاپتوموبىل يولى 1 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمىدە بولىدۇ، كۆۋرۈك 2 يىلدا پۈتىدۇ.

جاڭ پىڭ

## يېتىمبۇلاق - چاقىلىق تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

315 - دۆلەت يولىنىڭ يېتىمبۇلاقتىن چاقىلىققىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا 2004 - يىل 10 - ئايدا ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش دۆلەت يولىنىڭ چىڭخەي بىلەن شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان جايدىكى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېتىمبۇلاق بازىرىدىن باشلىنىپ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگىچە بولىدۇ (ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ). تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 279 كىلومېتىر، تاشيولىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز جايى 3572.7 مېتىر كېلىدۇ.

جاڭ پىڭ

## ئىگەرچى يەكەن دەريا چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاندى

يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئىگەرچى يەكەن كۆۋرۈكىدە 2004 - يىل 11 - ئايدا قاتناش باشلاندى، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 546.8 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ.

جاڭ پىڭ

## چەتكە چېتىشلىق ترانسپورت

2004 - يىلى شىنجاڭ چەتكە چېتىشلىق يولۇچى يۈك ترانسپورت لىنىيىسىدىن 6نى ئاچتى، جۇڭگو - پاكىستان - قازاقىستان - قىرغىزىستان چېگرا ترانسپورتى يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ ئەتراپىتىكى 5 دۆلەت بىلەن يول ترانسپورت كەسپىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا يولۇچى - يۈك ترانسپورت لىنىيىسىدىن 63نى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا يولۇچى ترانسپورت لىنىيىسى 32، يۈك ترانسپورت لىنىيىسى 31. بىر يىلدا چېگرىدىن توشۇپ كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان يولۇچى 186 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %70.1؛ چېگرىدىن توشۇپ چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن يۈك 1 مىليون 432 مىڭ توننىغا يېتىپ، %29.4 ئاشتى، چېگرىدىن چىققان - كىرگەن يولۇچى يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىلى 99 مىڭ 700 ئاپتوموبىل - قېتىمغا يەتتى.

جاڭ نەن

## قاتناش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى

شىنجاڭنىڭ تاشيوللىرىنى تەبىئىي رايونلارغا ئايرىش ۋە مۇھىت پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات بۇ تۈر قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي رايون قاتناش قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا تۈرى بولۇپ، بۇ تۈرنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2004 - يىل 3- ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈر گۇرۇپپىسى «شىنجاڭ تاشيوللىرىنى تەبىئىي رايونلارغا ئايرىش قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەقىقىي ئانالىز پارامېتىرلىرىنى ۋە ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، رايونلارغا ئايرىشنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى ئاشۇردى. بۇ تۈر تاشيوللارنى تەبىئىي رايونلارغا ئايرىش ئۇسۇلى، كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ۋە مۇھىت پارامېتىرىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدە 3 دەرىجىلىك رايونغا ئايرىشتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

يولنى تەكشۈرۈپ لايىھىلەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئەمەلىي تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات بۇ قاتناش مىنىستىرلىكى ئەسىر ھالقىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى مەخسۇس خىراجىتىدىن ياردەم بېرىدىغان تۈر بولۇپ، بۇ تۈرنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈپ لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى تاشيوللارنى تەكشۈرۈپ لايىھىلەشنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ، لايىھىلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، لايىھىلەش قارىشىنى يېڭىلاش، لايىھىلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لى يۈڭ

## ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسى ئاممىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئاشكارا تەكشۈرۈش - يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش تۈزۈمى، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئوخشاش تۈزۈملەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەممە تەرەپ تەڭ تۇتۇش، بىرلىكتە باشقۇرۇشتەك خىزمەت ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى.

تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملەندى، بارلىق تاشيوللاردا «ئۈچ قالايمىقان» ئاساسەن كۆرۈلمىدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق 3 ھەق ئېلىش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر ھەق ئېلىش پونكىتىنىڭ ئورنى يۆتكىۋېتىلدى.

2004 - يىلى قاتناش سىستېمىسىدىكى 81 ئاساسىي قاتلام كۆزنەك ئورۇنغا ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسى كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇن دېگەن ۋۇنۋانى بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسىدىكى 217 كۆزنەك ئورۇنغا ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسى كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇن، 31 ئورۇنغا ئاپتونوم رايوننىڭ كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇن دېگەن ۋۇنۋانى بېرىلدى.

گاۋ كې

## قاتناشتا خەلققە قۇلايلىق يارىتىش تەدبىرلىرى

2004 - يىلى قاتناش نازارىتى خەلققە قۇلايلىق يارىتىش بويىچە 10 تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويدى:

1. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىشقا ئالاقىدار چارىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلدى، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ نېسى قالغان ئىش ھەققىنى ۋە يامان غەرەز بىلەن تۆلىمەي كەينىگە سۆرىگەن ماتېرىيال- ئۈسكۈنە پۇلىنى توختامنى ئادا قىلىش كاپالەت پۇلىدىن تۇتۇپ قالدى ھەم مۇناسىپ جازا تەدبىرى قوللاندى.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە يولۇچى ترانسپورت بېكەتلىرىدىكى ھاجەتخانىلارنى بىردەك ھەقسىز قىلدى ھەمدە دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ياقىسىدىكى شارائىتى بار جايلاردا ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى كۆپەيتتى.

3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى نومۇر تارقاتقان ھەم چارۋا، سۈت، پەمىدۇر قاتارلىق يېڭى، تىرىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا قارىتا «ئوچۇق يول» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلاردىن يول - كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش پۇلى ئېلىشنى بىردەك كەچۈرۈم قىلدى.

4. ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا بارىدىغان - يانىدىغان ئاپتوموبىللاردىن ئېلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يۈرۈش ھەققى ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ، بىرلا يۆنىلىشتە ھەق ئالىدىغان بولدى.

5. يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ترانسپورت مەمۇرىيىتى ئاپپاراتى تەستىقلىغان 2 - خىلدىن يۇقىرى رېمونتچىلىق كەسپىي ئورۇنلىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ، تىجارەت ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى ئۇلارغا 2 - دەرىجىلىك ئاسراش - رېمونت قىلىشقا بەرسە بولىدىغان

بولدى، ئاپتوموبىلنىڭ تەۋەلىك ئورنىدىكى ترانسپورت مەمۇرىيىتى ئاپپاراتى ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى.

6. يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ترانسپورت مەمۇرىيىتى ئاپپاراتى تەستىقلىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتلىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ، ئاپتوموبىللىرىنى ئۇلارغا تەكشۈرۈتسە بولىدىغان بولدى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچكە ئىگە بولىدىغان بولدى.

7. يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى يول ترانسپورت كىنىشكىسى، كەسپكارلىق سالاھىيەت كىنىشكىسىنى يۈتتۈرۈپ قويسا، بۇزۇپ قويسا، گېزىتكە بايانات چىقارماي، ئەسلىدىكى كىنىشكە بەرگەن ئورگانغا بىۋاسىتە بېرىپ يېڭى كىنىشكە ئالغاندىن كېيىن، ترانسپورت مەمۇرىيىتى ئاپپاراتى ئەسلىدىكى كىنىشكىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى توردا ئېلان قىلىپ قويىدىغان بولدى.

8. ئاپتونوم رايوندىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەكتەپلىرىنى تەستىقلاش تۈزۈمى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك قاتناش مەسئۇل تارمىقىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

9. ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش قائىدىسى ھەققىدە ئالىدىغان يېڭى تور - نۇقتىلار ۋە كۆزنەكلەر كۆپەيتىلىپ، ئابونېنتلارنىڭ پۇل تاپشۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

10. دۆلەت يولى ۋە ئۆلكە يولىنىڭ بەلگىلىرى، بەلگە سىزىقلىرى ۋە بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرى پەيدىنپەي كۆپەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

جاڭ پىڭ

## ئىلغار كوللېكتىپلار

قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتى 2004 - يىل 3 - ئايدا تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى تۇرپان ھەق ئېلىش پونكىتىغا ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى دەپ نام بەردى؛ 6 - ئايدا ئاقسۇ تاشيول باش ئۇچاستىكىسى كۇچا تەڭرىتاغ تاشيول ئۇچاستىكىسى قۇرغان تاشيول ئاسراش - باشقۇرۇش پونكىتىغا ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتى «جۇڭگودىكى يۈز مۇنەۋۋەر ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» نىڭ بىرى دەپ نام بەردى؛ 8 - ئايدا قەشقەر تاشيول باش ئۇچاستىكىسى تاشقورغان خونجىراپ يول ئاسراش پونكىتىغا ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتى مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپىنىڭ 10 يىللىق مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى بەردى.

جاڭ پىڭ

## مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قاتناش زاپاس سايمانلىرى نەق مەيدان يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇ شىجيې يىغىندا سۆز قىلدى.

جاڭ پىڭ

## جاڭ چۇنشيەن شىنجاڭنىڭ قاتناش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ چۇنشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ قاتناش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. جاڭ چۇنشيەن: شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوللارنى تۇتاشتۇرۇش، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان يوللارنى تۇتاشتۇرۇش، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان يوللارنى ئېچىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

جاڭ پىڭ

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ھەر خىل تۈردىكى ئۇچۇشقا 113 مىڭ 829 ئايروپىلان - قېتىم كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچۇپ ئۆتكىنى 27 مىڭ 406 ئايروپىلان - قېتىم، نۆۋەتچى ئايروپىلان 60 مىڭ 676 ئايروپىلان - قېتىم، مەخسۇس ئايروپىلان 29 ئايروپىلان - قېتىم بولدى. بىر يىلدا ترانسپورت ئۈچۈن ئۇچقان ۋاقىت 84 مىڭ 370 سائەت، ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئۇچقان ۋاقىت 4760 سائەت، 14 مىڭ 693 ئايروپىلان - قېتىم بولدى. تەۋەلىكتىكى خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورماللىق نىسبىتى 73.1% بولدى، ئىچكى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورماللىق نىسبىتى 86.9% بولدى. تەۋەلىكتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئۇچۇش ھادىسىسى، ئاۋىئاتسىيە يەر يۈزى ھادىسىسى، ھاۋا مۇداپىئە ھادىسىسى يۈز

بەرمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىللىق بىخەتەرلىك نىشانىنى ئېشىقا ئاشۇردى.

جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى (قىسقارتىپ جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى دېيىلىدۇ) شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئۇچۇش ئومۇمىي مىقدارى 74 مىڭ 462 سائەت، 65 مىڭ 458 ئايروپىلان - قېتىم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ترانسپورت ئۇچۇش ئۇچۇش 73 مىڭ 527 سائەتكە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.6 ئاشتى. تۈمەن سائەتتە ھادىسە تۇپەيلىدىن ئايروپىلان كۆتۈرۈپ قېلىش نىسبىتى 0.134، تۈمەن سائەتتىكى ئېغىر خاتالىق نىسبىتى 0.268 بولۇپ، ترانسپورت ئۇچۇن 50 يىل بىخەتەر ئۇچۇش ئېشىقا ئاشۇرۇلدى. ترانسپورتنىڭ ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارى 545 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، %27، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 864 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، %33.3، توشۇلغان يۈك - پوچتا يوللانمىسى 25 مىڭ 200 تونىغا يېتىپ، %16.5 ئاشتى. بىر يىلدا رويخەتتىكى ھەر خىل تىپلىق ئايروپىلانلاردىن كۈندىلىك پايدىلىنىش نىسبىتى 9.53 سائەت بولدى. شىركەت بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 460 مىليون 300 مىڭ 200 يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 18 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئاۋىئاتسىيە فوندى ئۇچۇن 52 مىليون 855 مىڭ يۈەن، باج ئۇچۇن 110 مىليون 186 مىڭ 600 يۈەن تاپشۇردى. بۇ شىركەت ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە باج تاپشۇرۇشتىكى تۆھپىكار شىركەت دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئايرودروم (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئايروپىلانلارنىڭ ترانسپورت ئۇچۇن 65 مىڭ 800 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇش، قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، كىرگەن - چىققان يولۇچى 5 مىليون 164 مىڭ ئادەم - قېتىمغا، توشۇلغان يۈك - پوچتا يوللانمىسى 86 مىڭ تونىغا يەتتى. بىر يىلدا شىركەت 170 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ پىلانى چۈشۈردى، بۇنىڭ 148 مىليون يۈەنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، مۇئەسسەسەلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا بىۋاستە ئىشلىتىلدى. 73 تۈردە ئىش باشلىنىپ، 66 تۈر تاماملاندى، بۇنىڭغا 97 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ ئايرودروم شىركىتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىدە ترانسپورت تىجارىتى قىلىدىغان ئىچكى - تاشقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن 24ى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن شىركەت 46گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 21، تاشقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 25.

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە يېقىلغۇ مېيى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى 148 مىڭ 816 توننا ئاۋىئاتسىيە كىرسىنى سېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %41.2 ئاشۇردى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىگە 33 مىڭ 531 ئايروپىلان - قېتىم ماي قاچىلاپ بەردى، دەرىجىگە توشىدىغان مەسئۇلىيەت ھادىسىسى سادىر قىلمىدى، ئايروپىلانىنىڭ ماي قاچىلاش ئېغىزىنى بۇزۇپ قويىدىغان، ماي ئاپتوموبىلىنى ئايروپىلانغا سوقۇۋېتىدىغان، مەخسۇس ئايروپىلانلارنىڭ ۋە چەتكە چېتىشلىق نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدىغان ئەھۋاللارنى سادىر قىلمىدى، تۈمەن توننا ماي بويىچە مەسئۇلىيەت خاتالىقى نۆل، تۈمەن ئايروپىلان - قېتىم بويىچە خاتالىق نىسبىتى نۆل، مەسئۇلىيەت تۇپەيلىدىن كېچىكتۈرۈش نىسبىتى نۆل، ماي مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100، ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى %100، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى %98تىن يۇقىرى بولدى.

خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر خىل ئايروپىلانلارنىڭ 97 مىڭ 694 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر قايسى ئايرودروملاردا ئۇچقان - قونغىنى 70 مىڭ 288 ئايروپىلان - قېتىم، ئۇچۇپ ئۆتكىنى 27 مىڭ 406 ئايروپىلان - قېتىم، مەخسۇس ئايروپىلان 29 ئايروپىلان - قېتىم؛ شىنجاڭ رايونىدا نۆۋەتچى ئايروپىلانلار 44 مىڭ 198 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچتى، رايون ئىچىدە 69 مىڭ 772 ئايروپىلان - قېتىمغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ئۇچقان - قونغان ئايروپىلان 47 مىڭ 494 ئايروپىلان - قېتىم بولدى؛ ئالاقە - يول باشلاش رادار ئۈسكۈنىسىنىڭ ئىشلىگەن ۋاقتى 128 مىڭ 295 سائەت، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى %99 بولدى؛ مۇھىم ھاۋارايى مەلۇماتلىرىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %84.7 بولدى، ئەھۋالنى كۆزىتىشنىڭ خاتالىق نىسبىتى تۈمەن قېتىم ئىچىدە 0.03 بولدى؛ ئۇچۇش ئاخباراتىغا دائىر ھەر خىل ماتېرىيالدىن 297 مىڭ 448 نۇسخا توپلاندى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئالاقە تورى سىستېمىسىنىڭ ئىشلەش ۋاقتى 155 مىڭ 888 سائەت، ئىشىنىڭ نورماللىق نىسبىتى %99.99، ئالاقە تېرمىنالى ئابونېنتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىش ۋاقتى 95 مىليون 849 مىڭ 280 سائەت، ئالاقە تېرمىنالى ئابونېنتلىرى ھەرىكىتىنىڭ نورماللىق نىسبىتى %99.99 بولدى.

شىنجاڭ ھەمباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى 4680 سائەت ئورۇنداپ، 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۇچۇن 3918 سائەت ئۇچۇپ، 187 مىڭ گېكتار يەرنى بىر تەرەپ قىلدى، ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش ۋە سۈرەتكە ئېلىش، گېئولوگىيىلىك

يىراقتىن سىزىش، گېئولوگىيىلىك كان تەكشۈرۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن 305 سائەت، جامائەت پاراۋانلىقى ۋە مەشىق ئۈچۈن 456 سائەت ئۇچتى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خېنەن ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ ئايروپىلانلىرى بىر يىلدا ترانسپورت ئۈچۈن 10 مىڭ 842 سائەت، 6919 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇپ، 600 مىڭدىن ئارتۇق يولۇچى (قېتىم)، 5213.7 توننا يۈك، پوچتا يوللانمىسى توشۇدى.

فۇ يىنجى، زېڭ چىچىن، لى جۈخۇا، يى خۇا، لېڭ جياڭخوڭ، تيەن ۋېنلياڭ، لى يۈن

## شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تاماملاندى

ھۆكۈمەتنىڭ ساھەلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى، ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ۋە ئايرودروملارنىڭ ترانسپورت تىجارىتىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا بىنائەن، 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەسلىدىكى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاساسىدا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئايرودروم (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئايرودروملارنى يەرلىكلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە ھەقىقىي مەنىدىكى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ يېڭى خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

فۇ يىنجى

## «18 - ماي» ھادىسىسى

ئەزەربەيجان ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ AHC7706 ئىبل — 76 تىپلىق يۈك ئايروپىلانى تەييۈەندىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق باكۇغا ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا توختاپ ماي قاچىلىدى، 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 10 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ 2 مىنۇتتىن كېيىن ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش يولىنىڭ غەربىي ئۇچىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، 7 ئايروپىلان خادىمىنىڭ ھەممىسى قازا قىلدى.

فۇ يىنجى، لى جۈخۇا

## دۆلەتلىك ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى مانېۋىر

شىنجاڭ ئايرودروم (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان 2004 - يىللىق دۆلەتلىك ئايروپىلان بۇلاشقا تاقابىل تۇرۇش ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئۇنىۋېرسال مانېۋىرى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مانېۋىرنى دۆلەت ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تيەن چيۇ، جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ يۈەنيۈەن قاتارلىقلار قاتناشتى. مانېۋىر ئايروپىلان بۇلاشقا تاقابىل تۇرۇش زەربىدارلىق ھەرىكىتى ۋە ئايروپىلاننى جىددىي قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىككى تېمىدا ئېلىپ بېرىلدى. مانېۋىرغا ئايرودروم ئوت مۇداپىئە - ئاسراش - قوغداش بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، ئايرودروم جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى، ھاۋا ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتارلىق تارماقلاردىن 600 نەچچە كىشى قاتناشتى. مانېۋىردا چوڭ تىپتىكى خەلق ئاۋىئاتسىيە يولۇچى ئايروپىلانى، برونېۋىك ئىشقا سېلىنغاندىن باشقا يەنە قوراللىق تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئوخشاش ئۈسكۈنىلەرمۇ تۇنجى قېتىم ئىشقا سېلىندى.

لى جۈخۇا

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسى كەسپىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆز تەۋەسىدە ئۇچۇش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش، خەتەرلىك بۇيۇملارنى ھاۋادا توشۇش، ئۇچۇشقا ئىمزا قويۇش، ھاۋا بوشلۇقىنى ساپلاشتۇرۇش - مۇھىت ئاسراش قاتارلىقلارنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە بىخەتەرلىك بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 7 ترانسپورت ئايرودرومى بىلەن بىر ھەمبەھىر ئايرودرومىنى ئەمەلىي پايدىلىنىشچانلىق جەھەتتىن تەكشۈردى.

باشقۇرۇش ئىدارىسى بازارنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن 2 بازا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بېلەت سېتىش ئورنىنىڭ يېڭى باھانى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ھەمبەھىر ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 3 قېتىملىق قانۇنغا خىلاپ تىجارەت ھەرىكىتىنى ۋە ئايروپىلان بېلىتى ساتىدىغان 5 ۋەكالەتچى كارخانىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، شىنجاڭ رايونىدىكى 2 - تۈردىكى 80 يولۇچى ترانسپورتى ۋەكالەتچى كارخانىسى بىلەن

17 يۈك ترانسپورتى ۋەكالەتچى كارخانىسىنى يىللىق تەكشۈردى.

باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر يىلدا 235 قېتىم مەمۇرىي تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى، مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش 76 قېتىم، كۈندىلىك تەكشۈرۈش 232 قېتىم بولدى. جامائەت ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىنى 124 قېتىم، ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىنى 66 قېتىم، ئايرودرومنى 36 قېتىم، بېلەت سېتىش ۋەكالەتچىلىرىنى 26 قېتىم، ئاسراش - رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنى 18 قېتىم، ئاۋىئاتسىيە مېيىنى 3 قېتىم تەكشۈردى.

فۇ يىنجى

## ئاۋىئاتسىيە تىجارەت لىنىيىلىرى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى 51 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىگە ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى لىنىيە 42 (شياڭگاڭ - ئاۋمېن لىنىيىسى بىر)، خەلقئارا لىنىيە 8. ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى تەكرارلانمىغان ئارىلىق بويىچە ھېسابلىغاندا 92 مىڭ 953 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى لىنىيە 77 مىڭ 3 كىلومېتىر (شياڭگاڭ - ئاۋمېن لىنىيىسى 3762 كىلومېتىر)، خەلقئارا لىنىيە 15 مىڭ 950 كىلومېتىر. ئايروپىلان قاتنىغان دۆلەت ۋە رايون 6، ئايروپىلان قاتنىغان شەھەر 43، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىغان شەھەر 35، (شياڭگاڭ، رايونغا بىر)، خەلقئارادا ئايروپىلان قاتنايدىغان شەھەر 7.

خەينەن ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى تىجارەت قىلىدىغان ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 8، ئۈرۈمچىدىن باشلىنىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 6.

زېڭ چىچىن، لى يۈن

## يېڭى ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى

2004 - يىلى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يولۇچى ترانسپورتى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن يېڭىدىن 8نى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى لىنىيە 6، خەلقئارا لىنىيە 2.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — دۇشەنبە — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 1797 كىلومېتىر.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — جىنەن — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 3206 كىلومېتىر.

6 - ئاينىڭ1 - كۈنى بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — نەنجىڭ — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 3410 كىلومېتىر.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بوئىڭ 200 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — قەشقەر — ئىسلامئاباد — قەشقەر — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 2152 كىلومېتىر.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — دۇنخۇاڭ — چاڭشا — دۇنخۇاڭ — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 3405 كىلومېتىر.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شىئەن — بېيجىڭ — شىئەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 1034 كىلومېتىر.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، گۇاڭجۇ — سەنيا — گۇاڭجۇ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 747 كىلومېتىر.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شىئەن — چېڭدۇ — شىئەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ تاق مۇساپە ئارىلىقى 647 كىلومېتىر.

خەينەن ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 6 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى لىنىيە 3، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى لىنىيە 3.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بوئىڭ 800 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — شىئەن — شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بوئىڭ 800 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى — شىئەن — تەييۈەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بوئىڭ 800 — 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — بېيجىڭ — خاربىن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دونىر 300 — 328 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — قەشقەر ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دونىر 300 — 328 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — ئالتاي — غۇلجا — قەشقەر ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى — ئالتاي — قەشقەر ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن ئىبارەت 2 ئايلانما لىنىيە ئېچىلدى.

زېڭ چېچىن، لى يۈن

## ئايروپىلان ئەترىتىنىڭ كۆلىمى

2004 - يىلى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى يېڭىدىن بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلاندىن 2نى كىرگۈزۈپ، ئورۇندىن 350 نى كۆپەيتتى. شىنجاڭ شىركىتى باشقۇرىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىكى ترانسپورت ئايروپىلانى 22گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان 11، بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 4، بوئىڭ 300 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 2، ATR72 — 210A تىپلىق ئايروپىلان 5. ترانسپورت ئايروپىلانلىرىدىكى ئورۇن 3368، ئومۇمىي توشۇش تونناژى 400 توننا، ئايروپىلان خادىمى 843، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچقۇچى 362، بىخەتەرلىك خادىمى 71، مۇلازىم 410. سەپلەشكە بولىدىغان ئايروپىلان گۇرۇپپىسى 116 يۈرۈش.

زېڭ چېچىن

## ئايروپىلان ئاسراش - رېمونت قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئاسراش - رېمونت قىلىش بازىسى ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ 68 مىڭ 353 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشىغا، ترانسپورت ئۇچۇن 34 مىڭ 421 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇشى - قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، 178 ئايروپىلان- قېتىم تۈرلۈك قەرەللىك تەكشۈرۈشنى تاماملىدى، 15 مىڭ 687 ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئالدى، دائىملىق خىزمەت تۈرىگە كىرمەيدىغان 4241 خىزمەت تۈرىنى تاماملىدى، 5930 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇش ئالدىدىكى ئاسراشقا، 5893 ئايروپىلان - قېتىم ئۇچۇشتىن كېيىنكى ئاسراشقا، 8194 ئايروپىلان - قېتىم قىسقا ۋاقىت توختىتىپ ئاسراشقا، سىرتتىن كەلگەن ئايروپىلانلارنى 5557 ئايروپىلان - قېتىم ئاسراشقا كاپالەتلىك قىلدى. 700 نەچچە ئايروپىلان - قېتىم نىڭ ئۈستىگە تۇتقان قار - مۇزنى تازىلىدى. ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلاردىن كۈندىلىك ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش نىسبىتى 9.02 سائەت، ئايروپىلانلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 91.15%، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورمالسىزلىق نىسبىتى 5.59‰ بولدى.

زېڭ چېچىن

## ئايروپىلان ئاسراش - رېمونت قىلىشتا يېڭى نەتىجە يارىتىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بوئىڭ 200 — 757 2852 - نومۇرلۇق ئايروپىلاننى 4C+S4C بويىچە تەكشۈرۈشنى، بوئىڭ 700 — 737 تىپلىق ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم 2C بويىچە تەكشۈرۈش + يېرىم يىللىق تەكشۈرۈش + ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ئىشىنى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. 4C+S4C بويىچە تەكشۈرۈش شىنجاڭنىڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تارىخىدا ئاسراش- رېمونت قىلىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، قەرەللىك تەكشۈرۈش كۆلىمى ئەڭ زور، تېجەپ قېلىنغان راسخوت ئەڭ كۆپ بولغان تەكشۈرۈش بولدى؛ 2C بويىچە تەكشۈرۈش + يېرىم يىللىق تەكشۈرۈش + ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش خىزمىتى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بوئىڭ 737 — 700 تىپلىق ئايروپىلاننى ئاسراش - رېمونت قىلىش ئىقتىدارى دەرىجىسىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2004 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئامېرىكا ھەممىباب ئېلېكتر ئەسۋابلىرى (GE) شىركىتىنىڭ جۇڭگو رايونىدا يۈرۈشلۈك موتورنى CFM56 «ئەڭ ياخشى ئىشلەتكۈچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، مەملىكەت ئىچىدە مۇشۇنداق شان - شەرەپكە ئېرىشكەن 3 - ئاۋىئات شىركىتى بولۇپ قالدى.

زېڭ چېچىن

## ئايرودروم قۇرۇلۇشى

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نارات ئايرودرومى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ خاراكتېر جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلق ساياھەت ئاۋىئاتسىيە تارماق لىنىيىسى ئايرودرومى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرىدۇ، ئايرودروم ئۇچۇش رايونىنىڭ دەرىجىسى 3C بولۇپ، 700—300—B737 تىپلىق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تىپلىق ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش- قونۇشىنى قاندۇرالايدۇ. ئاۋىئاتسىيە بېكەتتى رايونى 2010- يىلى 110 مىڭ يولۇچى (قېتىم) نىڭ كىرىش - چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولۇش نىشانى بويىچە لايىھەلەندى. ئۇچۇش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر، قېلىنلىقى 0.28 مېتىر. قۇرۇلۇشقا جەمئىي 150 مىليون 698 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. 8 - ئاينىڭ 15- كۈنى نارات خەلق ئايرودرومى شىنجاڭ ئايرودروم (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ شىركەت ئايرودرومنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە ترانسپورت باشقۇرۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ.

خوتەن ئايرودرومىنىڭ ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان

ئاۋئاتسىيە بېكىتى رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لى جۇڭخۇا

## ئايرودروم كاپالىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئايرودروم گۇرۇھى شىركىتى ئۇچۇش يولى، سىيرىلىش يولى، ئايروپىلان سۈپىسىدىن 4 . 1983 كۋادرات مېتىر رېمونت قىلدى، 104 مىڭ 100 مېتىر يېرىقنى يامىدى، قارنى 1380 سۈپا - قېتىم پۈركۈپ تازىلىدى. ئۇچۇشقا ياردەم بېرىش چىرىغىنى بىر يىلدا 803 قېتىم ياندۇرۇپ، 3598 سائەت ئىشقا سالدى، نورماللىق نىسبىتى %100 بولدى، بىر يىلدا 4500 دىن ئارتۇق قۇشقاچنى قوغلىدى.

لى جۇڭخۇا

## بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئايرودروم گۇرۇھى شىركىتى 2 مىليون 37 مىڭ يولۇچىنى بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن تەكشۈردى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بىر زوراۋان تېرورلۇق جىنايىتى گۇماندارىنى تۇتتى، رەسمىيىتى تولۇقسىز، نامۇۋاپىق بولغان 859 ئادەمنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 5 مىليون 879 مىڭ دانە يۈك - تاق، 242 مىڭ دانە مال، پوچتا يوللانمىسىنى تەكشۈردى، 2 پۇقرا مىلتىقى، 192 تەقلىدىي مىلتىق، 1773 پاي ئوق، 471 دانە ساقچى سايمىنى، 56 مىڭ 792 پىچاق، 1277 دانە ئوتئاي ياندۇرغان، ئوتئاي پارتلايدىغان بۇيۇم، 1241 دانە باشقا خەتەرلىك بۇيۇمنى قولغا چۈشۈردى. ھۆددىگە ئېلىنغان 306 يۈك ئايروپىلانى (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلدى، 12 مىڭ 569 توننا يۈكنى تەكشۈردى، 45 مىڭ 328 ئايروپىلان (قېتىم) نى قوغدىدى.

لى جۇڭخۇا

## نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نومۇرى تەڭشەلدى

جەنۇب ئاۋئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن باشلاپ بارلىق نۆۋەتچى ئايروپىلان نومۇرلىرىنى تەڭشىدى. «6» رەقىمى بىلەن باشلانغان نۆۋەتلىك ئايروپىلان نومۇرى ئەسلىدىكى «9» رەقىمى بىلەن باشلانغان نۆۋەتلىك ئايروپىلان نومۇرىنىڭ ئورنىنى ئالدى، نۆۋەتلىك ئايروپىلان نومۇرى بۆلىكى 6000 — 6070، 6699 — 6671، 6899 — 6800، 6999 — 6900 نىڭ ئىچىدە بولۇپ، جەمئىي 300 نۆۋەتلىك ئايروپىلان نومۇرىدىن تەركىب تاپتى. شىركەت 4 نومۇر بۆلىكى بويىچە ئاۋئاتسىيە لىنىيە رايونلىرىنى پەرقلەندۈردى: 6070 — 6001 - نومۇر بۆلىكىنى خەلقئارا نۆۋەتلىك ئايروپىلان ۋە ئىش قوشۇپ ئۇچىدىغان نۆۋەتلىك ئايروپىلانغا ئىشلەتتى؛ 6699 — 6671 - نومۇر بۆلىكىنى مەخسۇس كورلا نۆۋەتلىك ئايروپىلانلىرىغا ئىشلەتتى؛ 6899 — 6801 - نومۇر بۆلىكىنى شىنجاڭ ئىچىدىكى نۆۋەتلىك ئايروپىلانلار (قىسمەن شەرقىي لىنىيە نۆۋەتلىك ئايروپىلانلىرى) غا ئىشلەتتى؛ 6999 — 6901 - نومۇر بۆلىكىنى شىنجاڭ ئىچىدىكى نۆۋەتلىك ئايروپىلانلاردىن باشقا مەملىكەت ئىچىدىكى نۆۋەتلىك ئايروپىلانلارغا ئىشلەتتى.

زېڭ چىچىن

## ياڭ يۈەنيۈەن شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

دۆلەت خەلق ئاۋئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ يۈەنيۈەن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 22 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. ئۇ ھاۋا بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئالاقە تۇگۈنى بىناسى ئىدارە قىلىش مەركىزى مۇنارىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىشخانىسى، دائىرىلىك ئىدارە قىلىش ئىشخانىسى، باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ھاۋا بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى تەكشۈردى.

فۇ يىنجى

# ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

## ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت

2004 - يىلى شىنجاڭدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە تارماقلارغا تۇتاشقان ئىنتېرنېت ئىشخانا كەسپىي تورى قۇرۇلۇپ، ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئارخىپ باشقۇرۇش، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى، مەمۇرىيەت ئۇچۇرلىرى، خوجىلىق باشقۇرۇش، VOD تەكلىپكە بىنائەن ئاڭلىتىش، ئۇچۇر تۈزۈش، دىجورنىلىق كەسپى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىخەتەرلىك بويىچە ئايرىۋېتىش ئۈسكۈنىسى ۋە شىفىرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق گوۋۋيۈەن بەنگۈڭتىڭى بىلەن 2 مېگابىرتسىلىق كەڭ بەلۋاغلىق مەخسۇس توردا ئالاقە باغلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىچكى مەخسۇس تور ئارقىلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەر ئارا سانلىق مەلۇماتلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ھۆججەتلەرنى قەغەزسىز يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە نۇر تالالىق شەھەر رايونى VPN مەخسۇس تورى، تېلېگراف PSTN نومۇر چاقىرىش تورى، X25 سانلىق مەلۇمات مەخسۇس لىنىيە تورى

ئارقىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، نازارەت، ئىدارىلەر، باشقا جايلاردا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاپپاراتلىرى بولۇپ تەخمىنەن 150 ئاپپارات بىلەن كەڭ دائىرىلىك ئالاقە ئورنىتىلىپ، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق بەت نۇسخىسى يوللىنىدىغان، مەمۇرىيەت ئۇچۇرلىرى يوللىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان بولدى.

**ھۆكۈمەت تور پونكىتى قۇرۇلۇشى** 14 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) ۋە شىخەنزە شەھىرى، 13 نازارەت، ئىدارە، 26 ناھىيە ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئۇچۇر تور پونكىتىنى قۇردى.

شىنجاڭنىڭ ساھەلەر كەسپىي سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاددىي بولغان يېزىق بىر تەرەپ قىلىش، ھۆججەت باشقۇرۇشتىن ئىچكى دائىرىلىك تور قۇرۇلۇشىغا تەرەققىي قىلدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش، ھەر خىل ئەمەلىي ئۈنىۋېرسال كەسپىي سىستېمىلارنى بەرپا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دۆلەتنىڭ 12 نۇقتىلىق كەسپىي سىستېمىسى («12 ئالتۇن») ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساھەلەر كەسپىي سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭىچە قوللىنىش، يېڭى سەۋىيە يارىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

**«ئالتۇن تاموژنا قۇرۇلۇشى»** ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا تاموژنا تارماقلىرىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد - سودا ئۇچۇر تورى مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىشخانا مۇلازىمەت سىستېمىسى، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى پورت چوڭ ئۆتكەلى ئۇچۇر سۇپىسى «H883/EDI ئۆتكەل سىستېمىسى» ئارقىلىق ھەر خىل ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى تاموژنىغا، تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىشنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇشنى، تاشقى سودا، تاموژنا، تاۋار پرويىۋم قىلىش، باج، بانكا تارماقلىرى ئارىسىدا سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى.

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۇچۇر سىستېمىسى** بۇ سىستېما ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان 700 مىڭدىن ئارتۇق خادىمنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تورى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ باشقۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى ۋاقتىدا، ئىشەنچلىك باشقۇرۇشىغا ئاساس يارىتىپ بېرىلدى، سۇغۇرتىغا قاتناشقان خادىملارنىڭ سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇشىغا ۋە سۇغۇرتا ھەققىنىڭ تارقىتىلىشىغا قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئالتۇن سۇغۇرتا قۇرۇلۇشى»نى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

**«ئالتۇن قالقان قۇرۇلۇشى» (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى)** بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىلى باشلاندى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسەن تايانچ تور، ئالاقە ئاساسى، تېلېۋىزىيە يىغىنى، ئامانلىق ساقلاش، نوپۇس ئىشلىرى، رازۋېتكا، قوماندانلىق، قاتناش، چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش، تور بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى، قانۇنچىلىق، سىياسىي خىزمەت، پەن - تېخنىكا باشقۇرۇشى، قورال - جابدۇق مالىيىسى، ئىشخانا ئىشلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆلچەملەشتۈرش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**«ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى»** بۇ قۇرۇلۇشتا ئىش باج ئېلىش - باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدىن باشلىنىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈش ئاساسىدا، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە خاس يۇمشاق دېتال سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ، بىر قولدا ئاساسىي تور سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تۇتۇلىدۇ، بىر قولدا يۇمشاق دېتال سىستېمىسىنى كېڭەيتىپ ئىشلىتىش تۇتۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق باج باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، باجنىڭ پۇختا قەدەمدە ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۆلچەش - سىزىش كەسپىدە كەڭ قوللىنىلدى، ئەنئەنىۋى زېمىن ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ ئورنىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش (GPS) تېخنىكىسى ئالدى، ئەنئەنىۋى تەقلىدىي ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ ئورنىنى يىراقتىن سېزىش (RS) تېخنىكىسى ئالدى. ئەنئەنىۋى قولدا خەرىتە سىزىش تېخنىكىسىنىڭ ئورنىنى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر (GIS) تېخنىكىسى ئالدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە، يېزا (بازار) دىن ئىبارەت 3 قاتلام 4 دەرىجىلىك ئىچكى كەسپىي مەخسۇس تورىنى ئۇلاش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرى تايانچ تورى قۇرۇلۇپ، مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر

كەسپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلدى.

زېمىن ـ بايلىق نازارىتى «زېمىن ـ بايلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قاتتىق دېتال مۇھىتىنى قۇرۇپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك زېمىن ـ بايلىق ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپ تورى ئاساسەن قۇرۇلۇپ بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى 2002 ـ يىلدىن ئېتىبارەن توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى. ئالىي مائارىپتا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش تورلاشتۇرۇلدى ۋە كومپيۇتېرلاشتۇرۇلدى. شەھەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ۋاستىلىك دەرسخانا ۋە ئېلېكترونلۇق دەرسخانا بەرپا قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانا ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە، ئاكسىيە، سۇغۇرتا، نېفىت خىمىيە سانائىتى، قاتناش، ئېلېكتر، ئالاقە كەسپلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى. مالىيە، ئىقتىسادىي تەپتىش، سودىچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ پىلان تۈزۈلۈپ، مۇناسىپ كەسپىي ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش ـ قوللىنىش سىستېمىسى پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى.

جاڭ دېشىن

## ئاساسىي ئۇچۇر قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ نوپۇس ئاساسىي ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولدى، 16 مىليون 880 مىڭ دائىملىق نوپۇسنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە دائىملىق نوپۇس ئومۇمىي سانىنىڭ 89.41% نى ئىگىلىدى، بۇ 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، 54 ناھىيە دەرىجىلىك ج خ ئورگىنى قارمىقىدىكى 1079 ساقچىخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇنىي ئىگە ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي ئۇچۇر ئامبىرى (كودلۇق سانلىق مەلۇمات ئۇچۇر ئامبىرى) قۇرۇلۇشىدا 251 مىڭ كود بېرىلدى (66 مىڭ 921 تاشلاندۇق سانلىق مەلۇماتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاپتونوم رايون بويىچە كودلاشتۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى. تەبىئىي بايلىق ۋە ماكان جۇغراپىيىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى (ئاپتونوم رايون بويىچە قاپلاش نىسبىتى 60%) ۋە 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى (قاپلاش نىسبىتى 16%) پۈتتۈرۈلدى.

جاڭ دېشىن

## ھۆكۈمەت تارمىقى يۇمشاق دېتاللىرىنى ئۆلچەملىك قىلىش خىزمىتى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ماسلاشتۇرۇشىدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى دائىرىسىدە ئۆلچەملىك يۇمشاق دېتاللارنى قوغداش ۋە ئىشلىتىش، ئوغرى نەشر يۇمشاق دېتاللىرىنى ئېنىقلاش ۋە چەكلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا ئۆلچەملىك يۇمشاق دېتاللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، يۇمشاق دېتاللارنى تۈزۈشكە بولغان ئېھتىياجنى تۈزۈپ تۇرغۇزۇش بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىرتۇتاش تارقىتىش ۋە قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈش خىزمىتى قەدەم ـ باسقۇچ بويىچە تاماملاندى.

جاڭ دېشىن

## يۇمشاق دېتال كەسپى، ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش كەسپى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر كەسپى بىرقەدەر ئاجىز بولغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش كەسپىدىن كومپيۇتېر ئۇچۇر تورى سىستېمىسىنى توپلاشتۇرۇش، يۇمشاق دېتال كەشپ قىلىش، ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكى، مەھسۇلات ئىشلەش تەڭ تۇتۇلىدىغان كەسپ تۈزۈلمىسىگە قاراپ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى. ئالاقە ۋە ئىنتېرنېت توردا قوللىنىلىدىغان ئۇچۇر مۇلازىمىتى كەسپى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، كەسپ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا يۇمشاق دېتال كارخانىسىدىن 36 سى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق يۇمشاق دېتال كارخانىسى بىر)، ئۇچۇر تور سىستېمىلىرىنى توپلاشتۇرۇش كارخانىسىدىن 215 ى (بۇنىڭ ئىچىدە «A دەرىجىلىك» كارخانا 17) بار بولدى، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە 68 يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى، بىر تۈركۈم I T تايانچ كارخانا قوشۇنى شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرى كەسپىدە ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەخسۇس ماتېرىياللىرى، ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار،

ئېلېكترونلۇق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى قاتارلىق تۈرلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇياش ئېنېرگىيىسى توك مەنبەيى ۋە ئۇنى قوللىنىش مەھسۇلاتلىرى، ئىسسىقلىق سەزگۈر ئېلېكتر قارشىلىق ۋە سېنزور قاتارلىق مەھسۇلاتلار مەملىكەت ئىچىدە ئۆزگىچە مەھسۇلات ھېسابلىنىپ، تېخنىكا جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شىنجاڭدا كومپيۇتېرنى قوللىنىش بويىچە 180 نەچچە نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ «رەقەم ھاڭنى كىچىكلىتىش ـ غەربىي قىسىم ھەرىكىتى» پىلانىدىكى «Linux سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» نى ئۈستىگە ئالدى. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە، ئۇزاقتىن باشنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىككە كەلمەسلىك، خەت شەكلى ھەرپ ئامبىرى ئۆلچەملىك بولماسلىق، ماس كېلىشچانلىقى ناچار بولۇشقا ئوخشاش قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كودلاشتۇرۇش ھەرپلىرى توپلىمى ئۆلچىمى» نى تۈزىتىش ۋە «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە خەتلەرنىڭ ئۆلچىمى»، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە كۆرۈنمە يۈز ئۇچۇر ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۆلچىمى» نى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. «Linux نى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مەشغۇلات سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «سۇپا ھالقىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە قوللىنىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق تۈرلەر يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

جاڭ دېشىن

## كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش، ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى، باشلامچى مەھسۇلاتلارنىڭ CAD سىخېمىسىنى چىقىرىش نىسبىتى %94 كە يەتتى، باشقۇرۇش ئۇچۇرلىرى سىستېمىسى، ERP سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار مالىيە، كادىرلار، OA، ماددىي ئەشيا، ئامبار باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، كارخانا تور پونكىتى ۋە ERP، CRM قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ، دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 43 نۇقتىلىق ۋە يېتىلدۈرۈلىۋاتقان كارخانىنىڭ ھەممىسىدە مالىيە باشقۇرۇشنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، %90چە كارخانىدا مالىيە باشقۇرۇش دائىرىلىك تورى قۇرۇلدى، %80 تىن ئارتۇق كارخانىدا ئىچكى دائىرىلىك تور قۇرۇلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، بازار مارکېتىڭى، مەھسۇلاتلارنى ئامباردا ساقلاش، خېرىدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار توردا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى، تەخمىنەن %70 كارخانا تور پونكىتى قۇردى ۋە ئىنتېرنېت تورىغا كىردى، %70 كارخانا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى سانلىق مەلۇماتى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تىزگىنلەش، كومپيۇتېر ياردىمىدە لايىھىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللاندى. ياسىمىچىلىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

شىنجاڭ — دۆلەت تۇنجى تۈركۈمدە ياسىمىچىلىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى، شىنجاڭدا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى ئۈچۈن ساناۋەت لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە تېز پۈتتۈرۈلىدىغان ئامىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئۈچ ئۆلچەملىك CAD/CAM/CAE ۋە PDM يۇمشاق دېتاللىرى، رەقەملىك تىزگىنلەش ئارقىلىق شەكىلگە كىرگۈزۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش مەركىزى قاتارلىق تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلدى، كارخانىلار ئارا تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوللاش مەركىزى بىر نەچچىسى قۇرۇلدى، ياسىمىچىلىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى كومپيۇتېر ياردىمىدە لايىھىلەش سىستېمىسى، ERP (كارخانا بايلىقىنى پىلانلاش سىستېمىسى)، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت باشقۇرۇشى قاتارلىق مەخسۇس تۈرلەر ئىشقا سېلىندى، CAD ۋە ERP بويىچە يۈزگە يېقىن ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىلىرى بېكىتىلدى. ئۈلگە كارخانىلىرى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، كارخانىنىڭ مەھسۇلات لايىھىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كارخانىنىڭ بازار مارکېتىڭى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

جاڭ دېشىن

# پوچتا

## شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئورۇندىغان ئومۇمىي كەسىپ مىقدارى 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.7 ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا كەسپى كىرىمى (ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە) 792 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.2 ئاشتى. پوچتا مىنىستىرلىكىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن ھېسابلاش ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى كەسىپ كىرىم 752 مىليون يۈەن، چىقىم پەرقى 191 مىليون يۈەن، خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 55 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يېشىل كارتا نۇسخىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن يېشىل كارتا نۇسخىسى سىستېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا سالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا پۇل ئامانەتى يېشىل كارتىسىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە سودا مىقدارى 400 مىڭ قېتىم، POS (يېشىل كارتا ماشىنىسى) نىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە سودا سوممىسى 400 نەچچە مىڭ يۈەن بولدى. ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەنلەرگە ئاۋىئاتسىيە پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش چاستوتا قېتىمى شىفىرلاشتۇرۇلدى، ئىلى، كورلا قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى ئېچىلدى؛ ئاپتوموبىل تېز پوچتا يولىدىن بىرقانچىسى ئېچىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى شۇ كۈنى ۋە 2 - كۈنى كۆرۈش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە تورلارنى سەرخىللاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ تاماملاندى، تاشقى دائىرە سىستېمىسى، تىجارەت تور - نۇقتىلىرى، ش ئۇ ئا ر بىرتەرەپ قىلىش مەركىزى كومپيۇتېرخانىسى، كارتا ياساش سىستېمىسى ۋە ئاقىل بۇيرۇق تاختىسى قاتارلىقلار ئۆزگەرتىلدى، پۇل ئامانەت تور - نۇقتىلىرىنى تورلاشتۇرۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش، پوچتا ماركىسى يېڭى سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى سىستېمىسى، ئىسىم، ئادرېس ئامبىرى سىستېمىسى، خەلقئارا ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت سىستېمىسى، كاخالا سىستېمىسىنى قۇرۇپ قوللىنىش، كەشىپ قىلىش خىزمىتى ئالغا سۈرۈلدى، ئۇچۇر تورلىرىنى ئاسراش ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. تېز يەتكۈزىدىغان پوچتا ئاپتوموبىلىدىن 47 سى كۆپەيتىلدى؛ پوچتا پۇل ئامانەتى PC تېرمىنالىدىن 868ى، خەت بېسىش ماشىنىسىدىن 297سى يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، ATM ئاپپاراتىدىن 10ى ئۆزگەرتىلدى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى ۋە پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى؛ ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت تور - نۇقتىسى 557گە، پوچتا پۇل ئامانەتى تور - نۇقتىسى 582گە يەتتى.

كاڭ يەن

## پوچتا ئالاقىسى مۇلازىمىتى سۈپىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىدىن 5 ئورۇن مەملىكەت بويىچە پوچتا سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا، 2 ئورۇن مەملىكەت بويىچە پوچتا سىستېمىسىدىكى ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا، 3 يېزا پوچتالىيونى مەملىكەت بويىچە پوچتا سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر يېزا پوچتالىيونى دېگەن نامغا، 7 ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا، 115 كوللېكتىپ ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا سىستېمىسىدىكى «قېلىپلاشقان مۇلازىمەت

قىسقا ماتېرىيال

### «كاخالا پوچتىسى»

«كاخالا» — جۇڭگو، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، كورىيە، ئامېرىكا ۋە شياڭگاڭ رايونى پوچتىسىدىن تەركىب تاپقان پوچتا گۇرۇھىنىڭ نامى، نۆۋەتتە بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەممە ئەزاسى ئۆلچەملىك كەسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. كاخالانىڭ ئىچكى قىسمىدا بارلىق ئىمپورت - ئېكسپورت پوچتا يوللانمىلىرى ئايرىم پېچەتلىنىپ بىۋاستە ئەۋەتىلىدۇ، «ئالاھىدە تېز» دېگەن بەلگىسى ئېسىلغاندىن تاشقىرى يەنە بىرتۇتاش بېسىلغان كاخالا خالتا بەلگىسى ئېسىلىدۇ، پوچتا يوللانمىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش تەلىپى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ، پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ.

بويىچە ئۈلگە كۆزنەك» ئىلغارى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش ئۇچۇرلىرىنى تورغا چىقىرىش نىسبىتى 97.7%كە، ۋاقتىدا يەتكۈزۈش نىسبىتى 92% كە يەتتى. پوچتا ئابونېنتلىرىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى 86.7 نومۇرغا يەتكۈزۈلۈپ، دۆلەت پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئالاقە مۇلازىمەت سۈپىتى مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

كاڭ يەن

## خەت - چەك كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئورۇندىغان خەت - چەك كەسپىي مىقدارى 55 مىليون 683 مىڭ دانە بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 7.5%؛ قىلىنغان كىرىم 40 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، 29.9%؛ پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئېلان 15 مىليون 690 مىڭ پارچە بولۇپ، 33.4% ئازايدى؛ مۇكاپاتلىق يېڭى يىل ئاتكىرىتكىسى ۋە كارخانا بايرام تەبرىك ئاتكىرىتكىسىدىن 6 مىليون 470 مىڭ پارچە سېتىلىپ ۋە ئىشلىنىپ، 0.76% ئاشۇرۇلدى. سودا خەت - چەك كىرىمى 7 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خەت - چەك كەسپىي كىرىمىنىڭ 18.2% نى ئىگىلىدى. پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، سودا، ئاۋئاتسىيە، جامائەت ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى بۆسۈش بولدى، ھېسابات تالونى كەسپىي كىرىمى خەت - چەك كەسپىي كىرىمىنىڭ 6.5% نى ئىگىلىدى. 9 مەنزىرە رايونىنىڭ ساياھەت ئىشىك بېلەتى ئاتكىرىتكىسى كەشىپ قىلىنىپ، 370 مىڭ پارچە ئىشلەندى؛ بوغدا كۆلى ئىشىك توسۇش سىستېمىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «ئاسىيا كىندىكى بەلگىسى مۇنارى» مەخسۇس پوچتا ھەققى سۈرىتى قىلىنغان پوچتا ھەققى كونۋېرتىدىن 1 مىليون پارچە ئىشلەندى.

كاڭ يەن

## پوسۇلكا كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئورۇندىغان پوسۇلكا كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 610 مىڭ دانە بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13.8%؛ پوسۇلكا كەسپىي كىرىمى 56 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.6% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوسۇلكىنى تېز يەتكۈزۈش كەسپىدە ئورۇندالغىنى 460 مىڭ دانە بولۇپ، 4.7% ئازايدى. پەسىل خاراكتېرلىك پوسۇلكا بازىرى، ھەربىي پوسۇلكا بازىرى ۋە مەكتەپ قورۇسى پوسۇلكا بازىرى نۇقتىلىق ئېچىلدى.

كاڭ يەن

## تېز يەتكۈزۈش كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى «چەكلىك ۋاقىتتا يەتكۈزۈش كەسپى» نى يولغا قويدى، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كاپالەتنامە يەتكۈزۈش، ھۆججەتلەرنى ئايروپىلان بىلەن ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈش، سوت مەھكىمە ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزۈشكە ئوخشاش يېڭى كەسىپلەرنى يولغا قويدى، كېچىلىك ئاۋئاتسىيە، سەھەرلىك يەتكۈزۈش ۋە كاخالا تۈرىگە ماسلاشتۇرۇپ، تورغا ئايرىپ ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش، قاتلامغا ئايرىپ مەشغۇلات قىلىشنى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش ئۇچۇرلىرىنى يىراقتىن كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىچكى قايتما ئۇچۇر نىسبىتىنى 2.9 پىرسەنت پوئېنت، خەلقئارا قايتما ئۇچۇر نىسبىتىنى 3.7 پىرسەنت پوئېنت ئۆستۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر تېز يەتكۈزۈش كەسپىدە ئورۇندالغان كەسپىي مىقدار 2 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 20.4%؛ كىرىم 63 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.6% ئاشتى.

كاڭ يەن

## خەلقئارا كەسپ

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ خەلقئارا ئادەتتىكى پوچتا كىرىمى 2 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 31.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا خەت- چەك كەسپىنىڭ كىرىمى 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 59.3%؛ خەلقئارا پوسۇلكا كەسپىنىڭ كىرىمى 2 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 35.3% ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى خاتىرە كونۋېرتىدىن 10 خىل، 21 مىڭ دانە، پوچتا ئامانەت كىنىشكىسىدىن 33 خىل، 51 مىڭ دانە، پوچتا ماركىسى ئالبۇمىدىن 16 خىل، 89 مىڭ پارچە چىقىرىپ، 65 مىليون 665 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان ماركا كەسپىنىڭ كىرىمى 4 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 409% ئاشتى؛ 2005 - يىللىق يېڭى پوچتا زاكىسى 89 مىڭ 565 يۈرۈش، نەشرىي ماركا 4779 بەت، يىللىق ئالبۇم 321 پارچە ئىشلەپ پۈتتۈرۈلدى.

كاڭ يەن

## گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى پوچتا ئارقىلىق 8200 خىل، 5 مىليون 160 مىڭ نۇسخا گېزىت - ژۇرنال تارقاتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئادەم 26.4 نۇسخا گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدى، كىشى بېشىغا توغرا

كېلىدىغان گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ئىستېمال سەۋىيىسى 13 يۈەندىن يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان، سېتىلغان گېزىت - ژۇرنال ئوبوروت سوممىسى 191 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.3 ئاشتى؛ كەسپىي كىرىم 79 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %13.4 ئازايدى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پارچە سېتىلىش كىرىم نىسبىتى %22كە يەتتى.

كاڭ يەن

## پوچتا ماددىي ئەشيا ئوبوروتى كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ يافاڭ، دېڭىر قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان مەملىكەت بويىچە بىر گەۋدىلەشكەن ماددىي ئەشيا ئوبوروت تورى 40 قا يەتتى، بىر گەۋدىلەشكەن ماددىي ئەشيا ئوبوروت كىرىمى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %25 تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى فۇنكسىيىلىك ماددىي ئەشيانىڭ ئوبوروت سۈپىتى ئۈستى، ئۇرۇمچى گومىي ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئۈرۈمچىدە ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ دېھقانلارغا، يېزىلارغا، يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ سېتىش كەسپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ سېتىش كىرىمى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كاڭ يەن

## ۋاكالەتچىلىك كەسپى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ۋاكالەتچىلىك كەسپىي كىرىمى 21 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن %1.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.8 ئاشتى؛ تېلېگراف كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىي كىرىمى 17 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ھەققىدىن ئايرىلغان پىرسەنت كىرىمى 3 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ كۆچمە ئالاقە شىركىتىگە ۋاكالىتەن 55 مىڭ 131 تېلېفون نومۇرى، بىرلەشمە ئالاقە شىركىتىگە ۋاكالىتەن 24 مىڭ 380 تېلېفون نومۇرى تارقىتىلدى.

كاڭ يەن

## پوچتا پۇل ئامانىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پوچتا پۇل ئامانەت قالدۇقى 2 مىليارد 280 مىليون يۈەن ئېشىپ، جەمئىي 15 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى. ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 8 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى؛ 380 مىڭ پارچە بانكا بىرلەشمە كارتىسى تارقىتىلدى، قەرەلسىز پۇل ئامانىتى نىسبىتى 1.14 پىرسەنت پوئېنت ئۆستى، پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە قالدۇق سومما بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتى %9.75 بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پېرېۋوت كەسپىدە پۇلنى 2 سائەت ئىچىدە پېرېۋوت قىلىش، ئۆز ۋاقتىدا پېرېۋوت قىلىش كەسپلىرىنىڭ كىرىمى پېرېۋوت قىلىش ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %8.4 ىنى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلىق پېرېۋوت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پېرېۋوت كەسپىنىڭ ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى؛ ئۈستۈنلۈككە تايىنىش ئارقىلىق خەلقئارا پېرېۋوت كەسپى راۋاجلاندۇرۇلدى، غەرب بىلەن بىرلىشىشكە دائىر پېرېۋوت كەسپىدە تاپشۇرۇۋېلىنغان پېرېۋوت چېكى %77.5، ئەۋەتىلگەن پېرېۋوت چېكى %78.7 ئاشتى.

كاڭ يەن

## قوشۇمچە تور ئالاقە IP كارتىلىق پوچتا ھەققى چۈشۈرۈلگەن (مۇكاپاتلىق) ئاتكىرىتكا تارقىتىلدى

بۇ ئاتكىرىتكا 2004 - يىل 5 - ئايدا تارقىتىلدى، ئاتكىرىتكىنىڭ ھەر يۈرۈشى 5 دانە بولۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە 2000 يۈرۈش، جەمئىي 10 مىڭ دانە تارقىتىلدى، ھەربىر ئاتكىرىتكىغا پوچتا ماركا كۆتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۆتەك جۇڭگو تور ئالاقىسى IP تېلېفون كارتىسى (50 يۈەنلىك) ۋە ئاچقان ھامان ئىشلەتكىلى بولىدىغان كارتىدىن ئىبارەت، ئاتكىرىتكا ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان تېلېفون كارتىسىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتىنىڭ %80 ى بويىچە سېتىلدى. قوشۇمچە قىلىنغان IP كارتىسىغا قىممەت تولۇقلىغاندىن كېيىن، ئاتكىرىتكىنى پوچتىدىن سېلىشقىمۇ، ساقلاپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

كاڭ يەن

## پوچتا ھەققى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكىلىق ئىشىك بېلىتى - ئىشىك توسۇش سىستېمىسى ئىشلىتىلدى

بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ پوچتا ھەققى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكىلىق ئىشىك توسۇش سىستېمىسى 2004 - يىل 10-ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىشقا سېلىندى. بۇ سىستېمىنىڭ ھەربىر ئىشىك توسقۇچىسى مىنۇتىغا ئۆتكەن 20 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈرىدۇ. بۇنىڭدا يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن تاياقسىمان كودلۇق ئاتكىرىتكا شەكلىدىكى ئىشىك بېلىتى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى

ئىشىك بېلىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان، بېلەت سېتىش سىستېمىسى ئارقىلىق ئىشىك بېلىتىنىڭ تاياقسىمان كودىنىڭ ئېلېكترونلۇق تەسۋىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا قاچىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئېلېكترونلۇق ئىشىك بېلىتى سىستېمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ توغرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا بېلەت تەكشۈرۈشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، بېلەت تەكشۈرۈش جەريانىدىكى قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلاتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ساختا بېلەتنى ئۈزۈل - كېسىل توسۇپ قالغىلى، بېلەت باشقۇرۇش ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

كاڭ يەن

## ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا تېز سۈرئەتلىك پوچتا پويىزى قاتنىدى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا X84 - قېتىملىق تېز سۈرئەتلىك پوچتا پويىزى قاتنىدى. ئۈرۈمچى — بېيجىڭ پوچتا پويىزى بىر كۈندە بىر سىمىنا قاتنايدۇ، بېيجىڭ — ئۈرۈمچى X83 - قېتىملىق پويىز پۈتۈن مۇساپىنى 53 سائەت 13 مىنۇتتا بېسىپ بولىدۇ، ئۈرۈمچى — بېيجىڭ X84 - قېتىملىق پويىز پۈتۈن مۇساپىنى 55 سائەت 42 مىنۇتتا بېسىپ بولىدۇ، بېرىشتىمۇ، كېلىشتىمۇ 2 ۋاگونغا پوچتا يوللانمىسى بېسىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلىقتىكى ئوبوروت ئۈچۈن يېرىم ۋاگون ئورۇن قالدۇرۇلىدۇ، ھەربىر ۋاگوننىڭ قاچىلاش نورمىسىنىڭ ماسسىسى 17.7 توننا قىلىپ بەلگىلەنگەن.

كاڭ يەن

# تېلېگراف

## شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي مىقدارى 14 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %35.7؛ تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6 ئاشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ كەسپىي كىرىمى 7 مىليارد 656 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.6 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە تېلېگراف كەسپىي كىرىمىنىڭ %1.5 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمە ئالاقە تورىنىڭ كەسپىي كىرىمى 3 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.1 ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %46 نى؛ يەرلىك مۇقىم تېلېفون تورىنىڭ كىرىمى 2 مىليارد 348 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 ئېشىپ، %30.7 نى؛ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 138 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.3 ئېشىپ، %14.9 نى؛ سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورىنىڭ كىرىمى 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.3 ئېشىپ، %5.6 نى؛ سىمسىز چاقىرغۇ تورىنىڭ كىرىمى 30 مىليون يۈەن بولۇپ، %68.2 ئازىيىپ، %0.4 نى؛ باشقا تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.4 نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا تېلېفون ئابونېنتى 10 مىليون 64 مىڭغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.1 ئاشتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5 مىليون 167 مىڭغا يېتىپ، 857 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تېلېگراف تورى ئابونېنتى 215 مىڭغا يېتىپ، 25 مىڭ ئابونېنت، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 82 مىڭغا يېتىپ، 147 مىڭ ئابونېنت، شەھەرلەردىكى تېلېفون ئابونېنتى 3 مىليون 870 مىڭغا يېتىپ، 685 مىڭ ئابونېنت، شەھەر تېلېفونىنىڭ سىمسىز ئايلانما يول ئابونېنتى 1 مىليون 85 مىڭغا يېتىپ، 348 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى. ئۆي تېلېفونى ئابونېنتىنىڭ ئومۇمىي مۇقىم تېلېفون ئابونېنتىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئازىيىپ، 2003 - يىلدىكى %60.4 تىن %57.6 كە چۈشتى، 2004 - يىلدىكى ئابونېنت 2 مىليون 974 مىڭ بولدى.

2004 - يىلى كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4 مىليون 897 مىڭغا يېتىپ، 685 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە GSM ئابونېنتى 4 مىليون 322 مىڭغا يېتىپ، 600 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى، CDMA ئابونېنتى 575 مىڭغا يېتىپ، 85 مىڭ ئابونېنت، ئالدىن ھەق تاپشۇرىدىغان ئابونېنت 385 مىڭغا يېتىپ، 35 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ بەلۋاغ كەسپىنىڭ ئابونېنتى 230 مىڭغا يېتىپ، 142 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە XDSL ئابونېنتى 192 مىڭغا يېتىپ، 118 مىڭ ئابونېنت كۆپەيدى. ئىنتېرنېت نومۇرى ئابونېنتى 549 مىڭغا يېتىپ، 29 مىڭ ئابونېنت كۆپىيىپ، %5.6 ئاشتى.

قىممەت ئاشۇرۇش كەسپى بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈرلۈك سودىگەرلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى، قىممەت ئاشۇرۇش كەسپىنىڭ تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچمە قىسقا ئۇچۇر كەسپىنىڭ مىقدارى 1 مىليارد 970 مىليون 480 مىڭ ئۇچۇرغا يېتىپ، 2003-

يىلدىكىدىن %71.7 ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، قىممەت ئاشۇرۇش كەسپى تور بانكىسى، ئاكسىيە، سۇغۇرتا كەسپى، يىراق مۇساپىلىك مائارىپ، يىراق مۇساپىلىك داۋالاش، يىراق مۇساپىلىك ئىش بېجىرىش، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قوللىنىلىدىغان بولدى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تېلېگراف تورىنىڭ كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى، سىمسىز شەھەر تېلېفونى ۋە كەڭ بەلۋاغلىق تور قۇرۇلۇشى تېزلەشتى، ئاساسىي يەتكۈزۈش تورى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، توردىن پايدىلىنىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئۇنىۋېرسال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كوممۇتاتور سىغىمى 6 مىليون 974 مىڭ توچكىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دائىرىلىك كوممۇتاتور سىغىمى %64.1 نى، تورغا كىرگەن ئۇسكۇنىلەرنىڭ سىغىمى %12.8 نى، سىمسىز شەھەر تېلېفونى سىغىمى %23.1 نى ئىگىلىدى. توردىن پايدىلىنىش نىسبىتى 2003 - يىلدىكى %66.2 تىن %71 كە ئۆرلەپ، 4.8 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. مۇقىم تېلېفون، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمى 191 مىڭ يول تېرمىنالىغا يېتىپ، %17.9 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچمە تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمى 6 مىليون 417 مىڭ ئابونېنتقا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.5 ئاشتى، توردىن پايدىلىنىش نىسبىتى 2003 - يىلدىكى %74.5 تىن %76.3 كە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە GSM كۆچمە تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمى كۆچمە تېلېفون كوممۇتاتور ئومۇمىي سىغىمىنىڭ %86.9 نى، CDMA كۆچمە تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمى %13.1 نى ئىگىلىدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتېرنېت تورى نومۇر بۇراش مۇلازىمەت ئەسۋابى تېرمىنالى 29 مىڭ 600 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.7 ئازايدى، ئىنتېرنېت كەڭ بەلۋېغىغا كىرىش تېرمىنالى 338 مىڭغا يېتىپ، %87.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە XDSL تېرمىنالى 307 مىڭ، LAN تېرمىنالى 27 مىڭ.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇركابېل لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 58 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق نۇركابېل لىنىيىسى 27 مىڭ 300 كىلومېتىرغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.1 ئاشتى. ئۇزۇن يوللۇق نۇركابېل تالا ئۆزىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 493 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، %10.3 ئاشتى. يەرلىك غول لىنىيىگە ۋە نۇركابېلغا ئۇلانغان لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، %28.8 ئاشتى.

تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش سەۋىيىسى يىلمۇيىل ئۆستى، ئوتتۇرىچە تېلېفون ھەققى سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 2003 - يىلى ھەر 100 كىشى ئىچىدە 22.32 توچكا بولغان بولسا، 2004 - يىلى ھەر 100 كىشى ئىچىدە 26.3 توچكىغا يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.13 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇردى، غەربىي رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.13 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، غەربىي رايوندىكى 12 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 2003 - يىلى ھەر 100 كىشى ئىچىدە 21.88 توچكا بولغان بولسا، 2004 - يىلى ھەر 100 كىشى ئىچىدە 24.9 توچكىغا يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.86 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇردى، غەربىي رايوننىڭ سەۋىيىسىدىن 1.13 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، غەربىي رايوندىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى.

2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافى كەسپىي كىرىمىنىڭ بازاردىكى ئۈلۈشىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ كەسپىي كىرىمى سالمىقى 2003 - يىلدىكى %47.1 تىن %47.2 كە، شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتىنىڭ %31.6 تىن %34.1 كە ئۆرلىدى، شىنجاڭ بىرلەشمە ئالاقە شىركىتىنىڭ %17.7 تىن %13.8 كە چۈشتى، شىنجاڭ تۆمۈريول ئالاقە شىركىتىنىڭ %3.48 تىن %4.2 كە، شىنجاڭ تور ئالاقە شىركىتىنىڭ %0.6 تىن %0.7 كە ئۆرلىدى..

شىنجاڭ تېلېگرافى كەسپ تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر: 1. شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىمۇ چوڭايدى، يېزىلارنىڭ ئالاقىلىشىش تەرەققىيات سەۋىيىسى بارغانسېرى ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ. 2004 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى ئومۇمىي ئابونېنتنىڭ سانىنىڭ ئاران %20.9 نى ئىگىلىدى، يېزىلاردا تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەم ئىچىدە 8.5 بولۇپ، شەھەرلەردە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىدىن 47.6 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەن بولدى. 2. ئىنتېرنېتتا ئالاقىلىشىش مەسىلىسى يەنىلا شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئالاقىلىشىش سۈپىتىگە ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم ئامىل بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. 3. تېلېگراف قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش جىددىي زۆرۈر ئىش بولۇپ قالدى.

شيې نەن

## ھەممە كەنتكە تېلېفون يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ھەممە كەنتكە تېلېفون يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، 193 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئۇلاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم تېلېفون ئۇلانغان مەمۇرىي كەنت 6785 كە يېتىپ، مەمۇرىي كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 72.2% نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.9% ئاشتى. كۆچمە تېلېفون تورى ھەممە ناھىيە، شەھەرنى قاپلىدى، سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورى 94 ناھىيە، شەھەرنى قاپلىدى.

شىي نەن

## تېلېگرافنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

1. باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بازار ئىجازىتى ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلەندى. شىنجاڭ ئالاقىلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى CP، SIP قاتارلىقلارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ھەققىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قوشۇلما قىممەتلىك تېلېگراف كەسپى تىجارىتى ئىجازەتنامىسىدىن 74 نى تارقاتتى، شىنجاڭدا قوشۇلما قىممەتلىك تېلېگراف كەسپىي تىجارىتى قىلىدىغان رايون ھالقىغان تىجارەتچىدىن 11 نى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تىجارەت خاراكتېرىنى ئالمىغان ئىنتېرنېت تور ئۇچۇرى مۇلازىمەت ئورنىدىن 120 نى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىردى. 1777 تور پونكىتىنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە ئاۋازلىق سۈرۈشتۈرۈش ئىستانسىسىنى تەكشۈرۈپ، رەسمىيەت بېجىرمىگەن 277 تور پونكىتى ئۈستىدە ئۆزگەرتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا ئالاقە باغلاشقا كاپالەتلىك قىلىندى. «شىنجاڭدىكى جامائەت تېلېگراف تورلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» تۈزۈلدى، ئۆزئارا ئالاقە توسالغۇلىرىنى ئايدا ئېلان قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئۆزئارا ئالاقە بويىچە قەرەللىك يىغىن تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە تەپسىلىيلاشتۇرۇلدى. «تورلار ئارا راسچوت قىلىش ۋە ئۆزئارا ئالاقىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىچكى باشقۇرۇش تەرتىپى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تورلار ئارىسىدىكى توسالغۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، سىستېمىنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ سىستېمىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئالتاي، تارباغاتاي، شىخەنزە، قۇمۇل، سانجى، تۇرپان، بايىنغولىن، كۇيتۇڭ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدىغان تورلاردىكى توسالغۇلار ۋە ئۆزئارا ئالاقە مەسىلىسى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

3. قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، تېلېگراف ھەققى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تېلېگراف ھەققىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ھەق باشقۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تۈزۈمى پەيدىنپەي تۇرغۇزۇلدى. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە 19 خىل ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى تەستىقلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى، 6 خىل ھەق ئۆلچىمى ياكى ئېتىبارلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتى ئەنگە ئېلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى. بىر يىلدا مەلۇم قىلىنغان ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇش قەغىزىدىن 8 ى، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشىدىن 13 ى، بازار قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلمىشى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتىن 10 ى چىقىرىلدى. كارخانىلارنىڭ مۇقىم تېلېفون ئورنىتىش داۋامىدا قىسمەن ئابونېنتلاردىن ئالىدىغان ئايلىق ئىجارە پۇلىنى ئۆز ئالدىغا كېمەيتىكەنلىكى، كەچۈرۈم قىلغانلىقى ياكى باشقىچە يوللار بىلەن كېمەيتىكەنلىكى، كەچۈرۈم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان تالاش - تارتىشلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، 3 مۇقىم تىجارەت كارخانىسىنىڭ ئايلىق ئىجارە پۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈشكە پائال ھەيدەكچىلىك قىلىندى ھەمدە بۇ كېلىشىم جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى.

4. ئىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تېلېگراف مۇلازىمەت سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سۈرۈلدى. تېلېگراف مۇلازىمىتى سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، «114» ۋاكالىتەن نومۇر تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 5 چوڭ تىجارەت كارخانىسى ئابونېنتلار مۇلازىمىتى مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى نومۇر بۇراپ سىناپ كۆرۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ھەمدە تەكشۈرۈش ئەھۋالى ساھە ئىچىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش يولى بىلەن ئېلان قىلىندى. ئابونېنتلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىش مەركىزىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، 2004 - يىلى 2 - پەسىلدىن باشلاپ ئەرز قوبۇل قىلىش ئەھۋالى پۈتۈن ساھەگە ئېلان قىلىپ تۇرۇلدى، ئابونېنتلارنىڭ ئەرزى ۋە سورىغان مەسلىھەتىدىن 146 پارچە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە

مەسلىھەت، تەكلىپ 52 پارچە، تۆرغۆزۈلماي تۆرۈپ ھەل قىلىنغىنى 68 پارچە، رەسمىي تۆرغۆزۆلغىنى 26 پارچە، ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 32 پارچە.

5. تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تېلېگراف قۇرۇلۇشى بازىرىنى باشقۇرۇش توغرا ئىزغا سېلىندى. كورلا، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىكى چوڭ تىجارەت كارخانىلىرى ۋە قىسمەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تەكشۈرۈلدى. يەرلىك ج خ تارماقلىرىغا تولۇق تايىنىپ، تېلېگراف مۇئەسسەسىلىرىگە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرى قاتتىق بىرتەرەپ قىلىندى.

6. تور ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. ئىنتېرنېت تورى بىلەن تېلېگراف بىخەتەرلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى. ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، شەھۋانىي تور پونكىتلىرىغا زەربە بېرىش مەخسۇس پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىپ، زىيانلىق، شەھۋانىي ئۇچۇرلارنى ئىشلەش، سېتىش، تارقىتىشقا ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاۋازلىق سۆزلىشىش ئىستانسىلىرى تەمىنلىگەن مۇلازىمەت مەزمۇنى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. ئىنتېرنېت توردىكى ئەخلەت پوچتا يوللانمىلىرىنى ئېنىقلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تور پونكىتىنى تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ توسۇپ قېلىش، سۈزۈۋېلىشقا ئوخشاش تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ زىيانلىق ئەخلەت پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. يانفون قىسقا ئۇچۇرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يانفوندىن پايدىلىنىپ شەھۋانىي قىسقا ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

شيې نەن

## سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاممىۋى كۆچمە ئالاقە ئابونېنتىدىن باشقا، تۈرلۈك ئىستانسا - ئۈزېل 49 مىڭ 485 كە يېتىپ، مەخسۇس سىمسىز رادىئو ئىستانسا - ئۈزېللىرى مۇقىم تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسا - ئۈزېلى 2064 كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.6؛ مىكرو دولقۇنلۇق كۆچ ئۇلانما ئالاقىلىشىش ئىستانسا - ئۈزېلى 2050 كە يېتىپ، %20.2 كۆپەيدى؛ سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتى 887 بولۇپ، %2.2 تۆۋەنلىدى؛ قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسى 1916گە يېتىپ، %23.7 كۆپەيدى؛ باشقا يۇقىرى چاستوتىلىق ئىستانسا - ئۈزېللارمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى.

چاقىرغۇ كەسپى داۋاملىق چېكىنگەندىن باشقا، ئاممىۋى كۆچمە ئالاقىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ناھايىتى تېز بولدى. جۇڭگو كۆچمە ئالاقە شىركىتىنىڭ GSM تورى بىلەن جۇڭگو بىرلەشمە ئالاقە شىركىتىنىڭ CDMA تورىنىڭ سىغىمى داۋاملىق كېڭەيتىلدى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلدى، ئاساسىي پونكىت 4990 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %57.5، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4 مىليون 894 مىڭغا يېتىپ، %35.5، جۇڭگو تېلېگرافى PHS سىمسىز شەھەر تېلېفون ئاساسىي پونكىتى 10 مىڭ 396 گە يېتىپ، %20.3، ئابونېنت 1 مىليون 400 گە يېتىپ، %20.1 كۆپەيدى. 3.5GHz چاستوتا بۆلىكىگە سىمسىز ئۇلىنىدىغان چاستوتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا خېرىدار بولغان كارخانىلارنىڭ پونكىت قۇرۇش سۈرئىتى بىرئاز ئاستا بولدى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ئايرودروم ئەتراپىدىكى قانۇنسىز ئىمارەتلەرنىڭ ئايرودروم ھاۋا بوشلۇقىنى ساپلاشتۇرۇشقا تۇغدۇرۇۋاتقان يوشۇرۇن خەتەرلىرىنى تۈگەتتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى باشقارمىلار چاقىرغۇ تارقىتىش ئاپپاراتلىرى ۋە يۇقىرى قۇۋۋەتلىك سىمسىز تېلېفونلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، چاقىرغۇ ئىستانسىلىرىنىڭ 257 تارقىتىش ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلىشىغا، 200 دىن ئارتۇق يۇقىرى قۇۋۋەتلىك سىمسىز تېلېفون ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ بىكار قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. خوتەن باشقارمىسى ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئايرودروم ئەتراپىدىكى 20 تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى تەكشۈردى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق باشقارما قارىمىقىدىكى 251 رادىئو - تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئۈسكۈنىسىنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ چىقتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئايرودروملار ۋە ئاۋىئاتسىيە يوللىرىنىڭ مەخسۇس ئاۋىئاتسىيە چاستوتىلىرىدا زىيانلىق كاشىلا كۆرۈلمىدى. بىر يىلدا سىمسىز رادىئو مەمۇرىيىتىگە دائىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 69 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ ئۈسكۈنىدىن 51 ى مۇسادىرە قىلىندى، 41 قېتىم مەمۇرىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 32 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى سىمسىز

رادىئو باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تۆرلۈك ئىستانسا ـ ئۈزبېللارنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. تاكسىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى راتسىيە رەسمىيىتى بېجىردى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 747 تاكسى راتسىيە پراۋىسى ئالدى؛ چاقىرغۇ ئىستانسا ـ پونكىتلىرى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىنىپ، چاقىرغۇ چاستوتىسىدىن 11 ى قايتۇرۇۋېلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە زور تۈركۈمدىكى چاقىرغۇ ئاساسىي پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 150MHZ چاستوتا بۆلىكىنىڭ ئېلېكتروماگنىت مۇھىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى؛ مەكتەپلەرنىڭ تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو ئىستانسىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مۇشۇ رادىئو ئىستانسىلىرىدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش ئەھۋالى ئېنىقلاپ چىقىلدى ھەمدە ئىستانسا قۇرغان مەكتەپلەردىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رادىئو ئاڭلىتىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى.

شيې نەن

## ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئەھۋالى

جۇڭگو ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا تورغا چىققان ئابونىت مەملىكەت بويىچە تورغا چىققان ئومۇمىي ئابونىتىنىڭ %1.3 نى، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %6.2 نى ئىگىلىدى؛ تورغا چىققان ئادەمنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 14 ـ ئورۇندا، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى www پونكىت ـ نۇقتا سانى (جۈملىدىن cn، com، net، org، gov ئاستىدىكى تور پونكىتى) 2272 گە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ %3.0 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 28 ـ ئورۇندا، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 3 ـ ئورۇندا تۇردى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2003 ـ يىلدىكىدىن %93.160 ئاشتى، كەڭ بەلۋاغقا كىرگەن ئابونىت ئىنتېرنېت تورى ئومۇمىي ئابونىتىنىڭ %29.29 نى ئىگىلىدى. ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى %39.28 كۆپەيدى.

ئىنتېرنېت تورى نومۇر بۇراش مۇلازىمەت ماشىنىسىنىڭ تېرمىنالى 29 مىڭ 600 گە، كەڭ بەلۋاغقا كىرىش تېرمىنالى 338 مىڭ (جۈملىدىن XDSL كىرىش تېرمىنالى 307 مىڭ) غا يەتتى.

ئىنتېرنېت تورى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدىكى مەسىلىلەر:

1. شىنجاڭنىڭ تور پونكىتى مۇلازىمەت ماشىنىسىنىڭ %70 تىن ئارتۇقى ئاپتونوم رايون سىرتىدا، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى تور پونكىتلىرىغا دەسلەپكى باسقۇچتا سېلىنىدىغان مەبلەغ ۋە پونكىتلارنىڭ ھەرىكەت تەننەرخى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولغاچقا، شۇنىڭدەك كېيىنكى مۇلازىمەت سۈپىتى تور پونكىتلىرىنىڭ نورمال ھەرىكىتىنى قاندۇرالمىغاچقا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇلازىمەت ماشىنىلىرىنىڭ %70 تىن كۆپرەكى شاڭخەي، فۇجيەن قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلىندى.

2. تور ئۇچۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدە يوشۇرۇن خەۋپ ئامىللىرى ساقلاندى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىنتېرنېت توردا تور بەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، تور پونكىتلىرى يامان غەرەزدە تارقىتىلغان ۋىرۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشقا ئوخشاش ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب: بىرى، تور بىخەتەرلىك ئېڭى ئاجىز، يەنە بىرى، تور بىخەتەرلىك ئۈسكۈنە ـ جابدۇقلىرى ئاددىي.

3. تور بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل.

شيې نەن

## شىنجاڭ تېلېگراف چەكلىك شىركىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 ـ يىلى بۇ شىركەتنىڭ كەسپىي كىرىمى 2003ـ يىلدىكىدىن %26.9 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4 مىليون 520 مىڭغا يېتىپ، %15 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تېلېفون ئابونىتى %4.7، PHS ئابونىتى %19.47، جامائەت تېلېفونى ئابونىتى %6.28، كەڭ بەلۋاغ كەسپى ئابونىتى %63.143 كۆپەيدى. 2004ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگرافنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سۆزلىشىش ۋاقتى 2 مىليارد 380 مىليون مىنۇتقا يېتىپ، %41.27؛ خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سۆزلىشىش ۋاقتى 9 مىليون 200 مىڭ مىنۇتقا يېتىپ، %61.117؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىش ۋاقتى 420 مىڭ مىنۇتقا يېتىپ، %7.15 ئاشتى.

2004 ـ يىلى بۇ شىركەت تۇراقلىق مۇلۈك مەبلىغى خام چوتىنى 1 مىليارد 490 مىليون يۈەن ئورۇندىدى. غول

لىنىيىلىك يەتكۈزۈش تورى WDM ، SDH سىستېمىسىنىڭ 3- قارارلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، يەرلىك تېلېفون تورىنى 4 - قارارلىق سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشى ۋە 2 - ئاقىل تور قۇرۇلۇشى تاماملاندى، كوممۇتاتور سىغىمى يېڭىدىن 300 مىڭ لىنىيە، ئىدارە كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 3 مىليون 880 مىڭ توچكا كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىمسىز شەھەر تېلېفونى تورىنى سەرخىللاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تور ئىقتىدارى 200 مىڭ لىنىيە ئاشۇرۇلدى. سانلىق مەلۇمات ۋە كۆپ ۋاستىلىك تورنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلىپ، CHINANET 5 - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، شىنجاڭ بويىچە ئېكسپورت كەڭ بەلۋېغى 5G غا يەتتى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن DSLAM تېرمىنالى 166 مىڭغا يەتتى. ئىنتېرنېت «يۇلتۇزلۇق ئاسمان» PG تور ئۈتكىلى ۋە ھەق ھېسابلاش قۇرۇلۇشى، ئاۋازلىق سۇرۇشتۇرۇش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش سىغىمىنى ئاشۇرۇش ۋە كەڭ بەلۋاغلىق ئېغىز تور پونكىتىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئېلېكترونلۇق سودا سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات تورىنى قوللىنىش ۋە قوللاش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. شىنجاڭ بويىچە DCN تورىنىڭ 3- قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئۈلانما لىنىيىلىك ھەق ھېسابلاش - يىغىش سىستېمىسى، ئۇنىۋېرسال راسچوت قىلىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش - سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە باش - غول ئېلېكتر كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 مىڭ 810 كىلومېتىرغا، سەپلىمە لىنىيە ئېلېكتر كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مىڭ 115 كىلومېتىرغا يەتتى.

مەشغۇلاتچانلىقنى ئاسراش خىزمىتىدە يەرلىك تورنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ مەركەزلىك ئاسراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تورنىڭ بىخەتەرلىكى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك غول ئوپتىك كابېلدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 99.985% كە، تورنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى 97.825% كە، تېرمىنالدىن تېرمىنالغىچە بولغان توك يولىدىكى كاشىلىنى ئوڭشاشنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى، تېرمىنالدىن تېرمىنالغىچە بولغان توك يولىدىكى كاشىلىنى مەلۇم قىلىش نىسبىتى 0.621% بولدى.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئابونېنتلار مۇلازىمىتى تور پونكىتى ئېچىلدى

شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئابونېنتلار مۇلازىمىتى تور پونكىتى (www.xj163.com) 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېچىلدى. بۇ تور پونكىتى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ كارخانا ئۇچۇرىنى سىرتقا تارقىتىدىغان ئېغىز تور پونكىتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ تور پونكىتى تېلېگرافنىڭ چوڭ- چوڭ ئابونېنتلىرى، سودا ئابونېنتلىرى، ئائىلە / شەخسىي ئابونېنتلار قاتارلىق ئوخشاشمىغان ئابونېنتلار توپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان ئابونېنتلار مۇلازىمىتى چاستوتا سەھىپىسى ئېچىپ، ئابونېنتلارنى تېلېفون ھەققىنى سۈرۈشتۈرۈش، تېلېفون ئورنىتىش كەسپىنى قوبۇل قىلىپ بېجىرىش، ئابونېنتلارنىڭ توردا ئەرز قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، مەھسۇلات ھەققىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شىنجاڭ تېلگرافىنىڭ ئابونېنتلىرى ھەرقانداق جايدا تۇرۇپ، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق شىنجاڭ تېلگراف شىركىتىنىڭ ئابونېنتلار مۇلازىمىتى تور پونكىتىغا چىقىپ، مۇقىم تېلېفون ھەققى، كىچىك زېرەك ھەققى ۋە كەڭ بەلۋاغ - تار بەلۋاغ تورىغا چىقىش ھەققى، ھەق تاپشۇرۇش خاتىرىسى، سۆزلىشىش تىزىملىكى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرەلەيدۇ.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئابونېنتلىرى ۋە كىرىمى پۇختا قەدەمدە ئاشتى. بۇ شىركەت توختاملىق ئىشچى، ھەقلىق ئىشچى شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئالاقىدار شىركەتلەرنىڭ جەمئىيەتنى 10 مىڭغا يېقىن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەشكە تۆرتكە بولدى.

2004 - يىلى شىركەتنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى پۇختا قەدەمدە ئاشتى. سەزگۈر زونا ئابونېنتلىرى ۋە كىرىمىنىڭ نىسبىتى ئاشتى، «ئالەم كېزەر» نىڭ ئابونېنتلىرى ۋە كىرىمىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئەھۋال تىزگىنلەندى، ماركىلىق قۇرۇلمىلار ياخشىلاندى. ئابونېنتلار ئەرزىنىڭ ھەل قىلىنىش نىسبىتى 99.91% كە، ئابونېنتلار ئەرزىنىڭ بىر قېتىمدىلا قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلىنىش نىسبىتى 98.22% كە يەتتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق تىجارەت زاللىرىدا تالون تولدۇرغۇزماي مۇلازىمەت

قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ رايون ھالقىغان، ئۆلكە ھالقىغان مۇلازىمەتنى قوللاش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۇرۇلۇپ، چوڭ ئابونېنتلارنىڭ پەرقىگە قاراپ مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى؛ يۇلتۇز دەرىجىلىك مۇلازىمەت پائال ئالغا سۈرۈلدى. شىركەت جۇڭگو سەممىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى تەرىپىدىن سەممىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. كەسپىي بازارلارنى كېڭەيتىشتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1. يېزا ئابونېنتلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس ئۆزگىچە كەسىپ ئالقىشقا ئېرىشتى، شىركەت تېرمىنال تەمىنلىگۈچى سودىگەر بىلەن ھەمكارلىشىپ كەشىپ قىلغان ئۇيغۇرچە يانفون جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كۆچمە ئالاقە تېرمىنالى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 2. يېڭى كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىركەت 13 تۈرلۈك يېڭى كەسىپنى كۆپەيتتى، رەڭلىك قوڭغۇراق مۇلازىمىتى، ئورۇن مۇلازىمىتى، كۆپ تەرەپلىك سۆزلىشىشكە ئوخشاش يېڭى كەسىپلەرنى سىناپ يولغا قويدى. قىسقا ئۇچۇر 2003-يىلدىكىدىن %66.6 كۆپەيدى، قىسقا ئۇچۇرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %47 كە يەتتى؛ رەڭلىك ئۇچۇر كەسپىي مىقدارى 16 ھەسسە ئاشتى، رەڭلىك قوڭغۇراق ئابونېنتىنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، يېڭى كەسپىي كىرىم تېز ئاشتى.

2004 - يىلى كۆچمە ئالاقە شىركىتى G تورى جەھەتتە تورنى سەرخىللاشتۇرۇپ تەڭشەش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، GPRS يادرولۇق تورنىڭ 3 - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، GPRS سىمسىز تورى ئاپتونوم رايوندىكى ھەممە ئاساسىي پونكىتنى قاپلىدى. سانلىق مەلۇمات تورى جەھەتتە قىسقا ئۇچۇر سۇپىسىنىڭ سىغىمى كېڭەيتىلىپ، ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. يەتكۈزۈش تورى جەھەتتە كورلىدىن قىزىلتاغ ئېغىزىغىچە بولغان تور كۆپەيتىلدى، غول ئوپتىك كابېل لىنىيىسى 700 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى — كورلا — شىنىڭ — لەنجۇ — ئۈرۈمچى غول ئوپتىك كابېللىق ئايلانما يول يەتكۈزۈش سىستېمىسى ئېچىلدى، شىنجاڭدىن چىقىدىغان توك يولىنىڭ سىغىمى ئاشۇرۇلدى، توك يولىنىڭ بىخەتەرلىك، ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ئۆلكە 2 - دەرىجىلىك غول لىنىيىسى ئۈرۈمچى — غۇلجا — كورلا — ئۈرۈمچى ئوپتىك كابېللىق ئايلانما يول ئۈسكۈنىسىنىڭ سىغىمى ئاشۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلدى. دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش ۋە SDH سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر تورى قۇرۇلۇشىدا ئوپتىك كابېل لىنىيىسى 1091 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، MSTP ئۈسكۈنىسىدىن 240 نەچچە يۈرۈش كۆپەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 519 تىجارەت زالى ئوپتىك كابېل بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر تورى قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. ئوپتىك كابېل بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئاساسىي پونكىت 203 كە يەتتى. كەسىپنى قوللاش سىستېمىسى جەھەتتە، BOSS سىستېمىسى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 1.5 بەتلىك بولۇش دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن سىغىمى كېڭەيتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى ۋە كەلگۈسىدە 3G سىستېمىسىنى قوللاش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. تورلارنى قوللاش تورى جەھەتتە سۆزلىشىش كەسپىي تورىنى باشقۇرۇشنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، سانلىق مەلۇمات تورىنى باشقۇرۇشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك سىگنال بۇيرۇقنى مەركەزلىك كۆزىتىپ ئۆلچەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، تور باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تورلارنى كۆزىتىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

شيې نەن

## جۇڭگو بىرلەشمە ئالاقە شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 1 مىليارد 88 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.05 تۆۋەنلەپ كەتتى، جەمئىي زىيان 148 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى (ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەڭشەلگەن ئىلگىرىكى يىللاردىكى زىيان بۇنىڭ سىرتىدا).

2004 - يىلى بىرلەشمە ئالاقە شىركىتى ئالاقە مۇقىم مۈلكىگە 648 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 670 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈك كۆلىمى 4 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە GSM نىڭ 8 - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، سىمسىز لىنىيە سىغىمى 310 مىڭ لىنىيە ئېشىپ، جەمئىي 2 مىليون 210 مىڭ لىنىيىگە يەتتى. CDMA نىڭ 3 - قارار 2 - باسقۇچلۇق نىشان تورى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، سىمسىز لىنىيە سىغىمى 320 مىڭ لىنىيە ئېشىپ، جەمئىي 1 مىليون 780 مىڭ لىنىيىگە يەتتى. CDMAIX ئاساسىي پونكىتىنىڭ نىسبىتى %75 كە كۆتۈرۈلدى. كۆچمە تورنىڭ ئۆي ئىچى تەقسىملەش سىستېمىسىدىن 147 يۈرۈش قۇرۇپ چىقىلدى، تورنىڭ چوڭقۇر قاپلاش دەرىجىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

ATM تايانچ تورى ۋە IP كۆتۈرۈش تورىنىڭ كەسپىي بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى داۋاملىق كېڭەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان شەھەر تورى شەكىللەندى.

قوشۇلما قىممەتلىك كەسپلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە باغلاش تور ئۆتكىلى، C تورىنىڭ قىسقا ئۇچۇر سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە CDMAIX نى يەرلىكتە قوللىنىش قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى كەسىپ سۈپەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، سىستېمىنىڭ بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە يېڭى كەسپلەرنىڭ قوللاش ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى.

ئاساسىي تورنىڭ يادرولۇق ھالقىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ ھالقىسى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، غول ئوپتىك كابېل لىنىيىسى 487 كىلومېتىر ئاشۇرۇلۇپ، جەمئىي 5432 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى، بىر يىلدا ئوپتىك كابېل مۇساپىسى 2441 كىلومېتىر ئاشۇرۇلدى، يەرلىك تورنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ 721 كىلومېتىرغا يەتتى.

شيې نەن

## جۇڭگو تۆمۈريول ئالاقە شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ تېلېگراف ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 2003 - يىلدىكىدىن %36.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف بازىرىنىڭ كىرىمى يىللىق كىرىمنىڭ %70 نى ئىگىلەپ، %48.2؛ تۆمۈريول راسچوت كىرىمى %30 نى ئىگىلەپ، %16؛ پۈتۈن خادىملارنىڭ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئادەم بېشىغا 189 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، %33 ئاشتى.

2004 - يىلى بۇ شىركەت ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇڭ، تۇرپانغىچە بولغان DWDM دولقۇن ئايرىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى؛ بايلىق ئورنىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 2.5G يادرولۇق مۇھاپىزەتنى ۋە 11 تايانچ تۈگۈن - نۇقتىنىڭ سانلىق مەلۇمات، يەتكۈزۈش كەسپىي مۇھاپىزەت ھالقىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئىنتېرنېت تورىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىش سىغىمى كېڭەيتىلىپ، تۆت 155M لىق كەڭ بەلۋاغ ئىقتىدارىغا يەتكۈزۈلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان كۆپ كەسپلىك ئاقىل تور، سىنلىق سۈرۈشتۈرۈش تورى ۋە NGN تورى سۈپىتى كېيىنى - كەينىدىن ئېچىلدى؛ شىركەت ئاساسىي يەتكۈزۈش تورى، كەسپىي كۆتۈرۈش تورى ۋە باشقۇرۇشنى قوللاش تورىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ئاساسىي تورنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر كوممۇتاتور سىغىمى 600 مىڭ لىنىيىگە، سانلىق مەلۇمات سىغىمى 40 مىڭ لىنىيىگە، ئابونېنتلار لىنىيىسى 650 مىڭغا، شەھەر تورى غول تۇرۇبا يولى 1433 توچكا - كىلومېتىرغا، تايانچ ئالاقە ئوپتىك كابېلى لىنىيىسى 6400 كىلومېتىرغا يەتتى، كەسپىي يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ئاپتونوم رايوندىكى 16 مەركىزىي شەھەر، 32 ناھىيە، شەھەرنى قاپلىدى. قۇراشتۇرۇش نىسبىتى %61.3 كە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۇلازىمەت ئابونېنتى 155 تىن توغرا كەلدى، سېلىنما - ھاسىلات نىسبىتى %6.28 بولدى.

شيې نەن

## جۇڭگو تور ئالاقە گۇرۇھى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ ساپ كەسپىي كىرىمى 48 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مۇقىم تېلېفون 50 مىڭ 216 توچكا كۆپىيىپ، جەمئىي 57 مىڭ 303 توچكىغا يەتتى. شىركەتنىڭ ئاساسلىق كەسپلىرىدىن ADSL/LAN كەڭ بەلۋاغ كەسپى، مۇقىم تېلېفون كەسپى، IP17969 كەسپى، 196 چاقىرىش - رويخەتكە ئېلىش كەسپى، 17968IP كارتىسى كەسپى، ئاممىۋى تېلېفون كەسپى، تېلېفونخانا كەسپى، 16900 تار بەلۋاغلىق نومۇر بۇراپ تورغا چىقىش كەسپى بار.

شىركەت 2003 — 2004 - يىللىرى تۇراقلىق مۈلۈككە 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چوڭ سىغىملىق يەتكۈزۈش تورى قۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى قاپلىدى ھەمدە بۇ تورنى دۆلەتنىڭ غول يەتكۈزۈش تورىغا ئۇلىدى. سۈپەتلىك ئاۋاز مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان تېلېفون كوممۇتاتورى تورى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. چوڭ سىغىملىق ئاقىل تور سۈپىتى ئاقىل كەسىپ بىلەن ئومۇميۈزلۈك تەمىن ئېتەلەيدۇ، شىركەتنىڭ يەنە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تېخنىكىسى ئىلغار، كەسپىي مەزمۇنى مول كەڭ بەلۋاغلىق سانلىق مەلۇمات تورى بار.

ئاپتونوم رايون بويىچە ATM تورى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە سانلىق مەلۇمات مەخسۇس لىنىيە گۇرۇپپا تورىغا خاس ئىقتىدارغا ئىگە؛ ئاپتونوم رايون بويىچە IDC قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملاندى ھەمدە تيەنمەي ئېغىز تورى ئېچىلدى؛ قۇۋۋەت مۇھىتىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ تىزگىنلەشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملىنىپ، بۆلەك ئىدارىلەرنىڭ مۇقىم

ھەربكەت قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى؛ كەسپىي قوللاش سىستېمىسى بىلەن ئابونېنتلار مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

شيې نەن

## جياڭ ياۋپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جياڭ ياۋپىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە، 2004- يىل 11- ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تېلېگراف كەسپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شيې نەن

## لــو چىنجيــەن شىنجــاڭــدا تەكشۈرۈشتە بولدى

ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لو چىنجيەن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 — 31 - كۈنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ مەملىكەتلىك ئۇچۇرچىلىق ۋە سىمسىز رادىئو باشقۇرۇشنىڭ 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنى ۋە مۇتەخەسسىسلەر پىلان تۈزۈش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ يىغىن مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ساھەسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شيې نەن

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭدىكى ئاساسلىق تور پونكىتلىرى

| | |
|---|---|
| يېڭى يىپەك يولى قىزىق لىنىيىسى | http://www.xj.cninfo.net/ |
| شىنجاڭ ھۆكۈمەت تورى | http://www.xj.gov.com.cn/ |
| تەڭرىتاغ تورى | http://www.tianshannet.com/ |
| شىنجاڭ ئاخبارات تورى | http://www.xjnews.com.cn/ |
| شىنجاڭ لىنىيىسى | http://www.xjonline.com.cn/ |
| شىنجاڭ سەپىرى تورى | http://www.xjtour.net/ |
| شىنجاڭ ساياھەت تورى | http://www.markguide.com/ |
| شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورى | http://www.xj.cei.gov.cn/ |
| شىنخۇا تورى شىنجاڭ قانىلى | http://www.xj.xinhua.org/ |
| شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاممۋى ئۇچۇر تورى | http://www.xjnt.com.cn/ |
| شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بايلىقى تورى | http://xernet.xj.cninfo.net/ |
| شىنجاڭغا نەزەر | http://www.eokl.com/ |
| شىنجاڭ ئاكسىيە بىرلەشمە ئۇچۇر تورى | http://www.unonline.com.cn/ |
| ئۈرۈمچى كۆزنىكى | http://www.urumqi.gov.cn/ |
| ئۈرۈمچى ۋوگزالى | http://www.wimqz.com/ |
| شىنجاڭ سودا تورى | http://www.xj100.com/ |
| شىنجاڭ ئۆي - مۈلۈك تورى | http://www.xjfdc.com/ |
| شىنجاڭ «سوخۇ» | http://xj.sohu.com/ |
| شىنجاڭ شەھەر قىزىق لىنىيىسى | http://www.xjuso.com/ |
| شىنجاڭ ستاتىستىكا ئۇچۇرى تورى | http://www.xj.stats.gov.cn/ |

# شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 22 شەھەر، 66 ناھىيە بازىرىنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۇلۈككە 7 مىليارد 172 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئېشىش نىسبىتى 2003 ـ يىلدىكىدىن 0.39 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 5 مىليارد 658 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.72 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنغان مەبلەغ شۇ مەزگىلدە جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 6.18%نى ئىگىلىدى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 377 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئاممىۋى قاتناشقا 110 مىليون 940 مىڭ يۈەن، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشقا 921 مىليون 250 مىڭ يۈەن، يېقىلغۇ گازغا 810 مىليون 260 مىڭ يۈەن، يول ـ كۆۋرۈكلەرگە 2 مىليارد 738 مىليون 840 مىڭ يۈەن، يۇندا چىقىرىۋېتىشكە 648 مىليون 40 مىڭ يۈەن، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا 43 مىليون 830 مىڭ يۈەن، باغۋارانلاشتۇرۇش ـ كۆكەرتىشكە 600 مىليون 860 مىڭ يۈەن، مۇھىت تازىلىقىغا 222 مىليون 780 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 698 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەمەلىيەتتە نەقلەشكەن مەبلەغ 6 مىليارد 258 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاماملانغان خىزمەت مىقدارىنىڭ 87.25%نى ئىگىلىدى. 2004 ـ يىلى 3 مىليارد 363 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۇلۈك كۆپەيدى، تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئارقىلىق قىلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلۇش نىسبىتى 46.89%كە بولدى.

شۇ يوڭجۇن

### شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىنىڭ تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى كۈنىگە 167 مىڭ 600 كۇب مېتىر ئاشتى، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى 624.38 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈنۈمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 4 مىليون 285 مىڭ 600 كۇب مېتىرغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7358.57 كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 756 مىليون 560 مىڭ كۇب مېتىرغا، سۇ ئىشلىتىدىغان ئادەم 6 مىليون 803 مىڭ 500 گە، سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 95.41% كە يەتتى، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 177.5 لىتىردىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەرنىڭ كۈندىلىك ئۈنۈمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون 603 مىڭ كۇب مېتىر، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4088.89 كىلومېتىر. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 659 مىليون 80 مىڭ كۇب مېتىرغا، سۇ ئىشلىتىدىغان ئادەم 4 مىليون 928 مىڭ 900 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.12% كە يەتتى، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر ئادەمگە 206.25 لىتىردىن توغرا كەلدى. ناھىيە بازارلىرىنىڭ كۈندىلىك ئۈنۈمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 682 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3269.68 كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 97 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتىرغا، سۇ ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 874 مىڭ 600 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 88.93% كە يەتتى، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەر بىر ئادەمگە 101.9 لىتىردىن توغرا كەلدى.

شۇ يوڭجۇن

### شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىنى پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 116 توننا، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 2559 مېگاۋات ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسسىتىش ئىقتىدارى پارنىڭ سائىتىگە 1562 تونىنغا، ئىسسىق سۇنىڭ 13 مىڭ 652 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 9 مىليون 400 مىڭ گىگاجوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 93 مىليون 500 مىڭ گىگاجوئۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ

ئىسسىتىش كۆلىمى 120 مىليون 171 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 81 مىليون 877 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر. شەھەرلەرنىڭ جەمئىي ئىسسىتىش ئىقتىدارى پارنىڭ سائىتىگە 1487 توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 11 مىڭ 77 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 8 مىليون 550 مىڭ گىگاجوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 72 مىليون 690 مىڭ گىگاجوئۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 103 مىليون 217 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 70 مىليون 730 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازارلىرىنى ئىسسىتىش ئىقتىدارى پارنىڭ سائىتىگە 75 توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 2575 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش ئىقتىدارى پارنىڭ 850 مىڭ گىگاجوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 20 مىليون 810 مىڭ گىگاجوئۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى 16 مىليون 953 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 11 مىليون 146 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر.

شۇ يوڭجۇن

## شەھەرلەرنىڭ يېقىلغۇ گازى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا 990.65 كىلومېتىر تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2353.2 كىلومېتىرغا، يىللىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 428 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 2 مىليون 38 مىڭ 100 گە يەتتى. سۇنئىي كۆمۈر گازى تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 كىلومېتىرغا، كۈندىلىك سۇنئىي كۆمۈر گازى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 12 مىليون 48 مىڭ كۇب مېتىرغا، گازنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى 90 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 541 مىليون 820 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 50 مىڭغا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ساقلاش ئىقتىدارى 19 مىڭ 877.2 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 185 مىڭ 418.1 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 3 مىليون 675 مىڭ 100 گە، يېقىلغۇ گازنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 80.82% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1888 كىلومېتىرغا، يىللىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 372 مىليون 299 مىڭ 800 كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 863 مىڭ 400 گە يەتتى. شەھەرلەر پۈتۈنلەي سۇنئىي كۆمۈر گازى بىلەن تەمىنلەندى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى 12 مىڭ 640 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 154 مىڭ 526.15 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 2 مىليون 469 مىڭ 400 گە، يېقىلغۇ گازنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 87.25% كە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 465.2 كىلومېتىرغا، يىللىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 56 مىليون 177 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 174 مىڭ 700 گە يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى 7237.22 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 30 مىڭ 891.95 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 205 مىڭ 700 گە، يېقىلغۇ گازنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 65.49% كە يەتتى.

شۇ يوڭجۇن

## شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا 420 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيدى، بۇ 309 ئۆلچەملىك ئاپتوبۇسقا توغرا كېلىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە كوچا ئاپتوبۇسى 7549 غا يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 10.59 ئۆلچەملىك ئاپتوبۇس توغرا كەلدى؛ ترانسپورت لىنىيە تورى ئۇزۇنلۇقى 2685 كىلومېتىرغا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 876 مىليون 140 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، تاكسى 33 مىڭ 923 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى ئۆلچەملىك كوچا ئاپتوبۇسى 6583 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 11.13 دىن ئۆلچەملىك ئاپتوبۇس توغرا كەلدى؛ ترانسپورت لىنىيە تورى ئۇزۇنلۇقى 2096 كىلومېتىرغا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 847 مىليون 71 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە، تاكسى 23 مىڭ 8گە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى ئۆلچەملىك كوچا ئاپتوبۇسى 966 گە يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 4.58 دىن ئۆلچەملىك ئاپتوبۇس توغرا كەلدى، ترانسپورت لىنىيە تورى ئۇزۇنلۇقى 589 كىلومېتىرغا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 29 مىليون 68 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە، تاكسى 10 مىڭ 915 كە يەتتى.

شۇ يوڭجۇن

## شەھەر يوللىرى ۋە كۆۋرۈكلىرى

2004 - يىلى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەن يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 307.75 كىلومېتىرغا، كېڭەيتىلگەن كۆلەم 6 مىليون 156 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5495.67 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 87 مىليون 767 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يول كۆلىمى 12.31 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ 36 مۇستەھكەم كۆۋرۈك سېلىنىپ، كۆۋرۈك 669 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 23؛ يول چىرىغى 291 مىڭ 41. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3706.41 كىلومېتىر،

كۆلىمى 55 مىليون 324 مىڭ كۋادرات مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يول كۆلىمى 11.01 كۋادرات مېتىر؛ كۆۋرۈك 308، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 23، يول چىرىغى 215 مىڭ 17. ناھىيە بازارلىرىدىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1789.26 كىلومېتىر، كۆلىمى 32 مىليون 443 مىڭ كۋادرات مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يول كۆلىمى 15.39 كۋادرات مېتىر؛ كۆۋرۈك 361، يول چىرىغى 76 مىڭ 24.

شۇ يوگجۇن

## شەھەرلەرنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدا 682.35 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4230.78 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ زىچلىقى 4.38 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى 54 كە، كۈندىلىك يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 382 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىرتەرەپ قىلىش مىقدارى 253 مىليون 803 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، يۇندا بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتى 65.12% كە يەتتى. كەلكۈن توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 350.38 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2940.29 كىلومېتىر، يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ زىچلىقى 5.02 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىر. يۇندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى 30 غا، كۈندىلىك يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 155 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، يۇندا بىرتەرەپ قىلىش مىقدارى 230 مىليون 705 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا، يۇندا بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتى 67.76% كە، كەلكۈن توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 158.04 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1290.49 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ زىچلىقى 3.39 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا زاۋۇتى 24 كە، كۈندىلىك يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 227 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىرتەرەپ قىلىش مىقدارى 23 مىليون 98 مىڭ 300 كۇب مېتىرغا، يۇندا بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتى 46.88% كە، كەلكۈن توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 192.54 كىلومېتىرغا يەتتى.

شۇ يوگجۇن

## شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا قۇرۇلۇپ پۈتكەن رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 28 مىڭ 959.4 گېكتار بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 2461.1 گېكتار ئاشتى، پۈتكەن رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 29.97% كە يېتىپ، 1.78 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى. پۈتكەن رايونلارنىڭ باغۋارانلاشتۇرۇلۇش - كۆكەرتىلىش كۆلىمى 24 مىڭ 833.2 گېكتارغا يېتىپ، 2242 گېكتار كۆپەيدى؛ پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 25.7% كە يېتىپ، 1.67 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 5087.91 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 7.13 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىلگەن كۆلىمى 18 مىڭ 600 گېكتار، پۈتكەن رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31.77%؛ پۈتكەن رايونلارنىڭ باغۋارانلاشتۇرۇلۇش- كۆكەرتىلىش كۆلىمى 16 مىڭ 430.6 گېكتار، پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 28.07%؛ ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 3390.8 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 6.75 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ناھىيە بازارلىرىدىكى پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 10 مىڭ 359.4 گېكتارغا، پۈتكەن رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 27.2% كە، پۈتكەن رايونلارنىڭ باغۋارانلاشتۇرۇلۇش - كۆكەرتىلىش كۆلىمى 8402.6 گېكتارغا، پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 22.06% كە يەتتى، ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان 1697.11 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 8.05 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

شۇ يوگجۇن

## شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. شىخەنزە، غۇلجا شەھەرلىرى ۋە شايار، كۇچا، تېكەس، چاپچال، پوسكام، مەكىت، يوپۇرغا، خوشۇت، چەرچەن، چاقىلىق، يەنجى، لوپنۇر، باغراشتىن ئىبارەت 13 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 18 شەھەر ۋە 52 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى گوۋۇيۈەن ياكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلدى.

زو شۇشياڭ

## شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ۋە ناھىيە بازارلىرىنىڭ تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 1441 گە

يەتتى. ئەمەلىيەتتە 113 مىليون 64 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تازىلانغان كۆلەم 15 مىليون 209 مىڭ كۋادرات مېتىر، ماشىنا بىلەن تازىلىنىش نىسبىتى 13.45% بولدى. بىر يىلدا 9 مىليون 551 مىڭ تونىنا تۆرمۆش ئەخلىتى، 194 مىڭ تونىنا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 3139، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيىلىدىغىنى 2259. شەھەرلەردىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى 1058 گە يەتتى، ئەمەلىيەتتە 52 مىليون 999 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈرۈلدى، 13 مىليون 916 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاندى، ماشىنا بىلەن تازىلىنىش نىسبىتى 26.26% كە يەتتى. 3 مىليون 450 مىڭ تونىنا تۆرمۆش ئەخلىتى، 87 مىڭ تونىنا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 2030، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيىلىدىغىنى 1433 بولۇپ، 70.59% نى ئىگىلىدى. ناھىيە بازارلىرىدا 383 دانە مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى بار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 60 مىليون 65 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاپ تۈرۈلدى، ماشىنا بىلەن تازىلىنىدىغان كۆلەم 1 مىليون 493 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ماشىنا بىلەن تازىلىنىش نىسبىتى 2.49% كە يەتتى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 1109، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيىلىدىغىنى 826 بولۇپ، 74.48% نى ئىگىلەيدۇ.

شۇ يوڭجۇن

## ئاپتونوم رايوندىكى باغۋارانلاشقان شەھەرلەر

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 4 - تۈركۈمدىكى باغۋارانلاشقان شەھەرلەرگە نام بەردى.

قۇمۇل شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر بولدى، قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق، قاراماي رايونلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر رايونى، پوسكام، توققۇزتارا، قابا، يەنجى، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان ناھىيە بازىرى بولدى. باغۋارانلاشقان شەھەرلەرگە مۇكاپات تاختىسى بېرىلدى ۋە بىردىن مۇھىت تازىلىقى ئاپتوموبىلى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

زو شۇشياڭ

## «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەرلەر

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 — 2004 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەرلەرنى تەقدىرلىدى.

كورلا، شىخەنزە، ئاقسۇ، سانجى، تۇرپان، فۇكاڭ، چۆچەك، بورتالا، ۋۇجياچۇدىن ئىبارەت 9 شەھەرگە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەر دەپ نام بېرىلدى؛ پىچان، ئاراتۇرۇك، چەرچەن، يەنجى، باي، ئاۋات، ئاقتۇ، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، لوپ، قاراقاش، ماناس، قۇتۇبى، بۇرچىن، كۆكتوقاي، قابا، ساۋەن، قوبۇقسار، جىڭ، غۇلجا، كۇنەستىن ئىبارەت 23 ناھىيە بازىرىغا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى دەپ نام بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو، سايباغ، تەڭرىتاغ رايونلىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي، مايتاغ رايونلىرىدىن ئىبارەت 5 شەھەر رايونىغا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەر رايونى دەپ نام بېرىلدى. ئۇلارغا بىردىن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپات لوڭقىسى ۋە بىردىن مۇھىت تازىلىقى ئاپتوموبىلى بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى تارىخى - مەدەنىيىتى داڭلىق شەھەرلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇرپان شەھىرى، تېكەس ناھىيە بازىرى (8 كوچىلىق ناھىيە بازىرى) گە ئاپتونوم رايون بويىچە تارىخى - مەدەنىيىتى داڭلىق شەھەر دەپ نام بەردى ھەمدە ئېلان قىلدى.

تۇرپان شەھىرى    تۇرپان ۋىلايىتى قەدىمىي يىپەك يولىدىكى شەرق - غەرب مەدىنىيىتى قوشۇلىدىغان ئاساسلىق رايون، تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمىي سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەتلەر تەرەققىياتىدىكى مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ يەردە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىلىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بولۇپ، خېلى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

تېكەس ناھىيە بازىرى (8 كوچىلىق ناھىيە بازىرى)    تېكەس قەدىمكى ساكلار كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جاي، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيسۇن دۆلىتى تۇرغان يەر. ھازىر بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ يازلىق ئوردىسىنىڭ ئىزى ۋە قەدىمىي قەبرىلەر بار، 8 كوچىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا قەدىمىي پالنامىچىلىق مەدەنىيىتى تەدبىقلانغان بولۇپ، خېلى

يۇقىرى تارىخى قىممەتكە ئىگە.

زو شۇشياڭ

# كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت - بازارلارنى پىلانلاش

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ناھىيە بازىرىدىن باشقا شتاتلىق بازار 161، ئادەتتىكى بازار 623، كەنت 22 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالە كومىتېتى 9316. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردىكى ئائىلە 2 مىليون 711 مىڭ 800، نوپۇس 11 مىليون 715 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 245 مىڭ 600، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 470 مىڭ 200. شتاتلىق بازاردىكى ئائىلە 290 مىڭ، نوپۇس 1 مىليون 94 مىڭ 700؛ ئادەتتىكى بازاردىكى ئائىلە 361 مىڭ 700، نوپۇس 1 مىليون 553 مىڭ 400؛ كەنتلەردىكى ئائىلە 2 مىليون 60 مىڭ 100، نوپۇس 9 مىليون 67 مىڭ 700. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردا ھازىر ئىشلىتىلىۋاتـقان يەرنىڭ كۆلىمى 976 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە شتاتلىق بازارلار ئىشلەتكىنى 23 مىڭ 300 گېكتار، ئادەتتىكى بازارلار ئىشلەتكىنى 57 مىڭ گېكتار، كەنتلەر ئىشلەتكىنى 894 مىڭ 600 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە 155 شتاتلىق بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ شتاتلىق بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 96.88% ىنى؛ 390 ئادەتتىكى بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ ئادەتتىكى بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 62.6% ىنى؛ 7007 كەنتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈلدى، بۇ كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 30.6% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەردە كەنت- بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 99 ئاپپارات قۇرۇلۇپ، 233 خادىم؛ كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان يېزا - بازار دەرىجىلىك 480 ئاپپارات قۇرۇلۇپ، 1238 خادىم سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 2187 خادىم تەربىيىلەندى.

شياۋ چۇنجياڭ

## كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كەنت - بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا 4 مىليارد 179 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 2 مىليارد 872 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ 68.72% ىنى ئىگىلىدى، سېلىنغان مەبلەغ ئوتتۇرىچە ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 280 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 566 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ 13.54% ىنى ئىگىلىدى، سېلىنغان مەبلەغ ئوتتۇرىچە ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 515 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئىمارەتلەرگە سېلىنغىنى 299 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ 7.16% ىنى ئىگىلىدى، سېلىنغان مەبلەغ ئوتتۇرىچە ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 517 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 442 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ 10.58% ىنى ئىگىلىدى. جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە تۇرۇبا سۇيى مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 109 مىليون يۈەن، يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 333 مىليون يۈەن.

شياۋ چۇنجياڭ

## كەنت - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كەنت - بازارلاردا ئۆي سالغان ئائىلە 172 مىڭ 400 بولۇپ، كەنت - بازارلاردىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 6.36% ىنى ئىگىلىدى. پۈتكەن ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىليون 240 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 7 مىليون 163 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 197 مىليون 263 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاش قۇرۇلمىلىق ۋە خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 69 مىليون 446 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى 17.16 كۋادرات مېتىرغا، ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش كۆلىمى 12.99 كۋادرات مېتىرغا، ئوتتۇرىچە ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى 10.94 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كەنت - بازارلاردا يېڭىدىن سېلىنغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 97 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 810 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. ھازىر ئەمەلىي بار جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 27 مىليون 118 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 10 مىليون 933 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. يېڭىدىن سېلىنغان

ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 578 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 447 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. ھازىر ئەمەلىي بار ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 14 مىليون 896 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 88 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر.

شياۋ جۇنجياڭ

## كەنت - بازارلاردىكى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 7966 كەنت- بازار تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شتاتلىق بازار 158، ئادەتتىكى بازار 534، كەنت 7274. تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم 7 مىليون 476 مىڭ 700 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 63.82% كە يەتتى. 13 مىڭ 518 كەنت - بازارغا توك يەتكۈزۈلدى، شتاتلىق بازارلارنىڭ ھەممىسى، ئادەتتىكى بازارلارنىڭ 95.83% ى، كەنتلەرنىڭ 72.55% ى توكتىن بەھرىمەن بولدى. ئەمەلىي بار كەنت - بازار يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 56 مىڭ 131 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي، 2 - دەرىجىلىك يول 7416 كىلومېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردا ئەمەلىي بار باغۋارانلاشقان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 2908 گېكتار، ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 488 گېكتار، ئوتتۇرىچە كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 4.46 كۋادرات مېتىر، مۇھىت ئاسراش ئاپتوموبىلى 181، ئاممىۋى ھاجەتخانا 857. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى بازارلاردا ئەمەلىي بار باغۋارانلاشقان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 6928 گېكتار، ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 573 گېكتار، ئوتتۇرىچە ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 3.69 كۋادرات مېتىر، مۇھىت ئاسراش ئاپتوموبىلى 58، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1103.

شياۋ جۇنجياڭ

## شىنجاڭدىن 26 بازار مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق بازارلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، ئىسلاھات - تەرەققىيات كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى، يېزائىگىلىك مىنىستىرلىكى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 4- كۈنى بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى (جەمئىي 1887). شىنجاڭدىن تۆۋەندىكى 26 شتاتلىق بازار بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى: ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازىرى، پىچان ناھىيىسى پىچان بازىرى، قۇمۇل شەھىرى ئاستانا بازىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى باركۆل بازىرى، ماناس ناھىيىسى ماناس بازىرى، بورتالا شەھىرى شويتېپەن بازىرى، جىڭ ناھىيىسى جىڭ بازىرى، چەرچەن ناھىيىسى چەرچەن بازىرى، يەنجى ناھىيىسى يەنجى بازىرى، خېجىڭ ناھىيىسى خېجىڭ بازىرى، بارۇن خارمۇدۇن بازىرى، كۇچا ناھىيىسى كۇچا بازىرى، توقسۇ ناھىيىسى توقسۇ بازىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئۇلۇغچات بازىرى، يەكەن ناھىيىسى يەكەن بازىرى، قاغىلىق ناھىيىسى قاغىلىق بازىرى، لوپ ناھىيىسى لوپ بازىرى، غۇلجا ناھىيىسى جىلىلىيۈزى بازىرى، قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا بازىرى، سۈيدۈڭ بازىرى، توققۇزتارا ناھىيىسى توققۇزتارا بازىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى دۆربىلجىن بازىرى، ساۋەن ناھىيىسى سەندىخوزا بازىرى، قوبۇقسار ناھىيىسى قوبۇقسار بازىرى، قوشتولغاي بازىرى، بۇرچىن ناھىيىسى بۇرچىن بازىرى.

زو شۇشياڭ

# ئۆي - زېمىن كەسپى

## شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 231 مىليون 43 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18 مىليون 290 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 138 مىليون 216 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. يۈرۈشلۈك ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 98 مىليون 168 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، يۈرۈشلۈك ئۆي نىسبىتى 71% كە يەتتى. ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى 21.32 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 0.54 كۋادرات مېتىر ئوتتۇرىچە غەيرىي ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 92 مىليون 826 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 8 مىليون 48 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ئۆي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 9 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە، %8.9 كۆپەيدى قۇرۇلۇش قىلىنغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 14 مىليون 732 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %8.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئىش باشلانغان كۆلەم 7 مىليون 828 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %1.1 كۆپەيدى. پۈتكەن تاۋار ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 570 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %16.5 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكەن ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 4 مىليون 522 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %21.6 ئازايدى. سېتىلغان تاۋار ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 753 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %11.5 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرگە سېتىلغىنى 5 مىليون 505 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %12.4 كۆپەيدى؛ شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 982 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %7كۆپەيدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە بوش قالغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 951 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %4.2 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە بوش قالغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 516 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %7.8 ئازايدى.

زو شۇشياڭ

## ئۆي - زېمىن بازىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭى سېلىنغان تاۋار ئۆيلەرنىڭ نەق سودىسى (ئەرزان، قولايلىق ئولتۇراق ئۆيلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دا پۈتتۈشۈلگەن ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 363 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتتۈشۈش سوممىسى 3 مىليارد 946 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساقلىنىپ قالغان ئۆي سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 588 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتتۈشۈلگەن سومما 4 مىليارد 485 مىليون يۈەنگە يەتتى. 12 مىڭ 600 ئۆي ئىجارىسى رەسمىيىتى بېجىرىلدى، ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 42 مىليون 618 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئۆي - مۈلۈك رەنىگە قويۇش رەسمىيىتىدىن 94 مىڭ 400 ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي رەنە رەسمىيىتىگە 72مىڭ 900 يۈەن، رەنىگە قويۇلغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 19 مىليون 417 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەنىگە قويۇلغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 933 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر؛ رەنىگە قويۇلغان ئۆيلەرنىڭ سوممىسى 12 مىليارد 196 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ سوممىسى 8 مىليارد 909 مىليون يۈەن.

خۇاڭ شىنجۈڭ

## ئولتۇراق رايونلارنىڭ ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە كارخانا 475 كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 68 ى؛ بۇ كارخانىلاردىكى خوجىلىق باشقۇرغۇچى 22 مىڭ 973كە، 2939 ى؛ ئۇلار قوبۇل قىلغان خوجىلىق باشقۇرۇشقا ئائىت ھاۋالە تۈرى 2214كە يېتىپ، 397 سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆيگە ئائىت تۈر 1541گە يېتىپ، 338 ى كۆپەيدى؛ خوجىلىق باشقۇرۇشقا تەۋە ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 63 مىليون 354 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 8 مىليون 210 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، ھەرخىل ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %27 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوجىلىق باشقۇرۇشقا تەۋە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 53 مىليون 294 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %39 نى ئىگىلىدى. خوجىلىق باشقۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 3 مىليارد 392 مىليون يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى 617 مىليون يۈەنگە، تىجارەت تەننەرخى 627 مىليون يۈەنگە يەتتى، زىيىنى 12 مىليون 963 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 23 مىليون 879 مىڭ 900 يۈەن ئازايدى.

2004 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئەلا ئولتۇراق رايون (بىنا) لىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە، كورلا شەھىرى «كاڭبو» باغچىسى ئولتۇراق مەھەللىسى قاتارلىق 20 خوجىلىق باشقۇرۇش تۈرى ئاپتونوم رايون بويىچە خوجىلىق باشقۇرۇشىدىكى ئەلا ئولتۇراق رايون (بىنا) ى بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى شەھىرى «جياخې» باغچىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى «قاينار» ئولتۇراق رايونى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2004 - يىللىق مەملىكەتلىك خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە ئولتۇراق رايونى بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتى يىغەنكۆل ئالاقە مەركىزى بىناسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «جوڭچۈەن» مەيدانى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2004 - يىللىق مەملىكەتلىك خوجىلىق باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە بىنا بولۇپ باھالاندى.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە مۈلۈك تەۋەلىكى جەھەتتىن باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاشتا تىزىملانغان ئۆيلەرنىڭ

قۇرۇلۇش كۆلىمى 53 مىليون 978 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى تىزىمغا ئېلىنغىنى 16 مىليون 128 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، يۆتكەشكە تىزىملانغىنى 13 مىليون 540 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىشكە تىزىملانغىنى 10 مىليون 459 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، باشقا ھوقۇق جەھەتتىن تىزىملانغىنى 10 مىليون 549 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، ھېساباتتىن چىقىرىۋېتىشكە تىزىملانغىنى 3 مىليون 300 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر.

يىل ئاخىرىغىچە، تىزىملانغان ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 231 مىليون 43 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 138 مىليون 216 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر (يۈرۈشلۈك ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 98 مىليون 168 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر)، غەيرىي ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 92 مىليون 826 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر (خىزمەت بىناسى كۆلىمى 30 مىليون 948 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، سودا تىجارىتى بىناسى كۆلىمى 31 مىليون 160 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، سانائەتتە زاپاس ساقلاش ئۆيىنىڭ كۆلىمى 13 مىليون 147 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 17 مىليون 568 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر).

خۇاڭ شىنجۇڭ

## ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندىنى يىغىش ھازىرىغا قەدەر 19 شەھەر ۋە 68 ناھىيىنى قاپلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىلغان ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندى 15 مىليارد 283 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆي سېتىۋېلىش، سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ ئىشلەتكىنى 3 مىليارد 989 مىليون يۈەن، يىغىلغان ئولتۇراق ئۆي پاراۋانلىق فوندىنىڭ ئېشىنچىسى 11 مىليارد 294 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە يىغىلىش نىسبىتى %78.51 كە، يىغىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان قاراماي شەھىرىدە %93.7 كە، ئەڭ تۆۋەن بولغان خوتەن شەھىرىدە %60 كە يەتتى. شەخسلەرگە تارقىتىلغان ئولتۇراق ئۆي قەرز پۇلى 3 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %124.5 ئاشتى؛ شەخسلەر ئولتۇراق ئۆي قەرز پۇلىنىڭ ئېشىنچىسى 2 مىليارد 435 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىلغان فوند ئېشىنچىسىنىڭ %21.56 نى ئىگىلىدى، 94 مىڭ 403 ئائىلىلىك ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشى ۋە سېلىشىغا مەدەت بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىگىلىۋېلىنغان، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 384 مىليون يۈەن ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندى ئېنىقلاندى ۋە يىغىۋېلىندى.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## شەھەر - بازار ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردا قۇرۇلۇش كۆلىمى 52 مىليون 200 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ھۆكۈمەت ئولتۇراق ئۆيى سېتىلدى، بۇ سېتىشقا بولىدىغان ھۆكۈمەت ئۆيىنىڭ %93 نى ئىگىلىدى. ھۆكۈمەت ئولتۇراق ئۆيلىرىنى سېتىش ئارقىلىق 22 مىليارد يۈەن پۇل يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇنلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 18 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنغان مەبلەغنىڭ %82 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يۈرۈشلۈك بىنالاردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ ئايلىق ئۆلچەملىك ئىجارە ھەققى 0.66 يۈەندىن 8 يۈەنگىچە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارە ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقى بىرقەدەر زور بولغان قاراماي شەھىرىدە ھەر كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى 2003- يىلدىكى 3.35 يۈەندىن 2004 - يىلى 8 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، قوش ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ %10.82 نى ئىگىلىدى، نەتىجىدە ئىجارىگە ئېلىش بىلەن سېتىۋېلىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى ئۈنۈملۈك تەڭشىلىپ، ھۆكۈمەت ئولتۇراق ئۆيلىرىنى سېتىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىجارە ھەققى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەر كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى 0.66 يۈەن بولۇپ، قوش ئىشچى- خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ %1.02 نى ئىگىلىدى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شەھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي- كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلەرنى پۇللاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولدى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى قاتارلىق 7 مىنىستىرلىك- كومىتېتنىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمىنى باشقۇرۇش چارىسى» تارقىتىلىپ، شەھەر - بازارلاردىكى ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆيلەرگە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولۇپ، ھۆكۈمەت مالىيە خام چوت مەبلىغى ئاساسىي يول قىلىنغان مەبلەغ مەنبىيى بەرپا قىلىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئەرزان ئىجارىلىك ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى

قاراماي، ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە قاتارلىق شەھەرلەردە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

تۇ يا

## ئۆي - زېمىن بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ئۆي - زېمىن بازىرىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى، ئايرىم ئۆي - زېمىن سودىگەرلىرى ئۆي سېتىشتا كۆلەمنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىش، يالغان ئېلان بېرىش ۋە خوجىلىق باشقۇرۇش مۇلازىمىتى ناچار بولۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ قەتئىي بىرتەرەپ قىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى رېۋىزىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 9 ۋىلايەت - ئوبلاست، 15 شەھەر، 67 چېقىش- كۆچۈرۈش تۈرى ئۈستىدە شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش- كۆچۈرۈش بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، چېقىش - كۆچۈرۈشتىكى قانۇن - نىزامغا خىلاپ 20 قىلمىشنى تۈزەتتى ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئۆي - زېمىن باھالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، 9 ئۆي - زېمىن باھالاش ئاپپاراتىنىڭ قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى. 72 ئۆي - زېمىن كارخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1551 ئادەم (قېتىم) نىڭ ئەرزىيىتىنى، 2310 ئادەم (قېتىم) نىڭ مەسلىھەت سوراش، پاش قىلىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى، دېلو بىجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 92% كە يەتتى.

زو شۇشياڭ

## 10 سەرخىل بىنا

شىنجاڭ ئۆي - زېمىن كەسپى جەمئىيىتى كارخانىلار ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلغان، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار كۆرسەتكەن ئاساستا مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ھەمدە قۇرۇلۇش نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ تەكشۈرتۈش ۋە توردا ئېلان قىلىش ئارقىلىق 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇنجى قېتىمدا تۆۋەندىكى 10 سەرخىل بىنانىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. «ئەسىر» باغچىسى (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «دوڭيۈەن تاقىم ئاراللىرى» باغچىسى (شىخەنزە «دوڭيۈەن» كەسپىي چەكلىك شىركىتى)، «خۇامېي ۋېنشۈەن» (شىنجاڭ «خۇايۈەن» ئوقەتچىلىك ‹گۇرۇھى› چەكلىك شىركىتى)، «قۇياش نۇرى» باغچە مەھەللىسى (شىنجاڭ «سەنلىيەن» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «شىنجۇ» شەھەر باغچىسى (شىنجاڭ «جىنچېڭ» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «تيەنفۇ» شەھەرچىسى (شىخەنزە «تيەنفۇ» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تيەنئەن مىكمەن (شىنجاڭ «شىنتيەن» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، شاڭخەي گۈللۈكى (شىنجاڭ دوڭفاڭ خۇبېيۇ مەبلەغ سېلىش ‹گۇرۇھى› چەكلىك شىركىتى)، شىجى جيايۈەن (ئىلى «رېنخې» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، جياخېيۈەن (شىنجاڭ «گۇڭخۇي» كارخانىچىلىقى ‹گۇرۇھى› ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى شىركىتى).

زو شۇشياڭ

# بىناكارلىق

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 1083 دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسىنىڭ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 16.67% ، پۈتۈش مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 35.56% ، بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 4.26% ئاشتى. ئۆي قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 32 مىليون 510 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىليون 170 مىڭ كۋادرات مېتىر. پۈتكەن ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىليون 20 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 460 مىڭ كۋادرات مېتىر. كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 374 مىڭ 400 بولۇپ، بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 110 مىڭ 443 يۈەندىن توغرا كەلدى، يىل ئاخىردىكى كەسپكار 263 مىڭ 700. 2004 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 42 مىليارد 387 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇشلارنى نەق چوت قىلىشتىن كىرگەن كىرىم 38 مىليارد 186 مىليون يۈەن بولۇپ، 931 مىليون يۈەنلىك پايدا يارىتىلدى. زىيان تارتقان كارخانا 304 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 68 ى كۆپەيدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 252 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زىيان 14 مىليون 650 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا

قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە نېسى قالغان قۇرۇلۇش پۇلى 7 مىليارد 267 مىليون يۈەن بولۇپ، 48.19% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ نېسى قالغان پۇلى 4 مىليارد 721 مىليون يۈەن بولۇپ، 13.77% ئازايدى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىردىكى بىناكارلىق بازارلىرى قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلۈپ، قانۇن- نىزامغا خىلاپ قىلمىشلار قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، جايلاردىكى بىناكارلىق بازارلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى 3209 قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىش ساقلانغان 248 قۇرۇلۇش تۈرىنى بايقىدى، بۇ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 7.73% نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.67 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى 120 تۈرنى قانۇن بويىچە چەكلىك مۇددەتتە تۈزەشكە بۇيرۇدى، 24 تۈرنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 8 تۈرگە قانۇن ئىجرا قىلىش تەكلىپنامىسى ئەۋەتتى، 4 مىليون 499 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. 2003 - يىللىق مەجبۇرىي نىزامغا قارشىلىق قىلىپ چوڭ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلغان 36 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، 43 تۈرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىدى، بىر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىنى، بىر لايىھەلەش ئورنىنىڭ سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە، مەجبۇرىي نىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى ناچار نەتىجە خاتىرىسىگە كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە شەخسلەرنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىپ، تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرى ۋە كەسىپكارلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى.

زو شۇشياڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى 104.97% كە، يارانقان تىجارەت قىممىتى 4 مىليارد 295 مىليون يۈەنگە، تىجارەت پايدىسى 104 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 163 مىليون يۈەنگە، مۈلۈك سوممىسى 7 مىليارد 17 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ شىركەت جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ۋە جۇڭگو بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىچىدە 26 - ئورۇننى ئىگىلىدى، شىنجاڭدىن لۇبەن مۇكاپاتىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن كارخانا، AAA دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك كارخانا بولۇپ قالدى.

دۇەن لىيەنجى

## قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2004- يىل 5 - ئايدا ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش كەسپىدە «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. خىزمەت مىقدارىنىڭ باھا تىزىملىكىنى ئىشلەن قىلىش قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشتا پائال قوللىنىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى خېرىدار چاقىرىش ۋەكالەت ئورگىنى قۇرۇش، خېرىدار باھالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرى ئارخىپى تۇرغۇزۇش، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ چەك تارتىش، پىكىر قايتۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشقا ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كىرگۈزۈشكە ئوخشاش يوللار بىلەن قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن- نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسۇپ، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىشنى ئەنگە ئېلىش رەسمىيىتىدىن 1984 ى بېجىرىلدى، خېرىدار چاقىرىشقا تېگىشلىك قورۇلۇش 1944، ئەمەلىيەتتە خىرىدار چاقىرىلغان قورۇلۇش 1917 بولۇپ، خىرىدار چاقىرىلىش نىسبىتى 98.61% كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.07 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشكارا خىرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش 1405 بولۇپ، ئاشكارا خىرىدار چاقىرىلىش نىسبىتى 73.29% كە يېتىپ، 8.14 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ 512 قۇرۇلۇشقا تەكلىپ بىلەن خېرىدار

چاقىرىلدى، تەكلىپ بىلەن خېرىدار چاقىرىلىش نىسبىتى %26.71 بولۇپ، 8.14 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش پۈتكەندە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەنگە ئېلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل يولغا قويدى، ياندا تۇرۇپ نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، خېرىدارلار رازى بولىغان ئولتۇراق ئۆي قورۇلۇشى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، قۇرۇلۇشلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق پۈتۈن جەريانى ئۈستىدىكى سۈپەت نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش سۈپەت نازارەتچىلىكى تارماقلىرى قىلىنىۋاتقان ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىن 5844 نى نازارەت قىلدى، 2679 قۇرۇلۇش پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى، 1886 قۇرۇلۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ ئەنگە ئېلىندى، نازارەت قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %99.9 كە يەتتى. جايلار قۇرۇلۇش سۈپىتىنى قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈپ چىقىپ، 3106 نۇسخا ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشى، 409 نۇسخا قىسمەن ئىش توختىتىش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ سۈپەت مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىغا 36 قېتىم مەمۇرىي جازا بەردى، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ئائىت مەجبۇرىي ئۆلچەم نىزامىنى ئىجرا قىلمىغان 45 قېتىملىق قىلمىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 75 سۈپەت مەسئۇلىيىتى سۇبيېكتى ۋە ئاپپاراتىنى ناچار قىلمىش خاتىرىسىگە كىرگۈزدى. قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ئائىت 283 شىكايەتنى قوبۇل قىلىپ، 254 نى بىر تەرەپ قىلدى، بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %89.7 بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن 31 ى «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتىغا باھالاندى، 26 ئۆي قۇرۇلۇشى خېرىدارلار رازى بولىغان قۇرۇلۇش دەپ باھالاندى. 15 قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈش-لايىھىلەش مۇكاپاتىغا، 44 قۇرۇلۇش 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 56 قۇرۇلۇش 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 40 قۇرۇلۇش تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىنىستىرلىك بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالانغان قۇرۇلۇشلاردىن بىرى ئالتۇن مېدالغا، 3ى مىس مېدالغا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن «پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنى تۈپتىن تۈگىتىش، زور ھادىسىلەرنى چەكلەش، ئادەتتىكى ھادىسىلەرنى ئازايتىش» تىن ئىبارەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى چۆرىدەپ «بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلۇش سۇبيېكتلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىنى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا «بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىقتا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى نىسبەتەن مۇقىم بولدى. بىخەتەرلىك ھادىسىسى تۈپەيلىدىن بىر كارخانىنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىندى، بىر يىلغىچە سالاھىيىتى ئۆستۈرۈلمەيدىغان بولدى، 23 كارخانىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش 7 قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 1211 قۇرۇلۇش مەيدانى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىليون 895 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 75 قۇرۇلۇش مەيدانى ئىش توختىتىپ ئۆزگەرتىشكە، 361 قۇرۇلۇش مەيدانى چەكلىك مۇددەتتە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن بىخەتەرلىككە يات يوشۇرۇن ئامىللار ۋاقتىدا تۈگىتىلدى، كۆپ كۆرۈلىدىغان يارىلىنىش - ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش، بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش بۇيۇملىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە چوڭ ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ۋە شەھەر كۆۋرۈكلىرىنىڭ سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەدەنىي قۇرۇلۇش ئورنى بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى 57 قۇرۇلۇش ئورنى 2004 - يىلى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئىش ئورنى بولۇپ باھالاندى. بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى «ئۈچ خىل خادىم» لارنى سىناش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش خىزمىتى پۇختا ئېلىپ بېرىلدى، «ئۈچ خىل خادىم» دىن 16 مىڭى تەكشۈرۈلدى، 299 كارخانىغا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 2004 -

يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا 23 قېتىم زور ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى، بۇ ھادىسىلەردە 27 ئادەم ئۆلۈپ، %12.5 كۆپەيدى.

زو شۈشياڭ

## بىناكارلىق ساھەسىدە ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق ساھەسىدە ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش - ھەق ئېلىشنى باشقۇروشقا مەسئۇل 31 پونكىت يىغقان ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھەققى 316 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 251 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا ئاجرىتىلغىنى 201 مىليون يۈەن، بىڭتۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىغا ئاجرىتىلغىنى 44 مىليون 450 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىغا ئاجرىتىلغىنى 5 مىليون 360 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بار 166 بىناكارلىق كارخانىسىغا 31 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھەققى ياردەم پۇلىنى تەڭشەپ بەردى، ئاپتونوم رايوندىكى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن ئىختىيار ئىلانغان كىشىلەرگە 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن تۇرمۇش پۇلى تارقىتىلدى، بىر يىلدا 32 مىليون 330 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تەڭشەپ بېرىلدى.

زو شۈشياڭ

## نېسى قالغان قۇرۇلۇش پۇلى ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئېنىقلاندى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 2 مىليارد 971 مىليون يۈەن نېسى قالغان قۇرۇلۇش پۇلى ئېنىقلاندى، قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %48.62 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان تۈرلەردىن ئېنىقلاپ قايتۇرۇلغان نېسى پۇل 964 مىليون يۈەن بولۇپ، قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %38.5 كە يەتتى؛ 2003 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نېسى قالغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ 1 مىليارد 238 مىليون يۈەنلىك ئىش ھەققى ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى، توردا ئېلان قىلىنغان نېسى ئىش ھەققى ئاساسەن تولۇق قايتۇرۇلۇپ، كارخانىلار ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ھۆكۈمەت نېسى تۈرلىرىنىڭ ئىگىدارلىرىدىن 53 نى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، پۇل قايتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 23 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرلەرنىڭ نېسى پۇلىنى قايتۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 100 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، شەھەر دەرىجىلىك مالىيە ئىگە بولىدىغان نېسى قۇرۇلۇش پۇلىنى قايتۇرۇشقا سەرپ قىلدى.

زو شۈشياڭ

## بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئىسلاھاتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 1336 بىناكارلىق كارخانىسى ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت ۋە باشقا ئىگىلىك تىپىدىكى كارخانا 1168 بولۇپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى %87.4 كە يەتتى، شەرتكە توشىدىغان 88 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىغا سۇچىلىق، تاشيول، تۆمۈريول، شەھەر مەمۇرىيىتى، ئالاقە قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش سالاھىيىتى بېجىرىلىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، كارخانىلار تىجارەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەمگەك مۇلازىمىتىنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئەمگەك مۇلازىمىتىنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئالىدىغان تۈرلۈك كارخانىدىن 52 سى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. قۇرۇلۇش قىلىش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلگەن ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچى 28 مىڭغا يەتتى. قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دېھقانلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم يارىتىشىنى قوللاشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

تەكشۈرۈش - لايىھەلەش كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى مۇقىم يولغا قويۇلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى A، B دەرىجىلىك 156 تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورنىنىڭ كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى %76.9 كە يەتتى، 85 ئورۇن شىركەت قانۇنىدىكى تەلەپكە ئاساسەن زامانىۋى كارخانا تۈزۈلمىسى بەرپا قىلدى، بۇ A، B دەرىجىلىك تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ %54.5 نى ئىگىلىدى. 3 ئورۇن ئۆز

قارىمىقىدىكى قىسمەن ئورۇنلار بىلەن ئايرىلىپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى، 13 ئورۇن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ ئەلالىلىرىنى تاللاپ دەلىللىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش نازارىتى تېخنىكا ھاۋالە قىلىنغان 84 ئورۇننىڭ 58 تېخنىكىسىنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدە كېڭەيتىلىدىغان 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى سۈپىتىدە ئېلان قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: سوغۇق پروكاتلانغان قوۋۇرغىسىمان پولات چىۋىقنى كەپشەرلەش تورى ئەمەلىي تېخنىكىسى، تەك كۆچىنىشتە توغرا دومىلىتىپ ئويۇپ تۈز رېزبا چىقىرىپ ئۇلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولىمېرلىق مىكرو تالا ئەمەلىي تېخنىكىسى، قۇم بوتقىسى پىلاستىك پاراشوكى ئەمەلىي تېخنىكىسى، قۇم بوتقىسى ئارىلاشما ماتېرىيالى ئەمەلىي تېخنىكىسى، تاش - شېغىل كىرىستاللىرىغا كىچىك تۆشۈك ئېچىپ پىلاستىكلاشتۇرۇش ئاگېنتى ئەمەلىي تېخنىكىسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇم بوتقىلىق بېتونغا قوشۇلىدىغان خۇرۇچ ئەمەلىي تېخنىكىسى، «901» بىناكارلىق يېلىمى، بىرىكمە سوغۇق - ئىسسىقلىق سائىتى ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئىسسىقلىق سائىتى ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولات ئاليۇمىنلىق مۇرەككەپ سوۋۇتقۇچ ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولاتتىن ياسالغان چىرىشكە چىداملىق تۈۋرۈكسىمان سوۋۇتقۇچ ئەمەلىي تېخنىكىسى، PVC سۇلياۋ دېرىزە ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئىشىك - دېرىزە رامكىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان غەيرىي تىپلىق قاتتىق پولى ئېتىلىن ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، يېلىملىق پولى فىنىل دانىچىسى بىلەن سىرتقى تامنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش تېخنىكىسى، تامنىڭ سىرتىنى پولى ۋىنىللىق تاختا ئۆۋۈقى بىلەن سۇۋاپ ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تەييار بېتون ئارىسىغا پولى ۋىنىللىق ساقلايدىغان تاختاي (تور سىستېمىلىق) ئېلىش تېخنىكىسى، پولى ۋىنىللىق تاختىنى چاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم بوتقىسى پاراشوكى ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولى ۋىنىللىق تاختىنىڭ سىرتىنى پۇختىلايدىغان قۇم بوتقىسى ئەمەلىي تېخنىكىسى، XPS يۇقىرى كۆچىنىشلىك ئىسسىقلىق ساقلاش تاختىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تام سىرتىنى پولى ۋىنىللىق تاختا ئۆۋۈقى سۇۋاپ قېلىنلىتىپ ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك تالالىق تور ئەمەلىي تېخنىكىسى، 3 تىپلىق پولى پروپىلىنلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئاليۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبىلىرى ئەمەلىي قوللىنىش تېخنىكىسى، تۆۋەن بېسىملىق سۇيۇق جىسىم يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ - ئاليۇمىن قېتىشمىلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولات - سۇلياۋ بىرىكمىلىك سۇ تازىلاش تۇرۇبىسى ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، چېتىلما پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، تورسىمان تۆشۈكلۈك پولات بەلۋاغلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، يۇقىرى زىچلىق پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى تەك رادىئوستا ئۇلايدىغان دېتاللىرى ۋە كلاپان ئەمەلىي تېخنىكىسى، قاتتىق پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا دېتاللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، چوڭ كالىبىرلىق، يۇقىرى زىچلىق، قوش تاملىق، پولى ئېتىلىنلىق دولقۇنسىمان رېزبىلىق تۇرۇبىلار ئەمەلىي تېخنىكىسى، چوڭ كالىبىرلىق، بۇرمىلىق ئورالما سۇلياۋ تۇرۇبىلار ئەمەلىي تېخنىكىسى، قاتتىق پولى ئېتىلىنلىق، ئىچكى بۇرمىلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، قاتتىق پولى ئېتىلىنلىق، كاۋاك تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئۆزىكى كۆپتۈرۈلگەن پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئەمەلىي تېخنىكىسى، GT سۇ سىڭمەس قاتتىق ماتېرىياللار ئەمەلىي تېخنىكىسى، سېمونت ئاساسىغا كىرىستال ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ سىڭمەس ماتېرىياللار ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئېلاستىك، سۇ سىڭمەس سۇۋالغۇ ئەمەلىي تېخنىكىسى، سىڭىشچان سۇ سىڭمەس سۇۋالغۇ ئەمەلىي تېخنىكىسى، GS—2 سۇ سىڭمەس قاتتىق بوتقا ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئېلاستىك، ئۆزگىرىشچان، ئاسفالتلىق سۇ سىڭمەس يۆگىمە ماتېرىيال، كۆپ قاتلاملىق، يۇقىرى مالېكۇلىلىق، سۇ سىڭمەس بىرىكمە يۆگىمە ماتېرىيال (پلېونكىسىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، بىر قېتىملىق پىششىقلاشتىلا پۈتىدۇ) ئەمەلىي تېخنىكىسى، «PET—SY» پولى ئېستىرلىق سۇ سىڭمەس بىرىكمە ياپراقچە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، بۇتىل كاۋچۇكلۇق سۇ سىڭمەس يۆگىمە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، نوپرېن سۇ سىڭمەس يۆگىمە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، 3 ئاساسلىق ئېتىلىن - پروپىلىنلىق سۇ سىڭمەس يۆگىمە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، 3 ئاساسلىق ئېتىل - پروپىل - بۇتىل كاۋچۇكلۇق سۇ سىڭمەس يۆگىمە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، «AAS» تىپلىق ئۆزلۈكىدىن

چاپلىشىدىغان كاۋچۇكلۇق يۆگىمە ماتېرىيال ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولى ئېتىلىنلىق توپا - تاش قۇرۇلۇشى يوپۇقى ئەمەلىي تېخنىكىسى، توقۇلمىغان بىرىكمە توپا - تاش قۇرۇلۇشى يوپۇقى ئەمەلىي تېخنىكىسى، كىچىك ۋېكلېيۇچاتېل ئەمەلىي تېخنىكىسى، توك قېچىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋېكلېيۇچاتېل ئەمەلىي تېخنىكىسى، سۇلياۋ قاپلىق ۋېكلېيۇچاتېل ئەمەلىي تېخنىكىسى، ھەممىباب ۋېكلېيۇچاتېل ئەمەلىي تېخنىكىسى، ئوتتۇرىسى كاۋاك سېمونت ئارا تام ئەمەلىي تېخنىكىسى، مەڭگەن ماگنىيلىق يېنىك سېمونت تاختا ئەمەلىي تېخنىكىسى، بىناكارلىق بىخەتەر ئەينىكى ئەمەلىي تېخنىكىسى.

لى يىپىڭ

## قۇرۇلۇشلارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى 3 تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش نازاراتچىلىكى خىزمىتىنى تەكشۈردى، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە 34 قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى كارخانىسىنىڭ ئىشلىنىۋاتقان 87 قۇرۇلۇش تۈرى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى 928 مىليون يۈەنگە يەتتى، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان نازارەتچىلىك تۈرى 52 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن نازارەتچىلىك تۈرلىرىنىڭ %77.59نى؛ ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولغان تۈر 28 بولۇپ، %32.18 نى؛ لاياقەتسىز بولغان تۈر 7 بولۇپ، %8.05 نى ئىگىلىدى، مەسىلە ساقلانغان نازارەتچىلىك تۈرلىرى ئۈستىدە قۇرۇلۇش نازارىتى ئۆزگەرتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە نازارەتچىلىك كارخانىلىرىنىڭ نەتىجە ئارخىپىغا كىرگۈزدى.

زۇ شۇشياڭ

## قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەملىك پۈتۈش باھاسىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ قۇرۇلۇش، پىلانلاش، تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى، قۇرۇلۇش سۈپەت نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچىلار، كەسپىي تېخنىك خادىملىرىدىن 300 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان پۈتۈش باھاسىنى مۆلچەرلەش ئىنژېنېرىدىن 1000 نەچچىنى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى ھېسابلايدىغان كەسپكاردىن 9000 نەچچىنى قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ تىزىملىكىگە ئاساسەن باھا ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلىدى.

قۇرۇلۇش نازارىتى «ئاپتونوم رايوندا شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ 8 يەرلىك ئۆلچىمىنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، «پولات چىۋىقنى گاز بېسىمى ئارقىلىق كەپشەرلەپ قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى» قاتارلىق 8 ئۆلچەمنى تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مىقدار تىزىملىكىگە ئاساسەن باھا قويۇپ ھەق بەلگىلەش - ھەق ئېلىش ئۆلچىمى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مىقدار تىزىملىكىگە ئاساسەن باھا قويۇش كۆرسەتكۈچى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مىقدار تىزىملىكىگە ئاساسەن باھا قويۇش كۆرسەتكۈچى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى سۈپىسى - ئىسمېنىلىرىنىڭ خىراجەت نورمىسى» ۋە پايدىلىنىش يەككە باھاسى، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تاۋار بېتون سەرپىياتى نورمىسى» ۋە پايدىلىنىش يەككە باھاسى قاتارلىق ئالاقىدار يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكا تەدبىرلىرى تۈزۈپ ئېلان قىلىندى.

قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىش ۋە باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، قۇرۇلۇش نازارىتى مەھسۇلاتى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئالاقىدار مەھسۇلاتلىرىنىڭ 27 ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئالدى، كارخانىلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

قۇرۇلۇش نازارىتى مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلدى، «قۇرۇلۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى» ناملىق تېمىنى تاماملاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى. جايلار قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى ھېسابلاش پائالىيىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش تەكشۈرۈشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى مەسلىھەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار، كەسپىي خادىملار، كەسپكارلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى.

زو شۇشياڭ

## شەھەر - يېزىلاردىكى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى


2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى

ئاپتونوم رايون مىقياسىدا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان تۇنجى يىل. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى ئېلان قىلدى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ مۇناسىپ رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلۇپ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل قىلىندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر-يېزىلاردا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە 185 مىڭ ئائىلىلىك ئولتۇراق ئۆي سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىندى، ئۆي پۈتكەندە 150 مىڭ ئائىلە، 600 مىڭ ئادەم يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) لىرىدە 96 مىڭ ئائىلىنىڭ ئۆيى پۈتتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆيى پۈتكەن ئائىلىنىڭ %64 نى ئىگىلىدى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلار

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىللىق شەھەر - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى، 2 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 15 ناھىيە، شەھەر تەقدىرلەندى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، مەكىت، مارالبېشى، يېڭىسار، پوسكام ناھىيىلىرى، قەشقەر، ئاتۇش شەھەرلىرى، ئاقچى ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئۈچتۇرپان، قاراقاش، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرى، ساۋەن، تېكەس ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى. مۇكاپات ئورنىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تەقدىرلەنگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ



شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى كۆچمە ئالاقە تۈگۈنى قۇرۇلۇشى 2004 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى لۇبەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۈرەتنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى تەمىنلىگەن.

ھەر بىرىگە 500 مىڭ يۈەن، تەقدىرلەنگەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەر بىرىگە 200 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## بىر قۇرۇلۇش «لۇبەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى كۆچمە ئالاقە تۈگۈنى قۇرۇلۇشى 2004 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى «لۇبەن» مۇكاپاتى (دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتى) غا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## 8 تۈر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى

2004 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا سىياسىتى ھەققىدە تەتقىقات، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېقىلغۇ گازىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى پىلانى، كۆمۈر ئۆۋۈقىدىن يۇقىرى ئىقتىدارلىق بېتوننى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنى قوللىنىش، غەربىي قىسمىدىكى سوغۇق رايونلاردا ئاسفالت، بېتون يول يۈزىدە يېرىق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتىنى، ئىشىستىلىدىغان مەھەللىلەرنى ئومۇمىي گەۋدىسى بويىچە يەنى بىنا ۋە تۇرۇبا تورىنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات، ئۈرۈمچىنىڭ

ئېنېرگىيە تېجەش سىياستى ھەققىدە تەتقىقات يەنى ئىستىلىدىغان ئولتۇراق ئۆيلەردە ئېنېرگىيە تېجەش ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارىغا قاراپ ھەق ئېلىش ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى، ئولتۇراق بىنالار ۋە %65 ئېنېرگىيە تېجەش سىستېمىسى ھەققىدە تەتقىقات قاتارلىق 8 تۈر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

لى يىپىڭ

## 2 تۈر شىنجاڭنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى

2004 - يىلى بىنالارنىڭ سەپلىمىلىك قۇرۇلما سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئولتۇراق بىنالىرىدا %65 ئېنېرگىيە تېجەش تەتقىقاتىنى يولغا قويۇش ۋە قوللىنىشتىن ئىبارەت 2 تۈر ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق يېڭىلىق يارىتىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

لى يىپىڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچىلەر

كادىرلار مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدە قارار چىقاردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېقىلغۇ گاز باش شىركىتىنىڭ تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش - تەقسىملەش شۆبە شىركىتى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئەترىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى «نەنكو» بىناكارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ دولقۇن (چۆچەك شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى)، جەي جىنۋاڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى 3 - شۆبە شىركىتى 16 - ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ شوپۇرى)، ئاۋيۈنت (موڭغۇل، بورتالا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى باغ - ئورمان باشقارمىسىنىڭ ئىشچىسى)، چېن گويۈ (شىخەنزە شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى رېمونتچىلىق زاۋۇتى رېمونت ئىسمېنىسىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ جەنجياڭ (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق شىركىتى ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇش شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشچىسى)، خۇاڭ خې (شىنجاڭ نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، لى جياپېي (بىڭتۈەن 1 - بىناكارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇدىر ئىنژېنېرى) قاتارلىق 7 كىشى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ يۆ يۇڭ (فۇكاڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ۋۇ يۆچيۇڭ (ئايال، ئاتۇش شەھەرلىك باغ - ئورمان ئىدارىسىنىڭ تېخنىكا خادىمى)، شۆ باۋسۇن (توققۇزتارا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ شۇبىن (باي ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، مەمەت ئەلى (قۇمۇل شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى رېمونتچىلىق ئورنىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق 5 كىشى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 7- كۈنى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدە قارار چىقاردى. شىنجاڭ «يوڭشېڭ» قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، كورلا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ «بېيشىن» يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، فېڭ رۇيىۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لياڭ شۆجى (پىچان ناھىيىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش يۈندا چىقىرىۋېتىش 1 - شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، دىرېكتور)، شياۋ جىيې (ئاقسۇ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ شىڭلوڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى) لار ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مەملىكەت بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپچىلىق خىزمىتىدىكى 50 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 165 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك

شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسى، قاراماي شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسى ۋە مالەن (ئايال، خوي‌زۇ، شىخەنزە شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىدىن)، ۋاڭ گۈيلىڭ (ئايال، غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىدىن)، گۇڭ يەنخۇڭ (ئايال، ئاقسۇ شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىدىن)، ۋاڭ سۇچېن (ئايال، قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىدىن)، جىن ئېنچىن (ئايال، قەشقەر شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىدىن) قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 13- كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى بىناكارلىق باشقارمىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى شىركىتى، شىنجاڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قۇرۇلۇش نازارەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە فېڭ رۇيىيۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىدىن)، جاڭ شىگلوڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن)، چېن شاۋدۇڭ (قۇمۇل شەھەرلىك قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن)، جو جيەن (كۈيتۇڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى مەركىزىدىن)، ۋاڭ يۇچۈەن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى مەركىزىدىن) قاتارلىق شەخسلەر شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

زو شۇشياڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق قۇرۇلۇش «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار كۆرگەزمىخانىسى قاتارلىق 31 قۇرۇلۇش 2004 - يىللىق شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتى (ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتى) غا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىلىرى

2004 - يىلى سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ۋە قۇرۇلۇش نازارىتىگە تەستىقلىتىشى ئارقىلىق شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 24 قۇرۇلۇش كارخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىللىق مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىسى بولۇپ باھالاندى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىچىلىرى

2004 - يىلى سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جېڭ سەنچېن (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى) قاتارلىق 25 كارخانا رەھبىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىللىق مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىچىسى بولۇپ باھالاندى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورلىرى

2004 - يىلى سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن لى يەنجياڭ (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن) قاتارلىق 90 تۈر دىرېكتورى ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىللىق مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورى بولۇپ باھالاندى.

زو شۇشياڭ

## ۋاڭ گۇاڭتاۋ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ گۇاڭتاۋ 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا قەشقەرنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە شەخەنزىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق كۆزدىن كەچۈردى.

زو شۇشياڭ

## لىيۇ جىفېڭ شىنجاڭغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مىنىستىرى لىيۇ جىفېڭ شىنجاڭغا كېلىپ 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندىنى مەمۇرىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن ئۇ ئالتايغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى لىيۇ جىفېڭ بىلەن كۆرۈشتى.

زو شۇشياڭ

قىسقا ماتېرىيال

## ئۆي تەقسىماتىنى پۇللاشتۇرۇش

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۆينى ئەمەلىي بۇيۇم سۈپىتىدە ئېتىبار قىلىپ تەقسىم قىلىشنى توختىتىپ، ئۆي تەقسىماتىنى تەدرىجىي پۇللاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. قاراردا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئورۇنلار ئۆينى ئەمەلىي بۇيۇم سۈپىتىدە ئېتىبار قىلىپ تەقسىم قىلىشنى، ئىدارىلەر تاۋار ئۆينى سېتىۋېلىپ ئۇنى ئۆي ئىسلاھاتى ئېتىبار باھاسى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بېرىشنى، ئىدارە ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ھەقسىز تەقسىم قىلىشنى ياكى تۆۋەن ئىجارە ھەققى ئېلىپ ئۆينى ئەمەلىي بۇيۇم سۈپىتىدە ئېتىبار قىلىپ تەقسىم قىلىشنى توختىتىدۇ. ھازىرقى ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدىن باشقا يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان، يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيلەرنى سېتىشقىلا بولىدۇ، ئىجارىگە بېرىشكە بولمايدۇ، ئۆيلەرنى ئېتىبار باھادا سېتىش سىياسىتى توختىتىلىدۇ.

ئۆينى ئەمەلىي بۇيۇم سۈپىتىدە ئېتىبار قىلىپ تەقسىم قىلىش توختىتىلغاندىن كېيىن، شارائىتى يار بەرگەن جايلار ۋە ئورۇنلار ئولتۇراق ئۆي تەقسىماتىنى پۇللاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پائال يولغا قويۇشى، ئولتۇراق ئۆي ياردەم پۇلى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، ئولتۇراق ئۆي ياردەم پۇلىنىڭ كونكرېت يولغا قويۇلۇش چارىسى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا شەخسلەر پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلىدۇ. ئۆي سېتىۋېلىش مەبلىغى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندى، شەخسلەر ئولتۇراق ئۆي قەرز پۇلى ۋە سىياسەت شەرتىگە ئۇيغۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان ئولتۇراق ئۆي ياردەم پۇلىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

ئۆي تەقسىماتىنى پۇللاشتۇرۇش شەرت - شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن رايونلار ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، مادارىغا بېقىپ ئىش قىلىش، قەدەم - باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئولتۇراق ئۆي تەقسىماتىنى پۇللاشتۇرۇشنى تەدرىجىي يولغا قويۇشى كېرەك. ھازىر بار ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ئۆي ئىسلاھاتى ئېتىبار باھاسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ۋە شەھەر پىلانلاشقا ئۇيغۇن بولۇش شەرتى ئاستىدا، قۇرۇلۇش ياكى ئۆي ئىسلاھاتى تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن كېلىشىم (توختام) ئىمزالاپ پۇتۈشۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆز ئورنىنىڭ يېرىدىن پايدىلىنىپ مەبلەغ توپلاپ، ھەمكارلىشىپ ئۆي سېلىشقىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل ئۆيلەر دۆلەتنىڭ ئەرزان، قۇلاي ئۆيلەرگە ئائىت ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەمدە بۇ ئۆيلەرنى ئۆينىڭ پۈتۈش تەننەرخ باھاسى بويىچە ئۆز ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەبلەغ توپلاپ، ھەمكارلىشىپ ئۆي سالسا، ش ئۇ ئا ر ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار مەبلەغ توپلاپ، ھەمكارلىشىپ ئۆي سالسا، ش ئۇ ئا ر ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ، مەسئۇل تارماقلار ماسلىشىپ باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرى مەبلەغ توپلاپ، ھەمكارلىشىپ ئۆي سالسا، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش كومىتېتى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

ئىجارە ھەققى ئىسلاھاتىنى پائال يولغا قويۇش كېرەك، ئىدارە ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش نىشانىدىكى تەلەپكە ئاساسەن شەرت - شارائىتى بار شەھەرلەر ئىجارە ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، ھۆكۈمەت ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى سەۋىيىسىنى تەدرىجىي تەننەرخ ئىجارە ھەققى ياكى بازار ئىجارە ھەققى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشى كېرەك.

ھۆكۈمەت ئولتۇراق ئۆيلىرىنى سېتىشقا ئائىت چەكلىمىلەرنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىش كېرەك. يۈرۈشلەشمىگەن ھۆكۈمەت ئۆيلىرى تېخى ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بېرىلمىگەن بولسا، چوڭ شەھەرلەردىن باشقا جايلاردا پرىنسىپ جەھەتتە شەھەر پىلانلاش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسىلا، بىخەتەر ئولتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنغان ئەھۋالدا ئۇلارنى ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتى بويىچە ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ. كونكرېت چارىنى شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈزىدۇ.

زو شۇشياڭ

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 12 مىليون 782 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 91 مىليون 83 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليارد 656 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %25.71 ئاشتى.

لى فېي

### چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچى 316 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 91 مىليون 83 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %87.47 ئاشتى. ئاساسلىق ساياھەتچى مەنبەسى بولغان دۆلەتلەر بويىچە ئايرىغاندا: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگىنى 131 مىڭ 355 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، چېگرىدىن كىرگەن ئومۇمىي ساياھەتچىنىڭ %46.39 نى؛ ياپونىيىدىن كەلگىنى 44 مىڭ 130 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %15.59 نى؛ ئامېرىكىدىن كەلگىنى 13 مىڭ 478 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %4.76 نى؛ فرانسىيىدىن كەلگىنى 7347 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %2.59 نى؛ كورىيىدىن كەلگىنى 6680 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %2.36 نى؛ گېرمانىيىدىن كەلگىنى 5932 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %2.1 نى؛ ئەنگلىيىدىن كەلگىنى 4148 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %1.47 نى؛ ئاۋستىرالىيىدىن كەلگىنى 3712 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %1.31 نى؛ سىنگاپوردىن كەلگىنى 3288 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %1.16 نى؛ پاكىستاندىن كەلگىنى 3130 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %1.11 نى؛ كانادادىن كەلگىنى 2894 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %1.02 نى؛ ئىتالىيەدىن كەلگىنى 2688 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %0.95 نى؛ مالايسىيادىن كەلگىنى 2419 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %0.85 نى؛ شىۋېيتسارىيەدىن كەلگىنى 1668 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %0.59 نى؛ تايلاندتىن كەلگىنى 730 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %0.26 نى ئىگىلىدى.

لى فېي

### ئىچكى ساياھەتچىلىك ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى 12 مىليون 415 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %22.75، ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.9 ئاشتى.

لى فېي

### ساياھەتچىلىك كەسپى

2004 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە تىزىملانغان ساياھەت كوپېراتىپى 324 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق ساياھەت كوپېراتىپى 44. يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانخانىسى 277، ياتاق 35 مىڭ ئېغىزدىن، كارىۋات 60 مىڭدىن كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 7، 4 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 17، 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 98. ساياھەت ئاپتوموبىلى 5000 دىن كۆپ. مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى 6، تۇرپان، كورلا، ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىرىدىن كېيىن قاراماي، قۇمۇل شەھەرلىرىگە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى دەپ نام بېرىلدى. ساياھەت پاي شىركىتى 4. ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئازكەم 150 مىڭغا، ۋاسىتىلىك شۇغۇللىنىدىغان ئادەم 600 مىڭغا، ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمان ـ ساياھەت يېتەكچىسى 5600 دىن كۆپرەككە يەتتى. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ قاپلاش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، «دېھقانلار ئائىلىسىدە شاتلىق» دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى دەم ئېلىپ سەيلە ساياھەت قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك سورۇنغا ئايلاندى، شۇنداقلا يېزا كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى يېڭى شەيئى بولۇپ قالدى. قاراماي نېفىتلىكى، تۇرپان بۇيلۇق، كارىز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى، خوشۇت خوشپۇراق پەن ـ تېخنىكا باغچىسى، گۈچۈڭدىكى «گۈچۈڭ» ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارغا دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدىكى ساياھەت ئۈلگە نۇقتىسى دەپ نام بەردى.

لى فېي

## سایاھەتچىلىك تەشۋىقاتى ئارقىلىق سېتىشنى تېزلىتىش

2004 - يىلى شىنجاڭ چېگرىدىن كىرىش سایاھەتچىلىكى ۋە ئىچكى سایاھەتچىلىك بازىرىغا قارىتا تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىشنى تېزلىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى. خەلقئارا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاساسلىق سایاھەتچى مەنبەسى بولغان بازارلاردا «شىنجاڭ - جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ سایاھەت رايونى»، «شىنجاڭ - جۇڭگو سایاھەتچىلىكىدىكى يېڭى تاللاش»، «شىنجاڭ - كەڭ كۆلەملىك، سىرلىق، بەختەر، ساغلام» قاتارلىقلار ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. شىنجاڭ سایاھەت مەنبەسى بازىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ياپونىيە، كورىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ياۋروپا - ئامېرىكا بازارلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. دۆلەت ئىچىدە چاڭجياڭ دېلتىسى، جۇجياڭ دېلتىسى شىنجاڭنىڭ سىرتقا قارىتا سېتىشنى تېزلىتىشىدىكى نۇقتىلىق سایاھەتچى مەنبەسى بازىرى قىلىنىپ، «ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇش، دەرىجە بويىچە ئىلگىرىلەش، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» تىن ئىبارەت تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىشنى تېزلىتىش ئىستىراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سایاھەتچىلىك ئوبرازىنى تىكلەشكە تىرىشىلدى.

1. يىل بېشىدا كورىيەدە تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن 38- نۆۋەتلىك بېرلىن خەلقئارا سایاھەت يەرمەنكىسىگە قاتنىشىلدى.

2. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سایاھەتچىلىك ئىدارىسى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن بىرلىكتە، قاناس مەنزىرىسى مىللىي ئۆرپ - ئادەت فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە «سېھىرلىك شىنجاڭ - سىرلىق تۇرپانغا سەپەر» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سایاھەتچىلىك بويىچە 6 قېتىم تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. «1 - ماي» مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر سایاھەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى شېنجېندىكى گۈزەل جۇڭخۇا باغچىسىدا شىنجاڭ مەنزىرىسى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

3. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سایاھەتچىلىك ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى 60 نەچچە سایاھەت كارخانىسىنى خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 2004 - يىللىق جۇڭگو ئىچكى سایاھەتچىلىك يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

4. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى 40 نەچچە سایاھەت

### 2004 - يىلى شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا كەلگەن سایاھەتچىلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايون | خەلقئارا سایاھەتچى (تۈمەن ئادەم/قېتىم) |
|---|---|
| شىنجاڭ | 31.7 |
| شەنشى | 80 |
| گەنسۇ | 23.7 |
| نىڭشيا | 0.7 |
| چىڭخەي | 2.9 |
| شىزاڭ | 9.6 |
| ئىچكى موڭغۇل | 80 |
| سىچۈەن | 96.6 |
| چۇڭچىڭ | 43.4 |
| گۈيجۇ | 23.1 |
| يۈننەن | 110.1 |
| گۇاڭشى | 117.6 |



تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خوتەن قاشتېشى سایاھەتچىلىك مەدەنىيەت بايرىمى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: قاشتېشى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان 12 مىليون يۈەنلىك «قاشتېشى پادىشاھى».

لى پېيفېڭ فوتوسى

كارخانىسىدىن كەلگەن ئاز كەم 300 ئادەم تەشكىللىنىپ دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن شەخخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 2004 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا ساياھەتچىلىك يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، شىنجاڭ يەرمەنكە ئورنىدىن 36نى سېتىۋالدى.

5. 12 - ئايدا شىنجاڭ «شىنجاڭ قار - مۇز ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى» توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تونۇشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى، سانجى، ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق جايلار «قار - مۇز ساياھەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، قىشتا ساياھەتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنى زور مىقداردا كۆپەيتتى.

لى فېي

## ساياھەتچىلىك بايرىمى پائالىيىتى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا 2004 - يىللىق ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك، زىبۇ-زىننەت بايرىمى، ئۈرۈمچى قار - مۇز ساياھەتچىلىك بايرىمى، تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى نادام مەرىكىسى، خوتەن قاشتېشى ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمى، قاراماي سۇ بايرىمى، كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت ساياھەتچىلىك بايرىمى قاتارلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر تەرەپتىكى مېھمانلار جەلپ قىلىندى.

لى فېي

### 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كۈتۈۋالغان چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەر

| ئورۇن | كۈتۈۋېلىنغان ئادەم | 2003 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % | كۈتۈۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم (تۈمەن دوللار) | 2003 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 130649 | 66.08 | 4846.17 | 32.06 |
| ئىلى ئوبلاستى تەۋەسى | 63947 | 111.30 | 346.16 | 250 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 44118 | 123.51 | 1927.81 | 320 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 28727 | 82.60 | 113.13 | 60.63 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 22844 | 50.26 | 1114.68 | 3.72 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 12715 | 725.65 | 200.48 | 2190 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 4179 | 83.21 | 283.76 | 810 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 3834 | 32.30 | 125.55 | 325 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 2970 | 47.25 | 59.07 | 5740 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 878 | 127.46 | 47.32 | 2140 |
| قاراماي شەھىرى | 650 | 70.16 | 16.65 | 354 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 503 | — 63.15 | 7.6 | — 71 |
| بورتالا ئوبلاستى | 338 | 215.89 | 8.25 | 3190 |
| سانجى ئوبلاستى | 316 | — 34.85 | 8.2 | 30.57 |
| شىخەنزە شەھىرى | 232 | — 5.31 | 3.47 | — 19.9 |

لى فېي

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى

| ئورۇن | ئادەم (تۈمەن ئادەم) | 2003 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % | كۈتۈۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم (تۈمەن يۈەن) | 2003 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 403.48 | 22.09 | 499681 | 23.52 |
| ئىلى ئوبلاستى تەۋەسى | 101.41 | 134.47 | 65299 | 160.36 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 93.30 | 142.65 | 84140 | 86.85 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 91.78 | 276.77 | 46532 | 208.14 |
| سانجى ئوبلاستى | 88.26 | 18.07 | 41817 | — 0.05 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 85.65 | — 0.04 | 39128 | — 28 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 71.90 | — 13.00 | 69301 | — 0.02 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 71.73 | 74.74 | 44736 | 19.18 |
| شىخەنزە شەھىرى | 50.29 | 102.78 | 44256 | 83.76 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 43.85 | 17.62 | 40268 | 16.99 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 32.85 | 144.96 | 28506 | 305.78 |
| قاراماي شەھىرى | 32.49 | 17.38 | 32299 | 22 |
| بورتالا ئوبلاستى | 29.96 | — 71.00 | 17574 | — 52 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 28.81 | — 64.00 | 27417 | — 29.38 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 15.82 | — 44.00 | 8611 | — 64 |

لى فېي

## ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنى 2004ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 2003 ـ يىللىق ساياھاتچىلىك خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2004 ـ يىللىق ساياھەتچىلىك خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىڭ ساياھەتچىلىك خىزمىتى ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بىر تۇتاش پىلانلىنىپ، ساھە بويىچە تىرىشىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە گۈللەنگەن، ئاۋات يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لى فېي

## مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە مەملىكەت بويىچە ساياھەتچىلىك خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې گۇاڭۋېي، مۇئاۋىن باشلىقى سۇن گاڭ، گۇ چاۋشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۈن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ساياھەتچىلىك ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ساياھەت لىنىيىلىرىنى تەكشۈردى. خې گۇاڭۋېي قاتارلىق رەھبەرلەر تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپمۇ قاناس مەنزىرە رايونى، نارات يايلىقى، باغراش كۆلى مەنزىرە رايونى، تەڭرىتاغ بۇغدا كۆلى قاتارلىق نۇقتىلىق مەنزىرە رايونلىرىنى پىلانلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى فېي

# سایاھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش

## سایاھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى سایاھەتچىلىكنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سایاھەتچىلىك بازىرىدا ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سایاھەتچىلەرنىڭ ئىنكاسى كۆچلۈك بولغان مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتىكى ۋە مەنزىرە رايونلىرى (نۇقتىلىرى) نىڭ باشقۇرۇلۇشى قالايماقان بولۇش، سایاھەت يېتەكچىلىرى سایاھەتچىلەرنى ئالداش، چاي پۇلى ئېلىش، ئۇستەك قوبۇل قىلىش، سایاھەتلەرگە قانۇنسىز ھەمراھ بولۇش، «قارا كوپىراتىپ»، «قارا ماشىنا»، «قارا سایاھەت يېتەكچىسى» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ـ باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، سایاھەتچىلىك بازىرى تەرتىپىنى قالايماقانلاشتۇرىدىغان قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، سایاھەت مۇھىتىنى ساپلاشتۇردى.

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سایاھەتچىلىك ئىدارىسى سایاھەتكە دائىر تۈرلۈك ئەرز ـ شىكايەتتىن 408نى قوبۇل قىلىپ، 391 دېلو تۈرغۇزۇپ، 388 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى. دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %99 كە يەتتى، 50 مىڭ 34 يۈەن تۆلەم تۆلىتىلدى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 41 سایاھەت يېتەكچىسى نومۇر تاتىپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2 سایاھەت كوپىراتىپىغا، سایاھەتچىلەرنى ئۆز ئالدىغا توشۇغان 12 خادىمغا مەمۇرىي جازا بېرىلىپ، 11 مىڭ 300 يۈەن خەلق پۇلى جەرىمانە قويۇلدى، باشقا جايلارنىڭ سایاھەت كوپىراتىپلىرى شىنجاڭدا قانۇنسىز قۇرغان ئىش بېجىرىش ئورنىدىن 3ى ئېنىقلاندى.

لى فېي

## سایاھەت يېتەكچىلىكى ئىمتىھانى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 5500 ئادەم سایاھەت يېتەكچىلىكى ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 1800 ئادەم ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

لى فېي

# سایاھەت مەنزىرە رايونى

شىنجاڭدىكى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سایاھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى :

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 4A دەرىجىلىك سایاھەت مانزىرە نۇقتىسىدىن 3ى، 3A دەرىجىلىك سایاھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 18ى، 2A دەرىجىلىك سایاھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 29ى، 1A دەرىجىلىك سایاھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 13ى بار بولدى.

4A دەرىجىلىكى: شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ تۇرپان بۈيلۈق سایاھەت شاتلىق باغچىسى، شىنجاڭ قاناس داڭلىق مەنزىرە رايونى.

3A دەرىجىلىكى: شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل سایاھەت ئارامگاھى، شىنجاڭ باغراش كۆلى ئاخۇنكۆل سایاھەت مەنزىرە رايونى، بۇرۇلتوقاي ئالتۇن قىرغاق سایاھەت ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات يايلىقى مەنزىرە رايونى، قۇمۇل تەڭرىتاغ داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق باغچىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى يېدىلىك ئېكولوگىيىلىك باغچىسى، قۇمۇل ئالتۇن دەۋر ئارامگاھى، ئاقسۇ تەڭرىتاغ سىرلىق چوڭ جىلغىسى، ئاقسۇ كۇمۇش ساۋەن سایاھەت ئارامگاھى، يوپۇرغا ناھىيىسى داۋاكۆل قۇملۇق سایاھەت مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ باغچىسى، ئالتاي قېيىن باغچىسى، سانجى قارا تۇلپار پەن ـ تېخنىكا باغچىسى، فۇكاڭ شەھىرى خېڭتەي چىلۇ تاغلىق كەنتى، تۇرپان كارىز سایاھەت باغچىسى، تۇرپان كارىز شادلىق باغچىسى، قۇمۇل يارداڭلىق مەنزىرە سایاھەت رايونى.

2A دەرىجىلىكى: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل تاغ باغچىسى، ساۋەن ناھىيىسى ئارشاڭ سایاھەت رايونى، شىنجاڭ تاڭبۇرا ئاقتاش سالقىنداش ئارامگاھى، شىنجاڭ ئىلى نىلقا ئىككىلەمچى ئورمان ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ بۆگدۇر ئارشىڭى ئارامگاھى، قەشقەر ئىپارخان مەقبەرىسى، شىنجاڭ قاراكۆل مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ ئۇنسۇ تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى، شىخەنزە شەھىرى شىمالىي كۆل سایاھەت رايونى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باغچا رايونى، شىخەنزە شەھىرى جۇ ئېنلەي خاتىرە سارىيى، ئۈرۈمچى شەھىرى سۇ ئۈستى باغچىسى، شىخەنزە شەھىرى بايىن تاغلىق كەنتى، شىخەنزە شەھىرى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇنجى ساپىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆسۈملۈك باغچىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى كۇمۇش ئاستانە ئارامگاھى، سانجى شەھىرى خەلق باغچىسى، قۇمۇل تەڭرىتاغ يازلىق ئوۋچىلىق مەيدانى، باكۆل ناھىيىسى غارايىپتاش تېغى ئارامگاھى، قەشقەر پەنتۇ شەھىرى، قاراماي شەھەرلىك كۆرگەزمىخانا، قاراماي شەھىرى قۇياش نۇرى سۇ دۇنياسى، قاراماي شەھىرى قۇملۇق گولف توپ مەيدانى، قاراماي شەھىرى ئاق تېرەك جىلغىسى، ئالتاي شەھىرى چوڭ ـ كىچىك شەرقىي جىلغا مەنزىرە رايونى، مىچۈەن شەھىرى يەر ـ زېمىن باغچىسى دېھقانچىلىق كەنتى،

تۇرپان قۇملۇق يەرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت كۆرگەزمىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۈز كۆل ئېكىلوگىيىلىك ساياھەت رايونى.


1A دەرىجىلىكى: چۆچەك شەھىرى بىلىق تۇتۇش باغچىسى، شىنجاڭ سانجى دۇ جەمەئەتى ساياھەت ئارامگاھى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى غارايىپتاش جىلغىسى داڭلىق مەنزىرە رايونى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چىڭگىل ساياھەت ئارامگاھى، ماناس ناھىيىسى شىمالىي باغچىسى، سانجى شەھىرى سۇزۇك بۇلاق ئارامگاھى، ساۋەن ناھىيىسى سەندوخوزا ئورمانچىلىق مەيدانى ئورمان باغچىسى، ئالتاي بەش بارماقبۇلاق ساياھەت رايونى، بۇرچىن ناھىيىسى قۇياش نۇرى ساھىلى، سانجى ناھىيىسى يېشىل دالا ئارامگاھى، قۇتۇبى ناھىيىسى باغچىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى 16 تۇتۇن يېزىسى ئېكولوگىيىلىك بېلىقچىلىق كەنتى، باركۆل ناھىيىسى قەدىمىي ئاھالە ئولتۇراق رايونى.

لى فېي

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 3 ـ تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق ساياھەت رايونلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى (جەمئىي 8 ئورۇن): ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى نارات داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئالتاي ۋىلايىتى قاناس كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى، تۇرپان ۋىلايىتى يالقۇنتاغ ـ بۈيلۈق ـ كارىز داڭلىق مەنزىرە رايونى، قاراماي شەھىرى شەيتانكەرىش داڭلىق مەنزىرە رايون، غەربىي چۆللۈك باغچىسى داڭلىق ساياھەت رايونى، ئاقسۇ ۋىلايىتى سىرلىق ئورمان باغچىسى داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى توغراقلىق داڭلىق مەنزىرە رايونى.

زو شۇشياڭ




يارغول قەدىمىي شەھىرى

## سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرە رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

گوۋۇيۈەن 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 5 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەتلىك نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، بۇلار 26 ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى سايرام كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى بار. سايرام كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 1300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سايرام كۆلى سەنتەي كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سۇ يۈزى كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇ خەيشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى يەر ئوقۇرىنىڭ پۈرمە بەلۋېغى، گېئولوگىيىلىك دەۋرنىڭ تاشقى تەسىرى رولىدىن ۋە ئالپىس تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. كۆلگە 39 ئېقىن يىغىلىپ قۇيۇلىدۇ، ئوتتۇرا يېڭىلىنىش دەۋرىدىن ئىلگىرى سۈيى سىرتقا ئاقىدىغان تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىدى. كېيىنكى يېڭىلىنىش دەۋرىدىن بۇيان سۇ مىقدارى ئازلاپ، تاغ ئارىسىدىكى ئاقمايدىغان تۇزلۇق كۆلگە ئايلانغان. ساياھەت رايونىنىڭ بايلىقى مول، مەزىرىسى گۈزەل بولۇپ، زور كۆلەمدىكى ئورمان، يايلاق، گۈل ـ گىياھ، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ھەمدە ياۋايى ھايۋانلار، پەسىل قۇشلىرى، بېلىق تۈرى بايلىقلىرى بار، ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ، تاغ ـ دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەر يەنە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ يايلاق بولۇپ، كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەردىن ئاساسلىقى موڭغۇل ۋە قازاقلار بار. بۇ جاي قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنە ئۇسۇنلارنىڭ توپا دۆۋىلەنگەن قەبرىلىرى، قىياتاش رەسىملىرى، تاش ئويمىلار بار.

زو شۇشياڭ



سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

جاۋ جۇنئەن فوتوسى

## شىنجاڭدىكى خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپلىرى

| كوپىراتىپ نامى | تىجارەت سورۇنى | تېلېفون نومۇرى | فاكس | پاش قىلىش تېلېفونى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا سایاھەت باش شىركىتى) | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي باغچا يولى 3 ـ نومۇر خاۋشياڭ ۋېنيۈەن ئولتۇراق رايونى بىرلەشمە بىناسى 6 ـ قەۋەت | 0991 — 5869338 | 0991 — 5869282 | |
| شىنجاڭ تەبىئەت خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 128 ـ نومۇر ئۇيۇق سارىيى | 0991 — 2322251 | 0991 — 2331714 | 0991 — 2322251 |
| شىنجاڭ جۇڭگو خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 38 ـ نومۇر | 0991 — 2328176 | 0991 — 2810689 | 0991 — 2322850 |
| شىنجاڭ جۇڭگو سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 51 ـ نومۇر | 0991 — 2866210 | 0991 — 2862131 | 0991 — 2866210 |
| جۇڭگو ياشلار سایاھەت كوپىراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى (شىنجاڭ جۇڭگو ياشلار سایاھەت كوپىراتىپى) | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 ـ نومۇر | 0991 — 2818451 | 0991 — 2817078 | 0991 — 2308398 |
| قەشقەر خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | قەشقەر سەمەن يولى 144 ـ نومۇر | 0998 — 2823624 | 0998 — 2823087 | 0998 — 2823156 |
| ئىلى خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شىنجاڭ غۇلجا شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 88 ـ نومۇر | 0999 — 8023535 | | |
| شىنجاڭ غەربىي يۇرت خەلقئارا سایاھەت كويىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى ئۇيۇق مېھمانسارىيى | 0991 — 2335197 | 0991 — 2839746 | 0991 — 2335197 |
| غۇلجا خەلقئارا سایاھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان كوچىسى 81 ـ نومۇر قۇرۇلۇش بانكىسى سارىيىدا | 0999 — 8121133 | 0999 — 8120298 | 0999 — 8121134 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى گۆيجو يولى 312 - نومۇر | 0991 — 3810887 | 0991 — 3810878 | 0991 — 3812017 |
| شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەت شىركىتى | | 0991 — 2857891 | 0991 — 2854721 | 0991 — 2857891 |
| ئۈرۈمچى تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي خېنەن يولى 12 - نومۇر | 0991 — 3448693 | 0991 — 3822953 | 0991 — 3422185 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 32 - نومۇر غەربىي 6 - بىنا | 0991 — 2576268 | | |
| تۇرپان جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | تۇرپان شەھىرى ياشلار يولى 41 - نومۇر | 0995 — 8532286 | 0995 — 8522768 | 0995 — 8522907 |
| شىنجاڭ سىرلىق بۈركۈت خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى | 0996 — 2024341 | 0996 — 2024341 | 0996 — 2023035 |
| جۇڭگو شىنجاڭ خوتەن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | خوتەن شەھىرى تاڭباغ يولى 23 - نومۇر | 0903 — 2516090 | 0903 — 2512846 | 0903 — 2513846 |
| شىنجاڭ بوستان جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى بىڭتۇەن تاشقى سودا سارىيى 5- قەۋەت | 0991 — 2832226<br>2837176 | 0991 — 2846890 | 0991 — 2830150 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم خەلقئارا ساياھەت كوپېرتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا دوستلۇق ساياھەت كوپېراتىپى) | ئۈرۈمچى ئەدەبىيات - سەنئەت يولى 2 - نومۇر «خۇڭيۈەن» سارىيى 24 - قەۋەت | 0991 — 2356151 | 0991 — 2356222 | 0991 — 2356155 |
| شىنجاڭ ئالتۇن كۆۋرۈك ئۆرپ - ئادەت خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 - نومۇر «خۇيفېڭ» سارىيى 7- قەۋەت | 0991 — 2325221 | 0991 — 2835767 | 0991 — 2843529 |
| شىنجاڭ كاڭخۇي خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى (ئەسلىدىكى شىنجاڭ جىڭشىن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى) | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 8 - نومۇر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە | 0991 — 2300317 | 0991 — 2818439 | 0991 — 8623308 |
| شىنجاڭ جەنۇب ئاۋئاتسىيىسى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى مېھمان كۈتۈش يولى 46 - نومۇر | 0991 — 3804742 | 0991 — 3804746 | 0991 — 3804746 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يەر - زېمىن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 6 - نومۇر 201 — 7 — 5 | 0991 — 3840899 | 0991 — 3835939 | 0991 — 3842404 |
| شىنجاڭ مىللەتلەر خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجاڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 5883356 | 0991 — 5883896 | 0991 — 5883896 |
| ئۈرۈمچى يېڭى تۆمۈر يول خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3818135 | 0991 — 3816289 | 0991 — 3818135 |
| ئۈرۈمچى «شۈندا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى ۋېنمياۋخاڭ كوچىسى 12 - نومۇر، ئاققۇ كۆلى مېھمانخانىسى 10 — قەۋەت 136، 186، 156 - ئۆي | 0991 — 8623182 | 0991 — 2833732 | 0991 — 8623183 |
| قەشقەر جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 144 - نومۇر | 0998 — 2822262 | 0998 — 2822552 | 0998 — 2827320 |
| شىنجاڭ «شىگۈچېڭ» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 218-نومۇر «باۋشياڭ» سارىيى 909 - ئۆي | | | |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | فۇكاڭ شەھىرى ئۈرۈمچى — گۇچۇڭ شەرقىي يولى 41-نومۇر | 0994 — 3233306 | | |
| شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايىتى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | چۆچەك شەھىرى پارلاق يولى 986 - نومۇر | 0901 — 6229796 | 0901 — 6229796 | 0901 — 6238706 |
| جۇڭگو شىنجاڭ چۆچەك «ياۋروپا — ئاسىيا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | چۆچەك شەھىرى نۇرلۇق يولى ئاۋئىئاتسىيە مېھمانخانىسى 2- قەۋەت | 0901 — 6234789 | 0901 — 6223189 | 0901 — 6234678 |
| شىنجاڭ ئىقتىساد — سودا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق شىمالىي يولى 1 — 41 «خۇڭيۈن» سارىيى 10 - قەۋەت L كورپۇس | 0991 — 4550303 | 0991 — 4550101 | 0991 — 4550202 |
| شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5848168 | 0991 — 5820968 | 0991 — 5848168 |
| شىنجاڭ «خۇيتۇڭ» تۇلپار خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 22 - نومۇر | 0991 — 5831247 | 0991 — 5851986 | 0991 — 5831247 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كۇچا خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى كۇچا كۇسەن خەلقئارا ساياھەتچى كوپىراتىپى) | كۇچا غەربىي تاڭرىتاغ يولى 93 - نومۇر «كۇسەن» مېھمانخانىسى | 0997 — 7122524 | 0997 — 7122524 | 0997 — 7122022 |
| شىنجاڭ قاناس خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | بۇرچىن ناھىيىسى جەنۇبىي شەھەر ئايلانما يولى 4 - نومۇر | 0906 — 6524934 | 0906 — 6522652 | 0906 — 6522652 |
| شىنجاڭ «دېڭىز بوغۇزى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 5 - نومۇر | 0991 — 8766366 | 0991 — 8731072 | 0991 — 8731073 |
| غۇلجا تۇلپار خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | غۇلجا شەھىرى مېھمان كۈتۈش يولى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېنىدا | 0991 — 8040329 | | |
| شىنجاڭ ئالاتاۋ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | ئالاتاۋ سايرام يولى | 0909 — 6993422 | 0909 — 6993265 | 0909 — 6993561 |
| قەشقەر «خۇائېن» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | قەشقەر شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 49 - نومۇر | 0998 — 2839910 | 0998 — 2839920 | 0998 — 2839910 |
| شىنجاڭ تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي جاڭسۇ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 6658277 | 0991 — 6622528 | 0991 — 6620646 |
| جۇڭگو خەلقئارا (شىنجاڭ) ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل بايراق يولى 105 - نومۇر «شىيامېڭ» سارىيى 6 - قەۋەت | 0991 — 2828527 | 0991 — 2817785 | 0991 — 2323785 |
| شىنجاڭ «جوڭشىن» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل تاغ يولى 171 - نومۇر «تەيشېن» سارىيى E—29—A | 0991 — 8841390 | 0991 — 8842528 | 0991 — 8155795 |
| شىنجاڭ چېگرا رايون خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | | |
| شىنجاڭ يېڭى ساياھەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | | |

## شىنجاڭدىكى 4 يۇلتۇزلۇقتىن يۇقىرى مېھمانسارايلار

| مېھمانخانا نامى | يۇلتۇز دەرىجىسى | ئادرېسى | تېلېفون نومۇرى | فاكس |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى كۈمۈش ئاستانە مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 39 - نومۇر | 0991 — 4536688 | 0991 — 4517166 |
| شىنجاڭ «خەيدې» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 1 - نومۇر | 0991 — 2322828 | 0991 — 2321818 |
| شىنجاڭ «خۇڭفۇ» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5881588 | 0991 — 5823188 |
| گۈزەل جۇڭخۇا مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 5 - نومۇر | 0991 — 5825888 | 0991 — 2846666 |
| شىنجاڭ كۈمۈش يۇلتۇز مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى گۇچۇڭ يولى 134 - نومۇر | 0991 — 5888888 | 0991 — 5876888 |
| تارىم مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 24 - نومۇر | 0991 — 6630101 | 0991 — 6621684 |
| «خۇالىڭ» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 5188888 | 0991 — 5189666 |
| شىنجاڭ يەر شارى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىر جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 3836400 | 0991 — 3836399 |
| شىنجاڭ مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 - نومۇر | 0991 — 2818788 | 0991 — 2817422 |
| شىنجاڭ مەشئەل مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى ئالماس شەھەرچىسى 18 - نومۇر | 0991 — 3836699 | 0991 — 3835999 |
| نۇرباغ يېڭى دەۋر مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 7 - نومۇر | 0991 — 4818688 | 0991 — 4818088 |
| تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي جياڭسۇ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 6610066 | 0991 — 6639519 |
| تۇنخې خۇامېيدا مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 52 - نومۇر | 0991 — 5876688 | 0991 — 5876685 |
| شىنجاڭ «خۇڭشىن» مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئازادلىق يولى 61 - نومۇر | 0991 — 2301688 | 0991 — 2305688 |
| شەرق خاندانلىقى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 159 - نومۇر قوشۇمچە 8 - نومۇر | 0991 — 2335678 | 0991 — 2301422 |
| چېگرا رايون مېھمانسارىيى ئەزىز مېھمانلار بىناسى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 32 - نومۇر | 0991 — 2562981 | 0991 — 2577560 |
| مايتاغ مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20- نومۇر قوشۇمچە 4 - نومۇر | 0991 — 5199999 | 0991 — 8777480 |
| «جېڭتيەن خۇاشيا» مېھمانسارىيى | 4 | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى A30 - نومۇر | 0990 — 6989999 | 0990 — 6989111 |
| تارىم نېفىت مېھمانخانىسى | 4 | كورلا شەھىرى نېفىت خىمىيە يولى | 0996 — 2173087 | 0996 — 2173167 |
| كۈمۈش يۇلتۇز مېھمانسارىيى | 4 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 36 - نومۇر | 0996 — 2028888 | 0991 — 2216868 |
| بايىنغولىن مېھمانخانىسى | 4 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 10 - نومۇر | 0996 — 2215000 | 0996 — 2215333 |
| خەلقئارا مېھمانسارىيى | 4 | ئاقسۇ شەھىرى ئوتتۇرا ۋېنجۇ يولى 1 - نومۇر | | |
| غەربىي جەنۇبىي تارىم مۇلازىملىرى مېھمانسارىيى | 4 | قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 242 - نومۇر | 0998 — 5821666 | 0998 — 5821555 |
| گېنېرال شۇاڭچېن مېھمانسارىيى | 4 | غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى 23 - نومۇر | 0999 — 8026666 | 0999 — 8025678 |

# سودا

## ئومۇمىي بايان

### سودا ئوبوروت كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا ئوبوروت كەسپكارى 900 مىڭغا يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 50 مىڭ ئادەم كۆپىيىپ، 17 ھەسسە، 1978 - يىلدىكىدىن 160 مىڭ ئادەم كۆپىيىپ، 4.6 ھەسسە ئاشتى. يېيىش - بوياش، رېمونتچىلىق، ئىجارىگە بېرىش، ئائىلە مۇلازىمىتى، ھۆسن تۈزەش - چاچ ياساش، ھور مۇنچا، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىپ، مۇلازىمەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، جەمئىيەت سىجىل كۆپ مىقداردىكى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەندى، شەھەرلەردىكى ئېشىنچا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە يېزا ئاھالىسى مۇلازىمەت ئوبوروتى ساھەسىگە يۆتكىلىشكە جەلپ قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈنۈملۈك كېڭەيتىلدى. سودا ئوبوروت كەسپى ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى.

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازارلىرى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا ئاساسەن مۇقىم بولدى، ئېھتىياج مۇقىم ئاشتى، بازار كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 48 مىليارد 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 36 مىليارد 279 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %75 نى ئىگىلەپ، %16.5 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 2 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى؛ يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليارد 928 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25 نى ئىگىلەپ، %8.6 ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 5.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ۋەزىيىتى تېز ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليارد 861 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %29.6؛ توپ - پارچە سېتىش سودا كەسپىدىكى پارچە سېتىش سوممىسى 38 مىليارد 439 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ باشقا كەسىپلەردە پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 907 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.5 ئاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاھالىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشى قانائەتلەندۈرۈلگەن ئاساستا، تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال چىقىمى تۇرالغۇ ئۆي، ئالاقىلىشىش، ساياھەتچىلىك، مائارىپ، ئاپتوموبىل قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرگە سەرپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمال بۇيۇمى بازارلىرى سۈرئىتىنىڭ مۇنداق مۇقىم ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچىدىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش سىياسىتى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار سىياسەتلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. ئىككىنچىدىن، كەسىپلەرنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقى ۋە بازارلارنىڭ تەرتىپىنى رەتكە سېلىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، سودىگەر چاقىرىلىدىغان - مەبلەغ جەلپ قىلىنىدىغان بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. تۆتىنچىدىن، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارى ئۆستى. بەشىنچىدىن، ھېيت - بايرام ئىستېمالى، ساياھەتچىلىك ئىستېمالى، كۆرگەزمە ئىگىلىكىنىڭ تاۋارلارنىڭ بازاردا سېتىلىشىغا بولغان تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. يېمەك - ئىچمەك كەسپى يەنىلا ئوبوروت كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر مۇھىم ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

### ئىقتىساد - سودا ئوبوروت كەسپىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد - سودا ئوبوروت كەسپىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەستىقلاپ چۈشۈرگەن خام

چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلان تۈرى 23 كە يەتتى، بۇ تۈرلەرگە 802 مىليون يۈەن (ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك 40 مىليون يۈەن مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى 17 بولۇپ، 689 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش - يەتكۈزۈش زەنجىرسىمان تىجارەت تۈرى 5 بولۇپ، 113 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىر.

دۆلەتكە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلىدىغان ئوبوروت كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەخسۇس تۈرىدىكى زايوم ياردەم ئۆسۈملۈك تۈر 5 بولۇپ، بېرىلىدىغان زايوم - ئۆسۈم ياردىمى 15 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى (گۇرۇھى) بويىچە «دېھقانلار شادلىقى» ماركىلىق مەھسۇلاتنى ساتىدىغان 1200 زەنجىرسىمان سېتىش - يەتكۈزۈش تور - نۇقتىسىغا سېلىنغان مەبلەغ 150 مىليون يۈەن، زايوم ياردەم ئۆسۈمى 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ تۇزچىلىق شىركىتى ئاش تۇزى زەنجىرسىمان سېتىش - يەتكۈزۈش مەركىزى ۋە 62 پونكىت، نۇقتىغا سېلىنغىنى 50 مىليون يۈەن، زايوم ياردەم ئۆسۈمى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ مەركىزىي ئاسىيا ماشىنا-ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى زەنجىرسىمان سېتىش تىجارەت تور - نۇقتىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 160 مىليون يۈەن، زايوم ياردەم ئۆسۈمى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ توقخۇي بازىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا زالى، كۆرگەزمە زالى ۋە ئۇچۇر مەركىزى، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈپ سىناش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 508 مىليون يۈەن، زايوم ياردەم ئۆسۈمى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ «توپۇ» 7500 توننىلىق ھاۋا تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى ئۇچۇر سىستېمىسى، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈپ سىناش ئۈسكۈنىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 636 مىليون يۈەن، زايوم ياردەم ئۆسۈمى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە سودا ساھەسىدىكى ئورۇندالغان سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى 82 بولۇپ، جەلپ قىلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن جەلپ قىلىنغىنى 800 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش تۈرلىرى تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال (كەسپىي) سودا بازىرى، يېڭى تىپتىكى ئوبوروت تۈسىنى ئالغان تاللا بازار، چوڭ سېتىش مەيدانى، قۇلايلىق دۇكان، مال سېتىۋېلىش مەركىزى، زەنجىرسىمان سېتىش - يەتكۈزۈش تىجارەت تور - نۇقتىسى ۋە ماددىي ئەشيا ئوبوروتى (يەتكۈزۈش)، چېگرا سودىسى، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەتچىلىك، مۇلازىمەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2004 - يىلى يېزا بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان يېڭى بوشلۇق بەرپا قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا 2004 - يىل جۇڭگو بويىچە پارچە سېتىش مۇلازىمىتى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلگەن تۇنجى يىل بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سودا كارخانىلىرى غەربىي قىسىمغا كېڭىيىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئۇلارنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇش، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى شىنجاڭدىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تور - نۇقتىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى.

ئاساسلىق تاۋار ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئوبوروت قىلىش - يەتكۈزۈش مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرۇش، ئۆزگەرتىش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## بازارلارنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى بازارلارنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش، كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش شىنجاڭدىكى سودا مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. پارچە سېتىش كەسپى، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش يېتەكچى قىلىنىپ، «پورماست»، «كەررېفور»، «پاركسون»، «كېنتاكتى» قاتارلىق چەت ئەلنىڭ چوڭ سودا كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك شىنجاڭغا كىردى، «خۇاليەن»، «گومېي» ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى، بۇ كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ، باشقۇرۇش، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى سودا بايلىقىنىڭ بىرىكىشىنى تېزلىتىپ، زامانىۋى ئوبوروت كەسپىنىڭ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## سودا ساھەسىدە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سودا ساھەسىدە سودىگەر،

مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 88ى بېكىتىلدى، سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 362 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە زەنجىرسىمان سېتىش، ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش- يەتكۈزۈش تىجارەت تۈرى 32، سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليارد 970 مىليون يۈەن؛ مېھمانساراي تۈرى 10، سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 892 مىليون يۈەن؛ بازار قۇرۇش تۈرى 13، سېلىنىدىغان مەبلەغ 800 مىليون يۈەن؛ سودا پىششىقلاش تۈرى 7، سېلىنىدىغان مەبلەغ 300 مىليون يۈەن؛ باشقا تۈرلەر 26، سېلىنىدىغان مەبلەغ 400 مىليون يۈەن.

يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە سودا ساھەسىدە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 5 مىليارد يۈەن جەلپ قىلىندى، بۇ بېكىتىلگەن سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىگە دائىر مەبلەغنىڭ %49.68 نى ئىگىلىدى. پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسلىق تۈر 9. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر: ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولىدىكى «كەررېفور»، دۆڭكۆۋرۈك چوڭ بازاردىكى «كەررېفور»، «ئالتۇن غول» سودا شەھىرى، «جىنفۇ» ئەسىر مەيدانى؛ قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر: ئۈرۈمچى شەھىرى «لەييۈەن» گۈللۈكى، «شەرقى» ماكان چوڭ ئولتۇراق رايونىدىكى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تاللا بازىرى، تىبىبي دورا ئامبىرى، ئاقسۇ «ئالتۇن تۇپراق» سودا شەھەرچىسى، قەشقەر «كەييۈەن» توپ سېتىش بازىرى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## يەرمەنكە پائالىيىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسىدا يەرمەنكە ماسلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ سودا مۇلازىمەت كەسپىدىكى چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك يەرمەنكە پائالىيەتلىرىگە تەييارلىق كۆرۈش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 4 - ۋە 9 -ئايلاردا ئىككى نۆۋەت شىنجاڭ ھۆسن تۈزەش - چاچ ياساش مەدەنىيەت بايرىمى؛ 5 - ئايدا شىنجاڭ ئاپتوموبىل يەرمەنكىسى، تۇنجى نۆۋەتلىك يازلىق ئىچىملىك بايرىمى؛ 7- ئايدا شىنجاڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش مەدەنىيەت بايرىمى، يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمى؛ 9 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى مەملىكەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى؛ 10 - ئايدا شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئېسىل تائاملار مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى كارخانىلار ھەر خىل شەكىلدىكى ماركېتنىڭ ۋە چوڭ تاۋارلارنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال تەشكىللىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ مال سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىلىپ، بايرام كەيپىياتى جانلاندۇرۇلدى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپى ئىشخانىسى

## سودا ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈرلەرنىڭ پىلانلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا ئومۇمىي پىلان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي پىلاننىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش - يەتكۈزۈش، زەنجىرسىمان سېتىش تىجارىتى قىلىش، ئېلېكترونلۇق سودا كەسپى قاتارلىق يېڭى ئوبوروت كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىشكە قويۇلۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش تېزلىتىلدى، چوڭ گۇرۇھلار، كۈچلۈك كارخانىلار يېتىشتۈرۈلدى، نۇقتىلىق تاۋار، نۇقتىلىق بازارلارنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى تاۋار بازارلىرى ۋە مۇھىم ئامىللار بازارلىرىنىڭ ماس تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە «شىنجاڭنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانىدىكى تاۋار ئوبوروتى قۇرۇلۇشىنىڭ مەخسۇس ئومۇمىي پىلانى» ھەققىدىكى خىزمەت لايىھىسى ۋە ئومۇمىي پىلان پروگراممىسى تۈزۈلۈپ بولدى، يېمەك - ئىچمەك، مېھمانساراي، ھۆسن تۈزەش - چاچ ياساش، قۇشخانا كەسپى، ماددىي ئەشيا ئوبوروت رايونىغا دائىر مەخسۇس ئومۇمىي پىلانمۇ تۈزۈلۈپ بولدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سودا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. كەسپكارلار بىلەن باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىشانلىق قانات يايدۇرۇلدى. ھۆسن تۈزەش - چاچ ياساش، يېمەك - ئىچمەك، مېھمانساراي قاتارلىق كەسىپلەردە كەسپىي لاياقەتنامە ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 2004 - يىلى ھەر خىل ئىگىلىك باشقۇرغۇچىدىن 30 مىڭى تەربىيىلەندى، 8000 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

# بازار يېتىشتۈرۈش ۋە باشقۇرۇش

## بازار ئوبوروتى قۇرۇلمىسى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىش كۆلىمى 95% تىن ئاشتى، ناھىيە ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك ئوبوروت كارخانىلىرى ئوبوروت ساھەسىدىن ئاساسىي جەھەتتىن چېكىنىپ چىقتى، ئوبوروت ساھەسىدىكى دۆلەت كاپىتالىنىڭ يېڭى كەسىپلەرگە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارغا مەركەزلىشىشى تېز بولدى، بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا سودا كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابەت كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىقتىساد شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، سودا ئوبوروت كەسپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 75%كە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## بازار سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى تۈرلۈك تاۋار سودىسى بازىرى 1100 نەچچىگە، يىللىق سودا سوممىسى 20 نەچچە مىليارد يۈەنگە يەتتى. خەلقئارا سودا شەھەرچىسى، «خۇالىڭ» خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى، «گۇاڭخۇي» ئازادە تۇرالغۇ ئۆي ئوبوروت باغچىسى، «بېيپۈەنچۈن» يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى، مەركىزىي ئاسىيا سودا شەھەرچىسى، «تولۇنئاي راۋىقى» بازىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم تايانچ بازارلار يېتىلدى، سودا كۆلىمى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. شىنجاڭدا ئۈرۈمچى مەركەز، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تېررىتورىيە خاراكتېرلىك مەركىزىي شەھەرلەر تايانچ قىلىنغان، شەھەر، يېزىلارغا تارقالغان، كۆپ قاتلام، كۆپ تۈردىكى بازار تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. ئۈرۈمچى «بېيپۈەنچۈن» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، شىخەنزە كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازارلىرى 2003 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك بازار قاتارىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايون «شىنجاڭنىڭ تاۋار ئوبوروت قۇرۇلۇشىدىكى 11 ـ بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزدى، ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەردە سودا تور ـ نۇقتىسى ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ بولدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرى كەسىپ تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازارلىرىدىكى غەيرىي نورمال داۋالغۇشقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، 13 مۇھىم تاۋار بازىرىنى نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بازارلارنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ توننا شېكەر، 2250 توننا چېگرا رايونغا سېتىلىدىغان چاي ۋە 1500 توننا گۆش ساقلايدىغان نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدىغان ئامبار قۇرۇش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىندى. تەييار ماي، چېگرا رايوندا سېتىلىدىغان چاي، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى سويۇش، ھاراق، كېرەكسىز ئاپتوموبىللارنى يىغىۋېلىش قاتارلىق ئالاھىدە كەسىپ ۋە نۇقتىلىق تاۋارلارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، بازارغا كىرىش سالاھىيەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پۇقراۋى پارتلىتىش كەسپىي بازىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، پۇقراۋى پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك سېتىش ھالقىسى بىكار قىلىندى، پۇقراۋى پارتلاتقۇچ سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش، توشۇش ۋە يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىگە بولغان تەلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## تاۋارلارنىڭ باھا مېخانىزمى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تاۋار بازارلىرىدىكى بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان باھانىڭ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش سوممىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسىدىكى سالمىقى 90% تىن ئاشتى، بازار باھاسى مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى، تاۋارلارنىڭ باھاسى بىلەن قىممىتىنىڭ داۋالغۇش مۇناسىۋىتى ئاساسەن مۇقىم ۋە مۇۋاپىق ئايلىنىش دائىرىسىدە ساقلاپ قېلىندى. گەرچە دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مۇھىم تاۋارلار ھەمدە بىر قىسىم مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى يەنىلا دۆلەت بېكىتىدىغان بولسىمۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسپات ئاڭلاش تۈزۈمىمۇ ئورنىتىلىپ، پۇقرالارنىڭ بىر قىسىم مونوپول خاراكتېرلىك، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك

تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت ھەققى باھاسىنى تەڭشەشكە قاتنىشىش دەرىجىسى كۈچەيتىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىشىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە مۇۋاپىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى تاۋار باھاسىنى بازارلاشتۇرۇشنىڭ دەرىجىسى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن تەڭلەشتى، بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بازارلىشىش سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## زەنجىرسىمان تىجارەت ئەھۋالى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچى، كورلا، قاراماي قاتارلىق جايلارنىڭ زەنجىرسىمان تىجارىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، زەنجىرسىمان تىجارەتنىڭ دائىرىسى تۈرلۈك ماللار، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىدىن كېڭىيىپ، كۆتۈپخانا، تېببىي دورىگەرلىك، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەرگە تەرەققىي قىلدى. «ياخشى ماكان»، «كەررېفور» ۋە «ئائىلە شادلىقى»، «ئارمان» زەنجىرسىمان سېتىش دۇكانلىرى ۋەكىللىكىدىكى تاللا بازارلار، مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرى، مەخسۇس سېتىش دۇكانلىرى، خەلققە قولايلىق دۇكانلار قاتارلىق زامانىۋى سودا كەسىپلىرى شەھەر، يېزىلارغا تارقالدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسى 2500 دىن ئاشتى، سېتىش كىرىمى 8 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 17%ىنى ئىگىلەپ، شەھەر، يېزا بازارلىرىنى ئېچىشتىكى يېڭى كەسىپكە ئايلاندى. 2004 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى گۇرۇھى، شىنجاڭ مەركىزىي ئاسىيا ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان سېتىش - يەتكۈزۈش تور (مەركىزى) قۇرۇلۇشى تۈرى دۆلەت ئوبوروت كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەخسۇس تۈرىدىكى زايىوم پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، 14 مىليون يۈەن زايىوم تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى. «كەررېفور»، «كېنتاكتى»، «پاركسون»، «بېيجىڭ شىدەن»، «گومېي» ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## ئېلېكترونلۇق سودا

2004 - يىلى تاۋار لېنتىسىمان نومۇر تېخنىكىسى، سېتىشنى ئۆز ۋاقتىدا باشقۇرۇش سىستېمىسى (POS)، سودا سارايلاردىكى ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى (MIS)، ئېلېكترونلۇق ئاپتوماتىك مال زاكاز قىلىش سىستېمىسى (EOS) قاتارلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى شىنجاڭنىڭ سودا ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلدى. بىر تۈركۈم چوڭ سودا كارخانىلىرى ۋە تايانچ تاۋار سودا بازارلىرىدا كومپيۇتېر تورى تېخنىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئىز قوغلىنىدىغان تاۋارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئىز قوغلاپ تەمىنلەش، باھا ھالىتى، توردا مال سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان بازار ئۇچۇر تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## نۇقتىلىق بازارلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا مال - چارۋا سويۇش، ھاراق، كونا ئاپتوموبىل بازىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى.

1. ھاراق تۈرىدە ساختىلىققا زەربە بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھاراق تۈرى جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمدىن 8800 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، ھەرخىل يالغان، ساختا، ناچار ھاراقتىن 24 مىڭ 250 بوتۇلكا يىغىۋېلىندى، دېلو قىممىتى 700 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

2. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى سويۇش بازىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى سويۇش جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە 6449 ئادەم (قېتىم) ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1255 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 33.25 توننا كېسەل تەگكەن گۆش قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 547 تۇياق ئەخلەت چوشقىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، 135 تۇياق سۇ ئۇرۇلغان چوشقا گۆشى مۇسادىرە قىلىندى، 305 توننا يېرىم تەييارلانغان چوشقا گۆشى مەھسۇلاتى تۇتۇپ قېلىندى، 98 قانۇنسىز مال سويۇش نۇقتىسى تاقىۋېتىلدى، خۇپىيانە مال سويۇشقا دائىر 932 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كارانتىن قىلىنمىغان، تەكشۈرۈلمىگەن 1000 دىن ئارتۇق توخو، ئۆردەك مۇسادىرە قىلىندى.

3. كونا ئاپتوموبىللارنى سېتىش بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش كۈچەيتىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاپتوموبىل بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى نازارەت قىلىندى، بىر قىسىم بىراك قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى يىغىۋېلىش (چۇۋۇش)

كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيەت ئېتىراپنامىسى مەسىلىسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە بىراك قىلىنغان ئاپتوموبىللارغا بېرىلىدىغان 48 مىليارد يۈەن تولۇقلىما مەبلىغى ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەل قىلىندى.

4. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىسى ساھەسىنى تەرتىپكە سېلىش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك جامائەت مۈلكىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كارخانىسىدىن 7سى، ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك جامائەت مۈلكىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كارخانىسىدىن 7سى بېكىتىلدى، يىللىق باھالاشتا لاياقەتسىز بولغان 3 كارخانىغا سۈرۈك ئىچىدە تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش پىكرى بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## ھاراق بازىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

شىنجاڭدا ھاراق بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلىنىپ يىل ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلدى، ش ئۇ ئا ر ھاراق تۈرلىرىنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ھاراق تۈرلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە سېتىشنى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ھاراق بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قانۇن - قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھارا ئوبوروت بازارلىرىنى قالايمىقان قىلىدىغان تىجارەت ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەردى، «قاتتىق زەربە بېرىش، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق تىزگىنلەش» نى تەڭ قەدەمدە قوللاندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، بورتالا، قاراماي، قەشقەر، ئالتاي، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار بۇ قېتىمقى ھاراق بازارلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى داۋامىدا 762 ئاپتوموبىل (قېتىم)، 3412 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم (قېتىم) ئىشقا سېلىپ، ھاراق تىجارىتى قىلىدىغان 6591 ئورۇننى تەكشۈرگەن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھاراق تىجارىتى قىلغانلىق ھەققىدە 2659 نەچچە پارچە ئۇقتۇرۇشنامە تارقاتقان. ساختا ھاراق تىجارىتى قىلغان 20 نەچچە تىجارەت ئورنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ داڭلىق ھاراق ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 3000 بوتۇلكىدىن ئارتۇق ھەر خىل ھاراق تەكشۈرۈپ چىقىلغان، ساختا ھاراق ياساش ئۇۋىسىدىن 4ى بىتچىت قىلىنغان، بىر يۈرۈش ساختا ھاراق ياساش ئۈسكۈنىسى يىغىۋېلىنغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىغا چېتىشلىق 3 كىشى ج خ ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، تىجارەت كېنىشكىسى يوق 295 تىجارەتچى، ۋاقتى ئۆتكەن تىجارەت كىنىشكىسى ئىشلەتكەن 88 تىجارەتچى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ساختا شورىبۇلاق ئۈزۈم ئېچىتىلغان ھارىقى كىرگۈزگەنلىك دېلوسىدىن 7 سى تەكشۈرۈپ چىقىلغان، بۇنىڭدىكى ھاراق مىقدارى 480 بوتۇلكا، دېلو قىممىتى 6184 يۈەن، ھاراق سېتىش تالونى يوق تۇرۇقلۇق پارچە ئاق ھاراق ساتقان 22 تىجارەتچى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ پارچە ئاق ھارىقى 700 نەچچە كىلوگرام، دېلو قىممىتى 5000 يۈەندىن ئارتۇق. قانۇنغا خىلاپ ساختا ھاراق ساتقان 92 تىجارەتچى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل يالغان ساختا، ناچار ھارىقى 9866 بوتۇلكا، دېلو قىممىتى 92 مىڭ 900 يۈەن، يېرىم شەربەتلىك ئۈزۈم ھارىقى 611 بوتۇلكا، دېلو قىممىتى 2110 يۈەن. قانۇنغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 744ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 45 مىڭ 244 يۈەن، جەرىمانە سوممىسى 70 مىڭ 249 يۈەن. تۇرغۇزۇلغان دېلو 38، دېلوغا چېتىشلىق سومما 36 مىڭ 293 يۈەن بولۇپ، 8 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا قويۇلغان جەرىمانە 15 مىڭ 249 يۈەن. ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا بىر تۈركۈم يالغان ساختا، ناچار ھاراقلار ئوچۇق - ئاشكارە كۆيدۈرۈلۈپ، ھاراق ئوبوروت ھالقىلىرىدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى سويۇش بازىرىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا نۇقتا قىلىپ بەلگىلەنگەن قۇشخانا 182، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 31 بولۇپ، بۇنىڭدىن كالا، قوي سويۇلىدىغىنى 15، چوشقا سويۇلىدىغىنى 8، ئۆي قۇشلىرى سويۇلىدىغىنى 8. بىر يىلدا جەمئىيەتتە ئۆلتۈرۈلگەن چارۋا، ئۆي قۇشلىرى 12 مىليون 410 مىڭ تۇياق بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇشخانىدا سويۇلغىنى 11 مىليون 30 مىڭ تۇياق، تەكشۈرۈپ تېپىلغان كېسەل چارۋا 48 مىڭ 794 تۇياق، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان قان بېجى 10 مىليون 143 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ «خېيجو» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ «دۆلان» چارۋا مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قومۇل «چاڭخې» سانائەت - سودا گۇرۇھى «چاڭشىڭ» چارۋا مەھسۇلاتلىرى سانائەت - سودا چەكلىك

مەسئۇلىيەت شىركىتى، بورتالا شەھىرى «بويۇەن» گۆش تۈرلىرىنى بىرلەشمە پىششىقلاش چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ «سەنجياڭ» باقمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «جوڭتەي» گۆش مەھسۇلاتلىرى بىرلەشمە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك «شىنشىڭ» ئۆي قۇشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 7 كارخانا 2004 - يىللىق جۇڭگودىكى ماشىنىلاشقان مال سويۇش - پىششىقلاشتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا بولۇپ باھالاندى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## غەربىي شىمالدىكى ئەڭ چوڭ مال سويۇش- پىششىقلاش بازىسى قۇرۇلدى

غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ، زامانىۋى مال سويۇش- گۆش يېمەكلىكلىرى پىششىقلاش بازىسى — شىنجاڭ «تيەنكاڭ» يېمەكلىك سانائەت باغچىسى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلدى. «تيەنكاڭ» يېمەكلىك سانائىتى باغچىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ 2004 - يىلدىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى. بىر يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، چوشقا سويۇش، پىششىقلاش، سوغۇق ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان زامانىۋى مال سويۇش - پىششىقلاش بازىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ئۇنىڭ قاتتىق دېتال مۇئەسسەسىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتتى.

پاڭ شياۋخۇا

## كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ساھەسىدە رويخەتكە ئېلىنغان كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كارخانىسى 58 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكىسى 32) بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5ى كۆپەيدى. پۈتۈن ساھە بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كەسپكارى 595، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇستىسى 111.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ساھەسىدە 1086 مەيدان كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىسى قىلىندى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن 386 مەيدان ئارتۇق. پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 45 مىليون يۈەن بولۇپ، 4.6% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - زېمىننىڭ 1 مىليارد 388 مىليون يۈەن، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ 109 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن، پاي ھوقۇقىنىڭ 8 مىليون 960 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ 49 مىليون 190 مىڭ يۈەن، شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ 314 مىليون يۈەن، باشقىلارنىڭ 173 مىليون يۈەن؛ سوت مەھكىمىسى ھاۋالە قىلغىنى 685 مىليون يۈەن، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھاۋالە قىلغىنى 219 مىليون يۈەن، پۇل مۇئامىلە، كرېدىت ئاپپاراتلىرى ھاۋالە قىلغىنى 218 مىليون يۈەن، ۋەيران بولۇشنى ئېنىقلاش گۇرۇپپىلىرى ھاۋالە قىلغىنى 476 مىليون يۈەن، باشقا ئاپپاراتلار ھاۋالە قىلغىنى 391 مىليون يۈەن، شەخسلەر ھاۋالە قىلغىنى 56 مىليون 470 مىڭ يۈەن. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنىڭ دائىرىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلدى.

كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تەڭشىگەنلىكى ۋە مەبلەغ سېلىشتا ئېھتىياتچان بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## نىمكەش ئاپتوموبىل سودا بازىرىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 22 ئورۇندا نىمكەش ئاپتوموبىل بازىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نىمكەش ئاپتوموبىل بازىرى سودا تورى ئاساسەن شەكىللەندى، نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى كۈندىن كۈنگە جانلاندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نىمكەش ئاپتوموبىل سودا بازىرىدا سېتىلغان نىمكەش ئاپتوموبىل 48 مىڭغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 23%؛ سودا سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4% ئاشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## شىنجاڭ «سېيففېرت» خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسىدە تىجارەت باشلاندى

بۇ شەھەرچىدە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تىجارەت باشلاندى. شىنجاڭ «سېيففېرت» خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسى شىنجاڭ «خوڭدا» (مەبلەغ سېلىش) گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىل ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى، ئۇ شىنجاڭدىكى 2003 - يىللىق 10 چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 2003 -، 2004 - يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بويىچە مەدەت بېرىلىدىغان تۈر قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭدا بىرىكمە ئاپتوموبىل ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى- ئاپتوموبىل ئاسراش بازىرى، بېزەشكە ئىشلىتىلىدىغان نەپىس بېزەك بازىرى، ئېغىر تىپتىكى قۇرۇلۇش

ئاپتوموبىللار بازىرى، كونا ئىشلىتىلگەن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سودا بازىرى، رەسمىيەتلىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت مەركىزى، ئامباردىكى ماددىي ئەشيالارنى ئوبوروت قىلىش ـ يەتكۈزۈش مەركىزى ۋە چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمە مەركىزى بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، 2004ـ يىلدىكى غەربىي شىمال رايوندىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئىقتىدارى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئاپتوموبىل ئۇنىۋېرسال كەسپىي مەركىزى بولۇپ قالدى.

ئاپتوموبىل شەھەرچىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خېنەن شەرقىي يولىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭغا 1 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى. «سېيففېرت» خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسى خەلقئار كۆرگەزمە مەركىزى، داڭلىق ئاپتوموبىللارنى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللار، ئېغىر تىپتىكى ماشىنا ـ سايمان سودا مەركىزى، ئىمكەش ئاپتوموبىل سودا مەركىزى، زاپچاس مەركىزى، رېمونت مەركىزى، ئاپتوموبىل بېزەيدىغان نەپس بېزەك مەركىزى، ئاپتوموبىل بانكىسى، رەسمىيىتى گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت مەركىزى، ئاپتوموبىل ئەزالىرى كۇلۇبى، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بېقىش، ھەيدەپ بېقىشنى سىناش مەركىزى، ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش شىركىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

پاڭ شياۋخۇا

## ھۆسن تۈزەش ـ چاچ ياساش كەسپىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە ھۆسن تۈزەش-چاچ ياساش كەسپىي ساھەسىدىكى كەسپكار ئازكەم 120 مىڭغا يەتتى، ھۆسن تۈزەش ـ چاچ ياساش ئورنى (دۇكىنى) 10 مىڭدىن ئاشتى.

2004 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كەسپى بويىچە دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «شىنجاڭنىڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كەسپى بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا يولغا قويىلىدىغان ۋاقىتلىق چارە» ، «ئورتاق ئىشەنچلىك كارخانا (خاتىرجەم چاچ ياساش-




شىنجاڭ چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش كەسپى ئىلمىي جەمئىيىتى 2004ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي ماھارەت سىناش مۇسابىقىسىنىڭ «خۇالىڭ لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش (مۇسابىقە رايونى) مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە رايونى تۆتكە بۆلۈندى، 16 تارماق كوماندىدىكى 218 ئادەم 11 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

ھۆسن تۈزەش ئورنى) بەرپا قىلىش بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش چارىسى» ، «شىنجاڭنىڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كەسپىدىكى ئىلغار كارخانىلارنى باھالاش شەرتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش چارىسى» قاتارلىقلار تۈزۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش بازارلىرى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى باشلامچى بولغان، سەھىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەملەشتۈرۈش جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارەتچىلىك ئورنى، شىنجاڭ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كەسپىي جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كارخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كارخانىلىرىنى دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ج خ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى، بىكتۇەن سودا ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ چاچ ياساش ـ ھۆسن تۈزەش كارخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دەرىجە

باھالاشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا مەسئۇل بولدى. 2004 - يىلى باھالاش كومىتېتى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم دەرىجىسى باھالانغان چاچ ياساش - ھۆسن تۇزەش كارخانىسىدىن 27 نى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دەرىجىلىك چاچ ياساش ئورنى 5، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تىبىيىتى» گۈزەللىك ئىشلىرى ئاپپاراتىنىڭ داشىمىن باش دۇكىنى، شىخەنزە شەھەرلىك «كۆك چىراغ» چاچ ياساش سالونى، قۇمۇل شەھەرلىك «گۈزەل ھايات» چاچ پاسونى لايىھىلەش مەركىزى، قۇمۇل شەھىرى «بولۇڭ» چاچ ياساش مەركىزى، قۇمۇل شەھىرى «كۇندە گۈزەل» چاچ ياساش مەركىزى؛ ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۇزەش ئورنى 10، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خۇايىمېي مېيلى خۇايۇەن» قىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى، قۇمۇل «تۇخۇاشىيالىن» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ھەسەن - ھۈسەن» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، قۇمۇل شەھەرلىك «قىزىل ئەتىرگۇل» تىببىي داۋالاش - ھۆسن تۇزەش ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مۇكەممەل ئايال» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئەنشيۇ» كەسپىي تېرە ئاسراش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «پارىژ چۈشى» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش داڭلىق دۇكىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يىزى» ھۆسن تۇزەش - قىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «شيالىن» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش ئالتۇن ئوردىسى، پىچان «شيالىن ئاقسۆڭەكلەر» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش ئالتۇن راۋىقى؛ «ئا» دەرىجىلىك چاچ ياساش ئورنى 2، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مېڭنىسى» كەسپىي چاچ ياساش ئورنى، قۇمۇل «پىڭپىڭ» چاچ ياساش مەركىزى؛ «ئا» دەرىجىلىك ھۆسن تۇزەش ئورنى 10، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك «كىچىك بۇغا» ھۆسن تۇزەش ئورنىنىڭ دوستلۇق جەنۇبىي يولى باش دۇكىنى، قاراماي شەھەرلىك «مىشۆئىر» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، قۇمۇل «كۇندە گۈزەل» ھۆسن تۇزەش مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك «گۈزەللىك مۇساپىسى» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەستۈرۈش مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك «سەيتې» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «قۇياش نۇرى ئاياللار» ساغلاملىقى، ھۆسن تۇزەش- بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يىبېينۇ» ھۆسن تۇزەش ئورنى، قاراماي شەھەرلىك «پەرىزات» ھۆسن تۇزەش - بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى «خۇەنيا» ساغلاملىق - گۈزەللىك ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «جياۋيالىڭ» تىببىي داۋالاش - ھۆسن تۇزەش ئامبولاتورىيىسى.

جەمئىيەتتە مۇشۇ كەسپتىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ چاچ ياساش - ھۆسن تۇزەش كەسپى بويىچە مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سوراش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ پاش قىلىنغان سۈپەت جەھەتتىكى ھادىسىلەرگە مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى باھالاپ بېكىتىدۇ.

ش ئۇ ئا ر سودا كەسپىي ئىشخانىسى

## شىنجاڭ «كەررېفور» تاللا بازىرى تىجارەت باشلىدى

شىنجاڭ «كەررېفور» تاللا بازىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى چوڭ بازاردىكى دۇكىنىدا 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 17- كۈنى تىجارەت باشلاندى. بۇ، فرانسىيە «كەررېفور» چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاچقان تۇنجى تاللا بازىرى. «كەررېفور» نىڭ چوڭ بازاردىكى دۇكىنىنىڭ كۆلىمى ئاز كەم 19 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېتىش مەيدانىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 8345 كۋادرات مېتىر، ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق.

«كەررېفور» نىڭ يىكەنكۆلدىكى دۇكىنىدا 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تىجارەت باشلاندى. بۇنىڭغا 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 65 مىڭ كۋادرات مېتىر.

پاڭ شياۋخۇا

### شىنجاڭدىكى بەلگىلەنگەن نورمىدىن يۇقىرى توپ، پارچە سېتىش سودا كەسپىدىكى تاۋارلارنىڭ 2004 يىلدىكى سېتىلىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | جەمئىي سېتىلغىنى | | توپ سېتىلغىنى | | پارچە سېتىلغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 2003 | 2004 | 2003 | 2004 | 2003 | 2004 |
| جەمئىي | 7021618 | 10787153 | 5823375 | 8890098 | 1198243 | 1897055 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پىمەكلىك، ئىچىملىك، ھاراق، تاماكا | 517577 | 956724 | 438494 | 804414 | 79083 | 152310 |
| كىيىم - كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملار | 314937 | 349106 | 225179 | 223563 | 89758 | 125543 |
| پەرداز بۇيۇملىرى | 14941 | 43451 | 1749 | 13209 | 13192 | 30242 |
| ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتلار | 10294 | 16162 | | 469 | 10294 | 15693 |
| كۈندىلىك بۇيۇملار | 27691 | 73286 | 4749 | 33999 | 22942 | 39287 |
| بەش خىل مېتال، ئېلېكتر ماتېرىياللىرى | 25781 | 33765 | 21633 | 30187 | 4149 | 3578 |
| تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 2016 | 8638 | 3 | 6029 | 2014 | 2609 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 102831 | 154235 | 70315 | 100894 | 32517 | 53341 |
| ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى | 370 | 3128 | 2 | 448 | 368 | 2680 |
| ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۈن - سىن ياسالمىلىرى | 132431 | 218284 | 71537 | 134701 | 60894 | 83583 |
| جۇڭگوچە، غەربچە دورىلار | 246216 | 339001 | 142668 | 220154 | 103548 | 118847 |
| مەدەنىيەت ۋە ئىشخانا بۇيۇملىرى | 74836 | 114655 | 46668 | 55767 | 28169 | 58888 |
| ئۆي جاھازلىرى | 1570 | 10158 | 393 | 999 | 1177 | 9159 |
| ئالاقىلىشىش سايمانلىرى | 38942 | 172463 | 3538 | 98870 | 35405 | 73593 |
| كۆمۈر ۋە كۆمۈر ياسالمىلىرى | 6401 | 77540 | 4294 | 68814 | 2107 | 8726 |
| ياغاچ ماتېرىيال ۋە ياغاچ ياسالمىلىرى | 55 | 43 | 55 | 43 | | |
| نېفىت ۋە نېفىت ياسالمىلىرى | 1062911 | 1367629 | 647967 | 808298 | 414944 | 559331 |
| خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى خىمىيىۋى ياسالمىلار | 559393 | 1401423 | 559357 | 1400873 | 37 | 550 |
| مېتال بۇيۇملار ماتېرىياللىرى | 656573 | 1790276 | 654129 | 1767878 | 2444 | 22398 |
| بىناكارلىق بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرى | 82650 | 88759 | 82602 | 86202 | 48 | 2557 |
| ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى | 255951 | 263566 | 237284 | 256948 | 18667 | 6618 |
| ئاپتوموبىل | 540389 | 773153 | 289736 | 269783 | 250653 | 503370 |
| ئۇرۇق، يەم - بوغۇز | 16140 | 48126 | 16140 | 14126 | | |
| پاختا - چىگە | 1701819 | 1923183 | 1701819 | 1923183 | | |
| باشقىلار | 628901 | 560399 | 603067 | 530247 | 25833 | 24152 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بەلگىلەنگەن نورمىدىن يۇقىرى توپ سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچلىرى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كۆرسەتكۈچلەر | تاۋار سېتىش كىرىمى | تاۋار سېتىش تەننەرخى | تاۋار سېتىش باج سوممىسى ۋە قوشۇلمىسى | تاۋار سېتىش پايدىسى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 2479442.8 | 2344277.6 | 2456.1 | 131354.8 |
| قاراماي شەھىرى | 478323.8 | 439678 | 647.6 | 31451.2 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 37966.6 | 35334.1 | 58.4 | 1019.4 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 107906.5 | 101147.6 | 152.2 | 4462.3 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 262133.6 | 227717 | 171.1 | 12637.5 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 928028.2 | 868414.5 | 800 | 35430.9 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر | 396554.7 | 376466.8 | 541 | 6836.6 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 320250.8 | 286643.4 | 183.5 | 26895 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 211222.7 | 205304.3 | 75.5 | 1699.3 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 434155.9 | 380926.3 | 516.7 | 40483.7 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 347178 | 318784.3 | 463.9 | 11836.6 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 329638.5 | 284964.2 | 1736.3 | 19471.4 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 8168.1 | 7424.5 | 7.5 | 224 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 187301.6 | 140508.8 | 219.3 | 20599.4 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 26076.1 | 21883.7 | 43.7 | 3846.4 |
| بىڭتۈەن | 2189237 | 1839885.4 | 1298.9 | 92654.5 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بەلگىلەنگەن نورمىدىن يۇقىرى پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كۆرسەتكۈچلەر | تاۋار سېتىش كىرىمى | تاۋار سېتىش تەننەرخى | تاۋار سېتىش باج سوممىسى ۋە قوشۇمچە قىممىتى | تاۋار سېتىش پايدىسى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 919472.5 | 824680.5 | 2108.3 | 92133.3 |
| قاراماي شەھىرى | 23290.7 | 16623.7 | 101.3 | 963.7 |
| شىخەنزە شەھىرى | 39389.2 | 36182.9 | 57.2 | 2847.6 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 35411.6 | 31474.9 | 61.9 | 783.5 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 23501.1 | 21317 | 61.7 | 749.6 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 82275.8 | 73572.6 | 144.3 | 7660.8 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 61178.4 | 53783.9 | 94.3 | −3329.6 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر | 34725.2 | 30909.9 | 56 | −4214.1 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 25162.8 | 21805.7 | 36.3 | 801 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1290.4 | 1077.3 | 2 | 83.5 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 17947.5 | 16246.8 | 23.1 | 1677.6 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 42168.9 | 38152.6 | 114.5 | 2348.5 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 135108.8 | 122692 | 774.9 | 10039.4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 1702.5 | 2042 | | —734.3 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 75744 | 64889.3 | 96.3 | 10150.6 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 32508.9 | 28573.1 | 50.8 | 885.3 |
| بىڭتۇەن | 35139.1 | 31551.7 | 51.3 | 2775.9 |


ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# تېببىي دورا سودىسى

## تېببىي دورا سودىسى

2004 ـ يىلى تېببىي دورا سودىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 12 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9؛ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 382 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8؛ سودا پايدىسى 46 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.6 ئاشتى؛ سودا پايدا ـ بېجى 37 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، %18.9 ئازايدى.

ۋاڭ كەيشۈن



شىنجاڭ دورا گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ يېڭى ـ ئالاھىدە دورا ۋە مىللىي دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 90 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ تېببىي دورا زامانىۋى ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش ـ يەتكۈزۈش مەركىزى 2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

سۈرەتنى ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى كەسپىي باشقارمىسى تەمىنلىگەن.

# تاماكا سېتىش

## پاپىروس سېتىش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 425 مىڭ 952 يېشىك پاپىروس سېتىلدى، ئېشىش ھەجمى مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇردى؛ سودا پايدىسى 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %55 ئاشتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە پاپىروسنىڭ سېتىلىش ئىقتىسادىي ئۈنۈمىدە يەنە بىر قېتىم تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، سانائەت كارخانىلىرى، سودا كارخانىلىرى، پارچە سېتىش تىجارەت ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ رازى بولۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. داڭلىق تاماكىلارنى بازارغا سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، 32 خىل داڭلىق تاماكا سېتىلدى، ئۇلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 2003 ـ يىلدىكىدىن %35 ئاشتى. پاپىروسنىڭ پارچە سېتىلىش ئۆلچەملىك باھاسى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، بازار مۇقىملاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۆلچەملىك ئېنىق باھانىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، ئۆلچەملىك ئېنىق باھانىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە پاپىروس سېتىش تور قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى شىركەتلەردە تېلېفون ئارقىلىق مال زاكاز قىلىش ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابات قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. تېلېفوندا مال زاكاز قىلىش ئۇسۇلى ناھىيىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى، تېلېفوندا مال زاكاز قىلغۇچى سودا ئورۇنلىرى پارچە سېتىش سودا ئورۇنلىرىنىڭ %92.4ىنى ئىگىلىدى. بانكىنىڭ تۈركۈم بويىچە ۋاكالىتەن تۆلۈپ قېلىش ۋە لىنىيە بويىچە ۋاكالىتەن تۆلۈپ قېلىش كەسپى ئاساس قىلىنغان ئېلېكترونلۇق ھېسابات قىلىش ئۇسۇلىنىڭ كېڭەيتىلىش ۋە قوللىنىلىش سۈرئىتى تېزلەشتى، ئېلېكترونلۇق ھېسابات قىلىدىغان سودا ئورنى

%35نى ئىگىلىدى. تۈرلۈك يۇمشاق دېتاللارنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ تور ئارقىلىق ئايلىنىش سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەشكىلىي قۇرۇلمىلارنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەركەزلىك زىيارەت قىلىپ سېتىش، مەركەزلىك يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت يەتكۈزۈش ئەندىزىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

جاڭ شۇۋېن

### تاماكا ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى

2004 - يىلى شىنجاڭ تاماكا شىركىتى خەلقئارا كۆك تاماكا بازىرىنى ئېچىپ، ئىمپورت قىلىنغان پاپىروسلارنى ۋاكالىتەن سېتىش كەسپى ۋە غەيرىي تاماكا سودىسىنى قانات يايدۇردى، ئېكسپورت سودا يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوت سوممىسىنى ئاشۇردى. 3257 توننا كۆك تاماكا ئېكسپورت قىلىندى، 1030 يەشىك پاپىروس ئىمپورت قىلىندى، 4 مىليون 980 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13، 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، %34 ئاشۇرۇلدى.

جاڭ شۇۋېن

### مونوپوللۇق سېتىشنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭدا تاماكىنى مونوپوللۇق سېتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. بىرىنچىدىن، پاپىروسنى پارچە سېتىش تور - نۇقتىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىلىپ، ھەقىقەتەن يولغا قويۇشقا بولىدىغان قېلىپلاشقان ھۆججەت شەكىللەندۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، موخوركا بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، موخوركىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ موخوركا تېرىقچىلىق كۆلىمى زور ھەجىمدە ئازايتىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە بىر موخوركا زاۋۇتى تاقىلىش ئالدىدا تۇرغاندىن باشقا، قالغان 20 نەچچە موخوركا زاۋۇتى تاقىۋېتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسپاتنامىلىق پاپىروس پارچە سېتىش ئورۇنلىرى ئەمدى موخوركا ساتمايدىغان بولدى. موخوركا بازارلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، پاپىروسنىڭ سېتىلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، جايلاردا بازارلار قاتتىق نازارەت قىلىنىپ ۋە كونترول قىلىنىپ، ساختىلىققا، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 6789 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3770 بولاق ھەر خىل قانۇنسىز پاپىروس تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، ساختا پاپىروس ماركىسى ياساپ ساتقان 3 جىنايەت گۇماندارىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 300 دىن ئارتۇق ئادەم تاماكا كەسپىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملاردىن ئېلىنغان قانۇن بىلىملىرى بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى.

جاڭ شۇۋېن

## تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سودىسى

### تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 23 مىليارد 558 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %28.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋالغان تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى 15 مىليارد 62 مىليون يۈەن، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋالغان تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى 8 مىليارد 496 مىليون يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 16 مىليارد 45 مىليون يۈەن. سېتىش سوممىسى 20 مىليارد 219 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.01 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى 12 مىليارد 952 مىليون يۈەن، دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 166 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 695 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنىڭ سوممىسى 4 مىليارد 703 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 824 مىليون يۈەن. يارىتىلغان پايدا 205 مىليون يۈەن بولۇپ، %19.8 ئازايدى؛ دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.07 ئاشتى.

يىل ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە ئورۇن 1313كە، كەسپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 5822 كە، كەسپىي ئورۇن 10غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتاپ 3. كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي

ئىگە ئورۇنلار ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 298، پاي كونترول شىركىتى 139، شېرىكسىز كارخانا 552، پاي قوشۇلغان كارخانا 129؛ يۇلتۇز دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېھمانخانا 6، بۇنىڭ ئىچىدە بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 2. سىستېما بويىچە قۇرۇلغان زەنجىرسىمان كارخانا 18، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى ساتىدىغىنى 9، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ساتىدىغىنى 9. زەنجىرسىمان تىجارەت دۇكىنى 2992، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە تىجارەت قىلىدىغىنى 1026، ئىتتىپاقداش دۇكان 1966. زەنجىرسىمان كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى 7 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. سىستېما بويىچە كەسىپكار 38 مىڭ 665، بۇنىڭ ئىچىدە كوپېراتىپنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ھەر خىل خادىم 9193؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 17 مىڭ 150، بۇنىڭ ئىچىدە كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەشكە قاتناشقانلار 16 مىڭ 46.

شيا جېڭباۋ

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۈرۈش تۈرىگە 1 مىليارد 433 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئارقىلىق يارىتىلغان پايدا 69 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 52 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن باشلامچى كارخانا 196گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى باشلامچى كارخانا 15، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا 4، ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى دەرىجىلىك باشلامچى كارخانا 55. 2004 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى باشلامچى كارخانىلار سېتىشتىن 15 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، 1 مىليون 208 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنى يېتەكلەپ دېھقانلارنىڭ 2 مىليارد 213 مىليون يۈەن كىرىم قىلىشىغا ياردەم بەردى. سىستېما بويىچە زاكاز يېزا ئىگىلىك يېرى 334 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى؛ 128 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىندى، بۇ 177 مىڭ 500 دېھقان ئائىلىسىگە چېتىلدى؛ ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتىدىن 1074ى، تېرىقچىلىق دوختۇرخانىسىدىن 299ى قۇرۇلۇپ، دېھقانلار 3518 گېكتار پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى بىلەن، 84 مىڭ 195 گېكتار رېتسىپلىق ئوغۇتلىنىدىغان يەر بىلەن تەمىنلەندى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە 312 مىڭ ئادەم (قېتىم) مەسلىھەت بەردى، 20 مىليون 570 مىڭ يۈەنلىك ئۇرۇق، كۆچەت بىلەن تەمىنلەندى؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سودىسى ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك بازاردىن 108ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ يىللىق تاۋار سودا سوممىسى 1 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا دېھقان، چارۋىچىلارنى تەشكىللەش، يېتەكلەش ئارقىلىق تۈرلۈك كەسپىي كوپېراتىپتىن 175ى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا 14 مىڭ 800 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى، 12 مىليون 40 مىڭ يۈەن پاي قوشۇلدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 182 مىليون يۈەن ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى؛ تۈرلۈك كەسپىي جەمئىيەتتىن 56سى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 56 مىڭ 767 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى.

شيا جېڭباۋ، لى كەي

شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 2004 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | سىستېما بويىچە | ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى |
|---|---|---|
| ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم | 1605159 | 50342 |
| ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ تەننەرخى | 1495108 | 47960 |
| تىجارەت خىراجىتى | 56961 | 1111 |
| باشقۇرۇش خىراجىتى | 50075 | 2252 |

| | | |
|---|---|---|
| مالىيە خىراجىتى | 11622 | 164 |
| باشقا كەسىپلەرنىڭ پايدىسى | 10479 | 966 |
| ئومۇمىي پايدا | 21557 | —76 |
| ساپ پايدا | 16780 | —106 |
| ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى | 2482136 | 56042 |
| ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى | 291446 | 17327 |
| دۆلەتكە تاپشۇرغان باج | 32636 | 891 |
| ئومۇملاشتۇرۇلغان كارخانا سانى | 714 | 219 |

جاڭ شيۇفاڭ

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ تور قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، پاختىچىلىق، ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك، كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، پارتلىتىش بۇيۇملىرى، چېگرا رايونغا سېتىلىدىغان چاي، دورىگەرلىك قاتارلىق 7 چوڭ زەنجىرسىمان تىجارەت تورى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدى ھەمدە قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروت، قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىلگەن كەڭ بەلۋاغلىق تور يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى، دېھقانلارنى سانائەت بۇيۇملىرى، بازار ئۇچۇرى، پەن - تېخنىكا، مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە داڭلىق، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان ھەمدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىدىغان باشلامچى كارخانا بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە زەنجىرسىمان كارخانا 18گە يەتتى. زەنجىرسىمان تىجارەت تور- نۇقتىسى 2992گە يېتىپ، سىستېما بويىچە تىجارەت تور- نۇقتىسىنىڭ %51نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھىنىڭ «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىرسىمان تىجارەت مۇلازىمىتى تورى 12 تەقسىملەش - يەتكۈزۈش مەركىزىنى يۆلەك قىلىپ، 1339 زەنجىرسىمان تور- نۇقتىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۇ تور-نۇقتا ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 80 ناھىيە، شەھەرگە ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى 10 ئۆلكە، شەھەرگە تارقالدى، ئۇلارنىڭ 2004- يىلى ساتقان خىمىيىۋى ئوغۇتى 1 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %36 ئاشتى، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى خىمىيىۋى ئوغۇت بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى زەنجىرسىمان تىجارىتىدىكى نۇقتىلىق كارخانا دەپ بېكىتىلدى، سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بازار باھاسىنىڭ ئايلىنىشىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى ئىقتىساد - سودا ئېكسپورتىدىكى ئىلغار ئوبوروت كارخانىسى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ پاختا كەسپىي گۇرۇھى شىركىتىدە 153 پاختا تىجارەت مۇلازىمىتى تور - نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئۇلار 2004 - يىلى 207 مىڭ 600 توننا پاختا سېتىۋالدى، ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سېتىش، سودا - سانائەت - يېزا ئىگىلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرى شەكىللىنىۋاتىدۇ. شىنجاڭ پاختىچىلىق گۇرۇھى مەملىكەت بويىچە 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە 257- ئورۇندا تۇردى، تەرتىپ بويىچە تىزغاندا 100 ئورۇن ئۆرلىدى. پارتلاتقۇچ دورىلار زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسى 492 گە يېتىپ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %75 بولدى. چېگرا رايونغا سېتىلىدىغان چاي زەنجىرسىمان تىجارىتى تور - نۇقتىسى 287 گە يېتىپ، ئۇنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى %40 بولدى. «دېھقانلار شادلىقى» شىركىتى چوڭ تاللا بازىرىدىن 2نى، بىۋاستە تىجارەت دۇكىنىدىن بىرنى، ئالاھىدە ئىجازەتلىك ئىتتىپاقداش دۇكاندىن 150نى قۇرۇپ چىقتى. شىنجاڭ «جىرېنتاڭ» دورىگەرلىكى تور - نۇقتىسى 206 گە يېتىپ، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 60 مىليون يۈەندىن، پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك تىجارىتى مۇلازىمەت تورى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 9 ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى، بۇ بازىلارنىڭ كۆلىمى 67 .7727 گېكتار، ئۇنىڭدا 14 كەسپىي جەمئىيەت، 14 شۆبە جەمئىيەت

قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدا 8 تەقسىملەش - يەتكۈزۈش مەركىزى، 20 سېتىش تور - نۇقتىسى قۇردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى 2004 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ «جىرېنتاڭ» دورىچىلىقى بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، قەشقەر «جىرېنتاڭ» چوڭ دورىخانىسىنى قۇردى، يىل ئاخىرىغىچە تىببىي دورا زەنجىرسىمان تىجارىتى 5 ناھىيە، 10 يېزا - بازار، 20 تور - نۇقتىغا كېڭىيىپ سېتىش سوممىسى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانجى ئوبلاستلىق «جىنچاڭنوڭ» يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تورىدا 15 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تاللا بازىرى، 150 زەنجىرسىمان دۇكىنى قۇرۇلۇپ، ئوبلاستنىڭ شەھەر، بازار-يېزىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاپلىدى. ئىلى ئوبلاستلىق «شېخۇينوڭ» ئوقەتچىلىك شىركىتى ئوبلاست بويىچە 3 رايوندا 15 شۆبە شىركەت، 180 تىجارەت تور - نۇقتىسى تەسىس قىلدى.

جاڭ شۇشىن

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسى تەمىنلىگەن خىمىيۋى ئوغۇت 2 مىليون 102 مىڭ توننىغا يېتىپ (ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغان ۋە ئېكسپورت قىلىنغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2003 - يىلدىكىدىن %51.7؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 21 مىڭ توننىغا يېتىپ، %25.1؛ دېھقانچىلىق دورىسى 6115 توننىغا يېتىپ، %69.1 ئاشتى.

1. زەنجىرسىمان تور قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 2004- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىرسىمان تىجارەت مۇلازىمىتى تورى مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىنى يېزىلاردىكى يېزا - بازارلارغىچە كېڭەيتىپ، ئالدىن مال زاكاز قىلىش، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بېرىش، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئېتىزدا سەييارە دىئاگنوز قويۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇردى ھەمدە جەمئىيەتكە بىرسى ساختا بولسا 10 نى تۆلەپ بېرىش ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارا ۋەدە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

2. تەدبىر قوللىنىلىپ، باھا تۆۋەنلىتىلىپ، دېھقانلارغا ئەڭ يۇقىرى چەكتە مەنپەئەت يەتكۈزۈلدى. 2004 - يىلى خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ باھاسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى مال مەنبەسىنى بالدۇر تەشكىللەپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ فوسفورلۇق ئوغۇتنى زورايتىش سالمىقىنى كېڭەيتىش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۆۋەنلىتىش ۋە قىسقا يوللۇق ترانسپورت ھەققىنى تەننەرخكە قوشماسلىق، دېھقانلارغا تۇپراقنى رېتسېپلىق ئوغۇتلاش بويىچە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش، زەنجىرسىمان تىجارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى، خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى ھەر توننىسىنىڭ 2003 - يىلدىكىدىن %34 ئاشقان ئەھۋالدا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ سېتىلىش باھاسىنى زاۋۇتتىن چىققاندىكى ئېشىش ھەجىمىدىن ئوتتۇرا ھېسابتا 5 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىتىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئازايتىپ ئۇلارغا 86 مىليون يۈەن مەنپەئەت يەتكۈزدى.

3. يېڭى تېخنىكا بويىچە، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىنىپ، بازارلار قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بازار تەرتىپى قوغدالدى. 2004- يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سىستېمىسىدا يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا بويىچە تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى، دېھقانلارغا يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى ئۆگىتىلىپ دېھقانلار دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاشقا يېتەكلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى بىلەن پائال ماسلىشىپ، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى تەرتىپكە سالدى ۋە قېلىپلاشتۇردى، باھانى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتىش، ساختا ماھسۇلات ياساش - سېتىش، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش، دېھقانلارغا زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بەردى.

جاڭ شيۇفاڭ

## پاختا تىجارىتى

2004 - پاختا يىلىدا (2004 - يىل 3 - ئايدىن 2005- يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە)، شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 790 مىڭ توننا پاختا (ساپ پاختا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سېتىۋېلىنىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.8 ئاشتى. بۇنىڭ

ئىچىدە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغىنى 726 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.1%؛ بىڭتۈەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغىنى 823 مىڭ توننىغا يېتىپ، 37.2% ئاشتى؛ باشقا تىجارەت يوللىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىنغىنى 241 مىڭ توننا بولۇپ، 34.9% تۆۋەنلىدى. 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ (بىڭتۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە) سانائەت پاختىسى 1 مىليون 320 مىڭ توننىغا يېتىپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى يىغىدىن سېتىۋالغان پاختىنىڭ 85%نى ئىگىلىدى.

2004 ـ پاختا يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى:

1. سېتىۋېلىش باھاسىدا داۋالغۇش بولدى، بىراق داۋالغۇش دەرىجىسى چوڭ بولمىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى پاختا بازارغا سېلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىتلىك پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 5.4 يۈەن بولدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 5 يۈەنگە چىقتى. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پاختىنىڭ كۆپلەپ بازارغا سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، باھا يەنە چېكىنىشكە باشلاپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ھەر كىلوگىرامى 4.2 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا دۆلەت پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىپ ساقلىنىش باھاسىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ 11 مىڭ 500 يۈەن بولىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چىگىتلىك پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 3.9 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 12 ـ ئايدا ۋە 2005 ـ يىل 1 ـ ئايدا چىگىتلىك پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاساسەن ھەر كىلوگىرامىنىڭ 3.8 يۈەندىن 4.3 يۈەنگىچە ئارىلىقتا داۋالغۇپ تۇردى. 2005 ـ يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن، دۆلەت ئىچى پاختا بازارلىرىدىكى باھانىڭ ئۆرلىشى تۈپەيلىدىن، چىگىتلىك پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 4.8 يۈەنگە ئۆرلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭى پاختا سېتىۋېلىنىش مەزگىلىدە باھانىڭ داۋالغۇش دەرىجىسى چوڭ بولمىدى.

2. سېتىۋېلىش مەبلىغى جەھەتتە بىرزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى ئاساس قىلىندى. 2005ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يېڭى پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن قەرز پۇلى جەمئىي 13 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك پاختا سېتىۋالىدىغان كارخانىلارغا بېرىلگىنى 6 مىليارد 331 مىليون يۈەن، بىڭتۈەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى پاختا ـ چىگە كارخانىسىغا بېرىلگىنى 696 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سېتىۋالىدىغان كارخانىلار يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى ئارقىلىق 1 مىليون 227 مىڭ 500 تونا پاختا سېتىۋالدى، بۇ ئومۇمىي سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ 58.68%نى ئىگىلەيدۇ.

3. پاختىنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى بولدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغان يېڭى پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈپەت دەرىجىسى 2.28، ئوتتۇرىچە تالا ئۇزۇنلۇقى 28.9 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە پاختا نىسبىتى 38.06% بولدى. سېتىۋېلىنغان يېڭى پاختا ئىچىدە سورت دەرىجىسى 3 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى بولغىنى 86.4%، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىكى 31.8%نى، 2 ـ دەرىجىلىكى 31.6%نى، 3 ـ دەرىجىلىكى 23%نى، 4 ـ دەرىجىلىكتىن تۆۋىنى (4 ـ دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 13.6%نى ئىگىلىدى، پاختىنىڭ سۈپىتى 2003 ـ يىلدىكىدىن ياخشى (2003 ـ يىلدىكى پاختىنىڭ سۈپىتىدە 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى 80% نى ئىگىلىگەن)، جەنۇبىي شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن ياخشى بولدى.

4. پاختا بازارلىرىنىڭ تەرتىپى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ياخشى بولدى. 2004 ـ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش تەرتىپى بىرقەدەر مۇقىم بولدى. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇنسىز، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلمىشلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، پاختا بازارلىرىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغدىدى.

5. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ پاختا ـ چىگە كارخانىلىرى ئاساسلىق رول ئوينىدى. 2004 ـ پاختا يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى (بىڭتۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە) سېتىۋالغان يېڭى پاختا مىقدارى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ئورۇنلار سېتىۋالغان پاختىنىڭ 86.56%نى ئىگىلىدى.

لى كەي

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىلەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. بىرىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى، كەسپىي كوپېراتىپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت كوپېراتىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تاۋار تىجارىتىنى زەنجىرسىمانلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش، يەككە گەۋدىلىك كارخانا تەشكىللەش تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىنى 3 يىلدا ئۆزگەرتىپ

بولۇش ئومۇمىي پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 3 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنى ئۆزگەرتىپ بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ئىككىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىي تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، «ئۈچ دەرىجىنى بىللە تۇتۇش، ناھىيىنى ئاساس قىلىش، كەسپىي شىركەتلەر ماسلىشىش»تىن ئىبارەت خىزمەت تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ئىختىساسلىقلارنى پائال جەلپ قىلىنىپ، يېزا ۋە جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىقلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى تولۇقلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىختىساسلىقلار ئەھۋالى ياخشىلاندى. 2002 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 3 يىل ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلىدى. تۆتىنچىدىن، مەبلەغ، تۈر جەھەتتە يۆلەندى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن 1 مىليون 633 مىڭ 800 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق كوپېراتىپلارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇلارغا 5 مىليون 475 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

2004 ـ يىلى مەركىزىي كوپېراتىپ تەشكىللەش، بىر ناھىيىدە بىر كوپېراتىپ بولۇشنى يولغا قويۇش، كوپېراتىپنىڭ قېپقالغان دۇكانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىپ قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە يەرلىك ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىدىن 377 سى بارلىققا كەلدى، پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەن كۆلىمى %40 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى 761 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 5 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئازايدى.

جاڭ شيۇفاڭ

# ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش

## ئاشلىق ـ ياغ ئوبوروتى

شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە سېتىۋالغان ئاشلىق 1 مىليون 377 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 326 مىڭ توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1 مىليون 258 مىڭ توننىغا يېتىپ، 328 مىڭ توننا ئاشتى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ياردەمگە سېتىۋېلىنغىنى (گۈرۈچكە سۇندۇرۇلغان شالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليون 262 مىڭ توننىغا يەتتى. شۇ يىلى سېتىۋېلىنغان گۈرۈچ 33 مىڭ 920 توننىغا يېتىپ، 11 مىڭ 160 توننا ئاشتى؛ كۆممىقوناق 93 مىڭ 740 توننا بولۇپ، 130 توننا ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ساتقان ئاشلىق 2 مىليون 255 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن 793 مىڭ توننا ئاشتى (بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 233 مىڭ توننا ئاشلىقنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ـ سېتىش، 150 مىڭ توننا كونىرىغان ۋە ئوبوروت قىلىنىدىغان ئاشلىقنى مەخسۇس تۈر بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇشقا تولۇقلىما ياردەم بېرىش چارىسىنى تەڭشەش قاتارلىقلار بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالدى) . بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 2 مىليون 91 مىڭ توننىغا يېتىپ، 797 توننا ئاشتى؛ گۈرۈچ 28 مىڭ 20 توننا بولۇپ، 4110 توننا؛ كۆممىقوناق 107 مىڭ توننا بولۇپ، 6700 توننا ئازايدى. 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى ئامبىرىدا ساقلانغان تاۋار ئوبوروت ئاشلىقى 1 مىليون 823 مىڭ توننا بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 818 مىڭ توننا ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە سېتىۋالغان سۇ يېغى 46 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 4590 توننا، ساتقىنى 42 مىڭ 560 توننا بولۇپ، 4900 توننا ئازايدى. يەسلى ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان تاۋار ياغ 25 مىڭ 630 توننىغا يېتىپ، 520 توننا ئاشتى.

لى شياۋ

## ئاشلىققا بىۋاسىتە قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتى

2003 ـ يىلدىكى ئاساستا 2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇغداي بىلەن گۈرۈچكە بىۋاسىتە قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش بېكىتىلدى ھەمدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1. بۇۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان سورت، ئۆلچەم، دائىرە. 2004 - يىلى ھەر كىلوگرام بۇغدايغا بېرىلىدىغان بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم 2003 - يىلدىكى 0.1 يۈەندىن 0.2 يۈەنگە كۆپەيتىلدى، بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان دائىرە 6 ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە كېڭەيتىلدى ھەمدە كەڭ كۆشادە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. گۈرۈچكە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم كۆپەيتىلدى، ھەر كىلوگرام گۈرۈچكە 0.3 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان بولدى، بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان دائىرە ئىلى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى بولۇپ، مىقدار 38 مىڭ 500 تونىنا گۈرۈچكە بىۋاستە ياردەم بېرىلدى.

2. بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان ئوبيېكت، نەقلەشتۈرۈش چارىسى، دوكومېنت. بۇغدايغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئوبيېكتى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا ۋە جۇڭگو زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ شىنجاڭ بىۋاستە قاراشلىق ئامبارلىرىغا بۇغداي سېتىپ بېرىدىغان دېھقانلار، گۈرۈچكە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئوبيېكتى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا شال سېتىپ بېرىدىغان (گۈرۈچكە سۇندۇرۇلدى) دېھقانلاردىن ئىبارەت. قوشۇمچە ياردەمنى نەقلەشتۈرۈش مۇددىتى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولىدۇ، دېھقانلار ئاشلىق ساتقاندا مالىيە تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا ئىگىلىك باج پونكىتلىرى نەقلەشتۈرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ ئاۋات پەسلىدە سېتىۋېلىنىدىغان نەق مەيداندا نەقلەشتۈرۈلىدۇ، ئاشلىق سېتىۋېلىش سۇسلاشقاندا يېزا ئىگىلىك باج پونكىتلىرى نەقلەشتۈرىدۇ. نەقلەشتۈرۈش دوكومېنتى دېھقانلار مالىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن كۆلەم، مەھسۇلات مىقدارى بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى بىلەن تۈزگەن توختام، سېتىپ بەرگەن ئاشلىق مىقدارى ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان پىكرىدىن ئىبارەت. قوشۇمچە ياردەم مەبلىغىنى مالىيە نازارىتى دەرىجمۇ دەرىجە ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدىكى ھېسابىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، قوشۇمچە ياردەم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھېساب ئېنىقلىنىدۇ.

3. بىۋاستە قوشۇمچە ياردەمنىڭ ئۈنۈمى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاشلىق ساتىدىغان دېھقانلارغا 270 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم نەقلەشتۈرۈپ بېرىلدى، ئوتتۇرىچە (بۇ 13 مىليون يېزا نوپۇسى بويىچە ھېسابلاندى) بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم تەخمىنەن 20.2 يۈەندىن توغرا كەلدى، ھەر گېكتار يەرگە ئوتتۇرىچە (657 مىڭ 300 گېكتار بۇغداي كۆلىمى بويىچە ھېسابلاندى) 399 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۆلچىمى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىشقا بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە ھېسابلاپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش ۋە يېزا ئىگىلىك بېجى، سۇ ھەققى قاتارلىقلارنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، مەبلەغنى يەرلىك مالىيە ئورۇنلىرى ئۈستىگە ئالدى. مەسىلەن: بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئوبلاست بويىچە 56 مىڭ 600 دېھقان ئائىلىسى تېرىغان 28 مىڭ 800 گېكتار بۇغدايغا 8 مىليون 645 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىپ، ھەر گېكتار يەرگە ئوتتۇرىچە 300 يۈەندىن توغرا كەلدى.

لى شياۋ

## ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يېزا ئىگىلىكى، ئاشلىق، مالىيە تارماقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاشلىقنىڭ بازار ئەھۋالى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لار يوللىغان ئۇچۇرغا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر) تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ 2004 - يىللىق بۇغداي سېتىۋېلىش باھا ئۇچۇرىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش باشلانغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ باھاسى مۇنداق بولدى: 3 - دەرىجىلىك باقىبۇقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى خوتەن، قەشقەردە 1.2 يۈەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىندا 1.25 يۈەن بولدى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 2- قېتىملىق ئېلان قىلىنغان باھا ئۇچۇرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 3 - دەرىجىلىك باقىبۇقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.02 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالتايدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭمۇ باھا ئۇچۇرى ئېلان قىلىندى، سانجى، ئۈرۈمچىنىڭ 1.36 يۈەن، تارباغاتاي، بورتالانىڭ 1.28 يۈەن، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 1.24 يۈەن بولدى، بۇغداينىڭ دەرىجە پەرقى بىرتۇتاش 0.03 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايون ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم باھا ئۇچۇرى

ئېلان قىلىپ تۇردى، باھا ئۆچۈرى ئاساسەن مۇقىم بولدى. ھەر قېتىملىق باھا ئۆچۈرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر ھەرقايسى ناھىيەلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىقنىڭ ئوبوروت يۆنىلىشى ۋە توشۇش ئارىلىقىغا ئاساسەن ئۆزلىرىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ باھا ئۆچۈرىنى بېكىتىپ ئېلان قىلدى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تور - نۇقتىلىرى باھا ئۆچۈرىغا ئاساسەن، سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بەردى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى مۇشۇ باھا ئۆچۈرىغا ئاساسەن باھا ھېسابلاپ بۇغداي سېتىۋالدى. 2004- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە مۇقىملاشتى. 3 - دەرىجىلىك كۈزگى باقبۇغدىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 1.22 يۈەندىن 1.36 يۈەنگىچە، ھەر بىر دەرىجە پەرقى 0.03 يۈەن بولدى، ئامەلىيەتتە سېتىۋېلىنغان بۇغدايىنىڭ كۆپىنچىسى 1 -، 2 - دەرىجىلىك بولۇپ، سېتىۋېلىنىش باھاسى 1.25 يۈەندىن 1.4 يۈەنگىچە، 2003 - يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئېشىش ھەجمى %2.56 دىن %3.33 كىچە بولدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك شالنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 1.44 يۈەندىن 1.57 يۈەنگىچە بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 0.27 يۈەندىن 0.44 يۈەنگىچە ئاشتى.

لى شياۋ

## ئۈن - ياغ تارتىش كەسپىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۈن - ياغ تارتىش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي تەڭشىلىپ ئەلالاشتۇرۇلدى، چوڭ كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىك رولى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈن - ياغ تارتىش كەسپىدىكى ئاساسىي گەۋدىگە ئايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن كۆلەمدىن يۇقىرى (كۈنىگە 50 توننىدىن يۇقىرى ئۈن - ياغ تارتالايدىغان ئۈن - ياغ تارتىش كارخانىسى 136گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 38ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 16، پۇقراۋى كارخانا 120. ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن كۆلەمدىن يۇقىرى ئۈن - ياغ تارتىش كارخانىسىدىن زىيان تارتقىنى 33، تارتقان زىيىنى 46 مىليون 610 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 7 بولۇپ، زىيىنى 19 مىليون 30 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن ئۈن - ياغ تارتىش كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 3 مىليارد 266 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.63؛ مەھسۇلات سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 3 مىليارد 157 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.92 ئاشتى؛ ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 210 مىڭ يۈەن بولۇپ، %70 تۆۋەنلىدى؛ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 24 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %06.12 ئاشتى؛ مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليارد 558 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، %62.2 تۆۋەنلىدى؛ پاسسىپ 1 مىليارد 750 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %62.32 ئاشتى، پاسسىپ نىسبىتى %43.68 بولدى؛ يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 6748 گە يېتىپ، %71.41 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 355 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، %64.25 تۆۋەنلىدى؛ زىيان 12 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 590 مىڭ يۈەن ئازايدى؛ قەرز 447 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، %03.13 تۆۋەنلىدى؛ يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 1447 بولۇپ، %19.21 تۆۋەنلىدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىششىقلانغان گۈرۈچ 21 مىڭ 284 توننا بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئالدىنقى 3- لىككىچە بولغانلار سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى؛ تارتىلغان بۇغداي ئۇنى 709 مىڭ 936 توننا بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ 3 - لىككىچە بولغانلار سانجى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار؛ سۈ يېغى 197 مىڭ 824 توننا بولۇپ، ئالدىنقى 3 - لىككىچە بولغانلار قەشقەر ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار.

لى شياۋ

## ئاشلىق مالىيەسىدىكى نېسى قالغان ھېساباتنى ئېنىقلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق مالىيەسىدىكى نېسى قالغان ھېساباتنى ئېنىقلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى يولغا قويۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر» نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ 1998 - يىلىدىن بۇيانقى ئاشلىق مالىيەسىدە نېسى قالغان ھېساباتنى ئېنىقلاش

بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىنقىلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش دائىرىسى 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى ۋە بازار قويۇۋېتىلگەن بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە (سېتىش رايونىنىڭ 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭ 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېچىۋېتىلگەن ۋاقىتتىن 2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان مالىيە ئەھۋالى ئىنقىلاندى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى. ئىنقىلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئوبيېكتى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش- سېتىش كارخانىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى بىرلىك قىلىنىپ، ئىنقىلاندى ۋە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۈن ـ ياغ تارتىدىغانلىكى كارخانا، باشقا غەيرىي سىياسەت خاراكتېرلىك ئۈن ـ ياغ تارتىش كارخانىلىرى بىردەك بۇ قېتىملىق ئاشلىق مالىيىسىدىكى نېسى قالغان ھېسابنى ئىنقىلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. يۇقىرى تۆۋەننى ئىنقىلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش چارىسى قوللىنىلدى، كونكرېت ئىجتىقاندا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل لايىھە يولغا قويۇلدى: بىرىنچىدىن، ئىلى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا قاتارلىق 9 ئورۇننى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئىككىنچىدىن، ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى، قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى، بورتالا، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك كارخانىلارنى شۇ يەردىكى ئىنقىلاش بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىلىرى كونكرېت ئىنقىلىدى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش نازارىتى خادىم شۇ جايلارغا تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا خادىم تەشكىللەپ ئەۋەتىشكە مەسئۇل بولدى.

لى شياۋ

## خاتىرجەم ئۈن ـ ياغ

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئاشلىق كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى، قايتا تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى 23 ئۈن ـ ياغ كارخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «خاتىرجەم ئۈن ـ ياغ» مەھسۇلاتى كارخانىسى دېگەن نامغا (مۇددىتى 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 2005 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە) ئېرىشتى.

خاتىرجەم ئۈن مۇنۇلار: «ئالتۇن غەربىي يۇرت» پەن-تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئالتۇن غەربىي دىيار» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، «تەڭرىتاغ» ئۈن گورۇھىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئۆلچەملىك ئۈنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق «تەڭرىتاغ» ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش- سېتىش زاپاس ئاشلىق ـ ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «كۆنچى دەرياسى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، چۆچەك شەھەرلىك «شۆچېڭ» ئۈنچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «شۆچېڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك «1-ئاۋغۇست» ئاشلىق ـ ياغ سانائەت ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «قەشقەر باھارى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك «پەنشىڭ» ئۈنچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «پەنشىڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئۆلچەملىك ئۈنى، ئىلى «كاڭدا» ئۈن زاۋۇتىنىڭ «كاڭدا» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، شىخەنزە ئۈن ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ «دالى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، قاراماي شەھەرلىك ئاشلىق ـ ياغ سودا باش شىركىتىنىڭ «خۇيخوڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، «مېنفېڭ» ئاشلىق ـ ياغ سانائەت ـ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ «مېنفېڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، خوتەن شەھەرلىك «تيەنشۆ» ئاشلىق ـ ياغ سانائەت ـ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ «تيەنشۆ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئۆلچەملىك ئۈنى، شىنجاڭ «شېنشۆ» ئۈنچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «جياڭشۆ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، «شېڭكاڭ» ئاشلىق ـ ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «يىشېڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، قۇتۇبى ناھىيىلىك «بېيجياڭ» ئاشلىق ـ ياغ سانائەت ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «بېيجياڭ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئالتاي «بېيتۇن» ئۈن زاۋۇتىنىڭ «ئاۋيا» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، ئۆلچەملىك ئۈنى.

خاتىرجەم گۈرۈچ مۇنۇلار: سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش گۇرۇھى مىچۇەن چەكلىك

مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «مىچۇەن» ماركىلىق گۆرۈچى.

خاتىرجەم سۇ يېغى مۇنۇلار: شىنجاڭ ئالتاي ياغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «كېلەن» ماركىلىق 4 - دەرىجىلىك گازىر يېغى، «كاڭيومېي» پۇرچاقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «كاڭيومېي» 2 - دەرىجىلىك پۇرچاق يېغى، موڭغۇلكۈرە«بىشى» ياغچىلىق شىركىتىنىڭ «بىشى» ماركىلىق تەڭشەلگەن قىچا يېغى، شىخەنزە ئۈن - ياغ زاۋۇتىنىڭ «خۇيچاڭ» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى، سانجى شەھىرىنىڭ «چاڭدىڭ» 1 - دەرىجىلىك زاراڭزا يېغى، سايرام ياغچىلىق باش زاۋۇتىنىڭ «لىڭياڭمەي» ماركىلىق ئۈزۈم ئۇرۇقى يېغى، زاراڭزا يېغى، گازىر يېغى، 3 - دەرىجىلىك چىگىت يېغى، شوخلا ئۇرۇقى يېغى، قىچا سالات يېغى.

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۈنى مەملىكەت بويىچە داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ، جۇڭگودىكى ئۈنچىلىق كەسپىي ساھەسىدىكى 13 داڭلىق ماركىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

لى شياۋ

# تاشقى ئىقتىساد - سودا

## تاشقى ئىقتىساد - سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليارد 635 مىليون 630 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.1 ئاشتى.

ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 46 مىليون 580 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.84 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %11.45 نى، مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %0.51 نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 377 مىليون 90 مىڭ دوللار، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 669 مىليون 480 مىڭ دوللار بولدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 140 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئالدىنقى 10 دۆلەت ۋە رايون: قازاقىستانغا 1 مىليارد 781 مىليون 660 مىڭ دوللارلىق، قىرغىزىستانغا 357 مىليون 710 مىڭ دوللارلىق، پاكىستانغا 161 مىليون 590 مىڭ دوللارلىق، ئامېرىكىغا 103 مىليون 870 مىڭ دوللارلىق، ئەزەربەيجانغا 90 مىليون 460 مىڭ دوللارلىق، ياپونىيىگە 56 مىليون 640 مىڭ دوللارلىق، روسىيە فېدېراتسىيىسىگە 47 مىليون 890 مىڭ دوللارلىق، جۇڭگو شياڭگاڭغا 45 مىليون 960 مىڭ دوللارلىق، ئىتالىيىگە 43 مىليون 930 مىڭ دوللارلىق، سۇدانغا 28 مىليون 840 مىڭ دوللارلىق تاۋار سېتىلدى.

ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 589 مىليون 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %16.1 ئاشتى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 705 مىليون 350 مىڭ دوللار، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 883 مىليون 700 مىڭ دوللار بولدى.

ئىمپورت تاۋارلىرى 67 دۆلەت ۋە رايوندىن كىرگۈزۈلدى. تاۋار ئىمپورت قىلىنغان ئالدىنقى 10 دۆلەت ۋە رايون: قازاقىستاندىن 1 مىليارد 504 مىليون 410 مىڭ دوللارلىق، روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن 175 مىليون 250 مىڭ دوللارلىق، چىلىدىن 153 مىليون 980 مىڭ دوللارلىق، ئامېرىكىدىن 124 مىليون 240 مىڭ دوللارلىق، قىرغىزىستاندىن 104 مىليون 340 مىڭ دوللارلىق، ئۆزبېكىستاندىن 69 مىليون 270 مىڭ دوللارلىق، گېرمانىيىدىن 68 مىليون 510 مىڭ دوللارلىق، ئىتالىيىدىن 60 مىليون 140 مىڭ دوللارلىق، جۇڭگو تەيۋەندىن 44 مىليون 220 مىڭ دوللارلىق، ياپونىيىدىن 33 مىليون 260 مىڭ دوللارلىق تاۋار ئىمپورت قىلىندى.

ۋاڭ يۇەنشۈن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. تاشقى ئالاقە خىزمىتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى قازاقىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان، روسىيە، تۈركىيە، كورىيە، تايلاند، ئۇرۇگۋايدىن ئىبارەت 8 دۆلەت ۋە شياڭگاڭدىن 18 ئۆمەك گۇرۇپپىدىكى 147 ئادەم(قېتىم)نى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار بىلەن 60 تۈر ئۈستىدە كېڭەشلىدى، 5 تۈر كىرگۈزۈلدى.

2. كۆرگەزمە خىزمىتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى 6 قېتىم دۆلەت ئىچى كەسپىي كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى ياكى بىرلىشىپ ئۆتكۈزدى، ئۇلار: 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى

كۆرگەزمىسى، 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا ئاپتوموبىل سانائىتى كۆرگەزمىسى، 5 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۆرگەزمىسى، 2004ـ يىللىق تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي قىسىم (ئۈرۈمچى) خەلقئارا سودا يەرمەنكىسى ۋە ئالاھىدە ئىجازەتنامىلىك ئىتتىپاقداش مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك تىكلەش يەرمەنكىسى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئالاقە ـ كومپيۇتېرى سېفىرلىق مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ۋە كۆرگەزمە مۇنبىرى، 2004 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يايما ئورنى 1713 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ يايما ئورنى 340؛ كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەر 410 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تاماشىبىن 106 مىڭ ئادەمگە؛ پۈتۈشۈش سوممىسى 820 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

2004 ـ يىلى 3 دۆلەتتە يەنى قىرغىزىستاندا جۇڭگو شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى يەرمەنكىسى، تاجىكىستاندا جۇڭگو قەشقەر تاۋارلار يەرمەنكىسى، بىشكەكتە 2004 ـ يىللىق جۇڭگو شىنجاڭ تاۋارلار يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يەرمەنكىلەرگە 115 كارخانا قاتناشتى، يەرمەنكىدىكى يايما ئورنى 165 كە، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سوммا 12 مىليون 140 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2004 ـ يىللىق بىشكەك جۇڭگو شىنجاڭ تاۋارلىرى يەرمەنكىسى جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستاندا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن كۆلىمى چوڭ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك يەرمەنكە بولدى.

3. چەت ئەلگە چىقىشلىق قانۇنىي مۇلازىمەت خىزمىتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى مەھسۇلاتنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتنامىسىدىن 1200 نەچچىنى، نورمال تالوندىن 243 نى ئىمزا قويۇپ يىغىۋالدى، ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار 80 دۆلەت ۋە رايونغا تارقالدى؛ تاشقى سودا تالونغا ئالاقىدار 321 كونسۇلخانا ئىجازەتنامىسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى. بۇنىڭدىن باشقا شۆبە جەمئىيەت يەنە ساغلاملىق كىنىشكىسى، سۇغۇرتا كىنىشكىسى قاتارلىق كونسۇل ئېتىراپ قىلىدىغان يېڭى كەسىپلەرنى قانات يايدۇردى.

شۆبە جەمئىيەت 2004 ـ يىللىق تاشقى ئىقتىساد ـ سودا سىستېمىسى بويىچە ئىسپات چىقىرىپ بېرىش ـ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى يىغىنى ۋە مەھسۇلاتنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتنامىسىگە ئىمزا قويۇش (ئىلتىماس قىلىپ ئېلىش) بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 37 تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كارخانىسىدىن 55 ئادەم كۇرسقا ۋە ئىمتىھانغا قاتناشتى.

2004 ـ يىلى شۆبە شىركەتنىڭ كېلىشتۈرۈش مەركىزى 70 نەچچە قېتىم سىرتقا چىقىشلىق ئىقتىسادىي ماجىرا ئۈستىدە مەسلىھەت بەردى، مۇرەسسە ماجىراسى دېلوسىدىن 7نى قوبۇل قىلدى، دېلو قىممىتى 1 مىليون 220 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، بىر دېلو مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىشتۈرۈلدى. 4 دېلو كېيىم دېلوسىغا قاتناشتۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ كارخانىلار 224 مىڭ دوللار ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

8 ـ ئايدا جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا كېسىم كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز جايىدىلا قولايلىق كېسىم مۇلازىمىتىگە ئېرىشىشى سورۇن بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

5. ئۇچۇر مۇلازىمەت خىزمىتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى «جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش تورى» شىنجاڭ شۆبىسى تور ـ پونكىتىنى سورۇن قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىستېمىسى ئاپپاراتىنىڭ جايلىشىش تور ـ نۇقتىسىنى بەرپا قىلدى. تۆرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق ئىقتىساد ـ سودا ئۇچۇرىنى يىغدى، رەتلىدى ۋە ئېلان قىلدى، بىر يىلدا «شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالى» دىن 12 سان تۈزۈپ تارقاتتى. بۇنىڭدىن سىرت شۆبە جەمئىيەت يەنە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى 40 نەچچە سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاپپاراتى ۋە چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق نۇرغۇن ئاپپاراتلار بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى.

لياڭ جيەنپىڭ

غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ يىللىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايونلار | ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى | ئېكسپورت سوممىسى | ئىمپورت سوممىسى | 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى (%) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى | ئېكسپورت سوممىسى | ئىمپورت سوممىسى |
| شىنجاڭ | 563563 | 304658 | 258905 | 18.1 | 19.1 | 16.1 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شەنشى | 364279 | 239699 | 124580 | 30.9 | 38.1 | 18.8 |
| گەنسۇ | 177298 | 99634 | 77664 | 33.6 | 13.5 | 72.6 |
| نىڭشيا | 90820 | 64625 | 26195 | 39 | 26.2 | 85.4 |
| چىڭخەي | 57552 | 45476 | 12076 | 69.7 | 66 | 85 |

## شىنجاڭ بويىچە 2004 ـ يىللىق ئېكسپورت سودا سوممىسى جەھەتتە ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان كارخانىلار

| كارخانا نامى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) |
|---|---|
| شىنجاڭ ياۋا ئات ئىقتىساد ـ سودا چەكلىك شىركىتى | 57169 |
| شىنجاڭ تارباغاتاي «سەنباۋ» مىللىي سودا ئوقەتچىلىك ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى | 30744 |
| ئالاتاۋ ـ «ياشىن» سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 11577 |
| قورغاس تاشقى ئىقتىساد ـ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 10508 |
| ئىلى ئوبلاستلىق «لوڭخۋا» ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا چەكلىك شىركىتى | 10370 |
| ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | 10369 |
| گۈچۈڭ «شىيۇ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 10191 |
| قورغاس «توڭدا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 9622 |
| شىنجاڭ «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى | 8853 |
| ئالاتاۋ ـ «تۈنخې» سودا چەكلىك شىركىتى | 5209 |

## شىنجاڭ بويىچە 2004 ـ يىللىق ئىمپورت سودا سوممىسى جەھەتتە ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان كارخانىلار

| كارخانا نامى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) |
|---|---|
| شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئوقەتچىلىك تەرەققىيات باش شىركىتى | 13432 |
| ئالاتاۋ «شېنيۇ» سودا چەكلىك شىركىتى | 12594 |
| ئالاتاۋ «ۋۇكۇاڭ» سودا چەكلىك شىركىتى | 12065 |
| ئالاتاۋ «جوڭچېڭ» سودا چەكلىك شىركىتى | 11996 |
| «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا پاي چەكلىك شىركىتى | 11710 |
| ئالاتاۋ سانائەت ـ سودا پاي چەكلىك شىركىتى | 9878 |
| شىنجاڭ «جوڭچېڭ» ئىقتىساد ـ سودا چەكلىك شىركىتى | 9626 |
| مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قورغاس شىركىتى | 7805 |
| چۆچەك شەھىرى خەلقئارا چېگرا سودىسى شەھەرچىسى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | 5901 |
| شىنجاڭ تارباغاتاي «سەنباۋ» مىللىي سودا ئوقەتچىلىك ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى | 5357 |

ۋاڭ يۈەنشۈن

## چېگرا سودىسى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 708 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22.02% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 65.8%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 237 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 39.51% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت، ئاياغ كىيىم، سۇلياۋ ئاشخانا سايمانلىرى، ئائىلە لازىمەتلىكلىرى، ئاپتوماتىك قەلەم، ئۆي جاھازلىرى، چىراغ، ئاليۇمىن ياپراقچە، قوشۇمچە ئۆي جاھازلىرى، تېلېۋىزور، قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى، كوكس، بىناكارلىققا ئىشلىتىلىدىغان تاش، فار فور ئاشخانا سايمانلىرى، يولۇچى - يۈك ئاپتوموبىلى، بۇۋاقلار هارۋىسى، خۇرۇم، يۇڭ - تېرە ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار، چامىدان - سومكا قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 470 مىليون 570 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2.48% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كېرەكسىز پولات، مىس ماتېريال، سىنىك - ئالىيۇمىن ماتېريال، تۆمۈر رۇدىسى، نېفىت، ئوكسىدلانغان ئالىيۇمىن، خىمىيۋى ئوغۇت، ئىپتىدائىي پولىئېتىلېن، قوي يۇڭى، پاختا، قىسقا پاختا تالاسى، قىسقا پاختا تۇتى، قىچا، ياغاچ، قوي تېرىسى، كومبايىن زاپچاسلىرى قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۇەنشۇن

## قازاقىستان بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 3 مىليارد 286 مىليون 70 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 29.07% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 58.31%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 781 مىليون 660 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 39.96% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: گۈرۈچ، يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، چاي، تاماكا، كوكس، تەييار ماي، قەغەز، توقۇمىچىلىق يىپى ۋە توقۇلما مەھسۇلاتلار، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، چايدان، سىر، سۇلياۋ خالتا، تۇرلۇك پىششىقلاش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 504 مىليون 410 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 18.17% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پولات ماتېريال، خىمىيۋى ئوغۇت، كېرەكسىز پولات، ئالىيۇمىن ماتېريال، كېرەكسىز ئالىيۇمىن، مىس ماتېريال، كېرەكسىز مىس، ئوكسىدلانغان ئالىيۇمىن، تېرە، قوي يۇڭى، قىسقا پاختا تۇتى، پاختا قاتارلىق سانائەت خام ئەشيالىرى مەھسۇلاتلىرى.

ۋاڭ يۇەنشۇن

## روسىيە بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئىمپورت- ئېكسپورت سودا سوممىسى 223 مىليون 140 مىڭ دوللار بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.72% كېمىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 3.96%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 47 مىليون 890 مىڭ دوللار بولۇپ، 12.29% كېمەيدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: شوخلا قىيامى، تۈرلۈك مېۋە شەربىتى، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى، سۇلياۋ ياسالما، تاماكا قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 175 مىليون 250 مىڭ دوللار بولۇپ، 20.32% كېمەيدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئايروپىلان ماتورى ۋە زاپچاسلىرى، ئاپتوموبىل، پولات ماتېريال (كېرەكسىز پولاتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئالىيۇمىن (كېرەكسىز ئالىيۇمىنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، رەڭلىك مېتال، خىمىيۋى ئوغۇت، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى، پولىئېتىلېن، ئاخبارات قەغىزى، ياغاچ ماتېريال قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۇەنشۇن

## قىرغىزىستان بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 462 مىليون 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 100.07% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 8.2%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 357 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 119.91% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مېۋە - چېۋە، كۆكتات، گۈرۈچ، كالىي سېلىتىرا، سۇلياۋ ياسالما، قوي يۇڭى، پاختا رەخت، يىپەك تالالىق رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، ئاشخانا فارفور بۇيۇملىرى، دانلىق ئاشلىق پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى، ئەرزان مېتال زاپچاسلىرى، رەڭسىز تېلېۋىزور، ئاپتوموبىل، قەلەم قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 104 مىليون 340 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 52.81% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مېغىز، قىسقا پاختا تۇتى، سىماب، قوي يۇڭى، ئاشلانمىغان تېرە،

كېرەكسىز سىم، كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز ئاليۇمىن قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## پاكىستان بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 163 مىليون 150 مىڭ دوللار بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12%. 36 تۆۋەنلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 89%. 2نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 161 مىليون 590 مىڭ دوللار بولۇپ، 54%. 35 تۆۋەنلىدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئاپتوماتىك قەلەم، سۇنئىي تالالىق رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، چايدان، دىزېلماتور زاپچاسلىرى، ترانسفورماتور، هۆل مېۋە - چېۋە، سۇنئىي يۇڭ - خۇرۇم ياسالمىلىرى، كۆزئەينەك قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 560 مىڭ دوللار بولۇپ، 95%. 66 تۆۋەنلىدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: خىرومت، مېۋە- چېۋە، قىسقا پاختا تىۋىتى، قۇرۇق مېۋە، تېرې فتالىك كىسلاتا، بېرىتۇا قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 16 مىليون 440 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 24%. 87 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 29%. 0نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 9 مىليون 640 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 59%. 99 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئۇن، بېنزىن، دىزېلىن قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 15%. 72 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئاشلانمىغان تېرە، قوي يۇڭى، تىۋىت قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## ئامېرىكا بىلەن بولغان سودا

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 227 مىليون 880 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 03%. 17 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 04%. 4نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 103 مىليون 880 مىڭ دوللار بولۇپ، 7%. 2 تۆۋەنلىدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، كرېسلو، تاش ماتېرىيال، پىششىقلاش ستانوكى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، يۇڭ پوپايكا، پاختا رەخت، كوكس، يېسسىپىدرىن، ۋېرمىكۇلىت، شوخلا قىيامى، لىمون كىسلاتاسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، كىسىگرىت، هاۋا پومپىسى، تېببىي دورىگەرلىككە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك شىرنىسى قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 124 مىليون دوللارغا يېتىپ، 41% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پاختا، مىس ماتېرىيال، ئايروپىلان ۋە ئايروپىلان ماتورى، تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىسى، جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، ئاپتوموبىل، لازېر نۇرلۇق دېسكا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، سۇ تازىلاش ئۈسكۈنىسى، هاۋا ئارقىلىق پرىسلاش ناسوسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىلىرى، ئالاقىلىشىش ئەسۋابلىرى، گېنېراتور گۇرۇپپىسى، قىدىرىپ تەكشۈرۈش ماشىنا زاپچاسلىرى، سىغىرلىق كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسى، ئوراش- قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ماتېرىيال، سۇلياۋ ياسالما قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## ليۇ ۋېنجيې باشچىلىقىدىكى ئۆمەك شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ ۋېنجيې باشچىلىقىدىكى جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ سىرتتىكى 15 دۆلەت ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق باش ۋەكىللىرى ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى زىيارەت قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئىقتىساد - سودا تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە كارخانىلارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى ئىگىلىدى. ليۇ ۋېنجيې ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جو بىلەن كۆرۈشكەندە جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى بۇنىڭدىن كېيىن سىرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، چەت ئەلدە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش، قانۇنىي كېڭەش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا سىياسەتتە مايىل بولۇپ شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆپ ئېتىۋار ۋە ئەلا مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لياڭ جيەنپىڭ

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سودا تۈرى | تاۋار نامى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن يۇقىرىسى (7 خىل) | كىيىم - كېچەك، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، ئاياغ كىيىم، شوخلا قىيامى ۋە كونسېرۋاسى، توقۇمىچىلىق يىپى ۋە توقۇلما بۇيۇملار، سۇلياۋ ياسالما، ئۆي جاھازلىرى | 249057 | 81.75 |
| 60 مىليون دوللاردىن 100 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (بىر خىل) | كوكس | 7673 | 2.52 |
| 20 مىليون دوللاردىن 60 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (3 خىل) | تېلېۋىزور، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات، ئالىيۇمىن ماتېرىيال | 11678 | 3.83 |
| جەمئىي | 11 خىل | 268408 | 88.1 |

ۋاڭ يۈەنشۈن

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىمپورت سوممىسى 40 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سودا تۈرى | تاۋار نامى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئىمپورت سوممىسىدا ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن يۇقىرىسى (3 خىل) | مىس ۋە مىس ماتېرىيال، كېرەكسىز پولات، پولات ماتېرىيال | 122807 | 47.43 |
| 60 مىليون دوللاردىن 100 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (4 خىل) | تۆمۈر رۇدىسى، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار، نېفىت، تۆۋەن دەرىجىلىك سۇلياۋ | 33502 | 12.94 |
| 40 مىڭ دوللاردىن 60 مىڭ دوللارغىچە بولغىنى (5 خىل) | ئالىيۇمىن ماتېرىيال، ئوغۇت، توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى ۋە زاپچاسلىرى، پاختا، تېرە فىنالىك كىسلاتا | 23520 | 9.08 |
| جەمئىي | 12 خىل | 179829 | 69.45 |

ۋاڭ يۈەنشۈن

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى چېگرا رايون ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازار سودىسى قىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | 2003 - يىلى | 2004 - يىلى | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقان - كېمەيگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| سودا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 122438 | 69049 | —43.6 |
| ئېكسپورت سوممىسى | 122414 | 66279 | —45.9 |
| ئىمپورت سوممىسى | 24 | 2770 | 114.4 ھەسسە |
| بازارغا كىرگەن چەت ئەللىك (ئادەم - قېتىم) | 42887 | 79753 | 86 |
| باج سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 12 | 25 | 1.1 ھەسسە |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە بازارە تېچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تېزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلەنگەن ئاساسلىق نىشان مۇنداق بولدى: ئىقتىسادنى 2003 - يىلدىكىدىن 9% ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭكىنى 4%، 2 - كەسپىنىڭكىنى 10.7% (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭكىنى 10%)، 3 - كەسپىنىڭكىنى 9.5%؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى 20%؛ يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمىنى 14%؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 10%؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنى 10% ئاشۇرۇش؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا ئىندېكسىنى 102.5كە يەتكۈزۈش؛ 310 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 4% ئىچىدە تىزگىنلەش؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى 13.6‰ ئىچىدە تىزگىنلەش.

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلما زور كۆچ بىلەن تەڭشىلىپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تېزلىتىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلدى، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلق ئىگىلىكىدە ئېشىش تېز بولۇش، ئۈنۈم يۇقىرى بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 220 مىليارد 15 مىليون يۈەن (هازىرقى باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 2003 - يىلدىكىدىن 11.1% ئېشىپ، ئېشىش ھەجمى 0.3 پىرسەنت پوئېنت بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ 15.1%، 2 - كەسپىنىڭ 14.3% (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 14.5%)، 3 - كەسپىنىڭ 10.4% ئاشتى؛ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىڭ 199 يۈەنگە يېتىپ، 9.5%؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 116 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 15.8%، يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 14 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە 18.2%؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليارد 636 مىليون دوللارغا يېتىپ، 18.2%؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 48 مىليارد 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.5% ئاشتى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا ئىندېكسى 102.7 بولدى؛ 369 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.8% بولدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.9‰ بولدى.

لى ئەنچۈەن

### كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ 5 چوڭ سانائەت بازىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى. ش ئۇ ئا ر نېفىت خىمىيە سانائىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ 2004 — 2010 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، شىنجاڭنىڭ «يۇقىرى ئېقىمنى قوللاش، ئوتتۇرا ئېقىمغا ئاربىلىشىش، تۆۋەن ئېقىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت نېفىت خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە مايتاغ - قاراماي، ئۈرۈمچى، تۇرپان - قۇمۇل، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت 4 چوڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسىنى گۈللەندۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇشى بېكىتىلدى. گۇاڭخۇي، ماركور قاتارلىق تەسىرگە ئىگە بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلار نېفىت خىمىيە كەسپىگە ئارىلاشتى؛ جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانىلىرىنىڭ بىر تۈركۈم چوڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى تۈرلىرىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇشىمۇ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلدى؛ كۇيتۇڭ، شىخۇ، مىچۈەن شەھەرلىرى، پىچان، بۈگۈر، كۇچا ناھىيىلىرى قاتارلىق جايلاردىكى بىر

تۇركۇم نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ۋە سانائەت رايونلىرى نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسىنى گۈللەندۈرۈشنى چۆرىدەپ تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈردى.

2. ئېغىر سانائەت، خىمىيە سانائىتى بازىسى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، ئېلېكتر، ئېنېرگىيە بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى، «تيەنيى» گۇرۇھى، «جۇڭخې» پاي شىركىتى، «تيەنلۇڭ» كانچىلىقى قاتارلىق بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلارنىڭ كۆمۈر - ئېنېرگىيە - مېتاللورگىيە، كۆمۈر-ئېنېرگىيە - خىمىيە قاتارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە سانائەت تۈرلىرىنى قۇرۇشنى قوللاپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلەتتى. سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، شەندۇڭ «لۇنەنىڭ گۇرۇھى» ، جياڭسۇ شۈيجۇ كان ئىشلىرى ئىدارىسى، خېنەن يما كان ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭدىكى كۆمۈر - ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى بىر گەۋدىلەندۈرۈش ۋە كۆمۈر كانلىرىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرىگە مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىندى.

3. يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى بازىسى. شىنجاڭنىڭ پاختا قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقىغا تايىنىپ، جېجياڭدىكى «شېنجۇ» گۇرۇھى، جېجياڭدىكى «جۇيىڭ» گۇرۇھى، جياڭسۇدىكى «ئاۋياڭ» گۇرۇھى، شەندۇڭدىكى «لۇتەي» شىركىتى، شياڭگاڭدىكى «بەيلۇڭ» گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلار شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىگە كىرىشكە جەلپ قىلىنىپ، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش تېزلىتىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «جىنيىڭ» نىڭ 10 مىڭ ئۇرچۇقلۇق چىگە توقۇمىچىلىقى، «خۇڭتەي» نىڭ 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا توقۇمىچىلىقى، «فۇلۇن» نىڭ 1000 توننىلىق خىمىيىۋى تالاسى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر يولغا قويۇلدى. سۈلياۋ، كۆك تاماكا، شېكەر ئىشلەش، قەغەز ياساش قاتارلىق ئۆزگىچە يېنىك سانائەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى.

4. يېشىل يېمەكلىك سانائىتى بازىسى. «تۇنخې» پاي شىركىتى، «شىنتيەن» گۇرۇھى، نەشپۈت پاي شىركىتى، «قىزىل ئۈزۈك» پەن - تېخنىكا شىركىتى، مېيچۈئېر سۈتچىلىكى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلار شىنجاڭنىڭ مول، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش، يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ كۆلەملىشىپ، مەركەزلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىلىپ، داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، بازارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

5. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بازىسى. يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە، بىئو قۇرۇلۇش، ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. خەلقئارا ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكترودلۇق ياپراق سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ ئۇلترا يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتورى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. شامال ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، بىئو دورا، خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر ئالدىنقى تەييارلىق مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

دېڭ شۈچى

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئىمزالاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا 8 قېتىم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 2027 تۈرلۈك ھادىسە ۋە يوشۇرۇن ئاپەت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2123 پارچە ئۆزگەرتىش بۇيرۇقنامىسى تارقىتىلدى. ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، يول قاتنىشى، كۆمۈركان، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، خەلق ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش سايمىنى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ئالاھىدە ئۈسكۈنە قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزدى.

ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ھادىسىسى 13 مىڭ 231 قېتىم يۈز بېرىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.8 ئازايغان؛ ئۆلگەن ئادەم 3419غا يېتىپ، %5.3، كۆپەيگەن؛ يارىلانغانلار 9117 بولۇپ، %11.9؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 73 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.66 ئازايغان. بىر قېتىمدا 3

تىن 9 غىچە ئادەم ئۆلگەن زور ھادىسە 118 قېتىمغا يېتىپ، %26.55، ئۆلگەن ئادەم 434كە يېتىپ، %46.13 كۆپەيگەن. بىر قېتىمدا 10 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن پەۋقۇلئاددە زور ھادىسە يۈز بەرمىگەن.

كۆمۈر كاندىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىچىدە، قېزىش كەسپى، بىناكارلىق، ياسىمچىلىقتا بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى يۇقىرى ئۆرلەپ، قېزىش كەسپىدە ئۆلگەن ئادەم ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ھادىسىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ %38.28نى، بىناكارلىقتا ئۆلگەن ئادەم %33.25نى، ياسىمچىلىقتا ئۆلگەن ئادەم %21.19نى ئىگىلىدى.

دېڭ شۈچى

## نۇقتىلىق كارخانىلار ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدىغان «ئۈچ 30» كارخانا (30 كۈچلۈك سانائەت كارخانىسى گۇرۇھى، 30 «يېتىلىۋاتقان» كارخانا، 30 نۇقتىلىق يۇقىراۋى كارخانا) نىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى قوشۇلما قىممىتىنىڭ تەخمىنەن %90تىن يۇقىرىسىنى ئىگىلىدى. 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر نۇقتىلىق كارخانىلارنى ماسلاشتۇرۇش، قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «ئۈچ 30» كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتتى، كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى تۈزۈش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بەردى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغىنىڭ %68ى «ئۈچ 30» كارخانىغا مەدەت بېرىشكە ئىشلىتىلدى. تۆمۈريول ترانسپورتى «ئۈچ 30» كارخانىغا مەدەت بېرىشكە مايىل بولدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئىقتىساد ـ سودا ئۇچۇر تورىنى «ئۈچ 30» كارخانا تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، نۇقتىلىق كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش كۈچەيتىلدى.

دېڭ شۈچى

## ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 30 ئىناۋەتلىك كاپالەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى 690 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1800 دىن ئارتۇق كارخانا تەخمىنەن 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئىناۋەتلىك كاپالەت مەبلىغى سوممىسى بىلەن تەمىنلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قېلىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار 17 مىليون يۈەنلىك ئاز سوممىلىق قەرز پۇل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەندى.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنىڭ قايتا تەشكىللىنىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش، قايتا تەشكىللىنىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. كوكس-كۆمۈر گۇرۇھى ۋە غەربىي دىيار سېمونت گۇرۇھى «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى بىلەن بىرلەشتى؛ شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش شىركىتى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى گۇرۇھىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ تېرىلىن تالا زاۋۇتى، «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇش تەرتىپى ئاخىرلاشتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى، ئۈرۈمچى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى قاتارلىق 6 كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. «ئاپتونوم رايوندىكى قىيىنچىلىقى بار دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 2004 — 2007 ـ يىلغىچە تاقىلىش، ۋەيران بولۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي يولغا قويۇلۇش لايىھىسى» پۈتۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى، ۋەيران بولۇش تۈرىدىن 15ى ئىلتىماس قىلىندى، بۇلارنىڭ چېتىشلىق سوممىسى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن، قەرزى 3 مىليارد 200 مىليون يۈەن.

دېڭ شۈچى

## دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئايرىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 5 دۆلەت كارخانىسىدىكى ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپ ئايرىۋېتىلدى، بۇ، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىدىغان 42 كارخانىغا، كارخانىلارنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان 14 مىڭ 433 ئىشچى خادىمىغا چېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8635 ئادەم تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئايرىۋېتىلىشى كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، ئاساسىي كەسىپ گەۋدىلەندۇرۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشى، تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشىگە شارائىت يارىتىلدى.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ئايرىۋېتىلدى

2004 - يىلى مەركەزنىڭ نېفىت كارخانىلىرى تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 58 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ، 570 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىگە، 1933 دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىمغا چېتىلدى؛ ج خ ئاپپاراتىدىن 4ى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ 578 ئادەمگە چېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئاچقان مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى تېزلىتىلدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار باشقۇرغان 51 مەكتەپ ئىچىدە 17 مەكتەپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈش تاماملاندى.

دىڭ شۇچى

## شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتى 2004 - يىلى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدىغان كارخانا 76 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2 سى ئازايدى. گۇرۇھلارنىڭ ئاساسىي تىجارەت ساھەسى بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپتىكىسى 4؛ 2 - كەسىپتىكىسى 33، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 26، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 7؛ 3 - كەسىپتىكىسى 39، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش ۋە پوچتا كەسپىدىكىسى 7، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، كومپيۇتېر مۇلازىمىتى ۋە يۇمشاق دېتال كەسپىدىكىسى بىر، توپ، پارچە سېتىش كەسپىدىكىسى 13، ئۆي - زېمىن كەسپىدىكىسى 15، ياتاق ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكىسى 2، باشقا كەسىپتىكىسى بىر. گۇرۇھ ئانا شىركەتلىرىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش تۈر تىپى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىسى 4، شېرىكسىز دۆلەت كارخانىسى 16، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 48، پاي چەكلىك شىركىتى 5، باشقىلار 3. گۇرۇھ ئانا شىركىتىنىڭ پاي كونترول ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتلەق پاي كونترول دۆلەت كارخانىسى 25، نىسپىي پاي كونترول دۆلەت كارخانىسى 3، مۇتلەق پاي كونترول كوللېكتىپ كارخانىسى 9، نىسپىي پاي كونترول كوللېكتىپ كارخانىسى بىر، باشقا پاي كونترول تىپتىكىسى 38.

چېن كۈي

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى

1. مۈلۈك كۆلىمى كېڭەيدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلكى 104 مىليارد 869 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %16.6؛ كارخانىلارغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن مۈلۈك 1 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 227 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يىل ئاخىرىدىكى مۈلكى 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا گۇرۇھى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ يىل ئاخىرىدىكى مۈلكى 5 مىليارد يۈەندىن 10 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى شىنجاڭ پاختىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتىر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى.

2. ئىقتىسادىي ئۈنۈم پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستى. 2004-يىلى 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ پايدا - زىيىنى ئۆز ئارا چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى پايدا سوممىسى 1 مىليارد 563 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى، ئوتتۇرىچە ھەر بىر كارخانا 21 مىليون يۈەن پايدا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدا سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن گۇرۇھ 7 بولۇپ، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پايدا سوممىسى 500 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى؛ پايدا سوممىسى 100 مىليون يۈەنگە يەتكىنى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتىر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى، «ماركور» كارخانا گۇرۇھى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، 3 - كەسىپ گۇرۇھىنىڭ پايدىسى 777 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.6؛ 1 - كەسىپ گۇرۇھىنىڭ پايدىسى 12 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19 ئاشتى؛ 2 - كەسىپ گۇرۇھىنىڭ پايدىسى 774 مىليون يۈەن بولۇپ، %11 ئازايدى. 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ تىجارەت كىرىمى 58 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.9؛ ھەر بىر گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرىچە تىجارەت كىرىمى 770 مىليون يۈەنگە

يېتىپ، 155 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 1 ـ ئورۇننى؛ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2ـ ئورۇننى؛ شىنجاڭ پاختىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى 3 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن 4 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 9 كارخانا گۇرۇھ.

3. پەن تەتقىقات خىراجىتى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 2004 ـ يىلى 76 كارخانا گۇرۇھىدىن تېخنىكا تەتقىقات ـ تەرەققىيات مەركىزى قۇرغىنى 31، بۇنىڭ ئىچىدە 22 كارخانا تېخنىكا مەركىزىنىڭ پەن تەتقىقات تەرەققىياتى مۇئەسسەسىلىرى تەتقىقات خىراجىتى ۋە تېخنىكا خادىملىرى تەتقىقات ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ، 9 كارخانا تېخنىكا مەركىزىنىڭ پەن تەتقىقات تەرەققىيات مۇئەسسەسىلىرى، تەتقىقات خىراجىتى ۋە تېخنىكا خادىملىرى تەتقىقات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ بىر يىلدا تەتقىقات ـ تەرەققىياتقا ئىشلەتكەن خىراجەت سېلىنمىسى 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 1.9 ھەسسە ئاشتى، تەتقىقات ـ تەرەققىيات خىراجىتىنىڭ تىجارەت كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %0.47 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 0.26 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى؛ يېڭى مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 313 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %71.7 ئاشتى، يېڭى مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ تىجارەت كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %3.95 بولۇپ، 1.2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

4. ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج كۆپەيدى، تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى كەسپكارى 203 مىڭ 300گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 19 مىڭ 600 ئادەم كۆپىيىپ، %10.7 ئاشتى، كارخانىنىڭ ئوتتۇرىچە كەسپكارى 2675 بولدى؛ كەسپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى 3 مىليارد 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.5 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ـ تەرەققىيات خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ھەققى 57 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %107.6، 2004ـ يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تۇراقلىق مۇلۇككە سالغان مەبلىغى 5 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.5 ئاشتى.

5. كارخانىنىڭ زىيان كۆلىمى تۆۋەنلىدى. 2004 ـ يىلى 16 كارخانا زىيان تارتتى، زىيان كۆلىمى %21.1 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. كەسپلەر بويىچە قارىغاندا، زىيان كۆلىمى ئەڭ كىچىك بولغان ساھە قاتناش ـ ترانسپورت، ساقلاش ۋە پوچتا كەسپى بولۇپ، %12 بولدى؛ زىيان كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ساھە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، كومپيۇتېر مۇلازىمىتى ۋە يۇمشاق دېتال كەسپى بولۇپ، %34 بولدى.

2004 ـ يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %66.57 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 0.6 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پاسسىپلىق ئېشىشى ئاكتىپلىق ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولدى. كارخانا گۇرۇھلىرى كاپىتالنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. 2004 ـ يىلى 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پايچىكلار ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 35 مىليارد 55 مىليون يۈەنگە يەتتى، كاپىتالنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممىتىنى ئۆستۈرۈش نىسبىتى %116.4 بولۇپ، 4.6 پىرسەنت پوئىنتى، كارخانا گۇرۇھلىرى مۇلكىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى (كەسپىي كىرىم بىلەن مال ـ مۈلۈك جەمئىيىسىنىڭ نىسبىتى) %53.2 بولۇپ، 3.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

6. سىرتقا مەبلەغ سېلىش، ئېكسپورت قىلىپ سېتىش ئاشتى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ سىرتقا سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 274 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %31.2؛ ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %55.2 ئاشتى، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ تىجارەت كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %4.5 بولدى. سىرتقا سېلىنغان مەبلەغ زور ھەجىمدە ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە گۇرۇھلارنىڭ سىرتقا سالغان مەبلىغى 3 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.4 ئاشتى، كارخانا كاپىتالىنىڭ خەلقئارا بازارغا سىڭىش ۋە خەلقئارالىشىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى.

7. كۆپ مەنبەلىك تىجارەت داۋاملىق كۈچەيدى. 76 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە 2004 ـ يىلى يېڭى كەسپ ساھەسى ئاچقان كارخانا گۇرۇھى 30 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %39.5نى ئىگىلىدى. سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، كارخانا گۇرۇھلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭى ساھەگە قەدەم تاشلاپ، يېڭى كەسپلەرنى ئاچقان، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولمىغان، %46.7 كارخانا گۇرۇھى تېخىمۇ يۇقىرى ھەققە ئېرىشىشنى، %66.7 كارخانا گۇرۇھى ئەسلىدە بار بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىشنى؛ %26.7 كارخانا گۇرۇھى خەۋپ ـ خەتەردىن

ساقلىنىشىنى، يەنە %3 .13 كارخانا خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان. شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك تىجارەتنى تاللىشى ھەمدە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەھۋال بولۇپ، %1 .21 كارخانا گۇرۇھى كەسىپ ھالقىغان چوڭ تۈردىكى تىجارەتنى يولغا قويغان.

چېن كۈي

## كارخانا گۇرۇھلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

1. ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمى كۆنسايىن قېلىپلاشتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى %2 .88 كارخانا گۇرۇھىدا ئانا - بالا شىركەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى؛ %4 .93 كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركىتى پۈتكۈل گۇرۇھنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى بىر تۇتاش بەلگىلەيدىغان بولدى؛ %1 .92 كارخانا زور مەبلەغ بىرىكتۈرۈش تۈرىنى بىر تۇتاش بەلگىلەيدىغان بولدى، %2 .88 كارخانا گۇرۇھى بىرىكتۈرۈلگەن بوغالتىرىيلىك مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى.

2. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 76 كارخانا گۇرۇھىغا قاراشلىق ئەزا كارخانا (ئانا شىركەتلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بالا شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 607 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 486 كارخانا تۈزۈلمىسىنى شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى %1 .80 بولدى. ئانا شىركەتلەرنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پاي چەكلىك شىركىتى ۋە باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي شەكلى بولدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 486 كارخانا ئىچىدە، پاي چەكلىك شىركىتى 28 بولۇپ، %6 .4نى، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 369 بولۇپ، %8 .60نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەت 81، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا 8؛ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن كارخانا 61، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 8، باشقا تىزىملىتىپ رويخەتكە ئالدۇرۇش تىپىدىكىسى 53.

3. كۆپ مەنبەلىك مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. ئەزا كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تۈرلۈك كاپىتاللار مۇئەييەن ئۈلۈشنى ئىگىلىگەن. 2004 - يىلى كارخانا گۇرۇھىغا ئەزا كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى بولغان كارخانا 25، كوللېكتىپ كاپىتالى بولغان كارخانا 16، قانۇنىي ئىگە كاپىتالى بولغان كارخانا 51، شەخسلەر كاپىتالى بولغان كارخانا 49، چەت ئەل سودىگەرلىرى كاپىتالى بولغان كارخانا 9. 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئانا شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە، 71 كارخانا گۇرۇھىغا قاراشلىق بارلىق بالا شىركەتلەردە ئېنىق بولغان مەبلەغ چىقارغۇچى بار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قۇرۇلما شۇنى كۆرسىتىدۇكى، شىنجاڭ كارخانا گۇرۇھىدىكى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمىدا كۆپ مەنبەلىك مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلغان، باشقۇرۇلۇشى ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئاساسىي شەرت ھازىرلاپ بەردى.

4. ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش ھوقۇقى ئەمەلىيلەشتى. كارخانا گۇرۇھى باش دىرېكتورىنىڭ بارلىققا كېلىش ئۇسۇلىدا مۇدىرىيەتنىڭ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشى ئاساس قىلىندى. 76 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئانا شىركىتى ئىچىدە، 45 كارخانىنىڭ باش دىرېكتورىنى مۇدىرىيەت ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلغان بولۇپ، %2 .59نى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق بىۋاسىتە ۋەزىپىگە تەيىنلىگىنى 10 بولۇپ، %3 .26نى ئىگىلىدى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىشقا ھوقۇق بېرىلگەن ئاپپارات تەيىنلىگىنى 3؛ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق كۆرسىتىپ، مۇدىرىيەت ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلغىنى 3، باشقا شەكىلدە بارلىققا كەلگىنى 5. %80تىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ باش دىرېكتورلىرى شىركەت دىرېكتورلىرىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى.

5. كارخانىلاردىكى ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى.

بىرىنچى، كارخانىلاردا ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتى. 76 كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركىتى ئىچىدە، %4 .97 كارخانا ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى، %2 .88 كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش خادىملىرى ئاشكارا رىقابەت ئارقىلىق تەكلىپ قىلىندى، %6 .81 كارخانىدا بارلىق خادىملار رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەم كىرەلەيدىغان، ھەم چىقالايدىغان بولۇش يولغا قويۇلدى، %6 .77 كارخانىدا «كادىر» ۋە «ئىشچى» دېگەن سالاھىيەت چەك - چېگرىسى قالمىدى، گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەم چىقالايدىغان، ھەم چۈشەلەيدىغان مېخانىزم شەكىللەندى.

ئىككىنچى، تەقسىمات تۈزۈمى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى مەنپەئەت تەقسىماتىغا قاتنىشىدىغان بولدى. 76 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە، %89.5نى تەشكىل قىلىدىغان 68 كارخانىدا ئىش ئورنى مائاش تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى مەنپەئەت تەقسىماتىغا قاتنىشىدىغان يېڭى شەكىل ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. كارخانا گۇرۇھىنى باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا يىللىق ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانا 31 بولۇپ، %40.8نى؛ كارخانا گۇرۇھىنى باشقۇرغۇچىلاردا پاي ھوقۇقى، قەرەللىك پاي چېكى ھوقۇقى بولغان كارخانا 20 بولۇپ، %26.3نى؛ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى مائاش كىرىمى تەقسىماتى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يولغا قويغان كارخانا 34 بولۇپ، %44.7نى ئىگىلىدى.

6. كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلى %70تىن ئارتۇق كارخانا گۇرۇھى يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى، بۇنىڭ ئىچىدە %77.8 كارخانا يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى ئىكەن دەپ قارىدى.

7. سۈپەتكە كاپالەتلىك بېرىش ئارقىلىق، گۇرۇھلارنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاساسلىق مەھسۇلاتى (مۇلازىمىتى) ISO9000 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكىنى 46 گۇرۇھ بولۇپ، %60.5نى؛ ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكىنى 16 بولۇپ، %21.1نى؛ باشقا خەلقئارالىق گۇۋاھلىقتا ئېرىشكىنى 7 بولۇپ، %9.2نى ئىگىلىدى. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كارخانا گۇرۇھىدىكى يادرولۇق كارخانىلارنى بانكىدىكى ئىناۋەتلىك دەرىجىسى A ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغىنى 62 بولۇپ، %81.6نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە AAA دەرىجىلىكى 21 بولۇپ، %27.6نى؛ AA دەرىجىلىكى 30 بولۇپ، %39.5نى؛ A دەرىجىلىكى 11 بولۇپ، %14.5نى ئىگىلىدى.

چېن كۈي

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى جەريانىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر

1. گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تازا مۇكەممەل ئەمەس. كارخانا گۇرۇھى مەسئۇللىرىنى سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، 19 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مەسئۇلى گۇرۇھىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىدارلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتى تېخى راۋان ئەمەس دەپ، 11 گۇرۇھنىڭ مەسئۇلى گۇرۇھىمىزدىكى ئانا - بالا شىركەت تۈزۈلمىسى مۇكەممەل ئەمەس دەپ، 21 گۇرۇھنىڭ مەسئۇلى گۇرۇھىمىزدا كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمى كەمچىل دەپ قارىغان. مۇدىرىيەت قۇرۇلغان 69 گۇرۇھ ئىچىدە، بىر ئادەم ئىككى ۋەزىپە ئۆتىگەن كارخانا 28 بولۇپ، %40.6نى ئىگىلىدى.

2. كاپىتال بازىرى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى سودىسى بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى كارخانا گۇرۇھىنىڭ سېتىۋېلىپ قوشۇۋېلىشى، مۈلۈكنى قايتا تەشكىللىشىنىڭ ئاساسلىق توسالغۇسى بولۇپ قالدى. 76 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدىكى %35.5نى ئىگىلەيدىغان 27 كارخانا گۇرۇھى 2004 - يىلى قوشۇۋېلىپ قايتا تەشكىللەشنى يولغا قويدى. قوشۇۋېلىپ قايتا تەشكىللەش جەريانىدا، گۇرۇھنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى ئاساسىي شەكىل بولۇپ، ھۆكۈمەت بارغانسېرى قوشۇمچە رول ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. %59.3 كارخانىنىڭ قوشۇلۇپ قايتا تەشكىللىنىش ئۇسۇلى كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى بولدى؛ %29.6 كارخانا گۇرۇھىنىڭ قوشۇلۇپ قايتا تەشكىللىنىش ئۇسۇلىدا كارخانا ئاساسىي گەۋدە، ھۆكۈمەت قوشۇمچە بولدى؛ كارخانا گۇرۇھلىرىدىن ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقى بويىچە قوشۇلۇپ قايتا تەشكىللەنگىنى ئاران 2. %39.5 كارخانا كاپىتال بازىرى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى سودىسى بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئاساسلىق توسالغۇ بولۇپ قالدى دەپ، %55.3 كارخانا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئارقىدا قالدى دەپ، %31.6 كارخانا قوشۇۋېلىنغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەس دەپ، %43.4 كارخانا قوشۇۋېلىنغان كارخانىنىڭ تارىختىن قېپقالغان بانكا قەرزى بەك كۆپ ئىكەن دەپ قارىغان.

3. ھۆكۈمەت كارخانىنى باشقۇرىدىغان ئەھۋال مۇئەييەن دەرىجىدە مەۋجۇت. شىنجاڭدا يەنىلا مەسئۇل تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى باش دىرېكتورىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت، بەزىدە ھەتتا شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، مالىيە ئىشلىرى مەسئۇللىرى قاتارلىق ئالاقىدار ۋەزىپىدىكى خادىملارنىمۇ ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. مۇدىرىيەت، نازارەتچىلىك ھەيئىتى ۋە پايچىكلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى ئازدۇر - كۆپتۇر چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. 12 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مەسئۇلى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقنىڭ ئارىلىشىشى كۆپرەك دەپ

قارىغان.

4. مەبلەغ يېتەرسىز، تەتقىقات ـ تەرەققىيات ئىقتىدارى ئاجىز، مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچى كەم. قەرز نىسبىتىنىڭ يۇقىرىراق، مەبلەغنىڭ يېتەرسىز بولۇشى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارىتىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. 88.2% گۇرۇھ مەبلەغنىڭ يېتەرسىز بولۇشى نۆۋەتتە كارخانا گۇرۇھىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق ئامىل دەپ، 21.1% گۇرۇھ تەتقىقات ـ تەرەققىيات ئىقتىدارىمىز ئاجىز دەپ، 27.6% گۇرۇھ كارخانىمىز مەھسۇلاتى (مۇلازىمىتى) نىڭ رىقابەت كۈچى كەم دەپ قارىغان.

چېن كۈي

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىنىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈلگەن 54 نۇقتىلىق كارخانىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن 2004 ـ يىلى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلغان 54 نۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە، دۆلەتنىڭ ئەسلىدىكى 512 نۇقتىلىق ئالاقە باغلايدىغان كارخانىسىدىن 4ى، دۆلەتنىڭ 520 نۇقتىلىق كارخانىسىدىن بىرى، دۆلەتنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 100 كارخانىسىدىن 3ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان كارخانىدىن 13ى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق كارخانىدىن 45ى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارخانىلار شۇنىڭ ئىچىدە) بارلىقى مەلۇم بولدى. كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان تۈر تىپىدىن قارىغاندا، دۆلەت كارخانىسى 7، شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 47 ئىكەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەت 14، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 10، پاي چەكلىك شىركىتى 23). پاي تىزگىنلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتلەق پاي كونترول دۆلەت كارخانىسى 38، نىسپىي پاي كونترول دۆلەت كارخانىسى 3، مۇتلەق پاي كونترول كوللېكتىپ كارخانىسى 3، باشقا پاي كونترول كارخانىسى 10. كارخانا كۆلىمىدىن قارىغاندا، چوڭ كارخانا 41، ئوتتۇرا كارخانا 12، كىچىك كارخانا بىر. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، ياسىمىچىلىقتا تەۋەسى 31، قازمىچىلىقتا تەۋەسى 9، توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىگە تەۋەسى 6، بىناكارلىقتا تەۋەسى 3، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتا تەۋەسى 2، ئېلېكتر كۈچى، كۆمۈرگازى شۇنىڭدەك سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپى، قاتناش ـ ترانسپورت، ساقلاش ۋە پوچتا كەسپى، ئىجارىكەشلىك ۋە سودا مۇلازىمىتىنىڭ ھەربىرىگە تەۋەسى بىردىن. كەسىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 1 ـ كەسىپتىكىسى 2 بولۇپ، 3.7%نى؛ 2 ـ كەسىپتىكىسى 44 بولۇپ 81.5%نى؛ 3 ـ كەسىپتىكىسى 8 بولۇپ، 14.8%نى ئىگىلىگەن.

شۆھرەت

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى

1. مۈلۈك كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى. 2004 ـ يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ مۈلكى 211 مىليارد 91 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10.76%؛ كارخانىنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلكى 3 مىليارد 909 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.86% ئاشتى. مۈلۈك كۆلىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 31، بۇنىڭ ئىچىدە مۈلكى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 5. يىل ئاخىرىدا پايچىكلار (ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار) نىڭ ئومۇمىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 93 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 140 مىليارد 143 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.69%؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليارد 569 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 34.88% ئاشتى؛ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 19، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقىنى 8.

2. ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇقىم ئاشتى. 2004 ـ يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تىجارەت كىرىمى 140 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 30.15% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 48، 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 24، 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 5. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ پايدىسى 19 مىليارد 536 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.57%؛ ئومۇمىي پايدا ـ باج 15 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى 2 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 62.52%؛ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك قوشۇلما قىممەت بېجى 7 مىليارد 978 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 389 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.19% ئاشتى.

3. تەتقىقات ـ تەرەققىيات خىراجىتى داۋاملىق كۆپەيدى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچەيدى. 2004 ـ يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تەتقىقات ـ تەرەققىيات خىراجىتى 975 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 97.75%؛ كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تەتقىقات ـ تەرەققىيات

خىراجىتى 18 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسىدىن كۆپرەك، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 3 مىليارد 717 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.85 ھەسسە ئاشتى. 34 كارخانىدا تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى، 4 كارخانىنىڭ تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك، 17 كارخانا ئۆلكە دەرىجىلىك، 13 كارخانا باشقا دەرىجىلىك بېكىتمىگە ئېرىشتى. 54 نۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە 11 كارخانىنىڭ 165 تۈرى دۆلەت ئىچىدە پاتېنت ئىلتىماس ھوقۇقىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 117 پاتېنت تۈرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، 40 كارخانا ISO9000 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن، 23 كارخانا ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۆلچىمى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

4. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ كەسىپكارلىرى كۆپەيدى، ئەمگەك ھەققى ئۆستى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ كەسىپكارى 329 مىڭ 100گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.38 كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 294 مىڭ 700گە يېتىپ، %12.19، باشقا كەسىپكار 34 مىڭ 400 گە يېتىپ، %37.27 كۆپەيدى. نۇقتىلىق كارخانىلاردىكى كەسىپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى 7 مىليارد 823 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى 7 مىليارد 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.82؛ باشقا كەسىپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى 657 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.46 ئاشتى.

شۆھرەت

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى

1. تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى كېڭەيدى، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىدىن 47 سىنى شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش تاماملىنىپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى %87 بولدى، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاشتى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ مۈلكى 165 مىليارد 779 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10.6؛ يىل ئاخىرىدىكى پايچىكلار (ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار) نىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى 75 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.7؛ تىجارەت كىرىمى 117 مىليارد 901 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.5؛ پايدا سوممىسى 20 مىليارد 256 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.9؛ پايدا - باج 13 مىليارد 386 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50.1 ئاشتى. 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن %90تىن ئارتۇق كارخانىچىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئۈنۈمىگە قارىتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى تۇتقانلىقى، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 47 كارخانا ئىچىدە %19.1 كارخانا تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى بولدى، دەپ قارىغانلىقى؛ %59.6 كارخانا ئۈنۈم بىر قەدەر ياخشى بولدى، دەپ قارىغانلىقى مەلۇم بولدى.

2. كارخانا شىركەت قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش مېخانىزمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى. شىركەت قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ يادروسى، مەبلەغ چىقارغۇچى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە ئېنىق مەبلەغ چىقارغۇچى تۈزۈمى بەرپا قىلىنغىنى 50 بولۇپ، %92.6نى ئىگىلىدى، بۇ، كارخانىلاردا مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئۇل سېلىپ بەردى. مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن قانۇنىي ئىگىنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايرىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. پايچىكلار ئۇيۇشمىسى، مۇدىرىيەت، نازارەتچىلىك ھەيئىتى ۋە دىرېكتورلار قاتلىمىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ تەڭشەيدىغان شىركەت قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كارخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پايچىكلار ئۇيۇشمىسى، مۇدىرىيەت نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ تەڭشەش مېخانىزمى ئۈنۈمىنى تەدرىجىي جارى قىلدۇرىدۇ. نۇقتىلىق كارخانىلاردىن پايچىكلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغىنى 25 بولۇپ، %46.3نى؛ مۇدىرىيەت قۇرۇلغىنى 39 بولۇپ، %72.2نى؛ نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغىنى 35 بولۇپ، %64.8نى ئىگىلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل مۇدىر تەسىس قىلىنغىنى 17 بولۇپ، %31.5نى ئىگىلىدى.

3. ئەمگەك - كادىرلار تۈزۈمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتى. سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ ئايان بولدىكى، 52 كارخانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەمگەك توختامى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %96.3ىنى؛ 47 كارخانىدا بارلىق خادىملار رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ،

%87نى؛ 48 كارخانىدا ئىچكى باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، %88.9نى؛ 52 كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى تولۇق تاپشۇرغان بولۇپ، %96.3نى ئىگىلىگەن. نۇقتىلىق كارخانىلاردا ئىش ئورنى مائاشى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم تەقسىماتى قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، مائاش كىرىمى كارخانىنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي تۆھپىسى بىلەن باغلىنىپ، كىرىم ھەم كۆپىيىدىغان، ھەم ئازىيىدىغان مېخانىزم شەكىللەندۈرۈلدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈپ تەكلىپ قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلۇپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى ۋە فۇنكسىيە تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئىخچاملاندى، باشقۇرۇش قاتلىمى ئازايتىلدى. ئىش ئورنى مائاشىنى ئاساسىي مائاش تۈزۈمى قىلىش يولغا قويۇلغان كارخانا 51 بولۇپ، %94.4نى؛ كارخانا باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا يىللىق ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا قارىتا كىرىم تەقسىماتى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى يولغا قويۇلغان كارخانا 28 بولۇپ، %51.9نى؛ كارخانا باشقۇرغۇچىلاردا قەرەللىك پاي ھوقۇقى بولۇش يولغا قويۇلغان كارخانا 7 بولۇپ، %13.6نى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېيىغا قاراپ پاي تەقسىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانا 6 بولۇپ، %11.1نى؛ مائاشىنى كوللېكتىپ كېڭىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانا 18 بولۇپ، %33.3نى ئىگىلىگەن.

شۆھرەت

## زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر

1. نۇقتىلىق كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش سۈرئىتى ئاستا بولدى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 42 مىليارد 172 مىليون يۈەن، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كاپىتال ئاساسلىقى دۆلەت كاپىتالى ۋە قانۇنىي ئىگە كاپىتالى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى 15 مىليارد 94 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كاپىتالنىڭ %35.8نى؛ قانۇنىي ئىگە كاپىتالى 24 مىليارد 975 مىليون يۈەن بولۇپ، %59.22نى؛ كوللېكتىپ كاپىتال 287 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.7نى؛ خۇسۇسىي كاپىتال 1 مىليارد 612 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.8نى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى كاپىتالى 201 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.5نى ئىگىلىدى.

2. ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى ئۆرلەپ تۆۋەنلىمىدى، سىرتقا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازىيىپ كەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ قەرزى 117 مىليارد 294 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.27 ئېشىپ، 4.82 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ سىرتقا سالغان مەبلىغى 4 مىليارد 442 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %53.12 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يىلدا سىرتقا سېلىنغان مەبلەغ 573 مىليون يۈەن بولۇپ، %60.32؛ ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنما 8 مىليارد 695 مىليون يۈەن بولۇپ، %31.38؛ قىسقا مۇددەتلىك سېلىنما 810 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.83 ئازايدى.

3. كارخانىدىكى ساقلانغان مال، ھېساباتتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇللار، ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كەتتى. كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ ئېسىلىپ قېلىشى كارخانىنىڭ زور قىسمىدىكى تىجارەت مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىپ، كارخانا تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ راۋان ئايلىنالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 54 نۇقتىلىق كارخانىدا ساقلانغان مال قىممىتى 17 مىليار 782 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %34.48؛ كارخانىلاردا ساقلانغان ئوتتۇرىچە مال قىممىتى 329 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.46 ئاشتى. ساقلانغان مال قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 35 بولۇپ، ئۇلاردا ساقلانغان مال قىممىتى 16 مىليارد 986 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ساقلانغان ئومۇمىي مال سوممىسىنىڭ %95.52نى ئىگىلىدى؛ ساقلانغان مال قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 6 بولۇپ، ئۇلاردا ساقلانغان مال قىممىتى 7 مىليارد 412 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ %41.68نى ئىگىلىدى.

كارخانىلارنىڭ بىر - بىرىگە قەرز بولۇشى كارخانىلار ھېساباتتا يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدى. 2004 - يىلى 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ھېساباتتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 13 مىليارد 36 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.09؛ كارخانىنىڭ ھېساباتتىكى ئوتتۇرىچە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.42 ئاشتى؛ نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ھېساباتتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 21،

ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 11 مىليارد 738 مىليون يۈەن بولۇپ، ھېسابتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سوممىنىڭ %90نى ئىگىلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ھېسابتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 3، ئۇلارنىڭ ھېسابتىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلى 5 مىليارد 937 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سوممىنىڭ %45.54نى ئىگىلىدى.

باھا ئۆرلەشنىڭ تەسىرى، كارخانا ئاساسىي تىجارەت كەسپىي تەننەرخى ئۆرلەش ھەجىمىنىڭ بىر قەدەر زور بولۇشى پايدا ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە پايدىنىڭ مۇناسىپ ھالدا ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزدى. 54 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئاساسىي تىجارەت كەسپىي تەننەرخى 95 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %24.75؛ كارخانىنىڭ ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ ئوتتۇرىچە تەننەرخى 1 مىليارد 759 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.37 ئاشتى.

4. كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئامىللارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 54 نۇقتىلىق كارخانىنى باشقۇرغۇچىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، 38 كارخانا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، 21 كارخانا ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئارقىدا قېلىشى، 31 كارخانا بازار سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، 21 كارخانا كارخانا باشقۇرغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنىڭ كەم بولۇشى، 18 كارخانا تارىختىن قېپقالغان يۈكنىڭ ئېغىر بولۇشى، 9 كارخانا مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى قاتارلىق ئامىللارغا كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق توسالغۇسى دەپ قارىغان.

مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى، خام ئەشيا باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىمۇ نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق ئامىل. مەبلەغ — كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاچقۇچى، مەبلەغ يېتىشمىسە، كارخانىلار تىجارەتكە مەبلەغ سالالمايدۇ، بازاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. خام ئەشيا باھاسىنىڭ ئۆرلىشى كارخانىلارنىڭ خام ئەشيا سېتىۋېلىش مەبلىغىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشۇرۇۋېتىپ پايدىسىنى ئازايتىۋېتىدۇ. نۇقتىلىق كارخانىلار ئىچىدە، 38ى مەبلەغ قىس، 26 سى خام ئەشيا باھاسى يۇقىرى، 21ى قەرز بەك كۆپ، ئۆسۈم يۈكى ئېغىر، 18ى باشقۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس، 16سى بازار ئېھتىياجىى تۆۋەن دەپ قارىغان.

شۆھرەت

### جۇجىشىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ جىشىن 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ سانجى قاتارلىق جايلاردا كېۋەز تېرىش ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

لى ئەنچۈەن

# دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى

### دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت دەرىجىلىك ئالاھىدە ئاپپارات قىلىشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتىغا دۆلەتكە ۋاكالىتەن مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتى قۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى قارار قىلدى. 2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى سابىق ش ئۇ ئا ر كارخانىلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، مالىيە نازارىتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت مال ـ مۈلكى (دۆلەت كاپىتالى) نىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش، مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بېكىتىش، مۈلۈكنى، ئۈنۈمنى باھالاش، ئېنىقلاپ كەتكەن مۈلۈكنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىم تەقسىماتى سىياسىتىنى تۈزۈش، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ۋە ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچىنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش دائىرىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە تۈرىدىن باشقا تىجارەت خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكىدىن ئىبارەت، ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 100 كارخانىنىڭ تىجارەت خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكى تۈنجى تۈركۈمدە ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسىدە مۇنداق ئىككى خىل شەكىل قوللىنىلدى: بىرىنچى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى مال- مۈلۈك باشقۇرۇش بىلەن ئادەم باشقۇرۇش، ئىش باشقۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويىدۇ؛ ئىككىنچى، باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىشنى يولغا قويىدۇ، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى مال - مۈلۈك باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئادەم باشقۇرۇش، ئىشلارنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋاقىتىنچە ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ئەسلىدىكى مەسئۇل تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىدۇ.

جاڭ تاۋ

## دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى باشلاندى.

. دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا ئائىت بىر قىسىم قائىدە تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلدى، «ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى بىۋاسىتە نازارەت قىلىدىغان - باشقۇرىدىغان كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ 2005 - يىللىق تىجارەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» يېزىپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

2. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، جايلارنىڭ دۆلەت مۈلكى ئەھۋالى ئىگىلەندى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

3. بىۋاسىتە نازارەت قىلىنىدىغان - باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىنمىغان ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان 6 كارخانىغا قارىتا ۋاسىتىچى ئاپپاراتلار ئەۋەتىلىپ ئومۇميۈزلۈك مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈلگەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى بىر قەدەر ئۆلچەملىك بولغان، مال - مۈلۈكنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئىنكاس بولمىغان باشقا 23 كارخانىغا قارىتا مال - مۈلۈكنى مۆھلەت ئىچىدە ئۆزلىرى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاش تەلەپ قىلىندى.

4. دۆلەت كارخانىلىرى سىياسەت خاراكتېرلىك ۋەيران بولۇش، ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىش، قوشۇمچە كەسىپنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، ئايرىلىپ چىققان كارخانىلار ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق خىزمەتلەر داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. «تەڭرىتاغ» سۈلياۋ زاۋۇتى دۆلەتنىڭ تاقاپ ۋەيران قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، «تيەنچۈەن» گۇرۇھى 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «شىنكۇاڭ» گۇرۇھىنىڭ ۋېيخۇلىياڭ كۆمۈر كېنى ۋە خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنىڭ ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق 3 كارخانا ۋەيران بولۇش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

5. بىۋاسىتە نازارەت قىلىنىدىغان - باشقۇرۇلىدىغان كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ 2005 - يىللىق تىجارەت نەتىجىسىنى

تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ۋە كارخانىلار ئۆزى مەلۇم قىلىش ئاساسىدا، كارخانىلارنىڭ 2005 - يىللىق تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچەپ بېكىتىلدى.

6. كارخانىلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 26 كارخانا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت ئىدارىلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلارنىڭ مۇقىملىق ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەكشۈرۈلدى، ش ئۇ ئا ر بىرلەشمە ئىشخانا تەستىقلاپ چۈشۈرگەن ئەرز - شىكايەت دېلوسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ 2004 - يىلدىكى ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 6 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بەزى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

جاڭ تاۋ

## دۆلەت مۈلكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىسى 1611غا، دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 24 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەت سوممىسى 22 مىليارد 674 مىليون يۈەن، باشقا دۆلەت مەبلىغى 1 مىليارد 756 مىليون يۈەن. كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 12 مىليارد 40 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 9 مىليارد 290 مىليون يۈەن. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 16 مىليارد 928 مىليون يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 7 مىليارد 502 مىليون يۈەن. كارخانا كۆلىمى بويىچە ئايرىغاندا، چوڭ كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 5 مىليارد 29 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 15 مىليارد 257 مىليون يۈەن، كىچىك كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 4 مىليارد 144 مىليون يۈەن، تەشكىلىي شەكلى بويىچە ئايرىغاندا، شېرىكسىز دۆلەت شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 5 مىليارد 188 مىليون يۈەن، شىركەت تۈزۈمىدە بولمىغان شېرىكسىز دۆلەت كارخانىلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 3 مىليارد 712 مىليون يۈەن، پاي چەكلىك شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 2 مىليارد 639 مىليون يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 10 مىليارد 654 مىليون يۈەن، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 1 مىليون يۈەن، شېرىك كارخانا ياكى ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 23 مىليون 260 مىڭ يۈەن، كارخانىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى 2 مىليارد 213 مىليون يۈەن.

جاڭ تاۋ

## دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىسىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 94.16% بولدى. كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 99.06%، 2 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 102.34%؛ 3 - كەسىپتىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 80.24% بولدى. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 101%، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 79.81% بولدى. كارخانا كۆلىمى بويىچە ئايرىغاندا، چوڭ كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 106.15%، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 98.12%، كىچىك كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 70.14% بولدى. تەشكىلىي شەكلى بويىچە ئايرىغاندا، شېرىكسىز دۆلەت شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 82.37%، شىركەت تۈزۈمىدە بولمىغان شېرىكسىز دۆلەت كارخانىلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 74.58%، پاي چەكلىك شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 120.17%، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 99.88%، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى 105.26%، شېرىك كارخانا ياكى ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە

ئاشۇرۇش نىسبىتى ‎%95. 101‏، كارخانىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش نىسبىتى ‎%9. 98‏ بولدى.

جاڭ تاۋ

## دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

### ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى «نازارەت قىلىشنى مەركەز قىلىش، نازارەت قىلىش، ياردەم بېرىش، ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش» خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، دورا، داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپىنى چوڭقۇر تەرتىپكە سالدى ۋە قېلىپلاشتۇردى، GMP (دورا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش)، GSP (دورا تىجارىتى سۈپىتىنى باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش)گە كۆۋاھلىق بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە تاماملىدى، يېزىلاردىكى دورا «ئىككى تورى» (يېزىلاردىكى دورا نازارەت قىلىش تورى، يېزىلاردىكى دورا بىلەن تەمىنلەش تورى) قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ساختا دورا ياساش، سېتىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، يىل بېشىدا بېكىتىلگەن دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەت بولۇش، يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇش، دورا بازارلىرى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا يېڭى نەتىجىلەر بولۇش، GMP ۋە GSPگە كۆۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىشتا يېڭى ئۈنۈم بولۇش، يېزىلاردىكى دورا «ئىككى تورى» قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىيات بولۇش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىدە يېڭى يۈكسىلىش بولۇشتىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

لى ۋېيدۇڭ

### يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى گوۋۇيۈەن، دۆلەت يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېمەكلىك - دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاكتىپ ماسلاشتۇرۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، يېمەكلىك - دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. بىرىنچىدىن، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا يوللىنىپ، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئىككىنچىدىن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئۈچنى بېكىتىش» لايىھىسى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى، ئۇ ھازىر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئاشكارا قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىنىپ، بۆلۈمدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 120 كادىر قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلدى. تۆتىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورگانلىرى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پىلانلىق يېمەكلىك - ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇن - قائىدىلەرنى ئۆگىنىشكە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى پىششىق ئىگىلەشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭى فۇنكسىيىنى ئادا قىلىش، يېمەكلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. بەشىنچىدىن، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دورا تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ خادىملىرى، مۈلكىنى يۇقىرىدىن ئايرىپ بېرىش خىزمىتى تاماملىنىپ، خىزمەت مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلدى، دورىنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى. ئالتىنچىدىن، ئاپتونوم رايوندىكى دورا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا كۈچلىرىنى بىرىكتۈرۈشكە تايىنىپ، تېخنىكا مۇئەسسەسىلىرى ئۆزگەرتىلىپ، ش ئۇ ئا ر داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرىنى تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلۇپ، دۆلەت يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورا بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈرلۈك دورا، داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرىغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 4912نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىلىدىغان سوммا 8 مىليون 183 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، 6 مىليون 812 مىڭ 300 يۈەن مۇسادىرە قىلىندى ۋە جەرىمانە قويۇلدى (يىغىۋېلىپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغىنى 5 مىليون 242 مىڭ 900 يۈەن)، كىنىشكىسىز دورا تىجارىتى قىلغان 370 ئورۇن، ساختا دورا ياسىغان 11 ئۇۋا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «15 - مارت» پائالىيىتى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى ساختا، سۈپەتسىز، ۋاقتى ئۆتۈپ كۈچىنى يوقاتقان 5900 خىلدىن ئارتۇق دورا بۇيۇمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ نىشاندىكى قىممىتى 14 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ئىدارىلەرنىڭ دېلو تەكشۈرۈشكە ماسلىشىش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 45ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىلىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سەھىيە، ج خ قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېلو تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يەككە داۋالاش ئورنى، شىپاخانا قاتارلىقلارنىڭ تېرمىنال دورا ئىشلىتىش ھالىتى، ۋاكالىتەن دورا سېتىش مەسىلىسى نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىپ باشقۇرۇلۇپ، دائىرىدىن ھالقىپ دورا تىجارىتى قىلغان يەككە داۋالاش ئورنىدىن 902 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 6 دېلو ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە جازالىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈرلۈك دورىلارنى 4702 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ دورىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش پىلانى 764 تۈركۈم (قېتىم) ئورۇندىلىپ، پىلاننىڭ %94نى ئىگىلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى 316 تۈركۈم - قېتىم ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى)، ئاپتونوم رايوننىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش پىلانى 3938 تۈركۈم (قېتىم) (پىلاننىڭ %96ى) ئورۇندىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. دۆلەت يېمەكلىك - دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى بويىچە ئىچىدىغان جۇڭيى دورىلىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، بەدەن سىرتىدىن دىئاگنوز قويۇلىدىغان سىناق دورىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسى باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق دورا ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيىتىنى 80 نەچچە قېتىم قانات يايدۇردى، ئىلمىي دورا ئىشلىتىشنى تەشۋىق قىلىش ماتېرىيالىدىن 1 مىليون پارچىدىن كۆپ تارقاتتى، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسىنى 100 قارارىدىن ئارتۇق ئۆيۈشتۇردى. بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىلىرى دورىنى پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى سېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى تارقىتىپ بېرىپ، باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە تەھلىل يۈرگۈزدى. ئائىلە «كىچىك دورا ساندۇقلىرى»نى ئېنىقلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، زور بىر تۈركۈمدىكى ۋاقتى ئۆتۈپ كۈچىدىن قالغان دورىلارنى يىغىۋالدى. دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، 2005 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش نىشانىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس سالدى.

لى ۋېيدۇڭ

## ئالاھىدە دورىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە دورا، داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىلىرى بىلەن ئېفېدرىن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسى

ئىمزالاپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىشلىتىۋاتقان هوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى، روھىي كېسەللىك دورىلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان زەھەرلىك دورىلار، كوكنار قوۋزىقى تىجارىتى قىلىش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى پىلانلىق قانات يايدۇرۇپ، دورىنى پارچە ساتىدىغان 154 كارخانىنى 2 - خىلدىكى روھىي كېسەللىكلەر دورىسى تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلدى. دورا ئېلاندىن 549 پارچىسى قوبۇل قىلىنىپ، 23ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 435ى ئەنگە ئېلىندى، 91ى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قايتۇرۇلدى. داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى ئېلاندىن 118ى قوبۇل قىلىنىپ، 116سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 2 سى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشكە قايتۇرۇلدى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى رايونىدىكى 24 ئورۇننىڭ دورا ئېلانى چىقىرىش ئەھۋالى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى ھەمدە ئاخبارات، ئېلان تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دورا تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەرلەر بولۇپ 200 دىن كۆپ ئادەم قاتناشقان «ئېلان قانۇنى» ، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دورا، داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى ئېلانلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلان قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلدى. قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانى توغرىسىدا 4 قېتىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ 106 ئېلاننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى تەكلىپ قىلىندى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورىلارنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سەپلىگەن، ياسىغان دورىلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەستىقلاش ھۆججەتلىرىنى بىر تۇتاش ئالماشتۇرۇش، تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 79 داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ ياسىغان 2895 خىل دورىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1948نى ياساشنى تەستىقلاش ھۆججىتى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تېبابىتى، موڭغۇل تېبابىتى، قازاق تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ياسىغىنى 842؛ تۈرلۈك دورا ئىلتىماسىدىن 197سى يۇقىرىغا يوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان يېڭى دورا 6 خىل، دۆلەتنىڭ دورا ئۆلچىمى بارى 8 خىل؛ 1 - خىلدىكى داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى مەھسۇلاتىدىن 18ى رويخەتكە ئېلىندى.

لى ۋېيدۇڭ

## جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا ياردەم بېرىلدى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دەسلەپكى كۆلەملەشكەن تېرىش بازىسى 20 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېرىيە ناھىيىسىدىكى نەيچە گۈللۈك توشقان زەدىكى، خوشۇت ناھىيىسىدىكى چاكاندا، بېكتۇەندىكى چۇچۇكبۇيا قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 10 مىڭ مودىن (666 .7 گېكتاردىن) ئېشىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى ئالغا سىلجىتىش، دېھقانلار كىرىمىنى كۆپەيتىش، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو تېبابىتى مىللىي تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش بىلىملىرى بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاش، بىر تەرەپ قىلىش، تارقىتىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، قارىغۇلارچە تېرىش ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيان ئازايتىلدى. ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى جۇڭگو تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش، پىششىقلاش، سېتىش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىۋى ئوبوروت ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ خىل دورا سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تابلېت قىلىپ پىششىقلاش ياكى ئۆسۈملۈك چەككىلەش سېخى قۇرۇپ، چوڭقۇر پىششىقلاش، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ۋە پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. ئۆزگىچە مىللىي تېبابەت دورىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللىي تېبابەت دورىسى كەسپى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، نۇقتىلىق تۈرلەرنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ۋە تۈرلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈر مەبلىغى بىلەن قوللىشى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## GMP ۋە GSP بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشنى نازارەت قىلىپ يولغا قويۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، دورا تەتقىق قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانا مەسئۇللىرى ۋە سۈپەت باشقۇرۇش خادىملىرىدىن 9000 دىن كۆپ ئادەم (قېتىم) نى يىغىپ تەربىيىلىدى، دورىگەردىن 2450 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 17 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى GMP بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشتىن، 1523 دورا تىجارىتى قىلىدىغان كارخانا GSP بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشتىن (بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش كارخانىسى 79، زەنجىرسىمان پارچە سېتىش كارخانىسى 33، ناھىيىدىن يۇقىرى پارچە دورا سېتىش كارخانىسى 1411) ئۆتتى؛ يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا تايىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتمىگەن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى، كەسپىنى توختىتىشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئىشلىرى ۋە كېيىنكى خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. تابلېتلاشتۇرۇلغان جۇڭيى دورىلىرى، داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇكسىگېن، بەدەن سىرتىدا دىئاگنوز قويۇش سىناق دورىسىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىك ـ باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## يېزا دورا «ئىككى تور» قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورگانلىرى يېزىلاردىكى دورا بازارلىرى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يېزىلارنىڭ دورىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، دورىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى نىشان قىلىپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، «ئىككى تور» (يېزا دورا نازارەت قىلىش تورى، يېزا دورا بىلەن تەمىنلەش تورى) قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. 11 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا (بازار، تۈەن ـ مەيدان)، كەنت (چارۋىچىلىق رايونى) تىكى باشقۇرۇشقا ياردەملەشكۈچى، ئۇچۇرچى 6000 دىن ئاشتى، %89 ناھىيە، %95 يېزا (بازار، مەيدان) ۋە %48 كەنت (چارۋىچىلىق رايونى) تە يېزا دورا نازارەت قىلىش تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا (بازار، تۈەن ـ مەيدان)، كەنت (چارۋىچىلىق رايونى) تىكى دورىنى پارچە سېتىش كارخانىسى 1916گە كۆپەيدى، %64 ناھىيىدە دورىنى زەنجىرسىمان سېتىش، دورىنى تەييارلاپ يېزىلارغىچە ئاپىرىپ بېرىش، %45 كەنتتە تەييارلانغان دورا بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئېشىپ، دۆلەت دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى بېكىتكەن 2004 ـ يىللىق خىزمەت نىشانىغا يېتىلدى. ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، GSP بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتكەن دورا توپ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ يېزا، كەنتلەردىكى پارچە سېتىش تور ـ نۇقتىلىرى ۋە داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىغا دورىنى تەييارلاپ ئاپىرىپ بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى، دورىنى زەنجىرسىمان پارچە ساتىدىغان كارخانىلارنى يېزا، كەنتلەردە دورىنى پارچە سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلىپ، ئامما دورا سېتىۋېلىشنىڭ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە يېتەكلەپ، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ خاتىرجەم دورا ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. كۈندىلىك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سەييارە دورا پۇرۇشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، يېزىلاردىكى دورا بازارلىرى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## شەرەپلىك نامغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئىلى ئوبلاستلىق دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت يېمەكلىك ـ دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس دەپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

لى ۋېيدۇڭ

# ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى

## توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 32 مىليارد 174 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %20.6 ئېشىپ، ئومۇمىي جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ %25نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۇتاش باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەبلەغ 5 مىليارد 210 مىليون يۈەن، مەركەز كارخانىلىرى (ئاساسلىقى نېفىت

كارخانىسى) دىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 18 مىليارد 833 مىليون يۈەن، دۆلەت سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 245 مىليون دوللار.

1. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىقىدا مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، مەبلەغ جەلپ قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش كېڭەيتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى دۇنيا بويىچە 500 كۈچلۈكلەر قاتارىدىكى كورىيە SK گۇرۇھىنىڭ يانفون تۇرىنى كىرگۈزدى، تارباغاتاي ۋىلايىتى 59 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان «شۇيكۇاڭ» گۇرۇھى، 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان گۇاڭدۇڭ «شىنگۇاڭ» خەلقئارا گۇرۇھى قاتارلىقلارنى جەلپ قىلدى. ئىككىنچىدىن، ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى كىرگۈزۈلۈپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېزلىتىلدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، سانائەتلەشتۈرۈش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، چۆچەكتىكى تۆمۈر- كۆمۈركان گۇرۇھى، «دېخۇي» گۇرۇھى قاتارلىقلار دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا ئىشتىراك قىلدى ھەمدە نەتىجىگە ئېرىشتى، كارخانا تېخنىكىسى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسى، سەۋىيىسى ئۆستى، ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسى ئىچىدە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ %70 تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى، جايلاردىكى %70 تىن ئارتۇق يېڭىدىن قۇرۇلغان سانائەت تۈرلىرى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئورۇنلاندى. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۈركۈم داڭلىق كارخانىلار شىنجاڭدا ماكانلىششقا جەلپ قىلىنىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش تېزلىتىلدى، ئۆزگىچە كەسىپنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر خىل نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرىدىن 178نى ئىمزالاپ، تۈرلەرگە 13 مىليارد 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن مەبلەغ سېلىنغان تۈر 102، باشقا ئۆلكىلەردىن ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 220 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يېشىل يېمەكلىك، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭ سىرتىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتىكى تىپىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، جېجياڭدىكى «لۇيچىڭ»، بېيجىڭدىكى «گوتۇ» شىركىتى، شياڭگاڭدىكى «جۇڭلۇ» گۇرۇھى، سىچۈەندىكى «جياخۇا» قاتارلىق بىر تۈركۈم كۈچلۈك كارخانىلار شىنجاڭغا مەبلەغ سالدى.

2. مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 2004-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىشنىڭ يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلىدى، مەبلەغ سالغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت تەشكىلىي باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئورنىتىپ، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ياراتتى، جايلار سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە سىناپ مۇكاپاتلاش تۈزۈمى، چوڭ تۈرلەردە رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىر پونكىتچە» مۇلازىمەت ۋە «بىر زالچە» ئىش بېجىرىشنى يولغا قويۇپ، ھەق ئېلىنمايدىغان سانائەت رايونى قۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى توغرىسىدا ئەرز قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقە ۋە ئىش بېجىرىشنىڭ ۋاقىت چېكىنى بېكىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

3. نۇقتىلىق كارخانىلارنى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كۆرگەزمىگە قاتنىششقا ئۇيۇشتۇرۇشتا ئىجابىي ئۈنۈم قولغا كەلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆمەك تەشكىللەپ شىئەن 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ شەرق - غەرب قىسىم ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى، شيامېن 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى، 2004 - يىللىق توكيو مۇنبىرى — جۇڭگو مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يارىتىش، ياپونىيە - جۇڭگو پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا ئالماشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى، خەلقئارادىكى زور ئىقتىساد - سودا يەرمەنكە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى، 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ شەرق - غەرب قىسىم ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە شىنجاڭ داڭلىق، ئالاھىدە يېڭى مەھسۇلاتلاردىن 100 نەچچە خىلنى قاتناشتۇردى، ئۈنىۋېرسال كۆرگەزمە يايمىسىدىن 44نى ئاچتى، يەرمەنكە مەزگىلىدە، شىنجاڭ ھەر خىل تۈر توختامىدىن 98نى ئىمزالىدى، تۈر سوممىسى تەخمىنەن 5 مىليارد 666 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش تۈر توختامى 92، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 4 مىليارد 873 مىليون يۈەن. تۈرلۈك تۈر كېلىشىمىدىن 58ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 154 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش تۈر كېلىشىمى 54، كېلىشىم بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 4 مىليارد 465 مىليون يۈەن، بۇ تۈرلەر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ساياھەتچىلىك، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلدى.

ۋاڭ ۋېنمىڭ

## تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى 2004 - يىلى شىنجاڭ ئىمزالىغان چەت ئەل قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى توختامىدىكى سومما 34 مىليون 560 مىڭ دوللار بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 77.52% ئازايدى؛ ئورۇندالغان تىجارەت سوممىسى 65 مىليون 380 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 6.48% ئاشتى.

چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش 2004 - يىلى شىنجاڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قىرغىزىستان، پاكىستان، ئالجىرىيىلەردە 20 تۈرنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى، بۇ تۈرلەرگە كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 12 مىليون 597 مىڭ دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سالىدىغان مەبلەغ 11 مىليون 142 مىڭ دوللار بولۇپ، 23.75% ئازايدى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى بويىچە 74 تۈرنى ئىمزالىدى، بۇنىڭ سوممىسى 257 مىليون 860 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شېرىك كارخانىلارنىڭ 31 تۈر. سوممىسى 97 مىليون 640 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 16 تۈر، سوممىسى 78 مىليون 200 مىڭ دوللار؛ تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ 27 تۈر، سوممىسى 82 مىليون 20 مىڭ دوللار، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 40 مىليون 650 مىڭ دوللار.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە مەبلەغ سالغان 74 تۈر ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 43، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدە بولمىغان تۈر 31. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، ياسىمىچىلىقنىڭ 28 تۈر، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 22 تۈر، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 10 تۈر، قازمىچىلىقنىڭ 14 تۈر.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 18 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 25 تۈر، سوممىسى 136 مىليون 40 مىڭ دوللار؛ ئامېرىكىنىڭ 6 تۈر، سوممىسى 22 مىليون 800 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيىنىڭ 8 تۈر، سوممىسى 24 مىليون 290 مىڭ دوللار؛ كورېيىنىڭ 3 تۈر، سوممىسى 19 مىليون 30 مىڭ دوللار؛ سىنگاپۇرنىڭ 4 تۈر، سوممىسى 14 مىليون 970 مىڭ دوللار؛ كانادانىڭ 3 تۈر، سوممىسى 14 مىليون 440 مىڭ دوللار؛ گوللاندىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 6 مىليون 500 مىڭ دوللار؛ برىتانىيە ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرىنىڭ 4 تۈر، سوممىسى 5 مىليون 940 مىڭ دوللار؛ لاتىن ئامېرىكىسىدىكىلەرنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 5 مىليون 10 مىڭ دوللار؛ قازاقىستاننىڭ 5 تۈر، سوممىسى 3 مىليون 60 مىڭ دوللار؛ ساموئانىڭ بىر تۈر، سوممىسى 2 مىليون 400 مىڭ دوللار؛ تۈركىيىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 550 مىڭ دوللار؛ ئارگېنتىنانىڭ بىر تۈر، سوممىسى 910 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيىنىڭ 3 تۈر، سوممىسى 570 مىڭ دوللار؛ گېرمانىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 440 مىڭ دوللار؛ ياپونىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 260 مىڭ دوللار؛ پاكىستاننىڭ بىر تۈر، سوممىسى 100 مىڭ دوللار؛ يېڭى زېلاندىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 10 مىڭ دوللار؛ كايمان تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىر تۈر، كېمەيتكەن مەبلىغى 1 مىليون 940 مىڭ دوللار؛ جۇڭگو تەيۋەننىڭ 2 تۈر، كېمەيتكەن مەبلىغى 2 مىليون 680 مىڭ دوللار؛ بېلگىيىنىڭ كېمەيتكەن مەبلىغى 210 مىڭ دوللار؛ ھىندونېزىيىنىڭ كېمەيتكەن مەبلىغى 20 مىڭ دوللار؛ دانىيىنىڭ كۆپەيتكەن مەبلىغى 4 مىليون 390 مىڭ دوللار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## تېخنىكا ئىمپورت - ئېكسپورت ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئىمزالىغان تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختام تۈرى 17 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3ى، توختام سوممىسى 20 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 191.63% ئاشتى. تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر ئاساسلىقى ئىسرائىلىيە، ياپونىيە، سىنگاپور، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كىرگۈزۈلدى، بۇ تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر چېتىلىدىغان ساھەلەر دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپى، يىمەكلىك پىششىقلاش كەسپى، نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش كەسپى، مېتال ياسالمىلىرى كەسپى، ئېلېكتر ئۈسكۈنە- ماشىنىلىرى ۋە سايمان ياسىمىچىلىقى، پەن تەتقىقات كەسپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋاڭ يۈەنشۈن

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكىلىق ئانالىز خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىدا ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۆپەيتىلدى. «شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش

نۇقتىسىنى تاللاش ۋە بۇ ھەقتە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر» دېگەن تېمىدىكى ستاتىستىكىلىق ئانالىز ماقالىسىدا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كارخانا تەكشۈرۈش باش ئەترىتىگە «پاختا باھاسى چۈشمىگەنلىكتىن، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كۈنى تەس بولۇۋاتىدۇ» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يوللىدى. «تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرايلى — شىنجاڭدىكى شەھەر - ناھىيىلەر ئىقتىسادىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈستىدە يېڭى تەسەۋۋۇر» دېگەن ماقالىدە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادى ئايرىم تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى شەھەر - ناھىيىلەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خۇلاسىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ شەھەر - ناھىيە ئىقتىسادى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىنغان.

2004 - يىلى شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دورىغا خېرىدار چاقىرىش ئەھۋالىنى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەنەنچۈي رايونىدىكى دېھقانلار ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلغان توك باھاسى مەسىلىسىنى تەكشۈردى.

فېي يۈ

## مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ماتېرىيال ئېلىش مەزگىلى 2004-يىل بولدى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئورۇن شەرتلىك بەلگىسى، كەسپكار، مالىيە كىرىم - چىقىمى، مۈلۈك ئەھۋالى، شۇنىڭدەك كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت پائالىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئاساسلىق خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سىلىنما ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

فېي يۈ

## يېزىلاردىكى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا يېزىلاردىكى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كۆزىتىشنىڭ ئاساسىي نىشانى: ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى چەكلەيدىغان ئامىللارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋىيىسىنى ۋاقتىدا كۆزىتىپ، ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىياسىتىنىڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا بولغان رولىنى مۆلچەرلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ، جايلارنىڭ ماكرولۇق تەرەققىيات سىياسىتى ۋە تەدبىرى تۈزۈشنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار قاتناشقان قەرەللىك باش قوشۇش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىپ يىللىق ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىش نەتىجىسى ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى مۆلچەرلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىش. يېزىلارنىڭ ھاللىق بولۇشىغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى قەرەللىك ئېلان قىلىش، ھاللىق بولۇشنى كۆزىتىش، تەكشۈرۈشنىڭ ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتىنى قانۇنىي سانلىق مەلۇمات قىلىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1125ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 723 دېلو تۇرغۇزۇلدى. 678 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 301 دېلو ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى، 277 دېلو ئاگاھلاندۇرۇلدى، 100 دېلوغا جەرىمانە قويۇلدى، جەرىمانە سوممىسى 244 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى ستاتىستىكا جەھەتتە بىر قىسىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى ئېلان قىلدى: (1) ئۈرۈمچى شەھىرى «ئاۋكاڭ» داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرى شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى يوشۇرغانلىق دېلوسى. (2) شىنجاڭ «خەيگاڭ» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى رەت قىلىش دېلوسى. (3) ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى «جىندۇن» ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى قايتا-

قايتا كېچىكتۈرۈش دېلوسى. (4) شىنجاڭ گۋاڭخۇي «ۋېنسۇ» تاش ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى قايتا- قايتا كېچىكتۈرۈش دېلوسى. (5) بايىنغولىن ئوبلاستى «خۇەنلىيەن» ئېلېكتىر سىمى - كابېل چەكلىك شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى يالغان مەلۇم قىلىش، مەلۇم قىلىشنى رەت قىلىش دېلوسى. (6) چەرچەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى قايتا - قايتا كېچىكتۈرۈش دېلوسى. (7) ئاۋات ناھىيىلىك پۇقرالارنى پار بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى يالغان مەلۇم قىلىش دېلوسى. (8) توقسۇزتارا ناھىيىلىك كالا فېرمىسىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى رەت قىلىش دېلوسى. (9) ئاقسۇ تاماكا شىركىتى ئاۋات ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش - سېلەپ يوللاش مەركىزىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەلۇم قىلىشنى قايتا - قايتا كېچىكتۈرۈش دېلوسى. (10) توقسۇزتارا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ تارقىتىش دېلوسى.

فېي يۈ

## لى دېشۆي شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى لى دېشۆي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە بىڭتۇەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

فېي يۈ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2752 ئورۇننى ئىقتىساد جەھەتتىن تەپتىش قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ 6 مىليارد 170 مىليون يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىنغاندىن كېيىن 100 مىليون يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، 310 مىليون يۈەن ئەسلىدىكى مەبلەغ يولىغا قايتۇرۇلدى، دېلو يېپ ئۇچىدىن 90ى تەكشۈرۈلدى ھەمدە ئەدلىيە - ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىغا ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا تاپشۇرۇلدى، دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 107، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 20 دېلو بولۇپ، 16 ئادەمنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## مالىيە ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت ئىجراسى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە ئاساسلىقى مالىيە، باج، دۆلەت خەزىنىسى ۋە 23 تارماق - ئورۇن تەپتىش قىلىندى، تارماقلارنىڭ خام چوتى، خەزىنىنىڭ مەركەزلىك چىقىمى، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشى، غەيرىي باج كىرىمىنىڭ باشقۇرۇلۇشى قاتارلىق مالىيە ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ۋە مالىيىنىڭ مەخسۇس مەبلەغلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى نۇقتىلىق نازارەت قىلىندى، تەكشۈرۈلدى. تەپتىشلەش جەريانىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا ساقلانغان تارماقلار خام چوتنى باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى، ئىسلاھات تەدبىرى ۋە تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر سېزىلدى. بەزى ئورۇن، تارماقلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج كىرىمى ۋە غەيرىي باج كىرىمىنى تاپشۇرماسلىقى، مەخسۇس مەبلەغنى قىسىۋېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىشى، خۇسۇسىي «كىچىك خەزىنە» تەسىس قىلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشىنى، قۇرۇلۇش تۈرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىشنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ بارماسلىقى قاتارلىق مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش مەسىلىلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## مەخسۇس مەبلەغ ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش، زايىم، تۇرالغۇ ئۆي، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس مەبلەغ ۋە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىدىكى نېسى ھېساباتنى ئېنىقلاش ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى زورايتتى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتىنىڭ يىغىۋېلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات

يايدۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تارماقلىرىنى تەپتىشلەپ، مەبلەغلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئىشلىتىلىشى ۋە تارقىتىلىشى ئۆلچەملىك بولماسلىق مەسىلىسى ساقلانغانلىقىنى مەسئۇل تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشقا سەل قارىغانلىقى، ئايرىم خىزمەتچىلەرنىڭ بەزى تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ساختىپەزلىك قىلغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشسىز قالغانلارنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى بايقىدى. تەپتىشلەشتە مۇشۇنداق قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى يىپ ئۇچىدىن 3ى تېپىپ چىقىلىپ، ئالاقىدار جاۋابكارلار ئەدلىيە ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئاپتونوم رايوندىكى 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەپتىشلەشكە ئۇيۇشتۇردى. تەپتىشلەشتە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنىڭ تېخى مۇكەممەل ئەمەسلىكى، يەنىلا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ تارقىتىلماي تۇرۇپ قالغانلىقى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى پىلانىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىكى، قىسىۋېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە نورغۇن پۇلنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ئامانەت قويۇلغانلىقى، دۆلەت بەلگىلىگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە ھېساب ئۆتكۈزۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنمىغانلىقى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە دائىرىدىن ھالقىپ تارقىتىشنىڭ ساقلانغانلىقى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ «كەنت ۋە ئائىلىلەرگە كىرىش» سىياسىتىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى، بەزى نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ماتېرىيالىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى، ئۆز قەرەلىدە پۈتمەسلىكى قاتارلىقلار مەلۇم بولدى. يۇقىرىقى مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېزا - بازار مالىيە پونكىتى - ئورۇنلىرىدىكى مالىيە خادىملىرىنى ۋە نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، نامراتلارنى يۆلەش ئۇچۇر تورى ۋە نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ئارخىپ ئامبىرى قۇرۇش، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش - ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تەپتىشلەش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى زايوم قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش - ئىشلىتىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەپتىشلەش، تەكشۈرۈشنى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇپ، ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قاتناش نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق 6 نازارەت - ئىدارىنىڭ 2003 - يىللىق زايوم تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە مەبلىغىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەپتىشلەش دوكلاتىدا زايوم تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇشتا تەكرار تۈر تۇرغۇزۇش، تۈرلەرنى ئۆز مەيلىچە بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىش، مەبلەغ تەقسىم قىلىش؛ باشقۇرۇش، ئىشلىتىشتە يانداش مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك، زايوم مەبلىغى تارقىتىلماسلىق، بېسىپ قويۇلۇش، قىسىۋېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىش شۇنىڭدەك قىسمەن تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستا بولۇش، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى نۇقتىلىق نامايەن بولدى ھەمدە مۇناسىپ تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى تەپتىشلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى دېھقانچىلىق، سۇچىلىق، يېزا ئېلېكتر تورى، مائارىپ، داۋالاش، مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 238 قۇرۇلۇش تۈرى تەپتىشلەندى، 1 مىليارد 848 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەپتىشلىنىپ، 66 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ قىسقارتىلدى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە مەبلەغ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاساسلىقى 312 - دۆلەت تاشيولىدىكى ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، ئۆلۈغچات - كۈچۈيۈەن تاشيولى ۋە دۆربىلجىن - تىيېچاڭگۇ تاشيولىدىن ئىبارەت 3 تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنى تەپتىشلىدى ھەمدە 6 تاشيول قۇرۇلۇش تۈرىگە خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش ئەھۋالىنى تەپتىشلەپ تەكشۈردى. نەتىجىدە تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىدە ساقلانغان ھۆكۈمەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ بېرىلماسلىق، تۈر قۇرۇلۇشى تەخمىن چوتتىن ئېشىپ كېتىش، قۇرۇلۇش تۈرى مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، قۇرۇلۇش باھاسىنى يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆز مەيلىچە ھېسابلاپ يالغان

مەلۇم قىلىش قاتارلىق مەسىلە ئاشكارىلاندى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## پۇل مۇئامىلە، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ تەپتىشلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئاپتونوم رايون بويىچە 21 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ 2003 - يىللىق مۈلۈك سۈپىتى ۋە تىجارەت ئەھۋالىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەپتىشلەش ۋە تەكشۈرۈشكە بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇپ، باشقۇرۇش جەريانىدا ساقلانغان مالىيە باشقۇرۇش ئاساسى ئاجىز بولۇش، بوغالتىرىيىلىك ئۇچۇر ھەقىقىي بولماسلىق، كاپىتال ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش، كرېدىت مۈلكى سۈپىتى تۆۋەن بولۇش ۋە ئالدىنقى يىللاردىكى قائىدىگە خىلاپ تىجارەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تىجارەت خەۋپ-خەتىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئاشكارىلىدى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ھەمدە پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ 8 تۈرلۈك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن تارىم يېزا ئىگىلىكى تۈرىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قاتنىشىنى ياخشىلاش قاتارلىق دۇنيا بانكىسى پۇل قەرز بەرگەن (ھەدىيە قىلغان) 8 تۈرنى تەپتىشلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن «تارىم يېزا ئىگىلىكى تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى» تۈرى ۋە شىنجاڭ بازا شىركىتىنىڭ قارا رەقەملىك قايتا قەرز تۈرى تەپتىشلەپ تەكشۈرۈلدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى تەپتىشلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 599 ئورۇندىكى 666 پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى. بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 620 مىليون يۈەن، ئۆلچەملىك باشقۇرۇلمىغان 730 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى، تەپتىشلەنگەندىن كېيىن 48 ئادەم ئەدلىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى شىنجاڭ تىببىي دورا گۇرۇھى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد- تېخنىكا تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى قاتارلىق 6 ئورۇندىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت جەھەتتىن تەپتىشلىدى. تەپتىشلەش نەتىجىسى ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى تەپتىشلەش بىرلەشمە يىغىنىغا يوللاندى.

لۇ يازۇ، شاڭ يارۇڭ

# باھا خىزمىتى

## باھا خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بازارلىرىدا باھا مۇقىم ئۆرلىدى، بۇ بىر يىلدا ئاھالە ئىستېمال باھاسى سەۋىيىسى 2.7% ئۆرلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.2 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەرنىڭ 2.1%، يېزىلارنىڭ 4.5% ئۆرلىدى.

1. ئاشلىق قاتارلىق يېمەكلىك تۈرلىرىنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ، ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. 2 - ئايدىن باشلاپ ئاشلىق باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلىدى، 10 - ئايدىن كېيىن مۇقىملىششقا يۈزلەندى. بۇ بىر يىلدا يېمەكلىك باھاسى 5.8% ئۆرلەپ، تەخمىنەن باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ 2 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئومۇمىي باھا ئۆرلەش ئامىللىرىنىڭ 74%ىنى ئىگىلىدى. يېمەكلىك تۈرى ئىچىدە ئاشلىقنىڭ 16.3%، قۇرۇق پۇرچاق تۈرى ۋە پۇرچاق ياساملىرىنىڭ 18.2%، سۈ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 15.5%، تۇخۇم تۈرىنىڭ 14.1% ئۆرلىدى.

2. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجىمى چوڭراق بولدى. سانائەت خام ئەشيالىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 18.2%، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 16.4% ئۆرلىدى. خەلقئارا نېفىت باھاسىنىڭ سىجىل ئۆرلىشىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن 11 - ئايدا نېفىت سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 45% ئۆرلەپ، ئۆرلەش ھەجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى 7.3% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەم- خەشەك باھاسى 16.4%، يېزا ئىگىلىكىدە

ئىشلىتىلىدىغان ئاپتول باھاسى 12.8%، خىمىيۋى ئوغۇت باھاسى 9.7% ئۆرلىدى.

3. ئۆتكەن يىلى باھا ئۆرلەش «ئىنتېرتسىيىسى» (قۇيرۇقى) نىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ، يېڭى باھا ئۆرلەش ئامىلى بىر قەدەر كىچىك بولدى. ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ 2.7% ئۆرلىشىدە ئۆتكەن يىلقى باھا ئۆرلەش ئامىلى 2.3 پىرسەنت پوئېنت، يېڭى باھا ئۆرلەش ئامىلى تەخمىنەن 0.4 پىرسەنت پوئېنت بولدى. يېڭى باھا ئۆرلەش ئامىلى ئاساسلىقى ئاشلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئولتۇراق ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىن ئىبارەت.

4. سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كىيىم - كېچەك باھاسى 0.6%، ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇلازىمەت باھاسى 1.6%، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش باھاسى 0.6% تۆۋەنلىدى.

لى ئەنچۈەن

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئۈرۈمچى توك تورىدىن سېتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توك باھاسىنى 0.022 يۈەن ئۆستۈرۈپ تەڭشەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتتىكى قىيىنچىلىقى پەسەيتىلدى. شىنجاڭدىكى يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق كارخانىلاردا پەرقلىق توك باھاسىنى يولغا قويۇش ۋە كارخانىلار ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدىن ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندنى قوشۇپ ئېلىشنى كونكرېت يولغا قويۇش پىكرى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈلۈپ، كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا چەك قويۇلۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست ياكى ناھىيىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا شەھەر - يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش ھەجمى تەخمىنەن 15% بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تىببىي دورا باھاسىنى باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 3701 تۈردىكى داۋالاش مۇلازىمىتىدىن ئېلىنىدىغان ھەق بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1 - دەرىجىلىكتىن 3 - دەرىجىلىككىچە بولغان دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاش پەرقى كېڭەيتىلىپ، يۇقىرىلىشنى توسۇش، تۆۋەنلىشىگە چەك قويماسلىقتىن ئىبارەت يېتەكچى باھا سىياستى يولغا قويۇلدى. 24 تۈردىكى 629 خىل ئۆلچەملىك دورىنىڭ باھاسى بىر تۇتاش تۆۋەنلىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرىدىغان دورىلارنىڭ شەكلى، ئۆلچىمى كۆپەيتىلىپ، ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسى بېكىتىلىپ، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش ھەجمى 35% ئەتراپىغا كەلتۈرۈلدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون باھاسىنى بېكىتىپ بەرمىگەن 696 تۈردىكى 1574 خىل ئۆلچەملىك دورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسى بېكىتىلىپ، تۆۋەنلەش ھەجمى 20% ئەتراپىغا كەلتۈرۈلۈپ، بىمارلارنىڭ يۈكى يەڭگىللىتىلدى. دورىغا خېرىدار چاقىرىش، دورىنى تاللاپ سېتىۋېلىش باھا ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە دورىغا بىر تۇتاش خېرىدار چاقىرىش، دورىنى تاللاپ سېتىۋېلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىش باھاسى تۈزۈپ چىقىلىپ، بىر تۇتاش خېرىدار چاقىرىلىدىغان، تاللاپ سېتىۋېلىنىدىغان 14 تۈركۈم - قېتىمدىكى 3180 تۈر، 5199 خىل دورىنىڭ ئۆلچىمى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، باھاسىنى ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن دورا باھاسىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ھەجمى 16.9% بولۇپ، چۈشكەن باھا سوممىسى 85 مىليون يۈەن بولدى. سۇ باھاسى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، سۇ بايلىقى ھەققى، سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسى، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسى، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققى ۋە «قايتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ» باھاسى سىياستى، تەدبىرلىرى بىر تۇتاش مۇھاكىمە قىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قاتناش - ترانسپورت باھاسىنى باشقۇرۇش داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ترانسپورت جەھەتتە ئۆزارتىپ مۇلازىمەت قىلىش ساھەسىنىڭ باھاسى ۋە ئېلىنىدىغان ھەققى تۈزۈپ چىقىلدى. تېجەشلىك ماسلىششچان ئۆيلەرنىڭ باھا باشقۇرۇش چارىسى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تېجەشلىك ماسلىششچان ئۆيلەرنىڭ يېتەكچى باھا سەۋىيىسى بېكىتىلدى. سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان يەرنى كېلىشىم بويىچە سېتىپ بېرىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن باھا ئۆلچىمى، پورت قۇرۇلۇشى ھەققى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار ھەق قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ساياھەتچىلىك باھاسىنى باشقۇرۇش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسى جەھەتتىكى ئۇچۇر مۇلازىمىتى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ماسلاشتۇرۇلۇپ، تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، باھا سەۋىيىسى بېكىتىلدى، يازلىق ئاشلىق يىغىۋېلىنىش مەزگىلىدە ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم بۇغداي بازىرىدىكى سېتىۋېلىنىش باھا ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىش تۈزۈمى

ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يازلىق ئاشلىقنىڭ تەرتىپلىك سېتىۋېلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىش، پاختا بىلەن تەمىنلەش، پاختا سېتىش ۋە بازاردىكى باھا ھالىتى مۇھاكىمە قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى يىللىق پاختا سېتىۋېلىش باھاسى ئۇچۇرى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تىرىشىپ تۆۋەنلىدى، ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقى، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلار باھاسىغا ئارىلىشىش تەدبىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، باھا پەرقى نىسبىتىنى كونترول قىلىش، تىجارەت پەرقىنى ۋە باھا ئۆستۈرۈشنى يوللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان توكى، يېزىلاردىكى تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق كەسپىدە ئىشلىتىلىدىغان توكقا باھا جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش سىياستى تۈزۈپ چىقىلىپ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېزىلاردىكى توك باھاسى قېلىپلاشتۇرۇلدى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ بەك تېز ئۆرلەپ كېتىشى تىزگىنلەندى.

لى ئەنچۈەن

## باھا ۋە ھەق ئېلىشنى تىزگىنلەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «ئىجازەتنامە»نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 48 تۈرلۈك ھەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ياكى تۆۋەنلىتىلىپ، 5 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سېلىق يېنىكلىتىلدى. ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق تۈرى كاتالوگى» ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى «بىر ھەق تۈزۈمى» چارىسى ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە داۋاملىق مائارىپ ھەققى، قىسمەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىكى باھاسى، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە خوجىلىق مۇلازىمىتى ھەققى ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون مىقياسىدا توك باھاسى، دورا باھاسى، كۆمۈر باھاسى ۋە كۆمۈرگە ئالاقىدار ھەق، تاشيول ھەققى، مائارىپ ھەققى قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. بۇ بىر يىلدا تۈرلۈك باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1068ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 24 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي جازا قولللىنىلدى. بۇنىڭدىن 11 مىليون 380 مىڭ يۈەن مۇئامىلىدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ھەققىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشتە 1344 مەكتەپ تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 337 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنغا خىلاپ قىلىنغان تاپاۋەت سوممىسى 11 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 4 مىليون 750 مىڭ يۈەن مۇئامىلىدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن مۇسادىرە قىلىندى، 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى. باھا جەھەتتىكى پاش قىلىش ئەرزىدىن 7940 پارچە قوبۇل قىلىندى.

2004 - يىلى باھادا سەممىي بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، باھانى ئېنىق يېزىش ۋە مائارىپ، داۋالاش ھەققىنى ئاممىغا ئېلان قىلىش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي نازارەت كۈچەيتىلدى. يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى باھاسى ۋە يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار باھالارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، يېزا باھا نازارەتچىلىكى تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار باھا ۋە پەرقلەر ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى، يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار باھا ۋە ھەقلەرنى ئاممىغا ئېلان قىلىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇلدى، دېھقانلارنىڭ رايون ئاتلاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە شەھەرگە كىرىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىشىدىن ئېلىنىدىغان نامۇۋاپىق ھەقلەر ئۆز ۋاقتىدا ئېنىقلاندى، يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار 8 تۈرلۈك مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

لى ئەنچۈەن

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## بازارلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 28 مىڭ 817نى تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. دېلو قىممىتى 1 مىليارد 236 مىليون يۈەن بولۇپ، 62 مىليون 930 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان دېلو 6069. ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو 18،

دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 55.

دۇڭ جياڭ

## تاساددىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، بازارلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا قۇش زۇكىمى كېسەللىكى يۈز بەردى، شىنجاڭدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قۇش كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، يۇقۇم رايونىدىكى تىرىك ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى بازىرىنى تاقاپ، يۇقۇم رايونىدىكى تىرىك ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى سودىسىنى توختاتتى، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگە قەدەر پۈتۈن سىستېما بويىچە ئۆي قۇشلىرى تۈرى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازىرى 2621 قېتىم، تىجارەتچىدىن 13 مىڭ 373 ئائىلە تەكشۈرۈلدى، يۇقۇم رايونىدىكى ئۆي قۇشلىرى تۈرى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن 5ى تاقالدى، يۇقۇم رايونىدىن 9000 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئۆي قۇشلىرى، چارۋا تۈرلىرى مەھسۇلاتى بايقالدى ھەممە پېچەتلەندى، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىشتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن 2722.4 كىلوگرام ئۆي قۇشى، چارۋا تۈرلىرى مەھسۇلاتى قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەنخۇي فۇياڭدىكى ناچار سۈت پاراشوكى ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى ناچار سۈت پاراشوكى ياساش - سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 363 خالتا، 273.4 كىلوگرام ناچار سۈت پاراشوكىنى قولغا چۈشۈردى. گۇاڭجۇدىكى زەھەرلىك ھاراق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى ئاق ھاراق بازارلىرىنى تېزلىكتە تەرتىپكە سالدى. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە چەت - ياقا جايلاردىكى چاي سېتىش بازارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە ئارىلاپ تەكشۈردى، بۇ جەرياندا توپ سېتىش كارخانىسىدىن 11ى، سودا بازىرىدىن 7 سى، دۇكاندىن 1672 سىنى تەكشۈرۈپ، 8669 تاختا چاينى قولغا چۈشۈردى.

دۇڭ جياڭ

## مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا مەركەزلىك زەربە بەردى. بىرىنچىدىن، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. سىستېما بويىچە جەمئىي 1623 بازار، 132 مىڭ 600 يېمەكلىك تىجارەتچىسى تەكشۈرۈلۈپ، كىنىشكىسىز تىجارەتچىدىن 1352سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ساختا يېمەكلىك ياساش ئۇۋىسىدىن39ى تارمار قىلىندى، ساختا، سۈپەتسىز يېمەكلىك ياساش - سېتىش دېلوسىدىن 810ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 3 مىليون 356 مىڭ 900 يۈەن بولدى، 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ئىككىنچىدىن، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، تاۋار ماركىسى بازىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق تاۋار ماركىسى، شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر تاۋار ماركىسى ۋە ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىنى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسى، سىرتقا چېتىشلىق تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقى، دۇنياغا مەشھۇر داڭلىق ماركا قوغدىلىپ، يېمەكلىك، دورا تاۋار ماركىسىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتى ۋە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسى بەلگىسىنى قانۇنسىز بېسىش ۋە ئېلىش - سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە نۇقتىلىق قاتتىق زەربە بېرىلدى. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش جەريانىدا ساختا تاۋار ماركىسى ياساش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 22 سى بىتچىت قىلىندى، 504 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، ھوقۇققا دەخلى- تەرۇز قىلىنغان تاۋار ماركىسى بەلگىلىمىدىن 248 مىڭ 700ى مۇسادىرە قىلىندى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان تاۋاردىن 30 مىڭ 900ى مۇسادىرە قىلىندى، كۆيدۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاشلىق، پاختا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاشلىق، پاختا بازارلىرىغا كىرىش ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلەندى، كىنىشكىسىز، سالاھىيەتسىز تىجارەت قىلىش قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىق، پاختىنى ۋە كونىرىغان ئاشلىقنى قانۇنسىز سېتىۋېلىش، ھايىنغا سېتىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئاشلىق، پاختا بازارلىرىنىڭ ئوبوروت تەرتىپى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. تۆتىنچىدىن، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش دېلوسىدىن 15ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن

شاخلىتىپ سېتىش ئۆۋسىدىن 6سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شاخلىتىپ سېتىش خادىمىدىن 121ى تارقىتىۋېتىلدى. بەشىنچىدىن، ئاپتوموبىل بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كېرەكسىز ئاپتوموبىللارنى قانۇنسىز چۇۋۇش، قۇراشتۇرۇش قىلمىشىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپتوموبىللارغا چەكتىن ئارتۇق يۈك بېسىشنى تۈزەش خىزمىتىگە ماسلىشىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تورخانىلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش، چېگرا سىرتىدىكى سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش تەرتىپىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش، ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ۋە زەھەر چەكلەش، ساختا پۇلغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

دۇڭ جياڭ

## تېزىملاپ رويخەتكە ئېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا تېزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋە شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخان 43 مىڭ 937، رويخەتكە ئېلىنغان كاپىتال 161 مىليارد 500 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 18 مىڭ 523، كوللېكتىپ كارخانا 8744، شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 15 مىڭ 956، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى ۋە باشقا كارخانا 714. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 331 بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 447 مىليون 710 مىڭ دوللار، رويخەتكە ئېلىنغان كاپىتال 951 مىليون 720 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل تەرەپ تاپشۇرغان سومما 572 مىليون 370 مىڭ دوللار. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ شۆبە (ئىش بېجىرىش) ئاپپاراتى 331، چەت ئەل (رايون) نىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئاپپاراتى 190، شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەل (رايون) كارخانىسى 3.

دۇڭ جياڭ

## تاۋار ماركىسى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1131نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 25 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى، 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 69.09 توننا تاۋار مۇسادىرە قىلىندى ۋە كۆيدۈرۈلدى، تاۋار ماركىسى ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، مەشھۇر، داڭلىق تاۋار ماركىسى پائال يېتىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنىڭ داڭلىق ماركا ئۈستۈنلۈكىگە ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان كۈچكە ئىگە تاۋار ماركىسى 17 مىڭغا، جۇڭگوغا داڭلىق تاۋار ماركىسى 3كە، شىنجاڭغا مەشھۇر تاۋار ماركىسى 67گە، ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىنى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسى 10غا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىش ئىلتىماس قىلىنغان تاۋار ماركىسى ئازكەم 5000 غا يەتتى.

دۇڭ جياڭ

## ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى داۋالاش مۇلازىمىتى، دورا، ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى، ئۆي - زېمىن ئېلان بازارلىرى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ساختا، قانۇنغا خىلاپ ئېلانلارغا زەربە بەردى، ئۇقتىلىق تاۋار (مۇلازىمەت) ئېلانلىرىنى نازارەت قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ، قانۇنسىز تىجارەت ئېلانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2487 ئېلان دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 4 مىليون 340 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ئېلاننى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلان كەسپىنىڭ تەرەققىياتى پائال يېتەكلەندى، ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلان تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن 1781گە، كەسپكارى 11 مىڭ 868گە، ئېلان تىجارىتى سوممىسى 1 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دۇڭ جياڭ

## توختام باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى توختام ئالدامچىلىقى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، توختام ماجىراسىنى مەمۇرىي جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىش، رەنە بۇيۇملىرىنى تېزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇدى. بۇ بىر يىلدا توختام قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 122 سى تەكشۈرۈپ بېجىرىلدى، دېلوغا چېتىلىدىغان سومما 10 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولدى، 340 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. توختام ماجىراسىدىن 241ى مۇرەسسە قىلىنىپ، تالاش - تارتىش قىلىنغان 4 مىليون 372 مىڭ 500 يۈەن ھەل قىلىندى؛ كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مۈلۈك

ھېسابىدىكى 883 رەنە بۇيۇمى تىزىملاندى، رەنە بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 24 مىليارد 360 مىليون يۈەن، ھەقدارلىق ھوقۇقى سوممىسى 10 مىليارد 580 مىليون يۈەن. تۈرلۈك توختامدىن 41 مىڭ 394ى تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ سوممىسى 15 مىليارد 250 مىليون يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توختامنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىش نۇسخىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، توختامنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىش نۇسخىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، بازار سوبيېكتلىرىنىڭ توختامنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىش نۇسخىسىنى ئەينەك قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلدى.

دۇڭ جياڭ

## شاخلىتىپ سېتىشقا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى مەركەزلىك قانات يايدۇردى. سىستېما بويىچە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى 6546 ئادەم - قېتىم، ئاپتوموبىل 1099 قېتىم ۋەزىپىگە چىقىرىلدى، 1201 تىجارەت ئورنى تەكشۈرۈلدى، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش دېلوسىدىن 23ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلۈپ، 17 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، دېلوغا چېتىشلىق سوممىسى 8 مىليون 283 مىڭ 700 يۈەن بولدى، شاخلىتىپ سېتىشقا ئىشلىتىلگەن 50 نەچچە مىڭ يۈەنلىك قورال ۋە ماددىي بۇيۇم مۇسادىرە قىلىندى. 120 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، بىر دېلو ج خ ئورگىنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، شاخلىتىپ سېتىش دېلوسىغا چېتىشلىق ئادەم 121، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش ئۇۋۇسىدىن 12سى بىكار قىلىندى. مەدەنىيەت تارماقلىرىغا ماسلىشىپ زال، كىنو - تىياتىرخانا، مەيخانا، چايخانا قاتارلىق جامائەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى تۇراقسىز نوپۇسنى ۋە ئۆي ئىجارىگە بېرىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆيدىن پايدىلىنىپ «ئائىلىچە» شاخلىتىپ سېتىشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

دۇڭ جياڭ

## ئەتكەس ماللارنى سېتىشقا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى چېگرا پورتلىرى تۇرۇشلۇق جاي، تاشيول، تۆمۈريول، ھاۋا قاتنىشى ۋە ئېغىر گۇمان بار چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى، يۈك ساندۇقىنى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئېكسپورت - ئىمپورت ترانسپورت تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەتكەس ماللارنىڭ ئىچكىرىگە ئېقىش ۋە ئىچكىرىدىكى ئەتكەس ماللارنىڭ شىنجاڭغا كىرىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق تاۋارلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولار چىڭ تۇتۇلدى، سىستېما بويىچە ئەتكەس مال دېلوسىدىن 54ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 521 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

دۇڭ جياڭ

## ئادىل سودا ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تۈرلۈك ناتوغرا رىقابەت قىلمىشىنى پائال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بىرىنچىدىن، تەقلىد قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىشقا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈردىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سودا پارىخورلۇقى قىلىش، قانۇنسىز مۇكاپاتلىق سېتىش ۋە داڭلىق تاۋارغا تەقلىد قىلىش، تاۋار ماركىسىنى ساختىلىق بىلەن رويخەتكە ئالدۇرۇش، «داڭلىق ماركىغا يېقىنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ناتوغرا رىقابەت قىلمىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تاۋار ماركىسدا ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 126سى تەكشۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، ئادىل رىقابەتكە توسقۇنلۇق قىلىش، مەمۇرىي ئىستېھكام تەسىس قىلىش، باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتىنى چەتكە قېقىشتەك تۈرلۈك بازار پارچىلاش ھەرىكەتلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، رايونلار قامىلى بۇزۇپ تاشلىنىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن بازار سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، سۇ، توك، گاز، پار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جامائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەۋزەل ئورنىدىن پايدىلىنىپ مەجبۇرىي سودىلىشىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى داۋاملىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. بۇ بىر يىلدا ناتوغرا رىقابەت دېلوسىدىن 630 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا پارىخورلۇق دېلوسى 72، رايونلار قامىلى ۋە ساھەلەر مونوپوللۇقى دېلوسى 23.

دۇڭ جياڭ

## ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا -

سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش، تاۋارلارنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىستېمال مۇھىتى ياراتتى. «12315» پاش قىلىش - ئەرز قىلىش تورى ۋە ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تور قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، «12315»نى مەھەللە رايونىغا، كەنت - بازارلارغا كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى پائال يولغا قويۇلدى. شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، داغدۇغىسى زور، پۇختا ۋە ئۈنۈملۈك بولغان «15 - مارت» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بىخەتەر، ساغلام ئىستېمال مۇھىتى يارىتىش باش تېمىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھوقۇق قوغداش تورىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ھوقۇق قوغداش قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق قوغداش ساھەسىنى كەڭ ئېچىپ، ئىستېمالنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا تۈرلۈك ئىستېمال ئەرزىدىن 12 مىڭ 758 ى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 12 مىڭ 659ى بىر تەرەپ قىلىندى، 12 مىڭ 309 پارچە ئەرز مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇرەسسە قىلىنىپ، 16 مىليون 726 مىڭ 600 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى، 1801 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو سوممىسى 27 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولدى. 5 مىليون 230 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

دۇڭ جياڭ

## شەھۋانىيلىقا ۋە قانۇنسىزلىققا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ج خ، مەدەنىيەت، ئاخبارات - نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، سىياسىي خاراكتېرى قانۇنسىز بولغان نەشر بۇيۇملىرى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان دەرسلىك، شەھۋانىي پىلاستىنكا، زىيانلىق كارتون ۋە رەسىملىك كىتاب، شەھۋانىي «يانچۇق» كىتابنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى، باسما كارخانىسى، گېزىت، كىتاب - ژۇرنال تىجارەت تور - نۇقتىسى، ئۈن - سىن تىجارەت تور - نۇقتىسى ۋە تورخانىدىن 12 مىڭ 630نى تەكشۈردى. دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 60 مىڭ 100 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 43 تىجارەتخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 51 تىجارەتخانا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەكتەپكە 200 مېتىر بولغان دائىرىدە تور تىجارىتى قىلغان 12 تورخانا مۆھلەت بەلگىلەپ كۆچۈرۈلدى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 26 مىڭ 795 دانە پىلاستىنكا، 1661 دانە شەھۋانىي پىلاستىنكا، 9890 پارچە ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كىتاب، 146 پارچە سىياسىي خاراكتېرى قانۇنسىز بولغان كىتاب، 2930 پارچە شەھۋانىي كىتاب - ژۇرنال، قىمارغا ئىشلىتىلىدىغان 91 دانە كومپيۇتېر تاختىسى يىغىۋېلىندى، قىمار ئۇۋۇسىدىن 3ى بىتچىت قىلىندى، بىر ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

دۇڭ جياڭ

## ئاساسلىق تاۋار بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئاشلىق بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ تىجارەت قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، كىنىشكىسىز دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلغان 106 تىجارەتچىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 676نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 2760.14 توننا ئاشلىقنى تۇتۇپ قالدى، 1 مىليون 43 مىڭ 600 يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى 2 قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاندى، بىر قېتىم مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، 6341.54 توننا چىگىت، 32.69 توننا ساپ پاختا تۇتۇپ قېلىندى، كىچىك پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن 35ى، يەرلىك پاختا تايلاش ماشىنىسىدىن 22 سى يىغىۋېلىندى، قانۇنسىز پىششىقلاش ئۇۋىسىدىن 13ى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش، سالاھىيەتسىز سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىن 293ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 398 دېلو تۇرغۇزۇلدى، بۇ دېلولارنىڭ قىممىتى 26 مىليون 961 مىڭ 400 يۈەن بولدى، 931 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان قىزىل قالقانلىق قوغداش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تىجارەت ئورنىدىن 2710ى تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنسىز تىجارەت قىلغان 224 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قانۇنسىز تىجارەت قىلىنغان 2137 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 208 توننا سۈپەتسىز سۇلياۋ يوپۇق، 1664 توننا لاياقەتسىز ئۇرۇق، 559 دېھقانچىلىق ماشىنىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ساختا نەرسە ياساش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 17 سى بىتچىت قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىغا دائىر

دېلودىن 344ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 16 مىليون 807 مىڭ يۈەن بولدى، 969 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، دېھقانلار 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. ماي قاچىلاش پونكىتلىرى نۇقتا قىلىنغان مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1628 ماي قاچىلاش پونكىتى تەكشۈرۈلدى، 39 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز ماي قاچىلاش پونكىتىدىن 6 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 3ى ئۆزگەرتىپ تىزىملاندى. 352 تونىنا تەييار ماي تۇتۇپ قېلىندى، 21 كىچىك ماي چەككىلەش زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

دۇڭ جياڭ

## كارخانا ئىناۋىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا ئىناۋەت تورىگە كىرگۈزۈلۈپ نازارەت قىلىنىدىغان - باشقۇرۇلىدىغان كارخانا 84 مىڭ 711 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىناۋەتلىك كارخانا 70 مىڭ 753، ئىناۋىتى ياخشى بولمىغان كارخانا 13 مىڭ 958 (ئاگاھلاندۇرۇلغان كارخانا 13 مىڭ 43، ئىناۋىتى قالمىغان كارخانا 621، ئىناۋىتى ئېغىر دەرىجىدە يوقالغان كارخانا 294) . «ئىناۋەتلىك كارخانا بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش» ، «ھەممە شەھەر - ھەممە دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق» ، «ئىستېمالچىلار رازى بولىدىغان رەستە» بەرپا قىلىش، «توختامغا رىئايە قىلىپ، ئىناۋەتنى ساقلاش» قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، كارخانىلار قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش، ئىناۋەت تىكلەشكە يېتەكلەندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «توختامغا رىئايە قىلىپ، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەن» كارخانا 1486گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 116، ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكى 613، ناھىيە دەرىجىلىكى 757.

دۇڭ جياڭ

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر يەنىمۇ ئېنىقلىنىپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سۈپىلىق، قاتناش، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، شەھەرلەردىكى تۈرلۈك ئاممىۋى كەسىپ ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىگە كىرىشكە ئىلھام بېرىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشتىراك قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىنىپ، يېڭى تىپتىكى ئارىلاشما مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يۇقىراۋى ئىگىلىكنىڭ زورىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدا يېزىلاردىكى ئازكەم 150 مىڭ سەييارە سودىگەردىن ئېلىنىدىغان ھەق كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز، قىيىنچىلىقى بار 38 مىڭ 638 ئادەمنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى رويخەتكە ئېلىنىپ، 39 مىليون 790 مىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققى كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، ئۆزى كەسىپ تاپىدىغان 1986 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى روېخەتكە ئېلىنىپ، 980 مىڭ يۈەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققى كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى. قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، قالايمىقان سېلىق چېچىش ھەرىكىتى داۋاملىق تىزگىنلەندى، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يەر ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، سودا ئىشلىرى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ماسلاشتۇرۇلۇپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقى تۈگىتىلدى، ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش ياخشىلاندى.

دۇڭ جياڭ

# سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 13 كارخانىنىڭ 14 مەھسۇلاتى تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنىدىغان مەھسۇلات نامىغا ئىگە بولدى. 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 14 ناھىيە (رايون) دا شەھەرنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 902 سانائەت كارخانىسىدا سۈپەت ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 431 كارخانا ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ، %8 .47نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 2193 سانائەت كارخانىسىدا سۈپەت ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. دۆلەت

ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىسى ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليوندىن ئاشىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىسىنىڭ %74 .96دە مەخسۇس، قوشۇمچە سۈپەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. كارخانىدا سۈپەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 17 مىڭ 398 گە يېتىپ، كارخانا كەسپكارىنىڭ %7 .8نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنغان سۈپەتچى سالاھىيىتىگە ئېرىشكىنى 274، كارخانىلاردا سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىم 8146گە، ئىش ئورنىغا چىققان گۇۋاھنامىلىك سۈپەت تەكشۈرۈش خادىمى 7117گە، گۇۋاھنامىلىك ئىش ئورنىغا چىقىش نىسبىتى %4 .87كە يەتتى. 149 كارخانا دۆلەت، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا، 201 ئادەم دۆلەت، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## داڭلىق مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ سىم ـ كابېل زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شىنتې» ماركىلىق گىرەلەشمە پولى ئېتىلىن كابېلى، شىنجاڭ «سفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «سفاڭ» ماركىلىق ئاق شېكەر ۋە شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇن (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇن دۆلەت تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 5 كارخانىنىڭ 5 مەھسۇلاتى جۇڭگونىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 14 كارخانىنىڭ 14 مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ 2004 ـ يىلدىكى داڭلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى («قوشۇمچە»گە قاراڭ). يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 68 كارخانىنىڭ 83 مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

### قوشۇمچە

شىنجاڭنىڭ **2004 ـ يىللىق داڭلىق مەھسۇلاتلىرى (كارخانىلىرى)**

بالانسىرلىق كاچالكا (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق باش شىركىتى)، يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ دىئاگونال بالونى (شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى). 5 .32 ۋە 5 .42 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ يېشىل قارىغاي بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى)، 5 .32 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (ئاقسۇ تەڭرىتاغ دولان سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، P21S—J180S پاختا يىپ، OE10S—OE40S پاختا يىپ (شىنجاڭ لوپنۇر توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لوپنۇر پاختا توقۇمىچىلىق شۆبە شىركىتى، 6S—60S پاختا يىپ، J8S—J100S پاختا يىپ (شىنجاڭ سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 3 — 1 ـ دەرىجىلىك ساپ پاختا (شىنجاڭ «جىنمىيەن» پاختىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، 3 — 1 ـ دەرىجىلىك ساپ پاختا (شىنجاڭ غەربىي قىسىم يىڭلى پاختىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، باجانابلىرى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ئېمولسىيە ھالەتلىك سۈت، باكتېرىيە يوقاتقۇچى ئېمولسىيە ھالەتلىك سۈت (شىنجاڭ رۇيىيۈەن سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، باجانابلىرى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ئېمولسىيە ھالەتلىك سۈت، باكتېرىيە يوقاتقۇچى ئېمولسىيە ھالەتلىك سۈت (شىنجاڭ ۋۇخۇا چارۋىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، غەربىي دىيار باھارى سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، باكتېرىيە يوقاتقۇچى ئېمولسىيە ھالەتلىك سۈت (شىنجاڭ مەيچۇئېر سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، نورسىمان قەغەز ساندۇق (شىنجاڭ «شاتو» پاي چەكلىك شىركىتى)، ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار ئۈزۈقلۇق پاراشوكى (شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، سەبزە شىرنىسى سىستېمىسىدىكى مېۋە شىرنىسى ئىچىملىكى (شىخەنزە تەرەققىيات رايونى شېڭنېي يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى).

## سۈپەت ئېيى پائالىيىتى ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 2004 ـ يىل 9-ئايدا ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك سۈپەت ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «ھەممە ئادەم سۈپەت يارىتىش، ھەممە ئادەم سۈپەتتىن بەھرىمەن بولۇش» تىن ئىبارەت پائالىيەت باش تېمىسى بويىچە «سۈپەت . بىخەتەرلىك . خەلق تۇرمۇشى» سۈپەت ئېيى تېلېۋىزىيە ئالاھىدە پروگراممىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە سۈپەت ئېيى ستونى ئېچىلدى. 2004 ـ يىللىق شىنجاڭدىكى 14 داڭلىق كارخانا، 61 سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا ۋە 65 سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسكە تەقدىرنامە ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى. يېمەكلىك، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ساختا، ناچار، سۈپەتسىز نەرسىلەرنى

ياساش ـ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا مەركەزلىك زەربە بېرىش قانات يايدۇرلۇپ، 32 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلوغا چېتىشلىق سوممىسى 2 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە سۈپەت تەشۋىقاتى، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قىلىش كۆنى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەشۋىقات مەيدانىدىن 14ى، تۇرلۇك مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسىدىن 200دىن كۆپرەكى تەسىس قىلىندى، 2000 قېتىمدىن ئارتۇق مەسلىھەت بېرىلدى؛ 80 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى ئىشلىنىپ بېسىپ تارقىتىلدى، بۇ پائالىيەتلەرگە ئازكەم 100 مىڭ ئادەم قاتناشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىن 35 ئادەم دۆلەتنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشىنى تەكشۈرگۈچىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچكە ئىگە تەكشۈرگۈچىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بار ئادەم 169غا يەتتى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاق هاراق، سېمونت قاتارلىق 22 تۈردىكى 40 نەچچە خىل سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان 679 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، 145 كارخانا سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى، ئۇلارغا 178 ئىجازەتنامە بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 1377 ئىجازەتنامە تارقىتىلدى، يەڭگۈشلەپ تارقىتىلغان ۋە كۈچتىن قالغان ئىجازەتنامە تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى 609 بولدى. ئاق هاراق، سېمونت، ئېلېكتر سىمى ۋە كابېل قاتارلىق 29 خىل سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان 190 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى يىللىق تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن 310 كارخانا يىللىق نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرگۈچى، باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 4قارار ئېچىلدى، سىناش ئارقىلىق 57 ئادەم شىنجاڭنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىجازەتنامىسى تەكشۈرگۈچىلىك سالاھىيىتى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 204 ئادەم گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 888 يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش كارخانىسىنىڭ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 2004ـ يىلى 201 كارخانا دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تارقاتقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە بۇنداق ئىجازەتنامىگە ئېرىشكەن كارخانا 782گە يەتتى. دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ هاۋالىسى بويىچە، يېمەكلىك ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان 10 ئاپپارات تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## قەرەللىك نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى 12 مىڭ 503 كارخانىنى قەرەللىك نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، 10 تۈردىكى 86 خىل مەھسۇلاتنى 17 مىڭ 154 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈردى. 14 مىڭ 30 تۈركۈم (قېتىم) دىكىسى لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %81.79كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3.37 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %75.65، يېمەكلىكلەرنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %81.8، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %82.1، توقۇلما بۇيۇم، ئاياغ كىيىم مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %66.89، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.4، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %82، ماشىنا ـ ئېلېكترون سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %88، مېتاللۇرگىيە مەھسۇلاتلىرى، مېتال ياسالمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80.36، ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95.83، باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %68.30 بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## بىر تۇتاش نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ

تېرىش سېپالكىسى، ئوت توغراش ماشىنىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ، سۈت پاراشوكى، ئىچىملىك سۇ، ئىچىملىك، مېۋە ھارىقى، ئاق ھاراق، بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، سۇ يېغى، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ، سۇۋالغۇ، ئېلېكتر سىمى - كابېل، سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيال، نورسىمان قەغەز ساندۇق، بېنزىن (دىزېلىن)، سېمونت، ئىئون چىرىغى قاتارلىق 23 خىل مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تاماملاندى، 1224 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 1460 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %76.19 بولدى.

جاۋ شاۋشۋاڭ، خالىدە

## سۈپەت نازارەت قىلىش بويىچە ئاربلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئوبوروت ساھەسىدىكى 67 تۈردىكى تاۋارنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. بۇ تاۋارلار سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 6685 كارخانىغا چېتىلدى، تەكشۈرۈلگەن تاۋار 33 مىڭ 503 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، تاۋار سۈپىتى، مىقدارى، ئورالما بەلگىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 تۈردىكى 17 خىل تاۋار ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلدى، بۇ تاۋارلار سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 885 ئورۇنغا چېتىلدى، ئاربلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋار 1540 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %67.21 بولدى.

جاۋ شاۋشۋاڭ، خالىدە

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ ساختا، سۈپەتسىز تاۋارلارنى ئىشلەش - سېتىش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 52 مىڭ 691 (قېتىم) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئىشقا سېلىنىپ، تۈرلۈك ساختا، سۈپەتسىز مەھسۇلات ئىشلەش - سېتىشقا دائىر 8256 دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1039 دېلوغا نەق مەيداندا جەرىمانە قويۇلدى، 16 دېلوغا چېتىشلىق 17 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى، قىممىتى 308 مىليون يۈەنلىك ساختا، سۈپەتسىز مەھسۇلات قولغا چۈشۈرۈلدى، ساختا، سۈپەتسىز مەھسۇلات ياساش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 35ى بىتچىت قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە «12365» ساختىلىقا زەربە بېرىش بويىچە ئەرز قىلىش - پاش قىلىش قىزىق لىنىيىسى ئارقىلىق، 2239 قېتىم ئەرز قوبۇل قىلىندى ۋە پاش قىلىندى، بۇلار چېتىلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىستېمالچىلار 7 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. ھېيت - بايرام مەزگىللىرىدە غەيرىي يېمەكلىك خام ئەشياسى ئارقىلىق يېمەكلىك پىششىقلاش، دۆلەت ئۆچۈق مەنئى قىلغان غەيرىي يېمەكلىك ماددىي ئەشيالىرى، سۈپىتى ئۆزگەرگەن خام ئەشيا ۋە ۋاقتى ئۆتۈپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەر ئارقىلىق يېمەكلىك پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ۋاقتىنى ئۆزگەرتىش، ساختا سۈپەت بەلگىسى ئىشلىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئۈستىدە قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1957سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. دېلو قىممىتى 14 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولغان ساختا، سۈپەتسىز يېمەكلىك قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 684ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 30 مىليون 820 مىڭ يۈەنلىك ساختا، سۈپەتسىز دېھقانچىلىق ماددىي ئەشياسى قولغا چۈشۈرۈلدى. 10 مىڭ 217 (قېتىم) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئىشقا سېلىنىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1308ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 19 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ساختا، سۈپەتسىز بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى قولغا چۈشۈرۈلدى، ساختا مەھسۇلات ياساش - سېتىش ئۇۋىسىدىن 11ى بىتچىت قىلىندى.

جاۋ شاۋشۋاڭ، خالىدە

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا تىجارەت خاراكتېرلىك پاختىنى گۈۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئاپپارات 39 بولۇپ، 239 مىڭ 76.6 توننا تىجارەت خاراكتېرلىك پاختا گۈۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن؛ 1251 تۈركۈمدىكى 50 مىڭ 69 توننا پاختا نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن؛ 113 توننا پاختا كېسىم قىلىش يۈزىسىدىن؛ 125 تۈركۈمدىكى 300 توننا ئۆچكە تىۋىتى گۈۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 811 تۈركۈمدىكى 9731 توننا قوي يۇڭى تەكشۈرۈلدى؛ 2280 توننا چىگە تۈردىكى تالا

تەكشۈرۈشكە هاۋالە قىلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 6 تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇمى قەرەللىك نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 4771 تۈركۈم (قېتىم) توقۇلما بۇيۇم هاۋالە بويىچە تەكشۈرۈشكە قوبۇل قىلىندى. پاختا تىجارىتىدە ئىشلىتىلىدىغان 5275 دانە ئۆلچەش سايمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %44.13 كۆپ بولدى. تەقلىدىي ياسالغان ھەمدە تارقىتىلغان پاختىنى دەرىجىگە ئايرىشنىڭ ناتوۇرال ئۆلچىمى 4030 يۈرۈش بولۇپ، %13.2 كۆپ بولدى. پاختا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 766 كارخانىنىڭ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى تەكشۈرۈلدى. پاختا سېتىۋېلىش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش جەريانىدا، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خادىملىرى 12 مىڭ 339 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 3396 پاختا سېتىۋېلىش زاۋۇتى (پونكىتى) تەكشۈرۈلدى، پاختىكارلار ساتقان 87.2205 توننا چىگىتلىك پاختىغا چېتىلىدىغان 4083 كىچىك ئەۋرىشكە ئېلىپ قوغلاپ تەكشۈرۈلدى، 2413 چىگىتلىك پاختا دۆۋىسى يەنى 264 مىڭ 57.664 تونىنا پاختا تەكشۈرۈلدى، پاختا سۈپىتى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 156 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇنسىز سېتىۋېلىپ پىششىقلاش ئۇۋىسىدىن 6 سى بىتچىت قىلىندى، كىچىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى ۋە يەرلىك پاختا تايلاش ماشىنىسىدىن 12 يۈرۈشى پېچەتلەندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تالا تەكشۈرۈش سىستېمىسىدا 1290 (قېتىم) تەكشۈرگۈچى خادىم ئىشقا سېلىنىپ، 306 سېتىۋېلىش پونكىتى (نۇقتىسى)، 1051 تۈركۈمدىكى 11 مىڭ 66.190 تونىنا يۇڭ - تىۋىت تالاسى؛ 181 تۈركۈمدىكى 270 تونىنا ئۆچكە تىۋىتى تەكشۈرۈلدى. بىر يىلدا سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 408ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمىگەن 5 كارخانىنىڭ تايلاپ قويۇلغان 40 تۈركۈمدىكى 931 تونىنا ساپ پاختىسى تەكشۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا ئىسچوت ئاچقان پىششىقلاش كارخانىسىدىن 120 سى، تايلاپ قويۇلغان 506 تۈركۈمدىكى 10 مىڭ 7.302 تونىنا ساپ پاختىسى تەكشۈرۈلدى. 8 ۋىلايەت بويىچە 23 ساقلاش نۇقتىسىدىكى 800 تۈركۈم 21 مىڭ تونىنا ساقلاشقا تاپشۇرۇلغان پاختىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ لىئې

## ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 14 تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ، 33 گاز تۇڭىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ۋە قايتا تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. بېسىملىق تۇرۇبا لايىھىلەش ئورنى ئىجازەتنامىسىدىن بىرى، بېسىم قاچىسى لايىھىلەش ئورنى ئىجازەتنامىسىدىن بىرى، بېسىم قاچىسى ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 3ى، پارقازان قۇراشتۇرۇش ئىجازەتنامىسىدىن 39ى، گاز قاچىلاش ئىجازەتنامىسىدىن 51ى، بېسىملىق تۇرۇبا قۇراشتۇرۇش ئىجازەتنامىسىدىن 9ى، لىفت، كران قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسىدىن 16سى تارقىتىلدى، ئىمپورت قىلىنغان 20 دانە بېسىم قاچىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، شارسىمان باكنى نەق مەيداندا قۇراشتۇرۇش - كەپشەرلەش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش لايىھىسىدىن 18 يۈرۈشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، بېسىم قاچىسى لايىھىلەش چېرتيوژىدىن 10 يۈرۈشى تەكشۈرۈلدى، باكلىق ۋاگون ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 1065ى بېجىرىلدى، باكلىق ۋاگون ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 787سى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرگۈچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى 6 قارار ئېچىلدى. ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرگۈچىلىك گۇۋاھنامىسىدىن 221ى، زىيان - زەخمەتسىز تەكشۈرۈش - ئۆلچەش گۇۋاھنامىسىدىن 313ى تارقىتىلدى، ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر مەشغۇلاتى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 31 قارار ئېچىلىپ، ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر مەشغۇلاتى خادىملىرى گۇۋاھنامىسىدىن 2576سى تارقىتىلدى. بىر يىلدا ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر زور ۋەقەسى كۆرۈلمىدى، ئېغىر ۋەقە 5 قېتىم يۈز بەردى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پار قازاننىڭ ئاتموسفېرانى بۇلغايدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ بېرىش ئۆلچىمى»نى تۈزدى ھەمدە تارقاتتى. «يول ئاپتوموبىللىرىنىڭ سىرتقى دائىرىسىنىڭ ئۆلچىمى، ئوقىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى ۋە سۈپەت چەكلىمىسى» قاتارلىق دۆلەت ئۆلچىمى تەشۋىق قىلىندى ۋە

ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يېمەكلىك ماركىسى، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىقلارنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچىمى بويىچە 7 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئالتاي ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ قاناس مەنزىرە رايونى ۋە يول بويىدىكى ئاساسلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىنى چۈشەندۈرۈش سۆزى ۋە تەلىپى» قاتارلىق يەرلىك 2 ئۆلچەم تۈزۈپ چىقىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك دۆلەت ئۆلچىمى بولغان «ئالدىن قاچىلىنىدىغان يېمەكلىك ماركىسىنىڭ ھەممىباب ئۆلچىمى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەردىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، سېتىش ئورۇنلىرىدىكى توپ سېتىلىدىغان (پارچە سېتىلىدىغان) ئالدىن ئورالغان يېمەكلىك ماركىسىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق جايلاردا «شېكەر ماتېرىيالى بولغان قىزىلچىنى سېتىۋېلىش ئۆلچىمى» ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## خەلقئارا ئۆلچەمنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «خەلقئارا ئۆلچەمنى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئۆلچىمىنى قوللىنىش تەكلىپى كاتالوگى»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 109 كارخانىنىڭ 135 مەھسۇلاتى ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم بېكىتىش (تۈزىتىش كىرگۈزۈش) ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان «زاراڭزا يېغى»، «ئاق كىشمىش ئۈزۈم» قاتارلىق 2 تۈرنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. «سېپتا ئېگىرىلگەن پاختا يىپ»، «شوخلا قىزىل پىگمېنتى سۇ يېغى قاتارلىق 4 تۈرنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ئىلتىماس قىلىندى. دۆلەت «تەبىئىي رەڭلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا چىگىتى»، «خوتەن قاشتېشىنىڭ ناتۇرال ئۆلچىمى ئەۋرىشكىسى»دىن ئىبارەت 2 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزەش پىلانىنى چۈشۈردى. ئاپتونوم رايوندا يەرلىك ئۆلچەمدىن 100ى تۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 6، كۆرسەتمە خاراكتېرلىك ئۆلچەم 94. يىل ئاخىرىغىچە قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچكە ئىگە بولغان يەرلىك ئۆلچەم 340قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 50، كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 290. بۇ بىر يىلدا كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 1559ى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنگە ئېلىنغان كۈچكە ئىگە كارخانا ئۆلچىمى 9707گە يەتتى. پاختا دەرىجىسىنىڭ ناتۇرال ئۆلچىمىدىن 3570ى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، دۆلەتنىڭ زىغىر پاخلى ناتۇرال ئۆلچىمىدىن 30 يۈرۈشى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشى بويىچە ئۈلگە رايونىدىن 10نى مەلۇم قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۈلگە رايونى 166گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 47، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 10، ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكى 109. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردە قاپلىغان يەر كۆلىمى 64 مىڭ 200 گېكتار. بايىنغولىن ئوبلاستى قوتىزى، قۇمۇل چوڭ چىلنى، پەيزاۋات قوغۇنى، دۆربىلجىن زاراڭزىسى، گۇما ئانىرى قاتارلىق 5 ئۈلگە رايونى مەلۇم قىلىنىپ تور تۇرغۇزۇلدى. ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرىدىن 20سى بېكىتىلدى. «جىڭ ئالقىتىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»، «قىزىلچىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»، «كورلا نەشپۈتىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى» قاتارلىق 8 ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە «تۆۋەت ئۆچكىسىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى» قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە 10 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۆلچەم سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تەشكىلىي ئاپپارات كود كىنىشكىسىدىن 44 مىڭ يۈرۈشى بېجىرىلدى، IC كارتوچكىسىدىن 43 مىڭى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇنۇملۇك تەشكىلىي ئاپپارات كود كىنىشكىسى بېجىرگەن ئورۇن 180 مىڭغا يەتتى. تاياق كود تېخنىكىسى بويىچە 6 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 460 تاياق كود باشقۇرۇش خادىمى تەربىيىلەندى. تاياق كود خىزمىتىگە يېڭىدىن 276 سىستېما ئەزاسى قوبۇل قىلىندى، 278 كارخانا تاياق كودنى ئۇزارتىشتىن ئۆتتى، تاياق كودنىڭ

ئۆزارتىلىش نىسبىتى 79% بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلاپ قېلىنغان تاياق كود سىستېما ئەزاسى 1148گە يەتتى. 3 باسما كارخانىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى ئورۇندالدى. 2454 تۈرلۈك ئۆلچەم يېڭىدىن سېتىۋېلىندى، 596 تۈرلۈك كېرەكسىز ئۆلچەم بىكار قىلىندى، 256 تۈرلۈك يەرلىك ئۆلچەم رەتلەندى. يىل ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئۆلچەم 46 مىڭ 113 كە يەتتى. بىر يىلدا مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 3000 كارخانا، 6000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى؛ 7445 تۈرلۈك ئۆلچەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، 3546 تۈرلۈك ئۆلچەم تەقلىد قىلىپ ياسالدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم سايمانلىرى ياساش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۆلچەم سايمانلىرى ياسايدىغان 8 كارخانىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەللى توشۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 3، يېڭىدىن ئىلتىماس قىلغىنى 5؛ ئۆلچەم سايمانلىرى ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 8ى، ئۆلچەم سايمانلىرى رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسىدىن بىرى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 33 كارخانا ئۆلچەم سايمانلىرى ياساش ئىجازەتنامىسىگە، 5 كارخانا ئۆلچەم سايمانلىرى رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 8 كارخانىنىڭ ئۆلچەم سايمانلىرى ئەۋرىشكىسىنى سىناپ تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، ئەۋرىشكە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 7نى تارقىتىپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 83 خىل ئۆلچەم سايمىنىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى ئۈستىدە ئەۋرىشكە سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەم سىناق تەتقىقات ئورنى 3 فازىلىق رەقەملىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سائىتىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن بىر تۈرنى يېڭىدىن بەرپا قىلدى. ئوخشاش دەرىجىلىك ئۆلچەملىك ئۆلچەملەر بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈرگە ئايرىلغاندا، يىل ئاخىرىدا ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچەم 33 تۈرگە، 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەملىك ئۆلچەم 104 تۈرگە يەتتى. بىر يىلدا 215 مىڭ 881 دانە ئۆلچەم سايمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىگۈچ 14 مىڭ 546، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ 5171، مېخانىكىلىق ئۆلچىگۈچ 10 مىڭ 870، تارازىلىق ئۆلچىگۈچ 97 مىڭ 920، ئېلېكتر ماگنىتلىق ئۆلچىگۈچ 79 مىڭ 57، ئوپتىك ئۆلچىگۈچ 981، ئاكۇستىكىلىق ئۆلچىگۈچ 352، خىمىيىلىك ئۆلچىگۈچ 3270، ئىئون رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچىگۈچ 259، رادىئو ئۆلچىگۈچ 810، ۋاقىت چاستوتىسىنى ئۆلچىگۈچ 2645. مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم سايمىنى 2322، مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن خىزمەت ئۆلچەمى سايمىنى 194 مىڭ 56، بۇنىڭ ئىچىدە سودا راسچوت ئۆلچەم سايمىنى 177 مىڭ 235، بىخەتەرلىك، مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچەم سايمىنى 9102، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئۆلچەمى سايمىنى 7504، مۇھىت تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۆلچەم سايمىنى 215. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 1282 ئادەم ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش خادىمى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتىدىكىسى 529، ھوقۇق بېرىلگەن ئورۇندىكىسى 753.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى سىناش ۋە ھوقۇق بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 52 كارخانا - كەسپىي ئورۇننىڭ 363 تۈردىكى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىنى سىناپ كۆردى (قايتا تەكشۈردى)، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان تۈر 117، قايتا تەكشۈرۈلگەن تۈر 246، قانۇندا بېكىتىلگەن 13 ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتىنىڭ 168 تۈرلۈك ئۆلچەملىك ئۆلچىمى سىناپ كۆرۈلۈپ، 40 تۈر سىناقتىن ئۆتتى، ئۆلچەملىك ئۆلچەم گۇۋاھنامىسىدىن 351ى، جەمئىيەت ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم گۇۋاھنامىسىدىن 73ى بېجىرىلدى، 55 تۈرلۈك ئۆلچەم ئۆلچەم ئالماشتۇرۇلۇپ ئەنگە ئېلىندى. 19 ئورۇننىڭ ئۆلچەمگە ھوقۇق بېرىش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، 13 ئورۇنغا ئۆلچەمگە ھوقۇق بېرىلگەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچىمىدىن 809 تۈرى تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 136، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 430، ناھىيە دەرىجىلىكى 243؛ ھوقۇق بېرىپ تۇرغۇزۇلغان جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم تۈرى 187. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ سىناپ كۆرۈشى ئارقىلىق تارماقلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇلغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچەم 859 تۈر،

بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 630، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 229؛ ھوقۇق بېرىلگەن قانۇندا بېكىتىلگەن تېخنىكا ئاپپاراتى 4.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## كارخانىلارنىڭ ئۆلچەم خىزمىتى ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 20 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئۆلچەم سىناش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، 340 كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 905 كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى. مىقدارلىق ئورىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان 3 كارخانىدا ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 2 كارخانا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تاماملاندى، بىر كارخانىغا ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 خىل مەھسۇلاتقا «C» بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 12 كارخانا ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاشتىن ئۆتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 170 ئادىل ئۆلچەم كۆزىتىش خادىمىنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى، 29 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) دا ئۆلچەم گۇۋاھلىقى ئېلىپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) 82 گە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قېزىلما بايلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم سايمانلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، قېزىلما بايلىقلاردىن 86سى، ئۆلچەم سايمىنىدىن 876سى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.7 بولدى. گۈرۈچ، ئۇن، سۇ يېغى قاتارلىق 10 خىل مىقدارلىق ئورىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ساپ مىقدارى دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىش مەخسۇس تۈرى بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 28 كارخانا ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن مىقدارلىق ئورىلىدىغان تاۋار 81 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.1 بولدى. يېمەك - ئىچمەك كەسپى ئۆلچەم مەخسۇس تۈرى بويىچە نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكى 3134 كارخانا تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان ئۆلچەم سايمىنىدىن 2645ى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارازا 1962، تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرىكى %67تىن %99كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %74تىن %99كە كۆتۈرۈلدى؛ 683 مېنزۇركا، جىسىم ئۆلچىگۈچ تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈلۈش، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئوخشاشلا %99تىن %100كە كۆتۈرۈلدى. ئۆلچەم، جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 156سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1407 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش نۇقتىسىدا ئۆلچەم نازارەت قىلىش- تەكشۈرۈش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %99كە يەتتى، ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆلچەم سايمىنىدىن 6281ى تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.6 بولدى، ئۆلچەم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1091ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. سەپلەنگەن كۆزەينەك 332 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93كە؛ پۈتتۈرۈلگەن كۆزەينەك 710 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78كە؛ كۆزەينەك ئۆلچەش ئەسۋابلىرى 942 قېتىم تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 كە يەتتى. ئۇن، سۇ يېغى، سۈت، قېتىق، ساپ سۇ قاتارلىق 5 خىل مىقدارلىق قاچىلانغان تاۋارنىڭ مىقدارى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، 323 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، تاۋار 468 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %74 بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 7 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## گۇۋاھلىق بېرىش ۋە تەجرىبىخانىلارنى باھالاش، تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 12 تەجرىبىخانىغا دۆلەت تەجرىبىخانىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىلدى. 49 تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇپ ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن

ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش بەلگىسى CMA (قوشۇمچى — 1 غا قارالسۇن) نى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 6 تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش لاياقەت گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا كۈچكە ئىگە گۇۋاھنامىسى بار تەجرىبىخانا 281 گە يەتتى. مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان 6 ئاپپاراتنىڭ سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق لاياقىتى ئېتىراپ قىلىندى (تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى)، ئۇلار مۇناسىپ مەھسۇلات تەكشۈرۈش سالاھىيىتىنى هازىرلىغانلىقتىن، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى (پونكىتى) نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش (ئېتىراپ قىلىش) لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، CML شەرتلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى (قوشۇمچە — 2 گە قارالسۇن).

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## قوشۇمچە ـ 1

**ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى**

بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، جۇڭگو نېفت پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ئانالىز قىلىش ـ كۆزىتىش مەركىزى، شىنجاڭ «تۇڭلى» سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى ئاساسىي قۇرۇلۇش توپا ـ ياغاچ قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۆھەت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ يول ـ كۆۋرۈك سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەتقىقات ئورنى، مىچۈەن شەھەرلىك مۆھەت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتى، قاراماي شەھەرلىك مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دورا تەكشۈرۈش ئورنى، جۇڭگو نېفت پاي شىركىتى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفتلىكىنىڭ خىمىيىلىك دورا سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى، قاراماي «جىجيا» تەكشۈرۈش-ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە-قېزىلما بايلىقلار تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى بىرىنچى رايون گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى تەجرىبىخانىسى، سانجى سىمسىز تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش رادىئو پونكىتى، ئۈرۈمچى «خۇڭشىندا» ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنيى» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قابا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتى، جۇڭگو نېفت پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ «ۋۇجيې» بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ پار قازان بېسىم قاچىسى سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، جۇڭگو نېفت پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ نېفت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، غۇلجا شەھەرلىك «جىجيەن» بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، كۈيتۇڭ «جىنشى» بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل تۆمۈريول «جىندا» بىناكارلىقنى سىناپ كۆرۈش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئورنى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ توقۇلما مەھسۇلاتلار سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ۋە سىناق قىلىش مەركىزى، قاراماي «جىنيې» تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق دورا تەكشۈرۈش ئورنى، سانجى شەھەرلىك «خېڭشىن» قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «تارىم» بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل «چىچېڭ» تاشيول سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، ئارال شەھەرلىك «فاڭجېڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ۋە سىناق قىلىش مەركىزى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئورنى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، جۇڭگو نېفت پاي شىركىتى مايتاغ نېفت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى «لۇچاڭ» سىناق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش-ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ـ

ئۆلچەش ۋە سىناق قىلىش مەركىزى، شىنجاڭ «شىجيەن» پەن تەتقىقاتى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى، كورلا «يىنچۈەن» سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى چەكلىك شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، سانجى ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۆھىت كۆزىتىش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى.

### قوشۇمچە - 2

**تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا (ئېتىراپ قىلىشتا) لاياقەتنامىگە ئېرىشكەن مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى**

شىخەنزە تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى، كۇيتۇڭ شەھەرلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، خوتەن ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، سانجى ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى.

## ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغداش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر تەشكىللىگەن ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغداشنى مەلۇم قىلىش گۇرۇپپىسى 10غا يەتتى. دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بېيجىڭدا كورلا نەشپۈتىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ كۆرۈش يىغىنى ئاچتى. كورلا نەشپۈتىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغداش جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈشى ماقۇللىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغدىشى يولغا قويۇلدى. قۇمۇل چوڭ چىلىنىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى مەھسۇلاتنى قوغداش دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولدى ھەمدە ئېلان قىلىندى. تۇرپان ئۈزۈمى، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى قوغدىلىدىغان مەھسۇلاتىغا قارىتا مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش چارىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى تۈزۈپ چىقىلدى، ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچى، مۇئامىلىدارلار ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

# پورت خىزمىتى

## شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭدىن 1 - خىلدىكى 17 پورت سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2 - دەرىجىلىك پورتتىن 10نى تەستىقلىدى.

1 - خىل پورت ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە پورتى 2، قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى 15. ئاۋىئاتسىيە پورتى ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى، قەشقەر ئاۋىئاتسىيە پورتىدىن ئىبارەت. قۇرۇقلۇق پورتى ئىچىدە شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى پورت 4، ئۇلار تېمىرتام پورتى (قۇمۇل ۋىلايىتىدە)، ئۇلاستاي پورتى (سانجى ئوبلاستىدا)، تايكېشكېن پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)؛ شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان چېگرىسىدىكى پورت 7، ئۇلار ئاقتۆبېك پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، جېمىنەي پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، باقتۇ پورتى (تارباغاتاي ۋىلايىتىدە)، ئالاتاۋ پورتى (بورتالا ئوبلاستىدا)، قورغاس پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، دولاتا پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، مۇزارت پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى پورت 2، ئۇلار تورغات پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، ئەركەشتام پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ بىلەن پاكىستان چېگرىسىدىكى پورت بىر، ئۇ خۇنجىراپ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە)؛ شىنجاڭ بىلەن تاجىكىستان چېگرىسىدىكى پورت بىر، ئۇ قاراسۇ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە).

2 - خىلدىكى پورتلار: ئۈرۈمچى يولۇچى توشۇش بېكىتى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، سودا شەھەرچىسى، خۇالىڭ بازىرى، كۇيتۇڭ ۋوگزالى، غۇلجا پورتى، چۆچەك يولۇچى توشۇش بېكىتى، سانجى شەھىرى ياجۇڭ سودا شەھىرى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى، قەشقەر شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا - غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى.

1 - خىلدىكى 17 پورت ئىچىدە، 12 پورت ئېچىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقىنى 12، ئۇلار ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى،

تېمىرتام، ئۇلاستاي، تايكېشكېن، قىزىلتاغ ئېغىزى، ئالاتاۋ، قورغاس، باقتۇ، جېمىنەي، تورغات، خونجىراپ، ئەركەشتام پورتلىرىدىن ئىبارەت؛ ۋاقىتلىق ئېچىلغىنى 3 بولۇپ، ئۇلار دولاتا پورتى، قەشقەر ئاۋىئاتسىيە پورتى، قاراسۇ پورتىدىن ئىبارەت؛ تېخى ئېچىلمىغىنى 2 بولۇپ، ئۇلار ئاقتۆبېك پورتى، مۇزارت پورتىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى پورتلار ئىچىدە قورغاس، ئالاتاۋ، باقتو، خونجىراپ، جېمىنەي، ئەركەشتام ۋە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتلىرى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

ئابباس

## پورتلارنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى پورتلاردا تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلار 879 مىڭ 274 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %50 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى 519 مىڭ 219 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %37.74، ئۆز ئارا بازار قىلىشقان چېگرا ئاھالىسى 104 مىڭ 199 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %253.6، ئىشچى ۋە خىزمەتچى 213 مىڭ 917 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %37.4، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغانلار 41 مىڭ 939 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %74.36 كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن كىرگەن - چىققان قاتناش ۋاسىتىسى 153 مىڭ 866 ئاپتوموبىل (پويىز، ئايروپىلان) غا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %45.5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 2925 (قېتىم)، پويىز 7650 (قېتىم)، ئاپتوموبىل 143 مىڭ 291 (قېتىم).

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان يۈك 10 مىليون 780 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %26.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان يۈك 8 مىليون 473 مىڭ توننىغا يېتىپ، %23.1، ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 2 مىليون 307 مىڭ توننىغا يېتىپ، %40.4 ئاشتى (ئادەتتىكى سودا بويىچە ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 2 مىليون 84 مىڭ تونىنا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازار قىلىشىغا دائىر يۈك 148 مىڭ تونىنا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان يۈك 75 مىڭ تونىنا).

ئاپتونوم رايون بويىچە پورت سودا سوممىسى 4 مىليارد 235 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 600 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 635 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 67 مىليون 307 مىڭ دوللار، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازار قىلىش سودا سوممىسى 146 مىليون دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

2004 - يىلى تاموژنا بېجى كىرىمى 3 مىليارد 549 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %40.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 588 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.08، قوشۇلما قىممەت بېجى 2 مىليارد 961 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.28 ئاشتى.

2004 - يىلى ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق ماللار: پولات ماتېرىيال، نېفىت، يۈك ساندۇقى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، غەيرىي مېتال رۇدىسى، ماشىنا سەپلىمىلىرى، ماشىنا - ئۈسكۈنە، ماشىنا - ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، تاختا ماتېرىيال، ياغاچ ماتېرىيال، مېتال رۇدىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يېمەك - ئىچمەك، تاماكا، مىنېرال تېپىدىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېقىلغۇ ماي، زاراڭزا، نۇر كابېل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار كوكس، تېببىي دورا، پولات ماتېرىيال ۋە رەڭلىك مېتال، مىنېرال خاراكتېرلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماشىنىلىرى، يۈك ساندۇقى، يېمەك - ئىچمەك، تاماكا، ئاشلىق، يېڭى - تىرىك ماللار، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك ماللار، ئاياغ - باش كىيىم، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ماشىنا - ئۈسكۈنە، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، يېمەكلىك، ئېلېكتىر سايمانلىرى، مېۋە - چېۋە، فارفور، توقۇلما بۇيۇم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پورتلارنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى:

**ئالاتاۋ پورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 38 مىڭ 720 ئادەم (قېتىم) (چېگرىدىن كىرگىنى 19 مىڭ 87 ئادەم - قېتىم، چېگرىدىن چىققىنى 19 مىڭ 633 ئادەم- قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 36 مىڭ 324 ئادەم (قېتىم) (چېگرىدىن كىرگىنى 17 مىڭ 940 ئادەم - قېتىم، چېگرىدىن چىققىنى 18 مىڭ 384 ئادەم - قېتىم)، تاشيول ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 2396 ئادەم (قېتىم) (چېگرىدىن كىرگىنى 1147 ئادەم - قېتىم، چېگرىدىن چىققىنى 1249 ئادەم - قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 9 مىليون 407 مىڭ 254 تونىنا (ئىمپورت قىلىنغىنى 7 مىليون 928 مىڭ 686 تونىنا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 478 مىڭ 568 تونىنا)، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 9 مىليون 306 مىڭ 730 تونىنا (ئىمپورت قىلىنغىنى 7 مىليون 917 مىڭ 38 تونىنا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 389 مىڭ 692 تونىنا)، تاشيول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 100 مىڭ 524 تونىنا (ئىمپورت قىلىنغىنى 11 مىڭ 648 تونىنا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 88 مىڭ 876 تونىنا).

سودا سوممىسى 2 مىليارد 767 مىليون دوللارغا يەتتى (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 283 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 484 مىليون دوللار).

قورغاس پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 269 مىڭ 848 ئادەم (قېتىم) (ئۆزئارا سودا قىلىشقان 104 مىڭ 199 ئادەم - قېتىم چېگرا ئاھالىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 132 مىڭ 710 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 137 مىڭ 138 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 419 مىڭ 741 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 62 مىڭ 6 توننا، ئادەتتىكى ئېكسپورت قىلىنغىنى 215 مىڭ 541 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىنىپ ئېكسپورت قىلىنغىنى 36 مىڭ 260 توننا، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆز بارا بازار قىلىش ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغىنى 105 مىڭ 934 توننا). سودا سوممىسى 568 مىليون 520 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 67 مىليون 950 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 500 مىليون 570 مىڭ دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 37 مىليون 351 مىڭ دوللار، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودا قىلىش سوممىسى 67 مىليون 37 مىڭ 600 دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

جىمنەي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 15 مىڭ 221 ئادەم (قېتىم) (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 2430 ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 6600 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 8621 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 103 مىڭ 620 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 67 مىڭ 434 توننا، ئادەتتىكىچە ئېكسپورت قىلىنغىنى 28 مىڭ 305 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 7881 توننا). سودا سوممىسى 80 مىليون 728 مىڭ 600 دوللارغا يەتتى (ئىمپورت سوممىسى 8 مىليون 149 مىڭ 100 دوللار، ئادەتتىكى ئېكسپورت سوممىسى 64 مىليون 209 مىڭ 200 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش سوممىسى 8 مىليون 370 مىڭ 300 دوللار).

باقتۇ پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 16 مىڭ 761 ئادەم (قېتىم) (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 2471 ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 8081 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 8680 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 89 مىڭ 634 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 20 مىڭ 540 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 39 مىڭ 183 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مالدىن ئېكسپورت قىلىنغىنى 29 مىڭ 911 توننا). سودا سوممىسى 77 مىليون 727 مىڭ 800 دوللارغا يەتتى (ئېكسپورتنىڭ 2 مىليون 752 مىڭ 700 دوللار، ئادەتتىكى ئېكسپورتنىڭ 53 مىليون 570 مىڭ 200 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مالدىن ئېكسپورت قىلىنغىنىنىڭ 21 مىليون 404 مىڭ 900 دوللار).

دولاتا پورتى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا بازار قىلىپ 39 مىڭ 972 توننا مال ئېكسپورت قىلدى، سودا سوممىسى 79 مىليون 392 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى.

تېمىرتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 1341 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 717 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 624 ئادەم (قېتىم). 12 مىڭ 847 توننا يۈك ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىندى (ئىمپورت قىلىنغىنى 4843 توننا، ئادەتتىكى ئېكسپورت قىلىنغىنى 7213 توننا، ساياھەتچىلەر سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 800 توننا). سودا سوممىسى 6 مىليون 312 مىڭ 900 دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 4 مىليون 247 مىڭ دوللار، ئېكسپورتنىڭ 1 مىليون 884 مىڭ 500 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىنغىنىنىڭ 181 مىڭ 400 دوللار).

ئۈلاستاي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 5033 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 2582 ئادەم (قېتىم)، چىققىنى 2451 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 3490 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1408 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 2082 توننا). سودا سوممىسى 10 مىليون 43 مىڭ دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 9 مىليون 32 مىڭ 600 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 1 مىليون 15 مىڭ 700 دوللار).

تايكېشكېن پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 37 مىڭ 794 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 36 مىڭ 597 ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 18 مىڭ 902 ئادەم (قېتىم)، چىققىنى 18 مىڭ 892 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 71 مىڭ 316 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 40 مىڭ 792 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 30 مىڭ 524 توننا). سودا سوممىسى 16 مىليون 672 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 5 مىليون 155 مىڭ 900 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 11 مىليون 516 مىڭ 800 دوللار).

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 448 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 441 ئادەم - قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 221 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 227 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 55 توننا. سودا سوممىسى 30 مىڭ 300 دوللارغا يەتتى

(ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال قىممىتى).

**تورغات پورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 7067 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 3550 ئادەم (قېتىم)، چىققىنى 3517 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 270 مىڭ 225 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 174 مىڭ 708 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 95 مىڭ 517 توننا). سودا سوممىسى 105 مىليون 55 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 57 مىليون 184 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 47 مىليون 871 مىڭ 200 دوللار).

**ئەركەشتام پورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 10 مىڭ 322 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 5203 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 5119 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 288 مىڭ بىر توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 169 مىڭ 395 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 118 مىڭ 606 توننا). سودا سوممىسى 285 مىليون 159 مىڭ 600 دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 44 مىليون 839 مىڭ 600 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 240 مىليون 320 مىڭ دوللار).

**خونجىراپ پورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 13 مىڭ 775 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 6690 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 7085 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 62 مىڭ 137 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1357 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 60 مىڭ 780 توننا). سودا سوممىسى 42 مىليون 824 مىڭ 200 دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 1 مىليون 891 مىڭ 600 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 40 مىليون 932 مىڭ 600 دوللار).

**ئۈرۈمچى ئايروپورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 241 مىڭ 98 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 117 مىڭ 438 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 123 مىڭ 660 ئادەم (قېتىم). ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 11 مىڭ 639 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 2369 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 9270 توننا). سودا سوممىسى 194 مىليون دوللارغا يەتتى (ئىمپورتنىڭ 116 مىليون دوللار، ئېكسپورتنىڭ 78 مىليون دوللار).

**قاراسۇ پورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 384 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 118 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 266 ئادەم (قېتىم). ئېكسپورت قىلىنغان مال 634 توننا. سودا سوممىسى 770 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى (ئېكسپورت).

**قەشقەر ئايروپورتى** چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 7536 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 2609 ئادەم (قېتىم)، چىققىنى 4927 ئادەم (قېتىم).

ئاباس

## شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئۆتكەن مال 10 مىليون توننىدىن ئاشتى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچكىچە شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئۆتكەن مال 10 مىليون 100 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2000 - يىلدىكى 5 مىليون 120 مىڭ توننا مالدىن ئاز كەم بىر قاتلىنىپ، تارىختا يېڭى رېكورد يارىتىلدى.

ئاباس

## قازاقىستان زۇڭتۇڭى قورغاس پورتىدا زىيارەتتە بولدى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېف 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قورغاس پورتىدا قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە



**جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ قاراسۇ پورتى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىۋېتىلدى. جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن تاجىكىستاننىڭ زۇڭلىسى پورتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.**

فەن خاۋ فوتوسى

خىزمەت زىيارىتىدە بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي نەزەربايوفقا ھەمراھ بولۇپ قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ كونكرېت ئورنىنى تەكشۈردى ۋە قورغاس پورتى سانائەت باغچە رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئابباس

# تاموژنا

## ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى دۆلەت شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىمپورت-ئېكسپورت تاموژنا چېگرىسى پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش دائىرىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەۋەسى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىكى ھەر خىل ئاپپارات 27، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا تەسىس قىلىنغان ئاپپارات 13، كەسپىي ئورۇن 2، ۋاكالەت ئاپپاراتى 2، قاراشلىق تاموژنا 10.

جاڭ خۇېنيەن

## باج ئېلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا رايونىدا ئالغان باج 3 مىليارد 549 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %40.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 588 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %44.1؛ ئىمپورت ھالقىسى بېجى 2 مىليارد 961 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.3 ئاشتى. ئالغان باج سوممىسى ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدىغان تاموژنا ۋە ئۇلارنىڭ ئالغان باج سوممىسى تۆۋەندىكىچە: ئالاتاۋ تاموژنىسى ئالغان باج سوممىسى 3 مىليارد 180 مىليون يۈەن، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 213 مىليون يۈەن، قورغاس تاموژنىسىنىڭ 70 مىليون يۈەن، تورغات تاموژنىسىنىڭ 45 مىليون يۈەن، ئەركەشتام تاموژنىسىنىڭ 21 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى ئېلىنغان باج سوممىسى ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدىغان تاۋارلار مۇنۇلار: پولات - تۆمۈرنىڭ 1 مىليارد 205 مىليون 20 مىڭ يۈەن، مىس ۋە مىس ياسالمىلىرىنىڭ 738 مىليون 530 مىڭ يۈەن، قېزىلما يېقىلغۇلىرىنىڭ 699 مىليون 640 مىڭ يۈەن، سىنك ۋە سىنك ياسالمىلىرىنىڭ 210 مىليون 840 مىڭ يۈەن، سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ ياسالمىلىرىنىڭ 80 مىليون 240 مىڭ يۈەن.

سودا شەكلى بويىچە ستاتىستىكىلىغاندا ئادەتتىكى سودا شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج 1 مىليارد 847 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئېلىنغان ئومۇمىي باجنىڭ %52.1نى؛ ئاز سومملىق چېگرا سودىسى شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج 1 مىليارد 637 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، %46.1نى؛ ماتېرىيال كىرگۈزۈپ پىششىقلاش ۋە باشقا سودا شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج %1.8نى ئىگىلىدى.

جاڭ خۇېنيەن

## باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا رايونىدا باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئىسپاتىدىن 27 مىڭ 498نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان مال قىممىتى 1 مىليارد 978 مىليون 50 مىڭ دوللار بولدى، كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك تاموژنا بېجى 342 مىليون 620 مىڭ يۈەن، ئىمپورت ھالقىسى بېجى 1 مىليارد 720 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ئەمەلىي ئىمپورت قىلىنغان مال قىممىتى 1 مىليارد 303 مىليون 690 مىڭ دوللار، ئەمەلىي كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاموژنا بېجى 318 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئىمپورت ھالقىسى بېجى 1 مىليارد 231 مىليون 780 مىڭ يۈەن.

جاڭ خۇېنيەن

## يۈك ترانسپورتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت مىقدارى 9 مىليون 770 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.4؛ يۈك قىممىتى 5 مىليارد 720 مىليون دوللارغا يېتىپ، %26.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت مىقدارى 7 مىليون 980 مىڭ توننىغا يېتىپ، %20.2، يۈك قىممىتى 2 مىليارد 760 مىليون دوللارغا يېتىپ، %25.7؛ ئېكسپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت مىقدارى 1 مىليون 790 مىڭ توننىغا يېتىپ، %33.6، يۈك قىممىتى 2 مىليارد 960 مىليون دوللارغا يېتىپ، %27.1 ئاشتى. ئالاتاۋ پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت مىقدارى 8 مىليون 230 مىڭ توننىغا يېتىپ، تاموژنا رايونىدا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت مىقدارىنىڭ %84.3نى؛ ئۈرۈمچى پورتىنىڭ 446 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.6نى؛ قورغاس پورتىنىڭ 278 مىڭ توننىغا يېتىپ، %2.8نى؛ ئەركەشتام پورتىنىڭ

277 مىڭ توننىغا يېتىپ، %8.2نى؛ تورغات پورتىنىڭ 247 مىڭ توننىغا يېتىپ، %5.2نى ئىگىلىدى.

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدا نازارەت قىلىپ باشقۇرغان ترانسپورت قورالى 458 مىڭ 315 دانە (قېتىم) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %33.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 138 مىڭ 826 (قېتىم) غا يېتىپ، %52.2؛ پويىز 316 مىڭ 184 (قېتىم) غا يېتىپ، %26.9؛ ئايروپىلان 3305 (قېتىم) غا يېتىپ، %39.1 كۆپەيدى. تاموژنا رايونىدا نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ئادەم 903 مىڭ 159 ئادەم ـ قېتىمغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %70.8 كۆپەيدى.

جاڭ خۇەيىن

## يۈك ـ تاق ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدا نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان باسما بۇيۇم ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇمى 126 مىڭ 801 دانە (قاپ) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %8.8 ئاشتى. تۇتۇپ قېلىنغان ۋە قايتۇرۇۋېتىلگەن باسما بۇيۇم 430 دانە بولۇپ، %71.8 ئازايدى. ئېنىقلانغان ۋە توپلاپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن مەنئى قىلىنغان تەشۋىقات بۇيۇمى 33 مىڭ 168 دانە، مەنئى قىلىنغان دورا 6000 تابلېتتىن ئارتۇق.

جاڭ خۇەيىن

## پىششىقلاش سودىسى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدىكى پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 50 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنگە ئالدۇرغان پىششىقلاش توختامى 177گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %7، مال قىممىتى 77 مىليون 890 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %27 ئاشتى. ئىچكى قىسمىدا سېتىلىپ تولۇقلانغان باج 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، %96 ئازلاپ كەتتى. جەمئىي 137 توختام تەكشۈرۈشكە يوللاندى. باجدىن خالىي ئامبار بىر بولۇپ، ئۇنىڭغا 44 مىڭ 761 توننا مال كىرگۈزۈلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 22 مىليون 181 مىڭ 381.66 دوللار.

جاڭ خۇەيىن

## ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسى ۋە مەمۇرىي دېلودىن 42نى بېجىردى، دېلونىڭ قىممىتى 94 مىليون 755 مىڭ يۈەن، چېتىشلىق بېجى 9 مىليون 375 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تاپانچىدىن 239نى، ئوقتىن 1250 پاينى، 292.8 گرام خرونېننى، 49 تال گىلدىڭباش كومىلچىنى، 7000 پارچە سۆغۇر تېرىسىنى، 7.9 توننا چاچنى، 16 ئەتكەس ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى بۇ بىر يىلدا 42 كارخانىنى تەكشۈرۈپ، 1 مىليون 880 مىڭ يۈەن باجنى تولۇقلاپ يىغىۋالدى. بىلىم مۈلۈك هوقۇقى دېلوسىدىن 18نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 1 مىليون 567 مىڭ يۈەن.

جاڭ خۇەيىن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2004 ـ يىلى خونجىراپ تاموژنىسى مەملىكەتلىك مەدەنىيەتلىك ياشلار پائالىيىتى بويىچە «10 يىللىق مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە تاموژنا سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، چۆچەك تاموژنىسىنىڭ تاموژنىغا مەلۇم قىلىش زالى، خونجىراپ تاموژنىسى، قورغاس تاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈش 2 ـ بۆلۈمى، ئالاتاۋ تاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈش 2 ـ بۆلۈمى، تورغات تاموژنىسىغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار ئورنى دەپ نام بېرىلدى، چاڭ تى، جۇرئەت ئوبۇل جۇڭگونىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچىسى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ خۇەيىن

## شېڭ گۇاڭزۇ ئۈرۈمچى تاموژنىسىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تاموژنا باش مەھكىمىسى پارتكوم ۋېيىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى شېڭ گۇاڭزۇ 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك قىسمەن ئۆلكە (ئاپتونوم رايونلار) نىڭ ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشخانىسى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەمدە مۇھىم سۆز قىلىپ، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن مەزگىلىدە شېڭ گۇاڭزۇ ئۈرۈمچى، ئالاتاۋ، ئالتاي تاموژنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ خۇەيىن

## جېڭ فۇ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىكىلەردىن هال سورىدى

2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ، 13 ـ كۈنلىرى تاموژنا باش مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جېڭ فۇ

باشچىلىقىدىكى هال سوراش ئۆمىكى ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىكىلەردىن هال سوراپ، تاموژنا رايونىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى روھنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

جاڭ خۇەينيەن

## يې جيەن ئۈرۈمچى تاموژنىسىنى كۆزدىن كەچۈردى

تاموژنا باش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يې جيەن 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى شىنجاڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تاموژنا مائارىپ تەربىيىلەش بازىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ، تاموژنا باش مەھكىمىسى مائارىپ - تەربىيىلەش بازىسىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈستىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ خۇەينيەن

# چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش- كارانتىن قىلىش

## تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2004- يىلى تەكشۈرگەن - كارانتىن قىلغان چېگرىدىن چىقىرىلغان- كىرگۈزۈلگەن ماللار 143 مىڭ 157 تۈركۈمگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %35.5، مال قىممىتى 4 مىليارد 48 مىليون 40 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %32.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان مال 34 مىڭ 971 تۈركۈمگە يېتىپ، %130، مال قىممىتى 902 مىليون 210 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %49.9؛ تەكشۈرۈلۈپ- كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن مال 108 مىڭ 186 تۈركۈمگە يېتىپ، %19.6، مال قىممىتى 3 مىليارد 145 مىليون 830 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %27.8 ئاشتى.

تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن تاۋار 126 مىڭ 740 تۈركۈمگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %48.6، مال قىممىتى 3 مىليارد 350 مىليون 750 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %32.1 ئاشتى. 2751 تۈركۈم لاياقەتسىز تاۋار تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 25 مىليون 870 مىڭ دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان تاۋار 34 مىڭ 906 تۈركۈمگە يېتىپ، %130.5، مال قىممىتى 902 مىليون 110 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %50.2 ئاشتى. تەكشۈرۈپ تېپىلغان لاياقەتسىز تاۋار 162 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 1 مىليون 860 مىڭ دوللار؛ تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان تاۋار 91 مىڭ 834 تۈركۈمگە يېتىپ، %30.9، مال قىممىتى 2 مىليارد 448 مىليون 690 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %26.5 ئاشتى، تەكشۈرۈپ تېپىلغان لاياقەتسىز تاۋار 2589 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 24 مىليون 10 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 2314 تۈركۈمگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %44.7، مال قىممىتى 77 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %57.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 132 تۈركۈم بولۇپ %18 ئازايدى، مال قىممىتى 15 مىليون 990 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %21 ئاشتى؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 2182 تۈركۈمگە يېتىپ، %51.9، مال قىممىتى 61 مىليون 210 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %70.7 ئاشتى.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 11 مىڭ 337 تۈركۈمگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %61.7 ئاشتى، مال قىممىتى 107 مىليون 20 مىڭ دوللار بولۇپ، %13.8 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 7362 تۈركۈمگە يېتىپ، %82.7 ئاشتى، مال قىممىتى 42 مىليون 960 مىڭ دوللار بولۇپ، %56.1 تۆۋەنلىدى؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 3975 تۈركۈمگە يېتىپ، %33.3، مال قىممىتى 64 مىليون 70 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %143.8 ئاشتى.

نازارەت قىلىنىپ ۋە تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن چىقىرىلغان- كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇمى 5943 تۈركۈمگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %100.1، مال قىممىتى 302 مىليون 20 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %33.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىقىرىلغان يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلگىنى 5868 تۈركۈمگە يېتىپ، %106.1، مال قىممىتى 300 مىليون 730 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %34.9 ئاشتى، مەسىلە تېپىپ

چىقىلغىنى 30 تۈركۈم بولدى؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلگىنى 75 تۈركۈمگە يېتىپ، 39%، مال قىممىتى 1 مىليون 290 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 58.4% ئاشتى، مەسىلە تېپىپ چىقىلغىنى 2 تۈركۈم بولدى.

سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەنلەر 52 مىڭ 586 ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 23.5%؛ ئەيدىز كېسىلى كۆزىتىلگىنى 54 مىڭ 835 ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، 21.1%؛ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 56 مىڭ 3 ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، 34.6% ئاشتى؛ تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار 2243 ئادەم - قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغىنى 49.

كارانتىن قىلىنغان پويىز 217 مىڭ 900 بۆلەك (قېتىم) كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 83.5%، ئاپتوموبىل 107 مىڭ 965 دانە (قېتىم) گە يېتىپ، 49.8%، ئايروپىلان 2795 دانە (قېتىم) گە يېتىپ، 22.7%، يۈك ساندۇقى 3372 ئۆلچەملىك ساندۇققا يېتىپ، 44% ئاشتى.

چېگرىدىن چىقىرىلغان 1261 تۈركۈم، 771 مىڭ 514 دانە چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن 886 تۈركۈم، 17 مىڭ 290 دانە ياغاچ ئورالمىلىق مال نازارەت ۋە كارانتىن قىلىندى.

3091 تۈركۈم، 78 مىليون 960 مىڭ دانە تاۋار ئورالمىسى تەكشۈرۈپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئورالما ئىقتىدارى تەكشۈرۈپ باھالانغىنى 1331 تۈركۈم، 76 مىليون 60 مىڭ دانە؛ خەتەرلىك مال ئورالما ئىقتىدارى تەكشۈرۈپ باھالانغىنى 324 تۈركۈم، 1 مىليون 930 مىڭ دانە؛ خەتەرلىك مال ئورالمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى تەكشۈرۈپ باھالانغىنى 1435 تۈركۈم، 970 مىڭ دانە؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان مال - مۈلۈكنىڭ تەكشۈرۈپ باھالانغىنى بىر تۈركۈم بولۇپ، 90 مىڭ دوللارلىق ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

تۈرلۈك تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىسپاتنامىسىدىن 103 مىڭ 115 پارچە كېسىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش- كارانتىن قىلىش گۇۋاھنامىسى 9901 پارچە، تەكشۈرۈش- كارانتىن قىلىش ھۆججىتى 93 مىڭ 214 پارچە. تاموژنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىش تالونىدىن 140 مىڭ 619 پارچە كېسىلدى، بۇنىڭدىكى مال قىممىتى 3 مىليارد 436 مىليون 490 مىڭ دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىقىرىشنى تاموژنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىش تالونى 37 مىڭ 856 پارچە، مال قىممىتى 744 مىليون 970 مىڭ دوللار؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈشنى تاموژنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىش تالونى 102 مىڭ 763 پارچە، مال قىممىتى 2 مىليارد 691 مىليون 520 مىڭ دوللار. ئىسپاتلىق بېرىلگەن ئادەتتىكى ئېتىبارلىق مۈلۈك گۇۋاھنامىسى 3542 پارچە، مال قىممىتى 310 مىليون 800 مىڭ دوللار. ئىسپاتلىق بېرىلگەن ئادەتتىكى مۈلۈك گۇۋاھنامىسى 1108 پارچە، مال قىممىتى 61 مىليون 220 مىڭ دوللار.

لى رۇيشىن

## ئۆي قۇشلىرىدىكى تارقىلىشچان يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانى، سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى مەلۇم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى توخو فېرمىسىدا چۈجىلەر زور تۈركۈمدە ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەردى ھەمدە ئۆي قۇشلىرى تارقىلىشچان زۇكىمى H5N1 ى مۇسبەت رېئاكسىيە بەردى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئۆي قۇشلىرىدىكى تارقىلىشچان يۇقۇملۇق زۇكامنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىلمىي، ئەرتىپلىك ھالدا «ئۇقتىنى تۇتۇپ، مەنبەنى يوقىتىش» غا ھەمكارلاشتى، ئالدى بىلەن سىرتتىن توسۇش، ئىچكى جەھەتتە مۇداپىئە كۆرۈشتىن بىرلىشىپ كونترول قىلىش تەسەۋۋۇرىنى بېكىتىپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كەلدى، گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان تېز يۇقىدىغان قۇش زۇكىمىنى تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى 8 تۈرلۈك تەدبىر بويىچە ئىش كۆرۈپ كېسەل ئەھۋالى ئېغىر بولغان ئاپەت رايونى ۋە يول ئېغىزلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قەتئىي چىڭ تۇتۇپ كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى.

بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى «تېز يۇقىدىغان قۇش زۇكىمىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش تەييارلىق لايىھىسىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆي قۇشلىرى زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆي قۇشلىرى زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى ئورناتتى. شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش سىستېمىسى بويىچە ئۆي قۇشلىرى زۇكىمىنىڭ كىرىش - چىقىشىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش تېلېفون لىنىيىسى - تېلېفون يىغىنىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ، شۆبە تارماق ئىدارىلەرگە ئالاقىدار تەلەپلەرنى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى، كېسەللىك نۇقتىسى بايقالسا دەرھال قامال قىلدى، چېگرىدىن چىققان - كىرگەن خادىملارغا قارىتا نازارەت قىلىش - كونترول قىلىشنى يولغا قويدى. كېسەل توخو بايقالسا دەرھال كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

2004 - يىلى شۆبە - تارماق ئىدارىلەر چېگرىدىن كىرگەن- چىققان مال، قاتناش قوراللىرى، يولۇچىلار ئېلىپ ماڭغان ماددىي بۇيۇم، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش يۈزىسىدىن دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى؛ پورت ۋە ترانسپورت قوراللىرىدىكى تاشلاندۇق نەرسىلەر، يۇندا قاتارلىقلارنى ئۈزۈل - كېسىل زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى؛ شىنجاڭغا قوشنا بولغان، قۇش زۇكمى بىلەن يۇقۇملانغان پاكىستاندىن كەلگەن يولۇچىلار، قاتناش - ترانسپورت قوراللىرى ۋە يۈكلەرگە قارىتا كارانتىن قىلىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش- نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. شىنجاڭدىكى ئېكسپورت قىلىدىغان توخۇ فېرمىلىرى ۋە ئىمپورت قىلىنىغان ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىلىق پىششىقلايدىغان زاۋۇتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە سوغۇق ساقلاش ئامبىرى، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودا بازىرىدىكى يېگى، تىرىك، توڭلىتىلغان چارۋا، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، قۇش زۇكىمىغا توسۇپ زەربە بېرىش جەھەتتىكى تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

لى رۇيشىن

## شىنجاڭ پورتلىرىدا سەھىيە كارانتىنى ئۈچۈرلىرىنى كۆزىتىپ ئالدىن سىگنال بېرىدىغان جىددىي تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى ئىشقا سېلىندى

شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش سىستېمىسىدا سەھىيە كارانتىنى ئۈچۈرلىرىنى كۆزىتىپ ئالدىن سىگنال بېرىدىغان جىددىي تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا سېلىنىپ، شىنجاڭ پورتلىرىدا ھالەتلىك كۆزىتىپ كونترول قىلىش، باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆرۈلگەن يۇقۇم ئەھۋالى ئۆز ۋاقتىدا بايقىلىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىنىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇلىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا كونترول قىلىنىدىغان بولدى.

لى رۇيشىن

## چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن يۇقۇملانغان ئۆسۈملۈك ۋە زىيانلىق، زەھەرلىك ماددىي ئەشيالار تۇتۇپ قېلىندى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى پورتلاردىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىپ، 15 خىل زىيانلىق جانلىقنى 153 قېتىم تۇتۇپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك خەۋپلىك زىيانلىق جانلىق 2 خىل، 25 قېتىم، 2 - دەرىجىلىك خەۋپلىك زىيانلىق جانلىق 3 خىل، 8 قېتىم، يوشۇرۇن خەۋپلىك زىيانلىق جانلىق 10 خىل، 120 قېتىم. توسۇپ قېلىنغان يۇقۇم ئەھۋالى قازاقىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن. توسۇپ قېلىنغان جانلىقلار ئالما كۈيە كېپىنىكى، زىرائەت چېپار كۈيىسى، شاپتۇل چىۋىن قۇرتى، سېرىق يۆگەي، نەشپۈت ئۆزەك قۇرتى، ياۋا سۇلۇ، كەڭ يوپۇرماقلىق ئەنجان ياڭىقى، ئېتىزلىق يۆگىيى، قېرىقىز، بوغۇملۇق ئارپا، ئۆمىلىگۈچى پۈتسىز مىتە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىن 55 خىل خەۋپلىك كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك خەۋپلىك ياۋا ئوت ئۇرۇقى بىر خىل، يوشۇرۇن خەۋپلىك ياۋا ئوت ئۇرۇقى 4 خىل. بىخەتەرلىك سەھىيە تۈرى بويىچە مېتىللىق قىراۋسىمان ئىپار، خلورىدلىق نىترو بېنزوللاردا دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مېتىللىق قىراۋسىمان ئىپار يوللانغان ئەۋرىشكە نىسبىتىنىڭ 31.25%نى، خلورىدلىق نىتور بېنزول 18.75%نى ئىگىلىگەن؛ ئېغىر مېتال مىسنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى 37.75%نى ئىگىلىگەن.

لى رۇيشىن

## چىۋىن ۋە سىرتتىن كەلگەن زىيانلىق جانلىقلارنى كۆزىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى شىنجاڭ رايونىدا چىۋىن قاتارلىق زىيانلىق جانلىقلارنى كۆزىتىش نۇقتىسىدىن 192نى تەسىس قىلدى، ئۈرۈمچى ۋە ئايرودرومدا 35، چۆچەك پورتىدا 15، ئالتاي پورتىدا 11، جېمىنەي پورتىدا 8، ئالاتاۋ پورتىدا 20، ئىلى رايونىدا 23، قورغاس پورتىدا 14، كورلا رايونىدا 15، ئاقسۇ رايونىدا 12، قەشقەر رايونىدا 27، تورغات پورتىدا 6، خونجىراپ پورتىدا 6. كۆزىتىش تۈرلىرى مۇنداق: ئوتتۇرا دېڭىز چىۋىنىنى كۆزىتىش نۇقتىسى 100، ئېكۋاتور چىۋىنىنى كۆزىتىش نۇقتىسى 21، ئاپلېسىن كىچىك چىۋىنىنى

كۆزىتىش نۇقتىسى 21، ئاقسىللىق يەمچۈكنى كۆزىتىش نۇقتىسى 50. كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ تەلىپى ۋە شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە كۆزىتىش نۇقتىلىرى يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇشنى، توسۇپ تۇتۇپ قېلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ ئالداپ تۇتۇش سايمىنىدا ئوتتۇرا دېڭىز چىۋىنى، ئاپلېسىن كىچىك چىۋىنى، ئېكۋاتور چىۋىنى قاتارلىق دۆلەت كۆڭۈل بۆلىدىغان كارانتىن قىلىنىدىغان چىۋىن بايقالمىدى.

لى رۇيشىن

## ئىمپورت قىلىنغان تۈيغۇن تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز كونا مېتال، كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يۇڭ ـ تېرە قاتارلىق نۇقتىلىق تۈيغۇن تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ پورتلىرىدا ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز ماددىي خام ئەشيالار 49 مىڭ 852 تۈركۈم، 2 مىليون 304 مىڭ 600 توننا تەكشۈرۈلدى، مال قىممىتى 249 مىليون 437 مىڭ 300 دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز مېتال 49 مىڭ 421 تۈركۈم، 2 مىليون 293 مىڭ 300 توننا؛ كېرەكسىز سۇلياۋ 125 تۈركۈم، 3687.3 توننا؛ كېرەكسىز سىم 229 تۈركۈم، 5272 توننا؛ كېرەكسىز پاختا 77 تۈركۈم، 2319 توننا؛ تەكشۈرۈپ تېپىلغان رادىئاتسىيىلىنىشى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەر 647 تۈركۈم، 30 مىڭ 932 توننا؛ تەكشۈرۈپ تېپىلغان تەركىبىدە ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ماددا بار كېرەكسىز مېتال 54 تۈركۈم، 3077.4 توننا؛ تەكشۈرۈپ تېپىلغان توپا، داشقال، تۆرمۈش ئەخلىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان مۆھىت كونترول قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كېرەكسىز مېتال 378 تۈركۈم، 18 مىڭ 509.8 توننا؛ تەكشۈرۈپ تېپىلغان ھەم ئېتىلگەن قاچا قىستۇرۇلغان كېرەكسىز مېتال 67 تۈركۈم، 3732 توننا. رادىئاتسىيىلىنىشى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلغان ماللار ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن كۆپەيگەن، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردە كېرەكسىز ماددىي خام ئەشيالار قىس بولغان، بولۇپمۇ ئالدىنقى يېرىم يىلدا دۆلەت ئىچىدىكى كېرەكسىز پولات ۋە ئىككىلەمچى مەھسۇلات پولات ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى كېرەكسىز مېتاللىرىنىڭ رادىئاتسىيىلىنىشى قايتا ـ قايتا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن شىركەتلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ تەكشۈرۈشكە يوللىغان ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پورتلاردىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، قايتۇرۇۋېتىش خىزمىتىنى سالمىقىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە كېيىنكى يېرىم يىلدا بۇ خىل ئەھۋال بىر ئاز ياخشىلاندى.

2004 ـ يىلى ئىمپورت قىلىنغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ئەنگە ئېلىش ئىلتىماسىدىن 45 پارچىسى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسى 41، ئىمپورت قىلىنغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىش گۇۋاھنامىسى 2، ئەنگە ئېلىنمىغىنى 2، بىر ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئىمپورت قىلغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى ھەمدە چېگرىدىن داۋاملىق كىرىدىغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى تۈر بويىچە مال يېتىپ كەلگەندە تەكشۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش يولغا قويۇلۇپ، ئىمپورت قىلىنغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ئەنگە ئېلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۈيغۇن تاۋارلار ۋە تۈيغۇن كەسىپلەر ئۆچۈرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنغان كونا ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ئەنگە ئېلىش ئۆچۈرىنى باشقۇرۇش بالا سىستېمىسىنى ئېچىپ، ئەنگە ئېلىش كەسپىنى توردا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۆچۈردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2 قېتىملىق مال تاپشۇرۇۋالغۇچى يالغان مەلۇم قىلىش، دۆلەت ئىمپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان مالنى ئوغرىلىقچە توشۇشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە قاتتىق زەربە بېرىلدى ھەمدە دېلو ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا

يوللاپ بېرىلدى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان يۇڭ ـ تېرىلەرنى نۇقتىلىق پىششىقلايدىغان كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تۈرلۈك تەرتىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان ئاچا تۇياق هايۋانات مەهسۇلاتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كەچەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ مال دوختۇرلۇق ـ سەهىيە سۈپىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، هايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كارخانىلارنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە ئايلاندۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى پورتلىرىدىن خام ئەشيا قىلىنىدىغان 2 مىليون 863 مىڭ پارچە تېرە (كالا تېرىسى 1 مىليون 575 مىڭ پارچە، ئات تېرىسى 320 مىڭ پارچە، قوي تېرىسى 968 مىڭ پارچە)، 8 مىليون 940 مىڭ هۆل كەترەن تېرىسى ئىمپورت قىلىندى، مال قىممىتى 63 مىليون 38 مىڭ 300 دوللارغا يەتتى؛ 349 تۈركۈم، 6878.1 توننا يۇڭ ـ تىۋىت ئىمپورت قىلىندى، مال قىممىتى 6 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يەتتى.

لى رۇيشىن

## ئىمپورت قىلىنغان نېفىتنىڭ تەكشۈرۈلۈش نازارەت قىلىنىپ باشقۇرۇلۇش ئەهۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى پورتلاردا 1951 تۈركۈم نېفىت ئىمپورت قىلىنىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 20.6% ئاشتى، 25 مىڭ 378 ئوقۇر تەگلىكى ئىمپورت قىلىندى، بۇنىڭ ئېغىرلىقى 1 مىليون 522 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 23.4% ئاشتى، مال قىممىتى 410 مىليون دوللارغا يېتىپ، 75.6% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان نېفىتنىڭ 85.12%ى قازاقىستاننىڭ، 14.88%ى روسىيىنىڭ بولۇپ، سودا شەكلىدە ئادەتتىكى سودا ئاساس قىلىندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئىمپورت قىلىنغان نېفىتنىڭ ئومۇمىي سۈپەت سەۋىيىسى 2003 ـ يىلدىكىدىن ياخشىلانغان بولۇپ، سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.8%كە يەتتى، لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 6.7%كە چۈشتى؛ تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېغىرلىقىنىڭ 6023.83 توننا، كەملىك نىسبىتى 0.41% ئىكەنلىكى بايقالدى، سىرتقا ئېغىرلىق گۇۋاهنامىسىدىن 563 پارچە كېسىپ بېرىلدى، بىر تۈركۈم نېفىتنىڭ قېتىشىش نۇقتىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىپ، توختامدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، بىر پارچە سۈپەت گۇۋاهنامىسى كېسىپ بېرىلدى.

لى رۇيشىن

## ئىمپورت قىلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ تەكشۈرۈلۈش ۋە نازارەت قىلىنىپ باشقۇرۇلۇش ئەهۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى پورتلاردا 5536 تۈركۈم خىمىيىۋى ئوغۇت ئىمپورت قىلىنىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 136%، ئۇنىڭ مىقدارى 346 مىڭ 400 تونىغا يېتىپ، 136%، مال قىممىتى 51 مىليون 590 مىڭ دوللارغا يېتىپ 171% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇت ئاساسلىقى كالىي خلورىد، ئاممونىي فوسفات، ناترىي فوسفات، ئۇرېيە، ئىمپورت قىلىنغان دۆلەتلەر قازاقىستان، روسىيە، تاجىكىستان. ئىمپورت قىلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇت تۈركۈم بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، ئومۇمىي سۈپىتى مۇقىم بولدى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر شۇكى، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ تاشقى ئورالمىسىغا بېسىلغان بەلگىلەر بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بېسىلمىغان ۋە خەنزۇچە يېزىلمىغان بولۇپ، ئىمپورت قىلغۇچىنىڭ ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىندى؛ كالىي خلورىد كۆزىتىلگەندە روسىيىنىڭ ئورال كالىي زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كالىي خلورىد تارادىئاتسىيىلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇتلۇقى، كۆزىتىش قىممىتى 0.14MR/HR—0.4MR/HR ئارىسىدا بولغاندا، 0.2MR/HR بارلىقى مەلۇم بولدى، ئىلگىرىلىگەن هالدا توكلىش ئانالىزى قىلىش ئارقىلىق نوكلىئىنىڭ كالىي تەركىبىنىڭ 40 ئىكەنلىكى تېپىپ چىقىلدى.

لى رۇيشىن

## ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى نازارەت قىلىش ـ كونترول قىلىش ئەهۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا شوخلا قىيامى مەهسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى راۋان بولمىدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى تېخنىكا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئاساسىدا، يېمەكلىك، يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نازارەت قىلىش ـ كونترول قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، شوخلا قىيامى قاتارلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەهسۇلاتلار خام ئەشياسىنىڭ تېرىلىش بازىسىدىكى باشقۇرۇشنى تۇتۇشنى قانات يايدۇردى، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ مۇهىم نۇقتىسىنى خام ئەشيا

بازىسىدىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرى ۋە باشقۇرۇلۇشىغا قارىتىپ، ھەر بىر رايون ۋە ھەر بىر كارخانا مەھسۇلاتىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى، ئېغىر مېتال قالدۇقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، تازىلىقىنى كۆزىتىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈرىنى بېكىتتى. باشقۇرۇلۇشى ئاجىزراق بولغان كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈشنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى.

2004 - يىلى قىممىتى 250 مىليون دوللارلىق 4400 تۈركۈمدىكى 509 مىڭ 300 توننا شوخلا ياسالمىسى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 71.3% (دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە)، 98.8% (ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە) بولدى.

لى رۇيشىن

## چۈجە، سورتلۇق تۇخۇملارنىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلىنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ «داچېڭ» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 2 تۈركۈمدە 8500 دانە گۆش توخۇسى چۈجىسىنى ش ئۇ ئا ر تەكشۈرۈش-كارانتىن قىلىش ئىدارىسى لاياقىتىنى تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلغاندىن كېيىن قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلدى. يىل بېشىدا قۇش زۇكمىسى يۈز بەرگەندىن بۇيان شىنجاڭ چۈجىلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەسلىگە كېلىشى.

2004 - يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى چۈجە، سورتلۇق تۇخۇملارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان چۈجە، سورتلۇق تۇخۇملارغا قارىتا جەريانىي تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ۋە كارانتىن قىلىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان چۈجە، سورتلۇق تۇخۇملاردا كېسەللىك بولۇش خەۋپىنى ئازايتتى.

لى رۇيشىن

## شىنجاڭ نەشپۈتىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى كېڭەيتىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭ نەشپۈتىنىڭ ئېكسپورت بازىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى جۇڭگو-كانادا ئۈنۈملۈك كارانتىن قىلىش كېلىشىمىگە ئاساسەن، نەشپۈتلۈك باغلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتتى، كانادادا رويخەتكە ئېلىنغان نەشپۈتلۈك باغ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خادىملىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەۋەتتى، كانادانىڭ ئۈنۈملۈك كارانتىن قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، مېۋىلىك باغلاردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارانتىن قىلىنىدىغان جانلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كۆرۈلۈش ۋە زىيان يەتكۈزۈش خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، كورلا نەشپۈتىنىڭ كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوڭۇشلۇق ئېكسپورت قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ بىر يىلدا 4 مىليون 443 مىڭ 800 دوللار قىممىتىدىكى 199 تۈركۈم، 5039.39 توننا ئېكسپورت قىلىنىدىغان نەشپۈت تەكشۈرۈلۈپ كارانتىن قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كاناداغا ئېكسپورت قىلىنغىنى 74 تۈركۈم، 1507.54 توننا بولۇپ، قىممىتى 2 مىليون 21 مىڭ دوللار؛ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىنغىنى 125 تۈركۈم، 3531.85 توننا بولۇپ، قىممىتى 2 مىليون 422 مىڭ 800 دوللار.

لى رۇيشىن

## شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنغان تۆۋەت پوپايكىلار خەلقئارا قوي يۇڭى ئىدارىسىنىڭ ۋە خەلقئارا ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتتى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2004-يىل 7 -، 8 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەكلەرنى مەخسۇس تۈر بويىچە ئايرىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان پوپايكىلاردا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنغان ئازوتلۇق بوياقلارنىڭ يوقلۇقى، تۆۋەت تەركىبىنىڭ 95%تىن ئاشىدىغانلىقى (خەلقئارا قوي يۇڭى ئىدارىسى، خەلقئارا ئۆلچەمدىكى تۆۋەت مىقدارى 95% تىن ئاشسا، تۆۋەت مىقدارى 100% دەپ قارىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن)، فومالدېگىد تەركىبى ≤8.4 مىللىگرام/ ئىكەنلىكى (300 مىللىگرام/كىلوگراملىق ئۆلچەمدىن تۆۋەن)، PH قىممىتىنىڭ ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. تۆۋەت پوپايكا شىنجاڭنىڭ زور مىقداردا ئېكسپورت قىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يىللىق ئېكسپورت مىقدارى تەخمىنەن 900 مىڭغا، مال قىممىتى تەخمىنەن 30 مىليون — 40 مىليون دوللارغا يېتىدۇ.

لى رۇيشىن

## گۆۋاھلىق بېرىش - ئېتىراپ قىلىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2004- يىلى ئېكسپورت قىلىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 33 كارخانىنىڭ تازىلىق جەھەتتىن روھخەتكە ئېلىپ تىزىملاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تازىلىق بويىچە تەكشۈرۈپ روھخەتكە ئېلىنغىنى 27، قەرەلى توشۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 4؛ 6 تۈردىكى ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 25 كارخانىغا HACCP سىستېمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ گۆۋاھلىق بېرىش خىزمىتى تاماملاندى؛ ئېكسپورت ئورالمىسى ئىجازەتنامىسى تەكشۈرتۈشنى ئىلتىماس قىلغان كارخانا 4 بولۇپ، 2 سى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ شىنجاڭ رايونىدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ سىرتقا قارىتىلغان يېمەكلىكلەرنى روھخەتكە ئالدۇرۇشى جەريانىدا، ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 2 كارخانىنىڭ ئامېرىكا، كانادا، مالايسىياغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى سەھىيە جەھەتتىن روھخەتكە ئالدۇرۇشى يات جايلارنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، شىنجاڭ «چىڭگى» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئامېرىكا FDA نىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، غەربىي شىمال بويىچە ئامېرىكا FDA روھخەتكە ئالغان ۋە كانادا روھخەتكە ئالغان تۇنجى موگۇ كونسېرۋاسى ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانا بولۇپ قالدى؛ شىنجاڭ «يۆياڭ» چارۋىچىلىق تەرەققىيات شىركىتى سىرتتا روھخەتكە ئالدۇرۇشنى يات جايدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، شىنجاڭدا گۆش تۈرلىرى بويىچە يېمەكلىك ئېكسپورت قىلىشنى روھخەتكە ئالدۇرغان تۇنجى كارخانا بولۇپ قالدى.

2004 - يىلى ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە گۆۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگەن كارخانا 80، OHSMS18000 كەسپىي ساغلاملىق بىخەتەرلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە گۆۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگەن كارخانا 8، ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە گۆۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگەن كارخانا 10، HACCP بويىچە گۆۋاھلىق بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگەن كارخانا 6.

لى رۇيشىن

## تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ چېگرىدىن چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 6890N تېپلىق گاز قىياپىتىنى رەڭگىگە قاراپ ئۆلچەش سايمىنى، ئاتوم قوبۇل قىلىش سايمىنى، مىكرو دولقۇنلۇق كۆللەشتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ گېن تەركىبىنى كۆزىتىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «ئۇچىدىكى خلورومىستىن، ئېغىر مېتالنى نازارەت قىلىپ كونترول قىلىش»، «توقۇلما بۇيۇملاردىكى زىيانلىق ماددىلارنى كۆزىتىش»، «ئانتىبىئوتىكلارنى تېز سۈرئەتلىك كۆزىتىش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش» قاتارلىق يىگە تۈرلەرنى ئېچىپ، «كالالىك رۇدا ئىچىدىكى تۆمۈر ئاتومىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆلچەپ بېكىتىش» قاتارلىق بەلگىسىز ئۇسۇللارنى تاماملىدى. تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىپ كۆزىتىش تۈرىدىن 100 نەچچىسى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، شىنجاڭنىڭ يېمەكلىك، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مېۋە، كۆكتاتلاردىكى دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنى كۆزىتىش سىستېمىسى ئورنىتىلدى، 82 خىل دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. تەجرىبىخانىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، تېخنىكا بايلىقىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆزىتىش ۋاستىسى، ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، سىناق دورىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 14 تەجرىبىخانىنى روھخەتكە ئېلىپ ئۆزگەرتىش خىزمىتى دۆلەت گۆۋاھلىق بېرىشنى نازارەت قىلىش كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندالدى، ئىدارە بويىچە تەجرىبىخانىلار ئۆزلىرى تەجرىبە قىلىدىغان تۈر 917گە يەتتى. ئەيدىز كېسىلىنى دەسلەپكى تاللاش تەجرىبىخانىسىدىن 6 سى دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا مەھكىمىسى، سەھىيە تەكشۈرۈش مەھكىمىسى ۋە دۆلەت گۆۋاھلىق بېرىشنى نازارەت قىلىش كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئۆز ئالدىغا ئەۋرىشكە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

لى رۇيشىن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2004 - يىلى تورغات چېگرىدىن چىقىرىش - كىرگۈزۈشنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئەركەشتام ئىش بېجىرىش ئورنى مەملىكەت بويىچە سۈپەت نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتى ساھەسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ئالاتاۋ چېگرىدىن چىقىرىش - كىرگۈزۈشنى تەكشۈرۈش- كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ كادىرى لى گوجياڭ

مەملىكەت بويىچە 6 - نۆۋەتلىك خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى بولۇپ؛ قورغاس چېگرىدىن چىقىرىش - كىرگۈزۈشنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى ليۇ شۇبىڭ مەملىكەتلىك سۈپەت نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

لى رۇيشىن

**قىسقا ماتېرىيال**

## جۇغراپىيىلىك بەلگە

شىنجاڭدا «جۇغراپىيىلىك بەلگە» ئىسپاتىنى رويخەتكە ئېلىش تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان تاۋار ماركىلىرى:

كورلا نەشپۈتى
تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى
تۇرپان ئۈزۈمى
قوغۇن
يەنجى ئاق گازىرى
يەنجى يېسىۋىلىكى
يەنجى ئارپىبەدىيانى (دورا - دەرمەك)
يەنجى قىزىلمۇچى
قۇمۇل چوڭ چىلىنى
جىڭ ئالىقاتى

دۇنيا سودا تەشكىلاتى «سودىغا ئالاقىدار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كېلىشىمى»نىڭ 22 - ماددا 1 - تارمىقىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: جۇغراپىيىلىك بەلگە مەلۇم بىر تاۋارنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا مەلۇم جايدىن چىقىدىغانلىقىنى، ياكى شۇ جايدىكى مەلۇم رايون ياكى مەلۇم ئورۇندىن چىقىدىغانلىقىنى، شۇ تاۋارنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى، ئىناۋىتى ياكى باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئاساسەن شۇ جۇغراپىيىلىك مەنبەگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇغراپىيىلىك بەلگە — تاۋارنىڭ مەنبەسى ۋە سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل سودا بەلگىسى. جۇغراپىيىلىك بەلگە ئۆزى ئىپادىلىگەن تاۋار ياكى مۇلازىمەتنىڭ سۈپىتى، چىققان جايى، ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە ئىسپات بېرىش، كېپىل بولۇش رولىغا ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇغراپىيىلىك بەلگىدە ئىپادىلەنگەن مەھسۇلات چىققان جاي مۇئەييەن مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دېمەك، جۇغراپىيىلىك بەلگە نامى ئۇزاق ئىقتىسادىي ئالاقە داۋامىدا، مەلۇم مۇئەييەن مەھسۇلات ئىگە بولغان مۇئەييەن سۈپەتنىڭ ۋاكالەت نامى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى ئىستېمالچىلارنى جۇغراپىيىلىك بەلگىسى بېرىلگەن تاۋارنى كۆرگەن ھامان شۇ تاۋار ئىگە بولغان ياخشى سۈپەت، ئىناۋەتنى ياكى ئۇنىڭ شۇ خىلدىكى باشقا تاۋارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە سۈپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىستېمالچىلارنىڭ مال سېتىۋېلىش قارارىغا كېلىشىدە كۆپ ھاللاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، جۇغراپىيىلىك بەلگە تاۋارنىڭ باشقا بەلگىسىگە، مەسىلەن ماركىسىغا ئوخشاش، ئاستا - ئاستا ئىستېمالچىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئىستېمالچىلارنىڭ مال سېتىۋالىدىغان چاغدىكى بىردىنبىر تاللىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، جۇغراپىيىلىك بەلگىسى بېرىلگەن مەھسۇلات بازاردا غايەت زور يوشۇرۇن سېتىۋېلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن جۇغراپىيىلىك بەلگە مۈلۈك ھوقۇقى خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇ تاۋار ماركىسىغا ئوخشاشلا، ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر خىل شەكىلسىز مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ.

# مالىيە، باج

## مالىيە

### مالىيە كىرىم ـ چىقىمى ئەھۋالى

1. يەرلىك مالىيە كىرىمى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليارد 128 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %110.54 نى ئىگىلەپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %21.29 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 570 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %110.39 نى ئىگىلەپ، %21.4؛ فوند كىرىمى 3 مىليارد 557 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %131.78 نى ئىگىلەپ، %20.65 ئاشتى.

2. مەركەزگە تاپشۇرغان باج كىرىمى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مەركەزگە تاپشۇرغان باج كىرىمى 14 مىليارد 314 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %34.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى (%75 قىسمى) 9 مىليارد 799 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.7؛ ئىستېمال بېجى 2 مىليارد 449 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %76.3؛ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى (%60 قىسمى) 944 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.9؛ شەخسلەر تاپاۋەت بېجى ۋە ئامانەت پۇل ئۆسۈمى تاپاۋەت بېجى (%60 قىسمى) 1 مىليارد 121 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.8 ئاشتى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەممە ساھە بويىچە مالىيە كىرىمى 33 مىليارد 442 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ %114.1 نى ئىگىلەپ، %26.5 ئاشتى.

3. مالىيە چىقىمى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى 45 مىليارد 934 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %16.35 ئاشتى.

ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 42 مىليارد 104 مىليون 460 مىڭ يۈەن (شۇ يىلدىكى مەركەز چۈشۈرۈپ بەرگەن مەخسۇس پۇل 10 مىليارد 764 مىليون 830 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىگە ئالدۇ) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %14.27 ئاشتى.

فوند خام چوت چىقىمى 3 مىليارد 830 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %45.45 ئاشتى.

4. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

ئادەتتىكى خام چوت كىرىم ـ چىقىمى ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 43 مىليارد 986 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 570 مىليون 400 مىڭ يۈەن، كەچۈرۈم قىلىنغان، تولۇقلاپ بېرىلگەن، خەزىنىگە كىرگۈزۈلمەي قايتۇرۇپ بېرىلگەن كىرىم 83 مىليون 820 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم ئۈچۈن بەرگەن كىرىم (ئىستېمال بېجى ۋە قوشۇلما قىممەت بېجىدىن قايتۇرۇلغىنى، تاپاۋەت بېجىنىڭ ئاساسىي سانىدىن قايتۇرۇلغىنى، ئەسلىدىكى تۈزۈلمە قوشۇمچە ياردىمى، مەخسۇس تۈردىكى قوشۇمچە ياردەم، ئادەتتىكىچە يۆتكەلگەن چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، مىللىي رايونلارغا يۆتكەلگەن چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، يېزىلارنىڭ باج خىراجىتىنى ئىسلاھ قىلىشتا يۆتكەلگەن چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، زايومنى كۆپەيتىپ تارقىتىش قوشۇمچە ياردىمى، مائاش تەڭشەشكە يۆتكەلگەن چىقىم قوشۇمچە ياردىمى، راسچوت قوشۇمچە ياردىمى، ئاپەت سەۋەبىدىن كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ۋە كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خام چوتىغا يۆتكەپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم، باشقا قوشۇمچە ياردەملەر شۇنىڭ ئىچىدە) 28 مىليارد 610 مىليون 470 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇش كىرىمى 20 مىليون 800 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئاغدۇرۇش مەبلىغىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى قالدۇقى 23 مىليون يۈەن، 2003 ـ يىلدىن قالدۇق قالغان كىرىم مىنۇس 579 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 257 مىليون 300 مىڭ يۈەن. ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 42 مىليارد 406 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 42 مىليارد 104 مىليون 460 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 227 مىليون 10 مىڭ يۈەن، كۆپەيتىلگەن خام چوت ئوبوروت سوممىسى 29 مىليون 400 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە ئاغدۇرۇشقا بۇيرۇپ بېرىپ چىقىم قىلىنغان مەبلەغ 23 مىليون يۈەن، زايومنى قەرزگە ئاغدۇرۇش مەبلىغىدىن قالغان قالدۇق 20 مىليون 800 مىڭ يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل

ئاخىرىدىكى دوملىما قالدۇق 1 مىليارد 580 مىليون 140 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى يىلغا راسچوت قىلىپ ئاغدۇرۇلغان چىقىم 3 مىليارد 187 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 1 مىليارد 607 مىليون 90 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم، بۇ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 239 مىليون 270 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

**فوند خام چوت كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى** ئومۇمىي كىرىم 4 مىليارد 653 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلدىكى فوند كىرىمى 3 مىليارد 557 مىليون 950 مىڭ يۈەن، 2003 ـ يىلدىكى قالدۇق كىرىم 1 مىليارد 2 مىليون 520 مىڭ يۈەن، مەركەزدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 91 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كىرىلگەن مەبلەغ 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن. چىقىم 4 مىليارد 653 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلدىكى فوند چىقىمى 3 مىليارد 830 مىليون 230 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېتىلگەن مەبلەغ 78 مىليون 420 مىڭ يۈەن. كىرىم ـ چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 745 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

جاڭ شۇخۇا

## مەخسۇس تۈرگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل

شىنجاڭنىڭ 2004 ـ يىلدىكى مالىيە خام چوتى چىقىمى تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك چىقىمى (دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ۋە مېتېئورولوگىيە چىقىمى) 3 مىلياد 381 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 45.75% ئاشتى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ چىقىمى (مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو ئىشلىرى خىراجىتى، مائارىپ چىقىمى) 7 مىليارد 189 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.5%؛ پەن ـ تېخنىكا چىقىمى (پەن ـ تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى، ئىلىم ـ پەن چىقىمى) 466 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.57%؛ تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى (تىببىي داۋالاش، سەھىيە چىقىمى، نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت قوشۇمچە ياردىمى چىقىمى) 4 مىليارد 977 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.21% ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 6 مىليارد 228 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.67% كېمەيدى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 4 مىليارد 878 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28%؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە چىقىمى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ چىقىمى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى چىقىمى 2 مىليارد 770 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.39%؛ تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش چىقىمى 670 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.31%؛ باشقا ھەرخىل چىقىم 11 مىليارد 543 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.11% ئاشتى.

1. «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» نىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ مالىيىسى 2004 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى قۇرۇش، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تېخنىكىلىرى جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىپ، سۇچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇردى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش مالىيە چىقىمى 317 مىليون 790 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى كۆپەيتىلدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق بېجىنى بىر پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىتىش، كۆك تاماكا بېجىدىن باشقا دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يېزىلارنىڭ باج خىراجىتىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق زور سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يېنىكلىتىلدى. ئاشلىققا 280 مىليون يۈەن بىۋاسىتە تولۇقلاپ بېرىلدى، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇرۇققا 7 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا 5 مىليون يۈەن، چارۋىلارغا تۈرەلمە كۆچۈرۈشكە 5 مىليون يۈەن، سۇچىلىق، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون يۈەن قوشۇپ بېرىلدى، بۇ مەبلەغلەر پۈتۈنلەي نەقلەشتى.

2004 ـ يىلى مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايون مالىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە 647 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. يىل ئاخىرىغىچە تۆۋەن كىرىملىك ئاھالە 2003 ـ يىلدىكى 2 مىليون 590 مىڭدىن 2 مىليون 240 مىڭغا ئازايدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاھالىلەرنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ 2 مىليارد 362 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنغان ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرى «تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 ـ قارارلىق تۈرى» نىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

2. مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ

مەركەزنىڭ مالىيىدە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، 56 ناھىيىدىكى يېزا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 190 مىليون يۈەن ھەرخىل خىراجەتلەرنى ۋە كىتاب پۇلىنى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ھەققى ۋە ئىككى خىل گۇۋاھنامىنى ئېلىش ھەققى بولۇپ 46 مىليون يۈەننى كەچۈرۈم قىلىش، يېزىلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش، يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشكە 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش، 2 ـ قارارلىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق لاتارىيە پاراۋانلىق فوندى توپلىنىپ، جايلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى، دارىلئىتام، تەنتەربىيە مەيدان، سارايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. پائال مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسى، تىببىي داۋالاش، قۇتقۇزۇش سىستېمىسى، سەھىيە قانۇننى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش سىستېمىسى، يېزا سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا ۋە چوڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە مەدەت بېرىلدى، يېڭى تىپتىكى يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋە يېزا تىببىي داۋالاش، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى.

3. ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىگە مەدەت بېرىلدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا 590 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردى، دۆلەت كارخانىلىرىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ كۆتۈنۈش فوندىغا 3 مىليارد 700 مىليون يۈەن چىقىم قىلىپ بەردى، كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ كۆتۈنۈش ئاساسىي ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 580 مىڭ ئادەمگە بېرىش ئۈچۈن 420 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىلدى. شىنجاڭدا 2004 ـ يىلى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مالىيىدىن مەدەت بېرىلىدىغان نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق تۈرلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىدىغان مالىيە، باج سىياسىتى ۋە مەبلىغى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن 128 مىليون يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى، تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى، «1-ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 50 مىليون يۈەن كارخانا ئىسلاھاتى تەننەرخى توپلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ۋە قايتا تەشكىللىنىشىگە مەدەت بېرىلدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىپ، مالىيىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن ـ تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش مەبلىغى قاتارلىق جەھەتلەردىن پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. مەركەزنىڭ ئېكسپورتتىن باج قايتۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتتە بۇ يىل ئېكسپورتتىن 640 مىليون يۈەن باج قايتۇرۇلۇپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى.

5. ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى جەھەتتىكى نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ چىقىمىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىراجىتى ئۈچۈن 25 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى «ئۈچ پېشقەدەملەر» نىڭ تۇرمۇش قوشۇمچە ياردىمى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى، ئىلگىرىكى يىللاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 9 مىليون يۈەن يېزىلاردىكى «ئۈچ پېشقەدەملەر» تۇرمۇش قوشۇمچە ياردىمى مەبلىغى ئاساسىدا 10 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلدى. مەركەزنىڭ قوللىشى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 41 ناھىيىنىڭ جاپالىق، چەت ياقا رايونلار قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش مەبلىغى 460 مىليون يۈەن، شەھەر- يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەبلىغى 170 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بىر قىسىم قىيىنچىلىقى بار ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مائاش قەرز پۇلى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىدە بەلگىلەنگەن غەيرىي مائاش خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم شەخسىي قەرز قاتارلىق زور چىقىملار ھەل قىلىندى.

جاڭ شۇخۇا

## باجنى ئايرىش تۈزۈمىدىكى مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇۋاتقان باجنى ئايرىش تۈزۈمىدىكى مالىيە تۈزۈلمىسى تەڭشىلىپ، جايلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

يېڭى مالىيە تۈزۈلمىسىدە ئىلگىركى قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان رايونلارغا مەبلەغنى ئاشۇرۇپ بۆلۈپ بېرىش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ كىرىم دائىرىسى باشقىدىن ئايرىپ بېرىلدى ھەم يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش چارىسى رەتكە سېلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ چىقىم قىلىش مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، نىسپىي قېلىپلاشقان، چىقىمنى تۆۋەنگە يۆتكەپ بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇنداق: ئاپتونوم رايون شەھەر، بازارلارنىڭ يەر ئىشلىتىش بېجى، شەخسىي تاپاۋەت بېجى ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى قاتارلىقلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، بايلىق بېجىنىڭ 75% نى ئاپتونوم رايون ئېلىش، 25% نى جايلار ئېلىش چارىسى ئەينەن ساقلاپ قېلىنىدۇ. يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش چارىسى تەڭشىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2004- يىلى ئەسلىدىكى تۈزۈلمىدە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان سانىنىڭ ئاساسىدا 100 مىليون يۈەن كۆپەيتىلىدۇ، ئايلانما سېلىشتۇرما بويىچە پەيدىنپەي ئېشىش نىسبىتى 12% تىن 8% كە تەڭشىلىدۇ؛ قاراماي شەھىرىنىڭ ئايلانما سېلىشتۇرما بويىچە پەيدىنپەي ئېشىش نىسبىتى 7% تىن 8% كە تەڭشىلىدۇ؛ شىخەنزە شەھىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغىنى نورمىلىق تاپشۇرۇشقا تەڭشىلىپ، ئايلانما سېلىشتۇرما بويىچە پەيدىنپەي ئاشۇرۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل، سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن تۆۋەن مالىيىنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى.

جاڭ شۇخۇا

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىنىڭ مالىيە كىرىمى 15 مىليارد 111 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 24.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 13 مىليارد 537 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.1%؛ فوند خام چوت كىرىمى 1 مىليارد 573 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 48.2% ئاشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيە چىقىمى 28 مىليارد 121 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ 96.7% نى ئىگىلەپ، 17.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 26 مىليارد 543 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.4%؛ فوند خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 578 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 70% ئاشتى.

جاڭ شۇخۇا

### شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 2004 - يىللىق يەرلىك مالىيە كىرىم، چىقىمنى ئورۇنداش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر | يەرلىك مالىيە كىرىمى | ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى | فوند كىرىمى | يەرلىك مالىيە چىقىمى | ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى | فوند چىقىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 532937 | 463395 | 69542 | 461644 | 393022 | 68622 |
| قاراماي شەھىرى | 212678 | 202145 | 10533 | 221405 | 206937 | 14468 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار | 86499 | 75248 | 11251 | 278403 | 267542 | 10861 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 65498 | 57557 | 7941 | 166073 | 159280 | 6793 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 23780 | 22112 | 1668 | 122503 | 121451 | 1052 |
| بورتالا ئوبلاستى | 25558 | 23643 | 1915 | 75292 | 72631 | 2661 |
| سانجى ئوبلاستى | 109462 | 100499 | 8963 | 201491 | 193226 | 8265 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 109966 | 106904 | 3062 | 205351 | 202238 | 3113 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 109512 | 98295 | 11217 | 271721 | 259597 | 12124 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 7966 | 6750 | 1216 | 88866 | 87532 | 1334 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 64676 | 57064 | 7612 | 301240 | 293124 | 8116 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 30515 | 19956 | 10559 | 189551 | 178839 | 10712 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 52387 | 50296 | 2091 | 82156 | 81277 | 879 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 32202 | 29749 | 2453 | 78299 | 75752 | 2547 |
| شىخەنزە شەھىرى | 39702 | 32345 | 7357 | 54353 | 48100 | 6253 |
| ئارال شەھىرى | 3289 | 3289 | 0 | 7289 | 7289 | 0 |
| تۇمشۇق شەھىرى | 1474 | 1474 | 0 | 1793 | 1793 | 0 |
| ۋۇجياچۇ شەھىرى | 3044 | 3044 | 0 | 4731 | 4731 | 0 |

ئىزاھات: شىخەنزە، ئارال، تۇمشۇق، ۋۇجياچۇ شەھەرلىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەردۇر.

جياڭ بو

## مالىيە ئىسلاھاتى

1. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بارلىق تارماق، ئورۇنلار ئومۇمىيۈزلۈك تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدە، 60 ناھىيە (شەھەر، رايون) دا تارماقلار خام چوتىنى تۈزۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

2. خەزىنە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى. 2004 - يىلى بىر قىسىم مەخسۇس مەبلەغنى خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 28 تارماقتىكى 102 خام چوت ئورنى خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا ئىسلاھات باشلاندى.

3. غەيرىي باج كىرىمىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنى قاپلاش نىسبىتى %80 تىن كۆپرەككە يەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تور ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان غەيرىي باج كىرىمى 5 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يەتتى.

4. ھۆكۈمەتنىڭ مال سېتىۋېلىش تۈزۈمى تېخىمۇ ياخشىلاندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مال سېتىۋېلىش كۆلىمى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 10% تېجەلدى.

5. يېزىلارنىڭ باج ھەققىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم ئىشلەندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېنىكلىگەن سېلىقى 71.87 يۈەن بولۇپ، يېنىكلەش سالمىقى 43.32% بولدى.

6. «پۇل مالىيە قۇرۇلۇشى» تېزلىتىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھەرلىك مالىيە ئىدارىلىرىنىڭ 2 - دەرىجىلىك تايانچ تورى پۈتۈنلەي ئۇلاندى.

جاڭ شۇخۇا

# يەرلىك باج

## يەرلىك باج كىرىمى

شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2004 - يىلدىكى تۈرلۈك كىرىمى 10 مىليارد 50 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈنجى قېتىم 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 2003- يىلدىكىدىن 17.52% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 9 مىليارد 133 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.01%؛ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە كىرىمى 699 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 94.6%؛ خەلق مائارىپ فوندى كىرىمى 136 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.12%؛ مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلۇشى خىراجىتى كىرىمى 76 مىليون 450 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 11.46% ئاشتى؛ باشقا كىرىملەر 4 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ما خۇالياڭ

## باجنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ يەرلىك بېجى 2003- يىلدىكىدىن تۆۋەنلىدى، پاي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ يەرلىك باج كىرىمى 2003 - يىلدىكىدىن 39.23%، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 13.74%، چەت ئەلگە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ 6.95% ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ 11.35% ئاشتى. بولۇپمۇ پاي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ بېجى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 2004 - يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ بېجى باج ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 36.45% نى ئىگىلىدى، پەقەت تاپاۋەت بېجىلا 2003 - يىلدىكىدىن 159 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 52.88% ئاشتى.

2. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك بېجىدىكى تىجارەت بېجى، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ئاساسلىق باجنىڭ ئېشىش سوممىسى ئومۇمىي ئاشقان باج كىرىمى سوممىسىنىڭ 73.45% نى ئىگىلىدى، ئومۇمىي ئاشقان باج سوممىسىنىڭ ئىچىدە تىجارەت بېجىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 67.29% تىن 31.15% كە تۆۋەنلىدى، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 2003 - يىلدىكى 16.52% تىن 22.19% كە، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ 3.75% تىن 21.11% كە ئۆرلىدى.

3. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا باجنىڭ ئېشىش دەرىجىسى خېلىلا تەكشىسىز بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈلگەن 16 ئورۇن ئىچىدە باج كىرىمى 20% تىن ئارتۇق ئاشقان ئورۇن 5، 10% — 20% ئارىلىقتا ئاشقان ئورۇن 9، 10% تىن تۆۋەن ئاشقان ئورۇن 2.

4. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىتلىك بار رايونلىرىنىڭ بېجىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى باشقا رايونلاردىن روشەن يۇقىرى بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى قاتارلىق نېفىتلىككە ئالاقىدار 3 ئورۇننىڭ بېجىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى ئالدىنقى 3 ئورۇندا تۇرۇپ، ئاقسۇنىڭ 36.01%، قارامايىنىڭ 27.38%، تارباغاتايىنىڭ 25.02% بولدى.

ما خۇالياڭ

## باجنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك باج سىستېمىسى نۇقتىلىق باج مەنبەلىرىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇش بېجى مەنبەلىرىنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، مال توشۇش كەسپى، پۇل مۇئامىلە - سۇغۇرتا كەسپى، بېزەكچىلىك كەسپى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ تىجارەت بېجىنى باشقۇرۇشنى گەۋدىلەندۇردى. بىر يىلدا تىجارەت بېجى كىرىمى 4 مىليارد 312 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.82% ئاشتى. كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋە باجدىن ئىلگىرى تۇتۇپ قالىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈش، ئۆتكەلنى تۇتۇش كۈچەيتىلىپ، دۆلەت بېجى تارماقلىرى بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، كارخانا تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدا كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمى 784 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.93% ئاشتى. شەخسى تاپاۋەت بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، يۇقىرى كىرىملىكلەر توپى ۋە كەسپلەر نازارەت قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىر يىلدا شەخسلەر تاپاۋەت بېجى كىرىمى 1 مىليارد 472 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.17% ئاشتى. يەرلىكنىڭ باجنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش قابىلىيىتى كۈچەيدى. بۇ بىر يىلدا شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى كىرىمى 1 مىليارد 196 مىليون 970 مىڭ يۈەن (تۈرلۈك باج ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ) گە يېتىپ، 26.28% ئاشتى. 2003- يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ شەھەر - بازارلاردا يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە يېڭى باج نورمىسى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى، جايلار يېڭى ئۆلچەم بويىچە 2003 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ باج پۇلىنى تەڭشەپ، تولۇقلاپ يىغىپ، 2004 - يىلدىكى يەر ئىشلىتىش بېجىنى 2003 - يىلدىكىدىن 75 مىليون 860 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىپ، 157.55% ئاشۇردى. ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئۆزى سالغان ئۆيلەرنىڭ ئۆي - زېمىن بېجىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، يەرنىڭ قوشۇلما قىممەت ئېشىش بېجىنى يىغىش، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، بايلىق بېجى قايتىدىن ئۆرلىدى، ماركا بېجى مۇقىم ئاشتى، 2003 - يىلدىكىدىن ئۆي - زېمىن بېجى 61 مىليون 540 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىلىپ، 11.89%، يەرنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى 14 مىليون 760 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىلىپ، 91.91%، بايلىق بېجى 50 مىليون 460 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىلىپ، 10.89%، ماركا بېجى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىلىپ، 5.75% ئاشتى.

2004 - يىلى باج تەرتىپى داۋاملىق رەتكە سېلىندى ۋە

قېلىپلاشتۇرۇلدى. مال توشۇش كەسپى، تىببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش ساھەسى، ئۆي ـ زېمىن كەسپى باجلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى ۋە نۇقتىلىق تۈزىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 32 مىڭ 296 باج تاپشۇرغۇچى تەكشۈرۈلۈپ، 391 مىليون 600 مىڭ يۈەن باج پۇلى تولۇقلاپ يىغىلىپ، خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن باجغا چېتىشلىق دېلو 11، جامائەتكە ئاشكارىلانغان دېلو 152. ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ھۆججەت ساختىلىقىغا زەربە بېرىش مەخسۇس خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 16 مىڭ 717 باج تاپشۇرغۇچى تەكشۈرۈلۈپ، ھۆججەت باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغان 2025 باج تاپشۇرغۇچى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 15 مىليون 380 مىڭ يۈەن باج پۇلى تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، تولۇقلاپ ئېلىندى، قويۇلغان جەرىمانە قالدۇقى 127 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇكاپاتلىق ھۆججەت دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيتىلدى، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كورلا شەھىرى ۋە قاراماي شەھىرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپلىرى، كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرىدە مۇكاپاتلىق ھۆججەت يولغا قويۇلدى.

2004 ـ يىلى دۆلەت بېجى ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى بىرلىكتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش تەشكىلىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى ئورناتتى، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش يولغا قويۇلۇپ، باج يىغىش، باشقۇرۇشتىكى بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈلۈپ، كۈچەيتىلدى.

ما خۇالياڭ

## باج سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسى ئېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزى ساتىدىغان ئائىلىلەر بولۇپ، 15 مىڭ 664 ئائىلىنى تەكشۈرۈپ، 15 مىڭ 458 ئائىلىنىڭ بېجىنى تەڭشىدى ۋە كەچۈرۈم قىلدى، 3 مىليون 633 مىڭ 300 يۈەن شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى 5 تەرەققىيات رايونىغا قارىتىلغان باج ئېلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياستى ئۈستىدە ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياستىنى باشقۇرۇش چىڭىتىلدى.

ما خۇالياڭ

شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى رايونلار بويىچە باج كىرىمىنى ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| رايونلار | جەمئىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | 2003 ـ يىلدىكىدىن %± |
|---|---|---|
| جەمئىي | 913342 | 14.01 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 313010 | 8.01 |
| قاراماي شەھىرى | 104243 | 27.38 |
| شىخەنزە شەھىرى | 24411 | 17.10 |
| سانجى ئوبلاستى | 65120 | 11.08 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 20823 | 14.41 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار | 57453 | 10.89 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 31256 | 25.02 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 14607 | 17.74 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 76202 | 12.06 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 60601 | 36.01 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 3979 | 20.21 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 32728 | 16.05 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 12262 | 13.53 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 29505 | 10.22 |
| بورتالا ئوبلاستى | 14640 | 23.18 |
| بىۋاستە قاراشلىق باج ئىدارىسى | 52502 | 7.15 |

ما خۇالياڭ

# دۆلەت بېجى

## دۆلەت بېجىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ تۈرلۈك كىرىمى 20 مىليارد 801 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %45.1 ئاشتى. ئىچكى باج كىرىمى 18 مىليارد 769 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (كەچۈرۈم قىلىنغان، تۆۋەنلىتىلگەن، خەزىنىگە يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن 11 مىڭ 700 يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، %42.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قوشۇلما قىممەت بېجى كىرىمى 13 مىليارد 214 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.8؛ ئىستېمال بېجى كىرىمى 2 مىليارد 449 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %76.3؛ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 2 مىليارد 517 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %127.5؛ ئامانەت پۇل ئۆسۈمىدىن ئېلىنغان شەخسى تاپاۋەت بېجى كىرىمى 393 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى.

يې ماۋ

## باجنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. باجنىڭ ئومۇمىي مىقدارى تېخىمۇ كېڭەيدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ باج كىرىمى 18 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5 مىليارد 620 مىليون يۈەن ئاشتى، ئاشقان قىسمى 1999 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئاشقان سوممىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كېلىپ، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى 10 يىلدىن بۇيانقى كىرىم ئەڭ كۆپ ئاشقان بىر يىل بولدى.

2. باجنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجىنىڭ ماكرولۇق بېجى مەنبېي %8.5 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.5 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلى باج ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېلاستىكىلىق كوئېففىتسېنتى 2.47 بولدى.

3. باج تۈرلىرى بويىچە كىرىم بىرقەدەر تېز ئاشتى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى كىرىمى %42.7 ئېشىپ، ئېشىش ھەجمى مەملىكەت بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ كىرىمى ئېشىش ھەجمىدە 4 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قوشۇلما قىممەت بېجى كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدە 7 - ئورۇندا، ئىچكى ئىستېمال بېجى كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدە 1 - ئورۇندا، كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدە 1 - ئورۇندا، چەت ئەلگە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدە 4 - ئورۇندا تۇردى.

4. ئاساسلىق باج تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى باجنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم تۈرتكە بولدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى يىغقان ئىچكى قوشۇلما قىممەت بېجى 13 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي باج كىرىمىنىڭ %70.4 نى؛ ئىچكى ئىستېمال بېجى كىرىمى 2 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.1 نى؛ كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمى 2 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.4 نى ئىگىلىدى.

5. رايونلاردا باجنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. 2004 - يىلى خەزىنىگە كىرگۈزگەن بېجى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقان رايون ئۈرۈمچى، قاراماي، بايىنغولىن، سانجى، تۇرپان، ئاقسۇدىن ئىبارەت 6 گە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئاپتونوم رايون كىرىمىنىڭ %76.6 نى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كىرىمى %23.8 نى، قاراماي شەھىرىنىڭ كىرىمى %29.1 نى ئىگىلىدى؛ باج كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن ئاشقانلار قەشقەر، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار، تارباغاتاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئومۇمىي كىرىمنىڭ %11.6 نى ئىگىلىدى. يۇقىرىقى 9 رايوندىن ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىن باشقىلىرى نېفىتلىك بار جايلار.

يې ماۋ

## باجنى يىغىش، باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى تەدرىجىي يېڭى باج يىغىش، باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئورناتتى. قوشۇلما قىممەت بېجىنى مەلۇم قىلىپ تاپشۇرۇشتا «بىر كۆزنەك شەكلى» دە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، باجنى يىغىش، باشقۇرۇشتىكى يوچۇق ئېتىلدى. تاموژنىدا باجنى تۈگەتكەنلىك دوكومېنتى، مال توشۇش ھۆججىتى، كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالار ھۆججىتى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ھۆججىتىدىن ئىبارەت «تۆت كىچىك ھۆججەت» نى تۇتۇپ قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ باجغا تۇتۇلىدىغان پۇلنى ئالداپ ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى يىغىپ ھېسابلاپ، تولۇق تاپشۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلى ۋاقتىدا تولۇق ئېلىنىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى. باجدىن قېچىشقا قارشى تۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، چەت ئەللەرگە چېتىشلىق باجنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن خەزىنىگە ئەمەلىي كىرگىنى 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

2003 - يىلدىكىدىن 92.3% ئاشتى. باج يىغىش، باشقۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرىدە ئۈنىۋېرسال باج يىغىش، باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى ئىشقا سېلىنىپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ماسلاشتۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

تۈرلۈك باج سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خادىملارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق بېجىدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئېكسپورتقا باج قايتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ياخشىلاندى، باج قايتۇرۇش سۈرئىتى تېزلەشتى، تاشقى سودا ئېكسپورتىغا مەدەت بېرىلدى. ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش بېجى كەسپى ۋە خادىملارنى ئاجرىتىپ يۆتكەش خىزمىتى ئورۇندالدى.

يې ماۋ

## باج تەپتىشلىكى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت بېجى تەپتىشلىكى تارماقلىرى يۈك توشۇش كەسپى، تېببىي دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش كارخانىلىرى، ئۆي - زېمىن كەسپلىرى، ئاپتوموبىل بازىرى، نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ساھەسى، يېڭى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ۋە «بىر كۆزنەك شەكلى» دە باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى مەخسۇس تەكشۈردى. شىنجۇڭكې شىركىتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس ھۆججىتىنى يالغاندىن يېزىش دېلوسى، شىنجاڭ كىرورەن ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باج ئىشلىرىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى، غەربىي يۇرت شېكەر زاۋۇتىنىڭ باج ئىشلىرىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش چوڭ دېلولىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت بېجى تەپتىشلىك تارماقلىرى 96 مىليون 410 مىڭ يۈەن باج پۇلى، جەرىمانە پۇلى، تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن پۇلنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، تولۇقلاپ تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ تولۇقلانغان باج پۇلى 71 مىليون 620 مىڭ يۈەن، جەرىمانە پۇلى 15 مىليون 980 مىڭ يۈەن، تاپشۇرۇۋالغان كېچىكتۈرۈلگەن پۇل 8 مىليون 790 مىڭ يۈەن، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز تاپاۋەت 20 مىڭ يۈەن. بۇنىڭغا 2003 - يىلى تەكشۈرۈپ، تولۇقلىنىپ، بۇ يىل خەزىنىگە كىرگۈزۈلگىنىنى قوشقاندا، ئەمەلىيەتتە 131 مىليون 830 مىڭ يۈەن خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى. 2003 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تەكشۈرۈپ چىقىپ تولۇقلاپ قىلىنغان كىرىم 33 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئازايدى، خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن سومما 8 مىليون 210 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

يې ماۋ

## باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى ئاپتونوم رايوندىكى 21 ھەرخىل تەرەققىيات رايونلىرىدا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، 9 كارخانىنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدا تىجارەت قىلىش ۋە باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەلگىلىمە بويىچە بەھرىمەن بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتى، ھوقۇقتىن ھالقىپ كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلغان 749 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەم تەدبىر قوللىنىپ، ھەممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خەزىنىگە كىرگۈزدى. 93 پولات - تۆمۈر، ئاليۇمىن ئېلېكترولىزلاش، سېمونت كارخانىلىرىنىڭ باج تاپشۇرۇش ئەھۋالى ۋە باجدا




شىنجاڭ دۆلەت بېجى ئىدارىسى باج قانۇنىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلدى. سۈرەتتە: 2004 - يىل 9 - ئايدىكى باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش مەزگىلىدە دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ ئورگان خادىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلقئارا چوڭ بازاردا تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكتە.
خۇاڭ يۈنشىڭ فوتوسى

# بانكا، ئاكسىيە، سۇغۇرتا

## بانكا

### خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى

#### پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كاپالەتمۇ بولۇش، قىسىشمۇ بولۇش، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت كرېدىت پرىنسىپىغا ئاساسەن، كرېدىت سىياسىتى بويىچە تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشنى يولغا قويدى؛ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى سەۋىيىسىنى پائال ئۆستۈرۈپ، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ساغلام، مۇقىم ئىشلىدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 300 مىليارد 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 28 مىليارد 840 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك پۇل ئامانىتى داۋالغۇش ئىچىدە ئاشتى. پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە «ئاۋۋال سېلىكىپ، كېيىندىن جانلىنىش» ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. يىل بېشىدا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئەمەلىي ئۆسۈم نىسبىتى، زايوم، فوند قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن قالدۇق ئۇدا چۈشۈپ كېتىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 9 - ئايدىن كېيىن پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ تەدرىجىي قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى مۇناسىپ كۆپەيدى. مەركىزىي بانكا ئۆسۈم قوشۇپ بەرگەندىن كېيىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 153 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 16 مىليارد 290 مىليون يۈەن كۆپەيدى. كارخانا پۇل ئامانىتى مۇقىم ئاشتى. كارخانا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 83 مىليارد 886 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 620 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 221 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 13 مىليارد 466 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 6.5% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 11 پىرسەنت پوئېنتى چۈشتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىش سەۋەبى شۇكى، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش سىياسىتىنىڭ، دېلۇڭ گۇرۇھى شىركىتى مەسىلىسىنىڭ

ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئەھۋالى ئېنىقلاندى.

قەرز قالغان باج ۋە باج سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئەستايىدىل ئېنىقلىنىپ، دائىرىدىن ھالقىپ ھۆججەت كاپالەت سوممىسى ئېلىش ئېنىقلاندى، باج ئورگانلىرى ۋە باج خادىملىرىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇل، مېلىنى ئېلىش مەسىلىسى ئېنىقلاندى، باج پۇلىنىڭ ئۆتكۈنچى ھېسابى ئېنىقلاندى، باج ئورگانلىرى بىلەن باج ۋاكالەتچىلىك ئورگانلىرىنىڭ خادىم، مالىيە، ماددىي ئەشيا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» غا ئاساسەن 44 تۈرلۈك باجنى مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

يې ماۋ

### ئېكسورتتىن باج قايتۇرۇش

2004 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېكسپورتتىن باج قايتۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان تۇنجى يىل. شىنجاڭ دۆلەت بېجى ئىدارىسى ئېكسپورت قىلىنغان مالغا 1 مىليارد 216 مىليون يۈەن باجنى قايتۇردى (كەچۈرۈم قىلدى)، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن 29% ئاشتى، دۆلەت بېجى باش ئىدارىسى بەلگىلىگەن نىشان ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئېكسپورتقا باج قايتۇرۇشتا تۇنجى قېتىم 1 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى.

يې ماۋ

ئاشكارىلىنىشىنىڭ ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىق سودا بانكىسىنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە قەرز پۇل تارقىتىش قىسقارتىلغان.

2004 - يىلى قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: 1) دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 31 مىليارد 473 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 8 مىليارد 994 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2) يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىش مايىللىقى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 14 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 520 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، بىر يىللىق قەرز پۇلنىڭ كۆپەيگەن مىقدارىنىڭ %71. 18 نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 82. 15 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 3) ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانىلار، نۇقتىلىق كەسىپلەرگە مەدەت بېرىلىپ، كرېدىت قۇرۇلمىسى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەلالاشتۇرۇلدى. 4) شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلىنىڭ ئېشىشى ئاستىلىدى، يىل ئاخىرىدا شەخسىي ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستېمال قەرز پۇلى 23 مىليارد 955 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 286 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 5) ۋېكسىل ئارقىلىق مەبلەغ بىرىكتۈرۈش زور دەرىجىدە ئازىيىپ، تۇرلۇك پۇل سەپلەش كۆپەيدى. 2004 - يىلى ۋېكسىل ئارقىلىق بىرىكتۈرۈلگەن مەبلەغ 4 مىليارد 626 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 966 مىليون يۈەن ئازايدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۇرلۇك سەپلىگەن پۇلى 593 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 65 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت تۇرلۇك پۇل ئامانىتى قالدۇقى 522 مىليون 280 مىڭ دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 63 مىليون 900 مىڭ دوللار كېمىيىپ كەتتى؛ تۇرلۇك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقى 635 مىليون 660 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 33 مىليون 120 مىڭ دوللار كۆپەيدى.

2004 - يىلى مەركىزىي بانكا ئاساس پۇلى بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلىگەن ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، يىغىۋېلىش سالمىقىمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن زور بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمى 793 مىليارد 721 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي نەق پۇل چىقىمى 796 مىليارد 936 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كىرىم - چىقىم بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، تارقاتقان پۇل 3 مىليارد 215 مىليون يۈەن بولۇپ ئىپادىلەندى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن 4 مىليارد 925 مىليون يۈەن كەم تارقىتىلغان بولدۇ. نەق پۇلنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىشتىكى ئاساسلىق ئامىللار: 1) تاۋارلارنىڭ سېتىلىش كىرىمى 2003 - يىلدىكىدىن %35. 8، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ %93. 20 ئاشتى؛ 2) ئاھالىلەر قەرز پۇلنى كۆپ قايتۇرۇپ، ئاز قەرز ئالىدىغان بولدى؛ 3) پۇقرالار پۇل ئامانىتى كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا، ساپ قايتا يىغىۋېلىندى.

يەن كەي

## پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بازار ماركىتىڭى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشەنچلىك خېرىدار بەرپا قىلىش، ماركىتىڭ سىستېمىسىنى يېڭىلاش، كەسىپ تۈرلىرىنى يېڭىلاش جەھەتكە كۈچ چىقاردى. بىرىنچىدىن، خېرىدار دىرېكتور تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئىشەنچلىك خېرىدار، نۇقتىلىق خېرىدار ۋە نۇقتىلىق تۈرلەر، شۇنىڭدەك ئەۋزەل كەسىپلەردە ماركىتىڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ماركىتىڭ سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ماركىتىڭنى باشقۇرۇش ۋە تارماقلار ئارا ماسلىشىش كۈچەيتىلدى. ئۈچىنچىدىن، ماركىتىڭ ئۇسۇلىدا ھېسسىي ماركىتىڭ شەكلىدىن ئىدراكى ماركىتىڭ شەكلىگە تەدرىجىي بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تۆەن، ئەترەتلەر ھەمكارلىشىش، مەھسۇلاتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە بانكا بىلەن كارخانا ئىككىلا تەرەپ يېڭىش يېتەكچى قىلىنغان لايىھە بويىچە ماركىتىڭ قىلىش يولغا قويۇلدى. تۆتىنچىدىن، ئەنئەنىۋى پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز پۇل بېرىش ۋە راسچوت قىلىش كەسىپلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، كەسىپتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئالاھىدە مۇلازىمەتكە ئىگە بانكا كارتىسى تۈرىنى يولغا قويدى ھەم بانكا كارتىسىنى ۋاستە قىلىپ ۋاكالەتچىلىك كەسپىنى بېجىردى، ئاساسلىقى سۇغۇرتا رەسمىيىتى ھەققى، ۋاكالىتەن سېتىش فوندى رەسمىيەت ھەققى، ۋاكالىتەن ھەق يىغىش ۋە تۆلەش (كۆچمە خەۋەرلىشىش، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش، تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ تېلېفون ھەقلىرى)، ھۆكۈمەتنىڭ غەيرىي باج ۋاكالەتچىلىك كەسپلىرىنى بېجىردى؛ زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ كەسپنى كېڭەيتتى، ئاساسەن تور

بانكىسى (كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ) ، تېلېفون بانكا كەسپى، يانفون بانكىسىنى يولغا قويدى؛ كەسپىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇلار ئاساسەن، شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى، مائارىپ پۇل ئامانىتى، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى، ئوقۇش ياردىمى قەرز پۇلى ۋە مەبلەغ سېلىش مالىيىسىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك بانكىلارمۇ يېڭى كەسپلەرنى ئاكتىپ يولغا قويدى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ئۇن، ياغ تارتىش كارخانىلىرى، كەسپلەشكەن باشلامچى كارخانىلارغا سېتىۋېلىش مەبلىغى قەرز بېرىش يېڭى كەسپىنى يولغا قويدى؛ سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنى قانات يايدۇردى ھەم سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن كەسپتە ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى، شۆبە، تارماق ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى سۇغۇرتا كەسپىنى قوشۇمچە ۋاكالىتەن بېجىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىڭتۈەن بىلەن ئېچىۋېتىش خاراكتېرىدىكى پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقى كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 20 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە، بىڭتۈەن بىلەن 8 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ئىككى ئامانەت قەرز ئىش سۈپىتى بەرپا قىلىندى؛ خېرىدارلار ۋە كۆپلىگەن سودا بانكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەرز پۇل بېرىش ھەمكارلىق كېلىشىمى، مۈلۈكنى ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش كېلىشىمى ۋە كەسپىي ھەمكارلىق رامكىسى ھاسىل قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، سودا بانكىلىرى بىلەن ئۆز ئارا ئۈستۈنلۈكنى تولۇقلاش ۋە ئۇزاق مەزگىل ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى.

يەن كەي

## پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى

1. كۆپ سوممىلىق چېقىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ يېڭىلاندى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى رايونىدىكى بارلىق بانكىلار زامانىۋىلاشقان چېقىم قىلىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بانكىلار بىلەن بانكا ھالقىپ چېقىم قىلىش، ئېنىقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەۋەلىكىدىكى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئوبوروت قىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. پۇل مۇئامىلە كەسپىدە پۇل مۇئامىلىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدا ATM ۋە POS ئاپپاراتلىرىدا يەرلىك كارتا ۋە باشقا جايلارنىڭ كارتىلىرى بىلەن ئىش بېجىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئۆلچىمىگە يېتىپ، بانكا كارتىسىنى تور ئارقىلىق بىرتۇتاش ئىشلىتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرلۇپ، «بىر كارتىنى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئايلىنىش» ئەمەلگە ئاشتى.

3. بانكا كەسپىدە تىجارەت مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىپ، «تەكشىلەش» ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئاپپاراتلارنىڭ تور - نۇقتىلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بازار ۋە خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسپتە يېڭى تۈرلەر ئۈزلۈكسىز ئېچىلىپ، تور نۇقتىلىرىنىڭ قېلىپلاشقان مۇلازىمەت ئۆلچىمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، رىقابەت مېخانىزمى كۈچەيتىلىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يەن كەي

شىنجاڭدىكى بانكا تۈرىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلمىسى

| تۈرى | جەمئىي | | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | | ۋىلايەت دەرىجىلىك | | ناھىيە دەرىجىلىك | | تىجارەت تور - نۇقتىلىرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم |
| ئومۇمىي جەمئىي | 3659 | 44970 | 15 | 2839 | 110 | 9065 | 888 | 15953 | 2645 | 17023 |
| خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزى تارماق بانكىسى | 77 | 3192 | 1 | 345 | 14 | 1412 | 62 | 1435 | | |
| بانكا نازارەتچىلىكى كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسى | 77 | 853 | 1 | 129 | 14 | 480 | 62 | 244 | | |
| سىياسەت خاراكتېرلىك بانكا | 86 | 1853 | 2 | 143 | 16 | 451 | 68 | 1259 | | |
| يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 85 | 1798 | 1 | 88 | 16 | 451 | 68 | 1259 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 1 | 55 | 1 | 55 | | | | | | |
| دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىق سودا بانكىسى | 1637 | 25400 | 5 | 1768 | 57 | 6128 | 243 | 6870 | 1332 | 10634 |
| سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 379 | 7912 | 1 | 374 | 14 | 2685 | 63 | 2105 | 301 | 2748 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 544 | 7409 | 1 | 243 | 14 | 1251 | 90 | 2694 | 439 | 3221 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىڭتۈەن شۆبىسى | 307 | 2958 | 1 | 179 | 3 | 246 | 31 | 880 | 272 | 1653 |
| جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 183 | 2642 | 1 | 481 | 13 | 809 | 21 | 314 | 148 | 1038 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 224 | 4479 | 1 | 491 | 13 | 1137 | 38 | 877 | 172 | 1974 |
| پاي تۈزۈمىدىكى سودا بانكىسى | 34 | 800 | 2 | 259 | 1 | 90 | | | 31 | 451 |
| قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 24 | 475 | 1 | 201 | | | | | 23 | 274 |
| سودىگەر چاقىرىش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 8 | 220 | 1 | 58 | | | | | 7 | 162 |
| خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 2 | 105 | | | 1 | 90 | | | 1 | 15 |
| شەھەر سودا بانكىسى | 70 | 1037 | | | 1 | 279 | | | 69 | 758 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى | 70 | 1037 | | | 1 | 279 | | | 69 | 758 |
| شەھەر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | 29 | 515 | | | 1 | 49 | 9 | 342 | 19 | 124 |
| يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | 1041 | 8518 | | | | | 398 | 5392 | 643 | 3126 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ | 67 | 339 | | | | | 1 | 40 | 66 | 359 |
| مەبلەغ باشقۇرۇش شىركىتى | 3 | 123 | 3 | 123 | | | | | | |
| شىندا شىركىتى | 1 | 37 | 1 | 37 | | | | | | |
| خۇارۇڭ شىركىتى | 1 | 49 | 1 | 49 | | | | | | |
| سەددىچىن شىركىتى | 1 | 37 | 1 | 37 | | | | | | |
| ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى | 2 | 53 | | | 2 | 53 | | | | |
| جىنشىن ئىناۋەتلىك ھاۋالە شىركىتى | 1 | | | | 1 | | | | | |
| خەلقئارا ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى | 1 | 53 | | | 1 | 53 | | | | |
| پۇل مۇئامىلە ئىجارە شىركىتى | 1 | 63 | | | 1 | 63 | | | | |
| پوچتا ئامانەت - پېرېۋوتى | 602 | 2563 | 1 | 72 | 4 | 150 | 46 | 411 | 551 | 1930 |

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

2004 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭنىڭ چەت ئەلگە يۈزلەنگەن ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللىدى، خەلقئارا كىرىم-چىقىم، بانكىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىش

يەن كەي

ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى داۋاملىق ياخشى بولدى. 1) خەلقئارا كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسى ئاساس خىزمىتى كۈچەيتىلدى. خەلقئارا كىرىم - چىقىم قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا ئائىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇپ، خەلقئارا كىرىم - چىقىم قىلىدىغان ئالاھىدە ئاپپارات ۋاكالەت

نومۇرى بېرىش ئومۇملاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىدا پۇل ئوبوروتىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى تۈزۈپ چىقىلىپ، 7 پورت رايوندىكى چېگرا سودىسىدا پۇل ئوبوروتىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈش نۇقتىسى قۇرۇلدى. 2) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا سودىسىدا تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» تۈزۈلۈپ، سودىنىڭ قولايلىقلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېساب سۈيلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، 334 مىليون دوللار مۇددەتتىن ئۆتۈپ كەتكەن ھېساب سۈيلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 3) كاپىتال تۈرىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، «چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئۇسۇلى» تۈزۈپ چىقىلدى. 50 مىليون دوللارلىق چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىپ، تاشقى پېرېۋوت سېتىۋېلىش نورمىسى توغرىسىدىكى تەستىق قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 16 ـ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە بويىچە تۇنجى چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش سىناق نۇقتىسى رايونى بولۇپ قالدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 7 كارخانا چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشقا تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، مەبلەغ سېلىپ 7 مىليون 977 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت سېتىۋېلىش تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. شۇنداقلا، كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىلىپ، 85 مىليون 980 مىڭ دوللارلىق قەرز ئالماشتۇرۇلدى. 4) ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تاشقى پېرېۋوتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تاشقى پېرېۋوتتا پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش خىزمەت مەجبۇرىيىتى ئەستايىدىل ئادا قىلىنىپ، تەۋەلىك ئىچىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ كۆپ سوممىلىق ۋە گۇمانلىق تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى سودىسىغا دائىر 110 مىڭ ئۇچۇر توپلاندى، ئۇنىڭغا چېتىشلىق سودا سوممىسى 9 مىليارد 100 مىليون دوللار بولدى. تاشقى پېرېۋوتنى بەلگىلەنگەن بانكىدا تاپشۇرۇۋېلىش، راسچوت قىلىش كەسپىنى تەكشۈرۈش ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىندى ھەم بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئورۇنلارنىڭ قانۇن بويىچە قائىدىلىك تىجارەت قىلىش ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىپ قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىم ـ چىقىمى 7 مىليارد 803 مىليون 890 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 4 مىليارد 506 مىليون 150 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 46.7%؛ تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 3 مىليارد 297 مىليون 740 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 43% ئاشتى. خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنىڭ ئوڭ پەرقى 1 مىليارد 208 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 60% ئاشتى. 2004 ـ يىلى تەۋەيىمىزدىكى بانكىلار راسچوت قىلغان ۋە ساتقان تاشقى پېرېۋوت 7 مىليارد 662 مىليون 950 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 44.71% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە راسچوت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 4 مىليارد 400 مىليون 270 مىڭ دوللارغا، ساتقان پېرېۋوت 3 مىليارد 262 مىليون 680 مىڭ دوللارغا يەتتى، ئوڭ پەرقى 1 مىليارد 137 مىليون 590 مىڭ دوللار بولدى.

يەن كەي

## ۋاڭ خۇئجاڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ قۇرۇلۇش پۇلىنى قەرز قىلىپ كېيىنگە سۈرەش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇئجاڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋاڭ خۇئجاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شىن جيەن

# شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى

## شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى جۇڭگو بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ بانكا كەسپىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىچىدە 14 فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانا، بىر يېزا ئامانەت ھەمكارلىق كەسپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ۋە بىر ئارقا سەپ مۇلازىمەت مەركىزى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى ۋە 62 ناھىيە (شەھەر) لىك

نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىش باشقارمىسى بار. 2004 - يىلى بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا باشلىغان بىر يىل بولدى. شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلمىي تەرەققىيات كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بانكىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تازا كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى پەسەيتتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى ئىسلاھاتىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى.

دۇەن خېمىڭ

## بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 2004 - يىلى بانكا كەسپىنىڭ خېيىمخەتىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنى يېڭىلاشقا كۈچ چىقىرىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى.

1. ناچار مەبلەغنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، سودا بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇل خېيىمخەتىرىنى باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى، قەرز پۇلنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. سودا بانكىلىرىنىڭ ناچار مەبلىغىنى نازارەت قىلىش ۋە سىناق قىلىش كۈچەيتىلدى. ناچار مەبلەغنى ئۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ناچار قەرز پۇل تۆۋەنلىمەي، ئۆرلەپ كەتكەن ئاپپاراتلارنىڭ ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۆۋەنلىتىشنى تۇتۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بانكىلىرىنىڭ 7 مىليارد 398 مىليون يۈەن ناچار قەرز پۇلى ئىنىقلاپ يىغىۋېلىندى. لېكىن، «قۇلماق ۋەقەسى»، «دېلۇڭ سىستېمىسى خېيىمخەتىرى» نىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە سودا بانكىلىرىنىڭ ناچار قەرز پۇل قالدۇقى ۋە نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن سەل - پەل ئۆرلىدى، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە بانكا كەسپىدىكى ئاساسلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ناچار قەرز پۇل نىسبىتى %22.01 بولدى.

2. غەيرىي نەق مەيداندا نازارەتچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەرتىپى، ئۇسۇلى ياخشىلاندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، خېيىمخەتەرنى نازارەت قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا بانكا كەسپىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى شىركەتچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى، كاپىتالنىڭ يېتەرلىك بولۇش نىسبىتى ۋە ئىچكى تىزگىنلەش ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، يۇقىرىغا يوللىغان تۈرلۈك نازارەت قىلىش دوكلاتى 104 پارچىغا يەتتى. مەخسۇس تۈر بويىچە سىناق قىلىش ۋە خېيىمخەتەرگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىش ئاساسىدا، تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلدى، نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى ۋە قېتىم سانى بەلگىلەندى، غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2004 - يىلى سىستېما بويىچە ھەر دەرىجىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى 732 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 1808 ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاپپاراتنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن سومما 259 مىليارد 313 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خىزمەت مىقدارى 22 مىڭ 678 ئادەم (كۈن) بولدى، 2671 تۈزەش پىكرى بېرىلدى، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان 53 ئاپپارات، مەسئۇلىيىتى بار 47 ئادەم بىرتەرەپ قىلىندى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قائىدىلىك تىجارەت قىلىشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. تەۋەلىكتىكى بانكا كەسپىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ئىدارىسى 183 تۈرلۈك ئاپپاراتنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى قوبۇل قىلىپ بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ، تەستىقلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئاپپارات 116، پاي تۈزۈمىدىكى سودا بانكىلىرىنىڭ 4 تارماق بانكا كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشى تەستىقلاندى، 3 ئاپپاراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قوشۇۋېتىش تەستىقلانمىدى. 89 ئالىي باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 4 ئالىي باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى رەت قىلىندى ياكى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى، 4 ئالىي باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى ئۆمۈرۋايەت ئېلىپ تاشلاندى. سودا بانكىسىنىڭ 17 تۈرلۈك يېڭى كەسپىنى يولغا قويۇشى تەستىقلاندى. سىستېما بويىچە ئاپتونوم رايوندىكى 3800 نەچچە بانكا كەسپىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ يېڭى پۇل مۇئامىلە ئىجازەتنامىسىنى

ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ۋاقتىدا ئورۇندالدى.

دۇەن خېمىڭ

## پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ چىقىم قىلىش خېيىمخەتىرى بىرتەرەپ قىلىندى

2004 - يىلى «دېلوڭ سىستېمىسى» مەسىلىسى تەۋەلىكىمىزدىكى ئىككى غەيرىي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدا ئېغىر دەرىجىدە چىقىم قىلىش خېيىمخەتىرى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا نىسبەتەن، شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ئىدارىسى بىرتەرەپتىن كۈچ تەشكىللەپ بۇ ئىككى شىركەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، خېيىمخەتەرنىڭ ئاساسىنى ۋە قانۇن - قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش پاكىتىنى ئېنىقلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پائال تەدبىر قوللىنىپ ئالاقىدار ئاپپاراتلارنىڭ مەبلەغ تەييارلاپ، چىقىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاقتىدا چۈشەنچە بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. خېيىمخەتەرنى بىرتەرەپ قىلىش لايىھىسى ۋە مەبلەغ نەقلەشتۈرۈش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويۇلدى. ئالاقىدار ئاپپاراتلارنىڭ كەسپىنى توختىتىپ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە پائال مەدەت بېرىلىپ، نازارەت قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

مەلۇم جايدىكى يېزا ئامانەت قەرز كوپىراتىپىنىڭ چىقىم قىلىش خېيىمخەتىرىنى بىرتەرەپ قىلىش داۋامىدا، شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى ھەم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ياردەملىشىپ، بەس - بەس بىلەن پۇل ئېلىش خېيىمخەتىرىنى پەسەيتتى. خېيىمخەتىرى چوڭ ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىنى ئېنىقلاش - تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قانۇنغا، قائىدىگە خىلاپ ئىشلار تەكشۈرۈلۈپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان مەبلەغنىڭ كەتكەن ئورنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش يىپ ئۇچى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، خېيىمخەتىرى چوڭ كوپىراتىپلارغا قايتا قەرز بېرىشنى پائال ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

دۇەن خېمىڭ

## دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش سىياسىتى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 2004 - يىلى بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى «يەتتە تۈرلۈك تەدبىر» ىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، بىرقاتار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1. ئاساسىي قاتلامدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، تەۋەلىكىدىكى بانكا كەسپىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە كارخانىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئەھۋالى ئىگىلىنىپ، مەسىلىلەر ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەكلىپى تارقىتىش، بانكا - كارخانا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، كۆزنەك يېتەكچىلىكى كۈچەيتىلدى، سودا بانكىلىرىنىڭ «دېلوڭ سىستېمىسى» كارخانىلىرىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىككە ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

2. «بەش چوڭ ساھە» گە قەرز پۇل بېرىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلۇۋاتقان، قۇرۇلماقچى بولغان تۇراقلىق مۈلۈك تۈرلىرىگە قەرز بېرىش، شۇنىڭدەك، كاربىد، ئېلېكترولىزلانغان ئالىيۇمىن قاتارلىق ساھەلەرگە قەرز پۇل بېرىشنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، سودا بانكىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەكلىپى بېرىلىپ، بەك قىزىپ كەتكەن ساھە ۋە تەكرار قۇرۇلغان تۈرلەرگە قەرز پۇل بېرىش ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. سودا بانكىلىرى ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم كاپالەتلىك قىلىش، ھەم قىسىپ قېلىش، قەرز پۇلنى ئازايتىشتەك ئاددىي ئۇسۇلنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كرېدىت تارقىتىشنىڭ زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا يېتەكلەندى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەۋەلىكتىكى بانكا كەسپىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈمى دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۆي - زېمىن، سېمونت قاتارلىق ساھەلەرگە قەرز بېرىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى روشەن پەسەيدى؛ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىرقەدەر تېز ئاشتى،

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن %20.32 ئاشتى، يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولى تېخىمۇ گەۋدىلەندى، 2004 ـ يىلى تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بارلىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ %79.8 نى ئىگىلىدى، دېھقانلارغا بېرىلگەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن %69، ئۆلانما كاپالەتلىك قىلىش قەرز پۇلى %38.5 ئاشتى؛ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە كرېدىت بىلەن مەدەت بېرىش سالمىقى تېخىمۇ زورايدى.

دۇەن خېمىڭ

## بانكا كەسپىنىڭ ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شىركەتچە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە تىجارەت مېخانىزمىنى يۆتكەش نىشانى ۋە تەلىپى بويىچە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا پائال ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شەھەر رايونى تارماق بانكا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، «تەكشىلەشكەن» باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى خېلى ياخشى ھەل قىلدى. قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش ۋە خادىملارنى قىسقارتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تەدبىرىنى يولغا قويۇشقا ئاكتىپ مەدەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ بانكىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، قوشۇۋېتىلگەن ئاپپاراتلىرىنىڭ خادىملىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە كەسپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىشىنى، ئىسلاھات، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ پىلان بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

6 ناھىيە (شەھەر) نىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ قانۇنىي ئىگىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى، ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 كوپېراتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى ھېسابلاش ۋە مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، پاينى كېڭەيتىشنى ۋاقتىدا ئورۇندالدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئاكتىپ ھەمكارلىشىلىپ، گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى ئورۇندالدى ھەم يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇقىم قەدەمدە ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

دۇەن خېمىڭ

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال مەدەت بەردى. 16 مىليارد 198 مىليون يۈەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىش (سېتىشنى تەڭشەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قەرز پۇلى تارقىتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 9 مىليارد 743 مىليون يۈەن كۆپ تارقاتتى، بۇ مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سىستېمىسى تارقاتقان ئومۇمىي ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان قەرز پۇلىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلىدى.

2004 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قەرز پۇلنى ئۈنۈمۈرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %104 كە، ئۆسۈمنى ئۈنۈمۈرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %79.39 كە يەتتى. شۆبە بانكا 3 يىلدا قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى پىلانلاشنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈردى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىدە سىناق قىلىش چارىسىنى ئورنىتىپ، سىناق نەتىجىسىنى شۆبە بانكىلارنىڭ تىجارەت نىشانىنى سىناش ۋە ئۇلارغا يىللىق باھالاش بىلەن باغلاپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى

كۆچەيتتى، خېيىمخەتەرنى تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇردى.

ساڭ شىنگۋاڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى كرېدىت بىلەن قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ مۇنداق يېڭى سىياستى چىقىرىلدى: بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىغا 0.2 يۈەن بىۋاستە تولۇقلاپ بېرىش، بىۋاستە تولۇقلاپ بېرىلىدىغان سېتىۋېلىش مىقدارىنى 1 مىليون تونىغا كۆپەيتىش ھەم شال سېتىۋېلىشنى بىۋاستە تولۇقلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش. شۆبە بانكا سىياسەتنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونغا ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، يېتەكچى باھا توغرىسىدا ئۇچۇر تارقىتىپ، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىنىڭ چوڭلۇقى، دېھقانلارنىڭ سېتىشقا قىيماسلىقى قاتارلىق ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ غوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا مەدەت بەردى، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئاشلىققا بىۋاستە تولۇقلاپ بېرىلىدىغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلىدى. 2004 - يىلى 3 مىليارد 127 مىليون يۈەن ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش (سېتىشنى تەڭشەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 617 مىليون يۈەن كۆپ تارقىتىلىپ، 1 مىليون 791 مىڭ تونna ئاشلىق، 102 مىڭ توننا ياغلىق دان سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلدى.

2004 - يىلى پاختا بازىرى كاساتلاشتى، سودا بانكىسى قاتارلىق جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەبلەغلىرى چېكىنىپ چىقىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، شۆبە بانكا پاختا سېتىۋېلىش كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 13 مىليارد 286 مىليون يۈەن پاختا قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن 8 مىليارد 299 مىليون يۈەن كۆپ بولدى، بۇ پۇلغا 1 مىليون 184 مىڭ 500 توننا پاختا سېتىۋېلىندى، بۇ پاختا ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 80% ىنى، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ 47% ىنى ئىگىلىدى.

ساڭ شىنگۋاڭ

### كەسىپ دائىرىسى تەڭشەلدى

2004 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ 57 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى زامانىۋى بانكىدا يېزا ئىگىلىك سىياستى خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى قۇرۇش ئىدىيىسى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا تېخىمۇ مەدەت بېرىش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. بانكا كەسىپنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۈن، ياغ تارتىش كارخانىلىرى، كەسىپلەشكەن باشلامچى كارخانىلارغا سېتىۋېلىش مەبلىغى قەرز پۇلى بېرىش يېڭى كەسىپنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاكتىپ يولغا قويۇپ، 29 كارخانىغا مەدەت بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە پىششىقلاش كارخانىسى 23، پىششىقلاش - بىرلەشمە تىجارەت قىلىش كارخانىسى 6، يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل سوممىسى 765 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ساڭ شىنگۋاڭ

## تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

### تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 44 مىليارد 300 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى تارقاتقان قەرز پۇل 7 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يەتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 21 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 800 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2004 - يىلى يېڭىدىن ۋەدە بېرىلگەن تۈر 22، ۋەدە بېرىلگەن قەرز پۇل 8 مىليارد 100 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى دۆلەت ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلەۋاتقان ۋەزىيەتتە، تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭغا سىياسەت جەھەتتىن مايىللىشىپ، مۇئەييەن قەرز پۇل تارقىتىش سالمىقىنى ساقلاپ، كارخانا مەبلىغىنىڭ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شۆبە بانكا 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 20 مىليارد 600 مىليون يۈەنلىك، 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىڭتۇەن بىلەن 8 مىليارد يۈەنلىك تەرەققىيات خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ نېفت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، سۇچىلىق، شەھەر ئاساس مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشى، قېزىلما بايلىق قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆلكە دەرىجىلىك ئىككى مەبلەغ بىرىكتۈرىدىغان

ئىناۋەتلىك سورۇن بەرپا قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2004 - يىلى شۆبە بانكا شىنجاڭنىڭ «ئىككى ئاساس، بىر ياردەم» ساھەسىدىكى «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار»، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، ناھىيە ئىقتىسادى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەلقىلىق ساھەلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، سانجى شەھىرىدىكى ئاز كەم 7000 پاختىكار ئائىلىنىڭ كېۋەز تېرىشىغا، قۇمۇلدىكى 16 ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ماناس ناھىيىسىنىڭ «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق تۈرلەرگە قەرز پۇل بىلەن مەدەت بەردى. تەرەققىيات بانكىسى يەنە ۋاقتىدا قەرز پۇل تارقىتىپ بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى.

كۇ شاۋدۇڭ

# سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت پايدىسى 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 197 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2003 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5 مىليون يۈەن مالىيە يۈكى ئارتۇق ھەزىم قىلىندى، ئېسىلىپ قالغان ھېسابىنىڭ تەييارلىق سوممىسى ئۈچۈن 204 مىليون يۈەننى ئارتۇق ھېسابلاپ ئالغان ئاساستا، ھېساب يۈزىدىكى پايدىسى 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بوغالتىرىيىلىك ئۆچۈر قايتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تەۋەلىكتىكى 2 - دەرىجىلىك 15 شۆبە بانكا ئىچىدە 10 ى ھېساب يۈزىدە، 13 ى پىكىنمە ھالدا پايدا ئالغان. بانكا بويىچە ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش ئەمەلىي نىسبىتى 77.92% بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.21 پىرسەنت پۇئېنتى تۆۋەنلىدى.

يىل ئاخىرىدا شۆبە بانكىنىڭ خەلق پۇلى ۋە تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى قەرز پۇل سوممىسى يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 707 مىليون يۈەن، خەلق پۇلى ۋە تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 714 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يىغىۋېلىنىپ ئۆزگەرتىلگەن ناچار قەرز پۇل 949 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن يىغىۋېلىنغان پۇل مەبلىغى 529 مىليون يۈەن بولۇپ، 55.7% نى ئىگىلىدى. «بەش دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىش» (بانكىنىڭ ھازىرقى مۇئامىلىدار بانكىلار بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى) ئۆلچىمى بويىچە ستاتىستىكا قىلىنغاندا، بانكا بويىچە ناچار قەرز پۇل ئىچىدىكى زىيان تۈرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 244 مىليون يۈەن، غەيرىي كرېدىت خېيىمخەتىرى مەبلىغى قالدۇقى 242 مىليون يۈەن كېمەيدى.

ئاۋ ياڭيۈن

## تۈرلۈك پۇل ئامانىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 64 مىليارد 827 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 73 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى قالدۇقى 28 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 178 مىليون يۈەن؛ پۇقرالار ئامانەت پۇلى قالدۇقى 35 مىليارد 961 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 895 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

ئاۋ ياڭيۈن



**سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2004 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئونىۋېرسال كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.**
**ئاۋياڭيۈن تەمىنلىگەن**

## تۈرلۈك قەرز پۇل

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى خەلق پۇلى بويىچە 22 مىليارد 877 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، خەلق پۇلى بويىچە قەرز پۇل قالدۇقى 37 مىليارد 791 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۈر قەرز پۇلى قالدۇقى 9 مىليارد 719 مىليون يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد يۈەن، شەخسلەر ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 505 مىليون يۈەن.

ئاۋ ياڭيۈن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2004 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 46 مىليون 150 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئوتتۇرىچە ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 20 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6000 يۈەن كۆپەيدى. ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى بىلەن ئۆسۈم پەرقى كىرىمىنىڭ نىسبىتى %8.17كە يېتىپ، 3.38 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى بانكىنىڭ تۈرلۈك كىرىملىرى ئىچىدە %6.91نى ئىگىلەپ، 1.13 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق ئىستېمال قىلىنىدىغان سوما 919 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 615 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مەبلەغ سالغۇچى بانكا كەسپىي كىرىمى 9 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە ۋە ھاۋالە قەرز بېرىش كەسپىي كىرىمى 1 مىليون 714 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

ئاۋ ياڭيۈن

## خەلقئارالىق كەسپ

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلەغ سوممىسى 140 مىليون دوللارغا يەتتى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 90 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل پۇلى بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 50 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليون 870 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 58 مىليون 680 مىڭ دوللارغا يەتتى. تاشقى پېرېۋوت ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 42 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 820 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بېجىرىلگەن خەلقئارا راسچوت كەسپى 1 مىليارد 350 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 160 مىليون دوللار، راسچوت قىلىپ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىپ، 440 مىليون دوللار كۆپەيدى. تاشقى پېرېۋوتتىن 1 مىليون 200 مىڭ دوللار پايدا يارىتىلدى.

ئاۋ ياڭيۈن

## ئېلېكترونلۇق بانكا كەسپى

2004 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق بانكا كەسپىدىكى سودا سوممىسى 283 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە، ئېلېكترونلۇق بانكا كەسپىي كىرىمى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ توردىكى سودا سوممىسى 275 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىنىڭ 2.2 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، بانكىنىڭ توردىكى كارخانا مۇئامىلىدارىدىن 746سى، شەخسىي مۇئامىلىدارىدىن 70 مىڭى كۆپەيدى؛ بانكىنىڭ تېلېفوندىكى سودا سوممىسى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، بانكىدا تېلېفون ئارقىلىق شەخسىي ھېساب ئاچقانلاردىن 77 مىڭى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغىچە شۆبە بانكىنىڭ پەشتاختا سىرتىدا ئىشلەنگەن كەسپ مىقدارى %11.73نى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسلەرنىڭ پەشتاختا سىرتىدا بېجىرىلگەن كەسپ مىقدارى %24.47نى ئىگىلىدى.

ئاۋ ياڭيۈن

## شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋاكالىتەن 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنلىك زايوم تارقاتتى، ۋاكالىتەن سېتىش فوندى 15 بولۇپ، سېتىش سوممىسى 808 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 200 مىليون يۈەنلىك سۇغۇرتا مەھسۇلاتىنى ۋاكالىتەن ساتتى؛ شەخسىي راسچوت كىرىمى 23 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 850 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ لىڭتۇڭ كارتىسى ئارقىلىق قىلىنغان يىللىق ئىستېمال كىرىمى 16 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 810 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ ئاكسىيە ۋاكالەتچىلىكى كەسپىدە 15 مىليون 690 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، 6 مىليون 820 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ كۈمۈش بىرلەشمىسى بەلگىلىك مۇدەن لىڭتۇڭ كارتىسىدىن 720 مىڭى كۆپىيىپ، 170 مىڭ دانىسى ئاشتى؛ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئالتۇن ھېسابىدىن 9674ى كۆپەيدى، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئالتۇن ھېسابى كارتىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقى 48 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 15 مىڭ 900 يۈەن ئاشتى؛ ATM يەككە ئاپپاراتىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە كەسپىي مىقدارى 266 ھېسابقا يېتىپ، 78 ھېساب كۆپىيىپ، سودا - سانائەت باش

بانكىسى سىستېمىسىدا ATM ئاپپاراتىنىڭ ئىشلەش كۆرسەتكۈچىنى سىناق قىلىشتا 9 - ئورۇندا تۇردى.

ئاۋ ياڭيۇن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بانكا كارتىسى كەسپىي كىرىمى 42 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 433 مىڭ 600 يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى كرېدىت كارتىسى 120 مىڭ دانە تارقىتىلىپ، 9000 دانىسى كۆپەيدى. مۇدەن كرېدىت كارتىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 351 يۈەنگە، ئىستېمال مىقدارى 7628 يۈەنگە ۋە كارتىغا ئوتتۇرىچە ئامانەت قويۇلغان پۇل 4543 يۈەنگە يەتتى.

ئاۋ ياڭيۇن

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى بويىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 42 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 250 مىليون يۈەن ئاشتى؛ خەلق پۇلى بويىچە قەرز پۇل قالدۇقى 30 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 850 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بانكا بويىچە تىجارەتتىن 307 مىليون 310 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 5 سودا بانكىسىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ بازار ئۈلۈشى ئىچىدە 33% نىسبەتنى ئىگىلەپ، ئۇدا 3 يىل بىرىنچى بولدى. يۇقىرالار پۇل ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 830 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ئېشىش ئۈلۈشىدە 40.3% نى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 5 سودا كارخانىسى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇردى؛ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 17 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 420 مىليون يۈەن كۆپەيدى. «100 مىليون يۈەنلىك پونكىت»تىن 18ى كۆپەيدى.

2004 - يىلى بانكا بويىچە 30 ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋە قوشۇۋېتىلىپ، 195 ئادەم تارقاقلاشتۇرۇلدى.

دۇڭ شاۋجۇەن

## كرېدىت كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ئامانەت قالدۇقى 30 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى ھېسابىدا 13 مىليارد 820 مىليون يۈەن ھەر خىل قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 12 مىليارد 960 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى. قەرز پۇل كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 450 مىليون يۈەن، سانائەت قەرز پۇلى 320 مىليون يۈەن، سودا قەرز پۇلى 270 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئۆي - زېمىن قەرز پۇلى 220 مىليون يۈەن كېمەيدى، شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى 290 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

دۇڭ شاۋجۇەن

## شىركەت ئاپپاراتى كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 17 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 420 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ كەسپداشلار ئارا پۇل ئامانىتى قالدۇقى 760 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىركەت تۈرىدىكى خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 17 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىركەت تۈرىدىكى خېرىدارلارنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، شىركەت تۈرىدىكى ئەلاچىلىك خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 2003 - يىلدىكىدىن 680 مىليون يۈەن كۆپەيدى، يېڭى كۆپەيگەن ئەلاچىلىك خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇلى سوممىسى يېڭى كۆپەيگەن شىركەت تۈرىدىكى بارلىق قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 110.4% نى ئىگىلىدى.

دۇڭ شاۋجۇەن

## يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ساھەسىگە بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 985 مىليون يۈەن (يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى قەرز پۇلى 4 مىليارد 392 مىليون يۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 139 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىكى ساھەسىگە 3 مىليارد 781 مىليون يۈەن (يېڭىدىن كۆپەيگەن يېزا ئېلېكتر تورى قەرز پۇلى 653 مىليون يۈەن بۇنىڭ سىرتىدا)، نامراتلارنى يۆلەشكە 242 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 700 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى 38 باشلامچى كارخانىغا

نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. مەركەز مالىيىسى ۋە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 28 مىليون 610 مىڭ يۈەن ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى.

دۇڭ شاۋجۈەن

## ئۆي - زېمىن كرېدىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۆي - زېمىن قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىيات قەرز پۇلى قالدۇقى 660 مىليون يۈەن، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى (شەخسىي سودىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي قەرز پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قالدۇقى 2 مىليارد 240 مىليون يۈەن. سىياسەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 970 مىليون يۈەن، سىياسەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي ھاۋالە قەرز پۇلى 550 مىليون يۈەن.

دۇڭ شاۋجۈەن

## خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ناچار قەرز پۇل قالدۇقى، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن چەك ئىچىدە تىزگىنلەندى، ناچار مەبلەغنى ئېنىقلاپ تىرىلدۇرۇشتە باش بانكىنىڭ پىلانى 178.2% ئورۇندالدى. بانكا بويىچە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىنغان ناچار مەبلەغنىڭ ئۆسۈمى بىلەن دىرى 1 مىليارد 236 مىليون يۈەنگە يەتتى، 505 مىليون يۈەن ناچار قەرز پۇل ئېنىقلاپ يىغىۋېلىنىپ ئامانەت قويۇلدى، جەدۋەل ئىچى-سىرتىدىكى 211 مىليون يۈەن ئۆسۈم ئېنىقلاپ يىغىۋېلىندى؛ قەرزگە ھېسابلاپ بېرىلگەن 126 مىليون يۈەنلىك مۈلۈك تاپشۇرۇۋېلىندى، 86 مىليون يۈەنلىك قەرزگە ھېسابلاپ بېرىلگەن مۈلۈك بىر تەرەپ قىلىندى؛ 111 مىليون يۈەن غەيرىي كرېدىت تۈرىدىكى ناچار مەبلەغ (قەرزگە ھېسابلاپ بېرىلگەن مۈلۈك ۋە جەدۋەل ئىچىدىكى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئۆسۈم بۇنىڭ سىرتىدا) ئېنىقلاپ يىغىۋېلىندى.

دۇڭ شاۋجۈەن

## ئالتۇن باشاق كارتىسى كەسپى

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تارقاتقان ئالتۇن باشاق كارتىسى 2 مىليون 506 مىڭ دانە بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 725 مىڭ دانە ساپ كۆپەيدى، ئالتۇن باشاق كارتىسى كەسپىي كىرىمى 59 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق 800 مىليون يۈەن ئىستېمال قىلىندى، خەلقئارا كارتا ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان يەككە يۈنىلىشلىك سومما 2 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولدى.

دۇڭ شاۋجۈەن

## خەلقئارالىق كەسپ

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 7 مىليون 830 مىڭ دوللار، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 19 مىليون 120 مىڭ دوللار كۆپەيدى. 950 مىليون دوللار خەلقئارا راسچوت كەسپى، 940 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىپ سېتىش كەسپى، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 1 مىليون 280 مىڭ دوللار پۇل پېرېۋوت كەسپى بېجىرىلدى، خەلقئارا راسچوت رەسمىيىتى ھەققى كىرىمى ۋە تاشقى پېرېۋوت سودىسى كىرىمى 29 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۇڭ شاۋجۈەن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 108 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىش ئىسلاھ قىلىنىدىغان 30 خام چوت ئورنى بەرگەن ھوقۇقتا ئاساسەن چىقىم قىلىش كەسپى ۋاكالىتەن بېجىرىلدى؛ ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 285 ئورۇننىڭ غەيرىي باج كىرىمى كەسپى بېجىرىلدى؛ بانكا بىلەن تاموژنىنى يۇرۇشتۇرۇش، بانكا دوكومېنتى ئارقىلىق ھېساب ئاغدۇرۇش، بانكا بىلەن باجنى يۇرۇشتۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر قانات يايدۇرۇلدى؛ قەرەللىك مال سودىسىنى راسچوت قىلىدىغان بانكا سالاھىيىتىگە ئېرىشىلدى؛ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىكى ئىجازەتنامىسى بېجىرىلىپ، قەرز ئالغان خېرىدارلارنىڭ رەنە كېپىللىكى ۋە سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىكىدىن ئىبارەت «قوش» مەشغۇلات قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ كۆپ قىسىم 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلار جامائەت فوندىنى يىغىش ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بانكا بىلەن سۇغۇرتىنى يۇرۇشتۇرۇش سىستېمىسى بىلەن ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كەسپىنى سىناق قىلىش ئورۇندالدى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ باج پۇلىنى توردا چىقىم قىلىش ۋە تۈركۈملەپ نەق ۋاقتىدا ۋەكالىتەن تۇتۇپ قېلىش كەسپى قاتارلىق كۆپ تۈردىكى يۇمشاق دېتاللارنى ئىجاد قىلىش ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا سېلىش خىزمىتى تاماملاندى.

دۇڭ شاۋجۈەن

# جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2004 - يىلدىكى

ئادەتتىكىچە خەلق پۇلى ئامانىتى قالدۇقىنىڭ بازار ئۈلۈشى 8.5% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 0.85 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلار پۇل ئامانىتىنىڭ بازار ئۈلۈشى 9.21% بولۇپ، 0.74 پىرسەنت پوئىنتى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ بازار ئۈلۈشى 7.84% بولۇپ، 0.97 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن بازار ئۈلۈشى 16.21% بولۇپ، 2 - ئورۇندا تۇردى. يىل ئاخىرىغىچە خەلق پۇلى بويىچە قەرز ۋە ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 77.75% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 15.95 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، مەبلەغ ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش. تۇرلۇك تاشقى پېرېۋوتلارنىڭ دوللارغا سۇندۇرۇلغان قەرز ۋە ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 80.5% بولدى. خەلق پۇلىنىڭ ئىناۋەتكە ئېرىشكەن تۇرلۇك قالدۇقى 19 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 918 مىليون يۈەن ئاشتى (ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قالغىنى تەكشۈرۈلۈپ، ئاجرىتىپ يۆتكەپ بېرىلگەندىن كېيىنكى سانلىق مەلۇمات)، بۇ 2003-يىلدىكىدىن 2 مىليارد 205 مىليون يۈەن ئاز ئاشتى. سىياسەت، بازار قاتارلىق ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى تۇرلۇك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن، ئىناۋەت بېرىلگەن ناچار كرېدىت ئومۇمىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى، ئاكتىپ سۈپىتىنىڭ بېسىمى ناھايىتى زور بولدى.

يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، تەۋەلىكتىكى خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ ساپ پايدىسى 111 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 29% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ خەلق پۇلى بويىچە ساپ پايدىسى 81 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 43% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق پۇلى بويىچە ئارىلىق كەسپىنىڭ ساپ پايدىسى 81 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 43%؛ تاشقى پېرېۋوت بويىچە ئارىلىق كەسپىنىڭ ساپ پايدىسى 3 مىليون 560 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2% ئاشتى. پۈتۈن تەۋەلىك بويىچە تىجارەت پايدىسى 379 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.6% ئاشتى.

تەن سۈڭلىيۇ

## خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى خېيىمخەتەرنى باھالاپ تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىناۋەت بېرىش كەسپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. «ئۈچنى بىرگەۋدە قىلىش» بويىچە ئىناۋەت بېرىشتە تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمى تەڭشەلدى ۋە ئەلالاشتۇرۇلدى، قاتلاممۇ قاتلام مەجبۇرىيەت ئادا قىلىپ باھالاش تەرتىپى ئىخچاملىنىپ، 2 - دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئىناۋەت بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرىغا يىغىۋېلىندى. پۈتۈن تەۋەلىكتىن مەخسۇس باھالاش ھەيئىتى ۋە مەجبۇرىيەت ئادا قىلىدىغان تەكشۈرگۈچى تەكلىپ قىلىنىپ، خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش كۈچى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى.

شۆبە بانكا خەلق پۇلى ھېسابىدا 27 مىليارد 288 مىليون يۈەنلىك 411 ئىناۋەت بېرىش تۈرىنى تەستىقلىدى. بۇ 2003-يىلدىكىدىن 14.94% تۆۋەنلىدى. تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدا 221 مىليون دوللارلىق 36 ئىناۋەت بېرىش تۈرىنى تەستىقلىدى، بۇ 15% تۆۋەنلىدى. 143 تۈر رەت قىلىندى. بۇ 2003 - يىلدىكىنىڭ 1.83 ھەسسىسىنى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ سوممىسى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 13 مىليارد 9 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، تەۋەلىك بويىچە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۇرلۇك ئىناۋەتلىك قالدۇق 19 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 918 مىليون يۈەن كۆپەيدى (ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئاجرىتىپ بېرىلگەندىن كېيىنكى سانلىق مەلۇمات)، بۇ يىل بېشىدىكىدىن 2.36% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شىركەتلەرنىڭ ئىناۋەتلىك قالدۇقى 12 مىليارد 937 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.75%؛ پارچە سېتىش قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 612 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.57% ئاشتى. تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى تۇرلۇك ئىناۋەتلىك قالدۇق 470 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.49% تۆۋەنلىدى.

تەۋەلىكتىكى 631 خېرىدار شىركەتنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسى باھالاندى ۋە خېيىمخەتەر چېكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇ يىل دەرىجىسى بېكىتىلگەنلەر 2003 - يىلدىكىدىن 200 شىركەت كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە «A» دەرىجىلىكى 25.67%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 14.01 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ «B» دەرىجىلىكى 58.48%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 8.13 پىرسەنت پوئىنتى؛ «C» دەرىجىلىكى 11.41%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 4.91 پىرسەنت پوئىنتى؛ «D» دەرىجىلىكى 4.44%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكى «D» دەرىجىلىك ۋە دەرىجىگە توشمىغان خېرىدار نىسبىتىدىن 0.97 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

پاي تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش ئالدىدىكى ناچار مەبلەغنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى ھېسابلاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاجرىتىپ بۆيرۈپ بېرىلگەن، زىيىنى تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ناچار مەبلەغ 1 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يەتتى ھەم

تەۋەلىكتىكى 100 ئالاقىدار كىشىنىڭ جاۋابكارلىقى بېكىتىلدى ھەم مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلىندى. «دېلوڭ سىستېمىسى» نىڭ تەسىرىدە يىل ئاخىرىدىكى ئىناۋەت بېرىلگەن ناچار قەرز قالدۇقى ۋە ئىناۋەت بېرىشنىڭ ناچارلىق نىسبىتى تەڭلا زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى، شۆبە بانكىنىڭ ئىناۋەت بەرگەن مەبلىغىنىڭ سۈپىتى جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە ئەڭ ناچار بولدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## شىركەت قەرز پۇلى

2004 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، خەۋەرلىشىش، قاتناش، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەرگە ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، شۇنىڭدەك تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدىكى سۈپەتلىك تۈرلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بەردى، ئادەتتىكى كەسىپ ۋە تۈرلەرنى قىسقارتتى ۋە ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەبلەغ سېپلەش سىستېمىسىنى پائال كىرگۈزۈپ، ئىناۋەت بېرىشنىڭ ئۇنۇملۇك پايدا نىسبىتىنى باھالاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خېيىمخەتەر بىلەن پايدا ئېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى، يىل ئاخىرىغىچە ئىناۋەت بېرىلگەن 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان قەرز پۇل ئىچىدە «B» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خېرىدار 78.27%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 7.28 پىرسەنت پويىنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، «A» دەرىجىدىن يۇقىرى خېرىدار 44.4%نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.94 پىرسەنت پويىنتى ئۆرلىدى؛ «B» دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خېرىدارلارنىڭ نىسبىتى يىل بېشىدىكى 20.89%تىن 17.05%كە تۆۋەنلىدى. يېڭى تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ 12.99%ى قاتناش ـ ترانسپورتقا، 7.97%ى ئېلېكتر قۇۋۋىتىگە، 7.63%ى خەۋەرلىشىش كەسپىگە، 6.97%ى ئىچكى سودىغا، 6.34%ى يېنىك سانائەتكە بېرىلدى. شىنجاڭ لىيەنتۇڭ شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى، قاتناش نازارىتى، شىنجاڭ ئايرودروم گۇرۇھى، تيەنيې گۇرۇھى، تيەنفۇ تېرمو ئېلېكتر شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ خېرىدارلارغا ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولدى، خېرىدارلار قۇرۇلمىسى بىرئاز ياخشىلاندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىناۋەت بېرىلگەن خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى، كەسىپ تەۋەلىكى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى تېخىمۇ ياخشىلانغاچقا، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ ئۇنۇملۇك يىغىپ مەلۇم قىلىش نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 1.93 پىرسەنت پويىنتى ئۆرلىدى.

يىل ئاخىرىغا كەلگەندە خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى شىركەت قەرز پۇلى قالدۇقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغاندا 16 مىليارد 512 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، «A» دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 879 مىليون يۈەن، «B» دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ 7 مىليارد 710 مىليون يۈەن، «C» دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 44 مىليون يۈەن، «D» دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ 327 مىليون يۈەن، ۋاقىتىنچە دەرىجە باھالانمىغان خېرىدارلارنىڭ 1 مىليارد 552 مىليون يۈەن. «B» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 589 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 76.24%نى ئىگىلىدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

2004 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى پەقەت شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى، شىنجاڭ «ماركور» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى (تيەنجىن) ياساش چەكلىك شىركىتى ۋە ئاقسۇ «يىدا» پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 3 كارخانىلا 56 مىليون 618 مىڭ 400 دوللار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىگە بەرگەن قەرز پۇل 36 مىليون 555 مىڭ 600 دوللار، شىنجاڭ «ماركور» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى (تيەنجىن) ياساش چەكلىك شىركىتىگە بەرگەن قەرز پۇل 20 مىليون دوللار، ئاقسۇ «يىدا» پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە بەرگىنى 62 مىڭ 800 دوللار. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 470 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.49% تۆۋەنلىدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## پارچە سېتىش قەرز پۇلى

2004 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى پارچە سېتىش قەرز پۇلىنى تارقىتىشتا، تۇرالغۇ ئۆي، پىكاپ قاتارلىق ئىستېمال تۈرىدىكى قەرز پۇللارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش تۈرىدىكى قەرز پۇلنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئالىي مەكتەپلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىپ دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلىنى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارچە سېتىش قەرز پۇلى مەنپىي ئاشقان ئەھۋالدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى.

يىل ئاخىرىغا كەلگەندە شۆبە بانكىنىڭ پارچە سېتىش قەرز پۇلى قالدۇقى 6 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3.95% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 959 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.02% ئاشتى؛ ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز

پۇلى قالدۇقى 717 مىليون يۈەن بولۇپ، %20.77؛ مەبلەغ سېلىش تىجارىتى قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 661 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.41 تۆۋەنلىدى؛ شەخسىي ئۇنىۋېرسال ئىستېمال قەرز پۇلى 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.87 ئاشتى؛ دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردىمى قەرز پۇلى 11 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تەن سۇڭلىيۇ

## پۇل ئامانىتى كەسپى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 25 مىليارد 729 مىليون يۈەن (پوچتا پۇل ئامانىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئامانەت قويۇلغان 300 مىليون يۈەن چىقىرىۋېتىلدى) گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 685 مىليون يۈەن ئاشتى، ئېشىش مىقداردا تارىختىكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا پۇل ئامانىتى قالدۇقى 12 مىليارد 657 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد 225 مىليون يۈەن؛ ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانىتى قالدۇقى 12 مىليارد 25 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد 607 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليارد 47 مىليون يۈەن بولۇپ، 147 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 326 مىليون دوللار بولۇپ (يىغىلغان گۆھەر سانى بۇنىڭ سىرتىدا)، يىل بېشىدىكىدىن 49 مىليون 460 مىڭ دوللار تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل پۇلى بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 273 مىليون دوللار بولۇپ، 32 مىليون 780 مىڭ دوللار تۆۋەنلىدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## خەلقئارا راسچوت

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يىللىق راسچوت قىلغان، ساتقان تاشقى پېرېۋوتى 3 مىليارد 23 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %43.16 ئېشىپ، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە %39.44 بازار ئۈلۈشىنى ئىگىلەپ، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 0.42 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 883 مىليون دوللارغا يېتىپ، %46.18؛ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 140 مىليون دوللارغا يېتىپ، %35.8 ئاشتى. سودا تۈرىدىكى خەلقئارا راسچوت كەسپىي مىقدارى 2 مىليارد 537 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %45.81 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 1 مىليارد 371 مىليون دوللارغا يېتىپ، %76.73؛ ئىمپورتنىڭ 1 مىليارد 166 مىليون دوللارغا يېتىپ، %20.9 ئاشتى. خەلقئارا راسچوتنىڭ ئەمەلىي ئۆلۈشى %39.18كە يېتىپ، 0.15 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئۆلۈشى %45.03كە يېتىپ، 9.28 پىرسەنت پوئېنتى، ئىمپورتنىڭ ئۆلۈشى %45.04كە يېتىپ، 2.84 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

ئېكسپورتقا مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىنغان سومما 78 مىليون دوللار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9.31؛ ھاۋالە بىلەن كىرىم قىلىنغان سومما 40 مىليون دوللار بولۇپ، %3.24 تۆۋەنلىدى؛ پېرېۋوت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن تاشقى پېرېۋوت 631 مىليون دوللارغا يېتىپ، %34.83 ئاشتى؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 355 مىليون دوللارغا يېتىپ، %86.5 ئاشتى. 806 دوللارلىق ئىمپورتقا گۇۋاھنامە بېرىش ئىشى بېجىرىلىپ، %11.02؛ ۋاكالىتەن 11 مىليون دوللار تاپشۇرۇۋېلىنىپ، %234.35؛ 348 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىلىپ %49.36؛ ئىمپورتقا 1 مىليارد 382 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىنىپ، %62.4 ئاشتى.

16 مىليون 30 مىڭ دوللارلىق تاشقى پېرېۋوت كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىلىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %2.56 ئاشتى، 326 مىليون يۈەن خەلق پۇلى كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىلىپ، %0.91 تۆۋەنلىدى. تۇنجى قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى كرېدىت كىنىشكىسىگە مەسلىھەتلىشىپ 3 مىليون 760 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ بېرىلدى، دۆلەت ئىچىدىكى كرېدىت كىنىشكىسى بار ساتقۇچى تەرەپنىڭ 47 مىليون 980 مىڭ يۈەنلىك پېرېۋوت رەنە قويۇش كەسپى بېجىرىلدى ھەم 2 ھېسابتا 4 مىليون 590 مىڭ دوللارلىق ئېكسپورت تالونىغا كېپىللىك بېرىش كەسپى (يەنى سېتىش بۆلىكى شەكلىدىكى كېپىللىك بېرىش) بېجىرىلدى.

سودىدا مەبلەغ بىرىكتۈرۈش كەسپىنىڭ سوممىسى 237 مىليون دوللار (ستاتىستىكا ئۆلچىمى ئۆزگەردى، 2003 ـ يىلدىكى سودىدا مەبلەغ بىرىكتۈرۈش كەسپىي سوممىسى ئەمەلىيەتتە 226 مىليون دوللار بولغان) غا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %4.87 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت رەنە پېرېۋوتى 24 مىليون دوللار، ئىمپورت رەنە پېرېۋوتى 124 مىليون دوللار، خەلقئارادا كېپىللىك بېرىلگىنى 8300 دوللار.

تەن سۇڭلىيۇ

## بانكا كارتىسى كەسپى

2004 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى مال پۇلىنى ياۋرو ئارقىلىق راسچوت قىلىدىغان «سەددىچىن» ياۋرو

ئاخىرىغا كەلگەندە بانكا بويىچە زاپاسقا ئاجرىتىپ بېرىشتىن ئېلگىرىكى تىجارەت پايدىسى 645 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ھېساب يۈزىدىكى پايدىسى 423 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 148 مىليون يۈەن كۆپەيدى. سىستېما بويىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 51 مىليارد 568 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن بىر ئاز تۆۋەنلەپ، قالدۇقى 28 مىليارد 357 مىليون يۈەن بولدى. بانكا بويىچە ئۇنۇمدار ئېگىلىك كۆرسەتكۈچى ياخشىلاندى، ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل 10 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ ئوتتۇرىچە قەرز پۇل 6 مىليون 620 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى؛ تىجارەت پايدىسى ئوتتۇرىچە 150 مىڭ 700 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 13 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## شىركەت بانكا كەسپى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى خېرىدارلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئاساس قىلىپ، زاپاس كرېدىت مەبلىغىنى تىرىشىپ جانلاندۇرۇپ، رايون، كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كرېدىت بايلىقىنى داۋاملىق مەركىزىي شەھەر بانكىسىغا، تىجارەت ئەھۋالى ياخشى بولغان بانكىلارغا مەركەزلەشتۈردى. دۆلەت چەك قويغان كەسىپلەرگە ئىناۋەت بېرىشنى قاتتىق تىزگىنلەپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ۋە بازارغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى، نېفىت، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق كەسىپ ۋە تۈرلەرگە زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتىكى ۋە خېيىمخەتىرى بار خېرىدارلاردىن قەتئىي چېكىنىپ چىقتى. يۇقىرى ئۇنۇملۇك تەرەققىي قىلىش ۋە خېيىمخەتەرگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپى بويىچە تۆۋەن خېيىمخەتەرلىك ئېتىراپلىق پۇل بېرىش كەسپى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. كۆپەيگەن كرېدىت بايلىقى نۇقتىلىق خېرىدارلارغا ۋە نۇقتىلىق رايونلارغا مايىللاشتۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 28 مىليارد 357 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

## شەخسىي بانكا كەسپى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ھېسابىدىكى يۇقىرىلار پۇل ئامانىتى 23 مىليارد 859 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

خەلقئارا كارتىنى يولغا قويدى. مائاشنى بانكا ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىدىغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مائاشنى ۋاكالىتەن تارقىتىش كارتىسى ئارقىلىق ئابونېنتلارغا كۆچمە ئۇقتۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ خەلقئارا سودا سارىيىدىكى پارچە سېتىش، توپ سېتىش چوڭ بازىرىدا بىخەتەرلىكى يۇقىرىراق بولغان مۇلازىمەتسىز ئىستېمال تېرمىنالى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بانكا كارتىسىنى سىرتتىكى ھۆددىلىگەن شىركەتلەر تارقىتىدىغان يېڭى يول ئېچىلدى. پۈتۈن تەۋەلىككە 157 مۇلازىمەتسىز ئۆسكۇنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 46 سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ATM پۇل ئېلىش 148، CDM پۇل ئامانەت قويۇش ئاپپاراتى 9.

2004 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ بانكىسىنىڭ «سەددىچىن» كرېدىت كارتىسىدىن ئىبارەت ئىناۋەتلىك كارتا 129 مىڭ 200 گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 11 مىڭى؛ قەرز خاتىرىلەش كارتىسى 1 مىليون 330 مىڭ 600 گە يېتىپ، 249 مىڭ 800ى؛ خەلقئارا كارتا 4572 گە يېتىپ، 1093 ى كۆپەيدى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنغان سودا سوممىسى 344 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن %41.40 ئاشتى. سىرتنىڭ كارتىلىرى ئارقىلىق ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن سودا سوممىسى 41 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %91.29 ئاشتى. ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان سودىگەر 971 بولۇپ، 436 سى كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىرتنىڭ كارتىسى بار سودىگەر 92 بولۇپ، 43ى كۆپەيدى. تەۋەلىك بويىچە قەرز خاتىرىلەش كارتىسىدا ئارتۇق چىقىم قىلىنغان سومما 15 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ئارتۇق چىقىم 13 مىليون 680 مىڭ يۈەن، يامان نىيەتتە قىلىنغان ئارتۇق چىقىم 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن.

تەن سۇڭلىيۇ

# قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 4560قا، سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلىدىغان تور نۇقتىسى 219غا يەتتى. 2004 - يىلىنىڭ

## بانكا كارتىسى كەسپى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 3 مىليون 770 مىڭ دانە «ئەجدىھا» كارتىسى تارقاتتى. «ئەجدىھا» كارتىسى ئارقىلىق مال سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلىش سودا سوممىسى 1 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 200 مىليون يۈەن كۆپەيدى. «ئەجدىھا» كارتىسىنىڭ قەرز خاتىرىلەش كارتىسىدىن 6379 دانە تارقىتىلدى، قەرز خاتىرىلەش كارتىسىنىڭ كۆچمە خېرىدار نىسبىتى 51.19%كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 5 - رەتتە تۇردى. بانكا بويىچە بانكا كارتىسى كەسپىي كىرىمى 34 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17 مىليون 10 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## تور بانكىسى كەسپى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئېلېكترون بانكا خېرىدارى 236 مىڭ 800 گە يېتىپ، 5 مىليون 660 مىڭ قېتىمدا 131 مىليارد 200 مىليون يۈەنلىك سودا بولدى.

خۇ يۈجېن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 113 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 194 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6400 يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خۇسۇسىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 7 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە، ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە؛ شىركەت تۈرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي پۇل ئامانىتى قالدۇقى 850 مىليون يۈەنگە، ھاۋالە خاراكتېرلىك پۇل ئامانىتى قالدۇقى 5 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

## «شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى «مۇلازىمەت ماركىسى دۆلەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تاۋار ماركىسى رويخېتىگە ئېلىندى

2004 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ لى شياڭداڭ ۋە «شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى» مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «پۇقرالار ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىلغار تىپ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 7 - ئايدا «شياڭداڭ خىزمەت پونكىتى» مۇلازىمەت ماركىسىنى دۆلەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئەنگە ئېلىپ، شىنجاڭدىكى 1 - بولۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەنگە ئېلىنغان مۇلازىمەت ماركىسى بولۇپ قالدى.

خۇ يۈجېن

# قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى

## قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى مەبلىغى قالدۇقى 11 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 10 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 634 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 825 مىليون يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىدىن زاپاسقا ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىنكى پايدىسى 147 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە پايدىسى 306 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.71% ئاشتى. ئامانەت پۇلىنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى 9.27% بولۇپ، 0.59 پىرسەنت پوئېنتى، تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 7.09% بولۇپ، 1.05 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۈرلۈك پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى شەھەر بويىچە ئېشىش نىسبىتىنىڭ 13.8%ىنى، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 6.75%نى ئىگىلىدى، ناچار مەبلەغنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 4%دىن تۆۋەن تىزگىنلەندى.

شۆي شىنيۈ

## شىركەت كەسپى

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدا قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 7 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 390 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇ تۈرلۈك پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ 77.6%نى

ئىگىلىدى؛ شىركەت قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 970 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، قەرزدارلىق كەسپى بىلەن ماس قەدەمدە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۈي شىنيۈ

### شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خۇسۇسىيلار پۇل ئامانەتى قالدۇقى 2 مىليارد 772 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 450 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 78 مىڭ دانە كارتا يېڭىدىن تارقىتىلىپ، كارتا سانى 500 مىڭ دانىگە يەتكۈزۈلدى، ھەر بىر كارتىدىكى ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل 1400 يۈەنگە، كارتا ئارقىلىق قىلىنغان ئىستېمال 92 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، مەملىكەت كېزەرنىڭ كىرىمى 8 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۈي شىنيۈ

### خەلقئارالىق كەسىپ

2004 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلقئارا راسچوت مىقدارى 414 مىليون دوللارغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

شۈي شىنيۈ

### ۋاستىچىلىك كەسپى

2004 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كىرىمى 19 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليون 820 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

شۈي شىنيۈ

### مەبلەغنىڭ ئايلىنىشى

2004 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى 11 مىليارد 250 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئايلاندۇرۇپ، 38 مىليون 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17 مىليون 500 مىڭ يۈەن كۆپەيتتى.

شۈي شىنيۈ

### خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساھەلەردىكى كارخانىلارنى ۋاقتىدا قىسقارتتى ۋە ئۇلاردىن چېكىنىپ چىقتى، 20 نەچچە ئورۇننى قىسقارتتى ۋە ئۇلاردىن چېكىنىپ چىقتى، 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كرېدىت سېلىنمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە ياخشىلاپ، كرېدىت قويۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپ قويۇلمىسى خاراكتېرلىك خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئالدى. «دېلوڭ سىستېمىسى» دىكى خېيىمخەتەرلىك خېرىدارلارنى ۋاقتىدا سۈرۈشتۈرۈپ، كۆپەيتىپ رەنە قويدۇرۇش، كاپالەت سوممىسى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، مەبلەغكە تولۇق كاپالەتلىك قىلدۇرۇش، قانۇنغا شىكايەت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى تىزگىنلىدى ۋە ئۆزگەرتتى، شۇ ئارقىلىق سىستېما خاراكتېرلىك خېيىمخەتەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مەسىلە بار قەرز پۇل قالدۇقى شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مالىيىنى قايتا تەشكىللىگەندىن كېيىن، 21 مىليون 30 مىڭ يۈەن ئازلىدى، مەسىلە بار قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 0.99 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلەپ، مۇتلەق سومما بىلەن نىسبەتنىڭ ھەر ئىككىسىلا تۆۋەنلىدى، ياخشى مەبلەغ سۈپىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

شۈي شىنيۈ

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى» دېيىلىدۇ) 1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەسلىدىكى 38 شەھەر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئاساسىدا تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى بىردىن بىر ئۆزى قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان يەرلىك پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى سودا بانكىسى. 2004- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 17 مىليارد 574 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن ئاز كەم 2 قاتلاندى؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن ئاز كەم 2 قاتلىنىپ، شەھەر بويىچە پۇل ئامانەتى بازىرىنىڭ 10% ئۈلۈشىنى ئىگىلەپ، شەھەردىكى بانكىلار ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 15.77% ئاشتى، قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن بىر يېرىم قاتلاندى؛ ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 13.82%كە چۈشتى؛ ئۇدا 5 يىل پايدا ئالدى. جۇڭگو بانكا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە «بانكىر» ژۇرنىلىنىڭ مەملىكەتتىكى 112 شەھەر سودا بانكىسىنى ئۇنۇۋېرسال باھالاپ، سېلىشتۇرۇشىدا

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى پايدا ئېلىش ئىقتىدارى كۆرسەتكۈچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى.

جاڭ سىجەن

## كرېدىت باشقۇرۇش

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىدا قەرز پۇلنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىنغان، قەرز پۇلنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىدە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە غەيرىي دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى تەيىنلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كرېدىت تەكشۈرگۈچى باش ئەمەلدار قويۇلغان ھەم ئۇ قەرز پۇل تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەخسۇس قەرز پۇلنى تەكشۈرۈش ۋە خېيىمخەتەرنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل بولغان. 2004- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى كرېدىت مەبلىغىنى سەپلەش قۇرۇلمىسىنى پائال تەرتىپكە سېلىپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، كرېدىت مەبلىغىنى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش تۈرىگە، كەنتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش تۈر قۇرۇلۇشىغا، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا، تەرەققىيات كۈچى ۋە بازار يوشۇرۇن كۈچى بار پۇقراۋى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان پاي كونترول شىركەتلىرى قاتارلىقلارغا سالدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىزلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز پۇلى بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان سودا بانكىسى بولۇپ قالدى.

جاڭ سىجەن

## ۋېكسىل ۋە زايوم كەسپى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى سودا بانكىسى 5 مىليارد 173 مىليون يۈەنلىك دىسكونتلۇق قەرز پۇلى تارقاتتى، 5 مىليارد 87 مىليون يۈەننى دىسكونت قىلىشقا ئۆزگەرتتى، 708 مىليون يۈەننى قايتا دىسكونت قىلدى. 7 مىليار 502 مىليون يۈەنلىك بانكا ئېتىراپلىق پېرېۋوت چېكى، 158 مىليون يۈەنلىك تۈرلۈك بانكا كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىپ بەردى، ۋېكسىل كەسپىي مىقدارى جەھەتتە داۋاملىق شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىنى ساقلىدى. شۇنداقلا، زايوم بازىرىدىكى راسچوت قىلىش سودا مىقدارى 108 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بانكىلار ئارا زايوم بازىرىنىڭ ئۇنۇۋېرسال رېتىدا 42 - ئورۇندا، شەھەر سودا بانكىلىرى ئىچىدە 14 - ئورۇندا تۇردى.

جاڭ سىجەن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ ۋاستىچىلىك سېپىدە تېز راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، باج بىلەن بانكىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش خىزمىتى ۋە دۆلەت خەزىنىسىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىش كەسپى مۇقىم راۋاجلاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەت بېجى ئورنىغا ۋاكالىتەن يەككىلەرنىڭ 68 مىليون 740 مىڭ يۈەن بېجىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئورنىغا ۋاكالىتەن 83 مىليون 530 مىڭ يۈەن بېجىنى تۇتۇپ قالدى؛ دۆلەت خەزىنىسىگە ۋاكالىتەن 12 مىليارد 112 مىليون يۈەن خام چوت كىرىمىنى يىغدى، دۆلەت خەزىنىسى پۇلى قالدۇقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 137 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى. ئەسلىدىكى تېلېفون ھەققى، گاز ھەققى، ئاپتوموبىل ھەققى قاتارلىقلارنى ۋاكالىتەن يىغىش كەسپىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، يول قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قويۇلغان جەرىمانىنى، تاشقى ئايلانما يولنى باشقۇرۇش ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش كەسپىنى يېڭىدىن يولغا قويدى، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىكى، بانكا كىنىشكىسى ئارقىلىق ھېساب ئاغدۇرۇش ۋە تەرەققىيات شەكلىدىكى فوندنى ۋاكالىتەن سېتىش كەسپلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندى.

جاڭ سىجەن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ تۈرلۈك «قارلەيلىسى» كارتىسىدا ھېساب ئاچقانلار 278 مىڭ 400گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 72 مىڭ 200ى كۆپەيدى. كارتىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل 419 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 112 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

جاڭ سىجەن

## خەلقئارالىق كەسىپ

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ خەلقئارا كەسىپ راسچوت مىقدارى 20 مىليون 369 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىليون 620 مىڭ 400 دوللارلىق ئىمپورتقا ئىجازەتنامە چىقىرىپ بېرىلدى، ئېكسپورتقا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 471 مىڭ 800 دوللار چىقىم قىلىپ بېرىلدى، سودا تۈرىدىكى 3 مىليون 201 مىڭ 600 دوللارلىق تېلېگراف پېرېۋوتى تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ نوقۇل خەلق پۇلى بىلەنلا راسچوت قىلىدىغان كەسىپ تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھاجىرلار تارماق بانكىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت تىجارىتى قىلىش كەسپى سالاھىيىتى تەستىقلاندى.

جاڭ سىجەن

# خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى

## خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تۈرلۈك كەسىپلىرى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تارتقان زىيىنى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن يىللىق زىيان پىلانىدىن 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئاز بولدى؛ 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىلغان ناچار قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، باش بانكا نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەيدىغان كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى؛ ئادەتتىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 540 مىليون يۈەن بولۇپ، كۈنگە قويۇلىدىغان ئوتتۇرىچە ئادەتتىكى ئامانەت پۇل 820 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 268 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر بويىچە كۈنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قويۇلغان ئامانەت پۇل 74 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى؛ خەلقئارا راسچوت كەسپىي مىقدارى 78 مىليون 780 مىڭ دوللارغا يەتتى؛ ئۇنىۋېرسال خىراجەت نىسبىتى %49.74 بولدى.

لى لى

### شىركەت پۇل مۇئامىلە كەسپى

2004 - يىلى خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى تىجارەت قىلغان تۈنجى مۇكەممەل بوغالتىرىيە يىلى ھېسابلىنىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليارد 542 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1 مىليارد 74 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 989 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2004 - يىلى رايون پۇل مۇئامىلە بازىرى مۇھىتىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولغان، سودا بانكىلىرى كىرىدىت سىياسىتىنى قىسقارتقان ئەھۋالدا، خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش تىجارەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، يەرلىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ قوللىدى، بىر يىلدا تارقاتقان كىرىدىت 989 مىليون يۈەن كۆپەيدى، تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سالمىقى ئۈرۈمچىدىكى سودا بانكىلىرىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە تۇردى.

لى لى

### شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 268 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، باش بانكىنىڭ يىللىق پىلانى %243.7 ئورۇندىلىپ، بانكا بويىچە ئادەتتىكى پۇل ئامانىتى قالدۇقىنىڭ %17.4نى ئىگىلىدى، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %0.05تىن %0.52كە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليون 890 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1 مىليون 810 مىڭ دوللار كۆپەيدى. 11 مىڭ 488 پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىسچوتى ئېچىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10 مىڭ 748 ھېساب كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېزىز خېرىدار 185. 11 مىڭ 58 دانە بانكا كارتىسى تارقىتىلىپ، بانكا كارتىسى ئارقىلىق 3 مىليون 522 مىڭ 600 يۈەنلىك ئىستېمال قىلىندى؛ شەخسىي قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليون 162 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ۋاكالىتەن كىرىم - چىقىم قىلىش كەسپىي قالدۇقى 4 مىليون 162 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى؛ ATM دا 9 مىليون 382 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

لى لى

### خەلقئارا راسچوت كەسپى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلقئارا راسچوت مىقدارى 78 مىليون 780 مىڭ دوللارغا يېتىپ، باش بانكا چۈشۈرگەن ۋەزىپە پىلانى 7 ئاي بۇرۇن ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتا 10 مىليون 590 مىڭ دوللار، ئىمپورتتا 67 مىليون 250 مىڭ دوللار راسچوت قىلىندى، 580 مىڭ دوللارغا كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىلدى، غەيرىي سودىدىن پېرېۋوت قىلىنىپ كىرگەن تاشقى پېرېۋوت 130 مىڭ دوللار، غەيرىي سودىغا پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىلغان تاشقى پېرېۋوت 230 مىڭ دوللار. تاشقى پېرېۋوت بويىچە ئادەتتىكى پۇل ئامانىتى قالدۇقى 2 مىليون 130 مىڭ دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1 مىليون 870 مىڭ دوللار، ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى 260 مىڭ دوللار. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى كۆرۈلمىدى. ئىناۋەتلىك كىنىشكا تۈرىگە سەپلەنگەن پۇل نۆل بولدى. خەلقئارا راسچوت رەسمىيىتى ھەققىدىن 1 مىليون 807 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى كىرىم قىلىندى، راسچوت قىلىپ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 75 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يەرلىك بازارنىڭ %2نى ئىگىلىدى.

لى لى

# ئاكسىيە

## پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا پېيى بازارغا سېلىنغان

شىركەت 27 (يەرلىكنىڭ 16، بىڭتۇەننىڭ 11) بولۇپ، مەملىكەت بويىچە پەيچى بازارغا سېلىنغان ئومۇمىي شىركەتنىڭ 1.96%ىنى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پەيچى 8 مىليارد 362 مىليون 60 مىڭ پايغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.8%؛ ئومۇمىي مەبلىغى 62 مىليارد 205 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.36% ئاشتى؛ بازار قىممىتى 40 مىليارد 539 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 18.43%ىنى ئىگىلەپ، 37% تۆۋەنلىدى. تەۋەلىكتە ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى 2004 - يىلى پاي سېپىلەپ، 306 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىغاندىن سىرت، باشقا شىركەتلەر يەنە مەبلەغ بىرىكتۈرمىدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتتىن 7 سى زىيان تارتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4 ى كۆپىيىپ، شىنجاڭ ئاكسىيە بازىرى تارىخىدا ئەڭ كۆپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيان سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان شىركەت خۇڭيۈەن ئاكسىيىسى، ST تۈنخې، تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقى، STX * قۇلماق شىركىتى، ST * تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت. تەۋەلىكتىكى پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پايدىسى 197 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 29.3% تۆۋەنلىدى، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ساپ پايدىسى مىنۇس 484 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى. پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەت «1-ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ نەتىجە يارىتىش ئىپادىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى، 2004 - يىلى ئۇلارنىڭ پايدىسى 535 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ساپ پايدىسى 437 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولدى، ئۇ تەۋەلىكتىكى پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە يۆلەك بولدى.

خې جيې

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ تەۋەسىدە 2 ئاكسىيە شىركىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 1 مىليارد 183 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مەبلىغى 7 مىليارد 48 مىليون يۈەن، ساپ مەبلىغى 1 مىليارد 319 مىليون يۈەن بولدى. ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمى 31 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئاكسىيە سودىگەرلىرىگە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى 19، سىرتقى جايلارنىڭ ئاكسىيە سودىگەرلىرىگە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى 12)، ئاكسىيە مۇلازىمىتى بۆلۈمى 18، مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى 2. تەۋەلىكتە ئاكسىيە ھېسابى ئاچقانلار 539 مىڭ، شىنجاڭ تەۋەسىدە خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن باشقا ھەممىلا جايدا ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان، بىر يىلدا ئاكسىيە سودىسى سوممىسى 263 مىليارد 274 مىليون يۈەن (B پاي سودا سوممىسى بۇنىڭ سىرتىدا) بولدى. بارلىق تىجارەت بۆلۈملىرى ئىچىدە 20سى پايدا ئالدى، ئۇلارنىڭ پايدا سوممىسى 44 مىليون 856 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى؛ 11 ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمى زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ زىيان سوممىسى 19 مىليون 77 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. پايدا بىلەن زىياننى چىقىشتۇرغاندا، پايدا 25 مىليون 778 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

خې جيې

## قەرەللىك مال بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتى 4 بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەرەللىك مال سودىسى مىقدارى 1 مىليون 208 مىڭ 800 قولغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 51.4%؛ سودىلىشىش ئومۇمىي سوممىسى 83 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 104.63% ئاشتى. 4 قەرەللىك مال شىركىتى ئىچىدە، 2 شىركەت پايدا ئالدى، 2 شىركەت زىيان تارتتى، زىيان بىلەن پايدىنى چىقىشتۇرغان ئومۇمىي زىيان 364 مىڭ يۈەن بولدى. ئېچىلغان ھېساب 1446 غا يېتىپ، 12.09% ئاشتى.

خې جيې

## ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاكسىيە كەسپىي سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاستىچى ئاپپارات 15 بولۇپ، كەسپكارى 300 دىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2، مەبلەغنى باھالاپ، مۆلچەرلەش ئاپپاراتى 2، يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنى 3، ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى 8.

خې جيې

## پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

1. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى پەيچى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ھەر بىر نازارەتچىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر بىر نازارەتچىدىن شىركەتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، شىركەتلەرنىڭ خەيىمخەتەر نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، ئۇچۇرنى راۋانلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

2. سەييارە تەكشۈرۈش، مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ خېيىمخەتىرى ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلاندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. 2004 - يىلى تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 7 شىركەت سەييارە تەكشۈرۈلدى، پېيى بازارغا سېلىنغان 7 شىركەتنىڭ كۆپ قىسىم پاي كونترول بالا شىركەتلىرى ۋە شۆبە شىركەتلىرى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، 9 شىركەت مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، سەييارە تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرمىگەن شىركەتلەر نەق مەيداندا ئايلىنىپ كۆزدىن كۆچۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى ھەم پېيى بازارغا سېلىنغان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ چوڭ ئەھۋاللىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە، بىڭتۈەن پارتكومىغا مەخسۇس تېمىدا يازما دوكلات قىلىندى.

3. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاشنى داۋاملاشتۇردى، ئەھۋالنى ئىز قوغلاپ ئىگىلىدى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئاشكارىلانغان ئۇچۇرلىرىنىڭ پاكىت بىلەن بىردەكلىكىگە ۋە چىنلىقىغا دىققەت قىلىپ، ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن ئاخباراتنىڭ نازارەتچىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، باشلامچىلار ۋە پېيى بازاغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئاساسلىق تەرەپتىكى ئۇچۇرلارنى مونوپول قىلىۋېلىشى ئەڭ زور چەكتە بۇزۇپ تاشلاندى.

4. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمى ۋە چوڭ پايچىكلارنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، مۇستەقىل باشقۇرۇش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، شىركەت قانۇني ئىگىسىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. چوڭ پايچىكلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن سودىلىشىشتىن پايدىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تىجارەت نەتىجىسى تىزگىنلەندى ۋە تەكشەلدى، چوڭ پايچىكلارنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى يۇرۇشتۇرۇشنى كېپىللىك بىلەن تەمىنلەندى ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. مۇستەقىل باشقۇرۇشنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شىركەتنى باشقۇرۇشتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى، ھەقىقەتەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغانلارنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا شىركەتكە تەكلىپ بېرىلدى. نازارەتچىلىك ھەيئىتى ۋە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى، شىركەتلەردىكى نازارەتچىلىك ھەيئەتلىرىدىن چوقۇم بىر ئەنگە ئېلىنغان بوغالتىر ياكى ئالىي بوغالتىردىن مەخسۇس مالىيە خادىمى سەپلەش تەلەپ قىلىندى. شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي تەپتىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىش تەلەپ قىلىندى.

5. پېيىنى بازارغا سالماقچى بولغان شىركەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش مەزگىلىدە نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، تەۋەلىكتىكى سۈپەتلىك كارخانىلارنىڭ پېيىنى بالدۇر بازارغا سېلىشىغا مەدەت بېرىلدى. 2004 - يىلى ئەنگە ئېلىنغان پېيى بازارغا سېلىنغان پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى 32، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى، شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى، باغراش كۆلى قومۇشچىلىقى، شىلۇڭ توپا قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى، قەشقەر ساياھەتچىلىكى، پۇراقلىق پەن - تېخنىكا، پورت پاي ھەسسىدارلىقى قاتارلىق پېيىنى بازارغا سالماقچى بولۇپ يېقىندىن ئەنگە ئالدۇرغان 8 شىركەتنى تەكشۈردى، شىمالىي شىنجاڭ يول - كۆۋرۈكى، غەربىي يۇرت ساياھەتچىلىكى، يۈئچاڭ فۇخې، شىنشۇي پاي ھەسسىدارلىقىدىن ئىبارەت پېيىنى بازارغا سالماقچى بولغان 4 شىركەتنىڭ ئىلتىماس ماتېرىياللىرى قايتىدىن تەكشۈرۈلدى ھەم ئەنگە ئېلىندى، بىر قىسىم شىركەتلەر نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پېيىنى بازارغا سالماقچى بولغان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش مەزگىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى خىزمەتلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى.

خې جيې

## ئاكسىيە تىجارىتى قىلغۇچى ئاپپاراتلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2004 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاكسىيە بازىرىنىڭ سۇسلىششى ۋە تارىختىن قالغان مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدىكى ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان ئاپپاراتلار ۋە قەرەللىك مال شىركەتلىرى بىر قەدەر زور خېيىمخەتەرگە دۇچ كەلدى، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاكسىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنىيلىقى، كەسپىي پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى چۆرىدەپ نەق مەيدان ۋە غەيرىي نەق مەيداندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېيىمخەتەرنى تىزگىنلىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالدى، شىنجاڭنىڭ ئاكسىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇردى.

1. شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى

تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە شىركەتلىرى، ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈملىرىنىڭ ھاۋالە بويىچە مالىيە باشقۇرۇش كەسپى ۋە ئۈچ تەرەپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كەسپلىرىنى كۆپ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈردى ۋە شىركەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىنىڭ مەبلىغى، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ كۆلىمىگە ۋە نەق پۇل بېرىشكە چېتىشلىق ئەھۋاللارنىڭ تېگىنى تەپسىلىي ئېنىقلىدى. شىنجاڭ ئاكسىيىسى، خۇڭيۈەن ئاكسىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇش كەسپىگە ئاساسەن، «ئاكسىيە شىركىتى خېرىدارلارنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇش توختامىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىمزالاش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «مەبلەغ باشقۇرۇش كەسپىي توختامىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىمزالاش مەزمۇنلىرى توغرىسىدا كۆرسەتمە» تۈزۈپ تارقىتىلىپ، شىركەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كەسپى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

2. شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ خېرىدارلارنىڭ مەبلىغىنى ساقلاپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشقا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، شىنجاڭ ئاكسىيىسى، خۇڭيۈەن ئاكسىيىسى شىركەتلىرىنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك خېرىدارلار مەبلىغىنى ساقلاپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۆزى ئاللىشى ۋە ئىزدىن يولغا قويۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

خې جيې

## قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۆز تەۋەسىدىكى قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تاماملىدى. يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالىنىڭ ھەقىقىي ۋە مۇكەممەللىكى، خېرىدارلار كاپالەت سوممىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بېكىنمە ئايلىنىش ئەھۋالى، تىجارەتنىڭ قانۇن - قائىدىگە ئۇيغۇنلىقى، ئىچكى باشقۇرۇش ۋە خېيىمخەتەرنى تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈملۈكلۈكىدىن بولدى. قەرەللىك مال شىركەتلىرىنىڭ كاپالەت سوممىسى توغرىسىدا 2004 - يىلى ئۆز تەۋەلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت چارە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «تۆت جەدۋەل، بىر تالون» تۈزۈمى مەجبۇرىي يولغا قويۇلدى، غەيرىي نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قېتىمى كۆپەيتىلدى، بانكا بىلەن بولغان كەسپىي ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپ، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىش چەكلەندى.

خې جيې

## تەپتىشلىك خىزمىتى

1. قانۇنسىز تور نۇقتىلىرى، قانۇنسىز سودا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، بازارنىڭ سودا تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ 4 قېتىملىق قانۇنسىز ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارىتى قىلىش ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى قانۇنسىز قەرەللىك مال سودىسى تور نۇقتىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك شېڭشى مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى،

شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| شىركەت نامى | پاينى بازارغا سالغان ۋاقتى | سودىلىشىش ئورنى | تارقاتقان چاغدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | پاي تارقىتىپ توپلىغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | 2004 - يىل ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | 2004 - يىلى جەمئىي يىغىلغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي | ئوبوروت قىلىنىدىغان پاي | | ئومۇمىي پاي | ئوبوروت قىلىنغان پاي | |
| خۇڭيۈەن ھاۋالىسى | 1994 | شېنجېن سودا ئورنى | 17500 | 4500 | 10550 | 60875 | 24246 | 76971 |
| شىنجاڭ جۇڭخې | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 7953 | 2025 | 9450 | 10340 | 2925 | 9450 |
| بەيخۋاسۇن | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 6128 | 2700 | 10800 | 9480 | 4650 | 19500 |
| خۇيتۇڭ سۇچىلىقى | 1996 | شېنجېن سودا ئورنى | 5000 | 1250 | 7062 | 23318 | 9596 | 17270 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دوستلۇق گۇرۇھى | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 10700 | 2700 | 10607 | 31149 | 17131 | 51157 |
| شىنجاڭ تۆنخې | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 7000 | 1750 | 9400 | 80560 | 40629 | 44400 |
| قۇلماق شىركىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8000 | 3000 | 11523 | 36792 | 17412 | 24877 |
| شىنجاڭ تيەنيى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 6300 | 2430 | 16896 | 22680 | 9720 | 43482 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8168 | 3000 | 14820 | 29862 | 16954 | 86230 |
| شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8600 | 2700 | 24071 | 47036 | 17846 | 32887 |
| تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىقى | 1998 | شېنجېن سودا ئورنى | 18782 | 4230 | 20783 | 36346 | 10998 | 40571 |
| تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 12946 | 4500 | 26394 | 20802 | 9360 | 44044 |
| شىننۇڭ تەرەققىياتى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 29400 | 9000 | 32905 | 32100 | 11700 | 63420 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارىقى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 22050 | 7500 | 45375 | 44100 | 15000 | 45375 |
| شىنجۇڭجى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 12459 | 4500 | 21011 | 12459 | 4500 | 21011 |
| گۇاڭخۇي پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 35378 | 5000 | 31652 | 86606 | 24480 | 31652 |
| خەلقئارا ئوقەتچىلىك | 2000 | شېنجېن سودا ئورنى | 17179 | 7000 | 39837 | 17179 | 7000 | 39837 |
| ماركور پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 9208 | 4000 | 50923 | 19889 | 8640 | 50923 |
| تيەنلى يۇقىرى پەن-تېخنىكىسى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 17000 | 6000 | 42653 | 35700 | 12600 | 42653 |
| شىنجاڭ تيەنخۇڭ شىركىتى | 2001 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8016 | 3000 | 16633 | 8016 | 3000 | 16633 |
| نەشپۇت پاي ھەسسىدارلىقى | 2001 | شاڭخەي سودا ئورنى | 16050 | 5000 | 23141 | 16050 | 5000 | 23141 |
| تيەنفۇ تېرمو ئېلېكترى | 2002 | شاڭخەي سودا ئورنى | 16909 | 6000 | 42000 | 25363 | 9000 | 42000 |
| «1 - ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر شىركىتى | 2002 | شاڭخەي سودا ئورنى | 40943 | 13000 | 95940 | 58958 | 18720 | 95940 |
| گۇەننۇڭ پاي ھەسسىدارلىقى | 2003 | شاڭخەي سودا ئورنى | 12000 | 4000 | 21610 | 18000 | 6000 | 21610 |
| چىڭسۇڭ جيەنخۇا | 2003 | شاڭخەي سودا ئورنى | 18493 | 6000 | 24265 | 18493 | 6000 | 24265 |
| شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى | 2003 | شاڭخەي سودا ئورنى | 16054 | 6000 | 33546 | 16054 | 6000 | 33546 |
| شىنسەي پاي ھەسسىدارلىقى | 2003 | شاڭخەي سودا ئورنى | 15000 | 5000 | 31441 | 18000 | 6000 | 31441 |
| جەمئىي | | | 403215 | 125785 | 725288 | 836206 | 325107 | 1074286 |

خې جيې

شىنجاڭ ئاكسىيە قەرەللىك مال ئاپپاراتلىرى، خادىملىرىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى سانى

| شىركەت نامى | ئاپپارات | خادىم | تىجارەت بۆلۈمى | خادىم | مۇلازىمەت بۆلۈمى | خادىم |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئاكسىيە ئاپپاراتلىرى | 2 | 678 | 19 | 328 | 16 | 61 |
| شىنجاڭ ئاكسىيە پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى | 1 | 392 | 15 | 207 | 12 | 26 |
| خۇڭيۈەن ئاكسىيە پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى | 1 | 286 | 4 | 121 | 4 | 35 |
| باشقا جايلارنىڭ ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تىجارەت بۆلۈملىرى | | | 12 | 244 | 3 | 14 |
| جىنيۈەن ئاكسىيە شىركىتى | | | 1 | 17 | | |
| پىڭئەن ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 16 | | |
| جۇڭگو يىڭخې ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 31 | | |
| شاڭسەي ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 18 | 1 | 4 |
| داپېڭ ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 24 | | |
| گۇاڭدا ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 17 | | |
| گوتەي جۇنئەن ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | | | 1 | 16 | | |
| شىنيىنۇەنگو پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى | | | 1 | 14 | | |
| خەيتۇڭ ئاكسىيە شىركىتى | | | 1 | 12 | | |
| دېخېڭ ئاكسىيە شىركىتى | | | 2 | 55 | 2 | 10 |
| مىللەت ئاكسىيە شىركىتى | | | 1 | 24 | | |
| جەمئىي | 2 | 678 | 31 | 572 | 19 | 75 |
| شىنجاڭ قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتى | | | | | | |
| شىنجاڭ خۇيخې قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى | 1 | 26 | | | | |
| شىنجاڭ لۈتۇڭ قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى | 1 | 20 | | | | |
| شىنجاڭ تيەنلى قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى | 1 | 31 | | | | |
| شىنتيەن قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى | 1 | 38 | | | | |
| جەمئىي | 4 | 115 | | | | |

خې جيې

شاڭخې مەبلەغ سېلىش، مالىيە باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ چەت ئەلدە تاشقى پېرېۋوت كاپالەت سوممىسى سودىسى بىلەن قانۇنسىز شۇغۇللىنىشقا چېتىشلىق ھەرىكىتى ئۈزئارا ماسلاشقان ھالدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛

شىنجاڭ يېگىلىق يارىتىش مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شىلۇڭ توپا قۇرۇلۇشى، بېيىكىن شىركەتلىرىنىڭ پاي ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى قانۇنسىز سانقانلىقى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ مەبلەغ سالغۇچىلار ئەرز قىلغان تېەنلى قەرەللىك مال شىركىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قانۇنسىز تور نۇقتا تەسىس قىلغانلىق دېلوسى تەكشۈرۈلدى؛ بۇ يىل تەۋەلىكتىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇقتۇرۇشلار ئېلان قىلىنىپ، تەۋەلىكتىكى قانۇنلۇق ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسملىكى ۋە پاش قىلىش، ئەرز قىلىش تېلېفونى ئېلان قىلىندى.

2. دېلولارنى تەكشۈرۈشكە ھەمكارلىشىش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش بىرلەشمە كۈچى كۈچەيتىلىپ، بازاردا تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇلدى. 2004- يىلىنىڭ بېشىدا «دېلۇڭ سىستېمىسى» ۋەقەسى يۈز بەردى، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىۋاستە قاتنىشىپ، دېلونى بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

3. ئەرزىيەت خىزمىتى مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 85 قېتىملىق ئەرزىيەت، شىكايەت قىلىش ئىشلىرىنى كۆتۈۋېلىپ، بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاكسىيە شىركىتىگە چېتىلىدىغىنى 47، قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىگە چېتىلىدىغىنى 15، مەسلىھەت سوراش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشقا چېتىلىدىغىنى 14، قانۇنسىز ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارىتى ئاپپاراتىغا چېتىلىدىغىنى 9.

خې جيې

## ئاكسىيە بازىرى خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى پەسەيتىش

2004 - يىلىنىڭ بېشىدا «دېلۇڭ سىستېمىسى» كرىزىسى تۇيۇقسىز پارتلاپ چىقتى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەگە شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بازار خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى پەسەيتتى.

1. دېلو يۈز بېرىشكە ئالدىن جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىشى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، بازار ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىنىپ، دېلۇڭ پاي كونترول شىركىتى ۋە چاتما كرىزىسكە ئۇچرىغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

2. دېلۇڭ بايرىقى ئاستىدىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تىجارەت بۆلۈمىنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. توپلىشىپ ۋەقە سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئاكسىيە ئىدارىسى يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، تەۋەلىكىدىكى ئاكسىيە بازىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

3. ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ھەيئىتىنىڭ دېلۇڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە ماسلاشتى. 6 تۈرلۈك ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ۋە ئىچكى سودا گۇرۇپپىسىدىن سودا - سانائەت ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ ئېلىش خىزمىتى ئورۇندالدى.

خې جيې

**ئىزاھات: 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئالاھىدە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى (قىسقارتىپ شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، دەپ ئاتىلىدۇ) غا ئۆزگەرتىلدى.**

# سۇغۇرتا

## شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىدىكى سۇغۇرتا شىركىتى 11 (تەيكاڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى) غا، مەركىزىي تارماق شىركەت 78گە، ناھىيىلىك تارماق شىركەت 301گە، ماركېتىڭ مۇلازىمىتى بۆلۈمى 492گە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليارد 813 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.57 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 2 مىليارد 4 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.82 تۆۋەنلىدى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 4 مىليارد 809 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.72 ئاشتى. تۈرلۈك تۆلەم پۇلى ۋە چىقىم 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم پۇلى

1 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %51.58؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ تۆلەم پۇلى ۋە چىقىمى 680 مىليون يۈەن بولۇپ، چىقىم قىلىش نىسبىتى %14.8 بولدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا سۇغۇرتىنىڭ زىچلىقى 349.65 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 26.65 يۈەن كۆپەيدى؛ سۇغۇرتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى %3.1 بولدى؛ سۇغۇرتا كەسپىنىڭ مەبلىغى 15 مىليارد 46 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 958 مىليون يۈەن كۆپەيدى. شىنجاڭنىڭ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ بازار ئۈلۈشى ئىچىدە، جۇڭگو خەلق مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %49.23نى، جۇڭخۇا بىرلەشمە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) %32.40نى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %3.76نى، جۇڭگو ئامانلىق مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %2.69نى، يۈڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %3.45نى، تيەنئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %0.55نى ئىگىلىدى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بازار ئۈلۈشى ئىچىدە، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %67.29نى، جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %16.57نى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %10.56نى، شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %2.51نى، تەيكاڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %3.07نى ئىگىلىدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا كەسپىي سۇغۇرتا ۋاستىچىلىك ئاپپاراتىدىن 7سى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغىچە كەسپىي سۇغۇرتا ۋاستىچىلىك ئاپپاراتى 21گە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە سۇغۇرتا كەسپىي جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭ سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى

## سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالاھىدە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى جۇڭگو سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھەيئىتى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى (قىسقارتىپ شىنجاڭ سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى دېيىلىدۇ).

شىنجاڭ سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى پەسەيتىش ۋە سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۇرغۇسى قىلىپ، نازارەت قىلىش بىلەن باشقۇرۇشنى مۇلازىمەت ئىچىگە قويۇپ، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1. مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «شىنجاڭ سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت يولغا قويۇش تەرتىپى»، «شىنجاڭ سۇغۇرتا ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىدا تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش خىزمىتىنى تەسىس قىلىش كۆرسەتمىسى»، «شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئالىي باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۆرسەتمىسى» قاتارلىق تۈزۈملەر بەلگىلىنىپ، «سۇغۇرتا كەسپى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان ۋاكالەتچى ئاپپاراتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىلدى. جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ھەيئىتىنىڭ 3 قېتىمدا 108 تۈرلۈك مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە «سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى ھەيئىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەتنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرلىرى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەزمۇنى، تەرتىپى، ۋاقىت چەكلىمىسىنى ئاشكارىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، باشقۇرغۇچىلار ئازراق بولغان ئەھۋالغا ئاساسەن، بازاردا ئەكس ئەتكەن قىيىن ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىلدى. نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شەكلى جەھەتتە، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىش ئوتتۇرىسىدا، ئىشتىن ئىلگىرى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، بازار تەرتىپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 8 ۋىلايەت (ئوبلاست) تىكى سۇغۇرتا بازىرى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى ھەم نازارەت

قىلىش، باشقۇرۇش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، نەق مەيداندا نازارەت قىلىش بىلەن خېيىمخەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى قوللىنىلىپ، «سۇغۇرتا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا جازا بېرىش ئۆچۈرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمى»، «سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىرى سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى»، «خېيىمخەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش تۈزۈمى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى، سۇغۇرتا شىركەتلىرىدە ساقلانغان خېيىمخەتەر يوشۇرۇن ئاپەتلىرىدىن ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەكلىپى بېرىلدى، ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىلىرىغا مەبلەغ سېلىش خېيىمخەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمى جەھەتتە، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئۆزئۆلمۇ ئۆزئۆل مۇناسىۋەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىش، ئۆچۈرلارنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازاردا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، سەپەر سۇغۇرتىسى بازىرىدا تالونغا قول بىلەن ئىمزا قويۇش، خالىغىنىچە ساختا سۇغۇرتا تالونى چىقىرىش، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىغا خېرىدار چاقىرىشتا قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش، سۇغۇرتا شىركىتى قانۇنسىز ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىغا كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى ھاۋالە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇس تۈزىتىلىپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ئاپپاراتلار ۋە ئالىي باشقۇرغۇچىلار قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىندى. سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىندى، شىركەتكە يېڭىدىن ئاپپارات قۇرۇلغان رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ئۆچۈرلار يەتكۈزۈپ بېرىلدى، شىركەتلەر ئاپپاراتلىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق تەسىس قىلىشقا يېتەكلىنىپ، يېڭى تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنىڭ ئىچكى خېيىمخەتىرىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى.

3. سۇغۇرتىنىڭ ئىناۋەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىناۋەت قۇرۇلۇشى سۇغۇرتا بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ تۈپتىن تۈزەش تەدبىرى قىلىنىپ، ئىناۋەت قۇرۇلۇشىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بەرپا قىلىنىپ، «شىنجاڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش

توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى. ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىدا تۆلەم ماجىرالىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇش، سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ ئىنكاسى مەركەزلىك بولۇشتەك مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، «ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىنىڭ ئىستېمال كۆرسەتمىسى» ۋە «ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم بېرىش قائىدىسى»نىڭ دەسلەپكى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ئەرزىيەت خىزمىتى تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئەرزىيەتنى بېجىرىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئەرز - شىكايەت دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋاللىرىنى قەرەللىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەرز - شىكايەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى، زىددىيەتلەر پائال پەسەيتىلىپ، ماجىرالار ھەل قىلىندى، ئىناۋەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق چوڭ-چوڭ ئىشلارغا كۈچلۈك ئىش قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئالاھىدە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى.

شى شياۋجۈن

## جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 202 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 98 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.77% تۆۋەنلىدى؛ تۈرلۈك تۆلەم دېلوسىدىن 191 مىڭ 800ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 571 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى 52.09%كە يەتتى.

ياڭ ۋېي

## جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 15 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا كىرىمى 3 مىليارد 85 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.62% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ماركىتىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليارد 868 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.2%؛ كوللېكتىپ كەسپىي سۇغۇرتا كىرىمى 216 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.4% ئاشتى. چىقىم قىلىنغان تۆلەم سوممىسى 551 مىليون يۈەنگە يېتىپ، چىقىم ۋە تۆلەم

نىسبىتى %88.17كە يەتتى.

جەن رۇنتاۋ

## جۇڭخۇا بىرلەشمە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭخۇا بىرلەشمە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) نىڭ 2004 ـ يىلدىكى سۇغۇرتىلاش سوممىسى 372 مىليارد يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 899 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %16.13 ئاشتى؛ 149 مىڭ 300 ھەر خىل تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 490 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى، چىقىم ۋە تۆلەم نىسبىتى %54.56كە يەتتى.

جۇڭخۇا سۇغۇرتىسى

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 36 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 84 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %6.6 تۆۋەنلىدى؛ 14 مىڭ 800 ھەر خىل تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 36 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %42.6 بولدى.

لياۋ خۇڭچىڭ

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 42 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 484 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %15.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ماركېتىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.64؛ كوللېكتىپ كەسپىي سۇغۇرتا كىرىمى 19 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %77.3 ئاشتى. 38 مىليون يۈەن تۆلەم سوممىسى چىقىم قىلىنىپ، تۆلەم نىسبىتى %7.78 بولدى.

جۇ جىنيەن

## جۇڭگو ئامانلىق مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ئامانلىق مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 5 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %15.99 ئاشتى؛ 14 مىڭ ھەر خىل دېلو بىر تەرەپ قىلىنىپ، 32 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى، ئۈنۈملۈك تۆلەم بېرىش نىسبىتى %54كە يەتتى.

جاڭ جىشىن

## جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 95 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 759 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %6.3 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ماركېتىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.5 ئاشتى؛ كوللېكتىپ كەسپىي سۇغۇرتا كىرىمى 84 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.35 تۆۋەنلىدى. 89 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %11.7 بولدى.

مېڭ خۇەن

## يۇڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 10 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %103.8 ئاشتى؛ 23 مىليون يۈەن تۆلەم پۇلى بېرىلىپ، تۆلەم نىسبىتى %30.2كە يەتتى.

ياڭ لى

## شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ

سۇغۇرتىلاش سوممىسى 12 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 94.91% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ماركىتىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 91.3%؛ كوللېكتىپ كەسپىي سۇغۇرتا كىرىمى 5 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 222.2% ئاشتى. بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 2 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۆلەم نىسبىتى 1.69% بولدى.

شى لېي

## تيەنئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تيەنئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 13 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 12 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 13.92% بولدى.

ۋېي لى

## تەيكاڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا تەيكاڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى ئىش باشلىدى. يىل ئاخىرىغىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 600 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 140 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ماركىتىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 40 مىليون يۈەنگە، كوللېكتىپ كەسپىي سۇغۇرتا كىرىمى 101 مىليون يۈەنگە يەتتى. 32 مىليون 600 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 0.23% بولدى.

لى جيەنجۇڭ

شىنجاڭدىكى رايونلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى سۇغۇرتا كەسپىي ئەھۋالى

| رايونلار | بارلىق كەسىپ (تۈمەن يۈەن) | | مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپى (تۈمەن يۈەن) | | جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپى (تۈمەن يۈەن) | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | سۇغۇرتا كىرىمى | 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | سۇغۇرتا كىرىمى | 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | سۇغۇرتا كىرىمى | 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| جەمئىي | 681307 | 9.57 | 200387 | -2.82 | 480920 | 15.72 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 210770 | 6.35 | 51842 | -8.04 | 158928 | 12.06 |
| قاراماي شەھىرى | 49486 | 8.76 | 15496 | 4.15 | 33989 | 11 |
| شىخەنزە شەھىرى | 33746 | 24.19 | 12512 | -4.25 | 21234 | 50.55 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 17759 | 4.05 | 7634 | -3.55 | 10125 | 10.63 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 22163 | 9.52 | 3941 | -13.27 | 18222 | 16.12 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 74905 | 11.85 | 18036 | 1.86 | 56869 | 15.43 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 62997 | 3.11 | 18503 | -7.54 | 44494 | 8.29 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 27485 | 10.76 | 5678 | -11.16 | 21807 | 18.37 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 18446 | 17.96 | 4416 | 22.70 | 14030 | 16.54 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 15850 | 11.38 | 5962 | -11.62 | 9888 | 32.10 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 59589 | 6.67 | 199.6 | -0.99 | 39683 | 10.98 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 37977 | 17.71 | 15706 | 3.13 | 22271 | 30.74 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 3161 | 11.97 | 914 | -9.24 | 2247 | 23.79 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 37852 | 17.67 | 15783 | 7.60 | 22069 | 26.12 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 9121 | 17.60 | 4059 | 2.53 | 5062 | 33.34 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

شىنجاڭدىكى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۆرسەتكۈچى

| تۈرلەر | سۇغۇرتا ھەققى (تۈمەن يۈەن) | تۆلەم ۋە چىقىم (تۈمەن يۈەن) | تۈرلەر | سۇغۇرتا ھەققى (تۈمەن يۈەن) | تۆلەم ۋە چىقىم (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپى | 200387 | 106468 | پەۋقۇلئاددە خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى | 4735 | 873 |
| كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى | 24407 | 8417 | يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى | 24942 | 16473 |
| ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى | 1335 | 981 | باشقا سۇغۇرتىلار | 4185 | 2689 |
| ماتورلۇق ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى | 122987 | 69641 | ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپى | 480920 | 76963 |
| قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسى | 2279 | 1656 | ئۆمۈر سۇغۇرتىسى | 390322 | 40448 |
| مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى | 4461 | 1965 | ساغلاملىق سۇغۇرتىسى | 66215 | 29683 |
| كاپالەت سۇغۇرتىسى | 5861 | 2558 | كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى | 24383 | 6833 |
| مال توشۇش سۇغۇرتىسى | 5195 | 1216 | | | |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### مۇھىت ئاسراش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. 2 - ئاينىڭ 3 ~ 5 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 2003 - يىللىق مۇھىت ئاسراش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامەسىنى يولغا قويۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان بايىنغولىن، قاراماي، ئاقسۇ، تۇرپان، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر بىلەن مۇھىت ئاسراش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. 2004 - يىلى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى تەركىبىدىكى مۇھىت ئاسراش ئۇنىۋېرسال تەدبىرى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇش، تارماقلار ھەمكارلىشىش، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش باشقۇرۇش، ئامما كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشتىن ئىبارەت مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇھىت ئاسراش جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرگە يەر تاللاش ئۈتكىلى قاتتىق تۇتۇلدى. شەرت ھازىرلىغان 14 كارخانا تاللاپ چىقىلىپ، پاكىز ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى مايتاغ نېفىت-خىمىيە شۆبە شىركىتىگە تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەتلىك مۇھىت دوستلۇق كارخانىسى، دېگەن نامنى بەردى. «2004 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلىدە ئېگىلىكنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى باسقۇچلۇق يېتەكچى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى، ئائىلىدە ئېگىلىك ئەندىزىسى ۋە بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇمۇل چاڭخې سانائەت - سودا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىدە ئېگىلىك سىناق قىلىنىدىغان تۇنجى ئورۇن قىلىندى. ئورگانىك يېمەكلىك جەھەتتە كۈچلۈك رايون ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى سىناق قىلىدىغان رايون، دەپ رەسمىي تەستىقلىدى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە «رادىئاتسىيە مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئاممىنى خاتىرجەم قىلىش» مەخسۇس ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. رادىئاتسىيە مەنبەسىگە چېتىشلىق 540 ئورۇننىڭ 1701 رادىئاتسىيە مەنبەسى تەكشۈرۈلدى. دۆلەتلىك 6 مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قانۇنغا خىلاپ بۇلغىما قويۇپ بەرگەن كارخانىلارنى تۈزەپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەخسۇس ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان 8682 كارخانا تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپ بۇلغىما قويۇپ بەرگەن 269 قىلمىش دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ساياھەت ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ كانالارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش بويىچە مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بايلىق ئېچىشتا ئېكولوگىيىنى قوغداش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. زېمىن - بايلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر كۆمۈر باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن تەپتىش قىلىندى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ جانلىقلار تۈرلىرى بايلىقىنى قوغداش ئۈستىدە قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2004 - يىلى كورلا ۋە قاراماي شەھەرلىرى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن

ئۆتتى، كورلا شەھىرى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا، غەربى قىسمىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر ئىچىدە تۇنجى دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراشتىكى نەمۇنىچى شەھەر بولدى.

ليۇ جىن

## مۇھىتقا دائىر سىياسەت تەتقىقاتى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «ئاپتونوم رايون مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەمۇرىي جازا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايون مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىنىڭ مۇھىتقا چېتىشلىق جىنايەت دېلولىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تۈزدى.

2004 - يىلى مۇھىت ئاسراش جەھەتتە مەمۇرىي جازا بېرىلگەن دېلو 1195گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 323ى كۆپەيدى؛ جازا بېرىلگەن دېلولارنىڭ سوممىسى 4 مىليون 253 مىڭ 41 يۈەنگە يېتىپ، %33 ئاشتى؛ قايتا قاراپ چىقىلغان دېلو 4 بولۇپ، 2سى ئازايدى؛ مەمۇرىي دەۋا دېلوسى 3 بولۇپ، چېتىشلىق نىشان سومما 37 مىڭ 922 يۈەن. مەمۇرىي تۆلەم دېلوسى ۋە جىنايەت دېلوسى يۈز بەرمىدى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىلگەن دېلوسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 470كە يېتىپ، مەمۇرىي جازا بېرىلگەن دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ %39.3نى، جازا سوممىسى 874 مىڭ 250 يۈەنگە يېتىپ، جازا سوممىسى ئومۇمىي سانىنىڭ %20.6نى ئىگىلىدى.

ليۇ جىن

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش - باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇردى. 5 ~ 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش تۈرىدە مۇھىت ئاسراشتا «3نى تەڭ ئېلىپ بېرىش»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، قۇرۇلۇش بولىۋاتقان تۈرلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2004 - يىلى 2366 قۇرۇلۇش تۈرى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلاتنامە تۈزۈلگىنى 145 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.6، دوكلات جەدۋىلى تۈزۈلگىنى 592 بولۇپ، %45، تىزىملاش جەدۋىلى تولدۇرۇلغىنى 1629 بولۇپ، %46.5 ئاشتى. يولغا قويۇلغان تۈرلەرە مۇھىت ئاسراشقا 2 مىليارد 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى بولدى، بۇ 2003 - يىلدىكىدىن %97.7 ئېشىپ، مەلۇم قىلىنغان تۈرلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %97.4نى ئىگىلىدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش قىلمىشىنى تۈزەش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، يېقىندىن ئورنىتىلغان بارلىق پارقازانلىرىغا يۇقىرى ئۈنۈملۈك گۈڭگۈرتسىزلەندۈرىدىغان توزاڭ تازىلىغۇچ سەپلەشنى تەلەپ قىلدى. مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىشنى باھالاشتا مۆلچەرلەنگەن بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىش مىقدارى ۋە كېمەيتىش مىقدارى ياخشى ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنى نامايەن قىلدى، گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى، چاڭ - توزاڭ، ئىس - تۈتەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ مىقدارىنى كېمەيتىش سالمىقى زور دەرىجىدە ئاشتى، قويۇپ بېرىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى. يۇندىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، قاتتىق تاشلاندۇقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى زىيانسىزلاندۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، يېڭى قۇرۇلغان بارلىق تۈرلەرگە يۇندا تازىلاش ئەسلىھەسى سەپلەش تەلەپ قىلىندى، تاشلاندۇقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى %50تىن ئاشتى. ئامىياك، قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور بولدى، ئازايتىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، قويۇپ بېرىش مىقدارى ئازايدى.

2004 - يىل ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرىدىن 105ى تەستىقلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوكلاتنامە 24، دوكلات جەدۋىلى 63، تىزىملاش جەدۋىلى 18؛ باش ئىدارە 7 تۈرنىڭ مۇھىتىنى بىرىنچى قېتىم، 24 تۈرنىڭكىنى ئالدىن تەكشۈردى، پۈتكەن 22 ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە تەشكىلاتچىلىق قىلىندى.

دوڭ يامىڭ، شيې دوڭيىڭ

## مۇھىت تەپتىشلىكى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە مۇھىتنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى ھەمدە شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جەنۇبىي تارىم دەرياسى چارلاش شىركىتى ۋە قارامايدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرىنى

ۋە مۇھىت ئاسراش قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەپتىش قىلدى. بىر يىلدا ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرىنى 72 ئادەم - قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈردى، جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلاردىكى تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى 3 قېتىم نەق مەيداندا تەپتىش قىلدى. تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنىڭ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈرلەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى %80كە يەتكۈزۈلدى. لوپنۇر ناھىيىلىك تېچاڭ شىركىتىنىڭ يۇندا توسىمسى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ مۇھىتنى بۇلغىغان ھادىسىسى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ S35 قۇدۇقىنىڭ ئاغزىدىن نېفىت تېشىپ كېتىپ مۇھىتنى بۇلغىغان ھادىسىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتى.

لىۋ خەنفېڭ

## يۇندا قويۇپ بېرىشتىن ھەق ئېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇندا قويۇپ بېرىشتىن ئېلىنغان ھەق 161 مىليون 137 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %34 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇننىڭ بىۋاسىتە ئالغىنى 48 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئالغىنى 104 مىليون 27 مىڭ 800 يۈەن، بىڭتۇەننىڭ ئالغىنى 9 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

يەن خېچىڭ

## مۇھىت تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش ئالاقىچىلىرى تورى قۇرۇلدى. 4 چوڭ ئاخبارات ۋاستىسىدا ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى كۈن ئاتالاپ خەۋەر قىلىندى، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ مۇھىت ئاسراش مەخسۇس سەھىپىسى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك «مۇھىت ئاسراش بويىچە ياخشى خەۋەر» مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە 66 ئەسەر 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «ياۋايى ھايۋانلارغا ئوتلاق بوشىتىپ بېرەيلى» ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان «سالاماندرا ئانا بېلىقى» مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «دۇباڭ لوڭقىسى» مۇھىت ئاسراش بويىچە ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاشتا يېزىق تورى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە تۈرىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قالغان 2 ئەسەر يېزىق تۈرىدە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «5 - ئىيون» دۇنيا مۇھىت كۈنى مەزگىلىدە «شەكسىز يېمەكلىك يېيىش، يېشىل مەھەللىدە ئولتۇرۇش» دېگەن تېمىدا خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى، 40 مەكتەپكە 2 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «يېشىل مەكتەپ» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 3 - ئاينىڭ 17- كۈنى جۇڭگو مۇھىت ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ سانجى شەھىرىنىڭ لىۋگوڭ بازىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇھىت ئاسراشنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى قوزغاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە مۇھىت تەربىيىسىنى يېزىلار (چارۋىچىلىق رايونى) غا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى رەسمىي قوزغىغان 2 - ئورۇن بولدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىشىپ «يېشىل ئائىلە» تېمىسىدىكى پائالىيەتنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش بىلىملىرى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى ھەمدە مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئۈلگە دەرىجىلىك تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش تەشۋىقات - تەربىيە مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئايگۈل

## مۇھىت ئاسراشقا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە 3 مىليارد 883 مىليون 886 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %1.76نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كونا سانائەتنىڭ بۇلغىما مەنبەسىنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 296 مىليون 224 مىڭ يۈەن، «ئۈچنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» تۈرىدىكى مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغىنى 804 مىليون 792 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ 2 تۈر شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %0.5نى ئىگىلىدى؛ شەھەرلەرنىڭ مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 2 مىليارد 782 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %1.26نى ئىگىلىدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە سېلىنغان مەبلەغدىن كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 568 مىليون 264 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %66.13نى؛ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 872 مىليون 885 مىڭ يۈەن بولۇپ، %22.47نى؛ قاتتىق تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 255 مىليون 851 مىڭ يۈەن

بولۇپ، 59%.6نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا 116 مىليون 252 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سانائەت بۇلغىمىلىرىنى تۈزەش مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش خىراجىتى 426 مىليون 685 مىڭ يۈەن بولدى.

شى شۈمېي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 13 قېتىم مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 1 مىليون 112 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 600 مىڭ يۈەن؛ چوڭ ھادىسە بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 80 مىڭ يۈەن؛ چوڭراق ھادىسە 3، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 73 مىڭ يۈەن؛ ئادەتتىكى بۇلغىنىش ھادىسىسى 8، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 359 مىڭ يۈەن؛ بۇلغىنىش ھادىسىلىرىنى تۈرگە ئايرىغاندا، سۇ بۇلغىنىش ھادىسىسى 10 قېتىم، زىيان 999 مىڭ يۈەن؛ قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ بۇلغاش ھادىسىسى بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىڭ يۈەن؛ ئاتموسفېرا بۇلغىنىش ھادىسىسى بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 80 مىڭ يۈەن؛ باشقا بۇلغىنىش ھادىسىسى 2، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 33 مىڭ يۈەن. بۇلغىنىش ھادىسىسىدە 1 مىليون 961 مىڭ 727 كۋادرات مېتىر يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، 40 مىڭ كۋادرات مېتىر بېلىق كۆلچىكى بۇلغاندى. بۇلغاش ھادىسىسىگە 146 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 878 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

لى خۇەيچاۋ

# تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 204 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ 28%.12نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 19.

شىيې دۇڭيىڭ

## ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى


2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى 2، دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىش نۇقتىسى 6، ئۈلگە رايونىنىڭ كۆلىمى 127 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ 97%.7نى ئىگىلەيدۇ.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھىتى گۈزەل يېزا ـ بازار قۇرۇش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى، سانجى شەھىرىنىڭ ليۇگۇڭ بازىرى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاراتۇرۇك بازىرى، پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان بازىرى، ئىلىنىڭ قورغاس پورتىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھىتى گۈزەل يېزا ـ بازار دەپ نام بېرىلدى.

شىيې دۇڭيىڭ

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىل شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 305 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، 6.805 كىلومېتىر تومۇزيول، تاشيول ۋە دەريا ئەتراپى كۆكەرتىلدى، 89 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 126 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە دۆلەت تارىم دەريا ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنۈۋېرسال تۈزەش تۈرىگە 4 مىليارد 3



قارامايلى تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئەتىۋارلىق ھايۋان — ئاقبوغۇز بۆكەن.
سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن

مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانىنى چۈشۈردى، بۇ تۈرنىڭ 3 مىليارد 557 مىليون يۈەن مەبلىغى نەقلىشىپ، 3 مىليارد 330 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىش باشلانغان تۈرلەر ئىچىدە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1145 كىلومېتىر كېلىدىغان 58 ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىندى؛ ئادەتتىكى سۇ تېجەش كۆلىمى 473 مىڭ 700 گېكتارغا، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق سۇ تېجەش كۆلىمى 23 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكۈزۈلدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ئېكولوگىيىسىگە 6 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك سۇ يەتكۈزۈلدى، يەتكۈزۈلگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

شيې دۇڭيىڭ

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

| تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى | ئورنى | كۆلىمى (گېكتار) | ئاساسلىق قوغدىلىدىغان ئوبيېكت | قۇرۇلغان ۋاقتى | دەرىجىسى | كەسىپكە مەسئۇل تارماق |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 4500000 | ئېگىزلىك چۆل ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| لوپنۇر ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بايىنغولىن ئوبلاستى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى | 7800000 | قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | 1986 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرچىن ناھىيىسى | 220162 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئونسۇ ناھىيىسى | 125637 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 31217 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| گەنجاخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | شىخۇ شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى | 54667 | سۆكسۆك ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | خېجىڭ ناھىيىسى | 148689 | نەم يەر ۋە ئاق قۇ | 1986 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئارشاڭ ناھىيە سالىماندىرا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئارشاڭ ناھىيىسى | 694. 5 | شىنجاڭ سالىماندىراسى ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | 1997 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | فۇكاڭ شەھىرى | 38069 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئىلى كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | غۇلجا ناھىيىسى | 404. 67 | كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 1180 | ياۋا ياڭاق ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارباغاتاي ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1500 | ياۋا بادام ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارىم توغراق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | لوپنۇر، بۈگۈر ناھىيىلىرى | 395420 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قورغاس ناھىيە تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | قورغاس ناھىيىسى | 27000 | تۆت پەنجىلىك تاشپاقا ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قارامايلى تۇياقلىقلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۆكتوقاي، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى | 1800000 | ياۋايى ھايۋانات قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تاشقورغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | تاشقورغان ناھىيىسى | 1500000 | ياۋايى ھايۋانات قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بۇلغۇن قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چىڭگىل ناھىيىسى | 5000 | قۇندۇز ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| كۈنەس ناھىيە تاغلىق يەر چىملىق تۇرىدىكى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۈنەس ناھىيىسى | 65300 | تاغلىق يەر چىملىق تۇرىدىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيە جىنتاس تاغلىق يەر يايلاق تۇرىدىكىلەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 56700 | تاغلىق يەر چىملىق تۇرىدىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| گۇچۇڭ ناھىيە چۆل ئوتلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 38600 | چۆل ئوتلىقى ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| ئىلى قاراھەرە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئىلى ئوبلاستى | | شىنجاڭ قاراھەرىسى ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | دېھقانچىلىق تارمىقى |
| ئېبنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 267085 | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 31400 | ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋانات | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتاي ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 1130000 | ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە بوغا | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتاي كۆكسۇ نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 30666. 67 | نەم يەر | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئوتتۇرا كوئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چەرچەن ناھىيىسى | 3200000 | تىبەت بۆكىنى | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى

# مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا

## مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتىگە دائىر ئاخباراتى بىلەن مۇھىت ستاتىستىكىسىغا دائىر ئاخباراتىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى، مۇھىت ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتى، رادىئاتسىيىلىك مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى ۋە 2004 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالىغا دائىر قىسقا خەۋەرلەرنى تۈزدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 16 شەھەردە گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى، ئازوت 4 ئوكسىدى، لەيلىمە دانچىلار ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ (ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىدە ھاۋانى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانچىلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى)، ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەرنىڭ كۈندىلىك ھاۋا سۈپەت مەلۇماتىدىن 184 سان مەلۇمات بېرىلدى. 20 ئاساسلىق دەريا ئېقىن سۈيىنىڭ سۈپىتى، 17 شەھەردىكى 26 ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، 16 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى، 17 شەھەرنىڭ ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ۋە ئاساسلىق 20 دەريا سۈيىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا «شىنجاڭنىڭ مۇھىت سۈپىتىگە دائىر ئانالىز» ناملىق 12 سان ئايلىق مەلۇمات، 4 سان پەسىللىك مەلۇمات تۈزۈلدى. 17 شەھەردە يۈز بەرگەن قۇم بورانىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، «2003- يىللىق جىددىي ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن قۇم بورانغا دائىر تېز خەۋەرلەر گېزىتى» 137 سان چىقىرىلدى، 2004 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ قۇم بورانىنى جىددىي ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى خۇلاسىلەش دوكلاتىدىن بىر سان تۈزۈلدى. مەملىكەتلىك 2- قېتىملىق كىسلاتالىق يامغۇرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لايىھىسىگە ئاساسەن، 17 شەھەردە كىسلاتالىق يامغۇر تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىپ، دۆلەت مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش باش پونكىتىغا «شىنجاڭدىكى 17 شەھەردە ياغقان كىسلاتالىق يامغۇرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە دائىر ستاتىستىكىلىق ئانالىز» ناملىق 4 سان پەسىللىك مەلۇمات ۋە بىر سان يىللىق مەلۇمات يوللاندى. 16 شەھەرنىڭ شاۋقۇن مۇھىتىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنىڭ 2004 - يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىش مەزگىلىدىكى شاۋقۇن مۇھىتى سۈپىتىگە دائىر بىر سان تېز خەۋەرلەر گېزىتى، 2004 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدىكى شاۋقۇن مۇھىتى سۈپىتىگە دائىر بىر سان تېز خەۋەرلەر گېزىتى تۈزۈلدى. 8 كۆل (سۇ ئامبىرى) ۋە تارىم، ئىلى، ئېرتىش دەريالىرىنىڭ دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن بۇلغىنىش ئەھۋالى 2 قارار تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى. بىر قىسىم رايونلاردىكى يېزا زەيكەشلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى 2 قارار تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىپ، يېزا زەيكەشلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى ئانالىز دوكلاتىدىن بىر سان تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق بۇلغىما مەنبەلىرى نازارەت قىلىش خارەكتېرىدە تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىپ، 6 سان قوش ئايلىق مەلۇمات تۈزۈلدى. تارىم دەريا ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە دائىر 4 سان پەسىللىك مەلۇمات ۋە يىللىق مەلۇمات تۈزۈلدى. رادىئاتسىيىلىك بۇلغىما مەنبەسى بىلەن رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنىڭ سۈپەت ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى.

ئەركىن

## ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى


2004 - يىلى شىنجاڭدىكى بوستانلىقلاردا 130 قېتىم دائىرىلىك قۇم - توزاڭ بىلەن بۇلغىنىش ھاۋارايى، 8 قېتىم رايون خاراكتېرلىك قۇم بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 قېتىملىق قۇم بورانلىق ھاۋارايى شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلىغان جايلاردا كۆرۈلدى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى يەنىلا قۇم - توزاڭنىڭ ھاۋانى بۇلغىشى كۆپ كۆرۈلىدىغان رايون بولۇپ، قۇم بورانىنىڭ دەرىجىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولدى. قۇم - توزاڭ چىقىپ ھاۋانى بۇلغىغاندا، بىر كۇب مېتىر ھاۋادىكى لەيلىمە دانچىلارنىڭ قويۇقلۇقى 1.008 ~ 50.65 مىللىگرام ئارىلىقىدا بولدى. قۇم - توزاڭنىڭ ھاۋانى بۇلغاش ھادىسىسىنىڭ قېتىم سانى 2003 - يىلدىكىدىن كۆپەيدى، تەسىر دائىرىسى كېڭەيدى، تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى كۈچەيدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋاسى يەنىلا چاڭ - توزاڭ ۋە ئىس - تۈتەكتىن بۇلغاندى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ئاساسلىقى ئىس - تۈتەكتىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ئاساسلىقى چاڭ - توزاڭدىن بۇلغاندى. شەھەر ھاۋا مۇھىتىدىكى ئاساسلىق بۇلغىمىلار لەيلىمە دانچىلار ياكى سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانچىلاردىن ئىبارەت، كۆپلىگەن

شەھەرلەردىكى لەيلىمە دانچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشتى. گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى بىلەن ئازوت 4 ئوكسىدىنىڭ مىقدارى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەندىن سىرت باشقا شەھەرلەردە ئاساسەن ئۆلچەمگە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەر ئىچىدە 4 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2 شەھەر ئازايدى، 5 شەھەرنىڭ دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى، دۆلەتنىڭ 2 -، 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن جەمئىي شەھەر سانى 2003 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى 1-، 2 - دەرىجىگە يېتىپ ياخشى بولغان كۈن نىسبىتى %60.7 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.5 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ بىر كۇب مېتىر ھاۋاسى تەركىبىدىكى لەيلىمە دانچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 0.464 مىللىگرامغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.016 مىللىگرام كۆپەيدى. كۆپ قىسىم شەھەرلەرنىڭ ھاۋادىكى لەيلىمە دانچىلار قويۇقلۇقى 2003 - يىلدىكىدىن سەل ئاشتى. 2004 - يىلى مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا سۈپىتى سەل تۆۋەنلىدى، كۈنلۈك ھاۋا سۈپەت مەلۇماتى 2 - دەرىجىدىن ياخشى بولۇپ، ئەلا - ياخشى بولغان كۈن سانى %70.5 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.5 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى. ھاۋا سۈپىتى 3 - دەرىجە بولغان كۈن سانى %23.2نى، 4- دەرىجە بولغان كۈن سانى %3.6نى، 5 - دەرىجە بولغان كۈن سانى %2.7نى ئىگىلىدى، 2003 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىر كۇب مېتىر ھاۋاسى تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت IV ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 0.013 مىللىگرام ئېشىپ، %13.4 ئۆرلىدى، ئازوت IV ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 0.004 مىللىگرام ئېشىپ، %7.3 ئۆرلىدى، سۇمۇرۇۋېلىنىدىغان دانچىلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 2003 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. ھاۋاغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامللار ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 233 مىڭ 500 توننا ئىس - تۈتەك، 429 مىڭ 100 توننا گۈڭگۈرت IV ئوكسىد، 167 مىڭ 700 توننا سانائەت چاڭ - توزىنى قويۇپ بېرىلىپ، 2003- يىلدىكىدىن سەل ئاشتى.

ئەن خېيېەن



قورغاس ناھىيىسى تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىلىرى.
سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن

## سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تورىنىڭ 20 دەريا - ئېقىننىڭ 56 كەسمە يۈزىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ئايلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن سۇ سۈپىتىنىڭ ئومۇمەن خېلى ياخشى بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 37 كەسمە يۈزىنىڭ سۇ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 - (بىر قەدەر پاكىز)، 3 - خىل (يېنىك بۇلغانغان) ئۆلچىمىگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن كەسمە يۈز سانىنىڭ %66.1نى ئىگىلىدى؛ 19 كەسمە يۈزىنىڭ سۇ سۈپىتى 4 - خىل (ئوتتۇرىھال بۇلغانغان) دىن ناچار 5 - خىل (ئېغىر بۇلغانغان) ئۆلچىمىگە تەۋە بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن كەسمە يۈز سانىنىڭ %33.9نى ئىگىلىدى، بۇلاردا ئاساسلىقى چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە توپى، ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق بىئوخىمىيىلىك مىقدار ۋە ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك مىقدار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. 2003 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا سۇ سۈپىتى 1 ~ 3 - خىل ئۆلچەمگە يەتكەن كەسمە يۈز نىسبىتى ئۆزگەرمىگەن، 4 - خىل ئۆلچەمدىكى دەريا - ئېقىن كەسمە يۈزىنىڭ نىسبىتى ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن، 5 - خىل ئۆلچەمدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ كەسمە يۈز نىسبىتى %1.8 تۆۋەنلىگەن، 5 - خىلدىنمۇ ناچار ئۆلچەمدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ كەسمە يۈز نىسبىتى %1.8 ئۆرلىگەن.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 8 كۆل، سۇ ئامبىرىنىڭ 41 تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى ئىچىدە 3 - خىلدىكى سۇ سۈپىتى نىسبىتى %3.7نى، 4 - خىلدىكىسى %31.7نى، 5 - خىلدىكىسى %24.4نى، 5 - خىلدىنمۇ ناچىرى %36.6نى ئىگىلىدى، بۇلاردا ئاساسلىقى ئومۇمىي ئازوت، ئومۇمىي فوسفور ۋە ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق

خىمىيىلىك مىقداردىن ئىبارەت بۇلغىمىلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. 2003 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 3 - خىلدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن نۇقتىسىنىڭ نىسبىتى %3.7، 4 - خىلدىكىنىڭ نىسبىتى %7.7 ئاشتى، 5 خىلدىكىنىڭ نىسبىتى %6.2، 5 - خىلدىنمۇ ناچىرىنىڭ نىسبىتى %12.4 تۆۋەنلىدى، كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئومۇمەن 2003 - يىلدىكىدىن سەل ياخشى بولدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تورى 17 ئاساسلىق شەھەردىكى 26 مەركەزلەشكەن ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۈپىتىنى ھەر ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى. ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق: قەشقەر شەھەرلىك تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى سۇنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى بىلەن سۇدىكى سۇلفات كىسلاتا تۇزىنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى سۇلفات كىسلاتا تۇزىنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، قالغان 15 شەھەردىكى 24 سۇ مەنبەسى سۈيىنىڭ سۈپىتى 1 ~ 3 - خىلغىچە بولغان. 2003 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 17 ئاساسلىق شەھەردىكى مەركەزلەشكەن ئىچىملىك سۇ مەنبەسى سۈيىنىڭ سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئەن خەييەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر رايونلىرىدا مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 47 ~ 65.3 دىسىبىل ئارىلىقىدا بولدى، شاۋقۇن مۇھىتى ياخشى بولغان شەھەرلەر %6.3نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن 15.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ بىر قەدەر ياخشى بولغان شەھەرلەر %50نى ئىگىلەپ، 28.6 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، يېنىك بۇلغانغان شەھەرلەر %31.3نى ئىگىلەپ، 18.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ئوتتۇرىھال بۇلغانغان شەھەرلەر %6.2نى ئىگىلەپ، بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ئېغىر بۇلغانغان شەھەرلەر %6.2نى ئىگىلەپ، 6.2 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71.653 كىلومېتىر، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكى نىسبىتى %37.2 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 64.3 ~ 72.2 دىسىبىل ئارىلىقىدا بولدى، شەھەر يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 68.8 دىسىبىل بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىدى. شەھەر يول قاتنىشىدا شاۋقۇن ئاجىز بولغان شەھەر %25نى، بىر ئاز ئاجىز بولغان شەھەر %50نى، يېنىك بۇلغانغان ۋە ئوتتۇرىھال بۇلغانغان شەھەرلەر ھەرقايسىسى %12.5نى ئىگىلىدى. 2003 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا يول قاتنىشىدا شاۋقۇن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكى نىسبىتى 2.2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يول قاتنىشىدىكى ئوتتۇرىچە تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 0.4 دىسىبىل ئۆرلىدى.

ئەن خەييەن

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىت

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمەن مۇقىم بولغان ئاساستا يەنىلا قىسمەن ياخشىلىنىش بىلەن بىر قىسىم چېكىنىش تەڭ مەۋجۇت بولۇش ھالىتى كۆرۈلدى. ئېكولوگىيىنى يىراقتىن سېزىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى: 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتى ئەلا بولغان رايون كۆلىمى 59 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ %3.5ىنى، ياخشى بولغان رايون كۆلىمى 37 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %2.2نى، ئادەتتىكىدەك بولغان رايون كۆلىمى 205 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %12.3نى، ناچارراق بولغان رايون كۆلىمى 540 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %32.4نى، ناچار بولغان رايون كۆلىمى 824 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %49.6نى ئىگىلىدى.

يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش ئەھۋالى ئېكولوگىيىنى يىراقتىن سېزىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە: 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق كۆلەم 646 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر مەيدانىنىڭ %38.9ىنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ كۆلەم 623 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %37.5نى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك نورمال قاپلىغان كۆلەم 391 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، %23.6نى ئىگىلىگەن. يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ رايون بىلەن يېپىنچا ئۆسۈملۈك نورمال قاپلىغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 14 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر مەيدانىنىڭ %61.1ىنى ئىگىلىدى، 2000 - يىلدىكىدىن %50.2، 2002 - يىلدىكىدىن %53 ئاشتى.

تۇپراقتىن پايدىلىنىش/قاپلاش ئەھۋالى، ئېكولوگىيىنى يىراقتىن سېزىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە: 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5 مىليون 83 مىڭ 400 گېكتار، ئورمانلىق 4 مىليون 701 مىڭ 600 گېكتار، ئوتلاق 47 مىليون 455 مىڭ گېكتار، سۇ كۆلىمى 4 مىليون 737 مىڭ 500 گېكتار،

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سانائەت - كان - قاتناش قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن يېرى 1 مىليون 17 مىڭ 400 گېكتار، ئىشلىتىلمىگەن يەر 103 مىليون 84 مىڭ 800 گېكتار. 2003 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چۆللىشىش ئەھۋالىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىنىش بولمىغان.

تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى تۈزەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. 609 كىلومېتىر سۇ يەتكۈزۈش توسما قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ئېقىنىدىكى كەلكۈن تېشىپ كېتىش ھادىسىسى مۇۋاپىق تىزگىنلىنىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ كۆلىمى 6700 گېكتار كېڭەيدى. 4 يىلدا 6 قېتىم جىددىي سۇ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى داشكۆلنىڭ تۆۋىنىدىكى بۆلەككە 1 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيىلىك سۇ قويۇپ بېرىلدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى بىر ئاز ياخشىلاندى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يىڭسۇ كەسمە يۈزىنىڭ 600 مېتىر، قارادىي كەسمە يۈزىنىڭ 600 مېتىر، ئالاغان كەسمە يۈزىنىڭ 200 مېتىر دائىرىسىدىكى ھەر بىر لېتىر يەر ئاستى سۈيىنىڭ مېنېراللىشىش دەرىجىسى 2000 - يىل 5- ئايدا سۇ قويۇپ بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى 4000 ~ 5000 مىللىگرامدىن 1000 ~ 3000 مىللىگىرامغا تۆۋەنلىدى. تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى سەل كۆتۈرۈلدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يىڭسۇ، قارادىي، ئالاغان كەسمە يۈزلىرىنىڭ دەرياغا يېقىن ئىككى تەرىپىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ بىر يىللىق ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى ئۆرلەپ 3.87 ~ 6.18 مېتىرغىچە يېتىپ، 1997 - يىلدىكىدىن قارادىينىڭ 5.05 مېتىر، يىڭسۇنىڭ 5.65 مېتىر، ئالاغاننىڭ 6.87 مېتىر ئۆرلەپ، 1973 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى بىر ئاز كېڭەيدى.

2002 ~ 2004 - يىلغىچە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 66 مىڭ 400 گېكتار ئېشىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايون كۆلىمىنىڭ %19.10نى ئىگىلىدى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلىشى كېڭەيگەن كۆلەم ئوخشاش مەزگىلدە ئازايغان كۆلەمدىن چوڭ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق رايوندىن يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلانغان رايونغا ئايلانغان كۆلەم 6200 گېكتار كۆپىيىپ، تۆۋەن ئېقىم رايونى كۆلىمىنىڭ %96.0نى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ رايوندىن يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن نورمال قاپلانغان رايونغا ئايلانغان كۆلەم 8100 گېكتار كۆپىيىپ %25.1نى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق رايوندىن يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ رايونغا ئايلانغان كۆلەم 52 مىڭ گېكتار كۆپىيىپ، %98.7نى ئىگىلىدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىشى كۆپەيگەن رايون ئاساسلىقى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى جايلاردىن ئىبارەت.

ئەن خەيىەن

## مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون 2004 - يىللىق مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھىت ئاسراش ئەمەلىي تېخنىكىسىدىن 3 تۈرنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېز ئېقىنلىق ئىس - تۈتەكتىن گۈڭگۈرتنى ئايرىش، چاڭ - توزاننى تازىلاش تېخنىكىسى 2004 - يىللىق دۆلەتلىك نۇقتىلىق مۇھىت ئاسراش ئەمەلىي تېخنىكا تۈرى بولۇپ باھالاندى.

جۇڭگو مۇھىت ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2003- يىللىق چوڭلار كىچىكلەرنى يېتەكلەيدىغان ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تارقىتىش ھەرىكىتى — مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە مۇھىت ئاسراش ئىبرەت فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋەتكەن 2 ئىلمىي ماقالە مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ماقالە بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 پارچە ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 پارچە ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 يېتەكچى ئوقۇتقۇچى مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دېڭ كۈي

## شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش

2004 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 19 شەھەر شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق سىناش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئۇلاردىن ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە كورلا شەھەرلىرى دۆلەت تەكشۈرىدىغان شەھەر قاتارىغا كىردى. 2004 - يىللىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق سىناشتا يەنىلا دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق سىناش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئىجرا قىلىندى، 20 تۈرلۈك سىناش كۆرسەتكۈچى قوللىنىلدى، ئومۇمىي نومۇر 88 بولدى. 19 شەھەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق سىناش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 5.84، ئەڭ تۆۋەن نومۇرى 7.30، ئوتتۇرىچە نومۇرى 56.05 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت سۈپىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە

نومۇرى 26.04، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 9.74، مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 13.17، مۇھىت باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 6.9 بولدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا 19 شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇنىۋېرسال نومۇرى 2003 - يىلدىكىدىن 1.2 نومۇر ئۆرلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچى ئاساسەن تەڭشەلگەن، مۇھىت قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچى 1.07 نومۇر ئۆرلىگەن، مۇھىت سۈپىتى 0.54 نومۇر ئۆرلىگەن. بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى 1.18 نومۇر تۆۋەنلىگەن. سىناشتا قاراماي، كورلا، سانجى شەھەرلىرى ئالدىنقى 3 - ئورۇندا تۇردى.

شۇ يەنخۇا

## مۇھىتنى تۈزەش

### سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بۇلغاشنى تۈزەش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغىچە 82.3% ناھىيە دەرىجىلىك (50 كارۋات) تىن يۇقىرى دوختۇرخانا يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى تاماملاپ، يۇندىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز» نى تۈزەش نىسبىتى مۇقىم ئۆرلىدى، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 146سى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى 110 تۈر تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تۈزەش تۈرى 42، كېرەكسىز گازنى تۈزەش تۈرى 57، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى تۈزەش تۈرى 7، شاۋقۇنلارنى تۈزەش تۈرى 5، باشقا تۈر 5.

بۇ تۈزەش تۈرلىرىگە شۇ يىلى 296 مىليون 224 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تىزگىنلەشكە 123 مىليون 341 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشكە 131 مىليون 141 مىڭ يۈەن، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى تۈزەشكە 27 مىليون 557 مىڭ يۈەن، شاۋقۇننى تۈزەشكە 915 مىڭ يۈەن، باشقىلارنى تۈزەشكە 13 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۈنلۈك يۇندىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى 52 مىڭ 386 توننا، كېرەكسىز گازنى تۈزەش ئىقتىدارى 2 مىليون 132 مىڭ 100 ئۆلچەملىك كۇب مېتىر (سائەت)، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 6480 توننا ئاشتى.

جاۋ شىنجۈڭ

### ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 600 مىليون توننا يۇندا قويۇپ بېرىلىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت يۇندىسى 193 مىليون توننا بولۇپ 17.68%، شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇش يۇندىسى 407 مىليون توننا بولۇپ 3.2% ئاشتى. يۇندا بۇلغىمىسىدىكى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 261 مىڭ 700 توننا بولۇپ 14.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 151 مىڭ 200 توننا بولۇپ 19.7%، تۇرمۇش يۇندىسىدىكى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 110 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 7.9% ئاشتى. كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىكى ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 203 مىڭ 700 توننا بولۇپ 27.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 106 مىڭ 900 توننا بولۇپ 32.5%، تۇرمۇشتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 96 مىڭ 900 توننا بولۇپ 12.4% ئاشتى. كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىكى گۈڭگۈرت Ⅳ ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 329 مىڭ 900 توننا بولۇپ 45.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى گۈڭگۈرت Ⅳ ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 221 مىڭ 800 توننا بولۇپ 41.8%، تۇرمۇشتىكى گۈڭگۈرت Ⅳ ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 108 مىڭ 100 توننا بولۇپ 53.3% ئاشتى. سانائەت پەيدا قىلغان قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ مىقدارى 10 مىليون 874 مىڭ توننا بولۇپ 3.8%، قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 881 مىڭ 900 توننا بولۇپ 16.6% ئاشتى.

شى شۈمېي

### سانائەت يۇندىسىنى تىزگىنلەش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى يۇندا تىزگىنلەش تۈرىدىن 58نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 123 مىليون 341 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 42 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنگە 52 مىڭ 386 توننا ئاشتى. سانائەتتە قويۇپ بېرىلگەن يۇندىلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 58.1% بولۇپ،

2003 ـ يىلدىكىدىن 1.6 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

شى شۈمېي

## سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 61نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 131 مىليون 141 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇلاردىن 51 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى كېرەكسىز گاز بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى سائىتىگە 2 مىليون 130 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر ئاشتى. سانائەتتە كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 63.9%كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

شى شۈمېي

## سانائەتتىكى قاتتىق تاشلاندۇقلارنى تىزگىنلەش

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى قاتتىق تاشلاندۇقلارنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 11نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 27 مىليون 557 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇلاردىن 7 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى قاتتىق تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 6480 توننا ئاشتى. سانائەتتىكى قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىش نىسبىتى 55.4% بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

شى شۈمېي

## ئىجتىمائىي مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداش كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش نوپۇس ـ بايلىق ـ مۇھىت كومىتېتى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئىبارەت 8 ئورۇن بىرلىشىپ قانات يايدۇرغان مەملىكەتلىك ئانا دەريانى قوغداش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتىنىڭ «تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە قوغداش ھەرىكىتى» تۈرى مەملىكەتلىك ئانا دەريانى قوغداشتىكى 5 يىللىق نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر بولۇپ باھالاندى، ئاقسۇ شەھەرلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتى 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئانا دەريانى قويداش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، بىر ئادەم 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئانا دەريانى قويداش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئايگۈل

## ۋاڭ جىرۇڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىرۇڭ 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

ليۇ جىن

## پەن يۆ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پەن يۆ 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئۇ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

ليۇ جىن

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسىپلەر | سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | زەھەرلىك ـ زىيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت يۇندىسى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 16123.99 | 128822.93 | 250.34 | 4.72 | 10506.87 |
| قازمىچىلىق | 1836.04 | 3303.38 | 60.93 | 0.79 | 1593.35 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 2881.55 | 34287.67 | 0.25 | 0 | 816.3 |
| توقۇمىچىلىق | 580.35 | 4449.01 | 0.16 | 0.05 | 480.04 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيۋى ياسالمىلارنى ياساش | 471.27 | 518.53 | 49.13 | 0.19 | 427.26 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 2193.91 | 2104.71 | 70.12 | 1.39 | 2155.4 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 276.48 | 270.88 | 0 | 0 | 228.21 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىروكاتلاش كەسپى | 1349.83 | 776.13 | 59.47 | 2.08 | 1177.57 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 2791.60 | 1843.73 | 3.3 | 0.07 | 2706.97 |
| باشقا كەسپلەر | 3742.96 | 81268.89 | 6.98 | 0.15 | 921.77 |

شى شۆمېي

## 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ سانائەت كېرەكسىز گازى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسپلەر | سانائەت كېرەكسىز گازى قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | گۈڭگۈرت ( IV ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت كېرەكسىز گازى، بۇلغىملىرى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 38056233 | 130241.56 | 304980.81 | 144347.89 | 385536.72 |
| قازمىچىلىق | 4665354 | 5082.88 | 21994.7 | 24836.84 | 17655.36 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 1282568 | 5537.67 | 13348.51 | 316.05 | 12144.08 |
| توقۇمىچىلىق | 334952 | 1288.74 | 3005.58 | 338.46 | 3372.31 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيۋى ياسالمىلارنى ياساش | 353078 | 1825.11 | 6856.68 | 700.12 | 6179.90 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 8055501 | 35011.89 | 92112.42 | 2493.54 | 93707.27 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 8707530 | 27059.96 | 24248.60 | 105923.69 | 80757.18 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىروكاتلاش كەسپى | 2458004 | 6525.77 | 14529.31 | 7239.22 | 18249.90 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 10865425 | 45333.15 | 120943.90 | 0 | 145226.11 |
| باشقا كەسپلەر | 1333821 | 2576.39 | 7941.11 | 2499.97 | 8244.61 |

شى شۆمبي

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردا قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى

| كەسپلەر | سانائەت قاتتىق تاشلاندۇقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۆب مېتىر) | سانائەت قاتتىق تاشلاندۇقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مىقدارى (تۈمەن تونىا) | سانائەت قاتتىق تاشلاندۇقلىرىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى (تۈمەن تونىا) | سانائەت قاتتىق تاشلاندۇقلىرىنى بىرتەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن تونىا) | سانائەت قاتتىق تاشلاندۇقلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن تونىا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1045.73 | 539.93 | 364.27 | 92.61 | 74.89 |
| قازمىچىلىق | 454.26 | 177.43 | 212.56 | 12.18 | 52.13 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 45.6 | 41.09 | 1.21 | 0.58 | 2.78 |
| توقۇمىچىلىق | 4.93 | 3.20 | 1.33 | 0.20 | 0.20 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيۋى ياسالمىلارنى ياساش | 23.69 | 8.20 | 4.50 | 0 | 10.99 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 46.25 | 24.89 | 0.36 | 20.83 | 0.16 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 123.64 | 67.34 | 70.24 | 0.93 | 2.81 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 131.73 | 104.5 | 26.72 | 0.01 | 0.01 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 194.72 | 100.06 | 43.87 | 55.29 | 3.16 |
| باشقا كەسپلەر | 20.91 | 13.22 | 3.48 | 2.59 | 2.65 |

شى شۆمبي

# زىمىن بايلىقى

## يەر بايلىقىنى باشقۇرۇش

### يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەر ئۆزلەشتۈرۈش - رەتلەش تۈرىدىن 27 سى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا 66 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مەبلەغ سالغان تۈر 14 بولۇپ، نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 38 مىليون 760 مىڭ يۈەن؛ ئاپتونوم رايون مەبلەغ سالغان تۈر 13، نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 27 مىليون 740 مىڭ يۈەن. كارتوگرافىيە سىزىلىمىسى ئاشۇرۇلۇپ، قىسمەن نۇقتىلىق رايونلارنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە ئىشلىرى كۈچەيتىلدى، ئۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تەخمىنەن 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 1000 نۇسخىدىن كۆپرەك ئىشلىدى، دۆلەتكە ئازكەم 150 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۇل ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئىلتىماس سۇنۇلدى، سۈرەتكە ئېلىنغان دائىرە 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۈڭخۇا

### يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش

2004 - يىلى شىنجاڭدا تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش ۋە يەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ۋەزىپىسى - نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 25 مىڭ 500 گېكتار (بىڭتۇەننىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە قوغدىلىدىغان ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق كۆلىمى 2 مىليون 632 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، مۇھاپىزەت قىلىنىش نىسبىتى %85.8. غەربىي قىسمىنىڭ نېفىتى، تەييارماي تۇرۇبا قۇرۇلۇشى قاتارلىق 49 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى تەستىقلاشقا يوللاش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو — قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ كوكس زاۋۇتى، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ۋە خوشۇت - كورلا بۆلىكى تاشيولى قاتارلىق 72 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ئالدىن تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۈڭخۇا

### يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى يېڭى يەر كلاسسىفىكاتسىيىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋەلىكىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى قاتارلىق بىرنەچچە چوڭ تۈرلەردە ۋىلايەت - ئوبلاست ھالقىپ ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى. يېڭى يەر كلاسسىفىكاتسىيىسىنى يولغا قويۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 84 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا كوللېكتىپ يەرلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى. زېمىن بايلىقىنى مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرىنىڭ بېكىتىلگەن ئاساسىنى ۋە يولغا قويۇلىدىغان سوبيېكتىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت «ئىككى ئېنىقلاش خىزمىتى» قانات يايدۇرۇلۇپ، دۆلەت زېمىن بايلىقى مەمۇرىيىتى ئىجاد قىلغان 14 تۈر ئىجراپ قىلىندى. تېلېتېخنىكىدىن پايدىلىنىپ يەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە يەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۈڭخۇا

### يەر بازىرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا كۆلىمى 3442 گېكتار كېلىدىغان 7459 پارچە يەر ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭ توختام سوممىسى 2 مىليارد 670 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇۋىسكا ئېسىپ، خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغان يەر كۆلىمى 521 گېكتار، ۋۇۋىسكا ئېسىپ خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ توختام سوممىسى 1 مىليارد 145 مىليون يۈەن.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۈڭخۇا

## يەر بازارلىرىنى تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تەرەققىيات رايونى (باغچا رايونى) دىن 33 ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، 14 تەرەققىيات رايونى (باغچا رايونى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يەرلەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ۋە شەھەر ئومۇمىي پىلانىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن 9671.42 گېكتار يەر تەكشۈرۈپ كېمەيتىۋېتىلدى. يەر ئىشلىتىشتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 514 مەسىلە ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇلدى ۋە ئۇلار تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، دېلوغا چېتىشلىق يەر كۆلىمى 598.65 گېكتار، 8 جاۋابكارغا مەمۇرىي جەھەتتىن، 2 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭسەن رايونىنىڭ سانائەت باغچا رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى قاتارلىقلارنىڭ 4 قېتىملىق تەستىقلاتماي ئاۋۋال يەر ئىشلىتىشتەك قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى دېلو تۇرغۇزۇلۇپ بىرتەرەپ قىلىندى. يەر ئىشلىتىشتە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنغان 7 قېتىملىق قىلمىش ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ بىرتەرەپ قىلىندى. يەر بازارلىرىنى تۈزەش ـ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى گوۋۇيۈەننىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش-رەتلەش ئومۇمىي پىلانى، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ـ رەتلەش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. 2004 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 66 ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ـ رەتلەش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ئىشى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 60 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئومۇمىي پىلانى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا باھا بېرىش» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈشتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى. ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى تاماملاندى، 28 ناھىيە (شەھەر) دە قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇلاردىن 14 ناھىيە (شەھەر) دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە سەرخىل تەقسىملەشكە دائىر مەخسۇس تەتقىقات» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پۈتتۈرۈلدى. «شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق يوشۇرۇن كۈچىگە باھا بېرىش» ۋە «شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق مۈلكىگە باھا بېرىش» ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كوپىيە تۈزۈش، دەلىللەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق خەرىتە توپلىمى» نى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى. شىنجاڭ زېمىن بايلىقى ھەققىدىكى قانۇن ئىجراسىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش باش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە زېمىن بايلىقى قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش ئاپپاراتلىرى تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە بىرتۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلار خىزمىتى جەھەتتە زېمىن بايلىقى سىستېمىسىدىكى 3 دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ زېمىن بايلىقى نازارىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە فۇنكسىيىسى تەڭشەلدى ۋە كۆپەيتىلدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

# كانچىلىقنى باشقۇرۇش

## كانچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قېزىلما بايلىقنى ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كانچىلىق كارخانىسى 2903 كە، كەسپكارى 168 مىڭغا يەتتى. ئېچىپ پايدىلىنىلغان قېزىلما بايلىق 91 خىل (نېفىت، تەبىئىي گاز شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى، يارىتىلغان كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %34.1 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات

قىممىتىنىڭ %28 نى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت - گازدىن باشقا كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 78 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %10.4 نى ئىگىلىدى. قېتىشما رودا مەھسۇلاتى 74 مىليون 776 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %9.7 ئاشتى. يېڭىدىن ئېچىلغان كانلارغا 1 مىليارد 885 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت، گازدىن باشقىلارنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىدىن 1293 ى تەستىقلاندى، تەستىقلاپ تىزىمغا ئېلىنغان دائىرە 28 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر، كانچىلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىن 2 مىليون 962 مىڭ 500 يۈەن يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تارقىتىلغان ئىجازەتنامە 791، تەستىقلاپ تىزىمغا ئېلىنغان دائىرە 17 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، يىغىۋېلىنغان كانچىلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى 1 مىليون 743 مىڭ 500 يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 2664ى تەستىقلاندى، كان قېزىشنى تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرغان دائىرە 2111 كۋادرات كىلومېتىر، يىغىۋېلىنغان كانچىلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى 5 مىليون 530 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تارقىتىلغان ئىجازەتنامە 425، كان قېزىشنى تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرغان دائىرە 370 كۋادرات كىلومېتىر، يىغىۋېلىنغان كانچىلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى 537 مىڭ يۈەن.

2004 - يىلى 2888 كانچىلىق كارخانىسى يىللىق تەكشۈرۈلۈپ، يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %99.7 بولدى. قانۇنسىز قېزىلغان 42 كان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 43 ئورۇننىڭ كان قېزىش ئىجازەتنامىسى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى، 17 ئورۇننىڭ كان قېزىش ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىپ پاسىل ئاتلاش قىلمىشىنى سادىر قىلغان 10 ئورۇنغا چارە كۆرۈلدى، 2 مىليون 225 مىڭ 500 يۈەن قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى تولۇقلاپ تاپشۇرغۇزۇلدى، 76 مىڭ 600 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ياكى مۇسادىرە قىلىندى، 367.2 توننا رۇدا مۇسادىرە قىلىندى، بىر كىشىگە جىنايى جازا بېرىلدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىشكە 6 مىليون 210 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. كەلكۈن مەزگىلىدە گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات - سىگنال بېرىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش تۈرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» تۈزۈپ تارقىتىلىپ، كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش تۈرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، گېئولوگىيىلىك خارابىلەر بايلىقىنى ئېچىش ۋە قوغداش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، گېئولوگىيىلىك ساياھەت بايلىقىنىڭ نامى ۋە تونۇلۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى يىغىۋېلىندى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققىدىن جەمئىي 250 مىليون يۈەن يىغىۋېلىنىپ خەزىنىلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ كۆرسەتكۈچ پىلانىدىكى ۋەزىپىلەر %83.3 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## قېزىلما بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا قېزىلما بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى، كان قېزىش ھوقۇقىنى ۋۇۋسكا ئېسىپ، خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئارقىلىق ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كان قېزىش ھوقۇقىدىن 651ى ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭدىن كىرگەن پۇل 281 مىليون يۈەن؛ كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىدىن 42سى ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭدىن كىرگەن پۇل 45 مىليون يۈەن بولدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق مۇزېيى ئېچىلدى

بۇ مۇزېي 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېچىلدى. يېڭى مۇزېيغا 416 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئۆلكە - شەھەر دەرىجىلىكتە ئەڭ چوڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق مۇزېي ھېسابلىنىدۇ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى 5 قەۋەت بولۇپ قەدىمىي قەلئە شەكلىدە سېلىنغان، 1 - قەۋەتتىن 4- قەۋەتكىچە 8 كۆرگەزمە زالى بار، كۆرگەزمە زالىنىڭ كۆلىمى

ئازكەم 4000 كۋادرات مېتىر، 5 ـ قەۋىتى كۆپ ئىقتىدارلىق ئىلىم ـ پەن يىغىن زالى، 1 ـ قەۋەتتە ئومۇمەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم ـ تەربىيىسى ئاساس قىلىنىدۇ، سول تەرەپتىكى زال ئالەم ـ يەر شارى زالى، ئوڭ تەرەپتىكى زال هاياتلىق ئۆزگىرىش زالى، 3 ـ ۋە 4 ـ قەۋەتتىكى قېزىلما بايلىق زالىدا شىنجاڭدىن چىقىدىغان مېتال، غەيرىي مېتال، ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى ۋە گۆھەر ـ قاشتېشى قېزىلما بايلىقلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ 4 ـ قەۋىتى ساياھەت گېئولوگىيە زالى ۋە مۇھىت گېئولوگىيە زالىدىن ئىبارەت.

لو يۈڭخۇڭ

# گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار 77 گە، كەسپكارى 23 مىڭ 900 گە يەتتى. بۇلار ئاساسەن نېفىت، گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق، رەڭلىك مېتال، كۆمۈر، يادرو سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئالتۇنچىلىق، مېتاللۇرگىيە قاتارلىق تارماقلارغا تەۋە. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ـ گازدىن باشقا قېزىلما بايلىقلارنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 72، كەسپكارى 11 مىڭ 700.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە زېمىن بايلىقى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 367 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %23.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ (كارخانىلار ئۆزلىرى غەملىگىنى) 7 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23 ئاشتى؛ زېمىن بايلىقنى تەكشۈرۈش ۋە نېفىت ـ گازدىن باشقا قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 378 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.7 ئاشتى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت ـ گازدىن باشقا 30 خىلدىن كۆپرەك كان تۈرى بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاساسلىق كان تۈرلىرى كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، مىس، نىكېل، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن، كۈمۈش، ئاندالۇزىت، زېئولىت، كالىيلىق تۇز، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، يەر ئاستى سۈيى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2004 ـ يىلى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش گۈۋاھنامىسىدىن 39ى تارقىتىلدى، بۇلار رايون دائىرىلىك گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تۈرنىڭ كېلىش مەنبەسى 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايونلارنىڭ قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا

## ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق ئىدارىسى چوڭ تىپتىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈپ ئېچىش ئىشىغا قاتناشتۇردى، دۆلەت تەرەققىيات مەبلەغ شىركىتى، «شىنخۇا» گۇرۇھى، شەندوڭ «لۇنىڭ» گۇرۇھى ۋە كانادا «تىنچ ئوكيان» شىركىتى قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېچىش كېلىشىمى ئىمزالاپ ۋە ياكى بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ ئېچىش شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقنى تەۋەككۇل قىلىش خاراكتېرلىك ئېچىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ياردىمى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش سېلىنمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىسى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئاساس خاراكتېرلىك ئېچىش ياردىمى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش سېلىنمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىسى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئاساس خاراكتېرلىك گېئولوگىيە خىزمىتى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى ئۆزئارا يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي مەبلەغ ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى ئىدارە بويىچە ئۈستىگە ئالغان ھەرخىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىگە 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ تۈرى بىلەن بازار تۈرى مەبلەغ مىقدارىنىڭ نىسبىتى 1:1 بولدى.

ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى يېڭىدىن 8 كان تاپتى. بىر يىلدا 20 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە 1:250000 ماسشتاپ بويىچە تەكشۈرۈلدى، 29 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە

1:50000 ماسشتاپ بويىچە تەكشۈرۈلدى، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى، 13 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلدى، 120 مىڭ مېتىر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلدى، 143 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرە ئوقۇر ئېچىپ تەكشۈرۈلدى. شۇ يىلى ھەرخىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 131 پارچە تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قېزىلما بايلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى 94، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى 6، باشقا دوكلات 31. مۇشۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن، ئېچىشقا بولىدىغان بايلىق مىقدارى: مىس 62 مىڭ توننا، نىكېل 42 مىڭ توننا، ئالتۇن 7.09 توننا، تۆمۈر 1 مىليون 720 مىڭ توننا، قوغۇشۇن، سىنىك 67 مىڭ توننا، بېنتونىت 87 مىليون 180 مىڭ توننا، كۆمۈر 212 مىليون توننا. 11 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ساھەلەرنىڭ 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 2 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 2 تۈر، زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجە بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 3 تۈر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىر تۈر، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىر تۈر، كارتوگرافىيە ساھەسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 تۈر.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %30.8؛ ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 411 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.7؛ تاپشۇرغان تۈرلۈك باج بىر ھەسسە ئاشتى. ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى مەدەنىي ساھە بولغىنىغا 3 يىل توشقاندىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. 1 - چوڭ ئەترەت، گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ئاپتونوم رايوننىڭ «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

گۇ لەنزېي، ۋاڭ جىڭ

## گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى ھەرخىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 400دىن كۆپرەك تۈرنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈش تۈرى، مەركەزنىڭ مەخسۇس گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەتنىڭ تۆلەم بېرىلىدىغان قېزىلما بايلىق تۈرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1:50000 ماسشتابلىق رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈش تۈرى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ چىقارغان تۈر 102، بۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت 102 مىليون يۈەن. ئاساس خاراكتېرلىك گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - باھالاش خىزمىتى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇلدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ چىقارغان ئاساس خاراكتېرلىك ۋە ئىستراتېگىيىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە سودا خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش سېلىنمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىسى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق، سەيشياشەن قوغۇشۇن - سىنىك كېنى، ساردالا - مۇز چوققىسى، جۇڭباۋ ۋولفرام كېنى، لايقىلىق بېنتونىت كېنى، قارتۇڭكي 2 - نومۇرلۇق مىس - نىكېل كان ياتقىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى، مۆڭكۈ تۆمۈر كېنى 1 - نومۇرلۇق كان ياتقىسى ۋە شەرق - غەرب قۇم جىلغىسى كۆمۈر كېنى قاتارلىقلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىن يۇقىرى كۆلىمى ھەمدە ئېچىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە بولىدىغان ئازكەم 10 كان ياتقىسى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىلدى؛ قاراسۇ مىس كېنى، ۋېيباۋ قوغۇشۇن- سىنىك كېنى، جەرەن چوققىسى - ئەجدىھا قىياسى سۇرمە كېنى، ئۇشمۇلگەي داۋنى مىس كېنى، سۇڭشۇگۇ جىلغىسى مىس كېنى قاتارلىق يەنىمۇ ئىشلەش ئارقىلىق شەكىللىنىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىغان ھەمدە ئوتتۇرا كۆلەمگە ئىگە ئىستىقباللىق 10دىن ئارتۇق كان رايونى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى؛ نەچچە 10 جايدىن خېلى زور خىزمەت قىممىتىگە ۋە كان تېپىلىش ئىستىقبالىغا ئىگە كان ئۇچۇرى بايقالدى ۋە ئۇنىڭغا دەسلەپكى باھا بېرىلدى. ئېچىشقا بولىدىغان بىر تۈركۈم مىس، نىكېل، ئالتۇن، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، بېنتونىت ۋە كۆمۈر قاتارلىق بايلىق زاپىسى يېڭىدىن كۆپەيدى.

فېڭ جىڭ، لى فېڭمىڭ

## غەربىي تەڭرىتاغدىكى مىس چىقىدىغان مۇھىم نىشانلىق رايون بېكىتىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، غەربىي تەڭرىتاغدىن ئوتتۇرا تىپتىن يۇقىرى كۆلەمگە ئىگە ئىستىقباللىق ئۇشمۇلگەي داۋنى مىس كېنى ۋە سۇڭشۇگۇ جىلغىسى مىس كېنى يېڭىدىن تېپىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا دەسلەپكى باھا بېرىلدى، كان تېپىش شەرت - شارائىتى ئەۋزەل، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولغان كۆنەس مىس كان بەلۋېغى بېكىتىلدى. بۇ بەلۋاغ كۆنەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي

شىمالغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان، ئاۋرال ـ ئىشجىلىق Cu، Au، Pb، Zn كان ھاسىل بولۇش بەلۋېغىغا تەۋە بولۇپ، ئاۋرال ـ ئىشجىلىق ئاخىرقى پالېئوزويي ئىراسىدىكى ياي كەينى ئويمانلىقىغا جايلاشقان، ئۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئازكەم 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئاستىنقى تاشكۆمۈر ئوتتۇرىدىكى كىسلاتالىق دېڭىز فاتسىيىلىك يانارتاغ جىنسلىرى ئاساسلىق كان ھاسىل بولىدىغان رۇدا ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ مىنېراللىشىشى گېرتسىن ھەرىكىتىدىكى كىسلاتالىق بۆسمە جىنس بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ يەردە مىسنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل مېتاللار نورمالسىز ھەممە «غالىبىيەت ـ 2» نومۇرلۇق مىس كېنى نۇقتىلىرى كۆپ بولۇپ، يانارتاغ ئېرىتمىسى تىپلىق ۋە چىپار جىنس تىپلىق مىس كان ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكى نامايەن بولدى.

فېڭ جىڭ، لى فېڭمىڭ

## ئىلى ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن ۋولفرام كېنى تېپىلدى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ 1 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى 1:50000 ماسشتابلىق رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىلى ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى كۆكسۇ رايونىدىن كان تېپىش ئىستىقبالىغا ئىگە دائېنبەل ۋولفرام كېنىنى يېڭىدىن بايقىدى. بۇ كان تېكەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ۋولفرام چاڭچېڭ سىستېمىسىنىڭ تېكەس جىنس توپىنىڭ بۆلۈنگەن بولاق جىنس گۇرۇپپىسى بىلەن تاغ جىنس گەۋدىسى تۇتاشقان جاينىڭ ئەتراپىدىكى سكارن بەلۋېغىدىن چىقىدۇ. سكارن بەلۋېغىنىڭ شەرقىي تەرىپى كەڭ، غەربىي تەرىپى تار بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى بىر كىلومېتىر، ئەڭ تار يېرى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم بۆلىكىنى 4 ـ سىستېما يەر قاتلىمى يېپىۋالغان كان گەۋدىسى بىلەن قورشالما جىنسنىڭ يېتىش ھالىتى بىردەك بولۇپ، قاتلاملىرى ئېنىق، ئېچىلىپ قالغان كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 مېتىر بولۇپ، 20 قەۋەتتىن كۆپرەك رۇدا بار، يەككە قاتلاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 0.15 — 7 مېتىر، جەمئىي قېلىنلىقى 37.55 مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن سانائەت سورتىدىن يۇقىرى بولغان رۇدا قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 33 مېتىر. يەككە ئەۋرىشكە سورتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1.31% كە، ئوتتۇرىچە سورتى 0.26% كە يېتىدۇ. رۇدا مىنېراللىرى ئاق ۋولفرام رۇدىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا تىپلىق ئىستىقباللىق كۆلەمگە ئىگە.

فېڭ جىڭ، لى فېڭمىڭ

## مۆڭكۈ تۆمۈركېنى 1 ـ نومۇرلۇق كان ياتىمىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كان تېپىلدى

ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ 4 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى كۆكتوقاي ناھىيىسى مۆڭكۈ تۆمۈر كېنىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا، 110 ـ تەكشۈرۈش لىنىيىسى بىلەن 127 ـ تەكشۈرۈش لىنىيىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن قېلىنلىقى زور بولغان تۆمۈر كان گەۋدىسىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 127 تەكشۈرۈش لىنىيىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن 203.3 مېتىر ۋە 99.15 مېتىر كېلىدىغان كان گەۋدىسىنى ئۇچراتتى، پۈتۈن تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى 46.95% ۋە 53.09% كە يېتىدۇ ھەممە يېنىدىكى كان گەۋدىسى بىلەن ئۆزئارا تۇتۇشۇپ، بىر پۈتۈن ھالەتتىكى قىيسايما قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغان، بۇ كان گەۋدىسى سوزۇلمىسىنىڭ مۇقىم بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىستىقباللىق كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 1ـ نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ يەر يۈزى ئۇزۇنلۇقى 1560 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 30 مېتىر بولۇپ، سوزۇلمىسى 500 مېتىردىن ئاشىدۇ ۋە كان گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى 44% كە يېتىدۇ. بۇ كان ياتىمىسى شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىز باسما بايلىق بازىسى بولۇپ قالىدۇ.

فېڭ جىڭ، لى فېڭمىڭ

## يېڭىدىن بايقالغان قېزىلما بايلىق نۇقتىلىرى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى قېزىلما بايلىق نۇقتىسىدىن 8 نى بايقىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك مېتال قېزىلما بايلىق نۇقتىسى 2، ئۇلار: سانجى شەھىرىدىكى مۇزلۇق چوققىسى تىپتىكى ئالتۇن كېنى، نىيە ناھىيىسىدىكى پاششىيىم ـ كۆئا تىپتىكى ئالتۇن كېنى؛ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىق نۇقتىسى 4، ئۇلار: خېجىڭ ناھىيىسىدىكى ئۈشمۈلگە داۋىنى كىچىك ئالتۇن ـ مىس كېنى، پىچان ناھىيىسىدىكى سەيشياشەن قوغۇشۇن ـ سىنىك كېنىنىڭ Ⅲ ۋە Ⅳ نومۇرلۇق كان تومۇرى (كىچىك)، توقسۇن ناھىيىسىدىكى جۇڭباۋ ئوتتۇرا تىپتىكى ۋولفرام كېنى، خوشۇت ناھىيىسىدىكى بارتو كىچىك مىس كېنى؛ مېتاللوئىد قېزىلما بايلىق نۇقتىسى بىر، ئۇ باركۆل ناھىيىسىدىكى

لايقىلىق بېنتونىت Ⅱ نومۇرلۇق كان بۆلىكى (چوڭ)؛ يەر ئاستى سۇ نۇقتىسى بىر، ئۇ لوپنۇر كالىيلىق ئوغۇت بازىسى يۇلغۇن قۇدۇق - لاۋزۇز ئۇتتۇرا سۇ مەنبەسى.

جاڭ ۋېيجو، جاڭ خۇڭشى

## زېمىن بايلىقنى كەڭ تەكشۈرۈپ قېزىلما بايلىقنى باھالاش تۈرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 5 خىل پىلان تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار: شىنجاڭ شەرقىي «تەڭرىتاغ» رايونىدىكى قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاش، شىنجاڭ غەربىي «تەڭرىتاغ» - غەربىي جەنۇبىي «تەڭرىتاغ» رايونىدىكى قېزىلما بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى باھالاش، شىنجاڭ ئالتاي تېغى رايونىدىكى مىس، كۆپ خىل مېتال قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاش، شىنجاڭ غەربىي «كوئېنلۇن» رايونىدىكى قېزىلما بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى باھالاش، شىنجاڭنىڭ «ئالتۇنتاغ» رايونىدىكى قېزىلما بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى باھالاشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭ ئالتاي تېغى رايونىدىكى مىس، كۆپ خىل مېتال قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاش» تۈرى 2004 - يىلى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان. يۇقىرىقى پىلان تۈرلىرى 19 خىل خىزمەت تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسلىق خىزمەت مىقدارى 5300 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، 3300 مېتىر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش، 700 مېتىر ئورەك قېزىپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇ تۈرلەرگە 20 مىليون 100 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تېغى رايونىدىكى خىزمەت تۈرلىرىنى ئاساسەن شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالدى، غەربىي كوئېنلۇن ۋە ئالتۇنتاغ رايونىدىكى خىزمەت تۈرلىرىنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئاكادېمىيىسىدىن باشقا، يەنە خېنەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى، جىلىن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى، نەنجىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپ ئورۇنلار ئۈستىگە ئالدى. زېمىن بايلىقنى كەڭ تەكشۈرۈپ قېزىلما بايلىققا باھا بېرىش تۈرى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ قىس قېزىلما بايلىق تۈرلىرىنى ئالدىنقى باسقۇچلۇق باھالاش ۋە ئالدىن تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلىدۇ، 2004 - يىللىق خىزمەتلەر ئارقىلىق، كان ئىزدەش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىستىقباللىق رايونلار ۋە قېزىلما بايلىق نۇقتىلىرى بايقالدى.

چۇ شۇن

## شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە مەركەز مەخسۇس مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە مەركەز مەخسۇس مەبلەغ سالغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى 2004 - يىل 6 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 2002 - يىلى تۇرغۇزۇلغان 50 تۈرنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەلا دېگەن باھا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقاي ناھىيىسى قاراتۇڭكې مىس - نىكېل كان رايونى 2 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش، كۆكتوقاي ناھىيىسى كۆكتال قوغۇشۇن - سىنك كان ياتمىسىنىڭ 4 — 39 لىنىيىسى ئارىلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش، خوتەن ناھىيىسى بۇيا كۆمۈر كان رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قاتارلىق 6 تۈرنىڭ نەتىجىسىگە مۇنەۋۋەر دېگەن باھا، قالغان 44 تۈرنىڭ نەتىجىسىگە ياخشى دېگەن باھا بېرىلدى. چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى 5 قېزىلما بايلىق نۇقتىسى ئېچىشقا تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋانادىي كېنى بىر، مىس- نىكېل كېنى بىر، مىس كېنى بىر، قوغۇشۇن - سىنك كېنى بىر، ئاندالۇزىت كېنى بىر؛ چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى 5 قېزىلما بايلىق نۇقتىسى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇشۇن - سىنك كېنى بىر، كۆمۈر كېنى 3، بېنتونىت كېنى بىر.

جېڭ جيەنشىن، ۋاڭ شىشىن

## شىنجاڭنىڭ 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى

2003 - يىلى قانات يايدۇرۇلغان 47 خىل (139 خەرىتە) 1:50000 ماسشتاب بويىچە قېزىلما بايلىقلارنى رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىدىكى تۈرلۈك دالا خىزمىتى ۋەزىپىسى 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق تاماملاندى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دالىدا نەق مەيداندىكى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بارلىق ماتېرىياللار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئىشخانىدا ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش - مەلۇمات تۈزۈش باسقۇچىغا كىردى. 2004 - يىلى مەملىكەت بويىچە خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان 24 تۈر ۋە 75 خەرىتىنىڭ يىللىق دالا خىزمىتى ۋەزىپىسى شۇ يىل ئاخىرىدا تاماملىنىپ، يىللىق رەتلەش، قوشۇمچە لايىھىسىنى تۈزۈش باسقۇچىغا كىردى. 2 يىللىق دالا خىزمىتى ئارقىلىق، كان ياتمىسى (نۇقتىسى) دىن 87سى،

مىنېراللاشقان نۇقتىدىن 170ى يېقىندىن بايقالدى. ئاساسلىقلىرى ئەجدىھا قىياسى سۈرمە كېنى، سۆكشۇگۇ مىس كېنى، دائېنبەل ۋولفرام كېنى، ئۇشمۇلگەي مىس - ئالتۇن كېنى، چەتمىس مىس كېنى، يىچيەن بارا تۆمۈر كېنى، ۋاڭجياڭدېڭ مىس - كۇمۇش كېنى، ئالاستان مىس كېنى، تيەنشى مىس كېنى، ۋېيدۇڭ قوغۇشۇن - سىنك كېنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، قىسمەن كان ياتمىلىرى (نۇقتىلىرى) ئوتتۇرا - چوڭ تىپتىكى كان ياتمىسى ئىستىقبالىغا ئىگە. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەش قىممىتىگە ئىگە كان ياتمىسى (نۇقتىسى)، مىنېراللاشقان بەلۋاغدىن 24ى بار، كان تېپىلىدىغان 16 نىشانلىق رايون دائىرىلەپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇل گېئولوگىيە تەتقىقاتى دەرىجىسى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇل گېئولوگىيە مەسىلىسىدىكى بۇرۇنقى تونۇشلار ئۆزگەرتىلىپ، كان ھاسىل بولغان بەلۋاغلارنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ۋە كان ھاسىل بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش مۇھىم يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

جاۋ شۇمىڭ

## شىنجاڭنىڭ گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىملىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات

بۇ تەتقىقات 2004 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ تۈردە تەتقىق قىلىنغىنى گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىم يېڭى نەزەرىيىسى، يېڭى تېخنىكىسى ۋە يېڭى ئۇسۇلىنىڭ شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تۇنجى قېتىم قوللىنىلىشى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە چوڭ تىپتىكى ئىستراتېگىيىلىك كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنى تەتقىق قىلىش ساھەسىنى ئېچىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ مۇشۇ تۈر تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، بۇ تەتقىقات ئارقىلىق گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىمدىن كان ھاسىل بولۇش نىسبىتى كۆرسەتكۈچ سانىغا ئىگە بولۇش، كاللەك جىسىمغا باھا بېرىش پارامېتىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇھىم رۇدا تۈرى بويىچە كان تېپىش نىشانى قاتارلىق تەرەپلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىلدى. تەتقىقات ئارقىلىق GeoMDIS2000 سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ بويىچە 39 خىل ئېلېمېنت ۋە ئوكسىدلارنى رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رايون دائىرىسىدە خىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە ئىستراتېگىيىلىك نىشانلىق رايونلارنى تەتقىق قىلىنىشىغا سانلىق مەلۇمات ئاساسى سېلىندى؛ مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىق 14 خىل ئاساسلىق كان ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنت ھېسابلىنىدىغان گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىمدىن 322 سى دائىرىلەپ چىقىلىپ، ئالدى بىلەن قىسمەن مۇھىم بولغان گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىم ئۈستىدە ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئانالىز قىلىش ئېلىپ بېرىلىپ، گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىملارنىڭ بايقالغان كان ياتمىسى بىلەن بولغان ماسلىق مۇناسىۋىتى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىندى ھەمدە گېئوخىمىيىلىك كاللەك جىسىم تەركىبىدىكى 14 خىل ئېلېمېنت بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئالدىن مۆلچەرلەپ چىقىلدى؛ چوڭ تىپتىكى كان ياتمىسى تېپىش ئىستراتېگىيىسىگە ئىگە كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايوندىن 42سى دائىرىگە ئېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال قاتارلىق مۇھىم قېزىلما بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىم سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ليۇ تو

## نىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تەتقىقات 2004 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ تۈردە 38 مىڭ 926 كۋادرات كىلومېتىر ئەۋرىشكە ئېلىش دائىرىسىدىن 10 مىڭ 367 دانە ئەۋرىشكە توپلاش، 39 خىل ئېلېمېنت ياكى ئوكسىدلاشقان ماددىنى ئۆلچەش ئىشى تاماملىنىپ، نىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بۇ تۈردە رايون تەۋەسىدىكى 39 خىل ئېلېمېنتنىڭ زامان - ماكانغا تارقىلىش، مول توپلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، بۇ رايوندىن چوڭ، ئالاھىدە چوڭ رەڭلىك مېتال ۋە ئەتىۋارلىق مېتال كان ياتمىسىنى تېپىش گېئولوگىيىلىك ئاساس ۋە گېئوخىمىيىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىلدى. پۈتۈن رايون 7 گېئوخىمىيىلىك رايون بەلۋېغىغا ئايرىلغان بولۇپ، 2246 نورمالسىز يەككە ئېلېمېنتلىق جاي، 63 نورمالسىز ئۇنىۋېرسال جاي دائىرىلەپ چىقىلدى، كان تېپىلىدىغان

ئىستىقباللىق رايون بەلۋېغىدىن 8ى، كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايوندىن 40ى ئايرىپ چىقىلدى، جەرەن چوققىسى، چاڭشەن جىلغىسى قاتارلىق بىر چوڭ سىماب كان ياتىقى، بىر سۈرمە كان ياتىقى، 14 ئورۇندىن مىس، ئالتۇن قاتارلىق كان نۇقتىسى بايقالدى.

جاڭ ۋېيجۇ، جاڭ خۇڭشى

## كىت كۆلى — مۇزتاغ رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تەتقىقات 2004 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ تۈردە «3S» تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۈپەت تەكشۈرۈشتىن مىقدار كۆزىتىشكە بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت يېڭى خەرىتە تولدۇرۇش ئۇسۇلى سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان، رايون دائىرىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە پەنجىسى ۋە تاغ جىنس يەر قاتلىمىنىڭ قاتلام تەرتىپى تۇرغۇزۇلغان، تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ شەكىللىنىپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى، ماگما جىنسلارنىڭ ۋاقىت - ماكانغا تارقىلىش قانۇنىيىتى، ئوفىئولىتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن يەرشارى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، يۇرا دەۋرىدىكى كىسلاتالىق چىچار جىنس بىلەن كان ھاسىل بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەممە يېڭى ھايات ئېراسىدىكى يانارتاغ جىنسلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى - پەسىيىشى ۋە يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گېئولوگىيىلىك تەسىر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەت قاتارلىقلار يەكۈنلەنگەن. تەكشۈرۈلىدىغان رايونلارنىڭ يەر قىياپىتى ئالاھىدىلىكى، كىلىماتى، گىدرولوگىيىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋاناتلىرى، يەر تەۋرەش ئەھۋالى، ساياھەت بايلىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىرى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان ھەممە 4 - دەۋر يەر قىياپىتىنىڭ گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت خەرىتىسى تۈزۈپ چىقىلغان. تەتقىق قىلىنغان رايوننىڭ تۈزۈلمە پەنجىسى ۋە تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئۆزگىرىش مودېلى تۇرغۇزۇلۇپ، شەرقىي، غەربىي كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە شىمالىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، تارىم ۋە قۇرۇقلۇق بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇھاكىمە قىلىنىپ، شەرقىي كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىدىكى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى يەكۈنلەنگەن، ئۆلچەنگەن رايون ۋە ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ تېكتونىكىلىق ئۆزگىرىش قىياپىتى ۋە جەريانى يېڭىۋاشتىن بەرپا قىلىنغان. تېخنىكىلىق كۆزىتىش ئارقىلىق، ئارغا تېغى يەر قاتلىمىنىڭ كىچىك رايون تەۋەسىدىكى پېرىم ئېپوخاسى يەر قاتلىمىدىن تاق ئۆتۈشمە يوللۇق سوغۇق سۇلۇق يىڭناغۇچ تۈرىدىكى ھايۋانلار توپى تۇنجى قېتىم بايقالغان، مۇزتاغ رايونى دائىرىسىدىن ئۈچ يۈرۈش ئوفىئولىت بايقالغان ھەممە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن؛ چىچار جىنسلىق مىس كانىنىڭ رۇدىلىنىش يىپ ئۇچى بايقالغان ھەممە كان ھاسىل بولىدىغان ئىستىقباللىق رايون دائىرىلەپ چىقىلغان.

جاڭ خۇڭشى، ۋاڭ خېيېن

## شىنجاڭدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ئىشى تاماملاندى

2004 - يىل 3 - ئايدا بۇ رايوننى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى تولۇق تاماملاندى. بۇ رايوننى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش — جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى بولۇپ، بۇ تۈرنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى مەسئۇل بولۇپ يولغا قويغان، خىزمەت مۇددىتى 2 يىل (2002 — 2003 - يىل) بولغان. 2 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 13 مىڭ 668 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى، 39 خىل ئېلېمېنت (جۈملىدىن ئوكسىدلاشقان ماددا) گېئوخىمىيىلىك يۈرۈشلەشكەن ئىسخېمىسى تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ رايوندىكى 39 خىل ئېلېمېنت ۋە ئوكسىدلاشقان ماددىنىڭ زامان - ماكانغا تارقىلىشى، مول توپلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى، 974 نورمالسىز ھەرخىل يەككە ئېلېمېنتلىق جاي، 36 نورمالسىز ئۇنىۋېرسال جاي دائىرىگە ئېلىندى، مىس، قوغۇشۇندىن ئىبارەت كۆپ مېتاللىق كان تېپىلىدىغان ئىستىقباللىق رايون بەلۋېغىدىن 4ى، كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايوندىن 40ى ئايرىپ چىقىلدى. نورمالسىزلىقنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق كان تېپىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ۋېيباۋ قوغۇشۇن- سىنك كېنى، پەنلۇڭ چوققىسى تۆمۈر، كۆپ مېتال كېنى، پەنيەنفېڭ تۆمۈر كېنى ۋە كۆپ مىقداردىكى مىس، كۈمۈش، ۋولفرام، قەلەينىڭ رۇدىلىنىشىغا دائىر يىپ ئۇچى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېيباۋ قوغۇشۇن - سىنك كېنىنىڭ چوڭ كۆلەمگە ئىگە بولۇشىدىن ئۈمىد بار. گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى رايونلاردىن كان تېپىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپلا قالماي، بەلكى بۇ رايوننى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك

تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوننىڭ گېئولوگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش ۋە قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاش مۇھىم بولغان گېئوخىمىيىلىك ئاساسىي ماتېرىياللار ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ليۇ تو

## شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ - بېيشەن رايونىدىكى كان ھاسىل بولغان بەلۋاغنىڭ كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ۋە كان تېپىلىدىغان نىشان ئۇستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات

بۇ تۈر 2001 - يىلى يولغا قويۇلغان بولۇپ، جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق 14 بۆلەكتە تۇرغۇزغان رايون دائىرىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تۈرىنىڭ بىرى، بۇ تۈر 2004 - يىلى تاماملىنىپ، بىر قاتار نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچى، تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان رايوننىڭ گېئولوگىيىسى گېئوفىزىكىلىق، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، تېلېتېخنىكا، قېزىلما بايلىقى ھەمدە پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللىرىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق توپلاش ئاساسىدا، تەڭرىتاغ — بېيشەن رايونىدىكى كان ھاسىل بولغان بەلۋاغنىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات دەرىجىسى سخېمىسى، گېئوفىزىكىلىق - گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات دەرىجىسى سخېمىسى، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق سخېمىسى، يەر شارى تۈزۈلمە سخېمىسى، تېلېتېخنىكا گېئولوگىيىلىك ئىزاھلاش سخېمىسى، راك ئېغىرلىق كۈچىنىڭ نورماللىزلىقى سخېمىسى، ھاۋادىن ماگنىتلىق ئۆلچەنگەن نورماللىزلىق سخېمىسى، رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك نورماللىزلىق سخېمىسى، كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى سخېمىسى، ئۇنىۋېرسال نىشانلىق رايونلارنىڭ تارقىلىش سخېمىسىدىن ئىبارەت 1:1000000 ماسشتابلىق 10 پارچە رايون دائىرىلىك بىر يۈرۈش سخېمىلار تۈزۈپ چىقىلدى. ئىككىنچى، تەڭرىتاغ- بېيشەن رايونىدىكى كان ھاسىل بولغان بەلۋاغنىڭ گېئولوگىيىسى، ئېغىرلىق كۈچى، ھاۋادىن ماگنىتلىق ئۆلچىنىشى، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلۈشى، تېلېتېخنىكا، قېزىلما بايلىقى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىق 7 بوشلۇق جەھەتتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇرغۇزۇلدى. ئۈچىنچى، تەڭرىتاغ - بېيشەن رايونىدىن گېئولوگىيىلىك كان تېپىشقا دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە 7 پارچە مەخسۇس دوكلات يېزىلدى. تۆتىنچى، ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ Sb، Au، Zn، Pb، AU، Ni، Cu قاتارلىق كان تۈرى بويىچە كان تېپىلىدىغان 153 نىشانلىق رايون دائىرىلەپ چىقىلدى، ئالدىن مۆلچەرلەش نەتىجىسىگە ئاساسەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 11 نىشانلىق رايون ئۈستىدە دالا تەكشۈرۈش ۋە قۇرۇلۇشنى دەلىللەش ئىشى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى، 16 كان نۇقتىسى (ياتمىسى) بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۆلچەرلىنىشچە، ئوتتۇرا تىپتىكى كۆلەمگە ئىگە بولىدىغىنى 2، كىچىك تىپتىكىسى 14. بەشىنچى، بۇ تۈرنى يولغا قويۇش جەريانىدا 20 پارچە ئىلمىي ماقالە ئاشكارا ئېلان قىلىندى. بىر مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلىندى.

بۇ تۈر 2004 - يىل 7 - ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، دوكلات 97 نومۇرغا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە 14 نۇقتىلىق رايون بۆلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تۈرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

چۇ شۈن

## مەملىكەتلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ دەرىجىلىك سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى)

2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئاكادېمىيىسى «مەملىكەتلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ دەرىجىلىك سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» شىنجاڭ قىسمىنىڭ ئامبىرىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى تەمىنلىگەن گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 4407 پارچە، قېزىلما بايلىق نۇقتىسى (كان نۇقتىسى، مىنېراللاشقان نۇقتا) دىن 4488ى كىرگۈزۈلدى. بۇ ماتېرىياللار 1949 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، گېئوفىزىكىلىق، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، تېلېتېخنىكا، سۇچىلىق، سانائەت، مۇھىت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ نەتىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فەن چاۋشيا

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە مۇلازىمىتى مەھسۇلات قىممىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كارتوگرافىيە ساھەسىدىكى گۇۋاھنامە ئالغان ئورۇنلار ياراتقان كارتوگرافىيە مۇلازىمىتى

مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە سىستېمىسىنىڭ 19 مىليون 490 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ 15 مىليون 880 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق سىستېمىسىنىڭ 14 مىليون 570 مىڭ يۈەن، سۇ - ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ 10 مىليون 850 مىڭ يۈەن، قاتناش سىستېمىسىنىڭ 9 مىليون 210 مىڭ يۈەن، كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن، مېتاللورگىيە سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 760 مىڭ يۈەن، نېفىت سىستېمىسىنىڭ 20 مىليون 420 مىڭ يۈەن، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ 400 مىڭ يۈەن، تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ 4 مىليون 840 مىڭ يۈەن، زېمىن بايلىقى سىستېمىسىنىڭ 14 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يادرو سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 940 مىڭ يۈەن، مائارىپ - پەن تەتقىقات سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ 13 مىليون 990 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنىڭ 530 مىڭ يۈەن، باشقا سىستېمىلارنىڭ 17 مىليون 90 مىڭ يۈەن.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى


2004 - يىلى شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزى بىرلىكتە تاماملىغان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى مۇنۇلار: گېئودېزىيىلىك ئۆلچەشتە: GPS بويىچە ئۆلچەنگەن C دەرىجىلىك نۇقتا 112، D دەرىجىلىك نۇقتا 168، نىۋېلىرلىق ئۆلچەشتە: 3 - دەرىجىلىكى 310 كۋادرات كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىكى 3657 كۋادرات كىلومېتىر. رەقەملەشتۈرۈلگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەشتە: (DLG) 1:10000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 1768 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 6122، 1:5000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 5 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 20، 1:2000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 87 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 207، 1:1000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 42 نۇسخا سانلىق مىقدارى (MB) 126، 1:10000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئاتمېتكا مودېلى (DEM) خەرىتىسىدىن 1845 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 9867، 1:2000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 65 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 79، 1:1000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 42 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 29، 1:1000 ماشتابلىق DDM رەقەملەشتۈرۈلگەن ئۇدۇل تەسۋىرلىك خەرىتە (ئايروپىلاندا تارتىلغان) دىن 1741 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 192064، 1:5000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 290 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 7250، 1:2000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 65 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 84690، 1:1000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 42 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 84000 خەرىتىلەر ئىشلەندى. دالىدا يەر شەكلى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ خەرىتە ئىشلەشتە: (PLG) 1:2000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 20 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 30، 1:1000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 204 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 204، 1:500 ماشتابلىق خەرىتىدىن 355 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 378، باشقا ماشتابلىق خەرىتىدىن 10 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 25 خەرىتىلەر ئىشلەندى. رەقەملەشتۈرۈلگەن خەرىتە ئىشلەشتە: 1:100000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 4 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 960، 1:10000 ماشتابلىق خەرىتىدىن 42 نۇسخا، سانلىق مىقدارى (MB) 273 خەرىتىلەر ئىشلەندى. تۈزۈلگەن خەرىتىلەر: 1:10000 ماشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى 3 نۇسخا، 1:5000 ماشتابلىق خەرىتە 4 نۇسخا، 1:2000 ماشتابلىق خەرىتە 20 نۇسخا. مەخسۇس خەرىتىلەر: بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى خەرىتىسى (1)، (2)، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەر خەرىتىسى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى خەرىتىسى، قورالLIQ ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى خەرىتىسى، سانجى ئېلېكتر تورلىرىنىڭ بۆلگىنغان رايونلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ زېمىن بايلىقىنىڭ جايلىشىش قۇمدىن ئىشلەنگەن مودېلى، تۇرپان كارىزى مەنزىرىلىك رايونىنىڭ مودېل خەرىتىسى، بوغدا كۆلى ساياھەت مەنزىرىلىك رايونىنىڭ مودېل خەرىتىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئاسما خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى مەھەللە، رايونلىرىنىڭ جايلىشىش ئورنى خەرىتىسى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - قۇتقۇزۇش خەرىتىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ ساياھەت - قاتناش خەرىتىسى، بىگتۇەندىكى شى، تۇەنلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى خەرىتىسى، شايار ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى خەرىتىسى، ئۈرۈمچىنىڭ فوتوگرافىك ئاتلىسى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتلىسى» دىن ئىبارەت. مەخسۇس رەقەملەشتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار: قەشقەر سۈنئىي ھەمراھ فوتوگرافىيە سانلىق مەلۇمات خەرىتىسى، قاراماي سۈنئىي ھەمراھ فوتوگرافىيە سانلىق مەلۇمات خەرىتىسى، شايار - ئارال، قۇمۇل - ئارا يۇلتۇز تاش يولىنىڭ

سۈنئىي ھەمراھ فوتوگرافىيىلىك خەرىتىسى، سانجى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئېلېكترون خەرىتىسى، ئۈرۈمچىنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك مەنزىرە خەرىتىسىدىن ئىبارەت. سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرى قۇرۇش جەھەتتە: دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئاۋئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئالغان ماتېرىياللىرىنى رەقەملەشتۈرۈش ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشى بويىچە شىنجاڭنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىدىغان J — 3 رايونلىرىدىكى قىسمەن جايلارنىڭ تەسۋىرى ئاۋئاتسىيىلىك قارانىگاتىپۇغا چۈشۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي گېئولوگىيىلىك ئۈچۈر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (1:10000 ماسشتابلىق ئۆلگە كۆرسىتىش ئامبىرى) 64 نۇسخا، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (1:50000 ماسشتابلىق ئۆلگە كۆرسىتىش ئامبىرى) دىن 4 نۇسخا، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (1:250000 ماسشتابلىق ئۆلگە كۆرسىتىش ئامبىرى) دىن 153 نۇسخا، سانجى ئوبلاستىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئېلېكترون خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىشىنىڭ يېڭىلانغانلىرىنى تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى. چېگرا سىزىقىنى ئۆلچەش - سىزىش جەھەتتە: 41 كۋادرات كىلومېتىر يەر تەۋەلىكى ئۆلچەپ سىزىلىپ 579 نۇسخا خەرىتە ئىشلەندى. قۇرۇلۇشنى ئۆلچەش جەھەتتە: قاراماينىڭ ئۆلچىنىدىغان رايونلىرىدىكى قۇرۇلۇشلار، سايرام- كەڭساي سىزىق سىزىپ ئۆلچەندى، ئالاتاغ تاغ ئېغىزى ئۆلچەپ چىقىلدى. ئالاتاغ تاغ ئېغىزىدىكى ئۆزگەرتىلگەن يول ئۆلچەندى. سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكىسى ئارقىلىق تەسۋىر چۈشۈرۈشتە مۇنۇلار قولغا كەلتۈرۈلدى: پەرقلەندۈرۈش نىسبىتى بىر مېتىر، 2.5 مېتىر، 10 مېتىر بولغان 14 مىڭ 566 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلگەن، سپېكترى 2.5 مېتىر، 10 مېتىر بولغان 14 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك سۈرەت تارتىلدى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيىگە دائىر 7 تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت ئېتىراپ قىلىندى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ 6 تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت ئىش تۈرىنى تەستىقلىدى، بۇلار: مۇقىم ئۆلچەش بەلگىلىرىنى چېقىش- يۆتكەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، كارتوگرافىيە سىزىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، كارتوگرافىيە مەشغۇلات گۇۋاھنامىسى بېجىرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، نىسپىي مۇستەقىل تۈرغۇزۇلىدىغان تەكشىلىك كوئوردىنات



شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۇرتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2004 - يىل 8 - ئايدا ئاقسۇ ئۆلچەش رايونىدىكى سازلىقتا ئۆلچەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرماقتا.

سۇ جىزو فوتوسى

سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، سىرتتىن دۆلەت ئاشكارىلىمىغان كارتوگرافىيە نەتىجە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تۈزۈلىدىغان، بېسىلىدىغان، نەشر قىلىنىدىغان، كۆرگەزمە قىلىنىدىغان، گېزىت - ژۇرناللارغا قىستۇرۇلىدىغان خەرىتىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ بىر تۈر تەستىقلاندى، ئۇ بولسىمۇ، ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە نەتىجە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش - ئىشلىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت. ھازىرغىچە شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ 7 تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازىتى ئېتىراپ قىلىندى.

شيا يىڭ

## 1:10000 ماسشتابلىق ئۇل كارتوگرافىيە نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭنىڭ 2003- يىللىق 1:10000 ماسشتابلىق ئۇل كارتوگرافىيە نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ نەتىجە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 163، سانجى ئوبلاستىنىڭ 212، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 86، بورتالا ئوبلاستىنىڭ 131، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 160، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 43، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 224، جەمئىي 1019 نۇسخا 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىش تاماملاندى، خەرىتىلەشتۈرۈلگەن كۆلەم 75 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. C دەرىجىلىك، D دەرىجىلىك GPS

تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن 302 سى تاماملاندى. 188 كىلومېتىر دائىرە 3 ـ دەرىجىلىك، 3272 كىلومېتىر دائىرە 4 ـ دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق ئۆلچەندى. 7 ۋىلايەت، ئوبلاستقا ئۇل كارتوگرافىيە نەتىجىسىنىڭ رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىسى، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئېگىزلىك ئاتمىتىكا خەرىتىسى، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئۇدۇل تەسۋىرلىك خەرىتىسىنىڭ ھەر بىرىدىن 1019 نۇسخا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، ئىلى، بايىنغولىن، بورتالا، سانجى ئوبلاستلىرىدا 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئاساسنى ئۆلچەپ ـ سىزىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دالىدا ئۆلچەش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى.

شيا يىڭ

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ خەرىتىلەر توپلىمى دېيىلىدۇ) 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ قاتتىق مۇقاۋىلىق 16 فورماتلىق قىلىپ ئىشلەندى.

«خەرىتىلەر توپلىمى» توپلاشتۇرۇلغان GIS بىلەن تولۇق رەقەملىك كومپيۇتېر ئۈستىلىدە خەرىتە ئىشلەش يېڭى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە تۈزۈلگەن خەرىتىدۇر. ئۇ شىنجاڭنىڭ تەبىئىتى، ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ماكرولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تەرتىپلىك خەرىتە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان رايونلۇق خەرىتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 169 نۇسخا خەرىتە، 13 جەدۋەل، 20 پارچە سۈرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەخمىنەن 100 مىڭ خەتلىك. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەرتىپلىك خەرىتە مەمۇرىي رايون، رايون ئورنى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت، يەر تۈزۈلۈشى، كىلىمات، سۇ سىستېمىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، يەرلەردىن پايدىلىنىش، قېزىلما بايلىق، قاتناش، ساياھەتچىلىك، بىڭتۇەن قاتارلىق 14 بىرلىكتىن؛ رايون خەرىتىسى ۋىلايەت، ئوبلاست خەرىتىسى، ناھىيە ـ شەھەر خەرىتىسى، شەھەر رايونى خەرىتىسىدىن تەركىب تاپقان.

شيا يىڭ

## «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى كۆپ ۋاستىلىك كۆرسىتىش سىستېمىسى ئىشلەپ پۈتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئىشلىگەن «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى كۆپ ۋاستىلىك كۆرسىتىش سىستېمىسىنى نامايان قىلىش ۋە ئوپتىكىلىق دىسكىسىنى تۈنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سىستېمىدا ئېلېكترونلۇق خەرىتە، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى، كۆپ ۋاستە قاتارلىق تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىلغان، كۆپلىگەن خەرىتە ۋە شەرتلىك بەلگىلەر ۋاستە قىلىنغان، مەشغۇلات ئاددىيلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 2003 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزمۇنى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى، نوپۇسى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ئىگىلىكى، بايلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قاتارلىق خەلق ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ تەرەققىيات ـ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شيا يىڭ

## ھاۋادىن ئاساسلىق سۈرەتكە ئېلىش ئىشى تاماملاندى

2004 ـ يىلى دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرغان شىنجاڭدا ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىنىدىغان ئاساسلىق رايونلار قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇلدىن ئىبارەت 7 ۋىلايەت، ئوبلاستقا تارقالغان. ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىنىدىغان كۆلەم تەخمىنەن 140 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تاماملاندى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە سۈپىتى نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى

شىنجاڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى 2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ 3 تۈر بويىچە ئۆلچەملىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، تېبودالىت، نىۋېلىر، تېلېمېتىر، لازېرلىق قول تېلېمېتىر، ئۆلچەش تىپلىق GPS قوبۇللىغۇچ شىنجاڭنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ساھەسىدە 3 يىللىق تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەنلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆل كارتوگرافىيە تۈرلىرى 29 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ 2003 - يىللىق ئۆل كارتوگرافىيىگە دائىر 2 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ ئۆي - مۈلۈك كارتوگرافىيە سۈپىتى 20 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى؛ 72 ئىشلەپچىقىرىش ئورنى قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، بۇلاردىن 51 ئورۇننىڭ مەھسۇلاتى لاياقەتلىك، 21 ئورۇننىڭ مەھسۇلاتى لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى. 2004 - يىل 9 - ئايدا فۇكاڭدىكى دۆلەتلىك نازۇك سېلىشتۇرما ئۆزۈنلۈق ئاساسىي لىنىيە مەيدانىنى نەنسەنگە كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

شيا يىڭ

## خەرىتە ۋە كارتوگرافىيە بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە خەرىتىلىك تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. 13 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە يەرمەنكىگە قاتناشقان 1000 دىن كۆپرەك كارخانا ئىشلەتكەن، گېزىت - ژۇرناللارغا باستۇرغان، كۆرگەزمە قىلغان خەرىتىلەرنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. «شەھەر ئىستېماللارى سەھەرلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان ئېغىر سىياسىي خاتالىق كۆرۈلگەن خەرىتە دېلوسى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى؛ شىنجاڭ كومۇرلۇك گېئولوگىيە شىركىتى 156 - ئەترىتىنىڭ گۇۋاھنامىدىكى ئۆلچەمدىن ھالقىپ ئۆلچەپ سىزىش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە كەسپىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت مەمۇرىي جازا بېرىلدى. بۇ بىر يىلدا 700 نۇسخىدىن كۆپرەك خەرىتە تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 139 خەرىتىگە نومۇر سېلىندى. شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۇرتى شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ بۇ يۇرتنىڭ خەرىتە ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق دېلوسى ئۈستىدە 1 - سوتتا يېڭىپ چىقتى.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆي - جاي كارتوگرافىيە سۈپىتىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى؛ 16 ئورۇننىڭ كارتوگرافىيە سىزىش سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىندى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 219 ئورۇن كارتوگرافىيە سىزىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. كارتوگرافىيە سىزىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىلىپ 243 كىشى تەربىيىلەندى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە كاپالىتى ۋە مۇلازىمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ساھەسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى تەمىنلىگەن كارتوگرافىيە كاپالىتى مۇلازىمىتى مۇنۇلار: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى» ۋە «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» غا دائىر كۆپ ۋاستىلىك كۆرسەتمە سىستېمىسىنى تاماملاش ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭنىڭ 1:250000 ماسشتابلىق 1:1000000 ماسشتابلىق جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتى، 12 مىڭ 860 پارچە يەر شەكلى خەرىتىسى، 1820 تىزگىنلەش نۇقتىسى، 1471 نۇسخا رەقەملەشتۈرۈلگەن خەرىتە مەھسۇلاتلىرى، 18 مىڭ 697 پارچە ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەت ماتېرىياللىرى، 1400 نەچچە نۇسخا ئاتلاس بىلەن تەمىنلىدى. كارتوگرافىيە نەتىجىسى ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش داۋامىدا ھۆكۈمەت، ئالاقىدار تارماقلار ۋە قىسىملارغا ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنى ئازايتىش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئامىمۋى پاراۋانلىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن كارتوگرافىيە نەتىجىلىرى ئېھتىياجلىق بولسىلا كارتوگرافىيە ئىدارىسى ھەقسىز تەمىنلىدى.

شيا يىڭ

## دوستانە بېرىش - كېلىشلەر

2004 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى 6 تۈركۈمدە 25 ئادەم (قېتىم) نى شۋېتسىيىدە ئېچىلغان 12 - نۆۋەتلىك جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر قۇرۇلۇشى بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا، تۈركىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش - تېلېتېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 20 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا، گېرمانىيىدە ئېچىلغان «شىنجاڭنى رەقەملەشتۈرۈش» يۇمشاق دېتال تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلىنىشكە، پاكىستانغا بېرىپ ئۆلچەش - سىزىش تېخنىكىسى جەھەتتە سىستېمىلار بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى؛ ئاپتونوم رايوندىكى كارتوگرافىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋە كەسپىي خادىملارنى گېرمانىيىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاۋستىرالىيىنىڭ شىمالىدىكى تېررىتورىيە ھۆكۈمىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلان ۋە مۇھىت مىنىستىرلىكى يەر ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇدىرى قىلىپ لود ئەپەندى بىلەن جاڭ يۈ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىگە كېلىپ شىنجاڭ ئاساسىي جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزىنى تەكشۈردى ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

شيا يىڭ

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## يەر تەۋرەش

### يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە 712 قېتىم 2 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 — 2.9 بال يەر تەۋرەش 577 قېتىم، 3 — 3.9 بال يەر تەۋرەش 115 قېتىم، 4 — 4.9 بال يەر تەۋرەش 20 قېتىم. 2004 ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىدە يۈز بەرگەن 4.9 بال يەر تەۋرەش مۇشۇ يىل ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ 2004 ـ يىلدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، 5 بال يەر تەۋرەش بېسىقىپ قالدى، 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ ئىككى ئۇچىغا مەركەزلەشكەن، 9 — 10 ـ ئايلاردا تاجىكىستاندىن موڭغۇلىيىگىچە بولغان ئارىلىقتا 24 گرادۇسلۇق دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن 4 بال يەر تەۋرەش بەلۋېغى شەكىللەندى.

1. 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى موڭغۇلكۈرەدە 6 بال يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۇلۇغچات ناھىيە چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ۋە 2004ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئارشاڭ ناھىيە چېگرىسىنىڭ سىرتىدا 2 قېتىم بەش بال يەر تەۋرىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا شىنجاڭ تەۋەسىدە 5 بال يەر تەۋرەش كۆرۈلمىدى. تەۋرەش چاستوتىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 2003 ـ يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى (قوشۇمچە جەدۋەلگە قاراڭ).

قوشۇمچە:

شىنجاڭدا 2002 — 2004 ـ يىلغىچە بولغان يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| يىل | 2 — 2.9 | 3 — 3.9 | 4 — 4.9 | 5 — 5.9 | 6 — 6.9 | ئەڭ كۈچلۈك تەۋرەش | تەۋرىگەن ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2002 | 586 | 108 | 16 | 1 | 0 | 5.8 | 711 |
| 2003 | 858 | 200 | 58 | 12 | 2 | 6.8 | 1130 |
| 2004 | 577 | 115 | 20 | 0 | 0 | 4.9 | 712 |

2. ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭدىكى باشقا يەر تەۋرەش بەلۋاغلىرىدا 4 بال يەر تەۋرىدى. جەنۇبىي ـ شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ غەربىي يان تەرىپى ئاساسلىق يەر تەۋرەش ھەرىكىتى رايونى بولدى. 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدە 3 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش كۆرۈنەرلىك ئاشتى، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەر تەۋرەش كۈچەيگەن رايونلارنىڭ چېتى (چېگرا سىرتى) دا 5.1 بال يەر تەۋرىدى. جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدە ئوتتۇراھال يەر تەۋرەش 3 قېتىملىق كۈچىنىش ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈردى، 3 قېتىملىق كۈچىنىش ھەرىكىتى داۋامىدا ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش بارا ـ بارا كۈچىيىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

3. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە يۈز بەرگەن 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشتە مەلۇم رېتىملىق خۇسۇسىيەت ئىپادىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە ۋە 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش دائىرە جەھەتتە غۇژمەك ھالەتتە تارقالدى: 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن 6 قېتىملىق 4 بال يەر تەۋرەش 80°لۇق لىنىيىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا تارقالغان؛ 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن 9 قېتىملىق 4 بال يەر تەۋرەش مەركەزلىك ھالدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە تارقالغان، پەقەت بىر

قېتىملىق يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىر قەدەر ئاجىز بولغان شىمالىي تەڭرىتاغدىكى بوغدا يايى ئۆزۈلمىسىنىڭ جەنۇبىي يېنىدا يۈز بەردى. 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن 5 قېتىملىق 4 بال يەر تەۋرەش ھەر قايسى يەر تەۋرەش بەلۋاغلىرىغا تارقالغان.

2004 ـ يىلى ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋىغىدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى نىسبەتەن تىنچ بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ شەكىللەندى. ئومۇمەن قىلغاندا، 2004 ـ يىلى شىنجاڭ تارىخىدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىر قەدەر ئاجىز بولغان يىل ھېسابلىنىدۇ. 84° لۇق لىنىيىنىڭ غەربىدىكى رايونلار 4 بال يەر تەۋرىگەن ئاساسلىق ھەرىكەتچان رايون ھېسابلىنىدۇ، كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچلۈك بولغان رايونلار شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە كەلپىن بۆلىكى ھەمدە غەربىي كۇئېنلۇن ئۆزۈلمە بەلۋىغىغا جايلاشقان.

ۋاڭ شياۋرۇڭ، ۋاڭ جىدا

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن M⩾3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | تەۋرەش دەرىجىسى: ML | M | H چوڭقۇرلۇقى (1000 مېتىر) | زىچلىقى | پايدىلىنىدىغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2004 | 1 | 9 | 5 | 26 | 36 | 47°28′ | 84°37′ | 4.2 | 3.7 | 22 | 1 | قوبۇقسارنىڭ غەربىي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 2 | 2004 | 1 | 17 | 8 | 32 | 49 | 38°31′ | 73°59′ | 4.3 | 3.8 | 124 | 2 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 3 | 2004 | 1 | 20 | 18 | 12 | 58 | 40°47′ | 77°42′ | 4.3 | 3.8 | 14 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 4 | 2004 | 1 | 23 | 21 | 39 | 55 | 41°35′ | 79°06′ | 4 | 32 | | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 5 | 2004 | 1 | 28 | 14 | 37 | 13 | 39°21′ | 77°07′ | 4.5 | 4 | 19 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 6 | 2004 | 1 | 29 | 23 | 29 | 9 | 42°39′ | 86°14′ | 4.3 | 3.8 | 24 | 1 | خېجىڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 7 | 2004 | 2 | 6 | 14 | 34 | 26 | 37°29′ | 79°34′ | 4.8 | 4.3 | 13 | 2 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 8 | 2004 | 2 | 14 | 8 | 59 | 27 | 44°52′ | 85°07′ | 4.4 | 3.9 | 58 | 1 | شىخۇ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 9 | 2004 | 2 | 16 | 7 | 23 | 13 | 36°51′ | 78°42′ | 5.1 | 4.7 | 55 | 1 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 10 | 2004 | 2 | 20 | 12 | 27 | 31 | 47°36′ | 82°01′ | 4.9 | 4.5 | 58 | 2 | تارباغاتاينىڭ غەربىي شىمالىي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 11 | 2004 | 2 | 23 | 4 | 16 | 00 | 39°03′ | 75°17′ | 4.7 | 4.2 | 38 | 1 | قوڭقۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 | 2004 | 2 | 25 | 7 | 43 | 22 | 44°07′ | 85°17′ | 4 | 35 | 27 | 1 | شخۇ | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 13 | 2004 | 3 | 4 | 14 | 15 | 58 | 39°30′ | 77°41′ | 4.3 | 3.8 | 29 | 1 | مەكىت | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 14 | 2004 | 3 | 14 | 7 | 57 | 8 | 48°24′ | 89°07′ | 4.8 | 4.3 | 15 | 1 | ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالىي | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 15 | 2004 | 3 | 15 | 15 | 57 | 41 | 36°34′ | 78°09′ | 4.7 | 4.2 | 152 | 1 | قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 16 | 2004 | 3 | 21 | 6 | 55 | 5 | 43°51′ | 86°17′ | 4.2 | 3.7 | 31 | 1 | شخەنزە | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 17 | 2004 | 3 | 21 | 18 | 34 | 52 | 38°52′ | 73°41′ | 5.4 | 5 | 48 | 2 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 18 | 2004 | 3 | 30 | 4 | 30 | 33 | 43°.04′ | 88°28′ | 4.1 | 3.6 | 33 | 1 | توقسۇن | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 19 | 2004 | 4 | 16 | 10 | 1 | 41 | 40°15′ | 77°29′ | 4.1 | 3.6 | 19 | 1 | پەيزاۋات | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 20 | 2004 | 5 | 1 | 15 | 8 | 6 | 35°16′ | 78°06′ | 4.7 | 4.2 | | 4 | قاراقۇرۇم ئېغىزى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 21 | 2004 | 5 | 15 | 20 | 1 | 50 | 45°46′ | 85°16′ | 4 | 3.5 | 24 | 1 | قاراماي | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 22 | 2004 | 5 | 20 | 2 | 23 | 44 | 40°12′ | 77°31′ | 4.9 | 4.5 | 24 | 1 | پەيزاۋات | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 23 | 2004 | 5 | 21 | 10 | 23 | 52 | 42°15′ | 85°08′ | 4.2 | 3.7 | 36 | 1 | بۆگۈر | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 24 | 2004 | 5 | 23 | 2 | 52 | 2 | 48°29′ | 89°01′ | 4.4 | 3.9 | 24 | 1 | ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالىي | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 25 | 2004 | 5 | 24 | 15 | 9 | 15 | 40°53′ | 79°59′ | 4.5 | 4 | 20 | 1 | ئاقچى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 26 | 2004 | 5 | 25 | 21 | 55 | 21 | 41°47′ | 84°03′ | 4.1 | 3.6 | 31 | 1 | بۆگۈر | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 27 | 2004 | 6 | 4 | 10 | 36 | 4 | 44°35′ | 83°14′ | 4.5 | 4 | 34 | 1 | جىڭ ناھىيىسى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 28 | 2004 | 6 | 4 | 14 | 30 | 41 | 38°47′ | 73°39′ | 4.0 | 3.5 | 104 | 2 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شنجاڭ ئستانسا تورى |
| 29 | 2004 | 6 | 7 | 5 | 39 | 6 | 43°30′ | 94°47′ | 5.1 | 4.7 | 19 | 2 | قۇمۇل | شنجاڭ ئستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 30 | 2004 | 6 | 15 | 22 | 41 | 25 | 39°.09′ | 87°00′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | چاقىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 31 | 2004 | 6 | 17 | 18 | 37 | 6 | 37°11′ | 77°15′ | 4 | 3.5 | 24 | 1 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 32 | 2004 | 6 | 27 | 19 | 53 | 48 | 38°38′ | 73°56′ | 4 | 3.5 | 121 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 33 | 2004 | 6 | 29 | 23 | 49 | 24 | 35°53′ | 78°30′ | 4 | 3.5 | | 4 | قاراقۇرۇم | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 34 | 2004 | 7 | 2 | 00 | 16 | 18 | 38°26′ | 74°01′ | 4.1 | 3.6 | 133 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 35 | 2004 | 7 | 6 | 8 | 9 | 38 | 39°40′ | 77°00′ | 4 | 3.5 | 20 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 36 | 2004 | 7 | 7 | 8 | 19 | 31 | 38°25′ | 73°50′ | 4.1 | 3.6 | 141 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 37 | 2004 | 7 | 8 | 22 | 30 | 48 | 36°58′ | 84°45′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | چەرچەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 38 | 2004 | 7 | 9 | 2 | 36 | 36 | 41°50′ | 87°57′ | 4 | 3.5 | 29 | 1 | توقسۇن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 39 | 2004 | 7 | 17 | 14 | 16 | 59 | 39°28′ | 77°35′ | 4 | 3.5 | 21 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 40 | 2004 | 7 | 17 | 16 | 2 | 39 | 40°00′ | 75°43′ | 4 | 3.5 | 34 | 1 | قەشقەر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 41 | 2004 | 7 | 19 | 16 | 37 | 50 | 46°42′ | 90°12′ | 4.3 | 3.8 | 19 | 1 | كۆكتوقاي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 42 | 2004 | 7 | 21 | 11 | 33 | 38 | 40°37′ | 77°35′ | 4.2 | 3.7 | 26 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 43 | 2004 | 7 | 23 | 00 | 56 | 31 | 34°59′ | 81°11′ | 4.2 | 3.7 | | 4 | شىزاڭ رېتو | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 44 | 2004 | 8 | 10 | 16 | 41 | 21 | 40°49′ | 79°06′ | 4.4 | 3.9 | 19 | 1 | كەلپىن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 45 | 2004 | 8 | 14 | 11 | 21 | 39 | 40°55′ | 78°36′ | 4.1 | 3.6 | 17 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 46 | 2004 | 8 | 16 | 15 | 24 | 7 | 36°08′ | 75°52′ | 4.1 | 3.6 | 0 | 2 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 47 | 2004 | 8 | 19 | 13 | 39 | 41 | 45°43′ | 82°37′ | 4.2 | 3.7 | 36 | 1 | ئالاتاۋ تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | غۇلجا | 1 | 25 | 3.6 | 4.1 | 81°35′ | 44°13′ | 22 | 39 | 1 | 21 | 8 | 2004 | 48 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئارشاڭنىڭ شىمالىي | 1 | 37 | 4.7 | 5.1 | 81°03′ | 45°22′ | 45 | 54 | 21 | 25 | 8 | 2004 | 49 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قارامىرەن تاغ ئېغىزى | 4 | | 3.6 | 4.1 | 87°53′ | 36°34′ | 34 | 17 | 14 | 27 | 8 | 2004 | 50 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | تاشقورغان | 1 | 42 | 3.9 | 4.4 | 76°09′ | 37°53′ | 44 | 28 | 18 | 28 | 8 | 2004 | 51 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بۆگۈر | 1 | 27 | 3.7 | 4.2 | 84°22′ | 42°27′ | 52 | 17 | 14 | 31 | 8 | 2004 | 52 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | لوپنۇر | 4 | | 3.6 | 4.1 | 91°56′ | 39°29′ | 42 | 19 | 21 | 1 | 9 | 2004 | 53 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | غۇلجا | 1 | 32 | 4 | 4.5 | 81°23′ | 44°16′ | 56 | 47 | 3 | 3 | 9 | 2004 | 54 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 31 | 3.5 | 4 | 77°13′ | 40°25′ | 13 | 7 | 6 | 3 | 9 | 2004 | 55 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى | 4 | | 3.9 | 4.4 | 78°13′ | 35°32′ | 3 | 1 | 12 | 7 | 9 | 2004 | 56 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئارشاڭ | 1 | 22 | 3.8 | 4.3 | 81°32′ | 44°36′ | 48 | 20 | 7 | 10 | 9 | 2004 | 57 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 15 | 3.6 | 4.1 | 77°37′ | 40°30′ | 26 | 6 | 23 | 23 | 9 | 2004 | 58 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى | 1 | 155 | 3.5 | 4 | 78°09′ | 36°31′ | 52 | 31 | 13 | 25 | 9 | 2004 | 59 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 11 | 3.6 | 4.1 | 74°30′ | 39°41′ | 15 | 41 | 10 | 28 | 9 | 2004 | 60 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 3 | 4 | 4.5 | 74°22′ | 39°46′ | 57 | 53 | 16 | 28 | 9 | 2004 | 61 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | 2 | 44 | 3.5 | 4 | 73°56′ | 38°39′ | 44 | 14 | | 29 | 9 | 2004 | 62 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | جىڭ | 1 | 30 | 3.8 | 4.3 | 83°16′ | 44°06′ | 35 | 55 | 12 | 29 | 9 | 2004 | 63 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | تارىم ئويمانلىقى | 1 | 25 | 3.6 | 4.1 | 82°16′ | 39°18′ | 43 | 13 | 16 | 29 | 9 | 2004 | 64 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالىي | 2 | 30 | 3.9 | 4.4 | 74°14′ | 40°08′ | 52 | 31 | 4 | 6 | 10 | 2004 | 65 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 66 | 2004 | 10 | 6 | 6 | 27 | 10 | 41°45′ | 81°35′ | 4.5 | 4 | 19 | 1 | باي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 67 | 2004 | 10 | 6 | 7 | 35 | 41 | 38°08′ | 91°42′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | چىڭخەي-نىڭ خەي-شى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 68 | 2004 | 10 | 6 | 12 | 53 | 8 | 42°59′ | 86°24′ | 4.3 | 3.8 | 22 | 1 | خېجىڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 69 | 2004 | 10 | 8 | 00 | 14 | 12 | 40°18′ | 77°27′ | 5.3 | 4.9 | 19 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 70 | 2004 | 10 | 12 | 15 | 18 | 30 | 39°52′ | 75°33′ | 4.5 | 4 | 26 | 4 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 71 | 2004 | 10 | 17 | 23 | 35 | 45 | 35°21′ | 77°31′ | 4.5 | 4 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 72 | 2004 | 10 | 18 | 7 | 25 | 37 | 37°56′ | 77°27′ | 4 | 3.5 | 12 | 1 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 73 | 2004 | 10 | 26 | 22 | 39 | 55 | 43°33′ | 89°28′ | 4.5 | 4 | 16 | 1 | گۇچۇڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 74 | 2004 | 10 | 27 | 17 | 23 | 35 | 45°11′ | 80°09′ | 5.5 | 5.1 | 29 | 1 | ئارىشاڭ-نىڭ غەر-بىي شى-مالىي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 75 | 2004 | 10 | 27 | 20 | 15 | 36 | 37°30′ | 75°39′ | 4.4 | 3.9 | 4 | 2 | تاشقور-غان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 76 | 2004 | 10 | 28 | 2 | 14 | 50 | 44°58′ | 80°18′ | 4.1 | 3.6 | 24 | 1 | ئارىشاڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 77 | 2004 | 10 | 28 | 11 | 1 | 50 | 35°56′ | 80°49′ | 4.1 | 3.6 | 29 | 1 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 78 | 2004 | 10 | 31 | 8 | 8 | 4 | 42°48′ | 83°10′ | 4.5 | 4 | 19 | 1 | كۇنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 79 | 2004 | 11 | 3 | 19 | 34 | 21 | 36°55′ | 77°13′ | 4 | 3.5 | 18 | 2 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 80 | 2004 | 11 | 16 | 7 | 59 | 56 | 38°29′ | 73°51′ | 4 | 3.5 | 134 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 81 | 2004 | 11 | 16 | 11 | 25 | 20 | 44°08′ | 81°50′ | 4 | 3.5 | 25 | 1 | غۇلجا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 82 | 2004 | 11 | 18 | 13 | 12 | 26 | 42°10′ | 83°22′ | 4.1 | 3.6 | 22 | 1 | كۇچا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 83 | 2004 | 11 | 19 | 5 | 38 | 10 | 44°02′ | 83°03′ | 4.8 | 4.3 | 28 | 1 | جىڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كەلپىن | 1 | 10 | 3.8 | 4.3 | 79°16′ | 40°41′ | 59 | 7 | 13 | 21 | 11 | 2004 | 84 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 31 | 4.5 | 4.9 | 77°27′ | 39°57′ | 17 | 54 | 20 | 2 | 12 | 2004 | 85 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 1 | 136 | 3.9 | 4.4 | 73°58′ | 38°28′ | 27 | 50 | 20 | 6 | 12 | 2004 | 86 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 3.8 | 4.3 | 76°58′ | 39°40′ | 12 | 40 | 10 | 8 | 12 | 2004 | 87 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | گۇچۇڭ | 1 | 24 | 3.5 | 4 | 89°50′ | 44°36′ | 23 | 35 | 9 | 9 | 12 | 2004 | 88 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 18 | 3.6 | 4.1 | 76°59′ | 39°39′ | 14 | 7 | 7 | 10 | 12 | 2004 | 89 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 16 | 3.7 | 4.2 | 77°07′ | 40°22′ | 22 | 17 | 2 | 14 | 12 | 2004 | 90 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بۇگۇر | 1 | 34 | 3.8 | 4.3 | 84°55′ | 41°57′ | 11 | 26 | 4 | 16 | 12 | 2004 | 91 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مارالبېشى | 1 | 7 | 3.6 | 4.1 | 77°42′ | 40°13′ | 54 | 52 | 5 | 20 | 12 | 2004 | 92 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 17 | 3.6 | 4.1 | 77°02′ | 39°34′ | 20 | 41 | 9 | 28 | 12 | 2004 | 93 |

## ئارىشاڭنىڭ غەربىي شىمالى (قازاقىستان تەۋەسى) دا 5.1 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سائەت 17 دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل °45.11، شەرقىي مېرىدىئان 80.09؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=5.1.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى تەۋرەش مەركىزىگە يېقىنراق بولغان چەرچەن دەرياسى چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلىرىنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرەلمەيدىغان دېتاللىرىغا يېنىك دەرىجىدە چاك كەتكەن، كىشىلەر يەرنىڭ گورىزونتاللىق ھالەتتە كۈچلۈك تەۋرىگەنلىكىنى سەزگەن، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °V بولغان. چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ئەتراپىدىكى چارۋىچىلار نۇقتىسى، سالىماندىرا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش پونكىتى، زالمۇت يېزىسىنىڭ ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرمۇ گورىزونتاللىق تەۋرەش

گو لەنلەن

سىزىمىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشقان، ئۆيلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى Ⅳ بالغا يەتكەن. ئارىشاڭ ناھىيە بازىرى تەۋرەش مەركىزىدىن يىراقراق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر كۈچلۈك گورىزونتاللىق سىلكىنىشنى ھېس قىلغان، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى Ⅳ بال بولغان. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ناھىيە تەۋەسىدە ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋەقەلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلمىدى.

سۇڭ لىجۇن

## يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش ھەققىدىكى 30 نەچچە تۈردىكى دوكلات تەكشۈرۈلۈپ ماقۇللاندى، ئۇلار سۇچىلىق، ئېلېكتر كۈچى، قاتناش، نېفىت قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرلەرنى پىلانلاش ئىشلىرىغا چېتىلىدۇ. «ئۈرۈمچىنىڭ ھەرىكەتچان ئۈزۈلمە قاتلىمىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە يەر تەۋرەش خەتىرىگە باھا بېرىش» تۈرى شىنجاڭنىڭ 10 - بەش


يىللىق پىلان مەزگىلىدە يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئاپەتنى ئازايتىش جەھەتتىكى نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ بىرى، بۇ تۈرگە جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 7 :3 نىسبەت بويىچە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 2004 ـ يىلى بۇ تۈردە 80 كىلومېتىر ئۈزۈنلۇقتىكى چوڭقۇر مەنبەلىك يەر تەۋرەشنىڭ رېفلېكسىيىلىك كەسمە يۈزىنى تەكشۈرۈش ۋە رەقەملەشتۈرۈلگەن 10 يەر تەۋرەش ئىستانسىسىدىن تەركىب تاپقان تۇراقسىز يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ مەزگىللىك كۈزىتىش ۋە كىچىك يەر تەۋرەشنىڭ ئورنىنى ئېنىق، توغرا بېكىتىش ئىشى تاماملاندى، 30 كىلومېتىر دائىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە نېپىز قاتلىمىدىكى يەر تەۋرەشنى تەكشۈرۈش، 15 كىلومېتىر دائىرىنى يۇقىرى زىچلىقتىكى ئېلېكترونلۇق ئۇسۇل بىلەن ئۆلچەش ۋە 20 كىلومېتىر دائىرىنى گېئوخىمىيىلىك ئۆلچەش ھەمدە 1600 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ يەر تەۋرەش گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى.

گېڭ لى

## يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2004-يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۈزىتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن جىيەنمىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئاساسلىقى ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۈزىتىش ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسى، ش ئۇ ئا ر پوچتا ـ تېلېگراف شۆبە شىركىتى قاتارلىق تارماقلاردىكى خادىملاردىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىزدەش ئەترىتى، قۇتقۇزۇش ئەترىتى، تېخنىكا كاپالەتتى ئەترىتى، جىددىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش گۇرۇپپىسى، ئۇچۇر توپلاش ـ مەلۇم قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە تۇرمۇش كاپالەتتى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ئەترەت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ



2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتى قۇرۇلدى.
سۈرەتتە لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش.
جاڭ شىخەي فوتوسى

رەھبەرلىكىدە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ۋە باشقا ئالاھىدە قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە تەربىيىلەش بازىسى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگو بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، 54 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن، پۈتكەن ئۇنىۋېرسال بىنا، ياتاق بىناسى، مەشىق مەيدانىنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

ۋېي روپىڭ، گېڭ لى

## يەر تەۋرەشكە دائىر پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۈزىتىش ئىدارىسى شىنجاڭغا ئېكسپېدىتسىيە سۈزلەشكە ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا كەلگەن 10 چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئۆمەك ـ گۇرۇپپىسىدىكى 31 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە 5 ئۆمەك ـ گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 19 ئادەم (قېتىم) نى چەت ئەلگە ئەۋەتتى. تۈرلەرنى مەلۇم قىلىش ۋە تۈرغۇزۇشتا گوۋۇيۈەن چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسىنىڭ جەمئىي 300 مىڭ يۈەن ياردىمىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ھەمكارلىق جەھەتتە دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ

تەربىيىلەنگەنلەر %80كە يېتىدۇ.

شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى بىلەن ئامېرىكا، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن ئىبارەت 5 دۆلەت ھەمكارلىشىپ يولغا قويغان تەڭرىتاغ دىنامىكىسى تۈرىدىكى ئالدىنقى باسقۇچلۇق قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، بۇ تۈر جۇڭگو - روسىيە زۇڭلىلىرىنىڭ قەرەللىك يىغىنى كېلىشىمنامە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ يەر تەۋرەشكە دائىر ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇش، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرۇش، تىل مۇتەخەسسىسلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى. روسىيە يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەتقىقات ئورنى بىلەن بولغان GPS ھەمكارلىقى نورمال يولغا قويۇلدى. فرانسىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىرلىكتە جۇڭگو - فرانسىيە GEOSCOPE ھەمكارلىق تۈرىدىكى ئۈچتۈرپان يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

2004 - يىلى «شىنجاڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق تېخنىكا سىستېمىسى» نى تۇرغۇزۇش تۈرى پىلانلىق تۈردە ئالغا سىلجىتىلدى. ئامېرىكىنىڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش - قۇتقۇزۇش ۋە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ئىدىيىسى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش تېخنىكا سىستېمىسىدا قوللىنىلدى، شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى 11 - ئايدا 10 - بەش يىللىق پىلان تۈرىدىكى يەر تەۋرەش تور - سىستېمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش مەركىزى، كالىفورنىيە شتاتى تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكىلىق پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ جەنۇبىي كالىفورنىيە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىسى تورى، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس ئانژېلېس شۆبە مەكتىپى (UCLA) يەر شارى ۋە ئالەم بوشلۇقى پەنلىرى فاكۇلتېتى، كالىفورنىيە يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش كومىتېتى (FEMA)، نېۋادا ئۇنىۋېرسىتېتى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش تەجرىبىخانىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش - قۇتقۇزۇش ۋە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش تېخنىكا تۈرلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

گېڭ لى

### يەر تەۋرەشكە دائىر پەن تەتقىقات خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 34نى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تېمىسى 2، جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ «ئۈچ بىرلەشتۈرۈش» تېمىسى 6، جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە فوندى تېمىسى 6، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندى ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 3، شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ فوند تېمىسى 17، بىر يىلدا 80 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

بىر تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا، 7 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى ئۆلكە، ئىدارىلەرنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش - ئاپەتنى ئازايتىش بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر 2- دەرىجىلىك، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2004- يىلى ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەركىزى ئۈستىگە ئالغان «يەر تەۋرەشتىن قىسقا مۇددەتلىك ئۇنىۋېرسال ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان يەر تەۋرەش يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات دوكلاتى» ئۇدا 3 يىل مەملىكەت بويىچە مەسلىھەتلىشىش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئالدىنقى 3 - لىككە ئېرىشتى.

گېڭ لى

# مېتېئورولوگىيە

## كىلىمات ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، يىللىق ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدە سەل كۆپرەك بولدى، قالغان رايونلاردا ئازراق بولدى. 2004 - يىلى قىش پەسلى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا سەل بالدۇر كەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا نورمال پەيتتە ياكى سەل كېچىكىپرەك كەلدى؛ باش ئەتىياز پەسلى كۆپ قىسىم رايونلاردا بالدۇر كەلدى؛ ئاخىرقى قىرو مەزگىلى كۆپ قىسىم رايونلاردا بالدۇر كەلدى، باش قىرو مەزگىلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكى ئوخشاش بولمىدى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەتىيازدىكى قارا

بوران ۋە قىسمەن جايلاردا كەلكۈن ئەتىيازنىڭ ئاخىرى يازنىڭ باشلىرىدىكى قۇرغاقچىلىق، ياز پەسلىدىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك يۇقىرى تېمپېراتۇرا، قىسمەن جايدىكى مۆلدۈر، يىل ئاخىرىدىكى قاتتىق ياغقان قار قاتارلىق ھاۋارايى كىلىمات ئاپىتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، قاتناش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بىر يىلدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيىسىنىڭ يىللىق كىلىماتى ئادەتتىكى مول ھوسۇللۇق كىلىمات ھېسابلىنىدۇ.

1. ئاساسىي كىلىماتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تېمپېراتۇرا 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 8℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 12.2℃ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ شىمالىي شىنجاڭدىمۇ 1℃ يۇقىرى بولدى. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1961 - يىلدىن بۇيان تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل ھېسابلىنىدۇ.

ھۆل - يېغىن 2004 - يىلى يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 264 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 52 مىللىمېتىر بولدى. ئادەتتىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 30% كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى رايونىدا 2 ھەسسە كۆپ بولۇپ، ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى 1961- يىلدىن بۇيانقى 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى.

كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قىسىم رايونلاردا كۈن نۇرى چۈشكەن سائەت سانى 2500 سائەتتىن ئاشتى، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تارباغاتاي ۋىلايىتى چۆچەك ناھىيىسى، شەرقىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى، يەنجى ئويمانلىقى، شايار، ئارال، مارالبېشى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئازراق بولدى، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا كۆپ قىسىم رايونلىرىدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۆپرەك بولدى.

يېغىندى قار 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا مۇقىم قار جۇغلانمىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى نورمال بولدى؛ ئالدىنقى 15 يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى جۇغلانما قار مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى جايلاردا قار كۆپ جۇغلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 30%، ئىلى ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستىدا 60%، بورتالا ئوبلاستىدا 1.5 ھەسسە؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 3 ھەسسە، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 2 ھەسسە، بايىنغولىن ئوبلاستىدا 1.5 ھەسسە كۆپ بولدى؛ تۇرپان ۋىلايىتىدە 3 ھەسسىدىن كۆپرەك بولدى.

2. زور ھاۋارايى كىلىمات ھادىسىلىرى

قۇرغاقچىلىق 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ھۆل - يېغىن نورمال ياكى سەل كۆپ بولدى، 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭدىكى قىيپاش غەربىي رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسىم رايونلاردا ھۆل - يېغىن ئازراق ياغدى، بولۇپمۇ شىخەنزىنىڭ شەرقىدىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا تەبىئىي ھۆل - يېغىن كۆرۈنەرلىك ئاز بولدى؛ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدا بىر قېتىم ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، لېكىن قۇرغاقچىلىقنى دېگۈدەك پەسەيتەلمىدى. ھەر قايسى كۆزىتىپ ئۆلچەش نۇقتىلىرىنىڭ تۇپراقنىڭ نەملىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلار، شەرقىي شىنجاڭدىكى رايونلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن رايونىدا تۇپراقنىڭ 0 مىللىمېتىردىن 50 مىللىمېتىرغىچە بولغان ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى 40% — 60% ئارىلىقىدا بولۇپ، تۇپراقنىڭ نەملىكى بىر قەدەر ناچار بولغان. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلار ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلاردا قۇرغاقچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغان.

باسقۇچ خاراكتېرلىك يۇقىرى تېمپېراتۇرا 5 - ئاينىڭ ۋە 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باسقۇچ خاراكتېرلىك 2 قېتىم يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 37℃ ئەتراپىغا يەتتى، 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا 35℃تىن ئېشىپ كەتكەن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى. چۆچەك، قاراماي، جىڭدىن تارتىپ كۆكتوقايغىچە بولغان لىنىيىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى، شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ھەمدە ئىلى ۋە ئالتاينىڭ قىسمەن رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا 37℃ تىن يۇقىرى بولدى،

قىسمەن رايونلاردا 40℃تىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدە سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.6℃قا يېتىپ، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيانقى تارىختىكى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى؛ سانجىدا 43.5℃، گۇچۇڭدا 40.6℃ قا يېتىپ، يېقىنقى 45 يىلدىكى سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تارىختىكى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى.

**قارا بورانلىق، قۇم ـ توزانلىق ھاۋارايى** 2004 ـ يىلى ئەتىيازدا قارا بورانلىق، قۇم ـ توزانلىق ھاۋارايى كۆپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، 25 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە، 4 ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە، 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە، 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەر قارا بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بىر يىلدا جەمئىي 34 قېتىم قارا بوران ئاپىتى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇم ـ توزانلىق ھاۋارايى جەريانى 11 قېتىم بولدى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قۇم ـ توزان كۆتۈرۈلگەن كۈن سانى، قۇم ئۇچقان كۈن سانى ھەمدە لەيلىمە توزانلىق كۈن سانى ئاز بولدى.

**قىسمەن جايلاردىكى كەلكۈن، لاي ـ شېغىللىق ئېقىن، تاغ گۈمۈرۈلۈش ئەھۋالى** 2004 ـ يىلى كەلكۈندىن ئىبارەت گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر بىر قەدەر بالدۇر پەيدا بولدى، كېيىن قىش پەسلىدىكى قارلار ئېرىگەچكە، ئىلى ۋىلايىتىدە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن قار ئېرىگەنلىكى ۋە قىسمەن جايلاردا قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم قارا يامغۇرلۇق كەلكۈن، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ۋە لاي ـ شېغىللىق ئېقىن ئاپىتى پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش ـ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە مال ـ مۈلۈكنى زىيانغا ئۇچراتتى. 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىگە كەلكۈن كېلىپ، لاي ـ شېغىللىق ئېقىن ھاسىل بولۇپ، كۈيتۇڭ ـ سايرام يۇقىرى دەرىجىلىك يولىنىڭ 800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكىنى لاي ـ قۇم بېسىۋالدى، ئاز كەم 500 ئاپتوموبىل قاپسىلىپ قالدى. 4ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسىدە تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ 8 كىشى قازا قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسىدە يەنە بىر قېتىم تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ بىر كىشى قازا قىلدى.

قەشقەر، خوتەن، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان كۆپ قېتىم قارا يامغۇر ـ كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قابا ناھىيىسىدە ئۇشتۇمتۇت قارا يامغۇر يېغىپ 4 كىشى قازا قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە چاقماق زەربىسىدىن بىر كىشى قازا قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماناس ناھىيىسىدە قارا يامغۇر يېغىپ لاي ـ شېغىللىق ئېقىن ھاسىل بولۇپ 3 كىشى قازا قىلدى، 5 كىشى يوقاپ كەتتى.

**مۆلدۈر** 2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 17 قېتىم مۆلدۈرلۈك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، بۇ تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكىگە قارىغاندا كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولدى، مۆلدۈر ئاپىتى ئاسان پەيدا بولىدىغان موڭغۇلكۈرە، شىخەنزە، ئاقسۇلاردا مۆلدۈر ئاپىتى پەيدا بولغاندىن سىرت، مۆلدۈر ئاپىتى ئاسانلىقچە پەيدا بولمايدىغان چەرچەن، بۇرۇلتوقاي، مەكىت، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىمۇ مۆلدۈرلۈك ھاۋارايى كۆرۈلدى.

**قار ئاپىتى ۋە قار كۆچكۈنى** 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېكەس ناھىيىسىدە قار كۆچكۈنى پەيدا بولۇپ بىر كىشى قازا قىلدى، 7 ئائىلىدىكى 41 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى. 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كۈنەس ناھىيىسىدە قار كۆچكۈنى پەيدا بولۇپ، بىر كىشى قازا قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئاقىيار دېگەن يېرىدە قار كۆچكۈنى پەيدا بولۇپ، ئىككى كىشى قازا قىلدى، بىر كىشى يارىلاندى.

**تۇمانلىق، قارلىق، تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەشتەك ھاۋارايى** 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇمانلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، ئەڭ تۆۋەن كۆرۈش دەرىجىسى 20 مېتىرغىمۇ يەتمىدى. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدا 5000 يولۇچى تۇرۇپ قالدى. 100 دىن ئارتۇق نۆۋەتچى ئايروپىلان (قېتىم) كېچىكىپ قالدى. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بىر قانچە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يول يۈرۈش سۈرئىتىگە چەك قويۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدا بىر قېتىم روشەن ھالدا قار يېغىش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەشتەك ھاۋارايى ئاساس قىلىنغان ئوتتۇرا مەزگىللىك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆپ قىسىم رايونلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇراھال ۋە قېلىن قار ياغدى، ئايرىم رايونلاردا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قار ياغدى، كۆپ قىسىم رايونلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ 20℃ـ قا چۈشۈپ قالدى، قىسمەن رايونلاردا 30℃ـ تىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قويۇق تۇمان تەسىرىدە ئۈرۈمچى-

كۆيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا 15 ئاپتوموبىل زەنجىرسىمان ئۆزئارا سوقۇلۇپ كېتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ بىر سائەت تاقىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. 20- كۈندىن باشلاپ ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى تۇمان تۈپەيلىدىن 40 سائەت تاقىلىپ قالدى، 82 نۆۋەتچى ئايروپىلان (قېتىم) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 6000 غا يېقىن يولۇچى ئايرودرومدا تۇرۇپ قالدى.

چاڭ تاۋ

## نورمالسىز مېتېئورولوگىيە

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 102 ئىستانسا - پونكىت نورمالسىز مېتېئورولوگىيە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 91 ئىستانسا - پونكىتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 23 تۈردە 303 قېتىم نورمالسىز ھادىسە كۆرۈلدى. ئىستانسىلاردا نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 35 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 58 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن سوتكىلىق ئەڭ كۆپ ھۆل- يېغىن مىقدارى 32 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 48 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 26 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 33 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ ئايلىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 27 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 32 قېتىم ئېشىپ كەتتى. مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا 24 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 26 قېتىم ئېشىپ كەتتى. يىللىق ئايلىق جەملەنگەن كۈن نۇرى ئەڭ ئاز چۈشكەن ۋاقىت 17 پونكىت- ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 24 قېتىم ئېشىپ كەتتى.

2004 - يىلى ھۆل - يېغىننىڭ نورمالسىز بولۇشى ئاساسەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن كۈندىلىك ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلەندى. ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغان ۋە كۈندىلىك ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشى ئاساسەن ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس، نىلقا، موڭغۇلكۈرە، تېكەس ۋە قورغاس؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى چاغانتوقاي، ساۋەن، شىخۇ؛ بورتالا ئوبلاستىدىكى ئالاتاۋ پورتى، ئارشاڭ، بورتالا شەھىرى؛ شىخەنزىدىكى موسۇۋەن، پاۋتەي، ئۆلانئۇس؛ سانجى ئوبلاستىدىكى جىمسار، سەيجياخۇ، فۇكاڭ، ماناس، قۇتۇبى، مىچۈەن، بوغدا كۆلى، مورى؛ قاراماي شەھىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى باركۆل، خۇڭلىيۇخې؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۈنسۇ، كۇچا؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاقتۇ، ئاتۇش؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پوسكام، تاشقورغان، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، پەيزاۋاتقا تارقالغان. ھۆل - يېغىن ئاساسەن 2 -، 3 -، 7 -، 11 -، 12 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن.

7 - ئاينىڭ 18 — 20 - كۈنلىرى نىلقا ناھىيىسى قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، سوتكىلىق ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى ئېكستىرېمۇمغا يېقىنلاشتى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە غۇلجىدا 9 كۈن ھۆل- يېغىنلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى 95.1 مىللىمېتىرغا يەتتى، 19 - كۈنى ھۆل - يېغىن 50.6 مىللىمېتىرغا يەتتى، مىقدار دەرىجىسى قارا يامغۇرغا يەتكەن بولۇپ، تارىختىكى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى. 11- ئايدا چاغانتوقايدا ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى 66.3 مىللىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %109.1 كۆپ بولدى. 2 - ئايدا فۇكاڭدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 يىلدىن بۇيانقى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە قاغىلىقتا جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 43.9 مىللىمېتىرغا، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھۆل - يېغىن مىقدارى 37.6 مىللىمېتىرغا يېتىپ، 30 يىلدىن بۇيانقى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭىساردا قارا يامغۇر ياغدى.

2004 - يىلى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئاساسەن ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىپادىلەندى، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 3 -، 4 -، 7 - ئايلارغا مەركەزلەشتى. 2- ئايدا قورغاستا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 5.1℃ قا يېتىپ، 30 يىلدىن بۇيانقى تارىختىكى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى. 7 - ئايدا سەيجياخۇدا ئۇدا بىر ھەپتە يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق قۇرغاق ھاۋارايى كۆرۈلدى. 7 - ئاينىڭ 11- كۈندىن 17 - كۈنىگىچە مىچۈەندە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ≥35℃ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 - ۋە 14 - كۈنلىرى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختىكى ئېكستىرېمۇمدىن ئېشىپ كەتتى. گوچۈڭدا 7 - ئايدا ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق پىژغىرىم ئىسسىق بوغدايىنىڭ

ئومۇمىيۈزلۈك هالدا ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا 9 كۈن بۇرۇن پىششىغا سەۋەب بولدى. داۋانچىڭدا 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرا داۋاملىشىپ، هۆل - يېغىن ئاز بولدى. نىيە ناهىيىسىدە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 13.1℃قا يېتىپ، تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.6℃ يۇقىرى بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. بىر يىل ئىچىدە ئىسسىقلىق مىقدارى مول بولدى، ≥10℃، ≥20℃ جۇغلانما تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممەت بولغان 357℃، 520.9℃تىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن ئەتىيازدا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تۇراقسىز بولدى، ئاخىرقى قىرو مەزگىلى كېچىكتى.

باشقىلار: 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نىيە ناهىيىسىدە كۈچلۈك قۇم - بورانلىق، قارا بورانلىق هاۋارايى پەيدا بولدى، قۇم - بورانلىق هاۋارايى 22 سائەت داۋاملاشتى. ئوتتۇز ئېغىز ئۆيدە 208 كۈن قارا بورانلىق كۈن پەيدا بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردا كۆرۈلگەن قارا بورانلىق كۈن سانىغا يېقىنلاشتى.

بايىنبۇلاق، ئاقچى، شياۋچۈزى، داشىگۇ، يوپۇغا، ئاقسۇ، شايار، شەرقىي كارىز، تۇرپان، چۆچەك، ئاقدالا پونكىتلىرىنىڭ خاتىرىسىدە مۇشۇ بىر يىلدا نورمالسىزلىق كۆرۈلمىدى.

ۋاڭ شياۋمېي

## ئۈرۈمچىنىڭ هاۋا سۈپىتى ئەهۋالى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەهىرىنىڭ هاۋا سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان كۈن سانى بىر يىللىق ئەڭ ياخشى كۈن سانىنىڭ 78.4%نى ئىگىلىدى، يېنىك، ئوتتۇراهال ۋە ئېغىر بۇلغانغان كۈن سانى 21.6%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1- دەرىجىلىك كۈن سانى 78 كۈن، 2 - دەرىجىلىك كۈن سانى 209 كۈن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا هاۋا سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان كۈن سانى ئاران 3 كۈن كۆپ بولدى.

چاڭ تاۋ

شىنجاڭدىكى 15 شەهەرنىڭ 2004 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇهىم ئامىللار

| شەهەر | ئاي / تۈرى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.6 | -6.9 | 0.4 | 13.3 | 18 | 22.5 | 24.5 | 21.8 | 16.1 | 7.6 | -1.6 | -8.4 | 7.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -1.7 | 8.4 | 15.2 | 29.7 | 33.3 | 34.5 | 40.8 | 33.3 | 31.8 | 26.4 | 14.7 | 5.1 | 40.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -20.7 | -20.6 | -8.7 | 3.2 | 4.8 | 11 | 13.5 | 10.4 | 0.6 | -3.1 | -8.8 | -24.3 | -24.3 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 9.6 | 37.6 | 24.3 | 23.1 | 36.5 | 6.4 | 59.6 | 26.8 | 14.3 | 14.8 | 17.2 | 44 | 314.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 12 | 18 | 7 | 9 | 7 | 11 | 10 | 10 | 7 | 10 | 16 | 129 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -15.3 | -9.1 | 2.3 | 15.3 | 21.5 | 26.1 | 28 | 25.3 | 19.2 | 9.7 | -0.1 | -8.9 | 9.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -5.6 | 3.1 | 14.7 | 29.2 | 37.3 | 37.9 | 44 | 37.5 | 32 | 25.1 | 9.4 | 2.5 | 44 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.2 | -24.6 | -8.5 | 5 | 6.5 | 15.6 | 16.7 | 11.9 | 2 | -0.9 | -7.3 | -26.7 | -26.7 |
| | هۆل - يغىن مىقدارى | 11.1 | 3.3 | 3.9 | 2.7 | 8.1 | 4.5 | 86.5 | 11.1 | 13.3 | 5.3 | 12.4 | 16.5 | 178.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 14 | 10 | 16 | 8 | 13 | 7 | 12 | 14 | 8 | 7 | 12 | 19 | 140 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16 | -8.8 | 2.1 | 14.6 | 20.2 | 24.5 | 25.3 | 22.6 | 16.9 | 7.4 | -0.8 | -9 | 8.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -3.8 | 4.8 | 15.6 | 30.9 | 36.2 | 37.5 | 39 | 36.3 | 32.5 | 26 | 7.3 | 4 | 39 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -27.5 | -28.8 | -10.4 | 1.9 | 4.2 | 9.5 | 14.1 | 9 | -2.3 | -5.9 | -10.1 | -31 | -31 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 12.5 | 22.7 | 31.9 | 25.7 | 46.3 | 1.5 | 62.4 | 11 | 21 | 14.2 | 27 | 32.2 | 308.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 18 | 18 | 17 | 8 | 9 | 9 | 13 | 13 | 7 | 4 | 13 | 21 | 150 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.8 | -1.1 | 6.3 | 14.1 | 18.7 | 22 | 23 | 22.1 | 17.8 | 8.9 | 4.9 | -4.2 | 10.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 6.4 | 10.7 | 23 | 31 | 32.3 | 34.6 | 37 | 35 | 32.9 | 27.2 | 17.9 | 8.3 | 37 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -19 | -22.1 | -4 | 3.2 | 2.2 | 10.9 | 13.2 | 8.9 | 0.6 | -3.9 | -3.7 | -21.5 | -22.1 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 20.7 | 20.6 | 40.5 | 8.8 | 32.7 | 30 | 152.7 | 4.7 | 9.7 | 21.3 | 114.8 | 39.8 | 496.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 15 | 18 | 8 | 10 | 10 | 15 | 7 | 8 | 8 | 14 | 14 | 139 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16 | -9.3 | 1.2 | 13.1 | 19.1 | 22.5 | 24.1 | 21.7 | 16.7 | 7.3 | -1 | -9 | 7.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرى | -4.2 | 4.4 | 14.8 | 29.9 | 35.2 | 35.9 | 38.6 | 34.7 | 31.3 | 23.3 | 9.3 | 6.3 | 38.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -26.7 | -29.6 | -9 | 1.5 | 2.8 | 9 | 14.3 | 6.5 | -1.7 | -3.6 | -8.6 | -30.6 | -30.6 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 8.1 | 21.8 | 4.8 | 17.1 | 18.6 | 16.9 | 73.9 | 8 | 21.2 | 8.3 | 8.7 | 24.4 | 231.8 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 15 | 14 | 13 | 9 | 12 | 12 | 16 | 15 | 11 | 5 | 10 | 20 | 152 |
| سانجى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -13.1 | -7.6 | 1.8 | 15.6 | 20.3 | 24.4 | 26.1 | 23.4 | 17.2 | 8 | -0.7 | -7.8 | 9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -2.8 | 7.1 | 16.4 | 31.6 | 36.7 | 36.8 | 43.5 | 36.2 | 35 | 28 | 9.7 | 4.6 | 43.5 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -19.8 | -22.3 | -14.5 | 4.7 | 3.3 | 12.6 | 16.1 | 10.6 | -1 | -2.8 | -7.4 | -22.9 | -22.9 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 7.9 | 23.1 | 26.1 | 15.1 | 23.2 | 13.4 | 21.8 | 19.5 | 10.9 | 16.6 | 13.9 | 25.7 | 217.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 17 | 19 | 21 | 8 | 12 | 9 | 14 | 13 | 9 | 9 | 12 | 23 | 166 |
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -10 | -4.1 | 0.9 | 11.5 | 17.8 | 21.8 | 23.4 | 22 | 15.6 | 8.2 | 0.8 | 7.2 | 8.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.4 | 8.7 | 15.5 | 27 | 35.3 | 35.5 | 39.9 | 36.7 | 31.1 | 28.7 | 12.5 | 4.9 | 39.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -27 | -24.3 | -10.8 | -0.6 | -0.5 | 10.7 | 11.4 | 7.8 | -3.2 | -5.8 | -12.1 | -24.5 | -27 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 11.8 | 21.7 | 36.1 | 17.7 | 16.2 | 14.8 | 37.5 | 15.6 | 19.6 | 6.1 | 50.1 | 24.8 | 272 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 9 | 11 | 24 | 12 | 13 | 8 | 12 | 13 | 7 | 11 | 23 | 22 | 165 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -15.7 | -11.5 | -4.3 | 9.3 | 17.8 | 20.7 | 22.1 | 19.7 | 13.2 | 6.5 | -4.5 | -12.2 | 5.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 0.7 | 3.5 | 9.5 | 23.6 | 33.7 | 33 | 37.3 | 34.1 | 28.6 | 23 | 10.8 | 1.9 | 37.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -31.1 | -31.5 | -20.2 | -3.1 | -0.7 | 7.5 | 8.3 | 5.3 | -4 | -7.5 | -19.3 | -31.7 | -31.7 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 7.8 | 5.5 | 11 | 23.7 | 14 | 13.5 | 24.6 | 18.3 | 17.7 | 0.5 | 42.7 | 40.5 | 219.8 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 10 | 11 | 17 | 9 | 10 | 8 | 12 | 10 | 11 | 5 | 17 | 21 | 141 |
| تۇرپان | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -7.1 | 1.2 | 11.2 | 22.6 | 25.8 | 31.3 | 33.8 | 29.8 | 24.1 | 11.9 | 3.1 | -2.5 | 15.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -0.1 | 16.4 | 22.3 | 36.2 | 42.1 | 43 | 46.2 | 43.2 | 37.2 | 26.2 | 16.9 | 8.8 | 46.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.5 | -13.2 | -0.9 | 9.1 | 11.1 | 15.6 | 22.4 | 17.3 | 8.7 | 1.2 | -6.9 | -12.8 | -13.5 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 2.1 | | 1 | 0 | 0.6 | 0.8 | 2.7 | 1.1 | 0 | | | 2.2 | 10.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 9 | | 5 | 1 | 5 | 6 | 10 | 10 | 8 | | | 7 | 61 |
| قۇمۇل | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.3 | -3.7 | 5 | 17.3 | 21.4 | 26 | 27.9 | 24.2 | 17.6 | 8.3 | 0.2 | -6.1 | 10.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1.5 | 11.5 | 18.8 | 32.3 | 37.1 | 38 | 41 | 39.7 | 33.5 | 26.1 | 15.2 | 7.3 | 41 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.2 | -21.4 | -9.3 | 0.9 | 2.7 | 9.8 | 13.3 | 8.4 | -0.2 | -6 | -13 | -21.2 | -23.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 6.5 | | 3.8 | 0 | 1.4 | 2.7 | 6.6 | 5.6 | 5.4 | 5.3 | | 0.2 | 37.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 7 | | 4 | 1 | 4 | 6 | 7 | 13 | 5 | 1 | | 2 | 50 |
| كورلا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -6.4 | 0.1 | 8.5 | 18.3 | 20.8 | 26.6 | 29 | 25.7 | 20.4 | 11 | 3.1 | -3.2 | 12.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.7 | 13.8 | 21.7 | 31.2 | 33 | 37.2 | 39.3 | 37 | 32.8 | 24.7 | 19.3 | 6.6 | 39.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -16.7 | -17 | -2.5 | 3.6 | 5.6 | 13.1 | 17.3 | 12.6 | 3.3 | -0.8 | -8 | -12.2 | -17 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.5 | 0 | 3.8 | 1.8 | 11.7 | 5.2 | 1.4 | 3.3 | 2.7 | 0 | | 2.8 | 36.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 10 | 2 | 6 | 7 | 10 | 7 | 10 | 15 | 9 | 1 | | 8 | 85 |
| ئاقسۇ | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.6 | -0.2 | 7.6 | 16.9 | 19.5 | 23.6 | 24.8 | 23 | 19.2 | 11.1 | 3 | -2.7 | 11.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.5 | 11.9 | 20.7 | 29.7 | 32.8 | 35.9 | 36.8 | 34 | 32.1 | 24.2 | 18.3 | 6.8 | 36.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -12.2 | -13.9 | -2.1 | 3 | 7.3 | 10.7 | 12.6 | 14 | 7.3 | 0.4 | -6.5 | -12.2 | -13.9 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.7 | | 10.8 | 3.4 | 11.6 | 6 | 32.9 | 4.6 | 8.1 | 0 | 3.1 | 4.4 | 88.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 13 | | 4 | 6 | 10 | 4 | 15 | 16 | 9 | 2 | 3 | 9 | 91 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاتۇش | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -3.7 | 2.8 | 11 | 18.4 | 20.5 | 25.3 | 27 | 25.1 | 21.7 | 13 | 6.5 | -1.2 | 13.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.2 | 17.9 | 25.2 | 30.6 | 30.9 | 35.7 | 36.5 | 36.6 | 33.9 | 24.4 | 23.6 | 8.5 | 36.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -10.3 | -9.6 | 0.8 | 7 | 7.5 | 14.1 | 15.3 | 15.2 | 12.3 | 1.5 | -2 | -11.7 | -11.7 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.7 | 0.1 | 10.7 | 2.8 | 46.2 | 5.2 | 11.8 | 22.7 | 3.1 | 14.4 | 1.7 | 3 | 125.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن سانى | 11 | 4 | 6 | 8 | 8 | 12 | 16 | 15 | 9 | 4 | 5 | 4 | 102 |
| قەشقەر | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -4.5 | 2.6 | 11.2 | 17.8 | 19.9 | 24.7 | 26.1 | 24.4 | 20.8 | 12.8 | 6.2 | 0.7 | 13.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3 | 16 | 24.5 | 30 | 30.3 | 34.4 | 35.2 | 33.8 | 32 | 23.7 | 24.3 | 12.6 | 35.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -11.4 | -10.4 | 0.5 | 5.1 | 6.5 | 13.6 | 15.5 | 13.7 | 10 | 2 | -2.6 | -10.5 | -11.4 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 7.2 | 1.4 | 7.2 | 0.8 | 42.2 | 6.3 | 8 | 15.3 | 0.9 | 12.7 | 1.1 | 1.7 | 104.8 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 7 | 4 | 6 | 9 | 12 | 13 | 11 | 10 | 5 | 5 | 4 | 98 |
| خوتەن | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -3.4 | 3.4 | 12.2 | 18.5 | 20.6 | 24.8 | 26.9 | 24.8 | 21.6 | 13.3 | 7.2 | -0.3 | 14.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 9 | 16.4 | 25.7 | 32.6 | 32.5 | 36.4 | 36.2 | 37.1 | 33.5 | 25.3 | 23.2 | 9.8 | 37.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -11.3 | -10.9 | 0.9 | 6.6 | 5.8 | 14.1 | 18 | 14.1 | 10.5 | 3.7 | -3 | -11.7 | -11.7 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.3 | 0.2 | 9 | 5.6 | 14 | 7.2 | 0 | 3 | 0 | | | 0 | 40.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 6 | 2 | 2 | 5 | 5 | 9 | 9 | 8 | 4 | | | 4 | 54 |

جاڭ جېپىڭ

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش جەھەتتىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. كەڭ دائىرىدىكى زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى جەريانىدىن مەلۇمات بېرىشتە تولۇق بولماسلىق، چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى 48 سائەتتىن ئاشتى. بىر يىلدا 26 قېتىملىق ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ھاۋارايى توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ ئوتتۇرىچە كۈچكە ئىگە ۋاقتى 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ دائىرىدە سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىش، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدا چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى پەيدا بولۇش ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا قارا يامغۇر يېغىش، ياز پەسلىدە مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا ۋە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ھاۋارايى پەيدا بولۇش، قىش پەسلىدە كەڭ دائىرىدە قار يېغىش قاتارلىق بىر نەچچە قېتىملىق كۈچلۈك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلگەندە، ھەر قايسى ئىستانسا-پونكىتلار 2 - 3 كۈن بۇرۇن توغرا مەلۇمات بەردى. 7- ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 35℃تىن ئېشىپ، نۇرغۇن رايونلاردا تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 3 كۈن بۇرۇن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك قارا يامغۇرلۇق ھاۋارايى توغرىسىدا ئالدىن توغرا مەلۇمات بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئاپەتنى ئازايتىشتا ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى زېمىن بايلىقى نازارىتى بىلەن بىرلىكتە گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش مەلۇماتى ئېلان قىلىشنى يولغا قويدى. شۇ يىللىق

گېئولوگىيىلىك ئاپەت قېتىم سانى 2003 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىسگە يېقىن كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەنلەر سانى %50، ئىقتىسادىي زىيان %73 ئازايدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى قىسقا ۋاقىتلىق - دەماللىق ھاۋارايى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش مەلۇماتى ئېلان قىلىشنى يولغا قويدى، «شىنجاڭدىكى تۇيۇقسىز مېتېئورولوگىيىلىك ئاپەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش» خىزمىتى باشلاندى. تېلېتېخنىكىلىق مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوت ئاپىتى ئەھۋالى، كۆل - سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇ ئەھۋالى، قار جۇغلىنىش، قۇم - بوران، مۆلدۈرلۈك بۇلۇت، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى تېلېتېخنىكىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش ئىشلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

، ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئاشلىق، پاختا، چارۋا، باغۇەنچىلىكتىن ئىبارەت 4 چوڭ بازار قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاگرومېتېئورو-لوگىيە مۇلازىمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. كېۋەز تېرىش مەزگىلى ۋە ياز، كۈز پەسلىدىكى ئىسسىقلىق شارائىتىگە دائىر مۆلچەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كەلدى، تېرىقچىلىق مەزگىلى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا 5 - 10 كۈن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 26 پونكىت قارنىڭ زىچلىقىنى كۆزىتىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق جۇغلانما قارنىڭ تېلېتېخنىكىلىق خەرىتىسىنى ئىشلەشكە ماسلاشتى، ئەتىياز پەسلىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت جەريانىدا سۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، مۇلازىمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. تۇرپان، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى ئاگرومېتېئورولوگىيە تەتقىقاتى، چارۋىلارنى يايلاققا كۆچۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلغان مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرى ئاساسلىق بايراملاردا مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەتنى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى چوڭ بايراملاردا مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش مۇلازىمىتىنىڭ ئاقما تەرتىپىنى ۋە تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق شەھەرلەر، ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە قاتناش لىنىيىسىدىكى رايونلارنىڭ ھاۋارايى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ تۇردى.

ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بۇ بىر يىلدا «مۇھىم مېتېئورولوگىيىلىك ئاخبارات» تىن جەمئىي 7 سان، ھەر خىل مەخسۇس كەسپىي مۇلازىمەت ماتېرىيالىدىن 274 پارچە ئېلان قىلدى، ئورمان، ئوتلاقلاردىكى ئوت ئاپىتى خەۋپىگە دائىر مېتېئورولوگىيىلىك دەرىجىلىك مەلۇماتتىن 284 سان ئىشلەپ چىقتى. گېئولوگىيىلىك ئاپەت ھەققىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك ئالدىن مەلۇماتتىن 183 سان ئېلان قىلدى.

چېن لىي

## مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ سۈپىتى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان 78 يەر ئۈستى مېتېئورولوگىيە ئاپتوماتىك پونكىتى بىلەن 4 قۇم - بوران كۆزىتىش پونكىتىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى نورمال بولدى، كورلا، قۇمۇل، قەشقەردىكى ئۈچ L دولقۇنلۇق شامال ئۆلچەش رادارى كەسپىي جەھەتتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر، نىيەلەردىكى بوشلۇقنى تەكشۈرۈش پونكىتى ئېلېكترولىزلىق سۇلۇق ھىدروگېن ئۈسكۈنىسى قۇراشتۇرۇش ئىشىنى تاماملىدى، بەيتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپنى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇردى. ئۈرۈمچى، كورلا، بوغدا كۆلىدىكى 3 پونكىت ئۆلترا بىنەپشە نۇر ئارقىلىق ئەمەلىي ۋاقىتنى ئۆلچەش ۋە كەسپىي جەھەتتە ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىستېمىسىنى قۇراشتۇردى. ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، GPS پارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە باشلىدى. ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا بازىسىنىڭ (EOS/MODIS) سانلىق مەلۇمات قوبۇللاپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىشى تاماملاندى، مۇقىم ھەرىكەتلىنىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتىنىڭ قۇتۇپ ئوربىتىلىق مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللاش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ كومپيۇتېر تورلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى، %100 ئۆلچەملىك (ئاساسىي) پونكىت ۋە %90تىن كۆپرەك ئادەتتىكى پونكىتلاردا قىسمەن دائىرىلىك تور قۇرۇلدى. 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سېتىۋېلىنىدىغان يۇقىرى

ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر سىستېمىسىنىڭ ئۇسكۇنە تېپىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭغا خېرىدار چاقىرىش ئىشى تاماملاندى. «مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە پونكىت ـ تورلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (GIS)» هازىر يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاش كەسپىنى تەڭشەش ئىشى تاماملاندى. %99 مېتېئورولوگىيە ئىستانسا۔ پونكىتلىرى ئاممىۋى خەۋەرلىشىش سىم يوللىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاشنى يولغا قويدى.

شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «ئۈچ پونكىت، بىر ئىشخانا» قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئوتتۇرا تارىم قۇملۇقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاتموسفېراسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش بازىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تاماملاندى، قۇملۇقنىڭ چېگرا قاتلىمىنى گرادىيېنتلىق ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان 80 مېتىرلىق تۆمۈر مۇنار پۈتتى. ئاقدالا ئاتموسفېرا تەبىئىي پونكىتىنى ئىلمىي جەھەتتىن دەلىللەش ئىشى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى، ئالدىنقى باسقۇچتا كىسلاتالىق يامغۇرنى، چېگرا قاتلىمىدىكى كىچىك شارنى شامال يۆنىلىشى بويىچە ئۆلچەپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئاتموسفېرا خىمىيىسىنى ئۆلچەش ئۆيى ۋە ئاپتوماتىك پونكىت قۇرۇلۇشى نورمال ئىشلىنىپ، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات يۇرتىغا 4 پارچە ئانالىز دوكلاتى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۈلانئۇس ئېكولوگىيە تەجرىبە قىلىش كۆزىتىش پونكىتى چۆللۈك ئېكولوگىيىسى ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئاگرو مېتېئورولوگىيىسىنى كۆزىتىپ تەجرىبە قىلىشنى قانات يايدۇردى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يىل هالقىسىنى فىزىكىلىق۔ خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىش ئىشخانىسىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى، ئەڭ ئۇزاق ياشىغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يىل هالقىسى ئەۋرىشكىسى توپلاندى.

ئېكولوگىيە پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇساپىسى تېزلىتىلدى. لوپنۇر ئېكولوگىيە پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، باركۆل ئورمان ـ ئوتلاق رايونىدا قۇرۇلغان ئېكولوگىيە پونكىتى كۆزىتىشنى قانات يايدۇردى. قىسمەن ئىستانسا ـ پونكىتلار تۇپراق نەملىكىنى ئۆلچەش ۋاقتى ۋە قېتىم سانىنى كۆپەيتتى، ئاگرو مېتېئورولوگىيە تەجرىبە پونكىتى پەيدىنپەي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى» تۈرى 2004 ـ يىلى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن «شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا سۈنئىي يامغۇر كۆپەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ هاۋالىسى بىلەن مۇھىت مېتېئورولوگىيە قۇرۇلۇش مەركىزى ئۈستىگە ئالغان قۇملۇق يول ئۆلىنىڭ كەسمە يۈزىدىكى قۇم ـ بورىنىنى ئۆلچەپ كۆزىتىش تېمىسى قۇملۇق رايونلاردا تاشيول لىنىيىسىنى تاللاش ۋە قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇنى تىزگىنلەش ئىشىنى ئىلمىي پارامېتىر بىلەن تەمىنلەپ، قۇملۇق تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 26 پەن تەتقىقات تېمىسىنى يېڭىدىن يولغا قويۇشنى تەشكىللىگەنىدى، بۇنىڭدىن 12 سى ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 14ى تەستىقلاندى، بۇنىڭغا 520 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بېرىلدى. ۋىلايەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندىغا دائىر بىر تۈر، ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر بىر تۈر، يېزا ئىگىلىكىنى پەن۔ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر 4 تۈر تەستىقلاندى. «شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى بويىچە مۇكاپاتلاش چارىسى» ئېلان قىلىندى، جۇڭگو قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقاتى بويىچە ئېچىۋېتىش فوندى تۇرغۇزۇلدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي مېتېئورولوگىيە كەسپىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولدى، ئاساسلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى مۇقىم هالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستىدىن ئۆلچەشتە خاتالىق كۆرۈلۈش نىسبىتى %3.0 تىن تۆۋەن بولدى، ئۇدا 100 ئىسمېنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 515 ئادەم (قېتىم) غا، ئۇدا 250 ئىسمېنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 3 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئۆزگەرتىش، ساختىلىق ئىشلىتىش قاتارلىق زور خاتالىق كۆرۈلمىدى؛ رادىئاتسىيە، ئاگرو كىلىماتنى ئۆلچەپ مەلۇمات يوللاش كەسپىنىڭ سۈپىتى نىشاندىكى قىممەت ئىچىدە كونترول قىلىندى؛ يۇقىرى بوشلۇقنى ئۆلچەش كەسپىدە 5 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ لاياقەتلىك، خەۋەرلىشىش سۈپىتى مۇقىم بولدى. بۇ بىر يىلدا يۇقىرىغا مېتېئورولوگىيىلىك ئۇچۇر يوللاش سۈپىتى %99.78 بولدى.

چېن لېي

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

**ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قارا بورانلىق هاۋارايى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئالدىن مەلۇمات** بۇ تەتقىقات ئالتاي ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئورۇندالدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21۔

كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا سىنوپتىكىلىق ئانالىز ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى 3 خىل قارا بورانلىق هاۋارايىنىڭ زامان - ماكانغا تارقىلىشى ۋە سىنوپتىكىلىق ئالاھىدىلىكى سىستېمىلىق يەكۈنلەنگەن؛ ياۋروپا سانلىق قىممىتى ھەققىدە بېرىلگەن ئالدىن مەلۇمات ۋە T213 سانلىق قىممىتى ھەققىدە بېرىلگەن ئالدىن مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قارا بوراندىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش كۆرسەتكۈچى يىغىنچاقلانغان؛ ئالتاي ۋىلايىتىكى قارا بوراندىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان.

**ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىنىڭ ياردەمچىسى** بۇ تەتقىقات قەشقەر ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئورۇندالدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا ئاقما ئىش تەرتىپىنى لايىھەلەش ئىدىيىسى قوللىنىلىپ، دەسلەپكى ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش، ماتېرىياللارنى ئۈستىدىن قاراپ چىقىش، ئالدىن بېرىلىدىغان مەلۇمات ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش، ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئايرىپ يەتكۈزۈش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىنى باشقۇرۇش ۋە هاۋارايىنى ئايرىم ئارخىپلاشتۇرۇش قاتارلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىنىڭ ئاقما تەرتىپلىرى ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي ئىش سۇپىسىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىنىڭ ئاقما تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەشغۇلاتىنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە مەھسۇلات مۇلازىمىتىنىڭ ئارىلىق هالقىلىرى ئازايتىلىپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ تېمىدا لايىھەلەنگەن نىشانغا يېتىلگەن.

**شەھەر - بازارلارنىڭ هاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلىدىغان مەلۇماتنى تۈزۈش، ئېلان قىلىش سىستېمىسى** بۇ تەتقىقات سانجى ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئورۇندالدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تارقاتقان هاۋارايىدىن بېرىلىدىغان ئالدىن مەلۇماتنى تۈزۈش، ئېلان قىلىش تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۈزۈپ مەلۇم قىلىنىدىغان مەلۇماتلارنىڭ يېزىق سۈپىتىنى كونترول قىلىش، ئاپتوماتىك كۆرسىتىش، پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشىلاش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي سۈپىتىگە نومۇر قويۇش سىستېمىسىنىڭ توغرىلىقى ئۆستۈرۈلۈپ، ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچىلەرنىڭ مەشغۇلات قەدەم باسقۇچى ۋە خاتا مەشغۇلات نىسبىتى تۆۋەنلىتىلگەن ھەمدە 6 سائەتلىك، 12 سائەتلىك ۋە 72 سائەتلىك ئالدىن مەلۇمات تۈزۈش، مەلۇمات بېرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى كەسپىي سىستېما بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ سىستېمىنىڭ تويلاشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ يۇقىرى، مەشغۇلاتى تېخىمۇ ئاسان بولغان، ئۇ كۆچۈرۈشكە ۋە كېڭەيتىشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ سىستېما سانجى، قىزىلسۇ، خوتەن، بايىنغولىن، قۇمۇل، قاراماي ۋە تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىپ، ئەڭ ياخشى كەسپىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ پاختىچىلىق ئاگرو كىلىمات بايلىقىنى 3S تېخنىكىسى ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك رايونلارغا ئايرىش** بۇ تەتقىقاتنى ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتى بىلەن شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى ھەمكارلىشىپ ئورۇندىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى 2004- يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە كۆپ خىل جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى يۇمشاق دېتالى ۋە تېلېتېخنىكىلىق كەسپىي سۈرەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئىسسىقلىق مىقدارى، سۇ تەركىبى، كۈن نۇرى قاتارلىق ئاگرو كىلىمات بايلىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسىنى ئىشلەش ئۇسۇلى GIS تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئاگرو كىلىمات بايلىقىغا ئۈنۈۋېرسال باھا بېرىش ۋە رايونلارغا ئايرىش خىزمىتىنىڭ ئادەتتىكى ئاقما تەرتىپى خۇلاسىلىنىپ، GIS ئاگرو كىلىمات بايلىقى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە ئۈنۈۋېرسال رايونلارغا ئايرىش خەرىتە ئامبىرىنى تۇرغۇزۇش ئىشى تاماملىنىپ، GIS ئۈنۈۋېرسال ۋە يۇغىرىلما تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاگرو كىلىمات بايلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، كىلىمات بايلىقىنىڭ ماكان ئانالىز مودېلى تەتقىق قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، ئۈنۈۋېرسال رايونلارغا ئايرىش خەرىتە توپلىمى ئىشلىنىپ، كىلىمات بايلىقىنى يەنىمۇ مۇۋاپىق ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى يېڭى بىر ئەۋلاد مېتېئورولوگىيە كەسپىي مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئاگرو مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدە قوللىنىلدى،

ئاگرو مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مىقدارى ئۆستۈرۈلدى، كەسپىي مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ ئاپتوماتلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

دې زوڭشۇ

## مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن 3 كىشى دۆلەتنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندىغا ئىرىشىپ چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇردى. 33 كىشى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تاللاپ ئەۋەتىلدى. مۇشۇ يىلى ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسلىرىدىن 15 قارار ئېچىلىپ، 491 كىشى تەربىيىلەندى. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرى خىراجىتىدىن 550 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلدى، مۇتەخەسسىس كىرگۈزۈشكە دائىر 13 تۈر، سىرتقا چىقىرىشقا دائىر 11 تۈر ئىجرا قىلىندى. ئىككى تەرەپ ھەمكارلىشىشقا دائىر 8 تۈر يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىسى بىلەن چېگدۇ ئۈچۈرچىلىق قۇرۇلۇش ئىنىستىتۇتى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، پەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ۋە بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

چېن لېي

## قىسقا ۋاقىتلىق - دەماللىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىرتقا قارىتا 0 — 12 سائەتلىك قىسقا ۋاقىتلىق - دەماللىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ھەر كۈنى 3 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىم رايونلارنىڭ ھاۋارايى ئامىللىرىغا ئالدىن بېرىلىدىغان يېتەكچى مەلۇماتنى ئىشلەپچىقتى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى ھەر كۈنى 3 قېتىم مەسئۇلىيەت رايونى تەۋەسىدىكى ئايرىم ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق ھاۋارايى توغرىسىدا بېرىلىدىغان ئالدىن مەلۇماتنى ئىشلەپ چىقتى ۋە ئېلان قىلدى، مۇھىم ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلگەندە ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى مەسئۇلىيەت رايونى تەۋەسىدىكى ئايلانما ھاۋارايىدىن بېرىلىدىغان ئالدىن مەلۇماتنى ئىشلەپ چىقتى ۋە ئېلان قىلدى. يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادار پونكىتى قۇرغان مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى مۇھىم ھاۋارايى جەريانىنىڭ مەسئۇلىيەت رايونىغا تەسىر كۆرسىتىشىگە دۇچ كەلگەندە 0 — 2 سائەتلىك ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى ترېۋوگاسى ئېلان قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رادار بىلەن قاپلانغان رايونلار تەۋەسىدىكى مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرىنى ھاۋارايىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. قىسقا ۋاقىتلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋاقتى ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدۇ. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە مۇبادا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلسە، ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى قىسقا ۋاقىتلىق - دەماللىق ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىنى ئىشقا سالىدۇ.

چېن لېي

## ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلەشمە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات ئاپپاراتى تۈزۈلمە ئىسلاھات خىزمىتىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى جامائەت پاراۋانلىقى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ «بىر يۇرت، 8 ئورۇن» نىڭ بىرى بولغان ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

چېن لېي

## ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى

ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى دوكتور ۋېي ۋېنشۇ رىياسەتچىلىك قىلغان «شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى» دېگەن تەتقىقات تۈرى 2004 - يىلى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە ئاساسلىقى قۇرغاق كىلىماتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ھادىسىسى ۋە تەرەققىيات دەۋرلىكىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ھەمدە غەربىي شىمال كىلىماتىنىڭ

ئۇزاققىچە تەرتىپلىك ئۆزگىرىشىنى مىقدارلاشتۇرۇش ۋە كەلگۈسى كىلىماتنى ئالدىن مۆلچەرلەش قاتارلىق تەرەپلەرگە دائىر تەتقىقات قانات يايدۇرۇلغان.

چېن لېي

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هاۋارايىغا سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىش تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» دەلىللەشتىن ئۆتتى**

ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى 2004-يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هاۋارايىغا سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىش تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى»نى باهالاش-دەلىللەشكە ئۇيۇشتۇردى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شۇنداق هېسابلىدىكى، «ئومۇمىي پىلان»دا 45 يىلدىن بۇيانقى سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئاساسلىق تەسىرى ئوبيېكتىپ تەهلىل قىلىنغان ۋە خۇلاسىلانغان، شىنجاڭنىڭ سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، تەرەققىيات نىشانى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە سىياسەت-تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باهالاش گۇرۇپپىسى «ئومۇمىي پىلان»نى بىردەك ماقۇللىدى هەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

چېن لېي

**«شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا سۇنئىي يامغۇر كۆپەيتىش ئۇنۇۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى**

پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ هاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات مەهكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش گۇرۇپپىسى 2004-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ رايونلىرىدا سۇنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش ئۇنۇۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»نى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مۇنداق هېسابلىدى: بۇ تۈردە تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا يامغۇرلۇق بۇلۇتنىڭ مىكرو فىزىكىلىق قۇرۇلمىسى، هاۋارايى شارائىتى، سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە سۇنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىگە باها بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان؛ تاغلىق رايونلارنىڭ ئالاهىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، سۇنئىي كاتالىزاتور ئۇسكۈنىلىرى ياخشىلانغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، تاغلىق رايونلاردا سۇنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقىنى كەسپلەشتۈرۈش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، تەڭرىتاغدىكى تاغلىق رايونلاردا سۇنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش كەسپىگە ئەڭ ياخشى ئاساس سېلىنغان.

فەن خۇئيۈن

**شىنجاڭ تېلېگراف مېتېئورولوگىيە قىسقا ئۇچۇر كەسپىي سۇپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

2003-يىلى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ مېتېئورولوگىيە قىسقا ئۇچۇر كەسپى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ كەسپىي مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئۈستىگە ئېلىپ قۇرغان شىنجاڭ تېلېگراف مېتېئورولوگىيە قىسقا ئۇچۇر كەسپىي سۇپىسى 2004-يىل 8-ئاينىڭ 26-كۈنى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ تېلېگراف مېتېئورولوگىيە قىسقا ئۇچۇر كەسپى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ قىسقا ئۇچۇرلارنى قوبۇللاش-تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە سىمسىز شەهەر تېلېفونى (كىچىك زىرەك، ساپ زىرەك) هەمدە قىسقا ئۇچۇر قوبۇللاش، تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە مۇقىم تېلېفونلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شىنجاڭ تېلېگراف مېتېئورولوگىيە قىسقا ئۇچۇر كەسپى بويىچە ئالاهىدە مۇلازىمەت نومۇرى 1210.

چېن لېي

**چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىپ ئاپەتنى ئازايتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەهۋالى**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۈلدۈرمامىلىق چاقماق ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسى» 2004-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدە چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش كەسپىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى هەمدە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش شىركەتلىرى بىرلىشىپ كارخانا گۇرۇھى تەشكىللىدى، ئۇلار تۇنجى قېتىم جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى بويىچە ئىش باشلاش سالاهىيىتىنى باهالاپ تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى.

2004-يىلى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن

7سى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتتىن 30ى يېڭىدىن قۇرۇلدى. بورتالا، ئاقسۇ، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ لايىھىسىنى تەكشۈرۈش، چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى، كۆپ ساندىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىدارىلەر چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويدى.

چېن لىبى

## شىنجاڭدا ئەڭ ئۇزۇن ياشىغان دەرەخنىڭ يىل ھالقىسى ئەۋرىشكىسى بايقالدى

جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى دەل - دەرەخ يىل ھالقىسى خىزمەت ئىشخانىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى 2004 - يىل 10 - ئايدا جىڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىن 737 يىل ياشىغان بىر تۈپ تەڭرىتاغ شەمشادى ئەۋرىشكىسىگە ئېرىشتى. بۇ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ ئۇزۇن ياشىغان دەرەخنىڭ يىل ھالقىسى ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بايقاش تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىماتى، گىدرولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

چېن لىبى

## قەشقەردە ئۇيغۇرچە «121» مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىكى سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

قەشقەردە كۆچمە خەۋەرلىشىش ۋە تېلېگراف بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى «121» مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرى مەسلىھەتچىلىك سىستېمىسى 2004 - يىل 6 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش قەشقەر شۆبە شىركىتى، جۇڭگو تېلېگرافى قەشقەر شۆبە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەسلىدىكى «121» سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئۇنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىپ ئۇيغۇرچە تىل تاۋۇش ساندۇقى ئاچتى. بۇ ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئابونېنتلار مۇقىم تېلېفون ۋە يانفون ئارقىلىق 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 24 سائەتلىك ھاۋارايى مەلۇماتىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ئاڭلىيالايدىغان بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «121» تېلېفونىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %40 ئۆستى، ئەڭ يۇقىرى بولغان كۈنلىرى ئۇرۇلغان تېلېفون سانى 3000 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە مۇلازىمەت ئۈچتىن بىرنى ئىگىلەيدۇ.

چېن لىبى

## گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك ئالدىن مەلۇمات ۋە سىگنال ئېلان قىلىندى

شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك ئالدىن مەلۇمات ۋە سىگنال سىستېمىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۆپلىگەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ئېلان قىلىندى. گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك ئالدىن مەلۇمات ۋە سىگنال بېرىلىدىغان نۇقتىلىق رايونلار ئىلى جىلغىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئوتتۇرا - پەس تاغلىق رايونلاردىن ئىبارەت، ئالدىن مەلۇمات بېرىلىدىغان ئاپەت تۈرلىرى گۈمۈرۈلۈش، سىيرىلىش، لاي - شېغىللىق ئېقىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2004 - يىلى 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا 179 سان (قېتىم) مەلۇمات ئېلان قىلىندى. ئالدىن مەلۇمات ۋە سىگنال بېرىلىدىغان دائىرىدە 36 قېتىم گېئولوگىيىلىك ئاپەت يۈز بەردى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان رايونلار توغرىسىدا بېرىلگەن ئالدىن مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %27.9 بولدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 98 قېتىم گېئولوگىيىلىك ئاپەت يۈز بېرىپ، 2003 - يىلدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئاپەتتە ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋە مال - مۈلۈكنىڭ زىيان بولۇشى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

چېن لىبى

## ئۇچقۇچىسىز كىچىك ئايروپىلان ئىشلىتىلىشكە باشلىدى

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاتموسفېرانى تەكشۈرۈش تېخنىكا مەركىزىنىڭ ئۇنىۋېرسال سىناق بازىسى، جياڭشى ئۆلكىلىك مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىق ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئۇچقۇچىسىز كىچىك ئايروپىلان سۈپا قىلىنغان بوشلۇقنى تەكشۈرۈش ۋە ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتى باشلاندى ھەمدە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان سىناق قىلىندى. سىناق قىلىش گۇرۇپپىسى ماناس ناھىيىسى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش بويىچە ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، پەرقلەندۈرۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان 1000 پارچىگە يېقىن ئاۋىئاتسىيىلىك تېلېتېخنىكىلىق رەقەملىك سۈرەت تارتتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن سۈنئىي

ئۇسۇلدا قار ياغدۇرۇش بويىچە ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى.

خۇاڭ جېن، لىيۇ گوجىن

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

2004 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىلىك كىنو - تېلېۋىزىيە مەركىزى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى سانجى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن شياۋ شىن مەملىكەت بويىچە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ بالا - چاقىسى ئىچىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىسى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 2004 - يىلدىكى زور مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ۋاڭ شۇ 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا، كەي يۇجياڭنىڭ ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭنىڭ 8 - نۆۋەتلىك تەبىئىي پەن نادىر ئىلمىي ماقالىلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

چېن لېي

قىسقا ماتېرىيال

## ئىللىق قىش قانداق بولىدۇ

«ئىللىق قىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا ئىلگىرىكى مېتېئورولوگىيىدە تەبىر بېرىلمىگەن، بۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مېتېئورولوگىيە ئاتالغۇسىدۇر. «ئىللىق قىش» دېگەندە قىش كۈنلىرىمۇ ھەر كۈنى باھاردەك ئىللىق بولۇش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ بەلكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ بىرەر ئوتتۇرىچە قىممەت ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى مەلۇم يىللىرى مەلۇم بىر رايوندا پۈتكۈل قىش پەسلىدە ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئوتتۇرىچە قىممەتتىن تۆۋەن بولسا «سوغۇق قىش» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيا مېتېئورولوگىيە تەشكىلاتىنىڭ (WMO) بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 2002 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگودا 1971 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان 30 يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 4 ـ 2. ℃ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى قىلىپ قوللىنىلدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، 2004 - يىل 12 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 3 ـ 17. ℃ قا يېتىپ، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن 1.05℃ ئېشىپ كەتتى، شۇڭا ئۇ «ئىللىق قىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئىللىق قىش» نىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ، پايدىسىز تەرىپىمۇ بار. پايدىلىق تەرىپى «ئىللىق قىش» تا ئىسسىنىشقا كېتىدىغان ماتېرىياللار ئاز سەرپ قىلىنىدۇ، «ئىللىق قىش» قىش پەسلىدىكى دالا مەشغۇلاتىغا، ئالايلۇق، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا بىرقەدەر پايدىلىق. پايدىسىز تەرىپى «ئىللىق قىش» تا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسى زور بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى نىسبەتەن قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىللىق ھاۋارايى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان ھاۋانىڭ خىرەلىشىشى، مىكروبلارنىڭ تېخىمۇ ئاسان كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ئادەم بەدىنىنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەر خىل نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى، ئالايلۇق تارقىلىشچان زۇكام، ئۆپكە ياللۇغى، زىققا كېسىلى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ كەمچىل بولغان رايونلاردا ھاۋا كىلىماتى ئىسسىپ كېتىپ، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، سۇ بايلىقىنىڭ خوراپ كېتىشىنى تېزلەشتۇرۇۋېتىدۇ. «ئىللىق قىش» نىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان بىۋاسىتە تەسىرى شۇكى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مەيلى جۇڭگودا ياكى يەر شارى مىقياسىدا بولسۇن، قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا ئىللىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. جۇڭگودا 1987 - يىلدىن 2004-يىلغىچە ئۇدا 18 يىل ئىچىدە قىشلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن ئېشىپ كەتتى، دېمەك ئۇدا 18 يىل «ئىللىق قىش» بولدى. مېتېئورولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ئاتموسفېرا تېمپېراتۇرىسىدا سوغۇق بىلەن ئىسسىق ئالمىشىشتەك دەۋرىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن ئىلگىرىكىسىنى سوغۇق دەۋر، 80 - يىللاردىن ھازىرغىچىسىنى بىر ئىللىق دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېكۋاتورغا يېقىن بولغان تىنچ ئوكيان دېڭىز تەۋەسى «ئېل نىنو» ھالىتىگە كىرىپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، قىش كۈنلىرى جۇڭگودا «ئىللىق قىش» پەيدا بولۇشى مۇمكىن. «ئېل نىنو» ھادىسىسى تەخمىنەن 4 — 5 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدۇ، ھەر قېتىم 12 — 18 ئاي داۋام قىلىدۇ. يېقىنقى 50 يىللىق مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىنى ئانالىز قىلىشقا قارىغاندا، «ئېل نىنو» ھادىسىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، جۇڭگودا شۇ يىلى قىشلىق تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى بولۇش ئېھتىماللىقى زورراق بولىدىكەن.

چېن لېي

# پەن - تېخنىكا

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش

### ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ۋىلايەت، ئوبلاست پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. يىل بېشىدا «ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى، 10 ۋىلايەت - ئوبلاست سىناق نۇقتىسى بولۇش ئىلتىماسى سۇندى، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىلتىماس قىلىش، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىق تەرتىپلەر ئارقىلىق، ئىلى، سانجى، بايىنغولىن، بورتالا ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت - ئوبلاست سىناق نۇقتىسى قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 18 — 23 - كۈنىگىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ ۋىلايەت - ئوبلاستنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرى جېجياڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ 1996 - يىلدىن بۇيان پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى ئۆگىنىش - تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە جىنخۇا شەھىرى بىلەن ۋېيجو شەھىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى. 6 - ئاينىڭ 11-، 12 - كۈنلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە ۋىلايەت - ئوبلاستنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەندى. يىل ئاخىرىدا سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 ۋىلايەت - ئوبلاست ئۆز ۋىلايەت - ئوبلاستىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكىنىڭ «زەربىدارلىرىدىن بولۇش» ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى سانجى، شىخەنزە شەھىرىنى تۇنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەر قىلىپ تەستىقلىدى. 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايون سانجى شەھىرىدە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەر دېگەن ۋىۋىسكىنى تەقدىم قىلىش يۈزىسىدىن تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىلى سانجى شەھىرىگە ۋىۋىسكا تەقدىم قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى نۇربەكرى مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ سانجى شەھىرىنى 200 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 8 - ئايدا پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى يەنە 2 - تۈركۈمدە كورلا شەھىرىنى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەرلەرنىڭ بىرى قىلىپ تەستىقلىدى؛ 5 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن شەھەر، ناھىيە، رايون ۋە ئىلغار شەھەر، ناھىيە، رايونلارنىڭ ئالاقە باغلاش بويىچە 5-قېتىملىق يىغىنى پىچان ناھىيىسىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 — 2002 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن 41 شەھەر، ناھىيە، رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولۇپ 120

دىن كۆپرەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 2001 — 2002 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەھەر (ناھىيە، رايون) بولغان شەھەر، ناھىيە، رايونلار ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە 290 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلدى. 2004- يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ ئۆلچىمى» ۋە سىناش چارىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆڭشەن رايونى، چاقىلىق ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى، چۆچەك شەھىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن ئىبارەت شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى 5 ئىلغار ناھىيە، شەھەر، رايون، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 29 ئىلغار يېزا - بازار يېڭىدىن يېتىشىپ چىقتى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپىكارلار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 102 كىشى تەقدىرلەندى.

ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىلىدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، داۋاملىق 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، 18 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ، ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى داۋاملىق ئاشتى. 96 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ 3 خىل خىراجەت خام چوتى 149 مىليون 1300 يۈەنگە، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 3 خىل خىراجەت خام چوتى 48 مىليون 355 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سۇڭ چۇنخۇڭ

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، سانائەتنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكىنى باشلامچى قىلىپ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ھەمدە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت 4 چوڭ مۇھىم نۇقتا مەزمۇن قىلىنىپ، ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە، شىنجاڭنىڭ يېزائىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش توغرى ۋاستە قىلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئەسقاتىدىغان ئىلغار تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىلىپ ۋە ئۇ كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، تېرىقچىلىقتا يېزىلارغا ماس كېلىدىغان بىر تۈركۈم ئىلغار يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ چارۋىچىلىقتا كالا، قوي نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسى، چارۋا - قۇشلاردا بولىدىغان جىددىي تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تېخنىكىسى، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ئوت - چۆپلەرنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، ئورمانچىلىقتا سۈپەتلىك كۆچەتلەرنى كەلتۈرۈپ كېڭەيتىش ۋە باغ ئورمان بازىسى قۇرۇش چۆرىدىلىپ، ئۆزگىچە مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، قويۇق، مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، سۈپەتلىك مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تېز كۆپەيتىش ۋە زاۋۇتلاشتۇرۇپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. زىيانسىز يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا سۇ مەھسۇلاتلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىش - كېڭەيتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ئاز، سورتى بىرلا خىل بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى سايمانلارنى كېڭەيتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشكە ياردەم بېرىلدى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلدى. 2004 - يىلى ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش نىسبىتى 95٪ تىن، ماشىنا بىلەن تېرىش نىسبىتى 85٪ تىن، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش نىسبىتى 30٪ تىن ئاشتى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، مۇلازىمەت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيدى.

سانائەتنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە نۇقتىلىق سانائەت تېخنىكىسىنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇھىم يۆنىلىش، كارخانىلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش نىشان، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىش، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش دەۋر قىلىنىپ، ئاچقۇچلۇق ئورتاق خاراكتېرلىك تېخنىكىلارنى

بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش، كېڭەيتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش ئىشى چىڭ تۇتۇلدى. ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ئۆزگەرتىلىپ ۋە ئۆستۈرۈلۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكا سالمىقى ۋە قوشۇمچە قىممىتى ئۆستۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ تەننەرخنى تېجەپ، پايدىنى ئاشۇرۇش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، رىقابەت كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۈركۈم تۈۋرۈك كەسىپلىرى ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلىرىغا يار - يۆلەك بولۇندى.

سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. يىل بېشىدا ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىدا ئېكسپورت بازىسى بىلەن ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، تۈر پىلانىدا سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى نۇقتىلىق يۆلەندى ۋە ئۇنىڭغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى، ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتىنىڭ چوڭ ترانسفورماتور تۈرى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش - سېتىش باش شىركىتىنىڭ تەشكىللىگەن شوخلا قىيامى، پۇراقلىق ماتېرىياللار پەن - تېخنىكا شىركىتىنىڭ خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى، قۇمۇلنىڭ ئۈچەي پىششىقلاش تۈرى قاتارلىق تۈرلەر بۇ پىلانغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى نۇقتىلىق كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلارنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇش ئىشى تەشكىللەندى. تىرىشىپ خەلقئار بازار ئېچىلدى. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر قىسمەن تۈرلەرنى فرانسىيىنىڭ پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن 95 - نۆۋەتلىك فرانسىيە پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇش ئىشى تەشكىللەندى. كۆرگەزمىگە «تۇنخې» ماركىلىق شوخلا ياسالمىسى، بېدىدىن قويۇلدۇرۇپ ئىشلەنگەن دانىچە يەم - خەشەك قاتارلىق تۈرلەر قاتناشتۇرۇلدى. بۇ مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىنىڭ كۈمۈش مېدالىغا ۋە كۆرەك مۇسابىقىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر قىسمەن تۈرلەرنى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن پەن - تېخنىكا سانائىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇش ئىشى تەشكىللەندى. پۇراقلىق ماتېرىياللار پەن- تېخنىكا پاي شىركىتى بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر قىسمەن تۈرلەرنى 10- ئاينىڭ 12 — 17 - كۈنىگىچە شېنجېندا ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇش ئىشى تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «بېسمىڭ» بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ «پۇرۇيتې مايې» بىئو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ زۇڭخېڭ چەكلىك پاي شىركىتى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

قىسمەن ساھەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ ئۆگىنىشكە، تەجرىبە ھاسىل قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئىلغار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ساھەلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار نازارەت، ئىدارىلەردىكى كەسپىي تايانچلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار نازارەت، ئىدارە ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساھەنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ساھەسىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2004 - يىللىق تۇنجى قېتىم يىغىن ئاچتى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزا ئورۇنلار بىلەن 2004 - يىلى بىناكارلىق ساھەسىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. چارۋىچىلىق نازارىتى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، نازارەت سىستېمىسىدىكى ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلىدى. ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈلەندۈرۈش خىزمىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى ئېلان قىلىپ، 2005 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا مەخسۇس مەبلىغى ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇشنى

قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا يىلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى قۇرغان يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورىغا شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش دېگەن نام بېرىلدى.


2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايون 32 ساھەدىكى نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ساھەنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 14 يىلدىن بۇيانقى ساھەنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە باھا بېرىلدى، كېيىنكى باسقۇچتىكى ساھەنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە دائىر تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ساھەنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى قىسمەن ۋىلايەت - ئوبلاستلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قۇمۇل ۋىلايىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ساھەنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە شەھەر قارمىقىدىكى سانائەت تارماقلىرىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

خۇاڭ جيەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورى پىلانى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىراجىتىدىن 10 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتى، بىر يىلدا ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە كەسپىي نازارەت، ئىدارىلەر تاللاپ كۆرسەتكەن 160 نەچچە تور قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورى پىلانىدا داڭلىق ماركا يارىتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، رايونلارنىڭ تۈۋرۈك كەسپلىرىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 4 چوڭ قۇرۇلۇش



2004 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر «شىنجاڭ ئىنەك كۆپەيتىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بېقىش- پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تورىدە سۈتچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمەت پونكىتىدىن 42 سى قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى نۇقتىلىق باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرىدا بىر ئىنەكتىن يىلىغا 1 — 6 تونىنا سۈت ئېلىنىدى.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

مەزمۇن قىلىنىپ، ئىلغار، يارامىلىق تېخنىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش تورلىرى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە تەشكىللىك يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورىدە پىلان بويىچە ئىككى تۈركۈمدە 54 تور ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تور 24، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تور 30، بۇ ھەر تەرەپنىڭ 574 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولدى، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانى تورى ئاساسلىقى رايون دائىرىسىدە ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان، كەسپلەشكەن باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەشكە، «ئۈرۈقچىلىق قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇشقا ئىشلىتىلىپ، ئۆلچەملەشكەن يېزا ئىگىلىك بازىسى قۇرۇشقا، ئۆزگىچە باغ ئورمان بازىسى قۇرۇشقا يار- يۆلەك بولۇندى. چارۋىچىلىقنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە، تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە ئۇنى قوغداشقا مەدەت بېرىلدى. پىلاندا مەملىكەت بويىچە

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۆلگە شەھەرلەرنىڭ تۈر تۇپلاش ئىشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى.

داڭلىق ماركا يارىتىش قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئۆزگىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش تۈرى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانى بويىچە ياردەم بېرىلگەن «ساپالى ماركىلىق قوي يۇڭى تېخنىكىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، خەلقئارا قوي يۇڭى سودا قائىدىسى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكا ئۆلچىمى ھەمدە ئۈنىيۈرۈشلۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى. «شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭى ئۆلچەم سىستېمىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باي قاتارلىق 6 بازىدا 300 مىڭ تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ يۇڭىنى WTO I بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ زامانىۋى باشقۇرۇش ۋە قويلارغا كىيىم كىيدۈرۈش تېخنىكىسى نۇقتىلىق كېڭەيتىلدى، ئېكسپورت سۈپىتى تەلىپىگە يەتكەن «ساپالى» ماركىلىق سۈپەتلىك قوي يۇڭىدىن 1000 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، ھەر كىلوگرام ئەسلى يۇڭنىڭ باھاسى 24 يۈەندىن ئاشتى، يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 4 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا بىۋاسىتە ئاشقان كىرىم 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى %20 ئاشتى.

«چاقىلىقنىڭ ‹سەنخەي› كەنجى قوغۇننى يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك ئۆستۈرۈش ئۈنىۋېرسال يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە سۈپەتلىك كەنجى قوغۇننىڭ سورتى كەلتۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك كەنجى قوغۇننى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، 2000 گېكتار يەردە «سەنخەي» كەنجى تاۋار قوغۇنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 1.2 — 1.6 توننا قوغۇن چىقىدۇ، ھەر مو يەرنىڭ يېڭىدىن ئاشىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 600 — 1200 يۈەنگە يېتىدۇ، «10 مىڭ مو ‹666.7 گېكتار› كروران ئىلاھى» ئېسىل قوغۇننى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچا رايونى قۇرۇش» تۈرىدە، 10 مىڭ مو ‹666.7 گېكتار› يەردە ئېسىل قوغۇننى ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلىدۇ. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھوسۇلى 1.5 تونىغا يېتىدۇ، تاۋار نىسبىتى %80 تىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي ھوسۇلى 12 مىڭ تونىغا، يىلىغا ئاشىدىغان كىرىم 10 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ كېسەللىككە چىدامىلىق سۈپەتلىك قوغۇن - تاۋۇز سورتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش» تۈرىدە ئېسىل قوغۇن سورتلىرىنى توپلاپ كۆپەيتىش، ئۇرۇق تەييارلاش، سورتلارنى پىششىقلاش، بازاردا سېتىش تۈرى بىر گەۋدىلەشكەن ئېسىل قوغۇن ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى، تۈر تاماملانغاندىن كېيىن كېسەللىككە چىدامىلىق سۈپەتلىك قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقىدىن يىلىغا 20 توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقى كېڭەيتىلىدىغان كۆلەم 9300 گېكتارغا، ئۇرۇق ئىشلەپچىقارغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 1 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

«ئۆزگىچە داڭلىق» ماركىلىق گىلاسنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش تۈرىدە 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) يەردە بەرپا قىلىنغان ياۋا مېۋە گىلاستىن پايدىلىنىلىپ، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك قويۇلدۇرۇلغان گىلاس مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى، قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شەربىتىدىن يىلىغا 600 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن يىللىق سېتىش كىرىمى 12 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 4 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

«قارائۆرۈك بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە ‹ياۋا پالما› مەھسۇلاتىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش» تۈرىدە 2000 گېكتار قارائۆرۈك بازىسى قۇرۇلۇپ، قارائۆرۈك ھارىقى، قويۇلدۇرۇلغان قارائۆرۈك شەربىتى، قويۇلدۇرۇلغان چاي، قارائۆرۈك مۇرابباسى، چۈچۈكبۆيا كىسلاتالىق قارائۆرۈك قېقى قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتتىن 5000 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 6 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

« ‹بەيشىن› ماركىلىق ھەسەل مەھسۇلاتلىرىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش» تۈرىدە تەييار ھەسەل مەھسۇلاتلىرىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش ئىلغار تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئۆزگىچە ھەسەلچىلىك بايلىقىدىن پايدىلىنىلىپ، ئانا ھەرە قىيامى، توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان پاراشوك، قويۇلدۇرۇلغان ھەسەل، گۈل چېڭى ھەسىلى مەھسۇلاتىدىن يىلىغا 1657 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، سېتىش كىرىمى 19 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 4 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

« ‹قوش ئالتۇن مۇشۇك› ماركىلىق فېنېلسىز

ئۈنۈملۈك يۇرۇشلۇق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىدە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە نېفىت خىمىيە سانائىتى بايلىقىغا تايىنىلىپ، مۇھىت ئاسرايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش سانائەت بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 8000 توننا فېنىلسىز، زەھەرسىز ئۈنۈملۈك يېلىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، خىمىيىلىك لابوراتورىيە ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون يۈەنگە، يىللىق باج ۋە پايدا 16 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە، بىناكارلىق، قاتناش، مېتېئورولوگىيە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردە ئۈلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «‹ئەسىر گۈللۈكى›، كىچىك رايونى ئاھالىلەر بىنالىرىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ئۈلگە قۇرۇلۇشى» دا، سانجى ئەسىر گۈللۈكىنىڭ 50٪ تۈرلۈك سىستېمىسى ئاساس قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئېنېرگىيە تېجەش قائىدىسىگە ۋە ئۆلچىمىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇش ئاسراش سىستېمىسىدىكى بۆلەك قىسىملارنىڭ ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش كوئېففىتسېنتى چەكلىك قىممىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىلمىي يۈرۈشلەشتۈرۈش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى، ماس كېلىدىغان ماتېرىيال بۆلەكلىرى تاللىنىپ، مۇۋاپىق ئىش باشلاش ھۈنەر - سەنئىتى بېكىتىلىپ، ۋاقتىدا ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ، جەريان تىزگىنلىنىپ، ئېنېرگىيە تېجەش نىشانىغا يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىرقى ئېنېرگىيە تېجەش سەۋىيىسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلۈپ 65٪ كە يەتكۈزۈلدى. قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يىللىق باج ۋە پايدا 4 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئۈنۈمۈرسال ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى ‹يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تورى›» تۈرىدە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئۈنۈمۈرسال ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى بازار تەلىپىگە ئاساسەن تەشكىللەشكە يېتەكلىدى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتى ئالغا سىلجىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدا 500 مىڭ پارچە ئۇچۇر ئېلان قىلىندى، كۆنگە ئوتتۇرىچە 1000 پارچە ئۇچۇر يېڭىلاندى، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق تارماقلار، يېزا - بازار كارخانىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەردىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ رويخەتكە ئېلىنغان ئەزا 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، تور ئارقىلىق يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 80 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«شىنجاڭدىكى يەر شارائىتى ناچار جايلاردا ئورمان بىنا قىلىش يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش» تۈرىدە يەر شارائىتى تىپىك ناچار جايلاردا ئورمان بىنا قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈلگە رايونىدا، كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىي ئەتراپىدىكى قاقاس تاغنى كۆكەرتىش، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تىپىدىكى ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ يامالىق تېغىدىكى قاقاسلىقنى كۆكەرتىش، 1000 چاقىرىملىق يېشىل كارىدور — جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كوچا بويلىكىدىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىش - قۇم تىزگىنلەش ئۈلگە قۇرۇلۇشى باشلاندى ۋە 666.7 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، ئۈلگە رايونلاردا قۇرۇلۇش قىلىشقا ماس كېلىدىغان ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈپەتلىك ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادىي دەل - دەرەخلەر تاللاپ چىقىلدى، بوراندىن مۇداپىئەلىنىدىغان، قۇم توراقلاشتۇرىدىغان، ئېكولوگىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ۋە قايتىدىن بەرپا قىلىشقا بولىدىغان 5 — 10 خىل چاتقال دەل-دەرەخ تاللاپ چىقىلدى، 2 خىلدىن كۆپرەك دەرەخ - چاتقال، ئوت - چۆپنى خىللاپ جايلاشتۇرۇش، خىلمۇ خىل ئارىلاشتۇرۇش ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تىكىلگەن كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 85٪ تىن، سۇ تېجەش نىسبىتى 50٪ تىن كۆپرەككە يەتتى.

رايونلارنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى جەھەتتە «شىنجاڭدا ئېشەك باقمىچىلىق كەسپىنىڭ ئۈنۈمۈرسال يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە نەسىل يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، بېقىش - پەرۋىش قىلىش، يەم - خەشەك پىششىقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قاتارلىق ئۈنۈمۈرسال تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق گۆش ئېشىكىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە سۈپەتلىك ئېشەك سانى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلدى، ئىككىلەمچى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىلىپ، «شىنيۆ» ماركىسى ئاساس قىلىنغان ئېشەك باقمىچىلىقىنى كەسىپلەشتۈرۈش زەنجىرى شەكىللەندى. 70 تۇياق ئەلا نەسىللىك ئېشەك، 1200 تۇياق 1 - دەرىجىلىك ھاڭگا، مادا ئېشەك يېتىشتۈرۈلدى، ئېشەكىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 90٪ تىن ئاشتى، 88 مىڭ ئېشەكنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، ئېشەكنىڭ ئېغىرلىقى 75 كىلوگرامدىن ھازىرقى 95 كىلوگرامغا يەتتى؛ 3 يىلدا 100 مىڭ تاۋار ئېشەك كۆپەيدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدا 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. خوتەن ئېشىكىنى كۆپەيتىش جەھەتتە خوتەن ئېشىكىنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، 3 يىلدىن كېيىن 99 مىڭ ئېشەك كۆپىيىدۇ، 49 مىڭ ئېشەك

قولدىن چىقىرىلدى، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئېشەك گۆشى، يارا يېلىم مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

«تۈمەن مو (666.7 گېكتار) يەردە سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق باقىلە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش» تۈرىدە، بۇرچىن ناھىيىسىدە 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) يەردە باقىلەنىڭ سۈپەتلىك سورتىنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇپ، بازار يىلىغا 2000 توننا سۈپەتلىك باقىلە سورتى بىلەن تەمىنلەندى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەنگە، يىللىق باج ۋە پايدا 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. قابا ناھىيىسىدە 2000 گېكتار يەردە سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق باقىلە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. يېڭى سورتلار ۋە باقىلەنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، بىرلىك ھوسۇلى 230 — 280 كىلوگرامغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 6900 تونىنغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تارماقلارنىڭ خام چوت ئىشلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۈر پىلانى، توختام تېكىستىنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى ئۆزگەرتىلدى. 8 - ئايدا مالىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، داۋاملىق يولغا قويۇلۇۋاتقان قىسمەن تۈرلەر يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى» گە ئاساسەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، قىسمەن تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا پائال ماسلىشىپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى تەكشۈرۈلدى ۋە 4 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

خۇاڭ جيەن

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى (ئۆتكەل) پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەل) پىلانىدا، پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 100 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئۈچۈن 19 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى (پىلان باشقۇرۇشقا كېتىدىغان 300 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى 63 بولۇپ، 15 مىليون 240 مىڭ يۈەن؛ يۇمشاق پەن تۈرى 19 بولۇپ، 700 مىڭ يۈەن؛ خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 12 بولۇپ، 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن؛ باشقا تۈرلەر 6 بولۇپ، 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندىدىن ياردەم بېرىش پىلانىدا 54 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، خىراجەت مەخسۇس تۈر بويىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەل) پىلانى بويىچە تاماملىنىشقا تېگىشلىك تۈر 34 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 31 تۈر تاماملاندى، كېچىكتۈرۈپ تاماملىنىدىغان تۈر 3، تاماملىنىش نىسبىتى 91% بولدى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى پىلانى تۈرىدىكى «ئۇرۇمچى يېشىل يېمەكلىك پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى» تۈرىدە يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 5 ئورۇن، زىيانسىز يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 39 ئورۇننىڭ مۇھىتىنى ئۆلچەش - تەكشۈرۈش - باھالاش خىزمىتى تاماملاندى، 2 خىل ئۇزۇمگە يېشىل يېمەكلىك ئىسپاتى ۋە يېشىل يېمەكلىك بەلگىسى بېرىلدى؛ يېشىل كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان 10 ئۈلگە نۇقتا قۇرۇلدى، 4000 گېكتار يەردە ئەتىيازلىق، يازلىق كۆكتات، كەچ كۈزلۈك زىيانسىز كۆكتات بازىسى ۋە 666.7 گېكتار يەردە يېشىل گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى؛ دى خلورفوس، مېتامىدوفوس، ئوكسىدلىق ئومېتوئات قاتارلىق 13 خىل دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقىنى ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش - ئانالىز قىلىش تەرتىپى تۈرغۇزۇلدى ھەمدە ئۇ ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى كۆكتاتلارنىڭ تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە سۈپەت بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىشتە قوللىنىلدى؛ 100 مىڭ تۇياق كۆلەمگە ئىگە تاۋار چارۋا باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇپ، بۆلغىنىش بولمىغان بېقىش - پەرۋىش قىلىش سىستېمىسى ۋە زىيانسىز چارۋا مال دوختۇرلۇق تازىلىق سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

«يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوتلاق چارۋىچىلىقى ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە

تەتقىقات ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» تۈرىدە، شىنجاڭنىڭ ئوتلاق چارۋىچىلىقى رايونلىرىدىكى تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىپ كېتىش، ئۈنۈمسىز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش، ئېكولوگىيىنىڭ چېكىنىشى ئېغىر بولۇشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، مۇكەممەل ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇش تېخنىكا سىستېمىسى ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكا ھالقىلىرى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئوتلاق چارۋىچىلىقى رايونلىرىدا ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇشقا دائىر 16 تۈرلۈك يۈرۈشلۈك تېخنىكا تەتقىق قىلىنىپ ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ، 7 پارچە تەتقىقات دوكلاتى ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىلدى، «چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي تېخنىكىسى» غا دائىر بىر مەخسۇس ئەسەر يېزىپ تاماملاندى، 6 ئۈلگە بازىسى قۇرۇلدى.

«شىنجاڭدا كېۋەز، كۆممىقوناقتا بولىدىغان ئاساسلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئېكولوگىيىلىك تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، قىزىل كۆزلۈك ھەرىنى بىرلىك ھەجىمگە ئەڭ ياخشى قويۇپ بېرىش مىقدارى، قېتىم سانى ھەمدە ئارىلىقتىكى كۈن سانى قاتارلىق ئېتىز - ئېرىقلارغا قويۇپ بېرىش تېخنىكىسى يەكۈنلەپ چىقىلدى؛ 666.7 گېكتار يادرولۇق ئۈلگە رايونى ۋە 6667 گېكتار ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىندى، كۆشەندىلەرنى قوغداش، جەلپ قىلىش، كۆپەيتىلگەن كۆشەندىلەرنى قويۇپ بېرىش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش قاتارلىقلار يادرو قىلىنغان كېۋەزدىكى ئاساسلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئېكولوگىيىلىك تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكا سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلتۈرۈلدى؛ بۇغداي بىلەن كېۋەز يېقىن جايلاشتۇرۇلسا زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش رولى بارلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ ھەرىنى كەڭ كۆلەمدە كۆپەيتىش تېخنولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەرە نەسلىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئېنىق بېكىتىلدى. ئېكولوگىيىلىك تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش ئازايتىلدى، ئاساسلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە سالىدىغان زىيىنى %5 تىن تۆۋەن نىسبەتتە تىزگىنلەندى. بۇ تۈرگە دائىر 6 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكەل پىلانى تۈرىدىكى «شىنجاڭنىڭ كۆپ تىللىق Linux مەشغۇلات سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە ئۇيغۇرلارنى ئالماشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىشتا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىقنىڭ توپ كوردلاشتۇرۇلغان ھەرپ بەلگىسى ئۆلچىمى قوللىنىلدى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە خەت شەكلى ئۆلچىمى ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا كۆرۈنمە يۈزىدە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلاشقان ئۆلچىمى قوللىنىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، كېڭەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە كەسپلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

«شىنجاڭ ماتېرىيال كەسپىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرىدە ئاليۇمىن ئوكسىدىنى چۆكتۈرۈپ نانومېتىرلىق پەردىگە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن پەردىسىنىڭ سېلىشتۇرما سىغىمچانلىقى %6 ئۆستۈرۈلۈپ، تۆۋەن بىسىملىق پەردىنىڭ سېلىشتۇرما سىغىمچانلىقى %30 ئۆستۈرۈلدى ھەمدە بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. سۇيۇقلۇقتا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىق قىلىنىپ، يۇقىرى بېسىملىق پەردىنىڭ 530 ۋولتتىكى سېلىشتۇرما سىغىمچانلىقى ئەنئەنىۋى بورىك كىسلاتاسى ھۈنەر- سەنئىتىگە قارىغاندا %10 ئۆستۈرۈلدى. يۇقىرى بېسىملىق پەردە مەھسۇلاتى (100) يۈزلۈكنىڭ ئېگىلگەن نىسبىتى %95 تىن ئاشتى.

«ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرى، بۇ تۈر 2002 - يىلى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 91 كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرغان ئۈلگە كارخانا (بۇنىڭ ئىچىدە 3 ئۆلچەملىك كومپيۇتېرنىڭ قوشۇمچە لايىھىسىنى يولغا قويغان كارخانا 52، كارخانىلارنىڭ بايلىق پىلانىنى يولغا قويغان كارخانا 39) قىلىپ تەستىقلاندى. ERP تۈرىنى بالدۇرراق يولغا قويغان كارخانىلار ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانا مەبلىغىنىڭ ئايلىنىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، سېتىۋېلىش مۇددىتىنى 12 — 20 كۈن قىسقارتىپ، زاپاس مال مىقدارىنى %10 — %30 ئازايتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۇچۇر بايلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكەل پىلانى تۈرىدىكى «بوغاز بايتالنىڭ بىرىكمە ئانىلىق ھورمۇنى خام ئەشيا قىلىنىپ ياسالغان دورىلار ۋە ھورمون چىقارغۇچى تابلېتنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش» تۈرىدە تابلېت ۋە سۇتسىمان مەلھەم دورىلىرىنىڭ ئارىلىقتىكى

سىناق مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى 19 دوختۇرخانىدا كلىنىكىلىق تەجرىبە قىلىنىپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تۇرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تېفېڭ دورىگەرلىك پاي شىركىتى 3 ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى ھەمدە كۆنەس ناھىيىسىدە بوغاز بايتالنىڭ بىرىكمە ئانىلىق ھورمونىدىن ياسالغان بىئولوگىيىلىك دورىلارنى كەسپلەشتۈرۈش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى، بوغاز بايتالنىڭ بىرىكمە ئانىلىق ھورمونىدىن ياسالغان بىئولوگىيىلىك دورىلار كەسپلەشتۈرۈش باسقۇچىغا كىرىشكە باشلىدى.

«شىنجاڭ مارالبېشى ۋە پەيزاۋاتتا يۈز بەرگەن 6.8 بال يەر تەۋرەش ۋە كەلگۈسىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە يەر تەۋرەش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات تاماملىنىپ، پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەشنىڭ مۇكەممەل تەرتىپ مۇندەرىجىسى تۇرغۇزۇلۇپ، پەيزاۋات - مارالبېشى ھەمدە تەڭرىتاغ رايونىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىسى 2004 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋە يىل ئاخىرىدىكى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش يۈزلىنىشى بويىچە كېڭەش يىغىنىدا كەلگۈسى 15 يىلدا شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋرەش نۇقتىلىق كۆزىتىلىدىغان ۋە مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان رايونلارنى بېكىتىش خىزمىتىدە قوللىنىلدى.

«تەييار جۇڭيى دورىسىنى 2 - قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە بازاردا سېتىلىش تەستىقلانغان مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە، دورا ئۈنۈمى ئېنىق، ئالاھىدىلىكى روشەن، بىخەتەرلىكى يۇقىرى بولغان زور تۈركۈمدىكى تەييار جۇڭيى دورىلىرى ياكى دوختۇرخانىلاردا تەڭشەپ ياسالغان دورىلار ئۈستىدە دۆلەتنىڭ «دورىلارنى رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇش چارىسى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنى ئاجرىتىۋېلىش، ساپلاشتۇرۇش، تەڭشەپ ياساش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سۈپەت ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە يېڭى تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەييارلاش ھۈنەر - سەنئىتى سۈپەت ئۆلچىمى، داۋالاش ئۈنۈمى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەسلىدىكى سەۋىيىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتتى ھەمدە بىخەتەرلىك ۋە ئۈنۈملۈك خۇسۇسىيىتىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولدى. «چەيىين دانىچە زۇكام دورىسى» نى شۈمۈرۈپ تازىلاش ئاگېنتى ۋە يېڭى تىپتىكى قوشۇمچە ماتېرىياللار تاللاپ چىقىلدى، زۇكام دانىچە دورىلىرىنىڭ بىر قېتىمدىلا شەكىللىگە كېلىش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، نەم شۈمۈرۈش نىسبىتى %7 تىن تۆۋەن بولدى، مەلھەم نىسبىتى ئەسلىدىكى ھۈنەر - سەنئەتتىن %25 ئۆستى ھەمدە نېپىز قەۋەتلىك خروماتوگرافىيە ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇيۇق فازىلىق خروماتوگرافىيە قوللىنىلىپ، سۈپەت ئۆلچىمى تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى؛ تەييارلانغان شېكەرسىز تىپلىق «چەيىين دانىچە زۇكام دورىسى» ئارىلىقتا سىناق قىلىندى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە «ئاناردىن ياسالغان «ئاياللارنىڭ كۆپۈكلىشىپ قاناشقا شىپالىق تابلېتكىسى» نىڭ رېتسېپ دورا ماتېرىيالىنى تاللاش، ئاجرىتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقاتى تاماملاندى، قوشۇمچە ماتېرىيال مەنبەسى، رېتسېپلارنى شەكىللىگە كەلتۈرۈش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە دورا فارماكولوگىيىسى - زەھەر فارماكولوگىيىسى، ئاساسلىق دورا تەسىرى ئىلمي، دورىلارنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە قىسمەن (يېپىشقاق پەردە) غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلۇپ، سۈپەت ئۆلچىمى بېكىتىلدى.

«ئىلى قارا ھەرىسى تۇر توپىنى ساپلاشتۇرۇپ يېڭىلاش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە نىلقا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئىلى قارا ھەرىسىنى ساپلاشتۇرۇپ يېڭىلاش دالا سىنىقى بازىسى تاللاپ بېكىتىلدى، ئەڭ ياخشى تۇر توپى ئاساسىغا ئىگە ھەمدە نەسىل يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسىگە ئىگە ھەرە باقمىچىلىق مەيدانلىرى تاللاپ چىقىلىپ بۇ بازىغا كىرگۈزۈلدى، تەجرىبىخانا قۇرۇلۇپ، تەركىبىدە ئىلى قارا ھەرىسىنىڭ گېنى بولغان تۇر توپلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى باھالاپ بېكىتىلدى، يەككە تەن ساپ نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە توپ بويىچە تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قارا ھەرە توپلىرى دەسلەپتە ساپلاشتۇرۇلدى. تۇر گۇرۇپپىسى مەملىكەت ئىچىدىكى داڭلىق ھەسەل ھەرىسى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاناتومىيە ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە، ئالاقىدار تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ھەسەل ھەرىسى تۇرلىرىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىناق بازىسى دەسلەپتە قۇرۇلدى، ئىلى قارا ھەرىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئىزدىنىش خىزمىتى ئىشلەندى.

خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىكى «پىششىقلىنىدىغان ئۆرۈك سورتلىرىنى كەلتۈرۈش، كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە گۈلە ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيە قائىدىسىنى تۈزۈش» تۈرىدە تۈركىيىدىن 5 خىل يېڭى سورت، ياپونىيىدىن پىششىقلاشقا ھەم ھۆل ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان بىر ئۆرۈك سوتى، ئەرمېنىيىدىن پىششىقلاشقا بولىدىغان بىر ئۆرۈك سورتى كەلتۈرۈلدى. «زىيانسىز يېمەكلىك گۈلىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى» ۋە «زىيانسىز يېمەكلىك

گۈلە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى» دىن ئىبارەت ئىككى ئۆلچەمنى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ يۇمشاق پەن تەتقىقاتى تۈرىدىكى «شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ۋە يولى» تۈرىدە شىنجاڭدا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا دائىر 3 يۈرۈش باھالاش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تەتقىق قىلىندى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىنجاڭدىكى يېزا - شەھەرلەردە ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەرىجىسى ھېسابلىنىپ ۋە باھالىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەرەققىيات نىشانى ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى، يولى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تۈرگە دائىر 4 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

تەبىئىي پەن فوندى تۈرىدىكى «شىنجاڭدا بۇغدايغا قارا تۈرەلمە كېسىلى يۇقۇش مېخانىزمى ۋە گېرمپلازمىسىنىڭ كېسەلگە تاقابىلچانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» تا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى بۇغدايدا بولىدىغان قارا تۈرەلمە كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئاجرالمىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق، كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق مەنبە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، قارا تۈرەلمە كېسىلى پەيدا بولۇشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ۋە كېسەل مەنبەسى تەركىبى ساقلانغان رايونلارنىڭ پەرقى ئېنىق بېكىتىلىپ، كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق باكتېرىيىنىڭ يۇقۇش ئۇسۇلى ۋە كېسەل پەيدا قىلىش جەريانى تولۇق ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ، قارا تۈرەلمە كېسىلىنىڭ يۇقۇش مەزگىلى ۋە يۇقۇش ئورنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، باشقا يۇقۇش مېخانىزمى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق بۇغداي سورتلىرىنىڭ قارا تۈرەلمە كېسىلىگە بولغان قارشىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىكى پەرق تەتقىق قىلىندى. شىنجاڭنىڭ بۇغداي قارا تۈرەلمە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش ۋە كېسەلگە چىدامىلىق سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

«تەبىئىي رەڭلىك پاختا ئۇسۇملۇكلىرىنى بىئولوگىيىلىك سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدىغان قىلىشقا بولغان تەسىرى ۋە تالالىرىنىڭ خىمىيىلىك ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە تەبىئىي رەڭلىك پاختا توقۇلمىلىرىنى بىئولوگىيىلىك سىستېمىلاشتۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتى، توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىشلىك، ئىستېمال ئىقتىدارى كۆرسەتكۈچى ۋە تالالىرىنىڭ خىمىيىلىك ئىقتىدارى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى. تەتقىقات نەتىجىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق، فېرمېنت بىلەن سىستېمىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەڭلىك پاختا ئىچ كىيىمدىن 600 مىڭ يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىلدى، سېتىش كىرىمى 52 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدا 10 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«جۇڭغارىيىدىكى تېپىك چۆل بۆلىكىدە قۇم - بوراننىڭ ھاسىل بولۇش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە جۇڭغارىيىدىكى تېپىك چۆل بۆلىكىنىڭ يەر يۈزىدىكى ماددىلار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇم - بوران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى، ئۆسۈملۈك كالونىيىسىنىڭ كۆپ خىل خۇسۇسىيىتى ۋە تۇپراقنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، (Fisher) مىزانى بويىچە مەنبە رايونلىرى بىلەن قۇم - بوران ئاز چىقىدىغان رايونلارنىڭ يەر يۈزى ئالاھىدىلىكىنى پەرق ئېتىش فۇنكسىيىسى تۇرغۇزۇلدى ھەمدە قۇم - بوران مەنبەسى رايونى بىلەن قۇم - بوران ئاز چىقىدىغان رايونلارنىڭ يەر ئۈستى شارائىتىنى ئايرىشنىڭ بوسۇغا قىممىتى بېكىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا، قۇم - بوران ئاسان پەيدا بولىدىغان رايونلاردىكى يەر ئۈستى شارائىت تېپىنىڭ تەۋەلىكى پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئاخىرىدا قۇم - بوراننىڭ پەيدا بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇھىم شارائىتنىڭ ئۆسۈملۈك كالونىيىسىنىڭ كۆپ خىللىقى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

جاڭ يۇ

## يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانى تۈزۈش

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانىدا يۇقىرى تېخنىكا تۈرىدىن 41ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن (پىلاننى باشقۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان 300 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىئوتېخنىكا ۋە ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ساھەسى تۈرى 14 بولۇپ، 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئۇچۇر تېخنىكىسى ساھەسى تۈرى 5 بولۇپ، 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئىلغار ياسىمىچىلىق تېخنىكا ساھەسى تۈرى 5 بولۇپ، 700 مىڭ يۈەن؛ يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكا ساھەسى تۈرى 5 بولۇپ، 700 مىڭ يۈەن؛ بايلىق - مۇھىت تېخنىكا ساھەسى 6 بولۇپ، 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكا ساھەسى تۈرى 4 بولۇپ، 850 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەر 2 بولۇپ، 600 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

«كالا ـ قوي ئاقسىل كېسىلى — توخۇ ئېمبرىئونىنىڭ تىرىك ۋاكسىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى ياخشىلاش» تۈرىدە توخۇ ئېمبرىئونىنىڭ O تىپلىق، A تىپلىق ۋاكسىنىسىنىڭ توخۇ ئېمبرىئونىدا ئەۋلاد قالدۇرۇش، يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇرۇقلۇق ۋىرۇسىنى تاللاش، شەكلىنى بېكىتىش ۋە باھالاپ بېكىتىش ئىشى تاماملاندى، ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلدى. توخۇ ئېمبرىئونىنىڭ O تىپى ۋە قوش ۋالېنتلىق ئاقسىل كېسىلى ۋاكسىنىسىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 5 مىليون 20 مىڭ يۈەن، باج ۋە پايدا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاشتى.

«چارۋا ماللارنىڭ سۈت بېزى بىئولوگىيىلىك رېئاكتورى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنىڭ سۈپىتىنى تۈرغۇزۇش ۋە ئۇنى قوللىنىش» تۈرىدە، تۇراقسىز ھۆجەيرە تېخنىكىسى ئارقىلىق تەن ھۆجەيرىسىنىڭ ترانسفېكسىيىلىك شارائىتىغا باھا بېرەلەيدىغان يېڭى تېخنىكا سىستېمىسى تۈرغۇزۇلۇپ، لىپىدوزومانى ۋاستىلىك يەتكۈزگۈچى DNA ترانسفېكسىيىسىنى تاللىق ھۆجەيرىگە ئايلاندۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى تاللاش سىستېمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى، كۆچۈرۈلۈش نىسبىتى %10.4 تىن %80 تىن كۆپرەككە يەتتى؛ گېن كۆچۈرۈلگەن يېڭىدىن تۇغۇلغان موزاينىڭ 4 تۈپ تەن ھۆجەيرىسى، سۈتلۈك ئۆچكە تۆرەلمىسىنىڭ 39 تۈپ تەن ھۆجەيرىسى ئېلىندى، گېن كۆچۈرۈلگەن ھۆجەيرىنىڭ ئېرسىيىتى مۇقىم بولدى، قوشۇلما قىممىتى ئاشتى؛ ئىزولياتوردىن تەركىب تاپقان ئىپادىلەرنى تەڭشەپ تىزگىنلەش تەركىبلىرى كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە ماس نۇقتىسىغا يېقىنلايدىغان سۈت بېزىنىڭ خاسلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە تۇنجى قېتىم تۈرغۇزۇلدى. بۇ تۈرگە دائىر 5 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

«يېڭى دورا تىپى — ئالدىنقى تەن لىپىدوزوما، ئالدىنقى تەن مېتسېللا ياسالمىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە ئالماشما فتورلۇق ئالدىنقى تەن لىپىدوزومىنى كىلىنىكىدىن ئاۋۋال تەتقىق قىلىش ئىشى تاماملىنىپ، ئافېنىل دازو ئالدىنقى تەن مېتسېللا ۋە ئالدىنقى تەن لىپىدوزوما، ئالماشما فتورلۇق ئالدىنقى تەن مېتسېللا ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ رېتسېپ ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تاللاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش تەجرىبىسى تاماملاندى. «يېڭى تىپتىكى ئالدىنقى تەن لىپىدوزوما ياسالمىلىرى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى» دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا مەلۇم قىلىندى.

«B تىپلىق جىگەر ياللۇغىغا قارشى يېڭى دورا AR كاپسۇلىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە كىلىنىكىدا قوللىنىشتىن ئاۋۋالقى بارلىق تەتقىقات خىزمىتى تاماملىنىپ، «تاق شاخلىق ئەمەن AR كاپسۇلى» نى كىلىنىكىلىق تەتقىق قىلىش تەستىقى ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىنىۋاتىدۇ، 5 تۈر دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا مەلۇم قىلىندى، بۇنىڭدىن «تاق شاخلىق ئەمەن پروگېستېرون كاپسۇلى» پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

«ئۆسمىگە قارشى يېڭى دورىنىڭ يېتەكلىگۈچى ماددىسى بولغان ھېدروگېنسىزلاندۇرۇلغان ئىشقارلىق ئادراسماننىڭ يۈرۈشلۈك بىئولوگىيىلىك قۇرۇلما ئۇنۇمى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى بىرىكتۈرۈش» تۈرىدە خىمىيىلىك بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھېدروگېنسىزلاندۇرۇلغان ئادراسمان ئىشقارىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مودىفىكاتسىيە قىلىپ، ئۆسمىگە قارشى كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئۈنۈملۈك نۇقتا ۋە دەسلەپكى قۇرۇلمىلىق ئۈنۈم مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىيىتى تېپىپ چىقىلدى. 165 دانە بىرىكمە ماددا بىرىكتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆسمىنى تىزگىنلەش نىسبىتى %56 تىن يۇقىرى بولغان 4 دانە بىرىكمە ماددا تاللاپ چىقىلدى، ئۇنىڭ زەھىرى بىرقەدەر تۆۋەن، كۈچى بىرقەدەر يۇقىرى ھەمدە يىلىكتە زەھەرلىك خۇسۇسىيەت يوق، بىرىكتۈرۈلگەن خىمىيىلىك بىرىكمىلەر دۆلەت ۋە خەلقئارا پاتېنتقا مەلۇم قىلىندى.

«لىتىيلىق باتارېيىگە ئىشلىتىلىدىغان لىتىي مانگانات مۇسبەت قۇتۇپلۇق ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە قاتتىق فازا رېئاكسىيىسى ۋە مىكرو دولقۇنلۇق بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ھەمدە خۇسۇسىيىتى ياخشىلانغان ۋە تورمۇزلىنىدىغان ئارىلاشما ماتېرىياللار ئىشلىتىلىپ، زەرەتلەنگەن ۋە زەرەتسىزلەنگەندە ماتېرىيال قۇرۇلمىسى تۇراقلىق بولماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان سىغىمچانلىقنى ئاجىزلاپ كېتىشتىن ساقلىنىلدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى زەرەتلىنىش ـ زەرەتسىزلىنىش سىغىمچانلىقى 105 ئامپېر ـ سائەتتىن 110 ئامپېر ـ سائەتكە يەتكۈزۈلدى. 30 قېتىم ئايلاندۇرۇپ زەرەتلەندۈرۈش ـ زەرەتسىزلەندۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بارغاندا، ھەر قېتىم ئايلانغاندا %0.02 ئاجىزلىدى، دېمەك، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى.

«شىنجاڭ پىلە قۇرۇتىنىڭ مىكروبقا قارشى پېپتىدگېن قۇرۇلۇشى مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئاربىلقتا سىناق قىلىش» تۈرىدە كلوننىڭ كۆپ خىل رول ئوينايدىغان مىكروبقا قارشى ئاكتىپلىقتا ئىگە، مىكروبقا تەبىئىي قارشى تۇرالايدىغان ماددا — شىنجاڭ پىلە قۇرۇتىنىڭ مىكروبقا قارشى پېپتىد تەركىبىدىن مىكروبقا قارشى پېپتىد گېنى قولغا كەلتۈرۈلدى، گېن قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 5 لىتىرلىق ۋە 10 لىتىرلىق ئېچىتقۇ قۇتىسىدىن پىلە قۇرۇتىنىڭ مىكروبقا

قارشى پېپتىدىن ئىپادىلەيدىغان ئاكتىپ ھاسىلات قولغا كەلتۈرۈلدى، سەرخىللاشتۇرۇلغان ئېچىتقۇ ئۆستۈرگۈچ زەمبۇرۇغنىڭ زىچلىق دەرىجىسى OD600 نىڭ قىممىتى 50 تىن ئېشىپ كەتتى، مىكروبقا قارشى پېپتىد ئاقسىلىنىڭ ئىپادىلىنىش مىقدارى ھەر لىتىرىنىڭ 500 مىللىگرامدىن كۆپرەككە يەتتى، كۆپ خىل باكتېرىيىنى چەكلەش سىنىقى ئارقىلىق شىنجاڭ پىلە قۇرۇتىنىڭ مىكروبقا قارشى پېپتىدىنى مىكروبقا قارشى كۆرۈنەرلىك ئاكتىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئىپادىلەندى، شىنجاڭ پىلە قۇرۇتىنىڭ مىكروبقا قارشى پېپتىدىنى يەنمۇ بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈنىمدىن پايدىلىنىشقا ئاساس سېلىندى.

جاڭ يۈ

## ئۆچقۇن پىلانى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆچقۇن پىلانى خىزمىتىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 — 2010 - يىلغىچە بولغان ئۆچقۇن مەكتەپ قۇرۇلۇشى پىلانى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى، تەشكىللىك يوللانغان ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن ئۆچقۇن مەكتىپى 16، يېزا پەن- تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى 27 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇتەخەسسىسلەر يۇرتىنىڭ ئۈلگىسى 7، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە يېزا ئىگىلىك باشلامچى كارخانىلىرىنىڭ تەتقىقات تەرەققىيات مەركىزى 7، يېزا ئىگىلىك كەسپىي جەمئىيىتى 5، رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەركىزى 5، يېزا ئىگىلىكنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بازىسى 3). «شىنجاڭ بويىچە مىليون دېھقاننى ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى جەھەتتە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى»دا 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 16 مىڭ 597 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىلىپ، 2 مىليون 130 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆچقۇن پىلانى پەن - تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەنگەن باشلامچى 47 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، دېھقان - چارۋىچى 1 مىليون 932 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، دېھقان ئىشلەمچى 55 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ناھىيە، كەنت كادىرى، تېخنىكا خادىمى ۋە كارخانا باشقۇرغۇچى 95 مىڭ ئادەم (قېتىم). «چۆل ئوتلاقچىلىقى، دورىگەرلىك مۇتەخەسسىسلەر يۇرتىنىڭ تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسىپ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «شىنجاڭنىڭ يېزا پەن - تېخنىكا ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش»، «مېۋە - چېۋە مۇتەخەسسىسلەر يۇرتىنىڭ تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «333 گېكتار سۇپەتلىك ياڭاق ئۈلگە بازىسى قۇرۇلۇشى»، «سۇپەتلىك پىۋا ئارپىسى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىش»، «شىنجاڭنىڭ سانجىدىكى دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونى پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى» قاتارلىق يېزا پەن- تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدى.

2004 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار دۆلەت دەرىجىلىك ئۆچقۇن پىلانى تۈرىدىن 16 نى ئۈستىگە ئالدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆچقۇن پىلانى تۈرىدىن 12 سى يېڭىدىن يولغا قويۇلدى. بۇ تۈرلەر ئىچىدە سۇپەتلىك نەسىللىك چارۋىلارنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كۆپەيتىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى 11، ئۆزگىچە باغ ئورمان كەسپىي تۈرى 3، سۇپەتلىك، ئۆزگىچە ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى 7، يېزا پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تۈرى 3.

فەن جىجۇن

## «مەشئەل» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە يولغا قويۇلۇۋاتقان «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە 2004 - يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 973 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 107 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، پايدا 226 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، باج 124 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن 1 مىليارد 436 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 887 مىليون 860 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 94 مىليون 250 مىڭ يۈەن، پايدا 116 مىليون 50 مىڭ يۈەن، باج 46 مىليون 780 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 85 مىليون 630 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 13 مىليون 390 مىڭ يۈەن، پايدا 110 مىليون 380 مىڭ يۈەن، باج 77 مىليون 700 مىڭ يۈەن.

شىنجاڭنىڭ «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە 2004 - يىلى ئىككى تۈركۈم ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق «يىلىغا 40 مىڭ توننا پولىي مېرىزېد فورمالدېگىد ئىشلەپچىقىرىش»، «ئېرىپ ئۇيۇشقان ئېپوكسى پاراشوكىدىن ئىشلەنگەن ئېلېكتر ستاتىكىلىق پۈركۈپ سىرلانغان كەپشەرلەنگەن پولات تۇرۇبا»، «ساختىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان

ئالىي دەرىجىلىك رەڭلىك باسما بۇيۇم — تاۋار ماركىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش»، «يىلىغا 8000 تونىنا قۇرۇق ھەم ھۆل ئېچىتقۇ ئىشلەپچىقىرىش»، «يىلىغا 400 كىلوگرام گېپارىن ناترىي يىرىك مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش»، «يىلىغا 600 يۈرۈش GZS1 تىپلىق مەركىزىي قۇرۇلمىلىق يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل ئىشكابى ئىشلەپچىقىرىش» قاتارلىق 8 تۈر 1 - تۈركۈمدە تەستىقلىنىپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، 2 - تۈركۈمدىكى تۈرلەر تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. تۈنجى تۈركۈمدىكى تۈرلەرگە 1 مىليارد 164 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 786 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئۆزلىرى غەملىگىنى 378 مىليون 120 مىڭ يۈەن. مۆلچەرلىنىشىچە تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 533 مىليون 965 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 238 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

«سۆڭەكنى كۆچلەندۈرىدىغان يار يېلىم ئىچىملىكى»، «خلورىدلاشتۇرۇلغان پروتوگېمانى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش»، «يىلىغا 500 تونىنا تۆۋەن فولېمىرلىق كىسلوزا ئىشلەپچىقىرىش»، «خلورىنلىق ساپ ئۆسۈملۈكتىن ئاجرىتىۋېلىنغان ماددا — يېشىل يەم - خەشەك خۇرۇچىنى كەسپلەشتۈرۈش»، «سىپتا تارالغان چىڭ يىپ»، «تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر سىزىقلىق يۇكلىمە دولقۇنلۇق ئاپتوماتىك سىچوتچىك سىستېمىسى»، «شەرق شامىلى 4×8 يۈرۈشلۈك ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىل»، «GC5 تىپلىق تۆۋەن بېسىملىق تارتما شەكىللىك ۋىكلىيۇچاتېل زاۋۇتى»، «ACSR—720/50 ئۆتكۈزگۈچ سىم»، «750 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى كەسپلەشتۈرۈش»، «50 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر تورى - دىزېل گېنېراتورىنىڭ ئۇنىۋېرسال توك بىلەن تەمىنلەش - تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى» قاتارلىق 11 تۈر تەستىقلىنىپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، 2004 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

شۇ يىلى يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 23، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 44. دۆلەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللانغان 2005 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 3.

شۇ يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان «مەشئەل» پىلانى تۈرى 18، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئالاقىدار ئورۇنلارغا ياردەم ئۆسۈم جەھەتتىن قىسمەن ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «مەشئەل» پىلانى تۈرى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى.

شېن لىيەنخەي

## دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەبلىغى تۈرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەبلىغى تۈرى 8، بۇلارغا 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بېرىلدى، ئوتتۇرىچە ياردەم بېرىش سوممىسى 612 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇ، 2001-يىلى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەبلىغى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ياردەمگە ئېرىشىش سوممىسى ئەڭ ياخشى بولغان نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەبلىغىگە دائىر نۇقتىلىق تۈردىن بىرى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئۇ «شىنجاڭنىڭ ‹شىنجى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي›، نىڭ ئەلا نەسلىنى كۆپەيتىش» تۈرىدىن ئىبارەت، بۇ تۈرنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن خىراجەت ياردەم بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 2 تۈر «شىنجاڭدا مەخسۇس لەغمەنگە ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداينىڭ يېڭى سورتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈپ ئارىلىقتا سىناق قىلىش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى، «يەر سۇغارغاندا ئېرىقتىكى سۇنى ئۆلچەيدىغان چاقلىق ئۈسكۈنىنى كەسپلەشتۈرۈش»، بۇنى شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئالدى، بۇ 2 تۈر 700 مىڭ يۈەن ياردەمگە ئېرىشتى. شۇ يىلى تۈر بويىچە توختام ئىمزالاش خىزمىتى تاماملاندى.

خۇاڭ جۈەن

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 7 خىل يېڭى مەھسۇلات «2004 - يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى» غا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەتنىڭ 900 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. 7 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: مالىنىنا يوپۇرماق چېيى (شىنجاڭ ناچى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، سىپتا تارالغان ساپ پاختا چىلى يىپى (شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، «ئالتۇنتاش» ماركىلىق SBS يول

ياخشىلاش ئاسفالتى (I—A,I—B,I—C,I—D) (شىنجاڭ ئالتۇنتاش كەسپىي گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى)، خلورىدلاشقان پىروتوگېما دورىسىغا ئىشلىتىلىدىغان ۋاستە جىسىم (شىنجاڭ كېلى بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، ZHSFPTK — 108000/220 توك توغرىلاش ترانسفورماتورى (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتى)، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يەككە فازىلىق تولۇق ئاپتوماتىك ئېلېكتر پوتېنسىنال پەرقىنى ئاسرىغۇچ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنئەن ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بېسىملىق ئېقىن مىقدارىنى تۇراقلاندۇرغۇچ (شىنجاڭ كارىز سۇغىرىش تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

جاڭ يۈ

## شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرى

2004 - يىلى 15 خىل يېڭى مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 15 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: «غەربىي يۇرت» ماركىلىق قار لەيلىسى ئوكۇل سۈيۈقلۇقى (شىنجاڭ غەربىي يۇرت دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، يېڭى تىپتىكى ئاليۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمە تاختا (شىنجاڭ كېيىدا ئاليۇمىن - سۇلياۋ ئىشلەش چەكلىك شىركىتى)، 2.4 — 9SB تىپلىق ئوتلاقنى بوشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى)، 30—9WZC تىپلىق ئۆزى يۈرەر پەۋقۇلئاددە تۆۋەن مىقدارلىق تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى)، 9QSD — 2400 تىپلىق سىلوسلىنىدىغان كۆك (سېرىق) ئوت - چۆپلەرنى ئورۇش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، 9QXD — 900 تىپلىق ئاسما شەكىللىك سىلوسلىنىدىغان كۆك (سېرىق) ئوت - چۆپلەرنى ئورۇش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، 9QS2 — 3000 تىپلىق ئۆزى يۈرەر سىلوسلىنىدىغان كۆك (سېرىق) ئوت - چۆپلەرنى ئورۇش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، 9GM — 3900 تىپلىق بېدىنى يانچىپ يالپاقلاپ ئورۇش سۈپىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، 9GMY — 3000 تىپلىق چاتما شەكىللىك بېدىنى يالپاقلاپ ئورۇش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، كەپشەرلەنگەن ساندۇق شەكىللىك تۆۋرۈك پولات دېتالى (كەسمە يۈزى 1200 مىللىمېتر×1200 مىللىمېتىردىن تۆۋەن، تاختاينىڭ قېلىنلىقى 40 مىللىمېتىر ئىچىدە، ماتېرىيال سۈپىتى Q235، Q345) (شىنجاڭ يېشىل زېمىن پولات قۇرۇلما قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى)، «كۆنچىر» سۈيۈق مىكروبىئولوگىيىلىك بىرىكمە ئوغۇت (شىنجاڭ خۇيىبېن بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، 170S/2 ساپ پاختىدىن سىپتا يىپ ئېگىرىش لىنىيىسى (شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، «ZZ» 80S/2 ساپ پاختىنى سىپتا ئېشىپ يىپ ئېگىرىش لىنىيىسى (شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، ئۈزۈم قۇرۇتۇش دورىسى CU — 4 (شىنجاڭ خۇيىپۇ باغۋەنچىلىك يېڭى تېخنىكىسى شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى)، يۇقىرى زىچلىقتا بۇرغىلاش سۈيۈقلۇقىنىڭ پۇرۇپكىدىن ئېقىپ كېتىشىنى توسىدىغان كىسلاتالىق ئېرىشچان خۇرۇچ SQD — 98 يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى (شىنجاڭ لۇنىڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى).

جاڭ يۈ

## يۇمشاق پەن تەتقىقاتى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يۇمشاق پەن تۈرى مۇنۇلار: شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنباسار رايونىنى قۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات، خەنزۇچە - قازاقچە ئاتالغۇلارنى قوش يۆنىلىشلىك بويىچە ئىزاھلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى ھەمكارلىق يولى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئوتلاق بايلىقىنى ياخشى تەقسىملەش ۋە ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، ئاپتونوم رايوننىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانىدىن 2015 - يىلغىچە بولغان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر ئاساسىي پىكىر ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى ئۆزلۈكىدىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات، قىممەت زەنجىرى ئاساسىدىكى شىركەتلەرنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسىگە باھا بېرىشتىن ئىبارەت.

2004 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتكەن

يۇمشاق پەن پىلانى تۈرى مۇنۇلار: شىنجاڭنىڭ قىزىل كەسىپ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنى شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىيات تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ۋە يولى، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ يېزا باج ئىسلاھاتى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات.

2004 ـ يىلى 2 تۈرلۈك يۇمشاق پەن تەتقىقاتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ چۈن

## دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 58 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ 12 مىليون 680 مىڭ يۈەن ياردىمىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىنغان تۈر 15، رايونلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرى 42، ياشلار ئىلىم-پەن فوندى تۈرى بىر.

شۆ دېشيۇ

**قوشۇمچە:**

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر

| تەبىئىي پەن فوندىدىن ياردەم بېرىلگەن تۈرلەر | تۈرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| ئاساسلىق ئالاھىدە مۇھىتتا مىكرو بىئولوگىيىلىك بىرىكتۈرۈلگەن 3، 1 — پروپاندىئول گلىتسېرىننىڭ ئانگىدرازاسىنى كاتالىزلاپ تىرىلدۈرۈپ قايتا ھاسىل قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| دېڭىز چوشقىسى قۇلاق قۇلۇلىسىنىڭ بۇرمىسىمان ئارتېرىيىلىك سىلىق مۇسكۇلى ۋە ئىچكى تېرە ھۈجەيرىسىنىڭ ئېلېكترىك فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| يۇقىرى سپېكترلىق سانلىق مەلۇمات ئاساسىدا شىنجاڭ كېۋېزى تاج قاتلىمى خۇسۇسىيىتى ئۇچۇرىنىڭ مىقدارلىق ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىلغان تۇپراقتىكى سۇ ـ تۇز (ئوزۇقلۇق) تارقىلىشنىڭ كېۋەز يىلتىزىنىڭ سۇمۇرۇۋېلىپ تولۇقلاش ئېففېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەش | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا كېۋەزنى تېمىتىپ سۇغۇرغاندا يىلتىز دائىرىسىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى تەڭشەشكە بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ بەلگىسىز ئۆزگەرتكۈچى فېنول بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان گېنى ئۈستىدە تەقتىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا قويلاردىكى بروتسېللا تاياقچە باكتېرىيىسى (B. OVIS) نىڭ ئاساسلىق تاشقى پەردە ئاقسىلىنىڭ ماكروفاگۇتست بىلەن يۇقۇملىنىش جەريانىدىكى رولى | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ رايونىدا تارقالغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە كۆچلۈك زەھەرلىك تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان زەھەرلىك تۇپكە مۇناسىۋەتلىك گېن مولېكۇلىسىنىڭ ئىقتىدار ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىدا سىگنال بىرتەرەپ قىلىش ئىلغار تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۆپ تەرەپ ئاساس قىلىنغان شىنجاڭنىڭ رايونلارنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات | شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى |
| مەركىزىي يۆكى C=3، N=2 بولغان ئۇلتراسىممېترىيىلىك تەڭ شەكىللىك ئۆزگەرمەس كۋانت مەيدانى نەزەرىيىسىنى تۈرگە ئايرىش | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| پولى (سالىتسىل ئالدېگىد Schiff ئىشقارىي مېتال كومپلېكس) ئېلېكترود ئېلېكترو خىمىيىلىك ئېلېكتر سىغىمى خۇسۇسىيىتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| Co بولغان پولى ئامىن كومپلېكسنى قاتتىق فازا ئۇسۇلى بىلەن بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئوكسىگېن ئىقتىدارى ۋە ئوكسىگېن مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | |
|---|---|
| يېڭى تىپتىكى گۇئاندوكلوتسىدنى بىرىكتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| پىرازولون تۇرىدىكى تۇغۇندى ماددىلارنى بىرىكتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما ئۇنۇمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ لوپنۇر كەندىرى تالاسىنىڭ رادىئاتسىيىلىك شاخلىنىش خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بوستانلىقىدىكى سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بالىياتقۇ بوينى توقۇلمىسىنى يۇقۇملاندۇرىدىغان ھەقىقىي باكتېرىيە تەركىبىدىكى HPV16 نىڭ كۆپىيىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يامان شارائىتقا ماسلىشىش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۆكتات زەمبۇرۇغى خلامىدومۇناس Pds گېنلىق كلون ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى بېكىتىش | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 25Na+, K+, Mg2+ // Cl−, CO42−, $NO_3$−, H2O سۇيۇق قاتتىق سىستېمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تېرمودىنامىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى لىشايىنىك بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ ئورنى تۆۋەن بولغان رايونلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە توغراق سورتلىرىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭ ئېرسىيەت بەلگىسى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە باسما ھەرپ بەلگىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قوغۇننىڭ ئىچكى زەمبۇرۇغى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش رولى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئاساسلىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرگە جىددىي سۇ يەتكۈزۈشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېكولوگىيە بىلەن ماسلىششى ۋە ناچار شارائىتقا ماسلىشىش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۈركۈم گۈل ئۇرۇقدىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئۆزگىچە تۈر توپىدىكى ئىلى قاغا تىرنىقى توپى (Amana) نىڭ سىستېماشۇناسلىقى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۆمرى قىسقا 3 خىل ئۆسۈملۈك مېۋىسىنىڭ كۆپ شەكىللىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى ئېكولوگىيىلىك ماسلاشتۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا ئاز ئۇچرايدىغان بىرنەچچە خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىدامىلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| بادامنىڭ مېۋىلەش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قويلارنىڭ ئامىنوكىسلاتالىق خىمىيىلىك تۇغۇندى ماددىلارنى ھەزىم قىلىپ پايدىلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| دىنامىكىلىق سۇ كۆچى ئارقىلىق لاي سۇدىن سۈزۈك سۇ ئايرىۋېلىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| خەنسۇن ئېچىتقۇ قۇرۇلۇش باكتېرىيىسىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كالا فولليتروپىنىدە ئىپادىلىنىشىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭنىڭ جۇغىي دورا بايلىقى مەنبەسىنى ئېچىشنى ئانالىز قىلىش يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ ئوتلاقلىرىدىكى چېكەتكە تۈركۈملىرىنىڭ زامان - ماكان ئەھۋالى ۋە كۆپىيىپ ئاپەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مېخانىزمى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ خوتەن دەرياسى ۋادىسىدىكى چاتقاللىق - قۇم دۆۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكا ئۇسۇلى ۋە ئۇچۇر ئامبىرى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن سان سىفىر خاتىرىسىدىن پايدىلىنىپ يەر تەۋرەش ئەگەشمە ھەرىكەت ماشىنىسى مودېلىدىكى مەيدانلارنىڭ ماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى |
| شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى چۆل تىپلىق قارا بەزگەك كېسىلى قۇرۇتىنى ساقلىغۇچى خوجايىننى تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ھايۋانات تەجرىبە تەتقىقات مەركىزى |

| | |
|---|---|
| قوي ئويلانما كېسىلىنىڭ مۇھاپىزەت خاراكتېرلىك ئانتىگېن گېنىنى ئاجرىتىۋېلىش ۋە ئۇنى باھالاپ بېكىتىش | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| نوقۇتنىڭ قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىدىغان ئۈنۈملۈك تەركىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ رولى، مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى |
| تۈيۈقسىز ئۆزگىرىدىغان TAP گېنىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى بالىياتقۇ بوينى راكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ قىزىلئۆڭگەچ راكى بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدىغان گېن — مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەت ئامما ئارىسىدا قاپلىق قۇرت كېسىلى تارقالغان مەھەللىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ رايونىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە بولىدىغان بالدۇر قېرىپ ئالجىش كېسىلى مولېكۇلاسىنى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| دروپېرىدولنىڭ يۈرەك رېتىمى نورمالسىزلىق مېخانىزم تەسىرىنى پەيدا قىلىدىغان نىشانلىق نۇقتىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پرىنسىپى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئىنتېرۋېنتسىيە تېخنىكىسىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى جاراھەت تۇتاشتۇرۇش رولىنىڭ RNA نىشانلىق نۇقتىسى تەتقىقاتىدا قوللىنىش | شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| CaS:Ce,Sm يورۇقلۇق تەسىرىدە پارقىرايدىغان ماتېرىياللار ۋە دوزىمېتىر ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى |
| ئۆچكىنىڭ سۈت بېزى بىئورېئاكتورىدىن پايدىلىنىپ، ئادەمنىڭ I تىپلىق تروپوكوللاگېنلىق بىر ماددىلىق ترىپولىمېرىدىن بىرىكتۈرۈلگەن ئاقسىل | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى |
| ئېلىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن جىگدە ئۇرۇقدىشىنىڭ ئالاھىدە سورتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ ئورنىنى بېكىتىش | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| چېپار دوغداقنىڭ ئۇۋا سېلىش ئورنىنى تاللىشى ۋە كۆپىيىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| ئىتالغا (Falcocherrug) نىڭ كۆپىيىش بىئولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ تۈر توپىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تۇپراق - ئۇرۇق ئامبىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇرۇق بېخلىنىشقا ئېھتىياجلىق سۇ ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| ئىنتايىن قۇرغاق رايونلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تەبىئىي ئۆسكەن شارائىتتا يەر ئاستى سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| تەڭرىتاغدىكى تاغلىق رايونلاردا قار كۆچكۈنى ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى دىنامىكىلىق تەھلىل قىلىش | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق رايونلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك يىلتىزى — تۇپراق بىلەن يوپۇرماق ھاۋاسىنىڭ تېگىشىش يۈزىدىكى سۇ تەركىبلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنى ماسلاشتۇرۇش خاراكتېرلىك سىناق قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق رايونلاردىكى بوستانلىقنىڭ سۇنئىي قوزغىتىلغان 2 خىل تىپلىك تۇپراقتىن پايدىلىنىش ۋە تۇپراق يېپىنچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېففېكتى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ ھاۋا كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى | جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى |

شۆ دېشيۇ

## سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. تېما يولغا قويۇلغان 3 يىلدىن بۇيان، 6 چوڭ تېخنىكا سىستېمىسى (جۇملىدىن كېۋەزنىڭ رايون دائىرىلىك زىيانلىق بىئوئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش تېخنىكا سىستېمىسى؛ سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن سۇغىرىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان مىقدارلاپ سۇغىرىش يۈرۈشلۈك تېخنىكا سىستېمىسى؛ زىچلىقىنى يۇقىرى قىلىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش شارائىتىدا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سىستېمىسى؛ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى يادرو قىلىپ، كېۋەزلىكتىكى تۇپراق ئوزۇقلۇقىنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئۈۋلاپ ئوغۇتلاش تېخنىكا سىستېمىسى؛ زىچلىقى يۇقىرى كېۋەزلىككە ماس كېلىدىغان پۈتۈن جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا سىستېمىسى ۋە مەخسۇس بىرلا خىل مەھسۇلات توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پاختا يىپىنى كەسپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكا سىستېمىسى) بەرپا قىلىندى، 6 تۈر پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، بىر تۈر يۇمشاق دېتال ئەسەر ھوقۇقىغا تىزىملىتىلدى، 2 تۈر پاتېنتقا يوللاندى؛ كۆپ خىل تىپلىق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك 14 خىل مەھسۇلات تاللاپ چىقىلدى، 31 تۈر بويىچە سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى، يىغىنچاق يارىتىلدى ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلدى، 19 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى ۋە ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى؛ ئۇرۇقچىلىق، مەخسۇس ئوغۇت، قىزىل كۆزھەرە قاتارلىق 13 پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۇرغۇزۇلدى؛ سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يادرولۇق سىناق ئۈلگە رايونىدىن 4 ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 3700 گېكتار، 4 ئۈنۈۋېرسال ئۈلگە رايونى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 373 مىڭ 700 گېكتار، ماشىنا بىلەن پاختا يىغىلىدىغان ئۈلگە كۆلەم 47 مىڭ گېكتار؛ ئاساسىي ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 5% — 10%، قوشۇمچە ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 10% — 18%



ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرىدىكى «شىنجاڭدا بۇغداي قارا تۆرەلمە كېسىلىنىڭ يۇقۇملىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇرۇق سۈپىتىنىڭ كېسەلگە تاقابىلچانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭنىڭ بۇغداي قارا تۆرەلمە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش ۋە كېسەلگە چىداملىق سورت يېتىشتۈرۈشنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. سۈرەتتە: بۇغداينىڭ قارا تۆرەلمە كېسىلى باكتېرىيىسىگە ۋاكسىنا ئەملەنمەكتە.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

ئۆستۈرۈلدى؛ ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارى 100 — 120 كۇب مېتىر ئازايدى؛ كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىدىن بولغان زىيان نىسبىتى 5% تىن تۆۋەن بولدى؛ 3 يىلدا مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 120 كىلوگرامدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان يەر كۆلىمى 776 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 150 كىلوگرامدىن كۆپرەك ساپ پاختا ئېلىنغان يەر كۆلىمى 333 مىڭ 300 گېكتار؛ تېمىتىپ سۇغىرىشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان 17 مىڭ توننا ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 33 مىڭ 300 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىلىپ كېڭەيتىلدى؛ 22 مىڭ 400 توننا مەخسۇس پاختا؛ 15 مىڭ توننا مەخسۇس يىپ (40 — 80 لىك) ئىشلەپچىقىرىلدى، يارىتىلغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 2 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۈلگە رايوندا ئوتتۇرىچە كىرىم 200 يۈەن ئاشتى.

خۇاڭ جۈەن

## غەربىي شىمال دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇتچىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ تېما دۆلەتنىڭ سۇتچىلىك زور پەن - تېخنىكا تۈرى بولۇپ، يولغا قويۇلغاندىن بۇيان «پەن - تېخنىكا+باشلامچى

كارخانا+باقمىچىلىق كىچىك رايونى+دېھقانلار ئائىلىسى ھەمدە تېخنىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىشنى تەڭ قەدەمدە قانات يايدۇرۇش» تىن ئىبارەت ھەرىكەت ئەندىزىسى قوللىنىلىپ، تۆرەلمىنى كۆچۈرۈش يادرو قىلىنغان ئىنەكنى يۈقىرى ئۈنۈملۈك تېز كۆپەيتىش سىستېمىسى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. ئىنەكنىڭ ئېغىر، جىددىي يۇقۇملۇق كېسىلى (تۇبېركۇليوز كېسىلى، بروتسېللا كېسىلى، ئەمچەك ياللۇغى، 5 - نومۇرلۇق كېسەل» نى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ ئالدىنى ئالىدىغان ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كەسپىي ئەترەت ۋە ھايۋانلاردىكى جىددىي يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كەنت دەرىجىلىك ئەترەت قۇرۇلۇپ، خام ئەشيا قىلىنىدىغان سۈتنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. شىنجاڭدىكى رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 10 خىل تېخنىكا قائىدىسى (سىناق نۇسخا) تۈزۈپ يولغا قويۇلدى، 50 باقمىچىلىق كىچىك رايونى، 112 سۈت پونكىتى قۇرۇلدى. تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا قولدا قالغان ئىنەك 39 مىڭ 270 كە يېتىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك سۈت مەھسۇلاتى تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 3069 كىلوگرامدىن 6200 كىلوگرامغا يەتتى. ماشىنا بىلەن سۈت سېغىش نىسبىتى ۋە كالا سۈتىنىڭ تاۋار نىسبىتى %80 تىن ئاشتى، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يىلىغا 200 مىڭ تونىنا سۈيۈق سۈت پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى، بۇ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك سۈت بازىرىدىكى نىسبىتىنىڭ تەخمىنەن %80 نى ئىگىلەيدۇ. سۈت پىششىقلاپ سېتىشتىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 840 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە باج 72 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش تۈر يولغا قويۇلغان مەمۇرىي رايون سانجى ئوبلاستىنىڭ سۈتچىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، سانجى ئوبلاستى جەمئىيەت بويىچە 2002 — 2004 - يىلغىچە چارۋىچىلىققا 3 مىليارد 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە %80 مەبلەغ سۈتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. چارۋىچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 44.2% كە يېتىپ، تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن 5 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن ئاشقان كىرىمى كىشى بېشىغا 255.5 يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈتچىلىكتىن كىرگەن كىرىمى 94 يۈەن.

تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى سۈتچىلىكتە ئۆستۈنلۈككە ئىگە رايونلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ لىنىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە سۈتچىلىك نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايون ھەمدە جەنۇبىدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى - ئاقسۇ ۋە شىمالىدا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ئىبارەت سۈتچىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان 2 چوڭ رايون شەكىللەندى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان نەسىللىك ۋە نەسلى ياخشىلانغان كالا 1 مىليون 480 مىڭغا يەتتى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسپىي بەلۋاغلاردىن كەلتۈرۈلگەن كالا سۈتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كالا سۈتىنىڭ %81.6 نى ئىگىلىدى. 500 دىن ئارتۇق ئىنەك بار سۈت مەنبەسى بازىسىدىن 120 نەچچىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈت مىقدارى 1 مىليون 400 مىڭ توننىغا يېتىپ، يىلىغا 800 مىڭ توننا يېڭى سۈتنى پىششىقلاش ئىقتىدارى شەكىللەندى، 180 مىڭ توننا سۈيۈق سۈت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى، سۈتچىلىك ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 26.3 يۈەن ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

خۇاڭ جۈەن

## پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 14 تۈر دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ياردەم سوممىسى 7 مىليون 700 مىڭ يۈەن، بۇ تۈرلەر ۋە ئۇلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: رۇسچە، ئېنگلىزچە، نېمىسچە b—200PDA ئالقان كومپيۇتېرىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ ياۋا ئات ئىقتىساد - سودا چەكلىك شىركىتى)، Linux سىستېمىسى ئاساسىدا يەر ئىلمىي ئۆچۈرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش تەتقىقاتىنى قوللىنىش سىستېمىسى (ئۈرۈمچى جىنۋېي گرافىك خەت ئۇچۇرى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 20 مىليون تال قارلەيلىسى ئوكۇل سۈيۈقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ غەربىي يۇرت دورىگەرلىك شىركىتى)، BRJ—ZB كاچالكىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش سۆرەلمە قۇرۇلمىسى (قاراماي شەھەرلىك بورۇي پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى)، GL—2000 تىپلىق ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلىگۈچى (قاراماي گۇاڭلۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قوش

تىللىق توك ئىشلىتىش ماركېتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (شىنجاڭ سىفاڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 20 مېگاۋات 8 سۇئىلۇق يەككە كىرىستاللىق قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسىنىڭ كرېمنىي ياپراقچىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى)، ئاۋاز دولقۇنى مەيدانىنىڭ ئېففېكتلىق توزان تازىلىغۇچى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (ئۈرۈمچى ئۇۋكې تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سۇپىسى 2.0 (شىنجاڭ تيەنزى رەقەملىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، دورىغا قوشۇمچە ئىشلىتىلىدىغان بىنتونىتنى كەشىپ قىلىش (ئۈرۈمچى رويىۋ دورا تەتقىقات تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يولدىكى قۇم توپىنى قېتىشتۇرغۇچنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ سەيلىس پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 2000 تونىنا ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى مونتمورىللونىت ئىشلەپچىقىرىشنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (قوبۇقسار ناھىيىلىك قارلىق تاغ خىمىيە سانائىتى چەلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تاللاش قىيىن بولغان گۈڭگۈرتلەشكەن رۇدىلاردىن گۈڭگۈرت تەركىبى يۇقىرى مىس - سىنكنى لەيلىتىپ تاللاپ ئاجرىتىۋېلىش ھۈنەر - سەنئىتى (توقسۇن ناھىيىلىك شۆيىن گۈڭگۈرت، مىس تەرەققىيات باش زاۋۇتى)، ئۈۋاق كۆمۈر قالدۇقى پارقازانغا بىۋاستە نېفت گازى قالاش تېخنىكىسى (شىنجاڭ كاڭجيې پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى).

2004 - يىلى دۆلەتنىڭ 6 تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش فوندى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈرلەرنىڭ نامى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىسى «شىپايى مەزى بېزى ئىچىملىكى» ۋە «قارلەيلىسى مەزى بېزى كاپسۇلى» نى كەسىپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ چىكاڭ خابوئۇيغۇر دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، تاسما تۇلۇقلۇق چىگىت ئايرىش يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىسى (شىنجاڭ پاختا - چىگە ماشىنىسازلىق زاۋۇتى)، شىنجاڭ ئۈيۈنبۇلاق تۇز كۆلىنىڭ 50000t/a ناترىي نىتراتنى كەسىپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ تۇرپان 3 ئۆلچەملىك كالىي تۇزى چەكلىك شىركىتى)، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كۆپ مۇھىتلىق تور ئارقىلىق ئوقۇتۇش، كۆرۈش، ئاڭلاش سىستېمىسى (شىنجاڭ لەندې يېڭىلىق يارىتىش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 300 تونىنا زىغىر كۇنجۇرىسى يېلىمى ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ يېشىل تۇغ كارخانا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى)، 20 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توك مەنبەسىنى كونترول قىلغۇچ (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى).

جاڭ شەنخۇ

## شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرىدىن 37 سى قوبۇل قىلىندى. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 18 تۈر پەن-تېخنىكا نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ تۈرلەرگە مالىيىدىن 5 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. تۈرلەرنىڭ نامى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ۋە قوللىنىش - ئانالىز قىلىش سىستېمىسى (شىنجاڭ پەيچۇتەك نېفتلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سۇپىسى 2.0 (شىنجاڭ تيەنزى رەقەملىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، Linux سىستېمىسى ئاساسىدىكى يەر ئىلمى ئۇچۇر سىستېمىسى (ئۈرۈمچى جىنۋېي گرافىك خەت ئۇچۇرى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يېپىشقاق توپىنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا تۇراقلاندۇرۇش خۇرۇچىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (قاراماي شەھەرلىك فاڭيۇەن پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 2000 تونىنا ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى مونتمورىللونىت ئىشلەپچىقىرىشنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (قوبۇقسار ناھىيىلىك قارلىق تاغ خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يىلىغا 4000 تونىنا قۇم توپىنى قېتىشتۇرغۇچى خۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىپ ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ سەيلىس پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، قايچىلاپ تاللىسمان ئۆيۈتۈش ھۈنەر - سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ يىلىغا 5000 تونىنا مىس - سىنىك رۇدا پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش (توقسۇن ناھىيىلىك شۆيىن گۈڭگۈرت - مىس تەرەققىيات باش زاۋۇتى)، يىلىغا 5000 تونىنا قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك قۇدۇق تۇرۇبىسى ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ يۇڭچاڭ بىرىكمە ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتى)، كېۋەز شادىسىدىن پولىپروپىلېن بىرىكمە تاختا ماتېرىيال ئىشلەش (سانجى جيۇفېڭ بىرىكمە ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، خۇسۇسىيىتى

ئۆزگەرگەن كېرەكسىز پولىئېتىلىندىن ئالىيۇمىن پىلاستىك تاختا ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ كېيىدا ئالىيۇمىن پىلاستىك تاختا چەكلىك شىركىتى)، قوشۇمچە ماتېرىيال ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدىغان بىنتونىت كەشىپ قىلىش (ئۈرۈمچى روپيۇ دورىگەرلىك تەتقىقات تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سالامەتلىك مەنبەسى» بولغان پاۋتېك تابلېتكىسىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىش ۋە ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ يېڭىپەي بىئوتېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، سۆزۈك قاناتلىق ئاق تېرەك كېپىنىكىنىڭ جىنسى فېرومونىنى بىرىكتۈرۈش ۋە پايدىلىنىش (ئۈرۈمچى نۇتا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، بىر ۋالېنتلىق گېن (GFMCry1Aa) دىن پايدىلىنىپ، ھاشاراتقا قارشى كېۋەز گېنىنىڭ يېڭى بىرىكمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ كاڭدى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 410 توننىلىق ئۆۋاق كۆمۈر ئىشلىتىلىدىغان پار قازانغا بىۋاستە نېفىت گازى ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ كاڭجيې پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يېڭى تېپتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان دولقۇنسىمان تۇرۇبىنى ھەرىكەتچان ھالقىلىق مېخانىكىلىق ھىملەپ بىرىكتۈرۈش قۇرۇلمىسى (شىخۇ شەھەرلىك بېيفاڭ يېڭى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، «BRJ—ZB» تىپلىق كاچالكىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان سۆرەلمە قۇرۇلمىسى (قاراماي شەھەرلىك بورۇي پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى)، «GL—2000» تىپلىق ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلىگۈچنى كەشىپ قىلىش (قاراماي گۇاڭلۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈردىن 9 ى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈرلەرنىڭ نامى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: رەقەملىك تىزگىنلىنىدىغان تەتۈر ئالمىشىدىغان، بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن نۇر بىلەن يورۇتۇش توك مەنبەسى (شىنجاڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى)، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتاپپەرەسنىڭ يۇرۇشلۇق شالغۇت سورتىنى كەسپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ كاڭدى دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، ئۇيغۇر دورىگەرلىكى «شىپايى مەزى بېزى ئىچىملىكى» ۋە «قارلەيلىسى مەزى بېزى كاپسۇلى» نى كەسپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ چىكاڭ خابوئۇيغۇر دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، تېز شەكىلگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسىنى تېز سۈرئەتتە قېلىپ ياساشتا كەڭ قوللىنىش (شىنجاڭ كېلى ئىلغار ياسىمچىلىق تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، سۇلفاتلاشتۇرۇش ئارقىلىق كېرەكسىز چېگىت تۇۋتىدىن بىرىكمە خۇرۇم ۋە ئىئونلۇق پەردە كۆيدۈرگۈچى ئىشقارلىق تۇزلۇق سۇنى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان كىرىستاللىق تالا ماددىسى ئىشلەش (كۇيتۇڭ «يېڭى قۇرۇقلۇق» خىمىيە چەكلىك شىركىتى)، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كۆپ مۇھىتلىق توردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش، كۆرۈش، ئاڭلاش سىستېمىسى (شىنجاڭ لەندى يېڭىلىق يارىتىش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، دېھقانچىلىقتا قوللىنىلىدىغان 1000t/a دانىچە ناترىي نىتراتنى كەسپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ تۇرپان ئۈچ ئۆلچەملىك كالىي تۇزى چەكلىك شىركىتى)، 20 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان توك مەنبەسىنى تىزگىنلىگۈچ (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك پاي شىركىتى)، يىلىغا 300 توننا زىغىر كونجۇرىسى يېلىمى ئىشلەپچىقىرىشنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش تۈرى (شىنجاڭ «يېشىل تۇغ» كارخانا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى).

جاۋ شەنخۇ

## دۆلەتنىڭ مەشئەل پىلانىدىكى ACSR — 720/50 ئۆتكۈزگۈچ سىم تۈرى

بۇ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتى ئۈستىگە ئالغان 2004 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ACSR — 720/50 ئۆتكۈزگۈچ سىم مەھسۇلاتلىرى جۇڭگونىڭ سۇ بىلەن توك چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ تۈگۈن قۇرۇلۇشى سەنشيا سۇ ئېلېكتر تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭ كەسمە يۈز جازىلىق بوشلۇق سىمى مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. 2004 - يىلى بۇ شىركەت بۇ مەھسۇلاتنىڭ بىر تۈرىگە خېرىدار بولۇپ، 1100 توننا سىم ئىشلەپچىقىرىپ، سېتىش كىرىمىنى 17 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدىنى 2 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. سەنشيا قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ مەھسۇلاتقا بولغان تەلەپمۇ ھەر ۋاقىت ئېشىپ بارماقتا، شۇڭا تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدۇ.

شېن ليەنخەي

## پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشقا دائىر مەخسۇس 20 تۈر يېڭىدىن تۈرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك تۈر 18، يېتەكچى خاراكتېرلىك تۈر 2؛ دېھقانچىلىققا دائىر

تۈر 8، سانائەتكە دائىر تۈر 12. پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىيەتتىن 260 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشچىلىقىدا يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ كۆزگىسى — 18»، «شىنجاڭ يازغىسى — 6» قاتارلىق سۈپەتلىك بۇغداي سورتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىدە 2004 - يىلى تۈرلەر يولغا قويۇلغان رايونلاردا سۈپەتلىك بۇغداي سورتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش ئىشى تاماملاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 97 مىڭ 600 گېكتارغا، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 461.2 كىلوگرامغا يەتتى، ئۈلگە رايونى 7 ۋىلايەت - ئوبلاستتىكى 35 ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يادرولۇق سىناق رايونىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 512.9 كىلوگرامغا يەتتى.

«جەنۇبىي شىنجاڭدا شاپتۇل، ئانارنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، 30 گېكتار يەردە ئەلا سورتلار توپلانغان كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سورتلۇق ئۆرۈك كۆچەتخانىسى 3.33 گېكتار، ياڭاق 10 گېكتار، بادام 3.33 گېكتار، چىلان 13.33 گېكتار. 173.33 گېكتار يەردە قويۇق تىكىپ مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈلگە باغچىسى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاقنى قويۇق تىكىپ مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش باغچىسى 60 گېكتار، بادامنى قويۇق تىكىپ مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈلگە باغچىسى 26.67 گېكتار، چىلاننى قويۇق تىكىپ مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش باغچىسى 20 گېكتار، ئانارنى قويۇق تىكىپ مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈلگە باغچىسى 66.67 گېكتار. 3 ئورۇندا يەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ ئۈلگە لاپىسى ياسالدى ھەمدە 100 ئورۇندا كېڭەيتىلدى. كىچىك تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 3 ى قۇرۇلدى. 20 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق بادامزارلىق، 1300 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئانار باغچىسى ياخشىلاندى.

«شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تىپىدىكى ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى كېڭەيتىپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرىدە توقسۇندا 200 گېكتار يەردە چىلان دەرىخى ئارىسىغا بېدە تېرىلغان ئىقتىساد تىپىدىكى ئېكولوگىيىلىك ئورمان بىنا قىلىندى، خېجىڭ ناھىيىسىدە ئېكولوگىيە تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئورمان 466.7 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 700 گېكتار ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، جىنىسسىز سىستېمىدىكى تېرەكنىڭ يېڭى سورتى تېز كۆپەيتىلىپ، شۇ يىلى 250 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون تۈپكە يەتتى.

«شىنجاڭ قوڭۇر كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش ۋە توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىش ھەمدە ئۇنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، ئىلى «جۇڭجۇ» يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ يېتىلگەن سۈپەتلىك قوڭۇر ئىنىكىدىن 1000 نى كەلتۈرۈپ، قوتاندا 500 تۇياق قالدىغان شىنجاڭ قوڭۇر كالا باقمىچىلىق كىچىك رايونىدىن 2 نى قۇردى. يىلىغا سۈپەتلىك شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى تۆرەلمىسىدىن 1080 نى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنى 1000 كالىغا كۆچۈردى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك نەسىللىك كالا فېرمىسى ئىشلەپچىقىرىپ ساتقان قوڭۇر كالا تۆرەلمىسى 178 گە، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان كالا 424 كە، بوغاز بولۇش نىسبىتى 90% كە يەتتى. 300 تۇياق نەسىللىك چارۋا، 600 تۇياق تاۋار چارۋا سېتىلدى.

«خروستال كالىسى، سىمېنتال كالىسىنى بېقىپ كۆپەيتىش ۋە مەھسۇلاتنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، 2004- يىلى 2700 گېكتار سۈپەتلىك بېدە تېرىقچىلىق بازا قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 1500 خروستال نەسىللىك كالىسىنى كەلتۈرۈش ۋە جۇڭگونىڭ 720 خروستال نەسىللىك كالىسىنىڭ نەسەبنامە ئارخىپ ماتېرىيالىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ تېخنىكا كۆرسەتكۈچىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئىشى تاماملىنىپ، 2220 يۇقىرى ھوسۇللۇق ئىنەكتىن تەركىب تاپقان يادرولۇق پادا تەشكىللەندى، ئوتتۇرىچە سۈت مىقدارى 6300 كىلوگرامغا يەتتى. 6000 تۇياق گۆش كالىسى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى يولغا قويۇلۇپ، 3700 توننا گۆش ئېلىندى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەخسۇس فوندى تۈرىدىن 49 تۈر داۋاملاشتۇرۇلدى، 15 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 14 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

«كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، نەسىللىك كالىلارنى تېز يېتىشتۈرۈش تۈرىدە ئۆلچەملىك يادرولۇق فېرما قۇرۇش ۋە كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش، تۆرەلمە جىنسىنى باھالاپ بېكىتىش، تۆرەلمىنى

ئاجرىتىش، تەن ھۆجەيرە كلونى قاتارلىق تېخنىكىلار ئارقىلىق، كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ نەسىللىك كالىلارنى تېز كۆپەيتىش جەھەتتىكى رولى ئۆستۈرۈلدى. تۆر يولىغا قويۇلغان مەزگىلدە نەسىللىك ئىنەكتىن 12 مىڭ 300 ي كەلتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق مىڭ تۇياق ئىنەكتىن تەركىپ تاپقان 8 يادرولۇق فېرما قۇرۇلدى، يادرولۇق پادىدىكى ئىنەكنىڭ ئوتتۇرىچە يەرلىك مەھسۇلاتى 7.5 توننىغا يەتتى، 90 مىڭ توننا يېڭى سۈت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 21 مىڭ 600 توننا يېڭى سۈت ئىشلەپچىقىرىلدى. يىلىغا 50 تال نەسىللىك تۆرەلمە ئىشلەپچىقىرىلدى، يېڭى تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى 68% كە، توڭلىتىلغان تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى 52% كە يەتتى، نەسىللىك كالىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىدىن 1 مىليون دوزا ئىشلەپچىقىرىلدى. تەن ھۆجەيرىسى كلونىدىن 12 سۈپەتلىك خروستال ئىنىكى ئەي بولدى.

«شىنجاڭ كۆزگىسى — 18» قاتارلىق مەخسۇس سۈپەتلىك بۇغداي سورتىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» تۈرىدە، «شىنجاڭ كۆزگىسى — 18»، «شىنجاڭ كۆزگىسى — 20»، «شىنجاڭ يازغىسى — 10» دىن ئىبارەت سۈپەتلىك بۇغداي سورتلىرى 94 مىڭ 400 مو يەردە كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ كۆزگىسى — 18» 28 مىڭ 700 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 400 — 450 كىلوگىرامغا، «شىنجاڭ كۆزگىسى — 20» 64 مىڭ 700 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 420 — 450 كىلوگىرامغا، «شىنجاڭ يازغىسى — 10» 1100 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 343 كىلوگىرامغا يەتتى. 6.67 گېكتار تۈنجى ئەسلى ئۇرۇق، 66.67 گېكتار ئەسلى ئۇرۇق كۆپەيتىش ئېتىزى بەرپا قىلىنىپ، يىلىغا تۈنجى ئەسلى ئۇرۇقتىن 20 مىڭ كىلوگىرام، ئەسلى ئۇرۇقتىن 350 مىڭ كىلوگىرام ئىشلەپچىقىرىلدى، تۆر يولىغا قويۇلغان رايونلاردىكى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى يىلىغا ئوتتۇرىچە 9 مىليون 440 مىڭ كىلوگىرام سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. دېھقانلارنىڭ ئاشقان كىرىمى 39 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ يېڭى سورتى (يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن 1 — 98» تۈرىدە، شىنجاڭدا پىششىقلىنىدىغان شوخلىنى توپلاپ پىشۇرۇش مەسىلىسى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئاراپشار ۋە كەنجى پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ يېڭى سورتى «يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن 1 — 98» كېڭەيتىپ تېرىلدى، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتى 10 — 15 كۈن ئۇزارتىلدى. ئۇزارتىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىكى «يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن 1 — 98» سورتى كارخانىلارنى 3 توننا پىششىقلىنىدىغان شوخلا بىلەن تەمىنلەپ، پىششىقلىنىدىغان شوخلا تېرىغۇچى ئائىلىلەر ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. تۆر يولىغا قويۇلغان 3 يىلدىن بۇيان، 20 مىڭ 499 كىلوگىرام ئۇرۇق تەييارلىنىپ، 10 مىڭ 358.2 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 6600 كىلوگىرام ھوسۇل ئېلىندى. لىكوپېن مىقدارى ھەر 100 گىرامىنىڭ 15.4 مىللىگىرامغا، ئېرىشچان قاتتىق ماددا مىقدارى 5.4% كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «پىششىقلىنىدىغان شوخلىنىڭ يېڭى سورتى (يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن 1 — 98) نى ئۆستۈرۈش قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

«مەنجىياڭخۇڭ ماركىلىق تۆپراقنى ياخشىلاپ سۇ ساقلاش، ئۈنۈم ئۆستۈرگۈچى خۇرۇچ تۈرىدە، يىلىغا 20 مىڭ توننا سۇ ساقلاپ ئۈنۈم ئۆستۈرگۈچى خۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، يىلىغا 100 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلىنىپ، مەخسۇس ئوغۇت بىلەن نىسبەت بويىچە تەڭشەپ، يىلىغا 200 مىڭ توننا ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان سېتىش تورى شەكىللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا مەخسۇس 16 ئامبار، 11 تەقسىملەش مەركىزى، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 125 ي، دېھقانچىلىق خىمىيىۋى ئوغۇت مۇلازىمەت پونكىتى ۋە سېتىش تور نۇقتىسىدىن 2540 ي قۇرۇلدى. بۇ مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە 66 مىڭ 700 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى.

«شىنجاڭدا سۈپەتلىك ئالقات كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ۋە تىپلاشتۇرۇپ تېرىش» تۈرىدە، 133.33 گېكتار ئۈنۈمۋېرسال تەجرىبە بازىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى 40 گېكتار، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆستۈرۈش تەجرىبە يېرى 93.33 گېكتار. 3 يىلدا سۈپەتلىك ئالقات كۆچىتىدىن 24 مىليون 320 مىڭ تۈپ يېتىشتۈرۈلۈپ، 4000 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ كۆچۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۆر يولىغا قويۇلغان رايونلار مەركەز قىلىنىپ، 333.33 گېكتار زىيانسىز ئالقات تېرىقچىلىق بازىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ زىيانسىز بازا ۋە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. ئالقات ئورمىنى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 47 كىلوگىرام ئاشتى، 2004 - يىلى كەڭ

ھەجىمدە ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 160 كىلوگرامغا، ئەلا دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى %40 كە يەتتى. 2004 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئاشقان كىرىمى 36 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«سەي پۇرچاق، نوقۇتنىڭ يېڭى سورتى ۋە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى سوغۇق - سالقىن رايونلاردا سەي پۇرچاقنىڭ «ئايۇن — 1» ۋە «ئايۇن — 2» يېڭى سورتى ۋە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى 15 مىڭ 500 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 175.32 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي ھوسۇلى 40 مىڭ 700 توننىغا يەتكۈزۈلدى. يېڭى سورت ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان دائىرە %65 كە يەتتى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مەھسۇلاتلار خەلقئارادىكى ياۋروپا - ئامېرىكا بازارلىرىنىڭ ئېكسپورت ئۆلچىمىگە يەتتى. نوقۇتنىڭ يېڭى سورتى «A—1» ۋە «1—88» ھەمدە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى 16 مىڭ 400 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 94.01 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي ھوسۇلى 23 مىڭ 100 توننىغا يەتكۈزۈلدى، يېڭى سورت ۋە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان دائىرە %70 كە يەتتى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مەھسۇلاتلار خەلقئارادىكى ھىندىستان، پاكىستان بازارلىرىنىڭ ئېكسپورت ئۆلچىمىگە يەتتى. 3 يىلدا ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىدىكى 3 ناھىيىدە 63 مىڭ 753 توننا سەي پۇرچاق ۋە نوقۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي كىرىم 168 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدا 88 مىليون 745 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

«مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ يېڭى سورتى KWS303، KWS305 » تۈرىدە، كورلا دۆلەت دەرىجىلىك ئەسلى ئۇرۇق مەيدانىدا 13.73 گېكتار ئەسلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، 3 يىلدا ئەسلى ئۇرۇقتىن 12 مىڭ 550 كىلوگرام ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، ئالتايدا 266.67 گېكتار شالغۇت ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، شالغۇت 1 - ئەۋلاد ئۇرۇقتىن 380 مىڭ كىلوگرام ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ش ئۇ ئا ر ئۇرۇقچىلىق باش پونكىتىنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش مەركىزى ۋە كورلا دۆلەت دەرىجىلىك ئەسلى ئۇرۇق مەيدانى تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، يېڭى سورت سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، ئاپتاپپەرەسنىڭ يېڭى سورتى KWS305، KWS303 ئۇرۇقىنىڭ ساپلىق دەرىجىسى باشقا سورتلاردىن %93 تىن ئېشىپ %95 كە يەتتى، بىخلىنىش نىسبىتى %90 تىن ئۆسۈپ %95 تىن كۆپرەككە يەتتى، سورت گېنىنىڭ ئاتلاس ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 49 مىڭ 900 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى. يېڭىدىن ئاشقان ھوسۇل 14 مىليون 156 مىڭ 100 كىلوگرامغا، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 637 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

«قارا ئۆرۈك يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تېخنىكىسى» تۈرىدە، ئەسلىدىكى 3000 توننا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئاساسىدا، يىلىغا 5000 توننا قارا ئۆرۈك يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى پۈتكۈزۈلدى، تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە 8180.16 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، سېتىش كىرىمى 58 مىليون 988 مىڭ 500 يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 16 مىليون 535 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. قارائۆرۈك تېرىقچىلىق بازىسى كۆلىمى 2000 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 1000 گېكتار. 13.33 گېكتار ئەسلى نەۋ باغچىسى بەرپا قىلىندى.

يىلىغا 600 توننا مىكروكرىستاللىق سېللىيۇلوزا يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تۈرىدە، كېرەكسىز چىگىت تۈۋتى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مىكرو كىرىستاللىق سېللىيۇلوزا ئىشلەپچىقىرىلدى، ئۇنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2000 توننىغا يەتتى، 2004 - يىلى ھوسۇلى 900 توننىدىن كۆپرەككە، سېتىش سوممىسى 3 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 1 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈردە زىيانلىق تاشلاندۇق نەرسىلەر — سۇلفاتلاشقان كېرەكسىز كىسلاتالىق تۈۋت يىغىۋېلىنىپ پايدىلىنىلىپ، زىيانلىق نەرسىلەر قىممەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئازايتىلىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى.

«ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنىراتورى گۇرۇپپىسى تېخنىكىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش» تۈرىدە، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 500 يۈرۈش 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. 81 يۈرۈش شامال گېنېراتورى ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلدى، مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن 11 شامال گېنېراتورى مەيدانى قۇرۇلۇشى پۈتتى، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 44.1 مېگاۋات. سېتىش ئومۇمىي مەھسۇلات

قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 38 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 300 يۈرۈشتىن كۆپرەك شامال گېنېراتورى مەھسۇلاتى تالونغا ئىمزا قويۇلدى.

«چىدا» ماركىلىق تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە لىنىيىسىنىڭ يۈكلىمە دولقۇنلۇق ئاپتوماتىك سىچوتچىك خاتىرىسىنى تېزگىنلەش سىستېمىسى تۈرىدە، تۈركۈملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى، سخېما، سانلىق مەلۇمات ۋە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاش، ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەپ سىناش خىزمىتى تاماملاندى. مەھسۇلاتلار ئىلى، تۇرپان ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كەڭ قوللىنىلدى. 102 مىڭ 299 دانە ئېلېكتر ئېنېرگىيە سائىتى ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلدى، سېتىش كىرىمى 24 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 7 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«9QSD—1200» تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق كۆك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش» تۈرىدە، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ئاساسەن، مەھسۇلات پىششىقلاش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىش قۇرۇلمىلىرى قېلىپنى لايىھەلەش، ياساش ئىشى تاماملاندى. 3500 كۋادرات مېتىرلىق قۇراشتۇرۇش سېخى ياسالدى. تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، 317 يۈرۈش ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلدى، يارىتىلغان سېتىش كىرىمى 21 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 5 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاۋ پىڭ

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى «5000 مو (333.33 گېكتار) سۈپەتلىك ياڭاق ئۈلگە بازىسى قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئىمامىلىرىم يېزىسىدا يولغا قويۇلۇپ، «شىنجاڭ مول ھوسۇللۇق»، «شىنجاڭ يېڭى سورت - 2»، «185 - نومۇر»، «بالدۇر مېۋىلەيدىغان قەغەز ياڭاق سورتى»، «جۇغلىن — 1»، «لياۋفۇ — 1» دىن ئىبارەت سۈپەتلىك سورتلار كەلتۈرۈلۈپ، 6.67 گېكتار ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇپ، 333.33 گېكتار ياڭاق كۆچىتى قويۇق تىكىلگەن ياڭاقلىق بەرپا قىلىندى، تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 95% تىن ئاشتى، 2004 - يىلى مېۋىلەشكە باشلىدى، 5 - يىلى كۆپلەپ مېۋىلەپ، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 77 يۈەن كۆپەيدى. تۈر يولغا قويۇلغان رايوندا 500 دېھقان ئائىلىسى تەربىيىلەندى، تەربىيىلىنىش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە يېتىپ، ياڭاقنى سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلاش تېخنىكىسى ئىگىلىۋېلىندى. ناھىيە بويىچە باشقا يېزا - بازارلاردىكى ئىقتىسادىي ئورمان كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتىمۇ 80% تىن ئاشتى.

«ئالتاي ۋىلايىتىدە ئالاھىدە بېلىقلارنىڭ نەسىللىك بېلىقچانلىرىنى بېقىپ كۆپەيتىش ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىنى ئالتاي ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتى يولغا قويۇپ، سازاڭ بېلىق، ئالاچۇرتان قاتارلىق 20 خىلدىن كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بېلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇ بېلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئادەتتىكى بېلىقلاردىن 3 — 8 ھەسسە يۇقىرى بولدى. داڭلىق، سۈپەتلىك بېلىقلارنىڭ بېلىقچانلىرىنى يېتىشتۈرۈش بازىسىدا، يىلىغا سۈپەتلىك 5 مىليون بېلىقچان يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە گۇاڭدۇڭ، شەندۇڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەرگە سۈپەتلىك بېلىقچاندىن 1 مىليون دانە سېتىپ بېرىلدى، بېلىقچان كۆپەيتىش بازىسىنىڭ پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى، يېتىلگەن بېلىق باقمىچىلىق ئائىلىلىرى مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 1500 يۈەندىن كۆپرەك ساپ پايدا ئالدى.

مەخمۇت

# پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئالاھىدە مۇكاپاتى

شىنجاڭ 3 - ستانوك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە باش ئىنژېنېرى، پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېر لو رېنچۈەن بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق ۋە ياغاچ - تاش قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى جۇجۇ 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ھەربىرىنى 500 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى.

فەن شىن

## شىنجاڭ بويىچە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەتىجىلەر

شىنجاڭ بويىچە 4 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 2004- يىلى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرتۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (بىرتۈر)

لوپنۇر رايونىدىكى كالىي تۇزى بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە ئەترىتى، جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (بېيجىڭ)، جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گىدروگېئولوگىيە - مۇھىت گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ لوپنۇر كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، دۆلەت خىمىيە سانائىتى چاڭشا لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ ۋاڭ مىلى، ليۇ چېڭلىن، ۋاڭ فۇتوڭ، سۇڭ سۇڭشەن، جياۋ پېڭچېڭ، خەن ۋېيتيەن، لى خاۋ، پەن ۋېيدۇڭ، ياڭ جىشېن، شىڭ خېڭگۇاڭ، لى يەنچى، فېڭ جىنشىڭ، چېن يۇڭجى، ۋاڭ شىنمىن، لى چاڭخۇا).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (3 تۈر)

نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى تۇرۇبىنىڭ قاچما ماگنىت لىنىيىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى (شېنياڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۈچ يوپۇرماق تۇرۇبا تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ياڭ لىجەن، چېن يۇڭ، لى مىڭشيۇڭ، جىن داچېڭ، جۇ لىنيۇەن، گاۋ سۇڭۋېي، ۋېن شىخۇا، چېن شاۋمىڭ، سۇن جيەنگاڭ، ۋاڭ شاۋفېڭ)، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت - گازلىق ئۇۋىسىنىڭ مىقدارلىق مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات (نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى) (بېيجىڭ)، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە غالىبىيەت نېفىتلىكى چەكلىك شىركىتى، نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى (شەرقىي جۇڭگو)، داچىڭ نېفىت ئىنىستىتۇتى، جىن جىجۇن، ۋاڭ يىلىن، پاڭ شيۇچې، زېڭ جيەنخۇي، جاڭ شەنۋېن، چا مىڭ، ليۇ لوفۇ، فاڭ چاۋلياڭ، لۇ يەنفاڭ، ۋاڭ جىجاڭ)، قۇرغاق رايونلاردا كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش (بىڭتۇەن سۇچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى؛ ليۇ لەنيۇ، چەي فۇجۇن، لى مىڭسى، ما فۇيۇ، رۇڭ خاڭيى، سۇ جۈن، جۇ جيەنۋېي، سۇ لياڭ، چېڭ خۇڭ، ياڭ گوياۋ).

پەن شىن

## 108 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 108 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 2004- يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 4 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 33 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 71 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (4 تۈر)

دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان Linux ھالقىما سۇپىسى ئاساسىدىكى ئۇنىۋېرسال بايلىقتىن پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى كەشپ قىلىش ۋە قوللىنىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ غەربىي شىمال يۇلتۇزى ئۇچۇر تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانا ئىشلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەركىزى؛ ليۇ جى، لى شياۋ، جياڭ تۇڭخەي، لياڭ جيەن، جۇ شى، خۇ بىنخۇا، ۋاڭ لېي، دىڭ جىڭچۇەن، چىڭ جۇن، بى شياڭيۇ، لى تاۋ، چېن جۇنخۇڭ)، ئۈرۈمچى 25 مېترلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۈزىتىش سىستېمىسى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى؛ جاڭ جىن، ۋاڭ نا، ئېلى يۇسۇپ، سۇن جىڭۋېن، ۋاڭ ۋېيشيا، ئېلى ھېسامىدىن، شاۋ مىڭخۇي، چېن ماۋجېڭ)، ئېلېكترون ماتېرىيالىغا ئىشلىتىلىدىغان ساپ ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسى ۋە 65 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ساپ ئاليۇمىن ئېلېكترولىز ۋاننىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى؛ ليۇ زۇڭرېن، لى ۋېيدۇڭ، ۋۇ بىن، دەي فېي، لۇ خۇيمىن)، جىگەر كۆچۈرۈش ئارقىلىق پۈۋەكچىسىمان ئېخنوكوك كېسەللىكىنى داۋالاشنى ھايۋانلاردا تەجرىبە قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ ۋېن خاۋ، جاڭ جىنخۇي، جاۋ جىنمىڭ، جېڭ خۇڭ، ۋاڭ شيەن، جاڭ شىنفېڭ، شاۋ يىڭمېي، چېن چىلوڭ، يۇسۇپ ھىمىت، خې تيېخەن، لۈەن مېيشياڭ، شۇ جىشىن).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (33 تۈر)

يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بىمارلىرىدىكى تىرىك يۈرەك مۇسكۇلىنى پەرقلەندۈرۈش ھەم كلىنىكىدا قوللىنىش

(شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ ما يىتوڭ، مۇقىيات ئورازخان، ۋاڭ جاۋشيا، چېڭ زىخېڭ، تاڭ باۋپېڭ، روشەنگۈل ئۆمەر، لى جىنشىن، ۋۇ لىگېن، جاڭ ئەيلۇن)، سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇلگە كۆرسىتىش (دۆلەت پاختىچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ۋاڭ دېگيوەن، لى باۋچېڭ، ۋاڭ شىنجياڭ، يۈ مىڭ، چېن شۆكېڭ، ياۋ جۈ، چەي فۇجۇن، جياڭ پىڭئەن، جاڭ ۋاڭفېڭ)، سۇپەتلىك، دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇزۇن تالالىق پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈش ھەم ئۇنىڭ توپلانما تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىش ۋە ئۇلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى؛ كۇڭ چىڭپىڭ، تيەن لىۋېن، جاڭ جۇسۇڭ، غالىپ ئەرشى، پېڭ خۇا، نىڭ شىنمىن، مياۋ ۋېنگو، جاڭ يەن، تاۋ خۇڭۋېي)، تارىم ئويمانلىقى چوڭ ھەم ئوتتۇراھال گازلىقىدا تەبىئىي گاز ھىدروكاربون ھاسىل بولۇش دىنامىكىسى ۋە ئۇنى ئاساسلىق كونترول قىلىش ئامىلى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گۇاڭجۇ گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، غەربىي جەنۇب نېفىت ئىنستىتۇتى، نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى (بېيجىڭ)؛ ۋاڭ جاۋمىڭ، ۋاڭ گولىن، شياۋ جۇڭياۋ، لى شيەنچىڭ، جاڭ شۇيچاڭ، شۇ جىمىڭ، لۇ شيۇشياڭ، خۇ گويى، جاڭ چيۇچا)، يىلىغا 30 مىڭ توننا مېتىل ئېتىل كېتون ئىشلەپچىقىرىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (شىنجاڭ مايتاغ تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، دۆلەت خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى 3 - لايىھىلەش يۇرتى، چىلو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى تەتقىقات يۇرتى، يەنتەي ئۇنىۋېرسىتېتى؛ لى تەيچېڭ، سۇڭ چىڭشەن، لى جۇڭ، چېن جيەن، ۋاڭ جياچۇن، چېن كې، گو يۇڭيى، خاۋ شىگۈېن، رېن ۋەنجۇڭ)، تىپىك ئېقىن ۋادىلىرىدىكى سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە سۇنىڭ خوراش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر پىلانلاش - لايىھىلەش باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ چېن شى، دىڭ مىڭجياڭ، جۇ كېفا، جاۋ ۋېي، گو چۇنخۇڭ، زو چىنىڭ، جاڭ خەيبو، ياڭ لياۋ، ئەنۋەر)، ئاقاۋىلىق بېتون يۈزلۈك، دۆۋىلەنمە باش توغاننىڭ ھالقىلىق تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، داليەن تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەتقىقات يۇرتى، نەنجىڭ سۇچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شەنشى ئۆلكىلىك سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى؛ فېڭ جياچى، تاڭ شىنجۇن، فېڭ ۋېي، نى خەنگېن، شيې شېڭزۇڭ، خۇ چۈلې، ۋاڭ سۇنلۇ، ما خۇڭتاۋ، ۋاڭ جيەنجۇ)، تارىم قۇملۇق تاشيولىنى ئۇنىۋېرسال مۇھاپىزەت قىلىش ھالقىلىق تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ ما جېنۋۇ، شۇ شىنۋېن، شيۇڭ جيەنگو، لېي جياچياڭ، شياڭ جيەنمىن، لى بىڭۋېن، مەي گۇاڭرۇڭ، جۇ جىبىن، جۇ خۇڭۋېي)، يۇقىرى ئىقتىدارلىق تور كومپيۇتېر شارائىتىدىكى زور ھەجىملىك ساقلىغۇچ سىستېمىسىنى تۈزەش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جيا ياجۇن، لىن ماۋ، جاڭ فېڭ، ليۇ لېي، گۇڭ جيەنشىن، تاھىر ئىبراھىم، شۇ تاۋ، ياڭ مىن، لىن شىنچياۋ)، قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كانىدىكى مېتاللاشقان يۇقىرى قېتىشمىلىق نىكېلنى پۈركۈپ تاۋلاش ۋە ئوكسىدسىزلاش تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائەت گۇرۇھى شىركىتى قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كانى، بېيجىڭ كانچىلىق تەتقىقات باش يۇرتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائەت گۇرۇھى شىركىتى؛ لى چاڭفۇ، جېڭ يۈن، ليۇ جۇن، ياڭ جىنگو، دۇڭ شۈەن، يۈ جۇ، چى شىنيىڭ، خۇ شىنخەي، جيا يۈبىن)، ئالاھىدە يۇقىرى زىچلىقتىكى سېمونت بوتقىسى بىلەن قۇدۇق مۇستەھكەملەش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ شۇ شۇچيەن، دۇ چىڭسەي، ۋۇ يىڭكەي، ليۇ جيەن، ۋاڭ جېنچاڭ، سۇ خۇڭشېڭ، يەن جۇن، لى باۋگۇي، جاڭ يەنخۇڭ)، كېۋەزنى يۇقىرى زىچلىقتا ئۆستۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى؛ لۇ شۇۋېن، لى لېي، لى خۇڭيۇەن، گې جۈن، جاڭ چۈنيا، چېن شيا، چېن يۇڭ، جاڭ بىفېڭ، ما جېڭچياڭ)، ئالاھىدە چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقىنىڭ كىسلاتالاشتۇرۇلغان تۇرۇبا توۋرۇكى

تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ شىې بىن، خې ۋېيگو، لى زىجيا، ۋاڭ جۈن، زېڭ لۇپىڭ، جاڭ يى، ياڭ فېڭ، يى لوڭ، فاڭ جيەنگو)، ئۇيغۇر تىبابەت دورىسى كالىزىرىنىڭ خام دورا ئېلمى ۋە ئۇنۇملۇك قىسمى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ شاڭ جىڭ، يۇ لۇخەي، شۇ جيەنگو، سۈن لى، لى خۇڭجيەن، ليۇ ۋېنلى، ساۋ لىمىڭ، جۇ ۋېيجياڭ، سۈن جېنجۇ)، نېفىت بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىنى تەكشۈرگۈسىز ھالەتتە بۇرغىلاش تېخنىكىسىدا قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ چېن رۇمىڭ، جۇ چياڭ، لو ۋېي، سۇڭ جاۋخۇي، لياۋ شىنۋېي، ياڭ يۇلياڭ، ليۇ ۋېي، دۇڭ شېڭشياڭ، لۇ جيېۇڭ)، تېپى ياخشىلانغان كاربون ئوكسىدى پارى ئارقىلىق كۆتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئورىيە ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىنى غەربىي، جەنۇبىي تارىم خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ شاۋ بو، دۇڭ تەيىمىن، گو چىڭ، ئابدۇرېھىم توختى، سۈن شىنشېڭ، لى ماۋتىڭ، لى جىن، لۇ يوڭ شۇ كەي)، ئۇزۇن مۇساپىلىك ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىنى سىرتتىن ئاپتوماتىك پاياتلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ جاڭ گۇاڭچى، چېن شىدۇڭ، جاڭ فېڭ، چېن دۇڭ، ۋېن يۈنمىڭ، لى ۋېي، دېڭ بىن، ۋاڭ مىنيەن، زېڭ جۈن)، HRB400 تېپلىق قىزدۇرۇپ پروكاتلىنىدىغان قىرلىق پولات چىۋىقنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى؛ سۈن خۇيئەن، لېي خۇڭ، ۋاڭ شىنچېڭ، خەن ۋېنفېڭ، چېن خەيجۈن، فېڭ ياۋپىڭ، چېن ياۋجۈن، ليۇ لوفېي، خۇخۇڭلىن)، نېفىتلىكتە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئارقىلىق كىسلاتالىششنى ئاستىلىتىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ ما ۋېيرۇڭ، يۈەن فېي، جاڭ گويۇ، ليۇ يۇڭگېن، جاڭ جېڭچياڭ، جاڭ جيەنچياڭ، ئېلىيار، ياڭ شىگيۇ، ياڭ جيەنچياڭ)، KR — 40 تېپلىق ئېلېكتر مەيدانىدا تۈزسىزلاش، پارچىلاش ئىمۇلسىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شۆبە شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ نيۇ چۇنگې، يۇ شۇيەن، ما جۇڭتىڭ، چىن بېنجى، لى رۇڭ، خەن يۈن، چياۋ ۋېن، سۈن جۈن)، QJ تېپلىق سىرتقى يۈز رېئاكتېپى بىلەن بېسىپ يېرىش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ لى شۇگۇاڭ، لى يۇنيۈن، ۋاڭ جېڭسەي، شۇ جياڭۋېن، شى گوشىن، جاڭ تيەنشياڭ، ليۇ رۇيلەن، خۇ گۇاڭجۈن، خې جۈنيى)، تۇۋۇ - يەندۇڭ چېپار جىنسلىق مىس كانىنى بايقاش ۋە سترېئولۇق كان ئىزدەش مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۇرتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى؛ جياڭ لىفېڭ، جى خۇگۇي، ۋاڭ لېي، ۋاڭ فۇتۇڭ، دۇڭ ليەنخۇي، جاڭ جېڭ، جېڭ يۇڭ، ياڭ جۈنتاۋ، گو يۇخۇي)، نۇر ئارقىلىق ئاقارتىش ئۇسۇلى بىلەن پولىمېرلىق ئۇپتىك زاپچاسلىرىنى ياساش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جيا جېنخۇڭ، لى چۇ، جۇ جۈن، جۇڭ ياشيا، دىلمۇرات تۇرسۇن، يۇ شيۇچىن، ساۋ جۇڭچى، چيۇ لىنلىن، جاڭ شياڭياڭ)، يودچىكنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنى يودكەملىك كېسەللىنى يوقىتىشتا قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، سەھىيە نازارىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى؛ شۇ بىنچېن، ۋاڭ شاۋخۇا، جياڭ جيېۇڭ، رەنا تۇردى، لېي گاڭ، ساۋ خەنلى، ئابلىمىت مەتتوختى، مەتتۇرسۇن ئىبراھىم، ئازاد رەخىم)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جىنسلىق يەر قاتلىمىدا نېفىت - گاز ئۇۋۇسىنىڭ شەكىللىنىش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن شىنفا، كۇاڭ لىچۈن، لۇ خۇەنتۇڭ، جاڭ يىجيې، ۋاڭ شۇلوڭ، شۆ شىنكې، جاڭ يۆچيەن، لېي دېۋېن، شۇ چاڭشېڭ)، قان تومۇرنى جىددىيلەشتۈرگۈچى ھورمون II قوبۇللىغۇچى تەنچىگە قارشى دورىنىڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىنى داۋالاشتا قوللىنىلىشى (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، تاڭ باۋپېڭ، مايىنىڭ، سۈن خۇيپىڭ، لى جىنشىن، ساۋ گۇيچيۇ، خەن ۋېي، ياڭ يىنىڭ، شۇ شىنجۈەن، ماھىرە غوپۇر)، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئېغىر كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ قۇرۇق گاز تەركىبىدىكى ئېتىلېندىن پايدىلىنىپ كاربونىللىق سىنتېزلاپ پروئىپون ئالدېگىد ياساشتىكى پاكىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسى (شىنجاڭ شىنفېڭ پاي چەكلىك شىركىتى، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى، چېڭدۇ توشىن خىمىيە سانائىتى تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو خۇالۇ قۇرۇلۇش شىركىتى؛ شۆ يۈەن، لى شيەنجۈن، لى شىشىن، چېن خۇا، تۇڭ زۇجى،

لى ياۋجۇڭ، لى شىن، سۇڭ تيەنلۇڭ، شاۋ جىنباۋ)، «635» سۇ ئېلېكتر تۇگۇنى توك چىقىرىش تونېل قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىپ كېتىش مېخانىزمى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ ئېرتىش دەريا ۋادىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، نەنجىڭ سۇچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر ئۆلچەش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جاڭ لىدې، دېڭ مىڭجياڭ، جۇ شياۋبىڭ، خۇ جىنوڭ، خې جيەنگو، سۇن جاۋشيۇڭ، مۇ خەنپىڭ، گې يىشيۇڭ، لو شياۋشيا)، شىنجاڭ سۇ ئەھۋالى ئۇچۇر سىستېمىسى (ش ئۇ ئا ر گىدرولوگىيە سۇ بايلىقى ئىدارىسى؛ ۋاڭ جىجې، جاڭ جيەنچېڭ، لى يۈڭمې، ۋېن بو، شېن شياۋجۇن، شۇ جۇڭچېڭ، ليۇ لىگروي، سۇ خۇڭچاۋ، جۇ يېچاۋ)؛ غىدىرتاش تېغىدا قوغۇشۇن - سىنىك كېنىنى بايقاش ھەمدە كان ئىزدەش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۇرتى، ساڭ شاجې، پېڭ مىڭشىڭ، لى يۈلىن، يەن شۆلۇ، دۇ ۋېنيۇڭ، ۋاڭ لېي، دۇڭ ليەنخۇي، خۇ جيەنۋېي)، KOKLE PC—CLUSTER008—0la تىپلىق پاراللېل كومپيۇتېرنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كۆكلەم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى؛ مەمتىمىن غېنى، ئەركىن، مەمەتجان، مەلىكە، چېن دايۇڭ، كېرىمجان)، دولقۇنسىمان مېتال تۇرۇبا لەيلىمە ھالقىسىنى مېخانىكىلىق ھىمىلەش ئۈسكۈنىسى (شىخۇ شەھەرلىك بېيفاڭ شىنكې چەكلىك شىركىتى؛ فەن جيەنجۇن، ليۇ لوڭيى، جاڭ شىنشېڭ، جاڭ جيۇەن، چېن جۇن، لوڭ شىجۈن، يۇ لىجۈن)، بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدا تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ پەن شياۋلىڭ، لۇ گۇاڭخۇي، شى چىڭدۇڭ، جۇ ياۋجى، جاڭ جيې، خې چىڭ، چاڭ شۈنلى، گاۋ ۋېي، لۇ چىفېڭ).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (71 تۈر)


CX تىپلىق ھۆل ئۈزۈم ساقلاش قەغىزىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋېنچېڭ باسما ئىشلىرى بىخەتەرلىك چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى چاڭچۇنتېڭ سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك جىنشىن يېڭى پېتى ساقلاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى؛ ۋاڭ جىدې، فۇ جۇنخۇەي، ۋۇ بىن، يى يۇڭچيەن، جاڭ چېڭچى، خۇ جېڭسەي، جاڭ شۇلوڭ)، خەنزۇچە - ئېنگلىزچە Windows تا ئۇيغۇرچە - قازاقچە، قىرغىزچە كۆپ خىل يېزىقتا ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش سۇپىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ھوشۇر ئىسلام، مەردان، ئەركىن، ۋايىت، يۈەن باۋشى، دىلمۇرات، غەيرەت)، ھەرىكەتچان ئۈزۈلمە قاتلام ئۈستىدىكى توغان بىخەتەرلىكىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (نەنجىڭ سۇچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ قىزىل سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ لى نېڭخۇي، لى شىلىڭ، ئەن جىڭشېڭ، شۇ جۇچىڭ، يۇ سەيۋېي، جاڭ خۇڭكې، سۇن رۇجيەن)، AS150(K) تىپلىق يۇرۇشلۇك ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق توزان تازىلاش قۇرۇلمىسى (ئۈرۈمچى ئاۋكې تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى؛ ياڭ جۇئەن، لى يۈەنجېڭ، شيې خۇي، سۈي جىنلياڭ، لى شۆگاڭ)، قاراماي نېفىتلىكى 6-، 9 - رايون نېپىز قاتلام قويۇق نېفىتنى پار بېرىپ ئېلىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، سۇن شياۋگاڭ، خۇ جىن، ليۇ مىڭگاۋ، خۇاڭ ۋېيچياڭ، ۋۇ چېڭيۇ، ساڭ لىنشياڭ، پېڭ توڭشۇ)، سايرام كۆلىدە ئاق كورىگونۇس بېلىق نەسلىنى كەلتۈرۈپ بېقىش ۋە ئۇنى سۇنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش تەجرىبىسى (شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ تيەنرۇي سايرام كۆلى بېلىقچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى؛ جاڭ بېيپىڭ، گو يەن، جاڭ رېنمىڭ، ياڭ ۋېنرۇڭ، سەي لىنگاڭ، تۇرسۇن، ما يەنۋۇ)، قاراماي نېفىتلىكى 8 - رايون ئورقۇ گۇرۇپپىسى نېفىت ئۆۋىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىش ۋە بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى، غەربىي جەنۇب نېفىت ئىنستىتۇتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىئەن تۇرۇبا ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى؛ ياڭ جيېي، ۋاڭ كاڭجۈن، دۇ گاڭ، لى شىپىڭ، جاڭ جاۋشىن، يى جىمىڭ، دۇ ۋېيشىڭ)، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش تەدبىرى تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ مۇھىت ئۆلچەش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت ئۆلچەش پونكىتى؛ جاڭ پېڭ، جۇ جيەنشىن، ۋېن يۈبياۋ، سۇ مىنگاڭ، جياۋ جيەن، لى شىنشېڭ، لۇ ئەيخۇا)، رەڭلىك پاختا ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان بىئوئىنزىمنى تاللاش ۋە ئاخىرقى رەتلەش تېخنولوگىيىسىنى قوللىنىش تەتقىقاتى (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «دىيېۋاڭ» ئىلمە توقۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو رەڭلىك پاختا (گۇرۇھى) پاي

چەكلىك شىركىتى؛ لوڭ دېشۇ، ياڭ چۈەنچياڭ، خۇ پىڭ، جاۋ تيەنپېڭ، ۋاڭ بىڭ، جاۋ چۈنليەن، لى خۇڭكەي، غەربىي شىمال يۇرا سىستېمىسى نېفىت گېئولوگىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەكشۈرۈش نىشانىنى تاللاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى يۈمېن نېفىتلىك شۆبە شىركىتى (ۋاڭ چاڭگۈي، ۋاڭ يىلىن، لو پىڭ، جاڭ يىجيې، چېن شىنفا، يۈەن مىڭشېڭ، جيا شيۇ)، قوش باشلىق يۇرۇشلۇك كاچالكىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق باش شىركىتى؛ چى تيەنشى، ۋاڭ كاڭجۈن، ۋاڭ شۇشىڭ، جاڭ جىنلى، لى دۇڭپىڭ، رەن شۈيۇڭ، جاڭ جيەنچېڭ)، تېرىسىنى ئايرىپ قويۇلدۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ شوخلا پىششىقلاپ ئىشلەشتە قوللىنىلىشى (شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى؛ دىڭ شېڭلىن، خەن چىشىن، لى يۇجيې، گاۋ مىن، ۋاڭ جەنپىڭ، دەي جۈن، ليۇ جيۇيۈەن)، نېفىتلىكتە يۇقىرى بېسىملىق گاز ئارقىلىق كۆتۈرۈپ، تېز قايتۇرۇپ چىقىرىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ لېي يۇ، ليۇ دېجى، لى يۇڭ، يۈەن دۇڭ، ۋېن ۋېيخاۋ، ۋاڭ جېنسۇڭ، لى جۇڭلىن)، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم تاغلىق رايونلىرىدىكى تىپىك ئېقىن ۋادىلىرىنى تۈزەش تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، سۇچىلىق نازارىتى تۇدۇڭخابا ۋادىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، چېن يانىڭ، جۇ جىنشىڭ، كۇڭ فەنشىن، لى ۋېيخۇڭ، سەي چياڭگو، لى رېن، شۇ جيېتىڭ)، يۈمىن - چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى يانتۇ قۇرۇلمىسىدا تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ ياڭ شېڭجيې، ۋۇ يۇلۇ، لۇ جىنگاڭ، شى شياڭچيەن، يىن ياڭيى، تيەن جۈن، چاڭ يۇڭفېڭ)، شىنجاڭدىكى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى ئۈچەي يولى پارازىت كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش مەركىزى، شىخۇ شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، خوشۇت ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى؛ لى باۋشەن، توڭ سۇشياڭ، ليۇ يۇخۇي، دۇڭ چياڭ، لو ۋېيپىڭ، ليۇ يەن، ياڭ شيا)، يۇقىرى ئىقتىدارلىق بېتوننىڭ ئۇلۇغچۆل دەرياسى كۆچۈرمە قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىشى (شىنجاڭ ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جۇ شياۋبىڭ، گې يىشيۇڭ، سۇن جاۋشيۇڭ، ۋەن ليەنبىڭ، خې جيەنگو، جاڭ يەن، ۋاڭ بىڭ)، ھەممىباب ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېقىلغۇ گاز كۆيدۈرۈش ئۇسكۇنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ چېن فېڭ، ۋۇ خۇڭ، لىن جېنيۇ، جاڭ سىچىڭ، سۇڭ پېيجېن، جۇ شۈەنمىن، يۇ لىجۈن)، ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىغا ئۆزگەرتىپ قوللىنىشنى باھالاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى نېفىت تۇرۇبا ماتېرىيال تەتقىقاتى ئورنى (مىن شىخۋا، سۇن گودۇڭ، سۇن جيەنگاڭ، خۇ شۆفېڭ، جاۋ شىنۋېي، جىڭ يىپىڭ، رەن شۈيۇڭ)، يېقىلغۇ تىپلىق بېسىم كېمەيتىپ چەكلەش مۇنارىنىڭ 1 - لىنىيىسىدە سالياركا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ جىن شىنپىڭ، لى رۇڭ، جۇ ۋېي، ياڭ چىنىڭ، چىن بېنجى، شېن يىجۇ، ليۇ جيەنشەن)؛ يايلاق ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەندىزىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنى، كۇنەس ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، كۇنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، تېكەس ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى؛ لى شۆسېن، ۋاڭ بو، ئايدىن، گۇ شياڭ، لى جۇ، سۇن خاۋ، جاڭ شۆجۇ)؛ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ كارخانا كەڭ بەلۋاغ كەڭ دائىرىلىك تور قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، چېن شيى، شېن جيەنلىن، شى گوۋېي، ليۇ جيەن، جيا ياجۈن، ليۇ لېي، لى جىنخۇڭ)؛ مىكرو كېسىك ئارقىلىق يۈرەكنى بىۋاستە كۆرۈپ ئوپېراتسىيە قىلىش تېخنىكىسىنى كلىنىكىدا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ چياۋ جۈن، ما سۇڭفېڭ، خو چياڭ، مۇرات ۋەكىلى، يۇ شياڭيۇ، ئەسقەر سابىت، ساۋ ۋېيدۇڭ)، بالىياتقۇنى تېلېۋىزىيىلىك تەكشۈرۈش ئەينىكى تېخنىكىسىنى كلىنىكىدا قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى؛ دىڭ يەن، ئەي شىڭزى، ئەلى، ما جۈنچى، گۈلنار ئابابەكرى، زۇلپىيە ئەلى، ۋاڭ يۈيىڭ، چېن جىفاڭ)، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ تىببىي

دورىگەرلىك، سەھىيە پەن تەتقىقات خىزمىتىدىكى نەتىجىسىنى باھالاش (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ لۇ شۇلىيەن، جېڭ پىڭ، ياڭ زىگېڭ، ۋاڭ يى، جاۋ جۇڭشىۇ، چېن جىچياڭ، كۇاڭ جيەنفاڭ)؛ كومۇش تېرەك بىلەن شىنجاڭ تېرىكىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ جىنسسىز كۆپىيىش سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى؛ چېن جۇخېڭ، سۈي پېيىي، لى خۇڭ، جۇ يۇۋېي، لى پېيجۇن، دۇ شىجۇن، لېي شۇاڭشى)، ئىلى ئوبلاستىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە زىيان سالىدىغان جانلىقلار تۈرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەتقىقاتى (ئىلى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى، ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، كۈنەس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى، قورغاس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى، غۇلجا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى؛ شيا جېنخەن، چېن ۋېيمىن، جياۋ زىۋېي، چېن رۇڭ، فۇ ۋېنجۇن، چېن سەيخۇڭ، شيې جېنيۇ)، ئېلېكتر ماگنىت ئۇسۇلىنى قۇرغاق رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈشتە قوللىنىش (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى، جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (ۋۇخەن)؛ لەن شيەن، خۇ شياڭيۇن، جۇاڭ داۋزې، لى فېڭلىن، ليۇ بىن، مېڭ گۈيشياڭ، ۋاڭ ۋېيجياڭ)، تاشيول تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تېخنىكىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش، لايىھەلەش تەتقىقات يۈرتى؛ ۋۇ يۇڭشېڭ، چېن فامىڭ، چېن فېيجيې، جۇ پېڭخەي، دىڭ شيەنلۇڭ، ليۇ يى، سۇن دېڭيۇن)، SP 8 — تىپلىق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان پولىمېرلىق خۇرۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساش (قاراماي شەھەرلىك ئۇۋزې سودا - سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك خەنكې تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ نى خۇڭشيا، جاڭ جيەنلى، ۋاڭ چېن، ۋاڭ جۇن، ليۇ جيەنۋېي، نى فېڭ، جاڭ فۇچىڭ)، تاللاش تەس بولغان گۈڭگۈرت رودىسىدىن گۈڭگۈرت تەركىبى يۇقىرى بولغان مىس، سىنك ئايرىش تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (توقسۇن ناھىيىلىك شۆيىن مىس - سۇلفات تەرەققىيات باش زاۋۇتى؛ ياڭ شۆيىن، ياڭ خەيپىڭ، خې يىنشياڭ، مېي گۇاڭيۇ، شيې جېڭجىن، شى پىڭ، گې يۇجۇەن)، لۇلياڭ نېفىتلىكىنىڭ نېپىز قاتلام، تۆۋەن سۇ ئورنىدىكى نېفىت زاپىسىنىڭ تەبىئىي ئېنېرگىيىسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ياڭ شېڭجىن، خەن لى، شى گوشىن، لۇ جيەنگو، لېي يىڭ، چېن خاۋ، خې جۇنيى)، تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت - گازنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تەكشۈرۈش ۋە نېفىت - گازنىڭ توپلىنىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي قىسىم يېڭى رايوننى تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۈرتىنىڭ غەربىي قىسىم شۆبىسى؛ خۇ خۇڭبىن، چيەن يىشيۇڭ، خې جىلياڭ، جاڭ كېيىن، جاڭ خۇڭخەن، يۇ تېڭشياۋ، يەن شياڭبىڭ)، ئىشقار مولىكولىسىنىڭ قوزغىلىشچان ھالەتتە پارچىلىنىشى ۋە سوقۇلۇش ئېنېرگىيىسىنىڭ يۆتكىلىش جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ شېن يىفەن، لى ۋەنشىڭ، پولات، دەي كاڭ، لېي جېنجۇ، ليۇ جىڭ، لى يۇەنيۇەن)، توشقان زەدىكىنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، تيەن خەيجۇ، رېن شياۋنەن، جاۋ جۇڭجيۇ، جۇ شىنخې، غەيرەت ئىسمائىل، خې جۇن، چېن شياۋبىن)، شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق ئۇنىۋېرسال پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچىنى باھالاش ۋە تەرەققىيات تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسەت تەتقىقات ئورنى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا بازىرى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى؛ ليۇ لىسەي، لى شياڭيۇن، ما يىڭجۇن، لى رۇڭ، ۋۇ يۇفەن، سۇڭ ۋېي، لياۋ لىن)، كۆكيار رايونىدا ئالاھىدە چوڭقۇر قۇدۇقلارنى بۇرغىلاش يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ ئەي ۋېنخۇا، جۇ جيەندۇڭ، خې جۇن، بەي دېڭشياڭ، لى زەيجۇن، سۇن جىجۇن، پېڭ شياۋگاڭ)، L—QC(KD)320 تىپلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش مېيىنى تەتقىق قىلىپ ياساش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ گېڭ ياپىڭ، لو لەيلۇڭ، جيا يىفېڭ، بەي شېڭجۇن، ياۋ خۇيجياڭ، لى خۇڭ، دىڭ پىڭ)، چات يېرىقى چۇقۇقىنى تارتىشسىز تۈزەش ئوپېراتسىيىسىنىڭ يېرىق سان چۇقۇقىنى داۋالاشتا قوللىنىلىشى (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ كېرەم، ۋاڭ زۇڭبو، ۋاڭ زىلى، ۋاڭ فاشېڭ، يۇ ۋېنچىڭ، جاڭ چېڭ، نيۇ ۋېيبيا)، ئېلېكترلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېز كان ئىزدەش تېخنىكىسىنى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا كان ئىزدەشتە قوللىنىش (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى؛ مېڭ گۈيشياڭ، جۇاڭ داۋزې، شۇ مىنشەن، ۋاڭ

ۋېيجياڭ، لى فېڭلىن، لەن شيەن، ليۇ جېڭرۇڭ)، يۇرەك ۋېگىتاتىپ نېرۋىسى ۋە تۇتقاقلىق يۇرەك دالانچىسى تىترەش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ خو يۈمېي، مالى، ليۇ پېڭ، جاڭ شياۋچىن، خۇاڭ يەن، گۇڭ يەن)، ئايلىنىشچان مىكرو كۆپۈكلۈك بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىنى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدىكى تۆۋەن بېسىملىق تۆۋەن سىڭىشچان نېفىت - گاز ئۇۋىسىنى ئېچىشتا قوللىنىش (تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ لۇ جىنگاڭ، زۇ خېجۇن، يۇڭ فۇخۇا، چى شۇاڭخۇ، ۋاڭ ۋېيگو، جېن سۇجۇن، جيا بياۋ)، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى كۆپ كۆرۈلىدىغان كىشىلەر توپىدىكى تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار گېنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ لى نەنفاڭ، جۇ لىڭ، ۋاڭ شىنلىڭ، ۋاڭ جۇن، ۋۇ ۋېيدۇڭ، جاڭ دېليەن، ئوۋياڭ ۋېيجىن)، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى يۇرا ئېراسىغا تەۋە نېفىت - گاز سىستېمىسى يوشۇرۇن قاتلىمىنىڭ تەسۋىرى قاتلىمى ۋە تەكشۈرۈش نىشانىنى تاللاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ ۋاڭ جىڭسۇڭ، لى بىن، لىن شاۋخۇا، جياڭ بىن، جاڭ گۇاڭخۇي، مۇ لەنشېڭ، چېن فېڭلەي)، تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى زانانۇر نېفىتلىكىدە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ لو تيېچياڭ، جاڭ يەنپىڭ، يۇ جۇچېڭ، ياڭ شىخۇي، لى جيەنجۇڭ، ۋاڭ جيەنيى، ليۇ كۇن)، ئىچ ئويمىلىق مۇرەككەپ تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ تۇنخې سۇ تېجەش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى؛ جېن جۇڭ، جاڭ خۇەيلىن، لى يەنلىن، جۇڭ شىنۋېن، ۋاڭ جيەنگو، رېن شۆجۇن، خې بىڭ)، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىم مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرەققىيات- تەتقىقات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى؛ لى جۇۋېي، لۇ زۇڭيې، دەي نىڭشياڭ، شۇ تاۋ، جاڭ جيەنجياڭ، ۋاڭ شۇرۇ، جاڭ لۈيۇ)، تاۋۇز يېڭى سورتى «شىنخۇڭيۈ - 3» ۋە قوغۇن يېڭى سورتى «غەربىي يۇرت سېرىق قوغۇنى - 1» نى يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ غەربىي يۇرت ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ما گۇاڭيۈ، لىن دېيېي، جۇ جىچېڭ، مۇ چۈەنچاڭ، ۋۇ بىن، ۋاڭ يەن، فاڭ يۈن)، قوغۇن بىلەن كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى؛ جاڭ مىڭجى، ۋاڭ يەن، ياڭ بىن، جۇڭ مىڭلۇ، جۇ شياۋجياڭ، ئوسمان، توڭ جېنرۇڭ)، ئالاھىدە چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقىنىڭ سۇ ئاساسلىق راستورى بىلەن قۇدۇق تاماملاش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جاڭ فۇشياڭ، ۋاڭ شۇچى، لى يۈەنبىن، خې تاۋ، ليۇ دېخەي، فېڭ گۇاڭچىڭ، يۇ سۇڭفا)، بۇرمىسمان يات تەن سۆڭەك سۇر ماددىسى بىلەن بەل ئومۇرتقا ئارىلىقىنى تۇتاشتۇرۇش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ چېن جيەنچاڭ، شى جېنمەن، جاڭ چۇنخاۋ، پېڭ جياڭ، ۋاڭ شىن، ليۇ سۇڭ، چېن ۋېنخۇڭ)، L—DRB/A15 تىپلىق تولۇق يېپىق توڭلىتىش ماشىنىسى مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ نيۇ يۇ، ۋاڭ جۈەن، شۇ ۋېنچىڭ، ليۇ چېڭلىن، خۇا لۇنسۇڭ، تەن جېنمىڭ، گاۋ چىڭ)، شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ بوشلۇق ئۇچۇر سىستېما قۇرۇلۇشى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن شىنفا، لى چىڭخۇي، زېڭ يىن، ۋاڭ خۇي، لى جۇڭچۈەن، جاڭ دېجۇن، جىن يۇنخۇا)، تۆۋەن كاۋاكلىك، تۆۋەن سىڭىشچان زاپاس قاتلامنى چوڭ دائىرىدە يېرىش مەشغۇلاتىنى ياخشىلاش يۈرۈشلۈك تېخنىكا تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن جىۋېن، ۋاڭ ۋېيجۈن، ۋېي شۇمىڭ، جاڭ نيەنفۇ، ۋاڭ جۇڭلى، پېڭ شاۋتاۋ، خەن يۇڭچياڭ)، مېخانىكىلىق نەپەسلەندۈرۈشنى نەپەس زەئىپلىشىشنى داۋالاشتا قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ لى فېنيۇ، ياڭ شياۋخۇڭ، لىڭ مىن، ئابلىمىت، لى ئې، ۋېي شۆمېي، ئەنۋەر)، باش قىسمىنى ئاجرىتىشنى قايتا فورمىلاپ ماي تەركىبىدىكى گۈڭگۈرتنى ئايرىش تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ شيۇڭ چۈنچىڭ، شۇ ۋېنچىڭ، گۇ ۋېيمىڭ، جاڭ شاۋجى، دۇەن يۇڭشېڭ، جياڭ جيەن، شۇ شياۋنىڭ)، قان تومۇرنى كېسىپ قايتا ئۇلاش تېخنىكىسىنىڭ ئاشقازان ئاستى بېزى ۋە 12 بارماق ئۈچەينى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىلىرىدە قوللىنىلىشى (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ گې شياۋخۇ، لى شۆسۇڭ، گۇڭ شۆچېن، ليۇ جيې، گۈەن شېن، جۇ بىڭ، ئالماس)، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا

لىنىيىسى قۇرۇلۇشى شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ گېئولوگىيىلىك خېيىمخەتىرىنى باھالاش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش ئۇستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش يۇرتى؛ مېن گوفا، شياۋ جۈن، ليۇ شۆجۈن، ليۇ بىن، ۋاڭ جېن، شيې نىڭ، يەن جۇڭشۆ)، ۋېنشى 1 - رايونى ۋە لىن ئېرجۇڭ رايونىنىڭ سۇپەتلىك نېفىت زاپىسىنىڭ تەسۋىرى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ لى جېڭكې، ۋاڭ رېنيى، جۇ فۇشېڭ، جاڭ پېڭيى، جاڭ جياچى، لى شىليەن، ليۇ يىڭ)، «1. ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى بىرلەشمە ئاپتوماتىك ئىش بېجىرىش سىستېمىسى (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ جاۋ شيا، جاڭ ۋېي، يۇ شىڭ، سەي تاۋ، جېن شۇنبىڭ، يۇ خۇەن، شياۋ جىبو)، نېفىت قۇدۇقىنى ئۆلچەش تېخنىكىسىنى قۇدۇق بۇرغىلاش ۋە ئۆلچەش قۇرۇلۇشى لايىھىسىدە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، تارىم 1 - تەكشۈرۈش شىركىتى؛ جاڭ شياڭدۇڭ، ۋاڭ جيافۇ، گو چىڭبىن، جاۋ يۈەنلياڭ، ليۇ چاڭشىن، ليۇ خۇيلياڭ، لېي جۈن)، ئەنگىس كالىسى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (قاراماي شەھەرلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، قاراماي «لۇچېڭ» شىركىتى؛ لى جۈن، جىن شىن، چېن خۇا، فېڭ گوشىن، فەن شياڭدۇڭ، تاۋ شىڭشياڭ، جاڭ شياۋ مېي)، كۇيۇكتاغ نېفىتلىكى H₃ قاتلىمى تىپىك يېرىلىشچان قۇمتاش نېفىت بايلىقىنى ئېچىش ئۈنۈمىنى ياخشىلاش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، شۇ شۆچېڭ، تاڭ جۇنرۇڭ، لياڭ چېڭگاڭ، جېن چياڭ، ۋۇ چېڭمېي، شۇ چاڭفۇ، لى جيەنلياڭ)، تارباغاتاي رايونىدىكى ئوتلاقلاردا چېكەتكە، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە رايون خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۈنۈۋېرسال تىزگىنلەش تېخنىكىسى (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك چېكەتكە - چاشقان ئاپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش پونكىتى؛ يى شېڭچۈن، جاۋ دېڭكې، لىن جۈن، جەزىرە، ئادىل، قامار، گو خۇڭ)، سىستېمىلىق بۆرە چاقىسىغا دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ تېڭ يۇفېن، پۇ شيۇشمىڭ، ۋۇ لىجۈن، ليۇ يۈچىن، گۈلنار، جۇ بىڭخۇا، چېڭ شۈن)؛ ئىچىدىن ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يېقىلغۇ گاز كۆيدۈرۈش ئۇسكۇنىسىنى تەتقىق



2004 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىش سىستېمىسى».
سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ كاڭ چياڭلى، جاڭ شىنشېڭ، ۋۇ خۇڭ، جاڭ سىچىڭ، لېي جۇنلياڭ، لىن جېنيۇ، جۇ شۈەنمىن)، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۈزۈملۈكلەردە كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش تېخنىكىسى (تۇرپان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، شۇ كېتيەن، ۋاڭ خۇيچىڭ، ما دېيىڭ، جېن ليەنيىڭ، يۈەن سىمېن، رىزۋان، زېڭ جىيۇڭ)، قاراماي شەھىرىدىكى ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بار نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا تەسىر كۆرسىتىش تەتقىقاتى (قاراماي شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى؛ لىن بىن، جاڭ يىيۇڭ، لى جىڭتىڭ، ياڭ باۋۋېي، شى فېڭ، گو شيۇمېي، جاۋ يۇتىڭ)، ئىلى رايونىدا HIV/AIDS مىگە ۋە ئۆپكىدىكى ئالامەتلەرنىڭ CT دا ئىپادىلىنىشى (ئىلى ۋىلايەتلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى، ئىلى ئوبلاستلىق مەركىزىي قان پونكىتى؛ ۋاڭ لېي، جاڭ جىڭشۈەن، شېڭ جېيىڭ، گۈلزىرە، جاڭ كېيۈن، چەي شۇشيا، جۇ شياۋپىڭ)، بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلىنى ئېغىرلىق كېمەيتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق داۋالاش (قاراماي شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، ئوتتۇرا جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى توڭجى دوختۇرخانىسى،

2 - ھەربىي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چاڭخەي دوختۇرخانىسى؛ ما چېڭ، خۇاڭ جيەن، خۇاڭ دۇڭفېڭ، يۇ چۇنجىڭ، چېن پېڭ، شيې جىچياڭ، ۋاڭ لىڭ)؛ نېفىتلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ۋە توردا سودىلىشىش سىستېمىسى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى ماددىي ئەشيا تەمىنات باشقارمىسى، شەنشى تيەنچى يۇمشاق دېتال چەكلىك شىركىتى؛ زۇڭ خەيجۇن، لى جياخې، سۇن پىڭ، فۇ كېشياڭ، يىن چېڭخەي، گاۋ جىفېڭ، ياڭ گويىن).

پەن شىن

# بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئەھۋالى

شىنجاڭدا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلدى. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش نىزامى» نى ماقۇللىدى، بۇ نىزام شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت باشقۇرۇش ئورگانلىرى پاتېنتقا دائىر 299 دېلو قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ماجىراسىغا دائىر دېلو 39، ساختا پاتېنت ۋە باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان پاتېنت دېلوسى 260، 242 دېلونى ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 32 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، ساختا ۋە باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان پاتېنت قىلمىشىغا دائىر 206 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپ 1022 ۋەقە ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 2 مىليون 520 مىڭ 200 يۈەن جەرىمانە قويدى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان 690 مىڭ 900 تونىنا تاۋارنى مۇسادىرە قىلدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئەسەر ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر 6 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، چەت ئەلدىن نەشر قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن 5 توختامنى تىزىمغا ئالدى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 70 خىلدىن كۆپرەك ئۈن - سىن بۇيۇمىنى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 10 خىل يۇمشاق دېتالنى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 100 خىلدىن كۆپرەك كىتاب - ژۇرنالنى باھالاپ بېكىتتى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان 70 ئەسەرنى قوبۇل قىلدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 18 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. دېلوغا چېتىشلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 566 مىڭ 700 يۈەن. ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر 74 دېلونى قوبۇل قىلدى، 69 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئۆسۈملۈك يېڭى سورتلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى 523 قېتىم قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 86 كۆچەت - ئۇرۇق بازىرىنى تەرتىپكە سالدى، بۇ، ئۇرۇق - كۆچەت ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 214 ئائىلىگە چېتىلىدۇ، كۆچەتچىلىك دېلوسىغا دائىر قانۇنغا خىلاپ 81 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 60 مىڭ يۈەن. قانۇنغا خىلاپ ھەرخىل ئورۇقچىلىق دېلوسىدىن 352 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 550 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر 74 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 69 نى ئاياغلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ھەرخىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتىگە دائىر 11 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 8 ى ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇلدى، 7 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. دېلوغا چېتىشلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، 20 دىن كۆپرەك جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى.

شى جىشۈن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ تيەنيې گۇرۇھى شىركىتى مەملىكەت بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان كارخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇنجى تۈركۈمدە پاتېنت سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە 2 - تۈركۈمدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش يىغىنى ئاچتى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 7

كارخانا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئۈلگە كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 20 كارخانا، كەسپىي ئورۇن 2 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 5- ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - تۈركۈمدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايون ۋە تەرەققىيات رايونلىرىنى بېكىتكەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ شەھەرلىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى، كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 2004- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 16 - كۈنگىچە مەملىكەتلىك پاتېنت سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار خىزمەت يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پاتېنت سىناق نۇقتىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 4 - ئاينىڭ 22- كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «پاتېنت تېخنىكىسى فۇخۇا مەركىزى» ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزى (ئاسپىرانتلار ئىگىلىك تىكلەش باغچىسى) دا قۇرۇلدى.

شى جىشۈن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەخسۇس ھەرىكىتى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا دائىر مەخسۇس قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت باشقۇرۇش ئورگانلىرى بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى 39 قېتىم تەشكىللەپ يولغا قويدى، پاتېنت قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىدىن 1200 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى ئىشقا سېلىپ، چوڭ تىپتىكى توپ سېتىش بازارلىرىدىكى 700 دىن ئارتۇق ئورۇن، 190 مىڭ خىلدىن كۆپرەك يېمەكلىك، دورا، 3000 دىن كۆپرەك ماشىنا - ئېلېكتر تاۋارلىرىنى، ئازكەم 8000 خىل پاتېنت بەلگىسى بار تاۋارنى تەكشۈردى، ساختا ۋە باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان 200 گۇمانلىق پاتېنت قىلمىشىنى دېلو تۇرغۇزۇپ بىرتەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى تاۋار ماركىسى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى 31 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىپ، 1539 تاۋار سودا بازىرى، ئازكەم 13 مىڭ تىجارەت ئورنىنى تەكشۈرۈپ، ساختا ماركا ياساپ ساتىدىغان 22 ئۇۋىنى بىتچىت قىلدى، تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپ 494 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان 248 مىڭ 700 پارچە تاۋار بەلگىسىنى مۇسادىرە قىلدى، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان 31 مىڭ پارچە تاۋارنى مۇسادىرە قىلدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 28 مىڭ 277 قاپنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتاب، ژۇرنال، خەرىتە قاتارلىقلاردىن 84 مىڭ 31 نۇسخا (پارچە) نى يىغىۋالدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېڭى ئۆسۈملۈك سورتلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى 30 قېتىمدىن كۆپرەك ئالاقىدار قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 12 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساقچى، 200 دانە (قېتىم) ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، 630 دىن كۆپرەك باسمىچىلىق، IT كەسپىي كارخانا، 1000 دىن كۆپرەك يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بازىرى، 3000 دىن كۆپرەك كارخانىنى تەكشۈردى، نەشر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان كىتاب - ژۇرنال ۋە قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 17 مىڭ نۇسخا بۇيۇمنى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا ۋە يۇمشاق دېتالدىن 27 مىڭنى يىغىۋالدى.

شى جىشۈن

## خىزمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ناھىيە، شەھەر (رايون) لەرنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاپپاراتلىرىنى بېكىتكەن قۇرغان ناھىيە (شەھەر، رايون) 15 كە، جەمئىي 39 غا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىلىرىنىڭ شتاتى 192گە، پاتېنت مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى 173كە يەتتى.

شى جىشۈن

## تەشۋىقات - تەربىيىلەش خىزمىتى

2004 - يىل 4 - كۈندىن 19 - كۈندىن 25 - كۈنگىچە

بولغان ۋاقىت شىنجاڭنىڭ بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە 4- تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «مەن ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» ناملىق سالون پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «26- ئاپرېل» بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، بازار تەرتىپىنى ساقلاشتىن ئىبارەت چوڭ تېپتىكى نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىش بويىچە 10 مىڭ كىشى ئىمزا قويۇش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا «بىلىم مۈلۈك ئىستراتېگىيىسىنى ئالغا سىلجىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2163 ئادەم (قېتىم) ، 236 تەشۋىقات ئاپتوموبىلى (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، 209 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 1037 دانە لوزۇنكا ئېسىلدى، 466 دانە تەشۋىقات تاختىسى چىقىرىلدى، 39 قېتىم مەخسۇس دوكلات يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 9245 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 20 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ئوقۇشلۇقى تۈزۈلدى، «شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» دىن 6 سان، 900 پارچە، «نەشر ھوقۇقى ئۇچۇرى» دىن 3 سان، 900 پارچە تۈزۈپ تارقىتىلدى، 80 مىڭ 642 ئادەم (قېتىم) مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلىندى.

2004 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭدا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە 10 مىڭ كىشىنى تەربىيىلەش پىلانى يولغا قويۇلدى، 5 يىلدا ھەر يىلى 10 مىڭ كىشى تەربىيىلىنىدۇ. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 182 قېتىم ھەرخىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۇرسى، مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، تەربىيىلەنگەنلەر 21 مىڭ 363 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۇرسى 176 قارار، تەربىيىلەنگەنلەر 14 مىڭ 956 ئادەم (قېتىم) .

شى جىشۈن

## پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتىدىن 2 سى يېڭىدىن قۇرۇلدى، بىر پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى، بىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتىدىن 6 سى، پاتېنت ۋاكالەتچىسى سالاھىيىتىگە ئىگە خادىمدىن 45 ى بار بولدى. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە «شىنجاڭ پاتېنت مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن 2000 - يىلدا باشلانغان ئاپتونوم رايوندىكى پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشتى.

شى جىشۈن

## پاتېنت تاۋار ماركىسىغا ئىلتىماس قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 5050 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، ئىلتىماس قىلىنغان پاتېنت 16 مىڭ 797 گە يەتتى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «شىنجاڭ ئالاھىدە» تاۋار ماركىسى دۆلەت سودا - سانائەت باش ئىدارىسىنىڭ تاۋار ماركىسى ئىدارىسى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە جۇڭگونىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى 3 كە يەتتى. 130 دىن كۆپرەك داڭلىق تاۋار ماركىسغا ئىلتىماس قىلىنغان ماتېرىيال قوبۇل قىلىندى، شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى 67 گە يەتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ماركىسى 10 غا يەتتى.

شى جىشۈن

## تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تاموژنا باش مەھكىمىسى بىلەن جۇڭگو چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا جەمئىيىتىنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىنى قوغداش ھەيئىتى بىرلىكتە باشقۇرغان غەربىي شىمال چېگرا رايونى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزگە ئالدى. 8 - ئايدا شياڭگاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شيې سۇفاڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. 12- ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە گۇاڭدۇڭدا شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. بۇ مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلار گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئىدارىسى ۋە شياڭگاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەھكىمىسىدىكى

خادىملار بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭدىن 3 خادىم 4 تۈرنى ئېلىپ، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ، 95- نۆۋەتلىك فرانسىيە پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، بۇ مەزگىلدە 2 تۈر كۆرگەزمىنىڭ كۈمۈش مېدالىغا، بىر تۈر «كۆرەك مېھمىنى مۇسابىقىسى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە موسكۋا خەلقئارا سانائەت مۈلۈك ھوقۇقى سالونىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىن 2 كىشى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە روسسىيىدە 10 كۈنلۈك تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

شى جىشۈن

## پاتېنت خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پاتېنتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، 11 تۈرگە ياردەم بېرىلدى، باشقا ساھەلەرنىڭ 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولۇندى. 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1492 پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسى 272، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ئىلتىماسى 870، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ئىلتىماسى 350؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى 1121، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلتىماسى 17، پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرىنىڭ ئىلتىماسى 67، كارخانىلارنىڭ ئىلتىماسى 277، ئورگان - تەشكىلاتلارنىڭ ئىلتىماسى 10. ھوقۇق بېرىلگىنى 792، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 75، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 530، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 187.

ياڭ چىڭ

## تېخنىكا بازارلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەرخىل تېخنىكا توختامىدىن 1619 ى ئىمزالاندى، پۈتتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 334 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا توختاملىرىغا دائىر ئوتتۇرىچە پۈتتۈشۈش سوممىسى 823 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلدىكىدىن تېخنىكا توختامى %6.8، تېخنىكا توختامىغا دائىر پۈتتۈشۈش سوممىسى %10.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەرەققىيات توختامى 336 بولۇپ، پۈتتۈشۈش سوممىسى 300 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى 121 بولۇپ، پۈتتۈشۈش سوممىسى 539 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى توختامى 573 بولۇپ، پۈتتۈشۈش سوممىسى 135 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىك توختامى 589 بولۇپ، پۈتتۈشۈش سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جاۋ پىڭ

## شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى قىسمەن كەشپىيات - ئىجادىيەت نامى مۇندەرىجىسى

ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىيات نامى (62 تۈر):

ئوقۇش - يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا - ماگنىتلىق دېسكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش (200410000048)، 1 - ئورۇندىكى ئۆپچەك تالالىق دورىلارنىڭ ئېرىش دەرىجىسى — ماددا چىقىرىش دەرىجىسىنى سىناق قىلىش ئەسۋابى (200410001179)، 1 - ئورۇندىكى ئۆپچەك تالالىق دورىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى — ماددا چىقىرىشنى ئۆلچىگۈچ (200410001756)، قوش ماگنىتلىق جىسمىنى ماگنىت كۈچى بىلەن ھىملىگۈچ (200410002357)، بۇرۇن بوشلۇقىنى ئاسراشقا پايدىلىق پاپىروس ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (200410002386)، ئىچكى قاناشنى داۋالايدىغان جۇڭيى دورىسى بىرىكمىسى (200410002394)، مەسلىكنى يېشىدىغان سالامەتلىككە پايدىلىق چاي ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (200410002619)، تالگۈل خۇشپۇراق دورىسى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (200410003020)، تەبىئىي لېكوپىندىن مايلىق دېۋىرقاي ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى (200410003051)، ئاقسىل ماشئۇگىرە ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (200410003071)، ئاق خەربەق ئىسپىرتى — سالامەتلىككە پايدىلىق قۇۋۋەتلىك يېمەكلىك خۇرۇچى (200410004973)، سالامەتلىككە پايدىلىق تەڭشەلمە ئىچىملىك ئۈزۈم كىسلاتاسلىق سۇ (200410005174)، قىيمىلىق نان پىشۇرۇش ئۇسۇلى (200410007570)، كۆيۈكنى داۋالاش دورىسى ۋە ئۇنى پىششىقلاش ئۇسۇلى ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى (200410008119)، ئەمەننىڭ ئۈنۈملۈك قىسمىدىن دورا ئىشلەش ئۇسۇلى (200410008376)، گېننىڭ نىشانلىق بەلگىسىنى تاللاپ، قاندىكى ماي تەركىبىدىكى خولېستېرون تەركىبىنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇلى (200410008726)، يۇقىرى بېسىملىق ئېقىن تەڭشەش ھۈنەر - سەنئىتى (20041022653)، ئۈزۈمنى ئۈزمەي يېڭى پېتى ساقلاش ئۇسۇلى (200410028522)، بىرىكمە تۈپلىق قۇرۇلۇش پەردىسىنى ئاسفالت قاچىلاشتا ئىشلىتىش (200410030816)، چېدىر ياكى پارنىك - لاپاسنىڭ ياخشىلانغان تېمپېراتۇرا ساقلاش قەۋىتى (20041003897)، نىشانلىق ھېسابات تۇرغۇزۇلغان پۇل مۇئامىلە ھېساباتى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (200410033121)، بىرخىل بىرىكمە يېمەكلىك كوينوگاتسىيىلىك كالتسىي سۇلېئات

ئىشلەش ئۇسۇلى (200410033285) ، يېپىشقاق كۆمۈر داشقىلى تولپسىدىن خىش پىشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى (200410034901) ، يات قۇلاقلىق ھىگنى ئېتىزلىقتا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى (200410037142) ، كېۋەز غوزا قۇرۇتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش بىرىكمە ئۇسۇلى (200410037162) ، يېڭى تىپتىكى ئېلېكترون ئېلېكتر يوللۇق سۇدىن ساقلاش ئەسۋابى (200410039817) ، ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى ماگنىي سىلىكاتلىق ئالىيۇمىندىن ئىشلەنگەن ئانئورگانىك پولېمىر يېلىم ئىشلەش ئۇسۇلى (200410039840) ، سۇ ئۆتكۈزمەس ياغاچ تاختاي (200410039893) ، بىرخىل بىسىملىق قۇدۇق مەشغۇلاتىنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200410040068) ، لىتىي ئىئونلۇق ئاككومۇلياتورنىڭ مۇسبەت قۇتۇپلۇق ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماتېرىيالى — ئۇچلۇق كىرىستاللىق لىتىي مانگاناتنى تەييارلاش ئۇسۇلى (200410044225) ، بورسۇق مېيىدىن ئىشلەنگەن چاچ ئۆستۈرۈش مەلھىمى (200410044249) ، بىرىكمە شەكىللىك كۆپ ئىقتىدارلىق سالامەتلىككە پايدىلىق ئۆي ئىچى تەنھەرىكەت ئەسۋابى (200410044317) ، شامال چىقىدىغان تاسمىلىق ئورۇن بەلگىلىگۈچ (200410044449) ، تېرە جاراھىتىنى داۋالاش دورىسى ۋە ئۇنى پىششىقلاش ئۇسۇلى (200410045418) ، ۋاكۇئۇملۇق ھىملانغان سىلىق شار ياساش ئۇسۇلى ۋە ئۇنى شەكىلگە كەلتۈرۈش قېلىپى (200410045429) ، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا قۇملۇق تاشيولى ياساش ئۇسۇلى ۋە يول قاتۇرۇش پاراشوكى، قاتۇرۇش سۇيۇقلۇقى (200410045470) ، ئېۋگوممىيە قوۋزىقى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى (200410045498) ، سۆڭەكنى چىڭىتىدىغان يار يېلىم بىرىكمىسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (200410046400) ، جىنگاۋ ۋىروسقا قارشى كاپسۇلى (200410048687) ، ياخشىلانغان تۇپراق قەۋىتىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى (200410049185) ، ئۇزلۇكسىز پروپىئون ئالدېگىد ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنى ئۇزلۇكسىز ئىشلەپچىقىرىش رېئاكتورى (200410049854) ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدىكى قۇرغاق گاز تەركىبىدىن ساپ ئېتىلېن ئېلىش ئۇسۇلى (200410049855) ، پروپىئون ئالدېگىد ئىشلەپچىقىرىشتا كېرەكلىك خام ئەشيا گازىنى ساپلاشتۇرۇپ پاكىزلەش ئۇسۇلى (200410049856) ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرغاق گاز ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنى بىرىكتۈرگۈچى گازنى خام ئەشيا قىلىپ پروپىئون ئالدېگىد ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (200410049857) ، مىنۇس تېمپېراتۇرا كوئېففىتسېنتلىق تېرمىستور ماتېرىيالى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (200410055371) ، مىنۇس تېمپېراتۇرا كوئېففىتسېنتلىق تېرمىستور ماتېرىيالى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (200410055372) ، ئۈچ ئېلېمېنتلىق مىنۇس تېمپېراتۇرا كوئېففىتسېنتلىق تېرمىستور ماتېرىيالى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (200410055373) ، ماش - جۇخارگۈل ئىچىملىكى (200411055449) ، قىسقا يوللۇق يولۇچىلار ترانسپورت مۇئەسسەسلىرىنى ياساش ئۇسۇلى (200410056998) ، كۆرۈنمە نۇر ئىنكاس تېپلىق تىتان دىئوكسىدلىق نۇر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇش دورىسىنى ياساش ئۇسۇلى (200410059680) ، مېلانوگېنلىق يالقۇن ئۆچۈرۈش دورىسىنى ياساش (200410059918) ، تەن ھۆجەيرىسىنى تېز بوياش تېخنىكىسى (200410062277) ، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىكى ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش دورىسى (200410064342) ، چوڭ رازمېرلىق مىنۇس تېمپېراتۇرا كوئېففىتسېنتلىق تېرمىستور ساپالى — فارفورنى مىكرو دولقۇندا كۆيدۈرۈش ھۈنەر - سەنئىتى (200410064343) ، ياخشىلانغان پويىز رېلىسىنى ئۆلىغۇچ (200410070359) ، تەبىئىي لېكوپېن بىرىكمە ماي ياسالمىسى ۋە كاپسۇلى، ئۇنى ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش (200410071529) ، شاخ - شۇمبىدىن يەم - خەشەك ياساشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى (200410071600) ، كۆۋاس ئىچىملىكى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (200410075100) ، كاۋاك سېمونت قۇيۇلما قېلىپ تاختىسى (200410078801) ، جىگدە يېلىم پاراشوكى تەييارلاش ئۇسۇلى (200410078837) ، قۇددۇس ئوتى توقۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى (200410085334) ، قار لەيلىسى توقۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈشتە تۇپتىن ئۆسىدىغان بىخنى تېز يېتەكلەش ئۇسۇلى (200410090239) .

ئەمەلىي يېڭى تىپ نامى (**107 تۈر**) : ئوغرىلىقتىن ساقلايدىغان قوڭغۇراقلىق تېلېفون (200420000079) ، بىخەتەر توك مەنبەسىنى ئۈلىغۇچ (200420000359) ، ئۇچىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان موي قەلەم (200420000360) ، ياخشىلانغان ياغاچ بۇرما مىق (200420000361) ، ھەممىباب ھەرىكەتچان بەلگە (200420000585) ، 220KV باسقۇچلۇق يەككە فازىلىق تۆمۈريول سۆرىمە ترانسفورماتورنىڭ گەۋدە قۇرۇلمىسى (200420001195) ، يانفون (200420001334) ، مەجبۇرىي ئېچىلىدىغان چۈمۈچسىمان ئۇۋۇلاپ تېرىش سايمىنى (200420001336) ، ئىسسىقلىق ساقلايدىغان، چاڭ - توزان ئۆتكۈزمەيدىغان دېرىزە (200420001632) ، ئاپتوماتىك دوسكا ئۆچۈرگۈچ (200420001713) ، قەغەز كېسىش

پىچىقنىڭ بىخەتەر قېپى (200420001792)، ئۈزۈم تېلى تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئورەك ئېچىش ماشىنىسى (200420001793)، پولات - ياغاچ بىرىكمىلىك تونىلىق ساندۇق (200420001899)، بېسىملىق تۇتاشتۇرۇلغان كلاپان (200420001956)، تارماق قۇدۇقتا ئېغىرلىق كۈچى كىرگۈزگۈچ (200420001957)، تارماق قۇدۇقنىڭ قىيپاش يۆنىلىشلىك ئەسۋابىنى ئېلىۋېلىش سايمىنى (200420001962)، ئاپتوماتىك ئورۇن بەلگىلەپ ئېلىۋېلىنىدىغان قىيپاش يۆنىلىشلىك ئەسۋاب (200420001963)، قۇدۇق كالونىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتچان ئەگرى ئۆلچىغۇچ (200420001964)، ئاپتوماتىك باغلىنىشلىق بېسىم كېمەيتىپ ۋاقىت ئۇزارتىش - قوزغىتىش قۇرۇلمىسى (200420002052)، كاچالكىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق توك تەقسىملەش ساندۇقى (200420002107)، ئېقىننى تۇراقلاشتۇرۇپ ئاز مىقداردا سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇبا چاتقۇچ (200420002136)، پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈزۈلمە فازىلىق تورمۇزنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش سىستېمىسى (200420002454)، موتسىكلىت زەنجىرىنى چىڭىتقۇچ (200420002545)، كۆچەيتكۈچ تېپلىق سىيرىلمايدىغان ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قەغەز ئىستاكان (200420002561)، ياخشىلانغان تەرەت قاچىسى (200420002685)، قايناملىق قۇم ئېقىتىش قۇرۇلمىسى (200420002720)، دىنامىكىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق باك (200420002736)، تىتىش تىپلىق ئوت - چۆپ ئۇۋۇتىش ماشىنىسى (200420002737)، ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل دېزىلماتورىنى تەكشۈرۈش - رېمونت قىلىش مەخسۇس ئۈسكۈنىسى (200420002931)، ئېتىلما ئېقىملىق كلاپان تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420002932)، ياخشىلانغان پارۋاي تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدىغان ئۈچ يوللۇق كلاپان (200420002939)، مۇقىم تېمپېراتۇرىلىق ئېلېكترونلۇق داۋالاش ئەسۋابى (200420003287)، ئۆرە پارقازانغا كۆمۈر سېلىش قۇرۇلمىسى (200420003317)، يۆلەندۈرگۈچ تېپلىق گايكا (200420003476)، يىپ ئۆتكۈزۈش ئاسان كىيىم تىكىش ماشىنىسى يىڭنىسى (200420003477)، نېفىت قۇدۇقى كالونىدىكى گازنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى (200420003570)، كۆزكەم پاكىز چوكا (200420003710)، بىرلەشمە مەشغۇلاتلىق پاختا تايلاش ماشىنىسى (200420003741)، پول سۈرتكۈچنى سىققۇچ (200420004127)، تېجەشلىك پاكىز چوكا (200420004140)، ئاچماق تىرنا (200420004143)، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق دېزىنفېكسىيە چىرىغى (200420004195)، ماتورنى ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى (200420004888)، پولات - قەغەز بىرىكمىلىك كونۇسسىمان قاچىلاش تۇڭى (200420004946)، پولات - قەغەز بىرىكمىلىك تۈۋرۈكسىمان قاچىلاش تۇڭى (200420004947)، كۆپ ئىقتىدارلىق سېركول (200420005070)، سۇغىرىشنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420005147)، تۇرۇبا سۈيىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420005148)، قوش نەيچىلىك ئوغۇت بېرىش ئۈسكۈنىسى (200420005158)، ئاممىۋى ئالاقە توردىن پايدىلىنىپ يىراق مۇساپىلىك ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆلچەپ تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420005264)، مەركەزدىن قاچما بىرىكمە سۈزگۈچ (200420005299)، مەلھەمسىمان گىرىم بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان يۇمشاق نەيچە (200420005853)، ئېنگلىزچە تاق سۆزلەرنى بىۋاستە ئوقۇپ يېزىش قائىدىسىنى ئۆگىنىش ياردەمچى ئەسۋابى (200420006177)، توك بىلەن رەڭگى ئۆزگەرتىلگەن ئەينەك (200420006501)، پارقازان ئىسى قالدۇق ئىسسىقى گېنېراتور گۇرۇپپىسى (200420006505)، ياخشىلانغان پۈركۈپ سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇبىنىڭ تېز ئۇلىغۇچىسى (200420006515)، گازلىق ئۇۋۇلاش سېلىنجىسى (200420006683)، سۇلياۋ ساندۇقنىڭ ئۆزلۈكىدىن قۇلۇپلىنىش قۇرۇلمىسى (200420007119)، دېرىزە تەكچىسىنى ئاسراش تاختىسى (200420007807)، بۇرغىلاش لىبوتكىسىنىڭ ئېلېكترماگنىتلىق تورمۇزلىنىدىغان ئاپتوماتىك مۇختا قۇرۇلمىسى (200420007969)، ئۈستى- ئاستى ئىنتېرىلمە شەكىللىك ئارىلاش پارچىلانما تىپتىكى كرىستاللىزاتور (200420008006)، تولۇقسىمان مىقدارلاپ ئۇۋۇلاپ تېرىش سېيالكىسى (200420008021)، ياخشىلانغان سۇ قۇدۇقىنىڭ لېيىنى ئادالاش قۇرۇلمىسى (200420008022)، ياخشىلانغان پولىمېرلىق سۇ تارتىش قۇرۇلمىسى (200420008027)، ناسوسنىڭ يەل ئۇرۇش ئىلمەك بېشى (200420008132)، يەل بېرىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان ۋېلسىپىت (200420008133)، ياخشىلانغان ئوكۇل جازىسى (200420008151)، پەي توپ پالىقى (200420008152)، كاچالكىنىڭ سۈمۈرۈش ئارىلىقىنى ئاپتوماتىك سىمسىز تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420008219)، تام توپ پالىقى (200420008240)، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەڭشەلمە تېمپېراتۇرىلىق ئورۇندۇقى (200420008243)، ياخشىلانغان شتانىكا قۇدۇق ئېغىزىنى ھىملەش قۇرۇلمىسى (200420008275)، بوسۇغا قۇرۇلمىسى (200420008327)، كېۋەز شادىسىنى ئۈزۈپ باغلاش

ماشىنىسى (200420008333)، ياخشىلانغان شتانكا قۇدۇق ئېغىزىنى ھىملەش قۇرۇلمىسى (200420008378)، ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدىغان كەپشەر چوكىسىنى ئاسراش قاپچۇقى (200420008379)، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوماتىك قوش ھالقىلىق سىڭىپ كېتىشنى ئۆلچەش ئەسۋابى (200420008646)، سۇ ئۆتكۈزمەس ياغاچ تاختاي (200420008651)، قاتلىما دوسكا (200420008652)، قار پارلاندۇرۇش سايمىنى (200420008653)، ياخشىلانغان قاچىلاش قۇتىسى (200420008677)، ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېلنىڭ ماي بىلەن قىزدۇرۇلىدىغان تېمپېراتۇرىسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (200420008773)، تەكشى بىلىنغان سۇيۇق جىسىم كەسمە يۈزىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش ئەسۋابى (200420008777)، سۇ بېرىش - ماي ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان نېفىت قۇدۇقى تۇرۇبا ئېغىزىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (200420008778)، چارلاش قول چىرىغى (200420008841)، كۆپ ئىقتىدارلىق بىرىكمە چاقلىق ئورۇندۇق (200420008843)، ۋېلسىپىتنىڭ تەۋرەنمە سىگنال بېرىپ ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇلۇپى (200420017461)، ئەرلەرنىڭ ئىچ ئىشتىنى (200420036530)، شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان پارلىنىش - سىڭىشنى ئۆلچەش ئەسۋابى (200420036575)، 3 فازىلىق ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر ماتورنى تىزگىنلەش ئىشكابى (200420042322)، بىرخىل سىغىم قاچىسى جازىسى (200420042323)، شوخلا قىزىل پىگمېنتى ئايرىۋېلىش قۇرۇلمىسى (200420042327)، تېيىز كۆل - تۆزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇ سىڭىپ كېتىشنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئەسۋابى (200420042387)، چېكىندۇرمەس تۆمۈر مىخ (200420047428)، سىياھ يۇقمايدىغان سىركول (200420047430)، ياخشىلانغان شتانكا قۇدۇق ئېغىزىنى ھىملەش قۇرۇلمىسى (200420047921)، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئوتتۇرا - كىچىك تىپلىق گىدروكاربون گازى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى گازلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (200420048565)، ياخشىلانغان شتانكا (200420048671)، قولايلىق قوي ۋاننىلاش قۇرۇلمىسى (200420048672)، كۆمۈرگازى دوخوپكىسى (200420048835)، تارتمىلىق توڭلاتقۇنىڭ توڭلىتىش ئىشكابى (200420048840)، كۆپتۈرمە كىسلاتا ئارقىلىق چىگىتنى تۈكسىزلاندۇرۇش قۇرۇلمىسى (200420049055)، ئۆيلەردىكى يۇندا يولى توسۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلمىسى (200420049856)، تالا يۆگەلگەن مۇقىم ئىسسىقلىقنى ئاشۇرىدىغان دېۋرقاي ئارىسىغا قۇم لاي قىستۇرۇلغان تۇرۇبىسى (200420050153)، ياغاچتىن بىرىكتۈرۈلگەن تاختاي (200420050255)، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك قول ھەرىسى (200420051089)، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى (200420064119).

**تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى نامى (111 تۈر):** ماي قاچىلىغۇچنىڭ ماي تۇرۇبىسى تىرەك جازىسى (200430000108)، بوتۇلكا (200430001129)، ھاراق بوتۇلكىسى (200430001416)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى مۇچ پىگمېنتى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈرلەنگەن يېڭى كالا گۆشى (200430001464)، ئوراش - قاچىلاش قەغىزى (قەغەز قول ياغلىق) (200430001466)، باش ئۈزۈك تاۋۇش - سۆز ھاسىل قىلغۇچى سوزۇق تاۋۇش جەدۋىلى (200430001492)، قۇراشتۇرۇلما ترانسفورماتور پونكىتى (200430002674)، ھاراق بوتۇلكىسى (200430002682)، ئۈزۈم ھارىقى يەشىكى (200430003053)، ماركا بەلگىسى (تەڭرىتاغدىكى تۇنجى تۈك) (200430003387)، لەۋھە تاختىسى (شىنتاۋ مىكروبقا قارشى قۇرۇق يۇيۇش - تازىلاش دۇكىنى) (200430003756)، قاچىلاش قۇتىسى (شىنجاڭ ئىلى كىچىك جىياڭنەن ھارىقىنىڭ) (200430004342)، پار رادىئاتورى (200430004724)، مېتېر (200430004756)، چىلەك (200430004760)، يانفون (يان بولۇڭلۇق ئايلانما قاناتلىق) (200430005632)، ئايتوقاچ (تەملىك ھەم چىرايلىق) (200430005736)، قول خالتىسى (دامەنگۈەن) (200430005737)، پار رادىئاتورى (200430006802)، قاچىلاش قۇتىسى (ساقلانغان ھاراقنىڭ) (20043000875)، قاچىلاش قۇتىسى (ئالتۇن ماركىلىق ئىلى ئالاھىدە ھارىقىنىڭ) (200430006994)، كاچالكا توك تەقسىملەش ساندۇقى (200430007111)، ھاراق بوتۇلكىسى قاچىلاش قۇتىسى (200430007333)، ھاراق بوتۇلكىسى قاچىلاش قۇتىسى (3) (200430007340)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (مېۋە - چېۋە، كۆكتات مەخسۇس ئوغۇتىنىڭ) (200430008022)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (ئېتىزلىق مەخسۇس ئوغۇتىنىڭ) (200430008023)، چالغۇ (دومبۇرا) (200430008024)، قاچىلاش قۇتىسى (مەرۋايىت سىنىك - كالتسىينىڭ) (200430008059)، قاچىلاش قۇتىسى (جۇڭگو داڭلىق دورىلىق ماتېرىياللارنىڭ) (200430008060)، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نەقىشلىك قاپاق (200430008079)، قاچىلاش قۇتىسى (دامەنگۈەن) (200430008106)، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك قاتناش ئاگاھلاندۇرۇش، ئايرىش گۈندىسى (200430008108)، قاچىلاش قۇتىسى (ئۈچ بۇرجەك قول

قۇتىسى) (200430008113)، يانفون (يان بۆلۈكلۈق ئايلانما A) (200430008138)، قاچىلاش قۇتىسى (تىزما چىراغ) (200430008140)، قاچىلاش قۇتىسى (6 بۆرجەكلىك پىرامىدا) (200430008141)، يانفون (يان بۆلۈكلۈق ئايلانما B) (200430008142)، گاز بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى گازلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (200430008552)، ھاراق بوتۇلكىسى (200430008704)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى E) (200430012487)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى A) (200430012489)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى B) (200430012490)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى C) (200430012491)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى D) (200430012492)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى 40) (200430012508)، قاچىلاش قۇتىسى (يايلاق ياخشى ھارىقى 39) (200430012509)، MP3 قويغۇ (موكسەمان) (200430012823)، ئاپتوموبىل يېقىلغۇ گازىنى تەكشۈرگۈچ (200430025352)، قاچىلاش خالتىسى (200430026883)، كونۋېرت (200430046304)، يۇڭ مايكا (ئالدى ئوچۇق تاك يوللۇق گۈللۈك) (200430046308)، ئايالچە كوپتا - يوپكا (4001—2A) (200430046309)، ئوقۇتۇش بۇيۇمى (خەرىتە) (200430046312)، ئايالچە كوپتا يوپكا (4001—3A) (200430046313)، ئايالچە يوپكا (4001 — 1B) (200430046314)، ئايالچە كوپتا - يوپكا (4001—1A) (200430046315)، قىسقا مايكا (200430046316)، پار رادىئاتورى (2) (200430046352)، بوتۇلكا (2) (200430049452)، ھۆنەر - سەنئەت بۇيۇمى (ۋېلسىپىت - 2) (200430049460)، بوتۇلكا بەلگىسى (تاتلىق تېپلىق) (200430049634)، بوتۇلكا بەلگىسى (شېكەرسىز تېپلىق) (200430049640)، سوغاتلىق تۇخۇم سېۋىتى (200430049656)، يۇڭ پوپايكا (3117) (200430049659)، ئۇزۇن يەڭ مايكا (3118) (200430049664)، كەۋسەر ئۇراش - قاچىلاش خالتىسى (200430049739)، ھاراق بوتۇلكىسى (دەرەخ يىلتىزى تېپلىق) (200430050416)، كونسېرۋا بوتۇلكىسىنى قاچىلاش قۇتىسى (200430053203)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئاپېلسىن شەربىتىنىڭ) (200430053228)، بوتۇلكا بەلگىسى (بېيجىڭ يېشىل چېيىنىڭ) (200430053229)، بوغا سائەت (200430053231)، زەنجىرسىمان سائەت (200430053232)، قوچقار سائەت (200430053233)، لوڭقار 200430053234)، قارتا (ئېنگلىزچە) (200430053270)، قاپ (200430053413) يۇڭ پوپايكا (1 - 3001) (200430053744)، پار رادىئاتورى (1) (200430053912)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (شيەنفاڭ قارا گازىرنىڭ) (200430053941)، ئاشقازان ئاسراش بەلۋېغى (200430061346)، قاچىلاش ساندۇقى (11 - نومۇرلۇق قوغۇننىڭ) (200430061352)، سائەت تەخسىسى (200430064980)، قاچىلاش قۇتىسى (كالتسىيلىق باللار ئىچىملىكىنىڭ) (200430066877)، چاقماق قەنت ئوراش قەغىزى (200430067001)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ) (200430067009)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئاق قوناق ئالاھىدە ھارىقى — 1) (200430067079)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئاق قوناق ئالاھىدە ھارىقى — 2) (200430067080)، يول گىرۋەك تېشى (3) (200430067417)، يول گىرۋەك تېشى (1) (200430067419)، قاچىلاش ساندۇقى (10 - نومۇرلۇق قوغۇننىڭ) (200430067638)، قاچىلاش ساندۇقى (كورلا نەشپۈتى - 3) (200430076196)، قاچىلاش ساندۇقى (كورلا نەشپۈتى - 2) (200430076197)، سۈت پاراشوكى خالتىسى (200430077648)، قاچىلاش بوتۇلكىسى (ئۇۋۇدۇننى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى) (200430077652)، قاچىلاش تۇڭى (1) (200430078342)، ھاراق بوتۇلكىسى قاچىلاش قۇتىسى (200430079513)، ھاراق بوتۇلكىسى قاچىلاش قۇتىسى (ئەتلەس يۇزلۈك) (200430079514)، قاچىلاش قۇتىسى (ئاچچىق كاۋا ھارىقى - 1) (200430079544)، زىننەت بۇيۇمى (قازاق چەۋەندازى ۋە يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن) (200430079564)، بوتۇلكا (200430080084)، قاچىلاش قۇتىسى (سەنخەي قوغۇن - تاۋۇز باغچىسىنىڭ) (200430080520)، قاچىلاش تۇڭى (كۈۋاسىنىڭ) (200430081088)، مىلاگزا (200430081166)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئىچىملىك، ھاراقنىڭ) (200430081419)، ماركا بەلگىسى (ئۇمىد پايپىقىنىڭ) (200430081821)، ماركا بەلگىسى (تۇمۇر ئادەم پايپىقىنىڭ) (200430081822)، قاچىلاش قۇتىسى (ئاچچىق كاۋا ھارىقى 3) (200430081942)، تاۋار بەلگىسى (ئالتۇن ئاچچىق كاۋا ھارىقىنىڭ) (200430081948)، ئاسقۇچ (شاپاق دوپپىسىنىڭ) (200430089949)، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرۇشلۇك چىمەن دوپپىسى (200430089950)، ياقا يېڭنە (ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرۇشلۇك چىمەن

دوپپىسى) (200430089951) .

ياڭ چىڭ

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش

## ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيە بازىسى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىرلەشمە يىغىنى ئىشخانىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى پەن-تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 2002- يىلى ئېتىراپ قىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەلىم - تەربىيە بازىسىدىن 11 نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ۋە باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى. نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە بازىلارنىڭ ئۆزىنى باھالاش دوكلاتىنى ئاڭلاش، ئالاقىدار ئارخىپلارنى كۆرۈش ئارقىلىق، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى تاپشۇردى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 6 ئورۇن مۇنەۋۋەر بازا، 4 ئورۇن لاياقەتلىك بازا، بىر ئورۇن لاياقەتسىز بازا دەپ قارالدى. يىغىن «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيە بازىسىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخا) نى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى ھەمدە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2-تۈركۈمدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن-تېخنىكا تەلىم- تەربىيە بازىسىدىن 3 ى ئېتىراپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كېيىنكى باسقۇچلۇق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خۇاڭ جۈەن

## پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېچىلدى. پائالىيەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە شىنجاڭ بويىچە 3- نۆۋەتلىك «چاڭخې لوڭقىسى» دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى، سۆتچىلىك مۇنبىرى ۋە پەن - تېخنىكا دوكلات يىغىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن- تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى قاتارلىق چوڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، پائالىيەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوندا 50 تىن كۆپرەك تۈر بويىچە 2000 نەچچە مەيدان (قېتىم) ھەر خىل پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 5000 دىن ئارتۇق كۆرگەزمە تاختىسى كۆرگەزمە قىلىنغان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 800 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلغان. كۆرگەزمىگە ئاز كەم 1 مىليون ئادەم قاتناشقان.

خۇاڭ جۈەن




2004 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق 10 ئورۇندىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى بورتالا ئوبلاستىغا بېرىپ «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. سۈرەتتە: پەن - تېخنىكا خادىملىرى دېھقان - چارۋىچىلارغا پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىپ بەرمەكتە.
سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 56 ناھىيە، شەھەر، رايوندا مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 48 تەشكىلات (شىنجاڭنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تورى) غا قاتناشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 6 كەسپىي نازارەت - ئىدارىدە مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر تەشكىلاتى قۇردى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق سانائەتنى يېتەكلەش، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا 1 مىليون يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەتقىقات - مەسلىھەتچىلىككە دائىر 23 تۈر يولغا قويۇلدى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ تەكشۈرۈش ۋە مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزۈش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇھىتى، تەرەققىيات نىشانى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا دائىر پىكىر يولى ۋە تەكلىپ»، «شىنجاڭدا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولىنى تاللاش ۋە تەكلىپ»، «تام گەۋدىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىمارەتلەردە ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ»، «مۈلۈك ھوقۇقى بازىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ» قاتارلىق 23 تۈر ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 3 ئىلغار كەسپىي گۇرۇپپا باھالاپ چىقىلدى.

چوڭ - چوڭ ئىشلاردا تەدبىر بەلگىلەش دەۋر قىلىنىپ، ساھە، كەسىپ ھالقىغان گۇرۇپپىلارنىڭ رايون ھالقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان مۇتەخەسسىس، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى شى يۈلىن بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت گۇرۇپپىسىدىكى 10 نەچچە مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچى تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرىنى تەكشۈرۈشكە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو مەسلىھەت مۇلازىمىتى شىركىتىگە يوللاپ بېرىلدى ھەمدە زۇڭلى ۋېن جياباۋغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 7 - ئايدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئاساس قىلىنىپ، ئۈرۈمچى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە قاراماي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى تەكشۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق سانائەتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياۋا مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى ۋە ئۇنى كۆپەيتىپ پايدىلىنىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللەپ ئېچىلدى. مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر 2004 - يىللىق «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) توغرىسىدا مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەردىن پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى، «تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دىن 36 سان، «قىسقا خەۋەر» دىن 20 سان، «تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىكىگە دائىر مەخسۇس مۇھاكىمە» دىن 3 سان تۈزۈپ تارقىتىلدى، «شىنجاڭنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تاللانما (2003 - يىلى)» ۋە «دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىدىن تاللانما» تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇلدى.

ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش - مەسلىھەت بېرىش ۋە تەربىيىلەش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇق - ھۆل مېۋىچىلىك پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچە رايونى، خوتەن

ۋىلايىتىدە قۇرۇلغان بېيجىڭ سانائەت باغچىسى ۋە جېجياڭ سانائەت باغچىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش - مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىنى سىجىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش - مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 20 نەچچە مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچى 20 نەچچە ناھىيە، شەھەر، رايونغا بېرىپ، 20 قېتىمدىن كۆپرەك تەربىيىلەش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەندى، لېكسىيە ئاڭلىغان ئامما 6000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

سۇن شىنئەن

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق مۇستەقىل پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 123 (تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئاپپاراتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كە، كەسپكار 7613كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5646 بولۇپ، ئومۇمىي كەسپكارنىڭ %74.16نى ئىگىلىدى.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 92گە، كەسپكار 5966گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 4472، ئالىم - ئىنژېنېر 3120.

يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 464 مىليون 364 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 332 مىليون 238 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.55، تېخنىكىلىق كىرىم 100 مىليون 935 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1 ئازايدى، ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 463 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 133 مىليون 756 مىڭ يۈەن.

يىلبويى 974 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا شۇ يىلى 2293 كىشى قاتناشتى، 134 مىليون 579 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %4.62نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %41.9نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى %25.12نى، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى %16.95نى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت خىراجىتى %9.89نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى %1.51نى ئىگىلىدى.

يىللىق تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 1 مىليون 402 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى پەن - تېخنىكىغا دائىر 1535 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدە ئېلان قىلىنغىنى 85 پارچە، 22 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلدۇرۇلدى.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 383كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 300.

يىللىق خىراجەت كىرىمى 30 مىليون 746 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 28 مىليون 442 مىڭ يۈەن؛ خىراجەت چىقىمى 27 مىليون 649 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 13 مىليون 372 مىڭ يۈەن.

يىلبويى 48 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 161 كىشى قاتناشتى، 4 مىليون 740 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %97.17نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %0.61نى، باشقا خىراجەت %2.22نى ئىگىلەيدۇ.

بىر يىلدا 353 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 24 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلدۇرۇلدى.

3) پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى ۋە ھۆججەت ئاپپاراتلىرى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 258گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن- تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 239، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5.

يىللىق خىراجەت كىرىمى 19 مىليون 721 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 17 مىليون 498 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33.94 ئاشتى؛ يىللىق خىراجەت چىقىمى 19 مىليون 313 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 9 مىليون 395 مىڭ يۈەن.

يىلبويى 15 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 57 كىشى قاتناشتى. 1 مىليون 585 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 522 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر

57 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

بۇ ئاپپاراتلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە 3كە، كەسپكار 22گە، يىللىق كىرىمى 1 مىليون 18 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، كەسپكارى 934كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 573.

يىللىق خىراجەت چىقىمى 95 مىليون 469 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 17 مىليون 990 مىڭ يۈەن؛ تېخنىكىلىق كىرىم 26 مىليون 313 مىڭ يۈەن؛ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى كىرىمى 49 مىليون 47 مىڭ يۈەن؛ خىراجەت چىقىمى 69 مىليون 757 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 15 مىليون 272 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 45 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 78 تەتقىقات تېمىسى يولغا قويۇلدى، بۇ تېمىلارغا 237 كىشى قاتناشتى، 13 مىليون 509 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

3. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4كە، كەسپكار 55كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 46.

يىللىق خىراجەت كىرىمى 1 مىليون 802 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ كەسپىي خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 509 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 857 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 1 مىليون 588 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 12 تەتقىقات تېمىسى يولغا قويۇلدى، بۇ تېمىلارغا 23 كىشى قاتناشتى، 44 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

4. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيىتىگە قاتناشقان كەسپىي ئورۇن بىر، كەسپكار 17، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 16.

شۇ يىلى 200 مىڭ يۈەن پەن - تېخنىكا خىراجىتى توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 190 مىڭ يۈەن، خىراجەت چىقىمى 83 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 15 مىڭ يۈەن.

شۇ يىلى 3 تەتقىقات تېمىسى يولغا قويۇلدى، بۇ تېمىلارغا 7 كىشى قاتناشتى، 193 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

ليۇ چيەن

## تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى چىقىمى ئۈچۈن 137 مىليون 640 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىمى كۆرسەتكۈچى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجەت چىقىمى ئۈچۈن 43 مىليون 170 مىڭ يۈەن خام چوت كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى. بۇ 2 تۈر ئۈچۈن 180 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

2004 - يىلى ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان يىللىق تەبىئىي پەن خىراجىتى 264 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي خىراجەت چىقىمى 172 مىليون 690 مىڭ يۈەن، تۈر خىراجىتى چىقىمى 78 مىليون 430 مىڭ يۈەن، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تىجارەت چىقىمى 13 مىليون 120 مىڭ يۈەن. ئاساسىي خىراجەت چىقىمى ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 7 مىليون 730 مىڭ يۈەن؛ يىللىق كىرىم 400 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 205 مىليون 260 مىڭ يۈەن، كەسپىي كىرىم 131 مىليون 410 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە كىرىم 29 مىليون 870 مىڭ يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان كىرىم 520 مىڭ يۈەن، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 15 مىليون 350 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 17 مىليون 990 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن. شۇ يىلدىكى كەسپىي خىراجەت قالدۇقى 116 مىليون 410 مىڭ يۈەن.


مالىيىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخسۇس خىراجەت قاتتىق باشقۇرۇلغانلىقتىن، پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرى خىراجىتى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئاپتونوم رايون پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشقا ئاجراتقان 10 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئارقىلىق ئىلغار، پىشقان، ئەسقاتىدىغان تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش - ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجرىتىپ، يېڭىدىن يولغا قويۇلىدىغان 19 تۈرنى

ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، بىئو تېخنىكا ۋە ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ساھەسى، ئۇچۇرچىلىق تېخنىكا ساھەسى، ئىلغار ياسىمچىلىق تېخنىكا ساھەسى، يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكا ساھەسى، بايلىق - مۇھىت تېخنىكا ساھەسى ۋە يېڭى ماتېرىيال تېخنىكا ساھەسىگە چېتىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلىرى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى 11 نۇقتىلىق تەجرىبىخانىنىڭ تېمىلارنى ئاشكارا ئىشلەش، ئايلىنىشنى قامداش، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، ئۈسكۈنىلەرنى ئېچىۋېتىش ھەمدە تەجرىبىخانىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىلدى. مەخسۇس مەبلەغنىڭ ياردىمىدە ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، شىنجاڭ بىئولوگىيە بايلىقى گېن قۇرۇلۇشى تەجرىبىخانىسى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بىرلىكتە بەرپا قىلغان دۆلەتنىڭ تۈنجى تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى بولۇپ قالدى. «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش تۈرى» دە، سەپلىمە تۈر خىراجىتىدىن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپات سوممىسى ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىل خىزمىتى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەن تەتقىقات يۈرتى، ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 26 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېخنىكا تەرەققىيات تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە قىسمەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىلدى. تېخنىكا تەتقىقات تىپىدىكى 14 پەن تەتقىقات يۈرتى، ئورنىغا 16 چاتما تۈر بويىچە ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭغا 4 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ۋاڭ چيۇڭ

## پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سانجى، فۇكاڭ شەھەرلىرى، جىمسار ناھىيىسىدىن ئىلى، بايىنغولىن، بورتالا ئوبلاستلىرى، قەشقەر، تۇرپان، قۇمۇل، تارباغاتاي،



شىنجاڭدا 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: پائالىيەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

ئالتاي، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى 29 ناھىيە، شەھەرگە كېڭەيتىلىپ، پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلدىن 601ى تاللاپ ئەۋەتىلدى. پەن - تېخنىكا نازارىتى پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن 18 قوزغاتقۇچى تۈر ئورۇنلاشتۇردى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 2 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، داڭلىق 10 پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى ۋە 22 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تەقدىرلەندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر يېتەكچى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى.

خۇاڭ جۈەن

## خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى 40 تۈركۈمدە چەت ئەلگە چىقىدىغان ئۆمەك - گۇرۇپپىدىكى 150 ئادەم (قېتىم) نى، چەت ئەلدىن زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك - گۇرۇپپىدىن 24 تۈركۈمدە 60 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى ۋە تەستىقلىدى.

1. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش

قازاقىستان مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى H.C بەكدور ۋانوف باشچىلىقىدىكى پەن-

تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگو ۋە قازاقىستاننىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قەرەللىك يىغىنىغا قاتنىشتىن ئىلگىرى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. شىنجاڭنىڭ «قازاقىستان ئالا كۆلى يول ئۆلىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش تەجرىبىلىرى» ۋە «جۇڭگو - قازاقىستاننىڭ ياۋا ئالما بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېرسىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى ئۈستىدە تەتقىقات» تىن ئىبارەت 2 تۈر 2 - نۆۋەتلىك قەرەللىك يىغىننىڭ كېلىشىمنامە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئۈستىگە ئالغان 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك يەرلىك خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن تۈرلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش يىغىنى 8 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەت بويىچە 38 ئورۇندىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ۋە «سىرتقا چىقىرىش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

روسىيىنىڭ ئالتاي دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قىرغىزىستان دۆلەتلىك بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى مەھكىمىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق مەركىزى بىلەن ئىمزالانغان ھەمكارلىق كېلىشىمنامىگە ئاساسەن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، قازاقىستاندىن 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە قىرغىزىستاندىن كەلگەن كومپيۇتېر تورى تېخنىكىسى كەسپىي خادىملىرىنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈش، تورلارنىڭ ئىشلىنىشى ۋە مەشغۇلات سىستېمىسى جەھەتتىن تەربىيىلىدى. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىگە ۋەكالىتەن قىرغىزىستان دۆلەتلىك بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى مەھكىمىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق مەركىزىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر سۇپىسى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان 3 يۈرۈش كومپيۇتېر تورى ئۈسكۈنىسىنى تەقدىم قىلدى. 12 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى قازاقىستانلىق 2 مۇتەخەسسىسنى شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، قازاقىستاننىڭ نەسلى ياخشىلانغان ئېتىنى كەلتۈرۈش ۋە شىنجاڭدا سۈتىدىنمۇ، گۆشىدىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئات يېتىشتۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭ ئالاقىدار مەھسۇلاتلىرىنى كەشىپ قىلىش، پايدىلىنىش ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

2. جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىدىكى ئالتاي رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىدىكى ئالتاي رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈندىنى 19 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئۇست - كامېنوگورسكى شەھىرىدە ئېچىلدى. جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئاساسىي تېمىدا سۆز قىلدى. 4 دۆلەتتىن كەلگەن 120 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم، ئەمەلدار ۋە كارخانىچىلار ۋەكىللىرى بۇ رايوننىڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا، قاتناش، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە «ئالتاي رايوندا چېگرا ھالقىغان ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بايانات» ئېلان قىلدى.

3. روسىيە بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

6 - ئايدا جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى روسىيىنىڭ يېڭى سىبىرىيە شەھىرى ۋە بارنا ئول شەھىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە پەن - تېخنىكا شۆبە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گوجيايۇ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سىبىرىيە شۆبىسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ روسىيىدىكى سىبىرىيە رايونى بىلەن تۇنجى قېتىم ئورناتقان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ «سىبىرىيە كېلىشىمى» دىكى رايون ھالقىغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ۋەكىللىرى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۆرگەزمە ۋە تەربىيىلەش جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئىشلىرى ئۈستىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى روسىيىگە بېرىپ،


ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە يېڭى سىبىرىيە بىلەن بارنائۇل شەھىرىدە جۇڭگو شىنجاڭ پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئېچىشنى بېكىتتى، 2005 - يىل 9 - ئايدا تۈنجى تۈركۈمدە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا خادىملىرىدىن 20 كىشى ئالتاي دۆلەتلىك تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، رۇس تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەندى.

4. باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى (JICA) يولى تۈرى پائال ئىلتىماس قىلىنىپ، ياپونىيە بىلەن بولغان پەن- تېخنىكا ھەمكارلىقىدا خېلى ئىلگىرىلەش بولدى. شىنجاڭدا بىر JICA مۇتەخەسسىسى ئۇزاق مۇددەت ھەمدە بىر نەچچە مۇتەخەسسىس قىسقا مۇددەت ئىشلىدى. يەنە ياپونىيە چەت ئەل ياشلار ھەمكارلىق ئەترىتىنىڭ 3 ئەزاسىمۇ بار.

2 - ئايدا شىنجاڭ ۋەكىللىرى ھىندىستاننىڭ دۆلەت شامال ئېنېرگىيىسى تېخنىكا مەركىزى ھىندىستاندىكى جىننەھ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا شامال ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى. 6 - ئايدا ھىندىستان شىركىتى (QAI) نىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قارار يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشقا تەكلىپ قىلىندى.

9 - ئايدا فرانسىيە ئېلېكتر شىركىتى (EDF) نىڭ باش دىرېكتورى لۇ سەيلى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان جۇڭگو - فرانسىيە ھەمكارلىق تۈرى سۆكەك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى. بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە EDF شىركىتى 2 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھەمكارلىشىپ قۇرۇپ چىقتى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇ تۈردە ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى مۇۋاپىق ئېچىلىپ، ئىلغار كارخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە بازارلىشىش ھەرىكەت مېخانىزمى قوللىنىلغان، ئۇ شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى



ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جو باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ پەن- تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى 2004 - يىل 6 - ئايدا روسىيىدە زىيارەتتە بولدى. بۇ مەزگىلدە پەن - تېخنىكا شۆبە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گو جيايۇ ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى جۇ جۇنلىن روسىيە تەرەپ بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى.
سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

توكسىز رايونلارنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، تارقاق يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. باش دىرېكتور لۇ سەيلى شىنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى بازىرىنى ئېچىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

ئۇكرائىنا يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن پولشا ئىلىم - پەن ۋە ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گو جيايۇ ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى لى شۇشەن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە 2 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 2 دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل تارماقلىرى بىلەن ئالدىن ھەمكارلىشىلىدىغان ساھەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ بىلەن 2 دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئاساس

سالدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 2 دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئالاقىدار تېخنىكىلارنى ئالماشتۇردى، ئۇكرائىنا بۇغداي تەتقىقات ئورنى بىلەن مۇتەخەسسىس ئالماشتۇرۇش ۋە سورت يېتىشتۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

ئاۋسترالىيە شىركىتى 6 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان جۇڭگو ـ ئاسترالىيە ئىلى تۇراسۇ رايونىدىكى ئالتۇن كانىنى خەۋپ ـ خەتەرلىك تەكشۈرۈش تۈرىدە، جىڭشى، ئېرمىندى، ئالتۇنتاغ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نىشانلىق رايونلار تەكشۈرۈلۈپ، ئاز كەم 6000 مېتىر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش، 9000 پارچىدىن كۆپرەك ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىش ئىشى تاماملاندى.

ئاۋسترالىيە قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوكتور دورېئان كلارك (Dorean Clark) ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئىسپانىيە ئېنېرگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 6 كىشى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى، ئۇلار بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىلەن بۇ جەھەتلەردە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، ئالاقىدار ئورگانلارنى تەكشۈردى ۋە زىيارەت قىلدى.

ۋاڭ يىڭ

## پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر خىزمىتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن ـ تېخنىكا ـ ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»نىڭ ئۇچۇر بايلىقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مەھسۇلات ئۇچۇرى، ئىختىساسلىقلار ئۇچۇرى، كارخانا ئۇچۇرى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى ۋە ئاپپارات ئۇچۇرىغا دائىر 5 خىل سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. خەنزۇچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرى تورىدا 5 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قاتارلىق 14 سەھىپە تەسىس قىلىندى. يېڭىدىن 1800 دىن كۆپرەك ئۇچۇر قوشۇلدى، تورغا 16 مىڭدىن كۆپرەك ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى. رۇسچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرى تورىدا پەن ـ تېخنىكا ئەھۋالى، سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمە، سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ جەلپ قىلىش، ئىقتىساد ـ سودا ئۇچۇرى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق 8 سەھىپە تەسىس قىلىندى، بۇنىڭغا 1000 دىن كۆپرەك ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى. خەنزۇچە تورغا چىقىش نىسبىتى 53 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن، رۇسچە تورغا چىقىش نىسبىتى 6800 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

«قازاقىستان، روسىيە، قىرغىزىستاننىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ۋە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى توپلىمى» تەرجىمە قىلىنىپ تەھرىرلەندى، بۇ 100 مىڭ خەت بولۇپ، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە، كانچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، بىناكارلىق، بىئو تېخنىكا، پۇقراۋى مەھسۇلات قاتارلىق 12 ساھەدىكى 500 دىن كۆپرەك ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش قوللانمىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىشقا دائىر سىياسەت، قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر توپلىمى» تەرجىمە قىلىنىپ تەھرىرلەپ چىقىلدى، بۇ توپلام 200 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا رۇسچە نەشر قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە مەبلەغ سېلىشقا دائىر سىياسەتلەر ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان.

مۇتەخەسسىسلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سانجى شەھىرىدە سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 300 نەچچە ئادەم قاتناشتى. 8 ـ ئايدا 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك يەرلىك خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ـ ئىقتىساد ھەمكارلىقى مۇھاكىمە يىغىنى، تۈرلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن ۋەكىللىرى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. 10 ـ ئايدا سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، غەربكە چىقىرىش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە قازاقىستان، روسىيىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى، مەبلەغ تۈرلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، 150 كارخانىدىن 200 دىن كۆپرەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قازاقىستان بىلەن روسىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا دائىر 500 نەچچە تەتقىقات نەتىجىسى ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى تونۇشتۇرۇلدى. جۇڭگو تەرەپتىن 12 كارخانا چەت ئەل بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر تور بېكىتىنىڭ 5 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىي ئۇنىۋېرسال سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە بايلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىچىلىق ئامبىرىغا 23 مىڭ ئۇچۇر، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ئامبىرىغا 5200 ئۇچۇر، ئۆزگىچە بايلىق ئامبىرىغا 2500 ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر تور

بېكىتنىڭ توردا 31 مىڭ ئۇچۇر بولۇپ، تورغا چىققانلار 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تور بېكىتى (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە) ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلارغا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلدى، ئۇچۇر مىقدارى 9000 دىن كۆپرەككە، تورغا چىققانلار 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شىنجاڭنىڭ «ئۇچقۇن» تور بېكىتى (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) گە 600 دىن كۆپرەك ئۇچۇر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تورغا چىققانلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق ئۇچۇر تور بېكىتى شەرق ۋە غەربتىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ھەمكارلىشىش - ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، تورغا چىققانلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورى جۇڭگو ئۇچۇرچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشچىلىقىدا مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قۇرۇلغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۇچۇر تور بېكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا 35 مىڭ ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى.

2004 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۈستىگە ئالغان ۋە تاماملىغان پەن - تېخنىكا ستاتىستىكا تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ستاتىستىكىسى، شىنجاڭنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ستاتىستىكىسى، شىنجاڭنىڭ ياسىمىچىلىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچ سانى ستاتىستىكىسىدىن ئىبارەت.

فۇ جيايى

## پەن - تېخنىكا يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پەن - تېخنىكا نازارىتى پەن - تېخنىكا يەرمەنكىسى ئىمزالانغان پەن - تېخنىكا ھەمھكارلىق تۈرلىرىنى 2 ئاي تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش پائالىيىتىدە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 51 ناھىيە (شەھەر) نىڭ پەن-تېخنىكا يەرمەنكىسىدە 145 تۈر بويىچە پۈتۈشكەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز كەم 80 تۈرنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، بۇ تۈرلەر يېزا ئىگىلىكى (چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، بىئولوگىيە قاتارلىق كۆپ ساھەگە چېتىلىدۇ. تەكشۈرۈلگەن پۈتۈشۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە، تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 27، شىنجاڭ بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ ھەمكارلىق تۈرى 29، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە، كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىق تۈرى 84، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ھەمكارلىق تۈرى 5. تۈرلەرنى كېلىشىم بويىچە يولغا قويۇش باسقۇچىدىن قارىغاندا، 54 تۈر ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان ۋە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان، 84 تۈردە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ئاساسىي خىزمىتى تاماملانغان ۋە ئۇنى يولغا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، 7 تۈر يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىۋېتىپتۇ.

جاۋ پېڭ

## شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 5 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنلىرى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ۋۇيشەن شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق يېڭى مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا شۇ يىللىق بىرلەشمە يىغىننىڭ نۆۋەتچى ئىجرائىيە رەئىسى بولغان فۇجيەن ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى مەسئۇل بولدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گۇجيايۇ بىرلەشمە يىغىننىڭ يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇنلار پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى ھەمدە خىزمەت ئەھۋاللىرىنى ئالماشتۇردى، شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە - شەھەرنىڭ كېلەر يىللىق پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇنلار بىرلىكتە «شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق بىرلەشمە يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنى توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالىدى.

يۇ جيې

## چېڭ جىنپېي شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى چېڭ جىنپېي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنى تەكشۈردى، ئاپتونوم رايون ئۈستىگە ئالغان

ئىككى «973» پىلانى (دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات پىلانى) تۈرىنى تەكشۈردى، شىنجاڭ ئالتۇن كالا بىئولوگىيە پاي شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭخې پاي شىركىتى قاتارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئالتاينىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە قارامايىنىڭ نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش پەن تەتقىقات خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاچقان پەن - تېخنىكىنى باھالاش خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى ھەمدە «پەن - تېخنىكىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

شۇ جىجىڭ

# تەبىئىي پەن تەتقىقاتى

## ئېكولوگىيە. بايلىق

### تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى كەشىپ قىلىندى

بۇ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى پىلانى، غەربىي ئېچىش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى تۈرى بولۇپ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 — 6 - كۈنلىرى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ تېمىدا تۈرلۈك تەتقىقات ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان، ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار ھەل قىلىنغان، تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ ئېھاتە ئورمان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى تۈرىنى تۇرغۇزۇش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا كۈچلۈك تىرەك بولغان. تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، مېخانىزملىق قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېما قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشى ئورنىنىڭ تىپىنى تۈرگە ئايرىش، بەك ناچار شارائىتتا ماسلىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تاللاش، قۇملۇقنىڭ مەركىزىي رايونىدا توشقان زەدىكىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، قۇمدىن بىئولوگىيىلىك مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى تۈراقلاشتۇرۇش، يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشى تېخنىكا سىستېمىسى قاتارلىق 10 تەرەپتە يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىنغان، بولۇپمۇ تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىدا ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى جايلاشتۇرۇش ئەندىزىسى، ئورمان بەلۋېغى قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش تېخنىكا لايىھىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىپ تېمىتىپ سۇغىرىپ ئورمان بىنا قىلىش، كۆپ گرادىئېنتلىق مىنېراللاشقان سۇ بىلەن سۇغىرىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە زور يېڭىلىق يارىتىلغان.

تەتقىقات تۈرىدە ئاساسەن تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاچقۇچلۇق تېخنىكا مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان. قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ۋە ئۈنۈمدىن مۇۋاپىق مۇداپىئەلىنىش تېخنىكىسى، ئورنى ئوخشاش بولمىغان يەر شارائىتىدا ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش ۋە تىرىش تېخنىكا تەتقىقاتى، قۇملۇقنىڭ مەركىزىي رايونىدا قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش ۋە ئوخشاش بولمىغان گرادىئېنتلىق تۇزلۇق سۇ بىلەن سۇغىرىپ ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسى، يېشىل كارىدورنى مۇھاپىزەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقى قاتارلىق تەتقىقات مەزمۇنلىرى چۆرىدىلىپ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشى قانات يايدۇرۇلغان. 31 كىلومېتىر قۇملۇق تاشيولىنىڭ يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىنغان، تاقابىلچانلىقى يۇقىرى، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان 37 خىل ئۆسۈملۈك سورتى يېڭىدىن تاللاپ چىقىلغان.

يىن جىڭيۈەن

### «تېلېتېخنىكا ۋە GIS نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش - قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا ۋادىسىنىڭ زەئىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ مەخسۇس ئەسەر بېيجىڭ ئورمانچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر

ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ۋاڭ راڭخۇي يېزىپ چىققان بولۇپ، 2004 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو مۇھىت پەنلىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى. پۈتۈن كىتاب 8 باب، 32 پاراگراف، تەخمىنەن 143 مىڭ خەتلىك.

بۇ مەخسۇس ئەسەردە ئاساسەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى تەبىئىي بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ رايون پەرقى نەزەرىدە تۇتۇلۇپ، زەئىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا باھا بېرىشنىڭ كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان، ئېكولوگىيىنىڭ ئاجىزلىق كۆرسەتكۈچى ( EF I ) تۇرغۇزۇلۇپ، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى يېنىك زەئىپ رايونغا تەۋە ئىكەنلىكى، يەكەن دەرياسى ۋادىسى ۋە تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئادەتتىكى زەئىپ رايونغا تەۋە ئىكەنلىكى، خوتەن دەرياسى ۋادىسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئوتتۇراھال زەئىپ رايونغا تەۋە ئىكەنلىكى، ئەمما تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئېغىر زەئىپ رايونغا تەۋە ئىكەنلىكى باھالاپ چىقىلغان. بۇ كىتاب ئېكولوگىيە ئىلمى، مۇھىت ئىلمى، جۇغراپىيە ئىلمى، ئۆچۈرچىلىق ئىلمى قاتارلىق تەتقىقات ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، ئۇ، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر ئىلمى بىلەن ئېكولوگىيىلىك جەريان، ئېكولوگىيىنىڭ تۇراقلىقلىقى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى ۋە ئېكولوگىيىنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش قاتارلىق تەتقىقات جەھەتتىكى مۇھىم تەجرىبە ھېسابلىنىدۇ شۇنداقلا جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر ئىلمىنى قۇرغاق رايونلاردىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋە دەريا ۋادىسىدىكى بايلىق - مۇھىت ساھەسىنى تەتقىق قىلىشقىچە كېڭەيتكەنلىك ۋە ئۇزارتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

يىن جىڭيۇەن

## شىنجاڭدا يېڭى پېتى ساقلىنىدىغان قوغۇننى ئۆزگەرتكۈچى گېن ئۇستىدە تەتقىقات

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى 1998 - يىلى تۇر قىلىپ تۇرغۇزغان نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرىدۇر، بۇ تۈرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملاندى، 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

«شىنجاڭدىكى يېڭى پېتى ساقلىنىدىغان قوغۇننى ئۆزگەرتكۈچى گېن ئۇستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، 5 يىل پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، يېڭى پېتى ساقلىنىدىغان قوغۇننى ئۆزگەرتكۈچى گېنىنىڭ تېخنىكا سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭى پېتى ساقلىغۇچى گېنىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈپىدىن 268ى قولغا كەلتۈرۈلدى، كۆچۈرۈلگەن تۈپلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %90تىن ئاشتى، 2 قوغۇن ئېلىندى، 21 تۈپ ئۆزگەرتكۈچى گېنىنىڭ كۆرسەتكۈچى ئۆلچەپ بېكىتىلىش ئارقىلىق، تەجرىبە نەتىجىسى سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكىدىن %80تىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى، باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋاستىلىك ھالدا ACC دىن ئۆزگەرگەن ئامىياكسىز فېرمېنتلىق گېن بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭ بىلەن قوغۇننى يېڭى پېتى ساقلاش ئۈنۈمى كۈچەيتىلدى.

يىن جىڭيۇەن

## لېي جياچياڭ دۆلەتنىڭ «973» پىلانى بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېچىلغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانا پىلانى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى ۋە «973» پىلانى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى لېي جياچياڭ تەقدىرلەندى، دۆلەت تۇنجى قېتىم تارقاتقان «973» پىلانى بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇ شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر مۇشۇنداق ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن ئىلغار شەخس ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچى لېي جياچياڭنىڭ تارىم قۇملۇق تاشيولى ۋە قۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى بۆلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇم ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش سىنىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە قۇملۇق بۆلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تېخنىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى ۋە پەن تەتقىقات بىلەن دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«973» پىلانى دۆلەت نىشانىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئەۋزەل پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى توپلاپ، كەلگۈسى تەرەققىيات جەريانىدىكى زور چەكلەپ تۇرغۇچى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ زور ئاساسىي تەتقىقات تەرەققىيات پىلانىغا ئايلاندى.

يىن جىڭيۇەن

## لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى شيا شۈنچېڭ ئەترەت

باشلىقلىقىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇر كۆلى رايونىغا بېرىپ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە 10 كۈن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئىلمىي تەكشۈرۈش قوشۇنىنىڭ خىزمىتى تەبىئىي جۇغراپىيە، 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى، 4 - دەۋر مۇھىتى، 4 - دەۋر چۆكۈندىسى، قەدىمكى بىئولوگىيە، قۇملۇق، ئورمانشۇناسلىق، ئېكولوگىيە، هاشارات، ئېلېكتېرونىكا، مېتېئورولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش قاتارلىق 14 كەسپنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئېكولوگىيىسىنىڭ ناچارلىششى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا جىددىي سۇ يەتكۈزۈلگەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، لوپنۇر كۆلى رايونىنىڭ يېقىنقى 1000 يىلدىن بۇيانقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ «كۆچۈش» مەسىلىسى، سۇنئىي ھەمراھ سۈرەت خەرىتىسىدىكى «چوڭ قۇلاق» نىڭ سىرى، ياردالڭ يەر تۈزۈلۈشىنىڭ شەكىللىنىشى، يولغۇننىڭ قۇم بىلەن قورشالغان يىل قاتلىمى ۋە مۇھىتىنىڭ ئۇچۇر ئەھمىيىتى، كىروران قەدىمى شەھىرىنىڭ يوقىلىش سەۋەبى، يېڭى كىروران قۇرۇلۇشى تەسەۋۋۇرى، تارىم دەرياسى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونىدا ئېكولوگىيىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش قاتارلىق ئىلىم - پەن ساھەسىدە تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى چۆرىدىلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە يەنە نۇرغۇن يېڭى تونۇش هاسىل قىلىنىپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، «يېڭى كىروران قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

يىن جىڭيۈەن

## تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارنىڭ قۇملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى

بۇ تۈر 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈر 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يولغا قويۇلغان بولۇپ، 4 يىل داۋاملاشتى. 10 مىليون يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. «سۇ تېجەيدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرىكمە تېپلىق بوستانلىق ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش» ، «تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇش سەر خىل مودېلى ۋە يولىنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش» ، «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا سۇ يەتكۈزۈش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇناسىپ جەريانىنى تەتقىق قىلىش» ، «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن، ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ، «ئېكولوگىيىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش» قاتارلىق جەھەتلەردە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش قانات يايدۇرۇلۇپ، «بىر رايون، ئىككى نۇقتا، بىر بەلۋاغ» دىن ئىبارەت سىناق ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇپ، شۇ جايدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: 1) بوستانلىقلاردىكى سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش، ئوغۇت تېجەش ۋە هاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا دائىر يېڭى نەزەرىيە ۋە تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن؛ 2) تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇشنىڭ ماسلىششچانلىقىغا باها بېرىش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ۋە ئۈنۈمىنى باهالاش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان؛ 3) تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇشنىڭ 5 خىل ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە پىلانلاپ لايىھىلەنگەن؛ 4) رايون دائىرىلىك كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، پىلانلانغان ھەمدە قىسمەنلىرىنىڭ ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلغان؛ 5) يېقىنقى 10 يىلدا LUCC نىڭ قانۇنىيىتى ۋە 3 يىلدا ئېكولوگىيىنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇ قويۇپ بېرىلگەن يەرلەردىن پايدىلىنىش - ئۆزگىرىش ئەھۋالى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ 6) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى 30 يىل ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان رايونلارغا سۇ يەتكۈزۈلگەندىن كېيىنكى يەر يۈزى ئېكولوگىيىسىنىڭ ماسلىشىش جەريانى ئېچىپ بېرىلگەن؛ 7) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا كېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن سۇ مىقدارى بېكىتىلگەن؛ 8) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان رايونلارغا ئېكولوگىيىلىك سۇ يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى زامان ۋە ماكاننى بىرىكتۈرۈش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ 9) تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى قوغداشنىڭ مۇۋاپىق ئېكولوگىيىلىك سۇ ئورنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يىن جىڭيۈەن

## «جۇڭگو تەڭرىتاغ تەبىئىي جۇغراپىيىسى»

بۇ مەخسۇس ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ

ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ بوستانلىق ئالىملىرى پىلانى مەبلىغىنىڭ ياردىمى بىلەن تاماملانغان نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى خۇ رۇجىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، 2004- يىل 9 - ئايدا جۇڭگو مۇھىت پەنلىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى، پۈتۈن كىتاب 13 باب، 60 پاراگراف، تەخمىنەن 750 مىڭ خەتلىك.

بۇ مەخسۇس ئەسەردە جۇڭگو تەۋەسىدىكى تەكلىماكان ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ۋە بايان قىلىنغان، تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىيات تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، تاغ كىلىماتىنىڭ شەكىللىنىش ئامىللىرىدىكى ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىم ئىزلىرىنىڭ رادىئاتسىيىلىك تەكشۈكلۈكى ۋە ئىسسىقلىق تەكشۈكلۈكى بايان قىلىنىش ئاساسىدا، ھەر خىل كىلىمات ئامىللىرىنىڭ پەسىللىك ئۆزگىرىشى ۋە تارقىلىش ئالاھىدىلىكى چوڭقۇر ئانالىز قىلىنغان. يىغىندى قار، مۇزلۇق ۋە توڭ تۇپراق، ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىنىڭ مەنبەسى، تەڭرىتاغدىكى كۆللەر، تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، ھايۋانات قاتارلىقلارنى قوغداش ۋە ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش جەھەتتە تەكلىپ بېرىلگەن ھەمدە تەبىئىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش يولى ئۈستىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىلگەن، بۇ، جۇڭگو تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ۋە بايان قىلىنغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يىن جىڭيۇەن

## «شىنجاڭدىكى دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار»

بۇ مەخسۇس ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتار تۈرى، بوستانلىق ئالىملىرى پىلانى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم نىشانلىق تۈرىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن تاماملانغان نەتىجە بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ئابلىمىت ئابدۇقادىر، تەتقىقاتچى ماملىڭ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق نازارىتى تەبىئىي مۇھاپىزەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەنۋەر مۇسا قاتارلىقلار يېزىپ تاماملىدى. ئۇنى 2004 - يىل 12 - ئايدا پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى. پۈتۈن كىتاب ئەمگۈچىلەر سىنىپى (ياۋايى ھايۋانلار)، قۇشلار سىنىپى، يەر باغىرلىغۇچىلار سىنىپى، بېلىقلار سىنىپى ۋە ھاشاراتلار سىنىپى قاتارلىق 5 سىنىپ، 18 ئەترەت، 31 ئائىلە، 122 تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، 250 مىڭ خەتلىك.

بۇ ئەسەردە شىنجاڭدا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ قوشۇمچىسىغا كىرگۈزۈلگەن، «دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار كاتالوگى (1989)» دىكى ياۋايى ھايۋانلار سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنغان، ھەر بىر ھايۋاننىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، تارقىلىشى، ئېكولوگىيىسى ۋە ھازىرقى قوغدىلىش ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەمدە رەڭلىك سۈرەت ۋە تارقىلىش خەرىتىسى قىستۇرۇلغان، بەزى تۈرلەر ئۈستىدە يەنە ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ھەمدە كەنجى تۈرلەرنىڭ پارچىلىنىشى، بايقالغان - تارقالغان يېڭى رايونلار، ھازىرقى ياشاش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئىزاھلانغان، دۆلەت دەرىجىسى بويىچە دەرىجىگە ئايرىلغان، بۇ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە I دەرىجىلىككە تەۋە بولغان تۈر 30، II دەرىجىلىككە تەۋە بولغان تۈر 92. بۇ كىتابقا يەنە دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار كاتالوگى ۋە خەنزۇچە - لاتىنچە- ئېنگلىزچە نامى ئىندېكسى قوشۇمچە قىلىنغان.

يىن جىڭيۇەن

## شىنجاڭدىكى گۆشخور ياۋا قۇش، ياۋايى ھايۋانلار

بۇ مەخسۇس ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە، جۇغراپىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدىكى ئالدىنقى تۈرى، بوستانلىق ئالىملىرى پىلانى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم نىشانلىق تۈرىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن تاماملانغان نەتىجە بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ئابلىمىت ئابدۇقادىر يازغان. بۇ كىتابنى 2004 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى. پۈتۈن كىتاب گۆشخور قۇشلار (يىرتقۇچ قۇشلار) ۋە گۆشخور ھايۋانلار (گۆشخور ئەمگۈچى ھايۋانلار) دېگەن 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن، تەخمىنەن 200 مىڭ خەتلىك.

بۇ مەخسۇس ئەسەرگە شىنجاڭدا تارقالغان 79 خىل گۆشخور ياۋا قۇشلار - ھايۋانلار (گۆشخور قۇشلار 2 ئەترەت، 3 ئائىلە، 52 تۈر، گۆشخور ھايۋانلار بىر ئەترەت، 3 ئائىلە، 27 تۈر) كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئېكو بىئولوگىيىسى، جۇغراپىيىلىك

تارقىلىشى، هازىرقى قوغدىلىش ئەھۋالى (جۈملىدىن قوغدىلىش دەرىجىسى بىلەن ئۇۋلاپ پايدىلىنىش ئەھۋالى) قاتارلىقلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ھەر بىر تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ مورفولوگىيىلىك خەرىتىسى، تارقىلىش خەرىتىسى ھەمدە بىر قىسىم مورفولوگىيىلىك ئورنى خەرىتىسى ھەمدە شىنجاڭدىكى گۆشخور ياۋا قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە كەنجى تۈرلىرىنىڭ خەنزۇچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە نامىنىڭ سېلىشتۇرمىسى قوشۇمچە قىلىنغان.

يىن جىڭيۈەن

## «قۇرغاق چۆل رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش»

بۇ مەخسۇس ئەسەر دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرىدىكى «قۇرغاق چۆل رايونلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» ۋە «جۇڭغار ئويمانلىقى بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرستىش» تۈرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تاماملانغان. بۇ ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە -جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى چېن يانگىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، 2004 - يىل 12 - ئايدا ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشر قىلدى. پۈتۈن كىتاب 13 باب، 50 پاراگراف، تەخمىنەن 575 مىڭ خەتلىك.

بۇ مەخسۇس ئەسەردە ئىش چۆللۈك ئېكولوگىيە كەسىپ قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ رامكىسى بايان قىلىنىشتىن باشلىنىپ، چۆللۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشى نىشانى، كەسىپ رامكىسى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى، ئېكولوگىيىلىك كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك تولۇقلاش مېخانىزمى قاتارلىقلار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، كونكرېت كەسىپ ۋە كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇرغاق چۆل رايونلار، شور، قۇم - بوران قاتارلىق زەئىپ ئېكولوگىيىلىك شارائىتلار نەزەردە تۇتۇلۇپ، چۆللۈكنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتە شورلۇقلار تەتقىق قىلىنىپ ۋە ئۈلگە كۆرستىلىپ، قۇرغاق چۆل رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشىدا ئېكولوگىيىلىك سىستېما جەريانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تېخنىكا يوللىرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، چۆللۈكنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشىدا ئېكولوگىيىلىك جەريان بىلەن ئىقتىسادىي جەرياننى بىرىكتۈرۈشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈكلۈكى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقى ھەمدە چۆللۈكنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشىدىكى سۇ، تۇپراق، بىئولوگىيە، ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكى ۋە بوستانلىقنىڭ تۇراقلىقلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنىپ، چۆل ئېكولوگىيىلىك رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش بىلەن ماسلىشالايدىغان ئىلمىي ئۈلگە تىكلەپ، جۇڭگونىڭ چۆللۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، چۆللۈكنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشى تېخنىكا قاتلىمى جەھەتتە كۆرگىلى، ئۆلچىگىلى، سېلىشتۇرغىلى، مەشغۇلات قىلغىلى بولىدىغان كەسىپلەشكەن تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

يىن جىڭيۈەن

## غەربىي قىسمىنىڭ تارىخىي مۇھىتى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە دائىر خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تارىخىي جۇغراپىيە كەسپىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇڭگو، جۇڭگو تەيۋەن، شياڭگاڭ رايونلىرى ۋە ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 220 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر شۇكى، غەربىي قىسمىنىڭ تارىخىي مەزگىللىرىدىكى تەبىئىي مۇھىت، گۇمانىتارلىق مۇھىتىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ھەمدە ئۇنىڭ دىنامىكىلىق ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىش؛ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى، قەدىمىي كىتابلار ھەمدە يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، شەرقىي - غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي ئورنىغا بولغان تونۇشى ۋە تەتقىقاتى شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ھەمدە يېقىنقى ۋە هازىرقى زاماندا ئېنىرگىيىنى

ئېچىشىنىڭ تارىخىي جەريانى، جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنىڭ ئوتلاق مەدەنىيىتى ئۈستىدە كۆپ نۇقتىدىن ئىزدىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يىن جىڭيۇەن

## دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ مۇھىت بايلىقى ۋە ئېكولوگىيىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ يېتىلدۈرۈش بويىچە 5 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. تەيۋەن، شياڭگاڭ ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن 147 مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، ئاكادېمىك جىڭ دۈ ۋە تەتقىقاتچى چېن يانىڭ مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىن گوۋۇيۈەن شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ئىشخانىسىنىڭ ۋە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

يىن جىڭيۇەن

## شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن 3 ـ دۇنيا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتى بويىچە ئالىملارنى تەربىيىلەش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن 3 ـ دۇنيا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتى بويىچە ئالىملارنى تەربىيىلەش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. نۇقتىلىق تەربىيىلەيدىغان تەتقىقات ساھەسى مۇنۇلار: بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ۋە بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مۇھىت ئۆزگىرىشى، قۇرغاق رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە رايونلارنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، چېتىشلىق بولغان پەنلەر تەبىئىي جۇغراپىيە، گۇمانىتار جۇغراپىيىسى، مۇھىت پەنلىرى، تۇپراقشۇناسلىق، زوئولوگىيە، بوتانىكا، سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش بىلەن قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلمى، كارتوگرافىيە ۋە جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى بىلەن ئېكولوگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭ ئېكولوگىيە، جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى قارىمىقىدىكى فۇكاڭ چۆللۈك ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى كۆزىتىش تەجرىبە پونكىتى، چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتى، ئاقسۇ گورىزونتال تەجرىبە پونكىتى ۋە تۇرپان قۇم تەتقىقات پونكىتى تەتقىقات ئۈچۈن كەلگەن چەت ئەللىك ئالىملارنى كۈتۈۋېلىش شارائىتىنى هازىرلىدى.

يىن جىڭيۇەن

# فىزىكا

## ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن Linux سىستېمىسى ئاساسىدىكى ئۇنىۋېرسال بايلىق ئەمەلىي سىستېمىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ۋە ئەمەلىي تەتقىقات

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيات پىلانى (863) — «رەقەملىك هاڭ غەربىي قىسىم ھەرىكىتى» تۈرى بولۇپ، 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى «863» مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. تۈرنى ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا «ئەلا دەرىجىلىك» دەپ يەكۈن چىقىرىلدى، 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىشتە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.

بۇ تۈردە، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن NC، Linux ئاپپاراتى، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن OFFICE قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئاساسىدا، ھالقىما سۈپىلىق، كۆپ خىل ياردەمچى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، بىخەتەرلىكنى تىزگىنلەش، ياردەمچى ئېلېكترونلۇق ئامىمۋى ئۇچۇر سۈپىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىي باشقۇرۇلىدىغان، ئۆز ئالدىغا مۇلۇك هوقۇقىغا ئىگە يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى — «غەربىي شىمال يۇلتۇزى ئۇچۇر ئېلان قىلىش سىستېمىسى» مۇۋەپپەقىيەتلىك بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، CPU تىن سىستېمىلىق يۇمشاق دېتال، ئەمەلىي يۇمشاق دېتال، NC تېرمىنالىغىچە بولغان مۇكەممەل ئەمەلىي زەنجىر شەكىللەنگەن. ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن Linux، بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى، يۇڭجۇڭ OFFICE بىر يۈرۈش ئىش پروگراممىسى ئاساسىدا، مەمۇرىيەت ئۇچۇر بايلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تارقاقلاشتۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن نادىر يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال مەھسۇلاتلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشى ساھەسىدە كېڭەيتىپ قوللىنىشتىن مەھرۇم بولۇشتەك چەت ئەل مونوپوللۇقى بۇزۇپ تاشلانغان. شارائىت هازىرلانغان

ئىشلىتىش ساھەسىدە ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن نادىر يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىپ قوللانغاندا، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئازايتقىلى، سىستېمىنىڭ قاتتىق - يۇمشاق دېتال دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىلى ۋە ئاسراش ھەققىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

# ئاسترونومىيە

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى نەتىجىلىرى

پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاكادېمىك يې شۇخۇا قاتارلىق 7 مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ «ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئېمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش سىستېمىسى» تېمىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتتى. باھالاش ھەيئىتى بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى، ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئېمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىشى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنى جۇڭگو بويىچە ئېمپۇلس يۇلتۇزىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇردى. تۈرنى يولغا قويۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان خەلقئارا ھەمكارلىق ئارقىلىق، دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىلىك كۆزىتىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان ھەمدە ئېمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش جەھەتتە خەلقئارا تەسىرگە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ تۈر دۆلەت رەسەتخانىسى تەرىپىدىن 2004 - يىللىق «10 چوڭ ئاسترونومىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى» بولۇپ باھالاندى.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى نەنشەن بازىسىنىڭ 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپى ئۈنۈملۈك كۆزەتكەن ۋاقىت 4102.2 سائەتكە يەتتى.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى ئۆتكەل گۇرۇپپىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپنىڭ VLBI تېرمىناللىق سانلىق مەلۇمات خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ياخشىلاپ، MK4 سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى 5 - ئەۋلادقا يەنى MK5 سىستېمىغا ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ تېرمىناللىق تىزگىنلىنىدىغان يۇمشاق دېتال FS نىڭ دەرىجىسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆستۈرۈلدى. MK5 سىستېمىسىنىڭ قوللىنىلىش قىممىتى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قاتتىق دىسكىنى خاتىرىلەش ۋاستىسى قىلغاچقا، سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش سۈرئىتى 1Gbps شارائىتتا ئىش ئورنىدا ئادەم بولمىسىمۇ 24 سائەت كۆزىتىپ خاتىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، شۇڭا بۇ قېتىمقى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ياخشىلاش ئىشى ئەسلىدىكى تېرمىناللىق سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلگەن MK4 سىستېمىلىق ماگنىتلىق دىسكا بىلەن خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، خەلقئارادىكى VLBI كۆزىتىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا غايەت زور قولايلىق يارىتىپ بەردى.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى 6 سانتىمېتىرلىق قوش قۇتۇپلۇق سوۋۇتۇلغان رادىئو قوبۇللىغۇچنى قۇراشتۇرۇش ئىشىنى تاماملىدى ھەمدە ئۇنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، سىناق تەرىقىسىدە كۆزىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ قېتىم سىناق تەرىقىسىدە كۆزىتىپ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم سامانيولىنىڭ تەكشى تۇتاش سپېكترى ھەمدە قۇتۇپلۇق يېيىلغان تەسۋىرىنى ئۆلچەپ چىقتى، ئۇ، جۇڭگونىڭ رادىئو ئاسترونومىيە ساھەسىدە شۇنىڭدىن باشلاپ سامانيولى تەكشىلىك ئاسمىنى ۋە قۇتۇپلۇق ئۆلچەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سىستېمىنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازى ۋە تېمپېراتۇرا دەرىجىسى K20 بولۇپ، رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى قاتارلىق بىر قىسىم كۆرسەتكۈچلىرى ھەتتا گېرمانىيىنىڭ 100 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپىنىڭ شۇ خىلدىكى رادىئو قوبۇللىغۇچنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇ سىستېما خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى 2004 - يىل 5 - ئايدا 40 سانتىمېتىرلىق نازۇك فوتو ئېلېكترلىق تېلېسكوپنى قۇراشتۇرۇش ئىشىنى تاماملىدى، 8 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈپ كۆزىتىپ ئۆلچەش ئېلىپ باردى. بىر يىلدا 6704 ئۈنۈملۈك ئورام سانىنى كۆزىتىش ئىشىنى تاماملىدى. ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھنى كۆزىتىش جۇڭگو بويىچە شۇ خىلدىكى نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان كۆزىتىش ئىچىدە كۆزەتكەن سانلىق مەلۇماتى ئەڭ كۆپ بولدى، شۇنداقلا، بۇ كۆزىتىش شارائىتى ئەڭ ياخشى بولغان كۆزىتىش پونكىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئاي شارىنى ئايلىنىپ كۆزىتىش قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى VLBI ئوربىتا كۆزىتىش پونكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى 25 مېتىرلىق ئانتېننا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى توك مەنبەلىرىنى

ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە VLBI ئوربىتا كۆزىتىش پونكىتى سىستېمىسىنىڭ بارلىق ئانتېنىسىنىڭ كۆزىتىش يۈمشاق دېتال پروگراممىسىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى رىياسەتچىلىك قىلغان تەبىئىي پەن فوندى تەتقىقات تۈرى 3 (2 تۈر ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشتۇرۇلدى)، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاساسىي تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ نىشانلىق تېمىسى بىر، «غەربىي قىسىم نۇرى» تۈرى بىر، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرى بىر. 2004- يىلى 20 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە SCI غا كىرگۈزۈلگەن ئىلمىي ماقالە 8 پارچە. ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ئېمپولس يۇلتۇزنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتى، يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى نۇر چېچىش، ياش ئېمپولس يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدە تېز ئۆزگىرىشى، ئېمپولس يۇلتۇزىدىكى نۇلنىڭ يوقىلىشى، پائالىيەتچان يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ يادروسى قاتارلىق تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جاڭ جىن

# دېھقانچىلىق

## «شىنجاڭ كۆزگىسى — 26» دېھقانچىلىق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك تۈرى ئىشخانىسى ياردەم بەرگەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن كۆزگى بۇغداينىڭ يېڭى سورتى — «شىنجاڭ كۆزگىسى - 26» 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 23 - كۈنى دېھقانچىلىق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە شورغا چىدامىلىق تۇنجى بۇغداي سورتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئاپتونوم رايوننىڭ شورغا چىدامىلىق بۇغداي سورتىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«شىنجاڭ كۆزگىسى — 26» (شورغا چىدامىلىق 101) كۆزگى بۇغداينى شور مىقدارى %2 بولغان سولفاتلىق يېڭى بوز يەردە بىۋاستە تېرىشقا بولىدۇ، مايسىنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى %75تىن ئاشىدۇ، ئادەتتىكى سۇغىرىش شارائىتىدا، ھەر مو (0.067 گېكتار) يەرنىڭ ھوسۇلىنى 200 — 300 كىلوگرامغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ؛ شور مىقدارى %0.6 — %1 بولغان شورلۇق تېرىلغۇ يەرلەرگە تېرىغاندا ھەر مو (0.067 گېكتار) يەرنىڭ ھوسۇلىنى 290 كىلوگرامغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. «شىنجاڭ كۆزگىسى — 26» بۇغداي سورتى خېلى ياخشى مول ھوسۇللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھاشارات، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۈچسىزلىككە بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتى خېلى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر خىل شورلۇق يەرلەردە ۋە ئوتتۇراھال، يۇقىرى مۇنبەت يەرلەردە تېرىشقا ماس كېلىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ كۆپ خىل ئېكولوگىيىلىك تىپتىكى كېسەللىككە چىدامىلىق سۈپەتلىك يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، مەملىكەت بويىچە ئاۋۋال يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ قوغۇن - تاۋۇزنىڭ كۆپ خىل ئېكولوگىيىلىك تىپتىكى كېسەللىككە چىدامىلىق سۈپەتلىك يېڭى سورتىنىڭ ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىئو تېخنىكا، بوشلۇقتا ئالداپ ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى، يادرو تېخنىكىسى، مولېكۇلا بەلگىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە ئادەتتىكى ئۇسۇلدا ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرىكمە ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان. ئىككىنچى، 4 يىل سەرپ قىلىنىپ، شىنجاڭدا ۋە مەملىكەت بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك رايونلاردا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ساپ سۈپەتلىك، كېسەللىككە چىدامىلىق قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يېڭى سورت لىنىيىسىدىن 8ى تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇننىڭ يېڭى سورتى 5، تاۋۇزنىڭ 3؛ شىنجاڭدا ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان سورتلۇق كەنجى قوغۇننىڭ 3 خىل يېڭى بىرىكمە سورتى يېتىشتۈرۈپ

چىقىلغان. ئۈچىنچى، قوغۇننىڭ سۈپىتى چۈرۈك، يېپىشلىك، مەركىزىي قىسمىدىكى دىئوپترىك قەنت مىقدارى 15.2% — 17.4% كە، تاۋۇزنىڭ سۈپىتى ئەلا بولۇپ، مەركىزىي قىسمىدىكى دىئوپترىك قەنت مىقدارى 12% — 13%كە يەتكەن. تۆتىنچى، 6.8 گېكتار يەردە تېرىپ سىناق قىلىنىپ، ئاز كەم 4000 نۇسخا ماتېرىيال قولغا كەلتۈرۈلدى، 220 دانە قوغۇن - تاۋۇز بىرىكمىسى بىرىكتۈرۈپ چىقىلدى.

جاۋ شىن

## سۈپەتلىك، ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، تېخنىكىنى تولپلاشتۇرۇش ئۇستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىق ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تورپان ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، ئاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، كورلا شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2004-يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 19» ۋە ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 16» ۋە «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 20» تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن. «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 16» نىڭ ئوتتۇرىچە تالا سېلىشتۇرما چىڭلىقى 32.8g/tex ، 2.5% نىڭ ھالقىما ئۇزۇنلۇقى 35.8 مىللىمېتىر، ماكلون قىممىتى 3.73؛ «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 20» نىڭ سۈپىتى ئەلا بولۇپ، تالا سېلىشتۇرما چىڭلىق دەرىجىسى 34.7g/tex ، 2.5% نىڭ ھالقىما ئۇزۇنلۇقى 36.85 مىللىمېتىر، ماكلون قىممىتى 4.1 بولۇپ، مىسىرنىڭ سۈپەتلىك ئۇزۇن تالالىق پاختا سورتى بىلەن گۈزەللىك جەھەتتە رىقابەتلىشەلەيدۇ. ئىككىنچى، بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ سۈپەتلىك ئەسلى سورتى «ئۆزىدىن چاڭلاشتۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بېكىتىلگەن، بۇ تېخنىكا ئوتتۇرىچە ئاز كەم 20 مىڭ گېكتار يەردە قوللىنىلدى. ئۈچىنچى، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى تولپلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈلگەن ھەمدە ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ مو بېشى (0.067 گېكتار) ھوسۇلى 120 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق تېخنىكا سۈپىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. تۆتىنچى، شىنجاڭ ئۇزۇن تالالىق كېۋىزىدە بولىدىغان سولىشىپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى، كېسەل پەيدا بولۇش مېخانىزمى، قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىپ، سولىشىپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

4 يىل سەرپ قىلىنىپ، ئەلا دەرىجىلىك، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 16» سورتى 19 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، يېڭىدىن ئاشقان ئۈنۈمى 51 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئەلا دەرىجىلىك، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنى تولپلاشتۇرۇپ يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى ئاۋات ناھىيىسى ۋە كورلا شەھىرىدە 70 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك يەردە قوللىنىلدى، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 86 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

جاۋ شىن

## 9WZC—30 تىپلىق ئۆزى يۈرەر زىيادە ئاز مىقدارلىق تۇمانلىتىش ماشىنىسى

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 26-كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

بۇ سايمان ھەممىباب ئۆزى يۈرۈش سىستېمىسى، ئېلېكترون ماگنىتلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تىزگىنەك سىستېمىسى، مۇستەقىل ئىشلەيدىغان گېنېراتور گۇرۇپپىسى، گاز كۈچى بىلەن دورا يەتكۈزىدىغان يېڭى تىپتىكى بۈيۈملاشقان قوش ئېقىملىق جىسىم سىستېمىسى، تۇمان تامچىسىنى شامال بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش سىستېمىسى، ھەرىكەتچان تېرەك جازا ھەمدە سىرتقى مۇھاپىزەت قاپقىقى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىستېمالچىلار ئوخشاشمىغان ئېھتىياجغا قاراپ، خالىغانچە مۇستەقىل يۈك سىستېمىسى ۋە تۇمانلىتىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت 2 سىستېمىنى ئاجرىتالايدۇ، شوپۇرلار ئۇنىڭ ئېلېكترو ماگنىتلىق گاز بىلەن

ھەرىكەتلىنىدىغان تىزگىنەك سىستېمىسىدىكى كونۇپكا ئارقىلىق تۇمانلىتىش سىستېمىسىنى باشقۇرالايدۇ، ھەرىكەتچان بۆلەكلەردە ئوخشاشمىغان مەشغۇلات ئورنىنى تەڭشەپ ئىشلەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ سايمان ھەرىكەتچانلىقى يۇقىرى، مەشغۇلاتى ئاددىي، تىزگىنلىنىشى توغرا، ئاسراش قۇلايلىق، ئۆتكۈزۈشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە چىرىشتىن ساقلىنىش، كۆركەم، تۇمان تامچىلىرى تەكشى، چېكەتكە يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، تار، ئۇزۇن جايلاردىكى كەڭ يايلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا باب كېلىدۇ. سايماننىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، 3 تۈر بويىچە دۆلەتنىڭ ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتىغا يوللانغان ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى.

جاۋ شىن

## 9SB — 2.4 تىپلىق يايلاق توپىسىنى بوشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسى

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 26-كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

بۇ سايمانغا ئىلغار، ياراملىق، كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇرۇق سەپكۈچ ئىشلىتىلگەن، ئۇرۇق سەپكۈچتىن چېچىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى كەشىپ قىلىنغان، ئۇرۇق سېپىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوت - چۆپ، دانلىق ئوت - چۆپ ئۇرۇقىغا ماسلىشىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئۇرۇق سېپىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلگەن، چوڭ پۇرژىنلىق تىك سوقا پىچىقى بىلەن ئورەك قېزىش بۆلەك زاپچىسى، «T» شەكىللىك ياتما سوقا پىچىقى ئورنىتىلغان ئورەك قازغۇچ، ئوغۇت سېپىش قۇرۇلمىسى، قوزغىغۇچى قۇرۇلما ياخشىلاپ لايىھىلەنگەن، پۈتكۈل سايماننىڭ ماسلىششچانلىقى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە تېجەشلىك خۇسۇسىيىتى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلگەن. 2 تۈر ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتىغا ئېرىشتى ھەمدە 2 تۈر بويىچە ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتىغا سۇنۇلغان ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى. تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

جاۋ شىن

## شىنجاڭدا غوزا قۇرۇتى ۋە يوپۇرماق پىتىغا تاقابىل تۇرالايدىغان كېۋەزنىڭ ئۆزگەرتكۈچى گېنى تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى

بۇ دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇ تۈر 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىلمۇ يىل كۆپىيىشى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ئاپىتى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇشتەك ئەھۋاللار نەزەردە تۇتۇلۇپ، ھاشاراتلارغا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك بولغان قوش ۋالېنتلىق گېن (BT+GNA) كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ گۈل چېڭى نەيچىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورت (لىنىيىسى) قا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلگەن. باھالاش - تاللاش ئارقىلىق، ئېرسىيىتىنى مۇقىملاشتۇرالايدىغان ھاشاراتقا قارشى 21 تۈپ لىنىيىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ پاختا گېنى كەلتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېرسىيەت ئۆزگەرتىش سىستېمىسى ۋە مولېكولا بىئولوگىيىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇنى باھالاش تېخنىكىسى تۇرغۇزۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھاشاراتقا قارشى ئۆزگەرتكۈچى گېنلىق پاختا سورتىنى تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىنغان.

جاۋ شىن

## شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى يامان سۈپەتلىك ياۋا ئوت - چۆپ يۆگىمەچنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: تۇنجى قېتىم شىنجاڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى ياۋا ئوت - چۆپ بىر قەدەر ئەتراپلىق تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ كېۋەزلىكلىرىدە 19 ئائىلىگە، 50 تۈرگە تەۋە ياۋا ئوت - چۆپ بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، ئۇنىڭ زىيانلىق دەرىجىسى جۈملىدىن يامان سۈپەتلىك ئوت - چۆپ يۆگىمەچنىڭ شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى ياۋا ئوت - چۆپ ئىچىدە

ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۇر تۈپى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. يۈگىمەچنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى دەسلەپتە ئېنىقلىنىپ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان مەزگىل خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى يۈگىمەچنى يوقىتىشقا ماس كېلىدىغان ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىدىن ستاران، گلىفوسات، ترىفتورفلازا سۈلفۇرۇندىن ئىبارەت 3 خىل دورا ۋە ستاران+ گلىفوسات ربتسپپىدىن بىرى، ئەڭ ياخشى دورا مىقدارى، ئەڭ ياخشى ئىشلىتىش ئۇسۇلى تاللاپ چىقىلغان، بۇلار يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

جاۋ شىن

## ئوتتۇرا، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى — 9» نى سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇرۇشلۇك ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەشكە دائىر پەن تەتقىقات مەخسۇس فوندى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 17- كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

«شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى — 9»، شىنجاڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن قۇرۇقلۇق تىپتىكى ئوتتۇرا، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ تۇنجى يېڭى سورتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمۋىرسال شەكلى (چىڭلىقى، تالاسى ئۇزۇن بولۇش) ياخشى، ھوسۇل يۇقىرى. بۇ تۈردە 2 يىل سىرپ قىلىنىپ، قويۇقلۇقى، سۇ - ئوغۇت، خىمىيىلىك تەڭشەش، ئۇچىنى ئۈزۈش، تېرىش ۋاقتىدىن ئىبارەت 5 مەزمۇن بويىچە رايونلاشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە - نەمۇنە ئېتىزى بەرپا قىلىنىپ، كۆپ مىقداردا ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى - 9» نى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كېڭەيتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان ۋە بىر يۈرۈش سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلغان، بۇ، پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جاۋ شىن

## سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن يۇقىرى زىچلىقتا ئۈۋىلاپ كېۋەز تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق سېلىش سايمىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قوللىنىش

بۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش پەن تەتقىقات مەخسۇس فوندى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تەجرىبىخانا ۋە ئېتىزلىقلاردا كۆپلەپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مۇنۇلار ئىسپاتلاندى: تەتقىق قىلىپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن يۇقىرى زىچلىقتا ئۈۋىلاپ كېۋەز تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق سېلىش سايمىنىنىڭ ئۇرۇق سېلىش ئىقتىدارى لايىھىدىكى تەلەپكە يەتكەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇرۇق سېلىش سايمىنىدىن ھەر بىر تۆشۈككە سېلىنغان ئۇرۇق ئەسلىدىكى 4 — 6 دانىدىن 2 — 3 دانىگە، تۆشۈك نىسبىتى %2تىن %1كە ئازايتىلغان، تۆشۈكتىكى ئۇرۇق سانىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %88تىن ئاشقان، جۈپ ئۇرۇق سانى %76كە يەتكەن. 2003- يىلى بۇ تېخنىكا قەشقەر بىلەن كورلىدا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، 2 ئورۇندا كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن ئۈۋىلاپ تېرىش سايمىنىدىن 80 يۈرۈش قۇراشتۇرۇلدى، مۇشۇ بىر تۈردىلا پاختىكارلارغا ئۇرۇقلۇق چىگىت خىراجىتىدىن 720 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تېجەپ بېرىلدى.

جاۋ شىن

## شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ شالغۇت ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تۆۋەندىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچى، ئۇرۇق ئىشلەش تېخنىكىسى ياخشىلىنىپ، ئىلگىرىكى گۈل چېكىنى سۈنئىي يىغىش ۋاقتى قىسقارتىلىپ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلگەن. ئىككىنچى، شېكەر ئېرىتمىسى ۋە قوناق پۆپۈكىدىن چىققان گۈل چېكىدىن

پايدىلىنىپ، تۇمانلىتىش ئۇسۇلى بىلەن چاڭلاشتۇرۇلۇپ، گۈل چېچىكىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى تېجىلىپ، چاڭلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلگەن. ئۈچىنچى، ئەلا شالغۇت بىرىكمىسى تاللاپ چىقىلغان. تۆتىنچى، تېرىلىدىغان ھەر خىل كېۋەز بايلىقىغا دائىر 195 پارچە ماتېرىيال كىرگۈزۈلۈپ، ھەر خىل شالغۇت بىرىكمىسىدىن 201ى سەپلەپ چىقىلغان.

جاۋ شىن

## ئۈزۈم قۇرۇتۇش دورىسى CU—4

بۇنى شىنجاڭ خۇيپۇ باغۋەنچىلىك يېڭى تېخنىكا شىركىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 11- ئاينىڭ 23 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكىلىق مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، يېمەكلىكلەرگە ئىشلىتىلسە بىخەتەر ھەم زەھەرسىز.

بۇ تۈردە تۆۋەندىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، يېڭى مەھسۇلاتنىڭ سۇدا ئېرىشچانلىقى ياخشى، ئېمۇلسىيە تۇراقلىقلىقى كۈچلۈك، تۇزغاقسىمان مادىلار يوق ۋە تىنىپ قالمايدۇ، ماي بىلەن سۇ ئاجرالمايدۇ، قۇرۇتۇش ئۈنۈمى ياخشى؛ ئىككىنچى، بازاردىكى شۇ خىل مەھسۇلات بىلەن سېلىشتۇرغاندا قۇرۇتۇشقا كېتىدىغان كۈن سانى 6 كۈن ئازايتىلغان، يېشىل ئۈزۈم دانچىسى 56.59 پىرسەنت پۇئېنتىغا يېتىدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇ مەھسۇلاتنىڭ قوللىنىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۈزۈم قۇرۇتۇشقا ئىشلەتكەندىن باشقا يەنە ئۆرۈك، قارا ئۆرۈكنى قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، بۇ مەھسۇلات ئاساسەن نەپىس خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى بولۇپ، سۈپىتى دۆلەتنىڭ يېمەكلىك ئۆلچىمىدىكى تەلەپكە يەتكەن.

2004 - يىلى بۇ يېڭى مەھسۇلاتتىن 100 قاپ كېڭەيتىپ ئىشلىتىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك ئۈزۈمدىن 40 مىڭ توننا قۇرۇتۇلدى. ھەر كىلوگرام ئۈزۈمدىن ئاشقان كىرىمنى 0.5 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، ئاشقان كىرىم 20 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

جاۋ شىن

## گۈللۈك سەي پۇرچاق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، قابا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 3 يىل تەجرىبە - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق گۈللۈك سەي پۇرچاقنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان سالىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكنىڭ تۈرلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق باكتېرىيە بېكىتىلگەن؛ ئېغىر زىيان سالىدىغان زىيانلىق ھاشارات تۈرلىرى ئېنىقلانغان؛ ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش دورىسى تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان؛ تېجەشلىك، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولغان كۆپ خىل ئالدىنى ئېلىش دورىسى تاللاپ چىقىلغان؛ دېھقانچىلىقتا كېسەللىك ۋە ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلغان؛ سورتلارنىڭ چېكىنىشى، ئۇرۇقتا باكتېرىيە يۇقۇپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر نەزەردە تۇتۇلغان، 67.47 گېكتار ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشى تاماملانغان.

1999 - يىلى قابا ناھىيىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن يەر كۆلىمى 2800 گېكتارغا، 2000 - يىلى 1600 گېكتارغا، 2001 - يىلى 1900 گېكتارغا يەتتى، 3 يىلدا جەمئىي 6300 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، ھەر كىلوگرامنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسىنى 2.98 يۈەن بويىچە ھېسابلىغاندا جەمئىي ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 240 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىدۇ.

جاۋ شىن

## زاراڭزىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتىنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش

بۇ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە زاراڭزا يېڭى سورتىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى ۋە ئۇرۇق سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى، زاراڭزىنىڭ يېڭى سورتىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا

قىلىنغان ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلغان، 133 گېكتار يەردە زاراڭزىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈلگە ئېتىزى بەرپا قىلىنغان، 267 گېكتار يەردە زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق كۆپەيتىلگەن، 500 تونىنا «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 4» نىڭ ئۇرۇقبىنى ئىشلەپچىقىرىش پىششىقلاش ئىقتىدارى شەكىللەنگەن؛ ئۇرۇقنىڭ ساپلىق دەرىجىسى 95%كە، پاكىزلىق دەرىجىسى 98%كە، بىخلىنىش نىسبىتى 90%تىن كۆپرەككە، ماي نىسبىتىنىڭ تۇراقلىقلىقى 38%تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلگەن؛ «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 4» يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈلگەن ئۈلگە ئېتىزىنىڭ مو بېشى (0.067 گېكتار) ھوسۇلى 125 كىلوگىرامغا يېتىپ، ھازىرقى بىرلىك ھوسۇلىدىن 25% ئاشقان؛ زاراڭزا تالاسىنىڭ مو بېشى (0.067 گېكتار) ھوسۇلى 20 كىلوگىرامغا يەتكەن.

جاۋ شىن

## سۆپەتلىك ئوتتۇرا - ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ سۆپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تۆۋەندىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، سۆپەتلىك ئوتتۇراھال - ئۇزۇن تالالىق پاختا «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋەزى — 9» نىڭ ئەسلى ئۇرۇقىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ كۆپەيتىش ۋە سۆپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان، بىر گېكتار يەردە يادرولۇق ئۇرۇقنىڭ توپ قۇر - توپ لىنىيە باغچىسى، بىر گېكتار يەردە تۈنجى ئەسلى ئۇرۇق ئېتىزى، 10 گېكتار يەردە ئەسلى ئۇرۇق ئېتىزى بەرپا قىلىنىپ، يىلىغا ئەسلى ئۇرۇقتىن 15 تونىنا ئىشلەپچىقىرىلغان، ئەسلى ئۇرۇقنىڭ ساپلىق دەرىجىسى 99.8%كە يەتكەن؛ ئىككىنچى، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋەزى — 9» نى يادرو قىلىپ، سۆپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇرۇشلۇك ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان؛ ئۈچىنچى، خام ماتېرىيال پاختىسىنى ئۈلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۆپىتىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان.

جاۋ شىن

## ماي ماددىسى يۇقىرى، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان كۆك كومىمقوناقنىڭ شالغۇت ئۇرۇقىنى كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تاللاش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە «ماي ماددىسى يۇقىرى — 115» قاتارلىق 4 خىل كۆممىقوناق سورتى كەلتۈرۈلگەن ۋە تاللاپ چىقىلغان، «شىنجاڭ كۆك يەم - خەشىكى — 1»، «شىنجاڭ كۆك يەم- خەشىكى — 2»، «شىنجاڭ كۆك يەم - خەشىكى — 3» قاتارلىق يەم - خەشەك قونىقىنىڭ 3 خىل مەخسۇس شالغۇت ئۇرۇقى تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن ۋە تاللاپ چىقىلغان، «شىنجاڭ ئاق نومى — 1» قاتارلىق 4 خىل نومى قونىقىنىڭ شالغۇت ئۇرۇقى كەلتۈرۈلگەن ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كۆممىقوناقنى ئالاھىدە سۆپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ۋە ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنغان ۋە يەكۈنلەنگەن ھەمدە تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بىر قىسىم ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار ھەل قىلىنغان.

جاۋ شىن

## تېرەكتىن غوزا قۇرۇتنى ئالدىغۇچى ئاكتىپ ماددا ئاجرىتىۋېلىش ۋە ئۇنى ئېتىزلىقتا قوللىنىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تېرەكتىن ئاكتىپ ماددىلارنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئاجرىتىۋېلىش ئىشى تاماملانغان، 12 گۇرۇپپا ئەۋرىشكە ئاجرىتىۋېلىنىپ، ئېتىزلىقتا سىناق قىلىشقا ئىشلىتىلگەن، ئەۋرىشكە مىقدارى 10 — 1000 مىللىگرام ئارىلىقىدا بولغان؛ تېرەكتىن ئاكتىپ ماددا چىقىرىۋېلىش ۋە ئاجرىتىۋېلىش تېخنىكىسى تۈزگۈزۈلگەن ھەمدە ياخشىلاش، ئاددىيلاشتۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان؛ ئاكتىپ ماددا چىقىرىۋېلىش ۋە ئاجرىتىۋېلىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلەنگەن، ئاجرىتىۋېلىنغان ماددا ئېتىزلىقتىكى غوزا قۇرۇتنى ئالداشتا مەلۇم رول ئوينىدى. ئاكتىپ ماددا ئېتىزلىقتا ئۆلچەپ سىناش

ئارقىلىق ئېتىزلىقتا دەرەخ شېخىنى سانجىپ پەرۋانىنى ئالداشتا قوزغىتىش خاراكتېرلىك يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولدى.

جاۋ شىن

## قىزىلچىنىڭ گېرمپلازما بايلىقىنى كەلتۈرۈش، توپلاش ۋە يېغىلىق يارىتىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 4 يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق گېرمپلازما بايلىقىنى كەلتۈرۈش، ئىئوننى شپرىسلاپ كىرگۈزۈش ۋە سۇنئىي شالغۇتلاشتۇرۇپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشتە يېغىلىق يارىتىلغان ماتېرىياللارنى قوللىنىش، ئەجداد بويىچە تاللاش، كۆپ دەۋرلىك ئايلانما چېتىشتۈرۈپ تاللاش ئارقىلىق مىكرولۇق كۆپەيتىش قاتارلىق تېخنىكا ۋاسىتىسى ۋە ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قىزىلچىنىڭ يېتىشتۈرۈلگەن 11 خىل ئۇرۇق ماتېرىيالى ياخشىلانغان ۋە ئۇنىڭدا يېغىلىق يارىتىلغان؛ شالغۇت ئەۋزەللىكىنى باھالاپ بېكىتىش، بارلىق يېقىن تۇققانلىرىنى ئۆزئارا كۆپ دەۋرلىك ئايلانما چېتىشتۈرۈپ تاللاش ۋە قاتتىق ئايرىپ قويۇپ مەجبۇرىي ھالدا ئۆز تېنىدا چېتىشتۈرۈپ تاللاش ئارقىلىق، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئومۇمىي شەكلى ئەڭ ياخشى بولغان قىزىلچىنىڭ بىر يېڭى سورت لىنىيىسى يېتىشتۈرۈلگەن. بۇ سورت لىنىيىسىنىڭ يەككە تۈپ ئېغىرلىقى 0.3 — 0.5 كىلوگرامغىچە بولۇپ، تۇگۈنەك يىلتىزىنىڭ مو بېشى (0.067 گېكتار) ھوسۇلى 2500 كىلوگرامغا، ئاقسىل ماددىسى مىقدارى %25.2كە، 100 گرام قىزىلچىنىڭ قىزىل پىگمېنت مىقدارى 415 مىللىگرامغا يەتكەن ھەمدە شىنجاڭغا قىزىلچا سورتىنى رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە قاتناشتۇرۇلغان.

جاۋ شىن

## مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان (چىدامىلىق) شالغۇت سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن تېرىشقا بولىدىغان ھەر خىل ئاپتاپپەرەس بايلىقىدىن 91 نۇسخا كەلتۈرۈلدى، بۇ «ئۈچ لىنىيە» ماتېرىيالى ۋە شالغۇت سورتىنىڭ F1 ئەۋلادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماي كىسلاتا مىقدارى %75 بولغان 5 — 6 نۇسخا ماتېرىيال، 5 — 8 نۇسخا كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان (چىدامىلىق) ماتېرىيال تاپشۇرۇلدى؛ چىلگە شالغۇت بىرىكمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى 90 — 95 كۈنگە، ماي نىسبىتى %47كە يەتتى، بىرلىك ھوسۇلى «شىنجاڭ شالغۇت ئاپتاپپەرىسى — 5»كە قارىغاندا %10 ئاشتى؛ ئاراپىشار ۋە كەنجى شالغۇت بىرىكمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى 110 — 115 كۈنگە، ماي نىسبىتى %47كە يەتتى، بىرلىك ھوسۇلى G101گە قارىغاندا %10تىن كۆپرەك ئاشتى؛ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك 248، 1K020 ۋە 3K412، 3K360 قاتارلىق 4 خىل شالغۇت بىرىكمىسى يېتىشتۈرۈلدى، 3 يىلدا يېتىشتۈرۈلگەن ماتېرىيال 4041 نۇسخىغا، شالغۇت بىرىكمىسى 903 نۇسخىغا يەتتى.

جاۋ شىن

## قاشقا بېدىنى زىرائەت بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرىكتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش

بۇنى شىنجاڭ باي ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، 1982 — 2003 - يىلغىچە باي ناھىيىسىدىكى 18 يېزا - مەيداندا قۇر ئارىسىغا كېڭەيتىپ تېرىلغان قاشقا بېدە كۆلىمى 146 مىڭ 500 گېكتارغا يەتكەن، 2003 - يىلغا قەدەر كېڭەيتىلگەن كۆلىمى ناھىيە بويىچە بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %68ىنى ئىگىلىگەن، قۇرۇتۇلغان قاشقا بېدە 749 مىڭ تونىنا ئاشقان؛ ئىككىنچى، قۇر ئارىسىغا قاشقا بېدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلغان رايونلار بىلەن ئادەتتىكى تېرىلغۇ رايونلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ، فىزىكىلىق قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، تۇپراقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %53 ئۆسكەن، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن

پايدىلىنىش نىسبىتى ئادەتتىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدىكى %24.1تىن ئۆسۈپ، قاشقا بېدە نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تېرىلغان رايونلاردىكى %1.91 كە يەتكەن؛ ئۈچىنچى، قۇر ئارىسىغا قاشقا بېدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلغان رايونلار بىلەن ئادەتتىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، شۇ يەسىلدىكى بۇغداينىڭ مو بېشى (0.06 گېكتار) ھوسۇلى 45 — 134 كىلوگرام ئاشقان، ئېشىش ھەجمى %16تىن %46كە يەتكەن، كېيىنكى پەسىلدىكى كۆممىقوناق ھوسۇلى 50 — 163 كىلوگرام ئاشقان، ئېشىش ھەجمى %7.8تىن %29.5 كە يەتكەن. بۇغداينىڭ قۇر ئارىسىغا قاشقا بېدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلغان رايونلاردا ھەر مو (0.06 گېكتار) يەردىن 672 كىلوگرام قۇرۇتۇلغان قاشقا بېدە ئېلىنغان؛ تۆتىنچى، بىر كىلوگرام بۇغداينىڭ يەككە باھاسىنى 1.5 يۈەن، بىر كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ يەككە باھاسىنى 9 يۈەن بويىچە ھېسابلىغاندا، قۇر ئارىسىغا قاشقا بېدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلغان رايونلار بىلەن ئادەتتىكى رايونلارنى سېلىشتۇرغاندا، ھەر موسى (0.06 گېكتار) دىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 442.52 يۈەنگە يەتكەن.

جاۋ شىن

## شىنجاڭدىكى ھۆل ئۈزۈم سۈپىتىنى چەكلەيدىغان ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات — ئاق كىشمىش ئۈزۈم دانچىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بىر نەچچە يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورت ئاق كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ سۈپىتىنى چەكلەيدىغان ئامىل ئۈزۈم دانچىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش مەسىلىسى بىر قەدەر ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، چېچەكلەپ 10 — 15 كۈن ئىچىدە 50 — 80 مىللىگرام LGA3+5 مىللىگرام / LCPPU دورىسى بىلەن مېۋە ساپىقى ئۈچىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن 20 — 25 كۈن ئىچىدە ئاساسلىق ساپىقى ياكى مېۋىلىگەن شاخنى ھالقىسمان سويۇپ بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۈزۈۋېلىشتىن 5 — 10 كۈن بۇرۇن 50 — 100 مىللىگرام/L2، D—4 دورىسى بىلەن مېۋە ساپىقى ئۈچىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۈزۈم مېۋىسىنىڭ ساڭگىلاشقا ۋە ساقلاش - توشۇشقا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئۈزۈم دانچىلىرىنىڭ ساڭگىلاش ئېغىرلىقىنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشىنى ئۈزۈمنىڭ ساقلاش - توشۇشقا بەرداشلىق بېرىشىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمنىڭ بىرى قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جاۋ شىن

## ئەنەنچۇدە ئۆزگىچە مېۋە كۆچىتى بازىسى قۇرۇش

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە شىنجاڭدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە بازار تەلىپىگە ئاساسەن، ئىلمىي ئىلغار سورتلارنى كەلتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان دەرەخ سورتلىرىنى كەلتۈرۈپ تاللاش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش سىنىقى تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. 3 يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق، كەلتۈرۈلگەن 12 خىل دەرەخ تۈرىگە دائىر 198 نۇسخا ماتېرىيال ئىچىدىن دەسلەپتە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان 26 خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ يېڭى، ئەلا سورتى (سورت لىنىيىسى) تاللاپ چىقىلىپ، 1.8 گېكتار يەردە كەلتۈرۈلگەن سورتلارنى كۆزىتىش باغچىسى، 8.67 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈش باغچىسى بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 26 مىڭ تۈپ ھەر خىل كۆچەت سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 977 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاۋ شىن

## XJT9503 يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق نېيتراللىق ئاقسىل فېرمېنت گېنلىق كلون

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ، تېخنىكا جەھەتتە قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولغان گېن قۇرۇلۇشى شۇنداقلا بىئو فېرمېنتشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى تۈر ھېسابلىنىدۇ. تېما گۇرۇپپىسى XJT9503 يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق نېيتراللىق ئاقسىل فېرمېنتلىق ئاممونىي كىسلاتاسى تەرتىپى ۋە ئۇنى گېن

تەرتىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئانالىز قىلغان ھەمدە ئۆزىدىكى كلون گېن پارچىسى توشۇغۇچى جىسىم بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئايلاندۇرۇپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىدارىنى ئىپادىلىگەن، قايتا بىرىككەن چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى (قۇرۇلۇش باكتېرىيىسى) گە ئىگە بولۇپ، مۇھىم تەجرىبە نەتىجىسىگە ئېرىشكەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق نېيتراللىق ئاقسىل فېرمېنت تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇپ، مەلۇم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ۋە يۈشۈرۈن قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ گېن كلونىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ۋە قايتا بىرىككەن گېنىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلۇشى مەملىكەت ئىچىدىكى نېيتراللىق ئاقسىل فېرمېنتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تۇنجى قېتىملىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

جاۋ شىن

## كالىدا قوش فوكوسلۇق فوللىتروپىن α ، β سۇب رادىكاللىق كېنىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنى تەخشەپ تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى پىلان ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

تەتقىقات خادىملىرى كالىنىڭ گېپوفىزىدىن mRNA نى ئاجرىتىۋېلىپ، RT—PCR ئارقىلىق، كالىنىڭ فوللىتروپىن betac DNA ، alpha (bFSH) غا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ تەرتىپىنى ئانالىز قىلىش ئىشىنى تاماملىغان، ئۇنىڭ ئورتاق كلونى قوش يۆنىلىشلىك ئىپادە توشۇغۇچى جىسىم PAcUW31دا بولۇپ، يىپسىمان تاياقچە ۋىرۇس DNAسى بىلەن تەڭ Sf21 ھۈجەيرىسى بىرسى يۇقۇملاندۇرۇلۇپ، قايتا بىرىككەن ۋىرۇسقا ئېرىشكەن. ھۈجەيرە ۋە ئۈستىدىكى سۇزۇك سۇيۇقلۇق يۇقۇملاندۇرۇلۇپ، SDC—PAGE ، Western—b1Ot نى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالاھىدە غەيرىي ئىپادە بەلۋېغى ئىگە بولغان، NOrthernblot ئۆلچەپ بېكىتىشتىن كۆرستىلىشىچە، 2 سۇپ رادىكال mRNA نىڭ گورېزونتالى ئۆز ئارا ماس كەلمىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە alpha سۇپ رادىكالنىڭ ئىپادىلىنىشى beta سۇب رادىكالنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرغان. كىچىك چاشقان تۇخۇمىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش سىنىقى ۋە گېپوفىزى ئېلىۋېتىلگەن ھايۋان مودېلىدىن پايدىلىنىپ تۇرغۇزۇلغان ئىپادىلىك بىرىكمە bESH تەبىئىي FSH بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىئولوگىيىلىك ئاكتىپلىققا ۋە FSHنىڭ تۇخۇمدانىدىكى يېتىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىچە رولىغا ئىگە بولغان.

جاۋ شىن

## قىزىلچا يېمەكلىكلىرىنى كەشىپ قىلىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملاندى. 2004- يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، قىزىلچىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى بىلەن ئىقتىدارلىق تەركىبى خۇسۇسىيەتلىك ۋە مىقدارلىق ئانالىز قىلىنغان؛ ئىككىنچى، قىزىلچا قىزىل پىگمېنتىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە تۇراقلىقلىقى ھەمدە قىزىلچىدىن قىزىل پىگمېت ئايرىۋېلىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكا لىنىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئىشى تاماملانغان؛ ئۈچىنچى، قىزىلچا مۇراببىاسى، تۆۋەن قەنتلىك قىزىلچا شىرنىسى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكا لىنىيىسى تەتقىق قىلىنغان ھەمدە كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمى بېكىتىلگەن؛ تۆتىنچى، ھازىرقى زاماندىكى ئىلغار توڭلىتىپ سۇبلىماتسىيە قىلىپ قۇرۇتۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى تالالىق قىزىلچا مېۋە كىراخمالى تەتقىق قىلىنغان.

جاۋ شىن

# چارۋىچىلىق

## قوينىڭ ئاشقازان - ئۈچەيدىكى پارازىت قۇرۇت كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش قۇتىسى ۋە ئۇزاق ئاستا ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ياسالمىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى فارماتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ھەمكارلىشى بىلەن ئورتاق تاماملاندى، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 4 يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلگەن:

1. قوينىڭ ھەر گىرام مايىقى تەركىبىدىكى قۇرۇت

تۇخۇمى سانى بىلەن قوي بەدىنىدىكى يېتىلگەن قۇرۇت سانىنىڭ ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئوخشاش بىر رايوندا قوي توغرا ئۈچەي مايىقىنىڭ گرام - ماياق تەركىبىدىكى قۇرۇت تۇخۇم سانى قوي تېنىدىكى يىپچە قۇرۇت سانى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن مۇسبەت مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى، لېكىن ئوخشاش بولمىغان پەسىل، ئوخشاش بولمىغان قۇرۇت تۈرلىرى بىلەن يۇقۇملىنىشى ۋە ئوخشاش بولمىغان ياش ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق سېلىشتۇرما قىممەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور ئىكەنلىكى، ماياق تەركىبىدىكى قۇرۇت تۇخۇمى بىلەن تەندىكى يېتىلگەن قۇرۇتنىڭ كۆپىيىش ۋاقتىمۇ تامامەن بىردەك ئەمەسلىكى بايقالغان. گرام - ماياق تەركىبىدىكى قۇرۇتنىڭ تۇخۇم سانى بىلەن قوي تېنىدىكى يېتىلگەن قۇرۇت سانىنىڭ ئورتاقلىقىدا مەلۇم پەرق بولسىمۇ، لېكىن ماياق تەركىبىدىن پارازىت قۇرۇت تۇخۇمى يەنىلا ھايۋانلارنىڭ پارازىت قۇرۇت بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە يۇقۇمنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى بېكىتىشتە ئەڭ بىۋاسىتە ئىسپات بولالايدىغانلىقى بايقالغان.

2. تەكرار ئۆلچەپ سىناش ۋە ئىلغاش ئارقىلىق، ئاددىي، ئىخچام بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەۋرىشكىلەرنى ساقلاپ تەكشۈرۈش سۈيۈقلۇقى تاللاپ چىقىلغان. يىغنۋېلىنغان ماياق ئەۋرىشكىسىنى سۈيۈق جىسىمغا چىلىغاندا، كۆپ ساندىكى قۇرۇت تۇخۇمىنىڭ يېتىلىشىنى ياكى پارچىلىنىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن تورمۇزلىيالايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ماكىسىد قۇرۇت تۇخۇمىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش قائىدىسىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك، يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىر خىل ئاددىي، ئەمەلىي قوللىنىدىغان پارازىت قۇرۇت يۇقۇمىغا دىئاگنوز قويۇش قۇتىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان ۋە ئاشقازان - ئۈچەي يولىدىكى پارازىت قۇرۇت يۇقۇمىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىگە دىئاگنوز قويۇش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلغان. بۇ دىئاگنوز قۇتىسى ۋە ئەنئەنىۋى ماكىسىد قۇرۇت تۇخۇمىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ۋە رايوندىكى 174 خىل ئەۋرىشكىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرغاندا، ئىككىسىنىڭ نەتىجىسىدە كۆرۈنەرلىك پەرق بايقالمىغان، مۇسبىيلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى %100 بولغان.

3. بۇ تۈردە مەشغۇلاتى ئاددىي، ئەمەلىي قوللىنىدىغان قوينىڭ ئاشقازان - ئۈچەي يولىدىكى پارازىت قۇرۇت كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دىئاگنوز قۇتىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان. تەكشۈرۈلىدىغان ئەۋرىشكىلەرنى توشۇش جەريانىدا ماياق ئەۋرىشكىسى چىرىپ كېتىپ قۇرۇت تۇخۇملىرى يېتىلىشتەك قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، قويدىكى ئاشقازان - ئۈچەي يولىدىكى پارازىت قۇرۇت كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش بىر خىل يېڭى تېخنىكا ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

4. بۇ تۈردە يەنە قوينىڭ تېنى ۋە سىرتىدىكى پارازىت قۇرۇت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك ئاۋېرمېكتىن مايلىق كاپسۇل ياسالمىسى تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان ھەمدە بۇ ياسالمىنىڭ دورا ئەۋلاد دىنامىكىسى ۋە ياسالمىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ھەمدە بىخەتەرلىكى ئۈستىدە سىناق تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلغان، بۇ ياسالمىنىڭ خېلى ياخشى ئۇزاق ئۈنۈم بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ قويلارغا بېرىلسە بىخەتەر بولىدىغانلىقى، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋاقتى 120 كۈندىن ئاشىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ ياسالما قويلارنىڭ ئاشقازان - ئۈچەيدىكى پارازىت قۇرۇت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشقا ئىشلىتىلىپلا قالماي، بەلكى قىش پەسلىدە قويلارنىڭ تېرە تەشكۈچى كانا قوتۇر كېسىلى قاتارلىق سىرتقى پارازىت قۇرۇت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تېخىمۇ باپ كېلىدۇ.

گۈلزار

## شىنجاڭدا قويلارنى سەمرىتىدىغان سەر خىل يەم - خەشەك رېتسېپىنى تاللاش

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەم - خەشەك تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2004- يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە شىنجاڭدىكى ئېگىز ھەم سوغۇق رايونلاردىكى قوي ۋە يەم - خەشەك بايلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىقتا قويغان تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگونىڭ ئۇزۇقلۇق تەتقىقات تەرەققىياتى ۋە يەم - خەشەك رېتسېپى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات ئاساسىدا، پاقلان ۋە يېتىلگەن قويلارنى ئوخشاش بولمىغان بورداش مەزگىلىدە سەر خىل يەم - خەشەك رېتسېپىنى تاللاش ئىشى قانات يايدۇرۇلغان.

بۇ تۈردە ئۇزۇقلۇقتا بولغان ئېھتىياج مىقدارى ۋە بورداشتا ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدىغان خۇرۇچ مەزمۇن قىلىنىپ، «شىنجاڭدا قوي بورداشتا سەر خىل يەم - خەشەك رېتسېپىنى تاللاش» تۈرى تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلغان. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، چوڭ پادىلار ئارىسىدا بۇ تۈر كېڭەيتىلىپ 30 — 40 كۈن بورداлغان قوينىڭ ئېغىرلىقى كۈنىگە 300 گرامدىن كۆپرەك ئاشقان، توختامدىكى كۆرسەتكۈچلەر

ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان ھەمدە مۇناسىپ مەشغۇلات تېخنىكا قائىدىسى ۋە دېھقان - چارۋىچى تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قۇراشتۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ كۆپ يىللىق ئالاقىدار نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بىختەر، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان قويلارنى تېز بورداش تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۆپ يىللىق تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئارقىلىق، قويلارغا يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن بورداش ئەندىزىسى ئۈنۈملۈك تېخنىكىلىق تىرەك بىلەن تەمىنلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، 30 مىڭ پاقلان ۋە قوينى بورداشتا سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتىلىپ، جەمئىيەت 600 توننا سۈپەتلىك قوي گۆشى، 30 مىڭ پارچە تېرە بىلەن تەمىنلىنىپ، 12 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. 8 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغان.

گۈلزار

## شەرق ئۆچكە پۈرچىقىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئەلا سورتىنى يېتىشتۈرۈش

بۇ، كەلتۈرۈلگەن خەلقئارا ئىلغار دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا «948» تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى 4 يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

1. شىنجاڭ بويىچە 4 نۇقتىدا 5.73 گېكتار شەرق ئۆچكە پۈرچىقىنىڭ ئەلا سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئېتىزى بەرپا قىلىپ، مو بېشى (0.067 گېكتار) دىن 25 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى، جېمىنەي ناھىيىسىدە 20 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ تېرىدى. شەرق ئۆچكە پۈرچىقى ئۇرۇقلۇق ئېتىزى ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىش تېخنىكا قائىدىسىنى يېزىپ ۋە تۈزۈپ چىقتى؛ شەرق ئۆچكە پۈرچىقىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى ۋە تەتقىق قىلدى ھەمدە ئېنېرگىيە مىقدارى، ئورگانىك ماددىلارنى ھەزىم قىلىش نىسبىتى، ھەزىم قىلىدىغان ئومۇمىي ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ئۆلچەپ بېكىتتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باھا بەردى.

2. سورتلارنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ۋە رايونلاشتۇرۇش سىنىقى ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، شەرق ئۆچكە پۈرچىقى ئوت مىقدارى يۇقىرى، يوپۇرمىقى مول، يوپۇرماق غولى بىر قەدەر ئېگىز، تەخشەپ قۇرۇق ئوت ئىشلىگەندە يوپۇرمىقى تۆكۈلۈپ كەتمەسلىك، يېرىك ئاقسىل ماددىسى، ئامىنو كىسلاتا ۋە زۆرۈر بولغان ئامىنو كىسلاتا مىقدارى يۇقىرى بولۇش، يېيىشلىك، ياخشى، كۆشىگۈچى ھايۋانلار كۆك پېتى يېسە قورسىقىنى كۆپتۈرمەسلىك، ماسلىشىشچانلىقى كەڭ، ناچار شارائىتقا بەرداشلىق بېرىش، قايتا ئۆسۈش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، پايدىلىنىش يىلى چەكلىمىسى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، دەسلەپتە شەرق ئۆچكە پۈرچىقىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەدبىرلىرى ئىگىلەندى. شەرق ئۆچكە پۈرچىقىنىڭ كەلتۈرۈلۈشى جۇڭگودىكى پۈرچاق ئائىلىسىگە بىر يېڭى ئوت - چۆپ سورتى قوشتى.

گۈلزار

## ئامىيوبوخىللىق يىپچە قۇرۇت باكتېرىيىسى ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئاشقازان - ئۈچەي يىپچە قۇرۇت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

بۇ، كەلتۈرۈلگەن خەلقئارا ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى «948» تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى كەلتۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

1. خەلقئارا ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ ياخشى ئامىيوبوفىللىق يىپچە قۇرۇت ئىقتىدارىغا ئىگە دورىنىڭ توننا ئۇرۇقدىشىدىكى ئامىيوبوخىللىق يىپچە قۇرت باكتېرىيە شتاممىسى - Duddintonia flagrans نى كەلتۈرۈپ، بۇ شتاممىنىڭ ئاساسلىق بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۆز تەجرىبىخانىسىدا يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى جۇڭگونىڭ چارۋا ماللاردىكى پارازىت قۇرۇت كېسەللىكىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ساھەسىدىكى چەت ئەل بىلەن بولغان پەرقىنى ئازايتىپ، چارۋا ماللاردىكى پارازىت قۇرۇت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىر خىل يېڭى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەپ، كەلگۈسىدە يېشىل چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېخنىكا زاپىسى بىلەن تەمىنلىدى.

2. شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ۋە ئۈرۈمچى نەسىللىك چارۋىچىلىق فېرمىسى نەتىجىزىدە كلىنىكىدا قوللىنىپ سىناق

قىلىش ئارقىلىق، دەسلەپتە ئامىيوبوخىللىق يىپچە قۇرۇت باكتېرىيىسىنى قوللىنىپ، ھايۋانلاردىكى ئاشقازان - ئۈچەي پارازىت قۇرۇت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ ۋە ئۇنى توپلاپ، بۇ تېخنىكىنى قوللىنىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

3. تەجربە قىلىش ئارقىلىق ئامىيوبوخىللىق يىپچە قۇرۇت باكتېرىيىسىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى دەسلەپتە تۇرغۇزدى ھەمدە سۇيۇق جىسمىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئامىيوبوخىللىق يىپچە قۇرۇت باكتېرىيىسىنىڭ خلامىدوسپوراسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدەندى.

گۈلزار

## ئوتلاق - ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كەشىپ قىلىش

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، كۈنەس ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋە تېكەس ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

تېما گۇرۇپپىسى 3 يىل يولغا قويۇش جەريانىدا، تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

1. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسى قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلدى. ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىنىڭ دائىرىسى، ئارىلىقى ۋە تارماقلاشتۇرۇپ جايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت 3 خىل جايلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ماس كېلىدىغان دائىرە ئۈستىدە سىستېمىلىق، ئۈلچەملىك يەكۈن چىقاردى. ئوتلاق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىقتىدارى، مەدەنىيەت ساپاسى، پەن - تېخنىكا ماھارىتىگە ئاساسەن، ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇش - ئوتلاق چارۋىچىلىقنى ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىققا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئويى - پىكرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تىپىدىكى ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى جايلاشتۇرۇش پىلانى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆلىمى ھەر خىل بولغان قۇرۇلۇش سخېمىسىدىن 21نى تاماملىدى. تېخنىكا نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تېخنىكىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئوتلاق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ خېلى مۇكەممەل تېخنىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئوتلاق چارۋىچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، يېڭى تىپتىكى «ئىسسىق پەسىلدە يايلىتىپ بېقىش + سوغۇق پەسىلدە قوتاندا بېقىش» تىن ئىبارەت ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش تېخنىكا نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكىلىق تىرەك سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3. ئاساسلىق سىلوس قونىقى ۋە قاشقا بېدە سورتىنى تاللاپ سىناق قىلىش ئىشىنى تاماملاپ، شۇ جايدا تېرىشقا باب كېلىدىغان سورتلارنى تۇرغۇزدى، قاشقا بېدىنى قۇرغاق شارائىتتا تېرىپ، مو بېشى (0.067 گېكتار) قۇرۇق بېدە ھوسۇلىنى 6500 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، توختامدىكى كۆرسەتكۈچتىن 10% ئاشۇردى؛ دۆخەن سىلوس قونىقىنىڭ مو بېشى (0.067 گېكتار) ھوسۇلىنى 6400 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، توختامدا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچتىن 28% ئاشۇردى؛ كۆممىقوناق ئۇرۇقىنىڭ ئۈلچەملىك ھوسۇلىنى 712 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، توختامدا بەلگىلەنگەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزدى، بۇ تۈردە بىر ۋاقىتتا يوشۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە باشقا بىر قىسىم يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ سورتلىرىنى، ئالايلۇق سۇدان ئوتى نەھراز قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ، تۈر يولغا قويۇلغان رايوندا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسەتتى ھەمدە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

4. شۇ جايدىكى ھاۋا كىلىماتى، تۇپراق شارائىتى ھەمدە ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شۇ جايدا كېڭەيتىشكە باب كېلىدىغان بۇغداي ئارىسىغا بېدە - بېدە - بېدە - بېدە سىلوس قونىقى - سىلوس قونىقى - سېرىق پۇرچاق تېرىشتىن ئىبارەت سەرخىللاشتۇرۇلغان چۆپلۈكتە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسىنى تۈزۈپ چىقتى. تەبىئىي ئوتلاق بايلىقىنى زامان-ماكان بويىچە جايلاشتۇرۇپ تەڭشەش، رايونلارغا ئايرىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىپ پايدىلىنىش ۋە قاشالاپ تولۇقلاپ تېرىپ ياخشىلاش قاتارلىق يۈرۈشلۈك تېخنىكىلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئوتلاقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكىنى قوغداش - تۈزەش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سۈپەتلىك يەم - خەشەك سورتلىرىنى كەلتۈرۈپ، كۆلەملەشكەن سۈپەتلىك ئوتلاق بەرپا قىلىپ، تۇپراقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، چارۋىلارنى سوغۇق پەسىلدە قوتاندا بېقىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى يەم - خەشەك يېتىشمەسلىكتەك

زىددىيەتنى ھەل قىلدى. ئوت - چۆپنى ئېتىز بېشىدا يىغىۋېلىش، پىششىقلاش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسەتتى. چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرىنى سىستېمىلىق پىلانلاپ جايلاشتۇرۇش ئەندىزىسىنى يەكۈنلەش، باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرىنى لايىھىلەش پىلانى ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسىغا دائىر ھەر خىل يۈمشاق دېتال مۇئەسسەسىلىرىنى ئۆلچەملىك قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق، رايونلاشتۇرۇپ جايلاشتۇرۇش ۋە باقمىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش ھەمدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاساسىي شارائىت ياراتتى. تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش، قىشلىق تۈل ئېلىش تېخنىكىلىرىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش شۇنىڭدەك ئىلمىي بېقىش ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، شۇ جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئوتلاق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە دەسلەپتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوتلاق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تاۋار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق ئۈي - پىكىر بىلەن تەمىنلىدى.

5. پەن تەتقىقات خادىملىرى بىلەن تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردىكى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، قوللىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، قىسمەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئوتلاق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇشقا دائىر 16 خىل يۈرۈشلۈك تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلدى ۋە مۇجەسسەملەشتۈردى، بىر تۈرنى دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا مەلۇم قىلدى، 7 پارچە تەتقىقات دوكلاتى ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى، «چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي تېخنىكىسى» دېگەن مەخسۇس ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈردى، 6 ئۈلگە رايونى قۇرۇپ چىقتى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش-ياش پەن تەتقىقات تايانچىلىرى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش خادىملىرىنى چېنىقتۇردى ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. تېما گۇرۇپپىسى كۇنەس ناھىيىسى بىلەن تېكەس ناھىيىسىدىكى 2 ئۈلگە رايوننى تېخنىكا لايىھىسى بىلەن تەمىنلەپ، 880 گېكتار ئوتلاقنى ياخشىلىدى، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتىنى 900 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ يەرلىرىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، 1400 گېكتار يەردە قاشقا بېدىنى كېڭەيتىپ تېرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. سىلوس كۆممىقونىقىنى 613 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ مەھسۇلات قىممىتىنى 6 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1112 كالىغا تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، سۈپەتلىك موزايدىن 267 سى تۇغۇلدى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 335 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېكەس ناھىيىسىدە قىزىل بۇيا، ئېگىز غوللۇق تېپچاق، تاغائۇت ھەمدە قىلتىرىقسىز ئارپىخان قاتارلىقلارنى 3300 گېكتار يەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تېرىپ، ئوتلاقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى، ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك قۇرۇق ئوت سەۋىيىسىنى 80 كىلوگرام ئۆستۈردى، 3300 گېكتار ئوتلاقنىڭ يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق سىلوس كۆممىقونىقى «شىندۇ — 2» نى 4 يىلدا 1300 گېكتار يەردە كېڭەيتىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 16 مىليون يۈەن ئاشۇردى.

گۈلزار

## ئامېرىكىدىن قوتۇر كالا تۆرەلمىسى ۋە ئىسپېرمىسى كەلتۈرۈش، مېتىسلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش تۈرى

بۇ، خەلقئارالىق كەلتۈرۈلگەن تۈر بولۇپ، 1998 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تۈر قىلىپ تۇرغۇزغانىدى، بۇنى شىنجاڭ چارۋا مال - قۇشلارنى كۆپەيتىپ نەسىل ياخشىلاش باش پونكىتى ئۈستىگە ئالدى، يولغا قويۇش مۇددىتى 5 يىل.

بۇ تۈردە ئامېرىكىدىن سۈپەتلىك ساپ نەسىللىك قوتۇر كالا تۆرەلمىسىدىن 160 دانە، توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىدىن 2000 دوزا كەلتۈرۈلدى. كەلتۈرۈلگەن تۆرەلمىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ساپ نەسىللىك قوتۇر كالىسىدىن 46 سى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ نەسىللىك بۇقا 21. توڭلىتىلغان ئىسپېرما ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش ئارقىلىق بوغاز بولۇش نىسبىتى %44.2كە يەتتى. تۆرەلمە كۆچۈرۈش ئارقىلىق تۇغۇلغان موزاي ۋە بۇقا موزاينىڭ ئېغىرلىقى 38.7 كىلوگرامغا، چىشى موزاينىڭ 34.1 كىلوگرامغا يەتتى؛ بۇقا موزاينىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 1.95 كىلوگرام، چىشى موزاينىڭ 0.93 كىلوگرام ئاشتى؛ يېتىشتۈرۈلگەن كالىنىڭ سۈت ئىشلەش ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچى شىنجاڭ قوتۇر كالىسىنىڭكىدىن يۇقىرى تۇردى.

كىرگۈزۈلگەن 2000 دوزا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن 987 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ، 678 موزاي تۇغۇلدى، %50 ئامېرىكا قوتۇر كالىسىنىڭ قېنى بولغان 632 شىنجاڭ قوتۇر كالىسى يېتىشتۈرۈلدى. بۇ كالىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنچىكە

نەيچىلىك توڭلىتىلغان ئىسپېرمىدىن 24 مىڭ 754 دوزا تەييارلىنىپ، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى. نەسىل ئەۋلادى ياخشىلانغان بوقا موزايىنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى ئېغىرلىقى 35.38 كىلوگرام، چىشى موزاينىڭ 38.36 كىلوگرامغا يېتىپ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەلتۈرۈلگەن 96 دوزا توڭلىتىلغان ئىسپېرمىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسىنىڭ تۇخۇمى 24 كالا (قېتىم) ئارىلاشتۇرۇلۇپ، 216 دانە تۆرەلمە ئاجرىتىۋېلىندى.

بۇ تۈردە شىنجاڭ قوڭۇر كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا سىرتتىن قان قۇيۇش ۋە ئەلا ئېرسىيەتلىك گېن كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تاڭ مېڭ

## ئاۋستىرالىيىدىن مېرىنوس قويىنىڭ تۆرەلمىسىنى كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش تۈرى

بۇ، خەلقئارالىق كەلتۈرۈلگەن تۈر بولۇپ، ئۇنى 1999 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تۈر قىلىپ تۇرغۇزغانىدى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى، يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 4 يىل.

بۇ تۈردە 400 دانە قوي تۆرەلمىسى كەلتۈرۈلۈپ، 270 قوي رېتسېپتور قىلىندى، كېيىن يەنە 100 تال توڭ تۆرەلمە تولۇقلاپ كەلتۈرۈلدى، 2 قېتىمدا كۆچۈرۈلگەن تۆرەلمىدىن 115 قوزا تۇغۇلدى، تۇغۇلغان قوزا ئەي بولغان تۆرەلمىنىڭ %28.8گە توغرا كەلدى. كۆچۈرۈلگەن تۆرەلمىدىن تۇغۇلغان تۇۋاق قوزىنىڭ يۇڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئالاھىدە ئىنچىكە تىپلىق دائىرىسى (18 مىكرومېتىردىن تۆۋەن) ئىچىدە بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىرغا يەتتى، ئەركەك، چىشى قوزا يۇڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسى C2، چىشى قوزىنىڭ C3 كۆرسەتكۈچىگە يەتتى، ئىنچىكىلىكىنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسى ئەركىكىنىڭ $Y_2$، چىشىسىنىڭ $Y_3$ كۆرسەتكۈچىگە، ئەگرىلىكى ئەركىكىنىڭ %100كە، چىشىسىنىڭ %97.36كە، مايلىق تەرى ئەركىكىنىڭ %100كە، چىشىسىنىڭ %96.88كە، يۇڭ زىچلىقى %100كە يېتىپ، سۈپەتلىك مېرىنوس قوي يۇڭىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىپادىلەندى. تۇۋاق قوينىڭ سىرتقى شەكىل خۇسۇسىيىتى ئەلا بولغان يەكتەنلىرى %81.1نى ئىگىلىدى، چوقا يۇڭىنىڭ ئۆسۈشى ئۆلچەملىك، بەدەن شەكلى چاسا شەكىلدە بولۇپ، دۈمبە سىزىقى ۋە قوساق سىزىقى تۈپتۈز، يۇڭىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىك قويۇقلۇقى ناھايىتى ياخشى. ئۆسۈپ يېتىلىشى نورمال، نەسىل تىپلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى كۆرۈنەرلىك. يۇڭى يۇمشاق، پارقىراق، شوڭغا ئۇ ئالاھىدە ئىنچىكە تىپلىق يۇڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ تۈردىن پايدىلىنىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ نەسىل يېتىشتۈرۈش پونكىتىدا نەسىللىك قوي كۆپەيتىش مەركىزى قۇرۇپ، كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەسىللىك قويلارنى توپلاپ، 3000 چىشى قوي كۆپەيتتى. 2002 — 2003 ـ يىللىرى توڭلىتىلغان ئىسپېرمىدىن 30 مىڭ دوزا تەييارلىدى، ئېلىتا، 1 ـ دەرىجىلىك نەسىللىك قوچقاردىن 140نى ساتتى.

بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ئېرسىيەت بايلىقىنى كۆپەيتتى. بۇ تۈر 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تاڭ مېڭ

## شىنجاڭنىڭ كەسپلەشكەن ئۆلگىلىك ئەلا نەسىللىك كالا فېرمىسى تۈرى

بۇنى 2002 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تۈر قىلىپ تۇرغۇزغانىدى، شىنجاڭ «خۇاشىڭ» پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، تۈرنى يولغا قويۇش مۇددىتى 2 يىل.

بۇ تۈردە گرېنفورت كالىسى، شارولاي كالىسى ۋە سىممېنتال كالىسى قاتارلىق سۈپەتلىك گۆش كالىسى نەسلىنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تۆرەلمە كۆچۈرۈش، بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش، زىيادە ئۇرۇق چىقىرىش، جىنسىنى تىزگىنلەش، يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىش قاتارلىق يۇقىرى، يېڭى چارۋىچىلىق تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، شىنجاڭدا نەسىللىك گۆش كالىسى فېرمىسى قۇرۇلدى، بۇ تۈر چارۋىچىلىق نازارىتى تارقاتقان نەسىللىك چارۋا ـ قۇش يېتىشتۈرۈش تىجارەت ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشتى.

بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يېتەكچى ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە 7 مىليون 480 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. بۇ تۈر 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تاڭ مېڭ

## شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى كېڭەيتىش پەن - تېخنىكا ئۈلگە فېرمىسى تۈرى

بۇنى 2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تۈر قىلىپ تۈرغۇزغانىدى، ئىلى ئوبلاستلىق مېرىنوس شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئورۇن بولدى، تۈرنى يولغا قويۇش مۇددىتى 2 يىل.

بۇ تۈردە ئىلى ئوبلاستلىق چارۋا - قوش نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى ۋە چاپچال ناھىيىسى باقمىچىلىق بازىسىنىڭ تېخنىكا كۈچى جارى قىلدۇرۇلۇپ، زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلىپ، تۈر توختامىدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 3000 ئىنچىكە يۇڭلۇق قويدىن تەركىب تاپقان ئاساسىي ساغلىق پادىسى تەشكىللىنىپ، يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 150%تىن ئاشۇرۇلدى، 8 ئايلىق ساغلىق پاقلاننى ئۇرۇقلاندۇرغاندا كۆپىيىش نىسبىتى 80%تىن ئاشتى؛ يېتىلگەن ساغلىقتىن 4.88 كىلوگرام، تۇساق ساغلىقتىن 4.12 كىلوگرام يۇڭ ئېلىنىپ، ئوتتۇرىچە ساپ يۇڭ نىسبىتى 52%كە يەتكۈزۈلدى؛ قوي پادىلىرىدىكى قوي يۇڭىنىڭ ئوموميي ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 64 — 70 تالغا، ئەڭ كۆپ بولغاندا 80 تالدىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 66 تالدىن ئاشىدىغانلىرى 65%تىن كۆپرەكنى، 80 تالدىن ئاشىدىغانلىرى 10%نى ئىگىلىدى؛ 6 ئايلىق پاقلان قولدىن چىقىرىلدى، ئېغىرلىقى 35 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى.

بۇ ئۈلگە فېرمىسىنىڭ يىللىق ساپ پايدىسى 91 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى 5 ناھىيە-شەھەرگە كېڭەيتىلىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغان چارۋىچى ئائىلىسى 1150كە يەتتى. 13 مىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بېقىلدى. بۇ تۈر 2004 - يىل 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تاڭ مىڭ

# ئورمانچىلىق

## سۇۋادان تېرەك ۋە شىنجاڭ تېرىكىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان جىنسسىز لىنىيىسىنى تاللاش - كۆپەيتىش

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

1979 — 2004 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، تۈر گۇرۇپپىسى كۆمۈش تېرەك ۋە شىنجاڭ تېرىكىنى ئەجداد قىلىپ، سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇپ شالغۇتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۈپەتلىك جىنسسىز سىستېمىدىن 8نى تاللاپ، 5 نۇقتىدا رايونلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش سىنىقى ۋە 2 - قېتىم ئەلالىرىنى تاللاش ئارقىلىق، ئاخىرىدا جىنسسىز 2 لىنىيىنى بېكىتىپ چىقتى ھەمدە ئۇنى كېڭەيتىپ كۆپەيتتى. تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن F1 ئەۋلادلىق جىنسسىز يېڭى لىنىيە كۆرۈنەرلىك شالغۇت ئۈستۈنلۈكىگە، ئەجدادى سۇۋادان تېرەك ۋە شىنجاڭ تېرىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتتە قوش ئەجدادىنىڭ نۇقسانلىرى تۈگىتىلدى، ئۇنىڭ تېز ئۆسۈش سوغۇققا چىدامىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە كېسەللىك - ھاشاراتقا تاقابىل تۇرالىشچانلىقى ئەجدادلىرىدىن كۈچلۈك، جىنسسىز كۆپىيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ماتېرىيال سۈپىتى ياخشى، تاج شەكلى نىسپى كىچىك، غول شەكلى تىپلىرى ئوموميەن تۈز بولۇشتەك خۇسۇسىيەت شەكىللىرى تۈراقلىق ئېرسىيەتلىك بولۇپ ئىپادىلەندى. دېمەك، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تېرەكنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك جىنسسىز لىنىيىسىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى سىستېمىلىق، مۇكەممەل تاماملاندى ھەمدە كۆلەملەشتۈرۈپ كېڭەيتىلىپ كۆپەيتىلدى، 2 مىليون تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى ھەمدە شاڭخەي، خېبېي، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىن سورت كەلتۈرۈلۈپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا سوغۇققا چىداملىق ئاق تېرەك تۈركۈمىدىكى تېرەك سورتلىرىنى تىكىپ ئۆستۈرۈشكە ماس كەلمەسلىك جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. تېرەكنىڭ جىنسسىز 2 لىنىيىسى شىنجاڭ ۋە 3 شىمالىي رايوننىڭ ئېتىز- ئېرىق ئېھاتە ئورمىنى، مول ھوسۇللۇق ئورمان بوراندىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنىنى تېز ئۆستۈرۈش ۋە شەھەر - بازارلارنى كۆكەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

لىن شىڭخۇي

## شىنجاڭنىڭ ئالتاي ئېغىدىكى 2 دەريا مەنبەسىنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى ئالتاي تاغلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى، جۇڭگو

پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 20- كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ تەتقىقاتنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ئالتاي تېغى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو، قازاقىستان، روسىيە، موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتتىن ھالقىغان غايەت زور تاغ سىستېمىسى. شىنجاڭدىكى ئالتاي تېغى بۇ تاغ سىستېمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە گېئولوگىيىسى، يەر تۈزۈلۈشى، كىلىماتى، سۇ مەنبەسى، شارائىتى، مول قېزىلما بايلىقى، ئورمىنى ، ئوتلاقلىرى ۋە ساياھەت بايلىقى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. 2002- يىلى ئەتىيازدا ئالتاي تاغلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى 2 دەريا مەنبەسىنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىدى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئالتاي تېغىنىڭ 2 دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىلەن بىئولوگىيىلىك كۆپ خىللىقنى مۇھاپىزەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

بۇ تۈردە 2 دەريا مەنبەسىدىكى رايونلارنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش يەر ئىلمى، بىئولوگىيە، بايلىق ۋە مۇھىت، ئىجتىمائىي - ئىقتىساد قاتارلىق كۆپ پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 11 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە جۈملىدىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىدىكى ئورماننىڭ ئاستىنقى سىزىقىدىكى بارلىق تاغلىق يەرلەر تەكشۈرۈلدى. تۈر گۇرۇپپىسى 2 دەريا بويىدىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ئۆسۈملۈك ۋە چوڭ تىپتىكى زەمبۇرۇغ، ھايۋانات رايون سىستېمىسى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە ئۇنىڭ بايلىقى ۋە مۇھىتىغا باھا بەردى. تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسى «شىنجاڭنىڭ ئالتاي تېغىدىكى 2 دەريا مەنبەسىنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا يىغىنچاقلاندى، بۇ كىتابتا تۇنجى قېتىم ئالتاي تېغى 2 دەريا مەنبەسىدىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، تەبىئىي بايلىقى، بىئولوگىيىسىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دائىر مۇكەممەل، سىستېمىلىق ماتېرىياللار كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بۇ تۈردە رايونلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك سۈپىتى دەلىللەنگەن بولۇپ، ئېكولوگىيە قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ تەبىئىي ئورماننى يېڭىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك ساياھەتچىلىكى، كانچىلىقىغا دائىر ئويى - پىكىر، 2 دەريا مەنبەسىدىكى رايونلاردا بېلىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ، ئالتاي تاغلىق رايوننىڭ ئېكولوگىيە بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە خېلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

لىن شىڭخۇي

## شىنجاڭدا بادامنىڭ ئەلا سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 20- كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تۈردە شىنجاڭدا بادام ئىشلەپچىقىرىشتا ھوسۇلى تۆۋەن بولۇش، مېۋىلىمەسلىكتەك جىددىي بۆسۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كەسپىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەھمىيەتكە ئىگە ئەلا سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ، بادامنى مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكا ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭدا بادامنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاساس سېلىش مەقسەت قىلىندى. تۈر گۇرۇپپىسى چەت ئەلدىن سورت كەلتۈرۈش، بىختىن ئۆزگەرتىپ سورت يېتىشتۈرۈش ۋە توپ ئۆسكەنلىرىدىن ئەلالىرىنى تاللاش، رايونلار بويىچە سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش ئارقىلىق، بادامنىڭ سۈپەتلىك 2 خىل سورتى (شىنيى ۋە كىچىك يۇمشاق پوستلۇق)نى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، مېغىزىنىڭ كەڭلىكى ھەم چوڭلۇقى تەكشى، مېغىز چىقىش نىسبىتى يۇقىرى، قوش مېغىز نىسبىتى تۆۋەن، دەرەخ شەكلى يايما ھالەتتە، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇراھال، ھوسۇللۇق خۇسۇسىيىتى ياخشى، ئۇدا مېۋىلەش ئىقتىدارى ۋە ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە

ئىگە، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 106 كىلوگرامغا يېتىدۇ. تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى جەھەتتە قوشۇمچە چاڭلاشتۇرۇش، ئىقلىمغا ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىنى كۆزىتىش، سۇ بىلەن ئوغۇتنى سىناق قىلىش، پۇتاپ شەكلىنى تۈزەش، ئۇلاش تېخنىكىسى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەش دورىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بادامنى مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل، ئىلغار يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى يەكۈنلەپ چىقتى، تەتقىقات نەتىجىسى 2 يىل كېڭەيتىلىش ئارقىلىق دەسلەپتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەر خىل ئەسەردىن 28نى نەشر قىلدۇردى، ئومۇمىي خەت سانى 6 مىليون 872 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلمىي ئەسەر 14، 3 مىليون 986 مىڭ خەت؛ ئاممىباب ئوقۇشلۇق 7، 776 مىڭ خەت؛ شەخسلەر تەرجىمىھالى 4، 630 مىڭ خەت، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بىر، 250 مىڭ خەت؛ ماتېرىيال توپلىمى 2، 1 مىليون 230 مىڭ خەت. 14 ئىلمىي ئەسەر مۇنۇلار: «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭ ئوچېرىكلىرى»، «چېچېن، ئەسىر ھالقىغان تېررورلۇققا قارشى جەڭ»، «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى» (3- توم)، «تارىخىي ئىزلار»، «جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن مەركىزىي سۇلالىلەرنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «تۇرپان تارىخى»، «2003: تۇماندىن قۇتۇلۇش»، «قىرغىزىستان؛ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قوشنا دۆلەت»، «داۋانچىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئەدلىيە ئىلمىي مۇنازىرىلىرى»، «ئۇيىراتلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە»، «قەدىمكى دەۋردىكى شىمالدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى». 7 پارچە ئاممىباب ئوقۇشلۇق مۇنۇلار: «‹تۆتنى يۈكسەك تونۇش، ئوقۇشلۇقى»، «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخ مەسىلىسى»، «ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە»، «ماركسىزملىق دىن قارىشى ۋە شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسى»، «بارچە مىللەت بولدى ئىناق - ئىتتىپاق — شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ھېكايىلەر»، «ئوباش خاننىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى»، «ساياھەتچىلىككە دائىر خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش». 4 پارچە شەخسلەر تەرجىمىھالى مۇنۇلار: «جۇڭگودىكى قازاق مۇتەخەسسىسلەر»، «مامىبى»، «دۇبەك»، «جاقىپ مىرزاقان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات». بىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى: «ئەسىر ئەسلىمىلىرى». 2 ماتېرىيال توپلىمى: «‹چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى› شىنجاڭ ماتېرىياللار توپلىمى. گۇاڭشۇ سۇلالىسى»، «خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكى قىرغىز مىللىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تاللانما تەرجىمىسى».

2004 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 358 پارچە ھەر خىل كەسپىي ماقالە، نەزەرىيىۋى ماقالە، تەتقىقات دوكلاتى ئېلان قىلدى، خەت سانى 2 مىليون 917 مىڭ 900 خەت، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە يادرولۇق گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالە 47 پارچە، 505 مىڭ 700 خەت.

2004 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى ۋە تۈرلۈك ھاۋالە تېمىسىدىن 28نى تاماملىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇمىي خەت سانى 4 مىليون 786 مىڭ خەت، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 3، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ خەت سانى 946 مىڭ خەت، بۇلار مۇنۇلار: «غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قىرغىزىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىستىقبالى»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 2، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ خەت سانى 41 مىڭ خەت، بۇلار: «مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش توغرىسىدا دوكلات»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ھەرىكىتى ۋە رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى»؛ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر 10، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ خەت سانى 860 مىڭ خەت؛ بۇلار: «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى خرىستىئان دىنىنى تەكشۈرۈش ئۈستىدە

تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يېڭىچە سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئابدال كەنتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى پەلسەپە ئوقۇمىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ۋارىيانت شەكلى»، «يېقىنقى دەۋردە جەنۇبىي يولدىكى تۇرغۇتلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ھەرىكىتى ۋە رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى»؛ ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە كارخانا-كەسپىي ئورۇنلار ھاۋالە قىلغان تۈر 13، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ خەت سانى 2 مىليون 939 مىڭ خەت، بۇلار: «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخ مەسىلىسى»، «ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە»، «ماركسىزملىق دىن قارىشى ۋە شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مىللەت تەزكىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «تۇرپان تارىخى»، «خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكى قىرغىز مىللىتىگە دائىر تارىخ ماتېرىياللارنىڭ تاللانما تەرجىمىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يېزا مائارىپى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «2004 - يىلى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ دىۋۇپۇ يېزىسىدىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى»، «2004 - يىلى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە داۋانچىڭ رايونىدىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت.

2004 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش تەستىقى ئالغان ھەمدە ھەر خىل ھاۋالە تېمىسىدىن 44نى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىليون 130 مىڭ يۈەن تەتقىقات خىراجىتىنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 11، بۇلار: «ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە تەربىيىلەپ باشقۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئىشانلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «19 - ئەسىردىن بۇيانقى جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى پەلسەپە ئوقۇمىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى شەرھى»، «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش — كۇچا ناھىيىسى مىسال قىلىندى»، «شىنجاڭدا ‹تۆتنى يۈكسەك تونۇش› تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «فەرغانە: ئىسلام ئېكستىرېمىزم ھەرىكىتى»، «موڭغۇل - زاڭزۇلارنىڭ شىنجاڭغا بۇددا دىنىنى تارقىتىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 4، بۇلار: «شىنجاڭنىڭ يېڭىچە سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قازاقىستانغا مەبلەغ سېلىش شارائىتى»، «قىرغىزىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيەت تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى»، «شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا ئوبوروت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ زور تەتقىقات تۈرى بىر، ئۇ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن تۈرى 8، بۇلار: «نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان بىر نەچچە چوڭ مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات»، «ھازىرقى شىنجاڭنىڭ دىن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات»، «ئەتراپىتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى» (يىللىق ئومۇمىي دوكلات)، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ مۇھىتى»، «ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا روشەن بولغان تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىمكانقەدەر تېز شەكىللەندۈرۈش — جۇڭگو شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېگىزلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىقتىساد چەمبىرىكى بەرپا قىلىش توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ تارىخىي يىلنامىسى»، «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات»، «يېڭى ئەسىردە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات»؛ بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى تارىخى تۈرى 3، بۇلار: «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى تارىخى: تارىخىي مەلۇماتلاردىكى ھەربىي ۋەزىرلەرگە دائىر مەلۇمات، بەگلىكلەرنى باشقۇرغۇچى يامۇل ئامباللىرىغا دائىر مەلۇمات، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كابىنېت ۋەزىرلىرىگە دائىر مەلۇمات»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى تارىخى: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاغاتاي يېزىقىدىكى ھۆججەت - ماتېرىياللارنىڭ

تەرجىمىسىگە ئېزاھات»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى تارىخى: مىللەت تەزكىرىسى. ئۇيغۇرلار قىسمى»؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى تەتقىقات تۈرى 3: بۇلار: «〈ئۈچ خىل كۈچ〉نىڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تۈر 2، بۇلار: «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 ـ يىللىق ئىقتىسادىي- ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «2004 — 2005 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتكە دائىر كۆك تاشلىق كىتاب»؛ دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسىنىڭ ھاۋالە تۈرى بىر، ئۇ «شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھاۋالە تېمىسى بىر، ئۇ: «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھاۋالە تېمىسى بىر، ئۇ: «تۇرپان تارىخى»؛ سۇچىلىق نازارىتىنىڭ ھاۋالە تۈرى بىر، ئۇ: «شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچىنى ئالدىن مۆلچەرلەش»؛ مەكىت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھاۋالە تېمىسى بىر، ئۇ: «مەكىت ناھىيىسىنىڭ گۇمانتارلىق بايلىقىنى ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن- تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش پىلانى تۈرى بىر، ئۇ: «شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ بۇرۇلۇش تېپى ئۈستىدە تەتقىقات» تىن ئىبارەت.

لى شىڭلى

## شىنجاڭ بىلەن ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى بىخەتەرلىك مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 — 17 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇنبەرگە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى روسىيە، شەرقىي ياۋروپا ـ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو رايونلار تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىسلاھات ژۇرنىلى تەھرىراتى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلاشتى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ھازىرقى زامان دۆلەت مۇناسىۋىتى تەتقىقات يۇرتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارە ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن 120 دىن كۆپرەك مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس ـ ئالىملار شىنجاڭ ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە غەيرىي ئەنئەنىۋى بىخەتەرلىك دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر، قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى چۆرىدەپ ئىلمىي ئالماشتۇردى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

لى شىڭلى

## ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن 3- كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇنبەرنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە باشقۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارىلەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەمدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مۇتەخەسسىس ـ ئالىملاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى مۇنبەرگە قاتناشتى. مۇنبەردە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 11 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

لى شىڭلى

## نۇقتىلىق 4 ئىلىم ـ پەن قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى. يىغىندا پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا نۇقتىلىق 4 تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلار: 1) ماركسىزملىق پەلسەپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەشۋىقات تەربىيىسى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ 2) شىنجاڭنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قىلىدىغاننى قىلىش، قىلمايدىغاننى

قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ 3) پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پەن تەتقىقات كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش؛ 4) پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا كومپيۇتېر، ئالاقە تورى قاتارلىق زامانىۋى ۋاستىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پەن تەتقىقات ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. يىغىن مىللەتلەر تەتقىقاتى، دىن تەتقىقاتى، شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنى شىنجاڭنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە نۇقتىلىق پەن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا قوشۇلدى ھەمدە پەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەلۇم تەتقىقات خىراجىتى بېرىپ قوللاشنى قارار قىلدى.

لى شىڭلى

## غەربنى كەڭ ئېچىش بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن نۇقتىلىق تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى ئابدۇرازاق تۆمۈر ئۈستىگە ئالدى. 2004 - يىل 11 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 300 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات دوكلاتى، مەخسۇس 5 تەتقىقات دوكلاتى، 7 خىل مىسالغا دائىر تەتقىقات دوكلاتىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي دوكلاتتا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوقۇمى، ئۇنىڭ شەرھىسى ھەمدە بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، توپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش قاتارلىق 4 تەرەپتىن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان. مەخسۇس تېما دوكلاتىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپلىرىگە مەبلەغ سېلىش ۋە خەلق ئارىسىدىكى كاپىتالنى ئىشقا سېلىش، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى قاتارلىق 5 تەرەپتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. مىسال دوكلاتىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توقۇمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەتچىلىك، بازار، مەدەنىيەت كەسپىدىن ئىبارەت 7 تەرەپتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان.

لى شىڭلى

## جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى ئابان، ماۋلەتقان ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 11 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 300 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئۇنىۋېرسال دوكلات ۋە 12 مەخسۇس تەتقىقات دوكلاتىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىۋېرسال دوكلاتتا شىنجاڭنىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن، نامرات رايونلارنىڭ، نامراتلىق مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنى ھەل قىلىشقا دائىر تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەخسۇس تەتقىقاتتا نامراتلىق مەسىلىسى نەزەرىيىسى، شىنجاڭنىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىستراتېگىيىسىنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش، نامراتلارنى تەرەققىيات ئارقىلىق روناق تاپقۇزۇش سىياسىتى، سىستېمىسى ۋە ئەندىزىسىنى تاللاش، شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، مەبلەغنى نامراتلارنى يۆلەشكە قارىتىش ۋە باشقۇرۇش، نامرات رايونلاردىن كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈش، نامرات رايونلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش قاتارلىق 12 تەرەپتە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان.

لى شىڭلى

## مەمۇرىي - كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا دائىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

بۇ، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي پەن فوندى ئۆزى توپلىغان خىراجەت ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى ۋاڭ شۇەنچيەن ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 7 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 24 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتىدا مەمۇرىي - كەسپىي ئورۇنلار دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشقا دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ئەھۋال، ساقلانغان مەسىلىلەر، ئېرىشكەن تەجرىبىلەر، چىقىش يولى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

لى شىڭلى

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ھەرىكىتى ۋە رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى

بۇ، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۆزى تاللىغان تۈر ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003 - يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئادەتتىكى تۈرى، بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى شى لەن ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 17 مىڭ خەتلىك مەخسۇس ئىلمىي ماقالە تەييارلاندى. ئىلمىي ماقالە 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارشى تەدبىرى، ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي رېئال خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن شىنجاڭ قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يۈزلىنىشى، ئىجابۇت ۋە ۋەھھابىيىيە مەسىلىسى، تېررورلۇققا قارشى كۆرەشتىكى قوش ئۆلچەم مەسىلىسى ۋە ئىدىئولوگىيە، «تىنچلىق - غازات»نى قانداق ساقلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇناسىپ تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

## شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2004- يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى ئابدۇرازاق تۆمۈر ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە مۇنەۋۋەر باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 340 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئومۇمىي بايان قىسمى، مەخسۇس ئىقتىساد قىسمى، مەخسۇس ئىجتىمائىيەت قىسمى، مەخسۇس نەزەرىيە قىسمىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي بايان قىسمى «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر» دىن ئىبارەت ئۈنىۋېرسال دوكلاتتىن تەركىب تاپقان؛ مەخسۇس ئىقتىساد قىسمىدا شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىلغىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى، پۇل مۇئامىلە، سانائەت - قاتناش، سودا - سانائەت، مالىيە، تاشقى - سودا، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، سۈتچىلىك قاتارلىق 8 ساھە ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، 2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتى ۋە شىنجاڭدىكى 30 كىچىك سانائەت كارخانىسىنىڭ ھەرىكىتى تەكشۈرۈلگەن؛ مەخسۇس ئىجتىمائىيەت قىسمىدا شىنجاڭنىڭ 2004 — 2005 - يىلدىكى نوپۇسى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ، داۋالاش - سەھىيە، مەدەنىيەت، بىخەتەرلىك، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت 8 تەرەپ تەھلىل قىلىنغان ۋە مۆلچەرلەنگەن؛ مەخسۇس نەزەرىيە قىسمىدا شەھەر - يېزىلارنى، رايونلارنى، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە بىر تۇتاش پىلانلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق تەرەپلەردە تەتقىقات ۋە نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان.

لى شىڭلى

## جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003- يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئەدەتتىكى تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى ئابلىز مامۇت ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ

باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 25 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 5 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى چەكلەپ تۇرغان ئامىللار تەھلىل قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن، يېڭى ۋەزىيەتتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا دائىر پىكىر يولى ۋە قارشى تەدبىر - تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

## شىنجاڭدىكى خىرىستىيان دىنىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003-يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئادەتتىكى تۈرى، بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى لى جىنشىن ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئەلا باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 63 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئومۇمىي دوكلات ۋە 6 تۈرماق دوكلاتتىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي دوكلاتتا شىنجاڭ تارىخىدىكى خىرىستىيان دىنى، شىنجاڭدىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، نۆۋەتتە خىرىستىيان دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەر، خىرىستىيان دىنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر ۋە مەسىلىلەر، كاتولىك دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى مەسىلىسى، چەت ئەل دىنىي كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ئېھتىيات قىلىشتىن ئىبارەت 6 تەرەپتىكى مەسىلە تەھلىل قىلىنغان. تېما گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، تۇرپان، قەشقەر، قۇمۇل ۋە شىخەنزىدىن ئىبارەت 6 شەھەردىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 6 تارماق دوكلات شەكىللەندۈرۈلگەن.

لى شىڭلى

## شىنجاڭنىڭ يېڭىچە سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىشى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003-يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئادەتتىكى تۈرى، بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ۋاڭ نىڭ ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مۇنەۋۋەر باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 70 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن، 1 - قىسىمدا يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش ئۇقۇمى، مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىش تەرەققىياتى بايان قىلىنغان؛ 2 - قىسىمدا رايون ئىقتىسادى بىلەن شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش نىشانى، يولى بايان قىلىنغان؛ 3 - قىسىمدا ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىش تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەسىلىسى بايان قىلىنغان؛ 4 - قىسىمدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى بايان قىلىنغان.

لى شىڭلى

## شىنجاڭدىكى ئابدال كەنتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003-يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئادەتتىكى تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىكى ياردەمچى تەتقىقاتچى ئەلى غوپۇر ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مۇنەۋۋەر باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 50 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 6 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا ئابدال كىشى ئىسىملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى بايان قىلىنغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئابداللارغا دائىر ئومۇمىي تەتقىقات ئەھۋالى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان، ئابداللارغا دائىر رىۋايەتلەر تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان، ئابداللار ئولتۇراقلاشقان رايونلار ۋە ئالاقىدار يەرناملىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، ئابداللارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە كەسپى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان، ئابداللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى تەتقىق قىلىنغان ۋە تەھلىل قىلىنغان.

لى شىڭلى

## جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى پەلسەپە تۈپ ئۇقۇمىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ۋاريانت شەكلى

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003-يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئادەتتىكى تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەتقىقات ئورنىدىكى ياردەمچى تەتقىقاتچى ئابلىكىم ئالاۋۇدۇن ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىنىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى ئەڭ ياخشى باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 40 مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالە تەييارلاندى. بۇ ئىلمىي ماقالە 3 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپىسىگە دائىر بىر قىسىم ئالاقىدار

مەزمۇنلار ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان؛ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپىسىدىكى تۈپ ئۇقۇملار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ۋارىيانت شەكىلگە دائىر ئالاقدار مەسىلىلەر قىسقىچە بايان قىلىنغان؛ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپىسىدىكى ئونتولوگىيە ئۇقۇمى ۋە ئېپىستكا كاتوگورىيىسىدىكى تۈپ ئۇقۇملار ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى قىسقىچە شەرھلەنگەن.

لى شېڭلى

## يېقىنقى زامان جەنۇبىي يولدىكى تۇرغۇتلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزى تۈپلىغان خىراجەتتىن ياردەم بەرگەن، 2003 - يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى تۈنا ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى ياخشى باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 70 مىڭ خەتلىك ئەسەر تەييارلاندى. پۈتۈن كىتاب 11 قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا شەرققە قايتقاندىن كېيىنكى جەنۇبىي يولدىكى تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ترايېكتورىيىسىنى قايتىدىن نامايەن قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى جەنۇبىي يول تۇرغۇتلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىنى يەنىمۇ چۈشىنىۋېلىش ۋە تونۇۋېلىش ئىشى ئالغا سۈرۈلگەن ھەمدە جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىيات تارىخى نامايان قىلىنغان.

لى شېڭلى

## شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزى تۈپلىغان خىراجەتتىن ياردەم بەرگەن 2003 - يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى دىلمۇرات ھوشۇر ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مۇنەۋۋەر باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجىدە سۈپىتىدە 65 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 3 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بايان قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن، شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر 6 تەرەپتىكى ئىستراتېگىيىلىك پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شېڭلى

## ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزى تۈپلىغان خىراجەتتىن ياردەم بەرگەن 2003 - يىللىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى غەيرەت ئابدۇراخمان ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 12 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى ئەلا باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 120 مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى تەييارلاندى. بۇ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى 8 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلشۇناسلىقى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى، ئەدەبىي ئەسەر تىلىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، نەسرىي ئەسەر تىلى بىلەن شېئىرىيەت تىلىنىڭ پەرقى، تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئايشەم ئەخمەتنىڭ رومان تىلى ئالاھىدىلىكى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان.

لى شېڭلى

## شىنجاڭنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالە تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى گو تەيشەن ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 11 - ئايدا تاماملىنىپ دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 40 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى 5 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدا شىنجاڭغا ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى، نەتىجىسى ۋە تەجرىبىلىرى، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر، ئىختىساسلىقلار كىرگۈزۈلىدىغان دۆلەتلەر، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش خىزمىتى جەھەتتىكى ئىچكى مۇھىت ۋە شارائىت ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەسىلىلەر تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان.

لى شېڭلى

## تۇرپان تارىخى

بۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم 2003 - يىلى ھاۋالە قىلغان تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى تيەن ۋېيجياڭ ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 7 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەر بۇ تېمىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ۋە رېئال ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئاخىرقى نەتىجە سۆزلۈك مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى، بۇ كىتاب 8 باب، 35 پاراگراف، 420 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا ۋاقىت ئاساسىي ئىسپات قىلىنىپ، تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر، شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، بەش دەۋر، لياۋ، سۇڭ، جىن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى، مىنگو دەۋرىدىن باشلاپ تۇرپاننىڭ تارىخى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ھازىرغىچە تۇرپاننىڭ تارىخى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

لى شىڭلى

## خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكى قىرغىز مىللىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تاللانما تەرجىمىسى

بۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى 2002 - يىلى ھاۋالە قىلغان تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى مەنبەت تۇردى ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 4 - ئايدا تاماملىنىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 800 مىڭ خەتلىك تەرجىمە ئەسەر تەييارلاندى، بۇ كىتابتا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال «تارىخنامە»، «خەننامە»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، «لى دېيۇ ماقالىلىرى توپلىمى»، «قامۇسنامە»، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ پەرمانلار توپلىمى»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل»، «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «چىڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى»، «سەلتەنەتىمىزدىكى يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل»، «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» قاتارلىق 21 خىل يازما ھۆججەت ئىچىدىن قىرغىز مىللىتىگە دائىر 1023 ماتېرىيال توپلىنىپ قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ، قىرغىز مىللىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىشى، قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ھەمدە خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

لى شىڭلى

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى 2001- يىلى ھاۋالە قىلغان تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىق ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ۋاڭ نىڭ ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 8 - ئايدا تاماملىنىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 400 مىڭ خەتلىك ئەسەر تەييارلاندى. بۇ كىتاب 3 قىسىم، 17 باب، 69 پاراگرافقا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش قەدەم باسقۇچى ئەتراپلىق - سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ، شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشنىڭ بازار ھەرىكىتى ئۇسۇلى چۈشەندۈرۈلگەن، شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشنىڭ پىكىر يولى دەلىللەنگەن، ھۆكۈمەت شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلەنگەن ئومۇمىي نىشان تەھلىل قىلىنغان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش مۇھىتى مۇھاكىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشقۇرۇش جەھەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

## دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى 2002 - يىلى ھاۋالە قىلغان تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى نۇرمەھەممەت توختى ئۈستىگە ئالغان. 2004 - يىل 5 - ئايدا تاماملىنىپ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تېما پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە 60 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئۇنىۋېرسال دوكلات، 3 تارماق دوكلات ۋە بىر مەخسۇس تېما دوكلاتىدىن تەركىب تاپقان. بۇ دوكلاتتا دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىش سەۋەبلىرى، زېمىنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرى تەھلىل قىلىنغان، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر قىسىم قارشى تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

# مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

### مائارىپ خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنى

ش ئۇ ئا ر مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 2004 ـ يىللىق مائارىپ خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى، مائارىپ نازارىتى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 100 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 2003 ـ يىلى مائارىپ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى، مائارىپ خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە مائارىپ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، 2004 ـ يىللىق مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بېكىتىلدى.

1. يېزا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون مائارىپ خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش كېرەك.

2. قوش تىل ئوقۇتۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

3. ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئالىي مائارىپتا پەن قۇرۇلۇشى بىلەن سۈپەت قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسپىي مائارىپتا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك. مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

4. ئوقۇتقۇچىلار مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

5. مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئەخلاق ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مائارىپ سېپىنىڭ مۇقىملىقىنى ئەتراپلىق قوغداش كېرەك.

ۋاڭ جيەندې

### يېزا مائارىپ خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ 23 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شىنجاڭ بويىچە ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن %70 ىنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. لېكىن يېزا مائارىپىنىڭ ئاساسى پۇختا ئەمەس، بەزى جايلاردا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى كۈچى ئاجىز بولۇش مەسىلىلىرى گەۋدىلىك بولماقتا، يېزا مائارىپىدا مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىق جەھەتلەردە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى مۇنداق بولىدۇ: «ئىككى ئاساسەن» گە دائىر نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، 2007 ـ يىلغا بارغاندا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپىتى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەرخىل يېزا مائارىپى ماس راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايوننىڭ «قوش تىل ئوقۇتۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار» ى بىلەن «شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقان ۋە

ئىشقا ئورۇنلاشقان دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەت مائارىپى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆزىدە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر يېزا مائارىپى خىزمىتىنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىش، رەھبەرلەر نۇقتا بەلگىلەپ مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مائارىپ خىزمىتىدە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كېرەكلىك خىراجەتكە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىغا، مەكتەپلەرنىڭ نورمال ھەرىكىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ يېزا مائارىپىنى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى پائال قوزغاش، دۆلەت ئورگانلىرى، ھەربىي قىسىم، كارخانا ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق يېزا مائارىپى خىزمىتىنى قوللاشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 8650 | 917832 | 1173045 | 4328500 | 324426 | 263862 |
| 1. ئاسپىرانت | 11 | 832 | 2336 | 5120 | 1410 | 1410 |
| 1) ئالىي مەكتەپ | 8 | 791 | 2217 | 4828 | | |
| 2) پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | 41 | 119 | 292 | | |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرى | 28 | 30181 | 50868 | 163127 | 23265 | 12239 |
| تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى | 11 | 13573 | 26582 | 102636 | 16761 | 8326 |
| مەخسۇس كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى | 17 | 16608 | 24286 | 60491 | 5918 | 3389 |
| باشقىلار | | | | | 586 | 524 |
| 3. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2186 | 468849 | 606666 | 1676971 | 132730 | 106839 |
| 1) ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 78 | 24758 | 27990 | 71324 | 9116 | 5494 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرى | 59 | | | | | |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 19 | 5349 | 1242 | 8116 | | 1028 |
| 2) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى | 59 | 8033 | 14686 | 26197 | 5835 | 3885 |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1965 | 420583 | 536405 | 1517948 | 113047 | 94381 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 498 | 84418 | 138315 | 359147 | | 22809 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1467 | 336165 | 398090 | 1158801 | | 71572 |
| 4) كەسپىي مەكتەپلەر | 84 | 15475 | 27585 | 61502 | 4732 | 3079 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 79 | 3938 | 8530 | 17921 | 4215 | 2611 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5 | 11537 | 19055 | 43581 | 517 | 468 |
| 4) باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 5451 | 417588 | 347364 | 2218109 | 150308 | 134915 |
| 5) ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى | 8 | 382 | 390 | 2549 | 356 | 257 |
| 6) بالىلار باغچىسى | 977 | | 165421 | 262624 | 17767 | 9612 |

ئىزاھ: مەكتەپ سانى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى ئاسپىرانت يېتەكچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ شۇجاڭ، نىڭ شياۋجۇ

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى سېلىنمىسى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون خام چوت ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرغىنى 30 مىليون 400 مىڭ يۈەن (مائارىپ نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تۈرلەرگە سېلىنغىنى 13 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە بېرىلگەن ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ 13 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۈرىگە سېلىنغىنى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن)، مەركەز يىراق مۇساپىلىك زامانىۋى مائارىپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن مەخسۇس مەبلەغ 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن، مەركەز قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مەركەزگە 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن ھەرخىل مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ئىلتىماس قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز يەرلىك ئورۇنلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىدىغىنى 4 مىليون يۈەن، يەرلىك ئورۇنلاردىكى پېداگوگىكا مائارىپىغا ياردەم بېرىدىغىنى 3 مىليون يۈەن، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىدىغىنى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى 3 تۈركۈم ئۆزى تەييارلايدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى پىلانى چۈشۈردى، پىلاندىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 277 مىڭ 212 كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان مەبلەغ 430 مىليون 510 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 2004 - يىلى سېلىنىدىغان مەبلەغ پىلانى 165 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

جياۋ ۋېن

## ياپونىيە يېنى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش تۈرى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ياپونىيە يېنى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش تۈرىگە 53 مىليون 395 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، ئاپتونوم رايون مالىيىسى 10 مىليون دوللارنى، مەكتەپلەر 5 مىليون 395 مىڭ دوللارنى سەپلىدى، بۇ مەبلەغ 8 نۇقتىلىق ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپكە ئىشلىتىلدى. يىل ئاخىرىدا تۈرنىڭ تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىنىڭ %65 ىدە ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە %25 ى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، ئومۇمىي كۆلىمى 88 مىڭ 915 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 8 ئوقۇتۇش بىناسى يېڭىدىن سېلىندى، بۇنىڭغا 20 مىليون 940 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، 28 مىليون 690 مىڭ دوللارلىق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى. ياپونىيىگە بېرىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا 1 مىليون 504 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن 117 ئادەم ياپونىيىگە بېرىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى ۋە بىلىم ئاشۇردى. ياپونىيىلىك بىر مۇتەخەسسىس ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كېلىپ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىندى.

ما خېپىڭ

## دۆلەتنىڭ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى

2004 - يىل 10 - ئايغىچە سودا بانكىلىرى 3128 شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىنىڭ دۆلەت ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى، بۇ قەرز پۇل ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىنىڭ %13.2نى ئىگىلەيدۇ؛ تەستىقلانغان قەرز پۇل توختىمىدىكى سومما 26 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 18 مىليون 673 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىلتىماس قىلىنغان قەرز پۇلنىڭ %13.1نى ئىگىلىدى.

ما خېپىڭ

## «يىدا» مائارىپ فوندىنىڭ ئوقۇشقا ياردەم بېرىشكە مەبلەغ ئىئانە قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شياڭگاڭ «يىدا» ياڭ يۈەنلۇڭ مائارىپ فوندى 6 تۈر بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش مەبلىغى ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. «يىدا» مائارىپ فوندى شايار ناھىيىسىگە «يىدا باشلانغۇچ مەكتىپى» سېلىش ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى؛ «يىدا» كىتاب تورى قەشقەر، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلاردىكى 140 باشلانغۇچ مەكتەپكە 540 مىڭ يۈەنلىك كىتاب ئىئانە قىلدى؛ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ ئاپتونوم رايون بويىچە «يىدا» كىتاب تورى ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى؛ ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى 1500 نامرات باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا 300 يۈەندىن جەمئىي 450 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى؛ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە شياڭگاڭلىق، ئامېرىكىلىق 25 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ يازلىق تەتىللىك بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ «يىدا ئۆسمۈرلەر مۇھىت ئاسراش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تۈمەن چاقىرىملىق سەپىرى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

ما خېپىڭ

## مائارىپتىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 4 مىليون 940 مىڭ يۈەن

قالايمىقان ئېلىنغان ھەق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن قائىدىگە خىلاپ ئېلىنغان ھەق قايتۇرۇلدى. قالايمىقان ھەق ئېلىش دېلوسىدىن 7سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 8 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 11 كىشى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلەندى.

جياۋ ۋېن

## مائارىپ ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدا 844 تۈر ئۈستىدە تەپتىشلىك قىلىندى. 854 مىليون 840 مىڭ يۈەن تەپتىشلىك قىلىنىپ، مەسىلە بار 18 مىليون 990 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ تېپىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن تۈزىتىلدى، كىرىمنى كۆپەيتىش چىقىمنى تېجەش سوممىسى 35 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېلو يىپ ئۇچىدىن 10ى بايقالدى، ئۇنىڭ 4ى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا يوللاندى، 7 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش تۈرى بويىچە تەپتىشلىك قىلىنىشقا يوللانغان سومما 199 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق 35 مىليون 260 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى، كېمەيتىلىش نىسبىتى %18 بولدى. 187 تۈر تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈلدى. 8 پارچە ئىلمىي ماقالە ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

چېن جېنمىن

## ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئەھۋالى

1. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپى. 2004 - يىلى يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى تۈرىگە دائىر ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە لى جياچېڭ فوندىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۆلگە قۇرۇلۇشىنىڭ 1 -، 2 - قارارلىق تۈرى بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك قايتا تەربىيىلەش خىزمىتى تاماملاندى، 16 ناھىيە، شەھەردىكى 1 - سەپتىكى تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ۋە تۈر مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن 1432 كىشى تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى.

2. مائارىپ سۈنئىي ھەمراھى كەڭ بەلۋاغ قۇرۇلۇشى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى قويۇش نۇقتىسىدىن 2785ى، كومپيۇتېرخانىدىن 306 ى قۇرۇلدى، 83 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى قويۇش نۇقتىسى، سۈنئىي ھەمراھتىن ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈش نۇقتىسى، كومپيۇتېرلىق دەرسخانا ئارقىلىق سۈپەتلىك مائارىپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 7 تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى 2004 - يىللىق جۇڭگو مائارىپ تېلېۋىزىيىسى جەمئىيىتىنىڭ پىروگراممىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالىشىغا قاتناشتۇرۇلدى، مەخسۇس فىلىم «كارىز» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بالىلار دۇنياسى» دېگەن پىروگرامما 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3. ئاساس مائارىپى ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇشى. 2004 - يىلى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 -، 2 - يىللىقلىرىغا ئۆتۈلىدىغان ماس قەدەملىك «خەنزۇ تىلى» دەرسلىكىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش تاماملاندى، بۇ جەمئىي 60 دەرسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 52 قىسىملىق «بالىلار خەنزۇ تىلى» (ئېنگلىز تىلى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى) نى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى تاماملاندى. قازاقچە «باشلانغۇچ مەكتەپ تىل ئەدەبىياتى» تېلېۋىزىيە دەرسلىكىنى ئىشلەش خىزمىتى تاماملاندى، بۇ جەمئىي 19 دەرسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە مورى ناھىيىسىگە تارقىتىلدى. بالىلار فوند جەمئىيىتىنىڭ يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش تۈرى يولغا قويۇلغان ناھىيىلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ «خەنزۇ تىلى»، «ماتېماتىكا» سۈپەتلىك دەرس مۇسابىقىسى بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى تاماملاندى، شىنجاڭدىن 6 دەرس 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر دەرس مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۈرۈشتە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## مائارىپ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

1. دۆلەت ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش خىزمىتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەلگە 152 ئوقۇغۇچى چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت چىقارغىنى 27، يەرلىك ئورۇنلار چىقارغىنى ۋە «غەربىي قىسىم تۈرى» بويىچە تاللاپ چىقىرىلغىنى 125. بۇ ئوقۇغۇچىلار گېرمانىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيىلەرگە بېرىپ ئوقۇيدۇ.

2. چەت ئەلدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇيدىغانلارنى جەلپ قىلىش خىزمىتى. 2004 - يىلى مائارىپ سىستېمىسىدا ۋەتەنگە قايتقان مۇنەۋۋەر خادىملار سۆھبەت يىغىنى ۋە «باھار پىلانى» نىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى سۆھبەت

يىغىنى ئېچىلدى. 6 ئالىي مەكتەپ، 8 پەن تەتقىقات ئورنى 2004 - يىلى «باھار پىلانى» تۈرىدىن 84 نى يۇقىرىغا يوللاشقا تۇيۇشتۇرۇلدى، چەت ئەللىك 76 ئوقۇغۇچى شىنجاڭغا كېلىپ مائارىپ، پەن تەتقىقات مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىندى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. 2004 - يىلى يەنە 5 ئالىي مەكتەپ چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. مۇشۇنىڭغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 57 ئالىي مەكتەپ دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى تارقاتقان چەت ئەللىك مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. بىر يىلدا مائارىپ سىستېمىسى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئوقۇتقۇچىدىن 149 نى تەكلىپ قىلدى، قىسقا مۇددەتلىك زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن چەت ئەللىك مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسىدىن 67نى قوبۇل قىلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن 495نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى 330. يازلىق لاگېر ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىن 6نى، تىلدىن بىلىم ئاشۇرىدىغان ئوقۇغۇچىدىن 98نى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن 16نى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭدا خەنزۇ تىلى، مېدىتسىنا، قانۇن كەسپلىرىنى ئۆگىنىدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى 500 دىن ئاشتى.

4. جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ياردەم قوبۇل قىلىش خىزمىتى. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قىرغىزىستان ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن قازاقىستان خەلقئارا تىل ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مېدىتسىنا مەركىزى قاتارلىق جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرىدىغان ئاپپاراتلار تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، چەت ئەل تەرەپ سالغان مەبلەغ 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونىيە فۇكۇئوكا قىزلار ئىنستىتۇتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3066 ئىئانە كىتابىنى قوبۇل قىلدى. ياپونىيىلىك دوست خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلغان 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قوبۇل قىلىندى.

ۋاڭ جۇپىڭ

## تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە سەنئەت مائارىپى

تەنتەربىيە خىزمىتى 2004 - يىلى شىنجاڭدا «مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئەلالارنى باھالاش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسى تۈزۈپ چىقىلدى. مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ستودېنتلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئىشى تەشكىللىنىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىلمىي ماقالىسى يېزىش ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش، نەشر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 47 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بويىچە ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بىر پارچە ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك، 2 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 3 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2- نۆۋەتلىك تەنتەربىيە ئىلمىي ماقالىلىرى دوكلات يىغىنى ئېچىلىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 15 پارچە ماقالە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 35 پارچە ماقالە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 31 پارچە ماقالە تەقدىرلەندى. تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش بويىچە كۆرسەتمىلىك دەرس خىزمىتى تەشكىللىنىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 9ى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 18ى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 4ى باھالاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە دەرسى كۆرىكى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كۆرسەتمىلىك 135ى توپلاندى، 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 28 دەرس باھالاپ چىقىلدى، كۆرەككە 310 ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. «كەيۋېي لوڭقىسى» ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، «ساۋەن لوڭقىسى» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يۇمشاق ۋالېبول، پۇتبول مۇسابىقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تېكتاك توپ مۇسابىقىسى، CUBA ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ۋە فىلىپ پۇتبول مۇسابىقىسى قاتارلىق كۆپ خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەربىي مەشىق بازىسىنىڭ مەشىق باشلاش خىزمىتى تاماملىنىپ، 8000 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سىناق تەرىقىسىدە تەربىيىلەندى.

سەھىيە خىزمىتى 2004 - يىلى مەكتەپ ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقى تەربىيىسى بويىچە مۇداپىئەلىنىش - داۋالاش مەركىزى قۇرۇلدى. تۇرپاندا مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئۆلچەش 4 - پونكىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە ھەمكارلىقىدىكى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر مائارىپ

سىستېمىسىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش تورى ئەستايىدىل يولغا قويۇلدى، 4 قارار 1 ـ دەرىجىلىك كۇرس ئېچىلىپ، 360 كۇرسانت تەربىيىلەندى. ئىلى ۋە قەشقەردىكى 20 مەكتەپتىكى 132 ساغلاملىق تەربىيىسى ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا قارىتا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش بويىچە ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. 10 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتى، سەھىيە نازارىتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 7 ئالىي مەكتەپنىڭ سەھىيە خىزمىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل 200 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ شىپاخانىسى ۋە ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرىنى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك مەكتەپ سەھىيە خادىملىرى كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 5 مەكتەپ مەملىكەت بويىچە يېشىل مەكتەپلىككە كۆرسىتىلدى. نىلقا، مورى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەملىكەتلىك مەكتەپ سەھىيىسى ۋە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە تايانچ ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. «شىنجاڭدىكى قىسمەن مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى ئۆلچەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنىڭ كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى.

**سەنئەت مائارىپى** 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكى مۇسابىقىسىغا قاتنىشىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل تۈرىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. 13 مىڭ 520 ئادەم مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىغا قاتنىششقا تەشكىللىنىپ، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 676سى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2028ى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2704ى قولغا كەلتۈرۈلدى، 11 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك مائارىپ ئورنى ئىلغار تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 43 مەكتەپ ئىلغار تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتىغا، 53 يېتەكچى ئوقۇتقۇچى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 12 ئوقۇتقۇچى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 كىشى ئىلغار شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنئالغۇ دەرسىنى باھالاش مۇسابىقىسى تەشكىللىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت دەرسىدىن بىرى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت دەرسىدىن بىرى تاللىنىپ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر دەرس كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ۋاڭ جۇپىڭ

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 6613 تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھەرخىل شەكىلدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىن قىلىنغان ساپ كىرىم 203 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ باشقۇرغان يېزا ئىگىلىكىدىن قىلىنغان كىرىم 29 مىليون 690 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان سانائەتتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 820 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان 3- كەسىپتىن قىلىنغان كىرىم 23 مىليون 970 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلاردىن قىلىنغان كىرىم 138 مىليون 760 مىڭ يۈەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 71.60 يۈەنگە، مەكتەپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 29 مىڭ 298 يۈەنگە يەتتى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلىنغان كىرىم ئارقىلىق تولۇقلانغان مائارىپ خىراجىتى 178 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

زۇ شۆخۇڭ

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 18 مىڭ 482 ئوقۇتقۇچىنىڭ سالاھىيىتى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 634. مۇشۇنىڭغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 71 مىڭ 351 ئوقۇتقۇچىنىڭ سالاھىيىتى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 5707.

جياۋ ۋېن

## 2004 يىللىق مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچىلار گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ شياۋچېن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئارزىگۈل قارى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن بۇ لىيەن، ئونسۇ ناھىيە

قىزىل بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئابدۇۋېلى غوپۇر، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جاڭ جيەنلۇڭ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەختەم ئابلىز، جىڭ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن سۇڭ شيۇجۇ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لى چۇنخۇا، نىيە ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايزىمگۇل ئابلا، پوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇرېشىت ئابدۇقادىر، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن گۈلنىسا ئىلياس، غۇلجا ناھىيىلىك باللار باغچىسىدىن سۇ يۇلەن، شىخەنزە شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ليۇ يۈن.

**مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر** شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن ۋاڭ يى، پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوسمان سېيىت.

**مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار** سانجى ئوبلاستلىق مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن خې جيەنشىن، سانجى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ يۈگجيې، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپىدىن ۋاڭ مېي، تولى ناھىيىلىك 3- باشلانغۇچ مەكتەپتىن قايرات ناسىپقان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جاۋ باۋشىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ۋاڭ جىدې، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جۇ جىنجۇڭ، ئاتۇش شەھەرلىك تاڭنۇرى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن جۇ فېڭچىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋۇ راڭچۈن، ئاقسۇ شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۈ ماۋجۇڭ، كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن فەن داۋمىڭ، كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن مامۇت ئەمەت، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن گاۋ جىگاڭ، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن خۇاڭ جيې، ساۋەن ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن دىڭ يۈچياڭ، چۆچەك شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن چيۇ ياخۇي، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن لياۋ زېيۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك كەسپىي مائارىپ مەركىزىدىن شېڭ جيايۈن، يەنجى ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ھەسەنجان ھوشۇر، خېجىڭ ناھىيە خارمۇدۇن بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئامىنە مەھەممەت، خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن مۇختار مەتسالى، خوتەن شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لى كۈنشىڭ، يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا غەربىي قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدىن پاتەم ئابدۇللا، مەكىت ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۈسۈپ تاش، قەشقەر شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن گۈلباھار ئابدۇرازاق، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن شۇ كۈنئې، قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپىدىن مۇتەللىپ ئوسمان، مۇڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن دىڭ جۈنچيۇ، غۇلجا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ ۋېيدۇڭ، كۈنەس ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن قۇۋاش، قورغاس ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن روشەنگۈل ئىسمائىل، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېن يىنجۈن، قابا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ياڭ سۇلەن.

**مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى** قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپتىن خۇاڭ يەن، لوپ ناھىيە بۇيا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن كامال جامال، مارالبېشى ناھىيە چۇڭقۇرچاق يېزىلىق ئوقۇتۇش رايونىدىن ئوسمان راخمان.

**مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلىق پەزىلىتى ئۈلگىسى** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پەن شياۋلىڭ

**مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلىق پەزىلىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر** شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن لېي لىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جيا دېيەنزېڭ، ئۈرۈمچى «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ما شيۇفاڭ، قەشقەر شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن مېھرىبان تالىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جېن شۇچىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېڭ شىنبىڭ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ شىمىڭ، ساۋەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لى يۈەنسەي، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن جياڭ شىمىڭ.

**4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى باغۋەن مۇكاپاتى** ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزىدىن يۈەن شياڭگۇاڭ، ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن گۇەن گۈيشەن، سانجى شەھەرلىك مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن خۇ مېيخۇا، كورلا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ۋاڭ خۇڭجېڭ، ئۈرۈمچى تەجرىبە چەت ئەل تىلى مەكتىپىدىن لى لىڭ، پىچان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ما لىجېن، شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جاۋ لى، چۆچەك شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن دۇڭ گۈيخۇا.

**مەملىكەتلىك «ئۈن نادىر» چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى** ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزىدىن يۈەن خۇڭگۇاڭ

**5 - نۆۋەتلىك ئەسىر يۇلتۇزى مەملىكەتلىك سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرى كۆرىكىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

ئىلغار ئورۇن: ئۈرۈمچى «جۇڭجى» جامائەت مەكتىپى باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلۈمى

ئورۇن رەھبەرلىرى: شۇ چېڭمېي، جاڭ چېڭرۇڭ، پەن دۇيۇ

كوللېكتىپ مۇكاپات: «63650» قىسىم مالەن باشلانغۇچ مەكتىپى

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار: جۇۋېيدۇڭ، چېن خەيشىن، ۋاڭ جۈەن، جىن يىڭخۇڭ

جياۋ ۋېن

## مەملىكەتلىك مائارىپقا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەتلىك مەكتەپ مائارىپىغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى

مەملىكەتلىك مەكتەپ مائارىپىغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى خۇ شياۋبىڭ، قاراماي شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى جەن شياۋپىڭ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى جيا چېڭلى، بىڭتۈەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېڭ شىنجۈن.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپقا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى.

جياۋ ۋېن

## تيەن شۇلەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مائارىپ مىنىستىرلىكى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىدە تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تيەن شۇلەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 3- كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

جياۋ ۋېن

## ۋۇ چىدى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋۇچىدى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى، ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش مەخسۇس تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ 2004- يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە مائارىپ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىدىكى 48 كىشى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قەشقەر، شىخەنزە، كورلا، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىلەرنى كۆزدىن كەچەردى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا «نامى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ماتېرىيالى تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى»، «گىن قۇرۇلۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى» قاتارلىق 11 مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

# ئاساس مائارىپى

## ئاساس مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1965 كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 33ى كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 9 مىليون 836 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 7%، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 13.9%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2.2%، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 8.7% كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 72.25%كە يېتىپ، 5.23% ئۆستى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 4.7% كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.07%كە يېتىپ، 1.46% ئۆستى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 86.32%كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 41.14%كە يەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېكىنىش نىسبىتى 3.21% بولدى. 381 باشلانغۇچ مەكتەپ ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3% كېمەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2% كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.53%كە يېتىپ، 0.19% ئۆستى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.79%كە يېتىپ، 0.45% ئۆستى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى 98.58% بولدى،

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى (كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 99.89%كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 8 مىليون 339 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 0.7% ئازايدى. ئالاھىدە مائارىپ بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 36.8%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8.4% كۆپەيدى. 68 بالىلار باغچىسى كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7.7%، باغچا ئۆيى كۆلىمى 1 مىليون 221 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 9.2% كۆپەيدى.

ۋاڭ جيەندې

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا يېتەكچىلىك قىلىش پىكرى (تۆۋەندە «پىكىر» دەپ ئېلىندى)»نى ئوتتۇرىغا قويدى، «پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا مائارىپ مەبلىغى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يېڭىدىن سېلىنىدىغان ۋە يېڭىلىنىدىغان مەكتەپلەر چوقۇم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش پىلانىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. «پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەن (ناھىيە بازىرى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1292 بولۇپ، ئوتتۇرىچە ھەربىر سىنىپقا 41 بالا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر سىنىپتىكى بالا 25كە توشمايدىغان سىنىپ 1318 بولۇپ، يېزىلاردىكى سىنىپلارنىڭ 7.1%نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 5126 (بۇنىڭدىن باشقا 1063 ئوقۇتۇش نۇقتىسى بار) بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىر سىنىپقا 28 بالا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر سىنىپتىكى بالا 25 كە توشمايدىغان سىنىپ 21 مىڭ 436 بولۇپ، يېزىلاردىكى سىنىپنىڭ 37%نى ئىگىلەيدۇ.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تور ـ نۇقتا مۇلازىمەت رادىئۇسى 3 كىلومېتىردىن 5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، تاغلىق رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى بۇنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش تەڭشەلگەندىن كېيىن، تۆزلەڭلىك رايونلاردىكى ھەربىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ 12گە يېتىدۇ، بىر سىنىپتا 50 بالا ئوقۇيدۇ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 600 دىن ئاشىدۇ؛ تاغلىق رايون، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ 9غا يېتىدۇ، ھەربىر سىنىپتا 50 بالا بولىدۇ، مەكتەپتە 350 ـ 450كىچە بالا بولىدۇ. تۆزلەڭلىك، تاغلىق رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سىنىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، سىنىپتىكى بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىدىكىدىن 5 ـ 10غىچە ئاز بولىدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي سەپلەش ئۆلچىمى مۇنداق 3 خىل: 1) ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى قويۇش نۇقتىسىغا تېلېۋىزور، DVD ئاپپاراتى ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ يىللىقلار بويىچە ئوقۇتۇشىغا دائىر لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا سەپلىنىدۇ، ھەربىر نۇقتىغا ئوتتۇرىچە 3000 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ؛ 2) سۈنئىي ھەمراھتىن ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش نۇقتىسىغا سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش سىستېمىسى، كومپيۇتېر، تېلېۋىزور، DVD ئاپپاراتى ۋە 1 ـ يىللىقتىن 6 ـ يىللىققىچە بولغان ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى، ھەربىر نۇقتىغا ئوتتۇرىچە 16 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ؛ 3) كومپيۇتېرلىق سىنىپقا سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش سىستېمىسى، تور كومپيۇتېر سىنىپى، كۆپ مۇھىتلىق سىنىپ، ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى قويۇش ئۈسكۈنىسى ۋە ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى سەپلىنىدۇ، ھەربىر نۇقتىغا ئوتتۇرىچە 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىغا 53 مىليون 679 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغىنى 35 مىليون 786 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون يۈرۈشتۈرىدىغىنى 17 مىليون 893 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ بىلەن 247 ئوقۇتۇش لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى قويۇش نۇقتىسى، 993 سۈنئىي ھەمراھتىن

قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، 247 ئېغىز كومپيۇتېرلىق سىنىپ سېلىندى.

ۋاڭ جۈپىڭ

## مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسى دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئۈچۈن 30 مىليون يۈەن ئاجراتتى، بۇ پۇل دەرسلىك كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىغان ۋە ئوقۇش پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان 56 ناھىيىدىن باشقا ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزىلاردا قۇرۇلغان ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش پۇلى ۋە ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇلىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالدى بىلەن يېزىلاردىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 825 يۈەندىن تۆۋەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار، مېيىپ ئوقۇغۇچىلار، يېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ياتاقلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. دۆلەت مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش يادەم پۇلىنىڭ كونكرېت ياردەم ئۆلچىمى مۇنداق: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىللىق دەرسلىك ياردەم پۇلى 55 يۈەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 100 يۈەن، ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيدىغان نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى 300 يۈەن، ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 500 يۈەن.

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەنگەن نامرات ئوقۇغۇچى 2 مىليون 278 مىڭ 800 گە يەتتى.

ۋاڭ جيەندى

## «ئىككى ئاساسەن» نىڭ مۇستەھكەملىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ئىككى ئاساسەن» نى مۇستەھكەملەش بويىچە خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ 2007 - يىلغىچە بولغا «ئىككى ئاساسەن» نى مۇستەھكەملەش پىلانى» ، «يېزا ياتاقلىق مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ۋىلايەت (ناھىيە) لەر بىلەن «ئىككى ئاساسەن» نى مۇستەھكەملەش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. گوۋۇيۈەن 2004 ـ 2007 - يىلغىچە 10 مىليارد يۈەن مەخسۇس پۇل تەسىس قىلىپ، ئۇنى غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى مۇستەھكەملەش پىلانىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. مەركەز شىنجاڭغا 680 مىليون يۈەن ياردەم بەردى، بۇ پۇل يېزىلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساس قىلىنغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 93 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ 71ى «ئىككى ئاساسەن» ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، «ئىككى ئاساسەن» نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.71%كە يەتتى. 2004 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى قايتا تەكشۈرۈلدى. «ئىككى ئاساسەن» نى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا رايونلىرىدا «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسىغا دائىر 6 قارار كۇرس ئېچىلدى. يېڭى ساۋاتسىزلار ۋە ساۋاتى چىققانلارنىڭ داۋاملىق تەربىيىسى ۋە ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ نەتىجىلىرى مۇستەھكەملەندى.

ۋاڭ جۈپىڭ

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بويىچە پەن تەتقىقات ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش پەن تەتقىقات ئورنى باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى 9 ئۆلكە دەرىجىلىك دەرسلىك ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونى ۋە ئۆلگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. 1300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى دەرسلىك ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونى دەرسلىكى ۋە دەرس ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلىدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىدىيە - ئەخلاق دەرسى ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق دەرسلىك ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، شىرت جايلاردىن مۇتەخەسسىسلەر دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى ھەمدە پەنلەر بويىچە كۆرەك دەرسى ئۆتتۇلدى. ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا تەجرىبە رايونلىرىنىڭ 2568 نۇسخا ئىلمىي ماقالىسى، ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دېلو مىسالى، 382 سائەتلىك سىنئالغۇ دەرسى تاپشۇرۇۋېلىندى.

2004 - يىلى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلتىماس قىلىنغان 200 نەچچە تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېمىسى باھالاندى، ئۇنىڭ 129ى ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزمۇنلىدىكى پەن تەتقىقات تۈرى قىلىپ تەستىقلاندى. «شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى» خەنزۇچە 6 سان نەشر قىلىندى، 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئۈچۈن 8 مەخسۇس سان نەشر قىلىندى، «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى» ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا 2 سان نەشر قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك دەرسلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك دەرسلىكلىرىدىن 1 - يىللىق 1 - قىسىم، 2 - يىللىق 1 - قىسىم، 7 - يىللىق 1 - قىسىم ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسى تۈزۈپ چىقىلدى؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى» ناملىق دەرسلىك ۋە «شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى» ناملىق ماتېرىيال توپلىمى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسى تۈزۈپ چىقىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 -، 5 -، 6 - يىللىقلىرى پايدىلىنىدىغان تەنتەربىيە قوللانمىسى تۈزۈلدى.

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن بولۇپ 18 مىڭدىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى، 2700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەرقايسى پەن تەتقىقات جەمئىيەتلىرى 60 قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەت دەرسخانا ئوقۇتۇشى بويىچە ئەلالىرىنى باھالاپ كۆرەك قىلىش، ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇش، دەرس ئاڭلاش ۋە باھالاش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك ئىلمىي ماقالىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش، كومپيۇتېر ئارقىلىق ياساشنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش، ئەقلىي ماشىنا ئادەم مۇسابىقىسى، تەبىئىي پەن بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

جياۋ ۋېن

## تۇنجى نۆۋەتلىك ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 98.67% بولدى

2004 - يىل 6 - ئايدا مەملىكەت بويىچە 12 شەھەردىكى 13 مەكتەپكە تارقالغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن 975 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 575، خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 299، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 101. ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نومۇر چېكى ئايرىم بېكىتىلىپ، ئايرىم قوبۇل قىلىندى. 918 ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى 106 ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىغا، 44 ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى غەربىي جەنۇب پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسىغا قوبۇل قىلىندى. ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچى 962 بولۇپ، قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 98.67% بولدى.

ۋاڭ جيەندې

## شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2004 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، سانجى، كورلا، قۇمۇل، ئاقسۇدىن ئىبارەت ئىقتىسادى ۋە مائارىپ شارائىتى بىرقەدەر ياخشى 8 شەھەردە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا (بازار) ، كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ياكى نامرات، چېگرا ناھىيە بازارلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى شۇ قارارىدا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ 80%تىن كۆپرەك بولۇشىنى قارار قىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسى 8 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجراتتى، بۇ پۇل تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئاچقان 8 مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدا پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە ياتاقلىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار مۇئەييەن خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كونكرېت ھەق تاپشۇرۇش ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ: ئاتا - ئانىسى دېھقان، چارۋىچى بولغانلار ياكى شەھەردىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تاماق پۇلى تاپشۇرمايدۇ، باشقا ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئائىلە ئەھۋالىغا قاراپ بىر يىلدا 450 يۈەندىن 900 يۈەنگىچە تاماق پۇلى تاپشۇرىدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## SDP تۈرى شىنجاڭدا

SDP — جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مەكتەپ تەرەققىيات پىلانى تۈرىنىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇ جۇڭگو

بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورتاق يولغا قويغان مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش تورى بولۇپ، 2001 - يىلى جۇڭگودا رەسمىي يولغا قويۇلغانىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ تۇنجى قارارلىق SDP ئۆلكە دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئىشىنى تەشكىللىدى ۋە تور يولغا قويۇلغان 3 ناھىيىدىكى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 16 مەكتەپتە 1 - نۆۋەتلىك نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇپ، تور يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردە SDPنىڭ كونكرېت يولغا قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن 24ى تەربىيىلەندى. 2004 - يىلى تور يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردىكى سىناق نۇقتىسى قىلىنىدىغان مەكتەپ 32گە يېتىپ، 2 - نۆۋەتلىك نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشى باشلاندى، شۇ يىلى مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن 32سى تەربىيىلەندى. تەربىيىلەش مەزمۇنى تور مۇتەخەسسىسلىرى چىقارغان مەخسۇس تېمىلار يەنى «مەكتەپ باشقۇرۇشنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇش» ، «مەكتەپ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى» ، «مائارىپتىكى ئادىللىق ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى» قاتارلىقلار بويىچە بولىدۇ.

ۋاڭ جۇپىڭ

## كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى

### كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپتىن بىرى ئازايدى، ئوقۇغۇچىسى 1.5%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 11% كۆپەيدى. تولۇقسىز كەسپىي مەكتەپتىن 3ى ئازايدى، ئوقۇغۇچىسى 45%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 34.4% كۆپەيدى. چوڭلار ئالىي مەكتىپىدىن بىرى، ئوقۇغۇچىسى 3.6% ئازايدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2.3% كۆپەيدى، مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 1 مىليون 142 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 3.9% كۆپەيدى. چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 14ى كۆپەيدى، ئوقۇغۇچىسى 26.2% ئازايدى. چوڭلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپىدىن 65ى، ئوقۇغۇچىسى 23.3% كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 36.3% ئازايدى. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 11ى، ئوقۇغۇچىسى 118.8% كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 12.9% ئازايدى.

ۋاڭ جيەندى

### دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر

2004 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە 1076 مەكتەپنى يېڭىدىن تەڭشىلىپ ئېتىراپ قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ قىلىپ تەستىقلىدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى، شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى، سانجى سەھىيە مەكتىپى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر مەكتىپى، فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى، قاراماي شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم تۇنجى تۈركۈمدىكى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى.

جياۋ ۋېن

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئەھۋالى

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 66 | 51582 | 46922 | 97113 | 12536 | 5288 |
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 11 | 46465 | 44201 | 84583 | 5578 | 3064 |
| 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | 2 | 4761 | 1153 | 2190 | 3065 | 1512 |
| 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتەپلىرى | 3 | 3006 | 2482 | 4646 | 561 | 383 |
| 3) مائارىپ ئىنستىتۇتى | 6 | 8331 | 6739 | 11985 | 1952 | 1169 |
| 4) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاچقىنى: | | 30367 | 33827 | 65762 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش | | 15764 | 18249 | 38590 | | |
| ئىشتىن سىرت ئوقۇش | | 7651 | 8617 | 17288 | | |
| ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش | | 6952 | 6961 | 9884 | | |
| 2. چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى | 55 | 5117 | 2721 | 12530 | 6958 | 2224 |
| 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 26 | 2663 | 2721 | 7146 | 1859 | 1137 |
| 2) چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 29 | 2454 | | 5384 | 87 | 47 |
| چوڭلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى | 29 | 2454 | | 5384 | 87 | 47 |
| 3) چوڭلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى | 1291 | 797061 | | 892080 | 2486 | 600 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى | 17 | 8745 | | 5879 | 142 | 59 |
| دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى | 1271 | 786371 | | 884026 | 2324 | 525 |
| باشقا تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى | 3 | 1945 | | 2175 | 20 | 16 |
| 3. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 357 | 83888 | | 141927 | 2526 | 440 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ساۋات چىقىرىش سىنىپى | 261 | 47873 | | 95857 | 2072 | 397 |

ئىزاھ: مەكتەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ سانى چوڭلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى، چوڭلار تولۇقسىز مەكتەپلىرىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى چوڭلار تولۇقسىز مەكتەپلەرنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ شۈيجياڭ، نىڭ شياۋجۇ

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە 39 مىڭ 241 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغىنى 27 مىڭ 990، چوڭلار تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىنغىنى 2721، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشقا ئاپپاراتلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 8530، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 2003 - يىلدىكىدىن %14 كۆپەيدى. 31 مىڭ 359 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 24 مىڭ 758، چوڭلار تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 2663، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشقا ئاپپاراتلارنى پۈتتۈرگىنى 3938.

2004 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە تايىنىپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى تەشكىل قىلىندى، ئالىي مەكتەپلەر ئارا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتى بويىچە ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىق سۈپىسى بەرپا قىلىندى، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىكى 8 كارخانا گۇرۇھى شىنجاڭدا ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج بويىچە مەخسۇس يۈز كۆرۈشۈش يىغىنى ئېچىشقا تەكلىپ قىلىندى. ھەر مىللەتتىن بولغان 200 نەچچە ئوقۇغۇچى TCL، «سەنجيۇ» دورىگەرلىك گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. 2004 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %75 تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ %98 بولدى. نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %100 بولدى.

ۋاڭ جۇپىڭ

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى

شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بىڭتۇەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پولات - تۆمۈر شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى.

جياۋ ۋېن

## چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە توردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 11 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئىشلەندى. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىشكە 61 مىڭ 516 ئادەم تىزىملاتتى، 44 مىڭ 201 ئادەم قوبۇل قىلىندى.

2004 ـ يىللىق چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل خىزمىتىدىكى تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئەھۋالغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: بىرىنچى، تىزىملاتقان ئادەم سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، يەنى 2003 ـ يىلدىكىنىڭ ئاران %54 ىگىلا توغرا كەلدى. ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئېغىر دەرىجىدە تەكشىسىز بولدى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىۋاستە قاراشلىق چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ياخشىراق بولدى، ئەمما ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئىنتايىن ناچار بولدى، ھەتتا بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى يوق بولۇپ قالدى. ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلغان كەسىپ جەھەتتە ئوقۇغۇچى مەنبەسى تەكشىسىز بولغاچقا، يۇقىرى چەكتىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە قوبۇل قىلىنىپ بولغان بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپى «ئوقۇغۇچى مەنبەسى يېتىشمەي سىنىپ ئېچىشقا ئامالسىز قالدۇق» دېگەن باھانە بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى.

ۋاڭ جۈپىڭ

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا ئېلىندى، 161 مىڭ 785 ئادەم 104 كەسىپ بويىچە 386 مىڭ 470 پەن (قېتىم) ئىمتىھانغا قاتناشتى. 10 مىڭ 542 ئوقۇغۇچى لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 4402، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 6140؛ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 4573، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 4987، قازاق تىلىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 982.

2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانىغا 31 مىڭ 201 ئادەم، مەملىكەتلىك ئېنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا 2111 ئادەم، كامبرىج باللار ئېنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانىغا 7851 ئادەم تىزىملاتتى.

2004 ـ يىلى جەمئىيەتتىكى كەسىپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كامبرىج خەلقئارا باشقۇرۇش گۇۋاھنامىسى ئىمتىھانى، يېمەكلىك كەسپى دىرېكتورلىرىنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئىمتىھانى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش بويىچە «پىداگوگىكا، پىسخولوگىيە» ئىمتىھانى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت بويىچە ئىش ئورنى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئىمتىھانى، ماشىنىسازلىق ئىنژېنېرلىقى سالاھىيەت ئىمتىھانى، مەسئۇل تەكشۈرۈپ ـ تەھلىل قىلغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ئىمتىھانى كۆپەيتىلدى.

جياڭ ۋېن

## كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرگە بىۋاستە كىرىش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى

ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بىلەن ئالىي كەسپىي مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ۋە جىپسىلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن 2004 ـ يىلى كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرگە بىۋاستە كىرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق 12 ئالىي كەسپىي مەكتەپ بىۋاستە كىرىش خىزمىتىنىڭ سىناق نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايون مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن كەسپى بىلەن ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرىغا كىرىپ ئوقۇيدىغان كەسپى ئوخشاش بولسا، شۇنىڭدەك مەلۇم شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، ئالىي كەسپىي ئىنستىتۇتلارغا بىۋاستە كىرىپ ئوقۇسا بولىدۇ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە تۆت گۇۋاھنامىسى يەنى ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كومپيۇتېر ئىشلىتىش بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى شۇنىڭدەك مىللىي تىلدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى بويىچە 4 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى (4 ـ دەرىجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك.

ۋاڭ جۈپىڭ

## شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى 2004ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇت ئىجتىمائىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى شىنجاڭ تىببىي

پەنلەر بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى ئاساسىدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تەكتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان شىنجاڭ مېدىتسىنا پەن ـ تېخنىكا مائارىپ مەركىزىدۇر. 2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق بۇ ئىنستىتۇتنىڭ نامى شىنجاڭ تىببىي پەنلەر بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان 8 يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچى 5000 دىن ئاشتى. بۇ مەكتەپ 2004 ـ يىلى مۇستەقىل مەكتەپ باشقۇرۇش مۇئەسسەسىلىرىگە ئىگە، مۇستەقىل قانۇنىي ئىگىلىك خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ قالدى.

ۋاڭ جۇيىڭ

## شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەسپىي تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇتنىڭ تەكتى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئالىي مائارىپ بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئىدى. بۇ مەكتەپ 1993 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى قىسمەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى باشلامچىلىق قىلىپ قۇرغان ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان ئاپپارات ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، 100 نەچچە مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىسى، 1600 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار، بۇ مەكتەپ بازارغا يۈزلەنگەن مەكتەپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرگەن. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار %100 ئىشقا ئورۇنلاشتى. 2004 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى تەكشۈرۈپ ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرىجىسىنى ئەسلىدىكى ئاساستا خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆستۈردى، بۇ مەكتەپنى مۇستەقىل مەكتەپ باشقۇرىدىغان، ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالىدىغان مەكتەپ قىلدى.

مەكتەپتە ئاساسلىقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ تۈرىدىكى ئالىي تېخنىكوم قاتلىمىدىكى ئالىي كەسپىي سىنىپ، چوڭلار تۈرىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەخسۇس كۇرس سىنىپى، تولۇق كۇرس سىنىپى، تولۇق ئوتتۇرا ـ ئالىي تېخنىكومنى ئۇلاپ ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم تەييارلىق سىنىپى شۇنىڭدەك ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە ئىشتىن سىرتقى، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتىدىغان مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس سىنىپلىرى ئېچىلغان، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ ھەرقايسى پەنلەر ۋە كەسپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى شۇنىڭدەك دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن يولغا قويۇلغان؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ئۇنۋانى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى جەھەتتە دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى شۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمان بولىدۇ.

ۋاڭ جيەندي

## شىنجاڭ قاتناش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ قاتناش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى 2004 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەسلىدىكى قاتناش مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلدى.

شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى 50 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپكە، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى. ھازىر مەكتەپتە تاشيول ۋە كۆۋرۈك، ئاپتوموبىل ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش، قاتناش قۇرۇلۇشى ماشىنىلىرى، قاتناش ـ ترانسپورتنى باشقۇرۇش ۋە كومپيۇتېر قوللىنىشتىن ئىبارەت 5 ئاساسىي كەسپكە دائىر 21 كەسىپ سىستېمىسى شەكىللەندى.

ۋاڭ جيەندي

## «تەڭرىتاغ» كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى بىلەن قازاقىستاندىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرىدىغان بولدى

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى بىلەن قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى 3 ئالىي مەكتەپ ۋەكىللىرى 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى قازاقىستاندىكى قازاقىستان ـ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستلىق دۆلەتلىك تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دوست مەكتەپ بولۇش، ئىككى تەرەپ ئوقۇغۇچىلار پىراكتىكا ـ تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇش، ئۆز ئارا ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىشىپ تەربىيىلەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ

ئېرىش؛ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ قازاقىستان - جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش، مەكتەپ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئۈكا شەھىرىدە بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2005 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلاندى، 2006 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدە تەربىيىلەش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىدىغان بولدى.

ۋاڭ جيەندى

# ئالىي مائارىپ

## ئالىي مائارىپ ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنىدىن 2سى، مەكتەپتىكى ئاسپىرانت 41%، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى 26.6% كۆپەيدى. 2003 - يىلدىكىدىن 2 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 10.5%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8.9% كۆپەيدى. مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 5 مىليون 985 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 6.9% ئاشتى، 10 مىڭ نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 84.34 كە يېتىپ، 6.85% كۆپەيدى.

ۋاڭ جيەندى

## ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مەكتەپلەر ئىلتىماس قىلغان پەن تەتقىقات تۈرىدىن 191ى قوبۇل قىلىنىپ، 146سى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىنى ئىلتىماس قىلىشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى. 7 ئوقىتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. 6 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى قوللاش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بوستانلىق ئېكولوگىيىسى بويىچە ئۆلكە - مىنىستىرلىك بىرلىكتە ئوقىتىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇش تۈرىنى ئىلتىماس قىلىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى ۋە تەستىق ئېلىندى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## ئىلمىي ئۇنۋان خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا خىزمەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ماگىستىرلىق بويىچە تەربىيىلەش ئوقتىسىدىن 3ى كۆپەيدى. مۇشۇنىڭغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 6 ئالىي مەكتەپ نەچچە ئون كەسىپ بويىچە خىزمەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خادىملارغا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىلمىي ئۇنۋان ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسلەرنى 2000 - يىلى كۆپەيتىلگەن ماگىستىرلىق ئوقتىلىرىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشقا تەشكىللىدى، باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان 49 ماگىستىرلىق ئوقتىسىنىڭ ھەممىسى باھالاشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر ئورۇن 19، ياخشى ئورۇن 25، لاياقەتلىك ئورۇن 5.

بىر يىلدا ھەرخىل ئىلمىي ئۇنۋان گۇۋاھنامىسىدىن 13 مىڭ 391ى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باكالاۋۇرلۇق گۇۋاھنامىسى 11 مىڭ 620، ماگىستىرلىق گۇۋاھنامىسى 716، دوكتورلۇق گۇۋاھنامىسى 30، چوڭلارنىڭ تولۇق كۇرس بويىچە باكالاۋىرلىق گۇۋاھنامىسى 1025.

2004 - يىلى ئاسپىرانتلىققا تەڭ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ ماگىستىرلىق بويىچە چەت ئەل تىلى ۋە پەن ئۇنىۋېرسال سەۋىيىسى بويىچە مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىپ نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن لاياقەتلىك نومۇر سىزىقىغا يەتكەن بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاسپىرانتلىققا تەڭ ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ۋە ئاسپىرانتلىققا تەڭ ئوقۇش تارىخى تەمىناتى گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ھازىر ئاسپىرانتلىق دەرسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى يوق ئوقۇغۇچىلار ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق چەت ئەل تىلى ۋە پەن ئۇنىۋېرسال ئىمتىھانغا قاتناشسا بولىدۇ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولسا ئوخشاش دەرىجىدىكى ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ، 2005 - يىلدىن كېيىن مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ كۇرس تاماملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇنۋان ئىشخانىسى ئوخشاش ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرمەيدۇ، كادىرلار نازارىتى تەمىنات گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرمەيدۇ دەپ بەلگىلەندى.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ MBA تەمىناتى بويىچە كەسپىي ئۇنۋان سالاھىيىتى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى. ئاسپىرانتلىققا تەڭ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئىلتىماس قىلغان خىزمەتتىكى خادىملاردىن چەت ئەل تىلى ۋە

ئۇنىۋېرسال سەۋىيە بويىچە مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى، 4171 كىشى ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوندىكى چوڭلار تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن چەت ئەل تىلى بىرتۇتاش ئىمتىھانى ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى، 4852 كىشى ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 4414، رۇس تىلى ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 107، ياپون تىلى ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 61. ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە ئوقۇۋاتقان خىزمەتتىكى خادىملارنى مەملىكەتلىك بىرلەشمە ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى، 3273 كىشى ئىمتىھانغا تىزىملاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1445.

شۆ ۋېن

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر

1. ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، سانجى ئىنستىتۇتى.

2. ئادەتتىكى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر

شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ بىڭتۈەن ساقچى ـ ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، قاراماي كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت ـ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاقسۇ كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، بايىنغولىن كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، سانجى كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ قاتناش كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى.

3. مۇستەقىل ئىنستىتۇتلار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى سودا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى خۇبو ئىنستىتۇتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى.

4. شۆبە مەكتەپلەر باشقۇرغان ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى

شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى.

جياۋ ۋېن

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانغا 108 مىڭ 282 كىشى تىزىملاتتى، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 50 مىڭ 868 گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 18.1% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 42 مىڭ 764 كە يېتىپ، 17.2% كۆپەيدى.

جاڭ ۋېن

## نامرات ناھىيىلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ستودېنتلار ئىمتىھانسىز، ھەقسىز ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى

2004 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا يېزا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بويىچە ماگىستىر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش پىلانى يولغا قويۇلدى. ئالىي مەكتەپنىڭ شۇ قاراردىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 28 نامرات ناھىيىگە بېرىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولسا، ئۇلار دۆلەت بىرتۇتاش قوبۇل قىلىدىغان ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھانسىز، ھەقسىز قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى. 2004 ـ يىلدىكى تىزىملىتىش دائىرىسى ۋاقتىنچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىمتىھان ئېلىنمايدىغان مۇنەۋۋەر تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسىدىن 30نى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى 100نى كۆرسەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا مائارىپى بويىچە ماگىستىرلىققا كۆرستىلىپ ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن ئىمتىھانسىز شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدۇ، ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدۇ، نوپۇسى، ئارخىپى ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەكتەپ تۇرۇشلۇق جايغا يۆتكىلىدۇ، بۇ

ئاسپىرانتلار دەرس ئۆتكەچ ئوقۇيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ۋە مائارىپ ماگىستىرلىق كەسپى ئىلمىي ئۇنۋان گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. يېزا مائارىپى بويىچە ماگىستېرلىقتا ئوقۇغانلار چوقۇم مۇلازىمەت قەرەلىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك، مۇلازىمەت ۋاقتى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ 5 يىل بولىدۇ.

ۋاڭ جيەندي

## شىنجاڭ بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ مائارىپ مىنىستىرلىكى غەربىي قىسىم رايوندا يولغا قويغان تۇنجى ئۆلكە - مىنىستىرلىك ئورتاق قۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ.

كېلىشىمگە ئاساسەن، مائارىپ مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تەرەققىيات پىلانى ۋە پەن قۇرۇلۇشى پىلانى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، پەن قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىدۇ، مۇناسىپ ھالدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش بازىسى، نۇقتىلىق پەن، نۇقتىلىق تەجرىبىخانا، ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىلىرى ۋە قۇرۇلۇشلاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزۈپ بىرتۇتاش ئويلىشىدۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئاچقان بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتونوم رايون سىياسەت، خىراجەت ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسى قۇرۇلۇشى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم پەنلىرى، نۇقتىلىق تەجرىبىخانا، مەكتەپ باشقۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەكتەپ ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى تۈزەش جەھەتتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ۋاڭ جيەندي

## ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن 31 مىڭ 233 ئوقۇغۇچى سالاھىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوكتۇر 28، ماگىستېر 762، تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 700، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 743. چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 40 مىڭ 627، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭ 194، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 30 مىڭ 433.

جياڭ ۋېن

## مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن بىڭتۇەننىڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇش ئەھۋالى

مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن بىڭتۇەن 2004 - يىل 5- ئاينىڭ 25 - كۈنى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئورتاق قۇرۇشنى قارار قىلدى.

مائارىپ مىنىستىرلىكى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىسلاھات، تەرەققىيات، قۇرۇلۇش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى يۆلەيدۇ. بۇ مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تەرەققىيات پىلانى تۈزۈش ۋە پەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ مەزكۇر مەكتەپكە ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، پەن قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش؛ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋەزىپىلىك كادىر ئەۋەتىش ياكى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كادىرلىرىنى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ۋەزىپىلىك ئەۋەتىش؛ مائارىپ مىنىستىرلىكى مۇناسىپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش بازىسى، نۇقتىلىق پەن، نۇقتىلىق تەجرىبىخانا، ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىلىرى ۋە قۇرۇلۇش جەھەتتە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزۈپ بىرتۇتاش ئويلىشىپ، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىڭتۇەن سىياسەت، خىراجەت جەھەتتە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قوللاپ، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈچۈن ياخشى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

ۋاڭ جۇپىڭ

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەت ئەل ئەقلى كۆچلىرىنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بازىسى قۇرۇلدى

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ چەت ئەل ئەقلىي كۆچلىرىنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش شىنجاڭ خىزمەت بازىسىنى قۇرۇش مۇراسىمى، چەت ئەل ئەقلىي كۆچلىرىنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش مۇنبىرى ۋە قۇرغاق رايون بايلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ھەم سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ۋە چەت ئەلدىكى بەزى تونۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن بىرلىكتە قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلارنىڭ سىجىل تەرەققىياتى بويىچە خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىندى) قۇردى ھەمدە ماگىستىرلىقتا ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بىرلىكتە يېتەكچىلىك قىلدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يەنە ئامېرىكا كولورادو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورىنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلدى (چەت ئەلدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ). ئۇ خەلقئارا ھەمكارلىق تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەلدىكى ھەمكارلىققا دائىر نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، مەزكۇر مەكتەپتە چەت ئەل ئەقلىي كۆچلىرىنى دۆلىتىمىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش شىنجاڭ خىزمەت بازىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋاڭ جۇيىڭ

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 80 يىل بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

1924 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكتى — شىنجاڭ روسچە مەخسۇس قانۇن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئالىي مائارىپىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. 1928 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ روسچە مەخسۇس قانۇن مەكتىپىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك روسچە قانۇن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1930 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ روسچە قانۇن ئىنستىتۇتى قىلىندى. 1935 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ رۇسچە قانۇن ئىنستىتۇتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. 1941 - يىلى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا يېڭى ھايات بەخش ئەتتى. 1950 - يىل ئەتىيازدا شىنجاڭ تىل مەكتىپى بىلەن ئىلى ئەخمەتجان تېخنىكومى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ نامى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1951- يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ 2 - دارىلمۇئەللىمىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پېداگوگىكا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1953 - يىل 11 - ئايدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ مال دوختۇرلۇق سىنىپى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى دەپ ئاتالدى. 1960 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا




2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىغا 80 يىل بولدى. سۈرەتتە تەبرىكلەش يىغىنى مەيدانى.
نىجات نۇرىيوف فوتوسى

ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى كۆزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكە ئىنستىتۇتى بىرلەشتۈرۈلدى. 1978 - يىلى گوۋۇيۈەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى شىنجاڭدىكى بىردىن بىر مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ بېكىتتى. 1997 - يىلى دۆلەتنىڭ «211» نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 2000 - يىلى دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىندى، 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. 2004 - يىلى مەكتەپ مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئورتاق قۇرىدىغان مەكتەپ بولدى.

2004 - يىلغا كەلگەندە مەكتەپتە ئەسلى مەكتەپ بۆلۈمى، شىمالىي مەكتەپ رايونى ۋە جەنۇبىي مەكتەپ رايونى بار بولدى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3 .164 گېكتار، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 749 مىڭ كۋادرات مېتىر. هازىر فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتى، چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى، قانۇن ئىنستىتۇتى، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ساياھەت ئىنستىتۇتى، ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتى، خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتى، هاياتلىق پەنلىرى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتى، بايلىق ۋە مۇھىت پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۇچۇر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى، ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى، ئاسپىراتتورىيە ئىنستىتۇتى (تەييارلىق كۇرۇلۇۋاتىدۇ)، ئالىي كەسپىي - تېخنىكا ئىنستىتۇتى، پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتى، يۇمشاق دېتال ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 19 ئىنستىتۇت، فىزىكا فاكولتېتى بىلەن توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىدىن ئىبارەت 2 بىۋاستە قاراشلىق فاكۇلتېت، ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمى، تەييارلىق بۆلۈمى، تەنتەربىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت 3 ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، زامانىۋى مائارىپ تېخنىكا مەركىزى، فىزىكىلىق - خىمىيىلىك ئۆلچەش - تەجرىبە مەركىزى، سانائەت پەنلىرى پىراكتىكا - تەجرىبە بازىسىدىن ئىبارەت 3 ئوقۇتۇش تەجرىبە مەركىزى شۇنىڭدەك ئىقتىساد، قۇرغاق رايون ئېكولوگىيىسى، فىزىكا - ماتېماتىكا، نوپۇس، ئەمەلىي خىمىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئالتايشۇناسلىق، بىناكارلىق لايىھىلەشتىن ئىبارەت 8 تەتقىقات ئورنى بار.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا هازىر 75 تولۇق كۇرس كەسپى، 64 ماگىستېرلىق ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى، ئەمەلىي ماتېماتىكىدىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك 2 نۇقتىلىق پەن، نوپۇس - بايلىق ۋە مۇھىت ئىگىلىكشۇناسلىقى، مەخسۇس تارىخ، فىزىكا - خىمىيە، ئېكېلوگىيىشۇناسلىق، زوئولوگىيە، قېزىلما بايلىق ۋە تەكشۈرۈش، ماشىنىسازلىق ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 7 نۇقتىلىق پەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيە، جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد - مەدەنىيەت تەتقىقاتى، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە بىئوتېخنىكا، ئۇچۇر ئىلمى ۋە سانائەتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئەمەلىي خىمىيە ۋە ماتېريال، ئەمەلىي ماتېماتىكا ۋە سىستېما قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «211 قۇرۇلۇشى» غا دائىر 6 نۇقتىلىق پەن، ماتېماتىكا پىنى، نەزەرىيىۋى ئىقتىسادشۇناسلىق، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى بويىچە 3 پوستدوكتور ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى، ئەمەلىي ماتېماتىكا، نوپۇس - بايلىق ۋە مۇھىت ئىقتىسادشۇناسلىقى، زوئولوگىيە، تەبىئىي جۇغراپىيە بويىچە 5 دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىسى بار. قۇرۇلۇش ماگىستېرلىقى (5 كەسىپ يۆنىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاممىۋى باشقۇرۇش (MPA) كەسپى ماگىستېرلىق نۇقتىسى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى خىزمەتتە تۇرۇپ ئوقۇپ ماگىستېرلىق ئۇنۋانى ئالىدىغان 8 كەسىپ بار. دۆلەت، ئۆلكە، مىنىستىرلىك ئورتاق قۇرىدىغان نۇقتىلىق تەجرىبىخانا تەربىيىلەش مەركىزىدىن 2سى، دۆلەت دەرىجىلىك گۇمانىتارلىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات بازىسىدىن بىرى بار.

مەكتەپتە 3765 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1779، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس 26، پروفېسسور 116، دوتسېنت 600، ئالىي ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نىسبىتى %40. مەكتەپتە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئوقۇيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دوكتۇرلۇق ۋە ماگىستېرلىقتا ئوقۇۋاتقانلار 1600 دىن، پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇۋاتقانلار 23 مىڭدىن ئاشىدۇ. 80 يىلدىن بۇيان مەكتەپ 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ جيەندې

## تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نامى تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن تارىم بوز يەر

ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نامى 2004 ـ يىل 5 ـ ئايدا تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر مەركەز بىلەن بىگتۈەن ئورتاق قۇرىدىغان مەكتەپ بولدى. مەكتەپ كۆلىمى 166.67 گېكتار، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 250 مىڭ كۋادرات مېتىر. 816 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 426، پروفېسسور، دوتسېنت قاتارلىق ئالىي ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچى 108، دوكتورلۇق، ماگىستېرلىق ئۇنۋانى بار ئوقۇتقۇچى 110. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 10 مىڭغا يېتىدۇ. كۇتۇپخانىدا 600 مىڭ نۇسخا كىتاب، 1200 خىلدىن ئارتۇق ژۇرنال بار، «تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ.

تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھازىر 8 ئىنستىتۇت، 2 ماگىستېرلىق كەسپىي نۇقتىسى، 7 زور پەنگە چېتىلىدىغان 23 تولۇق كۇرس كەسپى، بىر ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانا (بىگتۈەن تارىم ئويمانلىقى بىئولوگىيە بايلىقنى قوغداش ـ ئۆزلەشتۈرۈش نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى)، 4 ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەن، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا 20 نەچچە پراكتىكا بازىسى بار. مەكتەپ بىگتۈەن جەنۇبىي شىنجاڭ كادىر تەربىيىلەش مەركىزى، ئارال بىگتۈەن زىيانىسىز يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتى، بىئوتېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيات مەركىزى قۇردى.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلەتكە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى. ش ئۇ ئا ر كادىرلار ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىدا ئېلان قىلىنىشىچە، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىمدا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە 3 ـ ئورۇندا تۇردى. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى.

ۋاڭ جۇپىڭ

# مىللىي مائارىپ

## دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى جەھەتتىن ياردەم بېرىش لايىھىسى يولغا قويۇلدى

دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ۋە شىنجاڭدىكى قوش تىل تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا 2004ـ يىل 3 ـ ئايدا ئوقۇش باشلاندى. كۇرسانتلار دۆلەت دەرىجىلىك 130 ئاز سانلىق مىللەت تايانچ ئوقۇتقۇچى ۋە شىنجاڭدىكى 708 قوش تىل تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەركىب تاپتى، ئۇلار بىر يىل تەربىيىلىنىدۇ. تەربىيىلەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن بۇ ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم شۇ يىللىق خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 5ـ دەرىجىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 6 ـ دەرىجىگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 7 ـ دەرىجىگە يېتىشى كېرەك.

دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ۋە شىنجاڭدىكى قوش تىل تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ـ دۆلەتنىڭ «شىنجاڭغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى جەھەتتىن ياردەم بېرىش لايىھىسى» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ «لايىھە» نى گوۋۇيۈەن تۈزدى ھەمدە شىنجاڭدا خەنزۇ تىلى ۋە قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 2002 — 2006 ـ يىلغىچە مەركەز 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى، شىنجاڭ 16 مىليون يۈەننى سەپلەشنى قارار قىلدى. پىلان بويىچە 6000 ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە تەربىيىلىنىدۇ، مائارىپقا ياردەم بېرىدىغان 2000 ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەربىيىلەش تۈرى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەت قوش تىللىق تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش، شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرى، پىدائىيلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى ۋە ئىچكىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ دەرس ئۆتۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## شىنجاڭدا مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئۈلگە مەكتەپتىن 50ى قۇرۇلىدۇ

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2004 ـ يىلدىن باشلاپ 5 يىل سەرپ قىلىپ ئاپتونوم رايوندىكى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار، مىللىيلار بىلەن مىللىيلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى تەڭشەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن 50 ناھىيىدە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يۆلىشى ئارقىلىق خەنزۇ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئېنگلىز تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئۈلگىلىك مۇكەممەل مەكتەپ قۇرۇلۇپ، نامرات رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئوقۇتۇش

شارائىتىنى ياخشىلاش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

ئۆزۈندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تىل بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇلۇپ كەلدى، بەزى ناھىيىلەردە بىرلا ۋاقىتتا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، شىبەچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ۋە روسچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يەسلى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ خىل مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى مائارىپ بايلىقىنىڭ چېچىلىپ كېتىشىگە، مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمىنىڭ كىچىك، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى. بۇ ھال ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشى ۋە سىڭىشىشى، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش ۋە تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى تەربىيىگە پايدىسىز بولدى.

شۇڭا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرلىكتە ئوقۇيدىغان مەكتەپ، مىللىيلار بىلەن مىللىيلار بىرلىكتە ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان سىنىپ تەشكىللەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئوقۇتۇشىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، شارائىتى بار ناھىيە (شەھەر)، شەھەر - بازارلاردىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ 50 مەكتەپنىڭ بەزىلىرى يېڭىدىن قۇرۇلىدۇ، بەزىلىرى كېڭەيتىلىدۇ. ئاپتونوم رايون ھەر بىر مەكتەپكە 6 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى پىلانلىدى، بۇ پۇل مەكتەپ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## قوش تىل ئوقۇتۇشى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «قوش تىل ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى مىللىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت قوش تىل ئوقۇتۇشى ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، قوش تىل ئوقۇتۇشىنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئومۇمىي پىلانغا ئاساسەن، 2012 - يىلىغا بارغاندا ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق مىللىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

شۇڭا ئاپتونوم رايون شارائىتى بار شەخس ۋە ئاپپاراتلارنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەسلىلەرنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ يەسلى مائارىپىدا ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى بىلەن خەنزۇ بالىلار ئارىلاش يەسلىلەرنى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى بىلەن خەنزۇ بالىلار ئارىلاش سىنىپلارنى تەشكىللەشنى يولغا قويىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ، شارائىتى بار مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. شارائىتى بار ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ ئاممىۋى ئاساس دەرسى، كەسپىي ئاساس دەرسلىرى ۋە كەسپىي دەرسلىرى 2004 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئۆتۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايون مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس تۈر مەبلىغى تەسىس قىلىپ قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش بۇلىقىنى ئېچىش، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى جەھەتتىكى سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، قوش تىل ئوقۇتۇش نىشانى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس مائارىپىنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى

دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس مائارىپى ئوقۇتۇشىنىڭ شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.3% كە يېتىپ، 5 يىل ئىلگىرىكىدىن 10 نەچچە پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت شىنجاڭدىكى چەت، يىراق رايونلار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى. 2001 - يىلى دۆلەت دەرسلىكنى ھەقسىز تارقىتىش خىزمىتىنى باشلىدى، مەركەز مالىيىسى 24 مىليون يۈەن دەرسلىك مەخسۇس خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 60 مىليون يۈەن مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش

ياردەم پۇلى ئورۇنلاشتۇردى. 2003 - يىلى دۆلەت ۋە شىنجاڭ بىرلىكتە چەت، يىراق نامرات رايونلاردا ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، مەركەز مالىيىسى ھەر يىلى 56 نامرات ناھىيە، چېگرا ناھىيىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىنى 140 مىليون يۈەنلىك دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى؛ ئاپتونوم رايون مالىيىسىمۇ 5 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ ئۇنى ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ رايونلاردىكى يېزىلاردا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى ئومۇمەن 99.5%تىن يۇقىرى بولدى.

ۋاڭ جۇپىڭ

## ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ 8 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 40 ياشتىن تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەت تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۇلارنى قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، قوش تىل ئوقۇتۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىدۇ.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي مەكتەپلەردە قوش تىل ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سىياسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى، مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ۋە قوش تىلدا ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەربىيىلەشنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئانا تىلىنى پىششىق ئىگىلەش ئاساسىدا خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتەلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى HSK (جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى) نىڭ 5 - دەرىجىسىگە ياكى مۇناسىپ سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭكىنى 6 - دەرىجىگە ياكى مۇناسىپ سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭكىنى 7 - دەرىجىگە ياكى مۇناسىپ سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. 2004 ـ 2011 - يىلغىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تەبىئىي پەن دەرسى ئۆتىدىغان 44 مىڭ 356 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلەش پىلانلاندى، بۇ ۋەزىپە 2 قارارغا بۆلۈپ تاماملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە 2004 ـ 2007 - يىلغىچە ئالىي مەكتەپنىڭ تەبىئىي پەن كەسپىنى پۈتتۈرگەن 10 مىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىدۇ.

جياۋ ۋېن

## ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق پىلانى يولغا قويۇلدى

2004 - يىل ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا يەردەم بېرىش بويىچە 4 - قېتىملىق ھەمكارلىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى يىلى. شىنجاڭ 2004 - يىللىق ھەمكارلىق پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن تەييارلىق سىنىپىغا 1410 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ھەمكارلىشىپ ھەمكارلىق پىلانىدىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. شىنجاڭ ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان كەسپلەرنى ئەستايىدىل تاللىدى، بۇ كەسپلەر ئىچىدە تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىكى، تىبابەتچىلىككە دائىر كەسپلەر 75%نى، ئىجتىمائىي پەن 25%نى ئىگىلىدى. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان ئايرىم سىنىپ ئېچىپ كەلگەن مەسىلە ھەل قىلىنىپ، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئىچكىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قوشۇپ ئوقۇتۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نامرات ئوقۇغۇچىلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىش دائىرىسى ۋە سوممىسى بېكىتىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى قاتتىق سېلىشتۇرۇلدى ھەمدە ياردەم سوممىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. 2004 - يىلى 15 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ياردەم مەبلىغى ۋاقتىدا تارقىتىلدى.

ۋاڭ جيەندي

## مەدەنىيەت - سەنئەت

### مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 87، ئارتىس ۋە خىزمەتچى 3803، ھەرخىل ئويۇن قويۇش سورۇنى 35، ئىشچى - خىزمەتچىسى 398، تاماشىبىن ئورنى 29 مىڭ 907. بىر يىلدا يېڭىدىن 18 ئويۇن تەييارلىنىپ قويۇلدى، بۇ ئويۇنلار 9600 سەھنە (قېتىم) ئوينالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئوينالغىنى 4800 سەھنە (قېتىم)، تاماشىبىن 5 مىليون 640 مىڭ. بىر يىلدا ئويۇن قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليون يۈەنگە، كەسپىي چىقىم 121 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپكارلارنىڭ مائاشى 71 مىليون 600 مىڭ يۈەن، رەپىتىس قىلىش ۋە ئىشلەش خىراجىتى 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئويۇن قويۇش خىراجىتى 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن.

لى يۈڭ، خې جيا

### شىنجاڭ بويىچە يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل، ناخشىلىق مۇزىكا، مىللىي مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان شىنجاڭ بويىچە يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل، ناخشىلىق مۇزىكا، مىللىي مۇزىكىدىن ئىبارەت 3 تۈردىكى مۇسابىقە 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە 371 ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشىلىق مۇزىكا ئەسىرى 164، ئۇسسۇل ئەسىرى 152، مىللىي مۇزىكا ئەسىرى 55، بۇلار يېقىنقى 3 يىلدىن بېرى جايلاردا ئىجاد قىلىنغان يېڭى ئەسەرلەر.

لى يۈڭ

### شىنجاڭ ماي بوياق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ ماي بوياق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو گۈزەل سەنئەتكارلار جەمئىيىتى ماي بوياق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ نەيجېڭ ھەم شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى بىر قىسىم ماي بوياق رەسساملار بولۇپ ئازكەم 500 كىشى قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

لى يۈڭ

### «تەڭرىتاغنىڭ تىلىكى» بېيجىڭدا ئوينالدى

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى يېڭىدىن رەپىتىس قىلغان، ناخشا- ئۇسسۇل، ئېتوت، مۇزىكىلىق دراما بىر گەۋدە قىلىنغان قويۇق شىنجاڭچە پۇراقىا ئىگە چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغنىڭ تىلىكى» 2004 -



ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تەكشۈرگەندە مەزكۇر ئۆمەكنىڭ تارىخىي سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى كۆردى.

لى يۈڭ فوتوسى

يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە مەركىزىي مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كاتتا تىياتىرخانىسى، بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، «باۋلى» كاتتا تىياتىرخانىسى، تيەنجىن «1 - ئاۋغۇست» زالىدا ئوينالدى. بۇ تاللانغان ئويۇنلار پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد مەركىزىي مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كاتتا تىياتىرخانىسىدا تۇنجى قېتىملىق ئويۇننى كۆردى ۋە بارلىق ئارتىسلار، خىزمەتچىلەرنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 - قانىلى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمى، بېيجىڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «تىياتىر - كىنو ھەپتىلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئويۇن قويۇلۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى.

لى يۈك

## قەدىمكى يولدىكى يېڭى مەنزىرە — جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىپەك يولى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئامېرىكىدا سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى

قەدىمكى يولدىكى يېڭى مەنزىرە — جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىپەك يولى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياڭ جيېچى ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق كىشى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە 76 ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 52 ئەسەر — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت رەسساملارنىڭ ئەسىرى (مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقانلار سىزغان 11 ئەسەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كۆرگەزمە ئامېرىكىدا خېلى زور تەسىر قوزغاپ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە 2 مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. كۆرگەزمە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدا 2 يىل سەييارە ئۆتكۈزۈلمەكچى ھەمدە كۆرگەزمىگە ئاتاپ مەخسۇس سۈرەتلەر توپلىمى نەشر قىلىنماقچى.

لى يۈك

## «قەشقەر» مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭدىن تونۇشتۇرۇلغان «قەشقەر» ناملىق چوڭ مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك «ۋېنخۇا» يېڭى سەھنە ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىدا «قەشقەر» ناملىق ناخشا - ئۇسسۇل قويۇق مىللىي ئۇسلۇبى، كۈچلۈك دەۋر پۇرىقى ۋە بەدىئىي تەسىر كۈچى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## «تاغلىقلار»، «قەدىمكى چىراغ ئۇسسۇلى» مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىيامېندا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن تونۇشتۇرۇلغان «تاغلىقلار» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «قەدىمكى چىراغ ئۇسسۇلى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## دارۋازلىق قاتارلىق نومۇرلار مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ئورۇندىغان دارۋازلىق، «مۇئەللەقتىكى ئاشىق - مەشۇق»، ھەجۋى ئېتوت «ھەيكەل» قاتارلىق نومۇرلار 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىن تاللاش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، «چىنە ئويۇنى» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## «تاڭ سېڭنىڭ خادىم قىسقارتىشى» ناملىق ئېتوت كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ئالتۇن شىر مۇكاپاتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئېتوت مۇسابىقىسى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 — 26 - كۈنىگىچە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان «تاڭ سېڭنىڭ خادىم قىسقارتىشى» ناملىق ئېتوت كۈمۈش مېدالغا ۋە سەھنىلەشتۈرگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## دارۋازلىق ئالتۇن شىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 — 7 - كۈنىگىچە گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ئورۇندىغان دارۋازلىق مەملىكەت بويىچە سېركچىلەرگە بېرىلىدىغان ئالىي مۇكاپات — ئالتۇن شىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى شىنجاڭنىڭ مەزكۇر مۇكاپاتقا تۇنجى قېتىم ئېرىشىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ئورۇندىغان ھەجۋى ئېتوت «ھەيكەل» مىس شىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى يۇڭ

# ئىجتىمائىي مەدەنىيەت

## ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 15، شۇ يىلى 91 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 424 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 283 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت - سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى؛ مەدەنىيەت سارىيىدىن 92 سى بولۇپ، 559 مىڭ كىتاب ساقلاندى، شۇ يىلى 571 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 3081 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 521 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت - سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى. مەدەنىيەت پونكىتىدىن 1132 سى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 994)، 2 مىليون 180 مىڭ كىتاب ساقلاندى، بىر يىلدا 1709 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 9413 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 4783 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت - سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى.

لى يۇڭ، خې جيا

## مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىنى كەينى - كەينىدىن قۇرۇشقا كىرىشتى ۋە پۈتتۈردى. مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىدىن قۇرۇلۇش باشلانغىنى 5، قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگىنى 21، بۇ مۇئەسسەسىلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 107 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 42 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

لى يۇڭ، خې جيا

## ئاممىۋى كۇتۇپخانا

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى ئاممىۋى كۇتۇپخانا 92، ئىشچى - خىزمەتچىسى 909، ساقلانغان كىتاب 7 مىليون 634 مىڭ، تارقىتىلغان كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى 136 مىڭ. شۇ يىلى سىرتقا 1 مىليون 181 مىڭ نۇسخا (قېتىم) كىتاب، ژۇرنال، ماتېرىيال ئارىيەت بېرىلدى، كىتاب سېتىۋېلىشقا 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 120 مىڭ كىتاب سېتىۋېلىندى، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن 6355 قېتىم تۈرلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

لى يۇڭ، خې جيا

## مۇقامنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئەلئارا مەدەنىيەت - سەنئىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا تۇنجى تۈركۈمدە سىناق قىلىنىدىغان تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر 2004 - يىل 2 - ئايدا ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ب د ت نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر» قاتارىغا كىرگۈزۈشكە مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى مەخسۇس فىلىم ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ناملىق مەلۇماتنامە تاماملاندى.

لى يۇڭ

## شىنجاڭدا 3 - تۈركۈمدىكى مىللەتلەر ئەلئارا سەنئىتى ماكانلىرىغا نام بېرىلدى

2004 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭدا چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى (شىبەلەرنىڭ ئەلئارا ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتى)، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ئەيشىن سىرى بازىرى (شىبەلەرنىڭ بېيلۇن ئۇسسۇلى، خەلق ناخشىسى، ئوقۇش - سۆزلەش سەنئىتى)، غۇلجا ناھىيىسىدىكى تۇرپانيۈزى يېزىسى (ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى)، كۈنەس ناھىيىسى (قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى)، توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ئاغارسىن يېزىسى (قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى)، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىدىكى دۆۋپۇ يېزىسى (ئۇيغۇرلارنىڭ نازىركوم ئۇسسۇلى)، مىچۈەن شەھىرىدىكى چاڭشەنزە بازىرى (خۇيزۇلارنىڭ «خۇائېر» ناخشىسى)،

مچۇەن شەھىرىدىكى بەيياڭخي قازاق يېزىسى (قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىششى)، سانجى شەھىرىدىكى ليۇگوڭ بازىرى (خەنزۇلارنىڭ ئەلنەغمىسى، خۇيزۇلارنىڭ «خۇائېر» ناخشىسى)، ئالتاي شەھىرىدىكى خاندىغاتى موڭغۇل يېزىسى (موڭغۇللارنىڭ چاڭدىياۋ، خۇۋمى، توبشۇر سەنئىتى)، تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانە يېزىسى (ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى)، كورلا شەھىرىدىكى قارايۇلغۇن يېزىسى (ئۇيغۇر مەشرەپى)، چەرچەن ناھىيىسىدىكى قوشساتما يېزىسى (خەنزۇلارنىڭ ئەلئارا خەلق ئويۇنى)، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى شىڭپىڭ يېزىسى (ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەلئارا شىر ئۇسسۇلى)، باغراش ناھىيىسىدىكى ئۇلان جېكسىن يېزىسى (موڭغۇللارنىڭ توبشۇر چالغۇسى، ئەلئارا چاڭدىياۋ، جاڭغىر داستانى)، ئاقسۇ شەھىرىدىكى قاراتال بازىرى (ئۇيغۇرلارنىڭ دولان ناخشا - ئۇسسۇللىرى)، كۇچا ناھىيىسىدىكى دۆڭقوتان بازىرى (ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى)، ساۋەن ناھىيىسى (خەنزۇلارنىڭ ئەلئارا ياڭگېر ئۇسسۇلى، خەلق ئويۇنى) دىن ئىبارەت 18 ناھىيە (بازار، يېزا) گە ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى «مىللەتلەر ئەلئارا سەنئەت ماكانى» دەپ نام بېرىلدى.

لى يۇڭ

## 60 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب 48 ناھىيە (شەھەر، رايون) گە تەقسىم قىلىندى

ئاپتونوم رايون 2004 - يىلى نامرات رايونلاردىكى ناھىيىلىك كۇتۇپخانا، يېزا - بازارلىق كۇتۇپخانا (قىرائەتخانا) لارنىڭ ساقلانغان كىتاب ئاز بولۇش، كىتاب سېتىۋېلىش خىراجىتى قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ياردەم قىلغان 63 مىڭ 882 كىتابنى 48 ناھىيە (شەھەر، رايون) كۇتۇپخانىسىغا ۋە 130 يېزا - بازار (مەيدان) مەدەنىيەت پونكىتىغا تەقسىم قىلدى. بۇ كىتابلار جايلارغا كېيىنى - كېيىندىن ئەۋەتىپ بېرىلدى.

لى يۇڭ

## ۋاڭ يۈەن مەملىكەتلىك ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى

كۆكتوقاي ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ يۈەن 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى، بالىلىرى سەنئەت بايرىمى ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى بالىلار «ئا» گۇرۇپپىسىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

چېن شياڭلىڭ

## شىنجاڭ بويىچە ئۆسمۈرلەر - بالىلار ناخشىلىق مۇزىكا، مىللىي مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر - بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ «جاۋچېڭ لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە ئۆسمۈرلەر، بالىلار ناخشىلىق مۇزىكا، مىللىي مۇزىكا مۇسابىقىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 — 6 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ۋە بالىلىرىدىن 906 سى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

تەييارلىق مۇسابىقە ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئارقىلىق ناخشىلىق مۇزىكا مۇسابىقە مەيدانىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 9ى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 27سى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 77سى، مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتىدىن 79ى ۋۇجۇتقا كەلدى؛ مىللىي مۇزىكا مۇسابىقە مەيدانىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 16سى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 26سى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 42سى، مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتىدىن 79ى ۋۇجۇتقا كەلدى.

لى يۇڭ

## قۇرامىغا يەتمىگەنلەر تېمىسىدىكى مەملىكەتتە ئىشلەنگەن مۇنەۋۋەر فىلىملارنى كۆرستىش ئېيى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ئىشخانىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، مائارىپ نازارىتى بىرلىكتە ھۆججەت چىقىرىپ، 6 — 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون مىقياسىدا قۇرامىغا يەتمىگەنلەر تېمىسىدىكى مەملىكەتتە ئىشلەنگەن مۇنەۋۋەر فىلىملارنى كۆرستىش ئېيى پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر كىنو - فىلىم شىركىتى «چاقناپ تۇرغان پەسىل»، «ئۈچ كىشى سەپەردە» قاتارلىق مول مەزمۇنلۇق، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كۆرۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مەملىكەتتە ئىشلەنگەن بىر تۈركۈم فىلىملارنى جايلاردا كۆرستىشنى مەخسۇس تەشكىللىدى. جايلاردىكى كىنوخانىلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى فىلىملىرىنى كۆرستىشنى كوللېكتىپ تەشكىللىگۈچىلەرگە بېلەت باھاسىنى 50% چۈشۈرۈپ سېتىپ بەردى.

لى يۇڭ

## مىللىي ئەلئارا مەدەنىيەتنىڭ قوغدىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مىللىي ئەلئارا مەدەنىيەتنى قوغداش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. چاپچال ناھىيىسى مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش رايونىنى بەرپا قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ «غەربكە كۆچۈش سەنئەت بايرىمى» نى ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ شىبەلەرنىڭ «دېيلۈن ئۇسسۇلى» نى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسخانىسىغا كىرگۈزدى؛ بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە بورتالا ئوبلاستى «شەرققە قايتىش» تىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى نۇرلاندۇرۇپ، نادام مەرىكىسىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان مىللىي ئەلئارا مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى؛ ئىلى ئوبلاستىنىڭ جاي ـ جايلىرى شەكلى خىلمۇ خىل بولغان، ئامما قىزغىن ئالقىشلايدىغان ئاقىنلار ئېيتىشىشىنى ئۆتكۈزدى، قوبۇقسار ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «جاڭغىر» داستانىنى ئېيتىدىغان كىچىك ماھىرلارنى تەربىيىلىدى؛ پىچان ناھىيىسى مەكتەپلەردە مۇقام ئېيتىش ئەترىتى قۇردى؛ ئاۋات ناھىيىسى دولان مەشرىپى ساغلاملىق گىمناستىكىسىنى 1 ـ بولۇپ ئىجاد قىلدى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئومۇملاشتۇردى؛ مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇنەۋۋەر ئەلئارا سەنئەتكارلارنى ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزدى، ئەلئارا سەنئەت ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى پائال ئۆتكۈزۈپ، ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەشرەپنى ئومۇملاشتۇردى؛ قۇمۇل شەھىرى مۇنەۋۋەر ئەلئارا سەنئەت ۋارىسلىرىغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى ئاساسىي قاتلامدىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى زور رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

لى يۈڭ

## 4 مەھەللىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار مەھەللە» دەپ نام بېرىلدى

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار مەھەللىلەرگە نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنىدا قاراماي شەھىرىدىكى قاراماي رايونى «تەڭرىتاغ» كوچىسى جەنۇبىي نېفىتلىك «قىزىل نۇر» مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سايباغ رايونى جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى نۇرباغ ـ رەڭلىك مېتال مەھەللىسى، سانجى شەھىرىدىكى جەنۇبىي «بېيجىڭ» كوچىسى گېئولوگىيە كەنتى مەھەللىسى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى «قىزىل كۆۋرۈك» كوچىسى دولان مەھەللىسىدىن ئىبارەت 4 مەھەللىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار مەھەللە» دەپ نام بېرىلدى.

لى يۈڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 — 22 ـ كۈنلىرى ئونسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى 4 ـ تۈركۈمدىكى 7 ئىلغار ناھىيە، شەھەر (سانجى شەھىرى، قۇتۇبى، كۇچا، ئارشاڭ، بۇگۇر، قاغىلىق، لوپ ناھىيىلىرى) تەقدىرلەندى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى ئەمەلىي كۆرەك قىلىندى ۋە يەكۈنلەندى، 5 يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش خىزمىتى ۋە جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى سىستېمىلىق يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدىكى چوڭ ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش چۆرىدىلىپ كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

لى يۈڭ

# مەدەنىيەت بازىرى

## مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 104، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرغۇچى خادىم 533، ھەرخىل مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 9243، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 1392، تورخانا قاتارلىق ئالاقىلىشىش توردا تور ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان تىجارەت سورۇنى 1936، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى توپ

سېتىش ئورنى 10، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش، ئىجارىگە بېرىش ئورنى 3379، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش ئورنى 30، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا 630، مەدەنىيەت - سەنئەت ۋاستىلىك ۋە ۋاكالەتچىلىك ئورنى 9، باشقا مەدەنىيەت تىجارەت ئورنى 1857، كەسپكار 21 مىڭ 984. ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 1 مىلياد 77 مىليون 44 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق 63 مىليون 958 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان قوشۇلما قىممەت 640 مىليون 129 مىڭ يۈەن.

خۋاڭ جۈنفاڭ، لى يۈك

## مەدەنىيەت بازارلىرىدا قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەدەنىيەت بازارلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە تەكشۈرگۈچى خادىمدىن 22 مىڭ 930 ئادەم (قېتىم) نى ئىشقا سېلىپ، تىجارەت قىلغۇچى 19 مىڭ 148 ئورۇن (قېتىم) نى تەكشۈردى. پاش قىلىش ماتېرىيالىدىن 557 سى قوبۇل قىلىندى، 761 ماتېرىيال دېلو ئېچىلىپ تەكشۈرۈلۈپ، 310 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 41 مىڭ 598 دانە (قاپ)، قانۇنسىز كىتاب، گېزىت، ژۇرنالدىن 15 مىڭ 585 نۇسخا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقتىن 902 دانە، تورخانىدىكى كومپيۇتېر ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنىدىن 277 دانە، كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش يىغىۋېلىندى. تىجارەت قىلغۇچى 918 ئورۇن (قېتىم) غا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 510 مىڭ 481 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 3591 يۈەن قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت، 8237 قانۇنسىز بۇيۇم مۇسادىرە قىلىندى، 267 ئورۇن تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، 30 ئورۇننىڭ تىجارەت قىلىش سالاھىيىتى بىكار قىلىندى.

لى يۈك

## تورخانىلار مەخسۇس تۈزەلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تورخانىلارنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا تورخانا بازىرىنى تەكشۈرۈشكە 22 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، تورخانا قاتارلىق ئالاقىلىشىش تورىدا تور ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان 8000



ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىش ئورنى يىغىنى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتتە: يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر دېھقانلار سىزغان رەسىملەرنى كۆرمەكتە.

جياڭ شىنجيەن فوتوسى

دىن ئارتۇق تىجارەت سورۇنى (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 500 دىن ئارتۇق تىجارەت سورۇنى (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ئورۇن تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، 40 تىن ئارتۇق قارا تورخانا ۋە قائىدىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان تورخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى تورخانا قاتارلىق ئالاقىلىشىش تورىدا تور ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

لى يۈك

# مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

## مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرى بىلەن 68 تۈردە 748 ئادەم (قېتىم) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 43 ئۆمەك (گۇرۇپپا) 20 دۆلەت ۋە رايونغا ئەۋەتىلدى. 12 دۆلەت

ۋە رايوندىن كەلگەن 25 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تەركىبىدىكى 232 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئاقسۇ «تارىم» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى قاتارلىق 5 ئۆمەك ئومان، ئىتالىيە، شۋېيتسارىيە، برۇنېي، ھىندونوزىيە، كانادا، جۇڭگو شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، بۇ ئۆمەكلەر 46 قېتىم ئويۇن قويدى، ئويۇننى 160 مىڭ تاماشىبىن (قېتىم) كۆردى. 8 - ئايدا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قازاقىستانغا ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى ئەسىر، يېڭى شىنجاڭ» مەدەنىيەت ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر مىنىستىرى، ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مىراس باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى تاشقى مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار مۇۋەپپەقىيەتلىك كۈتۈۋېلىندى. «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت نومۇرلىرى» ناملىق خەنزۇچە - ئىنگلىزچە سۈرەتلەر توپلىمى نەشر قىلىندى.

لى يۈك

## «تارىم» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئومانغا بېرىپ، سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «تارىم» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدىكى 28 كىشى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ئومانغا بېرىپ، ماسكات خەلقئارا ئەلئارا سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، ئوماندىكى تاماشىبىنلارغا تاللانغان ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى. سەنئەت بايرىمى تەشكىلات كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ماسكات شەھىرىنىڭ باشلىقى «تارىم» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تاللانغان ئويۇنلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە ماختىدى، ئومان دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇننى سەھنىدىن بىۋاسىتە تارقاتتى ۋە خەۋەر قىلدى.

لى يۈك

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى فىلىپپىنغا بېرىپ ئويۇن قويدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى فىلىپپىندىكى «يۇقىرى مەرتىۋە» شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى فىلىپپىن پايتەختى مانىلاغا بېرىپ، 10 كۈن دوستانە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇپ، 11 قېتىم ئويۇن كۆرسەتتى. قىزغىن ۋە شوخ-تېتىك شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، مانىلادىكى بىرمۇنچە ئاخبارات ۋاستىسى بۇ ئۆمەكنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنىغا يۇكسەك باھا بەردى.

لى يۈك

## ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستاننىڭ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا زىيارەتتە بولدى

ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 21 كىشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 3-ئاينىڭ 19 — 23 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 5 كۈن زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ھىندونېزىيىدىكى سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى تەركىبىدىكى 20 كىشى ھىندونېزىيىدىكى «ھىندونېزىيىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئاۋام جەمئىيىتى» ۋە ھىندونېزىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى جاكارتا شۆبىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە ھىندونېزىيىدە سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويدى. سەنئەت ئۆمىكى ياۋا ئارىلى قاتارلىق 9 ئۆلكە - رايوندىكى 25 شەھەردە 30 قېتىم سەييارە ئويۇن قويدى، ئويۇننى 60 مىڭ تاماشىبىن كۆردى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئويۇنى شۇ جايدىكى جۇڭگولۇقلار تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

لى يۈك

## شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتى تارقىتىلدى

2004 - يىللىق شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى؛ لى جىلىيەن، چېن جيەنپىڭ، ئالىمجان ئابدۇللا، خې يۇلىڭ، شياڭ سۇيجېن، جاۋ شىنجۇن، تۇردى ئىمىن، لىن خۇڭشېڭ، ئوسمان ئەمەتتىن ئىبارەت 9 كىشى شىۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ۋاڭ ۋېيدۇڭ، رۇەن چيۇرۇڭ، ئەنۋەر قاسىم، لياڭ تاۋ، چۇ جياڭ، جۇ شىنيۇن، ما يىڭشيا، ئالىم رېشىت، گو جىڭ، يىن چۇنماۋدىن ئىبارەت 10 كىشى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى يۇڭ

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېي ئىشلىرى

## جىرىنتاي سۇ ئامبىرى قاتارلىق دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى ۋە رەتلىنىپ قېزىلدى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىن بولغان نىلقا ناھىيىسىدىكى جىرىنتاي سۇ ئامبىرى، تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپچىغاي سۇ ئامبىرى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان تاشقورغان ناھىيىسىدىكى پوست بەلدىر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ياسىلىشىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن 2004 - يىل 5 - ئايدىن تارتىپ يۇقىرىقى 3 سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان قەدىمكى زامان خارابىلىرى ۋە قەبرىلىرىنى داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈردى ۋە رەتلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جىرىنتاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى 38 قەدىمكى قەبرە، قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى 26 قەدىمكى قەبرە ۋە 700 كۋادرات مېتىر يەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، پوست بەلدىر سۇ ئامبىرى رايونىدىكى 2000 كۋادرات مېتىر يەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى بار.

لى يۇڭ

## كىچىك دەريا قەبرىستانلىقى 2004 - يىلى جۇڭگودىكى 10 چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

بۇ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيە تۈرلىرىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىدىن كېيىن جۇڭگودىكى 10 چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش قاتارىغا 3 - قېتىم كىرگۈزۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. كىچىك دەريا قەبرىستانلىقى لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىنى ۋادىسىنىڭ 60 كىلومېتىرچە جەنۇبىدىكى چۆل - باياۋانغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكى كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى بىلەن ئارىلىقى 175 كىلومېتىر كېلىدۇ.

كىچىك دەريا قەبرىستانلىقى — «1000 ئۆكەك جايلاشقان» قەدىمكى قەبرىستانلىق، ئىلگىرى دۇنيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇ قەبرىستانلىقنى كروران ئېكسپېدىتسىيە تارىخى، غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە تارىخىدىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان ئەڭ سىرلىق مۆجىزە، شۇنداقلا دۇنيادا ھازىرغا قەدەر ئىزاھلانمىغان بىردىنبىر قەبرە شەكلى دەپ قارىغان.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 2002 - يىلدىن ئېتىبارەن كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىنى 3 قېتىم ئومۇمىي جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك قېزىشقا كىرىشكەندى، بۇ جەرياندا 160 تىن ئارتۇق قەبرە قېزىلىپ، يەر ئاستىدىن 1000 دىن ئارتۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى.



شىنجاڭ 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 — 22 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرىدە 2004 - يىللىق جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت ھەپتىلىكى ئۆتكۈزدى.

سۈرەتتە: قازاقىستانلىق ئوقۇرمەنلەر جۇڭگو شىنجاڭ تونۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى ئوقۇماقتا.

سۇڭ جۈن فوتوسى

كىچىك دەريا ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك قېزىش داۋامىدا ئۆزگىچە خاس قۇملۇق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئۇسۇلىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساقلىنىپ قالغان قەبرىستانلىقنى ئومۇمىي قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل ساقلاپ قالدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا ئاز ئۇچرايدىغان نۇرغۇن دەپنە قىلىش ھادىسىلىرى بايقالدى، مەسىلەن: قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولغان ھەمدە نەزىر - چىراغ ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ياغاچ ئۆكەك سىرتىغا لاي سۇۋالغان قەبرىلەر، ياغاچ ئۆكەك سىرتىغا لاي سۇۋالغان قەبرىلەرنى ئۆزەك قىلغان قەبرىلەرنىڭ جايلىشىشى، چوڭ ياغاچ ئۆي شەكىلدىكى قەبرىلەر قاتارلىقلار. بۇلاردىن سىرت، يەر ئاستىدىن بىرنەچچە يۈزلىگەن ئاز ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەسىلەن: ئادەمنىڭ يۈزى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ھەيكەل، ئادەمنىڭ يۈزى چۈشۈرۈلگەن سۆڭەك ھەيكەل، چوڭ كالا مۈڭگۈزى، زاكون تايىقى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى، بۇ نۇرغۇن نەرسىلەر شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم بايقالدى.

پەن چېن

## سانجى ئوبلاستلىق مۇزېي ئىشىك بېلىتى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى

سانجى ئوبلاستلىق مۇزېي 2004 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن ئىشىك بېلىتى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇزېينى جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ئاممىغا ئېچىۋەتتى. بۇ، شىنجاڭدا يىل بويى ھەقسىز ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان تۇنجى مۇزېي ھېسابلىنىدۇ.

لى يۆك

## يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - قوغداش تۈرى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى

گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن «يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - قوغداش تۈرى» تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 6 كىشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 — 20 - كۈنىگىچە تۇرپان ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي ۋە لىن جىلۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى- مۇزېي ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش داۋامىدا جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرى بىلەن ھازىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە مەسىلىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇھىتىنى تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

لى يۆك

## ئىلى مۇزېيىنىڭ يېڭى مۇزېيى ئېچىلدى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ يېڭى مۇزېيى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي غۇلجا شەھىرىگە جايلاشقان، يېڭى مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4900 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مۇزېيدا 3000 دىن ئارتۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساقلانغان، بۇ يەرگە ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغى ۋە تەڭرىتاغدىكى ئىنتايىن ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توپلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىن بېرى نىلقا ناھىيىسىدىكى جىرىنتاي، تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى قېزىش داۋامىدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئىلى يايلاقلىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ۋە ئىلى ئوبلاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىسى قاتارلىقلار بار.

لى يۆك

## سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنى 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى

دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن بولغان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنى 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پۈتتى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم قەدىمكى زامان ئىسلام ئىمارەتلىرىدىن بىرى، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئەمەلىي مىسال ھېسابلىنىدۇ.

لى يۆك

## دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن ۋۇشياڭ شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈردى

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن ۋۇشياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2004-

يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 — 21 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرۈپ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى چېن جىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلانباي قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش، سانجى مۇزېيىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يىپەك يولى (شىنجاڭ بۆلىكى) دىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش يۈزىسىدىن ئالدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شەن ۋۇشياڭ ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق 7 ئورۇندىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنى ۋە ئاپتونوم رايون، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرىنى ھەم مۇزېيلارنى تەكشۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقى خىزمىتىدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى خىزمىتى دۇچ كەلگەن مۇھىم ۋەزىپىلەر توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ قويدى.

لى يۈڭ

# تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى

## تەزكىرىچىلىك خىزمىتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا تەزكىرە كىتابىدىن 19 ى نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 7، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 12. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2004 ـ يىللىق) نىڭ خەنزۇچىسى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2004 ـ يىللىق) نىڭ ئۇيغۇرچىسى يىل ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى»، «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ۋە «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ قازاقچىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە) ئۆز قەرەلىدە نەشر قىلىندى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرلىرى» 14 سانىنىڭ ھەجمى 10 مىڭ خەتتىن ئارتۇق بولۇپ، 28 ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى.

2004 ـ يىلى يەنە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى تەزكىرە تۈزگۈچى كادىرلار تەكشۈرۈش ۋە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە باشقا ئۆلكە، رايونلارغا ئەۋەتىلدى.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2004 ـ يىللىق) نىڭ خەنزۇچىسى مەملىكەت بويىچە يىلنامىلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 6 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ تاللاشتا «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2002 ـ يىللىق) نىڭ خەنزۇچىسى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر تەۋرەش تەزكىرىسى» 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ 2004 ـ يىللىق ئىلمىي يىغىنىنى ئېچىشنى تەشكىللەپ ئۈستىگە ئالدى.

تەزكىرە ئىشخانىسى

## يېقىندىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

«باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى چې باۋئەن. بۇ كىتاب 980 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 31 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 ـ يىلى توختايدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابىدا پۇختا ۋە راۋان تىل ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ ئۆزگىچە خاس تەبىئىي شارائىتى، مول قېزىلما بايلىقلىرى، ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەم ئىنتايىن ئەتىۋارلىق پارلاق مەدەنىيىتى بايان قىلىنغان، باي ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تارىختىكى ئۆزگىرىشلىرى نامايان قىلىنغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىياللىق بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«ئالتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش تۈزگۈچىلەر سۇ يۈڭژېن، چيۇ شىنتاڭ، شيا جۇڭچۈن. بۇ كىتاب 2 مىليون 100 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 34 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقتىتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1995 ـ يىلى توختايدۇ، 1996 — 2003 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە «قوشۇمچە» قىسمىغا ئاخىرقى چەكتىن كېيىنكى چوڭ

ئىشلار، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ، ئىدىيۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىقنى ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىلغان، تەزكىرە كىتابىدا رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن «ساياھەت» قىسمى ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان، بۇ قىسىمدا ۋىلايەت دائىرىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلار ۋە ساياھەت لىنىيىلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب بىرقەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«قابا ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش تۈزگۈچى دەي دادې، بۇ تەزكىرە كىتابى 1 مىليون 350 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 36 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلى توختايدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابىدا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلار ئاساسىي رامكا قىلىنىپ، بايان، خاتىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەل، ئۈزۈندىلەر بايان قىلىش شەكلى قىلىنىپ، ھازىرقىنى تەپسىلىي، قەدىمكىنى قىسقىچە بايان قىلىش، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، بۇ كىتابتا ئىدىيۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىقنى ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىنغان. بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، قابا ناھىيىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، رايون ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىن خۇڭمېي

«قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. باش تۈزگۈچى خې جىخۇڭ. بۇ كىتاب 2 مىليون 500 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 57 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتاب «رەڭلىك سۈرەتلىك بەت»، «ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار»، «كەسىپلەر تەزكىرىسى»، «قوشۇمچە» دىن ئىبارەت 5 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلار ئاساسىي رامكا، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەل، ئۈزۈندىلەر بايان قىلىش شەكلى قىلىنغان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلى توختايدۇ، ئايرىم مەزمۇنلار تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرىكىچە داۋاملىشىدۇ. تەزكىرە كىتابىدا ئىخچام قەلەم قۇۋۋىتى، تەپسىلىي ۋە ئېنىق ماتېرىياللار، ئىلمىي بەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، ئەينەن خاتىرىلەنگەن، دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن «يەر تەۋرەش»، «قىرغىزلار»، «ئەنجۈر»، «قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق تارىخىي داستانى ‹ماناس›»، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى» قاتارلىق مەزمۇنلار دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان. كىتابتا ئىدىيۋىلىك، ماتېرىيالچانلىق ۋە ئىلمىيلىك بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان، بۇ، بىرقەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى ۋە يىغىپ ساقلاش قىممىتىگە ئىگە بولغان جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش تۈزگۈچى سۇڭ جيارېن. بۇ تەزكىرە كىتابى 1 مىليون 700 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 20 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابتا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت بايان قىلىش دائىرىسى قىلىنغان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ، «قوشۇمچە» قىسمىغا 1999 — 2003 - يىلغىچە بولغان مۇھىم ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن بۇ تەزكىرە كىتابىدا ئىلى ئوبلاستىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش داۋامىدا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ئوبيېكتىپ، ئەينەن خاتىرىلەنگەن، بۇ مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان ۋە خەلقنى تەربىيىلەيدىغان، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 -

يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچىلەر لى خۇڭ، جياڭ زۇڭيۇ. بۇ كىتاب 2 مىليون 800 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 36 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ، ئاخىرقى چەكتىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىيال جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، «قوشۇمچە» قىسىمغا قەشقەر ۋىلايىتىدە 1991 — 2000 ـ يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا توغرا كۆزقاراش، تەپسىلىي ۋە ئېنىق ماتېرىيال، ئىخچام ئۇسلۇب ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەر ۋە تارىخىي تەرەققىيات ئىزى ھەققانىي ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن ئاۋاتلىق ۋە گۈللىنىشكە قاراپ ماڭغان شانلىق مۇساپىسى تولۇق نامايان قىلىنغان. بۇ كىتاب روشەن دەۋر تۈسىگە، كۈچلۈك تەبىئىي شارائىت ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، كۆرۈنەرلىك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش تۈزگۈچىلەر چى دۇڭچۇ، گۇ يۇفاڭ. بۇ كىتاب ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسىپلەر تەزكىرىسى، قوشۇمچە قىسىملىرىغا بۆلۈنىدۇ، 1 مىليون 24 مىڭ خەتلىك بۇ كىتاب 33 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1988 ـ يىلى توختايدۇ، ئاخىرقى چەك بىلەن بۇ تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىيال جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە «قوشۇمچە» قىسمىغا 1989 — 2000ـ يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئائىت ماتېرىياللار ئالاھىدە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ كۆزقارىشى توغرا، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تىلى راۋان بولۇپ، ئۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ جايلار ئەھۋالى بايان قىلىنغان قامۇس شەكلىدىكى چوڭ ماتېرىيال كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«تېكەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى دۇ دېيەنچىڭ. بۇ تەزكىرە كىتابى 1 مىليون خەتلىك بولۇپ، 27 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئاساس تېپىلىدىغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 ـ يىلى توختايدۇ، تارىخنى ساقلاش، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە «ئومۇمىي بايان» ، «قوشۇمچە» قىسىملىرى 2002 ـ يىلغىچە، سۈرەتلىك ماتېرىياللار 2004 ـ يىلغىچە ئۇزارتىلدى. كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلار ئاساسىي رامكا قىلىنىپ، خاتىرە، تەرجىمىھال، ئۈزۈندە، جەدۋەل، تەزكىرىلەر بايان قىلىش شەكلى قىلىنغان، كىتابنىڭ ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، يېزىلىشى پىششىق ۋە ئىخچام، ئۇنىڭدا تېكەس ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، جەمئىيەت ئىقتىسادىدىكى گۈللىنىش ـ خارابلىشىش، كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىشلەر ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر نامايان قىلىنغان، ئاپتونوم رايوندىكى مەشھۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت شەھىرى بولغان دۇنيادىكى كۆلىمى ھەممىدىن كەڭ 8 كوچىلىق شەھەر — تېكەس بازىرىنىڭ ئەھۋالى گەۋدىلىك بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب تېكەس ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىدىغان ياخشى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى ليۇ يىچېن. بۇ تەزكىرە كىتابى 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 21 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى توختايدۇ، شەيئىلەر ئۈستىدىكى بايانىنىڭ مۇكەممەللىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئايرىم قىسىم، بابلارنىڭ مەزمۇنلارنىڭ ئاخىرقى چېكى سەل

ئۆزارتىلدى. بۇ تەزكىرە كىتابىدا ھازىرقىنى تەپسىلىي، قەدىمكىنى قىسقىچە بايان قىلىش، ماتېرىيال تەپسىلىي، ئېنىق ۋە توغرا بولۇش ئاساسىدا سايباغ رايونىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سايباغ رايونىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشى، گومىنتارلىق تارىخىنى چۈشىنىشى، سايباغ رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلمىي، تەپسىلىي ۋە ئېنىق، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىلگەن.

يىن خۇڭمېي

«تۇرپان ۋىلايىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى بەي شياۋ. بۇ كىتاب 2 مىليون 100 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 43 قىسمىدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شەيئىيلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1995 ـ يىلى توختايدۇ، ئاخىرقى چەك بىلەن كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىت ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە «قوشۇمچە» قىسمىغا 1996 — 2003 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇھىم ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن بۇ تەزكىرە كىتابىدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان. رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە «كارىز»، «قوغۇن»، «ئۈزۈم»، «قۇجۇ ھاكىمىيىتى»، «تۇرپان ئىناقچىخانىسى»، «يارغول قەدىمكى شەھىرى» قىسىملىرى ئالاھىدە تەسىس قىلىنىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت تىنمىسى ۋە ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتابتا دەۋر ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا كۆچ سەرپ قىلىنغان. بىر قەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە يىغىپ ساقلاش قىممىتىگە ئىگە جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى چوڭ قورال كىتاب. كىشىلەرنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنى بىلىشى، چۈشىنىشىدە ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئىجابىي رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىن خۇڭمېي

«يېڭىسار ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى جاڭ شىمىڭ، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى، باش مۇھەررىر ياڭ ئەي. بۇ كىتاب 1 مىليون 800 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 30 قىسمىدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئادەتتە مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) ناھىيە قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1998 ـ يىلى توختايدۇ. تەزكىرە كىتابىدا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلار ئاساسىي رامكا قىلىنىپ، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەل، ئۈزۈندىلەر ئاساسىي بايان قىلىش شەكلى قىلىنىپ، بۇ ناھىيىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، تىلى راۋان بولۇپ، كىتابتا ناھىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى گۈللىنىش ـ خارابلىشىش، كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىشلەر نامايان قىلىنغان. كۈچلۈك مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە كۆرۈنەرلىك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ كىتاب ناھىيىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە گومىنتارلىق جەھەتلىرىدىكى تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ قورال كىتاب، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 3 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون 500 مىڭ خەت، باش تۈزگۈچى تيەن يىڭۋۇ. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) دىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 ـ يىلى توختايدۇ، ئايرىم باب، پاراگرافلىرى 2001 ـ يىلغىچە ئۆزارتىلغان. تەزكىرە كىتابى «ئاپپاراتلار»، «قوشۇن قۇرۇلۇشى»، «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرنى جازالاش»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، باندىتلارنى تازىلاش، توپىلاڭنى تىنچىتىش»، «ئامانلىق باشقۇرۇش»، «زەھەرلىك چېكىملىك، قىمار، پاھىشىۋازلىقنى مەنئى قىلىش ۋە سېرىق مەرەزنى يوقىتىش»، «جىنايى ئىشلار بويىچە تەھقىقلەش»، «ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپنى قوغداش»، «نوپۇس باشقۇرۇش»، «چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش»، «تەييارلىق سوراق ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھەم ئۆزگەرتىش»، «قاتناش باشقۇرۇش ۋە قاتناش مۇئەسسەسىلىرى»، «چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش»، «ئوت ئۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش»، «ۋەزىپە ئۆتەش ۋە مۇھاپىزەتچىلىك»، «مالىيە ئىشلىرى، جابدۇقلار، قوراللاندۇرۇلۇش،

ئۆي قۇرۇلۇشى»، «شەخسلەر» ھەم «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن. تەزكىرە كىتابىدا شىنجاڭنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان، بۇ كىتاب سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

چى جۇنشىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاماكىچىلىق تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون خەت، باش تۈزگۈچى شى داۋمىڭ. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلى توختايدۇ، كىتاب «تاماكا ئىشلەپچىقىرىش»، «موخۇركا، ناسۋال، چىلىم تاماكىسىنى پىششقلاپ ئىشلەش»، «تاماكا سانائىتى»، «تاماكا ياسالمىلىرى تىجارىتى»، «مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش»، «پەن - تېخنىكا»، «ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى»، «تاماكا مەدەنىيىتى»، «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، كىتابتا تاماكىچىلىق ساھەسىنىڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىش تارىخىي جەريانى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بۇ، شىنجاڭدىكى تاماكىچىلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىلىدىغان كىتاب، شۇنداقلا كەم تېپىلىدىغان قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

چى جۇنشىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 900 مىڭ خەت، باش تۈزگۈچى ۋاڭ جىڭخۇا. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى 1949 - يىلدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1993 - يىلى توختايدۇ. كىتاب «ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى»، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى»، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى»، «شەخسلەر»، «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، بۇ، شىنجاڭدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرىكىتى تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار شىنجاڭنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرىكىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب.

چى جۇنشىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 720 مىڭ خەت، باش تۈزگۈچى لى داپېڭ. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ھەرخىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىدىن ئەڭ بالدۇر پايدىلانغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. بۇ كىتاب «قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بايلىقى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، «سېمونت ۋە سېمونت ياسالمىلىرى سانائىتى»، «تام ۋە ئۆگزە ماتېرىياللىرى سانائىتى»، «مېتال ئەمەس كان سانائىتى»، «ئەينەك - ساپال ۋە فارفور سانائىتى»، «پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ»، «باشقۇرۇش ئەھۋالى»، «ئاپپارات ۋە قوشۇن»، «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، كىتابتا شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قەدىمكى زاماندىن راۋاجلىنىپ ھازىرقى ھالەتكە يەتكەن تارىخىي جەريانى بايان قىلىنغان، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، ئالاھىدە گەۋدىلىك، بۇ كىتاب شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسى تارىخىدىكى تۇنجى كەسپىي تەزكىرىسى ھېسابلىنىدۇ.

چى جۇنشىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەمۇرىيەت تەزكىرىسى. خەلق قۇرۇلتىيى» بۇ كىتاب 2004 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون 300 مىڭ خەت، باش تۈزگۈچى چېڭ پېڭ. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. كىتاب «ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى»، «ئاپتونوم رايونلۇق (ئۆلكىلىك) خەلق قۇرۇلتىيى»، «دائىمىي كومىتېت»، «مۇھىم كۈندىلىك خىزمەتلەر»، «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنى»، «شەخسلەر»، «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. تەزكىرە كىتابىدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن بېرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا ئورنىتىلىش، راۋاجلىنىش جەريانى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەنگەن، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تارىخ ماتېرىياللار مول بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش، ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

چى جۇنشىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پوچتا ـ تېلېگراف تەزكىرىسى» (1991 — 1998 ـ يىلغىچە) بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون خەت، باش تۈزگۈچى گاۋ خۇڭچىڭ. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى 1991 ـ يىلدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1998 ـ يىلنىڭ ئاخىرى پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىلىپ تىجارەت قىلغاندا توختايدۇ، كىتاب «ئاپپاراتلار»، «پوچتا ئىشلىرى»، «تېلېگراف»، «ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى»، «ئالاقىلىشىش كەسپىدە رادىئو باشقۇرۇش»، «كارخانا باشقۇرۇش»، «تىرەك سىستېما»، «قوشۇمچە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. كىتابتا شىنجاڭنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ 1991 — 1998 ـ يىلغىچە تەرەققىيات ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا بايان قىلىنغان، بۇ، ئالدىنقى توم پوچتا ـ تېلېگراف تەزكىرىسىنىڭ ئوخشاش تەزكىرە تۈزۈش دەۋرىدىكى داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

چى جۈنشېڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ستاتىستىكا تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتابنىڭ ھەجمى 565 مىڭ خەتلىك، باش تۈزگۈچىسى ۋاڭ جۈڭشەن. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1995 ـ يىلى توختايدۇ، شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا ساھەسىدە 1996 — 2002 ـ يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار كىتابنىڭ «قوشۇمچە» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، خەلق ئىگىلىكى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى 2002 ـ يىلغىچە ئۇزارتىلغان. بۇ كىتاب «ئاپپارات ۋە باشقۇرۇش»، «ستاتىستىكا ئاساسىي قۇرۇلۇشى»، «ستاتىستىكا مائارىپى ۋە ئىلمىي تەتقىقات»، «ستاتىستىكا جەدۋەل تۈزۈمى»، «ستاتىستىكا ئىشلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش»، «ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى»، «قوشۇمچە» قاتارلىق مەزمۇنلارغا بۆلۈنىدۇ، كىتابتا شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا ئىشلىرىنىڭ باشلىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆلگىيىش جەريانىدىكى ئومۇمىي قىياپىتى خاتىرىلەنگەن. بۇ دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتىكى مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چى جۈنشېڭ

«شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر ئابدۇرۇپ ئېلى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك بولۇپ، 24 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1993 ـ يىلى توختايدۇ. شەيئىلەر توغرىسىدىكى باياننىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئايرىم باب، پاراگرافلارنىڭ ئاخىرقى چېكى مۇۋاپىق ئۇزارتىلغان. ناھىيە تەزكىرىسىدە شايار ناھىيىسىنىڭ تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلمىي بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ كۆزقارىشى توغرا، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تىلى راۋان، ئىجادىي مەنىگە ئىگە. كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ كىتاب ئىدىيۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

بېلىقىز مۇھەممەت

«باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (قازاقچىسى) بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى جۇمابېك. بۇ كىتاب 1 مىليون 400 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 22 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى جۇڭگونىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1985 ـ يىلى توختايدۇ. تەزكىرە كىتابىدا باركۆل ناھىيىسىدىكى ھەرساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى تەرەققىيات جەريانى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا بايان قىلىنغان، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش باركۆل ناھىيىسىگە ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابنىڭ كۆزقارىشى توغرا، قۇرۇلمىسى چىڭ، ماتېرىياللىرى مول، تەپسىلىي ۋە ئېنىق، بايان قىلىش جەھەتتە دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىلغان. ئىلمىيلىكى، ئىدىيۋىلىكى، ماتېرىيالچانلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ كىتاب ماتېرىيال قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ باركۆل ناھىيىسىنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بىلىشى، تەتقىق قىلىشىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇرېھىم ياقۇپ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچىسى) بۇ كىتاب 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون 200 مىڭ خەت، باش مۇھەررىر ئەخمەت روزى توغرۇل. تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ، تەزكىرە كىتابنىڭ ئاخىرىغا مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە 1991 — 1999 ـ يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلارنىڭ مۇھىم خاتىرىسى كىرگۈزۈلگەن، بۇ كىتاب 7 قىسىم ـ تارماقتىن تەركىپ تاپقان. تەزكىرە كىتابىدا شىنجاڭنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى غەللە ـ پاراق ئېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش، يۆتكەش ـ توشۇش، ساقلاش جەريانى بايان قىلىنغان، شىنجاڭدىكى ئاشلىق ساھەسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي نامايان قىلىنغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

ئەخمەت روزى

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئۇل قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخىپچىلىق خىراجىتى 9 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى (بىكىتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، ئارخىپ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 64 مىڭ 752 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 1893 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار (ئارخىپ بۆلۈملىرى) دا 132 كومپيۇتېر كۆپەيدى. ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ۋىلايەت، شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ھەم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپ تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىملار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي خادىمنىڭ %85 نى ئىگىلىدى، ئارخىپچىلىق كەسپىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي خادىمنىڭ %15 نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ ئارخىپچىلىق سىستېمىسى ئۈنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 48 ئادەم ئارخىپچىلىق ئۈنۋان سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ كاندىدات تەتقىقاتچىسى سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەم 26، مەسئۇل باشقۇرغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەم 18.

2. كەسپىي خىزمەت. 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا ئاچقان ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرنى ئوقۇش مەركىزى خەلق ئاممىسىنىڭ چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قانۇن ۋە سىياسەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇ يىلى بۇ ھۆججەتلەردىن پايدىلانغۇچىلاردىن 434 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھۆججەتتىن 452 نۇسخا ئوقۇپ چىقىلدى. «خەلق گېزىتى» نىڭ 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىدە ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانىنىڭ ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىش خىزمەت ئەھۋالى خەۋەر قىلىندى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايىنغولىن ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئارخىپ تارماقلىرىدا ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىش مەركىزى قۇرۇلدى، باشقا كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىش خىزمىتى تۈرلۈك قاتلاملاردا قانات يايدۇرۇلدى، سانجى ئوبلاستىدا يەنە ئاپتونوم رايوندىكى يېزا- بازارلار بويىچە تۇنجى ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىش مەركىزى قۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا «ئاپتونوم رايوننىڭ مەھەللە ئارخىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ۋە «مەھەللە ئارخىپ خىزمىتىنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىلدى، قاراماي، سانجى شەھەرلىرىدە شىنجاڭ بويىچە مەھەللە ئارخىپ خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىش ئورنى يىغىنى ئېچىلىپ، مەھەللىلەردە ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى داۋاملىق تۇردە بىر مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى. يىل ئاخىرىغىچە كۆپ قىسىم يېزا ـ بازارلاردا ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، كەنتلەردە ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. ئۈرۈمچى

شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كەنتلەردە ئارخىپ تۇرغۇزۇش نىسبىتى %80 كە، سانجى ئوبلاستىدىكى كەنتلەردە ئارخىپ تۇرغۇزۇش نىسبىتى %95 كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2004- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - نۆۋەتلىك ئارخىپ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ بېكىتىشنى تەشكىللىدى. 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىرى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 3 ى باھالاپ چىقىلدى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى يوللىغان «يېڭى دەۋردە شىنجاڭدا دىنىي ئارخىپلارنى باشقۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات» تۈرى دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈر قىلىنىپ تۇرغۇزۇلدى. 2004 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى «ئارخىپ قانۇنى» نى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىقتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى، «خەلق گېزىتى» ، «جۇڭگو ئارخىپ گېزىتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «جۇڭگو ئارخىپچىلىقى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 128 پارچە خەۋەر - ماقالە بېسىلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ھەم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ تارماقلىرى 447 مىڭ 4 توپلام (دانە) ئارخىپ، 3050 قۇتا ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، فىلىم ئارخىپى، 24 مىڭ 867 پارچە سۈرەت ئارخىپى، 6125 دانە نېگاتىپ، 2239 قاپ (دانە) ئېلېكترونلۇق ئارخىپنى قوبۇل قىلدى، 180 مىڭ 770 دانە ئارخىپنى يىغىۋالدى، قوبۇل قىلدى ۋە ئامانەت قويدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى تۈرلۈك خىزمەتلەردە پايدىلىنىشقا تەمىنلىگەن ئارخىپ 363 مىڭ 940 توپلام (قېتىم) ، 61 مىڭ 251 ئادەم (قېتىم) گە، ماتېرىيال 16 مىڭ 608 جىلد (قېتىم) ، 8863 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش 11 مىڭ 113 توپلام (قېتىم) ، خىزمەت تەكشۈرۈش 60 مىڭ 411 توپلام (قېتىم) ، تارىخ - تەزكىرە تۈزۈش 58 مىڭ 646 توپلام (قېتىم) ، ئىلمىي تەتقىقات 1101 توپلام (قېتىم) ، تەشۋىقات- تەربىيە 856 توپلام (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلەندى.

يۇ شياۋنەن

## ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 16 ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، بىر ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، 69 ئورۇننىڭ ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، 3 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىندى، 6 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئارخىپخانا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئارخىپخانىلار: ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر قۇرۇلۇش ئارخىپخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق ئارخىپخانا، ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق ئارخىپخانا، يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە شەھەرلىك ئارخىپخانا، سانجى شەھەرلىك ئارخىپخانا، ماناس ناھىيىلىك ئارخىپخانا، قۇتۇبى ناھىيىلىك ئارخىپخانا، جىمسار ناھىيىلىك ئارخىپخانا، مورى ناھىيىلىك ئارخىپخانا، بۇرچىن ناھىيىلىك ئارخىپخانا، جىڭ ناھىيىلىك ئارخىپخانا، خېجىڭ ناھىيىلىك ئارخىپخانا، باغراش ناھىيىلىك ئارخىپخانا، لوپنۇر ناھىيىلىك ئارخىپخانا، توقسۇ ناھىيىلىك ئارخىپخانا، كەلپىن ناھىيىلىك ئارخىپخانا.

ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئارخىپخانا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئارخىپخانا: ئىلى ئوبلاستلىق ئارخىپخانا.

ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلار: بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىڭتۇەن شۆبە بانكىسىنىڭ «قۇرۇلۇش» كوچىسى تارمىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى، قەشقەركوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق قەشقەر بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبىرى، چىرا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، چىرا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خوتەن شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خوتەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاتۇش شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، چەرچەن ناھىيىلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئورنى، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش

مەھكىمىسى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق كورلا بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى، باينغولىن تۆرمىسى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق ئاقسۇ بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى، كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، سانجى شەھەرلىك يېزا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى، قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى سانجى ئوبلاستلىق تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى جىمسار ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى فۇكاڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، سانجى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، مورى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇرپان شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، پىچان ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، توقسۇن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ترانسپورت باشقۇرۇش باش بېكىتى، كۇيتۇڭ شەھەرلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، كۇنەس ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، توققۇزتارا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، تېكەس ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، غۇلجا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، غۇلجا ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق غۇلجا بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق قورغاس بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى كۇيتۇڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى دەرىجىلىك يول ئىدارىسى كۇيتۇڭ باشقارمىسى، قورغاس ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قورغاس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە مەھكىمىسى، ئالتاي شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، چىڭگىل ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قابا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جېمىنەي ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئالتاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ئالتاي شەھەرلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، جىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئارىشاڭ ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملىنىش ساقلىنىش پونكىتى، مەركىزىي زاپاس ئاشلىق جىڭ بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى، بورتالا ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئارىشاڭ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى.

كارخانىلار ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئورۇنلار: شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قەشقەر شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى شىخەنزە شەھەرلىك شۆبە شىركىتى.

كارخانىلار ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئورۇنلار: ئاۋات توك بېرىش شىركىتى، سانجى توك بېرىش شىركىتى، ماناس توك بېرىش شىركىتى، قورغاس ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى، شىنجاڭ «شىنتەي» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى.

ياڭ لۇڭ

# ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## ئومۇمىي بايان

### كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا 3750 خىل، 82 مىليون 370 مىڭ پارچە كىتاب؛ 192 خىل ئۈن ـ سىن بۇيۇمى ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى؛ 87 خىل، 339 مىليون نۇسخا گېزىت؛ 175 خىل، 14 مىليون 500 مىڭ نۇسخا قەرەللىك ژۇرنال نەشر قىلىندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى 240 مىليون نۇسخا ھەر خىل كىتاب تارقاتتى، بۇلارنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە، تارقىتىلغان ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنىڭ سوممىسى 31 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق نۇقتىلىق تېما كىتابلىرىنى نەشر قىلىش پىلانىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» غا مۇلازىمەت قىلىش نەشرىيات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىدا «شىنجاڭدا ‹يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار› غا مۇلازىمەت قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئائىت كىتابلار ئامبىرى» غا تەئەللۇق كىتابتىن 88 خىل، ئۈن ـ سىن بۇيۇمى، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمىدىن 25 خىل نەشر قىلىندى. قۇرامىغا يەتمىگەن ياشلارنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدىغان بىر تۈركۈم ئوقۇشلۇقلار نەشر قىلىندى. شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «لىن زېشۇ شىنجاڭدا» ناملىق مەجمۇئە 14 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو كىتاب مۇكاپاتىغا، «شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» ژۇرنىلى 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو 100 خىل نۇقتىلىق پەن ـ تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنىلىنىڭ بىرى دېگەن نامغا، 25 خىل كىتاب 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتىغا، 20 خىل قەرەللىك ژۇرنال 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا، 12 خىل ئىجتىمائىي پەن قەرەللىك ژۇرنىلى 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن قەرەللىك ژۇرناللىرى مۇكاپاتىغا، 37 پارچە ماقالە مۇنەۋۋەر ماقالە تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا، 10 خىل قەرەللىك ژۇرنال تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپەت مۇكاپاتىغا، 12 كىشى مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر (نەشرىيات باشلىقى) مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كىتابلارنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، نەشرىياتلار، شىنخۇا كىتابخانىلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى، قىسىملار، مەكتەپلەرگە 11 قېتىم كىتاب ئىئانە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، 400 مىڭ نۇسخا كىتاب ئىئانە قىلىندى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ نەشرىيات ساھەسىدىكى ناچار خاھىشلارنى تۈزەش مەخسۇس يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا نەشرىيات خىزمىتى بويىچە مەخسۇس يىغىن چاقىرىلىپ، نەشرىيات كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەكلەشكە سەل قاراش، بەلگىلىمىگە خىلاپ يول بىلەن كىتاب نەشر قىلىش، كىتاب نومۇرى ئېلىپ ـ سېتىش، پەسكەش مەزمۇندىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشقا ئوخشاش ناچار خاھىشلار تەدبىر قوللىنىلىپ قاتتىق تۈزىتىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسى مەركەزنىڭ 11 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتىدە مۇقىملىقنى ساقلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي نىشان قىلىنغان «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئىستراتېگىيىلىك تۈرىنى بېكىتىپ، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا مەلۇم قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، كىتاب نەشر قىلىش، بېسىش، تارقىتىش كەسپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزۈلمە، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شىنجاڭ گېزىتچىلىك گۇرۇھى قۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى، شىنجاڭ شىنخۇا 1 ـ، 3 ـ زاۋۇتلىرىنىڭ سەر خىل يول بىلەن بىرلىشىپ، گۇرۇھ قۇرۇش خىزمىتىنى تېزلەتتى، شىنجاڭ «شىنخۇا» كىتابخانىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت سىناق نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى، «شىنخۇا» كىتابخانىلىرىنىڭ ئەشيا ئوبوروت قىلىش ـ يەتكۈزۈش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «شىنخۇا» كىتابخانىسى تارقىتىش گۇرۇھى قۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىدى. 2004 ـ يىلى تىجارەت

باشلىغان «شىنخۇا» خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2004 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن كاڭ پىڭ مەملىكەت بويىچە ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش، ياش مۇتەخەسسىس دېگەن نامغا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر «شىنخۇا» كىتابخانىسىدىن ئابدۇراخمان ئەبەي، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىدىن لى شىنپىڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن نيەن چىڭخەيلەر 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 ياخشى نەشرىيات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2004 - يىلى گېزىتخانا باشلىقلىرى، باش مۇھەررىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، باسما زاۋۇتلىرىنىڭ باشلىق، دىرېكتورلىرىنى قانۇن - نىزام بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى، گېزىت، قەرەللىك ژۇرنال مۇخبىر، تەھرىرلىرىنى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق كۇرسلاردىن 19 قارار ئېچىلىپ، 1182 ئادەم تەربىيىلەندى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى (ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئىدارىسى) دېگەن ۋىۋىسكىنى قوشۇپ ئاستى.

جاڭ شىنگې

## سېرىق مەرەزلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا نەشر بۇيۇملىرى بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سېرىق مەرەزلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىش مەخسۇس پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇنسىز نەشرىياتچىلىق پائالىيىتى ۋە نەشر ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىپ، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، نەشر بۇيۇملىرى بازىرى تازىلاندى، بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقى قوغدالدى. ھەرىكەت جەريانىدا ھەر خىل قانۇنسىز كىتاب - ژۇرنالدىن 210 مىڭ نۇسخا يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي مەزمۇندىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 1800 نەچچە نۇسخا، دىنىي مەزمۇندىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 90 نەچچە مىڭ نۇسخا. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان، شەھۋانىي ۋە باشقا مەزمۇندىكى قانۇنسىز ئۈن - سىن، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمىدىن 220 مىڭى يىغىۋېلىندى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 170 نەچچە دۇكان ۋە يايما ئورنى جازالاندى.

ئوغرىلىقچە نەشر قىلىشقا ئىشلىتىلگەن كۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن 46سى يىغىۋېلىندى.

جاڭ شىنگې

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىشتا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى

2004 - يىلى دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى ۋە ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ دەرسلىكلەرگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىش سىناق نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى مائارىپ، باھا، مالىيە قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەقسىز دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىشتا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خىزمەتكە تولۇق قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىش ئارقىلىق رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن كۆزلەنگەن نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەقسىز دەرسلىكلەرنىڭ ھەر يىللىق سېتىلىش سوممىسى 140 مىليون يۈەن دەپ ھېسابلىغاندا، ھەر يىلى 1 مىليون 820 مىڭ يۈەن مالىيە مەخسۇس خىراجىتى تېجەپ قېلىنىدىغان بولدى.

جاڭ شىنگې

## نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئۈچ تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشى، كەسپىي روھ، كەسپ ئەخلاقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان 3 ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى باشقۇرغۇچىلار ۋە كەسپىي تايانچلاردىن 600 دىن ئارتۇق كىشى تەربىيىلەشكە قاتناشتى. تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، تەربىيىلەش، كەڭ كۆلەمدە باھالاش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈش، مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئىستىلنى ياخشىلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتى دەسلەپكى

قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 3 ئۆگىنىش- تەربىيە پائالىيىتىنىڭ 4 باسقۇچلۇق خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلىشىپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ خىزمەت ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

جاڭ شىنگې

## 6 ئەسەر جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىن 6 ئەسەر 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ: « بېيجىڭدا زۇڭلى قېرىنداشلىرىمىز بار» (تېلېۋىزىيە خەۋىرى) ، ئاپتورلىرى: ۋاڭ چېڭ، جاڭ خۋاچيەن، جاۋ ۋېجۇن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن؛ 5 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلار: «يۈرىكىم ۋەتەن بىلەن بىللە سوقماقتا» (يازما خەۋەر) ، ئاپتورلىرى: ليۇ داۋبى، گو فۇشىڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن؛ «تارىم دەرياسى يېشىل كارىدورى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى» (يازما خەۋەر) ، ئاپتورلىرى: لى ۋېيپىڭ، لۇ يەنباۋ؛ «ياپىلاق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك ئەتىۋارلاندى» (گېزىت قوشۇمچە بېتى ) ، ئاپتورى: ماۋ جيالياڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن؛ «تېرورلۇققا قارشى قەھرىمان ۋاڭ ياجۇ» (رادىئو مەخسۇس خەۋىرى) ، ئاپتورلىرى: ۋاڭ خۇڭ، جاۋ دۇڭلەن، جاڭ نىڭ، بەي يەنچىڭ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛ «پۇ ئائىلىسى قورۇسى» (تېلېۋىزىيە مەخسۇس خەۋىرى) ، ئاپتورلىرى: لى يىچۈن، چېن شۇفاڭ، بىڭتۇەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق 10 نادىر ئاخبارات خىزمەتچىسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق 10 نادىر ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالاپ چىقتى. ئۇلار: ۋاڭ ئەنرۇن («بوستان» گېزىتخانىسىدىن) ، سۈن كۈن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) ، ئەسقەر مەمتىمىن (خوتەن گېزىتخانىسىدىن) ، ۋۇ جېنجيەن (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ، لى شاۋفاڭ (ئۈرۈمچى خەلق رادىو ئىستانسىسىدىن) ، شېن ياپىڭ («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن) ، جاۋ گاڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ، جياڭ كېدىڭ (بىڭتۇەن گېزىتخانىسىدىن) ، چېڭ جېنجياڭ (قەشقەر گېزىتخانىسىدىن) سەلىك نۇردىباي («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن) ، دەي جياڭەن (شەھەر ئىستېمالچىلىرى سەھەر گېزىتخانىسىدىن) .

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 5 كىشى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 نادىر ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىن 5 كىشى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 نادىر ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار: ليۇ فېڭ («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن) ، ھەجەرگۈل قاسىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ، ئوسمان مۇھەممەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) ، لى شيۈلىڭ (شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىڭتۇەن تارمىقىدىن) ، لياڭ تۇڭجىن (بىڭتۇەن گېزىتخانىسىدىن) .

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتىنى باھالاشتا 25 خىل كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4 خىل، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 خىل، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 خىل، نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 9 خىل. 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىتابلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىنغا ئائىت بىلىملەردىن 100 سوئال» (خەنزۇچە) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» (قازاقچە) ، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «موڭغۇللارنىڭ نەزىر - چىراغلىرى» (موڭغۇلچە) .

جاڭ شىنگې

## 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى بىرلىكتە 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال مۇكاپاتىنى باھالاپ چىقتى، 20 خىل قەرەللىك ژۇرنال بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 12 خىل قەرەللىك ژۇرنال شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن

ژۇرناللار: «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى»، «چولپانلار دەۋرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «بوستان»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە)، «تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «ئىلى دەرياسى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، «ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پېنى» (قازاقچە)، «تىل ۋە تەرجىمە» (قازاقچە)، «چولپان» (موڭغۇلچە)، «شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى»، «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» (ئۇيغۇرچە)، «يېزا پەن - تېخنىكىسى» (ئۇيغۇرچە).

شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن قەرەللىك ژۇرناللىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرناللار: «بىڭتۇەن قۇرۇلۇشى»، «يىپەك يولىغا ساياھەت»، «بوستانلىق مەنزىرىسى»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»، «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكى»، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «تىل ۋە تەرجىمە» (ئۇيغۇرچە)، «يېڭى قاشتېشى» (ئۇيغۇرچە)، «شورا» (قازاقچە)، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (قازاقچە)، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە).

جاڭ شىنگې

## تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇملىرى مۇكاپاتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇملىرى مۇكاپاتىنى باھالاشتا 5 خىل نەشر بۇيۇمى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر خىل، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 خىل، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 خىل. شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ CD پلاستىنكىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ شىنگې

# مەتبۇئاتچىلىق

## مەتبۇئاتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلى ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت 87 خىل (ھەر دەرىجىلىك پارتكومىلارنىڭ ئورگان گېزىتى، بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ پارتىيە گېزىتلىرى ئومۇمىي گېزىتنىڭ 41%نى ئىگىلەيدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ۋە شىبەچە گېزىت 42%نى ئىگىلەيدۇ. ئاشكارا نەشر قىلىنغان قەرەللىك ژۇرنال 175 خىل (ئىجتىمائىي پەن قەرەللىك ژۇرناللىرى 66%نى، تەبىئىي پەن قەرەللىك ژۇرناللىرى 34%نى ئىگىلەيدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ۋە رۇسچە قەرەللىك ژۇرنال 52%نى ئىگىلەيدۇ. گېزىت، ژۇرنال كەسپكارى 7500 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت كەسپكارى 5500دىن، ژۇرنال كەسپكارى 2000دىن ئاشىدۇ.

جاڭ شىنگې

## شىنجاڭدا ئاشكارا نەشر قىلىنىدىغان گېزىتلەر

«شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 7 سان، قازاقچە ھەپتىدە 7 سان، موڭغۇلچە



«شىنخۇا» خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسى 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى. تۇنجى قارارلىق تىجارەت كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، تىجارەت قىلىنغان كىتاب، قەرەللىك ژۇرنال، ئۈن-سىن بۇيۇمى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇمى 150 مىڭ خىلغا يەتتى.
سۈي خې فوتوسى

ھەپتىدە 7 سان) .

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«بىڭتۇەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان) .

«ئىلى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، قازاقچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان) .

«سانجى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان) .

«تارباغاتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان) .

«ئاقسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان) .

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 6 سان) .

«قۇمۇل گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«بايىنغولىن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«ئالتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان) .

«قىزىلسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، قىرغىزچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«قەشقەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان) .

«بورتالا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«تۇرمۇش كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان) .

«خوتەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«تۇرپان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 4 سان) .

«ئىلى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«تارىم گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان) .

«بوستان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«يەكەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان) .

«ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«شىمالىي شىنجاڭ تەرەققىيات گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«جۇڭغار گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«كۈيتۇڭ سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان) .

«شىخەنزە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان) .

«غەربىي چېگرا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان) .

«شىنجاڭ بىيتۇن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان) .

«تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان) .

«چاپچال گېزىتى» (شىبەچە ھەپتىدە 2 سان) .

«كورلا كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان) .

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان) .

«ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان) .

«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان) .

«شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان، قازاقچە ھەپتىدە بىر سان) .

«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان، قازاقچە 10 كۈندە بىر سان) .

«سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان) .

«مۇلازىمەت تاللا بازىرى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان) .

«شىنجاڭ مەركىزىي شەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان) .

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان) .

«شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان) .

«غەربىي قىسىم قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان) .

«تارىم نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان) .

«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان) .

«ئىلى ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» (قازاقچە ھەپتىدە 2 سان) .

«ئىلى قانۇنچىلىق - تۇرمۇش گېزىتى» (قازاقچە ھەپتىدە بىر سان) .

«ئالتۇن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان) .

«قۇمۇل رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە

ھەپتىدە بىر سان).

«شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«ئىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«ئاقسۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«ياشانغانلار گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 6 سان، قازاقچە ھەپتىدە 6 سان).

«ئاۋىئاتسىيە ساياھەت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان).

«شىنجاڭ بازار يېتەكچىسى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان).

«ياشلار تېز خەۋەرلەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان).

«قۇمۇل تەرەققىيات گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان).

«مايتاغ نېفت خىمىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان).

«قاراماي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان).

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ نېفت ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت).

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق گېزىت، قازاقچە قوش ئايلىق گېزىت).

«تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت).

«سانجى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق گېزىت).

«شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت).

دەي جاۋدىڭ

## شىنجاڭدا ئاشكارا نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللار

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«بوستانلىق مەنزىرىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«بوستان» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«تارىم» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال، قىرغىزچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ چارۋىچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك

ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ مائارىپى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ مالىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«تۇرپان» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«تارباغاتاي» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«يېزا پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«چولپان» (موڭغۇلچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«شوغىلا» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال).

«ھەمراھ» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«يېپەك يولىغا ساياھەت» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئىلى ياشلىرى» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال).

«ئىلى دەرياسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«قازاق ئۆسمۈر - بالىلار پەننىي رەسىملىك ژۇرنىلى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«بۇلاق» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىكى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئالتاي ئاياسىندا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«جاستۇلەك» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ تىبابەتچىلىكى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئۇيۇق» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«يېرىم ئايلىق سۆھبەت» (ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال).

«ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پېنى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«پەن ۋە تېخنىكا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«تىبابەتچىلىك ساۋاتلىرى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«قومۇل ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«بىلىم - كۈچ» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«پەن ۋە تۇرمۇش» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«يېڭى قاشتېشى ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«مورا» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«يەرلىك كېسەللىكلەر ئاخباراتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئوقۇرمەنلەر دوستى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئوتخور ئۆي ھايۋانلىرى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك

ژۇرنال).

«ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«جۇڭخۇا ئۇسمۇرلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئۈيرات تەتقىقاتى» (موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال).

«قۇرغاق مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئىچكى قۇرۇقلۇقتا يەر تەۋرەش» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«غەربىي قىسىم كانچىلىق قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«مىراس» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ مۇھىت مۇھاپىزىتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللىرى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا - ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«تەرمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ پولات - تۆمۈرچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«سەھەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«بىڭتۇەن ئىشچىلار ھەرىكىتى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىخەنزە پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمەت ئاخباراتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تىببىي ئىلمى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىبابىتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«بىڭتۇەن قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال).

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال).

«بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«خوتەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«بىڭتۇەن پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يىللىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (خەنزۇچە ھەپتىلىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئېكسپېدىتسىيە» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئاياللىرى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«تەنتەربىيە ئەھۋالى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«خۇيزۇ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال).

«قۇرۇلۇق كۆۋرۈكى» (رۇسچە ئايلىق ژۇرنال).

«غەربىي قىسىم» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«قوزام» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«سانجى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ج ك پ ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال).

«ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىگە نەزەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«تېببىي دورىگەرلىك - ساقلىق ساقلاش ژۇرنىلى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال).

«چولپانلار دەۋرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«ئۆگىنىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«بىڭتۇەن تىبابەتچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق - نەشرىياتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).

«ئۇسمۇر ھېكايە ئوقۇرمەنلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال).

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەھۋالى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال).

«بۈگۈنكى شىنجاڭ» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال، موڭغۇلچە ئايلىق ژۇرنال).

«ئۇپۇقتىكى ئائىلە» (ئىنگلىزچە ئايلىق ژۇرنال).

«شىنجاڭ نېفىت - تەبىئىي گازى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

«پامىر» (قىرغىزچە، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال).
«ھاياتلىق تېز پويىزى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال).
«قەشقەر» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال).
«دوستانە قوشنىدارچىلىق» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال).
«تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال).

دېي جاۋدىڭ

## 2003 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى (گېزىت قىسمى)

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2003 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىنىڭ گېزىت قىسمىدا 501 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 88 پارچە، خەنزۇچىسى 368 پارچە، قازاقچىسى 27 پارچە، موڭغۇلچىسى 14 پارچە، قىرغىزچىسى 4 پارچە. باھالاش ئارقىلىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇرچە ئەسەر 35 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 9، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 23. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خەنزۇچە ئەسەر 142، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 13، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 36، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 91. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قازاقچە ئەسەر 11، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 7. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن موڭغۇلچە ئەسەر 6، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىرغىزچە ئەسەر 2، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر.

شىنجاڭ مۇخبىرلا جەمئىيىتى

### قوشۇمچە

**2003 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ گېزىت قىسمىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

2 ئەسەر ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار: مارالبېشى - پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خاتىرىسى؛ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى.

18 ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار: شىنجاڭ بويىچە تۇنجى سارىسقا چىتىشلىق دېلو 1 - سوتتا سوتلاندى، ئەخمەت سىدىق مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماقتا ھۆكۈم قىلىندى؛ يۈرىكىم ۋەتەن بىلەن تەڭ سوقماقتا؛ بىگتۇەنلىكلەر پاختا تەرگۈچى 400 مىڭ ئىشلەمچىگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى؛ پاختىكىلى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ 3 - پارچە خېتى؛ يېڭى ئۈيگە كۆچكەندە ئاۋۋال داھىنىڭ سۈرىتىنى ئاسىمىز؛ يېڭىچە سانائەتلىششنى قانداق يولغا قويىمىز؛ يىقىلماس تۇغ؛ توردىكى سۆيگۈ؛ «ئەخلاق زەنجىرى» ئۈزۈرشىغا نەزەر؛ تېررورلۇققا قارشى قەھرىمان ۋاڭ ياجۇ؛ ياپىلاق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك ئەتىۋارلاندى؛ ئانام بىلەن بوكسيور مۇسابىقىسى كۆردۈم؛ شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتىنىڭ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى؛ ئىس - تۈتەكسىز «جەڭ مەيدانى» — شىگشىگشيا؛ 70 ياشلىق بوۋاي قانداق قىلىپ كەنت ئاھالە كومىتېتىنى شىكايەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى؛ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۆرۈشىگە دائىر چاتما خەۋەر؛ كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى نامايەن قىلغان كىشى؛ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان كۇرە كەنتى.

## 15 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، كەسپىي، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تارىم قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتى (پوسكام ناھىيىسىدە) دە ئېچىلدى، يىغىنغا 40 نەچچە كىشى قاتناشتى، بۇ يىغىننى غەربىي جەنۇبىي تارىم ئاخبارات مەركىزى ئۈستىگە ئالدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىسى پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۈچ ئۆگىنىش- تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ قويۇق كەيپىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 21 - نۆۋەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، 40 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننى ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. يىغىندا پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى

مۇھاكىمە قىلىندى، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئۆگىنىش - تەربىيە ئەھۋالى مەلۇم قىلىندى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. تەشۋىقات - خەۋەر خىزمىتى. 2004 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى «گېزىتنى ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، يىغىن ۋە رەھبەرلەرنىڭ پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىشنى ياخشىلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىنى ياخشى تەشۋىق قىلدى. قۇش زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكلىرىنى ھەقسىز تارقىتىشقا ئوخشاش پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بېرىدىغان، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر نۇقتىلىق پىلانلىنىپ ئەستايىدىل خەۋەر قىلىندى. 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 4 خىل يېزىقتىكى نۇسخىسىنىڭ سەھىپىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. گېزىتنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىدا خەۋەرلەر بېتىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، خەۋەر مەزمۇنى كۆپەيتىلىپ، گېزىتنىڭ ئوقۇشچانلىقى ئاشۇرۇلدى. گېزىتنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا ئېچىلغان «بۈگۈنكى شىنجاڭ»، «جاھاندىكى ئىشلار»، «خەلق تۇرمۇشى، خەلق ساداسى»، «نەزەر ۋە كۆزىتىش»، «مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە» قاتارلىق سەھىپىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى بېتى كۆپەيتىلىپ، مۇھىم خەۋەرلەر خەنزۇچە گېزىتنىڭكى بىلەن تەڭ بېرىلدى. ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرچە گېزىتتا «تۇرمۇش» بېتى، قازاقچە گېزىتتا «قانۇنچىلىق» بېتى، موڭغۇلچە گېزىتتا «يېڭى يېزا» بېتى كۆپەيتىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە 5 ئاخبارات نازارەتچىسى تەكلىپ قىلدى. ئاخبارات نازارەتچىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى، تەكلىپى ۋە پىكىرلىرىنى ئىگىلىدى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، مۇشتىرىلەردىن كەلگەن شىكايەت ۋە تەنقىدلەرنى بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە «تەھرىر - ئوقۇرمەنلەر ئالاقىسى، خاتا بولسا تۈزىتىش» سەھىپىسىنى باشقۇردى. 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ سەھىپە 61 سان چىقىرىلىپ، 163 پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلاندى. بۇ خىزمەت مەملىكەت بويىچە پارتىيە گېزىتلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلغاچقا، مەركەز ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

2. يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بېسىش نۇقتىسىدا 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن گېزىت بېسىش باشلاندى. 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» تەھرىراتى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «كورلا كەچلىك گېزىتى» «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى گېزىتچىلىك گۇرۇھىغا رەسمىي ئەزا بولدى. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەملىكەتلىك 16 - نۆۋەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى ۋە ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئاساسلىق باشقۇرغان، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» ژۇرنىلى تەھرىراتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزگەن تېررىتورىيىلىك تارقىتىش ۋە غەربىي قىسىم گېزىتچىلىك گۇرۇھى تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى جۇڭگو گېزىت قوشۇمچە بەتلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 2004 - يىللىق يىللىق يىغىن ئاچتى، بۇ يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 125 ئاخبارات ۋاستىسى، گېزىتخانىنىڭ قوشۇمچە بەت مۇخبىرى ۋە مۇھەررىرىدىن 168 كىشى قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئاخبارات تور پونكىتى ئېچىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى 4 كارخانا بىلەن «سانجى ‹شىنمېي› قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇشقا مەبلەغ قوشۇش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» تەھرىراتى ئۆتكۈزگەن 2004 - يىللىق مەملىكەتلىك رەسىملىك ژۇرناللار مۇھاكىمە يىغىنى ۋە خەلق سۈرەتلىرىنى توپلاش بىرلەشمە يىغىنى پائالىيىتى ئاخىرلاشتى، بۇ

پائالىيەتكە «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى» تەھرىراتى، «ئازادلىق ئارمىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» تەھرىراتى، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» تەھرىراتى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسىملىك ژۇرنال تەھرىراتلىرى ۋە چوڭ ئاۋئاتسىيە شىركەتلىرى خەلق ئاۋئاتسىيىسى ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى تەھرىرات باشلىقلىرى، فوتوگرافلىرى قاتناشتى.

3. تىجارەت باشقۇرۇش ۋە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش. 2004 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇلۇك سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە، گېزىتنىڭ ئېلان كىرىمى 22 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن % 10.3 ئاشتى؛ مەتبەئەچىلىك مەركىزىنىڭ پايدىسى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، گېزىتخانا يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 6 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە 4 خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 100 مىڭ 600 نۇسخىغا يەتتى، ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 9093 نۇسخىغا يەتتى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 3141 نۇسخىغا يەتتى.

ليۇ ۋەنجېن

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ليۇ فېڭ 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 نادىر ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا؛ لى يانەن مەملىكەتلىك 8 - مارت قىزىلبايراقدارى دېگەن نامغا؛ كاڭ پىڭ مەملىكەت بويىچە ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ياش، ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس دېگەن نامغا؛ مادې زەينال مەملىكەت بويىچە 10 نادىر خەۋەر كوررېكتورى دېگەن نامغا؛ بېي يې مەملىكەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك خەنزۇچە شېئىر يازىدىغان ياش شائىر دېگەن نامغا ئېرىشتى. ياڭقۇن ئابىل جۇڭگو فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ «ھەم ئەخلاقلىق، ھەم ماھارەتلىك مۇنەۋۋەر ئەزا» مۇكاپاتىغا؛ ليۇ داۋېي، گوفۇشىڭلارنىڭ «يۈرىكىم ۋەتەن بىلەن تەڭ سوقماقتا» ناملىق خەۋىرى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ چېن يەن، ساۋ شىنلىنىڭ تەھرىرلىگەن «ياپىلاق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك ئەتىۋارلاندى» (قوشۇمچە بەت) دېگەن خەۋەر 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاشتا ھەمدە يىللىق مۇسابىقىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا؛ ما تاۋ، جىن شىمېيلار تۈزگەن 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى 14 - نۆۋەتلىك جوڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە بەتلەرنى قايتا باھالاشتا ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مىس مۇكاپاتقا، 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەر - ياخشى بەتلىرى مۇكاپاتىغا؛ بېي يېنىڭ «ئانام بىلەن بوكسيور مۇسابىقىسى كۆردۇم» ناملىق خەۋىرى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاشتا ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مىس مۇكاپاتقا؛ لى ياڭنىڭ «زۇڭلىنىڭ يۈرىكى ئاغدى» ناملىق ئەسىرى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ فوتو ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاشتا ۋە يىللىق مۇسابىقىدە كۈمۈش مۇكاپاتقا؛ لى ياڭنىڭ «شىنجاڭدىكى 2 مىليون 50 مىڭ ئوقۇغۇچى يېڭى كىتابقا ئېرىشتى» ناملىق ئەسىرى، لى پېيفېڭنىڭ «مارالبېشى — پەيزاۋاتتا قاتتىق يەر تەۋرىدى» ناملىق ئەسىرى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ فوتو ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاشتا ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مىس مۇكاپاتقا؛ چېڭ گوفېڭ تەھرىرلىگەن «ئۇچۇشقا تېگىشلىكى ئۇچالمىدى» ۋە «چۈجە بۆركۈتنى قوغلىدى» ناملىق ئەسەرلىرى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى ھەجۋى رەسىم ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاشتا ۋە يىللىق مۇسابىقىدە كۈمۈش ۋە مىس مۇكاپاتقا؛ لى ياڭنىڭ «زۇڭلى ۋېن جياباۋ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى» ناملىق خەۋىرى 12- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ جياڭ يىفېڭنىڭ «ئەخلاق زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈشىگە نەزەر»، ۋاڭ جيۈڭنىڭ «‹كاڭتەي›، چاقماق تېزلىكىدە ئېلان چىقاردى»، لى پېيفېڭنىڭ «ئاپەت رايونىدىكى ئامما پەرزەنت ئەسكەرلەر بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ خوشلاشتى» ناملىق ئەسىرى 20 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ خې شىخۇڭ، جۇڭ شيۇلىڭ، جاۋ جۇنلەرنىڭ «بىر بالىنىڭ ھاياتى خەۋپتە قالغاندا، ئىككى دوختۇرخانىنىڭ مۇئامىلىسى پەرقلىق بولدى» ناملىق خەۋىرى 12- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ 3 - دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتى ۋە مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىدىكى 2 - دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ جاڭ شىنيۇ، خې تاۋلارنىڭ «شىنجاڭدا

تۇنجى كىلونلانغان قوشكېزەك موزاي دۇنياغا كەلدى» ناملىق خەۋىرى، شىن ياپىن، ساۋ خۇيجۇەنلەرنىڭ «سارىس مەزگىلىدە ئايرىۋېتىلگەن رايونغا كىرىش» ناملىق خەۋىرى، ياۋ شىنشىڭ، جاۋ جۇنلەرنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئائىلە جاھازىلىرى زاۋۇتىدا ئېغىر ئوت ئاپىتى يۈز بەردى» ناملىق خەۋىرى 12- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ جاڭ يېفېڭ، ۋاڭ شاۋپىڭلار تۈزگەن 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى 1 ـ بەت 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمىنا خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك ياخشى بەت مۇكاپاتىغا؛ چېن يەن، ۋاڭ دۇڭلار تۈزگەن 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى 1 ـ بەت، پېي يىڭمىڭ، جېن شىمېيلار تۈزگەن 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى 1 ـ بەت 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمىنا خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك ياخشى بەت مۇكاپاتىغا؛ ۋاڭ شاۋپىڭ، ۋاڭ دىڭگۇيلارنىڭ «سوئاللىق ماۋزۇ قويۇشنىڭ پايدىسى كۆپ» ناملىق ماقالىسى 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمىنا خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك ياخشى ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا؛ جاڭ جيەنپىڭنىڭ خەلقئارا خەۋەرلەر بېتىنى ياخشى ئىشلەپ، گېزىتنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى، جېن شىمېينىڭ «بەت تۈزۈشتە بەت تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمىنا خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك ياخشى ئىلمىي ماقالا مۇكاپاتىغا؛ جۇ شىلىڭنىڭ «راست ـ يالغىنى ئايرىلىشىپ كەتكەن ISO گۇۋاھلىقى» ناملىق ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتى جەھەتتىكى 1 ـ دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ شېن ياپىڭنىڭ «جۇڭجى شىركىتىنىڭ يۈندىلارنى قانۇنسىز قويۇۋېتىشى سانجى دېھقانلىرىغا ئاپەت ئېلىپ كەلدى» ناملىق خەۋىرى، ساۋ شىنلىڭنىڭ «چەكلىنىمۇ تۈزەتمەسلىكنىڭ كەينىدە» ناملىق خەۋىرى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتى جەھەتتىكى 2 ـ دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ ۋاڭ شىنخۇڭنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى باھالاشتا نارازى بولغاچقا، سوت مەھكىمىسى كوللېگىيە باشلىقىنىڭ ئورنى ئالماشتى» ناملىق خەۋىرى مەملىكەت بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە 3 ـ دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا؛ جاڭ يەنىنىڭ «پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ كوررېكتور ۋە تەكشۈرگۈچىلىرى ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك» ناملىق ماقالىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەۋەرلەر كوررېكتورلۇقى، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ياخشى ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا؛ ليۇ فېڭنىڭ «ئالتۇنتاغدىكى چارۋىچىلار ئوتلاقنى ياۋايى ھايۋانلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى» ناملىق خەۋىرى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك دۇباڭ لوڭقىسى مۇھىتقا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ساۋ شىنلىڭنىڭ «پۇل مۇتەخەسسىسى ئاخىرقى ئۆمرىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى» ناملىق خەۋىرى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشانغانلارغا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ مو رىگېنىنىڭ «كۈيسۇ بازىرى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلارنى تەربىيىلەپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى» ناملىق خەۋىرى، خۇ رېنبانىڭ «توپا قېزىش ماشىنىسى بىلەن ‹ئالتۇن قازغان› ئادەم» ناملىق خەۋىرى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۇلاننىڭ «دۇڭدۇبۇرلۇق كەنتى ئەخلاقنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى» ناملىق خەۋىرى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ناسكىدورجىنىڭ «داڭلىق تۆۋېنىڭ قولىدا يېتىشكەن ئۇستا شاگىرت» ناملىق خەۋىرى، باتۇربايېرنىڭ «تېكەس ناھىيىسى قەرز، مالىيە ھېسابىنى ئىنقىلاپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتى» ناملىق خەۋىرى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجېن

## مەملىكەت بويىچە پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى جۇڭغارنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە مۇساپىسى ئاز كەم 7000 كىلومېتىر كېلىدىغان، مەملىكەت بويىچە 27 پارتىيە گېزىتىنىڭ 40 مۇخبىرى قاتناشقان جۇڭغارنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، زىيارەت قىلىش ئۆمىكى ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، بورتالا، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق 20 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەردىن ئۆتتى. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە كادىرلار،


ئاممىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى مۇخبىرلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ليۇ ۋەنجېن

## «قازاقىستان گېزىتى» ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

«قازاقىستان گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى رېسبېك سەرسانباي باشچىلىقىدىكى «قازاقىستان گېزىتى» ۋەكىللەر ئۆمىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمبايلار زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراماي، ئالتاي، كۈيتۇڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى.

ليۇ ۋەنجېن



تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كەلگەن «قازاقىستان گېزىتى» ۋەكىللەر ئۆمىكى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

لى مىڭ فوتوسى

# نەشرىياتچىلىق

## نەشرىياتلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى نەشرىيات 12، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب نەشرىياتى 10 (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئىلى خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى) ، ئۈن - سىن - ئېلېكترون نەشرىياتى 2 (شىنجاڭ ئۈن- سىن نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى) . 2004 - يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە 6 خىل يېزىقتا 3750 خىل كىتاب، 192 خىل ئۈن - سىن بۇيۇمى ۋە ئېلېكترون نەشر بۇيۇمى نەشر قىلىندى. 12 نەشرىياتنىڭ كەسپكارى 1130 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 683، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 221، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلار 335.

جاڭ شىنگې

## ئاپتورلۇق هوقۇقنى باشقۇرۇش

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نى پائال تەشۋىق قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى قوغداش مەخسۇس هەرىكىتىگە قاتناشتى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىش، ئوغرىلىقچە بېسىشقا ئوخشاش قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتتى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان هەرخىل كىتاب، ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 3826 سى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىدىن 6200 ى يىغىۋېلىندى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوغرىلىقچە بېسىلغان 2800 پارچە كونسۇلتاتسىيە كىتابى ئېنىقلاپ قولغا چۈشۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى ئاپتورلۇق هوقۇقىغا دائىر ماجىرادىن 6نى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۆزلۈكىدىن تىزىملاتقۇچىلارنىڭ ئەسىرىدىن 70نى، چەت ئەل كىتابلىرىنى نەشر قىلىش هوقۇقى بېرىلگەن توختامدىن 4نى تىزىملىدى، 38 مىڭ 224 يۈەن قەلەم هەققىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يوللاپ بەردى. شىنجاڭ نەشر هوقۇقىنى قوغداش جەمئىيىتى (ئوغرىلىقچە نەشر قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقى) قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى تارماقلىرىنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى رەسمىي نۇسخىلاشتۇرۇش خىزمىتى باشلاندى، يىل ئاخىرىغا قەدەر 49 نازارەت - ئىدارىنىڭ ئالاقىدار يۇمشاق دېتاللىرىغا خېرىدار چاقىرىش، سېتىۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش يولى

ئارقىلىق تارماقلارغا 6635 يۈرۈش رەسمىي نۇسخا يۇمشاق دېتالى سەپلەپ بېرىلدى، بۇ خىزمەت گوۋۇيۈەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەسمىي نۇسخا يۇمشاق دېتاللىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

جاڭ شىنگې

## باسما سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2318 خىل 16 مىڭ 90 نۇسخا دەرسلىكى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە 499 خىل دەرسلىك سۈپەتلىك، 540 خىل دەرسلىك ياخشى بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن 1057 خىلى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە 78 خىلى سۈپەتلىك، 214 خىلى ياخشى، 21 خىلى لاياقەتسىز بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98كە يەتتى.

جاڭ شىنگې

## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 665 خىل كىتاب نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 169 خىل، خەنزۇچە كىتاب 408 خىل، قازاقچە كىتاب 65 خىل، موڭغۇلچە كىتاب 14 خىل، قىرغىزچە كىتاب 7 خىل، شىبەچە كىتاب 2 خىل، ئۇنىڭدىن باشقا قەرەللىك ژۇرنالدىن 69 سان نەشر قىلدى، يەنە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلارغا ئائىت 7 خىل كىتاب نەشر قىلىپ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇقتىلىق كىتابلاردىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»، «پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئۆگىنىش كونسۇلتاتسىيىسىگە ئائىت 100 سوئال» قاتارلىقلار بار، يەنە «ئۇچكە يېقىنلىشىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، «يەر باشقۇرۇش قانۇنىغا ئائىت ساۋاتلاردىن 60 سوئال»، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئائىت بىرقانچە سىياسەت ھەققىدىكى پىكىرى»، «شىنجاڭدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، مېۋە ساقلاش ۋە پىششىقلاش» قا ئوخشاش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىدىغان مۇنەۋۋەر كىتابلار نەشر قىلىندى. خەنزۇچە نۇقتىلىق كىتابلاردىن «جۇڭگونىڭ تارىختىكى مەركىزىي سۇلالىرىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىگە ئائىت مەجمۇئەدىن «2003 ـ يىلى خىرە تۇماندىن چىقىش»، «چېچىنىيە: ئەسىر ھالقىغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (ئېنىگىلىسچە، ئەرەبچە نەشرى)، «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› ئاساسىي قاتلامدا»، «يېڭى ئەسىردىكى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيىۋى، ئىلمىي كۆرسەتكۈچى»، «تارىختىكى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات»، «ئەدەبىياتنىڭ تۈپرىقى»، «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» قاتارلىقلار بار. قازاقچە نۇقتىلىق كىتابلاردىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»، «ئارىسلقان مىڭجاسار ئەسەرلىرى»، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرى»، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرى»، «تۆتىنى تونۇش»، «قازاق مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» ۋە «خەنزۇچە ـ قازاقچە چوڭ لۇغەت» قاتارلىقلار بار. موڭغۇلچە نۇقتىلىق كىتابلاردىن «ئېرىق»، «قىتئە ئاتلاپ شەرققە قايتقان تورغۇتلار»، «ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئەلئارا ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىقلار بار. قىرغىزچە كىتابلاردىن «ماناس» (2 قىسىم)نىڭ قىرغىزچە چەت ئەل نۇسخىسى ۋە «خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى قىرغىزلارغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، «ئىلى قىرغىزلىرى» (1) قاتارلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىرگە ئىگە مۇنەۋۋەر كىتابلار نەشر قىلىندى. شىبەچە كىتابتىن ئاساسلىقى «شىبە ئېغىز تىلىدىن ئاساس» نەشر قىلىندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن كىتاب باھالاش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» ناملىق كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ «شىنجاڭدىكى قەدىمىي جەسەتلەر» قاتارلىق 2 خىل كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى نەزەرىيىسى» قاتارلىق 3 خىل كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا؛ ۋاڭ ياڭ لايىھىلىگەن «ماناس» نىڭ مۇقاۋىسى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كىتابلارنى شىرازلاش

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى رادىئو ئىستانسىسى 6، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 9، ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 7، ناھىيە دەرىجىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 24. ئاپتونوم رايون بويىچە جامائەت رادىئو پروگراممىسىدىن 93 يۈرۈش پروگرامما يولغا قويۇلۇپ، بىر يىلدا 407 مىڭ 151 سائەت ئاڭلىتىش بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسى 68 مىڭ 10 سائەت ئۇلاپ ئاڭلىتىلدى، رادىئو ئىستانسىلىرى ئۆزى 225 مىڭ 211 سائەتلىك پروگرامما ئىشلەپ ئاڭلاتتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى 76 سائەتلىك 653 پروگراممىنى ئىشلەتتى، بىر يىلدا 7723 قىسىملىق 264 رادىئو درامىسى ئاڭلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 135 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى يولغا قويۇلۇپ، بىر يىلدا 448 مىڭ 91 سائەت كۆرسىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرى 34 مىڭ 294 سائەت ئۇلاپ كۆرسىتىلدى، 158 مىڭ 5 سائەتلىك پروگرامما ئىشلەندى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 21 سائەتلىك 200 پروگراممىنى ئىشلەتتى، بىر يىلدا 173 مىڭ 398 قىسىملىق 10 مىڭ 153 تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرسىتىلدى، 22 مىڭ 55 قىسىملىق 1653 كارتون فىلىم كۆرسىتىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش غول لىنىيە تورىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 24 مىڭ 741.52 كىلومېتىر، سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1 مىليون 400 مىڭ 484، بۇنىڭ ئىچىدە رەقەملىك تېلېۋىزىيە ئابونىتى 20 مىڭ 371. ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسى 40، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتى 195، تارقىتىش قۇۋۋىتى 2582 كىلوۋات؛ چاستوتىسى تەڭشەلگەن ئۇلاپ ئاڭلىتىش - ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 900، چاستوتىسى تەڭشەلگەن ئۇلاپ تارقىتىش ئاپپاراتى 1113، تارقىتىش قۇۋۋىتى 215.62 كىلوۋات؛ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 837، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتى 1009، تارقىتىش قۇۋۋىتى 364.66 كىلوۋات، تەجرىبە ئىستانسىسى 14، تارقىتىش ئاپپاراتى 71، تارقىتىش قۇۋۋىتى 470 كىلوۋات، سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتى بىر، سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش پونكىتى 2832.

ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو قاپلىغان نوپۇس 16 مىليون 584 مىڭ 200گە، تېلېۋىزىيە قاپلىغان نوپۇس 16 مىليون 523 مىڭ 200گە يەتتى. رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى كەسپكار 12 مىڭ 856، بۇنىڭ ئىچىدە

---

سەنئىتى كۆرگەزمىسىنىڭ كۈمۈش مۇكاپاتىغا، «چاغاتاي تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ مۇقاۋىسى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، شىڭ شاۋمېي لايىھەلىگەن «پىسخىك ساغلاملىق ۋە ئۆزىنى تەڭشەش» ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسى مىس مۇكاپاتقا؛ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 14 - نۆۋەتلىك كىتاب شىرازلاش سەنئىتى كۆرىكىدە شىڭ شاۋمېي لايىھەلىگەن «تاغلىق دۆلەت ئايال پادىشاھى قۇرمانجان» ناملىق كىتابنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ۋە ۋاڭ ياڭ لايىھەلىگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شاتىق لايىھەلىگەن «كېچىلىك بەزمە» قاتارلىق 3 خىل كىتابنىڭ مۇقاۋىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» قاتارلىق 16 خىل كىتاب شىمالىي جۇڭگودىكى 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 19 - نۆۋەتلىك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى شىنمېي

## يەن شاۋخۇڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يەن شاۋخۇڭ ئۈچ ئۈگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى، يۇمشاق دېتاللارنى رەسمىي سىغدىلاشتۇرۇش ۋە 2005 - يىللىق ئاخبارات - نەشرىيات خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شىن جيەن

ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 421، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7775. رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 577 مىليون 665 مىڭ 900 يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 561 مىليون 492 مىڭ يۈەن بولدى. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە كەسپىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليارد 466 مىليون 608 مىڭ 700 يۈەن.

2. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى، پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھى توغرىسىدىكى تەشۋىقات، ماركسىزملىق «بەش قاراش» (دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى) ۋە «تۆتنى تونۇش» (ۋەتەننى تونۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى تونۇش) توغرىسىدىكى تەشۋىقات پائال قانات يايدۇرۇلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، سىياسىي كېڭەش يىغىنى، دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى خاتىرىلەش، ئافىنا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. چوڭ - چوڭ تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش ۋەزىپىلىرى ئورۇندالدى.

تەشۋىقات تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى:

1) يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا قارىتىلغان تەشۋىقات پۇختا ئالغا سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى دېھقانلارغا قارىتىلغان پروگراممىلارنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى يولغا قويغان داڭلىق پروگرامما — «ئالتۇن تۇپراق» دېھقانلارغا بېيىشقا دائىر نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «دېھقان - چارۋىچىلار مۇنبىرى»، «مۇنبەت تۇپراق» پروگراممىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «يېزىلارغا ئېتىبار بېرىش، دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىش، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش»نى باش تېما قىلغان چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك سۆھبەت پروگراممىسى «ئۈمىدلىك دالىدا»، يۈرۈشلۈك خەۋەر پروگراممىسى «پاختىچىلىق كەسپىگە نەزەر» قاتارلىق پروگراممىلارنى يولغا قويدى. 2004 - يىلىنىڭ بېشىدا رادىئو- كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ماناستا يېزىلار، دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان تەشۋىقات بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، بۇ تەشۋىقاتنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى.

2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان تەشۋىقات تېز يولغا قويۇلدى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باللار قانىلىنى يولغا قويدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى باللار پروگراممىلىرىنى يولغا قويدى.

3) جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ تەسىرى كېڭەيدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان «كەسىپ ئىستىلى قىزىق لىنىيىسى» جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. 2004 - يىلى تارماقلارنىڭ 100 دىن ئارتۇق رەھبىرى بىۋاسىتە ئاڭلىتىش ئۆيىدە ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

4) تۈرلۈك پروگراممىلار تېخىمۇ مول ۋە رەڭدار بولدى، «ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا يېقىنلىشىش» ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «ساغلاملىق شادلىق باغچىسى»، «بوغدا ساداسى» پروگراممىلىرىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «بۈگۈنكى سۆھبەت»، «شىنجاڭغا نەزەر»، «غەربىي يۇرت ساقچىلىرى»، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «چوڭ - كىچىك ئىشلار»، «ئىشىكىڭىز بولسا دەڭ» دېگەنگە ئوخشاش مۇنەۋۋەر پروگراممىلارنى يولغا قويدى.

5) نادىر ئەسەر يارىتىشتىن مول مېۋە ئېلىندى.

2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇزۇن خەۋىرى — «بېيجىڭدا زۇڭلى قېرىندىشىڭىزمۇ بار» جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6) كىنو فىلىم، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە رادىئو دىرامىسى ئىجادىيىتىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 93 قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرى، 230 قىسىملىق 45 رادىئو دىرامىسى ئىشلەندى، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن 3121 قىسىم تەرجىمە قىلىپ ئىشلەندى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان فىلىم — «گۈزەل ماكان» دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەت بايرىمىنىڭ 55 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان نۇقتىلىق فىلىم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە تۇنجى قېتىم قازاقىستاندا

مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلدى.

3. كەسپىي قۇرۇلۇشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

1) «سىرتقا چىقىرىش قۇرۇلۇشى» دا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. 2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېنگلىزچە خەۋەر بېرىشكە باشلىدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قىرغىزچە، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو ئاۋازى» پروگراممىسى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلاردا ئاڭلىتىشقا باشلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى — «جۇڭگوغا نەزەر» ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردا كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ قازاقچە قانىلى موڭغۇلىيىدە ماكانلاشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى تورى» جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىنىڭ خەلقئارا تورىغا ئۇلاندى.

2) «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دۆلەت شىنجاڭدىكى «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نىڭ 3 - باسقۇچ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ۋە «ھەممە كەنتكە رادىئو- تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» نىڭ 2004 — 2005 - يىللىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ — پۈتكۈل «شىزاڭ- شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» دىكى دۆلەت ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالىدىغان رايون. ش ئۇ ئا ر رادىئو- كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» ( «ھەممە كەنتكە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» ) قوماندانلىق شتابىنى تولۇقلىدى، ۋەزىپىنى قاتلاممۇ قاتلام پارچىلاپ، نۇرغۇن خىزمەت بەنزىلىرىنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل قىلدى. 2004 - يىلى تېخنىكا لايىھىسىنى ئىشلەش، تېخنىكا پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئالدىنقى قارارلىق جاي تاللاش خىزمىتى تاماملاندى.

3) دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىگە 200 مىڭ يۈەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ياردەم پۇلى بەردى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «ئەقلىي كۈچلەرنى تېلېۋىزىيە ئارقىلىق يۆلەش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، «تېلېۋىزىيىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 35 سانتىمېتىرلىق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن 25 مىڭنى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو قوبۇللىغۇچتىن 10 مىڭنى سېتىۋېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامرات دېھقان ئائىلىلىرىگە تەقدىم قىلدى.

4) كەسىپلەشتۈرۈش، رەقەملەشتۈرۈش پۇختا ئالغا سۈرۈلدى. 2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە يەكەن، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، باي، ئونسۇ ناھىيىلىرىنىڭ تورىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 10 ناھىيىدە تورنى ماسلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش قۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش تىجارەت قىلىش ئاساسىدىكى تىك يۆنىلىشلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، توردىكى ئابونېنت 900 مىڭغا يەتتى. مەملىكەت بويىچە رەقەملىك تېلېۋىزىيىنى تۇنجى تۈركۈمدە سىناق قىلىش نۇقتىسى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە رەقەملىك تېلېۋىزىيە كەسپى تىجارەتكە كىرىشتى، ئابونېنتى 20 مىڭغا يەتتى. رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىنىڭ سانلىق مەلۇمات كەسپى ئىلى، قاراماي، سانجى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەرگە كېڭەيدى، كەڭ بەلۋاغلىق توردىكى شەخسىي ئابونېنت 50 مىڭغا يەتتى، سانلىق مەلۇمات كەسپىنىڭ كىرىمى 2003 - يىلدىكىدىن %50 ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قىسمەن يەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بىر تۈركۈم پروگرامما ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى رەقەملەشتۈرۈپ يېڭىلاندى. شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق 20 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا ماكانلىشىپ، 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنى قاپلىدى.

4. باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

تەشۋىقاتنى باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش خىزمىتىدە، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئېلان كۆرسىتىش، رادىئو- تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش، تىجارەت قىلىش، رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىنتېرنېت توردا يەتكۈزۈش، سىمسىز يەتكۈزۈش تورى بىلەن قاپلاش قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. چېگرا سىرتىغا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش تەرتىپىنى تۈزەش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى چېگرا سىرتىدا ماكانلاشتۇرۇش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش شۆبە مەركىزىي سىستېمىسى ۋە باش ئىدارىنىڭ بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە باشقا سەزگۈر ۋاقىتلاردا بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش لايىھىسى ۋاقتىدا ئىشقا سېلىنىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

جىن خۇڭلى

## مۇنەۋۋەر پروگراممىلار باھالاندى

2003 ـ يىللىق شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى، مىللىي تىلدىكى رادىئو ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ساۋەن ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. 414 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو ئەسىرى 188 پارچە (27 پارچىسى 1 ـ دەرىجىلىك، 42 پارچىسى 2ـ دەرىجىلىك، 198 پارچىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)، تېلېۋىزىيە ئەسىرى 225 پارچە (33 پارچىسى 1ـ دەرىجىلىك، 68 پارچىسى 2 ـ دەرىجىلىك، 124 پارچىسى 3ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى). ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى 21 پارچە (3 پارچىسى 1 ـ دەرىجىلىك، 8 پارچىسى 2 ـ دەرىجىلىك، 10 پارچىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى). شىنجاڭ 7 ـ نۆۋەتلىك رادىئو ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەت (خەنزۇچە) مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 46 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 پارچىسى 1 ـ دەرىجىلىك، 14 پارچىسى 2 ـ دەرىجىلىك، 25 پارچىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر پارچىسى مۇنەۋۋەر سەھىپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتقا باھالاش پائالىيىتى

بۇ پائالىيەت 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 220 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى. پائالىيەتنى جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇردى، شىنجاڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزدى. 220 پارچە ئەسەرنىڭ 33 پارچىسى 1 ـ دەرىجىلىك، 67 پارچىسى 2 ـ دەرىجىلىك، 120 پارچىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## قوشۇمچە

مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر دىكتور ـ رىياسەتچىلەر ھەمدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى باھالاشتا شىنجاڭدىن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى

ئاپەت رايونىدىكى مەزمۇت تۈۋرۈك (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما كىرىشتۇرمە خەۋەر)، ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانى (قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، دۆڭكۆۋرۈكنىڭ يېڭى قىياپىتى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سۆھبەت)، ياشلىق مېلودىيىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، كارىز سۈيى ئۈزۈلمەس (تۇرپان خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەخسۇس ماقالە)، چارۋىچىلار كۆكمويناق داۋىنىدىن ئۆتۈشتە قاچانغىچە قىينىلار (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئىجتىمائىي تەربىيە ماقالىسى)، مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرغان نەمۇنىچى — ئايگۈل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس خەۋەر)، ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى سىرتقا چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە ئۇزۇن خەۋەر)، «ئالتۇن كۆزنەك» 192 ـ سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى خاتىرىلىرى» (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، كارىزنى قۇتقۇزۇش يۈرەك سادالىرى (تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، «ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش» 75 ـ سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، 2003 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت)، «ياشلىق دەۋر» 35 ـ سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس پروگرامما)، ئابىل دېلوسى ئۈستىدە چىقىرىلغان ھەققانىي ھۆكۈم (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى)، «60 مىنۇتلۇق خەۋەر» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە دىكتورلۇق)، «بۈگۈنكى سۆھبەت» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە دىكتورلۇق)، «ئۈرۈمچى خەۋەرلىرى» (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە دىكتورلۇق)، بازارغا يۈزلەنگەن مىللىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى (قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رىياسەتچىلىك)، گۆھەر — ئۇيغۇر تىبابىتى قۇم ساناتورىيىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئەمەلىي مەلۇمات (تۇرپان خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە دىكتورلۇق)، «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە دېكتورلۇق)، «شارجۇلدىز» رومانىدىن پارچە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە دېكتورلۇق)، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىش كېرەك (تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرايلى (شىنجاڭ

رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تارىخىي فىلىملەرنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تىل — قەلب ساداسى (ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، تەرجىمىدە ھايۋانات ناملىرىنى توغرا ئىشلىتىش ھەققىدە (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە).

جىن خۇڭلى

## رادىئو درامىسى ئىشلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 230 قىسىملىق 45 رادىئو درامىسى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 42 دراما، 205 قىسىم (خەنزۇچە 12 دراما، 81 قىسىم؛ ئۇيغۇرچە 9 دراما، 57 قىسىم؛ قازاقچە 13 دراما، 30 قىسىم؛ موڭغۇلچە 4 دراما، 20 قىسىم؛ قىرغىزچە 4 دراما، 17 قىسىم)؛ قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 2 دراما، 22 قىسىم (خەنزۇچە بىر دراما، 19 قىسىم؛ ئۇيغۇرچە بىر دراما، 3 قىسىم)؛ شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى بىر دراما، 3 قىسىم.

جىن خۇڭلى

## تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 93 قىسىملىق 5 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «تەڭرىتاغدىن چۈشكەن يەتتە شەمشەرۋاز» (36 قىسىم) «قەيسەرنىڭ نىنى» (2 قىسىم) نى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى بۆلۈمى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۈن - سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئىشلىدى؛ «كۆز يەتمەس تەڭرىتاغ» (26 قىسىم)، «قۇياش نۇرى داتلاشمايدۇ» (9 قىسىم)، «تەڭرىتاغقا جىددىي ئاتلىنىش» (20 قىسىم) نى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىدى.

## كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 3121 قىسىملىق (ئۇيغۇرچە 2022 قىسىم، قازاقچە 1019 قىسىم، قىرغىزچە 80 قىسىم) كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 1650 قىسىم (ئۇيغۇرچە 1100 قىسىم، قازاقچە 550 قىسىم)؛ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرجىمە قىلغىنى 192 قىسىم (ئۇيغۇرچە 116 قىسىم، قازاقچە 76 قىسىم)؛ ئىلى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 316 قىسىم (ئۇيغۇرچە 28 قىسىم، قازاقچە 288 قىسىم)؛ ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 201 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 207 قىسىم (ئۇيغۇرچە)؛ قەشقەرنىڭ 220 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، خوتەننىڭ 150 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئالتاينىڭ 105 قىسىم (قازاقچە)، قىزىلسۇنىڭ 80 قىسىم.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى «گۈزەل ماكان» ناملىق ھېكايە فىلىم ئىشلىدى. فىلىمدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيە - كۆز قارىشىدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق، يايلاق بىلەن شەھەر، مۇھەببەت بىلەن قېرىنداشلىق قاتارلىق نۇرغۇن زىددىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا توقۇنۇشلىرى نامايەن قىلىنغان. بۇ فىلىم قازاقىستاندا قويۇلغاندا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

جىن خۇڭلى



تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم — «گۈزەل ماكان» دىن بىر كۆرۈنۈش
سۈرەتنى: رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن

## رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ چەت ئەللەردە ئاڭلىتىلىش - كۆرسىتىلىش ئەھۋالى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى چاڭچۈننىڭ 2004 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە بەرگەن شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى، كىنولىرىنى تېز سىرتقا چىقىرىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردە تەسىرىنى كېڭەيتىش كېرەك، دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «جۇڭگو ئاۋازى» پروگراممىسىنىڭ قىرغىزچىسىنى 6 - ئايدا قىرغىزىستان دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچىسىنى 8 - ئايدا ئۆزبېكىستاندا دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىشقا باشلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «جۇڭگوغا نەزەر» پروگراممىسىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى 8 - ئايدا ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قىرغىزچىسىنى 10 - ئايدا قىرغىزىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قازاقچە قانىلىنىڭ پروگراممىلىرى موڭغۇلىيىدە كۆرسىتىلىدىغان بولدى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تور پونكىتى جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تور پونكىتىغا ئۇلاندى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى لىنىيىسى» تور پونكىتى جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «خەلقئارا لىنىيە» تور پونكىتىغا ئۇلاندى، بۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ خەۋەرلىرى لىنىيىسى» دىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدىكى تور پونكىتى «خەلقئارا لىنىيە» ئارقىلىق پۈتۈن يەر شارىغا پروگرامما تارقىتىدىغان بولدى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ رادىئوسىدا ئالدى تېرمىنالنى رەقەملەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 94.9 سۈنئىي ھەمراھ مۇزىكىلىق رادىئوسى بىلەن 92.9 سۈنئىي ھەمراھ ئىقتىساد رادىئوسىنىڭ دەرىجىسى تەقلىدىي ئاڭلىتىش بېرىشتىن رەقەملەشكەن ئاڭلىتىش بېرىشكە ئۆستۈرۈلدى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېنگلىزچە خەۋەرلەر پروگراممىسىنى يولغا قويدى

2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىسى تەركىبىدە ھەر كۈنى 10 مىنۇتلۇق ئېنگلىزچە خەۋەرلەر پروگراممىسىنى يولغا قويدى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باللار قانىلى ئاچتى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باللا قانىلى (XJTV—12) پروگرامما كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ قانالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە پروگراممىلار كىرىشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ. ھەر كۈنى ئۇيغۇرچە 4 سائەت، قازاقچە 4 سائەت، خەنزۇچە 6 سائەت (سائەت 10 دىن 22 گىچە) پروگرامما كۆرسىتىلىدۇ، سائەت 22 دىن 24 گىچە خەنزۇچە كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرسىتىلىدۇ. پروگراممىدا بىر كۈندە «باللار مۇنبىرى» ، «ياشلىق باھارى» ، «ياش - ئۆسمۈرلەر تىياتىرخانىسى» ، «شۇڭقار تىياتىرخانىسى» دىن ئىبارەت 4 تىياتىرخانا تەسىس قىلىندى. بۇ قانالنىڭ «پروگراممىلاردىن كۆرسەتمە» دىن باشقا ئۆزى ئىشلەيدىغان سەھىپىسى يوق، بىراق باشقا قانالىلار ئىشلىگەن پروگراممىلارنى، مەسىلەن خەنزۇچە «قار لەيلىسى» ، «يېڭى چولپانلار مۇسابىقىسى» ، «مېھىر - شەپقەت» پروگراممىلىرىنى، ئۇيغۇرچە «تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى» ، «ئادەم ۋە تەبىئەت» ، «يەر شارى» ، «پەن - تېخنىكا دۇنياسى» پروگراممىلىرىنى، قازاقچە «غۇنچىلار» ، «ياشلىق دەۋرى» ، «ئادەم ۋە تەبىئەت» ، «يەر شارى» پروگراممىلىرىنى مۇقىم ۋاقىتتا كۆرسىتىدۇ.

جىن خۇڭلى

## مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيە خادىمى، 100 نادىر ئاخبارات خادىمى، 100 نادىر تېلېۋىزىيە سەنئەت خادىمى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلار

2004 - يىل 9 - ئايدا باھالاش ئارقىلىق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن 7 كىشى مەملىكەت بويىچە «100 مۇنەۋۋەر» خادىم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «100 مۇنەۋۋەر» رادىئو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيە خادىمى قاتارىغا كىرگەنلەر: خې فۇلىن (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن) ، ئەن سىگو (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ، شى لېنجيې (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ؛ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «100 نادىر» ئاخبارات خادىمى قاتارىغا كىرگەنلەر: ھەجەرگۈل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن) ، ئوسمان مۇھەممەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) ؛ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «100 نادىر» سەنئەت خادىمى قاتارىغا كىرگەنلەر: ليۇ شياڭچېن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) ، خۇرشىدە تۇردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن) .

جىن خۇڭلى

## 2004 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

| ۋاقىت | جاي | مۇكاپات نامى | ئەسەر | تۈرى | مۇكاپات دەرىجىسى | ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو تېخنىكا سۈپەت مۇكاپاتى (ئاۋاز ئېلىش) | چۆل - باياۋان چاقىرىماقتا | ئەدەبىيات - سەنئەت | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو تېخنىكا سۈپەت مۇكاپاتى (ئاۋاز ئېلىش) | «پەنجگاھ مۇقامى» دىن پارچە | ئەدەبىيات - سەنئەت | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو تېخنىكا سۈپەت مۇكاپاتى (ئاۋاز ئېلىش) | جىڭجۇ تىياتىرىغا مەستانە بولغان ئۇيغۇر موماي ئايگۈل | ئەدەبىيات - سەنئەت | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو تېخنىكا سۈپەت مۇكاپاتى (ئاۋاز ئېلىش) | تېرەكلىكتىن چىققان شامال | ئەدەبىيات - سەنئەت | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو تېخنىكا سۈپەت مۇكاپاتى (ئاڭلىتىش) | | | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 2 - ئاي | بېيجىڭ | 2004 - يىلدىكى مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنى ئاسراش بويىچە ئىلغار ئىستانسا - پونكىت | | | | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تېخنىكا بۆلۈمى |
| 4 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنى ئاسراشتىكى ئىلغار شەخس | سۈن فاڭيۈەن | | 2 - دەرىجىلىك | پروگرامما يەتكۈزۈش مەركىزى |
| 4 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنى ئاسراشتىكى ئىلغار شەخس | ھېسامىدىن | | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 4 - ئاي | ۋۇيىخەي | 2003 - يىللىق جۇڭگو ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى | بېيجىڭدا زۇڭلى قېرىندىشىمىز بار | خەۋەر | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| 4 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى | ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ ئاپتوماتىك كونترول سىستېمىسى | | 3 - دەرىجىلىك | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنى 904- ئىستانسا |
| 4 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ رەقەملەشتۈرۈپ ئىشلەش - ئاڭلىتىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى | | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خاڭجۇ لىيەنخۇي رەقەم پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى |
| 4 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى | شىنجاڭ 523 «شىزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» | | 3 - دەرىجىلىك | 523 - ئىستانسا «شىزاڭ-شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» گۇرۇپپىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاي | جىلىن | 2003 - يىللىق رادىئو-تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى، رادىئو ئىجتىمائىي تەربىيە مۇكاپاتى) | بېيجىڭدا زۇڭلى قېرىندىشىڭىزمۇ بار | قىسقا خەۋەر | 1 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | شىنجاڭدا 2 مىليون 50 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى ھەقسىز ئوقۇشقا كىردى | ئۇزۇن خەۋەر | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | «تېررورچىلىققا قارشى قەھرىمان» — ۋاڭ ياجۇ | مەخسۇس خەۋەر | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | خارابىلىقتا باش كۆتۈرەيلى | بىۋاسىتە ئاڭلىتىش | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | «كىچىك بولقا» چوڭ مۇھىتنى بۇزمىسۇن | ئوبزور | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | پارچە ساقال ھەققىدە رىۋايەت | مەخسۇس خەۋەر | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | قوزغالماسلىققا تېگىشلىك تور ئىشقى | ئاممىۋى خاراكتېرلىك | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | شىنجاڭ خەلقىنىڭ چوڭقۇر سېغىنىشى | ئالاھىدە پروگرامما | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 6 - ئاي | شاڭخەي | 2003 - يىللىق جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى، تېلېۋىزىيە ئىجتىمائىي تەربىيە مۇكاپاتى) | شىنجاڭدا 2 مىليون 50 مىڭ ئوقۇغۇچى ھەقسىز ئوقۇشقا باشلىدى | خەۋەر | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | «كادىر يېرى» ۋەقەسى | ئوبزور | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | بىرىمۇ كەم بولمىسۇن | ھۆججەتلىك فىلىم | 1 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | شىنجاڭ - شىزاڭ لىنىيىسىدە | ھۆججەتلىك فىلىم | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئومۇرتقا | مەخسۇس خەۋەر | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | سىنتەبىردە ئۇچقان بۆركۈت | چاتما فىلىم | 2 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | 10 نادىر ساقچىنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى | ئالاھىدە پروگرامما | 3 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| 6 - ئاي | بېيجىڭ | 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك موڭغۇلچە رادىئو مۇكاپاتى | ئۇلتۇراقلىشىش خۇشياڭ چارۋىچىلىرىنى ھاللىق يولغا باشلىدى | خەۋەر | 1 - دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | «گۈزەل ئىمىل دەرياسى» — چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكى | ئەدەبىيات - سەنئەت | ئالاھىدە مۇكاپات | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 7 ـ ئاي | ۋۇخەن | 2003 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى | ئاتام ۋاڭ لوبىڭ | رومان | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | كېچۆزلىكتە شادلىق ناخشىسى | ئۇنىۋېرسال سەنئەت | 3 ـ دەرىجىلىك | كۈيتۇڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 7 ـ ئاي | چېڭداۋ | 2003 ـ يىللىق جۇڭگو دىكتورلۇق، رىياسەتچىلىك مۇكاپاتى | ھەممە بىر نىيەتتە سارسقا تاقابىل تۇرۇش | رىياسەتچىلىك | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 8 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2003 ـ يىللىق مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ـ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى «ئۇچقۇن مۇكاپاتى» | ئارمىيە بايرىقى لەپىلدىگەن ماڭەنگە مۇھەببەت — «1 ـ ئاۋغۇست» كېچىلىكى | ئۇنىۋېرسال سەنئەت | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | باھار بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭايلى | ئۇنىۋېرسال سەنئەت | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | يېڭى چولپانلار مۇسابىقىسى | ئەدەبىيات ـ سەنئەت | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| 9 ـ ئاي | ۋۇخەن | 14 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى | بېيجىڭدا زوڭلى قېرىندىشىڭىزمۇ بار | خەۋەر | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | «تېررورلۇققا قارشى قەھرىمان» — ۋاڭ ياجۇ | مەخسۇس خەۋەر | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 9 ـ ئاي | خۇنەن | 22 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى | شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيىسىدە | ھۆججەتلىك فىلىم | ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| 10 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2003ـ يىللىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ـ گېزىت ـ ژۇرنال مۇكاپاتى | لى باۋتيەن مۇكاپات لوڭقىسىنى 2 قېتىم ئۆتۈندى | خەۋەر | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى |
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر «تۇلپار مۇكاپاتى» | كۆل | ھۆججەتلىك فىلىم | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئالتۇن كۆزنەك (196ـ سان) | ئىجتىمائىي تەربىيە | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كاتتا يىغىن | ئىجتىمائىي تەربىيە | 1 ـ دەرىجىلىك | ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | «مەشرەپ» (16 ـ سان) | ئەدەبىيات ـ سەنئەت | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئالتۇن تاغدىن ئەكس سادا | ئەدەبىيات ـ سەنئەت | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئەتلەس يۇرتىدا تەنتەنە | ئەدەبىيات ـ سەنئەت | 1 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە فىلىمى مۇكاپاتى | قەھرىمان | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | قايتا تويلاشقان ئائىلە | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 - ئاي | بېيجىڭ | مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە فىلىمى مۇكاپاتى | قۇياش نۇرى ۋەكىلى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | بۈگۈن تۈندە ئۇيقۇ يوق | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى |
| | | | ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى قۇتقۇزايلى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | قېرىنداشلار | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | مۇتلەق ھوقۇق | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | كاڭشى خاندانلىقى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | بوش ئەينەك | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى | ئۇيغۇرچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | پارىژدا ئۆچكەن مۇھەببەت | قازاقچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى |
| | | | تۈيۈق يول | قازاقچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | ئالتاي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئاپلېسىن پىشتى | قازاقچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە بۆلۈمى |
| | | | كاڭشى خاندانلىقى | قازاقچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | ئۇزۇن سەپەر | قازاقچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | چىن قەلب | قىرغىزچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | قىزىلسۇ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| | | | يۈزجان | موڭغۇلچە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات | بايىنغولىن ئوبلاستلىق موڭغۇلچە تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى |

# تىببىي داۋالاش، سەھىيە

## سەھىيە بايلىقى

### سەھىيە بايلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى 9087، بۆلنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 682، ساناتورىيە 6، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى 46، شىپاخانا 843، ئامبۇلاتورىيە 286، جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى (پونكىتى) 2، قان ئېلىش ـ بېرىش ئاپپاراتى 15، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) 85، مەخسۇس كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى 12، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى (يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مۇداپىئە پونكىتى) 193، سەھىيە نازارەتچىلىك ئورنى 16، سەھىيە نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش (كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش) ئورنى 2، تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 3، ساغلاملىق تەربىيىسى ئورنى (پونكىتى، مەركىزى) 2، كىچىك ئامبۇلاتورىيە، كىچىك شىپاخانا، داۋالاش ئۆيى، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى 6793، باشقا سەھىيە ئاپپاراتى 101.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 78 مىڭ 54، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 61 مىڭ 192، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات 12 مىڭ 830، ئامبۇلاتورىيىلەردىكى كارىۋات 718، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرىدىكى كارىۋات 1124، باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 2190، دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 3.77 دىن توغرا كېلىدۇ.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە (يوللاش سىستېمىسى) تېخنىكا ماھىرلىرى | چېن جيەنگو | | 2 ـ دەرىجىلىك | پروگراما يەتكۈزۈش مەركىزى 631 ـ ئىستانسا |
| | | | لى يۇمېي | | 3 ـ دەرىجىلىك | پروگراما يەتكۈزۈش مەركىزى 841 ـ ئىستانسا |
| | | | ليۇ جۈن | | 3 ـ دەرىجىلىك | پروگراما يەتكۈزۈش مەركىزى 841 ـ ئىستانسا |
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | 2004 ـ يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو پروگراممىلىرىنى لېنتىغا ئېلىش تېخنىكا سۈپىتى مۇكاپاتى | قەمبەرخان | ناخشا | 2 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | ئىسكىرپكام ساداسى | مۇزىكا | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | خارابىلىقتىكى توي مۇراسىمى | رادىئو دراممىسى | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| 12 ـ ئاي | گۇاڭجۇ | 2003 ـ يىللىق جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنىڭ رادىئو دراممىسى مۇكاپاتى | شىمپەنزىنىڭ يىغا ـ زارى | بىر پەردىلىك دراما | 3 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |
| | | | تارىم جىلۋە قىلدى | كۆپ پەردىلىك دراما | 3 ـدەرىجىلىك | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى |

جىن خۇڭلى

ئاپتونوم رايون بويىچە 120 مىڭ 502 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 99 مىڭ 788، باشقا تېخنىكا خادىم 4340، باشقۇرغۇچى 6441، قارا خىزمەتچى 9933. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە كەسپ ئىشلەۋاتقان ۋراچ 33 مىڭ 792، كەسپ ئىشلەۋاتقان ياردەمچى ۋراچ 9261، رويخەتتىكى سېسترا 30 مىڭ 908، دورىگەر 6015، لابورانت 5139، باشقا خادىم 14 مىڭ 673. ھەر مىڭ كىشىگە 2.19 دوختۇر، 1.57 رويخەتتىكى سېسترا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار شىپاخانىسى 836، ئۇلاردىكى كارىۋات 12 مىڭ 817، سەھىيە خادىمى 17 مىڭ 487، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 481، يېزا - بازار شىپاخانىلىرىنىڭ داۋالاش خادىمى ھەر مىڭ يېزا نوپۇسىغا 1.41 دىن توغرا كېلىدۇ. سەھىيە سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 11 مىليارد 416 مىليون 50 مىڭ يۈەن (كىچىك ئامبۇلاتورىيىلەرنىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا).

بۇخەلچەم

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كارىۋات، خادىم

| رايون | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى: كىچىك جەمئىي | كەسپىي ۋراچ | كەسپىي ياردەمچى ۋراچ | رويخەتكە ئېلىنغان سېسترا | دورىگەر | لابورانت | باشقىلار | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى | قارا خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 9087 | 78054 | 120502 | 99788 | 33792 | 9261 | 30908 | 6015 | 5139 | 14673 | 4340 | 6441 | 9933 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1449 | 17710 | 25570 | 20947 | 8586 | 927 | 6933 | 1304 | 1195 | 2002 | 995 | 1470 | 2158 |
| قاراماي شەھىرى | 96 | 1868 | 2923 | 2290 | 981 | 66 | 929 | 136 | 96 | 82 | 158 | 186 | 289 |
| شىخەنزە شەھىرى | 866 | 3909 | 6122 | 5131 | 1657 | 707 | 1659 | 271 | 212 | 625 | 186 | 359 | 446 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 221 | 1982 | 3636 | 3032 | 994 | 272 | 1024 | 202 | 161 | 379 | 150 | 176 | 278 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 295 | 2629 | 4803 | 4054 | 1383 | 385 | 1258 | 258 | 215 | 555 | 177 | 249 | 323 |
| سانجى ئوبلاستى | 1165 | 6783 | 10741 | 9047 | 2888 | 918 | 2752 | 721 | 405 | 1363 | 149 | 769 | 776 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر | 1770 | 8734 | 15374 | 1941 | 4541 | 1258 | 3640 | 742 | 660 | 2100 | 498 | 764 | 1171 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 557 | 3207 | 5920 | 4989 | 1614 | 544 | 1556 | 258 | 256 | 761 | 269 | 190 | 472 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 209 | 2285 | 4191 | 3589 | 1254 | 537 | 943 | 160 | 195 | 500 | 111 | 269 | 223 |
| بورتالا ئوبلاستى | 287 | 1932 | 3457 | 2889 | 939 | 354 | 807 | 186 | 149 | 443 | 77 | 215 | 257 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 397 | 5186 | 7816 | 6526 | 2146 | 562 | 1980 | 400 | 382 | 1056 | 313 | 391 | 586 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 347 | 6854 | 9570 | 7950 | 2111 | 795 | 2606 | 457 | 425 | 1556 | 492 | 392 | 738 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 76 | 1443 | 2639 | 2154 | 573 | 317 | 676 | 128 | 107 | 353 | 148 | 131 | 206 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1089 | 8811 | 11721 | 9698 | 2788 | 1199 | 3051 | 512 | 463 | 1686 | 330 | 684 | 1009 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 281 | 4721 | 6047 | 4562 | 1337 | 420 | 1095 | 280 | 218 | 1212 | 287 | 197 | 1001 |

بۇخەلچەم

شىنجاڭنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋاتلارنىڭ 2004 - يىلدىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

| تۈرلەر | كارىۋاتلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەن كۈن سانى (كۈن) | ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلگەن كارىۋات (دانە) | كارىۋاتلارنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى (قېتىم) | كارىۋاتلارنىڭ ئىش كۈنى (كۈن) | كارىۋاتلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى (%) | داۋالانغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ياتاقتا ياتقان كۈنى (كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 24653366 | 67543 | 23.74 | 253.82 | 69.54 | 9.66 |
| دوختۇرخانا | 20132337 | 55157 | 23.86 | 268.82 | 73.65 | 10.58 |
| ساناتورىيە | 230850 | 632 | 8.82 | 223.64 | 61.28 | 6.07 |
| مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى | 7550 | 21 | 13.29 | 132.95 | 36.42 | 10 |
| شىپاخانا | 3590141 | 9836 | 22.95 | 169.77 | 46.51 | 5.95 |
| ئامبۇلاتورىيە | 95364 | 261 | 108.4 | 181.04 | 49.60 | 1.07 |
| ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) | 298559 | 818 | 31.37 | 211.69 | 58 | 5.45 |
| مەخسۇس كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) | 298565 | 818 | 2.79 | 344.87 | 94.49 | 9.97 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# داۋالاش مۇلازىمىتى

## داۋالاش مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتىدىن 27 نى قۇرۇشقا مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى، جەمئىي 31 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 22 مىڭ 350 كۋادرات مېتىر قىلىپ پىلانلاندى. داۋالاش - قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 14 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 46 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر قىلىپ پىلانلاندى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى (رايونى) قۇرۇلۇش تۈرىدىن 84 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 209 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 84 مىڭ 780 كۋادرات مېتىر قىلىپ پىلانلاندى. ئەمەلىيەتتە جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 233 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 108 مىڭ 409.02 كۋادرات مېتىر بولدى. 109 تۈر پۈتتى، 67 تۈر پۈتۈش ئالدىدا، 22 تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق ئىشلىرى تاماملاندى.

لى خۇيخەي

## يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون كېرىيە، مەكىت، ئۈرۈمچى، ماناس، كۆكتوقايدىن ئىبارەت 5 ناھىيىنى يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يولغا قويۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ناھىيە قىلىپ بېكىتكەنىدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مۇشۇ 5 ناھىيىدە 383 مىڭ 369 ئادەم ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، بۇلار ئومۇمىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ %75 نى ئىگىلىدى. 2004 - يىلى بۇ 5 ناھىيىگە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 3 مىليون 380 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست مالىيىسىدىن 750 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىدىن 2 مىليون 330 مىڭ يۈەن، يېزا دەرىجىلىك مالىيىدىن 192 مىڭ 100 يۈەن ياردەم بېرىلدى. 5 ناھىيىدىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان دېھقان - چارۋىچىلار 10 مىليون 734 مىڭ 100 يۈەن تاپشۇردى. 5 ناھىيە بويىچە ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسەتكەن، ياتاقتا يېتىپ داۋالانغان دېھقان - چارۋىچى (ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان) 303 مىڭ 447 ئادەم-قېتىمغا يەتتى، بۇنىڭغا 21 مىليون 553 مىڭ 800 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش فوندىدىن تولۇقلاپ بېرىلگىنى 9 مىليون 740 مىڭ 500 يۈەن

بولۇپ، تولۇقلاپ بېرىش نىسبىتى 45.19% بولدى.

2004 - يىلى سىناق نۇقتىسى قىلىنىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا ئاقتۇ، ئاۋات، پىچان، يەنجى، ساۋەن، غۇلجا ناھىيىلىرى، قۇمۇل، بورتالا شەھەرلىرى قوشۇلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ساۋەن ناھىيىسىدىن باشقا 7 ناھىيە، شەھەردىكى 970 مىڭ 500 يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق نوپۇسى ئىچىدە 660 مىڭ 683 دېھقان - چارۋىچى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، ئوتتۇرىچە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 68.07% بولدى. تەرتىپ بويىچە تىزغاندا، يەنجى ناھىيىسىنىڭ 95%، پىچان ناھىيىسىنىڭ 89.57%، بورتالا شەھىرىنىڭ 79.41%، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 73.92%، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ 70%، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ 58.77%، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 53.41% بولدى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەردىكى 93 يېزا - بازار شىپاخانىسى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 60% يېزا - بازار شىپاخانىسىدا ناھىيە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لى خۇەيخەي

## يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا قىزىل، تارقىلىشچان پاروتىت (قۇلاق ئالدى بېزى ياللۇغى)، سكارلاتىنا، كۆكيۆتەل، سۇ چېچەك قاتارلىق كۆلىمى كەڭرەك بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىك 18 قېتىم كۆرۈلدى. 4 ئادەمنىڭ خولېرا كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى، «ب» تۈردىكى 17 خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك يۈز بېرىپ، 85 مىڭ 373 ئادەم يۇقۇملىنىپ، 67 ئادەم ئۆلگەنلىكى مەلۇم قىلىندى؛ 19 مىڭ 508 ئادەمنىڭ «س» تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلىقى، 28 مىڭ 812 ئادەمنىڭ تۇبېركۇليوز بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتىنىڭ يۈزمىڭ ئادەم ئىچىدە 149.9 بولغانلىقى مەلۇم قىلىندى. ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار 10 مىڭغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە مەلۇم قىلىنغان سانىنىڭ 13% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ 88.2% ى زەھەرنى تومۇردىن ئوكۇل قىلىپ يۇقۇملانغان. ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 80% ىگە تارقالغان. بىر يىلدا كىشىلەر توپىنىڭ يېمەكلىك بىلەن زەھەرلىنىشى 40 قېتىم يۈز بەردى، 1198 ئادەم زەھەرلىنىپ، 2 ئادەم ئۆلدى. يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىردەك تىزگىنلىۋېلىنغاچقا، كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ كېتەلمىدى. «شىنجاڭدا تۇبېركۇليوز كېسىلىگە قارشى دورىلارنى ھەقسىز ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈلۈپ، شەرتكە توشىدىغان 14 مىڭ 751 بىمار ھەقسىز داۋالاندى. ئۈشتۈمتۇت يۈز بەرگەن جامائەت سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئۈشتۈمتۇت يۈز بەرگەن جامائەت سەھىيە ۋەقەلىرىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق مەركىزى قۇرۇلدى.

ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، «ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پىلانى» نى تۈزۈش ۋە «ئەيدىز كېسىلىنى تۈگىتىشنىڭ بەش يىللىق ھەرىكەت پىلانى» نىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك ئىجراسىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەركىزىي تەجرىبىخانىدىن بىرى، دەسلەپكى تاللاش تەجرىبىخانىسىدىن 112 سى، دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاراۋۇل نۇقتىسىدىن 21 ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاراۋۇل نۇقتىسى ۋە توغرا كەسمە يۈز بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسىدىن 40 ى قۇرۇلدى. ئۆلچەپ تەكشۈرۈلىدىغان كىشىلەر توپى زەھەر چەككۈچىلەر، يوشۇرۇن پاھىشىۋازلار، جىنسىي كېسىلى بارلار، دوختۇرخانىلاردىكى ئالاقىسىز كىشىلەر ۋە كۆمۈركان ئىشچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 100% بىخەتەر گاندۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوكۇل ئەسۋاب - ئىگنىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، دېكىستىرومىكتوننى سەپلىمە قىلىشقا ئوخشاش ئارىلىشىش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ش ئۇ ئا ر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تورى بەرپا قىلىندى. ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار، بوۋاقلار ۋە بالىلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۈزمىڭ ئادەم ئىچىدە 72.127 ئادەم يەنى 22.82‰ بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 21.7% ۋە 16.96% ئازايدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، «دېھقانىنىڭ سالامەتلىك تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتى» ۋە «ساغلاملىق بويىچە توختاملىشىش ئۈچۈن مەھەللىلەرگە سەپەر» پائالىيىتى داۋاملىق ئالغا سۈرۈلدى، پاكىزە شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

لى خۇەيخەي

## دورىلارنى مەركەزلىك خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش

2004 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى دوختۇرخانىلارنىڭ 94% ى دورىلارنى مەركەزلىك

خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، جەمئىي 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنلىك دورا سېتىۋالدى، بۇ دوختۇرخانىلار سېتىۋالغان دورا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 67.4% نى ئىگىلىدى، دورا باھاسى 20%، يەنى تەخمىنەن 200 مىليون يۈەن چۈشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 11 دوختۇرخانا 1193 خىل ئۆلچەملىك دورىنى مەركەزلىك خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋالدى، 1015 خىل ئۆلچەملىك دورىغا خېرىدار چىقتى، توختامدىكى سېتىۋېلىش مىقدارى 210 مىليون يۈەن بولۇپ، باھا ئوتتۇرىچە 23% ئەتراپىدا چۈشتى، ئاممىغا 40 مىليون يۈەنلىك پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى 103 داۋالاش ئاپپاراتى بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان داۋالاش ماتېرىياللىرىنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 106 مىليون يۈەنلىك ماتېرىيال سېتىۋېلىپ، سېتىۋېلىش تەننەرخىنى 17 مىليون 860 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 چوڭ، ئوتتۇراھال شەھەردە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى ئاپپاراتىدىن 304 ى قۇرۇلدى.

لى خۇەيخەي

## داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرلىرى باھاسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈش، تەڭشىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون گوۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىغا ئوخشاش تەرتىپلەر ئارقىلىق، داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى بىرلەشتۈرۈش، تەڭشەش خىزمىتىنى تاماملىدى. بىرىنچى، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرلىرى دۆلەت قېلىپلاشتۇرغان 4 چوڭ تۈر 3966 تۈرگە بىرلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭغا ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ 15 تۈرىنى قوشقاندا جەمئىي 3981 بولدى، بۇنىڭدىن تېخى يولغا قويۇلمىغان 280 تۈرنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاخىرىدا شەكىللەنگەن يېڭى داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرى 3701 تۈر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە باھاسى ئۆستۈرۈلگەن تۈر 11، چۈشۈرۈلگەن تۈر 217، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تۈر 63، تەكرار ۋە نامۇۋاپىق بولغاچقا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان تۈر 45. ئىككىنچى، بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ باھاسى ئۈستىدە، «يۇقىرىغا ئۆرلىتىشنى نۆل قىلىش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە چەك قويماسلىق» تىن ئىبارەت باھا سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، دەرىجىگە ئايرىپ بېكىتىش پرىنسىپى بويىچە دوختۇرخانىلارنىڭ دەرىجە باھا پەرقى چوڭايتىلدى. 3 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ھازىرقى باھا سەۋىيىسى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى، دوختۇرخانىلارنىڭ ھازىرقى باھا سەۋىيىسى ئاساسىدا 2 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ 15%، 1 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ 30% تۆۋەنلىتىلدى. تۆتىنچى، قىسمەن چوڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ھەققى 6% — 53% ئارىلىقىدا چۈشۈرۈلدى. CT ئەسۋابى بىلەن تەكشى تەسۋىر چۈشۈرۈشكە كۆچەيتىپ تەسۋىر چۈشۈرۈشنى قوشقاندا، ھەربىر ئورۇننىڭ 690 يۈەندىن 320 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، تۈز سىزىقلىق كۆچەيتكۈچ بىلەن رادىئاتسىيىلىك داۋالاشنىڭ باھاسى 80 يۈەندىن 75 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

لى خۇەيخەي

## تىببىي پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ

2004 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانى ھەققىدە پىكىر» نى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 11 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سەھىيە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى، ئاساسىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ساھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر ھايۋانات تىببىي تەجرىبە مەركىزى دۆلەتنىڭ باھالىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى تەتقىقات ئورنى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنى ۋە قىزىلئۆڭگەچ راكى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. شىنجاڭ «جىيايىن» ئەرلەر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ئىنسانلارنىڭ قوشۇمچە جىنسىي ئەزا تېخنىكىسىنى قانات يايدۇرۇشقا تەستىق ئالدى.

«سېستىرالىق كەسپى بويىچە قىس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى ھەققىدە پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، سېستىرالىق كەسپى بويىچە تېخنىكا ماھىرلىرى تىپىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى باشلاندى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان بەش يىللىق تۈزۈمدىكى مېدىتسىنا كەسپىي مائارىپى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا يەتكۈزۈش «بىۋاسىتە پويىزى» خىزمىتى پۈختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۇنىۋېرسال ۋراچلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، 152 ئۇنىۋېرسال ۋراچ تەربىيىلەندى. زامانىۋى تور ۋاسىتىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مېدىتسىنا داۋاملىق مائارىپى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. سارس، قۇش يۇقۇملۇق زۇكىمى، ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئومۇمىي خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 70% بولدى، مېدىتسىنا داۋاملىق مائارىپىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 85% تىن ئاشتى.

لى خۇەيخەي

## جۇڭگوچە داۋالاش، مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك خىزمىتى

2004 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تىبابىتى بىلەن مىللىي تىبابەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەخسۇس بۆلۈم ۋە مەخسۇس كېسەللىك تۈرلىرى بولغان ئاق كېسەل، يۈرەك ـ مىڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يىڭنە بىلەن داۋالاش بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بولغان مۇپەتتىشلىك ۋە قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى، مەملىكەت بويىچە يېزا جۇڭگو تىبابىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە مەملىكەت بويىچە ئۈلگە جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىلىرى ۋە مىللىي تىبابەت دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلۇشىنى راسا چىڭ تۇتتى، مۇتەخەسسىسلەرنى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىلىرى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. مەملىكەتلىك 3 ـ تۈركۈمدىكى داڭلىق، پېشقەدەم تىۋىپلارنىڭ ۋارىسلىرىنى تەييارلاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى جۇڭگو ۋە مىللىي تىبابەتچىلىكنىڭ، دورىگەرلىكنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، خادىملار قوشۇنىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، دۆلەت جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىگەرلىكى ئىدارىسىگە يوللاندى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دورىگەرلىكىگە دائىر قەدىمىي كىتاب ـ ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى، «جۇڭخۇا دورا ئۆسۈملۈكلىرى» نىڭ ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى تومىنىڭ خەنزۇچىسىنى ۋە «جۇڭگو مېدىتسىنا قامۇسى» نىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تومىنىڭ خەنزۇچىسىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى.

لى خۇەيخەي

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسىدىن 3026 ئادەم كېسەل ۋە زەخىم بىلەن ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 1.70‰ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگەن ئەر 1889 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى 2.05‰ بولدى، ئۆلگەن ئايال 1137 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى 1.33‰ بولدى. كېسەللىكلەر دەپتىرىدە ئالدىنقى 10 خىل كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئۆلۈش نىسبىتى (يۈزمىڭدىن بىر بويىچە ھېسابلىغاندا) تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

بۇخەلچەم

قوشۇمچە:

2004 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئالدىنقى 10 خىل كېسەللىك ۋە ئۆلۈش نىسبىتى

| ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان كېسەللىك | ئۆلگەن ئادەم | ئۆلۈش نىسبىتى (يۈزمىڭ/1) | ئۆلگەنلەر ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن %ى |
|---|---|---|---|
| ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 1279 | 72.03 | 42.27 |
| ئۆسمە كېسەللىكلىرى | 696 | 39.2 | 23 |
| نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 333 | 18.75 | 11 |
| زەخىملىنىش، زەھەرلىنىش قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر | 218 | 12.28 | 7.2 |
| ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 108 | 6.08 | 3.57 |
| ئىچكى ئاجرىتىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 99 | 5.58 | 3.27 |
| تۇغۇت مەزگىلىدىن تۇغۇلغان بەزى ئەھۋاللار | 59 | 3.32 | 1.95 |
| باشقا كېسەللىكلەر | 52 | 2.93 | 1.72 |
| سۈيدۈك ـ كۆپىيىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 48 | 2.7 | 1.59 |
| نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 35 | 1.97 | 1.16 |

بۇخەلچەم

## سەھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى نامراتلارغا ياردەم بېرىدىغان 2 دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىشى نورمال بولدى. ئۇلار بىر يىلدا 2747 ئادەم (قېتىم) كېسەل داۋالاپ، 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالاش - دورا پۇلىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. شەھەرلەردىكى داۋالاش خادىملىرى يېزىلارغا داۋالاش مۇلازىمىتى قىلىشقا داۋاملىق ئەۋەتىلدى. ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن 30 داۋالاش ئەترىتى، 105 دوختۇر - سېسترا نامرات ناھىيە - يېزىلارغا بېرىپ، نامراتلارنى سەھىيە بويىچە يۆلىدى. «ساغلاملىق تېز پويىزى»، «چۈاڭشۈيىنىڭ شىنجاڭدىكى يورۇقلۇق سەپىرى» ۋە شاڭخەيىنىڭ ئاقسۇغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشىگە ئوخشاش ئىچكى ۋە خەلقئارالىق تۈرلەر يولغا قويۇلدى، 3493 نامرات ئەمانىڭ كۆزى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىندى.

لى خۇيخەي

# سەھىيە نازارەتچىلىكى

## سەھىيىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سەھىيە مەمۇرىي ئىجازەت تۈرىدىن 19 ى بىكار قىلىندى، 4 تۈرنىڭ باشقۇرۇش شەكلى ئۆزگەرتىلدى، 30 تۈر ساقلاپ قېلىندى. ئاپتونوم رايوندا «شەكسىز يېمەكلىك قۇرۇلۇشى» ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى، ئاشپۇزۇل - ئىچىملىك كەسپى، تاللا بازار، سودا بازىرى، تۈرمۇش ئىچىملىك سۈيى قاتارلىقلار بويىچە جەمئىي 24 مىڭ 807 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتسىزى 2236 ئورۇن - قېتىم بولدى، قانۇنغا خىلاپ يول بىلەن ئىشلەنگەن تورت، كونسېرۋا، ھاراق، پۇرچاق ياسالمىلىرى قاتارلىق 10.7 توننا يېمەكلىك - ئىچىملىك تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. دۆلەتنىڭ سۈت پاراشوكى تازىلىقى ئۆلچىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى سۈت پاراشوكى كارخانىلىرى مەخسۇس تۈزەپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېمەكلىك تىجارىتى قىلىدىغان 3409 كارخانا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، سۈت پاراشوكى تۈرىدىكى 538 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات، 12 كارخانا تەكشۈرۈلۈپ، 21 خىل لاياقەتسىز سۈت پاراشوكى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، يېمەكلىك بازارلىرى ساپلاشتۇرۇلدى. قانۇنسىز قان ئېلىش - قان بېرىش ئىشىنى ۋە داۋالاش ئەسۋابلىرى بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى، قان ئېلىش - قان تەمىنلەش ئاپپاراتىدىن 21 ى (بۇنىڭ 6 سى بىڭتۇەننىڭ) تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە قاننى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئاشۇرۇپ ئالىدىغان، تەكرار ئالىدىغان ئەھۋال بايقالمىدى. ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل داۋالاش ئاپپاراتىدىن ئازكەم 5000 ى تەكشۈرۈلۈپ، كىنىشكىسى يوق، خەقنىڭ كىنىشكىسىنى ئىجارە ئالغان، دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلىتىشكە چېتىلىدىغان قانۇن - قائىدىگە خىلاپ دېلودىن 991 ى بىرتەرەپ قىلىنىپ، 613 ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 615 ئاپپارات بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تۈزىتىش - ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى، كەسىپ ئىجازەتنامىسىدىن 183 ى بىكار قىلىندى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى سەھىيە نازارىتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ جەمئىيەتكە ئاشكارا مۇلازىمەت قىلىش ۋەدىسىنى ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئاچتى. بۇنىڭ ئىچىدە 11 چوڭ دوختۇرخانا جەمئىيەتكە 10 تۈر بويىچە مۇلازىمەت ۋەدىسى بەردى، 122 مۇتەخەسسىس بىرلەشمە ئىمزادا سۆزگۆتمە، شىرىنكانە ئالماسلىق، يازغان رېتسېپقا پىرسەنت ئالماسلىق ۋە مۇلازىمەتتە سەممىي بولۇش ھەققىدە تەشەببۇسنامە چىقاردى. ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا پاش قىلىش تېلېفونى ئېلان قىلىندى، كەسىپ ئىستىلىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن 300 نۇسخا تارقىتىلدى، 12 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 4 دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققان 200 بىمار ئىز قوغلاپ ئائىلىلىرىگىچە بېرىپ تەكشۈرۈلدى. 5 - قېتىملىق كەسىپ ئىستىلىنى تۈزىتىش ئېيى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە سىستېمىسى داۋالاش مۇلازىمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىلغا ياتىدىغان مەسىلىلەر ئىنكاس قىلىنغان 5584 ئەرزنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ سۆزگۆتمە ئېلىشقا چېتىشلىق 16، دورىغا شىرىنكانە ئېلىشقا ئوخشاش ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا چېتىشلىقى 9 پارچە، پارچىلاپ ھەق ئېلىش، تەكرار ھەق ئېلىش، نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرى 146، ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگىنى 3 پارچە، ئىقتىسادىي جازا ۋە تەنقىدىي تەربىيە بېرىلگەن ئادەم 39، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىنغان دوختۇرخانا 2. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دوختۇر - سېسترالار قايتۇرغان سۆزگۆتمە سوممىسى 154 مىڭ 100 يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان سۆزگۆتمە سوممىسى 61 مىڭ يۈەن، قايتۇرغان دورا شىرىنكاسى 30 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان دورا شىرىنكاسى 430 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

لى خۇيخەي

# تەنتەربىيە

## تەنتەربىيە خىزمىتى

### شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ ۋېلىسىپىتنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى

شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ ۋېلىسىپىتنىڭ يوپۇقى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېچىلدى. بۇ مەركەز تەنتەربىيە سارىيى، تەنتەربىيە مەيدانى، ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيىدىن تەركىب تاپقان. تەنتەربىيە سارىيىغا 7000 تاماشىبىن سىغىدۇ، بۇ سارايدا چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە سارىيى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي تىجارەت باشلىنىدۇ.

يۇ جىنخۇا

### تەنتەربىيە سورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە 7 نازارەت، ئىدارە بىلەن بىرلىشىپ 5 ـ قېتىملىق شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە سورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىدىكى 1444 تەكشۈرگۈچى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 44 تۈرلۈك تەنتەربىيە سورۇنىدىن 20 مىڭ 120سى بارلىقى، ئۆلچەملىك سورۇنلارنىڭ 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكىدىن 5% ئاشقانلىقى ئېنىقلاندى.

يۇ جىنخۇا

### ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى شىنجاڭغا 6 مىليون يۈەن «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» مەبلىغى ئاجراتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساۋەن تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلۇشى، مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى تەنتەربىيە مەيدان ـ سارايلىرىنىڭ مۇئەسسەسىلىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ھەر بىرسىدىكى 5تىن يېزا ـ بازارلىق تەنتەربىيە ـ مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇشلىرى بۇ مەبلەغدىن بەھرىمەن بولدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى تەنتەربىيە مەيدان ـ سارايلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئىككى ناھىيىنىڭ ھەربىرىگە 2 مىليون يۈەندىن «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» پۇلى ئاجراتتى، بۇ پۇلنىڭ %50ى زىيانغا ئۇچرىغان ناھىيە دەرىجىلىك تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرىنى رېمونت قىلىشقا، قالغان %50ى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، شاپتۇل، قوشئاۋات ۋە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق، سېرىقبۇيا، ئالاغىر، يېڭىئۆستەڭ، ئاۋاتتىن ئىبارەت 10 يېزا ـ بازارلىق تەنتەربىيە ـ مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇشىغا بېرىلدى. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» تۈرىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

يۇ جىنخۇا

### تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە پەن تەتقىقات خادىملىرى بوكس، چېلىشىش، روداۋچە چېلىشىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قولملۇق ۋالىبولى، يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ گېموگلوبىن، قان زەردابى تېستوستېرون، سۈيدۈككە دائىر 8 تۈرنى جەمئىي 7346 تۈر ـ قېتىم بىئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، تىرېنېرلارنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرگە ئىلمىي مەشىق قىلىش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا شىنجاڭ تەنتەربىيە پەن تەتقىقات ئورنىدىن 6 ئادەم قەشقەر، ئاقسۇ، ئالتاي، ئىلى ۋە شىخەنزىلەرگە بېرىپ زاپاس ئىقتىساس ئىگىلىرىنى ئىز قوغلاپ يېتىشتۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇپ، 13 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان 600دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خەنزۇ ئوقۇغۇچى ئىچىدىن 184نى تاللاپ، شۇ جايدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ مەشىق قىلدۇرۇشى ۋە

يېتىشتۈرۈشكە ھاۋالە قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ بەدەن ساپاسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسى بويىچە خۇلاسىلەش يىغىنى ئېچىپ، تەتقىقاتچى خادىملارنى تەقدىرلىدى. بۇ تەتقىقاتقا شىنجاڭ تەنتەربىيە پەن تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 12 مۇتەخەسسىس، پروفېسسور قاتناشتى، بۇ تەتقىقات 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى پەن ـ مائارىپ مەھكىمىسى ۋە ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا نازارىتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات خىزمىتى شىمالىي، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن 90 يېزا ـ كەنت، تۈەن ـ مەيدانىدا ئىشلىنىپ، 315 مىڭ 680 سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشىلدى. شىنجاڭ بويىچە 4 مىللەتنىڭ 13 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈر ئىقتىساس ئىگىلىرىگە دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇرغۇزۇلۇپ، شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ «تالانتلىقلارنى تاللاش ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە شىنجاڭدىكى 4 مىللەتنىڭ گېموگلوبىن ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچىنىڭ بېيجىڭ، خېنەنلەردىكى كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىدەك زور ئۇنۇمگە ئېرىشىلدى.

خۇ خۋا

## تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئومۇمخەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە بايىنغولىن ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى ۋە قاراماي شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئومۇمخەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەپتىلىكى پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، مالىيە نازارىتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر تاغقا چىقىش تەنھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسى، شاپار ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى مەملىكەتلىك ئومۇمخەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەپتىلىكى پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولدى.

دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە شەھەرلەردىكى 200 مەھەللىگە مەملىكەت بويىچە 4 ـ تۈركۈمدىكى تەنتەربىيىدە ئىلغار مەھەللە دەپ نام بەردى. سانجى شەھىرى شىمالىي يەنئەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى تەڭرىتاغ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونى يىكەنكۆل يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار مەھەللە دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋە جۇڭگو دېھقانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى 292 ئورۇنغا 7 ـ تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە يۈزلەنگەن دېھقانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىدىكى ئىلغار يېزا ـ بازار دەپ نام بەردى. سانجى شەھىرى يۇشۇگۇ بازىرى، شىخو شەھىرى شىچياۋ يېزىسى، قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى، ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرى، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرى، كېرىيە ناھىيىسى قاراقىر يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى جامباز يېزىسى، ئونسۇ ناھىيىسى چاغراق يېزىسىغا «مەملىكەت بويىچە يۈزلەنگەن دېھقانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىدىكى ئىلغار يېزا ـ بازار» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

2004 ـ يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 213 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە 5 ـ قېتىملىق تەنتەربىيە سورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىلغار ئورۇن» دەپ، 510 ئادەمگە «مەملىكەت بويىچە 5 ـ قېتىملىق تەنتەربىيە سورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، بۆرچىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، مىچۈەن شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى ۋە ۋاڭ يۈڭپىڭ، جاڭ سىلۇن، خەن شاۋمىڭ، يۈ جىنخۇا، سۈي دوڭخۇي، يۈەن جيەنشىن، ۋاڭ شۇشيا، جاڭ خۇا، جاۋ خوڭمېي، لىن

جىڭلاڭ، گو جيېنخۇا، خې شىنجى، ئابدۇكېرەم ئابدۇراخمان، غۇلام غوپۇر، چېڭ خۇڭيىڭ، جاڭ يىڭيىڭ، لۇ ئەيجى، چېن گۇاڭلى، شۇ خۇا، ليۇ مىڭ، گاۋ لىلار بۇ شەرەپكە ئېرىشتى.

شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيىسى مەركىزى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تارقاتقان 2004 ـ يىللىق تەنتەربىيە لاتارىيىسى جەھەتتە مۇنەۋۋەر خىزمەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۇ جىنخۇا

# ماھارەت تەنتەربىيىسى

## خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىن 19 تەنھەرىكەتچى بوكس، پلانېر، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 8 قېتىم خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 5 تۈردە 1 ـ، 3 تۈردە 2 ـ، 5 تۈردە 3 ـ، بىر تۈردە 4 ـ، بىر تۈردە 7 ـ بولدى. ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۇ خېيفېڭ، بوكس ماھىرى قانات ئىسلام، چېلىش ماھىرى ئېلنۇرلار گىرېتسىيىنىڭ ئافىنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 28 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، بۇ شىنجاڭدىن ئەڭ كۆپ ئادەم قاتناشقان بىر نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولدى.

بوكس ماھىرى قانات ئىسلام 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە گۇاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئافىنا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاسىيا رايونىنىڭ بوكس سالاھىيەت مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولدى.

ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۇ خېيفېڭ 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئىتالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئوقيا ئېتىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ 1 ـ بېكەت مۇسابىقىسىدە 172 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن خەلقئارالىق تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۇ خېيفېڭ 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئوقيا ئېتىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ 2 ـ بېكەت مۇسابىقىسىدە 105 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن شەخسلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 3 ـ بولدى، سەپدىشى بىلەن ھەمكارلىشىپ 240 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە 7 ـ بولدى.

يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى نۇرمەمەت 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سىرىلانكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا يېنىك ئاتلېتىكا يۈرۈشلۈك مۇسابىقىسىدە 4 ـ بولدى.

پلانېر ماھىرى خەن شىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا يېپىنزگىنلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ F2B يەككىلەر تۈرىدە 2 ـ بولدى، سەپدىشى بىلەن ھەمكارلىشىپ F2B كوللېكتىپ تۈرىدە 3 ـ بولدى.

شىنجاڭ ماھىرى ئابدۇروسۇل روزى، قانات ئىسلام، ئابدۇراخمان، تۇلەۋقان سىيىتقانلار 9 ـ ئاينىڭ 26 — 30 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» جۇڭگو شىنجاڭ بوكس ئاشكارا مۇسابىقىسىدە 64، 69، 81، 91 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون؛ ئەكرەم ئىساق 60 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 ـ، ئابدۇنەبى سەيدۇللا 64 كىلوگراملىقلار بويىچە، نىجات ھۆسەن 91 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 ـ بولدى.

بوكس ماھىرى مەمەتتۇرسۇن چوڭ 10 ـ ئاينىڭ 25 — 31 ـ كۈنىگىچە ۋېتنامنىڭ خانوي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 64 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 ـ، خالجان ئىمىنجان 75 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 ـ بولدى.

يۇ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەت كوماندىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 15 ئالتۇن مېدال، 16 كۈمۈش مېدال، 18 مىس مېدال ئالدى، 12 تۈردە 4 ـ، 25 تۈردە 5 ـ، 12 تۈردە 6 ـ، 9 تۈردە 7 ـ، 5 تۈردە 8 ـ بولدى. بىر كوماندا بىر تۈردە مەملىكەت رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى، 4 ئادەم، 11 كوماندا 15 تۈردە 17 قېتىم ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 3 ئادەم خەلقئارالىق تەنھەرىكەت ماھىرى، 4 ئادەم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى، 27 ئادەم 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

2004 ـ يىلى ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۇ خېيفېڭ، جۇ يوڭ، جۇ ۋۇچۈەن، سۇڭ جۈنجيېلار شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقىنىڭ 2 ـ بېكەت مۇسابىقىسىدە 253 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن شاللاش مۇسابىقىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقە تۈرىدە مەملىكەت رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى، ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ گۇاڭشىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تاللادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 3873 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ ئارا مۇسابىقىنىڭ يەككە نۆۋەتلىك ھەممىگە قادىر مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ

تاشلىدى. قارىغا ئېتىش ماھىرى زۇ ۋېنخۇڭ، لى نا، گوۋەن ئەيئەيلەر نەنجىڭشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقىنىڭ 1 - بېكەت مۇسابىقىسىدە 1180 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئاياللار يەل مىلتىق كوللېكتىپ مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قارىغا ئېتىش ماھىرى شىرزات، ۋاڭ چاۋ، تيەن جوڭۋېيلار نەنجىڭشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقە ۋە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1662 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ تاپانچا بىلەن ئاستا قارىغا ئېتىش تۈرىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوقيا ئېتىش ماھىرى جاۋ ۋېيخۇا گۇاڭشىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ يەككە نۆۋەتلىك يەككە تۈر مۇسابىقىسىدە 351 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ 30 مېتىر ئارىلىقتا ئوقيا ئېتىش شەخسلەر مۇسابىقە تۈرىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قارىغا ئېتىش ماھىرى ۋاڭ لۇ، لى شۇدوڭ، لى يوڭلار نەنجىڭشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقىنىڭ 1 - بېكەت مۇسابىقىسىدە 3395 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ 40×3 مېتىرلىق قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۆ خەيفېڭ، تاۋ فېڭگاڭ، جۇ ۋۇچۈەن، جۇن جۇاڭلار چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 3858 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر ئولىمپىك يەككە نۆۋەتلىك شاللاش كوللېكتىپ مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقىنىڭ 1 - بېكەت مۇسابىقىسىدە 725 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ شاللاش كوللېكتىپ مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ جاۋ ۋېيخۇا، فۇ چىنچىن، گو فاپىڭلار 691 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ شاللاش مۇسابىقىسىدىكى كوللېكتىپ مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى چېن شياۋفاڭ شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقە ۋە ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە تاللاش مۇسابىقىسىدە ھەمدە تيەنجىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقە ۋە جۇڭگو يېنىك ئاتلېتىكا ئاشكارا مۇسابىقىسىدە 15′49″25، 15′52″49لىك نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە خەلقئارالىق تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى. يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى ۋاڭ جيەنبو نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇكاپاتلىق چاتما مۇسابىقىنىڭ 3 - بېكەت مۇسابىقىسىدە 7056 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ 10 تۈردە ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدە 1 - بولدى، شۇنداقلا مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى. چېلىشىش ماھىرى ئالىپبېك خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پىڭدىڭشەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە دۆلەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى. يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى ئابدۇللا ئىبراھىم نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇكاپاتلىق چاتما مۇسابىقىسىدە 17.9 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە 2 - بولۇپ، دۆلەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى.

يۇ جىنخۇا

## 2004 - يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردە ئالدىنقى 8 - لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇللا ئىبراھىم | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا چويۇن توپ | مەملىكەتلىك زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە جۇڭگو - ياپونىيە قارشىلىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى | تيەنجىن | 17.72 مېتىر | 1 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 4′18″49 | 1 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا 3000 مېتىرغا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 10′07″79 | 1 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۇ مىڭ | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا 1500 مېتىر يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى (4 - نۆۋەت) | 2 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 3′49″22 | 1 |
| گۇ مىڭ | ئەر | يېنىك ئاتلېتىكا 1500 مېتىر يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | خېفېي | 3′49″82 | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | كەسپىي 125ccB گۇرۇپپىسى شەخسلەر مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى | خېڭدىيەن | 21′55″62 | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | كەسپىي 125ccB گۇرۇپپىسى بويىچە شەخسلەر مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى | چېڭشىن | 23′47″30 | 1 |
| گېڭ فاڭ | ئايال | يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش | مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقە (3 - نۆۋەت) ۋە شەخسلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 19 — 25 - كۈنىگىچە | شىئەن | 591 ھالقا | 1 |
| نىجات ھۆسەن | ئەر | بوكس 91 كىلوگىراملىقلار | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 8 — 18 - كۈنىگىچە | گۇيجۇ | | 1 |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | F2B (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك يىپتىزگىنلىك پىلانېردا ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 6460.5 نومۇر | 1 |
| خەن شىنپىڭ<br>ۋاڭ ۋېي<br>گاۋ لېي | ئەر | F2B (كوللېكتىپ) | مەملىكەتلىك يىپتىزگىنلىك پىلانېردا ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 14792 نومۇر | 1 |
| ئالىبېك | ئەر | 60 كىلوگىراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنلىرى | خېنەن | | 1 |
| ئېلى نۇر | ئەر | 60 كىلوگىراملىقلار بويىچە قەدىمچە چېلىشىش | 3 قېتىم يىقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | كەسپىي 125ccB يىللىق يەككە ئومۇمىي نەتىجە | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش چاتما مۇسابىقىسى (6 نۆۋەت) | | | 191 نومۇر | 1 |
| قانات ئىسلام | ئەر | بوكس 69 كىلوگىراملىقلار | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە | جىياڭسۇ | | 1 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا 3000 مېتىر يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى | خېفېي | 10′08″58 | 2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ گۈيخۇا | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا يىراققا سەكرەش (A گۇرۇپپا) | مەملىلەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە | يىچۈن | 5.89 مېتىر | 2 |
| جاڭ گۈيخۇا | ئايال | يېنىك ئاتلېتىكا 3 ئاتلاپ يىراققا سەكرەش ( A گۇرۇپپا) | مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە | يىچۈن | 13.06 مېتىر | 2 |
| شىرزات | ئەر | تاپانچا بىلەن ئاستا قارىغا ئېتىش | مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقە (2 - بېكەت) ۋە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 22 — 25 - كۈنىگىچە | نىڭشيا | 1662 ھالقا | 2 |
| ۋاڭ چاۋ<br>تيەن جۇڭۋېي<br>شۇ خەيفېڭ | ئەر | يەككە نۇۋەتلىك ئومۇمىي تۈردە ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە يەككىلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشى | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە | چۇڭچىڭ | 1334 ھالقا | 2 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | ئوقيا ئېتىش | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | 111 ھالقا | 2 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | كەسپىي 125ccB گۇرۇپپىسى بويىچە شەخسلەر مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 23′15″97 | 2 |
| شۇ خەيفېڭ<br>جۇ ۋۇچۈن<br>سۇڭ جۇنجيې<br>چۇيۇڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش شاللاش مۇسابىقىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك ئولىمپىك تۈرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | جېڭ جۇ | 216 ھالقا | 2 |
| جاڭ خۇڭجۈن | ئەر | F1B (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 1660 نومۇر | 2 |
| ياڭ فېڭ<br>خې خەيجياڭ<br>جاڭ خۇڭجۈن | ئەر | F1B (كوللېكتىپ) | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 3811 نومۇر | 2 |
| تاۋ جۈن | ئەر | S6B (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 469 نومۇر | 2 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | شەخسلەر بويىچە 30 مېتىرغا ئوقيا ئېتىش | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى (يەككە نۇۋەتلىك يەككە تۈر) | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 351 ھالقا | 2 |
| شۇ خەيفېڭ | ئەر | شەخسلەر بويىچە 90 مېتىرغا ئوقيا ئېتىش | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى (يەككە نۇۋەتلىك يەككە تۈر) | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 315 ھالقا | 2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەلى نۇر | ئەر | 60 كىلوگراملىقلار قەدىمچە چېلىشىش | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش ۋە تاللاش مۇسابىقىسى | 3 - ئاينىڭ 26 — 29 - كۈنىگىچە | خېفېي | | 2 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | بوكس 64 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسبىقىسى | 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە | جياڭسۇ | | 2 |
| نۇرمەمەت | ئەر | دىسكا ئېتىش | مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقە ۋە ئولىمپىك تاللاش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 58.53 مېتىر | 2 |
| ئابدۇللا ئىبراھىم | ئەر | چويۈن توپ | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 17.71 مېتىر | 3 |
| ئابدۇللا ئىبراھىم | ئەر | چويۈن توپ | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى | خېفېي | 17.85 مېتىر | 3 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | چويۈن توپ | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە جۇڭگو-ياپونىيە قارشىلىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى | تيەنجىن | 17.57 مېتىر | 3 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە جۇڭگو-ياپونىيە قارشىلىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى | تيەنجىن | 4′24″96 | 3 |
| شۆ خېيفېڭ | ئەر | يەككە نۆۋەتلىك 70 مېتىرغا ئوقيا ئېتىش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە | جۇڭچىڭ | 335 ھالقا | 3 |
| شۆ خېيفېڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە شەخسلەرنىڭ شاللاش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك ئولىمپىك تۈرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | جېجۇ | 114 ھالقا | 3 |
| شۆ خېيفېڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە شەخسلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىشتىكى چېمپىيونلۇق، ئولىمپىك شاللاش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە | جۇڭچىڭ | 113 ھالقا | 3 |
| ۋاڭ ۋېي | ئەر | F2B (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك يېپتىزگىنلىك ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | سەنشى | | 3 |
| تاۋ جۈن<br>تۆك دې<br>ۋاڭ شىنخۇا | ئەر | S6B (كوللېكتىپ) | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | سەنشى | 1052 نومۇر | 3 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەمەت غالىپ<br>ئابدۇسەمەت | ئەر | كەسپىي 80cc گۇرۇپپىسى (كوللېكتىپ) | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 15 مىنۇت | 3 |
| خەمىت<br>پەرھات | ئەر | كەسپىي 250cc گۇرۇپپىسى (كوللېكتىپ) | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | 18 مىنۇت | 3 |
| ئەلى ئەركىن<br>سەي يۇڭخۇي | ئەر | كەسپىي 125cc گۇرۇپپىسى (كوللېكتىپ) | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | 19 مىنۇت | 3 |
| ئۇرالبېك | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | خېنەن | | 3 |
| داۋۇتنۇر | ئەر | 55 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | خېنەن | | 3 |
| ما شياۋلى | ئايال | 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 10 — 13 - كۈنىگىچە | خېنەن | | 3 |
| ئالىبېك | ئەر | 60 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | | 3 |
| ئەكبەر يۇسۇپ | ئەر | بوكس 91 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 8 — 18 - كۈنىگىچە | گۈيجۇ | | 3 |
| نۇرمەمەت | ئەر | دىسكا ئېتىش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى | خېفېي | 57.39 مېتىر | 4 |
| لى ۋېنكۇي | ئەر | چويۇن توپ | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى | خېفېي | 17.75 مېتىر | 4 |
| ۋاڭ جيەنبو | ئەر | 10 تۈردە ماھارەت كۆرسىتىش | مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق ۋە ئولىمپىك تاللاش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 7060 نومۇر | 4 |
| جياڭ يۈن | ئايال | دىسكا ئېتىش (A گۇرۇپپا) | مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە | جياڭشى | 40.04 مېتىر | 4 |
| شۇ خەيفېڭ<br>جۇ ۋۇچۇەن<br>سۇڭ جۇنجيې<br>چۇ يۇڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 238 ھالقا | 4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەسەتجان | ئەر | ۋېلسىپىت (ياشلار گۇرۇپپىسى) | مەملىكەتلىك ۋېلسىپىت BMX چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى | تەييۈەن | 4 نومۇر | 4 |
| خې خەيجياڭ | ئەر | F1B (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك يىپتىزگىنلىك پلانېر بىلەن ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 1607 نومۇر | 4 |
| ۋېن لىجياڭ | ئەر | F1C (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك يىپتىزگىنلىك پلانېر بىلەن ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 22 — 30 - كۈنىگىچە | داتۇڭ | 1320 نومۇر | 4 |
| خەمىت<br>پەرھات | ئەر | كەسپىي 125ccA (كوللېكتىپ) | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 - 20 - كۈنلىرى | چېڭشىن | 12 نومۇر | 4 |
| مەمەت غالىپ<br>ئابدۇسەمەت | ئەر | كەسپىي 80cc كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجە | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش چاتما مۇسابىقىسى (6 بېكەت) | | | 65 نومۇر | 4 |
| گۇ مىڭ | ئەر | 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە ئولىمپىك تاللاش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 3′48″01 | 5 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | چويۈن توپ | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە ئولىمپىك تاللاش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 18.45 مېتىر | 5 |
| شېرىپ غالىپ | ئەر | 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش (A گۇرۇپپا) | مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە | يېچۈن | 14′43″54 | 5 |
| ئەسەتجان | ئەر | ۋېلسىپىت (ياشلار گۇرۇپپىسى) | «خۇڭباڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك BMX كىچىك چاقلىق ۋېلسىپىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | 19 نومۇر | 5 |
| شۈ خەيفېڭ | ئەر | شەخسلەرنىڭ 70 مېتىرغا ئوقيا ئېتىشى بويىچە يەككە نۆۋەتلىك يەككە تۈر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 331 ھالقا | 5 |
| شۈ خەيفېڭ | ئەر | شەخسلەر بويىچە ئوقيا ئېتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 108 ھالقا | 5 |
| شۈ خەيفېڭ | ئەر | شەخسلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشى بويىچە يەككە نۆۋەتلىك ئومۇمىي تۈردە ماھارەت كۆرسىتىش | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 1310 ھالقا | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شۆ خېيفېڭ<br>جۇ ۋۇچۇەن<br>سۇڭ جۇنجيې<br>چۇ يۇڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ يەككە نۇۋەتلىك ئومۇمىي تۈردە ماھارەت كۆرسىتىش | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 3873 ھالقا | 5 |
| شۆ خېيفېڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە شەخسلەرنى دەرىجىگە تۇرغۇزۇش مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك ئولىمپىك تۈرى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | جېجياڭ | 653 ھالقا | 5 |
| خۇدابەردى | ئەر | ئات چاپتۇرۇش بويىچە 12 مىڭ مېتىرلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە | مەملىكەتلىك ئات چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 ئاينىڭ 6- كۈنى | ۋۇخەن | 20′17″55 | 5 |
| مەمەت غالىپ | ئەر | 80cc كەسپىي گۇرۇپپىسى (شەخسلەر) | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 18′22″4 | 5 |
| ئىلياس ئەلى | ئەر | ۋېلسىپىت | مەملىكەتلىك BMX كىچىك چاقلىق ۋېلسىپىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | | 5 |
| فۇ شياۋسۇي | ئايال | 68 كىلوگراملىقلار بويىچە تەيچۇەن گۇمپىسى | مەملىكەتلىك ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 18 — 21 - كۈنىگىچە | سەندۇڭ | | 5 |
| ئىرشات | ئەر | 84 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | | 5 |
| ۋاڭ ئېرلېي | ئەر | 48 كىلوگراملىقلار بويىچە مۇشتلىشىش | مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 5 — 11 - كۈنىگىچە | دالىيەن | | 5 |
| بەختىگۈل | ئايال | 67 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | 3 قېتىم يىقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 5 |
| گۇ شيۇئې | ئايال | 63 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | 3 قېتىم يىقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 5 |
| ئورالبېك | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | 3 قېتىم يىقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 5 |
| ئابدۇراخمان | ئەر | بوكس 81 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 5 — 12 - كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 5 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | بوكس 64 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 — 26 - كۈنىگىچە | خېبېي | | 5 |
| تۆلەۋقان | ئەر | بوكس 91 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 19 — 26 - كۈنىگىچە | خېبېي | | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇروسۇل روزى | ئەر | بوكس 64 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە | جياڭسۇ | | 5 |
| ئابدۇراخمان | ئەر | بوكس 81 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە | جياڭسۇ | | 5 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | چويۈن توپ | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | 17.29 مېتىر | 6 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقە ۋە ئولىمپىك تاللاش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | 15′49″25 | 6 |
| لى جىخۇڭ | ئەر | 3 تاقلاپ يىراققا سەكرەش | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى | خاڭجۇ | 15.22 مېتىر | 6 |
| شۈ خېيفېڭ<br>تاۋ فېنگاڭ<br>جۇ ۋۇچۇەن<br>جۇن جۇاڭ | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە ئولىمپىك يەككە نۇۋەتلىك شاللاش مۇسابىقىسىنىڭ كوللېكتىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | «ماۋتەيەن لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 13 - كۈنىگىچە | جۇڭچىڭ | 3858 ھالقا | 6 |
| ئەنۋەر | ئەر | شەخسلەر بويىچە ۋاقىت ھېسابلىنىدىغان ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك تاغلىق يەردە ۋېلسىپىت مىنىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى (4 - بېكەت) | 4 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى | يۈننەن | 19′38″15 | 6 |
| ئالىبېك | ئەر | ئەركىن چېلىشىش 60 كىلوگراملىقلار | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش ۋە تاللاش مۇسابىقىسى | 3 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە | جىنەن | | 6 |
| ساڭ جياۋبى | ئەر | 94 كىلوگراملىقلار بويىچە بىراقلا كۆتۈرۈش | مەملىكەتلىك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 11 - كۈنىگىچە | جىنەن | | 6 |
| ساڭ جياۋبى | ئەر | 94 كىلوگراملىقلار بويىچە مەيدىگە ئېلىپ كۆتۈرۈش | مەملىكەتلىك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 8 — 11 - كۈنىگىچە | جىنەن | | 6 |
| ساڭ جياۋبى | ئەر | ئومۇمىي نەتىجە | | | | | 6 |
| ئابلەت مەخمۇت | ئەر | 110 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈش ( A گۇرۇپپا) | مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 — 12 - كۈنىگىچە | جياڭشى | 15″30 | 7 |
| جۇ ۋۇچۇەن | ئەر | شەخسلەرنىڭ 50 مېتىرغا ئوقيا ئېتىشى بويىچە يەككە نۇۋەتلىك يەككە تۇر | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | 329 ھالقا | 7 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەمىت | ئەر | كەسپىي 250cc شەخسلەرنىڭ ئۇمۇمىي نەتىجىسى | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | 82 نومۇر | 7 |
| مەمەت غالىپ | ئەر | كەسپىي 80cc شەخسلەرنىڭ ئۇمۇمىي نەتىجىسى | «جيالىڭ لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | 80 نومۇر | 7 |
| يۇسۇپجان | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمچە چېلىشىش | 3 قېتىم يېقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 7 |
| تۇرسۇنجان | ئەر | 66 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمچە چېلىشىش | 3 قېتىم يېقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 7 |
| ما شياۋلى | ئايال | 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | ئۈچ قېتىم يېقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 7 |
| ئېرشات | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | 3 قېتىم يېقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 12 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 7 |
| داۋۇتنۇر | ئەر | 55 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەركىن چېلىشىش | 3 قېتىم يېقىتىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 1 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭدۇڭ | | 7 |
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 25 — 26 ـ كۈنلىرى | خېبېي | 4′21″42 | 8 |
| ۋاڭ جيەنبو | ئەر | 10 تۈردە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش | مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 25 — 26 ـ كۈنلىرى | خېبېي | 2770 نومۇر | 8 |
| لى نا | ئايال | قارىغا ئېتىش 3×20 | مەملىكەتلىك چاتما مۇسابىقە (3 ـ بېكەت) ۋە شەخسلەرنىڭ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 19 — 25 ـ كۈنىگىچە | شەنشى | 583+96.2 679.2 ھالقا | 8 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | 18 مېتىرغا ئوقيا ئېتىش بويىچە ئىككى نۆۋەتلىك شەخسلەر | مەملىكەتلىك زال ئىچى لەۋھە تالىشىش بويىچە دەرىجىگە تۇرغۇزۇش مۇسابىقىسى | 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە | بېيجىڭ | 569 ھالقا | 8 |
| جۇ ۋۇچۈەن | ئەر | ئوقيا ئېتىش بويىچە شەخسلەرنى دەرىجىگە تۇرغۇزۇش مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك ئولىمپىك تۈرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 15 — 20 ـ كۈنىگىچە | جېجياڭ | 649 ھالقا | 8 |

يۇ جىنخۇا

## يەككە تۈر مۇسابىقىلىرى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدا يېنىك ئاتلېتىكا، تېز تېيىلىش، ۋاسكېتبول، قۇملۇق ۋالېبولى، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، بوكس، پۇتبول، خەلقئاراچە چېلىشىش، ۋالېبول، تىكتاكتوپ، ئاياللار ئەركىن چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، تەيچۇەنداۋ، چامباشچىلىق، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 16 قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 2691 ياش ـ ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

مۇسابىقىدە 4 كوماندا، 30 ماھىر ئاپتونوم رايوننىڭ 29 تۈرلۈك رېكورتىنى 64 قېتىم بۇزدى، 2 تەنھەرىكەتچى دۆلەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە، 14 تەنھەرىكەتچى 1- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 24 كوماندا، 182 تەنھەرىكەتچى، 33 رېپىر تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۈ جىنخۇا

## خەلقئارا ئىسسىق كۆل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

4 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىسسىق كۆل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 — 12 - كۈنلىرىچە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل تەنتەربىيە بازىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو، روسىيە، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستانلاردىن كەلگەن 23 ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. جۇڭگو شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم تەكلىپ بىلەن قاتناشتى، شىنجاڭ ئۆمەك تەشكىللەپ دۆلىتىمىزگە ۋاكالىتەن بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتى.

جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى 84 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش، پۇتبول، قۇملۇق ۋالىبولى، چويلا توپ، تىكتاكتوپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قول قايرىش، ئارغامچا تارتىشىشتىن ئىبارەت 9 چوڭ تۈر، 44 كىچىك تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 15 ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى، ئالتۇن مېدال سانى جەھەتتە 1 - ئورۇندا تۇردى.

يۈ جىنخۇا

## 8 - نۆۋەتلىك ئاسىيا پاراشوت بىلەن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئاسىيا كىندىكى مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، قازاقىستان، كورىيە، موڭغۇلىيە، چاۋشيەن، ياپونىيە، ئومان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئاۋستىرالىيە، مالايسىيا، شۋېتسىيە، جۇڭگو ۋە جۇڭگو شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق 13 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگە 160 تەنھەرىكەتچى، رېپىر ۋە ئەمەلدار ئەر - ئاياللارنىڭ شەخسلەر بويىچە بەلگىلەنگەن نۇقتىغا پاراشوت بىلەن سەكرەش، ئەر - ئاياللارنىڭ شەخسلەر بويىچە پاراشوت بىلەن ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ سەكرەش، ئەر - ئاياللارنىڭ شەخسلەر بويىچە ھەممە تۈردە ماھارەت كۆرسىتىپ پاراشوت بىلەن سەكرەش، ئەر - ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ بويىچە بەلگىلەنگەن نۇقتىغا پاراشوت بىلەن سەكرەش، 4 ئادەم شەكىل چىقىرىپ پاراشوت بىلەن سەكرەش ۋە 4 ئادەم نۆۋەتلىشىپ پاراشوت بىلەن سەكرەشتىن ئىبارەت 10 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىدە تەخمىنەن 80 ئايروپىلان (قېتىم) 40 نەچچە سائەت ئۇچتى، 800دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) پاراشوت بىلەن سەكرىدى. جۇڭگو كوماندىسى ئەر - ئاياللارنىڭ ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ پاراشوت بىلەن سەكرەش، ئەر - ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ بويىچە بەلگىلەنگەن نۇقتىغا پاراشوت بىلەن سەكرەش، 4 ئادەم نۆۋەتلىشىپ پاراشوت بىلەن سەكرەش ۋە 4 ئادەم شەكىل چىقىرىپ پاراشوت بىلەن سەكرەشتىن ئىبارەت 6 تۈردە چېمپىيون بولدى. مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش مەركىزى باشقۇردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈيۈشتۇردى.

جىن خۇا

## 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا بوكس ئاشكارا مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان، موڭغۇلىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىران، فىلىپپىن، ۋېيتنام، جۇڭگو كوماندىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ، جياڭسۇ كوماندىلىرىدىن 110 تەنھەرىكەتچى 11 دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ كوماندىسى 4 تۈردە چېمپىيون، بىر تۈردە 2 -، 2 تۈردە 3 - بولدى. مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۈيۈشتۇردى.

شياۋ يۈ

## 4 دۆلەتنىڭ خەلقئارا دەرىجىدىن تاشقىرى ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 — 16 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە كانادا، كرودىيە، برازىلىيە، جۇڭگودىن ئىبارەت 4 دۆلەت كوماندىسى قاتناشتى. مۇسابىقىدە يەككە ئايلانما تۈزۈمى قوللىنىلىپ، 6 مەيدان مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا جۇڭگو كوماندىسى 3 كوماندىنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولدى، جۇڭگونىڭ داڭلىق ۋاسكېتبول چولپىنى ياۋ مىڭ مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇردى.

شياۋ يۈ

## خەلقئارا ئاياللار ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 — 11 - كۈنىگىچە كۇيتۇڭ، ساۋەن، سانجى، گۇچۇڭ، كۇچالاردا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە شاڭخەي ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى، جياڭسۇ سۇنىڭ يەر شارى «سۇمرۇغ» ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى، قازاقىستان دۆلەتلىك ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى، قىرغىزىستان دۆلەتلىك ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسىدىن ئىبارەت 4 كوماندا قاتناشتى. مۇسابىقە يەككە ئايلانما بويىچە ھەر بېكەتتە 3 مەيداندىن جەمئىي 15 مەيدان ئۆتكۈزۈلدى. 15 كۈن داۋام قىلىپ 5 ئورۇندا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقىدە جياڭسۇ سۇنىڭ يەر شارى «سۇمرۇغ» ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى تولۇق غەلىبە قىلىشتەك نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى.

جىڭ خۇا

## مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە 16 مۇسابىقە رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە ساھىپخان ۋە مېھمان مەيدان تۈزۈمى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى، 10 نەچچە ساھىپخان مەيدان مۇسابىقىسى ئارقىلىق شىنجاڭ گۇاڭخۇي «ئۇچار يولۋاس» كوماندىسى 5 - بولدى.

يۇ شېڭۋېي

## ئۈرۈمچى خەلقئارا پۇتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە ئەنگلىيە ستوك پورتى كوماندىسى، قازاقىستان ھەربىي تەنتەربىيە مەركىزى كوماندىسى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى كوماندىسى قاتناشتى. مۇسابىقە يەككە ئايلانما تۈزۈمى بويىچە 3 مەيدان ئۆتكۈزۈلدى، ئاخىرىدا قازاقىستان ھەربىي تەنتەربىيە مەركىزى كوماندىسى 1 -، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى كوماندىسى 2 -، ئەنگلىيە ستوك پورتى كوماندىسى 3 - بولدى. مۇسابىقىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى، شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت - سودا گۇرۇھى ئۈيۈشتۇردى.

جىڭ خۇا

## «دېخۇي پاراۋۇز لوڭقىسى» شىنجاڭ خەلقئارا ۋاسكېتبول قارشىلىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە شىنجاڭ گۇاڭخۇي كوماندىسى بىلەن ئامېرىكا ستۇدېنت چولپانلار كوماندىسى قاتناشتى. مۇسابىقە 3 مەيدان ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي كوماندىسى بىر مەيدان ئۇتۇپ 2 مەيدان ئۇتتۇردى.

خۇ خۇا

## مەملىكەتلىك بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش، گۈزەللىك گىمناستىكىسى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە چېنىققان ئەپەندى، چېنىققان خانىقىز مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 — 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەت بويىچە 21 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن 50تىن ئارتۇق كوماندا ۋە 500چە تەنھەرىكەتچى 22 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 11 ئالتۇن مېدال ئالدى. مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىلىك مەركىزى، جۇڭگو بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش جەمئىيىتى باشقۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى، تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى، شىنجاڭ «لەييۇەن» گۇرۇھى ئۈيۈشتۇردى.

خۇ خۇا

## مەملىكەتلىك سۇ تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ سۇ تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە جياڭشى، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، شياڭگاڭ، ۋۇخەن تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى، پايتەخت تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ فۇباڭ ئېمىڭ سۇ تېيىلىش كۇلۇبىدىن ئىبارەت 8 كوماندىدىن كەلگەن 51 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

خۇ خۇا

## 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياش — ئۆسمۈرلەر پلانىر مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىرىدىكى 24 كوماندىدىن 747 ياش - ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى. مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، كوممۇنىستىك ياشلار

ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا خىزمەت كومىتېتى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى باشقۇردى، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكىتى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەشىقى 2- چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق - دېڭىز - ھاۋا مودېل تەنھەرىكىتى ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇردى.

شياۋ يۈ

## جۇڭگو ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىلىرى (ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر) نىڭ غەربكە سەپىرىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە جياڭسۇ نەنگاڭ كوماندىسى، شەندۇڭ جىنىسدۈن كوماندىسى، خېنەن رېنخې كوماندىسى ۋە شىنجاڭ گۇاڭخۇي كوماندىسى جۇڭگو ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىلىرى (ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر) نىڭ غەربكە سەپىرىدىكى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، كورلا، قەشقەر، قۇمۇل بېكەتلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەييارە مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى. جياڭسۇ نەنگاڭ كوماندىسى ئۈرۈمچى بېكىتىنىڭ چېمپىيونى؛ شىنجاڭ گۇاڭخۇي كوماندىسى قالغان 4 بېكەتنىڭ چېمپىيونى بولدى. ھەر بېكەتتىكى مۇسابىقىدە 1-، 2 -، 3 -، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات تەسىس قىلىندى، مۇكاپات پۇلى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا ياردەم قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

جىن خۇا

## ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 6 تەنتەربىيە مەكتىپىگە 980 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 350، ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 150، قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 150، ئاقسۇ تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 150، ئىلى تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 100، سانجى تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىنى 80. 8 ئادەم (قېتىم) مەملىكەتلىك ھەر خىل تەبىيىلەشلەرگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن 5ى يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، تىكتاك توپ تېرېنېرلىرىنىڭ ئالىي كۇرسىغا، 3 ئادەم (قېتىم) باشقا كۇرسلارغا قاتناشتى. بىر قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ۋاسكېتبول تېرېنېرلىرى كۇرسى، بىر قېتىم ۋالېبول ترېنېرلىرى كۇرسى ئېچىلدى، 31 تېرېنېر ئۆگىنىشكە قاتناشتى. رۇداۋچە چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، قارىغا ئېتىش، ۋېلسىپېت، بوكس، چېلىشىش تۈرلىرى بويىچە 19 رېپىر مەملىكەتلىك كۇرسلارغا ۋە ئۆرلەش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى، 11 ئادەم (قېتىم) مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرنىڭ رېپىرلىقىنى ئۆستىگە ئالدى، 17 ئادەم دۆلەتلىك رېپىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. بىر ئادەم خەلقئارالىق تەنھەرىكەت ماھىرى، 9 ئادەم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈلدى.

خو چۈنجياڭ

## ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىدىن 6سى قۇرۇلدى. ئۇلار: غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، چاپچال ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قۇتۇبى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سانجى ئوبلاستلىق نۇقتىلىق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قۇمۇل شەھەرلىك 15- باشلانغۇچ مەكتەپ، كورلا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىدىن ئىبارەت. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى 56گە يەتتى.

ۋاڭ كېجيەن

# ئاممىۋى تەنتەربىيە

## 12 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 — 28 - كۈنىگىچە ئافىنادا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، ئىلىلاردىن كەلگەن ۋاڭ يەنخۇڭ، جاڭ نەن، چېن لىپىڭ، لى لىڭ، جېڭ ۋېيخەي، چېن فاڭ ۋە ئېرلاندىن ئىبارەت 7 مۇنەۋۋەر مېيىپ تەنھەرىكەتچى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا (چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئېتىش)، ئوقيا ئېتىش ۋە ئەمالار رۇداۋچە چېلىشىشتىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈرنىڭ 13 كىچىك تۈردىكى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى، بىر تۈردە 4 -، بىر تۈردە 6 -، 3 تۈردە 8 - بولۇپ، شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئېلىپ باقمىغان ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ۋاڭ يەنخۇڭ (ئۈرۈمچىدىن) 92 ھالقىلىق نەتىجە

بىلەن ARS7 دەرىجىلىك 70 مېتىرغا (ئۆرە تۇرۇپ) قارىغا ئېتىش بويىچە ئاياللارنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالدى، بۇ جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تۇنجى بولۇپ ئالغان ئالتۇن مېدالى؛ جېڭ ۋېيخوڭ (ئۈرۈمچىدىن) 42.64 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن F57 دەرىجىلىكلەر بويىچە ئەرلەرنىڭ دىسكا ئېتىش تۈرىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇشۇ تۈردىكى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ لى لىڭ (قارامايدىن) F57 دەرىجىلىكلەر بويىچە ئاياللارنىڭ چويۇن توپ، دىسكا ئېتىش تۈرىدە 2 كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، دىسكا ئېتىش نەتىجىسى دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ چېن لىپىڭ (قارامايدىن) F57 دەرىجىلىكلەر بويىچە ئاياللارنىڭ دىسكا ئېتىش ۋە نەيزە ئېتىش تۈرىدە 2 مىس مېدالغا ئېرىشتى.

بىڭتۇەننىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ جىچۈەن بىلەن جيۇ دېلۇن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، بۇ بىڭتۇەندىكى مېيىپ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى.

يۈ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 — 24 - كۈنىگىچە جياڭشى يىچۈندە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، مانجۇدىن ئىبارەت 5 مىللەتتىن بولغان 58 ئادەمدىن تەشكىل تاپتى، ئۇلار جۇڭگوچە چېلىشىش، لەگلەك ئۇچۇرۇش، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىيچە 3 تۈرى، چامباشچىلىق ۋە يېنىك ئاتلېتىكىدىن ئىبارەت 5 چوڭ تۈرنىڭ 27 كىچىك تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 7 مىس مېدال ئالدى، بىر تۈردە 4 -، بىر تۈردە 6 -، 2 تۈردە 7 - بولدى، 5 تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە ئەخلاق-پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جىن خۇا

## مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ستۇدېنتلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ 52 تەنھەرىكەتچىسىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاك توپ، بەلگىلەنگەن يۆنىلىش بويىچە دالىدا مېڭىشتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بىر تۈردە چېمپىيون، 2 تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 - بولدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئابدۇللا ئەرلەر ئا گۇرۇپپىسىنىڭ چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى.

شياۋ يۇ

## مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاياللارنىڭ ساغلاملىقنى نامايەن قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى ۋۇخەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس مىللىتىدىن تەشكىللەنگەن 32 تەنھەرىكەتچىسى تەيجى گۇڭفۇسى، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسىدىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 6 مېدالغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ ياخشى» دېگەن مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئالاھىدە كېڭەيتىش مۇكاپاتى بويىچە 1 - بولدى؛ تەيجى گۇڭفۇسى ماھىرى چېڭ گۇيشياڭ ئاياللار ب گۇرۇپپىسىنىڭ شەخسلەرنىڭ 24چە ئويناش تۈرىدە ئالتۇن مېدالغا، تەيجى گۇڭفۇسى ۋە ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى كوللېكتىپ كۈمۈش مېدالغا، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ۋە ئاكتىپ قاتنىشىش مۇكاپاتىغا، 3 كوماندا، 6 تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خۇ خۇا

## ئومۇمخەلق ساغلاملىق ھەپتىلىكى پائالىيىتى

2004 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئومۇمخەلق ساغلاملىق ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغىنىغا 10 يىل بولدى. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شىنجاڭدا «تۇرمۇشتا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، ساغلام بەدەن بولۇش، چېنىقىش، ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرۈش» تېما قىلىنغان ئومۇمخەلق ساغلاملىق ھەپتىلىكى پائالىيىتى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. جايلاردا 2000 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك ساغلاملىق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 6 - ئاينىڭ 12-كۈنى 2004 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئومۇمخەلق ساغلاملىق ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى باشلاش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يامالىق تېغىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1500 ئاھالىسى يامالىق تېغىغا مېڭىپ چىقىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «جۇڭگو

تەنتەربىيە لاتارىيىسى لوڭقىسى» بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئومۇمخەلق ساغلاملىق ھەپتىلىكىنىڭ ئومۇمخەلق پىيادە مېڭىش پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇ ئۈستى باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، 1000 ئادەم 5000 مېتىرغا پىيادە مېڭىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. پائالىيەتتە يەنە شىنجاڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى، ياشانغانلارنىڭ ساغلاملىق ياڭگېر ئۇسۇلى، مەھەللە ياڭگېر ئۇسۇلى، كوچا ئۇسۇلى، مۇلەن يەلپۈگۈچ ئۇسۇلى قاتارلىق نومۇرلار ئوينالدى.

خۇ خۇا

## 4 - نۆۋەتلىك ئومۇمخەلق ساغلاملىق تەنھەرىكەت بايرىمى

بۇ بايرام 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 — 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى. جايلار «تەنتەربىيىدە ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل ساغلاملىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 9 - ئاينىڭ 11 — 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ خەلق مەيدانىدا 4 - نۆۋەتلىك ئومۇمخەلق ساغلاملىق تەنھەرىكەت بايرىمى بويىچە مەھەللە ساغلاملىق ئويۇنى پائالىيىتى ۋە «ئۈرۈمچىدە ياز» ناملىق مەيدان مەدەنىيەت - ساغلاملىق پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. 35 مەھەللە ئويۇن قويۇش ئەترىتى 1000دىن ئارتۇق تاماشىبىنغا ساغلاملىق گىمناستىكىسى، گۈزەللىك گىمناستىكىسى، ساغلاملىق توپى، چامباشچىلىق، ئەۋرىشىم توپ، تەيجى گۈمپىسى قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنلاپ بەردى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئومۇمخەلق ساغلاملىق تەنھەرىكەت بايرىمى كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى تەيجى قىلىچ گۈمپىسى، تەيجى مۇشت گۈمپىسى، ھەربىيچە مۇشتلىشىش، ساغلاملىق گىمناستىكىسى، لاتىن ئۇسسۇلى، گۈمپا يەلپۈگۈچى، رېزىنكە ئۇسسۇلى قاتارلىق 15 تۈردە نومۇر ئورۇنلىدى.

شياۋ يۇ

## چېنىقىش سايمانلىرىنىڭ ھەدىيە قىلىنىش ئەھۋالى

2004 - يىلى جۇڭگو تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەنتەربىيە لاتارىيىسى جامائەت پاراۋانلىقى فوندى 8 - تۈركۈم ئومۇمخەلق ساغلاملىق «يول قۇرۇلۇشى» بويىچە 1 مىليون 824 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى چېنىقىش سايمانلىرىنى شىنجاڭغا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يول بويىغا ئورنىتىدىغان چېنىقىش سايمىنى 38 يۈرۈش، تېكتاپ توپ ئۈستىلى 38، ئۆلچەملىك ئاددىي ۋاسكېتبول گارى 30، كىچىك ۋاسكېتبول گارى 8. ئاپتونوم رايون %80تىن كۆپرەك سايماننى يېزىلارغا بەردى. يول بويىغا ئورنىتىلىدىغان سايمانلار توقسۇ، شايار، ئاۋات، كەلپىن، دۆربىلجىن، توقسۇن، جىمىنەي، بۇرۇلتوقاي، نىيە، كېرىيە، جىمسار، قاغىلىق، يەكەن، چاپچال، ئاراتۇرۇك، كۈيتۇڭ، بۇرچىن قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە؛ ئاددىي گار، تېكتاك توپ ئۈستىلى، ياغاچ گارلارنىڭ ھەممىسىنى يېزا - بازارلارغا تەقدىم قىلىندى.

جاۋ كۈن

## خەلق ساغلاملىقىنى ئۆلچەپ ئۆلچەملىك ساغلاملىقتا يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش پونكىتى

2004 - يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە 12 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا خەلق ساغلاملىقىنى ئۆلچەپ ئۆلچەملىك ساغلاملىقتا يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش پونكىتى قۇردى، شىنجاڭدىن سانجى شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا خەلق ساغلاملىقىنى ئۆلچەپ ئۆلچەملىك ساغلاملىقتا يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش پونكىتى قىلىپ بېكىتىلدى.

شياۋ يۇ

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن مائارىپ نازارىتى بىرلىشىپ 2004 - يىل 2 - ئايدا «‹دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى› گە يەتكەنلەرنى ستاتىستىكىلاپ يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى دائىملىق خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىغا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. 5- ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ۋە قاراماي مۇسابىقە رايونلىرىدا مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ 3 كىشىلىك ۋاسكېتبول چېمپىيونلۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۈرۈمچى «يۈتۈش دەۋرى» كوماندىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى ۋە غەربىي قىسىم مۇسابىقە رايونىنىڭ چېمپىيونى، مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە 3 - بولدى. شىنجاڭ بېكتۇەن كوماندىسى مەملىكەتلىك ئۇنىمىد باشلانغۇچ مەكتەپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 4 ئالتۇن

مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدالغا ۋە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

خۇ خۇا

## شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللىلەر

2004 - يىلى شىنجاڭدا شەھەر تەنتەربىيىسىدە ئىلغار مەھەللە بەرپا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى خۇڭمياۋزى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، سانجى شەھىرى شىمالىي يەنئەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، مىچۈەن شەھىرى شەرقىي گۈمۈدى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى تەڭرىتاغ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى شىنىڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە بولۇپ باھالاندى.

جاۋ كۈن


## تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا - بازارلار

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى ئەرگۇڭ يېزىسى، تەڭرىتاغ رايونى داۋان يېزىسى، دۇڭسەن رايونى لۇساۋگۇ يېزىسى، قۇتۇبى ناھىيە تاشپەلەمپەي قازاق مىللىي يېزىسى، سانجى شەھىرى ئاشلى قازاق يېزىسى، جىمسار ناھىيە دايۇ يېزىسى، كۇنەس ناھىيە ئالمالى يېزىسى، تېكەس ناھىيە چىلئۆزەك يېزىسى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش، ئاغۇ، ئازاق يېزىلىرى، خېجىڭ ناھىيە بالغۇنتاي بازىرى، پوسكام ناھىيە پوسكام يېزىسى، قاغىلىق ناھىيە ئۇششاق باش بازىرى، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ لىۇماۋۋەن، دۇڭۋەن، شىگوبى بازارلىرى، كۇچا ناھىيە ئۇزۇن بازىرى، شايار ناھىيە تويبولدى بازىرى، كۆكتوقاي ناھىيە تۇرغۇن يېزىسى، قابا ناھىيە كۆلباي يېزىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا - بازار» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

كېرىم

## مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار تەيجى ئەۋرىشىم توپ مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 — 22 -



ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - قېتىملىق تەنتەربىيە سورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە قانات يايدۇرۇلدى: سۈرەتتە تەكشۈرگۈچىلەر تەنتەربىيە مەيدانىنى ئۆلچىمەكتە.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن

كۈنگىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە بېيجىڭ، شاڭخەي، چىڭخەي، گۈيجۇ، سەنشى، شىنجاڭ قاتارلىق 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ 60 كوماندىسىدىكى 800 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. شىنجاڭدىن 16 كوماندا قاتنىشىپ، 17 يەككە تۈر مۇسابىقىنىڭ 4 تۈرىدە 1 -، 9 تۈرىدە 2 -، 9 - تۈرىدە 3 - بولدى. مۇسابىقىنى جۇڭگو ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇردى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، كورلا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇش ئورنى ئۇيۇشتۇردى.

لى گۇاڭخۇي

## ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ساغلام ياشانغانلارنى باھالاش ئەھۋالى

بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 2004 - يىل 8 - ئايدا ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېشى 85تىن ھالقىغان 41 پېشقەدەم باھالاشقا قاتناشتى، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 96 ياش. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 29، ئايال 12، ئاز سانلىق مىللەت 7. بۇلار ئىچىدە جۇ فۇشيۇ (ئايال)، خې جوڭلياڭ، گاجى، لى

يۈيشيڭ، ماۋ شۇجو، ئابدۇللا ماموت، ھېيت قۇربان، شۇ نەيچۈن، رۇەن بىجېن (ئاپال)، سىدىق نۇر قاتارلىق 10 ئادەم يۇقىرىغا يوللىنىپ مەملىكەت بويىچە ساغلام پېشقەدەملىككە كۆرسىتىلدى.

لى گۇاڭخۇي

## مېيىپلار تەنتەربىيىسى

2004 - يىل شىنجاڭدىن 7 تەنھەرىكەتچى، 2 تىرېنېر 10 - نۆۋەتلىك مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىلىرى شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مېيىپلار قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئوقيا ئېتىشتا 4 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال ئېلىش ۋە قارىغا ئېتىشتا بىر تۈردە 5 - بولۇشتەك ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 4 - ئايدا جياڭشى ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مېيىپلار ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ئەمالار رۇداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىسى ئەرلەرنىڭ 81 كىلوگراملىقلار بويىچە ئالتۇن مېدال ئالدى. خۇنەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 4 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم كوماندا تەشكىللەپ خاربىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك گاسلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 21 ئەرلەر كوماندىسى ئىچىدە 9 - بولدى.

خۇ خۇا

## تەنتەربىيىدە «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتى

دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 2004 - يىلنى «يېزا تەنتەربىيە يىلى» قىلىپ بېكىتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىرېنېرلار، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى - تەشۋىقات خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان تەنتەربىيىدە «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتى خىزمەت ئۆمىكى مارالبېشى، كۇچا، بۈگۈر، باركۆل، مورى، گۈچۈڭ، ئارىشاڭ، شىخۇ قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەرگە بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا 400 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تەنتەربىيە سايمانلىرى ۋە 2 مىليون يۈەن «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» پۇلى بەردى؛ بوكس، چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، پلانېر ئۇچۇرۇش، ۋاسكېتبول تۈرلىرى بويىچە 40 مەيداندىن ئارتۇق نومۇر كۆرسەتتى؛ تەنتەربىيە بىلىملىرى بويىچە 24 تەشۋىقات تاختىسى ياسىدى، دۆلەت خەلق ساغلاملىقنى تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىش پائالىيىتى خىزمەت ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە 2000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچى ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىنى ھەقسىز تەكشۈردى.

يۈ جىنخۇا

## تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى خىزمىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى باش ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ساھە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەككە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ساھە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەككە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى باش كاتىپلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، جەمئىيەتلەرنىڭ يىللىق تەكشۈرۈش، يىللىق قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى تەلەپ قىلىندى. جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغاندا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى تەكىتلەندى. «لەييۈەن مەيدانى لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك بەدەن گۈزەللىكى مۇسابىقىسى، جۇڭگودىكى چېنىققان ئەپەندى، چېنىققان خانقىزلار مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارا ئاياللار ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 600گە يېقىن تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 12 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 60تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا يېڭى تارىخىي دەۋردە تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى 14، تەنتەربىيە جەمئىيىتى 3، يەككە تەنتەربىيە جەمئىيىتى 36، ساھە تەنتەربىيە جەمئىيىتى 11 بولدى.

لى تۇڭ

## ئومۇمخەلق ساغلاملىق ئورۇنلىرى قۇرۇلدى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ «ياخشى ئائىلە» ئومۇمخەلق ساغلاملىق ئورنى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. بۇ ئورۇننىڭ كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ چېنىقىشى ئۈچۈن

جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بەلگىسى ئالاھىدە ئىجازەت بىلەن چۈشۈرۈلگەن، دۇنيا بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان توكلۇق يۈگۈرۈش ماشىنىسى، چېنىقىش ماشىنىسىنىڭ يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئوكسىگېنلىق ۋە كۈچلەندۈرۈپ مەشىق قىلدۇرىدىغان 125 سايمان كىرگۈزۈلدى، بۇ شېنجېن «ياخشى ئائىلە» چەكلىك شىركىتى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەنتەربىيىگە مەبلەغ سېلىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى شۇنداقلا شىنجاڭ بويىچە تەنتەربىيىگە مەبلەغ سېلىشتا ئەڭ كۆپ مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈر ۋە غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ئومۇمخەلق ساغلاملىقى بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

يۇ جېنخۇا

# تەنتەربىيە كەسپى

## تەنتەربىيە لاتارىيىسى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 169 مىليون يۈەنلىك تەنتەربىيە لاتارىيىسى سېتىلىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 13 مىليون 700 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 8.8% ئاشتى، يىللىق سېتىلىش مىقدارىنىڭ ساپ ئېشىش قىممىتى مەملىكەت بويىچە مۆلچەر ساھەدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېردا سېتىلىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيىسى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 18.45% بولۇپ، ساپ ئېشىش قىممىتى مەملىكەت بويىچە مۆلچەر ساھەدە ئۇدا 1 ـ بولدى. يىللىق سېتىلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 21 ئورۇندا بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3 ئورۇن ئۆرلەپ، ئوتتۇرا ـ شەرقىي رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا كىردى. بىر يىلدا 8 مىليون 170 مىڭ يۈەن تاسادىپىي تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇلدى. بىر يىلدا توپلانغان جامائەت پاراۋانلىق فوندى 59 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 4 مىليون 790 مىڭ يۈەن ئاشتى. 2004 ـ يىلى مىليون يۈەندىن يۇقىرى چوڭ مۇكاپاتتىن 5ى چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون يۈەنلىك مۇكاپات بىر؛ پۇتبول لاتارىيىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 360ى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 3949ى چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئويناش ئۇسۇلىنىڭ 04040 ـ قارارلىقى ۋە توپ كىرگۈزۈش بويىچە ئويناش ئۇسۇلىنىڭ 04045 ـ قارارلىقىدا شىنجاڭنىڭ لاتارىيە ھەۋەسكارلىرى بىراقلا 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، جۇڭگو پۇتبول لاتارىيىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىش رېكورتىنى ياراتتى.

شيې يابىن

## تاغقا چىقىش ساياھىتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، كانادا، فرانسىيە، ئىسپانىيە، ئاۋىستىرىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ئاۋىستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، چېخ، ئىران، ياپونىيە، كورېيە ۋە جۇڭگو تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق 18 دۆلەت ۋە رايوننىڭ 44 تاغقا چىقىش كوماندىسى ۋە 15 ئالاھىدە ساياھەت ئۆمىكىدىكى جەمئىي 435 ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. مەملىكەتتىكى 4 تاغقا چىقىش ئەترىتى شىنجاڭدا تاغقا چىقىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

جىن يىڭجيې

## 2004 ـ يىللىق (پالادىن) شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك دالا ئاپتوموبىلىنىڭ مەيداندا مۇسابىقىلىشىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ 27 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 11 مۇسابىقە ئاپتوموبىلى ۋە 22 ماھىر 2 كۈنلۈك مۇسابىقىگە قاتناشتى.

جىن يىڭجيې

## «جۇڭكۇن لوڭقىسى» بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقئارا ئىسسىق گاز شارى ئىقتىدارلىقلار مۇسابىقىسى ۋە جۇڭگو خەلقئارا ئىسسىق گاز شارى سەييارە مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 — 15 ـ كۈنىگىچە ئاتۇش، قەشقەر، ئاقسۇ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئاۋىستىرىيىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ ۋە دۆلىتىمىزدىكى 40 ئىسسىق گاز شارى كۆلۈبى كوماندىسى قاتناشتى. بۇ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئىسسىق گاز شارى مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. مۇسابىقىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 150 مىڭچە ھەر مىللەت ئاممىسى كۆردى.

جىن يىڭجيې

## جۇڭگو شىنجاڭ تەكلىماكان چۆلىنى ئاپتوموبىل بىلەن كېسىپ ئۆتۈش بويىچە جەڭ ئېلان قىلىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى جۇڭگو ئاپتوموبىل ھەرىكىتى بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ ئاپتوموبىل ھەرىكىتى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى. بۇ مۇسابىقىگە 14 مۇسابىقە ئاپتوموبىلى، 28 ماھىر، 13 خىزمەت ئاپتوموبىلى، 3 ئاخبارات ئاپتوموبىلى، جەمئىي 60 نەچچە ئادەم قاتناشتى، ئۇلار 2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، كورلا، چاقىلىق، مىرەن، لوپنۇر، كروران قەدىمىي شەھىرى، دىغالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇرپانغا كەلدى. ئومۇمىي مۇساپە 4 مۇسابىقە بۆلىكىگە بۆلۈندى، 2100 كىلومېتىر يول يۈرۈلدى.

جىن يىڭجيې

## مۇزتاغ خەلقئارا ستۇدېنتلارنىڭ مۇھىت ئاسراش بويىچە تاغقا چىقىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە مۇزتاغ چوققىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، كورىيە، يېڭى زېلاندىيە، چېخدىن ئىبارەت 6 دۆلەتتىن ۋە جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەملىكىتىمىزدىكى 7 ئۇنىۋېرسىتېت ھەم شىزاڭ تاغقا چىقىش مەكتىپىدىن كەلگەن 32 ستۇدېنت تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى. تاغقا چىقىش پائالىيىتىگە تۇنجى قېتىم قاتناشقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسى ئىلھام مەمەت بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 22 ستۇدېنت 7546 مېتىرلىق چوققىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار تاغقا چىقىش مەزگىلىدە مۇھىت ئاسراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

جىن يىڭجيې

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى

ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى 2004 ـ يىلى ئاممىنىڭ ساغلام تۇرمۇشنى بېيىتىش، ئومۇمخەلق ساغلاملىق پائالىيىتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل خۇمارلىق ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ گىمناستىكا گىمناستىكا، خەلق ئۇسسۇلى، مىللىي مۇزىكىلار بىر گەۋدە قىلىنغان، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، يۈرەك ـ ئۆپكە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان، بەدەننىڭ ئوكسىگېنلىق ماددا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدىغان، بەدەننىڭ ئەۋرىشىملىكى ۋە سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرىدىغان، توغرا بەدەن ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، گۈزەل قىياپەتنى يارىتىدىغان، گۈزەل مىجەزنى يېتىلدۈرىدىغان يېنىك، گۈزەل، ساغلام بولغان بىر خىل ئاممىۋى چېنىقىش شەكلى. بۇ گىمناستىكىنى پېڭ خېپىڭ، جاڭ يۈسۈن، ۋاڭ چۈنيەنلەر تۈزدى، مۇزىكىسىغا شىنجاڭنىڭ «ياخشى» دېگەن خەلق ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسى ئىشلىتىلدى. بۇ گىمناستىكا بەدەن قىزىتىپ تەييارلىق كۆرۈش، ئوكسىگېنلىق مەشىق قىلىش، ئەركىن قويۇۋېتىپ تۈزەشتۈرۈشتىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئويناشقا تەخمىنەن 5 مىنۇت كېتىدۇ. 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئايال‌لار ساغلاملىقنى نامايان قىلىش يىغىنىدا شىنجاڭ كروران سەنئەت ئۈمىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر تۈزگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى شىنجاڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسىنى رەسمىي مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەلگە كېڭەيتتى.

جىن خۇا

# مىللەت، دىن

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. 5 ئوبلاست، 6 ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. 5 ئوبلاست، 6 ناھىيىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا 50 يىل توشقان 2004 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 11 ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى ۋە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 5 ئاپتونوم ئوبلاستىكى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى ۋە 6 ئاپتونوم ناھىيىدىكى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ھەم ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ياخشى، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بەردى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىدىن 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ، مىللىي يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 22 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن تىپلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى مۇستەھكەملىدى، يۈكسەلدۈردى. دۆلەت «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا 20 يىل توشقاندا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى تەشۋىقات فىلمى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيەتلىرىدىن مەخسۇس خەۋەر ئىشلەندى.

3. مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2004 - يىل 11- ئاينىڭ 26 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى ھەم ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا « ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ» سۇندى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىيە ھۆججەتلىك فىلمى «گۈللىنىش يولىغا مېڭىش» نى شىنجاڭدا سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىگە ياردەملەشتى.

4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2004 - يىللىق چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسى تۈزۈلدى، بۇ لايىھە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. دۆلەت 2004- يىلى چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى مەبلىغىنى 10 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ بەردى، 6 ناھىيە (شەھەر) نى چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشتىكى نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتتى. 1998 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئەتراپلىق خۇلاسىلەندى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي سودىسىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىش خىزمىتى چوڭقۇر ئىشلەندى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي سودىسىنى ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۇرۇلدى. چېگرا رايونلارغا سېتىلىدىغان چاينى توپ سېتىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن كارخانىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، خۇنەن، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى چېگرا رايونلارغا سېتىلىدىغان چاينى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن كارخانىلار كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي سودىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي سودىسى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۆتكۈزگەن نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى پائال راۋاجلاندۇرۇلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى دوكلات قىلىندى ھەم ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغان ، خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى بېكىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. مائارىپ نازارىتىگە ياردەملىشىپ، نوپۇسى ئازراق مىللەتلەر «ئىككى ئاساسەن» مائارىپىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم خىراجەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەت قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى. «43 مىللىي يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تەييارلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە فىلىملىرىگە «ئارغىماق مۇكاپاتى» باھالاش خىزمىتىدە ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇتتۇقلۇق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇندەرىجە تۈزۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

ۋاڭ پىڭ

## چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى

2004 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش سىناق نۇقتىلىرىنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەرنى بېكىتىپ، چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى سىناق قىلىش باسقۇچىدىن نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈش باسقۇچىغا سىلجىتتى ھەم مەبلەغ، سىياسەت جەھەتتە مۇۋاپىق مايىل بولدى. ئاپتونوم رايون 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئاپتونوم رايوندا چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ھەم سىناق قىلىش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان «مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەرنى بېكىتىش ئۆلچىمى» نى مۇزاكىرە قىلدى ھەم قىسمەن ئۆلچەملەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر بەردى.

2004 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى بورتالا شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، گۇچۇڭ، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرى، ئاتۇش شەھىرىدىن ئىبارەت 6 ناھىيە ۋە شەھەرنى مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەرنى تۇراقسىزلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

جانار ئورمانبېك

## ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچى ۋە شىنجاڭدا «قوش تىللىق» تايانچ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش

قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى، بۇ دۆلەتنىڭ «شىنجاڭغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ياردەم قىلىش لايىھىسى»نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تۇنجى تۈركۈم كۇرسنىڭ مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دەرس باشلاندى، كۇرسقا دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىدىن 130ى ۋە «قوش تىللىق» تايانچ ئوقۇتقۇچىدىن 708ى قاتناشتى. گوۋۇيۈەن 4 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە مەركەز 60 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، شىنجاڭ 16 مىليون يۈەن چىقىرىپ، شىنجاڭغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە «قوش تىللىق» ئوقۇتقۇچىدىن 6000نى تەربىيىلەپ بېرىشنى قارار قىلدى، مائارىپقا ياردەم بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىدىن 2000نى ئورۇنلاشتۇردى. يېتىشتۈرۈش ئوقۇتقۇچىلار ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ تەربىيىلىنىش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىدىن «قوش تىللىق» تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچكىرىگە بېرىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇش، شىنجاڭ يېڭىدىن دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچى ياردەم قىلىش، ياردەم بەرگۈچىلەر ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ۋە ئىچكىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار شىنجاڭغا كېلىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىش قاتارلىق تۆرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق 9 مەكتەپ ئۈستىگە ئالدى.

جانار ئورمانبېك

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 ـ 2005 ـ يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى پىلانى» ، « ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى ھەم ھەر قايسى مىللەت تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ تەكلىپ ئىسىملىكى» ۋە«ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يازما قەدىمكى ئەسەرلىرىگە بېرىلىدىغان ھەق توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. 2 ـ ئايغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، پارس تىل ـ يېزىقى، ئۆزبېك تىل ـ يېزىقى قاتارلىق 12 خىل تىل ـ يېزىقتا يېزىلغان 9017 پارچە قەدىمكى ئەسەر توپلاندى. 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگە قەدەر، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزگۈچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 124 كىشىنى تەربىيىلىدى.

جانار ئورمانبېك

## تۇنجى نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى تارقىتىلدى

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئەسەر مۇكاپاتى، شان ـ شەرەپ مۇكاپاتى ۋە تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنى تەقدىرلىدى. 13 ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرىگە كىرىدىغان «قېرىنداشلىرىم» ناملىق كىنو، «مۇدىرىمىز دىلبەر» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى، «باھار شاملى قاشقوۋۇقتىن ئۆتتى» ناملىق رادىئو درامىسى، «ئاق پۇرچاق» ناملىق ئەدەبىي ئەسەر، «100 مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» ناملىق ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەر، «نادىر قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى» ناملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى، «توغراققا مەدھىيە» ناملىق مۇزىكا، «قىزچاقنىڭ گۈزەل قەددى ـ قامىتى» ناملىق ئۇسسۇل، «قەشقەر» ناملىق دراما، « دارۋاز دار ئۈستىدە» ناملىق سېرك ئەسىرى، «يىغىلىش» ناملىق گۈزەل سەنئەت ئەسىرى، «لى بەي . قەدىمكى ئۇسلۇب» ناملىق ھۆسنخەت ئەسىرى، «شىنجاڭ زېمىنىدىن كۆرۈنۈشلەر» ناملىق فوتو سۈرەت ئەسىرى قاتارلىق 88 ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنىڭ ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» ناملىق كىنو فىلمى، «پامىردىكى دوختۇر» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى، «ياۋا ئاتلارنىڭ ھالاكىتى » ناملىق تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلمى، «پامىرغا مۇھەببەت» ناملىق رادىئو دىرامىسى، «غەربىي قىسىم: چەت ئۆلكىدىكى ئەدەبىي يېزىقچىلىق» ناملىق ئەدەبىي ئەسەر، «ئەللەي بالام، ئەللەي» ناملىق مۇزىكا، «داۋانچىڭ قىزى» ناملىق ئۇسسۇل، «دارۋازلىق» ناملىق سېرك ئەسىرى قاتارلىق 69 ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك شان ـ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ليۇ شياۋۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، پاشا

ئىشان، غازى ئەھمەت، سۇلتان جانپولاتوپ (قازاق)، جۇسۇپ ماماي (قىرغىز) قاتارلىقلار تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنىڭ تۆنجى نۆۋەتلىك تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جانار ئۇرمانبېك

## 60 ئەسەر 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئارغىماق مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، ئىچكى موڭغۇل مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئارغىماق مۇكاپاتى»نى تارقىتىش پائالىيىتى 2004-يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگە قەدەر كۆكخوت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن 60 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار ئىچىدە مەخسۇس فىلىمدىن بىرى 1-دەرىجىلىك، ھۆججەتلىك فىلىمدىن بىرى 1 - دەرىجىلىك، بىرى 2 - دەرىجىلىك، تېلېۋىزىيە تىياتىرى (كۆپ قىسىملىق) دىن 2سى 3 - دەرىجىلىك، تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت فىلىمدىن 2سى 2 - دەرىجىلىك، ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسىدىن 3ى 1 - دەرىجىلىك، 6سى 2 - دەرىجىلىك، 8ى 3 - دەرىجىلىك، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىمدىن 19ى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

## «كۆچمە لوڭقا» تالىشىش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق تۆنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ كېچىلىك 2004 - يىل 10 ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈمەرجان مۇزىكا مۇسابىقىسىدا، قۇۋانىش ناخشىلىق مۇزىكىدا 1 - لىككە ئېرىشتى. بۇ مۇسابىقىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ مۇسابىقە رايونلىرىدا تەييارلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت تالانتلىق ياش 245ى تاللاندى.

مۇيەسسەر

## كۇچا خەلق ناخشىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت سارىيى تاللاپ ئەۋەتكەن خەلق ناخشىلىرىدىن «چىمەن دوپپا بېشىمدا»، «مىراجخان» 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ غەربىي قىسىم قانىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «CCTV غەربىي قىسىم خەلق ناخشىلىرى مۇسابىقىسىدا ئىپتىدائىي كۆرۈپپىلاش بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتى، مۇنەۋۋەر مۇكاپات، خىسلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جانار ئۇرمانبېك

## دولان مۇقامى

ئاۋات ناھىيىسى قازغان، ئىجاد قىلغان دولان مۇقامى گىمناستىكىسى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق نەشر ھوقۇقى پاتېنتىغا ئېرىشتى. بۇ گىمناستىكا 13 قىسىمغا بۆلۈنگەن، دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان خەلق ئۇسسۇلى بىلەن ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىلمىي چېنىقىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

شىنجاڭلىق ئاتاغلىق سىن ئېلىش ئۇستىسى ليۇ كېنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىك سىن ئەسىرى «دولان مۇقامى» 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن تۆنجى نۆۋەتلىك ئاسىيا سىن ئېلىش سەنئىتى ۋە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بايرىمىدا مۇزىكىلىق سىنغا ئېلىش مۇسابىقىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئەسەر.

شىنجاڭ ئۇستىگە ئالغان تۆنجى دۆلەت سەنئەت ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى، شۇنداقلا دۆلەت سەنئەت ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى بولغان چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال كىتاب «دولان مۇقامىنىڭ ئېكولوگىيىسى ۋە فورماتسىيىسى تەتقىقاتى»نى تۆنجى تارقىتىش مۇراسىمى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كىتاب ئاز كەم 200 مىڭ خەتلىك 6 پارچە ئىلمىي ماقالىنى ۋە ناھىيىلەردە قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرگەن ھەر خىل نۇسخىلىق 17 «دولان مۇقامى» نوتىسىنى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ناخشا تېكىستلىرىنى، 50 نەچچە رەڭلىك سۈرەتنى ۋە ئىككى CD پلاستىنكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

جانار ئۇرمانبېك

## تۇنجى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل مۇھىتى تور بېكىتى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئۇچۇرى مەركىزىدە ئىشلەيدىغان قازاق ياش دەننىرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇنجى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل مۇھىتى تور بېكىتى قۇرۇلدى.

مۇيەسسەر

## شىنجاڭ ئىدىقۇت نان مەدەنىيىتى تەتقىقات - تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلدى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلقئارا چوڭ بازاردا ئىدىقۇت نان مەدەنىيىتى تەتقىقات - تەرەققىيات مەركىزى 2004 - يىل 6-ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلدى. بۇ مەركەز ناننى ھاۋاسىزلاندۇرۇپ قاچىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ناننى بىخەتەر ساقلاش مۇددىتىنى بىر ئايدىن 3 ئايغىچە ئۇزارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۇسلۇبىغا ئىگە بىر قانچە ئورامنى لايىھىلىدى، 25 خىل نان پىشۇرۇش تېخنىكىسىغا كەشپىيات پاتېنتى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

مۇيەسسەر

## قازاقچە ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر ئوقۇتۇش قوللانمىسى نەشر قىلىندى

سانجى شەھەرلىك يېڭى تېخنىكا ئۆگىتىش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن قالىنبېك بىلەن قايراتبېك يازغان جۇڭگو بويىچە تۇنجى قازاقچە ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر ئوقۇتۇش قوللانمىسى (كومپيۇتېر مەشغۇلات تېخنىكىسى) 2004 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

جانار ئورمانبېك

## «شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نەشر قىلىندى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش بىلەن سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش بىرلىكتە توپلىغان «شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى نەشر قىلىندى.

بۇ كىتابقا 87 پارچە ماقالە، 29 سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 320 مىڭ خەتلىك. كىتابتا خۇيزۇلار ئىقتىسادى، مائارىپى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە خۇيزۇلارنىڭ توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈم - يېتىم ئۆزنىشقا ئوخشاش تۇرمۇش ئادەتلىرى بايان قىلىنغان، شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ مۇھىم دىنىي مەزھەپلىرى ھەم مۇھىم مەسچىت، مەدرىسلىرىنىڭ تارىخى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

مۇيەسسەر

## «جۇڭگو شىبەلىرىنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى» نەشر قىلىندى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «جۇڭگو شىبەلىرىنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى» شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتاب 9 باب، 35 پاراگرافتىن تەركىب تاپقان، ئاز كەم 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلا مىللەتنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۇنجى ئەسەر بولۇپ، جۇڭگو شىبەلىرىنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

مۇيەسسەر

## جۇڭگو بىلەن ئاۋستىرالىيىنىڭ قوش تىل ئوقۇتۇشى مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئاۋستىرالىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋە باراۋەر پۇرسەت كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو بىلەن ئاۋستىرالىيىنىڭ قوش تىل ئوقۇتۇشى مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنى 2004 - يىل - 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 40 نەچچە كىشى قاتناشتى، ئۇلاردىن 5ى ئاۋستىرالىيە تەرەپنىڭ ۋەكىلى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ۋەكىللىرىدىن 11 كىشى ئومۇمىي يىغىندا سۆزگە چىقتى، ۋەكىللەر يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 46 - ئوتتۇرا مەكتەپنى كۆزدىن كۆچۈردى.

مۇيەسسەر

## تايلاند ئىستراتېگىيىلىك تىنچلىق كومىتېتىنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تايلاند ئىستراتېگىيىلىك تىنچلىق كومىتېتىنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 10 كىشى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

مۇيەسسەر

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مەشغۇلات ئادەتلىرى - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى

بىرىنچى، مۇسابىقە تۈرلىرى

چېلىشىش. چېلىشىش ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق خىللىرى بار:

1. قەشقەرچە چېلىشىش. بۇنداق چېلىشتا پەلۋانلار بېلىگە پوتا باغلاپ مەيدانغا چۈشىدۇ، باشقۇرغۇچى (ياكى

رەھبەرى) نىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر - بىرىگە سالام بېرىشكەندىن كېيىن بەل تۇتۇشىدۇ، باشقۇرغۇچى باشلاش ئىشارىتى بەرگەندىن كېيىن ئېلىشىش باشلىنىدۇ، كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئېتىش، يانپاشقا ئېلىپ ئېتىش، يېتىپ تۇرۇپ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېتىش پەنتلىرىنى ئىشلىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ بىلىنى يەرگە تەككۈزسە، ئاتقۇچى ئۇتقان بولىدۇ. چېلىشىشنىڭ بۇ تۈرىدە چىرماق سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

2. پۇت - قول تەڭ ئىشقا سېلىنىدىغان چېلىشىش. بۇنداق چېلىشتا پەلۋانلار بېلىگە پوتا باغلاپ مەيدانغا چۈشىدۇ، بەل تۇتۇشۇۋالغاندىن كېيىن باشقۇرغۇچى باشلاش ئىشارىتى بېرىدۇ، پۇت - قولنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتقان تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.

3. تۇرپانچە چېلىشىش. بۇنداق چېلىشىشتا پەلۋانلار بېلىگە ۋە ئوڭ يوتىسىغا پوتا باغلاپ مەيدانغا چۈشىدۇ، ئىككى تەرەپ ئوڭ قولى بىلەن بىر - بىرىنىڭ بېلىدىن، سول قولى بىلەن يوتىسىدىن تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى باشلاش بۇيرۇقى بېرىدۇ. قانداق پەنت ئىشلەتسۇن، قارشى تەرەپنى ئوڭدىسىغا يىقىتىپ، دۈمبىسىنى يەرگە تەككۈزگەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. بۇنداق چېلىشىش تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، 3 مەرتەم ئېلىشىش ئارقىلىق ئۇتقۇچى ئايرىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى چېلىشىش شەكىللىرىدە پەلۋانلارنىڭ ئېغىرلىقى ۋە يېشىغا قارالمايدۇ، لېكىن كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆسمۈر بىلەن چوڭ ئادەم چېلىششقا سېلىنمايدۇ.

قازاقچە ۋە قىرغىزچە چېلىشىش ئۇيغۇرچە چېلىشىشتىن ئازراق پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلۋانلار مەيدانغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى مەيداننى ئاتلىق بىر ئايلىنىپ چىقىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. چېلىشىش بەل تۇتۇشۇۋالغادىن كېيىن باشلىنىدۇ، قارشى تەرەپنى يىقىتقۇچى ئۇتقان بولىدۇ، ھەرىكەتكە چەك قويۇلمايدۇ.

شىنجاڭ چېلىشىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى چېلىشىش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئىلگىرىكى چېلىشىش قائىدىلىرى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چېلىشىش ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئېلىش ۋە چېلىشىش ئۇسۇلىنى خەلقئارا چېلىشىش قائىدىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئاساسىدا، چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ قائىدىسى بەلگىلەندى.

ئات يورغىلىتىش. ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئامراق تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ئات بەيگىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ قاتناشسا بولىۋېرىدۇ. ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى ئات بەيگىسىگە ئوخشىمايدۇ، بىرىدە ئات يورغىتىلسا، يەنە بىرىدە ئات چاپتۇرۇلىدۇ، ئات يورغىلىتىش شەكلى قويچىلاپ يورغىلىتىش، تۆگىچىلاپ يورغىلىتىش، ئۇششاق دەسسىتىپ يورغىلىتىش ۋە تېز يورغىلىتىش دەپ 4 خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئات يورغىتىلىش مۇسابىقىسىدا بەلگىلىمە بويىچە يورغىلىتىش شەكلىنى ساقلاش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ، يورغىلىتىش شەكلى تەلەپكە لايىق بولمىسا ياكى ئات چاپتۇرۇلسا نەتىجە بېرىلمەيدۇ. بەلگىلەنگەن مۇساپە ئىچىدە قائىدىدە بەلگىلەنگەن شەكىلدە يورغىلىتىپ ئۆزۈپ چىققۇچى نەتىجىگە ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ھەرىكەت ئايلىنىش دائىرىسى 1000 مېتىرلىق بەيگە مەيدانىدا 1000، 2000، 3000، 5000 ۋە 10 مىڭ مېتىرلىق تۈرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىلەڭگۈچ ئۈچۈش. ئىلەڭگۈچ ئۈچۈش ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى ئامراق تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش تاق ئۇچۇش، جۈپ ئۇچۇش دەپ 2گە بۆلۈنىدۇ. مۇسابىقىلىشىشتىن ئىلگىرى دەرەخ شېخى ياكى ئېسىپ قويۇلغان گۈل نىشان قىلىنىۋېلىنىدۇ، ئۇچۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىنى نىشانغا تەككۈزۈۋالغۇچى ياكى چىشلىۋالغۇچى ئۇتقان بولاتتى، كېيىن قوڭغۇراق سوقۇش ئۇتۇشنىڭ بەلگىسى قىلىنىدىغان بولدى، بۇنىڭدا ئىلەڭگۈچ جازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا 2 تال موما قادىلىدۇ، ئىككى موما ئارىلىقىغا ئارغامچا تارتىلىدۇ، ئارغامچىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلىدۇ، قوڭغىراقنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5 مېتىرچە بولىدۇ. ئىلەڭگۈچ ئۇچقۇچىنىڭ قانچىلىك ئېگىز ئۇچالىغانلىقى مۇشۇنىڭغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ، كىم قوڭغۇراقنى كۆپ سوقۇۋالسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

ئىلەڭگۈچنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ رەسمىي مۇسابىقە تۈرى قىلىندى. مۇسابىقىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇچۇشنىڭ ئېگىز ئۆرلەش ۋە قوڭغىراق سوقۇش تۈرلىرى، 2 كىشىلىكنىڭ ئېگىز ئۆرلەش ۋە قوڭغىراق سوقۇش تۈرلىرى، كوللېكتىپ مۇسابىقە قاتارلىق 5 تۈر تەسىس قىلىندى. ئېگىز ئۆرلەش مۇسابىقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچقۇچىنىڭ نەتىجىسى بەلگىلەنگەن ئۇچۇش قېتىمى ئىچىدە ئۆرلىگەن ئەڭ ئېگىز نۇقتىغا قاراپ ھېسابلىنىدۇ؛ قوڭغىراق سوقۇش مۇسابىقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچقۇچىنىڭ نەتىجىسى بەلگىلەنگەن ئېگىزلىكتە ۋە ۋاقىتتا قوڭغۇراق سوقۇش قېتىمىغا قاراپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ماھارەت كۆرسىتىش تۈرلىرى

«دارۋازلىق» ئۇنىۋېرسال، ستېرېئولوق ھەرىكەت ماھارىتى كۆرسىتىش سەنئىتى بولۇپ، يەر ئۈستى ھەرىكىتى، ئارغامچا ئۈستى ھەرىكىتى، بالداق ئۈستى ھەرىكىتى ۋە بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنى خىلمۇخىل گۈزەللىكتىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

دار ئويۇنى ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 60 مېتىر كېلىدىغان تۈز يەردە ئوينىلىدۇ، دار تۈۋرۈكى 30 مېتىردىن ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇ ئادەتتە 10 مېتىرلىق 3 تال ياغاچنى ئۇلاپ ھەممە 3 تال ئارغامچا بىلەن 3 تەرەپتىن تارتىپ چىڭىتىش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، دار بېشىغا يۇملاق مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، مۇنبەر ئاستىغا 3 مېترلىق بىر تال توغرا ياغاچ ئورنىتىلىدۇ، توغرا ياغاچنىڭ 2 ئۇچىغا تاق تورنىك (ئىلەڭگۈچ) ۋە ئاسما ھالقا باغلىنىدۇ، دار ئارغامچىسى 80 مېتىر بولۇپ، بىر ئۇچى مۇنبەر ئاستى (يەر ئۈستىدىن تەخمىنەن 30 مېتىرچە كېلىدۇ) غا، يەنە بىر ئۇچى يەردىكى قوزۇققا باغلىنىدۇ، دار ئارغامچىسىنىڭ يانتۇلۇقى 45 گرادۇس بولىدۇ. پۈتۈن دار ئارغامچىسى 3 تەرەپتىن تېرەپ قويۇلىدۇ ھەم مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 7 تال ئارغامچا قىيپاش تارتىلىپ مۇستەھكەملىنىدۇ.

دارۋاز مەيدانغا چۈشۈپ، ئاۋۋال يەر ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدۇ. يەر ئۈستى ھەرىكىتى داۋازلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دارۋاز موللاق ئېتىش، چامباشچىلىق قىلىش، يەل گۈمپىسى بىلەن تاش چېقىش، شەمشەر، توپ، چىنە، ئوت، سېھرىگەرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر پۈتكۈل ئويۇن مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

دار ئويىنى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، دارۋاز 6 مېتىرلىق تەڭشەك خادىنى تۇتۇپ باش پەللىدىن ئارغامچا بىلەن تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. ئارغامچا ئۈستىدە ئالدى - ئارقىسىغا مېڭىش، پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇش، ئارغامچىغا مىنىش، ئارغامچا ئۈستىدە يانتۇ مېڭىش، موللاق ئېتىش، تەخسە دەسسەپ مېڭىش، غازچىلاپ مېڭىش، ياغاچ ئاياغ كىيىپ مېڭىش، سەكرەشكە ئوخشاش ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئېگىز پەللىسىگە چىققاندا كونتروللۇقىنى يوقاتقاندەك نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىن سىيرىلىدۇ، لېكىن دارۋاز ئارغامچىنى پۇتى بىلەن قىسىۋالىدىغان بولغاچقا، ھېچنېمە بولمايدۇ، بۇ ھەرىكەت كۆرگۈچىلەرنى قاتتىق چۆچىتىدۇ. دارۋاز دارنىڭ ئەڭ ئېگىز پەللىسى بولغان مۇنبەرگە چىقىپلا تورنىك ئويۇنى كۆرسىتىشكە



مەكىت دولان مەشرىپى

يالقۇن فوتوسى

باشلايدۇ. تورنىك ئويۇنى ئاسما ھالقا ۋە تاق تورنىك (ئىلەڭگۈچ) ئويۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئوينىلىدىغان ئاساسلىق ھەرىكەتلەر ھازىرقى گىمناستىكا ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تاق تورنىك ئۈستىدە ئايلىنىش، بالداقتا ئولتۇرۇپ كەينىگە موللاق ئېتىش، ساڭگىلاپ تۇرۇپ كەينىگە موللاق ئېتىش، بىر بىلىكى بىلەن بالداقنى قىسىۋېلىپ ساڭگىلاپ تۇرۇش، پۇت بارمىقىنى بالداققا ئىلىپ ساڭگىلاش، بويىنىنى بالداققا ئىلىپ قولنى قويۇۋېتىپ تۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ؛ ئاسما ھالقا ئويۇنىدا بىر پۇتى، بىر قولىنى ھالقىغا كىرگۈزۈپ پىرقىراش، 2 پۇتىنى ھالقىغا كىرگۈزۈپ موللاق ئېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. تورنىك ئۈستى ھەرىكەتلىرىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ئورۇندىلىدۇ.

دارۋاز ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتسە، باشقىلار يەر ئۈستىدە ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، سۇناي ۋە راۋاپقا ئوخشاش مىللىي چالغۇلار بىلەن مۇقام ئورۇندىلىپ تۇرىدۇ، بىر نەچچە قىز ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دارۋاز دار ئۈستىدە

رىتىملىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

ئات ئۈستىدە ئېلىشىش. بۇ ئات ئۈستىدە چېلىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. مۇسابىقىگە چۈشكۈچىلەر ئالدى بىلەن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈرمەللەپ ئېگەر ئاستىغا قىستۇرۇۋالىدۇ، ئېگەرنى چىڭ تارتىپ مىدىرلىماس قىلىۋالىدۇ، مۇسابىقىگە ئىككى تەرەپتىن ھۇشيار، قاۋۇل ماھىرلار چۈشىدۇ. ئىككى تەرەپ رىيېرىنىڭ قوماندانلىقىدا 100 ـ 200 مېتىر ئارىلىقتىن بىر- بىرىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېگەر ئۈستىدە ئېلىشىدۇ. ئېلىشىشتا بىلەكنىڭ كۈچى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قولى ياكى مۈرىسىنى تۇتۇشقىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ، قول، مۈرىدىن باشقا ئەزالىرىغا ياكى كىيىم، ئېگەرگە قول تەككۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، باشقا ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئېلىشىشتا قارشى تەرەپنى ئاتتىن يىقىتقۇچى ئۇتقان بولىدۇ.

چەۋەندازلىق. چەۋەندازلىق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئامراق ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قىزغىن، خەتەرلىك، كۆرۈشچانلىقى كۈچلۈك تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، چەۋەندازلارنىڭ چاققان، چېچەن، چەبدەس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چەۋەندازلىقنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرى چېپىپ كېتىۋېتىپ بەدەننى ئوڭ، سولغا تاشلاپ يەنە ئاتقا مىنىۋېلىش، ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇش، ئۇزەڭگىگە ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، ئات ئۈستىدە مۈرىگە تايىنىپ تەتۈر تۇرۇش، ئاتنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇزەڭگىنى تۇتۇپ تەتۈر تۇرۇش، ئات ئۈستىدە ئوڭ، تەتۈر ئولتۇرۇش ۋە قىلىچۋازلىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەۋەندازلىق ئويۇنىغا ئادەتتە 30 چە چەۋەنداز قاتنىشىدۇ، ئۇنىڭ بىر كىشىلىك بىر ئاتلىق، بىر كىشىلىك 2 ئاتلىق، 2 كىشىلىك 2 ئاتلىق، كۆپ كىشىلىك كۆپ ئاتلىق قاتارلىق تۈرلىرى بار. چەۋەندازلىق ماھارىتى كۆرسىتىشكە 18 ـ 25 ياشلىق ئوغۇل - قىزلار قاتنىشىدۇ.

قىز قوۋار. قىز قوۋار قازاقلارنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق تەنھەرىكەت پائالىيىتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قازاق ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ تونۇشۇش ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش شەكلى.

ئۇ مۇنداق ئۆتكۈزۈلىدۇ: ئالدى بىلەن يىگىت ياكى قىز تەرەپ تەكلىپ قىلىدۇ، 2 تەرەپ بەلگىلەنگەن نىشان (ئادەتتە 2000 ـ 3000 مېتىر بولىدۇ) غا قاراپ ئاتلىق ئاستا ماڭىدۇ. كېتىۋېتىپ يىگىت قىزغا چاقچاق قىلىدۇ ياكى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ، قىز قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ، مەنزىلگە بېرىپ قايتاشىدا يىگىت كەينىگە يېنىپ قاچىدۇ، قىز يىگىتنى قوغلايدۇ ۋە يىگىتكە يېتىشىۋېلىپ خالىغانچە قامچىلايدۇ، يىگىت قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ، بولۇپمۇ قىزنى ھەددىدىن ئارتۇق زاڭلىق قىلغان، گەپ - سۆزىدە بىھۆرمەتلىك قىلغان يىگىتنى قىز ئايىماي قامچىلايدۇ، يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قالسا، قىز قولى ئارقىلىق كۆڭلىنى ئىپادىلەپ، قامچىسىنى يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ قويۇپ تەككۈزمەيدۇ ياكى ئاستا تەككۈزۈپ قويىدۇ، ھەتتا يىگىتنىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرىگە ئۆرۈپ، ئىتتىك قېچىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ پائالىيەتكە ھازىر يىگىت - قىزلاردىن باشقا ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ قاتنىشىدىغان بولدى، لېكىن بۇ پائالىيەتتە كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغاچقا، ياش پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ.

بۇ پائالىيەت قىرغىزلاردىمۇ بار، لېكىن قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ بۇ ئويۇننى ئويناش جەھەتتە ئازتولا پەرق بار.

ۋاڭ پىڭ

شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| مىللىي يېزا نامى | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق زىرائەتى تېرىلغۇ كۆلىمى (گېكتار) | ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پىچان ناھىيىسى دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى | 3809 | 3256 | 1308 | 1077 | 105 | 304.33 | 505.5 | 145 | 145 | 3774 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۈما ناھىيىسى نەۋئابات تاجىك يېزىسى | 845 | 838 | | | 96550 | 957 | 75300 | 56900 | 56900 | 1370 |
| گۈما ناھىيىسى كەڭقىر قىرغىز يېزىسى | 1745 | 1743 | | | 265.76 | 144 | 42209.75 | 0.66 | 4.56 | 922.03 |
| خوشۇت ناھىيىسى ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى | 11850 | 7049 | 4 | 2 | 6888 | 46693 | 2836 | 201.38 | 201.38 | 4250.6 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۈەن تاتار يېزىسى | 4117 | 3096 | 792 | 433 | 3868 | 1466 | 469 | 121 | 128 | 3334 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى | 8403 | 6902 | | | 5710 | 3213.4 | 4645.13 | 126.4 | 126.4 | 3942 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى چۆرىن قازاق يېزىسى | 2987 | 2081 | 1173 | 293 | 2398 | 967 | 5145 | 20 | 20 | 3712 |
| مورى ناھىيىسى دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى | 3093 | 3055 | | | 740 | 78.66 | 552 | 87 | 87 | 1650 |
| ماناس ناھىيىسى خەنكازىتەن قازاق يېزىسى | 4680 | 2850 | 927 | 563 | 3450 | 1100 | 4000 | 158 | 158 | 3217 |
| ماناس ناھىيىسى تاسىرقاي قازاق يېزىسى | 4439 | 4142 | 2522 | 2522 | 2155 | 146.85 | 746.2 | 135 | 1135 | 3294 |
| ماناس ناھىيىسى چىڭشۇيخې قازاق يېزىسى | 8123 | 6775 | 1515 | 1218 | 5358 | 1200 | 2352 | 75.4 | 156.3 | 3106.11 |
| فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى | 4104 | 2950 | | | | 380 | 929 | 242 | 216 | 4665 |
| فۇكاڭ شەھىرى شاڭخۇگۇ قازاق يېزىسى | 9914 | 5948 | 4950 | 4950 | 5638 | 3479 | 7333 | 257.5 | 251.8 | 4333 |
| سانجى شەھىرى ئاشىلى قازاق يېزىسى | 8100 | 7960 | 2258 | 1773 | 11529.83 | 1410 | 390 | 2075 | 2075 | 3688 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى | 6743 | 5614 | 5415 | 1182 | 19005 | 2573.33 | 5580.2 | 144.1 | 144.1 | 3868 |
| مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىسى | 4026 | 2411 | 9122 | 5817 | 2840 | 866.67 | 621.8 | 286.04 | 286.01 | 3332.1 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى تار تاجىك يېزىسى | 4279 | 4279 | | | 29.76 | 203.5 | 749 | 3 | 3 | 685 |
| تاشقورغان ناھىيىسى كۆكيار قىرغىز يېزىسى | 816 | 816 | | | | 248.4 | 157 | | | 1235 |
| پوسكام ناھىيىسى بۇيلۇق تاجىك يېزىسى | 3293 | 2376 | 115.2 | | 669.8 | 524.2 | 2353 | 70.32 | 70.32 | 918 |
| يەكەن ناھىيىسى زەرەپشات تاجىك يېزىسى | 8735 | 8356 | 38 | | | 27000 | 6028 | 80.6 | 80.6 | 928 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چاپچال ناھىيىسى مىلياڭچۇەن خۇيزۇ يېزىسى | 4554 | 4024 | 3642 | 845 | | 999.33 | 6189 | 14.3 | 210 | 3056 |
| تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 15002 | 8002 | 5432 | 1162 | 5039.2 | 2570 | 5229 | 43.1 | 43.1 | 2105 |
| تېكەس ناھىيىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | 6514 | 2039 | 3246 | 1195 | 3220.7 | 1160 | 3753 | 25.6 | 25.6 | 2556 |
| غۇلجا ناھىيىسى ئۇچئۇن خۇيزۇ يېزىسى | 47264 | 43483 | 18790 | 5486 | 13769.25 | 8051.5 | 64379 | 1234 | 1234 | 3279 |
| نىلقا ناھىيىسى كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى | 20706 | 13488 | 9001 | 2610 | 4479 | 2086 | 6382 | 44 | 44 | 2469 |
| قورغاس ناھىيىسى ئىچىگاشەن موڭغۇل يېزىسى | 13198 | 4810 | 213 | 60 | 4928.7 | 43556.3 | 19326 | 69.23 | 69.23 | 2775 |
| قورغاس ناھىيىسى سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى | 13714 | 11382 | 3500 | 1900 | 3281.57 | 36930 | 9632 | 44 | 44 | 2005 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خۇسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى | 8900 | 7564 | 1760 | 132 | 3133 | 418 | 3900 | 158 | 158 | 2380 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى چاغانئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى | 9981 | 8289 | 4900 | 2340 | 2465 | 4101 | 5476.5 | 101 | 123 | 2815.78 |
| موڭغۇلكۈرە يېزىسى شات قىرغىز يېزىسى | 12100 | 11077 | 1750 | 730 | 2460 | 67400 | 6080000 | 794 | 517 | 2317 |
| چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر يېزىسى | 10550 | 4849 | 2246.8 | 2229.4 | 10780.05 | 9300 | 19411 | 609.21 | 705.51 | 4137.77 |
| شىخۇ شەھىرى تابىلخات موڭغۇل يېزىسى | 2247 | 1937 | 70 | | 1100 | 500 | 590 | 15 | 15 | 4166 |
| شىخۇ شەھىرى جىرغىلتغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 5250 | 1761 | 5350 | 3200 | 4102.32 | 1469.93 | 1870.5 | 237.7 | 237.7 | 4677 |
| دۆربىلجىن يېزىسى ئىمىلغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 4367 | 1749 | 2912 | 1435 | 1843 | 1921 | 2107 | 350 | 350 | 4015 |
| دۆربىلجىن يېزىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | 4383 | 3944 | 3 | | 1678.58 | 2.17 | 598 | 344 | 412 | 2240 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى يامانسۇ قىرغىز يېزىسى | 8600 | 8563 | | | 1691.4 | 17259 | 6723.5 | 241.1 | 456.02 | 1543.44 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئونسۇ ناھىيىسى بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى | 4343 | 4308 | 31 | | 932.7 | 718.8 | 2116 | 302 | 302 | 892 |
| ئاراتۆرۈك ناھىيە-سى نېرىنكىر قازاق يېزىسى | 2543 | 2056 | | | | | | 25 | 234.9 | 1822 |
| قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۈرۈك قازاق يېزىسى | 2636 | 2628 | | | 771 | 355.87 | 24 | 5.5 | 5.5 | 2092 |
| قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق يې-زىسى | 717 | 717 | | | 139.3 | 133.4 | 38.9 | 55.25 | 55.25 | 1902 |
| بۇرچىن ناھىيىسى قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى | 1999 | 1972 | 68 | | 166 | | | 2 | 204 | 1425 |
| ئالتاي شەھىرى قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى | 4093 | 3028 | 2200 | 1900 | 2241.46 | 563 | 942 | 496.14 | 496.14 | 3251 |

ئىزاھ: قۇتۇبى ناھىيىسى قاراتۆبە يېزىسىنىڭ ماتېرىيالى كەم.

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تىل - يېزىق خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. دۆلەت تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، دۆلەت مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتى ھەم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن 150تىن ئارتۇق تىل - يېزىق مۇتەخەسسىسى يىغىنغا قاتناشتى. دۆلەت تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى خەت ئەۋەتىپ يىغىننى تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «‹قوش تىل› ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»ى ئۆگىنىلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹قوش تىل› ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تىل - يېزىق خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى 37 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئابداخمەت مىدىلخان قاتارلىق 41 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ 1992 - يىلدىن بۇيانقى تىل - يېزىق خىزمىتى يەكۈنلەندى، تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ كېيىنكى ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چى جيەنجۇن

## ئۇيغۇرلار ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلىش قائىدىسى جەھەتتىكى تەربىيىلەش

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە ج خ سىستېمىسىدىكى نوپۇس باشقۇرغۇچىلار، سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلىغۇچىلار، مائارىپ سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 2000دىن ئارتۇق كىشىنى «ئۇيغۇرلار ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلىش قائىدىسى» جەھەتتە تەربىيىلىدى. بۇ تەربىيە ج خ تارماقلىرىنىڭ 2 - ئەۋلاد كىملىك تارقىتىش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى، ئۇيغۇرلار ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىبراھىم ئىسھاق

## ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش مەركىزى 2004 ـ يىلى 5 قارار يېڭى «ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك سىناش خادىمىدىن 286نى تەربىيىلىدى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان كىشىلەردىن بولۇپ 1205 كىشىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى سىنالدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش مەركىزى (پونكىتى) 41گە، دۆلەت دەرىجىلىك سىناش خادىمى 72گە، ئۆلكە دەرىجىلىك سىناش خادىمى 900گە يەتتى، دىكتور، پروگراما رىياسەتچىسى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتچىلەردىن بولۇپ 160 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ سەۋىيىسى سىنالدى.

چېن شياۋچىڭ

## مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۆلچىمى تەتقىقات تېمىسى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۆلچىمى تەتقىقات تېمىسى ـ «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ھەرپ شەكىللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش» تەتقىقاتىنى تاماملىدى. بۇ تەتقىقاتتا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە TrueTrpe شەكىللىك باسما ھەرپنىڭ ھەر قايسىسىدىن 4 يۈرۈش ، 12 خىل ھەرپ شەكلى قېلىپلاشتۇرۇلدى. بۇ تەتقىقات تېمىسى 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى تۈزۈشكە ئاساس سېلىپ بەردى.

تۆڭجا چىڭفۇ

## قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2004 ـ يىلى دۆلەت ھاۋالە قىلغان تېما ـ «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى»نى پۈتكۈزدى. بۇ تېما «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا قوللىنىلىدىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى جەدۋىلى» ، «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش قائىدىسى» ۋە «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا قوللىنىلىدىغان شەكىللەر» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپىدۇ، ئۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى» دەپ ئاتالدى، ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ تېمىدا كومپيۇتېرنىڭ ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى، «قازاقلارنىڭ ئىسمىنى تەرجىمە قىلىش ياردەمچى يۇمشاق دېتالى» ئىشلىنىپ، كىرگۈزۈش، تەھرىرلەش، بەت ياساش ۋە بېسىش ئىشلىرى ئاپتوماتلاشتۇرۇلدى.

تۆڭجا چىڭفۇ

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، يېزىقىنى توغرا يېزىش سەۋىيىسى بويىچە تەربىيىلەش، سىناش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى پروگراما رىياسەتچىلىرى، دىكتور، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «تەڭرىتاغ» كىنو ستودىيىسىدىكى ئاۋاز ئارتىسلىرى ۋە تەرجىمە خادىملىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە سايباغ رايونىدىكى مەمۇرلارنىڭ ئۇيغۇر، قازاق تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، يېزىقىنى توغرا يېزىش سەۋىيىسىنى سىنىدى. سىناشتا 1071 كىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، يېزىقىنى توغرا يېزىش سەۋىيىسى، 178 كىشىنىڭ قازاق تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، يېزىقىنى توغرا يېزىش سەۋىيىسى سىنالدى.

مۇسابېك

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ـ بېكىتىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ـ بېكىتىش كومىتېتى 2004 ـ يىلى يىغىن ئېچىپ، ئىشلىتىلىۋاتقان ئاتالغۇلارنى توپلاپ قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىپ ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى 7 قېتىم ئاتالغۇ قېلىپلاشتۇرۇش ـ بېكىتىش يىغىنى ئېچىپ، «بىناكارلىق، باغۋەنچىلىك، شەھەر پىلانلاشقا دائىر ئاتالغۇلار» دىن 2000نى بېكىتتى ۋە «تاشيول قاتنىشىغا دائىر پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى»نىڭ دەسلەپكى قولىيازمىسىنى پۈتكۈزدى، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان يېڭى ئاتالغۇلار لۇغىتى» (3 ـ كىتاب)نى نەشر قىلدۇردى. قازاق تىلى گۇرۇپپىسى 6 قېتىم ئاتالغۇ

قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش يىغىنى ئېچىپ، قوش زۇكمىغا دائىر 34 ئاتالغۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى؛ ۋېن جياباۋ زۇڭلىنىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى» دا ئۇچرىغان 74 ئاتالغۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى؛ دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدىن 171نى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن 2004 - يىلى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن قازاقچە ئاتالغۇ 279غا يەتتى. قىرغىز تىلى گۇرۇپپىسى 4 قېتىم ئاتالغۇ قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش يىغىنى ئېچىپ، قوش زۇكمىغا دائىر 35 ئاتالغۇنى، «ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى» ھۆججەتلىرىدە ئۇچرىغان 160 يېڭى ئاتالغۇنى، ۋېن جياباۋ زۇڭلىنىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى» دا ئۇچرىغان 115 يېڭى ئاتالغۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن 2004- يىلى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن قىرغىزچە ئاتالغۇ 774كە يەتتى. ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى گۇرۇپپىلىرى «ئاتالغۇ بېكىتىشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى» نى تەتقىق قىلدى. شىبە تىلى گۇرۇپپىسى 2004 - يىلى ئاتالغۇ قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش يىغىنى ئېچىپ، دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە يېمەك - ئىچمەك، مىللىي چالغۇ ئاتالغۇلىرىدىن 150نى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى.

2004 - يىلى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇ 3203كە يەتتى.

خاۋ لىڭ

## «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان يېڭى ئاتالغۇلار لۇغىتى» نەشر قىلىندى

«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان يېڭى ئاتالغۇلار لۇغىتى» (3 - كىتاب) مەھەممەت ئېلى، ئالىم خەسەنلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 2004 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتى بېكىتىپ ئېلان قىلغان سىياسىي، قانۇن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، بازار ئىگىلىكى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، سارىستىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇچۇر كەسپى، كومپيۇتېر كەسپى، ئاخبارات - نەشرىيات، كىتاب كەسپلىرى، دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى، غەربنى كەڭ ئېچىشقا دائىر يېڭى ئاتالغۇلار ھەم بىر قىسىم ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى، دائىم قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلاردىن 20 مىڭى كىرگۈزۈلدى.

ئادىلجان

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## دىن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى تارمىقى 2004 - يىلى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قانۇن ئىزىغا سالدى.

1. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرى مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەتلەر ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش، تەقدىرلەشتىن پايدىلىنىپ، دىنىي كەسپىي خادىملار، دىنىي پائالىيەتلەر، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇن - نىزاملارنى ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مىقدارلاشتۇرۇپ تەكشۈردى. سەزگۈر مەزگىللەردە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دىن ساھەسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلىدى. دىن ساھەسىدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا پەسەيتىپ، كەيپىياتنى ياخشىلاپ، ئاممىۋى، ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرنىڭ پائال ئالدىنى ئالدى.

2. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش. 2004 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئۇتۇقلۇق ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 21 مىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات (قېتىم) تەربىيىلەندى، ئۇلاردىن 7645 ئادەم (قېتىم) نى ئاپتونوم رايون تەربىيىلىدى. جايلار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تالىپ (موللا) يېتەكلىتىش، دىنىي مەكتەپلەرگە تالىپ قوبۇل قىلىش، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلارنى چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە ياخشىلىدى.

3. تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تارقاق ھەج پائالىيىتى ھەر تەرەپلىمە تۈزىدى. 2004- يىل 9 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەج قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتى يىغىنلىرى ئېچىلدى. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر، دىن

خىزمىتى تارماقلىرى ھەج قىلىشقا تەشكىللەش، ھەج قىلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاشكارا، لىللا، ئادىل، پاك بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سان تەقسىم قىلىش، ھەق ئۆلچىمى قاتارلىق ھالقىلارنىڭ ئاشكارىلىقىنى ئۈستۈردى.

4. دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەشكە مەدەت بېرىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى شەرھلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. دىنىي ئەقىدىلەرنى شەرھلىگۈچى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشتىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەندى، دىنىي زاتلار ئارىسىدىن بىر مۇنچە باقمىچى ئائىلىلەر، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى، كۆكتاتچى ئائىلىلەر ۋە باشقىلار بارلىققا كەلدى.

ۋاڭ پىڭ

## شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 9 مىللەتتىن 263 مۇسۇلمانلار ۋەكىلى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىكى سايلاپ چىقىلدى.

جانار ئورمانبېك

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تەربىيىلەش كۇرسى

ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 1 - قارارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تەبىيىلەش كۇرسى 2004 - يىل 2- ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇش باشلىدى، كۇرسقا 200 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، 50 ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات قاتناشتى، شىنجاڭ ئىسلام مەكتىپىدە ۋەتەنپەرۋەر دىينىي زاتلار 20 كۈن، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار 4 ئاي تەربىيىلەندى.

جانار ئورمانبېك

## شىنجاڭلىق دىنىي زاتلار 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسىدا ئالاھىدە شەرىپكە ئېرىشتى

5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى تونۇشتۇرغان 112 ماھىر قاتناشتى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تونۇشتۇرغان 16 دىنىي زاتنىڭ 7سى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلاردىن ئاقسۇ شەھىرى يېڭى شەھەر ئۇستەڭبويى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىكىم ئۆمەر ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىدىن مەھەممەتئابلا ئۆمەر ۋە ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرېھىم غوپۇر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئوسمان قارى قاتارلىق 3 دىنىي زات 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، كۇنەس ناھىيىسى نارات بازىرى مەسچىتىدىن قازاق دىنىي زات نابغالى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

## بۇتساتۋانى يۇيۇش مۇراسىمى

ھەر يىلى قەمەرىيە 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ساكيامۇنى تۇغۇلغان كۈنى بۇتساتۋانى يۇيۇش مۇراسىمى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چىڭچۈەن ئىبادەتخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، شۇ كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بەنفاڭگۇ يېزىسىدىكى فامىڭ ئىبادەتخانىسىدىمۇ بۇتساتۋانى يۇيۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىملارغا سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن دىنىي زاتلار ۋە يەرلىك مۆرىتلار قاتناشتى.

ۋاڭ يۇ

## شىنجاڭ بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

قۇرۇلتاي 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 4 مىللەتتىن 107 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شىنجاڭ بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى سايلاندى.

ۋاڭ يۇ

## ھەج قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتى

جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبە ئۆمىكى 2004- يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرى مەككە، مەدىنىلەردە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ ھەج ئۆمىكى 10 گۇرۇپپا (بىكىتىلگەن مۇستەقىل گۇرۇپپا تەشكىللىدى) غا بۆلۈنۈپ ماڭدى، 1544 كىشى (بېكىتىلگەندىن بارغان 45 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەج قىلىپ كەلدى، ئۇلارنى يېتەكلەپ 50 كادىر باردى.

پەرھات ھەسەن

# نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 630 مىڭغا يەتتى، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.9 بولۇپ، يىللىق نوپۇس پىلانى ئورۇندالدى.

ئاپتونوم رايون 2004 - يىل 3 - ئايدا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۈستىگە ئالدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېزا، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا مۇلازىمەت قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلاش، ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا مەخسۇس ھۆججەت چىقاردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى، خىراجەت سېلىنمىسى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى خىزمەت مەسئۇلىيىتى تەشكىللەندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ۋە ئالاقىچىلار خىزمەت تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى. سودا - سانائەت، ج خ، ئەمگەك كاپالىتى، خەلق ئىشلىرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش تارماقلىرى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ياكى ئۆز ئالدىغا ھۆججەت چىقىرىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرگە پايدىلىق ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە كاپالەت تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاقما نوپۇسقا، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان نامرات ئائىلىلەرگە بولغان باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نوپۇسنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن ... تىزگىنلەشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 15 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پىلانلىق تۇغۇت گۇۋاھنامىسى ئالغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىگە بېرىلىدىغان 2000 يۈەن مۇكاپاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەدەت بەردى. جايلار ئۆزلىرىنىڭ مالىيە ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك قىيىن بولغان ئەھۋالدىمۇ پائال مەبلەغ جۇغلاپ، مۇكاپاتنى نەقلەشتۈردى.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى مۇھىم نوقتا قىلىپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلغان ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا مۇلازىمەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن بىر قىسىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا مۇلازىمەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بىر قىسىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا مۇلازىمەت قىلىش پونكىتلىرىنىڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا 10 مىليون 40 مىڭ يۈەن، نوپۇسى كۆپرەك ياكى قاتناش قۇلايسىز 75 يېزا، بازارغا سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى ئېلىپ بېرىشكە 3 مىليون يۈەن، 84 ناھىيە، شەھەرنىڭ كومپيۇتېر تورى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن بەردى.

جايلار توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى تۇرمۇش ... ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشتە ئۈلگىلىك ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، تەشۋىق قىلىش شەكلىنى يېڭىلاپ، تەشۋىقات مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت، ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىش، كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىلمىي ساۋاتلىرىنى ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزام ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى.

2004 - يىلى جەمئىي قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئاپتونوم رايون بويىچە توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى تۇرمۇش ... ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. بورتالا ئوبلاستىلىق پىلانلىق

تۇغۇت كومىتېتى قاتارلىق 7 ئورۇن ۋە ئايشەم ئىبراھىم قاتارلىق 9 كىشى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىنىڭ ئىلغار قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

بەي يۇلىڭ

## ساھە بويىچە ياردەم بېرىش

شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ 2 - تۈركۈم ۋەزىپىلىك كادىر ئەۋەتىش خىزمىتى 2004 - يىل 6 - ئايدا باشلاندى. بۇ شىنجاڭ بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە 2 - قېتىملىق ساھە بويىچە ياردەم بېرىش سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتىكى كونكرېت ھەرىكىتى. ياردەم قوبۇل قىلغۇچى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە يەكەن ناھىيىلىك، پەيزاۋات ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قاراقاش ناھىيىلىك، خوتەن ناھىيىلىك، لوپ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ۋە ئاقتۇ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋە كۇچا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ساھەلەر بويىچە ياردەم بەرمەكچى بولغان جىنەن، زىبو، ۋېيفاڭ، جىنىڭ، لىنيى، ۋېيخەي، دۇڭيىڭ قاتارلىق 7 شەھەرگە 3 ئاي ئۆگىنىپ كېلىشكە 11 كادىر (مەمۇرىي كادىر، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى ۋەزىپىلىك ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەندۇڭ ئۆلكىسى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ياردەم قوبۇل قىلغۇچى ناھىيە (شەھەر) لەردە 2 ئاي ۋەزىپە بىلەن ئىشلەپ، ياردەملىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى ۋە مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ باشلىقىدىن 7نى شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

بەي يۇلىڭ

## خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرى

2004 - يىلى شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئاۋستىرالىيە تەرەققىيات مەھكىمىسىنىڭ جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە تۈر تەرەققىياتىنى قوللاش ھامىيلارلىقتىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك قاپچۇقىنىڭ ئىجتىمائىي بازاردا سېتىلىشىنى ۋە ئەيدىز كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىشنى سىناق قىلىش تۈرىگە قاتناشتى، بۇ تۈر 11 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرگە 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ 500 مىڭ يۈەننى ئاۋستىرالىيە تەرەپ سالدى. ب د ت نوپۇس فوندى 5 - قارارلىق پىلانلىق تۇغۇت- كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش تۈرىنىڭ ئىلگىرلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، ب د ت نوپۇس فوندى، ب د ت ئەيدىز كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش پىلان مەھكىمىسى ئەمەلدارلىرى 8 - ئايدا قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ تۈر خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بەي يۇلىڭ

## ئومۇمىي نوپۇسنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانغا قاراپ ھېسابلىغاندا، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 631 مىڭ 100گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 291 مىڭ 600 نوپۇس كۆپەيگەن. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.9‰ بولغان. تۇغۇلۇش نىسبىتى 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولغان، ئۆلۈش نىسبىتى 2003 - يىلدىكىدىن 0.1‰ تۆۋەنلىگەن، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 0.1‰ ئۆرلىگەن. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغۇلغان بالا 311 مىڭ 800 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4700 بالا كۆپ تۇغۇلغان.

لى يالى

## كۆپ پەرزەنتلىكلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىدى

پىلانلىق تۇغۇت ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدا 3تىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 2004 - يىلى 2003 - يىلدىكىدىن 4.29% تۆۋەنلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان ئىچىدە 3تىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 3.58%، پىلان سىرتىدا 3تىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 40.64% تۆۋەنلىگەن. بۇنداق بولۇشىغا 2003 - يىلى يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» دا ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچى ئەر- ئاياللارنىڭ 3 پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن يەنە بىر پەرزەنتلىك بولسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەب بولدى. پەرزەنت قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، 2004 - يىلى بىر پەرزەنتلىكلەرنىڭ نىسبىتى 56.7%، 2 پەرزەنتلىكلەرنىڭ نىسبىتى 28.8%، كۆپ پەرزەنتلىكلەرنىڭ نىسبىتى 15.4% بولدى. بىر پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 2003 - يىلدىكىدىن 0.06 پىرسەنت پوئېنتى، 2 پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 0.53 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، كۆپ پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 0.59 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ سىياسەتكە ئۇيغۇن بولۇش نىسبىتى 92% ئەتراپىدا بولدى.

لى يالى

## «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرى كۆپەيدى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلە 538 مىڭ 86گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 29 مىڭ 331ى كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %5.74 بولدى؛ «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسى 176 مىڭ 934كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 38 مىڭ 966ى كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %28.19 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسى 95 مىڭ 214كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 29 مىڭ 419ى كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %44.71 بولدى، «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسى 55 مىڭ 622گە يېتىپ، 32 مىڭ 244ى كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %137.92 بولدى. گۇۋاھنامە ئالغان دېھقان ـ چارۋىچى ئائىلىلىرى ئىچىدە 2004 ـ يىلى «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلە 22 مىڭ 892 يېتىپ، «ئىككى گۇۋاھنامە» ئالغان ئائىلىنىڭ %20.04نى، «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلە 28 مىڭ 536گە يېتىپ، %51.3 نى ئىگىلىدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گۇۋاھنامە ئالغانلارنىڭ نىسبىتى %20.64كە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2.19 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

لى يالى

## ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشتا ھەر تەرەپلىمە تەدبىر ۋە ئۇزاق ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى 3 مىليون 463 مىڭ 600 ئايالنىڭ 2 مىليون 811 مىڭى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ھەر خىل تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشتا ھەر تەرەپلىمە تەدبىر قوللانغانلىرىنىڭ نىسبىتى %81.16 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 0.89 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولدى، يەنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغانلارنىڭ نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنلەش سۈرئىتى تېزلەشتى، 2002 ـ يىلى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشتا ئۇزاق ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغانلارنىڭ نىسبىتى %69.75 بولغان، 2003 ـ يىلى %69.19كە چۈشۈپ، 0.56 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى، 2004 ـ يىلى %67.58كە چۈشۈپ 1.61 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

لى يالى

## توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىل شىنجاڭدىكى توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى 3 مىليون 463 مىڭ 600 ئايالدىن تۇغمىغانلىرى %9.93نى، بىرنى تۇغقانلىرى %41.17نى، 2نى تۇغقانلىرى %25.59نى، 3تىن ئارتۇق تۇغقانلىرى %23.31نى ئىگىلىدى. 2000 ـ يىلدىكىدىن، پەرزەنت كۆرمىگەن ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 0.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، بىر پەرزەنتلىك بولغان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 2.71 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، 2 پەرزەنتلىك بولغان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 1.15 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، 3تىن كۆپ پەرزەنتلىك بولغان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 3.46 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

لى يالى

## ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىكاھلىنىش، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش ھەم ئەلا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى قۇمۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغاندا 12 ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلدى، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە بازىرى، شەھەر ئىچى يېزىسى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە لىيۇەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىش، پەرزەنت كۆرۈشتىكى يېڭى ئىستىلنى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش ھەم ئەلا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆردى. پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەزالىرى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، 94 ناھىيە (شەھەر، رايون)نىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى بولۇپ 200 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

بەي يۈلىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش تېلېۋىزىيىلىك تېلېفون يىغىنى

بۇ يىغىننى كادىرلار نازارىتى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىرلىكتە 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاچتى. 2 ئورۇن بىرلىكتە 60 ئورۇنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ، 40 كىشىگە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بەردى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 51 ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرغا پىلانلىق تۇغۇت ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن رەھبىري كادىر دەپ، 294 كىشىگە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى دەپ نام بەردى. يىغىندا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ، ناھىيە (شەھەر، رايون) لارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، كادىرلار تارمىقى ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.

بەي يۇلىڭ

## شىنجاڭ نوپۇس ئاممىۋى ئۇچۇر تور بېكىتى

بۇ بېكەت 2004 - يىل 3 - ئايدا ئىشقا كىرىشتى، شىنجاڭ نوپۇس ئاممىۋى ئۇچۇر تورىنىڭ ئېلېكترونلۇق يوللانما سىستېمىسى شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىشقا كىرىشىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تورى، جۇڭگو نوپۇس تورى ۋە ئالاقىدار تور بېكەتلىرىگە ئۇلاندى، دۆلەت نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا مەمۇري ئىشلار ئۇچۇرلىرىنى يوللايدىغان ھەم ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە مەمۇري ئىشلار ئۇچۇرلىرىنى ئېلېكترون ۋاستىسى بىلەن يوللايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

بەي يۇلىڭ

## شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى

تەكشۈرۈش 2004 - يىل 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلدى. ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ نىسبىتى يۇقىرىراق 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاست تەكشۈرۈش ئومۇمىي سۈپىيېتى قىلىپ تاللىنىپ، 1992 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش چارىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان يېزا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەسلەش خاراكتېرىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىرلىكتە 42 مىللىي كادىر ئاجرىتىپ، 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، ئۇلار يېرىم ئاي ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا 25 ناھىيە، 30 مەمۇري كەنتتە 35 مىڭ ئادەمنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 1992 - يىلدىن بۇيان نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى، ئاياللارنىڭ تۇغۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە سىياسەتكە ئۇيغۇن بولۇش نىسبىتىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى ئىگىلىدى.

بەي يۇلىڭ



ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت 2004 - يىلى 10-ئايدا بۇرچىن ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان دېھقان ئائىلىسىنى يوقلىدى.

بەي يۇلىڭ فوتوسى

# ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

## ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش

### ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتى

2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەستىقلىدى.

ئاساسىي مەزمۇنى: ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى (قىسقارتىپ دۆلەت مۈلكى كومىتېتى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش فۇنكسىيىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم كارخانا خىزمىتى كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشقۇرۇش ۋە كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش فۇنكسىيىسى، مالىيە نازارىتى ئۈستىگە ئالغان تىجارەت خاراكتېرىدىكى دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق

### ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيىلەر باھالاندى

باھالاش 2004 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 5 باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار بولۇشقا ئىلتىماس قىلغان 32 ناھىيىنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) ئۆلچىمىگە يەتكەن كورلا شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونى، قەشقەر شەھىرى، باي، قۇتۇبى، يەنجى، يەكەن، توققۇزتارا، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىگە، قۇمۇل شەھىرىگە پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دەپ نام بەردى. دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيىلەرنى باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا كورلا شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى، گۇچۇڭ ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن نامغا ئېرىشتى.

بەي يۈلىڭ

### نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2004 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ئادەم ئاجرىتىپ تەشكىللىگەن 5 گۇرۇپپا جايلارغا بېرىپ، نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە پارتىيە ۋە مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. 2003 ـ يىلى يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن قاراماي شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش شەكلى بىلەن تەكشۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈش ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى بويىچە بىرتەرەپ قىلىندى. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە 2004 ـ يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىشانىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئۇلاردىن بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، سانجى ئوبلاستىغا يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى بېرىلدى؛ تارباغاتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ھەم كۆيتۇڭ، شىخەنزە شەھەرلىرىگە ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات مۇكاپاتى بېرىلدى؛ بورتالا ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستىغا مۇنەۋۋەرلىك ئۆلچىمىگە يېتىش مۇكاپاتى بېرىلدى.

بەي يۈلىڭ

كارخانىلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى تەكشۈرۈش ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ كىرىم تەقسىماتى سىياسىتىنى تۈزۈش فۇنكسىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتى تەشكىل قىلىندى، بۇ مەمۇرىي شتات ئىشلىتىلىدىغان، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە قارايدىغان نازارەت دەرىجىلىك ئالاھىدە ئاپپارات بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم كارخانا خىزمىتى كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى ئورۇن بولدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پىلانلاش، ئالاقىدار ئىسلاھاتلارنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش فۇنكسىيىسى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىغا ئايرىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق نازارىتى ساقلاپ قېلىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى ئورۇن قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت-ئېكسپورت پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش فۇنكسىيىسى ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق نازارىتىگە ئايرىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرچىلىق نازارىتى تەشكىل قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئورۇن قىلىندى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش كەسپى، يۇمشاق دېتال كەسپىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ۋە ش ئۇ ئا ر سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالغان يەرلىك سىمسىز رادىئو ئىستانسىلىرى (ئۆزېكلىرى) نىڭ چاستوتىلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئۇچۇرچىلىق نازارىتىگە ئايرىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر خەۋەرلىشىش ئىدارىسىنىڭ ھازىرقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ساقلاپ قېلىندى.

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاساسىدا، ش ئۇ ئا ر يېمەكلىك - دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىل قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپارات قىلىندى. بۇ ئىدارە دورا نازارەتچىلىكى فۇنكسىيىسىنى داۋاملىق يۈرگۈزىدۇ. يەنە يېمەكلىكلەر، ساغلاملىق بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەشكىلاتچىلىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، چوڭ - چوڭ ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قانۇن بويىچە تەشكىلاتچىلىق قىلىش فۇنكسىيىسى شۇنىڭدەك سەھىيە نازارىتى ئۈستىگە ئالغان ساغلاملىق بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش فۇنكسىيىسى ش ئۇ ئا ر يېمەكلىك - دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ نامى ش ئۇ ئا ر نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئورۇن قىلىندى.

يۇقىرىقىدەك تەڭشەش ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارمىقى 41 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئورۇن 26، بىۋاستە قاراشلىق ئالاھىدە ئاپپارات بىر، بىۋاستە قاراشلىق ئاپپارات 14. ئۇنىڭدىن باشقا تارماقلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن 6سى، مۇھاكىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەيدىغان دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدىن 2 سى تەسىس قىلىندى.

لەي شىڭ

## ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتى تەشكىل قىلىندى

بۇ كومىتېت 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلدى. بۇ — ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە قاراشلىق نازارەت دەرىجىلىك ئالاھىدە ئاپپارات. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتىغا دۆلەتكە ۋەكالىتەن مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتىدا پارتكوم قۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتىنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىغا خاس مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش دائىرىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تىجارەت خاراكتېرىدىكى دۆلەت مۈلكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسىدا ئاساسەن ئىككى خىل شەكىل قوللىنىلىدۇ: بىرى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتى مۈلۈك باشقۇرۇش بىلەن ئادەم ۋە ئىش باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش يولىنى تۇتىدۇ. يەنە بىرى، ھاۋالە بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى كومىتېتى مۈلۈك باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى

ئادا قىلىدۇ، ستاتىستىكا قىلىش، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. ئادەم باشقۇرۇش ۋە ئىش باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ۋاقىتىنچە ئەسلىدىكى مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئادا قىلىشىغا ھاۋالە قىلىدۇ.

لەي شىڭ

## زېمىن - بايلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زېمىن - بايلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى. «پىكىر» دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك، ناھىيە (شەھەر) لىك زېمىن - بايلىق مەسئۇل تارماقلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (مەمۇرىي مەھكىمە) نىڭ خىزمەت تارمىقى بولۇپ، نامى بىردەك ××× ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك زېمىن بايلىق ئىدارىسى ياكى ناھىيە (شەھەر) لىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى دەپ ئاتىلىدۇ. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى زېمىن - بايلىق مەسئۇل تارماقلىرى زېمىن - بايلىق شۆبە ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلىپ، شەھەرلىك زېمىن - بايلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولىدۇ. ناھىيە (شەھەر) لەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، يېزا (بازار) ياكى رايونلار بويىچە زېمىن - بايلىق ئورنى تەسىس قىلىپ، ناھىيە (شەھەر) لىك زېمىن - بايلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ ۋەكالەت ئاپپاراتى قىلسا بولىدۇ. رايونلار بويىچە ھەر تەرەپلىمە مەركەزلەشتۈرۈپ تەسىس قىلىش شارائىتى ھازىرلانمىغان بولسا، يېزا (بازار) لار بويىچە زېمىن - بايلىق ئورۇنلىرىنى ئايرىم - ئايرىم قۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇلار قانۇن بويىچە زېمىن، قېزىلما بايلىق ۋە كارتوگرافىيە مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئاتقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن تۆۋەن زېمىن - بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى تىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىن - بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك فۇنكسىيىسىنى بىر تۇتاش ئاتقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايوندا زېمىن - بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك باش ئەترىتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ زېمىن - بايلىق نازارىتى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئاپپارات بولىدۇ؛ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەردە زېمىن - بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماق ئەترىتى قۇرۇلىدۇ، ئاپپارات كۆلىمى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك بولىدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) لەردە زېمىن - بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك چوڭ ئەترىتى قۇرۇلىدۇ. ئاپپارات كۆلىمى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك بولىدۇ. ش ئۇ ئا ر زېمىن بايلىق بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

لەي شىڭ

## مەمۇرىي ئىجازەت ئىشلىرى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش سۇبيېكتلىرىنى شۇنىڭدەك مەمۇرىي ئىجازەتنى تەتبىقلاش ئاساسلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى يولغا قويغان 938 مەمۇرىي ئىجازەت تۈرى ئۈستىدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە 4 تۈركۈم ئېلان چىقىرىپ 61 ئورۇن يولغا قويغان 475 مەمۇرىي ئىجازەت تۈرىنى ئېتىراپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1980- يىلدىن 2003 - يىلغىچە ئارىلىقتا چىقارغان 124 قائىدە ۋە 99 يەرلىك نىزامنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لەي شىڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنى ئېنىقلاش ئەھۋالى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىنىڭ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلىرىنى يىغىۋاشتىن تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ چىقتى ھەم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 111 كەسپىي ئورۇن ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك 521 كەسپىي ئورۇننىڭ مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

لەي شىڭ

## يېزا - بازارلارنىڭ سەھىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىل ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش

توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى. «پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى:

1. 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر بىر يېزا (بازار)دا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىردىن شىپاخانا بولۇشى كېرەك، ئۇ مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتە شۇ ناھىيە (شەھەر)لىك سەھىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. 2. ئۇنىڭ ئاساسلىق كەسىپ دائىرىسى ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمىتى قىلىش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىق ساقلاش، جامائەت سەھىيە مۇلازىمىتى قىلىش، كەنتلەردىكى كىچىك شىپاخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە كەسپىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، يېزا ـ كەنت سەھىيە مۇلازىمىتىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3. يېزا (بازار)لىق شىپاخانىلارنىڭ خىراجىتى تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. 4. يېزا (بازار) لىق شىپاخانا بىلەن يېزا (بازار)لىق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى بايلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش يولىنى تۇتۇپ، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى قۇرمىغان يېزا (بازار)لار ئەمدى بۇنداق ئاپپارات قۇرماسلىقى كېرەك، لېكىن يېزا (بازار)لىق شىپاخانىدا مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۆلۈم (ئىشخانا) تەسىس قىلىنىشى كېرەك.

لەي شىڭ

## 9 كەسپىي ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسى كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى پەن ـ تېخنىكا نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتىگە ماسلىشىپ، ش ئۇ ئا ر شەھەر ـ يېزىلارنى پىلانلاش ـ لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى لايىھىلەش يۇرتى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر خىمىيە سانائىتى لايىھىلەش ـ تەتقىقات يۇرتى، ش ئۇ ئا ر يېنىك سانائەت لايىھىلەش ـ تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك لايىھىلەش ـ تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق 9 كەسپىي ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسىنى كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتتى. تولۇق خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان 15 كەسپىي شتات، كەم خىراجەتلىك خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان 1229 كەسپىي شتات، ئۆزى كىرىم قىلىپ ئۆزى چىقىم قىلىدىغان 410 كەسپىي شتاتنى قايتۇرۇۋالدى.

لەي شىڭ

## ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تارماقلار ۋە ئورۇنلار شتاتنى، ئىش ئورنىنى قالايمىقان بېكىتىدىغان، شتاتنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ياكى بەلگىلىمە بويىچە ئادەم ئالمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئۈستىدە ئىككى كىنىشكىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش كىنىشكىسى»نىڭ بىرى ئورۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، يەنە بىرى ش ئۇ ئا ر شتات ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ خادىم ۋە شتاتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلەپ تۇرۇلىدىغان بولدى، ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى تېخىمۇ قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

لەي شىڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئەسلىدىكى ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش مەركىزىي (ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى)نىڭ نامى ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى دەپ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوندا 27 مىڭدىن ئارتۇق كەسپىي ئورۇن بار، 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 13 مىڭ كەسپىي ئورۇن تىزىملاندى، تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %48 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن 680 بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %61 بولدى. 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 12 مىڭ كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇنىي ئىگىسى يىللىق تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 509. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مەركىزىي شتات ئىشخانىسى جۇڭچىڭ شەھىرىدە مەملىكەتلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭ كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە يول ئاچقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لەي شىڭ

# كادىرلار خىزمىتى

## مەمۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، ش ئۇ ئا ر ج خ ئورگىنى، دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى، دۆلەت بېجى سىستېمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جەمئىيەتتىن ئاشكار ئىمتىھان ئارقىلىق ئورگان خادىمى ۋە مەمۇر قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن يازما ۋە يۈز تۇرانە ئىمتىھان ئېلىش، سالامەتلىك تەكشۈرۈش، ئاشكارا ئېلان قىلىش ئىشلىرىغا تەشكىللاتچىلىق قىلدى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا جەمئىيەتتىن ئىمتىھان ئارقىلىق ئورگان خادىمى ۋە مەمۇر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ھەم تىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان تارماقلارنىڭ جەمئىيەتتىن ئىمتىھان ئارقىلىق ئورگان خادىمى ۋە مەمۇر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە تەشكىللاتچىلىق قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىدىن 53نى بېجىردى، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك 82 كادىر (قېتىم) نى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى، 3 ـ ۋە 4 ـ خىلدىكى كارخانا رەھبىرىدىن 4نى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى. دېھقانچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئورۇنلاردا غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسى تەسىس قىلىش لايىھىسىنى تەستىقلىدى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىردى. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنى ئېنىقلاپ ۋە تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تىزىملاش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. خەلق رازى بولغان مەمۇرلارنى ۋە خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپىنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق رازى بولغان 9 مەمۇر ۋە 5 مەمۇرلار كوللېكتىپى باھالاپ چىقىلدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۇيەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جيا شىدۇڭ مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇر دېگەن نامغا، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى بويىچە تەربىيىلەش ئىشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىندى، يېزا ـ بازار پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 153كىشى شياڭگاڭغا، ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 110 كىشى شەرقىي رايونغا مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى.

چى يۈڭفۇ

## كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»، «خادىملارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «مائاش تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» ۋە «يېڭى قوبۇل قىلىنىدىغان خادىملارنى ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش، سىناش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش قاتارلىقلارغا دائىر يۈرۈشلەشمە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلدى، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش بويىچە سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئىسلاھاتقا دائىر سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، ماكرولۇق يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، مائارىپ سىستېمىسىدىكى 54 كەسپىي ئورۇننىڭ 758 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى 2274 نۇسخا توختام ئىسپاتتىن ئۆتكۈزۈلدى.

چى يۈڭفۇ

## يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىلىرى بۆلىقىنى ئېچىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى 2 ـ تۈركۈم 2 ـ قارارلىق 188 ئاز سانلىق مىللەت ياش ـ ئوتتۇرا ياش پەن ـ تېخنىكا تايانچ خادىمىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتىنى تاماملىدى. لو رېنچۈەن قاتارلىق 17 كىشى 2002 ـ يىللىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان

مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى. رەنا قاسىم قاتارلىق 5 كىشى تۈنجى تۈركۈمدە يېڭى ئەسىردىكى مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئىختىساس ئىگىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ، 2 ـ قاتلىمىغا كىرگۈزۈلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ پوستدوكتورلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، پونكىتلاردىكى پوستدوكتور 65كە يەتتى، ئاپتونوم رايوندىكى پوستوكتورلار خىزمىتىنى باشقۇرۇش خادىملىرى كۇرسى ئېچىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 — 4 ـ كۈنىگىچە شىمالىي ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان خادىملارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تۇر يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى، شىمالىي ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان 26 خادىم ۋە 160 كارخانا، كەسپىي ئورۇن يەرمەنكىگە قاتناشتى، يەرمەنكىدە ئالاھىدە سىلىقلاش مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىقىش، تەبىئىي گازدىن بىرىكمە ئېتىلېن ئىشلەش، يېمەكلىكلەرنى ئىنچىكە پىششىقلاش، پەمىدۇر يوپۇرمىقىدىن ئاقسىل ئاجرىتىۋېلىش، قىياتاش رەسىملىرىنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئىسپىرت يېقىلغۇسىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك دورا ياساش تېخنىكىسى، نەشپۈت سورتىنى بىئولوگىيىلىك ياخشىلاش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇددىئانامە ھاسىل قىلىندى. ئامېرىكا قەلبداشلار داۋالاش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىندى، بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچىدە 6 كۈن يۈرەك تاشقى كېسەللىكلىرى بويىچە داۋالاش ھەمكارلىقى ۋە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىدە بولدى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىدا 11 بىمارنىڭ يۈرىكىگە كۆۋرۈك سېلىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى. مەملىكەتلىك چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان خادىملارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئىگىلىك يارىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئارقىلىق چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئىلغار خادىملار، شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى، تاغ ئۆچكىسىنى كىلونلاش، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، جۇغراپىيىلىك يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەشۋىق قىلىندى. چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن خادىملارنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە ياردەم ۋە ئىلھام بېرىلدى، چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن خادىملارنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىسىغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 10 تۈر يۇقىرىغا يوللاندى.

چى يۈڭفۇ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئىلمىي تۈرگە ئايرىش، جەمئىيەت باھالاش، ئورۇنلار تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش، ھۆكۈمەت ماكرولۇق باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ باھاسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، كەسىپ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىيلاشقان باھالاش مېخانىزمىنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى باھالاشنىڭ نەتىجىسىنى يادرو قىلغان، ئەخلاق، بىلىم قابىلىيەت قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە پائال تەتقىقات ئېلىپ باردى. «2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋان خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، چەت ئەل (خەنزۇ) تىلى ئىمتىھانىنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، قابىلىيەتنى يادرو قىلىش، چەت ـ يىراق، جاپالىق رايونلارغا مايىل بولۇش ئاساسىدىكى لاياقەت ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دېھقان تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش شەرتىنى بېكىتتى. ئالىي بوغالتىرلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە ئىمتىھان ئېلىش بىلەن باھالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، نەشرىياتچىلىق، سەھىيە كەسىپلىرىدە سالاھىيەت ئىمتىھانىنى يولغا قويدى. جىجياڭ ئۆلكىلىك كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش بويىچە مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، سىچۈەن، يۈننەن، گۇاڭشىلاردا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشتە بولدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش چارىسى (سىناق نۇسخا)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن (ناھىيىنى ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېزا ئىگىلىكىدىكى قىسمەن كەسىپلەردە ئالىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى باھالاشنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى»نى ئىجرا قىلىش توختىتىلدى. خىزمەت تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولمىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ئۆز ئورنى كەسىپ سىستېمىسىغا مەسئۇل تارماقتا بىۋاسىتە يوللاپ، ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر باھالىغاندىن كېيىن، باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرىدىغان بولدى.

چى يۈڭفۇ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 100 مىڭغا يېقىن ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەشكە قارىتىلغان ماكرولۇق باشقۇرۇش، سىياسەت يېتەكچىلىكى، ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ـ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، «ئۆمۈرلۈك مائارىپ قارشى» جامائەت دەرسلىكىنى تەشكىلاتچىلىق قىلىپ يولغا قويۇش ۋە ئالاقىدار دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى داۋاملىق مائارىپى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، داۋاملىق مائارىپ بازىسىدىن 6 نى يېڭىۋاشتىن ئېتىراپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشنىڭ 2004 — 2008ـ يىللىق ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى.

چى يۈفۇ

## ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلۇشى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ھەر خىل ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى 135 قېتىم ئۆتكۈزدى، تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئىشلىتىدىغان 5573 ئورۇن، خىزمەت ئىزدەۋاتقان 121 مىڭ 78 ئادەم (قېتىم) بازارغا كىردى، 26 مىڭ 141 ئادەم يۆتكىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ كادىرلار ئىشلىرى بويىچە 1750 ۋەكالەتچى خادىم يېڭىدىن كۆپەيدى، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى، كەسپىي سالاھىيەت ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرغان 3000 ۋاكالەتچى ئادەمنىڭ ئىشى بېجىرىلدى، چېگرىدىن چىقىدىغان 15 ئادەم (قېتىم) نىڭ سىياسىي تەكشۈرۈش ئىشى بېجىرىلدى، 100 نەچچە ئادەمنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلدى؛ 25 قارار ھەر خىل كۇرس ئېچىلىپ، 1266 ئىختىساسلىق خادىم تەربىيىلەندى؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچى خادىمىدىن 26سى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، كادىرلار ـ ئىختىساسلىق خادىملار تارماقلىرىدىن 51 كىشى شياڭگاڭ،



جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانى.

سۈرەتنى كادىرلار نازارىتى تەمىنلىگەن

ئاۋېن رايونلىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئىختىساسلىق خادىملار مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىدىن 43 كەسىپكار ئىچكى ئۆلكىلەردە تەربىيىلەندى؛ شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتىگە 3000 دىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىم ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، خىزمەت ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ۋە تۇرالغۇ جامائەت فوندى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلقئارا ئوقەتچىلىك شىركىتى، خۇڭجىڭ گۇرۇھى، خۇايۈەن شىركىتى قاتارلىق داڭلىق كارخانا گۇرۇھلىرىغا 7 ئالىي باشقۇرغۇچى خادىم ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى تونۇشتۇرۇلدى؛ ئىختىساسلىق خادىملارنى سىناش ـ باھالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كەسپىي ھايات — تەرەققىيات تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي رايون مەركىزىي شۆبە بازىرى ۋە قاراماي كەسپىي شۆبە بازىرى قۇرۇش ئۈستىدە پائال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش خىزمىتى ئىشلەندى؛ شىنجاڭدا ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

چى يۈفۇ

## كادىرلار ئىشلىرىنى ماكرولۇق باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 11ـ

بەش يىللىق ئىختىساسلىق خادىملار ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىي پىلان تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىختىساسلىق خادىملارنى باھالاشنىڭ يېڭى ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىش - ئىختىساسلىق خادىملارنى تۈرگە ئايرىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى ستاتىستىكىلاش ئۆلچىمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئىختىساسلىق خادىملارنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنى 2003 - يىللىق ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار ھەم مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى بولۇپ 1000 غا يېقىن ئورگان، كەسپىي ئورۇننىڭ 2004 - يىللىق «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى»نى تەكشۈرۈش، ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. مائاشى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ سانىنى قاتتىق تىزگىنلىدى، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارغا خادىم كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە مائاشى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغانلار قاتارىغا يېڭىدىن قوشۇلغان خادىملارنى تەستىقلاشنى چىڭىتتى، ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى مائاشى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ۋاقىتلىق خادىملار، ئورۇنلار ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ۋە ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان خادىملارنى ئېنىقلاش، قايتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قارمىقىدىكى 52 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، كەسپىي مەكتەپ، دوختۇرخانا، باللار باغچىسىنىڭ خىزمەتتىكى خادىملىرىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل خادىملارنىڭ 6000 پارچىدىن ئارتۇق ئارخىپىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. ئىلى ئوبلاستىنىڭ دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە قېپقالغان قىسمەن خادىملارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

چى يۈڭفۇ

## ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى كادىرلار نازارىتى 3 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا - بازار كادىرلىقىغا تاللاپ قوبۇل قىلىنغان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 480 ئوقۇغۇچىنى، «5 خىل ئالىي مەكتەپ»نى پۈتتۈرگەن 220 ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەش، تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ئۇلار 5 - ۋە 6 - ئايدا يېزا - بازارلاردىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ بولدى. كادىرلار نازارىتى يەنە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 4 - تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر جەڭچىلەرنى ئىمتىھان ئېلىپ خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ئوقۇغۇچىدىن 700نى، جەڭچىدىن 450نى قوبۇل قىلدى، قوبۇل قىلىشتا ئىمتىھان ئېلىش قائىدىسى ئاشكارا بولۇش، تىزىملا ئالدۇرۇش ئاشكارا بولۇش، يازما ۋە يۈز تۇرانە ئىمتىھان نەتىجىسى ئاشكارا بولۇش، قوبۇل قىلىش ئاشكارا بولۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇردى ھەممە تەلەپكە بىنائەن ئۇلارنى سىياسىينى، سىياسەتنى، ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسى كۇرسى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا - بازارلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن 100 كادىرنى تەربىيىلىدى، 300 كەسپىي تېخنىكا خادىمىنى تاللاپ چەت - يىراق، جاپالىق ناھىيە - شەھەرلەرگە مۇلازىمەتكە ئەۋەتتى.

چى يۈڭفۇ

## مائاش، پاراۋانلىق خىزمىتى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش خىزمىتى

2004 - يىلى كادىرلار نازارىتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ جاپالىق چەت - يىراق رايونلار ياردەم پۇلى دەرىجە پەرقىنى تەڭشەپ چىقتى. «ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا يېتەكچى پىكىر»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، كەسپىي ئورۇنلاردا مائاش ئومۇمىي سوممىسى ھۆددىگەرلىكىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش

چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، مەخپىي كود خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنى ياردەم پۇلىنى يولغا قويدى. سەھىيە - يۇقۇم مۇداپىئە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى، دالا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى خادىملىرى ۋە كارتوگرافىيە ئەترىتى خادىملىرىنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشىدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپ، دوختۇرخانا، يەسلى خادىملىرىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە ئۇلارنىڭ مائاشىنى بېكىتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈردى. يېڭى يۇمشاق دېتال ئىشلىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 137 ئورگان، كەسپىي ئورۇننىڭ 2003 - يىللىق مائاشىنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى، مەمۇرلارنىڭ رايونلار ئارا مائاش پەرقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات، مەمۇرلار ۋە كارخانىلاردىكى مۇناسىپ خادىملارنىڭ مائاشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش - سېلىشتۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە تەتقىقات دېگەن ئىككى تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىدىن نورمال پېنسىيىگە چىقىدىغانلار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ خادىملىرىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ئىش ئورنىدىن ئايرىلىدىغانلار (شەرتلىك دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلار)، مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىقىدىغانلار، ئىستېپا سورىغانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىقىدىغانلار، ئىستېپا سورىغانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشىنى بېجىردى؛ ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيىگە ئۆزى ئادەم ياللاش ھەققى ئۆلچىمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەپنە ياردەم پۇلى ئۆلچىمى، 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىخچاملىنىپ چېكىندۈرۈلگەن پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمى، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئالدىدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان مەرھۇم پېشقەدەم ئىشچىلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلى، پېنسىيە پۇلى ئالمايدىغان يەسىرەلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىق ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى تەڭشىدى. كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىشنى، خىزمەتتىن چېكىنىشنى باھالاش قەغىزىدىن 684 پارچىنى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 301 پارچە)، خىزمەت (ئىش) ئۈستىدە زەخىملىنىشنى باھالاش قەغىزىدىن 90 پارچىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى. زەخىملەنگەن، كېسەل بولغان، مەجرۇھلانغانلارنى باھالاش كۆرسىدىن بىر قارار ئاچتى، 2 قاراردا 200 كادىرنى جۇخەيدە دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

چى يۇڭفۇ

## ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 21 مىڭ 702 ئوقۇغۇچى پېداگوگىكا تۈرىگە كىرمەيدىغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭ 27، ئالىي تېخنىكوم، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر 11 مىڭ 675. كادىرلار نازارىتى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا «بازار ئارقىلىق يېتەكلەش، ئىككى تەرەپلىك تاللاش، ھۆكۈمەت تەڭشەش - تىزگىنلەش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك ياراتقان ئوقۇغۇچىلارغا باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش يولى بىلەن ئېتىبار بېرىش سىياستى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاساسىي قاتلاملارغا، چەت - يىراق رايونلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش سىياستى، ئاپتونوم رايوننىڭ كەمچىل ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى جەلپ قىلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياستىگە ئوخشاش سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى جاپالىق رايونلارغا بېرىپ تۆھپە يارىتىشقا، بىكتۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ياش پىدائىيلار پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلىرىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 120 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ جاپالىق چەت - يىراق رايونلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا يېزا ئىگىلىك، داۋالاش، مائارىپ، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش بويىچە پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاپ، جەمئىيەتكە ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلار بازارلىرىدا مەخسۇس مۇلازىمەت كۆزنىكى تەسىس قىلدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلەر، ساھەلەر بويىچە پىلانلىق تۈردە كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلىش يىغىنلىرىنى ئېچىشىغا تەشكىللىك قىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازارلىرىنى چىڭ تۇتۇپ

قېلىپلاشتۇردى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەكلىپ قىلىشقا دائىر يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىدىغان، تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالدايدىغان، قاقتى - سوقتى قىلىدىغان قىلمىشلارنى قاتتىق توستى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىدى.

چى يۈڭفۇ

## چەت ئەللەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئەھۋالى

2004 - يىلى كادىرلار نازارىتى مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 155 (227 ئادەم - قېتىم) نى، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەش تۈرىدىن 20نى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش - كېڭەيتىش تۈرىدىن 5نى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تۈرىدىن 7 (14 ئادەم - قېتىم) نى، يۇمشاق دېتال يىغىنچاق توك يولى تۈرىدىن بىر (9 ئادەم - قېتىم) نى، مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 4 (9 ئادەم - قېتىم) نى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۈرىدىن بىر (9 ئادەم - قېتىم) نى ئىجرا قىلدى. شىياڭگاڭنىڭ غەربنى ئېچىشقا ئىختىساسلىق خادىم جەھەتتىن ياردەم بېرىش پىلانىنى يولغا قويدى، شىياڭگاڭدىن 12 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇش، بازار ماركېتىڭى، ئېنگلىزچە ئوقۇتۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، كادىرلار نازارىتى چەت ئەللەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەللەردىن ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرۇش خادىملىرى كىرگۈزۈش تۈرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ خەلقئارا ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى تور پونكىتى ۋە ش ئۇ ئا ر چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ جۇزئى تورى قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتى. كادىرلار نازارىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تاماملىدى. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىئەن، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، بىڭتۈەننىڭ ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ھەمكارلىقى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ ئىشلەش ئىجازەتنامىسى ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى جۇڭگوغا كېلىپ ئىشلەشكە تونۇشتۇرىدىغان چېگرا سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ سالاھىيەت ئىجازەتنامىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەمۇرىي ئىجازەت تۈرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

چى يۈڭفۇ

## كادىرلار ئىشلىرى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى كادىرلار نازارىتى ھەر خىل كادىرلار ئىشلىرى ئىمتىھانىدىن 42 تۈرنى يولغا قويدى، 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىمتىھانغا تىزىملاتتى، 256 يۈرۈش سوئال چىقىرىلدى، 130 يۈرۈش ئىمتىھان قەغىزى تەرجىمە قىلىندى، ھەر خىل ئىمتىھان قەغىزىدىن 48 مىڭ نۇسخا بېسىلدى، 22 مىڭ نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى، 200 نەچچە مىڭ پارچە كارتا ئوقۇلدى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىمتىھان رايونىغا 1000 دىن ئارتۇق ئىمتىھان مەيدانى ئارىيەت ئېلىندى، ئىمتىھان مۇپەتتىشلىكىگە 220 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن كومپيۇتېرنى قوللىنىش ئىقتىدارىدىن ئىمتىھان ئېلىندى، 1572 ئادەم (قېتىم) دۆلەت دەرىجىلىك، 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى. ئىجتىمائىيلاشقان ئىمتىھان مۇلازىمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، ش ئۇ ئا ر كارانتىن - تەكشۈرۈش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ج خ ئۇت مۇداپىئە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمەت خادىمى ئېلىش (تەكلىپ قىلىش)، رىقابەت بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىش ئورنىغا چىقىرىش يۈزىسىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى قاتارلىقلارنىڭ خىزمەتچى خادىم ئېلىش (تەكلىپ قىلىش) ۋە رىقابەت بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىش ئورنىغا چىقىرىش يۈزىسىدىن ئالىدىغان ئىمتىھانى ئۈچۈن 28 يۈرۈش سوئال چىقىرىپ بېرىلدى، 4 يۈرۈش ئىمتىھان قەغىزى تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى، 3220 نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى بېسىپ بېرىلدى، 820 نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈپ بېرىلدى، 4 يۈرۈش يۈز تۇرانە ئىمتىھان سوئالى

بىسىپ بېرىلدى. مەمۇرلارنى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىشنىڭ قۇرۇلمىلاشقان يۈز تۇرانە ئىمتىھان سوئالى ئامبىرى ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ئىقتىدار خاھىشىنى سىناش سوئالى ئامبىرى قۇرۇلدى، كادىرلار ئىمتىھانىغا دائىر تەشۋىقات خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى، «شىنجاڭ كادىرلار ئىمتىھانى خەۋەرلىرى» گېزىتى چىقىرىلدى، گېزىت ئارقىلىق كادىرلار ئىمتىھان ئۇچۇرلىرى ۋە ئىمتىھان نەتىجىسىنى سوراش ئۇسۇلى جەمئىيەتكە ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۇرۇلدى. ئىمتىھان ئىنتىلى ۋە ئىمتىھان ئىنتىزامى قاتتىق چىڭ تۇتۇلۇپ، خىزمەت تەرتىپى چىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، كۆزەتكۈچىلەر، مۇپەتتىشلەر ۋە نازارەتچىلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تەرتىپى ياخشىلىنىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

چى يۈڭفۇ

## ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلارنى دەرىجە بويىچە سىناش، باشقۇرۇش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 12 مىڭ 394 تېخنىك ئىشچىنى تەربىيىلىدى ۋە سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئىشچى 3586، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى 5206، ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى 3411، مەسئۇل تېخنىك 191؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 15 مىڭ 118 ئىشچىدىن كەسپىي ئەخلاق بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە ئىمتىھان بەرگەنلەر 9765، ئۇيغۇرچە ئىمتىھان بەرگەنلەر 5003، قازاقچە ئىمتىھان بەرگەنلەر 350.

كادىرلار نازارىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ئىشچىلارنى تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە سىناش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، «ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردا ئالىي تېخنىكلارنى باھالاش ـ تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى، «ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردا كومپيۇتېر مەشغۇلاتى تېخنىكلىرىنى باھالاش، تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، ۋە «ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپتوموبىل ئىشچىلىرى، سىلىسار تېخنىكلارنى باھالاش، تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. سالاھىيەت تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈردى. يوللانغان ماتېرىياللار تولۇق بولغان ئەھۋالدا، تەكشۈرۈش، تەستىقىي ھۆججەت چۈشۈرۈش، كىنىشكا تارقىتىش ۋاقتىنى 10 ئىش كۈنىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى. ئىشچىلارنى سىناش ـ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسپىي ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈردى، ئىشچىلارنى سىناش ـ باشقۇرۇش خادىمىدىن 20نى گېرمانىيىدە، 40نى جۇڭخەي شەھىرىدە تەربىيىلەپ كەلدى.

چى يۈڭفۇ

## كادىرلار ئىشلىرى تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى تالاش ـ تارتىشلارنى كېسىم قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، مالىيە نازارىتى، تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، كادىرلار ئىشلىرى تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم قىلىش ھەققى ئېلىش تۈرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى قوشۇمچە ۋەزىپىلىك كېسىمچىلەردىن 24 كىشى 2 قارارغا بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەردە تەربىيىلەندى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن 100 نەچچە كىشى تەربىيىلەندى. كېسىم كوللېگىيىسىنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. كادىرلار ئىشلىرىغا دائىر تالاش ـ تارتىش دېلوسىدىن 41ى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 21، قوبۇل قىلىنمىغىنى 20.

چى يۈڭفۇ

# ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئەمگەك ئىشلىرى

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق 369 مىڭ 600 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىر يىلدا 310 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاندىكى كۆزلەنگەن ۋەزىپە ئاشۇرۇلۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشسىز بولۇپ قالغان 132 مىڭ 700 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، «4050» (ئاياللار 40 ياش، ئەرلەر 50 ياش) تىپىدىكى خادىملاردىن 19 مىڭ 700 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر - بازارلاردىكى ئىشسىز دەپ رويخەتكە ئېلىنغانلارنىڭ نىسبىتى 3.8% بولدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنى تۈرلەرگە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 61 مىڭ 300، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشسىز بولۇپ قالغانلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 132 مىڭ 700، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 27 مىڭ 100، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 11 مىڭ، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 5100، باشقا ئىشسىزلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 132 مىڭ 400 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 42 مىڭ 400). مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 25 مىڭ 500، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 29 مىڭ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ۋە 3 خىل شەكىلدىكى كارخانىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 162 مىڭ 300، باشقا ئورۇنلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 44 مىڭ 900، باشقا ئىقتىساد تۈرلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 107 مىڭ 900. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 45 مىڭ 500، 2 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 83 مىڭ 300، 3 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 240 مىڭ 800. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى بويىچە ئايرىغاندا، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 141 مىڭ 700 (بۇنىڭ ئىچىدە بىر يىللىق ئەمگەك توختامى تۈزگەنلەر 94 مىڭ 400، 2 يىللىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەمگەك توختامى تۈزگەنلەر 24 مىڭ، 3 يىللىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەمگەك توختامى تۈزگەنلەر 23 مىڭ 300)؛ جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرلغىنى 227 مىڭ 900. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندا يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن سىرتقا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 759 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلارغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 313 مىڭ 200، بىر يىلدا 250 مىڭ كىشىنىڭ سىرتقا يۆتكىلىپ، شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىن ئىبارەت نىشاندىكى ۋەزىپە 125.3% ئورۇندالدى. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن سىرتلارغا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 587 مىڭ 139، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 180 مىڭ 144، ئۆلكە ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 39 مىڭ 409. سىرتتىن كەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 476 مىڭ 401.

خۇاڭ يۈەن

### دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 79 مىڭ 500 ئىشسىز «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئېتىبار بېرىش گۇۋاھنامىسى» ئالدى. بىر يىلدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 81 مىڭ 610 ئىشسىز ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئۆزى ئىش تېپىش، ئۆزى ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇلار قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 22.07% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز مىقدارلىق كاپالەت قەرز پۇلىدىن بەھرىمەن بولغانلار 5555، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق تاپشۇرۇشتىن كەچۈرۈم قىلىنىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 35 مىڭ 533، باج جەھەتتە يار - يۆلەك بولۇش

سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 32 مىڭ 907، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى سودا تىپىدىكى كارخانىلار تەرىپىدىن باج مۇلازىمىتى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلەر 11 مىڭ 862، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قوشۇمچە ياردەم پۇلى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 18 مىڭ 820، مەھەللىلەردە جامائەت پاراۋانلىقى ئىش ئورنى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم پۇلى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 10 مىڭ 592. ئاپتونوم رايوندا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا 270 مىليون 754 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 25 مىليون 342 مىڭ يۈەن، ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 40 مىليون 167 مىڭ يۈەن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 42 مىليون 336 مىڭ يۈەن، ئىشقا تونۇشتۇرۇش قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 8 مىليون 897 مىڭ يۈەن، ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قۇرۇش مەبلىغى 52 مىليون 547 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 101 مىليون 465 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا مەھەللىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىدىن 103 مىڭى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى ئىش ئورنى 12 مىڭ. مەھەللىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 1974 ى قۇرۇلۇپ، 77 مىڭ 700 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مۇلازىمىتى ئاپتونوم رايوندا باشلىنىپ كەتتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 192 مىليون يۈەن كاپالەت فوندى غەملەندى، قەرز پۇل ئالغان ئادەم 8007 گە، قەرز پۇل سوممىسى 105 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر غەملىگەن كاپالەت فوندى 103 مىليون 30 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل مىقدارى 67 مىليون 842 مىڭ يۈەن بولۇپ، كاپالەت فوندىنىڭ 65.85% نى ئىگىلىدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بولغان «4050» تىپىدىكى خادىملار (ئاياللار 40 ياش، ئەرلەر 50 ياش) نى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تامامەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 347 گە، خىزمەتچىسى 1026 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرىغا قارايدىغىنى 214. بىر يىلدا خىزمەت تەلەپ قىلىپ تىزىملاتقان ئادەم 356 مىڭ 785، تىزىملىنىپ تەكلىپ قىلىنغان ئادەم 256 مىڭ 920. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 151 مىڭ 785، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭ 694، ئىشسىزلار 146 مىڭ 393. كەسپىي سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ئادەم 45 مىڭ 878، كەسپىي يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلغان ئادەم 229 مىڭ 998، كەسىپ تونۇشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئادەم 165 مىڭ 690.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 900 مىڭ 200 كىشى تەربىيىلەندى، يىللىق نىشاندىكى ۋەزىپە 104.67% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 317 مىڭ 500 بولۇپ، نىشاندىكى ۋەزىپە 105.82% ئورۇندالدى، 235 مىڭ 800 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 74.27% بولدى. كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 389 مىڭ 300 كىشى تەربىيىلەندى، نىشاندىكى ۋەزىپە 111.11% ئورۇندالدى. 7900 كىشى ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيىلەندى، نىشاندىكى ۋەزىپىنىڭ 79.2% ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4500 كىشىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 57% بولدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىدىن 18 مىڭ 100ى بەرپا قىلىندى. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 185 مىڭ 500ى باشقا جايغا يۆتكىلىپ تەربىيىلەندى، نىشاندىكى ۋەزىپىنىڭ 92.8% ى ئورۇندالدى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەتنى باھالاش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك كەسىپ (ئىش تۈرى) تە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغان كىشىدىن 273 مىڭى كۆپەيدى، ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىش - تېخنىكا ئىش ئورۇنلىرىدا كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغان ئادەم 492 مىڭ 600 گە يەتتى، گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى 32.2% بولدى، 2004 - يىلى گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتىنى 30% تىن ئاشۇرۇش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى ئورۇندالدى. 2004- يىلى ش ئۇ ئا ر كەسپىي ماھارەتنى باھالاپ بېكىتىش مەركىزى 78 مىڭ 951 كىشى قاتناشقان كەسپىي ماھارەتنى باھالاپ بېكىتىش ئىمتىھانىنى تەشكىللىدى، 77 مىڭ 888 كىشى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ تېخنىك ئىشچى 37 مىڭ 609، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 35 مىڭ 711، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 3970، تېخنىك 566، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك 32. ھەرخىل تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، كەسپىي

ئىنستىتۇت، مەكتەپلەردىن 3762 كىشى ئىككى گۇۋاھنامە بويىچە سىناپ كۆرۈشكە قاتناشتى، 5979 كىشى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، پولات - تۆمۈر، پوچتا، تېلېگراف، تۆمۈريول، قاتناش، سودا، ماشىنىساز-لىق، ئېلېكترون سانائىتىدىن ئىبارەت 10 ساھەدە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، 21 مىڭ 670 كىشى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا باھالىغۇچى 3000 دىن ئارتۇق، كەسپىي ماھارەت سۈپەت ئىنسپېكتورى 291.

خۇاڭ يۈەن

## يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى


2004 - يىلى شىنجاڭدا ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى، قاتناش، نېفىت، خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، بىناكارلىق، ئۇچۇردىن ئىبارەت 8 ساھەدە يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. 7 ساھەدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش تۈرىنى باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىشخانا ئۆز ساھەسىدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۆز ساھەسىدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش لايىھىسى ۋە يىللىق تەربىيىلەش نىشانىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى. بىر يىلدا يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىدىن يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە خادىمدىن 13 مىڭ 700 ى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 12 مىڭ 500، تېخنىك، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك 1200. ئاپتونوم رايوندا 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك خادىم 100 مىڭغا يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تېخنىكا كەسپكارىنىڭ 6.2% نى ئىگىلىدى ۋە 2003 - يىلدىكىدىن 1.1 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 235 مىڭ كىشى قاتناشقان كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇسابىقىدە 32 ئىش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 مۇسابىقە رايونى تەسىس قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2- دەرىجىلىك (ۋىلايەت دەرىجىلىك) مۇسابىقىدە 13 مۇسابىقە رايونى تەسىس قىلىندى. 32 ماھىرغا «ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نام بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مۇكاپات بېرىلدى. 1067 كىشى يۇقىرى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. 10 - ئاينىڭ 1 — 5 - كۈنىگىچە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىيەت كاپالەت نازارىتىنىڭ باشچىلىقىدا ش ئۇ ئا ر كۆرگەزمىخانىدا 2004- يىللىق جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مېزىلىك تائاملار مەدەنىيەت بايرىمى ھەم داڭلىق ئۇستا، كۆرسلۇق مەھسۇلات، يېڭى كەسىپ ماھارىتى يارىتىش مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. تاۋۇز چاغىنىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «مەن ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان ئاي توقاچ، داڭلىق ئۇششاق يېمەكلىكلەر» مۇسابىقىسى، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ نەتىجە كۆرگەزمىسى، جۇڭگوچە ئۇن تائاملىرى، غەربچە ئۇن تائاملىرىنى پىشۇرۇش ماھارىتى مۇسابىقىسى، مېزىلىك تائام كارخانىلىرى مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى، يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش يۇقىرى پەللە مۇنبىرى، ئىگىلىك تىكلەش تۈرلىرى كۆرگەزمىسى قاتارلىق 7 تۈرلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار بىرنەچچە 100 مىڭغا يەتتى.

خۇاڭ يۈەن



2004 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا تەمىنات - سودا ساھەسىدىكى كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتتە: پاختا پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى ئىشچىلار ئەمەلىي مەشغۇلات ئىمتىھانىدا.

سۈرەتنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەمىنلىگەن.

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچىلىك سىزىقى ۋە ئەمگەك كۈچى بازارلىرىنىڭ مائاش يېتەكچى باھا تۈزۈمى بەرپا قىلىنىپ، جەمئىيەتكە ۋاقتىدا ئېلان قىلىش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «پۈتۈن كۈنلۈك بولمىغان تۈزۈمدە ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلىپ، مائاش بېرىش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ مائاش بېرىش ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئېيىغا 440 يۈەنگە تەڭشەلدى. كارخانىلاردا بازارغا ئۇيغۇنلاشقان مائاش تەقسىماتىنى بەلگىلەش مېخانىزمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مائاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد-سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «كارخانىلاردا مائاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا يېتەكچى پىكىر»نى بىرلىكتە تارقاتتى.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك توختامى ۋە كوللېكتىپ توختام

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك توختامىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى» دىكى تەلەپ بويىچە يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي تىزگىنلىنىدىغان كارخانىلاردا ئەمگەك توختامىنىڭ تۈزۈلۈش نىسبىتى %95 تىن، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلاردا ئەمگەك توختامىنىڭ تۈزۈلۈش نىسبىتى %70 تىن ئاشتى.

ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 52 ئورۇندىكى 65 مىڭ 668 كارخانىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كارخانىلاردىكى 714 مىڭ 684 ئىشچى - خىزمەتچىدىن 571 مىڭ 232 سى ئەمگەك توختامى تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %80 كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 1387، ئىشچى - خىزمەتچىسى 275 مىڭ 628 بولۇپ، 267 مىڭ 360 ئىشچى-خىزمەتچى ئەمگەك توختامى تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %97 كە؛ كوللېكتىپ كارخانا 677، ئىشچى - خىزمەتچىسى 44 مىڭ 305 بولۇپ، 35 مىڭ 184 ئىشچى-خىزمەتچىسى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %91 كە؛ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 1261، ئىشچى - خىزمەتچىسى 120 مىڭ 155 بولۇپ، 100 مىڭ 940 ئىشچى-خىزمەتچى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %84 كە؛ تاشقى مەبلەغ كارخانىسى 57، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3879 بولۇپ، 3500 ئىشچى - خىزمەتچى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %90 كە يەتكەن؛ خۇسۇسىي كارخانا 9952، ئىشچى - خىزمەتچىسى 132 مىڭ 61 بولۇپ، 94 مىڭ 231 ئىشچى - خىزمەتچى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %71؛ يېزا - بازار كارخانىسى 38 مىڭ 570، ئىشچى - خىزمەتچىسى 113 مىڭ 713 بولۇپ، 56 مىڭ 860 ئىشچى - خىزمەتچى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %50؛ باشقا كارخانا 13 مىڭ 764، ئىشچى - خىزمەتچىسى 24 مىڭ 943 بولۇپ، 13 مىڭ 157 ئىشچى-خىزمەتچى توختام تۈزگەن، توختام تۈزۈلۈش نىسبىتى %53 بولغان. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلار ئىچىدە 7429 كارخانىدا ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش ھېساباتى تۇرغۇزۇلغان، 1285 كارخانىدا مىكرو كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان، 58 مىڭ 244 كارخانىدا قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىلغان، 12 مىڭ 786 كارخانىدا ستاتىستىكا تۈزۈمى ئورنىتىلغان، 561 كارخانىدا سىگنال بېرىش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلغان، 25 كارخانىدا ئەمگەك توختامىدىكى ئىشچى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلغان.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئەمگەك ئىقتىسادى كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 131 كىشىنى داۋاملىق تەربىيە بېرىش يۈزىسىدىن تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە 83 كىشى باھالاشقا قاتناشتى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ 57 ئوقۇتقۇچىسى ئالىي ئۇنۋان سالاھىيىتىگە

ئېرىشتى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ 19 ئوقۇتقۇچىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.5 كە يەتتى. ئەمگەك ئىقتىسادى كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 33 ى باھالاشقا قاتناشتى، باھالاش ئارقىلىق 25 كىشى ئەمگەك ئىقتىسادى كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %76 بولدى.

خۋاڭ يۈەن

# ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى

## قانۇن ئىجراسى مەمۇرىي تەپتىشلىكى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى يىللىق تەكشۈرۈش، دېلو ئېچىپ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش، مەخسۇس تەكشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قېتىم سانى بويىچە 37 مىڭ 600 ھەرخىل كارخانىدا ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى يۈرگۈزدى، 1 مىليون 130 مىڭ ئەمگەكچى (قېتىم) بۇ ئىشقا ئالاقىدار بولدى، 74 مىڭ نۇسخا ئەمگەك توختامى تۈزىتىلدى ۋە تولۇقلىنىپ تۈزۈلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان 15 تىن ئارتۇق ئادەم كوللېكتىپ ئەرز قىلغان دېلودىن 159ى بىرتەرەپ قىلىندى، 8260 ئورۇنغا بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش بۇيرۇقنامىسى چۈشۈرۈلدى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن 89 مىليون 800 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. 131 بالا ئىشچىغا چېتىلىدىغان، قانۇنسىز بالا ئىشچى ئىشلەتكەن 112 دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. 7963 ئادەم (قېتىم) نىڭ ئەرز خېتى، پاش قىلىش تېلېفونى تاپشۇرۇۋېلىنىپ ۋە قوبۇل قىلىنىپ بىر ياقلىق قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو ئېچىلغىنى 4252، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى 4052، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.3 بولدى. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئەمگەك كاپالەت ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوندا دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ 93 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مائاش كاپالەت پۇلى تاپشۇرغۇزۇلدى، دېھقان ئىشلەمچىلەرگە بېرىلمەي كېلىۋاتقان 1 مىليارد 238 مىليون يۈەن مائاش تولۇقلاپ بېرىلدى. 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى چوڭ ئەترىتى ئەمگەكچىلەرنىڭ 37 مىليون 55 مىڭ يۈەن مائاشىنى تولۇقلاپ بەرگۈزدى، 1 مىليون 776 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرغۇزدى، 18 مىڭ 400 نۇسخا ئەمگەك توختامىنى تولۇقلاپ تۈرغۈزدى، 121 مىڭ يۈەن خەۋپ ـ خەتەر رەنە پۇلىنى قايتۇرغۇزدى، 5958 يۈەن ئىقتىسادىي تۆلەم پۇلىنى تولۇقلاپ بەرگۈزدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 2 كارخانىغا 3000 يۈەن جەرىمانە قويدى. ئادەم ئىشلىتىدىغان 1715 ئورۇن يىللىق تەكشۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈشتە 1539 ئورۇن لاياقەتلىك بولدى (دۆلەت كارخانىسى 861، كەسپىي ئورۇن 297، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا 381)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.7 بولدى. يىللىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن 5134 نۇسخا ئەمگەك توختامى تولۇقلىنىپ تۈزۈلدى ۋە يېڭىۋاشتىن تۈزۈلدى، ئادەم ئىشلىتىدىغان 36 ئورۇنغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىش بۇيرۇلدى، 1 مىليون 165 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى تولۇقلاپ تاپشۇرغۇزۇلدى، 7073 يۈەن خەۋپ-خەتەر رەنە پۇلى قايتۇرغۇزۇلدى، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 134 ماددا تۈزىتىلدى، ئادەم ئىشلىتىدىغان 346 ئورۇنغا تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش پىكرى بېرىلدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 154 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇننىڭ قوبۇل قىلىنغان خادىملار بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈش ۋە ئەمگەك توختامىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى (مەمۇرىي ئورۇن 36، كەسپىي ئورۇن 118)، ئەمگەك توختامى تۈزۈشكە تېگىشلىك خادىم 2873، ئەمگەك توختامى تۈزگەن خادىم 280، تۈزۈش نىسبىتى %11، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %9.2 بولدى. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 38 كارخانا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ساھەسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ بالا ئىشچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى بايقالمىدى. بىر يىلدا ھەرخىل ئەرز دېلوسىدىن 951ى قوبۇل قىلىندى، ئېچىلغان دېلو 121، ئاخىرلاشقان دېلو 116 بولۇپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.8 كە يەتتى. دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش داۋامىدا 1 مىليون 55 مىڭ 100 يۈەن مائاش تولۇقلىنىپ تارقىتىلدى، 354 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرغۇزۇلدى، 1544 نۇسخا ئەمگەك توختامى تولۇقلىنىپ تۈزۈلدى، 113 مىڭ يۈەن خەۋپ- خەتەر رەنە پۇلى قايتۇرغۇزۇلدى، 5958 يۈەن ئىقتىسادىي تۆلەم پۇلى تولۇقلاپ بەرگۈزۈلدى.

خۋاڭ يۈەن

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتلىرى ئەمگەك

ماجىراسىغا ئائىت 3583 دېلو، 2003 - يىلى ئاخىرلاشتۇرۇلماي قېلىپ قالغان 255 دېلو بولۇپ، جەمئىي 3838 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇ دېلولار 8010 ئەمگەكچىگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ ئەمگەك ماجىراسى 330 بولۇپ، 4303 ئەمگەكچىگە چېتىلىدۇ. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 3719 دېلو قاراپ چىقىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 96.9% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 1089، كېسىم قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 2087، باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 543. ماجىرالارنى تىپى بويىچە ئايرىغاندا، ئەمگەك ھەققى ماجىراسى 1087، ئەمگەك سۇغۇرتا ماجىراسى 1456 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ماجىراسى 968)، ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىش، توختىتىش ماجىراسى 742، باشقا ماجىرا 434. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتلىرى يەنە دېلو سىرتىدا مۇرەسسە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 181 ئەمگەك ماجىراسىنى ھەل قىلدى. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتى ئەمگەك ماجىراسى دېلوسىدىن 236 نى قوبۇل قىلىپ، 218 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 92.4% كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

# ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى مەركەزنىڭ «ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش» (كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش)، «ئۈچنى ئۆزگەرتمەسلىك» (خىزمەت نىشانىنى ئۆزگەرتمەسلىك، سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئۆزگەرتمەسلىك، خىزمەت تەلىپىنى ئۆزگەرتمەسلىك) پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن داۋاملىق زىچ ماسلىشىپ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن مەبلەغ غەملەپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت مەبلىغى ۋە ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتا فوندىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ۋە كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇ يىلى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 9100 ئىشچى-خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىردى، 31 مىڭ 700 كىشى بۇ مەركەزدىن قايتىپ چىقتى، يىل ئاخىرىدا 18 مىڭ 800 ئادەم يەنىلا بۇ مەركەزدە قالدى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چىقىم قىلىنغان ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ۋە ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا 3 مىليارد 875 مىليون يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى.

خۇاڭ يۈەن

## كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى يىللىق پىلاندا سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان ئادەم 1 مىليون 680 مىڭ دەپ پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 737 مىڭ 500 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى خادىم 1 مىليون 310 مىڭ 200، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 427 مىڭ 300 بولۇپ، يىللىق پىلان 103.42% ئورۇندالدى. يىللىق كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا 4 مىليارد 380 مىليون يۈەن يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 4 مىليارد 308 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى، فوندنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 98.36% بولدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 427 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى يېڭىدىن ئۆتكەنلەر 21 مىڭ 509. بىر يىلدا 3 مىليارد 875 مىليون يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى چىقىم قىلىندى، كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. كۈتۈنۈش پۇلى 427 مىڭ 342 كىشىگە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇپ تارقىتىلدى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 99.1% كە يەتتى. 2004 - يىلى كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمىتى قىلىنىدىغان ئادەم 427 مىڭ 600 بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، يىل ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن 380 مىڭ 600 ى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن

بولدى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمەت نىسبىتى %89 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر %46. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدىن 129 مىڭ 129 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك دەپ يوللانغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىسى 79 مىڭ 631، دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىسى ئەمەسلەر 49 مىڭ 498 ئىدى. ئەمەلىيەتتە 125 مىڭ 980 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پېنسىيىگە چىققان خادىم 49 مىڭ 498، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 76 مىڭ 482. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %96، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى ئەمەسلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %6 بولدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 1 مىليون 385 مىڭ 800 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. يىل ئاخىرىغىچە 62 مىڭ 207 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى ئۇدا 6 ئايدىن ئوشۇق ئالغانلار 43 مىڭ 346 بولۇپ، سۇغۇرتا پۇلى ئالغان ئادەمنىڭ %70 نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا 91 مىڭ كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. 34 مىڭ 827 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى يېڭىدىن ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشسىز بولۇپ قالغان خادىملاردىن يېڭىدىن كۆپەيگىنى 7552. تەمىنات ۋاقتى توشۇش، يېڭىۋاشتىن ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن 29 مىڭ 712 كىشىنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشى توختىتىلدى، بۇنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئالىدىغان ئادەم بىلەن بولغان نىسبىتى 1:0.85 بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا 553 مىليون 767 مىڭ 100 يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى كىرىمى 540 مىليون 675 مىڭ 200 يۈەن، شۇ يىلقى فوند يىغىۋېلىش نىسبىتى %94.6 كە يېتىپ، يىللىق فوند يىغىۋېلىش نىسبىتىنى %90 تىن ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاندىكى ۋەزىپە ئورۇندالدى. بۇرۇنقى يىللاردىن قالغان كەم تاپشۇرۇلغان پۇلدىن 35 مىليون 474 مىڭ 600 يۈەن تولۇقلاپ يىغىۋېلىندى، قەرز تۆلىتىۋېلىش نىسبىتى %58 كە يېتىپ، يىللىق قەرز تۆلىتىۋېلىش نىسبىتىنى %50 تىن ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاندىكى ۋەزىپە ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايوندا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىدىن 41 مىليون 557 مىڭ 500 يۈەن كەم تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئورۇنلار كەم تاپشۇرغان پۇل %70 نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايوندا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن 260 مىليون 415 مىڭ 100 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى چىقىمى 157 مىليون 918 مىڭ 800 يۈەن، داۋالىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى چىقىمى 25 مىليون 292 مىڭ 500 يۈەن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن مەبلەغ 63 مىليون 955 مىڭ 100 يۈەن. بىر يىلدا ھەربىر ئىشسىز خادىم ئېيىغا 260 يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. شۇ يىلقى كىرىم - چىقىمدىن 293 مىليون 352 مىڭ يۈەن قالدۇق قالدى.

خۇاڭ يۈەن

## تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاساسىي تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 959 مىڭ 700 گە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 452 مىڭ، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 507 مىڭ 700)، سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %93.59 نى ئىگىلىدى، 2003 - يىلدىكىدىن 197 مىڭ 900 كىشى، يەنى %11.23 ئېشىپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن نىشاندىكى ۋەزىپە %15.97 ئاشۇرۇلۇپ ئورۇندالدى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن باشقا 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە سۇغۇرتىغا ئەمەلىي قاتناشقان ئادەم سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ %80 ىدىن كۆپرەككە يەتتى. ئاپتونوم رايوندا يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ئاساسىي تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققى 2 مىليارد 141 مىليون يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 46 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %95.6 بولدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدە ئىلى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئاساسىي تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %90 تىن تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %90 تىن يۇقىرى بولدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 608 مىڭغا يېتىپ، يىللىق پىلان نىشاندىكى ۋەزىپە %121.6 ئورۇندالدى. شۇ يىلى ئىش

# ئىجتىمائىي تۇرمۇش

## ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەك- شۈرۈش ئەھۋالى

### شەھەر - بازار ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى مۇقىم ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئائىلىلىرى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 7503.42 يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 7.1% ئاشتى، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە، 4.9% ئاشتى. مائاش كىرىمى يەنىلا ئائىلە كىرىمىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولدى. كىرىم قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا مائاش كىرىمى، تىجارەت خاراكتېرلىك ساپ كىرىم، يۆتكەلمە خاراكتېرلىك كىرىم، مال - مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىم قاتارلىق كىرىملەردە ئېشىش ھالىتى بارلىققا كەلدى، ئەمما، مائاش كىرىمى يەنىلا ئاساسىي گەۋدە بولدى. بىر يىلدا شەھەر - بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 6394.49 يۈەن بولۇپ، ئائىلە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 77.9%نى؛ تىجارەت خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 371.74 يۈەن بولۇپ، 4.6%نى؛ يۆتكەلمە خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە كىرىم 1372.63 يۈەن

ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا فوندىغا 77 مىليون 900 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 34 مىليون 90 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، 118 مىليون 230 مىڭ يۈەن قالدۇق قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلقى قالدۇق 43 مىليون 810 مىڭ يۈەن.

يىل ئاخىرىغىچە بىرتۇتاش غەملەش ئىچىدە 4861 كىشى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىكتىن 4 - دەرىجىلىككىچە يارىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى 3626، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققىدىن بەھرىمەن بولغانلار 3050، بېقىلغان ئۇرۇق - تۇغقانلار 1111. شۇ يىلى قاراماي شەھىرى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى، بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەپ باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندا 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەپ باشقۇردى.

خۇاڭ يۈەن

### تۇغۇت سۇغۇرتىسى

2004 - يىلى شىنجاڭدا شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت سۇغۇرتا خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت سۇغۇرتىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ

خىزمەت سانجى ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدە تېخى قانات يايدۇرۇلمىدى. شۇ يىلى تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 592 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 243 مىڭ 600، تۇغۇت سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن 5298 ئادەم (قېتىم) بەھرىمەن بولدى.

خۇاڭ يۈەن

### جاڭ شياۋجيەن شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ شياۋجيەن شىنجاڭغا كېلىپ، 2004- يىل 5 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ما شىخەي

### ليۇ يۇڭفۇ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ يۇڭفۇ شىنجاڭغا كېلىپ، 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى شەخسلەرنىڭ ھېساباتىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كۈتۈنۈش پۇلىنى تارقىتىش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ما شىخەي

بولۇپ، 16.7%نى؛ مال - مۈلۈك خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە كىرىم 62.95 يۈەن بولۇپ، 0.8%نى ئىگىلىدى.

پاڭ يەن

## يېمەكلىك ئىستېمالى ساندىن سۈپەتكە قاراپ ئۆزگەردى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 2083.13 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.8% ئاشتى. ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 36% بولدى. يېمەكلىك ئىستېمالى پەيدىنپەي ئوزۇقلۇق تەركىبى كۆپىيىش، ئىلمىيلىشىش، خىلمۇخىللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ساندىن سۈپەتكە قاراپ ئۆزگەردى ۋە ئۆستى. 2004 - يىلى يېمەكلىك ئىستېمالى قۇرۇلمىسىدا ئاساسىي ئوزۇق تۆۋەنلىدى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئۆستى. ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال چىقىمى 209.72 يۈەن بولۇپ، يېمەكلىك چىقىمىنىڭ 10.1%نى؛ گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال چىقىمى 510.96 يۈەن بولۇپ، 24.5%نى؛ كۆكتات ئىستېمال چىقىمى 197.59 يۈەن بولۇپ، 9.5%نى؛ سۈت ۋە سۈت ياساملىرى ئىستېمال چىقىمى 117.28 يۈەن بولۇپ، 5.6%نى؛ قوغۇن - تاۋۇز، قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋە ئىستېمال چىقىمى 190.31 يۈەن بولۇپ، 9.1% نى ئىگىلىدى. 2004 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سىرتتا غىزالىنىش چىقىمى 432.42 يۈەنگە يېتىپ، يېمەكلىك چىقىمىنىڭ 20.8%نى ئىگىلىدى.

پاڭ يەن

## چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىرىدىكى چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئاشتى. ئاھالىلەر ئائىلىلىرىدە ئۆي جاھاز - بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ۋە مۇلازىمەتكە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 292.14 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 111.95 رەڭلىك تېلېۋىزور، 83.52 توڭلاتقۇ، 19.1 موتسىكلىت، 91.46 كىرئالغۇ، 6.15 ھاۋا تەڭشىگۈچ توغرا كەلدى. زامانىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشى تېزلەشتى. ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب 87.13 يانفون، 56.19 لازېر نۇرلۇق سىنقويغۇ، 14.29 مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا، 17.84 كومپيۇتېر، 0.79 ئاپتوموبىل توغرا كەلدى.

پاڭ يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلاندى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرى پايدىلىنىۋاتقان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 18.82 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.1%، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ئۆي سېتىۋېلىش - سېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 210.93 يۈەنگە يېتىپ، 100.9% ئاشتى. تۇرالغۇلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى ئاشتى، ئايرىم ھاجەتخانا ۋە تۇرۇبا سۇيى ئومۇملاشتى. 2004 - يىلى شەھەر-بازار ئاھالىلىرى ئائىلىرىدىن تۇرۇبا سۈيىدىن ئايرىم پايدىلانغانلار 93.39%نى، ئايرىم ھاجەتخانىسى بارلار 55.44%نى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەتكەنلەر 72.94%نى، تەبىئىي گاز ئىشلەتكەنلەر 16%نى ئىگىلىدى. بېزەش خىراجىتى چىقىمى تېز ئاشتى. 2004 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ چىقىمى 566.99 يۈەنگە يېتىپ، 13.4% ئاشتى.

پاڭ يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ مائارىپ خىراجىتى چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ چىقىمى 521.11 يۈەن، ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 484.32 يۈەن بولدى، ئېشىش نىسبىتى بىر قەدەر تېز بولغانلىرىدىن باللار باغچىسى خىراجىتى 6.8%، چوڭلار مائارىپى خىراجىتى 22.8%، ئائىلە تەربىيىسى خىراجىتى 46.8%، تەربىيىلەش كۇرسى خىراجىتى 45.3% ئاشتى.

پاڭ يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى قايتا ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە چىقىمى 5773.62 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.2%، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 2.1% ئاشتى. ۋاقىت تەرتىپى بويىچە قارىغاندا، 1 - پەسىلدە ئىستېمال خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە چىقىم 1528.94 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 6.4%؛ 2 - پەسىلدىكىسى 1271.01 يۈەنگە يېتىپ، 5.7%؛ 3 - پەسىلدىكىسى 1470.47 يۈەنگە يېتىپ، 2.2%؛ 4 - پەسىلدىكىسى 1503.23 يۈەنگە يېتىپ، 2.9% ئاشتى. 8 چوڭ تۈردىكى ئىستېمال چىقىمىدا كىيىم - كېچەك ئىستېمال چىقىمى 2.2% تۆۋەنلىگەندىن سىرت، باشقىلىرى ئاشتى. يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى

4.8%، ئۆي جاھاز - بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 7.8%، تېببىي داۋالىنىش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى 4.9%، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 2.3%، مائارىپ، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت چىقىمى 4.2%، تۇرالغۇ چىقىمى 13.4%، تۈرلۈك تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 0.16% ئاشتى.

پاڭ يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت چىقىمى 135.73 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 51.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسكۇرسىيە، سەيلە - ساياھەت چىقىمى 21.61 يۈەنگە يېتىپ، 75.1%؛ ساغلاملىق پائالىيىتى چىقىمى 1.95 يۈەنگە يېتىپ، 45.5%؛ كوللېكتىپ ساياھەت چىقىمى 54.72 يۈەنگە يېتىپ، 585.7% ئاشتى.

پاڭ يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تېببىي داۋالىنىش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى يەنىلا ئىستېمالدىكى قىزىق نۇقتا بولدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تېببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش خىراجىتى چىقىمى 375.18 يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 4.9% ئېشىپ، ئومۇمىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ تەخمىنەن 6.5%نى ئىگىلىگەن.

لى جىن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى 615.19 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.3% ئېشىپ، ئومۇمىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ تەخمىنەن 10.7%نى ئىگىلىدى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 133.6 ۋېلسىپىت، 19.1 موتسىكلىت توغرا كەلدى. ئاھالىلەر ئائىلىلىرىنىڭ قاتناش جەھەتتىكى چىقىمى 2003 - يىلدىكىدىن 3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلانغا قىلىنغان چىقىم 16.5%، ئۇزۇن مۇساپىگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا قىلىنغان چىقىم 17.5% ئاشتى.

تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2004 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 87.13 يانفون توغرا كەلگەن، يىللىق ئوتتۇرىچە ئالاقىلىشىش خىراجىتى 368.73 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2% ئاشقان.

لى جىن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەت چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساياھەت خىراجىتى چىقىمى 119.23 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت چىقىمى 21.61 يۈەنگە يېتىپ، 75.1%، كوللېكتىپ ساياھەت چىقىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 54.72 يۈەنگە يېتىپ، 5.9 ھەسسە ئاشتى.

تەي جۇخەي

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى 637.46 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە تېببىي داۋالىنىش فوندى 96.37 يۈەنگە يېتىپ، 5.4%؛ شەخسلەر تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە كەسپىي فوند 32.42 يۈەنگە يېتىپ، 6.6%؛ باشقا ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىملىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.67 يۈەنگە يېتىپ، 62.1%؛ شەخسلەر تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ جامائەت فوندى 286.51 يۈەنگە يېتىپ، 0.1% ئاشتى؛ شەخسلەر تاپشۇرغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 220.49 يۈەن بولۇپ، 1.5% ئازايدى.

تەي جۇخەي

## ئوقۇش پۇلى، ھەر خىل پارچە - پۇرات خىراجەت ۋە دەرسلىك پۇلى ئازايدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ياتىدىغان ئوتتۇرىچە ئوقۇش پۇلى ۋە ھەر خىل پارچە - پۇرات خىراجەت 84.86 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.6%؛ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ياتمايدىغان ئوتتۇرىچە ئوقۇش پۇلى ۋە ھەر خىل پارچە - پۇرات خىراجەت 184.29 يۈەن بولۇپ، 10.1%؛ مەكتەپلەردىكى ئوتتۇرىچە ياتاق پۇلى 11.66 يۈەن بولۇپ، 17.1%؛ دەرسلىك ۋە پايدىلىنىدىغان كىتابلار چىقىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32.86 يۈەن بولۇپ، 1.1% ئازايدى.

تەي جۇخەي

## سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمالى تېز ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرىغا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 117.28 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى سۈت مەھسۇلاتلىرىغا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 83.16 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.1؛ ئوتتۇرىچە قېتىق چىقىمى 13.34 يۈەنگە يېتىپ، %10.4؛ باشقا سۈت ياسالمىلىرىغا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 17.75 يۈەنگە يېتىپ، %27.9، ئوتتۇرىچە سۈت پاراشوكى چىقىمى 3.03 يۈەنگە يېتىپ، %28.9 ئاشتى.

پاك يەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق ئىستېمالى ئازايدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال مىقدارى 71.32 كىلوگرام بولدى، ئوتتۇرىچە ئاشلىق چىقىمى 209.72 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنغان گۈرۈچ 20.39 كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 58.15 يۈەن، ئۇن 26.83 كىلوگرام بولۇپ، 57.5 يۈەن چىقىم قىلىندى، باشقا ئاشلىقلار چىقىمى 2003 - يىلدىكىدىن %28.7، ئاشلىق ياسالمىلىرى چىقىمى %5.2 ئاشتى.

پاك يەن

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى ئاشتى

شىنجاڭدىكى 30 ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 19.1 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن %143.9، 1990 - يىلدىكىدىن %36، 2000- يىلدىكىدىن %10.7 ئاشقان.

تۇڭجيا دېفۇ

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش، تېببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 127 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14 يۈەن، تېببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى 142 يۈەنگە يېتىپ، 26 يۈەن ئاشتى. شىنجاڭدىكى دېھقانلار ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت ھاياتى ۋە تېببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، بۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە تىرىكچىلىك تىپىدىن تەرەققىيات تىپى ۋە ھوزۇرلىنىش تىپى يۆنىلىشىگە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىم، تۇڭجيا دېفۇ

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ غىزا قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرى ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىلغان سۇ يېغى 8.9 كىلوگرامغا يېتىپ، 1980- يىلدىكىنىڭ 2.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، قۇش گۆشى ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى 13.4 كىلوگرامغا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىنىڭ 1.3 ھەسسىسىگە، تۇخۇم ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى بىر كىلوگرامغا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىنىڭ 1.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، دېھقانلارنىڭ غىزا قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

ئالىم، تۇڭجيا دېفۇ

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك خىراجەت چىقىمى ئاشتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىيىم - كېچەك خىراجەت چىقىمى 139 يۈەنگە يەتتى، كىيىم- كېچەككە سەرپ قىلىنغان پۇل كىيىم - كېچەككە سەرپ قىلىنغان ئومۇمىي خىراجەتنىڭ %97.1نى ئىگىلىدى.

ئالىم، تۇڭجيا دېفۇ

## شىنجاڭدىكى يېزىلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئەمگەك كۈچى 1.62 نوپۇسنى زىممىسىگە ئالىدۇ

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى يېزىلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئەمگەك كۈچى 1.62 نوپۇسنى زىممىسىگە ئالدى (شۇ ئەمگەك كۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ھەر بىر ئەمگەك كۈچى زىممىسىگە ئالغان نوپۇس 40 نەچچە يىلدىن بېرى ئەڭ تۆۋەن بولدى. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، 1962 — 1988 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئەمگەك كۈچى 2 دىن ئوشۇق نوپۇسنى زىممىسىگە ئالغان، 1989 — 1993 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1.9 دىن ئوشۇق نوپۇس، 1994 — 1999 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1.8 دىن ئوشۇق نوپۇس، 2000 — 2002 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1.7 دىن ئوشۇق نوپۇس، شۇنىڭدىن كېيىن 1.7 دىن تۆۋەن نوپۇس توغرا كەلگەن.

تۇڭجيا دېفۇ

## يېزا ئاھالىلىرى ئائىلىرىدىكى ئوتتۇرا، ئالىي چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى كۆپەيدى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە 122 ۋېلىسىپىت، 104 تېلېۋىزور، 60 رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، 2.3 فوتو ئاپپارات، 17 شامالدۇرغۇچ، 27 كىرئالغۇ توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تۇراقلىق تېلېفون، يانفون، ھاۋا تەڭشىگۈچ، چاڭ سۈمۈرگۈچ قاتارلىقلارمۇ ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، بارغانسېرى كۆپەيدى.

ئالىم، تۇڭجىيا دېفۇ

## يېزا ئاھالىلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى داۋاملىق ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يېزىلارنىڭ 50 يىلغا يېقىن ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى داۋاملىق ئازايغان. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئاھالىلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3.76 مو (0.25 گېكتار) بولۇپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن %29.7؛ 1985 ـ يىلدىكىدىن %4.8؛ 1995 ـ يىلدىكىدىن %17.7 ئازايغان. يېزا ئاھالىلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئازايغانلىقى تۈپەيلىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل مۇقىم راۋاجلىنىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر يەتتى. يېزا نوپۇسى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان بولغاچقا، يېزا ئاھالىلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يەنە ئازىيىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. يەرنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا (ئوتلاققا) قايتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرگە بولغان بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تۈردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، دېھقانلارنى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

تۇڭجىيا دېفۇ

## شتاتلىق بازارلارنىڭ تەرەققىياتىدا 5 چوڭ ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شتاتلىق بازارلارنىڭ تەرەققىياتىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلگەن:

1. شتاتلىق بازارلار خېلى تېز تەرەققىي قىلغان، كۆلىمى كېڭەيگەن.

ئاپتونوم رايوندىكى شتاتلىق بازار 2003 ـ يىلدىكى 225 تىن 228 گە يەتكەن. شتاتلىق بازارلارنىڭ ئوتتۇرىچە نوپۇسى 2003 ـ يىلدىكى 18 مىڭ 600 دىن 19 مىڭ 300گە يەتكەن. شتاتلىق بازارلاردىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتى 2003 ـ يىلدىكى 602 دىن 681 گە يەتكەن. ئاپتونوم رايوننىڭ كىچىك شەھەر ـ بازارلىرىدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتى 2003 ـ يىلدىكى 2438 دىن 2271گە چۈشۈپ قالغان.

2. شتاتلىق بازارلاردىكى كەسىپكار كۆپەيگەن، 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئاشقان.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى شتاتلىق بازارلارنىڭ نوپۇسى 4 مىليون 407 مىڭ 700 گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %5.4 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپكار 1 مىليون 708 مىڭ 300 گە يېتىپ، %5.2 ئاشقان. نوپۇسنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتى 2003 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭشىلىپ، %38 تىن يۇقىرى بولغان. كەسىپكارلار ئىچىدە 1 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 996 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي كەسىپكارنىڭ %58.3نى ئىگىلىگەن ۋە 2003 ـ يىلدىكىدىن 1.1 پىرسەنت پوئېنتى ئازايغان؛ 2 ـ كەسىپتىكى كەسىپكار 212 مىڭ بولۇپ، %12.4نى ئىگىلىگەن ۋە 0.2 پىرسەنت پوئېنتى ئازايغان؛ 3 ـ كەسىپتىكى كەسىپكار 500 مىڭ 400 كە يېتىپ، %29.3نى ئىگىلىگەن ۋە 1.3 پىرسەنت پوئېنتى ئۆسكەن.

3. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىغا پەيدىنپەي چۈشكەن.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 226 شتاتلىق بازاردىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 26 مىڭ 60قا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %4.5 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسىدىن 43ى كۆپەيگەن. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى كەسىپكار 159 مىڭ 400گە يېتىپ، %8.5؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئەمەلىي تاپشۇرغان باج 445 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.9 ئاشقان.

4. كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش سىياسىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلگەن، مالىيە چىقىمى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن.

ئاپتونوم رايوندىكى شتاتلىق بازارلارنىڭ 2004 ـ يىلدىكى مالىيە كىرىمى 766 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %6.6 ئاشقان. 2004 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشكە ئائىت بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى شتاتلىق بازارلارنىڭ مالىيە چىقىمى 2003ـ يىلدىكىدىن 115 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، %12.9

تۆۋەنلىگەن.

5. مەھەللىلەردىكى ئۇل مۇئەسسەسىلەر تېز كۆپىيىپ، تۇرالغۇ مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

ئاپتونوم رايوندىكى شتاتلىق بازارلارنىڭ مەھەللە مۇھىتىدىن قارىغاندا 2004 ـ يىلى ئاپتوموبىل بېكىتىدىن 22 سى كۆپىيىپ، %13.3؛ سۇ پونكىتىدىن 43ى كۆپىيىپ، %14.3؛ بانكا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 6 سى كۆپىيىپ، %1.3؛ ئورنىتىلغان تېلېفون 768 مىڭ 800گە يېتىپ، %19.7؛ يانفون 593 مىڭغا يېتىپ، %38.4؛ تەنتەربىيە مەيدانى (سارىيى) 81گە يېتىپ، %19.1؛ دوختۇرخانا، شىپاخانا 513كە يېتىپ، 53ى، يەنى %11.5، دوختۇر 9739غا يېتىپ، %16.2؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارۋات %12.4 ئاشقان.

ياڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %85.9ى 1 ـ كەسىپكە مەركەزلەشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىكى كەسىپكار 3 مىليون 950 مىڭ 600گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 3 مىليون 394 مىڭ 100 بولۇپ، ئومۇمىي كەسىپكارنىڭ %85.9نى؛ 2 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 182 مىڭ 700 بولۇپ، %4.6نى؛ 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 373 مىڭ 800 بولۇپ، %9.5نى ئىگىلىگەن.

1 ـ كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2 مىليون 951 مىڭ 300 بولۇپ، 1 ـ كەسىپتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ %87نى؛ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى 402 مىڭ 700 بولۇپ، %11.9نى ئىگىلىگەن. 2 ـ كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدە سانائەت ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 106 مىڭ 100 بولۇپ، غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپىدىكى ئومۇمىي كەسىپكارنىڭ %19.1نى؛ بىناكارلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 76 مىڭ 600 بولۇپ، %13.8نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭدا يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى 1 ـ كەسىپكە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى نىسپىي ئارقىدا قالغان. 1 ـ كەسىپتىكى كەسىپكاردىن %87ى دېھقانچىلىققا مەركەزلەشكەن، دېھقانچىلىق تەبىئىي خېيىمخەتەر ۋە بازار خېيىمخەتىرىدىن ئىبارەت قوش بېسىمغا ئۇچرايدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بۇ كەسىپكە مەركەزلەشكەنلىكى يېزا ئىگىلىك ساھەسىنىڭ يۈكىنى ۋە دېھقانلارنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇشتىكى تۇراقسىزلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەن.

ياڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %24.66 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار سالغان مەبلەغ 5 مىليار 438 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.1؛ دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 4 مىليارد 634 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.64 ئاشقان. يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىشتا تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلگەن:

1. دېھقانلارنىڭ ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى داۋاملىق مۇقىم ئاشقان. 2004 ـ يىلى سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ تۇراقلىق مۇلۇككە سالغان مەبلىغى 5 مىليارد 438 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %13.1 ئاشقان ۋە يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ سالمىقىنىڭ %54ىنى ئىگىلىگەن؛ يېزىلاردا دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 4 مىليارد 634 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.64 ئاشقان ۋە يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ سالمىقىنىڭ %46ىنى ئىگىلىگەن.

2. يېزىلاردا 1 ـ، 3 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ ئاشقان، 2 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ ئازايغان. 2004 ـ يىلى يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە 1ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 5 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %21.63 ئاشقان؛ 2 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 634 مىليون يۈەن بولۇپ، %29.24 ئازايغان؛ 3 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 4 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.11 ئاشقان.

3. يېزىلار ئۆزلىرى غەملىگەن مەبلەغ بىلەن دۆلەت مەبلىغى مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي مەنبە بولغان. مەبلەغ سېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا، يېزىلار ئۆزلىرى غەملىگەن مەبلەغ 6 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %62.25نى؛ دۆلەت مەبلىغى 2 مىليارد 373 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %23.56نى؛ مەملىكەت ئىچىدىن ئېلىنغان قەرز

پۇل، پـايدىلىنىلغان چـەت ئـەل مـەبلىغى، باشقا مەبلەغلەر %19. 14نى ئىگىلىگەن.

4. دېھقانلارنىڭ ئۆي سېلىشقا سالغان مەبلىغى يەنىلا يېزىلاردا ئۆي سېلىشقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزىلاردا ئۆي سېلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 838 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26. 30 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ئۆي سېلىشىغا سالغان مەبلىغى 2 مىليار 89 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61. 53 ئاشقان.

چېن شياۋرۇڭ

## ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۈللىنىش ياخشى بولدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 137، 2- پەسىلدە 3. 125، 3 - پەسىلدە 2. 152، 4 - پەسىلدە 133 بولدى، 2004 - يىلدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2003 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - پەسىلدە تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، 3 - پەسىلدە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاۋات پەسىلدىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەردە روشەن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، يىل بېشىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2 ـ، 3 - پەسىللەردىكى يۇقىرى ئۆرلەش گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى %50نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچى مەنبەسى جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى %2. 42، كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى %39، ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى %7. 23 ئۆستى. بۇنىڭدىن باشقا، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى يۇقىرى بولۇپ، 8. 143دىن 6. 151 گىچە بولغان سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى، كەسىپ مىقدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى ئۆزگەرمەي مۇقىم ھالەتتە تۇرۇپ، 3 پەسىلدە 9. 129 دىن 4. 132 گىچە بولغان بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى. تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى تەكشۈرۈلگەن بارلىق كارخانىلارنىڭكىدىن روشەن يۇقىرى بولۇپ، 1 - پەسىلدە 5. 98كە، 2 - پەسىلدە 9. 95غا، 3 - پەسىلدە 1. 90گە، 4 - پەسىلدە 5. 78كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى 3 پەسىلدە كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن %36تىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى.

ۋاڭ شۈەن

## كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يەنە يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى ۋە كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدا يەنە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى: كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى 1 - پەسىلدە 6. 125، 2 - پەسىلدە 5. 124، 3 - پەسىلدە 2. 125، 4 - پەسىلدە 4. 123 بولدى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 7. 115، 2 - پەسىلدە 1. 121، 3 - پەسىلدە 9. 126، 4 - پەسىلدە 120 بولدى. تەكشۈرۈلگەن 8 چوڭ ساھە ئىچىدە %70تىن ئارتۇق ساھەنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسىدە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش ۋە پارچە سېتىش ساھەسى، ترانسپورت، پورتا ۋە ئامباردا ساقلاش ساھەسى، مېھمانساراي ۋە يېمەك - ئىچمەك ساھەسى، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ ساھەدىكى كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى ۋە كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدا تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بىر يىلدا كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرى ئالدىدا ماڭدى، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتتى. 2004 - يىلى پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئۆرلەش دەرىجىسى ھەر خىل ئىقتىساد تىپلىرىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 3. 133 تىن گۈللىنىشتىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتا 200گە يەتتى ھەمدە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىنى ئىگىلەپ، تۇنجى قېتىم «سەركە» بولدى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن %2. 15تىن %7. 66كىچە يۇقىرى بولدى. پاي چەكلىك شىركەتلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى 2 - ئورۇنغا چېكىندى، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار 3 - گۇرۇھ ئورنىدا تۇردى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە ئۇچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى 4 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، كوللېكتىپ كارخانىلار ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ناچار ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى يۇقىرى ئورۇندا يۈرۈشۈپ، شۇ يىلنىڭ 4 پەسىلدە 9. 150 دىن 9. 163 غىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇپ، ئالاھىدە كارخانىلار توپىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىنى ساقلاپ قالدى ۋە كارخانىلارنىڭ

ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن (19.6%تىن 35.3%كىچە) يۇقىرى بولدى.

2. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2004 - يىلى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرسەتكۈچ 62.5%لىك مەزمۇت قەدەم بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پايدا ۋە ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىدىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى گۈللىنىش ئەھۋالى تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتتى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 4 - پەسىلدە 98.6 دىن 134.7كىچە بولغان ئارىلىقتا تۇردى، 2 - پەسىلدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن 2.7%، 3 - پەسىلدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن 1.2% ئېشىپ كەتتى. كارخانىلارنىڭ پايدا جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسىدا ئۇدا يېڭى يۇقىرى سەۋىيە، 2 - پەسىلدە 119 دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، 3 - پەسىلدە داۋاملىق ئۆرلەپ، 120.7 گە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى. ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسىدىكى رېكورت ئۇدا يېڭىلاندى، 2 - پەسىلدە 110.7 دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، 3 - پەسىلدە 112گە يېتىپ، رېكورت يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى.

ۋاڭ شۈەن

## توپ ۋە پارچە سېتىش ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئاۋۋال ئۆرلەپ، كېيىن تۆۋەنلىدى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىش ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئاۋۋال ئۆرلەپ، كېيىن تۆۋەنلىدى، يەنە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلغاندىن كېيىن، گۈللىنىش ئىندېكسى تۆۋەنلىدى. مەزكۇر ساھەدىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 2002 - يىلدىن تارتىپ مەزمۇت قەدەم بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپ، ھەر يىلى بىر باسقۇچ كۆتۈرۈلۈپ، 2004 - يىلنىڭ 1 - پەسلىگە كەلگەندە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 128.5، 2 - پەسىلدە 112.5، 3 - پەسىلدە 116.3، 4 - پەسىلدە 116.6 بولدى، 1 - پەسىلدە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، 2 - پەسىلدە 14.2 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، 3 -، 4 - پەسىللەردە قايتا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ سەۋىيە 2003 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن روشەن تۆۋەن بولدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى، تەكشۈرۈلگەن 13 كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تۆۋەنلىگىنى 80%تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈز سىزىق بويىچە تۆۋەنلىكىنى 60%تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. يىل بېشىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 4 - پەسىلدە 3 كۆرسەتكۈچ قاتتىق تۆۋەنلەپ، گۈللىنىش دائىرىسىدە ناچارلىشىش دائىرىسىگە بېرىپ قالدى، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش باھاسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 114.9 دىن 89.9غا، تىجارەت خىراجىتى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 107.7 دىن 75.6گە، تاۋارلارنىڭ ئامباردا ساقلىنىشى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 108.5 تىن 92.5كە چۈشۈپ قالدى.

ۋاڭ شۈەن

## ئۇچۇر يەتكۈزۈش، كومپيۇتېر مۇلازىمەتى ۋە يۇمشاق ماتېرىيال ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى باشلامچى بولۇش ئورنىدا مۇقىم تۇردى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش ساھەسىدىكى تىجارەت ئەھۋالى مۇقىم بولۇپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ مىقدارى مۇقىم ئاشتى، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، كومپيۇتېر مۇلازىمىتى ۋە يۇمشاق ماتېرىيال ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى مەزمۇت قەدەم بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، تەكشۈرۈلگەن ساھەلەرنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسىدىن روشەن يۇقىرى بولۇپ، باشلامچىلىق ئورنىدا داۋاملىق تۇردى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 150.9غا يېتىپ، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن 35.2 نۇقتا، 2 - پەسىلدە 151.9غا يېتىپ، 30.8 نۇقتا، 3 - پەسىلدە 159.2گە يېتىپ، 32.3 نۇقتا، 4 - پەسىلدە 163كە يېتىپ، 43 نۇقتا ئېشىپ كەتتى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىدا يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. تەكشۈرۈلگەن تۈرلەر بويىچە گۈللىنىش كۆرسەتكۈچىدە 4 - پەسىلدە يىل بېشىدىكىگە قارىغاندا 60%كە يېقىن ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 101.1دىن 128.5كە يېتىپ، 28.4%؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 115.1دىن 147.9غا يېتىپ، 28.5%، تىجارەت كىرىمى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 118.6دىن 130.7 گە يېتىپ، 10.2% ئۆستى. كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 106.9 غا يېتىپ، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن 34.9 نۇقتا،

2 ـ پەسىلدە 107.8گە يېتىپ، 40.1 نۇقتا، 3 ـ پەسىلدە 120.5كە يېتىپ، 55.8 نۇقتا، 4 ـ پەسىلدە 108.3كە يېتىپ، 42 نۇقتا ئېشىپ كەتتى.

ۋاڭ شۆەن

## قاتناش ـ ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش ۋە پوچتا ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئۆستى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى قاتناش ـ ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش ۋە پوچتا ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2003 ـ يىلى چوڭ قەدەم بىلەن يۇقىرى باسقۇچقا چىققان ئاساستا داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ، گۈللىنىش سەۋىيىسى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. 2004 ـ يىلى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 ـ پەسىلدە 125، 2 ـ پەسىلدە 119.6، 3 ـ پەسىلدە 136.4، 4 ـ پەسىلدە 125 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ پەسىلدە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يېتىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى 120 دىن 130غا ئۆرلىدى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى روشەن ئۆسۈپ، يەنە يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، يىل بويى 124 تىن 136 گىچە بولغان ئارىلىقتا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 پەسىلدە 130 دىن ئىبارەت گۈللىنىش سەۋىيىسىدىكى يېڭى باسقۇچقا يەتتى، 3 ـ پەسىلدە 135.3 تىن ئىبارەت سەۋىيە ئارقىلىق تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يېتىلىنىپ، رېكورت 3.9 نۇقتا ئۆستۈرۈلدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالىدا روشەن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچلەرنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى 60%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپ مىقدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يىل بېشىدىكىدىن 40.5%، كەسىپ بويىچە زاكاز قىلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 29.2%، كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 27%، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 26.7% ئۆرلىدى. 3 خىل كۆرسەتكۈچتە رېكورت يېڭىلاندى، كەسىپ مىقدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسىدا 156.1 دىن ئىبارەت، تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسىدا 65.7 دىن ئىبارەت، كەسىپ بويىچە ھەق ئېلىش باھاسى جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچتە 107 دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ۋاڭ شۆەن

## مېھمانساراي ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ ئۆسۈشى 8 چوڭ ساھەدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى

2004 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مېھمانساراي ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 1 ـ پەسىلدە 86.4، 2 ـ پەسىلدە 120.5، 3 ـ پەسىلدە 154.6، 4 ـ پەسىلدە 83.3 بولدى. 2 ـ، 3 ـ پەسىللەر مەزكۇر ساھەنىڭ تىجارىتى جانلانغان پەسىللەر بولۇپ، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 2 ـ پەسىلدە 39.5% ئۆسۈپ، ناچار دائىرىدىن 120 دىن ئىبارەت بىر قەدەر يۇقىرى گۈللىنىش باسقۇچىغا ئۆتتى ھەمدە تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە ئەڭ يېڭى سەۋىيىنى يېتىلدى؛ 3 ـ پەسىلدە كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى ئۆسۈش ھالىتىنى ساقلىغاننىڭ ئۈستىگە، يەنە 28.3% ئۆسۈپ، 154.6گە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە بولۇپ قالدى.

تەكشۈرۈلگەن تۈرلۈك گۈللىنىش كۆرسەتكۈچلىرى ئىچىدە جانلانغان پەسىلدە يىل بېشىدىكىدىن ئۆسكىنى ئاز كەم 80%نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسى ناھايىتى زور بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 50%كە يېقىن گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسى 60%تىن ئاشتى ھەمدە 3 ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى: (1) كەسىپ مىقدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە ئۆستى، كەسىپ جەھەتتە زاكاز قىلىشتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى 86.2%، كەسىپ مىقدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى 102.8%، ياتاق ئىجارىگە بېرىش جەھەتتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى 289.9% ئۆستى. (2) كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى ئۆستى، تىجارەت كىرىمى 116%، كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى 56.1% ئاشتى. (3) ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج ۋە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى، ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج 84.8%، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 23.8% ئاشتى.

ۋاڭ شۆەن

## ئۆي ـ زېمىن ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئاۋۋال ئۆسۈپ، كېيىن تۆۋەنلىدى

2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئۆي ـ زېمىن ساھەسىدىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 1 ـ پەسىلدە 130.6، 2 ـ پەسىلدە 148.6، 3 ـ پەسىلدە 140.9، 4 ـ پەسىلدە 125.5 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ پەسىلدە يېقىنقى 4 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، بۇ، تارىختىن بۇيانقى

2 - يۇقىرى نۇقتا بولدى (تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە 155 ئىدى). 2003 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2 پەسىلدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2003 - يىلدىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى، كېيىنكى 2 پەسىلدىكىسى 2003 - يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىدا 2 ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى: (1) ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان كۆرسەتكۈچلەردە 2 ئۇچى تۆۋەن، ئوتتۇرىسى يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى، تۈرلۈك گۈللىنىش كۆرسەتكۈچلىرى ئىچىدە ئاۋۋال كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن پەسەيگەنلىرى %40تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 2 - پەسىلدىكىسى بىر يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتا بولدى، كېيىنكى 2 پەسىلدىكىسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى %3. 28، مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى %32، ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج جەھەتتىكى گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى %9. 47 تۆۋەنلىدى. (2) تاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆرلەشكە يۈزلەندى، تىجارەت ئۈنۈمىدە روشەن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، تاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش باھاسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى تۇراقلىق بولۇپ، يىلنىڭ 4 پەسلىدە 1. 105 دىن 8. 117گىچە بولغان ئارىلىقتا تۇردى، بۇ، يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى ئىزچىل يۇقىرى ئۆرلەپ، 4 - پەسلىدە يىل بېشىدىكى 8. 107 دىن 5. 130كە يەتتى، بۇ، تەكشۈرۈلگەن 8 چوڭ ساھە ئىچىدە يىلنىڭ 4 پەسلىدە كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بىردىنبىر گۈللىنىش ئىندېكسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن %4 تىن %7. 19كىچە ئېشىپ كەتتى.

ۋاڭ شۈەن

## سانائەت كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدا داۋاملىق يېڭى رېكورت يارىتىلدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇدا 3 قېتىم يېڭى رېكورت يارىتىلدى: 1 - پەسلىدە 117. 5 تىن ئىبارەت ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بويىچە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى: 2 -، 3 - پەسىللەردە گۈللىنىش ئىندېكسى داۋاملىق ئۆسۈپ، 2 - پەسلىدە 3. 123كە، 3 - پەسلىدە 5. 127كە يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بويىچە ئۇدا 2 قېتىم ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - پەسلىدە مۇشۇ ساھە بويىچە تارىختىكى رېكورتقا تەڭلەشتى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىدا روشەن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرسەتكۈچلەردىن ئۆسكەنلىرى %70تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 3- پەسلىدە يىل بېشىدىكىگە قارىغاندا %7. 25، مەھسۇلات زاكاز قىلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى %5. 16، مەھسۇلات سېتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى %6. 30، ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى %8. 19، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى %2. 21، كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى %6. 27 ئۆستى.

33 ساھە ئىچىدىكى 13 ساھە يىل بويى گۈللىنىش دائىرىسىدە بولۇپ، %4. 39نى، 6 ساھە 3 پەسىلدە گۈللىنىش دائىرىسىدە بولۇپ، %2. 18نى ئىگىلىدى. گۈللىنىش سەۋىيىسى ئالدىنقى قاتاردىكى 10 ساھەنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: كۆك تاماكا ياسالمىلىرى ساھەسى، قارا رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش ساھەسى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش - ئېلىش ساھەسى، غەيرىي مېتال مىنېراللارنى ئېلىش - تاللاش ساھەسى، يېمەكلىك ئىشلەش ساھەسى، نېفىت پىششىقلاش ساھەسى، ئىچىملىك ئىشلەش ساھەسى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ساھەسى، رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش ساھەسى، خىمىيە خام ئەشيالىرى ۋە خىمىيە ياسالمىلىرى ئىشلەش ساھەسى.

ۋاڭ شۈەن

## بىناكارلىق ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى بىر ئىزدا توختاپ قالدى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى روشەن تۆۋەنلىدى، بۇنىڭدا 3 ئالاھىدىلىك بارلىققا كەلدى: (1) گۈللىنىش سەۋىيىسى يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە ھەممىدىن تۆۋەن بولدى، يىللىق ئەڭ ياخشى سەۋىيە 121.6 دىن 5. 112كە چۈشتى. (2) كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش يۈزلىنىشى ئاۋۋال ئۆسۈپ، كېيىن تۆۋەنلىدى، جانلىنىش پەسلىدە جانلانمىدى. ئىلگىرىكى يىللاردا كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 3 - پەسلىدە يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى، ئەمما، 2004 - يىلى 3 - پەسلىدە

گۈللىنىش ئىندېكسى ئۆسمەي، ئەكسىچە تۆۋەنلەيدىغان ئەھۋال تۇنجى قېتىم كۆرۈلدى، بىر يىلدا گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 1. 95، 2 - پەسىلدە 5. 112، 3 - پەسىلدە 4. 109، 4 - پەسىلدە 2. 110 بولدى. (3) كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدىن تۆۋەن بولدى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى 3 پەسىلدە كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسىدىن تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - پەسىلدە 4.7% تۆۋەنلىدى.

ۋاڭ شۇەن

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## پاراۋانلىق ئىشلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدا مەھەللىلەردىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ياشانغانلار ئائىلىدە، مەھەللىدە، پاراۋانلىق ئاپپاراتىدا كۈتۈنۈشتىن ئىبارەت خىلمۇ خىل شەكىللەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىيلاشقان كۈتۈنۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى بېقىۋېلىش خاراكتېرىدىكى پاراۋانلىق ئاپپاراتى 69غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 25، ياشانغانلار ياتاق بىناسى 44 (دۆلەت، كوللېكتىپ تەرىپىدىن قۇرۇلغىنى 17، خەلق تەرىپىدىن قۇرۇلغىنى 27)، ئىشچى - خىزمەتچىسى 577، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 119، كارۋات 2888. بۇ ساناتورىيىلەردىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1957، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 60، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 1049، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 848. قۇرۇلغان روھىي كېسەللەر پاراۋانلىق دوختۇرخانىسى 7، دوختۇرخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 418، داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىش خادىمى 270، كارۋات 1115. يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1079، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 77، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 670، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 332. بالىلار پاراۋانلىق ئىشلىرى كۈچەيتىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش، ئائىلىلەر بېقىۋېلىش ۋە جەمئىيەت بېقىشقا ياردەم بېرىش، ۋەكالەتەن بېقىش، بېقىشقا بېرىش قاتارلىق يېتىم بالىلارنى بېقىۋېلىش سىياسەتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قۇرۇلغان بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 36 (4 ئورۇندىكى يېتىملار مەكتىپى بۇنىڭ سىرتىدا)، كارۋات 2971، ساناتورىيىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 2916.

ما يۈپىڭ

شىنجاڭدىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيىسى | ئىشچى - خىزمەتچى: دوختۇر، سېستىرا | ئىشچى - خىزمەتچى: باشقا ئىشچى - خىزمەتچى | كارۋات | ساناتورىيىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم (ئادەم - كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى («SOS» بالىلار كەنتى شۇنىڭ ئىچىدە) | 2 | 19 | 63 | 215 | 141985 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 2 | 2 | 10 | 75 | 22630 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | 2 | 10 | 100 | 18360 |
| سانجى ئوبلاستى | 1 | 1 | 9 | 36 | 10585 |
| بورتالا ئوبلاستى | 1 | 6 | | 12 | 2880 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1 | | | | |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 2 | 4 | 35 | 202 | 1164 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 4 | 3 | 52 | 249 | 85096 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 12 | 64 | 50 | 989 | 239410 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 8 | 5 | 89 | 949 | 284335 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىلى ئوبلاستى | 1 | 10 | 2 | 65 | 2000 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 5 | 12 | 80 | 23725 |
| جەمئىي | 36 | 121 | 332 | 2971 | 832170 |

ئىزاھ: بايىنغولىن ئوبلاستلىق بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى قۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، سانلىق مەلۇمات جەدۋەلگە بېرىلمىدى.

ما يۆپىڭ

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى 161، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 5133، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 2422. ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 526 مىليون 637 مىڭ يۈەن، قەرزى 891 مىليون 652 مىڭ يۈەن، مەھسۇلات سېتىش (تىجارەت) تىن قىلغان كىرىمى 690 مىليون 365 مىڭ يۈەن، تارتقان زىيىنى 19 مىليون 54 مىڭ يۈەن.

ما يۆپىڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا 578 مىڭ شەھەر ئاھالىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغانلار غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 6.8%نى ئىگىلىدى (غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 6 مىليون 700 مىڭ)، ھەر بىر ئادەمگە ئېيىغا 70 يۈەندىن تولۇقلاپ بېرىلدى، ئېيىغا 42 مىليون 79 مىڭ 800 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسى چىقىم قىلىندى. مەركەز مالىيىسىدىن 304 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 120 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەردىن 110 مىليون يۈەن غەملىنىپ، 6 مىليون 980 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسى تارقىتىپ بېرىلدى، 534 مىليون يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسى چىقىم قىلىندى.

مۇنىرە

شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

| رايونلار | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئائىلە | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئادەم | | | | | | | | 1 — 12 - ئايغىچە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغىدىن قىلىنغان چىقىم (تۈمەن يۈەن) | ئايلىق ئوتتۇرىچە تولدۇرۇلغان كىرىمى (يۈەن) | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى | «مەركەز» دىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى | ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان خادىم | دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم | ئىشسىزلار | «ئۈچ يوق» خادىم | باشقا خادىم | يىغىندىسى | | | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 11563 | 583 | | 1349 | 564 | 3176 | 1584 | 20137 | 27393 | 3197.44 | 95 | 156 |
| قاراماي شەھىرى | 788 | 13 | | 18 | 11 | 10 | 30 | 1777 | 1859 | 269.51 | 137 | 195 |
| شىخەنزە شەھىرى | 2322 | 563 | 1033 | 341 | 300 | 705 | 172 | 1672 | 4786 | 426.42 | 73 | 143 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 29364 | 1175 | 3278 | 2528 | 821 | 20638 | 5165 | 57226 | 90831 | 6502 | 67 | 119 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 16307 | 863 | 1372 | 2840 | 349 | 5497 | 3155 | 28452 | 42528 | 3191 | 72 | 122 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | 14754 | 408 | 2828 | 1574 | 540 | 7606 | 1969 | 25343 | 40268 | 3655 | 83 | 117 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 4593 | 139 | 1111 | 732 | 228 | 5074 | 464 | 4379 | 12127 | 919.59 | 62 | 130 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 7847 | 757 | 365 | 821 | 348 | 2861 | 469 | 15585 | 21206 | 2025.5 | 76 | 124 |
| سانجى ئوبلاستى | 6326 | 197 | 796 | 470 | 193 | 1688 | 1119 | 9513 | 13976 | 1032.06 | 60 | 125 |
| بورتالا ئوبلاستى | 6547 | 553 | | | 221 | 2022 | 7438 | 7835 | 18069 | 1436 | 72 | 117 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 12595 | 2006 | 1214 | 326 | 1047 | 4058 | 2774 | 19706 | 31131 | 2672 | 75 | 123 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 24575 | 412 | 1230 | 2970 | 305 | 24463 | 3854 | 32989 | 66223 | 5093.36 | 65 | 123 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 8991 | 1223 | 1116 | 1430 | 1175 | 2424 | 1266 | 13035 | 21669 | 1739.3 | 72 | 117 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 48943 | 2804 | 2412 | 671 | 2827 | 21472 | 7957 | 101487 | 139630 | 11324.4 | 68 | 119 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 26818 | 1443 | 2793 | 896 | 1179 | 12848 | 5630 | 31938 | 56727 | 5446 | 81 | 117 |
| جەمئىي | 222333 | 13139 | 19548 | 16966 | 10108 | 114542 | 43046 | 371074 | 578423 | 48929.58 | 72 | 123 |

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بولدى.

جاڭ لېيرۇڭ

## قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش-باشقۇرۇش پونكىتى ياردەمگە مۇھتاج ھەر خىل ئادەمدىن 7672نى كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش شەرتىگە ئاساسەن ئۆيگۈن كېلىپ قۇتقۇزۇلغىنى ۋە ياردەم بېرىلگىنى 6936؛ ئەر 5592، ئايال 1344، بالا 3447، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 2523، ياشانغانلار 966؛ ئاپتونوم رايوندىكىسى 4641، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگىنى 2251، ئادرېسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمىغىنى 44؛ يۆت - قولى مېيىپ 385، گۇمۇش 94، روھىي كېسەل 141، ئېغىر كېسەللىكى بارلار 124. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم تەلەپ قىلغىنى 2850، مۇھاپىزەت قىلىنىپ ئاپىرىپ قويۇلغىنى 3863، پونكىت سىرتىغا تاشلاپ قويۇلغىنى 223، تىلەمچىلىك قىلغىنى 1396، تىلەمچىلىك قىلمىغىنى 5540، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش پونكىتى بەرگەن ئاپتوموبىل بېلىتى، يول خىراجىتى ئارقىلىق يۇرتىغا ئۆزى قايتىپ كەتكىنى 2765، ئائىلە تاۋابىئاتى ئەۋەتكەن يول خىراجىتى ئارقىلىق يۇرتىغا قايتىپ كەتكىنى 193، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئورنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكىنى 1453، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكىنى 1379، مۇھاپىزەت قىلىنىپ يۇرتىغا ئەۋەتىلگىنى 510، ئۆز ئىختىيارى بىلەن پونكىتتىن كەتكىنى 394، پونكىتتىن ئۆز ئالدىغا كېتىپ قالغىنى 153، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش توختىتىلغىنى 68، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرغىنى 17، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكىنى 14، يىل ئاخىرىدا پونكىتتا قالغىنى 10.

خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش - باشقۇرۇش خىزمىتى ئىشخانىسىنى قۇردى، بۇ ئىشخانا 2004 - يىل 7 - ئايدا ۋۇجۇدقا چىقىپ خىزمەتكە چۈشتى.

مالىيە نازارىتى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن 12 - ئايدا مەركەزدىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇشقا سەرپ قىلىش ئۈچۈن يۆتكەپ بېرىلگەن ياردەم

خىراجىتىدىن 2 مىليون يۈەننى ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى 17 قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

سۇن خېيىۋ

## سەرگەردان ئۆسمۈر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش پونكىتلىرى ۋە سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركەزلىرى 3447 سەرگەردان بالىنى قۇتقۇزدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى.

ئاپتونوم رايوندا سەرگەردان ئۆسمۈر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش - ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركەزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، ئەسلىدىكى 4 ئورۇندىكى سەرگەردان ئۆسمۈر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركىزى ھەم قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتى ئايرىلىپ تەسىس قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايىنغولىن، ئىلى ئوبلاستلىق، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەرگەردان ئۆسمۈر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركەزلىرى كۆپەيتىلىپ تەسىس قىلىندى.

سۇن خېيىۋ

## بېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 893ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو پۇقرالىرى بېجىرگەن بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 852، چەتكە چېتىشلىق بولغان بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 41. بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۈزىسىدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا 8 تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى (ھەممىسى دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ).

يې چى

## مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەتىكى پىلانى يولغا قويۇلدى

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «‹مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەتىكى پىلانى› لايىھىسى»گە ئاساسەن، 2004 — 2006 - يىلغىچە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى دەرىجىلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى فوندىنىڭ %70نى، ئۆلكە دەرىجىلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى جامائەت پاراۋانلىقى فوندىنىڭ %30نى سەرپ قىلىپ، 3 يىل ۋاقىت ئىچىدە مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەتىكى پىلانىنى يولغا قويۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدىكى 0 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان، ئوپېراتسىيە قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ مېيىپلىقىنى تۈزەش ۋە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. 2004 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئەتىكى پىلان» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇس پۈتۈن جەمئىيەتكە چىقىرىلدى ھەم 3 يىللىق ئومۇمىي پىلان ۋە مۇشۇ يىللىق پىلان تۈزۈپ چىقىلدى. «ئەتىكى پىلان» غا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە مۇتەخەسسىسلەر تېببىي داۋالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى جامائەت پاراۋانلىقى فوندىدىن خىراجەت ئاجرىتىلىپ، باشلامچى مەبلەغ قىلىندى. مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ مېيىپلىقىنى تۈزەش خىزمىتى 2004 - يىل 9 - ئايدىن تارتىپ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، يىل ئاخىرىغىچە 26 بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىكى 223 مېيىپ يېتىم بالا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، مېيىپلىقى تۈزەلدى، يىللىق پىلاننىڭ %70ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇت - قولى مېيىپلار 109، توشقان كالپۇكلار 24، كۆز كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغانلار 46، قۇلاق كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغانلار 24، توغما يۈرەك كېسىلى بارلار 3، باشقا كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغانلار 17. مۇتەخەسسىسلەر ئوپېراتسىيە ئۈنۈمى %97كە يەتكەن، دەپ باھالىدى.

جاڭ لەيرۇڭ

## مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش تاللا بازىرى تىجارەت باشلىدى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش تاللا بازىرى 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىمگو رايونىدىكى ۋېيخۇلياڭ بىرلەشمە مەھەللىسىدە تىجارەت باشلىدى.

مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش تاللا بازىرى ئىجتىمائىي ياردەم تۈزۈمىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياردەم بەرگۈچىلەرنى ياردەم بېرىش ئۈنۈمىنى بىۋاسىتە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئىجتىمائىي ياردەمگە قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، كىشىلەرنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش تاللا بازىرى شەھەر - يېزىلاردىكى نامرات

ئامىغا يېڭى قوشقۇزۇش، ياردەم بېرىش زېمىنى ھازىرلاپ بەردى، ئىنسان تەبىئىتىگە ياتىدىغان تاللا بازىرىنى يولغا قويۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ «ئادەمنى ئاساس قىلىش، خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىنى گەۋدىلەندۈردى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى، قاراماي، سانجى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش تاللا بازىرىدىن 9ى قۇرۇلدى.

سۇ جيەنگاڭ

## مېيىپ يېتىم بالىلارنى ئائىلىلەرنىڭ بېقىشىغا بېرىشكە خەلقئارا ياردەم بېرىلدى

2004 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ «ئويۇلتاش» فوندى جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ياردەم مەبلىغى 969 مىڭ 900 يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى 8 بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدە بېقىلىۋاتقان 137 مېيىپ يېتىم بالىنى ئائىلىلەرنىڭ بېقىشىغا ياردەم بېرىشكە بېرىلدى، 159 بوۋاققا سۈت پاراشوكى ئېلىپ بېرىلدى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىمىدىن 26سى تەربىيىلەندى، تېببىي داۋالاش ئارقىلىق 20 نەچچە ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايەتلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە مائارىپ تۈرى بويىچە مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ لەيرۇڭ

## نەپىقە بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

1. نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى

شىنجاڭدا 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ھەر خىل نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 23 مىڭ 504، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنقىلابتا مېيىپ بولغان ھەربىي 4118، مېيىپ خەلق ساقچىسى 274، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مېيىپ خىزمەتچى 875، مېيىپ خەلق ئەسكىرى، دېھقان ئىشلەمچى 62، يېزىدىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىي 13 مىڭ 127، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتقان ئاغرىق ھەربىي 2804، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى 1313، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى 487، كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى 423، يېزىدىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بىر، يېزىدىكى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى 17، قىزىل ئارمىيىدىن ئايرىلىپ قالغانلار 3.

2. نەپىقە ۋە ياردەم تارقىتىلدى

2004 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى 16 مىليون 870 مىڭ يۈەن، مالىيە نازارىتى 8 مىليون 450 مىڭ يۈەن نەپىقە سوممىسى ئاجرىتىپ، 23 مىڭ 364 نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتىغا مېيىپلىق نەپىقە (ساقلىق ساقلاش) پۇلى ۋە قەرەللىك، نورمىلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقاتتى.

3. تېببىي داۋالىنىش ياردەم پۇلى تارقىتىلدى

2004 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن تېببىي داۋالىنىش ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر قىسىم پېشقەدەم ھەربىيلەر ۋە مېيىپ بولغان پېشقەدەم ھەربىيلەر قاتارلىق نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تېببىي داۋالىنىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

4. ئۆي سېلىش ياردەم پۇلى تارقىتىلدى.

2004 - يىلى مالىيە نازارىتى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئۆي سېلىش ياردەم مەبلىغى ئاجرىتىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر قىسىم پېشقەدەم ھەربىيلەر، مېيىپ بولغان پېشقەدەم ھەربىيلەر قاتارلىق نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

5. نەپىقە، ياردەم ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى.

مالىيە نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ مېيىپلىق نەپىقە (ساقلىق ساقلاش) پۇلى ۋە قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى، بۇ قارار 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىنىدى (1 -، 2 -، 3 - جەدۋەللەرگە قاراڭ).

6. مېيىپلار باھالىنىپ بېكىتىلدى.

2004 - يىلى ھەر خىل مېيىپتىن 45ى باھالىنىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ھەربىي 4، مېيىپ خەلق ساقچىسى 15، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مېيىپ خىزمەتچى 24، مېيىپ خەلق ئەسكىرى، دېھقان ئىشلەمچى 2.

7. مېيىپلىق دەرىجىسى تەڭشەلدى.

2004 - يىلى ھەر خىل مېيىپتىن 16 سىنىڭ مېيىپلىق دەرىجىسى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ھەربىي 11، مېيىپ خەلق ساقچىسى بىر، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مېيىپ خىزمەتچى 3، مېيىپ خەلق ئىشچىسى، دېھقان ئىشلەمچى بىر.

8. قىسىملاردىكى مېيىپ ھەربىيلەر قوبۇل قىلىندى ۋە مېيىپلىق كىنىشكىسى ئالماشتۇرۇلدى.

2004 - يىلى قىسىملاردىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ھەربىي سەپتىن قايتىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 97 مېيىپ ھەربىي قوبۇل قىلىندى ۋە ئۇلارغا يېڭى مېيىپلىق كىنىشكىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، ئۇلارغا قىسىمدىن بېرىلىدىغان مېيىپلىق نەپىقىسى يەرلىك

ئورۇندىن بېرىلىدىغان مېيىپلىق نەپىقىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

قاھار ئىمىن

## لى شۆجۇ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2004 - يىل 6 - ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى شۆجۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن شىنجاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. لى شۆجۇ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئورگىنىدىكى باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يوقلىدى ھەمدە كۆپچىلىك بىلەن بىللە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىشخانىسى

جەدۋەل — 1

ئىنقىلابتا مېيىپ بولغانلارنىڭ نەپىقە (ساقلىق ساقلاش) پۇلى ئۆلچىمى

بىرلىكى: يىل/يۈەن

| مېيىپلىق دەرىجىسى | مېيىپ بولۇش خاراكتېرى | نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى (يېزىلاردىكىسى) | ساقلىق ساقلاش پۇلى ئۆلچىمى (خىزمەتتىكىسى) |
|---|---|---|---|
| ئالاھىدە دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 10462 | 2140 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 1027 | 2110 |
| 1 - دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 8155 | 1720 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 7940 | 1680 |
| | كېسەللىك بىلەن | 7780 | 1670 |
| 2 - «ئا» دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 4160 | 810 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 4025 | 790 |
| | كېسەللىك بىلەن | 3920 | 770 |
| 2 - «ب» دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 2789 | 680 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 2695 | 660 |
| | كېسەللىك بىلەن | 2645 | 650 |
| 3 - «ئا» دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 1680 | 510 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 1654 | 490 |
| 3 - «ب» دەرىجىلىك | ئۇرۇش ئۈستىدە | 1488 | 430 |
| | خىزمەت ئۈستىدە | 1488 | 420 |

جەدۋەل — 2

ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان قەرەللىك نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى

بىرلىكى: ئاي/يۈەن

| نوپۇس تەۋەلىكى | ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى | كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى |
|---|---|---|---|
| شەھەر - بازارلاردا | 270 | 265 | 260 |
| يېزىلاردا | 215 | 210 | 205 |

جەدۋەل — 3

يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، يېزىلاردىكى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، قىزىل ئارمىيىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمى

بىرلىكى: ئاي/يۈەن

| يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى | يېزىلاردىكى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى | قىزىل ئارمىيىدىن ئايرىلىپ قالغانلار |
|---|---|---|
| 800 | 625 | 185 |

## سۇ چىڭيۇ شىنجاڭغا كېلىپ، مەملىكەتلىك خەيرىيەت خىزمىتى بويىچە ئىش ئورنى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى

جۇڭخۇا خەيرىيەت باش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ چىڭيۇ 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەيرىيەت خىزمىتى بويىچە ئىش ئورنى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭدىكى تۇنجى خەيرىيەت تاللا بازىرى — قاراماي خەيرىيەت باش جەمئىيىتىنىڭ خەيرىيەت تاللا بازىرى ئۇچۇن لېنتا كەستى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قارامايىنىڭ خەيرىيەت خىزمىتىدىكى مۇھىم تەجرىبىلىرىنى ۋە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلىدى.

ۋاڭ نا

## ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئات-لىرىغا ئېتىبار بېرىش

### ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

2004 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 10 نەچچە يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى 30 نەمۇنىچى ئورۇن ۋە 30 نەمۇنىچى شەخسكە نام بېرىلدى ۋە ئۇلار تەقدىرلەندى. ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قەشقەر، سانجى، قاراماي، ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى.

2004 - يىلى جايلاردا، ھەربىي قىسىملاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتى ۋە ئومۇمىي خەلق دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار تەشكىللىگەن ئاساسىي قاتلامدىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خادىمىدىن 2400 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئىدارە - ئورگان، يېزا، مەكتەپ، لىيەندۈي، كارخانا، مەھەللىلەرگە بېرىپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدى، 1 مىليون 840 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازاردىن يۇقىرى 400 دىن ئارتۇق پارتىيە مەكتىپى كادىرلارنى تەربىيىلەش داۋامىدا دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى تەسىس قىلدى. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسىنى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى سىستېمىسىغا كىرگۈزدى، %90 تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، %95تىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، %75 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم-تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى. ئاخبارات ۋاستىلىرى جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايوندىكى تۆرلۈك گېزىت، ژۇرناللار، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، رادىئو ئىستانسىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت 2460 خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، كۆرسىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلدى، 5 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىش - ئىزلىرى مەركەزدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە كۆرسىتىلدى. جايلار دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مۇلازىمەت ساھەلىرى، كۆزنەك ئورۇنلار،

شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىۋى سورۇنلار، مۇھىم قاتناش يوللىرى قاتارلىق جايلاردا 3000 دىن ئارتۇق ئورۇنغا ئىككىنى ھىمايە قىلىش بەلگىسى (تاختىسى) ئورنىتىلدى، 80 دىن ئارتۇق ئورۇندىكى تەشۋىقات - تەربىيە سېپى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش كۆرگەزمىخانىسى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قۇمۇل، شىخەنزە، كورلا، قەشقەر، كۈيتۇڭ شەھەرلىرى قاتارلىق جايلاردا 64 ئۆسمۈر ھەربىيلەر (ساقچىلار) مەكتىپى قۇرۇلدى، تەربىيىلەنگەنلەر ئاز كەم 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. قاراماي شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى تورى قۇرۇلدى.

جايلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى چۆرىدەپ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، خىلمۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىن سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە بەردى. ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) بەرپا قىلىش ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، نەمۇنىچى شەخس بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇھىم شەرت قىلىنىپ، بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، بۇرچ تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قوللانمىسى»، «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى»، «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت 100 سوئال» قاتارلىق كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ، ھەر ھەپتىدە بىر ئاخشام ئۆگىنىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پۇختا ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاست مىللىي، دىنىي زاتلار ئارىسىدا «ۋەتەننى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، خەلق ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. جايلار، ھەربىي قىسىملار ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ بىرلەشمە يىغىنى، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى، توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر ياقلىق قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. جايلار ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى جۇپلەرنى ئىلگىرىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن مەھەللىلەر، نامرات يېزا - كەنتلەر ۋە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا تەڭشىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلغان پارتىيە ياچېيكىسى 2850تىن، مەدەنىي كەنت - بازار 700 دىن، مەدەنىي كۆزنەك 4300 دىن ئاشتى. 2004 - يىلى ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بىرلەشمە مۇداپىئەسى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى، غەيرىي ھەربىي كۈرەش ھەرىكىتى ۋە تېررورلۇققا قارشى مانېۋىر مەشقى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 450 تىن ئارتۇق ئارمىيە (ساقچى)، بىڭتۇەن، خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى مۇقىملىقنى قوغداش داۋامىدا مۇھىم رول ئويناپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ جىنايەت گۇماندارىدىن 170 تىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تۇتۇشقا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن بىلەن بىللە «ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە 10 مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا قىلىش» ۋە «ئارمىيە (ساقچى)، بىڭتۇەن، خەلق ئەسكەرلىرى بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا 1000 چاقىرىملىق تۆمۈريول مەدەنىي لىنىيىسى بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئارمىيە لىنىيىنى باشقۇرۇش، ساقچى ئورۇنلىرى نۇقتىنى باشقۇرۇش، بىڭتۇەن چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، خەلق ئەسكەرلىرى دائىرىنى ھۆددىگە ئېلىش»تىن ئىبارەت ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۇردى. 2004 - يىلى بايىنغولىن، ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خەۋەرلىشىش، تۇرمۇش ماددىي ئەسىالىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ۋاقتىدا مۇلازىمەت قىلىپ، ئورۇننى ئېلىپ ئىشلىتىش، سەھىيە ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئاممىغا يەتكەن زىياننى تۆلەپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلار پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر، مائارىپ بايلىق مەنبەلىرى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ھەربىي قىسىملار بىلەن بىللە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش كېلىمىشى ئىمزالاپ، يۇقىرى ساپالىق يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساس ئىگىسىدىن 320 نەچچىنى تەربىيىلەشكە ياردەم

بەردى، مەشىق مانېۋىرى داۋامىدا پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى 30 دىن ئارتۇق قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى، 10 نەچچە تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلىدى. 2004 - يىلى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت سەرپ قىلىندى. جايلار ھەربىي قىسىملارنىڭ تۈزۈلمە، شتاتىنى تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا پەۋقۇلئاددە ئىشنى پەۋقۇلئاددە بېجىرىش پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، گازارمىلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش، خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئاسراش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىپ، ئۆي - زېمىن، ھەقدارلىق، قەرزدارلىق قاتارلىق ئىشلارغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ %60 ناھىيە، شەھەردىكى يېزىلاردا مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ غەمخورلۇق پۇلى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ 2003 - يىلدىكى ساپ كىرىم سەۋىيىسىگە يەتتى، 72 ناھىيە، شەھەر، رايون، بازاردىكى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرگە غەمخورلۇق قىلىش دائىرىسى %100كە يەتتى. جايلار ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆنسېرى گەۋدىلىك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن 3000 دىن كۆپرەكىنى قوبۇل قىلدى، شەھەر، بازارلاردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەردىن 1800 دىن كۆپرەكىنى ئورۇنلاشتۇردى، 600 دىن ئارتۇق ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 1500 دىن ئارتۇق ھەربىيلەر پەرزەنتىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن تۈرلۈك ئوقۇپ تۇرۇش خىراجىتىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. ناھىيە، شەھەرلەر پائال تۈردە نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى، يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيدىن 465 نگە ئۆي سېلىپ بەردى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى ۋە «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىللىرىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن ھەر خىل شەكىلدىكى ھال سوراش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

2004 - يىلى ھەربىي قىسىملار ئوفىتسېر - ئەسكەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، 4000 دانە (قېتىم) دىن ئارتۇق ماشىنا - ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، كۆكيار، يامالىق، دۆڭشەن، قۇرۇق تاغ، لاۋفېڭكۇلارنى كۆكەرتىش ۋە ئورمانچى ئىگىلىك تىكلەش باغچىسى قاتارلىق 70 تىن ئارتۇق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش ھەم نۇقتىلىق ئىنشائات قۇرۇلۇش تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ھەربىي قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرى تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىنى كېڭەيتىپ، ھەربىي قىسىملار دوختۇرخانىلىرىنىڭ ناھىيە، يېزىلاردىكى دوختۇرخانا، شىپاخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھەربىي قىسىملار «يېزىلاردىكى ئۈچ ئىش» قا ياردەم بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 1000 دىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسىنى مۇستەھكەملىدى ۋە يېڭىدىن قۇردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىلىرىدىن 18 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن 13 مىڭ 100 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا ماڭدى. ھەر مىللەت ئاممىدىن 180 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى ۋە كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىندى، 1 مىليون تۈپتىن ئارتۇق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىنىپ، 25 «ئۈمىد مەكتىپى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلىپ، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىنىپ، ئوقۇشتىن قېلىپ قالغان 2000 دىن ئارتۇق بالا مەكتەپ قوينىغا قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ھەربىي قىسىملاردىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر خەۋپ - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پائال قاتنىشىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىياندىن ساقلاپ قالدى.

جاڭ جۇخۇي

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 2478 كادىر قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنغىنى 819، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغىنى 1659. ش ئۇ ئا ر ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، خادىملار

شتاتى، خىزمەت تەقسىماتى قاتارلىق چوڭ - چوڭ سىياسەت مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلىدى. كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە پىكىر ئالدى، ئىش ئورنى ئېھتىياجىنى ئىگىلىدى، تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى كۆڭۈل قويۇلۇپ تۈزۈلدى. پىلاندا تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئايال كادىرلار قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىن ئۆقتىلىق ئېتىبار بېرىلدى. «تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئۆز ئارا تاللاش» يىغىنى ئېچىلدى، ئۆز ئارا تاللاش نىسبىتى 85%كە يەتتى؛ ئۈرۈمچى رايوندىكى ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارغا ئاتاپ مەخسۇس ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 200دىن ئارتۇق كادىر كارخانىلار بىلەن مۇددىئا جەھەتتە كېلىشتى. ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش پۇلىنى ھېسابلاش يۇمشاق ماتېرىيالى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان كادىرلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوڭۇشلۇق تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىر قىسىم كارخانىلاردىكى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارغا قارىتىلغان قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ۋە مۇقىملىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، تەشكىللەش - رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلاردىكى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالى ئېنىقلاندى؛ كارخانىلاردىكى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلاردىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي پۇلى، تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلى ۋە مائاشنىڭ كېيىنكى سۈرۈلۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

چې يۈگۈ

## ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

**ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2004 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن 4485ى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ئەسكەر 3474، ھەربىي سەپتىن بوشىغان كەنجى ئوفىتسېر 749، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېر 262؛ شەھەر، بازارلاردىن ھەربىي سەپكە كىرگىنى 2595، يېزىلاردىن ھەربىي سەپكە كىرگىنى 1890. ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 3387 ئادەم ئىچىدە شەھەر، بازارلاردىكى مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ئەسكەر 2091، ھەربىي سەپتىن بوشىغان كەنجى ئوفىتسېر 451، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېر 262، باشقىلار 582 (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن تاللانغان 450 كادىر شۇنىڭ ئىچىدە). يىل ئاخىرىغىچە بۇلاردىن 1904 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ 56%ىنى تەشكىل قىلدى.

**ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2004 - يىلى شىنجاڭدا ئارمىيىدىن ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىردىن 76سى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازادلىق ئارمىيە سىستېمىسىدىكىسى 54، قوراللىق ساقچى سىستېمىسىدىكى 8، قوراللىق ساقچى ج خ سىستېمىسىدىكىسى 14؛ شەھەر، بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 65، يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 11. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىرلارنىڭ 90%ى جايلاردا نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

**ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاپقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بويىچە ھەقلىق يۆتكەش ئەھۋالى** 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر، بازارلاردىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بويىچە ھەقلىق يۆتكەش خىراجىتىدىن 2 مىليون 866 مىڭ 300 يۈەن يىغىۋېلىندى. بۇنىڭدىن 732 مىڭ يۈەنى ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاپىدىغانلار (20 ئادەم - قېتىم) غا سەرپ قىلىندى، 761 مىڭ يۈەنى ھەقلىق يۆتكەشكە چىقىم قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 2004 - يىل 10 -، 11 - ئايلاردا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاپقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بويىچە ھەقلىق يۆتكەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تېپىشىغا يار - يۆلەك بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرى»نى تارقىتىپ، شەھەر، بازارلاردىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىي سەپتىن

چېكىنگەنلەردىن ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاپقانلارغا بېرىلىدىغان بىر قېتىملىق ياردەم خىراجىتىنىڭ مەنبەسى، ئۇنى ئىشلىتىش دائىرىسى، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى، تارقىتىشتا پايدىلىنىش ئۆلچىمى ھەم بەھرىمەن بولۇشقا ئائىت ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

جاڭ كۈيخەي

### ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارنى ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1. شىنجاڭدا 2004 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە، ئوت ئۆچۈرۈش قىسمىدىن، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم بازىسىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىردىن 96 سى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوندىن 2004 - يىلى ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 91 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

3. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، باش سىياسىي بۆلۈم، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار (پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلار) غا قارىتا 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش پۇلى قوشۇپ بېرىلدى، 2004 - يىل 1 - ئايدىن تارتىپ مۇلازىمەت، ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، قاتناش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

4. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 3 - ساناتورىيىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىسى، بورتالا ئوبلاستلىق ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ھۆججەت تارقىتىپ، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئۈچۈن 62 مەخسۇس كەسپىي شتات ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

5. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، باش سىياسىي بۆلۈم، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 2- ساناتورىيىسىگە «مۇلازىمەت - باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى، ياڭ فېڭمىڭ، ۋاڭ رۇن، جيا جۈشيەن، لياڭ جىشيەنلەرگە «ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىلغار كادىر» دەپ نام بەردى، ۋاڭ جىنلۇ، لى شىخېيلەرگە «مۇلازىمەت - باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 2 - ساناتورىيىسىگە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە خەلق ئىشلىرى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئىش بېجىرىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

چېن بۇدۇڭ

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى 2004 - يىلى پەۋقۇلئاددە ھاۋارايى ۋە دەريا - ئېقىنلارغا كەلگەن سۇ داۋاملىق ئاز بولۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئەتىيازدىن يازغىچە ھاۋا قۇرغاق بولۇش، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا تومۇزدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 213 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى زىرائەت قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى، 160 مىڭ 400 گېكتار يەردىكى زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، 200 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ چارۋا ئىچىملىك سۇ جەھەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن باشقا، بىر نەچچە مىليون گېكتار ئوتلاق قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 135 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ، يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى كۆرۈلگەن ئەڭ ئېغىر ئاپەت بولدى. بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە دەريا - ئېقىنلاردىكى سۇنىڭ يەنىلا ئازلىقى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن

جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

**تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئاپىتى** 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى موخور يېزىسىنىڭ چوڭ موخور جىلغىسىدا بىر قېتىملىق تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر ئائىلىدىكى 8 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، 3 ئېغىز ياغاچ ئۆي ۋە 20 تۇياق ئۇششاق - چوڭ چارۋا گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاغ جىنسى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جىمسار ناھىيىسىدە ياغقان شىددەتلىك يامغۇر دايۇ يېزىسىنىڭ چۆەنشۇيدى كەنتىدە كەڭ كۆلەملىك تاغ گۈمۈرۈلۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن 8 ئائىلە دېھقاننىڭ 39 ئېغىز ئۆيى، 25 ئېغىل-قوتىنى زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن سىرت، 7 ئائىلىنى ۋاقتىدا باشقا جايغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى، 8.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر لاتقا - شېغىل ئاستىدا قالدى، 5 كۆۋرۈك ۋە تەشمە، 2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ بۇزۇلۇپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

**كەلكۈن، مۆلدۈر ئاپىتى** 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قابا ناھىيىسىنىڭ سارتام يېزىسىدا تاغدىن تۇيۇقسىز كەلكۈن كېلىپ، 5050 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 5 ئادەم ئۆلدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 116 ئادەم زەخىملەندى ۋە كېسەلگە مۇپتىلا بولدى، 805 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1676 ئادەم باشقا جايغا جىددىي يۆتكەلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپەت بولغان زىرائەت كۆلىمى 1333 گېكتارغا يەتتى، 800 گېكتار يەردىكى زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، 3000 گېكتار ئوتلاق بۇزۇۋېتىلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىليون يۈەنگە يەتتى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جېمىنەي ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 997 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 10 مىڭ تۈپكە يېقىن يېڭى تىكىلگەن كۆچەتنىڭ شاخ - يوپۇرمىقى نابۇت قىلىۋېتىلدى، پۇقرالارنىڭ 50 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى بۇزۇۋېتىلدى، بۇنىڭدىن باشقا، 6 ئادەم مۆلدۈردىن زەخىملەندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 11 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماناس ناھىيىسىدە تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، 2 ئادەم ئۆلدى، 6 ئادەم يوقاپ كەتتى، 10 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 20 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي بۇزۇۋېتىلدى، 4 كۆمۈركانغا سۇ كىرىپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، مۆلدۈر 20 مىنۇتتىن ئوشۇق ياغدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 3 سانتىمېتىر ئەتراپىغا يەتتى، 5 يېزىنىڭ 28 كەنتى ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، 2360 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 2011 ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى. 1956 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەت ئىچىدە قالدى، 1003 گېكتار يەردىكى زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 7 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىسھاق

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەبلەغ سېلىندى

2004 - يىلى دۆلەت شىنجاڭدا پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا 83 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى ئاجراتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر-دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە تارماقلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 14 مىليون 512 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىئانە قىلىندى. شىنجاڭ ۋە شەندۇڭدىن ئىئانە قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن ئىئانە قىلىنغان پۇل 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن، شەندۇڭدىن ئىئانە قىلىنغان پۇل 800 مىڭ يۈەن. شەندۇڭ ئىئانە قىلغان 57 مىڭ قۇر پاختىلىق كىيىم، 4000 يوتقان - كۆرپە، 106 مىڭ 500 قۇر يۇڭ پوپايكا - شىم، 4000 يۇڭ ئەديال، 88 مىڭ 500 باشقا ماددىي نەرسىلەر قوبۇل قىلىندى، بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا، 5 مىليون 622 مىڭ 500 يۈەن بولىدۇ، بۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىندى.

ئىسھاق

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلار ۋە نامرات رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە نامرات ئاممىدىن 1 مىليون 980 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىجتىمائىي ياردەمگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقا جايغا دەرھال يۆتكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 70 مىڭ 900 ئادەم، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىلغىنى 976 مىڭ ئادەم، تىببىي داۋالاش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغىنى 6000 ئادەم، كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپە ئارقىلىق ياردەم بېرىلگىنى 225 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم)، يېقىلغۇ ئارقىلىق ياردەم بېرىلگىنى 358 مىڭ ئادەم، تۇرالغۇسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 4800 ئادەم، بۇ ئارقىلىق ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاپەت تۈپەيلىدىن 53 مىڭ 500 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 108 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى، ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل

تۇرۇش تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا بىرلەشتۇرۇلۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ، يۇرت - ماكانىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۇرۇشكە 48 مىليون 946 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بىر يىلدا پۇقرالارنىڭ 20 مىڭ 600 ئېغىز ئۆيى ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى ۋە قايتىدىن سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان 116 مىڭ ئادەم يېڭى ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

ئىسھاق

## ئىجتىمائىي ياردەم خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەر ساھە ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلغان 13 مىليون 80 مىڭ يۈەن پۇل قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ قوبۇل قىلغىنى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ قوبۇل قىلغىنى 470 مىڭ يۈەن، ناھىيىلەرنىڭ قوبۇل قىلغىنى 8 مىليون 110 مىڭ يۈەن. خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى ئىئانە قىلىنغان ماددىي نەرسە قوبۇل قىلىندى. قوبۇل قىلىنغان ئىئانە پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلار، نامرات رايونلاردىكى قىيىنچىلىقتا قالغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش، قايتىدىن سېلىش ھەم بۇزۇلغان ئۆيلەرنى رېمونت قىلىشقا ياردەم قىلىندى.

سۇ جيەنگاڭ

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللارنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىر تۈتاش سېتىۋېلىپ شىنجاڭغا تەقسىم قىلغان خەلق ئىشلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەخسۇس ئاپتوموبىللىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مەركەز مالىيىسى جايلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن شىنجاڭدىكى 85 ناھىيە، شەھەر (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داۋانچىڭ رايونى شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا 14 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى. بىر تۈتاش سېتىۋېلىنىپ تارقىتىلغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللارغا بىر تۈتاش «خەلق ئىشلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى» دېگەن بەلگە قويۇلدى، بۇ ئاپتوموبىللار، ئاساسەن، ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللەش، قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سۇ جيەنگاڭ

### 2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| تۈرلەر / ۋىلايەت، ئوبلاستلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ھوسۇل چىقمىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ئۆلگەن چارۋا | ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي (ئېغىز) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەتتە ئۆلگەن ئادەم | ئاپەتتە زەخمىلەنگەن، ئاغرىغان ئادەم | يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 523079.34 | 282073.006 | 41638 | 37780 | 2223781 | 37 | 3476 | 52029.3 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 11632.52 | 3070.38 | 4957 | 13088 | 399000 | 16 | | 972 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 22131.89 | 2388.56 | 2773 | 542 | 93903 | | 12 | 2892 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 6112.9 | 1635.2 | 192 | 1888 | 122590 | 5 | | 1050 |
| بورتالا ئوبلاستى | 12300.3 | 10380.6 | 604 | 413 | 88000 | | 2 | 6031 |
| سانجى ئوبلاستى | 79453.71 | 20238.5 | 27 | 1509 | 141557 | 13 | 2524 | 11876 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 26036.5 | 2037.2 | | 1424 | 31000 | | | 5334 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 261736.89 | 209744 | 12702 | 1445 | 262653 | 1 | | 4007 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 31420.26 | 7656.24 | 16 | 1274 | 98573 | | | 10018 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 2077.3 | 349.086 | 4047 | 3043 | 112631 | | 938 | 891.3 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 31693.6 | 15300.78 | 31 | 9643 | 415774 | 1 | | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 19491.91 | 4162.46 | 15972 | 3280 | 341600 | | | 3758 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 18991.94 | 5110 | 317 | 240 | 116500 | 1 | | 5200 |

ئىسھاق

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭدا 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىجتىمائىي تەشكىلات 2490، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 496 (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 17)، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك فوند جەمئىيىتى 16، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات 1987 (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 309). بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندا 326 ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلدى، 86 ئىجتىمائىي تەشكىلات ھېسابتىن ئۆچۈرۈلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

گۈلگىنە

## يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2004 - يىلى رويخەتكە ئېلىنىشنى تەستىقلىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى)، شىنجاڭ مېھرىبان ئانىلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى)، شىنجاڭ سۈپەتلىك تەربىيىلەش، سۈپەتلىك ئوقۇتۇش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى)، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتارىيى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش نازارىتى)، شىنجاڭ - شەندۇڭ كارخانىلار بىرلەشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى)، شىنجاڭ - جياڭسۇ كارخانىلار بىرلەشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى)، شىنجاڭ يېمەكلىكلەر ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ چىلان جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ يېزا كەسپىي تېخنىكىسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى)، شىنجاڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ ۋاڭ لوبىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تارقىتىش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: مەدەنىيەت نازارىتى)، شىنجاڭ لوپنۇر كەندىرىنى قوغداش - تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: چارۋىچىلىق نازارىتى)، شىنجاڭ كۆسەن ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى)، سىيرىپ داۋالاش ئارقىلىق پۈتنى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى)، شىنجاڭ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى داڭلىق - ئەۋزەل كارخانىلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى).

گۈلگىنە

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرى يىللىق تەكشۈرۈلدى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق باشقۇرۇشىدىكى 964 غەيرىي كارخانا ئورنى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 147) نى يىللىق تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر ئورۇن لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى، 63 ئورۇن ھېسابتىن ئۆچۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى 97.8%كە يەتتى. ھېسابتىن ئۆچۈرۈلگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ مەخسۇس سەنئەت خۇسۇسىي مەكتىپى، شىنجاڭ «يۇيۇ» سەنئەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى،

شىنجاڭ «باۋخېڭ» غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ «شىيۇەن» مودېللار سەنئەت مەركىزى، شىنجاڭ «لىڭتۇڭ» ئالاقىلىشىش كەسپى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «شېڭدەنيا» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «خاۋگۇاڭسۇن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ سودا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ تەربىيىلەش بۆلۈمى، شىنجاڭ سودا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلارنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزي، شىنجاڭ «چيەنشىلىرېن» پەرداز قىلىش ماھارىتى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «جىيۇەن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «چيەنخۇي» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «خۇاشيا» شاراپ مەدەنىيىتى بازارلىرى تەتقىقات مەركىزى.

لى يىنشىن

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 — 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھەر خىل غەيرىي كارخانا ئورنىدىن 1515ى تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تۈرىدىكىسى 1016، ئەمگەك تۈرىدىكىسى 140، سەھىيە تۈرىدىكىسى 115، مەدەنىيەت تۈرىدىكىسى 72، خەلق ئىشلىرى تۈرىدىكىسى 60، پەن - تېخنىكا تۈرىدىكىسى 43، تەنتەربىيە تۈرىدىكىسى 57، باشقا تۈرىدىكىسى 12. خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان كەسپكار 14 مىڭ 584، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 7035.

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2004 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرى ئىسمىلىكى»نى تۈزۈپ باستۇردى. 2 قارار قانۇنىي ئىگىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرى ۋە مەسئۇللىرىدىن 190ى تەربىيىلەندى.

لى يىنشىن

## 3 ئورۇن مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئەلئارا تەشكىلات بولۇپ باھالاندى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭدىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى 3 غەيرىي كارخانا ئورنى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئەلئارا تەشكىلات بولۇپ باھالىنىپ، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ئۇلار: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇا» خۇسۇسىي مەكتىپى، شىنجاڭ ئەمگەك ئارقىلىق تەربىيىلەش كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى.

لى يىنشىن

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتلىرى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى 99 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە قۇرۇلغان ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى 94كە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 19ى كۆپەيدى؛ ياشانغانلار خىزمىتى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ شتاتى 394كە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 35ى كۆپەيدى؛ ئەمەلىي ئادەم 358 بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 70ى كۆپەيدى. ناھىيىدىن تۆۋەن ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتلىرى يېزا، كەنتلەرگە قاراپ راۋاجلانغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى

2004 - يىلى شىنجاڭدا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىشلارنى قىلىش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ماقالە يېزىش تېما قىلىنغان تەشۋىقات- تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەشۋىقات تارماقلىرى ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى پۇقرالار ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن ياراتتى. مائارىپ تارماقلىرى ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ماقالە يېزىشقا تەشكىللەپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ۋە «ئالتۇن قۇياش نۇرى ھەرىكىتى» تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە پىئونېرلارنى بۇ تەربىيە ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى

مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا يىغىپ ۋە يوللاپ، تىپىك تەجرىبىلەرنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى. تەربىيە پائالىيىتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن 5 مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا يېزىلغان 45 ياخشى ماقالىنىڭ ئاپتورى تەقدىرلەندى. مەملىكەتلىك تەربىيە پائالىيىتى تەشكىلات كومىتېتىغا ياشانغانلارغا ۋاپادار بولغان، مېھرىبانلىق يەتكۈزگەن، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلىگەن 62 چولپان، 3 نەپەر جۇڭخۇا ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ئۈلگىسى ۋە 2 نەپەر مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى تەۋسىيە قىلىندى، پىچان ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم سەيپۇل مەملىكەت بويىچە جۇڭخۇا ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى 10 ئۈلگىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، كورلا شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن مۇدىرى يىن فۇشيۇ (ئايال) جۇڭخۇا ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ئۈلگىسىگە نامزات بولۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوند جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ چىقىرىپ، «جۇڭگودىكى ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشكە ئائىت ھېكايىلەر جەۋھىرى» دېگەن كىتابتىن 1000 نۇسخا سېتىۋېلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تەقدىم قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى قاتارلىق 11 كارخانا، كەسپىي ئورۇن بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون ياشانغانلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون ياشانغانلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ تىپتىكى باغ سەيلىسى — بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ۋە «ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش» تېما قىلىنغان تەشۋىقات كۈنى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر «ئۇسما» ئوتتۇرايلاش، ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاۋستىرالىيىگە بېرىپ ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىگە قاتنىشىپ، چەت ئەللەرگە شىنجاڭنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازارلاردا 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كۈتۈنۈش ئاپپاراتى 118، كارۋات 5300، يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى 346، مەھەللىلەردىكى مۇلازىمەت پونكىت ـ نۇقتىسى 4424، مەھەللىلەردە ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلغۇچى پىدائىي 56 مىڭ 700، ياشانغانلار مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش تەشكىلاتى 1857، ياشانغانلار پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان سورۇن 5705، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئاچقان ياشانغانلارغا بېغىشلانغان ھەر خىل مەخسۇس ستون 106، ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى (مەكتىپى) 505، ياشانغان كۇرسانت 89 مىڭ. شەرت ـ شارائىتى يار بەرگەن ناھىيە، شەھەرلەردە ياشانغانلارغا قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان قانۇن مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇلدى، يېزا (بازار)، مەھەللىلەردە ئاساسىي قاتلام ئەدلىيە ئورنى ئارقىلىق ياشانغانلار قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىن ئېتىلدى.

لى جيەنرۇڭ

## ئۈلگىلىكنى يارىتىش خىزمىتى

مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قانات يايدۇرغان مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر، رايون) يارىتىش پائالىيىتى 2004 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 91 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە قانات يايدۇرۇلدى، 86 ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋىلايەت دەرىجىلىك ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 32 ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلدى. 8 ناھىيە (شەھەر، رايون) مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 ناھىيە (شەھەر، رايون) «مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر، رايون)» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» (قىسقارتىلىپ «ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» دەپ ئاتالدى) نى مۇزاكىرە

قىلىپ ماقۇللىدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى تۇنجى مەخسۇس يەرلىك قائىدىسى. مەزكۇر بەلگىلىمىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: 60 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش، تىببىي داۋالىنىش ۋە قانۇندىن مەسلىھەت سوراش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، 65 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر باغچا، ئاممىۋى تەنتەربىيە سورۇنىغا ھەقسىز كىرىش، شەھەر ئىچى ئاممىۋى ئاپتوبۇسىغا ھەقسىز ئولتۇرۇش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئالاھىدە تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە يىلىغا بىر قېتىم سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. يېزىلاردىكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 60 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغان كىشىلەر، شۇنىڭدەك 65 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر كەنتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مەبلەغ چىقىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ ۋە باشقىلار. «ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» دە يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: مېھمانساراي، مېھمانخانا، تېلېگراف، بانكا، پوچتا، قاتناش قاتارلىق ھەر خىل ئاممىۋى مۇلازىمەت ساھەلىرى ياشانغانلارغا ئاتاپ مەخسۇس مۇلازىمەت مۇئەسسەسىسى تەسىس قىلىپ، ۋاقتىدا، قۇلاي، سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياشانغانلار بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار مۇلازىمىتى ۋە ئېتىبار تەمىناتىنى ھەر قانداق سەۋەب بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا ۋە شەرت قويۇپ چەكلىشىگە بولمايدۇ. «ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» دە يەنە ناھىيە (شەھەر، رايون) دىن يۇقىرى ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتلىرىغا كىنىشكا تارقىتىش ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى يۈكلەندى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ياشانغانلار ئېتىبار كىنىشكىسىنى تارقىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلار ئېتىبار كىنىشكىسىنى تارقىتىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئەدلىيە نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، قاتناش نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى ۋە ساياھەت ئىدارىسى، تەنتەربىيە ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى ئۆز تارمىقى ئۈستىگە ئالغان ئېتىبار بېرىش مەجبۇرىيىتىنى چۆرىدەپ ئۆز سىستېمىسىغا قاراشلىق ئورۇنلارغا «ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى ياكى «ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

لى جيەنرۇڭ

## 2 ـ قارارلىق «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» نۇقتىدا سىناق قىلىندى

2 ـ قارارلىق «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى 2003 ـ يىلدىكى تىببىي داۋالاش، سەھىيە ساھەسىدىن 2004 ـ يىلى مائارىپ ساھەسىگە كېڭەيدى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن بورتالا ئوبلاستىغا كېڭەيدى، ئەسلىدىكى ھەر قارارلىق ۋاقتى 3 ئايدىن 4 ئايغا ئۇزارتىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، تىببىي داۋالاش ياردىمى جەھەتتە، پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر كېسەلخانىلارنى 1692 قېتىم ئارىلىغان، بىمارلاردىن 965 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىگە كېڭەشىپ دىئاگنوز قويغان، كېسىلى ئېغىر 311 بىمارنى قۇتقۇزغان، 2084 قېتىم شەخسەن ئۆزى دىئاگنوز قويغان، بىماردىن 11 مىڭ 846 ئادەم (قېتىم) نى ئەملىگەن، 447 قېتىملىق داۋالاش تەس بولغان كېسەللىكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان، 19 تۈردە 53 قېتىم ئوتتۇرا تىپلىق ئوپېراتسىيە قىلغان، تىببىي داۋالاش بويىچە 37 قېتىم ئىلمىي لېكسىيە ئۆتكۈزۈپ، تىببىي داۋالاش تايانچىدىن 1214 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىگەن، 221 قېتىم كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، دوختۇر، سېستىرادىن 3191 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىگەن، 135 ياردەمچىنى يېتەكلەپ تەربىيىلىگەن، 7 تۈردە ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان، نامراتلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى خالىسانە كۆرگەن. مائارىپ ياردىمى جەھەتتە، 124 قارار ئىلمىي لېكسىيە ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 6075 ئوقۇتقۇچى (قېتىم) تەربىيىلەنگەن، 46 ياردەمچى يېتەكلەپ تەربىيىلەنگەن، 2904 ئوقۇغۇچى (قېتىم) يېتەكلەنگەن. شىنجاڭدىكى «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرى مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلمەكتە.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار فوندى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتى 2004 ـ يىلى ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مەركەز قىلىپ، يىل ئاخىرىغىچە 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن فوند توپلىدى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار فوند جەمئىيىتىنىڭ 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن فوندى شۇنىڭ ئىچىدە) ھەمدە قىيىنچىلىقى ئېغىر بوۋاي ـ مومايلاردىن ھال سوراش ۋە ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش تەشۋىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

لى جيەنرۇڭ

# مەھەللە قۇرۇلۇشى

## مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭدا 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتى 1640، مەھەللىلەرنىڭ كۆلىمى كۆپىنچىسى 500 ئائىلىدىن 2000 ئائىلىگىچە، ئاھالە گۇرۇپپىسى 12 مىڭ 611؛ مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى 9830، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 5437، كومپارتىيە ئەزاسى 3009، 30 ياشتىن تۆۋەنلەر 3086؛ مەھەللىلەردە مۇلازىمەت قىلىدىغان پىدائىيلار قوشۇنىدىكى ئادەم 130 مىڭغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللىلەردىكى مۇلازىمەت مەركىزى 126، مەھەللىلەردىكى سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى (نۇقتىسى) 1039، مەھەللىلەردىكى قىرائەتخانا 836، مەھەللىلەردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەجمى 705 مىڭ كۋادرات مېتىر، مەھەللىلەردىكى جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم 14 مىڭ 608.

1. جايلاردىكى مەھەللىلەر دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. كادىرلار مەنبەسى كېڭەيتىلىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاشكارا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا جەلب قىلىندى. تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندا مەھەللە كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلدى، مەھەللە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 13 قارار ئۆتكۈزۈلۈپ، 3000دىن ئارتۇق كۇرسانت تەربىيىلەندى. جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى «پارتىيە تەشكىلاتىنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، پارتىيە تەربىيىسىنى مەھەللىلەردە ئېلىپ بېرىش، پارتىيە پائالىيىتىنى مەھەللىلەردە قانات يايدۇرۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2. جايلاردا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان 3 دەرىجىلىك ھەق تەلەپ مۇرەسسە تورى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خىزمەت مەركىزى مەھەللىلەرگە يۆتكەلدى. مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتلىرى سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرنى باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ج خ ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ساقچى ئىشلىرى ۋە قانۇننى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللىلەردە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە ياردەم بېرىپ، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك چەكلىدى.

3. پۇختا هالدا ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىلدى. شەھەر، رايونلاردىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تورلىرى بارلىق مەھەللىلەرگە كېڭەيتىلىپ، دەل ۋاقتىدا، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى «يۈلتۇز يورۇقى پىلانى»نى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، 300 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، ئاپتونوم رايوندا 500 ئورۇندىكى مەھەللە ياشانغانلار مۇلازىمەت مۇئەسسەسىنى 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ قۇرۇپ چىقتى. ئاپتونوم رايوندىكى قىيىنچىلىقتا قالغان 8000دىن ئارتۇق ئائىلە مۇقىم ياردەمگە ئېرىشىپ، ئاساسىي تۇرمۇش تەمىناتى، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، كېسەللىنى داۋالىتىش جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى 225 مىڭ 696 ئائىلىدىكى 595 مىڭ 791 ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايوندا مۇلازىمەت كەسپىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق 205 مىڭ 110 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى ۋە قايتىدىن ئورۇنلاشتى.

4. ھەممە مەھەللىلەردە قىرائەتخانا قۇرۇشقا ياردەم بېرىش ۋە ھەممە مەھەللىلەردە كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مەھەللىلەردە 600دىن ئارتۇق قىرائەتخانا قۇرۇلدى، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە مەھەللىلەردىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. مەھەللىلەردە تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسى، دۆلەت رادىئو-تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى بىرلىكتە 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە مەھەللىلەر مەدەنىي گۈزەللىك تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئەترىتى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ش ئۇ ئا ر پائالىيەت تەشكىلات كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ تېلېگراف چەكلىك شىركىتى گەۋدىلىك

تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياڭ زوچىڭ، ياڭ جىجياڭ، لۇ مىڭياڭ

# نىكاھ، ئائىلە

## نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئەھۋالى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 184 مىڭ 227 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدە نىكاھلانغانلار 184 مىڭ 4 جۈپ، چەتكە چېتىشلىق نىكاھلانغانلار 223 جۈپ. شۇ يىلى 40 مىڭ 280 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

يې چى

## ئائىلىدىكى زوراۋانلىق مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئالاقىدار تارماقلار ۋە بىر قىسىم سوتسىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە 9 — 10- ئايلاردا ئائىلىدىكى زوراۋانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىن 60 نەچچىسى تاپشۇرۇۋېلىندى. %80 ناھىيە (شەھەر، رايون) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، بۇ جەرياندا تەكشۈرۈش سوئال قەغىزىدىن 30 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇقى تارقىتىلدى، 500 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاما زىيارەت قىلىندى. تەكشۈرۈلگۈچىلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئامىسى %70نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر %10، ئادەتتىكى ئايال %80. سوئال قەغىزى ئارقىلىق قىلىنغان ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، %38 ئايال جورىسى تەرىپىدىن قىلىنغان زەخىملەندۈرۈش، ئۇرۇش قاتارلىق جىسمانىي ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان، %30 ئايال ئىزا - ئاھانەت قىلىش، ھاقارەتلەش، ئابرويىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق مەنىۋى ۋە روھىي ھالەت جەھەتتىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ %40تىن كۆپرەكى مەنىۋى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئازابلاشنى ئائىلىدىكى زوراۋانلىق ئەمەس، دەپ قارىغان، %26تىن ئارتۇق ئايال ئېرىنىڭ ئايالىنى ئۇرۇشنى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئەمەس، دەپ قارىغان. تەكشۈرۈلگۈچىلەر ئىچىدىكى %48 ئادەم «ئائىلىدىكى زوراۋانلىق» دېگەن ئۇقۇمنى بىلمەيدىكەن، %52 ئادەم جۇڭگونىڭ قايسى قانۇنلىرىدا ئائىلىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكىتى مەنئى قىلىنغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن، %7 .28 ئادەم ئائىلىدىكى زوراۋانلىققا دۇچار بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ كېلىشتۈرۈپ قويۇش، دەپ قارىغان، %37 ئادەم ئاياللار بىرلەشمىسىنى ئىزدەپ كېلىشتۈرگۈزۈپ قويۇش كېرەك، دەپ قارىغان، %1 ئادەم ج خ تارماقلىرىنى ياكى سوت مەھكىمىسىنى ئىزدەش كېرەك، دەپ قارىغان، %23 ئادەم قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، %39 ئادەم جەمئىيەت ۋە قانۇن ئورۇنلىرىدىن قانۇن چىقىرىپ، ئائىلىدىكى زوراۋانلىق دېلولىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇنىڭغا ئارىلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، %45 ئادەم ھۆكۈمەت، تەشكىلات، ئەدلىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئائىلىدىكى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئۈمىد قىلىدىكەن؛ %68 ئادەم كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق زوراۋانلىق ھادىسىسىنى مەنئى قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئېرىشىلگەن سانلىق مەلۇماتلار، دېلو مىساللىرى ۋە دوكلاتلاردا تەھلىل قىلىپ دەلىللەشتىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايوندا ئائىلىدىكى زوراۋانلىقنىڭ يۈز بېرىشىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن: (1) ئائىلىدىكى زوراۋانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇئەييەن ئومۇمىيلىققا ئىگە. 2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى كۆتۈۋالغان ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر مەلۇم قىلغان دېلولارنىڭ %60تىن كۆپرەكى ئائىلىدىكى زوراۋانلىق قاتارلىق نىكاھ، ئائىلە ماجىرالىرى بولغان. (2) ئاياللار كۆپ ھاللاردا ئائىلىدىكى زوراۋانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بولىدۇ. (3) ئائىلىدىكى زوراۋانلىق مۇئەييەن يوشۇرۇن تۈس ئالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئائىلىدىكى زوراۋانلىق ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: (1) ئەرلەر ھاكىمىيىتى ئىدىيىسى، ئەرلەرنى قەدىرلەش، ئاياللارنى پەس كۆرۈش ئىدىيىسى، قىسمەن ئاياللاردا سۈيىپكتلىق ئاڭ، ھوقۇق ئېڭى ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئىدىيىۋى كۆز قاراش ئامىللىرى. (2) ئېرىدە تالاغا قاراپ قېلىش، قىمار ئويناش، ھاراقخورلۇق قاتارلىق ناچار ئادەتلەر بولۇش ياكى ئاياللارنىڭ

نىكاھ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۆز قىلىش، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن پەرزەنتلىرىنى بېقىش، مال - مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش جەھەتلەردە كېلىشەلمەسلىك، ئەرنىڭ روھىي ھالىيىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلۈش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن خوتۇننى زەخىملەندۈرۈش، خوتۇنغا زۇلۇم سېلىش قاتارلىق نىكاھ، ئائىلە ئامىللىرى. (3) ئىجتىمائىي قوغداش ۋە ياردەم ۋاقتىدا بولماسلىق، ئىجتىمائىي رىقابەت كەسكىنلىشىپ كېتىش، تۇرمۇش بېسىمى ئېشىپ كېتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت مۇكەممەل بولماسلىق ۋە ئىجتىمائىي تىزگىنلەش سىستېمىسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللار. (4) ئائىلىدىكى زوراۋانلىقنى مەنئى قىلىدىغان قانۇن - بەلگىلىمىلەردە كونكرېت ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش مەشغۇلاتلىرى بولماسلىق. (5) بىر نەچچە 1000 يىلدىن بۇيانقى فېئوداللىق تۈزۈم ۋە مەدەنىيەت تىنمىسى ئائىلىدىكى زوراۋانلىقتا تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ئامىللار. (6) ئاياللارنىڭ كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك ئەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي ئامىللار.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئىشخانىسى

# دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 9 دەپنىخانىدا 18 مىڭ 984 جەسەت كۆيدۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 -، 2 - دەپنىخانىلاردا كۆيدۈرۈلگىنى 8832، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 3351، كۈيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1420، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1932، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1530، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 964، غۇلجا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 747، سانجى شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 208 (بۇ دەپنىخانا 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى).

2004 - يىلى يېڭىدىن 2 دەپنىخانا قۇرۇلدى (كۆيدۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىللە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 40 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەرلىك 2 - دەپنىخانا قۇرۇلدى (بۇ دەپنىخانا دۆلەتنىڭ 1- دەرىجىلىك دەپنىخانا ئۆلچىمى بويىچە قۇرۇلدى). سانجى شەھەرلىك دەپنىخانىغا 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. 2004 - يىلى گۈچۈڭ، غۇلجا ناھىيىلىرىدە دەپنىخانا قۇرۇلدى، تېكەس ناھىيىسىدە مۇسۇلمانلار دەپنىخانىسى قۇرۇلدى.

جاڭ لەيرۇڭ

## كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش ئەھۋالى

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا دەپنە كەسپىي تېخنىكا ئىشچىلىرىنىڭ 2 قارار دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى. كۇرستا دەپنە كەسپىدىكى قەبرىستانلىقنى باشقۇرۇش، كۆيدۈرگۈچى ئىشچىلار، جەسەتنى قوبۇل قىلىپ توشۇغۇچى ئىشچىلار، جەسەتنىڭ ھۆسنىنى تۈزىگۈچى ئىشچىلار قاتارلىق ئىش تۈرلىرى بويىچە دەرىجىلىك تەربىيىلەش ۋە سىناش ئېلىپ بېرىلدى. 2 قارارلىق كۇرستا 121 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى 7، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى 43، تۆۋەن دەرىجىلىك ئىشچى 71.

جاڭ لەيرۇڭ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ گاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شۆھرەت زاكىر، چېن شۇچىن (ئايال)، گو لىيەنشەن، خەمىت ئىسمائىل، خې يىمىن، ماسەيمىن، يىن يۈلىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇرات يونۇس؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گو يىكۇن، سۇن ۋېنچى، چېڭ لىشيەن (ئايال)، مەھەممەت ئەلى، خەن شۇ (خۇيزۇ)، بايمۇرات مۇقان (قازاق).

شەھەر باشلىقى: شۆھرەت زاكىر؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: گو لىيەنشەن، ۋاڭ شىنخۇا، سۇي جىيىڭ، لىيۇ جىيۇڭ (خۇيزۇ)، جاڭ خۇڭ، ۋاڭ جىيەنلىڭ (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما سەيمىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: كامىلجان ئىرغالى (قازاق)، زەينەپ ماخمۇت، شېرىپجان داموللا، مۇرات ئەزىزيارى، دۇڭ شىنگۇاڭ، مى ئېنخۇا، تەلەت مۇيدىن، لۇ لىشىن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 859 مىڭ 600 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 480 مىڭ 200)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 462 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.59‰. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 50 مىڭ 160 گېكتار بولۇپ، 44 مىڭ 870 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 11 مىڭ 480 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 19 مىڭ 620 گېكتار. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۇز، گەج، ھاك تېشى، مايلىق سىلانىتس، شور، مىس، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 48 مىليارد 426 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 709 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.9%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليارد 687 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.5%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 29 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 442 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.81% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 710 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 27 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 634 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 23 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىڭ 891 توننا ئاشلىق، 3051 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 715 توننا قىزىلچا، 952 مىڭ 514 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 752 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 26 مىڭ 699.28 توننا گۆش، 54 مىڭ 959.37 توننا سۈت، 4605.1 توننا تۇخۇم، 3834 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1199 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 816 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 344 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 212 مىڭ 736 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليارد 346 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.77%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 13 مىليارد 855 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

15.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8 مىليارد 868 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 8 مىليون 695 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 597 مىڭ 600 توننا سېمونت، 2 مىليون 371 مىڭ توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 745 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىلدى، 4 مىليون 51 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 948 مىڭ 200 توننا بېنزىن، 8796 توننا سىر، 40 مىڭ 400 توننا يىپ، 1 مىليون 63 مىڭ 400 دانە ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9 مىليون 986 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3 مىليون 973 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 17 مىليارد 628 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 8 مىليارد 141 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 4 مىليارد 299 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليارد 29 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 205 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليارد 59 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 187 مىڭ 500 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 575 مىڭ 500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 382 مىڭ 727 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليارد 15 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليارد 651 مىليون 540 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 734 مىليون 470 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 917 مىليون 70 مىڭ دوللار. 4 مىليون 594 مىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 5 مىليارد 872 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليارد 329 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 15.47%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 4 مىليارد 616 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.72% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 48 مىليارد 845 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 26 مىڭ 156 ھەر خىل پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 10 مىڭ 628. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 88 مىڭ 705 (مىللىي 41 مىڭ 614)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 138، ئوقۇغۇچىسى 132 مىڭ 499 (مىللىي 33 مىڭ 946)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 182، ئوقۇغۇچىسى 165 مىڭ 374 (مىللىي 42 مىڭ 705)؛ ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 582 (مىللىي 152)؛ بالىلار باغچىسى 221، باغچىدىكى بالا 37 مىڭ 997، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 26 مىڭ 776. شۇ يىلى مائارىپ ئىشلىرىغا 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 24 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 12سى تاماملاندى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 21 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9729 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6590 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4493 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 18 مىڭ 774 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 403 مىڭ 779غا، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 342 مىڭ 268گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 405 مىڭ 822گە يەتتى.

★ ئۈرۈمچى شەھىرى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 5 - قېتىم مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31.2 كىلومېتىر.

★ 2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۆمىكى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق

قىسقا ماتېرىيال

## ئۈرۈمچىدىكى يېڭى 10 مەنزىرىلىك جاي

نەنشەن مەنزىرە رايونى، شىمىگۇ مەنزىرە رايونى، داۋانچىڭ مەنزىرە رايونى، قارلىغاچلىق مەنزىرە رايونى، دۆڭكۆۋرۈك مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى، چوڭ بانكا، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، قىزىلتاغ باغچىسى، يامالىق تېغى باغچىسى، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى يېڭى 10 مەنزىرىلىك جايدۇر.

تۈرى بويىچە 125 كېلىشىم ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليارد 967 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىچكى سودا توختىمىدىن 2نى ئىمزالىدى، سودا سوممىسى 6 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ چەت ئەل ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 19نى ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 99 مىليون 448 مىڭ 300 دوللارغا يەتتى، چەت ئەل سودا توختىمىدىن 3نى ئىمزالىدى، سودا سوممىسى 180 مىليون دوللارغا يەتتى.

★ 2004 - يىلى كۆلىمى 566 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يېكەنكۆل شەھەر ئاھالىلىرى مەيدانى پۈتتى.

ئايشەم

## تەڭرىتاغ رايونى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تەڭرىتاغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئاقنىياز.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ فېڭلىن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

تەڭرىتاغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 13، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 130، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 467 مىڭ 589 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 153 مىڭ 89)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.36، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.24. 620 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى تەڭرىتاغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 981 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.7، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.5، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 428 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 118 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 326 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 80 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 25 مىليون 862 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 849 مىڭ 100 يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 168 توننا ئاشلىق، 6379 توننا كۆكتات، 511 توننا گۆش، 4797 توننا سۈت، 371 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 635 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.44 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 4 مىليارد 321 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۆي جاھازىسى 47 مىڭ 431 دانە. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 13 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 242 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 61 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 19 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 661 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 307 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 810 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 420 مىليون 300 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 79 مىليون 700 مىڭ دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 363 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.04، يەرلىك مالىيە چىقىمى 339 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.66 ئاشتى.

رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 6، ئوتتۇرا تېخنىكوم 18، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسى 109، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان ئوقۇتۇش نۇقتىسى 30 نەچچە. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 493؛ باللار باغچىسى 40، باغچىدىكى بالا 8500. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 99 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

رايون بويىچە 351 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 6377 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 100دىن ئارتۇق كارۋىتى بار

دوختۇرخانىدىن 10ى بار.

2004 - يىلى تەڭرىتاغ رايونى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9729 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6590 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4493 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 19 مىڭ 999 يۈەنگە يەتتى.

## ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل ئىسلاھاتى

2004 - يىلى تەڭرىتاغ رايونى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئالدى بىلەن باشلىدى. رايونغا قاراشلىق 13 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان 46 ئاپتوموبىلىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سۈرەتكە تارتىش، بىر تۇتاش ساقلاش - باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە ئاپتوموبىلىنى ئاپشۇرۇپ بېرىش ئالونىنى تولدۇرغاندىن كېيىن پېچەتلەپ ساقلىدى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى شتاتتىكى شوپۇرلىرىنى رايون ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزى باشقۇرىدىغان بولدى؛ باھا بوداش تارماقلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئاپتوموبىللارنىڭ باھاسىنى بوداتتى؛ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل ئىسلاھاتىدىن كېيىن، قالدۇرۇپ قېلىنغان ئاپتوموبىللارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ھەر كۈنى ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تەڭرىتاغ رايونلۇق دۆلەت مۈلكى ئىشخانىسى شىنجاڭ «جياشېڭ» كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش چەكلىك شىركىتىگە تۇنجى تۈركۈمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان 26 ئاپتوموبىلنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى ھاۋالە قىلدى، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سوممىسى 548 مىڭ يۈەنگە، پۈتۈشۈش سوممىسى 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## شەرقىي قىسمىدىكى ئىدىرلىق بەلۋاغنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشى

تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئىدىرلىق بەلۋاغنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، پىلانلانغان كۆلىمى 139.77 كۋادرات كىلومېتىر، يېرى ئىدىرلىق بەلۋاغقا تەۋە، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەڭلىك 63.9%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ بەلۋاغنى ئېچىش قۇرۇلۇشىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە 2 - كەسىپ ئاساسلىق يېتەكچى قىلىنىدى، يەر ئىشلىتىش فونكسىيىسى جەھەتتە سۇ مەنبەسىنى قوغداش، قاقاس تاغنى كۆكەرتىش ۋە ساناتەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى، بۇ جايدا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئېلېكترون، تېببىي دورا، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم - كېچەك تىكىش، يېمەك - ئىچمەك ئىشلەش ئاساس قىلىنغان يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر رايونى ۋە ساقلاش، ماددىي ئەشيا ئوبوروت رايونى، سۇ مەنبەسىنى قوغداش رايونى، ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى رايونى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ رايوننىڭ يىراق مەزگىللىك پىلانى 2020 - يىلغىچە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن 4185 گېكتار يەر ئىشلىتىلىدۇ، يېڭىدىن تەخمىنەن 54 كۋادرات كىلومېتىرلىق شەھەر كۆكلەمىدانى كۆپەيتىلىدۇ، شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 33%كە يەتكۈزۈلىدۇ. 2004 - يىلى 1 - قارارلىق كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدا 135.2 گېكتار يەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 1000 كۇب مېتىرلىق سۇ كۆلچىكى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. «تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بەلۋاغنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى»، «كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانى»، «ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانى»، «تۇرالغۇ ئۆي رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانى»، «داۋان يېزىسىنىڭ كەنتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش ئومۇمىي پىلانى» قاتارلىق ئومۇمىي پىلانلار دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى. سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتى مۇقىم ئىلگىرىلىدى، ۋېنجۇ «شەرق شامىلى» ترانسپورت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بوستان» خەلقئارا ساناتەت باغچىسى مەبلەغ سېلىش شىركىتى، شىنجاڭ «دوۋبېدو» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى قاتارلىق 10 نەچچە كارخانا مەقسەتلىك ھالدا بۇ يەرگە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇردى، دەسلەپكى قەدەمدە سېلىش مۆلچەرلەنگەن مەبلەغ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن.

★ 2 - ئاينىڭ بېشىدا تەڭرىتاغ رايونىنىڭ نىڭشياۋەن كەنتى شەھەر بويىچە كەنتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە كەنتنىڭ كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، ئۆي - زېمىن گۇۋاھنامىسى تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى.

★ 2004 - يىلىنىڭ بېشىدا تەڭرىتاغ رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئەدلىيە مەمۇرىيىتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار ناھىيە (رايون)

لىك ئەدلىيە ئىدارىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئەدلىيە نازارىتى تەڭرىتاغ رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسىنى كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

★ 2004 - يىلى تەڭرىتاغ رايونى «ياشلار يولى» مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق 7 مەھەللە بىلەن سايباغ رايونى لۈيۈەنگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق 12 مەھەللە رايون ھالقىغان نامراتلارغا ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ياڭ چىن

## سايباغ رايونى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي يى.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چېن يۈجۈ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئۆمەرباقى.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇاڭ جىسۇڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچىدىكى ساي يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، مەمۇرىي كەنت 2، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 114. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 452 مىڭ 956 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 101 مىڭ 199)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.7، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1.98. رايون بويىچە 5321.07 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 363 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4630.55 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن يامالىق تېغى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى سايباغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 733 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.11، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.82، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 562 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.86 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 520 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 55 مىليون 70 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 955 توننا ئاشلىق، 10 توننا پۇرچاق، 549 توننا ياغلىق دان، 40 مىڭ 500 توننا ياڭيۇ، 35 مىڭ 500 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 117 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3139 توننا گۆش، 414 توننا تۇخۇم، 5592 توننا سۈت ئېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 16 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 963 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.69، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 898 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 395 مىڭ 400 توننا، ئۆي جاھازىسى 61 مىڭ دانە، كوكس 43 مىڭ 600 توننا، تۇز كىسلاتاسى 73 مىڭ 600 توننا، ناترىي گىدروكسىد 114 مىڭ 300 توننا، ناترىي كاربىد 106 مىڭ 500 توننا، سۇلياۋ يىلىم ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا 117 مىڭ 500 توننا، سۇلياۋ ياسالما 4298 توننا، سېمونت 1 مىليون 476 مىڭ توننا، ترانسفورماتور 205 مىڭ 600 كىلوۋولت ئامپېر، ئەسلى باتارىيە (قۇرۇق باتارىيە) 28 مىليون 970 مىڭ دانە، تارقىتىلغان توك 508 مىليون 340 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 8 مىليون 280 مىڭ كىلوجوئۇل، تۇرۇبا سۈيى 92 مىليون 140 مىڭ توننا. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 245 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 483 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 786 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 571 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 144 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 41 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 413 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 185 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 109 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 75 مىليون 880 مىڭ دوللار. 2 مىليون 132 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 975 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 275 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3. 16، يەرلىك مالىيە چىقىمى 284 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %99. 13 ئاشتى.

رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 857 (مىللىي 6520)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 69 (مىللىي 8331)؛ بالىلار باغچىسى 48، باغچىدىكى بالا 8817. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3890 (مىللىي 1108). شۇ يىلى مائارىپ ئىشلىرىغا 45 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 139 مىڭ 107گە يەتتى.

2004 - يىلى سايباغ رايونىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9729 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6590 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 94 يۈەنگە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ يېڭى پويىز كۈتۈش بىناسى پۈتتى.

لۇ يۇڭخۇڭ

# يېڭىشەھەر رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گۇاڭخۇي.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ جىچېڭ.

رايون باشلىقى: لى يۈەن.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇغېنى توختى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭى شەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 11، يېزا 2، كەنت كومىتېتى 8، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 89. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 392 مىڭ 83 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 77 مىڭ 605)، يېزا نوپۇسى 60 مىڭ 159؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نسبىتى ‰21. 8، تەبىي كۆپىيىش نسبىتى ‰04. 5. رايون بويىچە 2900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 850 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 110 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن يېڭىشەھەر باغچىسى، لىيۇشەن باغچىسى، قۇملۇقتىكى يېشىل مەرۋايىت دېڭىز سارىيى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5 تۆۋەنلەپ كەتتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8. 15، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2. 10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 647 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %19. 4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 336 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 132 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 30 مىليون 177 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4500 تونna ئاشلىق، 670 توننا ياغلىق دان، 858 توننا قىزىلچا، 3762 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 9800 تۇياق چارۋا قالدى. 1458 توننا گۆش، 1453 توننا سۈت، 1047 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 503 مىليون 627 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %66. 19، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 956 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 96 مىڭ 100 توننا، يىپ 4568 توننا، سۇلياۋ ياسالما 5459 توننا، تەييار پولات ماتېرىيال 31 مىڭ 100 توننا، ئاليۇمىن 23 مىڭ 207 توننا. ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك 1 مىليون 393 مىڭ 200 قۇر، تاختا ئەينەك 96 مىڭ 796 يېشىك، سېمونت 65 مىڭ 954 توننا. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 210 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 257 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 313

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 73 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 457 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 443 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 205 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 34 مىليون 660 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 171 مىليون دوللار. 389 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 57 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %68.15، يەرلىك مالىيە چىقىمى 191 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.32 ئاشتى.

يېڭى شەھەر رايونى بويىچە 1495 ھەر خىل ئۇنۋانلىق خادىم بار. رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 4، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 271 (مىللىي 4392)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 557 (مىللىي 5437)؛ بالىلار باغچىسى 64، باغچىدىكى بالا 9008. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 602.

2004 - يىلى يېڭى شەھەر رايونىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 19 مىڭ 937 يۈەنگە يەتتى.

## «بېيجىڭ يولى»نى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ يېڭى شەھەر رايونى 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ «بېيجىڭ يولى»نى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش، يورۇتۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتتى. «بېيجىڭ يولى»نى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى جەنۇبتا «شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت يولى»دىن باشلىنىپ، شىمالدا «مېھمان كۈتۈش يولى»غىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7.75 كىلومېتىر. قۇرۇلۇش كۆكەرتىش، يول قاتنىشى، كوچا چىراغلىرىنى يورۇتۇش ۋە قاتناش سىگنال چىرىغىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن. قۇرۇلۇشتا قولتۇقسىمان ئاممىۋى قاتناش بېكىتىدىن 21نى ياسالدى، 24 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرگە گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلدى، 28 كىلومېتىر يەرگە يول گىرۋەك تېشى ئورنىتىلدى. يول ئېغىزلىرى، تۆمۈريول ئىدارىسىدىكى ئايلانما، «شىدەن» سودا سارىيى مەيدانى ئۆزگەرتىلدى، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرىنىڭ بەلگىسى «تاقسىمان قارلىغاچ» ياسالدى. يول مەركىزىدىكى كۆكەرتىش بەلۋېغىغا يېڭىدىن 300 نەچچە مىڭ تۈپ چاتقال ۋە گۈل - گىياھ تىكىلدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى 78 جايغا «جۇڭگو تۈگمىچى» شەكلىدە ياسالغان گۈل - گىياھ تىزىلدى، 31 كىلومېتىر كۆكەرتىش سۇ تۇرۇبىسى، 2.25 كىلومېتىر يولدىن ئۆتكۈزۈلگەن يورۇشلۇق تۇرۇبا، 120 كىلومېتىر كاپىللىيار، 4.2 كىلومېتىر دەل دەرەخنى ئايلاندۇرۇلغان كاپىللىيار ئورنىتىلدى. 31 كىلومېتىر يول چىرىغى تۇرۇبا لىنىيىسى، 389 كوچا چىرىغى، 526 پىيادىلەر يولى چىرىغى، 290 مەركىزىي كۆكەرتىش بەلۋېغىنى چاقنىتىش چىرىغى ئورنىتىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىچە لايىھەلەش، كۈچلۈك قويۇپ قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، «بېيجىڭ يولى» تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، تېخىمۇ زامانىۋى تۈس ئېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى، ئوبراز بەلگىسىنىڭ يېڭى بىر يورۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

## شىنجاڭ «سەيبوت» ئاپتوموبىل شەھەرچىسى تىجارەت باشلىدى

يېڭىشەھەر رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ «سەيبوت» خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسى 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تىجارەت باشلىدى.

بۇ شەھەرچە ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 350 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇ غەربىي شىمال رايونىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، فۇنكسىيىسى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئاپتوموبىل ئۇنىۋېرسال سودا مەركىزى، ئاپتوموبىل كۆرگەزمە مەركىزى، ئاپتوموبىل ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش، يەتكۈزۈپ بېرىش مەركىزى ۋە ئاپتوموبىل مەدەنىيەت مەركىزىدىن ئىبارەت. پۈتكۈل ئاپتوموبىل شەھەرچىسى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى، «4S» ماركىلىق ئاپتوموبىل مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، يۈك ئاپتوموبىلى، ئېغىر تىپتىكى ماشىنا سودا مەركىزى، نىمكەش ئاپتوموبىل سودا بازىرى، ئېسىل سەپلىمە مەركىزى، رېمونت مەركىزى، ھۆسن تۈزەش - بېزەش مەركىزى، ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش - سىناش لىنىيىسى، ئاپتوموبىلنى نوپۇسقا ئولتۇرغۇزۇش رەسمىيىتى بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمەت مەركىزى، ئاپتوموبىل ئەزالار كۇلۇبى، «سەيبوت» خەلقئارا مېھمانسارىيى، «سەيبوت» ياتىقىدىن تەركىب تاپتى.

★ 7 - ئايدا يېڭىشەھەر رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى جۇڭخۇا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەرىپىدىن جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 12 - ئايدا يېڭىشەھەر رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ

ئىجرائىيە ئىدارىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرائىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى زومىن

# شىمىگۇ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمىگۇ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭچېڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈەن باۋشىن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: فېڭ شىنرۇڭ (ئايال).

رايون باشلىقى: يۈەن باۋشىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خېيىەن (6 - ئايدا مۇۋەققەت رايون باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مېي (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگۇ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش بېشقارمىسى 7، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 64، مەمۇرىي كەنت 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 178 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 34 مىڭ 100)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 29 مىڭ 766؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.29‰. رايون بويىچە 365.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىنام بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، 56 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 31.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 472.8 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. رايون تەۋەسىدە ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن شىمىگۇ دەرياسى، ئارشاڭ، كۆمۈر، مايلىق سىلانېتس قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «قىزىلتاغ» ماركىلىق سىر، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يۇرۇشلۇك پاختا رەخت قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قىزىلتاغ باغچىسى (دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك)، شىمىگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونى (دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك) بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شىمىگۇ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 15.7% تۆۋەنلىدى؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 294 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003- يىلدىكىدىن 11%.14 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 60 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 5 مىليون 640 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 296 توننا ئاشلىق، 67 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 725 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3087 تۇياق چارۋا قالدى. 728.9 توننا گۆش، 91 توننا سۈت، 35 توننا تۇخۇم ئېلىندى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان قاقاس تاغدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 80.7 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 354 مىليون 730 مىڭ



شىمىگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونى دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچىدىكى يېڭى 10 مەنزىرىلىك جاينىڭ بىرى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. سۈرەتتە: شىمىگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونىنىڭ دەرۋازىسى.
شېي گاڭ فوتوسى

يۈەنگە، پايدىسى 27 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 5560 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10.46% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 518 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.67% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 1300 توننا كۆمۈر (كۆمۈركان ئىدارىسىغا قاراشلىق كۆمۈر كانىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ، 1 مىليارد 337 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 20 مىڭ توننا تۇرۇبا سۇيى، 30 مىڭ 658 توننا يىپ، 17 مىليون 610 مىڭ مېتىر رەخت، 370 مىڭ قۇر توقۇلما كىيىم - كېچەك، 25 مىڭ 74 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 5873 توننا قەغەز ياسالما، 1698 توننا سۇلياۋ ياسالما، 45 مىڭ 940 ساندۇق تاختا ئەينەك، 67 مىليون 540 مىڭ دانە (ئۆلچەملىك) خىش، 4941 توننا سىر (سۇۋالغۇ) ، 98 مىڭ 241 دانە ئۆي جاھازىسى، 1378 دانە شامالدۇرغۇچ، 7506 كىلومېتىر توك سىمى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 232 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 847 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 192 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 628 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 491 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 538 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 291 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 78 مىليون 510 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت) . 976 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 56 مىليون 936 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 185 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 15.98% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 191 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.52% ئاشتى.

رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردا 901 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 366. رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەر ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2505 (مىللىي 614) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 5391 (مىللىي 1095) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 557 (مىللىي 2551) ؛ بالىلار باغچىسى 42، باغچىدىكى بالا 4912. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1789 (مىللىي 422) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 18 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100%كە يەتتى.

رايون بويىچە 55 سەھىيە ئاپپاراتى، 1632 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1224 كارىۋات بار.

2004 ـ يىلى شىمگۇ رايونى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9729 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6590 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6776 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 18 مىڭ 381 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 38 مىڭ 245 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 23 مىڭ 537 ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 47 مىڭ 913 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## «خەيرى ـ ساخاۋەت» تاللابازىرى

شىنجاڭدىكى تۇنجى «خەيرى ـ ساخاۋەت» تاللا بازىرى 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىمگۇ رايونى ۋېيخۇلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ يۇغۇرۇلما مەھەللىسىدە قۇرۇلدى. «خەيرى ـ ساخاۋەت» تاللا بازىرىنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى شەھەردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاھالىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەكلى ئىئانە قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاۋار شەكلىدە كۆرگەزمە قىلىپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنى تاللا بازاردىن ئۆز ئالدىغا نەرسە ـ كېرەك تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇتقۇزۇش- ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

## سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش

2004 ـ يىلى 13 ـ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد-سودا يەرمەنكىسىدە شىمگۇ رايونىنىڭ سودا ئۈمىكى ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن 12نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ تۈرلەر سانائەت، سودا، ساياھەتچىلىك، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق كەسپلەرگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈر 6. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرى 11 بولۇپ، 1 مىليارد 260 مىليون يۈەن، تاشقى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرى بىر بولۇپ، 29 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

★ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىمگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى دەپ نام بەردى.

★ 9 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئېچىلغان مەملىكەتلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا شىمگۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت مەملىكەتلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

★ 11 - ئايدا شىمگۇ رايونىغا قاراشلىق ۋاڭجياليياڭ، قىزىلتاغ، باجياخۇ، ليۇداۋان، نەنداخۇ مەمۇرىي كەنتلىرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش خىزمىتى تاماملاندى.

★ 2004 - يىلى شىمگۇ رايونى مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي مەھەللىسى ئۈلگە شەھەر رايونى دېگەن نامغا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى تەرىپىدىن تازىلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر رايونى بولۇپ باھالاندى.

جۇ جىڭ

# تۇدۇڭخابا رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جيەنگو.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لۇ خەيلياڭ.

رايون باشلىقى: جاڭ خۇڭيەن.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 141 مىڭ 194؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.21، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.85. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 561 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 211 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 494 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17، 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 856 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 456 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.04 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 323 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6143 توننا ئاشلىق، 24 مىڭ 408 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 90 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 5426 توننا گۆش، 18 مىڭ 368 توننا سۈت ئېلىندى. 96 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 38 مىڭ 27 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 45 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.9 ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 605 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 351 مىڭ 192 كۋادرات مېترغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 273 مىڭ 226 كۋادرات مېترغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 875 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 297 مىليون 490 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 358 مىليون 650 مىڭ يۈەن. پۇچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 292 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 275 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 255 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 120 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %33.20، يەرلىك مالىيە چىقىمى 150 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %62.37 ئاشتى.

رايوندىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1697؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 3360؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 8163؛ بالىلار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 2144. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1197.

رايون بويىچە 64 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 1107 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 748 كارۋات بار.

2004 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ياكى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 2 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى تۇدۇنخابا رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 23 مىڭ 309 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 28 مىڭ 981 گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 29 مىڭ 405گە يەتتى.

## قۇش زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 12 - شى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانى 1 - ئەترىتى بىلەن سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى 12- ئەترىتىدە 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قۇش زۇكىمى يۈز بەردى، تۇدۇڭخابا رايونى خادىملارنى تەشكىللەپ كېسەللىك رايونىغا 3 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدىكى ئۆي قۇشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردى، 3 كىلومېتىردىن 8 كىلومېتىرغىچە بولغان دائىرىدىكى ئۆي قۇشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، تىزىملىدى ۋە ۋاكسىنا ئەملىدى. 24 سائەتلىك دىجورنىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كېسەللىك رايونىغا كىرىپ چىقىدىغان ئاپتوموبىللارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىپ، قۇش زۇكىمىنىڭ ئادەملەر ئارىسىغا تارقىلىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالدى. 239 كەسپىي سەھىيە خادىمىنى جىددىي تەربىيىلىدى.

قۇش زۇكىمى تارقالغان مەزگىلدە كېسەللىك رايونىدا 4858 ئۆي قۇشى ئۆلتۈرۈلدى، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان كۆلەم 3410 كۋادرات مېتىرغا، تەكشۈرۈلگەن ئاپتوموبىل 33 مىڭ 700 گە يەتتى، كېسەللىك رايونى سىرتىدىكى ئۆي قۇشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، ئۆي قۇشى باقىدىغان 115 ئائىلە تىزىملاندى، جەمئىي ئۆي قۇشى 63 مىڭ 601 بولۇپ، ھەممىسىگە ۋاكسىنا ئەملەندى.

## تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى

2004 - يىلى تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى «كۆكەرتىش، پەن - تېخنىكا، يېڭىلىق يارىتىش»تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سانائەت رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. 1-، 2- قارارلىق قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش ئاساسىدا مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى، 3-، 4- قارارلىق يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. يىل ئاخىرىغىچە 58 كارخانا جەلپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2004- يىلى جەلپ قىلىنغان تۈر 28، سېلىنىدىغان مەبلەغ 720 مىليون يۈەن. سانائەت رايونىدا 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 4ى، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 33ى، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىدىن 3ى بار. ھازىر مېتال ياسالما ۋە يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىيالى، ئۈسكۈنە ياسىمىچىلىقى، دورا ياساش، نېفىت خىمىيە سانائىتى شۇنىڭدەك يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپى قاتارلىق 5 چوڭ ئاساسلىق يېتەكچى كەسىپ شەكىللەندى.

2004 - يىلى سانائەت رايونىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 496 مىڭ 700 يۈەنگە، ھەر ساھەنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، كارخانا بېجى 4 مىليون 663 مىڭ 100 يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 324 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى ئېچىلدى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى تۆمۈريول ــ تۇدۇڭخابا سانائەت رايونىدىكى شىنجاڭ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېچىلدى.

شىنجاڭ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 مىليون 100 مىڭ تونىلىق ئىنچىكە خىمىيە سانائىتى تۈرى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇدۇڭخابا سانائەت رايونىغا ماكانلاشتى، بۇ تۈرگە 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى، 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تاماملاندى. بۇ تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باشلانغانىدى، قۇرۇلۇشقا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 .3 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى بىلەن سانائەت رايونىنى تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسىنىڭ پۈتۈپ ئىشلىتىلىشى شىنجاڭ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇدۇڭخابا رايونىنى ياسىمىچىلىق بازىسى ۋە شەھەرنىڭ قوشۇمچە مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

★ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تاختا بەلۋاغ قۇرۇلۇشىدىكى رەڭلىك پولات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سىناق قىلىنىپ بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، غەربىي شىمال رايونى

بويىچە تۇنجى يۈگەم رەڭلىك پولات تاختا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

★ 2004 - يىلى سابىق ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ شىسەن دوختۇرخانىسى، 3 - باشلانغۇچ مەكتىپى، 9 - باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تۆمۈريول ئىشچى - خىزمەتچى پەرزەنتلەر 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى، 1 - باللار باغچىسى، 2 - باللار باغچىسى تۇدۇڭخابا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

جاۋ جيەنفاڭ

# داۋانچىڭ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ داۋانچېڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىي مىن.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما يۈڭفېڭ (ئايال، خۇيزۇ).

رايون باشلىقى: ياڭ جىشىن.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چياۋ شياڭجىن (خۇيزۇ).

## ئاساسىي ئەھۋالى

داۋانچېڭ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ مەمۇرىي مەركىزى — داۋانچېڭ بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 86 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 45 مىڭ 36 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 900)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 34.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 21.6‰. رايون بويىچە 3983 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 865 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى، 1534 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. رايون تەۋەسىدە ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چاتقال، سۇلۇق شورلۇق پەربون تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، سۆكسۆك، چاكاندا، تەسكەن، سىلو، ئەمەن قاتارلىقلار؛ دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قارا لەيلەك، دوغداق، قوڭۇر ئېيىق، سۇلەيسۇن، بۇغا، ئۇلار، قاپلان، كۈلرەڭ تۇرنا قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نوقتىلىرىدىن شامالدۇرۇغۇچ باغچىسى، تەڭرىتاغ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى، يىپەك يولىدىكى تۇزلۇق كۆل شەھىرى، ئاقسۇ بازىرى قەدىمكى شەھىرى، سايىپا كۆلى ساياھەت مەنزىرە رايونى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى داۋانچېڭ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 463 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 810 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 365 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 920 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 610 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 67 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3224 توننا ئاشلىق، 9030 توننا ياڭيۇ، 7328 توننا كۆكتات، 19 مىڭ 8 توننا يەم - خەشەك، 3362 توننا پۇرچاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 167 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3979 توننا گۆش، 168 توننا قوي يۇڭى، 1310 توننا سۈت، 134 توننا تۇخۇم، 121 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 60.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 324 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 243 مىڭ توننا كۆمۈر، 115 مىڭ توننا كوكس، 865 مىڭ توننا يۇيۇلغان كۆمۈر، 157 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 60 مىڭ توننا ناترىي سۇلفىد، 85 مىڭ توننا ئورىيە ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 180 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 90 مىليون 430 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 71 مىليون 970 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 24 مىليون يۈەنگە يەتتى. 100 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 25 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 83 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى

تۇرلۇك ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 87 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رايوندىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 517، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 84. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 313، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 1690؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 3287. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 560. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %94كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1172گە يەتتى.

رايون بويىچە 11 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 300 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 310 كارىۋات بار.

2004 - يىلى داۋانچىڭ رايونىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3096 يۈەنگە يەتتى.

## تەڭرىتاغ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلىدى

داۋانچىڭ رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ تەڭرىتاغ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلىدى. باغچا ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 75 كۋادرات كىلومېتىر، باغچا ئۆزگىچە چۆللۈك، ئىدىرلىق مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە مۇشۇ رايوندا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارغا ماس كېلىشنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چۆللۈك ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىنى نامايان قىلىدۇ، ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ. پۈتكۈل باغچا ئومۇمىي پىلان جەھەتتە ياۋايى ھايۋانلارنى قويۇپ بېرىش، قورشاپ بېقىش رايونى، پەن تەتقىقات ۋە قۇتقۇزۇش مەركىزى، باغچا ئىچىدىكى باغچا رايونى، يەم - خەشەك بازىسى، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت مەركىزىي رايونىغا بۆلۈنگەن. باغچىغا موڭغۇلىيە قۇلانى، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، كۆكمەت، ئاق بوغۇز بۆكەن، تۆگىقۇش، بۇغا، چىپار بۇغىدىن ئىبارەت 8 خىل ھايۋاندىن 262سى قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 3 خىل، 68 تۇياق، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 4 خىل، 148 تۇياق.

★ 4 - ئايدا داۋانچىڭ رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان «ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ گۈزەل جاي — مەن ئون مەنزىرىلىك جايىنى كۆرىمەن» ساياھەت يېتەكچىلىرى سۆزى ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئاقسۇ بازىرى ساياھەت يېتەكچىسى سۆزى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، چوڭ شامالدۇرغۇچ، بوغدا مەنزىرە رايونى، سايىپا كۆلى ساياھەت يېتەكچىسى سۆزى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★ 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى داۋانچىڭ رايونلۇق كىرا ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

★داۋانچىڭ رايونىدا 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىي ئۆرپ - ئادەت، يېمەك - ئىچمەك، مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەت ساياھەت، يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەر سەنئىتى بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

★ 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى داۋانچىڭ رايونلۇق يولۇچى ترانسپورتىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

ۋېي چياڭ

قىسقا ماتېرىيال

## داۋانچىڭدىكى ئاقسۇ بازىرى قەدىمىي شەھىرى

داۋانچىڭدىكى ئاقسۇ بازىرى قەدىمىي شەھىرى ساياھەت مەنزىرە رايونى داۋانچىڭ بازىرىنىڭ 3 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، ئاق تېرەك دەرياسى جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان، بۇ جىلغا قەدىمدە «ئاقسۇ غولى» دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر سېن سەن بۇ جايىنى «يورغا ئات» دەرياسى دەپ ئاتىغان. بۇ بازار يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەر كۆپ، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە قاتناش يولىدىكى مۇھىم بازار ۋە ھەربىيلەر چوقۇم ئۆتىدىغان جاي بولۇپ كەلدى. قەدىمىي شەھەرنىڭ سىرتىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ ۋە مۇقەددەس بوغدا چوققىسى يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يېقىن ئەتراپتا كەڭ كەتكەن نەم يەر ۋە ھەر خىل قىياپەتتىكى قەدىمىي قاراياغاچلار بار؛ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچى تەڭرىتاغدىن سۇ ئېقىتىپ كەلگەن غەلتە تاشلار بىلەن تولغان، غەربىي يۇرتتىكى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ماھارىتى نامايان قىلىنغان بولۇپ، يىپەك يولى مۇزېيى بىلەن قەدىمىي شەھەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاق تېرەك دەرياسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. پەلەككە تاقاشقان ئاق تېرەكلەر لىۋەن قارىياغاچلار بىلەن ئورالغان، ساددا، مۇستەھكەم مەنزىرە ئىمارەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، دەريا بويىنى سەيلى قىلسىڭىز دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىسىز.

ۋېي چياڭ

# دۇڭشەن رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ خۇيشيەن.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: گۇەن فېڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جىڭگۇ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 96 مىڭ 444 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 431)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 143؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.68‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.31‰. رايون بويىچە 2310 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 624 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى، 757 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن بالبال تاغلىق كەنتى، گۈل - مېۋە تاغلىق كەنتى، كېپىنەك تاغلىق كەنتى، لوڭفېڭ تاغلىق كەنتى، بەيچۈەنگۇ، مۇسۇلمانلار مىللىي ئۆرپ ئادەت باغچىسى، بەي جەمەتى دېھقانلار شاتلىقى باغچىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى دۇڭشەن رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 ملياد 422 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 20.9% ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 12 مىليون يۈەن بولۇپ، 0.1% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 386 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 23 مىليون 380 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 50 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2069 توننا ئاشلىق، 308 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ 584 توننا كۆكتات، 115 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 33 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 1413 توننا گۆش، 366 توننا سۈت، 46 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 120 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.58% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 155 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.8% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5 مىليون 343 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 902 مىليون 401 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 107 مىڭ توننا سېمونت، 19 مىڭ 892 توننا خىمىيىۋى تالا، 476 مىڭ 866 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، 588 مىڭ 649 توننا بىرىكمە ئاممىياك، 10 مىڭ 924 توننا سۇلياۋ ياسالما، 5303 توننا سىر، 4 مىليون 51 مىڭ 334 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 948 مىڭ 249 توننا بېنزىن، 1 مىليون 678 مىڭ 208 توننا دىزېلىن، 11 مىڭ 181 توننا ئاليۇمىن قېتىشمىسى، 5 مىليون 128 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 442 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 305 مىڭ 695 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 217 مىڭ 372 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 19 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 333 مىليون 930 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 404 مىليون 120 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 163 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 250 مىڭ دوللارغا يەتتى. 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 105 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.14%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 128 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.99% ئاشتى.

رايون بويىچە 2130 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۇنۋانلىق خادىم بار. رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 6176؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 3675؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 6560. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

رايون بويىچە 55 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى،

712 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 575 كارۋات بار.

2004 - يىلى دۇڭشەن رايونى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4652 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 685 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۇڭشەن رايونى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭ 701گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 551گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 533كە يەتتى.

## ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى

2004 - يىلى دۇڭشەن رايونى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئومۇمىي پىلاندىكى كۆلىمى 166.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دۇڭشەن رايونى شەھەر «قوشۇمچە مەركەز» شۆبە رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى مەركەزلىك تۇرالغۇ رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە دۇڭشەن رايونى سانائەت باغچىسىغا يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى؛ 46 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 63 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، كازىۋەن مەركىزىي بالىلار باغچىسى، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ بىناسى قاتارلىق 6 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تاماملىدى؛ 54 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 14 كوچىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، 360 كوچا چىرىغى ئورناتتى؛ 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سانائەت باغچىسى ۋە ئەسلىدىكى كازىۋەن كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى؛ 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 9 يۈەندا تۇرۇبىسى لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 لىنىيىگە تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ بولدى؛ 26 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ شەھەر رايونىدا 237 گېكتار يېشىللىقنى كۆپەيتتى، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %31.6كە يەتتى.

★ 11 - ئايدا دۇڭشەن رايونى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار رايون بولۇپ باھالاندى.

★ جۇڭگو نېفىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 300 مىڭ تونىنا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر قېتىملىق سىناقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

لىيۇ سۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن قادىربېك (قازاق).

ھاكىم: مالىفۇ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي، غەربىي، شىمالىي قىسىملارغا تارقالغان. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 83 مىڭ 945 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 45 مىڭ 821)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 294؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.89، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1.34؛ 19 مىڭ گېكتار يەرگە ھەر خىل زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 7000 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 7000 گېكتار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نەنشەن مەنزىرە رايونى، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى، بېدە سۇپىسى ئېكولوگىيە باغچىسى (دۆلەت دەرىجىلىك) بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 681 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 284 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 88 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.6 تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 308 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 441

مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 740 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 148 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 14 مىليون 40 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 25 مىڭ 700 تونna ئاشلىق، 662 توننا ياغلىق دان، 4185 توننا مېۋە - چېۋە، 247 مىڭ 200 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 280 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 8955 توننا گۆش، 7806 توننا سۈت، 1326 توننا تۇخۇم، 2650 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 360 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 82 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %0.59 تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10.6 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 588 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 7630 توننا فابرىكا قەغىزى، 446 توننا سۇ يېغى، 127 مىڭ 900 توننا سېمونت، 19 مىليون 250 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 33 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 175 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.12 ئاشتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 252 مىليون يۈەنگە يەتتى. 590 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 35 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 74 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.75، يەرلىك مالىيە چىقىمى 235 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 993 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 3149 (مىللىي 1709)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 6077 (مىللىي 3419)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 65. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 997 (مىللىي 617). يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 173 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 60 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3686 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 19 مىڭ 398 يۈەنگە يەتتى.

## كۆن نۇرى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى 17 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇ قۇرۇلۇشنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى «كۆن نۇرى قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىدى. بۇ بىرتۇتاش پىلانلانغان، بىرتۇتاش لايىھىلەنگەن، بىرتۇتاش قۇرۇلۇش قىلىنغان بىردەك ياۋرۇپا ئۇسلۇبىدىكى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش بولۇپ، خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش يىغىنى ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلىدىغان قوشۇن بېكىتىلدى. كەنت كومىتېتلىرىغا خىزمەت بويىچە سەپلەپ بېرىلدى، بىرلىككە كەلگەن كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى، ھەر خىل قائىدە - تۈزۈم تۈزۈلۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى ئاساسىي بازىسى مۇستەھكەملەندى. يىل ئاخىرىدا 16 كەنت كومىتېتىنىڭ مۇئەسسەسەلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

## ياشلار مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى يېزا - بازار ياشلار مەركىزى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگۇ بازىرىدا قۇرۇلدى. شۈيشىگۇ بازىرى ياشلار مەركىزى شۇ جايدىكى ئىتتىپاق كومىتېتى رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان مۇلازىمەت ئوبيېكتى بولۇپ، زامانىۋى ئېلېكتر ئۈچۈر تېخنىكىسىنى ئاساسلىق مۇلازىمەت ۋاستىسى، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان يېزا ياشلار تەشكىلاتىدۇر. ياشلار مەركىزىدە ئەزالار تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئۇ كوللېكتىپ ئەزا ۋە شەخسىي ئەزادىن تەركىب تاپقان، كوللېكتىپ ئەزا شۈيشىگۇ بازار رايونىدىكى قانۇنلۇق قۇرۇلغان ياشلارنىڭ ھەر خىل كەسپىي ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، ياشلار كوپېراتىپ-ئۇيۇشمىلىرى ۋە ياشلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسىي ئەزالارنىڭ يېشى 35 تىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك. ياشلار مەركىزىنىڭ 6 كوللېكتىپ ئەزاسى، 600 نەچچە شەخسىي ئەزاسى بار،

پائالىيەت سورۇنى 1000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. 2004- يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە يېزا - كەنت ياشلار مەدەنىيەت پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا، ياشلار مەركىزى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ياشلار مەركىزى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ئۈرۈمچى شەھىرى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سارچوققا چارۋىچىلىق فېرمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەمۇرىي رايونى ۋە خادىملىرىنى سارداۋان يېزىسىغا قوشۇۋەتتى؛ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شياۋچۈزى يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونى گەنگۇ يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

★ 8 - نۆۋەتلىك ئاسىيا پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى، 13 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 160 نەپچە تەنھەرىكەتچى، رىيېر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

★ «ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ئون مەنزىرىلىك جاي»غا 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىزىلتاغنىڭ چوققىسىدا ۋىۋىسكا ئېسىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئۈرۈمچىدىكى ئون مەنزىرىلىك جاي» قىلىپ تاللانغان ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى مەنزىرە رايوندىن نەنشەن مەنزىرە رايونى، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى بار.

★ 2004 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا قىشلاق پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى 2003 — 2004- يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە بولدى.

★ 2004 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىچكى - تاشقى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرىگە دائىر توختامدىن 26نى ئىمزالىدى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 682 مىليون يۈەن.

يۇ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يىلىن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تاڭ جيەن (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تاڭ جيەن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۈي ۋېيشى (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ھېزىم ئابدىلىم، جاڭ دېيۈن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يىلىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جۈنشېڭ، شاۋ چاڭدەن، چېن جۈەن (ئايال)، ئىبراھىم مۇقىيىت، نۇرمۇھەممەت ئامان، شى يۈچۈن.

شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: شۈي ۋېيشى (مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ شىنمىڭ، لىي خۇڭشيا (ئايال)، جاۋ ۋۇشېڭ، ياڭ شياۋخې، ئابدۇراخمان كېرىم.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ سۇڭگۈەن، ليۇ شىنرۇڭ، ۋاڭ باۋيۈ، دېڭ گولياڭ، قاباش خاۋائېن (قازاق)، ۋېن يۈگۈي.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر نېفىت نامى بىلەن ئاتالغان شەھەر. ئۇ شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي - شىمالىي بۆرجىكىدىكى تەبىئىي ئاسفالت تۆپىلىكى — مايتاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە، غەربىي - شىمالىي تەرىپى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرق تەرىپى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 313 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 305 مىڭ 774 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 75)، يېزا نوپۇسى 3044؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.35‰. شەھەر بويىچە 950 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5900 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، گەج، ھاك تېشى، شور، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مايتاغ، شەيتانكەنتىش مەنزىرە رايونى، ئېلەك كۆلى، قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقى، جيۇلۇڭتەن، ئاق تېرەك دەرياسى چوڭ جىلغىسى، مايتاغدىكى گىلتاغ قاتارلىقلار بار. كىلىماتى تىپىك قۇرۇقلۇق تىپىدىكى

كىلىمانتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 29 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 26 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.7، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەتچىلىك قىممىتى 227 مىليون 758 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 431 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 27 مىليون 879 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 48 مىليون 408 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 707 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2735 تونىنا ئاشلىق، 5841 تونىنا پاختا، 2325 تونىنا كۆكتات، 6300 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 93 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 3817 تونىنا گۆش، 850 تونىنا تۇخۇم، 550 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى، 4500 تونىنا سۈت ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى. نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يەتتى. 11 مىليون 110 مىڭ تونىنا خام نېفىت، 2 مىليارد 550 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. 7 مىليون 327 مىڭ تونىنا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 4 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 893 مىڭ توننىغا يەتتى، 254 مىڭ تونىنا ئېتىلىن ئىشلەپچىقىرىلدى. نېفىت قۇرۇلۇشى مۇلازىمەتچىلىك كىرىمى 9 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى يەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %20.8 ئاشتى. 13 مىڭ 800 تونىنا بۇغداي ئۇنى، 12 مىڭ 900 تونىنا بوتۇلكىلىق سۇ، 20 مىڭ 200 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 10 مىڭ 900 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق، 137 مىڭ تونىنا سىيلىقلاش مېيى، 88 مىڭ 300 تونىنا نېفىت ئاسفالتى، 33 مىليون 420 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەر بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 569 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 209 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 11 مىليارد 246 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە سېلىنغىنى 9 مىليارد 228 مىليون يۈەن، شەھەر مەمۇرىيىتى سىستېمىسى ۋە باشقا ئىشلارغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 285 مىليون يۈەن، ئۆي - مۈلۈك كەسپىگە سېلىنغىنى 733 مىليون يۈەن. ئۆي - مۈلۈك سودا سوممىسى 703 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى (كىچىك زېرەكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 180 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 177 مىڭ 300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 35 مىڭ 700 گە يەتتى. 253 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %55.3، يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %49.6 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 9 مىليارد 886 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 490 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 160 مىليون 901 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 333 مىليون 720 مىڭ يۈەن.

2004 - يىلى قارامايدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا 17 بولۇپ، 34 خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات دەپ بېكىتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 423 مىليون يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىدىن 3ى بار. شەھەر بويىچە پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى پەن- تېخنىكا كارخانىسىدىن 64ى بولۇپ، مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كەنتتىن 2سى، ئۈلگە ئائىلىدىن 49ى قۇرۇلدى. 2 تۈرلۈك نەتىجە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 13 تۈرلۈك نەتىجە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ شىركىتى ۋە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا، 34 تۈرلۈك نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر - ئىدارە

بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 5257؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 825 (مىللىي 5772)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 43 (مىللىي 6367)؛ بالىلار باغچىسى 26، باغچىدىكى بالا 7314؛ گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر.

شەھەر بويىچە 40 سەھىيە ئاپپاراتى، 2183 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1868 كارىۋات بار.

2004 - يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ 4 تەنھەرىكەتچىسى 12- نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارا ئىسسىكئۆل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق خەلقئارا مۇسابىقىلەردە 2 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى ھەمدە 3 تۈردە دۇنيا رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

2004 - يىلى قاراماي شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ 352.3 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4681 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 120 مىڭ 940قا، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار113 مىڭ 899گە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 149 مىڭ 892گە يەتتى.

بىر يىلدا ھاۋا، مۇھىت سۈپىتى دۆلەتنىڭ I، II دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن كۈن 97.8% كە، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچىمىگە يەتكەن رايوننىڭ قاپلاش نىسبىتى 100% كە، ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ قاپلاش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

★ مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەر تەرەققىيات مۇنبىرى ۋە يىللىق يىغىنى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە ئېچىلدى، مەملىكەتنىڭ بىرقىسىم ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلىرى، پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر شۇنىڭدەك ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدىن ئازكەم 200 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

★ 12 - ئايدا قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى نۇقتا قىلىپ بېكىتكەن بازار بولدى. بۇ قاراماي شەھىرىدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن بازار ھېسابلىنىدۇ.

★ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى كوماندىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسى كۆرسىتىش زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ماۋتەي شاھزادە لوڭقىسى» 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سۈپەتتىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدا 2 - لىككە ئېرىشتى.

★ دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قارامايىنى دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراشتىكى ئۈلگە شەھەر دەپ تەستىقلىدى.

★ 2004 - يىلى سەينەن نېفىتلىك مەشغۇلات رايونى مەركەز كارخانىلىرى ئىلغار كوللېكتىپى، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ شىركىتى بويىچە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى قاراماي شەھىرى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى، مەملىكەت بويىچە سانائەت ساياھەتچىلىكىدىكى ئۈلگە نۇقتا، دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراشتىكى ئۈلگە شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي شەھەر دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

ياڭ يۈەنجىن، چېن پېڭ

# مايتاغ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رىيونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ دېشىن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرمەھەممەت ئامان.

رايون باشلىقى: شۈي فۇگۈي.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ دېشىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 70 مىڭ (كۆچمە نوپۇسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 15 مىڭ)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.6‰. مايتاغدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق بولۇپ، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يۇرۇشلۇق نېفىت چەككىلەش مەھسۇلاتلىرى ۋە «قارچۇغا» ماركىلىق يۇرۇشلۇق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن

گىلتاغ مەنزىرە رايونى، ماۋلېيۇگۇ ئارامگاھى، ئالار تېغى ئارامگاھى، تەڭرىتاغ چاڭغا تېيىلىش مەيدانى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى مايتاغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.4، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 934 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.1، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 310 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.8 ئاشتى.

2004 - يىلى مايتاغ رايوندا 249 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 430 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆكلەمزارلىق كۆپەيتىلدى، شەھەر رايونىدىكى كۆكلەمزارلىق نىسبىتى %36.93كە، ئوتتۇرىچە ئادەم بېشىغا كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 10.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 791 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %38.1 ئاشتى. 4 مىليون 320 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى (ئىمپورت قىلىنغان 880 مىڭ توننا نېفىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 754 مىڭ 300 توننا بېنزىن، 108 مىڭ 600 توننا كىروسىن، 1 مىليون 956 مىڭ 400 توننا دىزېلىن، 151 مىڭ 700 توننا سىيىلىقلاش مېيى، 250 مىڭ توننا ئېتىلېن، 148 مىڭ توننا پروپىلېن، 375 مىڭ 200 توننا پولى ئېتىلېن، پولى پروپىلېن، مالېئات كاۋچۇك، 13 مىڭ 200 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. 850 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 6 مىليون 340 مىڭ توننا پار ئىشلەپچىقىرىلدى. 145 مىڭ توننا نېفىت خىمىيە سانائەتى مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە (مەركەز كارخانىلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 441 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 227 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 647 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (مەركەز كارخانىلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 62 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر رايونىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 22 مىڭ 730غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭ 925كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2708گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 294 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

181 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 92 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 189 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33.53، يەرلىك مالىيە چىقىمى 187 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 976 مىليون يۈەنگە يەتتى.

رايونغا قاراشلىق سىستېمىلاردا 657 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (نېفىت خىمىيە سانائەتى كارخانىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلار، رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 292. رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر ئوقۇغۇچىسى 3200 (مىللىي 1200)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1081 (مىللىي 384)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1688 (مىللىي 384)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 4046 (مىللىي 1074)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 1364. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ئۆزى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 500؛ خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مۇكەممەل مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 260؛ خۇسۇسىي يەسلى 7، يەسلىدىكى بالا 851. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 864. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 43 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 17 مىڭغا يەتتى.

مايتاغ رايوندا بىر AA دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، 12 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى، بىر كېسەللىكنى تىزگىنلەش مەركىزى، 418 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 89)، دوختۇرخانىلاردا 436 كارىۋات بار.

2004 - يىلى مايتاغ رايونى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 9942 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5922 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 26 مىڭ 791 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مايتاغ رايونى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 18 مىڭ 538گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 21 مىڭ 956گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 21 مىڭ 194كە يەتتى.

★ 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ گىرىم بۇيۇملىرى خام ئەشياسى قۇرۇلمىسى — يىلىغا

2 توننا سۇزۇك كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 600 مىڭ توننا دىستىللەنگەن مايغا ھىدروگېن قوشۇش قۇرۇلمىسى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىر قېتىملىق ماتېرىيال سېلىش سىنىقىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ، دۆلەت ئىچىدە ئوخشاش قۇرۇلمىلار بويىچە ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى.

★ 2004 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى دۆلەت تەرىپىدىن مۇھىت جەھەتتىكى دوستانە كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشىپ، غەربىي شىمال رايونى، جۇڭگو نېفىت سىستېمىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشكەن كارخانا بولۇپ قالدى.

ۋۇ جۈن

# قاراماي رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ ۋېيدۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تيەن چىڭشېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خۇ (4 - ئايدا مۇۋەققەت رايون باشلىقى بولدى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 176 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ)؛ يېزا نوپۇسى 2000؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.98‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.6‰. رايون بويىچە 6666 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 260 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1095.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتىدىن سىيلىقلاش مېيى بار. كىلىماتى تىپىك قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى قاراماي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 97 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 162 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 598 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 513 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 2 مىليون 955 مىڭ 100 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 35.772 توننا ئاشلىق، 2216 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 23 مىڭ 818 تۇياق چارۋا قالدى. 48.802 توننا گۆش، 18 توننا يۇڭ، 3452 توننا سۈت، 86 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 600 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9400 توننا بۇغداي ئۇنى، 53 مىڭ لىتىر ئوزۇم ھارىقى، 7802 توننا ساپ سۇ، 72 مىڭ 259 توننا سىيلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 186 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 529 مىڭ 587 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 897 مىڭ 679 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 620 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 970 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 50 مىليون 620 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 33 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 28 مىڭ 700 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 200گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 98 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 14 مىڭ 500گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 25 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 157 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 90 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 299 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 31.71%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 420 مىليون 200 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، %87 .21 ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى.

قاراماي رايونىدا 30 مىڭ 401 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 8185. رايوندىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1610؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2114، باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 929 (مىللىي 3133)؛ بالىلار باغچىسى 12، باغچىدىكى بالا 4128. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2136 (مىللىي 569). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %82 .98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 89 مىڭ 310غا يەتتى.

قاراماي رايونى بويىچە 40 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2183 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1640 كارىۋات بار.

2004 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 4 تۈردە 1 -، 4 تۈردە 2 -، 2 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى قاراماي رايونىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 10 مىڭ 352 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 8148 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4846 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 20 مىڭ 601 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاراماي رايونى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1403كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 5258گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1662گە يەتتى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى قاراماي رايونى «مەھەللە پسىخولوگىيىلىك ساغلاملىق مەسلىھەت مۇلازىمىتى»، «مەھەللە كۆيۈنۈش-ياردەم بېرىش - قۇتقۇزۇش پونكىتى» قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن بىرتۈركۈم يېڭى مەھسۇلات، يېڭى يورۇق نۇقتىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. رايون بويىچە 3 دەرىجىلىك پسىخولوگىيىلىك ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، تەربىيە، مەسلىھەت مۇلازىمىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. مەھەللىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەھەللە ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنىڭ مەھەللىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە قارىتا تەدبىر بەلگىلەش، مۇھاكىمە قىلىش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. مەھەللە تەربىيىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، مەملىكەتلىك مەھەللە تەربىيىسىدە ئۈلگە رايون بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئاھالىلەر ئارىسىدا مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۆگىنىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. تۈمەن مەھەللە قىرائەتخانىسىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، نەتىجىدە مەھەللىلەرگە 12 مىڭ 480 نۇسخا كىتاب ياردەم قىلىندى. ئۆگىنىش تىپىدىكى مەھەللە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن رايون بويىچە ئۆگىنىش تىپىدىكى مەھەللىدىن 10ى، ئۆگىنىش تىپىدىكى بىنادىن 50ى، ئۆگىنىش تىپىدىكى ئائىلىدىن 100ى مەيدانغا كەلدى.

★ 2004 - يىلى قاراماي رايونى بويىچە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش جەھەتتە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 614 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %71 ئاشتى، نەتىجىدە ئاپتونوم رايون قاراماي رايونىغا سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى مۇكاپاتلىنىدىغان ئورۇن دەپ نام بەردى.

★ 2004 - يىلى قاراماي رايونى تاللاپ ئەۋەتكەن 2 نەپەر مېيىپ تەنھەرىكەتچى 12 - نۆۋەتلىك ئافىنا خەلقئارا مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى ۋە بىر تۈردە دۇنيا رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ 4 نەپەر مېيىپ تەنھەرىكەتچى مەملىكەتلىك مېيىپلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 3 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 - بولدى ھەمدە 2 تۈردە دۇنيا رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

★ 2004 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك مەدەنىيەتتە ئىلغار رايون، مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتىدە ئىلغار رايون، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتقا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ئىلغار رايون، مەملىكەتلىك تۈمەن مەھەللە قىرائەتخانىسىغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ۋە تۈمەن مەھەللە كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدىكى ئىلغار رايون، مەملىكەتلىك پەن، مائارىپنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىخىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەتلىك نىكاھ يېڭى ئىستىلىنى تۈمەن ئائىلىگە كىرگۈزۈشتىكى ئۈلگە رايون بولۇپ باھالاندى، يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر رايونى، ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر رايونى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار رايون بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ يۈپىڭ، خاۋيەن

# جەرەنبۇلاق رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي نەيخۇا.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ شاڭلياڭ.

رايون باشلىقى: سۈن جېنجياڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

جەرەنبۇلاق رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، بازار 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 61 مىڭ 560 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 80)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.06، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.17. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 850 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 810 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 240 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 300 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.8 ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 482 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 90 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 587 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 60 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 31 مىڭ 450 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى تەخمىنەن 40 مىڭ 500گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 8600گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 338 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 144 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 144 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 563 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 54 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 8 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەرەنبۇلاق رايونىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6171، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2833. ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 770؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1234 (مىللىي 178)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2010 (مىللىي 313)؛ ئادەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 510، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 531، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 749؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3816 (مىللىي 527)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 1160 (مىللىي 184)؛ 12 يىللىق تۈزۈمدىكى ياتاقلىق خۇسۇسىي مەكتەپ بىر، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 143 (مىللىي 9)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 139 (مىللىي 8)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 120 (مىللىي 7)؛ ئادەتتىكى خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 282؛ خۇسۇسىي بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 236. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1572 (مىللىي 390). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە يەتتى.

جەرەنبۇلاق رايونىدا 8 سەھىيە ئاپپاراتى، 489 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 280 كارىۋات بار.

بىر يىلدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 10 مىڭ 352 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 8148 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە

ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 18 مىڭ 5كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 18 مىڭ 293كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 17 مىڭ 962گە يەتتى.

★ 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان «گۈزەللەر گۈزىلى» دەۋر مال سېتىۋېلىش مەيدانى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تىجارەت باشلىدى.

★ جەرەنبۇلاق رايونى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە قۇرۇلتىيى دائىملىق تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە تەربىيىلەش يىغىنى ئاچتى، بۇ پارتىيە قۇرۇلتىيى دائىملىق تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

★ جەرەنبۇلاق رايونى 9 ـ ئاينىڭ 11 — 12 ـ كۈنلىرى تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

★ جەرەنبۇلاق رايونى دەرۋازا يولى پىيادىلەر كوچىسىدىكى ئاسما كۆۋرۈك 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇ قاراماي شەھىرىدىكى تۇنجى ئاسما كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

★ 2004 ـ يىلى جەرەنبۇلاق رايونى يەنە بىر قېتىم مەملىكەت بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى نىشانى بويىچە سىناشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار رايون دېگەن نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار رايونلۇققا كۆرسىتىلدى؛ 2003 ـ، 2004 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولدى.

بەي فاڭ

## ئورخۇ رايونى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئورخۇ رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خېيجياڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ شۈۋېن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چيەن خېيجياڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ شۈۋېن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

رايون باشلىقى: ياڭ شۈۋېن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ رۇڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئورخۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ئورخۇ رايونىغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر، يېزا بىر؛ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ رايون تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 6782، (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2408)، يېزا نوپۇسى 1438؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.3. رايون بويىچە 324.73 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ (بىڭتۇەننىڭ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 76.8 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 246.23 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ئورخۇ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 905 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %10؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 866 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.3، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 405 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 290 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 985 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 392.89 توننا ئاشلىق، 768.24 توننا پاختا، 2 توننا ياغلىق دان، 438.6 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 17 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 340 توننا گۆش، 29.8 توننا يۇڭ، 14.8 توننا سۈت ئېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 604 مىڭ 900 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 264 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1840 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 525 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %50.12، سانائەت

قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 866 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.3% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 78 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 53 مىليون 30 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 27 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 26%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 26 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27% ئاشتى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 56 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئورخۇ رايونى بويىچە 204 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 70. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 319 (مىللىي 90)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 54. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 87 (مىللىي 43). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

3 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 80 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 100 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ئورخۇ رايونى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4500 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 32 مىڭ 32 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 77 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 15 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 180 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2004 - يىلى ئورخۇ رايونى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش جەھەتتە ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئورخۇدىكى دىنوزاۋىر يۇرا ئەسىر سودا مۇلازىمەت بىناسى، ئورخۇ پاختا زاۋۇتى، شەيتانكەرىش مەنزىرە رايونى دەرۋازىسى كۆتۈۋېلىش رايونى قاتارلىق تۈرلەرگە 52 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى.

ماۋ يىجى

**قىسقا ماتېرىيال**

## شەيتانكەرىش

قاراماي شەھىرى ئورخۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ 7 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يىمىرىلگەن ئۆزگىچە يەر شەكلىگە ئىگە بىر جاي بار، بۇ جاي شەيتانكەرىش دەپ ئاتىلىدۇ. شەيتانكەرىشنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 350 مېتىر ئېگىز. دەلىللەشكە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 100 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ جاي غايەت زور تاتلىق سۇ كۆلى بولۇپ، ھاۋاسى ئىللىق ۋە نەم ئىكەن، بۇكىباراقسان ئورمان ئۆسىدىكەن، ئورخۇ ئوقسىمان ئەجدىھاسى، ئىلانباش ئەجدىھا، جۇڭغار قاناتلىق ئەجدىھاسى ۋە باشقا يىراق قەدىمىي دەۋردىكى ھايۋانلار مۇشۇ يەردە ياشىغان، كېيىن يەر پوستىنىڭ 2 قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بۇ جاي چۆل پەلەمپەيي يەرگە ئايلانغان. نەچچە 10 مىليون يىلدىن بۇيان شامال ۋە يامغۇرنىڭ يالىشى بىلەن چوڭقۇر - تېيىزلىكى ئوخشاش بولمىغا يەر قىياپىتى شەكىللەنگەن، ئېچىلىپ قالغان تاش قەۋىتى شامالدا يالىنىپ غەلىتى شەكىل ھاسىل قىلغان: بەزى تاشلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان غەلىتى ياۋايى ھايۋانغا ئوخشايدۇ؛ بەزى تاشلار ناھايىتى خەتەرلىك چوقچىيىپ چىققان كۆڭگىرىگە ئوخشاش بولۇپ، قەدىمىي قورغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ بۇ يەردىكى تاشلار راۋاقسىمان، لەمپىسىمان تۈس ئالغان بولسا، ئۇ يەردىكى تاشلار ھەيۋەتلىك ئوردىغا ئوخشاش قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەيتانكەرىش شامال ئېغىزىغا جايلاشقان بولغاچقا، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە شامال چىقىپ تۇرىدۇ، ھەر قېتىم بوران چىققاندا ھەممە يەرنى ساپسېرىق تۇمان قاپلاپ كېتىدۇ، بوران تاغ جىلغىسىدىن قىسىلىپ ئايلىنىپ ئۆتكەندە خۇددى ئالۋاستى يىغلاۋاتقاندەك دەھشەتلىك ھۇشقۇيتۇپ، ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدۇ.

شەيتانكەرىش مەملىكەت بويىچە 8 چوڭ كىنو ئىشلەش بازىسىنىڭ بىرى، بۇ يەردە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن نۇرغۇن كىنو فىلىملىرى سۈرەتكە ئېلىنغان. شەيتانكەرىش ئۆزىنىڭ ھەر خىل تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان، ئۆزگىچە، سىرلىق مەنزىرىسى بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.

# تۇرپان ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلا قاسىم، سۇن چاڭخۇا، لى مىڭ، كېرەم ئىبراھىم.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت يۇسۇپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مەمەت روزى، دۇڭ خېمىڭ، گېڭ جۇن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئابلا قاسىم؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ليۇ شىنمىن، لىن ئەندى، خۇاڭ جىجۇڭ، جۇرئەت ئىمىن، جاپپار ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خاۋ چاڭشۇن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن رۇيشىڭ، توختى روزى، باھادىر ئابدۇلھېلىم.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە. 2004 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 579 مىڭ 668 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 442 مىڭ 486)، يېزا نوپۇسى 422 مىڭ 479. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.54، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.41. ۋىلايەت بويىچە 35 مىڭ 390 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3972 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۆلار، يىلپىز، جەرەن، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كىرەش، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، تۇز، شور، ئالتۇن، مىس، گرانىت تاش، كالىيلىق سېلىترا، ناترىي سېلىترا، بېنتونىت قاتارلىقلار بار. كىلىماتى قۇرغاق، تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 720 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 4 مىليارد 473 مىليون يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 99 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10.5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 440 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 3 مىليارد 707 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %14.4 (يەرلىككە تەۋەسى %11.79)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.76 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 366 مىليون يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 407 مىليون يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 154 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 77 مىڭ 905 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ 519 توننا پاختا، 582 توننا ياغلىق دان، 610 مىڭ 800 توننا ئۈزۈم، 126 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 135 مىڭ 100 توننا قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 4175 توننا زىرە، 59 مىڭ 534 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 130 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 40 مىڭ 759 توننا گۆش، 2219 توننا يۇڭ، 17 مىڭ 850 توننا سۈت، 437 توننا تۇخۇم، 290 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى 3539 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 138 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 466 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 793 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 2 مىليارد 385 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.27 (يەرلىككە تەۋەسى %31.22)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.19 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 802 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 250 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 330 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 1 مىليون 96 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 43 مىليون 450 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 964 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 586 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى؛ 16 مىليون 700 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 20 مىڭ 800 توننا ئۇن، 4242 توننا سۇ يېغى، 6693.6 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 2544 توننا ئاق ھاراق، 4033.5 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 113 توننا ئىچىملىك، 2155 توننا مىس، 9513 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى،

58 مىڭ 884 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 49 مىڭ 96 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 21 مىڭ 230 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 62 مىڭ 666 توننا ساپ مېتانول، 527 مىڭ 300 توننا سېمونت قۇيۇلما، 267 مىڭ 400 توننا سېمونت، 2 مىليون 315 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش، 96 .421 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 257 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، يارىتقان پايدىسى 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 4 مىليارد 353 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (يەرلىكنىڭ سالغىنى 1 مىليارد 842 مىليون يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 534 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 556 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 194 مىڭ 624 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 131 مىڭ 586 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 82 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 4 مىليون 637 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 538 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 2 مىليون 993 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 569 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 524 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %23 .10، يەرلىك مالىيە چىقىمى 822 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16 .4 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 399 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 138 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 57 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 14 مىڭ 150 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1031 (مىللىي 715)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 44 مىڭ 297 (مىللىي 35 مىڭ 769)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 118، ئوقۇغۇچىسى 54 مىڭ 858 (مىللىي 41 مىڭ 287)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 1395 (مىللىي 1115)؛ بالىلار باغچىسى 17، باغچىدىكى بالا 2616. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 9150 (مىللىي 7096)، يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 50 سەھىيە ئاپپاراتى، 3031 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1982 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 6 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى.

2004 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3. 7364 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3407 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 18 مىڭ 54 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 20 مىڭ 599 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 50 مىڭ 72 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ «جەلپكار شىنجاڭ — سېھىرلىك تۇرپانغا يۈرۈش قىلىش» ساياھەت تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شاڭخەي خەلقئارا ئاخبارات مەركىزىدە باشلاندى.

★ كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان شېغىل يول 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈپ، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى تاشيول تۇتاشتۇرۇلمىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مەمۇرىي كەنت — تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزا چالقان كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىشى قىيىن بولۇشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

★ مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆل كىشمىش ئۈزۈمنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاياغلاشتى، مۇكاپاتلانغان 11 ئەۋرىشكىنىڭ 8ىنى تۇرپان ۋىلايىتى ئىگىلىدى.

بەي شياۋ

# تۇرپان شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنيۇڭ.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: پەرھات ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قادىر قۇربان.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 143 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، بازار 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 258 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 203 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 185 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.86‰. شەھەر بويىچە 110 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5023 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 970 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئۈزۈمچىلىك رايونى بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ سورتى 120 خىلدىن ئاشىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 357 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 97 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 396 كارىز بار. شەھەر بويىچە 6966.67 گېكتار ئورمان، 210 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن يانتاق، چۇچۇكبۇيا، ئۇجمە، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق 180 نەچچە خىلى، تۇز، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، گەج، كۋارتس قۇمى، تۆمۈر - مانگان، بور، شۇلتا، شور، سېغىز توپا قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 4 مىليارد تونناغا، نېفىتنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 3 مىليارد تونناغا يېتىدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كىشمىش ئۈزۈم، سايۋا ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، قوغۇن، ئۇزۇن تالالىق پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. شەھەرگە قاراشلىق ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى (دۆلەت دەرىجىلىك)، يارغول قەدىمىي شەھىرى (دۆلەت دەرىجىلىك)، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى (دۆلەت دەرىجىلىك)، بېزەكلىك مىڭئۆيى (دۆلەت دەرىجىلىك)، قوش ئاقسۆڭەكلەر قەبرىسى، ياركۆلى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى (دۆلەت دەرىجىلىك)، يالقۇنتاغ، ئايدىڭكۆل، كارىز، بۈيلۇق، قۇملۇق، ئۆسۈملۈك باغچىسى، مىللىي ئۆرپ ئادەت كەنتى، جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى «نۆل مېتىرلىق نۇقتا» بەلگىسى، چۆل - باياۋاندىكى سەنئەت مۇزېيى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 56 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 484 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.27% ؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 595 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.53% ؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 975 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.31% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 762 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9.12% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 584 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 153 مىليون 190 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 359 توننا ئاشلىق، 5170 توننا پاختا، 55 توننا ياغلىق دان، 62 مىڭ 423 توننا كۆكتات، 51 مىڭ 570 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 3166 توننا بېدە، 2090 توننا زىرە، 285 مىڭ 960 توننا ئۈزۈم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 374 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 450 توننا گۆش، 7340 توننا سۈت، 184 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 545 توننا يۇڭ، 122 توننا تۇخۇم، 219 مىڭ 2 توننا يەم - خەشەك ئېلىندى. بىر يىلدا 1837 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 413 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 30 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 117 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 860 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.75%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 404 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 425 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 142 مىڭ 400 توننا سېمونت، 1902 توننا ئىچىملىك ھاراق، 4438 توننا پاختاپ يىپ، 5944 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 21 مىڭ 290 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 3540 توننا خام مىس، 1287 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. 964 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 527 مىڭ 300 توننا سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 82 مىڭ 582 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى

14 مىڭ 59 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 815 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 606 مىليون 430 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 53 مىليون 550 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 80 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 50 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 12 مىڭ 140غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 648 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 320 مىڭ دوللارغا يەتتى. 2 مىليون 200 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.17%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.86% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 49 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 393 مىليون 460 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 78 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 32 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 5457 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1740. شەھەردىكى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسال مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 800 (مىللىي 600)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 756 (مىللىي 464)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 3732 (مىللىي 3158)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 39، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 279 (مىللىي 12 مىڭ 235)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 513 (مىللىي 19 مىڭ 871)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 120. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3339 (مىللىي 2986). شۇ يىلى ماتېرىيال ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرىغا 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 12 مىڭ 500 گە يەتتى. شەھەر بويىچە 18 سەھىيە - تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 956 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1169 كارىۋات بار.

2004 - يىلى تۇرپان شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6863 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5003 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3459 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1744 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 365 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 16 مىڭ 459 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 28 مىڭ 368 ئىشچى - خىزمەتچى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 369 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## يېزا ئىگىلىكىدە 3 چوڭ بۆسۈش بولدى

2004 - يىلى تۇرپان شەھىرى بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3495 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرىچە 311 يۈەن ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە 3 جەھەتتىن بۆسۈش بولدى، يەنى پۈتۈنلەي يېڭىچە تېرىقچىلىق قىلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بۆسۈش بولدى. 2004 - يىلى تۇرپان شەھىرى «ئۈزۈمنى مەركەز، چارۋىچىلىق بىلەن قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتچىلىقنى قانات» قىلىشتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى 4866.7 گېكتارغا، تاك كۆلىمىنى 13 مىڭ 100 گېكتارغا، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغۇ كۆلىمىنى 1566.7 گېكتارغا يەتكۈزدى. 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئايدىڭكۆلدە باقمىچىلىق، يېتىشتۈرۈش، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش بىر گەۋدىلەشكەن نەسىللىك چارۋا يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇردى. يار، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، بۇيلۇقتىن ئىبارەت 5 كەسپىي باقمىچىلىق يېزىسى ۋە 10 ئۇقتىلىق چارۋىچىلىق كەنتى قۇردى. بىر يىلدا 1 مىليون 30 مىڭ تۇياق كالا - قوي بوردالدى، يېڭىدىن 780 بورداقچىلىق ئائىلىسى كۆپەيدى.

تېرىقچىلىق تېخنىكىسىدا بۆسۈش بولدى. 2004 - يىلى تۇرپان شەھىرى ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، سەرخىللاشقان تېرىقچىلىق قىلىشتەك يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسىنى كەڭ ئومۇملاشتۇردى ۋە قوللاندى. شەھەر بويىچە 670 گېكتار يەردە سۈپەتلىك ھۆل ئۈزۈم بازىسى، 4000

گېكتار يەردە سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەكلىك، 700 گېكتار يەردە قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بازىسى، 133.37 گېكتار يەردە ئېسىل قوغۇن ئۆلگە بازىسى قۇرۇلدى. 700 گېكتار يەردە پارنىك ۋە تۇتاش لاپاس ياسالدى، ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسىلىرى ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ، كۆلىمى چوڭ ئېتىزغا تېرىشتىن مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى تېرىقچىلىقىغا تەرەققىي قىلدى. 2004 - يىلى تۇرپان شەھىرى 18 تونىنا زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە يەتتى.

تىجارەت ئەندىزىسىدە بۆسۈش بولدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكى سېتىشتىن تۈجۈپىلىشىش، كۆلەملىشىش، كەسپىلىشىشكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە دېھقان ۋاستىچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دېھقانلارنىڭ تەشكىللىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە تۇتتى. يېزا، بازار، مەيدانلاردىكى دېھقان ۋاستىچى 1498 گە، ھەر خىل دېھقانلار كەسپىي جەمئىيىتى 17گە يەتتى. بۇ جەمئىيەتلەر كىرىدىت، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش - سېتىش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەخسۇس دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلىپ سېتىش تور پونكىتى قۇرۇلدى، يېزا - بازارلار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خېرىدارلار بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، زاكاس يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى.

★ ئاپتونوم رايون 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسىغا مىللىي خەلق سەنئىتى يېزىسى دەپ نام بەردى.

★ تۇرپان بۈيلۈق مەنزىرە رايونىغا جايلاشقان 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان دارۋازلىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 5 - ئاينىڭ 1- كۈنى پۈتتى. بۇ باغچىدا ئاساسلىقى دارۋازلىق مەدەنىيەت مەيدانى، دۇنيا ئۈزۈم مەدەنىيىتى كارىدورى، ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى كۆرگەزمىخانىسى، ئۇيغۇر تۇرالغۇسى، قوجۇقاغانى قەلئەسى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تونۇر قاتارلىق مىللىي ئۆرپ- ئادەت، مەدەنىيەت مەنزىرىسى بار.

★ تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى ئۈسۈملۈك ئاسراش پونكىتىنىڭ باشلىقى رىزۋانگۈل جامال بىلەن چاتقال يېزىلىق شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شىپاخانا باشلىقى غوجمەت مۇساغا 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى بېرىلدى.

★ تۇرپان شەھىرىدىكى ئەسقەر تىياتىرخانىسى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتتى، بۇنىڭغا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تىياتىرخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 500 تاماشىبىن سىغىدۇ.

★ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېچىلغان 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۈزۈمچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يار، بۈيلۈق، سىڭگىم يېزىلىرى، پىچان بازىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ كىشمىش ئۈزۈمى مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك كىشمىش ئۈزۈم دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى تۇرپان شەھىرى مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 27نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ سوممىسى 820 مىليون يۈەن، 270 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

★ 2004 - يىلى تۇرپان ئاپتونوم رايون بويىچە تارىخى مەدەنىيىتى داڭلىق شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ياڭ لىخۇا

# پىچان ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ ۋېنچۈەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسىيە سېيىت.

ھاكىم: پەرھات توختى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت

## ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 211 مىڭ 986 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 149 مىڭ 630)، يېزا نوپۇسى 142 مىڭ 989. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.06. ناھىيە تەۋەسىدە 10 مىڭ 570 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6080 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2170 گېكتار)، 4860 گېكتار يەرگە كېۋەز

تېرىلدى. 11 مىڭ 11 گېكتار يەرگە تەك تىكىلدى، 3000 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى. پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم، كېۋەز ۋە قوغۇننى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 271 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، ياۋا كۆك كەپتەر، يىلپىز، ئېيىق، ئارقار، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، تۆمۈر رۇدىسى، كۆمۈر، بېنتونىت، ناترىي سېلىترا، گرانىت تاش، شور قاتارلىقلار بار. پىچان ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقى مول 10 چوڭ ناھىيىنىڭ بىرى ۋە دۇنيا بويىچە ناترىي سېلىترا بايلىقى جەھەتتە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. «چوغلۇق پىچان» گرانىت تېشى دۆلەتنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە - نۇقتىلىرىدىن قۇمتاغ باغچىسى، كۆكيار سۇ ئامبىرى، كەرچى سۇ ئامبىرى، تۇيۇق مىڭئۆيى، چىقتىم خارابىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 796 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى (يەرلىككە تەۋەسى 1 مىليارد 160 مىليون 70 مىڭ يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 399 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.2، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 717 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.2، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 679 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 696 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 549 مىليون 130 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 131 مىليون 440 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 310 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 16 مىڭ 130 تونا ئاشلىق، 6419 تونا پاختا، 309 مىڭ 700 تونا ئۈزۈم، 73 مىڭ 45 تونا قوغۇن - تاۋۇز، 48 مىڭ تونا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 392 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 9962 تونا گۆش، 1010 تونا سۈت، 818 تونا يۇڭ، 47 تونا سۇ مەھسۇلاتى، 165 تونا تۇخۇم ئېلىندى. 6945 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 658 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، پارانقان پايدىسى 92 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 219 مىڭ 602 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 538 مىليون 510 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 6 مىليارد 408 مىليون 20 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %16.22، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 841 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 250 مىڭ تونا نېفىت، 1 مىليارد 326 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 25 مىڭ تونا سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز، 155 مىڭ 500 تونا كۆمۈر، 68 مىڭ 666 تونا مېتانول، 10 مىڭ 482 تونا ئانھىدرىد، 422 كىلوگرام ئالتۇن، 63 مىڭ 714 كۇب مېتىر گرانىت تاش، 2 مىليون 309 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 466 مىڭ 800 تونا ساپ تۆمۈر ئۇۋۇندىسى، 1 مىليون 95 مىڭ 700 تونا تۆمۈر رۇدىسى، 2133 تونا ساپ مىس ئۇۋۇندىسى، 340 مىڭ 500 تونا كومىلاچ رۇدا، 864 تونا كالىي نىترات، 5886 تونا ناترىي نىترات، 125 مىڭ تونا سېمونت ئېلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 143 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 110 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 131 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 646 مىليون 810 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 430 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 11 مىليون 100 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پۇچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 90 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 69 مىڭ 368 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 54 مىڭ 290 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 3000غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 281 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 470 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 61 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 243 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 265 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 553 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 5758 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1014. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇم 2، ئوقۇغۇچىسى 385 (مىللىي 75)؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 6، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 21 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 400 (مىللىي 12 مىڭ 322)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 495 (مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 643 (مىللىي 13 مىڭ 396)؛ باللار باغچىسى 13، باغچىدىكى بالا 2743. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2986 (مىللىي 2249). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 11 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 915 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 550 كارىۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى 4 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئېلىپ، شىنجاڭ بويىچە 5 - بولدى.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3555 يۈەنگە، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 21 مىڭ 470 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 8808 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5271 ئىشچى- خىزمەتچى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 883 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئەنجى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئاپتوموبىللارغا تەبىئىي گاز قاچىلاش پونكىتى، يېڭىشەھەر رايونى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان تەبىئىي گاز تۇربىسى تورىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ تۈرگە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 4 - ئايدا «جۇڭگو قۇملۇق ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى شەھىرى» پىچان ناھىيىسىنىڭ قۇمتاغ قۇملۇقىدىكى مەشھۇر مەنزىرە رايونىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. دەسلەپكى پىلاندا كۆلىمى 4 .133 كۋادرات مېتىر قىلىندى.

★ 4 - ئايدا لەمجىن بازىرىنىڭ بازار كەنتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۈنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە دېموكراتىيە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئۈلگە كەنت بولۇپ باھالاندى.

جياڭ يۈمېي

# توقسۇن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنۋۇ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پىدايى مۇنۇپ.

ھاكىم: ئۆمەر ئېلى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلېتىپ روزى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 109 مىڭ 473 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 91 مىڭ 981)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 578. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.89‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.92‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9847 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 13 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۇز، بېنتونىت، مەرمەر، گۈڭگۈرتلۈك مىس رۇدىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن كۆجەي مەنزىرە رايونى بار. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 876 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 205 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.14% ، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 290 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 90.78% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 371 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن

%12.97 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 231 مىليون 290 مىڭ يۈەن. ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 450 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون 740 مىڭ يۈەن. بېلىقچىلىقنىڭ 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 422 توننا ئاشلىق، 6930 توننا پاختا، 15 مىڭ 170 توننا ئۈزۈم، 10 مىڭ 501 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2085 توننا زىرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 363 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 8339 توننا گۆش، 725 توننا يۇڭ، 9500 توننا سۈت، 150 توننا تۇخۇم، 59 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 240 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 292 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 22 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 103 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 397 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.76، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.75 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 220 مىڭ توننا كۆمۈر، 49 مىڭ 96 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 2308 توننا ساپ مىس ئۇۋۇندىسى، 142 مىڭ 200 توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 33 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 8 مىليون 220 مىڭ دانە خىش، 2904 توننا سۇ يېغى، 2490 توننا ئاق هاراق، 112 مىڭ 452 توننا تۇز، 4210 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 415 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 441 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 234 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 384 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 272 مىليون 940 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 77 مىليون 480 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 11 مىڭ 830غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9926 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 16 مىڭ 923كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 400گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 152 مىليون 286 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15 ئاشتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 142 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.71 كېمەيدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 430 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3784 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1101. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر. ئوقۇغۇچىسى 78 (مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2743 (مىللىي 2229)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5314 (مىللىي 4381)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 9702 (مىللىي 6374)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 735. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2453 (مىللىي 1969). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 198 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.9كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90.8كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 26 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 464 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 371)، دوختۇرخانىلاردا 396 كارۋات بار.

2004 - يىلى توقسۇن ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 2 تۈردە 1 -، 5 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2977.5 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 715 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5431 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3913 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 8553 ئىشچى- خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ توقسۇن ناھىيىسىدە 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلار پائالىيەت بازىسى قۇرۇلدى.

★ توقسۇن ناھىيىسى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئورگان، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىن 2000 دىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىنى شاھ ۋە غولبويى يېزىلىرىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك

مۇئەسسەسىلەرنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش تېمى سېلىشقا ياردەملىشىشكە تەشكىللىدى، 300 پارنىكقا 21 مىڭ 46 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تام سېلىندى.

چېن خۇيچىن

# قۇمۇل ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: بەي جىجيې؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلاجان ئىمىن، جاڭ چۇنخۇا، گۇ خېيۇ، جاڭ شېڭدى (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىن گوشيەن، خۇاڭ سەنپىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىخان ئىسمائىل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ چۇنخۇا (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن پېيرۇڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى گويۈن، بەكرى ئېلياس (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نەمەت ناسىر (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۇ شۆجى (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئابلاجان ئىمىن؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شېڭدى (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زەكەن قايسا (قازاق، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي تيەنجې، يۇسۇپ ياقۇپ، جېن يەن، ياڭ جىمىڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: فېڭ شىجۇن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ھىمىت ئىسمائىل (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ سۇنلۇ، توختىمەمەت ئالىمقان (قازاق)، ئابلىز سوپى (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە. 2004 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 526 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 165 مىڭ 500)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 222 مىڭ 200. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.86، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.92. ۋىلايەت بويىچە 53 مىڭ 240 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ 710 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 22 مىڭ 208 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، قۇلان، يىلپىز، ياۋا تۆگە، بۇغا، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۈركۈت قاتارلىق 35 خىلى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتېپەر، پەربون، قار لەيلىسى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تاش ماتېرىيال، شور، كالىي تۇزى، چىرىندا كىسلاتاسى قاتارلىق 76 خىلى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 905 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.2، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 623 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 373 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 64 مىڭ 950 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 356 توننا پاختا، 1883 توننا ياغلىق دان، 72 مىڭ 956 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 50 مىڭ 802 توننا كۆكتات، 56 مىڭ 496 توننا مېۋە - چېۋە، 53 مىڭ 619 توننا ئۈزۈم، 2652 توننا چىلان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 164 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 157 توننا گۆش، 1330 توننا يۇڭ، 39 مىڭ 50 پارچە كالا تېرىسى، 798 مىڭ 300 پارچە قوي تېرىسى، 14 مىڭ 193 توننا سۈت، 2094 توننا تۇخۇم، 793 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3894 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 698 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 54 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 229 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلار بىلەن دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرى (يىللىق سېتىشتىن قىلىغان كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش

قىممىتى 2 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.7، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4 مىليون 416 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 173 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1 مىليارد 330 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 228 مىڭ توننا سېمونت، 28 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا ماتېرىيال، 113 مىڭ توننا ساپ شۈلتا، 80 مىڭ توننا ناترىي سۇلفىد، 140 مىڭ توننا تۇز، 213 كىلوگرام ئالتۇن، 22 مىڭ توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 14 مىڭ توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 944 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 538 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 792 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 142 مىليون يۈەن. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 208 مىليون يۈەن. بىر يىلدا پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 271 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 147 مىڭ 400گە، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %26.3كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 22 مىڭ 200گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 665 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 14 مىليون 30 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 520 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 510 مىڭ دوللار. 600 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 125 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 322 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.6، يەرلىك مالىيە چىقىمى 783 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.7 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 515 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 198 مىليون يۈەنگە، تۆلەنگەن ھەر خىل تۆلەم 24 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 20 مىڭ 800 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. ۋىلايەتتىكى چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر. چوڭلار تولۇق، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 42. تور ئارقىلىق ئوقۇيدىغان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 559، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 737. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 862؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 255؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 72، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 400؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 400؛ چوڭلار تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى 62، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 500؛ بالىلار باغچىسى 28، باغچىدىكى بالا 9989. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 7302. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 95 سەھىيە ئاپپاراتى، 3665 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2629 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قارىغا ئېتىش، يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش قاتارلىق مۇسابىقىلەردە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى. بىر ئادەم دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

2004 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2734 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 178 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 46 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 39 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 61 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

**ئىزاھات: قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر خىل كۆرسەتكۈچلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ۋە نوپۇس بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شىسىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، قالغان كۆرسەتكۈچلەر يېزا ئىگىلىك 13 - شىسىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.**

★ گۇاڭدۇڭ تېلېۋىزىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى «قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىش» زىيارەت ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇمۇلدا زىيارەتتە بولدى.

★ قۇمۇل چاڭخې سودا - سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە «ئايلانما ئىگىلىك» نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان تۇنجى ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

★ قۇمۇل لۇنىڭ كۆمۈر ئېلېكترلىشىش بازىسىغا 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 12 - ئايدا قۇمۇل شەھىرىگە جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى دەپ نام بېرىلدى.

★ 2004 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدە 1 مىليارد 254 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 874 مىليون يۈەن.

ما يۈنشىن

# قۇمۇل شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گۇەن پېڭ.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىزەن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابلىز.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 4، يېزا 14. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (شەھەردە تۇرۇشلۇق بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 404 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 117 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 100 مىڭ 500، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.65‰. شەھەر بويىچە 19 مىڭ 70 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 850 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، قار لەيلىسى، پەربون، رەۋەن، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 150 نەچچە خىلى، ئاساسلىق تەبىئىي دەل - دەرەخلەردىن بال قارىغاي، توغراق، تاغ ئاق تېرىكى، سۆكسۆك، يۇلغۇن، جىگدە قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى ياۋا تۆگە، قۇلان، جەرەن، يىلپىز، بۇغا، ئۇلار، ئاق قۇ، بۈركۈت، بېلىقئالغۇچ قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، نىكېل، تۇز، چىرىندا كىسلاتاسى، گرانىت تاش، مەرمەر، ھاك تېشى قاتارلىق 76 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 38 مىليارد 870 مىليون توننا بولۇپ، 24 ئورۇنغا تارقالغان، ئۇ شىنجاڭدا ئېنىقلانغان كۆمۈر زاپىسىنىڭ 40%نى ئىگىلەيدۇ. 164 ئورۇندىن تۆمۈر رۇدىسى چىقىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تەڭرىتاغ بۇتخانىسى، سۇمۇشتان، ئاۋازلىق قۇمتاغ، سوغاق جىلغا قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 514 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 599 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.5%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 666 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.5%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 249 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 565 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 424 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 112 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 200 توننا پاختا، 1643 توننا ياغلىق دان، 53 مىڭ 969 توننا مېۋە - چېۋە، 46 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 427 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 400 توننا گۆش، 504 توننا يۇڭ، 5400 توننا سۈت، 1400 توننا تۇخۇم، 720 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 854 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 462 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 46 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 101 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 55 مىليون يۈەنگە يەتتى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 986 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.5% ئاشتى. 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ساپ پايدىسى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 277 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 159 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 646 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 127 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 188 مىليون يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 219 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 149 مىڭ 900گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 138 مىڭ 100گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 14 مىڭ 200گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 528 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 16 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى. 590 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 110 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 191 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.4، يەرلىك مالىيە چىقىمى 323 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.1 ئاشتى. شەھەر- يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 8 مىليارد 948 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 8115 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2123. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 220 (مىللىي 24)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 5072 (مىللىي 1856)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 605 (مىللىي 3742)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (خۇسۇسىي مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 779 (مىللىي 7762)؛ بالىلار باغچىسى 13 (خۇسۇسىي بالىلار باغچىسى 9)، باغچىدىكى بالا 4181. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4160 (مىللىي 1996)، شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 132 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 661 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 275 كارۋات بار.

2004 - يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3130 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 451 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 54 مىڭ 500گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 800گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 75 مىڭ 100گە يەتتى.

ئايشەم ياقۇپ

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈ جۈشياڭ

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باچە خەمىت (قازاق).

ھاكىم: نۇر شارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توقان ماشايى (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 100 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 34 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.63، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.21. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 140 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1250 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، موڭغۇل قۇلانى، يىلپىز، ئارقار، بۇغا، كۆكمەت، قۇملۇق تۇلكىسى قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، قاتتىق شور، ئالتۇن، نېفىت، تۆمۈر، مىس قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «لىكۇن» ماركىلىق كالا - قوي گۆشى، مۈچ، چۆل غول پىيىزى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن لەنجۇ ۋەنزىدىكى پولپى كەنتى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت داخې قەلئەسى، غارىبىپ تاشتاغ (دۆلەت دەرىجىلىك)، پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەدىمكى تۇرالغۇسى (دۆلەت دەرىجىلىك)، يۆياۋەن، ماچۈەنگۇ قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق

كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 598 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 240 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.57%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.8%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 187 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.79% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 333 مىليون 2300 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.18% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 702 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون 197 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 200 مىليون 537 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 145 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 38 مىڭ 775 توننا ئاشلىق، 20 توننا پاختا، 200 توننا ياغلىق دان، 1049 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 584 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 9946 توننا گۆش، 530 توننا يۇڭ، 13 مىڭ 272 توننا سۈت، 683 توننا تۇخۇم، 15 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 164 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 6 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 112 مىڭ 989 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 175 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 65 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.23% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 203 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 103 مىڭ 100 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 9607 توننا كوكس، 394 مىڭ توننا شور، 17 مىڭ 200 توننا بوغداي ئۇنى، 494 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 118 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 88 مىليون 350 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 14 مىليون 220 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پۇچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 108 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 142 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 27 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 20.63%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 152 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.96% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 442 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3195 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 985. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 35 (مىللىي بىر)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 992 (مىللىي 583)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 4651 (مىللىي 2406)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 6525 (مىللىي 3144)؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1662 (مىللىي 732). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 207 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى، 333 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 105)، دوختۇرخانىلاردا 178 كارۋات بار.

2004 - يىلى باركۆل ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2231 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 108 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4561 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3219 ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 5271 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باركۆل ناھىيىسى دۆلەتنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش سىياسىتىنى پۇرسەت بىلىپ سىياسەت، ئۇچۇر، تېخنىكا جەھەتلەردىن دېھقان - چارۋىچىلارنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش تۈرىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەك بولدى، نەتىجىدە ناھىيە بويىچە ئورمان ئېكولوگىيىسى قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ، كۆلەم ۋە سۈپەت جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولدى.

2003 — 2004 - يىللىرى باركۆل ناھىيىسى 4900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇاڭتۇچاڭ كەنتىنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش بويىچە ياپسا ئورمان تۈرى 666.7 گېكتار، راھەتباغ يېزىسى سەندۇنلياڭ كەنتىنىڭ ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولمىغان تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش بويىچە ياپسا ئورمان تۈرى 333.3 گېكتار ئورمان بەرپا قىلدى.

## ئوتلاق ئېكولوگىيىسى قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى باركۆل ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە ئوتلاق ئېكولوگىيىسى قۇرۇلۇشى تۈرى يولغا قويۇلغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇزۇندىن بۇيان باركۆل ناھىيىسى ناچار كىلىمات ۋە ھەددىدىن ئارتۇق چارۋا بېقىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئوتلاقلار ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىپ ۋە قۇملىشىپ كېتىپ ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ، شۇ جاينىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تېز ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ قويغانىدى. باركۆل ناھىيىسى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى توختىتىش، چارۋا بېقىشنى چەكلەش، رايونلارغا بۆلۈپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىش، ئوتلاقنى قورشاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشنى تېزلىتىش بىلەن بىللە يۇقىرىغا تەبىئىي ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش تۈرىنى پائال ئىلتىماس قىلدى. 2004 - يىلى باركۆل ناھىيىسىدە تۈر يولغا قويۇلغان كۆلەم 66 مىڭ 700 گېكتار — 86 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، بۇ تۈر 5 يېزا- بازارنى قاپلىدى.

★ باركۆل ناھىيىسى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىلەن گۇاڭدۇڭ جياباۋلى گۇرۇھى جياباۋلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئوقۇشقا ياردەم بېرىش فوندى قۇرۇلۇشى ھەقسىز ياردەم قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، بۇ تۈرنى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. مەركۈز قۇرۇلۇش گۇاڭدۇڭ جياباۋلى گۇرۇھى تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىندى ھەمدە ھەر يىلى 50 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرىنى ھەقسىز 500 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ ياردەم پۇلىنى تولۇقسىز 3 - يىللىقنى پۈتتۈرگىچە بېرىدۇ.

★ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

★ باركۆل ناھىيىسىنىڭ «لىكون» ماركىلىق كالا - قوي گۆشى، ياڭيۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق يېشىل يېمەكلىك بويىچە «A» دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ، يېشىل يېمەكلىك بەلگىسى ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىلدى.

★ باركۆل ناھىيىسى 2004 - يىلى تۆمۈر ماددىسى تۆۋەن بولغان سېرىق رەڭلىك ياپراقسىمان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ناترىي سۇلفىد بىلەن ئاق رەڭلىك ياپراقسىمان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ناترىي سۇلفىدنى تەتقىق قىلىپ ياساپ ئىشلەپچىقىرىپ پايدىلاندى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. بۇ ئىككى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ ئىلغار ئۆلچىمىگە يەتتى.

چيۇ يۇڭمېي، نى زېلۇن

# ئاراتۇرۇك ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ فاشۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايمۇھەممەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ياسىن سىدىق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېلى ماموت.

## ئاساسىي ئەھۋالى


ئاراتۇرۇك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 20 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 553)، يېزا نوپۇسى 14 مىڭ 688. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.89‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.81‰. ناھىيە بويىچە 4351 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2070 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2281 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، مولىبدېن، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار، ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاۋازلىق قۇم تاغ، نېرىنكىردىكى يىزنگۇ ۋە ئېرزىگۇ، نېرىنكىردىكى قىزىلتاش، قارلىق تۈز مۇزلۇقى، 100 چاقىرىملىق يېشىل ئاراتۇرۇك دەرياسى ۋادىسىدا ياز، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ۋە تۆھپىكار ھەربىي ئات خاتىرە ھەيكىلى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 233 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 93 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.9، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.3، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 162 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 380 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 62 مىليون 120 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 100 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5128 توننا ئاشلىق، 106 توننا پاختا، 40 توننا ياغلىق دان، 1407 توننا مېۋە - چېۋە، 37 مىڭ 452 توننا قوغۇن، 3780 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 188 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2800.8 توننا گۆش، 242 توننا يۇڭ، 830 توننا سۈت، 75 توننا تۇخۇم، 8 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 1033 گېكتار يەرده ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 15 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %53.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %53.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 320 مىڭ 700 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 74 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 3 مىليون 1000 كىلوۋات سائەت توك، 210 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 111 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 90 مىليون 150 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم



ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئورگانىك مەھسۇلاتلارنى ئېتىراپ قىلىش بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جۇ جېخۇا فوتوسى

تېلېفون ئابونېنتى 5506گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3006گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3258گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 189غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 28 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 25 مىڭ 510 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 927 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %56.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 80 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.46 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 90 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1294 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 256. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 374 (مىللىي 300)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 887 (مىللىي 706)، باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1630 (مىللىي 1084)، باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 195. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 474 (مىللىي 265). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2350كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 120 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 70)، دوختۇرخانىلاردا 175 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2353 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 310 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1754 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2168 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 3443 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پۈتتۈپ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 8 يىل خەنزۇچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

★ ئارا تۇرۇك ناھىيىسى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غەربىي ئېچىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى ئەسلەپ ئۆتكۈزۈش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى بويىچە باھالاشتا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى غەربىي ئېچىشتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ تېز ئېشىۋاتقان 10 رايوننىڭ بىرى بولۇپ، 7 - ئورۇندا تۇردى.

★ ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىتى گۈزەل يېزا - بازار بەرپا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان يېزا - بازار بولدى.

★ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 553 مىڭ 100 گېكتارلىق تەبىئىي ئوتلىقى ۋە ئۇ يەردە بېقىلىۋاتقان 231 مىڭ 140 تۇياق چارۋا مال ۋە نومىنىڭ 87 .13 گېكتارلىق قوغۇنلىقى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى نەنجىڭ ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ۋە ئورگانىك ئالماشتۇرۇش مەزگىلى بويىچە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى.

دۇ ياۋگۇاڭ، يۇ بىڭ

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ما سىڭچېڭ (خۇيزۇ)، پېڭ جيارۇي (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇ جىنجياڭ، يەن چىن، ۋۇ يۇخۇي، چېڭ پىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنخۇا (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ شۇگېن، ۋاڭ خۇانىڭ، مۇرانقالى ئىمانقات (قازاق)، جاڭ شيۇجېن (ئايال، خۇيزۇ)، ئابلەت مەخسۇم، ۋېن سىچېڭ.

ئوبلاست باشلىقى: ما سىڭچېڭ (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: پېڭ جيارۇي (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەت داۋۇت، سۇن خېيفېڭ، مېڭ شاۋتىڭ، ما دېگېڭ (خۇيزۇ)، قابۇل مۇشاي (قازاق)، شى يەنلىڭ (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن چىگيۇڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ خېگزۇ، ئابدۇرېشىت، رۇڭ چىڭشۈەن، سەلىم (قازاق)، خەي چېگزۇ (خۇيزۇ)، لى چېگيۈەن (خۇيزۇ)، شۇ فۇچىڭ، ۋېي مىڭ (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 564 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 397 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 932 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.38‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.96‰. ئوبلاست بويىچە 307 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 128 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 145 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئوبلاست تەۋەسىدە 1319 مۇزلۇق، 57 ئىچكى دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يىلپىز، ئۇلار، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قۇلان، ياۋاتوشگۇز، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇرسۇق، بۇركۇت، تازقارا، قارچىغا، قاما، بۇلغۇن، چىپار دوغداق قاتارلىق 360 نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان؛ زاراڭزا، سوغىگۈل، قارلەيلىسى، قانتېپەر، پەربۇن، توشقان زەدىكى، يەرمەدىكى، ئالقات، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 29 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك؛ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، شور، فوسفور، تۆمۈر، خروم، مىس، سىنىك، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆلتۈزى قاتارلىق 50 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 21 مىليارد 191 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 431 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 18 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، %19.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 741 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 439 مىليون 898 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 311 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 170 مىليون 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 3 مىليارد 721 مىليون 60 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 95 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 711 مىڭ 675 توننا ئاشلىق، 118 مىڭ 99 توننا پاختا، 39 مىڭ 129 توننا ياغلىق دان، 991 مىڭ 927 توننا شوخلا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 227 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 212 مىڭ 875 توننا گۆش، 8595 توننا قوي يۇڭى، 330 مىڭ 298 توننا سۈت، 44 مىڭ 2 توننا تۇخۇم، 12 مىڭ 600 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 22 مىڭ 300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 870 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 421 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 328 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.1؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 386 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليون 343 مىڭ توننا كۆمۈر، 86 مىڭ توننا ئېرس، 103 مىڭ توننا شوخلا قىيامى، 90 مىڭ توننا سۇ يېغى، 4 مىليارد 580 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 40 مىڭ توننا يىپ، 1 مىليون 550 مىڭ توننا سېمونت، 10 مىليون 810 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 26 مىڭ 787 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 699 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 886 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 202 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 6 مىليارد 432 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 606 مىليون 980 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 194 مىليون 40 مىڭ يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 663 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار- يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 258 مىڭ 200گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 145 مىڭ 600گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 386 مىڭ 700گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 51 مىڭگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 228 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 312 مىليون 80 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 205 مىليون 950 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 106 مىليون 130 مىڭ دوللار. 3 مىليون 135 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 710 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 94 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 14 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 12 مىليارد 174 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 4882 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3271. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 787 (مىللىي 2743)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 5459 (مىللىي 1282)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 3849 (مىللىي 615)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 9 (مىللىي 7483)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 89، ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 365 (مىللىي 19 مىڭ 544)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 255، ئوقۇغۇچىسى 109 مىڭ 601 (مىللىي 34 مىڭ 524)؛ باللار باغچىسى 143، باغچىدىكى بالا 22 مىڭ 916. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 22 مىڭ 626 (مىللىي 6538). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.2 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.4 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 104 مىڭ 400گە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 1127 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 8552 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 6783 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 5 تۈردە 1 -، 5 تۈردە 2 -، 10 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ

ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4712 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 357 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 80 مىڭ 895كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 111 مىڭغا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 148 مىڭغا يەتتى.

★ 1 - ئايدا مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مەنزىرە رايونلىرىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتى يىغىنىدا تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى «ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور - ئېلېكتر سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى مەبلەغ چىقىرىپ سالغان شىنجاڭ بويىچە تۇنجى دۆلەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە قۇرۇلۇش — سانجى «ئەسىر گۈللۈكى» تۇرالغۇسى تۈرى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2003 - يىلى مەملىكەتلىك 10 چوڭ قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ شىنجاڭ «خۇاياڭ» ئوقەتچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان خۇاياڭ چەت ئەل تىلى مەكتىپى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتتى.

★ سانجى مەدەنىيەت مەيدانىدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 2004 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور - ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنلەن كابېل زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شىنتې» ماركىلىق كابېل بىلەن شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئۈنچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۈن «جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

فەن چۈەنفۇ

## سانجى شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن كېيې.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ما شيۇڭچېڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ خەيمىڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سانجى ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ سانجى شەھىرى قۇرۇلدى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىدە. سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، بازار 6، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 393 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 87 مىڭ 364)، يېزا نوپۇسى 161 مىڭ 408؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.05‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.07‰. شەھەر بويىچە 49 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 14 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزغا تېرىلغىنى 10 مىڭ 700 گېكتار)، 28 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر بويىچە 30 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان، 546 مىڭ 200 گېكتار يەردە تەبىئىي ئوتلاق بار. سوغىگۈل، قانتېپەر، پەربۇن، چۈچۈكبۇيا، قارلەيلىسى، كەتىرا، ھىڭ، ئالقات قاتارلىق دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈك؛ يىلپىز، موڭغۇلىيە قولانى، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۆلغۈن، جەرەن، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋان؛ كۆمۈر، گۈڭگۈرت، زەمچە، شور، ھاكتېشى، ساپال توپىسى، مىنېرال بۇلاق قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قارا تۇلپار ئېكولوگىيە پەن - تېخنىكا باغچىسى (دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك)، خەلق باغچىسى (دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك)، سۈزۈك بۇلاق (دۆلەتلىك A دەرىجىلىك)، يېشىل دالا سەيلىگاھى (دۆلەتلىك A دەرىجىلىك)، دۇ جەمەتى سەيلىگاھى (دۆلەتلىك A دەرىجىلىك)، سارباستاۋ قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 479 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 632 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.32 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 862 مىليون 490 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 45 مىليون 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 644 مىليون 610 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 57 مىليون 550 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 83 مىڭ 79 توننا ئاشلىق، 20 مىڭ 806 توننا پاختا، 2511 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 86 توننا قىزىلچا، 40 مىڭ 45 توننا مېۋە - مېۋە، (ئۈزۈم 38 مىڭ 12 توننا)، 573 مىڭ 340 توننا كۆكتات (قىيام شوخلىسى 364 مىڭ 495 توننا)، 331 توننا قولماق، 125 مىڭ 636 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 191 توننا قاراگازىر، 14 مىڭ 314 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 555 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 35 مىڭ 503 توننا گۆش، 995 توننا قوي يۇڭى، 82 مىڭ 75 توننا سۈت، 5420 توننا تۇخۇم، 7155 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3292 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 426 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 187 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 192 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 517 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 33 مىڭ 692 توننا ئېرس، 83 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 14 مىڭ 786 توننا شېكەر، 17 مىڭ 896 توننا سۇ يېغى، 46 مىڭ 880 توننا كونسېرۋا، 6371 توننا ئىچىملىك - هاراق، 369 مىڭ 138 ئۆي جاھازىسى، 36 مىڭ 243 توننا سۇلياۋ ياسالما، 825 مىڭ توننا سېمونت، 10 مىليون 810 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 26 مىڭ 787 توننا پولىئېستېر، 207 مىڭ 463 توننا تەڭشەلگەن، ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 677 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 934 مىڭ كۋادرات مېترغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 642 مىڭ 600 كۋادرات مېترغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 188 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 176 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 450 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 290 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 165 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 172 مىڭ 100گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 11 مىڭغا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 225 مىليون 410 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 159 مىليون 200 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 66 مىليون 210 مىڭ دوللار. 654 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 145 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 308 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %16.2؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 344 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.7 ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 828 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 3422 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1657. شەھەردىكى چوڭ-لار كەسپىي مائارىپ مەركىزى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1325 (مىللىي 162)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2633 (مىللىي 623)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 278 (مىللىي 2936)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 780 (مىللىي 6698)؛ بالىلار باغچىسى 79 (شەخسلەر ئاچقىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 8043. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2537 (مىللىي 693). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 57 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 56 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2525 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2340 كارىۋات بار.

2004 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7706 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6069 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5155 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 140 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق

سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3729غا، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9535كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭغا يەتتى.

★ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە سانجى شەھىرى بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدىغان تۇنجى پارتىيە مەكتىپى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلدى، تۇنجى قاراردا 385 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇدى.

★ ئاشلى قازاق يېزىسىدا سانجى شەھىرى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قازاق ئۆرپ - ئادەتلىرى بايرىمى يەنى تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى ساياھەت بايرىمى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باشلاندى.

★ 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سانجى شەھەرلىك دەپنە مۇراسىمخانىسى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پۈتتى.

★ 2004 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، مەملىكەتلىك دېھقان تەنھەرىكەتچىلەر جەمئىيىتى سانجى شەھىرىنىڭ ليۇشۇگۇ بازىرىغا «مەملىكەت بويىچە 7 - تۈركۈم دېھقانلار ساغلاملىق پائالىيىتىدىكى ئىلغار بازار» دەپ؛ دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى شىمالىي يەنئەن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا «شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە» دەپ نام بەردى. لۈنەن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ گېئولوگىيە كەنتى مەھەللىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا مەھەللە بولۇپ باھالاندى.

ليۇ جيەنچۈن، دۇ خۈييەن

# فۇكاڭ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جېندې.

3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يىن گۋاڭلىڭ.

شەھەر باشلىقى: جاڭ خۇڭۋېي.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چېڭخۇا (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ ناھىيىسى 1776 - يىلى قۇرۇلغان، 1992 - يىلى شەھەر بولدى. فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 4، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 158 مىڭ 543 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ 952)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 739؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.74‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.02‰. شەھەر بويىچە 18 مىڭ 830 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9090 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9740 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كۆمۈر ئاساسلىق قېزىلما بايلىق بولۇپ، شەھەر بويىچە 40 كۆمۈر كان بار، كۆمۈر زاپىسى 8 مىليارد 400 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن بۇغدا كۆلى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 974 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 422 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.93% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 932 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.53% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 618 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.42% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 587 مىليون 71 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.33% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 285 مىليون 157 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 564 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 279 مىليون 743 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 826 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 51 مىڭ 346 توننا ئاشلىق، 3277 توننا پاختا، 2570 توننا ياغلىق دان، 174 مىڭ 202 توننا كۆكتات، 12 مىڭ 230 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 369 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 635 توننا گۆش، 578 توننا قوي يۇڭى، 12 مىڭ 100 توننا سۈت، 2114 توننا تۇخۇم، 242 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2584 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 484 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 30 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 111 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 394 مىليون 942 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 12.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 438 مىليون 956 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.81% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 438 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 228 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 4900 توننا بۇغداي ئۇنى، 9800 توننا سۈ يېغى، 2719 توننا ئېلېكترولىزلانغان نىكېل، 3003 توننا ئېلېكترولىزلانغان مىس، 20 مىڭ 646 توننا ئېلېكترولىزلانغان ئالىيۇمىن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 209 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 90 مىڭ 667 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 45 مىڭ 146 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 814 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 521 مىليون 600 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 168 مىليون 270 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 128 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 26 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 23 مىڭ 400گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 19 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1200گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 630 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 372 مىڭ 800 ساياھەتچى(قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 261 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 218 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 43.7%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 214 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46% ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 119 مىليون 86 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 61 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 3254 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1506. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2016 (مىللىي 307)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2718 (مىللىي 530)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 6157 (مىللىي 1712)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 9922 (مىللىي 2907)؛ باللار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1467. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1909 (مىللىي 616). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 18 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 386 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 113)، دوختۇرخانىلاردا 342 كارىۋات بار.

2004 ـ يىلى شەھەر بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4832 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 468 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 9400گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6158گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 438گە يەتتى.

## فۇكاڭ شەھىرى كوكس ئېكسپورت قىلىشتا 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قازاقىستان بىلەن جۇڭگو شېرىكچىلىكىدىكى ئەسمىر كوكس چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 350 مىڭ توننىدىن ئاشتى، يىللىق كوكس ئېكسپورت مىقدارى 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان كوكس مىقدارىنىڭ 98%نى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، بۇ فۇكاڭ شەھىرىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

★ فۇكاڭ شەھىرى 2004 ـ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 47 تۈردە توختام ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 2 مىليارد 421 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 830 مىليون يۈەن نەقلەشتى.

★ 2004 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە فۇكاڭ شەھىرى «غەربىي ئېچىش بويىچە شىنجاڭ رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى 10 كۈچلۈك ناھىيە ـ شەھەر» دېگەن نامغا، بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى «غەربىي ئېچىش بويىچە شىنجاڭدىكى 10 مەشھۇر ساياھەت رايونى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دۇەن جيافېن

# مىچۈەن شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جو بىگۇېن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىلىن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: جاڭ چېڭيى (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ساڭ فېڭجۇن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

1996 ـ يىل 12 ـ ئايدا مىچۈەن ناھىيىسى مىچۈەن شەھىرى قىلىندى. مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى 102 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 169 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 67 مىڭ 97)، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.32، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.31. شەھەر بويىچە 13 مىڭ 761 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 14 مىڭ 669 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7813 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئورمان بايلىقىدىن شەمشاد، تاغ تېرىكى، قارىياغاچ بىلەن ئارىلاش ئۆسكەن ئورمان بار. دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، بۇغا، ئۇلار، قارىغۇجا، قارا ئېيىق، جەرەن، لاچىن قاتارلىقلار بار. سوغىگۆل، قانتېپەر، قارلەيلىسى، چۇچۇكبۇيا، ئالقات، گۈلبوغۇن، توشقان زەدىكى، مامۇرانچىن قاتارلىق 200 نەچچە خىل ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك؛ قىزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، سىدېرىت، ساپال توپىسى، مايلىق سىلانېتس، تۇز قاتارلىقلار بار. مىچۈەن ناھىيىسى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق كۆمۈرچىلىك ناھىيە (شەھەر) لىرىنىڭ بىرى. «مىچۈەن» ماركىلىق گۈرۈچ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىدۇر. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاساسلىقى قارغۇ ئېيىق جىلغىسى، تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى، دوڭداۋ خەيزى قۇملۇق سەيلىگاھى، شىيامېنزى ئارامگاھى، گەنگۇ تاغلىق كەنتى «يەتتە شەمشەر» كىنو شەھەرچىسى، سىپىڭ تاغلىق كەنتى، تيەندى باغچىسى (دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك) قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 365 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 360 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %7.3؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 342 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.54؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 662 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 624 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %7.38 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 283 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون 450 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 324 مىليون 190 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 820 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 60 مىڭ 93 تونna ئاشلىق، 1160 توننا پاختا، 994 توننا ياغلىق دان، 4426 توننا قىزىلچا، 5860 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 227 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 28 مىڭ 4 توننا گۆش، 374 توننا قوي يۇڭى، 20 مىڭ 273 توننا سۈت، 6204 توننا تۇخۇم، 1408 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1404 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 349 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 222 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 117 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 202 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %18.69، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 73 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 604 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 330 مىڭ توننا سېمونت، 20 مىڭ 647 توننا نۆكچە پولات، 24 مىليون 440 مىڭ كۋادرات مېتىر چاقچۇق، 24 مىڭ 895 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 11 مىڭ 771 توننا سىم يولى ماتېرىيالى، 79 مىڭ 304 توننا تەييار پولات، 51 مىڭ 244 توننا تەڭشەلگەن يەم ـ خەشەك، 35 مىڭ 105 توننا پولات ئەينەك بۇيۇم، 42 مىڭ 489 توننا پولىپروپېلىنلىق دېۋىرقاي، 4607 توننا ئاليۇمىن ماتېرىيال، 19 مىليون 50 مىڭ دانە ئىسسىق ساقلايدىغان ئەينەك قاچا، 17 مىڭ 408 مېتىر ئىلاستىك پولات نەيچىلىك بېتون تۇرۇبا، 4839 توننا يۇرۇشلۇك چىرىندا كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 647 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 484 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 194 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 204 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 585 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ـ يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 310 مىليون 240 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 309 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 33 مىليون 825 مىڭ 400 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئورنىتىلغان تېلېفون 66 مىڭ 300گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 47 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 4150كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 807 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 534 مىڭ 200 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 61 مىليون 5300 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 157 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %1. 14؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 215 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %61. 33 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 653 مىليون يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 80 مىليون يۈەنگە يەتتى، 23 مىليون 690 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى.

شەھەر بويىچە 4407 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2700. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 4667 (مىللىي 1064)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 9674 (مىللىي 3991)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 289 (مىللىي 6572)؛ شەھەرگە تەۋە باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 622. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2496 (مىللىي 815). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 14 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 12 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 699 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 599 كارىۋات بار.

2004 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7928 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6437 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4845 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2916 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 767 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6613كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سوغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6400گە، ئاساسىي داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 13 مىڭ 980گە يەتتى.

★ 28 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مىچۈەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرلەشمە خىزمەت بىناسى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، بۇ بىنا 11 قەۋەت، كۆلىمى 290 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىر.

لىيۇ باۋ، جاڭ دېڭخۇا

# قۇتۇبى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ بياۋ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياۋ ۋېنبىن.

ھاكىم: چېيۇ شۇخۇا (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيجۇڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 207 مىڭ 177 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 46 مىڭ 391)، يېزا نوپۇسى 87 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰25. 10، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰45. 7. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8334 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 28 مىڭ 630 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە دائىملىق 2 تەبىئىي دەريا بار، قۇتۇبى دەرياسىنىڭ ئاساسىي قىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسلىق تارماق ئېقىندىن 24ى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 450 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ چۆرگۆل دەرياسىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 33 مىليون كۇب مېتىر. 152 مىڭ 133 گېكتار ئورمان، 786 مىڭ 667 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 640 مىڭ گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. دەل ـ دەرەخلەردىن ئاساسلىقى شەمشاد، تېرەك، قېيىن، سۆگەت، جىگدە، ئەرمۇدۇن، سۆكسۆك قاتارلىقلار بار.

قارلەيلىسى، سوغىگول، قانتېپەر، زاراڭزا، ئالقات، چۆچۈكبۇيا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىق 100 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 30 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ياۋا قوتاز، قاڭشارلىق بۆكەن، قارا بويۇن تۇرنا، ياۋا تۆگە، قۇلان، قىزىلباش تۇرنا، بۇغا، قۇندۇز، سۈلەيسۇن، ئارقار، جەرەن، يىلپىز، سۈسۈن سۈغۇر، ئاققۇ، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، كېپەك ئالتۇن، ھاك تېشى، سېرپېنتىن، ئاق ئالتۇن، پىرىت، ئىسلاندىيە شپاتى، خرۇستال قاتارلىق 13 خىلى بار. كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، شېغىلتاش، سېغىز توپا ۋە ئازراق ھاك تېشى ئېچىپ پايدىلىنىلدى، كۆمۈرنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى 240 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن كاڭجيا شىمىنزا قىياتاش رەسىملىرى، قىزىلتاغ ئارامگاھى، تاش ھوجرا مەھەللىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 710 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 212 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 669 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 828 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 379 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 725 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 575 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 16 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 52 مىڭ 944 توننا ئاشلىق، 37 مىڭ 444 توننا پاختا، 1033 توننا ياغلىق دان، 192 مىڭ 798 توننا كۆكتات، 59 مىڭ 526 توننا قىزىلچا، 28 مىڭ 766 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 7309 توننا ياڭيۇ، 4991 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 570 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 8 توننا گۆش، 1169 توننا قوي يۇڭى، 96 مىڭ 983 توننا سۈت، 873 توننا تۇخۇم، 2320 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1406.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 709 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 85 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 216 مىڭ 915 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 289 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 341 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 105 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 932 مىڭ توننا سېمونت، 38 مىڭ 373 توننا سۈت ياسالمىسى، 30 مىڭ 112 توننا ساپ پاختا يىپ، 4 مىليون 170 مىڭ لېتىر ئىچىملىك - ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 71 مىڭ 610 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى (يىل ئۆزۈلگەندىن كېيىنكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 61 مىڭ 774 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 661 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 287 مىليون 730 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 138 مىليون 290 مىڭ يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 68 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 31 مىڭ 114كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 14 مىڭ 977 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 3204كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 410 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 70 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 110 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 170 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.6 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىسى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 418 مىليون يۈەن.

ناھىيە بويىچە 3855 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1725. ناھىيىدىكى چوڭلار كەسپىي مائارىپ مەركىزى بىر، ئوقۇغۇچىسى 296 (مىللىي 58)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 6705 (مىللىي 2631)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 39، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 572 (مىللىي

4180) ؛ باللار باغچىسى 9، باغچىدىكى بالا 1650. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1853 (مىللىي 635) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.6كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 14 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 28 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 450 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 124) ، دوختۇرخانىلاردا 526 كارىۋات بار.

2004 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 18 ئوقۇغۇچىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 3 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال ئالدى ۋە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5510 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 220 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5542گە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6957گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 668گە يەتتى.

## شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 114 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۆلكە يولى 201 - لىنىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدىغان 8700 مېتىرلىق بۆلىكىنىڭ ئاساسىي يول يۈزى قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدى؛ 26 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەربىي شەھەر يولى قۇرۇلۇشى بىلەن باغۋاران يولىنى جەنۇبقا ئۇزارتىش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدى؛ 10 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرىقى ئەرگۈڭ يولىنى ئۆزگەرتتى ۋە كېڭەيتتى؛ 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىمالىي ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى بىلەن يۈەنخۇ كەنتى يولىنىڭ يۈزىنى پۈتكۈزدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بازىرىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاساسىي، غول يولدىن 17 سى بار بولدى، يول يۈزى كەڭلىكى بېشىغا 14.65 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. 2004 - يىلى ھۆكۈمەت



باياشات قۇتۇبى دېھقانلىرى ئۆزلۈكىدىن «ھاللىق جەمئىيەت ئاپتوموبىلى» تەشكىللەپ، پانۇس بايرىمىدىكى ياغىغىرچىلارغا يول ئاچماقتا.

ۋاڭ چۈنخەي فوتوسى

12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سەنگۈڭ ئۆستىڭىنىڭ ئىككى ياقىسىنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش، يورۇتۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ، «ئەسىر باغچىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ باغچىنىڭ كۆكەرتىلگەن مەنزىرە بەلۋېغى 68 مېتىر، كۆلىمى 84 مىڭ كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ. 7 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7.9 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى تورى ياتقۇزۇلدى، 4 قۇدۇق كولاندى، 3000 كۇب مېتىرلىق بىر سۇ كۆلچىكى ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن كۈنلۈك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 18 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. ناھىيىنىڭ سۇ تۇرۇبىسى تورى 81 كىلومېتىرغا، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %98.89كە يەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى يۈندا تۇرۇبىسى ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 5.35 كىلومېتىردىن توغرا كەلدى. 2004 - يىلى 4 پارقازان، 4 كىلومېتىر پار تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بازىرىدا 3 ئىسسىتىش كارخانىسى بار، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 1 مىليون 50 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %72.9كە يەتتى. ناھىيە بويىچە تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان ئائىلە 8900گە، گاز تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 83 كىلومېتىرغا، تەبىئىي گازنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %68.7كە يەتتى. 2004 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەر ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەڭرىتاغ لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە «ئۇنىۋېرسال لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

باغچا رايونى — خۇڭشىن بەيخۇي تۇرمۇش مەيدانى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتۈپ ئىش باشلىدى. بۇ مەيدان ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى بولۇپ، مال سېتىۋېلىش، ئارام ئېلىش، تاماشا قىلىش بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال سودا مۇلازىمەت سورۇنىدۇر.

★ قۇتۇبى ناھىيە بازىرىدىن چۆرگۈل بازىرىغا بارىدىغان 43 كىلومېتىرلىق تاشيولدا 10 - ئايدا ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

★ قۇتۇبى ناھىيىسى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۇركۇم يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە ناھىيە قاتارىغا كىردى. قۇتۇبى ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئۈلگە ناھىيە ھېسابلىنىدۇ.

★ 2004 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە»، «ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى 74 تۈر كىرگۈزدى، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا 701 مىليون يۈەن مەبلەغنى نەقلەشتۈردى.

جۇ دۈڭمېي، سۇڭ جېندى

# ماناس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىنجى.

ھاكىم: جۇ بىگۇيېن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ تيەنجيې (4 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى جىشىڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 137 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 135 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 317)، يېزا نوپۇسى 92 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.98‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.83‰. ناھىيە بويىچە 49 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 42 مىڭ 160 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ماناس، تاسىرقاي، چىندىخوزا دەريالىرى، ئېنېرگىيە بايلىقىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇ ئېنېرگىيىسى ۋە يەر ئىسسىقلىقى؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قارلەيلىسى، سوغىگۈل، كەۋرەك، چاكاندا، تاغ دېنى، تەڭگە يوپۇرماق، چۈچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، ئالقات، بۇيا، توشقان زەدىكى، رەۋەن، قانتېپەر، پەربۇن قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار؛ ئۇچار قۇشلىرىدىن پايپاقلىق چىل، ياۋا ئۆردەك، كۆك غاز، تاغ ئۆلارى، قىزىل قارىغۇجا قاتارلىقلار؛ ئورمان بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى شەمشاد، قويۇق يوپۇرماقلىق تېرەك، تاغ تېرىكى، تاغ سۆگىتى، تۇجا سۆگىتى، ئاق قېيىن قاتارلىقلار؛ چاتقاللاردىن تەڭرىتاغ يۇمىلاق ئارچىسى، تىكەنلىك ئارچا، يۇلغۇن، جىگدە، سۆكسۆك قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، پلاتىنا، قاشتېشى، پىرىت، ئارسېن، فوسفۇر، خىرۇستال، ئىسلاندىيە شپاتى، گرانىت تاش، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن شىمالىي باغچا (دۆلەتلىك A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى)، چىندىخوزا دەرياسى مەنزىرە بۆلىكى، تاسىرقاي دەرياسى مەنزىرە بۆلىكى، شىخۇياۋ مەنزىرە رايونى، چوڭ بۇت، دۇمۇلاق تۇبە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، تاسىرقاي قەلئەسى، تاسىرقاي دەرياسى شىمىنزا سۇلۇساي قىياتاش رەسىملىرى، چىندىخوزا يېزىسىنىڭ يارخۇ كەنتىدىكى كېپەرخانا قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 278 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 718 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.02%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 546 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34.62%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 14 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.15% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1

مىليارد 621 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %11.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 996 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 30 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 545 مىليون 40 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 310 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىڭ 345 توننا ئاشلىق، 53 مىڭ 370 توننا پاختا، 1592 توننا ياغلىق دان، 6519 توننا قىزىلچا، 53 مىڭ 472 توننا مېۋە ـ چېۋە، 53 مىڭ 206 توننا هاراق ئۈزۈمى، 319 مىڭ 543 توننا قىيام شوخلىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 481 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 913 توننا گۆش، 968 توننا قوي يۇڭى، 62 مىڭ 600 توننا سۈت، 18 مىڭ 120 توننا تۇخۇم، 1030 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2076 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1000 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 741 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 128 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 204 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 316 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %34.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 39 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى-نىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىڭ 286 توننا شوخلا قىيامى، 28 مىڭ 81 توننا ئۈزۈم هارىقى، 33 مىڭ 886 توننا ئۇن، 12 مىڭ 935 توننا سۇ يېغى، 3 مىليارد 959 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 19 مىڭ 559 توننا كوللودىئون تالاسى، 1924 توننا پاختا بوتقىسى تىرىپى، 13 مىڭ 99 توننا ئېرس، 3045 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىل-دى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 100 مىڭ 357 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 850 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 814 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 428 مىليون 720 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 90 مىليون 820 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 65 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 57 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 33 مىڭ 246گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭ 167گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 37 مىڭ 200گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2724كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 454 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت سودا سوممىسى 9 مىليون 990 مىڭ دوللارغا يەتتى. 275 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 24 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 118 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %18.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 178 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.94 ئاشتى. يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 369 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2714 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2112. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 324 (مىللىي 13)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2721 (مىللىي 657)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 6019 (مىللىي 1539)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 784 (مىللىي 2828)؛ باللار باغچىسى 19، باغچىدىكى بالا 1992. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1775 (مىللىي 563). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 22 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 25 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 693 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 381 كارىۋات بار.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6706 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7280 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 417 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 7114كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6319غا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 14 مىڭ 476گە يەتتى.

## سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى 2004 ـ يىلى سودىگەرچاقىرىش، مەبلەغ جەلپ

قىلىش تەسەۋۋۇرى بىلەن ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشەپ، پەن - تېخنىكىلىق مىقدارى يۇقىرى 58 تۈرنى ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈردى، بۇ تۈرلەرگە 1 مىليارد 860 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 78 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەلپ قىلىنغان مەبلەغدىن 986 مىليون يۈەن نەقلەشتى. 2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرى ئىچىدە 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈردىن قاراماي خۇائاۋ شىركىتىنىڭ 40 مىڭ تونىنا ئۈيۈپ ئاجرىلىپ چىققان ماي ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، شىنجاڭ خېڭچېڭ پاختىچىلىق چەكلىك شىركىتى 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا توقۇمىچىلىق تۈرى، شىنجاڭ «تيەنفۇ» ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى پاي شىركىتى 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان چوقان 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، ماناس «ئاۋياڭ» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان پاختا بوتقىسى تىرىپى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى يىلىغا 50 مىڭ تونىنا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان قىلىپ كېڭەيتىش تۈرى، 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ۋىسكوزىلىق قىسقا تالا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 30 مىڭ تونىنا قىلىپ كېڭەيتىش تۈرى، 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۆنىگە 50 مىڭ تونىنا يۇندا بىرتەرەپ قىلىش تۈرى، شىنجاڭ «فېڭشياڭ» سودا - سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ماي، پاختىچىلىق، كۆچەتلىك بازىلىرى تۈرى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغان تۈردىن 9ى بار.

## نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى «ماناسنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى پۇختا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى سورت، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قوللىنىش نىسبىتىنى %90تىن، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە سالمىقىنى %50تىن ئاشۇردى. نۇقتىلىق .پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدىن سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن يۇمشاق تۇرۇبا بىلەن ئاز - ئازدىن تېمىتىپ تېجەپ سۇغىرىش تۈرى ناھىيە بويىچە 10 يېزا - بازاردىكى 72 مىڭ گېكتار يەردە يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر گېكتار يەردە 1200 كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى، ھوسۇل %10تىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى؛ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 2 قېتىم پىشىدىغان ئېگىز كۆممىقونىقى تېرىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى تەتقىقاتىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىدە 1903 گېكتار يەرگە بۇ خىل كۆممىقوناق تېرىلىپ، ھەر گېكتار يەردىن ئۇنۇم 3345 يۈەن ئاشۇرۇلدى؛ 187 مىڭ 700 گېكتار يەرگە تاتلىق ئاققوناق تېرىش تۈرى يولغا قويۇلۇپ، ھەر گېكتار يەردىن 7275 يۈەن كىرىم قىلىندى؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆۋەن سەرپىياتلىق، پەسىلسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئارقىلىق 3 مىليون 830 مىڭ خالتا ھىمىڭ موگۇسى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 9 مىليون 954 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى؛ كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق يەرلىكتىكى 200 نەچچە تۆۋەن سۈپەتلىك ئىنەككە ياكى يەرلىك ئىنەككە تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %40تىن ئېشىپ، 12 موزاي تۇغۇلدى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يەرلىك كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتە ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەربىر كالىدىن قىلىنىدىغان كىرىم 500 يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 66.67 گېكتار يەرگە يۇقىرى ھوسۇللۇق يەم - خەشەك قىزىلچىسى تېرىلىپ، ھەر گېكتار يەردىن 150 تونىنا ھوسۇل ئېلىنىپ، 180 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

## دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرغانلىقتىن، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، مېۋىچىلىك جەھەتتە ئۇنۇم كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئوت - چۆپنىڭ نىسبىتى 1:7:2 گە تەڭشەلدى. تېرىقچىلىقتا كىشى بېشىغا ئاشقان 235.6 يۈەنلىك كىرىمگە تايىنىش ئارقىلىق چارۋىچىلىقتا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1622 يۈەنلىك تايىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلەندى؛ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئارقىلىق ئوتتۇرىچە كىرىم 82 يۈەن ئاشۇرۇلدى؛ ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىقتا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 111.4 يۈەن ئاشۇرۇلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6706 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 520 يۈەن ئاشتى.

## چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمدە 500 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەل بېسىپ ئۆتتۇلدى

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى كالا، قوي، چوشقا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق جەھەتتە باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈردى ۋە

ئۇلارنى يۆلەپ زورايتتى. «تۆت ئىككى» قۇرۇلۇشى، سۈت كالىسى باقمىچىلىقىدىكى 5 چوڭ ئۈلگە رايون قۇرۇلۇشى، 12 ئىنەك باقمىچىلىق كەنتى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ناھىيە بويىچە نەسىللىك ئىنەكنى 13 مىڭغا يەتكۈزدى. چارۋىچىلىق كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، باشلامچى كارخانا — بازا — باقمىچىلىق ئائىلىسى كەسپىي زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. شوخلا ئارىسىغا كۆممىقوناق، يەم - خەشەك قىزىلچىسىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تەدبىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە يەم - خەشەك زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنى (ئىككىنچى تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 7300 گېكتارغا يەتكۈزدى. چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشتا ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويدى. 2004 - يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 20 مىڭ چارۋا، 5 مىليون 210 مىڭ ئۆي قۇشى بېقىلدى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 545 مىليون يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1622 يۈەنگە يەتتى.

## تاسىرقاي يېزىسىدىكى شىمىنزا قىياتاش رەسىملىرى

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەتچىلىرى ناھىيە بازىرىغا 80 كىلومېتىر كېلىدىغان تاسىرقاي يېزىسىدىكى شىمىنزا سۇ ئامبىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قىيادىن جىنسقا چوقۇنۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر گۇرۇپپا رەسىمنى بايقىدى. قىياتاشقا ئادەم، ھايۋان ۋە يېزىق ئويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىرچە، كۆلىمى 4 كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ. رەسىم ئويۇلغان قىياتاشنىڭ يۈزى جەنۇبقا، ئارقىسى شىمالغا قارايدۇ. ھايۋانلاردىن يولۋاس، قوي، ئاتلارنىڭ رەسىمى بار، يەنە بىر يەردە يېزىق بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شامال يالاپ ئاپتاپ چېقىپ تۇرغاچقا، تۇتۇقلىشىپ كەتكەن. بىر قىسىم رەسىملەردىكى سىزىقچىلار ئىنتايىن ئوچۇق، دەللىلەشلەرگە قارىغاندا، بۇ رەسىمدە 3000 يىل ئىلگىرىكى ساكلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

## لەنجۈۋەن بازىرى

بۇ بازار ماناس ناھىيىسىنىڭ 3.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. غەرب تەرىپى شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا يېقىن، جەنۇب تەرىپىنى دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شىمال تەرىپىدىن قۇتۇبى - قاراماي تاشيولى ئۆتىدۇ، قاتنىشى قولايلىق. بازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 153 كۋادرات كىلومېتىر، 14 مىللەت، 10 مىڭ 818 نوپۇس بار، تېرىشقا بولىدىغان يېرى 64.0 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرى.

لەنجۈۋەن بازىرى ئىقتىسادنى بىرلەشتۈرۈش، ياخشىلاش، تەڭشەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئىستېھكام قۇرۇلۇشىنى تايانچ قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. بازار بويىچە خەلقنىڭ كەيپىياتى دۇرۇس، كۆڭلى تەكشى، ئىقتىساد گۈللەنگەن، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ماس تەرەققىي قىلغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 2004 - يىلى بازار بويىچە پاختا، شوخلا، ئۇرۇقلۇق كۆممىقوناق تېرىقچىلىقى ۋە ئىنەك باقمىچىلىقى، كالا، قوي بورداقچىلىقى تۈۋرۈك كەسىپ قىلىنغان يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 233 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 7560 يۈەنگە يەتتى، بازار بويىچە كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقان پارتىيىلىك بېيىش ماھىرى 70تىن ئاشتى.

★ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى 2 - ئايدا ماناس ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئۈلگە ناھىيە» دەپ نام بەردى.

★ دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى 8 - ئايدا شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى پاي شىركىتىنىڭ 3- قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىدى. بۇ قۇرۇلۇشتا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 300000×2 كىلوۋاتلىق كۆمۈر قالىنىدىغان گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلىتىلگەن، تۇرغۇن ھالەتتە 2 مىليارد 242 مىليون يۈەن، ھەرىكەتلىك ھالەتتە 2 مىليارد 363 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

★ 2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى بويىچە 12 يېزا - بازار، 207 كەنتتىكى 15 مىڭ 638 ئائىلىدىن 44 مىڭ 637 ئادەم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، بۇلار ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ %60تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش بويىچە 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان، چارۋىچىلار جۇغلىغىنى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش بويىچە 22 مىڭ 541 ئادەم كېسەل كۆرسەتتى، ئۇلاردىن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان 1362 كىشى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن تولۇقلىما ئالدى.

★ 2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە 2012 ناھىيە (شەھەر)نىڭ ئاساسىي ئىگىلىك رىقابەتتە

2003 - يىلدىكى 519 - ئورۇندىن 450 - ئورۇنغا ئۆتتى. غەربتىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) ئارا 79 - ئورۇندىن 60 - ئورۇنغا ئۆتتى.

★ 2004 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ماناس ناھىيىسىنى مەملىكەتنىڭ 2001 — 2004 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ئورۇن دەپ تەستىقلىدى.

★ 2004 - يىلى ماناس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە پەن - تېخنىكا خىزمىتى سىناق قىلىنىدىغان 100 ناھىيە قاتارىغا كىردى.

2004 - يىلى ماناس ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

يۈ بىڭخې

# گۇچۇڭ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇچۇڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تيېمىڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جىن ۋېنچاۋ.

ھاكىم: جۇ شۈيۈڭ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ ۋېنچيېن (2 - ئايدا ۋاپات بولدى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۇچۇڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 198 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ناھىيىگە تەۋەسى) 192 مىڭ 808 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 50 مىڭ 287)، يېزا نوپۇسى 140 مىڭ 576؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.66‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.89‰. ناھىيە بويىچە 71 مىڭ 210 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 47 مىڭ 980 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 710.81 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە 9 دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى تەخمىنەن 22 مىليون كۇب مېتىر. سوغىگۈل، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، رەۋەن، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، گۈلبوغۇن، پاقايوپۇرماق ئۇرۇقى، قارلەيلىسى، ئالقات، كىرەش، يەرمەدىكى، دولانا، پەربۇن، قىزىل چوغلۇق قاتارلىق 300 نەچچە خىل ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 40 خىلدىن ئاشىدۇ، دۆلەتلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، موڭغۇلىيە قۇلانى، سايگا بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى، ئوتلاق چىپار مۆشۈكى، سۈلەيسۈن، ئاق بوغۇز بۆكەن، يايلاق بۈركۈتى بار؛ كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ھاك تېشى، شور، سۈرمە تاش، جۇلاتاش، ۋولفرام، تۆمۈر، بېنتونىت، پېرلىيت، گرانىت تاش قاتارلىق 20 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «گۇچۇڭ» ماركىلىق ئاق ھاراق، «شۈيچى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن گۇچۇڭ سىلتىسىيلاشقان ياغاچ - دېنوزاۋر خارابىسى دۆلەت گېئولوگىيە باغچىسى، گۇچۇڭ نەنسەن دۆلەت ئورمان باغچىسى، شىنجاڭدىكى تۇنجى ھاراق ئېچىتىش ئورنى — گۇچۇڭ ھاراق زاۋۇتى — مەملىكەت بويىچە سانائەت ساياھەتچىلىكىدىكى ئۈلگە نۇقتا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى قەلئەسى خارابىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇچۇڭ قەلئەسى خارابىسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەرقىي يەر بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 545 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 791 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9.94%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 268 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.31%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 485 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.32% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 286 مىليون 220 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 8.32% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 637 مىليون 43 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 627 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 624 مىليون 439 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 360 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 278 مىڭ 63 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ 521 توننا ياغلىق دان، 81 مىڭ 237 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ 641 توننا چىگە، 7374 توننا قارا گازىر، 1210 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 779

مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 38 مىڭ 132 توننا گۆش، 1508 توننا قوي يۇڭى، 27 مىڭ 518 توننا سۈت، 4630 توننا تۇخۇم، 45 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4675 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 630 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 67 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 332 مىڭ 236 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ناھىيىگە تەۋەسى) 532 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.99، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 170 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.37 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 243 مىڭ 253 توننا كۆمۈر، 2340 توننا تۇز، 2 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون توننا تۇرۇبا سۈيى، 79 مىڭ 900 توننا ئۇن، 4970 توننا سۇ يېغى، 7328 توننا شېكەر، 9600 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 1287 توننا ئاق ھاراق، 72 مىليون دانە خىش، 16 مىڭ 17 توننا ئارپا ئۈندۈرمىسى، 1827 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 91 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 116 مىڭ 4 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 76 مىڭ 225 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 268 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 224 مىليون 260 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن. پۇچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 396 مىڭ 700 يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 324 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 238 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 49 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 43 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.16؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 188 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.56 ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 877 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4095 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1651. ناھىيىدىكى كەسپىي تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 1300 (مىللىي 150)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 5171 (مىللىي 1228)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 934 (مىللىي 2875)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 48، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 115 (مىللىي 4481)؛ بالىلار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 3151. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2936 (مىللىي 970). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 8400گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 574 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 104)، دوختۇرخانىلاردا 449 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4006 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2708.93 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4923.67 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 197 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6326گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5167گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 13 مىڭ 240قا يەتتى.

شۇ ۋېيلىڭ

## جىمسار ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ فېڭشەن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ جىنفۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ فېڭشەن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جۈڭپېي (7 - ئايدا مۇۋەققەت مۇدىر بولدى).

ھاكىم: جۇ فالىن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خو دۇڭشېڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي

چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 116 مىڭ 911 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 37 مىڭ 516)، يېزا نوپۇسى 83 مىڭ 14؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.29‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.62‰. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 101.2 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9853.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8633.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، كەتىرا، رەۋەن، توشقان زەدىكى قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈك كۆپ چىقىدۇ؛ ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى جاڭگالدا جەرەن، قۇلان قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار؛ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، زېئولىت، شور، ئالتۇن قاتارلىقلار؛ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «سەنتەي» ئاق ھارىقى، «بېشبالىق» ماركىلىق شوخلا قىيامى، زاراڭزا ئاچچىق سۈيى، زاراڭزا جاڭيۇسى، زاراڭزا يېغى؛ ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسى (دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى)، قوچۇ ئۇيغۇر بۇتخانىسى خارابىسى، قاڭقىللار قەدىمىي يولى، يايلاق بالبالى، سۇلى قەلئەسى خارابىسى، مىڭئۆي (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى)، قۇمئارشاڭ ئارامگاھى، چۆللۈك ئوۋ مەيدانى، پىرژېۋالىسكىي ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىش مەركىزى، دالۇڭگو، ۋېيخوگو، ۋۇتاڭگو، خۇائېرگو، نيۇجۇەنزىگو جىلغىلىرى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 999 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 299 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 370 مىليون 72 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 145 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 177 مىليون 994 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 577 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 61 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 2042 توننا پاختا، 11 مىڭ 300 توننا ياغلىق دان، 208 مىڭ 600 توننا كۆكتات، 10 مىڭ 200 توننا سامساق، 26 مىڭ 300 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 560 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 900 توننا گۆش، 995 توننا قوي يۇڭى، 15 مىڭ 600 توننا سۈت، 5458 توننا تۇخۇم، 380 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5086.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 133 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 437 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9459 توننا كۆكتات كونسېرۋاسى، 560 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 41 مىليون 850 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون 725 مىڭ لېتىر ئاق ھاراق، 7336 توننا سۇ يېغى، 3571 توننا كۈندىلىك ئەينەك بۇيۇم، 5100 توننا كالتسىي كاربىد، 3892 توننا كوكس ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 89 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 70 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 155 مىليون 580 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 9 مىليون 800 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 717 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 10 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 10 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 275 مىليون يۈەنگە يەتتى. 259 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 58 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 70 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 21%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 150 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17% ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 491 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2467 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 810. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 295 (مىللىي 23)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2111 (مىللىي 293)؛ ئادەتتىكى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 5318 (مىللىي 698)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45، ئوقۇغۇچىسى 8917 (مىللىي 1191)؛ باللار باغچىسى 19، باغچىدىكى بالا 2451. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1777 (مىللىي 355). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 8400گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 348 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 51)، دوختۇرخانىلاردا 316 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3792 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 742 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3812گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3277گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7879غا يەتتى.

### جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلات يۇرتى

2004 - يىلى جىمسار ناھىيىسى جۇڭگو «بېشبالىق» ئاق پوستلۇق سامساق يۇرتى، جۇڭگو قارىقات يۇرتى، جۇڭگو يۇقىرى كىراخماللىق ياڭيۇ يۇرتى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالاھىدە مەھسۇلات يۇرتى بولدى.

جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردىن چىقىدىغان سامساق، ياڭيۇ، قارىقاتلار بۇلغانمىغان، سۈپىتى ياخشى. ئاق پوستلۇق سامساق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە تەم تەڭشەيدىغان ياخشى مەھسۇلات؛ ياڭيۇنىڭ كىراخمال تەركىبى %24كە يېتىدۇ؛ قارىقاتتا ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق 18 خىل ئامىنو كىسلاتا بولۇپ، مېۋە شاھى دېيىلىدۇ. سەنئەتي ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان قارىقات مېۋە ھارىقى، قارىقات ئىچىملىكىنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بازىرى ئىتتىك.

★ جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دايۇ يېزىسىدا 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۇيۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ شىخلىلىق لاتقا ئېقىپ كېلىپ، 8 ئائىلىنىڭ 39 ئېغىز تۇرالغۇ ئۆيىنى، 25 ئېغىز ئېغىل - قوتىنىنى بۇزۇۋەتتى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 600 مىڭ يۈەندىن، ۋاستىلىق ئىقتىسادىي زىيان 800 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

★ 2004 - يىلى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى جىمسار ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۈلگە ناھىيە» دەپ، جىمسار ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە «مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆنى پائالىيىتىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك كومىتېتى جىمسار ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

نىڭ گوفۇ

## مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ فۇچىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خو تيەنمىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: روشەن (قازاق).

ھاكىم: سىدىق (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يۆڭچۈەن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

مورى ناھىيىسى تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي چېتىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 86 مىڭ 984 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 868)، يېزا نوپۇسى 70 مىڭ 239؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.13، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.06. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 370 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 590 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 860 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ئالتۇن، مىس، جۇلاتاش، سىنىك، كالتسىي، خىرۇستال، كۆمۈر، تۇز، خلور، سۇرمە، شور، زېئولىت قاتارلىق 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن موڭغۇلىيە قۇلانى، ئاق بوغۇز بۆكەن، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، قىرغاۋۇل بار؛ قارلەيلىسى، سۆسۈن گۈللۈك سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، ئەڭلىك ئوت، پەربۇن، بۇغا مۈڭگۈزى، جەرەن مۈڭگۈزى، قېرىقىز، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 20 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 558 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 267 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %0.2؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.7؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 180 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 565 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 156 مىليون 43 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 634 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 377 مىليون 36 مىڭ 300 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 252 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 68 مىڭ 478 توننا دانلىق زىرائەت، 49 مىڭ 382 توننا كۆممىقوناق، 77 مىڭ 925 توننا ئاشلىق، 617 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 684 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ 756 توننا گۆش، 1854 توننا قوي يۇڭى، 315 مىڭ 402 پارچە تېرە، 4594 توننا سۈت، 51 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 1183 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1858 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 251 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ 920 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 257 مىڭ توننا كۆمۈر، 500 توننا تۇز، 3433 توننا ئۇن، 608 توننا ئاق ھاراق، 49 مىڭ 982 پار لاتا ئاياغ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 324 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 147 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 157 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 17 مىڭ 318گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6619غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 7020گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 480گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 136 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %19؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 142 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 217 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2413 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 978. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1826 (مىللىي 419)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 4584 (مىللىي 626)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 36، ئوقۇغۇچىسى 6661 (مىللىي 2672)؛ بالىلار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 1253. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1895 (مىللىي 581). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 605 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 9700گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 286 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 83)، دوختۇرخانىلاردا 140 كارىۋات بار.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6054.12 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4188.84 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2980 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 789 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6945كە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 3783كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 2229غا يەتتى.

## تىۋىتلىك ئۆچكە بازىسى قۇرۇلۇشى

بۇ تۇرنى شىنجاڭ تيەنشۇڭ چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 2001-يىل 6 ـ ئايدا يولغا قويۇلغان. بۇ شىركەت شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېخنىكىسىنى تايانچ قىلغان، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن مورى «يايلاق قارى» ئۆچكە تىۋىتى مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىرلىكتە 40 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ قۇرغان، يېڭى تىۋىت ئۆچكىسى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تىۋىت ئۆچكىسى بازىسى قۇرۇش بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا.

بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، مورىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىۋىت ئۆچكىسى نەسلىنى ياخشىلاش ۋە كەسپلەشتۈرۈپ كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي

لىنىيىنى زىچ چۆرىدەپ، «شىركەت + پەن - تېخنىكا + بازا + دېھقانلار ئائىلىسى» شەكلىدىكى ھەربىرەت مېخانىزمىنى قوللىنىپ، دوملىما تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق «نەسىللىك ئۆچكە فېرمىسى + نەسىل يېتىشتۈرۈش فېرمىسى + كەسپلەشتۈرۈپ كۆپەيتىش» تىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كۆپەيتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ شىركەتتە تىۋىت ئۆچكىسى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 850كە، سېتىش كىرىمى 52 مىليون يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تىۋىت ئۆچكىسى باقمىچىلىقىدىن قىلغان كىرىمى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2700 يۈەنگە يەتتى.

تىۋىت ئۆچكىسى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى سانجى ئوبلاستى تەرىپىدىن شەرقتىكى 3 ناھىيە (گۇچۇڭ، جىمسار، مورى) نىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش دەپ قارىلىپ، ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ كېڭەيتىلدى.

★ مورى ناھىيىسىدىكى خەلق مەيدانى 7 - ئايدا پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ مورى ناھىيىسى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

★ 2004 - يىلى مورى ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى بويىچە 17 تۈردە توختام ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 1 مىليارد 111 مىليون يۈەن بولۇپ، 116 مىليون يۈەن نەقلەشتى.

چېن ئەيچىن، چياڭ يۈشۇ

قىسقا ماتېرىيال

## سىرلىق ئاۋازلىق قۇمتاغ

بۇ تاغ مورى ناھىيە بازىرىنىڭ 130 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1178 مېتىر ئېگىز، سايلىقتىن كۆتۈرۈلگەن، نىسبىي ئېگىزلىكى 100 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىرچە، كەڭلىكى 200 مېتىرچە كېلىدۇ. غۇڭۇلدىغان ئاۋاز چىقىش بۇ قۇمتاغنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، قۇم كەڭ كۆلەمدە ئۇياق - بۇياققا ئۆچسىلا غۇڭۇلدىغان ئاۋاز چىقىدۇ، ئاۋاز خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، بىر توپ كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچقاندا چىقارغان ئاۋازىغا ئوخشايدۇ.

## نوقۇت

نوقۇت تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان مورى ناھىيىسىدىن چىقىدۇ. ناھىيىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورنى، كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى زور تېمپېراتۇرا پەرقى، يىل بويى كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق، يېشىل تېرىقچىلىق مۇھىتى رەڭگى ئالتۇندەك، شەكلى بۇركۇتنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان تەڭرىتاغ نوقۇتىنىڭ ئۆسۈشىگە شارائىت ھازىرلىغان.

نوقۇت تەركىبىدە ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ئاقسىل، يېمەكلىك تالاسى، مىكرو ئېلېمېنت، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددا بار، ئۇنىڭ «ئوزۇقلۇق گۈلى، پۇرچاق شاھى» دېگەن نامى بار.

نوقۇتتىكى ئاقسىلنىڭ خېلى يۇقىرى فىزىئولوگىيىلىك قىممىتى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىكى 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى ئىچىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان 8 خىلىنىڭ مىقدارى ئادەم بەدىنىنىڭ ئېھتىياج نىسبىتى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىش، سۆڭىكىنى چوڭايتىش، ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلارنىڭ بەدىنىنى ساغلاملاشتۇرۇشتا كۆپ پايدىسى بار. نوقۇتنىڭ تەركىبىدە ياللۇغقا تاقابىل تۇرالايدىغان فاكتور بولۇپ، ئادەم بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشتا ئاجايىپ رول ئوينايدۇ.

نوقۇت يەنە ئىنتايىن ياخشى ئۆسۈملۈك ئامىنو كىسلاتاسى تولۇقلىغۇچى بولۇپ، تىبابەتچىلىكتە ساقلىق ساقلاش قىممىتىگە ئىگە. نوقۇت جۇڭگو تىبابىتىدە تەمى تاتلىق، زەھەرسىز، قۇۋۋەت تولۇقلاش، باھنى كۆپەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، بەلغەمنى توگىتىش رولى بار دەپ قارىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتلاردا يەنە نوقۇت ئۈندۈرمىسىدە مول ئىزوفلاۋون، A، B، C خىلدىكى نوقۇت ئۈندۈرمىسى ماددىسى قاتارلىق ئاكتىپ تەركىبلەر بىلەن يېمەكلىك تالاسىنىڭ بارلىقى بايقالدى، بۇلار ئادەم بەدىنىنىڭ خولېسترول ماددىلىرىنى چىقىرىشىنى تېزلىتىدۇ، نوقۇتنىڭ زىيادە قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قاندىكى زىيادە ماي ماددىسىنى ۋە جىگەر توقۇلمىلىرىدىكى ماينى ئازايتىش، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار. نوقۇت ۋە نوقۇتتىن ياسالغان يېمەك - ئىچمەكلەر قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، قان بېسىمى يۇقىرى، قاندا ماي ماددىسى ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ساغلاملىق يېمەكلىكىدۇر.

چېن ئەيچىن، چياڭ يۈشۇ

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: چاۋجىپ (موڭغۇل)، ئەركىن ئابدۇقادىر، شى شاۋلىن، فۇ لىمىن، گو يىڭخۇا (ئايال).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇلىدى (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شى گۇاڭفۇ، شى ئېندى، ئابدۇراخمان ھەسەن، گۇڭ يۈمېي (ئايال)، ئۆمەر قازى (قازاق)، گارشا (موڭغۇل).


ئوبلاست باشلىقى: چاۋجىپ (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شى شاۋلىن، خۇاڭ سەنپىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىنام نەسىردىن، پەردە ئادىرقان (ئايال، قازاق)، چېڭ پېڭ، بادمارا (موڭغۇل، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جىنخەي (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ گوشياڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما يۇگۈي، سەي مۇق (موڭغۇل)، مۇساجان ھۈسەيىن، گو چاۋشۈن، ھەمدۇللا ھېسامىدىن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بورتالا شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 452 مىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 146 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 313 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.71‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.68‰. ئوبلاست بويىچە 72 مىڭ 67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 22 مىڭ 240 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئوبلاست تەۋەسىدە 2 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىر سۇ بايلىقى، 202 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 668 مىڭ 900 گېكتار يايلاق بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن سۈسۈن بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قۇندۇز، سېرىق بۈركۈت، قوڭۇر ئېيىق، بۆلغۈن، ئاق توشقان، ئۈلار، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، بۇغا، ئاق قۇ قاتارلىق 39 خىلى بار؛ ئوبلاست تەۋەسىدە دۇنيادا نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان شىنجاڭ سالامانىدراسى ياشايدۇ. چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، جىغان، ئالقات، لوپنۇر كەندىرى، سوغىگۈل قاتارلىق 413 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۇز، فوسفور، پېرلىت، مەرمەرتاش، گرانىت تاش، ھاكتېشى، گەج، ۋولفرام، مىس قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك گەنجياخۇ ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېبىنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ سالامانىدراسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 317 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ. ئەۋزەل بايلىقلاردىن پاختا، ئېبىنۇر كۆلى گاللوگېنلىق قۇرتى، ئالقات، ساپالى ماركىلىق ئىنچىكە يۇڭ؛ ئەۋزەل كەسىپلەردىن ئالاتاۋ ياغاچ ماتېرىيال ئىمپورت قىلىپ پىششىقلاش كەسىپى، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، كېرەكسىز پولات پىششىقلاش كەسىپى، سايرام كۆلى سوغۇق سۇ بېلىقى باقمىچىلىقى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى



بورتالا ئوبلاستىدىكى ھەرمىللەت ئاممىسى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى غەرب مەدەنىيەت مەيدانىغا يىغىلىپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

ما يەنچۈن فوتوسى

2 مىليارد 687 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 997 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %6.1؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 852 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %7.23 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 208 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 31 مىليون 790 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 574 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 201 مىڭ 550 توننا ئاشلىق، 58 مىڭ 764 توننا پاختا، 14 مىڭ 867 توننا ياغلىق دان، 96 مىڭ 994 توننا قىزىلچا، 4620 توننا مېۋە ـ چېۋە، 8338 توننا ئالقات، 169 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 340 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 692 توننا گۆش، 2758 توننا قوي يۇڭى، 39 مىڭ 201 توننا سۈت، 14 مىڭ 759 توننا تۇخۇم، 772 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5403 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 3620.33 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا، 138 مىڭ 700 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 410 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 52 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 307 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 987 مىليون 806 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %11.93؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 155 مىليون 890 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 45 مىڭ توننا تۇز، 124 مىڭ 880 توننا سېمونت، 16 مىڭ 900 توننا ئاق شېكەر، 9360 توننا چويۇن، 148 توننا پاختا يىپ، 34 مىڭ كۇب مېتىر تىلما ياغاچ ماتېرىيال، 1 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 1515 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 4800 توننا سۇ يېغى، 523 مىڭ لىتىر ئىچىملىك ـ ھاراق، 793 توننا بۇغداي ئۇنى، 4000 توننا يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 299 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 334 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 215 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 120 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 620 مىليون 880 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 73 مىليون يۈەن. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 175 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 89 مىڭ 400گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 50 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 143 مىڭ 800گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 806 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 553 مىليون 830 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 101 مىليون 120 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 452 مىليون 710 مىڭ دوللار. 355 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 53 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 255 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %26.84، يەرلىك مالىيە چىقىمى 752 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.51 ئاشتى. شەھەر- يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 498 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 142 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 50 مىليون 350 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

ئوبلاست بويىچە 11 مىڭ 827 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3645. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 4400؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 489 (مىللىي 231)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2015 (مىللىي 133)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 39، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 7، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 10، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9589 (مىللىي 3568)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 75 (مىللىي 6936)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 98، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 195 (مىللىي 12 مىڭ 924)؛ بالىلار باغچىسى 15، باغچىدىكى بالا 6202. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 5830 (مىللىي 2880). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 33 مىڭ 900گە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 69 سەھىيە ئاپپاراتى، 1556 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1159 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە بىر ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 14 مىس مېدال ئالدى.

2004 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3904 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 138 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 26 مىڭ 500گە، پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 18 مىڭ 900گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 39 مىڭ 300گە يەتتى.

## ساياھەت ـ قاتناش ئىشلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە تۇتاش لىنىيە ۋەزىيىتى شەكىللەندى

2004 ـ يىلى بورتالا ئوبلاستى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلەتتى، ئاز كەم 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سايرام كۆلى ئايلانما تاشيولى، ئارشاڭ ـ سايرام كۆلى ساياھەت تاشيولى، جىڭ ناھىيىسىدىكى ماڭدىڭ ـ بايان ئامان ساياھەت تاشيولى، بورتالا ـ قويتاش تاشيولىنى پۈتكۈزدى. 12 مىليون يۈەن زايوم مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سايرام كۆلى دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. ئۈرۈمچى ـ ئالاتاۋ ـ قويتاش ـ بورتالا ـ ئارشاڭ ـ سايرام كۆلى ساياھەت لىنىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «بەش رايون ئۈچ لىنىيە» ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

## پورت كارخانىلىرى سېلىنمىسىنى تېز كۆپەيتتى

2004 ـ يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلار ئالاتاۋ پورتىغا مەبلەغ سالىدىغان تۈر 31، توختام سوممىسى 806 مىليون يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 501 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، نەقلەشكەن مەبلەغ 2003 ـ يىلدىكىدىن 348 مىليون يۈەن ساپ كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئالاتاۋ پورتىدا رويخەتكە ئالدۇرغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانا 456گە، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 1 مىليارد 244 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 278 بولۇپ، بارلىق كارخانىنىڭ 61%نى ئىگىلىدى. 2004 ـ يىلى ئەمەلىي سېلىنغان 501 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ 326 مىليون يۈەنى پىششىقلاش سانائىتىگە ئىشلىتىلدى، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 65.07%نى ئىگىلەيدۇ. ياغاچچىلىق، مېتال تاۋلاش ۋە كۆن- خۇرۇم ئىشلەشتىن ئىبارەت 3 چوڭ كەسىپ ئالاتاۋ پورتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا گەۋدىلىك رول ئويىنىدى، ئالاتاۋ پورتى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى تېرەك بولۇپ قالدى.

★ 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى، شۇنىڭ بىلەن ئالاتاۋ پورتىنىڭ مال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون تونىغا يەتتى.

★ 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بورتالا ئوبلاستلىق پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق دومنا پېچىغا ئوت يېقىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 9360 تونىنا چويۈن ئىشلەپچىقىرىلدى.

★ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان جۇڭگو ـ قازاقىستان نېفىت تۇرۇبىسى — ئاتاسۇ ـ ئالاتاۋ پورتى نېفىت تۇرۇبىسى لىنىيىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 970 كىلومېتىر بولۇپ، 700 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىندى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بورتالا ئوبلاستىدىكى ئالاتاۋ پورتىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 198 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريول — جىڭ ـ غۇلجا ـ قورغاس تۆمۈريولىدا ئىش باشلاندى. بۇ تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 286 كىلومېتىر بولۇپ، 6 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2004 ـ يىلى سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ تەستىقلاندى. خارتۇراڭ ئورمان باغچىسىغا دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى دەپ نام بېرىلدى.

لو ۋېنلى

# بورتالا شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چى جۇڭيۈەن.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: تۇرسۇنئاي ئەبەيدۇللا.

شەھەر باشلىقى: بادامارا (موڭغۇل، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، باتۇر (موڭغۇل، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سايرا قابداش (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ شەھەر تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 155 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 94 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.78. شەھەر بويىچە 28 مىڭ 171 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 456 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 589 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەرنىڭ سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 212 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 289 مىليون كۇب مېتىر. شەھەر بويىچە 65 مىڭ 201 گېكتار ئورمان، 5 مىليون 619 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋاناتلاردىن سۆسۈن بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، سۇغۇر، ئاق قۇ، ئاق شۇڭقار بار. چاكاندا، سوغىگۇل، ئالقات قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈك 100 خىلدىن ئاشىدۇ. قىزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى هاكتېشى، گرانىت تاش، پېرلىتلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى (دۆلەت دەرىجىلىك)، قويتاش مەنزىرە رايونى، خارتۇراگ مەنزىرە رايونى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چۆل، يېرىم چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 21 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 409 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.82؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 781 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 484 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 130 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 262 مىليون 220 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 106 مىڭ 9 توننا ئاشلىق، 27 مىڭ 505 توننا پاختا، 1205 توننا ياغلىق دان، 37 مىڭ 695 توننا قىزىلچا، 1473 توننا مېۋە - چېۋە، 78 توننا قارا گازىر، 9229 توننا بېدە، 29 توننا ئالقات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 518 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 423 توننا گۆش، 1149 توننا قوي يۇڭى، 16 مىڭ 802 توننا سۈت، 12 مىڭ 761 توننا تۇخۇم، 425 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3587 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 784 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 17 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 175 مىڭ 585 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 448 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.34 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 892 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.63 تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ 300 توننا بۇغداي ئۇنى، 124 مىڭ 900 توننا سېمونت، 16 مىڭ 963 توننا سۇ يېغى، 4764 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 294 مىليون 830 مىڭ دانە خىش، 5 مىليون 350 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 525 توننا هاراق، 452 توننا قەغەز ياسالما، 14 مىڭ 500 دانە ئۆي جاھازىسى، 40 مىليون 720 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 93 مىڭ 57 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 338 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 340 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 178 مىليون 280 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 22 مىليون 290 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 130 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 80 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 83 مىڭ 804كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 5000غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال

بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 54 مىليون 210 مىڭ يۇەنگە، ئىمپورت سودا سوممىسى 800 مىڭ دوللارغا يەتتى. 97 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 23 مىليون 970 مىڭ يۇەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 106 مىليون 840 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 14.73%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 247 مىليون 500 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، 25.4% ئاشتى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 279 مىليون 880 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 4141 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1068. شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4000 (مىللىي 1901)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 8429 (مىللىي 3460)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 38، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 552 (مىللىي 6419)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 1516. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2760 (مىللىي 1403). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 86%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 27 سەھىيە ئاپپاراتى، 371 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 215)، دوختۇرخانىلاردا 177 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى بورتالا شەھەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4266 يۇەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 329 يۇەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 535كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 724كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 17 مىڭ 380گە يەتتى.

★ 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بورتالا دەرياسى مىللىي ئۆرپ-ئادەت سەيلىگاھى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ساياھەت تۈرى قىلىندى.

★ 2004 ـ يىلى بورتالا شەھىرى يول قاتنىشى قۇرۇلۇشىدا بۇسۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى، 22 تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى، ئۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 69 مىليون 53 مىڭ يۈەن، بۇ يوللارنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 223 كىلومېتىر.

★ 2004 ـ يىلى بورتالا شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان دېھقان، چارۋىچى شەھەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 79%نى ئىگىلىدى.

بەي شىنخۇا

# جىڭ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو شياڭيى.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ساڭ . ئۆچۈر (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەسىرجان ئەيتقازى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۆنەش ئاقۇپ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخونۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 133 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 107 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.13‰. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1649 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 670 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. قېزىلما بايلىقلاردىن گرانت تاش، ماگنېت، ھاكتېشى، فوسفور، كۋارتس قۇمى، بور، يود، شور، كالىي خلورىد، ماگنىي سۇلفات قاتارلىقلار، داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئالقات، تۇز، مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز، پاختا بار. كىلىماتى تېپىك قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 10 مىليون 640 مىڭ يۇەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 490 مىليون 350 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.6%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 143 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.9؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 377 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 729 مىليون 573 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.71 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 542 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 841 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 162 مىليون 117 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 927 توننا ئاشلىق، 31 مىڭ 259 توننا پاختا، 148 توننا ياغلىق دان، 2654 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 405 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 7208 توننا گۆش، 883 توننا قوي يۇڭى، 15 مىڭ 340 توننا سۈت، 1780 توننا تۇخۇم، 325 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1431 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (ئىقتىسادىي ئورمان بۇنىڭ سىرتىدا). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 19 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ 677 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.29، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.78 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4500 توننا تۇز، 22 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، ، 1 مىليون 3000 توننا تۇرۇبا سۈيى، 26 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 24 مىڭ 591 ساندۇق تاختا ئېينەك، 26 مىڭ 600 قۇر كىيىم، 2700 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 89 مىڭ 442 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 167 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 107 مىليون 770 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 4 مىليون 70 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 155 مىليون يۈەنگە يەتتى. 428 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 49 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.03؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 185 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.66 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 816 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1826 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 597. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 1680؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2747 (مىللىي 619)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 6198 (مىللىي 1941)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 407 (مىللىي 4181)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1998. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2114 (مىللىي 960). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 13 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 409 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 198)، دوختۇرخانىلاردا 319 كارۋات بار.

2004 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7750.98 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5095.13 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4038 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9245 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6645كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4184كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 9123كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى جىڭ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى جىڭ ناھىيىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە 10 - بەش يىللىق قىشلىق پەن تېخنىكا پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشى پائالىيىتىدە ئۈلگە ناھىيە» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

يۈەن يۈن

# ئارىشاڭ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارىشاڭ ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ زىجۇڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قەھرىمان (قازاق).

ھاكىم: دا. گاڭبۇ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نىي شيەنچىڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئارىشاڭ ناھىيىسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەنىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 63 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 773)، يېزا نوپۇسى 47 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.37‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 130 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7760 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاساسلىقى بۆگدۆر ئارىشىڭ ئارامگاھى (دۆلەت دەرىجىلىك) بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 372 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 11.3% ئاشتى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 19.6% تۆۋەنلىدى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 339 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 15.44% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 220 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 150 مىليون 20 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 160 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 75 مىڭ 614 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ 514 توننا ياغلىق دان، 59 مىڭ 299 توننا قىزىلچا، 283 توننا مېۋە ـ چېۋە، 28 مىڭ 208 توننا كۆكتات، 1792 توننا تاۋۇز، 3892 توننا چىگە، 5956 توننا ياڭيۇ، 10 مىڭ 560 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 417 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 7061 توننا گۆش، 793.1 توننا قوي يۇڭى، 8556 توننا سۈت، 633.5 توننا تۇخۇم، 22 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 68 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.05%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 17 مىڭ 207 توننا بۇغداي ئۇنى، 7911 توننا سۇ يېغى، 15 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 347 مىڭ 300 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 116 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 226 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 55 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 37 مىليون 330 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3890غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8110غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 263كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 109 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 110 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 5 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 8.8%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 120 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.37% ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 223 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2134 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى

بارلار 518. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 836 (مىللىي 337)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3072 (مىللىي 1388)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 4457 (مىللىي 2277)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 560. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1059 (مىللىي 528). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 5600گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 243 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 186 كارۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، چېلىشىشتا بىر ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى.

2004 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2941 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3620 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8026 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3653كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1937گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5663كە يەتتى.

★ 3 - ئايدا بۇگدۇر بازىرى مۆكۈكى چارۋىچىلىق ئەترىتىدىن گۈما (موڭغۇل) مەملىكەتلىك يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسىدە ئايال ماھىر بولدى.

★ 4 - ئايدا ناھىيە بازىرىدا كىچىك زىرەك تېلېفونى كەسپى يولغا قويۇلدى.

★ 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيىسى تەيۇەنلىك سودىگەر سەي رۇڭخۇا ۋە شىنجاڭ خۇڭتەي چېكىمىك سودا شىركىتى بىلەن 6000 تونىنا يىمەكلىك ئىنچىكە پىششىقلاش تۈرى بويىچە كېلىشىمنامە تۈزدى.

★ 6 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە ئارشاڭ ناھىيىسى بويىچە 3 - نۆۋەتلىك نادام مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى جۈخمىن كادىرلار مىنىستىرلىكى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ فەن، ۋېي خەييۈن

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىخېڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، مو جۈەن (ئايال)، جۇ چاڭجېي (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ بو، شىن جەنخۇا.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئايال، موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شەن گوجۇ، جۇ كەي، شى شىنمىن، ليۇ كېيى، توختى نۇر، ما جېنۋۇ، ئاراش (موڭغۇل)، ما گولىن (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ خەندۇڭ، شۇ جېنچۈەن، باۋرې (موڭغۇل)، جاڭ شاۋۋېي، سەي فېڭلەن (ئايال)، ئەركىن تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوبۇلقاسىم زۇنۇن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: باشىڭ (موڭغۇل)، جاڭ جۇڭچېڭ، ۋاڭ چۈەن، بارات تاھىرھاجى داموللا، جاۋ دېشەن، ئو. زوڭغۇرۇپ (موڭغۇل)، ئابدۇرېھىم ئابدۇرازاق، يۈ يىڭ (ئايال، خۇيزۇ).


## ئاساسىي ئەھۋالى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت كورلا شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 148 مىڭ 500، يېزا نوپۇسى 687 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.5. ئوبلاست بويىچە 248 مىڭ 440 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 58 مىڭ 253.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 166 مىڭ 540 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تاشپاختا، چەرچەن قاشتېشى، ۋېرمىكۇلىت، ئاندالۇزىت، پەمىدۇر قىيامى، مۇچ قىيامى، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، نەشپۈت، قىزىل ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 22 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 628 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 89 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 688 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 42 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 336 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 208 مىڭ 100 توننا پاختا، 7400 توننا ياغلىق دان، 574 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 246 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 969 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 107 مىڭ 100 توننا گۆش، 4920.5 توننا قوي يۇڭى، 81 مىڭ توننا سۈت، 14 مىڭ 300 توننا تۇخۇم، 8551 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 9053.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 742 مىليون يۈەنگە، يارانقان پايدىسى 284 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قۇۋۋىتى 882 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 928 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 2 مىليارد 22 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 543 مىڭ 800 توننا نېفىت، 1 مىليون 180 مىڭ 600 توننا سېمونت، 1 مىليارد 397 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 21 مىڭ 800 توننا پاختا يىپ، 12 مىليون 940 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 53 مىڭ 400 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 68 مىڭ 400 توننا قەغەز بوتقىسى، 29 مىڭ 300 توننا شېكەر، 98 مىڭ 600 توننا كونسېرۋا، 17 مىڭ 500 توننا سۈت ياسالمىسى، 864 مىڭ 700 دانە بالون ئىشلەپچىقىرىلدى.



بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. سۈرەتتە: تەبرىكلەش مۇراسىمى.

چو • خۇرې فوتوسى

بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3 مىليارد 317 مىليون كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 688 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 15 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 12 مىليارد 270 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 56 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەرلەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 171 مىڭ 700 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 115 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 442 مىڭ 600 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 15 مىڭ 200 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 37 مىليون 921 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 31 مىليون 465 مىڭ 200 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 456 مىڭ 300 دوللار. 1 مىليون 905 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 530 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 54 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

%10.7 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 21 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 5798؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 7200؛ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ 527، ئوقۇغۇچىسى 221 مىڭ 237؛ بالىلار باغچىسى 57، باغچىدىكى بالا 17 مىڭ 11. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 15 مىڭ 478 (ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 154 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.03 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 86 مىڭغا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 170 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 5891 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 5018 كارۋات بار.

2004 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ياكى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا، ۋالىبول قاتارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 27 ئالتۇن مېدال، 32 كۈمۈش مېدال، 29 مىس مېدال ئالدى.

2004 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 8000 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3866 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئوبلاست بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 97 مىڭ 300 گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 90 مىڭ 800گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 115 مىڭ 400گە يەتتى.

★ بايىنغولىن ئوبلاستى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

★ تارىم قۇملۇق تاشيولى ئىھاتە ئورمىنى ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 442.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 72 - 78 مېتىرغىچە بولۇپ، ئورمان بەلۋېغىنىڭ كۆلىمى 3128 گېكتار كېلىدۇ.

★ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گاز بىلەن شىمالىي شەنشىدىكى چاڭچىڭنىڭ تەبىئىي گازى بىرلەشكەندىن كېيىن شەنشىنىڭ غەربىنى بويلاپ شاڭخەيگە كىردى، بۇ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تاۋار گاز بىلەن تەمىنلەش باشلاندى.

★ باغراش قومۇشچىلىق پاي شىركىتىنىڭ 50 مىڭ توننا ئاقارتىلغان قەغەز بوتقا تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىمگە ئاساسەن دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى لوپنۇر كۆلىدە كالىيلىق تۇز ئېچىش، كۆمۈرلۈكنى تەكشۈرۈش، ئېچىش، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى ھەمدە باي رۇدا كانلىرىدا رەڭلىك مېتال قېزىش ۋە قىممەتلىك مېتال كانلىرىنى تەكشۈرۈش، ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان بولدى. بۇ تۈرنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش كۆلىمى يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ توننا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈش، يىراق مەزگىللىك قۇرۇلۇش كۆلىمى يىلىغا 3 مىليون توننا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش بولۇپ، 8 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

لى شتاڭ

# كورلا شەھىرى

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت يۈسۈپ.

شەھەر باشلىقى: مۇتەللىپ يۈسۈپ.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ شمو.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي تەۋەلىكىدە ئەسلىدىكى كورلا ناھىيىسىگە قاراشلىق كورلا بازىرى، يېڭىشەھەر، ئىتتىپاقتىن ئىبارەت 3 ئىش باشقارمىسى ۋە تېكىچى، يېڭىشەھەر، چارباغدىن ئىبارەت 3 گۇڭشې ھەمدە ئىلگىرى يەنجى ناھىيىسىگە قاراشلىق تاشدەن ئىش باشقارمىسى بار ئىدى. 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كورلا ناھىيىسى

كورلا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى. كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 422 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 129 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 174 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.8‰. شەھەر بويىچە 35 مىڭ 268.47 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4457.53 گېكتار (كۆپ قېتىم تېرىلغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 214.47 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر تەۋەسىدە تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى ـ باغراش كۆلى بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن تېرىسكا بېلىقى، ياۋا تۆگە، بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئاق قۇ قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، سوغىگۈل، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، گرانىت تاش، مەرمەر تاش، سىلانتىس، گەج، دولومىت، چىرىمتال، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نېلۇپەر كۆلى، باش ئەگىم، ئاخۇن كۆل قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى كورلا شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 17 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 229 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليارد 221 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 948 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.5% ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 502 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.21% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 59 مىليون 970 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 750 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 367 مىليون 180 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 740 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ 535 توننا ئاشلىق، 41 مىڭ 270 توننا پاختا، 61 مىڭ 606 توننا مېۋە-چېۋە، 91 مىڭ 679 توننا كۆكتات، 9605 توننا قوغۇن-تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 355 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 749 توننا گۆش، 871 توننا قوي يۇڭى، 4.96 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 21 مىڭ 10 توننا سۈت، 407 مىڭ 637 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5928 توننا تۇخۇم، 743 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2646.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 814 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 58 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 174 مىڭ 606 كىلوۋاتقا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 41 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 47.4% ئاشتى. شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مىقدارى مۇنداق بولدى: 5 مىليون 380 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 356 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 131 مىڭ 623 توننا بېنزىن، 164 مىڭ 533 توننا دىزېلىن، 1 مىليارد 902 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 535 مىڭ 300 توننا سېمونت، 864 مىڭ 700 دانە بالون، 927 مىڭ توننا كۆمۈر، 51 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى، 34 مىڭ توننا قەغەز بوتقىسى، 19 مىليون كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 15 مىڭ 316 توننا سۇ يېغى، 28 مىڭ 303 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 1646 توننا بىرىكمە تالا، 16 مىڭ 27 توننا يىپ، 13 مىليون 80 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 945 مىڭ 200 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 514 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 3 مىليون 53 مىڭ 602 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 471 مىڭ 26 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 11 مىليارد 777 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 9 مىليارد 357 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 790 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 370 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 114 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 116 مىڭ 100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 14 مىڭ 300 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 552 مىليون يۈەنگە يەتتى، سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 15 مىليون 785 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت

سوممىسى 5 مىليون 46 مىڭ 800 دوللار. 1 مىليون 77 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 294 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 674 مىليون يۈەنگە يېتىپ %11.4 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق كىرىمى 350 مىليون يۈەنگە يەتتى، 122 مىليون يۈەن ھەر خىل تۆلەم تۆلەندى.

شەھەر بويىچە 6828 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2678. شەھەردىكى كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 2848، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 3105، ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 3300، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 500، ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 124، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 600، باشلانغۇچ مەكتەپ 77، ئوقۇغۇچىسى 53 مىڭ 500، بالىلار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 9000. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7208 (مىللىي 3009). شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5656 (مىللىي 1073)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 176 (مىللىي 6555)، باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 669 (مىللىي 9532)، بالىلار باغچىسى 18، باغچىدىكى بالا 7293. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 4952 (مىللىي 2280)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4439 (مىللىي 2142)، يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، شەھەر - بازارلاردا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، يېزىلاردا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 51 سەھىيە ئاپپاراتى، 3322 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 893)، دوختۇرخانىلاردا 2280 كارۋات بار.

2004 - يىلى كورلا شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6411 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4530.1 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 6411 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 16 مىڭ 807 يۈەنگە يەتتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 94 مىڭ 922 گە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 89 مىڭ 500 گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 14 مىڭ 262 گە يەتتى.

★ 9 - ئايدا دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان 2004 - يىللىق جۇڭگودىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) نى باھالاش نەتىجىسىدە كورلا شەھىرى 72 -، غەربىي قىسىمدا 1 - بولدى، ئۇدا 3 قېتىم جۇڭگودىكى كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 11 - ئايدا كورلا شەھىرى جۇڭگو بويىچە غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە شىنجاڭدىكى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ئەڭ ياخشى 10 شەھەرنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 10 - ئايدا مالىيە - ئىقتىسادقا دائىر دۇنياغا مەشھۇر نەشر ئەپكارى «فوربوس» نىڭ خەنزۇچىسىدا 2004- يىللىق جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ ياخشى سودا شەھەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى 100 كۈچلۈك سودا شەھىرىنىڭ رەت تەرتىپى ئېلان قىلىندى. كورلا شەھىرى 94 - بولۇپ، تۇنجى قېتىم «فوربوس» تىن ئورۇن ئېلىپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالغان بىردىنبىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قالدى.

★ 11 - ئايدا كورلا شەھىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى 2004 - يىللىق ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

★ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسىغا قاراشلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، دوختۇرخانىلار 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كورلا شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

★ دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كورلا شەھىرىگە مۇھىت ئاسراش بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك نەمۇنە شەھەر دەپ نام بەردى.

★ 2004 - يىلى كورلا شەھىرى مەملىكەت بويىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەر، مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر، مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەلا مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار شەھەر، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى كورلا شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا تەڭرىتاغ لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال لوڭقا تۈرىدە 1 - بولدى.

تيەن فاشياڭ

# بۈگۈر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ چىڭ

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: ھوشۇر ئەمەت

ھاكىم: مەمتىمىن قادىر

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشې

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۈگۈر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 107 مىڭ 362 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 80 مىڭ 901)، يېزا نوپۇسى 71 مىڭ 669، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.12‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.13‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 90 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، كرىستال تۇزلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 42 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 382 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 7.09%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 459 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 85.36%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 201 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.05% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 607 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 478 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 124 مىليون 820 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 44 مىڭ 813 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 358 توننا پاختا، 29 توننا ياغلىق دان، 62 مىڭ 571 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 355 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6626 توننا گۆش، 23.1 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 287 مىڭ 665 پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 180 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5951 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 152 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 2 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قۇۋۋىتى 86 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 88.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 396 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 89% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 217 مىڭ توننا كۆمۈر، 12 مىڭ 459 توننا تۇز، 5843 توننا پىششىقلانغان تۇز، 1580 توننا كۆمۈر قارىسى، 42 مىڭ 329 توننا دىزېلىن، 232 مىڭ 390 توننا پىششىقلانغان ماي، 144 مىڭ توننا ئاسفالت، 14 مىليون 280 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 14 مىليون 870 مىڭ دانە خىش، 13 مىڭ 200 توننا ساپ پاختا، 7509 توننا ئۇن، 130 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 52 مىڭ 64 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 478 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 332 مىليون 860 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 129 مىليون 900 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 136 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 67 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 11 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 172 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 29.8%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 200 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.5% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 99 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 97 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 630 مىليون 700 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4 مىليون 480 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 2693 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 709. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6620 (مىللىي 5135)، باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 9631 (مىللىي 7052)، بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 521. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1452 (مىللىي 1231)، يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%

كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 296 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 231)، دوختۇرخانىلاردا 315 كارۋات بار.

2004 - يىلى بۇگۇر ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3699 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 973 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4808 گە، ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3586 گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5722 گە يەتتى.

جاۋ شىنچىڭ

## لوپنۇر ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن مېيفا.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاۋاخان سۇلايمان.

ھاكىم: ئەركىن قاسىم.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چۇ جىنگو.

### ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 111 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 500، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.17‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.75‰. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1110 گېكتار (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 190 گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 190 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، توغراق، ۋېرمىكۇلىتلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن لوپنۇرلۇقلار كەنتى، بوردى كۆلى ئېكولوگىيە ئۆرپ - ئادەت ساياھەت رايونى، سۇمرۇغ قولتۇقى، ئاقسۇيى سۇ ئۈستى باغچىسى، ئېكولوگىيە باغچىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.36% ، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.54% ، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 281 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.26% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 687 مىليون 82 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 16.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 549 مىليون 135 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 573 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 75 مىليون 251 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 814 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5989 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ 107 توننا پاختا، 9506 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 345 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 6187 توننا گۆش، 141 توننا قوي يۇڭى، 1150 توننا سۈت، 219 توننا تۇخۇم، 119 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 211 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 918 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 68 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 61 مىڭ 737 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 411 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 23.4% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، 25.2% ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 23 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 67 مىڭ 529 توننا ۋېرمىكۇلىت، 101 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى پاراشوكى، 1160 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 4120 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 3130 توننا سۇ يېغى، 65 مىڭ 481 دانە پاختىلىق سېلىنچا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 979 مىڭ 200 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 861 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 389 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 222 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 148 مىليون 760 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 28 مىليون 750 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 26 مىڭ 42 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 209 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 8000 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 792 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 79 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 200 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 11 مىليون يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 56 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %42.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 142 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.1 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 841 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2489 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 577. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 989 (مىللىي 577)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3889 (مىللىي 1907)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 6195 (مىللىي 2366)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1636. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 962 (مىللىي 503). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 9000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپاراتى، 242 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 221 كارۋات بار.

2004 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4132 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 50 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3563كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 4056گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5172 گە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق «خېڭرۈي» تاكسى شىركىتى ھەمكارلىشىپ، 1 يۈەنلىك تاكسىدىن 50 نى كىرگۈزۈپ، بازارلارنىڭ قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاھالىنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

لى گورۇڭ

# چاقىلىق ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ياپىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەلىكەم جۇمە.

ھاكىم: ياسىن ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن شۈدۈڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 31 مىڭ 635 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 201)، يېزا نوپۇسى 10 مىڭ 44؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.87. ناھىيە بويىچە 3530 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1180 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3516 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن لوپنۇر كۆلىدىكى كالىيلىق تۇز بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن چىلان بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 314 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.4؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.78؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 120 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.16 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

# چىلان ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ تۇرۇپ، شەرقىي تارىمدا گۈزەل، مۇھىم بازار قۇرۇپ چىقايلى

جكپ چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ياپىڭ
چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: ياسىن ئابدۇرېھىم





چاقىلىق ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇ ئىچكىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا، شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بېرىشتىكى 2 - مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك يول، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولى ئۆتىدىغان مۇھىم يول. ناھىيىنىڭ مەمۇرىي كۆلىمى 202 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ناھىيە.

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇلغاندىن بۇيان، بىز پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغانلىقىدەك مۇھىم تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى 1 - مۇھىم ئىشى قىلىشتا چىڭ تۇردۇق، ئومۇمىيۈزلۈك، ماس، ئىزچىل، ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا

ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 263 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.02 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليون 503 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون 268 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 32 مىليون 769 مىڭ 600 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7038 توننا ئاشلىق، 2900 توننا پاختا، 1412 توننا مېۋە - چېۋە، 1203 توننا چىلان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 127 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 2026.91 توننا گۆش، 124 توننا قوي يۇڭى، 168 توننا سۈت، 110 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 885 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يارالتقان ساپ پايدىسى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 21 مىڭ 423 كىلوۋاتقا يەتتى.

قىلىش ۋە ئىناق چاقىلىق ناھىيىسى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزا، رايون، جەمئىيەت بىلەن ئىقتىساد، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئۈچ مەدەنىيلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇردۇق، سەممىي ئىتتىپاقلىشىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت چاقىلىق روھىنى تۇرغۇزۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، بوستانلىق ئېكولوگىيىسىنى كۈچەيتىش، سۇ - ئېلېكتر، قاتناشنى چىڭ تۇتۇش، كان ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويۇش، يۇغۇرۇلما تەرەققىيات ئارقىلىق، ناھىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش - خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي پىكىر يولىنى بېكىتتۇق. ئېكولوگىيە ئارقىلىق ناھىيە قۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق ناھىيىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كانچىلىق ئارقىلىق ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، پەن - مائارىپ ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۇرۇش، قانۇن ئارقىلىق ناھىيىنى ئىدارە قىلىش ۋە يۇغۇرۇلما تەرەققىيات يولىدا تەرۆرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىككى چوڭ ئىستراتېگىيە (چىلانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، شەرقىي تارىمدا مۇھىم بازار قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى) نى پۇختا يولغا قويۇپ، ئۈچنى ئېچىش (لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزىنى ئېچىش، شەرقىي تارىم نېفىت- گازلىقىنى ئېچىش، ئالتۇنتاغ كان ساياھەتچىلىكىنى ئېچىش) نى ئىلگىرى سۈرۈپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

**1. يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى**

يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئومۇمىي خىزمەت ئىچىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى دۇچ كېلىۋاتقان كەسكىن خىرىسنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، چىلان باغۋەنچىلىكىنى چىڭ تۇتۇش، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاشلىق، پاختىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتچىلىقنى قوشۇمچە قىلىشتەك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش قەدىمىنى زورايتىپ، دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

چىلان باغۋەنچىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش قەدىمىنى تېزلەتتۇق. 4 يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىلانلىق كۆلىمىنى 4700 گېكتار (7 مىليون 550 مىڭ تۈپ) غا يەتكۈزدۇق، 2000 گېكتاردىن ئارتۇق يەرنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇردۇق، چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى جەھەتتە 4 يىلدا ئەڭ ئاز نوپۇس بىلەن ئەڭ كۆپ چىلان ئۆستۈرۈش رېكورتىنى يارىتىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا، شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا، يىللار بويىچە قارىغاندا چىلان ئۆستۈرۈش مىقدارى جەھەتتە ئۆستۈرۈلگەن چىلان شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا، دېھقانلارغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە چىلان دەرىخى شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرۇشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇنىڭ بىلەن بوستانلىق ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش نىشان دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشتى. دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە نەسىللىك چارۋىلارنى بېقىش سالمىقىنى ئاشۇردۇق. دېھقانلارنى ئالاھىدە نەسىللىك چارۋىلارنى بېقىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدۇق، تاغلىق رايونلاردا ياۋا قوتاز، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا گۆش ئېشكى، بۇغىنى نۇقتىلىق كۆپەيتىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتۇق، ياۋا قوتازنى 1000 غا، گۆش ئېشكىنى 10 مىڭغا يەتكۈزۈپ، چاقىلىق ناھىيىسىنى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ياۋا قوتاز ۋە گۆش ئېشكىنىڭ ياخشى نەسلىنى كۆپەيتىش بازىسىغا ئايلاندۇردۇق. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ،

---

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.07 ھەسسە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 35 مىڭ 700 تونna كالىيلىق تۇز، 1500 تونna تاشپاختا، 85 تونna تاشپاختا ياسالمىسى، 680 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 8 مىليون 170 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 203.27 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 132 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 81 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش- ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 15 مىليون 230 مىڭ يۈەن. پوچتا

ئۆزگىچە تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردۇق. دۆلەتنىڭ ئاشلىقتا بىۋاستە ياردەم بېرىش سىياستىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، رايون ئىچىدىكى ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. سۈپەتلىك كېۋەز سورتى ۋە كېۋەزنى زىچ، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۇرۇش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، پاختا سۈپىتى ۋە بىرلىك ھوسۇلنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۇردۇق. شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن «سەنخەي قوغۇنى» قاتارلىق داڭلىق قوغۇن-تاۋۇز سورتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقاردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپ يول ئارقىلىق كۆپەيتتۇق.

**2. شەرقىي تارىمدا مۇھىم بازار قۇرۇشتا زور بۆسۈش ھاسىل بولدى**

بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇگۇنلۇك مۇھىم بازار بەرپا قىلىش، ئالاھىدە ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇش، ئىلمىي تەكشۈرۈش - قوغداش بازىسى قۇرۇش ۋە لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى، شەرقىي تارىم نېفىت - گازلىقى، ئالتۇنتاغ كان ساياھەتچىلىكى بايلىقىنى ئېچىشنىڭ ئارقا سەپ كاپالەت مەركىزى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، شەرقىي تارىمدا مۇھىم بازار قۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق.

گۈزەل شەرقىي تارىم بوستانلىقى بەرپا قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك باغچىلاشقان ناھىيە بازىرى قۇرۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، بوستانلىقنىڭ سىرتقى قىسمىدا تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاساس قىلىنغان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلدۇق، ئېتىز ئەتراپىدا توغراق، جىگدە ئاساس قىلىنغان ئىھاتە ئورمان تورى بەرپا قىلدۇق، ئېتىزدا چىلان ئاساس قىلىنغان ئىقتىسادىي ئورمان ۋە ئېكولوگىيە ئورمىنى بەرپا قىلدۇق، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەر خىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى ئۆستۇرۇپ، چاقىلىقنى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق.

ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتۇق. 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە ئاز كەم 100 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 2000 - يىلدىن ئىلگىرىكى 6.65 كۋادرات مېتىردىن 23.42 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇرىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشى، سودا پىيادىلەر كوچىسى، ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇلۇشى، كىروران ئېكولوگىيە باغچا مەيدانى قاتارلىق بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلار پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 48 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چاقىلىق تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇردۇق، 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدۇق. 51 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش، پار بىلەن تەمىنلەش، يول قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈنسېرى كۈچەيتتۇق.

قاتناش ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتۇق. دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ چاقىلىق تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنى ئۆزگەرتىشتەك ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان 2 - يولنى ياسىدۇق، دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنى ناھىيە بازىرىدىكى 3 يول بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت يولى قاتناش تورى ۋە شەرقىي تارىمدىكى مۇھىم بازار يولىنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق.

---

كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3233كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5760 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 3847 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 267 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 65 مىليون 685 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 24 مىڭ 872 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %0.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 86 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 269 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**3. ئەۋزەل بايلىقلارنى ئېچىشتا زور ئىلگىرىلەش بولدى**

بىز مول كان ساياھەتچىلىكى بايلىقىغا تايىنىپ، ئەۋزەل بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، لوپنۇر كۆلىدىكى كالىي تۇزى، شەرقىي تارىم نېفىت ـ گازلىقى، ئالتۇنتاغ كان ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈردۇق. چاقىلىق ناھىيىسىنى كانچىلىقتىكى كۈچلۈك ناھىيىگە ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتۇق.

لوپنۇر كۆلىدىكى كالىي تۇزىنى ئېچىش ئىشى ئۇتۇقلۇق بولدى. لوپنۇر كۆلى رايونىدا ئېنىقلانغان كالىي تۇزى زاپىسى 500 مىليون توننا بولۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىسادىي قىممىتى 800 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى شىركىتىگە بىرقېتىمدىلا 358 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كالىي تۇزى ئېچىش قەدىمىنى تېزلەتتى، يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ توننا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە 2005 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىش باشلاشتىن ئۈمىد بار، 3 يىلدىن كېيىن پۈتتۈرۈش مۆلچەرلەندى. بۇ تۈرنىڭ يىراق مەزگىللىك قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون تونىغا، سېلىنىدىغان مەبلەغ 8 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، ئۇ چاغدا لوپنۇر كۆلى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

شەرقىي تارىم نېفىت ـ گازلىقىنى تەشۇرۇش خىزمىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، 2004 ـ يىل 9 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىدا بايقالغان مول نېفىت گازلىقىدىن مەلۇم بولۇشىچە نېفىت ـ گاز بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى ۋە ئېچىش ئىستىقبالى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ بىرقەدەر ياخشى ئېچىش شارائىتى ھازىرلانغان، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك، ئەمەلىي تەكشۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى.

ئالتۇنتاغ كان ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىش دەسلەپكى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتۇنتاغدا قېزىلما بايلىق مول بولۇپ، ھازىر ئېنىقلانغانلىرىدىن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، تاشپاختا، قاشتېشى، گرانىت تاش قاتارلىق 50 نەچچە خىلى بار، ئېچىش ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى. 2004 ـ يىلى دۆلەت ئالتۇنتاغ رايونىدا زاپىسى مول بولغان ۋولفرام، قەلەي، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقىنى تاپتى، بۇلارنى ئېچىشنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىقى ئىنتايىن مول، ناھىيە تەۋەسىدە دۇنياغا داڭلىق كىروران قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، كىچىك دەريا قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مىرەن خارابىسى، سىرلىق لوپنۇر كۆلى ۋە ئۆزگىچە ياردائلىق يەر شەكلى قاتارلىق ئالاھىدە ساياھەت بايلىقى بار.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىككى زور ئىستراتېگىيە، ئۈچنى

---

ناھىيە بويىچە 630 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 159. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1521 (مىللىي 603)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 1782 (مىللىي 542)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 307. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 392 (مىللىي 274). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97.6 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.4 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3600 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپاراتى، 144 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 71)، دوختۇرخانىلاردا 77 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3720 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 912 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1660 قا، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 858 گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2962 گە يەتتى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ 10 ـ كۈنىگىچە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «كىروران چىلىنى» مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك چىلان باھالاش يىغىنىدا جۇڭگو ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇلازىمەت جەمئىيىتى، جۇڭگو باغۋەنچىلىك جەمئىيىتى قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە شۆبە جەمئىيىتى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ سۈپەتلىك چىلىنى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىمگە ئاساسەن، دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى شىركىتىگە بىر قېتىمدىلا 358 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان بولدى، بۇ ئومۇمىي پاينىڭ %63 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت تەرەققىيات مەبلىغى شىركىتى شىنجاڭ لوپنۇر

كەڭ ئېچىشنىڭ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك رايون ئالاھىدىلىكى بارلىققا كېلىپ، ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىيات شارائىتى ھازىرلاندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا بىز 6700 گېكتار سۇپەتلىك چىلان بازىسى، 3300 گېكتار سۇپەتلىك قوغۇن بازىسى، 33 مىڭ 300 گېكتار سۇپەتلىك ئوتلاق بەرپا قىلىمىز، يېزا ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى ئوبلاست بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ، 5000 يۈەندىن ئاشۇرىمىز، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 204 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز، لوپنۇر كۆلىدىكى كالىي تۇزىنىڭ يىللىق ئېچىلىش مىقدارىنى 3 مىليون تونىغا يەتكۈزۈش بىلەن بىللە شەرقىي تارىم نېفىت-گازلىقى، ئالتۇنتاغدىكى قېزىلما بايلىقنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 2 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز؛ دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش ۋە چاقىلىقتىن قۇمۇلغىچە ئۆلكە يولى ياساش ھەمدە چىڭخەي ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى شەرقىي تارىمدىكى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تۈگۈنلۈك بازارغا، ئالاھىدە ساياھەتچىلىك بازىسىغا، ئىلمىي تەكشۈرۈش-قوغداش بازىسىغا ۋە لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى، شەرقىي تارىم نېفىت ـ گازلىقى، ئالتۇنتاغ كان ساياھەتچىلىكىدىن ئىبارەت 3 چوڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ ئارقا سەپ كاپالەت مەركىزىگە ئايلاندۇرىمىز، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 760 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز. 1 ـ، 2 ـ، 3ـ كەسىپلەرنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ، بايلىقى مول، ئىقتىسادى ئاجىز، مالىيىسىدە كەمبەغەل بولۇشتەك ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنى باي، مەدەنىي، مۇقىم، ئىناق بولغان ناھىيىگە شۇنداقلا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق 1 ـ ناھىيەگە ئايلاندۇرىمىز.

كۆلى كالىي تۇزى شىركىتىنىڭ پىيىنى كونترول قىلىدىغان شىركەتكە ئايلاندى.

سۇن شاۋخۇڭ

## چەرچەن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تيەنيو.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئابدۇۋەلى.

ھاكىم: مۇختەر زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ شۆي.

### ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە، قۇرۇمتاغ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1200 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 60 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 46 مىڭ 170)، يېزا نوپۇسى 47 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.56‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 3.333 گېكار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3613.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7513.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 360 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىن 7.15%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 53.8%؛ 3ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 142 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.27% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 312 مىليون 348 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 206 مىليون 629 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 382 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 67 مىليون 306 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 225 مىڭ يۈەن، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 82 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ 259 تونىنا پاختا، 88 تونىنا ياغلىق دان، 3265 تونىنا مېۋە ـ چېۋە، 295 تونىنا چىلان ئىشلەپچىقىرىلدى، يىل ئاخىرىدا قولدا 351 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7160 تونىنا گۆش، 355 تونىنا قوي يۇڭى، 1620 تونىنا سۈت، 260 تونىنا تۇخۇم، 108 تونىنا سۇ

مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1196 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 44 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.2، ساناەت قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.1 ئاشتى. ئاساسلىق ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7644 توننا سېمونت، 7807 توننا كۆمۈر، 17 مىليون 320 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 70 توننا قاشتېشى، 50 كىلوگرام ئالتۇن، 63 توننا چېرىمتال، 600 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6224 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 135 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 100 مىليون 780 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6769 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5651 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 9400 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 412گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 112 مىليون 902 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 54 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 5 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 116 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %0.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 152 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، %16.2 ئازايدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 204 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2225 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 376. ناھىيىدىكى مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 8، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 8، كەنت دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسى 22، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى بىر، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، بۇلاردا 394 سىنىپ بار، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 793 (مىللىي 8691)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1068، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 920. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3870كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 340 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 276 كارۋات بار.

2004 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7332.7 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 5139.9 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3392 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 5139.9 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 18 مىڭ 285 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3793گە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3113 كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5713 كە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنىگىچە چەرچەن ناھىيىسى تۇنجى نۆۋەتلىك چەرچەن ۋە خوتەن قاشتېشى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى.

شيې سەيشۇ، زېڭ جاۋمىڭ

# يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مىڭخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خې شيۇفاڭ (ئايال، خۇيزۇ).

ھاكىم: ما شۇفېڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جياڭ يىڭ (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى — قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى

شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 124 مىڭ 689 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 68 مىڭ 504)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 977؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.31، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.5. ناھىيە بويىچە 21 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 682 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 680 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيىنىڭ سۇ بايلىقى مول، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 3 مىليارد 440 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 17 مىڭ 100 گېكتار ئورمان، 52 مىڭ 100 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئارقار، بۆرە، تۈلكە، ياۋا توشقان، ياۋا ئۆردەك، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، قانتېپەر، قۇچاققول، قارلەيلىسى، لوپنۇر كەندىرى، يەر مەدىكى، كەترا قاتارلىقلار، زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، مىس، كرىستال، چىرىمتال، ئاندالۇزىت، سىرەك يەر تۇپىسى قاتارلىقلار بار، نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ كەلگۈسى زاپىسىنىڭ 300 نەچچە مىليون توننىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «قىزىل يەلكەن» ماركىلىق شوخلا قىزىل پىگمېنتىدىن ئىشلەنگەن يۇمشاق كاپسۇل، «شياڭدۇ» ماركىلىق بىر يۈرۈش ئۈزۈم ھاراقلىرى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاشىق - مەشۇقلار كۆلى سەيلىگاھى، «سەھراغا سەپەر» ئارامگاھى، خورا تېغى سەيلىگاھى، شاخېۋەن مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق، چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 185 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 376 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 491 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 317 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 624 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 217 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 65 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 500 توننا پاختا، 2000 توننا ياغلىق دان، 136 مىڭ 400 توننا قىزىلچا، 6600 توننا مېۋە - چېۋە، 2800 توننا ئاق گازىر، 165 مىڭ 600 توننا شوخلا، 800 توننا زىرە، 2400 توننا قاراگازىر، 255 مىڭ 700 توننا كۆكتات، 3800 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 342 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 512 توننا گۆش، 778 توننا قوي يۇڭى، 36 مىڭ 200 توننا سۈت، 3008 توننا تۇخۇم، 555 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 572 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 268 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 13 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 82 مىڭ 305 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %27.3 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 160 مىڭ توننا نېفىت، 40 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 29 مىڭ 263 توننا ئاق شېكەر، 2100 توننا سۈت ياسالمىسى، 62 مىڭ لېتىر ئۈزۈم ھارىقى، 21 مىڭ 911 توننا شوخلا قىيامى، 70 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 508 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 412 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 31 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 37 مىليون يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 455 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 700گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 350كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1200 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 194 مىليون يۈەنگە يەتتى. 62 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليون 355 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 71 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003-

يىلدىكىدىن 31.8%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 167 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.8% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 760 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2869 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 858. ناھىيىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 5؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2251 (مىللىي 1111)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5725 (مىللىي 3569)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 168 (مىللىي 75)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 9601 (مىللىي 5765)؛ باللار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1697. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2086 (مىللىي 1278). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 8000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 343 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 195)، دوختۇرخانىلاردا 384 كارۋات بار.

2004 - يىلى يەنجى ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ئۈسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 2 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى يەنجى ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7150 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4851 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4344 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1975 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 996 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5600گە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 4500گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9200گە يەتتى.

## يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى

يەنجى ناھىيىسى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 278 ئائىلىدىكى 66 مىڭ 181 كىشى يېزىلاردىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، بۇ ناھىيىدىكى يېزا نوپۇسىنىڭ 98.89% ىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95% ىنى ئىگىلەيدۇ.

## يەنجى ئويمانلىقىدا بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسىنىڭ «قىزىل يەلكىنى» كۆتۈرۈلدى

2003 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭ جۇڭگۇەنسۈندىن كەلگەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى — بېيجىڭ «لۇخېي»

**قىسقا ماتېرىيال**

## جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى — يوڭنىڭ بازىرى

«خۇائېر» ناخشىلىرىنى ئېيتىش يوڭنىڭ بازىرىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. يوڭنىڭ بازىرىدىكى شىنىڭ خۇيزۇلىرى ئېيتىپ كېلىۋاتقان «خۇائېر» ناخشىلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. «خۇائېر» ناخشىلىرىدا تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق، ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى راۋان، قىزغىنلىق، يېقىملىق ۋە لىرىكىلىق بولۇپ، ئاز كەم 100 خىلغا يېتىدۇ، ناخشا تېكىستىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. 1970 - يىللا يوڭنىڭ بازىرىدا بىر دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى «خۇائېر» ئېيتىش ئەترىتى قۇرۇلغان ۋە ناھىيىدىكى يېزا، مەيدانلاردا ئويۇن قويۇپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن يوڭنىڭ بازىرىدا يەنە بىر «خۇائېر» ناخشىلىرىنى ئېيتىش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلار «خۇائېر» ناخشىلىرىنى ئېيتىش ئاساس قىلىنغان نۇرغۇن ناخشا ئۇسۇل، ئېيتىشىش، تىكلىتاك، ئېتوت، ئۇسسۇللۇق تىياتىر قاتارلىق نۇرغۇن نومۇرلارنى ئۆزلىرى تۈزۈپ ۋە تەييارلاپ، ھەر يىلى كەنت - گۇرۇپپىلارغا بېرىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. 1997 - يىلى يوڭنىڭ بازىرىغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مىللىي سەنئەت ماكانى دەپ نام بېرىلدى. 2003 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى يوڭنىڭ بازىرىغا جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى دەپ نام بەردى.

لى چېنخۇي

خىمىيە چەكلىك شىركىتى يەنجى ئويمانلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك شوخلا كۆپ چىقىشتەك ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يېتىپ، يەنجى ناھىيىسىدە مەبلەغ سېلىپ، «قىزىل يەلكەن» بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا «قىزىل يەلكەن» شىركىتى ئۆزى يارانقان پاتېنت تېخنىكىسى كاربون Ⅳ ئوكسىدلىق سۇپېر كىرتىكلىق ئاقما جىسىمدىن پايدىلىنىپ شوخلا قىزىل پىگمېنتىنى ئېكىستراكىتلاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت 2004 - يىلى دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلارنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «قىزىل يەلكەن» شىركىتى ئىشلەپچىقارغان شوخلا قىزىل پىگمېنتى يۇمشاق كاپسۇلى 2004 - يىلى بازارغا سېلىندى، بۇ شىركەت دۇنيا مىقياسىدا كاربون Ⅳ ئوكسىدلىق سۇپېركىرتىكلىق ئاقما جىسىمدىن پايدىلىنىپ شوخلا قىزىل پىگمېنتىنى ئېكىستراكىتلاشنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقارغان تۇنجى زاۋۇت بولۇپ قالدى، بۇ زاۋۇتنىڭ شوخلا قىزىل پىگمېنتىنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسى خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

★ جۇڭگو - فرانسىيە شېرىكچىلىكىدىكى «شياڭدۇ» هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «شياڭدۇ» شېكەرسىز ئۈزۈم هارىقى، «شياڭدۇ» ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىش هارىقى ۋە «شياڭدۇ» ئانتونى يۇرۇشلۇك ئۈزۈم هاراقلىرىنى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو باشقۇرۇش پەنلىرى تەتقىقات يۇرتىنىڭ داڭلىق ماركا ۋە بازار ئىستراتېگىيىسى مۇتەخەسسلەر ھەيئىتى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىسى قىلىپ بېكىتتى. «شياڭدۇ» شېكەرسىز ئۈزۈم هارىقى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاسىيا ئۈزۈم هاراقلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

★ 7 - ئايدا يەنجى ناھىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە پاشانغانلار خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

★ يەنجى ناھىيىسى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

★ 9 - ئايدا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى.

لى چېنخۇي

# خېجىڭ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ چاڭفېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: با. چاخان (ئايال، موڭغۇل).

ھاكىم: سارىن لاجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جيەنشې.

## ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى دۆلەت يولى «216» لىنىيىسى بويىچە 270 كىلومېتىر، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسى بويىچە 421 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 179 مىڭ 428 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 81 مىڭ 180)، يېزا نوپۇسى 121 مىڭ 278؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.76‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6733 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8567 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ئاق قۇ، بۇغا، يىلپىز قاتارلىق 30 نەچچە خىل دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان بار. چۇچۇكبۇيا، قار لەيلىسى، پەربون، سوغىگۈل قاتارلىق 300 نەچچە خىل قىممەتلىك جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى بار. خېجىڭ ناھىيىسى شىنجاڭدىكى قېزىلما بايلىقى مول ئاساسلىق ناھىيە بولۇپ، مۇئەييەن قېزىش قىممىتىگە ئىگە كان نۇقتىسىدىن 117 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ماگنېزىت، دولومىت، ھاك تېشى، كۋارتس قۇمىنىڭ زاپىسى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ئېچىش ئىستىقبالى كەڭ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 5 مىليارد 776 مىليون كۇب مېتىرغا، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 481 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، تەۋەسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى — تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى (دۆلەت

دەرىجىلىك)، كۆكئۇسۇ تاش ئۆرمىنى، چاۋگۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، سالقىنداش - دەم ئېلىش ئورنى — كۇنەس ئورمان باغچىسى ۋە ئارىشاڭ، خوتسالا شارقىراتمىسى، خىلۋەت جىلغا، ئۆزگىچە ياسالغان مانجۇ خان ئوردىسى ۋە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ لاما دىنى ئىبادەتخانىسى — بالغۇنتاي سېرىق ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 440 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 617 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.66؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 371 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49.15؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 450 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.66 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 685 مىليون 229 مىڭ 500 يۈەن (ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.85 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 805 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 379 مىليون 711 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىكنىڭ 14 مىليون 294 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 240 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى (ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا): 48 مىڭ 736 توننا ئاشلىق، 1289 توننا پاختا، 56 مىڭ 896 توننا قىزىلچا، 18 مىڭ 349 توننا مېۋە - چېۋە، 12 مىڭ 812 توننا سانائەت مۇچى، 458 توننا زىرە، 1825 توننا قارا گازىر، 78 مىڭ 160 توننا سانائەت شوخلىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 92 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 143 توننا گۆش، 1151 توننا قوي يۇڭى، 9020 توننا سۈت، 1311 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1200 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (مېۋىلىك دەرەخ بۇنىڭ سىرتىدا). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 253 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 33 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 105 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 433 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %34.63، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 367 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %88.02 ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 437 مىليون 940 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 358 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 21 مىڭ مىڭ 450 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 9360 قا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1010 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 164 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 88 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 6 مىليون 714 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 53 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.04؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 181 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.15 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 696 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 5602 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1389. ناھىيىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2824 (مىللىي 878)؛ مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان پۈتۈن كۈنلۈك تۇزۇمدىكى موڭغۇل ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 878، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 227؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 7042 (مىللىي 3990)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 843 (مىللىي 7635)؛ بالىلار باغچىسى 11، باغچىدىكى بالا 1950. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2968 (مىللىي 1937). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 13 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپاراتى، 423 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 249)، دوختۇرخانىلاردا 420 كارۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9385 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3480 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 410 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە

ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6944 كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6178 گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 812گە يەتتى.

ياڭ يۈفېڭ

★ شىنجاڭ «لەنمېڭ» ھاراق چەكلىك شىركىتى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ خېجىڭ ناھىيىسى بويىچە شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا ئېتىراپنامىسىغا ئېرىشكەن تۇنجى كارخانا.

★ 3 - ئايدا خېجىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا ئەنئەنىۋى تۈرلىرى مەكتىپى ۋە مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى دەپ نام بېرىلدى.

★ 3 - ئايدا شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى قاتارلىق 3 پايچىك ئورۇن 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بارۇنخارمودۇن بازىرىدىكى سانائەت باغچا رايونىدا خېجىڭ «رۇيخې» شوخلا ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىنى قۇردى. تۇنجى قارارلىق قۇرۇلۇشتا 50 توننىلىق شوخلا ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 2 سى قۇرۇلدى، زاۋۇتنىڭ كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 120 توننا بولۇپ، يىلىغا 5000 — 6000 توننا شوخلا ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

★ شىنجاڭ «جىنتې» خېجىڭ پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ 500 مىڭ توننىلىق پولات تاۋلاش تۈرىنىڭ 1- قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى 300 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتتۈرۈلۈپ 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ياڭ يۈفېڭ، ۋاڭ شيەنفېن

## خوشۇت ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى:

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا چۈنلىن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىيمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بادۇمان (موڭغۇل).

ھاكىم: جامساي (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما شىنتەن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، يەنجى ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 67 مىڭ 458 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 212)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 382؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.96‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 930 گېكتار (ناھىيىگە تەۋە) تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2430 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، مولۇن، يولۋاس، تاغ توخۇسى، قارا ئېيىق، بۇركۇت، ياۋا مۈشۈك، چاشقان، تۈلكە، سۆلەيسۇن، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قانتېپەر، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، ياۋا كەندىر قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئارامگاھى، جىنستې ساياھەت رايونى، قىزىل كېپىنەك جىلغىسى، فاڭشياڭ سەيلى - ساياھەت باغچىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 668 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 283 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.48%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 128 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.99%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 256 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.36% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 420 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 312 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 820 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 74 مىليون 700 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 860 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 18 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 214 توننا پاختا، 230 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ 859 توننا قىزىلچا، 99 مىڭ 803

تونىنا كۆكتات، 7458 تونىنا مېۋە - چېۋە، 3302 تونىنا خۇشبۇي ئوت، 16 مىڭ 461 تونىنا بېدە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 256 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 3723 تونىنا گۆش، 339 تونىنا قوي يۇڭى، 766 تونىنا سۈت، 581 تونىنا تۇخۇم ئېلىنىدى. 1849 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 24 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 63 مىڭ 373 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 36 مىڭ 809 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا، 3740 تونىنا فورمالدېگىد، 1200 تونىنا بىناكارلىق سۇۋالغۇسى، 33 تونىنا چاكاندا، 355 تونىنا چۆچۈكبۇيا ياسالمىسى، 322 مىڭ 331 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 24 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 167 تونىنا تۇز ئېلىنىدى. بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 52 مىڭ 242 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 343 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 224 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 115 مىليون 210 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 87 مىليون 360 مىڭ يۈەن. پوچتا- تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5357 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 10 مىڭ 520 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 25 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 560 قا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 97 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 155 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 34 مىليون 865 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 31 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.2%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 101 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.9% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 355 مىليون 869 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1061 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 516. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3642؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 5542؛ بالىلار باغچىسى 4. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 823. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 7010 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 136 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 125 كارۋات بار.

2004 - يىلى خوشۇت ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4044 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 334 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2453 كە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4840 قا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3356 گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى خوشۇت ناھىيىسى قۇملۇق ۋالىبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 2004 - يىلى يەنە باينغولىن ئوبلاستى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئالتۇن ساھىل ساياھەت بايرىمى ۋە مەملىكەتلىك سۇدا تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى قاتارلىق بايرام ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

★ 2004 - يىلى خوشۇت ناھىيىسىدە مىللىي - خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتى تاماملاندى.

شۇ خېيفاڭ

## باغراش ناھىيىسى

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئو يۈدۇڭ.

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باسېن (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەرىنچالا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن چاۋجۇن.

### ئاساسىي ئەھۋالى


باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا،

قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 447 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 25- تۈەن - مەيدانى، باينغولىن ئوبلاستلىق نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 51 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 38 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.91‰. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4630 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9130 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە سۇ ۋە قېزىلما بايلىق مول. جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى — باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1646 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 43.2% نى ئىگىلەيدۇ، كۆلدە كارپ بېلىقى، سازلىق ئەركەك بېلىقى، ئوتخور بېلىق، لاققا بېلىق، قىزىل ئوكۇن بېلىقى قاتارلىق 30 نەچچە خىل بېقىلغان ۋە تەبىئىي كۆپەيگەن بېلىق نەسلى بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ؛ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتار، يىللىق قومۇش زاپىسى 200 نەچچە مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 چوڭ قومۇشلۇقنىڭ بىرى. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، ئاشتۇزى، شور، تورف، ئالتۇن، مىس قاتارلىقلار، داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن باغراش مۈچ قىيامى، شوخلا قىيامى، سازلىق ئەركەك بېلىقى، ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن باغراش كۆلى، ئاققوتان دېلتىسى، ئالتۇن دېڭىز قولتۇقى، ئاخۇن كۆل، نىلۇپەر كۆلى، كەچكى شەپەق قولتۇقى، دەريا ئېغىزى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 507 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 23.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 122 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 176 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 329 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 31.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 234 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 62 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 23 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 29 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 1540 توننا ياغلىق دان، 2512 توننا مېۋە - چېۋە، 271 مىڭ توننا سانائەت شوخلىسى، 9000 توننا سانائەت مۇچى، 99 مىڭ توننا قومۇش ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 225 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 3301 توننا گۆش، 466 توننا قوي يۇڭى، 870 توننا سۈت، 778 توننا تۇخۇم، 6500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 540 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 154 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 14 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 76 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 231 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق



باغراش كۆلى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى، مەملىكەت بويىچە 4 چوڭ قومۇشلۇقنىڭ بىرى، بۇ كۆلگە دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى، دۆلەت دەرىجىلىك نەم يەرنى قوغداش رايونى دەپ نام بېرىلدى. سۈرەتتە: ئاققوتانلار باغراش كۆلىدىن ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېمەكتە.

جاڭ خۇڭچياڭ فوتوسى

بولدى: 39 مىڭ 616 توننا شوخلا قىيامى، 1600 توننا مۇچ قىيامى، 26 مىڭ 64 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا، 4000 توننا ئۇن، 251 كۇب مېتىر قۇيۇلما، 1034 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 720 توننا پولات ئۇزەكلىك ئاليۇمىن سىم ئىشلەپچىقىرىلدى.

ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 177 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 133 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 900 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1971 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6630 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4873 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 317گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 100 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 135 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليون 437 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 318 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 282 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 219 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 591 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 32). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3726 (مىللىي 531)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 4283 (مىللىي 514)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 484. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 934 (مىللىي 140). يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 4500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 49 سەھىيە ئاپپاراتى، 187 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 79)، دوختۇرخانىلاردا 189 كارۋات بار.

2004 - يىلى باغراش ناھىيىلىك ئوقيا ئېتىش كوماندىسى بايىنغولىن ئوبلاستىغا ۋاكالىتەن 10 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 3 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى ھەمدە 3 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقيا ئېتىش رېكورتىنى بۇزدى.

2004 - يىلى باغراش ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3560 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 4566 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 895 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 4120 گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 3315 كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 4426گە يەتتى.

فېڭ لى، خەي جۈن

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭئەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت، ياڭ دېخەي (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گاۋ لىيېچىن (8- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ چاڭجيې (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى چيەننەن (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن شىخۇا، ئەكبەر غوپۇر.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئاپپاق؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جىنشەن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى چيەننەن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇ ۋەندې (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەھەممەت ھۇسەن، جاۋ مىڭلىن، سۇڭ دالياڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لۇ فاجيەڭ، چېن چۈەنجىن، ئابلىز ئابدۇرېھىم، دىلەيسەم رېشىت (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ جيەڭ، فۇ جىنكۈي.

سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جى شيۇئەنەن، راخمان ۋاھاپ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن گوچۈەن، مەمتىمىن شاھىدىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە

جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2004 - يىلى ۋىلايەتتە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 227 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 648 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 629 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.91‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.23‰. ۋىلايەت بويىچە 337 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 166 مىڭ 530 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 276 مىڭ 990 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى مول، ۋىلايەت تەۋەسىدە جەمئىي 1293 مۇزلۇق بار بولۇپ، كۆلىمى 4098 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ زاپىسى 215 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى ۋە چوڭ، كىچىك 60 نەچچە بۇلاق، ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 12 مىليارد 940 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 10 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 5 مىليارد 120 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى زاپىسى 3 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى كۆللەرنىڭ كۆلىمى 6815 گېكتار. 16 نېفىت - گازلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، نېفىت بار كۆلەم 176.4 كۋادرات كىلومېتىر، نېفىت زاپىسى 520 مىليون توننا، ئويۇپ ئاجرىلىپ چىققان ماي زاپىسى 86 مىليون 157 مىڭ 400 توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 748 مىليارد 532 مىليون كۇب مېتىر. 10 مىليارد 960 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسى بارلىقى ئېنىقلاندى. 79 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مولراق بولغان مېتال قېزىلما بايلىقلاردىن ئاليۇمىن، تۆمۈر، مىس، مانگان، سىنىك، برازېئودىمى، ماگنىي قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 20 مىليارد 30 مىليون يۈەن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى، نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.64%، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 406 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.3%، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىليارد 807 مىليون يۈەن (1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 258 مىليون يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 5 مىليون يۈەن، 3- كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 543 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 13.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 780 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 670 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 334 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 264 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 51 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 152 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 281 مىڭ 700 توننا پاختا، 17 مىڭ 600 توننا ياغلىق دان، 185 مىڭ 300 توننا قىزىلچا، 339 مىڭ 300 توننا مېۋە - چېۋە، 324 مىڭ 300 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 5 مىليون 144 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 109 مىڭ 600 توننا گۆش، 6158 توننا قوي يۇڭى، 37 مىڭ 602 توننا سۈت، 13 مىڭ 127 توننا تۇخۇم ئېلىندى. بىر يىلدا 22 مىڭ 582 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (مېۋىلىك باغ كۆلىمى بۇنىڭ سىرتىدا). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 217 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 112 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 13 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.08% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 805 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 16 مىڭ 300 توننا تۇز، 55 مىڭ 800 توننا سۇ يېغى، 962 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 24 مىڭ 416 توننا ماشىنا شېكىرى، 18 مىڭ 4 توننا ئىچىملىك ھاراق، 12 مىڭ 611 توننا يىپ، 3321.53 توننا قەغەز ياسالما، 2783.1 توننا سۇلياۋ ياسالما، 1 مىليون 437 مىڭ 300 توننا سېمونت، 409 مىليون 712 مىڭ 400 دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 133 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 288 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 4 مىليارد 744 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 933 مىليون يۈەن، يېڭىلاش- ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 940 مىليون يۈەن، ئۆي- مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 515 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 58 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف

كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 442 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت- ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 914 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 907 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 7000 دوللار. 1 مىليون 59 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 70 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 95 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن 42.45% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 717 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.97% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 12 مىليارد 638 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەتتىكى ھەر خىل مەكتەپ 1059، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 2921؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 156، ئوقۇغۇچىسى 153 مىڭ 332 (مىللىي 129 مىڭ 5) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 874، ئوقۇغۇچىسى 247 مىڭ 447 (مىللىي 199 مىڭ 630) ؛ بالىلار باغچىسى 20، باغچىدىكى بالا 15 مىڭ 848. ۋىلايەت بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 449 مىڭ 500، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 26 مىڭ 339. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 23 مىڭ 464. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.5% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.38% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 72 مىڭ 300گە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 166 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 6729 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 6809 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 182 تەنھەرىكەتچى بىر قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 100 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن مېدال 38، كۈمۈش مېدال 30، مىس مېدال 32، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 3 - بولدى.

2004 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2779 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 13 مىڭ 56 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 72 مىڭ 274كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 74 مىڭ 464كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 21 مىڭ 288گە يەتتى.

★ 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئارال شەھىرى قۇرۇلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 28 كىشى جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئومان سۇلتانلىقىغا بېرىپ ماسقات خەلقئارا خەلق سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، 5 مەيدان ئويۇن قويدى.

★ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاقسۇ كۆسەن مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. ساياھەت بايرىمى مەزگىلىدە ۋىلايەت جېجياڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 18نى ئىمزالىدى، سوممىسى 2 مىليارد 94 مىليون يۈەن.

★ 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىشنىڭ 5 يىللىقىغا ئائىت مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا ئاقسۇ شەھىرى غەربىنى كەڭ ئېچىشتا مەبلەغ سېلىش شارائىتى ئەڭ ياخشى شەھەر مۇكاپاتىغا، كۇچا ناھىيىسى رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز شەھەر ۋە شىنجاڭ بويىچە داڭلىق مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ما شىنجۈن

# ئاقسۇ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۆ شيۈچېڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يالقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: مۇھەممەتجان ئابلا (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) .

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يەن مىڭيىڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 4.

يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 568 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 227 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 303 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.41‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.89‰. شەھەر بويىچە 40 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 28 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق سۇ مەنبەسىدىن تارىم دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، دولان دەرياسى بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى تەخمىنەن 11 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە غالىبىيەت سۇ ئامبىرى، شىمالىدا دولان سۇ ئامبىرى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 148 مىليون كۇب مېتىر. بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى كۆلىمى 2800 گېكتار. ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل ئەشمە كۆلى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى تارىم بۇغىسى، سۇلەيسۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار، جۇڭگو - ياپونىيە پەسىل قۇشلىرىنى قوغداش كېلىشىمىدىكى قۇشلاردىن چوڭ ئاق قۇ، كىچىك ئاق قۇ، ھاڭگىرت، ئۆردەك، چۈمگەك ئۆردەك، سېرىق ئۆردەك، پۆپۈچەك تورغاي قاتارلىقلار، ئاساسلىق جۇڭيى دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، چاكاندا، ھىڭ، كىرەش، قىزىل چوغلۇق، ئوسما يىلتىزى، كەتىرا، رەۋەن قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن فوسفور، ھاكتېشى، گەج، كۋارتس قۇمى، سىماب، بارىت، ئالييۇمىن-تىتان توپىسى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، پاختا قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسلىق تاۋار ئاشلىق، سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن «دىلشات» ئالمىسى (تاتلىق قىزىل ئالما)، چىلان، نەشپۈت، ئۈزۈم، ياڭاق، «دولان» ماركىلىق سېمونت قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 197 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 688 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 761 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.4%؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 747 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.17% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 278 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 965 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 210 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 200 مىليون 420 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 13 مىليون 810 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 92 مىڭ 404 توننا ئاشلىق، 47 مىڭ 328 توننا پاختا، 219 توننا توننا ياغلىق دان، 1050 توننا قىزىلچا، 169 مىڭ 192 توننا مېۋە - چېۋە، 8510 توننا پۇرچاق، 41 مىڭ 575 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 435 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 733 توننا گۆش، 559 توننا قوي يۇڭى، 6650 توننا سۈت، 4800 توننا تۇخۇم، 1333 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2408 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 356 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 29 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 125 مىڭ 853 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 588 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 26%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 345 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 27 مىڭ توننا ئۇن، 24 مىڭ 608 توننا سۇ يېغى، 48 مىڭ 72 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 38 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 14 مىليون 784 مىڭ توننا تۆرۋا سۈيى، 24 مىڭ 416 توننا ماشىنا شېكىرى، 6851.2 توننا يىپ، 2 مىليون 905 مىڭ 800 مېتىر رەخت، 2626 توننا قەغەز ياسالما، 99 توننا سۇلياۋ ياسالما، 994 توننا سېمونت، 78 مىليون 250 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 125 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 100 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 543 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 879 مىليون 540 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 164 مىليون 140 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 104 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون (كىچىك زىرەكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئابونىتى 124 مىڭ 538 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 398 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 319 مىليون 440 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.15؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 414 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.24 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 4799 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 952. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1354 (مىللىي 368)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 278 (مىللىي 15 مىڭ 430)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 78، ئوقۇغۇچىسى 37 مىڭ 755 (مىللىي 21 مىڭ 179)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 4259. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3039 (مىللىي 2099). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 931 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىنتى 42 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 129 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 543 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2004 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى 28 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشى بويىچە قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. شەھەر ۋىلايەت دەرىجىلىك خەلقئاراچە چېلىشىش (ئەركىن چېلىشىش) مۇسابىقىسىدە 11 - يىلىمۇ ئۇدا چېمپىيون بولدى. ئۆسمۈرلەر پۇتبول، ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرىدىمۇ ۋىلايەت بويىچە چېمپىيون بولدى. ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردە ۋىلايەت (شەھەر) بويىچە 1 - بولدى.

2004 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3420.11 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 790 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9387گە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 17 مىڭ 710غا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 185كە يەتتى.

## زىيانسىز شوخلا چەت ئەلگە چىقىرىلدى

2004 - يىلى ئاقسۇ شەھەرلىك زىيانسىز كۆكتاتچىلىق بازىسى ئىشلەپچىقارغان 500 توننا شوخلا نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەممىسى ئېكسپورت قىلىش ئۆلچىمىگە يەتتى ۋە تۇنجى قېتىم قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستانغا سېتىلدى.

★ ئاقسۇ شەھىرى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەملىكەت بويىچە ئۇدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ئاز كەم 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاقسۇ 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باشلاندى.

★ تارىم دەرياسىنى تۈزەش تۈرى بولغان ئاقسۇ شەھىرىدىكى چوغتال، باشتوگمەن، كۆلۋاشتىن ئىبارەت 3 چوڭ غول ئۆستەڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن 13 مىڭ 300 گېكتار ئېتىزلىقنى سۇغارغىلى، يىلىغا 9 مىليون كۇب مېتىر سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

★ ئاقسۇ شەھىرى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان ئۆلكە شەھەر قاتارىغا كىردى.

★ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئۇزۇنلۇقى 140 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان 6 يېزا - كەنت ئاسفالت يولى يېڭىدىن ياسالدى، ئۆزگەرتىلدى، كېڭەيتىلدى. يول بويىغا جايلاشقان 42 ئورۇن، مەمۇرىي كەنتتىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق ئاما نەپ ئالدى.

★ 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) نى رەتكە تۇرغۇزۇشتا 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

★ ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاقسۇ ئايكۆل بازارلىق پارتكومىنىڭ تەشكىلات كادىرى ئەمەر ئىمىنغا مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ، 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ، 30 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىلات خىزمىتى كادىرى دەپ نام بەردى ھەممە مەملىكەت بويىچە تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

★ ئاقسۇ شەھەرلىك قىزىل كۆۋرۈك كوچىسى دولان مەھەللىسى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتتە ئىلغار مەھەللە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ئاقسۇ شەھىرى 11 - ئايدا غەربنى كەڭ ئېچىشتا مەبلەغ سېلىش شارائىتى ئەڭ ياخشى شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى. بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش

كېلىشىمدىكى سومما 1 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە يەتتى، 481 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

لو شىنلىڭ

# ئونسۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئونسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ فېڭ.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا تاۋار.

ھاكىم: ئەنۋەر ئايمەت.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ فېڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 227 مىڭ 367 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 974)، يېزا نوپۇسى 180 مىڭ 137؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.69. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 30 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 220 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 29 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا 197 مۇزلۇق بار، سۇ زاپىسى 158 مىليارد 202 مىليون كۇب مېتىرغا؛ 43 چوڭ، كىچىك دەريا - ئېقىن بولۇپ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 105 مىڭ 890.26 گېكتار ئورمان، 392 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 64 خىلى بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، يىلپىز، چۇمگەك چۆل ئۆردىكى، قارا بويۇن تۇرنا قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا ئېيىق، سۈلەيسۈن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار، دورىلىق ئۆسۈملۈك 200 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلاردىن ئاساسلىقى قۇچاققۇل، قانتېپەر، كەتىرا، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، چاچراتقۇ، كىرەش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، گەج، تاشتۇز، فوسفور، تۆمۈر، ئۇران، سۇرمە، سېغىزتوپا، ھاك تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. «كونتو ماركىلىق» يۇرۇشلۇق گۈرۈچلىرى شىنجاڭدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر «AA» دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىكتۇر. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى (دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى) بىلەن تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 41 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 577 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 209 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.96؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 255 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.04 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 998 مىليون 521 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 760 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 63 مىليون 304 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 169 مىليون 442 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 775 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 150 مىڭ 53 توننا ئاشلىق، 40 مىڭ 460 توننا پاختا، 840 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 225 توننا قىزىلچا، 40 مىڭ 81 توننا مېۋە - چېۋە، 2241 توننا ياڭيۇ، 17 مىڭ 842 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 652 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 615 توننا گۆش، 734 توننا قوي يۇڭى، 6800 توننا سۈت، 810 توننا تۇخۇم، 600 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4332 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 15 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 184 مىڭ 879 كىلوۋاتقا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 282 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 255 مىليون 590 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 770 مىڭ 700 يۈەنگە، يىل

ئاخىرىدىكى كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 25 مىڭغا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 180 مىليون يۈەنگە، سودا ئېكسپورت سوممىسى 52 مىڭ 250 دوللارغا يەتتى. 85 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 58 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 51.74%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 228 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.29% ئاشتى. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 809 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1351 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 858. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 52 (ھەممىسى مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 193 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3031 (مىللىي 2310)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 4 (مىللىي 14 مىڭ 260)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 70، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 988 (مىللىي 17 مىڭ 855)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 520. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2370 (مىللىي 2034). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 476 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.2%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.1%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4200گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 38 سەھىيە ئاپپاراتى، 854 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 640)، دوختۇرخانىلاردا 370 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2971 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 214 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4493كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7522گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 724كە يەتتى.

## تۆمۈر چوققىسى ئۇلار كۆپەيتىش مەركىزىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق خىزمىتى تاماملاندى

2004 - يىل 2 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇلار كۆپەيتىش مەركىزى — ئونسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۆمۈر چوققىسى ئۇلار كۆپەيتىش مەركىزى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە دالىدىكى نەسىللىك ئۇلارنى تۇتۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، ئۇلارنى كۆندۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى.

مەزكۇر مەركەزنىڭ كۆلىمى 666.67 گېكتار بولۇپ، ئۇنىڭغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇلار مەلۇم دورىلىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، قۇۋۋەت تولۇقلاشتىكى ئېسىل مەھسۇلات.

## جۇڭگونىڭ ياڭاق ماكانى

جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلات ماكانلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى تەشكىلىي كومىتېتى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىگە جۇڭگونىڭ ياڭاق ماكانى دەپ نام بەردى. ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزۇن، ئورمانچىلىق سېپىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ 10 نەچچە يىل تاللاپ ئۆستۈرۈشى ئارقىلىق «شىنزاۋفېڭ»، «شىنجۇفېڭ» قاتارلىق 10 نەچچە ئەلا سورتنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇ سورتلار تەمى تاتلىق، پوستى نېپىز، مېغىزى ئاسان ئاجراشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ كۈنىمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش، مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئونسۇ ناھىيىسى ياڭاقنى تاۋارلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش پەن تەتقىقات سىستېمىسى بەرپا قىلدى، ناھىيە مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك ئۆزگىچە كۆچەت (ياڭاق) بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. «چىڭيۇ»، «باۋيۈەن» ماركىلىق ياڭاق تاۋار ماركىسى تىزىمغا ئالدۇرۇلدى ۋە مەلۇم ماركا ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. 2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ياڭاق ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 3800 گېكتارغا، مەھسۇلاتى 215 توننىغا يەتتى.

★ 2 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى غەربىي قىسىمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپنىڭ نامراتلانى يۆلەش ئۈلگە قۇرۇلۇشىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلكترلەشكەن مائارىپ خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

★ 3 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دەپ نام بېرىلدى.

★ 7 - ئايدا توخۇلا يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى «8 - مارت» يېشىل سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بازىسى مەملىكەت بويىچە «8 - مارت» يېشىل سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بازىسى بولۇپ باھالاندى.

لو چىڭپىڭ

# كۇچا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ئايۇپ.

ھاكىم: ئېزىز مۇسا.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ چۈەنشەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 883 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 410 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 370 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 280 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10. ناھىيە بويىچە 75 مىڭ 90 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 33 مىڭ 90 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 27 مىڭ 470 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كۆمۈر زاپىسى 1 مىليارد 560 مىليون توننا بولۇپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل، زاپىسى ئەڭ كۆپ، كۆمۈر ئېلىش شارائىتى ئەڭ ياخشى تەييار كۆمۈرلۈك — ئوقۇربۇلاق كۆمۈرلۈكى بولۇپ، كۆمۈر زاپىسىنىڭ 1 مىليارد 50 مىليون توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى؛ كۋارتىس قۇمى، تاشتۇز، گەج، ساپال توپىسى، هاك تېشى، مەرمەر، تۆمۈر، مانگان قاتارلىق 10 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق خېلى كۆپ زاپاسقا ۋە قېزىش قىممىتىگە ئىگە. ناھىيە تەۋەسىدىن تارىم دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى ۋە كۇچا دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تولۇقلىنىش مىقدارى 714 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېلېكتر بايلىقىنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 117 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى هايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ياۋا تۆگە، سېرىق بۇركۇت، ئاق لەيلەك، قوڭغۇر ئېيىق، ئوتلاق چىپار مۈشۈكى قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار. كۇچانىڭ قەلەمتۇراچ، دوپپا، كۆرپە، گىلەم، ئاق كىشمىش ئۆرۈك، دورىلىق ئۈژمە، مۇناقىي ئۈزۈم قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق. كۇچانىڭ «غەربىي يۇرت كۇي مەركىزى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «ئاق كىشمىش ئۆرۈك ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، سىم - سىم مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا تۇراسى، چاكرى ئىبادەتخانىسى، تۇزلۇق سۇ جىلغىسى، تۇزلۇق ئېقىن، تەڭرىتاغ سىرلىق جىلغىسى، چوڭ، كىچىك ئەجدىھا كۆلى، سۇ باش قەدىمكى شەھىرى، كۇچا خانىقاسى، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى كۇچا ناھىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 908 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى687 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 95 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.5؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.52 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 280 مىليون 688 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 978 مىليون 489 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 62 مىليون 119 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 238 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 680 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 214 مىڭ توننا ئاشلىق، 52 مىڭ توننا پاختا، 1012 توننا ياغلىق دان، 112 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە، 35 مىڭ 21 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 950 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 29 مىڭ 600 توننا گۆش، 1241 توننا قوي يۇڭى، 40.02 توننا تىۋىت، 3104 توننا تۇخۇم، 186 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 8020 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 329 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان پايدىسى 6 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 151 مىڭ 445 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %28.89، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 687 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 16 مىڭ

تونا بېنزىن، 210 مىڭ تونا دىزېلىن، 8000 تونا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 320 مىڭ تونا ئاسفالت، 15 مىڭ تونا پارتلاتقۇچ دورا، 1 مىليون 680 مىڭ تونا كۆمۈر، 337 مىڭ تونا سېمونت، 9000 تونا سۇ يېغى، 10 مىڭ تونا تەييار ماگنىي رۇدىسى، 44 مىليون 630 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 8 مىليون 350 مىڭ تونا تۇرۇبا سۇيى، 51 مىڭ تونا بۇغداي ئۇنى، 102 تونا ئىچىملىك هاراق، 188 مىليون دانە ماشىنا خىشى، 50 مىڭ 571 تونا كوكس ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 179 مىليون 185 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 191 مىڭ 205 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈش قىممىتى 130 مىليون 124 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 580 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 63 مىليون 670 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 205 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 41 مىليون 756 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 33 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6984كە، كىچىك زېرەك ئابونىتى 15 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2000غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 480 مىليون يۈەنگە يەتتى. 235 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 21 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 316 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.48؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 433 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7887 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1390. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 229، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 20، باشلانغۇچ مەكتەپ 204، بالىلار باغچىسى 3؛ مەكتەپلەردىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 96 مىڭ (مىللىي 79 مىڭ 801). ئوقۇتقۇچى - ئىشچى خىزمەتچى 5175، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4701. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 10 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 27 سەھىيە ئاپپاراتى، 1002 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1200 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەيچۈەنداۋ مۇسابىقىسىدە كۇچا ناھىيىسى كوماندىسى بىرنەچچە ئالتۇن مېدال ئېلىپ 2 - بولدى.

2004 - يىلى كۇچا ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3045 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 272 يۈەن ئاشتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 222گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 15 مىڭ 571گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 20 مىڭ 829غا يەتتى.

## كۇچا ئېلچىن مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلۇشقا باشلىندى

7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۇچا ئېلچىن مەھكىمىسىنى قايتا قۇرۇش ئىشى 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باشلاندى. قايتا قۇرۇلۇۋاتقان كۇچا ئېلچىن مەھكىمىسىنىڭ تولۇق نامى «كۇچا ئەسلىدىكى شىلوڭ مۇسۇلمانلار يۇرتى شاھزادە مەھكىمىسى» بولۇپ، ئۇ مەنچىڭنىڭ شىلوڭ 13 - ئەۋلاد شاھزادىسى مەھكىمىسىنىڭ خارابىلىكىگە قۇرۇلىدۇ. قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئېلچىن مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا مانجۇ مىمارچىلىقى ئاساس قىلىنىدۇ.

★ كۇچا ناھىيىلىك بىجاق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 10- ئاينىڭ بېشىدا مەملىكەت بويىچە يېزا مۇنەۋۋەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون كۇچا ناھىيىسىگە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ناھىيە دەپ نام بەردى، دۆلەتنىڭ پاكىز ناھىيە بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

★ 2004 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدىكى تەڭرىتاغ سىرلىق جىلغىسىنىڭ دەرىجىسى «3A» دەرىجىلىك مەنزىرە رايونغا كۆتۈرۈلدى؛ كۇسەن مەدەنىيەت - ساياھەتچىلىك رايونى شىنجاڭدىكى 10 چوڭ داڭلىق مەنزىرە رايوننىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى كۇچا ناھىيىسى شىنجاڭدىكى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ئەڭ ياخشى، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، غەربىي قىسىمدىكى ناھىيىلەرنىڭ رايون ئىقتىسادى بويىچە 100

كۇچلۇك ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە 27 - ئورۇندا تۇردى؛ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇھىم نېفىت خىمىيە، كۆمۈر ئېلېكتر بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى؛ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۇدا 2 يىل سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى كۇچا خىمىيە سانائىتى باغچە رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خىمىيە سانائىتى باغچە رايونى قىلىپ تەستىقلاندى ھەمدە جۇڭگو بويىچە مەبلەغ سېلىش قىممىتىگە ئىگە 10 چوڭ خىمىيە سانائىتى باغچە رايونىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

لى فاڭ

## شايار ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن چوڭمىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى بەكرى.

ھاكىم: مۇتەللىپ روزى.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان سامساق.

### ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۆلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 213 مىڭ 174 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 179 مىڭ 773)، يېزا نوپۇسى 169 مىڭ 313؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰16.5. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 480 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 460 گېكتار)، 44 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 4400 گېكتار) تېرىلدى. شايار ناھىيىسى ئەنئەنىۋى سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئاساسلىقى تەبىئىي بايلىقلاردىن دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل بولغان 213 مىڭ گېكتار توغراقلىق، 90 مىڭ گېكتار يۇلغۇنلۇق ۋە 100 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق چارۋىچىلىق فېرمىسى بار، چۇچۇكبۇيا، ھىمىڭ، توشقان زەدىكى، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. 2004 - يىلى ناھىيىنىڭ پاختا ھوسۇلى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، ناھىيە جۇڭگو تارىم پاختا ماكانى، جۇڭگو تارىم بۇغا ماكانى، جۇڭگو قاراكۆل قويى ماكانى، جۇڭگو يۇلغۇن ماكانى ۋە جۇڭگو لوپنۇر كەندىرى ماكانى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 158 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 570 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.55؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.43؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 443 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 817 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 27 مىليون 850 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 142 مىليون 660 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 166 مىڭ 255 توننا ئاشلىق، 306 توننا ياغلىق دان، 23 مىڭ 543 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 10 مىڭ 545 توننا كۆكتات، 30 مىڭ 400 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 671 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 9383 توننا گۆش، 727 توننا قوي يۇڭى، 166 مىڭ 500 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 3712 توننا سۈت، 1338 توننا تۇخۇم، 500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 22 مىڭ 170 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 129 مىڭ 17 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 204 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %27.3، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 692 توننا پاختا يىپ، 715 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 5789 توننا سۇ يېغى، 25 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 1 مىليون 593 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 423 توننا چۇچۇكبۇيا كىسلاتاسى، 42 مىڭ كىلوكالورىيە - جوئۇل ئىسسىقلىق، 50 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق

مەھسۇلات قىممىتى 81 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 296 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 168 مىليون 740 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 25 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭ 300گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3600 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 22 مىڭ 200گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 360 قا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 269 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 24 مىڭ 200 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 137 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %91؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 296 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34 ئاشتى. بازار، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 697 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 828 (مىللىي 13 مىڭ 529)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2056 (مىللىي 1484)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 130، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 153 (مىللىي 24 مىڭ 631)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 538. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2450 (مىللىي 1974). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %7.98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %5.97كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 6325كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 372 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 368 كارۋات بار.

2004 - يىلى شايار ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3003.04 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 979 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 825كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5010غا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 660قا يەتتى.

ۋاڭ شىندوڭ

# توقسۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ باۋشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەت رەخمەت.

ھاكىم: ئەنۋەر مۆمىن.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بارات ھەسەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 145 مىڭ 486 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 136 مىڭ 173)، يېزا نوپۇسى 119 مىڭ 486؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰67.17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰54.12. ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ 900 گېكتار



بەن چاۋ مەيدانى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى.

چېن جىڭ فوتوسى

يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 5910 گېكتار)، 28 مىڭ 950 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 635 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 290 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەر مەدىكى، قىياق قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز بار. توقسۇ ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. يەرلىك ئالاھىدە ماھسۇلاتلاردىن مۇناقى ئۈزۈم، قۇمەت ئۆرۈكى، سەمەت ئۆرۈكى، ئاق كىشمىش ئۆرۈك، قاراغازاڭ ئۆرۈك، ساي ئۈزۈمى، خەسە ياڭاق، «تارىم دەريا ئىلاھى» ماركىلىق داڭلىق پاختا سورتى، نەشپۈت، سۈرلەنگەن كەپتەر قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئۈچقات قەدىمكى شەھىرى، توڭگۈزباش قەدىمكى شەھىرى، غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق شەھەر — داۋانقۇم شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت جېجۆگۆەن خارابىسى، يانتاققۇدۇق تۇراسى خارابىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى قاتارلىقلار بار.

كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 679 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 445 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.83%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.53%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.37% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 799 مىليون 217 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 557 مىليون 386 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 75 مىليون 638 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 88 مىليون 103 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 760 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ توننا ئاشلىق، 394 توننا ياغلىق دان، 31 مىڭ 800 توننا پاختا، 23 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا

قىسقا ماتېرىيال

## بەن چاۋ مەيدانى ئابىدىسى

توقسۇ ناھىيىسى خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى مۇھىم قورغان ۋە كۇچا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۇزۇن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان بەن چاۋ توقسۇدىكى داۋانقۇمدا 12 يىل قورۇقچى بەگ بولۇپ چېگرا رايوننى قوغداپ، غەربىي يۇرتنىڭ تىنچ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قالتىس تۆھپە ياراتقان، ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ كېيىنكىلەرنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بۇ مەيدان ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى.

ئۇ مەيدان شەكلى جەھەتتە ئېكولوگىيىلىك ئۇنۇم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئاساس قىلىنغان، ئۇ قاتتىق دېتال ئارقىلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىش بىلەن يۇمشاق دېتال ئارقىلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن، جۇڭگو ۋە ياۋروپا ئۇسلۇبى مۇجەسسەملەنگەن، قەدىمكى بىلەن ھازىرقى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئادەم ئاساس قىلىنغان مەيدان بولۇپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئارام ئالىدىغان سورۇنغا ئايلانغان. مەيداننىڭ مەركىزىنى ئولتۇرۇشما شەكلىدىكى ئاق قاش تېشىدىن ياسالغان ئېگىز 6 تۈۋرۈك ئوراپ تۇرىدۇ، تۈۋرۈكتىكى كۆپتۈرمە رەسىم توقسۇنىڭ كۇچا دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ قىياپىتىنى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ توقسۇدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلغانلىقى، بەختىيار تۇرمۇش بەرپا قىلغانلىقى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە تۈرلۈك ئىشلاردا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بەن چاۋ مەيدانى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3 گېكتار بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى بىلەن مەدەنىيەت يولى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان. ئۇنىڭ كۆكەرتىلىشىنىڭ سىستېمىلىقلىقى، ئۆسۈملۈك ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان مەنزىرىنىڭ ماكاندىكى قاتمۇقاتلىقى، كۆپ خىللىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ تىپتىكى قۇرۇق پونتان، چىراغ تۈۋرىكى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈكلۈك كارىدور، يېڭى تىپتىكى يەلكەنسىمان كۈن نۇرى توسقۇچ قاتارلىقلار مودا ياسالغان بولۇپ، پۈتكۈل مەنزىرىنى بېيىتقان ۋە كۆركەملەشتۈرگەن.

سۇ ۋېي

333 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 5465 توننا گۆش، 437 توننا قوي يۇڭى، 1667 توننا سۈت، 998 توننا تۇخۇم، 110 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 9 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.88، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 536 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.88 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5013 توننا سۇ يېغى، 2500 توننا بۇغداي ئۇنى، 6450 لىتىر ئاق ھاراق، 2 مىليون 349 مىڭ 700 توننا تۇرۇبا سۇيى، 14 توننا جىيادىيو ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 980 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 139 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 63 مىليون 50 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7130غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3180گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 15 مىڭ 100گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 170 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 58 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 449 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 25 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %42.09؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 148 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.33 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 369 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3284 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 501. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 68، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 751 (مىللىي 26 مىڭ 374)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 300. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1915 (مىللىي 1742). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 595 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2100گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 401 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 365 كارۋات بار.

2004 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2532 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 46 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5261گە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2876گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8615كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تازىلىقتا قىزىلبايراقدار ناھىيە بازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سۇ ۋېي

# باي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياڭ خۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەمەت يۇسۇپ.

ھاكىم: دىلشات كېرىم.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 209 مىڭ 385 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 181 مىڭ 502)، يېزا نوپۇسى 153 مىڭ 286؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.58، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.49.

ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 80 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 480 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 990 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە مۇزات، قاپسىلاڭ، تەلۋىچۇك، قاراسۇ، قىزىل دەريالىرىدىن ئىبارەت 5 ئېچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى 2 مىليارد 792 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق سۇغىرىش مەنبىيى ھېسابلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، 8 چوڭ تۈردىكى 58 خىل قېزىلما بايلىقى زاپىسى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرىدىن كۆمۈر، تەبىئىي گاز، نافېلىن، ئاندالۇزىت، مانگان رۇدىسى، بارىت، مەرمەر، تاشتۇز قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى كۆپ. كەلگۈسى كۆمۈر زاپىسى 5 مىليارد 300 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ، ناھىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە «كۆمۈر مەركىزى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. قارا 2 - گازلىقنىڭ زاپىسى 284 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى ئېنىقلاندى، ئۇ دۆلەتنىڭ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق گاز مەنبىيى رايونى ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «تيەنيۇ» ماركىلىق كۆممىقوناق ئۇرۇقى، «داۋەن» ماركىلىق قولماق، «جيايۈەن» ماركىلىق نوقۇت، «ساپالى» ماركىلىق ئىنچىكە قوي يۇڭى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قىزىل مىڭئۆيى بىلەن تېرەك ئارىشىڭى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 112 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 371 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 19.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 441 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.82%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.11% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 656 مىليون 732 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.05% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 419 مىليون 605 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 39 مىليون 211 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 166 مىليون 226 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 21 مىليون 50 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 18 مىڭ 845 توننا ئاشلىق، 4175 توننا پاختا، 8697 توننا ياغلىق دان، 90 مىڭ توننا قىزىلچا، 21 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە، 25 مىڭ 500 توننا ياڭيۇ، 46 مىڭ 300 توننا كۆكتات، 26 مىڭ 996 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 838 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 100 توننا گۆش، 1550 توننا سۈت، 426 توننا تۇخۇم، 2350 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4746.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 113 مىڭ 253 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 39.89%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.75% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 781 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 600 مىڭ توننا كۆمۈر، 160 مىڭ توننا كوكس، 38 مىڭ 600 توننا سېمونت، 27 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 1669 توننا تۇز، 598 توننا يېقىلغۇ ماي، 849 توننا دىزېلىن، 175 توننا گۈرۈچ، 8071 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 655 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 950 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 4884 كۇب مېتىر سېمونت ستولبا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 87 مىڭ 502 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5449 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 405 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 336 مىليون 380 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 37 مىليون 180 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5800 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 266 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 126 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 46 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 58 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 243 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 677 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4889 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 943. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى

93؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2223 (مىللىي 1650)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 782 (مىللىي 15 مىڭ 713)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 140، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 66 (مىللىي 21 مىڭ 323)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 120. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2831 (مىللىي 2392). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3200 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 451 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 455 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى باي ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 48. 2398 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 6991كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 4750كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 مىڭ 868گە يەتتى.

## قارا 2 ـ گازلىقى

قارا 2 ـ گازلىقى باي ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 60 كىلومېتىر كېلىدۇ، گازلىق كۆلىمى 47 كۋادرات كىلومېتىر، گاز زاپىسىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 3500ـ4100 مېتىرغىچە بولۇپ، بايقالغان گاز قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 287 مېتىر، ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 284 مىليارد 86 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 229 مىليارد كۇب مېتىر. قارا 2 ـ گازلىقىنىڭ تەبىئىي گاز سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى، مېتان تەركىبى %97تىن يۇقىرى، ئۇ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ نېفىت بىرلەشمە جېگى ئېلىپ بارغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تەييار گازلىقى بولۇپ، دۆلەتنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم گاز مەنبىيىدۇر.

قارا 2 ـ گازلىقىدا يىلىغا 10 مىليارد 70 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش پىلانلاندى، 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىرلىق سىرتقا گاز يوللاش تۇرۇبىسى، 1.9 كىلومېتىرلىق تۈزلۈق سۇ تونېلى، 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قۇرۇلۇشقا تەخمىنەن 4 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قارا 2 ـ گازلىقى 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتىدۇ ھەمدە چاڭجياڭ دېلتىسىغا سودا گازى يەتكۈزۈلىدۇ.

## تۆمەن تۇياقلىق گۆش كالىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇش تۈرى

باي ناھىيىسى 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خېنەن ئۆلكىلىك ساپ نەسىللىك گۆش كالىسى باقمىچىلىق مەركىزى بىلەن تۆمەن تۇياقلىق گۆش كالىسى ئىلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش تۈرى بويىچە ھەمكارلىق توختامنامىسى ئىمزالىدى. بۇ تۈردە ئاقبۇلۇڭدىكى 7. 6666 گېكتارلىق بەرپا قىلىنغان ئوتلاق تاياغچ قىلىندى، خېنەن ئۆلكىلىك ساپ نەسىللىك گۆش كالىسى باقمىچىلىق مەركىزى 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئاقسۇ «دىڭيۈەن» كالىچىلىق چەكلىك شىركىتى تىزىمغا ئېلىنىپ قۇرۇلۇپ، تۆمەن تۇياقلىق گۆش كالىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ۋە ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش بازىسىنى بىرلىكتە قۇردى. 2009 ـ يىلغىچە بۇ بازىنى 10 مىڭ تۇياقلىق گۆش كالىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىش پىلانلاندى. باي ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك گۆش كالىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالغۇسى.

## ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىق كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى

باي ناھىيىسى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىق كەسپىنى چارۋىچىلىقتا ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى چوڭ تەدبىر قىلدى. 2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 800 تۇياق قوي باھالاپ بېكىتىلدى، 250 مىڭ 800 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلى ياخشىلاندى؛ 83 توكلۇق قىرقىش ئۇسكۇنىسى سېتىۋېلىندى، 97 مىڭ 800 تۇياق قوينىڭ يۇڭى ماشىنا بىلەن قىرقىلدى؛ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئۆزى يېتىشتۈرگەن سۈپەتلىك مۇڭگۈزسىز، يۇڭى ۋە گۆشىدىن تەڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان لومىنشىرېس ئىنچىكە يۇڭلۇق نەسىللىك قوچقىرىدىن 10ى كىرگۈزۈلدى؛ 1036 تونىنا قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ساپالى» ماركىلىق سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى 270 توننا، پۈتۈنلەي سوممىسى 2003 ـ يىلدىكىدىن 96 توننا ئاشتى، ھەر كىلوگرامىنىڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىش باھاسى 59 يۈەن بولدى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باي ناھىيىسى بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسلى ياخشىلانغان قوي 474 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئومۇمىي قوينىڭ %95ىنى، سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 79 مىڭ 600 تۇياق بولۇپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسلى ياخشىلانغان قوينىڭ %8. 16نى ئىگىلىدى.

★ 1 - ئايدا باي ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تۈزۈپ ئورۇندىغان «پەن - مائارىپنى گۈللەندۈرۈپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۈنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكى پائالىيىتىدە ئورۇنداش، ناخشا - مۇزىكا نومۇرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئورۇنداش تۈرىدە مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرى – باي ناھىيىلىك چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچە رايونى تەرەققىيات قۇرۇلۇش تۈرى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ (پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە) ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈر 2001 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. 3 يىلدىن بېرى ناھىيە دەرىجىلىك 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ «باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» 5 - ئايدا نەشردىن چىقتى.

★ باي ناھىيىسى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خېنەن ئۆلكىسى ۋۇگاڭ شەھىرى بىلەن دوست ناھىيە (شەھەر) بولدى.

★ باي ناھىيىلىك «يىشېڭشېن» گرانت تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ناھىيىلىك سانائەت باغچىسىدا 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ تۈرگە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى — چارچىنىڭ جەنۇبىي قىرغىدىكى سۇچىلىق تايانچ قۇرۇلۇش تۈرى 7 - ئايدا دۆلەت يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەق مەيداندا تەكشۈرۈلۈپ دەلىللىنىپ تۈر قىلىپ تەستىقلاندى. بۇ تۈرگە 17 مىليون 897 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى چارچى بازىرىنىڭ 3333.4 گېكتار تېرىلغۇ يېرىنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلايدۇ.

★ 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باي خەلقئارا كوكسلاشتۇرۇش بويىچە مىليون تونىلىق كوكس ئېكسپورت قىلىش بازىسى تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق 500 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تۇنجى كوكسى پىچتىن چىقتى. مەھسۇلات سۈپىتى خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ئاپپارات SDS نىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق مەھسۇلات سۈپىتىگە دائىر تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر دۆلەتنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك قويىمچىلىق كوكسى ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇ تۈرگە 680 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، 2006 - يىلى 1 مىليون 500 مىڭ تونىلىق سۈپەتلىك كوكس ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ چىقىش مۆلچەرلەندى. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 12 - ئايدا باي ناھىيىلىك «تيەنيۇ» ئۈرۈقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيە شىركىتىنىڭ «تيەنيۇ» ماركىلىق يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىغا جۇڭگو داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ماركىسىنى باشقۇرۇش، كېڭەيتىش مەركىزى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتى تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ داڭلىق، ئېسىل ماركىسى» دەپ نام بېرىلدى؛ داۋانچى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقارغان «داۋەن ماركىلىق» قولماق جۇڭگو يېشىل يېمەكلىكلەر تەرەققىيات مەركىزى تەرىپىدىن يېشىل يېمەكلىكتىكى «A» دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىندى، يېشىل بەلگە ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىلدى.

★ 2004 - يىلى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان قارا — 2 - نومۇرلۇق گازلىقنىڭ قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە تاماملىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ كۈندىلىك گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشتى.

خې شىن، يەن فېيفېي

# ئۈچتۇرپان ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ مىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئىسلام.

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ چىڭخەي.

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 191 مىڭ 100 (ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 176 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 156 مىڭ؛ نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.81‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.66‰. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىڭ 400 گېكتار (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 4667 گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۇيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 3 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، ئارقار، ئاق قۇ، ئۇلار، سۇغۇر قاتارلىق 25 خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۇچۇكبۇيا، قار لەيلىسى، قان تېپەر، مامۇرانجىن، سېرىق يۆگەي قاتارلىق 13 خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، فوسفور، ھاك تېشى، گەج، مەرمەر، قوغۇشۇن - سىنك شۇنداقلا مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىرىدىن بارىت، تىتان، ھاك تېشى، ساپال توپىسى، ئالتۇن، سىماب قاتارلىقلار، يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن ياڭاق، نوقۇت، جىغان قاتارلىقلار بار. ئۇچتۇرپاندىكى توققۇزبۇلاق باغچىسى شىنجاڭغا داڭلىق. ناھىيە تەۋەسىگە نۇرغۇن قەدىمىي ئىزلار تارقالغان، سوۋۇتقا بۇلاق، شىمالىي تۆپىلىك قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن يېڭى ئايماق كونا شەھەر قەدىمىي شەھىرى ۋە سالام مىڭئۆيى يەنە تاڭ سۇلالىسىغا ئائىت قەلئە، سەككىز دۆڭ، پەشلى تۇراسى، لىن جىلۇنىڭ ئىشخانىسى قاتارلىق قەدىمىي ئىزلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغۇقلۇق تېپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 279 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.84%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.58%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.11% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 485 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 289 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 540 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 114 مىليون 710 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 620 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 149 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 2700 توننا پاختا، 149 مىڭ 100 توننا بېدە، قارا ئاشلىق، 70 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 5976 توننا ياغلىق دان، 23 مىڭ 700 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 568 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 9739 توننا گۆش، 400 توننا قوي يۇڭى، 2785 توننا سۈت، 380 توننا تۇخۇم، 60 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4333.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 7 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 69 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.3%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 39 مىڭ توننا ئۇن، 22 مىليون دانە خىش، 1700 توننا سۇ يېغى، 50 توننا مېۋە ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 677 مىڭ 300 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 129 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 121 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 109 مىليون 760 مىڭ يۈەن. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4900گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5100گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3000گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 135كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 71 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 23.06%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.96% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 387 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 286 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3139 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى

بارلار 615. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 75 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ) 2، ئوقۇغۇچىسى 1083 (مىللىي 975)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 764 (مىللىي 13 مىڭ 386)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 101، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 438 (مىللىي 21 مىڭ 990)؛ بالىلار باغچىسى 8 (يۇقىرالار باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى 6)، باغچىدىكى بالا 815 (مىللىي 635). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1955 (مىللىي 1790). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94.6 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 400 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 307)، دوختۇرخانىلاردا 366 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1626 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 467 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4115كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2254كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6202گە يەتتى.

★ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ «پارتىيە بايرىقىغا شەرەپ كەلتۈرۈش» دېگەن كوللېكتىپ ئۇسسۇلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سەنئەت بايرىمى ئۇسسۇل مۇسابىقىسىنىڭ مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

★ ئۇچتۇرپان ناھىيىسى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ شاڭخەي پىلان كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى گۇرۇپپىسى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاقيار يېزىسىنىڭ 3 كەنتىدىكى توك يوق دېھقان، چارۋىچىلارغا 40 يۈرۈش قۇياش ئېنېرگىيىلىك گېنېراتورى قوراشتۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن يىراق تاغلىق رايوندىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ توك ئىشلىتەلمەسلىكىدەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

★ جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىقات پائالىيىتى تەشكىللىي ھەيئىتى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە «جۇڭگونىڭ نوقۇت ماكانى» ۋە «جۇڭگونىڭ جىغان ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامنى بەردى.

★ 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى سۇ بويى ئاھالىلەر رايونىدا تۇرۇشلۇق ئامانگۈل جامال دۆلەت كوماندىسىغا كىردى، ئۇ 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۇچتۇرپاندىن چىققان تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىدۇر.

★ بېيجىڭ نىشانلىق ساياھەت قىلىش ساياھەتچىلىك شىركىتى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سوۋۇنتا بۇلاق بىلەن قازانبۇلاقنى ئېچىش لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بېيجىڭغا سەپەر ساياھەت شىركىتى 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سوۋۇنتا بۇلاق، قازانبۇلاقنى مەركەز قىلغان ئېكولوگىيىلىك سەيلە - ساياھەت، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، تىك قىياغا يامىشىش، بېلىق تۇتۇش، ھەشەمەتلىك داچا، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتى بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ساياھەت ئارامگاھى قۇردى، ئۇچتۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نادىر ساياھەتچىلىك مەھسۇلاتىنى بەرپا قىلدى. 1- قاراردا مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان كۆڭۈل ئېچىش ئارامگاھى 2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېچىلىدۇ.

★ 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇنىڭدا 34.14 كىلومېتىرلىق سۇ سىڭمەس غول ئۆستەڭ، 24.92 كىلومېتىرلىق چوڭقۇر سۇ سىڭمەس غول ئۆستىڭى، 13.15 كىلومېتىرلىق «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» سۇ سىڭمەس غول ئۆستىڭىدىن ئىبارەت ئۇزۇنلۇقى 72.21 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى ۋە 12 ئېرىق - ئۆستەڭ پۈتتى.

★ 2004 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى «ئوبوروت چارۋىسى» ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، جەمئىي 7826 تۇياق ئوبوروت قويى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تىزىملىكىدىكى 582 ئائىلىدىكى 2637 نامرات ئاھالىنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلدى. بىر يىلدا سىرتقا 46 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، 31 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

★ 2004 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 10نى كىرگۈزدى، توختامدىكى سومما 165 مىليون يۈەن، 38 مىليون يۈەن نەقلەشتى.

خۇ يەنبو، جۇ شىنخۇا

# ئاۋات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىۇ بىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرەك ئىسمائىل.

ھاكىم: ئەنۋەر سىيىت.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەت شەمشى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 215 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 500)؛ يېزا نوپۇسى 147 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.64‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.25‰. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 846.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 506.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە بويىچە 80 مىڭ گېكتار تېرىقچىلىققا باب كېلىدىغان بوز يەر، 162 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 27 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي توغراقلىق بار. چۈچۈكبۇيا، قىزىلقىز، شۇمبۇيا، توشقان زەدىكى، سوغىنگۈل قاتارلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك، زور مىقداردا قومۇش، لوپنۇر كەندىرى، جىغان قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈك چىقىدۇ. جەرەن، تۈلكە، ياۋا توشقان، مولۇن، ياۋا توڭگۇز، ئېپار چاشقان، ئاق قۇ، چوڭ دوغداق، ياۋا ئۆردەك، ئاق لەيلەك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلار بار. يەرلىك ياپلاق ئېغىز بېلىق ۋە تارىم يېرىق قورساق بېلىقى تەملىك ۋە يۇمشاق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن دولان مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، ئۇجمە ساياھەت ئارامگاھى، ئەشمە كۆلى سۇ ئۈستى باغچىسى، تارىم دەريا مەنبىيى ساياھەت ئارامگاھى بار. كىلىماتى تېپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 99 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 583 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.34%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.08%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 307 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.57% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مۇلازىمەت قىممىتى 1 مىليارد 4 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 781 مىليون 223 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 190 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 123 مىليون 657 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 858 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 82 مىڭ 166 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ 972 توننا پاختا، 14 مىڭ 993 توننا كۆكتات، 46 مىڭ 261 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 251 توننا زىرە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 501 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 8798 توننا گۆش، 561 توننا قوي يۇڭى، 4190 توننا سۈت، 1176 توننا تۇخۇم، 110 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 1887 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 151 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 258 مىليون 504 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5% ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 902 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6882 توننا سۇ يېغى، 1 مىليون 90 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 1182 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1 مىليون 250 مىڭ توننا تۇرۇبا سۇيى، 42 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 1452 توننا پاختا يىپ، 7 مىليون 900 مىڭ دانە قۇم خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 72 مىڭ 213 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 51 مىڭ 234 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 316 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 208 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 24 مىليون 590 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 18 مىڭ 552 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم

تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 11 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 818 گە، تورغا چىقىشقا تىزىملاتقانلار 515 كە، كەڭ تور بەلۋاغ ئابونېنتى 675 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 193 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 80 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 57 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %63.6؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 220 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.9 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 785 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 25 مىليون 65 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 8 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3818 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 816. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 150 (مىللىي 100)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1490 (مىللىي 1093)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 172 (مىللىي 13 مىڭ 436)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 92، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 477 (مىللىي 23 مىڭ 153)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 1068. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2899 (مىللىي 2255). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.3 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 4000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 568 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 520)، دوختۇرخانىلاردا 449 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7503 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4244 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1828 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 484 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3518گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 10 مىڭ 803كە يەتتى.

زېڭ شى

# كەلپىن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: نيۇ خەنشىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سەمەت داۋۇت.

ھاكىم: ئەخمەت مۇھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ جىخې.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 42 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 32 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰24.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰19.1. ناھىيە بويىچە 6670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3350 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 713 گېكتار)، 4610 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 98 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى گۈڭگۈرت، خرۇستال، شور، ئاليۇمىن، تۆمۈر، كۆمۈر، فوسفور، گەج، كۋارتس، ئىسلاندىيە شپاتى، قىزىل توپا قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقانلىرىدىن گۈڭگۈرت رۇدىسى، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى بار. چاكاندا، قان تېپەر، سانجىق ئوت قاتارلىق 170 خىلدىن ئارتۇق جوڭيى دورا - ئۆسۈملۈكى بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئارقار، ئۈلار، تاغ كەكلىكى قاتارلىقلار بار. ئۆرۈك، چامغۇر ۋە تۆگە يۇڭى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۈچ چوڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتىدۇر. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 131 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.32%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 45.79%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.21% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 18.97% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 210 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 152 توننا ئاشلىق، 5292 توننا پاختا، 187 توننا ياغلىق دان، 1950 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 185 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2600 توننا گۆش، 157 توننا قوي يۇڭى، 184 توننا سۈت، 72 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 788 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 1 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، دېقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 833 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 633 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 89.9%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 8 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 97.4% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 410 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 20 توننا پىششىقلانغان مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى، 1300 توننا سۇ يېغى، 200 توننا چامغۇر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 54 مىڭ 473 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 364 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 60 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 38 مىليون 370 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 470 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2908 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 710 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 2800 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 78 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 28 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 24%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 91 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.2% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 59 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1497 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 309. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 638 (ھەممىسى مىللىي)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3251 (مىللىي 3241)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 5905 (مىللىي 5816)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 45. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 754 (مىللىي 740). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 850 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 6 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 124 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 105)، دوختۇرخانىلاردا 100 كارۋات بار.

2004 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5751 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2750 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1806.41 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1069 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 15 مىڭ 558 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1938گە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 620گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 3746گە يەتتى.

## كېۋەزنى تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى

2004 - يىل 3 - ئايدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ چىلان يېزىسى 120 گېكتار كۆلەمدە كېۋەزنى تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر دەۋرنى باشلىدى.

بۇ تۈر چىلان سۇغىرىش رايونىنىڭ 2 - تارماق ئۆستىڭى، 4 - ئوق ئېرىقىنىڭ كونتروللۇقىدىكى سۇغىرىش رايونىدا بولۇپ، ئاساسلىقى كېۋەز تېرىلىدۇ، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، كېۋەزنىڭ ۋاقتىدا، يېتەرلىك سۇغىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە سۇ بايلىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تېجىگىلى بولىدۇ. بۇ تۈرگە 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىلىغا 917 مىڭ 400 كۇب مېتىر سۇ تېجىگىلى بولىدۇ. بۇ تۈردە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىغا

قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلىدۇ.

## چىلان سۇغىرىش رايونىدىكى غول زەيكەش پۈتتى

زەيكەش قۇرۇلۇشى 2004 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باشلىنىپ، 7 - ئاينىڭ بېشىدا پۈتتى، زەيكەشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12.65 كىلومېتىر، لىنىيە بويىدا بىر سۇ ناسوس پونكىتى، بىر يېزا كۆۋرۈكى، بىر سۇڭگۈچ بار. بۇ زەيكەشنىڭ لاي - لاتقىسىنى تازىلاش، زەيكەش چېپىش، سۇ ناسوسى ئۆيى سېلىش، 2.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەككە قەۋەتلىك سۇلياۋ يېپىتىلغان كۆتۈرمە، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ۋە ماشىنا ئۇسكۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 3 مىليون 83 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى مەبلەغ ئورنىغا ئىش قىلىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن ئىبارەت.

چىلان سۇغىرىش رايونى غول زەيكەشنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى سۇغىرىش رايونىدىكى زەي چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، سۇغىرىش رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنى كونترول قىلىش، تۇپراقنىڭ شورلىششىنى تۆۋەنلىتىش، سۇغىرىش رايونىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

★ يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ماموت ئەمەت 9 - ئايدا ماتارىپ مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 10 - ئايدا يۇرچى يېزىسىغا 2000 — 2003 - يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بەردى.

★ 2004 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى كەلپىن - مازار ئېقىن پونكىتىدىن ۋارىسجان تۇرسۇن كەشپ قىلغان «ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان لامپۇچكا» دۆلەتنىڭ ئەسقاتىدىغان يېڭى تېپتىكى مەھسۇلات پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى 7800 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىپ، 7 مىليون 506 مىڭ 900 يۈەن كىرىم قىلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يارانقان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 228.17 يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پاختا بىرلىك ھوسۇلى (0.067 گېكتار) تۈنجى قېتىم مىڭ كىلوگراملىق ئۆتكەلدىن ئۆتتى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ناھىيە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 60% نى ئىگىلىدى.

تۇرسۇن قۇربان

قىسقا ماتېرىيال

## دولان مەدەنىيىتى

دولان مەدەنىيىتى ئاساسلىقى خەلق ئارىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كىلاسسىك ئەسەرلەردە خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز. خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەتنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجات قىلغان بولۇپ، ئۇ ئاۋامنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى ۋە ئىككىلەمچى گۈزەللىكنىڭ ئىپادىلىنىشى شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇرمۇشنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. «دولان مۇقامى» دولان رايونىدىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان سەنئەت، تېكىستلىرىمۇ تۇراقسىز خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت. ئورمانلىق ۋە چۆللۈكتە ياشاپ كەلگەن دولانلىقلار يالغۇزلۇق - يىگانىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئۇلارنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان ۋە ئۆز ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان ئەڭ ياخشى شەكىلگە ئايلانغان. دولان مۇقامى خەلق ئارىسىدا كۆپىنچە باياۋان دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى چۆل - جەزىرە، كەڭ دالا دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ دولانلىقلار ئۆزلىرى ياشىغان ماكاندا بارلىققا كەلتۈرگەن نامدىن ئىبارەت. دولان مەشرىپى دولان رايونىدا تارقالغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. ئاۋاتتىكى دولانلىقلارنىڭ چالغۇلىرى بىلەن مەكىت، مارالبېشىدىكى دولانلىقلارنىڭ چالغۇلىرى ئوخشىمايدۇ، ئاۋاتتىكى دولانلىقلارنىڭ چالغۇلىرى تېخىمۇ قەدىمىي ۋە ئاددىي ساددا. دولان مۇزىكىسى ئاساسەن دولان مۇقامىدىن ئىبارەت، دولان مۇقامىنىڭ تېكىستىدە ئوغۇل - قىزلارنىڭ مۇھەببىتى، دەرت-ئەلەمى ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى پەندى - نەسىھەتلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. دولان مەدەنىيىتىدە كۆپلىگەن موڭغۇل مەدەنىيىتى ۋە شامان دىنى، زوروئاسترو دىنىنىڭ ئىزنالىرى بار. دولان مەدەنىيىتىدە قەدىمكى دەۋردىكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى خېلى كۆپ ساقلىنىپ قالغان. ئۇسسۇل، ئويۇنلاردا ھايۋانات ئوبرازى ساقلىنىپ قالغان. دولان ئويۇنلىرىدىن غەربىي يۇرت چاقچاقلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دولان ئۇسسۇلى تەركىبىدە قەدىمكى دەۋردىكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇلىنىڭ ئىزنالىرى بار. دولان مەدەنىيىتىدە قويۇق ھاراق مەدەنىيىتى بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى غەربىي يۇرت ھاراق مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى نامايەن قىلىدۇ.

زىڭ شى

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنخۇەي (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يەن فىنشىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مەھەممەتھەسەن توختالى (قىرغىز)، مەھەممەت نۇر، ليۇ باۋجيەن، ۋاڭ گوشىن، ياڭ جيەنگو.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىنخۇەي (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يەن فىنشىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: پېڭ ئەيمىن، جاڭ رۇڭيەن، تاشمەھەممەت جۇنۇس (قىرغىز)، خېلىل ئېزىز، ئاتاۋۇللا ئىسمائىل.

ئوبلاست باشلىقى: مەھەممەتھەسەن توختالى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شياۋ چىڭخۇا، ليۇ جاڭجۇن، ئىمام نامەت، دۇڭ شياڭجۇن، پەرھات تۇردى (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئامىنە ئابدۇراخمان؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ شىنمىڭ، جۇماق قادىر (قىرغىز)، خاۋ رېنيۇ، نىيازقارى (قىرغىز)، موللىيا ھەسەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي-جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاتۇش شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 468 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 431 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 352 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.67. ئوبلاست بويىچە 28 مىڭ 913 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 29 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى تېرىلدى. داڭلىق مېۋىلەردىن ئەنجۈر، ئانار، مۇناقى ئۈزۈم ۋە بارىن گۈلىسى بار. ئاساسلىق ئورمان بايلىقىدىن شەمشاد، ئارچا، ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار. دەريا ساھىلىدا قايتا ئۆسكەن ئورمان بايلىقىدىن يۇلغۇن، جىغان قاتارلىقلار بار. 3 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچتاش ئوتلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، يىلپىز، ئارقار، ئۈلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئەڭلىك ئوت، ھىڭ، چاكاندا، يەر مەدىكى، قومۇش يىلتىزى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىق ئىنتايىن مول بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنك، قەلەي، كوبالت، ۋولفرام، ئاليۇمىن، مولىبدېن، ۋانادىي، تىتان، لىتىي، نىئوبىي، تانتال، پىرىت، كۆمۈر، نېفىت، گەج، سېغىز توپا، مەرمەر، چىرمىتال، ساپال توپىسى، تاشپاختا، سۈرمە قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇشۇن، سىنك زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئۈچ پەرىزات غارى، ئويتاغ ساياھەت مەنزىرە رايونى بار، كىلىماتى مۆتىدىل بولۇشىغا قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 433 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 432 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.7، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.8، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 712 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى.


دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 961 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 510 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 560 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 337 مىليون 700 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 165 مىڭ 418 تونna ئاشلىق، 8244 توننا پاختا، 979 توننا ياغلىق دان، 48 مىڭ 293 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 586 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 984 توننا گۆش، 1906 توننا يۇڭ ئېلىندى. 50 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 23 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 143 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.7

ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 43 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 137 مىليون 950 مىڭ دانە خىش، 9983 توننا ساپ قوغۇشۇن - سىنىك قۇمى، 1464 توننا سۇ يېغى، 1 مىليون 290 مىڭ كۋادرات مېتىر يېنىك خۇرۇم، 232 مىڭ 300 توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى، 16 مىڭ توننا كۆمۈر، 12 مىڭ 134 توننا تۇز، 57 مىڭ 257 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 179 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 156 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 744 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 436 مىليون 180 مىڭ يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 72 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى (كىچىك زېرەك ئابونېنتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 55 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 38 مىڭ 232گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1600گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 337 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 40 مىليون 130 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئىمپورت سوممىسى 28 مىليون 650 مىڭ يۈەن. 121 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 24 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 79 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2 .26، يەرلىك مالىيە چىقىمى 888 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %94. 8 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 201 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 18 مىڭ 190 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3075. ئوبلاستتىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 386 (مىللىي 313)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 913 (ھەممىسى مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (ئوبلاستلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن)، ئوقۇغۇچىسى 450 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 64، ئوقۇغۇچىسى 37 مىڭ 640 (مىللىي 24 مىڭ 940)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 217، ئوقۇغۇچىسى 56 مىڭ 761 (مىللىي 49 مىڭ 444)؛ بالىلار باغچىسى 9 (خۇسۇسىي بالىلار باغچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 2695. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 5478. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %6. 88كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %6. 85كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 7245كە يەتتى.



قىزىلسۇ ئوبلاستى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. سۈرەتتە: تەبرىكلەش يىغىنى

خې جىخۇڭ فوتوسى

ئوبلاست بويىچە 62 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2109 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1441 كارۋات بار.

دۆلەت ئىچىدىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 9 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

2004 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5200گە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1406 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 16 مىڭ 175 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 17 مىڭ 630غا، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7677گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان

ئىشچى - خىزمەتچى 41 مىڭ 350كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 53 تۈردە سودىگەر چاقىردى ۋە مەبلەغ جەلپ قىلدى، 318 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

سۇ جىڭبو

# ئاتۇش شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاتۇش شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا لىشىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى.

شەھەر باشلىقى: پەيزۇللا مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختى ئېزىز.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 211 مىڭ 265 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 192 مىڭ 227)، يېزا نوپۇسى 148 مىڭ 56؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.56‰. شەھەر بويىچە 1185 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1519 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 206 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۈلار قاتارلىق 10 خىلى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قانتېپەر، قۇچاققول، مەرزەنجۇش، ھىڭ، ئەڭلىكئوت، چۇچۇكبۇيا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، تىتان، ۋانادىي، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك، كۆل تۇزى، فوسفور، ھاك تېشى، مەرمەر، چىرىمتال، گەج، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئۈچ پەرىزات غارى، مۇرا بۇددا مۇنارى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خارابىلىكى بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم، قاراكۆسەي قوغۇن قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 714 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9.52%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 147 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 38.73%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 367 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.92% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 362 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.63% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 233 مىليون 555 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 91 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون 372 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 410 مىڭ 100 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 57 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 2049 توننا پاختا، 233 توننا ياغلىق دان، 35 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 440 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7888 توننا گۆش، 690 توننا يۇڭ، 7862 توننا سۈت، 315 توننا تۇخۇم، 155 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 12 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 59 مىڭ 848 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.39%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 98 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 81.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 111 مىڭ 869 توننا تۇز، 19 مىڭ 675 توننا بۇغداي ئۇنى، 1400 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1 مىليون 287 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر يېنىك خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 111 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 93 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 420 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 222 مىليون 220 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 940

مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2085كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 33 مىڭ 901گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1363كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 207 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 40 مىليون 130 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 480 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 28 مىليون 650 مىڭ دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 40 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 30.7% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 252 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.04% ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 912 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 6656 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 845. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 171؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 83، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 269 (مىللىي 21 مىڭ 197)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 435. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3081 (مىللىي 3014). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 614 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 537)، دوختۇرخانىلاردا 347 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1622 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 925 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 7356گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1100گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 11 مىڭ 421گە يەتتى.

★ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرى شىمالىي تاغ باغرىدىكى ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

چۇ چياڭ، دېڭ لى

# ئاقتۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ فېڭدې.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىكىم ئابدۇراخمان (قىرغىز).

ھاكىم: مۇختار ھېيت.

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1545 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، دېھقانچىلىق مەيدانى ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 170 مىڭ 765 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 166 مىڭ 661)، يېزا نوپۇسى 150 مىڭ 860؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.13‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 690 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 150 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5930 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قوغۇشۇن، مىس، ئالتۇن، كۆمۈر، خرۇستال بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتتىن بارىن ئۆرۈكى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاراكۆل كۆلى (دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى) بىلەن ئويتاغ ئورمان مەنزىرە رايونى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 382 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 5.2%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.5%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 161 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 355 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 16.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 410 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 10 مىليون 200 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 52 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 102 مىڭ 650 توننا ئاشلىق، 6195 توننا پاختا، 124 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 295 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 578 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8352 توننا گۆش، 484 توننا يۇڭ، 4697 توننا

سۇت، 190 توننا تۇخۇم، 5 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 63 مىڭ 753 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىڭ توننا سېمونت، 48 مىليون دانە خىش، 2200 توننا قوغۇشۇن - سىنىك، 300 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، 6195 توننا پاختا چىقىرىلدى، 22 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 969 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 485 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 420 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 193 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 189 مىليون 80 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5092گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2117 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 183كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 56 مىڭ 160 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 171 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 320 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2167 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 340. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1386 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 484 (مىللىي 15 مىڭ 185)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 90، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 287 (مىللىي 22 مىڭ 663)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 90. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2225 (مىللىي 2104). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %81كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 314 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 276)، دوختۇرخانىلاردا 318 كارۋات بار.

2004 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساپ كىرىمى 1235 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 15 مىڭ 491 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4476گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 819غا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 8360قا يەتتى.

★ 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش پائالىيىتى ئۆمىكى ئاقتۇ ناھىيىسىگە 269 تېلېۋىزور ئىئانە قىلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسى ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىدا ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

★ 2004 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى 15 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېڭى تار 3 - دەرىجىلىك يولنى ۋە 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بارىن يېزىسىنىڭ كەنتلىرىگە تۇتىشىدىغان يول قۇرۇلۇشىنى، 21 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جامالتېرەك يېزىسى 3 - دەرىجىلىك ئاسفالت يولىنىڭ يول ئۇلى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. 6 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاقتۇ بازىرى، ئۆجمە، پىلال، قاراكېچەك يېزىلىرى، تورتاي دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق يېزا - بازارلارنىڭ كەنتلىرىگە تۇتىشىدىغان 68.5 كىلومېتىر ئاسفالت يول قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

★ 2004 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى يېزىدىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكىلىشكە پائال تەشكىللەپ، سىرتقا 19 مىڭ ئادەم (قېتىم) چىقىرىپ، 14 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

گۈلھەسەل قادىر

# ئاقچى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: باۋ گۋاڭتۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەختىيار مەھەممەتقازى (قىرغىز).

ھاكىم: ئەسەت مەھەممەتىسىدىق (قىرغىز).


سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇكەن ئىگەمبەردى (قىرغىز).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 36 مىڭ 2 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 33 مىڭ 275)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 595؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.56، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.45. ناھىيە بويىچە 3296.47 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 822.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان)، 433.07 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان) تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئەڭ كۆپ سىرغىم مىقدارى 3 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليون 825 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 868.37 گېكتار ئورمان، 844 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، چۆمگەك چۆل ئۆردىكى، سېرىق بۇركۈت، تازقارا، شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى، قوڭۇر ئېيىق، جەرەن، كۆكمەت، ئارقار، تارىم توشقىنى، ئۇلار، ئاقبوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئارپىبەدىيان، ئەڭلىككۈت، چاكاندا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن سېرپېنتىن، گەج، مەرمەر، چىنە توپىسى، ئىسلاندىيە شپاتى، تۆمۈر - مانگان، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قارلىق چوققا مۇزلۇقى، جىلۇسۇ ئارىشىڭى، توشقان دەرياسى جىلغىسى، بەشلىكبۇلاق تۇرى، سۇلۇق كۆل، ساندىق شاقىراتمىسى، يايلاقتىكى بالبال قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 130 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.4، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 53 مىليون 690 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2983 توننا ئاشلىق، 508 توننا ياغلىق دان، 190 توننا تاتلىق ياڭيۇ، 235 توننا كۆكتات، 8760 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 245 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 4015 توننا گۆش،



2004 - يىلى ئاقچى ناھىيە بازىرىنىڭ شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. سۈرەتتە: يېڭىدىن سېلىنغان ئاقچى ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسى.

سۈرەتنى ئاقچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە - ئارخىپ ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

2604 تونна سۈت، 413 تونна يۇڭ، 16.94 تونна ئۆچكە تىۋىتى، 92 تونна تۇخۇم، 133 مىڭ 344 پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى. شۇ يىلى 1240.46 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1009.27 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا، 912.7 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇلدى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 41 مىليون 683 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7769 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 550 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 3600 تونна ئۇن، 229 تونна سۇ يېغى، 2423 تونна بارىت، بىر كىلوگرام ئالتۇن، 250 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 11 مىڭ كۇب مېتىر قۇم - شېغىل، 8 مىليون دانە خىش، 10 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 126 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 82 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 30 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 712 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2992گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 492گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1400گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 115كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 29 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %60، يەرلىك مالىيە چىقىمى 85 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 47 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 49 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 440 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 1811 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 262. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 3092 (مىللىي 2904)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 3919 (مىللىي 3545)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 279. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 733 (مىللىي 652)؛ شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %71كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76.86كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1800گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 183 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 162 كارىۋات بار.

2004 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1151 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 760 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1882گە، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 443كە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3770كە يەتتى.

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2004 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى تۇنجى قېتىملىق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، شۇ يىلى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە 976 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بېرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلە 566، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 410)، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 37 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 10 مىليون 884 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ بىلەن 4700 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى خەتەرلىك ئۆيدىن خاتىرجەم ئۆيگە كۆچتى.

## قارچىغا ماكانى

ئاقچى ناھىيىسى سۇمتاش يېزىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق قارچىغا ماكانى. قىرغىزلارنىڭ قارچىغىنى كۆندۈرۈپ ئوۋ ئوۋلىشى ئۇلارنىڭ بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق شەكلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ چوڭقۇر مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە. بۇ يېزىدا 100 نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى بولۇپ، ھەممە ئائىلە قارچىغا بېقىپ كۆندۈرۈپ ئوۋ ئوۋلايدۇ.

ھەر يىلى قىشتا بۇ يېزا نەچچە 100 قارچىغىنى يىغىپ ئوۋ ئوۋلاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ.

★ 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاقچى ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر تورى مۇۋەپپەقىيەتلىك تورلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى يېزا (بازار)، مەيدانلارنى نورمال توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

★ 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «خەلقىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرى» پىروگراممىسى گۇرۇپپىسى سەپەرباي يېزىسىنىڭ ئاقبۇيى كەنتىگە كېلىپ تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمى ئىشلىدى، فىلىمدە ئاقچى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ شىنجاڭ قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزغانلىقىغا، چېگرانىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا دائىر ئىش ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

★ 2004 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلەر بىلەن 7 تۈردە توختام، كېلىشىم ئىمزالىدى، ئۇنىڭ سوممىسى 123 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى سىرتقا دېھقان، چارۋىچىدىن 1200 ئەمگەك كۈچى (قېتىم) چىقىرىپ، 2 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئارقىلىق 50 يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

ۋاڭ شيۈخې، پېڭ جۈن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چوەنشەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربانئاخۇن ھەسەن (قىرغىز).

ھاكىم: مىرزىبېك مۇخاش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماۋ جېڭچۈەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ئېتىكى بىلەن قۇرۇمتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى 2 چوڭ تاغ تىزمىسى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1552 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 46 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 34 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.6‰. ناھىيە بويىچە 1888 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1097 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 122 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. تەبىئىي بايلىقلاردىن 10 مىڭ 864 كۋادرات كىلومېتىر ھەر خىل ئوتلاق، 34 چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىن بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئارقار، ئۆلار، قوتۇر ئېيىق، تۈلكە قاتارلىقلار، تەبىئىي دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، پاقا يوپۇرمىقى، قانتېپەر، رەۋەن، كەرەش، يەر مەدىكى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، مىس، ئالىيۇمىن، سىنىك، كېپەك ئالتۇن، فوسفور، گۈڭگۈرت قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كەڭ يوپۇرماقلىق ھەڭ موگۇسى، تۆگە تىۋىتىدىن ئېتىلگەن مۇسابىقە يوتقىنى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن جالدۇۋۇڭ تاغلىق كەنتى، ئۆچتاش ئوتلىقى بار. كىلىماتى قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 191 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.9%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.8%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 372 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 960 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 53 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 112 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2855 توننا ئاشلىق، 224 توننا ياغلىق دان، 16 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 292 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 3609 توننا گۆش، 337 توننا قوي يۇڭى، 1846 توننا سۈت، 97.5 توننا تۇخۇم، 67 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 681 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 9 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ

يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 11 مىڭ 75 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 657 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.9%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.6% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 101 مىڭ 861 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7841 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 85 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 33 مىليون 760 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 860 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 907 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4581گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1107گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2614كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 132گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 73 مىليون 260 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 42 مىليون 210 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 31 مىليون 50 مىڭ دوللار. 1628 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 84 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 657 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.2%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 117 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.4% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 72 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3071 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 279. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 763 (مىللىي 682)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2331 (مىللىي 2044)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 4860 (مىللىي 3634)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 248. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1058 (مىللىي 716). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1457گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 246 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 185)، دوختۇرخانىلاردا 184 كارۋات بار.

2004 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3150 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1970 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1302 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 850 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 280 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3427گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1529غا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 2194كە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆلۈغچات ناھىيىسى ئۇدا 4 - قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىكتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ج ك پ ئۆلۈغچات ناھىيىسىنىڭ پارتىيە تارىخى» نەشر قىلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلۈغچات ناھىيىسىدىكى 116 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ زەنجىر كۆۋرۈك پۈتتى.

لى چياڭ

# قەشقەر ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شى داگاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، زىننەت ئۆمەر، زۈڭ جيەن، گۇڭ شىن، ليۇ يۈەن، چېن جۇاڭۋېي.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زىننەت ئۆمەر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن ۋېيگو، ئېلى مەھەممەت، شىياۋ سىڭداۋ، سۇلتان ئوسمان.

ۋالىي: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: يەن فېنشىن، ياڭ گۇيشىن، مەمتىمىن پەردەۋس، جەرۋللا ھېسامىدىن، ۋۇ دىمىڭ، گاۋ جيەنجۈن، ئابدۇقېيۇم مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن ئوسمان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ

شىيچۇ، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، ۋۇ جياچىڭ، مەھەممەت ئېزىز، لى سۈنىيەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2004 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 615 مىڭ 400، يېزا نوپۇسى 2 مىليون 781 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 26.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 19.86‰. ۋىلايەت بويىچە 286 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 190 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىليارد 956 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 396 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.54%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.4%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.47% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 528 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.37% ئاشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 658 مىڭ توننا ئاشلىق، 250 مىڭ توننا پاختا، 11 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان، 650 مىڭ 900 توننا كۆكتات، 522 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 7 مىليون 308 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 210 مىڭ توننا گۆش، 117 مىڭ 100 توننا سۈت، 34 مىڭ 900 توننا تۇخۇم، 10 مىڭ 800 توننا قوي يۇڭى، 5182 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 32 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 994 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 780 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 31.15% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 450 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 80 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 1 مىليارد 196 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4088 توننا سۇلياۋ ياسالما، 1 مىليون 163 مىڭ 800 توننا سېمونت، 17 مىڭ 150 توننا پاختا يىپ، 12 مىڭ 3 مېتىر پاختا رەخت، 17 مىڭ 404 توننا ئىچىملىك - ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 285 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 888 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 853 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 214 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 914 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 268 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 262 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 510 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 252 مىڭ 700گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 365 مىڭغا يەتتى. 1 مىليون 320 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 264 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 987 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22.61%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 3 مىليارد 12 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.17% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 17 مىليارد 898 مىليون يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 10 مىليارد 898 مىليون يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 378 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 500؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 5247؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 800؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 200. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.4%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.1%كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 230 سەھىيە ئاپپاراتى، 9698 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 8811 كارۋات بار.

2004 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6872 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1634 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 76 يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر، گۇاڭجۇ، خاڭجۇ ۋە بېيجىڭلاردا شىنجاڭ قەشقەر. ئوتتۇرا ئاسىيا - جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇنبىرى ئۆيۈشتۇردى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى خەلقئارا ساياھەت شەھەرلىرى باشلىقلىرى مۇنبىرى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزدى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى 13 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 149 نى ئىمزالىدى، ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 410 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليارد 700 مىليون يۈەن نەقلەشتى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر - ئىسلامئابات خەلقئارا ئاۋتوئاتسىيە لىنىيىسى بىلەن قاراسۇ پورتىنى ئاچتى.

ياڭ جىجۇن

## قەشقەر شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مامۇت جېلىل.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇللا ھامۇت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 1588 كىلومېتىر، ئاۋتوئاتسىيە مۇساپىسى 1311 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 382 مىڭ 599 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 311 مىڭ 591)، يېزا نوپۇسى 123 مىڭ 450؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.35‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.13‰. شەھەر بويىچە 5280 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5280 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 3550 گېكتار يەرگە كۆكتات، 520 گېكتار يەرگە كېۋەز، 5.7 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاپپاق خوجا مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، پەنتۇ قەلئەسى خارابىسى، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 136 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.9%، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 707 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 33.4%، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 567 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 252 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 870 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 115 مىليون 960 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 240 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 715 توننا پاختا، 191 مىڭ 300 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 179 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 500 توننا گۆش، 174 توننا قوي يۇڭى، 4400 توننا سۈت، 3800 توننا تۇخۇم، 510 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 119 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 983 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 92 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 27 مىڭ 948 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 32%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 41.5% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 914 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 507 مىڭ 917 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 165 مىڭ 256 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 134 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 223 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 115 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 99 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 134 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 111 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 425 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 223

مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 48 مىليون 140 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 44 مىليون 429 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 711 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 1 مىليون 350 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 250 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 240 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 370 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.2 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 18 مىڭ 190 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 7835. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 9930؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، ئوقۇغۇچىسى 5781؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 4080 (مىللىي 3608)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 553 (مىللىي 19 مىڭ 520)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 78، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 935 (مىللىي 37 مىڭ 148)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 986. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5462. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 70 مىليون 51 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە (شەھەرگە قاراشلىق) 13 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 621 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2004 - يىلى قەشقەر شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6872 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4752 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2522 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 420 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر شەھىرى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 308 گە يەتتى.

## ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ سودا بازىرى بولغان قەشقەر شەھىرىدىكى ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 8.67 گېكتار كېلىدۇ، ئۇ كۆندىلىك بۇيۇملار، قۇرۇق - ھۆل مېۋە، ئاشلىق، كۆكتات، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، ئىچىملىك - يېمەكلىك، رېمونتچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال بازار.

بۇ بازار 1984 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى، ئەينى چاغدىكىسى ئاما ئۆزلۈكىدىن شەكىللەندۇرگەن كۆكتات بازىرى ئىدى، كېيىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىشى، كېڭەيتىشى ئارقىلىق، بازارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ 40 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ھازىرقى مۇقىم سودىگەر 2600 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، توقۇلما بۇيۇملار، مېتال بۇيۇم، ئېلېكتر سايمانلىرى، قۇرۇق - ھۆل مېۋە قاتارلىق 31 خىل چوڭ تۈردىكى 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق تاۋار تۈرلىرىنى توپ-پارچە سېتىش تىجارىتىنى قىلىدۇ.

★ ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قەشقەر «شىنىيفا» 2 - خىلدىكى پورت خەلقئارا سودا بازىرىدا 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تىجارەت باشلاندى. بۇ بازارنىڭ كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇ «شىنىيفا» گۇرۇھى شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيادىكى ماددىي ئەشيالار ئوبوروت ئورنىدۇر.

★ تۇنجى نۆۋەتلىك جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە باشلاندى.

★ خەلقئارالىق ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىرى مۇھاكىمە مۇنبىرى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.

★ قەشقەر شەھىرى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەسلىدىكى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن يېزىسى (تەۋەلىكىدە 8 مەمۇرىي كەنت، 54 مەمۇرىي گۇرۇپپا، تەخمىنەن 3283 ئائىلىدىكى 16 مىڭ 890 كىشى، 1158.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار)، خاندىرى يېزىسى (تەۋەلىكىدە 8 مەمۇرىي كەنت، 37 مەمۇرىي گۇرۇپپا، تەخمىنەن 2366 ئائىلىدىكى 10 مىڭ 810 ئادەم، 758.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار) نى قوشۇۋالدى، ئىككى يېزىنىڭ تۈزۈلمىسى ساقلاپ قېلىندى، يېزىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى ئۆزگەرمىدى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر شەھىرى 6 چوڭ بازارنى قۇرۇپ چىقتى ۋە كېڭەيتتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

★ 2004 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ سودىگەر كىرگۈزۈش - مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى نۇقتىلىق تۈرى بولغان، 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قەشقەر ۋېنجۇ يەر ئاستى سودا كوچىسىدا تىجارەت باشلاندى.

★ 2004 - يىلى قەشقەر شەھىرى سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ جەلپ قىلىش توختامى، مۇددىئانامە خاراكتېرلىك

كېلىشىمنامىدىن 28نى ئىمزالىدى، توختام، كېلىشىمنامە سوممىسى 1 مىليارد 60 مىليون يۈەن، نەقلەشكىنى 553 مىليون يۈەن.

رېشىت ھاجى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنۋېي.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: تۇرسۇن توختى.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەت ئابدۇللا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 14. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 370 مىڭ 250 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 364 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 338 مىڭ 645؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.59، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.16. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 490 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 33 مىڭ 760 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9630 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن گەج، نېفىت، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، كىرپە قاتارلىقلار، ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە ـ نۇقتىلىرىدىن مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى، مۇش مىڭيول ئۇرۇش مەيدانى خارابىسى، مىڭيول ئابىدىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 910 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 545 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %11.05؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.28؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 246 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.55 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 141 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %11.94 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 694 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون 989 مىڭ 500 يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 376 مىليون 802 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 212 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 203 مىڭ توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 500 توننا پاختا، 1500 توننا ياغلىق دان، 116 مىڭ 300 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 40 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 27 مىڭ 500 توننا گۆش، 14 مىڭ توننا سۈت، 5600 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 6070.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 3 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 143 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %24.61، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1477 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 310 مىڭ مېتىر رەخت، 137 مىليون 80 مىڭ پارچە خىش، 37 مىليون 490 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 311 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 263 مىليون 970 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 474 مىڭ 800 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4500گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 13 مىڭ 500گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 190 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 162 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 592 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 32 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %29؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 234 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت

قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 321 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4127 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 869. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 185 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1615 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 985 (مىللىي 28 مىڭ 566)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 166، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 99 (مىللىي 47 مىڭ 404)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 150. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4449 (مىللىي 4335). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 177 مىليون 278 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %81كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2900غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 543 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 500)، دوختۇرخانىلاردا 463 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1626 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 806 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 8680 گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2488گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 13 مىڭ 42گە يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ماكانلاشتۇرۇش بويىچە 3138 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بەردى، كۆلىمى 177 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر.

★ 2004 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋەدىگە ئەمەل قىلىش تۈرىدىن 34نى كىرگۈزدى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ سوممىسى 540 مىليون يۈەن، نەقلەشكىنى 160 مىليون يۈەن.

لىيۇ چۈن

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گاڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىممەت بارات.

ھاكىم: مۇتەللىپ توختى.

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىت سادىر.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 302 مىڭ 800، يېزا نوپۇسى 247 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.83‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.49‰. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 170 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 27 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق شىرائىتى، 16 مىڭ 130 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، تۇخۇمەك دەرىخى قاتارلىقلار بار. جۇڭيى دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئاساسلىقى چاكاندا، بۇدۇشقاق قاتارلىق 200 نەچچە خىلى بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 755 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 419 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 9.2%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.9%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 766 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 612 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 170 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 135 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 142 مىڭ 660 توننا ئاشلىق، 28 مىڭ 309 توننا پاختا، 595 توننا ياغلىق دان، 55 مىڭ 495 توننا قىزىلچا، 65 مىڭ 458 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 690 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 400 توننا گۆش، 940 توننا قوي يۇڭى، 8000 توننا سۈت، 2300 توننا تۇخۇم،

270 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3169 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 104 مىليون يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 8 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 215 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.2 تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6140 توننا يەم - خەشەك، 2763 توننا سۇ يېغى، 7685 توننا يۇمشاق ئىچىملىك، 2183 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 110 مىڭ 200 توننا سېمونت، 57 مىليون پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 430 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8846 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 143 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2950كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1640قا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭ 800 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 690گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 143 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 29 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %47.6 ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 194 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.6 ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 4313 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 961. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 391 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 64 (مىللىي 22 مىڭ 18)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 686 (مىللىي 40 مىڭ 778)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 365. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3119 (مىللىي 2953). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93.9 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 5300 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 350 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 400 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1611 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 828 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7175 كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3157 گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 794كە يەتتى.

گۈلباھار خېلىل

# يېڭىسار ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ تېيمىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: غولام ئابلىكىم.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئابدۇرېشىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، قۇرۇمتاغ سىستېمىسىدىكى قوڭۇر چوققىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1544 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 232 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 228 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 198 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.64، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰16.54. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 480 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 930 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 13 مىڭ 520 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن يېڭىسار پىچىقى، سىلىق سەمەت ئۆرۈكى بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى

604 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 359 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %95.30، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.39، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 161 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.88 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 548 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 343 مىليون 537 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون 44 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 146 مىليون 859 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 682 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 121 مىڭ 624 توننا ئاشلىق، 7743 توننا پاختا، 3500 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 104 مىڭ 459 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 371 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ توننا گۆش، 493 توننا قوي يۇڭى، 9300 توننا سۈت، 1365 توننا تۇخۇم، 80 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1997 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 98 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 7 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 مىڭ 268 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.20، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.52 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 155 مىڭ 600 توننا سېمونت، 940 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 90 مىليون دانە خىش، 24 مىليون 310 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 419 مىڭ 500 مىليون كىلوۋات ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 195 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 208 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 134 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 77 مىليون 770 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 913 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6534 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3130 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 9420 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 250 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 86 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %19.5، يەرلىك مالىيە چىقىمى 160 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.04 ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 225 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2939 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 517. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 526 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1407 (مىللىي 1327)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 764 (مىللىي 18 مىڭ 497)، باشلانغۇچ مەكتەپ 71، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 179 (مىللىي 33 مىڭ 783)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 109. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2092 (مىللىي 1991). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 771 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3300گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 493 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 364 كارۋات بار.

2004 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3000 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1250 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 800 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4313كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1628گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7243 كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سىلىق سەمەت ئۈزۈكى مەملىكەتلىك ئۈزۈكچىلىك جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئۈزۈك بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ ۋېنمىن

# پوسكام ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: زىباڭ سۇن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىم.

ھاكىم: يالقۇن مەخمۇت.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت سايىت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى قۇرۇمتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 178 مىڭ 780 (غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىگە قاراشلىق 18 مىڭ 904 نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى 138 مىڭ 781، يېزا نوپۇسى 100 مىڭ 500، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.9‰. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 310 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 14 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 470 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۈرلۈك كۆكتاتلار ۋە قۇرۇق - ھۆل مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ، 5200.5 گېكتار كۆلەمدە ئوتلاق بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، زاراڭزا، چاكاندا، ئالقات، ياۋا يالپۇز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن پوسكام ئالتۇن توغراقلىق دۆلەت ئورمان باغچىسى (دۆلەت دەرىجىلىك)، پوسكام ناھىيىلىك يېشىل يايلىقى، گۈلباغ ئېكولوگىيىلىك باغچىسى، كۆتەي مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت كەنتى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 730 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 291 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.4%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.30%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 304 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.53% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 613 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 388 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 25 مىليون 690 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 179 مىليون 950 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 97 مىڭ 431 تونىنا ئاشلىق، 18 مىڭ 860 تونىنا پاختا، 198 تونىنا ياغلىق دان، 16 مىڭ 998 تونىنا مېۋە - چېۋە، 14 مىڭ 748 تونىنا كۆكتات، 7500 تونىنا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 356 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 781 تونىنا گۆش، 281 تونىنا قوي يۇڭى، 5860 تونىنا سۈت، 2880 تونىنا تۇخۇم، 1200 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4318 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 130 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 20 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 64 مىڭ 671 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 29.42%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 42.57% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ تونىنا كۆمۈر، 58 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 108 مىليون دانە خىش، 11 مىڭ 36 تونىنا پاختا، 2659 تونىنا پاختا يىپ، 66 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 33 مىڭ 800 تونىنا سېمونت، 4200 تونىنا ئۇن، 1519 تونىنا پاختا ئاقسىلى، 1783 تونىنا سۇ يېغى، 1 مىليون 940 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 432 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 232 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 243 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6864 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4871 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 634 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 111 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 85 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %17.28، يەرلىك مالىيە چىقىمى 194 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %03.34 ئاشتى، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 133 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3025 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 683. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 397 (ھەممىسى مىللىي)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 351 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1812 (مىللىي 1205)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 271 (مىللىي 13 مىڭ 409)، باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 692 (مىللىي 19 مىڭ 145)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 530. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2305 (مىللىي 1623). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3800گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 15 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 439 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 386)، دوختۇرخانىلاردا 372 كارۋات بار.

2004 - يىلى پوسكام ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2440 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 425 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6178گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3776گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8531گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى پوسكام ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە باغ - ئورمانلاشقان ناھىيە بازىرى، پاكىز قىزىل بايراقدار ناھىيە بازىرى، شەھەرلەر ئارا تەڭرىتاغ لوڭقىسى مۇسابىقىسىدا ئۇنىۋېرسال لوڭقا، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىدىكى مۇكاپاتلانغان ئورۇن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە دېگەنناملارغا ئېرىشتى.

تيەن فامىڭ

# يەكەن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ يۈەنجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇدرەت ئېزىز.

ھاكىم: ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھۆسىيىن يۈسۈپ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بۆگرى قۇملۇقىنىڭ ئارىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 22. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 666 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 618 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 482 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰39.18، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰88.12. ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 62 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 38 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىقلار، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى، ئاق قۇ، ئارقار، شىنجاڭ ئۈچلۈق تۇمشۇق بېلىقى، قىزىل لاچىن قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن

ئاساسلىقى ھاك تېشى، كۆمۈر، گەج، تاش پاختا، كۆك قاشتېشى، چېرىمتال، خرۇستال، گۆگگۈرت، ئالتۇن، تۆمۈر، مس، قوغۇشۇن، سىنك، نكېل قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن دامۇس يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق، ئامانىساخان مەقبەرىسى، كاچۇڭ سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى، قاراسۇ يېزىسىدىكى قۇملۇق سەيلگاھى ۋە «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى ئارامگاھى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 442 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 845 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.6%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 449 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 537 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.38% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 921 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 124 مىليون 700 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 452 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 490 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 344 مىڭ 384 توننا ئاشلىق، 52 مىڭ 500 توننا پاختا، 526 توننا ياغلىق دان، 52 مىڭ 629 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 82 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 32 مىڭ 304 توننا گۆش، 1031 توننا قوي يۇڭى، 14 مىڭ 300 توننا سۈت، 6800 توننا تۇخۇم، 993 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4681 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 170 مىڭ 525 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 232 مىليون 745 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3.9% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 60 مىڭ 546 توننا كۆمۈر، 2418 توننا قۇم، 54 مىڭ 600 توننا سېمونت، 4 مىليون 930 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 62 مىڭ لىتىر ئاق ھاراق، 157 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 7330 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 103



يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق مۇزىكانت، شائىرە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاپ رەتلىگۈچى ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى.

سۈرەتنى يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ، تارىخ - تەزكىرە سارىيى تەمىنلىگەن.

مىڭ 866 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 426 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 504 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 389 مىليون 710 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 43 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونتى 29 مىڭ 322 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 34 مىڭ 95 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1625 كە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 64 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 55.4%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 383 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 265 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8481 ھەر خىل تېخنىكا خادىم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1655.

ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 175 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 3651 (ھەممىسى مىللىي)، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 3070 (مىللىي 500)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 46، ئوقۇغۇچىسى 60 مىڭ 457 (مىللىي 58 مىڭ 308)، باشلانغۇچ مەكتەپ 179، ئوقۇغۇچىسى 99 مىڭ 971 (مىللىي 95 مىڭ 950)، باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 710. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5540 (مىللىي 5239). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 34 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 1225 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 992)، دوختۇرخانىلاردا 1112 كارۋات بار.

2004 - يىلى يەكەن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1701 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 709 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 153كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5115كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 22 مىڭ 571گە يەتتى.

★ 4 - ئايدا يەكەن ناھىيىسى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 260 ئائىلىگە 613 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىپ بېرىلدى.

★ يەكەن ناھىيىسى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 9 نى ئىمزالىدى، سوممىسى 585 مىليون يۈەن.

★ 11 - ئايدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ نۇقتىلىق سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى - شىنجاڭ گۈەننوڭ تيەنفۇ مېۋە - چېۋە، كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يەكەن ناھىيىلىك مېۋە - چېۋە كۆكتات يېمەكلىك سانائىتى باغچىسىنىڭ 6 مىليون يۈەنلىك 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ تۈرگە 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

★ 2004 - يىلى يەكەن ناھىيىسى ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىش ئىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىللەپ، 77 مىليون 230 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

جوڭ شىن، ليۇ جېن

# قاغىلىق ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كاشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: ئوسمان داۋۇت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت توختى (2 - ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى)، ئەبەي ئايۇپ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قەشقەردىن ئۆتىدۇ) 1745 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 382 مىڭ 90 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 358 مىڭ 342)، يېزا نوپۇسى 305 مىڭ 521، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.19‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.21‰. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 34 مىڭ 430 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 537 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تاۋەسىدە 4 دەريا - ئېقىن بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 379 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، قاشتېشى، مەرمەر، ئىسلاندىيە شپاتى، بېرىلتاش، چىرىمتال، گەج، كۋارتس گۈگگۈرت، كۆمۈر قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى ياۋا چوشقا، تۈلكە، بۆرە، بۆكەن، سۇغۇر، ئۈلار، ئىت ئېيىق قاتارلىقلار بار. ئېپتىدائىي ئورماندىن قارىغاي، ئارچا، شەمشاد، توغراق قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ئەتكىلىكئوت، قانتېپەر قاتارلىقلار بار. ھەر خىل قۇرۇق، ھۆل مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ. 2004- يىلى 26 مىڭ 600 گېكتار ياڭاقلىق، 6600 گېكتار

ئۆرۈكلۈك، 6600 گېكتار ئانارلىقتىن ئىبارەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سۈپەتلىك تاۋار مېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىندى. تونۇلغان ماركىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن «كۇنباۋ» ماركىلىق قوتاز گۆشى، «يېتو» ماركىلىق ئاچچىقسۇ، مېۋە ئاچچىقسۈيى، «سىمىن» ماركىلىق ياڭاق مېغىزى، «شاڭخې» ماركىلىق يېشىل ماش كىراخمالى بار. كىلىماتى مۆتىدىل بولغانلىقى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 933 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 606 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %37.8، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %48.13، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 255 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %82.20 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 187 مىليون 949 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %77.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 715 مىليون 776 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 111 مىليون 782 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 348 مىليون 62 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 224 مىڭ 509 تونىنا ئاشلىق، 15 مىڭ تونىنا پاختا، 2084 تونىنا ياغلىق دان، 62 مىڭ 444 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 114 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 27 مىڭ 925 تونىنا گۆش، 1297 تونىنا قوي يۇڭى، 29 مىڭ 300 تونىنا سۈت، 4390 تونىنا تۇخۇم، 420 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5162 گېكتات يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 103 مىڭ 574 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %82.30، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %63.34 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 20 مىڭ 312 تونىنا كۆمۈر، 80 مىڭ 900 تونىنا سېمونت، 132 مىليون 440 مىڭ دانە خىش، 1180 تونىنا پاختا يىپ، 301 تونىنا فابرىكا قەغىزى، 2000 كۇب مېتىر سۈنئىي تاختاي، 451 تونىنا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 806 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 186 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 176 مىليون 960 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 9 مىليون 460 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 670 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3060 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 219 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 214 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 45 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %04.19، يەرلىك مالىيە چىقىمى 255 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.20 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 700 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 6095 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 873. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 327 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 2151 (مىللىي 1718)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 515 (مىللىي 32 مىڭ 4)، باشلانغۇچ مەكتەپ 146، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 814 (مىللىي 61 مىڭ 622)، باللار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 1178. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4152 (مىللىي 3698). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 691 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 25 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 590 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 556 كارۋات بار.

2004 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1705 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 239 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6485كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى

3244كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 238گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 30 تۈرنى ئىمزالىدى، 253 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلدى، 110 مىليون يۈەن نەقلەشتى. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى دۆلەت يولى 219 - لىنىيىسىنىڭ بويىغا كۆلىمى 260 گېكتار كېلىدىغان سانائەت ئىقتىسادىي باغچە رايونى قۇرۇلدى.

★ 2004 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى 41 مىڭ 500 ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىپ، 67 مىليون 420 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى تەرىپىدىن 2003 — 2004 - يىللىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قاغىلىق ناھىيىسىگە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دەپ نام بەردى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ چىشىن، لى يوڭجياڭ

## مەكىت ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇكېرىم ئابدۇۋايىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نامان ئەيسا.

### ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 182 مىڭ 180 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 487)، يېزا نوپۇسى 123 مىڭ 267؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.78‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.96‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 667 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 253 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 440 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مەكىت ناھىيىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىش بازىسى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن توغراق، چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى، جىغان، ئالقات قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 617 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 426 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.87%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 49.33%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 128 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.06% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 769 مىليون 985 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.12% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 494 مىليون 82 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 470 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 225 مىليون 176 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 790 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 95 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 35 مىڭ 400 توننا پاختا، 10 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 561 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ توننا گۆش، 660 توننا قوي يۇڭى، 7200 توننا سۈت، 1800 توننا تۇخۇم، 85 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1672.79 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 89 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 38% تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.45% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 113 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 600 توننا ئۇن، 1 مىليون 450 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 43 مىليون 790 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق

مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 273 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 223 مىليون 980 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7521 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8433 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 26 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 410 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 129 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 31 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 32.58% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 177 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.86% ئاشتى. ناھىيە بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 148 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 619 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3356 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 833. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1305 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1749 (مىللىي 1319)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 539 (مىللىي 12 مىڭ 366)، باشلانغۇچ مەكتەپ 82، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 628 (مىللىي 22 مىڭ 999)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 729. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2470. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 66 مىليون 54 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 97.6% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2700 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 419 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 315)، دوختۇرخانىلاردا 339 كارۋات بار.

2004 - يىلى مەكىت ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2140 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 152 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5233 كە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىسى 2856 گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8203 كە يەتتى.

**ئىزاھ: يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار بېكىتۈەننىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.**

بى جىنفۇ، خې جۈڭيەن

# يوپۇرغا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خەيىيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ چيۈبىن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇنىنسا تۇرادىن.

ھاكىم: غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەخمۇت ئەخمەت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى 42 - تۈەن - مەيدانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 135 مىڭ 924 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 132 مىڭ 721)، يېزا نوپۇسى 111 مىڭ 10، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.3‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 486 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 14 مىڭ 334 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7000 گېكتار)، 13 مىڭ 67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 667 گېكتار) تېرىلدى. يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەردىن يوپۇرغا قوغۇنى، سەيلى ئۆرۈك، مۇناقى ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىقلار، ئاساسلىق چارۋىلاردىن «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى»، كىچىك قۇيرۇقلۇق قوي قاتارلىقلار بار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ

زاپىسى 236 مىليون كۇب مېتىردىن 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە - نۇقتىلىرىدىن ئاخۇنلۇقۇم مازىرى، مىڭ يىللىق توغراق پادشاھى، مىڭ يىللىق سۆگەت پادشاھى، داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى (دۆلەتنىڭ AAA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە - نۇقتىسى) قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 393 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.06، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.06، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 166 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.95 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 344 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.01 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 510 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 61 مىليون 780 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 480 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 81 مىڭ 987 توننا ئاشلىق، 9700 توننا پاختا، 7130 توننا مېۋە-چېۋە، 300 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 284 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 7150 توننا گۆش، 660 توننا قوي يۇڭى، 3910 توننا سۈت، 620 توننا تۇخۇم، 70 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 315 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 8 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 47 مىڭ 268 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %36.97، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.09 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 830 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 380 مىڭ توننا ئۇن، 1156 توننا سۇ يېغى، 222 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 329 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 146 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 146 مىليون 40 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5400گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4232 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4869 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 250 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 76 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 65 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.22، يەرلىك مالىيە چىقىمى 143 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.03 ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 185 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2991 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 491. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 692 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 847 (مىللىي 11 مىڭ 435)، باشلانغۇچ مەكتەپ 77، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 87 (مىللىي 18 مىڭ 455)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 184. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1915 (مىللىي 1780). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2855 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 330 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 325 كارۋات بار.

2004 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1634.59 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 456 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3796گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1058گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-

خىزمەتچى 7519غا يەتتى.

★ ناھىيە بازىرىدا 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

★ يوپۇرغا ناھىيىسى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 21 دىن 49 مىنۇت ئۆتكەندىن سائەت 22 دىن 5 مىنۇت ئۆتكىچە پەۋقۇلئاددە، زور مۆلدۈر، بوران، قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئاپەت دائىرىسى 5 يېزا (بازار)، 3 مەيدان، 21 كەنتكە كېڭەيدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 21 مىليون 701 مىڭ يۈەنگە، ۋاسىتىلىك ئىقتىسادىي زىيان 42 مىليون 78 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى 52 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۆلكە يولى 310 ـ لىنىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدىن بايئاۋات يېزىسىغىچە بولغان 44 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى كېڭەيتىپ ياسىدى؛ 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان 4 كىلومېتىر يولنى كېڭەيتتى؛ 23 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يوپۇرغا يېزىسى، ئەشمە بازىرى، يەكشەنبە بازار، سىيەك، تېرىم يېزىلىرىكى 35.107 كىلومېتىر يېزا ـ كەنت يولىنى ئاسفالتلاشتۇردى.

جياڭ فاڭ

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جىمىڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ يوڭجى (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: داۋۇت ئاۋۇت.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئوبۇل.

سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇكېرىم ئەمەت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا تۈزلەڭلىكنىڭ تۆۋەن قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 327 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 323 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 291 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.68‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.48‰. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 486.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 29 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 600 گېكتار)، 58 مىڭ 170 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. داڭلىق، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن پەيزاۋات قوغۇنى بىلەن قارا ئۆرۈك بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 995 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 672 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10.8%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.1%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 250 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 85 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 748 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 29 مىليون 660 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 287 مىليون 460 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 165 مىڭ 978 توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 500 توننا پاختا، 2000 توننا ياغلىق دان، 5800 توننا مېۋە ـ چېۋە، 216 مىڭ توننا پەيزاۋات قوغۇنى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 880 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ توننا گۆش، 1200 توننا قوي يۇڭى، 7800 توننا سۈت، 2000 توننا تۇخۇم، 310 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3818 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يارانقان پايدىسى 14 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 83 مىڭ 394 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 931 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 13.15%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 44.72% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8800 توننا ئۇن، 21 مىليون 781 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 25 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 472 مىڭ 800 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات

قىممىتى 86 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 9220 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 9138 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 198 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7164 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6247 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 576 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 250 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 86 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 30.1% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 206 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.6% ئاشتى. يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 353 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 863 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 3065 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 782. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 127 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 1443 (مىللىي 1366)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 283 (مىللىي 20 مىڭ 119)، كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 5504 (ھەممىسى مىللىي)، باشلانغۇچ مەكتەپ 123، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 261 (مىللىي 47 مىڭ 863)، بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 328. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2918 (مىللىي 2851). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 659 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 435 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 346)، دوختۇرخانىلاردا 369 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق 11- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىللىيچە چېلىشىش، قەدىمچە چېلىشىش، ئەركىن چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىدە 2 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال ئالدى.

2004 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1494 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1525 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 14 مىڭ 422 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 5766گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1145كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 10 مىڭ 370كە يەتتى.

گاۋ مىن

# مارالبېشى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇاڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ كاشىڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن قاسىم.

ھاكىم: مەردان مۇقەييت.

سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەتىمىن توختى.

### ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 276 مىڭ 651 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 263 مىڭ 960)، يېزا نوپۇسى 207 مىڭ 235، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.67‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.3‰. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 430 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 23 مىڭ 580 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 580 گېكتار)، 32 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق

سىرغىم مىقدارى 984 مىليون 202 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 65 مىڭ 421.58 گېكتار ئورمان، 50 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق توغراقلىق بار، ئۇ دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان توغراقلىق. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 35 خىلدىن ئاشىدۇ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، كۆچمە چايكا، قارلىغاچسىمان لاچىن، دوغداق، قارچىغا، كۇلرەڭ تۇرنا، توشقانسىمان سۇلەيسۇن، تارىم توشقىنى، بۇغا، سېرىق بۇركۇت قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، قەلەي، فوسفۇر، ئاندالىزوت، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە - نۇقتىلىرىدىن تاڭ دەۋرىگە ئائىت توققۇز ساراي، چالمىدار بەگ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، نالتاغ، شاخ ئېپتىدائىي ئورمانلىقى، سېرىقبۇيا بازىرى، ئاناركۆل سۇ ئامبىرى، غەربىي قولتۇق قاتارلىقلار بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 186 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 623 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %59.4، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %85.7، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 391 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.25 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 80 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %91.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 781 مىليون 651 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 29 مىليون 961 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 232 مىليون 902 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 490 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 136 مىڭ 397 توننا ئاشلىق، 60 مىڭ توننا پاختا، 8600 توننا مېۋە - چېۋە، 45 مىڭ 200 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 561 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 176 توننا گۆش، 1230 توننا قوي يۇڭى، 7130 توننا سۈت، 2900 توننا تۇخۇم، 170 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5613 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.104 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5 مىليون 580 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 9971 توننا سۇ يېغى، 58 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 111 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 111 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 478 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 468 مىڭ 400 يۈەنگە، مۇقىم تېلېفون ھەققى كىرىمى 16 مىليون 509 مىڭ 800 يۈەنگە، كىچىك زېرەك ئالاقىسى كىرىمى 1 مىليون 70 مىڭ 100 يۈەنگە، ئاممىۋى تېلېفون ھەققى كىرىمى 1 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، سانلىق مەلۇمات تىجارىتى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 327 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 36 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13، يەرلىك مالىيە چىقىمى 228 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.16 ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 971 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 489. ناھىيە بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 172، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1896 (مىللىي 1242)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 339 (مىللىي 20 مىڭ 239)، باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 572 (مىللىي 37 مىڭ 584)، بالىلار باغچىسى 8، (مىللىي بالىلار باغچىسى 7). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3139 (مىللىي 2839). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 693 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 58)، دوختۇرخانىلاردا 750 كارۋات بار.

2004 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدىن 11 ياش - ئۆسمۈر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 3 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى.

2004 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1756 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 113 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7036گە،

ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3044كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 224كە يەتتى.

★ مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خاتىرە سارىيىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ مارالبېشى ناھىيىسى 4 - ئايدا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن ئورمانلىقتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە يوقاتتى، 4800 گېكتار توغراقلىقتىكى زىيانداش ھاشارات باھار پەرۋانىسى يوقىتىلدى.

★ مەركەز 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن زايوم مەبلىغى سالغان يېزىلاردا پاتقاق گازىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى 6 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىدە باشلاندى.

★ مارالبېشى ناھىيىسى 9 - ئايدا 2004 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد سودا يەرمەنكىسىدە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 310 مىليون يۈەن جەلپ قىلدى.

★ مارالبېشى ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاتا - ئانىلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

ياڭ شىدۇڭ

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خو جيەنۋېي (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زاڭ ئەيۋۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىمىنجان ئابدۇراخمان (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۈلباي (تاجىك).


سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇنى تابىلدى (تاجىك).

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 33 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 23 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.54، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.14. ناھىيە بويىچە 4690 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3120 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن بېرىلتاش رۇدىسى، قوغۇشۇن - سىنىك رۇدىسى، ماگنىي رۇدىسى، چىرىمتال رۇدىسى، گرانىت تاش، كۆكۈش ئاق قاشتېشى، دولومىت قاتارلىقلار، سۇ بايلىقىدىن قار - مۇز سۈيى، مىنېرال سۇ، ئارىشاڭ سۈيى، ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، كۆكمەت، ئېيىق، ئۆلار قاتارلىقلار، ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىدىن قار لەيلىسى، قان تېپەر، ئەڭلىك ئوت، مەرزەنجۇش، كۈلمۇت قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن پامىر مىنېرال سۈيى، پامىر ئارىشاڭ سۈيى بار. ناھىيە بويىچە 25 ئورۇندا دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە - نۇقتىسى بار، ئاساسلىق ساياھەت - مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قەدىمكى تاشقورغان، خونجىراپ پورتى، مۇزتاغ، مەلىكە قورغىنى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 171 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12.9، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.8، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون



بۇركۇت شەكلىدىكى مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارەت.

سۈرەتنى تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ - تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 45 مىليون 920 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6154 توننا ئاشلىق، 69 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 182 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 3876 توننا گۆش، 133 توننا قوي يۇڭى، 4244 توننا سۈت ئېلىندى. 254 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىڭ 97 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %73.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 60 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 200 توننا دولومىت، 5 مىليون دانە خىش، 640 توننا قوغۇشۇن - سىنك رۇدىسى، 23 مىڭ توننا قۇم - شېغىل ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ 683 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ 324 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 184 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 677 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2072 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 131 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 56 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 30 مىليون 448 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 87 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 16 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %25.6، يەرلىك مالىيە چىقىمى 105 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.3 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 905 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 330. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 532 (مىللىي 527)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1222 (مىللىي 1168)، باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 5394 (مىللىي 5096). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 559 (مىللىي 506). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 174 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 142)، دوختۇرخانىلاردا 168 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1030 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 19 مىڭ 715 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1289غا، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 583كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 3416كە يەتتى.

جۇ شۆمېي

قىسقا ماتېرىيال

## جىرغال مەدەنىيەت ئىزى

«جىرغال» يەر نامى بولۇپ، تاشقورغان بازىرىغا 40 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. بۇ يەر نامى تاجىكچە بېكەت، ئۆتەڭ، قونالغۇ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. جىرغالى تەۋەسىدىن قەدىمىي ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئىزناسى ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرى، ئېتىز - ئېرىق، ئۆي - كەپىلەر، ھويلا - ئارامىلار، تاشلاندۇق ھويلا، قەدىمىي قەبرىلەر ۋە ۋەيرانە ئۆيلەر، ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1983 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ئىدارىسى بىرلىكتە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جىرغالاڭنى ئىلمىي تەكشۈردى، تاشقورغان دەرياسى بويىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن دۆۋىلەنمە قاتلامدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار قالدۇرغان ئوت، كۈل ئىزلىرى، ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە تاش قوراللار بايقالدى. بايقالغان تاش قوراللار تاشتىن نەپىس ياسالغان قوراللار بولۇپ، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1990 - يىلى جىرغال كونا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيەت ئىزىنى ئاپتونوم رايونلۇق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزدى.

قەيسەر دۆلەتبېك، ئوبۇلخەيرى مەتتۇرسۇن

# خوتەن ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خەيلۇن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەر ئابدۇللا، ليۇ شىنشېڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى گوجياڭ، زەينەپخان ئابدۇللا، چېن جىنبياۋ، چېڭ جېنشەن، جې يۇپىڭ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان قۇربان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ گۇاڭياۋ (5ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاپپار مۇھەممەت، لى شىڭجېڭ، ھەمدۇللا مامۇت.

ۋالىي: ئۆمەر ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: چېڭ جېنشەن، ليۇ چاڭلى، يالقۇن قادىر، ۋاڭ شياۋۋېن، مەمەت ئەيسا، لۇ پىڭ.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋ شۇمىن، ئەبەيدۇللا ھاشىم (9 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۇرسۇنتوختى باسىت، زى شىلەن (9 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى قاراقۇرۇم تېغى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايون بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىندىستان ـ پاكىستان ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. 2004 ـ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 772 مىڭ 67 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 714 مىڭ 425، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 519 مىڭ 766؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰28.18، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰47.12. ۋىلايەت بويىچە 208 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك پەسىللىك دەريادىن 36 سى بار. يەر سۇغىرىشتا پايدىلىنىلىدىغان ۋە ئادەم، چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان دەريا ئېقىندىن 30ى بار، بۇ دەريالارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 7 مىليارد 353 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 2 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تەبىئىي گاز، نېفىت، ئۇران، تۆمۈر، مانگان، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، تىبەت قۇلانى، يىلپىز، تىبەت بۆكىنى، بۇغا، ئاق تۆش بۇلغۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. كىلىماتى روشەن ۋېرتىكال شەكىلدە تارقالغان، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار مۆتىدىل بەلۋاغ ياكى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتىغا، بوستانلىق، تۈزلەڭ رايونلار ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق تېپىك قۇرۇقلۇق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 298 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %1 .5؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 757 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 .35؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 .12 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 80 مىليون 896 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2003ـ يىلدىكىدىن %52 .10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 945 مىليون 154 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 216 مىليون 59 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 842 مىليون 718 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 838 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8 مىليون 882 مىڭ توننا ئاشلىق، 38 مىڭ 339 توننا پاختا، 3223 توننا ياغلىق دان، 216 مىڭ 462 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 263 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 48 مىڭ 920 توننا گۆش، 6024 توننا يۇڭ، 12 مىڭ 312 توننا سۈت، 6719 توننا تۇخۇم، 982 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3 .8293 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 375 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 88 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 385 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 517 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %88 .9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1 .13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 356 مىڭ 800 توننا سېمونت، 280 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 993 مىڭ لىتىر ئىچىملىك ھاراق، 322 توننا جۇڭيى دورىسى، 3 مىليون 160 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 39 توننا خام يىپەك، 1 مىليون

780 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما، 1247 توننا ئېچىملىك، 1731 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 498 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 617 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 345 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 304 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 168 مىليون 710 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 70 مىليون 700 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 153 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 397 مىليون 666 مىڭ 400 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 55 مىڭ 500گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 28 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 125 مىڭ 100گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2000غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 662 مىليون 478 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 278 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 19 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 305 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1. 68؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 788 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5. 10 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 679 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 28 مىڭ 685 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 8008. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3952 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1575 (ھەممىسى مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 4104 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 9378 (مىللىي 7854)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 135، ئوقۇغۇچىسى 105 مىڭ 344 (مىللىي 102 مىڭ 508)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 856، ئوقۇغۇچىسى 232 مىڭ 998 (مىللىي 227 مىڭ 404)؛ بالىلار باغچىسى 11 (شەخسلەر ئاچقىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 8419. ئوقۇتقۇچى 17 مىڭ 71 (مىللىي 7456). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 823 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %42. 94كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %66. 92كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 22 مىڭ 500گە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 156 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بېڭتۇەندىكىسى 13)، 4589 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 4721 كارۋات بار.

2004 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رۇداۋچە چېلىشىش، خەلقئاراچە چېلىشىش، بوكس، يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ 4 چوڭ تۈرىدىكى مۇسابىقىدە 7 تۈردە 1 - لىككە، 4 تۈردە 2 - لىككە، 10 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2004 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 65. 7080 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 51. 5733 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1176 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 782 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 56 مىڭ 428گە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭ 321گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 74 مىڭ 698گە يەتتى.

★ 2 - ئايدا خوتەن ناھىيىسى تۇساللا يېزىسىدىكى دېھقان روزىنىساخان روزى مەملىكەت بويىچە 10 دېھقان ئايال ئەلىيۇلئەلانىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

★ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى تەكشۈرۈش پونكىتى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇلدى.

★ 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇلۇغئاتا سۇچىلىق تۇگۈن قۇرۇلۇشىغا ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ساياھەت مەنزىرە رايونى دەپ نام بېرىلدى.

★ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى، شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسى ISO9001 خەلقئارا سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خوتەن قاشتېشى ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

# خوتەن شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز توختى.

شەھەر باشلىقى: سادىر نۇرمەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەتتوختى تۇرسۇنتوختى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

1949 - يىل 12 - ئايدا خوتەن ئازاد بولدى. 1950 - يىلى خوتەن ناھىيىسى قۇرۇلدى، خوتەن شەھىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1953 — 1957 - يىلغىچە خوتەن بازىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق رايون دەرىجىلىك شەھەر قۇرۇلدى. 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوتەن شەھىرى قۇرۇلدى (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر). 1984 - يىل 8 - ئايدا خوتەن شەھىرى قۇرۇلدى. خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. خوتەن شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 192 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 158 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 960، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.59‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.89‰. شەھەر بويىچە 4750 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4390 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن تېۋىنسىمان سېرىق ئوت، غەربىي شىمال سىلوسى، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئىسسىقپەرەس چۇچۇكبۇيا، كوئېنلۇن سىلوسى، سۆسۈن باشاق سەلەۋ، قومۇش، لوپنۇر كەندىرى، ئىگىر، پىيىزەك، چوڭ مېۋىلىك قارابۇيا، جىغان قاتارلىقلار؛ ھايۋاناتلاردىن سىپورا، جەرەن، قۇلان، تۈلكە، بۆرە، ياۋا توشقان، ياۋا تۆڭگۈز؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر، شور قاتارلىقلار بار. ھازىر ھاك تېشى، شور، قاشتېشىدىن ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن قاشتېشى بۇيۇملار، گىلەم، ئەتلەس، ئانار ھارىقى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن مەلىكە ئاۋات خارابىلىكى، يوتقان خارابىلىكى، جامە مەسچىتى، چوڭ بازار، خوتەن قەدىمىي شەھەر سېپىلى بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 711 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 85 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.34%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 240 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.85%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 385 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ، 12.02% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 187 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.07% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 30 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 56 مىليون 120 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 140 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 33 مىڭ 476 توننا ئاشلىق، 70 توننا ياغلىق دان، 9033 توننا مېۋە - چېۋە، 43 مىڭ 250 توننا كۆكتات، 16 مىڭ 500 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4500 تۇياق چارۋا قالدى. 3806 توننا گۆش، 148 توننا يۇڭ، 882 توننا سۈت، 483 توننا تۇخۇم، 460 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 157 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 401 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، ئالغان ساپ پايدىسى 28 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 24 مىڭ 291 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.44%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.18% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 279 مىڭ 760 لىتىر ئۈزۈم ھارىقى، 5175 توننا يىپ، 3 مىليون 150 مىڭ مېتىر رەخت، 38 توننا يىپەك، 1 مىليون 760 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما، 753 توننا سۇلياۋ ياسالما، 146 سېمونت ستولبا، 53 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7 مىليون 560 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 648 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 24 مىليون 50 مىڭ يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 46 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر -

بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 37 مىڭ 688گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7730غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 507گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 12 مىڭ 17گە يەتتى. 14 مىڭ 362 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 19 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 77 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.78 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 449 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8.56 ئازايدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 37 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 25 مىڭ ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5100. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3952؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 3385؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 300؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 1103؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 260. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2580. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 30 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 540 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1355 كارۋات بار.

2004 - يىلى خوتەن شەھىرى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7080 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5733 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1634 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 5733 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 229 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 540قا، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 17 مىڭ 808گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 21 مىڭ 347گە يەتتى.

★ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خوتەن قاشتېشى ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 2004 - يىلى خوتەن شەھىرى 41 تۈردە سودىگەر چاقىردى، مەبلەغ جەلپ قىلدى، سېلىنىدىغان مەبلەغ 399 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 226 مىليون 530 مىڭ يۈەن نەقلەشتى.

مياۋ يۈنبو، جاڭ يۆخۇا

## خوتەن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنچېن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: پەرھات روزى.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەزىز نۇر.

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خوتەن شەھىرىدە. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1720.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 278 مىڭ 275 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 276 مىڭ 538)، يېزا نوپۇسى 265 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.3. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 130 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 712 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 10 مىڭ 994 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن كۆمۈر، قاشتېشى، چىرىمتال، ئالماس، مەرمەر قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن قەدىمىي ياڭاق دەرىخى، قەدىمىي ئەنجۈر دەرىخى، قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 656 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 405 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.09؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.01؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 149 مىليون

390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.43% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 749 مىليون 234 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 549 مىليون 77 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 76 مىليون 16 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون 889 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 251 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 159 مىڭ 251 توننا ئاشلىق، 7200 توننا پاختا، 68 توننا ياغلىق دان، 49 مىڭ 958 توننا مېۋە - چېۋە، 20 مىڭ 522 توننا كۆكتات، 37 مىڭ 303 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 311 مىڭ 495 تۇياق چارۋا قالدى. 6813.5 توننا گۆش، 973 توننا يۇڭ، 2070 توننا سۈت، 1186 توننا تۇخۇم، 12.5 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1345.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 11 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 58 مىڭ 17 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.7% . سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.57% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 445 مىڭ 567 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، سۇ ئارقىلىق 199 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 260 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 170 مىليون 330 مىڭ يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 16 مىليون 410 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1230غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7150كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 133مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 161گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 52 مىليون يۈەنگە يەتتى. 92 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.7% ئازايدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 19 مىڭ 814 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.3% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 93 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3351 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 889. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 516 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 239 (ھەممىسى مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 158، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 762 (مىللىي 40 مىڭ 28). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3189 (مىللىي 3084). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 472 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.9%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى، 338 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 282)، دوختۇرخانىلاردا 485 كارۋات بار.

2004 - يىلى خوتەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر تۈردە 1 - لىككە؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى گىمناستىكا مۇسابىقىسىدە بىر تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2004 - يىلى خوتەن ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7087.7 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6273.04 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1264.7 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 912.36 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 112 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6345كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1779غا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 7824كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى خوتەن ناھىيىسى 22 تۈرنى كىرگۈزدى، توختامدىكى مەبلەغ سوممىسى 467 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 67 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

باۋ نەيۋېن، لى جىنشىڭ، فۇ خۇڭيۇ

# قاراقاش ناھىيىسى

## پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېنشياۋ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇۋاقى ئېلمەتشاھ.

ھاكىم: ئەركىن ئابدۇرازاق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابابەكرى جۇمە.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1440 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن 47 - تۇەن-مەيدانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 425 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 423 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 396 مىڭ 700، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %13.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %11.38. ناھىيە بويىچە 34 مىڭ 989 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 35 مىڭ 849 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 913 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. يەر ئاستى سۇ بايلىقى 371 مىليون كۇب مېتىرغا، ئىچىشقا بولىدىغىنى 244 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي گاز زاپىسى 62 مىليارد كۇب مېتىر. قېزىلما بايلىق بىرقەدەر مول بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ تارماق تىزمىسى ئۇلۇغئاتا تاغلىق رايونىغا تارقالغان، ئاساسلىقى قاشتېشى، ئالتۇن، ئالماس، ھاك تېشى، خرۇستال، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كۆيا مىللىيچە ھۈنەر - سەنئەت پىچىقى بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مازارتاغ قەدىمكى قەلئەسى، ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى، ئاقساراي يېزىسىدىكى قەدىمى چىنار دەرىخى، شاخلىق فېئودال پومېشچىكلار قورۇقى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى) بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 838 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 475 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.01؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،




قاراقاش ناھىيىسى مىللىي ئۇرپ - ئادەت سودا كوچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىش باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۈرەتتە: مىللىي ئۇرپ - ئادەت سودا كوچىسىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى.

داڭ ۋاڭخەي فوتوسى

%33.76؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 250 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.68 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 938 مىليون 358 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.19 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 688 مىليون 127 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 34 مىليون 576 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 199 مىليون 955 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 810 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 227 مىڭ 674 تونna ئاشلىق، 8029 توننا پاختا، 722 توننا ياغلىق دان، 51 مىڭ 535.55 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 937 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 458 توننا گۆش، 1423 توننا يۇڭ، 3175 توننا سۈت، 1812 توننا تۇخۇم، 90.3 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3268 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 206 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 80 مىڭ 218 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 577 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.21 ؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، %78.34 ئاشقان. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 50 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 213 توننا سۈت يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى، 21 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 56 مىڭ 589 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 302 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 302 مىليون 960 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 247 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 743 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7648گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5712گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 375كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 796گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليون 488 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 11 مىڭ 34 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 543 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 25 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %29.13 ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 310 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %77.19 ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 364 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 5783 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 700 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1267 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 920 (مىللىي 23 مىڭ 814)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 186، ئوقۇغۇچىسى 60 مىڭ 410 (مىللىي 60 مىڭ 63)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 865. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3664. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2100گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 21 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 1086 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 980 كارىۋات بار.

2004 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1041.08 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 932 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8158گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2234كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 12 مىڭ 816غا يەتتى.

★ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسى مىللىي ئۆرپ - ئادەت سودا كوچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى تىجارەت باشلىدى. بۇ شىركەت بىر يىلدا 5000 توننا ساپ سۈت، 200 توننا سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

دۇڭ شىنلى

# گۇما ناھىيىسى

## پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇما ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي شىنخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: دولقۇن ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابباس يۈسۈپ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1811.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بېكىتۈەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 206 مىڭ 474 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 203 مىڭ 937)، يېزا نوپۇسى 160 مىڭ 965؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %‰9.02، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.78. ناھىيە

بويىچە 30 مىڭ 45.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 516.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4546.4 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. گۇما تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 339 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، ياۋا ئۆچكە، ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىق توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، كېرەش، قانتېپەر قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرمتال، گەج، لېتىي، بېرىللىي، قاشتېشى، قوغۇشۇن، سىناك، مانگان قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 448 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %46.4؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 153 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 460 مىليون 560 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.31 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون 666 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 43 مىليون 860 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 73 مىليون 797 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 216 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 108 مىڭ 45.77 توننا ئاشلىق، 5562.96 توننا پاختا، 1848.99 توننا ياغلىق دان، 32 مىڭ 570 توننا مېۋە - چېۋە، 234.57 توننا پۇرچاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 455 مىڭ 265 تۇياق چارۋا قالدى. 4277 توننا گۆش، 540 توننا سۈت، 345 توننا تۇخۇم، 610 توننا يۇڭ، 20 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1664.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 3 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 37 مىڭ 623 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %41.98؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليون 345 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.09 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى؛ 20 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 16 مىليون 550 مىڭ دانە خىش، 79 مىڭ 64 توننا كۆمۈر، 123 مىڭ لىتىر ھاراق، 282 توننا يىپ، 85 مىڭ 917 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 341 مىڭ 356 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 339 مىڭ 312 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 137 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 123 مىليون 460 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3050كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3120گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5496گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 56گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.24؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 179 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 218 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2822 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 888. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 158 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 688 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 478 (مىللىي 12 مىڭ 388)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 137، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 427 (مىللىي 27 مىڭ 236)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 504. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2376 (مىللىي 2289). شۇ يىلى مائارىپ قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 399 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.5، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93.5كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1950كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 358 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 270)، دوختۇرخانىلاردا 499 كارۋات بار.

2004 - يىلى گۇما ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1169 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 492

يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1406گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2013كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 7575كە يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدىكى 14 دۆلەت كارخانىسىنىڭ 12سى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى.

★ 2004 ـ يىلى گۇما ناھىيىسى بويىچە يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىدىن 51 مىڭ 645 ئادەم (قېتىم) سىرتقا چىقىپ ئىشلىدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشتىن 20 مىليون 290 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى؛ ناھىيە بويىچە يېزا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك كىرىمى 129 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %11نى ئىگىلىدى.

چۈەن كېخۇا

## لوپ ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنبياۋ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەتتوختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بۇرھان.

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا تۇردى.

### ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 243 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 239 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 218 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %13.69، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %6.75. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 573.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 22 مىڭ 746.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5810 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. قېزىلما بايلىقلاردىن قاشتېشى، ھاك تېشى، گەج، قىزىل قۇم تاش، ئوتقا چىداملىق توپا قاتارلىقلار؛ ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىدىن قانتېپەر، كەتىرا، قۇچاقغۇل، خۇشپۇراق ھەسەندى پەرەڭ گۈلى، رەۋەن، مەرزەنجۇش، توشقان زەدىكى، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، يەر مەدىكى، توغراق، جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇلان، ياۋا كالا، بۆرە، جەرەن، تۈلكە، ياۋا توڭگۇز، سۇغۇر، ياۋا توشقان، ئىپار چاشقان، بۈركۈت، قارچۇغا، ياۋا ئۆردەك، قىرغاۋۇل، ئۇلار قاتارلىقلار؛ سۇ مەنبەسىدىن بۇلاق سۈيى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، ئاچچىق دەرياسى، ئۇتقاي دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ھانگىيا يېزىسىدىكى يۈز يىللىق تاك، ئاق سېپىل قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، راۋاق بۇددا مۇنارى قەدىمكى خارابىلىكى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى قۇرغاق چۆل كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 581 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 280 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9.81؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 102 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.21؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 582 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %5.68 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 444 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 114 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 142 مىڭ 459 توننا ئاشلىق، 9298 توننا پاختا، 60 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 651 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 529 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6511 توننا گۆش، 740 توننا قوي يۇڭى، 270 مىڭ پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 2780 توننا سۈت، 772 توننا تۇخۇم، 140 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 197.1 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 1065.2 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ 892 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %2.52، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 264 مىڭ توننا سېمونت، 21 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون توننا تۇرۇبا سۈيى

ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 707.91 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 525 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 146 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 126 مىليون 210 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 767 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5089غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4513كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 177گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %25.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 220 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.68 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 485 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 9 مىليون 67 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليون 312 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 3741 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 853. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 561 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 900 (مىللىي 14 مىڭ 678)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 126، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 690 (مىللىي 34 مىڭ 259)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 530. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2349 (مىللىي 2261). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 15 سەھىيە ئاپپاراتى، 511 (مىللىي 369) سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 490 كارۋات بار.

2004 - يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7095.2 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1235 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 532 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5860قا، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1600گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9561گە يەتتى.

## شەھەر قۇرۇلۇشى كۈنسايىن يېڭىلانماقتا

2004 - يىلى لوپ ناھىيىسى شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇردى، دول كوچىسى، سودا كوچىسى، بەشكەنت كوچىلىرى كېڭەيتىپ ياسالدى، 800 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش چېقىلدى، كېڭەيتىپ ياسالغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2195 مېتىر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچ يولنىڭ يۈزىدا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 2.2 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. خوتەن يولىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ 2 - ئولتۇراق رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 241.5 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى 100 يۈرۈش بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 9367.9 كۋادرات مېتىر، ماگازىنلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1873.6 كۋادرات مېتىر؛ مەيدان باغچىسى ئولتۇراق رايونىدا تۇرالغۇ ئۆي بىناسىدىن 165 يۈرۈش سېلىندى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ 140.88 كۋادرات مېتىر. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 2249 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ كىچىك پار قازانلىرى بىكار قىلىندى، ئىسسىتىش كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. «باغچىلاشقان ئورۇن قۇرۇش» پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، باغچىلاشقان ئورۇن 19غا، كۆكەرتىشتە ئۈلگىمگە يەتكەن ئورۇن 25كە يەتتى. مەدەنىيەت مەيدانىدىن بىرسى قۇرۇلدى، يېڭىدىن 3 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، ئوتتۇرىچە يېشىللىق كۆلىمى 9 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. «يېشىل مەكتەپ» قۇرۇش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، يېشىل مەكتەپتىن 8ى قۇرۇلدى.

2004 - يىلى لوپ ناھىيىسى بازىرىنىڭ كۆلىمى 5 كۋادرات كىلومېتىرغا، يول 29غا، كوچا ئاپتوبۇسى 9غا، بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 940 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، كوچا چىرىغى 1030غا، يورۇتۇش نىسبىتى %100كە، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %60كە، سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %93كە، كۆكلۈك مەيدان نىسبىتى %33كە، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 212 گېكتارغا يېتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان باغچىلاشقان ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن بولدى.

★ 1 - ئايدا لوپ ناھىيىسىگە «يۈز كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى» قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

★ 5 - ئايدا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى لوپ ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىغا مەملىكەت بويىچە ئۆزگىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى دەپ نام بەردى.

★ 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى لوپ ناھىيىسىدە ئاياللارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قول ھۈنەر بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى ئېچىلدى، يەرمەنكىگە 200 نەچچە تۈردىكى 4000 دىن ئارتۇق بۇيۇم قويۇلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لوپ ناھىيىسى مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

★ 10 - ئايدا لوپ ناھىيىسى چارباغ يېزىسى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ قۇرغان دېھقان - چارۋىچىلارنى ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

★ 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لوپ ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە بازىرى دەپ نام بېرىلدى.

جۇ چېڭزۇ

# چىرا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: رەن چىگاڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇغېنى ئىبراھىم.

ھاكىم: ئابدۇللا قۇربان (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دولقۇن يۈسۈپ (5 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان ئىبراھىم.

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول (قۇملۇق تاشيولى) مۇساپىسى 1415 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 134 مىڭ 904 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 132 مىڭ 844)، يېزا نوپۇسى 117 مىڭ 924؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰07. 19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 47. 833 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 2. 602 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان، ئېگىزغا تېرىلغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 87. 9874 گېكتار (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان، ئېگىزغا تېرىلغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، تۈلكە، سۇغۇر، ياۋا تۆگە، بۆرە قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىق قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، ئالقات، يەر مەدىكى قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، ھاك تېشى، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، تۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 311 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 143 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %95. 15 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 310 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %73. 6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 730 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 400 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 91 مىليون 930 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 160 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 71 مىڭ 314 توننا ئاشلىق، 3035 توننا پاختا، 449 توننا ياغلىق دان، 7879 توننا كۆكتات، 3743 توننا مېۋە - چېۋە، 41 مىڭ 800 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 496 مىڭ 497 تۇياق چارۋا قالدى. 1. 5182 توننا گۆش، 605 توننا قوي يۇڭى، 900 توننا سۈت، 537 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 6. 1559 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 98 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 6 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 222 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 935 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1. 12، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9. 6 ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 599 مىڭ 500 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 2. 324 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 105 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى

مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4046گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3776گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 224كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 50 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 149 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.3 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 149 مىليون 487 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1643 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 779. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 117 (ھەممىسى مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 184 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 513 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 129 (مىللىي 11 مىڭ 58)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 82، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 190 (مىللىي 14 مىڭ 22)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 145. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1843 (مىللىي 1777). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 167 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2400گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 286 (مىللىي 249) سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 340 كارۋات بار.

2004 - يىلى چىرا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1045 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 251 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4094كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 677گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 6109غا يەتتى.

تاڭ فاڭ

# كېرىيە ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شيۇچېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خې جۈن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رېھىم نىياز.

ھاكىم: مەتسەيدى خۇدابەردى.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمەتجان غوپۇر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە كېرىيە ناھىيىسىدىن چىقىپ قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، كوناشەھەر رايونلۇق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 224 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 221 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 203 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.44، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.52. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 276 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 233 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 34 مىڭ 469 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن تۇز، قاشتېشى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قارا دۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، ھېيتگاھ جامەسى، ئەجدىھا كۆلى مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 518 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 288 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.79 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11.42 ئازايدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.39 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 659 مىليون 847 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.79 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 479 مىليون 701 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 140 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 146 مىليون 181 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 765 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 120 مىڭ 153 تونna ئاشلىق، 3414

توننا پاختا، 50 مىڭ 649 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 732 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 8886 توننا گۆش، 1102.75 توننا قوي يۇڭى، 1584 توننا سۈت، 1202 توننا تۇخۇم، 85 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3331 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 7 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 52 مىڭ 6.4 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.38% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 294 توننا تۇز، 15 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3.8 توننا قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 157 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 163 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 78 مىليون 430 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3000غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5400گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 350كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 91 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 86 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 3 مىليون 886 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 58.58%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 190 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.84% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 192 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4429 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 854. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 402 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1208 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 223؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 106، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 435، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 1755. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2294. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 75%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2200گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 سەھىيە ئاپپاراتى، 554 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 432)، دوختۇرخانىلاردا 459 كارىۋات بار.

2004 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1266.5 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2618.26 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1129.28 يۈەنگە، ئىستېمال چىقىمى 1202.82 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 198 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5722گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2102گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9678گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى خېرىدار چاقىرىش-مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. توختام تۈزۈلگەن ھەممە يولغا قويۇلغان تۈر 38، ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 52 مىليون 980 مىڭ يۈەن؛ سىرتقا 30 مىڭ 900 ئەمگەك كۈچى (قېتىم) چىقىرىلىپ، 23 مىليون 220 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

ۋېي يۈڭلوڭ

## نىيە ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تۇڭ ۋېيدۇڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن پىڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توقسۇن مەتيۈسۈپ.

ھاكىم: ئالىمجان مەمتىمىن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەت ئەمەت (4 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم

بـولـدى) .

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى قۇرۇم تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان قۇملۇق تاشيولى مۇساپىسى 1193 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 761 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 967)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 315؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.19‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.17‰. ناھىيە بويىچە 6853 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2948 گېكتار (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 2285 گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3105 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، يىلپىز، تۈلكە، ئۇلار قاتارلىقلار، دەل ـ دەرەخلەردىن توغراق، جىگدە، شىنجاڭ تېرىكى، سۆۋادان تېرەك، قارا سۆگەت، ئەرمىدۇن، كۈمۈش تېرەك، تۇخۇمەك، چىنار، ئارچا قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، كەتىرا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كېپەك ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، نىكېل، تاش پاختا، چىرىمتال، گەج، ھاك تېشى، كۋارتس، شور، ئىسلاندىيە شپاتى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كىچىك مەككە — ئىمامجاپپار سىدىق مازىرى، تەبىئىي بېلىق كۆلى ساياھەت ئارامگاھى، نىيە خارابىلىكى بار. كىلىماتى تېپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 149 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %0.7؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %66؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون 751 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %55.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 547 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 741 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 37 مىليون 398 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 234 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 802 تونا ئاشلىق، 1800 تونا پاختا، 6 تونا ياغلىق دان، 17 مىڭ 898 تونا كۆكتات، 46 مىڭ 620 تونا قوغۇن ـ تاۋۇز، 1233 تونا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 229 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 2047.2 تونا گۆش، 299.95 تونا قوي يۇڭى، 270 تونا سۈت، 246.75 تونا تۇخۇم، 26 تونا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 557 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 57 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 789 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %12.2 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 198 مىڭ يۈەن بولۇپ، %51.5 تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 308 مىڭ تونا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 8100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 90 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 88 مىليون 980 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4070كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 791گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2650كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 140قا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليون 839 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 5000 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %112؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %38 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 89 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 888 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 630 مىڭ يۈەن ھەر خىل تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 1431 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى،

بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 305. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 188 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 315 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2634 (مىللىي 2418)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 2901 (مىللىي 2567)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 402. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 675 (مىللىي 632). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1800گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8 سەھىيە ئاپپاراتى، 202 (مىللىي 179) سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 174 كارۋات بار.

2004 - يىلى نىيە ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7510 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1711.68 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2322 گە، كۈتۈنۈش خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشقان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 363 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3053 كە، داۋالىنىش خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش تۇپلاشقا قاتناشقان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 591 گە يەتتى.

رۇەن ۋېيجېي

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ گولياڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قىزايجان سالىخوجا (قازاق)، توقتار ئەلباتىر (قازاق)، ۋۇ چېڭدې، يۈ مىڭ، ليۇ شۆخۇ، گاۋ ليېچىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يى گوچۈەن، زوردۇن خوجا، گۈەن يىمېي (شىبە، ئايال)، تۇرسۇن تۇردى، توختاسىن ئاۋالبېك (قازاق)، جاڭ جىنخۇا، ناجات نازاربېك (قازاق)، ما ۋېنبىن (خۇيزۇ، 3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: قىزايجان سالىخوجا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ياڭ يۇجۇن، سەۋىردىن ئۆمەر، ساۋۇتبېك نۇرلان (قازاق)، ۋەن شۈي، ۋاڭ جيەنجۇڭ، گۈلزىرە نۇرئادىل (ئايال، قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇربانجان مەمەت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋاڭ جىڭچيەن (3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دۇڭ چاڭمىڭ، ئابدۇۋەلى ئىبراھىم، قاجىئەكبەر قوڭىر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيسايوف، داباي نۇراكىن (قازاق)، دارجالا (موڭغۇل)، جاۋ فۇيىڭ (ئايال).


### ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 2، شەھەر 3، ناھىيە 11، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 4 مىليون 145 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 278 مىڭ)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.99‰. ئوبلاست بويىچە 702 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 315 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 265 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. يەر ئاستى سۇ بايلىقى 22 مىليارد 815 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 208 دەريا - ئېقىن بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى 36 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئوبلاست تەۋەسىدە 97 خىل ھايۋان بار، ئالاھىدە ھايۋانلاردىن تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، ئاق پاتمىچۇق، چوڭ قۇلاقلىق پاتمىچۇق، قۇندۇز، ئىلى قارا ھەرىسى؛ داڭلىق يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلاردىن ئىلى ئېتى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، ئىلى ئاق چوشقىسى قاتارلىقلار بار؛ تاغلىق ئورمانلىقىدىكى ئۆسۈۋاتقان دەرەخ بايلىقى زاپىسى 154 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ياۋا مېۋىلىك ئورمان بايلىقى مول، ياۋا ئالما، شىنجاڭ ئۆرۈكى، گىلاس، مالىنا، جىغان قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تورىي، بېرىللىي، ئاق چىرىمتال، كالىي شىپاتى، خروم، سېزىي قاتارلىقلار بار، ئاشىل مىس كېنى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن كان ياتمىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتۇن زاپىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. داڭلىق يەرلىك ماركىلىق مەھسۇلاتلاردىن ئىلى

ئالاھىدە ئاق ھارىقى، شور بۇلاق ئاق ھارىقى، شىخۇ پىۋىسى، تايۈەن زاراڭزا يېغى، شىنجاڭ قار لەيلىسى ماركىلىق يۇرۇشلۇك پاپىروس، چاقماق قەنت، شۆمەك ماركىلىق سۈت ياسالما، ئۆزگىچە داڭلىق ياۋا مېۋە شىرنىسى، شەيىن خادا بۇغا مەھسۇلاتلىرى، شىيجى لۈيۈەن بۇغا مەھسۇلاتلىرى، تاڭبانا قارا ھەرە ھەسلى، بەيشىن ھەسەل مەھسۇلاتلىرى، يۈەنشىن ئۈستقۇددۇس يېغى، نەنگاڭ سېرىق ئۆردەك سېمونتى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئالتۇن ساھىل (دۆلەتلىك 3A دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسى)، كەڭساي جىلغىسى، قاناس كۆلى (دۆلەتلىك 4A دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسى)، نارات يايلىقى (دۆلەتلىك 3A دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسى)، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، بۇغا مۈڭگۈزى قولتۇقى، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى، كۇرە قوڭغۇراق راۋىقى، گېدىن تېغىدىكى ئابىدە، لىن زېشۈي خاتىرە سارىيى، موڭغۇلكۈرەدىكى ئىلاھ بۇتخانىسى، قورغاس پورتى، باقتۇ پورتى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تېپىدىكى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 31 مىليارد 288 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 13 مىليارد 430 مىليون يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 10 مىليارد 433 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 4 مىليارد 216 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.2% (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 6.5%)؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 947 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 4 مىليارد 735 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 19.8% (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 22.6%)؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 909 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 4 مىليارد 480 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 12.3% (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 11.8%) ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 883 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 6 مىليارد 34 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 7.2% (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 6%) ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 441 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 990 مىليون يۈەن)، ئورمانچىلىقنىڭ 314 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 148 مىليون يۈەن)، چارۋىچىلىقنىڭ 5 مىليارد 706 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 684 مىليون يۈەن)، بېلىقچىلىقنىڭ 112 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 56 مىليون يۈەن). ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 923 مىڭ 600 توننا ئاشلىق (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 117 مىڭ 900 توننا)، 119 مىڭ 900 توننا پاختا (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 6700 توننا)، 212 مىڭ 900 توننا (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 113 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 1 مىليون 507 مىڭ 900 توننا قىزىلچا (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 73 مىڭ 900 توننا)، 97 مىڭ 300 توننا چىگە (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 94 مىڭ 100 توننا)، 116 مىڭ 600 توننا مېۋە ـ چېۋە (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 103 مىڭ 600 توننا) ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 14 مىليون 655 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 6 مىليون 331 مىڭ 400 تۇياق). 347 مىڭ 700 توننا گۆش (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 157 مىڭ 200 توننا)، 28 مىڭ 900 توننا قوي يۇڭى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە



ئىلى ئوبلاستى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرى تەنتەربىيە مەركىزىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

لى جىگاڭ فوتوسى

قاراشلىق جايلارنىڭ 14 مىڭ توننا) ، 532 مىڭ 100 توننا سۈت (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 334 مىڭ 500 توننا) ، 77 مىڭ 200 توننا تۇخۇم (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 54 مىڭ 100 توننا) ، 16 مىڭ 900 توننا سۇ مەھسۇلاتى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 8700 توننا) ئېلىندى. 34 مىڭ 470 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 مىڭ 830 گېكتار) . يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 201 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 7 مىليارد 794 مىليون يۈەن) گە، يارىتقان ساپ پايدىسى 967 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 464 مىليون يۈەن) گە، ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليون 299 مىڭ 800 كىلوۋات (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 759 مىڭ 200 كىلوۋات) قا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 208 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 278 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 21.25% (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 21.4%) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 29 مىڭ 900 توننا يىپ (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 14 مىڭ 800 توننا) ، 147 مىڭ 700 توننا شېكەر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 101 مىڭ 600 توننا) ، 199 مىڭ 400 توننا سۇ يېغى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 93 مىڭ توننا) ، 5 مىليون 715 مىڭ 100 توننا كۆمۈر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليون 21 مىڭ 100 توننا) ، 1 مىليون 621 مىڭ 900 توننا سېمونت (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 386 مىڭ 400 توننا) ، 66 مىڭ 900 توننا چويۇن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 63 مىڭ 100 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى، 2 مىليارد 81 مىڭ 380 كىلوۋات سائەت توك (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 911 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەت) تارقىتىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 321 مىڭ كۋادرات مېتىر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 365 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 401 مىڭ كۋادرات مېتىر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 824 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 11 مىليارد 963 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 5 مىليارد 864 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 7 مىليارد 690 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 606 مىليون يۈەن) ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 374 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 592 مىليون يۈەن) ، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 205 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 969 مىليون يۈەن) . يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 896 مىڭ 100 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 498 مىڭ 600) گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 59 مىڭ 600 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 33 مىڭ) گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليارد 330 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 730 مىليون يۈەن) گە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 120 مىليون 800 مىڭ دوللار (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 444 مىليون 910 مىڭ دوللار) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 836 مىليون 630 مىڭ دوللار (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 389 مىليون 850 مىڭ دوللار) ، ئىمپورت سوممىسى 284 مىليون 170 مىڭ دوللار (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 55 مىليون 60 مىڭ دوللار) . 4 مىليون 530 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليون 794 مىڭ ئادەم - قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 967 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 256 مىليون يۈەن) گە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 758 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 865 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22.1% (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 14.9%) ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 5 مىليارد 670 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 784 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 13.9% (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12.3%) ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 21 مىليارد 854 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 مىليارد 654 مىليون يۈەن) گە يەتتى.

2004 - يىلى ئوبلاست بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 11ى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 5) ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 42سى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 27) ، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 32سى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 17) ، ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا تۈرىگە 8 مىليون 250 مىڭ

يۈەن (ئوبلاستقا بۆۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليون 990 مىڭ يۈەن) ئاجرىتىلدى. 42 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 14) رويخەتكە ئېلىندى، 50 تۈر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 45) پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، دۆلەت 39 تۈر (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 36) گە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 8681 (مىللىي 5008)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 12، ئوقۇغۇچىسى 3914 (مىللىي 2776)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 2034 (مىللىي 551)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 108 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكىسى 67)، ئوقۇغۇچىسى 80 مىڭ 800 (مىللىي 38 مىڭ 730، ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 47 مىڭ 400)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 352 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكىسى 187)، ئوقۇغۇچىسى 191 مىڭ 800 (مىللىي 117 مىڭ 552، ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 111 مىڭ)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 951 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 545)، ئوقۇغۇچىسى 388 مىڭ 200 (مىللىي 260 مىڭ 142، ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 249 مىڭ 500)؛ بالىلار باغچىسى 184، باغچىدىكى بالا 29 مىڭ 500. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 52 مىڭ 920 (مىللىي 31 مىڭ 923). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 927 مىڭ يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 14 مىليون 605 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.4 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ %88) كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87.8 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ %92.12) كە سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 140 مىڭ 600 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 44 مىڭ 100) گە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 20 مىڭ 600 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 مىڭ 400)، دوختۇرخانىلاردا 14 مىڭ 100 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 8700) كارۋات بار.

2004 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارا، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 71 تۈردە بىرىنچى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 37)، 64 تۈردە ئىككىنچى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 30)، 58 تۈردە ئۈچىنچى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 24) بولدى.

2004 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6553 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 6310 يۈەن) گە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5286 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 5188 يۈەن) گە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3285 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 2925 يۈەن) گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 259 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 مىڭ 727 يۈەن) گە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 208 مىڭ 800 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكىسى 103 مىڭ 500) گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 174 مىڭ 400 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكىسى 86 مىڭ 300) گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 347 مىڭ 200 (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكىسى 184 مىڭ 400) گە يەتتى.

ليۇ ئەيچۈن

## ئىلى ئوبلاستى ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيە شتاتى داۋيېس شەھىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەلقئارا قانىلى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىلىنىڭ گۈزەل ئىلى دەرياسى نەق ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان «دۇنيا سېنى چۈشەنسۇن» ناملىق تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىسىنى ئىشلىدى. ئىلى ئوبلاستى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەلقئارا قانىلىنىڭ بۇ پروگراممىسى كۆرسىتىلىشكە باشلىغان 3 يىلدىن بۇيان، خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇلغان تۇنجى ئوبلاست بولۇپ قالدى. ئۇكيان ھالقىغان سۆھبەتلىشىشتە ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گولياڭ ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيە شتاتى داۋيېس شەھىرىنىڭ باشلىقى خۇاڭ يۈەنلىڭغا ئىلى ئوبلاستىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تونۇشتۇردى. ماس قەدەملىك يەتكۈزۈش ئارقىلىق شەھەر باشلىقى خۇاڭ يەنلىڭ قازاقلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، كىيىنىشى، ناخشا - مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇللىرىدىن بەھىر ئالدى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، مول مەدەنىيەت بايلىقى ۋە قىزغىن، مېھماندوست ھەر مىللەت خەلقىنى تولىمۇ ماختىدى. ئىلى ئوبلاستى بىلەن ئامېرىكا داۋيېس شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبەتلەشكەنلىكى ھەققىدىكى پروگرامما تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا مەلۇم تەسىر قوزغىدى.

ليۇ ئەيچۈن

### ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ يېڭى بىناسى پۈتتى

ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ 2004-يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېچىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي ئەسلىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئاساسىدا كېڭەيتىپ، ئۆزگەرتىپ سېلىنغان بولۇپ، 5 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 0.53 گېكتار، كۆرگەزمە كۆلىمى 1830 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مۇزېيغا ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغى ۋە تەڭرىتاغدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلغان، ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن 2898ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى يايلاق برونزا قوراللىرى، بۇغىسىمان تاش، بوما قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار، يىپەكتىن ئىشلەنگەن كەشتىلەنگەن ھەدىيە بۇيۇملىرى، ئوتلاق بالباللىرى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، تۆمۈر قاتارلىق ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. كۆرگەزمىخانا بىرىنچى زال ۋە 2 -، 3 -، 4 - زاللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئۇلاردا دەسلەپكى يايلاق مەدەنىيىتى، كۆچمە چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىلى ئوبلاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

لى سۈيۈەن

★ ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ۋە 3 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلدى.

★ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا 7 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى ئاز ئۇچرايدىغان قارا يامغۇر ياغدى. يېغىن مىقدارى غۇلجا شەھىرىدە 8.56 مىللىمېتىرغا، قورغاس ناھىيىسىدە 30.3 مىللىمېتىرغا، غۇلجا ناھىيىسىدە 42.4 مىللىمېتىرغا يېتىپ، مېتېئورولوگىيە خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى 7 - ئايدا يېغىن ئەڭ كۆپ بولغان رېكورت يارىتىلدى.

★ ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىلى، ئېرتىش دەرياسىدىكى بېلىق بايلىقىنى قوغداش نىزامى» 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولغا قويۇلدى.

★ ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئامما 9-ئاينىڭ 5 - كۈنى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

★ ئىلى ئوبلاستلىق 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئوبلاستلىق بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىگە 13 كوماندا قاتناشتى.

★ ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە تاشقى ئىقتىساد-سودا نازارىتى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا تېخنىكا ھەمكارلىقى يەرمەنكىسى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

ليۇ ئەيچۈن

## كۈيتۇڭ شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇڭ شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: نيۇ جېڭفۇ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پۇ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: تاڭئاتار كەلىماخۇن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ داۋخۇا.

### ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 140 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ 353)، يېزا نوپۇسى 15 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰71.7، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰27.5. شەھەر بويىچە 11 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 930 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6000 گېكتاردىن كۆپرەك يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «قار لەيلىسى» ماركىلىق پاپىروس شىنجاڭ بويىچە داڭلىق. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21؛ 3 - كەسىپنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 249 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 56 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 350 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6308 توننا ئاشلىق، 4243 توننا پاختا، 154 مىڭ 400 توننا كۆكتات، 2779 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 44 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 1455 توننا گۆش ئېلىندى. 152.67 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 33%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 140 مىڭ يەشىك پاپىروس، 332 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 4100 توننا سۇ سىڭمەس سۇلياۋ يوپۇق، 20 مىڭ 900 توننا شوخلا قىيامى، 7200 توننا شېكەر، 26 مىڭ 300 توننا پاختا يىپ، 68 مىڭ 400 توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 885 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 403 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 253 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 860 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 546 مىليون 840 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 120 مىليون 80 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 208 مىليون يۈەنگە، شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 80 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 94 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 9000غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 762 مىليون يۈەنگە يەتتى. 386 مىڭ 60 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 34 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 211 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.7%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 45.54% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 9254 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3053. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 493؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 400؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 400. بالىلار باغچىسى 22، باغچىدىكى بالا 4458. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1706. رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 30 مىڭغا (شەھەردە سىملىق تېلېۋىزىيە تورى بار) يەتتى.

شەھەر بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 1485 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1445 كارۋات بار.

2004 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 6895 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5599 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2019 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 843 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 32 مىڭ 930غا، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 39 مىڭ 676گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 47 مىڭ 66غا يەتتى.

### 5 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى يېتىشتۈرۈشتە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى

2004 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى پاپىروس، مېتاللورگىيە، توقۇمىچىلىق، نېفىت خىمىيە، سودا ماددىي ئەشيا ئوبوروتىدىن ئىبارەت 5 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى يېتىشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىرىنچىدىن، شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، پاپىروس كەسپىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاشتى، پاپىروس سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى. بىر يىلدا 140 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - خىلدىن يۇقىرى پاپىروس 2003 - يىلدىكىدىن 71.98% ئېشىپ، 404 مىليون يۈەنلىك پايدا ۋە باج يارىتىلدى. ئىككىنچىدىن، مېتاللورگىيە كەسپى مۇقىم راۋاجلاندى. «تيەنجى» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىلىغا 300 مىڭ توننا پولات تاۋلايدىغان ۋە قۇيما پولات

ئىشلەپچىقىرىدىغان ئېلېكتىر پېچلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇپ، 68 مىڭ توننا پىلتە پولات ئىشلەپچىقىرىلىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 169 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. «تيەنجى» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ باشقا چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئېسىمىر خروم - تۆمۈر قېتىشمىسى تۈرى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، توقۇمىچىلىق كەسپى مۇقىم راۋاجلاندى. شەھەر بويىچە 220 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى شەكىللىنىپ، 444 مىليون يۈەنلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يارىتىلدى. تۆتىنچىدىن، نېفىت خىمىيە كەسپىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇنىڭدا كۈيتۇڭ شەھىرى نېفىت خىمىيە سانائىتى باغچىسى، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نېفىت خىمىيە سانائىتى باغچىسىنىڭ خىزمەت لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» رايوندا نېفىت خىمىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى پىلانلاش ئىلگىرى سۈرۈلدى. نېفىت خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 34 سودىگەر چاقىرىش تۈرى بېكىتىلدى، نېفىت خىمىيە كەسپى بويىچە 3 قېتىم مەخسۇس سودىگەر چاقىرىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 6 ھەمكارلىق تۈردە توختام ئىمزالاندى. بىر تۈركۈم نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تۈرى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدى. بەشىنچىدىن، سودا ماددىي ئەشيا ئوبوروتى ئۈزلۈكسىز زورايدى. شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى كۈيتۇڭ ماددىي ئەشيا ئوبوروت شىركىتى قاتارلىق بەزى تايانچ ماددىي ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرى تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، غەربىي قىسىم سودىسى قاتارلىق چوڭ كەسپىي بازارلار داۋاملىق كېڭەيتىلىپ ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، تاۋار ئوبوروتى، تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، سودا ئوبوروت تۈرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى ھەمدە «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» رايونىدىكى مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى.

★ كۈيتۇڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى 3 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ كۈيتۇڭ شەھەرلىك تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا 10 - ئايدا ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم جەمئىيەتتىن خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇ جەمئىيەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ مەبلەغ سېلىنغان شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

★ 2004 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئىشىدا 659 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

★ 2004 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى تەكشۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چيەن شاۋچىن

# غۇلجا شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياۋ باۋخۇا.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ كېباۋ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان كۆكسىرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۇرۇمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8، بازار بىر، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 430 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 277 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 150 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.83، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.16. شەھەر بويىچە 15 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 680 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2740 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 11 مىليارد 806 مىليون كۇب مېتىر (ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى شۇنىڭ ئىچىدە) غا يېتىدۇ، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس قاتارلىق 63 خىل قېزىلما بايلىق بار. داڭلىق لىن زېشۇي خاتىرە سارىيى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى خاتىرە سارىيى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسى)، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى (دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن)، ئىلى دەرياسى باغچىسى، شەھەر دىڭىز مەنزىرىسى سۇ ئۈستى باغچىسى، خەنبىڭ يېزىسى ۋە تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى شىپاڭ، يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئالمۇتا

ۋە توققۇز شەھەر شىمالىي تاغ باغرى قار تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەرگە تەۋە رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 96 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.9؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.3 ئاشتى.

يەرلىكنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 499 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.08 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 30 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 192 مىليون 40 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 11 مىليون 960 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ 846 توننا ئاشلىق، 60 توننا پاختا، 3130 توننا ياغلىق دان، 41 مىڭ 575 توننا قىزىلچا، 18 مىڭ 133 توننا مېۋە - چېۋە، 189 مىڭ 192 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 258 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 282 توننا گۆش، 628 توننا ئىنچىكە قوي يۇڭى، 35 مىڭ 318 توننا سۈت، 2144 توننا تۇخۇم، 2545 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 286 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 633 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 53 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 46 مىڭ 993 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 779 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 565 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 91 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 15 مىليون 30 مىڭ يۈەن تۇرۇبا سۈيى، 70 مىڭ 800 توننا سېمونت ئېلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 563 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 836 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 439 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 610 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك تۇراقلىق مۈلۈككە سالغىنى 1 مىليارد 554 مىليون يۈەن؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 606 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 332 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا رايون تەۋەسىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 96 مىڭ 500گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 89 مىڭ 760قا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 11 مىڭ 798گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 288 مىليون يۈەنگە يەتتى، سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 206 مىليون 520 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 203 مىليون 110 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 410 مىڭ دوللار. 1 مىليون 96 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 125 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 229 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.02 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 195 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 16 مىڭ 227 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5923. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3239؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 596 (مىللىي 13 مىڭ 172)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 76، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 823 (مىللىي 20 مىڭ 718). باللار باغچىسى 31، باغچىدىكى بالا 9856. شۇ يىلى مائارىپ ئىشلىرىغا 85 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى، 1003 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2229 كارۋات بار.

2004 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6046 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5003 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3159 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 654 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 44 مىڭ 192گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 45 مىڭ

86گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 74 مىڭ 523كە يەتتى.

## غۇلجا شەھىرىنىڭ مەمۇرىي دائىرىسى كېڭەيتىلدى

2004 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ ۋە پەنجىم يېزىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ 2 يېزىنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىمۇ غۇلجا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق ئىنەك فېرمىسى ۋە تۆزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

## دۆلەت زېمىنى ئۆتۈنۈپ بېرىلدى

غۇلجا شەھىرى 2004 - يىل 2 - ئايدا شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 6.6 گېكتار دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتتى، بۇنىڭغا شىنجاڭ «تيەنگۇاڭ» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىلى شۆبە شىركىتى 138 مىليون يۈەنلىك باھا بىلەن خېرىدار بولدى.

## جياڭسۇ يولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى

58 مىليون 732 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە جياڭسۇ ئۆلكىسى ياردەم قىلغان مەبلەغ 19 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىنغان غۇلجا شەھىرى جياڭسۇ يولى 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. جياڭسۇ يولى شەرقتە ئايرودروم يولىدىكى «يىمىن» ياغاچ سايمان زاۋۇتىدىكى ئايلانمىدىن باشلىنىپ غەربتە ئازادلىق ئارمىيە 11 - دوختۇرخانىسىغىچە سوزۇلغان، جەنۇبتا «خۇاچياڭ» سودا سارىيى ئارقىلىق ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ يولنىڭ پىلاندىكى كەڭلىكى 50 — 58 مېتىر بولۇپ، چېقىلغان - كۆچۈرۈلگەن كۆلەم ئاز كەم 40 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋاڭ شياڭلىڭ

# غۇلجا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى نىڭپىڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاكىمجان مەخمۇت.

ھاكىم: نۇرمەممەت ئىبراھىم (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇسالام سادىق (7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدىلىم بېشىر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 16، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 362 مىڭ 731 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 291 مىڭ 612)، يېزا نوپۇسى 311 مىڭ 386؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.51‰. ناھىيە بويىچە 61 مىڭ 913.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 52 مىڭ 153.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 20 مىڭ 866.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئالتۇن، كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، گاۋلىڭ تېشى، گرانىت تاش، بارىت قاتارلىق 27 خىل قېزىلما بايلىق، 40 نەچچە ئورۇندا كان نۇقتىسى بار. غۇلجا ناھىيىسىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، زىغىر، قىچا، كەندىر، قىزىلچا، كۆك تاماكا، ئالما، چوڭ ئاق ئۆرۈك، نەشپۈت، سۇلۇق شاپتۇل، توقاچ شاپتۇل، ئالۇچا، ئۈزۈم، بۆلجۈرگەن، تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت كۈنەس قەلئەسى خارابىسى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى)، چىڭگىزخاننىڭ ئىلىدا قوشۇن تورغۇزۇپ تەدبىر بەلگىلەپ غەربكە يۈرۈش قىلىش خارابىسى، سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى، قەدىمىي ئۆتەك ياماتى، لىن زېشۈي ئىئانە تويلاپ چاپتۇرغان ئاق ئۆستەڭ قاش دەرياسى ئېلىش بېشى خارابىسى، ئاق ئۆزەن ئورمان باغچىسى، توقاي ئېلېكتر ئىستانسىسى سۇ ئامبىرى مەنزىرە رايونى، 3 - ئېرا دەۋرىدىن قالغان كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 678 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 661 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 607 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 410 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليارد 470 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 -

يىلدىكىدىن 5.81% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 770 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 43 مىليون 900 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 586 مىليون 130 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 35 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 396 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 184 مىڭ 100 توننا ياغلىق دان، 212 مىڭ 800 توننا قىزىلچا، 147 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە، 172 مىڭ توننا چىگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 813 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 26 مىڭ 937 توننا ئاشلىق، 1848 توننا قوي يۇڭى، 56 مىڭ 420 توننا سۈت، 30 مىڭ 402 توننا تۇخۇم، 4672 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 51 مىڭ 638 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 98 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 168 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 842 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 278 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 43 مىليون 308 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 636 مىڭ توننا كۆمۈر، 93 توننا ئىچىملىك ھاراق، 360 توننا سۈت ياسالما، 3600 توننا سۈت پاراشوكى، 61 مىڭ 700 توننا بۇغداي ئۇنى، 32 مىڭ 980 توننا سۇ يېغى، 446 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 60 مىڭ 141 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 22 مىڭ 192 توننا شېكەر، 1238 كىلوگرام ئالتۇن، 87 مىڭ 900 قۇر كىيىم-كېچەك، 2331 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 39 مىڭ 40 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 382 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 70 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 443 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 262 مىليون 740 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 100 مىليون 580 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 796 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون



غۇلجا ناھىيىسى ۋەتىنىنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىسىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ئېتىزلىرى كەڭ، سۇ بايلىقى مول، كىلىماتى ئىللىق، بۇ جاي كىشىلەر تەرىپىدىن گۈزەل ماكان، «غەربتىكى ئاشلىق ئامبىرى» ۋە «ئىلى ئۆرۈك ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. سۈرەتتە: قۇرۇلۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان غۇلجا ناھىيە بازىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى.

سۈرەتنى غۇلجا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

600 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6300گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 29 مىڭ 700گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 40 مىڭ 439غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 676گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 305 مىليون يۈەنگە يەتتى. 70 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 54 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003-يىلدىكىدىن 3.04%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 278 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.9% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 275 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 630 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 255 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1161 (ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى) بىر، ئوقۇغۇچىسى 1299 (مىللىي 780)، ئوتتۇرا مەكتەپ 29 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 867 (مىللىي 16 مىڭ 548)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ

121 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 55)، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 200 (مىللىي 37 مىڭ 55)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 2046. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4402 (مىللىي 3147)؛ شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 178 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3415كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 232 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 766 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 567)، دوختۇرخانىلاردا 642 كارۋات بار.

2004 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2853 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1062 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8259 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 291گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4809غا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 16 مىڭ 41گە يەتتى.

★ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم، دادامتۇ يېزىلىرىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

★ غۇلجا ناھىيىسىدىن لىۋ گوجېڭغا سۇچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاشتىكى ئىلغار شەخس، سۇ يۈلەنگە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، چيەن جياڭيىغا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ساختا پۇلغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى، ئابلىكىم ئاۋاكىرىغا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى بېرىلدى. غۇلجا ناھىيىسى دۆڭمازار سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا سۇ زاۋۇتى، ناھىيىلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى شىنجاڭ ئاشىل ئالتۇن كېنى، ئىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، مەركىزىي ئاشلىق زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبىرىغا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

★ 2004 - يىلى غۇلجا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا ئەمگەك كۆچى چىقىرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن ناملارغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ شۈي

**قىسقا ماتېرىيال**

## كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

غۇلجا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دۆڭمازار بازىرى يېنىدىكى قاش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى دەريا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان سايدا 4 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدە كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى بار، بۇ مەملىكەت بويىچە كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمۇدۇن مەركەزلىك تارقالغان بىردىن بىر جاي.

كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن 3 - ئېرادىن قالغان كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ تۈرى بولۇپ، «كەڭ يوپۇرماقلىق ئورماننىڭ تىرىك تاشقاتمىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ ياغاچ غوللۇقلار ئائىلىسى، يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقاللار تۈرىگە كىرىدۇ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 25 مېتىرغا يېتىدۇ، دەرەخ تاجىسى يۇمىلاق كېلىدۇ، قوۋزىقىنىڭ رەڭگى كۈلرەڭ قوڭۇر بولۇپ، بويىغا يېرىلىدۇ، شاخلىرىنىڭ رەڭگى كۈلرەڭ قوڭۇر ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، قارىمۇ قارشى ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرماقلىرى ئادەتتە 5 پارچە بولۇپ، شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تېگى سىلىق، شام قەۋىتى بولۇپ، پارقىرايدۇ. كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن باش يازدا چېچەكلەيدۇ، چېچىكىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، گۈل رېتى يۇمىلاق بولىدۇ، ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەر ۋە ئارىلاشما جىنسلىق گۈللەر بولىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق، ئېللىپىس شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياغ تارتىشقا بولىدۇ. يېغى سۇزۇك ھەم خۇشپۇراق بولۇپ، ئالاھىدە سانائەت خام ئەشياسى قىلىنىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى جۇڭيى تېبابىتىدە قىزىتما قايتۇرىدىغان ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ.

كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن نۇرپەرەس، ئىسسىققا، سوغۇققا چىداملىق، ياغىچى چىڭ، قۇرۇلمىسى زىچ، ئاسان سۇنۇپ كەتمەيدۇ، ئانچە قۇرۇت يېمەيدۇ، شۇڭا ئۇ بىناكارلىق، توقۇمىچىلىق، ھەربىي سانائەت كەسپلىرى ۋە ئۆي جاھازىسى ياسىمىچىلىقىنىڭ ئېسىل ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

كىچىك ئەرمۇدۇن ئورمانلىقى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

جاڭ شۈي

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ شىڭخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۇڭ دېگۇاڭ (شىبە).

ھاكىم: تۇڭ رۇيچىڭ (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمەت قاناتبېك (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، دىملوك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 134 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 94 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 103 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.93‰؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.1‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 210 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ 630 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. 24 خىل قېزىلما بايلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى 4 مىليارد 100 مىليون توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 1 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن شىبەلەر ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، چوڭ بۇغرا ئورمان باغچىسى، بەيشىفېڭ سەيلىگاھى، ئىلى دەرياسى ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 728 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 343 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.5%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 466 مىليون 763 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 271 مىليون 350 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 819 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 157 مىليون 892 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 119 مىڭ توننا ئاشلىق، 3116 توننا پاختا، 4280 توننا ياغلىق دان، 84 مىڭ 700 توننا قىزىلچا، 4730 توننا مېۋە - چېۋە، 27 مىڭ 400 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 437 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 9455 توننا گۆش، 1185 توننا قوي يۇڭى، 27 مىڭ 367 توننا سۈت، 1450 توننا تۇخۇم، 524 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1522 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 587 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 39 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ 663 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 847 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 726 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 160 مىليون دانە خىش، 480 توننا ئالدونىڭ، 2040 توننا سۈت ياسالما، 640 توننا توڭلىتىلغان گۆش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ 17 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 34 مىڭ 867 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 330 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 196 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 19 مىليون 760 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 323 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى (كىچىك زېرەك ئابونىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 29 مىڭ 144كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 32 مىڭدىن كۆپرەككە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2172گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ

پارچە سېتىلىش سوممىسى 116 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، سودا ئېكسپورت سوممىسى 53 مىليون 421 مىڭ دوللارغا يەتتى. 268 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 12 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.2؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 185 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 432 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3915 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 862. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 12؛ 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 16؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 38، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 974 (مىللىي 12 مىڭ 550)؛ باللار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 1761. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2320 (مىللىي 1920). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2900غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 35 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 476 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 279 كارۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا ئوقيا ئېتىش تۈرى بويىچە 7 تۈردە 1-، 8 تۈردە 2-، 6 تۈردە 3- بولدى.

2004 - يىلى چاپچال ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2419 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 792 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5488گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2956گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8840قا يەتتى.

★ چاپچال ناھىيىسى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ «يېشىڭ» پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ماي، چىگىت پىششىقلاش قاتارلىق 4 ھەمكارلىق تۈرىدە توختام ئىمزالىدى، توختامدىكى سومما 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ چاپچال ناھىيىسىدە 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە شىبەلەرنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ 240 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى.

ۋۇ يولى

**قىسقا ماتېرىيال**

## چوڭبۇغرا ئورمان باغچىسى

چوڭبۇغرا ئورمان باغچىسى چاپچال ناھىيىسىدىكى چوڭبۇغرا يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭبۇغرا ئورمان باغچىسى ئۇيسۇن تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى چوڭبۇغرا جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 9003 گېكتار، بۇ جىلغىدا سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ياپيېشىل ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، مەنزىرىسى ئۆزگىچە، شۇڭا «تاغ ئىچىدىكى باغچا» دېگەن نامى بار. جىلغىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 200 مېتىر، چوڭبۇغرا جىلغىسى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، شىمالىي قاپتالغا زىچ ئۆسكەن شەمشاد ئورمىنى جايلاشقان، باراقسانلىق دەرىجىسى 0.7 — 0.8، ئورمان ئارىسىدا كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت - چۆپلەر يەنى سۆتلۈك نۇس، مۇڭگۇزسىمان تاغ كەرەپشىسى، قاقىرا تۇمشۇق ئۆسىدۇ، ئورمانلىقنىڭ چېتى ياكى ئورمان ئارىسىدىكى بوش يەرلەردە ئاندا - ساندا چىتەن، تال، ئۇچقات، ئازغان قاتارلىقلار تارقالغان. ئەگرى - توقاي تاغ يولىنى بويلاپ تاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىن تاغ چوققىسىغا چىقسىڭىز تاغلار ناھايىتى كۆركەم، يىراقتىن قارىغاندا بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇيسۇن تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان ئاقتاش چوققىسى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدۇ، تاغ چوققىسىدىن جىلغا ئىچىگە قارىسىڭىز تاغ يولىنىڭ ئەگىم جايلىرىغا سېلىنغان ياغاچ شىپائلارنى كۆرىسىز. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە گۈل - گىياھلار ھۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

ۋۇ يولى

# قورغاس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شياڭ شۆلوڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخەت مەخمۇت.

ھاكىم: ھېيتەم ئەزىزى.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ جىچى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 364 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 196 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 283 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.1. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، فوسفور، ئالتۇن، تۆمۈر، ئىسلاندىيە شپاتى، ھاك تېشى، گرانىت تاش قاتارلىقلار؛ ئەتىۋارلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقىدىن ئوستېر بېلىقى، ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، ئەتىۋارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈك ۋە قارلىق تاغ شەمشادى، گىلاس قاتارلىقلار، داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئۆزگىچە يۇرۇشلۇق مېۋە شىرنىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سايرام كۆلى (دۆلەت دەرىجىلىك)، كەڭساي جىلغىسى، سەنگۇڭ سۇ ئامبىرى، كۆكدالا باغچىسى، كۈرە قوڭغۇراق راۋىقى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 764 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 833 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 444 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.8؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 486 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 848 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 500 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 322 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 916 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 145 مىڭ 100 تونىنا ئاشلىق، 2650 تونىنا پاختا، 14 مىڭ 900 تونىنا ياغلىق دان، 314 مىڭ 200 تونىنا قىزىلچا، 26 مىڭ 800 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 710 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 300 تونىنا گۆش، 1650 تونىنا قوي يۇڭى، 52.3 تونىنا سۈت، 10 مىڭ تونىنا تۇخۇم، 486 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1533.3 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 690 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 73 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 129 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 545 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %27.4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 285 مىڭ 400 تونىنا كۆمۈر، 101 مىڭ 200 تونىنا سېمونت، 53 مىڭ 500 تونىنا ئۇن، 8330 تونىنا سۇ يېغى، 986 مىڭ 900 تونىنا تۇرۇبا سۈيى، 346 مىليون 700 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 64 مىڭ 278 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 151 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 166 مىليون 460 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 30 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 59 مىڭ 30غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 51 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 980گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 282 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، سودا ئىمپورت -

ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 900 مىڭ دوللارغا يەتتى. 363 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 14 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.3 تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 205 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 950 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4951 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1416. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4479 (مىللىي 2012)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 922 (مىللىي 6554)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 75، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 656 (مىللىي 21 مىڭ 154). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3020 (مىللىي 1071). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 5100گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك 5 سەھىيە ئاپپاراتى، 13 يېزا - بازار شىپاخانىسى، 106 كەنت دەرىجىلىك شىپاخانا، 581 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 216)، دوختۇرخانىلاردا 495 كارۋات بار.

2004 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2988 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 890 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4517گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى 75 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ 7 ياردەم بېرىش تۈرىدىكى جياڭسۇ ئوتتۇرا مەكتىپى، جياڭسۇ دوختۇرخانىسى، «110» ساقچىغا مەلۇم قىلىش قوماندانلىق مەركىزى، قورغاس مېھمانخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

يەن شۈمېي

# توققۇزتارا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توققۇزتارا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن شېڭكې.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاقىنبېك قاناپىيا (قازاق).

ھاكىم: ساپاربېك ئورالبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زەينەپ ئۆمەرجان.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىغا، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 162 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 112 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 134 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.95، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.79. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 960 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 680 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6850 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە بويىچە 41 چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سىرغىم مىقدارى 9 مىليارد 71 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقى مول، ناھىيە تەۋەسىدە غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. مۇھاپىزەت رايونىدا 1000 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك ۋە 146 خىل قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى ئومۇرتقىلىق ھايۋان ھەم 196 خىل قۇرت - قوڭغۇز بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان 30 نەچچە خىل. ياۋا مېۋىلىك دەرەختىن ياۋا ياڭاق، ياۋا ئالما، ياۋا تاغ ئۆرۈكى، قاراقات، مالىنا قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك، مىس، گەج، ھاك تېشى، لاۋا جىنس، سىلانىتس، بارىت، تاش پاختا، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى كۆندىلەڭ، دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى چاش، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ياڭاقلىق جىلغىسى، تارىمدىكى جىرغىلاڭ قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 731 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 293 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10.06؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.01؛

3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 192 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.7٪ ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 555 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10.16٪ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 268 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 810 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 276 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 118 مىڭ 435 توننا ئاشلىق، 6459 توننا ياغلىق دان، 55 مىڭ 725 توننا قىزىلچا، 2926 توننا مېۋە-چېۋە، 8845 توننا چىگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 605 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 734 توننا گۆش، 1492 توننا قوي يۇڭى، 33 مىڭ 382 توننا سۈت ئېلىندى. 1301 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 496 مىليون يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 51 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 76 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 16٪، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.43٪ ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 37 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 256 توننا سۈت پاراشوكى، 126 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 151 مىڭ 700 توننا سېمونت، 26 مىڭ توننا كۆمۈر، 3950 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 113 مىڭ 375 كۋادرات مېترغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 85 مىڭ 365 كۋادرات مېترغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 700 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 607 مىليون 590 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 156 مىڭ 800 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6800گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9201گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 29 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1006گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 133 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 96 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 11 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 29 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 21٪؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 169 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.44٪ ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 246 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3108 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 704. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2041 (مىللىي 1247)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 7955 (مىللىي 5735)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 379 (مىللىي 14 مىڭ 130)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 356. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1902 (مىللىي 1647). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95٪كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 5000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 477 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 308)، دوختۇرخانىلاردا 344 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4884.99 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4042.35 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2817 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2110 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 578 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 5121گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2564كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 8936غا يەتتى.

چېڭ دېبو، تاڭ كەي، ما شاۋيەن

## كۇنەس ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇنەس ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دېڭ جاڭۇ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكېن (قازاق).

ھاكىم: نۇرۇم سمايىلقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۆبېگېن ئاسلجان (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈنەس ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 5. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 297 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 178 مىڭ 900)، ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 260 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 171 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 170 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.73‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.66‰. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 114.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، 21 مىڭ 240 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 80 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە 400 مىڭ 117.6 گېكتار ئوتلاق بار، سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 455.6 گېكتار كېلىدۇ. دۆلەتلىك 1-، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 25 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە قۇش 18 خىل، ھايۋان 7 خىل؛ ئاساسلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قارىغاي تاغ شەمشادى، تەڭرىتاغ قېيىنى، ياۋروپا تاغ تېرىكى، يۇلغۇن، ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، مەرمەر، مانگان، ۋولفرام، ئىسلاندىيە شپاتى، بارىت قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر رۇدىسى زاپىسى 40 مىليون توننىدىن، ھاك تېشى زاپىسى 1 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نارات ئارامگاھى (دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك سەيلىگاھ)، ئورمان باغچىسى (دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك سەيلىگاھ)، ياۋا مېۋىزارلىق سەيلىگاھى، ئاق جىلغا قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 718 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.4%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.6%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 667 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.45% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 969 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6.54% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 474 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 458 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ 700 توننا ياغلىق دان، 345 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 30 مىڭ 600 توننا باقلە، 18 مىڭ 800 توننا چىگە، 88 مىڭ 500 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 52 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ 200 توننا گۆش، 2500 توننا قوي يۇڭى، 45 مىڭ 800 توننا سۈت، 3900 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 1406.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 74 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 633 مىليون يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 297 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.29% (ناھىيىگە تەۋەسىنىڭ 32.77%) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 200 توننا ئاق شېكەر، 52 مىڭ 800 توننا بۇغداي ئۇنى، 17 مىڭ 800 توننا سۇ يېغى، 60 مىڭ 200 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 12 مىليون 816 لىتىر ئىچىملىك ھاراق، 330 مىڭ لىتىر ئېچىتىلغان ئىسپىرت، 17 مىڭ 300 كۇب مېتىر تالالىق تاختا، 73 مىليون 210 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 33 مىڭ 600 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 108 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 326 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 234 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 350 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 322 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يېزىلاردىكى يېزا نوپۇسىدا بولمىغان دېھقان ئائىلىلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 27 مىليون 770 مىڭ يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 66 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 800گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 26 مىڭ 700گە، كىچىك زېرەك ئابونېنتى

5200گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 50 مىڭ 800گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 452 مىليون يۈەنگە يەتتى. 206 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 40 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 64 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.03؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 249 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.26 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 715 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8298 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 529 (مىللىي 11 مىڭ 861)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 77، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 700 (مىللىي 23 مىڭ 634)؛ بالىلار باغچىسى 16، باغچىدىكى بالا 921؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3435، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3161. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىنتى 12 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 467 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 443 كارۋات بار.

2004 - يىلى كۇنەس ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مېيپىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ تاللاش مۇسابىقىسى بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 1 -؛ ئېتىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 2 -؛ مەملىكەتلىك ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 2 -، ئاپتونوم رايونلۇق ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 4 تۈردە 1 - بولدى.

2004 - يىلى كۇنەس ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3001 يۈەنگە، دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 14 مىڭ 836 يۈەنگە، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 654 يۈەنگە، پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى ۋە باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 12 مىڭ 818 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8123كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5384كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 692گە يەتتى.

★ 1 - ئايدا كۇنەس ناھىيىسىگە خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆسى تەرىپىدىن ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

★ 2 - ئايدا كۇنەس ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غاز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تۈرى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ تۈردە يىلىغا 2 مىليون دانە غاز پىششىقلىنىدۇ، ئاساسلىقى يۇڭدالغان غاز، پىشۇرۇلغان غاز گۆشى، خام غاز گۆشى، جىيائىيۇغا چىلانغان غاز گۆشى، تۇزلۇق سۇغا چىلانغان غاز گۆشى پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

★ 5 - ئايدا 17 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇش تۈرى كۇنەس ناھىيىسىدە يولغا قويۇلدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى بىر يىل. چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇلغان كۆلەم 80 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مال بېقىش چەكلەنگەن تەبىئىي ئوتلاق 39 مىڭ گېكتار، مال بېقىش توختىتىلغان ئوتلاق 28 مىڭ گېكتار، نۆۋەت بىلەن مال بېقىلىدىغان ئوتلاق 13 مىڭ گېكتار.

★ 7 - ئايدا «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش قۇرۇلۇشى» كۇنەس ناھىيىسىنىڭ كانسۇ يېزىسىدا يولغا قويۇلدى. بۇ تۈر كومپيۇتېر، مۇلازىمەت ئۇسكۇنىسى، پروېكسىيە ئۇسكۇنىسى ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى، سۇنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈر تاماملانسا جۇڭگو مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى ھەر كۈنى كۆرگىلى، دېھقان، چارۋىچىلارغا 39 كىلاسسىك كىنو، 105 مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يەرلىك تىياتىر قويۇپ بەرگىلى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئېلېكترونلۇق كىتاب ۋە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى، 1000 كۈبلېتتىن ئارتۇق قەدىمىي شېئىرنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

گې چاڭ

# موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ ياشېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماخمۇتجان غېنى (قازاق).

ھاكىم: تالاقات تالىم (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تاڭسەھەر باكېن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تېكەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 118 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 92 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 93 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.53، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.93. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 25 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە تېكەس دەرياسى ۋە ئۇنىڭ 24 ئاساسلىق تارماق ئېقىنى بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى 4 مىليارد 73 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، ئۇلار، قوڭۇر ئېيىق، ياۋا ئۆچكە، ئارقار، جەرەن قاتارلىقلار بار. 40 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تەبىئىي ئورمانلىق، 542 مىڭ گېكتار تۆت پەسىللىك يايلاق بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، مىس، مانگان، ئاليۇمىن، تۆمۈر، چىرىمتال، ئالتۇن، گەج، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن «ئۇسۇن» ماركىلىق يۇرۇشلۇك گۆش مەھسۇلاتلىرى ۋە «بىشى» ماركىلىق سالات يېغى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاقياز جىلغىسى سەيلىگاھى، شوتا ئارىشڭى، ئىلاھ بۇتخانىسى، گېدىڭ تېغىدىكى ئابىدە، ئۇتلاق بالبالىرى، شوتا قەدىمىي شەھىرى بار. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، يېرىم نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 816 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 397 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 159 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 259 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 379 مىليون 538 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 533 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 435 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 195 مىليون 268 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 326 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 34 مىڭ 3 توننا ئاشلىق، 33 مىڭ 631 توننا ياغلىق دان، 105 توننا مېۋە- چېۋە، 14 مىڭ 91 توننا چىگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 923 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 716 توننا گۆش، 1245 توننا قوي يۇڭى، 23 مىڭ 800 توننا سۈت، 445 توننا تۇخۇم، 46 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 489 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 340 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 14 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 330 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %45.18، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 98 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45.47 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 94 مىڭ 679 توننا كۆمۈر، 20 مىليون 540 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 150 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 48 مىڭ 900 توننا ئۇن، 23 مىڭ 775 توننا سۇ يېغى، 12 مىڭ 200 توننا سېمونت، 354 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 885 مىڭ 200 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 34 مىڭ 710.5 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 140 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 215 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 120 مىليون 690 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 43 مىليون 800 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 19 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 545كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 208 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 72 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 5 مىليون 684 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 144 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.89 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاسىرىدىكى قالدۇقى 514 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2834 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى

بارلار 475. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2295 (مىللىي 1396)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 7800 (مىللىي 6156)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 680 (مىللىي 13 مىڭ 898)؛ باللار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 1045. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2199 (مىللىي 1715). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 283 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 312 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2666 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 1678.3 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 253 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 5698گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2978گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 9629غا يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 56 توختام ئىمزالىدى، 174 مىليون 159 مىڭ يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە 60 مىليون 779 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. 2003 ـ يىلى 4 تۈر ھېسابقا يۆتكەلدى، شۇ يىلى 46 مىليون 500 مىڭ يۈەن نەقلەشتى.

لى شۆلىڭ

قىسقا ماتېرىيال

## شوتا قەدىمىي شەھىرى

شوتا قەدىمىي شەھىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىغا 57 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى شوتا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

قەدىمىي شەھەر ئىمارەتلىرى شەھەر مەركىزى ۋە ئەتراپىغا جايلاشقان ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئومۇمىي كۆلىمى 126 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ شەھەرنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى 1420 مېتىرغا يېتىدۇ؛ شەھەر مەركىزى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان شىمالىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 390 مېتىر، غەربىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 480 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 212 مېتىر، شەرقىي سېپىلنى دەريا سۈيى بۇزۇۋەتكەن. شەھەر سېپىلى پەلەمپەيسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.9 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 11 — 12 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2 — 3 مېتىر، سېپىل ئەتراپىدا خەندەك بار، خەندەكنىڭ كەڭلىكى 20 — 40 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 5 مېتىر كېلىدۇ. قەدىمىي شەھەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان 3 ئىمارەتنىڭ ئۇلى بار، شەھەر سىرتىدا 2 يەردە ئىمارەت ئۇلى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان، شوتا قەدىمىي شەھىرى 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

## ئوتلاق بالباللىرى (كىچىك خونقاي بالباللىرى)

ئوتلاق بالباللىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىك خونقاي دەرياسى بويىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1790 مېتىر كېلىدۇ، بالباللارنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.91 مېتىر كېلىدۇ، گرانىت تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، باش قىسمىدا تاجسىمان تارالغان چاچ شەكلى بار، چېچى 10 تال ئۆرۈلگەن بولۇپ، بالباللارنىڭ كەينىگە چۈشۈرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى بېلىگىچە كېلىدۇ، ئەر بالباللارنىڭ يۈز قىسمىدىكى تاشلار چۈشۈپ كەتكەن، ئەمما بۇرۇتىنىڭ سول تەرىپى ساقلىنىپ قالغان، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ كۆكسىگە قويۇۋالغان ھالەتتە، بەل قىسمىنىڭ ئاستىغا قەدىمىي يېزىقلار ئويۇلغان، شۇڭا بۇ بالباللار يۇقىرى بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. 1962 ـ يىلى بۇ يەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

لى شۆلىڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما يۈچىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق).

ھاكىم: ئۆلۈنتاي تۇرسۇنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن ئەخمەت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى ئەترەتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس - موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 156 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 117 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 121 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.27‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.96‰. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 562 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 267 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.73%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 392 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 231 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 53 مىڭ 514 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 74 توننا ياغلىق دان، 2990 توننا قىزىلچا، 2976 توننا ياڭيۇ، 14 مىڭ 976 توننا چىگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 682 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 176 توننا گۆش، 1725 توننا قوي يۇڭى، 25 مىڭ 745 توننا سۈت ئېلىندى. 873 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 442 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 20 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 44 مىليون 60 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 197 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 19.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليون 720 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 134 مىليون 930 مىڭ دانە خىش، 127 مىڭ 200 توننا ئۇن، 6330 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 600گە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 195 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 162 مىليون 20 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 328گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5703كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 951گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 156 مىليون 560 مىڭغا يەتتى. 28 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 16.64%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 157 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.13% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 381 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 2957 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 730. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 82 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2599 (مىللىي 1422)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 6718 (مىللىي 3781)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 61، ئوقۇغۇچىسى 18

مىڭ 48؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 380. ھەر خىل ئوقۇغۇچى 2515 (مىللىي 1729). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 6000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 تىببىي دااۋلاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 580 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 208 كارۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2581 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 747 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6542گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3666غا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 10 مىڭ 256گە يەتتى.

★ 5 - ئايدا تېكەس ناھىيىسىگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تارىخى مەدەنىيىتى داڭلىق ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

★ 6 - ئايدا تېكەس ناھىيىسىدە شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمال رايونىدا ئاز ئۇچرايدىغان تەبىئىي تاش ئورمان بايقالدى، بۇ تاش ئورمان تەخمىنەن 2 مىليون يىل ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق قاتتىق گېئولوگىيە ھەرىكىتىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، تېپىك ياردائىلقلقا كىرىدۇ. تاش ئورماننىڭ ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى 50 نەچچە مېتىر. بۇ تەبىئىي تاش ئورماننىڭ بايقىلىشى تېكەس ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

★ 10 - ئايدا «تېكەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

★ 2004 - يىلى تېكەس ناھىيىسى مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى توختامىدىن 19نى ئىمزالىدى، توختامدىكى سومما 263 مىليون يۈەن بولۇپ، 68 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

ۋاڭ يەن

## نىلقا ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنجۈن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كېرىبېك جۇرىبېك (قازاق).

ھاكىم: ئەبىلمەجىت جۇنۇسئاقىن (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نۇردەن ئەلبېك (قازاق، 10 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇقاش خۇدابېرگېن (قازاق).

### ئاساسىي ئاھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىي كىنىدىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 816 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 516 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 156 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 112 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 115 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.24، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.34. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 180 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9490 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 7290 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 4 مىليارد 76 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 65 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 40 خىلدىن ئاشىدۇ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، سىرىق بۆركۈت، ئاق يەلكىلىك بۆركۈت، ئالا قۇيرۇق بۆركۈت، تاز قارا قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئۈسۈملۈكلەردىن 16 خىلى بار، سوغىكۆل، قار لەيلىسى، يۈمران بۇغا مۈڭگۈزى، ئۇلار نىلقىنىڭ 4 چوڭ قىممەتلىك ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر. ناھىيە تەۋەسىدە 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار. ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تاڭبۇرا، ئاقتاش، كېلەڭ ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى، بۇلۇڭ ئارىشىڭى، بەرگىت ئارىشىڭى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تېپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 669 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 244 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 7.9%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 209 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 215 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 422 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 990 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 256 مىليون 320 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 42 مىڭ 743 توننا ئاشلىق، 4038 توننا ياغلىق دان، 14 مىڭ 964 توننا قىزىلچا، 11 مىڭ 701 توننا چىگە، 1650 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 841 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 530 توننا گۆش، 1881 توننا قوي يۇڭى، 58 مىڭ 113 توننا سۈت، ئېلىنىدى. 2065 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىنىدى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 490 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 444 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 55 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 161 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 180 مىڭ توننا كۆمۈر، 18 مىڭ 500 توننا سېمونت، 1050 توننا سۈت ياسالما، 91 مىليون 400 مىڭ دانە خىش، 1050 توننا سۈت پاراشوكى، 30 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 64 مىڭ 495 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 755 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 840 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 635 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 136 مىليون 980 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 9321گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 451گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 40قا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 170 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 83 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىدى، ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 27 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 160 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 345 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 753 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2546. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 328 (مىللىي 8319)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 98 (مىللىي 14 مىڭ 540)؛ باللار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 413. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2232. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.5كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90.5كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى، 342 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 359 كارۋات بار.

2004 - يىلى نىلقا ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2473 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7324 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6407گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7496گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 9935كە يەتتى.

دەي ياۋېن

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تاڭ دىڭباڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پېڭ جيارۇي (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تىلىۋالدى ئابدۇرىشىت (قازاق)، ئالىم كارامەت (قازاق، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لياۋ يۈنجيەن، جاڭ چىجۇ، جاڭ يانەن، يۈ شېڭدې.

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا مىركىتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جىن جاۋدې (4- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قاۋكېن قالىم (قازاق)، ليۇ باۋيې (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياڭ كېلىن (11- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: تىلىۋالدى ئابدۇرشىت (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: يۇ شېڭدې، پۈربا تۇغجىجاپ (موڭغۇل، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن گۇاڭمىڭ، ۋاڭ جيەنشىن، مۇھەممەتجان ئابلا (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شۈ جيابىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: كۇلەن مامۇربېك (ئايال، قازاق، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ ياجۇن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى يوڭ، خۇ بېنجى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇرات ماسالىم (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە. 2004 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 889 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 400 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 373 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.65، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.47. ۋىلايەت بويىچە 298 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 96 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 202 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ۋىلايەتتىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 5 مىليارد 279 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 1 مىليارد 235 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 42 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، سايگا بۆكىنى، قۇلان، ئاق لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، توشقان، چوڭ ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى سوغىگۈل، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، كىرەش، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، كۆل تۇزى، تاشپاختا، بىنتونىت، گرانىت تاش، سېغىز توپا قاتارلىقلار بار. ۋىلايەتتە شىخۇ شەھەرلىك گەنجياخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. ۋىلايەتنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىرىدە زور مىقداردا قىممەتلىك قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن چاغانتوقاي سوغىگۈلى، ياۋا بادام، باسباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، زاراڭزا يېغى، شىخۇ پىۋىسى، شىخۇ سۈت پاراشوكى، تولى گرانىت تېشى، چۆچەك ئاق قۇسى قاتارلىقلار بار. كىلماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.3؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 712 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 483 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.07 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 552 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 80 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 750 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 23 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى



تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 21- كۈنى قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

خو فېڭ فوتوسى

مۇنداق بولدى: 580 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 113 مىڭ توننا پاختا، 68 مىڭ توننا ياغلىق دان، 343 مىڭ توننا قىزىلچا، 37 مىڭ توننا زاراڭزا، 16 مىڭ توننا قارا گازىر، 952 مىڭ توننا شوخلا، 12 مىڭ 700 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 5 مىليون 64 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 113 مىڭ 500 توننا گۆش، 9597 توننا قوي يۇڭى، 169 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 107 مىڭ توننا سۈت، 20 مىڭ 800 توننا تۇخۇم، 2698 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4 مىليون 155 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 334 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 376 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 196 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 970 مىليون يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %99. 20 تۆۋەنلىدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 595 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1. 19 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 694 مىڭ توننا كۆمۈر، 657 مىليون 424 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 926 مىڭ 900 توننا سېمونت، 397 مىليون 710 مىڭ دانە خىش، 9. 1161 توننا ئاق هاراق، 59 مىڭ 417 توننا پىۋا، 211 مىڭ 300 توننا ئۇن، 50 مىڭ 900 توننا شوخلا قىيامى، 220 مىڭ توننا تۇز، 30 مىڭ 400 توننا شېكەر، 73 مىڭ 800 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 431 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 526 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 305 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (تاشيولغا سېلىنغىنى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 489 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 701 مىليون يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 29 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 239 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 257 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 9287گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 517 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 206 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 311 مىليون دوللار. 880 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %35؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 8 مىليارد 795 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 231 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 33 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 22 مىڭ 21 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 7265. ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 438 (مىللىي 264)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 499 (مىللىي 150)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 160 (مىللىي 7369)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 621 (مىللىي 21 مىڭ 100)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 273، ئوقۇغۇچىسى 87 مىڭ 810 (مىللىي 42 مىڭ 208)؛ بالىلار باغچىسى 55 (خەلق باشقۇرۇشىدىكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 8032. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 14 مىڭ 103 (مىللىي 7070). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %51. 92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %15. 90كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 158 سەھىيە ئاپپاراتى، 4272 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 3207 كارۋات بار.

2004 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەردە 16 تۈردە 1 - لىككە، 12 تۈردە 2- لىككە، 13 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2004 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4309 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 425 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 62 مىڭ 697 گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 160 قا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 90 مىڭ 940 قا يەتتى.

★ 1 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تارباغاتاي ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئىككى تەرەپ

«ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» نى ئىمزالىدى.

★ 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئىلى ئوبلاستلىق 14 - نۆۋەتلىك «ئاقىنلار ئېيتىششى» چۆچەك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 9 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «سەنباۋ» مىللىي سودا ئوقەتچىلىك ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى قازاقىستان «شەرق ئېنېرگىيىسى» سانائەت - پۇل مۇئامىلە چەكلىك شىركىتى بىلەن سوممىسى 30 مىليون 300 مىڭ دوللارلىق، يىلىغا 500 مىڭ توننا ئېكسپورت سېمونتى ئىشلەپچىقىرىدىغان يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى.

گۈلزار نىياز

# چۆچەك شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ كېلىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سايرامقان بەيسەنباي (قازاق).

شەھەر باشلىقى: نۇرلان سەيىت (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جىن كېتەي (داغۇر).

### ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 5، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 159 مىڭ 475 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 57 مىڭ 123)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 95؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.16‰. شەھەر بويىچە 63 مىڭ 775 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 27 مىڭ 148.47 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 23 مىڭ 860 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەردىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 755 مىليون 240 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 385 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 146 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە 4700 گېكتار ئورمان، 239 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چاكاندا، چوغلۇق، ياۋا گۈلسامساق قاتارلىقلار، ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، ئازغان ۋە ياۋا بادام قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى هاك تېشى، گرانىت تاش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن باقتۇ پورتى، بېلىق تۇتۇش باغچىسى (دۆلەت دەرىجىلىك سەيلىگاھ)، مەدەنىيەت مەيدانى، قوش مۇنار باغچىسى، داھى تېغى، ئورمان باغچىسى، شاتلىق ئورمان باغچىسى، قاراڭغۇر سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 607 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 388 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.1%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ 4.5%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 881 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون 649 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 188 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 461 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 118 مىليون 681 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 567 مىڭ 400 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 170 مىڭ 528 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 119 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 643 توننا قىزىلچا، 3680 توننا مېۋە - چېۋە، 44 مىڭ 80 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 830 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 445 توننا گۆش، 1762 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 491 توننا سۈت، 4688 توننا تۇخۇم، 800 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 462.37 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 637 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 46 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 200 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 287 مىليون 160 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 159 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىڭ 900 توننا سېمونت، 57 مىڭ 880 توننا ئۇن، 11 مىڭ 526 توننا سۇ يېغى، 224 توننا ئاق هاراق، 4 مىليون 940 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 85 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 38 مىڭ قۇر كىيىم، 17 مىڭ 770 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 5948 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 417 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 220 مىڭ 390 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 114 مىڭ 243 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 470 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 229 مىليون 800 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 80 مىليون 750 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 53 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى (كىچىك زېرەك ئابونېنتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 33 مىڭ 169غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 9565كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 39 مىڭ 350كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 3278گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 423 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 517 مىليون 510 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 311 مىليون 450 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 206 مىليون 60 مىڭ دوللار. 252 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 24 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 85 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 201 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 227 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 64 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 13 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 6292 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2118. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 438 (مىللىي 264)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 212 (مىللىي 150)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 5209 (مىللىي 1008)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 7033 (مىللىي 2140)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2184 (ھەممىسى مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 70، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 186 (مىللىي 5498)؛ باللار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 2100. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2545 (مىللىي 781). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 17مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 108 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 799 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 705 كارۋات بار.

2004 - يىلى چۆچەك شەھىرى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7376 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5056 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4050.41 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 303.7 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 15 مىڭ 834 كە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 481 گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 542 گە يەتتى.

★ 2004 - يىلى چۆچەك شەھىرى 310 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 310 كىلومېتىر تاشيول ياسىدى.

★ 2004 - يىلى چۆچەك شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت سودا - سانائەت ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. چۆچەك شەھەرلىك «ساما يولى» بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتى جۇڭگو خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ 2004 - يىلى چۆچەك شەھىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا، ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە - شەھەر رايونى دېگەن نامغا

ئېرىشتى. چۆچەك شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، دۆلەت باج ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق 25 ئىدارە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

خۇ شىنلەن

## شىخۇ شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخۇ شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چېڭيۈەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇن يەنجې (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئاۋۇت.

شەھەر باشلىقى: توقمۇقامەت ئىسرائىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۇشۇ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخۇ شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 10، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 210 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 76 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 149 مىڭ 500. شەھەر بويىچە 50 مىڭ 193.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7293.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ 4.67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، كېپەك ئالتۇن، نېفىت، قوغۇشۇن، سۇرمە، ھاك تېشى، گەج، بېنتونىت، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار، بۇلار ئىچىدە كۆمۈر بايلىقى ئەڭ مول بولۇپ، كەلگۈسى زاپىسى 500 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ھايۋانات بايلىقىدىن ئېيىق، بۆغا، جەرەن، يىلپىز، ئۆلار، سۇغۇر، ئارقار، سۇ بۇلغۇنى، بۆغا، ئاق قۇ، لاچىن قاتارلىقلار بار. شەھەرنىڭ شىمالىدا دۆلەت دەرىجىلىك سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. كۇيتۇڭ دەرياسى، جىڭگشور دەرياسى ۋە گۈرت دەرياسىدىن ئىبارەت 3 ئاساسلىق دەريا، 14 كەلكۈن ئۆستەڭى بار. دەريا ئېقىنلاردىن باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 326 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى 723 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 434 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىدىن يىللىق ئېچىپ پايدىلىنىش مىقدارى 167 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن شىخۇ پېۋىسى، شىخۇ سۈت پاراشوكى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى مۇزداۋان، جەنۇبىي تاغ ئارىشىڭى، بايانغۇدىكى شىنجېن ساياھەت ئارامگاھى، ئۇلانسادىقنور كۆلى، سارىسىم لاما بۇتخانىسى، ئۇيسۇن قەبرىستانلىقى، شارغازى غوجام سالقىنداش قورۇقى، چېڭخۇا بۇتخانىسى، ۋاڭ غوجام قەسرى، يايلاق سىنتېشى، پالتا قەبرىسى، جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ گىلتاغ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىش قىممىتى 2 مىليارد 331 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 853 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 800 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 677 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 315 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.26 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 23 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 780 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 240 مىليون 880 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 520 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 77 مىڭ 975 توننا ئاشلىق، 57 مىڭ 237 توننا پاختا، 3800 توننا ياغلىق دان، 163 مىڭ 400 توننا شوخلا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 815 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 7 توننا گۆش، 1480 توننا قوي يۇڭى، 9381 توننا سۈت، 2317 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 143.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 290 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 105 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە

يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 306 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 33 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 16.6% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 407 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 16.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 343 مىڭ توننا كۆمۈر، 58 مىليون 322 مىڭ لىتىر پىۋا، 135 مىليون 590 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 54 مىڭ توننا سېمونت، 46 مىڭ 500 توننا ئۇن، 20 مىڭ 792 توننا شوخلا قىيامىنى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 839 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 305 مىليون 270 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 157 مىليون 580 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 62 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 27 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 31 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 32 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 4700گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 389 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 225 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 21 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 128 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 26.9% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 264 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.9% ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 371 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 7500 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1300. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 4950 (مىللىي 1304)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 458 (مىللىي 4920)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 608؛ بالىلار باغچىسى 6 (خۇسۇسلار ئاچقان بالىلار باغچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 1956. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2967 (مىللىي 1180). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، تېلېۋىزىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 26 مىڭ 500گە يەتتى.

شەھەر بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى، 818 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 529 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى شىخو شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5010 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 641 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 746 غا، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 مىڭ 494 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 20 مىڭ 572 گە يەتتى.

گېڭ چۈەنفېڭ

## دۆربىلجىن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن جۈن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدېش تورقوش (قازاق).

ھاكىم: ئازات شەكەي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرابېك ئاكبار (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 147 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 200)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى

نوپۇس 100 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.2. ناھىيە بويىچە 60 مىڭ 293 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 253 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 34 مىڭ 73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. يەر ئۈستى سۇيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا؛ ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇيىنىڭ مىقدارى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۆمۈر، چىنە توپىسى، بور توپىسى، شور، ھاك تېشى قاتارلىقلار؛ ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، سايگا بۆكىنى، جەرەن، بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، ئاق توشقان، ئارقار، ئاق تۆش بۇلغۇن، سۇلەيسۇن، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، سېرىق بۇركۇت، چوڭ دوغداق، چوڭ ئاق قۇ، قۇر، لەيلىلىك تۇرنا قاتارلىقلار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، پەربون، قىزىل چوغلۇق، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، سېرىق بۇيا، دولانا، ئالقات قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن دۆربىلجىن دەريا ساھىلى باغچىسى، ئاقسۇ سۇ ئامبىرى، ئېمىل قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، قارا ئېمىل ئورمان باغچىسى، قايقاڭ يايلىقى، بايمۇزا قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 246 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 491 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %5.1؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 267 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.9؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 487 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 246 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %4.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون 620 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 100 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 469 مىليون 700 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 310 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 77 مىڭ 966 تونىنا ئاشلىق، 23 مىڭ 378 تونىنا ياغلىق دان، 270 مىڭ 370 تونىنا قىزىلچا، 9956 تونىنا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 850 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 200 تونىنا گۆش، 2221 تونىنا قوي يۇڭى، 22 مىڭ 800 تونىنا سۈت، 5200 تونىنا تۇخۇم، 40 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1220 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 550 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 34 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 495 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %25، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 155 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 160 مىڭ تونىنا سېمونت، 30 مىڭ 400 تونىنا شېكەر، 5000 تونىنا بۇغداي ئۇنى، 3377 تونىنا سۇ يېغى، 2 تونىنا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 312 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 118 مىليون 480 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 16 مىليون 330 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 21 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 26 مىليون 438 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 15 مىڭ 832گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 855كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 960قا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 350 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 58 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %21.2؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 189 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.8 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 163 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 4132 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1101. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 27 (5 مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بار)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2421 (مىللىي 953)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8896 (مىللىي 4219)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 61، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 265 (مىللىي 6551)؛

باللار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 1065. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2581. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 6500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 493 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 294)، دوختۇرخانىلاردا 200 كارۋات بار.

2004 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3536 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 151 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7067 گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 9085 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 251 گە يەتتى.

★ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە دۆربىلجىن ناھىيىسى 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ زور كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 8 يېزا - بازار ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 9 مىليون 896 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسى سالا ئېتىزلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولدى، بۇ خىزمەت ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جاڭ ياڭيۆ

# ساۋەن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ دوڭشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردىقان تۇرسىبېك (قازاق).

ھاكىم: قادىربېك قامزا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ باۋلىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇبتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شىمالدا قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 213 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63 مىڭ 788)، يېزا نوپۇسى 139 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰89.10، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.8. ناھىيە بويىچە 64 مىڭ 792 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ 874 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 49 مىڭ 918 گېكتار يەرگە (ئېكىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 2856 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئارىشاڭ (دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى)، شۋاڭلوڭگۇ جىلغىسى، بۇغا مۈڭگۈزى قولتۇقى، شەرقىي چوڭ كۆل، مىڭبۇلاق كۆلى، ئورمان باغچىسى (دۆلەتلىك A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى) بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 144 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 83 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.5؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 28 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.27؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 32 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %4.11 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 834 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %48.11 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 362 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 100 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 423 مىليون 640 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 148 مىڭ 204 توننا ئاشلىق، 51 مىڭ 98 توننا ساپ پاختا، 4216 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 668 توننا قىزىلچا، 3890 توننا مېۋە - چېۋە، 423 مىڭ 920 توننا شوخلا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 766 مىڭ 731 تۇياق چارۋا قالدى. 34 مىڭ 706 توننا گۆش، 2101 توننا قوي يۇڭى، 38 مىڭ 613 توننا سۈت، 7993 توننا

تۇخۇم، 679 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1328 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 353 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 138 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 330 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 259 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 655 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 638 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 466 مىڭ 300 توننا سېمونت، 66 مىڭ توننا ئۇن، 47 مىڭ 255 توننا سۇ يېغى، 5437 توننا پاختا يىپ، 30 مىڭ 124 توننا شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق (سالاھىيەت دەرىجىسى 4 - دەرىجىدىن يۇقىرىلىرى) مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 134 مىڭ 480 كۋادرات مېترغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 859 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 227 مىليون 680 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 329 مىليون 880 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف، تۆمۈريول ئالاقىلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 32 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 50 مىڭ 446غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 756گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 18 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1343كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 426 مىليون 600 يۈەنگە، سودا ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون 629 مىڭ دوللارغا يەتتى. 312 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 49 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 125 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %25.6؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 252 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.2 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 535 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4559 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 832. ناھىيەدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 277 (مىللىي 25)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 6591 (مىللىي 1294)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 8717 (مىللىي 2325)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 432 (مىللىي 5871)؛ بالىلار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 3789. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3081 (مىللىي 892). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 20 مىڭ 600گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 676 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 138)، دوختۇرخانىلاردا 560 كارۋات بار.

2004 - يىلى ساۋەن ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7360.3 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5254.7 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5778 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 3236 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 925 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 545 كە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 8305 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 709 غا يەتتى.

## دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاشتى

2004 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى 33 مىڭ 300 گېكتارلىق كۆپ ھوسۇللۇق پاختا بازىسى، 1 مىليون 350 مىڭ تۇياق چارۋا سىغدۇرغان باقمىچىلىق بازىسى، 6700 گېكتارلىق پىششىقلىنىدىغان شوخلا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، 6700 گېكتارلىق كۆكتاپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، 3300 گېكتار باغ - ئورمان بازىسى، 20 گېكتارلىق سۈپەتلىك ئاشلىق - ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ پايدىسى 5778 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.62 ئاشتى.

★ 2 - ئايدا مەدەنىيەت نازارىتى ساۋەن ناھىيىسىگە مىللىي خەلق سەنئىتى يېزىسى دەپ نام بەردى.

★ 3 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ساۋەن ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى

ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى.

★ 11 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەتقىق قىلىش مەركىزى، جۇڭگو غەربنى كەڭ ئېچىش پائالىيىتى تەشكىلىي كومىتېتى ساۋەن ناھىيىسىگە جۇڭگو غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە شىنجاڭدىكى مەبلەغ سېلىش شارائىتى ئەڭ ياخشى 10 شەھەر (ناھىيە) نىڭ بىرى، دەپ نام بەردى.

★ 2004 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ، دۆلەت ئىلكىدىكى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ 1483 ئىشچى - خىزمەتچىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، 11 مىليون يۈەن كۆتۈنۈش پۇلى، 1 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق پۇلى، 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن داۋالىنىش پۇلى تارقاتتى، 2160 ئىش ئورنىنى كۆپەيتتى.

★ 2004 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات نىشانىنى تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە بازار - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

ۋۇ سۇيلياڭ

## تولى ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇ ۋەنگۈي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇۋانبېك چاقايدۇللا (قازاق).

ھاكىم: ئەدىلقان ئابدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قىزايدۇللا بولىقباي (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 86 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 62 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 57 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.42‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.92‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 730 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6030 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4814.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ياۋا ئۆسۈملۈكلەر 1300 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى سوغىگۈل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋان 200 خىلدىن ئاشىدۇ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، سۈمسۈن بۇلغۇن، ئاق قۇ، ئۇلار، بۇغا، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ئالتۇن، خروم، تۆمۈر، مىس، ھاك تېشى، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە گرانىت تاشنىڭ 7 چوڭ تۈر بويىچە 20 نەچچە خىل رەڭدىكىسى بار، تەكشۈرۈپ بايقالغان خروم رۇدىسىنىڭ زاپىسى 2 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلاشا مۇزلۇق شاقىراتمىسى، ئەنىرگۈل جىلغىسى، شامال ئۆتەڭ ياۋا مېۋىزارلىقى، ساز كۆلى، قارىغايباستاۋ قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 518 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 201 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 30.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 203 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 226 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 21.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 146 مىليون 60 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 24 مىڭ 338 توننا

ئاشلىق، 168 توننا پاختا، 5085 تونا ياغلىق دان، 1100 تونا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 671 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 9887 تونا گۆش، 938 تونا قوي يۇڭى، 10 مىڭ 882 تونا سۈت، 180 تونا تۇخۇم ئېلىندى. 724 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 237 مىليون 595 مىڭ 500 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 26 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 55 مىڭ 717 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %25.3، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون تونا كۆمۈر، 447.5 كىلوگرام ئالتۇن، 222 تونا ئاق هاراق، 20 مىڭ تونا ئۇن، 2500 تونا سۇ يېغى، 16 مىليون 570 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 283 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 90 مىڭ 265 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلىمى 31 مىڭ 586 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 279 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 202 مىليون 420 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 37 مىليون 190 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 988 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 5731گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2229غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 7000دىن كۆپرەككە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 441گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 116 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 53 مىليون 360 مىڭ دوللارغا يەتتى. 28 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 24 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 147 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.5 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 278 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2581 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى




يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ خاتىرە مۇنارى (باغچىسى) تولى ناھىيىسىنىڭ «ئومۇم ئۇچۇن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۇچۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» تەربىيە بازىسى بولۇپ قالدى.

سۈرەتنى تولى ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

بارلار 665. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 850 (مىللىي 624)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 5643 (مىللىي 4019)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 992 (مىللىي 8620)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 260. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1393 (مىللىي 1112). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 626 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 286 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 211)، دوختۇرخانىلاردا 201 كارۋات بار.

2004 - يىلى تولى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3197 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2064 يۈەنگە،

ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1849 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 459 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4442 گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2593 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7668 گە يەتتى.

★ 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كانادا ئېلاۋېست قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش شىركىتى بىلەن شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يۈنلوڭ كانچىلىق شىركىتى بىرلىشىپ قۇرغان تېشىن قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سالغان تولى ناھىيىسى خاتۇ ۋە سارتوقاي ئالتۇن كان رايونىنىڭ بايلىقىنى تەكشۈرۈش تۈرى باشلاندى. بۇ تۈرگە 30 ئايدا 14 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، ئاساسلىقى تولى ناھىيىسىدىكى خاتۇ ۋە سارتوقاي ئالتۇن كان رايونىنىڭ 1500 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدىكى ئالتۇن كانىنى خەتەرلىك تەكشۈرىدۇ.

★ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىسى ياڭچۈەن شەھەرلىك تەيخاڭ ماگنىينى توك بىلەن ئېرىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تولى ناھىيىسىنىڭ تۆمۈرتام بازىرىدا شىنجاڭ تولى ناھىيىلىك تەيخاڭ تۆمۈر قېتىشمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى. بۇ شىركەت 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 12500×4 كىلوۋولت ئامپېرلىق تۆمۈر قېتىشمىسى ئېلېكتر پېچىنى ۋە قوشۇمچە سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، ماشىنا رېمونت قىلىش، ئېنېرگىيە، ترانسپورت، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى قۇردى.

★ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تولى ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قايرات ناسىپقان (قازاق) غا مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، دەپ نام بېرىلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تولى ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

★ 2004 - يىلى تولى ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش-مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 24نى ئەمەلىيلەشتۈردى، نەقلەشكەن مەبلەغ 160 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 13.

لياڭ شياۋيەن

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كېخۇا.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنمىڭ.

ھاكىم: مۇختار قامقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باقىتقان نۇرخەمەت (ئايال، قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 47 مىڭ 857، يېزا نوپۇسى 35 مىڭ 93؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.4‰. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 498 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 687 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 123 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. چاغانتوقاي ياۋا بادام مۇھاپىزەت رايونى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋا بادام مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ بىرى. چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ زاراڭزا تېرىش بازىسى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن باسباي قوي گۆشى، زاراڭزا، ياۋا بادام قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تاستى مەنزىرە رايونى، كىچىك ئاق تېرەك قاراۋۇلخانىسى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 277 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 115 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 111 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 275 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 -

يىلدىكىدىن %8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 280 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون 360 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 115 مىليون 675 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 210 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 66 مىڭ 808 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 552 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 506 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 6976 توننا گۆش، 900 توننا قوي يۇڭى، 3347 توننا كالا - قوي سۈتى، 300 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 323 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 7 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 17 مىڭ 109 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %12، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 15 مىڭ 455 توننا ئۇن، 1062 توننا سۇ يېغى، 3000 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 322 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 900 توننا فابرىكا قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 417 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 346 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 88 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 64 مىليون 400 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 12 مىليون 100 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 7337گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4059غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6575كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 373كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 35 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26.1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 189 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1696 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 438. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 739 (مىللىي 345)، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2911 (مىللىي 1345)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 4629 (مىللىي 2403)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 777. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 803 (مىللىي 371). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 52 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 242 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 118 كارۋات بار.

2004 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2606 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 760 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4153 كە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 5613 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2443 كە يەتتى.

## ئەۋزەل كەسىپ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى

2004 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسى «چاغانتوقاي روھى»نى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىق، زاراڭزا تېرىقچىلىقىدىن ئىبارەت 2 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ ۋە ساياھەتچىلىكنى باشلامچى كەسىپ قىلىپ گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇردى. بىرىنچىدىن، ناھىيىنى «چارۋىچىلىق ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، باسباي قويچىلىقىنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇردى. ناھىيە بويىچە باسباي قويىدىن 309 مىڭ تۇياق بېقىلدى، چارۋىچىلىققا 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 506 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىچىلىق ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 123 يۈەن ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، 12 مىڭ 100 گېكتار يەرگە زاراڭزا تېرىلدى، 9160 توننا زاراڭزا، 1000 توننا زاراڭزا

چېچەكى ئېلىندى، زاراڭزا كەسپى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 112 يۈەن ئاشۇردى. ئۈچىنچىدىن، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. تاستى مەنزىرە رايونى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ساياھەت رايونى بولۇپ باھالاندى. 35 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە، پاكىز ناھىيە بازىرى، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدىكى لاياقەتلىك ناھىيە، ئىلى ئوبلاستلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەنناملارغا ئېرىشتى.

گۈلمانات تۇرسۇنبېك

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يەنجې (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ۋېنچياڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سامۇتۇڭ (موڭغۇل).

ھاكىم: پ. تۇغجىجاپ (موڭغۇل، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نىكې. ئۇيىسەن (موڭغۇل، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سەگىزباي خارغابات (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 49 مىڭ 876 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 789)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 915؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.77‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 113 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1440 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3893 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 120 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 142 مىڭ 500 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.43%. 1 مىليون 583 مىڭ 400 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 1 مىليون 435 مىڭ گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋاندىن سېرىق بۆركۈت، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاق تۆش بۆلغۈن، ئاق توشقان، ئۆلار قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە دورىلىق ئۆسۈملۈك 200 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، سوغىگۈل، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، كەتىرا، پەربۇن، بۇرماقارا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىق مول بولۇپ، كۆمۈر، تۇز، بىنتونىت، ھاك تېشى، كۋارتس، نېفىت، خروم، ئالتۇن، تۆمۈر، شور، چىنە توپىسى قاتارلىق 10 نەچچە خىلى ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن خارغاتۇ ساياھەت مەنزىرە رايونى، دوربىن ئېلۇتسېنمۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ۋاڭ غوجام قەسرى، تېبكىن (پۇچىڭ) ئىبادەتخانىسى، ئوبۇت ئىبادەتخانىسى (بۇئېن ئىبادەتخانىسى)، ئىككۇرە ئىبادەتخانىسى، موڭغۇل ۋاڭ قەسرى ھور ئارىشاڭ ئارامگاھى، ئارغالىت ھور ئارىشاڭ ساناتورىيە رايونى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 430 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 9.75% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 131 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.55%؛ 2ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 149 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 4.97%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 149 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.51% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 247 مىليون 609 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 8.48% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 184 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 858 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 150 مىليون 697 مىڭ 600 يۈەن،

بېلىقچىلىقنىڭ 90 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5610 توننا ئاشلىق، 4550 توننا پاختا، 763 توننا ياغلىق دان، 236 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 552 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 7181 توننا گۆش، 728 توننا قوي يۇڭى، 33 مىڭ 594 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 11 مىڭ 482 توننا سۈت ئېلىندى. 322 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 14 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 22 مىڭ 203 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 226 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %82.7، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 85 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %66.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 32 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 710 مىڭ توننا كۆمۈر، 220 مىڭ توننا تۇز، 220 مىڭ توننا سېمونت، 32 مىليون دانە خىش، 86 مىڭ توننا ھاك تېشى، 620 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 133 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7445 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 194 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 123 مىليون 410 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 54 مىليون 670 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 393 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئوبونېنتى 4686گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3986گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 85كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 586گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 26 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 168 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %59.71؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 255 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51.58 ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 271 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1515 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 336. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 949 (مىللىي 738)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 2854 (مىللىي 2092)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 4550 (مىللىي 2970)؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 995. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1243 (مىللىي 940). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 341 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 6000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 28 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 423 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 339)، دوختۇرخانىلاردا 208 كارۋات بار.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3072 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 193 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6447 گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6528 گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 1153 كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7585 كە يەتتى.

★ 2004 - يىلى قوبۇقسار ناھىيىسى 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىدىكى قوبۇق كوچىسى، سار كوچىسى ۋە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى.

★ 2004 - يىلى قوبۇقسار ناھىيىسى 4 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيە بازىرى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتتى ۋە كېڭەيتتى.

★ 2004 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىدىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئائىلە 670كە، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن جەمئىي ئائىلە 5336گە، ھاللىق كەنت 19غا يەتتى.

ئۇرۇمسەن باتىر

# ئالتاي ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىشۇن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق)، چېن يۇمىڭ، لى جىدۇڭ، جۇ خۇيلىن، جاڭ يۈن، زەكەن قايسا (قازاق 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئۇلالقان ئىماش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى بېنرۈي، ئاقات قابۇسەمەت (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇمابېك باتال (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇماش ساغات (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شىڭ شىفۇ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ۋاڭ يۇچېڭ، ۋەن شۇ، جۇمابېك باتال (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ گوشىن، دەي جيەنشىن، ماۋلىتبېك ئالىسباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېشېڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابىقان قاجىكەي (قازاق)، ياڭ ۋېنلياڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۈن جيەنگو (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ زوڭشې (10- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە. 2004 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 623 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 353 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 343 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.86‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.11‰. ۋىلايەت بويىچە 118 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 49 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، جېمىنەي تېغى ئېقىنىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى، چوڭ - كىچىك 56 دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 13 مىليارد 370 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ زاپىسى 3 مىليون 420 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان 7 مىليون 166 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، موڭغۇلىيە قۇلانى، سايگا بۆكىنى، قۇندۇز، بۇغا، يىلپىز، ئارقار، سۇلەيسۈن، كۆكيامان قاتارلىقلار بار. ئۆسۈملۈك بايلىقى 220 خىلدىن، ئاز ئۇچرايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئەتىۋارلىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى، شەمشاد، ئاق قارىغاي، كىچىك يوپۇرماقلىق قېيىن، شورتاڭلىق قېيىنى، بۇرچىن سۆگىتى، ياۋروپا قارا تېرىكى، ئاق تېرەك، يېشىل سۆگەت، تۈكلۈك سۆگەت، بۆزۈن، سىبىرىيە گۈللۈك مۇچى، ئېرتىش دەرياسى ياغاچ غوللۇق سۇ قامچىئوتى قاتارلىق 200 نەچچە خىلى، ئەتىۋارلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئاق گۈللۈك ئاچچىقئوت، ئالتاي يېڭى مودەنگۈلى، لىندې ئوتى، سىياھگۈل قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ. جۇڭگىيى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قار لەيلىسى، ئۇچار چاشقان مايىقى، قانتېپەر، ئېۋودىيە ئۇرۇقى دەرىخى، چوغلۇق، چاكاندا، قۇرۇتئوت قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ياقۇت، بىرىللىي، ئاق چىرىمتال، كالىي شىپاتى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاناس كۆلى (دۆلەت دەرىجىلىك)، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، ئاق قابا كەنتى، ئالتاي شەھىرى ئەتراپى، كۆكتوقاي بازىرى، سەنداۋخېزى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايوننىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 501 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 724 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.34؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 621 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.52 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 368 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 52 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 628 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 22 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 225 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 61 مىڭ 400 توننا پۇرچاق تۈرىدىكى مەھسۇلات، 30 مىڭ 800

تونىنا ياغلىق دان، 91 مىڭ تونىنا قىزىلچا، 33 مىڭ 300 تونىنا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 259 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 77 مىڭ تونىنا گۆش، 102 مىڭ 900 تونىنا سۈت، 2300 تونىنا تۇخۇم، 5200 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 17 مىڭ 600 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان ساپ پايدىسى 127 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 343 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13.43% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 558 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.39% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 940 مىڭ تونىنا تۆمۈر رۇدىسى، 308 مىڭ 600 تونىنا سېمونت، 512 مىليون 770 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 83 مىڭ تونىنا ئېچىلمىلىك - ھاراق، 1145.71 كىلوگرام ئالتۇن، 18 مىڭ 800 تونىنا قەغەز بوتقىسى، 1351 تونىنا سۈت ياسالما، 2904 تونىنا سۇ يېغى، 2899 تونىنا فابرىكا قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 324 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 398 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 272 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 524 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 201 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 102 مىليون يۈەن. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 209 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 97 مىڭ 733 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 32 مىڭ 479 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 109 مىڭ 284 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 17 مىڭ 358 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 755 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 158 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 135 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 23 مىليون دوللار. 856 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 593 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 17.8% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 225 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.67% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 244 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 21 مىڭ 169 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 6498. ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2563؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 594 (مىللىي 506)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 576 (مىللىي 196)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 270 (مىللىي 6350)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 80، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 112 (مىللىي 24 مىڭ 279)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 133، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 927 (مىللىي 36 مىڭ 581)؛ بالىلار باغچىسى 24، باغچىدىكى بالا 4475؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 9254 (مىللىي 6222). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون 414 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.64% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.25% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 12 مىڭغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 116 سەھىيە ئاپپاراتى، 3175 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2033 كارىۋات بار.

2004 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۆرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 18 تۈردە 1 - ، 22 تۈردە 2 - ، 21 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3228 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 466 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 42 مىڭ 64كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 31 مىڭ 648گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 71 مىڭ 921گە يەتتى.

★ ئالتاي ۋىلايەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىش مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 2004 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى 46 مەكتەپتە «مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ قۇرۇش» خىزمىتى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى مەكتەپ 281گە ئازايدى.

مارات ئىنايەت

# ئالتاي شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالتاي شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنگو.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماۋۇتقان قاسىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: قادىم راقىمباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت ھەيدەر (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 216 - لىنىيە بويىچە 666 كىلومېتىر، 217 - لىنىيە بويىچە 705 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 192 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 86 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 84 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.67، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.22. شەھەر بويىچە 19 مىڭ 146 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6452 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4869 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، سۈمدەيراق دەرياسى، قىران دەرياسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى بولۇپ، يىللىق سىرغىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۇلغۇن، قاما، مولۇن، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، توشقان قاتارلىقلار؛ دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن بۈركۈت، ئاق توقام بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، ساقاللىق بۈركۈت، ئىنچىكە تۇمشۇق كەرىقۇر، قارا بويۇن تۇرنا، چوڭ دوغداق قاتارلىقلار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، قىزىل چوغلۇق، قۇرتئوت، پەربون، سوغىگۈل، قان تېپەر قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن، ئاق چىرىمتال، كۋارتس قۇمى قاتارلىق 17 خىلى بار، ئالتۇن، ياقۇت ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قېيىن باغچىسى، شەرقىي كىچىك جىلغا، بەش بۇلاق، تاڭبا كۆلى، گېنېرال تېغى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 553 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 387 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.56؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 313 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %4.37؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 852 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.14 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 492 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %9.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 140 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 232 مىليون 870 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ 253 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 703 توننا ياغلىق دان، 55 مىڭ 416 توننا قىزىلچا، 265 توننا مېۋە-چېۋە، 55 مىڭ 416 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 5709 توننا ماش-پۇرچاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 613 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 343 توننا گۆش، 1851 توننا قوي يۇڭى، 31 مىڭ 886 توننا سۈت، 516 توننا تۇخۇم، 377 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 34 مىڭ 400 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 420 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 29 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 82 مىڭ 173 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 322 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %20.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 103 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1137 توننا سۈت ياسالما، 18 مىڭ 905 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 24 مىڭ توننا ئۇن، 130 مىڭ 683 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 3059 توننا قوغۇشۇن-سىنك تاللانغان رۇدىسى، 29.1 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 210 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 108 مىڭ 891 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 332 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 191 مىليون 820 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 99 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 30 مىڭ 563كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 502گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 46 مىڭ 800گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 8654كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 525 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 320 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 50 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.9؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 250 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 284 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 مىڭ 400 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3100. شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 792 (مىللىي 472)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 9087 (مىللىي 5543)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 370 (مىللىي 7579)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 738. ھەر خىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2448 (مىللىي 1530). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.9كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 15 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 689 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 262 كارۋات بار.

2004 - يىلى ئالتاي شەھىرى تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كىچىك ئايلانمىلىق ئاممىۋى قار تېيىلىش ۋە مۇز تېيىلىش تۈرىدە 1 - بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش ۋە بوكس مۇسابىقىسىدا 8 تۈردە 1 -، 3 تۈردە 2 -، 5 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى ئالتاي شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3281 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 926 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 28 مىڭ 64كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭ 321گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 52 مىڭ 619غا يەتتى.

### رەڭلىك قىيا تاش رەسىملىرى

ئالتاي شەھىرىنىڭ قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسى تەۋەسىدە 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىر تاش ئۆڭكۈردىن قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى، بۇ ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىم بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئۇنىڭغا 15 ئادەم، 31 كالا، ئاتنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، رەسىمنىڭ باش تەرىپىدە بىر باتۇرنىڭ ئات ئۈستىدە ئوقيا تۇتۇپ ئولتۇرغان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن، 12 تاق پۇتلۇق ئادەم تەرتىپلىك تىزىلغان، قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل رەڭدە سىزىلغان بولۇپ، سىزىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ رەڭگى ئوچۇق، كۆركەم پېتى ساقلىنىپ قالغان.

★ ئالتاي شەھىرى قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسىغا 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مىللىي خەلق سەنئىتى ماكانى دەپ نام بېرىلدى.

★ ئالتاي شەھىرى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ ئالتاي شەھىرىدە 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايەتلىك 15 - قېتىملىق ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 10 - ئايدا ئالتاي شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

تيەن يىڭلى

## بۇرچىن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىزان نۇكەي (قازاق).

ھاكىم: جۇماش شاخىدات (قازاق، 4 - ئايدا

ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئېرجان جۇئانقان (قازاق، 4 - ئايدا مۇئاۋىن ھاكىم، مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسىبېك سادىقان (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 65 مىڭ 896 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 911)، يېزا نوپۇسى 45 مىڭ 388؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.01‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.96‰. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 913.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1166.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ سۇ مەنبەسى مول، ئېرتىش دەرياسى ۋە بۇرچىن دەرياسىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن دەريا - ئېقىنلار بار، يىللىق سىرغىم مىقدارى 7 مىليارد 472 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ زاپىسى 514 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 147 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قونۇر ئېيىق، سۇلەيسۇن، قارا بۆلغۈن، ئورمان چىلى قاتارلىقلار، ئوستېر بېلىقى (سېرىق بېلىق)، يوغان ئاق بېلىق، براخمىستاكس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، تايمىن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق)، ياپىلاق بېلىق قاتارلىق 20 نەچچە خىل تەبىئىي بېلىق، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قىزىل مېھرىگىياھ، قۇرتئوت، قان تېپەر، سوغىگۈل قاتارلىق 300 نەچچە خىلى بار. 20 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كېپەك ئالتۇن، تالك، سىلتسىي، ھاك تېشى، شور، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاناس مەنزىرە رايونى، چانقاللىق، ياردائىلىق (ئاقتۆبېك ۋۇسەي دەرياسى بويىدا)، قۇياش نۇرى قۇملۇق ئارامگاھى، ئوتلاق بالباللىرى ۋە قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى توپى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 612 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 229 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 201 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 308 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 8.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 750 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 156 مىليون 980 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 636 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4499.35 توننا ئاشلىق (ماش - پۇرچاق 2913.12 توننا)، 310.41 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 385 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 174.8 توننا گۆش، 688.5 توننا قوي يۇڭى، 48 مىڭ 600 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 8836 توننا سۈت، 14 توننا تۆگە يۇڭى، 291 توننا تۇخۇم، 208 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2439.8 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 مىڭ 779 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 213 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 13.28%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 48 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 14.57% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 108 مىليون 890 مىڭ دانە خىش، 957 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 8100 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 62 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1300.7 توننا سۇ يېغى، 476 توننا تالك پاراشوكى، 690 توننا ساپ سۇ، 432 توننا ئاق ھاراق، 132 مىڭ 800 توننا سېمونت، 210 توننا سۈت پاراشوكى، 434 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 150 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 335 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 310 مىليون 640 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 607 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 117 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 370 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 486 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 370 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى

30 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 22.6% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.6% ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 392 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1568 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 668. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 33 (مىللىي 16)؛ ئالتاي ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 259؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1260 (مىللىي 635)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4259 (مىللىي 2555)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 6546 (مىللىي 3574)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 482. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1061 (مىللىي 664). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 12 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 230 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 168)، دوختۇرخانىلاردا 198 كارۋات بار.

2004 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 2 چېلىش ماھىرى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 100 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - ۋە 4 - بولدى.

2004 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3342 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 434.52 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4419گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3550كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6808گە يەتتى.

## جىيادىڭ جىلغىسى ساياھەتچىلىك بويىچە ئۇنىۋېرسال كۆتۈۋېلىش بازىسى

قاناس كۆلى سەيلىگاھى ساياھەتچىلىك بويىچە ئۇنىۋېرسال كۆتۈۋېلىش بازىسى — جىيادىڭ جىلغىسى بايقاش ساياھىتى خەلقئارا ئارامگاھ ھوقۇقلۇق مەيخانىسى 2004 - يىل 9 - ئايدا پۈتۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جىيادىڭ جىلغىسى ساياھەتچىلىك بويىچە ئۇنىۋېرسال كۆتۈۋېلىش بازىسى قۇرۇلۇشىغا 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 50 گېكتار كېلىدۇ، ئۇ ساياھەتچىلىك، ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، قونۇش بىر گەۋدە قىلىنغان ئېكولوگىيىلىك ھوقۇقلۇق مەيخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بازىنىڭ ئىچىگە شىۋېتسىيىنىڭ ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى 92 يەككە مېھمانخانىسى، 5 يۇلتۇزلۇق مەيخانا ئۆلچىمى بويىچە سېلىنغان 2 خەلقئارا ئارامگاھ قۇرۇلغان بولۇپ، كۈنىگە 3000دىن ئارتۇق ئادەمنى كۈتۈۋالالايدۇ، كۆتۈۋېلىش بازىسى قۇرۇلۇشى قاناس كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش، مەنزىرە رايونى بىلەن كۆتۈۋېلىش رايونىنى ئۈزۈل - كېسىل ئايرىۋېتىشكە ئاساس سېلىپ بەردى.

★ 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قاناس كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى جۇڭگو ئادەم ۋە بىئوسفىرا دۆلەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن جۇڭگو بىئوسفىرا قوغداش تورىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تەستىقلاندى؛ 9 - ئايدا قاناس كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى مەملىكەت بويىچە نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

★ 7 - ئايدا قاناس كۆلى مەنزىرە رايونى ئۆزگىچە ئېكولوگىيىلىك بايلىقى، مول تۇۋا مەدەنىيىتى بىلەن 28 - نۆۋەتلىك دۇنيا مىراس يىغىنىدا دۇنيا مىراس رەسمىي كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان 80 نەچچە كاندىدات ئورۇننىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

★ 9 - ئايدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇر يېزىسى تەۋەسىدە بىر رەڭلىك تاش ئورمان بايقالدى، بۇ رەڭلىك تاش ئورماننىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 700 — 800 مېتىر، تاش ئورمان ئىچىدىكى تاش تۈۋرۈك، تاش تاغلار غەلىتە شەكىلدە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

★ 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يېمەكلىك مەدەنىيىتى بايرىمى ۋە داڭلىق ئۇستا، داڭلىق ماركا، يېڭى كەسپىي ماھارەت بەرپا قىلىش مۇسابىقىسىدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئېرتىش دەرياسى بېلىقى كاۋپىي شىنجاڭنىڭ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن يېمەكلىك ۋە داڭلىق يېمەكلىك بولۇپ باھالاندى.

★ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاناس كۆلى مەنزىرە رايونى جۇڭگونىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى باھالىشدا شىنجاڭدىكى 10 سەر خىل مەنزىرە رايونىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇرچىن

ناھىيىسىمۇ شىنجاڭدىكى رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ جىگمەي

## كۆكتوقاي ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چېڭجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاز تاپان (قازاق).

ھاكىم: سارقات ئاقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رامزان ئىساق (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 83 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 57 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.45‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.9‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 108 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8387 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2441 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، گۈللۈك سەي پۇرچاق، ئالتۇن، سېمونت بار. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 156 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 295 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 9.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 588 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46.4%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 273 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 443 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 740 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 296 مىليون 680 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 960 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 44 مىڭ 706 توننا ئاشلىق، 3577 توننا ياغلىق دان، 20 توننا مېۋە - چېۋە، 5596 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 760 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 244 توننا گۆش، 1200 توننا قوي يۇڭى، 24مىڭ 661 توننا سۈت، 378 توننا تۇخۇم، 60 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 876 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 340 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 25 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 46 مىڭ 969 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 700 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 27.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 284 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.28% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7937 توننا سىنىك رۇدىسى، 70 مىڭ 800 توننا سېمونت، 4317 توننا ئاليۇمىن، 368 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 4542 توننا مىس رۇدىسى، 3022 توننا ئاليۇمىن رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5392 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 666 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 285 مىليون 50 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 68 مىليون 680 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 17 مىڭ 485كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5660قا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 185كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 543كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 268 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 185 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 12 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 52 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 37.53%؛ يەرلىك

مالىيە چىقىمى 170 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.13 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 313 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1410 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 541. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1229 (مىللىي 710)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 5759 (مىللىي 4703)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 8744 (مىللىي 7300)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 775. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1410 (مىللىي 1060). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.73كە، تېلېۋىزىينىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.35كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4937گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 280 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 225)، دوختۇرخانىلاردا 256 كارۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ تېز مۇز تېيىلىشتا بىر تۈردە 1- لىككە، 2 تۈردە 2 - لىككە، 3 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2004 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3592 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 542 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4164كە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3942گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 7498گە يەتتى.

لىيۇ جيەنچياۋ

## كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كانچىلىق تەرەققىياتىدا بىر يېڭى يول، 7 بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. يەنى ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىگە تايىنىشتىن بازارنىڭ يېتەكلىشىگە بۇرۇلۇش؛ كان ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كان ئىزدەشكە سەل قاراشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈشكە بۇرۇلۇش؛ يېرىك ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن توجۇپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش؛ بېكىنمە ھالەتتىكى ئېچىشتىن ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە بۇرۇلۇش؛ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ قوغداشقا سەل قاراشتىن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە بۇرۇلۇش؛ نوقۇل تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كۆپ مەنبەلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بۇرۇلۇش. 2004 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %90ىنى، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %70ىنى ئىگىلىدى.

**كان تەكشۈرۈش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى** مىڭكۇ كان رايونىدا 200 مىليون توننىدىن ئارتۇق كان زاپىسى تەپسىلىي تەكشۈرۈلدى، كۆكتال قوغۇشۇن- سىنىك كېنىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى، مەيسى ئويمانلىقىدا ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك كېنى بايقالدى، قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنىنىڭ 2 - كان تومۇرىدا زور بايقاش بارلىققا كەلدى، سۇرقۇدۇق مىس، مولىبدېن كېنىنى تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.

**زور بىر تۈركۈم كانچىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى قىلىندى** مىڭكۇ تۆمۈر كېنىدا 35 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش توك سىمى تارتىلدى؛ قاراتۇڭكى مىس - نېكىل كېنىدا 3 - قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى؛ كۆكتال قوغۇشۇن - سىنىك كېنىدا كۈنىگە 1360 توننا رۇدا تاللاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە يىللىق ئىقتىدارى 150 مىڭ تونىلىق ئومۇمىي گەۋدە لايىھىسى يولغا قويۇلدى؛ مىڭكۇ تۆمۈر كېنىدا يىلىغا 900 مىڭ توننا رۇدا تاللايدىغان زاۋۇت قۇرۇلدى ھەمدە يىللىق ئىقتىدارى 1 مىليون توننا رۇدا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي لايىھىسى يولغا قويۇلدى؛ «خۇڭتەي» شىركىتىنىڭ رۇدا زاۋۇتى ۋە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننىغا يېتىدىغان تۆمۈر رۇدىسى تاللاش زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ دۇنيا بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئوكسىگېنلاشقان بىرىللىي ئىشلەپچىقىرىش مىتال تاۋلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ مىڭكۇ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر ئوكسىگېنلاشقان كۇمىلاچ رۇدا ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە ئىش باشلاندى؛ «خۇڭتەي» شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننىغا يېتىدىغان شارچىسىمان قارا كۇمىلاچ چويۇن قۇيۇش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

**چالىسى ئىشلىنىدىغان بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى** بۇ تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: دۆلەتنىڭ شۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرىدىغان يىللىق مەھسۇلاتى 300 مىڭ توننا بولغان بىۋاسىتە ئوكسىدسىزلانغان تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ شۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 200 مىڭ توننا بولغان ئوكسىگېنلاشقان كۇمىلاچ رۇدا

ئېرىتىش تۈرى، ئوكسىگېنلاشقان بېرىللىي تاۋلاش تۈرى، «خۇڭتەي» شىركىتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 100 مىڭ توننىغا يېتىدىغان ساپ تۆمۈر ئۇۋۇندىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى.

★ 2004 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسى 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلىدى. تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئارقىلىق يىللىق ئاتموسفېرا سۈپىتىنىڭ دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ۋاڭ جۈن، لى جىڭ

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جېنخەي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بازان قۇمار (قازاق).

ھاكىم: مۇراتبېك نۇرغالى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامقان ئابلاق (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تايلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 96 مىڭ 200 (ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 62 مىڭ 900، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 600 (ناھىيىگە تەۋە)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.62‰. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان 66 مىڭ 700 گېكتار يەر، چارۋىلىققا باب كېلىدىغان 1 مىليون 533 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار، سۈپەتلىك تاتلىق سۇ كۆلىنىڭ سۇ يۈزى 100 مىڭ گېكتار، 98 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بار؛ ناھىيە تەۋەسىدە 20 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە كېپەك ئالتۇنىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، قانتېپەر، سوغىگۈل، مامۇرانچىن، قۇرتئوت قاتارلىقلار؛ دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن سايگا بۆكىنى، قارا بۇلغۇن، يىلپىز، قۇندۇز، قىزىل قاشقا تۇرنا قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئالتۇن ساھىل مەنزىرە رايونى (دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى)، كۆل بويى ئالۋاستى شەھىرى مەنزىرە رايونى، كېپىنەك ئارشاڭ جىلغىسى بار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 926 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 352 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5.89%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 281 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.93%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 292 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.31% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 450 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 14.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 650 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 226 مىليون 580 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 27 مىليون 150 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 496 توننا ئاشلىق، 6603 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 994 توننا قىزىلچا، 88 توننا مېۋە - چېۋە، 55 مىڭ 805 توننا بېدە، 39 مىڭ 740 توننا سىلوسلانغان كۆممىقوناق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 456 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 885 توننا گۆش، 1237 توننا قوي يۇڭى، 6199 توننا سۈت، 566 توننا تۇخۇم، 4500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4421 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 392 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 20 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 مىڭ 278 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 11.16% ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.45% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1570 توننا شېكەر، 28 مىڭ توننا سېمونت، 27 مىڭ توننا كۆمۈر، 1900 توننا سانائەت تۇزى

ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 824 مىڭ 600 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 651 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 412 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 39 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 890 مىليون 590 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى17 مىليون 700 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6148گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3500گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6875كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1329 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 257 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 43 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت قىلىنغىنى). 65 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 11 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %69. 23؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 135 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43. 8 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 286 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.


بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە 2450 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 704. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 469 (مىللىي 135)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1020 (مىللىي 428)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 3840 (مىللىي 2078)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 5183 (مىللىي 2824)؛ بالىلار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 621. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1336 (مىللىي 756). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %51. 90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 450كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 354 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 192)، دوختۇرخانىلاردا 122 كارۋات بار.

2004 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، بىر كىشى 1500 مېتىر ۋە 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈش بويىچە ئالتۇن مېدال ئالدى؛ بىر كىشى مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 1500 مېتىر بويىچە مىس مېدال ئالدى، بىر كىشى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈش بويىچە كۈمۈش مېدال ئالدى؛ بىر كىشى مەملىكەتلىك چېلىشىش مۇسابىقىسىدا مىس مېدال ئالدى.

2004 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9. 7247 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 05. 5634 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3363 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 97. 2129 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 470 يۈەنگە (پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر) يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3894كە، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى



**ئۇلۇڭگۇر كۆلى ئالتۇن ساھىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ 15 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇلدى، بۇ يەر تەبىئىي سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانى ۋە سالقىنداش ئارامگاھىدۇر.**

لۇ يىڭچى فوتوسى

3747گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6295كە يەتتى.

## كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىلىپ زامانىۋى چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى

چارۋىچىلىق بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ غوللۇق كەسپى، بىراق تەبىئىي ئوتلاقلاردا ئۇزاق مەزگىل ھەددىدىن ئارتۇق مال بېقىش، ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنىڭ ناچارلىشىشى، چارۋا بىلەن ئوتلاق زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، چارۋىلارنىڭ ھەر يىلى يازدا سېمىز، كۈزدە تېمەن، قىشتا ئورۇق بولۇش، ئەتىيازدا ئۆلۈپ كېتىش نەتىجىسىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاشماي كەلگەنىدى. 2004 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋى چارۋىچىلىققا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق كەسىپلەشكەن باقمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە كىچىك رايون باقمىچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 32 باقمىچىلىق كىچىك رايونى قۇرۇلدى، باقمىچىلىق كىچىك رايونىغا كىرگەن باقمىچى كەسپىي ئائىلىسى 544كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈتچىلىك كەسپىي ئائىلىسى 139، كالا - قوي چوڭ بورداقچى ئائىلىسى 121، ئادەتتىكى كالا - قوي چوڭ بورداقچى ئائىلىسى 60. ناھىيە بويىچە باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرىدا 25 مىڭ — 80 مىڭ تۇياققىچە چارۋىنى قوتاندا باققىلى بولىدۇ. باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش پىلانلىدى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بويىچە قۇردى، بۇنىڭغا كېرەكلىك يەرنى ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەردى، باقمىچىلىق كىچىك رايونىغا كىرگەن باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىگە ناھىيىلىك مالىيىدىن 8000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە قۇرۇلۇش مەبلىغى ياردەم قىلىندى.

2. ئۇششاق چارۋا چوڭ چارۋىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇششاق چارۋىنى چوڭ چارۋىغا ئۆزگەرتىش — قوينى ئاز بېقىپ كالىنى كۆپ بېقىشنى كۆرسىتىدۇ، كالا تاغقا ئېلىپ چىقىپ بېقىلماي تەدرىجىي دېھقانچىلىق رايونىدا يەم - بوغۇز بىلەن بېقىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۇششاق چارۋىنى چوڭ چارۋىغا ئۆزگەرتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ناھىيىلىك مالىيىدىن 1 مىليون يۈەن رەنە پۇلى ئاجرىتىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چوڭ چارۋا سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىشىغا كېپىل بولۇندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمپورت قىلىنغان بىر ئىنەكنى سېتىۋېلىشقا 5000 يۈەن، مەملىكەت ئىچىدىن سۈپەتلىك بىر ئىنەكنى سېتىۋېلىشقا 2000 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى. 2004 - يىلى 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ چارۋا سېتىۋېلىندى. ناھىيە بويىچە بېقىلىۋاتقان قوي 50 نەچچە مىڭ تۇياق ئازىيىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلدى.

3. نەسىل ياخشىلاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ئۆستۈرۈلدى. 2004- يىلى ناھىيىلىك مالىيىدىن چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشقا 2 مىليون 360 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى كېڭەيتىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى. يەرلىك كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە چوڭ چارۋىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدىن 29ى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى يەرلىك كالىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئۇششاق چارۋىلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئۇششاق چارۋىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدىن 4ى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 43 مىڭ 600 تۇياق چارۋا سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى. ئەرزان شالغۇت نەسىللىك چارۋىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك مالىيىدىن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سۈپەتلىك نەسىللىك قويلارنىڭ ھەر بىرىگە 200 يۈەندىن ياردەم پۇلى ئاجرىتىلدى، شۇ يىلى 1790 نەسىللىك قوي كىرگۈزۈلۈپ، 1400 چارۋا ئەرزان شالغۇتلاشتۇرۇلدى. تۆرەلمە كۆچۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلدى، ناھىيە بويىچە 110 تۆرەلمە كۆچۈرۈلىدىغان ئىنەك مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش ئارقىلىق باشقۇرۇلدى، ناھىيىلىك مالىيىدىن ھەر بىر تۆرەلمە كۆچۈرۈلىدىغان ئىنەككە 2000 يۈەندىن ياردەم پۇلى ئاجرىتىلدى. يىل ئاخىرىدا 100 ئىنەكنىڭ ھەممىسىگە تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، بىراق تۆرەلمىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ئاران %20كە يەتتى.

4. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 2004 - يىلى ناھىيىلىك مالىيىدىن كۆممىقوناق غولىنى سىلوسلاشقا 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ

ئاجرىتىلدى، ناھىيە بويىچە كۆممىقوناق ۋە بېدىنى سىلوسلاش ئاساس قىلىنغان يەم - خەشەك بازىسىنىڭ كۆلىمى 8667 گېكتارغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %67نى ئىگىلىدى.

5. «ئۈچ 50 ئائىلە قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلۇپ، كۆچمە چارۋىچىلىق نۇقتىئىنەزىرى ۋە يېرىك چارۋا بېقىش نۇقتىئىنەزىرى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. 2004 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك مالىيەدىن ھەر يىلى 1 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ياردەم پۇلى ئاجرىتىلىپ «ئۈچ 50 ئائىلە قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلدى، يەنى ھەر يىلى يىراق قىشلاقلاردا 50 چارۋىچى ئائىلىسىنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش، ھەر ئائىلىگە 4000 يۈەندىن ياردەم پۇلى بېرىش؛ كۆكلەم ۋە كۈزلەكلەردە 50 تۆل ئېلىش قوتىنى سېلىش، ھەر بىر قوتانغا 6000 يۈەندىن ياردەم بېرىش؛ 50 چارۋىچى ئائىلىسىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ياردەم بېرىش، ھەر ئائىلىگە 8000 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىشتىن ئىبارەت. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 50 چارۋىچى ئائىلىسى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، يىراق قىشلاقلاردىكى 63 چارۋىچى ئائىلىسىگە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئولتۇراق ئۆي، كۆكلەم ۋە كۈزلەكلەردە 80 تۆل قوتىنى سېلىندى.

## 4 پاراۋانلىق كارخانىسىدا پۇل بېرىپ تارقاقلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى

2004 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى پاراۋانلىق كارخانا كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ساياھەتچىلىك مېھمانخانىسى، بازار مۇلازىمەت مەركىزى، تۇرۇبا سۇيى شىركىتى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پۇل بېرىپ تارقاقلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. 4 كارخانىنىڭ ھېساباتتىكى مەبلىغىنىڭ 32 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 26 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى، پايدا - زىيان بالانسى قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 11 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كارخانىلاردا پۇل بېرىپ تارقاقلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ كارخانىلارنىڭ خاراكتېرى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىدىن پۇقراۋى كارخانىغا ئۆزگەردى، كارخانىنىڭ ئەسلىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك مالىيەدىن بىر قېتىمدىلا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان سالاھىيەتتىن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى سالاھىيىتىگە ئۆزگەردى، بۇنىڭغا 1 مىليون 200 مىڭ 70 يۈەن ئىقتىسادىي ياردەم پۇلى ئاجرىتىلدى، 131 ئىشچى - خىزمەتچى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى سالاھىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

ۋۇ سىلىن

# قابا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ بىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كېرىموك نۇرغالى (قازاق).

ھاكىم: قابدۇل ماكسۇن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 674 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 75 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 47 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 52 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.96، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.58. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1460 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. بۇ ناھىيە شىنجاڭدىكى سۇ بايلىقى مول ناھىيىلەرنىڭ بىرى. قابا دەرياسى، بېلئۆزەك دەرياسى، ئالاكېبەك دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئېرتىش دەرياسى ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئۆتىدۇ، ناھىيە بويىچە دەريا سۇيىنىڭ سىرغىم مىقدارى 10 مىليارد 3 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋا ئۆسۈملۈك 1000 نەچچە خىلدىن، دورىلىق ئۆسۈملۈك 200 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ، كۆپرەك جۇڭيى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، پەربۇن قاتارلىقلار، ئەتىۋارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چۆل رەيھىنى، قۇرتئوت، توشقان زەدىكى قاتارلىق 10 نەچچە خىلى، دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن قاڭشارلىق بۆكەن، يىلپىز، بۇغا، قۇندۇز، ئاق توشقان، قىزىل تۈلكە، سۇلەيسۇن قاتارلىق 10 نەچچە خىلى، دۆلەتلىك قوغدىلىدىغان ياۋا قۇشلاردىن قارا بويۇن تۇرنا، قىزىل قاشقا تۇرنا، چوڭ

ئاق قۇ، كەرىقۇر، سېرىق بۆركۈت، ئۈلار، چوڭ دوغداق، كىچىك دوغداق قاتارلىقلار بار. قابا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ مۇھىم رەڭلىك مېتال زاپاس رايونى ھېسابلىنىدۇ، ئاز كەم 30 خىل قېزىلما بايلىق ئېنىقلاندى، 18 جايدا قېزىلما بايلىق بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قالۇڭ جىلغىسى، ئاۋازلىق قۇم تاغ، ئاچا ـ سىڭىل كۆل، ئاققۇم كۆلى، جىيىجىك بۇلىقى، جاغىلتاغ مۇزلۇقى، نارىن يايلىقى، قېيىنزارلىق، ئاقچى يايلىقى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 507 مىليون 317 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون 387 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 12%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 152 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.76%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 132 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 332 مىليون 350 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 25.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 383 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 20 مىليون 141 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 158 مىليون 728 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 220 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 45 مىڭ 888.95 توننا ئاشلىق، 4805.18 توننا ياغلىق دان، 20 مىڭ 727.05 توننا ماش ـ پۇرچاق ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 422 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 233 توننا گۆش، 180.9 توننا قوي يۇڭى، 382 مىڭ 400 پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 1545.08 توننا سۈت، 165.6 توننا تۇخۇم، 40 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3533 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 313 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 16 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 49 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يېزا ۋە يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى) 63 مىليون 883 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 79 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.06% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 286.66 كىلوگىرام ئالتۇن، 14 مىڭ توننا سېمونت، 21 مىليون 530 مىڭ دانە خىش، 372 مىڭ لىتىر ئاق هاراق، 3660 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى، 96 مىليون 445 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 70 مىڭ 845 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 53 مىڭ 935 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 381 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 349 مىليون 270 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 373 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 350كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 156 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 23 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 20.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 137 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13% ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 215 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2505 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 635. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1418 (مىللىي 790)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 4813 (مىللىي 3510)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 44، ئوقۇغۇچىسى 8095 (مىللىي 5711)؛ باللار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 617. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1680 (مىللىي 1200). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.98%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91.01%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3630غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 376 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 293)، دوختۇرخانىلاردا 151 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى قابا ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى جۇڭگو شىنجاڭ بوكسيورلۇق خەلقئارا ئاشكارا مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك بوكسيورلۇق بويىچە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا بوكسيورلۇق سالاھىيەت مۇسابىقىسى، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا بوكسيورلۇق تەكلىپ

مۇسابىقىلىرىدە 6 تۈردە 1 - ، بىر تۈردە 2 - ، بىر تۈردە 5- بولدى.

2004 - يىلى قابا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3348 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 933 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 4102گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3310غا، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 6701گە يەتتى.

★ 3 - ئايدا قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا تەگرىتاغ لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئۇنىۋېرسال مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★ 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا رايونى بوكسيورلۇق سالاھىيەت مۇسابىقىسىدە قابا ناھىيىسىنىڭ بوكسيور تەنھەرىكەتچىسى قانات ئىسلام ئەرلەرنىڭ 69 كىلوگراملىقلار تۈرىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، ئۇ جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئافىنا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. بۇ جۇڭگو ماھىرلىرىنىڭ مۇشۇ دەرىجىلىكلەر بويىچە تۇنجى قېتىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

★ 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قابا ناھىيىسىنىڭ سارتام يېزىسى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتتە 5 ئادەم ئۆلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى — قابا ناھىيىسىدە 2000 گېكتارلىق سۇپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق باقىلە ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، 67 گېكتار سورتلۇق ئۇرۇق بازىسى بەرپا قىلىنىدۇ.

★ 11 - ئايدا قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

چېن شۆفاڭ

# چىڭگىل ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ يۈچىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق).

ھاكىم: بايموڭغۇل رېيىمقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوڭغاربېك قاشلەن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 56 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 46 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 45 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.61‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.53‰. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 480 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4890 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 170 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سەنداۋخەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، يەر تەۋرەش ئۇزۇلمە بەلۋېغى، قىياتاش رەسىملىرى كارىدورى، ئوتلاق بالباللىرى، قەدىمىي كارۋان يولى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 352 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 148 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %15.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.48؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.28 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 210 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %23.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 120 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 190 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىڭ 213 توننا ئاشلىق، 390 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 380 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7292 توننا گۆش، 405 توننا قوي يۇڭى، 3870 توننا سۈت، 41 توننا تۇخۇم، 26 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2070 گېكتار

يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 15 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 31 مىڭ 169 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.16، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.40 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8000 توننا كۆمۈر، 3950 توننا كوكس، 126 مىڭ 175 توننا تاش تاختا ماتېرىيال، 100 مىليون 358 مىڭ 300 كىلوۋات سائەت توك، 75.37 كىلوگرام ئالتۇن، 7000 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ 208 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 527 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 190 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 155 مىليون 730 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 9 مىليون 390 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8100گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 6200گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 378گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 100 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 18 مىليون 250 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون 180 مىڭ دوللار. 27 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %59.23؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 106 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %99.12 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 113 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1764 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 537. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 912 (مىللىي 599)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 4614 (مىللىي 3960)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6339 (مىللىي 5506)، باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 386. ھەر خىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1236 (مىللىي 742). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %01.92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %02.90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى، 254 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلارا 162 كارىۋات بار.

2004 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2745 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 732 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 3176گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1265كە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچى 5278گە يەتتى.

## ئۆزگىچە كەسىپ بەلۋېغى بەرپا قىلىندى

2004 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسى بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىڭگىلچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «بۆلەك ھالەتتىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ» بەرپا قىلدى، «ئىككى قارا، ئىككى ئاق» ئالاھىدە كەسپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ يېڭىچە سانائەتلىشىش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تىۋىت ئۆچكىسىنى ئۆلچەملىك بېقىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنى-غانلىقىدەك پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، «چىڭگىل تىۋىت ئۆچكىسى» گە نام بېرىش خىزمىتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى، تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە بېقىلغان تىۋىت ئۆچكىسى 246 مىڭ 500گە يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا ئاز كەم 60 توننا سۈپەتلىك ئۆچكە تىۋىتى ئېلىنىپ، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەڭ موگۇسىنىڭ داڭلىق مەھسۇلات ئەۋزەللىكىگە تايىنىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى 120 ھەڭ موگۇسى لاپىسى ئاساسىدا يېڭىدىن 10 ھەڭ موگۇسى لاپىسى ياسالدى، بىر يىلدا 750 توننا ھەڭ موگۇسى ئېلىندى. ھەڭ موگۇسىنى ئىنچىكە پىششىقلاشتا خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم بېسىلدى، «خۇيخۇا» مېۋە ھارىقى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «چىڭگىل» ماركىلىق ھەڭ موگۇسى ئاچچىقسۈيى بازارغا

سىلىندى. مەۋقە قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇلۇپ ئالتاي ۋىلايىتى ھەتتا شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە مۇھىم تاش ماتېرىيال بازىسى قۇرۇش نىشان قىلىنىپ، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە تاۋار تەشۋىقاتىنىڭ سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى، تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تېز كېڭەيتىلدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا «جىنفېڭ»، «خۇئىلېي» تاش ماتېرىيال زاۋۇتلىرى پۇتۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 2003 - يىلدىكى 4تىن 6گە، يىللىق تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 120 مىڭ كۇادرات مېتىرغا يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسى ساۋەن ناھىيىسىدىن كىرگۈزگەن 100 مىڭ دانە چوڭ قىسقۇچپاقا ئاغاشئوبا يېزىسىدىكى قىزىلساي سۇ ئامبىرىغا قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىدە سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قىسقۇچپاقا بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە مەركىزىي مەدەنىيەت مەخسۇس پروگراممىسى بۆلۈمىنىڭ «ئىزدىنىش ۋە بايقاش» پروگراممىسى گۇرۇپپىسى بىلەن شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى چىڭگىل ناھىيىسىگە ئالاھىدە كېلىپ سەنداۋخەيزى قەدىمىي قەبرىلىرى ۋە سىرلىق ئوتلاق بالبالىرى مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى سۈرەتكە ئالدى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەندى.

★ 2004 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشتىكى لاياقەتلىك ناھىيە بولۇپ باھالاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ تەڭرىتاغ لوڭقىسى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دېھقانلارنى ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم قىلىشقا تەشكىللەشتىكى ئىلغار ناھىيە، ئىلى ئوبلاستى تەرىپىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى؛ ناھىيىگە ئىلى ئوبلاستى تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

★ 2004 - يىلى شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 4 - ئەترىتى چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدە قاراسۇ مىس كېنىنى تاپتى.

جاڭ جۇخېيۇ

# جېمىنەي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جېمىنەي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ خەييۈ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇقامانقان ئاقتاي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدۇللا (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رېزبېك قامجا (قازاق، 4 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇمان ئەبىلمەجىن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

جېمىنەي ناھىيىسى ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 37 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 24 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.42‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.02‰. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 140 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3620 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1538 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن جېمىنەي پورتى، مۇزتاغ، لاستى دەرياسى ۋادىسى سالقىنداش ساياھەت رايونى، بىشاۋۇر ئېكولوگىيە باغچىسى، توقاي قوراس قىياتاش رەسىملىرى، قىزىل قايىن كىچىك يوپۇرماقلىق قىزىل قېيىن ئورمانلىقى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 210 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 75 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 10.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 5300 يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن

5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 638 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 438 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 78 مىليون 760 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 198 مىڭ 400 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىڭ 731 توننا ئاشلىق، 1659 توننا ياغلىق دان، 350 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 242 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 4841 توننا گۆش، 388 توننا قوي يۇڭى، 174 مىڭ پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 2784 توننا سۈت، 170 توننا تۇخۇم، 27 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى، 2600 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 14 مىڭ 856 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 419 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2.99%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 508 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 46 مىڭ 159.24 توننا كۆمۈر، 27 مىڭ 400 توننا سېمونت، 4 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 350 مىڭ توننا تۇرۇبا سۇيى، 44.2 توننا ئاق ھاراق، 3058.9 توننا ئۇن، 124.3 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 57 مىڭ 3 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 180 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 200 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 179 مىليون 690 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليون 730 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 4378 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2809 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 6350كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 325 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 716 مىليون 653 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 910 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 569 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 341 مىڭ دوللار، 22 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 18.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 98 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.97% ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 85 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1811 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 645. ناھىيىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 6175 (مىللىي 4560)؛ مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 7 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 4، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىر)، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 2448 (مىللىي 2317)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 320. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 728 (مىللىي 501). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 2300گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 210 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 165)، دوختۇرخانىلاردا 85 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 11 مىڭ 483 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2231 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 3004كە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1502گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 3334گە يەتتى.

★ 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جېمىنەي ناھىيىسى «ياشلار» چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

★ 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ چالىشقاي يېزىسى قىزىلتاش تېغىدا قەدىمكى مۇزلۇق ئىزى — مۇز ئوغۇز بايقالدى، بۇ يەردە چوڭ ـ كىچىك 1000دىن ئارتۇق مۇز ئوغۇر بار بولۇپ، نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان، ئەڭ چوڭى نەچچە مېتىردىن ئاشىدۇ، كىچىكلىرى مۇشتۇمچىلىك بولۇپ، شەكىللەنگەن ۋاقتى تەخمىنەن 2 مىليون — 3

مىليون يىلغىچە بولغان 4 - ئىرا مۇزلۇق دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

★ 2004 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىدە چېكەتكە ئاپىتى، بوران ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ۋە مۆلدۈر ئاپىتى كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى، 1217 ئائىلىدىكى 6044 دېھقان، چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 19 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ لىگۇا

# شىخەنزە شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ جىگو.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ جىگو.

شەھەر باشلىقى: يۇ جىجى.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار بىر، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 324 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 23 مىڭ 614)، يېزا نوپۇسى 19 مىڭ 576؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1.3. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 320 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2520 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 30 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن نېفىت بىلەن كۆمۈر بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن جۇ زوڭلى خاتىرە مۇنارى (سارىيى)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 - لىيەنى، ئىستىراھەت مەيدانى، ئەيچىڭ شېئىرىيەت سارىيى، غەربىي باغچا، قوڭغۇراق داۋنى، شىمالىي كۆل باغچىسى، بايىن قورۇقى، بەخت جىلغىسى قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 461 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 422 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %5.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 915 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 124 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1. 14 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 718 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %1 .7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 537 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 570 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 138 مىليون 760 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 18 مىليون 580 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 960 توننا ئاشلىق، 28 مىڭ 604 توننا پاختا، 530 توننا ياغلىق دان، 120 توننا قىزىلچا، 6210 توننا مېۋە - چېۋە، 20 توننا قارا گازىر، 393 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 117 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7969 توننا گۆش، 130 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 431 توننا سۈت، 3392 توننا تۇخۇم، 3308 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 7016 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 432 مىليون 818 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 35 مىليون 467 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 87 مىڭ 240 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 279 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7 .18، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 49 مىليون 950 مىڭ مېتىر رەخت، 2202 توننا تېتىتقۇ، 55 مىڭ توننا شوخلا قىيامى، 54 مىڭ توننا سۇ يېغى، 58 مىڭ توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 609 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 125 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 513 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 566 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 11 مىليون 948 مىڭ 200 يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 32 مىليون 410 مىڭ يۈەن.

پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 20 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 140 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 167 مىڭ 500گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 191 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىنتى 26 مىڭ 897گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 163 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 37 مىليون 90 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 126 مىليون 340 مىڭ دوللار. 1 مىليون 304 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 137 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 323 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %6.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 481 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 471 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 14 مىڭ 434 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 8483. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 323؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئوقۇغۇچىسى 6656؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 8060 (مىللىي 551)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 878 (مىللىي 1008)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 700 (مىللىي 1891)؛ بالىلار باغچىسى 48، باغچىدىكى بالا 8723. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4359 (مىللىي 378). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 1495 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 125)، دوختۇرخانىلاردا 2427 كارۋات بار.

2004 - يىلى شىخەنزە شەھىرى تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارا، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 25 تۈردە 1 -، 30 تۈردە 2 -، 41 تۈردە 3 - بولدى.

2004 - يىلى شىخەنزە شەھىرىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7074 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5822 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5146 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 352 يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 56 مىڭ 946غا، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 71 مىڭ 253كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 121 مىڭ 579غا يەتتى.

★ 4 - ئايدا شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بېيجىڭ «جوڭخۈەن» مۇھىت سۈپىتى ئېتىراپ مەركىزىنىڭ ISO14001 خەلقئارالىق مۇھىت سۈپىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئېتىراپنامىسىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ بويىچە خەلقئارا ئېتىراپنامىگە تۇنجى بولۇپ ئېرىشكەن پېشىل مەبلەغ سېلىش رايونىغا ئايلاندى.

★ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ «تيەنفۇ» تېرموئېلېكتر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ جەنۇبىي تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى 125×2 مېگاۋاتلىق تېرمو ئېلېكتر بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن خەلق پۇلى.

★ 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى شىخەنزە شەھىرىدە ئويۇن قويۇپ، بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

★ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى ئېچىلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىخەنزە شەھىرى تاماملىغان دۆلەتنىڭ «863» پىلانىدىكى تۈر: «سان پەرقىنى ئازايتىش — غەرب ھەرىكىتى» نىڭ بالا تۈرى — «دۆلەتىمىزدە ئىشلەنگەن LINUX (lunux) ئاساسىدا ئاممىۋى تازىلىق ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش» تەتقىقاتى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

★ 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىخەنزە شەھىرىدىكى «بەخت» يولى ۋېنجۇلۇقلار يەر ئاستى سودا كوچىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ 2004 - يىلى شىخەنزە شەھىرى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە شەھەر، مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار شەھەر، مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ماكانلاشتۇرۇش مۇھىتى بويىچە غەربىي قىسمىدىكى داڭلىق شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا تەڭرىتاغ لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدا ئۇدا 7 قېتىم چېمپىيون بولغان شەھەر ۋە شىنجاڭ بويىچە 10 ياخشى ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ بىرى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

شىخەنزە «يىلنامە» تەھرىراتى

# ئارال شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارال شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ جيەنشىن.

1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ جيەنشىن.

شەھەر باشلىقى: ۋاڭ پىڭخەي.

سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت سابىر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئارال شەھىرى تارىم دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1130 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق تۈەن ـ مەيدان 10، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 173 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ 418)؛ يېزا نوپۇسى 4000؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰95 .3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰24 .1. شەھەر بويىچە 81 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9841 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 64 مىڭ 603 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن فتوتېرمال، تاتلىق سۇ، يۇلغۇن، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار، ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن تارىم دولان كۆلى كۈمۈش قولتۇق ئارامگاھى بار، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 8 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %8؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 332 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 .40؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 411 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 .10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %3 .5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 112 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 20 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 156 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 11 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 53 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 126 مىڭ 300 توننا پاختا، 60 توننا ياغلىق دان، 384 توننا قىزىلچا، 27 مىڭ 900 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 372 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 9800 توننا گۆش، 419 توننا قوي يۇڭى، 1607 توننا سۈت، 1034 توننا تۇخۇم، 1713 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1446 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 182 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 492 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %15، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 207 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 .51 ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 473 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 465 مىڭ 592 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 349 مىڭ 339 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 527 مىليون 290 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 67 مىليون 710 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 90 مىڭ 800گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 49 مىڭ 960قا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2500گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 295 مىليون يۈەنگە، يەرلىك مالىيە كىرىمى 32 مىليون 899 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 72 مىليون 899 مىڭ يۈەنگە، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 3400 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 9418؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 115؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 545. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2109. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 79 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 21 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 885 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 912 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى ئارال شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2780 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 41 مىڭ 597گە، كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 41 مىڭ 597گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 41 مىڭ 597گە يەتتى.

★ 2004 ـ يىلى 12 ـ تۈەن ـ مەيدانغا دۆلەت بويىچە پاكىز شەھەر بازىرى دەپ، جەنۇبىي ئېغىز بازىرى مەھەللە رايونىغا مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ئىلغار مەھەللە دەپ، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش شىركىتىگە شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچە مۇھىتى پاكىز ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

★ 2004 ـ يىلى ئارال شەھىرى سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە ئىمزالىغان مەبلەغ 2 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە، نەقلەشكەن مەبلەغ 527 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئارال شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

# تۈمشۇق شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۈمشۇق شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ جىندۇڭ.

1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ جىندۇڭ.

شەھەر باشلىقى: ليۇ دېفېڭ.

سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زۇنۇن ياسىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۈمشۇق شەھىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1292 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق تۈەن ـ مەيدان 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 128 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 79 مىڭ 600)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى 114 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.94‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.81‰. شەھەر بويىچە 45 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9330 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 34 مىڭ 610 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن قايتا ئۆسكەن توغراق، چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى، لوپنۇر كەندىرى، ياۋا قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن گرانىت تاش، ھاك تېشى قاتارلىقلار؛ ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن شياۋياۋ كۆلى، غەلىتە تاش جىلغىسى، تاش قاتما جىلغىسى، مىڭ يىللىق توغراق پادشاھى، توغراق كارىدورى، تاڭ پادشاھى قەلئەسى، بۇددا دىنى خارابىسى، مانى دىنى خارابىسى، مىڭ يىللىق قەدىمىي قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 811 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 522 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2.2%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.7% تۆۋەنلىدى. 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 132 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 135 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 3.97% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 859 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 167 مىليون 240 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 710 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 49 مىڭ 268 توننا ئاشلىق، 54 مىڭ 518 توننا پاختا، 19 مىڭ 364 توننا كۆكتات، 17 مىڭ 712 توننا مېۋە ـ چېۋە، 19 مىڭ 860 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 447 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 349 توننا گۆش، 432 توننا قوي يۇڭى، 4187 توننا سۈت، 428 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 256 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 13 مىليون 678 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 70 مىڭ 66 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 2.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.6% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 391 مىڭ 806 توننا قۇم ـ شېغىل، 42 مىڭ 383 توننا سېمونت،

1576 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 383 توننا تامچىلىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 85 مىليون 850 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 265 مىڭ 935 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 203 مىڭ 501 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 720 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 560 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 80 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 103 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 17 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 3532 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 635. شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1923 (مىللىي 671)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 8543 (مىللىي 5340)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 10 (مىللىي 11 مىڭ 202)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1239. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 47 (مىللىي 16). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 68 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 16 مىڭ 32گە يەتتى.

شەھەر بويىچە 134 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 369 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 15)، دوختۇرخانىلاردا 360 كارۋات بار.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇمشۇق شەھىرىدىكى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 751گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 751گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1568گە يەتتى.

جياڭ ئەيمىڭ

# ۋۇجياچۈ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ۋۇجياچۈ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىلياڭ.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جىلياڭ.

شەھەر باشلىقى: لى يۈڭشيەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كوڭ شىڭلوڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يىگجۇ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يۈڭ (3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ۋۇجياچۈ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2004 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق تۆەن - مەيدان 3، بازار 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 91 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 9000)، يېزا نوپۇسى 33 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.01‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.58‰. شەھەر بويىچە 24 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2950 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ 250 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدا سۇ يۈزى 17 كۋادرات مېتىرلىق چىڭگېداخۇ كۆلى، 7.2 كۋادرات مېتىرلىق نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئاق قۇ، چايكا، بورانقۇش قاتارلىق 30 نەچچە خىل قۇش ۋە سۈلەيسۈن، تۈلكە، قىزىل توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. چىڭگېداخۇ كۆلى (مېڭجىن سۇ ئامبىرى) سۇچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك سۇچىلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2004 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 125 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 557 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 562 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %2.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 333 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 56 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 16 مىڭ 638 توننا

# ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك 6 - شى ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى

شى، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ جىلياڭ
يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ شىجاڭى، ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ باشلىقى: كۈڭ شىڭلۇڭ





بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى سانجى ئوبلاستى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىگە جايلاشقان، شىغا 28 سانائەت - قاتناش - بىناكارلىق - سودا كارخانىسى، 75 بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن، 19 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن- مەيدانى قارايدۇ؛ شى تەۋەسىدە ج خ، تەپتىش، قانۇن، ئەدلىيە، رېۋىزىيە سىستېمىسى، بىڭتۈەن پارتىيە مەكتىپى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا ئىنستىتۇتى، بىڭتۈەن ساقچى مەكتىپىدىن ئىبارەت 3 ئالىي مەكتەپ بار.

يېزا ئىگىلىك 6 - شى شەرەپلىك تارىخقا ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە كونا قىسىم. ئۇنىڭ تەكتى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۈەنى 6 - جۇنى 17 - شىسىدىن ئىبارەت. بۇ قىسىم 1949 - يىل 11- ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا مۇداپىئەدە تۇردى، 1953 - يىلى 6 - ئايدا كوللېكتىپ كەسىپ ئۆزگەرتىپ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى 6 - شىسى بولۇپ قۇرۇلدى، 1954 - يىل 10- ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى 6 - شىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئاشلىق، 13 مىڭ 884 توننا پاختا، 2104 توننا ياغلىق دان، 1555 توننا مېۋە - چېۋە، 240 مىڭ 101 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 96 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 247 توننا گۆش، 156 توننا قوي يۇڭى، 8560 توننا سۈت، 973 توننا تۇخۇم، 930 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 454 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 370 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 47 مىڭ 763 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 691 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8 .17، سانائەت قوشۇلما قىممىتى

ۋۇجياچۇ شەھىرى يېزا ئىگىلىك 6 - شى شتابى تۇرۇشلۇق جاي، ئۇ نەچچە ئەۋلاد ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى چۆل - جەزىرىدە قۇرۇپ چىققان بوستانلىقتىكى يېڭى شەھەردۇر. 2004 - يىل 1- ئاينىڭ 19- كۈنى ۋۇجياچۇ شەھىرى قۇرۇلدى، ئۇ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ، شى بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

ۋۇجياچۇ شەھىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان، ئۇ ئۈرۈمچى، سانجى ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۆزگىچە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. بىرىنچى، ئەۋزەل رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە. ۋۇجياچۇ شەھىرى سانجى، مىچۈەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىرى بىلەن قوشنا، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەرنى شىمالغا كېڭەيتىش ئىستراتېگىيىسىدىكى تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ۋە تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە مەركىزىي رايون ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، روشەن بايلىق ئەۋزەللىككە ئىگە. ۋۇجياچۇ شەھىرى سۈپىتى خېلى يۇقىرى ئېكولوگىيىلىك بايلىققا ۋە دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ساياھەتچىلىك بايلىقىغا ئىگە، بۇ يەردە دەريا - كۆللەر ۋە تاغلار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئېتىز - ئېرىق، بوستانلىقلار ۋە چۆل- جەزىرىلەر تۇتىشىپ كەتكەن، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىك بىر گەۋدىلەشكەن بولۇپ، ئۇ ئۈرۈمچى شەھەر چەمبىرىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك زاپاس گۈللۈكى، شۇنداقلا يېشىل، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، گەۋدىلىك سىياسەت ئەۋزەللىككە ئىگە. ۋۇجياچۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىگە ئەڭ يېقىن بولغان، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، شۇنداقلا شىخەنزىدىن كېيىن قۇرۇلغان 2 - تۈركۈمدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شەھەرلىرىنىڭ بىرى. ۋۇجياچۇ شەھىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شەھىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى چېگرا رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇ ھەر تەرەپنىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋۇجياچۇ يېڭى قۇرۇلغان شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ كۆپ شەھەر تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، كېيىن قۇرۇلغان شەھەر ئىقتىسادىنى يۇقىرى سۈپەتتە ھالقىش شەكلىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ۋۇجياچۇ شەھىرى يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى ئورنى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى يېشىل ئىگىلىك، مەدەنىيەت كەسىپلىرىگە ئىگە شەھەر، ئۈرۈمچى شەھەر چەمبىرىكىدىكى باغۋارانلاشقان ئېكولوگىيىلىك شەھەر، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە زامانىۋى ھەمراھ شەھەر، يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا مەركىزىي شەھىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

---

226 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 107 مىڭ توننا پاختا يىپ، 4957 توننا شوخلا قىيامى، 462 توننا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، 1191 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى، 6431 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق، 23 مىڭ 260 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 297 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 212 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 493 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 40 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر- بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 25 مىڭ 300گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6121گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 26 مىڭ 550كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1332گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 469 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 350 مىڭ دوللارغا، يەرلىك مالىيە كىرىمى 65 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 182 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 1260 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 432. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1450؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 100؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 6287؛

ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ شەھەر ئومۇمىي پىلانى (نەتىجىلىرى) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ پىلانغا ئاساسەن، ۋۇجياچۇ شەھىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى (2005 ـ يىلى) دىكى نوپۇسى 62 مىڭ 200دىن 65 مىڭغا، يىراق مەزگىلدىكى (2020 ـ يىلى) دىكى نوپۇسى 125 مىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ. ۋۇجياچۇ شەھىرى يېقىنقى مەزگىلدە شەرققە، كەلگۈسىدە شىمالغا كېڭەيتىلىدۇ؛ شەھەر قۇرۇلمىسى «ئىككى مەركەز، بىر تەرەققىيات ئوقى، بەش فۇنكسىيىلىك بۆلەك» تىن، شەھەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى «شەھەر مەركىزىنى ئاساس قىلىش، شەرق ۋە شىمالغا كېڭەيىش، ئۇزۇنغا ئۇچ، توغرىسىغا ئۇچ يول ئېلىش، شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سۇ ئاققۇزۇش، ئايلانما يوللارنى تورلاشتۇرۇش، يېشىل كارىدور بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت بولىدۇ.

2004 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى ۋۇجياچۇ شەھىرى ئىقتىسادنى مۇقىم ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1. شەھەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. سانائەت باغچە رايونىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 3.2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يەردە «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «فاڭشىڭ» سۈلياۋچىلىقى، «جياخې» تامچىلىتىپ سۇغىرىش-ئوغۇتلاش، «شۆەيفۇ» ئىشىك ـ دېرىزىچىلىكى، شىنجاڭ ئالاھىدە پولات ماتېرىيالى، ئوتلاق سۈتچىلىكى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار خېلى تەرەققىي قىلدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى شەھەر ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %22نى ئىگىلىدى. 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە ئېكولوگىيىلىك ساياھەت شەھىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركەز قىلىنىپ شەھەرنىڭ فۇنكسىيىسى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى مۇئەسسەسىلىرىنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، بەرپا قىلىنغان ئۆي ـ زېمىن كۆلىمى 67 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 838گە، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان كۆكەرتىلمەيدان كۆلىمى 3.32 گېكتارغا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئۆزگىچە باقمىچىلىق مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ زورايتىلدى.

2. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى. بىر نەچچە كارخانىنى ۋەيران قىلىش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى، يېمەكلىك زاۋۇتى، پىكاپ زاۋۇتىنىڭ مۈلكىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. تۇەن ـ مەيدانلار قۇرغان 39 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى %83كە يەتتى، مۈلۈك ھوقۇقى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كۆپ پايىنى تىجارەتچىلەر ئىگىلەش يولغا قويۇلدى. سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە باغچا رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ شەھەر ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %43كە يەتتى.

3. شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلدى. يېقىنقى 2 يىلدا شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە تۈراقلىق مۈلۈككە 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسلىق تۇرلەردىن كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 20 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغان سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش تۈرى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 800 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدىغان مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تۈرىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، 31 كىلومېتىرلىق شەھەر يولى، 40 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق

باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 8995؛ بالىلار باغچىسى 12، باغچىدىكى بالا 2186. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1450. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 23 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 7 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 860 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 688 كارۋات بار.

2004 ـ يىلى ۋۇجياچۇ شەھىرىدىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7279 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5670 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5372 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 4020 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 520 يۈەنگە يەتتى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 24 مىڭ 151گە، كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 21 مىڭ 218گە، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 41 مىڭ 730غا يەتتى.

★ 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 102 ـ تۇەن ـ مەيداننىڭ 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان «1 ـ ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىدا تۆشۈك پەيدا بولۇپ يار ئېلىپ كەتتى. 23 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئامباردىن شىددەتلىك ئېتىلىپ چىقتى، سۇنىڭ ئەڭ

«گوماۋ» سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشى، 23 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق مەدەنىيەت مەيدانى ھەمدە ۋۇجياچۈ شەھەرلىك نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 6 ـ شى دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بىناسى، ئىچكى كېسەللىكلەر بىناسى، قۇتقۇزۇش مەركىزى، شى، شەھەر ئورگىنىنىڭ خىزمەت بىناسى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەر بار، «جۇڭجى» سانائەت شوخلىسى كەسىپ شەھەرچىسى، ۋۇجياچۇ سانائەت باغچا رايونى، يېزا ئىگىلىك باغچا رايونى، يۇندا ۋە ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈش بىلەن شەھەر يېپيېڭى تۈس ئالدى، شەھەر تېز تەرەققىي قىلىش بويىچە ھاياتىي كۈچ ۋە مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

4. شەھەر باشقۇرۇش تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش پائالىيىتىدە ۋۇجياچۇ تەرەققىياتى ئەڭ تېز شەھەر ئۇنىۋېرسال لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر قاتنىشى، سودا بازىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش كۈچەيتىلدى، شەھەر ئىچى ئاممىۋى مۇئەسسەسىلىرى رېمونت قىلىندى ۋە يېڭىلاندى. ئېرتۇن قورۇق جىلغىسى، تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ لاتقىسىنى ئادالاش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، فېڭجياخەيزى يۇندا جىلغىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنىڭ %50ى ئورۇندالدى.

5. ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى باشلاندى. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار تەڭشەلدى، مەھەللە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 3 مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئېنىقلاش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھۆكۈمەت قېلىپلاشتۇرۇپ يولغا قويىدىغان ياندىشىپ تۈزۈم ۋە تەرتىپلەر تەدرىجىي تۇرغۇزۇلدى. ۋۇجياچۇ شەھىرى مەمۇرىي رايونىنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى، ۋۇجياچۇ شەھىرىدە دۆلەت ئالتۇن ئامبىرى قۇرۇلدى.

6. ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. «ئۈچ ئىجتىمائىي كاپالەت لىنىيىسى» ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئىشقا ئاشتى، 29 مىڭ كىشى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى؛ 1900 ئىش ئورنى بەرپا قىلىندى، 1570 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئاز سوممىلىق كاپالەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، 1 مىليون 480 مىڭ يۈەن قەرز پۇلغا كېپىل بولدى؛ 40 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 5000دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى؛ «ئۈچ بايرام» مەزگىلىدە مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىش ۋە جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ قىيىنچىلىقى بار 1567 ئائىلىدىن ھال سورالدى.

7. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى، تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، فۇنكسىيىلىك تارماقلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مېيىپلار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بىلەن سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. مەركىزىي خىزمەت چۆرىدىلىپ، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىنىپ، 6 چوڭ تەشۋىقات جېڭى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق 20 جەھەتتە ئىلغار تىپلار تۇرغۇزۇلدى؛ مەدەنىيەتلىك شى بەرپا قىلىش ۋە شەھەرنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە

يۈقىرى ئىقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 300 كۇب مېتىرغا يەتتى. تىرىشىپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، ئاپەتكە ئۇچرىغان 13 مىڭدىن ئارتۇق ئامما خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇلۇپ، بىخەتەر جايغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپەت رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش تېز ئەسلىگە كەلدى ھەمدە يۇرت ـ ماكان قايتىدىن قۇرۇلدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان 910 ئائىلىلىك ئامما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

★ 2004 ـ يىلى ۋۇجياچۇ شەھىرى سودىگەر چاقىرىش- مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈر توختىمىدىن 29نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 717 مىليون يۈەنگە يەتتى، 129 مىليون يۈەن نەقلەشتى.

★ 2004 ـ يىلى شى، شەھەرلىك ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى شۆجىڭگە مەملىكەت بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ، شى، شەھەرلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فاڭ جېنبىنغا مەملىكەت بويىچە مۇھاجىرلار خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، دەپ نام بېرىلدى.

ئەھمىيەت بېرىلىپ، 4 ـ نۆۋەتلىك مەيدان مەدەنىيىتى بايرىمى، 2 ـ نۆۋەتلىك قار ـ مۇز ئۆرپ ـ ئادەت بايرىمى، چىڭگىبداخۇ كۆلى — مەركىزىي شەھەرنىڭ بۆرىكىنى قۇتقۇزۇش پائالىيىتى، چوڭ تىپتىكى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى، شى، شەھەر پارتىيە تارىخى، تۈەن ـ مەيدان تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئىشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى؛ مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى پۇختا ئېلىپ بېرىلدى، 13 ئورۇن بىڭتۈەن دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن قاتارىغا كىردى، شى، شەھەر بويىچە 10 يۈلتۈزلۈق مەدەنىي ئائىلە %40تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى.

8. پارتىيە قۇرۇلۇشى تۇتۇلۇپ، ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئىدىيىۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ يادروسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيە ئىگىلىنىپ، يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە ھەر خىل تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، خىزمەتتە ئەمەلىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ساپا قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بەنزە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، نەتىجە ۋە ئۈنۈمنى باھالاش، ئەھۋالغا قاراپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى؛ «ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش» تەلىپىگە ئاساسەن، ئىككى دەرىجىلىك ئورۇن تەڭ بەرپا قىلىش، ئىش ئورنى تەسىس قىلىش، مەسئۇلىيەتنى بېكىتىش پۇختا ئېلىپ بېرىلدى، 5600 نەچچە پارتىيە ئەزاسى كارتا ئېسىپ ئىشقا چىقتى، لىيەندۈي كادىرلىرىنىڭ %96ى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى؛ تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، كېڭىشىش قائىدىسى، خىزمەت تەرتىپى ۋە تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلدى؛ كادىر تەربىيىلەش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىردىن 710ى، يىڭ، لىيەن دەرىجىلىك كادىر ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش كادىردىن 1079ى تەربىيىلەندى، 86 كادىر ئىچكىرىگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، دېموكراتىك ئۇسۇلدا كۆرسىتىش، تەشكىل سىناش تەرتىپلىرى ئارقىلىق 343 تۈەن ـ باشقارما دەرىجىلىك زاپاس كادىر بېكىتىلدى، شى سىرتىدىن تۈەن ـ باشقارما دەرىجىلىك 5 كادىر كىرگۈزۈلدى، مۇئاۋىن تۈەن دەرىجىلىك 7 زاپاس كادىر سانجى ئوبلاستىنىڭ شەھەر، ناھىيىلىرىگە بېرىپ ۋەزىپىلىك چېنىقتى، 21 لىيەندۈي كادىرى تۈەن ئاتلاپ ۋەزىپىلىك چېنىقتى، شى، شەھەرلىك ئورگانلار 76 دۆلەت مەمۇرىنى ئاشكارا قوبۇل قىلدى؛ پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى؛ «كىم باشقۇرسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن مەسئۇل خىزمەتنى تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭ تەكشۈرۈش، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «ئىككى نىزام» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە 3 تۈرلۈك خىزمەت چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى، مالىيە، كادىرلار ئىشلىرى، قۇرۇلۇش، يەر باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، دېلو بېجىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ۋە مەنبەيدىن تىزگىنلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تەڭ تۇتۇپ تەڭ باشقۇرۇش خىزمەت مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى ۋۇجياچۇ شەھىرى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق شەھەر قۇرۇش، سانائەت ئارقىلىق شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ساياھەت ئارقىلىق شەھەرنى جانلاندۇرۇش، پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ جەلپ قىلىشنى مۇھىم نۇقتا، باغچا رايونى ئىگىلىكىنى باشلامچى قىلىپ، سانائەتنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى كۈچەيتىپ، شەھەر ئەتراپى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئەلالاشتۇرۇپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، شەھەر- بازارلاشتۇرۇش، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە كەسىپلەشتۈ- رۈش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ؛ ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھەر فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلاپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈچ مەدەنىيلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

★ 2004 ـ يىلى ۋۇجياچۇ شەھىرى چىڭگىبداخۇ كۆلى مەيدانىدا قار ـ مۇز ئۆرپ ـ ئادەت بايرىمى ئۆتكۈزدى، نەچچە يۈز ھەر خىل شەكىلدىكى مۇز ئويما ئەسىرى نەچچە ئون مىڭ ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

ۋېن دىڭئو

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

## ئومۇمىي بايان

### شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن.

شۇجى: چېن دېمىن

مۇئاۋىن شۇجى: جاڭ چىڭلى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ لېچۈەن، چېن دېمىن، جاڭ چىڭلى، قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، ئالپىسباي راخىم (قازاق)، ليۇ شىنچى، جەي شياۋخېڭ، ۋاڭ چوڭجيۇ، ما روڭ، لۇ گاڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

قوماندان: جاڭ چىڭلى.

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، ئالپىسباي راخىم (قازاق)، ليۇ شىنچى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جەي شياۋخېڭ، ۋاڭ چوڭجيۇ.

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبىسىنىڭ باشلىقى: سۇن شۆچى (رۇس).

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: ئىسمائىل قۇربان، خې لىجياڭ.

بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: شياۋ مىڭشېڭ.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: چاڭ جيەنگو، ياڭ زوڭۋېن.

### بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 563 مىڭ 800 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 1 مىليون 222 مىڭ 600، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 306 مىڭ 800. 2004- يىلى تۇغۇلغان بوۋاق 15 مىڭ 900 بولۇپ، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.2‰ بولدى؛ 9900 ئادەم ئۆلدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.4‰ بولدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 30 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 12.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 513 مىليون يۈەنگە يېتىپ 10%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 965 مىليون يۈەنگە يېتىپ 8.9%؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 737 مىليون يۈەنگە يېتىپ 17% ئاشتى؛ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىڭ 835 يۈەنگە يېتىپ، 10.8% ئاشتى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەن بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەن يەرنىڭ مۇقىم كۆلىمى 80.6% نى ئىگىلىدى، 223 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىككىگە كېرەكلىك يەر بۆلۈپ بېرىلدى، 96% لىيەندۈيدە لىيەندۈي كادىرلىرى دېموكراتىك يول بىلەن سايلاپ چىقىلدى، تۇەن - مەيدان ۋە لىيەندۈيلەردە ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شىغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 87% تىدە، تۇەن - مەيدانلار باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكىدە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلدى. بىڭتۇەن بويىچە پېيى كونترول قىلىنىدىغان، پېيى بازارغا سېلىنغان 11 شىركەتنىڭ پېيى 2 مىليارد 557 مىليون يۈەنگە، توپلىغان مەبلىغى 3 مىليارد 672 مىليون يۈەنگە يەتتى (شىركەت يېڭى قۇرۇلغاندا توپلانغان مەبلەغ ۋە شىركەتنىڭ پېيى بازارغا سېلىنىپ پايدا بۆلۈشكەندىن كېيىن يۆتكەلگەن مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم تارقىتىلغان يۈرۈشمە مەبلەغ 2 مىليارد 919 مىليون يۈەن، پاي بىلەن قوشۇپ تارقىتىلغان يۈرۈشمە مەبلەغ 753 مىليون يۈەن.

خام چوت ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ يىللىق ساپ پايدىسى 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 25 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدىن ئېلىنغان ساپ پايدا 477 مىليون يۈەن بولۇپ 73 مىليون يۈەن ئاشتى.

ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى 2.7% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەرنىڭ 2.1%، يېزىلارنىڭ 4.5% ئۆرلىدى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچ ساندىن قارىغاندا يېمەكلىك، ئولتۇراق ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىل بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك باهاسى 5.8%، ئولتۇراق ئۆي باهاسى 8.3% ئۆرلىگەن، ئائىلە بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەتى باهاسى 1.6%، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتى باهاسى 1.4% تۆۋەنلىگەن. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باهاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى 0.7%، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باهاسى 16.4%، خام ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسى 18.2%، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باهاسى 4.5%، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باهاسى 7.3%، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسى 0.8% ئۆرلىدى.

1. يېزا ئىگىلىكى    يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليارد 945 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2% ئاشتى.

تېرىقچىلىق    دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 953 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 203 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ 14.5%؛ پاختا 472 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، 4.1% ئاشتى؛ ياغلىق دان 57 مىڭ گېكتار بولۇپ، 17.4%؛ قىزىلچا 18 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 2.6% تۆۋەنلىدى؛ كۆكتات 56 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، 22.4% ئاشتى. سانائەت كارخانىسىغا كېرەكلىك پەمىدورنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 36 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ 34.3%؛ سانائەت كارخانىسىغا كېرەكلىك مۇچىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 3600 گېكتار بولۇپ 9.1% ئاشتى.

ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 222 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 16.4% ئاشتى؛ ياغلىقدان 133 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 22.2% ئازايدى؛ پاختا 877 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 8.1% ئاشتى؛ قىزىلچا 1 مىليون 184 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 0.6% ئازايدى؛ كۆكتات 3 مىليون 404 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 28.5% ئاشتى.

ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك    سۈنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 38 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 54.6% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 17 مىڭ گېكتار بولۇپ، 65.5% ئازايدى. مېۋە ـ چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 390 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 21.6% ئاشتى.

چارۋىچىلىق    يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 7 مىليون 99 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 14% ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا قولدىن چىققان چارۋا 5 مىليون 17 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، 16.6% ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 200 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 14.1% ئاشتى؛ قوي يۇڭى 13 مىڭ توننىغا يېتىپ، 13.8% ئاشتى؛ تۇخۇم 40 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 9.8% ئاشتى؛ كالا سۈتى 181 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 36.3% ئاشتى.

بېلىقچىلىق    سۇ مەھسۇلاتى 17 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ خادىمى 130 مىڭغا يېتىپ، 6.4% ئاشتى. يارىتىلغان قوشۇلما قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 2 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.1% ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش    يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليارد 329 مىليون ۋاتقا يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 5.4% ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 20 مىڭ 100گە يېتىپ، 2.9%؛ كىچىك تراكتور 33 مىڭ 900گە يېتىپ، 11.4%؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىلىرى 200 مىڭ 100گە يېتىپ، 24%؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 385 مىليون كىلوۋات ـ سائەتكە يېتىپ، 9.6% ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 974 مىڭ 100 گېكتارغا، سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 539 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى.

بىڭتۇەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئايروپىلانى 32 بولۇپ، يىل بويى 4680 سائەت ئۇچتى، ئۇچۇش ۋاقتى 2003 ـ يىلدىكىدىن 8.6% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇچقىنى 4228 سائەت، ئۇچۇش ـ قونۇش قېتىم سانى 12 مىڭ 900 قېتىمغا يەتتى، مەشغۇلات كۆلىمى 21 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق    ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 373 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 346 مىليون يۈەن. 114 سۇ ئامبىرى بولۇپ، سىغىمچانلىقى 3 مىليارد 151 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى؛ ماشىنىلاشقان قۇدۇق 10 مىڭ 590 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 636سى كۆپەيدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقىرىش ئىقتىدارى 299.03 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى؛ سۇ باشلاش چۈشۈرگىسىدىن 90 ى ياسىلىپ، 2 سى كۆپەيدى؛ ياسالغان توسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2104 كىلومېتىرغا يېتىپ، 238 كىلومېتىر كۆپەيدى.

سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 12 مىليارد 60 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنلەنگەن سۇ 11 مىليارد 756 مىليون كۇب مېتىر بولدى. سۇغىرىش ئۆستەڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 99 مىڭ 375 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 26 مىڭ 657 كىلومېتىر بولدى.

**2. سانائەت ۋە بىناكارلىق** سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 886 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 448 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 8 مىليارد 455 مىليون يۈەن بولۇپ، %16.5، ئېغىر سانائەتنىڭ 5 مىليارد 993 مىلون يۈەن بولۇپ، %16.3 ئاشتى؛ سانائەت سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 415 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %92.9كە يەتتى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: كۆمۈر 4 مىليون 23 مىڭ توننا بولۇپ %5.1 ئاشتى؛ توك 2 مىليارد 563 مىليون كىلوۋات - سائەت بولۇپ %21.1 ئاشتى؛ سۇ يېغى 195 مىڭ 100 توننا بولۇپ %14.6 ئاشتى؛ شېكەر 132 مىڭ 200 توننا بولۇپ %6.5 ئازايدى؛ ئېرس 13 مىڭ 397 توننا بولۇپ %3.8 ئازايدى؛ پەمىدور قىيامى 341 مىڭ 900 توننا بولۇپ %41.4 ئاشتى؛ ئىچىملىك، هاراق 60 مىليون 340 مىڭ لىتىر بولۇپ %17.5 ئاشتى؛ يۇمشاق ئىچىملىك 81 مىڭ 111 توننا بولۇپ %183.1 ئاشتى؛ يىپ 111 مىڭ 800 توننا بولۇپ %1.1 ئازايدى؛ رەخت 90 مىليون 730 مىڭ مېتىر بولۇپ %10.1 ئاشتى؛ قەغەز ۋە قەغەز پەنەركە 66 مىڭ 854 توننا بولۇپ 2003 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى؛ كوكس 185 مىڭ 400 توننا بولۇپ %12.7 ئازايدى؛ سۇلىياۋ بۇيۇم 148 مىڭ 500 توننا بولۇپ %27.3 ئاشتى؛ سېمونت 2 مىليون 710 مىڭ 600 توننا بولۇپ %6.9 ئاشتى.

كۆلەمدىن يۇقىرى 191 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە زىيان تارتقىنى 64 بولۇپ، زىيان كۆلىمى %33.5كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 0.3 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى، پايدا-زىيان بالانس بولغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 419 مىليون يۈەن بولدى. 35 چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىسى ئىچىدە زىيان تارتقىنى 12 بولۇپ، زىيان كۆلىمى %34.3 كە يەتتى، پايدا-زىيان بالانس بولغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 360 مىليون يۈەن بولۇپ 2003 - يىلدىكىدىن 180 مىليون يۈەن ئاشتى. مەھسۇلات سېتىشتىن 10 مىليارد 557 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، تەييار مەھسۇلاتلار ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغ 2 مىليارد 212 مىليون يۈەن، يىغىپ هېسابقا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك مەبلەغ 2 مىليارد 69 مىليون يۈەن، بۇ 2 تۈرلۈك مەبلەغ جەمئىي 4 مىليارد 281 مىليون يۈەن بولۇپ، كۆچمە مەبلەغ ئوتتۇرىچە ئېشىنچىسىنىڭ %41.2 نى ئىگىلىدى.

بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 79 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %8.3 ئاشتى. قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 371 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پېيىنى دۆلەت كونترول قىلغان كارخانىلارنىڭ بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 947 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.3 ئاشتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 8 مىليون 736 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %12.9 ئاشتى. 2004 - يىلى ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىليون 487 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %9.9 ئاشتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 671 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %10.6 ئاشتى. مۇستەقىل هېسابات قىلىدىغان بارلىق بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 119 مىليون يۈەن بولۇپ، %16.2 ئازايدى.

**3. مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش** مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 899 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 9 مىليارد 171 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.2 ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 545 مىليون يۈەن بولۇپ، %35.8 ئازايدى؛ ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 89 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %85.4 ئاشتى. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 8 مىليارد 862 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.3 ئازايدى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغىنى 12 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %125 ئاشتى؛ خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 908 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.2 ئاشتى؛ باشقا ئىگىلىككە سېلىنغىنى 3 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %57.6 ئاشتى. قاتناش، پوچتا - تېلېگراف كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 29 مىليون يۈەن بولۇپ، %27.8 ئازايدى؛ توك هاسىل قىلىش، يەتكۈزۈش ۋە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 801 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.2 ئاشتى؛ ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 422 مىليون يۈەن بولۇپ، %4 ئازايدى؛ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.3 ئاشتى؛ سودا قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 497 مىليون يۈەن بولۇپ، %39.4 ئازايدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 50 مىليون يۈەندىن يۇقىرى زور

قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 742 مىليون يۈەنگە يېتىپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %29نى ئىگىلىدى.

مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. يىللىق قۇرۇلۇش مەبلىغى 12 مىليارد 830 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغ 2 مىليارد 675 مىليون يۈەن، ئىچكى قەرز پۇل 1 مىليارد 761 مىليون يۈەن، پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ 84 مىليون يۈەن، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 6 مىليارد 326 مىليون يۈەن، زايوم 12 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 972 مىليون يۈەن.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇتۇقلۇق بولدى. تارىم دەرياسىنى تۈزەش، گۇما - قارىقاش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى ئېچىش، چوڭ سۇغىرىش رايونىنى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى، سۇ ئامبارلىرىنى خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش، «يېشىل قارىغاي» پاي شىركىتىنىڭ كۇچادا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، «گۇەنتونگتيەنفۇ» شىركىتىنىڭ مېۋە، كۆكتات پىششىقلاش تۈرى، «تيەنشېڭ» يىپ ئىگىرىش شىركىتىنىڭ پاختا يىپ ئىگىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش تۈرى، «ۋاخاخا» مېۋە كۆكتات ئىچىملىكى تۈرى، «تيەنيې» خىمىيە سانائىتى، «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر بىرلەشمە تۈرى ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان شەھەرلەر ۋە 38 كىچىك بازار قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۇتۇقلۇق بولدى. كۆلىمى 266 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان زامانىۋى سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدا شۇ يىلى 35 مىڭ 300 گېكتارلىق سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيدى؛ 2 - قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، توكنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا چېگرا بويلىرى ۋە تارقاق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ئىشچىلاردىن 34 مىڭ ئائىلىنىڭ خەتەرلىك، كونا ئۆيلىرى ئۆزگەرتىلدى. گۇما - قارىقاش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بوز يەر ئېچىشقا 221 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يول، توك، سۇ تولۇق تۇتاشتۇرۇلدى. ئارالدا قۇرۇلغان 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «يېشىل قارىغاي» پاي شىركىتىنىڭ كۇچادىكى سېمونت ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە سېمونت ئىشلەپچىقىرىش سىناق قىلىندى؛ «كاڭ ئۇستام» ماركىلىق «دىڭجىن» ئىچىملىك قۇرۇلۇشىغا شۇ يىلى مەبلەغ سېلىنىپ شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «تيەنيې» گۇرۇھىنىڭ 100 مىڭ تونىنلىق پولى ۋىنىل خلورىد ۋە 70 مىڭ تونىنلىق ئىئون قەۋەتلىك ئىشقار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×50 مېگاۋاتلىق تېرمو ئېلېكتر بىرلەشمە تۈرىگە 186 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ كۇيتۇڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2.5 مېگاۋاتلىق 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ توك تارقىتىشقا باشلىدى.

يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى 10 مىليارد 874 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %7.7 ئاشتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: يىل بويى قېزىلغان كۆمۈر 250 مىڭ توننا؛ يىلبويى ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشقار 80 مىڭ توننا، كالتسىي كاربىد 100 مىڭ توننا، سېمونت 300 مىڭ توننا، پاختا يىپ ئەگىرىش ئۇرچۇقى 50 مىڭ، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 58 مىڭ كىلوۋات، توك سىمى 4268 كىلومېتىر، تېلېفون سىمى 225 كىلومېتىر، دوختۇرخانا كارۋىتى 1265، كۆلىمى 47 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، ھەر خىل مەكتەپلەردىكى پارتا 35 مىڭ 796، كۆلىمى 171 مىڭ كۋادرات مېتىر، تاشيول 1594 كىلومېتىر.

4. تاشيول ترانسپورتى 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەن بويىچە پۇقراۋى ئاپتوموبىل 36 مىڭ 400 بولۇپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.6 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلى 19 مىڭ 300 بولۇپ، %5.4 ئاشتى؛ يۈك ئاپتوموبىلى 16 مىڭ 100 بولۇپ، %6.17 ئازايدى؛ باشقا ئاپتوموبىللار مىڭ. توشۇلغان يولۇچى 69 مىليون ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %8.4 ئاشتى؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 930 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.2 ئاشتى. توشۇلغان يۈك 55 مىليون توننا بولۇپ، %11 ئازايدى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 148 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.7 ئاشتى.

تاشيول ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 1 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئېشىش نىسبىتى %1.28، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئېشىش نىسبىتى %8.59، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئورۇندىغىنى 1 مىليارد 583 مىليون يۈەن بولۇپ، %4 ئازايدى.

5. سودا ۋە ساياھەتچىلىك ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليارد 138 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %4.12 ئاشتى، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىي ئاشقىنى %6.11. توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ سوممىسى 6 مىليارد 166 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.6 ئاشتى؛ يېمەك- ئىچمەك كەسپىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 102 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، %24.5 ئاشتى؛ باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %55.4 ئاشتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليارد 201 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %26.6 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليارد 187 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20 ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليارد 936 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %58 ئاشتى. سوما چېكىدىن يۇقىرى توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 23 مىليارد 501 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.8 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليارد 284 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.9 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليارد 48 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.8 ئاشتى.

ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 972 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭكىنىڭ %34.9 نى ئىگىلەپ، 2003 - يىلدىكىدىن %24.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 835 مىليون دوللار بولۇپ، %1.9 ئازايدى؛ ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 137 مىليون دوللارغا يېتىپ، %55.9 ئاشتى.

چوڭ مىقدارلىق تاۋار ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدا ئېشىشمۇ - كېمىيىشمۇ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىسازلىق-ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 97 مىليون دوللار بولۇپ، %86.3 ئېشىپ، 2 - چوڭ ئېكسپورت تاۋىرىغا ئايلاندى؛ ئېكسپورت قىلىنغان پاختا 5669 تونىنا بولۇپ، 30 مىڭ 543 تونىنا كېمەيدى، ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون دوللار بولۇپ، %64.9 كېمەيدى؛ ئېكسپورت قىلىنغان پەمىدور قىيامى 173 مىڭ 800 تونىنا بولۇپ، 33 مىڭ 700 تونىنا كېمەيدى، ئېكسپورت سوممىسى 87 مىليون دوللار بولۇپ، %2.2 كېمەيدى.

تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش كۆلىمى زورايدى. يېڭىدىن تەستىقلانغان تاشقى مەبلەغ تۈرى 9، توختام سوممىسى 51 مىليون 360 مىڭ دوللار، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ 40 مىليون 656 مىڭ دوللار، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت -ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون دوللارلىق ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تارىختىكى يېڭى رېكورتنى ياراتتى. يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 148 - تۈەن - مەيدانىنى شىنجاڭ «غەربى يۇرت» پاي شىركىتى ئامېرىكا 1-خەلقئارا مەبلەغ گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارغان گۆش كالىسى تۈرىدە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 100 مىليون دوللارغا يەتتى.

تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. چەت ئەل قۇرۇلۇش تۈرىدىن 5ى ھۆددىگە ئېلىندى، توختامدىكى سوما 67 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يەتتى. چەت ئەل قۇرۇلۇشلىرى تىجارەت سوممىسى 20 مىليون 300 مىڭ دوللارغا يەتتى. دۆلەت چەت ئەلگە ياردەم بېرىش تۈرىدىن 5 ى تاماملاندى، چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىلگەن ئومۇمىي مەبلەغ 60 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئىشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. بىڭتۇەندىن سىرت باشقا جايلار بىلەن تۈزگەن ھەمكارلىق تۈرى توختىمىدىن 515ى ئىجرا قىلىندى، بۇ تۈرلەرنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 15 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن ئىمزالىنىپ يولغا قويۇلغان تۈر 424، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 9 مىليارد 710 مىليون يۈەن، داۋاملىق ئىشلىنىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى 91، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 6 مىليارد 120 مىليون يۈەن. بىڭتۇەنىڭكىدىن باشقا تۈرلەردە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 5 مىليارد 212 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلىكتە مەبلەغ سالغان تۈر 313، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 657 مىليون يۈەن؛ باشقا ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق تۈرى 152 بولۇپ، 1 مىليارد 657 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى؛ چەت ئەللەر ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەن بىلەن بولغان ھەمكارلىق تۈرى 24، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 352 مىليون يۈەن. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىككە مەبلەغ سېلىش جانلاندى، مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %90.4 نى ئىگىلىدى. خېرىدار تەرەپنىڭ ئەمەلىيلەشكەن مەبلىغى 4 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خېرىدار تەرەپنىڭ ئەمەلىيلەشكەن مەبلىغىنىڭ %86.2 نى ئىگىلىدى.

ساياھەتچىلىك كەسپىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېچكى ساياھەت كوپېراتىپىدىن 22 سى كۆپىيىپ، يىل ئاخىرىدا بار ساياھەت كوپېراتىپى 59 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق ساياھەت كوپېراتىپى 3، ئىچكى ساياھەت كوپېراتىپى 56. ساياھەتتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33 ئاشتى؛ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 83 مىليون 315 مىڭ 500 دوللارغا يېتىپ، %17.5 ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 83 مىڭ 91 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %8.3 ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان

ئىچكى ساياھەتچى 2 مىليون 472 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %24 ئاشتى؛ چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىشقا تەشكىللەنگەن جۇڭگو پۇقراسى 9990 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %7. 42 ئاشتى. ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 4333كە يەتتى.

بىڭتۈەندە بار يۇلتۇزلۇق ساياھەت مېھمانخانىسى جەمئىي 29 غا، ئۇلاردا بار ياتاق 3752 ئېغىزغا، كارىۋات 7388 گە، خىزمەتچىلەر 3546 گە يەتتى. بىڭتۈەندە ھازىر بار ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) 21 گە، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 501 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 121.65% ئاشتى.

6. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى 2004 ـ يىلى ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 31 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %3. 17 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 5 مىليارد 793 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8. 13، ئاھالىلەر پۇلى 15 مىليارد 703 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5. 12 ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ قالدۇقى 17 مىليارد 469 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4. 6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 10 مىليارد 615 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3. 10، ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل 5 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3. 9 ئاشتى.

جۇڭخۇا بىرلەشمە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ كەسپىي تىجارىتى مەملىكىتىمىزدىكى 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننى قاپلىدى. شۇ يىلى يېڭىدىن 241 ئاپپارات قۇرۇلدى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەر دەرىجىلىك سۇغۇرتا تارماق ئاپپاراتى 699 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە شىركەت 31. سۇغۇرتا كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 4. 2 ھەسسە ئېشىپ، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ئومۇمىي كۆلىمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6. 1، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 5 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاز كەم 3 ھەسسە ئاشتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1. 84 ئاشتى. ھەر خىل سۇغۇرتا تۆلىمى 1 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %4. 49 كە يەتتى.

7. پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر يىلدا 47 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى بىڭتۈەن پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 14 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 28 تۈر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى، 4 تۈر دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. پەن ـ تېخنىكا ئومۇمىي خىراجىتى 33 مىليون 915 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %1. 13 ئاشتى. 2004 ـ يىلى بىڭتۈەن دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى، «863» پىلانى، «ئۇچقۇن» پىلانى، يېڭى مەھسۇلاتلار پىلانى، «مەشئەل» پىلانى قاتارلىقلارغا ئائىت تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىش ۋە يولغا قويۇشنى پائال تەشكىللىدى، دۆلەت دەرىجىلىك تۈردىن 37 نى قولغا كەلتۈرۈپ، 18 مىليون 375 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. بىر يىلدا 35 چوڭ پەن ـ تېخنىكا تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 تۈر مەملىكەت ئىچىدە، 1 تۈر خەلقئارادا ئوخشاش تۈردىكى تەتقىقاتتا ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. 34 تۈرلۈك يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلدى، بىڭتۈەننىڭ پىلان تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يول كۆرسىتىش ئارقىلىق توپلىغان مەبلىغى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يېڭى كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 459 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا بىڭتۈەننىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ئورگىنى 17گە، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3900گە يەتتى.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. بىڭتۈەندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپ 845 (185 يەسلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 4 (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا ئىنىستىتۇتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 34 (تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 281، باشلانغۇچ مەكتەپ 338. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى 597 مىڭ 469 (باللار باغچىسىدىكى بالا 52 مىڭ 178)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 43 مىڭ 464 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 32 مىڭ 941، بۇنىڭ ئىچىدە يەسلىلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1622). ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس، تولۇق كۇرسلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 28 مىڭ 5 كە يېتىپ، %3. 22 ئاشتى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 8194 كە يېتىپ، %8. 20 ئاشتى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 3583 كە يېتىپ، %5. 3 ئاشتى؛ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 20؛ ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 674. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 820 گە يېتىپ، %4. 69 ئاشتى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 4299

غا يېتىپ، 43% ئاشتى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2028 گە يېتىپ، 10.4% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 202 مىڭ 967 گە يېتىپ، 7.9% ئاشتى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 72 مىڭ 517 گە يېتىپ، 3.6% ئاشتى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 51 مىڭ 940 قا يېتىپ، 15.1% ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 282 مىڭ 872 بولۇپ، 0.7% ئازايدى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 42 مىڭ 648 بولۇپ، 0.95% ئازايدى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 50 مىڭ 432 گە يېتىپ، 0.8% ئاشتى. 2004 - يىلى بىڭتۈەننىڭ 18 تۈەن-مەيدانىنىڭ «2 ئاساسەن» خىزمىتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بىڭتۈەن بويىچە «2 ئاساسەن» خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈەن - مەيدان 166 گە يەتتى، «2 ئاساسەن» نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.3% كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.72% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90.03% كە يەتتى.

8. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى

بىڭتۈەن بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاپپاراتى 201 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (سىملىق) بىر؛ شى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى 12، شى رادىئو ئىستانسىسى 2 (چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان)، تۈەن - مەيدانلارنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇلاپ ئاڭلىتىش - كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى (ئۆزبېلى) 188. بۇلاردا ئىشلەۋاتقانلار ئاز كەم 1800. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90.8% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.6% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە ئۇلىنىش نىسبىتى 60% كە يەتتى.

بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مول، رەڭدار مەدەنىيەت تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى بىڭتۈەنگە بېرىپ «چېگرا رايوننىڭ ھەممە يېرى جىياڭنەندىن قېلىشمايدۇ» ناملىق ھال سوراش ئويۇننى قويدى؛ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىڭتۈەن تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇمچى، يېزا ئىگىلىك 7 -، 8 - شىلىرىدا بىڭتۈەن روھى مەدھىيىلەنگەن ۋە بىڭتۈەن ئىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «بوستانلىقتا مۇھەببەت» شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى؛ بىڭتۈەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «بوستانلىقتا مەدھىيە» نى ئورۇندىدى ھەمدە بېيجىڭدا چوڭ تىپلىق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل «كۆتۈۋالايلى يېقىملىق ناخشىمىز بىلەن مېھمانلارنى» نى ئورۇندىدى؛ بىڭتۈەن سېرىك ئۆمىكى، يۈجۈي تىياتىرى ئۆمىكى، چىنجۇ ئۆمىكى 4 مەيدان مەخسۇس ئويۇن قويدى. «خەلق گېزىتى» ئىدارىسى، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى ئىدارىسى، «نۇر گېزىتى» ئىدارىسى، «ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق مەركەزدىكى 40 قا يېقىن چوڭ ئاخبارات ۋاستىسى، شياڭگاڭ مۇخبىرلىرى ۋە قىسمەن يەرلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشى بىڭتۈەنگە كېلىپ زىيارەت ئېلىپ بېرىپ، بىڭتۈەننى تەشۋىق قىلىدىغان 1000 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنى ئېلان قىلدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، جۇڭگو خەلقئارالىق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىڭتۈەندە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى، «شىنخۇا» تور پونكىتى بىڭتۈەن قانىلى ئاچتى. «شىنخۇا» تور پونكىتى، «خەلق» تور پونكىتى بىڭتۈەننى تەشۋىق قىلىدىغان 10000 دىن ئارتۇق خەۋەرنى ئېلان قىلدى.

بىڭتۈەندە 47 مىڭ 600 نۇسخا ھەر خىل گېزىت، 650 مىڭ نۇسخا ھەر خىل قەرەللىك ژۇرنال نەشر قىلىندى؛ «بىڭتۈەن قامۇسى»، «ئۇزۇن يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان» ۋە «بىڭتۈەننىڭ 50 يىللىق مۇساپىسىگە نەزەر» قاتارلىقلار تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلىندى؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس فىلىم «غەربىي قىسىمغا ئۇل سېلىش» نى سۈرەتكە ئالدى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن «ئالەمگە سەپەر» ناملىق رومانىنى ئاڭلاتتى.

ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 623 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 228، سەھىيە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى (يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى) 79. كارىۋات 16 مىڭ 515. سەھىيە خادىمى 23 مىڭ 759، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 20 مىڭ 121. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1000 ئادەمگە توغرا كېلىدىغان كارىۋات 6.4، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 8. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 13.4‰، ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۈزمىڭدە 90.76 بولدى. قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر (C تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ يىلدا مەلۇم قىلىنغان يۈز بېرىش نىسبىتى يۈزمىڭدە 277.04 بولدى.

بىڭتۈەن تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى مەملىكەتلىك تەيچۈەنداۋ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش

مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، 2 تۈردە 5 - بولدى؛ مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا 5 - لىككە ھەمدە تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 3 مىس مېدال ئالدى؛ 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئۇسكۇنىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 5 يەككە تۈردە 1 - لىككە، ئومۇمىي نەتىجە جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بىڭتۇەن ج خ سىستېمىسى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن قالقان» لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى؛ ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ياشلار، ياشانغانلار تەيجى گۇمپىسى، قىلىچۋازلىق، مۇلەن گۇمپىسى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى.

9. مۇھىت ئاسراش 2004 - يىلى ساناڭەتتىن بولغان بۇلغىنىشنى تۈزەشكە 61 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 15 مىليون 670 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 46 مىليون 210 مىڭ يۈەن، شاۋقۇننى تۈزەشكە سېلىنغىنى 110 مىڭ يۈەن. ساناڭەت يۇندىلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش مىقدارى 28 مىليون 680 مىڭ توننىغا، ساناڭەت يۇندىلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش نىسبىتى %97.58 كە، سۇنىڭ ساناڭەتتە تەكرار ئىشلىتىلىش نىسبىتى %65 كە يەتتى، كېرەكسىز ساناڭەت گازى تەركىبىدىكى كاربون گۈڭگۈرت ( Ⅱ ) ئوكسىدىنىڭ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلۈپ قويۇپ بېرىلىش نىسبىتى %97.68 كە، ساناڭەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز بۇيۇملاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى %42 كە يەتتى.

2004 - يىلى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالاش دوكلاتى (جەدۋىلى)، تىزىملاش جەدۋىلىدىن 368ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، «3 ئىشنى تەڭ تۇتۇش» نىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %80كە يەتتى.

**10. ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت** ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 975 مىڭ 900گە يېتىپ، %05.0كە، شەھەر- بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىز قالغانلارنىڭ نىسبىتى %55.2كە يەتتى. ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 68 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچى - خىزمەتچى 32 مىڭ بولدى.

2004 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7769 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 2003 - يىلدىكىدىن %5.6 ئاشتى؛ تۇەن - مەيدانلاردىكى دېھقان، چارۋىچى، ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3696 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %1.7 ئاشتى. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 8 مىليارد 303 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 7 مىليارد 288 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.7 ئاشتى. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 332 يۈەنگە يېتىپ، 551 يۈەن قوشۇلدى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %2.9 ئاشتى.

ئاساسىي كۇتۇنۇش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 765 مىڭغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 107 مىڭ 800 ئادەم كۆپەيدى. كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققانلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا قاتناشقانلار 386 مىڭ 900 بولۇپ، قاپلاش نىسبىتى %91 كە يەتتى؛ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار سانى 1 مىليون 84 مىڭ 400 گە يېتىپ، 81 مىڭ 200 ئادەم كۆپەيدى؛ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 585 مىڭ 300 گە، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 581 مىڭ 600 گە يەتتى. 2004 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى يىغىش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولدى، كۇتۇنۇش سۇغۇرتىسىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىش نىسبىتى ۋە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇپ تارقىتىلىش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

(بىڭتۇەن ستاتىستىكا ئىدارىسى)

# يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: خو چاڭئەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ پىڭخەي؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جيەنشىن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جو شىنجۇن، چېڭ شياۋشەن، جۇڭ يوڭيى، كوڭ جۇن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ شىنروڭ (ئايال)، ئەمەت سابىر، جاڭ دوڭخاۋ.

شى شتابى ئاقسۇ شەھىرىدە. 2004 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرى 16، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت 2، دۆلەت ئىلكىدىكى

مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى 16، كەسپىي ئورۇن 254. ئومۇمىي نوپۇس 283 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 133 مىڭ 500، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 22 مىڭ 900. ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 110 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 77 مىڭ 700، يەككە ئەمگەكچىلەر 14 مىڭ 500، يېزا - كەنتلەر ۋە باشقا جايلاردىكىلەر 17 مىڭ 800.

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 582 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلىدىكىدىن 13.03% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 896 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 760 مىليون يۈەن (سانائەتنىڭ 469 مىليون يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 291 مىليون يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 926 مىليون يۈەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 12 مىڭ 734 يۈەن. شى بويىچە يارىتىلغان پايدا 110 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى 60 مىليون 530 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 988 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 3 مىليارد 310 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 32 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 280 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 17 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 349 مىليون يۈەن. پاختا مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 871 مىليون يۈەن، ئاشلىق مەھسۇلات قىممىتى 248 مىليون يۈەن. ئەمەلىي بار تېرىلغۇ يەر 135 مىڭ 500 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 130 مىڭ گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 185 مىڭ 100 توننا، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 97 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 193 مىڭ 200 توننا بولدى. 2112 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 572 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلدى. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9.3% بولدى. 2700 گېكتار يەردىكى ئورمانلىقتا ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈلدى. باغ كۆلىمى 12 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 55 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 631 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. گۆش 16 مىڭ 344 توننا، سۈت 8724 توننا، قوي يۇڭى 873 توننا، تۇخۇم 1883 توننا، سۇ مەھسۇلاتى 2523 توننا بولدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 297 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 142 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى. ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرغاندا) 77 مىڭ 800 تونىغا، دېھقانچىلىق دورىسى 1312.7 تونىغا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 8976 تونىغا، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 135 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 439 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 776 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 663 مىليون يۈەن؛ دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 671 مىليون يۈەن. سانائەت سېتىش قىممىتى 1 مىليارد 345 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: 122 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 304 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 820 مىڭ 300 توننا سېمونت، 13 مىڭ 200 توننا پاختا يىپ، 23 مىڭ 600 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 119 مىليون دانە خىش، 1216 توننا ئاق ھاراق، 49 مىڭ 500 توننا گۈرۈچ، 6394 توننا ئۇن، 28 مىڭ 400 توننا سۇ يېغى، 41 مىڭ 300 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 291 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 147 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 818 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ پايدىسى 19 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 976 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش يولى بىلەن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 947 مىليون يۈەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 65 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغىنى 6 مىليون 90 مىڭ يۈەن، شەخسلەر سالغان مەبلەغ 73 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولدى. مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى بويىچە ئايرىغاندا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 144 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 410 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 371 مىليون 130 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 322 مىليون يۈەن بولدى. يېڭىدىن 440 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 17 كىلومېتىر يول ياسىلىپ تۈەن - مەيدانلاردىكى كىچىك بازارلار تۇتاشتۇرۇلدى، 25.8 كىلومېتىر تۇرۇبا تورى ئۆزگەرتىلدى، 276 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 151 كىلومېتىر تاشيول كېڭەيتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 202

كىلومېتىر تاشيول ياسىلىپ لىيەنلەر تۇتاشتۇرۇلدى. 1887 كېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 34 كىلومېتىر ئېرىق قېزىلدى، 586 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 111 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى 269 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن بەھرىمەن بولغان ئاھالە ئاز كەم 100 مىڭغا، مۇقىم مۈلۈككە يېڭىدىن سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 505 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، توشۇلغان يۈك 1 مىليون 496 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 306 مىليون توننا - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 155 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 271 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 525 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 423 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 98 مىليون يۈەن، باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 867 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 243 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ سېتىش سوممىسى 492 مىليون يۈەن بولدى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىش ساپ سوممىسى 2 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە، يارانقان پايدىسى 20 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت - ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت (ۋاكالەتچىلىك) سوممىسى 1 مىليون 770 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 620 مىڭ دوللار.

22 پەن - تېخنىكا تېمىسى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تۈرى 13، سانائەت تۈرى 2، داۋالاش سەھىيە تۈرى 1، مائارىپ تۈرى 1، باشقا تۈر 5. بىڭتۇەنگە يوللاپ تەستىقلاتقان تۈر 6، دۆلەتكە يوللاپ تەستىقلاتقان تۈر 8 (پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان تۈر 6). «شىنجاڭ - 25» نامىلىق ئۇزۇن تالالىق پاختا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. 3 تۈر بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 2. شى ۋە شەھەر 10 تۈرگە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى، 17 تۈرگە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى بەردى. تۈزۈپ چىقىلغان يېزا ئىگىلىكنىڭ كەسپىي ئۆلچىمى - «ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قوللانمىسى» يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇلدى. توجۇپىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى بىڭتۇەن بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

ئارال شەھىرىدە بار ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر (تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى)، ھەر خىل ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ 81، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 753. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 734؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 19. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3839، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3186.

شەھەردە بار تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى) بىر، رادىئو ئىستانسىسى بىر، تېلېۋىزىيە پونكىتى (ئىستانسىسى) 16. سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 38 مىڭدىن ئاشتى، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 99.9% كە يەتتى؛ چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۆزبېلى 16، سىملىق رادىئو ئۆزبېلى 17. «تارىم گېزىتى» 210 سان چىقىرىلىپ، 2 مىليون 520 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى، شەھەر قۇرغان ئاساسىي قاتلام ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 4. 12 - تۈەن - مەيدانىنىڭ نەنكو بازىرى مەھەللىسى تۇنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار مەدەنىي مەھەللە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شى، شەھەردىكى داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 484، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 20، مەخسۇس دوختۇرخانا بىر، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلاش پونكىتى 18. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2302، كارىۋات 2073. ھەر 1000 ئادەمگە توغرا كېلىدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىمى 8.2، كارىۋات 7.4. شى، شەھەر بويىچە مەملىكىتىمىزدە ئەيدىز كېسىلىدىن ھەر تەرەپلىمە مۇداپىئە كۆرۈش تىزگىنلەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشتا 2 - تۈركۈمدە قوزغىتىلىدىغان ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

شى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 99.93% كە، شۇ يىلى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 4.85‰ كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.23‰ كە يەتتى.

خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 14 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. كۆتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت ۋە ئىشسىزلىق

سۇغۇرتىسى ھەققى ئاساسەن تولۇق يىغىۋېلىندى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى؛ داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى چىقىمى بويىچە 88 مىليون 100 مىڭ يۈەن چىقىم بولدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغانلار 3991 ئائىلە 8796 ئادەم بولۇپ، 6 مىليون 299 مىڭ 200 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

(شى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى)

# يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جېخېڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: شى شىنمېن؛ سىياسىي كومىسسار: سوڭ جيەنيې؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: كوڭ شاڭگوڭ، زو يۈبىڭ، سوڭ جۈن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلارى: جو دېچېن، راخمان كېرەم.

شى شتابى كورلا شەھىرىدە. شىنىڭ 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 210 مىڭ 600.

شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 436 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 68 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 565 مىليون يۈەن (سانائەت قوشۇلما قىممىتى 328 مىليون يۈەن، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 237 مىليون يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 803 مىليون يۈەن. شى بويىچە يارىتىلغان ئۈنۈمۋېرسال پايدا 59 مىليون 280 مىڭ يۈەن. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 13 مىڭ 795 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 11 مىڭ 517 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2278 يۈەن.

شىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 63 مىڭ 300 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ 686.67 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 42 مىڭ 313.33 گېكتار بولدى. 70 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 63 مىڭ 500 توننا پاختا، 665 مىڭ توننا پەمىدور، 79 مىڭ 500 توننا مۆچ، 316 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى.

1300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 62 مىڭ 400 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 460 مىڭ 700 تۇياق چارۋا، 34 مىڭ 400 بوغا قالدى، 24.6 توننا بوغا مۈڭگۈزى ئېلىندى.

شىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 655 مىليون يۈەنگە، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار يارىتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 358 مىليون يۈەنگە، سانائەت سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 612 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 88.7% كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر 31.7%، تاشپاختا 32.2%، سېمونت 19.9%، پاختا يىپ 36.4%، سۇ يېغى 38.2%، فابرىكا قەغىزى 336.7% ئاشتى، يەم - بوغۇز 11.8%، پاختا رەخت 6.4%، پەمىدور قىيامى 18.5% ئازايدى.

شىنىڭ تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 784 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 711 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 10 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون 560 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 450 مىڭ دوللار بولدى.

تەن سەنچياڭ

# يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: شى داگاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ليۇ دېفېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ جىندوڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: يەن شيۇيې، ۋاڭ جۇجېن، سوڭ گۇاڭجيې، پەرھات سەئىد؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: زۇنۇن ياسىن، سوڭ زۇدې، فۇ ئەيچېن (ئايال).

شى شتابى قەشقەر شەھىرىدە. 2004 - يىلى شىغا قاراشلىق ئورۇن 220 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 18. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 194 مىڭ 178، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار نوپۇسى 89 مىڭ 403، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 97 مىڭ 119، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.94‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.81‰. يىل ئاخىرىغىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 75 مىڭ 655، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارىلەرگە ئورۇنلاشقانلار 37 مىڭ 422، يەككە ئەمگەكچىلەر 8577، باشقىلار 29 مىڭ 656.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 611 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 968 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 232 مىليون يۇەن (سانائەت قوشۇلما قىممىتى 76 مىليون يۇەن، بىناكارلىق كەسپى قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون يۇەن)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 411 مىليون يۇەن. يارىتىلغان پايدا 49 مىليون 590 مىڭ يۇەن. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 111 مىليون يۇەن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 75 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 700 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 49 مىڭ گېكتار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: ئاشلىق 72 مىڭ 813 توننا، پاختا 95 مىڭ 790 توننا، كۆكتات 33 مىڭ 556 توننا، مېۋە - چېۋە 53 مىڭ 677 توننا. بىر يىلدا 776 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 857 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 782 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 528 توننا گۆش، 762 توننا قوي يۇڭى، 6995 توننا سۈت، 2161 توننا تۇخۇم، 1011 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 136 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، يېزىلارغا ئىشلىتىلگەن توك 68 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە، ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 66 مىڭ 500 تونىنغا، دېھقانچىققا ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 3807 تونىنغا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 750 مىڭ يۇەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 990 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 13 مىڭ 419 توننا ئۇن، 13 مىڭ 34 توننا سۇ يېغى، 81 توننا ئىچىملىك، هاراق، 147 مىليون 730 مىڭ دانە خىش، 424 مىليون توننا سېمونت، 2816 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 691 توننا چۇچۇك بۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون 720 مىڭ يۇەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 50 مىڭ يۇەنگە، بىناكارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 366 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 157 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 849 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 1 مىليون 855 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 170 مىليون 900 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كەسپى كىرىمى 89 مىليون 770 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

مۇقىم مۈلۈككە 720 مىليون يۇەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 560 مىليون يۇەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 80 مىليون يۇەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 80 مىليون يۇەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى 560 مىليون يۇەن بولدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 358 مىليون يۇەنگە يەتتى. شىنىڭ تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 509 مىليون يۇەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 9 مىليون 90 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 190 مىڭ دوللار بولدى.

شىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ 90، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 61، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 45. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3498، ئوقۇغۇچى 51 مىڭ 208، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5170، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 500، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 538. يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ 8 ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا 175 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. باللار باغچىسى 12، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 103، باغچىدىكى بالا 3742. شىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئاپاراتى 17، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 170، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6994، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 123، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 1302. ئۇستىگە ئالغان بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈر 4، شىنجاڭ قۇرۇم «شېننوڭ» پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «ئەلا سۈپەتلىك چۇچۇكبۇيا ئۇرۇقىنىڭ گىن قۇرۇلۇشى» تۈرى بىر، پەن - تېخنىكا ئىدارىسى ۋە دېھقانچىلىق ئىدارىسى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «دولان قويىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بېقىش، كۆپەيتىش يانداش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى بىر، شى دوختۇرخانىسى ئۈستىگە ئالغان، بىڭتۇەننىڭ مەخسۇس تىببىي داۋالاش تۈرى بولغان «مۇگگۇز پەردە قۇرۇق هۆجەيرىلىرىنى يۆتكەپ داۋالاش تېخنىكىسى كىلىنىكىلىق تەتقىقاتى» تۈرى بىر.

«زەرەپشان گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسى 152 سان چىقىرىلىپ 810 مىڭ نۇسخا، ئۇيغۇرچىسى 50 سان چىقىرىلىپ، 180 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى سەنئەت ئۆمىكى 118 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار 120 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. شىدا 63 كۇتۇپخانا بار

بولۇپ، ئۇلاردا ساقلانغان كىتاب 245 مىڭغا يەتتى. لىيەن - دۈيلەردىكى مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى 192، كىنو قويۇش ئورنى 2، 82 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، تاماشىبىنلار 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھ ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 11. شى بويىچە 17 دوختۇرخانا، لىيەندۈيلەردە 205 داۋالاش ئۆيى، 13 سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 931 كارۋات بار. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 896، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 325.

شىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 509 يۈەنگە، كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 13 مىڭ 12 يۈەنگە، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 4863 يۈەنگە يەتتى.

جياڭ ئەيمىڭ

# يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ گولياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لۇ شاۋفېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: خۇاڭ چىلوڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: رېن مىنمىن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يوڭ، جاڭ چېڭلۇڭ، جاۋ ياجۇڭ، خۇاڭ جىگاڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: بايدۆۋلەت نۇسۇپبېك (قازاق، شى دەرىجىلىك)، لى ۋېنيى.

شى شتابى غۇلجا شەھرىدە. 2004 - يىلى شىغا قاراشلىق تۇەن - مەيدان 21، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 36، مەمۇرىي - كەسپىي ئورۇن 44. ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ 603، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 106 مىڭ 198، ئاز سانلىق مىللەتلەر 39 مىڭ 920. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.37‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.90‰. شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 71 مىڭ 999، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 71 مىڭ 892.

شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 197 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 890 مىليون 80 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 738 مىليون 500 مىڭ يۈەن (سانائەت قوشۇلما قىممىتى 586 مىليون 660 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 840 مىڭ يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 569 مىليون 280 مىڭ يۈەن. ئۈنۈۋېرسال پايدىسى 44 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 100 مىڭ 780 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 48 مىڭ 140 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 7140 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 23 مىڭ 660 گېكتار، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 3740 گېكتار. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 793 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 160 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 44 مىليون 340 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 435 مىليون 200 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 15 مىليون 280 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 138 مىليون 70 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى: گۈرۈچ 44 مىڭ 700 توننا، بۇغداي 115 مىڭ 130 توننا، كۆممىقوناق 91 مىڭ 976 توننا، پاختا 11 مىڭ 22 توننا، ياغلىق دان 55 مىڭ 791 توننا، قىزىلچا 236 مىڭ 344 توننا، مېۋە - چېۋە 55 مىڭ 876 توننا. 7751 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 1103 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 1 مىليون 58 مىڭ 500 تۇياق. 23 مىڭ 87 توننا گۆش، 24 مىڭ 134 توننا سۈت، 2500 توننا قوي يۇڭى، 6664 توننا تۇخۇم، 2071 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 189 مىڭ 200 كىلوۋاتقا، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ئەمەلىي ئىشلىتىلىش مىقدارى) 50 مىڭ 100 تونناغا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 49 مىليون 50 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى يارىتقان ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 577 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 535 مىليون 750 مىڭ يۈەن، قوشۇلما قىممىتى 223 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي كىرىمى 590 مىليون 500 مىڭ يۈەن، تاپشۇرغان ھەر خىل بېجى 22 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

شەخسىي ئىگىلىك مۇقىم راۋاجلاندى. شەخسىي ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 989 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 317 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4729 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 238 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: كۆمۈر 596 مىڭ 800 توننا، توك 176 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 735 مىڭ 800 توننا، كوكس 62 مىڭ 800 توننا، ئەينەك بۇيۇم

11 مىڭ 500 توننا، شېكەر 74 مىڭ 800 توننا، ئىچىملىك، هاراق 21 مىڭ 928 توننا (ئاق هاراق 18 مىڭ 620 توننا، پىۋا 2976 توننا، ئۈزۈم هارىقى 332 توننا).

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 649 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 470 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 113 مىليون 70 مىڭ يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن.

دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەهسۇلات قىممىتى 404 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل هېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مەهسۇلات قىممىتى 190 مىليون 140 مىڭ يۈەن، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەهسۇلات قىممىتى 237 مىليون 630 مىڭ يۈەن. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 598 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 446 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 149 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ تۆەن - مەيدانلاردىكى 5544 ئائىلىنىڭ 344 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك ئۆيى يېڭىلاندى.

يىل ئاخىردىكى يەككە توپ - پارچە سېتىش تور - نۇقتىسى 2822، كەسىپكارلار 3972، يەككە يېمەك - ئىچمەك تور - نۇقتىسى 766، كەسىپكار 1920. شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 379 مىليون 990 منىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ئىستېمال ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 95 مىڭ 720 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل هېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 545 مىليون 650 مىڭ يۈەن، يەككە توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 265 مىليون 70 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 102 مىليون 800 مىڭ دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 870 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 101 مىليون 930 مىڭ دوللار.

توشۇلغان يۈك 5 مىليون 540 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 437 مىليون 290 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 7 مىليون 450 مىڭغا، يولۇچىلار ئوبوروت مىقدارى 253 مىليون 440 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

كۆتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 44 مىڭ 552 بولۇپ، ئۇلارغا 365 مىليون 660 مىڭ يۈەن كۆتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدا 68 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدا 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدا 570 مىڭ يۈەن، تۇغۇت سۇغۇرتىسىدا 1 مىليون 380 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. شى بويىچە 5660 ئىش ئورنى هازىرلىنىپ، 5532 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە ئىشسىز قالغانلاردىن 3663 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، 1869 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتى. شى بويىچە 27 مەهەللىدە ئەمگەك كاپالىتى خىزمىتى پونكىتى قۇرۇلدى.

شىدىكى 54 ئورۇن شەهەر - بازار ئاهالىلىرى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىدىن بەهرىمەن بولغانلار 5453 ئائىلە، 11 مىڭ 786 ئادەم بولۇپ، ئۇلارغا 7 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

سۇغۇرتا هەققى كىرىمى 82 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى هەققى كىرىمى 36 مىليون 90 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا هەققى كىرىمى 27 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ سۇغۇرتا ئومۇمىي تۆلىمى 44 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن تۆلەنگىنى 18 مىليون 160 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدىن تۆلەنگىنى 12 مىليون 360 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىدا پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىمى 2521، ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى 4، ئۈلگە كۆرسىتىش لىيەنى 100، ئۈلگە كۆرسىتىش پەن - گۇرۇپپىسى 512، ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى 3477. هەر خىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۇرسىدىن 1481 قارار ئېچىلدى، كۇرسقا 119 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 1507 مەيدان پەن - تېخنىكا سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بېرىلدى. 108 مەيدان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن زېهىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 7800 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى — «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» دىن 16 مىڭ پارچە نەشر قىلىندى.

شىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 9، 9 يىللىق بىر تۇتاش تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، باشلانغۇچ مەكتەپ 18، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم 2. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3078، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2405. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 735، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 563.

مەملىكەتلىك 19 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدا «غەربتىكى ئىلىدا باشلانغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنى ھەرىكىتى» ناملىق ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر كىشى مەملىكەت بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىقتىساسلىقلاردىن بولۇش مۇكاپات فوندىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچى بولۇپ باھالاندى. شىدا «2 ئاساسەن» نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە %99.6 كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە %97.3 كە يەتتى.

شىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى 84، دوختۇرخانا، شىپاخانا 24، يىل ئاخىرىدىكى كارىۋات 1348، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1685. بالىنىستا ياتقان كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى %67.23 كە، ياخشىلىنىش نىسبىتى %28.49كە يەتتى، ئۆلۈش نىسبىتى %1.41 بولدى. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100كە، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %92.8كە يەتتى.

«ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» 151 سان چىقىرىلدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىدا 56 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى، 4 يۈرۈش رادىئو پروگراممىسى كۆرستىلدىغان ۋە ئاڭلىتىلىدىغان بولدى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 9500 گە يەتتى. «يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى خەۋەرلىرى» 312 سان ئىشلىنىپ، 4005 خەۋەر كۆرستىلدى، 4480 رادىئو خەۋىرى ئاڭلىتىلدى، نەق مەيداندا 300 نەچچە سائەتلىك پروگرامما لېنتىغا ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ 6 خەۋىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا، 471 خەۋىرى بىڭتۇەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرستىلدى، تۇەن - مەيدان، ليەندۈيلەردە 100 مەيدان كىنو قويۇلدى.

شىغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ ئەمگەك تاپاۋىتى 593 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاشى 593 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ %9 ئاشتى. شى بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 9426 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش كىرىمى 8041 يۈەن بولدى.

چېن جىروڭ

# يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: لى جى (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: جاڭ يوڭلې؛ سىياسىي كومىسسار: جياڭ جيەنشۇن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېرنا (موڭغۇل)، گو چاۋشۇن، لى گۇاڭشېن، ليۇ جىڭدې؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: لى چۈەنشيۇ (ئايال)، لۇ زېڭشو.

شى شتابى بورتالا شەھىرىدە. 2004 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 11، سانائەت كارخانىسى 43، سودا كارخانىسى 29، قاتناش، بىناكارلىق ئورنى3، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئورنى 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 108 مىڭ 340، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 51 مىڭ 402، ئاز سانلىق مىللەتلەر 11 مىڭ 849، يېزا نوپۇسى 68 مىڭ 866. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.7 بولدى.

2004 - يىلى شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 620 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 309 مىليون يۈەن. شىنىڭ ئۇنىۋېرسال پايدىسى 50 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 16 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 118 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، مۇلازىمەت كەسىپنىڭ 63 مىليون يۈەن.

يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 50 مىڭ 380 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 47 مىڭ 790 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 7820 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 29 مىڭ 770 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 1350 گېكتار، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 1120 گېكتار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇنداق: ئاشلىق 51 مىڭ 8 توننا، پاختا 62 مىڭ 58 توننا، ياغلىق دان 2985 توننا، قىزىلچا 64 مىڭ 540 توننا، مېۋە - چېۋە 8556 توننا. شۇ يىلى 377 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 362 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 7136 توننا گۆش، 2561 توننا سۈت، 3528 توننا تۇخۇم، 681 توننا قوي يۇڭى، 579 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 143 مىڭ كىلوۋاتقا، تۇەن - مەيدانلاردا ئىشلىتىلگەن توك 131 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە، خىمىيىۋى

ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرغاندا) 23 مىڭ 239 توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى 569 توننىغا، سۇلياۋ يوپۇق 2888 توننىغا يەتتى.

شىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 119 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 10 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 457 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: توك 205 مىليون 170 مىڭ كىلوۋات - سائەت، سېمونت 133 مىڭ توننا، پاختا يىپ 1960 توننا، سۇ يىغى 19 مىڭ 596.5 توننا، بۇغداي ئۇنى 9491 توننا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نىپىز سۇلياۋ يوپۇق 4254 توننا.

توشۇلغان يۈك 600 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 410 مىڭغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون 250 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 85 مىليون 20 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق تراسپورت كىرىمى 7 مىليون 354 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىلبويى 60 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 462 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 143 مىليون 870 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 48 مىليون 400 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 148 مىليون 250 مىڭ يۈەن. سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغىنى 448 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاساسلىقى خەتەرلىك، كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە تۈەن - مەيدانلارنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدى.

بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 110 مىليون يۈەن، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش تۈرى 91، كۆلىمى 196 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، دېھقان، چارۋىچى، ئىشچىلاردىن 1600 ئائىلىلىكنىڭ خەتەرلىك، كونا ئۆيى ئۆزگەرتىلدى.

توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تاۋارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 248 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 159 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 62 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 97 مىليون دوللار. سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى 25، جەلپ قىلىنغان مەبلەغ 507 مىليون يۈەن.

يىللىق ساياھەتچىلىك ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 6284 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

پەن - تېخنىكىغا 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 51 پەن تەتقىقات تۈرى، 21 يېڭى ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پىلانى تۈرى چۈشۈرۈلدى. ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياخشىراق تۈرلەردىن «پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش بويىچە ئۇنىۋېرسال يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورتلۇق كېۋەز (شالغۇت — A1) نى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش»، «يامان سۇپەتلىك ئۆسمىنى كېسىپ داۋالاش» قاتارلىقلار بار. 89 - تۈەن - مەيدانى 14 - ليەنىدىكى پاختىكار دېھقان لى جېنچى 2.8 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىپ، ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 3255 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، شىمالىي شىنجاڭ بويىچە چېكىتلىك پاختا بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ رېكورتىنى يېڭىلىدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە 3 قېتىم پەن - تېخنىكا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 79 پارچە ئىلمىي ماقالە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «يېڭى ئىگىلىك 5 - شىسى پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى 3 سان چىقىرىلىپ، 2400 نۇسخا تارقىتىلدى. «شىمالىي شىنجاڭ قىزىل ئۈزۈمى» ناملىق ئۈزۈم بېيجىڭ خەلقئارا يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن يېشىل يېمەكلىكلەر يەرمەنكىسىدە بازىرى ئەڭ ئىتتىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

شىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 173 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 13، شى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەركىزى 1، سەھىيە ئامبۇلاتورىيىسى 159، سەھىيە تېخنىك خادىمى 983، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر (ياردەمچى) 431، ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن كارىۋات 773.

شىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 2، تېخنىك مەكتەپ 1، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 11، مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 3، باللار باغچىسى 12. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2034، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1569. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 369، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 257، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8337، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3775.

شىدىكى 11 تۇەن - مەيداندا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۇزىبلى قۇرۇلدى. رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %99.7 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %95.54 كە يەتتى. شىنىڭ «شىنخۇا» مەھەللىسى مەملىكەت بويىچە ئۆگىنىش تىپىدىكى 100 ياخشى ئىلغار مەھەللىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

2004 - يىلى كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت 5 سۇغۇرتا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. «3 كاپالەت لىنىيىسى» گە 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭغا 4500 ئادەم قاتناشتى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولغان كىشى 6700 دىن ئېشىپ، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە ئىشسىزلاردىن 793 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شى بويىچە 119 ئورۇن ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 89 ئورۇن تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا، 139 ئورۇن ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 89 ئورۇن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %100 كە، تۈرلۈك سۇغۇرتا فوندىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. 38 مىڭ 217 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 18 مىڭ 34 كىشىگە كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىلىرىنىڭ تۆلەم نىسبىتى %100 كە يەتتى. شىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 12 مىڭ 606 يۈەنگە يەتتى.

يۈەن شىدې

## يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: چيەن جى (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لى يوڭشيەن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كوڭ شىڭلوڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىلياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جاڭ لىنزې، سۈن چېڭيۈن، چېن شاۋليەن، ياۋ شىنمىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ يوڭ، ساۋ ليەنيڭ.

شى شتابى ۋۇجياچۈ شەھىرىدە، ۋۇجياچۈ شەھىرى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى يېڭىدىن قۇرغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شەھىرى، 2004 - يىل 1 - ئايدا رەسمىي شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان، يېزا ئىگىلىك 6 - شى بىلەن ۋۇجياچۈ شەھىرىدە بىر پارتكوم، بىر رەھبەرلىك بەنزە، بىر يۈرۈش ئورگانغا 2 ۋېۋىسكا ئېسىشتەك مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئاساسلىقى سانجى ئوبلاستى ۋە ۋۇجياچۈ شەھىرى تەۋەسىدە بولۇپ، كۆلىمى 8310 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارمىقىدا 19 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى، 28 سانائەت، قاتناش، قۇرۇلۇش، سودا كارخانىسى، 75 بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن بار.

شىنىڭ 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 292 مىڭ 500 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 140 مىڭ 400، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى 22 مىڭ 500، يېزا نوپۇسى 180 مىڭ. ئىشقا ئورۇنلاشقان كىشى 97 مىڭ 300 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 61 مىڭ 300، يەككە ئەمگەكچى 22 مىڭ، باشقا ئەمگەكچى (ساپ كىرىملىك ئورۇنلاردىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 14 مىڭ. ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىدىكىلەر 77 مىڭ 700.

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 888 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 430 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 588 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 870 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 981 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 2 مىليارد 67 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 36 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 524 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 9 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 114 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 27 مىڭ 800 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 62 مىڭ 600 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 4600 گېكتار، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 400 گېكتار، سانائەت پەمىدورى تېرىلغۇ كۆلىمى 9200 گېكتار. 166 مىڭ توننا ئاشلىق، 101 مىڭ توننا پاختا، 12 مىڭ 300 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ توننا قىزىلچا، 640 مىڭ توننا سانائەت پەمىدورى ئېلىندى. يىل بويى 2850 گېكتار يەردە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 1340 گېكتار. 11 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 10 مىڭ 300 توننا. يىل ئاخىرىدا قولدا 917

مىڭ 800 تۈياق چارۋا قالدى. 34 مىڭ 100 توننا گۆش، 1774 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 721 توننا سۈت، 3049 توننا تۇخۇم، 1317 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 368 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن نېپىز سۇلياۋ يوپۇق 6077 توننىغا، خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغىنى) 39 مىڭ 400 توننىغا، دىزېل 17 مىڭ توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى (ئەمەلىي مىقدارى) 988 توننىغا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 294 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 160 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 3 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 554 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 449 مىليون يۈەن؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ 468 مىليون يۈەن، باشقا ئىگىلىكنىڭ 535 مىليون يۈەن. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 197 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: كۆمۈر 1 مىليون 132 مىڭ توننا، كوكس 113 مىڭ توننا، پاختا يىپ 170 مىڭ توننا، بۇغداي ئۇنى 28 مىڭ 600 توننا، سۇ يېغى 22 مىڭ توننا، پەمىدور قىيامى 4957 توننا، بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى 462 توننا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ ناسوسى 1191 دانە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 6431 توننا، فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە 23 مىڭ 260 توننا، خىش 209 مىليون 690 مىڭ دانە بولدى.

بىناكارلىق ساھەسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 431 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 342 مىليون يۈەنگە؛ قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 631 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 531 مىليون 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 79 مىڭ 25 يۈەن/ئادەمگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 161 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 400 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 400 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 85 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 275 مىليون يۈەن؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 871 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 84 مىليون يۈەن، باشقا ئىگىلىككە سېلىنغىنى 205 مىليون يۈەن.

تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 558 مىليون 110 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 421 مىليون 200 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى.

توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 179 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 581 مىليون يۈەنگە، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 969 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليون 350 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 7 مىليون 910 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 9 مىليون 440 مىڭ دوللار بولدى.

سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق 63 تۈردە توختام ئىمزالاندى، توختام بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 920 مىليون يۈەنگە، نەقلەشكەن مەبلەغ 291 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇجياچۈ شەھىرى ئىمزالىغان توختام 29، توختام بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 717 مىليون يۈەن، نەقلەشكىنى 129 مىليون يۈەن.

يىل ئاخىرىدا شىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە، يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 92 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم 61 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى 66.3%كە يەتتى.

شى دۆلەت، بىڭتۇەننىڭ 62 پەن - تېخنىكا تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 3 بولۇپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۈلگىچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى 2، دۆلەت ئۇچقۇن پىلانى تۈرى بىر؛ بىڭتۇەن دەرىجىلىك تۈر 11. شىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 2157؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1803. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6135، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 284؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 44، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 12، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1821، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 712، بالىلار باغچىسى 23، ئىشچى - خىزمەتچىسى 244، باغچىدىكى بالا 4386.

شىدىكى داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 47 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 25، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 21، ئامبۇلاتورىيە بىر. كارىۋات 1486، ھەر خىل

سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1915، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 575، ياردەمچى دوختۇر 211؛ ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 20 دوختۇر، 7 ياردەمچى دوختۇر توغرا كەلدى.

خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 491 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ 308 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش كىرىمى 7622 يۈەن. ئائىلە ئىگىلىكىدىن 132 مىليون 960 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپ كىرىمى 8708 يۈەن (ئائىلە ئىگىلىكىدىن قىلىنغان 2235 يۈەن كىرىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە، ئوتتۇرىچە ساپ ئەمگەك كىرىمى 9476 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4182 يۈەنگە يەتتى. 54 مىڭ 654 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 71 مىڭ 10 كىشى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 46 مىڭ 328 كىشى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 2004 - يىلى شى بويىچە ئاساسىي داۋالاش سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا 107 مىڭ 450 كىشى قاتناشتى. شى بويىچە شەھەر - يېزىلاردا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 14 مىڭ 478 كىشى.

ۋېن دېگۈ

# يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭ: ۋاڭ چۈەنشېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋېن ۋېيپىڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جۇ كەيپىڭ، چېن جىنكۈي، گو جۈشلىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: دىڭ خېيساڭ، دۇسەن توقجا (قازاق)، جىڭ جيېنيىڭ (ئايال).

شى شتابى كۈيتۈڭ شەھىرىدە. شىنىڭ نوپۇسى 218 مىڭ 100، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 104 مىڭ 800، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 6920، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 516.

2004 - يىلى شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 901 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 316 مىليون 390 مىڭ يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 770 مىليون 290 مىڭ يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 815 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 13 مىڭ 490 يۈەن.

شىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 716 مىليون 630 مىڭ يۈەن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 88 مىڭ 240 گېكتار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: ئاشلىق 53 مىڭ 911 توننا، پاختا 120 مىڭ 206 توننا. بىر يىلدا ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 6660 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 5450 گېكتار. قولدا قالغان چارۋا 500 مىڭ 900 تۇياق. 18 مىڭ 431 توننا گۆش، 1501 توننا قوي يۇڭى، 31 مىڭ 203 توننا سۈت، 4891 توننا تۇخۇم، 1017 توننا تاتلىق سۇ بېلىقى ئېلىندى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 196 مىڭ كىلوۋاتقا، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 1906 گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى 2315 كە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 55 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 37 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 127 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 389 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: پاختا يىپ 23 مىڭ 198 توننا، رەخت 16 مىليون 980 مىڭ مېتىر، پەمىدور قىيامى 33 مىڭ 195 توننا، بىرىكمە يەم - بوغۇز 4931 توننا، سۇ يېغى 6611 توننا، كۆمۈر 145 مىڭ 511 توننا، توك 344 مىليون كىلوۋات سائەت، خىش 85 مىليون 80 مىڭ دانە، سۇلياۋ 6892 توننا.

3 شىركەت بىرلىكتە قۇرغان شىمال قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتىنىڭ يىل ئىچىدە ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 988 مىليون يۈەن، قوشۇلما قىممىتى 381 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولدى.

يولۇچى، يۈك توشۇش كىرىمى 258 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، توشۇلغان يۈك 5 مىليون 660 مىڭ تونىنىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 523 مىليون 770 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 7 مىليون 470 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 438 مىليون 390 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 578 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىش، سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق 101 توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى تۈرلەرگە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن بولۇپ 526 مىليون يۈەن نەقلەشتى. تۇراقلىق

مۇلۇككە 1 مىليارد 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شىدە بار ھەر خىل مەكتەپ 65، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ 47، سىنىپ 997، ئوقۇغۇچى 35 مىڭ 611، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى 2852، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2214. كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچى 128، بالىلار باغچىسى 16، باغچىدىكى بالا 5019. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن ئوقۇغۇچى 1415.

شى ئۇستىگە ئالغان تەتقىقات تۈرى 56، قولغا كەلتۈرگەن مەبلەغ 2 مىليون 210 مىڭ يۈەن. « ‹شىنلۇ 9-› نومۇرلۇق بالدۇر ئېچىلىدىغان كېۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش» ، «بالدۇر ئېچىلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ئوتتۇرا، ئۇزۇن تالالىق قۇرغاقلىق كېۋىزى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش» ، « ‹كۈيخۇا 2-› نومۇرلۇق كۆزگى بۇغداي سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش» ناملىق تۈرلەر بىڭتۈەننىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «129 - تۈەن- مەيداننىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى ۋە ئۈلچەملىك ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى بەرپا قىلىش» ، «جىگەر قاپلىق قۇرتى كېسەللىكى تاشقى خالتىنىڭ يېرىلىشى، ئىچكى خالتىنىڭ چىقىپ قېلىشىغا خالتىلىق ئىششىق دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش» تېمىلىق تەتقىقات بىڭتۈەننىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شى بويىچە 12 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 223 پەن تەتقىقات خادىمى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 17، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 104.

شىئەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش مەركىزى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن 20 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چوڭ ئاتام» سۈرەتكە ئېلىنىپ بولدى. شى ئىجاد قىلغان ۋە سۈرەتكە ئالغان تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلمى «تەسىرلىك چۆل» تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. 22 قىسىملىق شېئىرلار توپلىمى «تيەنيا شېئىرلىرى» نەشىردىن چىقتى. تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەزكىرە، يىلنامىلارنى باھالاش پائالىيىتىدە «يېزا ئىگىلىك 7- شى يىلنامىسى (2003 - يىللىق) » 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «123 - تۈەن يىلنامىسى» ، «127 - تۈەن يىلنامىسى» ، «129 - تۈەن يىلنامىسى» ، «130 - تۈەن يىلنامىسى» يەككە تۈر بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك «تۆتىنى مەھەللىلەرگە يۈزلەندۈرۈش» ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىدە 123 - تۈەن - مەيدانى ئورۇندىغان ئىتوت «قۇدىلارنى يوقلاش» مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 127 - تۈەن - مەيدان مەھەللىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت مەھەللىسى بولۇپ باھالاندى.

13 بوۋاقلار دوختۇرخانىسى قايتا تەكشۈرۈشتىن تولۇق ئۆتتى، تۈەن - مەيدان دوختۇرخانىسى تار دائىرىلىك تور قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، كۈيتۇڭ جۇڭخيى دوختۇرخانىسى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمىي كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى، 5 يېزا سەييارە داۋالاش ئاپتوموبىلى ئەمەلىيلەشتى. يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1691 گە، كارىۋات 1429 غا يەتتى.

شىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 574 مىليون 217 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 249 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 12 مىڭ 409 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىزلاردىن 734 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 13 مىڭ 790 كىشىگە 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 76 مىڭ 634 كىشى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 59 مىڭ 878 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 106 مىڭ 246 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 58 مىڭ 291 كىشى ئىشسىزلىق ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جىن ليەنچۈي

# يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭ: يۇ جىجى؛ سىياسىي كومىسسار: سۇڭ جىگو؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ساۋ شەنمىن، جاڭ زۇشۇ، ما شىنپىڭ، تەن جيەنشىن، لى لىپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېڭ كېچياڭ، ليۇ شىن، ۋاڭ شىكې.

شى شىتابى شىخەنزە شەھىرىدە. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى نوپۇس 642 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 313 مىڭ 300، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 34 مىڭ 200، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.33، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.23، پىلانلىق تۇغۇش نىسبىتى %99.8.

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 714

مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 12 مىڭ 159 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 105 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 992 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 617 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 185 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 925 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 164 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 37 مىليون دوللار بولدى. شى بويىچە يىللىق مالىيە كىرىمى 323 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، ئۇنىۋېرسال پايدا 200 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 162 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 105 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 113 مىليون يۈەنگە يەتتى. 131 مىڭ 800 تونىنا ئاشلىق، 203 مىڭ 300 تونىنا پاختا، 1100 تونىنا ياغلىق دان، 580 مىڭ تونىنا كۆكتات، 14 مىڭ 200 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 730 مىڭ 200 تۇياققا، قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 616 مىڭ 300 تۇياققا يەتتى. 32 مىڭ تونىنا گۆش، 51 مىڭ تونىنا سۈت، 1400 تونىنا قوي يۇڭى، 9900 تونىنا تۇخۇم، 3500 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

يىل بويى 7020 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 2380 گېكتارغا يەتتى.

بىناكارلىق كەسپى قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 609 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 432 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 925 مىليون يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 146 مىليون دوللارغا، قاتناش ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 410 مىليون يۈەنگە يەتتى.

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 185 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 355 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 423 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 303 مىليون يۈەن.

شى، شەھەردىكى قاراشلىق يەككە سودا - سانائەتچى 18 مىڭ 300 گە، كەسپكار 32 مىڭ 400گە، خۇسۇسىي كارخانا 1444كە، كەسپكار 15 مىڭ 600گە يەتتى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايوندىكى ھەر خىل مەكتەپ 101، ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى 122 مىڭ 300. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 300، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى 6900، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 700، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 400. باللار باغچىسى 28، باغچىدىكى بالا 9700، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 12 مىڭ 600.

شى بويىچە 683 مەيدان - قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىلەر ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى 483 مەيدان)، تاماشىبىنلار 220 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى، 2335 مەيدان - قېتىم كىنو قويۇلدى، تاماشىبىنلار 705 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە يەتتى. ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان كىتاب 154 مىڭ 400 گە يېتىپ، 58 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا كىتاب ئارىيەت بېرىلدى. «شىخەنزە گېزىتى» 4 مىليون 150 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» 936 مىڭ نۇسخا، «بوستانلىق شېئىرىيىتى» 15 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى شىخەنزە شەھىرىدە ئويۇن قويدى. شىنجاڭ بىڭتۇەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى پۈتتى. خېنەن تىياتىرى «گۇما دەرياسى» بېيجىڭدا ئوينىلىپ 8 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايوندىكى دوختۇرخانا 36، ئامبۇلاتورىيە 6، كارىۋات 3909، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2364.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 37 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 20 مىڭ تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. دۆلەت، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە 8 - شى كوماندىسى 25 ئالتۇن مېدال، 30 كۈمۈش مېدال، 41 مىس مېدال ئالدى؛ 9 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ 8 تۈردىكى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ 6 كىشى دۆلەتنىڭ 1- دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەتچى تېخنىكا ئۆلچىمىگە، 78 كىشى 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۆلچىمىگە، 195 كىشى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا ئۆلچىمىگە يەتتى؛ ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە

مەكتىپى ھەر خىل تەنتەربىيە ماھىرىدىن 42 نى يېتىشتۈردى؛ 13 تۈر بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 597 يۈەنگە، شى، شەھەردىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 241 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 7074 يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5099 يۈەنگە، شىخەنزە يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5146 يۈەنگە، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ پۈتكەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 592 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

«شىخەنزە يىلنامىسى» تەھرىراتى

# يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: تاڭ دىڭباڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ پېڭ جيارۇي (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: دىڭ سۇڭگو؛ سىياسىي كومىسسار: جياۋ مىڭچى؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ليۇ مىڭفۇ، ۋاڭ جۈن، چېن شىچياۋ، لى چۈنخۇا؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: جاڭ ئەيمىن.

شى شتابى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 71 مىڭ 116، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 34 مىڭ 345. بىر يىلدا تۇغۇلغان نوپۇس 409، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.8‰، ئۆلگەن نوپۇس 309، نوپۇسنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 4.4‰، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.4‰. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100%.

شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 711 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 297 مىليون 570 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون 750 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 271 مىليون 930 مىڭ يۈەن. شى بويىچە كۆرۈلگەن زىيان 8 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىدا كۆرۈلگەن زىيان 11 مىليون 880 مىڭ يۈەن، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى ئالغان پايدا 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئوبوروت كارخانىلىرى ئالغان پايدا 40 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 618 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليون 140 مىڭ يۈەن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 68 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 100 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 300 گېكتار، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 6400 گېكتار. 88 مىڭ توننا ئاشلىق، 20 مىڭ توننا ياغلىق دان، 389 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى.

بىر يىلدا 4512 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 10 مىڭ 372 گېكتارغا يەتتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 543 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9681 توننا گۆش، 989 توننا قوي يۇڭى، 3279 توننا سۈت، 1156 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 173 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 8 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 106 مىڭ 500 كىلوۋاتقا، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 19 مىڭ 214 تونىنغا، دېھقانچىلىق دورىسى 102 تونىنغا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 26 مىليون 700 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە يەتتى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 56 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تامچىلىتىپ سۇغىرىش ۋە سۇ باشلاپ سۇغىرىش كۆلىمى 557 گېكتارغا يەتتى، 5 قۇدۇق قېزىلدى، 87 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ چېپىلدى، 2 مىليون 430 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 39 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 307 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 268 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 96.5% كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: شېكەر 57 مىڭ 375 توننا، ئىسپىرت 5 مىليون 835 مىڭ لىتىر، ئۇن 19 مىڭ 724 توننا، سۇ يېغى 3413 توننا، توك 61 مىليون 290 مىڭ كىلوۋات - سائەت.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 190 مىڭ 467 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت

قۇرۇلۇش كۆلىمى 136 مىڭ 598 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈش نىسبىتى %71.7 كە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 256 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 219 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 37 مىليون 290 مىڭ يۈەن، شەخسلەر سالغىنى 22 مىليون 530 مىڭ يۈەن.

قاتناش - ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يۈك 1 مىليون 540 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 279 مىليون 960 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 730 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 124 مىليون 70 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 272 مىليون 960 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 47 مىليون 410 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 236 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ 5 مىليون 520 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ 231 مىليون 180 مىڭ يۈەن، توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 361 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 790 مىڭ دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 840 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 950 مىڭ دوللار.

سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 12 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا خىراجىتى ئومۇمىي كىرىمى 32 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 22 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %80.1 كە يەتتى.

شىنىڭ 8032 پارچە ئاخبارات ماقالىسى ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز ۋە دۆلەت دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئىشلىتىلگىنى 56 پارچە، ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال - ئىستانسىلاردا ئىشلىتىلگىنى 976 پارچە، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئىشلىتىلگىنى 7000 پارچە؛ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «ياخشى ياچېيكا شۇجىسى جاۋ جىنۇڭ» بىڭتۈەننىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 5 پارچە ئىلمىي ماقالە بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىدا 59 پەن - تېخنىكىدا ئۆلكە كۆرسىتىش لېيىنى، 1114 پەن - تېخنىكىدا ئۆلكە كۆرسىتىش ئائىلىسى بار بولۇپ، ئۆلكە كۆرسەتكەنلەر 1843 كە، ئۆلكە كۆرسىتىلگەن كۆلەم 5062 گېكتارغا، يېڭى سورت ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆلەم 5540 گېكتارغا، ئۆلكە كۆرسىتىلگەن چارۋا 72 مىڭ 868 تۇياقتا يەتتى. پەن - تېخنىكا بويىچە 237 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 13 مىڭ 520 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، تەربىيىلەشكە 596 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى.

شىدا بىر چوڭلار ئالىي تېخنىكومى، بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى، بىر يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى، 16 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، 18 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇۋاتقان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 64، ئوچۇق مائارىپتىكى ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 490، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشتىن سىرت ئوقۇۋاتقان ۋە بىرلىشىپ ئاچقان سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 124، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقانلار 18، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 161؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 387، ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 547، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1529، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4258، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8760، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.4، باللار باغچىسىدىكى بالا 2481، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.5 كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98.5 كە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80.1 كە يەتتى. 10 تۈەن - مەيدان بىڭتۈەننىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە «تەجرىبە تۈەن - مەيدانلارنى ئومۇملاشتۇرۇش» بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، «ئىككى ئاساسەن» نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.6 كە يەتتى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى شۆبە يىغىن مەيدانىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار 4000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى 2 - نۆۋەتلىك مەيدان مەدەنىيىتى سەنئەت بايرىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، بۇ جەرياندا 6 مەيدان ئويۇن، 6 مەيدان كىنو قويۇلدى، تاماشىبىنلار 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 12 - نۆۋەتلىك ھۆسنخەت، گۈزەل

سەنئەت، فوتو - سۈرەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ 186 ئەسەر كۆرگەزمە قىلىندى، 50 مەيدان كىنو، 102 مەيدان سەنئەت نومۇرى قويۇلدى ۋە كۆرسىتىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىڭتۇەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن تېلېۋىزىيە فىلمى «غەربكە ئۇل سېلىش» نىڭ يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىدىكى سۈرەتكە ئېلىش، زىيارەت قىلىش خىزمەتلىرى ماسلىشىش ئارقىلىق ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 45، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش ئاپپاراتى 33، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، كارىۋات 637، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 772، ھەر مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىمى 9.10، دوختۇر 1.5، سېستىرا 3.8، كارىۋات 9.8.

خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 149 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 102 مىليون 180 مىڭ يۈەن. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 7811 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6457 يۈەن. يىل ئاخىرىدا 25 مىڭ كىشى ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 20 مىڭ كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

لى يۈەنخۇا

# يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جىشۈن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: خې جيەنپىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ شياڭسۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى ۋېنيىڭ، ۋۇ شىچۈەن، ۋېي شۇچېڭ، ياڭ جېڭشېڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: مىرزەقان ساتباي (قازاق).

شى شتابى ئالتاي شەھىرىنىڭ بېيتۈن بازىرىدا. 2004-يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 11، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 22. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 76 مىڭ 316، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 36 مىڭ 632، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 2289. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.4‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.6‰. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 26 مىڭ 834، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 276.

شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 754 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 276 مىليون 240 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 201 مىليون 520 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 276 مىليون 970 مىڭ يۈەن. 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلما نىسبىتى 37 : 27 : 36 بولدى.

شىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 814 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 547 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 30 مىليون 850 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 166 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 13 مىليون 640 مىڭ يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 55 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى.

شىنىڭ يېزا ئىگىلىك زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 53 مىڭ 220 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 8390 گېكتار، بۇ بىڭتۇەن پىلانىنىڭ 108% نى ئىگىلەيدۇ، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 800 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 4340 گېكتار، تاۋۇز گازىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 7780 گېكتار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: ئاشلىق 47 مىڭ 518 توننا، ياغلىق دان 38 مىڭ 880 توننا، پاختا 5386 توننا، قوغۇن - تاۋۇز 59 مىڭ 829 توننا، تاۋۇز گازىرى 14 مىڭ 679 توننا، مېۋە - چېۋە 1915 توننا.

يىل ئاخىرىدا قولدا 407 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، ئاساسلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: گۆش 10 مىڭ 764 توننا، قوي يۇڭى 696 توننا، سۈت 2756 توننا، تۇخۇم 2851 توننا، سۇ مەھسۇلاتى 2158 توننا. بىر يىلدا 3742 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 1000 گېكتار بولدى.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 97 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 11 مىڭ 960 توننا (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغىنى) غا، ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 722 تونناغا يەتتى.

شىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 405 مىليون 531 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 620 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليون 911 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: كۆمۈر

426 مىڭ توننا، سانائەت خام ئەشيا چىرىمتالى 37 توننا، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان ئاق توپا 39 مىڭ 729 توننا، بېتون توپا 5971 توننا، ئۇن 36 مىڭ 900 توننا، سۇ يېغى 11 مىڭ 800 توننا، ئاق هاراق 238 توننا، فابرىكا قەغىزى 911 توننا، سېمونت 31 مىڭ 900 توننا، خىش 54 مىليون دانە، توك 69 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات - سائەت. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.4% كە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 474 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 363 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 111 مىليون 40 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 415 مىليون 550 مىڭ يۈەن، باشقا ئىگىلىكتىكىلەر ۋە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى سالغان مەبلەغ 58 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 1 مىليون 460 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 245 مىليون 520 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 690 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 103 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 406 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 353 مىليون 140 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 45 مىليون 320 مىڭ يۈەن، باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 8 مىليون 510 مىڭ يۈەن. يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 9 مىليون 12 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 8 مىليون 672 مىڭ دوللار بولدى.

29 پەن تەتقىقات تۈرى، 34 تېما، 5 ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى تۈرى چۈشۈرۈلدى، بىڭتۇەنىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى 2، سانائەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى تۈرى 3. شى بويىچە 263 قارار ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 45 مىڭ 287 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى؛ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 12 مىڭ 480 نۇسخا ھەر خىل ماتېرىيال تارقىتىلدى، 157 مەيدان ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم قويۇلدى، تاماشىبىنلار 18 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، 30 مەيدان - قېتىم پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى، دوكلات يىغىنى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭدىن 5420 ئادەم تەربىيە ئالدى.

مەكتەپنە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 980، يېڭىدىن 7300 كۋادرات مېتىر ياتاق سېلىندى، 2600 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي چېقىۋېتىلدى، شى بويىچە D دەرىجىلىك خەتەرلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى چېقىپ تاشلاندى.

شى مەدەنىيەت پونكىتى 3، مەدەنىيەت مەركىزى 5، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھدىن قوبۇل قىلىش - تارقىتىش سىستېمىسى 35، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (پونكىتى) 10، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش سانى 99 مىڭ 200، تورنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 441.5 كىلومېتىر، چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۈزېلى 13، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش سانى 98 مىڭ 100، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا ھەر يىلى سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق.

شىدىكى داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 45، سەھىيە خادىمى 829، كارىۋات 595، قوبۇل قىلىنغان كېسەللەر 237 مىڭ ئادەم - قېتىم.

شى بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ 678 يۈەن (ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 9728 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاشى 237 مىليون 883 مىڭ يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 9620 يۈەنگە، يېڭىدىن سېلىنغان ئولتۇراق ئۆي 139 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە 23 مىڭ 400 كىشى ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 38 مىڭ 300 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 21 مىڭ 700 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 19 مىڭ 900 كىشى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شەھەر، بازار، مەھەللىلەردىكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى 7، شەھەر، بازار ئاھالىلىرىدىن 5780 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ياردىمىگە، 43 كىشى دۆلەتنىڭ نەپىقە پۇلى ۋە ھەر خىل قوشۇمچە ياردەم پۇللىرىغا ئېرىشتى، شىدىكى پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 2.

شى تەزكىرە ئىشخانىسى

# بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى

شىجاڭ: ۋاڭ جياڭشېڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ سىياسىي كومىسسار: يۈ يۇتاڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جېڭ جىنسۇن (6 - ئايدا ياردەمچى كۆزەتكۈچىلىككە تەيىنلەندى)، گۇ جىچېڭ، ۋاڭ ۋېيجۇن (6-ئايدا ياردەمچى كۆزەتچىلىككە تەيىنلەندى)، لىي شېڭفۇ (6-

ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: لى زېيجۇن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شى شىتابى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 35 مىڭ 298، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 16 مىڭ 422، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى 992. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 3.86‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 0.47‰. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 11 مىڭ 443.

يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 20 مىڭ 400، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23 مىڭ 420 دىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپتىكىسى 20 بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 دىن توغرا كەلدى، 2 - كەسىپتىكىسى 18 مىڭ 100 بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭ 800 دىن توغرا كەلدى، 3 - كەسىپتىكىسى 2300 بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2400 دىن توغرا كەلدى.

شىنىڭ ئومۇمىي بىناكارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 5 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2004 - يىلى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن. بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى 4 مىليارد 920 مىليون يۈەن، 2004 - يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋەزىپە 3 مىليارد 29 مىليون يۈەن.

2004 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 934 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىڭتۈەن چۈشۈرگەن پىلان كۆرسەتكۈچىنىڭ 104.7%ى ئورۇندالدى (پىلاندىكى سان، ئورۇندالغان سان ۋە ئىلگىرىكى يىللاردىكى سېلىشتۇرما سانلاردا ئايرىپ بېرىش ۋە چىقىرىۋېتىش ئامىللىرى چىقىرىۋېتىلدى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - كەسىپنىڭ قىممىتى 868 مىليون يۈەن (بىناكارلىق كەسىپنىڭ 847 مىليون يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ 66 مىليون يۈەن؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 852 مىليون يۈەن، شىنىڭ يارانقان پايدىسى 17 مىليون 138 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 13 مىڭ 80 يۈەن بولدى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئىچىدە قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە، ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 286 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىش- سېتىش سەۋىيىسى 2003 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى. ھەرقايسى قۇرۇلۇش كارخانىلىرى قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، يىلبويى 25 تۈر «بىناكارلىق قۇرۇلۇش لوڭقىسى بويىچە، 3 تۈر ئۈرۈمچى شەھىرى «ئاسىيا كىندىكى لوڭقىسى» بويىچە، 2 تۈر شىخەنزە شەھىرى «مەرۋايىت لوڭقىسى» بويىچە، 6 تۈر بىڭتۈەن «كۇئېنلۈن لوڭقىسى» بويىچە، 2 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىسىنىڭ كورلا شەھىرىدىكى 3 - بىناكارلىق شىركىتى، 11 - دېھقانچىلىق مەيدانى، لوپنۇر دېھقانچىلىق مەيدانى، خېجىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىغا، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسىنىڭ كۈيتۇڭدىكى 8 - تۈەنى (9 - بىناكارلىق شىركىتى، شەرقىي كۈيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى)، مايتاغدىكى 6 - تۈەننىڭ 1 -، 3 - شۆبە شىركەتلىرى ۋە قۇراشتۇرۇش ئەترىتى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىغا، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسىنىڭ شىخەنزىدىكى «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى، جەنۇبىي شىخەنزە دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قىزىلتاغ ئېغىزى دېھقانچىلىق مەيدانى شۇنىڭدەك 1 -، 5 -، 6 - تۈەنلىرىنىڭ دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلىرى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىغا تولۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىلدىغان بولدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر 11 مىڭ 750 كىشى ئاساسىي كۈتۈنۈش سوغۇرتىسىغا قاتناشتى، كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققان 7207 كىشى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇلۇپ، قاپلاش نىسبىتى 100% كە يەتتى؛ 14 مىڭ 86 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پېنسىيىگە چىققانلار 6353 بولۇپ 1290 ئادەم كۆپەيدى؛ 13 مىڭ 726 كىشى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سوغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سوغۇرتىغا قاتناشقان ئىشلەمچى 7300؛ پىلانلىق تۇغۇت سوغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 6726. 2004 - يىلى شى بويىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارغا 78 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارغا تارقىتىلغان كۈتۈنۈش پۇلى 7 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارقىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. شى بويىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلدى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلىنى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىش خىزمىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 2004 - يىلى نامراتلارغا يەنى 17 مىڭ 481 ئائىلە، 34 مىڭ 458 ئادەمگە 2 مىليون 850 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىدىكى دوختۇرخانا 3، شىپاخانا (داۋالاش ئۆيى) 39، شى ئامبۇلاتورىيىسى بىر، تۆۋەن پىلانلىق تۇغۇت نازارەتچىلىك ئورنى بىر، تۆۋەن كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزى 3، تۆۋەن پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى 3، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئامبۇلاتورىيە 2،

كارىۋات 110، تۈرلۈك سەھىيە تېخنىكا خادىمى 191 بولدى.

2004 ـ يىلى شىغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4781 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىگە 2091 دىن توغرا كەلدى، پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 131 گە يەتتى.

شىدىكى تۈرلۈك مەكتەپ 12 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە مەكتىپى بىر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، باشلانغۇچ مەكتەپ 6، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6050، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2189، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 697، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 450، شىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

بىڭتۈەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بىڭتۈەن بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «نەزەرىيە ئەسەرلىرى توپلىمى» ۋە «ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى» تۈزۈپ نەشر قىلىندى، بۇلارغا بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىسىدىكى ئاپتورلارنىڭ 450 مىڭ خەتلىك ئەسىرى، 96 پارچە بەدىئىي سۈرىتى، ھەرقايسى كەسىپتىكى ئاپتورلارنىڭ 50 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى كىرگۈزۈلدى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىسى، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ ئوبرازى ۋە قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى سۈرەتكە ئېلىندى.

پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى، كارخانىلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى شۇنىڭدەك ئىشسىزلارنىڭ ئىشسىزلىق ياردەم پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 7663 دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كىشىگە 89 مىليون 550 مىڭ يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى بېرىلدى، 9581 ئادەمگە 15 مىليون 630 مىڭ يۈەن داۋالاش سۇغۇرتىسى پۇلى بېرىلدى. 1515 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى ئالىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 750 ئائىلە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بارلارغا ۋاقىتلىق ياردەم بېرىش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇ 2 تۈرگە بىر يىلدا 4 مىليون 850 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچى ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بىڭتۈەننىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەتەرلىك، كونا ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان 630 ئائىلىلىكنىڭ 48 مىڭ 612 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى يېڭىلاپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 43 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شى بويىچە قىيىنچىلىقى بار نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەخسۇس خىراجەت يىغىلدى، 5 ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى قۇرۇلۇپ 217 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. نامراتلارنى يۆلەش، ياردەم بېرىش بويىچە قوشماقلىشىش پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ شى بويىچە 385 ئائىلە قوشماقلاشتى، نامراتلارنىڭ سانى داۋاملىق ئازايدى.

دېڭ يەنچېڭ

# يېزا ئىگىلىك 12 ـ شىسى

1 ـ سىياسىي كومىسسار: ياڭ گاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: ۋۇ شىلىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جېنشياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: خۇاڭ جىنجۇڭ، ما شېڭخەي، لى جىڭۋېي، جاۋ يىپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خې ۋەنيۇ، جاڭ لىخۇڭ (ئايال).

شى شتابى ئۈرۈمچى شەھرىدە. 2004 ـ يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانى 7، بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇن 9. تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ 900 گېكتار، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 67 مىڭ 268 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 33 مىڭ 900، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 19 مىڭ 900، نوپۇسنىڭ يىللىق تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.54، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.27. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 669 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 208 مىليون 480 مىڭ يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 193 مىليون 210 مىڭ يۈەن (سانائەتنىڭ 143 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 50 مىليون 70 مىڭ يۈەن)، 3- كەسىپنىڭ 267 مىليون 940 مىڭ يۈەن. سېتىش كىرىمى 312 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 23 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ئاشۇرغان پايدىسى 3 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 563 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 850 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 930 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 270 گېكتار، قۇلماق

تېرىلغۇ كۆلىمى 250 گېكتار، كۆكتات (ياڭيۈمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلغۇ كۆلىمى 8930 گېكتار بولدى. 6663 توننا ئاشلىق، 706 توننا ياغلىق دان، 724 توننا قۇلماق، 578 مىڭ 168 توننا كۆكتات ئېلىندى، 175 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، 587 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. يىل ئاخىرىدىكى ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 3410 گېكتارغا، باغ كۆلىمى 2914 گېكتارغا، يىللىق مېۋە - چېۋە مىقدارى 35 مىڭ 686 توننىغا يەتتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 211 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: گۆش 9100 توننا، سۈت 23 مىڭ 799 توننا، قوي يۇڭى 310 توننا، تۇخۇم 1992 توننا، بېلىق 682 توننا.

شىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 60 مىڭ 821 كىلوۋاتقا، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغاندا) 5414 توننىغا، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 30 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 532 توننىغا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان يەر كۆلىمى 8133 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 428 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 226 مىليون 490 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرى (يەككە كارخانىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 201 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: كۆمۈر 320 مىڭ 700 توننا، ئۇن 3350 توننا، سۇ يېغى 2261 توننا، ئېرىس 4962 توننا، پاختا يىپ 5221 توننا، سۇلياۋ بۇيۇم 3264 توننا، خىش 218 مىليون 20 مىڭ دانە. سانائەت سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %6. 93 كە يەتتى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ يىللىق قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 131 مىليون 30 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشيول ترانسپورتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (هازىرقى باھا بويىچە) 76 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 96 مىليون 70 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 337 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 174 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

توپ، پارچە سېتىش سودىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 444 مىليون يۈەنگە، ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ياتاق ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇقىم مۈلۈككە 237 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارغا سېلىنغىنى 171 مىليون 470 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 66 مىليون 380 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 22 پەن تەتقىقات تۈرى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ غەربنى ئېچىش پەن تەتقىقات تۈرى بىر، بىڭتۈەننىڭ پەن تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 11، شەھەرنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 2، شىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 4. بىر يىلدا 280 نەچچە قارار ھەر خىل پەن-تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 28 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 51 مىڭ نۇسخا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن 5600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

شىدىكى مەكتەپ 16، بۇنىڭ ئىچىدا چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 8، باشلانغۇچ مەكتەپ 7، بالىلار باغچىسى 5؛ ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى 856 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 665؛ ئوقۇغۇچى 12 مىڭ 306 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5228، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7078.

شىدىكى داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 96 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەيدان دەرىجىلىك دوختۇرخانا 8، كارىۋات 240، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان كارۋات 27، دوختۇر - سېستىرا 235. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى. شىنىڭ 525 پارچە ئەسىرى دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «بىڭتۈەن گېزىتى» دە ئىشلىتىلگىنى 260 پارچە، بىڭتۈەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلىتىلگىنى 153 پارچە. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 54 بولۇپ، ئۇلارغا 157 مىليون 194 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئائىلە ئىگىلىكىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 36 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 12 مىڭ 80 يۈەنگە يەتتى. شىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 16 مىڭ 894 كە، ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 11 مىڭ 638 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9941 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 73 مىليون 30 مىڭ يۈەن

ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى، 1836 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچى 745 كە يەتتى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى ئېلىشقا شەرتى توشمايدىغان 1528 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىدىكى 4725 ئادەمگە 3 مىليون 814 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

جاڭ پىڭ

# يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: بەي جىجيې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: كۇڭ شىڭلوڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ جىشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ خۇيچۇەن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئىسھاق ياقۇپ، خې بىڭشيەن، ما شىجيې، گو چاڭجياڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ياڭ يۇڭياڭ، ياڭ پۇبىڭ (ئايال).

شى شىتابى قۇمۇل شەھىرىدە. 2004 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 12 (بۇنىڭ ئىچىدە 221 - تۇەن - مەيدان 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 12 - شىسىغا تولۇق شىتاتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى). يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 77 مىڭ 688 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 37 مىڭ 232، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 16 مىڭ 229. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 0.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.83‰، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى. جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەر سانى 20 مىڭ 505 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 19 مىڭ 852. شىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 590 يۈەنگە يەتتى.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 675 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 327 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 182 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 166 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 658 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىللىق يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 210 گېكتار، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 32 مىڭ 204 تونىنا، ياغلىق دان 674 تونىنا، پاختا 17 مىڭ 546 تونىنا، مېۋە - چېۋە 135 تونىنا. 505 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 354 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى، 6293 تونىنا گۆش، 523 تونىنا قوي يۇڭى، 675 تونىنا تۇخۇم ئېلىندى.

شىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 88 مىڭ 500 كىلوۋاتقا، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرغاندا) 8213 تونىنغا، ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق دورىسى 78.14 تونىنغا، ئىشلىتىلگەن نېپىز سۇلياۋ يوپۇق 712 تونىنغا، ئىشلىتىلگەن دىزېلىن 4295 تونىنغا يەتتى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن: 113 مىڭ 472 تونىنا كۆمۈر، 5 مىليون 350 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 18 مىڭ تونىنا ساپ پاختا، 2732 تونىنا ئۇن، 2165 تونىنا سۇ يېغى، 282 تونىنا ئىچىملىك - ھاراق (ئاق ھاراق 250 تونىنا)، 2000 تونىنا كونسېرۋا، 195 تونىنا سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات، 45 مىڭ 185 تونىنا سېمونت، 5403 تونىنا سۇلياۋ بۇيۇم، 34 مىڭ 151 تونىنا گۈڭگۈرتلۈك ئىشقار ئىشلەپچىقىرىلدى.

يىلدا پۈتتۈرۈلگەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 101 مىڭ 39 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مۇقىم مۈلۈككە 342 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 311 مىليون يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 2200 يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 21 مىليون 980 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 94 تۈردە ئىش باشلاندى، 209 مىليون 390 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 471 گېكتارغا، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 119.87 كىلومېتىرغا يەتتى، 410 گېكتار يەردە دەرەخ تىكىپ باغچە بىنا قىلىندى، 27 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 5791.8 گېكتار يەردە سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 164 مىليون يۈەنگە، توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 280 مىليون يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4269، پەن تەتقىقات ئورنى 2. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 12 مىڭ 713 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى يېڭىلاپ بېرىلدى. شىدىكى ھەر خىل مەكتەپ 32 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، پارتىيە مەكتىپى بىر، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر. ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 203 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1740، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9575، ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 496، باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 553. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۆزىبلى) 12 (بۇنىڭ ئىچىدە شى دەرىجىلىك

ئىستانسا بىر)، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ ئۇنىۋېرسال قاپلاش نىسبىتى 94% كە يەتتى.

شىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى 38، دوختۇرخانا 13، كارۋات 720، دوختۇر ـ سېستىرا 580، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 315.

ۋۇ چىن

## يېزا ئىگىلىك 14 ـ شىسى

1 ـ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىڭچيەن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ خەيلۇن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ شىجاڭ: خې ۋېي؛ سىياسىي كومىسسار: ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئەبەي، ۋېن جىڭيۈەن، لى گوجيەڭ، لى يىڭلياڭ، نىي جيەن (ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن چياڭ، جاۋ چۈنشياڭ (ئايال).

شى شتابى خوتەن شەھىرىدە. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 29 مىڭ 390 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 14 مىڭ 230، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 22 مىڭ 347، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.34‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.95‰. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانى 4، سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق، مۇلازىمەت كەسىپلىرى بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 11. يىل ئاخىرىغىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 9968.

شىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 177 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 60 مىليون 20 مىڭ يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 41 مىليون 290 مىڭ يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 76 مىليون 650 مىڭ يۈەن، شىنىڭ مالىيىسىدە يارىتىلغان پايدا 3 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 35 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 19 مىليون 490 مىڭ يۈەن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 4820 گېكتار بولۇپ، 12 مىڭ 895 توننا ئاشلىق، 2606 توننا پاختا، 11 مىڭ 141 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى، بىر يىلدا 151 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 126 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 2067 توننا گۆش، 175 توننا تۇخۇم، 206 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 1845 توننا ئۇن، 376 توننا توڭلىتىلغان ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كەسپى قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى كۆلىمى 110 مىڭ 939 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

قاتناش ـ ترانسپورت كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 182 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 54 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 6 مىليون 824 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ 6 مىليون 204 مىڭ يۈەن بولدى.

توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ 31 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئىچكى سودىنىڭ 11 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولدى. ئولتۇراق ئۆي ۋە يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 41 مىليون يۈەنگە يەتتى. «ياشىن» ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 165 مىليون 220 مىڭ دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 47 مىليون 630 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 117 مىليون 590 مىڭ دوللار.

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 318 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 311 مىليون 950 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 7 مىليون 30 مىڭ يۈەن. يىلدا كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك سوممىسى 342 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تۆۋەندىكىچە: 1438 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى، 1267 گېكتار يەردە مېۋىلىك كۆچەت تىكىلدى، 12 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 143 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 9 ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى، 103 مىڭ 270 كۋادرات مېتىر ئولتۇراق ئۆي سېلىندى، 50 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 1910 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، 1567 گېكتار يەردە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، 5 مىليون كۇب مېتىرلىق سۇ ئامبىرىدىن بىرى ياسالدى، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 27 سى، كىچىك تراكتوردىن 18 ى سېتىۋېلىندى، 6316 كۋادرات مېتىر مال چارۋا ئۆيى سېلىندى.

شىدىكى مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچى 5554، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1470؛ باشلانغۇچ مەكتەپ

4، ئوقۇغۇچىسى 4084. شىدا 3 ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، 2 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 155 كارۋات، 115 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 24 ئاساسىي قاتلام ليەندۈي داۋالاش ئۆيى بار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 71 مىليون 13 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7877 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ لياڭخۋا، جاڭ چاۋجۈن

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئەھۋالى

| ئورۇنلار | تۇرۇشلۇق جايى | تەۋەسىدىكى تۈەن - مەيدانلار |
|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى | ئاقسۇ شەھىرى | 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - ، 5 - ، 6 - ، 7 - ، 8 - ، 10 - ، 11 - ، 12 - ، 13 - ، 14 - ، 15 - ، 16 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى | كورلا شەھىرى | 21 - ، 22 - ، 23 - ، 24 - ، 25 - ، 26 - ، 27 - ، 28 - ، 29 - ، 30 - ، 31 - ، 32 - ، 33 - ، 34 - ، 35 - ، 36 - ، 223 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى | قەشقەر شەھىرى | 41 - ، 42 - ، 43 - ، 44 - ، 45 - ، 46 - ، 48 - ، 49 - ، 50 - ، 51 - ، 52 - ، 53 - تۈەن - مەيدانلار، پەيزاۋات باش مەيدانى، «شەرق شامىلى»، «قىزىلبايراق»، يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، قاغىلىق 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى، تويۇن چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى | غۇلجا شەھىرى | 61 - ، 62 - ، 63 - ، 64 - ، 65 - ، 66 - ، 67 - ، 68 - ، 69 - ، 70 - ، 71 - ، 72 - ، 73 - ، 74 - ، 75 - ، 76 - ، 77 - ، 78 - ، 79 - تۈەن - مەيدانلار، بەشدۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، سورت يېتىشتۈرۈش مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى | بورتالا شەھىرى | 81 - ، 82 - ، 83 - ، 84 - ، 85 - ، 86 - ، 87 - ، 88 - ، 89 - ، 90 - ، 91 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى | ۋۇجياچۈ شەھىرى | 101 - ، 102 - ، 103 - ، 105 - ، 106 - ، 107 - ، 108 - ، 109 - ، 110 - ، 111 - تۈەن - مەيدانلار، فاڭساۋخۇ، «شىنخۇ»، «جۈنخۇ»، «كومسومول»، ليۇيۈنخۇ، توپىدۆڭ، «قىزىلبايراق»، گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، بەيتىك تېغى چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى | كۈيتۇڭ شەھىرى | 123 - ، 124 - ، 125 - ، 126 - ، 127 - ، 128 - ، 129 - ، 130 - ، 131 - ، 137 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى | شىخەنزە شەھىرى | 121 - ، 122 - ، 132 - ، 133 - ، 134 - ، 135 - ، 136 - ، 141 - ، 142 - ، 143 - ، 144 - تۈەن - مەيدانلار، شىخەنزە باش مەيدانى، 147 - ، 148 - ، 149 - ، 150 - تۈەن - مەيدانلار، زىنىچۈەن نەسىللىك قوي فېرمىسى، 152 - تۈەن - مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى | دۆربىلجىن ناھىيىسى | 161 - ، 162 - ، 163 - ، 164 - ، 165 - ، 166 - ، 167 - ، 168 - ، 169 - ، 170 - تۈەن - مەيدانلار، «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى | ئالتاي شەھىرى بېيتۈن بازىرى | 181 - ، 182 - ، 183 - ، 184 - ، 185 - ، 186 - ، 187 - ، 188 - ، 189 - ، 190 - تۈەن - مەيدانلار، چىڭگىل دېھقانچىلىق مەيدانى |
| بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | بىڭتۈەن 1 - ، 4 - ، 5 - ، 8 - بىناكارلىق شىركەتلىرى، شىنجاڭ «بېيشىن» يول - كۆۋرۈك شىركىتى، بىڭتۈەن بىناكارلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ «كۈئېنلۈن» قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۈەن يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى، «شىيۈەن» شىركىتى، چوڭ ئىجارىكەشلىك شىركىتى، نېفىت ئەشيالىرى شىركىتى |
| يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | 104 - تۈەن - مەيدان، سەنپىڭ، «1 - ماي»، تۇدۇڭخابا، شىسەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق مەيدانى، 221 - تۈەن - مەيدان |
| يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى | قۇمۇل شەھىرى | «قىزىل يۇلتۇز» 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ساقا، «راكېتا»، شونابۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، «قىزىل يۇلتۇز» 1 - ، 2 - چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، نوم، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى |
| يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى | خوتەن شەھىرى | 47 - تۈەن - مەيدانى، گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى، 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى، 224 - تۈەن - مەيدانى |

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر


2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى

**ۋاڭ خۇڭ** ئايال، 1956 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان. خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا



ئىگە، تېخنىك، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى 1 - شىركىتى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتىنىڭ باشلىقى. ۋاڭ خۇڭ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ياخشى خىزمەت سۈپىتى، ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن مەھسۇلات قىممىتى، پايدا كۆرسەتكۈچىنى بىرقانچە يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 2003 - يىلى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى تەكشۈرگەن ماشىنا 10 مىڭ (قېتىم) دىن ئېشىپ، 1 مىليون 506 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، 663 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. ئۇ خىزمەتتە شەخسىي مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجىدى. بازار ئېچىش سالمىقىنى زورايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەننەرخىنى قاتتىق كونترول قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورناتتى ھەممە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئىجرا قىلىپ، شىركەت بويىچە تۇنجى بولۇپ 24 سائەتلىك پۈتۈن كۈنلۈك مۇلازىمەتنى يولغا قويدى. ئۇ 1 - شىركەتنىڭ يۇقىرى چۈشۈرگەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1996- يىلدىن 2001 - يىلغىچە جۇڭگو نېفىت- تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى بويىچە «تۆتتە بار» ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. 1998 - يىلى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئايال خىزمەتچى» دېگەن نام بېرىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**سۇ لى** ئەر، خەنزۇ، 1971 - يىلى تۇغۇلغان. كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ئۈرۈمچى رېمونتچىلىق بازىسى 1 - سېخىنىڭ مۇدىرى. 1990 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. «تۇ» 154، «بوئىن» 737، «بوئىن» 757 تىپلىق ئايروپىلانلىرىنى رېمونت قىلغان. ئۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزىدە قاتتىق ماھارەت يېتىلدۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا سېخ قايتىلىما كاشىلىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى «قايتىلىما كاشىلىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈش» تېخنىكىسىنى 1 - سېخ تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان، بۇ كاشىلىلارنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ھەرقايسى ئاسراش سېخلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلگەن. ئۇ سېخ مۇدىرى بولغان بىر يىلدىن بۇيان، سېختا بىر قېتىممۇ ئادەم سەۋەبىدىن بولىدىغان رېمونتچىلىق خاتالىقى يۈز بەرمىگەن. «بوئىن» 757 تىپلىق ئايروپىلانىنىڭ نورماللىق نىسبىتىنى ئىزچىل بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، 2001- يىلى مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلان رېمونتچىلىقىدىكى ئىلغار شەخس، 2002 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان ھەم شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.


**ۋاڭ جاۋمىڭ** ئەر، خەنزۇ، 1955 - يىل 7 - ئايدا تۇغۇلغان.

كومپارتىيە ئەزاسى، ئاسپرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن



باش گېئولوگى. ئۇ 20 يىل نېفىتلىك پەن تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەش داۋامىدا، پەن ـ تەتقىقات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ئۇ 9 ـ بەش يىللىق، 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ئويمانلىقتىكى ئۈچ تۈر ۋە مەخسۇس تېمىلىق ئۇنىۋېرسال تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تارىم نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش ۋە نېفىت گېئولوگىيىسى نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكشۈرۈش رايونى بەلۋېغى ۋە نىشانىنى ئالدىن تاللاش» ۋە «تارىم ئويمانلىقىنى ئىستراتېگىيىلىك تەكشۈرۈش نىشانلىرىدا نېفىت زاپىسى ھاسىل بولۇش شارائىتلىرى ئۈستىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش» دېگەن تېمىلاردىكى تەتقىقاتقا مەسئۇل بولۇپ، «چۆل — 1»، «جەنۇبىي يېڭىسار— 2» نېفىتلىك ـ گازلىقلارنى بايقاشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە نېفىت تەكشۈرۈش يۆنىلىشى، نىشانى ۋە يېڭى رايونلارنى تەكشۈرۈش نىشانى ئۈستىدىكى تەتقىقات، تارىمنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئۈستىدىكى تەتقىقات، تارىمنىڭ ستراتېگىيىلىك يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى تاللاش ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تاماملاپ، تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساس يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ 9 تۈردە دۆلەت، ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا، ئون تۈردە ئىدارە دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1991 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بويىچە «80 ـ يىللاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى» دېگەن نام بېرىلگەن. 1998 ـ يىل جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى تەرىپىدىن ئەسىر ھالقىغان پەن- تېخنىكا باشلامچىسى دېگەن نام بېرىلگەن. 1999 ـ يىل جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2001 ـ يىل 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان، 2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.


**دىلنار ئابدۇللا** 1966 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ئايال، ئۇيغۇر، ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە،



شىنجاڭ ناخشا ـئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولغان. دىلنار ئابدۇللا ئۇسسۇل كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، ئۇ ئەلئارا سەنئەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، سەنئەتتە تىرىشىپ ئىگىلىق يارىتىپلا قالماي، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئەنئەنىسى ۋە ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەھنىلەردە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە «تەخسە ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش»، «ئۈزۈم ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ قىزى»، «مۇز تاغدىكى يالقۇن»، «ئارزۇ»، «داۋانچىڭ قىزى» غا ئوخشاش نۇرغۇن كىلاسسىك ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغان. 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، «8 ـ مارت قىزىلبايراقدارى» دېگەن ناملارغا، 1997- يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئەخلاقتا، سەنئەتتە تەڭ يېتىشكەن سەنئەتكار» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1998- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئەخلاقتا ـ سەنئەتتە تەڭ يېتىشكەن» سەنئەتكار بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن «ئەخلاقتا، سەنئەتتە تەڭ يېتىشكەن» سەنئەتكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئىلغار شەخس بولۇپ


باھالانغان، 2003 - يىلى 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى 10 نادىر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**لى چاڭچىڭ** ئەر، خەنزۇ، 1953 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان. كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم



ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، تۇرپان ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇدىر قانۇن دوختۇرى. بىر قانۇن دوختۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ 30 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا قىلچە بىخەستەلىك قىلماي جان كۆيدۈرۈپ تىرىشىپ ئىشلىگەن. جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇ مىڭ چاقىرىملىق چۆلدە - شىزاڭ ئېگىزلىكىنى ئارىلاپ چىقىپ، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جىنايى پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرگەن. پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، 20 مېتىردىن كۆپرەك چوڭقۇرلۇقتىكى كارىزغا چۈشۈپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تېپىلماي كېلىۋاتقان جەسىتىنى تاپقان. 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ ئۆز قولى بىلەن 1151 جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، 1135 ئادەمنىڭ يارىلىنىش ئەھۋالىنى باھالاپ، 2000 پارچىدىن ئارتۇق باھالاش خېتى چىقىرىپ بەرگەن. ئۇ تىرىشىپ ئىشلەش روھىغا، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش خىزمەت پوزىتسىيىسىگە ۋە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ چىقىرىپ بەرگەن باھالاش ماتېرىيالىنىڭ بىرىدىمۇ خاتالىق كۆرۈلمىگەن. 1985 - يىلى ج خ نازارىتى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىياسىي - قانۇن سېپىدىكى ئۈلگە دەپ نام بېرىلگەن ھەمدە مەملىكەتلىك ج خ سېپىدىكى تۆھپىكار نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نام بېرىلگەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**ئابلىكىم ئېزىز** ئەر، 1969- يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇش تارىخىغا



ئىگە. ئالىي ئىنژېنېر. شىنجاڭ نېفىتلىكى ئېغىر ماي ئېلىش شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش - ھەرىكەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. 1993 - يىلى پار بېرىش 6 - ئەترىتىنىڭ ماشىنا تېخنىكى بولغان. ئۇ پار قازنى تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. 1994 - يىلى پار بېرىش 6 - ئەترىتىنىڭ ئىككى يۆرۈش ئىنگېرسول - راند پومپىسى پۈرشىنى ۋە ھەرىكەتچان خادىنى ئۇلاش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتكەن. 1995 - يىلى پارقازاق پۈرشېن پومپىسىنىڭ تەۋرىنىشنى ئازايتىش كومىلىچىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتكەن؛ 1997 - يىلى Q4240 پۈرشېن پومپىسىنىڭ سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتكەن. مۇشۇ 3 تۈردىلا 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تەننەرخ تېجەپ قېلىنغان. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، نېفىتلىك پارقازىنى تېخنىكىسىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، «نېفىتلىك پارقازىنى ئىشچىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش دەرسلىكى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تۈزۈپ ۋە تەرجىمە قىلىپ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان. 1998 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان «QC» گۇرۇپپىسى ئىدارە بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، دۆلەت دەرىجىلىك «QC» مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئۆزى جۇڭگو سۈپەت جەمئىيىتىنىڭ «QC» مۇۋەپپەقىيىتىنى «بېكىتكۈچى» لىككە تەكلىپ قىلىنغان. 1998 - يىل قاراماي شەھىرى بويىچە ئىش ئورنى ياش ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2000- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2001 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەخس، قاراماي بويىچە يېڭىلىق ياراتقۇچى ئون نادىر ياش ماھىرنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى قاراماي شەھەرلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان، 2002 - يىلى گورۇھ شىركىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ياش دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.


**يۈەن جېنگو** ئەر، خەنزۇ، 1946 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم

ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، قەشقەر شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1 - ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 18 يېشىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن



قەشقەرگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1- سەپىدە ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، بىر چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچىدىن شوپۇرغا، شوپۇردىن رېمونتچىغا، رېمونتچىدىن سېخ مۇدىرىغا، سېخ مۇدىرىدىن ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا قەدەر 40 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن. 1999 - يىل 12 - ئايدا يۈەن جېنگو قەشقەر شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1- ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن. ماشىنا ئەترىتىدە 120 تىجارەت ماشىنىسى، 13 تىجارەت لىنىيىسى، 200 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئۇ ھەممە يەردە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەترەتتىكى ھەربىر ئىشچى- خىزمەتچىگە تەسىر كۆرسەتكەن. نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان ئەترەتتە بىر قېتىممۇ ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋەقەسى ۋە قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئەلا مۇلازىمەت مۇسابىقىسىدە كۆپ قېتىم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئەترەتتىكى 8 شوپۇر - مۇلازىم ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر قاتنىشى كەسپىدىكى مەدەنىي شوپۇر - مۇلازىم، يەتتە ماشىنا گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالانغان. ئەترەتنىڭ كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىغان ماشىنىسى 108 گە يەتكەن. 2003 - يىلى ئەترەت ئەلا نەتىجە بىلەن توشۇش كىرىمىنى 16 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، پۈتۈن يىلدا 18 مىليون ئادەم (قېتىم) نى توشۇغان. 1998 - يىلى يۈەن جېنگوغا قۇرۇلۇش نازارىتى ئىلغار خىزمەتچى دەپ، 1999 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بەرگەن، 2002 - يىلى قەشقەر شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، قۇرۇلۇش نازارىتى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بەرگەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**چېن يانىڭ** ئەر، خەنزۇ، 1958 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، دوكتورلۇق ئىلمىي



ئۇنۋانىغا ئىگە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ يېڭىلىق يارىتقۇچى تەتقىقاتچىسى، دوكتور يېتەكچىسى، شۇنداقلا مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەتقىقات يۇرتى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاپەتنى ئازايتىش مەركىزى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خەلقئارا سۇچىلىق بىرلەشمىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەتقىقات تەرەققىيات - پىلان ساھەسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تۈرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش تۈرى، شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى قاتارلىق 23 تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى تاماملىغان. مەملىكەت ئىچى- سىرتىدىكى «جۇڭگو ئىلىم - پېنى» ، «ئىلىم پەن خەۋەرلىرى» ، «جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق يادرولۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا بىرىنچى ئاپتور بولۇپ 120 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، 10 پارچە ئىلمىي ماقالىسى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 8 پارچە كىتابىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 13 تۈر ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 7 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، 4 تۈر كەشپىيات پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىنغان. ئۇنىڭ قۇرغاق رايونلار مۇھىتىدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەت تەتقىقاتى جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرى ۋە تېخنىكىسى تۆمۈريول تارماقلىرى

تەرىپىدىن 2000 - يىلى تۆمۈريولدا سۇرئەتنى تېزلىتىش چوڭ قۇرۇلۇشىدا قوللىنىلغان. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرغاق رايونلاردىكى تاغ تۆپرىقىنىڭ چىرىشى ھەم سۇ ئامبارلىرىنىڭ لاي - لاتقىلىرىنى ئازايتىش تۈرىدە، ئىلمىي يول بىلەن تەڭشەش ئارقىلىق تۇدۇڭخابا سۇ ئامبىرىنىڭ لاي - لاتقىسى 17 كۈندە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلىپ، ئامبارنىڭ يىللىق سىغىمچانلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 3 مىليون 228 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 17 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇلغان. ئۇ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تەتقىقاتى جەھەتتە قاقاس رايون ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن چۆل گېئولوگىيە كەسپىنى بەرپا قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن- تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مۇھىم تۈر بولغان قۇرغاق، چۆل رايونلاردا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيە كەسپىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تېخنىكىسى ۋە بۇ جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى تاماملىغان، بۇ تۈرنىڭ نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، قۇرغاق رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئېكولوگىيىسىنى قوغداشتا بىزنى مۇھىم ئەندىزە ۋە پەن - تېخنىكا ئۈلگىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. چېن يانىڭ تۇنجى تۈركۈمدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «غەربىي دىيار نۇرى» ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. 1997 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ فاڭ شۇچۈەن ياش ئالىملار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1997 - يىلى، 2002 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس (1997 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە، 2002 - يىلدىن 2006 - يىلغىچە)، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

جۇ جۇ ئەر، تۇجيازۇ، 1937- يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق



ۋە ئاممىۋى بىناكارلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ نەچچە ئون يىللىق ئوقۇتۇش ھاياتىدا ئۆزىنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقىي ئوبرازى، پۇختا، ئەمەلىيەتچىل ئوقۇتۇش ئىستىلى بىلەن دۆلەت ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە سۇچىلىق پەن تەتقىقاتى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن. ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن تەڭ مول پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ياراتقان. دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرىدىن «ۋارونكا قايناملىق ئېقىمىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇم يوللاش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 4 تۈرنى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەجرىبە فوندى تۈرىدىن «ۋارونكا قايناملىق ئېقىمىنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 3 تۈرنى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرزگە ماسلىشىش يۈزىسىدىن يولغا قويغان 8 - بەش يىللىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بالا تۈرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا كەشپىياتى (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۈرى قاتارلىق تىك لىنىيىلىك مۇھىم پەن تەتقىقات تۈرىدىن 12 نى، توغرا لىنىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تەتقىقات تۈرىدىن 54 نى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇكى، ئۇ قۇرۇلۇش- لاي - قۇمدىن ئىبارەت دۇنياۋى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، «قۇم چىقىرىۋېتىش ۋارونكىسى» نى كەشىپ قىلغان. بۇ مۇھىم پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ باھالىنىپ، يەرنى كۆپ قۇملۇق دەريا سۈيىدە سۇغىرىش، كۆپ قۇملۇق ئېقىننى باشلاپ توك چىقىرىشقا ئوخشاش سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا خۇنەن، سىچۈەن، لياۋنىڭ، شەنشى، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردە كەڭ قوللىنىلدى. ئۇ كەشىپ قىلغان «لاي سۇدىن پاكىز سۇ ئايرىش ئۈسكۈنىسى» دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ، كەڭ يېزىلاردا ۋە نوپۇسى شالاڭ رايونلاردا كەڭ قوللىنىلدى. ئۇ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ئىلغار خىزمەتچى، 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

ليۇ شاۋلى ئايال، خەنزۇ، 1955 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى، ئۇ باش بولۇپ «كىسلاتالىق لىتىي داشقىلىنى ساپال ئېمالى خىشىدا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئىجادىي خاراكتېرگە ۋە ئىشلىتىش



قىممىتىگە ئىگە 12 تېمىنى تاماملىدى. بۇ تېمىلارنىڭ بەزىلىرى دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن، بەزىلىرى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، بەزىلىرى دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا ئېرىشكەن، شەھەر، ئاپتونوم رايون، مەملىكەتلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپى بويىچە بىر تۈر، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 تۈر، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 4 تۈر بار. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا تاماملانغان تەتقىقات تېمىسىدا يارىتىلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 7 مىليون يۈەنگە، كارخانىغا ئۆتۈنۈپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ۋاسىتىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 21 يەرلىك ۋە كارخانا ئۆلچەم، سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قوللىنىشى ئۈچۈن 3 پارچە «سۈپەت باشقۇرۇش قوللانمىسى» يازغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئۆلچەم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆلچەم مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى غەيرىي مېتال مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، يېڭى تېپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تام ماتېرىياللىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەجرىبىخانىسى، مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى، ئېنېرگىيە تېجەشنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىدىكى زىيانلىق ماددىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى قاتارلىق تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلاتنى 17 تۈردىن 230 تۈرگە كېڭەيتىپ، جۇڭگو تەجرىبىخانىلىرى بويىچە دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن. ئۇ شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە، تەتقىقات ئورنىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 2003 - يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1997 - يىلدىكى ئازكەم 10 مىڭ يۈەندىن 40 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئىدارىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى يىلىغا 20% لىك سۈرئەتتە ئېشىپ بارغان. ئۇ 1986- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى، 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 80 - يىللاردىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەنناملارغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**جاڭ لى** ئايال، خەنزۇ، 1959- يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، قۇمۇل شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ



مەسئۇل بولغان سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى ياخشى، سىنىپ ئىستىلى دۇرۇس بولۇپ، مەكتەپ بويىچە ئۇدا ئىلغار سىنىپ بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن. 1994 - يىلى ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپ شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر سىنىپ بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئوقۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، قاتلامغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش، قاتلامغا بۆلۈپ تاپشۇرۇق بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشىمىغان تاپشۇرۇق بېرىپ، نۇرغۇن يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. سىنىپنىڭ 1995 - يىللىق، 1998 - يىللىق، 2000 - يىللىق، 2002 - يىللىق، 2003 - يىللىق ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىدىكى ماتېماتىكا نەتىجىسى بىردەك ئەلا بولغان. 2000 - يىلى ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپ يىللىقلار بويىچە ئەڭ ناچار سىنىپ بولسىمۇ، لېكىن لاياقەتلىك بولۇش، مۇنەۋۋەر بولۇش نىسبىتى يەنىلا شەھەر، ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، ئوتتۇرىچە نومۇرى 90، 1 - ئىمتىھاننىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98% بولغان. 2003 - يىلى ئۇنىڭ سىنىپى 4- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىدا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن. 7 ئوقۇغۇچى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى 10 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىگە كىرگەن. ئوتتۇرىچە نەتىجىسى 137 نومۇر بولۇپ، مۇنەۋۋەر بولۇش نىسبىتى 86% بولغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئەلا ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ناچار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ناچار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ئۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قېتىرقىنىپ كونسۇلتاتسىيە قىلغاچقا، ماتېماتىكىنىڭ تۈرلۈك مۇسابىقىلىرىدە 10 نەچچە ئوقۇغۇچى مەملىكەت بويىچە 2 -،


3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 27 ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 30 نەچچە ئوقۇغۇچى ۋىلايەت ـ شەھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئوقۇتۇشتا يۈرەكلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنىڭ «كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدىكى رولى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە ئىلىم ـ پەن باشلامچىسى دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**ئابلىكىم ئاۋاكرى** ئەر، 1944 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، غۇلجا ناھىيىلىك



ئونيار يېزا شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ. ئۇ 1963 ـ يىلى تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چەت ـ يىراق، نامرات تولى ناھىيىسىنىڭ قىزىلبايراق شىپاخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ بۇ يەردە كۈنىگە 5 كىلومېتىر تاغ يولنى پىيادە بېسىپ، كېسەل داۋالاپ، 15 ـ 16 سائەتلەپ ئىشلىگەن، بولۇپمۇ 1964 ـ يىلى ئۇ تۇرغان جايدا قىزىل تارقىلىپ 232 بالىغا قىزىل چىققان، ئۇ بالىلارنى كېچە ـ كۈندۈز داۋالاپ 231 بالىنى ساقايتقان. 1969 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسى ئونيار يېزىسىنىڭ قىشلاقتام كەنتىگە قايتىپ كېلىپ كەنت شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ يەردە ئىشلىگەن 3 يىلدا كۈندە 30 كىلومېتىرلاپ يول يۈرۈپ كېسەل داۋالاپ 30 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرگەن. 1972 ـ يىلى يېزىلىق شىپاخانىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ يۆتكەلگەن، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئارقىدا قالغان بۇ دوختۇرخانىنى يىراق ـ يېقىنغا داڭق چىقارغان ئىلغار دوختۇرخانىغا ئايلاندۇرغان. 2003 ـ يىلى شىپاخانىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 100 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، كۆپ قېتىم مەملىكەت دەرىجىلىك يېزا ـ بازار شىپاخانىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ دوختۇرخانىدا نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە بەرگەن، پەقەت داۋالاش خىراجىتى ئۈچۈن 3755 يۈەن ياردەم بەرگەن. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە شىپاخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىئانىسى 110 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۇ 1986 ـ 1987 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، 1991 ـ، 2000 ـ يىللىرى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار شىپاخانا باشلىقى بولۇپ باھالانغان. 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**جېڭ جيەن** ئەر، خەنزۇ، 1967 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي



ئىشچى، كۈيتۇن شەھەرلىك شەھەر مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى. شوپۇرلۇق مۇھىت تازىلىقى خىزمىتىدىكى ئەڭ مېھنەت، ئەڭ جاپالىق، شارائىتى ئەڭ ناچار خىزمەتنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن مۇھىت تازىلىقى شوپۇرى جېڭ جيەن مۇشۇ ئورۇندا 10 نەچچە يىل ئىشلىگەن. ئەترەتتىكى ماشىنىلار يىلدىن يىلغا كونىراۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇ پائال تۈردە ئامال ـ چارە ئىزدەپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئەخلەت توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، «تېجەشلىك ئىشلەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش» تېمىسى — يەككە ماشىنا ھېساباتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. يەككە ماشىنا ھېساباتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ماشىنا ئەترىتىنىڭ ئىلگىرىكى باشقۇرۇش بوش بولۇش، مەبلەغ ئىسراپ بولۇپ كېتىشتەك ھالىتى ئۆزگەرتىلىپ، ماشىنىلارنىڭ يىللىق ماي سەرپىياتى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن 30 ـ 40 توننا تېجىلىپ، 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن راسخوت تېجەپ قېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىدارىگە كىرىم يارىتىپ بەرگەن، پەقەت 2003 ـ يىلىلا ئىدارىنىڭ كىرىمىنى 60 نەچچە مىڭ يۈەن ئاشۇرغان. سارستىن مۇداپىئە كۆرۈش مەزگىلىدە جېڭ جيەن پۈتۈن شەھەردىكى 80 دىن كۆپرەك دوختۇرخانا، ئامبۇلاتورىيىنىڭ داۋالاش ئەخلىتىنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە

ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە مۇھىت تازىلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ كۈنىگە 10 نەچچە سائەتلەپ ئىشلىگەن. جىڭ جيەننىڭ تۆھپىكارلىق روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەترەتتىكى ئەزالار ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پائال تىرىشىپ ئىشلىگەچكە، ئەترەت كۆپ قېتىم شەھەر، ئىدارە، باشقارما دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار گۇرۇپپا بولۇپ باھالانغان. جىڭ جيەنمۇ 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**لى گودۇ** خەنزۇ، 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ



ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 ـ شى قىزىل يۇلتۇز 4 ـ مەيدانى 2 ـ ليەننىڭ ئىشچىسى. لى گودۇ قىزىل يۇلتۇز 4 ـ مەيدانى 2 ـ ليەندە 6 گېكتار يەرنى ھۆددىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇ ئۆزى مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى سېلىپ ليەندۈي ئۈچۈن ئاچقان يەر 3.33 گېكتار، ئۇ 1993 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق مەيدانىغا 260 تونىنا چىگىتلىك پاختا، 50 تونىندىن ئارتۇق قوغۇن، 10 تونىندىن ئارتۇق پىياز تاپشۇرغان ۋە سېتىپ بەرگەن. 10 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. 1999 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق مەيداندىكى يەر ھۆددىگە ئالغان كۆپ قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرىدىن زىيان تارتقان. لېكىن ئۇ بۇ 3 يىلدا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن باشقۇرۇپ، يىللىق كىرىمنى يەنە 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ، مەيدان بويىچە تۇنجى پايدا ئالغان ئائىلە بولغان. ئۇدا نەچچە يىل دېھقانچىلىق مەيدانى تەرىپىدىن ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، كېۋەز تېرىش ماھىرى، ئىلغار شەخس، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 ـ يىلى 6 گېكتار كېۋەزلىكتىن 30 تونىنا چىگىتلىك پاختا ئالغان، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختىسىنى 120 كىلوگىرامغا، ساپ كىرىمنى 60 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن؛ 2003 ـ يىلى 6 گېكتار كېۋەزلىكتىن 33 تونىنا چىگىتلىك پاختا ئېلىپ، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختىسىنى 131 كىلوگىرامغا يەتكۈزگەن. 2002 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 13 ـ شى بويىچە قىزىل يۇلتۇز ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن. 2003 ـ يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ باھالانغان. لى گودۇ بېيىغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان ۋە تۆۋەن كىرىملىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۇنتۇپ قالماي، 2001 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە 2 ـ ليەندىكى 25 ئائىلىلىك نامرات ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم بەرگەن. ئۇ 2004 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.


**ماھنۇر قاسىم** 1965 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپ



ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 20 يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. 1992 ـ يىلى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. 1995 ـ يىلى ئۇ تۈزۈشكە قاتناشقان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا دەرسلىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە قوللىنىلغان. ئۇ 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۈزگەن «مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكىنىڭ ئۆلچەملىك تەجرىبە ئوقۇشلۇقى» — تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنىڭ مۇزىكا دەرسلىكى ۋە مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ تولۇقسىز 2 ـ يىللىقنىڭ 1 ـ قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان. 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇ تۈزگەن «مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكىنىڭ ئۆلچەملىك تەجرىبە ئوقۇشلۇقى» قاتارىدىكى تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنىڭ مۇزىكا دەرسلىكى، تولۇقسىز 2 ـ يىللىق مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ 3 ـ قىسمى نەشر قىلىنغان. 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇ ئىشلىگەن «دوستلۇق گۈلى» ناملىق مۇزىكا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئەتىرگۈل»، «پادىچى بالا»، «يەر

شارى — ئانام» ، «ئەللەي بالام» ، «باغۋەن ناخشىسى» قاتارلىقلار مۇزىكا دەرسلىكى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوللىنىلغان. ئۇ ئىجاد قىلغان «چىمەن دوپپا» ، «ئۈمىد» ، «بايرىمىڭلارغا مۇبارەك» ، «تەنتەنە» ، «ئاققۇلار» ، «ئۇستازىم» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ئەسەر شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىلىق، قۇربان ھېيتلىق، روزى ھېيتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكلىرىدە كۆرسىتىلگەن. شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بالىلار پروگراممىسىدا ئۇ ئىجاد قىلغان «كىچىك ئەمەسمەن» ، «ئانامنىڭ نەزىرىدىكى يۇلتۇز» ، «گۈزەل مەكتىپىم» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ناخشا ئاڭلىتىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا جايلاردىن كەلگەن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇلگە دەرسى ئۆتۈپ بەرگەن ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇزىكا دەرسى ئۆتۈپ بەرگەن. ئۇ 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئايال ئوقۇتقۇچى، «8 - مارت قىزىلبايراقدارى» ، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**ۋاڭ شۈجىن** ئەر، خەنزۇ، 1962 - يىلى تۇغۇلغان، كومارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىشچى. شىنجاڭ خاۋتيەن ترانسپورت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 3 - شۆبە شىركىتى ئۈرۈمچى — شىخەنزە لىنىيىسىنىڭ تېز يولۇچى ترانسپورتىنىڭ شوپۇرى. ئۇ 1993 - يىلدىن بۇيان 960 مىڭ



كىلومېتىر يولنى بىخەتەر يۈرۈپ، 12.66 توننا ماي تېجەپ، ھەر مىللەت يولۇچىلىرىدىن 320 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى توشۇغان. ئاپەتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇ جەمئىي 54 ماشىنا (قېتىم) لىق مەجبۇرىيەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەشغۇلاتنى 324 سائەت ئاشۇرۇپ، 10 مىڭ 125 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ، بىر قېتىممۇ خەتەرلىك ھادىسە سادىر قىلمىغان. ۋاڭ شۈجىن بار ماشىنا ئەترىتى ئازادە مۇھىتى، ياخشى ماشىنا قىياپىتى، ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن كەڭ يولۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ۋە شىركەتتىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت قوش ھوسۇلغا ئېرىشىپ، خاۋتيەن گۇرۇھى يولۇچى ترانسپورت سېپىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك يورۇق كۆزنەك بولۇپ قالغان. 1995 - يىلى مەملىكەتلىك 3 مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋاڭ شۈجىنغا مەملىكەت بويىچە قىزىلبايراقلىق شوپۇر دەپ نام بەرگەن، 1977 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان ھەم شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.


**تاڭ جيەن** ئەر، خەنزۇ، 1949 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي سىياسىي خادىم، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ نېفىت شىركىتى ئايرىۋېتىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىشلەشكە باشلىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەۋرىنىش ۋە كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى - تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن ئېغىر سىناق ئالدىدا تاڭ جيەن قىلچە ھودۇقماستىن پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەپ، «ئۈنۈمنى مەركەز، بازارنى يېتەكچى، ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مۇلازىمەتنى ئاساسىي مەقسەت» قىلىش يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە «نېفىت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشتا نېفىتكە تايىنىۋالماسلىق، بازاردىن چىقىش يولى تېپىش، مۇلازىمەتنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش، بازار ئېچىپ تەرەققىياتقا ئېرىشىش» تىن ئىبارەت خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى تۇرغۇزۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «پايدا - زىياننى تەڭلۈڭلاشتۇرۇشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» تەرەققىيات

نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. قاراماي نېفىتلىكىنىڭ نەچچە 10 مىليون توننىلىق ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە نېفىتنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، 5 يىلدىن 8 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، ئىدارىنى ئاساسىي تىجارىتى گەۋدىلىك، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، تىجارەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى، بازار رىقابىتى ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە مۇلۇكىنىڭ ساپ كىرىم نىسبىتى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن، كۈچلۈك (ئاساسىي كەسپتە، رىقابەت ئىقتىدارى جەھەتتە كۈچلۈك)، سەرخىل (سەرخىل جابدۇق، سەرخىل قوشۇن، سەرخىل باشقۇرۇش)، ئالاھىدە (ئالاھىدە تېخنىكا، ئالاھىدە مەدەنىيەت) تەك زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندۇرۇپ، كارخانىنى ئىزچىل، ساغلام، تېز تەرەققىيات يولىغا سېلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2001 - يىلى نېفىت ئىدارىسى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشكەن. 2002 - يىلى تاڭ جيەن ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش- گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

جۇ جۈنپېڭ ئەر، خەنزۇ، 1966 - يىل 2 - ئايدا تۇغۇلغان.



كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى. 1997 - يىلى چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 7 يىلدا ئۇ ئۆيىگىمۇ تۈزۈكرەك قايتىپ باقمىغاچقا، ئايالى بىلەن ئوغلى ئۇنى نەچچە ئايدا بىر قېتىممۇ كۆرەلمەي كەلگەن. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، 2002 - يىل 11- ئايدا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2003 - يىلى «24 - فېۋرال» يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندە، جۇ جۈنپېڭ يېزىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا باشلىغان. ئۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1 - سېپىدە تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، چوقكۇرچاق يېزىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى مەزمۇت تۈۋرۈكى بولغان. چوڭقۇرچاق يېزىسىدا يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ خىزمەت لايىھىسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، پۈتۈن يېزىدىكى ئامىمنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇشىغا باشلامچىلىق قىلغان. 2003 - يىل 8 - ئايدا چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى 8200 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ ھەممىسىنى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپىنى مۇددەتتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئورۇندىغان، 9700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇ- چىنى ئازادە - يورۇق سىنىپلارغا كىرگۈزگەن. ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز قەرەلىدە تاماملىغان. 2003 - يىلى چوڭقۇرچاق يېزىسىدا پاختا، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان. 2003 - يىلى جۇ جۈنپېڭ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى 10 قەھرىمان شەخسنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان، مەملىكەتلىك 14 - نۆۋەتلىك 10 نادىر ياشنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

موللا شارىپ ئەر، قازاق، 1954 - يىلى تۇغۇلغان. كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئاردا يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ۋراچى، موللا شارىپ دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئۇ ئون مىڭلىغان خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت بىمارلىرى- نىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، مىڭلىغان مۇرەككەپ، قىيىن كېسەللەرنى



ساقايتقان. ئۇ يۇقىرى تېببىي تېخنىكىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە يۈكسەك تېببىي ئەخلاققا ئىگە بولغاچقا، كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت بىمارلىرى- نىڭ 40 نەچچە مىڭ يۈەن دورا راسخوتىنى كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلغان. 1993- يىلى ئاردا يېزىسىدا مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندا، نەق مەيداندىلا 8000 يۈەن ئىئانە قىلغان. 1993 - يىلدىن 2003 - يىل 10 - ئايغىچە بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 27 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلغان. سارس كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، ئۇ يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتكە جەڭگە ئاتلىنىش ئىلتىماسى

تاپشۇرۇپ، خىزمەتنىڭ 1 - سىپىگە بىرىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئىپادىلىگەن. 1997 - يىلى ئۇ تۈزگەن «قازاقچە داۋالاش» دېگەن كىتاب ئىلى قازاق ئىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 5- قېتىملىق يىغىنىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتە- كى ياخشى پەرزەنت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2001 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 2004 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن 2003 - يىلدىكى جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 10 شەخس دەپ باھالان- غانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى**

**داۋۇت ھاشىم** ئەر، ئۇيغۇر، 1952 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى تۇگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئايدا كەنت پارتىيە



ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، كەنت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى.

2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 10 شەخسنى ئېلان قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داۋۇت ھاشىمغا بېرىلگەن لەۋھە سۆزى — پولاتتەك ئىرادە بىلەن جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگۈچى، دەپ يېزىلغان.

2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات رايونلىرى يېقىن جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچراپ، 268 ئادەم ئۆلدى. چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئاپەتنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولدى، مۇشۇ بىر يېزىدىلا 256 ئادەم قازا قىلدى. داۋۇت ھاشىم يەر تەۋرەشتە بىر كېچىدىلا ئائىلىسىدىكى بەش تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ، ئائىلە ئەزالىرىدىن ئەڭ كۆپ ئايرىلغان كىشى بولۇپ قالدى. لېكىن ياشانغاندا ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغان، ياشانغانلار ياشلارنى ئۇزىتىپ قويغان چەكسىز ئازاب ئىچىدە، يەر تەۋرەش پۈتۈن كەنت ئاھالىسىگە ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ پېشقەدەم ئۇيغۇر كومپارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى خەلققە باغلىغان چوڭقۇر مېھرى- مۇھەببىتى بىلەن 1 - سەپتە قەيسىرانە كۆرەش قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، يەر تەۋرەشنىڭ كەنت خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. داۋۇت ھاشىم كەنت ئاھالى- سىنى يارىدارلارنى ۋاقتىدا داۋالاش نۇقتىسىغا ئاپىرىشقا تەشكىللىدى، ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى قېزىش جەريانىدا تېپىلغان نەق پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە بىرىنمۇ كەم قالماي قايتۇرۇپ بېرىپ، قىممەتلىك بۇيۇملار- نىڭ يۈتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى كەلگەندە داۋۇت ھاشىم بىر كومپارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن باشتىن- ئاخىر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى ساقلاپ، ماددىي بۇيۇملارنى ئادىل، باراۋەر ئاساستا ئاممىغا تارقىتىپ بەردى. ئۆز ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق قۇتقۇزۇش بۇيۇمى ئالمىدى. 25 - فېۋرال قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئاپەت رايونىغا سۇ ۋە نان ئېلىپ كەلگەندە كەنت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆزلۈكىدىن رەتنىڭ ئەڭ كەينىدە تۇردى. ئاپەتتىن كېيىنكى قايتىدىن قۇرۇش مەزگىلىدە، داۋۇت ھاشىم ۋە باشقا ياچېيكا ئەزالىرى- نىڭ ھەربىرى ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئېغىر ئۇچرىغان يەتتىدىن ئائىلىسىنىڭ ئۆيى سېلىشى ۋە 200 دىن ئائىلىنىڭ ئېتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە زىيىنىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان ئاممىنى يېڭى ئۆيلەرگە ئەڭ ئاۋۋال كۆچۈردى. 30 - ئىيۇن كەنتتىكى ھەممە ئائىلە بىرتۇتاش لايىھەلەنگەن، 8 بال يەر تەۋرەشكە چىدايدىغان ياغاچ رامكىلىق، خىش قىستۇرمىلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

**2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملارنىڭ ئىش ئىزلىرى**

**لو رېنچۈەن** ئەر، 1957 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان. 1981 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون



سانائىتى مەكتىپىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر شىنجاڭ 3- ستانوك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە باش ئىنژېنېرى، پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېر، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى، مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكۈچى، تۇنجى تۈركۈمدىكى «يېڭى ئەسىردىكى مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى» نىڭ دۆلەت دەرىجىلىك نامزاتى. 37 تۈرلۈك جۇڭگو پاتېنتى ۋە ئىككى تۈرلۈك ئامېرىكا پاتېنتىغا ئېرىشكەن. نېفت سانائىتىدە نېفت ئېلىش ئەسلىھەلىرىدە ئېنېرگىيە تېجەش تەتقىقاتى بىلەن ئۇزاق مەزگىل شۇغۇللانغان، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان دىئامېتىرنى تەڭشەپ، مومېنتنى ئۆزگەرتىپ، ئېنېرگىيىنى تېجەش نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكا تەتقىقاتى ۋە كەشپىياتى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇ 31 تۈرلۈك ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكىنى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، بۇلار بىردەك مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. ئاسما ئېغىشچان سىلجىما لىم ئارقىلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدىغان 14 تىپلىق ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكا ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، دىئامېتىرى تەڭشىلىپ، مومېنتى ئۆزگەرتىلىدىغان ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكا دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ پاتېنتى مەملىكەت بويىچە 13 كارخانىغا ئۆتۈنۈپ بېرىلدى، مەھسۇلاتى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى چوڭ نېفتلىكلەردە قوللىنىلدى، يەنە ئەزەربەيجانغا ئېكسپورت قىلىندى.

جۇ جۇ (تەپسىلاتىدا «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي ئەمگەك مېدالى› غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى» غا قاراڭ)

# ۋاپات بولغانلار

**سۇن شاۋرۇڭ** (1920 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىپىڭ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ،



1939 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ھەربىي - سىياسىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، رايونلۇق ئەترەتنىڭ باشلىقى، شۆبە ئەترەت باشلىقى، ئاخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى، رازۋېتكا شتاب ئوفىتسېرى، يىڭجاڭ، بۆلۈم باشلىقى، تۇەنجاڭ، باشقارما باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايون قوماندانى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مەسلىھەتچىسى (مۇئاۋىن جۈنجاڭلىق ۋەزىپە تەمىناتىدا) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇشى جەريانىدىكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلارغا ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى غەربىي خۇنەن باندىت يوقىتىش ئۇرۇشىغا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ھەم ھىندىستانغا قارشى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1982 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.


**جاۋ ۋېنلۇڭ** (1942 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيىسىدىن. 1961 - يىل 5 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان. 1976 -



يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 2 - توپچىلار قوماندانلىق شتابى 2 - توپچىلار پەن - تېخنىكا بۆلۈمى، باش شتاب ئالاقە بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 1988 - يىل 4 - ئايدىن 2003 - يىل 6 - ئايغىچە گەنسۇ چېڭياڭ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق

ۋەزىپىلەردە بولغان. 1995 - يىل 7 - ئايدا شاۋجياڭ ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 2003 - يىل 6 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېسەل بىلەن تيەنجىندە ۋاپات بولدى.

**لىۋ شياۋۋۇ** (1913 — 2004) ئەر، خەنزۇ، بېيجىڭ شەھىرىدىن. 1938 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنئەنگە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان ھەم شۇ يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1939 - يىل 4 - ئايدا سەنشى — چاخار — خېبېي تايانچ بازىسىغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 2 - شۆبە مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىدە ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1939 -



يىل 8 - ئايدا سەنشى — چاخار — خېبېي ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش دراما ئۆمىكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي يېتەكچىسى بولغان. 1943 - يىل 7 - ئايدا سەنشى — چاخار — خېبېي ھەربىي رايونى 3 - شۆبە رايونىنىڭ ئاتاكا دراما ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. 1945 - يىل 7 - ئايدا تەلىم - تەربىيە 2 - لۈيى قىزىلبۇلتۇز دراما ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. 1946 - يىل 5 - ئايدا تەلىم - تەربىيە لۈيى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. 1947 - يىل 3 - ئايدا تەلىم - تەربىيە لۈيى سىياسىي بۆلۈمى پۇقرالار ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1947 - يىل 11 - ئايدا غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 6 - كالونىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1948 - يىل 1 - ئايدا 6 - كالونا سىياسىي بۆلۈمى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1948 - يىل 9 - ئايدا 6 - كالونا سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1949 - يىل 4 - ئايدا 1 - دالا ئارمىيىسى 6 - جۈنى سىياسىي بۆلۈمى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ 11- ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 1951 - يىل 1- ئايدا 6 - جۈن سىياسىي بۆلۈمى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1951 - يىل 12 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە كېلىپ ئىشلەپ، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1956 - يىل 7 - ئايدا ۋەزىپە بىلەن قاراماي‌غا كېلىپ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كان رايونى پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1958 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1959 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان. 1965- يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1976 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1978 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1980- يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3 -، 4 -، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان. لىۋ شياۋۋۇ 20 - ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. سەنشى — چاخار — خېبېي تايانچ بازىسىدا «بىزنىڭ كەنتىمىز»، «ئىككى يىل ئارىلىقىدا»، «مول ھوسۇل» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن)، «9 - ماي»، «كېچە»، «كۈرەش سىمفونىيىسى»، «جىلغىدىكى كەلكۈن» (ئۆزى يازغان)، «ئاپەتتىن كېيىن»، «نەگە بارىسىز»، «لى دېيەنبىڭ» قاتارلىق 10 نەچچە چوڭ دراما ھەم بىر پەردىلىك درامىلارنى ئىجاد قىلغان. 1950 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا كېلىپ يېرىم يىل بولغاندا، ئۇ ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىغا ئاساسەن، چوڭ دراما «ئاراتۈرۈكتىكى 40 كۈن» نى ئىجاد قىلغان. 1954 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەلئارا ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەكشۈرگەندە توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، چوڭ ئوپېرا «ئۆگەن دەرياسى» نى ئىجاد قىلغان. 1956 — 1957 - يىللىرى ئۇ قاراماي كان رايونىدىكى قايناق تۇرمۇشقا ئاساسەن «قاراماي خاتىرىلىرى» باش تېما قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسر، ئوچېركلارنى يازغان. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەندە «يىراقتىكى ئۇچقۇن» (بىرلىشىپ يازغان) سىنارىيىسى ۋە چوڭ تارىخىي دراما «غەمدىن خالاس بولۇش» نى ئىجاد قىلغان. 1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ «غەمدىن خالاس بولۇش» درامىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ،

رەسمىي ئېلان قىلغان. يەنە كىنو سىنارىيىسى «چياۋئې» ھەم زور بىر تۈركۈم ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى يازغان. 1983 — 1984 - يىللىرى ئۇ قارامايغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، 10 پارچىدىن ئارتۇق نەسر ھەم ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغان. 1985 - يىل 7- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ، قەلىمىنى توختاتمىغان، ئۇ يەنە 100 پارچىدەك نەسر، تەسىرات، 600 دىن ئارتۇق كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاساسلىق ئىجادىيەت نەتىجىلىرى «قاراماي خاتىرىلىرى»، «بىر تۇپ ئانار دەرىخى پادىشاھى»، «تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن باشلاپ»، «نېفىت ئەجدىھا پەنجىسى»، «قورام تاش»، «ليۇ شياۋۋۇ شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق 6 توپلام قىلىپ چىقىرىلغان. ئۇ 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**شۇ يۈۋېن** (1944 — 2004) ئەر، خەنزۇ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياڭخېڭ ناھىيىسىدىن. 1965 - يىل 8 - ئايدا شەنشى مالىيە - ئىقتىساد



ئىنستىتۇتىنىڭ پۇل مۇئامىلە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى سەنشى ئۆلكىسى شەرقىي جەنۇبىي سەنشى رايونلۇق شۆبە بانكىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1972 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1979 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 6 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شەرقىي جەنۇبىي سەنشى رايونلۇق مەركىزىي تارماق بانكىسى كارخانا كرېدىت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولغان. 1985 - يىل 7 - ئايدىن 1995 - يىل 4 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى جىنچېڭ شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى بولغان. 1994 - يىلى سەنشى ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن نام بېرىلىپ، بىر قېتىم ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان. 1995 - يىل 5 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى سەنشى ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولغان. 1997 - يىل 8 - ئايدىن 1999 - يىل 1 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ بىڭتۇەن شۆبە بانكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، بانكا باشلىقى بولغان. 1999 - يىل 1 - ئايدىن 2002 - يىل 1 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، بانكا باشلىقى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ بىڭتۇەن شۆبە بانكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، بانكا باشلىقى بولغان. 2002 - يىل 2 - ئايدىن 2003 - يىل 11 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، بانكا باشلىقى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ بىڭتۇەن شۆبە بانكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان. 2003 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بولغان. 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**يۈەن يۈشەن** (1929 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭپىڭ شەھىرىدىن. 1946 - يىل 7 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان. 1947 -



يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، يېتەكچى، ياردەمچى، بۆلۈم باشلىقى، يىڭ سىياسىي كومىسسارى، تۇەن سىياسىي كومىسسارى، شىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. جىنلىڭ ئۇرۇشى ۋە شىزاڭ رەنئۇ، يۈئېرگېن ئۇرۇشى ھەم جۇڭگو — ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتارما زەربە بېرىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ 26- كۈنى كېسەل بىلەن جىنەندە ۋاپات بولدى.

**چېن جۇن** (1918 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مايالڭ ناھىيىسىدىن. 1936 - يىل 9 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1938 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى بولغان، مۇئاۋىن



يېڭجاڭ، يېڭجاڭ، تۈەنىنىڭ شتاب باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، 2 ـ يۇقىرى دەرىجىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى تاكتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ھەربىي قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ھەم ئوقۇتۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ھەم ئوقۇتۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەسلىھەتچىسى (مۇئاۋىن جۇنجاڭ تەمىناتىدا) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى يۈز نەچچە قېتىملىق جەڭلەرگە قاتناشقان. 3 ـ دەرىجىلىك مۇستەقىل ـ ئەركىنلىك ئوردېنى، 3 ـ دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە 2 ـ دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گې مىڭگاڭ** (1930 — 2004) ئەر، خەنزۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي ناھىيىسىدىن. 1948 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1949 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن. 1955 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ مەدەنىيەت



ئوقۇتقۇچىسى، خادىم، سىياسىي ياردەمچى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 2 ـ ئىدارە تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1989 ـ يىل 1 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**لى چۇنشيۇ** (1931 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ دېڭشيەن ناھىيىسىدىن. 1949 ـ



يىل 1 ـ ئايدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خادىم، بۆلۈم باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىلىك ھەيئىتى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىل 1 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**مېڭ شۇلىن** (1916 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭلىڭ ناھىيىسىدىن. 1937 ـ



يىل 2 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1938 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خۇاڭلىڭ ناھىيىسى دىيەنتۇ بازىرى، خۇاڭلۇڭ تېغى ئەتراپىدىكى چىڭچېڭ، خېياڭ، خەنچېڭلاردا پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلىگەن. رايونلۇق كومىتېتتا تەشۋىقات ھەيئىتى، تەشكىلات ھەيئىتى، شۇجى بولغان. ج ك پ يىجۈن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، چىڭچېڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە تارماق ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ھاكىم، يىجۈن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ج ك پ خۇيشيەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، تيەنشۇي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا يۆتكىلىپ، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يەكەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسىنىڭ

سىياسىي كومىسسارى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن باشلىقى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ باۋگۇاڭ** (1927 — 2004) ئەر، خەنزۇ، تيەنجىن شەھىرىدىن. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ مېدىتسىنا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، بۇ مەزگىلدە ئۇ ج ك پ يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تاشقى تەشكىلاتى بولغان



«دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر ياشلار بىرلەشمىسى» گە كىرگەن. 1948 ـ يىل 3 ـ ئايدا يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆتكەن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىيە تاشقى تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى بىلەن بېيپىڭدىن ئوتتۇرا خېبېي ئازاد رايونى بوجېن شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ شەھەر خىزمىتى بۆلۈمى كادىرلار چوڭ ئەترىتىگە يۆتكەلگەن. 1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا تيەنجىن ئازاد بولغاندا، قىسمەن ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپ، تيەنجىن شەھەرلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى سەھىيە باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1949 ـ يىل 3ـ ئايدىن 1951ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئاۋۋال بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىدا، كېيىن شېنياڭ جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ۋە پراكتىكا قىلغان ھەم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان. شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە 1 ـ دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باشلىقى، ش ئۇ ئا ر يۇرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، جۇڭخۇا تېببىي پەنلەر جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پەخرىي باشلىقى، سەھىيە نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1982 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جۇ ياڭمىن** (1931 — 2004) ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدىن. 1949 ـ يىل 9ـ ئايدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1951 ـ يىل




1 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ھەربىي دوختۇر، ۋراچ ھەربىي دوختۇر، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي تېببىي مەكتىپى تاشقى كېسەللىكلەر ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (تېخنىكا 6 ـ دەرىجىلىك) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىل 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شەندۇڭنىڭ يەنتەي شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**شۈ بېنجى** (1925 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ رۇشيەن ناھىيىسىدىن. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خادىم، ياردەمچى، سىياسىي ياردەمچى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 3 ـ ئىدارىسى 1 ـ باشقارمىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا



ئېرىشكەن. 1982 ـ يىل 4 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**سۇ يۈرۈي** (1921 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ سۈنىڭ ناھىيىسىدىن. 1939 ـ يىل 5 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1940 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ليەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.



مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 ـ يىل 11 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ جېنجياڭ** (1932 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چياۋيى ناھىيىسىدىن. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، غەربىي شىمال



ئۇنىۋېرسىتېتىدا، غەربىي شىمال ھەربىي سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى زاپاس تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىدە ئوقۇغان. 1951 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىگە كىرگەن. 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ كېرىيىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مەخپىيەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلى كەسپ ئالماشتۇرۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم مەخپىيەت بۆلۈمىدە مەخپىيەت خادىمى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گۇما ناھىيە سۈنئىي ھەمراھ گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خوتەن ناھىيىسى ئۇچقۇن گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، چىرا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۇما ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1988 ـ يىل 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1992 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.


**ۋاڭ گوچۈەن** (1933 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شاڭخەي شەھىرىدىن. 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا شاڭخەي تېببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شاڭخەي 1 ـ تېببىي ئىنستىتۇتى مۇھىت گىگىينا ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولغان. 1958 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن



ياردەمگە كەلگەن. شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1996 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1958 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مۇداپىئە تبابەتچىلىكى فاكۇلتېتى گىگىينا، مۇھىت گىگىينىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى، لېكتور، دوتسېنت، پروفېسسور، ماگىستىر يېتەكچىسى، دوكتور يېتەكچىسى ھەم ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1991 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە يۇقىرى دەرىجىلىك زىيارەتچى ئالىم، مېھمان تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ ۋېرگىنىيە شتاتىدا دۆلەتلىك كەسپىي بىخەتەرلىك ۋە ساغلاملىق تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1978 ـ يىلدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر، جۇڭخۇا مۇداپىئە تبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى مۇھىت گىگىينىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو يەرلىك كېسەللىكلەر جەمئىيىتى فتور ـ ئارسېن كەسپىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو مۇداپىئە تبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭخۇا مۇداپىئە تبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئىلمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇھىت گىگىينىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان ھەمدە مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**خۇ شىنشېڭ** (1931 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچاڭ ناھىيىسىدىن. 1946 - يىل 9 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1948 -



يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەنچاڭ ناھىيىسىدە پارتىزان بولغان. يېڭى 4 - لۇي ئالاھىدە خىزمەت يىغىندا ئالاقىچى، 17 - شى قوماندانلىق شتابى ئالاھىدە خىزمەت يىغىنى ئالاقە لىيەنىدە ئالاقىچى بولغان، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ش ئۇ ئا ر نېفىت شىركىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، ش ئۇ ئا ر ئالاقە باشقارمىسىنىڭ ئالاقىچىسى، «كۇئېنلۇن» مېھمانسارىيى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ مېھمانسارىيىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، خەلق ھۆكۈمىتى 2 - مېھمانخانىسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ مېھمانخانىسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر «مەرھابا» مېھمانسارىيىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، ش ئۇ ئا ر «دوستلۇق» مېھمانسارىيىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1992 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ سۈنجۇ** (1924 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل



5 - ئايدىن 1947 - يىل 3 - ئايغىچە 8 - ئارمىيىنىڭ يېڭى 4 - لۇيى 25 - تۇەنىدە جەڭچى، بەنجاڭ، بوغالتىر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1940 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1947 - يىل 4 - ئايدىن 1951 - يىل 3 - ئايغىچە يېڭى 4 - لۇينىڭ 16 - تۇەنىدە بوغالتىر، مالىيە بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شۇ يىلى 4 - ئايدىن 1952 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ جۇڭگو — سوۋېت نېفىت شىركىتىدە مۇئاۋىن باش بوغالتىر بولغان، نېفىت شىركىتى قەشقەر پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نېفىت شىركىتى بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1953 - يىل 1 - ئايدا مالىيە نازارىتىگە يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن بۆلۈمى باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1957 - يىل 7 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1958 - يىل 8 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1960 - يىل 11 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1963 - يىل 3 - ئايدىن 1978 - يىل 3 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1978 - يىل 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىخەنزە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1978 - يىل 11 - ئايدىن 1979 - يىل 8 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1979 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1986 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جيا جۇڭخې** (1921 — 2004) ئەر، خەنزۇ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىشيەن ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1937 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، خوجىلىق باشلىقى، خەت - ئالاقە كاتىپى، يېتەكچى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي كومىسسار، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن



باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، شىزاڭ ئالىي ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى (مۇئاۋىن جۇنجاڭ تەمىناتىدا) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 100 تۈمەن ئۇرۇشى، ئەنسۇۋەندىكى كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش- شىمالغا قايتىش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش، چىڭخۇابيەن، ياڭماخې، يۈلىن، شاجيادىيەن، يۈڭفېڭجېن، يۈنچېڭ، ۋازىجيې، شىخۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**فېڭ ۋېنشۈەن** (1921 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇڭشيەن ناھىيىسىدىن. 1941 - يىل 5 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1945 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىگە كىرگەن، جەڭچى، بەنجاڭ، كاتىپ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى 5 خىزمەت رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. چېنشۈي، مابى، جىنچېڭ، چىڭخۇابيەن، يۈلىن،



شاجيادىيەن، پەنلۇڭ، يىچۈەن، شىفۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 3- دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لۇ سىن** (1923 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 8- ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان. 1956 -



يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كۇرسانت، پىراكتىكانت بۆلۈم ئەزاسى، پراكتىكانت دوختۇر، ھەربىي دوختۇر، ۋراچ ھەربىي دوختۇر، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈم مۇدىرى، داۋالاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، 12 - دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شىزاڭدا توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇرۇشى، جۇڭگو — ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتارما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1985 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ يۈلىن** (1930 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھىرىدىن. 1951 - يىلى شەندۇڭ جىنەن بېتيون تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەندۇڭ تىببىي



ئىنستىتۇتى بىئو - خىمىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ، 1956- يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، بىئولوگىيە، خىمىيە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. لېكتور، دوتسېنت، پروفېسسور، ما- گىستىر يېتەكچىسى ھەم بىئو - خىمىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ بىئو - خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى بولغان. 1990 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. 2004- يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى شۇاڭشېڭ** (1919 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يوڭشۈن ناھىيىسىدىن. 1934 - يىل 4 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1935 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە



جەڭچى، كورسانت، بەنجاڭ بولغان، 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە ۋە لۇڭجياجەي، بەنلىيۇەن، تاۋزىشى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ بولۇپ، ئۇستۇن شياۋ، ئاستىن شياۋ، يۈەنپىڭ، لىڭچيۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان؛ ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولۇپ، چىڭخۇابيەن، شىنچياخې ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان؛ ئازادلىقتىن كېيىن تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق- ئەركىنلىك ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1990 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.



**ۋاڭ باۋشيەن** (1924 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۈدى ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1939 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ۋۈدى ناھىيىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىدە مۇلازىم، ساڭجۇ ناھىيىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىدە جەڭچى، مۇھاپىزەتچى، خېبېي- شەندۇڭ - خېنەن 19 - ۋالىي مەھكىمىسى سودا - سانائەت ئىدارىسى بوغالتىرلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، خېبېي- شەندۇڭ - خېنەن 11 - ۋىلايىتى سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇپەتتىشى، قوشۇمچە بوغالتىرلار ئوقۇتقۇچىسى، بوغالتىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو گۈللۈك داكا شىركىتى پېكىيۇەن ئۆلكىلىك شىركىتى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، پېكىيۇەن ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر قاتناش- ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، ئۈرۈمچى سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان. 1985 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ جيادا** (1922 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فۇپىڭ ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1939 -



يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 8 - ئارمىيە سەنشى — چاخار — خېبېي چېگرا رايونى باسما ئىدارىسىدە خادىم، سەنشى — چاخار — خېبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇغۇچى، شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى 7 - شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇغۇچى، شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى يېڭى 4 - لۈي تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە كاسسىر، بوغالتىر بولغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - جۈنى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئىقتىسادىي تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان. 1951- يىل 6 - ئايدا نېفىت كارخانىسىغا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو — سوۋېت نېفىت پاي شىركىتى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تېخنىكا سايمانلىرى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتى سايمان تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قەشقەر 125 - ئاۋئاتسىيىلىك ئۆلچەش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى تارىم چارلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تارىم

گېئولوگىيىلىك چارلاش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باشقارما باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ چارلاش بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق شتابى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن قوماندانى، كۇچا نېفىت 1 - سەپ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئىدارە شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاراماي شەھىرى - شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىنتېزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1994 - يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قارامايدا ۋاپات بولدى.

**غاپپار كېرەم** (1942 — 2004) ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھىرىدىن. 1965 - يىل 10 - ئايدا



جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنىپ، تەتقىقات ئېما گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1984 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن - تېخنىكا باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ باشقارما باشلىقى بولغان ھەمدە شۇ يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1988- يىل 9 - ئايدا ئالىي ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىنغان. 1988- يىل 10 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تاشقى پەن - تېخنىكا تاشقى ئىشلار تەتقىقات كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى شەھەر رايونى 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. گوۋۇيۈەننىڭ ھۆكۈمەت ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولغان. مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن. 2003 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ زۇخجاڭ** (1935 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسى- نىڭ پۇچېڭ ناھىيىسىدىن. 1952 - يىل9- ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1960 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. غەربىي شىمال سودا كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغۇچى، شىنجاڭ سودا شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، 2- سودا ئىدارىسىدە بۆلۈم ئەزاسى بولغان، كورلا ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتىدا بۆلۈم باشلىقى بولغان، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 2003- يىل 5 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**پۇ جيەنگو** (1921 — 2004) ئەر، خەنزۇ، سەنشى ئۆلكىسى- نىڭ خوشيەن ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل



1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1947 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سەنشىنىڭ خوشيەن، فېڭشيەن، شەنلىڭ، جياۋچېڭ ناھىيىل- رىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سەنشى يېڭى ئارمىيىنىڭ

هايات ـ ماماتلىق 1 ـ كالونىسى ۋە 2 ـ كالونىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خىزمەت ئىشلىگەن. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لۇلياڭ ھەربىي رايونى تەلىم-تەربىيە يىغىنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 ـ كالونىسى ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مائارىپ خادىمى، سىياسىي بۆلۈم خەلق ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. دۆلەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 ـ جۇنى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىڭتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاتناش نازارىتى ماي ترانسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1973 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1978- يىل 6 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولغان. 1978 ـ يىل 6- ئايدىن 1979 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىنجاڭ زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1983 ـ يىل 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى جۇساڭ** (1916 — 2004) ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىنيۈەن ناھىيىسىدىن. 1937 ـ يىل 12 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان. يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، بۆلۈم باشلىقى، تۇەن



سىياسىي كومىسسارى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. شاجىيادىيەن، شىفۇ، لىبېي، ۋازىجىي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3- دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**گاۋ ليۇ** (1920 — 2004) ئەر، خەنزۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجۇ



شەھىرىدىن. 1938 ـ يىلى ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا باش ماقالە ئېلان قىلغاچقا، گومىنداڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئىككى قېتىم تۈرمىدە ياتقان. 1946 ـ يىلى خاڭجۇدا «بۈگۈنكى خەۋەرلەر» گېزىتىنى چىقارغان، شۇ مەزگىلدە «جېجياڭ گېزىتى» نىڭ خاس مۇخبىرى، ئەنجىڭ «داگاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى، مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1948 ـ يىلى شاڭخەي «ئاممىۋى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى، مۇدىرى بولغان. 1949 ـ يىلى «ئازادلىق گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1952 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ رادىئو ئىستانسىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە خەنزۇ تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1979 ـ يىلى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شۇ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1985 ـ يىلى ئالىي مۇھەررىر بولۇپ باھالىنىپ، شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.


**تاڭ دوشېڭ** (1920 — 2004) ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىن ناھىيىسىدىن. 1949 ـ



يىل9 ـ ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن. 1958- يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە


كىرگەن. دوختۇرخانىدا بۆلۈم مۇدىرى، مۇدىر ۋراچ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر 3- بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى (تېخنىكا 5 - دەرىجىلىك شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغان) بولغان. 1990 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004- يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ چىڭياڭ** (1918 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكۇ شەھىرىدىن. 1949 - يىل



9 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1981 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئارمىيە ۋەكىلى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ھەربىي ئات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى (شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمان بولىدىغان) بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل بىلەن لوياڭدا ۋاپات بولدى.

**جاڭ فۇسەي** (1923 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيئەن ناھىيىسىدىن. 1943 - يىل 2 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1943 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، ليەنجاڭ، ئەترەت باشلىقى، مۇدىر،




مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، شىخەنزە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۋاڭدا ۋاپات بولدى.

**ئىسمائىل توختى** (1936 — 2004) ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ ماناس ناھىيىسىدىن. 1955 - يىل 7 - ئايدا



ئۈرۈمچى 2 - پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1959 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مايتاغ كان رايونى ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مايتاغ كان رايونى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كان رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە مايتاغ رايونىنىڭ باشلىقى، مايتاغ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قاراماي شەھىرى - شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر - ئىدارە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، شەھەر - ئىدارە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 2003 - يىل 3 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 9- ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن قارامايدا ۋاپات بولدى.

**چېن يىنشېڭ** (1926 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ سەنيۈەن ناھىيىسىدىن. 1950 - يىل



8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1983 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. شەنشى باۋجى تۆمۈريول زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى 1 - ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى بولغان. 1956 - يىلى قارامايغا يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق

زاۋۇتىنىڭ مۇدىر ئىنژېنېرى، باشقۇرۇش ئىدارىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مۇدىر ئىنژېنېرى، نېفىت ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى بولغان. پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېر. 1988 - يىل 12 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن قارامايدا ۋاپات بولدى.

**مۇھەممەتئېلى جىلانوف** (1916 — 2004) شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھىرىدىن. 1936 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. 1945 - يىلى ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1947 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجاننىڭ خۇسۇسىي كاتىپى بولغان. 1950 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1950 - يىلدىن 1980- يىلغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى (سابىق جۇڭگو — سوۋېت مېتالچىلىق شىركىتى)، مېتالچىلىق ئىدارىسىدا كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش دىرېكتور، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. 1980 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**نىۋ جېنچېك** (1926 — 2004) ئەر، خەنزۇ، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋافاڭدىيەن شەھىرىدىن. 1947 - يىل 9 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان. 1949 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، كاتىپ، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، خادىم، بۆلۈمچە باشلىقى، سىياسىي ياردەمچى، تۈەنىڭ



مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى ھەم قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - شىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. لياۋشېن ئۇرۇشى، تاشەن تېغىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى، پىڭجىن ئۇرۇشى، گۇاڭشى ئۇرۇشى، گۇاڭدۇڭ باندىت تازلاش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن جىنەندە ۋاپات بولدى.

**گو يۈەنخاۋ** (1914 — 2004) ئەر، خەنزۇ، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىڭگو ناھىيىسىدىن. 1933 - يىل



7 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1935 - يىل 7- ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. بەنجاڭ، باشقۇرغۇچى بولغان. 1950 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى چۆچەك شۆبىسىنىڭ ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى چۆچەك شۆبىسىنىڭ گورۇپپا باشلىقى بولغان، 1951 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا مال سېتىۋالغۇچى بولغان. 1954 - يىل 1 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ كانچىلىق شىركىتىگە كېلىپ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1960 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسى كېرەكسىز بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1960 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ سودا ترانسپورت شىركىتى ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان، 1970 - يىل 2 - ئايدا سودا ترانسپورت شىركىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1976 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ لۇجۇڭ** (1930 — 2004) ئەر، خەنزۇ، بېيجىڭ شەھىرىدىن. 1949 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو




كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1950 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1952 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندە ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن شىنجاڭ جۇڭگو — سوۋېت مېتالچىلىق

شىركىتى كۆكتوقاي كان باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان، ئۇ يەردە تېخنىك، پارتكومىنىڭ سىياسىي ئوقۇتقۇچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1955 - يىل 6 - ئايدىن 1975- يىل 9 - ئايغىچە كۆكتوقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى. سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كۆكتوقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىرلەشمە جەڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ باش ئىنژېنېرى، كۆكتوقاي ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە جەڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولغان. 1975 - يىل 10 - ئايدىن 1988 - يىل 5 - ئايغىچە شىنجاڭ مېتاللچىلىق ئىدارىسى رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ مۇۋەققەت دىرېكتورى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى (ش ئۇ ئا ر ئالتۇنچىلىق ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى، باش ئىنژېنېرى، مۇئاۋىن دىرېكتورى، دىرېكتورى (ئىدارە باشلىقى) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1988 - يىل 5 - ئايدىن 1997 - يىل 8 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئېتىلىن قۇرۇلۇشى تۈۋەن مەھسۇلاتلارنى ئېچىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1997 - يىل 9 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ئايۇپوف** (1925 — 2004)

شىنجاڭنىڭ قورغاس ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 11 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1950 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



شىنجاڭ مىللىي ئارمىيىسىدە جەڭچى، بەنجاڭ، كاتىپ، يېتەكچى، لىيەنجاڭ بولغان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - تۈەنى تەلىم - تەربىيە شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 2- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى**

(1927 — 2004) شىنجاڭنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن. 1950 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1950 - يىل 9 -



ئايدا قاراقاش ناھىيىسى 14 - رايوننىڭ باشلىقى بولغان، 1952 - يىل 7 - ئايدا قاراقاش ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1952 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1953 - يىل 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1954 - يىل 4 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان، 1955 - يىل 4 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1956 - يىل 12 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان، 1973 - يىل 8 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1978 - يىل 6 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1989 - يىل 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1990 - يىل 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1990 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1993 - يىل 8 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 5- كۈنى كېسەل بىلەن خوتەندە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ چېڭيۇ** (1919 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ياڭگۇ ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل



10 - ئايدا 8 - ئارمىيىنىڭ خېبېي — شەندۇڭ — خېنەن مۇستەقىل يىڭى ۋە خۇيزۇ تارماق ئەترىتىگە قاتناشقان، يەنئەندىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش

ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1946 ـ يىل 3ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيادىكى 7 كۇنلۇك مۇداپىئە جېڭى، چىڭخۇابيەن، ياڭماخې، يۈلىن، ۋازىجيې، جىنچۇەن، لياڭجۇسۇن، لوياڭ، شىخۇ، فۇمېي، لەنجۇ، ئاراتۇرۇك ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم شەرەپ بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۇ ئازادلىق ئۇرۇشىدىن تارتىپ دەم ئېلىشقا چىققۇچە بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، يىڭنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ سىياسىي ياردەمچىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە ج ك پ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دەم ئېلىشقا چىققان. 2004ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ زىمۇ** (1911 — 2004)

ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچاڭ ناھىيىسىدىن. 1929 ـ يىلى جۇڭگو



كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1935 ـ يىلدىن كېيىن يەنچاڭ ناھىيىلىك، ئەنسەي ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىمالىي شەنشى يۇڭپىڭ نېفىت زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش نازارىتى جېنخۇا قەغەز زاۋۇتىنىڭ باشلىقى؛ سۈيدې ۋالىي مەھكىمىسى 4 ـ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ شىمالىي شەنشى مىجى ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىدە بۆلۈم باشلىقى؛ شىمالىي شەنشى يەنچۈەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى؛ شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى خەلق ھۆكۈمىتى ھەمكارلىق يېتەكچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قوشۇمچە سودا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ئۆلكىلىك مالىيەـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1950 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قوشۇمچە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1953 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1967 ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى مالىيە ـ سودا گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1968 ـ يىل ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ، خىزمىتىدىن توختىتىپ قويۇلغان؛ 1970 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە چۈشۈرۈلگەن؛ 1972 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى بولغان؛ 1973ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1978 ـ يىلدىن 1979ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1978 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1979 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، قوشۇمچە سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1979 ـ يىل 9ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1986 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋۇ جىشۆ** (1931 — 2004)

ئەر، خەنزۇ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيلەي ناھىيىسىدىن. 1948 ـ يىل 3 ـ



ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1950 ـ يىل 6ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە


كىرگەن. ئالاقىچى، مۇئاۋىن بەنجاڭ، مۇۋەققەت بەنجاڭ، كاتىپ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، تۇەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، تۇەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، بورتالا شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، شىزاڭدا توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە جۇڭگو — ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىل 12- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 9- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چېن جيەنلياڭ** (1929 — 2004) ئەر، خەنزۇ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ دولۇن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1946 - يىل



12 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن، 1946 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خەت - ئالاقە تارقاتقۇچى، مۇئاۋىن يېتەكچى، سىياسىي ئوقۇتقۇچى، بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، تۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى، شۆبە قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ھەربىي ۋەكىل باشقارمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. كاشباۋ ناھىيىسى، پېڭشۇي سېپىدىكى ئۇرۇشلارغا ۋە جەنۇبىي گەنسۇدا بانديت يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 19- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى چېڭگو** (1931 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ فاڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1948 - يىل 12 - ئايدا ئارمىيىگە كىرگەن، 1948 -



يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كۇرسانت، شۆبە ئەترەت باشلىقى، شتاب ئوفىتسېرى، پەيجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى 2 - تاكتىكا ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. چاڭجياڭنى كېسىپ ئۆتۈش ئۇرۇشى، گۈيجۇدا بانديت يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنى، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 - يىل 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ فېڭلىن** (1921 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل9 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1940 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كاتىپ، شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى،



بۆلۈم باشلىقى، تۇەننىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئىشلار قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. خېبېي — شەندۇڭ — خېنەندىكى تازىلاشقا قارشى ئۇرۇش، يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى، چىڭخۇابيەن، ياڭماخې، ۋاڭجياپىڭ، خېشۇي، يۈلىن، شىفۇ، دالى، شاجياديەن، پەنلۇڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 3- دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1978 - يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**فەن گەنجۇڭ** (1919 — 2004) ئەر، خەنزۇ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەيگۇ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 2- ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1938 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كاتىپ، ياچېيكا شۇجىسى، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى،



ئوقۇتقۇچى، قوشۇمچە يېتەكچى، تەشكىلات خادىمى، ئوقۇتقۇچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، شىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، كادىرلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونغا بىۋاستە قاراشلىق سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 3- ئىدارىنىڭ مۇۋەققەت سىياسىي كومىسسارى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 100 تۈەن ئۇرۇشى، خۇتى تېفى، لىيېي، دالى، شىئەن، لىچۈەن، فۇمېي، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004- يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**نىساخان تۇردى** (1949 — 2004) ئايال، قىرغىز، شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن. 1950 - يىل 4- ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇلۇغچات ناھىيە بوستانتېرەك يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ



مۇدىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمە- سىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1993 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 29- كۈنى كېسەل بىلەن ئاتۇشتا ۋاپات بولدى.

**لى شۈتيەن** (1915 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسى- نىڭ يۈشيەن ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 9 - ئايدىن 1995 - يىل 8 - ئايغىچە



بولغان ئارىلىقتا جۇڭيىڭگېڭزى تۆلەم پۇلىدىن ياردەمگە ئېرىشكەن ئاسپىرانت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتې- تىدا فىزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ خۇنەن تېببىي ئىنىستىتۇتىدا فىزىكا لېكتورى بولغان. 1955 - يىل 9 - ئايدىن 1987 - يىل 8 - ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىدا ئىشلەپ، فىزىكا لېكتورى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى- نىڭ مۇدىرى، دوتسېنت، پروفېسسور بولغان. شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو مېدىتسىنا فىزىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، شىنجاڭ مېدىتسىنا فىزىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1987 - يىل 11 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2004- يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گو جۇنياڭ** (1928 — 2004) ئەر، خەنزۇ، خۇنەن ئۆلكىسى- نىڭ لىلىڭ شەھىرىدىن. 1949 - يىل 9- ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1953 - يىل



5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، تۈەنجاڭ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، توپچى ئەسكەرلەر شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1992 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن لوياڭدا ۋاپات بولدى.

**مۇ شىشەن** (1918 — 2004) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسى- نىڭ يۈچېڭ ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئۆز

# يەرلىك نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى

(2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 13 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ «‹ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۈزىتىلدى).

### I باب

### ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستىدىكى سۇ بايلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، قوغداش ۋە باشقۇرۇش پائالىيىتىدە بۇ نىزامغا رىئايە قىلىش شەرت.

**4 ـ ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

(1) ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانغا ئۇيغۇن بولۇش؛

(2) سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن سۇ تېجەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، سۇنى پىلانلىق ۋە تېجەشلىك ئىشلىتىش؛

(3) ئېچىش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، سۇ



يېرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1941 ـ يىل 10 ـ ئايدا يۇچېڭ ناھىيىسى 3 ـ رايونى رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ خوجىلىق باشلىقى، پىڭيۈەن ناھىيىسى شياۋۋۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى، يۇچېڭ ناھىيىسى 3 ـ رايونلۇق مەھكىمىنىڭ ياردەمچىسى، مالىيە ـ ئىقتىساد ياردەمچىسى بولغان. 1944 ـ يىل 1 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، كېيىن پىڭبېي ناھىيىسى 7 ـ رايونىنىڭ باشلىقى، پىڭبېي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كاتىپلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، پىڭبېي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، بوخەي جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى كادىرلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، خاڭجۇ شەھىرى شىخۇ رايونىنىڭ باشلىقى، خاڭجۇ شەھىرى جياڭگەن رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خاڭجۇ شەھىرى شەھەر ئەتراپى پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى، خاڭجۇ شەھىرى گۇاڭشۇ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەن ئورگان خوجىلىق ئىدارىسى مېھمان كۈتۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ قاتناش نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قاتناش ـ سانائەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ـ پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شىنجاڭ 1 ـ ماشىنا رېمونت زاۋۇتى پارتىيە يادروگۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ قاتناش ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، قاتناش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، شىنجاڭ قاتناش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

مەنبەسىنى ساقلاش، سۇ مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە يەر ئاستى بايلىقىنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش؛

(4) شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش سۇ ئېھتىياجىنى ئاۋۋال قاندۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيە سۇ ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك)، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش هوقۇق چېكى ۋە دائىرىسىگە ئاساسەن، مۇناسىپ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش، زېمىن بايلىقى، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

## II باب

## يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا باب رايون، ئېچىشقا چەك قويۇلغان رايون، زىيادە ئېچىلغان رايون ۋە ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايونلارنى ئايرىشى لازىم.

ئاپتونوم ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر تۈزگەن ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ.

**7 ـ ماددا** ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش نەتىجىسى ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزىدىغان، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالايدىغان ئورۇنلار مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى شەرت.

**9 ـ ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسى سۇنۇش كېرەك.

سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى تەستىقلىشى ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىشقا توغرا كەلسە، ئىلتىماس سۇنغۇچى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يىرىك پىلان ئىجازەتنامىسىنى قوشۇپ يوللىشى كېرەك.

تۇرمۇشتا، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشتا يەر ئاستى سۈيىدىن ئاز مىقداردا پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە، سۇ ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش ھاجەتسىز.

**10 ـ ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان سانائەت ئورۇنلىرىنى، شەھەر، بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرىگە ۋە چوڭ ـ چوڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىنى يوللىغاندا قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ بېكىتىلگەن سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتىنى قوشۇپ يوللاش كېرەك.

قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى يوللانمىغان بولسا، ئالاقىدار تارماق قۇرۇلۇش تۈرىنى تەستىقلىماسلىقى كېرەك.

**11 ـ ماددا** بىر گېدرو گېئولوگىيىلىك بىرلىك ئىچىدىكى قوشنا رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشتا، ئاچقۇچى تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى تەستىقلاشتىن ئىلگىرى، قوشنا تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك؛ پىكىر بىرلىكى

بولمىسا، ئاچقۇچى تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشنى ئۆز ئالدىغا تەستىقلىسا بولمايدۇ. يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسا، سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى ئۆلارغا ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوبۇل قىلسا ۋە تەستىقلىسا بولىدۇ.

**12 ـ ماددا** سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسى تەستىقلانغاندىن كېيىن، قۇدۇق قېزىشقا توغرا كەلسە، قۇدۇق قازغۇچى ئورۇن قۇدۇق قېزىش لايىھىسىنى قۇدۇق قېزىشتىن ئىلگىرى سۇنۇشى كېرەك، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن قازسا بولىدۇ، قۇدۇق پۈتكەندىن كېيىن، سۇ ئالغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك دەپ قارىغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

قۇدۇق قازغۇچى ئورۇنلار مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش جەھەتتىكى تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، گېدرولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىشى، قۇدۇق قېزىش پائالىيىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## Ⅲ باب

## يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى قوغداش

**14 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرمۇش ئىچىملىك سۇ مەنبەسى، مۇھىم سانائەت تۈرلىرى سۇ مەنبەسى، بوستانلىق ئەتراپى ئېكولوگىيە سۇ مەنبەسىنى نۇقتىلىق رايون قىلىپ، يەر ئاستى سۇ بايلىقى مۇھاپىزەت رايونىنى ئايرىشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا باب رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن ئاكتىپ پايدىلىنىش كېرەك. يەر ئاستى سۇ ئورنى بەك يۇقىرى بولغانلىقتىن يەر شورلىشىپ كەتكەن رايوندا تەدبىر قوللىنىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارىنى كۆپەيتىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى كونترول قىلىش كېرەك.

**16 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا چەك قويۇلغان رايوندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يىللىق ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە چۈشۈرۈپ، يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، سۇ ئېلىش ئومۇمىي مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلىشى، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش دائىرىسىنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋەتمەسلىكى، ئېچىش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

شەھەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبا تورى قاپلىغان دائىرىدە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا چەك قويۇش، ئەسلىدىكى زاپاس سۇ مەنبەسىدىن سۇ ئېلىش مىقدارىنى يىلمۇ يىل ئازايتىش كېرەك.

**17 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيى زىيادە ئېچىلغان رايوندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارىنى ئازايتىش نىشانىنى بېكىتىپ، يىللىق پىلانلىق ئېچىش مىقدارىنى، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئېچىش قاتلىمىنى تەڭشەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئەسلىدە سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشى بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تاقىۋېتىش، توختىتىش لايىھىسى ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ سەپلىمە لايىھىسىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** چارلاش، كان قېزىش (نېفىت ئېلىش)، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە مۇھاپىزەت تەدبىرى قوللىنىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش مەسئۇل تارمىقى ۋە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىغا بولغان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغاش قىلمىشىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۆزىتىش پونكىت - تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى، سۈپىتى، تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتكە قەرەللىك ئېلان قىلىشى كېرەك. باشقا

ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتى بويىچە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى قوغداش ۋە سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

بۇ نىزامنىڭ 10 - ماددا 1 - تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۆزىتىشى ھەم كۆزىتىش ماتېرىيالىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قەرەللىك يوللىشى كېرەك.

## IV باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**21 - ماددا** سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، سۇ ئېلىش ئىجازىتى بەرگەن، ئېچىش پىلانى چۈشۈرگەن بولسا، ئالاقىدار مەسئۇل تارماق جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

خىزمەتتە بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېچىش، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى بۇزۇش، بۇلغاش قىلمىشىنى ۋاقتىدا توسماي ۋە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، شۇنىڭدەك خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان بولسا، ئالاقىدار تارماقتىكى جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**22 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە قۇدۇق قېزىش، يوشۇرۇن ئېقىمنى توسۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەر ئاستى سۈيىنى ئالغان ئورۇنلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان سالغانلىرى تۆلەم تۆلىشى كېرەك.

قۇدۇق قازغۇچى ئورۇنلاردىن قۇدۇقنى رۇخسەت قىلىنغان لايىھە بويىچە قازمىغانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان سالغانلىرى تۆلەم تۆلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر ئاستى سۈيى زىيادە ئېچىلغان رايوندا تەڭشەلگەن پىلانلىق ئېچىش مىقدارى، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئېچىش قاتلىمىغا ئەمەل قىلماي سۇ ئاچقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**24 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندىكى ئەسلىدىكى سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ توختىتىش، تاقاش لايىھىسىنى ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ سەپلىمە لايىھىسىنى ئىجرا قىلمىغانلارنى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**25 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ كېلىدىغان، مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار بويىچە جازالىنىدۇ.

## V باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**26 - ماددا** بۇ نىزام 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش - باشقۇرۇش نىزامى

**(2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).**

**1 - ماددا** بۇ نىزام يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسى يارغول قەدىمىي شەھىرى ھەم غەربىي غول قەبرىستانلىقى، شىمالىي غول قەبرىستانلىقى ۋە يارغول تاشكېمىر تارىخىي مەدەنىيەت خارابىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدا پائالىيەت قىلىشتا، مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىشى شەرت.

**3 - ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسى ۋە قۇرۇلۇش كونترول رايونى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىي پىلانى» دا بەلگىلەنگەن دائىرە بويىچە ئايرىلىدۇ.

**4 - ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداشتا، قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى 1 - ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت يادىكارلىقى خىزمىتى فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىپ، يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسى ھەم ئۇنىڭ تارىخىي قىياپىتى ۋە تەبىئىي مۇھىتىنىڭ چىنلىقىغا، مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش-باشقۇرۇش ئاپپاراتى (تۆۋەندە قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى دېيىلىدۇ) يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى كۈندىلىك تەكشۈرۈش، ئاسراش - رېمونت قىلىش، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كونكرېت ئىشلەيدۇ ھەمدە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقىغا قەرەللىك دوكلات قىلىدۇ. زېمىن - بايلىق، قۇرۇلۇش، پىلانلاش، مۇھىت ئاسراش، ساياھەتچىلىك، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيىتى بويىچە ياخشى ئىشلەيدۇ.

**6 - ماددا** تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداشنى كۈچەيتىشنى، يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، قوغداش خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

**7 - ماددا** تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىگە قوغداش بەلگىسى ئورنىتىشى، خاتىرە ئارخىپى تۇرغۇزۇشى لازىم. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش مۇئەسسەسى، ئۇسكۈنىسىنى ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش بەلگىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىشىگە، يۆتكىۋېتىشىگە، ئىشلىتىۋېلىشىغا، بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**8 - ماددا** مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، پەن - تېخنىكىلىق قوغداش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشى، يارغول قەدىمىي شەھەر مەدەنىيەت ئىزلىرىنى زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئۇسۇلى ئارقىلىق قوغدىشى لازىم.

**9 - ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسى ۋە قۇرۇلۇش كونترول رايونىدا ساياھەت قىلىشتا «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» بويىچە ئىش كۆرۈپ، يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**10 - ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش خىراجىتىنى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىئانە - ھەدىيە قىلىنغان پۇل - ماللارنى ماددىي بۇيۇم ۋە باشقا پۇللارنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇپ، مەخسۇس پۇلنى جايىغا ئىشلىتىش ھەمدە مالىيە، ئىقتىسادىي تەپتىش تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

**11 - ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى

چوڭ رېمونت قىلىش لايىھىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ۋە تەرتىپ بويىچە، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويىدۇ.

**12 ـ ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

**13 ـ ماددا** نەشر بۇيۇمى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇمى قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدا سۈرەتكە تارتىش، سۈرەتكە ئېلىشقا توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ سۈرەتكە تارتىش ۋە سۈرەتكە ئېلىش مەنئى قىلىنغان يېرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا بەلگە ئورنىتىش لازىم.

**14 ـ ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىدە بۇ خارابىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتسىز ھەرقانداق قۇرۇلۇش قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى قۇرۇلۇش كونترول رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىشتا، مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ بىختەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش شەرت، ئۇنىڭ تارىخىي قىياپىتىگە ۋە تەبىئىي مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**15 ـ ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىدە تۆۋەندىكى ئىشلار مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) مال بېقىش، تېرىقچىلىق قىلىش، توپا ئېلىپ ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ بىختەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش؛

(2) يەر يۈزىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قانۇنسىز يىغىش؛

(3) مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىمارەتلىرى، قۇرۇلمىلار ياكى قوغداش مۇئەسسەسىلىرىگە سىزىش، ئويۇش، يامىشىش، چاپلاش؛

(4) ئېچىۋېتىلمىگەن رايوننى ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلىش؛

(5) سۈرەتكە ئېلىش مەنئى قىلىنغان رايوندا سۈرەتكە ئېلىش ياكى سۈرەتكە تارتىش مەنئى قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى سۈرەتكە تارتىش.

**16 ـ ماددا** يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**17 ـ ماددا** مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى ۋە قوغداش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى خادىملىرىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سەزگەندە بىرتەرەپ قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلار؛

(2) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلار؛

(3) دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئارىيەت بەرگەنلەر ياكى قانۇنسىز ئىگىلىۋالغانلار.

**18 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 15 ـ ماددىسىنىڭ (1) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەسئۇل تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. بۇ نىزامنىڭ 15 ـ ماددىسىنىڭ (2)، (3)، (4)، (5) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قوغداش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، قوشۇمچە 50 يۈەندىن يۇقىرى، 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**19 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**20 ـ ماددا** بۇ نىزام 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش نىزامى

(1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ «‹ئاپتونوم رايوننىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش نىزامى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايوننىڭ پۇقرالار مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كۆكەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش مەقسىتىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پۇقرالارنىڭ دۆلەت، كوللېكتىپ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دائىرىدە كۆچەت تىكىش، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش ياكى باشقا كۆكەرتىش ئەمگىكى بىلەن ھەقسىز شۇغۇللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان (جۇملىدىن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىدىن يېشى 11 دىن 60 قىچە بولغان ئەرلەر، يېشى 11 دىن 55 كىچە بولغان ئاياللار يىلىغا 3 تۈپتىن 5 تۈپكىچە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىدۇ ياكى 3 — 5 ئىش كۈنىگە تەڭ كۆكەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

يېشى 11 دىن 17 گىچە بولغان ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، يېقىن ئەتراپتىكى قولىدىن كېلىدىغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆكەرتىش كومىتېتلىرى ئۆز رايونىنىڭ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ، كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسى كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ دائىمىي خىزمەت ئاپپاراتى بولۇپ، كۈندىلىك خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ.

**5 - ماددا** مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشتە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆكەرتىش كومىتېتلىرى ئورمانچىلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى (باغۋاران)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى يىرىك پىلان تۈزۈپ، خىزمەت تەقسىماتى بويىچە يولغا قويۇشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە كۆكەرتىش كومىتېتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەپ، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بازىلىرى خىزمىتىنى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇشى، بازىلاشتۇرۇشى، ئىلمىيلاشتۇرۇشى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشى كېرەك.

**7 - ماددا** شەھەر - بازارلاردىكى تارماقلار، ئورۇنلار كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ؛ شەھەر - بازارلاردىكى خىزمىتى يوق ئاھالىلەر، سودا - سانائەتچىلەر ۋە ئەمگەكچىلەرنى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرى شۇ جايدىكى كۆكەرتىش كومىتېتلىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە قاتنىشىشقا تەشكىللەيدۇ.

**8 - ماددا** تۆمۈريول، تاشيول، سۇچىلىق، نېفىت، كۆمۈر سانائىتى تارماقلىرى ۋە ساھەلەر دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن ئۆز سىستېمىسىنىڭ

كۆكەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، جايلار ئۈيۈشتۈرغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگىمۇ قاتنىشىشى كېرەك.

بىكتۈەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىنى بىكتۈەن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۇيۇشتۇرىدۇ؛ ئۇلار كەسىپ جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى شەھەر بىرتۇتاش ئۇيۇشتۇرغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ.

**9 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، قاقاس تاغ، بوز يەرلەرنى كۆكەرتىشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ، ئورمانغىمۇ، ئوت - چۆپكىمۇ باب كېلىدىغان قاقاس تاغ، بوزيەرگە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىككەن، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ تېرىغان ئورۇنلاردىن يەر باشقۇرۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ، يەردىن پايدىلىنىش ھەققى، سۇ بايلىقى ھەققى 5 يىلغىچە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. سۇ پۇلى، توك پۇلى دېھقانچىلىق ئۆلچىمى بويىچە ئېلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولمىغان، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئېكولوگىيە ئورمانلىرىنى مەجبۇرىي تىككەنلەردىن ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن بارلىق ھەقلەر ئېلىنمايدۇ.

**10 - ماددا** مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە كېتىدىغان كۆچەت، گۈل - گىياھلارنى ئورمان ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇن ھەل قىلىدۇ.

**11 - ماددا** شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) كۆكەرتىش كومىتېتى ئورۇنلار بويىچە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش تىزىم كارتىسى تۇرغۇزۇشى ھەمدە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە قاتناشقان ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ شۇ يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك.

**12 - ماددا** ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق)، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شارائىتى بار ئورۇنلار يەر ۋە كەسپىي خادىم ئاجرىتىپ، كۆچەتخانا، چىمخانا ۋە گۈلخانا قۇرۇپ، سۈپەتلىك سورت يېتىشتۈرۈشى لازىم، ئۇلارنى ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تەستىقلاتماي خالىغانچە ئىگىلىۋېلىشىغا ياكى باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 - ماددا** دۆلەت يېرىگە مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار يەردىن پايدىلانغۇچى ئورۇنغا تەۋە بولىدۇ؛ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئېنىق بولمىغانلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتىدۇ. كوللېكتىپ يېرىگە مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار شۇ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. قانۇن، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە بولسا ياكى توختامدا ئايرىم پۈتۈشكەن بولسا، شۇ بەلگىلىمە ياكى پۈتۈشكىنى بويىچە بولىدۇ.

دەل - دەرەخكە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئىگىدارلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

**14 - ماددا** مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا ئورمان ئىگىدارلىرى ياكى باشقۇرغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچىلار مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلار باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇشىغا، نابۇت قىلىنماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ تۇتمىغانلىرىنى ئالاقىدار جاۋابكارلار تولۇقلايدۇ.

**15 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس دەل-دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى ئاسراشقا، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش نەتىجىسىنى قوغداشقا، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى توسۇش ۋە پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**16 - ماددا** مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل - دەرەخلەرنى كېسىش ۋە يېڭىلاش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» ۋە «شەھەر كۆكەرتىش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

**17 - ماددا** شەھەر - بازار ئورۇنلىرىدىكى پۇقرالار ۋە شەھەر - بازارلاردىكى يېشى 18 دىن ئاشقان پۇقرالاردىن كۆچەت تىكىش مەجبۇرىيىتىنى سەۋەبسىز ئادا قىلمىغانلىرىغا تۇرۇشلۇق ئورنى تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ، ئۇلارنى سۈرۈك ئىچىدە تولۇقلاپ كۆچەت تىكىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلىرىدىن شۇ جايدىكى كۆكەرتىش كومىتېتى ھەر بىر ئەمگەك كۈنى ئۈچۈن، تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە مائاشى بويىچە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققى ئالىدۇ.

مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) كۆكەرتىش كومىتېتى يىغىدۇ، ئۇنى مەخسۇس ھېسابات ئېچىپ ئامانەت قويۇپ، پۈتۈنلەي مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشكە ئىشلىتىدۇ ھەمدە

يۇقىرى دەرىجىلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ۋە تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**18 ـ ماددا** تۆۋەندىكى نەتىجىلەردىن بىرىنى ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كۆكەرتىش كومىتېتى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ:

(1) مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار؛

(2) مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش نەتىجىلىرىنى قوغداشتا تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغانلار؛

(3) دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى نابۇت قىلىش قىلمىشلىرىنى توسۇش ياكى پاش قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر.

**19 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ تۆۋەندىكى قىلمىشتىن بىرنى سادىر قىلغانلارنى كۆكەرتىش كومىتېتى ياكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى جازالايدۇ:

(1) شەھەر ـ بازارلاردىكى يېشى 18 دىن ئاشقان پۇقرالاردىن كۆچەت تىكىش مەجبۇرىيىتىنى سەۋەبسىز ئادا قىلمىغانلارغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققى تاپشۇرتقۇزغاندىن باشقا، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققىنىڭ 1 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ؛

(2) ئورۇنلاردىن مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلىمە بويىچە ئورۇندىمىغانلارغا مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققى تاپشۇرتقۇزىدۇ، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققىنىڭ 2 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ، ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانغا تەكلىپ بېرىدۇ؛

(3) مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققىنى بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرمىغانلارنى سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرمىغانلاردىن ھەر كۈنىگە تاپشۇرۇلىدىغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش ھەققىنىڭ 2‰ بويىچە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى قوشۇپ ئالىدۇ.

(4) مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى نابۇت قىلغانلاردىن زىياننى تۆلىتىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارغا زىياننىڭ 2 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ.

**20 ـ ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشتىن بىرنى سادىر قىلغان ئورۇن ۋە شەخسكە شۇ ئورۇن ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل تارماق چارە كۆرىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنـلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ؛

(1) مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشنى پىلانلاش، لايىھىلەش، كۆچەت تەييارلاش، ئىشنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدا خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، ساختىپەزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئېغىر زىيان سالغانلار؛

(2) مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش، كۆكەرتىش مەبلىغىنى بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلغان، ئىشلىتىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغانلار.

**21 ـ ماددا** مەجبۇرىي تىكىلگەن دەل ـ دەرەخنى ئوغرىلىغان، كەسكەن، كەلسە ـ كەلمەس كەسكەن، گۈل ـ گىياھ، كۆچەت، چىمخانا، گۈلخانا ياكى باشقا كۆكەرتىش مۇئەسسەسىلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە بۇزغانلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» ۋە «شەھەر كۆكەرتىش نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىنىدۇ.

**22 ـ ماددا** ئالاقىدار تەرەپلەر جازا قارارىغا قايىل بولمىسا قارارنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، شۇ قارارنى چىقارغان ئورگان قاراشلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگانغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىسا، قارارنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ، جازا قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ. سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىغان، دەۋا قىلمىغان، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىغان بولسا، جازا قارارىنى چىقارغۇچى ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگە گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە قاتنىشىدۇ.

**24 ـ ماددا** بۇ نىزامنى كونكرېت تەتبىقلاش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

**25 ـ ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈتچىلىك نىزامى

(2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ «〈ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈتچىلىك نىزامى〉غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۈزىتىلدى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان سۈتچىلىك ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى سۈت بازىسى قۇرۇش، سىيىر بېقىش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە سۈت سېغىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش شۇنىڭدەك سېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى سۈت ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك.

**3 - ماددا** سۈتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا بازارنى يېتەكچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا، خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، سىيىرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سۈت مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاش ساناتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى ئېچىپ، شىركەت، بازار (دېھقان ئائىلىلىرى) ۋە بازار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، سۈتچىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ بايلىق شارائىتىغا قاراپ، سۈتچىلىك تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى مۇۋاپىق تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۇنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى سۈتچىلىك پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى سۈت ياسالمىلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا يېتەكلەپ، سۈتچىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى يۆلەش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلاردىكى سىيىر باقمىچىلىق يېرى بىلەن دېھقانچىلىق يېرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى ھەمدە باج - ھەق قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشى، سۈتچىلىك تەرەققىيات مەبلىغى ۋە كرېدىت سېلىنمىسىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشى؛ سۈتچىلىك تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ سۈتچىلىك كەسپىگە مەسئۇل تارماق بولۇپ، ئۆز رايونىنىڭ خام سۈت ئىشلەش، تىجارەت قىلىشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

سەھىيە، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ۋە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

## II باب

## سۈت بازىسى قۇرۇلۇشى

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ

سوت بازىسى قۇرۇشنى قوللىشى؛ سوت پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە پۇل قەرز ئېلىشتا كېپىل بولۇپ ۋە كالا باقۇچى ئائىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كېپىل بولۇپ، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىناۋەتلىك كېپىل سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى؛ سوت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت تەشكىلاتلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ، يەر، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى سوت بازىسى بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرۇپ، سوتچىلىكتە كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

**8 - ماددا** سوت بازىسى قۇرۇلۇشىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بايلىق تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۆلەملىك ئىگىلىك بىلەن تارقاق ئىگىلىكنى تەڭ يولغا قويۇش، سىيىر باقمىچىلىق كەسپىي رايونى، كەسپىي كەنتى، كەسپىي يېزىسى (بازىرى) نى تەدرىجىي بارلىققا كەلتۈرۈش، سوت سېغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا سىيىر بېقىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۆلەملىك باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، سىيىر بېقىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش لازىم.

**9 - ماددا** سىيىر فېرمىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر سىيىر بېقىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) مۇستەقىل سىيىر بېقىش مەيدانى (قوتىنى) بولۇش؛

(2) مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات قائىدىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇش؛

(3) قوتان، سىيىر ۋە سېغىش سايمانلىرى پاكىز بولۇش، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە شەرتىگە ۋە تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇش.

كۆلەملىك باقمىچىلىقنى يولغا قويغانلارنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، يۇقۇم مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى، مۇئەسسەسىلىرى ۋە مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى بولۇشى كېرەك.

**10 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نەسىللىك سىيىرنى كۆپەيتىش سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) نى سۈپەتلىك نەسىل كىرگۈزۈپ، سۈپەتلىك نەسىل كۆپەيتىش، مەنبەلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش ھەمدە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، نەسىللىك سىيىرنى كۆپەيتىشنى تېزلىتىپ، سۈتلۈك سىيىرنىڭ سانىنى ۋە نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىشى لازىم.

**11 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) نىڭ سىيىر ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشىغا، نەسىللىك سىيىرلارنىڭ نەسەبىنى خاتىرىلەپ ۋە ئىقتىدارىنى باھالاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا نەسىل تاللاپ ۋە كالا پادىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سىيىرلارنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

**12 - ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە سىيىرلارنى ئىممۇنىتېتلاش ۋە بېقىش ئورنىنى دېزىنفېكسىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە - نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىشى، يۇقۇم ئەھۋالىنى بايقىغان ھامان يۇقىرىغا دوكلات قىلىشى ھەمدە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇم تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

**13 - ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە - نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرى سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) دىكى برۇتسېللىيوز، تۇبېركۇليوز ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، سالامەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىگە ساغلام سىيىر ئىسپاتى بېرىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىق (چارۋىچىلىق) تىن بوشىتىلغان يەرلەردە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن سۈپەتلىك ئوت - چۆپ سورتى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، سۈپەتلىك يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، يەم - خەشەك ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك، بىخەتەر سىيىر يەم - خەشەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

سىيىر باقمىچىلىقىدا يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خۇرۇچىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە

ئىشلىتىش كېرەك.

## III باب

# سۈت ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش

**15 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش، ئادىل رىقابەتلىشىش، توختام بويىچە سېتىۋېلىش، سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، خەۋپ - خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئالىدىغان، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

**16 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدا ئىشلەنگەن كالا سۈتىنىڭ زىيانسىز سۈت، يېشىل سۈت ۋە ئورگانىك سۈت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، كالا سۈتى ئىشلەش، ئۆلچەش سىستېمىسى ۋە كالا سۈتىنىڭ بىخەتەرلىكى، تازىلىق سۈپىتىنى ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كالا سۈتى سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**17 ـ ماددا** تۆۋەندىكى خام سۈتلەرنى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) ساغلاملىق ئىسپاتى بولمىغان سىيىرنىڭ سۈتى؛

(2) سىيىرنىڭ تۇغۇشىغا 15 كۈن قالغان چاغدىكى سۈتى؛

(3) ئانتىبىئوتىك دورىلار ئىشلىتىلگەن سىيىرنىڭ دورا ئىشلىتىلۋاتقان مەزگىلدىكى ياكى دورا توختىتىلغاندىن كېيىنكى بەش كۈن ئىچىدىكى سۈتى؛

(4) يېلىن ياللۇغى، تۇبېركۇليوز، برۇتسېللىيوز ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەل بولغان سىيىرنىڭ سۈتى؛

(5) سېتىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن باشقا خام سۈتلەر.

**18 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) پىششىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خام سۈتنى سېغىۋېلىپ 4 سائەت ئىچىدە 0℃ — 4℃ تا سوغۇق ساقلىشى، سوغۇق ساقلاش شارائىتى يوقلىرى خام سۈتنى خام سۈت سېتىۋېلىش پونكىتلىرىغا ۋاقتىدا سېتىپ بېرىشى شەرت.

خام سۈتنى ساقلاش ۋە توشۇشتا، داتلاشماس پولات قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن سۈت ئاسانلىقچە بۇلغانمايدىغان قاچىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

**19 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) خام سۈتنى سېتىشتا، سېتىۋالغۇچى ئورۇن بىلەن سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى تۈزۈپ، خام سۈتنىڭ سۈپىتى، مىقدارى، باھاسى، خىلاپلىق جاۋابكارلىقى ۋە تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. خام سۈت سۈپىتىگە باشقىچە پىكرى بارلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**20 ـ ماددا** خام سۈت سېتىۋېلىشتا، تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؛

(1) سۇۋۇتۇش، سوغۇق ساقلاش ۋە يېڭى پېتى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى بولۇش؛

(2) خام سۈتنىڭ ماي تەركىبى، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ۋە كىسلاتالىق دەرىجىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە خادىملىرى بولۇش؛

(3) مۇناسىپ تازىلىق، بىخەتەرلىك، سۈپەت باشقۇرۇش تەدبىرى بولۇش.

سېتىۋېلىنىدىغان خام سۈت دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن يېڭى سۈت سېتىۋېلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

**21 ـ ماددا** يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈپ ياكى باشقا نامۇۋاپىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ خام سۈتنىڭ دەرىجىسى ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## IV باب

# پىششىقلاش ۋە سېتىش

**22 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى قوشۇۋېتىش، قايتا تەشكىللەشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىق تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

**23 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سۈتچىلىك تېخنىكىسى تەتقىقات - تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنى

قۇرۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىغا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ھۈنىرىنى كىرگۈزۈپ، سۈپەتلىك سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ، ئوخشاشمىغان ئىستېمال قاتلىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**24 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) سۈت پىششىقلاش زاۋۇت بىناسى (سېخ) ئورنىنى تاللاش ۋە لايىھىلەش دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇش؛

(2) ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى ۋە ھۈنىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان پىششىقلاش، تازىلىق، ئوراش ـ قاچىلاش ۋە ئۆلچەش مۇئەسسەسلىرى بولۇش؛

(3) مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك بولغان سۈپەت تەكشۈرگۈچىلىرى بولۇش؛

(4) قانۇن بويىچە مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلەرنى ئالغان بولۇش.

**25 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى خەلقئارالىق سۈپەت باشقۇرۇش گۇۋاھلىق سىستېمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇناسىپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كونترول قىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**26 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاشتا دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىش لازىم. دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمى بولمىغانلىرىدا كارخانا مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بېكىتىش كېرەك. كارخانا مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمىنى سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم.

**27 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىدا مەھسۇلاتنى زاۋۇتتىن چىقىشتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. سۈتنىڭ سېزىم كۆرسەتكۈچى، فىزىكىلىق ـ خىمىيىلىك كۆرسەتكۈچى، تازىلىق كۆرسەتكۈچى ۋە سۈتكە قوشۇلغان خۇرۇچ، تۇراقلاشتۇرغۇچ ھەمدە قېتىق، سۈت ئىچىملىكلىرىگە ئىشلىتىلگەن زەمبۇرۇغ قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمى ۋە مۇناسىپ سۈت مەھسۇلاتلىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

**28 ـ ماددا** سۈت ئورۇسى دۆلەتنىڭ مەھسۇلات ئىشلەش ۋە ھۈنەرگە مۇناسىپ تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، زەھەرسىز ۋە زىيانسىز ئورۇ ماتېرىيالى ئىشلىتىلىشى، ئورالما بەلگىسى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت. سۈت پاراشوكى، سېرىقماي ۋە سۈت ئاقسىل پاراشوكى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ سۇيۇقلاندۇرۇپ تەييارلانغان سۈتلەرنىڭ ئورۇسىغا يۇقىرىقىلارنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

**29 ـ ماددا** سۈتنى ئاشكارا باھا قويۇپ سېتىش كېرەك؛ پاستېرىزاتسىيىلەنگەن سۈتنى سېتىشتا، زۆرۈر بولغان سوغۇق ساقلاش مۇئەسسەسلىرىنى سەپلەش ياكى زۆرۈر بولغان سوغۇق ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۈتنى ۋە گۇۋاھنامىسى يوق تۇرۇپ پىششىقلانغان ئورۇلۇق سۈتلەرنى بازاردا سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

## V باب

## مۇلازىمەت ۋە نازارەتچىلىك

**30 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۈچۈر تورى بەرپا قىلىپ، سۈت ئىشلەش ـ تىجارەت قىلىش ئۈچۈرلىرىنى قەرەللىك ھالدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، سېير فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى بازار ئېھتىياجى بويىچە تەشكىللەشكە يېتەكلىشى كېرەك. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەر سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەبلەغ، تېخنىكا، بازار جەھەتلەردە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

**31 ـ ماددا** سېير فېرمىلىرى (باقمىچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە سۈتچىلىك جەمئىيىتى قۇرسا بولىدۇ. سۈتچىلىك جەمئىيىتى ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەزالىرىغا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ئۈچۈر، تېخنىكا ۋە تەربىيىلەش جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىشى؛ سۈت ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى؛ ساھە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، تەرتىپسىز رىقابەتتىن ساقلىنىشى لازىم.

**32 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق، سەھىيە، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن سۈت سۈپىتىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش ھالقىلىرىدا قانۇن بويىچە قەرەللىك

ئارىلاپ تەكشۈرۈشى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك. ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئوخشاش تارماقنىڭ بىر كارانتىن مەزگىلىدە بىرلا مەھسۇلاتنى تەكرار ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**33 - ماددا** سۈت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش ۋە سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر يىلى سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈپ، ساغلاملىق ئىسپاتى ئالغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى شەرت.

**34 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس بۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**35 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نازارەتچىلىك خەت ساندۇقى ئورناتسا، نازارەتچىلىك تېلېفون نومۇرىنى ئېلان قىلسا بولىدۇ؛ ئىشلەتكۈچى، ساتقۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى قوبۇل قىلسا ھەمدە قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلسا بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىغا تەۋە ئىشلارنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋاقتىدا يوللاش لازىم.

## باب VI

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**36 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 17 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خام سۈت ساتقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. قىلمىشى ئېغىرلىرىغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**37 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 20 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خام سۈت سېتىۋېلىش شەرتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ خام سۈت سېتىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىگە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**38 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 24 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، سۈت پىششىقلاش شەرتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ سۈت پىششىقلىغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

**39 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، سەھىيە، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا چېتىلىپ قالغانلارنى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارمىقى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالايدۇ. لاياقەتسىز سۈتنى ئىشلەپ، پىششىقلاپ، سېتىپ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنلەر مۇناسىپ قانۇن جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ.

**40 - ماددا** مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردىن ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## باب VII

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**41 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كالا سۈتى — پىششىقلانمىغان خام سۈت ۋە يېڭى خام سۈتنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، دېزىنفېكسىيىلەنگەن (پاستېرىزاتسىيىلەنگەن) سۈت، مىكروبسىزلاندۇرۇلغان سۈت، قېتىق، قۇۋۋەتلىك سۈت، سۈت ئىچىملىكى قاتارلىق سۈت ياساملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**42 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كەسپىي ئائىلە خام سۈت سېتىش كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلىدىغان سىيىر باققۇچى ئائىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**43 - ماددا** ئوقۇغۇچىلار سۈتى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە سېتىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مۇشۇ نىزام بويىچە بولغاندىن باشقا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بولغانلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**44 - ماددا** بۇ نىزام 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى

**(2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 31 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ «‹ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام نوپۇس بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەت، بايلىق، مۇھىتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئائىلىنىڭ بەختى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام نوپۇسى ياكى ئولتۇرۇشلۇق جايى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بولغان جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى، ھەر بىر پۇقرا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تەشۋىقات - تەربىيە، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، دائىملىق خىزمەتلەرنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ؛ ئۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ؛ ھەر تەرەپلىمە تەدبىر قوللىنىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت، مۇكاپات ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تايىنىپ، تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، نوپۇس ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**4 - ماددا** نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئورۇننىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، تۇغۇت، تۇغۇت چەكلەش ۋە كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئۆز رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئالاقىدار نوپۇس خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مالىيە، خەلق ئىشلىرى، سەھىيە، ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت، ج خ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پۇقرالار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەدەت بېرىشى ۋە ماسلىشىشى كېرەك.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق

ھۆكۈمەتلىرى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ، ھەمدە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى يولغا قويۇشنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى (مەسئۇلى) تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىلەن نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى كەنت ئاھالىلىرى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كەنت ئىشلىرىنى، مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارا ئىشلەش، دېموكراتىك باھالاش ۋە نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. شەھەرلەرنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە مەھەللىلەرگە تايىنىپ، ئائىلىلەرگە يۈزلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**10 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىش، فىزىئولوگىيىلىك گىگىېنا، بالاغەت مەزگىلىدىكى ساغلاملىق ۋە جىنسىي ساغلاملىق تەربىيىسى قاتارلىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى نىشانلىق قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

**11 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، خىراجەت سېلىنمىسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى قىلىشى ھەمدە چەت ـ ياقا، نامرات جايلارنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە نۇقتىلىق يار-يۆلەك بولۇشى لازىم.

ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار زۆرۈر خىراجەت ئاجرىتىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنى قىسىپ قېلىشى، تۇتۇپ قېلىشى، ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**12 ـ ماددا** نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكىسىدا قانۇن ـ نىزاملاردىكى ستاتىستىكىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتلىرىنى يالغان مەلۇم قىلىشى، يوشۇرۇشى، ئويدۇرۇپ چىقىشى، ئۆزگەرتىۋېتىشى ياكى يوللىماسلىقىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارماقلىرى پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىلىرىنى ۋە ئىش تەرتىپىنى ئاشكارا قىلىشى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى، قانۇننى مەدەنىي ئىجرا قىلىشى، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

## III باب

## تۇغۇت تەڭشەش

**14 ـ ماددا** پۇقرالارنىڭ تۇغۇش ھوقۇقى ۋە قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار. كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولۇش، ئاز ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

خەنزۇ پۇقرالىرىدىن ئوغۇللار 25 ياشقا، قىزلار 23 ياشقا، ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىدىن ئوغۇللار 23 ياشقا، قىزلار 21 ياشقا توشقاندا تۇنجى توي قىلغانلىرى كېچىكىپ توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ. كېچىكىپ توي قىلىپ تۇنجى پەرزەنت كۆرگەنلەر كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەر بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** شەھەر، بازارلاردىكى خەنزۇ ئەر ـ

خوتۇن بىر پەرزەنتلىك بولسا، ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇن ئىككى پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ. خەنزۇ دېھقان، چارۋىچى ئەر ـ خوتۇن ئىككى پەرزەنتلىك بولسا، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچى ئەر ـ خوتۇن ئۈچ پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ.

بۇ نىزامنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئەينى چاغدىكى تۇغۇت سىياسىتىدىكى سان بويىچە پەرزەنت كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە تەتبىقلانمايدۇ.

ئەر ـ خوتۇندىن بىرى ئاز سانلىق مىللەت بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسى بويىچە پەرزەنت كۆرىدۇ؛ ئەر ـ خوتۇندىن بىرى شەھەر، بازار ئاھالىسى بولسا، شەھەر، بازار ئاھالىسىگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسى بويىچە پەرزەنت كۆرىدۇ.

**16 ـ ماددا** يۇقىرىقىلار قانۇن بويىچە نىكاھ تىزىملاتقاندىن كېيىن، بەلگىلىمىگە توشۇپ، پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىرى ئايال نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن تۇغۇت مۇلازىمەت كىنىشكىسى ئالىدۇ.

**17 ـ ماددا** تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە توشىدىغانلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ؛

(1) A — 2 دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېيىپ ھەربىيلەر ياكى خىزمەت ئۈستىدە شۇنىڭغا باراۋەر دەرىجىلىك مېيىپ بولغانلار؛

(2) نىكاھلىنىپ پەرزەنت كۆرمىگەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە توشىدىغان خەنزۇ ئەر ـ خوتۇنلاردىن بىر بالا بېقىۋالغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىككى بالا بېقىۋالغاندىن كېيىن ھامىلدار بولغانلىرى؛

(3) ئەر ـ خوتۇندىن بىرى قۇدۇق ئاستىدا 5 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلەردىن ھازىرمۇ قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىرى؛

(4) ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى يالغۇز پەرزەنت بولغانلىرى؛

(5) ئەر ـ خوتۇندىن بىرى قۇربان بولغانلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغانلىرى؛

(6) ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلىمە بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى كېسەل، مېيىپ پەرزەنتى يېتىلگەندىن كېيىنمۇ نورمال ئەمگەك كۈچى بولالمايدۇ دەپ بېكىتكەن، ئەمما تىببىي يەندە قايتا پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ دەپ قارالغان ئەر ـ خوتۇن.

**18 ـ ماددا** قايتا نىكاھلانغان ئەر ـ خوتۇن (يارىشىۋالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) لاردىن، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە توشىدىغانلىرى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ؛

(1) شەھەر، بازارلاردىكى قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن جەمئىي بىرلا پەرزەنت كۆرگەن خەنزۇ ئەر ـ خوتۇنلار؛ قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن جەمئىي ئىككىلا پەرزەنت كۆرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلار؛

(2) يېزىلاردىكى قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن جەمئىي ئىككىلا پەرزەنت كۆرگەن خەنزۇ ئەر ـ خوتۇنلار؛ قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن جەمئىي ئۈچلا پەرزەنت كۆرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلار.

**19 ـ ماددا** 17 ـ، 18 ـ ماددىدىكى بەلگىلەنگەن تەلەپكە توشىدىغانلار يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، تەستىقلىغۇچى ئورگان ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 20 كۈن ئىچىدە قارار چىقىرىشى ھەمدە ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك. 20 كۈن ئىچىدە قارار چىقارغىلى بولمىسا، تەستىقلىغۇچى ئورگان مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، 10 كۈن ئۇزارتىشقا بولىدۇ ھەمدە مۆھلەتنى ئۇزارتىش سەۋەبىنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** بەلگىلىمە بويىچە پەرزەنت كۆرسە بولىدىغان ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئۆز پەرزەنتىنى قانۇنسىز ھالدا باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلەر ياكى تاشلىۋېتىش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ قايتا پەرزەنت كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**21 ـ ماددا** قوشكېزەك ياكى كۆپ كېزەك پەرزەنت كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنلاردىن پەرزەنتى بەلگىلەنگەن پىلانلىق تۇغۇت سانىغا يەتكەنلىرىنىڭ قايتا پەرزەنت كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**22 ـ ماددا** ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرىدىغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى 3 يىلدىن كەم بولماسلىقى لازىم.

قىسمەن چەت ـ ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشى قىيىن بولسا، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن مۇۋاپىق قويۇۋېتىسە بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** ئەر ـ خوتۇندىن بىرى شىياڭگاڭ،

ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداش ياكى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى يۇقىرا بولغانلىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

## IV باب

# مۇكاپاتلاش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

**24 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، تۇغۇت سۇغۇرتىسى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتقا تۈرتكە بولىدۇ.

يېزىلاردا ھۆكۈمەت يېتەكلەش، دېھقانلار ئۆزى ئىختىيار قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ياشانغانلار كۈتۈنۈش كاپالىتى چارىسىنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

**25 ـ ماددا** دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن كېچىكىپ توي قىلغانلىرىغا دۆلەت بەلگىلىگەن توي دەم ئېلىش كۈنىگە يەنە 20 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلىرىگە دۆلەت بەلگىلىگەن تۇغۇت دەم ئېلىش كۈنىگە يەنە 30 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەرگە 15 كۈن قاراش دەم ئېلىشى بېرىلىدۇ. توي دەم ئېلىشى، تۇغۇت دەم ئېلىشى ۋە قاراش دەم ئېلىشى مەزگىلىدە مائاشى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

كېچىكىپ توي قىلغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن دېھقان، چارۋىچى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر يىللىق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش، جامائەت پاراۋانلىق ئەمگىكى كېمەيتىلىدۇ، كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ياكى ئۇلارنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى لايىقىدا مۇكاپاتلايدۇ.

**26 ـ ماددا** يۇقىرىلاردىن پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلىرىغا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دەم ئېلىش بېرىلىدۇ، مائاشى ۋە مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

**27 ـ ماددا** ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرلا پەرزەنت كۆرىدىغانلىرى ياكى ئۆمۈرۋايەت بىرلا بالا بېقىۋېلىپ قايتا پەرزەنت كۆرمەيدىغانلىرى پەرزەنتى 16 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا ـ ئانا شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئىككىلا پەرزەنت كۆرىدىغانلىرى ياكى ئىككى پەرزەنت بېقىۋېلىپ قايتا پەرزەنت كۆرمەيدىغانلىرى پەرزەنتى 16 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن «پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئاتا ـ ئانا شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

«شەرەپ گۇۋاھنامىسى» نى خوتۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بېرىدۇ.

**28 ـ ماددا** شەھەر، بازارلاردىكى «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلىلەر تۆۋەندىكى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) گۇۋاھنامە ئالغان ئايدىن باشلاپ پەرزەنتى 16 ياشقا توشقىچە ھەر ئايدا 10 يۈەندىن كەم قىلماي سالامەتلىك ئاسراش پۇلى بېرىلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سالامەتلىك ئاسراش پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇددىتى جەمئىي 16 يىلدىن ئاشمايدۇ؛

(2) ئەر ـ خوتۇن پېنسىيىگە چىققاندا ئۆز ئورنى ھەر ئىككىسىنىڭ مائاشىنىڭ 5% ى بويىچە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە 2000 يۈەندىن كەم قىلماي بىر يولىلا مۇكاپات بېرىدۇ؛

(3) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتىغا كىرگەن ئائىلىلەرگە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى ئالدىن بېرىلىدۇ.

**29 ـ ماددا** «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلەر 28 ـ ماددىنىڭ (3) تارماقچىسىدا بەلگىلەنگەن تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ:

(1) ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2000 يۈەندىن كەم قىلماي بىر يولىلا مۇكاپات بېرىدۇ؛

(2) ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر يىللىق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئەمگىكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛

(3) يەر ھۆددە بېرىش ۋە ئۆي يېرى بېرىشتە ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ؛

(4) گۇۋاھنامە ئالغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى مېيىپ بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەندە، قايتىدىن پەرزەنت كۆرمىگەن ياكى بالا بېقىۋالمىغان، يەنە كېلىپ تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغان ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئەر ـ خوتۇنلارنى شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى بەشتە

كاپالەتلىك ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ؛

(5) ئالدىن نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، تېخنىكا، ئۇچۇر، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە ئاۋۋال مۇلازىمەت قىلىنىدۇ؛

(6) نامرات ئائىلىلەرگە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ۋە قەرز پۇل ئاۋۋال بېرىلىدۇ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلار ئەمەلىي پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىدۇ؛ نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر باشقا ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن ئاۋۋال بەھرىمەن بولىدۇ؛

(7) شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئېتىبار بېرىشكە دائىر باشقا تەمىناتلار.

يېزىلاردىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئائىلىلەر ئالدىنقى تارماقنىڭ (5)، (6)، (7) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئائىلىلەرگە تەتبىقلىنىدىغان ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**30 ـ ماددا** سالامەتلىك ئاسراش پۇلى ئالىدىغان ئەر - خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئورنى ئۇنى 50% تىن ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بىر تەرەپنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولمىسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىش ئورنى ھەممىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ يەككە تىجارەتچىلەرنىڭكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ؛ شەھەر ئاھالىسىدىن ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولمىغانلىرىغا شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بېرىدۇ.

**31 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇش، تۇغۇت ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئەمگەك مۇھاپىزىتى، سالامەتلىك ئاسراش ۋە تۇغۇت تەمىناتى قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**32 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس مۇكاپات خىراجىتى ئاجرىتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان پۇقرالارنى مۇكاپاتلاشقا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇ خىراجەت ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە سېلىنمىسى، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار ھەمدە شەخسلەرنىڭ ئىئانىسىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

## V باب

# پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى

**33 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت بويىچە كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش، ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىش، كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقىغا دائىر پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت بويىچە كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى مۇلازىمىتى قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى سەۋىيىسى ۋە بوۋاقلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**34 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت تورىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گوۋۇيۈەننىڭ «پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى تەلەپ بويىچە، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھازىرقى سەھىيە بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇلازىمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

**35 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى تۇغۇت يېشىدىكىلەرگە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە تەشۋىقات- تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش، تىببىي تەكشۈرۈش جەھەتتە قەرەللىك مۇلازىمەت قىلىپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەش بىخەتەرلىكى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىقىنى تەكشۈرۈپ، سەييارە مۇلازىمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خالىمىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى ئازايتىش لازىم.

**36 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر- خوتۇنلار دۆلەت ھەقسىز تارقاتقان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمىنىنى ئىشلىتىدۇ.

شەھەردىكى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر - خوتۇنلار

دۆلەت بەلگىلىگەن ئاساسىي تۈردىكى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. تەكشۈرۈش ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش خىراجىتىنى تۇغۇت ياكى تىببىي داۋالاش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىدىن بىرتۇتاش چىقىم قىلىشقا بولىدۇ. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشمىغانلارنىڭكىنى ئۆز ئورنى ياكى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خىراجىتىدىن چىقىم قىلىدۇ.

يېزىدىكى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر - خوتۇنلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئاساسىي تۈردىكى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ.

**37 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى پۇقرالارنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەشتە بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق تەدبىرنى تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

**38 - ماددا** تۇغۇت يېشىدىكى ئەر - خوتۇنلار ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئاڭلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

پەرزەنت كۆرگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر ئاساس قىلىنغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى تىببىي تەكشۈرۈشتە ئېغىر ئىرسىي كېسەللىك بولغانلىقتىن پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ دەپ قارالغانلار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللىنىشى كېرەك. خالىماي ھامىلىدار بولۇپ قالغان ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تۇغۇت شەرتىگە خىلاپ ھالدا ھامىلىدار بولۇپ قالغانلارغا ۋاقتىدا تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىش لازىم.

**39 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىدىغانلار قانۇن بويىچە «پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئاپپاراتى كەسىپ ئىجازەتنامىسى» ياكى «داۋالاش ئاپپاراتى كەسىپ ئىجازەتنامىسى» (تۆۋەندە «ئىجازەتنامە» دېيىلىدۇ) ئېلىشى كېرەك. «ئىجازەتنامە» دە بەلگىلەنگەن مۇلازىمەت تۈرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئاپپارات ۋە شەخسنىڭ ئۇلترا ئاۋازلىق دىئاگنوز ئەسۋابى، خروموزوما تەكشۈرۈش ۋە باشقا زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسى ئارقىلىق تىببىي زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئېنىقلىشى ۋە جىنس تاللاش مەقسىتىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

**40 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ھەقسىز تارقىتىش، بازاردا پارچە سېتىش ۋە جىنسىي ساغلاملىق بۇيۇملىرىنى سېتىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

## VI باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**41 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 15 -، 17 -، 18 -، 20 - ۋە 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، بىر پەرزەنتنى ئارتۇق كۆرگەنلەردىن تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ:

(1) شەھەر، بازار ئاھالىلىرىدىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ بىر ھەسسىسىدىن 8 ھەسسىسىگىچە ئېلىنىدۇ؛

(2) يېزا ئاھالىلىرىدىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن 8 ھەسسىسىگىچە ئېلىنىدۇ.

**42 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، نىكاھسىز پەرزەنت كۆرگەن ئالاقىدارلاردىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ياكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئۆلچەم قىلىنىپ، بىر ھەسسىسىدىن 8 ھەسسىسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ، ئالاقىدار ئىككى تەرەپتىن جەمئىي ئېلىنىدىغىنى 10 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

**43 - ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 41 -، 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشتا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئالاقىدارلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغانلىرىدىن بىر ھەسسىسىدىن 3 ھەسسىسىگىچە، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىگە تەڭ كېلىدىغانلىرىدىن 3 ھەسسىسىدىن 6 ھەسسىسىگىچە، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى

يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغانلىرىدىن 6 ھەسسىسىدىن 8 ھەسسىسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ.

قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن پەرزەنت سانىغا قاراپ ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ھەسسىلەپ ئېلىنىدۇ.

**44 - ماددا** قانۇنغا خىلاپ ھالدا كۆپ پەرزەنت كۆرگەن ياكى نىكاھسىز پەرزەنت كۆرگەن ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپنىڭ ئەمەلىي كىرىمى شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇ نىزامنىڭ 41 -، 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنغاندىن سىرت، ئېشىپ كەتكەن قىسمى ئۈچۈن بىر ھەسسىسىدىن ئىككى ھەسسىسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

**45 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى توشماي تۇرۇپ پەرزەنت كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى ۋە يېزا ئاھالىسىدىن شۇ ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ياكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئۆلچەم قىلىنىپ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى توشقىچە، ھەر ئايدا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ.

**46 - ماددا** قانۇنغا خىلاپ پەرزەنت كۆرگەنلەر-نىڭ نوپۇسى بىر ناھىيە (شەھەر) دە بولمىسا، ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان تەرەپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئالىدۇ، بۇ نىزامنىڭ 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتىن سىرت، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئۈستىلەپ ئالسا بولمايدۇ.

**47 - ماددا** ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتا، قانۇنغا خىلاپ ھالدا پەرزەنت كۆرگەنلەر تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى يازما قارار چىقىرىدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئالاقىدارلار تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كوچا باشقارمىسىنىڭ يازما قارار چىقىرىشىغا ھاۋالە قىلىسىمۇ بولىدۇ.

**48 - ماددا** ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققىنى ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئالسا ياكى ھاۋالە قىلىنغان ئورۇن، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋاكالىتەن ئېلىپ تاپشۇرسا بولىدۇ، بېكىتىلگەن بانكا ياكى يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ۋاكالىتەن ئېلىپ تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. ئالغۇچى ئورۇن ئالاقىدارلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى تالونىنى بېرىشى كېرەك. كونكرېت ئېلىش - تاپشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى بەلگىلەيدۇ.

**49 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ پەرزەنت كۆرگەنلەردىن بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتىن سىرت، ئۇلار يەنە تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك:

(1) دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇغۇت ھەققىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. 3 يىل ئىچىدە دەرىجىسىنى، ۋەزىپىسىنى ئۈستۈرۈشكە، ئىلغار سايلاشقا بولمايدۇ ھەم ئۆز ئورنى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛

(2) يېزا ئاھالىسى كوللېكتىپ پاراۋانلىقتىن 3 يىلغىچە بەھرىمەن بولسا بولمايدۇ؛

(3) «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، پەرزەنت كۆرگەنلەرگە پەرزەنت كۆرگەن ئايدىن باشلاپ بۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن ئېتىبار ۋە مۇكاپات توختىتىلىدۇ ھەم «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ۋە ئىلگىرى بەھرىمەن بولغان سالامەتلىك ئاسراش پۇلى ۋە مۇكاپات پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

**50 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ياكى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 6 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغان ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 10 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ كەسپكارلىق گۇۋاھنامىسىنى گۇۋاھنامە بەرگەن ئورگان بىكار قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) قانۇنسىز ھالدا باشقىلار ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇت

ئوپېراتسىيىسى قىلىش؛

(2) تېببىي زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ باشقىلارغا ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئېنىقلاپ بېرىش ياكى ھامىلىنى جىنس تاللاش مەقسىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىش؛

(3) قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئېرىشمەي تۇرۇپ پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىش؛

(4) ساختا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلىش، ساختا تېببىي ئىسپات، ساختا پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتى چىقىرىپ بېرىش.

**51 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى ياسىۋالغان، ئۆزگەرتكەن، ئېلىپ ساتقانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى مۇسادىرە قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 10 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغان ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 5000 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

نامۇۋاپىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتى ئالغانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى بىكار قىلىدۇ، ئىسپات چىقىرىپ بەرگەن ئورۇننىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇلىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**52 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىرىدىن قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىپ ياكى قۇتقۇزۇشنى، داۋالاشنى كېچىكتۈرۈپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرى ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**53 - ماددا** دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1) بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ھالدا پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ئەر - خوتۇنلارغا تۇغۇت مۇلازىمىتى گۇۋاھنامىسى بەرمەي ياكى قەستەن تەڭلىكتە قويۇپ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلار؛

(2) خىزمەت ھوقۇقىدىن ياكى خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسىنى قايرىپ قويۇپ ھامىلدار بولغۇچى، پەرزەنت كۆرگۈچىلەرگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنلەر ياكى ئۇلاردىن پارا سورىغان ۋە ئالغانلار؛

(3) پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتى، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققىنى قىسىپ قالغان، تۇتۇپ قالغان، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋالغان ياكى جەرىمانە قويغانلار؛

(4) نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتىنى يالغان مەلۇم قىلغان، يوشۇرغان، ئويدۇرۇپ چىقارغان، ئۆزگەرتىۋالغان ياكى مەلۇم قىلمىغانلار؛

(5) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى پاش قىلغان، شىكايەت قىلغان پۇقرالاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلار.

**54 - ماددا** يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىشانى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئورۇنلارنى 2 يىلغىچە ئىلغار ئورۇن، ئۈلگە ئورۇن، مەدەنىي ئورۇن قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ، ئىلغار (مەدەنىي) ئورۇن دەپ باھالانغانلارنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ؛ شۇ ئورۇننىڭ جاۋابكار مەسئۇلى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىل قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ ياكى 3 يىلغىچە ۋەزىپىسىنى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەيدۇ.

ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىمۇ بۇ نىزامدىكى مۇكاپاتلاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلەرنى ياكى پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشقا ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىدۇ؛ تۈزىتىشنى رەت قىلغانلارنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇلىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**55 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەم توسىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، توسقانلار؛

(2) پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ،

قۇترانغۇلۇق قىلىپ جېدەل چىقىرىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار؛

(3) پىلانلىق تۇغۇت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىمىنى ھاقارەتلىگەن، تۆھمەت قىلغان، ئۇرغان ياكى ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(4) تۇغۇت سەۋەبىدىن ئاياللارنى ئېغىر خورلىغان ياكى قىز بوۋاق، مېيىپ بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلەر؛

(5) پاش قىلغانلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(6) باشقىلارنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشىغا ئارىلىشىۋالغان، توسقۇنلۇق قىلغانلار؛

(7) پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغانلارنى يوشۇرغان، قانات ئاستىغا ئالغانلار.

**56 ـ ماددا** يۇقىرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىمىزگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزدى، دەپ قارىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## باب VII

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**57 ـ ماددا** ئاقما نوپۇسنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**58 ـ ماددا** بۇ نىزام 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى).

**1 ـ ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش پائالىيىتىدە مۇشۇ چارىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

**3 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى شۇ تارماقنىڭ ئالاقىدار ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇغراپىيىلىك بوشلۇق ئۇچۇرى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلاردىن چەت ئەل تەشكىلاتلىرى ياكى چەت ئەللىك شەخسلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە شېرىكلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆلچەش ـ سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت.

**6 ـ ماددا** قۇرۇلۇش، شەھەر پىلانلاش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېھتىياجى بىلەن، رايون بار شەھەر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردە شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىدا نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا توغرا كەلسە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا يازما ئىلتىماس قىلىدۇ، ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ؛ باشقا ئېھتىياج بىلەن نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئىلتىماس قىلىدۇ، ئۇنى ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) نىڭ

ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئون ئىش كۈنى ئىچىدە تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىق قارارى چىقىرىشى كېرەك؛ ئون ئىش كۈنى ئىچىدە قارار چىقىرالمىسا، شۇ تارماق مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن بەش ئىش كۈنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**7 ـ ماددا** نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇنلار تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك:

(1) نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا دائىر دەلىللەش دوكلاتى؛

(2) نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا دائىر تېخنىكا لايىھىسى؛

(3) نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسى بەرپا قىلىش بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن كوئوردېنات سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى.

**8 ـ ماددا** بىر شەھەردە ياكى قىسمەن رايوندا نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسىدىن بىرنىلا بەرپا قىلىشقا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ياكى قىسمەن رايوندا تەكشىلىك كونترول تورىنى ئۆزگەرتىش ياكى كېڭەيتىشكە توغرا كەلسە، تەستىقلانغان نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسىنىڭ پارامېتىرىنى قوللىنىش كېرەك؛ تەستىقلانغان نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردېنات سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى تەستىق تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش- سىزىش يىرىك پىلانىنى قانۇن بويىچە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ ھەم گوۋۇيۈەننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش- سىزىش مەسئۇل تارمىقى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، دۆلەت ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش يىرىك پىلانى ۋە شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ ھەم بىر دەرىجە يۇقىرى ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**11 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش يىللىق پىلانىنى تۈزىدۇ ھەم گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات ـ ئىسلاھات تارمىقى ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى شۇ دەرىجىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى بىلەن بىرلىكتە، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش- سىزىش يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش يىللىق پىلانىنى تۈزىدۇ ھەم بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش- سىزىشنى مەقسەت قىلغان، مالىيە مەبلىغى ئىشلىتىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھ تېلېتخنىكىلىق ماتېرىيال سېتىۋېلىش پىلانى ۋە ئاۋىئا سۈرەتكە ئېلىش پىلانىنى تۈزىدۇ ھەم يولغا قويىدۇ.

**13 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش خىراجىتى ۋە ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئاسراش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەسئۇل تارمىقى تۆۋەندىكى ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ:

(1) 1:10000 ۋە 1:5000 ئاساسىي ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆل ئۆلچەش ـ سىزىش مەقسىتىدە ئاۋىئا سۈرەتكە ئېلىش؛

(2) دۆلەتنىڭ 4 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەكشىلىك كونترول تورى، ئېگىزلىك كونتول تورى ۋە بوشلۇقتا ئورۇن بەلگىلەش تورىنى بەرپا قىلىش ۋە قايتا ئۆلچەش؛

(3) 1:10000 ۋە 1:5000 ئاساسىي ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى، سۈرەتلىك خەرىتە ۋە سىپىرلاشقان مەھسۇلاتلارنى ئۆلچەش، شۇنىڭدەك مۇناسىپ ئۆل جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش ۋە يېڭىلاش؛

(4) ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆل جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر

سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە يېڭىلاش؛

(5) ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايون خەرىتىسىنى تۈزۈش؛

(6) گوۋۇيۈەننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن باشقا ئۆلچەش - سىزىش تۈرلىرى.

**15 - ماددا** ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تۆۋەندىكى ئۇل ئۆلچەش - سىزىش خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛

(1) شەھەر ئۇل كونترول تورىنى بەرپا قىلىش ۋە قايتا ئۆلچەش؛

(2) شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ 1:2000، 1:1000 ۋە 1:500 ئاساسىي ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى، سۈرەتلىك خەرىتە ۋە سپىرلاشقان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەش، شۇنىڭدەك مۇناسىپ ئۇل جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش ۋە يېڭىلاش؛

(3) شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۇل جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە يېڭىلاش؛

(4) شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ خەرىتىسىنى تۈزۈش؛

(5) ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن باشقا ئۆلچەش - سىزىش تۈرلىرى.

**16 - ماددا** ئاساسلىق ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى قەرەللىك ھالدا يېڭىلاش كېرەك. دۆلەتنىڭ 4- دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەكشىلىك كونترول تورى، ئېگىزلىك كونترول تورى، بوشلۇقتا ئورۇن بەلگىلەش تورى ۋە شەھەر ئاساسلىق كونترول تورى، ئۇل ئۆلچەش - سىزىش ئاساسىي ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى قاتارلىقلارنى يېڭىلاش، قايتا ئۆلچەش مۇددىتى 5 — 15 يىل بولىدۇ. ئاساسلىق جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر نەق ماتېرىيالى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات نۇقتىلىق رايوننىڭ ئاساسلىق ئۆلچەش - سىزىش ماتېرىيالىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ۋاقتىدا يېڭىلاش كېرەك.

**17 - ماددا** گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش، ئاۋىئا سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش، مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى ئۆلچەش - سىزىش، يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش - سىزىش، يەر شەكلىنى ئۆلچەش، ئۆي - زېمىن ئۆلچەش - سىزىش، قۇرۇلۇش ئۆلچەش، خەرىتە تۈزۈش ۋە بېسىش، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى قىلىش، سۇ ئاستى يەر شەكلىنى ئۆلچەش قاتارلىق ئۆلچەش - سىزىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار مۇناسىپ دەرىجىدىكى ئۆلچەش سىزىش ساپانامىسىنى قانۇن بويىچە ئېلىشى شەرت. ئۆلچەش- سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە مۇناسىپ كەسپكارلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى كېرەك.

**18 - ماددا** ئۆلچەش - سىزىش ساپاسى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە A، B، C، D دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. A دەرىجىلىك ئۆلچەش - سىزىش ساپاسىنى قانۇن بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ. B، C، D دەرىجىلىك ئۆلچەش - سىزىش ساپاسىنى ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ. ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش ساپاسى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆلچەش- سىزىش ساپاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**19 - ماددا** ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرىدىن نامىنى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلىنى ۋە ئادرېسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ئۆلچەش- سىزىش ساپانامىسىنى ئۆزگەرتىشى؛ قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىرى ۋە ئايرىلىپ چىقىدىغانلىرى ئۆلچەش - سىزىش ساپانامىسىنى قايتا ئېلىشى؛ ئۆلچەش - سىزىش كەسپىنى توختىتىدىغانلىرى گۇۋاھنامە بەرگەن ئورگانغا بېرىپ، ئۆلچەش - سىزىش ساپانامىسىنى رويخەتتىن ئۇچۇرغۇزۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆلچەش سىزىش ساپانامىسىنى ئۆزگەرتىشىگە، ھايىنغا سېتىشىغا، ئىجارە بېرىشىگە ۋە ئارىيەت بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**20 - ماددا** سوممىسى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئۆلچەش - سىزىش تۈرلىرىنىڭ كاسىنچىسىنى قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بېكىتىش كېرەك؛ دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش تۈرلىرىگە A ۋە B دەرىجىلىك ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرىنى تاللاش كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە مەخپىيەتلىك قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن خېرىدار چاقىرغىلى بولمايدىغان ئۆلچەش - سىزىش تۈرلىرىدە خېرىدار چاقىرىلمىسىمۇ بولىدۇ.

**21 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئۆلچەش- سىزىش نەتىجىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىشى كېرەك. مۇۋاپىق ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىسىدىن تولۇق

پايدىلىنىشى، تەكرار ئۆلچەش - سىزىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

**22 - ماددا** ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرى ئۆلچەش - سىزىش تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تېخنىكا ۋە سۈپەت كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۆلچەش-سىزىش ئورۇنلىرى ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى، سۈپىتى لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىشى كېرەك.

**23 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى تاپشۇرۇش ۋە مۇندەرىجىسىنى تۈزۈشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ۋە مۇندەرىجىسىنى يىل بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يوللىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرى مۇندەرىجىسىنى تۈزۈشى ھەم جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك.

**24 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دۆلەت تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىدىن باشقا مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرۈشى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئارمىيىنىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەسئۇل تارمىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ، جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك.

**25 - مادا** ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى ساقلىغۇچى ئورۇنلار ۋە ئىگىدارلار ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى قانۇن بويىچە جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى ھەم ئىشلىتىشكە بېرىشى؛ نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆلچەش - سىزىش پائالىيىتى بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللانغۇچى ئورۇننىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشى كېرەك.

**26 - ماددا** ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى خالىغانچە كۆپەيتىۋېلىشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ياكى ئارىيەت بېرىشكە بولمايدۇ. كۆپەيتىشكە، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ياكى ئارىيە بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى ساقلىغۇچى ئورۇننىڭ ياكى ئىگىدارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك؛ مەخپىي ساقلىنىدىغان ئۆلچەش - سىزىش نەتىجىلىرىنى كۆپەيتىشنى ئەسلى مەخپىيەتلىك دەرىجىسى بويىچە باشقۇرۇش كېرەك.

**27 - ماددا** تۈزۈلگەن، بېسىلغان، نەشر قىلىنغان، كۆرسىتىلگەن، چىقىرىلغان خەرىتىلەرگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت چېگرىسى، جۇڭگونىڭ تارىخىي چېگرىسى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسى شۇنىڭدەك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر)، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ ئېلان قىلغان ئۆلچەملىك سىزىش ئۇسۇلى بويىچە ئىپادىلەش كېرەك. خەرىتىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا (بازار) مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلغان ئۆلچەملىك سىزىش ئۇسۇلى بويىچە ئىپادىلەش كېرەك.

**28 - ماددا** نەشر قىلىنمىغان ھەرخىل خەرىتىلەر ياكى سېخېملىق خەرىتىلەرنى تۈزىدىغان، باسىدىغان، نەشر قىلىدىغان، كۆرسىتىدىغان، شۇنىڭدەك خەرىتە چۈشۈرۈلگەن بۇيۇم ۋە تەشۋىقات بۇيۇمىنى ئىشلەيدىغانلار دۆلەتنىڭ خەرىتە مەزمۇنىنى ئىپادىلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى، چالا ۋە خاتا سىزىپ قويماسلىقى كېرەك.

دۆلەت چېگرىسى ۋە مەمۇرىي رايون چېگرىسى سىزىلغان خەرىتىنى تۈزىدىغان، باسىدىغان، نەشر قىلىدىغان، كۆرسىتىدىغان شۇنىڭدەك خەرىتە چۈشۈرۈلگەن بۇيۇم ۋە تەشۋىقات بۇيۇمىنى ئىشلەيدىغانلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا نۇسخىسىنى ئالدىن تەكشۈرتۈشى كېرەك.

**29 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئاسراشنى كۈچەيتىشى لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى ئۆلچەش بەلگىلىرىنى تەكشۈرۈش، ئاسراش قاتارلىق باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

**30 - ماددا** مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئورناتقۇچى ئورۇنلار مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىگە روشەن

بەلگە قويۇشى، مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنىڭ خاتىرىسى، ئورۇن ئىزاھاتى، بەلگە تاشنىڭ كەسمە يۈزى خەرىتىسى قاتارلىق مەزمۇنلىرىنى بەلگە بار جايدىكى ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا يازما ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

**31 - ماددا** قۇرۇلۇش قىلغاندا مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىدىن داجىپ ئۆتۈش كېرەك؛ داجىپ ئۆتۈشكە بولمىغانلىقتىن مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە ياكى مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىسىنىڭ رولى قالمىسا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قانۇن بويىچە تەستىقلىتىشى ھەم تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك:

(1) ئۆلچەش بەلگىلىرىنى كۆچۈرۈش يازما ئىلتىماسى؛

(2) قۇرۇلۇشنىڭ تەستىق ھۆججىتى؛

(3) قۇرۇلۇشنىڭ ئورنىنى تاللاش پىكىرنامىسى.

**32 - ماددا** دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىدىن ھەقلىق پايدىلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرى ياكى شەخسلەر ئۆلچەش بەلگىلىرىدىن پايدىلىنىشتىن ئىلگىرى، شۇ بەلگە بار جايدىكى ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىغا ئۆلچەش بەلگىسىدىن پايدىلىنىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك، ھەق ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

**33 - ماددا** مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكار خادىملارغا ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ:

(1) تەستىقلانغان نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ پارامېترىنى قوللانماي، نىسپىي مۇستەقىل تەكشىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەرپا قىلغان ياكى ئۆزگەرتكەن، كېڭەيتكەنلەر؛

(2) ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە دۆلەت تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن باشقا مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېلان قىلغانلار.

**34 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 19 - ماددىسىنىڭ 2- تارمىقىدىكى ئۆلچەش - سىزىش ساپانامىسىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ۋە ئۆلچەش، سىزىش نەتىجىسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، پۈتتۈشكەن ئۆلچەش - سىزىش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ ھەم ئىش توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇسا ياكى ساپا دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتسە بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش ساپانامىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ.

**35 - ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 28 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ نەشر قىلىنمىغان، خەرىتە چۈشۈرۈلگەن بۇيۇم ۋە تەشۋىقات بۇيۇمىنى تۈزۈش، بېسىش، نەشر قىلىش، چىقىرىش، كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى، نۇسخىسىنى ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلارغا 300 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ نەشر قىلىنمىغان، خەرىتە چۈشۈرۈلگەن بۇيۇم ۋە تەشۋىقات بۇيۇمىنى تەكشۈرتمەي تۈرۈپ تۈزۈش، نەشر قىلىش، بېسىش، چىقىرىش، كۆرسىتىشتە، چالا ۋە خاتا سىزىپ قويغانلارنىڭ بارلىق خەرىتە مەھسۇلاتى، تەشۋىقات بۇيۇمى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىمۇ مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

**36 - ماددا** مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**37 - ماددا** ئۆلچەش - سىزىش مەسئۇل تارمىقىنىڭ خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن بولسا، بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

**38 - ماددا** بۇ چارە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ؛ 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش باشقۇرۇش نىزامى» بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

**(1991 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى» (تۆۋەندە «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» دېيىلىدۇ) نى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر پىلانلاش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى بويىچە تەسىس قىلىنغان شەھەر، بازارلارغا تەتبىقلىنىدۇ. شەھەر يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا، شەھەر پىلانلاش رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىشتا، شەھەر پىلانلاش قانۇنىغا ۋە بۇ چارىگە ئەمەل قىلىش شەرت.

**3 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر پىلانلاش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى شەھەر پىلانلاش قانۇنىغا ۋە بۇ چارىگە ئاساسەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**4 - ماددا** شەھەر يىرىك پىلانى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولۇشى، قىسقا مەزگىللىك قۇرۇلۇش بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىرتەرەپ قىلىنىشى شەرت.

شەھەر پىلانلاش، تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا، ۋەتەننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مۇۋاپىق، تېجەشلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراشقا ۋە ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، بۇلغىنىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، شەھەر قىياپىتى ۋە تازىلىقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسىنى ئاسراش، ئەنئەنىۋى قىياپەت، مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

**5 - ماددا** شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى دۆلەت زېمىنى پىلانى، رايونلار پىلانى، دەريا ۋادىسى پىلانى، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

شەھەر پىلانلاش رايونى شەھەر رايونى، يېقىن شەھەر ئەتراپى رايونى ۋە شەھەرنىڭ مەمۇرىي رايونىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى مۇناسىۋىتى بىلەن پىلانلاپ كونترول قىلىنىدىغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

**6 - ماددا** پىلان تارماقلىرى تەستىقلانغان شەھەر يىرىك پىلانىدا بېكىتىلگەن شەھەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سېلىش پىلانى ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

مالىيە تارماقلىرى ۋە كەسپىي مەسئۇل تارماقلار شەھەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان خىراجەتنىڭ شەھەرنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن، يىللىق خام چوتقا كىرگۈزۈشى كېرەك.

شەھەر ئاسراش خىراجىتىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋالماي، شەھەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇشقا ئىشلىتىش شەرت.

**7 - ماددا** شەھەر پىلانلاش قانۇنى ۋە بۇ چارىنى ئىجرا قىلىشتا ۋە شەھەر پىلانلاش ئىلمىي تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

شەھەر يىرىك پىلانىغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسۇغان، پاش قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قوغدايدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي

مەسئۇل تارمىقى بولۇشى كېرەك. شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ۋەزىپىسىگە لايىق سەپلەش كېرەك.

بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ بازار پىلانلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىدۇ.

**9 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پىلانلاشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش؛

(2) شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا دائىر كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەش، شەھەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش؛

(3) دۆلەت زېمىنى ۋە رايونلارنى پىلانلاشقا، چوڭ ۋە ئوتتۇرا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورنىنى تاللاشقا، مۇمكىنلىك تەتقىقاتىغا قاتنىشىش؛

(4) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەرنى پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش تۈرىگە «ئورۇن تاللاش پىكرى»، «قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى» ۋە «قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىش؛

(5) شەھەرنى پىلانلاش ـ لايىھەلەش، شەھەر، چارلاش ـ ئۆلچەش ئورۇنلىرىنىڭ كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش ۋە شەھەر چارلاش ـ ئۆلچەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش؛

(6) شەھەر يېرىك پىلانىنى باشقۇرۇش ئىشىغا خىلاپ قىلمىشلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛

(7) شەھەر پىلانلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، شەھەر پىلانلاش تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش؛

(8) شەھەر يېرىك پىلانى ئارخىپ تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، شەھەر يېرىك پىلانى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى يىغىش؛

(9) خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان شەھەر يېرىك پىلانىنى باشقۇرۇشقا ئائىت باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەش؛

## III باب

## شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈش

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، بازار سىستېمىسى يېرىك پىلانىنى تۈزۈش ئىشىنى تەشكىللەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، بازار سىستېمىسى يېرىك پىلانىدا ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەر ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلىنىدىغان شەھەرلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، ئورنى، رولى ۋە تەرەققىيات كۆلىمىنى ئېنىق بېكىتىشى لازىم.

**11 ـ ماددا** شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈش ئىشىنى تەشكىللەيدۇ؛ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارنىڭ شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈشنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەيدۇ؛ باشقا شتاتلىق بازارلارنىڭ شەھەر يېرىك پىلانىنى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە تۈزىدۇ.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارنىڭ ۋە باشقا شتاتلىق بازارنىڭ شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈشتە، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تولۇق كېڭىشىش ھەمدە بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

بىڭتۈەننىڭ دىۋىزىيە، ئىداردىن يۇقىرى ئورگانلىرى، چوڭ كارخانىلىرى ۋە مۇھىم ھەربىي ئەسلىھەلىرى جايلاشقان شەھەر، بازارلارنىڭ يېرىك پىلانىنى تۈزۈشتە يۇقىرىقى ئورگان ۋە ئورۇنلارنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش لازىم. يۇقىرىقى ئورگان ۋە ئورۇنلار شەھەر يېرىك پىلانىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** شەھەر يېرىك پىلانىنى تۈزۈشتە، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ماتېرىياللىرىنى شۇنىڭدەك شۇ شەھەر ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، تەبىئىي مۇھىتى، بايلىق شارائىتى، تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا دائىر ئاساس ماتېرىياللارنى ھازىرلاش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا پىلان تۈزۈشكە كېرەكلىك ئاساس ماتېرىياللارنى بېرىش لازىم.

**13 ـ ماددا** شەھەر يېرىك پىلانى ئومۇمەن ئومۇمىي پىلان ۋە تەپسىلىي يېرىك پىلان دېگەن ئىككى باسقۇچ بويىچە تۈزۈلىدۇ. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ئومۇمىي يېرىك پىلان ئاساسىدا رايونلار يېرىك پىلانىنى تۈزسە بولىدۇ.

شەھەر ئومۇمىي پىلانى شەھەرنىڭ خاراكتېرى، تەرەققىيات نىشانى ۋە كۆلىمى، شەھەردىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە نورما كۆرسەتكۈچى، شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، فۇنكسىيىلىك رايونغا ئايرىش، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال قاتناش سىستېمىسى، دەريا ـ كۆل ۋە يېشىللىق سىستېمىسى،

تۈرلۈك كەسپىي پىلانلار ۋە قىسقا مۇددەتلىك قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانى شەھەرنىڭ ياكى ناھىيىنىڭ مەمۇرىي رايونىدىكى شەھەر، بازارلار (سىستېمىسى) پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەرنىڭ تەپسىلىي يېرىك پىلانى پىلانلانغان يەرگە چۈشىدىغان قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ كونكرېت دائىرىسى، قۇرۇلۇشنىڭ زىچلىقى، ئېگىزلىكى قاتارلىق كونترول قىلىنىدىغان كۆرسەتكۈچلەر، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي تەكشىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش تۇرۇبا يوللىرىنىڭ پىلانى ۋە لىنىيىلىك يېرىك پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر پىلانىنى تۈزۈشنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىرتۇتاش بېكىتىدۇ.

**14 - ماددا** شەھەر يېرىك پىلانى دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ.

(1) شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلاش؛

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. باشقا شەھەرلەر ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ياكى ۋىلايەتلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن ھوقۇق بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەرگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ.

باشقا شتاتلىق بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاشتىن ئىلگىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاشتىن ئىلگىرى، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت.

(2) شەھەر خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئايرىم تۈزۈلىدىغان پىلانىنى تۈزۈشتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭكىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ماقۇللىغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يۇقىرىغا تەستىقلىتىش؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا 1 -، 2 - خىلدىكى نۇقتىلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە شەھەرلىرىنىڭكىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ھەمدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، يۇقىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇش؛ 3 - خىلدىكى نۇقتىلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە شەھەرلىرىنىڭكىنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

(3) دۆلەت دەرىجىلىك مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنى قوغداشنىڭ ئايرىم تۈزۈلىدىغان پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يۇقىرىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنى قوغداش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(4) ئايرىم تۈزۈلىدىغان باشقا كەسپىي پىلانلار شۇ جايدىكى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلىك ياكى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلىدۇ.

(5) شەھەرنىڭ رايونلار يېرىك پىلانىنى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرگەندىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلىدۇ.

(6) شەھەرنىڭ تەپسىلىي يېرىك پىلانىنى شەھەر ياكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ رايونلار يېرىك پىلانىنى تۈزىدىغان شەھەرنىڭ تەپسىلىي پىلانلىرىدىن مۇھىملىرىنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ، قالغانلىرىنى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەستىقلايدۇ.

**15 - ماددا** تەستىقلانغان شەھەر پىلانى قانۇن كۈچىگە ئىگە. شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن،

شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى قىسمەن تەڭشەپ، تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋە ئەسلى تەستىقلىغان ئورگانغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ شەھەرنىڭ خاراكتېرى، كۆلىمى، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ئومۇمىي جايلاشتۇرۇلۇشىنى چوڭراق ئۆزگەرتىشنى زۆرۈر تاپسا، تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەسلى تەستىقلىغان ئورگانغا تەستىقلىتىش شەرت.

## IV باب

## شەھەر رايونى ئېچىش ۋە كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش

**16 - ماددا** يېڭى شەھەر رايونى ئېچىش ۋە كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشتە بىرتۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېچىش، يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرت.

**17 - ماددا** يېڭى شەھەر رايونىنىڭ ئورنىنى تاللاشتا ئىمكانقەدەر ھازىرقى شەھەر رايونىدىن ۋە ھازىرقى شەھەر ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تېخنىكا، ئىقتىساد جەھەتتىن تولۇق دەلىللەپ، ئېچىشنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**18 - ماددا** كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشتە ئاسراشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، جايلاشتۇرۇشنى تەڭشەش، پەيدىنپەي ياخشىلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، مۇددەتكە بۆلۈپ يولغا قويۇش كېرەك.

كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنى كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سانائەت كارخانىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەر ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى ئۇل ئەسلىھە ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرىنى، شەھەر مۇھىتى ۋە شەھەر مەنزىرىسىنى ياخشىلاپ، شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

كوناشەھەر رايونىنى، بولۇپمۇ مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشتە، ئەنئەنىۋى قىياپەت، مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**19 - ماددا** يېڭىشەھەر رايونىنى ئېچىش ۋە كوناشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنى تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورنىنى تاللاشتا، ئىشەنچلىك سۇ مەنبەسى، ئېنېرگىيە مەنبەسى، قاتناش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇش شارائىتلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە قېزىش قىممىتى بولغان يەر ئاستى بايلىقى، يەر ئاستىدا ئاسار ئەتىقە بار جايلاردىن قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، ھىدروگېئولوگىيە شارائىتى قولايسىز جايلاردىن چەتنەپ ئۆتۈش كېرەك. سۇ مەنبەسى قىس رايونلاردا كۆلىمىگە ۋە سۇ كۆپ كېتىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا چەك قويۇش كېرەك؛

(2) تۇرالغۇ شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش، تۇرالغۇ رايون بىلەن چېگرىداش جايلاردىكى يەردىن پايدىلىنىشتا، تۇرالغۇ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى، تازىلىقى ۋە تىنچلىقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك كېرەك؛

(3) سانائەت تۈرلىرىنى كەسپلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. زەھەرلىك، زىيانلىق تاشلاندۇق پەيدا قىلىدىغان سانائەت ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى شەھەر رايونىغا شامال كېلىدىغان ئاساسلىق جايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، قوغدىلىدىغان سۇ مەنبەسى رايونىغا شۇنىڭدەك، ئاسار ئەتىقىلەر ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛

(4) كوناشەھەر رايونىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىشنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش ۋە قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك؛

(5) شەھەر يوللىرىنى تاللاش ۋە يول تورى ھاسىل قىلىشتا، شەھەر سىرتىدىكى قاتناش ئەسلىھەلىرىگە ئۇلاشتۇرۇش ھەم ماسلاشتۇرۇش كېرەك؛

(6) تۆمۈريول گۇرۇپپىلاش پونكىتى، يۈك توشۇش غول لىنىيىسى، شەھەردىن ئۆتىدىغان تاشيول، ئايرودروم ۋە مۇھىم ھەربىي ئەسلىھە قاتارلىقلارنى شەھەر رايونىدىن چەتلىتىش كېرەك؛

(7) ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ۋە ئۆتكۈر زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى ساقلايدىغان زاۋۇت، ئىسكىلاتلار، مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى شەھەر رايونىدىن چەتلىتىش كېرەك.

(8) رادىئو ئاكتىپ زىيانلىق ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەسلىھەلەرنى ياساشتا، مۇھاپىزەت قۇرۇلۇشى سېلىش، تاشلاندۇقلارنى بىرتەرەپ قىلىش تەدبىرى تۈزۈش، بۇنداق

شەھەر رايونىدىن چەتلىتىش شەرت؛

(9) شەھەر خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ۋە قۇرۇشنى شەھەر پىلانلاش - قۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، شەھەرنىڭ يەر ئاستى بوشلۇقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش شەرت؛

(10) كوناشەھەر رايونىدىكى خۇسۇسىي ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆزگەرتىپ ياكى كېڭەيتىشتە، ئەسلى ئۆي ئورنىنى خالىغانچە كېڭەيتمەسلىك، قاتناش بىخەتەرلىكىگە ۋە ئوت ئۆچۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

## V باب

## شەھەر يېرىك پىلانىنى يولغا قويۇش

**20 - ماددا** شەھەر يېرىك پىلانى تەستىقلانغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېلان قىلىپ ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

**21 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس شەھەر يېرىك پىلانى رايونىدىكى يەردىن پايدىلانغاندا ۋە بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلغاندا شەھەر يېرىك پىلانى بويىچە ئىش قىلىشى، پىلان باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشى شەرت.

**22 - ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن شەھەر پىلانلاش رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىشتا، لايىھەلەش ۋەزىپىسىنى تەستىقلىتىشتىن بۇرۇن، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىق ھۆججىتىنى ئېلىپ، شۇ جايدىكى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قۇرۇلۇش ئورنىنى تاللاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قۇرۇلۇش ئورنىنى يەر، سۇ، مۇھىت، يەر تەۋرەش، گېئو قېزىلما تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تاللىشى كېرەك.

**24 - ماددا** شەھەر پىلانلاش رايونىدىكى قۇرۇلۇشلارغا يەر ئىشلىتىش تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ:

(1) يەر ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخس پىلان تارمىقى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى تەستىقلىغان ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېلىپ، شۇ جايدىكى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قۇرۇلۇش ئورنىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ؛

(2) شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ خاراكتېرى، كۆلىمى قاتارلىقلارغا قاراپ، ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ ئورنى ۋە پاسىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ بېرىدۇ ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىن ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ ئورنى ۋە پاسىلى ھەققىدە پىكىر ئالىدۇ؛

(3) شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا پىلانلاش - لايىھەلەش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ؛

(4) يەر ئىشلەتكۈچى ئورۇن تەمىنلىگەن پىلانلاش - لايىھەلەش ئومۇمىي خەرىتىسى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى بېرىلىدۇ؛

(5) يەر ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخس قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا يەر ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**25 - ماددا** قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ كونكرېت پاسىلى كۆرسىتىلگەن قوشۇمچە خەرىتىنى ۋە كونكرېت پىلانلاش تەلىپى ئېنىق يېزىلغان قوشۇمچە ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. قوشۇمچە خەرىتە بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنىڭ يانداشما ئىسپاتلىرى بولۇپ، ئىجازەتنامىگە ئوخشاش كۈچكە ئىگە. قوشۇمچە خەرىتە بىلەن قوشۇمچە ھۆججەتنى ئىجازەتنامە بەرگەن ئورۇن تەييارلايدۇ.

**26 - ماددا** قۇرۇلۇش ئورنىنى تاللاش پىكىرنامىسى ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنى دەرىجە بويىچە تەستىقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. دەرىجە بويىچە كونكرېت تەستىقلاش چارىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزىدۇ.

**27 - ماددا** شەھەر پىلانلاش رايونىدا ئىمارەت، قۇرۇلۇش، يول، تۇرۇبا يولى ۋە باشقا قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىشتا، مۇناسىۋەتلىك تەستىق ھۆججىتىنى ئېلىپ، شۇ جايدىكى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس سۇنۇشى شەرت. شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەپسىلىي پىلاندىكى لايىھەلەش تەلىپىگە

ئاساسەن، قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى بېرىدۇ. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ۋە باشقا تەستىق ھۆججەتلەرنى ئالغان ھەم بەلگىلىمە بويىچە قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈش ماتېرىيالى كاپالەت سوممىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئىش باشلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**28 ـ ماددا** ئىجازەتنامە بەرگۈچى ئورۇن قۇۇرلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىگە قوشۇمچە قىلىنىدىغان خەرىتە ۋە ھۆججەتنى ئىمارەت، قۇرۇلما، يول، تۇرۇبا يولى قاتارلىقلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بويىچە تەييارلايدۇ. قوشۇمچە خەرىتە بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنىڭ ئاياندىشما ئىسپاتلىرى بولۇپ، ئىجازەتنامىگە ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**29 ـ ماددا** دۆلەتنىڭ شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش تەييارلىغان ئورۇن تاللاش پىكىرنامىسى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ۋە قۇرۇلۇش پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ. ئۇنى جايلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**30 ـ ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ۋاقىتلىق يەر ئىشلەتمەكچى بولغاندا، شۇ جايدىكى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ۋاقىتلىق ئىشلىتىلىدىغان يەرنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن، يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا ۋاقىتلىق يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**31 ـ ماددا** ۋاقىتلىق ئىشلىتىلىسىغان يەرنى ئىشلىتىش مۇددىتى توشقاندا، بارلىق ۋاقىتلىق ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى ھەقسىز چېقىۋېتىش شەرت.

**32 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋاقىتلىق قۇرۇلۇش قىلدۇرماقچى بولسا، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ۋاقىتلىق قۇرۇلۇش قىلىش يېرىك پىلانى ئىجازەتنامىسى ئالغاندىن كېيىن ئىش باشلىسا بولىدۇ.

**33 ـ ماددا** شەھەر پىلانلانغان رايوندا شېغىل، توپا ئېلىشتا قانۇن، مەمۇرىي نىزامدا بەلگىلەنگەن تەستىقلىغۇچى ئورگانغا تەستىقلىتىش شەرت. شەھەر مۇھىتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، شەھەر يېرىك پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**34 ـ ماددا** لايىھىلىگۈچى ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ قانۇنلۇق تەستىقلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى لايىھىلىشىگە ۋە سېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**35 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شەھەر پىلانلاش رايونىدىن قۇرۇلۇشلارنىڭ پىلاندىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. تەكشۈرۈلگۈچى ئەھۋالنى ۋە زۆرۈر ماتېرىياللارنى ئەينەن يەتكۈزۈشى كېرەك. تەكشۈرگۈچىدە تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ تېخنىكا مەخپىيىتىنى ۋە كەسپىي مەخپىيىتىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار.

**36 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شەھەر پىلانلاش رايونىدىكى مۇھىم قۇرۇلۇشلار پۈتكەندە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قاتناشسا بولىدۇ. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن شەھەر پىلانلاش رايونىدىكى قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئالتە ئاي ئىچىدە، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا يوللىشى كېرەك.

**37 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشلىتىلىدىغان يەرنى شەھەرنىڭ يېرىك پىلانى بويىچە تەڭشەش توغرىسىدىكى قارارىغا بويسۇنۇشى شەرت.

**38 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشقا يەر ئېلىپ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرمەي، ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى لازىم.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**39 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش رايونىدا قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ياكى ۋاقىتلىق يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىنى ئالماي تۇرۇپ يەر ئىشلەتكەنلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى يەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ياكى ۋاقىتلىق يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاش ئىجازەتنامىسىدە تەستىقلانغان يەرنىڭ ئورنى، دائىرىسى ۋە ئىشلىتىلىش خاراكتېرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتكەنلەرنى يەردىن قانۇنغا خىلاپ ھالدا پايدىلىنىش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا

بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق.

**40 ـ ماددا** قۇرۇلۇش پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ياكى ۋاقىتلىق قۇرۇلۇش پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ئالماي تۇرۇپ ياكى قۇرۇلۇش پىلانلاش ئىجازەتنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەھەر پىلانلاش رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىپ، شەھەر پىلانلاشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قۇرۇلۇشنى توختىتىشقا، سۈرۈك ئىچىدە چېقىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى قانۇنغا خىلاپ ھالدا سېلىنغان ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ. شەھەر پىلانلاشقا تەسىر يەتكۈزگەن بولسىمۇ، تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىشقا بولىدىغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم قىلمىشىغا قاراپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا سېلىنغان قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش سوممىسىنىڭ 2 ـ 5 پىرسەنتى بويىچە جەرىمانە قويىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇندىكى ئالاقىدار جاۋابكارلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرسە بولىدۇ.

**41 ـ ماددا** ۋاقىتلىق ئىشلىتىلىدىغان ئورۇندىكى ئىمارەت سۈرۈك ئىچىدە چېقىۋېتىلمىسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە چاقتۇرىدۇ ياكى قانۇنغا خىلاپ ئىمارەتنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ھەم ئەھۋالغا قاراپ ئالاقىدار جاۋابكارغا جەرىمانە قويىدۇ.

**42 ـ ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شەھەر پىلانلاش قانۇنغا ۋە بۇ چارىگە ئاساسەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارغا كاشىلا قىلغان، توسقۇنلۇق قىلغان ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلىگەن، ئۇرغانلارنى ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىغا ئاساسەن جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**43 ـ ماددا** قانۇنلۇق تەستىقلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن قۇرۇلۇشنى لايىھىلىگەن ۋە سالغان ئورۇنلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قىلمىشىغا قاراپ جەرىمانە قويىدۇ ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ئالاقىدار جاۋابكارلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرسە بولىدۇ.

**44 ـ ماددا** ئالاقىدارلاردىن مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى جازا ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە جازا قارارى چىقارغان ئورگاننىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگىنىغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قايتا قاراپ چىقىش قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە دەۋا قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدارلار جازا ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئالاقىدارلار سۈرۈك ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگىمۇ دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**45 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى خادىملىرىدىن خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پىرىنسىپ

**46 ـ ماددا** شەھەر پىلانلاش رايونى سىرتىدىكى شتاتلىق بازار تەسىس قىلىنمىغان زاۋۇت، كان رايونلىرى، پورتلار، بىڭتۇەننىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھەللىلىرى شەھەر پىلانلاش قانۇنى ۋە بۇ چارىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىدۇ.

**47 ـ ماددا** بۇ چارىنىڭ 5 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا بەلگىلەنگەن شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئېھتىياجى بىلەن كونترول قىلىنىدىغان رايونلارنىڭ يېرىك پىلان باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىشلەش كېرەك.

**48 ـ ماددا** بۇ چارىنى كونكرېت تەتبىقلاشتىكى مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

**49 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).

**1 - ماددا** بۇ چارە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىنى يېزا ئىگىلىكىدە كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشنى تېزلىتىپ، ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك بولغان يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى» غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقتا قوللىنىلىدىغان پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىنى، جۈملىدىن سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، ئوغۇت ئىشلىتىش، كېسەللىك، ھاشارات ۋە چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، ئۆستۈرۈش ۋە بېقىش تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئوت-چۆپ، يەم - خەشەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆز پېتى ساقلاش ۋە توشۇش - ساقلاش تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى، ئوتلاق، تۇپراقنى ياخشىلاش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش - بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ۋە سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش، يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى ئاسراش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى ۋە ھاۋارايى ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش تېخنىكىسى، ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش تېخنىكىسى ۋە يېزا ئىگىلىككە دائىر ئىگىلىك باشقۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ چارىدە ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەسلىھەتچىلىك قىلىش قاتارلىق، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى پۈتكۈل جەريانىغا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتبىقلاش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن پەن - مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ھاۋارايى تارماقلىرى قاتارلىق مەمۇرىي تارماقلار (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەمۇرىي تارماقلىرى دېيىلىدۇ) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە دائىر خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**5 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەمۇرىي تارمىقىدا ئىش تەقسىماتى بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ كەسپىي شتاتىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شتات تارمىقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىدۇ.

يېزىلىق (بازارلىق) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتىنىڭ خادىم شتاتىنى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شتات تارمىقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېكىتىپ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

**6 - ماددا** يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى

كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملار نىسبىتى 80% تىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى ياكى كەسپىي جەھەتتە باھالىنىپ ۋە تەربىيىلىنىپ تېخنىكتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى ياكى كەسپىي جەھەتتە باھالىنىپ ۋە تەربىيىلىنىپ تېخنىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە باشقا ئورۇنلاردا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇناسىپ كەسپىي بىلىمگە ۋە ماھارەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

**7 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار مەكتەپلەردىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ شۇ خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى ئۇنۋان باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك.

يېزا، كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشتا، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسى ئاساس قىلىنىدۇ. گەۋدىلىك تۆھپىسى بارلار ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ۋە ئوقۇش تارىخىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

**8 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە تارمىقى شتات ۋە پىلان بويىچە ئاجرىتىپ بېرىدۇ ھەمدە يىلدىن يىلغا كۆپەيتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شەرتى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كارخانا ياكى باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇپ، كىرىمنى ئاساسەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش كەسپىي خىراجىتىنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلاشقا ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى ئازايتىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**9 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى:

(1) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى تۈزۈش ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇش؛ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە كەسپىي خىراجەت پىلانىنى تۈزۈپ يوللاش؛

(2) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا، مۇكاپاتلاشقا مەسئۇل بولۇش؛

(3) ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كۆرسىتىش؛

(4) ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن بىلىم ئاشۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تەشكىللەش؛

(5) پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر چوڭ - چوڭ پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىلغار تېخنىكىنى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىشنى تەشكىللەش.

**10 ـ ماددا** ناھىيىلىك (شەھەرلىك)، يېزىلىق (بازارلىق) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى:

(1) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش ھەمدە تېخنىكا، ماددىي ئەشيا ۋە ئۇچۇر جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىش؛

(2) يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ مول ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىلىرى ۋە مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئەمەلىي تېخنىكىسىنى يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش، سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ھەمدە شۇ جايغا ئېھتىياجلىق بولغان يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىپ ئىشلىتىش؛

(3) ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇش، ئۇنىۋېرسال تېخنىكىنى قوللىنىپ، يۇقىرى ھوسۇل ئالغان، كىرىمنى ئاشۇرغان تىپلانى تۇرغۇزۇش؛

(4) يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرى، دېھقان - چارۋىچى تېخنىكلارنى ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈلگە ئائىلىلەرنى تەربىيىلەپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش؛

(5) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە مۇلازىمەت تورىنى قۇرۇپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى جەھەتتە تۈرلۈك شەكىل بىلەن مۇلازىمەت قىلىش.

**11 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئىختىيارلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن قوللىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنى يېزا ئىگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوللىنىشقا پائال يېتەكلەيدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ يېزا

ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. لېكىن، تارقىلىشچان كېسەل، هاشارات زىيىنى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن مەجبۇرىي كېڭەيتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا.

**12 - ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى يارىتىشقا، كېڭەيتىپ قوللىنىشقا ئىلهام ۋە مەدەت بېرىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا ئىلهام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

**13 - ماددا** هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىغا زۆرۈر بولغان سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش يېرىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ناھىيىلىك، يېزىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش يېرى 3 — 8 گېكتاردىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ هازىر بار بولغان سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش يېرىنى ساقلاپ قېلىش؛ سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش يېرى بولمىسا ياكى يېتىشمىسە، يەر باشقۇرۇش قانۇن، نىزاملىرىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە هەل قىلىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەسلىھەسى، سىناق بازىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە باشقا مال - مۈلۈككە هەرقانداق تارماقنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، ئۇنى ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**14 - ماددا** يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار مەكتەپلەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە ئاكتىپ قاتنىشىشى، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىيات ئېھتىياجىغا قاراپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى هەل قىلىشقا تېگىشلىك تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى تەتقىقات تېمىسىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. ئۇلار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق كېڭەيتىسمۇ ياكى بىۋاسىتە يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت تەشكىلاتلىرىدا كېڭەيتىسمۇ بولۇۋېرىدۇ.

تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى، يېزا ئىگىلىككە خىزمەت قىلىدىغان سانائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت ئورۇنلىرى قاتارلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى هەمدە ئۇلارنى زۆرۈر شارائىت ۋە ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىلمىي جەمئىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېزىلارغا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلهام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، مەمۇرىي تارماقلار زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈلگە ئائىلىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىشىغا ئىلهام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

**15 - ماددا** مائارىپ تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە دېھقان تېخنىكلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى مائارىپ پىلانىغا كىرگۈزۈشى هەمدە ئاز سانلىق مىللەت يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەهمىيەت بېرىشى؛ شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىنى پائال قۇرۇشتەك ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**16 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مەخسۇس فوند تەسىس قىلىدۇ، بۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەمۇرىي تارمىقى جايلار مەلۇم قىلغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرلىرىنى باھالاپ بېكىتكەندىن كېيىن، تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش فوندىدىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشىغا مەلۇم نىسبەتتە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ، بۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى تەستىقلانغان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانى بويىچە يولغا قويىدۇ.

هەرقانداق ئورگان ياكى ئورۇننىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش فوندىنى تۇتۇپ قېلىشىغا ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**17 - ماددا** هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىنى هازىرلىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ:

(1) پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك

نەتىجە يارىتالىغانلار؛

(2) يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ، بىرقەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلەر؛

(3) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى باشقۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالىغانلار؛

(4) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالىغانلار؛

(5) يېزا ۋە چەت - ياقا نامرات ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىلەن ئۇزاقىچە شۇغۇللىنىپ نەتىجە يارىتالىغانلار.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. مۇكاپاتلاش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

**18 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، خەلق ھۆكۈمىتى ياكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەمۇرىي تارمىقى ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەتكۈزىدۇ؛ بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ؛

(1) سىناق قىلماي، ئۆلگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ، قارىغۇلارچە كېڭەيتىپ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا؛

(2) خىزمەت ھوقۇقىغا تايىنىپ ياكى باشقا ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق قىلغان بولسا؛

(3) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتىنىڭ سىناق بازىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە باشقا مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان، تەڭشەپ يۆتكىگەن بولسا؛

(5) ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق قاتارلىقلارنى سېتىپ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا؛

(6) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى باھانە قىلىپ، قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن كۆپلەپ پايدا ئالغان بولسا.

**19 - ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى» ۋە بۇ چارىگە ئاساسەن بىڭتۇەننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**20 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا ماقۇللانغان. 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 25 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن 1 - قېتىم تۈزىتىلگەن. 2004 - يىل 11- ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن 2 - قېتىم تۈزىتىلدى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۈنۈملۈك مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئەتىۋارلىق ۋە خەۋپ ئىچىدە قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەقسىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» غا ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش - باشقۇرۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش - كۆپەيتىش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە

ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» غا ۋە بۇ چارىگە رىئايە قىلىشى شەرت.

**3 - ماددا** بۇ چارە بويىچە قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار

(1) گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ ئېلان قىلغان، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان قۇرۇقلۇق ۋە سۇ ياۋايى ھايۋانلىرى؛

(2) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلغان، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان قۇرۇقلۇق ۋە سۇ ياۋايى ھايۋانلىرى؛

(3) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوغدىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان پايدىلىق ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي قىممىتكە، ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قۇرۇقلۇق ياۋايى ھايۋانلىرى.

بۇ چارىنىڭ ماددا - تارماقلىرىدا ئېيتىلغان ياۋايى ھايۋانلار ئالدىنقى تارماقتا قوغدىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ياۋايى ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلار مەھسۇلاتى ياۋايى ھايۋاننىڭ پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ھەرقانداق بۆلىكى ياكى تاۋار ماركىسىدا ياۋايى ھايۋان تەركىبى بارلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ ماددىنىڭ 1 - تارماق 1 - تارماقچىسىدا قوغدىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ياۋايى ھايۋانلاردىن باشقا، سۇ ياۋايى ھايۋانلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇشتا «بېلىقچىلىق قانۇنى» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «بېلىقچىلىق قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تەتبىقلىنىدۇ.

**4 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش پىلان - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، ياۋايى ھايۋانلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئاممىۋى پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھام بېرىشى ۋە تەشكىلاتچىلىق قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئاخبارات - جامائەت پىكرى ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ قۇشلارنى ئاسراش ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كەڭ تەشكىللەش ۋە قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمانچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى قۇرۇقلۇق ياۋايى ھايۋانلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا ۋە سۇ ياۋايى ھايۋانلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا مەسئۇل تارماق.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىشى ياكى مەخسۇس خادىم قويۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى، دۆلەت ئىلكىدىكى تاغلىق ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**6 - ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باھا، مۇھىت ئاسراش، چارۋىچىلىق، دورىگەرلىك، تاشقى سودا، ترانسپورت، پوچتا تېلېگراف تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ماسلىشىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

**7 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى توسۇش، پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**8 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا كېتىدىغان خىراجەت ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ يىللىق خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ ۋە تەڭ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش فوندى تەسىس قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگىلا ئىشلىتىشى كېرەك.

**9 - ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملار ۋە بۇ چارىگە ئاساسەن، بىڭتۇەننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىڭتۇەننىڭ شىلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتىدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## II باب

## ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش

**10 - ماددا** ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار دەپ ئايرىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلەيدۇ ۋە تەڭشەيدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلىدۇ ھەمدە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون قوغدايدىغان پايدىلىق ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قۇرۇقلۇق ياۋايى ھايۋانلىرى تىزىملىكىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلەيدۇ، تەڭشەيدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ.

**11 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان ئاساسلىق جايلارنى ۋە سۇ دائىرىسىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بېكىتىدۇ.

تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى بويىچە بېكىتىلىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ.

**12 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇھىتنىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان تەسىرىنى قەرەللىك كۆزىتىپ ۋە ئۆلچەپ تۇرۇشى ھەمدە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ياۋايى ھايۋانلار مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا، ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**13 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان مۇھىتنى ۋە ئۇۋا، چاڭگا، ئۆڭكۈر، كامارلارنى ھەمدە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**14 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلار جايلاشقان ئاساسلىق رايونلاردا ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتا، مۇھىت تەسىرى دوكلاتى سۇنۇش شەرت. مۇھىت، ئاسراش تارمىقى مۇھىت تەسىرى دوكلاتىنى تەستىقلاشتا، تەڭ دەرىجىلىك ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىش تۈپەيلىدىن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تەسىر يېتىپ، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى زىيانغا ئۇچرىسا، ئاچقۇچى ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن تۆلەم تۆلەيدۇ.

**15 - ماددا** نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي ئاپەت تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىشى كېرەك.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يارىلانغان، كېسەل بولغان، قىيىن ئەھۋالدا قالغان نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش ھەمدە شۇ جايدىكى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## III باب

## ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش

**16 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار

مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ ھەمدە بايلىق ئارخىپى تۇرغۇزىدۇ.

ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالىنى ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ ھەمدە بايلىق ئارخىپى تۇرغۇزىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ تۇرۇشى ھەمدە مەخسۇس خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەك.

**17 - ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش - تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. پەن تەتقىقاتى، كۆندۈرۈش - كۆپەيتىش، كۆرگەزمە قىلىش ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئەھۋال تۈپەيلىدىن دۆلەت 1 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن ئوۋلاش - تۇتۇش ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى ئېلىش شەرت؛ دۆلەت 2 - دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇشقا توغرا كەلسە، ئوبلاست، شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن ئوۋلاش - تۇتۇش ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى ئېلىش شەرت.

**18 - ماددا** ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئوۋ ئوۋلاشتا، ئوۋلاشنى يىللىق توختىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئوۋلاشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان ياۋايى ھايۋانلار تۈرى، ئوۋلاشنى توختىتىش ۋاقتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بايلىق ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قوغدايدىغان پايدىلىق ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي قىممەتكە، ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتا ئوۋچىلىق كىنىشكىسى ئېلىش شەرت. ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوۋچىلىق كىنىشكىسى ئالغۇچى ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

ئوۋچىلىق كىنىشكىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىرتۇتاش باستۇرىدۇ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېرىدۇ. ناھىيە (شەھەر) ھالقىپ ئوۋلاپ ئۆتىدىغانلارغا ئوبلاست، شەھەر ۋە ۋىلايەتنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېرىدۇ. ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەت ھالقىپ ئوۋلاپ ئۆتىدىغانلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېرىدۇ.

قورال - ياراغ بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تارقاتقان قورال كېنىشكىسى بولۇشى شەرت. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ بېرىشتە، تەڭ دەرىجىلىك ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**19 - ماددا** ئوۋ ئوۋلىغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئوۋلاش - تۇتۇش ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى ۋە ئوۋچىلىق كىنىشكىسىدا بەلگىلەنگەن تۈر، سان، ئورنى ۋە مۇددەت بويىچە ئوۋلاپ تۇتۇشى ھەمدە شۇ جايدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**20 - ماددا** ھەربىي قورال - ياراغلار، زەھەرلىك يەمچۈك، پارتلاتقۇچ دورا، قىلتاق ۋە قاپقانلارنى ئىشلىتىش، ئورا كولاش، ئوت قويۇپ قوغلاش، قورشاپ ئوۋلاش، ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى بىلەن قوغلاپ ئوۋلاش، كېچىسى چىراغ يورۇتۇپ ئوۋلاشتەك ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان قورال - سايمانلار ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ.

**21 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى كۆپىيىش، ئېمىتىش مەزگىلىدە ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ. ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدىغان مەزگىلنى ئوبلاست، شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

شەھەر - بازارلار، زاۋۇت - كان رايونلىرى، ئاسار - ئەتىقە رايونلىرى، مەنزىرىلىك سەيلە - ساياھەت رايونلىرى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىدا ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوۋچىلىق قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن باشقا رايونلاردا ئوۋچىلىق قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**22 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش - كۆپەيتىشكە ئىلھام بېرىلىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش - كۆپەيتىشتە قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش شەرت. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش - كۆپەيتىشتە، قانۇنغا ئۇيغۇن مەنبەسى بولۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش- كۆپەيتىش مۇقىم ئورنى بولۇش، زۆرۈر ئەسلىھە ۋە يەم - خەشەك مەنبەسى بولۇش، كۆندۈرۈلىدىغان - كۆپەيتىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى، سانىغا ماس كېلىدىغان مەبلەغ، خادىم ۋە تېخنىكا بولۇش ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە كۆندۈرۈش - كۆپەيتىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش كېرەك.

ياۋايى ھايۋانلارنى كىنىشكىسىز كۆندۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىپ تەرەققىي قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈش، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كۆندۈرۈش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**23 - ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىش، سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەن تەتقىقاتى، كۆندۈرۈش - كۆپەيتىش، كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال تۈپەيلىدىن دۆلەت 1 - دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىش - سېتىۋېلىش، ئۆتۈنۈش ۋە پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكشۈرتكەندىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنغا تەستىقلىتىش شەرت؛ دۆلەت 2 - دەرىجىلىك قوغدايدىغان ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ئوبلاست، شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش شەرت.

**24 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرىدىغان - كۆپەيتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر كۆندۈرۈش - كۆپەيتىش ئىجازەتنامىسىنى كۆرسىتىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىغا ساتسا بولىدۇ.

**25 - ماددا** تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى تىجارەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن تارماق بېكىتكەن يىللىق تىجارەت، پايدىلىنىش نورما كۆرسەتكۈچى دائىرىسىدە تىجارەت قىلىشى ۋە پايدىلىنىشى كېرەك.

**26 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى تىجارىتىدە تىجارەت ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن بىرلىكتە تۈزىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ياۋايى ھايۋانلار تىجارىتى ئىجازەتنامىسى ئالغان ئورۇنلارغا سېتىش شەرت. ئۆز مەيلىچە ئېلىپ - سېتىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. سېتىۋالغۇچى ئورۇن بەلگىلەنگەن يىللىق تىجارەت نورمىسى بويىچە سېتىۋېلىشى ھەمدە بەلگىلەنگەن ئىسپاتلىرىنى تەكشۈرۈشى شەرت. ئوۋلاش - تۇتۇش كىنىشكىسى ۋە تىجارەت ئىجازەتنامىسى يوقلار ساتماقچى بولغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ، ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

سودا بازىرىغا كىرگەن ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ، ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ماسلىشىدۇ، سودا بازىرى سىرتىدىكى ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلاتى تىجارىتىنى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

**27 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا توشۇيدىغان، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىدىغان ياكى ئېلىپ ماڭىدىغانلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تارقاتقان چېگرىدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسى ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈك كارانتىن تارمىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇشى شەرت. ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى ئېكسپورتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

**28 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى باشقا ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن ياكى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشكە ھەمدە دالىدا بېقىپ كۆپەيتىشكە توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت.

**29 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش، تۇتۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلار ھەم ئۇنىڭ مەھسۇلاتى تىجارىتىدىن پايدىلىنىشتا، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش - باشقۇرۇش

ھەققى تاپشۇرۇش كېرەك. ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە چارىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش - باشقۇرۇش ھەققى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش فوندىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

**30 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ ياۋايى ھايۋانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، ئادەم، چارۋىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

## IV باب

## مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**31 - ماددا** تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنىڭ بىرىنى ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلايدۇ:

(1) «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» ۋە بۇ چارىنى تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىشتا، ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار؛

(2) ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش جەھەتتە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغانلار؛

(3) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش - كۆپەيتىشتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار؛

(4) ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى ۋاقتىدا توسقان، پاش قىلغان ۋە شىكايەت قىلغانلار؛

(5) ئاساسىي قاتلامدا ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا بەش يىلدىن ئېشىپ ياخشى نەتىجە ياراتقانلار؛

(6) يارىلانغان، كېسەل بولغان، قىيىن ئەھۋالدا قالغان نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇشتا ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك بولغانلار؛

(7) ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىدە باشقا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلار.

**32 - ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز تۇتقان، ئۆلتۈرگەن، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى قانۇنسىز ساتقان، ھايىنىغا ساتقان، ئەتكەسچىلىك قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ئەتىۋارلىق، خەۋپ ئىچىدە قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇش - ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**33 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوۋچىلىق مەنئى قىلىنغان رايوندا ۋە مەزگىلدە ياكى مەنئى قىلىنغان سايمان، ئۇسۇل ئارقىلىق دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا كىرمەيدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلاردىن «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 32 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىغا تۆۋەندىكى ئۆلچەم ئىجرا قىلىنىدۇ:

(1) ئوۋ ئولجىسى بارلىرىغا ئولجا قىممىتىنىڭ سەككىز ھەسسىسىدىن ئاز مەمۇرىي جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(2) ئوۋ ئولجىسى يوقلىرىغا 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**34 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوۋچىلىق كىنىشكىسى ئالماي ياكى ئوۋچىلىق كىنىشكىسىدىكى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلماي، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا كىرمەيدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلاردىن «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 33 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىغا تۆۋەندىكى ئۆلچەم ئىجرا قىلىنىدۇ:

(1) ئوۋ ئولجىسى بارلىرىغا ئولجا قىممىتىنىڭ بەش ھەسسىسىدىن ئاز جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(2) ئوۋ ئولجىسى يوقلىرىغا 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**35 - ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايوندا دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان ئاساسلىق جايلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بۇزغۇنچىلىق قىلمىشنى توختىتىشقا، سۇرۇك ئىچىدە ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە

بۇيرۇيدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايوندا دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان ئاساسلىق جايلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە كېتىدىغان خىراجەتنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(2) تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايوندا دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا كىرمەيدىغان ھايۋانلار ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان ئاساسلىق جايلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە كېتىدىغان خىراجەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**36 ـ ماددا** ئوۋچىلىق كىنىشكىسى ياكى كۆندۈرۈش ـ كۆپەيتىش ئىجازەتنامىسى ياسىۋالغان، ھايىنىغا ساتقان، ئۆتنۈپ بەرگەنلەردىن «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 37 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىغا 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئوۋلاش ـ تۇتۇش ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى ياكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىجازەت ئىسپاتىنى ياسىۋالغان، ھايىنىغا ساتقان، ئۆتنۈپ بەرگەنلەردىن «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 37 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىغا 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**37 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ساتقان، سېتىۋالغان، توشۇغان، ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ شۇ نەرسىلىرى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى ياۋايى ھايۋانلار مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مۇسادىرە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا شۇ نەرسە قىممىتىنىڭ ئون ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ، ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى قانۇنسىز ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلغانلارنى تاموژنا «تاموژنا قانۇنى» بويىچە جازالايدۇ.

**38 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغدىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالايدۇ.

**39 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى قوغدىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملاردىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**40 ـ ماددا** تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى، دۆلەت ئىلكىدىكى تاغلىق ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى بۇ چارىنىڭ 33 ـ، 34 ـ، 35 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

**41 ـ ماددا** دەۋالاشقۇچىلار مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، جازا ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈنگىچە جازا قارارى چىقارغان ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگانغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىغانلار، قايتا قاراپ چىقىش قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈنگىچە سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار جازا ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈنگىچە سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىغان ياكى سوت مەھكىمىسىگىمۇ دەۋا قىلمىغان، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىغان بولسا، جازا قارارى چىقارغۇچى ئورگان سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

تاموژنىنىڭ جازاسىغا ياكى ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرى بويىچە بېرىلگەن جازاغا قايىل بولمىسا «تاموژنا قانۇنى» ياكى «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## V باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**42 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلىقچىلىق قانۇنى» (تۆۋەندە «بېلىقچىلىق قانۇنى» دېيىلىدۇ) ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دەريا، كۆل، سۇ ئامبىرى، كۆلچەك قاتارلىق سۇ دائىرىسى ۋە ساھىللاردا سۇ ھايۋانلىرىنى بېقىش، تۇتۇش ۋە سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى سۈزۈش قاتارلىق بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر «بېلىقچىلىق قانۇنى»غا ۋە بۇ چارىگە رىئايە قىلىشى شەرت.

**3 - ماددا** بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا باقمىچىلىقنى ئاساس قىلىش، بېقىش، تۇتۇش، پىششىقلاشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، شارائىتقا يارىشا ئىش كۆرۈش، مۇھىم نۇقتىسى بولۇش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بېلىقچىلىقنى خەلق ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بېلىقچىلىق بايلىقىنى قوغداپ، قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ۋە ئۈنۈمىدىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ، بېلىقچىلىق ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ئاسراپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بېلىقچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**4 - ماددا** قاقاس ساھىل ۋە قاقاس يەر ئېچىپ، سۇ مەھسۇلاتى بېقىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلغار تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**5 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆزىگە قاراشلىق رايونلارنىڭ بېلىقچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، بېلىقچىلىق تەكشۈرگۈچىلىرىنى قويسا ھەم مۇھىم بېلىقچىلىق سۇ دائىرىسى ۋە بېلىق چىقىدىغان مۇھىم رايونلاردا بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلسا بولىدۇ. يەر باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا - سانائەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش، پرىيوم - كارانتىن تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بېلىقچىلىقنى باشقۇرۇشتا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيىتى بويىچە ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىقىغا باب كېلىدىغان سۇ دائىرىسى ۋە ساھىلنى بېكىتىش، مۇھىم باقمىچىلىق سۇ دائىرىسىنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ قوغدىشى كېرەك. سۇ مەھسۇلاتى باقىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى باقمىچىلىق سۇ دائىرىسى ۋە ساھىلنى ئىشلىتىشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى لازىم، باقمىچىلىق كېنىشكىسىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېرىدۇ. كوللېكتىپ ياكى ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئىشلەتكەن سۇ دائىرىسى ۋە ساھىلنى شەخسلەر ياكى كوللېكتىپ ھۆددە ئېلىپ باقمىچىلىق قىلسا بولىدۇ.

**7 - ماددا** سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ۋە توكنى پىلانغا كىرگۈزۈش كېرەك. سۇنئىي كۆلچەكلەردە باقمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پۇلى ئاشلىق زىرائەتلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ باھاسى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ، توك پۇلى يېزا ئىگىلىك توك باھاسى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېلىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېسىل سورت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئېسىل سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، داڭلىق، ئالاھىدە سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

**9 - ماددا** سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئون ئىش كۈنى ئىچىدە تەستىقلاش ـ تەستىقلىماسلىق قارارى چىقىرىشى لازىم.

بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزى يېتىشتۈرگەن، ئۆزى ئىشلەتكەن سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇقى بۇنىڭ سىرتىدا.

**10 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ ھايۋانلىرى يۇقۇم مۇداپىئە كاراتىن خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ زىيان سېلىشى ۋە تارقىلىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

**11 ـ ماددا** سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىقىدا سۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش، بېقىش زىچلىقىنى ئىلمىي بېكىتىش، يەمچۆك ۋە بېلىق يېمىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ئوغۇت ۋە ھايۋانات دورىسى، ئىشلەتكەندە ئارخىپ تۇرغۇزۇش لازىم. سۈپەت ئۆلچىمى، مەھسۇلات ئىشلەش ئىجازەتنامىسى بولمىغان يەم ۋە يەم خۇرۇچىنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ساختا، ناچار ھايۋانات دورىسى شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىدە مەنئى قىلىنغان دورىلار ۋە باشقا خىمىيىلىك بىرىكمىلەر، بىئو ياسالمىلارنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**12 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى يەمچۆك، بېلىق يېمى ۋە يەم خۇرۇچىنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، باقمىچىلىقتا ۋە كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۇ مەھسۇلاتىنى بېقىشتا ھايۋانات دورىسى ئىشلىتىش، ھايۋانات دورا قالدۇقىنى ئۆلچەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، شۇنىڭدەك سۇ مەھسۇلاتلىنى بېقىشتا دورىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىشلەتكەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېلىق تۇتۇش مىقدارى بېلىقچىلىق بايلىقىنىڭ كۆپىيىش مىقدارىدىن تۆۋەن بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۈر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبنۇر كۆلى، باركۆل كۆلى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق كۆل ۋە دەريالارنىڭ بېلىقچىلىق بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، يىللىق بېلىق تۇتۇش ئومۇمىي مىقدارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تۇتۇش نورمىسىنى بېكىتىشى لازىم.

**14 ـ ماددا** تەبىئىي سۇ دائىرىسىدە بېلىق تۇتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تۇتۇش ئىجازەتنامىسى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى ھەم قانۇن بويىچە بېلىقچىلىق بايلىقىنى كۆپەيتىش ـ قوغداش ھەققى تاپشۇرۇشى شەرت.

**15 ـ ماددا** تۆۋەندىكى سۇ دائىرىسىدە بېلىق تۇتۇش دائىملىق ياكى پەسىللىك مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن، بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايون ۋە مەزگىلدە ئالاھىدە بېلىق تۈرلىرىنى تۇتۇش بۇنىڭ سىرتىدا. بېلىق تۇتۇش دائىملىق مەنئى قىلىنىدىغان رايونلار: قاراشەھەر دەرياسى ۋە ئۇنىڭ باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يېرىدىكى رادىئوسى ئىككى كىلومېتىرلىق سۇ دائىرىسى؛ باغراش كۆلى سۇ تارتىش پونكىتى سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ كۆل رايونىدىكى رادىئوسى بىر كىلومېتىرلىق سۇ دائىرىسى، ئۇلۇڭگۈر دەرياسىنىڭ بۇرۇلتوقاي گېدرولوگىيە پونكىتىنىڭ تۆۋەن بۆلىكى ۋە ئۇنىڭ جىلە كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يېرىدىكى رادىئوسى ئىككى كىلومېتىرلىق سۇ دائىرىسى؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى بۇرۇلتوقاي كۆلىگە باشلاش ئۆستىڭى؛ ئۇلۇڭگۈر كۆلىنىڭ 73 كىلومېتىرلىق جايىدىكى كىچىك كۆل سۇ دائىرىسى، ئوتتۇرا كۆل سۇ دائىرىسى، بوتا مويىن سو دائىرىسى، موقارتاي قىلە سۇ دائىرىسى. بېلىق تۇتۇش پەسىللىك مەنئىقىلىنىدىغان مەزگىل: باغراش كۆلىدە ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە؛ ئۇلۇڭگۈر كۆلىدە ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنىگىچە؛ ئىلى دەرياسىنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىنىدا ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىنىدا ھەر يىلى 4ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە.

**16 ـ ماددا** نۆۋەتتە قوغدىلىدىغان بېلىقچىلىق بايلىقى تۈرلىرى، تەبىئىي سۇ دائىرىسىدىكى بېلىق تۇتۇشنى باشلاش ئۆلچىمى، بېلىق تورىنىڭ تۆشۈك ئۆلچىمى ۋە تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلەيدۇ ھەم ئېلان قىلىپ يولغا قويىدۇ.

**17 ـ ماددا** بىر قەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ۋە ئېرسىي ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش قىممىتىگە ئىگە سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇق بايلىقى ئۆسىدىغان، كۆپىيىدىغان ئاساسلىق رايونلاردا سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇق بايلىقى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش لازىم. سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇق بايلىقى مۇھاپىزەت

رايونى قوروش لايىھىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىپ يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىسىز سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇق بايلىقى مۇھاپىزەت رايونىدا بېلىق تۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

**18 - ماددا** تەبىئىي سۇ دائىرىسىگە، سۇ ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۆستۈرۈشتە، ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلمىي دەلىللەش دوكلاتى سۇنۇپ، ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكى باھالاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىشكە ۋە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ؛ ئىلمىي دەلىللەنمىگەن، ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكى باھالانمىغان سۇ ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۆستۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ دائىرىسىگە قويۇپ بېرىلگەن يېڭى تۈرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**19 - ماددا** مۇقىم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە سۇ ھايۋانلىرى ئۇرۇقى ۋە تۇخۇملۇق تەنچىلەرنى تۇتۇش مەنئى قىلىنىدۇ. پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش ۋە سورت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدە ئېھتىياج سەۋەبىدىن تۇتۇشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بەلگىلەنگەن رايون ۋە ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن نورما بويىچە تۇتۇش كېرەك.

**20 - ماددا** بېلىقچىلىق سۇ دائىرىسىگە دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بۇلغىما ۋە تاشلاندۇقلارنى تۆكۈشكە يول قويۇلمايدۇ، مۇھىم بېلىقچىلىق سۇ دائىرىسى ۋە سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىقى رايونى، سۇ مەھسۇلاتى ئۇرۇق بايلىقى مۇھاپىزەت رايونىدا بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزىنى يېڭىدىن قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ، ئەسلىدىكى بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى بەلگىلەنگەن سۇرۇكتە ئۆزگەرتىش لازىم. بېلىقچىلىق سۇ دائىرىسىنى بۇلغىغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**21 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە زىيانسىز سۇ مەھسۇلاتلىرىغا ئىسپات بېرىش خىزمىتىنى ئىشلىشى لازىم.

**22 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 11 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمى، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بولمىغان يەم، يەم خۇرۇچىنى ئىشلەتكەنلەر، ھايۋانات دورىسىنى ئىشلىتىشتە دۆلەتنىڭ ھايۋانات دورىسى بىخەتەرلىكىگە دائىر بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلار، دورا ئىشلىتىش خاتىرىسى قالدۇرمىغان ياكى خاتىرىسى مۇكەممەل، چىن بولمىغانلار ۋە ياكى ساختا، ناچار ھايۋانات دورىسى ۋە دۆلەت ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان دورىلار، باشقا خىمىيىلىك بىرىكمە ۋە بىئو ياسالمىلارنى ئىشلەتكەنلەر ۋە ياكى ئادەمگە ئىشلىتىدىغان دورىنى ھايۋاناتقا ئىشلەتكەنلەر دەرھال تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ ھەم مەنئى قىلغان دورا ۋە باشقا خىمىيىلىك بىرىكمە بىلەن بېقىلغان ھايۋانات ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى زىيانسىزلاندۇرۇلىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ياكى شەخسكەر 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**23 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 15 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايوندا ۋە پەسىلدە قانۇنسىز تۇتۇلغان سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ساتقان ۋە سېتىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەكشۈرىدۇ، بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايون ۋە مەزگىلدە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تۇتقانلارنىڭ تۇتۇلمىلىرى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**24 - ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تەبىئىي سۇ دائىرىسىدە سۇ ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قويۇپ بېرىپ ۋە ئۆستۈرۈپ ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە سۇ ھايۋانلىرى ئۇرۇقى ۋە تۇخۇملۇق تەنچىلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تۇتۇپ، بېلىقچىلىق بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى بېلىقچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ بېلىقچىلىق بايلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**25 - ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلارغا

«بېلىقچىلىق قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**26 - ماددا** بۇ چارە 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت قوغداش نىزامى

**(2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).**

**1 - ماددا** بۇ نىزام پاتېنت قوغداشنى كۈچەيتىش، پاتېنت ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە پاتېنت ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى پاتېنت قوغداشقا ئالاقىدار پائالىيەتلەردە بۇ نىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك.

**3 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پاتېنت قوغداش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، پاتېنت ياردەم مەبلىغىنى كۆپەيتىشى، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماس قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى پاتېنت تۈرلىرىنى يولغا قويۇشىغا، پاتېنت قوغداش خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ پاتېنت قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەدەت بېرىشى لازىم.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىش يولى بىلەن مەدەت بېرىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ.

پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، تاموژنا تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقلار پاتېنت قوغداش خىزمىتى مەسئۇلىيىتى بويىچە ياخشى ئىشلەيدۇ.

**4 - ماددا** پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگەن ئورۇنلار ۋەزىپە دائىرىسىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەتنىڭ كەشپىياتچىسى ياكى لايىھىلىگۈچىسىنى قانۇن بويىچە مۇكاپاتلىشى؛ پاتېنتىنى ئۆز ئالدىغا يولغا قويغۇچى ياكى باشقىلارنىڭ يولغا قويۇشىغا ئىجازەت بەرگۈچىلەر ۋەزىپە دائىرىسىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەتنىڭ كەشپىياتچىسى ياكى لايىھىلىگۈچىسىگە قانۇن بويىچە ھەق بېرىشى؛ پاتېنت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر ۋەزىپە دائىرىسىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەتنىڭ كەشپىياتچىسى ياكى لايىھىلىگۈچىسىگە بېرىدىغان ھەقنى پاتېنتنى باشقىلارنىڭ يولغا قويۇشىغا ئىجازەت بەرگەن چاغدىكى ھەقتىن يۇقىرى بېرىشى كېرەك.

مۇكاپات ياكى ھەق بېرىشتە نەق پۇل، پاي بېرىشكە ياكى ئالاقىدارلار بىلەن پۈتۈشكەن باشقا شەكىل ئارقىلىق بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

**5 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىشىغا، باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىشكە ياكى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس پاتېنت جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماققا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**6 - ماددا** دۆلەت مۈلكىنى ئىگىلىگۈچى ئورۇنلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرى پاتېنت مۈلكىنى مۇناسىپ ساپاغا ئىگە مۈلۈك باھالىغۇچى ئاپپاراتقا باھالىتىشى كېرەك؛

(1) پاتېنت ئىلتىماس ھوقۇقى ۋە پاتېنت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلار؛

(2) مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىش ياكى قانۇنىي ئىگىسىنى ئۆزگەرتىش، ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پاتېنت مۈلكىگە باھا قويدۇرىدىغانلار؛

(3) پاتېنت تېخنىكىسىغا باھا قويدۇرۇپ، مەبلەغ قىلىپ سالىدىغانلار؛

(4) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە پاتېنت مۈلكىنى باھالىتىدىغان باشقا ئەھۋاللار.

**7 - ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى مەلۇم قىلغۇچى ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماققا پاتېنت مۇندەرىجىسى دوكلاتى سۇنۇشى كېرەك.

(1) ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىق قىلىشنى ۋە يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات يارىتىشنى مەلۇم قىلغانلار.

(2) پاتېنىتقا دائىر تېخنىكا، ئۇسكۇنە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى قىلغانلار.

(3) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پاتېنت مۇنەررىجە دوكلاتى سۇنىدىغان باشقا ئەھۋاللار.

**8 - ماددا** كۆرگەزمە، يەرمەنكە ۋە باشقا سورۇنغا قويۇلىدىغان بۇيۇملار پاتېنىتلىق مەھسۇلات، پاتېنىتلىق تېخنىكا نامىدا قويۇلسا، كۆرگەزمىگە قويغۇچىدا شۇ مەھسۇلات، شۇ تېخنىكىنىڭ پاتېنت گۇۋاھنامىسى ياكى پاتېنت ئىجازەت توختامى بولۇشى كېرەك. پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق كۆرگەزمىگە قويۇلىدىغان پاتېنىتلىق مەھسۇلات، پاتېنىتلىق تېخنىكىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك.

كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرغۇچى باشقىلارنىڭ پاتېنىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسەتكەن ياكى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلارنى سەزسە، پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماققا پاش قىلىشى لازىم.

**9 - ماددا** پاتېنىتلىق مەھسۇلات ۋە پاتېنىتلىق تېخنىكىنى ئېلاندىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىپ سېتىشتا، ئېلان تىجارەتچىسى ۋە ئېلان چىقارغۇچى ئۇنىڭ گۇۋۇيۇەنىنىڭ پاتېنت مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى بەرگەن شۇ مەھسۇلات، شۇ تېخنىكىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى توغرىسىدىكى كۈچكە ئىگە ئىسپاتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك.

**10 - ماددا** پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇشى كېرەك. ساختا دوكلات بېرىشكە، ئالاقىدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ نامۇۋاپىق مەنپەئەت ئېلىشقا، باشقا ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**11 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەسىرى چوڭ بولغان ۋە رايون ھالقىغان پاتېنت ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ پاتېنىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېتىشتەك زور تەسىر پەيدا قىلغان قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) لەرنىڭ پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى پاتېنت ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ پاتېنىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**12 - ماددا** پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك:

(1) تەلەپ قىلغۇچىنىڭ پاتېنت ماجىراسى بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇش؛

(2) تەلەپ قىلىنغۇچى ئېنىق، تەلەپ كونكرېت، پاكىت ۋە ئاساس بولۇش؛

(3) پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدە بولۇش؛

(4) ئالاقىدارلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلمىغان بولۇش.

**13 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەلەپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىشى ھەم تەلەپ قىلغۇچىغا يازما ئۇقتۇرۇشى كېرەك؛ قوبۇل قىلىشنى قارار قىلسا، قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن ئىچىدە تەلەپنامىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تەلەپ قىلىنغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم. تەلەپ قىلىنغۇچى تەلەپنامىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە جاۋابنامە ۋە ئالاقىدار دەلىل - ئىسپاتلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىشى كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقارغىلى بولمىسا، پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، مۆھلەتنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ ھەم تەلەپ قىلغۇچى بىلەن تەلەپ قىلىنغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇلىدۇ؛ ئۇزارتىلغان مۆھلەت ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 30 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**14 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەلەپ قىلىنغۇچى شۇ پاتېنت ھوقۇقىنى كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەپ جاكارلاشنى قانۇن بويىچە تەلەپ قىلغان ھەم ئۇنى پاتېنت قايتا تەكشۈرۈش كومىتېتى قوبۇل قىلغان بولسا، بىر تەرەپ قىلىش توختىتىپ تۇرۇلسا بولىدۇ، توختىتىپ تۇرۇلغان ۋاقىت بىر تەرەپ قىلىش مۆھلىتىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

تۈۋەندىكى ئەھۋاللىنىڭ بىرى كۆرۈلسە، پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق بىر تەرەپ قىلىشنى توختىتىپ تۇرمىسىمۇ بولىدۇ:

(1) تەلەپ قىلغۇچى گوۋۋېيۈەننىڭ پاتېنت مەمۇرىي تارمىقى بەرگەن ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت مۇندەرىجە دوكلاتىنى كۆرسىتىپ، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتىنىڭ پاتېنت قانۇنىدىكى يېڭى ياكى ئىجادىي بولۇش، دېگەن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا؛

(2) تەلەپ قىلىنغۇچى ئىشلەتكەن تېخنىكىسىنىڭ ھازىرقى تېخنىكا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا؛

(3) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، بىر تەرەپ قىلىش توختىتىپ تۇرۇلمايدىغان باشقا ئەھۋاللار.

**15 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق ئالاقىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە، پاتېنت ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندا، مۇرەسسە كېلىشىمنامىسى تۈزۈشى كېرەك.

پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىشى لازىم.

**16 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار سېزىلسە ياكى پاش قىلىنسا، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ماجىراسىنى ياكى باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالاقىدارلار ۋە گۇۋاھچىلاردىن ئەھۋال ئۇقسا، مۇناسىۋەتلىك توختام، ھېسابات دەپتىرى قاتارلىق ماتېرىياللارنى كۆرسە ۋە كۆپەيتىۋالسا، مۇناسىۋەتلىك بۇيۇم ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرسە بولىدۇ. ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى ئەينەن بېرىشى لازىم.

پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ ئالاقىدارلارنىڭ تېخنىكا مەخپىيىتى ۋە سودا مەخپىيىتىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتى بار.

**18 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ماجىراسىنى ياكى باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، دەلىل - ئىسپاتلار يوقىلىپ كېتىش ياكى ئالالماسلىق ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدا، پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، دەلىل - ئىسپاتلارنى ئالدىن تىزىملاپ ساقلىسا ھەم يەتتە كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقارسا بولىدۇ.

تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇن ياكى شەخسنىڭ تىزىملاپ ساقلانغان دەلىل - ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىشىگە ياكى يۆتكىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**19 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىش ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تەلەپ قىلغۇچى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا چېقىلىۋاتقانلىقىنى ياكى چېقىلماقچى بولغانلىقىنى، ۋاقتىدا توسىمىغاندا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ تولدۇرغۇسىز زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ھوقۇقىغا چېقىلىشقا چېتىلىدىغان شۇ بۇيۇمنى پېچەتلەش ياكى باشقۇرغۇچى تارماققا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى پېچەتلەش ياكى ۋاقىتنچە تۇتۇپ قېلىش تەدبىرى قوللىنىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، مۇناسىپ كېپىللىك بېرىشى كېرەك.

تەلەپ قىلىنغۇچى كېپىللىك بەرسە، پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، پېچەت ئېلىۋېتىلسە ياكى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىنغان بۇيۇم قايتۇرۇپ بېرىلسە بولىدۇ.

**20 - ماددا** پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىدىن ساختا دوكلات بېرىپ، ئالاقىدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ نامۇۋاپىق نەپ ئېلىپ باشقا ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ۋە جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىرىگە پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىگە تەستىقلىتىپ، ئاپپاراتنى بىكار قىلىش جازاسى بەرسە بولىدۇ؛ پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتىنىڭ خادىملىرىدىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۇلار ئىشلەيدىغان پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى تەنقىد، تەربىيە بەرسە، قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تەكلىپلىك ئىشلىتىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلسا بولىدۇ؛ پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ياكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماي، ئالاقىدارنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**21 - ماددا** باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسەتكەنلەرنى پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق

قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنىڭ بىر ھەسسىسىدىن ئۈچ ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتى بولمىغانلىرىغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

پاتېنتسىز مەھسۇلاتنى پاتېنتلىق قىلىپ كۆرسەتكەن، پاتېنتسىز ئۇسۇلنى پاتېنتلىق قىلىپ كۆرسەتكەنلەرنى پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماق قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

پاتېنتنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاشقانلار ياكى شۇنداق قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلەرگە قانۇنغا بىرلىكتە خىلاپلىق قىلىشتىكى ئورنى ۋە رولىغا قاراپ قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**22 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشنى سادىر قىلغانلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاتېنت قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**23 - ماددا** پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ خادىملىرىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) باشقىلارنىڭ پاتېنتنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسەتكەنلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلارنى قانات ئاستىغا ئالغان ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلەر؛

(2) پاتېنت ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىشتا بىر تەرەپكە يان بېسىپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلار؛

(3) ئالاقىدارلارنىڭ تېخنىكا مەخپىيىتى ياكى سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغانلار؛

(4) ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ باشقىلاردىن پۇل - مال سورىغان ياكى ئالغانلار؛

(5) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**24 - ماددا** بۇ نىزام 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام چارىسى

(1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» (تۆۋەندە «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمىنى ئادىل، لىللا، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆتكۈزۈش كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئەزالىرىنى شۇ كەنتتىكى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە كەنت ئاھالىسى (تۆۋەندە سايلىغۇچىلار دېيىلىدۇ) بىۋاسىتە سايلايدۇ، ئۇلار ئۇدا سايلانسا بولىدۇ. ئالدىنقى نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى يېڭى نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلاپ چىقىلغانغا قەدەر يۈرگۈزىدۇ.

**3 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنىڭ سانى ئۈچتىن يەتتىگىچە تاق سان بولىدۇ، كونكرېت سانىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى كەنت ئاھالە سانى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە

قاراپ بېكىتىدۇ. ئاھالىسى 500 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە ئۈچ بولىدۇ؛ ئاھالىسى 500 دىن يۇقىرى، 2000 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە بەشتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئاھالە 2000 دىن يۇقىرى كەنتلەردە يەتتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدە ئاياللار بولۇشى كېرەك؛ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە مىللەت تەركىبىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك؛ بىر قانچە مەھەللە بىرلىشىپ تەسىس قىلغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى مەھەللىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق، ئاتا - بالىلىق، ئانا - بالىلىق، ئاكا - ئۇكىلىق، ئاچا - سىڭىللىق مۇناسىۋىتى بولماسلىقى كېرەك.

**4 - ماددا** ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. نۆۋەتنى توشقاندا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋالدا، كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق (تۆۋەندە يېزا دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق (تۆۋەندە ناھىيە دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىشى بىلەن، بالدۇر ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، لېكىن بالدۇر ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈش ۋاقتىنى ئۈچ ئايدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**5 - ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا رەھبەرلىك، يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار بويىچە كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**6 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىنى تەشكىللەش خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىراجىتى كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، كىرىمى بولمىغانلىرىغا مالىيە يۆتكىمە چىقىم مەبلىغىدىن چىقىم قىلىنسا بولىدۇ، يېزا دەرىجىلىك مالىيىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلاش، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**8 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا ئېلان قىلىنىدىغان سايلام ھۆججىتى، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى، نامزاتلار ئىسىملىكى، سايلام بېلىتى ۋە باشقىلاردا شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى قوللىنىش كېرەك.

## II باب

## سايلام خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى

**9 - ماددا** ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىكتە كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش؛

(2) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش؛

(4) سايلام خىزمىتىگە دائىر ئەرز - شىكايەتنى قوبۇل قىلىش؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام كۈنىنى بېكىتىش ۋە ئېلان قىلىش؛

(6) سايلام خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش؛

(7) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەنلەرگە سايلانغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىش؛

(8) كەنت ئاهالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش؛

(9) سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزۇش؛

(10) سايلامغا دائىر باشقا ئىشلارنى بېجىرىش. يېزا دەرىجىلىك سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى كەنت ئاهالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن ئىلگىرى، شۇ نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتىنىڭ مالىيە يۆتكىمە چىقىم مەبلىغىنى، كەنت كوللېكتىپ مۈلكىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، مالىيە كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە قۇرۇلۇش تۈرىنى هۆددە بېرىشنى باشقۇرۇش، كوللېكتىپنىڭ ئېلىم - بېرىمىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى تەكشۈرۈشى ياكى مۇپەتتىشلىك قىلىشى هەمدە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** كەنت ئاهالە كومىتېتى سايلىمىغا كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى تەركىبىدىكىلەرنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتى كەنت ئاهالە يىغىنى ياكى كەنت ئاهالە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ سايلايدۇ، ئۇنىڭ سانى بەشتىن توققۇزغىچە بولىدۇ. كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى تەركىبىدىكىلەر ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا كۆرسىتىدۇ. كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى تەركىبىدىكىلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، كەنت ئاهالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشى، ئىشتا ئادىل، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇشى، مۇئەييەن تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى تەركىبىدىكىلەر يېزا دەرىجىلىك كەنت ئاهالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**11 ـ ماددا** كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) «كەنت ئاهالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش؛

(2) سايلام خىزمىتى لايىھىسىنى تۈزۈش؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى بېكىتىش ۋە تەربىيىلەش؛

(4) سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى ئۈستىدىكى ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش؛

(5) كەنت ئاهالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى، سايلام بېلىتى، هاۋالىنامە ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تەييارلاش، سايلامنىڭ كونكرېت ۋاقتى، ئورنى ۋە بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى بېكىتىش؛

(6) سايلىغۇچىلارنى نامزاتنى غۇلغۇلا قىلىپ كۆرسىتىشكە تەشكىللەش هەمدە نامزاتلار ئىسىملىكىنى كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قانۇن بويىچە بېكىتىش، ئېلان قىلىش؛

(7) قانۇن، نىزاملار بويىچە سايلام يىغىنىنىڭ كونكرېت سايلام چارىسىنى تەييارلاش؛

(8) سايلامغا ياخشى تەييارلىق كۆرۈش، سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، بېلەت تاشلاشقا تەشكىللەش، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش هەمدە يۇقىرىغا يوللاش؛

(9) سايلام خىزمىتى ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش ۋە يۇقىرىغا يوللاش، سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزۇش؛

(10) ئالدىنقى نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتىغا خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى نازارەت قىلىش؛

(11) سايلام خىزمىتىگە دائىر باشقا ئىشلارنى بېجىرىش.

كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋاقتى ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتى خىزمەتنى يېڭى نۆۋەتلىك كەنت ئاهالە كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولغانغا قەدەر بولىدۇ.

## III باب

## سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش

**12 ـ ماددا** سايلام كۈنى 18 ياشقا توشقان كەنت ئاهالىسىنىڭ هەممىسى مىللىتى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، سايلاش ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە. لېكىن قانۇن بويىچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

**13 ـ ماددا** سايلىغۇچى نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى كەنتتە سايلىغۇچىلىققا تىزىملىتىشى كېرەك.

يېزىلارغا ئەۋەتىلگەن كادىرلار ۋە هەر خىل كىشىلەردىن كەنت ئاهالە كومىتېتىنىڭ سايلىمىغا قاتنىشىشنى خالايدىغانلىرىنى كەنت ئاهالە سايلام هەيئىتىنىڭ تەكلىپ بىلەن، كەنت ئاهالىلىرى يىغىنى ياكى كەنت ئاهالە ۋەكىللىرى

يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن سايلىغۇچىلىققا تىزىملاشقا بولىدۇ. ھەمدە ئۇلار نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىغا ئۇقتۇرۇلىدۇ. سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملاپ ئېتىراپ قىلىنغان سالاھىيىتى ئۇزاققىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ھەر قېتىملىق سايلامدىن ئىلگىرى، ئالدىنقى قېتىمدا سايلىغۇچىلىققا تىزىملاشتىن كېيىن، يېشى 18گە تولغان كەنت ئاھالىسى شۇ كەنتكە كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە سايلىغۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە كەنت ئاھالىسى، شۇنىڭدەك سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كەنت ئاھالىسىنى سايلىغۇچىلىققا تىزىملاش كېرەك؛ نوپۇسنى شۇ كەنتتىن يۆتكەپ كەتكەن، ئۆلۈپ كەتكەن، شۇنىڭدەك سىياسىي ھوقۇقىدىن قانۇن بويىچە مەھرۇم قىلىنغانلارنى تىزىمدىن ئۆچۈرۈش كېرەك.

كەنت ئاھالىسىنىڭ يېشىنى ھېسابلاشتا كىملىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ كىملىكنى بېجىرمىگەنلەرنىڭ يېشىنى ھېسابلاشتا نوپۇس تىزىملىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

**14 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان روھى كېسەل ۋە دېۋەڭ دەپ دىئاگنوز قويغانلار كەنت ئاھالە سايلام كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

**15 ـ ماددا** سايلام كۈنىدىن 20 كۈن بۇرۇن كەنت ئاھالە كومىتېتى ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنى بىرلىك قىلىپ سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى ئېلانى چىقىرىش ھەمدە سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى بېرىش كېرەك. كەنت ئاھالىسى ئېلان قىلىنغان سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە باشقىچە پىكىردە بولسا ياكى خاتا تىزىملاش، چالا تىزىملاش، تەكرار تىزىملاشقا ئوخشاش ئەھۋاللارنى سەزسە، سايلام كۈنىدىن 15 كۈن بۇرۇن، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە ئىنكاس قىلسا بولىدۇ، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئېنىقلىشى ھەمدە سايلام كۈنىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئېنىق جاۋاب بېرىشى ياكى تۈزىتىشى كېرەك.

## باب IV

## نامزاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش

**16 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارغا ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش؛

(2) ئىشتا ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇش، ئامما ئارىسىدا ئىناۋەتى بولۇش، كەنت ئاھالىسىگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش؛

(3) مۇئەييەن مەدەنىيەت ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق بېيىشقا، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇش.

**17 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرى ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىرى ئارتۇق بولىدۇ؛ كەنت ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىردىن ئۈچكىچە ئارتۇق بولىدۇ.

**18 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنىڭ دەسلەپكى نامزاتىنى سايلىغۇچىلار تۆۋەندىكى ئۇسۇلنىڭ بىرى بويىچە بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ، ئۇ سايلام كۈنىدىن ئون كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىنىدۇ

(1) كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چاقىرىپ، «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى»نى تولدۇرغۇزۇپ، بېلەت سانىنى نەق مەيداندا ئاشكارا جاكارلاپ ۋە ھېسابلاپ، نامزاتلار ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە ئېلان قىلىدۇ؛

(2) كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چاقىرىپ، «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى»نى تولدۇرغۇزۇپ، بېلەت سانىنى نەق مەيداندا ئاشكارا جاكارلايدۇ ۋە ھېسابلايدۇ ھەمدە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسىنى جەملىگەندىن كېيىن، نامزاتلار ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە ئېلان قىلىدۇ.

ھەربىر سايلىغۇچى كۆرسەتكەن كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنىڭ سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**19 ـ ماددا** دەسلەپكى نامزاتلار ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلىغۇچىلاردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىشى ھەمدە رەسمىي نامزاتلارنى تەييارلىق سايلىمى ئارقىلىق بېكىتىشى كېرەك. تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈشتە، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى بېلەت تاشلاش ئورنى ۋە بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىدۇ ھەمدە بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت جاكارچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچىنى سايلاپ چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىشكە تەشكىللەيدۇ. سايلىغۇچى سايلام بېلىتىدە تولدۇرغان نامزات سانى سايلايدىغان ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېلەتنى ئاشكارا ھېسابلاپ، رەسمىي نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە بېكىتىش كېرەك.

رەسمىي نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە سايلام كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىش كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ رەسمىي نامزاتى بولۇشنى خالىمىغانلار ئاساسىنى سايلام كۈنىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە يازما سۇنۇشى، ئۇنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئېلان قىلىشى ھەمدە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. كەم قالغان نامزات رەسمىي نامزاتنى بېكىتكەندە ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە تولۇقلىنىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىنىدۇ.

سايلىغۇچىلار كۆرسەتكەن دەسلەپكى نامزات ياكى مۇشۇ چارە بويىچە بېكىتىلگەن رەسمىي نامزاتنى ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە، تەڭشىشىگە ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**20 ـ ماددا** بىر كىشى ئىككىدىن ئارتۇق ۋەزىپە نامزاتلىقىغا بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىلگەندە، ئۇنى نامزاتلار ئىسمىلىكىگە كىرگۈزۈپ، قويۇلىدىغان ۋەزىپىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بويىچە ئاۋازغا قويۇش كېرەك.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەردىن كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر رەسمىي نامزاتى قىلىپ بېكىتىلگەنلىرىنىڭ كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىدىكى ۋەزىپىسى ئۆزلۈكىدىن ئاخىرلىشىدۇ، كەم نامزات كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەرنى سايلىغاندا ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە تولۇقلىنىدۇ.

**21 ـ ماددا** كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى رەسمىي نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى سايلىغۇچىلارغا باراۋەر، ئەينەن، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە تونۇشتۇرۇشى كېرەك. سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، نامزاتلار كەنت باشقۇرۇش نۇقتى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنسا ھەمدە سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرسە بولىدۇ، ئەمما سايلام كۈنى نامزاتلارنى تونۇشتۇرۇشنى توختىتىش شەرت.

نامزاتلارنىڭ كەنت باشقۇرۇش نۇقتى، سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى، قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت بەلگىلەنگەن دائىرىدە بولۇشى شەرت. سايلىغۇچىلار نامزاتلارغا كەنت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردە سوئال قويۇشى، جىسمانىي ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى شۇ جايدىلا چەكلىشى كېرەك.

## V باب

## سايلام تەرتىپى

**22 ـ ماددا** كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ئاۋازغا قويۇشتىن ئىلگىرى، تۆۋەندىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك:

(1) بېلەت تاشلاش، سايلام ئۆتكۈزىدىغان كونكرېت ۋاقىت، ئورۇننى ئېلان قىلىش، بېلەت ساندۇقى، سايلام بېلىتى، بېلەت تاشلاش، بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، سايلام نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەييارلاش، سايلام يىغىنى مەيدانى ۋە بېلەت تاشلاش ئورنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، گۇۋاھنامە تەكشۈرۈپ بېلەت تارقىتىش ئورنى، بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىش؛

(2) كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ سايلام چارىسىنى ماقۇللاش، بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت جاكارچىسى، بېلەت ھېسابلىغۇچىنى بېكىتىش؛

(3) بېلەت تاشلاشنى ھاۋالە قىلىدىغان سايلىغۇچىغا رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىش. سايلىغۇچىلاردىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ سايلام كۈنى بېلەت تاشلاشقا ئۆزى كېلەلمەيدىغانلىرى سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە بېرىپ بېلەت تاشلاپ رەسمىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك. ئۇزۇن مەزگىل سىرتقا چىقىپ كېتىش، مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆز كەنتىگە قايتالماسلىق قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن، بېلەت تاشلاپ قويۇش رەسمىيىتى ئۆتەشنى سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە ئۆزى يازما ئوتتۇرىغا قويسا

بولىدۇ. ھەر بىر سايلىغۇچى ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

**23 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنى بېلەت تاشلاپ سايلاشتا، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سايلام يىغىنى ئېچىلىدۇ ياكى مەركىزىي بېلەت تاشلاش يىغىن مەيدانى ۋە بىر قانچە بېلەت تاشلاش ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ. قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ بولغانلىقتىن سايلام يىغىنىغا ياكى بېلەت تاشلاش ئورنىغا كېلىپ بېلەت تاشلىيالمايدىغان سايلىغۇچىلار ئۈچۈن كۆچمە بېلەت ساندۇقى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. ھەر بىر بېلەت تاشلاش ئورنى ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا سايلام ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئىككى نەپەر بېلەت نازارەتچىسى مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ چارىنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار كىشى سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلسا بولمايدۇ، بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت جاكارچىسى، بېلەت ھېسابلىغۇچى شۇنىڭدەك باشقا سايلام خىزمەتچىسى بولسىمۇ بولمايدۇ.

بېلەتنى سايلام كۈنىدىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بېلەت تاشلاش ئورنىدىكى بېلەت ساندۇقىغا ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا تاشلاپ بولۇش ھەممە بېلەت تاشلاپ بولغان ھامان پېچەتلەپ، سايلام يىغىنى مەيدانىغا ئاپىرىپ ئېچىش ۋە بېلەت ھېسابلاش كېرەك.

سايلىغۇچىلار گۇۋاھنامە تەكشۈرۈپ بېلەت تارقىتىش ئورنىدىن سايلام بېلىتىنى سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ۋە ھاۋالىنامە بىلەن ئېلىپ، مەخپىي تولدۇرۇش ئورنىدا تولدۇرۇپ، بېلەت ساندۇقىغا تاشلايدۇ. ساۋاتسىزلىق ياكى مېيىپلىك تۈپەيلىدىن سايلام بېلىتىنى تولدۇرالمايدىغان سايلىغۇچى ئۆزى ئىشىنىدىغان، نامزات بولمىغان كىشىگە مەخپىي تولدۇرۇش ئورنىدا تولدۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ، تولدۇرۇپ بەرگۈچى سايلام بېلىتىنى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تولدۇرۇشى شەرت. ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ سايلىغۇچىغا سايلام بېلىتىنى تولدۇرۇپ بەرگۈچىنى بەلگىلەپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ، ھەر قانداق شەخسنىڭ سايلىغۇچىغا سايلام بېلىتىنى زورلۇق بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**24 - ماددا** سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سايلىغۇچىلار بېكىتىلگەن نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ، باشقا سايلىغۇچىنى سايلىسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ.
ھەر بىر سايلىغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق سايلامدا پەقەت بىر كىشىلىك ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ. بېلەت تاشلاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى بېلەت ساندۇقىنى خالايىق ئالدىدا ئېچىپ، بېلەت تاشلىغان ئادەم سانى بىلەن تاشلانغان بېلەت سانىنى سېلىشتۇرۇپ خاتىرىگە ئالىدۇ، خاتىرىگە بېلەت نازارەتچىسى ئىمزا قويىدۇ. ھەر قېتىملىق سايلامدا تاشلانغان بېلەت سانى بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىدىن ئارتۇق بولسا، سايلام ئىناۋەتسىز بولىدۇ. بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولسا سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ. سايلامنىڭ ئىناۋەتلىك بولغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، بېلەت نەق مەيداندا ئاشكارا ھېسابلىنىدۇ.

بېلەت ھېسابلىنىپ بولغاندا بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت جاكارچىسى، بېلەت ھېسابلىغۇچى بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ خاتالىق كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، بېلەت ھېسابلاش دوكلاتىغا ئىمزا قويىدۇ، بېلەت نازارەتچىسى بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسىنى نەق مەيداندا ئېلان قىلىدۇ، يىغىن رىياسەتچىسى سايلام نەتىجىسىنى نەق مەيداندا ئېلان قىلىدۇ ھەم سايلام نەتىجىسىنى شۇ كۈنى ئېلان قىلىدۇ. سايلام نەتىجىسىنى سايلام كۈنىدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىچىدە يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلام بېلىتىنى پېچەتلەپ، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك، ساقلاش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ.

**25 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى سايلىغاندا بېلەتنى ۋەزىپە بويىچە قېتىمغا بۆلۈپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ، بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. بېلەتنى بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەر بىر سايلام بېلىتىدە سايلانغان ئادەم سانى قايسى تۈردە سايلايدىغان ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتسە، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ، سايلايدىغان ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغىنى ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ قايسى تۈر پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇتۇق يېزىلغان ياكى بەلگىلەنگەن بەلگە بويىچە يېزىلمىغان بولسا، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ئىناۋەتسىز بېلەت سايلام بېلىتى ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنى سايلاشتا، بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن نامزات ياكى باشقا سايلىغۇچى سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزات سانى سايلىنىدىغان

ئادەم ساندىن ئېشىپ كەتسە، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ؛ ئاۋاز سانى تەڭ چىقىپ قېلىپ، سايلانغۇچىنى بېكىتكىلى بولمىسا، شۇ نامزاتقا قايتا بېلەت تاشلىنىدۇ، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشىپ سايلانغانلار سانى سايلىنىدىغان ئادەم ساندىن ئاز بولۇپ قالسا، كەم سان ئۈچۈن ئايرىم سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئايرىم سايلام ئۆتكۈزگەندە، نامزاتلار ئىسملىكى 1 - قېتىم بېلەت تاشلىغاندا ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈك رېتى بويىچە مۇشۇ چاردە بەلگىلەنگەن ئارتۇق نامزات سانىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. بىرلا كىشى سايلىنىدىغان بولسا، نامزات ئىككى بولۇشى كېرەك. ئايرىم سايلام ئۆتكۈزگەندە شۇ كەنتتىكى بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلىغان بولسا، سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزاتلار ۋە باشقا سايلىغۇچىلار سايلانغان بولىدۇ، لېكىن قوشۇلۇپ بەرگەن ئاۋاز سانى تاشلانغان بارلىق بېلەت سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كەم بولسا بولمايدۇ.

**26 - ماددا** ئىككى قېتىملىق سايلامدا سايلانغانلارنىڭ سانى يەنىلا سايلىنىدىغان سانغا يەتمەي، سايلانغان ئادەم سانى ئۈچتىن ئاشقان بولسا، كەم سان كەم پېتى تۇرۇپ تۇرىدۇ. مۇدىرنىڭ ئورنى بوش قالغاندا مۇئاۋىن مۇدىر مۇدىرنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ تۇرىدۇ. مۇدىرنىڭمۇ، مۇئاۋىن مۇدىرنىڭمۇ ئورنى بوش قالغاندا كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلانغان ئەزالار ئىچىدىن بىر كىشىنى مۇدىر سايلانغىچە خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشقا بەلگىلەيدۇ.

سايلانغان ئادەم سانى ئۈچكە يەتمىگەن لېكىن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سايلاپ چىقىلغان بولسا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، كەم سان ئۈچ ئاي ئىچىدە قانۇن بويىچە سايلام ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىكە سايلانغانلار ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ چارىنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولسا ئۇلاردىن ۋەزىپىسى يۇقىرى بولغىنىنىڭ ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ ۋەزىپىسى تەڭ بولۇپ قالسا، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنىنىڭلا ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ساقلاپ قېلىنمىغان باشقا سايلانغۇچىلارنىڭ سايلانغانلىقىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى نەق مەيداندا ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىدۇ.

**27 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، ئون كۈن ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى، كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى يىغىنى ئېچىپ ھەم كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ سايلام چارىسىدىن پايدىلىنىپ سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى ھەر 5 - 15 ئائىلىدىن بىر ۋەكىل كۆرسىتىش ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى بىر نەچچە كىشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 25 تىن كەم بولمايدۇ، ئادەتتە 50 تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## VI باب

## قالدۇرۇۋېتىش، ئىستېپا بېرىش ۋە تولۇقلاپ سايلاش

**28 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. كەنت ئاھالە يىغىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

سايلىغۇچىلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى يازما بولۇشى ھەمدە سەۋەبى چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك.

يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ داۋاملىق كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەركىبىدە بولسا بولمايدىغان ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ، ئۇدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قاتناشمىغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ. قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى 30 كۈن ئىچىدە كەنت ئاھالە يىغىنى ئېچىپ بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىش بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتۈشى ھەم ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەنت ئاھالە يىغىنى ئېچىپ بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويمىسا، يېزا دەرىجىلىك خەلق

ھۆكۈمىتى 30 كۈن ئىچىدە كەنت ئاھالە يىغىنى ئېچىپ بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ياكى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قالدۇرۇۋېتىشكە بىلەت تاشلايدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى كەنت ئاھالە يىغىنى ئېچىشتىن بەش كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە يىغىنىدا قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى مۇزاكىرە قىلغان، ئاۋازغا قويغاندا، قالدۇرۇۋېتىلىدىغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر يىغىنغا قاتنىشىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ياكى ئاقلاش پىكرىنى يازما قويۇشقا ھوقۇقلۇق، يازما ئاقلاش پىكرىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنىدا ئوقۇشى كېرەك. قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ماقۇللانمىسا، ئالتە ئايغىچە ئوخشاش سەۋەب بىلەن قالدۇرۇۋېتىشنى قايتا تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

**29 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەردىن ئىستىپا سورايدىغانلىرى يازما ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتى 30 كۈن ئىچىدە كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە قارار چىقىرىشى كېرەك. تەڭدىن تولا سايلىغۇچى ياكى بارلىق كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلسا ئېلان قىلىش كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مالىيىگە مەسئۇل باشقا خادىم ئىستىپا سورىسا، ئالدىنقى تارماقدىكى تەرتىپ بويىچە ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى مالىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ياكى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش كېرەك.

**30 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىستىپا بېرىش، قالدۇرۇۋېتىلىش، ئۆلۈپ كېتىش، نوپۇسى يۆتكىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېمىيىپ كەتسە، ئۈچ ئاي ئىچىدە تولۇقلاپ سايلاش كېرەك. تولۇقلاپ سايلاش خىزمىتىگە كەنت ئاھالە كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزات كۆپ سانلىق سايلىغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بېكىتىلىدۇ، نامزات سانى سايلىنىدىغان ساندىن كۆپ بولسىمۇ ياكى ئۇنىڭغا تەڭ بولسىمۇ بولىدۇ. تولۇقلاپ سايلاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ. تولۇقلاپ سايلاشتا، بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بىلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ نامزات ۋە باشقا سايلىغۇچىلاردىن بىلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ؛ سايلانغانلار تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشەلمىسە ياكى تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، سايلىنىدىغانلار سانىغا يەتمىسە، ئايرىم تولۇقلىما سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزات ۋە باشقا سايلىغۇچى سايلانغان بولىدۇ. لېكىن قوشۇلۇپ بېرىلگەن ئاۋاز سانى تاشلانغان بىلەت سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كەم بولسا بولمايدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ قالدۇرۇۋېتىلىش، ئىستىپا بېرىش ۋە تولۇقلاپ سايلىنىش نەتىجىسىنى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

## VII باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**31 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى كەنت ئاھالىسى يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەم ئۇلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلىرىغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار تارماق 15 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈشى ھەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، بىۋاستە جاۋابكارغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشى كېرەك؛ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاشقا ئائىت بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ:

(1) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋە نامزاتلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرغان، تەڭشىۋەتكەن، ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئورۇنسىز سەۋەب بىلەن ئارقىغا سۈرگەنلەر؛

(2) سايلام يىغىنى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار، سايلىغۇچىلارنى بىلەت تاشلىماسلىققا قۇتراتقانلار، نامزاتقا ياكى سايلام خىزمەتچىلىرىگە ھاقارەت قىلغان، تۆھمەت قىلغانلار؛

(3) سايلامدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى شىكايەت قىلغان، پاش قىلغانلارنى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلارنى

سۇرۇشتۇرگەن، باسقان، ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(4) سايلام بېلەتنى ياسىۋالغانلار، سايلام نەتىجىسىنى يالغان دوكلات قىلغانلار ياكى باشقا ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلار؛

(5) زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، سايلام بېلىتى ياكى بېلەت ساندۇقىنى بۇزۇۋېتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە دەخلى يەتكۈزۈپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار.

زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن سايلىنىۋالغانلارنىڭ سايلانغانلىقى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

## VIII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**32 ـ ماددا** بۇ چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

**33 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى نىزامى

(2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەش ۋە يوقىتىش، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش مەقسىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە پائالىيىتىدە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ھايۋانات ـ ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى ۋە قولدا بېقىلغان، قانۇنلۇق تۇتۇلغان باشقا ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ھايۋانات مەھسۇلاتلىرى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، يۇڭى، تىۋىتى، ئىسپېرمىسى، تۆرەلمىسى، سۈتى، تۇخۇمى ۋە پىشۇرۇلمىغان گۆشى، يېغى، ئىچكى ئەزاسى، قېنى، بېشى، شىرىقى، قۇيرۇقى، ئۇستىخىنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن كارانتىن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىش ۋە ۋاقتىدا يوقىتىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىممۇنىتېتلاشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، يېزا (بازار)، كەنت دەرىجىلىك ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ.

**5 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى ۋە ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كونكرېت ئىشلەيدۇ.

ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ئېھتىياجىغا قاراپ، يېزا (بازار) لارغا يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ ياكى خادىم ئەۋەتىپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى ۋە ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

سەھىيە، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ج خ، قاتناش تارماقلىرى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسىگە دائىر

تەشۋىق - تەربىيە، مەسلىھەت مۇلازىمىتى، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھايۋانات يۇقۇمى بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھايۋانات ئېغىر يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش يىرىك پىلانى ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈشكە تەشكىللەپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە ئەشياسىنى ياخشى تەييارلاپ، ئالاقىدار تارماقلارنى يۇقۇمنى ۋاقتىدا يوقىتىشقا تەشكىللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

## II باب

## ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

**8 - ماددا** ھايۋانات باقىدىغان، ھايۋانات تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ھايۋانات يۇقۇمىغا قارىتىلغان مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش پىلانىدىكى تەلەپ بويىچە، ھايۋاناتنى ۋاقتىدا ئىممۇنىتېتلاپ ۋاكسىنا ئەملىشى ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىشى ھەم ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمىگە بولغان تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى شەرت. مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلانغان ھايۋاناتقا ئىممۇنىتېت بەلگىسى ئېسىش، ئىممۇنىتېت ئارخىپى تۇرغۇزۇش كېرەك. مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلانغان ھايۋاناتقا ئىممۇنىتېت بەلگىسى ئېسىش، ئىممۇنىتېت ئارخىپى تۇرغۇزۇش كېرەك. مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلىنىدىغان ھايۋاناتتىن ئىممۇنىتېت بەلگىسى بولمىغانلىرىنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ بازارغا سېلىشىغا، سويۇشىغا ۋە يۆتكىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**9 - ماددا** نەسلى ئېلىنىدىغان، سۈتى ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار دۆلەت بەلگىلىگەن ساغلاملىق ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇشى ھەم ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى تەرىپىدىن يۇقۇم بويىچە قەرەللىك تەكشۈرۈلگەن بولۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەرگەن ساغلاملىق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك.

**10 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋاناتنى سويۇشىغا، يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن، كېسەل تېگىپ ئۆلگەن ھايۋانات، ھايۋانات مەھسۇلاتىنى، شۇنىڭدەك ئورالمىسى، نىجاسىتى، سېلىنچىسى قاتارلىق بۇلغىمىلارنى سېتىشىغا ياكى تاشلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ياكى كېسەل تېگىپ ئۆلگەن ھايۋانات، ھايۋانات مەھسۇلاتى ۋە بۇلغىمىلارنى شۇ جايدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ نازارىتىدە بەلگىلەنگەن جايدا زىيانسىزلاپ بىر تەرەپ قىلىشى شەرت.

**11 - ماددا** توشۇغۇچى ئورۇن ۋە شەخس ھايۋانات ياكى ھايۋانات مەھسۇلاتىنى توشۇش قورالى، ئىشلىتىلگەن سېلىنچا ۋە ئورالمىلارنى قاچىلاشتىن بۇرۇن ۋە چۈشۈرگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە دېزىنفېكسىيە قىلىشى ھەم ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ دېزىنفېكسىيە ئىسپاتىنى ئېلىشى كېرەك.

**12 - ماددا** توشۇش، پىششىقلاش، سېتىش جەريانىدا ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتىغا يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەنلىكى ياكى گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەنلىكى بايقالسا، ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخسلەر شۇ جايدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى دەرھال تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشى شەرت:

(1) يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ياكى گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتىنى ئايرىۋېتىش ياكى پېچەتلەش؛

(2) يۇقۇم تۈرى ۋە مەنبەسىنى ئېنىقلاش؛

(3) يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ھەم يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىش ئېھتىمالى بولغان جايدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا ئۇقتۇرۇش؛

(4) شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماققا ۋاقتىدا دوكلات قىلىش.

**13 - ماددا** پەن تەتقىقاتى، ئوقۇتۇش، بىئو ياسالما ئىشلەپچىقىرىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئالاھىدە ئېھتىياج بىلەن، ھايۋاناتتىكى كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكرو ئورگانىزملار ياكى كېسەللىك ماتېرىيالىنى ساقلاش، ئىشلىتىش، كىرگۈزۈش، توشۇشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرۇش ھەم دۆلەت بەلگىلىگەن باشقۇرۇش

تۈزۈمى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك.

ھايۋاناتتىكى كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكرو ئورگانىزم ياكى كېسەللىك ماتېرىيالىنى ساقلاش، ئىشلىتىش، كىرگۈزۈش، توشۇش جەريانىدا پەيدا بولغان يۇندا، بۇلغىما ۋە ھايۋانات تاپى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش شەرت.

## Ⅲ باب

# ھايۋانات يۇقۇمىنى تىزگىنلەش ۋە يوقىتىش

**14 ـ ماددا** ھايۋاناتتا دۆلەت بەلگىلىگەن ئېغىر يۇقۇم يۈز بەرسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى دەرھال نەق مەيدانغا ئادەم ئەۋەتىپ يۇقۇم نۇقتىسى، يۇقۇم رايونى ۋە تەھدىتكە ئۇچرايدىغان رايوننى ئايرىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇم رايونىنى قامال قىلىشنى قارار قىلىپ جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى ھەم قوشنا جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلارنى خەۋەردار قىلىشنى ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

ئېلان قامال دائىرىسى، ئوبيېكتى ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

**15 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، قامال قىلىنغان يۇقۇم نۇقتىسى، يۇقۇم رايونىدا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك:

(1) يۇقۇم نۇقتىسىنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىدا ئاگاھ بەلگىسى ۋە دېزىنفېكسىيە پونكىتى (نۇقتىسى) تەسىس قىلىپ، دېزىنفېكسىيە ئۈسكۈنىسى سەپلەش ھەم ھايۋاناتتىكى يۇقۇمنى يوقىتىش ئېھتىياجىدىن يۇقۇم نۇقتىسىغا كىرىپ ـ چىقىدىغانلار، توشۇش قوراللىرى، شۇنىڭدەك ئالاقىدار بۇيۇملارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە باشقا چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش؛

(2) يۈز بەرگەن ھايۋانات يۇقۇمىغا ئالاقىدار ھايۋانات، ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش، بازارغا سېلىشنى مەنئى قىلىش؛

(3) چارۋا مال دوختۇرلۇق، ج خ تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ۋە گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋاناتنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەم زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىشكە دەرھال تەشكىللەش؛

(4) يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋاناتقا ئىشلىتىلگەن سايمان، قوتان، مەيدانلار ۋە ھايۋانات قىغى، سېلىنچىسى قاتارلىق بۇلغانغان بۇيۇملارنى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىرىنىڭ نازارىتىدە دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى زىيانسىزلاپ بىر تەرەپ قىلىش؛

(5) ئاسان يۇقۇملىنىدىغان ھايۋاناتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، جىددىي ئىممۇنىتېتلاپ ۋاكسىنا ئەملەش ھەم قوتاندا بېقىش ياكى كۆرسىتىلگەن جايدا بېقىش.

يۇقۇم نۇقتىسى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ۋە گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋاناتنى يوشۇرۇش، يۆتكەش مەنئى قىلىنىدۇ.

**16 ـ ماددا** تەھدىتكە ئۇچرىغان جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا تەشكىللىشى كېرەك. ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى يۇقۇملۇق كېسەل ياكى يۇقۇم ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىشى كېرەك، ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن زۆرۈر چەكلەش، ئايرىۋېتىش تەدبىرى قوللانسا بولىدۇ.

**17 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇمى يوقىتىلىپ، شۇ يۇقۇم بىر يوشۇرۇن مۇددەتتىن ئارتۇقراق تەكشۈرۈلگەن ۋە كۆزىتىلگەندىن كېيىن، قايتا يۇقۇم كۆرۈلمىسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قامال قارارى چىقارغان خەلق ھۆكۈمىتىگە يۇقۇم رايونىدىكى قامالنى بىكار قىلىشنى ھەم ئۇنى قوشنا جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلارغا خەۋەر قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**18 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇمى ۋە ئادەمگىمۇ، چارۋىغىمۇ يۇقىدىغان كېسەل كۆرۈلگەندە چارۋىچىلىق، سەھىيە، چېگرا پرىيوم ـ كارانتىن تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار يۇقۇم ئەھۋالىدىن بىر ـ بىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشى ھەم مەسئۇلىيىتى بويىچە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى تېزدىن تىزگىنلىشى ۋە يوقىتىشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلانغان ھەم ئىممۇنىتېت مۇھاپىزەت مەزگىلىدە يۇقۇملۇق كېسەل يۈز بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانات ياكى يۇقۇملۇق كېسەل كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە مەجبۇرىي ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانات ئۈچۈن، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە

تولۇقلىما بېرىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا كېرەكلىك دورا، بىئو ياسالمىلار ۋە ئالاقىدار ئەشيالارنى زاپاس ساقلىشى كېرەك.

مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانات بىئو ياسالمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى بىر تۇتاش تەمىنلەيدۇ.

## IV باب

## ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش

**21 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى دۆلەت ئۆلچىمى، ساھە ئۆلچىمى، كارانتىن قائىدىسى ۋە كارانتىن باشقۇرۇش چارىسىگە بىنائەن، ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى قانۇن بويىچە كارانتىن قىلىدۇ، كارانتىن گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ ھەم ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىغا تەكشۈرگەنلىك تامغىسى باسىدۇ ياكى تەكشۈرگەنلىك بەلگىسى چاپلايدۇ.

**22 ـ ماددا** ھايۋانات، ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ياكى شۇ مەھسۇلاتنى چىققان يېرىدىن يۆتكەشتىن بۇرۇن ھايۋانات كارانتىنچىلىرىغا كارانتىن قىلدۇرۇش شەرت. كارانتىندا لاياقەتلىك بولغان ھايۋانات، ھايۋانات مەھسۇلاتىغا ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى كارانتىن لاياقەتنامىسى بېرىدۇ ھەم ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىغا تەكشۈرگەنلىك تامغىسى باسىدۇ ياكى تەكشۈرگەنلىك بەلگىسى چاپلايدۇ.

**23 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدا كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلار بەلگىلەنگەن قۇشخانىدا سويۇلىدۇ، يىغىپ كارانتىن قىلىنىدۇ، قۇشخانىدا كارانتىن قىلىشقا شۇ جايدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى مەسئۇل بولىدۇ. قۇشخانىدا سويۇلىدىغان كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلاردا كۆچكە ئىگە كارانتىن گۇۋاھنامىسى ۋە ئىممۇنىتېت بەلگىسى بولۇشى كېرەك، ھايۋانات كارانتىنچىسى گۇۋاھنامىلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن سويۇشقا بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شەخسلەر ئۆزى بېقىپ سويۇپ يەيدىغان چارۋىلارنى كارانتىن قىلدۇرۇشنى خالىسا، سويۇشتىن بۇرۇن شۇ جايدىكى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ھايۋانات كارانتىنچىسى شۇ جايغا بېرىپ كارانتىن قىلىشى كېرەك.

**25 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىدا چىقىرىلغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ كۈچكە ئىگە كارانتىن ئىسپاتى بولۇشى كېرەك؛ نەسلى ئېلىنىدىغان، سۈتى ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانات كىرگۈزۈلگەن جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە 30 كۈن ئايرىپ كۆزىتىپ، كارانتىندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## V باب

## ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىكى

**26 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇم مۇداپىئە پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشى لازىم. ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىرى ۋە ھايۋانات كارانتىنچىلىرى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، بېقىش، سويۇش، پىششىقلاش، ساقلاش، توشۇش، ئېلىپ ـ سېتىش سورۇنىدا ۋە ئۆتەڭلەردە ئەھۋال ئىگىلىسە، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆرسە، كۆپەيتىۋالسا، سۈرەتكە ئالسا، خاتىرىلىۋالسا، ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىدىن ئەۋرىشكە ئالسا، ئېلىپ قېلىپ تەكشۈرسە ۋە ئارىلاپ تەكشۈرسە بولىدۇ، ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ رەت قىلىشىغا، توسقۇنلۇق ۋە يوشۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ خادىملىرى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى لازىم.

**27 ـ ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە ھايۋانات كارانتىن خادىملىرى ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھايۋانات يۇقۇمى بويىچە مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىممۇنىتېتلانمىغانلىقى، دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغانلىقى، كارانتىن قىلىنمىغانلىقى، شۇنىڭدەك

ئىسپاتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ئىسپات بۇيۇمىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىسا، مۇشۇ نىزامدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تولۇقلاپ ئىممۇنىتېتلىشى، دېزىنفېكسىيىلىشى ۋە كارانتىن قىلىشى ياكى قايتا كارانتىن قىلىشى؛ يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ياكى گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن هايۋانات ۋە هايۋانات مەهسۇلاتلىرىنى بايقىسا ئايرىۋېتىشى، پېچەتلىشى ياكى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن تولۇقلاپ ئىممۇنىتېتلاش، تولۇقلاپ دېزىنفېكسىيىلەش، تولۇقلاپ كارانتىن قىلىش ياكى قايتا كارانتىن قىلىش، ئايرىۋېتىش، پېچەتلەش ۋە زىيانسىزلاندۇرۇشقا كېتىدىغان هەقنى ئالاقىدارلار ئۈستىگە ئالىدۇ.

**28 ـ ماددا** هايۋانات فېرمىسى، چۇجىخانا، قۇشخانا، گۆش پىششىقلاش زاۋۇتى، بەلگىلەنگەن قۇشخانىلار ۋە هايۋانات مەهسۇلاتلىرى تىجارىتى قىلىدىغان، پىششىقلايدىغان، ساقلايدىغان باشقا سورۇنلار دۆلەت بەلگىلىگەن هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە شەرتىگە ئۇيغۇن بولۇشى هەم ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىدىن هايۋانات كارانتىن لاياقەت ئىسپاتى ئالغان بولۇشى، هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە تۈزۈمى ۋە هايۋانات ئىممۇنىتېت، دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنى ئىشلىتىش، زىيانسىزلاپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە يۇقۇم كۆرۈلۈش ئەهۋالىغا دائىر ئارخىپلارنى تۇرغۇزۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** هايۋانات كېسەللىنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاشتا، مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە ئەسۋاب، ئەسلىھە بولۇشى هەم ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىدىن هايۋانات كېسەللىنى تەكشۈرۈش، داۋالاش ئىجازەتنامىسى ئالغان بولۇشى لازىم.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىقى

**30 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 8 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ئاگاهلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ هەم قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاتقۇزىدۇ ۋە دېزىنفېكسىيە قىلدۇرىدۇ. خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**31 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى سۈرۈك ئىچىدە دۆلەت بەلگىلىگەن ساغلاملىق لاياقەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىسە، يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ساغلاملىق لاياقەت ئۆلچىمىگە توشمىغان نەسلى ئېلىنىدىغان، سۈتى ئىشلىتىلىدىغان هايۋاناتنى مەجبۇرىي زىيانسىزلاپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**32 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرمىغانلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تولۇقلاپ ئەنگە ئالدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ؛ دۆلەت بەلگىلىگەن باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، هايۋاناتتىكى كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكرو ئورگانىزىملارنى ساقلىغان، ئىشلەتكەن، توشۇغان ياكى كېسەللىك ماتېرىياللىنى توشۇغانلارغا يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ئاگاهلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ يۇندا، بۇلغىما ۋە هايۋانات تاپلىرىنى زىيانسىزلاندۇرۇشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىدۇ، خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**33 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 15 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىنىڭ (2) تارماقچىسى ۋە 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئاگاهلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلارغا 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**34 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 29 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىجازەتنامە ئالماي تۇرۇپ هايۋانات كېسەللىنى تەكشۈرگەن، داۋالىغانلارنى ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئىش توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

**35 ـ ماددا** هايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىدە ئالاقىدار

خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە چارۋا مال دوختۇرلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلاردىن يۇقۇم ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ ياكى يالغان مەلۇم قىلىپ، خىزمەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى پەيدا قىلغان ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى مەمۇرىي تەپتىش ئورگىنى ئاساسلىق جاۋابكار ۋە باشقا جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**36 - ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەتچىلىرى ۋە ھايۋانات كارانتىنچىلىرىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش ۋە دېزىنفېكسىيىلەشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي ياكى مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش ۋە دېزىنفېكسىيىلەشتە قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ زىيانلىق ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلار؛

(2) يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ياكى گۇمانىي يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى بايقىغاندا تەدبىر قوللانمىغانلار؛

(3) يۇقۇم ئەھۋالىنى يوشۇرغان ياكى كېچىكتۈرۈپ دوكلات قىلغانلار؛

(4) كارانتىن قىلىشتا ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي، چالا، خاتا كارانتىن قىلغانلار؛

(5) كارانتىن قىلىنمىغان ياكى كارانتىندا لاياقەتسىز بولغان ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىغا كارانتىن ئىسپاتى بەرگەن، كارانتىن تامغىسى باسقان ياكى كارانتىن بەلگىسى چاپلىغانلار؛

(6) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئالغانلار؛

(7) پارا سوراش، پارا ئېلىش، شۇنىڭدەك خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**37 - ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**38 - ماددا** بۇ نىزام 2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش نىزامى

**(1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى).**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ساياھەت بايلىقىنى قوغداش ۋە مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، ساياھەت بازىرى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ساياھەتچىلەر ۋە ساياھەت تىجارەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ساياھەتچىلىكنىڭ سجىل، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ساياھەتچىلىك ساياھەت بايلىقى ۋە ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلب قىلىدىغان ۋە كۈتۈۋالىدىغان، ساياھەتچىلەرگە سەيلە - ساياھەت، ياتاق، تاماق، قاتناش، سودا، ئويۇن - تاماشا قاتارلىق جەھەتلەردە مەخسۇس ياكى ئاساسلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان ساھەنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ساياھەت بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، ساياھەت تىجارىتى قىلىش، ساياھەت باشقۇرۇش ۋە ساياھەت پائالىيىتى قىلىشتا، مۇشۇ

نىزامغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

قانۇن - نىزاملاردا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئوتلاق مەنزىرە رايونى، ئورمان باغچىسى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىدە بەلگىلىمە بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**4 - ماددا** ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشى ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، «كىم مەبلەغ سالسا، شۇ مەنپەئەتلىنىش» پرىنسىپى بويىچە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. مەبلەغ سېلىپ ساياھەت بايلىقىنى ئاچقۇچىلار ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئالاقىدار ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ساياھەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، ساياھەت باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ، ساياھەت كەسپكارلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ.

يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت تۈرلىرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ساياھەت باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ساياھەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، مالىيىنىڭ ساياھەتچىلىكنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، ساياھەت تەرەققىياتى مەخسۇس مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ساياھەتچىلىك ئۇل ئەسلىھەسى ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ساياھەتچىلىك مۇھىتىنى ياخشىلىشى، ساياھەتچىلىك بازىرىنى يېتىلدۈرۈشى، ساياھەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**6 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ساياھەت باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

تەرەققىيات - پىلان، زېمىن بايلىقى، قۇرۇلۇش، تاشقى ئىشلار، سۇچىلىق، مۇھىت، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت، سەھىيە، قاتناش، مەدەنىيەت، دىن تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ساياھەتچىلىككە دائىر باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى بويىچە ياخشى ئىشلەيدۇ.

## II باب

# ساياھەت بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش

**7 - ماددا** ساياھەت بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشتا، بىر تۇتاش پىلانلاش، قاتتىق قوغداش، مۇۋاپىق ئېچىش، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراشقا دائىر قانۇن - نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرت.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

ساياھەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىغا، شەھەر ئومۇمىي پىلانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھەم مۇھىت ئاسراش، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئورمان باغچىسى، قاتناش تەرەققىياتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قاتارلىق مەخسۇس يىرىك پىلان بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

ساياھەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى ھاۋالە قىلىشقا توغرا كەلسە، كەسپىي ساپاسى بولغان ئاپپاراتقا ھاۋالە قىلىش لازىم.

ساياھەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش، ساياھەتچىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەت قىلىپ يولغا قويۇش كېرەك.

**9 - ماددا** ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ساياھەت

ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش يىرىك پىلان دائىرىسىدە بولۇشى، ئۇنىڭ مۇھىت تەسىرى باھالىنىشى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن تەڭ لايىھىلىنىشى، تەڭ سېلىنىشى، تەڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى شەرت.

ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، تەبىئىي مەنزىرە، گۈمانتارلىق مەنزىرە ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەنزىرىلىك رايون (سەيلىگاھ) دىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە مۇھىتىنى ئاسراش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

**10 - ماددا** مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى (سەيلىگاھ)، ساياھەت مېھمانسارىيى، خاس باغچا ۋە چوڭ ئىستىراھەت باغچىلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش تۈرلىرىنى تولۇق دەلىللەپ، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، ساياھەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن تۈرلەر شۇ جايدىكى ئاھالىگە تەسىر يەتكۈزسە، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە تولۇقلىما بېرىش لازىم.

**11 - ماددا** ساياھەت مەنزىرە رايونىدا سەيلە - ساياھەت رايونى بىلەن تۇرمۇش رايونىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. ساياھەت رايونلىرىدا ساياھەت بايلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزىدىغان، ساياھەت مەنزىرە رايونىنى بۇلغايدىغان ۋە ئۇنىڭ قىياپىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇشلارنى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**12 - ماددا** ساياھەت مەنزىرە رايونى (سەيلىگاھ) دا مۇھىت ئاسراش، تازىلىق، خەۋەرلىشىش، داۋالاش قاتارلىق زۆرۈر مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بولۇشى، يول تاختىسى، يول بەلگىسى، ئاگاھ بەلگىسى قاتارلىقلار ئورنىتىلىشى لازىم.

## III باب

## ساياھەت تىجارەتچىلىرى

**13 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ساياھەت تىجارەتچىلىرى قانۇن بويىچە كېنىشكا ئېلىپ، ساياھەت كەسپىي تىجارىتى قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە بىر خىل ياكى كۆپ خىل مۇلازىمەت قىلىدىغان تىجارەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**14 - ماددا** ساياھەت تىجارەتچىلىرى سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ئادىل رىقابەتلىشىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىشى ھەم تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

(1) تەستىقلانغان دائىرىدە تىجارەت قىلىش؛

(2) دۆلەتنىڭ ئىززىتىگە، ئىنسانىي ئىززەتكە، دىنىي ئېتىقادقا ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە زىيانلىق مۇلازىمەت قىلماسلىق؛

(3) مۇلازىمەت تۈرى، مۇلازىمەت ئۆلچىمى ۋە ھەق ئۆلچىمىنى ئاشكارىلاش، ھەر قانداق ۋاسىتە بىلەن ساياھەتچىلەرنى ئالدىماسلىق ۋە خاتا يېتەكلىمەسلىك؛

(4) توختامدا پۈتۈشكەن مۇلازىمەت ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، مۇلازىمەت تۈرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك، بىكار قىلماسلىق؛

(5) ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تاۋىرى ۋە مۇلازىمەت تۈرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر قانداق باھانە ياكى شەكىل بىلەن سودىغا زورلىماسلىق، ساختا، ناچار تاۋار ساتماسلىق؛

(6) ساياھەت بايلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ساياھەت ئەسلىھەسىنى قوغداش، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ تازىلىقىنى ساقلاش، كېسەل يۇقۇ بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

(7) شۇ جايدىكى ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ساياھەت ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتىنى ۋاقتىدا، توغرا يەتكۈزۈپ بېرىش.

**15 - ماددا** ساياھەت تىجارەتچىلىرى ساياھەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىجارەت دائىرىسىگە ماس كېلىدىغان ساياھەت بىخەتەرلىكى ئەسلىھەلىرى، ئۈسكۈنىلىرىنى تەقلەپ، ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى ھەم ساياھەتچىلەرنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە سۇغۇرتىلىتىشى كېرەك.

جىسمانىي بىخەتەرلىككە چېتىلىدىغان ساياھەت تىجارىتىدە بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك. ساياھەتتە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك ئەھۋاللارنى ساياھەتچىلەرگە ئالدىن ئەينەن ئېيتىش ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. بىخەتەرلىك ھادىسىسى يۈز بەرگەندە ساياھەت تىجارەتچىلىرى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشى ھەم ئالاقىدار تارماققا دوكلات قىلىشى لازىم.

**16 - ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ھەق تۈرى ۋە ھەق ئۆلچىمى توغرىسىدا بەلگىلىمىسى

بولسا، ساياھەت تىجارەتچىلىرى ئۇنى ئىجرا قىلىشى لازىم.

**17 ـ ماددا** ساياھەت كوپىراتىپلىرى ساياھەت توختامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم، ساياھەت لىنىيىسى ۋە مۇلازىمەت تۈرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، ساياھەتچىلەرنى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلىشقا ۋە مال سېتىۋېلىشقا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**18 ـ ماددا** ساياھەت تىجارەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن قوغدايدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ چېقىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ساياھەت تىجارەتچىلىرى قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە چېقىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ساياھەت تىجارەتچىلىرى ھەر قانداق شەكىلدىكى سېلىقنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ھالدا ئېلىنىدىغان ھەقنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## IV باب

## ساياھەتچىلەر

**19 ـ ماددا** ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن قوغدايدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ چېقىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**20 ـ ماددا** ساياھەتچىلەر ساياھەت پائالىيىتىدە تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ

(1) ساياھەت پائالىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى بىلىش؛

(2) ساياھەت تىجارەتچىسى، ساياھەت مۇلازىمەت تۈرى ۋە ساياھەت تاۋارلىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاش؛

(3) توختامدا پۈتۈشكىنى بويىچە باھاغا لايىق ساياھەت مۇلازىمىتىگە ئېرىشىش؛

(4) جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە پۇل ـ مال بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇش؛

(5) ئىنسانىي ئىززىتى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ھۆرمەتلىنىش؛

(6) قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا تۆلەم ئېلىش؛

(7) قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلار.

**21 ـ ماددا** ساياھەتچى ساياھەت پائالىيىتىدە تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك

(1) قانۇن ـ نىزامغا ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش؛

(2) شۇ جايدىكىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش؛

(3) ساياھەت بايلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش؛

(4) ساياھەت تەرتىپىنى ساقلاش ۋە ساياھەت مەنزىرە رايونى (سەيلىگاھى) نىڭ بىخەتەرلىك ۋە تازىلىق ھەققىدىكى بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلىش؛

(5) قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ۋە ساياھەت توختامىدا پۈتۈشكەن باشقا مەجبۇرىيەتلەر.

**22 ـ ماددا** ساياھەتچى ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا، ساياھەت تىجارەتچىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋە زىيانلىق قىلمىش سادىر بولغان جايدىكى ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلارغا ئەرز قىلسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ.

## V باب

## باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت

**23 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ساياھەتكە قىزىقتۇرىدىغان چوڭ ـ پائالىيەتلەرگە ۋە چوڭ ـ چوڭ ساياھەت پائالىيەتلىرىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ساياھەت كارخانىلىرىنى ياخشى ئىناۋەت تىكلەشكە، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشكە، ئازادە، راھەت، بىخەتەر ساياھەت مۇھىتى يارىتىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

**24 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى قەرەللىك ئېلان قىلىشى لازىم.

**25 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ساياھەت ئەرز تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت ئەرز تېلېفونى ئورنىتىپ ھەم نومۇرىنى ئېلان قىلىپ،

ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغان ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، 15 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىش ھەم ئەرز قىلغۇچىغا جاۋاب بېرىشى لازىم؛ باشقا مەمۇرىي مەسئۇل تارماق بىر تەرەپ قىلغان ئىشلارنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ھەم، ئەرز قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

**26 - ماددا** ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ساياھەت كارخانىلىرى ساياھەت كەسىپكارلىرىنى كەسىپ ئەخلاقى ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى لازىم. قانۇن - نىزاملاردا كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئېلىش بەلگىلەنگەن خادىملار مۇناسىپ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشسە بولىدۇ.

**27 - ماددا** ساياھەت كەسىپكارلىرىنىڭ ساياھەتچىلەردىن چاي پۇلى سورىشى ۋە ساياھەت مۇلازىمىتىدە ئۆستەك ئېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ ساياھەتچىلەرنىڭ ياتاق، تاماق خىراجىتىنى قىسىۋېلىشقا ياكى باشقىچە يول بىلەن قىسىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**28 - ماددا** ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى (سەيلىگاھلىرى) دا دۆلەت A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىنى باھالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

ساياھەت مېھمانسارايلىرىدا يۇلتۇز دەرىجىسىنى باھالاش ۋە قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. يۇلتۇز دەرىجىسى باھالانمىغان مېھمانسارايلارنىڭ يۇلتۇز دەرىجە بەلگىسى ياكى يۇلتۇز دەرىجىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نام ياكى بەلگىلەرنى ئىشلىتىپ تىجارەت تەشۋىقاتى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**29 - ماددا** ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ ساياھەت مەنزىرە رايونى (سەيلىگاھ) ۋە ساياھەت تىجارەت سورۇنىغا كىرسە بولىدۇ.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**30 - ماددا** ساياھەت مېھمانسارايلىرىدىن يۇلتۇز دەرىجىسى باھالانمىغان بولسىمۇ، يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانساراي بولۇۋېلىپ ياكى باھالانغان يۇلتۇز دەرىجىسىدىن يۇقىرى كەسىپنى ئېلىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قوشۇمچە 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

قايتا تەكشۈرۈشتە يۇلتۇز دەرىجە ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ساياھەت مېھمانسارايلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە سۈرۈك ئىچىدە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلمىگەنلىرىنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى چۈشۈرىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ.

**31 - ماددا** ساياھەت كەسىپكارلىرىدىن ساياھەتچىلەردىن چاي پۇلى سورىغان، ساياھەت مۇلازىمىتىدە ئۆستەك ئالغان، ساياھەتچىلەرنىڭ ياتاق، تاماق خىراجىتىنى قىسىۋالغان ياكى باشقا يوللار بىلەن قىسىۋالغانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 200 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ساياھەت يېتەكچىلىرىدىن مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغانلىرىغا «ساياھەت يېتەكچىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**32 - ماددا** مۇشۇ نىزامغا خىلاپ كېلىدىغان ۋە جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلار ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىدۇ.

**33 - ماددا** ساياھەت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، ئەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**34 - ماددا** بۇ نىزام 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

(1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16- يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى، تىجارەتچىلىرى ۋە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى دەسلەپكى پىششىقلاش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە باشقۇرۇش، ئىلمىي تەتقىق قىلىش، باھالاش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، تەربىيىلەش، كېڭەيتىش، ئىشلىتىش، ئاسراش ۋە مۇلازىمەت پائالىيىتىدە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش لازىم.

**4 - ماددا** ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ هەم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتى، رېمونت سۈپىتى ۋە مەشغۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق (بازارلىق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقۇرۇش - مۇلازىمەت ئاپپاراتى ناهىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا مۇلازىمەت خىزمىتى ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە هەمكارلىشىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ئوبدان ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى بويىچە بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيدۇ.

**5 - ماددا** هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەهبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى هەم يىللىق مالىيە خام چوتىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەخسۇس مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە ئەهمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى هەل قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىغا دائىر چوڭ - چوڭ ماجىرالارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

## II باب

## تەتقىق قىلىش، كېڭەيتىش ۋە تەربىيىلەش

**6 - ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەهەتتە تېخنىكا يېڭىلاشقا ۋە كەشپىيات - ئىجادىيەتكە ئىلهام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، تېخنىكا كېڭەيتىش ئاپپاراتى قاتارلىق ئالاقىدار ئاپپاراتلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئالاهىدىلىكىگە باب كېلىدىغان ئىلغار، ياراملىق، جەددىي ئېهتىياجلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى ۋە مەهسۇلاتىنى تەتقىق

قىلىپ يارىتىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**7 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا قاراپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە تەشكىللىشى لازىم.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە، كېڭەيتىدىغان جايدا سىناق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىلغار، ياراملىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقىدىن كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش كېرەك.

كېڭەيتكۈچى ئاپپاراتلاردىن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى بۇ جەھەتتىكى يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، جىسمانىي زەخمە پەيدا قىلغان ۋە مال-مۈلۈكنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**8 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەبىئىي بايلىقنى قوغداش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى يېڭىلاش قەدىمىنى تېزلىتىش تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزغا باب كېلىدىغان ئىلغار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى مۇندەرىجىسىنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بېكىتىشى، ئېلان قىلىشى ھەم قەرەللىك تەڭشەپ تۇرۇشى كېرەك.

مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئىختىيارىي ئىلتىماس قىلىشى ھەم مۇناسىپ ساپاغا ئىگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش ئاپپاراتى بەرگەن مەھسۇلاتنىڭ ئىلغار، ياراملىق، بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى باھالاش دوكلاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى ئاۋۋال كېڭەيتىلسە بولىدۇ، بۇلاردىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ياردەم شەرتىگە توشىدىغانلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ياردەم پۇلدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىلغار، ياراملىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرى كۆرسەتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**10 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا مەكتىپى ۋە ئالاقىدار مەكتەپلەر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش خادىملىرىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتە كۆپ شەكىل، كۆپ قاتلام بويىچە تەربىيىلىشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھەيدىگۈچىلىرى ۋە مەشغۇلاتچىلىرىنى تەربىيىلەشكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھەيدىگۈچىلەرنى مەخسۇس تەربىيىلەش مەكتەپلىرى ۋە كۇرسلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى لازىم.

## III باب

## ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، رېمونت قىلىش ۋە ئىشلىتىش

**12 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ساتقۇچىلار، ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە توشۇشى كېرەك.

تراكتور، كومباين، يېزا ئىگىلىك ترانسپورت ۋاستىسى قاتارلىق جىسمانىي بىخەتەرلىككە چېتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قوراشتۇرۇۋېلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك ئىقتىدارى، تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە دۆلەت بۇيرۇق بىلەن شاللىۋەتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**13 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى

ئىشلەپچىقارغۇچىلار، سانائەتچىلەر ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. كاپالەت مۇددىتى ئىچىدە رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە قايتۇرۇپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم؛ مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتسىز بولۇش سەۋەبىدىن خېرىدارغا زىيان سالغانلار تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئالاھىدە كەسىپكارلىرىنى كەسپىي ماھارەت بويىچە باھالىشى لازىم.

**15 - ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا رېمونت قىلىش كەسپىگە مۇناسىپ رېمونت ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى سەپلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت كەسپىي ماھارىتىگە ئىگە تېخنىكا خادىملىرىنى قويۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىش دۆلەت ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن تىجارەت باشلاش شەرتى، دەرىجە ئايرىمىسى ۋە بازار ھەرىكىتى تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، جۈملىدىن، زۆرۈر سېتىش ئەسلىھەسى، تەكشۈرۈش ئەسۋابى بولۇش ھەم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىش كەسپىي ماھارىتىگە ئىگە خادىملارنى قويۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە سېتىشتا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مۇناسىپ تېخنىكا لاياقەتنامىسى ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقىدىن مۇناسىپ تېخنىكا لاياقەتنامىسى ئېلىش كېرەك.

**16 - ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا، دۆلەت ئۆلچىمى ۋە ساھە ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىپ، رېمونت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، رېمونت كاپالەت مۇددىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. رېمونتتىن چىققان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سۈپەت تەلىپىگە يەتكۈزمىگەنلەر قايتىدىن رېمونت قىلىشى، زىيان سالغانلار تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىگىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا بېرىپ، نومۇر تاختىسى ۋە كېنىشكا رەسمىيىتى بېجىرىشى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، نومۇر تاختىسى ۋە كېنىشكا بىلەن باشقۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارى، تېخنىكا ئىقتىدارى ۋە ھەيدەش كېنىشكىسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

**18 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، براك قىلىش ئۆلچىمىگە توشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى مەجبۇرىي براك قىلىشى كېرەك.

براك قىلىش ئۆلچىمىگە توشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىش، ھەيدەش ۋە ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## IV باب

# مۇلازىمەت قىلىش، مەشغۇلات قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

**19 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزىلاردىكى ئېرىلغۇ ماشىنىلىرى يولى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياساش ۋە ئاسراشنى كۈچەيتىشى، ئىگىلىك تەركىبى ۋە تىجارەت شەكلى كۆپ خىل بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك سۈپەتلىك قىلىشى كېرەك.

**20 - ماددا** رايون ھالقىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن سۈپەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش كېرەك؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتمىگەن بولسا، ئىككى تەرەپ ئۆزى ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە

كېلىشىپ پۈتۈشىدۇ.

مەشغۇلات سۈپىتى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمىسە، مەشغۇلات قىلغۇچى ھەقسىز قايتا قىلىپ بېرىشى ياكى مەشغۇلات ھەققىنى كېمەيتىشى كېرەك؛ مەشغۇلات سۈپىتى سەۋەبىدىن زىيان كۆرۈلسە، مەشغۇلات قىلغۇچى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات سۈپىتى ۋە مەشغۇلات ھەققىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، مەشغۇلات قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ پۈتۈشكەن مەجبۇرىيىتىنى قاتتىق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. مەشغۇلات سۈپىتى ۋە مەشغۇلات ھەققىگە دائىر تالاش تارتىشنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**21 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى، تىجارەتچىلىرى، رېمونتچىلىرىنى قانۇن بويىچە ساھە جەمئىيىتى قۇرۇشقا، ساھە ئىنتىزامىنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى كېرەك. ساھە جەمئىيىتى ئەزالىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى، ئەزالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.

**22 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى باشقۇرۇشنى مەسئۇلىيىتى بويىچە كۈچەيتىشى لازىم.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق نازارەتچىلىك خەت ساندۇقى تەسىس قىلىشى، نازارەتچىلىك تېلېفون نومۇرىنى ئېلان قىلىش، ئەرز ـ شىكايەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، رېمونت قىلىش جەريانىدىكى ماجىرا ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلسا ياكى بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقا ئالاقىدار تارماققا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ، قوبۇل قىلغۇچى تارماق ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى ئىشلەپچىقىرىلغان، سېتىلغان، رېمونت قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتى، بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى ھەم تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىشى كېرەك.

## 7 باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**24 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 12 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قۇراشتۇرۇۋالغان ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە دۆلەت بۇيرۇق بىلەن شاللىۋەتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلارنى سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ياكى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**25 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 18 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلىپ، بىراك قىلىش ئۆلچىمىگە توشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ساتقان، ھەيدىگەن ۋە ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلغانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى يىغىۋېلىپ مەجبۇرىي بىراك قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 200 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**26 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 7 ـ، 11 ـ، 15 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتكەن، ھەيدىگۈچىلەرنى تەربىيىلىگەن ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلغان، ساتقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ سۈرۈك ئۆتكىچە تۈزەتمىگەنلەرگە قوشۇمچە 2000 يۈەندىن يۇقىرى 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ. مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ مەمۇرىي جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**27 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق، باشقا ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىدىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى ئۆز ئورگىنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) بەلگىلەنگەن شەرتكە توشمايدىغان ئىلتىماس قىلغۇچىغا مەمۇرىي ئىجازەت بەرگەنلەر؛

(2) بەلگىلەنگەن شەرتكە توشىدىغان ئىلتىماسنى كېچىكتۈرۈپ، قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قوبۇل قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بېجىرمىگەن ۋە ياكى بەلگىلىمىنى قايرىپ قويۇپ ۋاقتىدا بېجىرمىگەنلەر؛

(3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىدىن چاتاق چىقىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ۋەقەلىرىنى شۇ تارماق بىر تەرەپ قىلىدىغان تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىغانلار؛

(4) دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەشكىلاتلىرىنى ئۆزى كۆرسەتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا زورلىغان ياكى باشقىچە يول بىلەن زورلىغانلار؛

(5) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات سۈپىتىگە دائىر تالاش ـ تارتىش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات ھەققىگە دائىر تالاش ـ تارتىشنى قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغانلار؛

(6) ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، مەنپەئەتداردىن پۇل ـ مال سورىغان ۋە ئالغانلار؛

(7) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش ۋە خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىشتەك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**28 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، رېمونت قىلىش ۋە ئىشلىتىش مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**29 ـ ماددا** بۇ نىزام 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى

**(2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى).**

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان مۇسۇلمانچە يېمەكلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بويىچە ئىشلەنگەن، پىششىقلانغان، ساقلانغان، توشۇلغان، سېتىلغان (تۆۋەندە ئىشلەش ۋە تىجارەت قىلىش دېيىلىدۇ) يېمەكلىك، قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە خۇرۇچلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا، مۇشۇ نىزامغا ئەمەل قىلىش شەرت.

**4 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سەھىيە، ج خ، ئىقتىساد ـ سودا، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى، كارانتىن تارمىقى قاتارلىق تارماقلار مۇسۇلمانچە يېمەكلىككە ئالاقىدار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

**5 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام، ۋە مەدەت بېرىشى ھەمدە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سىلىنما، باج، كرېدىت جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم؛ مۇشۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماققا پاش قىلىش ھوقۇقى بار.

**7 ـ ماددا** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر قانۇن-نىزاملاردا بەلگىلەنگەن يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغاندىن سىرت، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىشى لازىم

(1) پىششىقلاش، ساقلاش، سېتىۋېلىش، سېتىش قاتارلىق ئاساسلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلار ئىچىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەت كىشىلىرى بولۇش؛

(2) مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلا پىششىقلايدىغان، ساقلايدىغان، توشۇيدىغان، ساتىدىغان ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى بولۇش؛

**8 ـ ماددا** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىدىن مۇسۇلمانچە دېگەن تاختىنى ئېلىشتا، تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك

(1) يازما ئىلتىماس ۋە ئۆزىنىڭ كىملىك ئىسپاتى؛

(2) تازىلىق ئىجازەتنامىسى ۋە تىجارەت كېنىشكىسى؛

(3) ئاساسلىق ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىككىلا ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلەرنىڭ سەپلىنىش ئەھۋالى.

ئۇنىۋېرسال تىجارەت قىلىدىغان سودا ساراي، تاللا بازار، كۆجۈم بازار ۋە مېھمانخانا قاتارلىقلار مۇسۇلمانچە يېمەكلىك تىجارتى قىلىش ئۈچۈن، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئاساقچى بولسا، ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىلتىماس قىلىپ ئالسا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 ئىش كۈنى ئىچىدە تەكشۈرۈپ، شەرتكە توشىدىغانلارغا «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى بېرىشى لازىم.

**10 ـ ماددا** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنىڭ نۇسخىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

«مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئۆتنۈپ بېرىش، ئىجارە-ئارىيەت بېرىش، ئېلىپ سېتىش ياكى ئىشلىتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**11 ـ ماددا** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت سورۇنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە ئېسىشى ھەمدە نامى، ۋېۋىسكىسى ۋە يېمەكلىك نامى، ئورۇسىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى ئېنىق يېزىشى كېرەك.

تەركىبىدە گۆش، سۈت ۋە ياغ بولمىغان يېمەكلىككە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى يېزىشقا يول قويۇلمايدۇ. «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگە بار ئورۇغا مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى قاچىلاشقا يول قويۇلمايدۇ. مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك دەپ كۆرسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**12 ـ ماددا** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ نامى، ۋېۋىسكىسى ۋە يېمەكلىكنىڭ نامى، ئورالمىسى، ئېلانىدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەرنىڭ ئادىتىگە زىت كېلىدىغان تىل، يېزىق، بەلگە، رەسىم ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 ـ ماددا** ئۇنىۋېرسال تىجارەت قىلىدىغان سودا ساراي، تاللا بازار، كۆجۈم بازار، مېھمانخانىلارنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەر پەرھىز قىلىدىغان يېمەكلىك ياكى بويۇمنى ساتىدىغان يايما ـ پۈكەيلىرى بىلەن مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ساتىدىغان يايما ـ پۈكەيلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇلۇشى ياكى ئايرىۋېتىش ئەسلىھەسى ئورنىتىلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر تىجارەتنى توختىتىش ياكى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، تاختا بەرگەن تارماققا بېرىپ «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى قايتۇرۇشى لازىم.

**15 ـ ماددا** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان كارخانىلار ۋە يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى ئىشلىشىگە ۋە تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**16 ـ ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىلىرىدىكى

سېتىۋالغۇچى، ساقلىغۇچىلىرى ۋە ئاشپەزلەر ئىچىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەر بولۇشى، ئىسكىلات، قازان ـ قومۇچ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، يېمەكلىك توشۇش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سورۇنى مەخسۇس بولۇشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىگە كىرىپ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ساتىدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىشلەنگەن جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مىللەت ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بەرگەن «مۇسۇلمانچە» دېگەن ئىسپات بولۇشى شەرت.

**18 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوندىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ، شۇنداقلا سودا سارايى، تاللا بازار، كۆچۈم بازار، مېھمانخانا، ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىلىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم.

**19 ـ ماددا** ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلاردىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالماي تۇرۇپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىنى ئېسىۋالغان ياكى «مۇسۇلمانچە» دەپ يېزىۋالغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تۈزەتمەي تۇرۇۋالغانلىرىغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**20 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئىجارە ـ ئارىيەت بەرگەن، ئېلىپ ساتقان ياكى ئىشلىتىۋالغانلارنىڭ «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىسىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىكار قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**21 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ:

(1) تەركىبىدە گۆش، سۈت، ياغ بولمىغان يېمەكلىكلەرگە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى ئىشلىتىۋالغانلار؛

(2) «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگە بار ئورۇنغا مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى قاچىلىغانلار؛

(3) مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك قىلىپ كۆرسەتكەنلەر؛

(4) «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى ئىشلىگەن، تىجارەت قىلغانلار.

**22 ـ ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن مەمۇرىي جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلىرىغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**23 ـ ماددا** مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ خادىملىرىدىن ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**24 ـ ماددا** بۇ نىزام 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش نىزامى

**(2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا «‹ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارارى»غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام گېئو مۇھىتنى ئاسراپ ۋە ياخشىلاپ، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە تىزگىنلەپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل

تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قېزىلما بايلىق قانۇنى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان گېئو مۇھىت ئىنسانلار پائالىيىتى چېتىلىدىغان تاغ جىنىسلىرى، تۇپراق، يەر ئاستى سۈيى، قېزىلما ۋە گېئو خارابە قاتارلىق گېئو ئېلېمېنتلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش، ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىش، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، گېئو خارابىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش پائالىيىتىدە مۇشۇ نىزامغا ئەمەل قىلىنىشى شەرت.

يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى گېئو مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت ئاسراش مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ.

**5 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇن، نىزاملىرى ۋە مۇشۇ نىزامغا ئاساسەن، بىڭتۇەننىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، بىڭتۇەننىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. بىڭتۇەننىڭ دېۋىزىيىلىرى گېئو مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش بىر تۇتاش پىلانىغا بويسۇنۇشى ھەمدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى مۇھىت ئاسراش پىلانىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

**7 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس گېئو مۇھىتقا ھەمدە ئۇنى كۆزىتىش، ئاسراش مۇئەسسەسەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**8 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى گېئو مۇھىت ئاسراش، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ، مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## گېئو مۇھىتنى باھالاش ۋە كۆزىتىش

**9 ـ ماددا** شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە رايون زېمىنىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش پىلانىنى تۈزۈشتە گېئو مۇھىت تەسىرىنى باھالاش كېرەك.

**10 ـ ماددا** قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مۇھىت تەسىرى دوكلاتى يېزىش ياكى دوكلات جەدۋىلى تۈزۈش توغرا كەلسە، شۇ دوكلاتتا ياكى دوكلات جەدۋىلىدە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرگەن گېئو مۇھىت تەسىرىنى باھالاش مەخسۇس مەزمۇنى بولۇشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو مۇھىت كۆزىتىش تورى قۇرۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو مۇھىتىنى كۆزىتىشكە تەشكىللەيدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش ماتېرىيالىغا ئاساسەن، گېئو مۇھىت ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىغا كىرگۈزۈپ، قەرەللىك ئېلان قىلىشى لازىم.

**12 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش مۇئەسسەسەلىرى ۋە بەلگىسىنى ئىگىلىۋېلىشى، بۇزۇۋېتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

## III باب

## قېزىلما چارلاش، قېزىشتا گېئو مۇھىتنى ئاسراش

**13 ـ ماددا** كان تەكشۈرۈش هوقۇق ئىگىسى قېزىلما بايلىق چارلاشتا قېلىپ قالغان بۇرغىلاش تۆشۈكى، تەكشۈرۈش قۇدۇقى، تەكشۈرۈش ئوقۇرى، كان يولىنى تىندۇرۇۋېتىشى ياكى پېچەتلىشى، شەكىللىنىپ قالغان خەتەرلىك قىيا، خەتەرلىك يانتۇلۇقنىڭ خەتىرىنى تەدبىر قوللىنىپ تۈگىتىپ، بىخەتەر هالەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** كان ئېچىش هوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغۇچى گېئو مۇهىت ئاسراش لايىهىسىنى سۇنۇشى شەرت.

كان ئېچىش هوقۇقى ئىگىسى كان ئاچقاندا، تەستىقلانغان گېئو مۇهىت ئاسراش لايىهىسى بويىچە، زۆرۈر گېئو مۇهىت ئاسراش مۇئەسسەسلىرى ئورنىتىپ، كان ئېچىش پائالىيىتى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان گېئو مۇھىتنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، كان ئېچىش پائالىيىتىنى توختاتقاندا گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە كاپالەت پۇلى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

**15 ـ ماددا** كان ئېچىش هوقۇق ئىگىسى گېئو مۇھىتنى هەرىكەت هالىتىدە كۆزىتىشى هەمدە كۆزىتىش ماتېرىيالى ۋە گېئو مۇھىتنىڭ هازىرقى ئەهۋالى شۇنىڭدەك ئاسراش ئەهۋالىنى قېزىلما قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان جايدىكى ناهىيە دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا قەرەللىك مەلۇم قىلىشى لازىم.

قېزىلما بايلىقنى قېزىش سەۋەبىدىن گېئو مۇهىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى گېئو ئاپەت يۈز بەرسە، كان ئېچىلغان جايدىكى ناهىيە دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىش هەمدە زۆرۈر تۈزەش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك.

**16 ـ ماددا** كان ئېچىش هوقۇقى ئىگىسى زەهەرلىك ۋە زىيانلىق ماددىلار قويۇلغان جايدا مەڭگۈلۈك مۇهاپىزەت تەدبىرى قوللىنىپ، گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

## IV باب

## گېئو ئاپەتتىن مەلۇمات بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

**17 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان گېئو ئاپەت تەبىئەتنىڭ تەسىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى پەيدا قىلغان گېئو مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىدىن كېلىپ چىققان جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گېئو هادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش، سىيرىلىپ چۈشۈش، لاي ـ لاتقا، يەر ئويۇلۇپ چۈشۈش، يەر يېرىلىش، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**18 ـ ماددا** گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ.

**19 ـ ماددا** ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** ناهىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو ئاپەت ئەهۋالىنى تەكشۈرۈپ، يىللىق گېئو ئاپەت زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىهىسىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى لازىم.

**21 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو ئاپەتكە دائىر ئۇزاق مەزگىللىك مەلۇمات ۋە مۇهىم ئاپەت نۇقتىسىغا دائىر ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ.

ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك) ، شەهەرلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو ئاپەتكە دائىر قىسقا مەزگىللىك مەلۇمات ۋە ئادەتتىكى ئاپەت نۇقتىسىغا دائىر ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ.

هەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ گېئو ئاپەت

مەلۇماتنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**22 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىشى، تەكشۈرۈش، باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، گېئو ئاپەت ئاسان يۈز بېرىدىغان رايون ۋە خەتەرلىك رايوننى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان قىلىشى كېرەك. گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايونى چېگرىسىغا روشەن بەلگە ئورنىتىشى لازىم.

گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايوندا كان ئېچىش، پارتلىتىش، دەل ـ دەرەخ كېسىش، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەمدە نامۇۋاپىق ھالدا يانتۇلۇقنى تۈزلەش، ئورەك كولاش، تاش، تۇپا دۆۋىلەش، سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**23 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ تىزگىنلەش خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**24 ـ ماددا** گېئو ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گېئو ئاپەتنى تىزگىنلەش لايىھىسىنى تۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ تىزگىنلىشى، ئاپەت تەھدىتكە ئۇچرىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تىزگىنلەشكە قاتنىشىشى كېرەك.

**25 ـ ماددا** گېئو ئاپەت سەۋەبىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى مەسئۇلىيەت ھوقۇق چېكى بويىچە ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ بېكىتىدۇ.

**26 ـ ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش يېرى ئۆلچىماس قىلىشتىن بۇرۇن، گېئو ئاپەت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قۇرۇلۇش ۋە گېئو ئاپەت ئاسان يۈز بېرىدىغان رايوندا قىلىنىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش خەۋپىنى باھالىشى شەرت.

گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش خەۋپىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى بېكىتىشى شەرت. بېكىتىشتىن ئۆتمىسە، قۇرۇلۇش يېرى ئۆلچىماسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**27 ـ ماددا** گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىدا گېئو ئاپەت ئېھتىمالىنى چارلاش ھەمدە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىش شەرت.

گېئو ئاپەت ئېھتىمالىنى چارلاش دوكلاتى ۋە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھىسىنى ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش لازىم.

گېئو ئاپەتنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھىسىنى تەستىقلىغۇچى ئورگان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك.

## V باب

## گېئو خارابىنى مۇھاپىزەت قىلىش

**28 ـ ماددا** گېئو خارابە گېئو تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل گېئو تەسىر تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان، تەرەققىي قىلغان ھەمدە ساقلىنىپ كەلگەن قىممەتلىك، قايتا پەيدا بولمايدىغان گېئو تەبىئىي مىراسىنى كۆرسىتىدۇ.

**29 ـ ماددا** گېئو خارابىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا مۇھاپىزەت قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن پايدىلىنىش بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

**30 ـ ماددا** تۆۋەندىكى گېئو خارابىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك:

(1) ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە گېئو قۇرۇلما، گېئو كەسمە يۈز، ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇرۇنقى قەدىمىي جانلىقلار تاشقاتمىسى تارقالغان رايون؛

(2) ئىلمىي تەتقىقات ۋە ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئۆزگىچە گېئومورفولوگىيىلىك مەنزىرە؛

(3) ئالاھىدە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى، ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە تاغ جىنسلىرى، رۇدا، ياقۇت، قاشتېشى چىقىدىغان تىپىك جاي.

(4) ئۆزگىچە داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش رولىغا ياكى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئارشاڭ، مىنېرال بۇلاق، لاي بۇلاق.

(5) ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە تىپىك گېئو ئاپەت خارابىسى؛

(6) مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان باشقا گېئو خارابىلەر

گېئو خارابىلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

**31 ـ ماددا** دۆلەت دەرىجىلىك گېئو خارابە مۇھاپىزەت رايونلىرى ئىچىدىكى گوۋۇيۈەننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرىدىغان تارمىقى باشقۇرىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى شۇ مۇھاپىزەت رايونىنى قۇرغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ياكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلمىغان باشقا گېئو خارابىلەرنى گېئو خارابە بار جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

**32 ـ ماددا** قۇرۇلۇپ بولغان باشقا تىپتىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان گېئو خارابىنى شۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى قۇرغان باشقۇرۇش ئاپپاراتى دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەلىپى بويىچە باشقۇرىدۇ. دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**33 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ گېئو خارابىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ۋە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك.

**34 ـ ماددا** باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتماي تۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىنى كولاش، يىغىش، توشۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان گېئو خارابىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**35 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ زىيان سالغانلارغا زىياننى تۆلىتىدۇ؛ قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) گېئو مۆھىتنى كۆزىتىش، قوغداش مۇئەسسەسىلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە بۇزۇۋېتىش.

(2) كۆزىتىش ماتېرىيالىنى مەلۇم قىلماسلىق ياكى يالغان مەلۇم قىلىش؛

(3) مۇھاپىزەت ئىشىنى گېئو مۆھىت ئاسراش لايىھىسى بويىچە قىلماسلىق؛

(4) گېئو ئاپەت مەلۇماتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېلان قىلىش.

**36 ـ ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك توشقىچە ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ، خىراجىتىنى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ كان ئاچقانلارنىڭ كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلسا بولىدۇ:

(1) قېزىلما بايلىق چارلاشتا قېلىپ قالغان بۇرغا تۆشۈكى، چارلاش قۇدۇقى، چارلاش ئوقۇرى، خاك يولىنى تىندۇرماسلىق ياكى پېچەتلىمەسلىك ياكى شەكىللىنىپ قالغان خەتەرلىك قىيا، خەتەرلىك يانتۇلۇقنى تەدبىر قوللىنىپ بىخەتەر ھالەتكە كەلتۈرمەسلىك؛

(2) قېزىلما بايلىق ئېچىشتا بۇزۇۋەتكەن گېئو مۆھىتنى ئاسراش لايىھىسى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرمەسلىك؛

(3) زەھەرلىك، زىيانلىق ماددا قويۇلغان جايلاردا

مەڭگۈلۈك قوغداش تەدبىرى قوللانماسلىق؛

(4) گېئو مۇھىتنى بۇزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

قېزىلما بايلىقنى قانۇنسىز چارلىغان، ئاچقانلار قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلغاندىن سىرت، بۇزۇۋەتكەن گېئو مۇھىتنى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ياكى مۇناسىپ تۈزەش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى شەرت.

**37 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايوندا كان ئېچىش، پارتلىتىش، دەل - دەرەخ كېسىش، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش شۇنىڭدەك نامۇۋاپىق ھالدا يانتۇلۇقنى تۈزلەش، ئورەك كولاش، تاش - تۇپا دۆۋىلەپ قويۇش، سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا ھەمدە قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ گېئو ئاپەت پەيدا قىلغانلارغا 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

باشقا رايونلاردا يۇقىرىقى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، گېئو ئاپەت پەيدا قىلغانلار ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**38 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، سۇرۇك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى باشقا قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) گېئو خارابىلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش؛

(2) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىلەرنى تەستىقسىز كولاش، يىغىش، توشۇش.

**39 - ماددا** دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا مەمۇري چارە كۆرۈلىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) بۇ نىزامدىكى بەلگىلەنگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە توسماسلىق، پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(2) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىلەرنى كولاش، يىغىش، توشۇشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەستىقلاش ياكى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ھالقىپ تەستىقلاش؛

(3) گېئو ئاپەتتىن ۋاقتىدا مەلۇمات بەرمەسلىك؛

(4) بەلگىلىمە بويىچە گېئو مۇھىت ئەھۋالىدىن دوكلات يوللىماي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛

(5) نەپسانىيەتچىلىك قىلىش؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش قىلمىشلىرى.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**40 - ماددا** بۇ نىزام 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# قوشۇمچە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

2004 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە 16- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يول ئېچىپ ئېچىلىق يارىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ماس قەدەمدە يۇقىرى كۆتۈردى.

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

دەسلەپكى ھېسابلاشقا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 220 مىليارد 15 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.11 ئاشقان. 3 كەسىپ بويىچە قارىغاندا، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.14 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.14، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 26 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.13؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 538 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.10 ئاشتى. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىڭ 199 يۈەنگە يېتىپ، %5.9 ئاشتى. 3 كەسىپنىڭ نىسبىتى 2003- يىلدىكى 6.35:4.42:22دىن 9.33:9.45:2.20گە تەڭشەلدى.

**قوشۇمچە — 1**

**شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ 2003 - يىلدىكىدىن ئېشىش ئەھۋالى**

| كۆرسەتكۈچ | ئاشقىنى، كېمەيگىنى % |
|---|---|
| ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى | 2.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ | 2.1 |
| يېزا ئاھالىلىرىنىڭ | 4.5 |
| يېمەكلىك | 5.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق | 16.3 |
| گۆش | 8.8 |
| تۇخۇم | 14.1 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 15.5 |
| تاماكا - ھاراق | 0.3 |
| كىيىم - كېچەك | −0.6 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇلازىمەت | −1.6 |
| داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسىي لازىمەتلىك | 1.8 |
| قاتناش ۋە ئالاقە | −0.6 |
| كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتى | −1.4 |
| ئولتۇراقلىشىش | 8.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سۇ، توك، يېقىلغۇ | 13.2 |
| ئۆي ئىجارە ئېلىش | 11.5 |
| ئۆي سېلىش ۋە زىننەتلەش ماتېرىيالى | 7.5 |

2004 - يىلى كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كوئېففېتسېنتى 1 - پەسىلدە 6.125گە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى، كېيىنكى 3 پەسىلدە يەنى 2 - پەسىلدە 5.124، 3 - پەسىلدە 2.125، 4 - پەسىلدە 4.123 بولدى؛

كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش كوئېففىتسېنتى 2003 - يىلىدىن كېيىن يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلۈپ، بىر يىلدا 1 - پەسىلدە 115.7، 2 - پەسىلدە 121.1، 3 - پەسىلدە 126.9، 4- پەسىلدە 120 بولدى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى %2.7 ئۆرلىدى (قوشۇمچە جەدۋەل — 1گە قاراڭ)، بۇنىڭ ئىچىدە مۇلازىمەت باھاسى %1 ئۆرلىدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.7؛ سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى %16.4؛ خام ئەشيا- ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %18.2؛ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى %4.5؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %7.3؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ كوئېففىتسېنتى %0.8 ئۆرلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 7 مىليون 444 مىڭ 900گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.2 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا ئورۇنلاشقىنى 3 مىليون 494 مىڭ 300گە يېتىپ، %3.1 كۆپەيدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 369 مىڭ 600 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 25 مىڭ 500، كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 29 مىڭ، خۇسۇسىي، يەككە ۋە 3 تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئورۇنلاشقىنى 162 مىڭ 300، باشقا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 152 مىڭ 800. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 132 مىڭ 700 ئىشسىز قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى- خىزمەتچى 18 مىڭ 800. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىز 108 مىڭ 700 بولۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلارنىڭ نىسبىتى %3.8 بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.5؛ ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.7؛ چارۋىچىلىقنىڭ 18 مىليارد 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12؛ بېلىقچىلىقنىڭ 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى. ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 378 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %5.5؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 127 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %8.7 ئاشتى؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، %4.8؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 59 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %11 ئازايدى؛ كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 185 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %13.3؛ مېۋە - چېۋە كۆلىمى (قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 458 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، %12.5 ئاشتى.

### قوشۇمچە — 2

شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى

بىرلىكى: تۈمەن توننا

| مەھسۇلات نامى | مۇتلەق سان | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|
| ئاشلىق | 828.53 | 3.4 |
| يازلىق ئاشلىق | 354 | 1.1 |
| كۈزلۈك ئاشلىق | 474.53 | 5.1 |
| ياغلىق دان | 44.54 | −11.2 |
| قىچا | 12.16 | −21.2 |
| پاختا | 175.25 | 9.5 |
| قىزىلچا | 344.21 | −9.8 |
| مېۋە - چېۋە | 450.28 | 10.4 |
| كۆكتات | 919.13 | 20.8 |

بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 285 مىڭ 300 تونناغا يېتىپ، %3.4؛ پاختا 1 مىليون 752 مىڭ 500 تونناغا يېتىپ، %9.5 ئاشتى؛ ياغلىق دان 445 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %11.2؛ قىزىلچا 3 مىليون 442 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %9.8 ئازايدى. كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش ئاساسىدا مۇقىم ئاشتى (قوشۇمچە جەدۋەل — 2گە قاراڭ).

يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 52 مىليون 63 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %3.6؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 34 مىليون 375 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، %7.4؛ ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 281 مىڭ 300 تونناغا يېتىپ، %11.4؛ قوي يۇڭى 84 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، %8.3؛ سۈت 1 مىليون 333 مىڭ 200 تونناغا يېتىپ، %18؛ تۇخۇم 249 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، %5.8؛ سۇ

مەھسۇلاتى 73 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %8.9 ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىليون 464 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %7.6؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىراكتور 92 مىڭ 900گە يېتىپ، %21.8؛ كىچىك تىراكتور 340 مىڭ 600گە يېتىپ، %9.7؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 991 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %9.3؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 3 مىليارد 263 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.9 ئاشتى. ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش كۆلىمى 100 مىڭ 800 گېكتار، سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 137 مىڭ 100 گېكتار كۆپەيدى.

### 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %14.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتى 66 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.4 ئاشتى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 60 مىليارد 708 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %90.7نى؛ يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 58 مىليارد 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %87.5نى ئىگىلىدى.

ئاساسلىق ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ماتېرىياللىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى خېلى تېز ئاشتى، پىششىقلانغان نېفىت 2003 - يىلدىكىدىن %7.6، كۆمۈر %7.7، تەبىئىي گاز %14.3، توك %13.5، يىرىك پولات %22.1، پولات ماتېرىيال %17.4 (ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى قوشۇمچە جەدۋەل — 3تىن كۆرۈۋېلىڭ) ئاشتى.

كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتتىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىپ مالغا ئالماشتۇرۇلۇش قىممىتى 3 مىليارد 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %1.6 ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.8 بولۇپ، 0.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %91.1 بولۇپ، 4.6 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى؛ ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99كە يېتىپ، 0.2 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

## قوشۇمچە — 3

### شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مۇتلەق سان | 2003 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|---|
| كۆمۈر | تۈمەن توننا | 3749.4 | 7.7 |
| خام نېفىت | تۈمەن توننا | 2253.02 | 5.2 |
| پىششىقلانغان نېفىت | تۈمەن توننا | 1220.18 | 7.6 |
| تەبىئىي گاز | 100 مىليون كۇب مېتىر | 57.48 | 14.3 |
| توك | 100 مىليون كىلوۋات سائەت | 266.30 | 13.5 |
| پولات | تۈمەن توننا | 249.13 | 22.1 |
| پولات ماتېرىيال | تۈمەن توننا | 238.52 | 17.4 |
| سېمونت | تۈمەن توننا | 1213 | 7.4 |
| يىپ | تۈمەن توننا | 29.14 | −0.5 |
| شېكەر | تۈمەن توننا | 37.26 | −18 |
| خىمىيىۋى ئوغۇت (%100لىك) | تۈمەن توننا | 86.98 | −1.8 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋولت ئامپېر | 1135.75 | −3.2 |
| ئېتىلېن | تۈمەن توننا | 25.37 | 7.5 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە | تۈمەن توننا | 26.31 | 12.7 |
| كونسېرۋا | تۈمەن توننا | 66.41 | 39.9 |

كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 249.1غا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 76.4 پوئېنت ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 8.3 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ مۈلۈكنىڭ قىممىتىنىڭ ساقلىنىش، ئېشىش نىسبىتى 0.9 پىرسەنت پوئېنتى، مۈلۈكنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 0.3 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.4 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 2.5 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 93 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 20 مىليارد 849 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، 49.2% ئاشتى.

سالاھىيىتى دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 931 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 3.1%؛ يارىتقان پايدا-بېجى 1 مىليارد 743 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.7%؛ ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىليون 123 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 3.4%، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىليون 833 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.2% ئاشتى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 116 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 15.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 75 مىليارد 924 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.2%؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 13 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.8%؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 11 مىليارد 256 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.8%؛ باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 15 مىليارد 107 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.3% ئاشتى. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا، يەرلىكنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 74 مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.7%؛ مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 41 مىليارد 483 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2% ئاشتى. شەھەر - يېزىلار بويىچە ئايرىغاندا، شەھەر - بازارلارغا سېلىنغىنى 106 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.3%؛ يېزىلارغا سېلىنغىنى 10 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئائىلىلىرى سالغىنى 5 مىليارد 438 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.1%، دېھقانلار ئائىلىلىرىدىن باشقىلار سالغىنى 4 مىليارد 634 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 41.7% ئاشتى. مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا مۇستەقىل مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن. ئومۇمىي مەبلەغ جەھەتتە، ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 66 مىليارد 711 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 31% ئاشتى.

ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى داۋاملىق ئاشتى (قوشۇمچە جەدۋەل — 4تىن كۆرۈۋېلىڭ).

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، 1 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 19.9%؛ 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 44 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىشنىڭ 23%، نېفت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاشنىڭ 99.5%، توقۇمىچىلىقنىڭ 48.7%، قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاشنىڭ 2.2 ھەسسە، رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاشنىڭ 20.2% ئاشتى؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 59 مىليارد 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش، ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش ۋە پوچتا كەسپىنىڭ 30.4% ئاشتى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى كۈچەيتىلدى. چوڭ، ئوتتۇراھال قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 52% ئاشتى. يېڭىدىن ياسالغان، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول، نېفت پىششىقلاش، كۆمۈر قېزىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈرئىتى خېلى تېزلەشتى.

### قوشۇمچە — 4

2004 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى

| كۆرسەتكۈچى | بىرلىكى | مۇتلەق سان |
|---|---|---|
| كۆمۈر قېزىش | تۈمەن توننا/يىل | 496 |
| تەبىئىي نېفت | تۈمەن توننا/يىل | 110 |
| پىششىقلانغان نېفت | تۈمەن توننا/يىل | 462 |
| چويۇن | تۈمەن توننا/يىل | 156 |
| پولات تاۋلاش | تۈمەن توننا/يىل | 183 |
| پولات ماتېرىيال | تۈمەن توننا/يىل | 122 |
| سېمونت | تۈمەن توننا/يىل | 178 |
| پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى | تۈمەن ئۇرچۇق | 42 |
| تاختا ئەينەك | تۈمەن ساندۇق/يىل | 293 |
| گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى | تۈمەن كىلوۋات | 31 |
| يېڭىدىن ياسالغان يول | كىلومېتىر | 1423 |
| ئۆزگەرتىلگەن يول | كىلومېتىر | 5857 |
| يېڭىدىن تارتىلغان مىكرو دولقۇنلۇق توك سىمى | سىم | 240 |
| پروگراممىلىق كوممۇتاتور ئورنىتىش ئىقتىدارى | تۈمەن سىم/يىل | 572 |

## 5. ئىچكى سودا

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 56 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 -

يىلدىكىدىن %14.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا بويىچە ئايرىغاندا، شەھەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 38 مىليارد 267 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.5؛ يېزا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليارد 98 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليارد 882 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.6؛ توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدا پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليارد 829 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ باشقىلاردا پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 654 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.5 ئاشتى.

## 6. تاشقى ئىقتىساد

ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليارد 636 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %18.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 47 مىليون دوللارغا يېتىپ، %19.9؛ ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 589 مىليون دوللارغا يېتىپ، %16.1 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 502 مىليون دوللار بولۇپ، %29.3 تۆۋەنلىدى؛ پىششىقلاش سودىسىنىڭ 266 مىليون دوللارغا يېتىپ، %36.8؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 2 مىليارد 238 مىليون دوللارغا يېتىپ، %39.6 ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 1 مىليارد 15 مىليون دوللارغا يېتىپ، %40.1؛ پىششىقلاش سودىسىنىڭ 52 مىليون دوللارغا يېتىپ، %67.3؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 471 مىليون دوللارغا يېتىپ، %2.5 ئاشتى. 377 مىليون دوللارلىق ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىپ، %1.6؛ 38 مىليون دوللارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىپ %35.5 ئاشتى.

بىر يىلدا ئىمزالانغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشىغا دائىر توختام تۈرى 74كە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %13.8، توختام مەبلىغى 258 مىليون دوللارغا يېتىپ، %59.7؛ ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 46 مىليون دوللارغا يېتىپ، %14.5 ئاشتى؛ تاشقى ھۆددىگەرلىك قۇرۇلۇش توختام سوممىسى 102 مىليون دوللارغا، تىجارەت سوممىسى 86 مىليون دوللارغا يەتتى.

## 7. قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ۋە ساياھەتچىلىك

2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدا، تۆمۈر يولنىڭ تىجارەت مۇساپىسى 2999 كىلومېتىرغا يەتتى؛ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 86 مىڭ 800 كىلومېتىرغا يېتىپ، 2003- يىلدىكىدىن %0.6 كۆپەيدى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتناش مۇساپىسى 111 مىڭ 800 كىلومېتىرغا يەتتى. ھەر خىل قاتناش قورالى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 94 مىليارد 724 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %13.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ 54 مىليارد 850 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، %15.5؛ تاشيولنىڭ 36 مىليارد 100 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11.1؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 74 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %15.6؛ تۇرۇبىنىڭ 3 مىليارد 700 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %1.6 ئاشتى. يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 42 مىليارد 380 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %23.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 12 مىليارد 190 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.9؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 24 مىليارد 900 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %27.7؛ ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 5 مىليارد 290 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %29.3 ئاشتى.

پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليارد 318 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %33.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.8؛ پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 748 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.9 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5 مىليون 167 مىڭغا يېتىپ، مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %26.3. كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4 مىليون 897 مىڭغا يېتىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى %24.9كە يەتتى؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 780 مىڭ 500گە يېتىپ، %28.4 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا يەرلىك تېلېفون ئىدارىلىرى ئىشلەتكەن كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 4 مىليون 470 مىڭ توچكىغا يېتىپ، %2.5 كۆپەيدى.

12 مىليون 415 مىڭ 800 ئىچكى ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %22.7؛ ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 10 مىليارد 896 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.9 ئاشتى. 316 مىڭ 900 تاشقى ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، %85.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 45 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %122.7؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىك بويىچە تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 91 مىليون دوللارغا يېتىپ، %87.5 ئاشتى.

## 8. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى

يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليارد 128 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن %21.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە

يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.4؛ يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 42 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.3 ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 295 مىليارد 978 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 29 مىليارد 369 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 83 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 25 مىليون يۈەن؛ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاسىرىدىكى قالدۇقى 153 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16 مىليارد 285 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 221 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 13 مىليارد 466 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 9 مىليارد 508 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 8 مىليارد 877 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 27گە، بازارغا سېلىنغان پاي قىممىتى 40 مىليارد 321 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 8 مىليارد 362 مىليون پايغا، توپلانغان جەمئىي مەبلىغى 10 مىليارد 743 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليارد 813 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %9.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 4 مىليارد 809 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.8 ئاشتى. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 834 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليارد 64 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.8 ئاشتى.

## 9. مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 28، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 53 مىڭ 200گە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %18.9 كۆپەيدى، ؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 168 مىڭ 200گە يېتىپ، %11.2 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 70 مىڭ 300گە يېتىپ، %7.6 كۆپەيدى. ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنى 11، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 2236گە يېتىپ، %40.4؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 5120گە يېتىپ، %41.1 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 498گە يېتىپ، %50كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 78، ئوقۇغۇچىسى 71 مىڭ 300 بولۇپ، %0.3 ئازايدى؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە باشقا ئاپپاراتلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 900 گە يېتىپ، %17.2؛ تولۇقسىز كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ 600گە يېتىپ، %45.1 ئاشتى. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 498، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 138 مىڭ 300گە يېتىپ، %9.6؛ ئوقۇغۇچىسى 359 مىڭ 100گە يېتىپ، %13.9؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1 مىليون 158 مىڭ 800گە يېتىپ، %2.2 كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2 مىليون 218 مىڭ 100 بولۇپ، %3.1 ئازايدى.

باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.8، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %95.3؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %86.3؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %3.2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %41.1 بولدى.

چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 84 مىڭ 600 بولۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %3.6؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 7100 بولۇپ، %12.3 ئازايدى. ياشلار، قىرانلار ئىچىدە 47 مىڭ 900 ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 50ى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن %19 كۆپەيدى. 1492 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 792 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى 1619غا يېتىپ، %6.8؛ پۈتتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 334 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.8 ئاشتى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايون بويىچە 109 سەنئەت ئۆمىكى، 108 مەدەنىيەت، سەنئەت يۇرتى، 92 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 25 مۇزېي، 135 ئارخىپخانا بار، ئېچىۋېتىلگەن تۈرلۈك ئارخىپ 423 مىڭ 300. رادىئو ئىستانسىسى 6، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 10، ئوتتۇرا ۋە قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش

ئىستانسىسى ۋە ئۆلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 40، 1000 ۋاتتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۆلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 64. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.9%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.5%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1 مىليون 302 مىڭ 700گە يەتتى. بىر ھېكايە فىلىم، 5 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەندى، ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە فىلىم 75؛ تېلېۋىزىيە تىياتىرى 18. نەشر قىلىنغان ھەر خىل گېزىت 339 مىليون نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى 38%نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەر خىل ژۇرنال 14 مىليون 500 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 35%نى ئىگىلەيدۇ؛ كىتاب 82 مىليون 500 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 40%نى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە 9087 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1525، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 85؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارۋات 78 مىڭ 100، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكىسى 74 مىڭ. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 99 مىڭ 800. يېزا - بازار شىپاخانىسى 836، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 500، شىپاخانىلاردىكى كارۋات 12 مىڭ 800.

ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارالىق، دۆلەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا 5 تۈردە 1-، 3 تۈردە 2-، 5 تۈردە 3 - بولدى؛ مەملىكەتلىك مۇسابىقىلاردا 15 تۈردە 1-، 15 تۈردە 2-، 19 تۈردە 3 - بولدى. 3 كىشى دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، بىر كىشى مەملىكەت رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى.

## 11. بايلىق ۋە مۇھىت

زېمىن بايلىقى نازارىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 376 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈشكە سېلىنغىنى 7 مىليارد 989 مىليون يۈەن، زېمىن بايلىقىنى ۋە نېفىت - گازدىن باشقا قېزىلما بايلىقنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە سېلىنغىنى 387 مىليون يۈەن. 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈلدى، ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران، تۆمۈر، مىس، نىكېل، قوغۇشۇن، سىنىك، ئالتۇن، كۆمۈش، ئاندالۇزىت، كالىي تۇزى، ماگنېزىت، بېنتونىت، يەر ئاستى سۈيى قاتارلىقلار.

نېفىت تەبىئىي گاز رايون بۆلىكىدىن 3ى، تەبىئىي گازلىقتىن بىرى بايقالدى؛ يەنىمۇ ئېچىش قىممىتىگە ئىگە كاندىن 10ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس كېنى 2، قوغۇشۇن- سىنك كېنى بىر، ۋولفرام كېنى 2، ئالتۇن كېنى 3، بېنتونىت كېنى بىر، يەر ئاستى سۈيى بايلىقى بىر. چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاقكۆل ۋولفرام - قەلەي كېنى بايقالدى، بۇ مۆلچەر بويىچە شىنجاڭدىكى ۋولفرام بايلىقى ئەڭ كۆپ ۋولفرام كېنى بازىسىدۇر. يىلىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق زاپىسىدىكى رۇدىلارنىڭ ئاساسلىقى: نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 437 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 56 مىليارد 398 مىليون كۇب مېتىر، كۆمۈر بايلىقى 4 مىليارد 980 مىليون توننا، تۆمۈر رۇدىسى بايلىقى 8 مىليون 940 مىڭ توننا، ۋانادىي رۇدىسى (ۋانادىي پېنتوكسىد) بايلىقى 248 مىڭ 500 توننا، مىس مېتال بايلىقى 559 مىڭ 500 توننا، ئالىيۇمىن مېتال بايلىقى 472 مىڭ 500 توننا، سىنك مېتال بايلىقى 970 مىڭ 900 توننا، ئالتۇن مېتال بايلىقى 223 مىڭ 400 توننا، كۆمۈش مېتال بايلىقى 312.36 توننا.

مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، گۇڭگۇرت تۆت ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 480 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 2003- يىلدىكىدىن 45.6%؛ ئىس - تۈتەك قويۇپ بېرىش مىقدارى 259 مىڭ 100 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 27.1%؛ سانائەت چاڭ - توزانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 167 مىڭ 700 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 53.4%؛ كېرەكسىز سانائەت قاتتىق جىسىملىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 1 مىليون 28 مىڭ توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 16.6%؛ كىسلارودقا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 261 مىڭ 700 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 14.4% ئاشقان.

كۆزىتىش ئۆلچەنگەن 16 شەھەر رايونى ئىچىدە 4 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، 5 شەھەرنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 40قا، كۆلىمى 315.2 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون 58گە، كۆلىمى 351.9 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

كۆزىتىش ئۆلچەنگەن ئاساسلىق 20 دەريا - ئېقىننىڭ 56 كەسمە يۈزىدىكى سۇنىڭ 40%ى سۈپەتلىك چىققان، 50%ى يېنىك ۋە ئوتتۇراھال دەرىجىدە، 10%ى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان. 2003 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 15% ئېقىن سۇنىڭ سۈپىتى بىرئاز ياخشىلانغان، 55% ئېقىن سۇنىڭ سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىغان، 30% ئېقىن سۇنىڭ سۈپىتى بىر ئاز تۆۋەنلىگەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان تۈرلۈك تەبىئىي

مۇھاپىزەت رايونى 26، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 204 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون زېمىنىنىڭ 12.3%نى ئىگىلەيدۇ؛ تەستىقلانغان دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايون 8، كۆلىمى 110 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر؛ دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىلىك مۇھاپىزەت رايونى سىناق نۇقتىسى بىر.

## 12. نوپۇس

2004 - يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا: ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 631 مىڭ 100گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 1.5% كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 901 مىڭ 100گە يېتىپ، 3.8%؛ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى 35.15%؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 730 مىڭغا يېتىپ، 0.3% ئاشقان. ئەرلەر 10 مىليون 80 مىڭ 200 بولۇپ، 51.3%نى؛ ئاياللار 9 مىليون 550 مىڭ 900 بولۇپ، 48.7%نى ئىگىلىگەن. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.9‰ بولغان.

## 13. خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئەھۋالى

2004 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7503 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 2003 - يىلدىكىدىن 4.9% ئاشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيەتتە 3.1% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي ئىشلىتىش كۆلىمى 18.82 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 5.1%؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.1 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.6% ئاشتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 484 يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيەتتە 7.1% ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 36.1% بولۇپ، 0.1 پىرسەنت پوئېنتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 45.2% بولۇپ، 0.3 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 385 مىڭ 800گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 2.6% ئاشقان؛ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1 مىليون 737 مىڭ 600گە يېتىپ، 9.9% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 427 مىڭ 600 بولۇپ، 12.5%؛ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1 مىليون 959 مىڭ 700گە يېتىپ، 11.3% ئاشقان.

خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شەھەر - بازارلارنىڭ ئىجتىمائىي رايونلىرىدىكى ھەر خىل ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى 150 ئىكەن. 588 مىڭ 400 شەھەر ئاھالىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتى، دۆلەتنىڭ نەپىقىسىگە ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشكەنلەر 35 مىڭ 800. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى 496، ئۇلارنىڭ كارۋىتى 13 مىڭ 438 بولۇپ، 10 مىڭ 356 ئادەم بېقىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتكە 644 مىليون يۈەنلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى سېتىلىپ، 225 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى توپلاندى. جەمئىيەتتىن 16 مىليون يۈەن ئىئانە قوبۇل قىلىندى.

ئىزاھ: 1. شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىدىكى مۇتلەق سان ھازىرقى باھا بويىچە، ئېشىش سۈرئىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

2. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە يىللىق مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3. كارخانىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى ۋە گۈللىنىش ئىندېكسىدە 100 دىن چوڭ بولغانلىرى گۈللەنگەن كارخانىلارنى، 100دىن كىچىكلىرى گۈللەنمىگەن كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**4. ئاشلىق ھوسۇلى ياغىيۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ؛ مېۋە - چېۋە قوغۇن - تاۋۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

# شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

2004 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر خىل ئاساسلىق

ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىلىرىنىڭ ئۆستى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىدى. شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 2 ـ كەسىپ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، 3 ـ كەسىپ ئىچىدە قاتناش ـ ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا ـ تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە 28 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 10 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 13 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەركىبىنى 3 كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا: 1 ـ كەسىپنىڭ 20.2%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 8 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ 45.9%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 20 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، 2 ـ كەسىپ ئىچىدە سانائەتنىڭ 33.9%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بىناكارلىقنىڭ 12%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ 33.9%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش ـ ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا ـ تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپنىڭ 6.3%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 9 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپنىڭ 8.1%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

**يېزا ئىگىلىكى** دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئېشىش سۈرئىتى 6.4% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 18 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 11 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئاشلىق مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ پاختا مەملىكەت بويىچە پاختىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەپ، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى، بىرلىك ھوسۇلى، ئوتتۇرىچە ھوسۇلى جەھەتتە يەنىلا مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى؛ ياغلىق دان مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ شېكەر مەملىكەت بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مېۋە ـ چېۋە مەملىكەت بويىچە 14 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ گۆش مەملىكەت بويىچە 21 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى مەملىكەت بويىچە 27ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، كالا گۆشى مەملىكەت بويىچە 8 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، قوي گۆشى مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرۇپ بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ سۈت مەملىكەت بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سۇ مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

**سانائەت** كۆلەمدىن يۇقىرى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، كۆمۈر مەملىكەت بويىچە 12 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ نېفىت مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ توك مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ پولات مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چويۇن مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تەييار پولات ماتېرىيال مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سېمونت مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ رەخت مەملىكەت بويىچە 18 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) مەملىكەت بويىچە 16 ـ ئورۇندا

تۇرۇپ 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي پايدا مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 7 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىندېكسى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 16.3% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ مۈلۈكنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 53.3% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى 2.2 قېتىم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تەنەرخ خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 17.4% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 15 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

**تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق**

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 7 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 25- ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تاۋار ئۆي سېتىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 مىليون 330 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 7 مىليون 42 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سېتىش كۆلىمى 6 مىليون 355 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىليون 123 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىليون 834 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**قاتناش - ترانسپورت** ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 9 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**مالىيە ۋە سودا، باھا** مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا ئىندېكسى 102.7 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 2.1 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى، مەملىكەت بويىچە 26 -ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىك** ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي مەبلەغ سالغان تۈر مەملىكەت بويىچە 26- ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ توختام بويىچە سالغان مەبلەغ سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي سالغان مەبلەغ سوممىسى مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە

28 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ساياھەتچى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

نوپۇس، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 630 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.09 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 30 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.91 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 7 مىليون 440 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003- يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 360 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 484 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

خەلق تۇرمۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 7 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى %36.1 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى %45.2 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل چىقىمى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2003 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

ستاتىستىكا ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسى

## شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2004 - يىلى |
|---|---|
| تەبىئىي ئەھۋالى | |
| مېرىدىئان ۋە پاراللېل | |
| شەرقىي مېرىدىئان | 73°40′ — 96°23′ |
| شىمالىي پاراللېل | 34°25′ — 49°10′ |
| كىلىماتى | |
| يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى (℃) | 10.4 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 8.3 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 13.3 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 13 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 188.1 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 285.1 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 79.1 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 24 |

| | |
|---|---|
| قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى (سائەت) | 2817.7 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 2712.5 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 2881.3 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 3132.3 |
| تەبىئىي بايلىقى | |
| يەر بايلىقى | |
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر) | 166.49 |
| يېزا ئىگىلىك يېرى (تۈمەن گېكتار) | 6304.58 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | 402.55 |
| باغ كۆلىمى | 33.59 |
| ئورمان كۆلىمى | 675.94 |
| ئوتلاق كۆلىمى | 5121.58 |
| باشقا يېزا ئىگىلىك يېرى | 70.92 |
| قۇرۇلۇش يېرى (تۈمەن گېكتار) | 121.05 |
| پايدىلىنىلمىغان يەر (تۈمەن گېكتار) | 10223.35 |
| ئورمان بايلىقى | |
| ئۆسۈۋاتقان دەرەخنىڭ ئومۇمىي زاپىسى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 31419.68 |
| زاپاس ئورمان مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 28039.68 |
| ئورمان بار يەر كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 180.73 |
| چاتقاللىق كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 704.90 |
| تۆت ئەتراپقا تىكىلگەن دەرەخ (تۈمەن تۈپ) | 23067 |
| ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى (%) | 2.94 |
| سۇ بايلىقى (100 مىليون كۇب مېتىر) | |
| سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى | 855.4 |
| يەر ئۈستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 809.2 |
| يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 502.6 |
| تەكرار ھېسابلانغان مىقدارى | 456.4 |
| ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلارنىڭ كاپالەت زاپىسى | |
| تۆمۈر رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 77853 |
| خروم رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 170 |
| مىس رۇدىسى (توننا) | 2298873 |
| قوغۇشۇن رۇدىسى (توننا) | 659276 |

| | |
|---|---|
| سىنك رۇدىسى (تونىنا) | 1387577 |
| ئالىيۇمىن رۇدىسى (تۈمەن تونىنا) | 57 |
| نىكېل رۇدىسى (تونىنا) | 972771 |
| كۆمۈر (تۈمەن تونىنا) | 9816428 |
| ئوتقا چىداملىق سېغىز (تۈمەن تونىنا) | 703 |
| ناترىيلىق سىلىترا (تۈمەن تونىنا) | 6188 |
| شور (تۈمەن تونىنا) | 182139 |
| تۇز (تۈمەن تونىنا) | 597862 |
| تاشپاختا (تۈمەن تونىنا) | 849 |
| چىرىمتال (تونىنا) | 50297 |
| ۋېرمىكۇلىت (تۈمەن تونىنا) | 1771 |
| سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان هاك تېشى (تۈمەن تونىنا) | 166078 |
| بىنتونىت (تۈمەن تونىنا) | 52079 |
| بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش (تۈمەن كۇب مېتىر) | 10670 |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللاردىن يەر بايلىقى بىلەن قېزىلما بايلىققا دائىر مەلۇماتلارنى زېمىن بايلىقى نازارىتى، ئورمان بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىدى. 2. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلارنىڭ زاپىسى جەھەتتە 2003 ـ يىللىق سان ئاساس قىلىندى.
ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرىچە كۆنلۈك ئاساسلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر

| كۆرسەتكۈچلەر | 2004 ـ يىلى |
|---|---|
| كۈندىلىك يارىتىلغان بايلىق | |
| شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 60278.08 |
| 1 ـ كەسىپنىڭ | 12183.56 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ | 276730.15 |
| سانائەت | 20410.96 |
| بىناكارلىق | 7262.19 |
| 3 ـ كەسىپ | 20421.37 |
| قاتناش ترانسپورت، زاپاس ساقلاش ۋە پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقە كەسپى | 3794.25 |
| توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى | 4878.08 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 4265.75 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 11535.34 |
| ئاشلىق (تونىنا) | 22699.45 |
| پاختا (تونىنا) | 4801.37 |

| | |
|---|---|
| ياغلىق دان (توننا) | 1220.27 |
| گۆش (توننا) | 3510.41 |
| سۇ مەھسۇلاتى (توننا) | 200.81 |
| رەخت (تۈمەن مېتىر) | 38.33 |
| كۆمۈر (توننا) | 102723.29 |
| توك (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | 7295.89 |
| خام نېفىت (توننا) | 61726.58 |
| پولات (توننا) | 6825.48 |
| تەييار پولات ماتېرىيال (توننا) | 6534.79 |
| سېمونت (توننا) | 33232.60 |
| كۈندىلىك ئىستېمال مىقدارى | |
| ئاخىرقى ئىستېمال (تۈمەن يۈەن) | 31528.99 |
| ئاھالىلەر ئىستېمالى | 18178.51 |
| يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالى | 6095.51 |
| شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالى | 12083 |
| ھۆكۈمەت ئىستېمالى | 13350.49 |
| ئېنېرگىيىنىڭ ئىستېمال مىقدارى (تۈمەن توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر) | 13.11 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 15443.84 |
| كۈندىلىك باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر | |
| شەكىللەنگەن كاپىتال (تۈمەن يۈەن) | 37326.11 |
| شەكىللەنگەن تۇراقلىق كاپىتال | 33959 |
| ساقلانغان مالنىڭ ئاشقىنى | 3367.12 |
| شەھەر ـ بازارلاردا سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | 4.29 |
| دېھقانلار ئۆزلىرى سالغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (تۈمەن كۋدرات مېتىر) | 1.95 |
| يۈك ترانسپورت مىقدارى (تۈمەن توننا) | 106.54 |
| يولۇچى ترانسپورت مىقدارى (تۈمەن ئادەم) | 81.59 |
| پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4196.71 |
| ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 1544.01 |
| ئېكسپورت سوممىسى | 834.68 |
| ئىمپورت سوممىسى | 709.33 |
| ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى (تۈمەن دوللار) | 12.56 |
| خەلقئارا ساياھەتچى (ئادەم) | 868.22 |
| ئاھالىلەرنىڭ كۆپەيگەن ئامانەت پۇلى (تۈمەن يۈەن) | 4461.64 |

| كۆندىلىك نوپۇس ئۆزگىرىشى ۋە نىكاھ | |
|---|---|
| تۇغۇلغانلار | 854.15 |
| ئۆلگەنلەر | 271.73 |
| نىكاھلانغانلار (جۈپ) | 504.12 |
| نىكاھتىن ئاجراشقانلار | 182.66 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## 2004 - يىلدىكى پۇقرالار ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل

بىرلىكى: دانە

| كۆرسەتكۈچ | ئاپتوموبىل | بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسلارنىڭ | كۆرسەتكۈچ | ئاپتوموبىل | بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسلارنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|
| پۇقرالار ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل | 500739 | 212949 | يۈك ئاپتوموبىلى | 201470 | 64941 |
| يولۇچى ئاپتوموبىلى | 269482 | 146308 | ئېغىر تىپتىكىسى | 55486 | 13647 |
| چوڭ تىپتىكىسى | 18864 | 2601 | ئوتتۇراھال تىپتىكىسى | 41361 | 12339 |
| ئوتتۇراھال تىپتىكىسى | 19182 | 7136 | يېنىك تىپتىكىسى | 83851 | 26916 |
| كىچىك تىپتىكىسى | 210167 | 115709 | مىكرو تىپتىكىسى | 20772 | 12039 |
| مىكرو تىپتىكىسى | 21269 | 20862 | باشقا ئاپتوموبىل | 29787 | 1700 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ 2004 - يىلدىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2004 - يىلى |
|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (يۈەن) | 11199 |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 12865 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 9013 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 3852 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 5961 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 2724 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى (يۈەن) | 799 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى (يۈەن) | 2161 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | 0.17 |
| ئاشلىق ھوسۇلى (كىلوگرام) | 425.2 |
| پاختا ھوسۇلى (كىلوگرام) | 89.9 |
| ياغلىق دان ھوسۇلى (كىلوگرام) | 22.9 |

| | |
|---|---|
| قىزىلچا هوسۇلى (كىلوگرام) | 176.7 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى (كىلوگرام) | 55.2 |
| سۇ مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 3.8 |
| مېۋە - چېۋە هوسۇلى (كىلوگرام) | 135.6 |
| قوغۇن - تاۋۇز (كىلوگرام) | 95.5 |
| رەخت (مېتىر) | 7 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە (كىلوگرام) | 13.5 |
| يىپ (كىلوگرام) | 14.95 |
| كۆمۈر (كىلوگرام) | 1924 |
| نېفىت (كىلوگرام) | 1156 |
| توك (كىلوۋات سائەت) | 1367 |
| سېمونت (كىلوگرام) | 623 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (يۈەن) | 2893 |
| تاموژنا ئېكسپورت سوممىسى (دوللار) | 156.4 |
| ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 85.7 |
| ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 36.6 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 773 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 39.8 |
| سەھىيە تېخنىكا خادىمى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 50.8 |
| باشقا دوختۇر | 21.9 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى (يۈەن) | 7818 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ بويىچە 2004 - يىلدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

| تۈر | 2004 - يىلى |
|---|---|
| ئىشقا ئورۇنلاشقان ئومۇمىي خادىم (تۈمەن ئادەم) | 744.49 |
| 1 - كەسىپ | 403.31 |
| 2 - كەسىپ | 98.49 |
| 3 - كەسىپ | 242.69 |
| ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى (جەمئىي = 100) | |
| 1 - كەسىپ | 54.17 |
| 2 - كەسىپ | 13.23 |

| | |
|---|---|
| 3 ـ كەسىپ | 32.60 |
| شەھەر ـ يېزىلار بويىچە ئايرىغاندا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار (تۈمەن ئادەم) | 744.49 |
| شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار | 349.43 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا | 188.18 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلاردا | 6.86 |
| پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى ئورۇنلاردا | 0.82 |
| بىرلەشمە تىجارەت ئورۇنلىرىدا | 0.33 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدە | 34.96 |
| پاي تۈزۈمىدىكى چەكلىك شىركەتلەردە | 9.70 |
| خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا | 50.75 |
| شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان ئورۇنلاردا | 0.66 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ئورۇنلاردا | 0.84 |
| يەككە ئىگىلىكتىكى ئورۇنلاردا | 55.17 |
| يېزا، كەنتلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار | 395.06 |
| يېزا ـ بازارلىق كارخانىلاردا | 93.35 |
| خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا | 6.50 |
| يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا | 19.01 |
| خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى (تۈمەن ئادەم) | 235.97 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا | 182.80 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلاردا | 6.43 |
| باشقا ئورۇنلاردا | 46.74 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاياللار (تۈمەن ئادەم) | 101.77 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىز (تۈمەن ئادەم) | 10.87 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى (%) | 3.80 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ بويىچە 1978 — 2004 ـ يىلغىچە بولغان ھەرخىل باھا كۆرسەتكۈچى

| تۈرى / يىللار | ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى | يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى | تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى |
|---|---|---|---|---|
| 2003 ـ يىل = 100 | | | | |
| 1978 | 101.2 | 101.4 | 100.3 | 101.4 |
| 1980 | 102.8 | 104.1 | 102 | 104.2 |
| 1985 | 107.8 | 109.5 | 106.4 | 108.1 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | 105 | 104.5 | 105.9 | 104.1 |
| 1991 | 108.6 | 109.3 | 107.9 | 108 |
| 1992 | 108.6 | 109.3 | 107.6 | 108.1 |
| 1993 | 113 | 113.6 | 110.8 | 112.6 |
| 1994 | 126.7 | 127.7 | 125.6 | 125.7 |
| 1995 | 119.7 | 118.4 | 122.5 | 116.7 |
| 1996 | 110.5 | 110.4 | 110.6 | 108.8 |
| 1997 | 103.7 | 103.5 | 103.9 | 101.8 |
| 1998 | 100.2 | 99.9 | 100.8 | 99.7 |
| 1999 | 97.4 | 97.7 | 96.8 | 96.2 |
| 2000 | 99.4 | 100.1 | 97.6 | 98.3 |
| 2001 | 104 | 104 | 103.8 | 102.5 |
| 2002 | 99.4 | 98.9 | 100.9 | 97.9 |
| 2003 | 100.4 | 100.5 | 100.2 | 99.2 |
| 2004 | 102.7 | 102.1 | 104.5 | 100.7 |
| 1978 ـ يىل = 100 | | | | |
| 1978 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| 1980 | 105.1 | 106.6 | 103.8 | 107.8 |
| 1985 | 120.9 | 125.6 | 117.9 | 124.2 |
| 1990 | 194.3 | 206 | 184 | 197.6 |
| 1991 | 211 | 225.2 | 198.6 | 213.4 |
| 1992 | 229.1 | 246.1 | 213.7 | 230.7 |
| 1993 | 258.9 | 279.6 | 236.7 | 259.8 |
| 1994 | 328.1 | 357 | 297.3 | 326.5 |
| 1995 | 392.7 | 422.7 | 364.2 | 381 |
| 1996 | 433.9 | 466.7 | 402.9 | 414.6 |
| 1997 | 450 | 483 | 418.6 | 422 |
| 1998 | 450.9 | 482.5 | 421.9 | 420.8 |
| 1999 | 439.2 | 471.4 | 408.4 | 404.8 |
| 2000 | 436.5 | 471.9 | 398.6 | 397.9 |
| 2001 | 454 | 490.8 | 413.8 | 407.8 |
| 2002 | 451.3 | 485.4 | 417.5 | 399.3 |
| 2003 | 453.1 | 487.8 | 418.3 | 396.1 |
| 2004 | 465.3 | 498.1 | 437.1 | 398.9 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى كۆرسەتكۈچى

(2003 ـ يىل = 100)

| تۈرى | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى | 102.7 | 102.1 | 104.5 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يېمەكلىك | 105.8 | 104.7 | 109.3 |
| ئاشلىق | 116.3 | 115.5 | 118.8 |
| گۈرۈچ | 130.2 | 129.8 | 130.7 |
| ئۇن | 112.1 | 111.9 | 112.5 |
| ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 104.5 | 103.9 | 108.4 |
| باشقىلار | 113.3 | 110.9 | 134.3 |
| كراخمال ۋە ياڭيۇ تۇرىدىكىلەر | 102.8 | 104.4 | 99 |
| قۇرۇق پۇرچاق تۇرىدىكىلەر ۋە پۇرچاق ياسالمىلىرى | 118.2 | 118.9 | 115 |
| ياغ | 106.1 | 105.5 | 107.8 |
| گۆش، قۇش ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 108.8 | 108.5 | 109.7 |
| تۇخۇم | 114.1 | 113.9 | 115.1 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 115.5 | 116.5 | 112.2 |
| كۆكتات | 100.3 | 95 | 118.5 |
| يېڭى كۆكتات | 100.2 | 94.7 | 119.5 |
| قۇرۇتۇلغان كۆكتات ۋە كۆكتات ياسالمىلىرى | 100.9 | 100.9 | 100.8 |
| تېتىتقۇ | 99 | 98.9 | 99.1 |
| قەنت | 100.4 | 100.1 | 101.3 |
| شېكەر | 99.9 | 99.4 | 101.2 |
| كەمپۈت | 99.6 | 98.7 | 102.4 |
| شاكىلات ياسالمىلىرى | 100.4 | 100.1 | 101.9 |
| شېكەردىن ياسالغان ئۇششاق يېمەكلىك | 102.1 | 103.1 | 98.5 |
| چاي ۋە ئىچىملىك | 99.3 | 99.4 | 98.9 |
| قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە - چېۋە | 104.8 | 104.5 | 105.6 |
| ھۆل مېۋە | 104.2 | 104.1 | 104.7 |
| قۇرۇق مېۋە ۋە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ياسالمىسى | 107.2 | 106.5 | 109.2 |
| تورت، پېچىنە، بولكا | 99.7 | 99 | 102 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالما | 100.6 | 101 | 98.8 |
| سىرتتا ئىستېمال قىلىنىدىغان تاماق، يېمەكلىك | 101.2 | 100.6 | 103.5 |
| تاماق | 101.6 | 100.9 | 104.2 |
| قورۇما | 100.9 | 100.4 | 103.1 |
| يەرلىك ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىك | 101 | 100.6 | 102.6 |
| باشقا يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك پىششىقلاش مۇلازىمىتى | 99.2 | 97.9 | 102.5 |
| ھاراق - تاماكا ۋە ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار | 100.3 | 100.1 | 100.9 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆك تاماكا | 98.4 | 97.5 | 100.8 |
| هاراق | 102.2 | 102.7 | 101.2 |
| تاماكا چېكىش ۋە هاراق ئىچىشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار | 100.5 | 100.8 | 99.1 |
| يىپىنچا | 99.4 | 99.1 | 100.6 |
| كىيىم ـ كېچەك | 100 | 99.8 | 100.6 |
| يىپىنچا ماتېرىيال | 101.4 | 101.1 | 101.9 |
| پاختا رەخت | 104.3 | 101.8 | 106.8 |
| پاختا ـ خىمىيۋى تالا ئارىلاش رەخت | 100.9 | 100.3 | 101.9 |
| خىمىيۋى تالالىق رەخت | 100.4 | 100.1 | 100.8 |
| يۇڭ توقۇلما | 101.1 | 101.4 | 99.7 |
| يىپەك توقۇلما | 100.3 | 99.3 | 102.6 |
| يۇڭ يىپ | 100.3 | 101.2 | 98.4 |
| باشقىلار | 102.6 | 102.3 | 103.4 |
| ئاياغ كىيىم، پايپاق، باش كىيىم | 97.3 | 96.6 | 100 |
| ئاياغ كىيىم | 97.4 | 96.6 | 100.3 |
| پايپاق | 96.6 | 96 | 99.3 |
| باش كىيىم | 99.7 | 100.1 | 98.8 |
| يىپىنچا پىششىقلاش مۇلازىمىتى | 100.1 | 99.8 | 101.6 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئائىلە لازىمەتلىكلىرى | 98.4 | 98.2 | 98.8 |
| چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 97.4 | 97.4 | 97.6 |
| ئۆي جاھازىلىرى | 97.8 | 97 | 99.7 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى | 97.3 | 97.6 | 95.5 |
| ئۆي بېزەكلىرى | 97.4 | 97 | 98.3 |
| كارۋات بۇيۇملىرى | 100.7 | 100.2 | 101.6 |
| كۈندىلىك ئائىلە ملىچ ماللىرى | 99 | 90.8 | 99.7 |
| ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە پىششىقلاش، رېمونت مۇلازىمىتى | 100.2 | 100 | 100.5 |
| داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسىي لازىمەتلىك | 101.8 | 101.4 | 102.8 |
| داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش | 102.6 | 102.2 | 103.5 |
| داۋالاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 100.1 | 101.3 | 97.7 |
| جۇڭيى دورا ماتېرىيالى ۋە تەييار جۇڭيى دورىلىرى | 99.8 | 99.9 | 98.6 |
| غەربچە دورا | 98.7 | 100.3 | 94.6 |
| ساقلىق ساقلاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 100.2 | 100.6 | 97.8 |
| داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى | 110.9 | 107 | 124.1 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 101.2 | 100 | 100.3 | شەخسىي لازىمەتلىك ۋە مۇلازىمەت |
| 99.8 | 99.2 | 99.4 | قاتناش ۋە ئالاقە |
| 101.8 | 100.7 | 101 | قاتناش |
| 96.8 | 97.9 | 97.7 | ئالاقە |
| 99.9 | 98.2 | 98.6 | كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتى |
| 96.7 | 94.3 | 94.8 | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى |
| 99.9 | 101 | 100.7 | مائارىپ |
| 100.8 | 101.5 | 101.4 | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى |
| 97.7 | 99.1 | 99 | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش |
| 104 | 99.7 | 100.3 | كىتاب، گېزىت، ژۇرنال |
| 101.2 | 104.5 | 104.2 | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش خىراجىتى |
| 104.1 | 86.8 | 89.9 | ساياھەت ۋە سىرتقا چىقىش |
| 108.1 | 108.3 | 108.3 | ئولتۇراقلىشىش |
| 108.9 | 106.7 | 107.5 | ئۆي سېلىش ۋە زىننەتلەش ماتېرىيالى |
| 101.9 | 113 | 111.5 | ئۆي ئىجارە ئېلىش |
| 101.4 | 100.5 | 100.8 | ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى |
| 111 | 113.9 | 113.2 | سۇ، توك، يېقىلغۇ |
| 102.6 | 100.5 | 101 | مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

شىنجاڭ بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ 2004 - يىلدىكى تۈر كۆرسەتكۈچى (2003 - يىل = 100)

| يېزا | شەھەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | تۈرى |
|---|---|---|---|
| 103.2 | 99.4 | 100.7 | تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى |
| 109 | 100.1 | 103.3 | يېمەكلىك |
| 118.1 | 112.9 | 115.2 | ئاشلىق |
| 109.2 | 108.4 | 108.6 | ياغ |
| 108.1 | 108.8 | 108.5 | گۆش ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار |
| 126.1 | 131 | 129.1 | چوشقا گۆشى |
| 104.2 | 105 | 104.6 | كالا گۆشى |
| 99.8 | 104.5 | 102.5 | قوي گۆشى |
| 112.6 | 104.5 | 107.2 | توخو |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۇخۇم | 110.7 | 106.4 | 117.6 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 122.5 | 123.8 | 119.8 |
| ھۆل مېۋە | 91.5 | 85.1 | 102.9 |
| پېچىنە - پىرەنىك | 99.8 | 99.4 | 100.9 |
| ئىچىملىك، تاماكا، ھاراق | 98.7 | 97.9 | 100.1 |
| چاي ۋە ئىچىملىك | 98.3 | 98 | 98.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئىچىملىك | 97.8 | 98.1 | 96.9 |
| تاماكا | 96.3 | 94.9 | 98.7 |
| ھاراق | 101.6 | 101.2 | 102.3 |
| كىيىم - كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم | 99.1 | 98.2 | 101.1 |
| كىيىم - كېچەك | 99.7 | 99 | 101.4 |
| ئاياغ، پايپاق، باش كىيىم | 97.8 | 96.1 | 100.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئاياغ | 97.9 | 95.9 | 101.4 |
| توقۇلما بۇيۇملار | 100.3 | 100.8 | 99.6 |
| پاختا رەخت | 104.4 | 101.6 | 106.8 |
| پاختا - خىمىيۋى تالا ئارىلاش رەخت | 100.4 | 100.2 | 100.5 |
| خىمىيۋى تالالىق رەخت | 100.2 | 99.9 | 100.6 |
| يۇڭ توقۇلما | 99.7 | 100.2 | 98.8 |
| يۇڭ يىپ | 98.6 | 99.8 | 97.1 |
| ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۈن سايمانلىرى | 95.2 | 95.1 | 95.3 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى | 95.8 | 96.2 | 95 |
| مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 94.3 | 93.4 | 95.4 |
| ئۈن سايمانلىرى | 97.5 | 96.9 | 98.6 |
| مەدەنىيەت - ئىشخانا بۇيۇملىرى | 96.1 | 95.5 | 98 |
| كۈندىلىك بۇيۇملار | 98.9 | 98.8 | 99.1 |
| كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار | 98.9 | 99 | 98.7 |
| كۈندىلىك مىلىچ ماللار | 100 | 99.3 | 101.2 |
| مونچا بۇيۇملىرى | 99.1 | 100.3 | 95.6 |
| كۈندىلىك باشقا بۇيۇملار | 98.1 | 97.1 | 100.1 |
| تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 98.4 | 98.3 | 98.5 |
| تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 97.7 | 97.2 | 98.2 |
| كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 98.9 | 99 | 98.8 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قاتناش، ئالاقە بۇيۇملىرى | 92.5 | 90.7 | 95.3 |
| قاتناش ترانسپورت ماشىنىسازلىق | 96.4 | 94.5 | 98.8 |
| ئالاقە سايمانلىرى | 89.1 | 88 | 91.2 |
| ئۆي جاھازىلىرى | 97.5 | 97.4 | 97.8 |
| گىرىم بۇيۇملىرى | 100.9 | 101.7 | 99.2 |
| ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت | 107.5 | 105.8 | 111.5 |
| جۇڭگوچە، غەربچە دورىلار ۋە تىببىي داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى | 99.9 | 102.3 | 95 |
| تىببىي داۋالاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 103.8 | 107.7 | 98.9 |
| جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ۋە تەييار جۇڭيى دورىسى | 103.1 | 105.9 | 97.2 |
| غەربچە دورا | 97 | 99.5 | 91.8 |
| ساقلىق ساقلاش سايمانلىرى ۋە دورىلىرى | 97.3 | 97.3 | 97.5 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى | 99.9 | 99.7 | 100.3 |
| دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش كىتابى | 103.6 | 106.9 | 98.8 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 102.1 | 100.5 | 106.1 |
| ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇمى | 94.6 | 94.2 | 95.8 |
| يېقىلغۇ | 108.4 | 108.2 | 108.7 |
| كۆمۈر ۋە كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى | 102.2 | 95.5 | 106.7 |
| نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 111.5 | 111.9 | 110.9 |
| بىناكارلىق سايمانلىرى ۋە ھەر خىل مېتال، ئېلېكتر ماتېرىياللىرى | 101.4 | 101.2 | 101.8 |
| بىناكارلىق بېزەك ماتېرىياللىرى | 100.8 | 100.4 | 101.4 |
| ھەر خىل ئېلېكتر ماتېرىياللىرى | 103 | 103 | 102.7 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

### شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى مەھسۇلات مىقدارى

| تۈرى | 2004 ـ يىل |
|---|---|
| كۆمۈر (توننا) | 37493992 |
| تەبىئىي خام نېفىت (توننا) | 22530197 |
| تەبىئىي گاز (تۈمەن كۇب مېتىر) | 574805 |
| تۆمۈر رۇدىسى (توننا) | 3870807 |
| مىس رۇدىسى توننا) | 21802 |
| سۇلفاتلىق تۆمۈر رۇدىسى (سۇلفات %35لىك) (توننا) | 142234 |
| تۇز (توننا) | 873219 |

| | |
|---|---|
| توك (تۆمەن كىلوۋات سائەت) | 2662976 |
| ئوت ئېلېكترى | 2267387 |
| سۇ ئېلېكترى | 370824 |
| ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش (تۆمەن مىليون كىلوجوئۇل) | 9984 |
| گۈرۈچ (توننا) | 128225 |
| بۇغداي ئۇنى (تۆمەن توننا) | 274 |
| سۇ يېغى (توننا) | 320013 |
| شېكەر (توننا) | 372605 |
| ئارىلاشما يەم - خەشەك (توننا) | 1028023 |
| كەمپۇت (توننا) | 1993 |
| سۈت ياسالما (توننا) | 26062 |
| كونسېرۋا (توننا) | 664085 |
| تېتىتقۇ (توننا) | 7427 |
| جياڭيۇ (توننا) | 12200 |
| ئېچىتىلغان ئىسپىرت (تۆمەن لىتىر) | 2865.8 |
| ئىچىملىك - هاراق (تۆمەن لىتىر) | 34577 |
| ئاق هاراق | 60780 |
| پىۋا | 249003 |
| ئۈزۈم هارىقى | 34984 |
| يۇمشاق ئىچىملىك (توننا) | 306996 |
| توڭلىتىلغان ئىچىملىك (توننا) | 14233 |
| پاپىروس (تۆمەن تال) | 700000 |
| يىپ (توننا) | 291386 |
| رەخت (تۆمەن مېتىر) | 13989 |
| پاختا رەخت | 13989 |
| بويالغان رەخت (تۆمەن مېتىر) | 311 |
| تۈۋىت يىپ (يۇڭ يىپ) (توننا) | 980 |
| نىلون (تۆمەن مېتىر) | 206 |
| يىپەك (توننا) | 39 |
| يىپەك توقۇلما (تۆمەن مېتىر) | 177 |
| ئىلمە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ يىپقا سۇندۇرۇلغان مىقدارى (توننا) | |
| كىيىم - كېچەك (تۆمەن قۇر) | 1036 |
| خۇرۇم (كۋادرات مېتىر) | 3612929 |

| | |
|---|---|
| خۇرۇم ئاياغ (تۈمەن پار) | 30.16 |
| خۇرۇم كىيىم - كېچەك (قۇر) | 26977 |
| سۈنئىي تاختا (كۇب مېتىر) | 342770 |
| پەنەركە | 52909 |
| تالالىق تاختا | 218852 |
| قىرىندى تاختا | 26054 |
| ئۆي جاھازىلىرى (دانە) | 2608055 |
| ياغاچ ئۆي جاھازىلىرى | 2260813 |
| مېتال ئۆي جاھازىلىرى | 305501 |
| قەغەز بوتقىسى (توننا) | 177790 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە (توننا) | 263066 |
| دەپتەر (نۇسخا) | 3770 |
| پىششىقلانغان نېفىت (توننا) | 12201800 |
| بېنزىن (توننا) | 2358451 |
| ئېرىتكۈچى ماي (توننا) | 160929 |
| كىرسىن (توننا) | 244526 |
| دىزېلىن (توننا) | 5230965 |
| سىلىقلاش مېيى (توننا) | 601112 |
| يېقىلغۇ مېيى (توننا) | 288843 |
| نېفىت ئاسفالتى (توننا) | 1105787 |
| سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى (توننا) | 505732 |
| چېكىلەش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇق گازى (توننا) | 332872 |
| كوكس (توننا) | 1790385 |
| ماشىنىلاشقان قۇمدا ئىشلەپچىقىرىلغان كوكس (توننا) | 1133797 |
| كۆمۈر گازى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 334685 |
| سولفات كىسلاتاسى (%100لىك) (توننا) | 114046 |
| تۇز كىسلاتاسى (%31تىن يۇقىرى) (توننا) | 132417 |
| ناتريي گىدروكسىدى (كۆيدۈرگۈچى ئىشقار) (%100لىك) (توننا) | 174445 |
| ناتريي كاربونات (ساپ شۇلتا) (توننا) | 113178 |
| گۈڭگۈرتلۈك شۇلتا (توننا) | 163547 |
| كالتسيي كاربىد (300 لىتىر/كىلوگرام) (توننا) | 115991 |
| سىنتېتىك ئاممىياك (توننا) | 1015630 |

| | |
|---|---|
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتنىڭ جەمئىيسى (ساپقا سۇندۇرۇلدى) (توننا) | 869795 |
| ئازوتلۇق ئوغۇت (N تەركىبى %100لىك) | 808500 |
| ئورېيە | 776202 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت ($P_2O_5$تەركىبى %100لىك) | 18186 |
| ئېتىلېن (توننا) | 253711 |
| سىر (توننا) | 17925 |
| سۇلياۋ سېمولا ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا (توننا) | 624573 |
| كىر سوپۇن (توننا) | 629 |
| سىنتېتىك يۇيۇش رېئاكتىپى (توننا) | 34284 |
| سەرەڭگە (بولاق) | |
| خىمىيۋى خام ئەشيالىق دورا (توننا) | 291 |
| تەييار جۇڭيى دورىسى (توننا) | 3712 |
| بالون تاشقى كامېرى (دانە) | 870913 |
| رېزىنكە ئاياغ (تۈمەن پار) | 46 |
| سۇلياۋ ياسالما (توننا) | 388270 |
| سۇلياۋ يوپۇق | 105131 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق | |
| سۇلياۋ تېپىدىكى ماتېرىيال (تاختاي ماتېرىيالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | 10056 |
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 1213 |
| سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى (كىلومېتىر) | 760 |
| بېسىملىق سېمونت تۇرۇبا (كىلومېتىر) | 41 |
| سېمونت ستولبا (توننا) | 111087 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش ھېسابىدا) (تۈمەن دانە) | 758256 |
| كاھىش (تۈمەن پارچە) | 1170 |
| مەرمەر تاختا (كۋادرات مېتىر) | 109663 |
| گرانىت تاش تاختا (كۋادرات مېتىر) | 1513215 |
| تاختا ئەينەك (ساندۇق) | 1226528 |
| كۆندىلىك ئەينەك ياسالما (توننا) | 58716 |
| كۆندىلىك فارفور (تۈمەن دانە) | 16 |
| ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ياسالمىسى (توننا) | 68670 |
| چويۈن (توننا) | 1938948 |
| يىرىك پولات (توننا) | 2491278 |

| | |
|---|---|
| ئادەتتىكى تۆۋەن قېتىشمىلىق پولات (توننا) | 1018576 |
| قېتىشما پولات (توننا) | 44010 |
| پولات ماتېرىيال (توننا) | 2385191 |
| چوڭ تىپتىكى شەكىللىك پولات | 4432 |
| ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى شەكىللىك پولات | 81064 |
| پولات چىۋىق | 1070135 |
| يۇگىلمە پولات چىۋىق (سىم) | 941345 |
| تۆمۈر قېتىشمىسى (توننا) | 33989 |
| مىس (توننا) | 3453 |
| نىكېل (توننا) | |
| ئاليۇمىن (توننا) | 57046 |
| ئاليۇمىن ماتېرىيال (توننا) | 9359 |
| چويۈن تۇرۇبا (توننا) | |
| قول ھۈنەر سايمىنى (تۈمەن دانە) | 1 |
| كۆندىلىك داتلاشماس پولات ياسالما (توننا) | 72 |
| سانائەت پار قازىنى (پار تارقىتىش مىقدارى) (توننا) | 2266 |
| مېتال قىرىش ئىستانوكى (دانە) | |
| يەتكۈزۈش ماشىنىسى (مېتىر) | 70527 |
| ناسوس (دانە) | 4385 |
| شامالدۇرغۇچ (دانە) | 3665 |
| ئوق قازان (تۈمەن يۈرۈش) | 98 |
| كىچىك تراكتور (دانە) | 1407 |
| ئورۇش - يىغىش ماشىنىسى (دانە) | 59 |
| ئاپتوموبىل (دانە) | 2155 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل (دانە) | 1923 |
| توك چىقىرىش ئۈسكۈنىسى (كىلوۋات) | 74290 |
| ئۆزگىرىشچان ئېلېكترو دىۋىگاتېل (كىلوۋات) | 51800 |
| ترانسفورماتور (كىلوۋولت - ئامپېر) | 11357474 |
| ئېلېكتر كابېل (كىلومېتىر) | 21788 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى (كىلومېتىر) | |
| پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن سىم (توننا) | |
| ئاككۇمۇلياتور (كىلوۋولت - ئامپېر سائەت) | 106821 |
| قۇرۇق باتارېيە (1 - نومۇرلۇق باتارېيە ھېسابىدا) (تۈمەن دانە) | 3037 |
| نۇر مەنبەسى (لامپۇچكا) (تۈمەن دانە) | |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت ۋە روسىيىگە دائىر 2004 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇمات

| | قازاقىستان | ئۆزبېكىستان | قىرغىزىستان | تاجىكىستان | تۈركمەنىستان | روسىيە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | 272.49 | 44.89 | 19.99 | 14.31 | 49.12 | 1707.54 |
| نوپۇسى (تۈمەن ئادەم) | 1504.63 | 2580 | 512.1 | 677.1 | 629.88 | 14360 |
| نوپۇسنىڭ زىچلىقى (ئادەم/كۋادرات كىلومېتىر) | 5.5 | 57.47 | 25.2 | 46.4 | 12.8 | 8.4 |
| پايتەختى | ئاستانە | تاشكەنت | بىشكەك | دۇشەنبە | ئاشخابات | موسكۋا |
| نوپۇسى (تۈمەن ئادەم) | 52.47 | 250 | 80 | 60 | 80 | 1040 |
| كۆلىمى كۋادرات كىلومېتىر) | 300 | 256 | 130 | 300 | 300 | 879 |
| پۇل نامى (يۈەن) | تەڭگە | سوم | سوم | سوم | مانات | رۇبلى |
| پايدىلىنىلىدىغان ئايرىۋاشلاش نىسبىتى (بىر دوللار = ئۆلچەملىك پۇل) | 149.45 | 980 | 44.23 | 2.9661 | 5200 | 29.7387 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تەخمىنەن 100 مىليون دوللارغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) | 298 | 98.6 | 18.9 | 16 | 158 | 4473.9 |
| ئوتتۇرىچە (دوللارغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) | 1991 | 382 | 372 | 251 | 2509 | 3102.5 |
| 2003 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | 9 | 4.4 | 6.7 | 10.2 | 23.1 | 7.3 |
| پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى (%) | 6.8 | 3.8 | 2.32 | 13.7 | | 12 |
| ئىشسىزلىق نىسبىتى (%) | 8.7 | 0.3 | 3.3 | 2.4 | | 8.9 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئاشقىنى (1991 = 100) | 116.2 | 112.3 | 86.9 | 61 | | 89.5 |
| نامدىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاش (دوللار) | 188.7 | 21.3 | 49.8 | 21.6 | 336.5 | 229.6 |
| تاشقى سودا سوممىسى (100 مىليون دوللار) | 295.4 [1] | 66.89 | 15.06 [1] | 21.15 [1] | 61.44 | 2294 [1] |
| توك (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | 668 | 469 | 151 | 165 | 109 | 9310 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوۋات سائەت) | 4443 | 1893 | 2963 | 2462 | 1785 | 6464 |
| ئېنىقلانغان نېفىت قالدۇقىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان مىقدارى (تۈمەن توننا) | 123288 | 8137 | 548 | 164 | 7479 | 821918 |
| نېفىت (تۈمەن توننا) | 5940 | 750 | 10 | 2 | 1000 | 45900 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 3949 | 304 | 14.5 | 2.8 | 1635 | 3186 |
| ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز قالدۇقىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 18406 | 18745 | | | 20105 | 475726 |
| تەبىئىي گاز (100 مىليون كۇب مېتىر) | 219 | 575 | 0.271 | 0.4 | 591 | 6320 |
| ئوتتۇرىچە (كۇب مېتىر) | 1453 | 2246 | 5.7 | 5.3 | 9660 | 4389 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 8680 | 191 | 50 | 7 | 0 | 28000 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 5773 | 74 | 89.5 | 10.2 | 0 | 1946 |
| پولات (تۈمەن توننا) | 506.6 | 48.6 | | | | 6750 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 338.9 | 18.8 | | | | 470 |
| خىمىيىۋى ئوغۇت (تۈمەن توننا) | 20 | 80 | | 4 | 10 | 1570 |
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 300 | 330 | 90 | 20 | 20 | 4560 |
| ھەر خىل تۇقۇلما بۇيۇم (مىليون كۋادرات مېتىر) | 19.1 | 440 | 1.3 | 20 | 105 | 2793 |
| ئوتتۇرىچە (كۋادرات مېتىر) | 1.3 | 16.2 | 0.3 | 3 | 17.1 | 19.4 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 45.5 | 0.3 | 0.04 | 0.2 | 4.4 | 0.9 | ئاياغ كىيىم (مىليون پار) |
| 0.3 | 0.05 | 0.01 | 0.06 | 0.2 | 0.06 | ئوتتۇرىچە (پار) |
| 450.5 | | | 0.33 | 1.48 | 48.6 | تېلېۋىزور (تۈمەن دانە) |
| 169.8 | 3.12 | 1.75 | 0.36 | 4.07 | 7.26 | گۆش (سانائەتتە پىششىقلانغىنى، تۈمەن تونىا) |
| 11.8 | 5.1 | 2.6 | 0.7 | 1.8 | 4.8 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 27.1 | 0.31 | 0.005 | 0.19 | 0.22 | 1.19 | ھايۋانات مېيى (تۈمەن تونىا) |
| 1.9 | 0.5 | 0.01 | 0.4 | 0.1 | 0.8 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 872.3 | 11 | 0.51 | 2.24 | 19.5 | 23.5 | سۈت ياسالما (سۈتكە سۈندۈرۈپ ھېسابلاندى، تۈمەن تونىا) |
| 60.6 | 18 | 0.8 | 4.4 | 8.6 | 15.6 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 186.7 | 4.12 | 3.9 | 1.23 | 24.6 | 15.6 | سۇ يېغى (تۈمەن تونىا) |
| 13 | 6.7 | 4.2 | 2.4 | 9.9 | 10.4 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 485.2 | | | 8.82 | | 56.2 | شېكەر (تۈمەن تونىا) |
| 33.7 | | | 17.3 | | 37.4 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 7802.9 | 268.2 | 89.2 | 174.7 | 626 | 1237.4 | ئاشلىق ھوسۇلى (تۈمەن تونىا) |
| 542 | 438 | 133 | 343 | 242.6 | 823 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 439.4 | | | 6.7 | | 26.6 | ئاپتاپپەرەس (تۈمەن تونىا) |
| 31 | | | 13 | | 18 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 1877.2 | | | 64.2 | | 39.8 | قىزىلچا (تۈمەن تونىا) |
| 130 | | | 126 | | 26 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 3593.2 | 16 | 53.5 | 136.3 | 73.1 | 226.1 | ياڭيۇ (تۈمەن تونىا) |
| 250 | 26 | 80 | 268 | 29 | 150 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 1456.9 | 49.3 | 68.2 | 74.2 | 264.5 | 205.9 | كۆكتات (تۈمەن تونىا) |
| 101 | 81 | 102 | 146 | 107 | 137 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 356.2 | 9.9 | 14.4 | 17.6 | 79.1 | 23.9 | مېۋە - چېۋە (تۈمەن تونىا) |
| 25 | 16 | 22 | 35 | 32 | 16 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 492.1 | 20.9 | 4.3 | 19.1 | 86.5 [2] | 73.2 | گۆش (سويۇلغان چاغدىكى ئېغىرلىقى، تۈمەن تونىا) |
| 34 | 34 | 6 | 37 | 34 | 49 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 3199.2 | 152.9 | 49 | 118.7 | 403 | 451.5 | سۈت (تۈمەن تونىا) |
| 222 | 250 | 73 | 233 | 156 | 300 | ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) |
| 35620 | 625 | 78 | 299 | 1611 | 2316 | تۇخۇم (مىليون دانە) |
| 247 | 102 | 12 | 59 | 62 | 154 | ئوتتۇرىچە (دانە) |
| 2310 | 200 | 127.8 | 100.3 | 540 | 520 | كالا (تۈمەن تۇياق) |
| 1030 | 100 | 64.2 | 53.9 | 230 | 240 | سۈت |
| 1420 | 3 | 0.1 | 8.3 | 10 | 130 | چوشقا (تۈمەن تۇياق) |
| 1700 | 1390 | 275.7 | 367.7 | 890 | 1330 | قوي (تۈمەن تۇياق) |
| 139000 | 2350 | 918 | 431 | 3900 | 14300 | تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
| 90 | 1.4 | 1.36 | 3.4 | 7.44 | 14.3 | تاشيول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (تۈمەن كىلومېتىر) |
| 89000 | 654 | | 576 | | 4032 | ئىچكى دەريا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
| 182600 [3] | 50170 [3] | 1172 | 172 | 4510 | 20300 | تۆمۈر يولدا توشۇلغان يۈك (تۈمەن تونىا) |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشيولدا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 131300 | 59280 | 2840 | 2529 | | |
| ئاۋىئاتسىيىدە توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 2.35 | 0.59 | 0.19 | 0.38 | | |
| ئىچكى دەريادا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 46.32 | | 3.87 | | | |
| تۇرۇبىدا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 16400 | | | | | 22708 ① |
| تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى (100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) | 106.7 | 1530 ⑤ | 51.17 ⑤ | 55 ⑤ | 82120 ⑤ | 1571 |
| تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى (100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) | 796 | 312100 ⑤ | 30900 ⑤ | 24000 ⑤ | | 1681 |
| ئايروپىلاندا توشۇلغان يولۇچى (100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) | 26.83 | 80 ⑤ | | 43.5 ⑤ | | 52 |
| ئادەتتىكى مائارىپ مەكتەپلىرى | 8200 | 9700 | 2100 | 3700 | 1705 | 62500 |
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 293.6 | 601.8 | 113.1 | 165.5 | 101.86 | 1610 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم | 385 | 194 | 75 | 56 | 15 | 2637 |
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 33.67 | 25.48 | 3.12 | 2.96 | 0.4 | 250 |
| ئالىي مەكتەپ | 181 | 61 | 49 | 35 | 16 | 1071 |
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 74.71 | 18.36 | 21.83 | 11.84 | 1.49 | 690 |
| تۈمەن ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | 497 | 74 | 426 | 175 | 24 | 480 |
| ھەرقايسى بۆلۈم دوختۇرلىرى (تۈمەن ئادەم) | 5.46 | 8.15 | 1.36 | 1.31 | 1.40 | 68.6 |
| تۈمەن ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان دوختۇر | 36.5 | 32.8 | 27 | 20.1 | 27.9 | 48 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارۋات (تۈمەن دانە) | 11.5 | 13.9 | 2.82 | 4.04 | 2.62 | 159.7 |
| تۈمەن ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان كارۋات | 76.8 | 55.9 | 55.9 | 62.1 | 52.9 | 112 |
| ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | 17 | 13.8 | 12.5 | 8.5 | 19.4 | 20 |
| جىنايى ئىشلار دېلوسى (تۈمەن قېتىم) | 14.36 | 7.39 | 3.26 | 1.1 | 0.76 | 289.4 |
| 100 مىڭ ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسى | 954 | 299 | 640 | 163 | 125 | 2010 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەل «2004 - يىلدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى» (رۇسچە)گە، «دۇنيا بىلىملىرى يىلنامىسى» (2005/2004) قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان سانلارنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەش ئارقىلىق ئىشلەندى، جەدۋەلدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سانلار 2004-يىلغا تەۋە. بىراق بەزى دۆلەتلەر سانلارنى ئېلان قىلمىغانلىقى ئۈچۈن 2002 -، 2003 - يىلدىن ئىلگىرىكى سانلارمۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلدى.

① 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان سانلارنى؛ ② نىسبەتنى؛ ③ ئومۇمىي يۈك مىقدارىنى؛ ④ 100 مىليون توننا كىلومېتىرنى بىلدۈرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز؛ ⑤ تۈمەن ئادەم (قېتىم)نى؛ ⑥ ئومۇمىي توشۇلغان يولۇچى ۋە تۈمەن ئادەم (قېتىم)نى بىلدۈرىدۇ.

پۇ كېيوف

«شنجاڭ يىلنامىسى» (2005’) شنجاڭ يىلنامە تەھرىراتىنىڭ 2005 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،
2005 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
《新疆年鉴》(2005 年刊)根据新疆年鉴社 2005 年 9 月第一版,2005 年 9 月第一次印刷版本翻译出版

# «2005’ شىنجاڭ يىلنامىسى»

## (ئومۇمىي 21 ـ توم)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى
تۈزگۈچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 12 ـ نومۇر)
تېلېفون نومۇرى: 4637126 4640715 (0991) پوچتا نومۇرى: 830063
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
رەڭلىك بېتى شېنجېن موتتاژ لايىھىلەش ـ ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 83.75 قىستۇرما ۋارىقى: 6
2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 500 — 1
ISSN 1009—072X
CN65—4001/Z—W
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 160.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60 دوللار

# 新　疆　年　鉴　（2005）

（总第21部）

新疆维吾尔自治区人民政府主办

新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会编辑

新疆年鉴社

（乌鲁木齐市南湖路西一巷12号）

电话：(0991)4637126　4640715　邮编：830063

自治区地方志编委会激光照排中心照排

新疆金版印务有限公司印刷

彩页印刷：深圳蒙太奇设计制作有限公司

787×1092毫米　16开本83.75印张　6插页　1550千字

2006年1月第1版　2006年1月第1次印刷

ISSN1009－072X

CN65—4001/Z—W

国内定价：160.00元人民币　国外定价：60美元